# ئۇيغۇر تىلىنىڭ

# ئىزاھلىق لۇغىتى

## 1

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيغۇر تلنڭ

# ئزاھلق لۇغتى

شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مللەتلەر تل-يېزىق
خزمتى كومتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن

## ئا — پ


مللەتلەر نەشرىياتى

1990

www.uyghurkitap.com

# 维吾尔语详解辞典

(维吾尔文)

阿布利孜·牙库甫，艾尼扎提·艾尤拉尼，
扎依提·艾维利，司马义·卡的尔，
海木都拉·阿布都热合满，阿布利孜·
艾买提，帕力哈提·努尔编

责任编辑：阿布利孜·牙库甫
艾尼扎提·艾尤拉尼
责任校对：热西提·瓦依提
民族出版社出版发行　各地新华书店经销
民族印刷厂印刷
开本：787×1092毫米1/16　印张：52 1/2
1990年5月第1版
1990年5月第1次印刷
印数：0001—7,000 册
ISBN　7—105—00928—4/Z·51
民文　（维 3）　定价：18.50元

# كىرىش سۆز

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ تۈزۈلۈشى ئۇيغۇر تىل-يېزىق تارىخىدا تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش. مەزكۇر لۇغەتنى تۈزۈشتە، تىلشۇناسلار، ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچىلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى، ئاخبارات، نەشرىيات خادىملىرى، يازغۇچى، شائىرلار ھەمدە بارلىق ئۇيغۇر تىلىغا قىزىققۇچى كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ھەمدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەقسەت قىلىندى.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»گە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان 60 مىڭغا يېقىن تۈپ سۆز، ياسالما ۋە قاتقان سۆزلەر، تۇراقلىق بىرىكمىلەر كىرگۈزۈلدى.

كىشىلەرگە مەلۇمكى، تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە ۋاستىسى. ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيىتى تىلدىن ئايرىلالمايدۇ. تىل جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر ۋاستىسى ئىكەن، ئۇ ئۆزىمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، ھەرقايسى ساھەلەردە مەيدانغا كەلگەن يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇملارنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ. تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزىدە ناھايىتى تېز ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىر مىللەت تىلىنىڭ ئومۇمىي لېكسىكا تەرەققىياتى شۇ مىللەتنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىغا جانلىق گۇۋاھ بولالايدۇ. شۇڭا، بىر مىللەت تىلىنىڭ مۇكەممەلرەك ئىشلەنگەن ئىزاھلىق لۇغىتى شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىدا زور بۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر تىل. پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق، تىل تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرسەكلا V ئەسىردىكى مەڭگۈتاشلاردىن باشلىنىپ، تاكى XX ئەسىرگىچە بىرنەچچە خىل يېزىق قوللىنىلغان ۋە بۇ يېزىقلاردا نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر يېزىلغان ئۇزۇن بىر مۇساپىنى كۆرىمىز. بۇ تارىخىي دەۋرلەردە ئۇيغۇر تىلىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان لۇغەتلەرمۇ مەيدانغا كەلدى.

ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكى ھەققىدە توختالغاندا، بىز ئالدى بىلەن خاقانىيە دەۋرىدە ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى تۈزگەن «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، XI ئەسىر)نى پەخىر بىلەن تىلغا ئالىمىز. بۇنىڭدىن باشقا «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» (XIV ئەسىر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىل نەشرى)، تالىي ئىمانىينىڭ «بەدائىيئۇل لۇغەت» (IV ئەسىر)، «ئوبۇشقا لۇغىتى» (XVI ئەسىر)، «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» («مانجۇچە-زاڭزۇچە-موڭغۇلچە-ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەت» XVII ئەسىر)لەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇ

www.uyghurkitap.com

لۇغەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى شۇ تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىزنى ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. جۈملىدىن، تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى بولغان لۇغەتشۇناسلىق خىزمىتى جەھەتتە بىزگە مول تەجرىبىلەرنى قالدۇردى.

ئۇيغۇر تىلى لۇغەتچىلىكى XX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن بۇيان زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، بۇلاردىن، «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ رۇسچە لۇغەت» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1953 ـ يىل)، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە قىسقىچە لۇغەت» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1963 ـ يىل)، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1974 ـ يىل)، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1979 ـ يىل)، «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تىل لۇغىتى، فىزىكا لۇغىتى، ماتېماتىكا لۇغىتى، تىببىي لۇغىتى، ئورمانچىلىق لۇغىتى، نېفىت لۇغىتى، خىمىيە لۇغىتى، تەنتەربىيە لۇغىتى، بىئولوگىيە لۇغىتى، ئېلېكتر تېخنىكىسى لۇغىتى، سودا لۇغىتى قاتارلىق كۆپلىگەن سېلىشتۇرما كەسپىي لۇغەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇ جەرياندا يەنە بىر قىسىم ئىزاھلىق لۇغەتمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇلاردىن «سىياسىي ئىقتىساد لۇغىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل)، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر سۆزلۈكى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل)، «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل)؛ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل)، «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تىلشۇناسلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل) لارنى ئاتاپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇنلىغان ھەر خىل قورال كىتابلار نەشر قىلىندى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز بايلىقىنى توپلىغان ھەم ئۇنى تەرتىپلەپ يەشكەن، ھەربىر سۆزنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكلىرىنى، فونېتىكىلىق، گراماتىكىلىق، ستىلىستىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بىرەر مۇكەممەل لۇغەت تېخى مەيدانغا چىقمىغانىدى. بۇ بىر چوڭ بوشلۇق ئىدى. مانا بۇ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى ئىشلەش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇردى.

مەلۇمكى، تىل بىر مىللەتنىڭ بارلىق ئەزاسى ئۈچۈن ئورتاق قورال. كىشىلەر مۇشۇ قورالغا تايىنىپ، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىدۇ، شۇڭا تىلىنى توغرا چۈشىنىش، توغرا قوللىنىش ئىنتايىن مۇھىم. بىر مىللەتنىڭ تىلى پۈتمەس ـ تۈگىمەس خەزىنە ئىكەن، بىر تىلنىڭ ھەممە بايلىقىنى بىلىدىغان بىرەر شەخسنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەرقانداق بىر تىلدا، ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان لۇغەت فوندىدىن باشقا، كونىرىغان سۆزلەر، تارىخىي سۆزلەر، مەلۇم ئەزالار ئۈچۈنلا خاس كەسپىي سۆزلەر، دىئالېكتلىق پەرقلەر، شەخسلەرگە خاس ستىلىستىكىلىق ئىشلىتىشلەر، قېلىپلاشمىغان تەركىبلەر، ھەتتا خاتا قوللىنىشلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھال ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش، كىنو ـ تىياتىر، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدا ــ قىسقىسى شۇ تىلنى قوللانغۇچى بارلىق كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئالاقىلىرىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئەدەبىي تىلنىڭ سۆز

بايلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، ئىملا، گرامماتىكا ۋە ستىلىستىكىلىق نورمىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قورال كىتاب ئىنتايىن زۆرۈر بولىدۇ. بۇ قورال كىتاب — ئىزاھلىق لۇغەتتۇر.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى مۇشۇ ئېھتىياجنى ۋە ھازىرقى بار ئىمكانىيەتنى ھېسابقا ئېلىپ، 1978-يىلى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى تۈزۈشنى كۈنتەرتىپكە قويىدى ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باشلىدى. 1980-يىلى كومىتېت قارمىقىدا لۇغەت بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىنى تۈزۈش ئىشى رەسمىي قولغا ئېلىندى.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى تۈزۈشتە، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ قايسى دەۋر ۋە قايسى باسقۇچتىكى تىل لېكسىكىسىنى ئاساس قىلىش كېرەك، دېگەن مەسىلە ھەل قىلىنىشى لازىم ئىدى، ئەلۋەتتە. لۇغەتنى تارىخىي جەريان ۋە باسقۇچلار بىلەن، ھازىرقى ئەدەبىي تىل نورمىلىرى بىلەن چەكلىمەي تۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن پۈتۈن تارىخىي جەريانىدىكى سۆز بايلىقىنى توپلاپ تۈزۈش مۇمكىنىدى. لېكىن بۇ ئىنتايىن مۇشكۈل ھەم نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ئۇزاق ۋاقىت، ھەتتا بىرنەچچە ئەۋلادنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا، ھازىرقى ئەمەلىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، مەزكۇر لۇغەتنى ئىشلەشتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان سۆز بايلىقىنى توپلاش ۋە ئۇنى ئىزاھلاش مەقسەت قىلىندى. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان بولۇپ، 50-يىللارغىچە كلاسسىك ئۇيغۇر تىلى قېلىپلىرىنى ھازىرقى زامان جانلىق تىلغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرى باشلانغان، يېڭىچە مەكتەپ مائارىپى يولغا قويۇلغان، ئۇيغۇر تارىخىدا مىخ مەتبەئە مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا كلاسسىك ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرى خېلى كۈچلۈك ئىدى، ئىملا پرىنسىپلىرى تېخى مۇكەممەللەشمىگەنىدى، سۆز-ئاتالغۇلار تۇراقلاشمىغانىدى. شۇڭا بىز «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ماتېرىياللىرىنى توپلاشتا بۇ باسقۇچتىكى يازما ئەسەرلەر تىلىنى ئانچە ئاساس قىلىپ كەتمىدۇق. بەلكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەۋرنى ئاساس قىلدۇق. مۇشۇ قىسقىغىنا تارىخىي باسقۇچتا، ئۇيغۇر تىلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي تىل-يېزىققا ئائىت بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇر خەلقى تىل-يېزىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقى مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىدا كۈچلۈك گەۋدىلەندۈرۈلدى.

ئۇيغۇر تىل-يېزىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى قورال قىلىندى. باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن ئالىي مەكتەپلەرگىچە ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى دەرسلىكلىرى تۈزۈلدى. ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرى كۆپلەپ تەسىس قىلىندى ھەم كۈچەيتىلدى. رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ نۇتۇق شەكلىنىڭ قېلىپلىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلىرى مۇشۇ تارىخىي باسقۇچتا ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر تىلدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىدا كۆپلىگەن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى، نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنىڭ مەنىسى كېڭەيدى ۋە تېخىمۇ كونكرېتلاشتى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە ستىلىستىكىلىق ۋاستىلىرىدىمۇ يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. مانا مۇشۇنداق تەرەققىياتلارنى ئۆزىدە ئىپادە قىلىش ــ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانىدۇر.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى تۈزۈش خىزمىتى تۆۋەندىكىدەك كونكرېت باسقۇچلاردىن ئۆتتى: ئالدى بىلەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز بايلىقىنى توپلاش ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرنال، ئەدەبىي، پەننىي، ئىلمىي، ئاممىباب ئەسەرلەر، دەرسلىكلەر، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ۋە بىر قىسىم تەرجىمە ئەسەرلىرى بولۇپ 400 دىن ئارتۇق كىتاب ـ ماتېرىيالدىن 500 مىڭدىن ئارتۇق جۈملە كارتوچكىسى تەييارلاندى ھەم ئۇلاردىن 60 مىڭغا يېقىن سۆز تاللاندى؛ ھازىرقى زامان يېزىق تىلىدا كۆپ ئۇچرىمايدىغان، ئەكسىچە خەلقنىڭ جانلىق تىلىدا ئىستېمال قىلىنىدىغان، ھاياتىي كۈچكە ئىگە سۆزلەرنى توپلاش مەقسىتىدە 1980 ـ يىلى ۋە 1982 ـ يىلى شەرقىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئىككى قېتىم تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن بىرنەچچە قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقاتلاردىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىنى تۈزۈشنىڭ كونكرېت پرىنسىپلىرى تۈزۈلدى ھەمدە شۇ پرىنسىپلار ئاساسىدا 500 گە يېقىن سۆزنىڭ ئىزاھلانغان ئۈلگىسى ئىشلىنىپ، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ئەمگەك سىڭدۈرۈۋاتقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇھاكىمىسىدىن ئۆتكۈزۈلدى.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق كومىتېتى 1985 ـ يىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قايتا تۈزىتىلگەن ۋە تولۇقلانغان ئىملا قائىدىسىنى ئېلان قىلدى. شۇنداقلا ئىملا لۇغىتىمۇ نەشر قىلىندى. 1988 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى تۈزگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىلىرى كومىتېت تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى تۈزۈشتە، ئىملا ۋە نۇتۇق فورمىلىرىدا يۇقىرىقى پرىنسىپلارغا تولۇق ئەمەل قىلىندى. مەزكۇر لۇغەتتە يەنە ھەرقايسى پەنلەرگە ئائىت ئاتالغۇلارمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئاتالغۇلارنى ئېلىشتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش، بېكىتىش كومىتېتىنىڭ ئاتالغۇلارنى بېكىتىش پرىنسىپلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىندى. لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن ئاتالغۇلار يۇقىرىقى كومىتېتنىڭ ھەر ساھە مۇتەخەسسىس ـ

لىرى قاتناشقان بىرنەچچە قېتىملىق مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ بېكىتىلدى.

ئەدەبىي تىل جانلىق تىلنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى. ئەدەبىي تىل خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئۇ ئىپادىلەش شەكلىنىڭ بايلىقى، يۇقىرى دەرىجىدە قېلىپلاشقانلىقى بىلەن خەلق تىلىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا مەزكۇر لۇغەتتە سۆزلەرنىڭ توپ مەنىسى، كېڭەيگەن ھەم كۆچمە مەنىلىرىنى ئايرىشتا، ستىلىستىكىلىق مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، شۇنداقلا بۇلارنى مىساللار بىلەن پاكىتلاشتا، رەسمىي نەشر قىلىنغان ئەسەرلەردىكى ئەدەبىي يېزىق تىلى ئۆلچەم قىلىندى. دېمەك، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى تۈزۈش جەريانى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇلۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش جەريانى بولدى.

شۇنداقتىمۇ، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ھەممە جەھەتتىن مۇكەممەل بولۇپ كەتتى، دەپ ئېيتالمايمىز. بۇنداق بىر چوڭ تىپتىكى لۇغەتنى تۈزۈش، ھەر جەھەتتىن ئالغاندا، ئاسان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. تىل ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، شۇڭا تىلنىڭ قېلىپلىشىشىمۇ نىسپىي بولىدۇ، يەنى ئۇ داۋاملىق بۇزۇلۇپ تۇرۇش ھەمدە داۋاملىق قېلىپلاشتۇرۇش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا جەھەتلىرىدە داۋاملىق ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس، مەلۇم نۇقتىلاردا كۆز قاراش تېخى تولۇق بىرلىككە كەلگىنى يوق. بۇ ھال مەزكۇر لۇغەتنى تۈزۈشتە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز تۈركۈملىرىنى بۆلۈش جەھەتتە يېڭى كۆز قاراشلار گەۋدىلەندۈرۈلدى، ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىشلەر مەسىلىسىدە يەنىلا ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ساقلاپ قېلىندى ۋە باشقىلار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى تەتقىقاتى ۋە لۇغەتشۇناسلىق تەتقىقاتى تېخى بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. گەرچە ئۇيغۇر تىلىدا كۆپلىگەن لۇغەتلەر ئىشلىنىپ، مەلۇم تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىنغان ھەمدە باشقا تىللاردا ئىشلەنگەن ئىزاھلىق لۇغەتلەرنىڭ خېلى زور ياردىمى بولغان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمىغانلىقتىن مەزكۇر لۇغەتنى تۈزۈش جەريانى — بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن تەتقىقات قىلىش جەريانى بولدى. بۇ جەرياندا، كۆپلىگەن ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، شۇنداقتىمۇ يولۇققان مەسىلىلەرنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ۋاقىتنىڭ زىچلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بارلىق مەسىلىلەرنى ئىلمىي، مۇكەممەل ھەل قىلىنىپ كەتتى، دەپ ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا مەزكۇر لۇغەتتە ياكى ئۇنداق ياكى بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىشى تەبىئىي. شۇنداق بولسىمۇ، لۇغەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەدەبىي تىلنى قېلىپلاشتۇرۇشتا تېگىشلىك رول ئويناش بىلەن بىللە تىلشۇناسلىقىمىزغا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

مەزكۇر لۇغەتنىڭ 1- تومىنى تۈزۈش خىزمىتىگە، لۇغەت ئاپتورلىرىدىن باشقا، يەنە بۆلۈمىمىزنىڭ ئىلمىي خادىملىرىدىن ئەسقەر ئابدۇقادىر، بۇھەيرە ئابلەتۇۋالار قاتناشتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا بۇۋەيشىخان ئابدۇللا لۇغەتنى ئورگىناللاشتۇرۇش، ماتېرىيال تەييارلاش، رەتلەش قاتارلىق

خىزمەتلەردە ئالاھىدە كۆچ چىقاردى. ئارسلان ئابلىز، نىجات تۆرەخمەتلەر لۇغەتنى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن ئورىگىناللاشتۇرۇش ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. گۈلنار، ئەلانۇرلار ماتېرىيال تەييارلاش خىزمىتىگە ياردەملەشتى.

لۇغەتنىڭ ھەرقايسى پەنلەرگە دائىر ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىزاھلىرىنى ئىشلەشتە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك پروفېسسور، دوتسېنت، لېكتور، تەتقىقاتچى خادىملارنىڭ قىممەتلىك ئىلمىي تەكلىپلىرى، ئەمەلىي ياردەملىرىگە ئىگە بولدۇق. بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يولداشلارغا ۋە بىزنىڭ ئىشىمىزغا ھەر جەھەتتىن ياردەمدە بولغان باشقا بارلىق يولداشلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز. كىتابخانلىرىمىزنىڭ مەزكۇر لۇغەتتە ساقلانغان يېتەرسىزلىكلەر ئۈستىدە پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر
تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ لۇغەت بۆلۈمى.

1989-يىلى 5-ئاي.

www.uyghurkitap.com

# لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى

1. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىنى ئىشلەشتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ لۇغەت بۆلۈمى ئازادلىقتىن كېيىن نەشر قىلىنغان ئەدەبىي، ئىجتىمائىي-سىياسىي، ئىلمىي، ئاممىباب ئەسەرلەر: دەرسلىكلەر، گېزىت-ژۇرناللار؛ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، پارتىيە-ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ۋە بىر قىسىم ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلەردىن تاللىغان كارتىلار ئاساسىي مەنبە قىلىندى.

2. لۇغەتكە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ قوللىنىلىۋاتقان بارلىق سۆز تۈركۈملىرىگە ئائىت تۈپ سۆزلەر يەنى ئىسىملار (**باش، كۆز، سىياسەت، ئەقىل**)، سۈپەتلەر (**قىزىل، ئېگىز، سۈنئىي، ياخشى**)، سانلار (**بىر، ئون، يۈز**)، مىقدارلار (**يۇتۇم، كاپام، سىر، نەپەر، تال**)، رەۋىشلەر (**بۈگۈن، ئىلگىرى، ناھايىتى، پائال**)، ئالماشلار (**مەن، بۇ، كىم، ئۆز، ھەممە، ھېچ، كىمدۇ**)، پېئىللار (**ماڭماق، تۇرماق**)، تەقلىد سۆزلەر (**شار-شۇر، ۋال-ۋۇل، چىم-چىم**)، تىركەلمىلەر (**ئۈچۈن، ئائىت، قاتارلىق**)، باغلىغۇچىلار (**ۋە، ھەم، ياكى، ھەتتا، يەنى، جۈملىدىن**)، يۈكلىمىلەر (**مۇ، چۇ، زە، ھە**)، ئىملىقلار (**پاھ، ۋايجان، ئاپلا**)، ياسالما سۆزلەر يەنى سىنتېتىك يول بىلەن ياسالغان سۆزلەر (**ئىشچى، ئەقىللىق**)، ئانالىتىك يول بىلەن ياسالغان سۆزلەردىن قوش سۆزلەر (**پۈتمەس-تۈگىمەس، ئاستىن-ئۈستۈن، ئاچ-يالىڭاچ، بالا-چاقا، نان-پان، ئوڭغۇل-دوڭغۇل**)، بىرىككەن سۆزلەر (**بىلەزۈك، ئاقساقال، تاشپاقا**)، «قىل-، بول-» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پېئىللار (ھۆكۈم قىلماق، پەيدا بولماق)؛ تۇراقلىق بىرىكمىلەر يەنى بىر قىسىم ئۇدۇل مەنىلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەر (**ئاتوم بومبىسى، قايناش نۇقتىسى**)، كۆچمە مەنىلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەر (**قولى قىسقا، ئاغزىنى ياغلىماق، مۈشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ**)، ئادەت سۆزلىرى (**ئاق يول بولسۇن، خۇدايىمغا ئامانەت، ئاتاڭغا لەنەت**)، قاتقان سۆزلەر (**كۈندە، بولدى، بوپتۇ، باشلاپ**) كىرگۈزۈلدى.

3. قىسقارتىلما سۆزلەر لۇغەتكە ئېلىنمىدى.

4. مەلۇم دىئالېكتقا خاس سۆزلەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن: **جۈجەم، ئايلا، ھەدە، مۇت، كات...**

5. كونىرىغان سۆزلەردىن مەلۇم بىرمەزگىلدە مەتبۇئاتتا كۆپ ئىشلىتىلگەنلىرى ئېلىندى.

مەسىلەن: **ئىمپېرىيالىزم، باتالىيون، دىۋىزىيە...**

6. تارىخىي سۆزلەردىن ھازىرقى ئەدەبىي تىلدا كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىلا تاللاپ ئېلىندى. مەسىلەن: **يۈزبېشى، مىڭبېشى، تۆرە بېگى، تەيجى، خاقان.**

7. باللار لېكسىكسىدىن تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن: **مەممە، چىششا، جوجو، ھام ھام...**

8. ئۆزۈندىن بۇيان مەتبۇئاتلاردا ئىملاسى ئىككى خىل بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى توغرا بولمىغان شەكلى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن: **ئەۋۋەل، ئاۋال، خوشنا.**

9. ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يەككە ھەرپ شەكىللىرى ۋە ھەرپ ناملىرى كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن: **ئا، ئە، ب، بې، پ، پې، ت، تې...**

10. جانلىق تىلدا قوللىنىلمايدىغان، پەقەت يېزىق تىلىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر تاللاپ ئېلىندى. مەسىلەن: **چەشمە، نەۋقىران، دىلرەبا...**

11. پەن ـ تېخنىكا، ھۈنەر ـ سەنئەتكە دائىر ئاتالغۇلارنى ئېلىشتا كۆپرەك تولۇق ئوتتۇرا مەلۇمات ئاساس قىلىندى. بەك خاس ئاتالغۇلار كىرگۈزۈلمىدى.

12. مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەردىن باشقا يەنە خەلقئارادا سانى كۆپرەك بولغان مىللەتلەرنىڭ نامى ئېلىندى.

13. سانلاردىن ئاددىي ساناق سانلار ئېلىندى. مەسىلەن: **نۆل، بىر، ئىككى، يۈز، مىڭ.**

14. دەرىجە ۋە ئۆلچەملىك سانلار بىردىن تارتىپ يۈزگىچە بولغان ئاددىي سانلار تەرتىپى بويىچە ئېلىندى. مەسىلەن: **بىرىنچى، ئونىنچى، يۈزىنچى، بىرەيلەن، ئونەيلەن، يۈزەيلەن.**

15. تەقلىد ۋە ئىملىق سۆزلەردىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كۆپرەك قوللىنىلىدىغانلىرى تاللاپ ئېلىندى. ئۇلارنىڭ پېئىللىششىمۇ كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن: **گۈر، گۈر ـ گۈر، گۈرۈلدىمەك، ۋال، ۋال ـ ۋۇل، ۋالىلدىماق...**

16. قوپال سۆزلەر ئېلىنمىدى.

17. يەر، كىشى ئىسىملىرى، ئورگان، ئەسەر ناملىرى ئېلىنمىدى.

18. پېئىللار ئىسمداشنىڭ «ـ ماق // ـ مەك» شەكلىدە بېرىلدى. مەسىلەن: **باشلىماق، ئوينىماق، كۈتمەك...**

19. «ـ ش، ـ ۇش» بىلەن ياسالغان ئىسمداشلارنىڭ پەقەت ئىسمغا ئايلانغانلىرى ۋە تۇراقلىق بىرىكمىلەردە باش سۆز بولۇپ كەلگەنلىرى باش ماددا قىلىپ ئېلىندى. مەسىلەن: **كۆرۈنۈش، بۆلۈش، ئۇرۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، قوشۇش.**

20. «ـ غان، ـ قان، ـ گەن، ـ كەن» بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلاردىن باشقا سۆز تۈركۈمىگە ئۆزگەرگەن ياكى تۇراقلىق بىرىكمىلەردە بىرىكمە بېشى بولغانلىرى باش ماددا قىلىپ ئېلىندى. مەسىلەن: **كەتكەن (كەتكەن سارالڭ). كېلىشكەن (كېلىشكەن يىگىت).**

21. «ـ ر، ـ ار، ـ ەر» بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلاردىن تۇراقلىق بىرىكمىلەردە بىرىكمە بېشى بولغانلىرى باش ماددا قىلىپ ئېلىندى. مەسىلەن:

**ئاقار** «ئاقماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.

**ئاقار جىسىم** <فىز>

**ئاقار جىسىملار مېخانىكى** <فىز>

**ئاقار يۇلتۇز** <ئاستر>

22. -ر، -ار، -ەر» بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلارنىڭ يوقلۇق شەكىللىرىدىن سۈپەت ئورنىدا كېلىپ، دائىم قوللىنىلىدىغانلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن: **تېپىلماس (ئادەم)، پۈتمەس (دەۋا)، كۆرەلمەس (ئادەم).**

23. «-پ، -ىپ، -ۇپ، -ۈپ» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلاردىن مۇستەقىل مەنىگە ئىگە بولغانلىرى ئېلىندى. مەسىلەن:

**باشلاپ** ① «باشلىماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى. ② رەۋ. ئەڭ ئاۋۋال، ھەممىدىن ئاۋۋال، دەسلەپ، ئەڭ دەسلەپ... ③ تىر (چىقىش كېلىشتىكى سۆزلەردىن كېيىن كەلگەندە) بېرى، بۇيان، ئېتىبارەن، تارتىپ:...

24. «-ا، -ە» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلاردىن پەقەت قوش سۆز ئورنىدا كېلىپ، كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغانلىرى ئېلىندى. مەسىلەن: **بارا-بارا، ماڭا-ماڭا...**

25. «-راق، -رەك» بىلەن ياسالغان سۈپەت دەرىجىلىرى ئېلىنمىدى. مەسىلەن: **ياخشىراق، ئوبدانراق، سەترەك...**

26. «-دەك، -تەك» قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان سۆزلەردىن ئۇدۇل ئوخشىتىشتىن باشقا مەنىگە ئىگە بولغانلىرى ئېلىندى. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| **سامانىدەك (كۆپ)** | **تىرناقتەك (كىچىك)** |
| **قىلدەك (ئىنچىكە)** | **مۇزدەك (سوغۇق)** |
| **ئالقانىدەك (كىچىك)** | **ئوتتەك (قىزغىن)** |
| **تىكەنىدەك (يالغۇز)** | |

27. «-دىكى» قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن سۆزلەر ئېلىنمىدى. مەسىلەن: **ئۆيدىكى، بازاردىكى، تاغدىكى، كېلىشتىكى.** ...

28. «غۇ، قۇ، گۈ، كۈ» بىلەن كەلگەن ئىسىمداشلارغا «چى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان سۈپەتلەردىن پەقەت تۇراقلىق بىرىكمىنىڭ باش سۆزى بولۇپ كەلگەنلىرى ئېلىندى. مەسىلەن: **بىرىكتۈرگۈچى** «بىرىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ بىر خىل سۈپەتداش شەكلى.

29. «-غۇ، -قۇ» بىلەن ياسالغان ئىسىملارغا «-سىز» ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتلەردىن پەقەت سۈپەت ئورنىدا كۆپ قوللىنىلىدىغانلىرى تاللاپ ئېلىندى. مەسىلەن: **چىدىغۇسىز (ئىسسىق)، يېگۈسىز (ئاچچىق)...**

30. ئالماشلارغا «-سىز» ئۇلىنىش ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەر ئېلىنمىدى. مەسىلەن: **مەنسىز، مېنىڭسىز، سەنسىز، سېنىڭسىز...**

31. كونكرېت شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا «-سىز» قوشۇلۇش ئارقىلىق ياسالغان

سۆپەتلەردىن پەقەتلا شۇ شەيئىلەرگە ئىگە ئەمەسلىكنى بىلدۈرىدىغانلىرى ئېلىنىمىدى. مەسىلەن: **كۆمۈرسىز، تۆمۈرسىز، تامسىز.**

32. ئىسىمداشلارغا، «-ر، -ار، -ەر» بىلەن ياسالغان سۆپەتداشلارغا «-لىق، -لىك، -لۇق، -لۈك» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ ياسالغان سۆزلەردىن كونكرېت مەنىگە ئىگە بولغانلىرى ئېلىنىدى. مەسىلەن: **يۈرۈشلۈك، يېيىشلىك، كۆرگۈلۈك، تارتقۇلۇق، يېتەرلىك، دېيەرلىك.**

33. «-ر، -ار-ەر» بىلەن ياسالغان سۆپەتداشلارنىڭ يوقلۇق شەكلىگە «-لىق، -لىك، -لۇق، -لۈك» قوشۇمچىلىرى قوشۇلغانلىرىنىڭ پەقەت كونكرېت مەنىگە ئىگە بولغانلىرىلا كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن: **كېلىشمەسلىك، كۆرەلمەسلىك.**

34. ئىسىملارغا «-لىق، -لىك، -لۇق، -لۈك» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، كونكرېت مەنىگە ئىگە بولمىغانلىرى ئېلىنمىدى. مەسىلەن، **فابرىكىلىق، زاۋۇتلۇق...**

35. «-غۇ+چە، -قۇ+چە، -گۇ+چە، -كۇ+چە» ۋە «-غا+چە، -قا+چە، -گە+چە، -كە+چە» قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن «-لىق، -لىك» قوشۇلغان قۇرۇلمىلار ئېلىنىمىدى. مەسىلەن: **بارغۇچىلىق، قاققۇچىلىق، كەلگۈچىلىك، بازارغىچىلىك.**

36. «-غان، -قان، -گەن، -كەن» بىلەن ياسالغان سۆپەتداشلاردىن كېيىن «-لىق، -لىك، -لۇق، -لۈك» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەر ئېلىنىمىدى. مەسىلەن: **بارغانلىق، باشلىغانلىق، كەتكەنلىك.**

37. تۇرغۇن سۆزلەرگە «-لىق، -لىك، -لۇق، -لۈك» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ «ئىگەن» مەنىسىنى بەرسە ئېلىنىمىدى (بۇ سۆز مۇنداق ئەھۋالدا كۆپىنچە III شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ).

38. ۋاقىت ئىسىملىرى، مىقدار ۋە بەزى قورال ناملىرىغا «-چە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، مۆلچەرنى بىلدۈرسە (مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كۆپىنچە ساناق سانلار كېلىدۇ) ئېلىنىمىدى. مەسىلەن: **(بىر) مىنۇتچە، (ئون) تونىنچە، (تۆت) هارۋىچە.**

39. بەزى ئىسىملارغا «-چە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ پەرەزنى بىلدۈرگەن سۆزلەر ئېلىنىمىدى. مەسىلەن، **(بۇ) گەپچە، (مېنىڭ) پىكرىمچە.**

40. «-غۇ، -قۇ، -گۇ، -كۇ» بىلەن ياسالغان ئىسىمداشلارغا «-چە» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار ئېلىنىمىدى. مەسىلەن: **بارغۇچە، يازغۇچە، تۇرغۇچە.**

41. خاس ئىسىملارغا «-چە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، ئوخشىتىش مەنىسىنى بەرسە ئېلىنىمىدى. مەسىلەن: **دېڭىزچە، تۆگىچە، ئېشەكچە.**

42. «-غان، -قان، -گەن، -كەن» بىلەن ياسالغان سۆپەتداشلارغا «-چە»، «-سېرى» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ ياسالغان رەۋىشداشلار ئېلىنىمىدى. مەسىلەن: **بارغانچە، يازغانچە، سۆزلىگەنچە، بارغانسېرى، يازغانسېرى، سۆزلىگەنسېرى.**

43. «-ش، -ىش، -ۇش» بىلەن كەلگەن ئىسىمداشلارغا «-چە» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ، ئىمكانىيەت چېكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئېلىنىمىدى. مەسىلەن: **يېزىشىچە، مېڭىشىچە، ئېلىشىچە.**

www.uyghurkitap.com

44. كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ، بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھ، مەلۇم تىپ، خاندانلىق، خەلق توپى مەنىلىرىنى بېرىدىغان سۆز ۋە تۇراقلىق بىرىكمىلەر ئېلىنىدى. مەسىلەن: **ئاقلار، ئۆكتىچىلەر، قىزىللار، ئۆمۈلگۈچىلەر، مىكرو ئېلېمېنتلار، قاراخانىلار، ئاباسىيلار، خەنزۇلار، ئۇيغۇرلار، سالالار، موڭغۇللار.**

45. كۆچمە مەنىلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەر ئىلاجى بار شەخسسىز ئېلىنىدى. شەخسسىز كەلمەيدىغانلىرى III شەخسنىڭ بىرلىكىدە ئېلىنىدى. مەسىلەن: **باش ئاغرىماق، بويۇن تولغىماق، ئاغزى بوش، بازىرى يوق.**

46. ئاخىرى پېئىل بىلەن تۈگىگەن كۆچمە مەنىلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەر ئىسىمداشنىڭ «-ماق، -مەك» شەكلى بىلەن ئېلىندى. مەسىلەن: **كۆڭلى بۇزۇلماق، كۆڭۈل بەرمەك.**

47. ئىگە-خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتە كەلگەن كۆچمە مەنىلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەر جۈملىدە تولدۇرغۇچى ۋە تولۇقلىغۇچى مۇناسىۋەتتە كەلسىمۇ، پەقەت ئىگە-خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتە كەلگىنى ئېلىندى. مەسىلەن:

**كۆڭلى بۇزۇلماق (كۆڭلىنى بۇزماق ئەمەس)**

**باش ئاغرىماق (بېشىنى ئاغرىتماق ئەمەس)**

48. سۈپەتداشلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى بىلەن كەلگەن كۆچمە مەنىلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەر «-ماسلىق، -مەسلىك» شەكلىدە بېرىلدى: مەسىلەن: **قىل سىغماسلىق، تىلى بارماسلىق.**

49. مەلۇم بۆلىكىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق مەنىداش بولىدىغان كۆچمە مەنىلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىڭ ھەرقايسىسى مۇستەقىل ماددا قىلىپ ئېلىندى. مەسىلەن: **ئاغزىڭغا ماي، ئاغزىڭغا ياغ، ئاغزىڭغا قەنت.**

50. كۆچمە مەنىلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىڭ قىسقارغان شەكلىمۇ ئېلىنىدى. مەسىلەن: **بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارماق، بىر ياقىدىن باش چىقارماق؛ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچماق، ئەرۋاھى ئۇچماق.**

51. كۆچمە مەنىلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىڭ «قىل، ئەت» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پېئىللار قوشۇلۇپ ئانالىتىك يول بىلەن پېئىللاشقانلىرى ئېلىندى. مەسىلەن: **خام خىيال قىلماق، باغرى قان بولماق، ئارا ئوچۇق بولماق.**

52. تەرجىمە تىلىدىن خەلق ئاممىسىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن بىر قىسىم كۆچمە مەنىلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەرمۇ تاللاپ ئېلىندى. مەسىلەن: **ئارقا ئىشىك، يېشىل چىراغ ياقماق.**

53. كۆچمە مەنىلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىڭ تۈرلۈك گراممatik ۋارىيانتلىرى يەنى شەخس، دەرىجە، يوقلۇق، تۈس ۋارىيانتلىرى ئېلىنمىدى.

54. لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەر باش ماددا ۋە ياردەمچى ماددا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. باش ماددىغا بارلىق تۈپ سۆزلەر، سىنتېتىك يول بىلەن ياسالغان سۆزلەر، ئانالىتىك يول بىلەن ياسالغان جۈپ سۆزلەر، بىرىككەن سۆزلەر، قاتقان سۆزلەر كىرگۈزۈلدى. باش ماددا چوڭ قارا ھەرپ بىلەن بېرىلدى. ياردەمچى ماددىغا تۇراقلىق بىرىكمىلەر، ئانالىتىك يول بىلەن پېئىللاشقان

سۆزلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ياردەمچى ماددىلار لۇغەتنىڭ ئىزاھاتى بىلەن تەڭ قۇردا سەل چوڭراق قارا ھەرپ بىلەن بېرىلدى.

55. ياردەمچى ماددىلار باش ماددىنىڭ ئاستىغا قويۇلدى. ياردەمچى ماددىلارنى باش ماددىنىڭ ئاستىغا قويۇشتا ئۇنىڭ بىرىنچى سۆزىنىڭ گراماتىك تۈرلىنىشىگە ئۆتۈشتىن، يىلتىزنىڭ تەركىبىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىزلىشىشتىن بۇرۇنقى ھالىتى ئاساس قىلىندى. پەقەت «ئاغىز، باغىر سۆزلىرىنىڭ ئاجىزلاشقان شەكىللىرى «ئېغىز، بېغىر» سۆزلىرىنىڭ كەينىگە بېرىلدى. «-پ، -ىپ، -ۇپ، -ۈپ» رەۋىشداشلىرى بىلەن باشلانغان ياردەمچى ماددىلار پېئىلنىڭ ئۇنىڭغا مۇناسىپ «-ماق، -مەك» شەكىللىرىنىڭ ئاستىغا قويۇلدى.

56. باش ماددا قاتتىق ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى. بىردىن ئۇشۇق ياردەمچى ماددىلارمۇ ئۆزئارا ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى.

57. يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشى ئوخشاش ئاھاڭداش سۆزلەر ئايرىم ماددا قىلىپ ئېلىنىپ، رىم رەقەملىرى بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىلدى. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| پىستە I | ئى | [پ] | <بوت> |
| پىستە II | ئى | [پ] | <زوئول> |
| باشلىماق I | | | (ئۆيگە...) |
| باشلىماق II | | | (ئۆتۈكنى...) |

58. يېزىلىشى ئوخشاش، ئەمما ئوقۇلۇشىدا مەلۇم سوزۇق تاۋۇشنى سوزۇپ ئوقۇش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدىغان سۆزلەر ئايرىم-ئايرىم ماددا قىلىپ ئېلىنىدى. تىرناق ئىچىگە شۇ ماددا يېزىلىپ سوزۇپ ئوقۇلىدىغان تاۋۇشتىن كېيىن سوزۇلما سوزۇق بەلگىسى (:) قويۇلدى. مەسىلەن:

ئاچا
ئاچا (ئا : چا)
ئارا
ئارا (ئا : را)

59. بىر قىسىم ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار شۇ سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا، ئۆزىنىڭ ئورغۇسىنى يوقىتىپ تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. تىرناق ئىچىگە شۇ سۆزنىڭ چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنكى شەكلى ئۈچىنچى شەخس بىلەن كۆرسىتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

كۆڭۈل (كۆڭلى)
نەسىل (نەسلى)
بۇرۇن (بۇرنى)
جىسىم (جىسمى)

60. بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا» ۋە «ئە» تاۋۇشلىرى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ئاجىزلاشمىسا، بۇنداق سۆزلەردىن كېيىن تىرناق ئىچىگە ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاجىزلاشمايدىغان شەكلى ئۇچىنچى شەخستە كۆرسىتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| **ئىملا** | **(ئىملاسى)** |
| **بەش** | **(بەشى)** |
| **ماتا** | **(ماتاسى)** |
| **ئەدەبىيات** | **(ئەدەبىياتى):** |

61. ئۇيغۇر تىلىغا خاس بىرىككەن سۆزلەرنىڭ، باشقا تىللاردىن كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەندىن كېيىن بىرىككەن شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر ئىككى تەركىبى مۇستەقىل ئىشلىتىلىدىغان بىرىككەن سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن بۇرۇنقى مورفېمىلىرى چوڭ تىرناق ئىچىدە بولۇپ كۆرسىتىلدى. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| **بۇگۈن** | رەۋ | [بۇ + كۈن] |
| **بالىياتقۇ** | ئى | [بالا + ياتقۇ] |
| **ئالىتاغىل** | سۈپ | [ئالا + تاغىل] |
| **ئالىقانچە** | ئال | [ئاللا + قانچە] |
| **ئاللىكىم** | ئال | [ئاللا + كىم] |
| **ئاشقازان** | ئى | [ئاش + قازان] |
| **بالايىئاپەت** | ئى | [بالا + يى + ئاپەت] |

62. لۇغەتكە ئېلىنغان ئۇيغۇر تىلىغا خاس تۈپ سۆزلەرنىڭلا قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋەلىكىنى كۆرسىتىدىغان قىسقارتىلما سۆزلەر بېرىلدى، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| ئال | ئالماش |
| باغ | باغلىغۇچى |
| پ | پېئىل |
| تەق | تەقلىد |
| تىر | تىركەلمە |
| رەۋ | رەۋىش |
| سان | سان |
| سۈپ | سۈپەت |
| مىق | مىقدار سۆز |
| ئى | ئىسىم |
| ئىم | ئىملىق |
| يۈك | يۈكلىمە |

63. سۆز تۈركۈملىرىنى بىلدۈرىدىغان قىسقارتىلمىلار ھەممە مەنە تۈرلىرىگە خاس بولسا، بىرىنچى مەنە تۈرىنى كۆرسىتىدىغان رەقەمنىڭ ئالدىغا قويۇلدى، ھەرقايسى مەنىلىرى باشقا-باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس بولسا، مەنە تۈرىنى كۆرسىتىدىغان رەقەمدىن كېيىن قويۇلدى.

مەسىلەن:

**ئاق** ① سۈپ. پاختا، قار ياكى سۈت رەڭگىدىكى؛ قارنىڭ ئەكسى ②... ③... ④... ⑤ ئى توغرا، ياخشى ئىش، ھەقىقەت: ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلماق...

64. ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى بېرىلمەي پەقەت چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى بېرىلدى. ئېتىمولوگىيىلىك قىسقارتىلمىلار ئوتتۇرا تىرناق [ ] ئىچىگە ئېلىندى، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

| | | | |
|---|---|---|---|
| [ئە] | ئەرەبچە | [نېم] | نېمىسچە |
| [پ] | پارسچە | [فران] | فرانسۇزچە |
| [خەن] | خەنزۇچە | [ھىند] | ھىندىچە |
| [ر] | رۇسچە | [ئىتال] | ئىتالىيانچە |
| [گرېك] | گرېكچە | [ئىنگ] | ئىنگلىزچە |
| [گول] | گوللاندىيە | [ئىسپان] | ئىسپانچە |
| [لات] | لاتىنچە | | |

65. ئەگەر باشقا تىلدىن كىرگەن سۆزگە ئۇيغۇر تىلى قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزگە باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن قوشۇمچە قوشۇلۇپ يېڭى سۆز ياسالغان بولسا، مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى بېرىلمىدى. مەسىلەن: **ئىستىھالچى، ئادالەتلىك، ۋاپاسىز، بۇغدايزار، تىلشۇناس.**

66. باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزگە باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن قوشۇمچە قوشۇلۇپ يېڭى سۆز ياسالغان بولسا، مۇنداق سۆزلەرنىڭ تومۇر ۋە قوشۇمچىسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئوتتۇرا تىرناق ئىچىگە قوشۇش [ + ] ئالامىتى بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىلدى. مەسىلەن:

**ئادالەتپەرەس** [ئە + پ]، **دىندار** [ئە + پ]، **دەرۋەقە** [پ + ئە].

67. مەلۇم بىر تىلدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزنىڭ ئەسلىسى يەنە باشقا بىر تىلدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولسا، كېلىپ چىقىش بەلگىسى (<) ئارقىلىق كۆرسىتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**بامبۇك** [ر<فران]

**باندىت** [ر<ئىتال]

68. مەلۇم ئىلىم-پەن ياكى مەلۇم بىر ساھەگە خاس بولغان سۆزلەرگە، زۆرۈر تېپىلغاندا، قىسقارتىلما سۆز بىلەن ئۇنىڭ قايسى پەن ياكى قايسى ساھەگە تەۋە ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ قويۇلدى. لۇغەتتە ئىشلىتىلگەن قىسقارتىلما سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

1. <ئارخېئول> ئارخېئولوگىيە
2. <ئانات> ئاناتومىيە
3. <ئاستر> ئاسترونومىيە
4. <ئەد> ئەدەبىيات
5. <بوت> بوتانىكا

www.uyghurkitap.com

6. <بىئول> بىئولوگىيە
7. <بىن> بىناكارلىق
8. <پەلس> پەلسەپە
9. <پسىخول> پسىخولوگىيە
10. <تارىخ> تارىخ
11. <تەن> تەنتەربىيە
12. <تىب> تىببىي ئىلىم
13. <تىل> تىل ـ يېزىق
14. <تىيا> تىياتىر
15. <جۇغ> جۇغراپىيە
16. <چار> چارلاش ـ قىدىرىش
17. <خىم> خىمىيە
18. <دىن> دىن
19. <سودا> سودا، تاشقى سودا
20. <سۇ> سۇ ئىشلىرى
21. <س ئىق> سىياسىي ئىقتىساد
22. <فىز> فىزىكا
23. <قاتن> قاتناش ئىشلىرى
24. <قا> قانۇن ئىشلىرى
25. <كىنو> كىنو ۋە فوتوگرافىيە ئىشلىرى
26. <گ سەن> گۈزەل سەنئەت
27. <گېئول> گېئولوگىيە
28. <لوگ> لوگىكا
29. <مائار> مائارىپ
30. <مات> ماتېماتىكا
31. <ماشىن> ماشىنىسازلىق
32. <مەت> مەتبۇئاتچىلىق
33. <مۇز> مۇزىكا
34. <مېتېئور> مېتېئورولوگىيە
35. <ھەرب> ھەربىي ئىشلار
36. <ئورم> ئورمانچىلىق
37. <ئۇس> ئۇسسۇل
38. <ئۈلچ> ئۈلچەش ئىشلىرى

39. <ئىر> ئىرسىيەت

40. <ئىرق> ئىرقشۇناسلىق

69. ئىلىم-پەن ياكى مەلۇم ساھەگە خاس قىسقارتىلما سۆزلەر ھەممە مەنە تۈرىگە خاس بولسا، بىرىنچى مەنە تۈرىنى كۆرسىتىدىغان رەقەمنىڭ ئالدىغا قويۇلدى، پەقەت ئايرىم مەنە تۈرىگىلا خاس بولسا، شۇ مەنە تۈرىنى كۆرسىتىدىغان رەقەمدىن كېيىن قويۇلدى. مەسىلەن:

**قوشۇش** ① «قوشماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمداش شەكلى.
② <مات> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئوشۇق سانلارنىڭ يىغىندىسىنى تېپىش ئەمىلى...

70. سۆزلەرنىڭ ئىستېمال دائىرىسىنى بىلدۈرۈش زۆرۈر تېپىلغاندا قىسقارتىلما سۆز بىلەن ئېنىقلاپ قويۇلدى. بۇ قىسقارتىلما سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| ئايال | ئاياللارغا خاس سۆزلەر |
| جان ت | جانلىق تىل |
| دىئال | دىئالېكت سۆزلىرى |
| سەلب | سەلبىي مەنىدىكى سۆزلەر |
| يېزت | يېزىق تىلى |
| تىل ھا | تىل-ھاقارەت، قارغىش سۆزلىرى |
| تار س | تارىخىي سۆز |
| كونا | كونىرىغان سۆزلەر |
| بال س | باللار سۆزى |

71. لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن ھەربىر سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ۋە قىسقا قىلىپ ئىزاھلاندى.

72. لۇغەتتە سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى بەرگەندە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ قوللىنىلىۋاتقان مەنىلىرى ئاساس قىلىندى.

73. بىردىن ئوشۇق مەنىگە ئىگە بولغان سۆزلەرنىڭ ھەربىر مەنىسى رەت تەرتىپى بويىچە «①، ②...» دېگەن رەقەملەر بىلەن ئايرىلدى. مەسىلەن:

**باشلام** ئى ① بىر يۈرۈش ئېتىزلارغا ئەڭ باشتا سۇ كىرىدىغان ئېتىز: سۇ ئەمدى باشلامغا چىقىپ تۇراتتى، باشتىن توسۇۋالدى. ② ئېچىق: كۆمىدى ئونى باشلامغا، ئۇچۇق قويۇپ بېشىنى، كۆمۈپ بولۇپ چورۇق پوم، غۇچۇرلاتتى چىشىنى.

74. سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىسى ئايرىم مەنە تۈرى قىلىپ ئېلىنىپ، مەنە بۆلەكلىرىگە قويۇلغان رەقەمدىن كېيىن «كۆچمە» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**بۇلغىماق** پ ① كىر، پاسكىنا قىلماق: ئىشچىلاردىن بىرى ئوت ئۆچۈرۈش سۇيۇقلۇقى قاچىسىنىڭ ئاغزىنى تەتۈر تۇتۇپ ئاچقانلىقتىن، سۇيۇقلۇق ئېتىلىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ باش-كۆزىنى بۇلغىۋەتتى. ② كۆچمە. داغ چۈشۈرمەك، قارا سۈركىمەك: بىركۈنى كەچتە ياسىن ئاكامنىڭ: «يا ھۆكۈمەتنىڭ سۆزىگە كىرمىدىڭ يا مېنىڭ نەسىھەتىمنى ئاڭلىمىدىڭ،

ئاخىرى ئائىلىمىزنىڭ شەنىنى بۇلغىدىڭ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالدىم. ③ كۆچمە... ④...

**بايراقدار** ئى ① بايراق كۆتۈرۈپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ئادەم. ② كۆچمە. بىرەر ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ھەرىكەت، ئىلغار پىكىر، يېڭىلىق ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يېتەكچى ياكى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان، نەمۇنە، ئۈلگە كۆرسىتىدىغان كىشى؛ باشلامچى: ناۋايى ــ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كاتتا نامايەندىسى، XV ئەسىردىكى ئاسىيا ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىليونلىغان خەلقنىڭ پەخرى، تۈركىي تىلىدا يېزىشنىڭ دەۋر بۆلگۈچ بايراقدارلىرىنىڭ بىرى ۋە چوڭ ئۇستاز شائىرى.

75. ئادەتتىكى سۆزلەردە پرىنسىپ جەھەتتىن سۆزنىڭ ئانا مەنىلىرى ئالدىدا، كېيىنكى مەنىلىرى ئۇنىڭدىن كېيىن بېرىلدى. ياكى ئەدەبىي تىلدا كەڭ قوللىنىلىدىغان مەنىلىرى ئالدىدا، كەم قوللىنىلىدىغان مەنىلىرى ئۇنىڭدىن كېيىن بېرىلدى.

76. ئىلمىي، پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى ئىلمىي، سىياسىي ئەسەرلەردە بېرىلگەن تەرىپلەر ئارقىلىق ئىزاھلاندى. مەسىلەن:

**ئاسترونومىيە** ئى [ر<گرېك] <ئاستر> ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورنى، تارىلىشى، ھەرىكىتى، شەكلى، قۇرۇلمىسى، خىمىيىلىك تەركىبى، فىزىكىلىق ھالىتى ۋە ئۆزگىرىشى، تەرەققىي قىلىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

77. ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاشتا، زۆرۈر تېپىلغاندا بىر سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئىزاھلانغاندىن سىرت شۇ سۆزگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر قوشۇپ چۈشەندۈرۈلدى. مەسىلەن:

**ئاچچىقئوت** ئى [ئاچچىق + ئوت] ئاچچىقئوت ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يەر بېغىرلىغۇچى غولى بار، يوپۇرمىقى ئۈچ قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق، گۈلى سېرىق، مېۋىسى غوزىغا ئوخشاش يۇمىلاق تۆرۈك شەكىللىك؛ تېنى دورا قىلىنىدۇ، بەدەننىڭ سىرتىدىن سۈرسە قوتۇر قاتارلىق تېرە كېسەللىرىنى داۋالايدۇ.

78. ئايرىم سۆزلەرنىڭ كىشى ئىسمى، يەر نامى بولۇپ قوللىنىلىشى ئايرىم مەنە تۈرى قىلىپ ئېلىندى. مەسىلەن:

**باي** ① سۈپ. ئىقتىسادىي ئاساسى مۇستەھكەم، ھېچ نەرسىگە موھتاجلىقى يوق؛ نۇرغۇن مال ـ دۇنياسى بار: باي مەملىكەت. باي ئادەم. ــ پولات تاۋلاشتا يېيىلىۋاتقان ئاشلىق، خەجلىنىۋاتقان پۇلنى كۆرۈپ ئۆزىمىزنى تەڭداشسىز باي ھېسابلاپتىمەن، ــ دېدى ھاشىر. ② سۈپ ... ③ ئى ...④ ئى ... ⑤ ئى ...⑥ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيىنىڭ ئىسمى.

**بېزەكلىك** ① سۈپ. ئۇستىگە نەقىش ئىشلەنگەن، بېزىكى بار، بېزەلگەن؛ زىننەتلىك: بېزەكلىك تام. ② سۈپ. بېزەك قىلىشقا بولىدىغان، بېزەك بۇيۇمى قىلىشقا لايىق: ئامىنە، قارا، قولۇڭغا سالىدىغان بېزەكلىك ئۈچۈن ساپسېرىق ئالتۇن ئالىمەن، ئۇ چاغدا

نېمه دەيسەن؟ ③ ئى. تۇرپان ۋىلايىتىدىكى قەدىمىي يادىكارلىقلار ساقلانغان بىر جاي.

**پازىل** [ئە] ① سۈپ. پەزىلەتلىك، ياخشى خۇلق ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە: مەن هاكىم جانابلىرىنى رەهىمدىل، پازىل كىشى دەپ ئاڭلىغان بولسام مۇ، تازا ئىشىنىپ كەتمىگەنىدىم،... * ئۇ بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر شەهەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ نازۇنېمەتلىرى مول، هاۋاسى يېقىملىق، پادىشاهى ئادىل ۋە خەلقى پازىل شەهەر ئىكەن. ② ئەرلەر ئىسمى.

79. سۆزنىڭ باشقا سۆز تۈركۈمىگە ئۆتۈپ هاسىل قىلغان يېڭى مەنىسى ئايرىم مەنە تۈرى قىلىپ ئېلىندى، ئايرىم مەنە هاسىل قىلماي پەقەت باشقا سۆز تۈركۈمى ۋەزىپىسىدىلا كەلسە، ئىككى خىل سۆز تۈركۈمى ۋەزىپىسىدە كەلگەن جۈملە مىساللىرى ئېلىندى. جۈملە مىساللىرى ئارىسىغا ئىككى تىك سىزىق (//) قويۇلدى. مەسىلەن:

**ئالتۇن** ① ئى <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Au (Aurum). رەڭگى قىزغۇچ سېرىق، سوزۇلۇشچان، خىمىيۋى خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق، پۇل ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدىغان قىممەت باهالىق ئەتىۋار مېتال؛ زەر: ساپ ئالتۇن. * يوقالغان پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن (ماقال). * ئۇكا، كۆكلۈك باشقىچە خۇشقۇ؟ ئالتۇن ئۆچراپ قالدىمۇ نېمە؟ * // ئارسلان: — يوقالغان نەرسىلەرنى ئاتامنىڭ هويلىسىدىن تېپىپ ئەكەلگەندە ئۇنىڭ ئىچىدە ئاشۇ ئالتۇن شامدانمۇ بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ② ئى...

**بىزار** سۈپ [پ] بەزگەن، تويغان، زېرىككەن: بىكاردىن خۇدا بىزار (ماقال). * بۇ يەردىكى تاغلىقلارنىڭ هەممىسى دورغىدىن بىزار. * // ئاكا ــ ئۇكىنىڭ ئازارى بولسىمۇ، بىزارى يوق (ماقال).

80. مىللەت ۋە قەبىلە ناملىرىنىڭ بىرلىكى ئىزاهلانماي، كۆپلۈكى ئىزاهلاندى. بىرلىكى كۆپلۈكىنىڭ ئىزاهىغا كۆرسىتىش بەلگىسى (→) بىلەن هاۋالە قىلىندى. مەسىلەن:

ئۇيغۇر → ئۇيغۇرلار.

قازاق → قازاقلار.

81. مەنداش سۆزلەرنىڭ ئاز قوللىنىلىدىغىنى كۆپ قوللىنىلىدىغىنىغا، كونىرىغان سۆز هازىرقى قوللىنىۋاتقىنىغا كۆرسىتىش بەلگىسى (→) بىلەن هاۋالە قىلىندى. مەسىلەن:

باپام → بابا.

دەرەخزار → دەرەخلىك.

بىئەدەب → ئەدەبسىز.

بىهايا → هاياسىز.

ئىمپېرىئالىزم → جاهانگىرلىك.

82. بەزى خاس ئىسىملارنىڭ تەڭ قوللىنىلىپ كېلىنگەنلىرى بولسا ئىزاهتىن كېيىن ئەسكەرتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**ئاقكېسەل** ئى [ئاق + كېسەل] <تىب> تېرە كېسەللىكى. كۆپرەك تېرىدە قارا پىگمېنت شەكىللىنەلمەسلىك سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. كېسەللىك ئالامىتى: تېرىدە

www.uyghurkitap.com

پارچە-پارچە ئاق داغلار پەيدا بولىدۇ، ئاغرىمايدۇ ھەم قىچىشمايدۇ. «پېسە» «بەرەس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

83. پېئىل دەرىجىلىرىدىن باش دەرىجە ئىزاھلانىدى. پېئىلنىڭ باشقا دەرىجىلىرى پەقەت گرامماتىكىلىق فورمىدىلا قوللىنىلسا، گرامماتىكىلىق ئىزاھ بويىچە پېئىلنىڭ قايسى دەرىجىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدى. مەسىلەن:

**پاكىزلەنمەك** «پاكىزلىمەك» پېئىلنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.

**باغلانماق I** «باغلىماق» پېئىلى ①، ⑨، ⑪، ⑫نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئازدۇرماق** «ئازماق» پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاتلاشماق** «ئاتلىماق» پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بىلدۈرگۈزمەك** «بىلمەك» پېئىلنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى.

84. باش دەرىجىدىكى پېئىل باشقا دەرىجىلەرگە ئىگە بولغاندا ياكى دەرىجىلەر قەۋەتلەنگەندە بەرگەن مەنىلىرى ئەسلىدىكى پېئىل مەنىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىسە، دەرىجىلەنگەندىن كېيىنكى توغرا كەلگەن مەنىلىرى رەقەم بىلەن كۆرسىتىلىدى. مەسىلەن:

**ئاغدۇرماق** ① «ئاغماق» پېئىلى ①، ④، ⑤نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۇنىڭغا پەرۋاسىزغىنە كۆز يۈگۈرتتۈم-دە، كۆزۈمنى ئوسمان ئاكىنىڭ سوئاللىرىغا نېمىلەرىندۇ دەپ غودۇكشىغىنىچە جاۋاب بېرىۋاتقان ئابدۇللاغا ئاغدۇردۇم. ② كۆچمە... ③ ...

85. پېئىل دەرىجىلەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن گرامماتىكىلىق مەنىدىن باشقا، لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتسا ئايرىم ئىزاھلاندى. مەسىلەن:

**بىلىنمەك** ① «بىلمەك» پېئىلى ③ ④ ⑤ ⑥ نىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئەمدى بىلىندى. * مەن مۇشۇنداق ئون نەچچە سائەتلىك ئۆگىنىش مەشغۇلاتى بىلەن ئۆتكەن ۋاقتىمنى زايە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن، ئويلىساملا ئالغا باسمايۋاتقاندەك بىلىملىرىم زادىلا كۆپەيمەيۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ② «بىلمەك» پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كىشىنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى بىلىپ بولۇنغان ھەقىقەت ئۈستىدە توختاپ قالمايدۇ، ئۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە تېخى بىلىنمىگەن ھەقىقەت تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ... ③ نامايان بولماق، ئاشكارا بولماق، سېزىلمەك؛ ئەكس ئەتمەك: ئالتۇن ئوتتا، ئادەم مېھنەتتە بىلىنەر (ماقال). * مامۇتكام خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى گەپ سۆزىدىنلا ئەمەس، چىرايىدىن ھەتتا گەپ قىلغان چاغدىكى ھەرىكەتلىرىدىنمۇ بىلىنىپ تۇراتتى.

86. بەزى پېئىللارنىڭ رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ بېرىدىغان تۈس مەنىسى، بىر قىسىم تۇرغۇن سۆزلەردىن پېئىل ياساش رولى ھەممە سۆز مەنىلىرىدىن كېيىن بېرىلدى. مەسىلەن:

**ئالماق** پ ① ...تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ: ئەۋج ئالماق. ئارىيەت ئالماق. ئۆچ ئالماق. ② قىساس ئالماق. ھېساب ئالماق. تەسىر ئالماق. ئىمتىھان ئالماق. ئاش ئالماق. كۆن ئالماق. رەۋىشداشلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، تۈس مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا رەۋىشداش ئاخىرىدىكى «پ» تاۋۇشى «ۋ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ ۋە

www.uyghurkitap.com



تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: 1) ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى ياكى ئۇنىڭ سۇبيېكت تەرەپكە يۆنىلىشى ياكى سۇبيېكت تەۋەلىكىگە ئۆتۈشىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار بۇ يىل ئىككى ئېغىز ئۆي سېتىۋالدى. * ئەپەندىم خېرىدارلارغا سەت كۆرۈنمىسۇن دەپ ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىۋېلىپ، خۇرجۇنىغا سېلىۋاپتۇ. 2) سۇبيېكتىنىڭ ھەرىكەتتىن مەنپەئەتدار بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ: بىرئاز ئۇخلىۋال، بۈگۈن ئاخشام يەنە ئىشلەيمىز. — تاماق يېۋېلىپ ئاندىن ئىشلەيلى. 3) ھەرىكەتنىڭ مەلۇم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورۇنلىنىش بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. كۈچۈڭنىڭ باردا ئىشلىۋال. * يامغۇر ياغقۇچە ئۆيگە يېتىۋالايلى. 4) ھەرىكەتنىڭ مۇداپىئە ئۈچۈن ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئولتۇرۇۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. * ئۇلار يوغان بىر تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، نەچچە سائەت ئېتىشتى. 5) بەزى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ يالغاندىن ئورۇندىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا توكۇر كىشى بولۇپ ئاقساقلىۋاپتۇ. * ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ جىم ئولتۇرغىنىنى قاراڭلا، ئۇنىڭ.

87. كۆچمە مەنىلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەردىن ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئۇدۇل مەنىلىرى ئۈچۈق كۆرۈنۈپ تۇرغانلىرىنىڭ ئۇدۇل مەنىلىرىمۇ بېرىلدى. مەسىلەن:

**باش ئاغرىماق** ① بەدەننىڭ باش قىسمى ئاغرىماق. ② كۆچمە. ئاۋارىچىلىككە قالماق، تەشۋىشلەنمەك، كۆڭۈلسىزلىككە، دەخمىزىگە يولۇقماق: بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق باش ئاغرىيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايلى.

**بازىرى كاساتت** ① خېرىدارى يوق، ئۆتمەيدىغان، سېتىلمايدىغان: ئىمىن بېدىكىنىڭ جاھانسازلىقتىكى مەككارلىقى ئۇلا ئەمەس ئىدى، ناھىيىدە ئۇلاغىنىڭ بازىرى كاسات بولغاندىن كېيىن، ئۇ بوتۇكىلۇق قىلىشقا باشلىدى. ② كۆچمە. ئامىمىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلغان، نەزىرىدىن چۈشكەن: سولچىلىقنىڭ بازىرى كاسات.

88. سۆزلەرنى ئىزاھلىغاندا مەنە دائىرىسى ياكى ئۇلارنىڭ سىنتاكسىس مۇناسىۋىتىنى چەكلەشكە توغرا كەلسە، ئىزاھتىن بۇرۇن ياكى كېيىن تىرناق ئىچىدە ئېنىقلىما بېرىلدى. مەسىلەن:

**ئاچ II** سۈپ. قېنىق، توق ئەمەس؛ سۇس (رەڭ ھەققىدە): ئاچ يېشىل، ئاچ سېرىق. ئاچ كۆك. ئاچ قىزىل...

**باشلاپ** ① «باشلىماق I» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى. ② رەۋ. ئەڭ ئاۋۋال، ھەممىدىن ئاۋۋال، دەسلەپ، ئەڭ دەسلەپ: بۇ ئىشنى باشلاپ كىم قىلدى؟ ③ تىر (چىقىش كېلىشتىكى سۆزلەردىن كېيىن كەلگەندە» بېرى، بۇيان، ئېتىبارەن، تارتىپ: شۇ كۈندىن باشلاپ قادىر كېۋىر ئاكىنى ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىۋالدى. * كامىل شۇ كېچىسى پەقەت ئۇخلىمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى قوم تىققاندەك ئاغرىپ كەتتى، ئەتىسىدىن باشلاپ كۆزىنى ئاچالماستىن يېتىپ قالدى.

89. ئۆزى مۇستەقىل قوللىنىلماي، پەقەت باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كەلگەندىلا مەنە بېرىدىغان سۆزلەر باش سۆز بولغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى بىرىكمىگە ھاۋالە قىلىندى. مەسىلەن:

دۇچ ← دۇچ كەلمەك.
ۋاز ← ۋاز كەچمەك.
ئاتلانتىك ← ئاتلانتىك ئوكيان.

90. ئۇزاقتىن بۇيان مەتبۇئاتلاردا ئىملاسى ھەر خىل قوللىنىلىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ باشقا شەكىللىرى ئىملا لۇغىتىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن شەكلىگە تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن ھاۋالە قىلىندى. مەسىلەن:

ئاۋال (توغرىسى: ئاۋۋال) ← ئاۋۋال.
ئەۋۋەل (توغرىسى: ئاۋۋال) ← ئاۋۋال.
ئەۋەل (توغرىسى: ئاۋۋال) ← ئاۋۋال.
خوشنا (توغرىسى: قوشنا) ← قوشنا.

91. لۇغەتكە ئېلىنغان سۆز ۋە تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىڭ ھەربىر كونكرېت مەنىلىرىنى، ئۇلارنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلىق مىساللار كەلتۈرۈلدى.

92. لۇغەت ھەجىمىنىڭ بەك چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ۋە بىر قىسىم خاس ئىسىملارغا مىسال بېرىلمىدى.

93. مىساللارنىڭ رەت تەرتىپى جەھەتتە ئالدى بىلەن تۇراقلىق ۋە ئەركىن سۆز بىرىكمىلىرى، ئاندىن ماقال-تەمسىللەر، ئۇنىڭدىن كېيىن جۈملە مىساللىرى ئېلىندى. مىسال ئېلىنغان ئەركىن ۋە تۇراقلىق بىرىكمىلەر ئوتتۇرىسىغا چېكىت (. ) ، ماقال-تەمسىللەردىن كېيىن تىرناق ئىچىگە (ماقال) دەپ ئەسكەرتىپ قويۇلدى. بىردىن ئوشۇق جۈملە مىساللىرى ئوتتۇرىسىغا گۈل (*) بەلگىسى قويۇلدى. مەسىلەن:

**ئاسماق** پ ① بىرەر نەرسىنى ئاستى يەرگە تەگمەيدىغان ھالەتتە باغلىماق، ئىلماق، ساڭگىلاتماق؛ بېكىتمەك، ئورۇنلاشتۇرماق: مارجان ئاسماق. مىلتىق ئاسماق. * ئۆچكىنى ئۆز ئايىغى بىلەن ئاسار (ماقال). * ئوقۇغۇچىلار پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن بولۇپ، ھەر خىل سومكىلارنى تۇتقان ۋە بويىنىغا ئاسقان ھالدا نېمىلەرنىدۇ يادلاپ ماڭاتتى. ② كۆچمە...

94. سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن ئىزاھلانغاندا، تەڭداش ئىزاھلار ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇلدى، ئەگەر تەڭداش ئىزاھلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى يەنە تەڭداش بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن بولسا، تەركىبىي قىسمىدىكى تەڭداش بۆلەكلەر ئوتتۇرىسىغا پەش (،)، سۆزنىڭ مەنىسىگە تەڭ چوڭ تەڭداش بۆلەكلەر ئوتتۇرىسىغا چېكىتلىك پەش (؛) قويۇلدى. ئىزاھ تۈگەپ مىسال ئېلىشقا توغرا كەلگەندە ئىزاھتىن كېيىن قوش چېكىت (:) قويۇلدى. مىسالدا بېرىلگەن جۈملىلەرنىڭ تىنىش بەلگىلىرى ئەسلى ئەسەردىكى تىنىش بەلگىلىرى بويىچە ساقلاندى. مەسىلەن:

**ئاسان** سۈپ. [پ] ئىشلىنىشى، ئورۇندىلىشى جەھەتتىن ئانچە قىيىن، مۇرەككەپ بولمىغان ھەم ئانچە كۆپ مېھنەت، كۈچ ۋە بىلىم تەلەپ قىلمايدىغان؛ بوش، يەڭگىل: ئىشنىڭ ئاسىنى يوق، قىلالىساڭ قىيىنى يوق (ماقال). * ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، «تاغ-

دەريالارنى ئۆزگەرتىش ئاسان، كىشىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمەك تەس» دەيدىغان گەپلەر توغرا ئەمەس.

95. ئېلىنغان مىساللارنىڭ ئىملاسى بىردەك ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ۋە ئىملا لۇغىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. شېئىر ۋە ئېلىنغان بەزى مىساللاردا «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىزلاشماسلىقىغا، بەزى گراماتىكىلىق قوشۇمچىلارنىڭ كونا تەركىبىنىڭ ساقلىنىشىغا يول قويۇلدى.

www.uyghurkitap.com

# لۇغەتتى تۈزۈشتە پايدىلىنىلغان مەنبەلەر

## 1. گېزىت-ژۇرنال ۋە ئەدەبىي توپلاملار

شىنجاڭ گېزىتى، شىنجاڭ ئەدەبىياتى، شىنجاڭ سەنئىتى، تارىم ژۇرنىلى، ئىتتىپاق ژۇرنىلى، ئۆرۈمچى كەچلىك گېزىتى، قەشقەر ئەدەبىياتى، ئىلى دەرياسى، يېڭى قاشتېشى، ئاقسۇ ئەدەبىياتى، تۇرپان ئەدەبىياتى، غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر، ھېكايىلار توپلاملىرى.

## 2. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى، ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى، ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، خەلق ماقال - تەمسىللىرى، تاللانغان ئەقلىيە سۆزلەر، جامىئۇل ھېكايەت، يۇسۇپ ئەخمەت (چۆچەك).

## 3. تەرجىمە ئەسەرلەر

AQ نىڭ تەرجىمھالى، ئىسسىق شامال، ئائىلە، ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە، ئىككىنچى قېتىم ئۇچرىشىش، يېڭى باتۇرلار، سۇ بويىدا، كۆكئويۇن، كىم ئەيىبلىك، گورىيېۋ بوۋاي، بوران بالىلىرى، ھاتەم ھەققىدە قىسسە، سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا، قابۇسنامە، ئەمەلىيەت توغرىسىدا، زىددىيەت توغرىسىدا، يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ھەققىدە، ئاممىنىڭ كۆپچىلىككە ئىشىنەيلى، كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى، سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى، دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم، دۆلەت ۋە ئىنقىلاب، لېيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسى، لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا، قانۇنىنىڭ كېلىپ چىقىشى، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا.

## 4. پايدىلىنىلغان لۇغەتلەر

ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى، خەنزۇچە ئۇكيانۇس، تۈركچە ئۇكيانۇس، ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى.

## ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئا | ئە | ب | پ | ت | ج | چ | خ |
| د | ر | ز | ژ | س | ش | غ | ف |
| ق | ك | گ | ڭ | ل | م | ن | ھ |
| ئو | ئۇ | ئۆ | ئۈ | ۋ | ئې | ئى | ي |

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز................................................ 1

لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى ........................ 1

لۇغەتتى تۈزۈشتە پايدىلىنىلغان مەنبەلەر .................................. 17

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

ئا ......................................................... 1

ئە......................................................... 219

ب ......................................................... 328

پ ......................................................... 600

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىغى تادرىسى

# ئا

**ئا I** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ بىرىنچى ھەرپى. ② شۇ ھەرپنىڭ نامى. ③ رەت جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ: ئا. سىنىپ. * ئاۋۇ «1 ـ يىللىق ئا» سىنىپقا كىرىك.

**ئا II** يۈك. پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ تەكىتلەشنى بىلدۈرىدۇ: چاقىقانراق بولۇڭ+ا. تېزرەك ماڭغىن+ا. ـ كېلىمەن دەمسىز+ا!

**ئا III** تۇرغۇن سۆزلەردىن پېئىل ياسايدىغان قوشۇمچە: ياش+ا=ياشا. قىيىن+ا=قىينا. ئويۇن+ا=ئوينا.

**ئا IV** ئال. جان ت (توغرىسى: ئاۋۇ) ←── **ئاۋۇ**

**ئاب** ئى [پ] يېزت. سۇ: سەككىز ھەپتە سەئىدنىڭ سەككىز قىسىم گۈل بابىنى، زوقلىنىپ كۆرگەندە ئىچتىم جەننەتتىن ئابىنى.

**ئابات** (توغرىسى: ئاۋات) ←── **ئاۋات.**

**ئاباد** (توغرىسى: ئاۋات) ←── **ئاۋات.**

**ئابارون** (توغرىسى: ئوبورون) ←── **ئوبورون.**

**ئابايا** رەۋ. بايىقىدىن سەل بۇرۇن، ئىلگىرى (ۋاقىت ھەققىدە): ئابايا ئويلانمايلا ئۇلارنىڭ گېپىگە خاپا بولۇپتىمەن. بۇ ئاشپەزلىكتىن نېمە تاپىمەن؟

**ئابايام** (توغرىسى: ئابايا) ←── **ئابايا.**

**ئابايامقى** (توغرىسى: ئابايىقى) ←── **ئابايىقى.**

**ئابايىقى** سۈپ. بايىقىدىن سەل بۇرۇن، ئىلگىرى يۈز بەرگەن، سادىر بولغان، كۆرۈلگەن: ئابايىقى گېپىڭىزنى يەنە دېگىنە، ئەمدى بىر ئاڭلاپ باقاي.

**ئابخاز** ←── **ئابخازلار.**

**ئابخازلار** ئى <ئىردق> ئەزەربەيجان رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى، ئابخاز خەلقى.

**ئابدال** ئى [ئە] قەلەندەر، دىۋانە، تىلەمچى: ئاكام مېنى كىچىكىمدە دائىم «سېنى ئابدالدىن سېتىۋالغان» دەپ تېرىكتۈرەتتى.

**ئابداللىق** ئى. ئابداللارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت، قىلىق: ـ جانىنى نېمىسكە لازىم قىلىسەن، ئابداللىقمۇ؟ ـ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

**ئابدىمىلىك** ئى [ئە] <بوت> سۇتلۇك ئوت ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر يىللىق ياكى كۆپ يىللىق شادا غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى چوڭ ۋە ئالقانسىمان يېرىلىدۇ، كونۇسسىمان

گۈل رېتىدە چېچەكلەيدۇ. «ئىنەكپېتى»مۇ دېيىلىدۇ.

**ئابدىمىلىك پىلە قۇرتى** <زوئول> پەرۋانە ئائىلىسىگە كىرىدۇ، تۇخۇمى ئاقۇچ كۈل رەڭ بولۇپ، لىچىنكىسى سورتىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ھەر خىل رەڭلىك بولىدۇ، ئابدىمىلىكنىڭ يوپۇرمىقىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. لىچىنكىسى يىپەك قۇسۇپ چىقىرىدۇ.

**ئابدىمىلىك پىلىسى** ئابدىمىلىك پىلە قۇرتى قۇسۇپ چىقارغان بىر خىل پىلە، توقۇمىچىلىقتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**ئابدىمىلىك مېيى** ئابدىمىلىك ئۇرۇقىدىن ئېلىنىدىغان، تىبابەتتە سۈرگە دورىسى، سانائەتتە سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ماي.

**ئابروي** ئى [پ] كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىشى ۋە ياخشى خىسلەتلىرى تۈپەيلىدىن جامائەتچىلىك ئىچىدە تاپقان ھۆرمەت؛ ئىناۋەت، نوپۇز: ئابروينى ئالتۇنغا ئال، جاننى كېپەككە سات (ماقال). * بايىز خالۋاپ قول ـ ئىلكىدە يوق ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئەل ئىچىدە ئۆزىگە تۇشلۇق ئابروينى ساقلاپ كەلگەن ۋە ئوڭايلىقچە ھاقارەتلەنگەن ئادەم ئەمەس ئىدى.

**ئابروي قىلماق** ھۆرمەت، ئىناۋەت دەپ چۈشەنمەك، ھېسابلىماق، تونۇماق: سەمەت ئازغىنا ئىشلىگەن ئىشىنى ئابروي قىلىۋېلىپ ھەممە يەردە ماختىنىپ يۈردى.

**ئابرويى بىر پۇل بولماق** ئابرويى، ئىناۋىتى، ھۆرمىتى، نوپۇزى چۈشمەك، يوقالماق؛ ئابرويسىزلانماق: ئۇ خەلقىنىڭ غېمىنى يېمەي، ھەر دائىم ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئابرويى بىر پۇل بولدى.

**ئابرويى بىر تىيىن بولماق ← ئابرويى بىر پۇل بولماق.**

**ئابروينى بىر پۇل قىلماق** ئابروينى، ئىناۋىتىنى، نوپۇزىنى، ھۆرمىتىنى چۈشۈرمەك؛ يوقاتماق: مەن نەق مەيداندا ئۇنىڭ قىلمىشىنى ئېچىپ تاشلاپ ئابروينى بىر پۇل قىلدىم.

**ئابروينى بىر تىيىن قىلماق ← ئابروينى بىر پۇل قىلماق.**

**ئابروينى تۆكمەك ← ئابروينى بىر پۇل قىلماق:** شۇغىنىسى ئۇ چاغدا ئابرويىمىز راستىنلا پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى، بۇ نۆۋەت قانداق بولاركىن، كۆرەرمىز.

**ئابروينى قىلماق** نوپۇزلۇق، ئىناۋەتلىك، ھۆرمەتلىك دەپ بىلمەك، تونۇماق: بىز چەتتىن كەلگەن مېھمانلارنى ئوبدان كۈتۈۋېلىپ، تېگىشلىك ئابروينى قىلدۇق.

**ئابرويپەرەس** سۈپ [پ] نام، شۆھرەت، ئابروي قوغلىشىدىغان: ئابرويپەرەس پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرىنى قېچقىرىپ، ئاسمانغا تۈۋرۈكى يوق تەخت سېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ.

**ئابرويپەرەسلىك** «ئابرويپەرەس» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئابرويپەرەسلىك ئۆز ئابروينى تۆكىدىغان يامان ئادەت. * ئاچكۆزلۈك ۋە ئابرويپەرەسلىك ئاخىرى شۇ ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىدۇ.

**ئابرويسىز** سۈپ. ئابرويى، ئىناۋىتى، ھۆرمىتى، ئېتىبارى يوق؛ نوپۇزسىز: بۇرۇن ئۇ بىزدەك ئابرويسىزلارغا قاراپمۇ قويمايتتى.

**ئابرويسىزلاندۇرماق** «ئابرويسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئازراق غۇرۇرى بار ھەرقانداق ئادەم كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆزىنى ئابرويسىزلاندۇرىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ.

**ئابرويسىزلاندۇرۇلماق** «ئابرويسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر ئادەم ئايرىم زىيانكەشلەر تەرىپىدىن مەلۇم ۋاقىت ئابرويسىزلاندۇرۇلسىمۇ، تارىخ بەرىبىر بىركۈنى ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**ئابرويسىزلانماق** پ. ئابرويى كەتمەك، ھۆرمىتىنى، ئىناۋىتىنى، نوپۇزىنى يوقاتماق: ئۇ شۇنىدىن ئېتىبارەن ئابرويسىزلىنىپ مەھەللە ئىچىدە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

**ئابرويسىزلىق** «ئابرويسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ۋە ئەل-ئاغىنىلىرى ئىچىدىكى ئابرويسىزلىقى مۇھەببەت ئىشىغىمۇ جىق سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى.

**ئابرويلۇق** سۈپ. ئابرويى بار؛ نوپۇزلۇق: ئابرويلۇق ئادەم. * سىز بولسىڭىز يۇقىرى ئابرويلۇق ئالىم بولۇپ كېتىپسىز! * قىز باشقا بىر پادىشاھنىڭ ئابرويلۇق قىزى ئىكەنلىكىنى، قىزىل دىۋىنىڭ ئېلىپ قېچىپ كېلىپ، قەپەسكە سولىغانلىقىنى بايان قىلىپتۇ.

**ئابزاس** ئى [ر <نېم] ① مەلۇم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى باش قۇر ئارىسىدىكى تېكىست: بىر ئابزاس. ئاخىرقى ئابزاس. * بۇ بىر ئابزاس سۆزنىڭ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان يېرى شۇكى، خاتالاشقان ئادەمگە جەمئىيەتنىڭ قارىشى قانداق بولۇشى كېرەك؟ ② باش قۇر: يېڭى ئابزاستىن يازدىم.

**ئابزاسلىق** سۈپ. ئابزاسى بار، ئابزاسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: مەن «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»گە بەش ئابزاسلىق بىر قىسقا ماقالە ئەۋەتتىم.

**ئابستراكت** سۈپ [ر] ئابستراكتسىيىگە، ئابستراكتسىيىلەشتۈرۈشكە ئاساسلانغان؛ پىكىر قىلىش ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىنغان، كونكرېت تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن؛ ئېنىق بولمىغان؛ مۇجمەل: ئابستراكت ئۇقۇم، ئابستراكت تەبىر. * ئۇ خىزمەتنى نۇرغۇن مۇناسىۋەتلەر، خەۋەر، دوكلاتلار، سوراقلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ بىرىكمىسى سۈپىتىدە مەلۇم تەرتىپ ۋە قانۇن بويىچە تەرەققىي قىلىدىغان بىر خىل ئابستراكت نەرسە دەپ قارايتتى. * ئەرلىرى، ئاشىقلىرى، ئاكا-ئۇكىلىرى ۋە پەرزەنتلىرى — ئۇلار ئەمدى پەقەتلا نامدىكى ۋە ئابستراكت كىشىلەر ئىدى.

**ئابستراكت ئەمگەك** <س ئىق> ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل كونكرېت شەكىللەردىن ئايرىلغان ئادەتتىكى ئەمگىكى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا مېڭىسىنىڭ، جىسمانىي كۈچىنىڭ خورىشى.

**ئابستراكت تەپەككۇر** <لوگ> ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسىلاردىن ئىبارەت تەپەككۇر شەكىللىرىگە ئىگە بولغان، بىلىشنىڭ ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا تەۋە بولغان تەپەككۇر. ئادەتتە بىلىش نەزەرىيىسىدە ئىشلىتىلىدىغان «ئوبرازلىق تەپەككۇر»غا يەنى بىلىشنىڭ ھېسسىي بىلىش باسقۇچىغا ياتىدىغان تەپەككۇرغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**ئابستراكت سەنئەت** <گ سەن> ھازىرقى زامان غەرب ئەللىرىدە تارقالغان گۈزەل سەنئەت ئېقىمى. 1910-يىلى باشلانغان بۇ ئېقىم ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى كونكرېت ئوبراز ۋە تۇرمۇش مەزمۇنلىرىدىن مۇتلەق قول ئۈزۈپ ئۇنى رەسىم يۈزىدە گېئومېترىيىلىك شەكىللەرنىڭ گۇرۇپپىلىرى ياكى ئابستراكت رەڭ ۋە سىزىقلار ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ.

**ئابستراكت ئۇقۇم** <لوگ> ① كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇم. مەسىلەن: سىياسەت، پرىنسىپ. ② شەيئىنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى بەلگىسىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئۇقۇم. مەسىلەن: ئاق، كىچىك، ئوماق، ئىلغار.

**ئابستراكتلاشتۇرماق** ① «ئابستراكتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② نەرسە ياكى ھادىسىلەرنىڭ مۇھىم ۋە مۇئەييەن بەلگە ۋە قانۇنىيەتلىرىنى ئاجرىتىش مەقسىتىدە ئۇلارنىڭ بەزى ئەرزىمەيدىغان تەرەپلىرىنى ياكى باغلىنىشلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزمەك.

**ئابستراكتلاشتۇرۇلماق** «ئابستراكتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئابستراكتلاشماق** پ. ئابستراكسىيىگە ئىگە

بولماق، ئابستراكسىيە هالىغا كەلمەك؛ ئابستراكتلاشتۇرۇش يولى بىلەن نەزەرىيۋى ئومۇملاشتۇرماق ۋە خۇلاسىغا كەلمەك: ماددىنىڭ ئابستراكتلىشىشى، تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ ئابستراكتلىشىشى، قىممەتنىڭ ئابستراكتلىشىشى ۋە باشقىلار تەبىئەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ توغرا ۋە تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**ئابستراكتلىق** ئى. ئابستراكسىيىگە ئاساسلانغانلىق، مەۋھۇملۇق: دەرسنى ئاڭلىق ئىگىلىۋېلىش، تېكىستنى تەھلىل قىلىپ كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا ئاندىن يەنە ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلىققا ئۆتەلەيدىغان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

**ئابستراكسىيە** ئى [ر <لات] ① <لوگ> نۇرغۇن شەيئىنىڭ ئايرىم، ماهىيەتسىز بەلگىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئورتاق، ماهىيەتلىك بەلگىلىرىنى ئايرىۋېلىپ پىكىر يۈرگۈزۈش. ② مەۋھۇم چۈشەنچە، ئابستراكسىيلەشتۈرۈش يولى بىلەن هاسىل قىلىنغان نەزەرىيۋى ئومۇملاشتۇرما، نەزەرىيۋى خۇلاسە: پەقەت هەرىكەت ئابستراكسىيىسىلا ئۆزگەرمەي تۇرىۋېرىدۇ.

**ئابستراكسىيلەشتۈرمەك** «ئابستراكسىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ خۇدانىڭ ئۆزى ــ ئۇزاق مۇددەتلىك ئابستراكسىيلەشتۈرۈش جەريانىنىڭ مەهسۇلى.

**ئابستراكسىيلەشتۈرۈلمەك** «ئابستراكسىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**ئابستراكسىيلەشمەك** پ. نەرسە ياكى هادىسىلەر ئۆزلىرىدىكى مۇهىم ۋە مۇئەييەن قانۇنىيەتلەر ئاجرىتىلغان، بەزى ئەرزىمەيدىغان تەرەپلەر ياكى باغلىنىشلار نەزەردىن ساقىت قىلىنغان مەۋھۇم هالەت ۋە بىلىش جەريانىغا ئىگە بولماق.

**ئابستراكسىيلىك** سۈپ. ئابستراكسىيىگە ئىگە، ئابستراكسىيلەنگەن.

**ئابسىپسا** (ئابسىپساسى) ئى [ر<لات] <مات> تەكشىلىكتىكى خالىغان بىر نۇقتىدىن كوردىنات ئوقىغىچە بولغان ئارىلىق بۇ نۇقتىنىڭ ئابسىپساسى دېيىلىدۇ.

**ئابۇ ئاش** <يېزت> ① سۇ ۋە ئاش، ئاش سۈيى. ② ئاش تەييارلاشقا كېتىدىغان گۈرۈچ، ئۇن، ماي، كۆكتات.... سۇ قاتارلىق لازىملىق نەرسىلەر (كۆپىنچە نەزىر-چىراغلار ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ): شۇنىڭدىن كېيىن، پادىشاھ: ــ قىرىق كۈنگىچە هەربىر پۇقرا ــ ئالامانغا خەزىنىدىن ئابۇئاش بېرىلىدۇ، ــ دەپ شەهەر-شەهەرگە نامە چىقاردى.

**ئابۇچەشمە** (توغرىسى: ئابىچەشمە) ← ئابىچەشمە.

**ئابۇكەۋسەر** (توغرىسى: ئابىكەۋسەر) ← ئابىكەۋسەر.

**ئابۇنە** ئى [پ<فران] <مەت> گېزىت، ژۇرنال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا ئالدىن هەق تۆلەپ يېزىلىش: هازىردىن باشلاپ بىزگە بەزىبىر ئۇيۇشمىلار ئابۇنە پۇلىنى ئەۋەتىۋاتىدۇ.

**ئابۇنچى** ئى. گېزىت، ژۇرنال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا ئالدىن هەق تۆلەپ يېزىلغان شەخس؛ تەشكىلات: بۇ ژۇرنال ئۈچىنچى سانغا كەلگەندە ئىككى-ئۈچ يۈز ئابۇنچىغا ئىگە بولىدۇ.

**ئابۇ هايات** (توغرىسى: ئابىهايات) ← **ئابىهايات.**

**ئابىچەشمە** ئى [پ] يېزت ① بۇلاق سۈيى. ② ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ بىرىنىڭ نامى. ئۇ 15 نەغمە ئاهاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئابىدارما** ئى [براخما] <دىن> بۇددا نوملىرىنىڭ ئىككىنچى قىسمى بولۇپ، ئابىدارما ياكى شاسترا دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ قىسمى ساكيامۇنى ئېيتقان گەپ-سۆزلەرگە ئىزاھ بېرىدۇ.

**ئابدە** ئى [ئە] ← **مەڭگۈتاش.**

**ئابىراۋان** ئى [پ] يېزىت. ئاقار سۇ: پىغانىم كەتتى كۆڭلۇمدىن، يورۇق، كەڭ بىرزامان تاپتىم، يۇتۇم سۇغا ئەجەب تەشنا ئىدىم، ئابىراۋان تاپتىم.

**ئابىزەمزەم** ئى [پ+ئە] يېزىت ① مەككىدىكى زەمزەم بۇلىقىنىڭ سۈيى. ② شىپالىق سۇ، «زەمزەم»مۇ دېيىلىدۇ. ئاقتى دەريا يۇ ئېرىقلار ئابىزەمزەمگە تولۇپ، خۇشلۇقىنى سىغدۇرالماي مەدھىيە ـ كۈيلەر ئوقۇپ.

**ئابىكەۋسەر** ئى [پ+ئە] يېزىت ① دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان جەننەتتىكى كەۋسەر بۇلىقىنىڭ سۈيى: يىگىت ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىپتۇ. ئانا ئوغلىنىڭ بېشىنى يۆلەپ، ئاغزىغا ئابىكەۋسەر تېمىتىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ② كۆچمە. شىپالىق سۇ.

**ئابىناۋات** ئى [پ+ئە] ① يېزىت. ناۋات سۈيى، شېكەر شەربىتى: قاقتى بۇلبۇل باغ ئارا ئەركىن قانات، تىلىدىن تۆكۈپ شېكەر، ئابىناۋات. ② سېرىق ئالا پوستلۇق شېرىن تەملىك قوغۇن: بۇ ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ئۈچى ئۈجمە سايىسىدا بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشۇپ شېرىن ئابىناۋاتتىن يەنە بىر يېيىشىپ ئۇسسۇزلۇقىغا قېنىشتى.

**ئابىھايات** ئى [پ+ئە] يېزىت. رىۋايەتلەردىكى تىرىكلىك بېغىشلىغۇچى سۇ، ھاياتلىق سۈيى: ئۇنىدا سانسىز بۇلاقتا، ئابىھايات ئاقارمىش، ئېرىقلاردا ياقۇتلار كۆز چاقنىتىپ ياتارمىش.

**ئابىيا** (توغرىسى: ئابايا) ← **ئابايا**.

**ئابىيام** (توغرىسى: ئابايا) ← **ئابايا**.

**ئاپا** ئى ① باللىق ياكى بالىسى بار ئايال. «ئانا» دېمۇ ئاتىلىدۇ: قۇربان، ئاپامنى قانداق قىلىمىز؟ سىز ئۇنىڭ يېنىدا بولۇڭ! ② ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۆزىدىن چوڭ ئاياللارنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ: ئايىمخان ئاپا. ③ III شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا ئەرنىڭ ئۆز خوتۇنىنى ئاتاپ چاقىرىشىنى بىلدۈرىدۇ: ئاپىسى! باللار كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ ④ قورقۇش، چۆچۈشنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق رولىدا كېلىدۇ: چىراغ ئۆچتى. ئۆينىڭ ئىچىدە بىر قىزنىڭ «ئاپا!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

**ئاپارات** (توغرىسى: ئاپپارات) ← **ئاپپارات**.

**ئاپارغۇزماق** پ [ئېلىپ+بارغۇزماق] «ئاپارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە كىرگەن بالامنىڭ يوتقان ـ كۆرپىسىنى ياتىقىغا ئاپارغۇزۇپ قويدۇم.

**ئاپارماق** پ [ئېلىپ+بارماق] ① بىرەر نەرسىنى قاتناش قورالى بىلەن ياكى ئۆزى كۆتۈرۈپ تېگىشلىك ئورۇنغا يەتكۈزۈپ بەرمەك؛ تاپشۇرماق: ئاخىرى بىر كۈن ئانامنى يۆلەپ، تەۋەككۇل قىلىپ دوختۇرغا ئاپاردىم. ② باشلاپ، يول كۆرسىتىپ بىرگە بارماق: ـــ قەيەرگە بارماقچىدىلە چوڭ ئانا، مەن ئاپىرىپ قوياي. * ئالدىمىزغا سىلىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ چوڭىغا ئاپىرايلى! ③ تەگكۈزمەك، يېقىنلاشتۇرماق: نېرىقى قورۇدىن چىققان بوۋاي ئالقىنىنى قۇلىقىغا ئاپىرىپ: ـــ نېمە دەيسىز، ھە، ھېساب چاتاق دەمسىز! ـــ دېدى.

**ئاپئاشكارا** سۈپ. بىرەر نەرسە بىلەن يۆگەلمىگەن، توسۇلمىغان، بەك ئوچۇق، ئېنىق: كۆل ئوتتۇرىسىدىكى شىپاڭ بىلەن ئەگرى ـ توقاي تاش كۆۋرۈك ئاپئاشكارا كۆرۈندى. * نۇرۇم: ـــ ئاغىنىلار، بىلىپ قويۇڭلار، بۈگۈن ئۇلار بىزگە كىم دوست، كىم دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئاپئاشكارا تونۇتتى.

**ئاپئاق** سۈپ ① ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك ئاق: بوۋاينىڭ ئاپئاق ساقلى، موماينىڭ ئاق داكا ياغلىقى قارغا ئوخشاش پارقىراپ كۆرۈنەتتى. * كەڭ دېرىزىلەردىن ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ ئاپئاق نۇرى ھويلىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ② كۆچمە. كۆپىنچە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەركىلىتىش، يېقىنلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئاپئاق

www.uyghurkitap.com

بالام. ئاپئاق دادا. * ئاپئاق بالام! چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ئەمدى بۇ قىلىقلار ساڭا ياراشمايدۇ.

**ئاپاق - چاپاق** **ئۆزئارا ئىنتىپاق، ئىناق، ئىجىل، دوستانە، مۇناسىۋىتى يېقىن:** ئاق كۆڭۈل، ساددا پاقا چاشقاننىڭ كېپىدىن بېشى ئايلىنىپ «مەيلى، چاشقان دېگەن كۆپنى كۆرگەن، ماڭا قارىغاندا جىق نەرسىنى بىلىدىغان نېمىغۇ» دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق-چاپاق دوست بولۇپتۇ.

**ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتمەك** **ناھايىتى ئىناق، ئىجىل بولۇپ كەتمەك، ناھايىتى يېقىن ئالاقە باغلىماق:** شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار ئەتىگەندە بىرى بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ، ئاخشىمى ئادا-جۇدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىلچە پەرۋامۇ قىلمايدۇ.

**ئاپئاقچىلىق** ئى. ئاپئاق بولۇپ كېتىش، ئاپئاق **ھالەتكە كېلىش:** باش ئەتىيازنىڭ سېرىق قارى لەپىلدەپ چۈشۈشكە باشلىدى، پۈتۈن شەھەر بىر كېچىدىلا خۇددى ئاق شايىدىن تون كىيگەندەك ئاپئاقچىلىققا ئايلاندى.

**ئاپئايان** سۈپ. **ناھايىتى ئايان، بەك ئېنىق؛ روشەن:** ھەممىسىگە ئاپئايان، ئۇنى بىز ئاچقان، غوجىنىڭ ھەققى يوق! بوز دۆڭ بىزنىڭكى!

**ئاپئايدىڭ** سۈپ ① **ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك ئايدىڭ:** ئاپئايدىڭ كېچە. * بىز ئۆيدىن چىققان چاغدا ئېلېكتر چىرىغىنىڭ ئاپئايدىڭ يورۇقى ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ② كۆچمە. **ناھايىتى ئېنىق، روشەن:** ئۇ ئۆزىنى ئالدىماقتا ئىدى، چۈنكى، قىلچىمۇ ئۈمىد قالمىغانلىقى ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئۇنىڭغا ئاپئايدىڭ ئىدى.

**ئاپەت** ئى [ئە] ① **تەبىئەت ھادىسىلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان-زەخمەت:** ئوت ئاپىتى. قۇرغاقچىلىق ئاپىتى. سۇ ئاپىتى. * ئوۋچىلىق قىلىمىز، دورا ئۆسۈملۈكى كولايمىز، دەپ ئورمان ئىچىگە كىرىدىغان ئادەم كۆپ، شۇڭا ئوت ئاپىتىمۇ كۆپ بولۇۋاتىدۇ. ② **باشقا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىق، ئېغىر بەختسىزلىك؛ زور بالا-قازا:** ئاپەت كۆرمەي دېسەڭ ھوشيار بول (ماقال). * مۇنىردىن ئاكا...خېتىڭىزنى ئالدىم. نادانلىقىم سىلەرگە ئاپەت كەلتۈرۈپ بەردى. * بۇ بالا بىزگە بىر ئاپەت بولدى.

**ئاپەتلىك** سۈپ. **ئاپەت بىلەن ئۆتكەن، ئاپىتى بار، ئاپەت باشلاپ كەلگەن:** ھېلىقى ئاپەتلىك يىللاردا «قارا يىپ» دەپ قارىلىپ، جاڭگالغا پالاندى بولغان كۈنلىرىمدە، ھەمىشە كالا ھارۋىسىنى ھەيدەپ جاڭگالدىن يانتاق توشۇغانىدىم.

**ئاپپارات** ئى [ر<لات] ① **مەلۇم بىر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەسۋاب، مېخانىزم:** فوتو ئاپپارات، تېلېفون ئاپپاراتى. ② **مۇئەييەن تىل شارائىتىدا فوتو ئاپپاراتى، كىنو قويۇش ئاپپاراتىنى كۆرسىتىدۇ:** ئۇ ئاپپاراتنىڭ كۆزى ئۆزىگە توغرىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، جىم تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ③ **ئىدارە، جەمئىيەت، تەشكىلات قاتارلىق خىزمەت ئورگانلىرى:** ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى ھازىر مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرىدا ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلماقتا.

**ئاپپاق I** (توغرىسى: ئاپئاق) ← **ئاپئاق.**

**ئاپپاق II** ئى. زاڭزۇ (تاڭغۇت)چە **سۆز، ئەسلى: ئاباخ؛ سۆز مەنىسى: رەئىس، قازى، ئۆلىما سۆزلىرىگە توغرا كېلىدۇ؛ بۇ 1678-1679-يىللاردا «قەشقەرىيە خانلىقى»غا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھىدايىتۇللا خوجىغا** 1677-يىلى دالاي V تەرىپىدىن **بېرىلگەن بىر خىل دىنىي ئۇنۋان؛ بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدا** فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ **«ئاپپاق»** شەكلىدە مۇقىملاشقان ھەم تىلىمىزدىكى **«ئاق»** سۆزىنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى **«ئاپپاق»** (1985-يىلدىن بۇرۇنقى ئىملا بويىچە) **سۆزى** بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ قالغان.

**ئاپپاق خوجا** <تارىخ> 1678 ـ يىللىرى قەشقەرىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان شەخس، ئەسلى ئىسمى ھىدايىتۇللا خوجا، ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى چوڭ ئىشان، سوپى ھەم تونۇلغان مەدداھ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ تەرەپدار-لىرى «قەشقەرىيە خانلىقى»غا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 19 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە قەشقە-رىيىدە مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پەن ئىنتايىن ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار «كاپىر»، «مۇرتەد» ھېسابلىنىپ جازاغا تارتىلغان، ئۆلتۈرۈلگەن؛ ئىلىم، مەرىپەت ئورۇنلىرى بۇزۇۋېتىلگەن؛ ئەسەرلەر كۆيدۈرۈلگەن.

**ئاپپاق خوجامنىڭ ئۇمچى ئەمەس** ھەركىم خالىغانچە بىكارغا ئالىدىغان، ئىگىلىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس: ھەي!... ـــ دېدى باغۋەن ھە دەپ ئالما ئۈزۈۋاتقان باللارغا ۋارقىراپ، ـــ ھەرقايسىڭ ئۆزەڭ بىلگەنچە ئۈزۈپ يانچۇقۇڭغا سالىدىغان ئاپپاق خوجامنىڭ ئۇمچى ئەمەس بۇ.

**ئاپپاي** ئى. بىلىملىك ياكى ئوقۇتقۇچى ئاياللارنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ قوللىنىدىغان ھۆرمەت سۆزى: پاتەم ئاپپاي.

**ئاپتاپ** ئى [پ] ① قۇياش، كۈن: ئاپتاپ چىقتى. * بىر كىشى ئەپەندىمدىن: «ئەپەندىم، ئاپتاپ ياخشىمۇ، ئايمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. * ھۆزۈر ئالاتتى تامنىڭ تۈۋىدە، ئاپتاپ نۇرىنى تاپقاندا ئىسسىپ. ② قۇياش تارقاتقان نۇر، ئىسسىقلىق: ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، پىژ ـ پىژ ئاپتاپ، بوران ئازابىدىن جېنى ئاز قىلىپتۇ. * ۋوي، ساۋۇت قارىي، يەنە مەيدەڭنى ئاپتاپقا قاقلاپ ئولتۇرۇپسەنغۇ؟ ③ قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان، قۇياش نۇرى ئىسسىتىپ تۇرغان جاي: مەن ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىدىم. * تۇردى ئاكا، باللار بىلەن ئاپتاپتا قالدۇق، قانداق قىلىمىز؟

**ئاپتاپ چاقماق** ① قۇياش ھارارىتى قىزىتىپ نەملىكنى قاچۇرۇپ، رەڭگىنى ئۆزگەرتمەك، كېسەلگە دۇچار قىلماق: بۇ يىل بىر بۆلەك يەردىكى بۇغداينى ئاپتاپ چېقىپ كەتكەنلىكتىن ھوسۇل كەملەپ كەتتى. ② ئاپتاپ كۆيدۈرمەك، ئاپتاپ ئۆتمەك: چىڭ چۈشۈش، ئاپتاپ ھەركىمنىڭ شىلىلىرىنى چىم ـ چىم قىلىپ خېلى ئاچچىق چاقىدۇ، بۇ چاغ ھەركىمنى سۆگەت سايىلىرىنى ئىزدەشكە ئالدىرىتىدۇ.

**ئاپتاپ چىقماق** قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ ياكى بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىپ نۇرىنى چاچماق: سېرىق ياغدەك ئاپتاپ چىقىپتۇ، شولىسىغا سۆيۈپ قويغۇدەك.

**ئاپتاپ ئۆتمەك** قۇياش ھارارىتى بەدەنگە ئۆتۈپ كېسەل قىلماق: ـــ بېشىڭغا ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىپ، ئەقلىڭدىن ئادىشىپ كېتىپسەن، ماشىنچىنىڭ بالىسى سۇلتان قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىغان يېرىڭ بارمۇ؟ ـــ دەپتۇ موماي.

**ئاپتاپ يېمەك** ئاپتاپقا قاقلانماق؛ بىر-نەرسىگە كۈن نۇرى ئۆتمەك: ئاپتاپ يېگەن مېۋىنىڭ تەمى ياخشى بولىدۇ. * ھەر يىلى ياز پەسلىدە بىزنىڭ توپىلىق يوللاردا كەم بولغاندا بىر ئاي يالىڭاياغ يۈرۈپ ئاپتاپ يېسە سالامەتلىككە پايدىسى كۆپ بولىدۇ.

**ئاپتاپپەرەس** ئى [پ] <بوت> بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك؛ يوپۇرمىقى يۈرەك-سىمان بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ؛ يوپۇرماق ساپىقى ئۇزۇن بولىدۇ، باشاقسىمان گۈل رېتىدە سېرىق چېچەكلەيدۇ، دائىم قۇياشقا باقىدۇ، گازىرىدىن ياغ تارتىلىدۇ.

**ئاپتاپپەرەس ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> كۈنگەيدە ئۆسىدىغان، ئاپتاپنى ياخشى كۆرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر.

**ئاپتاپپەرەسلىك** ئى ① ئاپتاپپەرەس تېرىلغان يەر، ئاپتاپپەرەس بار جاي:

www.uyghurkitap.com

ئالدىنقى يىلدىكى ئاپتاپپەرەسلىكنى بۇ يىل بۇغدايلىقتا ئۆزگەرتمەكچىمىز. ② ئاپتاپپەرەستەك خۇلق-مىجەز، ئاپتاپپەرەستەك خاراكتېر: بىر قىسىملار ئاپتاپپەرەسلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشاتتى... پەقەت ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا، مۆكۈپ-چۆكۈپ دېگۈدەك ھال-ئەھۋال سوراپ تۇرغان بولدى.

**ئاپتاپسىندۇرماق** «ئاپتاپسىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۇكاڭنى بىردەم ئاپتاپسىندۇرۇپ كىرگىن، — دېدى ئانا بالا ئۇنۇپ تۇرغان قىرىغا قاراپ.

**ئاپتاپسىنماق** پ. ئاپتاپقا قاقلانماق، ئۆزىنى ئاپتاپقا سالماق، ئاپتاپقا چىقماق: ئۇ بەر-ئۇ بەردىن ئاپتاپسىنىپ ئۇچۇن كەلگەنلەر نەچچىگە يەتتى. * ئەر ئايالدىن كەلسە خۇنۇك پەرىشان ھالدا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغۇدەك.

**ئاپتاپلىق** ① سۈپ. ئاپتاپ تېگىدىغان، ئاپتاپ چۈشىدىغان: گۈل ئاھاردىن، ئاپتاپلىق يازدىن، ئالتۇن كۈزدىن ئېلىشمايدۇ قىش. پاراغەتلىك ئۆتمەكتە ھايات، كۆكلۈلگە ئەم قوندۇرمايدۇ قىش. ② ئى. ئاپتاپ تېگىدىغان يەر: پادىشاھ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شاھزادىنى قەپەس بىلەن ئاپتاپلىققا ئېسىپ قويۇپ قاتتىق ئازابلاپتۇ.

**ئاپتوبۇس** ئى [ر<گرېك<لات] يولۇچىلارنى توشۇيدىغان، كۆپ ئورۇندۇقلۇق، ئۈستى يېپىق ماشىنا: چوڭ ئاپتوبۇس گۈركىرەپ ئۇچقان قۇشتەك باراتتى. قىز-ئوغۇللار خۇشلۇقتا مەررىرىگە قاراپتتى.

**ئاپتوبۇس بېكىتى** ئاپتوبۇسلار توختايدىغان، ئاپتوبۇسلار يولغا چىقىدىغان جاي: ئۈرۈمچى كوچىلىرىنىڭ ھەر 500 مېتر ئارىلىقىدا بىردىن ئاپتوبۇس بېكىتى بار.

**ئاپتور** ئى [ر<لات] <مەت> ئەدەبىي ياكى باشقا خىل بەدىئىي، ئىلمىي ئەسەر يازغان كىشى؛ مۇئەللىپ: رومان ئاپتورى. ماقالە ئاپتورى * ئەمدى باقىنىڭ خاراكتېرىنىڭ يارىتىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭدىنمۇ ئاپتورنىڭ ناھايىتى ئوبدان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرىمىز. * ئۆتكەن يىل ۋىلايەت بويىچە ھەر مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتىنى باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىپ، 30 پارچە ئەسەر مۇكاپاتلاندى.

**ئاپتور تىلى** <ئەد> ئاپتورنىڭ ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىش، پېرسوناژلارنى سۈرەتلەش، ئۇلارنىڭ شارائىتىنى تەسۋىرلەش ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ۋاقتىدا قوللانغان تىلى.

**ئاپتورلۇق** ئى <مەب> «ئاپتور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**ئاپتورلۇق ھوقۇقى** ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسىرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىش، قىلماسلىق؛ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش، كىرگۈزمەسلىك؛ توختام بويىچە قەلەم ھەققى ئېلىش ھوقۇقى.

**ئاپتول** ئى [ر<گرېك+لات] ئاپتوموبىل، تراكتور ۋە باشقا ماشىنىلارنىڭ ئايلىنىدىغان قىسىملىرىنى مايلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، نېفىتتىن ئېلىنىدىغان بىر خىل ماي: شوپۇر خۇشال بولۇپ بۇ ھالىس ئاردەم قىلغان كىشىنىڭ قولىنى ئاپتولدا مايلاشقان قولى بىلەن مەھكەم قىسىپ: — يولداش، رەھمەت سىزگە، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ. * — سىزنىڭچە ماتورنىڭ ئاپتول ياكى سۆزلىرىدە مەسىلە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەنۋەر ئادىل سۆزىدىن توختىغاندا.

**ئاپتومات** ئى [ر<گرېك] <ھەرب> يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋە ھۇجۇمغا ئۆتۈشتە ئىشلىتىلىدىغان، تېز ئېتىلىدىغان قورال.

**ئاپتوماتچى** ئى. ئاپتومات بىلەن قوراللانغان جەڭچى: ئاپتوماتچىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن «ھۇررا!» ۋارقىراپ ئاتلاشلاندى.

**ئاپتوماتلاشتۇرماق** «ئاپتوماتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەھەرلىك

پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى ئۆتكەن يىلى تېلېفون ئالاقىسىنى ئاپتوماتلاشتۇردى.

**ئاپتوماتلاشتۇرۇلماق** «ئاپتوماتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاپتوماتلاشتۇرۇلغان ئېگىرىش سېخى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىش ئۈنۈمى تېز ئۆسۈپ، مەھسۇلات تەننەرخى تۆۋەنلىدى.

**ئاپتوماتلاشماق** پ. ئاپتوماتىك ئەسۋابلار، ماشىنىلار بىلەن قوراللانماق، ئاپتوماتىك ئۇسۇللارغا كۆچمەك: ئاپتوماتلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك كۈچىنى تېجەيدۇ.

**ئاپتوماتلىق** سۈپ. ئاپتوماتى بار، ئاپتومات بىلەن قوراللانغان: ئاپتوماتلىق جەڭچىلەر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

**ئاپتوماتىك** سۈپ [ر<گرېك] بەلگىلەنگەن ئىشنى ئىچكى مېخانىزم ياردىمىدە ئۆزى بېجىرىدىغان، ئۆز ـ ئۆزىدىن ئىشلەيدىغان: ئاپتوماتىك تېلېفون. ئاپتوماتىك قەلەم. * ئۇ ئۆگىنىش بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئېلېكتر قوغۇرۇقنىڭ ئاپتوماتىك باشقۇرۇلۇش قۇرۇلمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ، پەن ـ تېخنىكا ئورۇنلىرى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى.

**ئاپتوماتىك قېرىنداش** قېرىنداش قەلەمنىڭ بىر تۈرى، ئۇنىڭ شەكلى ئۆزلۈكىدىن سىياھ ئىچىدىغان قەلەم شەكلىگە ئوخشايدۇ، ئىختىيارىي تەگشەشكە، قەلىمىنى چىقىرىپ، كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

**ئاپتوماتىك مىلتىق** <ھەرب> ئۇزمەي ئاتقىلى، بىر ـ بىرلەپ ئاتقىلىمۇ بولىدىغان مىلتىق.

**ئاپتوماشىنا** ئى [ر] ← **ئاپتوموبىل**: پەي مەنزىلگە مېڭىش ئۈچۈن تەخ بولۇپ تۇرغىنىدا قىسمىغا بىر ئاپتوماشىنا كېلىپ قالدى.

**ئاپتوموبىل** ئى [ر<گرېك+لات]<ماشىن> ئىچكى يېنىش دۋىگاتېلى ئورنىتىلغان، رېلىسسىز يوللاردا مېڭىپ ئادەم ۋە يۈك توشۇيدىغان، تۆت ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق چاقلىق ترانسپورت ۋاسىتىسى: بۇ چاغدا سەمەتكە ئاپتوموبىل دۇيىنىڭ ياش شوپۇرى ساقى ئەمەت ئۇچراپ قالدۇ.

**ئاپتوموبىل مۇسابىقىسى** <تەن> تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنىڭ بىر تۈرى، ئاشيول ياكى دالىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ ئاپتوموبىلنىڭ مېڭىش سۈرئىتى، ھەيدەش تېخنىكىسى ۋە ئاپتوموبىلنىڭ خۇسۇسىيىتى جەھەتتە مۇسابىقىلىشىدۇ.

**ئاپتوموبىلسازلىق** ئى. سانائەتنىڭ ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى: ئاپتوموبىلسازلىق سانائىتى.

**ئاپتونوم** سۈپ [ر] ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان، ئاپتونومىيىلىك: ئاپتونوم ئوبلاست. ئاپتونوم يېزا. * ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن سەنئەتچىلەرنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرۈشكە كىممۇ قىزىقمايدۇ، دەيسىز.

**ئاپتونوم رايون** ئۆلكە دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي: ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى.

**ئاپتونوم ناھىيە** ناھىيە دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى. چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى.

**ئاپتونوم ئوبلاست** ۋىلايەت دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى.

**ئاپتونومىيە** ئى [ر<گرېك] مىللەت، تەشكىلات، رايون قاتارلىقلارنىڭ ئۆزى قاراشلىق دۆلەت، ھۆكۈمەت ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغاندىن تاشقىرى، ئۆز ئىشىدا مەلۇم ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشى: مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە.

**ئاپتونومىيە ھوقۇقى** ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئادەتتىكى يەرلىك ئورگانلارنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە يۈرگۈزىدىغان، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھوقۇقلار.

**ئاپتونومىيە ئورگىنى** مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بەلگىلەنگىنى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدۇر.

**ئاپتۇۋا** ئى [پ] يۇز، پۇت-قول يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە جۈمەكلىك، بوغۇزى تار، مىس ۋە تۇچتىن ياسالغان چۆگۈن: سايىت ئاكا مەھەللىدىكى كۆل بويىغا كەلگەندە ئاپتۇۋا كۆتۈرۈپ سۇغا كېتىۋاتقان خوتۇنىغا ئۇچرىشىپ قالدى.

**ئاپتۇۋا — چىلاپچا** ئاپتۇۋا ۋە چىلاپچا قاتارلىق قولغا سۇ بېرىدىغان ئائىلە سەرەمجانلىرى: قازناقنىڭ بىر تەرىپىدە تىزىپ قويۇلغان ئاق ئاليۇمىندىن ئىشلەنگەن مانتا قازانلىرى، قوشۇق-چۆمۈچلەر؛ مىس، تۇچتىن سوقۇلغان ئاپتۇۋا-چىلاپچا، چۆگۈنلەر ئۆتكۈر ئېلېكتر نۇرىدا يالت-يۇلت قىلاتتى.

**ئاپتېكا** ئى [ر<گرېك] <تب> دوختۇرنىڭ يېزىپ بەرگەن رېتسېپلىرىغا قاراپ دورا تەييارلايدىغان، شۇنىڭدەك دورا ۋە داۋالاش بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان ئورۇن، دورىخانا.

**ئاپتېكار** ئى [ر] ← **دورىگەر.**

**ئاپرېل** ئى [ر<لات] <ئاستر> شەمسىيە كالېندارى بويىچە 4-ئاي: ئاپرېلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، لىن جىلۇنىڭ قولىغا ئاقيار بازار مەكتىپىدىن كەلگەن بىر پارچە خەت چۈشۈپ قالدى.

**ئاپشاركا** ئى [ر] ئىتنىڭ بىر خىلى، ھەربىي ئىشلار ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەردە تۈرلۈك ئەنزىلەرنى پاش قىلىش، ئىنقىلاشتا پايدىلىنىدۇ: نادىر 50 مېترچە يەرگە بارمايلا، توساتتىن، ئايروپىلان تېگىدىن بەش-ئالتە ئاپشاركا ئىت ئىرغىپ چىقىپ، قاۋىغان پېتى ئۇنىڭغا ئېتىلدى.

**ئاپقۇت** ئى. كۆن ۋە خۇرۇم قاتارلىقلاردىن تىكىلگەن ئاياغلارنىڭ پاشنا ئۈستىدىكى تاش بىلەن ئەستەر ئارىسىغا ئېلىنىدىغان قاتۇرما، كۆپىنچە، تارشا ياكى قېيىش چەمدىن ئىشلىنىدۇ: ئۆتىنىگە لاپقۇت، ئۆتۈككە ئاپقۇت (ماقال). * — ئۆزلىرى دادامغا بۇيرۇغان ئۆتۈككە ئاپقۇت قىلمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوكان.

**ئاپقۇتچى** ئى. ئاپقۇت ياسىغۇچى، تەييارلىغۇچى؛ ئاپقۇت ساتقۇچى كىشى: مەن ئاپقۇتچىغا يۈز كىشىلىك ئاياغقا ئاپقۇت زاكاز قىلدىم.

**ئاپقۇر** ئى [پ] كورىنىڭ بىر تۈرى: قىز مېنىڭ تىكىلىپ تۇرغىنىمنى سەزگەن بولسا كېرەك، ئاپقۇرنى ماڭا ئۇزاتقاندا، قايماقلىق چايدىن كۆزىنى ئۈزمىدى. * ئۆچكىگە ھەر كۈنى بىر تۇتام قۇرۇق ئوت بېرىپ، يىلىنلىرىغا مۇشتلاپ يۇرۇپ، كۈنىگە بىر ئاپقۇر سۈت سېغىپ ئالىدىكەن.

**ئاپقۇر چىنە** ئاپقۇردەك چوڭ چىنە.

**ئاپقۇن** دىئال ← **كولا.**

**ئاپلا** ئىم ① كۈتۈلمىگەن ۋەقە-ھادىسىدىن تەئەججۈپلىنىش ۋە پۇشايمان قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ: ئاپلا، خوشلىشالماي قېلىپتىمەن-دە، ئەمدى ئوسمانجان ئارقىلىق خەت يېزىپ ئەپۇ سورىمىسام بولمايدۇ. ② ئېچىنىش،

قايغۇرۇش، ھېسداشلىقنى ئىپادىلەيدۇ: — ئاپلا! — دەۋەتتى زەينەپ چوڭقۇر ئىچىنغان ھالدا، — ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق، كۈزدە بولسا سۇ ئاپىتى. * — ئاپلا، ساڭا قىيىن بولۇپتۇغۇ، — دېدى ئۇ ۋە گويا بىرەر ياردەم بېرەلەيدىغاندەك ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىپ بىر ياقتىن سۆزلىگەچ ماتورنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە قارىغىلى باشلىدى. ③ غەزەپ، خاپىلىقنى بىلدۈرىدۇ: — ئاپلا! — دەپتۇ ئوتتۇنچى غەزەپ بىلەن، — ھىيلە - مىكىر ئۆيدە قېلىپتۇ. - بولمىسا كۆرسىتىپ قوياتتىم.

**ئاپلا دەپ قالماق** ئورۇنسىز ۋاقتى ئۆتكەن بىرەر ئىشقا پۇشايمان قىلىپ قالماق، ئارمانىدا قالماق: — كۆرسەن تېخى! ئۇ غەزەپتىن تىترىدى، — سېنىڭ يادىڭدا يوق چاغلاردا مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەنمەن، قانچىلىك كۆيۈك ئازابى تارتتىم بىلەمسەن؟ ئەمدىزە ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئاپلا دەپ گۆشۈكىنى يېگىنىڭ بىلەن پايدا تاپالمايسەن.

**ئاپلاھەكبەر** ئىم ← **ئاپلا**: — ئاپلاھەكبەر!... سۇلايمان قاتتىق خورسىنغان ھالدا قېيىن ئاتىسىغا تاپا قىلدى، — ھېچ بولمىسا، يا پۇلنى، يا قەلەمنى ئېلىپ قالغان بولسىلىمۇ، ئۇ خەقنىڭ ئىزىنى ئوكايراق ئىزدەيدىكەنمىز! * — ئاپلا - ھەكبەر... — ئەھەت قارىي قولىغا تىرە كېسىدىغان بۇرەندىنى ئېلىپ قۇشتەك ئىتتىلىپ بېرىپ تۇراخانىنىڭ چېچىدىن ئېلىپ يەرگە باستى، — ئاپلاھەكبەر، ھېلى بىكار، بوغۇزلىۋېتىپ كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرىمەن!

**ئاپلىسۇن** (توغرىسى: ئاپېلسىن) ← **ئاپېلسىن**.

**ئاپورت** سۈپ [ر] ← **ئاپورت ئالما**.

**ئاپورت ئالما** ئالمىنىڭ بىر تۈرى، رەڭگى قىزىل ياكى تاغىل بولۇپ، ئادەتتىكى ئالمىلاردىن چوڭراق، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ: ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرى ئەمگەك بىلەن پىشقان دېھقان قىزنىڭ گۈزەل چىرايىنى قىزارتىپ، كۈنگە قاقلىنىپ پىشقان ئاپورت ئالمىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

**ئاپوفىزا** ئى [ر] <گېئول> چوڭ بۆسمىلەرنىڭ چەتلىرىدىكى ئەتراپ جىنسلىرىنى كېسىپ ئۆتكەن كىچىك تىپتىكى بۆسمە.

**ئاپېلسىن** ئى [ر<گول] <بوت> ① رۇتا ئائىلىسىگە كىرىدىغان كىچىك دەرەخ: يالغۇز ياكى توپ ھالەتتە ئاق چېچەكلەيدۇ، پىشقان مېۋىسى قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك بولىدۇ. ② شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**ئاپخان** (توغرىسى: ئارپەخان) ← **ئارپەخان**.

**ئاپدىيان** (توغرىسى: ئارپەبەدىيان) ← **ئارپەبەدىيان**.

**ئاپىردە** ئى [پ] ← **ئاپىردە بولماق**.

**ئاپىردە بولماق** تۆرەلمەك، يارالماق، مەۋجۇت بولماق، پەيدا بولماق: بۇ قارىي بۇ يەرگە ئاپىردە بولغاندىن تارتىپ، مەندە ئارام يوق. * سەن بىلەن مەن مۇشۇ ئالەم ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ، بىر - بىرىمىزنى يېتەرلىك بىلىشمىز.

**ئاپىردە قىلماق** مەۋجۇت قىلماق، ياراتماق، تۆرەلدۈرمەك، پەيدا قىلماق: — ئەي بەختلىك يىگىت، سېنى بۇ ئالەمگە ئاپىردە قىلغان ئاتاڭ كىم؟ ئاناڭ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

**ئاپىرشماق** «ئاپارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەسەل ھەرە ساندۇقلىرىنى مېنىڭ ھارۋام بىلەن تاغقا ئاپىرىشىپ بەرسۇن.

**ئاپىرىن** ئى [پ] بىرەر ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغانلىقى، بېجىرىلگەنلىكى ئۈچۈن رازى، مەمنۇن، قايىل بولغانلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئالقىش سۆزى: شۇ تويغا يىغىلغانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇمىغىنى يوق. * ئىمتىھان ھەققەتەنمۇ، گۆش بىلەن بەزنى ئايرىغاندى. كىشىلەر مەھمۇتنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ ئاپىرىن، بارىكاللا ئوقۇدى. * سىزنىڭ كەڭ قورساقلىقىڭىزغا ئاپىرىن! خوش، ئەمدى قانداق قىلماقچىمىز؟

**ئاپىرىن ئەيلىمەك** ← **ئاپىرىن ئېيتماق**:

ئۇلار ۋەلى باپكارغا ئاپىرىن ئەيلەپ، ئۇنى يۇرت بېشى قىلىپ، تەختتە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

**ئاپىرىن ئوقۇماق** ← **ئاپىرىن ئېيتماق:** تالىپ ناخشىنىڭ ئاخىرىنى شوخ مەرغۇل پەدىلىرى بىلەن تاماملىدى. بەكمۇ رازى بولۇپ كەتكەن ياشلار ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

**ئاپىرىن ئېيتماق** رازى، مەمنۇن، قايىل بولغانلىقنى ئىپادىلىمەك، بىلدۇرمەك؛ ماختىماق: شۇڭا، ئۇلار دەرھال ساڭا ئاپىرىن ئېيتتى، «دۆلەت جەزمەن ياردەم قىلىدۇ. غەيرەت بىلەن كىرىشىڭ» دېيىشتى. * باغ ئارا كۆرگەندە يار چاچقان ئىسپار گۈلشەننى مەن، ئاپىرىن ئېيتماي نېچۈن بۇلبۇللىرىڭ كۈلگەندىمەن.

**ئاپىلىق** سۆپ (توغرىسى: ئارپىلىق) ← **ئارپىلىق.**

**ئات I** ئى ① توم تۇياقلىقلارغا مەنسۇپ سۈت ئەمگۈچى يىرىك ئىش هايۋىنى: يېيىشلىك ئات هارماس (ماقال). * قېرىغاندا ئات تېزىكى ئالتۇن كۆرۈنەر (ماقال). * ئادەممۇ، ئاتمۇ كۆرۈنمەيتتى. پەقەت هارۋىلا تۇراتتى. ② ئاتنىڭ بېشىغا ئوخشىتىپ ياسالغان شاهمات ئورۇقى: ئاتنى ماڭماق. ③ مۇچەل يىل هېسابىدا يەتتىنچى يىل نامى: ئۇ ئات يىللىق.

**ئات باقار** ئات باققۇچى كىشى: دادام ساراي خىزمەتكارى، ئاكام مالاي، خوتۇنۇم بولسا خىزمەتكار، مەن ئۇلارنىڭ ئات باقارى ئىدىم.

**ئات بەيگىسى** <تەن> ئات چاپتۇرۇش تېزلىكى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل مۇسابىقە: ئەتىسى باهاۋۇدۇن بوۋاي باي ۋە ئۇنىڭ چاپارمەنلىرىنى ئات بەيگىسى قىلىشقا ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ.

**ئات توپى** <تەن> ① توپ تۈرلىرى تەنهەرىكىتىنىڭ بىرى؛ توپ مەيدانى تىك تۆت بۇلۇڭ بولىدۇ، تەنهەرىكەتچىلەر ئاتقا مىنىپ، بېشى ئەگرى تاياق بىلەن توپنى هەيدەپ قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا ئۇرۇپ كىرگۈزسە، غەلىبە قىلغان بولىدۇ. ② مۇشۇ تەنهەرىكەت تۈرىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ.

**ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەسلىك** ئىلگىرىكى مەۋقە ياكى مەرتىۋىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ چوڭچىلىق ۋە تەكەببۇرلۇقنى تاشلىماسلىق: ئۇ ئىلگىرىكىدەك قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەردىن يۇلۇپ يېگۈدەك هوقۇق ـ ئىمتىيازغا ئىگە بولمىغىنى بىلەن «ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ» دېگەندەك، هېلىهەم ناسىر ئاخۇن ئائىلىسىنى نەزىرىگە ئىلمايتتى.

**ئاتتىن چۈشكەن يېرى** ئەڭ مۇهىم، ئەڭ ئەتىۋارلىق، ئەڭ قۇۋۋەتلىك دەپ هېسابلانغان قىسمى: — ئەكىلە، ئاتتىن چۈشكەن يېرىدىن بىر شوراي، — دېدى ئۇ قولۇمدىكى ئاز قالغان تاماكىنى ئېلىپ.

**ئات چىشلىق قوناق** ئات چىشىغا ئوخشايدىغان سېرىق كۆممىقوناق..

**ئات سالماق** ئات يۈگۈرتمەك، ئات چاپتۇرماق: هەممەيلەن ئۇنى ياندىشىپ سىرتقا قاراپ شىددەت بىلەن ئات سالدى. * ئىقبالىم ئارزۇسىدا ئات سالىمەن، جەڭ ئارا پۈتمەس مادار — كۈچكە تولۇپ.

**ئات سۈلەيسۈنى** <زوئول> تىلىنىڭ ئۇچى قىزىلراق بولىدىغان سۈلەيسۈن.

**ئات قامچا** ئېغىر يۈك ـ تاق ئالماي، ئات مىنگەن هالدا: مەن ئات قامچا يولغا چىقىپ، بىر كۈندىلا يېتىپ كەلدىم.

**ئات قويماق** ← **ئات سالماق:** ئېلىقۇل بىلەن مەشرەپ ئولجا ئېلىنغان ئىككى ساقچى ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ، قىلىچلىرىنى قولغا ئېلىپ، ئالماسنىڭ كەينىدىن ئات قويدى.

**ئات قۇلان** <زوئول> ئاتقا كۆپرەك ئوخشايدىغان بىر خىل قۇلان؛ تۇيىقى چوڭ، بويى ئېگىز، بولۇپمۇ ئايغىرىنىڭ بويىنى بەك يوغان، رەڭگى ئاق ئالا، سېرىق ئالا

ياكى سۇر بولىدۇ.

**ئات قېچىر** <زوئول> هاڭگا ئېشەك بىلەن بايتالنى چېتىلدۇرۇشتىن تۆرەلگەن قېچىر، تېنى چوڭ، قۇلىقى سەل كىچىك، قۇيرۇق قىللىرى شالاڭ بولىدۇ.

**ئات كۈچى** <فىز> هەر سېكۇنتتا 75 كىلوگرام يۈكنى بىر مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئىشقا تەڭ قۇۋۋەت بىرلىكى.

**ئاتمۇ ئۆلمىسۇن، هارۋىمۇ سۇنمىسۇن ← كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، زىخمۇ كۆيمىسۇن:** بۇ ئىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلايلى، ئاتمۇ ئۆلمىسۇن، هارۋىمۇ سۇنمىسۇن.

**ئاتنىڭ قاشقىسىدەك** هەممە كىشىگە مەلۇم، هەممە كىشى بىلىدىغان، هەممە كىشىگە تونۇشلۇق: بۇ ئىش ئەمەتنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقى، ئاتنىڭ قاشقىسىدەك كۆرۈنۈپ تۇرسا، ئۇنىڭغا تاپشۇرماي، يەنە نېمىدەپ ئىككىلىنىپ تۇرىمىز.

**ئات ئورۇق، يول يىراق** كۈچ ئاز، ۋەزىپە ئېغىر (مەقسەتكە يېتىشتە قۇدرەت يېتىشمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ): ئات ئورۇق، يول يىراق بولسىمۇ، غەيرىتىمىز ئۈستۈن. تىرىشىدىغانلا بولساق، بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندايمىز.

**ئات ئويۇنى** ئات ئۈستىدە ئاتنى هەر خىل تېزلىكتە ماڭدۇرۇپ تۇرۇپ كۆرسىتىدىغان ئويۇن.

**ئات ۋاباسى** <زوئول> ئاتلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك، ئات ۋاباسىنىڭ ۋىرۇسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، قان شورىغۇچى هاشاراتلار ئارقىلىق يۇقىدۇ.

**ئات ئېگەرلەكلەك** بىرەر ئىشنى قىلىشقا نىسبەتەن تەييارلىق قىلىنغان، تەخمۇتەخ بولۇپ تۇرغان؛ شۇ ئىشنى قىلىشقا تولۇق هازىرلانغان.

**ئات ياپى** <ئاستر> ئون ئىككى مۆچەلنىڭ يەتتىنچىسى.

**ئات II** ئى ① ئادەم ياكى نەرسىلەرگە قويۇلغان مەخسۇس ئىسىم: ئۇنىڭ ئۆگەي قىزىنىڭ ئېتى هەجەرخان، ئۆز قىزىنىڭ ئېتى پاتىمخان ئىكەن. * مېنىڭ ئېتىم رەپىق ئاخۇن بولىدۇ، مەهەللىدىكىلەر «رەپىق يومشاق» دېيىشىدۇ، تەقسىر... ② نام، ئاتاق: ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا (ماقال). * ئۇ كۈنلەر گۈل قىسىپ قۇياشتەك چاقناپ، باشلايسەن شاۋقۇنلۇق هايات! شەۋكىتىڭ تارايدۇ ئەنئەنەڭگە باب، كېتىدۇ بېشىڭدىن «قالاق» دېگەن ئات. ③ شان-شۆهرەت، ياخشى نام؛ داڭق: ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن داد قالىدۇ (ماقال). ④ <تىل> شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ، «كىم؟ نېمە؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى: ئاتاقلىق ئات. تۈردەش ئات.

**ئات قويماق** نام بەرمەك، ئاتىماق: ئۇنىڭ مېهرىبان ئاتا-ئانىسى ئۆز هاياتىدىكى بۇ تۇنجى قىزىنى ئەتىۋارلاپ «تۇرۇپ قالسۇن، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا «تۇرسۇناي» دەپ ئات قويۇشقانىدى. * بوۋاقنى تېخىچە ئات قويۇلمىغانىدى، شۇڭا بۈگۈن نېمىدەپ ئات قويۇش ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىزىپ كەتتى.

**ئات كۆتۈرمەك** سۆز-چۆچەككە قالماق، يامان نام، ئاتاققا ئىگە بولۇپ قالماق: ئات كۆتۈرسەڭ ياخشى بىلەن كۆتۈر، سۆز كۆتۈرسەڭ بالداق بىلەن كۆتۈر (ماقال). * ئۇنىداق ئاتنى كۆتۈرۈپ بۇ يۇرتتا يۈرگۈچە بىر كېچىدىلا يوقالغان ياخشى.

**ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق** نامىغا لايىق ئەمەلىيىتى يوق: بەزى ئورۇنلار ئۆزىنىڭ ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق ئورگان بولۇپ قالغانلىقى بىلەن هېسابلاشمايدۇ.

**ئاتا I** ئى ① بالىلىق ياكى بالىسى بار ئەر كىشى: ئۆز ئاتا. ئۆگەي ئاتا. * ئاتىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى.

www.uyghurkitap.com

(ماقال). * ئاتا بولـماي ئاتا قەدرىـنى بىلـمەس
(ماقال). * سارايدىـكى خىزمەتـچى ئايالـلارنىڭ
باشلىقى بولغان قېرى خوتۇن مەلـىكە بۇدۇرگە: ــ
ئەگەر سىزنىڭ بۇ چاقچىقىڭىز ئاتىڭىزنىڭ قۇلىقىـغا
يېتىپ بارغۇدەك بولسا، ئۇ چاغدا بىزنى بۇ يەردە
ئامان قويمايدۇ، ــ دەپتۇ. ② يېشى چوڭ كىشىـ
لەرنى هۆرمەتـلەش ئۈچۈن ئىشلـىتىلـىدۇ:
ئاتىلار سۆزى ــ ئەقىلنىڭ كۆزى (ماقال). * مەهەلـ
لىدىكىلەر دادامـنى «ئاتا» دەپ چاقـىرىشاتـتى.
③ كۆچمە. بىرەر ئىش ـ هەرىكەتنى باشـلاپ
بەرگەن، ئۇنىـڭـغا ئاساس سالـغان ياكـى
شۇ ئىش ـ هەرىكەتنى باشقۇرىدىغان هۆرمەتـ
لىك كىشى: لوقمان ــ دىنىي رىۋايەتلەردە تىباـ
بەتنىڭ بىرىنـچى ئاتىسى، دەرىجىـدىن تاشقـىرى
ماهىر هۆكۈما دەپ قارىلـىپ، هەتـتا پەيغەمـبەر
پەللىسىگـىچە كۆتۈرۈلـىدۇ. * بىر كىـشى ئامـبال
بىلەن كۆرۈشمەكـچى بولۇپ، ئامبالـنىڭ يېـنىدا
ئىشلـەيـدىغانـلاردىن: ــ ئامـبال ئاتـىمىز نېمىنى
ياخشى كۆرىدىكىن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

**ئاتـا بولماق** ئاتا ئورنىدا باشـقىلارنىڭ
بېشىنى سىلاپ، دەردىـگە دەرمان بولـماق،
ياخشىلىق قىلماق: هەي ئاچا، ــ دېـدىـم مەن
ئۇنىـڭـغا، ــ سەن ماڭـا ئانا ئورنـىدا ئانا، ئاتا
ئورنىدا ئاتا بولغىن.

**ئاتا تۇتماق** ئۆز ئاتىسى ئورنىدا كۆرمەك،
ئۆز ئاتىسى ئورنـىدا مۇئامىـلە قىلـماق: ئۇ
ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يىراقـراق
بىر تۇغقىنىنى ئاتا تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ
كەتتى.

**ئاتا جەمەت** ئاتا تەرەپ بىلەن قانداشلىق
ياكـى تويلىشـىش مۇناسىۋىـتى بولغان تۇغـ
قانلار: مەن سۇلتان بىلەن ئاتا جەمەت تۇغقان.

**ئاتا كەسىپ** ئاتا ـ بوۋىـسىدىن تارتـىپ شۇ
جەمەتـتە داۋاملىشـىپ كېلىۋاتـقان هۈنەر ـ
كەسىپ: ئۇ هـازىـرمۇ ئاتا كەسـىپـى بـىلـەن
شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

**ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن** ① ئەخلاق ـ
پەزىلەتلىك، قائىدە ـ يوسۇنلۇق، قابىلـىيەتـ
لىك، ياخـشى تەربىيلەنـگەن: ئاتا كـۆرگەن
ئوقيا ياسار، ئانا كـۆرگەن كىيىم پىـچار (ماقال).
② **يېقىن ئۆتكەن، بىر ـ بىرىـنى چۈشىنىـدىـ
غان:** بىز دۇيـجـاڭ بىلەن ئاتا كـۆرگەن، ئانا
كۆرگەنلەردىن.

**ئاتاڭغا رەهمەت** بىرەر كىشىنىڭ مەلۇم بىر
ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلغانلىقـغا ئىنتايـىن
رازىمەنلىك بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ:
ئاتاڭـغا رەهـمەت، ئوغۇل بالا، قولۇڭ دەرد
كۆرمىسۇن.

**ئاتاڭغا لەنەت** بىرەر كـىشـىنىڭ مەلۇم بىر
ئىش ـ هەرىكەتنى خاتا ياكى ناتوغرا قىلىپ،
باشقىلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغىغانلىقـغا قارىـتا
ئېيتىلىدۇ: سەندەك بىئەدەب، قىلىقـسىز بالـىنى
چوڭ قىلغان ئاتاڭغا لەنەت!

**ئـاتاڭ ياخـشى، ئـاناڭ ياخـشى دېـمەك**
يالۋۇرۇپ يېلىنماق: ئاتاڭ ياخشى، ئاناڭ ياخشى
دەپ، مىڭ تەسلىكتە ئۇنى ئۇناتتۇق.

**ئاتام زامان** ئۇزۇن يىللاردىن ئىلگىرى،
بۇرۇنقـى ۋاقىـت، بۇرۇنقـى دەۋر: مەسىلە
تولـىمۇ ئاددىـي ئىدى، تورۇسـتا ئاتام زامانـدا
بولۇپ ئۆتـكەن مودا بويىـچە چىـراغ ئىسقىلىق
تۇرغان قارا تۆمۈر ئىلمەككە پۈتلىرىـنى ۋە قاناتـ
لىرىنى كېرىـپ تۇرغان بىر مۆهەبـبەت ئىلاهىنىڭ
سۈرىتى ئىپەك لېنتا بىلەن چېگىكلىك تۇراتتى.

**ئاتام زاماندىن بۇيان** ⟵ **ئاتام زاماندىن
تارتىپ:** سىز ئۆزىڭىزنى تېخىنىڭ دەيدىكەنـسىز،
قېنى ئېيتىپ بېقىڭا، سۇلياۋ يېپىپ كېۋەز تېرىغاننى
ئاتام زاماندىن بۇيان كىم كۆرۈپتىكەن؟.

**ئاتام زامانـدىن بېرى** ⟵ **ئاتام زاماندىن
تارتىپ:** ... مانا بۇ ئاتام زاماندىن بېرى بىزگە
ئادەت بولۇپ كەلگەن بار ئىش.

**ئاتام زاماندىن تارتىپ** **بۇرۇنقى ۋاقىتلارـ
دىن، بۇرۇنقى دەۋرلەردىـن بېرى:** ئەرلەرـ
نىڭ ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىشى ئاتام زاماندىن
تارتىپ بولۇپ باقمىغان ئىش ئىدى. هازىر بەزى

ئۇغۇل بالىلار بىر سوپام پاشىنىسى بار ئاياغلارنى كىيىدىغان بولۇۋالدى، بۇنىڭغا نىمە دېگۈلۈك.

**ئاتام زامانىدىن قالغان** بۇرۇندىن تارتىپ بار بولغان، بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ بار: ئۆيدە ئاتام زامانىدىن قالغان بىر كونا چۆگۈن بار ئىدى.

**ئاتام ئېيتقان بايىتى** بۇرۇنقىدەك، ئاۋۋالقىدەك، ئۆزگىرىش يوق: — قانداق بولاتتى، يەنە شۇ ئاتام ئېيتقان بايىقى، «ۋاي قوللۇقتىن چىقتىڭلارمۇ، ئۆزەڭلار يەر تېرىيسىلەرمۇ، ئاقدىل-كۆكدىل» دېيىشتى. «قوشتىن ئېلىپ سۆرەمگە سېلىش» دېگەن مۇشۇنداق بولامدىكىن، تاڭ؟ جاھاندارچىلىق مۇشۇنداق، — دەپ ئۇ ياقتىكى كەڭ ئېتىزلارنى كۆرسەتتى ئۇ.

**ئاتا مىراس** ئاتىسىدىن بالىلىرىغا قالغان، ئاتىسى بالىلىرىغا بۆلۈپ بەرگەن پۇل ۋە باشقا مال-مۈلۈك؛ تەئەللۇقات: بۇ ئۆي مېنىڭ ئاتا مىراسىم، ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق.

**ئاتا يوللۇق** ھۆرمەت ۋە ياش-قۇرام جەھەتتە ئاتىغا باراۋەر، ئاتىغا ئوخشاش ھۆرمەتكە ئىگە: شۇ چاغدا ئالۋىدىن ئەبۇ ئەششەمەت ئەھمەد دەنەپكە: — ئەي، ئاتا يوللۇق تاغا! خۇدا سىزنى ھېچ نەرسىگە موھتاج قىلمىسۇن! — دەپ دۇئا قىلىپتۇ.

**ئاتا II** ئى [ئە] ← **ئاتا قىلماق.**

**ئاتا قىلماق** نېسىپ قىلماق، بەخش ئەتمەك، ئىنئام قىلماق، بەرمەك: بەختباشلىقىمىنىڭ ئاخىرىدا ماڭا ئاتا قىلغان يۈرىكىمنى زىندە قىلغۇچى ھەدىيەلىرنى كۆرۈپ ئۆتكەن ھاياتىمغا ئۆكۈنۈشكە باشلىدىم. * بىر كۈنى ئەپەندىم تۈرمۈشتىن قىسىلىپ خۇداغا يالۋۇرغىلى تۇرۇپتۇ: — ئەي خۇدا، راستىنلا كەمبەغەللىكە رەھمىڭ كېلىدىغان بولسا، قېنى ماڭا يۈز تىللا ئاتا قىلغىن، بىر تىللا كەم بولسىمۇ ئالمايمەن، — دەپتۇ.

**ئاتا-ئانا** بالىنىڭ ئاتا ۋە ئانىسى: ئاتا-ئانىلار يىغىنى. * — ئۇكام، — دېدى ئۇ بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئاتا-ئاناڭغا ۋە ساۋاقداشلىرىڭغا يۈزلەندۈرمەستىن ئۆيۈمگىلا ئېلىپ كەلدىم.

**ئاتا-ئانىلار مەجلىسى** مەكتەپلەرنىڭ ئاتا-ئانىلار بىلەن ئالاقە تۇرغۇزۇش، تەلىم-تەربىيە، ئاتا-ئانىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى ئۆگىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇش ھەم ئاتا-ئانىلاردىن پىكىر ئېلىش يۈزىسىدىن ئاچىدىغان يىغىن: قادىر موللا قىزى بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر يىلدىن بېرى بىرەر قېتىممۇ ئاتا-ئانىلار يىغىنىغا قاتناشمىغاچقا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن رىزۋان مۇئەللىم ئۇلارنىڭ ئاتا-بالا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

**ئاتا-ئانىلىق** ① ئاتا-ئانىسى بار، ئاتا-ئانىسى ھايات. ② ئاتا-ئانىغا خاس بولغان؛ ئاتا-ئانا ئۆتەشكە ۋە بېجىرىشكە تېگىشلىك بولغان: ئاتا-ئانىلىق بۇرچ ئاتا-ئانىلىق مەجبۇرىيەت. * كۆزىمىزنىڭ ئوچۇقىدا يالغۇز ئوغلىمىزنى ئۆيلەپ، بىر كۈن بولسىمۇ تۇرمۇشىنىڭ قىزىقىنى كۆرلى، بىزمۇ ئاتا-ئانىلىق قەرزىدىن قۇتۇللى.

**ئاتا-بالا** ئاتا ھەم بالا: مىڭ ئائىلىسىدىكى ئاتا-بالىلار بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چىرايىدىكى غەزەپ ئالامەتلىرى يوقىلىپ: — چۈشەندۇق، بولدى، سۆزلىمەيلا قويۇڭ، — دېيىشىپتۇ.

**ئاتا-بالىلىق** ئاتا ۋە بالىغا خاس بولغان، ئاتا ۋە بالىغا ئالاقىدار بولغان، ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى: بالىسى گەپنى ئاڭلىمىسا، ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتقانىدى.

**ئاتا-بوۋا** ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەر؛ ئەجدادلار: ئاتا-بوۋىلىرىمىز «ياخشىلىققا ياخشىلىق — ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق — ئەر كىشىنىڭ ئىشى» دەپ ئۆگەتكەن.

**ئاتارمەن** ئى. بىرەر ھوقۇق تۇتقان مەنسەپدارنىڭ ياكى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بۇيرۇقنى شەرتسىز ئىجرا قىلىدىغان ئادەم؛ قولچوماق: چاقىرىق بىلەن ئوقۇشنى تاشلاپ كەلگەندىن بىرى پىپەن قىلىندىم، شۇي شۇجىنىڭ ئاتارمىنى دېگەن نامغا ئىگە بولدۇم. * قازنىڭ تىلى تۇتۇلغانلىقنى كۆرگەن ئاتارمەنلەر باقىنى سۆزلەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى ۋە پوتىسىنى يېشىپ ئاغزىنى تىقىپ قويدى.

**ئاتارمەن - چاپارمەن** ئاتارمەن ۋە چاپارمەن: قورمالنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى كوچىلارغا يېيىلغان ھالدا مەھەللىمۇمەھەللە، ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. * ئۇلار تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، باشقا ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ھەرقانداق ئېھتىمالغا ھازىر تۇرۇش، تاغدىكىلەر بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ تارقالدى.

**ئاتاش** ئى. بال س. يېگىدىن تىلى چىققان باللارنىڭ ئاتىسىنى ۋە ئاتا سۈپەت ئادەملەرنى چاقىرىشتىكى تەلەپپۇز فورمىسى: ـــ قاچما ئوغلۇم، بۇ ئاتاش ئەمەسمۇ؟ ـــ دېدى ئاپام مېنى بوۋاي تەرەپكە ئاستا ئىتتىرىپ.

**ئاتاشماق I** «ئاتىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ ساتارنى خۇددى ئىسكىرىپكا چالغاندەك نەپىس، تېز، جاراڭلىق چالاتتى، شۇڭا ئۇنى جامائەتچىلىك «مۇزىكىنىڭ باشىسى» دەپ ئاتىشاتتى. * چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلاشقان ئۇيغۇرلارمۇ شۇ جايدا يۈسۈپ سەككاكىنىڭ قەبرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يۇرتنى «خۇنخاي مازار» دەپ ئاتاشقان.

**ئاتاشماق II** «ئاتىماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن قەھرىمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز جانلىرىنى خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئاتاشمىدىمۇ؟!

**ئاتاغا** ئى. ۋاڭنىڭ ئوغۇللىرىنى تەربىيەلىگۈچى ئەر كىشى.

**ئاتاق** ئى. ① نام، ئابروي، شۆھرەت، داڭق: يامان ئاتاق بىلەن يۈرگەندىن، ياخشى ئاتاق بىلەن ئۆلگەن ئەۋزەل (ماقال). * ئايرىم بايلار ھەزرەت سەيلىسىدە كەمبەغەللەرگە، تىلەمچىلەرگە سەدىقە تارقىتىپ بېرىپ ئاتاق چىقىراتتى. ② قانداشلىق ياكى تويلىشىش مۇناسىۋىتى بولماي تۇرۇپ تۇغقانلىق نامى بىلەن يۈرگەنلەرگە نىسبەتەن ئىشلىتىلىدۇ: ئاتاق ئانا. ئاتاق بالا. * پاقلان: ـــ شىر دېگەن بەك مېھرىبان ئىكەن، پاقلاننى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، ـــ دەپ يۈرىكى پۈتۈنلەشىپ قېلىپتۇ ـ دە، دەررۇ كەتمەي، شىرغا ئاتاق ئوغۇل بولۇپ قالاي دېگەن ئوي بىلەن تۇرۇپ قېلىپتۇ. ③ ئۇنۋان: مۇبارەك بولسۇن، تۇنۇگۈن ئاڭلىدىم، ئۆزلىرىگە «ئالاھىدە دەرىجىلىك ئاشپەز» دېگەن ئىلمىي ئاتاق بېرىلىپتۇ، تەبرىكلەيمەن! ـــ دېدى مۇتەللىپ قىزغىن كەيپىياتتا خۇشاللىق بىلەن.

**ئاتاق ئالماق** ① نام، شۆھرەت، ئابرويغا ئىگە بولماق: بۇ يېزىدا بار بولسىمۇ سانىسىز پالۋان، بىر يىگىتلا «باتۇر» دېگەن ئاتاق ئالغان. ② يامان نامغا قالماق: خاماندا ئىشلەپ يۈرۈپ، «ئوغرى» دەپ ئاتاق ئالدىم، بۇنىڭ بىلەن ئەمەتكە يىل بويى چاكار بولۇپ قالدىم.

**ئاتىقى چىقماق** ① نام، شۆھرەت، ئابروي قازانماق: ئەمگەك قىلساڭ ئاتىقىڭ چىقار، قىلمىساڭ چاتىقىڭ چىقار (ماقال). ② يامان نامى چىقماق، يامان ئاتقا قالماق: يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ «ئوغرى» دېگەن ئاتىقى چىقىپ، ھەممە يەرگە پۇر كەتتى.

**ئاتاق - ئابروي** ⟵ **نام - ئابروي.**

**ئاتاقسىز** ⟵ **نامسىز:** شەرەپ مەيدانىغا يوللاپ بوغۇنلارنى ئاداققى رەت، يۇمارسەن ئۇن - تىۋىشسىز كۆز، ئاتاقسىز قەھرىمان ئۇستاز.

**ئاتاقلىق** سۈپ. ئاتىقى بار، نامى، داڭقى چىققان؛ مەشھۇر، نامدار: ئاتاقلىق رۇس فىزىئولوگىيە ۋە پسىخولوگىيە ئالىمى سىچىنوۋ سېلىشتۇرۇشنى «ئىنسانىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەقىل خەزىنىسى» دەپ ھېسابلىغانىدى. * ـــ مەن باغدادلىقمەن، ـــ دەپ باشلىدى ئۇ سۆزىنى، ـــ ئاتام باغدادنىڭ ئاتاقلىق كىشىلىرىدىن ئىدى.

**ئاتاكا** ئى [ر<فران] شىددەتلىك ھۇجۇم، قايتۇرما ھۇجۇم: جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىپ، چوققىغا قاراپ ئاتاكا قىلىۋاتقان باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ قەھرىمانلىق روھى ئۇرغۇپ تاشقاندى.

**ئاتاكىغا ئۆتمەك** شىددەتلىك ھۇجۇمغا، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتمەك: خەلپە قول ئاستىدىكىلەردىن موڭغۇل ئاتلىقلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ... شەھەردىكى قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئاتاكىغا ئۆتتى. * جەڭچىلەر شۇ تۇرقىدا ئاتاكىغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

**ئاتالغۇ I** ئى ① بىرەر ساھەدە، مەلۇم بىر نەرسىنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى: ماتېماتىكا ئاتالغۇلىرى. خىمىيە ئاتالغۇلىرى. * باقى ئاكام سۆز قىلسا كۆپىنچە يېڭى ئاتالغۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋالىدىغان بولدى. ② <لوگ> كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈك قۇرۇلمىدا ھاسىل بولغان ئۇقۇمنى ئىپادىلىگۈچى سۆز.

**ئاتالغۇسىز سان** ئۆلچەم بىرلىكىنىڭ نامى بىلەن كەلمىگەن سان: 32، 18 گە ئوخشاش سانلار.

**ئاتالغۇلۇق سان** ئۆلچەم بىرلىكىنىڭ نامى بىلەن كەلگەن سان: ئۈچ مېتىر، تۆت مېتىر، ئىككى سانتىمېتىر قاتارلىقلار.

**ئاتالغۇ II** ئى. دىئال. ئات تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئارغامچا؛ سالما.

**ئاتالما** ← **ئاتالغۇ I**: بۇ ئەسەرنىڭ تىلى ھازىرقى تىلغا يېقىنراق، ئەرەب-پارس ئاتالمىلىرى ئازراق.

**ئاتالماق I** «ئاتىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «ھۆسەن پارتىزان» دەپ ئاتىلىپ يۈردى. * سادىقمۇ ئۇنىڭ «قارا باتۇر» دەپ ئاتالغان جۈمە ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا تونۇدى....

**ئاتالماق II** «ئاتىماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئانىنىڭ سۈتىنى ئاقلىدى رازاق، ئاتىلىپ ۋەتەنگە ياشلىق باھارى. ئەسلەيدۇ ئەل ئۇنى ئۇزاقتىن-ئۇزاق، خەلقىم دەپ جان بەرگەن ئوغلان قاتارى.

**ئاتالمىش** سۈپ. مەلۇم كىشىلەر دەۋالغان، ئاتىۋالغان: ئۇ چاغلاردا بۇ ئاتالمىش «ئېنىقمىغا قارشى جەڭچى»نىڭ بېشى ھازىرقىسىدىن بەش ھەسسە يوغان، سۆزى ئۇستىرىدىنمۇ ئىتتىك ئىدى. * شۇنداق قىلىپ، بىرنەچچە كۈنلا كۆچكە ئىگە بولغان ئاتالمىش «4-نومۇرلۇق بۇيرۇق»نىڭ غەزەپ قىلىچىغا ئۇچرىغان دەسلەپكى قۇربانلارنىڭ بىرى مەن بولدۇم.

**ئاتامان I** (ئاتامانى) ئى. يولباشچى، سەردار: سوڭجياڭ باش بولۇپ تىزلاندى. ئاندىن قالغان ئاتامانلارمۇ قاتار بولۇپ تىزلاندى.

**ئاتامان بولماق** ئاتامانلىق ئىشىنى ئىشلىمەك، ئاتامانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالماق: سىزنى لياڭشەن كۆلىدە ئاتامان بولۇپتىمىش دەپ ئاڭلىدىم. * دۆڭ پىڭ، جاڭ چىڭلارمۇ تاغتۇرادا ئاتامان بولدى.

**ئاتامان II** ئى. تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇنچۇق؛ توپ: ئاتامان ئوينىماق.

**ئاتامانلىق** «ئاتامان I» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**ئاتان** ئى. پىچىلغان تۆگە.

**ئاتايەن** (توغرىسى: ئاتايىن) ← **ئاتايىن**.

**ئاتايتەن** (توغرىسى: ئاتايىن) ← **ئاتايىن**.

**ئاتايىن** رەۋ [ئە] ① مەخسۇس، ئالاھىدە بىر مەقسەتنى كۆزلەپ، ئەتەيلەپ: مەن ئاتايىن كونىشەھەرگە كىرىپ، بىلال ئەزىزىگە ئاكامنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ قوياتتىم. * چۈشۈپ كەتتى بىر تال سەرەڭگە، ياندۇرغاندا لامپىنى ئانا، ئېلىپ بەردى ئاتايىن ئۇنى، سېلىپ قويدى قېپىغا يانا. ② مەقسەتلىك؛ قەستەن: كېنىزەكنىڭ سېنىڭ ئىكەنلىكىنى ۋەزىر بىلگەن بولسا كېرەك. ئۇ، ئاتايىن قىستاۋاتىدۇ. * كۆرگەن-بىلگەنلەر ۋە ئوردىدىكىلەر موللازەيدىن ئالتىشەھەردىن يېنىپ كېلىپ، ئۆيىگە كېتىۋېتىپتۇ

دەپ قالسۇن ئۇچۇن ئاتايىن شۇنداق قىلغانىدى.

**ئاتەش** ئى [پ] ① ئوت، يالقۇن؛ نۇر: مەن تىكىلدىم، سەن ئېگىلدىڭ غۇنچىدەك، گۈل يۈزۈڭنى كېپىنەكتەك سىلىدىم. لەۋ دەپتىمەن لېۋىم تەگكەن ئاتەشنى، چايغا سالغان چاقماق قەنتتەك ئېرىدىم. * «يېڭىئاۋات»نىڭ قۇم بارخانلىرى ئاتەشتەك قىزىق ئىدى. ② كۆچمە. دىلىنى ياندۇرىدىغان، ئۆرتەيدىغان ھارارەتلىك ھېس - تۇيغۇ: يارىم كەتتى يىراقىقا، سېلىپ ئاتەش - پىراققا. * بوتا ئىچىرە سېلىپ بىلگەن كەبى مىس بىلەن زەرنى، مەشۇقى سىنار ئاتەش ئىچىدە چىن ئاشىق ئەرنى.

**ئاتەش كۆز** كۆزى نۇرلۇق، كۆزىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان: بوۋاي ھەممىگە بىرقۇر نەزەر تاشلاپ خوجاپىز بەگكە كەلگەندە ئاتەش كۆزلىرى بىلەن قادالغانىدى.

**ئاتەشپەرەس** ئى [پ] ئوتقا تاۋاپ قىلغۇچى، ئوتقا سەجدە قىلغۇچى: ئاتەشپەرەس ئادەم. ئاتەشپەرەس خەلق.

**ئاتەشپەرەسلىك** ئى <پەلس> ئوت ئېتىقادچىلىقى، قەدىمكى زاماندا ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەردە تارقالغان بىر خىل دىن. ھازىر ئىراننىڭ قىسمەن رايونلىرى ۋە ھىندىستاندىكى بومبايدا ئۇنىڭ ئاز ساندىكى مۇرتلىرى بار.

**ئاتەشدان** ئى [پ] ← **ئوتدان:** بوۋاي يىگىتلەرنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئولتۇرماستىن، شىبەر قاچىلانغان خالتا ئۈستىگە كۆمتۈرۈپ قويۇلغان پىيالىلاردىن ئىككىنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى - دە، ئاتەشداندىكى ئارچا كۆمۈرىنىڭ چوغىغا پاتۇرۇپ قويۇلغان جانان چەيىنەكتىكى چاي بىلەن پىيالىلارنى پاكىز چايقىدى ۋە يېرىم - يېرىمدىن چاي قويۇپ، يىگىتلەرگە ئىككى قوللاپ تۇتتى.

**ئاتەشسىمان** سۈپ. ئاتەشتەك: كۆل قوزام، راھەتلىنىپ كۈل. ئۇ خۇشاللىق ناخشىسى، جان سۆيۈنسۇن خۇش ئاھاڭ، ئاتەشسىمان مىسراسىدىن.

**ئاتەشكۇ** ئى. تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىدىكى ئوچاقنىڭ شامال كۆزىنى ئاچىدىغان ئىلمەك تۆمۈر.

**ئاتەشلىك** سۈپ. ئوتلۇق؛ قىزغىن: ئارزۇيۇم ئاتەشلىك بىر تونۇر بولۇپ، خەلقىمگە بىر ئۆمۈر نان تەقدىم ئەتسەم. نە نان ئۇ، تاۋلانغان ئىجادىم بىلەن، ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ مۇرادقا يەتسەم!

**ئاتەشىن** سۈپ [پ] ئاتەشكە ئوخشاش، ئوتتەك؛ **يالقۇنلۇق، قىزغىن، جۇشقۇن:** لەھەتكە كىرسىمۇ جىسمىم كۆمۈلمەس ئاتەشىن قەلبىم، يۈرەر سازەندىدەك روھىم يەنە قانماي ماكانىمغا. * بۇ شادلىق يېشىدۇر، كۈلكە يېشىدۇر، مۇز تاغنى ئېرىتتى ئاتەشىن قۇياش.

**ئات - پات** ئات ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: يەنە بىر ياقتا ئاسمان بۇركۈتى لى يىگمۇ چوڭ - كىچىك لەشكەرلىرىنى باشلاپ... قولىغا چۈشۈپ قالغان سۇ لەشكەرلىرىنى قوتقۇزدى، ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئات - پاتلىرىنى ئېلىپ، ئاندىن شۇ ئەتراپتا تارقىلىپ يۈرگەن ئاقساق - چولاق چېرىكلەرنى ئەل قىلدى.

**ئاتچى** ئى. بىرقانچە ئات بىلەن يۈك ۋە ئادەم توشۇپ كىراكەشلىك قىلغۇچى كىشى؛ **كارۋان:** ئۇ ئۆزىنى ئاتچى قىلىپ كۆرسەتتى، قارا تاغنىڭ باغرىدىكى جايلاردا، لېكىن ئاتلار كەتتى تامام قىرىلىپ، تومۇز قايناپ تۇرغان قاقاس سايلاردا.

**ئاتچىلىق** ① ئى «ئاتچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: ئاتچىلىق مېنىڭ ئاتا كەسپىم. ② سۈپ. **ئاتلارنى نەسللەندۇرىدىغان، بېقىپ پەرۋىش قىلىدىغان:** ئاتچىلىق فېرمىسى. * ئىلى ئاتچىلىق فېرمىسىدىكى بىر بايتال بۇ يىل 5 - ئايدا قوشكېزەك قۇلۇنلىدى.

**ئاتخانا** ئى. ئات باقىدىغان ئۆي، ئات **ئېغىلى:** ئابدۇۋېلىنىڭ ئاتخانىدىن قايتىپ چىقىشى مەسۇم ئاكىنىڭ قاپاقنى كۆتۈرۈپ ئۆيىدىن چىقىشىغا توغرا كەلدى. * ھېلىقى جەڭچىنىڭ ئېيتىشىچە، «تۇلپار» باغلاقلىق يېرىدىن چۇلۇۋۇرىنى.

ئۇزۇپ چىقىپ، يولىنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئاتخانىدا باغلاقلىق تۇرغان بوز ئاتنىڭ قېشىغا چېپىپ بېرىپتۇ.

**ئاتخۇمار** سۈپ. [ئات+خۇمار] ئاتنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاتقا ھەۋەسى بار: يۇرتتىكى ھەر-قايسى ئاتخۇمار بايلار شىرغىنى تاللىشىپ 15 دادەن بۇغداي بېرىمىز دەپمۇ سېتىۋالالماي يۈرەتتى.

**ئاتروپىن** ئى [ر<لات] <تىب> رەڭسىز، پۇراقسىز كرىستال پاراشوك دورا، بەزىلەرنىڭ ئاجىرالمىلىرىنى تىزگىنلەپ، ئاشقازان، ئۈچەي، كاناي شاخچىلىرىدىكى سىلىق مۇسكۇللارنىڭ سپازمىسىنى بوشاشتۇرىدۇ، سانجىق ۋە ھەزىم قىلىش يوللىرىدىكى يارىلىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ.

**ئاترىنا** ئى [لات] <زوئول> يۇمشاق تەنلىك ھايۋان، قېپى ئۈچ بۇرجەك، قارا كۆك رەڭلىك كېلىدۇ، دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى لاتقا ئارىسىدا ياشايدۇ.

**ئاتسېتات** ئى [ر<لات] <خىم> ← **ئاتسېتات كىسلاتا**.

**ئاتسېتات كىسلاتا** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە؛ مولېكۇلا فورمۇلىسى $CH_3COOH$، رەڭسىز سۇيۇقلۇق، كۈچلۈك غىدىقلىغۇچى پۇراققا ئىگە؛ سۈنئىي يىپەك، كىنو لېنتىسى، ئاسپىرىن قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ؛ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىنىدىغان ئاچچىقسۇ تەركىبىدە ئاتسېتات كىسلاتا بار. «سىركە كىسلاتاسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاتسېتىلېن** ئى [ر<لات>] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، ئالكىنلارنىڭ بىر خىلى، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_2H_2$، رەڭسىز، سېسىق پۇراقلىق يېنىشچان گاز، ئوت بىلەن سۇنىڭ رېئاكسىيىسىدىن ھاسىل بولىدۇ؛ ئورگانىك بىرىكمىلەرنى سىنتېزلاش، يورۇق چىقىرىش، مېتاللارنى كەپشەرلەش ۋە كېسىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاتسېنافېتېن** ئى [ئىنگ] <خىم> كاربون گىدرىدلارنىڭ بىر تۈرى، خىمىيىۋى فورمۇلىسى $C_{12}H_{10}$، رەڭسىز يىڭنىسىمان كرىستال بولۇپ تىزاپ ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاتسىل** ئى [ر] <خىم> نېئورگانىك ياكى ئورگانىك ئوكسىگېنلىق كىسلاتا تەركىبىدىن گىدروكسىل (-OH) گۇرۇپپىسىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى قېلىپ قالغان ئاتوملار توپى.

**ئاتقۇچى** ئى ① پاختا، يۇڭ قاتارلىقلارنى پاختا دۈكىنىغا سېلىپ يۇمشىتىش، تىتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم: پاختا ئاتقۇچى. ② <ھەرب> ئوقيا، مىلتىق ياكى زەمبىرەك-ئاتىدىغان كىشى.

**ئاتقۇچىلىق** «ئاتقۇچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: توختاخۇن ئاكا يىل بويى ئاتقۇچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ. * بىزنىڭ قىسىمدا ئاتقۇچىلىق بىلەن داڭ چىقارغانلار ئارانلا بىر ئىككىمىز.

**ئاتقۇرماق** پ. بىرەر ئىش، بىرەر ۋەزىپىنى بېجىرمەك، ئادا قىلماق، ئورۇندىماق: سۇلتاننىڭ ئاتقۇرۇشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى مەن ئاتقۇرۇپ قويىدۇم.

**ئاتقۇرۇلماق** «ئاتقۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاتقۇرۇلۇشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەر دەل ۋاقتىدا ئاتقۇرۇلدى.

**ئاتقۇزماق** «ئاتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — خوش، سىنىڭ بىزگە ئېيتىدىغان ئاخىرقى سۆزۈڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ. — بار، — دېدى تۇتقۇن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — مېنى تېزرەك ئاتقۇزۇۋەت...

**ئاتقۇزۇشماق** «ئاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاتقۇزۇلماق** «ئاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ

مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاتقۇلاق** ئى [ئات+قۇلاق] <بوت> قامچىئوت ئائىلىسىگە كىرىدىغان، كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى ئۇزۇن، غولىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى يوق، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە سۇس يېشىل، قىزغۇچ گۈللەيدۇ، تاغلاردا ئۆسىدۇ.

**ئاتقۇنە** دىئال. ئات، ئىسىم، فامىلە.

**ئاتكوس** ئى [ر] >سۇ< ① ئېگىزلىك دەرىجىسى بارا-بارا تۆۋەنلىگەن يانتۇ يۈز: ئاتكوس تاپىنى. ئاتكوس چوققىسى. * بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان 200دەك كىشى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ تۈزلەش، خاڭداش، ئاتكوس چىقىرىش ئىشىنى ئىشلەۋاتاتتى. ② يانتۇ يۈزنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىزلىك پەرقىنىڭ گورىزونتال ئارىلىققا بولغان نىسبىتى.

**ئاتكىرىتكا** ئى [ر] بىر تەرىپىگە سۈرەت چۈشۈرۈلگەن، سالام خەت، تەكلىپ ۋە تەبرىكنامىلار يېزىشقا ئىشلىتىلىدىغان كارتا: تاملارغا ئاجايىپ گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرى چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك سۈرەتلەر ئېسىپ قويۇلغان، ئاتكىرىتكىلار قاتار مىخلاپ قويۇلغانىدى.

**ئاتلاتماق** «ئاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېتىمنى ئېرىقتىن ئاتلىتىپ ئۆتتۈم. * مەكتەپ مۇزاكىرە قىلىپ خالىدەمنىڭ ئۈچىنچى سىنىپتا ئوقۇسا، يېتىشىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ سىنىپ ئاتلاتتى.

**ئاتلاشماق** «ئاتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر توپ كىچىك بالىلار مەكتەپ ئالدىدىكى ئېرىقچىدىن ئاتلىشىپ ئويناۋاتاتتى.

**ئاتلام** مىق س. ئاتلىغاندا ھاسىل بولغان ئىككى پۇت ئارىسىدىكى ئارىلىق: بىر ئاتلام ئارىلىق. * ئۆستەڭنىڭ كەڭلىكى ئىككى ئاتلام كېلىدۇ.

**ئاتلامبەرگەن** ئى [ئاتلام+بەرگەن] دىئال. <زوئول> ← **تۆمۈرتىرناق.**

**ئاتلانتىك** سۈپ [ر<لات] <جۇغ> ← **ئاتلانتىك ئوكيان.**

**ئاتلانتىك ئوكيان** <جۇغ>ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىنى شىمالىي ئامېرىكا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان، دۇنيادىكى تۆت ئوكياننىڭ بىرى.

**ئاتلاندۇرماق** «ئاتلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن بېرىپ ئاتچىلار بىلەن ئاتلارنى ھەيدىشىپ كېلەي، ئاندىن تاڭ يورۇشى بىلەن بۈگۈن بىر كۈن خامانىنى توختىتاتساقمۇ، بىرنەچچە ئادەمنى ئاتلاندۇرۇپ، بالىنى ئىزدەيلى. * خىزمەت دۆلىتىنىڭ كادىرى ئېلىيۇۋ بىر قىسىم يارامىلىق كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تېرىقچىلىققا ئاتلاندۇردى.

**ئاتلاندۇرۇلماق** «ئاتلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاتلانماق** پ ① ئاتقا مىنمەك: ئۇلار ئاتلىق كەلگەن، ئۇلار بىلەن بىرىنچى دۆلىتىنىڭ ئەزالىرىمۇ ئاتلىنىپ بىللە كېلىشكەنىدى. ② كۆچمە. بىرەر جايغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلانماق، ھازىرلانماق: ھازىر ئالدىنقى سەپتە كۈرەش قىزىماقتا، مەن پات يېقىندا بۇ مۇقەددەس جەڭگە ئاتلىنىمەن. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشنى قىلىشقا تەييارلانماق، ھازىرلانماق: ــ بىز ئەزالار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئەكىلىشكە ئاتلىنىمىز، ــ دېدى سابىر ھاكىمغا.

**ئاتلېتكا** ئى [ر<گرېك] <تەن> كۈچ ۋە چاققانلىق تەلەپ قىلىدىغان ھەم ئۇلارنى كامالغا يەتكۈزىدىغان ئىسپورت مەشقلىرىنىڭ يىغىندىسى: يېنىك ئاتلېتكا. * 1986-يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقىسىدا شىنجاڭ دۆيى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

**ئاتلىتىلماق** «ئاتلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاتلىق I** ① سۈپ. ئېتى بار، ئاتقا ئىگە، ئات قوشۇلغان: ئۇنىڭ بۇندىن بىرنەچچە يىل بۇرۇنلا، ئات توگۇل بىر تال توختىسىمۇ يوق ئىدى. مانا ھازىر ئۇ دۆلدۆلدەك ئىككى ئاتلىق بولۇپ قالدى. * كېتىپ بارىمەن ئاتلىق ھارۋىدا، بولۇشقا يېزا ئىشقىدا پىدا. ② سۈپ. ئات مىنگەن: ئاتلىق قىسىم. ئاتلىق تۈمەن. * تۇيۇقسىز ياقاق دەرىخى ئالدىدا ئۈچ ئاتلىق كىشى كۆرۈندى. * ئۇلار نىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىۋاتقان ئالا ئاتلىق كىشى ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇراتتى. ③ رەۋ. ئات مىنىپ، ئات مىنگەن ھالدا، ئات بىلەن، ئات ئۈستىدە: ئاتلىق ماھارەت كۆرسەتمەك. ئاتلىق ھۇجۇمغا ئۆتمەك. * مەن قاتتىق سوغۇققا قارىماي ئاتلىق يولغا چىقتىم. * ئۇلار ئاتلىق بىرقانچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، راستىنلا بىر چوڭ بازارنى كۆردى. ④ ئى. ئات مىنگەن كىشى: ئاتلىق پىيادىنىڭ ھارغىنىنى بىلمەس (ماقال). * ئوغلاقنى سول تىقىمىغا بېسىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن ئابدۇۋېلى بىر توپ ئاتلىقنىڭ ئارىسىدا قالدى. ⑤ ئى. ئاتقا خاس خۇسۇسىيەت، ئاتقا خاس ئالاھىدىلىك: ئاتنىڭ ئاتلىقى باردۇر، ناۋاتنىڭ تاتلىقى باردۇر.

**ئاتلىق ئەسكەر** <ھەرب> ئاتلىق ئۇرۇش قىلىدىغان ئەسكەر، «ئاتلىق قىسىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاتلىق ئەسكەر مىلتىقى** ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىشلىتىدىغان مىلتىق، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تۈزۈلۈشى پىيادە قىسىملار ئىشلىتىدىغان ئادەتتىكى مىلتىقنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما قىسقا، ئېتىش مۇساپىسى ئادەتتىكى مىلتىقنىڭكىگە يەتمەيدۇ.

**ئاتلىق تۈمەن** <ھەرب> ئات مىنىپ جەڭ قىلىدىغان، ئاتلىق ھەرىكەت قىلىدىغان

تۇر ۋە كۆپ تۇر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، مۇسابىقىدا بەلگىلەنگەن ھەرىكەت ۋە ئۆزى تاللىۋالغان ھەرىكەتلەر ئورۇندىلىدۇ.

**ئاتلىق چارلىغۇچى** <ھەرب> چارلاش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ئاتلىق ئەسكەر.

**ئاتلىق ماھارەت كۆرسىتىش** <تەن> جەۋەندازلىق تەنھەرىكىتىنىڭ بىر تۈرى، يەككە تۇر ۋە كۆپ تۇر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، مۇسابىقىدا بەلگىلەنگەن ھەرىكەت ۋە ئۆزى تاللىۋالغان ھەرىكەتلەر ئورۇندىلىدۇ.

**ئاتلىق II** سۈپ. ئىسىملىك، ناملىق، ئىسمى ياكى نامىغا ئىگە بولغان: .... دەپ ئاتىلىدىغان: داۋانچىڭنىڭ يولى قاتتىق تاۋۇزى تاتلىق، داۋانچىڭدا بىر يارىم بار قەمبەرخان ئاتلىق. * بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەردە ھەسەن ئىسىملىك بىر كەمبەغەل ماشىنچى بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئالاھىدىن ئاتلىق بىرلا ئوغلى بار ئىكەن.

**ئاتلىماق** پ ① دەسسىمەي ئىككى پۇت ئارىسىدا قالدۇرۇپ ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتمەك، ئارتىلىپ ئۆتمەك؛ سەكرىمەك: ئۇ سول تەرەپتىكى يان ئۆينىڭ تاش سۇپىسىغا چىقىپ، بوسۇغىدىن ئاتلاي دەپ تۇرۇشىغا، سول تەرەپتىكى تۆر ئۆينىڭ دېرىزىسى يېنىدىن بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. * سوپىيەم سۇدىن ئەمدىلا چىقىپ كېيىنىشكە باشلىۋىدى، قەيەردىندۇر قارىياغاچقا پەيدا بولغان بىر سېغىزخان شاختىن ـ شاخقا ئاتلاپ ۋە مارىلاپ، خۇددى زاڭلىق قىلىپ كۈلگەندەك قىق ـ قىقلاشقا باشلىدى. ② قەدەم ئالماق، قەدەم تاشلىماق: ئاياغ ئاتلىمسا، باش يۈگۈرمەيدۇ (ماقال). * ئۆيدىن چىقىپ ئەمدى قەدەم ئاتلىشىغا ئارقامدىن بىرى تۇۋلاپ قالدى. ③ قالدۇرۇپ، تەگمەي ياكى مەلۇم قىسمىنى تاشلاپ ئۆتۈپ كەتمەك: ناھىيە ئاتلاپ ئوقۇماق. سىنىپ ئاتلىماق. * مەن خەتنى ئاتلاپ ئوقۇدۇم، خەتنىڭ ئاخىرىدا ئاجايىپ سۆزلەر بار ئىدى. * كائۇتسكىنىڭ «قارشى پارتىيە» مەسىلىسىگە ئاتلاپ كېتىشى ئۇنىڭ دەل

ئىنقىلاب نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ئورنىغا ئاغمىچىلىق نۇقتىئىنەزىرىنى قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ④ ئېشىپ ئۆتمەك: ياۋۇز تەختىنى گۇم ئەيلەپ، داۋانلار ئاتلىغان باتۇر، بېشىغا ياغدى يامغۇردەك، چىداپ بولماس ھاقارەتلەر.

**ئاتلىنىشماق** «ئاتلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇلارمۇ دەرھال ئاتلىنىشتى.

**ئاتما** سۈپ. ئاتىدىغان، ئېتىلىدىغان: ئاتما توپ. ئاتما نەيزە.

**ئاتماق** پ ① قولىدىكى نەرسىنى شىلتىپ يىراققا ياكى مۆلچەرلەنگەن يەرگە تاشلىماق؛ ئىرغىتماق: توپقا قاراپ تاش ئاتما (ماقال). * تاش ئاتقانغا ئاش ئات (ماقال). * بىرقانچە ئۇششاق بالىلار مېنى تۇتۇۋېلىپ، ئاسمانغا ئېتىپ ئويناپ، ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا ئازلا قالغانىدى. ② شىددەت بىلەن بىرەر يەرگە تاشلىماق، تاشلانماق: شۇ گەپ بىلەن تەڭ، مەشرەپ كېمىنىڭ قۇيرۇقىدىن ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى. * ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان مەريەم «ئاكا» دېگىنىچە زاكىرجاننىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. * ئۇ پۇلنى ئالدىمغا ئېتىپ، ھەممىسنى تولۇق بېرىشكە قىستىدى. ③ يېمەك، ئىچمەك، چەكمەك (يېمەك-ئىچمەك، تاماكا ھەققىدە): ئىككىمىز ئوخشىغان پولۇنى قىزىقلىقىغا قارىماي، خىلىلا تەلەپچان بولۇپ قالغان ئاشقازانلىرىمىزغا «تۆگە تاپىنى» قىلىپ غەيرەت بىلەن ئېتىشقا باشلىدۇق. * ئۇ بىر رومكا ھاراقنى بىراقلا ئاغزىغا ئاتتى-دە، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپمۇ قويماي جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. * قاسىم ئاخۇن بىر چېكىم ناسنى چاققانلىق بىلەن ئاغزىغا ئاتتى-دە، غودۇڭشىغىنىچە تالاغا ماڭدى. ④ كۆچمە. چىقارماق، يايماق، ئاچماق، ئېچىلماق: چېچەك ئاتماق. * گۈل بولۇپ چېچەك ئاتتىم دەۋرىمىز باھارىدا، تۆگمەس بەخت تاپتىم، گۈلچەندەك زامانىدا. ⑤ تىتماق، پارچىلىماق: پاختا ئاتماق. يۇڭ ئاتماق. * ئالتە ئاي ئاتقان پاختام بىر چاپانغا يەتمەپتۇ (ماقال). ⑥ پارتلاتماق: تاغ ئاتماق. پوجاڭزا ئاتماق. * ھاشىم قاسىم ئۈچ يىل تاغ ئاتقۇچىلارنىڭ دورىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنىدى. ⑦ كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ چىقارماق، ئۆرلىمەك: قادىر ناخشا كېلىۋاتقان ياققا — قۇياشنىڭ سېخىي نۇرلىرىدىن كۈمۈشتەك پارقىراپ، دولقۇنلار ئۈستىگە دولقۇنلار ئېتىپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. * ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان خۇاڭخې، چاڭجياڭ دەريالىرى مەرۋايىت ئۈنچىلىرى چاچرىتىپ پەلەككە دولقۇن ئاتماقتا. ⑧ ئۇرماق، تەگكۈزمەك: پۇت ئاتماق، پەشۋا ئاتماق. * مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئەتە-ئۆگۈن سەن بىلەن ماڭمۇ مۇشت ئاتىدىغان بولىدۇ... ⑨ بىرەر قورال ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئوق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى چىقارماق، ئۇزمەك: ئاتالمىغاننىڭ ئوقى ئالتە غۇلاچ كېتەر (ماقال). * دۈشمەننىڭ ماتورلۇق كېمىسى يەنە بىرپەس پىلىموت ئاتقاندىن كېيىن، بۇ ياقتىكى قومۇشلۇققا كەلدى. ⑩ بىرەر قورال ۋاسىتىسى ئارقىلىق يارىلاندۇرماق، شىكەستلەندۈرمەك؛ ئۆلتۈرمەك: ئاتىسى ئاتمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ تۆگكۈزنى (ماقال). * دادامنى ئۇلار ئېتىۋەتكەن. ⑪ مىدىرلاتماق، ئويناتماق: ئالمىلىق باغقا كىرىپ، ئالما ئاتقان قارا كۆز، تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ، قاشنى ئاتقان قارا كۆز. * شۇ ئۈمىدىنىڭ كەينىدىن كىمگە، قاچان قاش ئاتتىم، شوخلۇق قىلىپ مارىلاپ، قايسى تامدىن تاش ئاتتىم؟. ⑫ يورۇماق، سۈزۈلمەك: قادىر يېتىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن تاڭ ئاتتى.

**ئاتموسفېرا** ئى [ر<گرېك] يەر ۋە باشقا بەزى پىلانېتلارنى ئوراپ تۇرغان گازسىمان جىسىم.

**ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمى** <مېتېئور> ئاتموسفېرا ئوتتۇرىچە ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈنلەي ستاتىستىكا ئۇسۇل بىلەن تەسۋىرلىنىشىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**ئاتموسفېرا بېسىمى** <مېتېئور> ئاتموسفېرانىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ھاسىل بولغان بېسىم.

**ئاتموسفېرا فىزىكىسى** <مېتېئور> مېتېئورو-لوگىيىنىڭ بىر تارمىقى، ئاتموسفېرادىكى فىزىكىلىق ھادىسىلەرنى، فىزىكىلىق جەريان ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئاتموسفېرا قاتلىمى** <مېتېئور> ← **ئاتموسفېرا.**

**ئاتموسفېرا قالايمىقان ئېقىمى** <مېتېئور> ئاتموسفېرادىكى ھاۋا ئېقىمىنىڭ قانۇنىيەتسىز ھەرىكىتى: ئاتموسفېرا قالايمىقان ئېقىمى ئېنېر-گىيە، ھەرىكەت، پار، چاڭ - توزانلارنى يەتكۈزۈپ بېرىشتە مولېكۇلىلارنىڭ ئىسسىقلىق ھەرىكىتىدىنمۇ كۈچلۈكرەك رول ئوينايدۇ.

**ئاتموسفېرا قوچۇلۇشى** <مېتېئور> ئات-موسفېرا مۇقىم ھالىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىقا ئۇچرىشى ياكى قالايمىقانلىشىشى.

**ئاتموسفېرانىڭ سۇندۇرۇشى** <مېتېئور> ئاتموسفېرانىڭ ئاسمان جىسىملىرى رادىئاتسىيە سىزىقىغا بولغان سۇندۇرۇش تەسىرى.

**ئاتموسفېرا ھەرىكەت مەركىزى** <مېتېئور> كەڭ دائىرىلىك ھاۋا رايى ياكى كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدىغان مەڭگۈلۈك ياكى يېرىم مەڭگۈلۈك يۇقىرى، تۆۋەن ھاۋا بېسىمى سىستېمىسى؛ دائىم بەلگىلىك رايوندا پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئورنى، كۈچلۈكلۈكى ۋە دائىرىسى پەسىل ئالمىشىشىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

**ئاتموسفېرا ئۇزۇن دولقۇنى** <مېتېئور> ئوتتۇرا يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا غەربتىن شەرققە قاراپ ھەرىكەتلىنىدىغان، دولقۇن ئۇزۇنلۇقى نىسبەتەن ئۇزۇن بولغان دولقۇن.

**ئاتمىپتىكا** ئى [ر] <سۇ> دېڭىز يۈزى تەكشىلىكىدىن ياكى باشقا نورمال تەكشىلىكتىن بىر نۇقتىغا ياكى بىر جىسىمغىچە بولغان ئېگىز-

ئارلىق.

**ئاتمىش** سان. ئوننىڭ ئالتە ھەسسىسى قوشۇلۇ-شىدىن ھاسىل بولغان سان.

**ئاتمىشىنچى** سان. تەرتىپ ئورنى 60 رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن 59 دىن كېيىن، 61 دىن بۇرۇن تۇرىدىغان: 60 - يىللار. 60 - ئورۇندۇق.

**ئاتوم** ئى [ر<گرېك] <فىز> خىمىيىلىك ئېلېمېنتنى ھاسىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك زەررىچە، شۇنداقلا ماددىلارنىڭ خىمىيىلىك رېئاكسىيىگە كىرىشتىكى ئەڭ تۆپكى زەررىچە بولۇپ، ئۇ مۇسبەت زەرەتلىك ئاتوم يادروسى ۋە ئاتوم يادروسىنى ئايلىنىپ ھەرىكەتلىنىدىغان ئېلېكترونلاردىن تەشكىل تاپىدۇ؛ ھەر خىل ئاتوملارنىڭ ماسسىسى، چوڭ - كىچىكلىكى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى ئۆزئارا ئوخشاشمايدۇ.

**ئاتوم بومبىسى** <ھەرب> يادرو قوراللىرى-نىڭ بىر خىلى، ئۇران، پلۇتونىي قاتارلىق-لارنىڭ ئاتوم يادروسى پارچىلانغاندا ھاسىل بولىدىغان ئاتوم ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ قىرىش، خاراب قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدى-غان قورال، پارتلىغاندا زەربە دولقۇنى نۇر رادىئاتسىيىسى ۋە رادىئوئاكتىپلىق بۇلغىنىش پەيدا قىلىدۇ.

**ئاتوم رېئاكسىيە قازىنى** <فىز> ئۇران، پلۇتونىي قاتارلىق رادىئوئاكتىپ ئېلې-مېنتلارنىڭ ئاتوم يادروسىنى پارچىلاپ ئاتوم ئېنېرگىيىسىگە ئېرىشىش قۇرۇلمىسى؛ بۇنىڭ قانۇنىيىتى ئۇران، پلۇتونىي قاتارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتوم يادروسىنى نېيترون بىلەن پارچىلاپ، زەنجىرسىمان رېئاكسىيە سادىر قىلىپ، زور مىقداردىكى ئېنېرگىيە چىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇ يەنە «يادرو رېئاكسىيە قازىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**ئاتوم سائىتى** <ئاستر> ئاتوم ئېنېرگىيىسىنىڭ دەرىجىلىك ئاتلاش جەريانىدا بەلگىلىك چاستوتىدىكى ماگنىت دولقۇنلىرىنى قوبۇل قىلىش ياكى چىقىرىشى بىلەن، ئاشۇ چاستوتىلار ئارىلىقىدىكى ۋاقىتنى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپ ۋاقىت ھېسابلايدىغان ئاپپارات.

**ئاتوم فىزىكىسى** <فىز> فىزىكىنىڭ ئاتومنىڭ تۈزۈلۈشى، ئۇنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**ئاتوم قوراللىرى** <ھەرب> ← **يادرو قوراللىرى**.

**ئاتوم قىممىتى** <خىم> بىرەر ئاتوم ياكى ئاتوملار گۇرۇپپىسىنىڭ باشقا ئاتوملار بىلەن بىرىكەلىشىدىكى قىممەت. «ۋالېنت»قا قاراڭ.

**ئاتوملار گۇرۇپپىسى** <خىم> ھەر خىل ئاتوملارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان گۇرۇپپا، بىرىكمە ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، لېكىن رېئاكسىيە جەريانىدا بىرەر ئىئونغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ.

**ئاتوملۇق كرىستال پەنجىرىسى** <گېئول> پروتونلار ئارىسىدا ئاساسەن باغلىنىدىغان كرىستال پەنجىرىسى، ئاتوملۇق كرىستال چاقمىقىغا ئىگە بولغان كرىستاللارنىڭ ئادەتتە قاتتىقلىقى بەك يۇقىرى، سۈزۈك، ئېرىش نۇقتىسى يۇقىرى بولىدۇ؛ قاتتىق ياكى سۇيۇق ھالەتتە توك ئۆتكۈزمەيدۇ.

**ئاتوم ماسسىسى** <خىم> ھەر خىل ئېلېمېنت ئاتومىنىڭ نىسپىي ماسسىسى، ئاتومىنىڭ ماسسىسى ئىنتايىن كىچىك، ماسسا سانى 12 بولغان كاربوننىڭ ئاتوم ماسسىسى 12 قىلىپ بېكىتىلگەن، ئۇنىڭ بىلەن باشقا ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتوم ماسسىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ خىل نىسپىي ماسسا قىممىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**ئاتوم نەزەرىيىسى** <خىم> ماددا ئاتوم دەپ ئاتىلىدىغان زەررىچىلەردىن تەركىب تاپىدۇ، ئاتوم ماددىلار پارچىلىنىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى دەپ قىياس قىلىدىغان نەزەرىيە «ئاتوم نەزەرىيىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئاتوم نومۇرى** <خىر> ئېلېمېنت ئاتومىنىڭ يادروسى سىرتىدىكى ئېلېكترون سانىنى ئاساس قىلىپ بەلگىلەنگەن، ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلىدىكى ئېلېمېنت ئاتوملىرىنىڭ رەت نومۇرى.

**ئاتوم ۋاقتى** <ئاستر> ئاتوم ئىچكى ئېنېرگىيىسىنىڭ دەرىجىلىك ئاتلاش جەريانىدا چىقارغان ياكى قوبۇل قىلغان ماگنىت دولقۇنى، چاستوتىسى ئىنتايىن تۇراقلىق بولىدۇ، مۇشۇ چاستوتىنىڭ ۋاقتى ئۆلچەم بىرلىكى قىلىنىپ ھېسابلانغان ۋاقىت، ئاتوم ۋاقتى بولىدۇ.

**ئاتوم ئېنېرگىيىسى** <فىز> ئاتوم يادروسىدا پارچىلىنىش ياكى توپلىنىش ھادىسىسى يۈز بەرگەندە قويۇپ بېرىلىدىغان ئېنېرگىيە. ئاتوم ئېنېرگىيىسى سانائەت ۋە ھەربىي ئىشلاردا كەڭ پايدىلىنىلىدۇ.

**ئاتوم يادروسى** <فىز> ئاتومنىڭ پروتون بىلەن نېيتروندىن تەشكىل تاپقان مەركىزىي قىسمى. ئاتوم يادروسى تەركىبىدىكى پروتون ۋە نېيتروننىڭ سانى ئوخشاشمايدۇ. ئاتوم يادروسىنىڭ بەزىلىرى تۇراقلىق، بەزىلىرى تۇراقسىز بولىدۇ. تۇراقسىز ئاتوم يادروسى نۇر تارقىتىدۇ ھەمدە يېمىرىلىپ باشقا بىر خىل ئېلېمېنتنىڭ ئاتوم يادروسىغا ئۆزگىرىدۇ.

**ئاتۇش** ئى. يۇرت ئىسمى.

**ئاتۇش چۆپى** <يېم> ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ بىر تۈرى، توخۇم قوشۇپ يۇغۇرۇلغان

خېمىر ئالقاننىڭ يېرىمىدەك ئۇزۇنلۇقتا، ئۈچ قولدەك كەڭلىكتە كېسىلىپ سۇدا پىشۇرۇلىدۇ، زەنجىۋىل، كاۋاۋىچىن سېلىپ پىشۇرۇلغان گۆش ۋە سەۋزە ئۇششاق قىيما قىلىپ توغرىلىدۇ، قىيمىغا شورپىدا پىشۇرۇلغان پىياز، سامساق، قارىمۇچ، تۇز ئارىلاشتۇرۇلۇپ چۆپنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ ۋە ئۈستىگە مەلۇم مىقداردا شورپا قويۇلۇپ ئاندىن ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ.

**ئات - ئۇلاغ** ئات ۋە شۇ قاتاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ھايۋانلىرى: بىزمۇ ئات - ئۇلاغلىق بولۇپ قالدۇق. * قاراڭلار، ئىلى دەرياسىغا كەلگۈن نېمىدېگەن كۆپ كەلگەن! ھەر يىلى بۇ يەردە بىرقانچە ئادەم، ئات - ئۇلاغ دەرياغا چۆكۈپ ئۆلىدۇ.

**ئاتۋاز** سۈپ. ئاتخۇمار، ئاتقا ئامراق: ئاتۋاز ئادەم. * بۇ ئادەم ئۇزۇندىن بويان ئاتۋاز ئىدى.

**ئاتېبرىن** ئى [ئىنگ <نېم] <تېپ> كۈيناكرىن گىدرۇخلورىدنىڭ دورىلىق نامى، بەزگەككە داۋا بولىدىغان، تەمى ئاچچىق؛ سېرىق رەڭلىك كرىستال پاراشوك.

**ئاتېئىزم** ئى [ر<فران] <پەلس> دىنني ئېتىقادلارنى رەت قىلىش كۆز قارىشى؛ خۇداسىزلىق: ئاتېئىزم تەربىيىسى. * ئىسلامىيەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان كەڭ رايونلاردا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىر داۋامىدا پەن بىلەن خۇراپاتنىڭ، ئاتېئىزم بىلەن دىننىڭ كۈرىشى داۋام قىلغان.

**ئاتېئىزملىق** سۈپ. ئاتېئىزمغا ئائىت، ئاتېئىزم روھىدىكى، دىنغا قارشى: ئاتېئىزملىق تەربىيە.

**ئاتېئىست** ئى [ر] ئاتېئىزم تەرەپدارى؛ دەھرىي، دىنسىز كىشى.

**ئاتېئىستلىق** ئى. دىنسىزلىق، دەھرىيلىك، دىنغا قارشىلىق: ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى، دىنني ئەكسىيەتچىلىكنىڭ شەپقەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن مۇنداق ئاتېئىستلىق پىكىرلەر پەقەت مەلۇم نىقابلانغان فورمىدىلا ئىپادىلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

**ئاتىدارچىلىق** ئى. ئاجىز، يېتىم - يېسىر، تايانچىسىز كىشىلەرگە قىلىنىدىغان غەمخورلۇق؛ يار - يۆلەك، تايانچ، كۆيۈنۈش: بىز بۇ ياققا ماڭىدىغان چاغدا دادىسى ئۇنى ئاشۇ تاغىسىنىڭ ئاتىدارچىلىقىغا قالدۇرغانىدى.

**ئاتىدارچىلىق قىلماق** يار - يۆلەك بولماق، غەمخورلۇق قىلماق، كۆيۈنمەك: دەرۋازىغا «بۇ ھويلىنىڭ ئىگىسى مۇساپىرلارغا دوست ۋە غېرىبلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر» دېگەن خەت يېزىلغانىكەن. * پەررۇخ «قازى ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلدى» دەپ خۇشال بولۇپ دۇئالار قىلىپتۇ.

**ئاتىكاچى** سۈپ. ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق؛ مەنمەنچى: «ئۆزەڭمۇ تازا ئاتىكاچى بىرنېمە ئىكەنسەن، — دېدى پاتىمە سەمەتكە بۇرۇلۇپ، — سانىماي سەككىز دېمە».

**ئاتىكاچىلىق** «ئاتىكاچى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ باشقىلارنىڭ سۆزلىرى تۈگەتۈگىمەيلا سۆز قىستۇرۇپ ئاتىكاچىلىق بىلەن سۆزنى تارتىۋالىدىغان بىر خىل تەتۈر مىجەزلىك ئادەم بولۇپ يېتىلمەكتە ئىدى.

**ئاتىكاچىلىق قىلماق** ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىۋالماق؛ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماق، مەنمەنچىلىك قىلماق: مېنىڭ سۆزۈم تۈگىگىچىلا ئۇ، ئاتىكاچىلىق قىلىپ سۆزۈمنى بۆلۈۋەتتى. * ئىدرىس باشقىلارنىڭ ئاتىكاچىلىق قىلىشىنى، ئۆزىگە ساۋاق بېرىشىنى يامان كۆرىدۇ.

**ئاتىلا** ئى. قىچا ئۇنىنى ياغ بىلەن قورۇپ، ئۈستىگە سۇ قويۇپ پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك.

**ئاتىلارچە** رەۋ. ئۆز ئاتىسىدەك، ئۆز ئاتىسى ئورنىدا؛ ئاتىسىغا ئوخشاش: مەن توختىنىڭ باللىرىغا ئاتىلارچە غەمخورلۇق قىلىپ، ئىسىناق

www.uyghurkitap.com

بولۇپ يۇرۇشىنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا قىلغان گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ بالىلىق چاغلىرىمىزدىكى بىر ۋەقەنى ئەسلەپ كەتتىم. * بىر چاغلاردا ناۋاتخانىنىڭ يۇرەك يېرىپ ئىزھار قىلغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى بىلەن سەيدىن قارىينىڭ ئاتلارچە ۋەدە قىلغان مېھىر ـ شەپقىتى كۆڭۈللەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا كۆپۈككە ئايلىنىپ تۈگىدى.

**ئاتلىق** ① سۈپ. ئاتىسى بار، ئاتىسى ھايات: ئاتلىق ئوغۇل ــ خوجىلىق قۇل (ماقال). * ئاتىلىقلار ئاتام دېسە قۇيۇلدى يېشىم، ئانىلىقلار ئانام دېسە ئېگىلدى بېشىم. ② ئاتىغا خاس؛ ئاتا بولغۇچى كىشى قىلىشقا ياكى ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان؛ ئاتىغا ئائىت: ئاتلىق بۇرچ. ئاتلىق قەرز. ئاتلىق مېھىر ـ مۇھەببەت. * كېيىن دادامۇ ماڭا قىلىدىغان ئاتلىق ئىلتىپاتلىرىنى بىردىنلا ئۈزۈپ قويدى. ③ <بوت> ئۆسۈملۈكنىڭ چاڭدان ۋە گۈل يېپىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىدىن تۈزۈلگەن كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ ئاتلىق قىسمى. ئاتلىق يېتىلگەندىن كېيىن چاڭدان يېرىلىپ گۈل چاڭلىرى توزۇپ چىقىدۇ.

**ئاتلىق تۈزۈمى** باشلانغۇچ كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ ئانىلىق تۈزۈمىدىن كېيىنكى بىر باسقۇچى. بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ئىش تەقسىماتىدىن كېيىن ئەرلەر ـ ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي باشقۇرۇش ئورنىغا ئۆتىدۇ. جۈپ نىكاھ تۈزۈمىنى باشلايدۇ. ئاتلىق تۈزۈمىنىڭ تەسىرى سىنىپىي جەمئىيەتتە ئۇزاق مۇددەت ساقلانغان.

**ئاتلىقسىز كۆپىيىش** <بىئول> جىنسلىق كۆپەيمىگەن بەزىبىر ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەردە تۇخۇمنىڭ ئۇرۇقلانمايلا ئەۋلاد يېتىلدۇرۇش ھالىتى. مەسىلەن: ھايۋانلاردىكى يوپۇرماق پىتىنىڭ ئامىتالىرى ئالماشماستىنلا كۆپەيـ-

يىشى، ئۆسۈملۈكلەردىن تەرخەمەكنىڭ تۇزانلانماستىن ئۇرۇقلىنىپ مېۋە بېرىشى قاتارلىقلار.

**ئاتلىق سىستېمىسى** <بىئول> چېتىلىشىشقا قاتنىشىدىغان ئاتلىق تەنە.

**ئاتلىق گۈل** <بوت> بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پەقەتلا ئاتلىقى بار بولغان، مېۋە بەرمەيدىغان تاق جىنسلىق گۈلى. مەسىلەن: كاۋىدا ئىككى خىل گۈل بولىدۇ: بىرى، مېۋىلەيدىغان ئانىلىق گۈل، يەنە بىر خىلى ئېچىلىپ بولۇپ توزۇپ كېتىدىغان ئاتلىق گۈل.

**ئاتماق I** پ. ئات قويماق، نام بەرمەك، ئادەمنىڭ ياكى نەرسىنىڭ نامىنى دېمەك: كىشىلەر ئۇنى «ئەۋلىيا ئاتا» دەپ ئاتايدۇ. * بىز ھەممىمىز ئۇنى «خانىم» دەپلا ئاتايمىز، چوڭ ـ كىچىك، پىششىق ـ تۇڭ ھەممىسى ئاشۇنداق ئاتاۋېرىدۇ. * ھېلىقى كىشى دادامنى، ئاپامنى ۋە ھەتتا كىچىك ئاپامنى بىر ـ بىرلەپ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ سورىدى.

**ئاتماق II** پ ① بېغىشلىماق، تەقدىم قىلماق، بەرمەك: ھەي، زېرەك باتۇرۇم، سىزنىڭ ئۆز جېنىڭىزنى كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا ئاتىغانلىقىڭىزغا قايىلمەن. * ئاۋۇ قويدىن بىرەرىنى ئاتىۋەتسىلىمۇ بولىۋېرىدۇ. بۇنداق قىلسىلا قان ئېقىتىپ كاتتا نەزىر بەرگەن بىلەن باراۋەر بولىدۇ، ــ دېدى باخشى ھېچ قىزارماستىن. ② كۆڭلىگە پۈكمەك، نىيەت قىلماق: ــ قانداق، كىچىك ئاخۇن، سېتىپ بېرىشكە ئاتىغىنىڭىزنى چىقارمامسىز؟ ــ دېدى ھۇشۇر ھامۇت. * ئۇ 70 ياشلار چامىسىدىكى ياشانغان بىر كىشىنىڭ يانتاق باسقان بىر هارۋىنى يېتىلەپ، كوچىدا ئۇچرىغان كىشىلەرگە: ــ قېنى ئېلىپ قويۇشسىلا، ئاتىغانلىرىنى بېرىشسىلە؛ مەن كېتىۋالاي، ــ دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ③ **تەييارلىماق، تەييار قىلماق**: يىللار مەيدىگىنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە، ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى، قېرىتمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە، ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.

**ئاجايىبات** ئى [ئە] كىشلەرنى ھەيران قالدۇردىغان، غەيرىي كۆرۈندىغان نەرسىلەر ياكى ۋەقە-ھادىسلەر: -شۇنداق ئاجايىباتلار ئىچىدە ئەمدىكى ئىشلەنگۈسى نەرسىلەرنىڭ ياڭزا-فورمىلىرى، مىقدارى ۋە مانجىسى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقانلىرىدا ئىشىكتىن ئادەم شەپىسى كەلدى.

**ئاجايىپ** [ئە] ① سۈپ. ناھايىتى قىزىق، كىشىنى ھەيران قالدۇردىغان، تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان، قىزىقارلىق: ئوغلىدىن بۇ ئاجايىپ ۋەقەنى ئاڭلىغان قاسماخۇن ئۇستامنىڭ شادلىقىدىن ئۇدا بىرقانچە كېچەكچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. * مىڭەمگە بىر پىكىر كەلدى، — دەپتۇ سۇلتان ۋەزىرگە، — كەچ بولۇش بىلەن بۇ ئاجايىپ سىرنى ئۆزەم تەكشۈرىمەن. * ئاجايىپ تارىخنىڭ باردۇر، پۈتۈلگەن قۇرلىرى زەردىن، سېخىي، مەردانىسەن خەلقىڭ كۈرەشچان، پالۋان يۇرتۇم. ② سۈپ. غەيرىي، غەلىتە، باشقىچە: — مانا ئەمدى سىزنى ئويلىساملا ئاجايىپ بولۇپ قالىمەن، — دېدى زەينەپ كامالنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ. ③ سۈپ. ناھايىتى ياخشى، قالتىس، پەيزى؛ ياشلىق — ئاجايىپ چاغ. * بىلەمسەن، ھەي ئاداش، شۇ تۇرقىدا بىر ئاجايىپ قىز سېنىڭ ئۈچۈن تولغىنىپ ئۇخلىيالمايۋاتىدۇ. ④ رەۋ. ناھايىتى، ئىنتايىن، تولىمۇ، خويمۇ، بەك: ئۇنىڭ ئاجايىپ ھەۋىسى كېلەتتى. * يازغۇچىلار ئۇرۇش، ئەمگەك، مۇھەببەت تېمىلىرى ئۈستىدە ئاجايىپ قىزىقارلىق، جانلىق ۋەقەلەرنى توقۇپ چىقىدۇ.

**ئاجايىپخانا** ئى [ئە+پ] ھەر خىل ھايۋانلار بولۇپمۇ تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى بولغان، بەزىبىر ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋانلارنى بېقىپ، كىشىلەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان ئورۇن: ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا پايپاسلاپ مېڭىشلىرىنى كۆرگەن كىشى بەئەينى بەزى ئاجايىپخانىلاردىكى قۇيرۇقى يوق قارا ئېيىقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

**ئاجايىپ-غارايىپ** ناھايىتى قىزىق، ھەيران قالارلىق، ئالامەت: يېرىم ئەسىردەك ھاياتىمدا نۇرغۇن ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى كۆردۈم. * بۇ ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقە ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. * بۇنىڭدىكى ئاجايىپ-غارايىپلارنى كۆرۈپ بولار ھەيران قېلىشىپتۇ.

**ئاجراتماق** پ ① «ئاجرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېيت ئاخۇن قوچقارنىڭ تېرىسىنى ئاجرىتىپ، ئالما شېخىغا ئاستى. ② پەرقلەندۈرمەك: بۇ شتابقا جايلاشقان قىسىملىرىمىزنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسىنى دۈشمەن پوزىتسىيىسى بىلەن پەقەت «يېڭىھايات» مەھەللىسىنىڭ كوچىسىلا ئاجرىتىپ تۇراتتى. * قاراپ تۇرغان كىشىگە ئۇنىڭ كۆلكىسى بىلەن يىغىسىنى ئاجرىتىۋېلىش تەس ئىدى. ③ خالاس قىلماق، قۇتۇلدۇرماق: بېشىمىزدا دۈشمەنلەر قىلىچىنى ئوينىتار، بۇ دوزاختىن نوزۇگۇمنى قانداق بىر جان ئاجرىتار؟! ④ بىرەر مەقسەت ئۈچۈن ئاتىماق، چىقارماق، بەلگىلىمەك: ب د ت نوپۇس پائالىيىتى فوندى 15 مىليون 6 يۈز مىڭ يۈەن ئامېرىكا دوللىرى ئاجرىتىپ، ئېلىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى نوپۇسنى تەكشۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. * كۈزلۈك يىغىم-تېرىمنى مۇددەتتىن بۇرۇن قولدىن چىقارغاندىلا، ئاندىن قىشلىق سۇ قۇرۇلۇشقا يېتەرلىك ۋاقىت ئاجراتقىلى بولىدۇ. ⑤ ئەھدىنى، نىكاھىنى بۇزماق، مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك: ئۇ قىزىنى 15 يىل ئۆي تۇتقان ئېرىدىن زورلۇق بىلەن ئاجرىتىۋالدى. ⑥ <بىئول> جانلىق ئورگانىزملار تېنىدىكى بەزى ھۈجەيرە، توقۇلما ياكى ئەزالار مەلۇم ئاجرالمىلارنى ئايرىپ چىقارماق.

**ئاجرىتىپ چىقارغۇچى توقۇلما** <بوت> ئۆسۈملۈكلەر تېنىدىكى ئاجرىتىپ چىقىرىش رولىغا ئىگە توقۇلمىلار. مەسىلەن: يېلىم نەيچىسى، سىڭدۈرۈش ئورگىنى قاتارلىقلار.

**ئاجراشتۇرماق** «ئاجراشماق» پېئىلىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتى بۇزۇلغىلى خېلى بولۇپ قالغانىدى، ئۇلارنى سوتتىن ئاجراشتۇرۇۋەتتى.

**ئاجراشتۇرۇلماق** «ئاجراشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ئۇلار نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇلدى.

**ئاجراشچانلىق** ئى <كېئول> مىنېراللارنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى، مىنېرال كرىستاللىرى سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا، مەلۇم كرىستال يۈز يۆنىلىشى بويىچە تەكشى يۈزدە يېرىلىدىغان دائىملىق خۇسۇسىيەت. ئاجراشچانلىقنىڭ مۇقىملىق دەرىجىسى مىنېراللارنىڭ خىلىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ.

**ئاجراشماق** ① «ئاجرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چۆچۈپ كەتكەن ئەر-خوتۇن ئالدىراپ-تېنەپ بىر-بىرىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراشتى-دە، كۆز-ياشلىرىنى ئېرتىشىپ، خىجىل بولغان ھالدا قاسىم ئاكىغا قاراپ زورغا كۈلۈمسىرەشتى. ② ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىن ئايرىلماق، ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك: مەۋلان خوتۇنى بىلەن ئاجراشقىنىغا تېخى بىر ئايمۇ بولمىغانىدى. *— ئۇ كونا ئايالى بىلەن نېمە ئۈچۈن ئاجرىشىپ كەتكەنىكەن، — دەپ سورىدى نۇسرەت.

**ئاجراق** سۈپ ① تۇتاشقان جاي ئايرىلىپ كەتكەن: پۈتى ئاجراق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىلى بولمايدۇ. ② ئى. نەرسىلەرنىڭ ئاجرىلىپ تۇرغان دەزى، يوچۇقى: ياغاچ تۈۋرۈكنىڭ ئاجرىقىدىن سۇ چىڭقاپ چىققىلى باشلىدى.

**ئاجرالماق** ① «ئاجرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى؛ ② پەرقلىنىپ تۇرماق، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرماق، ئايرىلىپ تۇرماق: ۋاقتى كەلگەندە كونىسى، يېڭىسى بولۇپ ھەممىسى چۈۋۈلىدۇ، چۈۋۈمىساق كىمنىڭ نائەھلى، كىمنىڭ نائەھلى ئەمەسلىكى ئاجرالمايدۇ.

③ جۇدا بولماق؛ ئايرىلماق.

**ئاجرىلىپ چىقىش** <خىم> قاتتىق ماددىلارنىڭ ئېرىتمە ياكى گازلاردىن ئاجرىلىپ چىقىشى.

**ئاجرىلىپ كۆپىيىش** <بىئول> جىنسسىز كۆپىيىش ئۇچىدىكى بىر يەككە تەنىنىڭ ئىككى تەڭگە بۆلۈنۈپ كۆپىيىشىدەك ئىپتىدائىي كۆپىيىش شەكلى.

**ئاجراللار** ئى <بىئول> جانلىقلار تېنىدىكى بەزى ھۆجەيرە، توقۇلما ياكى ئورگانلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خىزمىتى بىلەن سىنتېزلاپ ياكى ئاجرىتىپ چىقارغان خىمىيىۋى بىرىكمىلەر.

**ئاجرىتىلماق** «ئاجراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگىنى مۇقاۋىسىدىن ئاجرىتىلغان ئىككى پارچە كونا رومان ئىدى. * بۇ ھەقمۇ ھەربىر مەھەللىگە چۈشكەن ھارۋا سېلىقىدىن يىغىلغان پۇلدىن ئاجرىتىلاتتى.

**ئاجرىماق** پ ① بۆلەكلەرگە، تەركىبىي قىسىملارغا بۆلۈنمەك، پارچىلانماق: ئەندۈۋىنىڭ تۇتقۇچى ئاجراپ كېتىپتىكەن، ئاكام شۇنى تۈزەيمەن دەپ ئىككى سائەت ئاۋارە بولدى. * چاقتىن ئاجراپ يەرگە چۈشتى ئوق، ئىككىلىسىنىڭ رولى بولدى يوق. ② ئايرىلماق، يىراقلاشماق: رەقىب بىزدىن ئاجراپ چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى، ئۇلار گۇدۇڭلاشتى. * تۇيۇقسىزلا ئۇ مېنىڭدىن ئاجراپ دەرۋازىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى... ③ (چىقىش كېلىش بىلەن) يوقاتماق، يىتتۈرمەك، مەھرۇم بولماق: بالىسىدىن ئاجراپ قالغان ئانا ئالدىراپ ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە، ھىسامىدىن ئاكا كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى. *— خوتۇن، مۇشۇ كالىدىن ئاجراپ قالساق ئوقەت قىلىشىمىز تەس بولىدۇ جۇمۇ...، — دەپتۇ بوۋاي.

**ئاجىز** سۈپ [ئە] ① جىسمانىي جەھەتتىن

كۆچسىز، زەئىپ، قۇۋۋەتسىز: ئاجىز ئايال. تېنى ئاجىز. * نەتىجىدە، ئېلى مەكتەپتىكى 500 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئورۇق ۋە ئاجىز، بويىمۇ ھەممىدىن پاكار بولۇپ چىقىپتۇ. * — رەھمەت ئۈكام، مەن ئاجىز قېرىنىڭ تولا ئىشلىرىغا ياردەم قىلدىڭ، بۇ قىلغانلىرىڭغا مەندىن يانمىسا، خۇدايىمدىن يانار، — دېدى كېۋىر ئاخۇن. ② ئامالسىز، ئىلاجسىز، نائىلاج، يار-يۆلەكسىز: ئۇ يالغۇز نىياز پالۋاننى يىقىتقانغا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن خەلقنى ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانغا خۇشال ئىدى. * خوش، ھەق سۆزنى قىلدىم بېگىم، ئاجىز پۇقرانىڭ تەلپىنى يەتكۈزدۈم، ئويلاپ كۆرسىلە، قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ - دە! ③ پەس، بوش، كۈچسىز (ئاۋاز ھەققىدە): قاياقتىندۇ، ناھايىتى ئاجىز يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. * مەتباقنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك ئاجىز چىقاتتىكى ھەتتا يېنىدا تۇرغان ئادەممۇ تەستە ئاڭلايتتى. ④ خىرە، نۇرسىز: چىراغ شۇنچىلىك ئاجىز ۋە غېرىبلىق بىلەن ياناتتىكى، ئۇ گويا، پەقەت ئۆزىنى يورۇتۇش ئۈچۈنلا يېنىۋاتقاندەك ئىدى. * ئاينىڭ ئاجىز نۇرى ئۆي ئىچىگە تۆكۈلۈكتىن چۈشۈپ تۇراتتى. ⑤ كۆرۈش ياكى باشقا جەھەتلەردە ئىقتىدارىنى قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي يوقاتقان، قارىغۇ، كور: جەمىلە يەلكىسىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئىچ كۆڭلىكنى مەيدىسىگە بېسىپ، ئاجىز كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى. * ئېلىمشانىڭ كۆزى ئاجىز...ئىدى. ⑥ سىياسىي، ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، ھەربىي ۋە باشقا جەھەتلەردە ئارقىدا قالغان؛ قالاق، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى يېتەرسىز، كەم: دۆلىتىمىز ئاجىز دۆلەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرنەچچە بەگلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەت. * يەتتىنچى دۆي ئاجىزراق، شۇڭا يەتتىنچى دۆيگە كۆپرەك ياردەم بېرىش كېرەك. ⑦ ئارقىدا قالغان، ناچار، تۆۋەن، يېتەرسىز: — مەكتەپ بويىچە دەرستە ئاجىز ئوقۇغۇچىلارغا ھەر كۈنى مۇشۇ كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا بىرەر سائەت قوشۇمچە ئۆگىنىش قىلىپ بېرىۋاتىمەن.

**ئاجىز ئاساس** <خىم> ئىشقارلىق خۇسۇسىيىتى ئاجىز بولغان، سۇدا ئېرىگەندە ئىنتايىن ئاز مىقداردا گىدروكسىل ئىئونى ھاسىل قىلىدىغان ئاساس. مەسىلەن: ئاممونىي گىدروكسىدى.

**ئاجىز كەلمەك** ① كۈچ-قۇۋۋىتى، مادارى يەتمەي قالماق: ئارقان تارتىشتا ئۇ تەرەپنىڭ كۈچى ئاجىز كېلىپ قالدى. ② چارە-ئامالسىز، ئىلاجسىز قالماق، قولىدىن كەلمەي قالماق: بۇ كىشى بارچە ھېكمەتلەر ئاجىز كەلگەن كېسەللىكىمىزنى داۋالاپ ساقايتتى. ③ جۈرئەت قىلالماسلىق، پېتىنالماسلىق: خىسراۋ: — سۆيگۈڭنىڭ سۆپەتلىرىنى ئىزھار قىل، پەرھات: — ئىسمىنى ئاتاشقا ئاجىز كېلەر تىل. * ۋەزىر پىكىر بېرىشتىن ئاجىز كەپتۇ. سۇلتان كىيىملىرىنى ئۆزگەرتىپ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپتۇ - دە، يولغا چۈشۈپتۇ.

**ئاجىز كىسلاتا** <خىم> كىسلاتالىق خۇسۇسىيىتى ئاجىز، سۇدىكى ئېرىتمىدە ئىنتايىن ئاز مىقداردىكى ھىدروگېن ئىئونىنى ھاسىل قىلىدىغان كىسلاتا. مەسىلەن: سىركە كىسلاتاسى. كاربون كىسلاتاسى.

**ئاجىزە** (ئاجىزەسى) ئى [ئە] ئاجىز ئايال؛ ئايال: ئۇ خەتنى يېزىپ بولۇپ ئاخىرىغا: «ئاجىزەلىرى مەريەم بۇۋى» دەپ يېزىپ قويدى.

**ئاجىزلاتماق** «ئاجىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قۇياش ئاللىقاچان قىيسىيىپ، ئۆتكۈر نۇرلىرىنى ئاجىزلاتقانىدى.

**ئاجىزلاشتۇرماق** «ئاجىزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خاتا قاراش پارتىيە قۇرۇلۇشىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. * ئەپسۇسكى، بۇنداق ئويلار ئوتتۇرا ئەسىر قالدۇقلىرى بولۇپ، ئىرادىنى ئاجىزلاشتۇراتتى.

**ئاجىزلاشتۇرۇلماق** «ئاجىزلاشتۇرماق» پېئى-

لىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ دۈشمەنىنىڭ كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاجىزلاشتۇرۇلدى-دە، بىز دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتتۇق.

**ئاجىزلاشماق** «ئاجىزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چېنىقماستىن غالىبجان، دۈچار بولدى كېسەلگە، بەدەنلىرى بوشىشىپ ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە.

**ئاجىزلاندۇرماق** «ئاجىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاجىزلاندۇرۇلماق** «ئاجىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاجىزلانماق** «ئاجىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاجىزلىشىش** ① «ئاجىزلاشماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسىمداش شەكلى. ② ئى <تىل> كۈچلۈك ئېيتىلىدىغان تاۋۇشلارنىڭ كۈچسىز ئېيتىلىپ، ئۆز تۈسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىشى. مەسىلەن: بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى «ئا»نىڭ «ئې»غا ئاجىزلىشىشى.

**ئاجىزلىق** «ئاجىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مۇكەممەل ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئۆزىدە كۆرۈلگەن ئاجىزلىقلارغا رەھىم-شەپقەت قىلماسلىق لازىم. * «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، شۇ مەزگىلدە ئاپاممۇ نىرۋا ئاجىزلىق كېسىلىگە دۈچار بولۇپ قېلىپ، ئۆيىمىزگە ئاپەت ياغقاندەك بىرنەرسە بولدى.

**ئاجىزلىق قىلماق** ئامال-چارە تاپالماي قالماق، ئاجىز كەلمەك: ئۇ، خەنزۇچە بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىشقا ئاجىزلىق قىلدى. * قىز ئۆزىنىڭ سۆزلەشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، كامىلنىڭ مۇھەببىتىگە قايىل ھەم تەشنا ئىكەنلىكىنى كۆڭۈل سۆزى بىلەن ئىپادە قىلىپ، يىگىتنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى.

**ئاجىزلىماق** پ ① جىسمانىي جەھەتتىن زەئىپلەشمەك، كۈچى، قۇۋۋىتى، ماغدۇرى ئازايماق، ھالسىزلانماق: بەدەندە ئاقسىل ماددىسى ئازلاپ كەتسە، ئادەم ئاجىزلاپ، ھاياتى خەۋپكە يولۇقىدۇ. * ئۇ بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن، كادىرلار ساناتورىيىسىگە ئەۋەتىلدى. * ئىلگىرى بۇ ناھىيە يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، يەر ئوزۇقلۇقسىز ئاجىزلاپ كېتىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولغانىدى. ② پەسلىمەك، بوشىماق، تۆۋەنلىمەك (ئاۋاز ھەققىدە): * باغ ئىچىدىكى ناخشا ساداسى مەھەللىمىزگە يېتىپ كەلگۈچە ھاۋانىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئاران ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە ئاجىزلىغانىدى. ③ خىرەلەشمەك، نۇرسىزلانماق: ئۆي ئىچىدىكى جىنچىراغ ئاجىزلاپ-ئاجىزلاپ، ئاخىر ئۆچۈپ قالدى. ④ كۈچىدىن قالماق، ناچارلاشماق، ئىقتىدارى تۆۋەنلىمەك: راستىنى ئېيتسام كۆزۈم ئاجىزلاپ قالغانمۇ، زادى سېنى تونۇيالمايۋاتىمەن. * مۇكاپاتلاش ئۇسۇلى توغرا قوللىنىلسا، ئوقۇغۇچىلارغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. قالايمىقان تەقدىرلىنىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تەربىيەۋى رولى ئاجىزلايدۇ.

**ئاچ I** ① سۈپ. قورسىقىدا يېگەن نەرسىسى قالمىغان، تاماق يېمىگەن، ئېچىرقىغان: ئاچ قورساق. * ئاچ ئۆيدە قېتىق ئۇيۇماس (ماقال). * تارتىنغان ئاچ قالار (ماقال). * ئەگەر ئاچ كىرسە توق چىقتى، يالىڭاچ تونلۇق ھويلاڭدىن، جاھاندا بارمۇ سەندەك كەڭ قورساق، چوڭ داستىخان يۇرتۇم. ② كۆچمە. قانائەتسىز، شۈكۈر-قانائەت قىلمايدىغان؛ تويماس، ئاچكۆز: ئۇ باي بولغىنى بىلەن ئىنتايىن ئاچ ئادەم ئىكەن، «ھەممە نەرسىنى بىراقلا تېرىپ ھوسۇل ئالىمەن» دەپ، كۆزى تويماي ھەممىدىن قۇرۇق قالدى. ③ كۆچمە. تولمىغان، مۇكەممەل ئەمەس؛ كەم، پۇچەك: ئاچ دان. ئاچ قاپىيە. ④ ئى. ئاچلىق ھالىتى ۋە شۇنداق ھالەتتىكى كىشى: بىر قارىنىم ئاچتىن ئۆلمەس (ماقال). * ئاچ نېمىنى يېمەس، توق نېمىنى دېمەس (ماقال).

**ئاچ قالماق** تاماقسىز قالماق: كىشىنىڭ ئاغزىغا قارىغان ئاچ قالار (ماقال). * ئېلىڭلار،

جانىۋارلار! يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ پەيلىدىن سىلەرمۇ ئاچ قالدىڭلار.

**ئاچ كىرمەك** خۇراپىي چۈشەنچىدە تاماق يەۋاتقان كىشىگە باشقا بىر كىشىنىڭ ئاچكۆزلۈك بىلەن قارىشى نەتىجىسىدە تاماق يەۋاتقان كىشىدە قوسۇش، قورساق ئاغرىش، ئەسنەش قاتارلىق بىر خىل ھالەت يۈز بەرمەك.

**ئاچ II** سۈپ ① قېنىق، توق ئەمەس؛ سۈس (رەڭ ھەققىدە): ئاچ يېشىل. ئاچ سېرىق. ئاچ كۆك. ئاچ قىزىل. * مەشتە چاراسلاپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. قىپقىزىل چوغقا ئايلىنىپ كەتكەن كاناي بىلەن مەشنىڭ يوچۇقلىرىدىن لىپىلداپ چۈشۈپ تۇرغان يورۇق ئۆي ئىچىنى ئاچ قىزىل رەڭگە كىرگۈزگەنىدى. * ئەينەكتىكى قىز ئاچ ھاۋا رەڭ كىيىم كىيگەن، چېچىغا گۈل قىستۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە ناتونۇش بولۇپ كۆرۈنەتتى. ② تولۇق ئەمەس: ئاچ قاپىيە.

**ئاچ سېرىق** قېنىق ئەمەس، سۈس سېرىق.

**ئاچ قاپىيە** <ئە> شېئىرىيەتتە سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئانچە تولۇق بولمىغان سۆز ۋە بوغۇملاردىن تۈزۈلگەن قاپىيە.

**ئاچ قىزىل** قېنىق ئەمەس، سۈس قىزىل.

**ئاچ كۆك** قېنىق ئەمەس، سۈس كۆك.

**ئاچ يېشىل** قېنىق ئەمەس، سۈس يېشىل.

**ئاچا I** (ئا:چا) ئى ① بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئىچىدىكى ئۆزىدىن چوڭ ئايال تۇغقان: پاتەمخان ئاچا. ② ئۆزىدىن چوڭ ئاياللارنى ھۆرمەتلەشتە ئىشلىتىلىدۇ: ئىشىك چېكىشنىمۇ ئۇنتۇپ ھاسىراپ ــ ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلگەن پەرھاتنى گۆھەرنىساخان ئاچا قىزغىن كۈتۈۋالدى.

**ئاچا II** سۈپ. ① بىر گەۋدىدىن ئاجرىلىپ چىققان، بۆلۈنگەن: ئاچا ياغاچ. ئاچا قۇيرۇق. ئاچا يول * قىزلار قايتىپ كېلىشىدە ھېلىقى ئىككى ئاچا يول ئۈستىگە يېتىپ كېلىپتۇ، شەمشىنۇرنىڭ ھەمراھلىرى خەتەرسىز يول بىلەن مېڭىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ② ئى. بىر گەۋدىدىن ئايرىلىپ چىققان قىسمى، بۆلىكى؛ پۇتاق: دەرۋازىدىنلا چاپىنىنى سىلىپ كىرگەن قاسىم مويىلىدىكى ئاچىغا چاپىنىنى ئېسىپ قويۇپ ئىشىك ئۈيگە كىردى. * بۆرە قوينىڭ قۇيرۇقىنى ئاچىسىدىن چىشلەپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ. * ــ ئاچا يولنىڭ يەنە ئاچىسى بار ئىكەن، قوينىڭ قاياققا كەتكەنلىكىنى ئۇقالماي، ئامالسىز قايتىپ كەلدۇق، ــ دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ ئۇلار. ③ ئى. بىر نەرسىنى يۆلەپ قويىدىغان تىرەك: ئۆرۈلۈپ كەتمىسۇن دەپ ئاچا يۆلەپ قويغان تامنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق.

**ئاچا تۇياقلىقلار** <زوئول> ئېمىتكۈچى ھايۋانلار ئىچىدىكى تۇيىقى ئاچا ھايۋانلار... مەسىلەن: قوي، كالا، توڭگۇز.

**ئاچا قايرىما ياقىلىق كاستۇم** ياقىسى بىلەن قايرىمىسى ئاچا، كۆكرەك ئالدى ئوچۇق، بىر ياكى ئىككى تۈگمە قادالغان كالتە چاپان.

**ئاچا قۇلاق** گىلەم توقۇش دۇكىنىنىڭ يان تەرىپىدىكى ياغاچ.

**ئاچا يول** بىر جايدىن بىرنەچچە تەرەپكە ئايرىلغان يول؛ ئاچال: بىز ماڭا ــ ماڭا ئاچا يولغا يېتىپ كېلىپ، قايسىسىغا مېڭىشنى بىلمەي بېشىمىز قېتىپ تۇرۇپ قالدۇق.

**ئاچارا** ئى. دىئال. ← **چاتراق.**

**ئاچارچىلىق** ئى. بىرەر تەبىئىي ئاپەت ياكى ئۇرۇش قاتارلىق سەۋەبلەر نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئوزۇق ــ تۈلۈك يېتىشمەسلىك؛ قەھەتچىلىك: بىر يىل قۇرغاقچىلىق بولۇپ ئەمدىگىنە باش چىقىرىۋاتقان بۇغدايلار قۇرۇپ كەتتى. شۇ يىلى ئېغىر ئاچارچىلىق بولۇپ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتتى.

**ئاچاسەي** ئى <يېم> بەسەي قاتارلىق كۆكتاتنى قايناق سۇغا بېسىپ،

ئېچىتىپ تەييارلانغان بىر خىل خام سەي.

**ئاچا - سىڭىل** بىر ئاتا - ئانىدىن تۇغۇلغان ھەر خىل ياشتىكى قىزلار: بىز ئۈچ ئاچا - سىڭىل. * بىز ئىككىمىز بىر ئاتا، بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئاچا - سىڭىل بولىمىز.

**ئاچاكا** ئى. دىئال. ئاچا، ھەدە.

**ئاچاڭزۇ** ئى <ئىرق> ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يۈننەن ئۆلكىسىگە جايلاشقان.

**ئاچاڭزۇ تىلى** <تىل> خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىنىڭ زاڭزۇ - بىرما تىللىرى تۇركۇمىگە كىرىدۇ.

**ئاچال** ئى. يولنىڭ ئاچىلانغان، ئايرىلغان جايى: يىگىت مەلىكىنى ئاتقا مىندۈرۈپ بىر كېچە يول يۈرۈپ، تاڭ ئاتقاندا ئىككى بولنىڭ ئاچىلىغا كېلىپتۇ. * ئاچال باشقۇرغۇچى ئابدۇرىشىت ئۇستا، تۆمۈريول رېلىسلىرىنىڭ ئىستانسىغا كىرىش ئېغىزىدا كېسىشىپ ئۆتكەن تۇگۈنلىرىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئاچال باشقۇرغۇچىلار نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان كىچىككىنە ئۆيگە قايتىپ كىردى.

**ئاچالچى** ئى <قاتن> ئاچال باشقۇرىدىغان مەخسۇس خادىم، ئاچال باشقۇرغۇچى: دادام بۇرۇن تۆمۈريولدا ئاچالچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى.

**ئاچالگۆش** ئى [ئاچال+گۆش] <يېم> سوغۇق سەيلەرنىڭ بىر تۈرى، بۇ يېمەكلىك قوينىڭ پىشۇرۇلغان سان گۆشىنى ياللاپ لاپ توغراپ، تەخسىگە تىزىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنچىكە توغرالغان سۈكپىياز، ئاچچىقسۇ ۋە داغلانغان كۈنجۈت يېغى قاتارلىقلار قۇيۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

**ئاچبىقىن** ئى [ئاچ+بىقىن] بىقىننىڭ يان قىسمىدىكى سەل ئىچىگە تارتىلغان جاي، ئىنچىكە بەلنىڭ ئىككى يان تەرىپى.

**ئاچپاقا** سۈپ [ئاچ+پاقا] كۆزى ئاچ، تويماس: ئەتىدىن كەچكىچە خەقنىڭ نەرسىسنى تالىشىۋېرىدىغان ئاچپاقا بالا ئىكەنسەن.

**ئاچپاقىلىق** «ئاچپاقا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئاچپاقىلىق قىلماق. * — بولىدى ئەمدى، — دېدى مەريەمخان بالىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ، — ياخشى بالا دېگەن ئۇنداق ئاچپاقىلىق قىلمايدىغان.

**ئاچ - توق** بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق؛ ئاچ بىلەن توقنىڭ ئارىلىقىدا، تاپقاندا يەپ، تاپالمىغاندا ئاچ يۈرگەن، تويۇپ تاماق يېيەلمىگەن: ئاچ - توق يۈرمەك. ئاچ - توق قالماق. * قورقماي قىلچە ئىسسىق - سوغۇق، ئاچ - توق قېلىشتىن، ئىشنى باشلاپ تاغنى تېشىپ كۆمۈر ئېلىشتىن.

**ئاچ - توقلۇق** ئاچ - توق ھالەت.

**ئاچتۇرماق** (توغرىسى: ئاچتۇرماق) ⟵ **ئاچۇرماق.**

**ئاچچىق** سۈپ ① ئېغىزنى ئېچىشتۇرىدىغان، تەمى ئۆتكۈر؛ قېرىق: ئاچچىق لازا. ئاچچىق غورا. * بىلىم — ئاچچىق يىلتىزدىن ئۆسۈپ يېتىلىدىغان تاتلىق مېۋە. * تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۇراخان ئىككى پىيالە ئاچچىق دەملەنگەن چاي ئېلىپ كېلىپ داستىخانغا قويدى. ② سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلىدىغان پۇراق؛ ھىد: ئاچچىق تاماكا. ئاچچىق ئىس. * ئۇنىڭ ئۈستىبېشىدىن سېسىق پاتقاقنىڭ ئاچچىق پۇرىقى چىقىپ دىماغنى ئېچىشتۇراتتى. ③ جاندىن ئۆتىدىغان، بەدەننى تىترىتىدىغان: ئاچچىق سوغۇق. ئاچچىق شامال. * تاغنىڭ سوغۇق، ئاچچىق شامىلى ۋىژىلداپ يۈزلەرگە سانجىلىپ ئۆتەتتى. * ياز پەسلى ئۆتۈپ، كۈزنىڭ ئاچچىق سوغۇقلىرى باشلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەسەت «ۋاپاكۈلى»نى كۆتۈرۈپ، شاھزادىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كېلىپتۇ. ④ كۆچمە. كىشىگە قاتتىق تېگىدىغان، كۆڭۈلنى ئاغرىتىدىغان، خۇش قىلمايدىغان: ياشلار ئىتتىپاقى يىغىنىدا ماڭا ئاچچىق گەپلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغانلار بولىدى. ⑤

كۆچمە. دەرد-ئەلەم، غەم-غۇسسىلىك، غەم-قايغۇنى ئىپادىلەيدىغان؛ ئەلەملىك: بۇ ئاچچىق خاتىرىلەرنى ئەسلەشتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ خەتكە قارىدىم، ئۇنى ئوقۇغانسېرى كۆڭلۈمۇ، چىرايىممۇ ئېچىلىشقا باشلىدى. * ئاراش كىرپىكلىرىدە ئىلىنىپ توختاپ قالغان ئاخىرقى ئىككى تامچە ئاچچىق يېشىنى ئېرتتى-دە، قۇرۇغان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ، ئۆز ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى. ⑥ كۆچمە. مەسخىرىلىك، نەپرەتلىك: يىگىت ئاستا-ئاستا قۇلۇقغىچە قىزاردى-دە، بىردىنلا ئاچچىق كۈلۈۋەتتى ۋە غەزەپ-نومۇستىن ئوتتەك يېنىۋاتقان كۆزى بىلەن ئالغايغا تىكىلدى. * مەن ئۇنىڭغا ئاچچىق كۈلكە بىلەن قارىدىم-دە، مۇنداق دېدىم. ⑦ ئى. غەزەپ، زەردە، قەھر: بۈگۈنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي (ماقال). * تەقسىر، سىز پىلنى يەڭگەن بىلەن ئاچچىقنى يېڭەلمىسىڭىز سىزنى قانداقمۇ باتۇر دېگىلى بولسۇن، ئاچچىق ئادەمنىڭ ئۆزىدىن چوڭ ئەمەس. * ئۆلگۈدەك ئاچچىقى كەلگەن سەنۇبەر ئۇنىڭغا يالت قىلىپ قارىدى-دە، قېتىپ قالدى، ئۇنىڭ ئالدىدا رۇستەم تۇراتتى.

**ئاچچىق ئاسارۇن** <بوت> زىراۋەندە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تاغلاردا ئۆسىدۇ، گۈلى كىچىك، سۆسۈن رەڭلىك بولىدۇ؛ يىلتىزسىمان غولى جۇڭگو تىبابەتچىلىكىدە يۆتەلنى پەسەيتىش، بەلغەمنى بوشىتىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن دورا قىلىنىدۇ.

**ئاچچىق ئانار** <بوت> ئانارنىڭ بىر تۈرى، تەمى ئادەتتىكى ئاناردىن چۈچۈمەل بولىدۇ.

**ئاچچىق پەربۇن** <بوت> پەربۇننىڭ بىر خىلى.

**ئاچچىق تاۋۇز** <بوت> ① كاۋا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولىدا چىرمىشىغۇچى يىپىلىرى بولىدۇ، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە، گۈلى ئاق، ئاتلىق ۋە ئانىلىقى ئايرىم تۈپلەردە بولىدۇ؛ مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە، سېرىق كېلىدۇ، ئۇرۇقى يۇمىلاق، تىبابەتچىلىكتە يۆتەل پەسەيتكۈچى ۋە بەلغەم يۇمشاتقۇچى دورا ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئاچچىق تولغاق** بالا تۇغۇلۇش ئالدىدىكى ناھايىتى قاتتىق ۋە جىددىي تۇتىدىغان تولغاق: ئاچچىق تولغاق يېمەك.

**ئاچچىق چەيزە** <بوت> ← قىزىل چەيزە.

**ئاچچىق گىلاس** <بوت> گىلاسنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ.

**ئاچچىق ئۆرۈك** <بوت> ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى، تەمى ئادەتتىكى ئۆرۈكلەردىن سەل پەرقلىق، مېغىزى ئاچچىق بولىدۇ. مېغىزىدىن ياغ تارتىلىدۇ.

**ئاچچىق ئۈچەي** <ئانات> كۆشىگۈچى ھايۋانلار ئۈچىيىنىڭ قېرىنىدىن تارتىپ ياغلىق ئۈچەيگىچە بولغان ئارىلىقى. ئادەم ۋە كۆشىمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ مۇشۇ خىل ئۈچىيى «ئىنچىكە ئۈچەي» دېيىلىدۇ.

**ئاچچىق ئۈچىيىدىكىنى دېمەك** چىن كۆڭلىدىكىنى، ئېيتماقچى بولغان سۆزىنىڭ ئۆز ئەينىنى، راستىنى دېمەك: ئەستاغپۇرۇللا، گەپنى تولا يورغىلاتماي ئاچچىق ئۈچىيىڭلاردىكىنى دەپ بېقىڭلار، ئاداش!

**ئاچچىق تۈۋىدىن كەلمەك** ئىنتايىن قاتتىق ئاچچىقى كەلمەك: شۇ تاپتا ئاچچىقىم تۈۋىدىن كېلىۋاتىدۇ، جۇمۇ؟!

**ئاچچىقى چىقماق** ئاچچىقى بېسىلماق، ئاچچىقى تۈگىمەك: دادام ئەتىيازدىن بېرى چۆچۈپ، ھەممە ئاچچىقى چىقىپ بولدى، ئابدۇرىشىت ئاكا.

**ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەسلىك** ← **ئاچچىقىغا چىدىماسلىق**: ئاچچىقىمغا بەس كېلەلمەي،

www.uyghurkitap.com

ماراپ بېرىپ كالتەك بىلەن گەدەن تۈۋىگە راسا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغانىدىم، ھېلىقى زومىگەر تىن تارتماي ئۆلۈپ قالدى. * چىمەنخان ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي قولىدىكى پۇلنى كارىۋاتقا ئاتتى.

**ئاچچىقىغا پايلىماسلىق** ← **ئاچچىقىغا چىدىماسلىق:** بىر كۈنى خەلپەتنىڭ ئۈچمە چۈشىقى ماڭا قاتتىق تەگدى، مەن ئاچچىقىمغا پايلىماي چاچراپ قوپۇپ، خەلپەتنى كۆتۈرۈپ بېسىۋالدىم.

**ئاچچىقىغا چىدىماسلىق** ئاچچىقىنى، غەزىپىنى باسالماسلىق، ئۆزىگە ھاي بېرەلمەسلىك: قاتتىق غەزەپلەنگەن سىدىق ئاچچىقىغا چىدىيالماي جوزىنى بىر مۇشتلىۋىدى، جوزىنىڭ قىرغىقىدىكى ئىستاكان جاراڭلىغىنىچە يەرگە چۈشۈپ چۇل-چۇل بولۇپ كەتتى.

**ئاچچىقىغا ھاي بەرمەك** ئاچچىقىنى باسماق، ئۆزىنى تۇتۇۋالماق: ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولسام، قان بولۇشۇپ كېتىشكە توغرا كېلەتتى، ئاچچىقىمغا ھاي بېرىپ، ئۆزەمنى بېسىۋالدىم.

**ئاچچىقى كەلمەك** خاپا بولماق، زەردىسى قاينىماق، غەزەپلەنمەك، ئاچچىقلانماق: نۇراخۇننىڭ ئورمان ئىشچىسىنىڭ بۇ قىلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ، چاچلىرى تىك-تىك بولۇپ كەتكەنىدى. * بوۋاي ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسكە ئالسىلا، ئۆز ئوغلى قاسىمغا ئاچچىقى كېلەتتى.

**ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتماق** خاپىلىقىنى، دەردىنى، غەزىپىنى، بىلدۈرمەسلىك، سىرتقا چىقارماسلىق: تۇردى ئاخۇن بۇ ئىشقا قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسىمۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، پوزىتسىيە بىلدۈرمەي جىم تۇرۇۋالدى.

**ئاچچىقىنى يۇتماق** ← **ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتماق:** قاسىم ئاچچىقىنى يۇتۇپ، بۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمەستىن چىقىپ كەتتى.

**ئاچچىقى ئىچىگە پاتماسلىق** ئاچچىقى چېكىدىن ئاشماق، غەزىپى يۇقىرى پەللىگە يەتمەك: قاسىمنىڭ ئاچچىقى ئىچىگە پاتماي يىغلاپ تاشلىدى.

**ئاچچىقى يامان** قېنى قىزىق، مىجەزى ئىتتىك، ئوڭاي ئاچچىقلىنىدىغان، ئۆزىنى باسالمايدىغان: ئۇلارنىڭ مەتۋاقى ئىسىملىك ئاچچىقى يامان باشلىقى مېنى ھاقارەتلىدى. * ئاغىچا خېنىممۇ ئۇنچىۋالا ئاچچىقى يامان ئادەم ئەمەستۇ؟

**ئاچچىقى يانماق** ئاچچىقى بېسىلماق، ئاچچىقى پەسەيمەك، ئاچچىقى كەتمەك: ئۇنىڭ دەرھال ئاچچىقى كەلگەن بىلەن بىردەمدىن كېيىنلا يېنىپ قالىدۇ.

**ئاچچىق يۇتماق** ئاچچىقنى ئىچىگە سىڭدۈرۈۋەتمەك: ئالتۇن مەلىكە بولسا تولا يىغلاپ دەردىنى بىر كىشىگە ئېيتماستىن ئاچچىق يۇتۇپ، ئاجىزلىششقا باشلاپتۇ، ئاخىر كېسەل بولۇپتۇ.

**ئاچچىق-چۈچۈك** ① تېخى تاتلىق تەم كىرمىگەن، چۈچۈمەل (يەل-يېمىش ھەققىدە): ئاچچىق-چۈچۈك غورا. * غۇلجا ئالمىسىنىڭ تەمى دەسلەپ ئاچچىق-چۈچۈك بولىدۇ، ئۇزۇن تۇرغانسېرى تەمى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ② لازا، ئاچچىقسۇ، دورا-دەرمان قاتارلىقلىرى ئۆتتۈپىراق تەڭشەلگەن: تۇرسۇن شېجاڭ ئوخشىغان پولۇ ۋە ئېغىر ئىچىملىكتىن كېيىن، ئاچچىق-چۈچۈك ئۇگرە بىلەن مېھمان بولدى. ③ كۆچمە. تۇرمۇشنىڭ راھەت-پاراغەت، جاپا-مۇشەققىتى، ھاياتنىڭ لەززەت ۋە غەم-تەشۋىشلىرى، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق-سوغۇقى: باقى تۇرمۇشقا ئەمدىلا كۆز ئاچقان ساددا ئاق كۆڭۈل بىر يىگىت، ئۇ يېزا تۇرمۇشىنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىمىغان.

**ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىماق** راھەت-پاراغەت، غەم-تەشۋىشنى، بەخت-سائادەت، جاپا-مۇشەققەتنى، ئىسسىق-سوغۇقنى كۆرمەك، بېشىدىن ئۆتكۈزمەك: شەھەر كۆر، سودا قىلىشنى ئۆگەن. جاھاننىڭ ئىسسىق-سوغۇقنى، ئاچچىق-چۈچۈكنى تېتىپ باق!

**ئاچچىقچېچەك** ئى [ئاچچىق + چېچەك]

<بوت>ئېيىق تاپانلىقلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك؛ ئېگىزلىكى بەش-ئون سانتىمېتىر، غولى كۆپ، توپلىشىپ ئۆسىدۇ؛ ئۈچ قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق، گۈلى چوڭ، غول ئۇچىدا يالغۇز ئۆسىدۇ؛ غولى دورا بولىدۇ.

**ئاچچىقسۇ** ئى [ئاچچىق+سۇ] <يېم> تېتىتقۇ قىلىنىدىغان چۈچۈمەل سۇيۇقلۇق. گۈرۈچ ياكى قىزىل قوناق قاتارلىقلارنى ئېچىتىش ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ.

**ئاچچىقلاشماق** «ئاچچىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بالا ئارىسىغا كىرىپ بىر-بىرى بىلەن ئاچچىقلىشىپ قالدى.

**ئاچچىقلاندۇرماق** «ئاچچىقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەركىن گۈلشەننى بىكاردىن-بىكار ئاچچىقلاندۇرۇپ ماڭدى.

**ئاچچىقلانماق** «ئاچچىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: خۇرشىدىخان مەنسۇردىن ئۆتە ئاچچىقلىنىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە خۇددى مۈكىدەك ئۇ ياقتىن، بۇ ياققا ماڭاتتى.

**ئاچچىقلىق** «ئاچچىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئاچچىقلىق تۇزنىڭ ئوبيېكتىپ خۇسۇسىيىتىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىپادىسى.

**ئاچچىقلىماق** پ. ئاچچىقى كەلمەك، خاپا بولماق: ئاتاڭ ئاچچىقلاپ: ــ شۇم بەتبەختنى بۇگۈنلا كۆزۈمدىن يوقات، بولمىسا ئالدىڭدا كاللىسىنى ئېلىپ، گۆشىنى چەيلەپ، سۆڭىكىنى سەيلەيمەن، ــ دېدى. * ئۇ مېنىڭ شەھەرگە ئالدىرىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، بۇ يەردە بىرقانچە كۈن تۇرمىساڭ بولمايدۇ، دەپ ئاچچىقلاپ تۇرۇۋالدى.

**ئاچچىقئوت** ئى [ئاچچىق+ئوت] <بوت> ئاچچىقئوت ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك؛ يەر بېغىرلىغۇچى غولى بار، ئۈچ قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق، گۈلى سېرىق، مېۋىسى غوزىغا ئوخشاش يۇمىلاق تۆرۈك شەكىللىك؛ تېنى دورا قىلىنىدۇ. بەدەننىڭ سىرتىدىن سۈرسە، قوتۇر قاتارلىق تېرە كېسەللىرىنى داۋالايدۇ.

**ئاچ-زار** ئاچ قالغان ۋە زارلانغان، جاپا-مۇشەققەت تارتقان، كۆنى ئېغىر: شەۋۋالىخان بىلەن رەنا ئۇزۇن يوللارنى ئاچ-زار، ھالسىز باسقان بولسىمۇ، قىيىنچىلىقلارغا قىلچە پەرۋا قىلمىدى.

**ئاچ-زارلىق** ئاچ ۋە زار ھالەت: جەبىر-زۇلۇم، ئاچ-زارلىق دەستىدىن جېنىمىز تۇمشۇقىمىزغا كېلىپ قالغان چاغدا، بەختىمىزگە تاڭ ئاتتى.

**ئاچ-زېرىن** ← **ئاچ-زار**: ھېكمەت ئانىسىدىن كىچىك قالغان ئوغلى قاسىمنى يېتىلەپ يۇرۇپ ئۆتكۈزگەن ئاچ-زېرىن كۈنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، ھۆكۈمەتكە سۆيۈنمەي قالمايتتى.

**ئاچ-زېرىنلىق** ئاچ-زېرىن ھالەت: ئۇنىڭ، ئاچ-زېرىنلىقتىن چاناقلىرىغا ئولتۇرۇشقان ئورا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ياغاچتەك قاتقان بەللىرىنى مۈكچەيتىپ، ئارانلا يېنىپ تۇرغان چىراغ تۈۋىدە توقۇپ چىققان تاغار، خۇرجۇنلىرىغا قاراپ قويىدىغان كىشى بولسا كاشكى!

**ئاچقۇچ** ئى ① قۇلۇپنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مېتال ئەسۋاب: جامى سەكرەپ چۈشۈپ ئىشتان بېغىغا ئېسىۋالغان ئاچقۇچ بىلەن ئىت كاللىسىدەك يوغان ئورۇس قۇلۇپنى ئاچتى. ② <ماشىن> بىرەر مېخانىزمنى بۇراپ يۇرگۈزۈش، ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئىشقا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مېتال ئەسۋاب: ئاپتوموبىل ئاچقۇچى تام سائىتىنىڭ ئاچقۇچى. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئىجابىي ئامىل؛ چارە، تەدبىر: تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ــ پەن-تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش. * قانداق قىلغاندا ئۇنىڭدا

www.uyghurkitap.com

بىر توغىرا چۈشەنچىنى ھاسىل قىلغىلى بولار؟ قانداق قىلغاندا ئۇنىڭ قەلبىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچنى تاپقىلى بولار؟ ④ كۆچمە. <مەت> لۇغەتلەردە زۆرۈر تېپىلغان سۆزلەرنى ئىزدەشتە قوللىنىدىغان جەدۋەل، گراف: لۇغەتنىڭ ئاچقۇچى.

**ئاچقۇچلۇق** سۈپ ① ئاچقۇچى بار: ئۈچ ئاچقۇچلۇق قۇلۇپ. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان، تەدبىرلىك، مۇھىم: ئاچقۇچلۇق پەيت. * ئەخلاقىي ھەرىكەت ئادىتى بىر كىشىنىڭ دائىمىي بولمىغان ئەخلاقىي ھەرىكىتىنى ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئايلاندۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق ئامىلدۇر.

**ئاچقۇزماق** (توغرىسى: ئاچتۇرماق) ⟵ **ئاچتۇرماق.**

**ئاچقۇزۇلماق** (توغرىسى: ئاچتۇرۇلماق) ⟵ **ئاچتۇرۇلماق.**

**ئاچكۆز** سۈپ [ئاچ+كۆز] تويمايدىغان، نەپسىنى يىغمايدىغان، نەپسى يامان: * ئاچكۆز تويماس، بېخىل بېيىماس (ماقال). * ئاچكۆز باي قازىغا رەھمەت ــ تەزىم قىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىن قازى ھىيلە ــ مىكىر ئويلاشقا باشلاپتۇ. * شاھنىڭ ئاچكۆز، نەزىرى پەس، كۆرەلمەس، نىيىتى يامان، بېخىل، كىشىلەرنىڭ گۈلىنى تىكەنگە ئالماشتۇرۇشقا ھەر دائىم چارە ئىزدەيدىغان، ئىچى زەھەر بىر ۋەزىرى بار ئىكەن.

**ئاچكۆزلەرچە** رەۋ. ئاچكۆز ئادەملەرگە خاس قىياپەتتە: بىنانىڭ پەلەمپىيى ئۈستىدە ئىككى يىگىت بىر ــ بىرىنى قولتۇقلىشىپ بىناغا كىرىپ كېتىۋاتقان قىزلارغا ئاچكۆزلەرچە تەلمۈرۈپ تۇرۇشاتتى.

**ئاچكۆزلۈك** «ئاچكۆز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئابلىكىم گەپنى تۈگىتىپ رومكىدىكى ھاراقنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىچىۋەتتى ۋە گويا كۆكس ــ قارنى بوشىغاندەك ئۇلۇغ بىر «ئۇھ» تارتتى. * زوردۇن: ــ مەن بىلىمەن، دادامنى ھەممە ئادەم يامان كۆرىدۇ، سەنمۇ يامان كۆرىسەن، داداڭمۇ يامان كۆرىدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلمايدۇ، دادام بايلىق توپلاشقا ئاچكۆزلۈك بىلەن بېرىلىپ كەتكەن ئادەم، ــ دېدى.

**ئاچلىق** «ئاچ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئاچلىقتا تۇتقان قاچاڭنى توقلۇقتا ئۇنتۇما (ماقال). * ئاش قەدرىنى بىلمىسەڭ، ئاچلىق بەرسۇن جازاڭنى (ماقال). * ئاچلىق باتۇر بىلەن كامالنى ھالىدىن كەتكۈزدى.

**ئاچلىق ئېلان قىلماق** ئۆزىنىڭ قەتئىي نارازىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تاماق يېيىشتىن باش تارتماق: ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى.

**ئاچماق I** پ ① يولىنى ياكى ئالدىنى توسۇپ تۇرغان توساقنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويماق ياكى ئېلىپ تاشلىماق؛ مېڭىش، كىرىش ــ چىقىش ئۈچۈن ئىمكان ياراتماق: ئىشىكنى ئاچماق. پەردىنى ئاچماق. يول ئاچماق. * ــ نېمە گەپ بولدى؟ ئالدىرىماي ئېيتقىنا، ــ شەمەر سۆزلىگەچ ئىشىكنى ئاچتى، لېكىن ئىشىك ئالدىدا ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. * قورقما، ھەي زۆرەم، مەن سادىق، ئىشىكنى ئاچ. ② ئورالغان، يېپىلغان، چىگىلگەن، كۆمۈلگەن نەرسىلەرنى شۇ ھالەتتىن خالىي قىلماق: ساندۇقنى ئاچماق. قۇلۇپنى ئاچماق. ئورىنى ئاچماق. * پولات ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يەشىكنىڭ قېپىغا باردى ــ دە، ئۇنى ئېچىپ كۆرسەتتى. * ــ مەن قۇلۇپنى ئاچىمەن، قۇلۇپنى ئاچالمىسام مۇنداق جاننىڭ نېمە كېرىكى، ــ دېدى قېرى تۆمۈرچى. * ئون قەدەم ئالدىدا كېتىۋاتقان ئايال ئارقىسىغا قاراپ، بېشىدىكى پەرەنجىسىنى ئېچىپ بىر قارىدى ــ دە، يەنە گەپ قىلماي ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. ③ قاتلانغان، يىغىلغان، پۈكۈلگەن، يۇملانغان نەرسىلەرنى يايماق، كەرمەك: داستىخان ئاچماق. كىگىز ئاچماق. قۇچاق ئاچماق. * ئانار ئۆزىمۇ ئانىسى ئېلىپ

چىققان داستىخاننى ئېچىپ، ئانىسىغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇردى. * — ھەي دادا، پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا، پۇللا بولسا كۆزىڭىزنىمۇ ئاچىمىز، — دېيىشىپتۇ ئوغۇللار. ④ **قورۇپ، ياساپ، پۈتتۈرۈپ ئىشقا چۈشۈرمەك، پائالىيەت باشلىماق:** مەكتەپ ئاچماق. دۇكان ئاچماق. * مەن سىلەردىن سوراي، ئۇنداقتا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئېچىپ نېمە قىلىمىز؟ * بۇ يىگىت مۇساپىر ئىكەن، يېقىندا شەھىرىمىزگە كېلىپ سودىگەرلىك دۇكىنى ئېچىپتۇ. ⑤ **نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ماھىيىتى، خۇسۇسىيىتىنى، سىرىنى ئاشكارىلىماق؛ ئېنىقلىماق، يەشمەك:** تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئاچماق. ئەپت-بەشىرىسىنى ئاچماق. زىددىيەتلەرنى ئاچماق. * ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئىرادە ۋە خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھەرقانداق تارىخىي ياكى رېئال ئىجتىمائىي ۋەقەلىكلەرنى پروزا ئەسىرى قىلىپمۇ، ئەينى ۋاقىتتا دراما ئەسىرى قىلىپمۇ يېزىۋەرگىلى بولىدۇ. * ئېچىپ بىرەر ئىلىم-پەن، تەبىئەتنىڭ سىرىنى، ماڭا ئېنىق كۆرسىتەر، تۆتلىششىنىڭ يولىنى. ⑥ **بىرەر نەرسىنىڭ ھەرىكىتىگە يول بەرمەك؛ باشلىماق، ئاققۇزماق:** گەپ ئاچماق. سۆز ئاچماق. سۇ ئاچماق. * بىرەر چەت ئەل تىلىنى بىلمەي تۇرۇپ، بىلىم ساھەسىدە ئىزدىنىشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدىكەن. * ئەيسا ئوغرىلىقچە بېغىغا سۇ ئېچىۋاپتىكەن، ئۇنى دەرھال دادۈيگە چاقىرتىپ كېلىپ جەرىمانە قويۇپتۇ. ⑦ **ئۆزلەشتۈرمەك، پايدىلانغۇدەك قىلماق، ئىشقا كىرىشتۈرمەك:** يەر ئاچماق. كان ئاچماق. نېفىتلىكنى ئاچماق. * — سەن ئەكبەرنىڭ «قاۋانلىق»نى ئېچىش پىلانىنى نېمىشقا ئاخشام ماڭا بەرمىدىڭ؟ — دېدى لى زۆگخۇا كاتىپقا. ⑧ **كۆپچىلىكنى بىر يەرگە يىغىپ مۇزاكىرە قىلماق ياكى بىرەر ئىشنى، مەقسەتنى ئۇقتۇرماق:** مەجلىس ئاچماق. * يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىن ئېچىپ، تىرىلغۇغا بىرلەشتۈرۈپ، كۈزگى بۇغداي پەرۋىشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش تەدبىرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ⑨ **خۇشال قىلماق، شادلاندۇرماق:** كۆڭۈل ئاچماق. * پادىشاھ ئۇنىڭ جاۋابىدىن قانائەتلىنىپ ئاپىرىن ئېيتىپتۇ ۋە ئون كۈندەك تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلاپ، سەيلە-تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىپ باشقا يەرگە يۈرۈپ كېتىپتۇ. ⑩ **كۈچەيتمەك، راۋاجلاندۇرماق، ئۆستۈرمەك:** كىتاب ئوقۇش ئادەمنىڭ زېھنىنى ئېچىپ، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ. ⑪ **ماڭدۇرماق، ھەرىكەتكە كەلتۈرمەك:** رادىئونى ئاچماق. تېلېۋىزورنى ئاچماق. * شۇنداق ئۇكا، بىز ناخشا بىلەن ياشايمىز. مانا ھازىر قاراپ باقە؟ رادىئونى «تارس» قىلىپ ئاچساڭلا خالىغان ناخشاڭنى ئاڭلىيالايسەن. ⑫ **ھۆسنىگە ھۆسن قوشماق، گۈزەللەشتۈرمەك، ياراشماق:** — ئىران نۇسخىلىق يېڭى گىلەم ئۆينى بەك ئېچىپتۇ.

**ئاچماق II** پ. **قورساقتا يېگەن نەرسە تۈگىمەك، تاماق يېيىشنى تەلەپ قىلماق:** قورساقنىڭ ئاچقىنى — ئەقلىنىڭ قاچقىنى (ماقال). * قوپ قىزىم، چاققان بولغىن، داداڭنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئىتتىكرەك تاماق ئېتەيلى.

**ئاچماق III** ئى. دىئال. ئېچىق، باشلام، ئاچما.

**ئاچۇرماق I** «ئاچماق I» پېئىلىنىڭ **مەجبۇرىي دەرىجىسى:** بۆرە موماينىڭ ئىشكىنى نېمىدەپ ئاچۇرۇشنى بىلىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. * ئەنە شۇ چاغلاردا ئىشىكنى يېتتۈرۈپ قويۇپ، ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ تاپالماي يۈرگەن بىر كىشى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا دەرھال رەم ئاچۇرۇشقا كەپتۇ.

**ئاچۇرماق II** «ئاچماق II» پېئىلىنىڭ **مەجبۇرىي دەرىجىسى:** تۇرنا يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا شىر بىرلا ئېتىلىپتۇ-دە، تۇرنىنى تۇتۇۋېلىپ: — سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋېرىشكە نەدە ۋاقتىم! قورسىقىمنىمۇ ئاچۇرۇۋەتتىڭ، — دەپتۇ رەھىمسىزلىك بىلەن.

**ئاچۇرۇلماق** «ئاچۇرماق I» پېئىلىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاچقتۇرماق** «ئاچقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاچقماق** پ [ئېلىپ+چىقماق] ئېچىكىرىدىن ياكى پەستىن بىرنەرسىنى ئېلىپ چىقماق: كەرىمخان ئورەكتىن تېزلا بىر تال بەسەيىنى ئاچقىپ قوشنىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

**ئاچقشماق** «ئاچقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاچماق** سۈپ. ئاچمىسى بار، ئاچىلىق: بىز بىر يېرىم يىل ئىلگىرى «ئون بىر بىتىم»گە ئەمەل قىلىپ ماناس دەرياسى بويىدىن قايتقىنىمىزدا ئاۋۇ بىر تۈپ يوغان ئاچماق قارىياغاچنىڭ سايىسىدا ئارام ئالغاندۇق. * // سەيدىن قارىينىڭ خىيالىنى قارىياغاچنىڭ ئاچمىقىغا بېكىتىلگەن رادىئو كانىيىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بۆلۈۋەتتى.

**ئاچ - يالىڭاچ** يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكى يېتىشمەيدىغان، كۈنى ئېغىر، تۇرمۇشى قىيىن؛ ئىنتايىن نامرات: ئەمگەكچى خەلق ئاچ - يالىڭاچ قېلىۋاتقان قىش - زىمىستان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گومىنداڭ چېرىكلىرى ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك يەنە كېلىپ بولدى.

**ئاچ - يالىڭاچلىق** ئاچ - يالىڭاچ ھالەت: ئەمگەكچى خەلق، كونا جەمئىيەتتە فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قاتتىق ئۇچرىغان، ئاچ - يالىڭاچلىقتا قالدۇرۇلغاندى.

**ئاچ - يېلىڭ** ← **ئاچ - يالىڭاچ:** ئاچ - يېلىڭ قالماق. ئاچ - يېلىڭ يۈرمەك.

**ئاخبارات** ئى [ئە] ① خەۋەر، مەلۇمات: شىنجاڭ گېزىتىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان ئاخباراتىدا: «ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ماقۇللىغان سودا قانۇنى لايىھىسىدىن نارازى بولدى» دېيىلگەن. ② <ھەرب> مەلۇم ئەھۋال توغرىسىدىكى مەخپىي خەۋەر ۋە دوكلات: ھەربىي ئاخبارات.

**ئاخباراتچى** ئى ① ئاخبارات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىم. ② <ھەرب> مۇھىم ئىچكى ماتېرىيال ۋە مەخپىيەتلىكنى ئىگىلەش ئۈچۈن قويۇلغان مەخسۇس خادىم.

**ئاخباراتچىلىق** ئى «ئاخباراتچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئاخباراتچىلىق بىلەن شۇغۇللانماق.

**ئاختا** سۈپ [موڭ] جىنسىي بەزلىرى، تۇخۇمى ئېلىپ تاشلانغان؛ پىچىلغان: جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىلا يۈزىگە خەت چېكىش، بۇرنىنى كېسىۋېتىش، پۇتىنى ئۈزۈۋېتىش، ئاختا قىلىۋېتىش، ئۆلتۈرۈۋېتىش ئىبارەت بەش خىل جازا بەلگىلەنگەن.

**ئاختا ئات** ئاختا قىلىنغان ئات: ئاختا ئات ياۋاش كېلىدۇ.

**ئاختا بولماق** جىنسىي بەزلىرى، تۇخۇمى ئېلىپ تاشلانماق.

**ئاختا قىلماق** جىنسىي بەزلىرىنى، تۇخۇمىنى ئېلىپ تاشلىماق؛ پىچىۋەتمەك: — بۇ ۋاقىت ئىچىدە بىزنىڭ ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ سەرگۈزەشتىمىزنى، ئاختا قىلىنىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى باشتىن ئاياغ سۆزلەشسەك، ۋاقتىمىزمۇ تېز ئۆتىدۇ، دەممۇ ئالىمىز، — دەپتۇ ئۇ.

**ئاختارما** ① سۈپ. ئاغدۇرۇلغان، ئاغدۇرۇپ قويۇپ تېرىلمىغان: ئاختارما يەر. * سادىق يولدىن قايرىلىپ، كۆزدە ئاختارما قىلىپ تاشلەۋەتكەن تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنىڭ ئىچىگە كىردى. ئېتىزنىڭ توپىسىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئۇۋۇلاپ كۆردى، كىچىككىنە تۇپراقنى چىمدىپ ئېلىپ تىلى بىلەن تېتىپ باقتى. ② ئى. ئاغدۇرۇلغان، ئاغدۇرۇلۇپ تېرىلمىغان يەر: سايدا تاش تېپىلماپتۇ، ئاختارمىدا داڭگال (ماقال). * ئەمدى يانىدىم ئاختارمىغا سۇ تۇتۇپ، كۆمۈش سۈلۈق ئۆستەڭ بويى ساي بىلەن.

**ئاختارما سۇيى** <دېھ> زىرائەت تېرىلىپ مايسا بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى سۇيى.

**ئاختارما قىلماق** <دېھ> ① يەرنى ئاغدۇرۇپ ئاپتاپقا سالماق: بارات سامساق ئۆتكەن يىل

ئاختارما قىلىپ قويغان ئون مو يەرگە بۇ يىل بالدۇرلا قوناق تېرىدى. ② ئاختارما قىلىنغان يەرگە ئۇرۇق چېچىپ ئاندىن سۇ قويماق: داۋۇت ئاخشىمى سارىخانغا مۇنداق دېدى: «ھېلىما ـ خۇن ئىشەك ھارۋىسىنى بەرمەكچى بولدى، ئۆزىمىزنىڭكى بىلەن ئىككى ھارۋىدا توشۇساق، ئەتە كەچكىچە قىغنى تۆكۈپ بولىمىز، چۈشتىن كېيىن ئۇرۇقنى چېچىپ، ئاختارما قىلىۋېتەيلى.»

**ئاختارمىدا چالما تالاشماق** ئەھمىيەتسىز، زۆرۈرىيىتى يوق نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاۋارە بولماق: — بولدى، بىز ئاختارمىدا چالما تالاشمايلى، — دېدى ساۋۇر ئاكا جىددىي قىلىپ، — ئۇ قىز ئىشخانىدا ساقلاپ قالدى، سەن ئۇنىڭ سىزىپ چىققان چېرتيوژىسىنى كۆرۈپ چىق.

**ئاختارمىلىق** ئى. <دېھ> ئاغدۇرۇپ ئاپتاپقا سېلىنغان تېرىلغۇ يەر: داڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۇرۇلغاندا، كىشىلەر دادۈي قورۇسىغا قاراپ سىلجىشقا باشلىدى، دۈگدىيىپ كەتكەن بۇ ئادەملەر ئويمان ـ چوڭقۇر ھارۋا يولىدا، يازدىن بېرى ھەيدەلمەي چىڭدىلىپ كەتكەن ئاختارمىلىقلاردا دۈگجۈپ ـ دۈگجۈپ ماڭاتتى.

**ئاختاما** (توغرىسى: ئاختارما) ←— **ئاختارما.**

**ئاختۇرتماق** «ئاختۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئۇ ئوغرىنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتىپ ھەممە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر ـ بىردىن ئاختۇرتۇپ كۆردى.

**ئاختۇرماق** پ. مەلۇم بىرنەرسىنى ئىزدىمەك، قىدىرماق: لۇغەت ئاختۇرماق. ئۆينى ئاختۇرماق. يانچۇق ئاختۇرماق. * ياپونلار پۇقرالارنىڭ چانىلىرىغا ئولتۇرۇپ مۇز ئۈستىدە يۈرۈپ يېزىلارنى ئاختۇراتتى.

**ئاختۇرۇشماق** «ئاختۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئابدۇللا ساقچىلارغا ياردەملىشىپ ئۇ ياق، بۇ ياقنى بىرلىلە ئاختۇرۇشۇپ بەردى.

**ئاختۇرۇلماق** «ئاختۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پومېشچىكنىڭ بىرەر چىشلىق پاقلىنى تاسادىپىي يوقاپ كېتىدىغان بولسا مەھەللىدە قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە ئۆيلەر ئاختۇرۇلاتتى.

**ئاختىچى** ئى. ① تارس. ئات باقار، ئات باققۇچى. ② ئات قاتارلىق ئەركەك ھايۋانلارنى پىچىدىغان ئادەم.

**ئاختىخانا** ئى. تارس. ئات ئېغىلى، ئات قوتىنى؛ ئاتخانا: قۇربان ئاكا ئاختىخانىدىكى ئاتلارنى ھەر كۈنى بىر قېتىم سۇغىرىشقا ئاچىقىدۇ.

**ئاخشام** رەۋ ① كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغان ۋاقىت؛ پەيت: مېنىڭ ئانام ئەمگەكچان، بىلمەس ئۇندىن باشقىنى. ئىشتىن ئۈزمەس قولىنى، ئەتىسى ۋە ئاخشىمى. ② كەچ، كەچقۇرۇن: ئاشۇ ئاخشام ھېچ چىقمايدۇ ئېسىمدىن (تۈنجى سۆيگۈ ھۇزۇرىنىڭ گۇۋاھى)، شۇ ئۈچرىشىش بولغانىدى يۈرەكنىڭ، دوختۇر ئىلاج قىلالمىغان داۋاسى.

**ئاخشامقى** سۈپ ① كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغان ۋاقىتتىكى: خۇددى چۈشتەك ئاخشامقى ۋەقە، كەلدى ئۇنىڭ ئېسىگە بىردىن. يۈرەك قەلبى تولۇپ غەزەپكە، تۇرۇپ كەتتى ياتقان ئورنىدىن. ② كەچكى، كەچقۇرۇنقى.

**ئاخشاملىق** ① «ئاخشام» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ... شۇنداق قىلىپ، ئاخشاملىققا ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان بولدۇقمۇ، ② سۈپ. بىر ئاخشامغا يېتەرلىك، بىر ئاخشامغا كېرەكلىك، بىر ئاخشام داۋاملىشىدىغان: بىر ئاخشاملىق كىنو. بىر ئاخشاملىق ئويۇن.

**ئاخماق** (توغرىسى: ئەخمەق)←— **ئەخمەق.**

**ئاخۇن** ئى [پ] ① <دىن> ئىسلام دىنىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشى، دىنىي زىيالىي، موللا: ۋاڭنىڭ ئەتراپىدا يەتتە ـ سەككىزدەك ئاخۇن قولىلىرىدا قۇرئان تۇتۇپ تۇراتتى. ② ئەرلەر

www.uyghurkitap.com

ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ ئېيتىلىدىغان ھۆرمەت سۆزى: مۆمىن ئاخۇن. جاپپار ئاخۇن.

**ئاخۇنەك** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش، ئەركىكىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 33 سانتىمېتىر، يازلىق پەي تۈكلىرىنىڭ رەڭگى چىپار بولۇپ، دۈمبە، قۇيرۇق تەرەپلىرى ئاق ئالا بولىدۇ؛ چىشىسىنىڭ باش ۋە بويۇن قىسىملىرى قارا، قالغان قىسىملىرى سارغۇچ رەڭلىك، قوڭۇر ئالىسى بار، قىشتا ھەر ئىككىلىسىنىڭ چوققىسى، قۇيرۇق پەيلىرىنىڭ سىرتى سەل قارا بولغاندىن باشقا قالغان قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى ئاق بولىدۇ، ئۇزۇنغا ئۇچالمايدۇ؛ ئېگىز تاغلاردا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نوتىسىنى، ئۇرۇقلىرىنى ۋە ھاشاراتلارنى يەپ ياشايدۇ؛ بۇ خېيلۇڭجياڭدا، شىنجاڭنىڭ ئالتاي تاغلىرىدا تېپىلىدۇ.

**ئاخۇنباش** ئى [ئاخۇن+باش] دىئال يەر مەدىكى؛ موگۇ.

**ئاخۇنلۇق** ئى <دىن> «ئاخۇن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئاخۇنلۇق قىلماق. * مۇپتى، ئاخۇنلۇق سۆزىنى توختىتىپ، ئۆز ئادىتى بويىچە بېشىنى ئېگىپ، لەۋلىرىنى سوس قىمىرلىتىپ دۇرۇت ئوقۇشقا كىرىشتى.

**ئاخۇنۇم** «ئاخۇن» سۆزىنىڭ بىرىنچى شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ھۆرمەت شەكلى: خوش ئاخۇنۇم، گەپ سىلىدىن بولسۇن. * ئەڭ ئاخىرقى كۆزەتكە ئاخۇنۇم چىقىپ قارىسا بىر چىرايلىق قىز تۇرغۇدەك.

**ئاخۇنياغلىق** ئى [ئاخۇن+ياغلىق] ئۈرۈكنىڭ بىر تۈرى، تاشقى پوستى ئاقۇچ، بىرئاز تۈكلۈك بولىدۇ.

**ئاخىر** [ئە] ① ئى. نەرسە، ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە ـ ھادىسە ۋە ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ تۈگەنچىسى، ئەڭ كېيىنكىسى: ئاپتونوم رايونلۇق ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش يىغىنى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئېچىلدى. * رەجەپ قانچە قىلىپمۇ ئۇلارنى تاپالمىدى. ئاخىر «ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا كېرەك»، دەپ ئويلىدى ۋە ئۆزىمۇ دەريادىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. ② يۈك. زادى: ئاخىر سەن نېمىدېمەكچى ئىدىڭ؟ ③ رەۋ. بەرىبىر، ھامان، قاچانلا بولمىسۇن، قانداقلا بولمىسۇن؛ نەتىجىدە: بىز باش ـ ئايىغى يوق بۇ ئىشقا، ئاخىر كۆڭۈل بۆلمەي قويدۇق. * بېلىقچىنىڭ كىچىك ئوغلى كۈنلەپ، ئايلاپ، يىلىلاپ يىغلاپتۇ. يىغلا ـ يىغلا ئاخىر قۇشقاچقا ئايلىنىپ قېلىپتۇ.

**ئاخىر بىر كۈن** ←── **بىر كۈن ئەمەس بىركۈنى:** بىز ئاخىر بىر كۈن كۆرۈشىمىز.

**ئاخىر زامان** دۇنيانىڭ، ھاياتنىڭ ۋە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان، يوقىلىشقا يېقىن قالغان ۋاقتى؛ قىيامەت: ئاخىر زامان بولماق. ئاخىر زامان كەلمەك. * بۇ كۆڭۈلسىز كەيپىياتنى ھەر يان يۈگۈرۈپ قېچىپ يۈرگەن ئىتلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرمەكتە ئىدى. مۇنداق قارىغاندا، بۈگۈن ئىتلارغا ئاخىر زامان بولغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئەمما ئەھۋالنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە جىددىيلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

**ئاخىرەت** ئى [ئە] <دىن> ئۇ دۇنيا، باقىي ئالەم؛ قىيامەت: ۋەزىر، ئەمەلدارلار شاھزادىنى سۈدىن سۈزۈپ چىقىپ قارىسا، ئۇ ئاللىقاچان ئاخىرەتكە كېتىپ بولغانىكەن. * شاھ قۇرۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ئاخىرەتكە سەپەر قىلىپتۇ.

**ئاخىرەتلىك** ① ئى. كىشى ئۆلگەندىن كېيىن شۇ كىشىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىشلىتىلىدىغان پۇل ـ پۇچەك ۋە نەرسە ـ كېرەك: ئەگەر بۇ پىسكىرىم، بۇ چارەم سىلەرگە ماقۇل چۈشسە، مانا مەن يېنىمدا ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ساقلاپ كەلگەن مۇنۇ بىر تەڭگە پۇلۇمنى ئاتىدىم. ② سۈپ. كۆچمە. ئۆمۈرلۈك، مەڭگۈلۈك، بۇزۇلماس: ئاخىرەتلىك دوست. * سابىت بىلەن ئوسمان ئاخىرەتلىك دوستلاردىن

ئىدى. * — نېمشقىلىقى ئېنىقتۇ؟ — دېدى ھېلىقى سوئال بەرگەن تالىپ، — سەن ھىسامىدىن داموللامغا تەرەت ئېلىپ، قۇرئان تۇتۇپ، قول بېرىپ مۇرىت بولغان، مۇرىت بولۇش ئويۇن گەپ ئەمەس، ئاخىرەتلىك ئىش ـ تە.

**ئاخىرقى** سۈپ. نەرسە ۋە ھەرىكەت قاتارىنىڭ ئەڭ كەينىدىكى، كېيىنكى: ئاخىرقى پۇرسەت. * مۇختەر 20 تىيىننىغا تۆت بىگكۇر ئېلىپ يېدى. ئاخىرقى بىگكۇرنى يېگەندە، بىگكۇرنىڭ سوغۇقى ئۇنىڭ مېڭىسىگە چىقىپ كەتتى.

**ئاخىرقى پەللە** ① بىرىپ يېتىدىغان، ئاخىرقى نۇقتا. ئاخىرقى نىشان. ② <تەن> يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى؛ ئاياغلىشىش ئورنى، توختىغان نۇقتا.

**ئاخىرقى خانا** <مات> ساننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر خانىسى.

**ئاخىرقى سوت** <قا> سوت مەھكىمىسى ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قىلغان سوت؛ ھۆكۈم.

**ئاخىرقى نەپەسگىچە** ئۆمۈرنىڭ ئاخىرلاشقان مىنۇتىغىچە، ئۆلگەنگە قەدەر: ئاخىرقى نەپەسگىچە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلماق.

**ئاخىرقى نۇسخا** <مەت> ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سىپلىشتۇرۇپ تۈزگەرتىپ چىقىلغاندىن كېيىن بېكىتىلگەن نۇسخا.

**ئاخىرقى ھۆكۈم** <قا> سوت مەھكىمىسى سوتلانغۇچى ئۈستىدىن چىقارغان ئاخىرقى ھۆكۈم.

**ئاخىرقى ھېسابتا** نەتىجىدە، بەرىبىر، ھامان، ئومۇمەن: كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان بۇ ئىدىيىۋى جەريانىنى، ئاخىرقى ھېسابتا، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلەيدۇ.

**ئاخىرلاشتۇرماق** «ئاخىرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇردى ئاخۇن ئاكا بەختى ئۇرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتۇردى.

**ئاخىرلاشتۇرۇلماق** «ئاخىرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاخىرلاشماق** پ. ئاخىرىغا يەتمەك. تامام بولماق، تۈگىمەك: سادىقنىڭ ھېكايىسى ئاخىرلاشتى. * سۆھبەت ئاخىرلىشىپ، ھەمرا ئورخالاپ قالغاندىن كېيىنمۇ كۈچلۈك ھاياجانلانغان مېھرىبانىنىڭ كۆزىگە خېلىغىچە ئۇيقۇ كەلمىدى.

**ئاخىرى** رەۋ ① ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تۈگەش چېكى؛ ئايىغى، ئەڭ كەينى: مەن بۇ ئىشقا ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ ئاخىرى بىر ئامال تاپتىم. * كۆزىنىڭ ئاخىرى، يىرىم كېچىدە، بولۇپمۇ بىر ۋەقە، ئورمان ئىچىدە. ② ئاخىرقى ھېسابتا، نەتىجىدە بەرىبىر، ھامان: مەن تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن رىزۋاننىڭ ياتىقىغا كېلىدىغان بولۇپ قالدىم. كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ئاخىرى مۇھەببەت يالقۇنىغا ئايلاندى.

**ئاخىرى بېرىپ** ھامان، بەرىبىر، ئاخىرقى ھېسابتا: سەمەت ئۆتكەن يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىگەنىدى، ئاخىرى بېرىپ، ئۇ بۇ يىل يەنە ئىمتىھان بەردى.

**ئادا** [ئە] ① ئى. ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە ـ ھادىسىنىڭ ئاخىرى، تاماملىنىش ئىجراسى. ② سۈپ. پاكىز، تازا: ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىكىلەر: «بۇغدىيىڭ تازا ئەمەسكەن» دەپ باشقىدىن ئادا قىلدۇردى.

**ئادا بولماق** ① تامام بولماق، ئاخىرىغا يەتمەك، تۈگىمەك، پۈتمەك، قۇتۇلماق: ۋەزىپە ئادا بولماق. * رەشەن چاقناپ ئېقىپ چۈشتى ئاسماندىن، كۆمۈش لېنتا كەبى ئاپپاق سوزۇلۇپ. ئۇنىڭ كۆيۈپ ئادا بولغان نۇرلىرى، كەتتى مەڭگۈ يورۇقلۇقتا قوشۇلۇپ. ② كۆچمە. دەرد ـ ئەلەمدىن تۈگىشىپ كەتمەك: بۇ ئىشلارنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر سىر بار. ئەمما سەپەرقۇل بىلەن مومايىغا بەك ئوۋال بولىدى. بىچارىلەر ئادا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ③ پاكىز، تازا بولماق: مەن

www.uyghurkitap.com

سورۇپ، تاسقاپ ئادا بولغان بۇغدايدىن ئۇچ تاغار بۇغداينى تۆكمەنگە ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ ئاخشام قونۇپ، ئاران تارتىپ كەلدىم.

**ئادا قىلماق** ① ئىجرا قىلماق، ئەمەلگە ئاشۇرماق، ئورۇندىماق، ئۆتىمەك، بېجىرمەك؛ تۆلىمەك: بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇرچىمىزنى ئادا قىلدۇق. * ئوغلىدىن قاتتىق رەنجىگەن ئاتا ـ ئانا ئىككى يىلغىچە «قەرز»نى قايتا ئادا قىلىش ھەققىدە بىرنېمە دېيىشمىدى. * ئۆمۈر قەلىمىنى تۇتۇپ مەھكەم، ئىلھامىم كانلىرىنى قازماقچىمەن. ۋەتەننىڭ كۆتكىنىنى ئادا قىلىپ، زەپەرلەر قامۇسىنى يازماقچىمەن. (2) پاكىز، تازا قىلماق: ھەلىمىخان سورۇپ، تاسقاپ بىر كۈندە، ئادا قىلدى ئالتە تاغار قوناقنى. شۇنداق ئىشلەپ ئاخىر چۆرۈپ تاشلىدى، «ھۇرۇن خوتۇن» دېگەن كونا قالپاقنى.

**ئاداپ** ئى [پ] ئۇن، كېپەك قاتارلىقلاردىن مەخسۇس ئۆي ھايۋانلىرىغا ئېتىپ بېرىدىغان سۇيۇق ئۇماچ: قاقشايتتى بىچارە جاناخان مۇڭلۇق، ئەتكىنى ئاش ئەمەس گوياكى ئاداپ. مەكتەپتىن قېپقالغان ئىككى ئۆسمۈرى، ئىشلەيتتى چوڭلاردەك يۈرەكتە زەرداپ.

**ئادا ــ جۇدا** ⟵ **ئادا ـ جۇدا بولماق.**

**ئادا ـ جۇدا بولماق** ئالاقە، مۇناسىۋەتنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۈزمەك، توختاتماق: گۈلنار: ــ مەن سەن بىلەن ھەم بۇ ئائىلە بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدۇم، مېنى بۇندىن كېيىن ئىزدىگۈچى بولما! ــ دېدى.

**ئادارگۈل** ئى. دىئال ⟵ **ئانارگۈل.**

**ئاداسقا** ئى. دىئال. ئاتا ـ ئانىلاردىن تەۋەررۈك بولۇپ قېپقالغان نەرسىلەر.

**ئاداش** ئى ① دوست؛ ئاغىنە، بۇرادەر: ئاداش بولماق. * رامىلە شۇ كېچىسى خەتنىڭ داۋامىنى يېزىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەتىسى خالتىنىمۇ تىكىپ تەييارلىغان ھەم دادىسىدىن بىرنەچچە قىز ئاداشلىرى بىلەن بىللە تراكتورغا چىقىپ شەھەرگە ئوينىغىلى بارغاچ، ھاما ئاچىسىنىڭكىدە بىر كېچە قونۇپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا رۇخسەتمۇ ئالغانىدى. ② يار، ئاشنا: كۆردۈڭمۇ بۇ باشىمنى، كۆزۈمدىكى ياشىمنى، ئۈچ كۈن بولدى كۆرمەيمەن، قارا قاش ئاداشىمنى.

**ئاداش تۇتماق** جانت ① ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتماق؛ دوست، ئاغىنە بولماق: مەن ئەكرەمنى ئاداش تۇتتۇم. ② ئاشنا بولماق، يار تۇتماق.

**ئاداشتۇرماق** «ئاداشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يات چوققىلار توسۇپ ئالدى ئايالنى، تۈن زۇلمىتى ئاداشتۇردى كۆزىنى. ئۇ مېڭىشنى داۋام قىلدى تۈن بويى، يول ئىزدىدى ھەر يان ئۇرۇپ ئۆزىنى.

**ئاداشتۇرۇلماق** «ئاداشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاداشقان** «ئاداشماق» سۆزىنىڭ سۈپەتدىشى.

**ئاداشقان نېرۋا** <ئانات> 10 ـ جۈپ مېڭە نېرۋىسى. بۇ نېرۋا ئۇزۇنچاق مېڭىدىن چىقىپ، باش، بويۇن، كۆكرەك ۋە قورساق قاتارلىق قىسىملارغا تارقالغان بولىدۇ؛ ئۇ، ئىچكى ئەزا، قان تومۇرى ۋە بەز قاتارلىقلارنىڭ رولىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ.

**ئاداشماق** پ ① نىشان، يول، ھېساب، پىكىر، سۆز، خىيال، ئەقىل قاتارلىقلاردىن ئازماق: نىشاندىن ئاداشماق. يولدىن ئاداشماق. * ياخشىنى ماختىساڭ يارىشىدۇ، يامانىنى ماختىساڭ ئادىشىدۇ (ماقال). * قۇرئاندازىم يول ئاداشتىم، مېنى غەيرىي يولغا سالغىن. لەيلى كەبى ھەددىدىن ئاشتىم، مەجنۇن كەبى چۆلگە سالغىن. ② سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەك، خاتالاشماق، يولدىن چىقماق: ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى بۇ پائالىيەت داۋامىدا ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاداشقان ياشلارنى يېتەكلەش، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

**ئاداق** ئى. ئاخىرى، سوڭى: كاشكى جان بىر

باغ ئۇتۇنغا ئەرزىسە ئارمان نېمە، ۋەتىنىم گۈلخانىدا يانسام چاراسلاپ تا ئاداق.

**ئاداققى** سۈپ. ئاخىرقى، ئەڭ ئاخىرقى: ئۇ ۋۇجۇدىدا ئۆز زامانىسىنىڭ قىزلىرىدا كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل قەتئىي مەردانىلىك ۋە يۈكسەك جاسارەتنى ھېس قىلدى ۋە ئاداققى قەتئىي قارارغا كەلدى.

**ئاداققىچە** رەۋ. ئاخىرغىچە، ئەڭ ئاخىرغا قەدەر: بىز كوممۇنىزم ئۈچۈن ئاداققىچە كۈرەش قىلىمىز. * ياق! رەيھان ئاداققىچە مائارىپ ئىدارىسىگە بارمايدۇ. ئۇ ئۆزى تاللىغان بۇ خىزمەتنى ئاداققىچە ئىشلەيدۇ. بۇ خىزمەت پارتىيىنىڭ خىزمىتى، بۇ باللار خەلقنىڭ باللىرى.

**ئادالاتقۇزماق** «ئادالماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: شياۋدۈيجاڭ ئەزالارغا خاماندا سورۇلۇپ بولغان بۇغداينى يەنىمۇ پاكىز ئادالاتقۇزۇپ ئامبارغا توشۇتۇۋاتاتتى.

**ئادالاتماق** «ئادالماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىنىپ مەسئۇلى زۆرەم ئوقۇغۇچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇلارغا مەكتەپ قورۇسىنى ئادالاتتى.

**ئادالاشماق** «ئادالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇگۈنكى تويدا قىزلار تاماق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ سەي - كۆكتاتلارنى ئادالىشىپ بەردى.

**ئادالانماق** «ئادالماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆكۈلدە قالمىدى غەشلىك، زىيادىشلار جازالاندى. ئېرىق - ئۆستەڭدىكى لاتقا ئېقىن سۇدا ئادالاندى.

**ئادالەت** ئى [ئە] ① ئادىل، خالىس ۋە توغرا ئىش تۇتۇش، ھەققانىيەتلىك؛ ھەققانىيەت، ئادىللىق: ئادالەت زوراۋانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. * پادىشاھ ئۆز تەۋەسىدە ئادالەتنىڭ كەتكەنلىكىنى، ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭمۇ پادىشاھلىق خەزىنىنى كولاشقا باشلىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپتۇ. ② ئايالالارنىڭ ئىسمى.

**ئادالەتپەرۋەر** سۈپ [ئە+پ] ئادالەت تەرەپدارى، ئادالەتنى ياقلايدىغان، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەشىدىغان، ھەققانىيەتچى: ئادالەتپەرۋەر ئادەم. ئادالەتپەرۋەر خەلق. * بوغدا تېغى ئۆز باغرىدا سانسىزلىغان ئاقىل، دانىشمەنلەرنى، باتۇر - پالۋانلارنى، ئادالەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئوغلانلارنى ئۆستۈردى.

**ئادالەتپەرۋەرلىك** «ئادالەتپەرۋەر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: موللازەيدىن ئوبرازىنىڭ گەۋدىلىك يېرى ئۇنىڭ خەلقپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەرلىكىدە، مەن ئۇنىڭ ئوبرازىدىن ھايات موللازەيدىننى كۆرگەندەك بولدۇم.

**ئادالەتسىز** سۈپ ① ئادىل بولمىغان، ھەققانىيەتسىزلىك بىلەن ئىش تۇتىدىغان؛ ئادالەتتىن تاشقىرى، ئادالەتكە خىلاپ: ئادالەتسىز ئۇرۇش. ئادالەتسىز ئىش. ئادالەتسىز جەمئىيەت. * پادىشاھ زامانىدا بۇنداق ئادالەتسىز ئىشلار كۆپ بولغانىدى. * ئاتامنىڭ ئادالەتسىز تەنلىرىنى مۇلايىملىق بىلەن ئاڭلاشقا ۋە بۇنىڭغا سەۋر قىلىشقا ئۆزەمگە ئۆزەم قانچە قېتىم ۋەدە بەرگەندىم. لېكىن ۋەدەمنى زادىلا ئورۇندىيالمىدىم.

**ئادالەتسىزلىك** «ئادالەتسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: سەن بۇ ئىشتا بەك ئادالەتسىزلىك قىلدىڭ، — دېدى سەمەت ئىبراھىمغا خاپا بولۇپ. * سەن بارلىق ئادالەتسىزلىكلەرگە كۆزۈڭنى ياشلىغان ھالدا چىداشلىق بەردىڭ، ئەزەلدىن بىر ئېغىزمۇ قارشى سۆز ئېيتىپ باقمىدىڭ.

**ئادالەتلىك** سۈپ. ھەققانىيەتلىك بىلەن ئىش قىلىدىغان، ھەققەتكە ئاساسلانغان؛ ئادىل: مەن ۋەتىنىمىزنى قوغداپ، تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئادالەتلىك ئۇرۇشقا كېتىۋاتىمەن. * بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ يولباشچىسى بالكونغا چىقتى - دە، ئىشچىلارنىڭ، دېھقانلارنىڭ ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئېلىشى كېرەكلىكى، ئۇرۇشنى دەررۇ توختىتىپ، ئۆز

www.uyghurkitap.com

مەملىكەتتە ۋە پۈتۈن دۇنيادا يېڭى ۋە ئادالەتلىك تەرتىپ ئورنىتىشنى كېرەكلىكى توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى.

**ئادالەتلىماق** «ئادالاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېھمانلارنىڭ كەچلىك تاماقى ئۈچۈن يېتەرلىك كۆكتات ئادالىتىپ قويۇلدى.

**ئادالىماق** پ. پاكىزلىمەك، تازىلىماق، ئېرىغدىماق: قاچا ئادالىماق. ئۆي ئادالىماق. سەي ئادالىماق. * مەن گۈلنىڭ ئاپىسى تاماق ئۈچۈن ئادالاۋاتقان پەمىدۇردىن ئىككىنى قولۇمغا ئېلىپ كۆرسەتتىم. * ئاغرىغاننى دوختۇر كېلىپ داۋالىدى، چاچ ئۆسكەننى ئۆز ۋاقتىدا ئادالىدى.

**ئاداۋەت** ئى [ئە] ئۆزئارا چىقىشالماسلىق ياكى قارىمۇقارشىلىق، دۈشمەنلىك مۇناسىۋەت؛ گىنە، خۇسۇمەت، ئۆچمەنلىك: ئاداۋەت تۇتماق. ئاداۋەت ساقلىماق. * ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاداۋەت يېڭىدىن كېلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى ئۇزۇندىن بېرى مەۋجۇت. * مەن شەخسىي ئاداۋەت بىلەن زادىلا ھېسابلاشمايمەن. * قەلبى ئىنساننىڭ يۈرەكىدە نە قىلغايلار نىزا، بولدى قوي، ئالەمچە كەڭ بول، تۇر ئاداۋەتتىن يىراق.

**ئاداۋەت تۇتماق** ← **ئاداۋەت ساقلىماق:** سۇلايمان ھېچكىمگە كۆڭلىدە ئاداۋەت تۇتمايدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەم. * ھەممە مىللەت تەڭ — باراۋەر، ئىتتىپاق، ساپ قەلبىمىز. كەمسىتىشلەر يوقىلىپ، پۈتتى ئاداۋەت، غەلۋىمىز.

**ئاداۋەت ساقلىماق** ئۆزئارا دۈشمەنلىك، قارىمۇقارشىلىق، چىقىشالماسلىق پوزىتسىيىسىنى داۋاملاشتۇرماق؛ خۇسۇمەت، گىننى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتمەسلىك: ھەي، نادان سىڭلىم، سىز مېنى تېخىچە «ئەزىزگە ئاداۋەت ساقلاۋاتىدۇ» دەپ ئويلامسىز؟ ئۇنداقتا، مېنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىدىكەنسىز. * — بالىلىرىم، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىزنىڭ ئارىمىزدا تا مۇشۇ كۈنگىچە يا ئۇرۇش — تالاش، يا رەنجىپ ئاداۋەت ساقلاش دېگەن نەرسىلەر كۆرۈلمىدى، — دېدى بوۋاي.

**ئاداۋەتخور** سۈپ [ئە+پ] ئاداۋەت ساقلايدىغان، ئاداۋەت تۇتىدىغان: ئادەۋەتخور ئادەم.

**ئاداۋەتخورلۇق** «ئاداۋەتخور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بەزى ئادەملەرنىڭ ئاداۋەتخورلۇقى بەك كۈچلۈك.

**ئاداۋەتلەشتۈرمەك** «ئاداۋەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەمەت بىزنى قەستەن ئاداۋەتلەشتۈرۈپ قويدى.

**ئاداۋەتلەشمەك** پ. ئۆزئارا قارشىلاشماق، بىر — بىرىگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيىدە بولماق.

**ئاداۋەتلىك** سۈپ. ئاداۋەت تۇتقان، ئاداۋەت ساقلىغان، ئاداۋىتى بار: بۇ ئىنچىكە ھېسابات كادىرلار بىلەن دېھقانلارنى قايىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن زۇللارنىڭ لايىھەسى بىرمۇ قولللىغۇچى چىقماي يانچۇقىدا قالدى، مانا شۇ چاغدا زۇللارنىڭ ئاداۋەتلىك يۈرىكىدە توختى شۇجىغا نىسبەتەن ئۆچمەس داغ قالغانىدى.

**ئادەت** ئى [ئە] ① ئۆگىنىپ قالغان ھەرىكەت؛ قىلىق: ياخشى ئادەت. يامان ئادەت. ئادەت بولۇپ قالماق. * ئادەتنىڭ دورىسى يوق، مەسچىتنىڭ مورىسى يوق (ماقال). * ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن — قىسقا بولۇشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ② ئاتا — بوۋىسىدىن تارتىپ كېلىۋاتقان ياكى ئاتا — بوۋىسىدىن قالغان ۋە كىشىلەرگە سىڭىپ كەتكەن تەرتىپ؛ قائىدە، يوسۇن، ئەنئەنە، ئۆرپ-ئادەت: ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوستلۇق ئادىتى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. * بىزنىڭ يۇرتتا، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئوغۇللار 17 ياشتا، قىزلار 15 ياشتا توي قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. ③ <فىزىئول> ئاياللاردا ھەر ئايدا بىر قېتىم دەۋر قىلىدىغان بالىياتقۇدا قان ھاسىل بولۇشتىن ئىبارەت فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە (قاناش ۋاقتى ئۈچ

كۈندىن يەتتە كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ): ئادەت كۆرمەك.

**ئادەت بولماق** ← **ئادەتلەنمەك**: بۇرۇن ئاتىسىدىن نۇرغۇن مال دۇنيا قالغان بىر بايۋەچچە بولغانىكەن. يەپ – ئىچىپ، خۇشال – خۇرام ئويناپ كۈلۈش كىچىكىدىنلا ئۇنىڭغا ئادەت بولغاچقا، ئەيش – ئىشرەتتىن باشقىنى ئويلىمايدىكەن.

**ئادەتتىن تاشقىرى** ئادەتتىكىچە ئەمەس، ئادەتتىكىدىن ئۆزگىچە؛ پەۋقۇلئاددە؛ ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك: مەن ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجانلانغانلىقىمدىن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. * سىنىپ ئىچى ئادەتتىن تاشقىرى پاكىز ھەم رەتلىك ئىدى.

**ئادەت قىلماق** ئادەتكە ئايلاندۇرماق، ئادەتلىنىپ كەتمەك؛ ئادەتلەنمەك: مەن ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدە تۇرۇپ ئالتە يېرىمغىچە يېرىم سائەت تەنھەرىكەت ئويناشنى ئادەت قىلدىم.

**ئادەت كەلمەك** ← **ئادەت كۆرمەك**.

**ئادەت كۆرمەك** <فىزئول> ھەيز كۆرمەك، ئاي كۆرمەك.

**ئادەت كۈچى** بىرەر جەمئىيەت ياكى بىرەر مىللەت خەلقلىرى ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئەنئەنىۋى كۈچ: مىليونلىغان كىشلەرنىڭ ئادەت كۈچى ئەڭ قورقۇنچلۇق كۈچ.

**ئادەتتە** رەۋ. ئادەت بويىچە، ئادەتكە ئاساسەن؛ نورمال ھالەتتە، كۆپ ھاللاردا: ئۇ ئادەتتە تالا – تۈزگە ئاز چىقاتتى. * ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئادەتتە 22 ياشتىن تۆۋەن بولۇشى لازىم.

**ئادەتتىكى** سۈپ ① ئادەتتە بولىدىغان، ئادەتلىنىپ قالغان: ئۇنىڭدا دۆلەت مەسىلىسى ئىنتايىن ئابستراكت قويۇلغان، تېخى ئەڭ ئادەتتىكى ئۇقۇم ۋە بايانلاردىنلا ئىبارەت ئىدى. ② ئاددىي: بۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس، ئادەتتىكى مەسىلە. * مەلىكە بۇ قېتىم ئادەتتىكى كىيىمى بىلەنلا ئۇسسۇلغا چىقىپتۇ.

**ئادەتتىكى خروموسوما** <بىئول> ھۈجەيرە يادروسىدا تۇرىدىغان ۋە جىنسىي خروموسومىدىن باشقا خروموسومىلار.

**ئادەتتىكى خروموسوما ماددىسى** <بىئول> ھۈجەيرە بۆلۈنۈشىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ئۇيۇپ قورۇلىدىغان، ئاخىرقى ۋە ئارىلىق مەزگىللىرىدە بوشىشىدىغان خروموسوما ماددىسى.

**ئادەتتىكى سىناق** <مائار> دەرس ئارىلىقىدا ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش سىنىقى، مەزمۇن جەھەتتىن ئىمتىھانغا قارىغاندا چەكلىك بولىدۇ.

**ئادەتتىكى مائارىپ** <مائار> باشلانغۇچ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تەربىيىسى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئىشتىن سىرتقى مەكتەپلەرنىڭ تەلىم – تەربىيە خىزمىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئادەتتىكى نەتىجە** <مائار> تاپشۇرۇق، دەرس ۋاقتىدىكى سوراق ۋە ئادەتتىكى سىناق نەتىجىلىرىدىن چىقىرىلغان ئوتتۇراق نەتىجە، خۇلاسە.

**ئادەتتىكى يىل** <ئاستر> مىلادىي ھېسابىدا 2 – ئاي 28 كۈن بولغان، ھىجرىيە ھېسابىدا 12 – ئاي 29 كۈن بولغان يىللار يەنى مىلادىي ھېسابىدا 365 كۈن، ھىجرىيە ھېسابىدا 354 كۈن بولغان يىل.

**ئادەتتىكىچە** رەۋ. ئادەتتىكىدەك، ئادەتتىكىگە ئوخشاش: يولداشلار، ئالدىمىزدا ئېغىر سىناق تۇرۇپتۇ، بۇ سىناق ئادەتتىكىچە ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن بىز 20 نەچچە كۈنلۈك ئەجىرىمىزنى ۋەيران قىلىۋېتىش ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك.

**ئادەتتىكىدەك** رەۋ. ھەر ۋاقىتتىكىگە، ئادەتتىكىگە ئوخشاش، ئادەتتىكىچە؛ نورمال: مەن ئەخمەتتىن خۇشالمەن، نېمىشقا دېسىڭىز:

ئۇنىڭ بىر ئىشى ئاغىنىسى مەيلى ئىلغار بولسۇن، مەيلى قالاق بولسۇن، دەيدىغىنىنى يۈزىگە دەپ بولۇپلا يەنە ئادەتتىكىدەك مۇناسىۋەت قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ.

**ئادەتلەندۈرمەك** «ئادەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالىنى كىچىكىدىن باشلاپ تازىلىق قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش لازىم.

**ئادەتلەندۈرۈلمەك** «ئادەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالا چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك.

**ئادەتلەنمەك** پ. بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئادەت قىلماق، ئادەتكە ئايلاندۇرماق؛ بىرنەرسىگە ئۆگىنىپ قالماق: زەخمەكنى راۋاب يۈزلۈكىگە ئۇرۇپ چېلىپ ئادەتلىنىپ قالغان بولساق يۈزلۈكى تېشىلىدۇ. بۇنى قايتا يېڭىلاشقا توغرا كېلىدۇ. * ئۇ قالۇن چېلىش ماھىرى بولۇپ، مۇقامنى قالۇن چېلىپ تۇرۇپ ئېيتىشقا ئادەتلەنگەن.

**ئادەم** ئى [ئە] ① پىكىر قىلىش، سۆزلەش ۋە ئەمگەك قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ھەم ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسىيالايدىغان، ھەم ئىشلىتەلەيدىغان، شۇ سەۋەبلىك باشقا ھەممە مەخلۇقاتتىن ئۈستۈن تۇرغۇچى جانلىق زات؛ كىشى، ئىنسان: * ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا (ماقال). * ــ قېنى، مۇئەللىم كۆپ ئوقۇغان ئادەم، مۇئەللىمنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقايلى، ــ دېيىشتى كۆپچىلىك. ② كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ ئايرىم ئەزاسى، شەخس: ياخشى ئادەم. ئەخلاقلىق ئادەم. ناچار ئادەم. ③ كوللېكتىپ ئىگىلىك ياكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەربىرى؛ جان: ئادەم بېشىغا 30 جىڭدىن نورما بەلگىلەندى. ④ بىراۋنىڭ خىزمەتكارى ياكى تەرەپدارى: زوردۇن باي ئادەملىرى بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ «ئېرىگىنىڭ قەرزىنى تۆلە» دەپ بىچارە ئايالنىڭ ئاخىرقى بىر ئىنىكىنىمۇ ئاچىقىپ كەتتى.

**ئادەم ئاناتومىيىسى** ئادەم بەدىنىنىڭ شەكلى، تۈزۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئادەم ئايىغى باسمىغان** ئادەم ئىزى تەگمىگەن، ياشىمايدىغان، كىشىلەر بېرىپ باقمىغان؛ ئادەمدىن خالىي؛ ئېچىلمىغان: ئادەم ئايىغى باسمىغان چۆللەر ھازىر بوستانلىققا ئايلاندى.

**ئادەم ئەتمەك** ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلماق، ھۆرمەت بىلدۈرمەك: ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت (ماقال).

**ئادەم ئەمەس** ئادەم دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدىغان، ئادەملىك پەزىلىتى يوق: ــ يا ھەزرەت «مۆھتەرەم قارىي»، كۆرسىلە بۇ ئىشنى، ــ دېدى قۇربان ئاقساقال ئوت قويۇلغان مەسچىتنى كۆرسىتىپ، ــ جالالىدىن دېگەن بۇ خۇنپەر ئادەم ئەمەس نېمىكەن ئەمەسمۇ، مۇناپىق!

**ئادەم بالىسى** ① ئادەمزات، ئىنسان: ئاشىق بولمەن دەيدۇ، جانىغا كۆيسە بولمامدۇ. ئادەم بالىسى تولا، قەدىر بىلسە بولمامدۇ. ② چىن، ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغان شەخس، ھەقىقىي ئىنسان پەرزەنتى بولۇشقا مۇناسىپ كىشى، ھەقىقىي ئىنسان: ئادەم بالىسى ياپراق، كىر قونماس ئېسىل، ھەممىدىن ئۆتكۈر ئۇنىڭ مېڭىسى. باق، ئويلان، ئوبدان پىكىر قىل، دەۋرگە ئامراق يېڭىنىڭ يېڭىسى.

**ئادەم بولماق** ① چوڭ بولۇپ يېتىلمەك؛ چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلماق: ۋۇي! بۇ بالىنى كۆرمىگىلى نەچچە يىل بولۇپتىكەن، ئادەم بولۇپ قېلىپتۇغۇ؟! * ــ بەللى، يارايسەن ئوغلۇم، ئادەم بولۇپسەن، ــ دېدى دادىسى. ② تەربىيىلىنىپ ياخشى پەزىلەتلەرگە، چىن، ئىنسانىي خىسلەتلەرگە ئىگە بولماق: موللا بولماق ئاسان، ئادەم بولماق تەس (ماقال). * سەن زادى ئادەم بولمايدىكەنسەن، ئەسكىلىك قېنىڭغا سىڭىپ كەتكەن نەرسە ئىكەنسەن! ③ ئەي بولماق، قاتارغا قوشۇلماق (كۆپىنچە يوقلۇق مەنىدە

كېلىدۇ): تولا كېسەل تارتىپ بىر ئەت، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. بۇ بالىنىڭ ئادەم بولۇشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ.

**ئادەم سىياق** شەكلى، كۆرۈنۈشى، تۇرقى ئادەمگە ئوخشايدىغان، ئادەم شەكلىدىكى؛ ئادەمسىمان: بولدى بىتچىت جەك بىلەن ئادەم سىياق ئالۋاستىلار، پارلىدى ئالتۇن قۇياش كەڭ ئەل ـ ۋەتەنگە نۇر چېچىپ.

**ئادەم قويماق** ① بىرەر ئىشنى بېجىرىش ياكى مەلۇم نەرسىنى ساقلاشقا مەخسۇس ئادەم بېكىتمەك: — تۈگىنى ساقلاشقا قانچە ئادەم قويدۇڭلار دەپ سورىدى شۇجى مەھەممەت دۈيجاڭدىن. بۇ ئىشقا جەزمەن ئادەم قويماي بولمايدۇ. ② ئارىغا ئادەم قويماق، ئەلچىلىككە ئادەم ئەۋەتمەك: قېنى، ئادەم قويۇپ باقايلى، ماقۇل بولسا تىنچلا چېپىنى ئېلىپ كېرەرمىز.

**ئادەم قېلىپىدىن چىقىپ كەتمەك** ئىنسانغا ئورتاق ئەدەب ـ ئەخلاقنى بۇزماق، ئەخلاقسىزلىق، بەتقىلىقلىق قىلماق: ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن بۇنداق ئىشلار ئار ـ نومۇسنى، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىنى بىلمەيدىغانلاردىلا كۆرۈلىدۇ.

**ئادەم قىلماق** ① تەربىيىلەپ چىن ئىنسانغا، ياخشى پەزىلەتلىك ئادەمگە ئايلاندۇرماق، چىن، ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە قىلماق: — ئۇنى مانا شۇ ئادىل مۇئەللىم ئادەم قىلىپ كەتتى، — دېدى ھېلىقى ئىشچى دوختۇرخانا تەرەپكە قاراپ. ② بېقىپ، تەربىيىلەپ چوڭ قىلماق، چوڭ قىلىپ ئادەم قاتارىغا قوشماق: ئۇنى يولدىن تېپىۋېلىپ ئادەم قىلغاندىغۇ؟ ئەجەبا ئۇمۇ قولىغا قامچا ئېلىپ ئۇرغىلى يۈگۈرسە.

**ئادەمگە بېقىپ ئىش قىلماق** ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى، ئىقتىدارى ۋە مىجەز ـ خۇلقىغا قاراپ ئىش كۆرمەك: ئەمەت ئاخۇننىڭ ئوغلى مەكلىكمۇ شۇجى بولغان بىلەن ئالتە كۈندىن كېيىن شاپاقتا پوق ئۇسقۇدەك، ئادەمگە بېقىپ ئىش قىلماي ئۆزىنىڭ دادىسىدەك ئادەملەرنى سەن ـ پەن دەپ يۈرمەمدۇ؟ چوڭنى سىلى، كىچىكنى سىز دېسە كىم خۇش بولمايدۇ؟

**ئادەمگە بېقىپ ئىش كۆرمەك** ← ئادەمگە بېقىپ ئىش قىلماق: ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرۈشتە ئادەمگە بېقىپ ئىش كۆرۈش كېرەك.

**ئادەمگە خىتاب** <ئى> بۇ رىتورىك خىتاب ئۇسۇلىنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، بۇنىڭدا ئاپتور كىتابخانلار بىلەن ئەمەس، بىۋاسىتە ئۆز ئەسىرىدىكى پېرسوناژ بىلەن سۆزلىشىدۇ ياكى ئۇنىڭغا خىتاب قىلىدۇ ياكى بولمىسا ئەسەردىكى بىر پېرسوناژ ئۆز يېنىدا بولمىغان بىرسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدۇ.

**ئادەم ماڭسا ئايىغى، قۇش ئۇچسا قانىتى كۆيىدىغان** ھەددى ـ ھېسابسىز ئىسسىق، چىداپ تۇرغۇسىز ئىسسىق: كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىنغاندىن كېيىن، ئادەم ماڭسا ئايىغى، قۇش ئۇچسا قانىتى كۆيىدىغان چۆللەردە بۇلبۇللار سايراشقا باشلىدى.

**ئادەم ئېيىقى** <زوئول> ← **قوڭۇر ئېيىق**.

**ئادەمئاتا** ئى [ئادەم+ئاتا] دىنىي ئەقىدىلەرگە كۆرە، يەر يۈزىدە بىرىنچى بولۇپ يارىتىلغان ئەر كىشى، ھاۋا ئانىنىڭ جۈپتى.

**ئادەمئاتامدىن قالغان** ناھايىتى قەدىمكى زامانىدىن قالغان: بۇ ئادەمئاتامدىن قالغان نەرسە. * ئادەم ئاتامدىن قالغان ئادەت.

**ئادەمخور** سۈپ [ئە+پ] ئادەم گۆشىنى يەيدىغان، ۋەھشىي: ئادەمخور جاللاتلار ياغنى قىزدۇرۇپ، ئوسمانىنىڭ بەدىنىگە چاچقاندا، ئۇ يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى.

**ئادەمخورلۇق** «ئادەمخور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بەھەرمەگە مەجۇسىي قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ: — قېنىمدىن كېچىپ، مېنى ئۆلتۈرمەسلە، مەن سىلىگە، بۇ يەردىكى ئەربابلارغا نىمەت

www.uyghurkitap.com

بىلەن نەئىمىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەي، مېنىڭ ھېكايەم ھەربىرلىرىگە ماقۇل كەلسە، مەن ئىككىنچى ئادەمخورلۇق قىلماسلىققا قەسەم ئىچەي، تۇۋا قىلىپ، سىلەرنىڭ دىنىڭلارنىڭ قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلاي، — دەپ يېلىنىپتۇ.

**ئادەمخۇمار** سۈپ. [ئادەم+خۇمار] كىشىلەر بىلەن دائىم بىللە بولۇشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئادەمگە ئامراق، ئادەمگە ئىججىل: مەنمۇ شۇنداق ئادەمخۇمار، گەپخۇمار كىشى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاش ماڭىمۇ ئادەت بولۇپ قالغانىدى.

**ئادەمدەك** سۈپ. ئادەمگە لايىق، ئادەمگە خاس خۇسۇسىيەت بىلەن؛ خۇسۇسىيىتى، خاسلىقى ئادەمگە ئوخشايدىغان، ئادەملەرچە: — نېمە قىلغىنىڭ بۇ، ئادەمدەك ئىش قىلماسەن. قاراپ تۇرۇپ بىر ياخشى كۆكلەۋاتقان كۆچەتنى قايرىۋەتتىڭغا! — دېدى مامۇت ئاخۇن بالىسىغا خاپا بولۇپ.

**ئادەمزات** ئى [ئە+پ] ئادەم بالىسى، ئىنسان، ئىنسانىيەت؛ كىشى: ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن جاي. * ئۇ يەر، بۇ يەردىن ئالتە ئايلىق يول، ئادەمزات تۇگۇل، ئۇچار قۇشلارمۇ ئۇ يەرگە بارالمايدۇ.

**ئادەمزاتسىز** سۈپ. ئادەم ياشىمايدىغان، ئىنسان بارمىغان، ئادەمزاتتىن خالىي، ئادەمزات يوق: ئادەمزاتسىز چۆلدە غىڭشىلداپ كېتىۋاتقان ماشىنامنى ئالدىمىزدىكى قىيپاش دۆڭگە ياماشقاندا بىردىنلا توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم، خوت ئىشلىمەيۋاتاتتى. مەن پەم بىلەن قول تورمۇزنى چىڭ تارتىپ قويۇپ، خوتنى ئالدى-كەينىگە كۆچەپ مىدىرلىتىشقا باشلىدىم.

**ئادەمسىمان** سۈپ. ئادەمگە ئوخشايدىغان، ئادەم تەقلىدىدىكى، ئادەم شەكلىدىكى، ئادەم سۈپەت: ئادەمسىمان مايمۇن.

**ئادەمسىمان مايمۇن** سىرتقى قىياپىتى ۋە ھەرىكەتلىرى باشقا مايمۇنلارغا قارىغاندا ئادەمگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان مايمۇنلار. مەسىلەن: ئورانگۇتان، شىمپەنزە، ئۇزۇن بىلەك مايمۇن قاتارلىقلار.

**ئادەمگەرچىلىك** ئى ① كىشىلەرگە بولغان مۇھەببەت، مېھرىبانلىق، ئىنسانغا ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇش؛ ئىنسانپەرۋەرلىك: ئادەمگەرچىلىك قىلماق. * ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ئادەمگەرچىلىكنى ياقلاش، ئاتا-بوۋىسىنىڭ پارلاق تارىخىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك شان-شۆھرىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ داۋام قىلدۇرۇش ئىدى. ② كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر-بىرىنى يوقلاش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بىر-بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئادىتى: ئادەمگەرچىلىك قېرىمايدۇ (ماقال). * ئۇلار بىرنەچچە قېتىم كەلدى، مەن ئۇلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى قايتۇرالمىدىم.

**ئادەمگەرچىلىكتىن چىقماق** ① ئىنسانلىق قىياپىتىنى يوقاتماق، يامان ئىش-ھەرىكەت، ناچار قىلىقلىرى تۈپەيلىدىن كىشىلەر نەزىرىدىن چەتتە قالماق. ② كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنى يوقلاش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بىر-بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئادىتىنى يوقاتماق: مەن سودىگەرچىلىك بىلەن بولۇپ كېتىپ ئادەمگەرچىلىكتىن چىقىپلا كەتتىم. ھەتتا قولۇم-قوشنا، يار-بۇرادەرلەر بىلەن ئىزدەشكۈچىلىكمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدىم.

**ئادەمگەرچىلىك قىلماق** ① ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن ئىش قىلماق، ھەقىقىي ئىنسانلارغا ئوخشاش مۇناسىۋەتتە بولماق، شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق كۆرسەتمەك: ئاڭلىسام يېقىندىن بېرى سىز بىرمۇنچە ئەل-ئاغىنىلىرىڭىز ۋە تۇغقانلىرىڭىز ئۈچۈن بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش ھاجەتمەنلەرگە خېلىلا ئادەمگەرچىلىك قىلىپسىز. ② ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن باشقىلارغا نەپ بەرمەك.

**ئادەمگىياھ** ئى [ئادەم+گىياھ] <بوت> تىكەنلىك شەيتان دەرىخى ئائىلىسىدىكى

كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئوق يىلتىزى توم، گۈللۈك ۋە ئاق سىرىق كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئالقانسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى كىچىك، سۇس يېشىل رەڭدە ئېچىلىدۇ؛ مېۋىسى ياپىلاق ۋە چەمبەر شەكلىدە بولىدۇ؛ يىلتىزى ۋە يوپۇرماقلىرى دورا قىلىنىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە.

**ئادەملەرچە** رەۋ. ئادەملەردەك، ھەققىي ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەت بىلەن: بۇ ئىنتايىن ھەققانىي تەلەپ، فېئوداللىق يەر ئىگىلىك ھوقۇقىنى بىتچىت قىلغاندىلا، ئاندىن دېھقان ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ، قەد كۆتۈرۈپ ئادەملەرچە ياشاش، يېڭى جەمئىيەت قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

**ئادەملەشتۈرمەك** پ<ئەد> جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ بىر خىل شەكلى. بۇنىڭدا جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر ھەتتا ئابستراكت چۈشەنچىلەرمۇ ئادەم قىلىپ يېزىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل تىلنىڭ جانلىقلىقى بىلەن لىرىكىلىقىنى ئاشۇرۇشتا زور رول ئوينايدۇ.

**ئادەملەشتۈرۈلمەك** «ئادەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئادەملەشتۈرۈلۈشى ئارقىلىق ئەڭ دەسلەپكى خۇدا پەيدا بولدى.

**ئادەملىك** سۈپ. ئادەمگە خاس، ئادەمدە بولىدىغان، ئادەم بالىسىغا لايىق بولغان، ئادەمگە مۇناسىپ؛ ئادەمىيلىك، ئىنسانىي: ئادەملىك بۇرچ. ئادەملىك خاراكتېر. * ئادەمنىڭ ئادەملىكى ئاچچىقى كەلگەندە بىلىنەر (ماقال).

**ئادەمىي** سۈپ [ئە] يېزت. ئادەمگە، چىن ئىنسانغا خاس: ئادەمىي خىسلەت. * بىۋاپا بۇگۈن بارۇر، تاڭلا ئۇنتۇغاي يارىنى، ئادەمىي ھەرگىز ئۇنتۇماس، باشتا سۆيگەن يارىنى.

**ئادەمىيەت** ئى [ئە] يېزت. ئادەمزات؛ كىشىلىك، ئىنسانىيەت.

**ئاددىي** سۈپ [ئە] ① ئادەتتىكى، باشقىلاردىن ئانچە كۆپ پەرق قىلمايدىغان؛ ھەر ۋاقىت بولۇپ، ئۇچراپ تۇرىدىغان، ئادەتلىنىپ قالغان، ئانچە مۇرەككەپ بولمىغان: ئاددىي گەپ. ئاددىي ئۆي. * بازارنىڭ غەربىدىكى ئاددىي بىر ئېغىز كېسەك ئۆيدە 20 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا دېرىزە يېنىدا تۇراتتى. ② ئاڭلاشقا، چۈشىنىشكە، ھەل قىلىشقا ئاسان، ئوڭاي بولغان: ئاددىي سوئال. ئاددىي ئىش. * مۇدىر مۇراسىم باشلانغانلىقنى جاكارلىدى ۋە ئاددىي سۆز قىلدى. * زالىم شاھ نېمە دېيىشنى بىلمەي قېلىپتۇ، ئۇ مەردانىنىڭ مۇنچىلىك تېز ۋە ئاددىيلا جاۋاب بېرىشىنى ئويلىمىغانىكەن. * كونا جەمئىيەتتە خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇش ئەڭ ئاددىي ئىشلاردىن بولۇپ قالغان. ③ لايىقىدا ئەمەس، ئاز نەرسە بىلەن: ئاياللار ئۆز ئۇرۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ: — مۇشۇنداق ئاددىي كېلىپ قالدۇق، ئۆزلىرىنىڭ لايىقىدا بولماي قالدى، — دېيىشتى ۋە قوللىرىنى كۆكسىگە جۈپلەپ ئۆي ئىگىسىگە سالام بېرىشتى. ④ سەل، بوش، مۇرەككەپ ئەمەس: ئاددىي قارىماق. ئاددىي چاغلىماق. ئاددىي ئاتالغۇلۇق سان. * بۇ مەسىلىگە مۇنداق ئاددىي قاراشقا بولمايدۇ. * لۈكچۈن ۋاڭلىرىنى ئاددىي چاغلاشقا بولمايدۇ. ⑤ سۈپەت جەھەتتىن يېتەرلىك بولمىغان، ئانچە ياخشى ئەمەس: ئاددىي رەختتىن كىيىم كىيىۋالغان بۇ جۇۋان ئەمدى 48 ياشلارغا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن چېكە چاچلىرىنىڭ ئاقارغانلىقى ۋە چىرايىنىڭ سولغۇنلۇقىدىن 55 ياشلىق ئاياللاردەك كۆرۈنەتتى.

**ئاددىي ئاتالغۇلۇق سان** <مات> پەقەت بىرلا ئۆلچەم بىرلىكىنىڭ نامى بولغان سان. مەسىلەن: ئۈچ توننا. تۆت يېرىم مېتىر. بەش مو. توققۇز جىڭ.

**ئاددىي ئامفىبول** <گېئول> مىنېرال نامى. ئامفىبول گۇرۇپپىسىدىكى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان،

مىنېراللارنىڭ بىر خىلى؛ خىمىيىلىك تەركىبى $Ca_2Na(Mg,Fe)_4[(Si,Al)_4O_{11}]_2(OH)_2$، كرىستاللىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن تولۇرۇكسىمان، توغرا كەسمىسى ئادەتتە ئالتە تەرەپلىك بولىدۇ؛ رەڭگى قارا يېشىل ۋە قوڭۇر يېشىل بولىدۇ.

**ئاددىي ئاي** <ئاستر> مىلادى كالېنداردىكى ئاددىي يىلنىڭ 2 ـ ئېيى. 28 كۈن بولىدۇ.

**ئاددىي ئەمگەك** <س ئىق> ھېچقانداق مەخسۇس تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلمايدىغان ۋە ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەممىسى قىلالايدىغان ئەمگەك! يەنى مۇرەككەپ ئەمگەكنىڭ ئەكسى.

**ئاددىي پىروكسېنت** <گېئول> مىنېرال نامى، پىروكسېنت گۇرۇپپىسىدىكى كۆپ ئۇچرايدىغان مىنېرال؛ خىمىيىلىك تەركىبى $\cdot Ca(Mg,Fe,Ai,Fe)[(Si,Al)_2O_6]$ كرىستاللىرى قىسقا ۋە تولۇرۇكسىمان، توغرا كەسمىسى دېگۈدەك تەڭ سەككىز تەرەپلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ تېگىشكەن قوش كرىستاللىقلىرى كۆپ كۆرۈلىدۇ؛ رەڭگى قارا يېشىل ۋە قوڭۇر قارا بولىدۇ.

**ئاددىي تاناسىپ** <مات> تەڭلىك بەلگىسىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى نىسبەتتىن تۈزۈلگەن تاناسىپلىق ئىپادە. مەسىلەن: a:b = c:d

**ئاددىي تەرتىپ** <قا> ئادەتتىكى بىرىنچى سوت تەرتىپىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاددىيراق بولغان بىر خىل سوت قىلىش شەكلى.

**ئاددىي جۈملە** <تىل> تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان، تارماق جۈملىلەرگە ئايرىغىلى بولمايدىغان جۈملە.

**ئاددىي خەت** زاكاز قىلىنمايدىغان، ئادەتتىكى خەت.

**ئاددىي خەلق** جەمئىيەت ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان، ئالاھىدە ئىمتىيازلىق تەبىقىدىن پەرقلىنىدىغان، ئادەتتىكى ئاۋام خەلق؛ پۇقرا.

**ئاددىي زاكاز** پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلىدىغان، خەت ـ چەك ئىچىدىكى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇلۇش مەسئۇلىيىتىلىكى ئانچە مۇرەككەپ بولمىغان زاكاز.

**ئاددىي كەسىر** <مات> سۈرەت ۋە مەخرەجلەردىنلا ئىبارەت بولغان كەسىر. مەسىلەن: $\frac{1}{5}$، $\frac{3}{7}$ قاتارلىقلار: ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلاردىن ئوخشاش مەخرەجلىك ئاددىي كەسىرلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنىڭ قانداق سېلىشتۇرۇلىدىغانلىقىنى سوراپ، ئاندىن ھەر خىل مەخرەجلىك ئاددىي كەسىرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنىڭ قانداق سېلىشتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ.

**ئاددىي كۆز** زامانىۋى كۆرۈش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ياردىمى بولمىغان كۆز؛ ئادەمنىڭ كۆزى: كېسەل مىكروبلىرىنى ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ.

**ئاددىي گارمونىك ھەرىكەت** <فىز> بىر خىل ئاددىي تەۋرىنىش. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋاقىتقا ئەگىشىپ سىنۇس قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن: پۇرژىنىنىڭ بىر بېشىغا بىر جىسىمنى ئېسىپ قويۇپ، پۇرژىنىنى تارتىپ قويۇۋەتسەك، شۇ جىسىم ئېلاستىك كۈچىنىڭ تەسىرىدە يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرىكەت قىلىدۇ. جىسىمنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى ئاددىي گارمونىك ھەرىكەت بولىدۇ.

**ئاددىي گەپ** ئوڭاي قىلغىلى، ئاسان ۋۇجۇدقا چىقارغىلى، قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان نەرسە، ئىش، مەسىلە، مەقسەت: — ئانچە قايغۇرۇپ كەتمە، بۇ ئاددىي گەپ ئىكەن، — دېدى ئۇ دوستىغا تەسەللى بېرىپ.

**ئاددىي گەپ ئەمەس** ① ئوڭاي ئەمەس، مۈشكۈل، تەس، قىيىن: ئۆي، بالا ـ

چاقىدىن ئايرىلىپ، يىللاپ يېزا خىزمىتى ئىشلەش ئاددىي گەپ ئەمەس. ② مۇھىم، چوڭ ئىش: بىزدەك ئادەملەر ئۈچۈن رەھبەرلىكنىڭ ئىشەنچىسى دېگەن ئاددىي گەپ ئەمەستە.

**ئاددىي ماددا** <خىم> باشقا ئېلېمېنتلار بىلەن بىرىكمىگەن ۋە تەبىئەت دۇنياسىدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ماددا. مەسىلەن: ھىدروگېن، بروم، سىماب قاتارلىقلار.

**ئاددىي ماياتنىك** <فىز> يۇقىرى ئۇچى بىر جايغا تۇراقلاشتۇرۇلۇپ، تۆۋەنكى ئۇچىغا بىر تال شارچە ئېسىلغان ماياتنىك.

**ئاددىي مەسىلە** ① ئانچە قىيىن ئەمەس، ئاسان ھەل قىلغىلى بولىدىغان ئىش. ② <مات> ئارىفمېتىكىدىكى بىر يول بىلەن يېشىلىدىغان مەسىلە.

**ئاددىي مۇقاۋا** <مەت> يۇپقا قەغەزلەردىن ئىشلەنگەن مۇقاۋا: ئاددىي مۇقاۋىلىق كىتاب.

**ئاددىي نوتا** <مۇز> ئەرەب رەقەملىرىدىن 1، 2، 3، 4، 5، 6، 7 ۋە قوشۇمچە بەلگىلەر ئاۋاز بەلگىسى قىلىنىدىغان نوتا.

**ئاددىي نىسبەت** <مات> ئالدىنقى ئەزاسى بىلەن كېيىنكى ئەزاسى بىرلا سان بولغان نىسبەت. مەسىلەن: 3:7، a:b

**ئاددىي ھۆكۈم** <لوگ> بىرلا ھۆكۈمدىن ئىبارەت بولغان، باشقا بىر ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ھۆكۈم.

**ئاددىي ئىندۇكسىيىلىك خۇلاسە** <لوگ> ئىندۇكسىيىلىك خۇلاسىنىڭ بىر تۈرى. ئۇ بىرەر بەلگىنىڭ بىر خىلدىكى ئوبيېكتنىڭ كۆزگە چېلىققان بارلىق قىسمىدا تەكرار كۆرۈلۈۋېرگەنلىكىگە ھەمدە بۇ خىل ئەھۋالغا زىت ئەھۋالنىڭ تېخى ئۇچرىمىغانلىقىغا ئاساسەن، شۇ خىلدىكى ئوبيېكت توغرىسىدا ئومۇمىي يەكۈن چىقىرىلىدىغان قىسمەن ئىندۇكسىيەلىك خۇلاسە.

**ئاددىي يوپۇرماق** <بوت> بىر ئالقانلىق يوپۇرماق. مەسىلەن: قارا ئۆرۈك، شاپتۇل قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرمىقى.

**ئاددىي يىل** <ئاستر> ئاي كالېندارى بويىچە 12-ئاي 29 كۈندە توشىدىغان يىل.

**ئاددىي-ساددا** ئاددىي ۋە ساددا، ھەم ئاددىي، ھەم ساددا: تۇردى ئاكا تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا ئۆتىدىغان ئادەم. * 10-ئاينىڭ 1-كۈنى بولىدىغان تويىمىز ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈلىدۇ. تويدا سوۋغاتمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ.

**ئاددىي-ساددىلىق** ئاددىي ۋە ساددا بولغان ھالەت، مىجەز، كەيپىيات: ئۇنىڭ ئاددىي-ساددىلىق ۋە زېرەكلىكى كىشىلەر ئارىسىدا تېزلا تەسىر قوزغىدى. شۇڭا ئۇ ھاكىم بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭغا ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كېلىدىغانلار كۆپەيدى.

**ئاددىيلاشتۇرماق** «ئاددىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇرژۇئازىيە دەۋرى مۇنداق بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە: ئۇ سىنىپىي قارىمۇقارشىلىقنى ئاددىيلاشتۇرىدۇ.

**ئاددىيلاشتۇرۇلماق** «ئاددىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھازىر خەلق ئارىسىدىكى توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرى ئۆتكەنكىگە قارىغاندا خېلى دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرۇلدى.

**ئاددىيلاشماق** پ. ئاددىي ھالەتكە كەلمەك، ئوڭئايلاشماق: نورمىلىق ئاشلىقنى سېتىۋېلىش رەسمىيىتى بۇرۇنقىدىن كۆپ ئاددىيلاشتى.

**ئاددىيلىق** «ئاددىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مۇئەللىم تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆتۈشتىن ئىبارەت دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى بىلەن دەرس ئۆتتى.

**ئادراسمان** ئى <بوت> ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يىلتىزى توم، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، قاتلىنىپ يېرىلىدۇ، گۈلى ئاق،

www.uyghurkitap.com

غوزىسى شارسىمان بولىدۇ؛ يەر ئۈستى قىسمى ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ؛ ئۆپكىنى ياشارتىپ، يۆتەل توختىتىش ۋە نەملىكنى چىقىرىپ زەھەرنى كېسىش رولىغا ئىگە.

**ئادرېس** ئى [ر <فران] ① بىرەر كىشى ياكى تەشكىلات تۇرىدىغان جاينىڭ تەپسىلىي نامى: مەن شۇ چاغدا «ئۆيۈم تۆرەم مەھەللىسىدە» دەپ يالغان ئىپتىماي ئۆز ئادرېسىمنى توغرا ئېيتىپ بەرگەن بولسام، ئىخلاس بۇۋى مېنى، ھېچ بولمىسا، ئانامنى ئىزدەپ تاپقان بولار ئىكەن. ② پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدىكى جاي ۋە شۇ نەرسىنى تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئادرېسى يېزىلغان يېزىق: بۇنىڭدىن كېيىن خەت يازسىڭىز ياكى تېلېگراما ئەۋەتسىڭىز تۆۋەندىكى ئادرېسقا ئەۋەتىڭ: ئۈرۈمچى غالىبىيەت يولى 18 ـ نومۇرلۇق قورۇ.

**ئادۋوكات** ئى [ر<لات] <قا> دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھاۋالىسى ياكى سوت مەھكىمىسىنىڭ بەلگىلىشى بىلەن قانۇنىي ھالدا دەۋالاشقۇچىلارغا ھەمكارلىشىپ شىكايەت قىلىدىغان ياكى باشقا قانۇنىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مەخسۇس خادىم: ئەيىبلىگۈچى باتۇرجاننىڭ جىنايەتلىرىنى يېپىدىن يېڭىنىسىگىچە قالدۇرماي ئوقۇپ ئۆتتى. ئادۋوكات يۈسۈپجان بولسا ئەيىبلىگۈچىنىڭ كەلتۈرگەن پاكىتلىرىنىڭ خېلى بىر قىسمىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

**ئادۋۇكاتلىق** «ئادۋوكات» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: ناھىيە بازىرىدىكى يۈسۈپ دېگەن كىشى ئادۋوكاتلىققا تەكلىپ قىلىندى.

**ئادېنوزىن** ئى [ر] خىمىيىۋى بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{10}H_{13}O_4N_5$، ئادېنىن ئىشقارى بىلەن d نۇكلېئوزىدىن شەكىللىنىدۇ، نۇكلېئىن كىسلاتاسىدىن ھاسىل بولىدۇ، سۇدا ئېرىيدۇ، ئېرىش نۇقتىسى $229^\circ C$.

**ئادېنوزىن مونوفوسفات** <بىئول> ئورگانىك بىرىكمە، قىزىل قان شارچىسى، مۇسكۇل، ئىچەكتىن قۇلاردىن ھاسىل بولىدۇ؛ ئادېنىن ئىشقارى، نۇكلېئوزا ۋە فوسفات كىسلاتانىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللىنىدۇ ۋە ئاق رەڭلىك كرىستال ھالەتتە بولىدۇ؛ ئېرىش نۇقتىسى $197^\circ C$.

**ئادىئاباتىك** سۈپ [ر<گرېك] <فىز> ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىسسىقلىق مىقدارى ئۆزگەرمەيدىغان؛ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەيدىغان، ئىسسىقلىق تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان: ئادىئاباتىك جەريان. ئادىئاباتىك دەستىلەش.

**ئادىئاباتىك جەريان** <فىز> تاشقى مۇھىت بىلەن ئىسسىقلىق ئالماشتۇرۇش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ماددىلار سىستېمىسى ئېلىپ بارغان تۈرلۈك فىزىكىلىق ياكى خىمىيىلىك جەريانلار.

**ئادىز** ئى ← **ئادىزلار.**

**ئادىزلار** ئى <ئىرق> تۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى. ئادىزلار ئەسلى ۋولگا دەرياسى ياقىلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن، تۈركلەرگە تەۋە بولغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەرققە كۆچۈپ بېرىپ سىر ـ تاردۇشقا تەۋە بولغان.

**ئادىل** سۈپ [ئە] ① بىرەر تەرەپكە يان باسماي، ئادالەت، ھەققانىيەت بىلەن خالىسانە ۋە ھەققانىي ئىش قىلىدىغان، ھەققانىي يول تۇتىدىغان؛ ئىللا، توغرا: ئادىل ئادەم. ئادىل ھۆكۈمەت. * دېلىغۇل بولما، بول راۋان، دادىل، تەلەپ قىل، چارە تاپ، ئىشتا بول ئادىل. تۈز يولدا مۇدۇرۇپ، يورۇقتا تەمترەپ، تىنچلىقتا ئەنسىرەپ يۈرمەيدۇ ئاقىل. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئادىل بولماق** بىرەر تەرەپكە يان باسماي،

ئادالەت، ھەققانىيەت بىلەن خالىسانە ۋە ھەققانىي ئىش قىلماق، توغرا يول تۇتماق: پادىشاھ ئادىل بولسا، پۇقرا مايىل بولار (ماقال). * دادام ماڭا: ــ ئىشتا ئادىل بولساڭ، كىشى ئالدىدا تىلىڭ تۇتۇق بولمايدۇ، ــ دەپ دائىم نەسىھەت قىلاتتى.

**ئادىلانە** رەۋ [ئە+پ] ئادىللىق بىلەن، ئادالەت يۈزىسىدىن، ھەققانىيەتكە ئاساسلىنىپ، ئادالەتلىك بولغان؛ ھەققانىي: ئالىي سوت مەھكىمىسى ئەركىننىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا ئادىلانە ھۆكۈم چىقاردى.

**ئادىلانىلىق** «ئادىلانە» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئادىلانىلىق بىلەن ئىش قىلماق.

**ئادىللىق** «ئادىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سەپەرقۇل پادىشاھلىقنى ئالغاندىن كېيىن، ئىككى شەھەرنى بىرلەشتۈرۈپ يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ.

**ئادىم** ئى. تارس. قەدەم ھەم ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى: سارايىنىڭ ئىچى بەك سورلۇك، تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ سارايىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 ئادىم، ئېنى 35 ئادىم كېلەتتى.

**ئادىمەتچىلىك** ← **ئادەمگەرچىلىك:** ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش داۋىلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلار بۇنداق تويدىن نەچچىسگە يېتىدۇ. ئادىمەتچىلىك ئۈچۈن داستىخانغا چۈشكەن نەرسىلەرچۇ تېخى، خېنىمنىڭ ساندۇقلىرىغا سىغماي قالدى.

**ئادىمساق** ئى. [ئادەم+مساق] ئەڭ قەدىمكى ئىنسان، ئەڭ بۇرۇنقى ئادەمزات: ھىسامىدىن داموللا بۇ كىتابىنى «قىسسەسۇل ئەنبىيا» يەنى «پەيغەمبەرلەر تەزكىرىسى» دەپ ئاتايتتى ۋە ئۇنىڭدا ئادىمساق ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىنكى ئالەمنىڭ ھېكمەتلىك سىرلىرى تەرەپ ـ تەپسىر قىلىنغان دەپ چۈشەندۈرەتتى.

**ئار I** ئى [ئە] ئۆزىگە نامۇناسىپ ياكى ئەپ كۆرمىگەن ئىشتىن، نەرسىدىن خىجالەت بولۇش، ئۇيىلىش تۇيغۇسى؛ ئۇيات، نومۇس: ئۆز ئاتام مالدەك سېتىپ، قىلماقچى قەستى پۇل مېنى. پۇل ئۈچۈن ئارنى سېتىپ، قىلماقچى ئەسلى قۇل مېنى. * ياۋغا مەھكۇم بولۇپ ياشاشنى، ئار ـ ۋىجدانىم كۆرمىسدى راۋا. چاك ـ چاك بولدى قەھرىمدىن يۈرەك، تاپالماستىن دەردىگە داۋا.

**ئار ئالماق** نومۇس، ئۇيات دەپ قارىماق؛ نومۇس، ئۇيات دەپ ھېسابلىماق: ئار ئالمىدى خوجىسىنىڭ قىلىقىنى، ئۇيىلىپ قويىدى ئاڭا كەپىنىڭ سىلىقىنى.

**ئار بىلمەك** ← **ئار ئالماق:** ئەدەب ـ ئەخلاقنى يار قىلغىن، ئەدەبسىزلىكنى ئار بىلگىن. شۇ چاغ ھۆرمەت تاپارسەن زور، گۈزەللىكنى شوئار قىلغىن.

**ئار II** ئى [ر <فران<لات] مىق س. مېتىر سىستېمىسىدىكى 100 كۋادرات مېترغا ياكى 0.15 موغا تەڭ بولغان ئۆلچەم بىرلىكى. بىر گېكتارنىڭ يۈزدىن بىر قىسمى.

**ئارا** ① ئى. ئىككى نەرسە ياكى ئىككى نۇقتا ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە، ئارىلىق: بىخلىغا قول بىلەن يانچۇقنىڭ ئارىسى 40 كۈنلۈك (ماقال). * مېنى كۈت ئىزىرىم مەن كەتتىم يىراق، قەلبىمنىڭ يېرىمى قالدى سەن بىلەن. سەن قالدىڭ ئارىمىز بولسىمۇ يىراق، سۆيگۈمىز رىشتىسى بىرگە مەن بىلەن. ② ئى. قاتار، سەپ ئوتتۇرا: ــ تۇرمۇشنىڭ سىزىقنى ئالدىن بەلگىلىۋالغىلى بولمايدىكەن، ــ دېدى ھەببە قاپىقنى سۈزۈپ تۇرۇپ، ــ مەن ئۈچ ئوغۇل ئارىسىدا بىرلا قىز ئىدىم. * قىزىلگۈل ئارىسىدا بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم. ئېيتمىغانغا بولمايدۇ، مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم. ③ ئى. ئىككى ۋەقە، ھادىسە ياكى پەيت ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن ياكى ئۆتىدىغان ۋاقىت؛ پۇرسەت: ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، زۇلال ئۇنى بىر ھەر قېتىممۇ يوقلىمىدى. * شەرىخاننىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، يۇقىرىدىكى ئىشلار ئىلىدا ئىنقىلاب بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەنىدى. ئارىدىن يەنە شۇنچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە زوردۇن ئۆز يۇرتىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ④ ئى. كىشىلەر

ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت؛ ئالاقە: دۈيجاڭ بىلەن تۇرسۇن ئاخۇننىڭ ئارىسى مۇندىن ئۈچ يىل ئىلگىرى بۇزۇلغانىدى. ⑤ سۆپ. ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ئەمەس، چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس، ئېگىزمۇ ئەمەس، پەسمۇ ئەمەس؛ ئوتتۇرا هال: ئارا پاشنا. ئارا بوي. * بۈگۈن بازاردىن سېتىۋالغان ماللىرىمىز ئالاھىدە مالمۇ ئەمەس، ئارا نەرسىلەر. ⑥ سۆپ. قولى بوش، قولىدا ئىش يوق؛ بىكار: — مەريەم هەدە، خىزمەتنىڭ ئارا ۋاقىتلىرىدا يېڭى كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇپ بېرىڭ. مۇنداق كىتابلار مەندە بار، — دەپ مەسلىهەت بەردى ئايتۇرسۇن. ⑦ تىر. 1) باش كېلىشتىكى ئايرىم ئىسىملارنىڭ كەينىگە تىركىلىپ كېلىپ «ئارىسىدا، ئارىلىق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: پاشايىم بار، ئازادەم بار جاهان ئارا سەنئىتىمىنىڭ ئاۋازىنى قىلدى ياڭراق. باغ ئارا سەيلە قىلىشتىن مەڭگۈ ئەلا كەشپىيات، ئاتىغىن ئۆمرۈڭنى پەنگە مەنىلىك ئۆتسۇن هايات. 2) باش كېلىشتىكى ئايرىم ئىسىملارغا تىركىلىپ كېلىپ، «ئوتتۇرىسىدا» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: كىممۇ بىلمىسۇن بۇ ئۆيدە شۇ كۈن، ئەر-خوتۇن ئارا بولغان تاپىنى.

**ئارا ئاي** ← **زۇلقەدە.**

**ئارا بولماق** قول بوشىماق، بىكار قالماق؛ بېسىق، ئالدىراش ئەمەس: يېقىندا قولىمىزدىكى ئىشلار ئاخىرلىشىپ بىرئاز ئارا بولۇپ قالدۇق. شۇڭا بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلدۇق. * ئۇ بۇغدايىنى تۈگمەن ئارا بولۇپ قالسا، تارتىپ قويماقچى.

**ئارا بوي** ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا بوي: هەجەر بوۋى ئاق سېمىز، ئۇستىخانلىق ئارا بوي، مېهماندوست ئايال بولۇپ، هال ئوقىتى ۋە تۇرمۇشى ئوبدان ئىدى. * بۇ يىگىت كۆچا كۆرپىسىدىن قارا قۇلاقچا كىيىۋالغان، قارا قاش، يۇملاق يۈز، يۈزىدە قارا سەپكۈنى بار، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئارا بوي ئىدى.

**ئارا بۇلۇڭ** <مات> ئىككى تۈز سىزىق ياكى ئەگرى سىزىق ئارىسىدىكى بۇلۇڭ.

**ئارا تام** ئىككى هويلا ياكى ئىككى ئۆينى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تام: باغچىنىڭ بىر يېقىدا كوچىغا تۇتاشقان تام، يەنە بىر يېقىدا قوشنا هويلىنى ئايرىپ تۇرغان تام بار، بۇ ئارا تامنى يېپىلىپ ئۆسۈپ كەتكەن بۆرىگۈل پۈتۈنلەي قاپلىۋالغانىدى.

**ئارا تام قوشنا** ئارىسى تام بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان قوشنا؛ يېقىن قوشنا: ئۇ بىزگە ئارا تام قوشنا بولىدۇ. * بايا مەن بۇ يەردىن چىقىپ كېتىۋاتقان بىر جانابنى كۆردۈم، ئۇ مەن بىلەن بىر مېهمانخانىدا، يەنە كېلىپ ئارا تام قوشنا ئۆيدە تۇرىدىغان بىر بوۋاي....

**ئارا تۇرماق** تاقابىل تۇرماق، ساقلاپ قالماق؛ قوغدىماق، مۇهاپىزەت قىلماق: — ئۇنىڭ مېڭىشلىرىغا كېچە-كۈندۈز ياكى ئىسسىق-سوغۇق ئارا تۇرالمايدۇ، — دېدى ئابلىز ئۇستامنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ تۇرغان ئۇستام. * يىگىت بالىنىڭ قولىدىن مەهكەم تۇتقىنىچە توپقا شۇڭغۇپ كىردى-دە، بالىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ: - شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ جېنىغا ئارا تۇرغان مۇشۇ بالا ئەمەسمۇ؟! — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ.

**ئارا جاغدا قوناق** چىلگە قوناقنىڭ بىر خىلى، بالدۇر پىشىدىغان چىلگە قوناق بىلەن كېيىن پىشىدىغان چىلگە قوناقنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىشىدىغان قوناق: بۇغداي ئېگىزىغا ئارا جاغدا قوناقمۇ تېرىلدى.

**ئارا سوزۇق تاۋۇش** <تىل> تەلەپپۇز قىلغاندا تىل ئېغىز بوشلۇقىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان سوزۇق تاۋۇش.

**ئارا شال** مايىسى چىلگە شالدىن كېيىنرەك كۆچۈرۈلىدىغان، ئۆسۈش ۋە پىشىش مەۋسۇمى چىلگە شالدىن كېيىنرەك بولىدىغان شال.

**ئارا قاپىيە** <ئەد> غەزەل شەكلىدە يېزىلغان

www.uyghurkitap.com

شېئىرلارنىڭ دەسلەپكى ئىككى مىسراسى قاپىيەداش بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ مىسرا ئاتلاپ، دەسلەپكى ئىككى مىسرا بىلەن قاپىيەداش بولۇپ كېلىشى.

**ئارا قەۋەت** <كېئول> يەر شارى ئىچكى تۈزۈلمىسىنىڭ يەر مەركىزىدىن يەر پوستىغىچە بولغان 2900 كىلومېتر ئارىلىقتىكى قەۋىتى.

**ئارا لېچىنكا** <زوئول> چېكەتكە، چېرىپاشكا قاتارلىق تولۇق شەكىل ئۆزگەرتمەيدىغان ھاشاراتلارنىڭ تۇخۇمىدىن چىقىپ، تېخى قانات چىقارمىغان مەزگىلىدىكى لېچىنكىسى، شەكلى يېتىشكەنلىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. لېكىن، تېنى كىچىك، كۆپىيىش ئورگانلىرىنىڭ يېتىلىشى تولۇق بولمايدۇ.

**ئارا ئوچۇق** ① ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ھېساب-كىتاب، ئېلىم-بېرىم تۈگىگەن؛ مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن: — ئىككىمىزنىڭ ئارىسى ئوچۇق، ئۇنىڭ پۇلنى مەن ئاللىقاچان تۆلىۋەتكەن، — دېدى ئۇ كىدەيگەن ھالدا. * — بولدى قىلىڭ! — دېدىم مەن قولۇمنى سىلكىپ، — ئۇنداق بولسا ھازىردىن باشلاپ ئارىمىز ئوچۇق. ② ئاردىكى چۈشەنمەسلىك، ئاداۋەت تۈگىگەن: — ئۇبدان قىزىم، — دەپ داۋام قىلدى تىللاخان، — بىزدە، «نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق» دېگەن گەپ بار. مەن ئانا، سەن بالا، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىنىڭ ئوچۇق بولغىنى ياخشى.

**ئارا ئوچۇق بولماق** ① ئارىدىكى ھېساب-كىتاب، ئېلىم-بېرىم تۈگىمەك، مۇناسىۋەت ئۈزۈلمەك: ئۇلار ئۇزاق تارتىشتى، قايتىپ كەتكۈسى كەلمىدى: — بەگ بىلەن بۈگۈن ئارىمىز ئوچۇق بولدى، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرىمىز — دېيىشتى. ② ئارىدىكى چۈشەنمەسلىك، ئاداۋەت تۈگىمەك.

**ئارا ئۆتەڭ** ئىككى ئۆتەڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىتلىق توختىلىدىغان جاي؛ چۈشكۈن.

**ئارا يول** ① مۇساپىنىڭ ئوتتۇرىسى، يولنىڭ يېرىمى: ئۆيگە قايتىشتا ئارا يولغا كەلگەندە، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ② ئۇڭ ۋە سول تەرەپتىكى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يول: ئارا يول بىلەن كەلمەك.

**ئارا يولدا قالماق** قىلىنماقچى ياكى بېجىرىلمەكچى بولغان بىرەر ئىش يېرىملىشىپ ياكى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا توختاپ قالماق: بۇ ئىش بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئېلىپ بېرىلغان، لېكىن ئارا يولدا قالغانىدى.

**ئارىدىن سۆز ئۆتمەك** ← **ئارىدىن گەپ ئۆتمەك.**

**ئارىدىن قارا مۈشۈك ئۆتمەك** غەيرىي بىرى ئىككى ئوتتۇرىدا بولار-بولماس گەپ-سۆز پەيدا قىلىپ، ئارىغا سوغۇقچىلىق سالماق: — ئۇ ۋاقىتدا، — دېدى زەينەپ، — ئارىمىزدىن قارا مۈشۈك ئۆتۈپ قالغانىدى. شۇڭا تازا ئەپ ئۆتەلمىدۇق. ھازىر مۇناسىۋىتىمىز ناھايىتى ياخشى.

**ئارىدىن قىل ئۆتمەيدۇ** ← **ئارىغا قىل سىغمايدۇ**: — ئامىنە بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىن قىل ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالغانمىز، — دېدى ھۆرنىگۈل.

**ئارىدىن گەپ ئۆتمەك** ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە قاتتىق تېگىدىغان، كۆڭۈلسىز گەپلەر بولۇنماق: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئازراق گەپ ئۆتۈپ قالدى.

**ئارىغا ئادەم قويماق** ← **ئارىغا كىشى قويماق**: بىز بۇ ئىش توغرۇلۇق ئالمىبۈرۈن ئارىغا ئادەم قويغاندۇق.

**ئارىغا ئالماق** ① ئەتراپىنى ئورىماق، قورشىماق: شۇنىڭ بىلەن كارۋانلار ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ ۋە ئۇنى ئارىغا ئېلىپ تۇرۇپتۇ. * ئەبۇلقاسىم ئۇستا ئۇن چىقمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى چايقىغىنچە ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. ياشلار شەۋكەتنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

② ئۆز ئىچىگە، ئۆز سېپىگە قوشماق، قېتىغا ئالماق: بۇنداق بىر ئادەمنى يېزا مۆتىۋەرلىرى ئارىغا ئېلىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇلارنىڭ پايدا-زىيىنى بىردەك ئەمەس ۋە ھېس-تۇيغۇلىرى، مەقسەتلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس تۇرسا.

**ئارىغا تىكەن ئۈنمەك** ئوتتۇرىدا دۈشمەن پەيدا بولماق، دۈشمەن ئارىلاشماق: ئۇنىڭ مۇئامىلىسى باشقىچە بولۇپ قالدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئارىمىزغا تىكەن ئۈنگەندەك قىلىدۇ. * كۆچۈك كەلدى ھېسابىسىزكىم، رەشك ئەتكەنگە تىغ ئۇردۇڭ، ئارىغا ئۈنسە تىكەنلەر قىلىچتا تارمار ئەتتىڭ.

**ئارىغا چۈشمەك ← ئارىغا كىرمەك**: جىگسا ئەمەلدارىنىڭ جىنى چىقىپ تاپانچىنىڭ سېپى بىلەن ئۇرۇشقا قول كۆتۈرۈۋىدى، ياسىن خوجا ئارىغا چۈشتى. * شۇنى دېمەمسەن، قىزىم. ئەگەر داداڭ راستىنلا ئۇرغۇدەك بولسا ئۆزەم ئارىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭغا يول قويمايمەن.

**ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشمەك** ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يىرىكلەشمەك، ئاداۋەت يۈز بەرمەك: ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ تەييار بولغان توي ئىشلىرىمۇ بۇزۇلۇپ كەتتى.

**ئارىغا سوغۇقچىلىق سالماق** ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى يىرىكلەشتۈرمەك، ئاداۋەت پەيدا قىلماق، بۆلگۈنچىلىك قىلماق: بۇ گەپنى ئوقۇپ خەتنى يوتقانىنىڭ ئۈستىگە قويدۇم: «ئېقىمىز كېلىشمەيۋاتامدۇ ياكى بىراۋ ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق سېلىۋاتامدۇ؟» مانا بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش، جاۋاب بەرگەندىمۇ ئېنىق جاۋاب بېرىش لازىم ئىدى.

**ئارىغا شامال كىرمەيدۇ ← ئارىغا قىل سىغمايدۇ**: ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئارىسىغا شامال كىرمەيدۇ.

**ئارىغا قاتماق** ئۆز ئىچىگە ئالماق، ئۆز سېپىگە قوشماق: — ئۇنداقتا ئاراڭلارغا مېنى قېتىۋالامسىلەر؟ — قېتىۋېلىشقۇ ئاسان، — دېدى ئاكام مۈرەمنى يېنىككىنە تۇتۇپ، — سەن ئوكام، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىشىڭ كېرەك.

**ئارىغا قىچا چاچماق** ئارىغا سوغۇقچىلىق سالماق، ئاداۋەت پەيدا قىلماق: — بۆرە ئاكا، مەن سىلىدىن پاكار، بېرىپ ئۇلار ئارىسىغا قىچا چاچاي، جېدەللەشسۇن، بىر-بىرىنى چاقاي، — دەپتۇ تۈلكە ئەقىل كۆرسىتىپ.

**ئارىغا قىستۇرۇلماق** باشقىلارنىڭ گېپىگە، سۆھبىتىگە ياكى ئىشىغا ئارىلىشىۋالماق: سەمەت سەن ئارىغا قىستۇرۇلماي تۇر، بىز ئۆزىمىز باشلىغان ئىشنى ئۆزىمىز ئاياغلاشتۇرىمىز.

**ئارىغا قىل سىغمايدۇ** ئىنتايىن يېقىن، بەكمۇ يېقىن، ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ (دوست، ئاغىنىدارچىلىق ھەققىدە): دولقۇن بىلەن ئەزىز ئارىسىغا قىل سىغمايدىغان دوستلاردىن ئىدى.

**ئارىغا كىرمەك** كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇنازىرە، تالاش-تارتىش، ئۇرۇش-جېدەل ۋە باشقا ئىختىلاپلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن شۇ ئىشقا ئارىلاشماق: ئاخىرى مەھەللە جامائەتلىرىنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن بۇ ئۇرۇش-تالاشلار تەسلىكتە ئاياغلاشتى. * غالىب بىر قولى بىلەن ئوقەتەك قان كەتكەن بۇرنىنى تۇتۇپ، شىمىنىڭ يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئېلىپ بولغۇچە، يەنە بىر مۇشت كېلىپ قاپىقىغا تەگدى ۋە پەقەت شۇ چاغدىلا بىرنەچچەيلەن «بولدى، بولدى» دەپ ئارىغا كىردى.

**ئارىغا كىشى قويماق** ئىككى تەرەپ ۋە ئىككى شەخسنى كېلىشتۈرۈش ياكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى بېجىرىش ئۈچۈن، ئۈچىنچى بىر كىشىنى ۋاسىتىچى قىلماق، ئەۋەتمەك: ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپامۇ ئارىغا كىشى قويۇپ: — گەپ قىلىڭلار، ئاۋۇ «سۇلتان بېگىم» غادىيىپ يۈرىۋەرمىسۇن، بىرەرىنى تېپىپتىمۇ ياكى تاپىمىزمىكەن؟... — دەپ بېشىمنى ئاغرىتقىلى تۇردى.

**ئارىمىزدا قالسۇن** ئىككى ئوتتۇرىدىكى گەپ-سۆز ۋە باشقا ئىشلارنىڭ باشقىلارغا ئاڭلىنىپ، بىلىنىپ قالماسلىقى توغرىسىدا

ئىشلىتىلىدۇ: بۇ گەپ ۋاقتى كەلگىچە ئىككىمىز-نىڭ ئارىسىدا قالسۇن، ھېچكىمگە تىنمايلى، ۋاقتى كەلگەندە ھېچكىم توسالمايدۇ.

**ئارىنى بۇزماق** كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرماق، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈرمەك، ئاداۋەت سالماق: لۇتپۇللا بولسا، ئۇنىڭغا كۆپ خەتلەرنى يازدى. جاۋاب كەلمىگىنىگە ئۇنىڭ ئىچى تىت-تىت بولاتتى. بۇنىڭدا زادى نېمە سىر بار، يا قوشنا-ۋاتتا قالغان زۇلپىيە ئارىنى بۇزدىمۇ؟

**ئارىنى ئۈچۈق قىلماق** ① ئارىدىكى ئېلىم-بېرىم، ھېساب-كىتابنى تۈگەتمەك؛ مۇناسى-ۋەتنى ئۈزمەك: دادا، ئەكبەر ئاكام تېخى بىزنىڭكىگە سېنىڭ بىلەن سۆزلەشكىلى كەلمەكچى. سەن يامان ئادەملەردىن قانچىلىك بۇرۇن ئارىنى ئۈچۈق قىلساڭ شۇنچە ياخشى جۇمۇ! * سەن قەشقەرگە ماڭغان كۈنىڭ ئەتىسى بىز مەخسۇت بەگ بىلەن ئارىنى ئۈچۈق قىلدۇق. ② ئارىدىكى چۈشىنىشمەسلىك ياكى ئاداۋەتنى تۈگەتمەك، يەشمەك: — ئارىنى ئۈچۈق قىلاي دېسەڭ، ئالدى بىلەن سەن گەپ قىلىشىڭ، ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان سىردىشىپ ئەھۋالنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشۈڭ كېرەك، — دېدى ئۇ ماڭا مەسلىھەت بېرىپ.

**ئارىنى ئۈزمەك** مۇناسىۋەتنى، ئالاقىنى توختاتماق: بۇگۈن شائىر مۇنازىرىدە بوش كەلمىدى. ھېكىم بىلەن گۈلبوستان، لۇتپۇللا بىلەن گۈلباھارنىڭ ئارىسىنى ئۈزۈشتىن باشقا چارە يوقلۇقنى بىلدى.

**ئارا** (ئا:را) ئى. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتى-لىدىغان، تۆمۈر ھەم ياغاچتىن ياسالغان چىشلىق سايمان: ئۈچ چىشلىق (ئىلىكلىك) ئارا. بەش چىشلىق ئارا. * ھاشىم شۈجى قول-دىكى ئارىنى تاشلاپ، داۋۇي ئىشخانىسى ئالدىغا كەلگەندە ئۆتكەن كۈنى ئۈچراشقان ھېلىقى موماي تۇراتتى.

**ئاراتۇر** ئى [ر < لات] يېزت ⟵ **ناتىق:** لىن جىلۇ، ماۋدۇن قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئىنقىلابىي يازغۇچىلار يېڭى پەلسەپە، يېڭى ئەدەبىيات ۋە يېڭى ئىدېئولوگىيىنىڭ ئاراتۇر، لېكتور ۋە رولچى-لىرى ئىدى.

**ئارا-تۇرا** ⟵ **ئارا-سىرە.**

**ئاراتۇرلۇق** ئى. يېزت ⟵ **ناتىقلىق.**

**ئاراچ** ئى. ئىككى نەرسە ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق؛ چاك، كاۋاك، يېرىق: ئازراق سامان بىلەن كاكىل لاي ئېتىپتۇ ۋە تامنىڭ ئاراچ-لىرىنى سۇۋاپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇغا سالغان-كەن، سېۋەتتە لىپمۇلىپ سۇ توختاپتۇ. * ئۇلار ئوتتۇنىڭ ياخشىراق كۆيۈشى ئۈچۈن چوڭ-چوڭ ئاراچ قالدۇرۇپ، تىزىپ سىناپ باقماقچى بولۇشتى.

**ئاراچلىق** سۈپ. ئارىچى بار: ئاراچلىق تام. ئاراچلىق سېۋەت. ئاراچلىق ئىشىك.

**ئاراز** ئى [ئە] بىراۋنى ئەيىبلەپ، كۆدرەت ساقلاپ، گەپلەشمەي يۈرۈش ھالىتى: تونۇش-بىلىشلەرنى كۆرگەندە دىلىم يۇمشاپ، ئۇلارنى باغرىمغا باسقۇم كېلىدۇ، ھەتتا ئاراز بولۇپ قالغانلار بىلەنمۇ خۇش چىراي ئۇچراشتىم.

**ئارازلاشتۇرماق** پ. «ئارازلاشماق» پېئى-لىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىككى ئوتتۇرىدا گەپ توشۇپ كىشىلەرنى ئارازلاشتۇرۇش پەسكەش-لىك بولىدۇ.

**ئارازلاشماق** پ. ئۆچەكەشمەك، زىتلاشماق: ئۇنىڭ ئانىسى مېنىڭ ئۆگەي ئانام بىلەن ئاراز-لىشىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا بىزنىڭ ھويلىدىن كۆچۈپ چىقىپ كەتتى. * ئۇلار قانداقلا ئىشتا بولمىسۇن، ئەرلىرى بىلەن گاھ يوشۇرۇن، گاھ ئاشكارا ئارازلىشىپ يۈرىدۇ.

**ئارازلىق** «ئاراز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بىزنىڭ ئارىمىزغا كىملەر ئارازلىق سالغانلىقنى كۆپچىلىك يېقىندا بىلىدۇ. شۇ چاغدا سونۇرمۇ، ئاينۇرمۇ قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ.

**ئارا-سىرە** رەۋ. گاھ-گاھ، بەزى-بەزى، ئاندا-ساندا، بىرە-بىرە: ئۇ ئارا-سىرە تامىقىنى چاكىلدىتىپ قوياتتى.

**ئاراش** (توغرىسى: ئاراچ) ⟵ **ئاراچ.**

www.uyghurkitap.com

**ئاراگونىت** ئى[ر] <گېئول> بىر خىل مىنېرال، خىمىيىلىك تەركىبى $CaCO_3$، ئۇ رومبىلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى كۆپىنچە تۈۋرۈكسىمان ۋە يىڭنىسىمان بولىدۇ، ئادەتتە ئاق سېرىق ياكى ئاق رەڭلەردە ئۇچرايدۇ، ئەينەككە ئوخشاش پارقىرايدۇ. قاتتىقلىق دەرىجىسى 3.5 — 4. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.9 — 3. ئوتتۇرا ئاجرىششچانلىققا ئىگە.

**ئارا - گۈرجەك** ئارا ھەم گۈرجەك، ئارا - گۈرجەك قاتارلىق سايمانلار: ئۇلار ئارا - گۈرجەكلىرىنى ئېلىپ، خامانغا كەتتى.

**ئارا - گۈرجەك قولتۇقلاپ قالماق** تەبىئىي ئاپەت ۋە باشقا ھەر خىل سەۋەبلەردىن ھوسۇل ۋاقتىدا دېھقان تۈزۈكرەك ھوسۇلغا ئىگە بولالماي قالماق: كونا جەمئىيەتتە يىل بويى جاپا چېكىپ يەرگە ئىشلىگەن ئورتاقچى دېھقان پومېشچىكنىڭ ئۈلۈشى ۋە تۈرلۈك ئالۋان - ياساقلارنى تۆلەپ ئۆزى كۆپىنچە ئارا - گۈرجەك قولتۇقلاپ قالاتتى.

**ئارال** ئى<جۇغ> دېڭىز - ئوكيانلار ياكى تەبىئىي كۆل ۋە دەريالاردىكى ئەتراپى سۇ بىلەن ئورالغان قۇرۇقلۇق: ئورمان ئىشچىسى مېنى كۆرۈپ قىلىپ، ئارالدىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. ✻ كېمىك ئۇرغاچى توز بىلەن ئۇنىڭ جۈپتىنى ئۆزلىرى ئۆسكەن ئارالنى تاشلاپ باشقا يەرگە كۆچۈش پىكرىدىن قايتۇرۇپتۇ.

**ئاراللار يايى** <جۇغ> قىتئەلەر ياقىلىرىدىكى يايسىمان ئورۇنلاشقان تاقىم ئاراللار. ئاساسەن غەربىي تىنچ ئوكيان ياقىلىرىدىكى كۆپۈنكىلىكى ئوكيان تەرەپكە قاراپ ئورۇنلاشقان تاقىم ئاراللارنى كۆرسىتىدۇ.

**ئارام** ئى [پ] ① ھاردۇق، دەم: ئارام ئالماق. ئارام بەرمەك. ✻ پالتا چۈشكۈچە كۆتەك ئارام ئېلىپتۇ (ماقال). ✻ قۇددۇس ئەتە يەكشەنبە بولۇشىغا قارىماي، يېتىپ ئۇخلىشى، كۈتۈپ تۇرغان مۇھىم ئىشلار ئۈچۈن ئارام ئېلىشى زۆرۈر ئىدى. ② **جان، تەن راھىتى؛ دەم ئېلىشتىن، تىنچلىقتىن، خاتىرجەملىكتىن كېلىدىغان راھەت، ھۇزۇر**: لېكىن ئانا يالغۇز قىزىنىڭ ئالقانلىرىدىن جېنىغا ئارام سېزىدۇ. ✻ كۆكلەم باغرىم كەل، سېغىندىم سېنى، يېشىل قوينۇڭغا تارتقۇال مېنى. قۇشلىرىڭنىڭ سايرىشى ئارامى جانىنىڭ، سۇلىرىڭنىڭ شارقىرىشى ھەرىكىتى تەنىنىڭ. ③ كۆچمە. **ئايىلىش، ساقلىنىش**: مېۋە - چېۋە ئاشلىققا ئارام بېرىدۇ. ✻ مامۇت ئەتىياز مەشۇرنىڭ كاۋىسىنى ئېلىۋېتىپ: — بوپتۇ ئۇكا، بۇ ھېچ بولمىغاندا، نانغا ئارام، — دېدى.

**ئارام ئالماق** ① **دەم ئالماق، ھاردۇق چىقارماق**: بىز تۆمەن بويىغا يېتىپ كېلىپ، بىر بوستانلىققا جاي راسلاپ، ئالماسىنىڭ ئانىسىنى ئورۇنلاشتۇردۇق - دە، ئۆزىمىزمۇ بىرپەس ئولتۇرۇپ ئارام ئالدۇق. ② **راھەتلەنمەك، ھۇزۇرلانماق**: توختا، توختا، يەنە بىرنى سانىجۇۋېتەمسەنيا؟! ئەجەب خۇش ياققىلى تۇردىغۇ. بىلىم خېلىلا ئارام ئېلىپ قالدى.

**ئارام بەرمەك** ① **دەم ئالدۇرماق، ھاردۇق چىقارتماق**: ئەقىلسىز باش پۇتقا ئارام بەرمەس (ماقال). ✻ كاساپەت ئېتىمىزنىڭ قىرلىرى بوش ئىكەن، تەرەپ - تەرەپتىن تېشىپ كېتىپ، زادى ئارام بەرمەيۋاتاتتى. ② **خاتىرجەم قىلماق، تىنچلاندۇرماق**: ياتاقتا قايتقاندىن كېيىن، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشتىن مېڭەمدە پەيدا بولغان بىر پىكىر ماڭا زادى ئارام بەرمىدى. ✻ ئەمدى ئۇنىڭغا بىر پىكىر ھېچ ئارام بەرمەيدۇ. ③ **راھەت، ھۇزۇر بېغىشلىماق**: بىز ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمىزدە، بۇ ئۆيدىن كىشىگە ئارام بەرگۈچى ناخشا - ساز ئاڭلىنىدى. ئۆيىمىزگە كىرىش بىلەن جىمىپ قالدى. ✻ ئەمدى كۆڭۈلگە ئارام بەرگۈدەك چىرايلىق ناخشا ئېيتىش مۇمكىنمۇ، يوق؟

**ئارام تاپماق** ① **دەم ئالماق، ھاردۇق چىقارماق**: ئۇ پۇتىنى پاتقاقتا تىقىپ تۇرۇپ: — باياتىن تالغان پۇتۇم تازا ئارام تاپتى. قېنى تۇرسۇن ئاكا، تېز چۈشۈڭ، ھاردۇق چىقىرىد-

كەن، — دېدى. ② خاتىرجەم بولماق، تىنچلانماق: ئەگەر قازىنىڭ قولىدىن كەلسە موللانىيازنى ئىككى ئېزىقتا ئېلىپ چاپساپ پۇركۇۋەتسە، كۆڭلى ئارام تاپاتتى. * ئۇ: — پەر-ھات، جېنىم ساۋاقدىشىم قويىۋېتىك، ماڭا يەرنىڭ ئۈستىدىن ئاستى ياخشى. بۈگۈن ئاخشام جېنىمنى ئارام تاپقۇزاي، — دەپ يۇلقۇناتتى. ③ راھەت-لەنمەك، ھۇزۇرلانماق: ئادىتى شۇ، ھەر كەچ-لىكى يانغىنىدا، مۇزدەك سۇدىن ئارام تاپار قىز-نىڭ يۈزى، لېكىن ماڭا ئارام بەرمەس شۇنىدىن بۇيان، زىناقلىرى گۈلدەك كۈلگەن «ئۇرمان قىزى».

**ئارامبەخش** سۈپ [پ] ئارام بېرىدىغان؛ راھەت، ھۇزۇر ۋە ئاسايىشلىق بېغىشلايدىغان: ياتاقتا ئارامبەخش تاغ ھاۋاسى ئېقىپ كىردى. * كەچنىڭ نەم، پاكىز، ئارامبەخش ھاۋاسى تەنگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

**ئارامچىلىق** «ئارام» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كىشىلەرنىڭ كۆڭلى بىرەر نەرسىدىن ئازار يېگەندە، قىزىق بىرەر چاقچاق ئاڭلىسا، كۆڭلىدىكى غەشلىك كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزى-نىڭ دەرد-ئەلەمىنى ئۇنتۇپ، كۈلكە ئىچىدە ئۆز كۆڭلىگە ئارامچىلىق تاپىدۇ. * سادىرغا «ئۇھ» دېگۈدەك ئارامچىلىق ئاخىر نېسىپ بولدى. ئۇنىڭ ھېچبىر داغدۇغا، ھەشەمەتسىز ئۆتكۈزگەن ئاخىرقى سىنىقى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

**ئارامخۇدا** رەۋ [ئارام+خۇدا] خاتىرجەم، تىنچ: ئىنسان بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈشنى، ئارامخۇدا ياشاشنى خالايدۇ. * مەن تېخى ئارامخۇدا بولغانىدا، سېنى بىر ئىزدەپ بارماقچىمۇ بولۇۋىدىم، مانا ئەمدى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇچراپ قالدىڭ. * ئەر كىشى تۆشۈككە ئاربالاشسا سۇپىرىسىدا ئۈن قالىدۇ، ئۆي مۇشۈككە ئارامخۇدا كۈن قالىدۇ. * ئۇزاق-ئۇزاقلارغا سوزۇلغان دالادىكى جىمجىتلىق مېنىڭ قەلبىمنى ئالاھىدە شېرىن بەخت ۋە ئارامخۇدا مەنزىل ئىچىگە باشلاپ كىرەتتى.

**ئارامخۇش** سۈپ [ئارام+خۇش] راھەت، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، خۇش ۋاقىت قىلىدى-غان: جانان جامىدا ئەي ساقىي، ئارامخۇش مەينى بەرگەيسىز، ياراناللار بىرلە سازەندە مەيىن ئىچمەك خۇمارىم بار.

**ئارامسىز** سۈپ. ئارامى يوق، ناتىنچ، بىئا-رام: يېقىندىن بېرى ئىشلىرىمىز ئالدىراش بولۇپ، بىرقانچە ھەپتىدىن بېرى ئارامسىز ئۆت-تۇق. * قاش قارايدى، ئاي بۇلۇتلار كەينىدە، چوڭ يول بىلەن كېلەر بىزنىڭ ئەخمەتجان. قانچە كۈنلەر ئۆتتى بۇندا ئارامسىز، ياۋلار بىلەن ئۇ ئېلىشتى تىكىپ جان.

**ئارامسىزلانماق** پ. بىئارام بولماق، خاتىرجەمسىزلەنمەك، بىتاقەت بولماق: جەڭگىلى بىر قىزىرىپ، بىر بوزىرىپ، خۇددى مىختا ئولتۇرغاندەك ئارامسىزلىنىپ، ھە دەپ ئىككى تەرەپكە تولغىناتتى. * ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلاردىن ۋە غەم-قايغۇدىن كۆڭلى ئارامسىزلىنىپ يىغلاپتۇ.

**ئارامسىزلىق** «ئارامسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر خىل ئارامسىزلىق بىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ باقماقچى بولدۇم، لېكىن يالتىيىپ قالدىم.

**ئارامگاھ** ئى [پ] كىشىلەر دەم ئالىدىغان، راھەتلىنىدىغان جاي: ئارامىنىز ئاشىق-مەشۇق-لارنىڭ ئارامگاھلىرى خارابىلىككە ئايلانماقتا...

**ئارامگاھلىق** ئى. ئارام ئالىدىغان ئورۇن؛ جاي: تاجاۋۇزچىلار دەريا ساھىلىدىكى گۈزەل چىمەنزارلىقلار بىلەن ئارامگاھلىقلارنى گۆرىستان-لىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

**ئاراملىق** «ئارام» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: — سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە مەن قانچىلىك ئادەم ئىدىم، — ماھىرە بېشىنى كۆتۈرمەي يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — كىتابىڭىزنى ئوقۇۋېرىڭ. ئۇ سىزگە بەخت، ئاراملىق بېغىشلايدۇ.

**ئاران** رەۋ ① زور قىيىنچىلىق بىلەن، كۆپ مۇشەققەتتە، تەستە: ئۇلار سەيلىگاھ يەرنى ئەر-خوتۇن ئىككىسى ناھايىتى كۆچىنىپ ئىشلەپ،

www.uyghurkitap.com

ئىككى كۈن دېگەندە ئاران تېرىشقا تەييار قىلالىدى. * ئۇ سېمىزلىكتىن ئېغىرلىشىپ كەتكەن بەدىنىنى ئاران باشقۇرۇپ، يوغان خاپان كالللىسىنى يەرگە ساڭگىلاتقان پېتى يىغىن تۈگىگىچە ئاران چىدىدى. ② **سەل-پەل، بىلىنەر-بىلىنمەس:** — باھار...باھار، — دېدى ئانا ئاران ئاڭلانغۇدەك بوش ئاۋاز بىلەن پىچىرلاپ. ③ **پەقەت، بارى، يالغۇز:** توققۇز ھۇرۇن ھەپتىسىگە ئاران بىر ئېگەر ياسىسا، ئۇ ئۆزى يالغۇز توققۇز ئېگەر ياساپتۇ، شۇڭا ئىشى كۈندىن-كۈنگە ئېقىش تېپىپ، تۇرمۇشى تەدرىجىي ياخشىلىنىپتۇ. * ھە، ئانداق بولسا، سىز بۇ يەرگە مەندىن كونا ئىكەنسىز. مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئاران بىر ئايدىن ئاشتى.

**ئاران بالالىقتا** ——> **مىڭبىر تەسلىكتە:** ماۋۇ بىزنىڭ ئەكرەم نوچىنىڭ گەپىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەي، مېنى تازا ماختاپ پو ئاتقىنىنى دېمەمسىز، ئاران بالالىقتا گەپنى باشقا ياققا بۇراپ كەتتۇق.

**ئاران دېگەندە** ناھايىتى تەسلىكتە، مىڭبىر جاپادا: مەن جېنىمنىڭ بارىچە ئۇنى قىستىدىم. ئىككى سائەت ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، يىلىنىپ يالۋۇردۇم. ئاندىن ئۇ ئاران دېگەندە ئۆزىنىڭ ئون مىڭ سوم قەرز بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. * سىزدىن يوشۇرمايمەن، ئاران دېگەندە 60 نومۇر ئېلىپ ئوقۇۋاتىمەن.

**ئارەستە** سۈپ [پ] يىزت. سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، **تەرتىپلىك، بېزەلگەن:** ھەممە ياق ئارەستە قىلىنغان، كىشىلەر بايرام كىيىملىرىنى كىيگەن، داغدۇغىلىق مەنزىرە كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى.

**ئارەستە قىلماق** سەرەمجانلاشتۇرماق، رەتكە سالماق، تەرتىپكە سالماق: ئۇ لەشكەرلەرنى باشلاپ، تۆزلەڭلىك تەرەپكە ئۆتۈپ سەپ ئارەستە قىلدى. چوڭ-كىچىك ئاتامانلار ئاتلىنىپ نىشان تۇغ ئاستىدا قارار تاپتى.

**ئارپا** ئى <بوت> ① **باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى كەڭ ھەم يېپىسمان بولىدۇ، دېنىنىڭ شاكىلىدا ئۇزۇن قىلتىرىقى بولىدۇ. ئۇ بىر خىل ئاشلىق زىرائەتتى بولۇپ ئۇنىدۇرمىسىدىن پىۋا ۋە ئارپا شېكىرى ئىشلەشكە بولىدۇ.** ② **مۇشۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.**

**ئارپىسىنى خام ئورماق** يامانلىق قىلماق، **(كۆپىنچە يوقلۇق، سوراق مەنىلىرىدە قوللىنىلىدۇ):** ئۇ قوشنىسىغا دېۋەيلەپ كەلگىنىچە: — بالامنى بىكاردىن-بىكار ئۇرۇپ ئارام بەرمەيسەن، ئارپاڭنى خام ئورۇدۇقمۇ؟ — دەپ سۆزلەپ كەتتى. * ئۇ دائىم مۇشۇنداق، ھە دېسىلا تەنقىدلەپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. ئارپىسىنى خام ئورۇمىغانتۇققۇ ئۇ خۇنىسىنىڭ.

**ئارپىبەدىيان** ئى [ئارپا+بەدىيان] <بوت> ① كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى **كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئۆسۈملۈك تېنىدىن كۆچلۈك پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ؛ غولى تىك، ئۈستى شاخلىنىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئۈچ-تۆت قېتىم قايتىلىنىپ، پەيسىمان يېرىلىدۇ؛ گۈلى مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، رەڭگى سېرىق كېلىدۇ؛ ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ.** ② **مۇشۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.**

**ئارپىبەدىيان چېيى** ئارپىبەدىيان **بىلەن دەملەنگەن چاي:** قېنىق دەملەنگەن ئارپىبەدىيان چېيىنىڭ ئۆتكۈر ھىدى گۈپۈلدەپ دىماغلارغا ئۇرۇلدى.

**ئارپىبەدىيانلىق** ئى. **ئارپىبەدىيان ئۆسىدىغان جاي، ئارپىبەدىيان تېرىلغان يەر.**

**ئارپىخان** ئى <بوت> **باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، شەكلى ئارپىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، يوپۇرمىقى سەل ئۇزۇن، گۈلى كىچىك باشاقسىمان گۈل رېتىگە كىرىدۇ؛ باشىقى تۆۋەنگە ساڭگىلىغان ھالەتتە ئۆسىدۇ، رەڭگى يېشىل كېلىدۇ؛ چارۋىچىلىقتا يەم-خەشەك**

قىلىندۇ.

**ئارپىلىق** ئى. ئارپا تېرىلغان يەر، ئارپا بار جاي: ئۇ دادىسنى ئىزدەپ ئارپىلىققا قاراپ يۈگۈردى. * خالتىنى ياتاققا تاشلىدىم ـ دە، خەتلەرنى ئېلىپ ئارپىلىققا ــ يالغۇز يەرگە قاراپ يۈگۈردۈم.

**ئارتتۇرماق I** «ئارتماقI» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئارتتۇرماق II** «ئارتماقII» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئارتتۇرۇلماق I** «ئارتتۇرماقI» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئارتتۇرۇلماق II** «ئارتتۇرماقII» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئارتقۇزماق I** «ئارتماقI» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى.

**ئارتقۇزماق II** «ئارتماقII» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئارتقۇزۇلماق I** «ئارتقۇزماقI» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئارتقۇزۇلماق II** «ئارتقۇزماقII» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئارتقىمال** ئى ←— **بوختاق.**

**ئارتماق I** پ ① **كۆپەيمەك، ئاشماق:** باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوتتۇرا سىنىپلىرىدىن بولۇپمۇ 4 ـ سىنىپتىن باشلاپ، باللارنىڭ ئىگىلىگەن بىلىمى يىلدىن ـ يىلغا ئارتىپ بارىدۇ. * ئوقۇپ، ئۆلگىنىپ ئۆستى يېشىمۇ، ئوقۇشتىن بىلگىنى ئارتتى ئۈنىڭكى. مەكتەپتىن خوشلىشىش پەيتى يەتكەندە، ئاشۇ خالىڭ كۆڭلىنى تارتتى ئۈنىڭكى. ② كۆچمە. **كۆچەيمەك، ئۆرلىمەك، ئۆسمەك:** چۈمۈپ چەكسىز شادلىق قوينىغا، ئۆز يۇرتىغا ماڭدى ئۇ قايتىپ. تاغ ـ داۋانلار قالغانچە كېيىن، خۇشاللىقى باراتتى ئارتىپ. ③ **مەلۇم بىر چېگرا، مىقدار ياكى چەكتىن ئاشماق، ئۆتمەك:** بۇ باھا ئەسلىي باھاسىدىن ئون پىرسەنت ئارتىپ

كېتىپتۇ.

**ئارتماق II** پ ① **يۈكنى ترانسپورت ۋاستىسىنىڭ ئۈستىگە، ئىچىگە جايلاشتۇرماق، يۈكلىمەك:** سىنىمىغان ئاتقا يۈك ئارتما (ماقال). * كەتتى يارىم يىراققا، ئاللە ئىشىككە يۈك ئارتىپ، ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ، يارنىڭ دەردىنى تارتىپ. ② كۆچمە. **زىممىسىگە يۈكلىمەك، بويىنىغا قويماق، ئاڭماق:** ۋەزىپىنى ئارتماق. مەسئۇلىيەتنى ئارتماق. * شۆھرىتىڭ ـــ شانىڭ ئۈچۈن بوغدانى سەن ئارتساڭ ماڭا. دەس تۇرۇپ قەددىمنى پۈكمەي، مەنزىلىڭگە كۆتۈرەي. ③ **دۆڭگىمەك، ئىتتىرىپ قويماق:** قاراپ تۇرۇپ ئۆزى قىلغان ئىشنى باشقا ئادەمگە ئارتىپ قويسا بولامدۇ؟

**ئارتۇچ** ئى <بوت> ←— **ئارچا:** باققانىدى قوينىدا تەۋرىتىپ سېنى، ئارتۇچىنىڭ غولىدا ياسالغان بۆشۈك.

**ئارتۇق** رەۋ. ① **بەلگىلىك مىقداردىن، ساندىن ئۇشۇق؛ زىيادە، كۆپ:** ئارتۇق ئۇخلىساڭ ئاچ قالىسەن (ماقال). * 25 سانى بەشتىن بەش ھەسسە ئارتۇق. * يۈسۈپ خاس ھاجىپ جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان 13 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق ئۆلمەس داستانىنى يېزىپ قالدۇرغان. * ئادالەت دوختۇرخانىدا بىر ئايدىن ئارتۇق ياتتى. ② سۈپ. **ئېھتىياجدىن، نورمىدىن ئاشقان، ئۇشۇق:** يېنىڭدا ئارتۇق پۇلۇڭ بولسا بەش كوي بېرىپ تۇرامسەن؟ * دېھقانلار دۆلەتكە سېتىپ بېرىپ بولغاندىن كېيىنكى ئارتۇق ئاشلىق، ئارتۇق چارۋىلارنى بازارغا ئەكىرىپ ساتسا بولىدۇ. ③ سۈپ (چېقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن) **ئەزىز، ياخشى، ئەۋزەل، ئەلا دېگەن سېلىشتۇرۇش مەنىسىدە كېلىدۇ:** قىزدىن ئارتۇق جۇۋان بار، ئاتتىن ئارتۇق ئۇنان بار (ماقال). * ئۇ ئەلچىلەرنى: ــ قىزىمىزنى ھەرقايسىلىرىدىن ئارتۇق كىمگە بېرەتتۇق. قېنى ئويلىشىپ بىرنېمە دېيىلى، ــ دەپ چىرايلىق سۆز بىلەن يولغا سالدى. ④ سۈپ.

www.uyghurkitap.com

كۈچلۈك، زور، ئۈستۈن: قىلىچىنىڭ كۈچىدىن قەلەمنىڭ كۈچى ئارتۇق (ماقال). * ئۇ ماڭا: ـــ مېنىڭ بېشىمدىكى خەتەر باشقىلارنىڭكىدىن ئارتۇق ئەمەس، ـــ دېدى. ⑤ رەۋ. بولۇپ ئۆتكەندىن، كۆرۈلگەندىن تاشقىرى، ئۇنىڭدىن ئۇشۇق: ئۇ بۇ يەردە تۇرۇپ ئارتۇق گەپ قىلىشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى قالمىغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، ئاستا چىقىپ كەتتى * ئۇ: ـــ بەس! ئارتۇق چىدىيالمايمەن...، ـــ دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ⑥ سۈپ. ئارتۇقچە، بىھۇدە، ئورۇنسىز: يامانىنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق (ماقال). * ئۇلار: ـــ ئارتۇق گەپنىڭ ئورنى يوق، ـــ دەپ سۆزلىرىنى تۈگىتىشتى. ⑦ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئارتۇق كەتمەك** ① چەكتىن، نورماللىقتىن ئېشىپ كەتمەك: ياش يىگىت بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىن بىرئاز ھودۇقۇپ: ـــ سىز مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ماڭا ئۆز پىكرىڭىزنى ئېيتىۋاتقىنىڭىزنى چۈشىنىمەن، لېكىن، بىرئاز ئارتۇق كەتتى، چۈنكى بۇنىڭ ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى، ـــ دېدى. ② زايە كەتمەك: ـــ قىزىل گۈلدەك بۇ قىز پاسكىنا بەڭگىگە ئارتۇق كېتىدىغان بولدى ـ دە، ـــ دېدى ئۇ ئۆكۈنگەن ھالدا.

**ئارتۇقچە** ① سۈپ. بەلگىلىك مىقداردىن كۆپ، ئۇشۇق: ئارتۇقچە پۇل. ئارتۇقچە خىراجەت. ئارتۇقچە ۋاقىت. * شۇڭا دۈيدە باشقىلار باسقىنىدا بىر قەدەم، ئۇ باساتتى ئارتۇقچە باشقىلاردىن ئۈچ قەدەم. ② رەۋ. كېرىكىدىن، يول قويۇلۇشى مۇمكىن بولىدىغىنىدىن ئارتۇق، ھەددىدىن زىيادە: ئۇ ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، ئاۋازى تىترەيتتى. كېيىن ئۇ، «ئارتۇقچە قوپاللىق قىلىۋەتتىممۇ، قانداق» دەپ ئويلاپ، ئۈنسىز قالدى. ③ سۈپ. كېرەكسىز، پايدىسىز: ـــ بۇ گەپلىرىڭىز ئارتۇقچە، ـــ دېدى ئەكبەر ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، ـــ خاتا دەپ قويۇشتىن قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، قېنى، ئېيتىدىغان گەپ بولسا ئېيتىۋېرىڭ. * دۆلەت ئاخىرى ھەقىقىي تۈردە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ۋەكىلى بولىدىغان چاغدا، ئۇ ئۆزىنى ئارتۇقچە نەرسە قىلىپ قويىدۇ.

**ئارتۇقچە تويۇنغان ھور** <فىز> **مۇئەييەن تېمپېراتۇرا ئاستىدا، تويۇنغان ھور ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك زىچلىق ئېشىپ كەتسىمۇ، يەنىلا سۇيۇقلۇققا ئايلانمايدىغان ياكى قاتمايدىغان ھور.**

**ئارتۇقچىلىق** ① «ئارتۇقچە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: * ياز ۋاقتى بولسىمۇ، سەپەرگە قېلىنراق كىيىم ئېلىۋېلىش ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ. ② ئالاھىدە تەرەپ، ئالاھىدىلىك، **نەتىجە:** كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كىشىگە دە، ئۆزىگە دېمە، كىشىنىڭ كەمچىلىكىنى ئۆزىگە دە، كىشىگە دېمە (ماقال). * مېنىڭچە، دراما «سەنئەتنىڭ گۈلتاجىسى» بولغانلىقتىن، سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلەشتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلانسا ۋە ئۇنى مۇۋاپىق قوبۇل قىلسا بولىدۇ.

**ئارتۇق ـ كەم** ئارتۇق ۋە كەم: بىزنىڭ ئىقتىسادىي مۇئامىلىمىزدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئارتۇق ـ كەملىكنىڭ بولۇشى ھېچ گەپ ئەمەس.

**ئارتۇقلۇق** «ئارتۇق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خوتۇنۇڭ ئەقىللىق بولمىسا، ساڭا تىل ئۇزىتىپ سەندىن ئارتۇقلۇق دەۋا قىلىدۇ.

**ئارتۇقلۇق قىلماق** كېرىكىدىن ئارتۇق دەپ ھېسابلانماق، كېرىكىدىن ئارتۇق دەپ چۈشىنىلمەك: مۇشۇ يەردە قىسقىغىنا توختىلىپ ۋاڭ ئوردىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق باغلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس.

**ئارتېرىيە** ئى [ر] <ئانات> **ئوكسىگېنغا تويۇنۇپ يۈرەكتىن چىققان ساپ قاننى پۈتۈن بەدەنگە يەتكۈزىدىغان قان تومۇرلارنىڭ ئومۇمىي نامى.**

**ئارتىزىيان** سۈپ [ر<فىران] ⟵ **ئارتىزىيان قۇدۇق.**

**ئارتىزىيان قۇدۇق** <كېئول> **بۇرغىلاپ كولانغان ۋە سۈيى ئېتىلىپ چىقىدىغان چوڭقۇر**

قۇدۇق.

**ئارتىس** ئى [ر] كىنو، تىياتىر، سىرك قاتارلىق سەنئەت ئەسەرلىرىدە رول ئالغۇچى شەخس: ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىنىڭ ئارتىسلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئويۇن قويغىلى كەتتى.

**ئارتىسكا** ئى [ر] ئايال ئارتىس: ئۇ ئارتىسكا بولۇشنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلىپ مەلۇم بىر ھەۋەسكارلار سەنئەت ئۆمىكىگە قاتنىشىپ يۈرەتتى.

**ئارتىسكىلىق** «ئارتىسكا» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى.

**ئارتىسلىق** «ئارتىس» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: — ئارتىس بولسىڭىز بولغۇدەك، ئۆتكەندە ئۇرۇمچىدىن كەلگەنلەر ئارتىسلىققا ئادەم ئىزدىگەندە نېمە ئۈچۈن ئىمتىھان بېرىپ باقمىدىڭىز؟ — دەپ كۆلگىنىچە چاقچاق قىلدى ئەلى.

**ئارتىق I** ئى. ئۇلاغقا ئارتىلغان يۈكنىڭ ئىككى قاپتالغا چۈشۈپ تۇرغان قىسمى: **ئوتۇننى ئارتىق ئەتمەك.**

**ئارتىق II** ئى. دەريا ۋە كۆللەر ئۈستىگە ئادەم ۋە ئۇلاغ ئۆتەلىگۈدەك دەرىجىدە **تۇتقان مۇز:** ئارتىق چۈشمەك.

**ئارتىق چۈشمەك** ئادەم ۋە ئۇلاغنى كۆتۈرەلىگۈدەك مۇز تۇتماق: تارىم دەرياسىغا 12 - ئاينىڭ ئاخىرى ئارتىق چۈشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئادەم ئۆتەلەيدۇ.

**ئارتىقلىق** سۈپ. ئارتىلغان، يۈكلەنگەن: شاھزادە ئىمىر بىلەن مەلىكە ئاسمانغا قاراپ، بىر ھازا خۇشاللىق يېشىنى تۆككەندىن كېيىن، دالاغا قارىغانسىرىكەن، ئاتلار ئەسلىگە كېلىپ، كىشنەپ تۇرغۇدەك، يۈك - تاقلارمۇ ئارتىقلىق پېتى تۇرغۇدەك.

**ئارتىلدۇرماق** «ئارتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاۋۇل ئاغرىققا چىداپ تۇرۇپ، سېلىم يانچۇقنى بويىندىن تۇتۇپلا، بېشى ئۈستىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئۈچ - تۆت قەدەم يىراققا ئېتىۋەتتى.

**ئارتىلدۇرۇلماق** «ئارتىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھويلىنىڭ ئالدى تەرىپىدە تاغ ئالمىسى، نەشپۈت، ئاق ئۈجمىگە ئوخشاش مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن، دېرىزە ئالدىدىكى بېدىشكە بولسا ئۈزۈم تاللىرى ئارتىلدۇرۇلغانىدى.

**ئارتىلماق** ① «ئارتماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ بىر سىنىڭ تامىدىن ئارتىلىپ باغقا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. * سۇ ئېغىچىلا تاقاقنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلىپ چۈشمەكتە ئىدى. ② **«ئارتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل** دەرىجىسى: بۇغداي ئارتىلغان ئېشەك ئىكسە-دەكىلا ئورۇق ۋە ھالسىز بولۇپ، ئۇلاردىن 50 قەدەمچە ئارقىدا قالغانىدى. * **ئاتلىنىڭ پۇتۇن** ئېغىر يۈكى: **تۆگمەنگە بېرىش، ئوتۇن - ياغاچنىڭ** غېمىنى قىلىش ئىشلىرىمۇ **ئاشۇ بىچارە ئايالنىڭ** يەلكىسىگە ئارتىلدى.

**ئارتىلىشماق** «ئارتىلماق» پېئىلىنىڭ **ئۆملۈك** دەرىجىسى: ئۇلار بىراۋنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىدى - دە، باغنىڭ ئارقا تېمىدىن ئارتىلىشىپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي بەدەر قېچىشتى.

**ئارتىم** ئى ← **ئارتىق I.**

**ئارچا I** ئى <بوت> ئارچا ئائىلىسىدىكى **دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، ئېگىز ئۆسىدۇ،** كىچىك شاخلىرى تۈز، تۆۋەنگە **ساڭگىلاپ تۇرىدۇ؛** يوپۇرمىقى تەڭگىچە شەكلىدە بولۇپ مېۋىسى شارسىمان، ياغىچى پۇراقلىق ھەم بەك چىڭ بولىدۇ؛ **قۇرۇلۇشقا** ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**ئارچا ئائىلىسى** <بوت> **يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر تىپىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ ياكى چاتقاللار ئائىلىسى.**

**ئارچا II** ئى. دىئال. قېتىقنى قايناتقاندىن **ھاسىل بولىدىغان ئۇيۇتما.**

**ئارچىزار** ئى. **ئارچا كۆپ ئۆسكەن يەر:** قويۇق، كۆپكۆك ئارچىزارنىڭ ئىچىدە، ئۇ ئىزدە-

www.uyghurkitap.com

گەن مېۋە ئۆسمىش باراقسان.

**ئارچىزارلىق** «ئارچىزار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۇ جىرا ئىچى قويۇق ئارچىزارلىق ۋە تېۋىلغىلىق ئىدى.

**ئارخائىزم** ئى [ر<گرېك] كونىرىغان، ئىستېمالدىن قالغان سۆز، ئىبارە ياكى گراماتىكىلىق فورما: سۆز ئېلىش پرىنسىپىدا ئارخائىزملار ئېلىنمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

**ئارخىتېكتور** ئى [ر] <بىن> بىناكارلىق ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى لايىھىلىگۈچى ۋە قۇرغۇچى مۇتەخەسسىس، ئىنژېنېر: ئارخىتېكتور بولسا ئۇ، بىنا قۇرسا جايلارغا، بولسا ياخشى ئىنژېنېر، سۇ چىقارسا سايلارغا.

**ئارخېلوگ** (توغرىسى: ئارخېئولوگ) ← **ئارخېئولوگ**

**ئارخېلوگىيە** (توغرىسى: ئارخېئولوگىيە) ← **ئارخېئولوگىيە.**

**ئارخېئولوگ** ئى [ر<گرېك] ئارخېئولوگىيە بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىم، مۇتەخەسسىس: خارابە ئىزلىرى باشلانغان جايدا، تۇراتتى بىر چېدىر — دەم ئېلىش ئۆيى. نەچچە كۈن قۇملۇقلار باغرىنى چارلاپ، قېزىشنى باشلاپتۇ ئارخېئولوگ دۆيى.

**ئارخېئولوگىيە** ئى [ر<گرېك] قېزىۋېلىنغان ياكى قەدىمدىن ساقلىنىپ قالغان يادىكارلىقلار ۋە ئىزلارغا ئاساسەن، دەۋرلەر تارىخىنى، يەنى خەلقلەرنىڭ تارىخي ئۆتمۈشىنى، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئارخېئولوگىيىلىك** سۈپ. ئارخېئولوگىيىگە ئائىت، ئارخېئولوگىيىگە تەئەللۇق: گېزىتكە ئارخېئولوگىيىلىك ئاتالغۇلار ھەققىدە بىرنەچچە ماقالە بېسىلدى.

**ئارخىپ** ئى [ر<لات] بىرەر ئىدارە، تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئىش-پائالىيىتى ۋە ئومۇمىي ئەھۋالىغا ئالاقىدار بولغان، تۈرگە ئايرىلىپ ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ ساقلىنىدىغان ھۆججەت، خەت-چەك ۋە فوتو سۈرەت قاتارلىق ماتېرىياللار: رازۋېتكا ئەمەلدارى قاسىم ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، ئارخىپ ئىچىدىن لۈتپۇللا بىلەن گۈلباھار ئوتتۇرىسىدا يېزىشقان خەتلەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

**ئارخىپ بۆلۈمى** ھەر خىل ئارخىپلار ساقلىنىدىغان ئۆي، بۆلۈم، ئىشخانا.

**ئارخىپ تۇرغۇزماق** ئىدارە، تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئىش-پائالىيىتى ۋە ئومۇمىي ئەھۋالغا ئائىت ھۆججەت، خەت-چەك ۋە فوتو سۈرەت قاتارلىق ماتېرىياللارنى رەتلەپ، سىستېمىلاشتۇرۇپ ئەنگە ئېلىپ ساقلىماق.

**ئارخىپلاشتۇرماق** پ. ← **ئارخىپ تۇرغۇزماق.**

**ئارخىپلاشتۇرۇلماق** «ئارخىپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېنىڭ قولۇمدا تېخى يېقىندا جىددىي ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ياشانغان بىر ئادەمنىڭ ئارخىپلاشتۇرۇلغان رېنتگېن رەسىمى بار ئىدى.

**ئارداق** سۈپ. دىئال. ئېچىغان، سېسىغان، بۇزۇلغان: ئارداق قوغۇن.

**ئاردىماق** پ. دىئال ① ئېچىماق، سېسىماق، بۇزۇلماق. ② ئېچىشماق، تارلىقى كەلمەك.

**ئارزاڭ** ئى. ھاراق ئىشلىگەندە ئېچىتىلغان نەرسىدىن قېلىپ قالغان قالدۇق.

**ئارزۇ** ئى [پ] دىلدىكى ئىستەك؛ ئۈمىد، ئىنتىلىش، ھەۋەس: بىر ئارزۇ ئون ئارزۇنى تۇغىدۇ (ماقال). * ياش-ئۆسمۈرلەردە بىلىم ئىزدەش ئارزۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. * تۇرسۇن ئاخۇننىڭ كۆڭلىدە يېڭى-يېڭى ئارزۇلار بىخلاندى.

**ئارزۇ قىلماق** ئۈمىد قىلماق، ئۈمىدلەنمەك، ئىنتىلمەك: ئۇ شەھەر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ،

دادىسىدىن ئۈچ ئايلىق رۇخسەت سورىدى. * ئۇ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى 10 – 12 يىل ئىچىدە بىر ئاتقا ئىگە بولۇشنى قانچە ئارزۇ قىلسىمۇ، مەقسەتكە يېتەلمەي، باشقىلارنىڭ ئىپتى بىلەن ئوغلاق تارتىشقا قاتنىشىپ يۈردى.

**ئارزۇ-ئارمان** دىلدىكى ئارزۇ ۋە ئارمانلار: ئالەم ئارزۇ-ئارمان قۇچىقىدا ياشايدۇ. * نۇرغۇن ئۇيغۇر قىز-يىگىتلىرى بۇ ناخشىلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مۇراد-مەقسەتلىرىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىپادىلىگەن.

**ئارزۇ-تەلەپ** دىلدىكى ئارزۇ ۋە تەلەپلەر: ئەزىم ئاكا يېڭى جەمئىيەتتە ئۆسۈپ يېتىلگەن رەھبىرىي كادىر، لېكىن ئۇ تۇرمۇشنىڭ كۈندىن-كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقانلىقىنى، ياشلارنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ئارزۇ-تەلەپلىرى بارلىقىنى نېمىشقىمۇ چۈشەنمەيدىغاندۇ.

**ئارزۇ-تىلەك** دىلدىكى ئارزۇ ۋە تىلەكلەر: ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرىنى خەتكە ئېنىق قىلىپ يازدى. * ئۇ ئادەمنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە، ئۆزىدە پەيدا بولغان ئارزۇ-تىلەكلەرنىڭ بىكار ئەمەسلىكىگە ئىشەندى، ئۆزىنىڭ خاتالاشمىغانلىقىغا يەنە خۇشال بولدى.

**ئارزۇ-خىيال** ئارزۇ ۋە شۇ ئارزۇ ھەققىدە قىلىنغان خىياللار، ئويلىنىشلار: بىر جۈپ ياش كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-خىياللىرى ئۈستىدە ئۇزاق مۇڭداشتى. * داغدۇغىلىق سۆزلەردىن كۆرە، كۈندىلىك تۇرمۇشۇم، شېرىن ئارزۇ-خىياللىرىم توغرىسىدا يازاي. بۇنداق خەت ماڭىمۇ، ساڭىمۇ ياقىدۇ.

**ئارزۇلۇق** سۈپ ① كۆپتىن بېرى ئارزۇلاپ كەلگەن، ئارزۇلاپ كۈتۈلگەن؛ كۆڭۈلدىكى: ئاتا-ئانا ئارزۇلۇق يالغۇز قىزىنى ئۆز جانلىرىدىنمۇ ئارتۇق كۆرەتتى. * ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇلۇق بالىسى بولۇپ، ئۇلار ئوغلىنى ئۆزلىرىنىڭ جېنى، كۆز قارىچۇقى دەپ بىلەتتى. ② ئارزۇلار بىلەن تولۇپ تاشقان، ئارزۇسى بار: ئارزۇلۇق دۇنيا. * باغقا كىردىم گۈل ئۈزەي دەپ، گۈل سۈيى گۈلگە تامۇر. ئارزۇلۇقنىڭ ئارزۇسى يارنى كۆرگەندە قانۇر.

**ئارزۇلىماق** پ ① ئارزۇ قىلماق، ئۈمىد قىلماق: بازاردا بار گەپنى ئېيتساق، قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى كىم خالىمايدىكەن، بۇنى بىز ئەمەس، نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر ئارزۇ قىلىشقان. ھەتتا بۆشۈكتىكى كىچىك بالىلارمۇ ئۇنى ئارزۇلايدۇ. ② ياخشى كۆرمەك، ئامراق بولماق، ھەۋىسى كەلمەك: يىگىتنىڭ بېشىدا چىمەن دوپپا، ئۇچىسىدا ھازىرقى يىگىتلەر ئارزۇلاپ كىيىدىغان خۇرۇم چاپان بار ئىدى. ③ ئاسرىماق، پەپىلىمەك، ئەركىلەتمەك: مايسەم كىچىكىدىنلا ئۇماق، ئەقىللىق بالا بولۇپ ئۆستى. زورىخانىمۇ ئۇنى ئارزۇلاپ، سۇنىڭ سۆزۈككىنى، ئاشنىڭ قويۇقىنى بېرىپ، قولىدىن چۈشۈرمەي چوڭ قىلدى. * ئاتام مېنى، ئانام مېنى نېمىشقا ئارزۇلاپتىكەن، بۇ كۈنلەرگە قالارمىنى باشتا ئويلىماپتىكەن.

**ئارزۇمەن** سۈپ [پ] ئارزۇ قىلغۇچى، ئىستىگۈچى؛ ئىنتىزار: مەن خېلىدىن بېرى ئۇنى بىر كۆرۈشكە ئارزۇمەن بولۇپ يۈرەتتىم.

**ئارزۇ-نىيەت** دىلدىكى ئارزۇ، نىيەت ۋە مەقسەتلەر: ئۇ مەندىن: — دەسلەپكى ئارزۇ-نىيەتلىرىڭىزنى تۈيۈقسىز ئۆزگەرتىۋېتىشكە نېمە مەجبۇر قىلدى؟ — دەپ سورىدى.

**ئارزۇ-ھەۋەس** دىلدىكى شېرىن ئارزۇ، ئىستەك ۋە ھەۋەسلەر: ھەر خىل ئادەمدە ھەر خىل ئارزۇ-ھەۋەس بولىدۇ. * ياقۇبجاننىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئارزۇ-ھەۋىسى، تۇرمۇشقا قارىشى بار. * ئىنسانىنىڭ زىننىتى، گۈلى ئەخلاقتۇر، مەنىلىك ياشاشنىڭ يولى ئەخلاقتۇر. پەس ئارزۇ-ھەۋەسنى قىلمىغىن خىيال، ھاياتنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى ئەخلاقتۇر.

**ئارزۇ-ئۈمىد** دىلدىكى ئارزۇ ۋە ئۈمىد، ئىستەكلەر: سەن ئۇلارنى ھەربىر ئويلىغىنىڭدا ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرى، ئوتلۇق تىلەكلىرى ساڭا كۈچ ۋە دەرمان بېغىشلاپ، ئالدىڭدا پارلاق تاڭ ئېتىۋاتقاندەك يورۇقلۇق سېزىسەن.

**ئارزۇ-ئىستەك** دىلدىكى ئارزۇ ۋە ئىستەك-

لەر: شۇ چاغدىكى رېئاللىق — فېئودال پومېشچىكلار-نىڭ خەلققە سالغان زۇلمى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى، قايغۇ-ھەسرەتلىرى، ئارزۇ-ئۈمىدلىرى ۋە ھۆرلۈك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك نەپرەت ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقانىدى.

**ئارسفېنامىن** ئى [ئىنگ] <خىم> بىر خىل ئورگانىك بىرىكمە دورا، مولېكۇلا فورمۇلىسى $- As = As \cdot (NH_2 \cdot HCl) - C_6H_3OH$ $OH \cdot C_6H_3 - (NH_2 \cdot HCl)$ ئۇ سۇس سېرىق رەڭلىك پاراشوك بولۇپ، ئېرىتمىسى تەييارلانغاندىن كېيىن، ئالكاگول، سىفىلىس ۋە قايتىلانما كېزىك قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا ئوكۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئارسلان** ئى ① مۈشۈكسىمانلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان، بەھەيۋەت، سۈت ئەمگۈچى يىرتقۇچ ھايۋان، شىر: ئارسلان بالىسى ئارسلان بولىدۇ (ماقال). ② كۆچمە. باتۇر، قەيسەر، زەبەردەست، قورقماس، دۆيۈرەك: تۇغۇلدۇم، «ئارسلان بول» دەپ ئانام سۆيگەن پېشانەمگە، سېلىپ زەڭ ھەر سۆزۈم، قەلبىم، مىجەز-خۇلقۇم، ئىپادەمگە. ③ ئەرلەر ئىسمى.

**ئارسېن** ئى [ر <لات] <خىم> ← **مىشياك.**

**ئارسىز** سۈپ. ئار-نومۇسنى يوقاتقان، ئۇيالمايدىغان، نومۇس قىلمايدىغان، ئۇياتسىز: ئەر ئارسىز بولماس، يىگىت يارسىز بولماس (ماقال). * رەپىق ئاكا ئۇنىڭ ئارسىز يۈزىگە تۈكۈرۈشكە ئاللىقاچان ھازىرلانغان بولسىمۇ، تېخى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بىلەن تۈگىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن غەزىپىنى زورىغا يۇتتى.

**ئارسىزلىق** «ئارسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارسىزلىق ۋە بەتقىلىقلىرى كىشىنى تولىمۇ سەسكەندۈرەتتى. * كەڭ ئاۋامنى دەسسەپ قىلىپ پەلەمپەي، ئۆرلىشىدۇ ئارسىزلىقى تۈپەيلى. بىر ئۆزىگە ئوزۇق ۋە نان تاپىدۇ، مىليونلارنىڭ نانسىزلىقى تۈپەيلى.

**ئارغامچا** ئى. پاختا، يۇڭ، چىگە ۋە ھەر خىل سۈنئىي تالالارنى ئېشىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان توم تانا، ئارقان: يۇڭ ئارغامچا. چۈپۈر ئارغامچا. * يىلاندىن قورقۇپ كەتكەن كىشى ئارغامچىدىنمۇ قورقىدۇ (ماقال).

**ئارغامچا بويى** ئارغامچا ئۇزۇنلۇقىدا كېلىدىغان، ئارغامچا ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ ئېگىزلىك: كۈن ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلۈپ مەلىكىنىڭ كۆزى راۋاقتىن يولغا تىكىلىپ تۇرغاندا، يىگىت ئىككى ئىنىسى بىلەن سارايۋەننى ئەگەشتۈرۈپ سىزغان رەسىم ۋە گۈللىرىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىپتۇ. * قۇدۇقنىڭ تىرەنلىكى ئىككى ئارغامچا بويى كېلەر.

**ئارغامچا تارتماق** ← **ئارغامچا توسماق.**

**ئارغامچا تارتىشىش** <تەن> بىر خىل تەنتەربىيە مۇسابىقىسى، ئادەم سانى ئوخشاش بولغان ئىككى كاماندىنىڭ ئەزالىرى، ئارغامچىنىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇتۇپ كۈچەپ تارتىشىپ، ئارغامچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بەلگىنى چېگرا سىزىق ئىچىگە سۆرەپ كىرسە غەلىبە قىلىدۇ.

**ئارغامچا توسماق** تويى كۈنى قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭغان يولنى ئارغامچا تارتىپ توسماق، تورىماق.

**ئارغامچا سەكرەش** <تەن> بىر خىل بالىلار ئويۇنى ياكى تەنتەربىيە ھەرىكىتى. ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىدىن تۇتۇپ ۋە ئۇنى چەمبەر شەكلىدە چۆگىلىتىپ، يەرگە يېقىنلاشقاندا سەكرەپ ئۆتۈپ ئوينايدۇ.

**ئارغامچا شوتا** <بىن> ئۇزۇن ئىككى ئارغامچا ئوتتۇرىسىغا ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتىكى بالداقچىلارنى تېڭىش ئارقىلىق ئىشلەنگەن شوتا.

**ئارغامچىغا يامىشىپ چىقىش** <تەن> ئېسىقلىق ئارغامچىغا يامىشىپ چىقىدىغان ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى. ئۇ ئادەتتە

www.uyghurkitap.com

ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، پۇت-قولىنى تەڭ ئىشلىتىپ يامىشىش، يەنە بىرى قول بىلەنلا يامىشىش.

**ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋەتمەك** بىرەر كىشىنىڭ ئورۇنسىز، ئەخلاقسىز، بەتقىلىقلىق يامان ئىش-ھەرىكەتلىرىگە مەلۇم ۋاقىت يول قويماق، پۇرسەت بەرمەك.

**ئارغامچىنى ئۈزىدىغان** قائىدە-يوسۇن، ۋەزىيەت بىلەن ھېسابلاشماي، دېگىنىنى شارتتىدە قىلىپ قويىدىغان، بوسمىچى: ئۇمۇ خۇددى دادىسىدەك ئارغامچىنى ئۈزىدىغانلارنىڭ بىرى.

**ئارغامچا-توقۇناق** ئارغامچا ۋە ئارغامچا ئۇچىغا بېكىتىلىدىغان ئىلمەك ياغاچ ھەم شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: ئۇ ھەر كۈنى ئۆز ئادىتى بويىچە تاغار، قاپ، ئارغامچا-توقۇناقلىرىنى ئېلىپ كوچىغا چىقىدىكەن.

**ئارغۇ** ئى. ← **ئارغۇلار**.

**ئارغۇچە** سۈپ. ئارغۇلارغا خاس، ئارغۇلارغا ئوخشاش: ئارغۇچە ئادەت. ئارغۇچە كىيىم.

**ئارغۇلار** ئى <ئىرق> ئۇيغۇرلارنىڭ XI ئەسىردىكى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى.

**ئارغۇن** سۈپ <زوئول> قوتاز بىلەن يەرلىك ياكى باشقا نەسىللىك كالىلارنى چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق كېلىپ چىققان 1-ئەۋلاد شالغۇت. ئۇنى قوتازغا قارىغاندا ئاسان كۆندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇ كالىغا قارىغاندا كۈچلۈك، سۈت مىقدارى كۆپ ھەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، چىشىلىرىنى كالا ياكى قوتازغا چېتىشتۇرسا، ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، ئەركەكلىرىنىڭ كۆپىيىش قابىلىيىتى بولمايدۇ.

**ئارغۇنلاشتۇرماق** «ئارغۇنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئارغۇنلاشماق** پ. ئازماق، نەسلى ئۆزگەرمەك: ئۇنىڭ بېقىۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئارغۇنلاشقان كالىلار.

**ئارغىماق** ئى. ئالاھىدە نەسىللىك چاپقۇر ئات: ئۇچ ئارغىماق قوشۇلغان پوچتا ھارۋىسى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا غايىب بولدى. * ئۇنىڭ تېز-تېز كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۇياقلىرىنىڭ يەرگە تېگىۋاتقان-تەگمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. شوخ چۆل شامىلى ئارغىماقنىڭ يالى ۋە قۇيرۇقىنى ئۇچۇرۇپ ئوينىتاتتى.

**ئارفا** ئى [ر <نىم] <مۇز> ← **چىلتار**.

**ئارقا** ئى ① گەۋدىنىڭ قورساققا نىسبەتەن كەينى تەرىپى: ئارقىسىنى قىلماق، قولىنى ئارقىسىغا تۇتماق. ② نەرسىلەرنىڭ كەينى قىسمى؛ يۈزىگە، ئالدى تەرەپكە قارىمۇقارشى بولغان قىسمى، تەتۈرى: سۈرەتنىڭ ئارقىسى. * ئۇ تامنىڭ ئارقىسىغا چاپلانغان خەتنى ئاستا سۆيۈۋالدى. ③ تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارغا نىسبەتەن باش ۋە كۆكسىنىڭ كەينى تەرىپى: ئاتنىڭ ئالدى پۇتى ئېشىق بولسا، ئارقا پۇتىغا تەسىر قىلىپ، مېڭىشى بۇزۇلىدۇ. ④ كەينىدە قالغان، بېسىپ ئۆتۈلگەن يول؛ ئادەم ياكى نەرسە كەلگەن تەرەپ، ھەرىكەت يۆنەلگەن تەرەپنىڭ ئەكسى: ئۇ يېرىم يولغا كەلگەندە، كۆڭلىدە بىرنەرسە يالت قىلىپ كەچتى-دە، ئىككىلەنمەي تۇرمايلا دەرھال ئارقىغا قايتتى. * ئوتۇنچى يولۋاسنى كۆرۈپلا، پالتىنىمۇ ئالماي ئارقىسىغا قاراپ بەدەر قاچتى. ⑤ كۆچمە. ئۆزى يوق يەر؛ ئۆزى يوق پەيت: ئارقىسىدىن كۈلمەك. ئارقىسىدىن گەپ قىلماق. * ئارقامدىن دېگەنلەر — تېزىكىمنى يېگەنلەر (ماقال). ⑥ III شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسىدىن كېيىن ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىپ تىركەلمە ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ: بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنىمىز نۇرغۇن كۈرەشلەر ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن.

**ئارقا بەل** ئارقا مۈرىنىڭ ئەڭ ئىگىز قىسمىدىن ئىنچىكە بەلگىچە بولغان ئارلىق.

**ئارقا بوي** كىيىمنىڭ ئارقا تەرەپتىكى بويى.

**ئارقا پەش** كىيىمنىڭ ئارقا تەرەپتىكى پېشى.

**ئارقا پۇت** <زوئول> هاشارات ۋە تۆت پۇتلۇق، ئومۇرتقىلىق هايۋانلارنىڭ كەينىدىكى ئىككى پۇتى: ئېشەك ئۆز ۋەدىسى بويىچە ئارقا ئىككى پۇتنى كېرىپ بېرىپتۇ.

**ئارقا پېشاپ** چوڭ تەرەت، گەندە، پوق.

**ئارقا تىرەك** قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغان، ياردەم بېرىدىغان، يۆلەيدىغان هىمايىچى؛ تايانچ: ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى كۈچلۈك. * باي، كاپىتالىستلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارقا تىرىكى چارپادىشاهى ئىدى. * كۆچمىگىزنى ئاشۇنداق باي-قازىلارغا، ئۇلارنىڭ ئارقا تىرىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىشلەتسىڭىز بولمامدۇ؟

**ئارقا تىرەك بولماق** قوللاپ-قۇۋۋەتلىمەك، ياردەم بەرمەك، هىمايىچى، تايانچ بولماق: ئۇ سالىينىڭ ئوغلى هېساب ئالغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭ بولغۇسى كۈيئوغلى ئارقا تىرەك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، تېخىمۇ چوڭ يۈرەكلىك بىلەن سالىينى بوزەك قىلىشقا باشلايدۇ. * ئۇ يۇقىرى تەبىقىگە ئارىلىشىپ، ئۆزىگە ئارقا تىرەك بولىدىغان بىرقانچە كىشىنى قولغا چۈشۈرۈشنى ئويلىدى.

**ئارقا تىرەك قىلماق** قوللاپ-قۇۋۋەتلەتمەك، ياردەم بەرگۈزمەك، هىمايىچى، تاياندىلىق رول ئويناتماق: ئۇ تاغىسىنى ئارقا تىرەك قىلىپ تۇرۇپ، جىق ئىشنى جۆندەپ كەتتى.

**ئارقا چاك** گەزمال، تېرە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن تىكىلگەن بۇيۇملارنىڭ ئارقا تەرەپ چېتىلغان تىكىش سىزىقى: ئارقا چاك تىكىچ.

**ئارقا سەپ** ① <هەرب> ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئالدىنقى سەپتىن يىراق بولغان ئىچكى رايون، قىسىم: ئۇنىڭ سول پۇتى ياردىلانغان بولغاچقا، بىز ئۇنى ئارقا سەپكە ئەۋەتىپ بەردۇق. * ئۇ داشۆدە بەزى تىببىي بىلىملەرنىمۇ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، ئارمىيىمىزنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات تارمىقىدىكى سەهىيە ئورۇنلىرىدا رەهبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ② ئىدارە، مەكتەپ، زاۋۇت، كان، كارخانا قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق خىزمەتكە بىۋاستە ئارىلاشمايدىغان هەمدە شۇ ئاساسلىق خىزمەتنىڭ زۆرۈر تەييارلىق، تولۇقلىما ئىشلىرىنى ئىشلەيدىغان ياردەمچى تارماق: بۇ مەكتەپنىڭ مەسئۇللىرى ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەت بىلەن ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىنى ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ مەنىۋى ۋە جىسمانىي كاپالىتىگە ئايلاندۇرغان. * سېخنىڭ ئۇستىنى سىرلاش ۋەزىپىسىنى ئارقا سەپتىكى ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئۆز ئۇستىگە ئالدى.

**ئارقا سەهنە** <تىيا> تىياتىرخانا سەهنىسىنىڭ ئارقا قىسمى. ئويۇننىڭ بەدىئىي جەهەتتىكى خىزمەتلىرى ئارقا سەهنە دائىرىسىگە كىرىدۇ.

**ئارقا سەهنە مۇدىرى** <تىيا> ئويۇننىڭ ئارقا سەهنىدىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغۇچى خادىم.

**ئارقا سوزۇق تاۋۇش** <تىل> تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىل ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئارقا قىسمىدا تۈگۈلۈپ، رەك تۇرۇشىدىن هاسىل بولىدىغان سوزۇق تاۋۇش. تىلىمىزدىكى «ئا»، «ئو»، «ئۇ»لار ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردۇر.

**ئارقا كۆرۈنۈش** ① پېرسوناژ هەم ۋەقەلىككە تەسىر كۆرسەتكەن تارىخىي ئەهۋال ۋە ئوبيېكتىپ رېئاللىق: تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش. سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش. * بۇ ئەسەردىن ۋەقەنىڭ قاچان، نەدە يۈز بەرگەنلىكىنى، ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ② تىياتىر، كىنو، رەسىم ۋە فوتو سۈرەتتىكى ئاساسىي شەيئىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان مەنزىرە.

**ئارقا كۆرۈنۈشلۈك** ئارقا كۆرۈنۈشى بار،

www.uyghurkitap.com

ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە: مۇقام داستانلىرى ئاساسەن، مۇدھىش فېئوداللىق زۇلۇمنى، تارىخىي ياكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشلۈك ئىشق - مۇھەببەت پاجىئەسىنى، داستان قەھرىمانىنىڭ تىلى ۋە سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق پاش قىلىشقا قارىتىلغان.

**ئارقا مۇھاپىزەتچى قىسىم** <ھەرب> يۈرۈش قىلغان قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، قوغداش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان قىسىم.

**ئارقا مېڭە** <ئانات> مېڭىنىڭ بىر قىسمى. ئۇ مېڭىنىڭ ئارقا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆۋرۈكچە مېڭە، ئۇزۇنچاق مېڭە ۋە كىچىك مېڭىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**ئارقا ئىشىك** ① <بىن> ئۆي، ھويلا، باغ قاتارلىقلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئېچىلغان ئىشىك: ئۇ مۇدىر بىلەن خوشلىشىپ، مەكتەپ قورۇسىنىڭ ئارقا ئىشىكى بىلەن ئالمىلىق باغقا چىقتى. * ئۇ تالادىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، ئارقا ئىشىكتىن غىپپىدە تىكىۋەتتى. ② كۆچمە. قانۇنسىز، قائىدە - تەرتىپكە خىلاپ، ناتوغرا يول: بەزى ئىشچى - خىزمەتچى خادىملار ئارىسىدا مېھمان چاقىرىش، سوۋغا تەقدىم قىلىش، ئارقا ئىشىك قىلىش، بۇزۇپ - چېچىش، ئىسراپچىلىق قىلىش ئەھۋاللىرى ساقلانماقتا. * ئۇنىڭ ئارقا ئىشىكى بولغاچقا، خىزمەت تەقسىماتىدا ھېچنېمىدىن غەم قىلمىدى.

**ئارقا ئىشىك ئاچماق** ① ئۆي، ھويلا، باغ قاتارلىقلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئىشىك ئاچماق. ② كۆچمە. قانۇنسىز، قائىدە - پرىنسىپقا خىلاپ ھالدا ئىش قىلىشنىڭ يولىنى تاپماق: بۇ دا دۆينىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئازراق زىيان تارتىش مەسىلىسى ئەمەس، يامان ئىش ئۈچۈن ئارقا ئىشىك ئېچىپ بېرىش مەسىلىسى؛ ئارقا ئىشىكتىن مەنپەئەتلەنگەن ئادەملەرنىڭ خاتا ئىشىنى بىلىپ تۇرۇپ قوللاش مەسىلىسى. بىز بۇ يولغا ھەرگىز ماڭماسلىقىمىز كېرەك.

**ئارقا ئىشىكتىن ماڭماق** قانۇنسىز، ھەم قائىدە - پرىنسىپقا خىلاپ ھالدا ناتوغرا يولدا ماڭماق، پرىنسىپقا خىلاپ ئىش قىلماق: ئۇنىڭ خىيانەتچىلىك ۋە ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش قاتارلىق قىلمىشلىرى ئەينى ۋاقىتتىلا سىزىۋېلىنمىغانىدى. * بەزى ئورۇنلاردا ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش گويا قانۇنىي ئىشتەك ئادەتكە ئايلانماقتا.

**ئارقا ئىشىك قىلماق** ← **ئارقا ئىشىكتىن ماڭماق**: — ئارقا ئىشىك قىلىش گەرچە خاتا بولسىمۇ، سەمەت ئۈچۈن ھازىر جان بېقىشنىڭ بىردىنبىر يولى بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ ئۆكۈنگەن ھالدا.

**ئارقا يانچۇق** ئىشتاننىڭ كاسا قىسمىغا ئېچىلغان يانچۇقى.

**ئارقىدا غوڭشىماق** بىراۋنىڭ يامان گېپىنى، غەيۋىتىنى قىلماق: — ئارقامدا كەچكىچە غوڭشىپ يۈرگۈچە، گېپىڭ بولسا ئالدىمدىلا دېسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ.

**ئارقىدا قالماق** ① كەينىدە قالماق، قېلىپ قالماق: ئۇ كىچىك تۆپىلىكلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، تىك، ئېگىز قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چىققاندا قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. * پادىشاھنىڭ بۇ كىچىك ئوغلى شەھەرلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يۇرت - مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، چوڭ دەريانى بويلاپ ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ. ② مۇسابىقە ياكى يول يۈرۈش داۋامىدا باشقىلارغا يېتىشەلمەي، كەينىدە قالماق: ئۇ كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە ئارقىدا قالدى. ③ تەرەققىي قىلالماي، راۋاجلىنالماي بىر ئىزدا توختاپ قالماق؛ ئىلگىرىلەش ياكى تەرەققىياتى ئاستا بولماق: مۇئەللىم ئارقىدا قالغان ساۋاقداشلارنى پات - پات ئىلھاملاندۇرۇپ تۇراتتى. * ئەگەر ئارقىدا قالغان جايلار ئارقىدا قالدۇرۇلسا، ئۇ باراۋەرلىك بولمايدۇ. بەلكى خاتالىق بولىدۇ.

**ئارقىسىدا گەپ قىلماق** بىراۋنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ يامان گېپىنى قىلماق، غەيۋىتىنى قىلماق: ئۇ ھەممىشە مېنىڭ ئارقامدا

گەپ قىلدۇ.

**ئارقىسىدىن كۈلمەك** ئۆزى يوق ۋاقىتتا مەسخىرە كۈلكە بىلەن مازاق قىلماق: بۇنداق غەلىتە كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسەڭ، كىشىلەر ئارقاڭدىن كۈلىدۇ.

**ئارقىسىغا چۈشمەك** ← **ئىزىغا چۈشمەك.**

**ئارقىسىغا سالماق** ئەگەشتۈرمەك، نەگە بارسا شۇ يەرگە ئېلىپ بارماق: سۇلايمان ياقۇپنى ئارقىسىغا سېلىپ يۈرگىلى ئۈچ ئايدىن ئاشتى. سۇلايمان بۇ ئۈچ ئاي جەريانىدا نۇرغۇن جايلارنى، خىلمۇخىل يېڭىلىقلارنى كۆردى. * ئۇنىڭ ئارقىسىغا سېلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققىنى تازا ئۇچىغا چىققان بىر ھاماقەت ئىكەن.

**ئارقىسىغا سېلىپ قويماق** ① بىرەر نەرسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇ ساھەنىڭ ئۇستىسىغا بەرمەك: ھۈنەر ئۆگىنىپ قالسۇن دەپ بالىنى ئۇستامنىڭ ئارقىسىغا سېلىپ قويدۇم. ② بىر ئۆنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش، ئىش-ھەرىكىتىنى يوشۇرۇنچە پايلاشقا قويماق: گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسى زىيالىيلارنىڭ ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قوياتتى.

**ئارقىسىغا كىرمەك** ① ئەگەشمەك: مەن ئۇستامنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئۈرۈمچىگە باردىم. ② ئۆگەنمەك: بالام قاسىم ئۇستامنىڭ ئارقىسىغا كىرگەن بىر يىلدىن بېرى خېلى ئۇستا بولۇپ قالدى. * ھەسەلخان ئاچام قىزىغا دائىم: — قىزىم، سەن ئاپىنىڭنىڭ ئارقىسىغا كىرمە، ئۇ سېنى ياخشى يولغا باشلىمايدۇ، — دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ③ پايلاپ يۈرمەك، ئىزىغا چۈشمەك، پەيدا بولماق: ئوغرى ئۇنىڭدىكى ئالتۇن-كۈمۈشنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپتۇ.

**ئارقىسىنى قىلماق** ① كەينىنى قىلماق: قىز ئانىسىغا ئارقىسىنى قىلىپ، يەرگە قاراپ جىم تۇرۇۋالدى. ② كۆچمە. تەتۈرىگە يۈزلەنمەك؛ ئامەت قاچماق؛ ئوڭۇشسىزلىققا قاراپ ماڭماق: جاھان ھەممىشە نۆۋەت بىزگە كەلگەندە ئارقىسىنى قىلىۋالدۇ.

**ئارقىغا تارتماق** ① تەتۈر يۆنىلىشكە تارتماق: شۇنچە كۈچەسەكمۇ، ھارۋا نېمە ئۈچۈن قوزغالمايدىكىن دېسەك، بىز ئالدىغا تارتساق، ھېسام ئارقىغا تارتقىلى تۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى سەۋەب كۆرسىتىپ كەينىگە سۈرمەك، كېچىكتۈرمەك: ئۇلارنىڭ مەقسىتى سۇ قۇرۇلۇشىنى ئارقىغا تارتىپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا زىيان سېلىش ئىدى.

**ئارقىغا چېكىنمەك** ① ھەرىكەت يۆنىلىشكەن تەرەپتىن ئەكسىگە قاراپ ماڭماق. كەينىگە يانماق: دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ئوت كۈچى ئارمىيىمىزنى بىرمەھەل ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ② ئىلگىرىلەشتىن توختىماق؛ ئىلگىرىلەش، تەرەققىياتنىڭ كەينىدە قالماق: ئۇ دەرستە ئارقىغا كۆپ چېكىنىپ كەتتى. * گويا نوتا ئىدىڭ تۆپتۈز، نېچۈن قىڭغىر چېكىنىدىڭسەن؟! ئۆسۈپ تۇرغان ئىدىڭ گۈلدەك، نېچۈن ئارقىغا چېكىنىدىڭسەن؟!

**ئارقىغا سۈرمەك** ← **ئارقىغا تارتماق.**

**ئارقىغا قارىماق** ① كەينى تەرەپكە نەزەر تاشلىماق. ② كۆچمە. ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىماق، ئەسلىمەك: كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن ئارقىغىمۇ قاراش كېرەك.

**ئارقىغا كەتمەك** ← **ئارقىغا چېكىنمەك:** بىزنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئارقىغا كېتىشىمىزگە ئۆزئارا ئىناقسىزلىقىمىز سەۋەب بولۇۋاتىدۇ.

**ئارقا-ئارقىدىن** ① بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى: ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن ئىرادىلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ② **قاتىرىسىغا، ئۈزلۈكسىز:** ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن ياتاققا كىرىپ كەلدى. * ئۇ بالىغا قارىتىپ ئارقا-ئارقىدىن ئوق ئۈزدى. * مەن بۆككىدە ئۆسكەن بىر تۈپ قارىغاي يېنىغا يېتىپ كەلگىنىمدە، ئاتنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئەنسىز كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن قەدىمىمنى تېزلەتتىم.

**ئارقا-ئارقىلاپ** ← **ئارقا-ئارقىدىن:**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللار ئارقا ــ ئارقىلاپ نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

**ئارقار** ئى <زوئول> بىر خىل ياۋا قوي، مۈڭگۈزى توم ۋە چوڭ بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ تۆۋەنگە ئېگىلگەن ۋە بەزىلىرىنىڭ قارماقلىشىپ كەتكەن بولىدۇ؛ يۇڭى يىرىك ۋە ئۇزۇن، قوڭۇرغا مايىل كۈل رەڭ كېلىدۇ؛ قۇيرۇقى قىسقا، پۇتلىرى بىجىرىم ھەم كۈچلۈك، ئېگىز تاغلارغا چىقالايدۇ. * ھەتتا ئارقار، جەرەن، كېيىكلەر تىترەپ ئۆتكەن قىيا تاشلاردا، ئۇچىرىتىسەن تونۇش ئىزلارنى، چوققىلاردا، مۇزلۇق قارلاردا.

**ئارقاق** ئى. رەخت، ماتا، گىلەم قاتارلىقلارنى توقۇشتا ئۇرۇش يىپلارنىڭ ئارىلىقىدىن توغرىسىغا ئۆتكۈزۈلىدىغان يىپ: لوقمان قاراقچىلار بولىۋالغان گىلەم خورجۇننى ئالدۇرۇپ چىقىپ، رەڭدار ئارقاقلاردىن بىر تالدىن سۇغۇرۇپ، ئۇرۇشتىن ھەم ئالدۇرۇپ، قاراقچىلارغا تۇتقۇزۇپتۇ، ئەسۋاب نۇسخىسىنمۇ بېرىپتۇ. * يوتقانلىق پاختىدىن ئېگىردى ئۇرۇش، زورىخان تاشلاندۇق چاقنى راسلاپ، قانچە شام ئاخشاملار ئۇلاندى تاڭغا، ئايجامال ئۇلگۈردى ئارقاقنى قاتلاپ.

**ئارقاق باسماق** ئارقىمۇئارقا ئارقاق يىپىنى بېرىپ چىڭدىماق، ئارقاق يىپىنى زىچلاپ چىڭىتماق: ئۇلار خۇش ناخشىلارنى ياڭرىتىپ، ئۇرۇشكە رەڭگىۋا چىگەتتى، ئارقاق باساتتى ۋە پەنجە ئۇرۇپ، قىرقىشنى داۋاملاشتۇراتتى.

**ئارقاقلىق** سۈپ. ئارقاق ئۇچۇن تەييارلانغان، ئارقاق قىلىنىدىغان، ئارقىقى بار: ئارقاقلىق يىپ. * پاتەمخان يېڭى پاختىدىن ئارقاقلىق يىپ ئېگىردى.

**ئارقاقلىماق** پ. باپكارلىق ۋە گىلەمچىلىكتە، ئۇرۇش ئارىلىقىدىن يىپ ئۆتكۈزمەك.

**ئارقال** ئى ← **ئارقال ئوتى.**

**ئارقال ئوتى** <بوت> پاكار ئۆسىدىغان، غولى بوغۇم ــ بوغۇم، رەڭگى سېرىق ھەم يىلتىق پۇرايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇنى تاماققا سالسا، تاماقتا تەملىك پۇراق ھاسىل بولىدۇ.

**ئارقان** ئى ← **ئارغامچا** مەن قىرغاقنى بويلاپ، قىزغا قارىتىپ ئارقان تاشلىدىم. * ئۇ، مەھەللىنىڭ بېشىدا تۇرۇپ: ــ ھەيدە، پايدا ــ كالاڭنى!...، ــ دەپ ۋارقىرىسا، ئېغىلدىكى كالىلار مۆرىشىپ ئارقانلىرىنى سىلكىشەتتى.

**ئارقاندىماق** پ ← **ئارقانلىماق** ياسىن كۆكبېشى ئاتنىڭ ئېگىرىنى ئېلىپ، غانجۇغىدىكى ئارقان بىلەن سەل يىراقراق ئاپىرىپ ئارقاندىدى.

**ئارقانلاتماق** «ئارقانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئارقانلىماق** پ. ئارقان بىلەن باغلىماق، چىگمەك: ئۇ ئاتنى ئارقانلىدى.

**ئارقۇ** ئى. تارىس. ئوردا قاراۋۇلى: ئارسلان بىلەن ئىككىسى ئارقۇلارنىڭ ياردىمىدە ئىككى بوز ئارغىماققا مىنىشتى. ئۇلارنى ئىككى ئاتلىق ئارقۇ قوغداپ ئارقىدىن ماڭدى.

**ئارقىچە** رەۋ ← **ئارقىسىچە:** يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە 70 ــ 80 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئازگال بار ئىكەن، مەن ماشىنىنى ئايلاندۇرۇپ ھېلىقى ئازگالغا ئارقىچە ئېلىپ كەلدىم ــ دە، كوزۇپنىڭ ئارقىسىنى ئېچىپ ئات بىلەن ھارۋىنى كوزۇپقا ئالدۇق.

**ئارقىسىچە** رەۋ. ھەرىكەت يۆنىلىشىگەن تەرەپكە ئارقا تەرىپىنى قىلىپ، كەينىنى قىلىپ؛ كەينىچە: ئۇ پادىشاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

**ئارقىسىدا** تىر ① ئاقىۋىتىدە، نەتىجىسىدە: ئۇ ئاتىسىنىڭ تەشەببۇسى ۋە قىزغىن تەربىيىلىشى ئارقىسىدا داڭلىق ھۇنەرۋەن بولۇپ يېتىشتى. * ئۇ ساتار چېلىپ مۇقامچىلىق قىلىش ئارقىسىدا خەلق ئىچىدە چوڭ شۆھرەت قازاندى. ② سەۋەبلىك، تۈپەيلى: ئۇلار رىقابەت

ئارقىسىدا بۆلۈنۈپ كەتتى. * ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يېتىشى بىلەن، مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەت سىنىپلارغا بۆلۈنگەن چاغدا دۆلەت، شۇنداق بۆلۈنۈش ئارقىسىدا، زوْرزۇر بولۇپ قالغانىدى.

**ئارقىش** ئى.تارىس. كارۋان؛ ھەربىي قوشۇن-نىڭ ئوزۇق-تۈلۈكىنى توشۇيدىغان ئارقا سەپ خىزمىتى: بۇغراخان ئارسلان بىلەن چۈشكۈن ئالدىغا چىقىپ، ئارقىش قوشۇنىنىڭ باشلىقىنى قىچقاردى.

**ئارقىلىق** تىر ① بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىدىن، ئارىسىدىن، ئوتتۇرىسىدىن ياكى ئۈستىدىن، بىرەر نەرسە ئارىلاپ، بىر تەرەپتىن ئىككىنچى بىر تەرەپكە: بۇ ھويلا ئارقىلىق باغقا چىققىلى بولىدۇ. * ئۇلار ياغاچ كۆۋرۈك ئارقىلىق نېرىقى قىرغاققا ئۆتۈشتى. ② بىرەر كىشى ياكى بىرەر نەرسە ۋاستىسى، ياردىمى بىلەن، ياردىمىدە: بىلىم — ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك، ئىنسانىيەت بىلىم ئارقىلىق تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، مۆجىزىلەرنىڭ سىرىنى ئېچىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن بەخت يارىتىدۇ. * بىز تېلېفون ئارقىلىق بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپتۇق. ③ ئىسىمنىڭ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن ئوخشاش مەنىدە، ھەرىكەتنىڭ قورالىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ شاگىخەيگە پويىز ئارقىلىق باردى. * ئۇ بۇ ھەرىكەتكە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاكتىپ قاتناشتى. ④ سەۋەب-لىك، تۈپەيلىدىن: ئۇ بۇ قېتىمقى ماجىرا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئاشكارىلىدى.

**ئارقىمۇئارقا** ← **ئارقا-ئارقىدىن:** كۈنلەر ئارقىمۇئارقا ئۆلىنىپ ئۆتۈۋەردى. ئورما كۈنلىرى ئاياغلىشىپ، ئوقۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

**ئارقىمۇئارقا بۆلۈش** <مات> بىر سانىنى تەرتىپ بويىچە بىرقانچە سانغا بۆلۈش.

**ئاقىمۇئارقا قوشۇش** <مات> ئىككىدىن ئارتۇق سانىنى تەرتىپ بويىچە ئۆزئارا قوشۇش.

**ئارقىمۇئارقا كۆپەيتىش** <مات> بىر ساننى تەرتىپ بويىچە بىرقانچە سانغا كۆپەيتىش.

**ئارقىمۇئارقا ئۇلاش** <ئېل> بىرنەچچە ئېلېكتر ئەسۋابى ياكى دېتاللارنى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرىنى ئۇلاش.

**ئارقىمۇئارقا ئېلىش** <مات> كېمەيگۈچىدىن تەرتىپ بويىچە بىرقانچە كېمەيتكۈچىنى ئېلىش.

**ئاركتىكا** ئى [ر<گرېك]<جۇغ> يەر شارىنىڭ شىمالىي قۇتۇپ رايونى.

**ئارگون** ئى [ر<گرېك] <خىم>گاز ئېلېمېنت؛ بەلگىسى A ياكى Ar (Argoniun)؛ رەڭسىز ۋە پۇراقسىز كېلىدۇ. ئارگون قاچىلانغان ۋاكۇئۇم لامپىدىن توك ئۆتكۈزگەندە، رەڭلىك نۇر تارقىتىدۇ. ئۇ ئاتموسفېرا تەركىبىدە ئەڭ كۆپ بولغان ئىنېرتسىيىلىك گاز ھېسابلىنىدۇ.

**ئارگىنال** (توغرىسى: ئورگىنال) ← **ئورگىنال.**

**ئارمان** ئى [پ] ① ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇ-ئىستەك ياكى ۋاقتىدا قىلىنمىغان ئىشلار تۈپەيلىدىن كۆڭۈلدە قالغان ئۆكۈنچ، پۇشايمان، ھەسرەت، نادامەت: — قىزىم ھاياتلا بولسا، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى، — دېدى ئۇ ئېزىلىپ. * قارا-قارا قاغىلار خاماندىدۇر يار سەنەم، قىز ئالمىغان يىگىتلەر ئارماندىدۇر يار سەنەم. ② ئارزۇ، ئۈمىد: — كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا دادامنى ۋە قوۋم-قېرىنداشلىرىمنى بىر كۆرسەم دېگەن ئارمىنىم بار، — دېدى ئۇنىڭ خوتۇنى. * ماڭار چاقماقچە سۈرئەتتە ۋاقىت ئالدىدا ئادەملەر، ئۇچار بەس-بەستە سۇمۇرغلار، ئۇلۇغ مەقسەتتە-ئارماندا.

**ئارماندا قالماق** ئارزۇ، مەقسەتكە يېتەلمەي ياكى ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي

ئەپسۇسلانماق، ھەسرەتتە ـ نادامەتتە قالماق: ئۇلار ئەخمەتجان ئەپەندىنى قايتۇرۇپ كېلىمىز دەپ، چۇقۇراشقىنىچە ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشەلـمەي، ئارماندا قېلىپ قايتىپ كەلدى. * دوختۇرلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن كېيىن، كېسەل بولغۇچىنىڭ يولدىشى تۆكۈلۈشكە تەييار تۇرغان كۆز ياشلىرىنى تەستە توختىتىپ: ــ ئارماندا قالماسلىق ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى چارە، ئوپېراتسىيە قىلىشقا قوشۇلىمەن، ــ دېدى ـ دە، ئوپېراتسىيە قەغىزىگە قول قويدى.

**ئارماندا كەتمەك** ئارزۇ ـ ئۈمىد، مەقسىتىگە يېتەلمەي بۇ ئالەمدىن ئۆتمەك، ھەسرەت ـ نادامەتتە ئۆلۈپ كەتمەك: ئۇ دەلدەڭشىپ تۇرۇپ كامالنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى: ــ تۇر كامال، تۇر! مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كەتسەڭ ئارماندا كېتىمىز، ھېچ بولمىغاندا تاش ئېتىپ بولسىمۇ بىرنەچچىسىنىڭ ئەدىبىنى بېرەيلى! ــ دېدى.

**ئارماندىن چىقماق** مەقسەت، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىگە يەتمەك، پىغاندىن چىقماق: بۈگۈن ئابدۇشۈكۈرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن، ھەممىمىز شۇ كۈنى باغچىغا چىقىپ ئارماندىن چىققۇدەك بىر ئوينايلى.

**ئارمانغا يەتمەك:** مەقسەت، ئارزۇ ـ ئۈمىدكە ئېرىشمەك: يارنى دەپ تاغلارنى كەزدىم، يەتمىدىم ۋەسلىگە مەن. بىر كۆرۈپ ئارمانغا يەتسەم، نەۋباھار پەسلىدە مەن. * ئەگەر سەن ئىشلىسەڭ ئوبدان، بولۇر سەندىن ۋەتەن رازى، باھالار خىزمىتىڭنى ھەر زامان تارىخ دېگەن قازى، ئۆلەر جىسمىڭ، ئىشىڭ ئۆلمەس، قالار ئەلدە قىشۇ يازى...شۇ خىل ئارمانغا سەن يەتسەڭ، بۆلەك ئارمان قىياس قىلما.

**ئارمان قالماسلىق** ھەممە مەقسەت، ئارزۇ ـ ئۈمىد ئەمەلگە ئاشماق، ھەسرەت، نادامەتنى تۈگىمەك: ــ مەن ئۇلۇغ پايتەختىمىز بېيجىڭنى بىر كۆرۈپ كەتسەم ئارمانىم قالمايتتى، ــ دېدى قوربان ئاكا ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ.

**ئارمان قىلماق** ① مەقسەت، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىگە يېتەلمەي ياكى بىرەر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي ئەپسۇسلانماق؛ ھەسرەت ـ نادامەت چەكمەك، پۇشايمان قىلماق: تېرىغان خامان قىلار، تېرىمىغان ئارمان قىلار (ماقال). * ئۇ دادىسىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىگىنىگە ئارمان قىلاتتى. ② ئارزۇ قىلماق، تەلەپ قىلماق، تىلىمەك: ئەكبەر ئۇلار بىلەن بىر كۆرۈشسەم دەپ ئارمان قىلىپ، قانچە كېچىلەرنى خىيال بىلەن ئۆتكۈزگەنىدى. * كىشىلەر بەخت دەپ قىلىدۇ ئارمان، بىلىسىدى شۇ بەخت ئىنسان قولىدا. بەختنىڭ قويىنىدا ئۆزمەكتە ھامان، ھالال تەر تۆككەنلەر ئۇنىڭ يولىدا.

**ئارمانسىز** ① سۈپ. ئارمانى يوق، ئارمانى قالمىغان: ئارمانسىز كۆڭۈللەر. ئارمانسىز ھايات. * ئۈنىڭسىز كەڭ سەھرا، قانسىز ـ دەرمانسىز، ئۈنىڭسىز دېھقاننىڭ ئىشى دائىم «ئاھ!...». ئۇ بار، سەھرامۇ، خەلقمۇ ئارمانسىز، بوۋاقا تەشنا سەھرا چاڭقاق، ئەل گۇۋاھ. ② رەۋ. ئۆكۈنمەي، پۇشايمان قىلماي؛ ھەسرەت ـ نادامەت چەكمەي: ئارمانسىز كەتمەك. ئارمانسىز ياشىماق. * تۇرسەن رەزىل زالىم رەڭگىڭ قېچىپ، بىز قالدۇق زۇلمۇڭدا ئازاب چېكىپ. ئارمانسىز بۇ دۇنيادىن ئۆتەر ئىدىم، بىر قوشۇق قېنىڭنى مەن كەتسەم ئىچىپ.

**ئارمىيە** ئى [ر<فران< لات] <ھەرب> ① دۆلەتنىڭ سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قوراللىق تەشكىلاتى، قوراللىق قوشۇنى: خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى. * ئۇ 18 يېشىدا ئارمىيىگە قاتناشتى. ② بىر ياكى بىرنەچچە قوشۇن تۈرلىرىنىڭ بىرنەچچە كورپۇس ياكى دىۋىزىيىدىن تەشكىل تاپقان، ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن قوشۇلمىسى: 1 ـ يۆنىلىش ئارمىيە. يېڭى 4 ـ ئارمىيە.

**ئارمىيە تۈرى** <ھەرب> ئارمىيىنىڭ ئاساسىي تۈرى. ئارمىيە تۈرى ئادەتتە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسى ۋە ھاۋا

www.uyghurkitap.com

ئارمىيىسى دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. ھەربىر ئارمىيە تۈرى بىرنەچچە قىسىم تۈردىن تەركىب تاپىدۇ.

**ئار ـ نومۇس** ① خىجالەت تارتىش، ئۇيىلىش تۇيغۇسى؛ ئۇيات، ئار ۋە نومۇس: ئۇ ئار ـ نومۇسى يوق ئادەم. * ئۇ ئار ـ نومۇس كۈچى ۋە قىزىلىق غۇرۇرى بىلەن ئۆزىنى مەھكەم تۇتۇپ، تۇرغۇنىنىڭ يېنىغا ئاستا كېلىپ توختىدى. ② كىشىلەرنى ئۇلۇغلايدىغان، كىشىلەرگە ھۆرمەت بېغىشلايدىغان خىسلەت، پەزىلەت: ئار ـ نومۇسنى ساقلاش ئۈچۈن ھەرقانداق گۈزەللىك ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتىن ۋازكېچىشكە توغرا كېلىدۇ. * ئەڭ مۇقەددەس ئىززىتىمدۇر ئار ـ نومۇس. ۋىجدانىمنىڭ ئىززىتىمنىڭ مەنبەسى.

**ئارۇز** ئى [ئە] <ئەد> ← **ئارۇز ۋەزنى.**

**ئارۇز ۋەزنى** <ئەد> شېئىر تۈزۈلۈشىدە، ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە ئالمىشىپ كېلىشىگە ئاساسلانغان ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان ۋەزىن سىستېمىسى: ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىر. * ئارۇز ۋەزنى رىتىملىق ئاھاڭدارلىقنى كۆرسىتىدىغان بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا، سۆزنىڭ ئۇچۇق ـ يېپىق بوغۇملۇق خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئارۇماتىك** سۈپ [ر] <خىم> ← **ئارۇماتىك بىرىكمىلەر.**

**ئارۇماتىك بىرىكمىلەر** <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ چوڭ بىر تۈرى. ئۇ بېنزول ۋە ئۇنىڭ تۇغۇندىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۈردىكى بىرىكمىلەرنىڭ مولېكۇلىسىدا بىر ياكى بىرنەچچە بېنزول يادروسى بولىدۇ.

**ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ** قالايمىقان، رەتسىز: ئۇ قولىغا سۇپىدىكى يوغان ۋە ئېغىر پالتىنى ئالدى ـ دە، كۆتەكنىڭ ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ پۇتاقلىرىنىڭ ئارىسىغا كۈچ بىلەن ئۇردى.

**ئارىچى I** ئى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان جېدەل ـ ماجىراغا ئارىلاشقۇچى، ئارىغا كىرگۈچى كىشى: ئارىچىغا ئالتە تاياق (ماقال).

**ئارىچى II** (ئا:رىچى) ئى. ئارا ياسايدىغان ۋە ئۇنى ساتىدىغان ئادەم: بۇ شىياۋدۇيدە بەش ئارىچى ئائىلە بار.

**ئارىچىلاتماق** «ئارىچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئارىچىلىق** (ئا:رىچىلىق) ئى. «ئارىچى II» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: ئۇ ئەمگەكتىن قولى بوشىغان ۋاقىتلىرىدا ئارىچىلىق قىلىدۇ. * قاسىم ئاكىنىڭ ئارىچىلىق ھۈنىرى بار.

**ئارىچىلىماق** پ ① بىر ـ بىرى بىلەن جېدەللىشىپ تۇتۇشۇپ قالغانلار ياكى چېلىشقانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، **تۇتۇۋېلىپ ئايرىۋەتمەك، ئارىلاشماق:** سەكرەپ تۇرغان ساقچى ھۇسەينەمگە بىر كاچات سالدى، ئۇنىڭغىچە باشقىلار ئارىچىلاپ ئۈرغۈزمىدى. * بۇ ۋەھشىي چايانىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن خەلق قاۋۇلنى دەرھال ئارىچىلاپ، ئارىسىغا يوشۇرۇپ، كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، قاچۇرۇۋەتتى. ② **ئارىلاپ ماڭماق، ئارىسى بىلەن ماڭماق:** كىم بىلىدۇ، بەلكى خاماندىكى كىشىلەردىن قورقۇپ، ئېھتىيات قىلغاندۇ؟ شۇڭا مەممەت «بۇ يولدا مېڭىش خەتەرلىك» دەپ، يىراق بولسىمۇ ئارىچىلاپ مېڭىپ كەتتى.

**ئارىدا** رەۋ ① ئوتتۇرىسىدا، ئىچىدە: بازار كۈنى مال بازىرىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئارىدا قېلىپ، ئالدىمدا كېتىۋاتقان ھەمراھلىرىمنى يوقىتىپ قويدۇم. ② **ۋاقىتتا، ۋاقىت ئىچىدە، كۈنلەردە،** پۇرسەتتە: ماشىنا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى، شۇ ئارىدا تۇرسۇنمۇ يېتىپ كەلدى. * مۇھەممەت كەلمىدى، شۇ ئارىدا تاغىمىز سۇلايمان ئاخۇن بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بىر ھەپتە تۇرۇپ كەتتى.

③ **شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ جەرياندا:** ئۇق تېگىپ يىقىلىپ، ھوشۇمغا كەلسەم، دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن. ئارىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

**ئاردىن** رەۋ ① **ئۇتتۇرىسىدىن، ئىچىدىن:** ئۇنى ئاردىن قوغلاپ چىقىرىشتى. ② **شۇنىڭدىن باشلاپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شۇنىڭدىن بۇيان:** مانا مۇشۇ ئىشلار بولۇپ ئاردىن قانچىلىك ۋاقىتلار ئۆتتىكىن، ئىلياس ئەپەندى بىر كېچىدىلا تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتتى. * ئاردىن تۇپتۇغرا يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاياتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

**ئارىسال** (توغرىسى: ئارىسالدى) ← **ئارىسالدى.**

**ئارىسالدا** (توغرىسى: ئارىسالدى) ← **ئارىسالدى.**

**ئارىسالدى** ① سۈپ. **قانداق قىلىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغان؛ ئىككىلەنگەن:** ئارىسالدى كىشى. * ئارىسالدى ئېشەكنى بۆرە يەپتۇ (ماقال). ② سۈپ. **جىددىيلىك، ئالدىراشلىق پەيسىگەن، بوشىغان:** ئارىسالدى ۋاقىت. ئارىسالدى پەيت. ئارىسالدى مەزگىل. * ئەزالار ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا ئوغۇت توپلايدۇ. ③ رەۋ. **قانداق قىلىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي، ئىككىلىنىپ:** ئارىسالدى بولماق. * ئۇنىڭ سوئالىغا: — يوق دېگىلى بولمايدۇ، — دەپ ئارىسالدى جاۋاب بەردى يۇنۇس. * ئىش يۈزىدە ئۇ خۇددى كەڭ دېڭىزدا كېمىنى نەگە ھەيدەپ، يەلكەننى قاياققا توغرىلاشنى بىلمەيدىغان ياشلاردەك ئارىسالدى بولۇپ، ئۆز قارارى ئۈستىدە تەۋرىنىپ قالاتتى.

**ئارىسالدى بولماق** **قانداق قىلىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالماق، ئىككىلىنىپ قالماق، دەككە-دۈككىدە بولماق:** ئۇ ئاچا يول ئېغىزىدا ئارىسالدى بولۇپ ئۇزاق تۇردى. * مەن ئۆزەمنىڭ بىۋاستە تەسىراتىم ئارقىلىق شۇنى بىلدىمكى، ھازىر بىر قىسىم يولدىن ئازغان ياشلار ئاچا يول ئاغزىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرماقتا.

**ئارىسالدى قالماق** ← **ئارىسالدى بولماق.**

**ئارىسالدى قىلماق** **ئىككىلەندۈرمەك، دەككە-دۈككىدە قويماق، قانداق قىلىشنى بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويماق:** ئۇ ئەتىگەندىن بېرى گۈلنارنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، ئارىسالدى قىلىپ قويدى.

**ئارىسالدى ۋاقىت** **جىددىيلىك، ئالدىراشلىق پەسەيگەن، ئالدىراشچىلىق ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت:** ئاۋات دېھقانلىرى ئارىسالدى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارماقتا.

**ئارىسالدىلىق** «ئارىسالدى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئارىسالدىلىقتا قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي، شۇ يەردىلا تۇرۇپ قالدى. * جىددىي پەيتلەردە بەزىلەر مەقسەتنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، پرىنسىپسىزلىق قىلىپ، تەۋرىنىپ، ئارىسالدىلىق قىلىپ، بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلمايدۇ.

**ئارىشاڭ** ئى. **ئۆچكەن يانار تاغلار ئورنىدا ھاسىل بولغان ياكى يەر ئاستىدىكى مىنېراللارنىڭ ئىسسىقلىق چىقىرىشىدىن ھاسىل بولغان، تېمپېراتۇرىسى شۇ يەردىكى مۇھىتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقىرى بولغان بۇلاق سۈيى ياكى ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئورۇن.**

**ئارىفمېتىكا** ئى [ر<گرېك] **ماتېماتىكىنىڭ سانلار ئۈستىدىكى ئاددىي ھېسابلارنى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدە بېجىرىلگەن ئەمەللەرنى ئۆگىنىدىغان قىسمى؛ ھېساب.**

**ئارىفمېتىكىلىق** سۈپ. **ئارىفمېتىكىغا ئائىت، ئارىفمېتىكىغا ياتىدىغان؛ ئارىفمېتىكا قائىدىسىگە ئاساسلانغان:** ئارىفمېتىكىلىق قاتار. ئارىفمېتىكىلىق ئەمەللەر. ئارىفمېتىكىلىق مەسىلە.

**ئارىفمېتىكىلىق قاتار** <مات> ← **تەڭ**

www.uyghurkitap.com

ئايرىملىق قاتار.

**ئارىلاپ** «ئارىلىماق» پېئىلىنىڭ رەۋىش-
دىشى: ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئارىلاپ يېنىدا ئولتۇرغان-
لارغا قاراپ قوياتتى.

**ئارىلاپ تۇتىدىغان قىزىتما** <تېب> بەلگىلىك ۋاقىت ئارىلىقىدا تۇتىدىغان بىر تۈرلۈك قىزىتما.

**ئارىلاپ تېرىماق** <دېھ> ← **قۇر ئارىلاپ تېرىماق.**

**ئارىلاپ-ئارىلاپ** ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، بەزى-بەزى، بىرە-بىرە، ئاندا-ساندا: قاسىم گويا: «سۆزلىسىڭىزچۇ» دېگەندەك ئارىلاپ-ئارىلاپ ماڭا قاراپ قوياتتى. * قىزىق ئىش، تۇراخان چوڭلا بولۇپ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىمۇ، بويىندا كىرلىشىپ، يېپى قارىداپ كەتكەن ئېمىزگە بىللە ئىدى، دائىم ئەممىسىمۇ، ئارىلاپ-ئارىلاپ كىشىگە كۆرسەتمەي ئېمىۋالاتتى.

**ئارىلاتماق** «ئارىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ مېنى مەيدانىنىڭ كەڭرى سالا ئېتىزلىرىنى ئارىلاتتى.

**ئارىلاش** ① «ئارىلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسىمدىشى. ② سۈپ. **ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسىلەر قوشۇلغان:** ئارىلاش تالالىق توقۇلما. ئارىلاش يەم-خەشەك. * ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىدە چوقۇم شۇ مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بولۇشى كېرەك. ③ سۈپ. تەركىبىدە **بولغان، ئۆز ئىچىگە ئالغان:** تالا تۇم قاراڭغۇ، ئاسماندا بىرەرمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. يامغۇردىن شەپە بېرىپ قۇيۇن ئارىلاش شامال چىقىۋاتاتتى. * ئاتامنىڭ تەنە ئارىلاش بۇ سۆزى مېنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

**ئارىلاش بىخ** <بوت> ھەم گۈل ھەم يوپۇرماق ھاسىل قىلىدىغان بىخ. مەسىلەن: نەشپۈت، ئالما، تاش ئالما قاتارلىقلارنىڭ بىخى.

**ئارىلاش تالالىق توقۇلما** <سانا> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئوخشاش بولمىغان تالالارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېگىرىش ئارقىلىق توقۇلغان توقۇلما.

**ئارىلاش ئورمان** بىرقانچە خىل دەرەخ ئارىلاش ئۆسكەن ئورمان.

**ئارىلاش ئوزۇقلىنىش** <زوئول> ھايۋان-
لارنىڭ ھەم ھايۋان ھەم ئۆسۈملۈك بىلەن ئوزۇقلىنىش ئادىتى يەنى ھەم گۆش ھەم ئۆسۈملۈكنى ئوزۇق قىلىش.

**ئارىلاشتۇرماق** «ئارىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېپەك سەللىلىك ئادەم ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، تاغ خەلقىغە تونۇش بولمىغان «شەرىمولىلا» دېگەن كىتابتىن سۆز ئاچتى. * ئالىمجان ئارىلاپ چوكىنى سىلكىپ-سىلكىپ چۆپىنى سەي بىلەن ئارىلاش-
تۇرۇپ قوياتتى.

**ئارىلاشتۇرۇش** «ئارىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى** <سانا> ماتېرى-
ياللارنى ئارىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا، ئادەتتە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدا سېمونت لايلارنى ئارىلاشتۇرىدىغان ماشىنىلار كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى** <بىن> ئىشلەپ-
چىقىرىشتا، ئىككىدىن ئارتۇق ماتېرىيالنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشتە، ھەربىر ماتېرى-
يالنىڭ ئىشلىنىشى، ئېغىرلىقى ياكى ھەجىم نىسبىتى ئۈچۈن تېخنىكىلىق بەلگىلەنگەن سان. بۇ نىسبەت مەلۇم دائىرە چېكىدىن چىقىپ كەتسە، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ.

**ئارىلاشتۇرۇلماق** «ئارىلاشتۇرماق» پېئىلى-
نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گىلەمنىڭ يېپىغا ئالاھىدە يېپەك يىپ ئارىلاشتۇرۇلغاچقا، ئۇزۇلۈكسىز جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. * قات-قېتىغا تاش-شېغىل

ئاربـلاشـتۇرۇلۇپ ياسالـغان غايەت زور تـۇرمەل يارنىڭ ئېـغىزىـغا كەپـلەشـتى ۋە هايت ـ هۇيـت دېـگۈچـە ئىـككـىنـچى تۇرمەل كەلـتۇرۇلـدى ۋە ئالدىنقى تۇرمەلنىڭ ئۈستىگە لەسسىدە كەپلـشىپ توختىدى...

**ئاربلاش ـ قولاش** تەرتىپسىز، بىر ـ بىرىـنى پەرق ئېـتىپ، ئاجرىتىپ بولمايدىغان دەرىـجىدە، هالەتتە: * ئۇنىڭ كاللىسىدىكى خىيالـلار ئاربلاش ـ قولاش بولۇپ كەتتى.

**ئاربلاشما** ① سۈپ. ئىككىدىن ئارتۇق ئوخـشاش بولمىغان نەرسىلەردىن تەركىب تاپقان: ئاربـلاشـما ئوغۇت. ئاربـلاشـما مـاددا. * ئۇلار «مەدەنىيەت كۇلۇبى» ئالدىدىكى ئاشخانـىلارنىڭ ئازادىـرەك بىرىگە كىردى، ئاشمانتا كەلگۈچە چاي ئىچكەچ مۇڭداشـتى، ئەتراپـتىكى مانتا ساناش، مېهمان چاقىرىشـلار بىلەن قىڭراق، ساپلىقـلارنىڭ ئاربـلاشما ئاۋازلىرىلا ئۇلارنىڭ ئارامـىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ②ئى. تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ، ماددىـلارنىڭ بىرىكىشىدىن، قوشۇلۇشىدىن هاسىل بولغان مەهسۇلات: * كلاپان هالقىسنى قۇيۇش ئايرىم ناهىيىلەردىن باشقا، ۋىلايەتلەردىلا قىلىنىـۋاتقان ئىش، 20 ـ چويۈن بولمىغاچقا، بۇ تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن، پولات، چويۈن ۋە باشقا ئاربلاشـمىلارنى هەر خىل نىسبەتتە تەڭـشەپ، ئالتە خىل قىلىپ قۇيۇپ كۆرۈش قارار قىلىندى.

**ئاربلاشماق** پ ① بىر ـ بىرىگە قوشۇلماق، بىرلەشمەك، بىرىكمەك: هاراققا سۇ ئاربلاشتى. * هەسەن بوۋاي ئۆز ۋاقـتىدا قىچىرنى توختاتقان بولسىمۇ، ئون جىـڭـدىن ئارتۇق ئۇرۇق يۇمشاق توپىغا ئاربلىشىپ، يەردە چىچىلىپ ياتاتتى. * شۇ ئەمەسمىدى يىغلاپ ئاققان سۇ، قان ياشلار بىلەن ئاربلاشقان ئېقىم، شۇ سۇ قويـنىغا تاشلانـمىغانمۇ؟ تالاي گۇناهسىز ئېزىلگەن يېتىم. ② باشقىلارنىڭ سـۆزىـگە سـۆز قـاتـمـاق، ئـىـشـىغا قاتناشماق: ئۇ گەرچە ئۈستىگە ئېنىق بىر ۋەزىپە ئالغان ئاساسىي قاتـلام كادىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قالـتىس خوجايىنـلىق غورۇرى بىلەن هەممىگە ئاربـلاشـتى. * ـــ ياق، بالـلىرىم، مەن بۇنىڭـغا قوشۇلمايمەن، ـــ دەپ ئاربلاشتى دۈيـىنىڭ ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى ئۇلاغ باققۇچىسى داۋۇت ئاكام. ③ **ئالاقە قىلماق**: ياشلىقىم تۇرمە، تارىم ئەمگىكى بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، قىرىق نەچچە ياشلىق ئادەم بولغىنىمدىلا جەمئىيەتكە ئاربلاشتىم. ④ **باردى ـ كەلـدى قىـلـماق، مۇناسـىۋەت باغـلىـماق**: ئۇ مەكتەپ قاراۋۇلـىنىڭ ئوغـلى بولۇپ، لۈتپۇللا بىلەن دېمەتلىك ئىدى هەم قويۇق ئاربلىشاتتى.

**ئاربلىق I** ① ئى. نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جاي، مۇساپە، بوشلۇق: ئۇلار چەشلەرنىڭ ئەتراپىغا ئاربلىقنى بىر گەزدەك قالدۇرۇپ ئادەم بويـى مەڭگەن دۆۋىلـىدى. * بەكـرى ئاكـىنىڭ ئۆيىگە 100 قەدەمدەك ئاربـلىق قالغاندا، باياتىن بىـرى ئۇلارغا ياندىـشىپ كېـلىۋاتـقان بۇرۇتلۇق بىردىنلا ئابدۇۋېلى بىلەن تەڭـلىشىپ ئوغلاققا قول ئۇزاتتى. ② ئى. **ئىككى ۋەقە، هادىسە ياكى پەيت ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت، پۇرسەت**: شام بىلەن خۇپتەن ئاربلىقىدا ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن قاسـىم يەنە ئالدىنقى كۈنـگە ئوخـشاش قاپىقىنى ئاچماستىن تاڭـنى ئاتقۇزدى. * تەۋەككۇل ئاخۇن بەش ياش ۋاقتـىدىن تارتىپ 15 ياشقىچە بولغان ئاربلىقتا دىـنىـي مەكتەپتە ئوقۇدى. ③ سۈپ. **ئوتتۇرا**: ئاربلىق هادىسە. ئاربلىق مېۋە.

**ئاربلىق جىنس** <ئىر> ئاتىلىق ـ ئانىلىقى ئايرىم تەنەدە بولغان هاياتلىقلارنىڭ جىنسىي ئايرىلىش جەريانىدا تۇرغان هالىتى.

**ئاربلىق مېۋە** <تىب> مېۋە غولى ئالدىنقى ئۈچىنىڭ بىر قىسـمـى، ئۇ دۆكـچە مېـۋە، دۆكچە مېۋە ئەتراپـىدىكى بىر قىسىم قورۇلـمىلار، سىزىم يەتكۈزگۈچـى پوستـلاق ئاستى نېرۋا مەركىزى، ماددا ئالمىشىش ۋە تېمپېرا ـ تۇرىـنى تەڭـشەيـدىـغان پوستـلاق ئاستـى ۋېگېـتاتىۋ نېرۋا مەركەزلىـرىـنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئاربلىق II** ئى ← **پارا**.

**ئاربلىق ئالماق** ← **پارا ئالماق**.

**ئارىلىق بەرمەك** ← **پارا بەرمەك.**

**ئارىلىق يېمەك** ← **پارا يېمەك.**

**ئارىلىماق** پ ① ئارىسىدىن، ئوتتۇرىسىدىن، ئىچىدىن ئۆتمەك، ئايلانماق، كەزمەك؛ **كۆزدىن كەچۈرمەك:** باتۇر قاتار ئورۇندۇقلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، يولۋاس شۇجىنىڭ قېشىغا كەلدى. * ئۇلار قىزغىن سۆھبەت بىلەن سالا ئېتىزلارنى ئارىلاپ خېلى ئۇزاق ماڭدى. * كوچىدا مەن ئۇچىغان ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش ماگىزىن ئارىلاپ، بازار چۆگىلەش ئىدى. ② چېتىلما رەۋىشداش شەكلىدە كېلىپ: «مەلۇم ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، ئاندا-ساندا، بەزى-بەزىدە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئويناشتى. ئارىلاپ تانسىغا چۈشكۈچىلەرمۇ بولدى. * ئۇ قىز تېخنىكومدا ئوقۇۋېتىپمۇ ئارىلاپ كېلىپ تۇراتتى. ③ **ئاجراتماق، توسماق، بېسىقتۇرماق:** ئىدىرىس غەزەپ بىلەن يوگۇرۇپ بېرىپ سۇلايماننىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. بۇ ۋاقىتتا ياقۇپ يوگۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى ئارىلىدى. ④ **بۆلمەك، سۆز قىستۇرماق، (گەپ، سۆز ھەققىدە):** گەپ ئارىلىماق. * —ياق، — دېدى سۇلتان ئابدۇۋېلىنىڭ گېپىنى ئارىلاپ، — ئۇنداق قىلساق كۆپچىلىكنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا ئۇچرايمىز. ⑤ **يوشۇرۇنۇپ كىرمەك، قوشۇلۇۋالماق:** ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۆزۈم، يىغلايدۇ قارا كۆزۈم. دۈشمەن ئارىلاپ قاپتۇ، ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم. ⑥ **ئاندا-ساندا پەيدا بولماق:** سادىقنىڭ دوكلاتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، چاچ-ساقاللىرىنى ئاق ئارىلىغان پېشقەدەم دۈيجاڭ ئوتتۇرىدىن قوپۇپ، سادىقنىڭ قوللىرىنى ئالقانلىرىغا ئالدى. * شۇ ئارىلىقتا سىفەن شۆيۈەننىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇغۇچى ئېلىش ئۇچۇرى ۋىلايەتتىن كەلگەن ئىكەن بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان خالىدىن ئەپەندىم سىلىق قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلدى.

**ئارىئوزو** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> ئارىيانىڭ، ئۆزگەرگىنى، بۇ مۇزىكا ھەجىم جەھەتتە كىچىك، تۈزۈلۈش جەھەتتە ئەركىن ھەمدە يېقىملىق ۋە لىرىكىلىق كېلىدۇ.

**ئارىيان** ئى ← **ئارىيانلار.**

**ئارىيانلار** ئى <ئىرق> ياۋروپانىڭ XIX ئەسىردىكى تارىخىي ھۆججەتلىرىگە ئاساسلانغاندا ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقنىڭ نامى. ھىندى ۋە پارس تىلىدىكى ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، قەدىمكى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان، ئۆزىنى «ئارىيا» دەپ ئاتىۋالغان بىر قوۋم، ئۇلار ئاتىلىق جامائەت تۈزۈمىدە بولۇپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھەم روھقا ئىشەنگەن، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000-يىلىدىن 1000-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى جەنۇبقا بېرىپ ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان، بىر تارمىقى غەربىي جەنۇبقا يۆرۈپ پېرسىيىگە كىرگەن، يەنە بىر تارمىقى كىچىك ئاسىياغا كىرگەن.

**ئارىيە** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> ئوپېرا ياكى ئومۇمىي خورلاردا، ئوركېستىرنىڭ تەڭكەش قىلىپ بېرىشى بىلەن ئېيتىلىدىغان يالغۇز كىشىلىك ناخشا.

**ئارىيەت** ئى [ئە] **ئۆتنە، قەرز:** ئۇلارغا باشقىلارنىڭ ئۆيىنى ۋاقىتلىق ئارىيەتكە ئېلىپ ئولتۇرماستىن باشقا ئامال قالمىدى. * لۇتپۇللا پات-پات پېتكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ دادىسىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ تۇراتتى. بىلمىگەن يەرلىرىنى سورايتتى.

**ئارىيەت ئالماق** ئۆتنە ئالماق، قەرز **ئالماق:** ئۇ مەكتەپتىن ئۈچ پارچە كىتاب ئارىيەت ئالدى. * مەكتەپتىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇشقا بولسىمۇ، لېكىن ياش ئالىملارنى قىزىقتۇرىدىغان كىتابلار يوق ئىدى.

**ئارىيەت بەرمەك** ئۆتنە بەرمەك، قەرز

بەرمەك: مەن ئۇنىڭغا ئون يۈەن ئارىيەت بەردىم. * تامغا ھەر خىل باغاقلارنىڭ نۇسخىسى، ئارىيەت بېرىلىدىغان نەرسىلەردىن ئېلىنىدىغان ئۆپراش ھەققى يېزىلغان گرافىكلار چاپلانغان بولۇپ، دۇكان ھەققىي بىر ماگىزىنغا ئايلانغانىدى.

**ئاز** سۈپ. ① سان ياكى مىقدار جەھەتتىن كۆپ ئەمەس؛ كەم: پۇلى ئازنىڭ غېمى ئاز (ماقال). * دوست كۆپ، تۇغرىسى ئاز (ماقال). * قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغۇقى ئەتىياز (ماقال). * شىنجاڭدا ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز. ② يېتەرلىك ئەمەس؛ كۇپايە قىلمايدىغان، قانائەتلىنەرلىك بولمىغان: ئۇ ھېلىلا ئىنىسىنىڭ دوستىدىن ئاڭلىغانلىرى ئۈچۈنلا ئايالى مايسىخان چويۈننىڭ يۈزىگە تۆكۈرسىمۇ، ئۆيىدىن ھازىرلا قوغلاپ چىقارسىمۇ ئاز... ③ بەزى-بەزىدە، كەمدىن-كەم؛ گاھ-گاھ: ئۇ تالا-تۈزگە ئاز چىقاتتى.

**ئاز دېگەندە** ئەڭ تۆۋەن مۆلچەرلىگەندە، ئەڭ تۆۋەن ھېسابلىغاندا: ئۇ، بۇ كىتابنى ئاز دېگەندە ئىككى كۈندە ئوقۇپ بولىدۇ.

**ئاز سانلىق** سان جەھەتتىن كۆپ بولمىغان، سانى ئاز: شىنجاڭ — ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى. * ئىمپېرىيالىستىك دۆلەتلەردىكى ھاكىمىيەت پەقەت ئاز سانلىق كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**ئاز سانلىق مىللەت** ئى <پەلس> كۆپ مىللەتلىك مەملىكەتتىكى ئاھالىسى ئەڭ كۆپ بولغان مىللەتتىن باشقا مىللەتلەر. ئېلىمىزدە خەنزۇ مىللىتىدىن باشقا مىللەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئاز سۆزلۈك** كۆپ گەپ قىلىشنى خالىمايدىغان؛ كەم سۆز، جىمغۇر: ئۇ پەقەت ئېقىمنىڭ ھەمراھى بولدى. ئېغىر-بېسىق، ئاز سۆزلۈك مىجەزى، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىللەتلەرنى يوشۇرالمايتتى.

**ئاز قالماق** ① سان ياكى مىقدار جەھەتتىن كېمىيىپ قالماق: ساڭدىكى ئاشلىق يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا-بارا ئاز قالدى. * كۆل سۈيى پارغا ئايلىنىش ۋە يەرگە سىڭىپ كېتىش نەتىجىسىدە ئاز قالغانىدى. ② يېقىنلاپ قالماق (ۋاقىت، پۇرسەت، ئارىلىق قاتارلىقلار): ئەكبەر سەككىزىنچى دۆيگە يېتىپ كەلگەندە كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى. * ئۇنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈشىگە ئاز قالدى. ③ تاس قالماق: يول جاپاسىغۇ بىلىنمىدى، بىراق بىھۇدە ئۆلۈشكە ئاز قالدۇق. * ئۇلار بۇ مەشھۇر ۋائىزنىڭ ئۆزىنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا ئاز قالدى.

**ئاز كۈندە** ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىتتا، ئانچە ئۇزۇن بولمىغان كۈن ئىچىدە؛ پات-يېقىندا: ئۇ ئاز كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىشى مۇمكىن.

**ئاز گەپ ئەمەس** ئاز سان ئەمەس، بوش كۈچ ئەمەس؛ ناھايىتى نۇرغۇن: — ئۇ لياڭشەن كۆلىنىڭ ئاتامنى سۈك جياڭ دېگەن كىشى ئىمىش، ئۇنىڭ 108 پالۋىنى بار ئىمىش، بۇ ئاز گەپ ئەمەس، — دېدى غوجا.

**ئاز ھەيدەش ئۇسۇلى** <دېھ> دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئېتىز ئىچىدە يۈرۈش قېتىم سانىنى ئازايتىش ئارقىلىق سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىش، تۇپراق تۈزۈلمىسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بىر خىل ئۇسۇل.

**ئازاب** (ئازابى) ئى [ئە] ① جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتىكى قىيىنىلىش؛ ئېغىرچىلىق: تۇغۇت ئازابىنى ئانا بىلەر (ماقال). * ئورۇنسىز غەزەپ — ئۆزەڭگە ئازاب (ماقال). * زۇلال بۇ قۇرلارنى تەكرار-تەكرار ئوقۇدى، ھەر قېتىم ئوقۇغىنىدا، قەلبىدىكى ئازاب ئوتى يېڭىلانغاندەك بولاتتى. ② جاپا-مۇشەققەت؛ مۈشكۈللۈك، قىيىنچىلىق: يول ئازابى — گۆر ئازابى (ماقال). * مەن بۇ مۇساپىنى مىڭبىر ئازابتا بېسىپ تۈگەتتىم.

**ئازاب تارتماق** ⟵ **ئازابلانماق**: — سەندىن باشقىسىغا مەن دىلىمنى بۇنچىلىك چىڭ باغلىمايتتىم ۋە بۇنچىلىك ئازاب تارتىپمۇ كەتمەيتتىم، —

دەپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپتۇ غەنىم. * — ھەئە، ھەممىسى مۇشۇ تويىنىڭ خاپىلىقى! — دېدى مەۋلان ئېغىر نەپەس ئېلىپ، — راستىنى ئېيتسام، ئىككى ئاينىڭ بۇياقى بەزى ئىشلارنى سەندىن يوشۇرۇپ ئاز ئازاب تارتمىدىم.

**ئازاب چەكمەك** ← **ئازابلانماق**: ئۇلار ئازاب چەككەن مەھبۇس قېرىنداشلارنى ئالدىراپ كېلىپ يۆلىدى. * بۇ ئەھۋال بۇ بەختسىز قىزنىڭ يۈرىكىنىڭ تولىمۇ ئازاب چېكىۋاتقانلىقىدىن، ئۇنىڭ ناھايىتى زور غەيرەت بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. * زۇلۇم پەنجىرىلىرى پاچاقلىنىپ، قان شورىغۇچى باي-بەگلەر يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئازاب چەككەن تاغلىق رايون خەلقى ئۆز يېرىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى بولدى.

**ئازاب سالماق** ← **ئازابلىماق**: — بىر يەتتە باشلىق يالماۋۇز موماي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىت سۆزگە كېلىپ، — ئۇ بىزگە ۋە خوتۇنۇڭغا ناھايىتى كۆپ ئازاب سالدى، بىزنى ئېلىپ كەتكىن.

**ئازابلاشماق** «ئازابلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇنچە قىلىپ، بىرەر تال شال پاخلىغا ئىگە بولالمىغاندىن كېيىن، مۆمىن ئاكىنى «پوزىتسىيىسى قەبىھ، جاھىل ئۇنسۇر، بۇنىڭغا قارشى داۋاملىق كۆرەش قىلىنغىنىمىز قىلىنغان» دېيىشىپ، تېخىمۇ ئېغىر جىسمانىي ئازابلار بىلەن ئازابلاشتى.

**ئازابلانماق** «ئازابلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇن بارمىقىمنى ئورۇندۇققا قاتتىق تېگىپ، تېرىنقىمغا يىڭنە سانجىغاندا قاتتىق ئازابلاندىم - دە، يەنە ھوشۇمدىن كېتىپ قالدىم. * بۇ پاجىئەدە ئۆزىنىڭمۇ قولى بارلىقى ئۈچۈن، ئۇ قاتتىق ئازابلىنىپ ئىچىدىن تۈگەپ يۈرەتتى. * — ئالۋاستى قورققانغا چاڭگال سالىدۇ، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ — نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى بېسىلىپ، ئازابلىنىپ كەلدۇق، يەنە ئازاب چېكىۋېرەمدۇق؟

**ئازابلىق** سۈپ ① جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتە قىينالغان؛ دەردلىك، قايغۇلۇق: ناخشىسىز، ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن كۈنۈم سىرتماقتا تۇرغاندەك ئازابلىق! * دوختۇر ئۇنىڭ ئۈمىد يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتكەن، ئازابلىق كۆڭلىگە تېخىمۇ زور ئازابلارنى سالغانىدى. * ئەمدىلا يېنىك نەپەس ئېلىپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن نۇسرەتنى ھەبىبنىڭ ئازابلىق ئاۋازى ئويغىتىۋەتتى. ② جاپا-مۇشەققەتلىك؛ مۈشكۈل، قىيىن، تەس: ئىككى چاقىرىمدىن ئۇشۇقراق ئازابلىق سەپەردىن كېيىن، ئۇلار ئۆڭكۈرگە يېتىپ كەلدى. * ئۇبۇلقاسىم يوغان تۈگمىنىڭ ئارغامچىسىنى بويىنىغا سېلىپ، پاتقاق تارتىشنىڭ قانچىلىك ئازابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ئاسىم دادىسىدىن ئاڭلىغانىدى.

**ئازابلىماق** پ. جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتىن ئەزمەك، قىينىماق؛ جاپا-مۇشەققەتكە، قىيىنچىلىققا دۇچار قىلماق؛ دەردكە سالماق: ئايال ئۇنىمۇ بايىقىدەك ئۇرۇپ ئازابلاپتۇ. * مانا ھازىر ئۇلار يوق. قاراڭغۇ، شورلۇق زامان ئاچ-زارلىق، دەرد-ئەلىمى بىلەن ئازابلاپ، ئەجەلدىن بۇرۇن ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى.

**ئازاب - ئوقۇبەت** تۈرلۈك ئازاب ۋە ئوقۇبەتلەر، جەبىر-جاپا، مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلار: چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ۋەزىرنىڭ ئايالى گەپنى باشلاپتۇ، كۆرگەن چۈشىنى ۋە كېچە تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى بىر - بىردىن بايان قىلىپتۇ. * يېرىم كېچە بولغاندا، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇنىڭدىن نەچچە يىللار بۇرۇن چىنار تۈۋىدە تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئەسلەپ يىغلاپتۇ.

**ئازاب - ئوقۇبەتلىك** تۈرلۈك ئازاب ۋە ئوقۇبەتلەر بىلەن ئۆتكەن؛ قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرگە مۇپتىلا بولغان؛ جەبىر-جاپالىق: سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرىدىن بىز XIX ئەسىردىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە كۆرەشچان ھاياتىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. * داشا ئەمدى ئۆزىنى شۇ ئازاب - ئوقۇبەتلىك، قانغا مىلەنگەن ھايات بىلەن

باغلانغاندەك، بۇنىڭدىن باشقا هايات يوقتەك سىزەتتى.

**ئازاد** سۈپ [پ] ① ئۆز ئەركىنلىكى، هوقۇقى ئۆز قولىدا بولغان، ئەركىنلىككە ئېرىشكەن، قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنغان، ئاسارەتتىن قۇتۇلغان؛ هۆر، ئەركىن: ئازاد ۋەتەن. ئازاد زامان. * — ئانا، ئازاد زامان ۋە مانا بۇ قول ـ قاناتلىرىم بولمىغان بولسا، مەن بىر غازى نېمىمۇ قىلالايتتىم؟ — دېدى غازى ئانىسى گۇلسۇمخانىغا. ② ئۆز هالىغا، مەيلىگە قويۇلغان، هېچقانداق مەجبۇرىيەت بىلەن باغلانمىغان؛ بوش: «ئون ئىككى مۇقام» چوڭ هەجىمدىكى مۇزىكىلىق بەدىئىي مىراس بولۇپ، زور ئىستىقبالغا ئىگە. ئۇ ياۋروپا سىمفونىيىلىرىدەك ئۆزىنى مەلۇم هېكايىلىق تارىخىي داستان ياكى قەهرىمانغا باغلاپ، چېتىپ قويىدىغان تارىخىي چەكلىمىدىن ئازاد. ③ تۇتقۇنلۇقتىن چىقىرىلغان، قاماقتىن بوشىتىلغان: تۈرمىدىن ئازاد قىلىنغان باتۇر تۈرمە ئىشىكىدىن چىقىپ، ساپ هاۋادىن ئاچكۆزلۈك بىلەن قانغىچە نەپەس ئالدى. ⑤ ئەرلەر ئىسمى.

**ئازاد ئەزا** <مات> بىر كۆپ ئەزالىق تەركىبىدىكى نامەلۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ئەزا. مەسىلەن: كۆپ ئەزالىق «$2_x+7_x-5$»تىكى 5 ـ ئازاد ئەزادۇر.

**ئازاد بولماق** ئەركىنلىك، هۆرلۈككە ئېرىشمەك؛ قۇللۇق ۋە ئاسارەتتىن قۇتۇلماق: شۇنىڭدىن كېيىن خوتەنلىك كوماندىر تەمكىنلىك بىلەن چۈشەندۈردى: — هازىر پۈتۈن مەملىكەتىمىز قىزىل نۇرغا پۈركەندى، ئازاد بولدى. بۇ نۇر ۋە ئازادلىقتىن «شەهىدانە» خوتەنمۇ تېزرەك بەهرىمەن بولۇشى كېرەك. * بۈگۈن سەن ئازاد بولىسەن. چېرىكلەر ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، مەن سېنى يولغا سېلىپ قويىمەن.

**ئازاد قىلماق** ئەركىنلىك، هۆرلۈككە ئېرىشتۈرمەك؛ قۇللۇق ۋە ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرماق: — بۈرىتالانى ئازاد قىلىپ، ئاتاڭنى چوقۇم خۇشال قىلىمىز، — دېدى باتۇر غازى. * هاكىم جاللاتقا: جوهۇتنى ئازاد قىلىپ، ماشىنىچىنى ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ. * بۇ تەدبىر كىشىلەرنى ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىدىن ئازاد قىلىپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ۋاقتىنى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

**ئازادە** سۈپ [پ] ① كەڭ، كەڭتاشا: لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئازادە ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قويۇلغان يوغان بىر تەشتەكتىكى ئەتىرگۈل ئاجايىپ چىرايلىق ئېچىلىپ كېتىپتۇ. * بازار كۈنلىرىدىن باشقا كۈنلىرى كوچانىڭ كوچىلىرى خېلى ئازادە بولۇپ قالىدۇ. ② ئەركىن، ئېچىلىپ يېيىلىپ، بەهۇزۇر؛ خاتىرجەم: — يائاللا قىزىم، — دېدى ئۇ چىرايىغا زورلاپ كۈلكە تۇسىنى بېرىپ، — هەپتىدە بىر كېلىدىغان يەكشەنبىدە بىزمۇ سەن بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ، ئازادە مۇڭدىشىدىغان ۋاقىت بولىدىكەن. * ئەل ئازادە، كۆڭۈل ئازادە، شادلىق بىلەن ياشاردى بۇ جان. توي كەينىگە ئۇلاندى مەشرەپ، قىزىلگۈلگە ئوخشار هەر مېهمان. * — هە، قېنى ئوغلۇم، تارتىنماي، ئازادە ئولتۇرۇڭ، — هەمسەپىرىمۇ گويا ئۆزىنىڭ ئۆيىدەكلا مېنى تاماققا زورلىدى. ③ خالىي، ئايرىم: ئۇ: — مېنىڭ سىز بىلەن ئازادىرەك سۆزلەشكۈم كېلىدۇ، — دېدى. ④ خوتۇن ـ قىزلار ئىسمى.

**ئازاد ـ ئەركىن** ئازاد ۋە ئەركىن: جۇڭگو خەلقى ئازاد ـ ئەركىن ياشاۋاتىدۇ.

**ئازادلىق** ① «ئازاد» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئازادلىقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئەلۋەتتە جىنايەت بولىدۇ. * ئەزگۈچىلەر هاكىمىيىتىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن هاشىم بەگ «ئاسمىنى كەڭ» بۇ شەهەرگە ئازادلىق ساداسى هەممە يەرنى قاپلىغان تەنتەنىلىك كۈنلەردە قېچىپ كېلىۋالدۇ. ② مەملىكىتىمىزدە گومىنداڭ هاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ جۇڭگو

www.uyghurkitap.com

خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ۋاقىت:
ــ ئازادلىقتىن بۇرۇن نېمە ئىش قىلغانىدىڭىز؟ ــ
دەپ سورىدى قۇربان شۇجى نامان تاغىدىن. * ئۇ
غەزەپ بىلەن سۆزىنى دادام قىلدى، ــ «ئاۋارە-
چىلىك» دېگەن بۇ سۆز تىلغا ئېلىنسا، مەن ئازادلى-
قتىن بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ كېتىمەن.
③ كونا دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى
ئوقۇش ۋاقتى ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن
قويۇپ بېرىش.

**ئازادلىق ئارمىيە** <ھەرب> جۇڭگو خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسى: تۇرسۇنئاي ھەدىسىنىڭ
خۇشاللىق ياشلىرى ئەكبەرنىڭ يۈزىنى ھۆللەشكە
باشلىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئازاد-
لىق ئارمىيە جەڭچىسىگە چەكسىز سۆيۈنۈش بىلەن
قارىدى.

**ئازادلىق ئالماق** ① **ئۆز ئەركىنى، ھوقۇقىنى
ئۆز قولىغا ئالماق؛ ئەركىنلىككە ئېرىشمەك.**
② **كونا دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار
ئوقۇش ۋاقتى ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن ئارام
ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولماق:**
تاشۋاي ساۋاق ئېلىشقا باشلاپ بىر ھەپتىلەرچە
ئۆتكەن بىر كۈنى، شاگىرتلار ئازادلىق ئالغاندىن
كېيىن، مىرئەلى تاشۋاينى باشلاپ دادىسىنىڭ
ئالدىغا كىردى.

**ئازادلىق بەرمەك** ① **ئۆز ئەركىنى،
ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا بەرمەك؛ ئەركىنلىككە
ئېرىشتۈرمەك:** ــ ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسا
ساڭا ئازادلىق بېرىمەن، بولمىسا كاللاڭنى
ئالىمەن، ــ دەپتۇ پادىشاھ. ② **كونا دىنىي
مەكتەپلەردە موللام بالىلارنى ئوقۇش
ۋاقتى ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن قويۇپ بەرمەك:**
موللام تالىپلىرىغا ئازادلىق بېرىۋېتىپ، ئالدىرىغان
پېتى ئۆز ئۆيىگە ماڭدى.

**ئازادلىق ئۇرۇش** <ھەرب> ① **ئېزىلگۈچى
مىللەت ياكى سىنىپنىڭ ئازادلىقنى قولغا
كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى.**
② **دۆلىتىمىزدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق
ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش.**

**ئازادلىشتۇرماق** «ئازادلاشماق» پېئى-
لىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئازادلىشتۇرۇلماق** «ئازادلاشماق»
پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئازادلاشماق** پ ① **كەڭتاشا بولماق،
كېڭەيمەك:** نەرسە ـ كېرەك ۋە جابدۇقلار ئىخچام-
لانغاندىن كېيىن، ئۆي ئىچى خېلى ئازادلىشتى.
② **غەم ـ ئەندىشە، دەككە ـ دۈككىدىن خالىي
بولماق؛ خاتىرجەم بولماق:** ــ ئوبدان
ئۇكام، سەن مېنى ئۇرغىن! مېنى ئۇرساڭ كۆڭلۈم
بىرئاز ئازادلىشىپ قالۇر، ــ دېدى جاڭ باۋ ئازاب-
لانغان ھالدا. * توغرا، جاھان يورۇپ، كۆڭۈل
ئازادلىشتى. ھەممىلا ئادەم پەرۋاز قىلسام دەيدۇ.

**ئازار** ئى. [پ] **بىراۋغا سېلىنغان ياكى سالغان
جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتتىكى ئازاب؛
جەبىر ـ جاپا:** رەقىبىنىڭ ھەر ۋاقىت رەشكى
كۆزى ئۈستىدە نۇقسانىنىڭ، كى شەپقەت ئۈنتۈ-
لۇر، ئازار قالۇر قەلبىدە ئىنسانىنىڭ. * ئەي
ھەسەتخور، قاچان تۈگەر سەبىسىلەرگە ئازارىڭ،
قانچە زامان قىزىپ ئۆتەر شۇ ئازارلىق بازارىڭ.

**ئازار بەرمەك** **ئازابلىماق، قىينىماق ياكى
رەنجىتمەك:** ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان
نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھەر
كۈنى بىر يېڭى خاپىلىق، «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن
سوئال بىلەن ئۆيىگە قايتاتتى ۋە ئاچچىقىنى
هاراقتىن، موخوركىدىن، بەزىدە خوتۇنىغا ئازار
بېرىشتىن چىقىرىدىغان بولۇۋالدى. * چوڭ ئاپىسى
ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ ئەزىمەتنىڭ يۈزىنى
سىلاپ: ــ بىرلا ئوغۇل تۇرسا بۇ بالىغا نېمىشقا
ئازار بەردىڭلا؟ ــ دېدى.

**ئازار چەكمەك** ← **ئازار يېمەك:** ئۇ ئۆز
ئانىسىنى ئەسلىيەلمەيتتى، ئۇنىڭ يادىدا ـ كىچىك
ۋاقتىدا ئازار چەككەن چېغىدا رابىخان ئانىنىڭ
ئۆزىگە قىلغان مېھرىبانلىقلىرىلا قالغانىدى. * غالىب
تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلاندى: «ئۇنداقتا بۇ پۇلنى
قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىز قوغلاپ ماڭسام كېچە،
ئەتە مەكتەپكە ئاپىرىپ تاپشۇرسام، پۇل ئىگىسىنىڭ

قولىغا بېرىپ يەتكۈچە ئۇ كىشى قانچە ئازار چېكەر!»

**ئازار قىلماق** ← **ئازار بەرمەك**: ۋاپادار كۆڭلىگە ئازار قىلما، ئۇنى كۆپ ھۆرمەتلىگىن، خار قىلما.

**ئازار يەتمەك** ئازاب، دەرد-ئەلەم ياكى خاپىلىققا ئۇچرىماق: مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تىت-تىت بولاتتىم، بىزنى دەپ بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار يېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئازابلىناتتىم.

**ئازار يېمەك** روھىي ھەم جىسمانىي تەرەپتىن قاتتىق ئازابلىنىپ، جەبىر-جاپاغا يولۇقماق؛ قىينالماق ياكى رەنجىمەك: بۇ ياش دىلى ئازار يەپ چىققان ياش ئەمەس، بەلكى قىلغان ئەسكى ئىشلىرىدىن ئۆكۈنۈپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ سەممىيىتىدىن تەسىرلىنىپ چىققان ياش ئىدى. * مەن تېخى ناماقۇللۇق چېيى بېرىمەن، — دېدى ئەزىز، — مېنىڭ چېقىمچىلىقىم، كۆيدۈرگىلىكىم تۈپەيلىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، ئازار يېگەن دوستلارنىڭ ھەممىسىدىن بىر-بىرلەپ ئەپۇ سورايمەن، كەچۈرۈم سورايمەن!.

**ئازازۇل** ئى [ئە] ① جىن-ئالۋاستى: قانچە جان، قانچە كېمە يەم بولمىغان دولقۇنلارغا، ئۆتكەن كېچە تۈن ئازازۇلى چىرقىرىغان چاغدا!؟ ② كۆچمە. ھىيلىگەر ھەم ئۇچىغا چىققان بىشەم، ئۇششۇق، ئۇرۇشقاق، ئۆكتەم: ۋايىيەي پاتىمە ھەدە، جاڭزىلارغا بېرىش ما ياقتا تۇرسۇن، باغقا چىقىپ سەل يوقاپ كەتسەم، كەينىمدىن بۆجەلەردەك مارىشىپ يۈرىدىغان بولدى بۇ ئازازۇللار. * ئادەتتە مەن ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى كۆرۈنگەنگە ئېيتىپ يۈرۈش يامان كىشىلەرنىڭ خۇلقى، ئەدەبسىزلىك دەپ قارايتتىم. لېكىن شۇنداقتىمۇ بېشىمدىن ئۆتكەن «خوتۇن سەۋداسى»نى بولۇپمۇ ھېلىقى ئازازۇل خوتۇندىن كۆرگەن كۆلپەتلىرىمنى بەختخانىغا ئېيتىپ بېرىشكە توغرا كەلدى.

**ئازازۇللۇق** «ئازازۇل» سۆزى «②»نىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بەزىدە ئۇ «قىلىن دورىسى» ئىچۈپلىپ زاڭلىقلار، كۈلكىلەرگە ئۆزىمۇ قېتىلىپ كۈلىدىغان ۋە ھەتتا قوللىرىنى ئاجايىپ پۇلاڭلىتىپ، ئۇسسۇلمۇ ئوينايدىغان بولۇۋالدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ خەلىچە جىن ھېچبىر زېرىكمەيتتى، يا ئازازۇللۇقنى قويمايتتى.

**ئازايتماق** «ئازايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۈندە كۆرىدىغان يايلاق، كۈندە ماڭىدىغان پاتقاقلىق يول، سوغۇق ۋە جىمجىت ياتاق مېنىڭ قايغۇلىرىمنى كۆپەيتمەكتە، چىرايىمنى كۈندىن-كۈنگە سارغايتىپ، ئۇيقۇ ۋە تامىقىمنى ئازايتماقتا... * دەل-دەرەخ يوپۇرماقلىرى ھاۋادىكى ئىس-تۈتەك، جاڭ-توزانلارنى ئازايتىدۇ.

**ئازايتىلماق** «ئازايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك قۇرۇلۇش تۈرى 62.7 پىرسەنت ئازايتىلدى.

**ئازايماق** پ. سان ياكى مىقدار جەھەتتىن كەمەيمەك؛ تۆۋەنلىمەك: باللار ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش پائالىيىتى كۆرسەتمىلىك ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش ئازايغان شارائىتتا تېخىمۇ ئابستراكت ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدۇ. * بۇ يىلقى كۆمۈرنىڭ كىرىمى ئازىيىپ كەتتى.

**ئاز-پاز** ئازغىنا، بىرئاز، سەل-پەل: بىركۈنى سىپلىم ئاكا بىلەن بۇسارەم ئاز-پاز تەگىشىپ قالدى. * مەن پەقەت ئاز-پاز ساۋاتقا ئىگە بولۇشنىلا ئۈمىد قىلىمەن.

**ئاز-تولا** ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس، مەلۇم مىقداردا، مەلۇم دەرىجىدە؛ ئاز-پاز: * راستىنى ئېيتقاندا ھەممە كىشىدە ئاز-تولا كەمچىلىك، خاتالىق بولىدۇ.

**ئازچىلىق** ئى. ئادەملەر توپىنىڭ ئاز قىسمى، بەلگىلەنگەن ياكى مۆلچەرلەنگەندىن كەم بولغان قىسمى: قارار قىلىنغاندىن كېيىن، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش كېرەك. * XIX ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا، ماركسىزمچىلار نارودنىكلار بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان يەردە، روسىيە پرولېتارىياتى شۇ چاغدا ئاھالىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان يەككە دېھقانلارغا

قارىغاندا ناھايىتى ئازچىلىقنى تەشكىل قىلاتتى.

**ئازدۇر - كۆپتۈر** ⟵ **ئاز - تولا**: ــ ياق ئاكا! ــ رىزىۋان كېسىپ ئېيتتى، ــ مېنىڭ كارايىتىم چاغلىق. بىراق، سىز رەھبىرىي كادىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىدىقۇۋ جىگلى بىلەن ئازدۇر - كۆپتۈر تۇغقان كېلىسىلەر. * ئۇلار جاپپار شۇجىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، تولاراق ئازدۇر - كۆپتۈر سوۋغات ئارقىلىق گۇگۇشپىمىزنىڭ بۇ رەھبىرىگە بولغان ئىخلاسىنى ئىزھار قىلىشنى ئۆز بۇرچى دەپ بىلىدىغان كىشىلەردىن ئىدى.

**ئازدۇرماق** «ئازماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بايىۋەچچە شۇ توخۇنى يېيىش ئۈچۈن، ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنىنى ئازدۇرۇشقا باشلاپتۇ. * ئۇ گوياكى پەرىشتىلەر دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆز ئالدىدا ئەقلىنى ئازدۇرغۇدەك ئىشلار كەينى - كەينىدىن يۈز بەردى.

**ئازدۇرۇشماق** «ئازدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار سېنى ئازدۇرۇشسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەنە ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

**ئازدۇرۇلماق** «ئازدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئازسىنماق** پ. ئاز، يېتەرلىك ئەمەس دەپ ھېسابلىماق، ئاز كۆرمەك: بايىۋەچچە يىگىتنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ ساناپ قايتۇرۇپ بەردى، بەلكىم ئۇ ئازسىنىدى بولغاي.

**ئازغاشتۇرماق** «ئازغاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەمما ماركو بۇ ئاۋازنىڭ جىن - ئالۋاستىلار ئۆزىنى ئازغاشتۇرۇش ئۈچۈن چاقىرغان ئاۋاز بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، قىمىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

**ئازغاشتۇرۇلماق** «ئازغاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئازغاشماق** پ. ئازماق، ئېزىپ قالماق: ئايشەمگۈل بىر كۈنى نۇرنىساخان ئاچىسىغا ئەگىشىپ كوچىغا چىققىنىدا، ئازغىشىپ يوقاپ كەتتى. * كىمنىڭ نېمە سەۋەبتىن كۆلگەنلىكىنى بىلىۋېلىش، نۇرغۇن كىشىلەرگە ئاساندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن بەزى كەيپىياتلاردا ئۇلارمۇ ئازغىشىپ قالسا كېرەك.

**ئازغاق** سۈپ. تولا ئازىدىغان، تولا ئادىشىدىغان، ئېسىدە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى تۆۋەن: بەزى ئادەملەر قېرىغاندا ئازغاق بولۇپ قالىدىكەن.

**ئازغان** ئى <بوت> ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال، غولى ئىنچىكە، شاخلىرىدا زىچ ئۆسكەن كىچىك تىكەنلىرى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق؛ گۈلى ئاق ياكى سۇس قىزىل رەڭلىك، خۇش پۇراقلىق؛ مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ.

**ئازغانلىق** سۈپ.<بوت> ① ئازغان ئۆسكەن ياكى ئۆسىدىغان: دەل شۇ چاغدا ھېلىقى ئىككى ئادەم ئازغانلىق ئېرىقنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ، ئالدىراپ تاش ئۆستەڭ تەرەپكە كەتتى. ② ئى. ئازغان ئۆسكەن ئورۇن، جاي: ۋۇ بېگى كېمىدە چاڭجياڭ دەرياسىنى سەيلە قىلىپ بولغاندىن كېيىن مايمۇن تېغىغا چىققانىكەن، تاغدىكى نۇرغۇن مايمۇنلار ئۈركۈپ كەڭ بىر ئازغانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ.

**ئازغۇن** سۈپ. يولدىن ئازغان، توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن، ئايىنىغان: قاچقۇنغا شەپقەت يوق، ئازغۇنغا ھۆرمەت يوق (ماقال). * ئەل - ۋەتەن ئارزۇسىنى ئاقلىيالمىغان ئاشىق ئەمەس، بىر ئۆمۈر ئۆتكەي ھاياتقا پايدىسىز ئازغۇن بولۇپ.

**ئازغۇنلۇق** «ئازغۇن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ئازگال** ئى. ئويۇلۇپ ئورا بولۇپ قالغان جاي؛ ئويمان: سېپىل تۈۋى كەڭ بىر ئازگال ئىدى. كىشىلەر ئاسانلىقچە بۇ يەرگە كەلمەيتتى. * سادىق روزى شۇ ھالەتتە كېتىۋاتقاندا، ۋېلىسىپىت يەنە بىردىنلا ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئالدى چاقى ئاللىقانداق بىر ئازگالغا پاتتى - دە، ئۇ ۋېلىسىپىت ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ قار ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى.

**ئازگاللىق** ① سۈپ. ئازگال بار، ئازگال كۆپ: بۇنداق ئازگاللىق ئېتىزدا بىرنەرسە ئۈنەمدۇ؟ ②ئى. ئازگال كۆپ جاي: هارۋا ئازگاللىققا كىرىپ قېلىپ دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كەتتى.

**ئازلاتماق** «ئازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ يولدا شلارنىڭ پىكرىدىن كېيىن خىزمەتكە دائىم كېچىكىپ كېلىدىغان ئادىتىنى خېلى ئازلاتتى.

**ئازلىتىلماق** «ئازلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئازلىق** «ئاز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئازلىق قىلماق. * ئادەمنىڭ ئازلىقىدىن ۋەزىپە ۋاقتىدا ئورۇنلانمىدى.

**ئازلىق قىلماق** يېتىشمەي قالماق، كەم بولۇپ قالماق؛ قانائەتلەندۈرەلمەي، رازى قىلالماي قالماق: — دېهقانلارغا قىلغان مېهىر-شەپقىتىڭلارغا تۆگە سويۇپ مېهمان قىلساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ، — دېدى قاۋۇل ئاكا. * يۈرىكىمنى قاپلاپ كەتكەن دەرد تولا، بىر-بىرلەپ سۆزلەيدىغان بولسام، ئون كېچە-كۈندۈز ئازلىق قىلىدۇ. * ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل هۈنەرمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

**ئازلىماق** پ. ← **ئازايماق:** ئادەملەر ئازلاپ، جىمجىتلىق پەيدا بولدى. * يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بۇ يەرگە كېلىپ مەيدىسىنى ئاپتاپقا قاقلايدىغانلار ئازلاپ قالدى.

**ئازما I** سۈپ. نەسلىدىن ۋە شەكلىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن؛ ئازغان: ئازما ئايغىر.

**ئازما ئايغىر** <زوئول> بېيىلەرنىڭ كۆيلەتكەنلىكىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە، ئوپېراتسىيە قىلىش بىلەن ياكى توسالغۇ بىلەن توسۇپ، چاپالماس قىلىپ تۇرۇپ، بىيە بىلەن بىيە پادىسىغا قوشۇۋېتىلىدىغان ئايغىر.

**ئازما قوچقار** <زوئول> ساغلىقنىڭ كۆيلەتكەنلىكىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە، ئوپېراتسىيە قىلىش بىلەن ياكى كۆيەك تارتىش يولى بىلەن چاپالماس قىلىنىپ، ساغلىق پادىلىرىغا قويۇۋېتىلىدىغان قوچقار.

**ئازما II** ئى دىئال. ئېرىق-ئۆستەڭلەردىكى شارقىراتما ۋە شۇ شارقىراتمىنىڭ سۇ چۈشۈپ، ئويۇلغان يېرى.

**ئاز-ماز** ← **ئاز-پاز:** — بۇ يەردە بىر دەم ئېلىپ قورساقتىمۇ ئاز-ماز بىرنىمە يەۋالايلى، — دېدى هاشىم.

**ئازماق** پ ① يولنى يوقىتىپ قويماق؛ تېنىمەك: ئات ئازسا، تايغا ئەگىشەر (ماقال). * يولدىن ئازسىمۇ، يۇرتىدىن ئازماپتۇ (ماقال). * ئۇچرىدى يول ئۈستىدە، ئېزىپ قالغان بىر قوزا، «تېپىپ بەرگىن ئانامنى...» دەپ مەرەيتى ئۇ گويا. ② يېڭىلىشماق؛ خاتا قىلماق: هېساباتتا ئازماق، گەپتە ئازماق. * لۈتپۇللا مۇتەللىپ، مەدداهىنىڭ بۇ جەڭنامىسى ئازماي، هودۇقماي ۋە شۇنچە تەمكىن بايان قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ هەيران قالدى. ③ كۆچمە. توغرا يولدىن تايماق، ناتوغرا يولغا كىرمەك، ساختا پىكىرگە ئەگەشمەك: ئەگرى كىشى ئازىدۇ، توغرا كىشى ئۆزىدۇ (ماقال). * ئاز ساندىكى ئازغان ياش-ئۆسمۈرلەرنى قانداق قۇتۇلدۇرۇۋېلىش كۆز ئالدىمىزدىكى بىر ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، جەمئىيەتتىكى هەرقايسى ساهەلەر ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىماقتا.

**ئازنا** ئى. هىجرىيە كالېندارى بويىچە هەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى؛ جۈمە (كونا ئادەتتە دەم ئالىدىغان كۈن): — تەقسىر، پېقىرلىرى ئاخشام ئۇلۇغ ئازنا ئاخشىمى ئاجايىپ بىر سىرلىق چۈش كۆرۈپتىمەن، — دەپ بوياقچى كۆز يېشى قىلىپتۇ.

**ئازنا بازار** هەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى يەنى جۈمە كۈنى بولىدىغان بازار: كوچادا هەر جۈمە كۈنى بازار بولاتتى. كوچالىقلار جۈمە بازىرىنى ئازنا بازار دەپ ئاتايتتى.

**ئازنا قىلماق** ← **ئازنىلىماق.**

www.uyghurkitap.com

**ئازنه** (توغرىسى: ئازنا) ← **ئازنا.**

**ئازنى** (توغرىسى: ئازنا) ← **ئازنا.**

**ئازنىلاتماق** «ئازنىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بالام، — دېدى ئانىسى ئاسمىغا، — بۈگۈن ئازنا، خوتۇنۇڭنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ ئاپىرىپ ئازنىلاتامسەن؟

**ئازنىلاشماق** «ئازنىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۈگۈن قاسىمكامنىڭ كېلىنلىرى ئۇپمۇئۇخشاش كىيىنىشىپ ئالدىراپ — تېنەپ ئەتىگەندىلا چوڭ ئۆيگە ئازنىلىشىپ كېتىشتى.

**ئازنىلىق** ① سۆپ. ئازنا كۈنىگە تەئەللۇق، ئازنا كۈنى قىلىنىدىغان: ئازنىلىق كىيىم. ئازنىلىق چاي. * — قىزىم، ئەتىگەندىلا ئازنىلىق كىيىمىڭىزنى كىيىۋاپسىزغۇ، دادىڭىزنىڭ ئۆيىگە ھازىرلا ماڭماقچىمۇ؟ — دېدى قېيىن ئانىسى ئايگۈلگە. ② ئى. كېلىنلەرنىڭ ھەر جۈمە كۈنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىشى: ئازنىلىق قىلماق.

**ئازنىلىق قىلماق** ← **ئازنىلىماق.**

**ئازنىلىماق** پ. ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە كېلىن ئاياللار ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە كۈنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارماق؛ ئاتا-ئانىسىنى يوقلىماق، جۈمەلىمەك: ئازنا قىلماق. * رازىيە بۈگۈن چىرايلىق كىيىنىپ، بۇدرۇققىنا ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، چوڭ ئۆيگە ئازنىلىغىلى ماڭدى.

**ئازنىماق** پ.دىئال. كىشنىمەك (ئات ھەققىدە).

**ئازوت** ئى [ر<گرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت، خىمىيىۋى بەلگىسى N، رەڭسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ، يانمايدۇ ھەم يېنىشقا ياردەم بەرمەيدۇ؛ خىمىيىۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ ئەمەس، ھاۋانىڭ تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئۆسۈملۈك ئوزۇقلىنىدىغان مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرى.

**ئازوت گۇرۇپپىسى** <خىم> مېندېلېيېۋنىڭ ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلىدە ئازوت، فوسفور، ئارسېن، سۈرمە ۋە بىسمۇتتىن ئىبارەت بەش ئېلېمېنتنىڭ خۇسۇسىيىتىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىشى نەزەردە تۇتۇلۇپ، بىر گۇرۇپپىغا ئايرىلغان. مانا مۇشۇ گۇرۇپپا ئازوت گۇرۇپپىسى دېيىلىدۇ.

**ئازوت مەنبەسى** <بىئول> مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ھۈجەيرىسىدىكى پروتوپلازمىنى ۋە تەركىبىدە ئازوت بولغان باشقا خىمىيىۋى بىرىكمىلەرنى بىرىكتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئازوت، ئاممونىي تۇزلىرى، نىترات تۇزلىرى، ئۈرېيە، ئامىنوكىسلاتا ۋە ئاقسىل قاتارلىق ئازوتلۇق ماددىلار.

**ئازوتنى تۇراقلاشتۇرغۇچى باكتېرىيە** <بىئول> تۇپراق ئارىسىدا ياشايدىغان، ئاتموسفېرادىكى ئەركىن ئازوتنى شۈمۈرۈپ، ئۆسۈملۈكلەر پايدىلىنىدىغان ئازوتلۇق بىرىكمىلەرگە ئايلاندۇرىدىغان بىر خىل باكتېرىيە.

**ئازوتنى تۇراقلاشتۇرغۇچى جانلىقلار** <بىئول> موكسىمان باكتېرىيە ۋە ئازوتنى تۇراقلاشتۇرغۇچى باكتېرىيىگە ئوخشاش ئاتموسفېرادىكى ئەركىن ئازوتنى شۈمۈرۈۋېلىپ ئۆسۈملۈك پايدىلىنىدىغان ئازوتلۇق بىرىكمىلەرگە ئايلاندۇرالايدىغان جانلىقلار.

**ئازوتنى تۇراقلاشتۇرغۇچى ئېنزىم** <بىئول> ئاتموسفېرادىكى ئەركىن ئازوتنى ئوكسىدسىزلاپ ئاممىياكقا ئايلاندۇرىدىغان ئېنزىم. ئۇ تۆمۈر ئاقسىلى ۋە تۆمۈر مولىبدېن ئاقسىلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاقسىلدىن تۈزۈلگەن.

**ئازوتنى تۇراقلاشتۇرۇش رولى** <بىئول> چەتتىن ئوزۇقلىنىدىغان باكتېرىيىلەرنىڭ ئاتموسفېرادىكى ئازوتنى ئاسسىمىلياتسىيە

قىلىش جەريانى ۋە تۇپىسىدىكى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ئازوت ئېلېمېنتىدىن ئازوتلۇق خىمىيۋى بىرىكمىلەرنى شەكىللەندۈرۈش رولى.

**ئازوت (I) ئوكسىد** <خىم> ئىئورگانىك بىرىكمە، خىمىيۋى فورمۇلىسى $N_2O$، رەڭسىز، خۇش پۇراق گاز، $102.4°C$تا سۇيۇقلىنىدۇ، $90°C$تا قاينايدۇ، سۇدا ئازراق ئېرىيدۇ، ئىسپىرت بىلەن ئاسان بىرىكىدۇ.

**ئازوت (II) ئوكسىد** <خىم> ئىئورگانىك بىرىكمە، خىمىيۋى فورمۇلىسى NO، سۇيۇقلۇقتا ئايلىنىشى ناھايىتى قىيىن بولغان رەڭسىز گاز؛ سۇيۇقلاندۇرۇلغاندىكى زىچلىقى 1.3402 لىتر/گرام. $163.6°C$تا سۇيۇقلىنىدۇ؛ سۇدا ئازراق، ئىسپىرتتا كۆپرەك ئېرىيدۇ، $151.8°C$تا قاينايدۇ، $163.7°C$تا قاتىدۇ.

**ئازوت (IV) ئوكسىد** <خىم> ئىئورگانىك بىرىكمە، خىمىيۋى فورمۇلىسى $NO_2$ ياكى $N_2O_4$ ئۇ نورمال شارائىتتىكى زىچلىقى 2.054 لىتر/گرام بولغان قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك گاز. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس پۇرىقى بار، ئاسان سۇيۇقلۇققا ئايلىنىدۇ، نەتىجىدە قىزغۇچ سۇيۇقلۇق ھاسىل بولىدۇ؛ قايناش تېمپېراتۇرىسى $21.3°C$ سوۋۇتۇلغاندا ئاستا-ئاستا رەڭگىنى يوقىتىشقا باشلايدۇ ۋە $10°C$ دا مۇزلاپ، رەڭسىز كرىستال ھاسىل قىلىدۇ.

**ئازوتلۇق ئوغۇت** <دېھ> ئاممونىي سۇلفات، ئاممونىي نىترات، يېشىل ئوغۇت، گەندە، سۈيدۈككە ئوخشاش تەركىبىدە ئازوت بولغان ئوغۇتلار.

**ئازىلىماق** (توغرىسى: ئازرۇلماق) ⟵ **ئازرۇلماق.**

**ئازۇن** ئى. تارس. دۇنيا، جاھان: كەتكەنلەر قالغانلارغا ئەدىگۇ نام قالدۇرۇپ كەتسە، ئازۇندا بۇنىڭدىن ئەدىگۇ ئىش يوق. شۇنداق ئەمەسمۇ، ھۆرمەتلىك بىلگە تېگىن؟

**ئاس** ئى. دىئال. ئېھتىمال، بەلكىم، شۇنداق بولسا كېرەك. شۇنداق چىغى بار... دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاسارە-ئەتىقە** (توغرىسى: ئاسارئەتىقە) ⟵ **ئاسارئەتىقە.**

**ئاسارەت I** ئى [ئە] ① چەكلىمە، بويۇنتۇرۇق: ئادىل ئۆتكەنكى ئۆزىنى چىرماپ تۇرغان ئاسارەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ۋەتىنىمىزدىكى مىليونلىغان باللارغا ئوخشاش قۇياش نۇرىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. * گەرچە ئۇنىڭ «ئاساسى» بولسىمۇ، بىراق ئۇ بۇ يەردە يەنىلا ئەنئەنىۋى ئىدېئالىزمنىڭ ئاسارىتىدە ئىدى. ② ئازادلىقتىن، مۇستەقىللىكتىن مەھرۇملۇق؛ قۇللۇق، ئەسىرلىك، تۇتقۇنلۇق: ئالماس ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار پارتىزان ئەترىتى بىلەن مىڭ يىللىق ئاسارەتنىڭ يىلتىزىغا جاسارەت بىلەن پالتا ئۇرغان باتۇر يىگىت. * ئىسكەندەر قاتتىق ئۇيقۇنىڭ ئاسارىتىدە ھېچنېمىنى سەزمەي يېتىۋېرىپتۇ.

**ئاسارەتكە چۈشمەك** ① ئازادلىقتىن، مۇستەقىللىكتىن مەھرۇم بولماق، قۇل بولماق: ئۇلار جاھانگىرلىك ۋە فېئوداللىزمنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالدى. * خەلق ئاممىسى ئېنىق بىلىدۇكى، دۆلىتىمىزدە قانۇن خەلقنى ئاسارەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغان كىشەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان قورال. ② باغلىنىپ قالماق، مەپتۇن بولماق: كونا ئىدىيە ۋە خۇراپاتلىقنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغان كىشىلەر يەنىلا خېلى سانىنى ئىگىلەيدۇ.

**ئاسارەتكە سالماق** ئازادلىقتىن، مۇستەقىللىكتىن مەھرۇم قىلماق، قۇل قىلماق: ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو خەلقى فېئودالىق ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشتى.

**ئاسارەت II** ئى [ئە] ① تەسىر؛ ئەسەر، ئىز، بەلگە. ② <تب> بىرەر كېسەللىكتىن قالغان ئېغىر ئىز، ئاقىۋەت.

**ئاسارەتلىك** سۈپ ① چەكلەنگەن، چۈشەپ قويۇلغان، بويۇنتۇرۇقلۇق: دىلشات قاۋاقخانىغا يەنى تارىختىن بۇيان مىللىتىمىزنى نادانلىق ۋە ئاسارەتلىك يولىغا ئېلىپ مېڭىۋاتقان ئاشۇ تېگى يوق ھاڭ تەرەپكە كېتىۋاتىدۇ. ② ئەركىنلىك، مۇستەقىللىكتىن مەھرۇم قىلىنغان؛ ئەسىرلىك، قۇللۇق ۋە تۇتقۇنلۇققا دۇچار بولغان: ئەزىز دوستۇم، مۇڭغا چۆكۈپ قالىسەن نېچۈن، ئۆكۈندۈڭمۇ ئاسارەتلىك ئۇن يىلىڭ ئۈچۈن.

**ئاسارئەتىقە** ئى [ئە] قەدىمكى دۇنيا ئىنشائاتلىرى، قەدىمدىن قالغان مەدەنىيەت، تەرەققىيات تارىخىدا مەلۇم قىممەتكە ئىگە يادىكارلىقلار يەنى قۇرۇلۇش، مەڭگۈتاش، قورال-ياراغ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار.

**ئاسار-تۆرە** ئۇرۇق-تۇغقان، قوشنا-قولۇم، مەھەللە-جامائەت ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇيۇشۇپ، بىرەر كىشىنىڭ توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، نەزىر-چىراغ، ئۆي-جاي سېلىش، دېھقانچىلىق قاتارلىق ئۆزى يېتىشىپ بولالمايدىغان ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بېرىدىغان ئىجتىمائىي ھەمكارلىق ھەرىكەت.

**ئاسارۇن** ئى[پ] <بوت> زىراۋەندە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكىللىك، گۈلى تۇتۇق سۆسۈن، يىلتىزى ناھايىتى ئىنچىكە، تەمى ئاچچىق بولۇپ، دورا قىلىنىدۇ؛ باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىش رولى بار.

**ئاساس** ئى [ئە] ① نەرسىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تۇتۇپ ياكى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان قىسمى، ئۇل. ② ئىجتىمائىي ھايات ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ نېگىزىنى تەشكىل قىلغان نەرسە، تايانچ، نېگىز، بازا: سوتسىيالىزمنى پەنگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنى رېئال ئاساسقا قويۇش كېرەك. ③ باش قائىدىلەر، ئاساسىي پرىنسىپلار: ماركسىزم-لېنىنىزم ئاساسلىرى. ④ سادىر بولغان ياكى قىلىنغان ئىش-ھەرىكەت ۋە گەپ-سۆز قاتارلىقلارغا خىزمەت قىلىدىغان دەلىل، ئىسپات، سەۋەب: ھازىر قاسىم توغرۇلۇق بىرنەرسە دېيىشكە تېخى ئاساس يوق. ● «موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دېگەن گەپنىڭ مەلۇم ئاساسى بار ئىكەن-دە. ⑤ <مات> گېئومېترىيىلىك شەكىلنىڭ، چىرتيوژنىڭ ئاستى تەرىپىگە پاراللېل بولغان تەرىپى. ⑥ <مات> دەرىجىگە كۆتۈرۈلىدىغان ئەسلىدىكى سان. ⑦ <خىم> كىسلاتالار بىلەن ئۆزئارا بىرىكىپ، تۇز ھاسىل قىلىدىغان بىرىكمە يەنى گىدروكسىل گۇرۇپپىسى بولغان بىرىكمىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئاساس قىلماق** ① ئۇل، تايانچ بولماق؛ نېگىز بولماق: يازغۇچى ھەم دراماتۇرگ زۇنۇن قادىرنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولدى. ② دەلىل، ئىسپات، سەۋەب بولماق: «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ توقۇپ چىققان تۆھمەتلىرى جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسىنى ئىنكار قىلىشقا قىلچە ئاساس بولالمايدۇ.

**ئاساستىكى بۇلۇڭ** <مات> تەكشىلىكتىكى شەكىللەردە ئاساسىنى ئۆزىنىڭ بىر تەرىپى قىلغان بۇلۇڭ.

**ئاساس سالماق** بەرپا قىلماق، باشلاپ بەرمەك؛ ئۇل سالماق: شۇنداق قىلىپ جەمئىيەت كەيپىياتىنى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ۋە پارتىيە ئىستىلىنى ئوڭشاش ئۈچۈن ياخشى ئاساس

سېلىپ بەردى ئۇقۇ، ئۇقۇت پەرزەنتىگىنى بىلىم ئالسۇن، ئالىم بولۇپ ئەل ئىچىدە نامى قالسۇن، مەرىپەتتىن مەدەنىيەتكە ئاساس سالسۇن، مۇشۇ خىسلەت بارچىسىدىن ئەلا بولۇر.

**ئاساس سان** <مات> ھېسابلاش ئۆلچىمى قىلىنىدىغان سان.

**ئاساس بولماق** ئالدىنقى ئورۇنغا قويماق، مۇھىم نۇقتىسى دەپ قارىماق؛ نۇقتىلىق ھالدا بېجىرمەك: پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى بۇرژۇئازىيىگە زورلۇق كۈچ ئىشلىتىشىنى ئاساس قىلىدىغان ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت. * تاشقورغان ــ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان ناھىيە. * مەكتەپلەر خىزمىتى ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىشى كېرەك.

**ئاساسى بوش** ① ئۇلى ئاجىز، ئۇلى پۇختا ئەمەس: شورلۇق يەرگە سېلىنغان ئىمارەتلەرنىڭ ئاساسى بوش بولۇپ قېلىشى تۈپەيلىدىن بىر ـ ئىككى يىلغا بارمايلا ھەممىسىنىڭ تاملىرى زەيلىشىپ كېتىپ، ئۆرۈلۈش خەۋپىنى تۇغدۇرۇۋاتىدۇ. ② پاكىتى، دەلىل ـ ئىسپاتى تولۇق ئەمەس، كەلتۈرگەن دەلىلى كىشىنى قايىل قىلالمايدىغان: ئۇنى ھەقلىق دېمەسلىككە ئاساسىمىز بوشلۇق قىلىدۇ. ③ ئاساسىي بىلىملەردىن ياكى دەسلەپكى ساۋاتلاردىن تولۇق خەۋىرى يوق؛ پۇختا ئۆگەنمىگەن: ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئاران ئۈچ يىل ئوقۇغان، ئاساسىنىڭ بوشلۇقى تۈپەيلىدىن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ دەرسىنى دېگەندەك ئۆزلەشتۈرۈپ كېتەلمىدى.

**ئاساسى چىڭ** ① ئۇلى مۇستەھكەم، ئۇلى پۇختا سېلىنغان: ئىمارەتنىڭ ئاساسى چىڭ بولسا، ئۇزاق يىل چىدايدۇ. ② پاكىتى، دەلىل ـ ئىسپاتى تولۇق، كەلتۈرگەن دەلىلى قايىل قىلارلىق: بىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسىمىز قانچە چىڭ بولسا، مۇنازىرىدە شۇنچە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولالايمىز. ③ ئاساسىي بىلىملەردىن ياكى دەسلەپكى ساۋاتلاردىن تولۇق خەۋىرى بار؛ پۇختا ئۆگەنگەن: قۇدرەت سىنىپتىكى ئاساسى چىڭ، ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بولغاچقا، ھەممە ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ داشۆگە ئۆتۈپ كېتىشىگە ئىشىنەتتى.

**ئاساسى كۈچلۈك** ← ئاساسى چىڭ.

**ئاساس ياراتماق** ① ئۇل سالماق، نېگىز پەيدا قىلماق، باشلاپ بەرمەك، بەرپا قىلماق: دالتون يېقىنقى زامان خىمىيىسىگە ئاساس ياراتقۇچى بولۇپ، ئاتوم تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ② ئىمكانىيەت پەيدا قىلماق، شارائىت تۇغدۇرماق: ماددىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئاساس يارىتىدۇ. * گوركىينىڭ ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك شارائىتتا قەتئىي نىيەت بىلەن كىتاب ئوقۇپ، يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس ياراتقانىدى.

**ئاساسەن** رەۋ [ئە] ① ئومۇمەن قىلغاندا، ھەممىسى دېگۈدەك، ئاساسىي جەھەتتىن: غۇلجا شەھرى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەييارلىقنى ئاساسەن پۈتتۈرۈپ بولدى. * يىغىنغا كېلىدىغانلار ئاساسەن كېلىپ بولۇپ، بىر يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مۇدىرنىڭ ئۆزى تېخىچە كەلمىدى. ② بىنائەن، بويىچە: ــ دادا‌ڭ ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇشتا قۇربان بولدى. سەن تۇغۇلدۇڭ، داداڭنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئىسمىڭنى جاسارەت قويدۇم، ــ دېدى ئانا ئوغلىغا.

**ئاساسچى** ئى. بىرەر نەرسىنى پەيدا قىلغان، ئىختىرا قىلغان، باشلاپ بەرگەن ياكى شۇنىڭغا ئاساس سالغان كىشى: لۇشۈن ــ ئۇلۇغ كوممۇنىزم جەڭچىسى، جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى.

**ئاساسسىز** سۈپ ① يېتەرلىك ئاساسى بولمىغان، دەلىللەر بىلەن مۇستەھكەملەنمىگەن، ئىسپاتلانمىغان، ئىسپاتسىز: بۇ گەپنى ئاڭلىغان تۇلكە بۆرىگە ئۇچراپ: ــ ئۆچكىلەر قىلچە ئاساسسىزلا نامىڭىزغا تىل تەگكۈزۈشىدۇ، ــ دەپتۇ. * «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسىنى پىششىق تەتقىق قىلغان يولداش ۋەن تۇڭشۇينىڭ «ئون ئىككى مۇقام ــ ئون ئىككى چوڭ

www.uyghurkitap.com

نەغمە» دېگىنى ئاساسسىز ئەمەس. ② سەۋەبسىز،
مەقسەتسىز: مېنى ھەم ۋاقتىنچە تاشلاپ قويغىنى
ئەمەسكەن ئاساسسىز ھەمدە سەۋەبسىز. بۇ دېمەك
ئۇمىدىنىڭ ئۇچقۇنى ئەمما، ئۇمىدمۇ كۆلىمەس
ئەجىرسىز ـ تەرسىز. ③ زۆرۈرىيىتى يوق،
قۇرۇق؛ ھاجەتسىز: لېكىن جاۋ بېگىم بۇ
ئەندىشىنى ئاساسسىز دەپ ھېسابلايتتى، چۈنكى
AQ نى «ئۆزەم» قىچقارتتىم، دەيتتى. دېگەندەكلا
بۇ دورەم ئۇنىڭ سۆزى توغرا بولۇپ چىقتى.

**ئاسالاتماق** «ئاساسلىماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاسالاشماق** «ئاساسلىماق» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاسالانماق** ① «ئاساسلىماق» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا
قويۇۋاتقىنى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي رېئاللىق
ئارقىلىق ئاسالانغان نۇقتىئىنەزەر. ② مەلۇم
شەيئىنى خۇلاسلاش ياكى ھۆكۈم قىلىشنىڭ
ئالدىنقى شەرتى قىلماق؛ تايانماق،
يۆلەنمەك: تىلشۇناسلىقتا دائىر تارىخىي خاتىرە-
لەرگە ئاسالانغاندا، ئالتاي تىللىرى تۇنگۇس
تىلى، تۈركىي تىللار ۋە موڭغۇل تىل تارماقلىرىنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. * تۇرسۇن ئىيتقان ئەھۋال
ۋە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسىگە ئاسا-
لىنىپ نورۇز شۇنى ئېيتالايدۇكى، ئۇنىڭ ئوغلى
ئەمدى قاتىل.

**ئاساسلىق** سۈپ ① ئالاقىدار شەيئىلەر
ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغان، ھەل قىلغۇچ
رول ئوينايدىغان، ئالدىنقى قاتاردىكى،
ئەھمىيەتلىك، توپ، باش: ئاساسلىق
زىددىيەت. ئاساسلىق ئامىل. ئاساسلىق شەخس.
* تاڭ يورۇشقا ئازلا قالغانىدى. سەمەتنىڭ قان
تەركىبى «O» ئىكەنلىكى ئېنىقلانىدى. دېمەك،
ئۇنىڭغا قان بېرىش ئۈچۈن مۇۋاپىق قان گۇرۇپ-
پىسىنى تەكشۈرۈش ئاساسلىق مەسىلە ئىدى.
* «ئون ئىككى مۇقام»دىكى ھەربىر مۇقامنىڭ ئۆزى
چوڭ ئۈچ يۇرۇش ئاھاڭلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ،
ھەربىر مۇقامنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى بىلەن ئاسا-
لىق نەغمىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ
بىرىنچى قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ② <خىم>
ئاساسقا ئوخشاش، توپ خۇسۇسىيەتكە
ئىگە؛ ئاساسىي رول ئوينايدىغان: ناترىي
كاربونات كرىستالى $(Na_2 CO_3 \cdot 10 H_2 O)$ نىڭ
سۇدىكى ئېرىتمىسى ئاساسلىق خۇسۇسىيەتنى
ئىپادىلەيدۇ.

**ئاساسلىق ئاشلىق** <دېھ> ھەرقايسى رايونلار
ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە ئىستېمال قىلىدىغان
ئاشلىقلار ئىچىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەي-
دىغان ئاشلىق.

**ئاساسلىق بولمىغان زىددىيەت** <پەلس>
كۆپ خىل زىددىيەتلەر ئىچىدىكى يېتەكچىلىك
قىلىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان، ئاساسىي
زىددىيەتكە قارىتا قوشۇمچىلىك رول ئويناي-
دىغان زىددىيەت.

**ئاساسلىق بولمىغان ئېقىم** <پەلس> شەيئى-
لەرنىڭ ماھىيەتلىك بولمىغان تەرىپى. ئۇ
شەيئىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلى-
مەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ
يەنە «تارماق ئېقىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاساسلىق تۇزلار** <خىم> سۇ قالدۇقى
بولغان تۇزلار. مەسىلەن: ئاساسلىق مىسى
كاربونات. $CuCO_3 \cdot Cu(OH)_2$.

**ئاساسلىق يېمەكلىك** ئاشلىقتىن
ئىشلەنگەن پولۇ، لەغمەن، مانتا قاتارلىق
يېمەكلىكلەر.

**ئاساسلىماق** پ. دەلىللەر بىلەن پاكىت-
لىماق، ئىسپاتلاپ بەرمەك: تۇرغۇن بۇگۈنكى
يىغىندا ئۆز پىكرىنى بىرمۇبىر ئاساسلاپ، پۈتۈن
يىغىن ئەھلىنى ھەيران قالدۇردى. * ئۇيغۇر
تىبابەتچىلىك تارىخىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل
بولغان يولداشلار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە دائىر
2000 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل تارىخىي ماتې-
رىياللارنى توپلاپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى تارىخىنى

بەلگىلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن ئاساسلاپ چىقتى.

**ئاساسىي** سۈپ [ئە] ① ئەڭ مۇھىم، نېگىزلىك، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان، ئالدىنقى قاتاردىكى، ئەھمىيەتلىكى؛ تۈپ، باش: ئاساسىي زىددىيەت. ئاساسىي قانۇن. * شۇ ۋاقىتتا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 165 نەپەر كىشى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي قىسمى قول ئەمگىكى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. * شىنجاڭ — ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. ② دەسلەپكى، ئەقەللىي؛ ئومۇمىي: ئاساسىي بىلىم. ئاساسىي ماھارەت. ئاساسىي چۈشەنچە.

**ئاساسىي ئامىل** ئەڭ مۇھىم، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ياكى مۇھىم سەۋەب بولىدىغان ئامىل: ھەرقانداق مەسىلىنىڭ ئاساسىي ئامىلىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

**ئاساسىي بىلىم** <مائار> ئىلىم ـ پەندىكى ئاساسىي ئۇقۇم، ئاساسىي قانۇنىيەتلەر توغرىسىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچە: كەڭ ئېھتىياج ئەزالىرىغا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى؛ ئېھتىياجنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى توغرىسىدا داۋاملىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

**ئاساسىي جازا** <قا> مۇستەقىل قوللىنىشقا بولىدىغان جازا. مەسىلەن: مۇددەتلىك جازا، مۇددەتسىز جازا قاتارلىقلار: دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، جازا ئاساسىي جازا ۋە قوشۇمچە جازا دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**ئاساسىي جىنايەتچى** <قا> بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەتتە ئاساسلىق ۋە ئۇيۇشتۇرغۇچىلىق رول ئوينىغۇچى جىنايەتچى.

**ئاساسىي دەرس** <مائار> ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا مۇناسىۋەتلىك پەنلەر بويىچە ئۆتۈلىدىغان ئاساسىي ئۇقۇم، ئاساسىي قائىدىلەر ۋە ماھارەت ئۆگىتىدىغان دەرسلەر. بۇ دەرسلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەخسۇس بىلىملەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىشىنىڭ ئاساسى بولىدۇ.

**ئاساسىي رەڭ** <فىز> ئۆزئارا بىرىكىپ، ھەر خىل رەڭلەرنى ھاسىل قىلىدىغان رەڭ؛ بوياق ئىچىدىكى ئاساسىي رەڭ قىزىل، سېرىق، كۆكتىن ئىبارەت؛ رەڭدار نۇر ئىچىدىكى ئاساسىي رەڭ قىزىل، يېشىل، كۆكتىن ئىبارەت.

**ئاساسىي زال** <بىن> ① بىر پۈتۈن بىنانىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان چوڭ زال. ② كۇلۇبلارنىڭ تاماشىبىنلار ئولتۇرىدىغان قىسمى يەنى سەھنىنىڭ ئۇدۇلىدىكى سەھنىگە قاراپ تۇرغان قىسمى.

**ئاساسىي زەررەت** <فىز> ئېلېكترون، پوزىترون (مۇسبەت ئېلېكترون)، پروتون، زەرەتلىك مېزون قاتارلىقلار ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك زەرەت.

**ئاساسىي زەررىچە** <فىز> ھازىر كىشىلەرگە مەلۇم بولغان جىسىمنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ ئاددىي ماددىلار، ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇئەييەن ماسسىسى بولىدۇ؛ بەزىلىرى زەرەتلىك، بەزىلىرى زەرەتسىز بولىدۇ؛ ئۆزئارا ئۆزگىرىدۇ. ئاساسىي زەررىچە پەقەتلا ماددىنى تەشكىل قىلغۇچى بىر ھالقا، ئۇ پارچىلانماس نەرسە ئەمەس.

**ئاساسىي زىددىيەت** <پەلس> مۇرەككەپ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن جەريانى ياكى مۇئەييەن باسقۇچىدىكى، كۆپ خىل زىددىيەتلەر ئىچىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان زىددىيەت.

**ئاساسىي قاتلام** ھەر خىل تەشكىلاتلارنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشالايدىغان تۆۋەن قاتلام تەشكىلاتى:

www.uyghurkitap.com

ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

**ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسى** <قا>جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، شەھەر ۋە شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردا تەسىس قىلىنغان خەلق سوت مەھكىمىسى.

**ئاساسىي قانۇن** <قا> دۆلەتنىڭ ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ ئىرادىسىنى نامايان قىلىدىغان، سىنىپىي كۈچلەرنىڭ سېلىشتۇرما مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئەڭ زور قانۇنىي كۈچكە ئىگە تۈپ قانۇنى. باشقا قانۇنلار شۇنىڭغا ئاساسەن تۈزۈلىدۇ.

**ئاساسىي قەھرىمان** <ئە> ← **باش قەھرىمان:** بۇ ئەسەردىكى ئاساسىي قەھرىماننىڭ خاراكتېرى ناھايىتى ياخشى يارىتىلغان.

**ئاساسىي قوشۇن** <ھەرب> ① ئۇرۇش قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان قوشۇن: ئاساسىي قوشۇنىمىز دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرمەكتە. ② كۆچمە. بىرەر ئىشتا ئاساسلىق، تايانچ رول ئوينىغۇچى كۈچ.

**ئاساسىي قۇتۇپ** <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچ-لۈك ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ بىر ئېلېكتر قۇتۇپى. ئۇ تارقاتقۇچى قۇتۇپ تارقاتقان توكنىڭ كۈچىنىشىنى كونترول قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاساسىي قۇرۇلۇش** <بىن> خەلق ئىگىلىكىدىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سالغان قۇرۇلۇش-لىرى. مەسىلەن: زاۋۇت، تۆمۈريول، سۇ قۇرۇ-لۇشلىرى ۋە باشقىلار: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، زۆرۈر بولغان ئاسا-سىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم.

**ئاساسىي كۆۋرۈك** <بىن> چوڭ تىپتىكى كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاساسلىق قىسمى، ئىككى قىرغاقتىكى كۆۋرۈك سوزۇلمىسىنى ھېسابلىم-غاندا، كۆۋرۈكنىڭ دەريا ئۈستىدە تۇرغان قىسمى.

**ئاساسىي كوي** <مۇز> ئاھاڭلارنىڭ باشلى-نىشى ۋە تاماملىنىشىدا ئىشلىتىلگەن كوي.

**ئاساسىي گەۋدە** بىرەر نەرسىنىڭ ئاساسلىق، مۇھىم، نېگىزلىك قىسمى: تۇردى ئاخۇن ئاكا ساقلاپ قالغان «ئون ئىككى مۇقام» گەرچە داۋام-لىق راۋاجلانغان بولسىمۇ، ئاساسىي گەۋدىسى جەھەتتە يەنىلا شۇنى ئاساس قىلغان.

**ئاساسىي گىمناستىكا** <تەن> ساغلاملىقنى ئاشۇرۇش، داۋالاش ۋە ئادەمنىڭ ھەر تۈرلۈك جىسمانىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، شەكلى ئاددىي، ئومۇملاشتۇرۇشقا ئاسان گىمناستىكا.

**ئاساسىي لۇغەت تەركىبى** <تىل> لۇغەت تەركىبىدىكى ئومۇمىي خەلققە چۈشىنىش-لىك، دائىم قوللىنىلىدىغان سۆزلەر. ئاسا-سىي لۇغەت تەركىبى لۇغەت تەركىبىنىڭ يادروسى ۋە ئەڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئاساسىي ماددا** <بىئول> بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما ھۈجەيرىلىرى ھاسىل قىلغان تەكشى ۋە مىكرو توقۇلمىلارغا ئىگە بولمىغان بىر خىل ماددا.

**ئاساسىي ماددا ئالمىشىش** <بىئول>ئادەمنىڭ سەگەك ھەم خاتىرجەم ئەھۋالدىكى يەنى ھەرىكەت، يېمەكلىك، روھىي جىددىيلىك، سىرتقى تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق تەسىرلەرگە ئۇچرىمىغان چاغدىكى ئومۇمىي ئېنېرگىيە سەرپىياتى، ئاساسىي ماددا ئالمىشىشنى ئۆلچەش ئارقىلىق قالقان بەز، بۆرەك ئۈستى بېزى قاتارلىقلارنىڭ خىزمىتىنىڭ نورمال ياكى نورمال ئەمەسلىكىگە دىئاگنوز قويۇشقا بولىدۇ.

**ئاساسىي ماھارەت** ‹مائار› مەلۇم بىر خىل خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئىگىلەشكە تېگىشلىك بولغان ئاساسىي بىلىم ياكى تېخنىكا.

**ئاساسىي ناخشا** كىنو، تىياتىرلاردا ئاساسىي ئىدىيىنى ئىپادىلەيدىغان ناخشىلار.

**ئاساسىي ھالەت** ‹فىز› مىكرو زەررىچىلەر سىستېمىسى (ئاتوم، ئاتوم يادروسى)دا بولىدىغان ھەر خىل ھالەتلەر ئىچىدە ئېنېرگىيىسى ئەڭ تۆۋەن بولغان ھالەت، مىكرو زەررىچىلەر سىستېمىسى ئاساسىي ھالەتتە تۇرغاندا، ئەڭ تۇراقلىق بولىدۇ.

**ئاساسىي ھۇجۇم** ‹ھەرب› ئاساسىي ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، ئاساسىي يۆنىلىشتە قوزغايدىغان ھۇجۇم.

**ئاساسىي ئوغۇت** تېرىش، كۆچۈرۈشتىن ئىلگىرى ئېتىزلارغا بېرىلىدىغان ئوغۇت. قىغ، چىرىندى ئوغۇت، يېشىل ئوغۇت قاتارلىقلار ئاساسىي ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ.

**ئاساسىي ئۇل** ← **ئۇل.**

**ئاساسىي ئېقىم** ‹پەلس› شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان، شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى: ھازىر مەملىكەت بويىچە ئىتتىپاق ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاساسىي ئېقىمى ياخشى بولسىمۇ، يەنە بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

**ئاساسىي ئىش ھەققى** ‹س ئىق› ئومۇمەن ئىش ھەققى شەكلىنىڭ مىقدار جەھەتتە بىرقەدەر مۇقىم بولغان ئىش ھەققى شەكلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئاساسىي يۇلتۇز** ‹ئاستر› بىر جۈپ يۇلتۇز ئىچىدىكى يورۇقراق يۇلتۇز، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.

**ئاسان** سۈپ [پ] ئىشلىنىشى، ئورۇندىلىشى جەھەتتىن ئانچە قىيىن، مۇرەككەپ بولمىغان ھەم ئانچە كۆپ مېھنەت، كۈچ ۋە بىلىم تەلەپ قىلمايدىغان؛ بوش، يەڭگىل: ئىشنىڭ ئاسىنى يوق، قىلالىساڭ قىيىنى يوق (ماقال).
* ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، «تاغ ـ دەريالارنى ئۆزگەرتىش ئاسان، كىشىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمەك تەس» دەيدىغان گەپلەر توغرا ئەمەس.

**ئاسان بولماق** ئاسانلاشماق: توپا قىزىش ماشىنىسى كەلگەندىن كېيىن ئىشىمىز بەك ئاسان بولدى.

**ئاسانغا تۇختىماق** ← **ئاسانغا چۈشمەك:** بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئاسانغا توختىغىنى يوق.

**ئاسانغا چۈشمەك** ئوڭاي ھەل قىلىنماق، ئوڭاي بىر تەرەپ قىلىنماق: ۋاڭنىڭ زەڭگىسى بىلەن چىلىشقا چۈشۈپ، زەڭگىنى چۈرۈپ تاشلىغان بۇ ئادەمدىن قۇتۇلۇش ئاسانغا چۈشمەيتتى، ئەلۋەتتە.

**ئاسان قىلماق** ئاسانلاشتۇرماق، يەڭگىللەشتۇرمەك، ئوڭايلاشتۇرماق: «تاش مىنا» پارتلىتىش ئۇسۇلى جىق مۇشكۇلنى ئاسان قىلىۋەتتى.

**ئاسان گەپ** ھەل قىلىش تەس بولمىغان مەسىلە، ئوڭاي ئىش: — مەكتۇپ يېزىش ئاسان گەپ، كىم ئېلىپ بارىدۇ؟ — دېدى لىياڭ مىرزا بەگ. * شۇنچىلىك ئىشنى يالغۇز بىر ئادەمنىڭ قىلىپ تۈگىتىشى ئاسان گەپمۇ؟

**ئاسان گەپ ئەمەس** ئوڭاي ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس، ئاسان ئىش ئەمەس: ئالىم بولۇش ئاسان گەپ ئەمەس، بۇ خۇددى يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىغاندەك بىر ئىش.

**ئاسانچىلىق** ← **ئاسانلىق:** ئىلىم، قانۇن، سىياسەتكە قارىغاندا، ئومۇمەن، كونكرېتراق بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئىگىلىشىگە ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشىغا ئاسانچىلىق تۇغۇلىدۇ.

**ئاسانلاتماق** «ئاسانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەربىر ئىشتا ئەل خىز-

www.uyghurkitap.com

مېنىگە ئاسالانساق، قۇرۇپ تېخنىكا ئېغىر ئىشنى ئاسانلاتساق، تەرەققىيات يولىغا ئەزىز جاننى ئاتساق، بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە كۆلۈم ئېچىلاتتى.

**ئاسانلاشتۇرماق** «ئاسانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۈلكە بۆرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: — خۇدا ئىشلىرىڭنى ئاسانلاشتۇردى. ئەمدى ھېچقانداق قىينالماستىن توپتوغرا باغقا كىرەلەيسەن، — دەپتۇ.

**ئاسانلاشتۇرۇلماق** «ئاسانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشلار ئەمدى ئىزىغا چۈشۈپ، ئاسانلاشتۇرۇلدى.

**ئاسانلاشماق** پ. ئوڭايلاشماق، يەڭگىللەشمەك: ئىش ئاسانلاشتى، سۈرئەت تېزلەشتى، سۈپەت ئۆستى. * مانا ئەمدى خىزمەت جەريانىدا، شۇنىڭ پايدىسى بىلەن خىزمىتىم ئاسانلاشماقتا.

**ئاسانلىق** «ئاسان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — ھەزرەتلىرىنىڭ سايىسى ھەر ئىشتا ئاسانلىق بېرىدۇ، — دېدى قازى ئالدىرىماي جاۋاب بېرىپ. * ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئىڭراپ يىقىلغان جەڭچىنىڭ نالىسى ئاڭلىناتتى... ئومۇمەن قىسمىلىرىمىزغا ئاسانلىق يوق ئىدى.

**ئاسانلىقچە** رەۋ. ئوڭايلىق بىلەن: ئاسانلىقچە ياش چىقمايدىغان كۆزۈمدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. كۆڭلۈمنى بىر مىسكىنلىك ئورىۋالدى.

**ئاسانلىماق** ← **ئاسانلاشماق.**

**ئاساۋ** سۈپ. بويسۇندۇرۇلمىغان، ئادەمگە ئۆگەنمىگەن، شاش: بۇ يىلقىلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئاساۋ بولغاچقا، تاغقا كېلە ـ كەلمەي تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاپ كېتىپتۇ. * جاللاتلار ئىككى ئاساۋ ئاتنى تۇتۇپ كېلىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئىككى چوڭ ئوغلىنى ئاتلارنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ، سۆرىتىپ قويۇۋېتىپتۇ.

**ئاسايىش** ئى [پ] ئۇرۇش ـ تالاش، جەڭگى ـ جېدەلدىن، غوۋغا ـ تەشۋىشتىن خالىيلىق؛ تىنچ ـ ئامانلىق، خاتىرجەملىك: ئەل ـ يۇرت پادىشاھنىڭ ئورنىغا ھەمىرانى شاھ قىلىدى. ھەمىرا بىلەن ھۆرلىقا بىر ئۆمۈر بىرگە ياشاپ، ئەلگە ئاسايىش بەردى.

**ئاسايىشتە** سۈپ [پ] ئۇرۇش ـ تالاش، جەڭگى ـ جېدەلدىن، غوۋغا ـ تەشۋىشتىن خالىي؛ تىنچ، بىخەتەر، خاتىرجەم: بىر قېتىم، بىر ياش ئالىم ئۇنىڭ بەھۇزۇر، ئوڭۇشلۇق — ئاسايىشتە تۇرمۇشىغا ئىنتايىن زوقلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

**ئاسايىشلىق** ① «ئاسايىش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بىز قوشنىدارچىلىق قىلىشقاندىن بېرى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە شاد ـ خۇراملىق ۋە ئاسايىشلىق داۋام قىلىپ كەلگەنىدى. * يۇرت ئەھلى مەسلىھەتلىشىپ، تابانىي دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھلىققا سايلاپتۇ. تابان ئەلنى ئادالەت بىلەن سوراپتۇ. خەلق ئاسايىشلىقتا ئۆتۈپتۇ. ② سۈپ. ئۇرۇش ـ تالاش، جەڭگى ـ جېدەلدىن، غوۋغا ـ تەشۋىشتىن خالىي بولغان، تىنچ، خاتىرجەم: — كۆڭۈل چىققىدۇ، قىسمىتى خۇن، ئاخىر ئاسايىشلىق كۈنلەر، ئارمان قىلغان كۈنلەر كېلىدۇ، — دېدى ئانا. * كۈنچىقىشتىن تا كۈنپېتىشقىچە، تۇرۇپتۇ مەڭگۈلۈك ئاسايىشلىق يول.

**ئاسپىرانت** ئى [ر<لات] <مائار> ئالىي مەكتەپ ياكى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان، تەتقىقات خىزمىتى ئارقىلىق بىلىم ئاشۇرغۇچى.

**ئاسپىرانتۇرا** ئى [ر<لات] <مائار> ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئاسپىرانت ياكى پراكتىكانت تەتقىقاتچىلارنى تەربىيىلەيدىغان جاي.

**ئاسپىرىن** ئى [ر<نېم] <تىب> دورا نامى، ئورگانىك بىرىكمە بولۇپ، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_9H_8O_4$ ئاق رەڭلىك كرىستال، تەمى ئاچچىق ـ چۈچۈك، قىزىتمىنى ياندۇرۇش ھەم ئاغرىق توختىتىش رولى بار؛ باش ئاغرىقى، نېرۋا ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاست(ى)** ئى ① نەرسىلەرنىڭ تەگ قىسمى، تۆۋى: مەن بارغاندا ئۇ چېلەكنىڭ ئاستىغا يۇقۇپ قالغان لايىنى تازىلاۋاتاتتى. ② نەرسىلەرنىڭ تۆۋەن قىسمىغا، تېگىگە يېقىن جاي؛ يېقىن ئەتراپى: — ئىككى تەرەپتىن، — دېدى ئۇ قولى بىلەن كۆرستىپ تۇرۇپ، — ئالتىدىن ئون ئىككى جەڭچى تام ئاستىغا بېرىپ، تام كەينىگە بومبا تاشلىشى كېرەك! ③ نەرسىلەر ئېگىلەپ، بېسىپ ياكى قاپلاپ تۇرغان جاي؛ نەرسىلەرنىڭ تېگىدىكى جاي ياكى بوشلۇق: ئۇ ھويلىغا كىرىپ، باراڭنىڭ ئاستىدا ياتتى. * ئۇلار بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ نەشپۈتلۈك باغقا كېلىپ، يوغان بىر نەشپۈت دەرىخى ئاستىغا بېكىتىلگەن ئۇزۇن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ④ نەرسىلەرنىڭ ئىچكى قىسمى، ئىچى، ئارىسى: يەر ئاستى سۈيى. يەر ئاستى بايلىقلىرى. يەر ئاستى ئۆيى.

**ئاستى تاش** ← **تەكتى تاش.**

**ئاستا** رەۋ ① تۆۋەن سۈرئەت بىلەن؛ ئالدىرىماي: سادىق مۇئەللىم سۆزىنى تۈگىتىپ مەن بىلەن خوشلىشىپ ئاستا ماڭغىنىچە ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى. * مۇزىكانتلار ئوتتۇرىسىدىكى ياشقىنا بىر يىگىت غىجەك چېلىپ ناخشا باشلىدى، باشقا مۇزىكانتلار ئاستا تەڭكەش قىلدى. ② يەڭگىللىكىنە، بىلىنەر-بىلىنمەس: ئۇ قېيىن ئاستىدا يېتىپ، ئاستا كۈلۈپ قويدى. ③ ئېھتىيات قىلىپ؛ ئاۋايلاپ: پوستتا تۇرغان لېتىپ رۇستەمنىڭ بولالماي قالغىنىنى سېزىپ، دەرھال يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە تۇردى ھۆسۈيۈن بىلەن بىللە رۇستەمنىڭ بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. * بىر سائەتتىن كېيىن، نۇرۇللا مۇختەر مەرگەننى ئاستا ئويغاتتى. ④ تاۋۇش چىقارماستىن، سەزدۈرمەستىن، بىلدۈرمەستىن: بىر بۆرە دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرغان خورازنى كۆرۈپ، ئۇنى ئالداپ يېمەكچى بولۇپتۇ-دە، ئاستا دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپتۇ. * ئاسىم، ئادەملەر ئارىسىدىن ئاستا چىقىپ، ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. ⑤ تەدرىجىي ھالدا، تەدرىجىي: ئوقۇغۇچىلار خاتىرىسىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. خاتىرە قابىلىيىتى كۈچلۈك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەستە قالدۇرۇشى تېز، ئۇنتۇلۇشى ئاستا بولىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەستە قالدۇرۇشى ئاستا، ئۇنتۇلۇشىمۇ ئاستا بولىدۇ. ⑥ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن: چىناخان ھەدە ئاستا ئاۋاز بىلەن: — سىز ئاستىراق سۆزلەڭ! بۇ يەردە «ئاما» بار، — دېدى. * رۇستەم ئۆيىگە كىرىپ، نۇرۇللانىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى.

**ئاستا داۋان** <سۇ> ئاجىزلىتىش كۆلچىكىنىڭ ئاياغ ئېقىمى بىلەن تۇتىشىدىغان جايى، بۇ يەردە ئاجىزلانغان سۇ ئاستا ئېقىپ ئاياغ ئېقىمغا ئۆتىدۇ.

**ئاستا-ئاستا** ① تۆۋەن سۈرئەت بىلەن، ئالدىرىماي: ئاسماندا بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئاستا-ئاستا ئۈزۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. ② پەيدىن-پەي تەدرىجىي ھالدا، تەدرىجىي: سوغۇق، ئاچلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقنىڭ دەردى ئۇنى ئاستا-ئاستا دەرمانسىزلاندۇرۇپتۇ. * ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، توختى بوۋاي ئاستا-ئاستا تاماققا كىرىشىپ ساقىيىشقا باشلىدى.

**ئاستاتىن** ئى [ئىنگ] <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت، فورمۇلىسى At (Astatium). ئۇ، A زەررىچىلىرى بىلەن بىسمۇت ئاتومىنى بومباردىمان قىلغاندىن كېيىن ھاسىل بولىدىغان مەھسۇلات بولۇپ، رادىئوئاكتىپلىققا ئىگە، ئاستاتىن ئىزوتوپلىرىنىڭ يېرىم يېمىرىلىش دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا پەقەت 8.3 سائەت بولىدۇ. مېدىتسىنادا قالقان بەز خىزمىتى كۈچىيىپ كېتىش كېسىلىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاستانە** ئى [پ] ① بىرەر يەرگە كىرىشتىكى بېسىپ ئۆتىدىغان جاي، ئورۇن؛ بوسۇغا: سېرىق يۈزۈمنى ئاستانەڭگە قويماقتىن مۇرادىم شۇ، بولاي دەيمەن گۈزەل بويىنتۇڭغا سالغان

كەھرىۋايىڭمەن. ② پايتەخت: گەرچە ئايرىپ تۇرسىمۇ ئارىمىزنى تاغ ـ دەريا، ئاستانىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن ئۆزەمنى. ③ ئۆي، دەرگاھ، قارارگاھ: جاھانغا كۆز ئېچىپ سەندە تۇغۇلدۇم، بۇ مېنىڭ بەختىم، تېپىلماس مەن ئۈچۈن سەندەك ھايات ئاستانىسى يەكەن. * خۇش پېئىل، كەمتەر، چېۋەر ئالىيجاناب خىسلەتكە باي، كەڭ ئىدى دوستلارغا شەپقەتلىك كۆڭۈل ئاستانىسى. ④ تۇرپانىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

**ئاستروبىئولوگىيە** ئى [گرېك] <ئاستر> ئاسترونومىيىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ ئاسمان جىسىملىرىدا جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇش شارائىتىنى تەتقىق قىلىپ، مەلۇم ئاسمان جىسمىدا جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بېكىتىدۇ، شۇنداقلا شۇ خىل جانلىقلارنىڭ ھالىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئاستروفىزىكا** ئى [ر<گرېك] <ئاستر> ئاسترونومىيىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ فىزىكىلىق تۈرلۈك ئۇسۇللار ۋە نەزەرىيىلەر ئارقىلىق ئاسمان جىسىملىرىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى خىمىيىلىك تۈزۈلۈشى، قۇرۇلمىسى، پەيدا بولۇشى ۋە ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنى؛ ھەمدە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ يورۇقلۇقى، ماسسىسى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، تېمپېراتۇرىسى، ماگنىت مەيدانى، زىچلىقى، قۇرۇلمىسى، خىمىيىلىك تەركىبى، قۇياش ۋە تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئاسترومېخانىكا** ئى [ر<گرېك] <ئاستر> ئاسترونومىيىنىڭ بىر تارمىقى، مېخانىكا قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىپ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى، شەكلى، ماسسىسى ۋە سۈنئىي ھەمراھلارنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئاسترونوم** ئى [ر] <ئاستر> ئاسترونومىيە ئالىمى، مۇتەخەسسىسى.

**ئاسترونومىيە** ئى [ر<گرېك] <ئاستر> ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورنى، تارقىلىشى، ھەرىكىتى، شەكلى، قۇرۇلمىسى، خىمىيىلىك تەركىبى، فىزىكىلىق ھالىتى ۋە ئۆزگىرىشى، تەرەققىي قىلىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئاسترونومىيە سائىتى** <ئاستر> ئاسترونومىيىنىڭ ۋاقىتنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى، ماياتنىكى ھەر سېكۇنتتا بىر قېتىم تەۋرىنىدۇ، توغرىلىق دەرىجىسى بىز ئىشلىتىۋاتقان ھەرقانداق ئەلا سۈپەتلىك ۋاقىت سائەتلىرىدىن خېلى يۇقىرى؛ ئادەتتە ۋاكۇئۇملۇق ئەينەك قۇتا ئىچىگە سېلىنىپ، تېمپېراتۇرىسى تۇراقلىق بولغان يەر ئاستى ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**ئاسترونومىيە كالېندارى** <ئاستر> ← **ئاسترونومىيە يىلنامىسى.**

**ئاسترونومىيە يىلنامىسى** بىر خىل مەخسۇس كالېندار. ئۇنىڭدا ئاسترونومىيە ۋە يەر يۈزىنى تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئاسترونومىيىلىك سانلىق مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: قۇياش، ئاي، سەييارە ۋە نەچچە يۈزلىگەن تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى؛ ئېكۋاتور كەڭلىكى؛ كۈن، ئايلارنىڭ تۇتۇلۇشى ۋە ئاسمان ھادىسىلىرىگە ئائىت ھەر خىل سانلىق مەلۇماتلاردىن ئىبارەت.

**ئاسترونومىيىلىك** سۈپ. ئاسترونومىيىگە ئائىت، ئاسترونومىيىگە تەۋە: ئالدىنقى قېتىملىق «توققۇز سەييارىنىڭ مارجانسىمان رەتلىنىشى»دەك ئاسترونومىيىلىك ھادىسە بۇنىڭدىن 179 يىل ئىلگىرى كۆرۈلگەنىدى.

**ئاسترونومىيىلىك بىرلىك** <ئاستر> ئاسترونومىيىدە ئارىلىقنى ئۆلچەيدىغان بىرلىك. ئۇنىڭدا يەر شارىدىن قۇياشقىچە بولغان ئوتتۇرىچە ئارىلىق ئۆلچەم بىرلىكى قىلىنىدۇ. قۇياش سىستېمىسىدىكى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ بىرلىك قوللىنىلىدۇ.

**ئاستۇرماق** «ئاسماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاچىقا قازان ئاستۇرما، مۇزلىغانغا ئوت ياقتۇرما (ماقال).

**ئاستۇرۇلماق** «ئاستۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاستىدا** تىر ① بىرەر ھەرىكەت ياكى ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ باشقىسى بىلەن بىرگە ياكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا سادىر بولۇشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنى سۈرۈشتۈرۈش ئۆز-ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بىلەن باراۋەر-دە. ② بىرەر ھەرىكەت ياكى ھالەتنى پەيدا قىلغان باشقا بىر ھەرىكەت، ھالەت ياكى كەچۈرمىشلەرنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ: ئۇ تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا ئاخىرى ئۇنىڭ شەرتىگە كۆندى.

**ئاستراخان** ئى [ر] روسىيە فېدېراتىپ رېسپۇبلىكىسىدىكى ئاستراخان ئوبلاستىنىڭ مەركىزى. بۇ شەھەر ۋولگا دەرياسىنىڭ كاسپىي دېڭىزىغا قۇيۇلۇش ئاغزىغا جايلاشقان.

**ئاستراخان خانلىقى** <تارىخ> تاتارلار مىلادى 1460-يىللىرى قىپچاق خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، كاسپىي دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا قۇرغان بىر فېئودال خانلىق.

**ئاستىرتىن** رەۋ. يوشۇرۇن، خۇپىيانە، مەخپىي، كىشىگە بىلدۈرمەي: ئۇ خۇپىيانە ئالاقىلىشىپ، ئابدۇللا ئەخمەتجاننىڭ قاتىللى ئىكەنلىكىنى ئاستىرتىن ھەممىگە دېگۈدەك ئۇقتۇرۇپ بولدى. * ئۇ ھەممىشە قاسىمنىڭ روھىي كەيپىياتىغا ئاستىرتىن سەپسېلىپ، ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى.

**ئاستىلاتماق** «ئاستىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەل-دەرەخلەرنىڭ قېلىن شاخ، يوپۇرماقلىرى شامالنى توسۇپ، بورانىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. * ئۇ ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر پىكاپنى كۆرۈپ، ماشىنىسىنى ئاستىلىتىپ، قائىدە بويىچە يولنىڭ چېتىگە چىقتى.

**ئاستىلاشتۇرماق** «ئاستىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شوپۇر بىردىنلا ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاشتۇردى.

**ئاستىلاشتۇرۇلماق** «ئاستىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاستىلاشماق** ① «ئاستىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② سۈرئىتى تۆۋەنلىمەك، ئاستىلىماق: مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرالماي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم، ئىگىز كۆتۈرۈلگەنسېرى ئاستىلىشىپ، پىچاقتەك قىرلىق تاشلارنى تۇتۇپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

**ئاستىلىماق** پ ① سۈرئەتنى تۆۋەنلەتمەك، كېمەيتمەك: ماشىنا تېخىمۇ ئاستىلاشقا باشلىدى. ② پەسلىمەك، ئاجىزلاشماق (ئاۋاز ھەققىدە): مىلتىق ئاۋازى بارا-بارا ئاستىلاپ كېيىن جىمىپ قالدى.

**ئاستىن** رەۋ ① ئاستى، تۆۋىنى: ئاستىن قەۋەت. ئاستىن قاپاق. ② تەگ چوڭقۇر: سەنمۇ نادان، قەدرىمنى بىلمىدىڭ! سۆزگە ئاستىنراق چۈشىنەلمىدىڭ... ئابروي ئۈچۈن ھەر نەرسىنى ئۆگەن، ئۇقمۇدۇڭمۇ «جان باقماق پەرز» دېگەن.

**ئاستىن قاپاق** كۆز چانىقىنىڭ ئاستى تەرىپى.

**ئاستىنقى** سۈپ. تۆۋەنكى، پەستىكى،

تېگىدىكى: ئۇ ئۇلاڭ قولىنى ئاق دېچۆلپاڭ كۆكلەكىنىڭ ئاستىنقى ئىككىنچى تۈگمىسى ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ ئېيتتى.

**ئاستىنقى جاغ** <زوئول> ① بەزى بوغۇم پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ ئىككىنچى جۈپ (بەزىلىرىدە ئۈچىنچى جۈپ) بولىدىغان ئوزۇقلىنىش ئورگىنى، ئۇ ئېغىزنىڭ ئىككى يان تەرىپىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ، ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئۈستىدە كۆپلىگەن قىسقا تۈكلىرى بولىدۇ. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئاستىنقى ئېڭىكى.

**ئاستىن - ئۈستۈن** بىرى ئۈستىدە ئىككىنچىسى تۆۋەندە، قەۋەتلىك، قەۋەت - قەۋەت: بىز داشۆدە ئاستىن - ئۈستۈن كارىۋاتتا يېتىپ ئوقۇدۇق.

**ئاستىن - ئۈستۈن بولماق** ① ئاستىدىكىسى ئۈستىگە، ئۈستىدىكىسى ئاستىغا، ئوڭى تەتۈر، تەتۈرى ئوڭ بولۇپ قالماق؛ ئارىلاشىپ كەتمەك، قالايمىقان بولماق، ئالماشماق: غۇلغۇلا بولغان بولسىمۇ ھېچ نەرسە ئۆزگىرىپ، ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتمىدى. * كېيىنكى گەپلەر جاپپارنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇنىڭغا جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئېسىنى يوقىتىپ قويدى. ② **ۋەيران بولماق، خاراب بولماق، بۇزۇلماق، بىتچىت بولماق:** شەھەر ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىپتۇ، لېكىن ھېچكىم بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن... * گەرچە ئۇ بارلىق مېھمانلىرىدىن ئايرىلغان، تۇرمۇشى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ، ئىچى سىيرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەقىل - ھوشى جايىدا ئىدى.

**ئاستىن - ئۈستۈن قىلماق** ① ئاستىدىكىسىنى ئۈستىگە، ئۈستىدىكىسىنى ئاستىغا، ئوڭىنى تەتۈر، تەتۈرىنى ئوڭ قىلماق، ئارىلاشتۇرۇۋەتمەك، قالايمىقان قىلماق: باغۋەن بوۋاي: — ئەي بەختىلىك ئوغلۇم! مەن سەكسەن يىل شۇ باغدا ياشاپ ئەمگەك قىلدىم. مەن ئۆمرۈمدە بۇ يەرنى نەچچە قېتىم ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ ئاغدۇرۇپ، ھېچ نەرسە تاپالمىغان ۋە ئۇچراتمىغانىدىم، — دېدى. * بۇرژۇئا ئالىملىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە سىياسىي ئۈستىدە ئېغىز ئاچماي، جۇغراپىيىۋى شارائىتنى، قانۇننى ئايرىشنىڭ بەلگىسى دەپ كۆرسىتىشى تامامەن ئىشنىڭ باش - ئايىغىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ قويغانلىق بولىدۇ. ② **ۋەيران قىلماق، خاراب قىلماق، بۇزماق، بىتچىت قىلماق:** سەن بۇ شەھەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ۋەيران قىلىشنى ياكى ئوردا سېلىپ بېرىشنى تاللىرسەن بەلكىم. * بۇگۈنكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ تىنچقىنا ھاياتىنى بۇزۇپ، ھەممىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى.

**ئاستىن - ئۈستۈنلۈك** ئاستىن - ئۈستۈن بولغان ھالەت.

**ئاسراتماق** «ئاسرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاسراش** «ئاسرىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <بىن> ئۆي - ئىمارەت، تاشيول، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش.

**ئاسراش دالىنى** <سۇ> ئاجىزلىتىش كۆلچىكىنى سۇنىڭ قاتتىق زەربىسىدىن توسۇپ، ئۇلىنىڭ كولىنىپ كېتىشىدىن ئاسرايدىغان دالان.

**ئاسراشماق** «ئاسرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاسرالماق** «ئاسرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاسراندى** سۆپ. بېقىۋېلىنغان، باشقا ئاتا - ئانا قارىمىقىغا ياكى پەرزەنتلىككە ئېلىنىپ تەربىيىلەنگەن: جاڭ ۋېنفېڭ 1953 - يىلى بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئاپىسى بىر ئاسراندى كېلىنلىكتىن كېلىپ چىققان ئائىلە ئايالى ئىدى.

**ئاسراندى بالا** باشقا ئاتا-ئانىنىڭ قارىمىقىدا ياكى پەرزەنتلىكىدە تەربىيىلەنگەن بالا: بېقىۋېلىنغان بالا: ئۇ ئەسلىدە بىر ئاسراندى بالا ئىدى.

**ئاسراندىلىق** «ئاسراندى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ئاسرىماق** پ ① قوغدىماق، ئايىماق، ساقلىماق: ئاسرىساڭ، كۆزدە يېگى كىيىم، ئاسرىمىساڭ، كۆزدە كونا كىيىم (ماقال). ② ئۆز قارىمىقىغا ياكى پەرزەنتلىككە ئېلىپ تەربىيىلىمەك؛ باقماق: تۇرغۇن كىچىكىدىلا ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بەختاخۇن ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى ئاسرىۋالغانىدى. ③ كۆتمەك، كۆيۈنمەك: ئۆلۈككە يىغلا، تىرىكنى ئاسرا (ماقال). * ئۇ بالىلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ياشلارنىمۇ بەك ئاسرايدۇ.

**ئاسسوتسىئاتسىيە** ئى [ر<لات] ① شەخسلەر ياكى ئىدارە جەمئىيەتلەرنىڭ مەلۇم ئىشنى بىجىرىشى ئۈچۈن قۇرۇلغان ئىختىيارىي بىرلەشمىسى، ئۇيۇشما. ② <پسىخول> نېرۋا-مېڭە پائالىيىتى بىلەن باغلىق بولغان ئالاھىدە پسىخىك تەسەۋۋۇرلار، پىكىرلەر، ھېس-تۇيغۇلار ئارىسىدىكى باغلىنىش ۋە شۇ باغلىنىشقا ئاساسلانغان ئەقلىي خۇلاسە: ئوقۇغۇچىلار «4-ماي» ھەرىكىتىنىڭ قانچىنچى يىلى يۈز بەرگەنلىكىنى دەرھال، بىۋاستە ئەسلەيەلمىسە ئۆكتەبر ئىنقىلابى ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى قاتارلىق تارىخىي پاكىتلاردىن پايدىلىنىپ ئاسسوتسىئاتسىيە ئېلىپ بېرىش مۇمكىن.

**ئاسسىدىيا** ئى [ر<گرېك] <زوئول> ئىپتىدائىي خوردىلىق ھايۋان، تەن شەكلى چاي چۆگۈنگە ئوخشايدۇ؛ سىرتىنى سىللوزىلىق پوست ئوراپ تۇرىدۇ؛ ئېغىز بىلەن مەقئەت تۆشۈكى تېنىنىڭ يۇقىرىسىدا بولىدۇ؛ قوش جىنسلىق بولۇپ، دېڭىز قىرغاقلىرىدا ھايات كەچۈرىدۇ. بالىسىنىڭ شەكلى قۇمچاققا ئوخشاپ كېتىدۇ؛ سۇ ئۈزەلەيدۇ، ئۇنى يېيىشكە بولىدۇ.

**ئاسسىستېنت** ئى [ر<لات] <مائار> ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان ئوقۇتقۇچى.

**ئاسسىستېنتلىق** <مائار> «ئاسسىستېنت» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**ئاسسىغ** ئى. دىئال. پايدا، نەپ، مەنپەئەت.

**ئاسسىمىلياتسىيە** ئى [ر<لات] ① <بىئول> ئۆسۈملۈك ياكى جانلىق ئورگانىزم پائالىيىتى جەريانىدا سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان ماددىلارنىڭ ئۆزلىشىشى، سىڭىشى، ھەزىم بولۇشى، ئۆزلەشتۈرۈلۈشى، سىڭدۈرۈلۈشى. ② بىر مىللەتنىڭ ئىككىنچى بىر مىللەت ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە تىلىنى ئۆزلەشتۈرۈشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بىر بولۇپ كېتىشى. ③ تىلدا ئوخشىمايدىغان، ئەمما ئۆزئارا يېقىن ئىككى تاۋۇشنىڭ بىر-بىرىگە تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە، بىرىنچىسى ئىككىنچىسىگە ياكى ئىككىنچىسى بىرىنچىسىگە ئوخشاپ كېتىشى. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇزسىز» سۆزىنىڭ «تۇسسىز»، «ئاتسا» سۆزىنىڭ «ئاسسا» تەلەپپۇز قىلىنىشىغا ئوخشاش.

**ئاسسىمىلياتسىيە بولماق** ئۆزلەشمەك. ئۆزلەشتۈرۈلمەك؛ سىڭمەك، ئوخشاپ كەتمەك.

**ئاسسىمىلياتسىيە رولى** <بىئول> جانلىقلارنىڭ يېمەكلىك تەركىبىدىن ئوزۇقلۇق ماددىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز تېنىدىكى ماددىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش ھەمدە ئېنېرگىيە سۈپىتىدە زاپاس ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ماددا ئالماشتۇرۇش جەريانى.

**ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى** ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت يولغا قويغان، ھۆكۈمران مىللەت-

نىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ، ئۆزىگە قوشۇۋېلىش سىياسىتى.

**ئاسسىمىلياتسىيە قىلماق** ئۆزلەشتۈرمەك؛ سىڭدۈرمەك، ئوخشىتىۋالماق.

**ئاسفالت** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ ئارىلاشمىسى، قارا رەڭلىك ياكى قوڭۇر قارا رەڭلىك ۋە يېلىمسىمان بولىدۇ؛ تەبىئىي چىقىدىغانلىرى ھەم نېفىت ياكى كۆمۈر مېيىنى دىستىللەش ئارقىلىق ئېلىنىدىغانلىرى بولىدۇ؛ تەركىبى ئوخشاپ كەتمەيدۇ، يول ياساشتا يولغا ياتقۇزۇلىدۇ؛ بىناكارلىقتا سۇدىن ھىمايە قىلىشى ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**ئاسفالتلىق** سۈپ. ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، ئاسفالتلانغان: جىپ ئاسفالتلىق يولدا قۇيۇندەك تېز كېتىپ باراتتى.

**ئاسفالتلىماق** پ. ئاسفالت ياتقۇزماق، ئاسفالت تۆكمەك: يولنى ئاسفالتلىماق. * شەھەرنىڭ ئاسفالتلانغان تۈپتۈز سىلىق يوللىرى سەھرادىن كىرگەن كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغايتتى.

**ئاسقا** ئى. دىئال. ئات-ئۇلاغلارنىڭ پۇتى قىسىلىپ قېلىپ، ماڭغىلى بولمايدىغان تاشلىق يەر.

**ئاسقاق I** ئى. تېرىلىدىغان يەرنىڭ توپىسىنى يۇمشىتىش، تاش-چالمىلىرىنى ئېلغاپ چىقىرىۋېتىش، بۇغداي ئېگىزلىرىدىكى چېچىلىپ كەتكەن باشاقلارنى يىغىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان چىشلىق سايمان، تىرنا.

**ئاسقاق سالماق** تېرىلغان يەرنىڭ چالمىلىرىنى يۇمشىتىش، بۇغداي ئېگىزلىرىدىكى باشاقلارنى بىر يەرگە يىغىش ئۈچۈن ئاسقاق ئىشلەتمەك.

**ئاسقاق II** (توغرىسى: ئاقساق) ← **ئاقساق**

**ئاسقاق-چولاق** (توغرىسى: ئاقساق-چولاق) ← **ئاقساق-چولاق**.

**ئاسقاقىلماق** (توغرىسى: ئاقساقىلماق) ← **ئاقساقىلماق**.

**ئاسقۇ** ئى. بىرنەرسىنى ئىلىپ، ئېسىپ قويىدىغان ئىلمەك؛ كانارا: ئاسقۇدا گۆش بولسا، بىركۈنى مېھمانغا ياراپتۇ (ماقال). * ئۇ شىرىق چاپىنىنى ئاسقۇغا ئېسىپ، روزى ئاخۇن چوڭ دادىسىنىڭ يېنىغا — پاكار چاسا جوزىغا كېلىپ ئولتۇردى.

**ئاسقۇچ** ← **ئاسقۇ**: ئۇ ئۆيگە كىرىپ، كىيىم ئاسقۇچقا سومكىسىنى ئاۋايلاپ ئاستى.

**ئاسقىماق I** (توغرىسى: ئاقسىماق) ← **ئاقسىماق**.

**ئاسكانىيە** ← **ئاسكانىيە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي**.

**ئاسكانىيە ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى** <زوئول> بىر خىل قوي، ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چىققان، ئۇنىڭدىن يۇڭ ۋە گۆش ئېلىنىدۇ؛ ئازادلىقتىن كېيىن دۆلىتىمىزگە بىرنەچچە قېتىم كىرگۈزۈلگەن؛ قوچقارلىرى 10 كىلوگرامدىن 14 كىلوگرامغىچە، ساغلىقلىرى 5.5 كىلوگرامدىن 6 كىلوگرامغىچە يۇڭ بېرىدۇ؛ ساپ يۇڭ نىسبىتى 40 پىرسەنتتىن 45 پىرسەنتكىچە بولىدۇ.

**ئاسكوربىك** ئى [ر<گرېك] ← **ئاسكوربىك كىسلاتا**.

**ئاسكوربىك كىسلاتا** <خىم> ۋىتامىن C.

**ئاسلان** ئى. مۈشۈكنىڭ بالىسى: — باشقىلارنى بۇنچە زورلىغانىنىڭ پايدىسى نېمە، ھارۋىدىن يېشىۋېتىپ، نان-پان، گۆش-پۇش بېرىپ، ئاسلاننى ئالداپ ئېلىپ ماڭساق بولمامدىكەن؟ — دېدى زىۋەرشا ئۆزىنىڭ ئويلاپ تاپقان ئوخشىتىشىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرىدى.

**ئاسلانلاتماق** «ئاسلانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاسلانلىماق** پ. تۇغماق، باللىماق (مۈشۈك ھەققىدە): چوڭ مۈشۈك ئاسلانلاپتۇ.

**ئاسما** ① سۇپ ئېسىپ قويىدىغان، ئېسىپ قويۇش ئۈچۈن مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان: ئاسما بۆشۈك. ئاسما كۆۋرۈك. • ئىشىك ئېچىلىپ كالتە جۇۋا كىيگەن بىر دېھقان چىقتى ـ دە، ئىشىككە ئاسما قۇلۇپ سالدى. ② ئى. كىيىم تىكىدىغان ماشىنىنىڭ بىر ئۇچى مىخقا يەنە بىر ئۇچى چوكىغا تۇتىشىپ، ئىككىسىنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر خىل سايمىنى.

**ئاسما باغ** كىگىزچىلىكتە يۇڭ ئېتىش دۇكىنىنىڭ قول بېغى بىلەن ئاسما ياغاچقا باغلانغان كىرىچ يىپ.

**ئاسما بۆشۈك** ئېسىپ قويۇلىدىغان بۆشۈك.

**ئاسما تەك** ئۆزى ئۈنۈپ قالغان، يىل بويى كۆمەيدىغان، دەرەخكە ئېسىلىپ تۇرىدىغان ياۋا ئۈزۈم.

**ئاسما تورۇس** <بىن> ئىسسىقلىقنى ساقلاش، ئاۋاز تىمبىرىنى ياخشىلاش ۋە تورۇسنى تۈز، چىرايلىق چىقىرىشى ئۈچۈن تورۇس ئاستىغا ئېسىپ توختاتقان ئاستىنقى تورۇس.

**ئاسما چىراغ** <ئېل> ئېسىپ قويۇلىدىغان چىراغ: بۇ يەردىكى سېپىلغا ئېسىلغان ئاسما چىراغلار ئۆچۈرۈۋېتىلگەنلىكتىن دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا بىناسىغا ئورۇنلاشقان پارتىزانلار سېپىلدىن چۈشكەن دۈشمەنلەرنى كۆرەلمەي قالدى.

**ئاسما خەرىتە** تامغا ئېسىپ قويۇلىدىغان خەرىتە: كۆرسەتمىلىك قورالار ۋە ئاسما خەرىتىلەرنى پەقەت ئىشلىتىش ۋاقتىدا كۆرسىتىش كېرەك.

**ئاسما سائەت** تامغا ئېسىپ قويۇلىدىغان سائەت.

**ئاسما شىم** مۈرىدىن ئايلاندۇرۇلغان ئىككى تال ئاسما لېنتا ئارقىلىق بەللىكى تۇتاشتۇرۇلغان شىم. ئۇ ئادەتتە مەخسۇس كەسىپلەردىكى ئىشچىلار ئۈچۈن تىكىلىدۇ.

**ئاسما كەمەر** مۈرىدىن ئايلاندۇرۇلۇپ شىمنىڭ بەللىكى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان لاتا كەمەر.

**ئاسما كىران** <ماشىن> سېخنىڭ ئۈستۈنكى بوشلۇق قىسمىغا جايلاشتۇرۇلغان، ھەممىدە ئۇ ياق، بۇ ياققا ماڭالايدىغان كىران.

**ئاسما كۆۋرۈك** ① ھەممىسى ياكى بەلۈم قىسمى ئېسىپ قويۇلىدىغان، چۈشۈرۈشكە بولىدىغان بىر خىل كۆۋرۈك. ② دەريا ۋە تاغ جىلغىلىرىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇ قاتتىن بۇ قاتقا پولات سىم تارتىپ ياسالغان كۆۋرۈك: چۈشتىن كېيىن بىز يەنتەي ئارىلىغا بېرىش ئۈچۈن ئاسما كۆۋرۈك يېنىغا باردۇق.

**ئاسما لامپا** تام ياكى تورۇسقا ئېسىپ قويۇشقا ياكى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە بولىدىغان لامپا: ئۇنىڭ ئائىلىسىدە جىم-جىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ تۇراتتى، قۇپقۇرۇق ئايۋان ـ سارايدا يالغۇز بىرلا ئاسمالامپا يېنىپ تۇراتتى.

**ئاسما مايكا** يەڭ ۋە ياقىسى يوق ئىچ كىيىم: شەھىرىمىزدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى يېقىندا يېڭىدىن بازارغا سېلىنغان ئاسما مايكا قاتارلىق ھەر خىل كىيىم ـ كېچەك، توقۇلما بۇيۇملارنى سېتىۋالدى.

**ئاسما ھالقا** <تەن> ① جازا ئۈستىگە ئىككى تال ئارغامچىنى ئېسىپ، ئارغامچا ئۇچىغا بىردىن ھالقا ئورنىتىلغان گىمناستىكا ئەسۋابى ② گىمناستىكا مۇسابىقىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلەر ئىككى قولى بىلەن ئاسما ھالقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلايدىغان بىر خىل تۈرى.

**ئاسما ئۇكۇل** <تىب> گلۇكوزا، فىزىئولوگىيىلىك تۇز سۇلىرىنى بوتۇلكا بىلەن جازىغا ئېسىپ قويۇپ، كېسەلنىڭ تومۇرىغا ئاستا ـ ئاستا كىرگۈزۈپ، قان مىقدارىنى تولۇقلايدىغان بىر خىل ئۇكۇل: سېستىرا قىز كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بالىغا چۈشۈۋاتقان ئاسما ئۇكۇلنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى.

**ئاسما ۋاگون** <ماشن> يانتۇ تاغ باغىرلىرىدا يۈكنى ئېلېكتر دۆۋگاتېل بىلەن تارتىپ چىقىرىدىغان ھەم چۈشۈرىدىغان قاتناش قورالى.

**ئاسما ياغاچ** كىگىزچىلىكتىكى دۆكان غول ياغىچىنى ئاسما باغ ئارقىلىق كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان، يەرگە ئۆرە قادالغان، ئۇچى ئېگىلگەن ياغاچ.

**ئاسما يەلكە** <ماشن> بەزى ماشىنا، مېخانىزملارنىڭ سىرتقا چىقىپ تۇرىدىغان بەلەككە ئوخشاش قىسمى.

**ئاسماق I** ئى ① ئالما، نەشپۈت، جىگدە ئۈزۈم... قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ مېۋىلىگەن جايى بىلەن مېۋىسىنىڭ تۇتىشىدىغان قىسمى ياكى ساپىقى. ② مېۋە ئاسىدىغان ئاسقۇ: بىر ئۈچكىدە يېتىلگەن قوش مېغىز بولدى، بىر ئاسماقتا ئېسىلغان قوش ئالما بولدى.

**ئاسماق ئالۇس** <بوت> قىيىن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇمسىمان شەكىللىك بولۇپ، ئالدىنقى ئۇچى ئۇچلۇق كېلىدۇ؛ مېۋە باشقى ئۇللىپس شەكىلدە بولۇپ، تۆۋەنگە ساڭگىلايدۇ، ياغىچى يۇمشاراق كېلىدۇ.

**ئاسماق مېۋە** <بوت> ئۇسۇملۇك مېۋىلىرىنىڭ بىر خىلى. تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: داڭگۈي مېۋىسى.

**ئاسماق II** پ ① بىرەر نەرسىنى ئاستى يەرگە تەگمەيدىغان ھالەتتە باغلىماق، ئىلماق، ساڭگىلاتماق؛ بېكىتمەك، ئورۇنلاشتۇرماق: مارجان ئاسماق. قىلىچ ئاسماق. مىلتىق ئاسماق. * ئۈزۈچكىنى ئۆز ئايىغى بىلەن ئاسار (ماقال). * ئوقۇغۇچىلار پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن بولۇپ، ھەر خىل سومكىلارنى تۇتقان ۋە بويىنغا ئاسقان ھالدا نېمىلەرنىدۇ يادلاپ ماڭاتتى. ② كۆچمە. بويىنغا سىرتماق سېلىپ ئۆلتۈرمەك: دارغا ئاسماق. * ماشىنىچى ھاكىمغا: «جوھۇتنى ئازاد قىلسىڭ، ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى ئېسىڭ!» دەپتۇ.

**ئاسماق-ئاسماق** توپ-توپ، غۇژمەك-غۇژمەك مېۋىلىگەن؛ ھەربىر ساپاق ياكى بېغىدىكى مېۋىلىرىنىڭ سانى كۆپ: ماشىنا ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، يولغا سايە تاشلاپ تۇرغان ئاسماق-ئاسماق نان جىگدىلەرگە زوق-ھەۋەس بىلەن تىكىلمەكتىمەن. * ھويلىدا بىر تۈپ ئالما دەرىخى شۇنچە يوغىنىغان بولۇپ، ئاسماق-ئاسماق ئالمىلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى.

**ئاسماقچى** ئى. يىپىدىن يىڭنىسىگىچە كوچىلاپ، زىغىرلاپ سورايدىغان كىشى: غەر غەرەزچى كېلەر، ئوغرى ئاسماقچى (ماقال).

**ئاسماقچىلىماق** پ. زىغىرلاپ، كوچىلاپ، يىپىدىن يىڭنىسىگىچە، ھېچنېمىسىنى قويماي سورىماق: ھۆشۈر ئۇنچىقمىدى. سادىرنىڭ جاۋابى ئۇنى قايىل قىلدىمۇ، ياكى يەنە ئاسماقچىلاپ سوراشقا سوئالى قالمىدىمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى.

**ئاسمان** ئى [پ] <ئاستر> ① يەر ئۈستىدە گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ھاۋا رەڭ بوشلۇق؛ پەلەك، كۆك: ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق (ماقال). ② كۆچمە. يۇقىرى دەرىجىدە، يېتىپ بولمايدىغان دەرىجىدە يۇقىرى، ئېگىز: ئوسمانىنىڭ ئۇچۇرغان ئايروپىلانى تېزلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، موللاق ئېتىشقا باشلىدى.

**ئاسمان تاپان** ← **ھاۋا تاپان:** ئۇ يىقىلىپ ئاسمان تاپان بولۇپ قالدى.

**ئاسمان تاپان قىلماق** ← **ھاۋا تاپان قىلماق.**

**ئاسمان تاپىلاق** دىئال ← **ھاۋا تاپان.**

**ئاسمان جىسىملىرى** <ئاستر> قۇياش، يەر شارى، ئاي ۋە باشقا تۇرغۇن يۇلتۇز، سەييارە، ھەمراھلار، شۇنداقلا قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز، ئاقار يۇلتۇز، ئالەم چېڭى، تۇمانلىق يۇلتۇزلار قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئاسمان دولقۇنى** <فىز> يەر شارى يۈزىدىن ئايرىلىپ تارقىلىدىغان سىمسىز رادىئو دولقۇنى.

www.uyghurkitap.com

**ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىماق** خام خىيال قىلماق، ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيالنى قىلماق، يوقلۇق نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلماق: چارپادىشاھ ۋە ئۇنىڭ بۇرژۇئا ئىتتىپاقچىلىرىدىن تىنچلىقتا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىش تامامەن ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىغانلىق.

**ئاسماندىن چۈشكەندەك** تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت: كامىل ئىككى رومكا ئىچىۋېلىپ پۈلنى تۆلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ يېنىغا ئاسماندىن چۈشكەندەك زەينەپ پەيدا بولۇپ قالدى.

**ئاسمانغا ئاسماق** بەك يۇقىرى باھا قويماق، باھاسىنى ناھايىتى يۇقىرى ئېيتماق: كونا گىلەمنى ئاسمانغا ئېسىپ تۇرسا، كىم ئالىدۇ؟

**ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان** ھەددىدىن تاشقىرى كەپسىز، ئىنتايىن يامان، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان؛ بەڭباش: ساۋۇر ئاكامنىڭ بالىسى سەمەت ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان بالا بولۇپتۇ.

**ئاسمانغا تۈۋرۈك بولالامتىڭمۇ؟** يوغناپ، ئۆسۈپ نەگە بارىسەن؟ يەنىمۇ ئۆسۈپ يوغناپ نەگە باراتتىڭ.

**ئاسمانغا چىقارماق** ھەددىدىن زىيادە ماختىماق، ماختاپ ئۇچۇرماق: — ئۇنى ماختاپ ئاسمانغا چىقىرىۋەتتىڭغۇ؟ — دېدى دوستۇم كۈلۈپ تۇرۇپ.

**ئاسمانغا چىقسا تاپىنىدىن، يەرگە كىرسە كوكۇلىسىدىن تارتماق** ھەرقانداق قىلىسىمۇ قۇتۇلغىلى يول قويماي تۇتۇۋالماق: ئەگەر، ئۇلار ئاسمانغا چىقسا تاپىنىدىن، يەرگە كىرسە كوكۇلىسىدىن تارتىپ چىقىمىز.

**ئاسمانغا چىقىرىپ، يەرگە ئۇرماق** ئاۋۋال تازا ماختاپ، كېيىن شەرمەندە قىلماق: — غوجام، — دەپتۇ زىرەك، — ئۇ بىچارىنى ئاسمانغا چىقىرىپ يەرگە ئۇرۇۋاتىسىز. ئۇنىڭدا نىمە قەستىڭىز بار ئىدى، بۇ ئىشىڭىز قىلچىمۇ ياخشى ئەمەس.

**ئاسمان قەرى** ئاسماننىڭ ئەڭ ئېگىز قىسمى، ئەڭ ئېگىز بوشلۇق: ئايروپىلان بارغانسېرى ئېگىزلەپ ئاسمان قەرىدە ئۇچماقتا ئىدى. * قۇلدىمىغا بەگنىڭ سەمەر ئاخۇن ئاكامنى تۇتقا تاشلاپ تۇرۇپ سىگلىم بىلەن ئايىقىزنى ئاسماننىڭ قەرىگە، يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، تۇتىسام، يۇرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، جازاسىنى بەرمىسەم، بەگ بولماي كېتەي! — دەپ قەسەم ئىچىپ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى.

**ئاسمان گلوبۇسى** <ئاستر> شار شەكىلدىكى ئاسترونومىيە ئۈسكۈنىسى، ئۇنىڭدا يۇلتۇزلار تۈركۈمى، ئېكۋاتور، ئېكلىپتىكا قاتارلىقلارنىڭ ئورنى ئويۇپ كۆرسىتىلگەن.

**ئاسمان ھادىسىسى** <ئاستر> ① ئاسترونومىيىلىك ھادىسىلەر. ② ئاسماندىكى شامال، بۇلۇت قاتارلىقلاردا ئۆزگىرىش بولۇش ھادىسىسى: كىشىلەر دائىم ئاسمان ھادىسىلىرىگە ئاساسەن، ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئالدىن مۆلچەرلەيدۇ.

**ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتسە، تېگىدە مانتا يەيدىغان** ھېچنېمىدىن ئەندىشە ۋە غەم قىلمايدىغان؛ بىغەم، بىپەرۋا: جەمئىيەتتە ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتسە، تېگىدە مانتا يەيدىغان كىشىلەر ئازمۇ؟

**ئاسمان ئۆڭتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ** ھېچ گەپ يوق، ھېچنېمە بولمايدۇ، ئالاھىدە ۋەقە يۈز بەرمەيدۇ: ئادەم شۇنداقمۇ قورقۇنچاق بولامدۇ؟ بۇنچىلىك ئىشنى قىلغانغا ئاسمان ئۆڭتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ!

**ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق** بەك قىيىن ئەھۋالدا قالغان، ئىنتايىن بېشى قاتقان: بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پاتىمگە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كېلىپتۇ.

**ئاسمان-پەلەك** ① ئېگىز ئاسمان: لەپىلدەپ چۇقىدا تورغاي زەپەردىن خۇش خەۋەر بەردى، ئىلىم-ھېكمەت قىلىپ جەۋلان سۈزۈك ئاسمان-پەلەكلەردە. ② كۆچمە. ناھايىتى ئېگىز،

چەكسىز ئېگىز: ئۇ شۇ چاغدا يىراقتىن ئاسمان - پەلەك بىر چاڭ - توزاننىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. * يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاسمان - پەلەك بوي تارتقان سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ ياپراقلىرى لەرزان شامالدا شىلدىرلىماقتا.

**ئاسمان-زېمىن** ئاسمان ۋە زېمىن؛ ئاسمان ۋە زېمىنغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسە: ئەر مەزلۇم جەسەتنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ بىھوش بولدى، بۇ كۈنى شەھەرنىڭ ئىچى غۇلغۇلىغا تولدى، ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كەلدى.

**ئاسمان-زېمىن پەرق بار** ناھايىتى كۆپ پەرقى بار، پەرقى ئىنتايىن چوڭ: ئادىل بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئىشتا ھەقىقەتەنمۇ ئاسمان - زېمىن پەرق بار ئىدى، قېنىم قايىندى.

**ئاسمغان** «ئاسماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئاسمغان قازاننىڭ ئېشىنى يېمەك.

**ئاسمغان قازاننىڭ ئېشىنى يېمەك** يوق نەرسىدىن ئۈمىدلەنمەك، قۇرۇق خىيال بىلەن ئۆزىنى ئالدىماق: ئاسمغان قازاننىڭ ئېشىنى يەپ ئولتۇرۇۋەرسەك، جىق نەرسىدىن قۇرۇق قالىمىز.

**ئاسغدىماق** پ. دىئال. ئەنتۋارلىماق، كۆزى قىيماسلىق، قىسىنماق.

**ئاسىي** سۈپ [ئە] ① گۇناھكار، گۇناھ قىلغۇچى: ئاسىي بەندە. ② خائىن، ساتقۇن: ئاسىيلارنى تارىخ ھامان بىركۈنى جازالايدۇ. * جاھانگىرلار مۇنداق مەملىكەتلەرگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان چاغدا، بۇ مەملىكەتلەردىكى ھەرقايسى سىنىپلار، ۋەتەن ئاسىيلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ۋاقىتنچە ئىتتىپاقلىشىپ، مىللىي ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش يولى بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدۇ.

**ئاسىيا** ئى [ئە] <جۇغ>—→ **ئاسىيا قىتئەسى.**

**ئاسىيا قىتئەسى** <جۇغ> دۇنيادىكى يەتتە قىتئەنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ قىتئە بولۇپ، شەرقىي يېرىم شارنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان؛ شىمال، شەرق ۋە جەنۇپ تەرىپى ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىماليي مۇز ئوكيان، تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكيان، غەرب قىسمى ئوتتۇرا دېڭىز ۋە قارا دېڭىزغا تۇتىشىدۇ؛ غەربتىن ئۇرال تاغلىرى، ئۇرال دەرياسى، كاسپىي دېڭىزى، ئالپ تاغلىرى، قارا دېڭىز بوغۇزى ئارقىلىق ياۋروپا بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛ غەربىي جەنۇبتىن سۇۋەيش قانىلى، قىزىل دېڭىز ئارقىلىق ئافرىقا بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛ شەرقىي شىمالدىن بېرىنگ بوغۇزى ئارقىلىق شىماليي ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ؛ شەرقىي جەنۇبتىن تېمو ئارىلى بىلەن ئاۋستىرالىيە ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز ئارقىلىق ئوكيانىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

**ئاسىيالىق** ئى. ئاسىيا قىتئەسىدە تۇغۇلۇپ، ئۆسكەن، ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان ياكى ئاسىيادا ياشايدىغان، ئاسىيادا تۇرۇشلۇق كىشى: مەن ئاسىيالىق.

**ئاسىيلىق** «ئاسىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: چەت ئەلگە باغلىنىپ ئاخبارات يوللاپ ۋەتەنگە قىلىنغان ئاسىيلىقنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ.

**ئاسىيلىق قىلماق** ئۆز سىنىپى ياكى تەشكىلىدىن يۈز ئۆرۈپ، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەك ياكى دۈشمەن ئۈچۈن خىزمەت قىلماق؛ دۈشمەنگە سېتىلماق، خائىنلىق قىلماق: ئۇ ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماي توختىماي ئېتىلىۋاتقان توپ، مىلتىق ئوقلىرى ئىچىدىن يارىدارلارنى قۇتقۇزۇپ چىققان تۇرۇقلۇق، دۈشمەن تۇرمىسىدە قانداقمۇ ئاسىيلىق قىلسۇن؟

**ئاش I** ئى [پ] ① قازاندا پىشۇرۇلغان تاماق؛ غىزا، يېمەكلىك: ئىش بار يەردە ئاش بار (ماقال). * يارىم تۇرۇپ يېنىمدا، جوزا قويۇپ ئاش قويسا. ھەركىم سۆيگەن يار بىلەن، بىر تەكىيگە باش قويسا. ② پولۇ، قويۇقئاش: ئاش دەملىمەك. * بىز ئاش دەم يېگۈچە، باغقا

كىرىپ ئايلىنىپ چىقتۇق. ③ ئۇن چىقىرىلىدىغان دانلىق زىرائەت: بەشىنچى ئايدا بېشىنى كۆردۈم، ئالتىنچى ئايدا ئېشىنى (ماقال). * كومپارتىيە ھەرگىزمۇ يالغان سۆزنى قىلمايدۇ، بارلىق ئاشنى سۈپۈرۈپ، ساڭنى مىخلاپ ئالمايدۇ.

**ئاش ئەتمەك** تاماق قىلماق، تاماق تەييارلىماق، تاماق ھازىرلىماق: بېشى ئاغرىپ، سەلىمىخاننىڭ، ئورۇن تۇتۇپ قالغانىكەن يېتىپ، رەھمىتىنى ئالدى لەيلىگۈل، تېزلىك بىلەن ئاش ئېتىپ بېرىپ.

**ئاش بەرگەن قازاننى چاقماق** ياخشىلىققا يامانلىق قىلماق، ۋاپاغا جاپا قىلماق: ئاش بەرگەن قازاننى ئانداق ئاسان چاقمايلى، تۆت تەڭگە پۇلنى كۆرۈپلا، شاخلاپ كەتسەك بولماس، بولمىسا سەن بازارنى ئايلىنىپ، ئالدىغان نەرسىلىرىڭنى دىتلىغاچ تاماشا قىلىپ كەل.

**ئاش بولماق** سىڭمەك، بەرىكەت قىلماق، ئەسقاتماق، قۇتماق: باقشى رەپىق ئاكىنىڭ قويلىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي: — خۇدايىم ماللىرىنى ئاش بولغىلى نېسىپ قىلسۇن... ھال - كۈنلىرى قانداقراق كېتىپ بارىدۇ، تۇغقان؟ — دېدى. * ئۇ بۇ قىزغا: — خېنىم بالىكەنلا، بەك چىرايلىقكەنلا، بىزدەك دېھقانغا ئاش بولالامسۇ؟ — دېدى.

**ئاش تارتماق** مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئاش قويماق، ئاش كەلتۈرمەك: — بېگىم، قازانغا گۈرۈچ سېلىپ قويدۇق، سىلىمۇ بىرئاز ئولتۇرۇپ بەرسىلە، جامائەتكە ئاش تارتقۇزايلى، — دېدى ساھىبخانا.

**ئاش تۇزى** ئانئورگانىك بىرىكمە، شۇنىڭدەك تەركىبىدە ناترىي خلور بولغان، رەڭسىز ياكى ئاق رەڭلىك كرىستال جىسىم. ئۇ دانىچە ياكى كالىلەك ھالەتتە بولۇپ، پۇراقلىق كېلىدۇ؛ بوياق، ئەينەك، سوپۇن قاتارلىقلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىشتىن تاشقىرى، يەنە ئاشلىق تەمىنى تەڭشەش، چىرىشتىن ساقلاش قاتارلىقلاردا مۇھىم ماتېرىيال قىلىنىدۇ. بۇ دېڭىز تۇزى، تاغ تۇزى، كۆل تۇزى ۋە قۇدۇق تۇزىدىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدۇ. «تۇز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاش تېپىپ يېمەك ← نان تېپىپ يېمەك**: ئۇ قەيەرگىلا بارسا بىر قاچا ئاش تېپىپ يېيەلەيدۇ.

**ئاشقا توپا سالماق** بىراۋنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزمەك، بۇزغۇنچىلىق قىلماق، كاشىلا تۇغدۇرماق: — خەپ! ئۇ ئاشقىمۇ توپا ساپتۇ - دە، بۇ كۆكتۆشلەر، — دېدى ھەۋزىنىسانى ئابدۇقېيۇمغا بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان قۇربان ئاخۇن، — قېنى، بىر تۇتۇشۇپ كۆرەيلى، قىز سېنىڭ ئۆيۈڭگە كىرەمدۇ، يا مېنىڭ ئۆيۈمگىمۇ؟ كۆرىمىز تېخى.

**ئاشقا چۈشۈن چۈشمەك** تەييار بولغان، ھەل بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئىش بۇزۇلماق؛ مەنپەئەت زىيانغا ئۇچرىماق، توسالغۇ پەيدا بولماق.

**ئاشقا قوم ئارىلاشماق** بىر - بىرىگە مۇتلەق ماس كەلمەيدىغان نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالماق: — ماقۇل بىللە ئوينايلى دېسە قانداق قىلاتتىڭ، — دېدى رەقىب ماڭا خاپا بولۇپ، — تازا ئاشقا قوم ئارىلاشقان بولاتتى!.

**ئاش II** ئى. تېرىنى ئاشلاش ئۈچۈن ئۇن، تۇز ۋە سۈنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئېچىتىپ تەييارلانغان ئۇماچ.

**ئاش بەرمەك ← ئاشلىماق.**

**ئاش - پاش** تاماق ھەم تاماق دائىرىسىگە كىرىدىغان ھەر خىل تائام، يېمەكلىكلەر: ھېيىزىخان مەنسىلىك قىلىپ: — ھۇنەردە گۈل كەلتۈرىدىغان ئەپچىل قوللىرى بولغانىدىن كېيىن، ئاش - پاش ئېتىشنىمۇ ئۆگەنسىلە، ئۇستام، — دېدى.

**ئاشپەز** ئى [پ] ئاشخانىلاردا تاماق ئېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تاماق ئېتىشنى

كەسىپ قىلىغان ئادەم: قاسساپ ماي چاپ-
نايدۇ، ئاشپەز گۆش چاينايدۇ (ماقال). * پاھ، نېمدېگەن ئاۋات بازار بۇ؟ ئاشپەز، ناۋايلارنىڭ ۋارقىرىشى، بۇنىڭغا ماروژنى چىقىرىدىغان ماشىنىلارنىڭ غالدۇر - غۇلدۇرلىرى قوشۇلۇپ بازارنى بېشىغا كىيىپتۇ.

**ئاشپەزگە پۇل بېرىپ، ناۋايغا قارايدىغان** بىرەر ئىشنى لايىقىدا قىلالمايدىغان؛ ھاڭۋاقتى: ئۇ ئاشپەزگە پۇل بېرىپ ناۋايغا قارايدىغانلارنىڭ بىرى.

**ئاشپەزچىلىك** (توغرىسى: ئاشپەزلىك)← **ئاشپەزلىك.**

**ئاشپەزلىك** «ئاشپەز» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: بۇ جايدا لېنىگە ئاشپەزلىك قىلغاندىن باشقا، مۇشۇنداق يېرىم كېچىدە كەلگەنلەرگىمۇ تاماق ئېتىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

**ئاشپۇزۇل** ئى. ئاشخانا، تاماقخانا: ئۇ ئەسلىدە بىر تۆمۈرچى ئىدى، بىر چاغلاردا يوشۇرۇن رەۋىشتە كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىرگەن بولۇپ، ئاشپۇزۇل ئېچىپ ئالاقىچى بولغان، ئىنقىلابىي يولداشلارنىڭ مەخپىي ھەرىكىتىگە سايىۋەنمۇ بولغانىدى.

**ئاش-تائام** ← **ئاش-تاماق:** مەن ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمىنى، يۇرتىنى، سورىۋالمىغىنىم ئۈچۈن كۆپ پۇشايمان قىلدىم، ئاتا - ئانامغا ئېيتالمىدىم، كېيىن ئاش - تائامدىن قالدىم.

**ئاشتاختا** ئى [ئاش+تاختا] خېمىر يۇغۇرۇش، يېيىش ۋە تۈرلۈك ئۇن تاماقلىرىنى ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس تاختا: ئۇ ئۆيدە كۆكلەكلەرنىڭ ياقلىرى يىرتىلغان، يۈزلەر مۇشۇك تاتىلىغاندەك قىيما - يارما بولغان، ئاشتاختا، نوغۇچىلارغىچە سۇنغان، ئۆي ئىچى پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستۈن بولغان مەنزىرىلەر پات - پاتلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**ئاش-تاماق** تۈرلۈك تاماق-غىزالار، تائاملار: بىر ئائىلىگە نىسبەتەن ھەر ئايدا بولىدىغان خىراجەت ئاساسەن ئاش - تاماق ئۈچۈن بولىدۇ.

**ئاش-تۈز** ئاش - تاماق، غىزا: شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مېنىڭ ئاش - تۈزۈمنى يەپ تۇرۇپ، ماڭا ئۇنچىلىك ئەسكىلىك قىلماس.

**ئاشخانا** ئى [پ] ① تاماق تەييارلاش، تاماق ئېتىش ئۈچۈن مەخسۇس ھازىرلانغان ئۆي - ئىمارەت: گۈلدەستە باتۇرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. ② ئىدارە، ئورگانلاردىكى خادىملار، مەكتەپلەردە بولسا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار تاماق يەيدىغان ئورۇن: ئاشخانا خىزمىتى قارىماققا ئاددىي بولغان بىلەن كۆپچىلىكنى رازى قىلىپ كېتىش تەس ئوخشىمامدۇ؟

**ئاشسۇ** ئى [ئاش+سۇ] توي مۇراسىمىدا مېھمانلارغا زىياپەت بېرىش ئۈچۈن ئوغۇل تەرەپتىن قىز تەرەپكە بېرىلىدىغان نەرسىلەر: پەقەت توينىڭ ئاشسۇيىگىلا ئادەتتىكى ئىككى توينىڭ چىقىمى سەرپ قىلىندى. كۈيئوغۇلنىڭ مەردلىكىگە شەرىخان كۆڭلىدە تولىمۇ قايىل بولدى.

**ئاشسۇينى بەرمەك** ئوغۇل تەرەپتىن توي مۇراسىمىدا مېھمانلارغا زىياپەت بېرىش ئۈچۈن قىز تەرەپكە بېرىلىدىغان نەرسىلەرنى بەرمەك.

**ئاش-غىزا** ← **ئاش-تاماق:** توي كۈنى ئاش - غىزا ۋاقتىدا ئۈلگۈرمەي، مېھمانلارنى بىرئاز ساقلىتىپ قويدۇق.

**ئاشقازان** ئى [ئاش+قازان] <بئول> ئادەم ۋە بەزى ھايۋانلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئورگىنى: ئاشقازان كېسىلى. * ئۇ سىلەرگە يول باشلايدۇ. ئاڭلىشىمچە، بالىنىڭ ئاشقازىنىدا ئوزۇقلۇق ناھايىتى مول ئىكەن.

**ئاشقازان ئاستى بېزى** <بئول> ← **ئۆيقۇلۇق.**

**ئاشقازان بوشلۇقى** <تىب> تىبابەتچىلىكتە ئاشقازاننىڭ ئىچكى بوشلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئاشقازان بېزى**<بئول> ئاشقازان سۇيۇقلۇقى

ئىشلەپچىقىرىدىغان بەز، ئاشقازان شىللىق پەردىسىگە قويۇق تارقالغان بولىدۇ؛ سانى تەخمىنەن 5 مىليارد دانە بولۇپ، بىر كېچە-كۈندۈزدە ئىككى لىتىر ئاشقازان سۇيۇقلۇقى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

**ئاشقازان تۆۋەنلەش** <تىب> ئاشقازاننىڭ قورساق بوشلۇقى ئىچىدە تۆۋەنگە ساڭگىلاپ كېتىش كېسىلى، ئۇ تەن ئاجىزلىقى، ئاشقازاننى تۇراقلاندۇرغۇچى تارىمۇشلارنىڭ بوشاپ كېتىپ كۈچسىزلىنىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ، ئالامەتلىرى: قورساق كۆپۈش، ئاغرىش، جىسىم ياتقاندا يۇقىرىقى ئالامەتلەر يوقىلىپ، ماڭغاندا كۈچىيىشتىن ئىبارەت.

**ئاشقازان چىقىش ئاغزى** <ئانات> ئاشقازاننىڭ ئون ئىككى بارماق ئۈچەيگە تۇتاشقان يېرى.

**ئاشقازان چىقىش ئاغزى تارايماق** <تىب> ئون ئىككى بارماق ئۈچەينىڭ ياللۇغلىنىشى، سىپازمىلىنىشى ۋە سۇلۇق ئىششىقى سەۋەبىدىن ئاشقازان چىقىش ئاغزى كىچىكلىمەك.

**ئاشقازان راكى** <تىب> ئاشقازان شىللىق پەردىسىدە كۆرۈلىدىغان يامان سۈپەتلىك ئۆسمە.

**ئاشقازان سۇيۇقلۇقى** <بىئول> ئاشقازان بېزىدىن ئاجراپ چىقىدىغان كىسلاتالىق، رەڭسىز، سۈزۈك سۇيۇقلۇق، تەركىبىدە ئاساسەن پېپسىن، تۇز كىسلاتاسى ۋە شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلار بولۇپ، يېمەكلىكلەرنى ھەزىم قىلىش ۋە باكتېرىيىنى ئۆلتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئاشقازان كېڭىيىشى** <تىب> ئاشقازاننىڭ ھەرىكىتى توسالغۇغا ئۇچراش سەۋەبىدىن ئاشقازاننىڭ كېڭىيىپ، ئوزۇق قوبۇل قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىشى.

**ئاشقازان كىرىش ئاغزى** <ئانات> ئاشقازاننىڭ قىزىلئۆڭگەچكە تۇتاشقان يېرىدىكى ئاغزى.

**ئاشقازان كىسلاتاسى** <بىئول> ئاشقازان سۇيۇقلۇقى تەركىبىدىكى تۇز كىسلاتاسى. ئۇ ئاقسىلنىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە باكتېرىيىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ.

**ئاشقازان ئۈچەي ياللۇغى** <تىب> ئاشقازان ۋە ئۈچەي شىللىق پەردىلىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى.

**ئاشقازان يارىسى** <تىب> ئاشقازان شىللىق پەردىسىنىڭ زېدىلىنىش كېسىلى.

**ئاشقازان ياللۇغى** <تىب> ئاشقازان شىللىق پەردىسىنىڭ ئۆتكۈر ياكى سوزۇلما خاراكتېرلىك ياللۇغلىنىشى.

**ئاشقان-تاشقان** لازىم قىلىنىپ، ئېشىپ قالغان؛ قالدۇق: مەن شۇ يىلى قىشنىڭ قارا سوغۇق كۈنلىرىدە ھېيتگاھ ئەتراپىدىكى بىر ئايال خوجايىنىنىڭ ئاشپۇزۇلىدا كۈن بويى سۇ توشۇپ، ئوتۇن يېرىپ، ئوچاقتا ئوت قالاپ، ئاشقان-تاشقان نەرسىلەرنى يەپ كۈن ئۆتكۈزدۈم.

**ئاشقودا** ئى. دىئال. چوڭ چىنە، ئاپقۇر چىنە.

**ئاشكارا** سۈپ [پ] ① ھەممىگە مەلۇم، ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان، **يوشۇرۇنمىغان**، ئوچۇق: ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا (ماقال). • ئۇلار ماڭا تولىمۇ قاتتىق، تولىمۇ ئاشكارا نازارەت قىلىۋاتقاچقا، بەزى ئوقۇغۇچىلار ۋە ياش ئوقۇتقۇچىلارمۇ بۇنىڭغا ھەيران قېلىۋاتىدۇ ۋە بۇنىڭدىن نارازى بولۇۋاتىدۇ. ② رەۋ. **يوشۇرماستىن**، ئەيىنەن، ئوپئوچۇق: سەمەت بىرنەچچە ئاي يوشۇرۇنۇپ يۈردى، گومىنداڭنىڭ تىنتىشى تۈگىگەندىن كېيىن، ئاندىن كوچىلاردا ئاشكارا يۈرەلەيدىغان بولدى. • ئۇنىڭ خاتالاشقانلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ؟

**ئاشكارا ئالامەت** <بىئول> قارىمۇقارشى ئالامەتلىك ئىككى ئەجدادنى چېتىشتۇرغاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، ئەجدادتىكى ئالامەتلەرنىڭ ئۇلارنىڭ تۆنجى ئەۋلادىدا ئىپادىلىنىشى. مەسىلەن: ئاق گۈللۈك يېسى پۇرچاق بىلەن قىزىل گۈللۈك يېسى پۇرچاقنى چېتىشتۇرغاندا، تۆنجى ئەۋلادنىڭ قىزىل گۈللۈك بولۇشى، ئاشكارا ئالامەت بولىدۇ.

**ئاشكارا بولماق** ئايدىڭ بولماق، ئېنىق بولماق، ئايان بولماق، مەلۇم بولماق، ئوچۇق بولماق، پاش بولماق: ــ سىلەر خۇددى قوي ئارىسىغا كىرىپ قالغان ئۆچكىدەك ئاسان ئاشكارا بولۇپ قالىسىلەر. بىز ئاياللارنىڭ بارغىنىمىز ياخشى، چۈنكى دۈشمەنلەر دىققەت قىلمايدۇ، ــ دېدى ئۇ.

**ئاشكارا تەڭ ئورۇنلۇق گېن** <بىئول> بىر جۈپ تەڭ ئورۇنلۇق گېننىڭ ئىچىدىكى بىرى. ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش تىپى ساپ زىگوتا ياكى ئارىلاش زىگوتا ھالەتتە بولسىمۇ پەرقلەنمەيدۇ.

**ئاشكارا قىلماق ← ئاشكارىلىماق:** بۇ ھال يەنە بىردەم داۋاملاشقان بولسا، ئۇ ئۆزىنى ئاشكارا قىلغان بولاتتى. * بىر يامان ئادەم مەلۇم سەۋەب بىلەن بىر ياخشى ئادەم تونىسىگە كىرىۋالسىمۇ، ئۇ ئاخىر ئەسلى تەبىئىتىدىكى خۇلقىنى ئاشكارا قىلىدۇ.

**ئاشكارىلاتماق** «ئاشكارىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاشكارىلانماق** «ئاشكارىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتى رېئاللىقنىڭ جىددىي سىنىقىغا دۇچ كېلىپ، خاراكتېرىدىكى يۇقىرىقىدەك ئاجىزلىقلار تېخىمۇ چوڭقۇر ئاشكارىلىنىدۇ. * ئادەم ئۆلۈشى بىلەنلا، نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئاشكارىلىنىدۇ، نۇرغۇن ئىشلار مەلۇم بولىدۇ، بىزمۇ ئۆلگۈچىگە ئۆلگەندىن كېيىن باھا بېرەلەيمىز.

**ئاشكارىلىق** ① «ئاشكارا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <بىئول>: ئارىلاش زىگوتادىكى بىر خىل ئىرسىيەتنىڭ ئىپادىلىنىشى، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش تىپىدە ساپ زىگوتا پەرقلەنمەيدۇ.

**ئاشكارىلىماق** پ. مەلۇم مەخپىيەتلىكنى ياكى سىرنى پاش قىلماق، ئېچىپ تاشلىماق: ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق تېۋىپ ئاۋۋال ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتتى، كېيىن يارىسىنى كۆرۈپلا سىرنى ئاشكارىلىۋەتتى.

**ئاشكۆكى** ئى [ئاش+كۆكى] كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسىدىغان، پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، يوپۇرماق ۋە غوللىرى ئالاھىدە خۇش پۇراق، ئاق چېچەكلەيدۇ، گۈلى كىچىك، رەڭگى ئاق، مېۋىسى دۈگىلەك؛ «يۇمغاقسۇت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاشلاتماق** «ئاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قىشنىڭ غېمىنى قىلىپ بەش دانە تېرە ئاشلىتىپ قويدۇم.

**ئاشلاشماق** «ئاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەن ئۇستامنىڭ ئون دانە تېرىسىنى ئاشلىشىپ بەردىم.

**ئاشلامچى** ئى. تېرە ئاشلاش بىلەن شۇغۇللانغۇچى، تېرە ئاشلاشنى كەسىپ قىلغۇچى: ئاشلامچى ئادەم.

**ئاشلامچىلىق** ئى «ئاشلامچى» سۆزىنىڭ كەسپي نامى.

**ئاشلانغان** «ئاشلانماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئۇستام، بۈگۈن ئاشلانغان تېرىلەر مۆلچىرىڭىزچە قانچە چىقار؟

**ئاشلانغان تېرە** ئاشلىنىپ بولغان، ئاشتىن چىققان، ئاش يېگەن تېرە: بىز ھەر كۈنى كەچتە ئىشتىن چۈشۈشتىن بۇرۇن ئاشلانغان تېرىلەرنى بىر تەرەپكە يېيىۋېتىپ ئاندىن قايتىمىز.

**ئاشلانماق** «ئاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قازى ئېسىل ئاشلانغان تۈلكە تېرىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرگەندىن كېيىن: ــ بىراق ماڭا جۇۋا چىقمايدىغاندەك

قىلدۇ ـ ھە؟ ـــ دېدى.

**ئاشلەكپۇك** ئى [ئاش+لەكپۇك] ئۈستىگە لەكپۇك سېلىنغان چۆپ تاماق: ئاشلەكپۇك قىلماق. ئاشلەكپۇك يېمەك.

**ئاشلىق** ① ئى ئۇن چىقىرىلىدىغان، ئاش ـ تاماق قىلىنىدىغان دان: دانلىق ئاشلىق. ئاشلىق زىرائەت. ئاشلىق تېرىلىدىغان يەر. * ئىشلەپچىقىرىش دۆيىمىز يازلىق يىغىمدىلا 200 مىڭ جىڭ ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزدى. ② سۇپ. ئاش بولىدىغان، ئاشقا يېتىدىغان (ئالدىغا ساناق ئېلىپ كەلگەندە): ئۆيدە ئاران بىر ئاشلىق ئۇن قالغانىكەن، شۇڭا ئازراق ئۇن تارتىپ كېلەي دەپ ماڭدىم.

**ئاشلىق ئامبىرى** ئاشلىق ساقلاش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان جاي، بىنا، ئىمارەت: شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئالماس بىلەن جۇمە مەخسۇت بەگنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى يېنىدىكى ئاشلىق ئامبىرىغا كېلىشتى.

**ئاشلىق بازىرى** شەھەر ۋە يېزىلاردىكى مەخسۇس ئاشلىق سېتىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جاي؛ ئورۇن: بىز مەخسۇت ئاكا بىلەن ئاشلىق بازىرىدا ئۇچراشتۇق.

**ئاشلىق بېلىتى** ئاشلىق ياكى ئاشلىق بىلەن تەييارلانغان يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىدىغان مەخسۇس بېلەت: ئاشلىق دۇكىنىدىن 3 ـ ئايلىق نورما ھېسابىغا 100 جىڭ ئاشلىق بېلىتى ئالدىم.

**ئاشلىق پونكىتى** <سودا> يېزىلاردا ئاشلىق يۆتكەيدىغان، ئاشلىق ساقلايدىغان، ئاشلىق باشقۇرىدىغان ئورۇن، ئىدارە.

**ئاشلىق دۇكىنى** <سودا> شەھەر ۋە يېزىلاردا تاۋار ئاشلىق بىلەن ئامىنى تەمىنلەيدىغان ئورۇن.

**ئاشلىق زىرائەتلىرى** <دېھ> ئوزۇقلۇق، يېمەكلىك ئۈچۈن تېرىدىلىغان بۇغداي، قوناق، شال قاتارلىق زىرائەتلەر ۋە شۇ زىرائەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**ئاشلىق ـ تۈلۈك** ئاشلىق ۋە باشقا يېمەكلىكلەر: بىز ئۇزۇن يول بېسىپ دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەندە دەريادا ئاشلىق ـ تۈلۈك كېمىلىرى تۇرۇشۇپ كەتكەندى.

**ئاشلىماق** پ. تېرىنى مەخسۇس تېرە ئاشلاش ئۈچۈن تەييارلانغان ئاشقا سېلىپ پىشۇرماق: شۇنچە چوڭ گەمىنىڭ ئىچىدە بىر پارچە كىگىز ياكى يوتقان ـ كۆرپە دېگەن نەرسە كۆرۈنمەيتتى، ھەممىلا تەرەپتە جەرەن، تۈلكە، توشقانلارنىڭ چالا ئاشلانغان تېرىلىرى تۇراتتى.

**ئاشماق** پ ① مىقدار ياكى ھەجىم جەھەتتىن كۆپەيمەك: ئۆسمەك، ئارتماق: قاراڭ بۇ ئامەتنى، بىر ئاددىي چارۋىچىنىڭ ئىككى يىلدىلا ئامانەت پۇلى 5 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شەخسىي چارۋىسى 100 تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى. ② مەلۇم بىر پەيت، ۋاقىت چېكىدىن ئۆتۈپ كەتمەك: ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كەتتى. ③ مال سېتىشتا ئۇنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرمەك، نەرخكە نەرخ قوشماق، ئارتتۇرماق: ئۇ كالىسىنى سېتىۋالغان ئەسلى باھاسىدىن 70 يۈەن ئاشۇرۇپ ساتتى. ④ كۈچەيمەك، زورايماق: ھەۋىسى ئاشتى. غېمىم ئاشتى. غەيرىتى ئاشتى. ⑤ تاكامۇللاشماق، مۇستەھكەملەنمەك، ياخشىلانماق؛ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك: ھاشاراتلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشمۇ ئۇنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ بىر مەزمۇنى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ھەم جىسمانىي ئەمگەك قوشۇلاتتى ھەم ئۇنىڭ لاۋازىمات خىزمىتىگە بولغان ئىشتىياقى ئاشاتتى. ⑥ بىرەر جەھەتتىن ياكى بىرەر ساھەدە باشقىلاردىن ئۆتۈپ كەتمەك، باشقىلارنى ئارقىدا قالدۇرماق: يېزىمىزنىڭ چارۋا مەھسۇلاتى قوشنا يېزىلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئېشىپ كەتتى. ⑦ مەلۇم بىر توساق، چېگرا ياكى نىشانلانغان جايدىن ھالقىماق: داۋاندىن ئاشماق. * يالغۇز قىر ئاشقۇچە، كۆپ داۋان ئاشار

www.uyghurkitap.com

(ماقال). * چۈشمەيدۇ سومكىسى پەقەت دولىدىن، كىرىدۇ يىرىلار يۈرۈپ پىيادە. قورقمايدۇ چارچاشتىن، داۋان ئېشىشتىن، تېنىدە كۈچ ـ قۇۋۋەت يۇتمەس، زىيادە.

**ئاشمانتا** ئى [ئاش+مانتا] دەملەشتىن بۇرۇن ئۇستىگە مانتا تىزىپ، مانتا بىلەن بىرگە دەملەپ پىشۇرۇلىدىغان پولۇ؛ ئۇستىگە پىتىر مانتا بېسىلغان پولۇ.

**ئاشنا** ئى [پ] ① دوست، يار ـ بۇرادەر؛ تونۇش ـ بىلىش: شۇ كۈندىن باشلاپ مېنى كۆڭۈلسىزلىك چىرمىۋالدى، مەن كۈنلەرنى كىتابنى يار، تەتقىقاتنى ئاشنا تۇتۇپ ئۆتكۈزمىگەن بولسام، بىر مىنۇتمۇ ياشىيالمىغان بولاتتىم. * ئاشنا بولساڭ ۋەتەنگە دوستلىرىم. بولما قونغان تاگدىكى شۇ تامچىدەك. جۇت شامالىلار سوقسا، ياپراق تەۋرىسە، سىردىشى بول، سۆي ۋەتەننى ماگمىدەك. ② ئادىشى، ئويىنىشى: مانا ئەمدى ئەقلىڭىزنى تاپتىڭىز، قەدىمكىلەر: «ئاشناڭغا ئىشەنمە، ئەرسىز قالما» دېگەنىدى.

**ئاشنا بولماق** دوست بولماق، ئىشتىياق باغلىماق: ۋەتىنىم، باغىڭدا سايراپ بۇلبۇلى شەيدا بولاي، ھەردىمى سايراشقا گۈلزارلار ئارا ئاشنا بولاي. ② ئاداش، ئويناش تۇتماق، ئاشنا تۇتماق: مەن يارىمغا ئالما ئاتسام، ماڭا تاش ئاتتى. بىۋاپاكەن ئاشنا بولسام، تاشلىدى كەتتى.

**ئاشنا تۇتماق** ① دوست تۇتماق، ئاغىنە بولماق، ئىشتىياق باغلىماق. ② ئاداش ئويناماق، ئويناش تۇتماق.

**ئاشنالىق** «ئاشنا» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئىچەي مەن قەترە قويماي تەشنالىقتىن، ۋاپايۇ مېھىر، دوستقا ئاشنالىقتىن.

**ئاش-نان** ئاش ھەم نان ۋە شۇ خىلدىكى يېمەكلىكلەر: ئىگە بولدۇق ئۆي ـ جايغا، قورساق تويىدى ئاش ـ نانغا. يۈزمىڭ رەھمەت بالىلىرىم، يېڭى ئازاد زامانغا.

**ئاش-ئوزۇق** ئاشلىق ـ تۈلۈك، ئاش ھەم شۇ خىلدىكى يېمەكلىكلەر: يوق ئىدى ھېچكىمدە زاپاس ئاش ـ ئوزۇق، ئاچلىقنىڭ خەۋپىنى قانداق قىلغۇلۇق؟

**ئاشۇ** ئال [ئاۋۇ+شۇ] سۆزلىگۈچى ئىشارەت قىلغان يىراقتىكى شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئايرىپ كۆرسىتىدۇ: ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان بىزنىڭ يېزا. * شۇنداق قىلىپ كەنجى ئوغۇل ئاشۇ خاسىيەتلىك ناننىڭ كۈچى بىلەن بوۋاي دېگەندەك ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە كېلىپتۇ.

**ئاشۇت** ئى. دىئال. ئاش ـ پاش، ئاش ـ ئوزۇق.

**ئاشۇرماق** «ئاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار بىرىنچى پەسىلدە گىلەم توقۇش ۋەزىپىسىنى 44 پىرسەنت ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. بۇ ئارمىيىنىڭ ئابرويىنى ئاشۇردى. * ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ، ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقە مېنىڭ ئادىلغا بولغان ھۆرمىتىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

**ئاشۇرۇلماق** «ئاشۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تاۋار ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدى. * جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 1949 ـ يىلى جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى، بۇنىڭ بىلەن دېموكراتىك ئىنقىلابتىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا بۇرۇلۇش ئوكۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

**ئاشۇرغى** سۇپ.دىئال. ئاچكۆز، تويماس.

**ئاشۇنچە** ئال [ئاۋۇ+شۇنچە] شۇ مىقداردىكى.

**ئاشۇنچىلىك** ئال. ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ياكى كۆرسىتىلگەن مىقداردىكى؛ شۇ دەرىجىدىكى: يولداشلار، ئاشۇنچىلىك ئىشلارنىمۇ پەش قىلىپ ئولتۇرامسىلەر؟

**ئاشۇنداق** ئال [ئاۋۇ+شۇنداق] ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ياكى كۆرسىتىلگەن نەرسىگە

ئوخشايدىغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش: گومىنداڭچىلار ئاشۇنداق ھەيۋىلىرىگە قارىماي بۇ يەردىمۇ خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان چۈمۈلىدەك پىتراپ قېچىشقا باشلىدى.

**ئاشۋاقتى** ئى [ئاش+ۋاقتى] كۈن بىرئاز كۆتۈرۈلگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئەتىگەنلىك تاماق يەيدىغان مەزگىل، ۋاقىت: ئۇ خېلى ئوخشىغان بەسەيلەرنىڭ سال-پىيىپ كەتكەن قۇلاقلىرىنى چىڭىق بىلەن ئوراپ باغلاپ بولغۇچە ئاشۋاقتى بولغانىدى.

**ئاشىپتە** سۈپ [پ] يېزىت. مەپتۇن بولۇپ قال-غان، ئەس-ھوشىدىن ئاداشقان؛ ئاشىق، شەيدا؛ پەرىشان: ساڭا ئاشىپتە بولدۇم بىر كۆرۈپ ھەم ئەقلىدىن ئازدىم، مۇھەببەتتىن خەۋەرسىزلەر «ساراڭ!» دەپ ئېيتمىدى بىكار.

**ئاشىق** ئى [ئە] ① بىراۋنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭغا خۇشتار بولۇپ قالغان، مۇھەببەت قويغان كىشى: ئاشىققا باغدات يىراق ئەمەس (ماقال). * ئاي ئۆتۈپ جانان سېنىڭ شېرىن لېۋىڭگە سۆيمىسەم، دىمە ئاشىق، ئۆتسە يىل ھىجران ئوتىدا ئۆلمىسەم. ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئۇنىڭغا بېرىلگەن كىشى: گۈلگە ئاشىق بولغىنىم ئۈچۈن، گۈل تېرىدىم كۆڭلۈم بېغىغا. ۋۇجۇدۇمنى ئەيلىدىم تۇپراق، تومۇرۇمنى چېتىپ شېخىغا. ③ دۇنيادىن بىخەۋەر، پۈتۈن ئەسلى-ۋەسلىنى، بارلىقىنى خۇداغا بېغىشلىغان، ئۆي-ماكانسىز، كۆپىنچە ئىبادەتخانىلاردا يېتىپ-قوپىدىغان، چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ تۇرۇلگەن كىشى، دەرۋىش: «يەتتە ئاشىق بەلكى بىلمەس ئېرىكى بىر ئوت مەندە بار، مۇنچە سەن ھۆسنىڭگە مەغرۇر... مۇنچە كىبىرلىك سەندە بار.

**ئاشىق بولماق** بىراۋنى، بىرنەرسە ياكى كەسىپنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا خۇشتار بولۇپ قالماق، مۇھەببەت قويماق: قۇلاق كۆزدىن ئاۋۋال ئاشىق بولار (ماقال). * خەلىپە شۇ كۈندىن باشلاپ، شەمشىنۇرغا ئاشىق بولۇپتۇ. * قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە، ئاشىق بولدۇم ئۆزۈڭگە. بىرنەچچە زامان بولدى، ئېيتالمىدىم ئۆزۈڭگە.

**ئاشىقانە** رەۋ [ئە+پ] ئاشىقلارغا ئوخشاش، ئاشىقلاردەك، ئاشىقلارچە: كېنىزەك بۇ ئاشىقانە ناخشىسىنى ئېيتىپ بولۇشى بىلەنلا ئەلى ئېبىنى بەككار «ئاھ» ئۇرۇپ يىغلاپتۇ.

**ئاشىقلىق** «ئاشىق» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئاشىقلىق ئاسان، جۇدالىق تەس (ماقال). * دىلمۇراد تىرىشچان يىگىت بولۇپ كۇرسانتلارنىڭ ئالدى ئىدى. ئۇنىڭ زېرەكلىكى، ئۆگىنىش، ئىزدىنىشكە ئاشىقلىقى مېنى ئۇنىڭغا خېلىلا يېقىنلاشتۇرغانىدى.

**ئاشىق-مەشۇق** بىر-بىرىنى سۆيگەن، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەن (يىگىت بىلەن قىز، ئەر بىلەن ئايال): شاھزادە ۋە پەرىزات بىر-بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپتۇ، بىر-بىرى بىلەن ھەققىي ئاشىق-مەشۇق بولۇشۇپتۇ.

**ئاشىيان** ئى [پ] يېزىت. قۇش ئۇۋىسى، ئىن.

**ئاشىيانە** ئى [پ] بىنانىڭ يۇقىرى قەۋىتى، يۇقىرى قەۋەتتىكى خانا: دىلىڭ قايغۇغا چۆككەندە، غۇرۇرنىڭ كەپتىرى بولغىن، خۇشال-لىق ئاشىيانىدۇر، چىمەننىڭ كەمتىرى بولغىن.

**ئاغ** ئى. ئىشتاننىڭ ئىككى پاچىقى چېتىلغان جاي.

**ئېغى بىلەن بېغى يوق** ھېچبىر ئاساسسىز، ئۇتامسىز، باش-ئايىغى يوق: بۇ تازىمۇ ئېغى بىلەن بېغى يوق سۆزلەرنى دەۋېرىدىغان نەرسە ئىكەن.

**ئاغا** ئى ① ئاكا: بىز ئاغا-ئىنى ئۈچىمىز ئۈچ خىل خاراكتېرگە ئىگە ئىدۇق، شۇڭا ئاقىۋەتىمۇ ئۈچ خىل بولدى. ② ئۆزىدىن چوڭ، تۇغقاندەك يېقىن، قەدىردان كىشى؛ كېتەيلۇق ئاغا-ئىنىلار، ئامانلىققا بەل باغلاپ. ③ تارىخ. ئەلنىڭ، يۇرتنىڭ كاتتىلىرى، چوڭلىرى،

www.uyghurkitap.com

هاكىملىرى: ئاغا بەگلەر جاۋاب بەردىم، بۈگۈن ئاخىر زامان دەڭلار، ئارمان بىلەن بەندە بولدۇم، بەگلەر سورىسا ئامان دەڭلار. ④ <تارىخ> تۈرلى ئەمەل، مەنسەپ، ئۇنۋان نامى: ئىشىك ئاغىسى. ھەرەم ئاغىسى. * ھۇدەيچى قىز ماھىن بانۇغا تازىم قىلىپ: — ئىشىك ئاغا كىرىشكە رۇخسەت سورايدۇ، — دېدى.

**ئاغاداش** ئى. دىئال. يېقىن كۆرگەن تەڭتۇش كىشىنى چاقىرغاندا ئاتاپ ئېيتىلىدىغان سۆز.

**ئاغالىماق** پ. دىئال. ئىزھارلىماق، بېغىشلىماق.

**ئاغامچا** (توغرىسى: ئارغامچا) ← **ئارغامچا.**

**ئاغا-ئىنى** ← **ئاكا-ئۇكا** جەڭگە ئۆزىنى چاغلىغان، مەيدانغا بەلىنى باغلىغان، بىزلەرنى تىنماي يوقلىغان، ئاغا-ئىنى تۇغقان كېلۇر.

**ئاغداما** (توغرىسى: ئاغدۇرما) ← **ئاغدۇرما.**

**ئاغدۇرتماق** «ئاغماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ تەتىلدىن پايدىلىنىپ، دوستلىرىغا كۈزگى بۇغداي تېرىيدىغان يېرىنى ئاغدۇرتۇۋالدى.

**ئاغدۇرما** سۈپ. ئاغدۇرۇلغان، ئۆرۈلگەن؛ تەتۈر: ئاغدۇرما ھارۋا. * ئۇ ئاغدۇرما ئۆتۈكنىڭ قونچىدىن ناسۋال چاقچىسىنى ئېلىپ ئالىقىنىغا دۈملىدى، ناسۋال چۈشمىگەندىن كېيىن، سۈپىنىڭ زەكۈندىسىگە تاقىلدىتىپ ئۇردى.

**ئاغدۇرما ھارۋا** ئۈستىدىكى توپا، قىغ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئارقا تەرەپتىن بىر يولى تۆكۈشكە لايىق قىلىپ ياسالغان ھارۋا: شۇ چاغ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئالا ئۆكۈز قوشۇلغان ئاغدۇرما ھارۋا ھەيدىگەن بىر يىگىت پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ ئۆتتى.

**ئاغدۇرماق** ① «ئاغماق» پېئىلى ①④⑤نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۇنىڭغا پەرۋاسىزغىنا كۆز يۈگۈرتتۈم-دە، كۆزۈمنى ئوسمان ئاكىنىڭ سوئاللىرىغا نېمىلەرنىدۇ دەپ غودۇڭشىغىنىچە جاۋاب بېرىۋاتقان ئابدۇللاغا ئاغدۇردۇم. ② كۆچمە. ھاكىمىيەت ئۈستىدىن ياكى يۇقىرى مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلىماق، چۈشۈرمەك، يىقىتماق: 1830-يىل 7-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە پارىژدا ئىنقىلاب پارتلاپ، بوربون سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ③ئۈستىگە يۈكلەنگەن، تېڭىلغان گۇناھ، جىنايەتنى يوققا چىقارماق: ئەنزە ئاغدۇرماق. * «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەن جىنايەت بىلەن ئون يىل تۈرمىدە ياتقانىدىم، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، بۇ ناھەق ئەنزە ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.

**ئاغدۇرمىچى** ئى ① بىرەر ھاكىمىيەتنى غۇلىتىش ياكى بىر مەنسەپدارنى مەنسەپدىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچى. ② پۈرسەتپەرەس.

**ئاغدۇرمىچىلىق** ئى. ئاغدۇرمىچىلارنىڭ پائالىيىتى: جاھانگىرلار تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، دۇنيا تىنچلىقىغا قاتتىق تەھدىت سالدى ھەمدە دۆلىتىمىزگە قارىتا بۇزغۇنچىلىق ۋە ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

**ئاغدۇرۇشماق** «ئاغدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاغدۇرۇلغان** «ئاغدۇرۇلماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئىككى يىل بۇرۇن ئاغدۇرۇلغان ئېتىزلار كۈچلىنىپ، تېرىلغان بۇغدايلار ناھايىتى ئوخشىدى.

**ئاغدۇرۇلغان پۈرمە** <گېئول> ئوق تەكشىلىكىدىكى يانتۇ بۆلۈكى كىچىك بولغان، بىر قانىتىدىكى تاغ جىنسى قاتلاملىرىنىڭ ئاستى-ئۈستى ئورنى ئاغدۇرۇلغان بىر خىل پۈرمە.

**ئاغدۇرۇلماق** «ئاغدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي دىكتاتۇرا جۇڭگو خەلقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى.

**ئاغرىپ-تارتىپ** ← **ئاغرىپ-تارتىپ**

قالماق.

**ئاغرىپ ـ تارتىپ قالماق** ساقسىز، كېسەل بولۇپ قالماق: ئادەم ئاغرىپ ـ تارتىپ قالغان چاغلىرىدا ھالىدىن خەۋەر ئالمىغان بالىنى نىمدەپ باقدۇ كىشى.

**ئاغرىتماق** «ئاغرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رازى بولمىغان ئاش قورساق ئاغرىتار (ماقال). مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس، كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس (ماقال).

**ئاغرىتىشماق** «ئاغرىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ــ ھەي باللار تولا غەلۋە قىلىپ بېشىمنى ئاغرىتىشمىساڭچۇ؟ ــ دېدى موماي تېرىكىپ.

**ئاغرىش** «ئاغرىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسمدىشى.

**ئاغرىش سېزىمى** تېرە سېزىمىنىڭ بىر خىلى، بەدەنگە زەخىم كەلتۈرگەن غىدىقنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسىنى پەرق ئېتىدىغان سېزىم.

**ئاغرىق** ① ئى <تىب> كېسەللىنىش، چارچاش ياكى جاراھەتلىنىش نەتىجىسىدە سېزىلگەن جىسمانىي ئازاب: كېسەل مەھبۇس كۆزىنى سەل ئېچىپ، ئۇسمانغا بىر قاراپ، ئاغرىقنىڭ دەردىدىن يەنە كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ② سۈپ. بىمار، كېسەل، ساقسىز: تۇرمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى، ساقايمىغان ئاغرىقنىڭ ئۆلگىنى ياخشى (ماقال). ③ ئى. كۆچمە. روھىي ئازاب، دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ـ ئۇقۇبەت: يار مەھەللىسى يىراق ئەمەس يولى بارمىكىن، يار ئاغرىقى بولۇپ قالدىم دورا بارمىكىن.

**ئاغرىقچان** سۈپ. ئۇزۇن ۋاقىت كېسەل تارتقان؛ كېسەلمەن: ئۇنىڭ ئائىلىسىدە يالغۇز بىرلا بالا بولۇپ، ئاپىسى ئاغرىقچان، دادىسى قېرى ئىدى، شۇڭىمۇ ئۇنى بەك ئەتىۋارلايتتى. * شۇ يىل قىش ئاسىم يەنە ئاغرىقچان، ياۋاش، قانائەتلىك ئانىسى ۋە ئىككى كىچىك ئىنىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

**ئاغرىق ـ سىلاق** كېسەل، بىمار: يېزىدا كىشىلەر نامازدىن كېيىنلا ئالدى بىلەن تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، ئاغرىق ـ سىلاق ۋە ياشانغانلارنى يوقلاپ، كۆڭۈل سورايتتى. * ئۇ: «ئەگەر كۈن مۇشۇنداق ئىسسىق بولىۋەرسە، ئاغرىق ـ سىلاق كۆپىيىدۇ، ئۆلۈم ـ يېتىممۇ كۆپ بولىدۇ» دەپ ئويلاتتى.

**ئاغرىماق** پ ① كېسەل بولماق، بىرەر كېسەللىككە يولۇقماق: ئادىل ئويلىمىغان يەردە ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ قالدى ـ دە، شۇ ئاغرىغانچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ② كېسەل بولۇش، جاراھەتلىنىش، ياكى چارچاش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن بەدەننىڭ بىرەر جايى ئازابلانماق: قەيەر ئاغرىسا، جان شۇ يەدەر (ماقال). * سەھەرنىڭ سوغۇقى پۇتلىرىنى كۆيۈشتۈرۈپ، قىيىندىلەر تىلىۋەتكەن يەرلەرنى ئېچىشتۇراتتى ۋە چىمىلدىتىپ ئاغرىتاتتى.

**ئاغرىنماق** پ ① رەنجىمەك، نارازى بولماق، خاپا بولماق: «ئۇنىڭغا كىممۇ خەۋەر قىلغاندۇ؟ ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟» مېھرىبان ئەزىزنىڭ پۈتىنى كېسىشكە ئوڭايلىقچە كۆنمەيدۇ ۋە بۇ ئىشتا سۇلتاندىن ئاغرىنىدۇ. ② چىدىماسلىق قىلماق: نۆۋىتى كەلگەندە ئۆزىنىڭ قورسىقىغا بىرەر جىڭ گۆش ئېلىپ يېيىشكىمۇ ئاغرىنىدىغان بۇ ئادەم تاپقان ـ تەرگىنىنى يىغىپ ـ توپلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

**ئاغزاكى** سۈپ. ئۇتۇق جەريانىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان، يازما ئەمەس: ئاغزاكى ئىمتىھان. ئاغزاكى جاۋاب. * ... تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، تىزىملىغۇچى ئايال ۋاقىت، ئىش تەرتىپى، تېخنىكا ئۆلچىمى، ئاغزاكى جاۋاب كاتەكچىلىرىنىڭ ئاخىرىغا قاتار تۆت نۆل قويدى.

**ئاغـلاقچى** ئى. دىئال. ① ھەيدىگۈچى، سۆيلىگۈچى، نازارەتچى. ② چېقىمچى، گەپ توشۇغۇچى.

**ئاغما** ئى <مات> تۈز سىزىق ياكى بىر تەكشىلىك بىلەن ئۆزئارا كېسىشكەن ئەمما

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا تىك بولمىغان تۈز سىزىق.

**ئاغما پرىزما** <مات> يان قىرى ئاساسقا تىك بولمىغان پرىزما.

**ئاغماق** پ ① بىرەر تەرەپكە يېتىپ قىيا ھالەتكە كەلمەك، قىيسايماق: ھارۋىدىكى يۈك سول تەرەپكە ئېغىپ ھارۋا ئۆرۈلۈشكە باشلىغاندا، ھارۋىكەش ھارۋىنى دەرھال توختاتتى. ② توغرا يولىدىن ياكى بەلگىلىك يۆنىلىشتىن چەتنىمەك، چەتكە چىقماق: ئايروپىلان ھاۋا يولى يۆنىلىشىدىن ئاغدى. ③ كۆچمە. غەلىتە، بىر قىسما بولماق: نېمە ئۈچۈندۇ يۈرىكىم بىردىنلا ئېغىپ، ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدىم. ④ بىرەر تەرەپكە يۆنەلمەك، قارىماق: ئاغدى كۆزى، كۆردى ئۇندىن تال-تال دورىنى، كۆردى ئوماق جىلۋە ئەيلەپ تۇرغان يارىنى، چەكتى شۇندا ئىشتىياقىنىڭ تاتلىق ھېسلىرى، بىر يېقىملىق سەزگۈ بىلەن قەلبى تارىنى. ⑤ كۆچمە. بىر تەرەپكە ئۆتمەك، يۆتكەلمەك، مايىل بولماق، يان باسماق: ھازىرقى زاماندا كىم ئەمەلدار بولسا كىشىلەر شۇنىڭ تەرەپدارى بولۇپ ئۇنىڭغا ئاغىدۇ.

**ئاغمىچى** ئى ① كېپىدە تۇرمايدىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، مەيدانسىز، ئىرادىسىز ئادەم، ئىككى يۈزلىمىچى: — ئەمدى تېخىمۇ ئۇتتۇرۇقسىزلاشتىڭ، بىردەمدىلا ئىنقىلابچى، بىردەمدىلا ئاغمىچى! — دەپ ئاچچىقلاندى سۇلتان راخمانغا. ② باش يولىدىن، تۈپ نىشانىدىن چەتنىگەن، يۈز ئۆرۈگەن ئادەم: ئوڭ ئاغمىچى. ئوڭ ئاغمىچىلار گۇرۇھى.

**ئاغمىچىلار** ئى. ئاغمىچىلىق گۇرۇھى ۋە شۇ گۇرۇھ قاتناشچىلىرى: بۇ ژۇرنال ئاغمىچىلارنىڭ ئوتتۇرا گۇرۇھ مەيدانىدا تۇرغان، ئۆزىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئىشلىرىغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي بۇرژۇئازىيىگە ساداقەتلىك كۆرسەتكەنلىكىنى سولچىل ئىبارىلەر بىلەن يوشۇرغانىدى.

**ئاغمىچىلارچە** رەۋ. ئاغمىچىلارغا ئوخشاش، ئاغمىچىلاردەك: ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئاغمىچىلارچە پروگراما ئاساسىدا قوشۇلۇشىغا قەتئىي قارشى تۇرغان.

**ئاغمىچىلىق** «ئاغمىچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونال ئاغمىچىلىقى. * بىز ئىنقىلاب قوشۇنىدىكى جاھىللارغا قارشى تۇرىمىز، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرى ئۆزگەرگەن ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا ئەگىشىپ ئىلگىرىلىيەلمەي، تارىختا ئوڭچىل ئاغمىچىلىق بولۇپ ئىپادىلەندى.

**ئاغمىخان** ئى. <زوئول> بىر خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، بەدىنى كىچىك، ئۇزۇنراق، پۇتلىرى قىسقا بولىدۇ؛ قۇيرۇقى بەدەن ئۇزۇنلۇقىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ، رەڭگى ئاق ياكى سېرىق بولىدۇ.

**ئاغۇ** ئى. يېزت. ← **ئوغا** پىغان بىلەن ھەسرەت چۈشتى باشىمغا، بىر يېتىمەن ئاغۇ چۈشتى ئاشىمغا. * خېلى بولدى كۆرمىدىم تۈزۈك غىزا، ئىچ-ئىچىم ئاغۇ بىلەن توشتى تازا.

**ئاغى** ئى. ئۇسۇل، چارە، تەدبىر، ئامال، باھانە، سەۋەب: ئۇ سوغۇق ۋە ئاچلىققا ئاغى بولارمىكىن دەپ ئويلىدى بولغاي، تاماكا چەكمەكچى بولدى.

**ئاغى قىلماق** ئۇسۇل-چارە تاپماق، ئامال قىلماق، تەدبىر قىلماق؛ باھانە-سەۋەب كۆرسەتمەك: شۇ قېتىمقى ھاشارغا بارماسلىقنىڭ خېلى ئاغىسىنى قىلىپ باقسامۇ مۇمكىن بولمىدى.

**ئاغىچا** ئى ① كونا جەمئىيەتتە باي، بەگ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىغان ئايال خىزمەتچى: ۋاڭ ۋە شاھزادە ئۈچۈن ئىككىدىن ئات قوشۇلغان پوچتا، خېنىم ۋە ئاغىچىلار ئۈچۈن چىلان رەڭ دۇخاۋىدا تاشلانغان پەنجىرىلىك مەپە تەييار قىلىندى. ② بىراۋغا نىكاھلانغان، بىراۋ بىلەن توي قىلغان ئايال؛ خوتۇن: (باسىت) — باشقا ئاغىچىلىرى شەرۋانەمنىڭ ئالدىدا بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلالمايدۇ

دېيمەن، ــ دېدى شائىۋغا.

**ئاغىچا خېنىم** كونا جەمئىيەتتە باي، بەگ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھۆرمەت نامى: ــ گورىيو جاناب راستىنلا گراف ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاتىسىمكەن؟ ــ دەپ پىچىرلاپ سورىدى ۋوكې خېنىم.

**ئاغىچام** ئى. ← **ئاغىچا**.

**ئاغىچە** ئى <بوت> ① كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى ئۈچتىن يەتتىگىچە يېرىلىدۇ، گۈلى تاق جىنسلىق، رەڭگى سېرىق كېلىدۇ، مېۋىسى ئۇزۇن، تورلىشىپ كېتىدۇ تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، ئائىلىلەردە قازان يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئاغىچىلىق** ① «ئاغىچا» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: شەرۋانەمگە ئاغىچىلىق قالتىس يارىشىپتۇ. ② سۈپ. ئاغىچىسى بار، ئاغىچىغا ئىگە: ئاغىچىلىق ئادەم بويتاق يىگىتلەردەك باشقىلارغا كۆز سېلىپ يۈرسە ياراشمايدۇ.

**ئاغدىماق** پ. قىيىدىماق، يامانلىماق؛ باتنىماق: ئۇ خېلى بولدى بىر تەرەپكە ئاغداپ كەلمەيۋاتىدۇ.

**ئاغىز** (ئاغزى) ئى ① ئىككى لەۋ ئوتتۇرىسىدىكى ئوزۇقلىنىدىغان، سۆزلەش ياكى ئاۋاز چىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بوشلۇق: ئۇنىڭ خەلقنى ئازاد قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى ھازىرغىچە ئەل ئاغزىدا سۆزلىنىپ كەلمەكتە. * دىۋە ئاغزىنى ئېچىپ، قىزغا ھۇجۇم قىلدى. ② ئىككى لەۋ ۋە ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە تېگىپ تۇرغان جايى، ئەتراپى: ئاغزىغا سۈيۈپ قويماق. ③ كۆچمە. سۆزلىگۈچى كىشى؛ ئادەم: كۆپ ئېغىز بىر بولسا، بىر ئېغىز يىگىلىدۇ (ماقال). ④ ئېتىش قوراللىرىنىڭ ئوق ئېتىلىپ چىقىدىغان تۆشۈكى: مىلتىق ئاغزى، زەمبىرەك ئاغزى. ⑤ ئىچى بوش، كاۋاك بولغان نەرسىلەرنىڭ كىرىش-چىقىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان جايى، تۆشۈكى: قۇدۇقنىڭ ئاغزى. تاغارنىڭ ئاغزى. * قىشلىق كۆكتات ئورىسىنىڭ ئاغزى مەھكەم ئېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئورىدىكى كۆكتاتلار مۇزلاپ قالدى. ⑥ مەلۇم جاينىڭ باشلىنىش، كىرىش-چىقىش جايى: كوچا ئاغزى. * بىز ئىككىمىز بازار كۈنى شەھەر كوچىسىنىڭ ئاغزىغا يېتىپ كېلىشىمىزگىلا توخۇ-تۇخۇم سېتىۋالىدىغانلار ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

**ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي** ئاغزى بېسىقماي، توختىماي، ئارقىمۇئارقا، ئۈزۈلدۈرمەي: مەڭزى قىزىل بىر كىشى تۈلۈمدەك سەمرىپ كەتكەن توپاقىنىڭ قوۋۇرغىسىنى سىلاپ كۆرۈپ، ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى.

**ئاغزى باتۇر** ھېچكىمگە رىئايە قىلماي ۋە ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەي سۆزلەۋېرىدىغان، گېپى چوڭ، ئاغزىدا بار، ئەمەلىيىتى يوق.

**ئاغزى بار** سۆزلىيەلەيدۇ، سۆز قىلىشنى بىلىدۇ، قىلىدىغان گېپى بار: ئۇكا، بايىقاپ سۆزلە، خەقنىڭمۇ ئاغزى بار ئەمەسمۇ؟

**ئاغزى بارماسلىق** ئېيتىشقا، سۆزلەشكە تىلى بارماسلىق، جۈرئەت قىلالماسلىق، پېتىنالماسلىق: مەن ئۇنىڭغا شۇنچە ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، جاۋابلىشىشقا ئاغزىم بارمىدى، چۈنكى ئۇ ماڭا ئاتا ئەمەسمۇ؟

**ئاغزى بازار** سۆزلەپ تۇرىدىغان، ئاغزى تىنمايدىغان، خۇش چاقچاق: شوپۇر ئۇستام ماڭسا ــ چاتاق يوق ئاكا، خۇدا خالىسا، ئەتە ئەتىگەندە ماڭىمىز، ئېغىرلىرىنى ماشىنا كۆتۈرىدۇ، شۇنچە يۈكنى كۆتۈرگەن ماشىنا چۈجىچىلىك سىلىنى كۆتۈرەلمەمتى، يەنە مېنى چۆجىگە ئوخشاتتى دەپ رەنجىمىسلە، مېنىڭ ئاغزىم بازار-راق، خاپا يۈرۈشنى خالىمايمەن، ــ دېدى.

**ئاغزى بوش** قورسىقىدا گەپ ياتمايدىغان، سىر ساقلىيالمايدىغان: ياق، مەنسۇرنىڭ چۈشەنمىسىچە، ئۇ ئاغزى بوش يىگىتلەردىن ئەمەس،

www.uyghurkitap.com

ھازىرغىچە بىرنەچچە قېتىم دۈشمەنىنىڭ قولىغا چۈشكەن بولسىمۇ، ماللارنىڭ قايسى ئىسكىلاتتىن چىققىنىنى ئېيتىپ قويمىدى.

**ئاغزى - بۇرنىغىچە تويماق** قاتتىق پۇشايمان قىلماق، بىزار بولماق، ئۇنداق ئىشنى ئىككىنچى قىلماسلىق قارارىغا كەلمەك: ئابدۇل بېقىپ چوڭ قىلغىنىمىزنىڭ ئۈستىگە، ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ، بىزنى زار قاقشىتىپ ئاغزى - بۇرنىمىزغىچە تويغۇزدى.

**ئاغزى بۇرنىنى قان قىلماق** ئەجەللىك زەربە بەرمەك، قاتتىق ئەدىبىنى، جازاسىنى بەرمەك: خەلق تەرىپىدىن ئەدىبىنى يەپ ئاغزى - بۇرنى قان قىلىنغان زومىگەرلەرنىڭ كۆنى بارغانسېرى قىينىلاشماقتا.

**ئاغزى بۇزۇق ← ئاغزى بىزەپ:** نومۇسسىز، ئاغزى بۇزۇق ئادەم بىلەن سەن - پەن دېيىشىپ كۆڭۈلنى رەنجىتىشنىڭ ھاجىتى نېمە؟

**ئاغزى بىزەپ** سەت، يامان گەپ قىلىدىغان: ئاغزى بىزەپ ئادەم. * ئاغزى بىزەپ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ياخشى گەپنىڭ چىقىشى تەس.

**ئاغزى بىسقماق ← ئاغزى بىسلماق:** بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھە دەپ قىزىق پاراڭلارنى قىلىۋاتقان خەلچەمنىڭ بىردىنلا ئاغزى بېسقىپ قالدى.

**ئاغزى بىسلماق** گەپ - سۆزىنى توختاتماق، سۆزى تۈگىمەك، جىم بولۇپ قالماق: ئەمدى تولا خاپا بولماستىن نەچچە ئون كۈن تالاغا چىقماي ئۆيدە ياتسىلا، خەقنىڭ ئاغزى بىسلسۇن، ئاڭغۇچە بىرگەپ بولار!

**ئاغزى بىسەرەمجان** ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋېرىدىغان، ياخشى - يامان سۆزنى ئىلغىمايدىغان: ئاغزى بىسەرەمجان ئادەم.

**ئاغزى پالۋان ← ئاغزى باتۇر** جەمئىيەتتە ئاغزى پالۋان، لېكىن ئەمەلىيىتى يوق ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس.

**ئاغزى پىششىق ← ئاغزى چىڭ:** شاۋۇدۇن ئاغزى پىششىق كىشى بولۇپ، باشقىلارنىڭ قانداقلىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىسا، ئىككىنچى بىر ئىنسانغا تىنمايتتى.

**ئاغزى تەگمەك** ئاش - تاماق، يېمەك - ئىچمەككە ئېغىز تەگكۈزمەك، يەپ كۆرمەك، تېتىپ باقماق: — بۇ قوغۇنغا تېخىنكىنىڭمۇ ئاغزى تەگسۇن، — دېدى خەلچەم ئۇيالغىنىدىن يۈزىنى تۇتۇپ ۋە قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئىشىككە قاراپ ئېتىلدى.

**ئاغزى تۈۋاقلانماق** گەپ - سۆزدە داۋلى تېپىپ بېرەلمەي مات بولماق، ئالدى توسۇلۇپ قالماق: ئەمدى ئۇنىڭ ئاغزى تۈۋاقلىنىدىغۇ، دەپ ئويلىۋىدىم، نەدىكى، دەيدىغانلىرى يەنە بار ئىكەن.

**ئاغزى چاقان ← ئاغزى ئىتتىك:** ئۇ: — پېقىرنىڭ قول ئاستىدا ئاغزى چاقان، بىرنى سورىسا ئۇنغا جاۋاب بېرىدىغان بىر پايلاقچى بار، ئۇنى بىللە ئالغاچ بارسىلا، ئۆزلىرىگە يار - ھەمدەم بولۇر، — دېدى.

**ئاغزى چىڭ** گەپنى ئىچىدە چىڭ ساقلايدىغان، ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئاسانلىقلىچە باشقىلارغا ئېيتمايدىغان، كىشىگە سىر بەرمەيدىغان: ئاغزى مەھكەم: ...بۇ ھاشىمنىڭ ئىشى بولسا كېرەك، ئاغزىمىزلا چىڭ بولسا، ناسىر يەنىلا ئىشنى ئوڭلايدۇ.

**ئاغزىدا بار** ھەممە ئىشنى ئاغزىدىلا قىلىدىغان، ئەمەلىيىتى يوق.

**ئاغزىدا شەھەر ئالماق** قولىدىن ئىش كەلمىسىمۇ، پو ئاتماق: مەمەت ئىش قىلىڭ دېسە يوق، گەپ قىلىڭ دېسە ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان ئادەم.

**ئاغزىدا قالماق** ① تاماق ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ تەمى ئۇزاققىچە سەزگۈسىدە ساقلانماق: — «قارا كوسەي»نىڭ گېپىنى تولا قىلىسەن، شىكەر كۆلدە يېگەن ھېلىقى قوغۇنىنىڭ تەمى ئاغزىڭدا قاپتۇكەنىدە، — چاقچاق قىلدى سېيىت دوستىغا. ② دېمەكچى بولغان سۆزنى دېيەلمەي قالماق؛ سۆزلەۋېتىپ سۆزنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي توختاپ قالماق: «ئۆلتۇر، ھەممىمىزنى ئۆلتۇرا...» ئانىنىڭ سۆزى

ئاغزىدا قالدى، بەگ ئېيتىلىپ بېرىپ ئانىنىڭ بېقىنغا زەردە بىلەن تەپتى.

**ئاغزىدا گېپى بار** سۆزلىيەلەيدۇ، داۋلىغا ئىگە: بىزغۇ مۇنداق دەۋاتىمىز، ئەمما ئۇلارنىڭمۇ ئاغزىدا گېپى باردۇ.

**ئاغزىدىكى ئاشنى تارتىۋالماق** ← **ئاغزىدىكى ناننى تارتىۋالماق**: — مۇنداق بوشاڭلىق قىلساڭ، باشقىلار سېنىڭ ئاغزىڭدىكى ئاشنىمۇ تارتىۋالىدۇ، — دېدى ئانا ئوغلىغا رەنجىپ.

**ئاغزىدىكى ناننى تارتىۋالماق** باشقىلارغا تېگىشلىك مەنپەئەتنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق، باشقىلارنىڭ قولىدىكى، ئىلكىدىكى نەرسىنى ھەر باپ بىلەن ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋالماق: مېنىڭ بۇ ئىدارىگە يۆتكىلىپ كېلىشىمگە ئۇ نېمانچە قارشى تۇرىدىغاندۇ، مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىكى ناننى تارتىۋالىدىغاندەك، دەپ ئويلايتتى ھاشىم زىياۋۇدۇن توغرىسىدا.

**ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن** ← **ئانا سۈتى ئاغزىدىن كەتمىگەن** بىز بىر قانچىمىز ھېلىقى توپىلاڭچىنى قىستاپ كەلدۇق، يېقىنلاپ بېرىپ قارىسام، ۋاھ، تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن بىر شۇمتەك ئىكەن.

**ئاغزىدىن بۇلاق قىلماق** قاتتىق تۇۋا قىلدۇرماق، ئۇنداق ئىشنى قىلىشقا ئىككىنچى جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىۋەتمەك: ھاشىم قارىينى كۆپچىلىك ئارىغا ئېلىۋېلىپ ئاغزىدىن بۇلاق قىلىۋەتتى، ئۇ ھازىر «موللام مۈشۈك».

**ئاغزىدىن چۈشۈرمەسلىك** ① دائىم ئەسلەپ ياخشى گېپىنى قىلىپ تۇرۇش: ئىلياس ئەپەندىنىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرى، تەمكىن ھەرىكەتلىرى، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان غەمخورلۇق — كۆيۈمچانلىقلىرى كىملەرگە تەسىر قىلمىغان. كىملەر ئۇنى ئويلىمىسۇن، ھەممىسى ئۇنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ② بىرەر ئىش ياكى گەپنى تەكرار ئېيتىش: كېرەم مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئۇنتۇپ قالماي دېدىمۇ، ئىش قىلىپ، ئۆيىگە بارغۇچە ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يادلاپ ماڭدى.

**ئاغزىدىن چىقىپ كەتمەك** تۇيۇقسىز، ئىسسىدە يوق دەپ تاشلىماق، تېگىشلىك بولمىغان گەپلەرنى سۆزلەپ سالماق: ئۇ گەپنىڭ ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزەممۇ تۇيماي قالدىم.

**ئاغزىدىن سائەت چىقماق** ئەمەلىيەت بۇرۇن ئېيتىلغان سۆز بىلەن ئۇدۇل چىقىپ قالماق، دېگىنى راستقا ئايلانماق، دېگىنى كەلمەك: ئۇنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتكەنمۇ نېمە، بۇ ئىش ئۇنىڭ بۇرۇن ئېيتقانلىرى بىلەن ئوپمۇئوخشاش بولۇپ چىقتى.

**ئاغزىدىن سۆز ئالماق** ← شۇ ئىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئاڭلىماق: نېمىلا بولسا ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن سۆز ئېلىۋالدۇق، ئەمدى شۇ بويىچە ئىشلەۋېرىمىز، مەسىلە چىقسا ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ.

**ئاغزىدىن سۆزى چۈشۈپ قالىدىغان** ← **ئاغزىدىن گېپى چۈشۈپ قالىدىغان**: ۋاي، ئۇنىڭ ئاغزىدىن سۆزى چۈشۈپ قالاي دەۋاتسا، ئۇ قانداق قىلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلالىسۇن!

**ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرىدىغان** تېخى ياش، كىچىك، بالاغەتكە يەتمىگەن: مەن ئىسمىغا قاراپ چوڭلا ئادەمگە ئوخشايدۇ دېسەم، تېخى ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرىدۇغۇ بۇنىڭ.

**ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئاقماق** ① تەمەخورلۇق قىلماق، نەپسى تاقىلداماق. ② ھەددىدىن ئارتۇق ماختىماق، ئادەتتىن تاشقىرى خۇشامەت قىلماق.

**ئاغزىدىن شېكەر تامماق** ← **ئاغزىدىن ھەسەل تامماق**.

**ئاغزىدىن كەتمەك** سۆزلەپ قويۇپ بالاغا قالماق، پىشكەللىككە ئۇچرىماق، زىيان تارتماق.

**ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقماق** كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە لوللىق، ھىيلىگەرلىك قىلماق، ئۇستىلىق ئىشلەتمەك:

ئۈچىنچى كېلىن بۆلەكچە خۇي - مىجەزلىك... ئوغلىمىزنىڭ ھېلىتىنلا ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقىپ، ئۆزىگە ئامراق قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

**ئاغزىدىن گېپى چۈشۈپ قالماق** گېپىنى ئوڭشاپ قىلالمايدىغان، بوشاڭ، لايغەزەل، لامزەللە.

**ئاغزىدىن ھەسەل تامماق** باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان يېقىملىق، شېرىن سۆز قىلماق.

**ئاغزىدىن ئوت يانماق** ئەيمەنمەستىن، تەپ تارتماستىن ئۆتكۈر ئىبارىلەر بىلەن ھەق گەپنى قىلماق.

**ئاغزى شاللاق** قورسىقىدا گەپ ياتمايدىغان، ئورۇنسىز، تېتىقسىز گەپلەرنى تولا قىلىدىغان؛ گېپى تولا.

**ئاغزىغا ئاق ئىت كىرىپ، كۆك ئىت چىقماق** يامان سۆزلەر بىلەن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىماق.

**ئاغزىغا ئالماق** ① يېمەك، ئىچمەك: مەن بىر كۈن ئاغزىمغا ھېچ نەرسە ئالمىدىم. ② بىرەر سۆزنى سۆزلىمەك، ئېيتماق: — سەن ئىككىنچى بۇنداق گەپنى ئاغزىڭغا ئالما، — دېدى خوتۇنىغا ئېرى سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ. ③ بىراۋنىڭ ئىسمىنى (نامىنى) ئېيتىپ ئەسلىمەك: يىغىندا ئىدارە باشلىقى بىر ئادەمنى تازا ماختىدى، لېكىن باشقا ھېچكىمنى ئاغزىغا ئالمىدى.

**ئاغزىغا بالا تەگكەن** ① تېتىقسىز گەپلەرنى تولا قىلىدىغان، ۋالاقتەككۈر، ئاغزى يامان، ئاغزى بىزەپ: ھەي، ئاغزىغا بالا تەگكەن، تولا ئادەم بىلەن جاۋابلاشما. ② ئاغزى بېسىلماي يىغلاپ تۇرىدىغان: نېمانچە تولا يىغلايدىغاندۇ؟ تازا ئاغزىغا بالا تەگكەن بالا ئىكەن - دە بۇ.

**ئاغزىغا تاڭگازا چىشلىۋالغاندەك** سۆزلىمەي، ئىپادە بىلدۈرمەي، جىم تۇرۇۋېلىش ھەققىدە ئىشلىتىلىدىغان ئوخشىتىش فورمىسى: ھەي، مۇشۇنداق پۇرسەتتە كەلگەندە سۆزلىمەمسەن، ئاغزىڭغا تاڭگازا چىشلىۋالغاندەك گۆشىيىپ ئولتۇرۇسەنغۇ؟

**ئاغزىغا چىۋىن چىچماق** بەزى كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن ھورۇن، ئىش ياقماس، ئادەتتىن تاشقىرى لەقۋا ۋە بوشاڭلىقىنى تەرىپلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئىبارە.

**ئاغزىغا سالماق** يېمەك: مايسىخان ئاچا زورغا كۆلۈمسىرەپ چۆچۈرىدىن بىرنى ئاغزىغا سالدى.

**ئاغزىغا سۇ تېمىتماق** سەكراتقا چۈشۈپ قالغان، جان تالىشىۋاتقان، ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە ئۇرۇنماق: توختى ئۆيگە كىرىپلا كاڭدا ھوشسىز ياتقان ئانىسىنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتتى - دە، بىردىنلا چىرايى ئۆڭۈپ، قوللىرى بوشىشىپ كەتتى.

**ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلمەك** ئاش - تاماق ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى كۆرۈپ يېيىشكە تەقەززا بولماق، يېگۈسى كەلمەك: ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقانمۇ، ئەتىمالىم، ئاشخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، تۇرلۇك تائام ھىدى بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ، ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىپ كەتتى. * ئۇ كىر قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بىر پارچە ناننى ئاغزىغا سالدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان بالىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىپ كەتتى.

**ئاغزىغا قاراپ قالماق** ① قىلىنىۋاتقان گەپ - سۆزلەرگە ھەيران قالماق، تاڭ قالماق: ئۇرۇمچىگە بېرىپ كەلگەن ھارۋىكەشلەر ئۇ شەھەردىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار توغرىسىدا ھېكايە قىلسا، سودىگەرلەر ئۇ يەردە ئوقەتنىڭ قالتىسلىقىنى سۆزلىشەتتى، ئاڭلىغانلار ھەيران بولۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالاتتى. ② بىراۋنىڭ يولىيورۇقى، مەسلىھەتىگە قاراشلىق بولۇپ قالماق، بىرنېمە دېيىشىنى كۈتمەك: — ئاكا، — دېدى سەمەت قادىرغا يېلىنىپ، — تېزرەك بىرنېمە دېمەمسەن، بىز سېنىڭ ئاغزىڭغا قاراپ قالدۇق، سەن نېمە دېسەڭ بىز شۇنى قىلىمىز.

**ئاغزىغا قارىماق** ① بىراۋنىڭ بىرەر نەرسە دېيىشىنى، گەپ قىلىشىنى كۈتمەك: — مەن جىقلا ۋالاقلىۋەتتىم، ئەمدى سىلەرنىڭ ئاغزىڭلارغا قارايمەن، خوش، قېنى ھاشىردىن باشلايلى، ئۇقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن نېمە خىزمەت بىلەن شۇغۇللانماقچىسەن؟ — دېدى تۇرغۇن. * يېڭى ھاكىم بۇ خەتلەرنى ئوقۇۋاتقاندا، تۇڭچى ھاكىمنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى. ② بىراۋنىڭ گېپىگە قاراپ ئىش قىلماق، بويسۇنماق، باش ئەگمەك: ياقۇبىنىڭ دادىسى ئاچچىقلىنىپ: — بالا دېگەن ئاتا-ئانىنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ، سەن كەتكەندىن كېيىن، مېنىڭ قانچىلىق سەكپارە بولۇپ كەتكىنىمنى بىلەمسەن، — دېدى.

**ئاغزىغا قۇرۇق ئەمچەك سالماق** يالغان ۋەدىلەر بىلەن ئالدىماق، گوللىماق: — قاچانغىچە ئاغزىمىغا قۇرۇق ئەمچەك سالىسىز، ئالتە ئايدىن بېرى كۆزىڭىزگە قاراپ كەلدىم، بۈگۈن ئەتە دەپ مۇشۇ كۈنگىچە سۆرەپ كەلدىڭىز، ئەمدى ئۇشۇق تاقەت قىلالمايمەن، راست گېپىڭىزنى ئېيتىڭ! — دېدى رىشت شۇجىنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ.

**ئاغزىغا قۇرۇق قوشۇق سالماق** ← **ئاغزىغا قۇرۇق ئەمچەك سالماق**: — قاچان بارىمىز ئۇكا، بۇ گەپ بىرنەچچە قېتىم بولدى، مەنمۇ ئازراق بىلىۋالاي، ئاغزىمغا نېمىشقا قۇرۇق قوشۇق سالىدىغانسىز، — دېدى ئابدۇرەھىم شاڭخەي سۆھبەتدىشىغا.

**ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتماسلىق** ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى ياندۇرماي سۆزلەۋېرىش، ھېچقانداق سۆزنى ئايىماسلىق.

**ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلىماق** ← **ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈمەك**: جياڭ جيېشى گۇرۇھىنىڭ ئىشپىيونلار باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان چېن لىفۇ بىرنەچچە ئەكسىيەتچى لوكچەكنى يالاپ «تۇرمۇش مەسلىكى» دېگەن نەرسىنى يازدۇرۇپ، ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاپ گومىنداڭنىڭ فاشىزمىنى تەرغىپ قىلغان.

**ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈمەك** توغرا-خاتانى، ياخشى-يامانىنى ئايرىماستىن، خىيالىغا كەلگەننى سۆزلىمەك: بەزى تۇتۇرۇقسىز ئادەملەر ھە دېسىلا ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ كىشىلەرنىمۇ بىزار قىلىدۇ، ئۆزىنىمۇ رەسۋا قىلىدۇ.

**ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك** ← **ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىمەك**: — بولدى خېنىم، — دېدى كۈتىيۇر خېنىم، — ئاغزىڭىزغا كەلگەننى دەۋەرمەڭ.

**ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىمەك** ئويلىماي، توغرا-خاتاسى بىلەن ھېسابلاشماي، خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى دېمەك: ياۋۇلنىڭ بىر يايىسى ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىگەنچە يولنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ياۋۇل تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىپ باراتتى.

**ئاغزىغا كۆچمەك** گەپكە زورلىماق، گەپ بىلەن ئىش قىلماق.

**ئاغزىغا كېلىپ قالماق** ئۇشتۇمتۇت، تاساددىپىي، بىردىنلا ئېسىگە كەلمەك: ئۇ گەپ شۇ يەردە مېنىڭمۇ ئاغزىمغا كېلىۋىدى، ئەمما بەزى ئىشلارنى ئويلاپ، دېمىدىم. * ئاغزىمغا كېلىپ قالدى دەپ تاشلىدىم، ئۇنىڭغا رەنجىمەس.

**ئاغزىغا گەپ سىلىپ بەرمەك** نېمە دېيىشنى كېرەكلىكىنى دەپ بەرمەك: ئۆگىتىپ قويماق: — بالام، ئاغزىڭغا سىلىپ بەرگەن گەپنىمۇ قاملاشتۇرۇپ دېيەلمىدىڭمۇ؟ ئەمدى قالغان ئىشنى ئۆزەڭدىن كۆر، — دېدى ئەمەت ئاكا ئوغلىغا دىلىشاتقا.

**ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالماق** سۆزلەيدىغان گەپ تاپالماي قالماق: تاساددىپىي ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغانلىقىمىدىن بىردەمگىچە ئاغزىمغا گەپ كەلمەي قالدى.

**ئاغزىغا ئىنەك تەپمەك** ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالماق، گەپ قىلالماي قالماق.

**ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك** قاتتىق خۇشاللانماق، ئادەتتىن تاشقىرى خۇرسەن بولماق: — ساڭ سالىمساق بولمىدى، ئەمدى مۇنچە قوناققا...، — دېدى ئايخان، بەختى ئاخۇن، ئاغزى

www.uyghurkitap.com

يېتىپ قولاقتا.

**ئاغزى قىتىقتا كۆيمەك** دۇچ كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ساۋاق ئالماق، تەجرىبە ساۋاقىنى ئەستە تۇتماق: بارات ئاخۇننىڭ مەردلىكى باشقا ئەزالارغا بىسىم بولۇپ، ئاز - تولا نەرسىلىرىنى تاپشۇرۇشقان بولسىمۇ، لېكىن بەزىلەرنىڭ ئاغزى نەچچە قىتىم قىتىقتا كۆيگەنلىكتىن، چارۋىلىرىنى ئالدىراپ - تېنەپ سىتىۋېتىشتى ياكى ئىشەنچلىك جايلارغا يوشۇرۇشتى.

**ئاغزى قىچىشماق** گەپ قىلغۇسى كېلىپ كەتمەك: ئۇلار روزىمەتنى گەپكە سېلىپ بىردەم - يېرىمدەم كۆڭۈل ئېچىشنى ئۆزىگە ئەرمەك قىلىۋالغاچقىمۇ ئۇنى كۆرگەن ھامان ئاغزى قىچىشىپ قالاتتى.

**ئاغزى كالۋا** ① ئاغزى گال، گېپىنى ئوڭشاپ قىلالمايدىغان، گەپ قىلىشنى بىلمەيدىغان: ئۇنىڭ ئاغزى كالۋا، ئىككى ئېغىز گەپنى ئوڭشاپ قىلالمايدۇ. ② قالايمىقان گەپ قىلىدىغان. ياخشى-يامان گەپنى ئايرىماي دەۋېرىدىغان، ئۇنىڭ گېپىگە دىققەت قىلماڭ، ئۇ شۇنداق ئاغزى كالۋا ئادەم.

**ئاغزى كالۋالاشماق** ھودۇقۇپ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالماق، تىلى كالۋالىشىپ سۆزلىيەلمەي قالماق.

**ئاغزى كەلمەك** ئاغزى سۆزگە ئادەتلەنمەك، سۆزلىيەلەيدىغان بولماق، تىلى كېلىدىغان بولماق: جاڭ شۇجىنىڭ ئۇيغۇرچە گەپكە خېلى ئاغزى كېلىپ قالدى.

**ئاغزى كۆيمەك** بالاغا قالماق، باش ئاغرىقى تېپىۋالماق: — ھوي ساراڭ. خېنىم دە، ئاغزىڭ كۆيىدۇ، — دېدى يەنە بىر كېنىزەك.

**ئاغزى كۇچلۇك ← ئاغزى باتۇر:** ئاغزى كۇچلۇك ئادەم.

**ئاغزى گەپكە كەلمەي قالماق** بىرەر ئىشتىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ ھودۇقۇقانلىقتىن تىلى كالۋالىشىپ سۆزلىيەلمەي قالماق: سىزنى تەربىيىلىگەن پارتىيىگە رەھمەت دېدىم، شۇ گەپ

بىلەن تەڭلا كۆزۈم ئىختىيارسىز ياشقا تولۇپ، ئاغزىم گەپكە كەلمەي قالدى.

**ئاغزىڭدىن چىقارما** باشقىلارغا ئېيتما؛ بۇ گەپلەرنى ئاغزىڭدىن چىقارغۇچى بولما، بالاغا قالىسەن!

**ئاغزىڭغا باق** ئاغزىڭغا قاراپ سۆزلە.

**ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە ← ئاغزىڭغا قاراپ سۆزلە:** — ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، جېنىڭدىن تويۇپ تۇرامسەن؟ — دېدى جۇمە خوتۇنىغا.

**ئاغزىڭغا تاش-تۇپراق** شۇملۇق، بالا-قازا، پېشكەللىك، بەختسىزلىك كەلتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلغۇچىلارغا رەددىيە قىلىپ ئېيتىلىدىغان ئىبارە: — راست ئاغزىڭغا تاش-تۇپراق، ئامانىسا ئاغىچا خېنىم، بولىدىمۇ ئاداش، — دېدى يەنە بىر قىز.

**ئاغزىڭغا قاراپ سۆزلە** ئويلاپ، نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى چۈشىنىپ سۆزلە، ناباب، تېتىقسىز گەپلەرنى قىلما: ئاياللار مەسىلىسىدە ئاغزىڭغا قاراپ سۆزلە. * شاڭيۇ — بولدى، ئاغزىڭغا قاراپ سۆزلە، ئۇنى ئويلىشىپ كۆرىمىز، — دېدى

**ئاغزىڭغا قەنت ← ئاغزىڭغا ياغ:** بۇ خۇش خەۋىرىڭ ئۈچۈن ئاغزىڭغا قەنت.

**ئاغزىڭغا ماي ← ئاغزىڭغا ياغ.**

**ئاغزىڭغا ناۋات ← ئاغزىڭغا ياغ.**

**ئاغزىڭغا ياغ** بىرەر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەن كىشىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئېيتىلىدىغان ئىبارە: مۇئەللىم، ئاغزىڭىزغا ياغ، قىزىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرگەنلىكى ھەققىدە خۇش خەۋەر كېلىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدىكەن-ھە!

**ئاغزىڭ قېنى دېسە، بۇرنىنى كۆرسىتىدىغان ← دۇمبىسى قىچىشسا گەدىنىنى تاتىلايدىغان.**

**ئاغزىڭنى باس ← ئاغزىڭنى يۇم:** — ئاغزىڭنى باس، نازى! — دەپ ۋارقىرىدى گورىيو بوۋاي.

**ئاغزىڭنى چايقاپ گەپ قىل** لايىقىدا، مۇۋاپىق گەپ قىل؛ بىمەنە، يالغان، تېتىقسىز

گەپ قىلما: «ئاغزىڭنى چايقاپ گەپ قىل ـ ھە!» نۇرامىنەممۇ جىددىي تۈس ئېلىپ مارجان بۈۋىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە مىختەك قادىلىپ قارىدى.

**ئاغزىڭنى يۇم** ① گېپىڭنى توختات!، سۆزلىمە! ② يىغاڭنى توختات: ــ ئاغزىڭنى يۇم! كىچىچە يىغلاپ چىققىنىڭ يەتمىدىمۇ؟! ــ دېدى مەريەمخان بالىسىغا.

**ئاغزى مەھكەم ← ئاغزى چىڭ:** باۋۇدۇنمۇ بۇ مەسىلىدە ئۈنىڭدىن قېلىشمايدۇ، ئىككىسىنىڭمۇ ئاغزى مەھكەم.

**ئاغزىمىغا چىش چىقىرالىدىن بۇيان ← ئاغزىمغا چىش چىققاندىن بېرى.**

**ئاغزىمغا چىش چىققاندىن بېرى** چوڭ بولۇپ، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولغاندىن بېرى: ئاغزىمغا چىشىم چىققاندىن بېرى بۇ يەرگە كېلىپ باقماپتىمەن.

**ئاغزىمنى ئاچما** مېنى سۆزلەشكە مەجبۇر قىلما، مېنى سۆزلەتمە: ــ ھەي، تولا ئاغزىمنى ئاچما، بىسكاردىن ـ بىسكارغا دىلىڭ ئازار يەپ قالىدۇ، ــ دېدى ھېلىقى ئادەم، يېنىدا ئۈنى مەسخىرە قىلىپ تۇرغان بىرىگە.

**ئاغزىنى ئاچماق** سۆزلىمەك، گەپ قىلماق: قارىسىلا، شۇ بالىمىز يىگىت بولۇپ، ئاغزىنى ئېچىپ تەلەپ قويغىنى مۇشۇ، بالىنىڭ تەلىپى يەردە قالمىسۇن، ــ دېدى سائادەتخان ئېرىگە، ــ گەپ قىلىسىلىچۇ، بالىنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنى قاچان ئەۋەتىمىز.

**ئاغزىنى ئەتمەك** سۆزلەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلماق؛ سۆزلىيەلمەيدىغان قىلىپ قويماق.

**ئاغزىنى بوغۇپ قويغان كالىدەك** مەلۇم بىر ئىش ياكى بىرەر مەسىلىگە نىسبەتەن پوزىتسىيە بىلدۈرمەي، گەپ ـ سۆز قىلماي شۈك تۇرۇۋالغانلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىبارە.

**ئاغزىنى بۇزماق** ئەدەب ـ ئەخلاققا يات يامان گەپلەرنى قىلماق، تىللىماق: ــ نېمە ئاغزىڭنى بۇزىسەن، جانىنى ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئادەمدەك سۆزلىمەمسەن؟ ــ دەپ ئاچچىقلاندى ئۇ.

**ئاغزىنى تاتلىق قىلماق** ئىشقا ئاشمايدىغان خام خىياللار بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلماق، ئۆز ـ ئۆزىنى گوللىماق: پاتىمە: بۇ ئاھانەت ئۈچۈن شاھ زۆھرەنى دارغا ئاسماي قالمايدۇ، ئەمدىغۇ شاھزادە مېنىڭ بولار، دەپ ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ يۈرگىنىدە، شاھ شەھەردىكى ئۆلىما، ھۆكۈما، دانىشمەن، قۇرئانىدازلارنى مەسلىھەتكە چاقىرتىپتۇ.

**ئاغزىنى تاتلىماق** سىرنى بىلىش ۋە رايىنى سىناپ كۆرۈش مەقسىتىدە بىراۋنى گەپكە سالماق؛ گەپ ئالماق: سەپىرىمىز ئاخىرلاشقىچە كۈنلەرنى مۇشۇنداق بىر ـ بىرىمىزگە سىڭايان قاراپ ئۆتكۈزۈش مۇمكىنمۇ، ئاخىر مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتلىدىم.

**ئاغزىنى تۇۋاقلىماق** بىراۋنى سۆزدە، داۋلىدا يېڭىپ ئېغىز ئاچالمايدىغان قىلىپ قويماق، گەپتە ئولتۇرغۇزۇپ قويماق: دوختۇرنىڭ بۇ سۆزلىرى مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويىدى، لېكىن ئانىسى دەررۇ ئۆزىنى ئوڭشۇۋېلىپ، بۇنىڭغا رەددىيە بەردى. ● ئەزالارنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. شۇجى يۈنۈس تۇردىغا «يارايسەن، ئاغزىنى تۇۋاقلىدىڭ» دېگەندەك بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى.

**ئاغزىنى تىيماق ← ئاغزىنى يىغماق.**

**ئاغزىنى غېرىچلىماق** بىلەرمەنلىك قىلىپ گەپكە ئارىلاشماق، ئۆزىدىن چوڭلار بىلەن گەپ تالاشماق: ــ باغنى كۆتۈرە ئالمايلى دەپ شۇنچە توسساق، شۇجى ئۇنى دېدى، باتۇر دۈيجاڭ بۇنى دېدى، دەپ ئاغزىمنى غېرىچلاپ، تۈگمەس ئاۋارىگەرچىلىكنى سېتىۋالدىڭ، ــ دېدى دادىسى.

**ئاغزىنىڭ بوغقۇچى يوق** ئۆز ئاغزىنى ئۆزى باشقۇرالمايدىغان، ئاغزىغا كەلگەنچە سۆزلەيدىغان، ئاغزىنى يىغالمايدىغان.

www.uyghurkitap.com

**ئاغزىنىڭ بېغى يوق** ← **ئاغزىنىڭ بوغقۇچى يوق:** — خاپا بولماڭ، — دېدى ھېلىم يېنىدىكى دوستى گۈلنارغا، — بۇ شۇنداق ئاغزىنىڭ بوغقۇچى يوق ئادەم، خەقنىڭ كۆڭلىگە كېلەرمۇ دېمەي خىيالىغا كەلگەننى سۆزلەۋېرىدۇ.

**ئاغزىنىڭ پاشىسى يوق** ← **ئاغزىنىڭ بوغقۇچى يوق.**

**ئاغزىنىڭ پەچىمى يوق** ← **ئاغزىنىڭ بوغقۇچى يوق.**

**ئاغزىنىڭ پەنجىرى يوق** ← **ئاغزىنىڭ بوغقۇچى يوق.**

**ئاغزىنىڭ نوختىسى يوق** ← **ئاغزىنىڭ بوغقۇچى يوق.**

**ئاغزىنىڭ ئۇچىدا سۆزلەپ قويماق** چىن كۆڭۈل، ھەقىقىي نىيىتىدىن ئەمەس، تەسادىپىي، شۇنداقلا دەپ قويماق: مەن ئۇلار بىلەن يۈرگەندە كۆرۈنۈشتە شۇلار تەرەپ بولۇۋېلىپ ئانچە-مۇنچە ئاغزىمنىڭ ئۇچىدا خەلق، مىللەت ھەققىدە سۆزلەپ قوياتتىم.

**ئاغزىنىڭ ئىزمىسى يوق** ← **ئاغزىنىڭ بوغقۇچى يوق.**

**ئاغزىنىڭ يۈگىنى يوق** ← **ئاغزىنىڭ بوغقۇچى يوق.**

**ئاغزىنى مايلىماق** ← **ئاغزىنى ياغلىماق:** قاسىم بەگ ئالدىقاچان شەنگەننىڭ ئاغزىنى مايلاشقا ئۈلگۈرگەندى.

**ئاغزىنى ئۇپراتماق** گەپ ئاڭلىمايدىغان، گەپ يېمەيدىغانلارغا سۆزلەپ بىكار ئاۋارە بولماق: ئاپا، ئاغزىڭىزنى ئۇپراتمىسىڭىزنا، قانچە دېسەڭمۇ ئاڭلارمىدى؟ ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ساڭا ئۆگەي-دە؟

**ئاغزىنى ئۇچلىماق** نارازىلىق، مەنسىتمەسلىك، كەمسىتىش نىيىتىنى ئىپادىلىمەك: گۈلشەن ھەدىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئاغزىنى ئۇچلىغانچە ئارقىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

**ئاغزىنى ئۆمەللىمەك** ① سۆزلەشكە تەمشەلمەك: مۇدىر نېمىندۇ ئېيتماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ توختاپ قالدى. ② يىغلاشقا تەمشەلمەك: ئۇ تاماق يەۋاتقان بالىسىنى سىلكىشلىۋىدى، بالا ئاغزىنى ئۆمەللەپ توختاپ قالدى.

**ئاغزىنى ئېچىپ قالماق** ← **ئاغزى ئېچىلىپ قالماق:** ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى يىگىت جۇۋىلارنى تەتۈر ئۆرۈپ كىيىپ، تۆگە سۈرىتىدە بولۇۋاپتۇ، مەن بۇلارغا قىزىقىپ ئاغزىمنى ئېچىپ قاراپ قاپتىمەن.

**ئاغزىنى ئىشقا سالماق** ئېغىزغا تايىنىپ ئىش قىلماق، سۆزلىمەك، پىكىر بايان قىلماق: — سىز بۇ ئىشنى قول تېقىپ ئىشلىمەيسىز. پەقەت لازىم تېپىلغاندا ئاغزىڭىزنى ئىشقا سېلىپ ھايداقچىلىق قىلىپ قويسىڭىزلا ئىش يۈرۈشۈپ كېتىۋېرىدۇ. ماقۇل دەڭ، بىز سىزنىڭ ئابرويىڭىزدىن پايدىلانماقچى، — دەپ يالۋۇردى نىياز غوپۇر.

**ئاغزىنى ياغلىماق** بىرەر مەقسەت ۋە مۇددىئانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارنى ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئالدىماق: ھىيلىگەر باي شۇ ئاخشىمى قازىنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىقچە نۇرغۇن سوۋغا-سالاملارنى ئېلىپ كېلىپ، قازىنىڭ ئاغزىنى ياغلاپتۇ.

**ئاغزىنى يامان قىلماق** تىللىماق، ھاقارەتلىمەك: (شەرۋان) نېمە قىلدى بۇ ساڭا شۇنچە؟ (سىيىت) ئاغزىنى يامان قىلىۋاتىدۇ.

**ئاغزىنى يۇمالماي قالماق** ئارتۇقچە خۇشاللانماق، ھەددىدىن ئارتۇق سۆيۈنمەك: — قاسىم ئاكا، ئالتۇن مونچاق ئۇچرىدىمۇ نېمە ئاغزىڭىزنى يۇمالماي قاپسىزغۇ؟ — دېدى مەنسۇر.

**ئاغزىنى يۇمماق** سۆزلىمەي جىم تۇرۇۋالماق، سۆزلەشتىن توختىماق: دادىسىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئاغزى يۇمۇلدى.

**ئاغزىنى يىغماق** قالايمىقان ياكى ئارتۇقچە سۆزلەشتىن توختىماق: — سەن ئورۇنسىز گەپلەرنى تولا قىلىدىغان بولۇپسەن، ئەمدى ئاغزىڭنى يىغساڭ بولاتتى، — دېدى ماموت ئاخۇن ئوغلىغا.

**ئاغزى هاڭ قالماق** ← **ئاغزى ئېچىلىپ قالماق.**

**ئاغزى ئوچۇق** روزا تۇتمىغان كىشى، كوزا: روزا تۇتقانلار سەل بۇرۇنراق ئىشتىن چۇشسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئاغزى ئوچۇقلار ئانچە ئالدىرىمسا بولار.

**ئاغزى ئېتىلمەك** گەپ ـ سۆز، داۋلى ۋە باشقا ئىشلاردا كەتكۈزۈپ قويۇپ ئالدى توسۇلماق، سۆز ئاچالمايدىغان هالەتكە چۈشۈپ قالماق: ــ بولدىلا، ــ دېدى ئۇ بىر ئامال تاپقاندەك يېنىككىنە تىنىپ، ــ بىرنەچچە كۈنگە بولسىمۇ يەرنى تېرىۋالاي ئۇلارنىڭ ئاغزى ئېتىلىدۇ.

**ئاغزى ئېچىلماق** سۆزلەشكە باشلىماق، گەپكە چۈشمەك: بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، يەنە ئۆز ئوغلىنى ماختاشقا باشلاپتۇ. * بۇ قىزنىڭ ئاغزى ئېچىلدىمۇ بولدى، ئەگەر ئۇنىڭ گېپىنى توختىتىپ قويمىسا، خۇددى هەرىكەتلەنگەن ماشىنىدەك توختىماستىن سۆزلەۋېرىدۇ.

**ئاغزى ئېچىلىپ قالماق** بىرەر ئىش ياكى گەپ ـ سۆزلەرگە هەيران بولماق، هاڭ ـ تاڭ قالماق: ئايسخان ئانا كىرىمنىڭ گېپىنى چۈشەنەلمەي، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

**ئاغزى ئېچىلىپ كەتمەك** سۆزلەپ كەتمەك ــ بۇ راست گەپ، بۇرادەرلەر يۈزدە يۈز هەق گەپ! ــ ئالغاينىڭ بىردىنلا ئاغزى ئېچىلىپ كەتتى.

**ئاغزى ئىتتىك** ئويلىماي سۆزلەيدىغان، ئاغزىغا كەلگەننى يۈز ـ خاتىر قىلماي دەيدىغان: ــ ئاغزىڭ ئىتتىك ـ دە بالام، ــ دېدى دادىسى غۇلامغا، ــ هېلىقى گەپنى ئۇ يەردە دېمەسلىك كېرەك ئىدى.

**ئاغزى ئىتتىكلىك قىلماق** ئويلىماستىنلا ئالدىراپ ـ تېنەپ سۆزلىمەك، دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنىمۇ دەپ تاشلىماق: ئۇ بۈگۈنكى يىغىندا دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان بىر مەسىلىنى ئاغزى ئىتتىكلىك قىلىپ دەپ سالدى.

**ئاغزى يالاق بولماق** ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال بولماق، ئىنتايىن خۇرسەن بولماق: بىر كۈندىپاي باشلىقى ئازغىنا پۇل هېسابىغا راۋابنى ساڭا ئۆز قولى بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىشكە ۋە ساڭا خەت يېزىش ئۈچۈن قەغەز ـ قەلەم ئاچىقىپ بېرىشكە ئاغزى يالاق هالىدا ماقۇل بولدى.

**ئاغزى يامان** ← **ئاغزى بېزەپ:** ئاغزى يامان بالا، ئاغزى يامان خوتۇن.

**ئاغزى يۇمشاق** سىلىق، چىرايلىق گەپ قىلىدىغان، يامان، بېزەپ گەپ قىلمايدىغان: ئۆزەمنىڭمۇ ئاغزىم يۇمشاق بولغاچقا، ئۇلارغا بەرگەن تەسىرىممۇ يامان ئەمەس ئىدى. * ــ سەن كالا هارۋىسى هەيدىسەڭ بولىغۇدەك، ــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا زەردە بىلەن، ــ سېنىڭ ئاغزىڭ يۇمشاقمىكىن دېسەم، قۇلىقىڭمۇ بەك يۇمشاقكەن، توختا دېگەن يەردە توختايدىغان كىرا ماشىنىسىمۇ بۇ؟

**ئاغزى يېنىك** ← **ئاغزى ئىتتىك.** ئەركىن ناهايىتى ئاغزى يېنىك بالا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدۇ.

**ئاغزى يېنىكلىك قىلماق** ← **ئاغزى ئىتتىكلىك قىلماق:** مامۇت ئويلا ـ ئويلا ئاغزى يېنىكلىك قىلىپ ئېيتىپ سالغان سۆزلىرى ۋە يىغىندىن ئېيداپ كەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى.

**ئاغىل ـ تاغىل** هەر خىل، هەر ياڭزا؛ ئالا ـ تاغىل: ئۇلار قىيقاس ـ چۇقان بىلەن كولۇشتى ـ دە، ئاندىن بىرى هۇشقىتىپ جىر باشلىدى، قالغانلىرى ئاغىل ـ تاغىل ئاۋاز بىلەن جىرلىشىپ، بىردىن يىراقلاشتى.

**ئاغىنە** ئى [ئاغا+ئىنى] بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق، ئۆتىدىغان دوست، ئاداش، بۇرادەر: مەن هەربىي خىزمەتنى تۈگىتىپ، يېزامغا كەلگەن كۈنىلا ئاتامدىن باللىقىمدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇغان ئاغىنەم بەختىنى سورىدىم.

**ئاغىنە ـ بۇرادەر** ئاغىنە ۋە بۇرادەر، ئاغىنە ـ دوست، يار ـ بۇرادەر؛ دوست ـ ياران:

www.uyghurkitap.com

ئاغىنە ـ بۇرادەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئاغىنىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ھەققىي كۆيۈمچانلىقىدا.

**ئاغىنە ـ بۇرادەرچىلىك** ئاغىنە ـ بۇرادەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى: ئاغىنە ـ بۇرادەرچىلىك مۇناسىۋەت.

**ئاغىنە ـ ئۆڭگە** ئاغىنە ـ بۇرادەر، دوست: زادىلا بىزنىڭ بۆلۈمگە كىرمەيدىغان شۇجىلار، مۇدىرلار، قايسى ناھىيىنىڭدۇ سەيگۈيۈەنلىرى ۋە ئاغىنە ـ ئۆڭگىلىرى يىغىپلا كېتىدۇ.

**ئاغىنىچىلىك** ئى. ⟵ **ئاغىنىدارچىلىق** مانا تونۇگۈن كەچتە رەقىبكە ئوچۇق ئېيتتىم: ـــ ئاغىنىچىلىك قىلىمەن دېسەڭ كۆپ كەلمىگىن، كۆرگۈم كەلسە مەن باراي.

**ئاغىنىدارچىلىق** ئى. ئاكا ـ ئۇكىلاردەك دوستانە مۇناسىۋەت، ئىناقلىق، دوستلۇق: بىز ئاغىنىدارچىلىقنى قانۇن ئورنىغا دەسسەتمىگەن بولساق، ئوغلىڭىز بۇ دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتمىگەن بولاتتى.

**ئاغىنىلىق** ئى. ⟵ **ئاغىنىدارچىلىق.**

**ئافرىقا** ئى [ئە] <جۇغ> ⟵ **ئافرىقا قىتئەسى.**

**ئافرىقا قىتئەسى** <جۇغ> يەر شارىدىكى يەتتە قىتئەنىڭ بىرى، ئاسىيا قىتئەسى بىلەن ياۋروپا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان؛ شىمالىي تەرىپى ئوتتۇرا دېڭىز، جەبىلتارىق بوغۇزى ئارقىلىق ياۋروپاغا، شەرقىي شىمالىي قىزىل دېڭىز، سۇۋەيش قانىلى ئارقىلىق ئاسىياغا تۇتىشىدۇ؛ غەربىي تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيان، شەرقىي تەرىپى ھىندى ئوكيانغا تۇتىشىدۇ؛ پۈتۈن قىتئەنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 30 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق، دۇنيادا ئاسىيادىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ قۇرۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ.

**ئافرىقىلىق** ئى. ئافرىقا قىتئەسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھەم شۇ يەردە ياشايدىغان كىشى.

**ئافغان** ئى ⟵ **ئافغانلار.**

**ئافغانچە** سۈپ ① ئافغان تىلىدا، ئافغان يېزىقىدا: بۇلارنىڭ ئىچىدە ئافغانچە سۆزلىشىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ② ئافغانلارغا خاس، ئافغان خەلقىگە ئائىت: ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئافغانچە كىيىنىپ يۈرەتتى.

**ئافغانلار** ئى <ئىرقى> ئافغانىستاننىڭ تۈپ ئاھالىسى: ئافغان خەلقى.

**ئافىپي** ئى [ئىنگ] غەلىتە، ئۆزگىچە كىيىنگەن، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى باشقىچە ئادەم؛ لوكچەك.

**ئافىپىلارچە** رەۋ. ئافىپىلارغا خاس، ئافىپىلارغا ئوخشاش، ئافىپىلاردەك: كىيىنگەن ئالا ـ چىپار ئافىپىلارچە، كۆزى، بېشى ۋە يوق ئىدى قاشلىرى، يېڭى يېنىپ چىققان كەبى مۇنچىدىن، يېپىلغاندى ھۆل ۋە سېرىق چاچلىرى.

**ئاق** ① سۈپ. پاختا، قار ياكى سۈت رەڭدىكى؛ قارنىڭ ئەكسى: ئاق خەسە. ئاق ئۇن. ئاق قەغەز. * ئۇلارنى تامغا يۆلىنىپ گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان. ئاق خالاتلىق، چىرايلىق بىر قىز ئىشتىك ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغىن قارشى ئالدى. ② سۈپ. **سىرتى، كۆرۈنۈشى ئاق رەڭگە** مايىل: ئاق يۈزلۈك، ئاق بىلەك. ئاق ئالما. * ناھىيە ئىدارە ئورگانلىرىنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ چىققان بىر تۈركۈم كادىرلىرى ئىچىدىن ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك كەلگەن بىر كىشى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ بازارنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىنىچە ئالدىرىماي ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ③ سۈپ. خەت يېزىلمىغان، زىرائەت تېرىلمىغان؛ بىكار، بوش: ئاق بەت. ئاق يەر. * ئالدىن كېيىن، يەنە بىرنەچچە بەت ئاق تاشلانغاندىن كېيىن مۇنداق بىر شېئىر ئۇچرىدى. * ئۇنىڭ يېرى تېرىلماي ئاق قالسا ئەپلەشمەس، بىز ئىشلەپ قويساق دەيمەن. ④ سۈپ. **پاك، گۇناھسىز:** ئوغرى ئۆلگۈچە ئاقمەن دەپ تۇرار. * ـــ شۇنداق! قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقما دېگەن گەپمۇ بار. مەن ئۆزەمگە ئاق.

ئىكەنمەن يېزنۇۋېرىمەن. پارتىيىنىڭ چوقۇم توغرا بىر تەرەپ قىلىشىغا ئىشىنىمەن! ⑤ ئى. **توغرا، ياخشى ئىش، ھەقىقەت**: ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلماق. ⑥ ئى. **ئاقارغان تۈك، موي؛ چاچ ۋە ساقالنىڭ ئاقارغان قىسمى**: چاچنىڭ ئېقى. * ساقىلىنىڭ ئېقى بار، بالىلىقى تېخى بار. * چېچىدا ئاق تولا، يىللار توزانى، ھېلىتىن باشلىنىپ قالغان خازانى. ⑦ ئى. **كۆزنىڭ قارىچۇقىنى ئوراپ تۇرغان تىنىق رەڭ قىسمى**: كۆزنىڭ ئېقى. ⑧ ئى. **بەزى كېسەللىك نەتىجىسىدە كۆز قارىچۇقىدا پەيدا بولغان ئېقىش داغ پەردە**: كۆزگە ئاق چۈشمەك. * شىجاڭ پەس ئاۋاز بىلەن: — روزىمەت دېگىنى بايىقى بىر كۆزىدە ئېقى بار يىگىت شۇ، سۇلايمان دېگىنى مۇشۇ 8 — دۈينىڭ ئامبارچىسى! — دېدى. ⑨ ئى. **تۇخۇمنىڭ ئاقسىل ماددىسى**: تۇخۇمنىڭ ئېقى. ⑩ سۈپ. **سۈس، ئاققا مايىل**: ئاق يېشىل، ئاق سېرىق. ⑪ ئى. **ئۆلۈم — دەپنە ئىشلىرىدا مۇسىبەت ئىگىلىرى ماتەم تۇتۇپ باغلايدىغان ئاق رەخت**: مەرھۇمنىڭ يالغۇز قىزى يېشىغا ئاق رومال چېگىپ، بېلىگە ئاق باغلاپ جىنازىنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

**ئاق ئاش** ① **ئۆلۈم — يېتىم ئىشلىرىدا ماتەم تۇتۇپ مۇسىبەتتە بولغانلار ۋە ئاق باغلىغانلارغا بېرىلىدىغان ئاش، تاماق.** ② **پولۇنىڭ بىر تۈرى.** گۈرۈچنى قايناۋاتقان سۇغا سېلىپ بىر قايىنىتىپ سۈزۈۋېلىنىدۇ، ئاندىن سۈزۈۋېلىنغان گۆشنىڭ شورپىسىغا سەۋزە سېلىپ پىشۇرۇپ گۈرۈچ دەملىنىدۇ، كېيىن دەم يېگەن ئاشنىڭ ئۈستىگە باشقا قازاندا داغلانغان ياغنى چېچىپ، ئارىلاشتۇرۇپ لەگەنگە ئۇسسۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە گۆش بېسىلىدۇ. ③ **ئاق ئاشلىق (بۇغداي، گۈرۈچ)**: ھازىر بەزى يېزىلاردىكى دېھقانلار ئۆزلىرى ئاق ئاش يەپ، قارا ئاشنى ئۇلاغقا بېرىدىغان بولدى.

**ئاق ئاشلىق** ① ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدىكى كراخماللىق تەركىبى يۇقىرى بولغان بۇغداي ۋە شال زىرائەتلىرى. ② شۇ خىل ئاشلىقلارنىڭ دان ۋە ئۇنى: ھازىر ھەممە كىشى ئاق ئاشلىق يېيەلەيدىغان بولدى.

**ئاق ئاغمىخان** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، تەن شەكلى سېرىق ئاغمىخانغا ئوخشايدۇ؛ تېنى ئىنچىكە، ئۇزۇن، تۆت ئايىغى قىسقا — كىچىك، قۇيرۇقى قىسقا بولىدۇ؛ تۈكلىرىنىڭ رەڭگى پەسىللەر بويىچە ئۆزگىرىدۇ، يازدا دۈمبە تۈكلىرى قوڭۇر، قورساق تۈكلىرى ئاق، قىشتا قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى قارا بولغاندىن باشقا تېنىنىڭ قالغان قىسىملىرىدىكى تۈكلىرىنىڭ ھەممىسى ئاق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ؛ كۆپىنچە كېچىدە ھەرىكەت قىلىپ پاقا، چاشقان قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ دۆلىتىمىزدە 3 — دەرىجىلىك قوغداش ئوبيېكتى قىلىپ ئايرىلىدۇ.

**ئاق ئاكاتسىيە** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، شاخلىرىدا تىكىنى بار، پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق، گۈلى ئاق ۋە پۇراقلىق بولىدۇ؛ قاسىراقلىق مېۋە تۇتىدۇ.

**ئاق ئالا يىلان** <زوئول> بىر خىل زەھەرلىك يىلان، تېنى قارا، نەچچە ئونلىغان ئاق ھالقىسىمان ئالىسى بار؛ زەھىرى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئۇششاق ھايۋانلارنى ئوزۇق قىلىدۇ؛ ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي ئۆلكىلىرىدە ياشايدۇ.

**ئاق ئالتۇن** <كېئول> ← **پلاتىنا**.

**ئاق ئانار تاش** <كېئول> مىنېرال نامى، خىمىيىلىك تەركىبى K(AlSi$_2$O$_6$)، تەڭ ئوقلۇق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ؛ كرىستالى تۆت بۇلۇڭلۇق ئۇچلانغان سەككىز يۈزلۈك شەكلىدە، رەڭسىز ياكى سەل ئاچ سېرىق

بولىدۇ؛ پارقىرىمايدۇ، كالىي تاۋلاشنىڭ خام ئەشياسى.

**ئاق ئايدىڭ** بۇلۇتسىز، سۇتتەك ئايدىڭ.

**ئاق ئەمەن** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، پەيسىمان يېرىلىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ دۈمبە تەرىپىدە زىچ ئۆسكەن سۇس كۆل رەڭ تۈكچىلىرى بار، گۈل تاجى كاناي شەكىللىك، سۇس سېرىق. ئۇنى ئەمەننىڭ ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**ئاق باش** بېشىنى ئاق چاچلار قاپلىغان؛ ياشانغان، پېشقەدەم: ئاق باش بوۋاي، ئاق باش موماي.

**ئاق باش جاغالماي** <زوئول> سار ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل قۇش، چوقىسى بىلەن بويۇننىڭ كېيىنكى قىسمى سېرىق ئېقىش رەڭلىك؛ دۈمبە، بەل، قۇيرۇق پەيلىرى قوڭۇر سېرىق رەڭلىك؛ قورساق ۋە قۇيرۇق قىسىملىرىنىڭ رەڭگى ئاچ سېرىق ۋە ئاق قوڭۇر بولۇپ، ئارىسىدا ئاق رەڭلىك يولچىلار بولىدۇ؛ ئادەتتە دەريا، كۆل بويلىرىدىكى ئورمانلىقتا، سازلىق ۋە كۆل بويىدىكى قومۇشلۇقلاردا ياشاپ ئۇششاق قۇشلار ۋە چاشقانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ؛ شىنجاڭنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي رايونلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

**ئاق باش سېرىق قۇشقاچ** <زوئول>قۇشقاچلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل قۇش، تېنى ئاق قۇشقاچتىن سەل چوڭ، بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق ئېقىش ئالىسى بار، قالغان قىسمى قوڭۇر، دۈمبە قىسىملىرىنىڭ رەڭگى ئېقىش ياكى ئېقىش قوڭۇر بولۇپمۇ كۆز پەسلىدە قوڭۇر سېرىققا ئۆزگىرىدۇ؛ ئۆسۈملۈك بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ياز كۈنلىرىدە قوڭغۇز، چىۋىن قاتارلىق ھاشاراتلار بىلەنمۇ ئوزۇقلىنىدۇ؛ شىنجاڭنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي رايونلىرىدا ئۇچرايدۇ.

**ئاق باغلىماق** ۋاپات بولغۇچىغا تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بېلىگە ئاق رەخت باغلىماق: مۆمىن، بارات، داۋۇت قاتارلىق بىرقانچە كىشى ئاق باغلاپ ئۆرە تۇرماقتا، تاشۋاي بېشىنى چاڭگاللاپ، بىر چەتتە مۈكلىنىپ ئولتۇرىدۇ.

**ئاق بايراق چىقارماق** ← **ئاق بايراق كۆتۈرمەك.**

**ئاق بايراق كۆتۈرمەك** تەسلىم بولماق.

**ئاق بەت** <مەت> خەت بېسىلمىغان، قۇرۇق بەت.

**ئاق بەل قىزىلباش قۇشقاچ** <زوئول> قۇشقاچنىڭ بىر خىلى، تېنى ئاق قۇشقاچتىن سەل كىچىك، تېنىنىڭ دۈمبە تەرەپتىكى تۈكلىرى ئاچ قوڭۇر رەڭلىك، تېنىنىڭ ئاستى تەرەپلىرى ئېقىش كۆل رەڭ، ئورمانلاردا ياشايدۇ؛ ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ شىنجاڭنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي رايونلىرىغا تارقالغان.

**ئاق بەل ھەيران** <زوئول> قارلىغاچ ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل قۇش، تېنىنىڭ يۇقىرىقى قىسىملىرى قارا قوڭۇر رەڭلىك، گال ۋە بەل قىسىملىرىنىڭ پەيلىرى ئېقىش، تۈكلىرىنىڭ ئارىسىدا قارا يولچىلار بار، تېنىنىڭ تۆۋەن تەرەپلىرىنىڭ رەڭگى قارامتۇل قوڭۇر، پەي تۈكلىرىنىڭ ئۇچلىرى ئېقىش؛ ئادەتتە ھاۋا بوشلۇقىدا ئېگىز ئۇچۇپ ياشا، كۆمۈتا قاتارلىق ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ كۆپىنچە قىيا تاشلارنىڭ ئاراچلىرىغا ئۇۋا سالىدۇ؛ شىنجاڭنىڭ شەرقىي رايونلىرىغا كۆپ تارقالغان.

**ئاق بور** ئاق رەڭدىكى بور: ئەكبەر قارا دوسكىغا ئاق بور بىلەن خەت يازدى.

**ئاق بوز** ئاقتا مايىل، ئېقىش بوز: تاغدىكى يالغۇز كېپىكتەك، سەنمۇ يېتىم، مەنمۇ يېتىم. مەن سېنى يوقلاي دېسەم، يوقتۇر مېنىڭ ئاق بوز ئېتىم.

**ئاق بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق، تېنى ئۇزۇنچاق، تەن سىرتىدا يېپىشقاق سۇيۇقلۇقى بار؛ دۈمبە تەرىپى قارا كۆك رەڭ، قورساق تەرىپى ئاق، تۇمشۇق تەرىپى كاناي شەكلىدە، قۇيرۇق تەرىپى ياپىلاق كېلىدۇ؛ قاسىرقى ئۇششاق بولۇپ، تېرىسىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ؛ بېشى ئۇچلۇق، چىچقۇلۇق چوڭچوسى ۋە قۇيرۇق چوچۇلىرى بىر تۇتاش بولىدۇ، قېرىن چوچۇسى بولمايدۇ؛ تاتلىق سۇدا ياشايدۇ، يېتىلگەندىن كېيىن، دېڭىز-ئوكيانلارغا بېرىپ تۇخۇم سالىدۇ؛ ئۇششاق جانلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**ئاق پادىشاھ** <تارىخ> روسىيە ھەم بۇلغارىيىنىڭ بۇرۇنقى پادىشاھىنىڭ نامى، «چارپادىشاھ»مۇ دېيىلىدۇ: ئاق پادىشاھ لەشكەرلىرى، ئالتۇن كولاپ تاش كەستى. دېھقانلارنى كۆچ-كۆچ دەپ، قىلىچ بىلەن باش كەستى.

**ئاق پارپا** <بوت> چايانئوت ئائىلىسىدىكى تىفونىيۇم ۋە ئېيىق تاپان ئائىلىسىدىكى سېرىق گۈللۈك بۇۋانە قاتارلىقلارنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزى. ئۇ زەھەرلىك، تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ؛ بەلغەم بوشىتىش، سوغۇق يەلنى ھەيدەش، تارتىشىپ قېلىشنى ساقايتىش رولىغا ئىگە.

**ئاق پۆپۈنەك** <بوت> بىر خىل زەمبۇرۇغ، رەڭگى ئاق بولىدۇ؛ زەمبۇرۇغ يىپچىسى ئۆسۈپ مەلۇم دەرىجىگە بارغاندا ئۈزۈلۈپ، تۇۋرۇكسىمان سپورا ھاسىل قىلىدۇ؛ 82°C تا ئەڭ ياخشى ئۆسىدۇ، سۈت ۋە سۈتتىن ئىشلەنگەن ھەر خىل مەھسۇلاتلاردا ئۇچرايدۇ، چىلىغان سەي ۋە جاكىيۇلاردىمۇ بولىدۇ؛ نوكلېيوتىد ۋە ئېچىتقۇ تابلېتكىلىرىنى ئىشلەشتە پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

**ئاق تاۋ** تۆمۈرنىڭ قىزىپ مەلۇم گرادۇسقا يەتكەندە قاتتىق چىچەكلەپ، ئېرىش ھالىتىگە كەلگەن تاۋ.

**ئاق تاشلىق كىتاب** بەزى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ياكى پارلامېنتىنىڭ ئاشكارا ئېلان قىلىنغان سىياسىي، دىپلوماتىيە، مالىيە ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ھۆججەتلىرى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مۇقاۋىسى ئاق بولغاچقا «ئاق تاشلىق كىتاب» دەپ ئاتالغان. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئادىتى، ھۆججەت مەزمۇنى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرىدە سېرىق، قىزىل تاشلىق بولىدۇ.

**ئاقتا قالماق** ← ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي قۇرۇق قالماق: ئىشنى بىز قىلساقمۇ ئۇنىڭ نەتىجىسىگە باشقىلار ئىگە بولدى، بىز ئاقتا قالدۇق.

**ئاق تالۇن** بىرەر نەرسىنى ئېلىش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرگۈچى تەرەپنىڭ (كوللېكتىپنىڭ) تامغىسى قويۇلمىغان كونترول ۋاراقچە: «نازارەت» تامغىسى بولمىغان ئاق تالوننى ھېسابقا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ.

**ئاق تەسكەن** <بوت> چاتقال تىپىدىكى بىر خىل تاغ ئۆسۈملۈكى، توپ ئۆسىدۇ، بېشى كادا-كادا، يوپۇرمىقى سوزۇنچاق، رەڭگى يېشىل بولىدۇ.

**ئاق تەمرەتكە** <تىب> تېرىنىڭ، بولۇپمۇ باش تېرىسىنىڭ زەمبۇرۇغ بىلەن يۇقۇملىنىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان تاز تەمرەتكىسى.

**ئاق تەنلىك** <ئىرق> ① ئاق تەنلىكلەر ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان: شۇ قىممەتلىك نەرسىلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ قان-يېشىنىڭ، تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنىڭ ۋە ئۆلۈمىنىڭ گۇۋاھچىسى. ئاق تەنلىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، شۇ قاتاردا بۇۋامنىڭمۇ جىنايەتلىرىنىڭ دەللىلى. ② ئېكسپىلاتا-

تۇرلۇق جەمئىيەتتە ئىمتىيازلىق تەبىقىلەرگە مەنسۇپ كىشى.

**ئاق تەنلىكلەر** <ئىرق> دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىرقنىڭ بىرى، تېرىسى ئاق، چېچى يۇمشاق ھەم دولقۇنسىمان، قاڭشارلىق كېلىدۇ، ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرى ۋە ئاسىيانىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدا ياشايدۇ.

**ئاق توزان كېسىلى** باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەردە كۆرۈلىدىغان، زىيىنى ئېغىر كېسەللىكلەرنىڭ بىرى. بۇ كېسەل تەگكەن زىرائەت يوپۇرماقلىرىنىڭ يۈزىدە بىر قەۋەت ئاق توزان پەيدا بولىدۇ.

**ئاق تۇرنا** <زوئول> تۇرنىنىڭ بىر خىلى، پەي-تۈكلىرى ئاق، قانىتى چوڭ، قانىتىنىڭ ئۇچى قارا بولىدۇ، ئېگىز ئۇچىدۇ؛ بېشىنىڭ چوققىسى قىزىل، بويىنى ۋە پۇتى ئۇزۇن كېلىدۇ؛ دائىم سۇدا يۈرۈپ بېلىق، راك قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**ئاق تۇماق** ئاق تېرىدىن تىكىلىپ تاشلانمىغان، چۆرىسىگە گۈل چېكىلگەن تۇماق.

**ئاق تۆمۈر** <خىم> سىنىك يالىتىلغان تۆمۈرنىڭ ئادەتتىكى ئاتىلىشى.

**ئاق تۆمۈر تاش** <كېئول> مىنېرال نامى، خىمىيىلىك تەركىبى $Fe S_2$؛ يانتۇ يانلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ، كرىستالى تاختىسىمان، نەيزىسىمان ياكى تاجىسىمان بولىدۇ؛ مىس رەڭلىك، يېڭى ئۈزۈلگەن يۈزى ئاچ يېشىل مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە؛ گۈڭگۈرت كىسلاتاسى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاق تۈلكە** <زوئول> تۈلكىنىڭ بىر خىلى، ئادەتتىكى تۈلكىدىن كىچىكرەك، تۈكى ياز پەسلىدە كۈل رەڭ، قىش پەسلىدە ئاق بولىدۇ، شىمالىي قۇتۇپتا ياشايدۇ؛ تېرىسى قىممەت باھالىق، «شىمالىي قۇتۇپ تۈلكىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاق تۈنىكە** <خىم> سىنىك يالىتىلغان تۈنىكە.

**ئاق تېرەك** <بوت> تېرەك-سۆگەت ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، ياش ۋاقتىدا پوستى سىلىق، كۆكۈش ئاق رەڭلىك بولىدۇ؛ قېرىغاندا پوستى يېرىلىپ قوپاللىشىدۇ، يوپۇرمىقى توخۇمسىمان ياكى ئۈچ بۇرجەك بولىدۇ، گىرۋىكىدە دولقۇنسىمان چىشلىرى بار، ياغىچى ئاق بولىدۇ.

**ئاق تېررورلۇق** ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ پەيدا قىلغان تېررورلۇقى يەنى كەڭ كۆلەملىك ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىق ۋە قولغا ئېلىشلار.

**ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق** ھېچ يەردە يوق: «مال بار چاغدا مىڭى دوست، مال يىتكەندە قېنى دوست» دېگەندەك جامالنىڭ «ئاغىنىلىرى» جامالنىڭ تاپقان-تەرگىنىنى ئەپلەپ-سەپلەپ يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق بولۇپ كەتتى.

**ئاق چاچ** ① ئاقارغان چاچ: نەجمىدىنىنىڭ چېچىدىن چۈشكەن ئىككى تال ئاق چاچ، ئالدىدىكى ئەينەك ئۈستىدە كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى. ② چېچى ئاقارغان، چېچىغا ئاق كىرگەن، ياشانغان، مويسىپىت، قېرى: مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن ئىسمى ئاتالغان شۇ قىز بىلەن ئۆتكەن ئاشۇ يىللار، ھازىر ئالدىمدا ئولتۇرغان ئاق چاچ بىر كىشىنىڭ ياشلىق دەۋرى، خۇشاللىق، قېيداش، ئەلەملەرگە تولغان دەسلەپكى مۇھەببەت خاتىرىسى ئۆتۈشكە باشلىدى...

**ئاق چاشقان** <زوئول> ئاغمىخان ئائىلىسىدىكى ئەڭ كىچىك سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، قۇيرۇقى قىسقا، يازدا دۈمبىسى قوڭۇر، قورسىقى ئاق، قىشتا پۈتۈن بەدىنى ئاق بولىدۇ؛ كىچىك قۇشلار، ئۇششاق جانلىقلار ھەم ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ، تېرىسى

قىممەتلىك؛ ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدا ياشايدۇ.

**ئاق چالماق** ←ـــ **ئاق سانجىماق.**

**ئاق چاي** سۈتلۈك، سۈتلىگەن چاي، :
تۇخۇم سېتىپ ئەللىك كويىغا بىر چىشى ئوغلاق سېتىۋالدىم. ئەتىيازدا ئوغلاق تۇغدى، يازغىچە ئاق چاي ئىچتىم.

**ئاق چەك** <س ئىق> يېزىلغان سوممىسى ئامانەت قويۇلغان سوممىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى ئىناۋەتسىز بولغان چەك.

**ئاق چوغلۇق** <بوت> ئېيىق تاپانلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 50 ـــ 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ يىلتىزى توم، دۈگىلەك تۈۋرۈكسىمان، رەڭگى قارامتۇل قوڭۇر، كەسمە يۈزى ئاقۇش هال رەڭ، يىلتىز پوستى قېلىنراق بولىدۇ؛ غولى تىك، يالغۇز ياكى توپلىشىپ ئۆسىدۇ؛ ئادەتتە شاخلىمايدۇ، پارقىراق، تۈكسىز كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى ئاق، قىزىل ياكى هال رەڭلىك بولىدۇ؛ ئۇرۇقى قارامتۇل قوڭۇر، پارقىراق بولىدۇ؛ «سەللىگۈل»، «ئاق شويىگۈل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاق چويۇن** <خىم> ئۈزۈلگەن يۈزى ئاق رەڭلىك چويۇن، تەركىبىدىكى كاربون بىلەن كرېمنىي مىقدارى كۆل رەڭ چويۇنغا قارىغاندا ئاز، كۆپ قىسىم كاربون بىلەن تۆمۈر بىرىكىپ، ئاق رەڭلىك تۆمۈر كاربىد هاسىل قىلىدۇ؛ قاتتىقلىقى يۇقىرى، ئاسان ئۈزۈلمەيدۇ.

**ئاق چۈشمەك** ① چاچقا ئاق كىرمەك: چاچلىرىڭىزغا ئاق چۈشتى، قاپاقلىرىڭىزنىڭ چۆرىسىنى ئۇششاق سىزىقلار قاپلىدى. ② كۆزگە ئاق پەيدا بولماق؛ ئانىسىنىڭ كۆزىگە ئاق چۈشۈپ قاپتۇ.

**ئاق چۈمۈلە** <زوئول> هاشارات، شەكلى چۈمۈلىگە ئوخشايدۇ، توپلىشىپ ياشايدۇ، ياغاچنى ئۇزۇۋۇقلۇق قىلىدۇ؛ ئورمانلىق، ئۆي ـ ئىمارەت، كۆۋرۈك، تۆمۈريول قاتارلىقلارغا بۇزغۇنچىلىقى زور.

**ئاق چىت** <بوت> يېپىلىپ ئۆسىدىغان، غولى ئاق، بىر ئاز تىكەنلىك، مېۋىسى قىزىل، لېكىن پىشقاندا قارىدايدىغان چاتقال تىپىدىكى بىر خىل تاغ ئۆسۈملۈكى.

**ئاق چىمرىتال** <گېئول> مىنېرال نامى، «چىرىنەتال»نىڭ بىر خىلى، خىمىيىلىك تەركىبى $KAI_2[AIS_{13}O_{18}](OH)_2$. ياپراقچىسى رەڭسىز، سۈزۈك، بەزىدە سۇس سارغۇچ بولىدۇ. «چىرىمتال»غا قاراڭ.

**ئاق خالات** دوختۇرلار خىزمەت ئۈستىدە كىيىدىغان ئاق رەختتىن تىكىلگەن يالاڭ، ئۇزۇن تاشقى كىيىم: گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان، ئاق خالات كىيگەن چىرايلىق بىر قىز ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

**ئاق خام** ئاق ماتا، ئاق شىشە: ئۇنىڭ ئىشىكىگە «بۇزۇق ئۇنسۇرنىڭ ئۆيى» دەپ يېزىپ قويۇلغان، بۇ خەت ئۇنىڭ ئاق خامدىن قىلىنغان يەڭ بەلگىسىدىمۇ بار ئىدى.

**ئاق خەسە** بىر خىل تۈز يوللۇق سىپتا توقۇلغان ئاق پاختا رەخت.

**ئاق خۇن** <تىب> ئايالارنىڭ جىنسىي ئەزاسى ئىچىدىكى بالىياتقۇ بىلەن جىنسىي يولىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان سۈت رەڭلىك ياكى سارغۇچ رەڭلىك يېپىشقاق سۇيۇقلۇق.

**ئاق دوپپا** ئاق رەختتىن تىكىلگەن، جىيەك قىسمىغا زەي تۇتقان، ئۈستىگە شالاڭ گۈل باسقان، ئاق شاپاق دوپپا.

**ئاق دىل** ←ـــ **ئاق كۆڭۈل:** سورىماڭ دېدىمۇ، ئېيتماي بولامدۇ، كۆڭۈلدە بارىنى ئاق دىل كىشىگە. قىسمىتىم قىسقىچە قىلغاندا بايان، سىغمىدى ئۇنىڭمۇ دەردى ئىچىگە.

**ئاق زەمچە** <خىم> سۇمۇقنىڭ ئادەتتىكى ئاتىلىشى.

**ئاق سار** قۇرغۇيلار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان يىرتقۇچ قۇش.

**ئاق ساراي** ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ سارىيى. ۋاشىڭتوندىكى ئاق رەڭلىك بىر بىنا، ئادەتتە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

**ئاق سانجىماق** چاچ ۋە ساقال تۈكلىرى ئارىسىدا بىرە-بىرە ئاقىرىپ چىققان تۈكلەر كۆرۈنمەك: ئۇنىڭ ئانچە-مۇنچە ئاق سانجىغان قويۇق بۇرۇتلىرى، دائىم يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان قوي كۆزلىرى چىرايىغا مېھرىبانلىق ۋە سالاپەتلىك تۈس بېغىشلىغانىدى.

**ئاق سايۋا** رەڭگى سۈزۈك، ئىچىدە ئۈچ-تۆت دانە ئۇرۇق بولىدىغان ئۇزۇنچاق (سوقا) ئۈزۈم.

**ئاق سەندەل** ① سەندەل ئائىلىسىگە كىرىدىغان دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى قوش ئۆسىدۇ، ئېللىپىس شەكلىدە بولىدۇ؛ كونۇسسىمان گۈل رېشىدە، گۈل تاجىسى بولمايدۇ، مېۋىسى شارسىمان بولىدۇ؛ ياغىچى قاتتىق ۋە خۇش پۇراق؛ ياغىچىدىن جاھاز ياساشقا ۋە كۆيدۈرۈپ نەرسىلەرنى ئىسلاشقا، دورا ياكى پۇراق ماتېرىياللىرى ئاجرىتىپ چىقىرىشقا بولىدۇ. ② مۇشۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ياغىچى.

**ئاق سۇ** ئاساسەن تاغدىكى قار-مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان دەريا سۈيى.

**ئاق سۇغارماق** تۆمۈرنى قاتتىق قىزىتىپ سۇغارماق.

**ئاق سۈت** نومۇسلۇق، پاك ئانىنىڭ ھالال سۈتى، ئانىلىق مېھرى.

**ئاق سۈزۈك مونچاق** <تارس> تۇغ بېگى كىيىدىغان باش كىيىم.

**ئاق سۇندۇلۇك** <زوئول> بىر خىل قۇش، بېشىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى ئاق، ئارقا قىسىملىرى ئاقۇچ كېلىدۇ؛ ئاساسەن ھاشارات ھەم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ پايدىلىق قۇش، شىنجاڭنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىلىرىغا كەڭ تارقالغان.

**ئاق سېرىق** ئاقۇچ سېرىق، ئاقىقا مايىل سېرىق: ئاق سېرىق ئادەم.

**ئاق سېمونت** <بىن> ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ زىننەتلىنىدىغان ئورۇنلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان رەڭگى ئاق بىر خىل سېمونت.

**ئاق سىركە** باشقا نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلمىغان ساپ سىركە.

**ئاق شەبنەم** <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ 15-مەۋسۇمى بولۇپ، مىلادى بويىچە 7-، 8-، ياكى 9-سېنتەبىردىن باشلىنىدۇ.

**ئاق شەمشاد** <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ؛ غولى ئېگىز، قوۋزىقى كۈل رەڭ، ئۇششاق شاخلىرى قىزىل قوڭۇر، پارقىراپ تۇرىدۇ؛ يوپۇرمىقى يىپسىمان، مېۋىسى ئېللىپىس شەكلىدە، تۇتۇق سۆسۈن رەڭلىك بولىدۇ؛ ياغىچىدىن جاھازلارنى ياساشقا بولىدۇ.

**ئاق شورپا** ئازراق پىيازدىن باشقا كۆكتات سېلىنمىغان شورپا.

**ئاق شېكەر** ئاق رەڭدىكى قۇم شېكەر.

**ئاق غاز** <زوئول> ئۆي قۇشى، غازنىڭ بىر تۈرى، پەي-تۈكلىرى ئاق، پېشانىسىدا قىزغۇچ سېرىق ئۆسمە گۆش بار، ئەركىكىنىڭ پېشانىسىدىكى گۆشى چوڭراق بولىدۇ، بويىنى ئۇزۇن، ئاغزى ياپىلاق ھەم كەڭ؛ پۇتىدا بارماق پەردىسى بولۇپ، سۇدا ئۈزەلەيدۇ، ئۆيدە بېقىلىدۇ؛ زىرائەت، كۆكتات، بېلىق-راك قاتارلىقلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.

**ئاق فوسفور** <خىم> فوسفورنىڭ بىر خىل

ئاللوتروپىك شەكىل ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان سۇس سېرىق رەڭلىك كرىستال، سامساق پۇرىقىغا ئىگە، زەھەرى ئىنتايىن كۈچلۈك، يېنىش نۇقتىسى بەك تۆۋەن بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن يانىدۇ؛ ھاۋادا ھور تارقىتىدۇ، ئادەتتە سەرەڭگە ياساشتا قوللىنىلىدۇ؛ ھەربىي ئىشلاردا تۈتەك بومبىسى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ؛ «سېرىق فوسفور» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاق قار** ‹ئاستر› 24 مەۋسۇمنىڭ 21-مەۋسۇمى بولۇپ، مىلادى بويىچە 6-، 7-، ياكى 8-دېكابىردىن باشلىنىدۇ.

**ئاق قار-كۆك مۇز** ئۈزۈلمەي ياغقان قار ۋە كەڭ دائىرىدە توڭلىغان مۇز: جەڭچىلەر ئاق قار-كۆك مۇز قاپلىغان كەڭ دالادا ھە دەپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

**ئاق قاشتاش** ‹گېئول› قاشتېشىنىڭ بىر تۈرى، رەڭگى ئاق ھەم سۈزۈك بولىدۇ. بۇ خىلدىكى قاشتېشى ئەلا سورتلۇق ھېسابلىنىدۇ.

**ئاق قاش غاز** ‹زوئول› ئۆردەكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل قۇش؛ تەن ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتر ئەتراپىدا، تۇمشۇق تېگى بىلەن ماڭلىيىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا توغرىسىغا كەتكەن ئاق ئالىسى بار، باش، بويۇن بىلەن دۈمبە قىسىملىرىنىڭ تۈكلىرى قارا قوڭۇر، جىيەكلىرى ئېقىش كۆل رەڭ. شىمالىي شىنجاڭنىڭ سازلىق يەرلىرىدە ياشاپ، ئۆسۈملۈك بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بەزىدە ھاشارات ۋە سازاڭلارنىمۇ يەيدۇ.

**ئاق قاشقا** ئات ياكى باشقا ھايۋانلارنىڭ پېشانىسىدىكى ئاق جاي، بەزىدە قاشقىمۇ دېيىلىدۇ: چاڭ تارقىلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن پېشانىسىدا تەڭگىدەك ئاق قاشقىسى بار قارا ئات چىقىپ كەلدى.

**ئاق قاشقىر** ‹بوت› ئۈزۈمنىڭ بىر خىلى، كۆك قاشقىرنىڭ ئاق رەڭلىكى.

**ئاقتا كۆچۈرمەك** يېزىلغان خەت-چەك، ماقالىلارنىڭ تۈزىتىلگەن ئورىگىنالىنى قايتا كۆچۈرۈپ يازماق.

**ئاق قان دانچىسى** ‹بىئول› قان دانچىلىرىنىڭ بىر خىلى. ئۇ قىزىل قان دانچىسىغا قارىغاندا چوڭراق، رەڭسىز، يادرولۇق بولىدۇ؛ يىلىك، لىمپا ۋە تال قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىدە بولىدۇ، كېسەل پەيدا قىلىدىغان باكتېرىيىلەرنى يوقىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئاجرىتىپ چىقارغان زەھەرلىرىنى نېيترالاش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ.

**ئاق قان كېسەللىكى** ‹تىب› بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا ئاق قان دانچىلىرى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپىيىش، قىزىل قان دانچىلىرى ئازىيىش، تىلى ئىششىش، باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**ئاق قان ھۆجەيرىسى** ‹تىب› قان سۇيۇقلۇقى تەركىبىدىكى قىزىل قان دانچىسىدىن سەل چوڭراق كېلىدىغان ۋە ھۆجەيرە يادروسىغا ئىگە ھەمدە شار شەكىلىكى بىر خىل قان ھۆجەيرىسى.

**ئاق قوچۇر** ← **ئاق قارىغاي.**

**ئاق قوغۇشۇن تاش** ‹گېئول› مىنېرال نامى، خىمىيىلىك تەركىبى $PbCO_3$؛ قوغۇشۇن رودىلىرىنىڭ بىرى، يانتۇ يانلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستالى ساختا ئالتە يانلىق قوش پىرامىدا شەكىلدە، تاختىسىمان ياكى توقماقسىمان بولىدۇ. قورامىساقلىرى دانلىق ياكى زىچ كاللەك بولىدۇ؛ كۆل رەڭگە مايىل سۇس ئاق رەڭلىك، ئالماس پارقىراقلىقىغا ئىگە؛ قاتتىقلىقى 3 — 3.5، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 6.4 — 6.6، ئۈزۈلۈش

يۈزى سەدەپسىمان بولىدۇ.

**ئاق قوناق** <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى كۆممقوناقنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بىراق سەل تارراق بولىدۇ؛ كونۇسسىمان گۈل رېتىدە، گۈلى غولىنىڭ ئۇچىدا، دېنى ئاق، سورتى كۆپ؛ دېنىنى يېمەكلىك قىلىغاندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭدىن هاراق ئېچىتىشقا ۋە كراخمال ئىشلەشكە بولىدۇ؛ شېخىدىن بورا توقۇشقا، قەغەز ياساشقا بولىدۇ. ② شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**ئاق قوۋاق** دىئال <بوت> ئاقتىكەن.

**ئاق قوۋزاقلىق قارىغاي** <بوت> قارىغاي ئائىلىسىگە كىرىدىغان، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، قېرىغاندا قوۋزىقى سۈت رەڭگە كىرىدۇ، يوپۇرمىقى يىڭنىسىمان كېلىدۇ؛ ئۇرۇقىنى يېگىلى بولىدۇ.

**ئاق قۇ** <زوئول> قۇش، تۇرقى غازغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بىراق ئۇنىڭدىن چوڭ بولىدۇ، پۈتۈن بەدىنى ئاق رەڭلىك، ئېغىزىنىڭ ئۈستى سېرىق هەم قارا ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، پۇتى بىلەن قۇيرۇقى قىسقا، پۇتى قارا، بارماق پەردىسى بار، دېڭىز ساهىلى ياكى كۆل بويىدا ياشايدۇ، ئۇچۇشقا ماهىر؛ ئۆسۈملۈك، هاشارات قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ئاق قۇشقاچ** <زوئول> قۇشقاچنىڭ بىر تۈرى، باش ۋە دۈمبىلىرى سۇر رەڭلىك، ئازىراق چىپارلىرى بار؛ كۆز ۋە گال ئەتراپلىرى قارامتۇل، قورساق قىسىملىرى ئاق؛ ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى، مېۋە ۋە هاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ بالا چىقىرىش ۋە بېقىش مەزگىللىرىدە ئاساسەن هاشارات بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ شىنجاڭنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي رايونلىرىدىكى تۈزلەڭلىكلەرگە كەڭ تارقالغان.

**ئاق قۇ يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> شىمالىي يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى، مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 20 سائەت 30 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 44°. لىرا يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شەرقىدە، سامانيولىنىڭ ئۈستىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. γ، ε، δ، β، α دىن ئىبارەت بەش يۇلتۇز «+» شەكلىنى هاسىل قىلىپ، خۇددى بويىنىنى سوزۇپ، قاناتلىرىنى كېرىپ، سامانيولى ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاق قۇغا ئوخشايدۇ.

**ئاق قېيىن** <بوت> قېيىن ئائىلىسىگە كىرىدىغان، يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ؛ قوۋزىقى ئاق، سويۇپ ئېلىنغاندىن كېيىنكى قوۋزىقى قەغەزگە ئوخشايدۇ؛ يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىن چىقىدۇ؛ ياغىچى چىڭ بولۇپ، بۇيۇملارنى ياساشقا بولىدۇ.

**ئاق قىچا** <بوت> ① كرېستگۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، دۈمبىسىدە شالاڭ، يىرىك تۈكچىلىرى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، چوڭقۇر يېرىلىدۇ؛ گۈلى ئومۇم گۈل رېتىدە بولۇپ سېرىق؛ مېۋىسى ئۇزۇن، موڭگۈزلۈك بولىدۇ؛ ئۇرۇقى شارسىمان، ئاچچىق، ئۇرۇقىدىن ماي تارتىپ ئېلىنىدۇ، دورىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ؛ ئىشتەينى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ئىششىقلارنى ياندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش روللىرىغا ئىگە. ② شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**ئاق كاۋاش** <گېئول> كاۋاشىنىڭ ئاق رەڭدىكى بىر خىلى.

**ئاق كەندىر** <بوت> ① چاققاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك: غولى تىك، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئاشىدۇ؛ يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان ياكى يۈرەك

شەكلىدە نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى يېشىل تاق جىنسلىق، ئاتلىق-ئانىلىق بىر تۈپتە بولىدۇ، مېۋىسى توپلىشىپ كىچىك شار شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ، قېنىق قوڭۇر رەڭلىك بولىدۇ، سىرتقى يۈزىدە قىسقا قاتتىق تۈكچىلىرى بار، غولىنىڭ تالالىرى ئاق ھەم پارقىراق بولىدۇ؛ تارتىلىش كۈچى ۋە ئېسىلقىقا چىدامىلىقى كۈچلۈك، توقۇمىچىلىق سانائىتىدە مۇھىم خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ② شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پوستى.

**ئاق كۆكچە** قوغۇننىڭ بىر خىلى، ئىچى، ئۇرۇقى ئاق، گۆشى چۈرۈك، تاتلىق بولىدۇ.

**ئاق كۆكىرەك زەمبۇرۇغى** <بوت> بىر خىل زەمبۇرۇغ، زەمبۇرۇغ يېپچىسى كۆپ شاخلانغان، يالغان يىلتىزى يوق، يېمەكلىكلەردە، گەندە، قىغ دۆۋىلىرىدە، تۇپراق ۋە نەم كىيىم-كېچەكلەردە ياشايدۇ. سىلىلوزا ۋە ئاقسىللارنى پارچىلاش رولىغا ئىگە؛ بەزى تۈرلىرى كراخمالنى قەنتلەرگە پارچىلىيالايدۇ؛ ئېچىتىش سانائىتىدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىسپىرت قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ھاراق-شارابلارنىڭ تەركىبىدە دائىم ئاق كۆكىرەك زەمبۇرۇغى مەۋجۇت بولىدۇ.

**ئاق كۆكۈل** كۆڭلى تۈز، نىيىتى توغرا، باشقىلارغا يامانلىق ئىزدىمەيدىغان: ئاق كۆكۈل ئادەم. * ئۇ ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە ئۆزىگە سايىمۇ بولۇپ، ئاتا-ئانا لەززىتى بەرگەن ئاشۇ ئاق كۆكۈل، ئەمگەكچان كىشلەرنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمايتتى.

**ئاق كۆمۈك** يىغىشتۇرۇلغان تەك شۈكىلىرىنىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسلەپكى قەدەمدە توپا باستۇرۇش.

**ئاق كۋارتس** <گېئول> مىنېرال نامى، خىمىيىلىك تەركىبى $S_1O_2$. ناھايىتى قاتتىق، ئۇ رەڭسىز، سۈزۈك بولۇپ، «بىللۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ تەركىبىدە ئارىلاشمىلار بولغاندا، سۆسۈن، قوڭۇر، سارغۇچ، تۇم قارا قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ؛ ئادەتتە سۈت رەڭلىك، يېرىم سۈزۈك ياكى تۇتۇق كرىستال ھالىتىدە ئۇچرايدۇ.

**ئاق كېۋەز** <بوت> كېۋەزنىڭ بىر تۈرى، يەرلىك سورت، غوزىسى كىچىك، پاختىسى غوزىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، بالدۇر پىشىدۇ.

**ئاق كىرمەك** ساقال، چاچتىكى تۆكلەر ئاقىرىشقا باشلىماق: سۇلتاننىڭ چاچ-ساقاللىرىغىمۇ ئاق كىردى. * ئۇ دەررۇ ئاق كىرگەن چاچلىرىدىن تۆت-بەش تالنى يۇلۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ خېلى ئۇزاققىچە دەردلىك تىنىپ، خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى.

**ئاق گرانىت** <گېئول> گرانىت جىنسىنىڭ ئۆزگەرگەن بىر خىلى، خىمىيىلىك تەركىبى گرانىت جىنسىغا ئوخشاش، ئالاھىدىلىكى- قېنىق رەڭلىك مىنېراللار ئارىلاشمايدۇ، ئاساسىي مىنېراللىرى كۋارتس، ئىشقارلىق دالاشپاتى، كىسلاتالىق دالاشپاتى ھەم ئاز مىقداردىكى ئاق چېرمىتالدىن ئىبارەت، گرانىتلىق قۇرۇلمىغا ئىگە؛ ئاساسەن قەلەي كان ياتمىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**ئاق گۋاردىيە** <تارىخ> چاررۇسىيىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قالدۇق ھەربىي كۈچلىرى ۋە باشقا ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلاردىن تەشكىللەنگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق كۈچ.

**ئاق لەيلى** <بوت> لەيلىگۈلنىڭ بىر تۈرى.

**ئاق ماددا** <فىزىئول> مېڭە ۋە يۇلۇننىڭ ئاق رەڭلىك تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئاساسەن نېرۋا ھۈجەيرىلىرى چىقىرىدىغان نېرۋا تالا-

www.uyghurkitap.com

لىرىدىن تۈزۈلىدۇ.

**ئاق موم** <خىم> ئاق موم قۇرتى ئاجرىتىپ چىقارغان موم، ئېرىش نۇقتىسى نىسبەتەن يۇقىرى، رەڭگى ئاق. ئىلمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى، شام ھەم كومۇلاچ دورىنىڭ سىرتقى قېپى ياسىلىدۇ، شۇنداقلا لازا قەغىزىگە سۈرتۈلىدۇ، قاچىلارنىڭ ئاغزىنى ھىم ئېتىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاق موم دەرىخى** <بوت> ئەرمىدۇن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان غوللۇق دەرەخ، پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق، گۈلى ئاق ئېچىلىدۇ. ئۇ ئاق موم قۇرتىنىڭ ئوزۇقلۇقى قىلىنىدۇ، ياغىچى قاتتىق، جاھازلارنى ياساشقا بولىدۇ.

**ئاق موم قۇرتى** <بىئول> ھاشارات، توپلىشىپ ئاق موم دەرىخى ياكى بۇرجۇن دەرىخىگە قونۇۋالىدۇ؛ ئەركىكى ئاق موم ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

**ئاق مىس** <خىم> مىس بىلەن نىكېلنىڭ قېتىشمىسى، رەڭگى كۈمۈشتەك ئاق، ئۇنىڭدىن كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك قاچا-قۇچىلار ياسىلىدۇ.

**ئاقنى ئاقچە، كۆكنى كۆكچە** راستنى راستچە، يالغاننى يالغانچە، ھەق بىلەن ناھەقنى، ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىلاش. تۇرماي: ئاقنى ئاقچە، كۆكنى كۆكچە بىر تەرەپ قىلماق.

**ئاقنى قارا قىلماق** يالغان پاكىت بىلەن توغرا ئىشنى خاتاغا چىقارماق، راستنى يالغان، ھەقنى ناھەق قىلماق: بۇ قۇرۇلۇشقا قارشى چىققان، قوشۇلمىغان يولداشلارنى دۈشمەن ھېسابلاپ، ئاقنى قارا قىلىپ كۆرسىتىپ پارتكومنى ئالدىدىڭ.

**ئاق نىيەت** ← **ئاق كۆڭۈل.**

**ئاق ھۆججەت** بىر كىشىنىڭ باشقا ئورۇن ۋە شەخسلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە شۇ شەخس تەرىپىدىن يېزىلغان ۋە شۇ شەخسنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان تىلخەت.

**ئاق ئوغۇت** جان ت. يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خىمىيۋى ئوغۇتنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى: — گېپىمنى بۆلمەي تۇر، مەن ئاشخانىدا بىر شوپۇر بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. تۆت تونىنا ئاق ئوغۇت بار ئىكەن، خالتىسىنى قىرىق كويدىن سۆزلەشتىم. ھەي، نېمانداق تازدەك گەدىنىڭنى قاشلايسەن، ھاڭۋاقتىلىق قىلماي كېپىمگە قۇلاق سال، تۆت تونىنا ئوغۇت 80 خالتا دېگەن گەپ.

**ئاق ئوينغۇچ** چىلگە قوغۇنىنىڭ بىر خىلى.

**ئاق ئۇن** بۇغدايدىن تارتىلغان ئۇن.

**ئاق ئۆپكە** ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، ئويلىماي سۆزلەيدىغان، ئالدىراپ-تېنەپ، قارىسىغىلا ئىش قىلىدىغان: شەھەرلىكلەرمۇ سەھرالىقلارنىڭ بىرچاغلاردىكىدەك ئۇنچە نامرات، ئۇنچە ئاق ئۆپكە ئەمەسلىكىنى بىلىپ قېلىشسۇن!؟

**ئاق ئۆرۈك** رەڭگى ئاق سېرىق، پىشقاندا تېخىمۇ سۈزۈلىدىغان، تەمى بەك تاتلىق بىر خىل ئۆرۈك: ناخشىڭىزنى ئاڭلاۋېتىپ خىيالىمدا پەنجىم، تۇرپانيۈزى، جىلىيۈزىنىڭ ئاق ئۆرۈكلۈك باغلىرى، ئۈنى ساز بۇلبۇل، كاككۇكلىرى، مېھماندوست ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك بولىمەن.

**ئاق ئۆي** كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ دالا-يايلاقلاردا تۇرىدىغان ئۆيى، ئادەتتە ئاق ئۆيلەر چېدىر شەكلىدە قۇرۇلۇپ، ئۈستىگە ئاق كىگىز ياكى قارا كىگىز يېپىلىدۇ، بەزىدە «قارا ئۆي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ: مۇختار مەرگەن نۇرۇللانى يېشىل جىلغىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر قىرغىزنىڭ ئاق ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. * گۈلپەرى ئاپئاق ئىككى چېلەكنى ئېلىپ ئاق ئۆيدىن ئالدىراپ چىقتى ۋە بۇلاق بېشىغا كەلدى.

**ئاق ۋولفرام** <كېئول> رودا، سىرتقى شەكلى دانىچە ھالەتتىكى تاش پارچىسى

شەكلىدە، رەڭگى سارغۇچراق، ئاق مايىلىق ھەم پارقىراق، قىزىتقاندىن كېيىن ياكى ئۇلترا بىنەپشە نۇر ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، سەل بىنەپشە رەڭگە كىرىدۇ. ۋولفرام تاۋلاشنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى.

**ئاق ئېيىق** <زوئول> ئېيىق ئائىلىسىگە كىرىدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، تۈكى سارغۇچ ئاق، بۇرنى بىلەن پەنجىسى قارا بولىدۇ؛ شىمالىي سوغۇق بەلباغدا ياشايدۇ، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر، «شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاق يالپۇز** <بوت> يالپۇزنىڭ بىر تۈرى، كۆپ يىللىق ساman غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى تۆت قىرلىق بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى قوش ئۆسىدۇ، گۈلى سۇس سۆسۈن رەڭ، غولى بىلەن يوپۇرمىقىدا يېقىملىق پۇراق بار، دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىۋېلىنغان پۇراقلىق بىرىكمە كەمپۇت، ئىچىملىك قاتارلىقلارغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

**ئاق يامغۇر** يامغۇرنى شەكىللەندۈرگۈچى سۇ تامچىلىرى ناھايىتى ئۇششاق بولغان، تۆۋەنگە چۈشكەندە ھاۋا ئېقىمىغا ئەگىشىپ لەيلەپ، يامغۇر ئاقمىسىنى ھاسىل قىلالمايدىغان يامغۇر. ئادەتتە «سىم ــ سىم يامغۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاق يانتاق** <بوت> يانتاقنىڭ بىر تۈرى، يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال؛ شېخى تىكەنلىك، يوپۇرمىقى سوزۇق يۇمىلاق؛ چۆلدە ئۆسىدۇ.

**ئاق يەردە تۇگمەن تالاشماق** يوق نەرسە، يوق ئىشنى تالاشماق، بىكارغا ئاۋارە بولماق:
ــ ھەي ئۈكىلىرىم، ئاق يەردە تۇگمە تالاشقۇچە، خامىنىڭلارنى سورۇۋەرسەڭلار بولمامدۇ؟ ــ دېدى توختىكام.

**ئاق يەردە قالماق** مەنپەئەتدار بولالماي قالماق، ھەممىدىن مەھرۇم بولماق:
ئەگەر شۇجىلارنىڭ شەخسىي يېرى، ياغىچى بولسا بېرىشسۇن، بولمىسا... دەپ پىكىر بېرىۋاتىدۇ. دېمەسىمۇ ئۆز ئەزالىرىمىز ئاق يەردە قېلىۋاتقاندا...

**ئاق يەلكە بۇركۇت** <زوئول> سار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بىر خىل قۇش، پۈتۈن تېنى قارامتۇل رەڭلىك، يەلكىسىدە ئازراق ئېقىش پەيلىرى بار. ئاق يەلكە بۇركۇت ئاساسەن شىنجاڭنىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى ئورمان ۋە يايلاقلاردا ياشايدۇ، ئاساسەن چاشقان، توشقان قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ئاق يېشىل** ئاقىقا مايىل يېشىل، سۇس يېشىل.

**ئاق يېغىن** پۈتۈن ئاسماننى بۇلۇت قاپلىغان، ئۇزاققىچە توختىماي ياققان سىم ــ سىم يامغۇر:
چۈشتە يېغىشقا باشلىغان يامغۇر كەچكە يېقىن ئاق يېغىنغا ئايلاندى.

**ئاق يىلان** قۇرۇقلۇقتا ياشىغۇچى ئاق رەڭلىك، زەھەرسىز يىلان.

**ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ** ھېچ نەرسىگە ھېساب ئەمەس، قىلچە ئەھمىيىتى يوق:
ئىش ئاقمىدى، توختام ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ ھالىتىدە قالدى.

**ئېقى كېلىشمەسلىك** مىجەز ــ خۇلقى كېلىشمەسلىك، بىر ــ بىرى بىلەن چىقىشالماسلىق، بىر ــ بىرىنى ياقتۇرماسلىق: ئۇ ئىككىسىنىڭ ئېقى كېلىشمەيدۇ.

**ئاقار** «ئاقماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى:
ئاقار دەريا. ئاقار سۇ. * سىغماس كىرسىز قەلبىمگە، قاينام مېھرىم خەلقىمغە، دەرياسىدا مېھرىمنىڭ ئاقارىم بار چىرايلىق.

**ئاقار جىسىم** <فىز> سۇيۇقلۇقنىڭ ۋە گازنىڭ تۇراقلىق ھالىتى بولمايدۇ، ئاسان ئاقىدۇ، شۇڭا ئۇلار بىر تۇتاش «ئاقار جىسىملار» دەپ ئاتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**ئاقار جىسىملار مېخانىكىسى** <فىز> ئاقار جىسىملارنىڭ ھەرىكەت قىلغان ۋە تەڭپۇڭ بولغان چاغدىكى ھالىتى ۋە قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ ئاساسەن ئاقار جىسىملارنىڭ تېزلىكى، بېسىمى، زىچلىقى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى، شۇنداقلا ئاقار جىسىملارنىڭ چاپلىشىشچانلىقى، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى ۋە باشقا تېرمودىنامىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئاقار يۇلتۇز** <ئاستر> يۇلتۇز ئارا بوشلۇقتا نۇرغۇنلىغان ئۇششاق جىسىملار ۋە چاڭ-توزانلار بولىدۇ، ئۇلار يەر شارى ھاۋا بوشلۇقى قەۋىتىگە ئۇچۇپ كىرگەندىن كېيىن، ھاۋا بىلەن سۈركىلىپ، ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق چىقىرىدۇ. مۇشۇ خىل قىسقا ۋاقىتلىق يورۇق چىقىرىدىغان جىسىملار «ئاقار يۇلتۇزلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئاقارتقۇچ** سۈپ. ئاقارتىدىغان، ئاقارتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**ئاقارتقۇچ پاراشوك** <خىم> ئىئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_aOCL_2$، ئاق رەڭلىك پاراشوك، خلور پۇرىقىغا ئىگە، سۇ بىلەن ئۇچراشقاندا پارچىلىنىپ، خلور ئاجرىلىپ چىقىدۇ، كۈچلۈك دېزىنفېكسىيىلىگۈچى ۋە ئاقارتقۇچى ھېسابلىنىدۇ.

**ئاقارتقۇچ سېغىز توپا** <گېئول> مورىلونتاش گۇرۇپپىسىدىكى مىنېراللاردىن تەشكىل تاپقان سېغىز، ئاساسەن ئەيىنەكلىك يانار تاغ جىنسلىرى بۆلۈنگەندىن كېيىنكى مەھسۇلات، ئۆزى بوش ھالەتتە بولۇپ، سىلىق، ئاچ كۆك رەڭ، ئاچ جىگەر رەڭ، ئاچ يېشىل كۆك رەڭدىن قارا رەڭگىچە بولىدۇ، نەم ۋاقىتتا مايلىق پارقىراقلىققا ئىگە رەڭلىك ماددىلارنى، ئورگانىك ماددىلارنى ۋە مەلۇم مىنېراللىق ماددىلارنى سۈمۈرۈش رولى بار.

**ئاقارتقۇزماق** «ئاقارماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆيلىرىمىزنى ئاقارتقۇزۇۋالدۇق.

**ئاقارتقۇزۇلماق** «ئاقارتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن خىزمەت بىناسى ئومۇميۈزلۈك ئاقارتقۇزۇلدى.

**ئاقارتماق** ① «ئاقارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆينى ئاقارتماق. * قار چېچەكلىرى بىردەمدىلا ئابدۇللانىڭ قۇلاقچىسىنىڭ ئۈستىنى، پاختىلىق چاپىنىنىڭ مۈرە-ياقىلىرىنى ئاقارتتى، قاش-كىرپىكلىرىنى نەملىدى. * بەزىلىرى كۆيۈپ-پىشىپ ئۆتتى، ئۆزىنىڭلا كۆمىچىگە چوغ تارتىپ، بەزىلىرى خەلق ئۈچۈن ياشايدۇ، شۇلا چېچىپ قارا تۈننى ئاقارتىپ. ② يەر ئۈستىدىكى ئوت، زىرائەتلەرنى چېپىپ، يىغىپ، بىكارلىماق، بوشاتماق، پاكىزلىماق: — بولدى، بولدى، توختاپ قال! ھېچ پايدىڭ يوق بىز ئۈچۈن. جىمى يەرنى ئاقارتىپ، قىلدىڭ بېزەپ-بەك يوچۇن. ③ <خىم> رەڭلىك تالالار، توقۇلمىلارنى ئاق رەڭگە ئۆزگەرتمەك. بۇنىڭدا كۆپىنچە ھىدروپىروكسىدى، ئاقارتقۇچى پاراشوك ياكى گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدى ئاقارتقۇچى قىلىنىدۇ.

**ئاقارتىش** ① «ئاقارتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسمدىشى: بىز ئۆيلەرنى ئاقارتىش ئىشىنى ھېلىراقتا تۈگەتتۇق. ② كۆچمە. بىلىم-مەرىپەت بېرىش؛ ئېڭىنى، سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش: ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەربىر مەدەنىي ئاقارتىش جەمئىيەتلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شۇ تەشكىلاتلارنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا 1948-يىلى 1-ئاۋغۇست شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەۋجۇت بولدى. * ئۇ دەسلەپتە خەلقنى ئاقارتىش كەسپىگە ئېرىشكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ قىزغىن ئىشقا كىرىشكەنىدى.

**ئاقارتىشماق** «ئاقارتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆيلىرىنى بەس ــ بەس بىلەن ئاقارتىشتى.

**ئاقارتىلماق** «ئاقارتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سېرىق يوپۇرماقلار ھەممىلا يەرنى قاپلىغان، قامغاق توسۇلۇپ قالغان كۆۋرۈك يېنىدا مەن ئاتتىن سېرىلىپ چۈشتۈم ــ دە، ئالدىمدىكى ئاقارتىلغان رايون مەكتىپىگە قارىدىم.

**ئاقارماق** پ ① ئاق تۈسكە كىرمەك، ئاق تۈس ئالماق: ئۇزاققا سوزۇلغان سوراق قىلىش، قىيناش ۋە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سېلىشلاردىن ئۇنىڭ چالا ئاقارغان چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقاردى... ② قانسىزلىنىپ ياكى قېنى قېچىپ قىزىللىقىنى يوقاتماق: ئۇ قاتتىق ئاچچىقلانغانلىقتىن بىردىنلا چىرايلىرى ئاقىرىپ يۈزى تاتاردى. ③ ئۆڭمەك، رەڭگىنى ئۆزگەرتمەك: تۇرسۇننىڭ ئۇچىسىغا كىيگەن كۆك چاپان ئاپتاپتا ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ④ يورۇماق، يورۇق چۈشمەك، سۈزۈلمەك: ئەتىسى تاڭ ئاقارماقتا ئىدى. شەرقىي تاغ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان قۇياش پۈتۈن يايلاقنى ئويغىتىۋاتاتتى. * بىز تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە ئۈرۈمچىدىن كورلىغا قاراپ ماشىنا بىلەن يولغا چىقىپ، كېچىچە توختىماي مېڭىپ تاڭ سۈزۈلۈپ، يەر ــ جاھان ئاقىرىشقا باشلىغاندا، ئۆيىمىزگە يېتىپ كەلدۇق. ⑤ كۆچمە. پاكىزلىنىمەك، تازىلانماق، كىرىنى چىقارماق: تازىلاشتىن زېرىكمىسە، ئاقارمايدىغان نېمە بار؟ كىيىم ــ كېچەك پاكىز يۇيۇلۇپ كىرى تولۇق چىقىرىلسىلا ئاقىرىدۇ.

**ئاقاق** (توغرىسى: ئارقاق) ← **ئارقاق.**

**ئاقئانام** ئى [ئاق + ئانام] <تىب> بوۋاق بالىلاردا بولىدىغان بىر خىل تېرە كېسەللىكى. ئۇ ئادەتتە يېرىم ياشتىن ئۆتكەن بالىلارنىڭ بەدىنىگە ئۇششاق ئاق قاپارتما بولۇپ چىقىدۇ، تېز ساقىيىدۇ.

**ئاقاۋا** ئى <سۇ> سۇ ھالقىپ ئۆتىدىغان توسما.

**ئاقەي-كۆكەي** ← **ئاقەي-كۆكەي دېمەك.**

**ئاقەي-كۆكەي دېمەك** ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى دېمەك، ئۇ دەپ، بۇ دەپ، باھانە-سەۋەب كۆرسەتمەك: ئۇلار جىننىڭ بارىچە ئۆزىنى ئاقلايدۇ، پاكىتلارغا جىددىي مۇئامىلە قىلىشتىن جىننىڭ بارىچە ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىراپ ــ تېنەپ، «ۋاقتىنى خاتىرىلەش ئۇسۇلى ئەركىنلىكنى بوغۇپ قويىدۇيەي، قايناق ھېسسىياتنى باسىدۇيەي، ئۇنىڭدا ئادەمنى ماشىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش خەۋپى بارەي، ئاقەي ــ كۆكەي»، دەپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

**ئاقباش** ئى [ئاق+باش] ① ← **ئاق باش.** ② ئاتلاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەل: ئاقباش كېسىلى.

**ئاقباش ئۈت** <بوت> ئېيىق تاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غولىلۇق ئۆسۈملۈك، گۈلى جىگەر رەڭ، مېۋىسىدە ئاق تۈكچىلىرى بولۇپ، خۇددى بوۋايلارنىڭ ئاقارغان چېچىغا ئوخشايدۇ.

**ئاقپىشما** (توغرىسى: ئاقپىشماق) ← **ئاقپىشماق.**

**ئاقپىشماق** سۈپ. تېنى ئاق، ئاق يۈزلۈك، ئاق چىراي: بىزنى 40 ــ 42 ياشلارغا كىرگەن، قامەتلىك، كەڭ پېشانىلىك، ئاقپىشماق كەلگەن خۇش چىراي بىر كىشى كۈتۈۋالدى.

**ئاقپىشمىلاق** (توغرىسى: ئاقپىشماق) ← **ئاقپىشماق.**

**ئاقتۇرما** ئى. دىئال ← **تۇرۇپ.**

**ئاقتۇرماق** «ئاقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەھرۇزنى سۇ باشقا بىر تەرەپكە ئاقتۇرۇپ كەتكەنىكەن. * ــ دەۋالىرىنى ئاقتۇردەمەن دېسىلە قازىغا بىرەر نەرسە بەرمىسىلە، ئۇنى رازى قىلىپ، كۆڭلىنى ئالمىسىلا بولمايدۇ، ــ دەپتۇ قوشنىسى.

**ئاقتۇرۇشماق** «ئاقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ ئۇنى تىرىك پېتى ساندۇققا ياتقۇزۇپ، دەرياغا ئاقتۇرۇشۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

**ئاقتۇرۇلماق** «ئاقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاقتىكەن** ئى [ئاق+تىكەن] <بوت> چاتقال تىپىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك، رەڭگى ئاق، تىكىنى ئۇزۇن، تال-تال ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق بولۇپ، قارىغاتنىڭكىدەك يۇملاق قارا مېۋىسى بولىدۇ.

**ئاقچا** ← **پۇل** بۇلارنىڭ يول ئوزۇقلىرى تۈگەپ، ئاقچىلىرى ئاز قالغانىكەن، ئەمما ئىسكەندەر بۇ توغرىدا ھۇرلىقاغا ھېچنېمە دېمەپتۇ ۋە ئۆزىدىن-ئۆزىگە خىجالەت بولۇپ، خىيال بىلەن ئېڭىكىنى تۇتقىنچە ئولتۇرۇپ قېلىپتۇ. * لاشمانلىققا ماڭغاندا، يەركەنتلەرگە قار ياغقان، قېيۇم بەگ ھاجى بولۇپ، بىزنى ئاقچىغا ساتقان.

**ئاقچەشكە** ئى [ئاق+چەشكە] دىئال. <بوت> توم زەنجىۋىلنىڭ قۇرۇتۇلغىنى.

**ئاقچېچەك** ئى [ئاق+چېچەك] <بوت> زەرەك دەرىخىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇچرايدىغان گۈلى ئاق بىر خىل تۈرى.

**ئاقچى** ئى. قوغۇننىڭ بىر تۈرى.

**ئاقچى-كۆكچى** ئۇنداق ئىشنىمۇ قىلغۇچى، مۇنداق ئىشنىمۇ قىلغۇچى، ياخشى-يامان ھەممىنى قىلغۇچى، ئۇنداقچى-مۇنداقچى: «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا ئاقچى-كۆكچى دەپ ئەيىب قويىمىغان ئادەملەر ئاز قالغانىدى.

**ئاقساتقۇزماق** «ئاقسىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاقساتماق** «ئاقسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: * ھېلىقى نىياز دېگەن ھارامزادە بازارغا ياغ ئارتىپ بارغان ئەمەسمۇ، شەھەردىن چىققۇچە ئۇيىنى ئۇرۇپ قوغلاۋېرىپ ئاقسىتىپ قويۇپتۇ. * ياغاچچىلارنىڭ ئۇھ دېگۈچىلىك ۋاقتى يوق، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئاقسىتىشقا بولمايدۇ.

**ئاقساشماق** «ئاقسىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاقساق** سۈپ. ئاقساپ ماڭىدىغان، بىر پۇتى قىسقا ياكى توكۇر: غەزىپى قايىنىغان دوغا ئاقساق پۇتى بىلەن ناسىرنى بىر تەپكەنىدى، ئۇنىڭ مۈرىسىگە تەگدى. * ئاقساق ئادەم سۇ توشۇشنى ئۆگەنگەنىدەك، بۇلارمۇ ئاستا-ئاستا ئۆگەنمەمدۇ. ئەتە تەكشۈرۈش مەجلىسى ئاچايلى، سىز كۆپرەك يول كۆرسىتىڭ!

**ئاقساقال** ئى [ئاق+ساقال] ① ياشانغان، مويسىپىت مۆتىۋەر كىشى: بۇ تۇرغۇن ئاقساقال زاۋۇتىمىزنىڭ پېشقەدەم ئىشچىسى، ئۇزاق يىللاردىن بېرى تىرىشىپ ئىشلەپ، كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرگەنلىكى ئۈچۈن داۋاملىق ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ كەلدى. ② ئى. بىر ياكى بىرنەچچە مەھەللە، يېزا-قىشلاقتا باشلىق بولغان مەھەللىۋى ئەمەلدار: بۇ يەرگە يىغىلىشقان مەھەللىنىڭ ئاقساقاللىرى يېڭى دەرۋازىغا قاراپ، نودەرنىڭ غەيرەتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى: «بارىكاللا! مانا بۇ دەرۋازا كېلىشىپتۇ.» ③ كۆچمە. سۈپ. ئاتىكاچى، ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان: بەك ئاقساقال بالىكەن بۇ، دادىسىدەك ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ تۇرغىنىنى قارا.

**ئاقساقاللىق** «ئاقساقال» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئارىمىزدا مىسىردىن بىراۋ كېلىپ، باغدات سودىگەرلىرىنىڭ ئاقساقاللىقىغا، كېيىن رەئىسلىككە كۆتۈرۈلگەنىدى. * — ھەي بەگباش، ئاقساقاللىقىڭنى قارا، ساڭا ئۇنداق گەپنى سوراشنى كىم قويۇپتۇ.

**ئاقساقاللىق قىلماق** ئاتىكاچىلىق قىلماق، ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا، باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە ئارىلىشىۋالماق.

**ئاقساق-چولاق** ئاقساق ۋە چولاق. پۇت-قولى مېيىپ: ئۇلار ئىچىدە بەزى ئاقساق-چولاق ۋە قارىغۇلار بار.

**ئاقساقلىق** «ئاقساق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئاقساقلىق تېز ھەرىكەت قىلىشىمغا توسالغۇ بولاتتى، ئېغىر يۈكلەرنىمۇ كۆتۈرەلمەيتتىم.

**ئاقساقلىماق** پ. ئاقساپ ماڭماق، ئاقساپ

www.uyghurkitap.com

يۇرمەك: ئۇنىڭ سۇنغان پۇتى ساقايغان بولسىمۇ ئاقساقلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى.

**ئاقسۆگەك** ئى [ئاق+سۆگەك] ئېكسپىلاتاتورلۇق جەمئىيەتتىكى ئىمتىيازلىق تەبىقىگە مەنسۇپ كىشى؛ ئېسىلزادە: گەرچە ئۇنىڭغا قىزىقىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ھەقىقىي يېزا ئاقسۆگەكلىرىنىڭ قەدىمكى قەسىرلىرىدىكى بەختلىك ھاياتىنى ئۇنتۇمايتتى. * ئۇلارنىڭ بۇرۇن ئاساسەن فېئودال ئاقسۆگەكلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى مەملىكەتلىك خاراكتېر ئېلىشقا باشلىدى.

**ئاقسۆگەكلىك** «ئاقسۆگەك» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ۋلادىسلاۋ ئېسىل ئاقسۆگەكلىك تەسىرىنى قالدۇرۇش ئارزۇسى ۋە ھاياجانلىنىشى بىلەن قىزىرىپ كەتكەنىدى.

**ئاقسىتىلماق** «ئاقساتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بولىدىغان ئىشنىڭ ۋاقتىدا بولغىنى ياخشى، ئۇنداق بولمىسا كېيىنكى ئىشلار ئاقسىتىلىدۇ.

**ئاقسىرىماق** پ ① ئاق نان، ئاق ئاش تامىقىنى يېيىشنى سېغىنماق: ئۆيگە ئەل - ئاغىنىلەر ياكى مېھمان - يۈچۈن كېلىپ قالسا، ئاق نان بولمىسا سەت تۇرىدىكەن، باللارمۇ ئاقسىراپ كېتىدىكەن. ② سۈت قېتىقنى سېغىنىپ قالماق: بۇ يىل كالىمىز قىسىر قېلىپ خېلى ئاقسىرىدۇق.

**ئاقسىل I** ئى <بىئول> كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتادىن تەركىب تاپقان، يۇقىرى مولېكۇلىلىق تەبىئىي ئورگانىك بىرىكمە. ئۇ تەركىبىدىكى ئامىنو كىسلاتانىڭ سانى، خاراكتېرى، بىرىكىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ نۇرغۇن خىلغا بۆلۈنىدۇ، ئاقسىل جانلىقلار تېنىدىكى ھاياتلىق ماددىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ئاساسىدۇر.

**ئاقسىل سىيىش** سۈيدۈك تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ئاقسىل پەيدا بولۇش ھادىسىسى. كۆپىرەك بۆرەك كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

**ئاقسىل II** ئى <زوئول> ئاچا تۇياقلىقلار ئەترىتىدىكى ھايۋانلاردا بولىدىغان ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل، ئاساسلىق كېسەللىك ئالامىتى: تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەيدۇ، ئېغىز بوشلۇقى شىلىق پەردىسى ۋە تۇيىقىدا سۇلۇق قاپارتما پەيدا بولىدۇ ھەمدە زىيەدە بولىدۇ، ئاغزىدىن ئاق كۆپۈك چىقىدۇ، ماڭغاندا ئاقسايدۇ؛ يۇقۇملىنىشى ناھايىتى تېز بولۇپ، بەزىدە ئادەملەرگىمۇ يۇقىدۇ.

**ئاقسىماق** پ ① بىر پۇتىنىڭ مېيىپلىكى ياكى ئاغرىغانلىقى سەۋەبىلىك ئاقساپ، دىڭگۇسلاپ ماڭماق: ئۇنىڭ سۇنغان پۇتى ساقىيىپ كەتمىسەن ۋە بىرئاز ئاقساپ ماڭىدىغان بولسىمۇ، قەتئىي تەلەپ قىلىپ، تەشىمدە ئىشلىدى. ② ئارقىدا قالماق، كېيىنكە سۈرۈلمەك، دەخلى يەتمەك: ئەر ئەمگەك كۈچلىرىدىن بىر قىسمى يېزىدىن شەھەرگە كىرىۋالغانلىقتىن، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى خېلى ئاقسىدى.

**ئاقشۇل** ←— **ئېقىش:** «ئاپاش، ئاپاش». دەپ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ تىزىنى تۇتقانىدى. ئاقشۇل يوپكىغا قىزىمنىڭ قولىدىكى كىر سەللا چىقىپ قاپتۇ.

**ئاقشىمار** ←— **نامازشامگۇل.**

**ئاقغاپتال** سۈپ [ئاق+قاپتال] گەپ كار قىلمايدىغان، گەپ ئۆتمەيدىغان، قاشاڭ، تەييارتاپ: ئۇ بىر ئاققاپتال ئادەم.

**ئاق - قارا** ھەق - ناھەق، توغرا - خاتا، ياخشى - يامان.

**ئاق - قارىنى ئاجراتماق** ←— **ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەك.**

**ئاق - قارىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەك** ھەق بىلەن ناھەقنى، توغرا بىلەن خاتانى، ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان قىلىۋەتمەك: ئاق - قارىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتە تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقىنى دانىشمەن بالا يازغان «ئون

سەككىز مىڭ ئالەم توغرىسىدىكى رىۋايەت».

**ئاق - قارىنى بىلىپ قالماق** ھەر نەرسىنىڭ ياخشى - يامىنىنى، توغرا - خاتاسىنى سېزەلەيدىغان، پايدا - زىيانىنى بىلەلەيدىغان بولماق: ئۇ ئاق - قارىنى بىلىپ قالغان بالا، ئەمدى ئۇ بار يەردە گەپنى سەل پەملەپ رەك قىلمىسا بولمايدۇ.

**ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەك** ياخشى بىلەن يامانىنى، پايدا بىلەن زىيانىنى، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق ئەتمەك، چۈشەنمەك: مەنمۇ شۇ ئادەم ئاق - قارىنى پەرق قىلارمىكىن دەپ ئويلىغۇدىم، ئۇ ئادەممۇ تۇرسۇننىڭ تىككەن چاپىنىغا دەزمال بېسىپ بېرىدىغاندەك قىلىدۇغۇ!

**ئاق - قارىنى تونۇماق** ⟵ **ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەك.**

**ئاق - قارىنى ئىلغىماسلىق** ھەق - ناھەقنى، توغرا - خاتانى، ياخشى - يامانىنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىش، ئايرىماسلىق، پەرقلەندۈرمەسلىك.

**ئاققۇلاق** ئى [ئاق+قۇلاق] <بوت> بىر خىل زەمبۇرۇغ، قۇرۇپ ئۆلگەن ياكى يېرىم قۇرۇپ ئۆلگەن پۇرۇپكا دەرەخكى قاتارلىق دەرەخلەردە ياشايدۇ؛ ئاق رەڭلىك ھەمدە يېرىم سۈزۈك بولۇپ، تەركىبىدە يېلىم ماددىسى كۆپ بولىدۇ؛ ئادەم ئىستېمال قىلسا، بەدەن قۇۋۋەتلىنىدۇ.

**ئاققۇيرۇق** ئى [ئاق+قۇيرۇق] <زوئول> ⟵ **قاڭشارلىق بۆكەن.**

**ئاق - كۆك** ⟵ **ئاق - كۆك دېمەك.**

**ئاق - كۆك دېمەك** ئۇنى - بۇنى دېمەك، ھەر خىل گەپ قىلماق: ئاق - كۆك دەپ ۋاقتنى ئۆتكۈزمەك.

**ئاقكېسەل** ئى [ئاق+كېسەل] <تىب> تېرە كېسەللىكى، كۆپىرەك تېرىدە قارا پىگمېنت شەكىللىنەلمەسلىك سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ، كېسەللىك ئالامىتى - تېرىدە پارچە - پارچە ئاق داغلار پەيدا بولىدۇ، ئاغرىمايدۇ ھەم قىچىشمايدۇ. «پېسە»، «بەرەس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاقلاتقۇزماق** «ئاقلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاقلاتقۇزۇلماق** «ئاقلاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاقلاتماق** «ئاقلىماق» پېئىلى «①②③④»نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆيلەرنى پاكىز ئاقلىتىپ تازىلىدى، تاللىقلارغا سۇ قويدى، ماگىزىنىدىن چىرايلىق تاۋار يوتقان تېشى سېتىۋېلىپ ئوغلى ئۈچۈن يۇمشاق يوتقان تەييارلىدى.

**ئاقلاشماق** «ئاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ماڭ، — دېدى ئۇ قۇددۇسىنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ، — شەرىئەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاقلىشايلى.

**ئاقلانماق** «ئاقلىماق» پېئىلى «①②③»نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن بىرنەچچە مېتىر نېرىراقتا باشقا بىراۋنىڭ ئاقلانغان خىش تېمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * بىرقانچە مەزگىلدىن كېيىن، ھەقىقەت ئۆز ئورنىنى تاپتى: ئەنۋەر ۋە ئۇنىڭ دادىسى ئاقلاندى. ھەقىقىي جىنايەتچىلەر سوتقا تارتىلىپ، تېگىشلىك ئەدىبىنى يېدى.

**ئاقلىتىلماق** «ئاقلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۇرۇچ ئاقلىتىلدى.

**ئاقلىغۇچ** ئى ① يۇلغۇن ياكى باشقا ياغاچتىن ياسالغان قىسقۇچ. بۇ سايمان بورا توقۇش ئۈچۈن يېرىپ تەييارلانغان قومۇشنى سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② قوناق ئاقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچلۇق كىچىك ياغاچ.

**ئاقلىغۇچى** ئى ① مەلۇم نەرسىنى ئاقلاش، ئاقارتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم: ئۆي ئاقلىغۇچى. شال ئاقلىغۇچى. ② <قا> سوتتا بىر كىشى ياكى تەرەپنى ھىمايە قىلغۇچى، شۇلار ئۈچۈن سۆزلىگۈچى، ئادۋوكات: جاۋابكارنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى، ۋەسىلىرى ئۇنى

www.uyghurkitap.com

ئاقلىسا بولىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىلىرى زۆرۈر تاپسا، جاۋابكارغا ئاقلىغۇچى بەلگىلەپ بەرسە بولىدۇ.

**ئاقلىق** ئى ① «ئاق» سۆزى «① ② ③ ④»نىڭ ئىسىم شەكلى: كۆڭلەكنىڭ ئاقلىقى. يۈزنىڭ ئاقلىقى. * ئاچار قەتئىي ھەقىقەت سىرىنى. ئاقلىقىڭنى كۆرەر جاھان شادلىنىپ. ② سۈپ. كۆچمە. سۈتلۈك، سۈتى كۆپ: ئاقلىق ئىنەك. * ئاقلىق ئىنەك ئۆلگۈچە ئاقلىق ئاتالماس (ماقال).

**ئاقلىماق** پ ① ھاك ۋە بورغا ئوخشاش ئاق تۈسكە كىرگۈزگۈچى نەرسىلەر بىلەن بوياماق، ئاقارتماق: ئۆي ئاقلىماق. * ھېيت يېقىنلىشىۋاتىدۇ، شۇڭا ئۆيلەرنى ئاقلاش ئۈچۈن ھاكخانىدىن 30 كىلوگرام ھاك سېتىۋالدىم. ② دان، دەرەخ (ياغاچ)، كۆكتاتلارنىڭ پوستىنى، قوۋزىقىنى سويماق، ئايرىماق، شىلىپ ئالماق: قوناق ئاقلىماق. شال (گۈرۈچ) ئاقلىماق. * تۈگمەن جاپاسىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن خەلق تېخىمۇ قىزىپ كېتىپ، گۈرۈچ ئاقلايدىغان، ياغ تارتىدىغان ماشىنىلارنىمۇ ئالدى. * ئانا كىرنى يۇيۇپ بولۇپ، خېمىر يۇغۇردى، ساۋۇر كۆكتاتلارنى ئاقلاپ، ئوت قالىدى. ③ كۆچمە. بىرەر كىشىنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى، ئەيىبكار ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماق: ئۇ ھاياجان بىلەن ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەۋاتقىنىدا، مەن سىزنى ھېلىقى چاغدا ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويغان يەردىن دوستلىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىققانلىقىم، ھەتتا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سىزنى ئاقلاپ مۇنازىرلەشكەنلىكىم ۋە شۇ قاتارلىق ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇردۇم... * ـــ ئۇنىمسا قانداق قىلاي؟ ـــ رۇقىيە ئەمدى ھوردىن چۈشۈپ ئۆزىنى ئاقلاشقا كىرىشتى. ④ بىرەر ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلىماق، ھەق، توغرا دەپ تونۇماق: ـــ ياق، ئۇستازلار، سىلەر ھەممە جايدا، ھەرقانداق ۋاقىتتا ھۆرمەتلىك ئادەملەر، ـــ دېدى شائىر ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى ئاقلاپ، ـــ سىلەر جەمئىيەتنىڭ چىرىغى. * ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەنە ئىشقا چىقمىغانلىقىنى ئاقلاش ئۈچۈن يوقىرىقى گەپلەرنى دېيىشمەكتە ئىدى. ⑤ كۆتكەن ئۈمىد، ئارزۇ، تەلەپكە يەتكۈزمەك، قاندۇرماق، شۇنىڭغا لايىق ئىش قىلماق: ئەجدادلارنىڭ ئارزۇسىنى يۈرىكىڭدە ساقلىدىڭ، ئىشەنچىنى ـ ئۈمىدىنى ھەر نەپەستە ئاقلىدىڭ. ⑥ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىنى، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماق، ئورۇنلىماق: شان ـ شەرەپنى ساقلايمىز، كەلدۇق يەنە غەيرەتكە، بۇرچىمىزنى ئاقلايمىز، تۆھپە قوشۇپ دۆلەتكە. ⑦ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماق، ۋەدىسىگە ئاساسەن ئىش كۆرمەك: ۋەدىنى قىلىشماق ئاسانكەن شۇنداق، ۋەدىدە چىڭ تۇرماق تەس ئىكەن ئاندىن. قەسەملا ئەمەستۇر سىناقنىڭ تېشى، ۋەدىنى ئاقلىماق ئەزىزدۇر جاندىن. ⑧ سىڭدۈرگەن ئەمگەك، بەرگەن تۇزنىڭ بەدىلىگە تۇشلۇق ئىش قىلماق: ۋەتىنىم ئىشقىڭ ياشار جېنىمدا، ئاقار مېھرىڭ يۈرەك قېنىمدا. بولسام قۇربان ئەجرىڭنى ئاقلاپ، قىلچە ئارمان قالماس دىلىمدا. * سەنمۇ تۇزۇمنى ئاقلاپ، ھالاللىق بىلەن ئىشلىدىڭ.

**ئاقما** سۈپ. ئاقىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە: ئاقما جىنس.

**ئاقما يارا** <تب> ئادەم ياكى ھايۋانلار تېنىدە يىرىڭلىق ئىششىق پەيدا بولغاندا ھاسىل بولىدىغان تۇرۇبا. تۇرۇبىنىڭ ئېغىزى تېرە يۈزىدە بولىدۇ ياكى ئۇ باشقا ئىچكى ئەزالار بىلەن تۇتىشىدۇ، كېسەل ئوچىقى ئىچىدىكى ئاجرالمىلار ئەنە شۇ تۇرۇبىدىن ئېقىپ چىقىدۇ.

**ئاقماق** پ ① پەس تەرەپكە قاراپ سۇرۇلمەك، ھەرىكەتلەنمەك، يۈرۈشمەك: ـــ ئەپەندىم، سال بىلەن ماڭمىسىلا، سۇ يولى خەتەرلىك بولىدۇ، ـــ دېدى ئۇلار، ـــ تۆۋەندە قاپچىغاي دېگەن يەر بار، بەك تار، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ تېز ۋە ئەگرى ـ بۈگرى ئاقىدۇ. ② تونېلىشىپ بىرەر تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلماق، ماڭماق: بۈگۈن ئادەتتە نامازغا بارمايدىغانلارمۇ جۈمە

مەسچىتى تەرەپكە ئاقتى. ③ كۆچمە. ئىناۋەتلىك دەپ قارالماق، ئۆتمەك، يۈرۈشمەك: ئۇنىڭ سۆزى ئاما ئىچىدە خېلى ئاقىدۇ. * دېمەك بۇ ئىشقا خېلىلا قارشىلىق قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئاقمىدى. ④ سىزماق، ئېرىپ كەتمەك: قايغۇ ـ دەردتە سارغايغان، يېتىم ھالىمنى ئېيتايمۇ، قۇمۇل يولىغا قاراپ، ئاقتى كۆزنىڭ قارىسى. * بىچارە دەرد ئېيتىدىغان بولسا يۈرەك باغرى يېشى بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىپ كېتىدۇ، زادى... ئۇھ!

**ئاقمۇچ** ئى [ئاق+مۇچ] <بوت> قارىمۇچ مېۋىسىنىڭ شۆپىكى ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن قالغان قىسمى.

**ئاقنان** ئى [ئاق+نان] ① بۇغداي ئۇنىدىن ياققان نان: ئاقنان يەپ چوڭ بولغان بالا. ② يۈزنى ئادەتتىكى ناندىن چوڭراق ئېچىپ ياققان نان: ئايشەمخان ئاقناننى ئوخشىتىپ يېقىپتۇ.

**ئاقنانچى** ئى. ئەمگەك قىلماي تەييار ناننى يېيىشكە ئامراق، تېرىكتاپ ئادەم: بىزگە ئاق نانچىلار ئەمەس، ئەمگەك قىلىدىغانلار كېرەك. * راست جاپاكەش ئەھلىمۇ ئۇ ياكى بىر ئاق نانچىمۇ؟ يولدا يولداش بولمىغايكىم چىن ۋاپادار بولمىسا.

**ئاقنانچىلىق** ئى ئەمگەك سىڭدۈرمەي، تەييارغا ئىگە بولۇۋېلىش ھەرىكىتى ۋە ھالىتى: ئاقنانچىلىق ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ يارىماس ئادەت.

**ئاقناۋات** ئى [ئاق+ناۋات] قوغۇننىڭ بىر تۈرىنىڭ نامى.

**ئاقۇچ** سۈپ. ئاققا مايىل، سۇس ئاق: دەريا بولسا ئاقۇچ تۇمان ئىچىدە. تۈن قاراڭغۇلۇقىغا زىت ھالدا، كۈمۈشتەك يالتىراپ ئۇزاقلارغا سوزۇلغىنىچە ئېقىپ تۇرماقتا ئىدى.

**ئاقۇش** (توغرىسى: ئاقۇچ) ⟵ **ئاقۇچ**

**ئاقئۇششاق** ئى [ئاق+ئۇششاق] دېنى تولمىغان، ئاقلىغاندا ئۇۋۇلىپ ئۇششاقلىنىپ كەتكەن ئۇۋاق گۈرۈچ.

**ئاقۋالداق** ئى [ئاق+بالداق] يۇقىرى ھارارەتلىك ھاۋاسىزلاندۇرۇلغان قازاندا ئېتىلدۇرۇلغان قوناق، گۈرۈچ دانلىرى: مەن تاغدىن قايتىپ كەلسەم، تېخى ھېچكىم ئۆيگە كەتمەپتۇ، شۇ كۈنى تۈن نىسپىغىچە ئاقۋالداقتەك پاراسلاپ تالاش ـ تارتىش قىلدۇق، ــ ئوھۇ... دېھقانلار جەمئىيىتى كۈچ ـ مادار، تۆگۈلگەن مۇشت، ــ دېيىشتۇق.

**ئاقىرقەرھا** ئى [پ<ھىند] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى ئىنچىكە، گۈلى ئاق ياكى قىزىل بولىدۇ؛ قۇرۇتۇلغان گۈلىدىن قىلىنغان پاراشوك بىلەن پاشا، چىۋىن قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

**ئاقىل** سۈپ [ئە] ئەقىللىق، ئۆتكۈر پىكىر قىلىدىغان؛ دانا: ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ (ماقال). * ئاتام مېنى ياتلىق قىلماقچى بولسا، ماڭا لايىق بولغۇچى يىگىتمۇ ئۆزەمدەك ئاقىل ۋە دانا بولۇشى لازىم.

**ئاقىلانە** رەۋ [ئە+پ] ئەقىل ئىشلەتكەن ھالدا، ئەقىللىق كىشىلەرگە ئوخشاش، ئەقىل بىلەن: بۇرۇنقى زاماندا، بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇ ھەر كۈنى ئىشقا چۈشكەندە، ئالدى بىلەن دانىشمەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلايدىكەن، بۇ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانىكەن.

**ئاقىلانىلىك** «ئاقىلانە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سەن بۇ ئېغىر ئاقىۋەتنى كۆرۈشۈڭ، ئېتىراپ قىلىشىڭ، بۇ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش، تۈزىتىۋېلىشنىڭ يولىنى ئىزدىشىڭ كېرەك. مېنىڭچە، مانا بۇ ئاقىلانىلىك. * ھە، مەن قول يازمىنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن يېزىلغان جايلىرىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايمەن.

**ئاقىدى ـ كۆكىدى** ئانداق ـ مۇنداق.

**ئاقىدى ـ كۆكىدى دېمەك** ئانداق ـ مۇنداق دېمەك: ھەر خىل گەپ قىلماق. خىلمۇخىل

سەۋەب كۆرسەتمەك.

**ئاقىلەي ـ كۆكىلەي** ←— **ئاقىدى ـ كۆكىدى.**

**ئاقىلەي ـ كۆكىلەي دېمەك** ←— **ئاقىدى ـ كۆكىدى دېمەك:** ئاغىنە، ئاقىلەي ـ كۆكىلەي دەپ گەپ يورغىلاتماي، زادى شۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىڭنى ئوچۇق دېمەمسەن؟

**ئاقىلەي مۇنچاق** ۋاكىلىق دەۋرىدىكى تەرجىمانلار كىيىدىغان باش كىيىمنىڭ بەلگىسى.

**ئاقىللىق** «ئاقىل» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئورۇنسىز كۈلۈش سارائىلىقتۇر، ئورۇنلۇق كۈلۈش ئاقىللىق ۋە ئەدەبدۇر.

**ئاقىن** ئى [پ] خەلق شائىرى، خەلق داستانچىسى، داستانلارنى ئىمپىرىۋىزاتسىيىلىك ئېيتقۇچى: بۇ قىز ئۆتكەن يىل ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتكارلىرى، ئاقىنلىرى يىغىنىغا سىفەن مەكتەپتىن ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىپ، ئۆز تالانتى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلدى ۋە بىرىنچى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

**ئاقىنلىق** «ئاقىن» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى.

**ئاقىۋەت** [ئە] ① ئى. ئاخىرقى يەكۈن، نەتىجە: ھېيلىگەر بىر چاشقان سىرتقا قاراپ ئېتىلىۋىدى، «ئۇر!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ كالتەك كېلىپ بېشىغا تەگدى. بەنە بىرىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ شۇنداق بولدى. ② رەۋ. ھەممە ئىش بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاخىرى، نەتىجىدە: ئەبلىغازىنىڭ سۆزلىرى كۆز يېشىغا ئارىلىشىپ چىقاتتى، ئۇمۇر بويى مۇشۇ ئىسلام ھاجىلارنىڭ مېلىنى بېقىپ ئاقىۋەت كۆچىدىن قالغاندا تىرىك پېتى ھاجەتخانىغا تاشلانغان بوۋىسى، بايىنىڭ جېنىنى مەرگەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈنلا قوي سېغىۋاتقان يېرىدە تۇرغۇزۇپ ئېتىۋەتكەن مومىسى كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى.

**ئاقىياغلىق** ئى [ئاق+ياغلىق] <بوت> ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى، چوڭ ـ كىچىكلىكى جانانە ئۆرۈكتەك بولىدۇ، ئەمما ئاق ئۆرۈككە ئوخشاش ئاق سېرىق پىشىدۇ: ماۋۇ شەربەتنى ئېقىپ پارقىراپ تۇرغىنى ئاقىياغلىق، بۇ ھۆل ـ ھۆل قىزىرىپ پىشقىنى ـــ يۇمىلاق جانانە، ھەممىسى مەي باغلاپ كەتكەن شاخ مانتىلىرى.

**ئاقىيول** ئى [ئاق+يول] خەيىم ـ خەتەرسىز، ئوڭۇشلۇق يول، سەپەر: ـــ تەسسالامۇئەلەيكۇم، ئوغلۇم، ـــ دېدى ئۇ ئادەم سەل قورۇنۇپراق، ـــ سەپىرىڭىزگە ئاقىيول بولسۇن.

**ئاقىيول بولسۇن** يولىڭىز خېيىم ـ خەتەرسىز، ئوڭۇشلۇق بولسۇن، يولدا ئامان بولۇشىڭىزنى تىلەيمىز: ـــ خەير خوش ئاقىيول بولسۇن! ـــ دېيىشتى باشقىلارمۇ تەرەپ ـ تەرەپتىن.

**ئاقىيول تىلىمەك** خېيىم ـ خەتەرسىز، ئوڭۇشلۇق يول يۈرۈشنى تەلەپ قىلماق، ئاقىيوللۇق بولۇشنى ئۈمىد قىلماق: ئاتلىقلار يولغا چۈشكەندە، سەيدىخان ئاچام، غەيرەت ۋە «بويىناق»لار يولىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرۇشقىنچە ئۇلارغا ئاقىيول تىلەپ قېلىشتى.

**ئاكا** ئى ① چوڭ ئوغۇل (ئۇكىلىرىغا نىسبەتەن): ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ (ماقال). * ئۇ ئاكىسى بىلەن تەڭ ئوقۇشقا كىردى. ② ئۆزىدىن چوڭ ئەر كىشىگە مۇراجىئەتتە ياكى ئۇنىڭغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئىشلىتىلىدۇ: مۆمىن ئاكا ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

**ئاكاڭ قارىغاي** سۆزلىگەندە، ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش ئۈچۈن «مەن قالتىس»، «مەن نوچى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى. * ئاكاڭ قارىغاي ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ، ـــ دېدى ئۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن. * ئەپچىلەم: «ئوجمە سايىسى ئاكاڭ قارىغاينىڭ، ياغىچى باي غوجامنىڭ»، دەپ پەرۋا قىلماي جاۋاب بېرىپتۇ.

**ئاكابىر** ئى [ئە] ېېزت. يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشى، كاتتا ئادەم: ـــ ئەي ئوغلۇم قەمەرشاھ!... ئۇردا ئاكابىرلىرى ئالدىدا پادىشاھتىن تىلىخەت ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ھۈنىرىڭنى

www.uyghurkitap.com

كۆرسەتكەيسەن، — دەپ سالماس بوۋا دۇئا بىلەن قەمەر شاھنى يولغا سالدى.

**ئاكاتسىيە** ئى [ر <گرېك] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان غوللۇق دەرەخ. شېخى تىكەنلىك، پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق، گۈلى ئاق، پۇراقلىق، مېۋىسى ياپىلاق تاسما شەكىللىك بولىدۇ.

**ئاكادېمىزم** ئى [ر] ① قۇرۇق نەزەرىيىگە بېرىلىپ كېتىش، ھاياتتىن، تەرەققىياتتىن ئۈزۈلۈپ قېلىش، قۇرۇق نەزەرىيىۋازلىق (ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش يۇرتلىرىدا). ② XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى باشقۇرغان گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتلىرىدا شەكىللەنگەن مۇتەئەسسىپ ئېقىم.

**ئاكادېمىك** ئى [ر] پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى ياكى شۇ ئەزانىڭ ئۇنۋانى: ئۇ كېيىنكى يىللاردا ئەنگلىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى 15 يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلىم يۇرتلىرىدا دوكتور، ئاكادېمىك دېگەندەك ئۇنۋانلارنى ئالدى.

**ئاكادېمىكچىلار** ← **ئاكادېمىزم تەرەپدارلىرى.**

**ئاكادېمىيە** ئى [ر <گرېك] دائىرىسى نىسبەتەن چوڭ بولغان، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورگان: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى.

**ئاكا-ئۇكا** بىر ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلغان ئاكا ۋە ئۇكا ئوغۇل باللار: ئاكا-ئۇكىنىڭ ئازارى بولسىمۇ، بىزارى يوق (ماقال). * قاسىم بىلەن سەمەت بىر ئاتا، بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئاكا-ئۇكىلار.

**ئاكا-ئۇكىلىق** ئاكا-ئۇكىلارغا خاس: ئاكا-ئۇكىلىق مۇناسىۋەت.

**ئاكت** ئى [ر<لات] بىرەر ئىشنى تەستىقلاش ئۈچۈن يېزىلغان ھۆججەت: ئاكت يازماق. ئاكتقا قول قويماق.

**ئاكتۇئال** سۈپ [ر] ھازىرقى ۋاقىت ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم، ئەلا، زۆرۈر: ئاكتۇئال مەسىلە. ئاكتۇئال پروگراما. ئاكتۇئال تېما. * يازغۇچىلىرىمىز نۇرغۇن ئاكتۇئال تېمىلاردا ئەسەرلەرنى يېزىپ، زامانىمىزدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈردى.

**ئاكتۇئاللىق** «ئاكتۇئال» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھەرقانداق بىر خىل تەربىيە ئەگەر تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش ئاكتۇئاللىقى بىلەن بىرلەشمىسە، كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

**ئاكتىپ** [ر] ① سۈپ ھەرىكەتچان، ئىلغار، ئىجابىي: ئاكتىپ ئامىل. * ئۇلار ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندىدى. ② رەۋ. **پائال، قىزغىن، ئىجابىي يوسۇندا:** ئۇلار كۆچەت تىكىشكە ئاكتىپ قاتناشتى. * بەزى جايلار قىسىملارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ئاكتىپ ھەل قىلدى. ③ ئى. بىرەر تەشكىلات ياكى كوللېكتىپنىڭ ئىلغار، تەشەببۇسكار ئەزاسى: ئاكتىپلار يىغىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپى. * يىل ئاخىرىدا ئىجتىمائىي پائالىيەت ئاكتىپلىرى مۇكاپاتلاندى.

**ئاكتىپ ئىممۇنىتېت** <تىب> تەبىئىي يۇقۇملىنىش ياكى سۇنئىي ئەملەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىممۇنىتېتلىق ئىقتىدارىنىڭ قوزغىلىشى. ئۇ تەبىئىي ئاكتىپ ئىممۇنىتېت ۋە سۇنئىي ئاكتىپ ئىممۇنىتېت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**ئاكتىپلاشتۇرۇلغان** «ئاكتىپلاشتۇرۇلماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.

**ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈر** سۈمۈرۈش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك كۆمۈر، قاتتىق ياغاچ، مېۋە پوستى، ئۈستىخان قاتارلىقلارنى

ھەم ئېتىلگەن قاچىغا سىلىپ كۆيدۈرۈپ كۆمۈر قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ كاۋاكچىلىرىنى كۆپەيتىش بىلەن ياسىلىدۇ؛ زەھەرلىنىشتىن قوغدىنىش نىقابىدا گازنى فىلترلەش، سانائەتتە سۈيۇقلۇقنى رەڭسىزلەندۈرۈپ ساپلاشتۇرۇش، تىبابەتچىلىكتە ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىكى توكسىن، باكتېرىيە ياكى يەلنى سۈمۈرۈۋېلىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاكتىپلىشىش** ① «ئاكتىپلاشماق» پېئىلىنىڭ ئىسمدىشى. ② <خىم>مولېكۇلا ياكى ئاتومنىڭ ئېنېرگىيە مىقدارىنى ئاشۇرۇش. ئادەتتىكى ياغاچ كۆمۈرنى ھەم ئېتىلگەن قاچىغا سىلىپ قىزىتقاندا، ئۇ سۈمۈرۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈرگە ئايلىنىدۇ.

**ئاكتىپلاشتۇرماق** «ئاكتىپلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاكتىپلاشتۇرۇلماق** «ئاكتىپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاكتىپلاشماق** پ. ئۆز پائالىيىتىنى ئاشۇرماق، كۈچەيتمەك، پائاللاشماق: ئۇ ھازىر باشقىلارغا نىسبەتەن ئاكتىپلىشىپ قالدى.

**ئاكتىپلىق** ① «ئاكتىپ» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۇ تەدبىر ئەزالارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغايدۇ. * ھەربىر گىراژداننىڭ ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئاسرىشى كېرەك. ② غەيرەت، جاسارەت، پائالىيەت: ياشلار «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىدا زور ئاكتىپلىق كۆرسەتمەكتە.

**ئاكتىپلىق قىلماق** سەلب. ئۆزىنى يالغاندىن ئاكتىپ قىلىپ كۆرسەتمەك؛ ئۆزىنى ئاكتىپ قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن يالغاندىن ھەرىكەت قىلماق: ئۇ ئاكتىپلىق قىلىپ: يېشىم ئېشىپ كەتتى. پېنسىيىگە چىقىمەن... ئۆمەر ياش، قاۋۇل كادىر، مېنىڭ ئورنۇمدا ئىشلىسە مۇۋاپىق، ـــ دەپ پىكىر بېرىپ، ئاخىرى تەس كۈنگە قالدى.

**ئاكتىنىي** ئى [<گرېك] <خىم> ئۇراننىڭ يىمىرىلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان رادىئاكتىپلىق ئېلېمېنت، خىمىيىلىك بەلگىسى Ac. ئۇ يەنە يىمىرىلىپ بىر قاتار رادىئاكتىپ ئېلېمېنتلارنى ھاسىل قىلىدۇ، يىمىرىلىش دەۋرى 22 يىل.

**ئاكسىئوما** ئى [ر <گرېك] <مات> ① ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەكرار ئەمەلىيىتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، قايتا ئىسپاتلاش ھاجەتسىز بولغان ھۆكۈم. مەسىلەن: $A = B$، $B = C$ بولسا، ئۇ ھالدا $A = C$ بولىدۇ. ② <لوگ> جەمئىيەتتە كۆپ سانلىق كىشىلەر ئېتىراپ قىلغان توغرا قائىدە.

**ئاككورد** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> مۇزىكىدا ھەر خىل ئېگىزلىكتىكى بىر ـ بىرىگە ئاھاڭداش بىرقانچە تاۋۇشنىڭ بىرىيولى چېلىنىشى.

**ئاككوردشۇناسلىق** ئى <مۇز> مۇزىكا ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى، ئۇ ھەر خىل باسقۇچلۇق ئىنتېرۋالدىكى ئاككوردلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئاككوردلاشتۇرماق** «ئاككوردلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلى ئاككوردلاشتۇرغان خەلق مۇزىكىسى «تاشۋاي» دۆلەتلىك سەنئەت مۇسابىقىسىدا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى.

**ئاككوردلاشتۇرۇلماق** «ئاككوردلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاككوردلاشتۇرۇلغان مۇزىكا.

**ئاككوردلاشماق** پ. يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ۋە ئاۋاز ئىسمى ھەر خىل بولغان بىرقانچە ئاۋازلار ئۆزئارا بىرلەشمەك؛ ئاككوردلار مۇزىكىدىكى باشقا ئامىللار بىلەن ماسلاشماق.

**ئاككوردلۇق** سۈپ. ئاككوردلاشقان، ئېگىز ـ پەسلىكى ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە ئاۋاز ئۆزئارا بىرلەشكەن: ئۇ روياليىنى ھەر

خىل ئاككوردلۇق ئاھاڭلارغا چالالايدۇ. * بىرىنچى سىم بىلەن ئوتتۇرا سىملارنى قوشۇپ چالساق بۇنىڭدا بىر خىل يۇقىرى ئاككوردلۇق ئاھاڭ مۇزىكىغا قوشۇمچە ئاۋاز بېرىدۇ.

**ئاككوردېيون** ئى [ر<فران] <مۇز> يېرىم ئاۋازلىق گارمون، تەتۈرىسىگۈچى مېتال پلاستىنكا، قاتلىنىدىغان تېرە شامال ساندۇقى ۋە بىر قاتار تىللاردىن تەركىب تاپىدۇ؛ چالغان چاغدا سول قول بىلەن شامال تارتىلىدۇ، ئوڭ قول بارماقلىرى بىلەن تىللار بېسىلىدۇ.

**ئاككۇمۇلياتور** ئى [ر<لات] <فىز> ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى خىمىيىلىك ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇپ ساقلاپ قويىدىغان قۇرۇلما، توك ئىشلەتمەكچى بولغاندا، يەنە خىمىيىلىك ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى چىقىرىلىدۇ. ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئۇ تۇراقلىق توك بىلەن تەمىنلەشتىكى مۇھىم قۇرۇلما ھېسابلىنىدۇ.

**ئاكوپ** ئى [ر] <ھەرب> ئۇرۇشتا ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قېزىلغان خەندەك ۋە ئالدىغا توپا قاتارلىقلارنى دۆۋىلەپ توسۇلغان چوڭقۇرلۇق، ئورەك: ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ئاكوپ قازدى. تاش دۆۋىلىدى. * قورغاننىڭ نېرىقى تەرىپىدە بۇرجەكى سوزۇلۇپ چىققان ئاكوپلاردا ئالتىنچى ليەن ياتاتتى.

**ئاكوپداش** ئى. بىر ئاكوپتا بىللە جەڭ قىلغان، بىر ئاكوپتا بىللە تۇرغان جەڭچى: سۆيۈندۇ ئەسلىسە سېنى، چاۋشيەندىكى تۇغقان — قېرىنداش. پەخىرلىنىپ سۆزلە ھېكايە، بىللە بولغان جەڭچى ئاكوپداش.

**ئاكوستىكا** ئى [ر<گرېك] <فىز> فىزىكىنىڭ بىر تارمىقى، ئاۋاز دولقۇنىنىڭ ھاسىل بولۇشى، تارقىلىشى، رولى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئاكوستىكىلىق** سۈپ. ئاكۇستىكىغا ئائىت، ئاكۇستىكىغا ئاساسلانغان: ئاكۇستىكىلىق ئاپپاراتلار.

**ئاكۇشېر** ئى [ر<فران] <تىب> رەسمىي ئاكۇشېرلىق مەكتىپىدە ئوقۇغان ياكى شۇ دەرىجىدىكى قابىلىيەتكە ئىگە بولغان، مۇستەقىل ھالدا تۇغۇت قوبۇل قىلالايدىغان ۋە كۆتەلەيدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي خادىم.

**ئاكۇشېركا** ئى [ر] <تىب> ئايال ئاكۇشېر.

**ئاكۇشېركىلىق** «ئاكۇشېركا» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: ئۇ دوختۇرخانىدا ئاكۇشېركىلىق قىلىدۇ.

**ئاكۇشېرلىق** «ئاكۇشېر» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: بۇ دوختۇرخانىدا ئاكۇشېرلىق قىلىدىغانلار پەقەتلا شۇ ئىككىسى.

**ئاكۇلا** ئى [ر] بىر خىل بېلىق، تۈرى كۆپ؛ دېڭىز، ئوكيانلاردا ياشايدۇ؛ تېنى ئۇرچۇق شەكىلدە بولۇپ سەل ياپىلاق كېلىدۇ، قاسىرىقى قالقانسىمان بولىدۇ؛ كۆكرىكى ۋە ئۈزگۈچى قانىتى دۆڭ كېلىدۇ، بەزى تۈرلىرىنىڭ بېشىدا سۇ پۈركۈش تۆشۈكى بولىدۇ، ھەرىكىتى چاققان بولۇپ يىرتقۇچ كېلىدۇ، باشقا خىلدىكى بېلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى.

**ئاكىلە** ئى [ئە] <تىب> ئۆتكۈر بالىلار كېسەللىكى، كۆپىنچە قىزىل ۋە سكارلاتىنا قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدۇ. ئالامەتلىرى: ئېغىز بوشلۇقى شىللىق پەردىسىنىڭ بىر قىسىم توقۇلمىلىرى جاراھەتلىنىپ، قارىداپ، نېكروزلىنىدۇ ھەمدە سىرتقا قاراپ زېدىلىنىدۇ. ئېغىرلاشقاندا كېسەل ھوشىدىن كېتىدۇ.

**ئاكىلىق** سۈپ. ئاكىدا بولۇشقا تېگىشلىك،

ئاكىسىغا لايىق: ئۇ بىر قاچا تاماق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاكىلىق ھوقۇقىنى ئىنىسىغا سېتىپ بېرىپتۇ. * ئۇ ئاكىسىغا: ــ مەرھۇم دادىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئۆزەڭنىڭ ئاكىلىق بۇرچۇڭنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىلغىن...، ــ دەپتۇ.

**ئاگاھ** سۈپ [پ] خەۋىرى بار، دىققىتى قوزغالغان؛ ھوشيار.

**ئاگاھ بولماق** ① بولۇپ ئۆتكەن ياكى بولىدىغان ئىش، ھەرىكەت، ۋەقە ۋە ھادىسىدىن خەۋەردار بولماق، ۋاقىپلانماق: ئاگاھ بولغىنىڭكى، خەلق مېنىڭ ئەھۋالىمدىن خەۋەرسىز دەپ ئويلىما. ② ھوشيار بولماق، سەگەكلەشمەك، سەگەك تۇرماق: ــ خېرىدارلار، سومكا ۋە يانچۇقۇڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلار! ــ پىرىكازچىكنىڭ ئۈنلۈك ئېيتقان بۇ گېپى ئابدۇللانى چۆچۈتىۋەتتى. * كۆزى چۈشتى كېپىنەكنىڭ بىناگاھ، چۈمۈلە ھالىدىن ئۇ بولدى ئاگاھ. * يامغۇرلار تولا ياغسا مۇز داۋانلار پەسلەيدۇ، يار ئۆزەڭگە ئاگاھ بول دۈشمەن بىزنى قەستلەيدۇ.

**ئاگاھلاندۇرماق** ① «ئاگاھلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ كەچتە كەلگەن سەمەت بوسۇغىدا توختاپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىراشلىقىنى، ئەتىدىن باشلاپ ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ئىشقا چىقىشى كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇپ كەتتى. * ــ بىر نەرسىنى كۆرمىسەم ۋە ئاڭلىمىسام سىزنى ئاگاھلاندۇرماس ئىدىم، ــ دېدى ئابىت ئىشەنچ بىلەن. ② سەگەكلەشتۈرمەك، ئەسلەتمەك، دىققەت قىلىشقا، پەخەس بولۇشقا ئۈندىمەك: ــ ھەي ئەخمەق، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىسەن...! ــ دەپ ئاگاھلاندۇردى باغۇەن ئۈنىنى كۆيۈنۈپ. * ــ يولداش تۇراپ، ئەگەر سىزيەنلا شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسىڭىز، ئاخىرقى قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي! كۆڭۈلشى شۇجىلىقىڭىزدىنمۇ ئۈمىد قالمايدۇ...، ــ دېدى ئۇ.

**ئاگاھلاندۇرۇش** ① «ئاگاھلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى. ② خاتالىق سادىر قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان بىر خىل جازا تۈرى: ئامانلىق ساقلاش باشقۇرۇش نىزامىغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە قارىتا ئاگاھلاندۇرۇش، جەرىمانە قويۇش ۋە تۇتۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەمۇرىي جازا بېرىلىدۇ.

**ئاگاھلاندۇرۇشماق** «ئاگاھلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاگاھلاندۇرۇلماق** «ئاگاھلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ جاۋاب خەت مارتىننىڭ جەھلىنى چىقاردى، چۈنكى تەكلىپنامىدا: «ناھايىتى مۇھىم» دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغانىدى.

**ئاگاھلانماق** خەۋەر تاپماق، خەۋەردار بولماق، ۋاقىپلانماق: خۇشال بولدۇم ئىشىڭ، دىتىڭدىن، ئاگاھلاندىم يازغان خېتىڭدىن.

**ئاگرونوم** ئى [ر] يېزا ئىگىلىك ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى: سىزنىڭ ئاتىڭىز تاۋۇز تېرىپ داڭ چىقارغان، ھەتتا كۆك يانتاقتا تاۋۇز پىلىكىنى ئۇلاپ يانتاقنىڭ شەربىتىنى تاۋۇزغا سىڭدۈردى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىز ئاگرونوم بولۇشنى، ئاتىڭىزنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىكىز.

**ئاگرونومىيە** ئى [ر<گرېك] دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش، سورت يېتىشتۈرۈش، تۇپراق، ھاۋا رايى، ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىقتا زىيانلىق بولغان زىيانداش ھاشارات قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئاگگلىيوتىناتىپ** سۈپ [ر] يېپىشقاق، تۇرلىنىشچان: ئاگگلىيوتىناتىپ تىللار.

**ئاگگلىيوتىناتىپ تىللار** <تىل> سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق مەنىسى ئاساسەن سۆز تومۇرىغا قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تىللار. ئۇيغۇر تىلى، تۈرك تىلى شۇ تىللار قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇ يەنە «يېپىشقاق تىللار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاگېنت** ئى [ر<لات] ① بىرەر تەشكىلات،

مۇئەسسەسە قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەلۇم ۋەزىپىنى ئۆتەش ئۈچۈن بەلگىلىگەن ۋەكىلى. ② باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلغان، شۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان شەخس: بۇرژۇئازىيە ئاگېنتلىرى. ③ بىرەر دۆلەت رازۋېتكىسىنىڭ مەخپىي خادىمى، جاسۇس، ئايغاقچى: گومىنداڭ ئاگېنتلىرى.

**ئاگېنتلىق** ئى. مۇخبىرلار ياردىمىدە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتقا، تۇرمۇشقا دائىر مەلۇماتلار ۋە خەۋەرلەرنى توپلاش ھەم تارقىتىش ئورگىنى: شىنخۇا ئاگېنتلىقى. مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى.

**ئاڭ I** ئى ① كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش قابىلىيىتى، ئەقىل - ئىدراك: ئادەمنىڭ ئېڭى ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. ② ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتنى چۈشىنىشى، سېزىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: سىياسىي ئاڭ. سىنىپىي ئاڭ. * ھەر خىل شەكىلدىكى تەشۋىقىي تەربىيە ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ③ ۋەقەلىكنىڭ كىشى مېڭىسىدە، ئۇنىڭ بارلىق روھىي پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە مەلۇم مەقسەتكە يۆنەلگەن ھالدا ئەكس ئېتىشى: ئاڭ مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسىدۇر. * ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى. ④ بەلگىلىك بىر ئىجتىمائىي سىنىپ ۋەكىلى بولغان كىشىلەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك، سىياسىي ۋە پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرى؛ دىنىي، بەدىئىي قاراشلىرىنىڭ يىغىندىسى، سىستېمىسى: سوتسىيالىستىك ئاڭ. كوممۇنىستىك ئاڭ.

**ئاڭ فورمىسى** <لوگ> بەلگىلىك ئىقتىسادىي بازىس ئاساسىدا شەكىللەنگەن، دۇنيا ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى سىستېمىلىق كۆز قاراش ياكى ئوي - پىكىرلەرنىڭ يىغىندىسى. ئۇ سىياسىي، قانۇن، سەنئەت، دىن، پەلسەپە ۋە ئەخلاق قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ روشەن سىنىپىيلىققا ئىگە.

**ئاڭ II** ئى. ئوۋلىنىدىغان بارلىق جانىدارلار: ماڭاتتى يول بويى ناخشىلار توۋلاپ، ماڭاتتى ئۇچرىغان ئاڭلارنى ئوۋلاپ.

**ئاڭ - پىكىر** كىشىلەرنىڭ مەلۇم شەيئىگە، ۋەقە، ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشى، تەپەككۇرى، چۈشەنچىسى: بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق ياشلارنىڭ ئاڭ - پىكرى تېخىمۇ ئېچىلدى.

**ئاڭچى** ئى. **ئوۋچى:** ئاڭچى ئاڭ گۆشىنى يېمەي تۇرۇپ ئۆز گۆشىنى يەر (ماقال).

**ئاڭ - سەۋىيە** ئاڭ ۋە سەۋىيە: ئاڭ - سەۋىيە ھازىرقىدەك بولغان بولسا، مەرىپەتنىڭ قۇشى باشقا قونغان بولسا.

**ئاڭ - سېزىم** ئاڭ ۋە سېزىم: ئىلغار ئىدىيىۋى ئاڭ - سېزىم ھەممە يەردە بىخ ئۇرۇپ، دېموكراتىك ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالماقتا.

**ئاڭسىز** سۈپ ① ئېڭى يوق، ئاڭغا ئىگە ئەمەس، ئەقىل - ئىدراكسىز: ئاڭسىز ھايۋان. ئاڭسىز جانلىقلار. ② بىلىمسىز، چۈشەنمىگەن، بىلىم - سەۋىيىسى تۆۋەن، قالاق؛ مەدەنىيەتسىز: ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىنى يالغۇز ئاڭسىز كىشىلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق زىيالىيلارغىمۇ ئىشلەش كېرەك. ③ مەقسەتسىز؛ قارىسىغا، تەخمىنەن: ئۆسمۈرلەر ئۆز بەدىنىنىڭ جىددىي ئۆسۈپ كېتىشى ۋە كۈچىنىڭ ئارتىشى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئەمدى كىچىك بالا ئەمەسلىكىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ھېس قىلىدۇ. * ئۇلار ئاڭسىز ھالدا بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى.

**ئاڭسىزلىق** ① «ئاڭسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەدەنىيەت جەھەتتىكى نادانلىق، بىلىمسىزلىك سىياسىي جەھەتتىكى ئاڭسىزلىققا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ② <پسىخول> ئۆزى

بىلمەي، مەقسەتسىز ئېلىپ بارغان ھەرىكەت.

**ئاڭقارماق** پ. چۈشەنمەك، بىلمەك، سەزمەك، ھېس قىلماق: ئانا قىزىدىن: — بىرەر نەرسىنى ئاڭقىرالىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى. * بىردىنلا بىر ئايالچە ئاۋاز يەنى بۇۋى ھەجەرنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئاڭقارغىنىدا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل گۇمان، كۆنچىلىكنىڭ ئاچچىق سەزگۈلىرى قاپلىۋالدى.

**ئاڭقاۋ** سۈپ. ئەس - ھوشىنى دەرھال يىغىپ ئالالمايدىغان، گەپكە دەرھال چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان؛ بىخۇد، دۆت: ئاڭقاۋ ئادەم.

**ئاڭقاۋلاشتۇرماق** "ئاڭقاۋلاشماق" پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاڭقاۋلاشماق** پ. دۆتلەشمەك، بىخۇدلاشماق؛ كالۋالاشماق.

**ئاڭقاۋلىق** «ئاڭقاۋ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئاڭقاۋلىق قىلىپ، ھېسابتا خاتالاشتى.

**ئاڭقىرىشماق** «ئاڭقارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇتقۇچى ھە دەپ ئىزىپ ئىچۈرگىنى بىلەن، ئۇنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى ئوقۇغۇچىلار زادىلا ئاڭقىرىشالمىدى.

**ئاڭقىرىلماق** «ئاڭقارماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاڭلاتماق** ① «ئاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ گېپىنى بىزگە ئاڭلاتماسلىق ئۈچۈن ئاۋازىنى قانچە پەسلىتىپ سۆزلىگىنى بىلەن، بىز يەنىلا ئاڭلاپ قالدۇق. * شوخ ناخشا - مۇقامنى بىر ئۆمۈر جاراڭلاتسام، ئارزۇيۇم - مۇرادىمنى كەڭ جاھانغا ئاڭلاتسام. ② سىمسىز ياكى سىملىق رادىئو ياردىمى ئارقىلىق رادىئو نومۇرلىرىنى سىرتقا تارقاتماق: شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى يەنە بەش مىنۇتتىن كېيىن سەنئەت نومۇرلىرىنى ئاڭلىتىدۇ.

**ئاڭلاش** «ئاڭلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسىمداشى: ئاڭلاش سېزىمى. ئاڭلاش نېرۋىسى. * ئۇلار دوكلات ئاڭلاش ئۈچۈن ئالدىراپ مېڭىپ كەتتى.

**ئاڭلاش سۆڭەكلىرى** <فىزىئول> بولقا سۆڭەك، سەندەل سۆڭەك ۋە ئۈزەڭگە سۆڭەكلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇلار ناغرا پەردىسىدىكى تىترەش دولقۇنىنى ئىچكى قۇلاققا ئۆتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئاڭلاش سېزىمى** ئاۋۇش دولقۇنىنىڭ قۇلاق پەردىسىنى تىترىتىشتىن ھاسىل بولىدىغان سېزىم.

**ئاڭلاش نېرۋىسى** <فىزىئول> 8 - جۈپ مېڭە نېرۋىسى، كۆۋرۈك مېڭە بىلەن ئۇزۇنچاق مېڭە ئارىلىقىدىن چىقىپ، ئوتتۇرا قۇلاققا تارقىلىدۇ. ئاڭلاش سېزىمى ۋە بەدەن تەڭپۇڭلۇقى سەزگۈلىرىنى باشقۇرىدۇ.

**ئاڭلاشماق** «ئاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يەنە بىر جايدا بىر توپ ئادەم بىر چىمىلدىقنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىۋېلىپ، چىمىلدىقنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە ئاۋاز دورامىلىقىنى ئاڭلاشماقتا ئىدى.

**ئاڭلانماق** «ئاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يىراقتىن كىمنىڭدۇ ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى. * نەۋرىخان ئاچا ھويلا ئىشكىنى ئېچىشىغا، قويلارنىڭ تەڭلا مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

**ئاڭلىتىش** ① «ئاڭلاتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسىمداشى. ② رادىئو ئىستانسىسى ياكى رادىئو ئۇزېللىرىنىڭ ئاڭلىتىدىغان بىر قېتىملىق نومۇرلىرى: شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدا بىرىنچى قېتىملىق ئاڭلىتىشنى باشلايدۇ.

**ئاڭلىتىلماق** «ئاڭلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ يېتىم - يېسىرلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ئاڭلىتىلىشى بىلەنلا ئوقۇغۇچىلار سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، بەس - بەس بىلەن ئىئانە تەقدىم قىلدى.

**ئاگلىشىلماق** ① «ئاگلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② **بىلىنمەك، ئۇقۇلماق، ئىپادىلەنمەك:** مەقسەتنى قىسقا سۆزلەر بىلەن بايان قىلىشتا شۇنداق ئۇستىلىق كېرەككى، قىسقا يوللار ئارقىلىق كەڭرى پىكىرلەر ئېنىق ئىپادىلەنسۇن، ئوچۇق ئاگلىشىلىپ تۇرسۇن.

**ئاگلىشىلماسلىق** ⟵ **ئۇقۇشۇلماسلىق:** گېزىت ۋە باشقا تەشۋىقات ئۇسۇللىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەنلا، شۇ ۋاقىتلاردىكى كىشىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قالايمىقانچىلىق، ئاگلىشىلماسلىق ۋە خاتا چۈشەنچىلەر پەيدىنپەي يوقىلىشقا باشلىدى.

**ئاگلىق** سۈپ ① ئاڭغا ئىگە، ئەقىل-ئىدراكلىق: ئادەم ئاگلىق مەخلۇق. ② **ئىجتىمائىي ھاياتنى، ئۆزىنىڭ مەۋقەسى ۋە تارىخىي بۇرچىنى توغرا چۈشىنىدىغان، چۈشەنگەن:** — قىزىم سىز ئاگلىق ۋە ياخشى ئىشچى، — دېدىمەن مۇمكىنقەدەر سىلىق سۆزلەشكە تىرىشىپ. — بىر ئىشچى ئۈچۈن شەخسىي ئالاقىلارغا قارىغاندا دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىسىز. * ئۇ ئايالىغا مەنىلىك قىلىپ: — سەن بالاڭ ئۈچۈن مېھرىبان ئانىسەن، شۇنداقلا قانۇنىڭ ئاگلىق قوغدىغۇچىسىسەن!... دېدى. ③ **ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە، بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك:** خەيرۇللانىڭ ئانىسى ئاگلىق ئايال بولغاچقا، ئوغلىنىڭ تاپقان لايىقىغا دەرھال رازى بولدى. * ئۇ تازا يۈرىكىدە ئوتى بار يىگىت، لېكىن شوخ ۋە ھەددىدىن تاشقىرى ئىتتىك بالا، ئاگلىق ۋە ناھايىتى تىرىشچان. ④ **ئاڭ، ئەقىل-ئىدراك بىلەن باغلانغان، ئەقىل-ئىدراك تەقەززاسى بىلەن قىلىنىدىغان:** ئاگلىق ھايات. ئاگلىق ھەرىكەت. ⑤ **ئۆزلۈكىدىن، ئۆز ئىختىيارى بىلەن، مەقسەتلىك ھالدا، كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ:** ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىكى رەھبىرىي يولداشلار ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خىلمۇخىل ناتوغرا ئىستىللارنى ئاگلىق توسۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىغا ئۈلگە بولۇشى لازىم. * ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى دۆلەت مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا ئاگلىق بويسۇنۇشى لازىم.

**ئاگلىقلىق** «ئاگلىق» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: خەلقنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئاگلىقلىق ئاساسىدا بولىدۇ. * مەدەنىيەت يۇرتى ھەر تۈرلۈك تەشۋىقىي تەربىيە خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ماددىي-مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتىكى ئاگلىقلىقىنى ئۆستۈردى.

**ئاگلىماس** «ئاگلىماق» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتداش شەكلى: ئۇنىڭ قۇلىقى ئاگلىماس بولۇپ قالغىلى بىرەر يىلچە بولدى.

**ئاگلىماسقا سالماق** ئاگلىسىمۇ ئاگلىمىغان قىياپەتكە كىرىۋالماق، بىلىپ تۇرۇپ، بىلمەس بولۇۋالماق: دۇرنەم بۇ گەپلەرنى ئاگلىماسقا سېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. * ئۇ كېتىۋېتىپ كۈرەشنىڭ — قەيسەر! بىز سېنى ساقلاپ تۇرغانىدۇق، مۇنداق ماڭ، بىز بىرگە ماڭايلى! — دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاگلىغان بولسىمۇ ئاگلىماسقا سالدى.

**ئاگلىماق** پ ① تاۋۇشنى ئاگلاش ئورگىنى ئارقىلىق قوبۇل قىلماق: مۇزىكا ئاگلىماق. دەرس ئاگلىماق. * قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاگلا (ماقال). * ئەركىن ئاپىسىنىڭ گېپىنى كۆلۈمسىرىگەن ھالدا دىققەت بىلەن ئاگلىدى. ② **بىلمەك، خەۋەر تاپماق، خەۋەردار بولماق، ۋاقىپلانماق:** باھارخان ئۆلگەندىن كېيىن باقىنىڭ سىل كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاگلىغانىدىم. * قايسى كۈنى ئۇ دوستى قادىردىن پولاتنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقى، يېڭىلا دوختۇرخانىدىن ئەكەلگەنلىكىنى ئاگلىدى. ③ **كۆڭۈل بولمەك، ئېتىبار بىلەن قارىماق، دىققەت-ئېتىبارىنى قاراتماق:** ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاگلىماق. * ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشۈپ، خەلقنىڭ ياخشى تەلەپ-ئارزۇلىرىنى ئاگلىدى. بەزى مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى. ④ **قوبۇل كۆرمەك، ماقۇل بولماق؛**

بويسۇنماق، ئۇنماق، كۆنمەك: گەپ ئاگلىماق. تەربىيە ئاگلىماق. * سىدىق تەسرلەنىپ: ــ تاغا، مەن ئىلگىرى سىزنىڭ نەسىھەتلىرىڭىزنى ياخشى ئاگلىمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، ــ دېدى. * مۆمىن ئاخۇن: ــ زەردە بىلەن گەپ قىلارمىش تېخى، ئۇ سېنىڭ گېپىڭنى بەك ئاگلاپ كېتەر!؟ ــ دېدى. ⑤ ئاغزاكى تەنبىھ، دەككە، دەشنەم ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئىشتىمەك: سېنى دەپ ئاپامدىن بىرمۇنچە گەپ ئاگلىدىم. * ئۇ مۇئەللىمدىن ئاگلايدىغىنىنى راسا ئاگلىۋالدى.

**ئاگلىنار ـ ئاگلانماس** ئاران ـ ئاران ئاگلىنىدىغان، بىر ئاز ئاگلىنىدىغان دەرىجىدە، بوش ئاۋاز بىلەن: كېلىن تولا ئاگلىغان بۇ سۆزلەردىن زېرىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاگلىنار ـ ئاگلانماس قىلىپ كوتۇلدىدى. * ماشىنا ئاگلىنار ـ ئاگلانماس گۇرۇلدەپ، توپ شەكلىدىكى چىراغلار يورۇتۇپ تۇرغان سېمونت يول بىلەن ھويلا باغچىسىنى ئارىلاپ، تۆمۈر رېشاتكىغا قاراپ يۇرۇپ كەتتى.

**ئال** (توغرىسى: ھال) ←── **ھال.**

**ئالا** سۈپ ① ئاق ـ قارا، ئاساسەن ئاق بىلەن باشقا رەڭنىڭ ئارىلىشىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولغان (ھايۋانلار ھەققىدە): ئالا ئات. ئالا كالا * ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا (ماقال). * ئىككى ئادەمنىڭ بىردىن مۈشۈكى بار ئىكەن. بىرىنىڭ ئالا، بىرىنىڭ سۇر مۈشۈك ئىكەن. ② ھەر خىل رەڭلىك ياكى يوللۇق؛ چىپار: ئالا بەقەسەم. ئالا كۆڭلەك. ئالا بالداق. ③ كۆچمە. باراۋەر، تەكشى ئۈنۈپ چىقمىغان، شالاڭ؛ بىر يەردە بار، بىر يەردە يوق: ئالا بۇغداي. * ئەگەردە قايسى يەر بولسا بىكار، شۇ يەرگە رەت ـ رەت ئۈجمە سال. قالمىسۇن ھېچ يەر ئالا، بولسۇن بىر گۈل جامال.

**ئالا بولماق** رەڭ تۇزۇمەك، سۇزۇلمەك، سارغىيىشقا، ئاقىرىشقا، قىزىرىشقا باشلىماق: ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولار (ماقال).

* جىگدىلەر ئالا بولۇپ، كەلسە كەلگۈن كۆپىيىپ ئۇلغىيسەن قىرغاق ئېشىپ، قاشتېشى، بىلەي تېشى، سەدەپ تېشى، كېلىدۇ ئېقىنىڭغا تەڭ ئەگىشىپ.

**ئالا بولۇپ قالماق** بىر يېرى پىشىپ، بىر يېرى خام قالماق (پولۇ تامىقى ھەققىدە): نەزىرنىڭ پولۇسى ئالا بولۇپ قېلىپتۇ.

**ئالا غورا** سۇزۇلغەن، تېخى پىشمىغان، ئۆرۈكچىسى قارىداپ مېغىزى قېتىشقان غورا: ئالا غورىنى كۆپ يېسە، چىش قامايدۇ.

**ئالا غورۇلاي** <زوئول> غورۇلاي ئائىلىسىگە كىرىدىغان گۆشخور قۇش، غورۇلاينىڭ ئالىسى؛ چاشقان، پاتمىچۇق قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ، بەزىدە قۇشقاچنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ؛ ھەرقانداق شارائىتتا پۇتىغا قان تەگكۈزمەيدۇ.

**ئالا قاغا** ① قارا ۋە كۈل رەڭ پەيلىك بىر تۈرلۈك قاغا. ② كۆچمە. خەۋەر تارقاتقۇچى، گەپ توشۇغۇچى: ــ بۇ گەپنى نەدىن ئاگلىدىڭ؟ ــ دەپ سورىسام، ــ بىر ئالا قاغىدىن، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ قولىقىمغا پىچىرلاپ.

**ئالا قانات ئۆردەك** ئۆردەكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل قۇش، پەي تۈكلىرى قارامتۇل بولۇپ پارقىراپ تۇرىدۇ. تېنىنىڭ قالغان قىسىملىرى ئېقىش، چىشىنىڭ باش قىسمى قارامتۇل قوڭۇر، دۈمبە قىسمى قوڭۇر كۈل رەڭ، قورسىقى ئاق، ئادەتتە دەريا بويلىرى، كۆلچەك بويلىرىدا ياشايدۇ. شىنجاڭنىڭ لوپنۇر ئەتراپىغا تارقالغان.

**ئالا قۇيرۇق بۇركۇت** سار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بىر خىل قۇش، تېنىنىڭ دۈمبە تەرىپى قېنىق قارامتۇل، قورساق تەرەپىنىڭ رەڭگى قوڭۇر قارا رەڭلىك، قۇيرۇقىدا ئاق ئالىسى بار؛ شىمالىي شىنجاڭنىڭ تاغلىق ئورمانلىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خوشۇت، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدا ئۇچرايدۇ؛ ئاسا

www.uyghurkitap.com

سەن چاشقان، توشقان، سۇغۇر قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ئالا قويماي** ھەممىنى، ھەممە يېرىگە، بىرنىمۇ قالدۇرماي: ئۆينىڭ تاملىرىغا ئالا قويماي رەسىم چاپلاۋېتىپتۇ.

**ئالا كۆرمەك** تەڭ قارىماسلىق، كىشىلەرگە نىسبەتەن بىر خىل، ئوخشاش مۇئامىلىدە بولماسلىق: ــ مۇئەللىم، ــ دېدى ئېكىز، قارا قۇمچاق بىر ئوغۇل بالا قادىر مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ــ ئاشپەز ئۇستام بىز يېڭى كەلگەنلەرنى سەل ئالا كۆرۈۋاتىدۇ. يېڭى ئوقۇغۇچىلاردا بىرئاز نارازىلىق پەيدا بولۇپ قالدى. شۇڭا ئاشپەزگە تەربىيە بېرىپ قويسىڭىز.

**ئالا كۆڭۈل** كىشىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلمايدىغان، كۆڭلىدە تەڭ قارىمايدىغان، سۆزى باشقا، نىيىتى باشقا: كۆڭۈلنىڭ ئالىسى ــ خۇدانىڭ بالاسى (ماقال). * ئالا كۆڭۈل بىرنەچچىسى باش قوشۇپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۆيمۇ ئۆيگە گەپ توشۇپ؛ سەركىۋاينىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇپتۇ، شۇملۇق بىلەن مەخپىي پىلان قۇرۇپتۇ.

**ئالا كۆڭۈللۈك** كىشىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولماسلىق، تەڭ قارىماسلىق، سۆزى باشقا، نىيىتى باشقا بولۇش: ئەگەر مەن ئالا كۆڭۈللۈك قىلسام، ماڭا غايىب ئوق تەگسۇن!

**ئالا كۆچۈكى كەتمەك** ← **ئالا كۆچۈكى يانماق.**

**ئالا كۆچۈكى كەلمەك** بىردىنلا ئاچچىقى تۇتۇپ قالماق، تۇرۇپلا خۇيلىنىپ قالماق.

**ئالا كۆچۈكى يانماق** خۇيى يېشىلمەك، ئاچچىقى پەسكويىغا چۈشمەك، ئاچچىقى قايتماق: ھەي، ماڭا نېمە باش قېتىمچىلىق؟! «پالتا چۈشكۈچە، كۆتەك ئارام ئاپتۇ» دېگەندەك، بۇ غوجاملارنىڭ ئالا كۆچۈكلىرى يانغۇچە بىردەم ئارام ئېلىۋالسام بولمىدىمۇ.

**ئالا نىيەت** نىيىتى ساپ، سەممىي بولمىغان، كىشىلەرگە يامانلىق ئىستەيدىغان: ــ خوش، ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئەكبەر، تاماكا ئىسىنى پۈۋلەپ تۇرۇپ، ــ شەرۋان بىلەن سالىجاندىن ئىبارەت ئىككى ئالا نىيەت كىشى بۇ قېتىمقى تاسادىپىي ۋەقەنىڭ قۇربانى بولغان.

**ئالا يىپ ئەشمەك** گەپ توشۇماق، سۇخەنچىلىك قىلماق: شۇنچە ياشقا كىرگەن ئادەم تەشكىل ئالدىدا ئالا يىپ ئېشىپ يۈرسە بولامدۇ؟ ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، سەممىي نىيەت ھەممىدىن ئەلا.

**ئالا-بۇلا** ① ئاق ۋە باشقا ھەر خىل رەڭ ئارىلاشقان؛ بىر يېرى ئاق، بىر يېرى باشقا رەڭدە: ئۇ بىر قولى بىلەن چېكىسىنى تىرەپ، ئىككىنچى قولىنى بالا يۆگەلگەن ئالا-بۇلا كۆرپىگە قويۇپ ئولتۇراتتى. * ئاي ئالا-بۇلا بۇلۇتلار ئىچىنى ئارىلاپ يەرنى بىر يورۇتۇپ، بىر غۇۋالاشتۇرۇپ باراتتى. ② كۆچمە. تۇتۇرۇقسىز، تۇتامى يوق، تاقىقا-تۇققا: ئۇ ئالا-بۇلا سۆزلەپ قالدى. ③ خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن بىر خىل بولمىغان؛ ھەر خىللىقتا ئىگە: ئاۋېنارىئۇسنىڭ باشقا نەزەرىيىۋى قائىدىلىرى ماتېرىيالىزمدىن ئوغرىلىۋېلىنغان، شۇڭا ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، تەجرىبە تەنقىدچىلىكى بىر «ئالا-بۇلا ئارىلاشما».

**ئالا-بۇلماچ** ← **ئالا-بۇلا:** ئۇلارنىڭ ئېغىز بۇرۇنلىرىغا ماسكا، يۈزلىرىگە ئالا-بۇلماچ قىلىپ جىياۋبۇ چاپلىۋالغانلىقىدىن بىلىدىمكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى تونۇتماسلىق ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانىكەن. شۇڭا مەنمۇ تونۇماسقا تىرىشتىم.

**ئالا-پېسە** بەدەندىكى ئاق داغلار؛ پېسە.

**ئالارمەن** ① سۆپ «ئالماق» پېئىلىنىڭ كەلگۈسى زامان I شەخس بىرلىك ساندا تۈرلەنگەن شەكلى. ② ئى. مال ياكى نەرسە-كېرەك سېتىۋالغۇچى، خېرىدار بولغۇچى كىشى: بېرەرمەننىڭ بېشىنى ئالارمەن ئوڭشاپتۇ (ماقال). * ھەي ئىست، تونۇگۈن كەلگەن بولسىڭىز ئۈچ يەشكىنىڭ ھەممىسىنى

تولدۇرۇۋالغان بولاتتىڭىز، تۈنۈگۈن سىزدەك ئالارمەندىن بىرسى كەپتىكەن، 200نى بېرىۋەتتىم دەڭا، ئەرزانلىقىنى دېمەيسىز، دانىسىنى بىر مو توققۇز پۇڭ بەش لىدىن... ③ ئى. كۆچمە. باشقىلارغا قىلچە نەرسە ئۆتكۈزمەيدىغان باشقىلارنىڭ پۇلى، مال-مۈلكىنى ئالسام دەپ تۇرىدىغان كىشى.

**ئالاقە** ئى [ئە] ① كىشىلەر، تەشكىلاتلار، دۆلەتلەر ياكى نەرسىلەر، ۋەقەلەر، هادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت، مۇئامىلە، باردى-كەلدى، ئىچكى-تاشقى باغلىنىش: دوستلۇق ئالاقىسى. سودا ئالاقىلىرى. ئالاقە باغلىماق. ئالاقە قىلماق. ئالاقىمىز ياخشى. * قورغاننى قولغا چۈشۈرسەك، مۇزداۋان بىلەن بولىدىغان ئالاقە بىۋاستە يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. * ئېھتىمال كۆرۈشمەسمىز، بىز تاڭ سەھەردە كېتىمىز، مېنىڭ بىلەن يېقىن ئالاقىدا بولۇشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن. * بۇ كەپلەرنىڭ ماڭا ئالاقىسى يوق، — دېدىم مەن ئېتىراز بىلدۈرۈپ. ② ئىككى نۇقتا ياكى ئىككى ئارىلىقتا تۇرۇپ خەۋەرلىشىش، باغلىنىش ۋاسىتىسى: تېلېفون ئالاقىسى. ئالاقە يوللىرى. * بۇنداق دۆلەت مۈلكىگە ئايلاندۇرۇش زۆرۈرىيىتى ئالدى بىلەن كەڭ كۆلەمدىكى ئالاقە ئاپپاراتلىرى يەنى پوچتا، تېلېگراما ۋە تۆمۈريول جەهەتتە كۆرۈلىدۇ. ③ يىگىت، قىز ياكى ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى قەلبداشلىق تۇيغۇ، كەيپىيات؛ ئىشق-مۇهەببەت؛ جىنسىي مۇناسىۋەت: —بۇ ئۈزۈكلەرنىڭ ئىگىلىرى خۇددى سىلەرگە ئوخشاش مەن بىلەن ئالاقىدە بولغان، — دەپتۇ هېلىقى ئايال. ④ بىرەر ئىدارە، تەشكىلاتنىڭ تونۇشتۇرۇش، ئىسپاتلىق خېتى: ئوسمان كېرىم بىلەن تاشپولات غېنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىختىيارىغا ئەۋەتىلدى. ئالاقىسى پوچتا ئارقىلىق يوللاندى. * هېساب ئىنچىكە بولغانىدۇ، ئۇنداق بولسا ئەمدى سىمونتقا ماڭايلى، سەن دادۈينىڭ ئالاقىسىنى ئېلىپ كۈتۈپ بارغىن.

**ئالاقە باغلىماق** مۇناسىۋەت ئورناتماق: پارتىيىمىزنىڭ كادىرلىرى ئاممىلا بىلەن مۇستەهكەم ۋە يېقىن ئالاقە باغلىشى لازىم.

**ئالاقە قىلماق** ← **ئالاقىلاشماق**: نورمال ۋاستە ئارقىلىق بىز بىلەن تىجارەت قىلىش، بىز بىلەن ئىقتىسادىي جەهەتتە هەمكارلىشىشقا كەلگەن چەت ئەللىك سودا-سانائەتچىلەر، چەت ئەللەردىكى مۇهاجىر سودىگەرلەر ۋە شاڭگاڭ-ئاۋمېندىكى سودا-سانائەتچىلەرنى بىز داۋاملىق قارشى ئېلىشىمىز، ئۇلارغا ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۇلار بىلەن مەسىلىلەر ۋە كەسپىي جەهەتلەردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېڭىشىشىمىز، نورمال ئالاقە قىلىشىمىز لازىم.

**ئالاق-جالاق** ئېگىز-پەس، غەلىتە تېنەپ-تەمتىرەپ؛ باش-ئايىغى يوق؛ قورقۇنچلۇق: شۇ چاغدا، مەخسۇت بەگ ئوق چىقىرىشنى توختاتتى، ئۇ هە دەپ ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان يەر ئىزدەپ، ئالاق-جالاق بولۇپ تىترەپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. * قازى ئالاق-جالاق بولۇپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

**ئالاق-جالاق بولماق** تېنەپ-تەمتىرىمەك، قاملاشمىغان، باش-ئايىغى يوق هەرىكەت قىلماق؛ قورقماق: ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى.

**ئالاق-جالاق قىلماق** تېنەپ-تەمتىرەتمەك، قاملاشمىغان، باش-ئايىغى يوق هەرىكەت قىلىدىغان هالەتكە كەلتۈرۈپ قويماق؛ قورقۇتماق: ۋاي بالام، بۇ شۇم خەۋەرنى ئېلىپ كېلىپ بىزنى ئالاق-جالاق قىلىۋەتتىڭغۇ؟

**ئالاقزادە** رەۋ. نېمە قىلىشنى ئېنىق بىلمەي تېنەپ-تەمتىرەپ، ئالاق-جالاق هالەتتە، قورققان هالدا: دۈشمەنلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ، ئوقنى قاياققا قارىتىپ ئېتىشنى بىلمەي قالغانىدى.

**ئالاقزادە بولماق** ئالاقزادە هالەتكە چۈشۈپ

قالماق: دۈشمەنلەر ئالاقزادە بولۇپ، گۇلەندەم، تاجىنساخان ۋە سالاخۇننى كوچا ئوتتۇرىسىدىلا ئېتىپ تاشلىدى ـ دە، سېپىل ئىچىگە قاراپ قېچىشتى.

**ئالاقزادە قىلماق** ئالاقزادە ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويماق: ئۇلار ئاماڵ قىلىپ ئوردىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلىدىغان بولدى. كېيىن مەن تەيجى، قازى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتتىم.

**ئالاقزادىلەشمەك** پ. ئالاقزادە بولماق، ئالاقزادە ھالەتكە كېلىپ قالماق: دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئالاقزادىلىشىپ قايسى تەرەپكە قېچىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى.

**ئالاقزادىلىك** «ئالاقزادە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يامۇل ئىچى ئالاقزادىلىككە تولدى. پوتەيلەرگە جاللاتلار قارا قاغىدەك قوندى.

**ئالاقچى** ئى ① ئالاقىلەشكۈچى خادىم، ئالاقە ئىشلىرى خىزمەتچىسى: ئۇلار ئىلىغا، ئۈرۈمچىگە ۋە باشقا ئورۇنلارغا ئەۋەتىلىدىغان ئالاقچىلىرىنى ئەۋەتىپ بولۇشتى. ② <ھەرب> ئالاقە خىزمىتى جەڭچىسى.

**ئالاقچىلىك** «ئالاقچى» سۆزىنىڭ كەسپى نامى: ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئالاقچىلىك ئىشى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

**ئالاقىدار** سۈپ [ئە+پ] مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىسى بار: دەرۋەقە، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا ئىش تەقسىماتى بولۇشى لازىملىقىنى تەكىتلىگەن چاغدا، ھۆكۈمەت خىزمىتى ۋە ئىقتىسادىي خىزمەتكە ئالاقىدار چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرگە دائىر سىياسەتلەرنى يەنىلا پارتىيە بەلگىلىشى لازىم.

**ئالاقىسىز** سۈپ. ئالاقىسى، مۇناسىۋىتى، تەسىرى يوق، مۇناسىۋەتسىز: كىشىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان كۈرىشى ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىن پايدىلىنىپ ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشى يەككە ـ يەككە، ئالاقىسىز ھالدا، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېلىپ بېرىلمايدۇ، بەلكى كوللېكتىپ بولۇپ، ئۇيۇشقان ھالدا بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**ئالاقىلەشمەك** مۇناسىۋەت، ئالاقە ئورناتماق؛ باردى ـ كەلدى، ئالدى ـ بەردى قىلماق: ئۇ مەركىزىي تىزگىنلەش بۆلۈمىدىكى نەچچە ئون چوڭ ئاپپارات بىلەنلا ئەمەس، يەنە نەچچە ئون جايدىكى كۆزىتىش پونكىتى بىلەنمۇ، ئەتراپتىكى ئاسماندا ئايلىنىپ تۇرغان ئون نەچچە كۆزىتىش ئايروپىلانى بىلەنمۇ ئالاقىلىشىپ تۇراتتى.

**ئالاقىلىك** سۈپ. ئالاقىسى بار، ئالاقە ئورناتقان، ئالاقىدار: بۇ ئىشلار بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقىلىك.

**ئالاقۋاز** سۈپ. ئالاقىغىلا تايىنىدىغان، ئالاقە ئارقىلىقلا ئىش بېجىرىشنى ئادەت قىلىۋالغان: ئالاقۋاز ئادەم.

**ئالاقۋازلىق** ئى. ئالاقە بىلەن ئىش قىلىشقىلا تايىنىدىغان ئادەت: تۆۋەنگە چۈشۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمايدىغان، ئالاقۋازلىققىلا يۆلىنىدىغان يامان ئىش ئىستىلىنى تۈزىتىش لازىم.

**ئالاڭ** سۈپ. ئارىسىغا زىرائەت ياكى باشقا ئۆسۈملۈكلەر ئۈنمىگەن، بوش، ئالا، ئاق: ئالاڭ يەر. * بىزنىڭ دادۇيدە يىگىرمە بەش مولۇق بىر باغ بولۇپ، باغۋەن مۇساتاغا ئون نەچچە يىلدىن بېرى بۇ باغدا ئىشلەپ، باغنىڭ ئالاڭ يەرلىرىگە كۆچەت قويۇپ، مېۋىسى ناچارلىرىغا ئەلا سورتلۇق مېۋىلەرنى ئۇلاپ، بۇ باغنى ئاجايىپ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

**ئالاڭغۇ** سۈپ. بىر تەكشى ئەمەس، تەكشى بولمىغان؛ ئېگىز ـ پەس ياكى ئۇزۇن ـ قىسقا: ئۇ ئىشلار بوۋاينىڭ يەكتىكىنىڭ ئىچىدە ئالاڭغۇ ئۇرۇۋاتقان ئاجىز يۈرىكىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان...

**ئالاڭلىماق** پ. ھەيران بولماق؛ ئاڭقىرالماي قالماق؛ ئالاقزادە بولماق: ئايروپىلان بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، مەتتوختەم ئايروپىلاننىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگە

ئالاڭلاپ قاراشقا باشلىدى.

**ئالامەت** [ئە] ① ئى. شەرتلىك رەۋىشتە قوبۇل قىلىنغان ياكى قويۇلغان بەلگە، ئىشارە: ئېلىش ئالامىتى. كۆپەيتىش ئالامىتى. ئى. ② بىرەر ۋەقە، ھادىسە، ۋەزىيەت، ھالەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن دېرەك بېرىدىغان بەلگە، نىشانە؛ ئىپادە: سەھنىدە بايراقدارلارغا گۈل تەقدىم قىلىش ئىشى كېتىۋاتاتتى، بۇ يىغىنىنىڭ تۈگىگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. ③ ئى. بىرەر غايە ياكى چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدىغان، ئەسلىتىدىغان شەرتلىك بەلگە، ئىشارە: زۇنۇن قادىر ھېكايىلىرىدا پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ بىز ئېيتقان بۇ مۇھىم ئالامەتلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. ④ سۈپ. ئالاھىدە خىسلەتلەرگە ئىگە بولغان، ئاجايىپ: ــ بۈگۈن ناھايىتى ئازادە كېيىنگەن بىر شاھزادە، ئالامەت كېلىشكەن بىر زور ئارغىماق ئاتنى مىنىپ كېلىپ، چاپقانچە 20 ــ پەلەمپەيگىچە چىقتى. ⑤ سۈپ. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئەجەبلەندۈرىدىغان، غەلىتە، قىزىق: ئۇنىڭ چىرايلىق بىلەكلىرى ۋە يەلكىلىرىگە ئۇپا سېپىلگەن، چاچلىرى ئالامەت قىلىپ تارىلىپ، بېشىغا تاج قىلىپ تۈگۈلگەنىدى.

**ئالامەتلىك** سۈپ. ئالامىتى بار، ئالامەتكە ئىگە، بەلگىسى، ئىشارىسى بار: كۆپ ئالامەتلىك تەڭلىمىلەر. * تاغلارنى يېرىپ چىققان، ئەجدىھا سۈپەت بولغان، ئەگرى ــ توقاي يىلاندەك ئالامەتلىك ئاق ئۆستەڭ،

**ئالاھازەل** رەۋ [ئە] «ئالاھازەلقىياس» سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى، تەخمىنەن، قىياس قىلىنىشىچە، مۆلچەرلىنىشىچە: بۇ ساقىلى ئۆسۈپ چاڭگا بولۇپ كەتكەن، رەڭگىدە قان دىدارى يوق، ئالاھازەل 80 ياشلاردىكى بىر نىمجان بوۋاي ئىدى. * ئارىدىن ئالاھازەل ئىككى ئاي ئۆتكەندە، سايلانغانلار رەسمىي ئېلان قىلىندى.

**ئالاھازەلقىياس** رەۋ [ئە] مۆلچەرلىنىشىچە قىياس قىلىنىشىچە، تەخمىنەن: ئالاھازەلقىياس بۇ يەردە جىق ماجىرا بولىدۇ.

**ئالاھىدە** سۈپ [ئە] ① باشقىلاردىن پەرقلىق، ئايرىم: ــ ئەرزانلا تاپشۇرۇۋالغان بۇ ئاتلار ئالاھىدە بېقىلىدىغان ئاتلار بولۇپ، خالىغان جايدا ئوتلىشى شەرت ئىدى. ② ئۆزىگە خاس، مەخسۇس: ئۇكام غالىبجان، مەن سىزنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلدىم.

**ئالاھىدىلەشتۈرەك** «ئالاھىدىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر قىسىم پارازىت ياشىغۇچى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى تۇپراقتىن ئوزۇقلۇق سۈمۈرمەستىن تۈزۈلۈشىنى ئالاھىدىلەشتۈرۈپ، پارازىت ئىگىسىگە بۆسۈپ كىرىپ پارازىت ئىگىسىدىن ئوزۇقلۇق ۋە سۇ سۈمۈرىدۇ. بۇ خىل يىلتىز پارازىت يىلتىز دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئالاھىدىلەشمەك** پ. ئايرىمچە بەلگە ۋە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولماق، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت بىلەن ئاجرىلىپ تۇرماق، ئالاھىدە پەرقلەنمەك: خۇسۇسىيەت تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتسە، تولىمۇ ئالاھىدىلىشىپ قالىدۇ؛ تولىمۇ ئالاھىدىلىشىپ كەتكەندە، كىشىلەردىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

**ئالاھىدىلىك** ئى. پەرقلىق خۇسۇسىيەت، بەلگىلىك ئارتۇقچىلىق، مەخسۇس ئايرىملىق: بىز ھەممە خىزمەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى، مەنپەئىتىنى ۋە ئارزۇسىنى نەزەرگە ئالمايدىغان، شىنجاڭنىڭ مىللىي رايونلۇق ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتمايدىغان بولساق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلىيالمايمىز، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىيەلمەيمىز.

**ئالايتقۇزماق** «ئالايماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئالايتماق** «ئالايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالدىم دولانىنىڭ قىزىنى، ئايدا يۇمايدۇ يۈزىنى. قوپ يۈزۈڭنى يۇ دېسەم، ئۇيدەك ئالايتتى كۆزىنى. * ــ نېمە كارىڭ! ــ دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ. خەقنىڭ رىزقىغا كۆز

www.uyghurkitap.com

ئالايتقاندىن گۇناھ ئىش يوق.

**ئالايتۇرماق** ( توغرىسى: ئالايتماق ) ⟵ **ئالايتماق.**

**ئالايتىشماق** «ئالايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر-بىرىگە كۆز ئالايتىشتى. * ھەقىقىي ئەقىللىق كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇنداق مەدھىيە، چاكىنا كىشىلەرنىڭ تۆمەن مىڭ قېتىملىغان كۆز ئالايتىشلىرىنى بىكار قىلىۋەتتى. * ھەممىسى كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراشتى ۋە كۆزلىرىنى ئەلەم بىلەن ئالايتىشتى.

**ئالايلۇق** قىستۇرما سۆز رولىدا مىسال قىلىپ باقايلى. مەسىلەن: پەرەز قىلايلى، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

**ئالايلى** ⟵ **ئالايلۇق.**

**ئالايماق** پ. كۆزنى يوغان ئېچىپ، چەكچىيىپ قارىماق، قاپىقىنى تۈرۈپ غەزەپ بىلەن چەكچەيمەك: مەن سېنى كۆرۈشكە ئالدىرىدىم، بېشىڭدا دوختۇرلار تۇرغاندىكەن، ئۇلار ماڭا قەھرى بىلەن ئالىيىپ قاراشتى ۋە ئەھۋالىڭنى ئېيتىپ بەردى. * ھۇسەن ئاكا بۇ سۆرۈن تەلەتلەرگە غەزەپ بىلەن ئالايدى.

**ئالايتەن** رەۋ. ئالاھىدە، مەخسۇس، ئايرىم تەييارلىق بىلەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈنلا: قەبرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەنمۇ قىز بىلەن تەڭ سومكامدىن ئالايتەن تەييارلانغان بىر دەستە گۈلنى چىقىرىپ قەبرىگە قويدۇم. * باغقا ئالايتەن بىر باغۋەن قارايدۇ، كۆزلۈك مېۋىلەرنى ئۆيىنىڭ ئاستىدىكى مەخسۇس ياسالغان ئامباردا ساقلايدۇ.

**ئاله** «ئالماق» پېئىلىنىڭ III شەخس بىرلىك ساندىكى بۇيرۇق ئۇمىد رايى شەكلى.

**ئاله شەرىگى** ① ھەممىسى ساڭا ھېساب، ھەممىسى ساڭا قالسۇن. ② قارا بۇنى، بەللى.

**ئالەم** ئى [ئە] ① پۈتۈن مەۋجۇدات، بارلىق، كائىنات، دۇنيا، پۈتۈن جاھان: كوڭكا! تۇۋا! ئالەم پەيدا بولغاندىن بۇيان بىزنىڭ بۇ يەرگە كوڭكىنىڭ بىرىنچى قېتىم كېلىشىغۇ بۇ! * قىسقىسى ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ماددىسى، ئادەمنىڭ سۇرىتى، ھاياتى، زاتى، ئەقلى — بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئورنىدا بىر ئالەمدۇر. * مېنى سەن ئۇشبۇ ئالەمدە ئۆزگىچە بىر يېڭى مەجنۇن بىل، گۈزەل لەيلىگە مەجنۇندىن تۈمەنمىڭ ھەسسە مەپتۇن بىل. ② بۇ دۇنيا: ئالەمدىن ئۆتمەك. ئالەمدىن كەتمەك. * بۇ ئاتاقلىق پېشقەدەم ئالىم ئالەمدىن ئۆتۈش ۋاقتىدا لۇنىڭ ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى نامى-ئەھۋالىغا مۇۋاپىق باھا بەردى. ③ ۋەزىيەت، ھالەت: ئەجەبمۇ زامان بولدى، ئالەم چۆرگىلەپ دەيدۇ، يۈرەكتىكى زەرداپ سۇ قانغا ئۆرگىلەپ دەيدۇ (قوشاق). * — ھەي! شۇنچە ئۇزۇن بوپتۇ، بۈگۈن كەچتىكىدەك ھۇزۇرلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولمىغىنىمغا! — بۈگۈن ئالەم راستلا ئۆزگەردىمۇ؟ — دېدى ئۇ. ④ كۆچمە. ۋاقىت، زامان: — ئەخمەت بۇ يەردىن كەتكىلى نە ئالەم بولدى؟ ⑤ كۆچمە. كەڭ؛ نۇرغۇن: ئالەمچە كۆڭۈل. * سەن كەتكەندىن بۇيان ئالەم ئىشنى قىلىپ بولدۇم.

**ئالەم ئايروپىلانى** ئالەم بوشلۇقىدا، يەر شارى بىلەن پلانېتلار ئارىسىدا قاتنايدىغان ئايروپىلان: يېقىن كەلگۈسىدە ئالەم ئايروپىلانى ئىنسانىيەتنىڭ ئاساسلىق قاتناش ۋاسىتىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**ئالەم بوشلۇقى** ئاتموسفېرا قاتلىمىدىن باشقا ھەممە بوشلۇق.

**ئالەمدىن تۆگەشمەك** ⟵ دۇنيادىن تۆگەشمەك: سىيىت ھېكىم بەگ بولسا شۇ چاغدىكى كۇچا، ئاقسۇ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ خائىنى بولۇپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قېنى بەدىلىگە ئەيش-ئىشرەت قىلىپ، ھاراق-شاراب ئىچىپ، ئاخىرى رەسۋايى ئېزىم بولۇپ ئالەمدىن تۆگەشكەندى.

**ئالەمدىن خوشلاشماق** ھاياتلىقتىن كۆز يۇمماق، ئۆلمەك: لېكىن ۋاقىت ئۆزگەرتىدۇ ئىنسانىنى، ئىزلار قالار ئۇنىدا ئۆتكەن ھەر دەمدىن. گۆدەك ئۆسەر، ياشقا يېتەر قېرىلىق ۋە قېرىلار خوشلىشىدۇ ئالەمدىن.

**ئالەمدىن كەتمەك** ← دۇنيادىن ئۆتمەك.

**ئالەمدىن يانماق** ← دۇنيادىن ئۆتمەك: ئورۇقىراق بىر دوختۇر گۇلنارغا: — دەرھال تېلېگرام سوقۇپ گۇلباھارنىڭ قىزىغا ئۇقتۇرۇپ قويساڭلار. مانا ماۋۇ ئۇنىڭ ئادرېسى، ئۇنىڭ ئانىسى تېخى بۈگۈن تاڭ سەھەردە ئالەمدىن ياندى، — دېدى.

**ئالەمدىن ئۆتمەك** ← دۇنيادىن ئۆتمەك: ئۇ ئايالنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرى بىزنىڭ يېزىغا باغلىنىدۇ. ئۇ بىزنىڭ قىشقىر ئىشىكلىك غېرىب كەپىمىزدە شاكىرنى تۇغۇپلا ئالەمدىن ئۆتكەن. * تىلدۇۋالدىنىڭ دادىسى سېيىت ئاخۇن ئاكا بەش يىل بۇرۇن تۇيۇقسىزلا يۈرەك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ قانچە داۋالانسىمۇ بولماستىن ئالەمدىن ئۆتكەنىدى.

**ئالەم قاراش** ← دۇنيا قاراش.

**ئالەم كەزمەك** ھەممە يەرگە بارماق، ھەممە يەرنى كۆرمەك، ھەممىدىن خەۋەردار بولماق.

**ئالەم كېمىسى** كۆپ ئۆگىلىك راكېتىلىق قاتناش قورالى. يەر شارىدىن قويۇپ بېرىلگەندە ئالەم بوشلۇقىدا قاتناپ يۈرەلەيدىغان ئۇچۇش ماشىنىسى.

**ئالەمگە پۇر كەتمەك** نامى-ئەھۋالى، قىلغان-ئەتكەنلىرى خەلق ئىچىگە تېزلا يېيىلماق، تارقالماق، ھەممە ئادەم بىلىپ كەتمەك: ئۇزاق ئۆتمەي سەمەندەرنىڭ كارامىتى ۋە ھېكمەتلىك كىتابىنىڭ داڭقى پۈتۈن ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ.

**ئالەمگە سىغماي قالماق** ← ئالەمگە سىغماي كەتمەك.

**ئالەمگە سىغماي كەتمەك** ① ھەددىدىن ئارتۇق، ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال بولماق: ئوغلۇمنىڭ ئوقۇپ ئالىم بولغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ ئالەمگە سىغماي قالدىم. ② كۆرەڭلەپ كەتمەك: ھېلىقى زومىگەر ئاتاڭ بار ۋاقتىدا ئالەمگە سىغماي كېتىشىدىڭ، ئەمدى قۇيرۇقۇڭ قىسىلىپ قاپتۇغۇ!

**ئالەمگە كۆز ئاچماق** ① دۇنياغا كەلمەك، تۇغۇلماق. ② چوڭ بولۇپ، ئازراق ئىشقا يارايدىغان بولماق: ئاتا-ئانام بۇ ئالەم بىلەن ئالىقاچان خوشلاشقانىكەن، ئالەمگە كۆز ئېچىپ دەسلەپ كۆرگىنىم بايا سىلەر كۆرگەن كاداڭ قارىياغاچ ۋە ماڭا تاپشۇرۇلغان بىر پادا مال بولدى.

**ئالەمنى باشقا كىيمەك** ھېچنېمىدىن تەپ تارتماي، بىلگىنىنى، خالىغىنىنى قىلماق: خان بىر ھازادىن كېيىن، ھوشىغا كەلگەندەك مەلۇمچىغا قارىدى: — ئۈچ بېگىگە پەرمان بېرىلسۇن، ئالەمنى بېشىغا كىيگەن بۇ بەتبەختلەرنى قىرىپ تاشلىسۇن!

**ئالەمنى بىر ئالماق** ھەممە يەرگە ئاڭلانماق: ئۇنىڭ ۋايجان دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئالەمنى بىر ئالدى.

**ئالەمنىڭ ئۇ چېتى** ناھايىتى چەت، ناھايىتى يىراق: سارىخان ئانا لەيلىگۇلنىڭ تولىمۇ يىراق بىر شەھەرگە، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە — بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارىدىغانلىقىنى بۇنىڭدىن ئىككى سائەتچە ئىلگىرى ئۆز ھويلىسىدا، ئۆزىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن موزايلىق ئىنەكنى ئوچمە غولىغا باغلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ سۈتىنى سېغىشقا تەمشىلىۋاتقاندا ئاڭلىدى.

**ئالەمنى مالەم قىلماق** قالايمىقان ھەرىكەت ۋە ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن ئەنسىزلىك پەيدا قىلماق: ئىزا-ئاھانەت جېنىغا بەك پاتقان ساۋۇق بىركۈنى خەلچە جىن ياقىسىغا ئېسىلغاندا: — كېتە ساراڭ جىن، — دەپ ئىتتىرىۋىدى، خەلچە جىن ئۆزىنى يەرگە يۈزىچە ئاتتى-دە، بۇرنىنى مۇشتلاپ قانىتىپ، يۈز-كۆزىگە سۈركەپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋايجانلاپ ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتى. * سودىگەر قارا تايىنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىلىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئوغلى دادىسىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تاشلاپ، تايىنى ئۆلتۈرمەسلىكنى سوراپ زار يىغلاپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئانا بولسا ئالەمنى مالەم قىلىپتۇ.

**ئالەمبەخش** سۈپ [ئالەم+بەخش] ئالەم

بەخش ئەتكەن، ئالەمچە زور: ئۇلۇغۋار بۇ نامىنىڭ تەرىپى ئۈچۈن، ئالەمبەخش سۆيگۈدىن يازىمەن خالاس.

**ئالەمچە** سۈپ. ئالەمگە تەڭ كېلىدىغان، ناھايىتى كەڭ، ناھايىتى كۆپ: دادىسىنىڭ بولسا مىجەزى بۇزۇلغان، خاپىلىقى بەكمۇ كۆپ، ھەممە نېمىدىن خاپا، ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى زادى بىلەلمىدىم. كىچىككىنە ئادىلىدىنمۇ ئالەمچە خاپا، زادى كارى يوق. * ۋەتەنىدۇر بىز مىلىيون پەرزەنتكە ئانا، ۋەتەنىدۇر مۇقەددەس مەڭگۈ باشپاناھ، ئوغلىمەن، دېمەككى مۇھەببىتىمنى ئالەمچە بار دېسەم ئاز كېلەر يانا.

**ئالەمشۇمۇل** سۈپ [ئە+پ] خەلقئارا ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ؛ جاھانشۇمۇل: تارىخىمىزدا، سۆيگۈ-مۇھەببەت بابىدا ۋاپادارلىق، ساداقەتنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە، ئالەمشۇمۇل داستانلارنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە پۈتۈلگەن قىز-يىگىتلەر ئاز ئەمەس.

**ئالەمشۇناس** ئى [ئە+پ] ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ماتېرىياللىرى ۋە فىزىكىلىق قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا ئالەم بوشلۇقىدىكى ماددىلارنىڭ تارقىلىشى، ھەرىكىتى، ئۆزگىرىشى ۋە ئالەم بوشلۇقىنىڭ گېئومېتىرىيىلىك ئالاھىدىلىكى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغۇچى كىشى.

**ئالەمشۇناسلىق** «ئالەمشۇناس» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى.

**ئالەمىي** سۈپ [ئە] دۇنياۋى، پۈتۈن ئالەمگە تەئەللۇق: قۇشنى ئەگىشىپ يۈرگەن كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ: — ۋاي ئالەمىي خان، مۇبارەك بولسۇن! — دېيىشىپ، ھۆرلىقانى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، كۆپچىلىك قولمۇقول كۆتۈرۈپ دېگۈدەكلا خان ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىشىپتۇ.

**ئالبان** ئى <ئىرق> ← **ئالبانلار.**

**ئالبانلار** ئى <ئىرق> ئالبان خەلقى، ئالبان مىللىتى.

**ئالبوم** ئى [ر<فران] خاتىرە ئۈچۈن چۈشكەن فوتو سۈرەتلەر، ئاتكىرىتكىلار ياكى ھەر خىل ماركىلار توپلام قىلىپ چاپلانغان قېلىن مۇقاۋىلىق دەپتەر؛ بىرەر تېمىغا ئائىت رەسىملەر، سىزمىلارنىڭ ئىزاھلىرى بېرىلگەن توپلام: خىيال بىلەن ئۇزاق ئولتۇردۇم-دە، ئورنۇمدىن تەستە تۇرۇپ، ئالبوم دەپتىرىمنى ئالدىم. ئالبومدا پۈتۈن ساۋاقداشلارنىڭ رەسىملىرى ۋە يېزىپ قالدۇرغان خاتىرە سۆزلىرى بار ئىدى. خەتنى ھاشىر بىلەن رازىيەنىڭ سۈرىتى بار يەرگە قىستۇرۇپ قويدۇم.

**ئالپىنىزم** ئى [ر] <تەن> تاغ چوققىلىرىغا، مۇز تاغلارغا چىقىش سپورتى.

**ئالپىنىست** ئى [ر] <تەن> تاغ چوققىلىرىغا ۋە مۇز تاغلارغا چىقىش سپورتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەنھەرىكەتچى.

**ئالتاي** ئى ① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بىر ناھىيىنىڭ ئىسمى. ② ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىلىقىدىكى تاغ تىزمىلىرى.

**ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى** <تىل> تىللارنى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتىن كلاسسىفىكاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئايرىلغان بىر خىل تىللار سىستېمىسى. بۇ تىللار ئاساسەن جۇڭگو، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى، سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئافغانىستان، ئىران ھەمدە شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى مەملىكەتلەر دائىرىسىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ تىل سىستېمىسى تۈركىي تىل تۈركۈمى، تۇنگۇس-مانجۇ تىل تۈركۈمى، موڭغۇل تىل تۈركۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ تىل تۈركۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سىستېمىدىكى تىللار مورفولوگىيە

جەھەتتىن ئاگگىلىيۇتىناتسىپ تىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئالته** بەشتىن كېيىن، يەتتىدىن بۇرۇن كەلگەن سان ۋە بۇ ساننى ئىپادىلىگەن رەقەم؛ بەشكە بىر قوشۇلغاندا ھاسىل بولغان مىقدار: ئالته ئوغۇل. ئالته قوي. ئالته نان.

**ئالته بۇلۇڭ** <مات> ئالته بۇلۇڭدىن تەركىب تاپقان تەكشىلىكتە ياتقان گېئومېترىيىلىك شەكىل.

**ئالته پاتمان** نورماللىقتىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن، ھېسابلاپ بولغىلى بولمايدىغان، ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى زور؛ ئارتۇقچە: ئالته پاتمان گەپ. * خەۋەر بەرسەم بوۋىگۈن مۇندىن، لەشكەر كېلۇر بىلگىن ئاندىن، ئالته پاتمان گۈرزە تۇتۇپ، ھايال يوقتۇر كېلىشلىرى.

**ئالته توك ـ توك** بىرنەچچىلا؛ ئازغىنا: ھە، قانداق، ئۇ خەسىس ئېرىڭنىڭ ئالته توك ـ توك نەرسىسىنى «قىزىمنىڭ تويلۇقى» دەپ تەخسىگە سېلىپ جاراستانغا ئېلىپ چىققىلى بولاتتىمۇ؟ * خەلق كۈچى قۇدرەتلىك، يېڭىلمەستۇر جاھاندا، «ئالته توك ـ توك» خائىننىڭ ئىغۋاسىغا ئىشەنمە.

**ئالته قول** <فىزىئول> ئالته بارماقلىق قول: ئالته قول بالا.

**ئالته قىرلىق** <مات> ئۆزئارا كېسىشكەن، ئالته تەكشى يۈز ئوراپ تۇرغان گېئومېتىرىيىلىك شەكىل.

**ئالته كۆرەك** تۇغۇلغىنىغا يەتته يىل توشقان تۆگە.

**ئالته كۈنلۈك ئالەم** تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان، ئۇزۇن بولمىغان ھايات: مەن سېنى پاناھ تارتىپ ئايۋانىڭدا ياتايمۇ، ئالته كۈنلۈك ئالەمدە سېنىڭ دەردىڭنى تارتايمۇ.

**ئالته ياشتىن ئاتمىش ياشقىچە ← يەتته ياشتىن يەتمىش ياشقىچە.**

**ئالته ياقلىق** <مات> ئۆزئارا كېسىشكەن، ئالته تەرەپتىن تەركىب تاپقان تەكشىلىكتىكى گېئومېترىيىلىك شەكىل.

**ئالتەئاتار** سۆپ [ئالته+ئاتار] ئالته تال ئوق يەيدىغان، ئالته ئوقلۇق: ئالتەئاتار تاپانچا.

**ئالتەيلەن** سان. ئالته كىشى، ئالته نەپەر كىشى: ئىشلەپچىقىرىش دۆيىمىزدىن سۇ قۇرۇلۇشىغا بارغان ئالتەيلەن بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

**ئالتۇن** ① ئى <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Au (Aurum)، رەڭگى قىزغۇچ سېرىق، سوزۇلۇشچان، خىمىيىۋى خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق، پۇل ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدىغان قىممەت باھالىق، ئەتىۋار مېتال؛ زەر: ساپ ئالتۇن. * يوقالغان پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن (ماقال). * ئۇكا، كۆڭلۈك باشقىچە خۇشقۇ؟ ئالتۇن ئۇچراپ قالدىمۇ نېمە؟. * ئارسلان: ـــ يوقالغان نەرسىلەرنى ئاتامنىڭ ھويلىسىدىن تېپىپ ئېلىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئىچىدە ئاشۇ ئالتۇن شامدانمۇ بارمىدى؟ ـــ دەپ سورايتتۇ. ② ئى. شۇ مېتالدىن ياسالغان پۇل: ـــ سەنمۇ شۇ ئۆيگە بىللە بار، كۆرۈپ قوي! ئەته ئەتىگەن قېچىرنى ئېلىپ كەل! ـــ دەپ ئۇنىڭغا تۆت تىللا ئالتۇن بەردىم. ③ سۆپ كۆچمە. قىممەتلىك، بىباھا، گۈللەنگەن، تەڭدىشى يوق: ئالتۇن دەۋر. * سېغىنىش ھېسسىياتى ئوقچۇپ بولاتتەك، يازاتتۇق تارىخقا ئۆچمەس ئالتۇن قۇر... * ئۇلۇغ ۋەتەنگە، دۇنياغا مەشھۇر، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشرەپ سەنئىتى، قەدىرلەش مېنىڭ شانلىق ۋەزىپەم، چۈنكى بوۋامنىڭ ئالتۇن مېھنىتى. ④ سۆپ. كۆچمە. ئالتۇنغا ئوخشاش رەڭلىك، سارغۇچ قىزىل رەڭلىك: ئەتىياز قۇياشى ئالتۇن نۇرلىرى بىلەن قارلىق دالالارنى نۇرلاندۇرۇپ، قىزىرىپ چىققاندا، مەھەللىدىن ھارۋا سۆرىگەن ئادەم، مول ھوسۇل ئۈچۈن كۈرەشكۈچى دېھقان ـــ مەنسۇر ئېتىزغا قاراپ كېتىپ باراتتى.

**ئالتۇن بىلىق** ① رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان

قىزغۇچ سېرىق ئالتۇن رەڭگىدىكى، خىسلەتلىك بىلىق: ئۇ بېلىقتا ئىگە بولغان كىشىلەر تۈگىمەس بەخت - سائادەتكە ئېرىشەر ئىمىش: ئۆتكۈزدۈم تالاي - تالاي كېچىلەرنى، خىياللار ئوكيانىدا ھەيدەپ قېيىق. ئاختۇردۇم تالاي - تالاي كىتابلارنى، ئوكياندىن تۇتماق بولدۇم ئالتۇن بېلىق. ② مەخسۇس كۆلچەك ۋە قاچىلاردا بېقىلىدىغان، بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمى قىزغۇچ يەنە قارا، كۆك، ئاق - قىزىل رەڭلەرمۇ ئارىلاشقان، سۈنئىي تەربىيلەش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن بىر خىل بېلىق تۈرى.

**ئالتۇن پەسىل** بىر يىلنىڭ ھەممە نەرسە پىشقان مولچىلىق مەزگىلى، كۈز پەسلى: دەرۋازىسى كەڭ ئېچىلغان شىنجاڭ كۈزىنىڭ مېۋىسى پىشقان ئالتۇن پەسىلدە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى پىلانى ۋە سودا ئۈستىدە ئورتاق مەسىلىھەتلىشىش ئۈچۈن شىياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار، ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن سودىگەرلەر ۋە مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى.

**ئالتۇن تەر** نەتىجىلىك، ئۈنۈمى بار مېھنەتكە تۆكۈلگەن تەر: چىن بەخت كېلىدۇ ئەجىر ئەمگەكتىن، ئۇ سەندەك ھۇرۇنغا بولمايدۇ نېسىپ. ئالتۇن تەر ئاققۇزغان قەيسەر ئەۋلادنى ئانا يەر سۆيىدۇ باغرىغا بېسىپ.

**ئالتۇن چاغ** ھاياتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرى؛ ياشلىق ۋاقىت: ئۇنىڭ ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان گۈزەل دەۋرى، قايتا يېنىپ كەلمەس ئالتۇن چاغلىرى شۇنداق تۇيۇقسىز، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا چاپسانلا تۈگەپ كەتكەنمىدۇ؟

**ئالتۇن دەۋر** گۈللەنگەن، راۋاج تاپقان دەۋر؛ نۇرغۇن يېڭىلىقلار مەيدانغا كەلگەن دەۋر: تارىختا سەنئىتىمىزنىڭ بىر ئالتۇن دەۋرى بارلىققا كېلىپ، بۇ ئەزىز دىيار بۇ تەرەپتە ئىران، ئىراق، ئۇ تەرەپتە يىراق شەرقىچە شانۇشۆھرەتكە ئىگە بولغانىكەن.

**ئالتۇن دىيار** نازۇنېمەتلەرگە باي، ئاۋات، ياشنىغان مۇقەددەس جاي: ئەي مېنى تۇغقان ئەزىز ئانا يۇرتۇم، زەپەرگە قۇچاق ئاچقان ئالتۇن دىيار.

**ئالتۇن قوزۇق** ① يەر شارىنىڭ شىمالىي قۇتۇپىغا ئەڭ يېقىن يورۇق يۇلتۇز، كىچىك يەتتە يۇلتۇزنىڭ بىرى، قۇتۇپ يۇلتۇزى. ② ھېچكىم يۆتكەپ كېتەلمەيدىغان ئەبەدىي بايلىق: يەر — ئالتۇن قوزۇق.

**ئالتۇن مېدال** ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەر ياكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارغا بېرىلىدىغان، قىممىتى يۇقىرى، ئالتۇندىن ياسالغان ياكى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن مېدال.

**ئالتۇن ھەل** ① ئالتۇن كۇكۇنىدىن تەييارلانغان ھەل: خان بۇ ۋەقەنى ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىپ ساقلاشقا بۇيرۇپتۇ. ② ئالتۇن رەڭدە تەييارلانغان ھەل.

**ئالتۇنسىمان** سۈپ. ئالتۇنغا، تىللاغا ئوخشاش، ئالتۇن رەڭلىك، يالتىراپ تۇرىدىغان، ساپسېرىق ئالتۇندەك: يۇرت ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ قۇياش نۇرى، ئويىنىشىدۇ جەرەن كۆزلۈك بۇلاقلاردا. ئالتۇنسىمان تاۋلىنىدۇ يوپۇرماقلار، زەر ھالقىدەك شىلدىرلىشىپ شاخ - شاخلاردا.

**ئالتۇن - كۈمۈش** ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق نەرسە ۋە بۇيۇملار: ياسىن قازى ۋاڭنىڭ ئالدىدا ماقۇل، دەپ قويۇپ كەيىندىن ئۆزى بىلگەننى قىلدى. ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ يېرىمىنى ئۆزى ئېلىپ، قالغىنىنى چەندارىنىغا ئەۋەتىپ بەردى. * ئۇلار زەرگەرنىڭ ئۆيىدىن يوقالغان گىلەملەر ۋە باشقا مال - مۈلۈكلەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇقراق ۋە ياخشىراق گىلەم ۋە ئالتۇن - كۈمۈش جابدۇقلارنى ئېلىپ كىرىپتۇ.

**ئالتۇنگۈل** ئى [ئالتۇن+گۈل] <بوت>

ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك؛ يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇن ساپىقى بار، يوپۇرمىقى بەش بۇرجەك شەكلىدە بولىدۇ، ياز پەسلىدە چېچەكلەيدۇ، گۈلى چوڭ بولىدۇ، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ، گۈلى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئالتۇنلۇق** ئى ① ئالتۇنى بار، ئالتۇنغا ئىگە، ئالتۇن چىقىدىغان يەر: ئالتۇنلۇق ئۆيدىن كۆڭۈلنىڭ تىنچلىقى ياخشى (ماقال). ② ئۇلۇغلار مازارلىقى.

**ئالتىنچى** سان ① تەرتىپى 6 رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، بەشىنچىدىن كېيىن يەتتىنچىدىن ئىلگىرى بولغان؛ 6–نومۇرلۇق: ئالتىنچى ئاي. ئالتىنچى رەت. * ئالتىنچى ئايدا ئالتە چاپان كىيىپتۇ، ئون ئىككىنچى ئايدا ئالتە چاپان كىيىپتۇ (ماقال). ② چوڭ–كىچىك نەرسىلەر، كىيىملەرنىڭ بەشىنچىدىن چوڭ ۋە يەتتىنچىدىن كىچىك نومۇرى: ئالتىنچى كالاچ.

**ئالتىنچى ئاي** ← **ئىيۇن.**

**ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك** ئىز–دېرىكى يوق، ئۇزاقىقىچە نەگە بارغان، نەدە تۇرغىنىنى سەزدۇرمەي: ئەسكەرلەرنى ئىز قوغلاشقا ئەۋەتسەم، ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپ كەتتى، ئەپلەشمىسە، ناھىيە بازىرىغا، شەنگەننىڭ قېشىغا بېرىپ مىر كېرەمنى كېلىشتۇرۇپ بىر چاقسام بولارمىكىن.

**ئالجىشماق** «ئالجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار راستىنلا ئالجىشتى، بولمىسا، مۇشۇ گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈشمەدۇ.

**ئالجىماق** پ. خىيالىغا كەلگەننى دەيدىغان بولۇپ قالماق؛ ئەس–ھوشىنى يوقاتماق:
— بالام، قېرىغاندا ئالجىغان داداڭنى ئەپۇ قىل!. ئەمدى سېنى بىلدىم، چۈشەندىم ئوغلۇم، — دېدى ئۇ دۇدۇقلىغىنىچە سۆزلەپ. * — ئالجىپ قالدىڭمۇ، ساۋۇت؟ — دېدىم مەن غەزەپلىنىپ. — نېمە دەۋاتىسەن، ھەي، ئەبلەخ؟!

**ئالچاڭ** سۈپ ① پۇتىنى كېرىپ چامدايدىغان، ئىغاڭلاپ ماڭىدىغان: ئالچاڭ پۇت. ② كۆرەڭلەيدىغان، گېدىيىدىغان.

**ئالچاڭشىماق** پ. ← **ئالچاڭلىماق:** ساۋۇتجان تاماكىنى بىرنەچچە شورىۋالغاندىن كېيىن، ئالچاڭشىغان ھالدا سادەتنىڭ ئالدىغا كەلدى.

**ئالچاڭلاتماق** «ئالچاڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئالچاڭلاشماق** «ئالچاڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئالچاڭلىماق** پ ① پۇتىنى كېرىپ، ئىغاڭلاپ ماڭماق: ئۇ بۇ قېتىم كېسەلدىن قوپقاندىن بېرى ئالچاڭلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. * ئېيىقباي ئالچاڭلاپ، گويا خۇش ياقمىغان قىياپەتتە جاڭگاللىققا يول ساپتۇ. ② **كۆرەڭلىمەك،** گېدىيىمەك: سەمەت ئازراق قېتىشۋېلىپلا ئاڭچاڭلىغىلى تۇردى.

**ئالچۇ** ئى. ئوشۇقنىڭ تىك تۇرغاندىكى ئويمان يۈز تەرىپى: مىنۇپ مەزىن چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ كەڭ مەيدانغا تۈزۈلگەن تاۋكادا يەككە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قىمار ئويناۋاتقۇدەكمىش، ئۇنىڭ چۆرىسىنى قىمارۋازلار ئوراپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار تۆت ئوشۇقنى قولىغا ئېلىپ «دەتتىكام» دەپ ئاتسىلا «ئالچۇ» قوپقۇدەك، ئۇ ئۆزى ئاتسا «چۇ» چۈشكۈدەك.

**ئالچۇ چۈشمەك** قىمار ئويۇنىدا ئوشۇقنىڭ يۈز تەرىپى يۇقىرىغا قاراپ تىك تۇرماق، ئۇتماق: مەنسۇرنىڭ ئۆيىگە كىرگۈچىلەر: — قانداق بولۇپ كېتىپ بارىدۇ–ھە!، ئۇلارنىڭ ساقىسى ئالچۇ چۈشۈۋەرمەس، بۇنىڭلىق بىلەن كىمنى قورقۇتالايدۇ، — دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشتى.

**ئالچۇ قوپماق** ← **ئالچۇ چۈشمەك.**

**ئالد(ى)** ئى ① نەرسىلەرنىڭ كۆزەتكۈچىگە قاراپ تۇرغان قىسمى؛ يۈزى: تاغنىڭ ئالدى شېخىل ئارىلاش شېبەن تاش بولغانلىقى ئۈچۈن ئالدىنقى بىر ھەپتىدە ئالدى تەرەپنىڭ ئىش ئۇنۇمى

ناھايىتى تېز بولدى. * بىركۈنى ئەپەندىم ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرسا، قازى ئۆتۈپ قاپتۇ. ــ يول بولسۇن، تەقسىر؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم. ② **ھۇزۇرى، ئۇدۇلى، قېشى:** ئاينۇر دېگىننى قىلىدىغان قەيسەر ئىتتىپاق ئەزاسى ئىدى، ئۇ راستىنلا ناھىيىگە مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، ئارۇپ ئۇۋۇسىغا سۇ كىرگەن چاشقاندەك تۇرالماي قالدى ـ دە، دوختۇرخانا باشلىقىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. * مەخسۇت ئالىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ③ كۆچمە. **ياخشىسى، ئەلاسى، ئالغا باسقىنى:** كۈيئوغۇل تەييار. بىزنىڭ زاۋۇتتىكى باتۇر تازا باب كېلىدۇ. ئۇ زاۋۇتىمىزدىكى يىگىتلەرنىڭ ئالدى. ئۆزى توك بازغىنىدا ئىشلەيدۇ، تەقى ـ تۇرقىمۇ جايىدا، كېلىشكەن يىگىت. ④ **بېشى، دەسلەپكىسى، ئاۋۋالقى:** باققالنىڭ ئالدى ياخشى، قاساپنىڭ كەينى ياخشى (ماقال). مانا، مېھمانلارنىڭ ئالدى كېلىشكە باشلىدى. * مەن پەنجىرىدىن قارىدىم: ئالدى ئون بەش ياش، كەينى يەتتە ياش چامىسىدىكى ئوتتۇز ـ قىرىق بالا ئۇزۇن بەندىگىلەردە ئولتۇرۇۋېلىپ، پاراڭ سېلىشماقتا ئىدى. ⑤ **ئىلگىرى، ئاۋۋال، بۇرۇن:** ئەلۋەتتە ماركسقا مۇشۇ نەزەرىيىنى تەتبىق قىلىش ئارقىلىق كاپىتالىزمنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان يىمىرىلىش مەسىلىسىنىمۇ، كەلگۈسى كوممۇنىزمنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات مەسىلىسىنىمۇ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ⑥ **جىنسىي ئەزانىڭ سىلىقلاشتۇرۇلۇپ ئاتالغان يەنە بىر نامى:** يىگىت سىزلام بولۇپ ئالدىدىن يىرىڭ ئېقىش بىلەن سىيەلمەي قىينالغان. * نېمە كۈلسەن؟ ئالدىم ئوچۇق قاپتۇمۇ؟

**ئالدى بولماق** ئىلغار، نەمۇنىچى بولماق، **ئالغا ئۆتۈپ كەتمەك:** مېھرىگۈل زېھنىي سىناشتا ھەممىنىڭ ئالدى بولۇپ بىرىنچىلىكنى ئالدى.

**ئالدى بىلەن** دەسلەپتە، ھەممىدىن بۇرۇن، **بىرىنچى نۆۋەتتە:** بۇ يەردە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك.

رەھبىرىي كادىرلار سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئويلىشى لازىم. * تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشتا بىز ئالدى بىلەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى چىققان دۆلەتمىز. * بىز پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى قانۇنىنىڭ جېنى دەيمىز، بۇ ئالدى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

**ئالدى پېشاپ** كىچىك تەرەت؛ **سۈيدۈك:** ئالدى پېشاپى راۋان.

**ئالدىغا چىقارماق** ① بىرىنى كۆپنىڭ، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ قويماق. ② كۆچمە. بىرەر ئىش ۋە مەسىلىنىڭ **جاۋابكارى دەپ قاراپ مەسئۇلىيەتنى ئارتماق:** ئۇلار قىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى قىلىپ ئاخىرىدا سۇلتاننى ئالدىغا چىقىرىپ قويىدى.

**ئالدىغا سالماق** ① **ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ ماڭدۇرماق:** چوڭلارنى ئالدىمىزغا سېلىپ بېرىپ ئەپۇ سورايلى. * مۆمىن ئاكىنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرى كۆچلۈك بولغاچقا ھارۋىسىنى ئالدىغا سېلىپ، باشلاپ ماڭدى. ② **بىرەر مەسىلە، بىرەر ئىشنى باشقىلارنىڭ مەسلىھىتىگە سۇنماق:** 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكىلەر مۇسابىقە ۋاقتىغا قوشۇلامدۇ، يوق، بىرىگىلار بۇ ئىشنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سېلىپ كېلىڭلار. ③ **ئارقىسىدىن ھەيدەپ نازارەت قىلىپ ماڭماق:** قارىسام بىر ئاتلىق ئادەم ئۇنى يۈگۈرۈتۈپ ئالدىغا سېلىپ كېلىۋېتىپتۇ. * ئۈچ چېرىك ئىككى دېھقاننى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلمەكتە.

**ئالدىغا قارىماق** ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئالماي، **كېيىنكى ئىشلارغا يۈزلەنمەك:** بىز ئىتتىپاقلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆتمۈشتە بولغان ئىشلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئالدىمىزغا قارىشىمىز لازىم.

**ئالدىغا ئۆتۈۋالماق** شۇ ئىشتا ئۆزىنى **ھەممىدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋالماق:** ئۇ يىغىن باشلىنىش بىلەنلا سۆز ئېلىپ، باشقى-

لارنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنىمۇ سۆزلەپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈۋالدى.

**ئالدى قول** ھايۋانلارنىڭ ئالدى پۇتى ۋە ئالدى پۇتىنىڭ گۆشى: قاساپ قوينى سويۇپ بولۇپ ئالدى قولىنى كەستى ـ دە جىڭلىدى، ئاندىن: ــ مانا ئۇكا، دەل ئۈچ كىلوگرام كەلدى، ــ دېدى.

**ئالدىنى ئالماق** خەۋپ ـ خەتەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئىلگىرى چارىسىنى قىلماق، يامان ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىنى توسماق: گۆڭشىپمىز كەلكۈن ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مۇداپىئە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. ✱ ــ ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش يولىنىمۇ ئۆزلىرى كۆرسەتسىلە.

**ئالدى ئۇچۇق** ① ئالدى تەرىپى ئوچۇق، توسۇپ تۇرغان نەرسە يوق: خالىغان تەرىپىڭگە كېتىۋەر ئالدىڭ ئوچۇق. ② كۆچمە. ھەرقانداق ئىشى ئوڭىدىن كېلىدىغان، يولى بار: بۇ بالىنىڭ ئالدى ئوچۇق ئىكەن، تىجارىتى ئوڭايلا يۈرۈشۈپ كەتتى.

**ئالدى ئېتىك** ① ئالدى تەرىپى توسۇپ قالغان، ئوچۇق ئەمەس. ② كۆچمە. ئىشى ئوڭىدىن كەلمەيدىغان، قىلغان ئىشلىرىدا كۆپىنچە پىشكەللىككە ئۇچراپ تۇرىدىغان: بىزنىڭ بالىنىڭ ئالدى ئېتىكمىكىن تاڭ، قانداقلا ئىش قىلمىسۇن ئىشى تازا يۈرۈشۈپ كەتمەيدۇ، ــ دېدى بايىز قاساپ ھەسرەت ئارىلاش.

**ئالداپ** «ئالدىماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**ئالداپ ـ سالداپ** ⟵ **ئالداپ ـ سىلاپ**: خەلىچە جىن بولسا ۋايجانلاپ، ۋارقىراپ بېشىملىك بىلەن كوچىنى بېشىغا كىيدى. ھاڭ ـ تاڭ قالغان ھېلىقى كىشىلەر ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، خەلىچە جىننى ئالداپ ـ سالداپ كەتكۈزدى.

**ئالداپ ـ سىلاپ** يالغان گەپ ۋە يالغان ۋەدە قىلىپ؛ ھەر خىل ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ: «مۇزاكىرە قىلايلى» دېگەن، شۇ سۆز ئاڭا دائىملىق ئادەت، ئالداپ ـ سىلاپ قايتۇرۇپ تۇرار، كەلگەنلەرگە سۆزلەپ «سىياسەت».

**ئالداتماق** «ئالدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئالداشماق** «ئالدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي قەلبىنى ئاشكارا قىلماي، بىر ـ بىرىنى ئالداشماقتا ئىدى.

**ئالدام** ئى. ئالداش پائالىيىتى: شۇڭا سىڭنى بۇيرۇساق خىزمىتىمىزدە، چاقىرساق ئالدىمىزدا بولۇپ، نېمە دېسەك شۇنى ئاڭلايدىغان ئىگە ـ چاقىسىز، ياۋاش، ياخشى بىر يىگىتكە ياتلىق قىلىشنى خالايمەن؛ سەن مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى قۇلىقىڭدا چىڭ تۇتۇپ باشقىلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كەتمىگىن. // ئۇنىڭ يوغان سەللىسىنى گۇۋاھ قىلىپ ئون ئىككى يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئالدام تەسۋىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشەنگۈچىسى بىزنىڭ سۇپپىيەم بولدى.

**ئالدام خالتا** ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ يالغان ئېيتىلغان سۆز ـ ھەرىكەت، تۇزاق: ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى ھەقىقىي ئىش ئەمەس، ئەكسىچە كىشىلەرنى تۇيۇق يولغا باشلايدىغان ئالدام خالتا. ✱ ئۇ بويىنىغا ئالدام خالتىسىنى ئېسىۋالغان، بايىقى سۆزلىرى ئاشۇ خالتىسىدا ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سۆزلەر. ئۇ مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن نۇرغۇنلىغان ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەملەرنى ئىشەندۈرەلەيدىمەن دەپ ئويلايدۇ. ياق، ساختىلىقنى ئەڭ بالدۇر سەممىي ئادەملەر سېزىدۇ.

**ئالدام خالتىغا چۈشمەك** يالغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە ئىشىنىپ كەتمەك، تۇزاققا چۈشمەك: نىياز ئەپەندى قىزىنى ئىزدەپ كەلمىدى. قىز ئۆزىنىڭ ئالدام خالتىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئەنە شۇ چاغدىلا چۈشىنىپ يەتتى. ✱ ۋاھاپ بىردىنلا سەگەكلىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ئالدام خالتىغا چۈشۈپ، ئوسمان توغرىسىدا ناسىر شۇجىغا ماتېرىيال بەرگەنلىكىنى تەپسىلىي ئېيتىپ

www.uyghurkitap.com

بەرگەندى.

**ئالدامچى** ئى. ئالداش بىلەن شۇغۇللانغۇچى، باشقىلارنى ئالدىغۇچى ئادەم: ئالدامچىلار ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىدىن قىزنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. * بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن خان ئايىم بىلەن تېۋىپ نەگىدۇ قېچىپتۇ. شۇ ئان پادىشاھ: ــ ئالدامچى خوتۇن بىلەن ھىيلىگەر تېۋىپ تۇتۇلسۇن! ــ دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ. كۆپچىلىك دەرھال خان ئايىم بىلەن تېۋىپنى تۇتۇپ كەپتۇ.

**ئالدامچىلىق** ئى. ئالداش بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى: ــ مەن ئەمدى قايسى يۈز، ۋىجدانىم بىلەن كۆپچىلىك ئالدىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن؟ خەپ، توختاپ تۇرۇش! ئەتىلا ئالدامچىلىقلىرىڭنى ئاما ئالدىدا يېيىۋەتمىسەم، ــ دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىم. * توغرا ئېيتتىڭ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلىنىڭ قىلىۋاتقىنى ئالدامچىلىق بولغاندىكىن، يەرلىك ئەمەلدارلار «بىتىم»نى ئىجرا قىلىدۇ دەمسەن!؟

**ئالدانماق** «ئالدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۈلئايشەم ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ تىترىدى: ــ ئىست، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ، ــ ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە ئالدىنىپتىمەن. * سۇلتان بايدا ۋەدە، ۋاپا، ئىنساپنىڭ قىلچىمۇ يوقلۇقىنى يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ ئوچۇق كۆردۇق. ئەمدى، ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئالدانماڭلار، ئۆستەڭنى بۇزۇپ تىندۇرۇۋېتىڭلاركى، ھەرگىز سۇ باشلىماڭلار! * ئەي ئوغۇل، كىشىلەرنى ئالدىغۇچى بولما، ئالدانغۇچىمۇ بولما، كىشىنى ئالدىماق ۋە كىشىگە ئالدانماقنىڭ ھەر ئىككىلىسى يامان ئىش.

**ئالدۇرماق** «ئالماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياد ئالدۇرماق. باش ئالدۇرماق. * ھەرقانداق ۋاستە بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشقا، كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلمايتتى. * ئۇ ئۆزىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن يىرىك ساقىلى ۋە قىسقا قىلىپ ئالدۇرغان چاچلىرى بىلەن كىرپىگە ئوخشايتتى. * بۈگۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سەنئەتچىلىرى كەپتىكەن، ئويۇنغا كەتتى، بىردەم مېڭەڭنى ئارام ئالدۇرۇپ كەل، دېدىمغۇ...

**ئالدۇرۇپ قويماق** كۆچەپ كەتمەك؛ كېرەكتىن چىقارماق، كېرەكسىز قىلىپ قويماق: ئۆزەڭنى تۇتۇشنى بىلمىسەڭ، ھاياتنىڭ بۇ ئۇزۇن يوللىرىدا ئۇپراپ تۈگەيسەن، ھېلى كۆرۈشكىنىمىزدە تىلىم بارمىدى. ئېيتمىسام بولماس، ئۆزەڭنى خېلىلا ئالدۇرۇپ قويۇپسەن. * ئۆزلىرىمۇ بىلىلا، تولا چاغلاردا مەن: ــ بۇنداق بېرىلسەڭ مېڭەڭنى ئالدۇرۇپ قويىسەن قىزىم، ــ دېسەم، ئۇ: ــ ئانا، سەن مەندىن ئەنسىرىمە، ۋاقىت ئالتۇن، ياشلىق ئالتۇن، ئىلىم ئالتۇن، مەن مۇشۇ ئالتۇنلارنى قەدىرلەۋاتىمەن، ــ دەيدۇ.

**ئالدۇرۇلماق** «ئالدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بېرىيوسىلدىن ئالدۇرۇلغان پويىزنى، تېخى بەتتەر قىلغانىدى ئەھۋالنى، ئۇنى بوغۇپ تۇرار ئىدى ئارغامچا، بوغقان كەبى سامان تىققان تاغارنى.

**ئالدى ـ ئارقىسى** ① ئالدى ۋە ئارقا تەرىپى، ئەتراپى: ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماق. ئالدى ـ ئارقىسى گۈللۈك ئۆي. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئوڭ ۋە تەتۈر تەرىپى، ئاستى ـ ئۈستى: ئالدى ـ ئارقىسى قىزىرىپ پىشقان نان. ئالدى ـ ئارقىسى سىلىق توقۇلغان گىلەم. ③ كۆچمە. ياخشى ـ يامان تەرىپى، بولىدىغان ـ بولمايدىغان تەرىپى: ئەي ئوغۇل، سۆزنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ، مەنىسىنى بىلىپ سۆزلە. بىر كىشى سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ سۆزلىمىسە، تۇتى قۇشقا ئوخشاپ قالىدۇ.

**ئالدى ـ ئارقىغا قاراپ قالماق ← ئالدى ـ كەينىگە قاراپ قالماق.**

**ئالدى ـ ئارقىغا قارىماق ← ئالدى ـ كەينىگە قارىماق.**

**ئالدى ـ ئارقىنى ئويلىماق ← ئالدى ـ كەينىنى ئويلىماق.**

**ئالدى ـ بەردى ← ئالغۇ ـ بەرگۈ:** ئەمدى كېتىش نۆۋىتى ماڭا كەپتۇ، دۇيىدىكى ئالدى ـ

www.uyghurkitap.com

بەردىمنى ھېسابلىشىۋېتەيلى. * مەن ئەخمەت ئاكام بىلەن ھېچقانداق ئالدى ـ بەردى قىلىشمىسام قانداقسىگە مەندە شۇنچىلىك پۇلى بولىدىكەن؟

**ئالدى ـ بەردى قىلماق** ← **ئالغۇ ـ بەرگۈ قىلماق:** ئۇ ھېچكىم بىلەن ئالدى ـ بەردى قىلمايدۇ.

**ئالدىچە** رەۋ. ئالدى تەرەپتىن، ئالدى تەرەپ ئارقىلىق، ئالدى تەرەپ بىلەن: ئالدىچە ئۈزمەك. ئالدىچە ماڭماق. ئالدىچە يۈدۈمەك. * ئاتنى مىندىم ئالدىمچە، ئېلىپ ئۇردى يېنىمچە. يېڭى يارچە يار تۇتسام، ئويناتمىدى مەيلىمچە.

**ئالدىدا** تىر ① ھوزۇرىدا، قېشىدا: ئىشنى ياخشى قىلساق، ئامما ئالدىدا يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ. * مەن دادامنىڭ ئالدىدا بىر قىش تۇردۇم. ② **بۇرۇن، ئىلگىرى، پەيتىدە**: زەيتۇنەم باشلىغان ئاتلىق دۆي جەددىي ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا، تىببىي ياردەم سومكىسىنى بويىنىغا ئېسىپ، ئالدىراپ سۇن مىي يېتىپ كەلدى. ③ **نىسبەتەن، قارىغاندا:** دەرس قانچە قىيىن بولسمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئالدىدا ھېچ نەرسە بىلىنمىدى.

**ئالدىدا ئانداق، كەينىدە مۇنداق** ← **ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل.**

**ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل** ئالدىدا تۇرغاندا خوش دەپ، كەينىدىن غەيۋەت قىلىدىغان، بارىدا ياخشى دەپ يوقىدا يامان گېپىنى قىلىدىغان: ئۇنىڭ ئاجىزلىقى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل بولۇشىدا.

**ئالدىدا بىر ياغزا، كەينىدە بىر ياغزا** ← **ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل.**

**ئالدىدا ماڭماق** باشلامچى بولماق، ئۈلگە بولماق، يول باشلاپ ماڭماق: كادىرلار بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىشى كېرەك.

**ئالدىدا يېپ ئېشەلمەيدۇ** ئۇنىڭغا ھەرگىز تاقابىل تۇرالمايدۇ، قەتئىي تەڭلىشەلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن جىق تۆۋەن تۇرىدۇ.

**ئالدىدىكى** سۈپ. ئالدىدا تۇرغان، ئالدىدا **مېڭىۋاتقان:** ئالدىدىكى كىتاب. ئالدىدىكى بالا. * ئۇ سوئالغا ئالدىمىدىكى ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرەلمىدى. * ھەممىنىڭ ئالدىدىكىسى 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.

**ئالدىدىكى ئاشنى تارتىۋالماق** باشقىلارنىڭ تەييار نەرسىسنى ئېلىۋالماق، ئۆزىنىڭ **قىلىۋالماق:** يالغان ـ ياۋىداق سۆز بىلەن ئالداپ ئالدىدىكى ئاشنى تارتىۋېلىشمۇ بارمۇ؟

**ئالدىدىن** رەۋ. بىرەر ئىش، ۋەقە ـ ھادىسە باشلىنىشتىن ئىلگىرى؛ **بۇرۇن:** ئالدىدىن ئېيتماق. ئالدىدىن پۇل بەرمەك.

**ئالدىدىن توغرا ئۆتمەك** بىھۆرمەتلىك قىلماق: ئالدىلىرىدىن توغرا ئۆتۈپ قويغان بولسام كەچۈرگەيلا. * ئۇستازلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەسلىك ھەربىر ساپ دىل ئوقۇغۇچىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى.

**ئالدىدىن ئۆتكۈزمەك** سەمىگە سېلىپ، **ماقۇللۇقىنى، رازىلىقىنى ئالماق، ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزمەك:** سەن بوۋىغۇڭنىلا ئاتام بىلەن سۆزلەش، ئەتىلا ئەلچى ماڭدۇرايلى، مەن خوتۇنلىرىمنى چاقىرىپ، ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ قوياي.

**ئالدىدىن ئۆتمەك** بىرەر ئىش ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك بىراۋنىڭ پىكرىنى ئالماق، **مەسلىھەتلەشمەك، رازىلىقىنى ئالماق:** بىر بۇ ئىشنى سېكرېتارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قىلىشىمىز كېرەك، بولمىسا مەسىلە چىقسا جاۋابكار بولالمايمىز. * راست دېيسەن، ھېلىقى ئىدارىنىڭ كاتىپى قاسىم ئاخۇننى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتمىگەن ھەرقانداق ئىش ئاقمايدۇ.

**ئالدىراپ** « ئالدىرىماق » پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**ئالدىراپ قالماق** كۆتۈلمىگەن ۋەقە سەۋەبىدىن جىددىيلەشمەك: فىزىكا ئىمتىھانىدا

تارماق سوئالـلارمۇ كۆپ بىرىلـگەچـكە بىرىلـگەن ۋاقىـت ئازلـىق قىلـىپ، ئالـدىـراپ قالـدىـم. * قېنى؟! ــ دەپ يەڭ تۈرۈپ چۈشتۈق ئىتىـزغا، ئىخ قىزلار!... (ئالـدىراپ قالـدۇق بىز لېكىن)، تاڭ قېلىپ قارايمەن شۇ چېۋەرقىزغا، شۇنچە تېز، يا ئۇنىڭ قولى ئونىمكىن.

**ئالدىراپ ـ تېنەپ** ① ھەم ئالدىـراپ ھەم تېنەپ؛ **ئۆزىـنى توختىتـالماي، تولۇق تەييارلىقسىز:** ۋاقىـت توشـقانـلىقنى بىلدۈرۈپ سىگـنال بىرىلـىشكە مەرگەن ئالـدىراپ ـ تېـنەپ ئوقنى ئاتقانىكەن، قارىغا تەگكۈزەلمەپـتۇ. * ئۇ بويىنى ئالـدىراپ ـ تېـنەپ جۈۋىـسىنىڭ ئىچىـگە يوشۇرۇپ پىرىكازچىكقا پۇل ئۇزاتتى، سودا پۈتتى. ② **ئويـلانـماي، پىـكىـر يـۈرگـۈزمەي:** بەزى يازغۇچىلار ئۆز ئەسىرى ئۈسـتىدە جاپالىق ئەمـگەك سىڭـدۈرۈپ پىشـشـىق ئىشلـمەيـدۇ، ئالدىـراپ ـ تېنەپ يېزىلـغان ئەسەرلـىرى بىلەن تەھرىرلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرىدۇ ۋە ئۇنى زورمۇزور ئېـلان قىلـدۇرماقـچى بولـىدۇ. * بىز تاسادىـپىي ئىـدراك قىلـغان شەيـئـلەر، ئوقۇغان ماقالـلار، مەلۇم ئەھۋال ئاسـتىدا كۆڭـلىمىزدىن كەچۈرگەن كەيپىياتلار، ئالدىراپ ـ تېنەپ قىلىنغان ھەرىـكەتـلەرنى ئەينى ۋاقىتدا ئەستە قالـدۇرۇشنى مەقسەت قىلمىغان بولساقمۇ، بىرمۇنـچە قىسمى ئېسـىمىزدە قالىدۇ.

**ئالدىراپ ـ سالدىراپ ← ئالدىراپ ـ تىنەپ:** ئەزالار كەچـتە ئىشـتىن چۈشـكەنـدىن كېـيىن، ئالـدىراپ ـ سالدىراپ ئۆز ئۆيلىرىگە يۈگۈرۈشتى. * باتۇر ئالـدىراپ ـ سالدىراپ ئۇلارنىڭ ئاستىغا يېكەنـداز سالـدى. ئالـدىغا ئۇزۇم، چاي ـ مەزە قويدى.

**ئالدىراتقۇزماق** «ئالـدىرىـماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئالدىراتـماق** «ئالـدىرـماق» پېئـلـىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئورمىغا چۈشـكەن ئادەم كۆپ بولغاچـقا، ئۇلارغا تاماق تەيـيارلاش ئىـشى بىزنى تولىمۇ ئالدىراتتى.

**ئالدىراش** ① «ئالدىرىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسىمدىشى. ② رەۋ. **جىددىي ھالـدا، بىردەم تۇرماسـتىن، توخـتـىماي:** ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئالـدىنـقى سېپـىدىن تارتىپ يا ئارقا سەپكىچە ئارىلىشىپ يۈرگەن شەپـقەت ھەمشىرىلەر ئالدىراش يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى. * باھار كەلـدى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقى قىزىپ كەتتى. يەر تۈزلەش ماشىنىلىرى، تراكتورلار كېچـىلەپ ئىشلەيتتى. دۆيلەر ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قىلىنىدىغان يەرلەرگە ئالدىراش قوم، ئوغۇت يۆتـكەيتتى. ③ سۈپ. **مۇھىم، ۋاقتى قىسقا، تېزلىكنى تەلەپ قىلىدىغان:** يېزىنىڭ ئەڭ ئالـدىراش ۋە جىددىي پەيتى ــ ئورما باشلانـدى. ئوقۇغۇچىـلارنى ئەتىل قويۇۋەتـتىم. * قولۇمـدا ئالـدىـراش زاكاز بار، بوش ۋاقتىم يوق...

**ئالدىراش ـ تېنەش ← ئالدىراپ ـ تېنەپ:** بۇنداق سوئالـنى كۈتـمىگەن قاسىم ئالـدىراش ـ تېنەش «ھەئە، تونۇيمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

**ئالدىراشچىلىق ← ئالـدىـراشـلىق:** ئۈچ يىگىت ئالبومـلىرىنى تەڭـلا ئېچىشـتى، ئەلى ئالبومنى ئالدىراشچىلىقتا قايـتا ـ قايـتا ۋاراقلاپ، ھەيـران بولۇپ سورىـدى. * ــ مانا مۇشۇنـداق ئالدىراشچىلىق، ــ ئۇ خـۇددى چوڭ ئادەم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانـدەك ئۈسـتەلـدىكى قەغـەزلەرنى ئىشارەتلەپ، قوللىرىنى يېيىپ قويدى.

**ئالدىراشلىق** «ئالـدىـراش» سـۆزىـنىڭ ئىـسىم شەكـلى: شۇنـداق قىزغىـن، ئالـدىـراشلىق بىلەن قىلىنىۋاتقان ئەمگەك پارتىزانلارنى بىردەمدىلا قىزىتىپ تەرلىتىشـكە باشـلىدى. * ئۇ، چېچىلىپ ياتقان تۆمۈر پۇللارنى ئالدىراشلىق بىلەن يىغىشتۇردى ـ دە، يانچۇققا سالدى.

**ئالدىراشماق** «ئالـدىرىـماق» پېـئىلـىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئائىلـىرى ئۇنى بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن مېھـمان قىلىشـقا ئالـدىرىشاتـتى، ھەتـتا جىگـدە يىلـىممۇ سوۋغا قىلىـشاتتى. * بۇ ئالاھىدە خۇش خەۋەرنى ئۈمىد بىلەن قارشىپ قالغان يېگـىـيەر دادۆيى ئەزالىرىغا تېزرەك يەتكۈزۈشكە ئالدىرىشاتتى.

**ئالدىراقسان** سۈپ. ئالدىراپ تۇرىـدىغان،

ئالدىراڭغۇ: ئاغمىچىلار قورقۇنچاق بولغاچقا، بۇرژۇئازىيە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قەتئىي ئۈزۈشنى خالىمىغاچقا، بۇ بۇرۇلۇشتىن قورقتى، بۇ بۇرۇلۇشنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىدى؛ ھۆكۈمەتسىزلەر بولسا ئالدىراقسان بولغانلىقى ياكى كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ شارائىتىنى زادىلا چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ بۇرۇلۇشنى كۆرۈشنى خالىمىدى.

**ئالدىراقسانلىق** «ئالدىراقسان» سۆزىنىڭ **ئىسىم شەكلى:** بەك ئالدىراقسانلىق قىلمىغىن، ئوغلۇم؛ خەقلەر سېنى مەيلى يامان كۆرسۇن، ياكى ياخشى كۆرسۇن، ئۆز ھەرىكىتىڭگە دىققەت قىلغىن.

**ئالدىراڭغۇ** سۈپ. دائىم ئالدىرايدىغان؛ ئالدىراقسان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان: ئۇ پادىشاھنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئىسمى بەھزات ئىكەن، كۆپ ئىلىملەرنى ئوقۇغان، ئەقىل-پاراسەتلىك يىگىت بولسىمۇ، ئالدىراڭغۇ، قانائەتسىز ئىكەن.

**ئالدىراڭغۇلۇق** «ئالدىراڭغۇ» سۆزىنىڭ **ئىسىم شەكلى:** ھېزىمنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقىنى بىلگەن ھاشىم ئاكا كۈلگىنىچە بىر ئىشنى پۈكۈپتۇ.

**ئالدىرىما** ① «ئالدىرىماق» پېئىلىنىڭ II شەخس بىرلىك سانىنىڭ بولۇشسىز بۇيرۇق رايى. ② **قاراپ تۇر، كېيىن كۆر، شۇ ۋاقىتتا بىل:** ئالدىرىما، قۇلىقىڭنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويمىسام، دادامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي!

**ئالدىرىماق** پ ① بىرەر جايغا يېتىپ بېرىش ۋە بىرەر ئىشنى بېجىرىش ھەرىكىتىنى تېزلەشتۈرمەك؛ تېز يۈرمەك: ئاتىكەم ناھايىتى سەھەر تۇردى. ناشتا ۋاقتىدا گالستۇك ئۇنىڭ بوينىنى راستىنلا سىقىۋالغاندەك تۇيۇلۇپ، ناننى خېلى يۇمشاق چاينىسىمۇ كانىيىدىن ھېچلا ئۆتمەيتتى. ئۇ، چىلىغان نانىنىڭ يېرىمىنى يەپلا مەكتىپىگە ئالدىرىدى. * بەرىبىر سىلەر كېتىسىلەرغۇ، ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمى قېچىپ كەتتى، قالغانلىرى ئۆيىگە كېتىشكە ئالدىرايدۇ. * — ياق، رۇقىيەم ياق! ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئويلىمىدىم، — مەۋلان ئالدىراپ چۈشەندۈردى، — ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىنى دەپ، توينى ئىتتىكرەك قىلىۋېتىشكە ئالدىرىدىم. ② توساتتىن يۈز بەرگەن ئىش-ھەرىكەت سەۋەبىدىن ھولۇقماق، ھاياجانلانماق، ئەنسىرىمەك: — مېنىڭچە، — دېدى ئەنۋەر ئالدىراپ، — ئالدى تەرەپتىن ھەم ھۇجۇم قىلىش كېرەك ئىدى... * يېڭى چاپان كىيگەن جېلىل بوۋاي بۇنى ئاڭلاپ گويا بىر ئىش يادىغا چۈشكەندەك ئالدىراپ بانكىغا كىردى. بەھرىخان ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

**ئالدى-ساتتى** سودا مۇئامىلىسى؛ سودا: ئۇلار يۈرۈش-تۇرۇشتا سىپايە، سۆزدە مۇلايىم، ئالدى-ساتتىدا ئادىل، ھەرىكەتتە تۈز بولۇپ كىشىلەرگە يىللىق مۇئامىلە قىلىدىغان ۋە يول قويىدىغان، قوشنىلار ئىناق ئۆتىدىغان، بىر كوچىدا ئولتۇرىدىغانلارمۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئىكەن.

**ئالدى-كەتتى** بىرىدىن ئالغان نەرسىنى بەرمەيدىغان، ئالغىنىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان مۇئامىلە، ئالاقە.

**ئالدى-كەتتى قىلماق** قولغا ئالغىنىنى **ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق:** نىياز قۇربان ئۆز گېپىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن ھالدا ئېيتتى، — قاسىمغا بۇ نەرسىلەرنى «ئالدى-كەتتى» قىلىپ دۇئا قىلدۇرمايمىز — دە!

**ئالدى-كەينى** ① **ئالدى ۋە ئارقا تەرىپى، ئەتراپى:** ئۆيىنىڭ ئالدى-كەينى پاكىز تازىلاندى. ② بىرەر ئىش-ھەرىكەتتىن ئىلگىرى ھەم **كېيىن:** مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئالدى-كەينىدە مەيدان رەھبەرلىك ئورنىغا يېقىن ئورۇنلاشقان ئىككى دېھقانچىلىق لېيەندۇيى يۆتكىلىپ كېتىپ، تۆت كورپۇس — 80 ئېغىز ئۆي بوشىدى.

**ئالدى-كەينىگە قاراپ قالماق** بىرەر ئىشنى قىلىشتا ئىككىلەنمەك، **ئارىسالدى بولماق:** سىلەر دادىل، يۈرەكلىك بولۇڭلار، ئالدى-

www.uyghurkitap.com

كەينىگىلەرگە قاراپ قالماي، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈڭلار.

**ئالدى - كەينىگە قارىماق** بىرەر ئىشنى قىلىشتا ئەتراپلىق ئويلىماق: بۇ ئىشتا ئالدى - كەينىڭلارغا قاراپ ئىش كۆرمىسەڭلار ئاخىر ياقاڭلارنى چىشلەپ قالىسىلەر جۇمۇ!

**ئالدى - كەينىنى ئويلىماق** ھەر تەرەپنى مۇلاھىزە قىلماق، ئاقىۋىتىنى ئويلىماق، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزمەك: ئالدى - كەينىنى ئويلاپ ئىش قىلمىغان بىلەن بولمايدۇ.

**ئالدىماق** پ ① ئەخمەق قىلماق، گوللىماق: ئۇلار جەنۇبتىكى كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى «ئالتۇن كولاپ باي بولۇپ قايتىسىلەر» دەپ ئالداپ، ئۇرۇشقا سالدى. ② يولدىن ئازدۇرماق: خەلقنى يامان يولغا باشلاپ، ئاممىنى ئالداپ، خاتا يولغا ماڭغىنىڭنى سەزمەي يۈرەمسەن؟

**ئالدىن** رەۋ. ئاۋۋال، ئىلگىرى، بۇرۇن: ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ قارارىنى چوقۇم ئىجرا قىلىش كېرەك. ئەتە گوڭشې پارتكوم ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ، ئالدىن مۇزاكىرىلىشىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئالدىن كۆرەر** بىرەر ئىش يۈز بېرىشىنى ئالدىن بىلەلەيدىغان، كېلىدىغان ئىشلارنى ئالدىن سېزەلەيدىغان: ئالدىن كۆرەر ئادەم.

**ئالدىن كۆرەرلىك** ئالدىن كۆرۈش قابىلىيىتى، ئالدىن كۆرۈش ئىقتىدارى: بەزى كىشىلەرنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى يېتەرسىز بولغاچقا، ئىش يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن «ئاپلا» دەپ قالىدۇ.

**ئالدىنئالا** رەۋ. ئىشتىن بۇرۇن، دەسلەپتىلا، ئالدىنى ئېلىپ: ئەخەت مۇئەللىم ئوچۇق چىراي بىلەن كۈلۈمسىرەپ سۆزىنى توگەتتى - دە، ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان سوئاللىنى دوسكىغا يېزىشقا كىرىشتى.

**ئالدىنقى** سۈپ ① باشقىلارغا نىسبەتەن ئالدىدا، ئىلگىرى تۇرغان، ئالدى تەرەپتىكى، ئالدى تەرەپكە جايلاشقان: ئالدىنقى پوست. ئالدىنقى رەت. * ئالدىنقى ھارۋىدىكى پاختا بولۇتتەك كۆپۈپ، كۆمۈشتەك رەڭلىنىپ تۇراتتى ۋە ناھايىتى تازا ئىدى. ② ئىلگىرى، بۇرۇن ئۆتكەن؛ ئاۋۋالقى، بۇرۇنقى: بىز يېقىنقى دەۋردە، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىدا ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلايلى! * جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئەنە شۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنقىلىرىدىن بىرى ئىدى. ③ كۆچمە. ياخشى، ئەلا، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، پېشقەدەم: نۆۋەتتە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا تۇرسۇنجان ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش تۈرى بويىچە ئالدىنقىسى بولۇپ بىرىنچىلىكنى ئالدى.

**ئالدىنقى سەپ** بىرەر ئەمگەك ۋە خىزمەت ساھەسىدىكى ئەمەلىي مەشغۇلات مەيدانى، جاپالىق خىزمەت ئورنى: مەن ئالدىنقى سەپتە ئىشلەيمەن... بۇ ئاجايىپ يېقىشى گەپ - ھە؟ مەن ئەزەلدىن ئالدىنقى سەپ دېسە ئۇرۇش مەيدانىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم، بۇ ئايال بولسا، يەسلى، بالىلار باغچىسى، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئالدىنقى سەپ دەۋاتىدۇ - ھە؟ ② ئۇرۇش مەيدانى: ئىنقىلابىمىز ھەممىمىزنى — ياشلارنى، قېرىلارنى، ئوغۇللارنى، قىزلارنى ... ھەربىي سەپكە چاقىرماقتا، ئالدىنقى سەپ بولسۇن، ئارقا سەپ بولسۇن ھەممىسى شەرەپلىك!

**ئالدىنقى شەرت** بىرەر ئىش، ۋەزىپە بېجىرىش، ئورۇنلاشتىكى شەرتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى؛ ھەل قىلغۇچ ئامىل: سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

**ئالدىنقى قىسىم** ① ئالدىنقى سەپتە، چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرغان قوشۇن:

چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرغان ئالدىنقى قىسىم جەڭچىلىرى قەھرىتان سوغۇق، قار - شىۋىرغانلاردا زور قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ مۇداپىئە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمەكتە. ② كۆپ قىسىملىق كىتاب-لارنىڭ دەسلەپكى قىسمى ياكى ئالدىنقى بۆلەكلىرى، بابلىرى: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 1 - يىللىقلىرىغا ئۆتۈلىدىغان دەرسلىك كىتابلاردىن ماتېماتىكا ئالدىنقى قىسىم (1 - كىتاب) نەشىردىن چىقىپ ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىلدى.

**ئالغا** ① رەۋ. ئالدىغا، ئالدى تەرەپكە: ئالغا ماڭماق. ئالغا ئىلگىرىلىمەك. ئالغا چامدىماق. * جەڭگىۋار يىگىتلەر، قىزلار قولىدا، چۆللەردە يېڭىدىن ھايات باشلاندى. قۇرۇغان دەريالار يېڭى يولىدا، ئۆركەشلەپ سۇ ئاقتى، ئالغا تاشلاندى. ② ئىم. كۆچمە. ئالغا قاراپ سىلجىشقا، ئالدىغا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا چاقىرىش، ئۈندەش: ئۇلۇغ غەلىبىلەر ئۈچۈن ئالغا! * — بىزمۇ قاراپ تۇرمايلى. دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن ئالغا! — دېدى ياردار ۋارقىراپ.

**ئالغا باسماق** ① ئالدى تەرەپكە قاراپ يۈرمەك، ئىلگىرىلەپ ماڭماق: سەن مۇشۇ يول بىلەن بىر كىلومېتىر يول يۈرۈپ ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئالغا تۆت قەدەم باسساڭ مانا شۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى كۆرىسەن. ② كۆچمە. راۋاجلانماق، ئىلگى-رىلىمەك: ئىدىيىدە ئالغا باسقانلارنى ۋاقتىدا تەقدىرلەپ، ئارقىدا قالغانلارغا ئىلھام بېرىش لازىم.

**ئالغا سۈرمەك** ① راۋاجلاندۇرماق، ئىل-گىرىلەتمەك: يالغۇز سانائەتنىلا راۋاجلاندۇرۇپ قالماستىن دېھقانچىلىق ھەم چارۋىچىلىقنىمۇ بىردەك راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن جەمئىيەتنى ئالغا سۈرگىلى بولىدۇ. ② قۇۋۋەتلىمەك: ئۇ دائىم ئۆز پىكرىنى ئالغا سۈرىدۇ.

**ئالغا كەتمەك ← ئالغا باسماق.**

**ئالغاي** (توغرىسى: ئالىغاي) ← **ئالىغاي.**

**ئالغۇ-بەرگۈ** ئېلىش-بېرىش؛ ئىقتىسادىي مۇئامىلە، ئىقتىسادىي ئالاقە: نەچچە كۈندىن بۇيان كالىلىسىدىكى «ئۆلۈپ كېتىش» خىيالىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بىردەم ئالغۇ - بەرگۈلىرىنى ھېسابلاپ، بىردەم غەمكىن كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ رازىلىق سوراۋاتقان بۇ بىناپ، دوختۇرنىڭ ئۆزى ئۇستىدىكى ھۆكۈمنى ئاڭلاپلا ھوشىدىن كەتكەنىدى.

**ئالغۇر** سۈپ ① نەرسىنى ياخشى ئالىدىغان: چىن تۆمۈر باتۇر ھەر قېتىم ئوۋغا چىققاندا مىسران قىلىچى بېلىدىن، ئالغۇر بۈركۈتى قولىدىن، ئارغىماق ئېتى ئاستىدىن، كاپكاپ كۈچۈكى يېنىدىن ئايرىلمايدىكەن. ② ھەقىقىنى كەتكۈزمەيدىغان؛ ھەر باب بىلەن ئالىدىغان: ئۇ ناھايىتى ئالغۇر ئادەم بولغاچقا ئالىدىغان ئۆلگەن پۇللارنىمۇ تىرىلدۈرۈپ ئالالىدى.

**ئالفا** ئى [ر<گرېك] گرېك ئالفاۋىتىنىڭ بىرىنچى ھەرپىنىڭ نامى.

**ئالفاۋىت** ئى [ر<گرېك] ← **ئېلىپبە.**

**ئالقات** ئى. چاتقال تىپىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**ئالقىش** ئى ① رەھمەت سۆزى، رەھمەت تۇيغۇسى: ئازادلىققا ئېرىشكەن خەلقنىڭ ئۇ كۈنلەردىكى يۈرەك ئالقىشى، خۇشاللىق ھېسسىيات-لىرىنى قەلەم تىلى بىلەن قانداقمۇ ئىزھار قىلىش مۇمكىن. ② ئالقىشلاپ چېلىنغان چاۋاك: ئۇ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشى ئىچىدە بايراقنى تاپشۇرۇۋالدى. * دۆلەتباي سۆزىنى تۈگەتكەندە، زال ئىچىنى قىزغىن ئالقىش سادالىرى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى.

**ئالقىشقا ئېرىشمەك** قوللاشقا، ھىمايە قىلىشقا، قارشى ئېلىشقا ئېرىشمەك: پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى فاڭجېن - سىياسەتلىرى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالقىشىغا ئېرىشتى. * ئۇلار بارلىق كۈچى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىغە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

**ئالقىشقا ئىگە بولماق ← ئالقىشقا ئېرىشمەك:** پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلغان ئورۇنلار ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىش-لىشىغا ئىگە بولدى.

**ئالقىشلاتماق** «ئالقىشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئالقىشلاشماق** «ئالقىشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئالقىشلانماق** «ئالقىشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار ئەزالارنىڭ تۇرمۇشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئالقىشلاندى.

**ئالقىشلىماق** پ ① مەمنۇنىيەت بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرمەك، ئالقىش سۆزلىرى بىلەن تەبرىكلىمەك؛ تەبرىكلەپ، قارشى ئېلىپ چاۋاك چالماق: • شائىر ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار شېئىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. كۆپچىلىك قىزغىن چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى.

**ئالكوگول** ئى [ر<ئە] <خىم> ① مولېكۇلىلىرى تەركىبىگە كىسلورود ۋە ۋودورود ئاتوملىرى گۇرۇپپىسى كىرىدىغان بىرىكمىلەر؛ ئىسپىرتلار. ② ھاراق، ۋىنو قاتارلىق ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر.

**ئالكوگولىزم** ئى [ر] ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرگە، ھاراقخورلۇققا بېرىلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان، ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغان كېسەللىك.

**ئالگېبرا** ئى [ر <ئە. ئەسلى: ئەل جەبىر] ماتېماتىكىنىڭ مىقدارلار ئوتتۇرىسىدىكى (ئۇلارنىڭ سان قىممەتلىرىدىن قەتئىينەزەر) بېجىرىلىدىغان ئامەللەرنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى ھەققىدىكى بۆلۈمى.

**ئالگېبرالىق** سۈپ. ئالگېبراغا ئائىت: ئالگېبرالىق ئىپادە. ئالگېبرالىق تەڭلىمىلەر.

**ئاللا I** ئى [ئە] <دىن> پۈتۈن مەۋجۇداتنى جۈملىدىن ئادەم، ھايۋانات ۋە باشقا مەۋجۇداتلارنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە بۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغۇچى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان ئىلاھىي كۈچ؛ خۇدا، تەڭرى، پەرۋەردىگار: — ئاللا، ئۆزەڭ بار، — دەپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى بوۋاي.

**ئاللا II** ① ئىم. ھەيرانلىق، پۇشايمان ۋە ئېنىقسىزلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئاللا! يامان بولدى. • ئاللا، ئاللا ۋاي باللا، ئىچكىرىسىدە بىر گەپ بار، ئوينىغۇچىلار ياش باللا، ئىچكىرىسىدە بىرگەپ بار. ② سوراق ئالماشلىرىغا قوشۇلۇپ بەلگىسىز ئالماش رولىدا كېلىدۇ: ئاللاكىم، ئاللانېمە، ئاللىقاچان، ئاللىقانداق، ئاللىقانچە.

**ئاللاتائالا** ئى [ئە] ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئاللا: مەن ھەممىدىن ئاۋۋال شۇنى ئېيتىپ قوياي، كى، ۋاڭ غوجامنىڭ مال - چارۋىلىرىنى «يوقاپ كەتتى، بۆرە يەپ كەتتى، ئۆلۈپ كەتتى ياكى تۇغمىدى» دەپ ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسەتكۈچىلار بولمايدۇ. ئۇلۇغ ۋاكمىز ئاللاتائالانىڭ يېقىن ئادىمىدۇر.

**ئاللا-تۇۋا** پىغان، نالە - زار، ئازاب - ئوقۇبەتنى بىلدۈرىدىغان جۈپ ئىملىق: تۈگمەنچى خوتۇنى بىلەن تولۇمنى ئاستا باشقا ئۆيگە ئوتتۇرلاپ ئەپچىقىپ، ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئۇر توقمىقىم، ئۇر!» دېگەندەك، تولۇمدىن توقماق چاچراپ چىقىپ، تۈگمەنچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنلىرىنى شۇنداق ئۇرغىلى تۇرۇپتۇكى، ئاللا - تۇۋىنىڭ دەستىدىن جاھاندا تۇرۇپ بولغىلى بولماپتۇ.

**ئاللا-تۇۋا دېگۈزمەك** راسا ئەدىبىنى بەرمەك، تۇۋا قىلدۇرماق، قىلغان - ئەتكەنلىرىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدۇرماق: شۇنداق قىلىپ خەلپەتنى ئاللا - تۇۋا دېگۈزۈۋەتتۇق.

**ئاللا-تۇۋىسىنى بەرمەك** ← **ئاللا-تۇۋا دېگۈزمەك.**

**ئاللا-تۇۋىسىنى كۆرسەتمەك** ← **ئاللا-تۇۋا دېگۈزمەك.**

**ئاللا-كاللا دەپ** ۋارقىراپ-جارقىراپ، يىغلاپ-قاقشاپ: پاتەمخان ئانا قىزىنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاللا-كاللا دەپ باش-كۆزىنى موراپ كۆزلىرى ئالاق-جالاق

بولۇپ ئەنسىزلىك ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

**ئاللاھۇئەكبەر** ئى [ئە] بىرەر نەرسىنى ئۇلۇغلىشتىن بۇرۇن، دۇئادىن كېيىن ئېيتىلىدىغان ئادەت سۆزى: ئۇزى يالىماۋۇزنى پۇتى بىلەن تېپىپ ئۇيغىتىپتۇ ۋە «ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ بىرلا چاناپ كاللىسىنى يەرگە چۈشۈرۈپتۇ. * ــ ئامىن ئاللاھۇئەكبەر، خۇدا رەھمەت قىلسۇن، باللىرىم؛ مەن يەنە ئۇچۇپ كېتىمەن، ــ دەپلا ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ خىزىر.

**ئاللېگورىيە** ئى [ر<گرېك] مەۋھۇم چۈشەنچىلەرنى كونكرېت ئوبراز ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەش؛ كىنايە.

**ئاللېگورىيىلىك** سۈپ. ئاللېگورىيىگە ئائىت، ئاللېگورىيىدىن، كىنايىدىن ئىبارەت بولغان، كىنايىلىق.

**ئاللىبۇرۇن** رەۋ [ئاللا+بۇرۇن] خېلى ۋاقىت ئىلگىرى، خېلى بۇرۇن: لەنگەرنىڭ يەرلىرىنى ئون نەچچە مېتىر قازسىلا سۇ چىقىدۇ، لېكىن قىزىل سېغىزلىق قۇدۇقتىن چىققان سۇنىڭ زىرائەتلەر ئۈچۈن زىيانلىق ئىكەنلىكى لەنگەرلىك ئۈچۈن ئاللىبۇرۇنلا سىناق بولغان.

**ئاللىبىر** ئال [ئاللا+بىر] كىم ۋە نېمىلىكى نامەلۇم بولغان بىر، قانداقتۇر بىر: ئۇ ئالدىدىكى ئىستاكاندىن بىر ـ ئىككى يۇتۇم قايناق سۇ ئوتلىدى، لېكىن زادىلا ئاغزىغا تېتىمىدى، ئۇ شۇ ۋاقىتتا، هاراق خۇمار قىلغانلىقىنى بىلدى، جىددىيلەشكەن ئەسەبىيلىرى بىردىنلا بوشىشىپ، قۇلىقىغا ئاللىبىر سورۇنلاردىكى رومكىلارنىڭ جاراڭشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كۆزىگە ھەشەمەتلىك داستىخانلاردىكى خىلمۇخىل نازۇنېمەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

**ئاللىقاچان** ئال [ئاللا+قاچان] خېلى ۋاقىت بۇرۇن، خېلى ۋاقىت ئىلگىرى: * تۇرسۇن بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن تۈرمىدىن چىقىپ يۇرتىغا كەلگەندە، بەدىنى ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان ئانا ئوغلىنىڭ پىراقىدا ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

**ئاللىقانچە** ئال [ئاللا+قانچە] قانچىلىكلىكى نامەلۇم، بىرقانچە: بۇ كەپىنى مەن سەمەتكە ئاللىقانچە قېتىم تەكىتلىدىم، لېكىن ئۇ قۇلىقىغا ئالمىدى.

**ئاللىقانداق** ئال [ئاللا+قانداق] قانداقلىقى ئېنىقسىز، قانداقتۇر، نامەلۇم، ناتونۇش: ئۇ باتۇرنىڭ چىرايىدا ئېچىنىش ئەمەس، بەلكى ئاللىقانداق بىر خىل خاتىرجەملىكنى كۆرۈپ، غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى.

**ئاللىقانداقتۇر** ئال ← **ئاللىقانداق**: ئۇ ئادەملەرنىڭ سەپەرگە تەييارلانغان كېمىگە ئاللىقانداقتۇر بىرنەرسىنى ئېلىپ چىقىپ جايلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

**ئاللىقاياق** ئال [ئاللا+قاياق] قايسى تەرەپ ئىكەنلىكى ۋە قەيەر ئىكەنلىكى نامەلۇم جاي: مەن يولغا چىققۇچە سۆزلەش ئۈچۈن كۆڭلۈمگە پۈككەن سۆزلەر ۋە شۇنچە رىيازەت چېكىشمىگە سەۋەبچى بولغان بۇ قىزغا بولغان غەزىپىم ئاللىقاياقلارغىدۇ ئۇچۇپ كېتىپ، يېنىپ چىقىپ كەتكەن كامىردەك بوشىشىپ كەتتىم.

**ئاللىقايسى** ئال [ئاللا+قايسى] قايسىلىقى ئېنىقلانمىغان، نامەلۇم ياكى ئەستىن كۆتۈرۈلگەن: ئاللىقايسى بىر كۈنلەردە، ئاللىقايسى بىر ئىشتا.

**ئاللىقەيەر** ئال [ئاللا+قەيەر] قايسى يەر ئىكەنلىكى ئېنىقسىز، نامەلۇم جاي: ئۇلارنىڭ باراۋەر باسقان ئاياغلىرىدىكى ئۆتۈكلىرىنىڭ ئۇنلۇك غىچىلداشلىرى، تەڭكەشلەنگەن جەڭگىۋار ساداسى ھەر يان ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ سىگنال ۋە گۈركىرەشلىرىنى، ھۆپىگەرلەرنىڭ ھەر ياڭزا ئاۋازلىرىنى، زاۋۇتلارنىڭ گۇدۇكلىرىنى، مەزىنلەرنىڭ ئەزانلىرىنىمۇ ئاللىقەيەرلەردە قالدۇرۇپ، گۈزەل ئىلىخونىڭ ساپ ھاۋاسىدا پەلەكلەرگە پەرۋاز قىلماقتا.

**ئاللىكىم** ئال [ئاللا+كىم] قانداقتۇر نامەلۇم شەخس؛ كىمدۇ، بىراۋ: ئاللىكىملەر يەنە نېمىلەردە ئۆلدى، يەنە قايسىمىز قانداق

www.uyghurkitap.com

قاپقىنىدا ئۆلمىز، بۇنى كىم بىلىدۇ، ئۆلگەنلەر ئۈچۈن يىغلىدۇق، قاقشىدۇق، لېكىن ئىنتىقام ئالىدىغان ئەر چىقمىدى.

**ئاللىنىمە** ئال [ئاللا+نىمە] قانداقتۇر ئېنىقسىز، نامەلۇم بىرنەرسە، نىمىدۇ: ئۇ ھەر ھەپتىدە سىۋەت ـ سىۋەت مىۋە ـ چىۋىلەرنى ۋىلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ ئۆيىگە ئەكىلەتتى، بەزىدە مەن تونۇمايدىغان كىشىلەر ئاللىنىمىلەر بېسىلغان ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ ماۋۇتىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كېتىشەتتى.

**ئالما** ئى <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى قىزغۇچ ئاق، قىزىل كېلىدۇ؛ مېۋىسى يۇمىلاق، تەمى تاتلىق ياكى چۈچۈمەل بولىدۇ؛ مېۋىسى ئادەتتىكى يەل ـ يېمىش ھېسابلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئالما قورۇمىسى** <يېم> قورۇپ پىشۇرۇلىدىغان سەيلەرنىڭ بىر تۈرى. بۇ سەينى تەييارلاشتا ئالمىنى چوڭ ـ چوڭ قەلەمچە قىلىپ توغراپ ئۇنى پۇرچاق ئۇنى، ئاق ئۇن ۋە تۇخۇمغا ئارىلاشتۇرۇپ، ياغقا سېلىپ بوشراق قورۇيدۇ، ياغ قۇيۇلغان شېكەر قىيامىغا سېلىپ، ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە قورۇغان كۈنجۈت سېپىلىدۇ.

**ئالما قېقى** ئاقلاپ، تىلىمچە قىلىپ كۈن نۇرىدا قۇرۇتۇلغان ئالما مېۋىسى.

**ئالماش** ئى. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى، ئۇ ئىسىم، سۈپەت، سانلارنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدۇ: كىشىلىك ئالماش. سوراق ئالماش.

**ئالماشتۇرماق** «ئالماشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دوختۇرخانىدىكى بەزىلەرمۇ ئاق خالات بىلەن تىڭشىغۇچىنى مىلتىق بىلەن نەيزىگە ئالماشتۇرۇپ، «كونا دۇنيانى بۇزۇپ، يېڭى دۇنيا قۇرىدىغان مۇقەددەس كۈرەش»كە كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەترۇزى بىرنەچچە دوختۇر ۋە سېستىرانى دوختۇرخانىدا ئېلىپ قېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى،

**ئالماشتۇرۇلماق** «ئالماشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايلىق، مەۋسۇملۇق ۋە يىللىق ئىمتىھان سوئاللىرى مەكتەپ بويىچە بىر تۇتاش چىقىرىلىپ، ئىمتىھان ئېلىش ۋاقتىدا ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇپ، ئىمتىھانغا رىياسەتچىلىك قىلدۇرۇلدى.

**ئالماشماق** پ ① بىرى ـ بىرىنىڭ ئورنىنى ئالماق، ئىگىلىمەك، يېڭىلانماق: بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى پات ئارىدا ئۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ئۆيلەر ياسىلىدۇ، ئۇ چاغدا ھېچكىممۇ كونا ئۆيلەرنى ئەسلىمەيدۇ، ۋەھالەنكى، بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ھايات داۋام قىلماقتا، ھەۋەس قايىنىماقتا، ئەۋلاد ئەۋلاد بىلەن ئالماشماقتا. ② ئالمىشىپ قالماق، يۆگىشىپ قالماق: ئوتلاقتىكى باغلاقلىق كالىنىڭ ئارغامچىسى ئالمىشىپ قاپتۇ. * ئەركىننىڭ ئۈچىيى ئالمىشىپ قېلىپ، ئوپېراتسىيە قىلىندى. ③ بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكەلمەك: ئاتىسىنىڭ خىزمەت ئورنى ئۇنىڭ شارائىتى ياخشى ئورۇنغا ئالمىشىۋېلىشىغا تامامەن ئىمكانىيەت بەرسىمۇ، ئۇ ھەرگىز بۇ بەيگىگە چۈشمەيدۇ.

**ئالماق** پ ① نەرسىنى ئۇچۇملاپ، سىقىمداپ ياكى بىرەر ئەسۋاب بىلەن تۇتۇپ قولغا كىرگۈزمەك: چېلەكتىن سۇ ئالماق. يانچۇقتىن پۇل ئالماق. * يېڭىلا كىرىپ كەلگەن ئەكبەر ھېچكىم بولمىغاندىن كېيىن تېلېفوننى قولىغا ئالدى. ② قوبۇل قىلماق: ئوقۇغۇچى ئالماق. ئىشقا ئالماق. ياتاققا ئالماق. * قىز مېنى كۆردى ـ دە، ئانىسىغا پىچىرلاپ قويۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، مەن ئانىنىڭ گەپ قىلىشىغا قاراپ ئۇنىڭ پىكرىنى ئالدى دەپ بىلدىم. * دوختۇرلار نېمە ئۈچۈن مېنى ياتاققا ئالمىدى، — دېدى ئانا ئىڭرىغان ئاۋاز بىلەن... ③ بوشاتماق، بىكار قىلماق، چۈشۈرمەك: ۋەزىپىسىدىن ئالماق. * خىزمەت

دۈيى ئەھۋالنى بىرقۇر ئىگىلەپ يەرلىك ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان بىر يەل تاپان رەۋەندىنى كەنت باشلىقلىقىدىن ئېلىپ ئورنىغا باشقا ئادەم قويىدى. ④ قىرقىماق، كەسمەك، سۇغۇرۇپ چىقارماق: چاچ ئالماق. تىرناق ئالماق. ساقال ئالماق. * — يوقسۇ ئۆمرۈمدە پادىشاھنىڭ چېچىنى ئۆز دۈكىنىمدا ئالغىنىم مۇشۇ ئىدى، — دېدى، ساتىراش. ⑤ قولغا كىرگۈزمەك، ئىگە بولماق، قازانماق، ھاسىل قىلماق، ئېرىشمەك: دارامەت ئالماق. خامان ئالماق. ھوسۇل ئالماق. پايدا ئالماق. ئولجا ئالماق. بەھرى ئالماق. نەپ ئالماق. ساۋاق ئالماق. ئىلھام ئالماق. * ئۇ دەسلەپ: — جايىنى سېنىڭ داداڭ سالغان بولسىمۇ، ئانامنىڭ ئائىلىدە ئەجرى كۆپ، بىر ئېغىزنى مەن ئالىمەن، — دەپ «چىرايلىقچە» ئېيتىپ كۆردى. * — ۋاي تەقسىر، مەن ساڭا خىزمەت قىلىشقا تەييارمەن، نېمە تىلىكىڭ بار؟ نېمە تىلەيسەن؟ نېمە تىلىسەڭ شۇنى ئالىسەن، — دەپتۇ. ⑥ يېمەك، ئىچمەك، ئىستېمال قىلماق: بىر كۈنلۈك ھەمراھقا قىرىق كۈن سالام، دەپتىكەن، ھەرقايسىلىرىدىن ئارتۇق ئەمەس، قېنى ئالسىلا! * بىزە چۆپچۈلرەك بولۇپ قالدى، ئىشتىن كېيىن قالغىنىغا يەنە ئېغىز تېگەرسەن ئۇكا، ھازىرچە...قېنى ئال! ⑦ مەلۇم رەڭ، ھالەتنى ئۆزىگە سىڭدۈرمەك؛ پەيدا قىلماق: رەڭ ئالماق. تۈس ئالماق. خاراكتېر ئالماق. كۆزىگە ياش ئالماق. * پۈتۈن تەبىئەت خۇددى قىزغۇچ ئالتۇن سۈيىدىن ھەل بەرگەندەك، ئاجايىپ گۈزەل رەڭ ئالدى. ⑧ ئۆيلەنمەك: قۇربان كەتكەندىن كېيىن، زېمىندار مامۇت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار مايسىخاننى ئېلىشنىڭ قەستىگە چۈشۈپتۇ. * بۇ شەيتان قىزنىڭ سۆزىدە مەنە بار، بۇنداق پادىچى قىزنى ئەر ئالمايدىغان ئىش نەدە بولسۇن، يېزىمىزدىكى ھەممە يىگىتلەرنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا. ⑨ نەرسە-كېرەك سېتىۋالماق: بۇ ئاياغنى نەچچە پۇلغا ئالدىڭىز؟ * بوۋا، ھېلى مەن سىزدىن ئۇن تىيىنلىق ئالما

ئېلىپ ئىسىمدە يوق، پۇلنى بەرمەي كېتىپ قاپتىمەن. ⑩ ئۈستىگە قويماق: پەردە چېچىلىپ ياتقان كىتابلارنى يىغىپ جوزىغا ئالدىم. * ھېلىقى ئادەم يېنىدىكى يوغان چامادانىنى ھارۋىغا ئالدى. ⑪ بوشاتماق، چۈشۈرمەك، خالىي قىلماق: مۇرىسىدىن خۇرجۇننى ئالماق. ھارۋىدىن ساندۇقنى ئالماق. ماشىنىدىن يەشىكنى ئالماق. ⑫ ئورۇنلاشتۇرماق، مەلۇم جاي ۋە ئورۇنغا قويماق: دالدىغا ئالماق. * ھېلىقى ياش چوكان سېغىز چايناشتىن توختاپ قالدى-دە، يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئالغان بولۇپ، ئاستىلا كىشىلەرنىڭ دالدىسىغا ئۆزىنى ئالدى. * بىرەر سائەت قادىلىپ ئىشلىگەن بولسامۇ، ئىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي، چولاق تام سايىسىغا ئۆزەمنى ئالدىم. ⑬ ئىگىلىمەك، ئىشغال قىلماق: ئورۇن ئالماق. نام ئالماق. شەھەر ئالماق. * بىر پۈتى غۇچ-غۇچ بولۇپ كەتكەن ناسىركام ئۆز ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا پاخال ئۈستىدىن جاي ئالدى. * كەچقۇرۇنلۇقى، ئۇ ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ داياڭ يېزىسىدىكى پوتەينى ئالماقچى بولدى. * ئۈزۈلمىدى تارىخ سېنىڭ ئېقىنىڭدەك، غەم ئورنىنى كۈلكە-شادلىق ئالدى مانا. ⑭ قاپلىماق، ئورىماق: ئوت ئالماق. * يامغۇر ئالەمنى بىرئالدى. * يېڭى دەملەنگەن پولۇنىڭ ھىدى ئۆينى بىرئالدى. * ئۇنىڭ ئالتاغىل ۋارقىرىغاق ئاۋازى جاھاننى بىرئالدى. ⑮ پەيدا قىلماق، ھاسىل قىلماق: ئەت ئالماق. ياغ ئالماق. ياش ئالماق. * — ئەمدى... شۇنداق. بولسىمۇ ئوپېراتسىيە قىلمىسۇن، — كېسەل ئايال كالپۇكلىرىنى چىشلەپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى. * ئىشىك ئالدىدىن ئېرىق ئالدىم ئاتلاپ ئۆتكۈدەك، سۈزۈك-سۈزۈك سۇلار كەلدى قېنىپ ئىچكۈدەك. ⑯ كەلتۈرمەك: ئەسكە ئالماق. يادىغا ئالماق. زېھنىگە ئالماق. * — مەن...مەن...ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، سىز ماڭا ئېلىپ بەرگەن ھېلىقى ئاياغنى ئېسىمگە ئالدىم. ⑰ يوقاتماق، كەتكۈزمەك: زەھەرنى زەھەر ئالىدۇ (ماقال). ⑱ تەلەپ قىلماق، ئىزدىمەك:

www.uyghurkitap.com

**ۋاقىپلانىماق:** پىكىر ئالماق. جاۋاب ئالماق. دېرەك ئالماق. رۇخسەت ئالماق. ئىجازەت ئال- ماق. * قىدىر شاھ ھەر تەرەپكە كىشى ئەۋەتىپ، بىر يىلغىچە ئىزدىگەن بولسىمۇ، مەلىكە گۈلچېھرە- نىڭ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ⑲ **خاتىرىلىمەك، رەسمىي قالدۇرماق:** ئەنگە ئالماق. دەپتەرگە ئالماق. ھېسابقا ئالماق. سۈرەتكە ئالماق. * ئالىمجان بىر باقتى ـ دە، كەپشەرلەنگەن زاپچاس- لارنى سۈرەتكە ئالدى. * «ئون ئىككى مۇقام»نى خەلقئارا نوتىغا ئېلىش مۇقام ھەققىدىكى كەسپىي ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈردى. ⑳ **باسماق، ماڭماق:** قەدەم ئالماق. يول ئال- ماق. * مەن بۇنىڭغا پەسەنت قىلماي، ئۆيدىن چىقىپ، ئۇدۇل دۆي ئىشخانىسىغا قاراپ يول ئالدىم. * ئاخىر، مەن ياندап قاچماقچى بول- دۇم ـ دە، يانغا بىر قەدەم ئېلىشىم بىلەن كىمدۇ بىراۋنىڭ بېشىغا دەسسىۋالغاندەك بولۇپ موللاق ئېتىپ چۈشتۈم. ㉑ **مەھكەم تۇتماق، چىشلى- مەك، كەسمەك:** بېلىدىن ئالماق. ياقىسىدىن ئالماق. قۇلىقىدىن ئالماق. * بۇ سۆزلەردىن قاتتىق غەزەپلەنگەن پەخىردىن ناسىركامنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. * ئاق بويناق شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىتنىڭ پاچىقىدىن ئالدى. * دوختۇرلار ئۇنىڭ ئاشقازىنىنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ تاشلىدى. * ئەمدىلا كەلگەندە بوۋاي تەرەپكە، رازاقمۇ كېچىكمەي كەلدى يان ياقتىن، ھۇجۇم قىلىپ ئارقىدىن تېزدىن بۆرىگە، ئالماقچى بولغاندا ئىككى قۇلاقتىن. * ㉒ **قوشماق:** ئارىغا ئالماق. قاتارغا ئالماق. ㉓ **ئىگە دەپ قارىماق:** ئىناۋەتكە ئالماق. ئېتىبارغا ئالماق. ھېسابقا ئالماق. ㉔ **تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ:** ئەۋج ئالماق. ئارىيەت ئالماق. ئۆچ ئالماق. قىساس ئالماق. ھېساب ئالماق. تەسىر ئالماق. ئىمتىھان ئالماق. باش ئالماق. كۈن ئالماق. ㉕ **رەۋىشداش بىلەن بىرىكىپ كېلىپ تۈس مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.** بۇ چاغدا رەۋىشداش ئاخىرىدىكى «پ» تاۋۇشى«ۋ» تاۋۇشغا ئۆزگىرىدۇ ۋە تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: 1) **ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى ياكى ئۇنۇمىنىڭ سۇبيېكت تەرەپكە يۆنىلىشى ياكى سۇبيېكت تەۋەلىكىگە ئۆتۈشىنى بىلدۈرىدۇ:** ئۇلار بۇ يىل ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىۋالدى. * ئەپەندىم خېرىدارلارغا سەت كۆرۈنمىسۇن دەپ ئىشىكنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىۋېلىپ، خۇرجۇنغا سېلىۋاپتۇ. 2) **سۇبيېكتىنىڭ ھەرىكەتتىن مەنپە- ئەتدار بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ:** بىرئاز ئۇخلى- ۋال، بۈگۈن ئاخشام يەنە ئىشلەيمىز. * تاماق يەۋېلىپ ئاندىن ئىشلەيلى. 3) **ھەرىكەتنىڭ مەلۇم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ:** كۈچۈكنىڭ بېرىدا ئىشلىۋال. * يامغۇر ياغقۇچە ئۆيگە يېتىۋالايلى. 4) **ھەرىكەتنىڭ مۇداپىئە ئۈچۈن ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ:** ئۇ ئولتۇرۇۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. * ئۇلار يوغان بىر تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، نەچچە سائەت ئېتىشتى. 5) **بەزى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ ھەرىكەتنىڭ يالغاندىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ:** ئۇ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا توكۇر كىشى بولۇپ ئاقساقلىۋاپتۇ. * ئاڭلى- مىغان بولۇۋېلىپ جىم ئولتۇرغىنىنى قاراڭلار ئۇنىڭ.

**ئالماق ـ ساتماق** ئېلىش، سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانماق، تىجارەت قىلماق: بېسىمدارلىق قىلىپ پايدا ئېلىشقا يېقىن كەلمە، ئالماق ـ ساتماقتا ھېچقانداق ئادەمگە يالغان سۆز قىلما. * چەت شەھەرلەرگە سېتىشقا باپ كېلىدى- غان ماللاردىن راسلاپ بېرىپتۇ، بۇلار شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ ئالماق ـ ساتماق قىلىپتۇ.

**ئالمان** سۈپ ① ئېلىشتا ئىتتىك، تېز، چاققان؛ **تېز ئالىدىغان:** ئالغۇچە ئالمان، بەرگۈچە بەزگەك (ماقال). ② كۆچمە. **ئۇۋدا سالغاننى ئالىدىغان؛ ئالغۇر:** ئالمان قۇش. * بۇ قارچىغا ناھايىتى ئالمان چىقتى، كۆزىگە كۆرۈنگەننى قويماي ئالىدۇ.

**ئالمان ـ تالمان** ئۇپۇل ـ تۇپۇل، ئالدى-

راش ـ تېنەش، ئالدىراپ ـ سالدىراپ: ئۇلار ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن سادىقنى كۆرۈپ، ئالمان ـ تالمان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە ھە دېگەندىلا «ئاخبارات» ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. * مەن چالا ـ بۇلا يۇيۇندۇم ۋە ئالمان ـ تالمان كىيىندىم ـ دە، ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ يۈگۈردۈم.

**ئالمۇتۇگۈل** ئى [ئالمۇتۇ+گۈل] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى قوش ئۆسىدۇ، سوزۇق ئېللىپىس ۋە يۇرەك-سىمان تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ؛ ياز، كۈز پەسىللىرىدە چېچەكلەيدۇ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ، باش باھاردا تېرىلىدۇ.

**ئالمىزار** ← **ئالمىلىق**: تېغىڭ شۇنچە، بېغىڭغا كىم تاپالايدۇ مۇناسىپ سۆز. تەبىئەت ساڭىلا شۇنداق سېخىيمۇ ئالمىزار نىلقا.

**ئالمىزارلىق** ← **ئالمىلىق**.

**ئالمىغان** «ئالماق» سۆزىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى.

**ئالمىغان ـ بەرمىگەن** ئېلىش ـ بېرىشى تۈگىگەن، ئارىسى ئۈچۈق بولغان: پۇل مۇئامىلىدە بىز ئالمىغان ـ بەرمىگەن.

**ئالمىغان ـ بەرمىگەن بولماق** ئېلىش ـ بېرىشنى تۈگەتمەك، ئارىسى ئۈچۈق بولماق: بىز ئۇلار بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالمىغان ـ بەرمىگەن بولۇپ تۈگەشتۇق.

**ئالمىلىق I** ① سۈپ. ئالما دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن، ئالما دەرىخى بار: ئالمىلىق باغ. * مېنىڭ ئىككى مو كەلگۈدەك ئالمىلىق بېغىم بار. ② ئى. ئالما دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن يەر، مەيدان، باغ: ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجانلانغان ۋە قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن بۇ ئالمىلىق قورتىقا قارشى جىددىي جەڭ مەيدانىغا ئايلانغانىدى.

**ئالمىلىق II** ئى. توقۇش دۇكىنىدا جەينەك-نىڭ دەپتىنىگە ھەرىكەتچان ئورۇنلاشتۇرۇل-غان جابى.

**ئالمىماق** پ ① يىپ ئۇچلىرىنى ئالماش-تۇرۇپ تاڭماق، چاتماق: ئازادەمنىڭ ماھىر قوللىرى ئاپتوماتتەك ھەرىكەت قىلاتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئېچىپ بولغۇچە يىپىنى ئالماپ چېگىپ بولاتتى. ② بىرنەرسىنى ئىككىنچى نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئالماشتۇرۇپ تۇرۇپ ئورۇنلاش-تۇرماق: پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرماق. شاخنى ئالماپ قويماق. ئارغامچىنى ئالماپ قويماق.

**ئالوي** ئى [ر<گرېك] <بوت> ← **سەبرە**.

**ئالۇچا** ئى [پ] <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان مېۋىلىك دەرەخ، گۈلى قىزغۇچ، قىزىل كېلىدۇ، مېۋىسى يۇملاق بولۇپ پىشقاندا قىزىرىدۇ؛ يېيىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**ئالۇدە** ئى [پ] ئىچ ئېلىشىش، كۆڭۈل ئېغىش.

**ئالۇدە بولماق** ئىچ ئېلىشماق: قورۇق ھۆ تۇتماق، كۆڭۈل ئاغماق: قاچىدىكى تاماقنى كۆرۈپلا ئىچىم ئالۇدە بولۇپ، قورۇق ھۆ تۇتقاندەك بولدى.

**ئالۋاستى** ئى ① رىۋايەتلەردىكى ھەر خىل قىياپەتلەرگە كىرەلەيدىغان ئەپسانىۋى مەخلۇق؛ جىن: خۇددى پەرىزات تۇسىگە كىرگەن ئالۋاستىدەك كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋاتقىنىنى قارا، دەپ ئويلىدى ئاسىم. ② كۆچمە. ناھايىتى كۆرۈمسىز بەتبەشىرە (ئالدامچى ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ): ...ئۆزىنىڭ پارتىيىگە، خەلققە قارشى يامان نىيىتىنى يوشۇرۇپ، كىشى ئالدايدىغان شېرىن سۆزلەر بىلەن ئۆزىگە تارتىدۇ ـ دە، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قورچاققا ئايلاندۇرىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى سىز ماھىنۇردەك بىر ئالۋاستىدىن قۇتۇلدىڭىز.

**ئالۋاڭ** (توغرىسى: ئالۋان) ← **ئالۋان**.

**ئالۋان** ئى. زورلۇق بىلەن تاپشۇرۇشقا بەلگىلەنگەن، ماددىي نەرسە ياكى ھەقسىز

www.uyghurkitap.com

ئىشلەپ بېرىدىغان مەجبۇرىي ئەمگەك: يول ياقىسى ئېگىز ئوردا، قاراپ ئۆتەلمەيدۇ كىشى. ئالۋان ـ سېلىق دەستىدىن، ئۆيدە ياتالمايدۇ كىشى. * ئۇلار ھەر كۈنى يېزىلارغا ئالۋان سالاتتى؛ بىركۈنى سەككىز يۈز جىڭ ياغ دەپ كەلسە، ئەتىسى يۈز جىڭ ئاچچىقسۇ دەپ كېلەتتى.

**ئالۋان سالماق** زورلۇق ۋە مەجبۇرلۇق بىلەن ئالۋان ـ سېلىق يۈكلىمەك، ئارتماق: ئۈچ يىلدىن بېرى يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ ئۈستىگە، خەلققە سالغان ئالۋان كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ خەلق تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

**ئالۋانچى** ئى. ئۈستىگە ئالۋان مەجبۇرىيىتى چۈشكەن كىشى: تەشەككۇر ئېيتىسەن مىڭ بار، ئوغۇل بالا يۈزىن كۆرسەڭ. بىلىپ قوي! ئالۋانچى تۇغۇلغان قىز ۋە ئوغلانىڭ.

**ئالۋان ـ سېلىق** مەلۇم تۆلەشكە تېگىشلىك بولغان ۋە مەجبۇرىي ھەقسىز تاپشۇرۇلىدىغان ماددىي نەرسە ۋە ئۇنىڭغا بەدەل قىلىنغان ئەمگەك كۈنى: سۇ بەگلەر ئۇچۇن ئاقتى، پۇقرالارغا سۇ بولمىدى، لېكىن بىزنىڭ ئالۋان ـ سېلىقلىرىمىز ئۆزگەرمىگەنىنىڭ ئۈستىگە بارغانچە كۆپىيىپ كەتتى.

**ئالۋان ـ ياساق** ← **ئالۋان ـ سېلىق.** ھە، مانا بىزنى شۇنداق ئاچكۆز خوجايىنلار، ئالۋان ـ ياساقلار، خورلۇق ـ ھاقارەتلەر قۇرۇق قاقشال قىلىپ قويدى.

**ئالۋۇن** ئى. دىئال. ئېزىنتقۇ.

**ئالبوتا** ئى [ئالا+بوتا] تاشلاندۇق يەرلەردە، بەزى ئېتىزلاردا ئۆسىدىغان يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستى يالتىراق، ئاستى كۆل رەڭ ياۋا ئوت.

**ئالبۆرەك** سۈپ [ئالا+بۆرەك] ① تولۇق بىر خىل رەڭگە كىرمىگەن، ئالا ـ بۇلا: پەمىدۇر توق قىزارمىدى، ئەمدى ئالبۆرەك بولدى. ② تولمىغان، يېتىشىپ بولمىغان: بۈگۈن سويغان قوي ئالبۆرەك چىقتى.

**ئالپ** سۈپ. چوڭ، ئېگىز، كۆركەم: ئاي چىقىدۇ ئاخشامىسىرى، ئالپ تاغلار ۋاللىدايدۇ. مەھەللىلەردە، تاش ئۆيلەردە، جىن چىراغلار پىلىلدايدۇ.

**ئالپاساق** سۈپ [ئالا+پاساق] ئالا قوۋزاق، ئالچىپار، قارا ـ قۇرا: قوناق ئالپاساق بولدى. * يول ساسلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەنىدى. ئالپاساق شور ئۆرلىگەن پاتقاق يولىمۇ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئىدى.

**ئالپتە** سۈپ. چىرايلىق، كۆركەم؛ يېتىلگەن: مەن ئىتتىك بۇرۇلدۇم، يېنىمدا ئېگىز بوي، ئاق پىشماق، ئالپتە كىيىنگەن بىر يىگىت تۇراتتى.

**ئالتاغىل** سۈپ [ئالا+تاغىل] ① ئاق داغلىرى بولغان، ھەر خىل رەڭ ئالغان: ئالتاغىل توپاق. * بوۋاي سۆزىنى توگىتىپ ئالتاغىل ئايغىرىنىڭ ساغرىسىغا قامچا ئۇردى. ② بىر خىل بولمىغان تەرتىپسىز، قالايمىقان؛ ئېگىز ـ پەس، بوم ـ زىل، يۇقىرى ـ تۆۋەن: ئالتاغىل ئاۋاز. * ئۇنىڭ ئالتاغىل ئاۋازى قۇلىقىمغا غەلىتە ئاڭلىنىدۇ. * بۇ قىزنى ئويغۇنىمىزدا ئەمەس چۈشىمىزدە كۆرگەن ئوخشايسىز، چۈنكى بۇنداق ئالتاغىل چۈش، ياكى كۆزگە كۆرۈنگەندەك قىلغان خىلمۇخىل خىياللار ھەر خىل تاماقنى ئېگىز ـ پەس يەۋەرگەنلىك ئۈچۈنمۇ يۈز بېرىدۇ.

**ئالتاغىل تووۇلىماق** ← **ئالتاغىل ۋارقىرىماق.**

**ئالتاغىل ۋارقىرىماق** ئېگىز ـ پەس، تەرتىپسىز، رېتىمسىز تووۇلىماق: ـــ ھەي ئۆلۈپ قالدىڭمۇ؟ ـــ دېدى ئۇ زەردە بىلەن، ئاخشىمى بولسا ئىچىپ ـ چېكىپ، ئالتاغىل ۋارقىراپ ياتمايسەن، ئەتىسى كۈن پېشىن بولغۇچىلىق قوپمايسەن.

**ئالتوپىلاڭ** ئى [ئالا+توپىلاڭ] قالايمىقانچىلىق، غەلۋە ـ غوۋغا، تىنچسىز ھەرىكەت ۋە ھالەت: يەۋاتقان ئاشلىرىنى چالا تاشلىشىپ، ئالتوپىلاڭ بولۇپ تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى. بۇلارنىڭ بۇنداق ئالدىرىشىپ چىقىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقالماي، مەنمۇ ئەگىشىپ

تالاغا چىقتىم. * —ۋاي بالام، —جاۋاب بەردى شاكىر قوۋۇقچى، —بۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، مەن ساڭا ئېيتسام، بۇلار ئالتوپىلاڭ قىلىپمۇ شۇ كۈنگە قالغانلار، خۇدايىمنىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلغان تۈزۈك ئەمەسمىدى.

**ئالتوپىلاڭ كۆتۈرمەك** قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماق، قالايمىقان ھەرىكەت، غەلۋە-غوۋغا پەيدا قىلماق: ئۇنىڭ شۇنچىۋالا جىق ئەسكى ئىشلارنى قىلغانلىقىنى كىم بىلىپتۇ؟ مېنىڭچە، بۇنداق كىشىلەر ئەمىلى قانچە يۇقىرى بولسا، شۇنچە چوڭ ئالتوپىلاڭ كۆتۈرىدۇ.

**ئالتوپىلاڭچى** ئى. ئالتوپىلاڭنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى، ئالتوپىلاڭغا قاتناشقۇچى: ئالتوپىلاڭچىلار دەككىسىنى يەپ ئۆز تۆشۈكلىرىگە كىرىشتى.

**ئالتوپىلاڭچىلىق** ئى. ئالتوپىلاڭچىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەرىكەت ۋە ھالەت: ئەنە شۇنداق تارتىشماقنىڭ ئۈستىگە ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەن پاتىگۇل ھەدە بۇ ئالتوپىلاڭچىلىقتىن پىشانىسىنى تۈتتى.

**ئالچوقا** سۈپ. ئالدىراڭغۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان: ئالچوقا ئادەم. * ھەي، ھېلىقى سەمەت دېگەن ئالچوقا ئەجەب ئالدىراپ كېتىپ قالدى-دە، —سۇلتان ناھىيلىك دوختۇرخانىدىن تەكلىپ قىلىنغان دوختۇرنى ئەلەم بىلەن ئەسكە ئالدى، —ئەگەر ئۇ تۇنۇگۈن ئېيتقان بولسا، ئۇمۇمەن، مېھرىبانمۇ مېنىڭ خالىسلىقىمدىن گۇمانلىنالمىغان ۋە كېسىش تەكلىپىنى رەت قىلىشقا ئامال قىلالمىغان بولاتتى.

**ئالچوقىلىق** ئى. ئالدىراڭغۇلۇق، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق، رەتسىزلىك: ئالچوقىلىق بىلەن قىلغان ئىش بەرىبىر ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. * مەن بۇنى ئالچوقىلىق دېمىگەندىمۇ، بېخىللىق ۋە غەلىتە قىلىق دەپ ھۆكۈم قىلغان بولاتتىم—قىسقىسى، بۇ، بىر ئۇلۇغ ئەربابنىڭ ئاجىزلىقى خالاس.

**ئالچا** ئى. رەڭلىك يىپلاردىن يوللۇق توقۇلغان رەخت.

**ئالچەكمەن** [ئالا+چەكمەن] ① ئى. يوللۇق توقۇلغان چەكمەن: ئۇ «باي بولۇشنىڭ يولى»نى خاتا تاللىغانلىقىنى شۇنچە كېچىكىپ تونۇغانلىقىدىن كۆڭلىدە قاتتىق ئۆكۈنەتتى، شۇڭا، ئارتۇقچە سۆزلىيەلمىدى ۋە ئالدىدىكى ئاشنىمۇ تاشلاپ، ئورنىدىن تۇرغان پېتى قوزۇقتىكى ئالچەكمەن بەلباغنى ئېلىپ بېلىگە ئورىغىنىچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ② كۆچمە. سۈپ. ئالدىراشلىق، ھەيرانلىق ياكى خاپىلىقتىن چىرايى ئۆزگەرگەن، كۆزلىرى يوغان-كىچىك ئېچىلغان: ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالچەكمەن بولۇپ بۇرنىنىڭ تۆشۈكى كېڭەيگەنىدى.

**ئالچۇقان** ئى [ئالا+چۇقان] ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىلەن تولغان تىنىمسىز ھالەت: ئىش شۇنىڭ بىلەن بېسىقمىدى، سول ياقىدىكى ئىششىپ چىققان چەت ئەللىك ئالچۇقان كۆتۈرۈپ مېھمانخانىنى بىر ئالدى. * توخۇ بازىرىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلارغا قوشۇلۇپ، كەپتەرۋازلارنىڭ ئالچۇقانلىرى بازارنى قاپلىغانىكەن، ئۇ مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.

**ئالچۇقان سالماق** ← **ئالچۇقان كۆتۈرمەك**: ئوغۇتچىلار بىلەن سۇچىلار ئالچۇقان سېلىشىپ كېتىپ قېلىشتى.

**ئالچۇقان كۆتۈرمەك** ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماق، ۋارقىراپ-جارقىرىماق، غوۋغا چىقارماق: ئاخىر ئالماس ئاتخانا ئۈستىدىكى بېدىگە ئوت قويۇپ، تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا ئالچۇقان كۆتۈرۈپ بەگنى تەمتىرىتىپ، سۆڭگۈچ بىلەن كىرىپ سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلاپ تاپتى. * ئۇ مومىنىڭ ئۇچىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ، پۇتلىرىنى مومىغا قاتتىق تاقاپ تۇرۇپ، مومىنى شۇنداق قاتتىق لىڭشىتىنكى، موما ئېغاڭلاپ، تۆۋى تەرىپى غىرسلاپ كەتتى. تۆۋەندە قاراپ تۇرغان كىشىلەر ئىچىدە ئالچۇقان كۆتۈرۈلدى.

**ئالچۇق** ئى. ئىككى يان تەرىپى يانتۇ، ئۈستى (چوققىسى) بىر نۇقتىدا تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۈچ بۇرجەك ياسالغان، سىرتى

كىگىز ياكى قومۇش ئوت-چۆپلەر بىلەن بۆكەلگەن كەپە: — ئالچۇقنىڭ ئىچىدە ئولتۇ-رۇۋالماي قوغۇندىن ياخشىراق خەۋەر ئالغىن جۇمۇ، — دېدى ئۇ ئايالىغا تاپىلاپ.

**ئالچىپار** سۈپ. [ئالا-چىپار] ئاق داغلىرى بار؛ چىپار: ئالچىپار ئات. ئالچىپار كۆڭلەك. * بىراۋ ئىشىكنى يېنىك چەكتى، باست بېشىنى كۆتۈردى، ئاپئاپتىن كوسا يۈزلىرى ئالچىپار بولۇپ كەتكەن تاشماق ئۈزى بىلەن باش تومۇز-نىڭ ئىسسىقنى باشلاپ ياتاقىقا كىرىپ كەلدى. * يېشىل مەخمەلدەك قىرلار ئالچىپار رەڭگە كىردى.

**ئالىزارىن** ئى [ر<فران<ئە] ئوردان ئۆسۈملۈكى يىلتىزىدىن ئېلىنىدىغان ياكى سۈنئىي يول بىلەن تەييارلىنىدىغان بوياق ماددا.

**ئالسېرىق** سۈپ [ئالا+سېرىق] سارغىيىشقا باشلىغان، تەكشى سارغىيىپ كەتمىگەن، ئالا-بۇلا سارغايغان: ئالسېرىق غورا، ئالسې-رىق پەمىدۇر. * ئالتىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا ئۆرۈك ئالسېرىق بولىدۇ.

**ئالغاي** سۈپ. قىڭغىر كۆز، كۆز قۇرۇل-مىسى قىڭغىر؛ ئەلەس، ئەلەس قارايدىغان: ئالغاي كۆز. ئالغاي ئادەم.

**ئالقاپ** سۈپ [ئالا+قاپ] يالغان-ياۋىداق سۆزلەيدىغان، راست-يالغان بىلەن كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان: ئالقاپ ئادەم.

**ئالقاپلىق** ئى. يالغان-ياۋىداق سۆزلەپ، راست-يالغان بىلەن كىشىلەرنى قايمۇقتۇ-رىدىغان قىلىق: ئۆزەڭنى تۇتۇشنى، ئادەملەر بىلەن توغرا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەن. سېنىڭ هازىر قىلىۋاتقىنىڭ ئالقاپلىق.

**ئالقاپلىق قىلماق** ئالقاپلىق بىلەن شۇغۇل-لانماق، ئالقاپلىققا ئادەتلەنمەك: ئەكبەر ئالقاپلىق قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى قايمۇقتۇردى.

**ئالقاراق** ئى [ئالا+قاراق] توم تۇياق ماللاردا بولىدىغان سانجىق كېسىلىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. مال ئالقاراق بولغاندا كۆزىنىڭ قارىقى تارتىشىدۇ.

**ئالقان** ئى. قول پەنجىسىنىڭ ئىچ يۈزى: مەهبۇبە ئالقىنى بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى. تېمپېراتۇرىسى ئۆرلىمەكتە، پۇتلىرى ئۆلۈكىنىڭ پۇتىدەك مۇزلىماقتا ئىدى. * نۇرگۇل ئاخىر ئۆزىنى تۇتالمىدى، ئالقانلىرىدا يۈزىنى توسۇپ هۆڭرەپ يىغلىغىنىچە سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

**ئالقاندا كۆتۈرمەك** ناهايىتى ئەتىۋارلىماق، ئىنتايىن ئىززەت-هۆرمىتىنى قىلماق: ئالىمنى بىر ئوغۇل دەپ ئانىسى ئالقاندا كۆتۈر-گەندەك قىلىپ ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان.

**ئالقىنىدا ئويناتماق** دېگەن گېپىدىن، سىزغان سىزىقىدىن چىقارماي باشقۇرماق، دېگىنىنى قىلدۇرماق.

**ئالقانغا چۈشمەك** قولغا چۈشمەك، ئىلكىگە ئۆتمەك: — جېنىم، غەمخورلۇقىڭىزغا رەهمەت، — دېدى سادىق قوللىرى بىلەن رەيهاننىڭ چاچلىرىنى ئاستا تاراپ تۇرۇپ، — هازىر ئارام ئېلىشقا، ئۇخلاشقا ۋاقىت يوق. تېرىلغۇ ئېتىزلىرى زەي-شورنىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ كاردىن چىقاي دەپ قاپتۇ.

**ئالقىنىدا ئۆسمەك** ئۆز يېنىدا، كۆز ئالدىدا تەربىيىلەنمەك: — ئەجەب مۇلايىم، يېقىملىق يىگىتكەن، — ياخشى بولغاچقا ئۆزەم شوپۇرلۇققا قوبۇل قىلغان، ئالقىنىمدا ئۆستى، پىشتى، مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەن ئۆكۈزمۇ يورغىلايدىغان بولىدۇ.

**ئالقىنىغا ئالماق** قولغا ئالماق، قولغا چۈشۈرۈۋالماق، قولغا كىرگۈزۈۋالماق: دىلەيسەم بالام مۇئاۋىن دادۇيجاڭ بولۇپلا پۈتۈن دادۇينىڭ ئىشىنى ئالقىنىغا ئالدى. پەخەس بولۇڭ، شېجاڭلىقىڭىزنىمۇ ئېلىۋالمىسۇن يەنە!

**ئالقىنى قىچىشماق** ① بىرەر ئىش-ئەمگەك قىلغۇسى كەلمەك: يارايسەن، ئىنىم، كەتمەننى كۆرۈپ ئالقىنىڭنىڭ قىچىشىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرۇ-ۋاتىمەن، بارغىن ئۇلارمۇ سېنى سېغىنغان، مەنمۇ هارۋىنى چىقىرىۋېتىپ، كەينىڭدىن يېتىپ

بارىمەن. ② خۇراپىي چۈشەنچىدە: قولغا پۇل ياكى بىرەر نەرسە كىرىشىنى سەزمەك، بولىدىغان پايدا ۋە مەنپەئەتنى سەزمەك.

**ئالىقنى قىزىماق ← ئالىقنى قىچىشماق:** مۇزاكىرە قىلايلى، جۇمە نىمە ئۆرە تۇرىسەن، شانىياز ئۇكا، ئالىقىنىڭ تازىمۇ قىزىپ كېتىپتۇ ــ دە، ئولتۇر...، ــ دەپ بىر ــ بىرلەپ ئولتۇرغۇزدى.

**ئالىقنى كەڭ ← قولى ئوچۇق:** ئايالىلىرى ئەدەبلىك (بىھاياغا غەزەپلىك)، ئالىقنى كەڭ، مېھماندوست، ئەكەن باتۇر نەسەبلىك.

**ئالىقىنىنى يالايدىغان** كىشىلەرگە نەپ بەرمەيدىغان، بېخىل، پىخسىق: ئۇ باي راسا پىششىق، ئالىقىنىنى يالايدىغان ئادەم، شۇنداق بولسىمۇ ئالماي ئىلاجى قانچە!

**ئالىقنى ئوچۇق ← قولى ئوچۇق:** قىر ۋە ئۈستەڭ بويىدا شاخلاپ زاراڭزا ئۆخشىغان، يەر دېگەن ئادىل سېخىي، كەڭ ئالىقنى ئوچۇق ئىكەن.

**ئالىقانات** سۆپ [ئالا + قانات] كۆچمە. گەپ ــ سۆزى، ھەرىكىتى تۇراقسىز، ھەممە ئىشتا بار، تىنىم تاپمايدىغان: پۇل ئۇتتۇۋالغۇچى مەندىن چوڭ ھەم كۈچلۈك، ئۇچىغا چىققان ئالىقانات ئىدى، مېنىڭ سۆزۈم ئۇنىڭ ئۇغىسىنى قايناتتى. * ھېلىقى ئۇرۇش ــ جېدەل قايىنىغان كۈنلەردە شەھەردە ئۆزى تونۇمايدىغان بىر ئوقۇغۇچى بالىنى تاياقتىن ساقلاپ قالىمەن، دەپ ئەلەم كۆرىشكە چىققان ئالىقاناتلاردىن كالتەك يېگەنىكەن، ئۇ شۇنىڭدىن قالغان ئىز.

**ئالىقاناتلىق** «ئالىقانات» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ئالىقانچە** سۆپ. كىچىككىنە، ئازراق: دېھقانلار مو بېشى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالىقانچە يەرنىمۇ ئاق قالدۇرماي تېرىيدۇ. * ئۇ زامانلاردا بايلار بىپايان زېمىنغا ئىگە بولۇۋالغان، كەمبەغەللەرنىڭ بولسا ئالىقانچىمۇ يېرى بولمىغان، بۇ ھال يەرنىڭ پومېشچىكلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئالىقانچىلىك** سۆپ ← **ئالىقانچە:** ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق. ھاۋا كىشىگە قىزىتىلغان تونۇرنى ئەسلىتەتتى. شامال بولسىچۇ، كاشكى! * بۇ ئالەمنى كەڭ دېيدۇ، بىلەلمىدۇق زادىلا. ئالىقانچىلىك يەر تۇرماق، يېتەلمىدۇق سايىغا.

**ئالىقانسىمان** سۆپ. ئالىقانغا ئوخشايدىغان، ئالىقان شەكىللىك: ئالىقانسىمان ئېرىق.

**ئالىقوڭغۇز** ئى [ئالا+قوڭغۇز] قوڭغۇزنىڭ بىر خىلى.

**ئالىقول** سۆپ [ئالا+قول] بىر قوللۇق ئەمەس، ئالغۇ ــ بەرگۈدە باراۋەر مۇئامىلە تۇتمايدىغان: ئالىقول ئادەم. * ئالىقول ئادەملەر ئاخىرقى ھېسابتا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن قالىدۇ.

**ئالىقوللۇق** ئى. باشقىلارغا بىر خىل مۇئامىلىدە بولماسلىق، ئالا مۇئامىلىدە بولۇش: مال ساتقۇچىلار ئالىقوللۇق قىلماي ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇشى لازىم.

**ئالىگەدەن** سۆپ [ئالا+گەدەن] تەربىيە كۆرمىگەن، ھەددىدىن ئوشۇق قوپال ۋە قاتتىق مۇئامىلە قىلىدىغان: ھوي، قاپاقباش ئالىگەدەن، سىلىگە ئوخشاش بوھتان چاپلاپ خەقنىڭ قېنىنى شوراۋاتقىنىم يوق، تىلىلىرىنى ئوڭشاپ گەپ قىلسىلا.

**ئالىگەدەنلىك** ئى. ھەددىدىن ئاشقان قوپال ۋە قاتتىق مۇئامىلىلىك ھەرىكەت ۋە ھالەت.

**ئالىگرات** (ئالىگراتى) ئى ① ئەينۇلا تېپىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك، مېۋىسىنىڭ تەمى چۈچۈمەل، ئاچچىق: بىزنىڭ باغدا بەش تۈپ ئالىگرات بار. ② شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئالىلىق** ① «ئالا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② كۆچمە. كۆڭلىدە ساقلانغان نارازىلىق، نىيىتىدىكى ئىككى خىللىق، كۆڭلىدىكى دۈشمەنلىك: ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئالىلىقىدىن قىلغان ئىشى راۋاج تاپمايدۇ.

**ئالىم** ئى [ئە] ① پەننىڭ بىرەر ساھەسى بويىچە مەخسۇس يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولغان،

www.uyghurkitap.com

كىشى: ماتېماتىكا ئالىمى. فىزىكا ئالىمى. ② ئەرلەرگە قويۇلىدىغان ئىسىم.

**ئالىماچ** سۈپ. ئالا-بۇلا، ھەر خىل رەڭ-تۇس ئالغان: ئالىماچ بۇغا. ئالىماچ ئاسلان. * چىغىر-چىغىر قارلىغاچ، قاناتلىرى ئالىماچ، ئىشىكىڭگە مەن كەلدىم، ئايىسى خېنىم قوۋۇقۇڭنى ئاچ.

**ئالىمادىس** يۈك. [ئالەم+ھادىس] مۇبادا، ئېھتىمال؛ ئويلىمىغان، كۈتمىگەندە، كۈتۈلمىگەندە: ماتور باشقۇرغاندا ئالىمادىس خەتەر چىقىپ قېلىشتىن ھوشيار بولۇش لازىم. * مۇشۇنداق بولسۇۋەرسە، ئۇنىڭ جىگەر پارىسى بولغان يالغۇز ئوغلىنىمۇ ئالىمادىس بىرەر بەختسىزلىككە دۇچار بولمايدۇ، دېگىلى بولامدۇ؟ ھەي، ئەجەب بىر مالىماتاڭ كۈنلەرگە قالدىغۇ كىشى....

**ئالىمان** ئى. ئۆز-ئۆزىدىن ستىخىيىلىك رەۋىشتە توپلانغان ئادەملەر؛ خالايىق: كېرىلەتتى ھۇركۈل بۇقا شۇ پەيتتە، تۆگە يۈكى پەشمىتىگە سىغماستىن. تەنە يېنىپ تۇرغان قىيغاچ كۆزلىرى، ئالىماننى ئارىلايتتى تىنماستىن.

**ئالىملىق** ئى ① ئالىملارغا خاس ئىش-ھەرىكەت: ئىسپاركۇلدە ئەدەبىيات ئالىملىقىنىڭ بىخلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن كېيىن ئىلىك بەك خۇش بولدى. ② كۆچمە. بىلەرمەنلىك، ئۆزىنى ھەممىنى بىلىدىغان قىلىپ كۆرسىتىش: سەن مېنىڭ ئالدىمدا تولا ئالىملىق قىلما!

**ئالىئۆپكە** سۈپ [ئالا+ئۆپكە] تۇراقسىز؛ ئىشنى ئالدىراپ-تېنەپ چالا قىلىدىغان: ئالىئۆپكە ئادەم.

**ئالىئۆپكىلىك** ئى. تۇراقسىز ھەرىكەت؛ ئىشنى ئالدىراپ-تېنەپ چالا قىلىش ھالىتى: ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ئالىئۆپكىلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

**ئالىۋار** ئى. سارغا ئوخشاش ئوزۇقلىنىدىغان، چوڭلۇقى سارىدەك، قويرۇقىدا ئېقى بار بىر خىل قۇش.

**ئالىي** سۈپ [ئە] ① ئورنى، مەرتىۋىسى، دەرىجىسى ۋە شۇ قاتارلىق جەھەتلەردىن ئەڭ يۇقىرى؛ باش: ئالىي سوت. ئالىي باش قوماندان. * جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدۇر. ② سۈپەت جەھەتتىن ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ ياخشى؛ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك، يۈكسەك: ئالىي سۈپەت. ئالىي مەقسەت. ئالىي نىشان. ③ مائارىپ سىستېمىسىدا تولۇق ئوتتۇر مەكتەپتىن يۇقىرى: ئالىي مەكتەپ. * تۇرسۇنئاي ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ④ يۇقىرى مۇرەككەپ: ئالىي ماتېماتىكا. * بىزگە ئالىي ماتېماتىكا دەرسىنى رىشات مۇئەللىم ئۆتىدۇ.

**ئالىي كوپېراتىپ** يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ھەمكارلىق گۇرۇپپىدىن ھالقىغان كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتى: دېھقانلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئالىي كوپېراتىپ بولۇپ ئۇيۇشتى.

**ئالىي ئېھتىرام** يۇقىرى ھۆرمەت، ئالىي ھۆرمەت: ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرمەك. ئالىي ئېھتىرام بىلەن سالام يوللىماق.

**ئالىيجاناب** سۈپ [ئالىي+جاناب] ① بەك ئەدەبلىك، ئادەمگەرچىلىكى ئىنتايىن ياخشى؛ ئۇلۇغ، ئېسىل: ئالىيجاناب ئادەم. * راستىمنى ئېيتسام، بۇ پېشقەدەم مۇئەللىمنىڭ بۇنداق ئالىيجاناب قەلبىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئىكەنمەن. ② ئىنتايىن ياخشى، مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ياخشى: ئالىيجاناب ئىش. * يولداش خۇرشىدە گۇڭشېمىزنىڭ ئەزاسى، كەمبەغەل دېھقان ئەمەتئاخۇننىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭ ئانىسى رابىخاننىڭ ئەما كۆزىنى ئېچىشتا كېچە-كۈندۈز دېمەي، جاپاغا چىداپ ئىشلىدى، كېسەللەرنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالدى، خۇرشىدىنىڭ ئۆزۈل-كېسىل خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بۇنداق ئالىيجاناب روھىنى ئۆگىنىمىز....

**ئالىيجانابلىق** ئى. ئالىيجاناب ھەرىكەت، پائالىيەت: ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقىنى بىر دېمەڭ. * بىر چاغلاردا ئويۇنچۇقتەك كۆرۈنگەن بۇ ئادەم ھازىر ئۆز قەلبىنىڭ ئالىيجانابلىقى بىلەن كۆز ئالدىمدا تۇساتتىن بويلىسا بوي يەتمەيدىغان گىگانت بىر ئادەمگە ئايلاندى.

**ئالىيلىرى** ئى. ئالىي تەبىقىگە مەنسۇپ ياكى مەنسەپكە ئىگە كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ نامىنى ئۇلۇغلاپ ئېيتىلىدىغان مۇراجىئەت پورمىسى: ئۇ، پات ئارىدا ئۆزەم بېرىپ ۋەزىر ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشىمەن دېدى.

**ئالىيلىق** «ئالىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى، مەنسىپىنىڭ ئالىيلىقى بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز يوق.

**ئالىيۇمىن** ئى [ر<لات] <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت، بەلگىسى (Aluminu) Al كۈمۈشسىمان ئاق، يەڭگىل، ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك، ئاسان توك ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن توك سىمى، ئاشخانا سايمانلىرىنى ئىشلەشكە بولىدۇ. ئالىيۇمىن قېتىشمىسى ئايروپىلان، راكېتا، ئاپتوموبىل، پاراخوت قاتارلىقلارنى ياساشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**ئالىيپىشىل** سۈپ [ئالا+يېشىل] ئاساسەن يېشىل تۈس بىلەن ئاجىرىلىپ تۇرىدىغان ئالا ـ بۇلا: ئالىيپىشىل كۆڭلەك. ئالىيپىشىل رەڭ. * ئۇ كوزۇپتىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، تاماللىرىدىكى ئالىيپىشىل شوئار ۋە چوڭ خەتلىك گېزىتلەرگە يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

**ئالىيپىشىللىق** ئى. ئالىيپىشىل ھالەت: باھار پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ باغچا ئىچى ئالىيپىشىللىققا تولدى.

**ئالىيشماق** «ئالايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئادەملەر توپى مېنىڭ بۇ قىلغىنىمغا نارازى بولۇپ ئالىيىشتى. بەزىلەر غودۇڭشىشتى.

**ئام** ئى. ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**ئامال** ئى [ئە] چارە ـ تەدبىر، ئىلاج، ئۇسۇل ـ چارە: ئاستا سۆزلىگەن كىشىنىڭ ئامالى كۆپ (ماقال). * سەۋەب قىلسالىڭ زاۋال يوق، قىلالمىساڭ ئامال يوق (ماقال). * ئۇنىڭ يانچۇقىدا بىر تىيىنمۇ بولمىغانلىقتىن، ئاغزىغا كەلگەن سېرىق سۇنى يۇتماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

**ئامال تاپماق** بىرەر مەسىلە ۋە بىرەر ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل ـ چارىسىنى ئويلاپ چىقماق، چارە تاپماق، ئىلاج قىلماق: ئۇ ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ ئويلاپ ئاسان قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپالماي، ئاخىر قېچىپ كېتىش قارارىغا كەپتۇ. * ئابدۇقادىر ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ ئاخىر بۇ ئىشقا ئامال تاپتى.

**ئامال قانچە** نېمە چارە بار، قانداق ئىلاج قىلغىلى بولسۇن، ئىلاج يوق: ئامال قانچە، ھەربىي بولغاندىن كېيىن، قوماندىغا بويسۇنۇش كېرەك ـ تە، ـــ دېدى يىگىت مۇلايىمغىنا. * مەنمۇ خىجىل، رەنجىمەڭ ئانچە. كۆڭلىدە ساتقان بېلەت ئاز ئەمەس، يېتىشمىسە، ئامالىم قانچە.

**ئامال قىلماق** چارە ـ تەدبىر قوللانماق، بىر تەرەپ قىلماق، ھەل قىلماق: كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ چەكچىيىپ كەتكەن بەگ ھەم ئۇنىڭ چاپارمەنلىرى بىر ئامال قىلىپ، ئاتلىرىغا مىنىشتى ـ دە، يۇرت ئىچىگە قاراپ تىكئۆەتتى. * ئۇنىڭ قىلمىغان ئامالى، كۆرسەتمىگەن تېۋىپى قالماپتۇ، قىز ساقايماپتۇ.

**ئامال ـ چارە** ئامال ۋە چارە: بارلىق ئامال ـ چارىلارنى قىلىپ، كوللېكتىپ مەبلەغنى كۆپەيتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. * ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ھۆججەت، دوكلاتلاردىن ئۆز ناھىيىسىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىغا پايدىلىق ئامال ـ چارىلارنى ئىزدەيتتى.

**ئامالسىز** سۈپ. ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ياكى ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئىلاجىسى بولمىغان، چارىسى يوق، ئىلاجسىز: ئامالسىز ئىش. ئامالسىز مەسىلە. * ئۇ ھەر ئىككى ئىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز ئىدى.

**ئامالسىز قالماق** چارە ـ تەدبىر تاپالماي،

ئىلاج قىلالماي قالماق: ئەزىز ئاخىرقى سۆزلىرىنى قىلىپ تۈگىتىشكە ئامالسىز قالدى. چۈنكى چەكسىز پۇشايمان يىغىسى تەرەپ-تەرەپتىن ئۇلىشىپ كېلىپ ئۇنى قىسماقتا ئىدى. * بۇ سوئال مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى، ھەممىيلەن ماڭا تىكىلگەندە، مەن ۋەج كۆرسىتىشكە ئامالسىز قالدىم.

**ئامالسىزلىق** «ئامالسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۇ ھەسرەتلىك كۈلكە ئىدى، شۇنداقلا ئامالسىزلىق ئاستىدىكى كۈلكە ئىدى. * خېمىر باتۇر ئامالسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ بىر يانپىشىنىڭ گۆشىنى كېسىۋېلىپ بېرىپتۇ.

**ئامالىلىماق** پ. ئامال قىلماق، چارە-تەدبىر تاپماق، ئىلاج قىلماق: ئۇ كۆڭلىدىكى ئېغىر ئەلەمنى بىر ئامالىلاپ يۇتۇپ، ئوسمانغا بولغان بۇرۇنقى قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. * ئۇ رەقىبىنى بىر ئامالىلاپ ئۆز ئايىغى بىلەن بالاغا تىقاي دەپ ئويلاپتۇ.

**ئامان** سۈپ [ئە] ① ساق-سالامەت خېيىم-خەتەرسىز: باش ئامان بولسا، دوپپا تېپىلار (ماقال). * ئەل ئامان — شەھىرىڭ ئامان (ماقال). ئۇ دەھشەتلىك بۇ ھەرىكەتتىن ئامان قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي، قاماپ قويغان ئۆيدىن چىقتى-دە، يەنە قاچتى. ② تىنچ، ئاسايىشلىق، غەم-ئەندىشىسىز: ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويۇڭ سامان بولماس (ماقال). ③ ئەرلەر ئىسمى.

**ئامان بولماق** ① ساق-سالامەت، ئامان-ئېسەن بولماق: — تېز قېچىڭ، تېز قېچىڭ، — دېدى قىز يىغلاپ تۇرۇپ، — ئامان بولۇڭ ئەپەندىم. * ئازادلىق زامان بولدى، خەلقىمىز ئامان بولدى. ② تىنچلىقتا، ئاسايىشلىقتا ئېرىشمەك، غەم-ئەندىشىدىن خالىي بولماق: شەھىرىم ھۆر دىيارىمسەن، پەخرىم-ئىپتىخارىمسەن، گۈللەن، بول ئامان مەڭگۈ، سۆيگەن گۈل باھارىمسەن.

**ئامان تاپماق** ← **ئارام تاپماق**: ئۇ بىزگە رەھمەت ئېيتىپ — ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن قالسا ھەربىرلىرىڭنىڭ ھىممەتلىرىدە بالا-قازادىن قۇتۇلۇپ، ئامان تېپىپ قالدۇق، — دېدى. * ئەي كىشى بولسا ھوشۇڭ ئىشقىغا سەن يولۇما، ئىشىق ئوتىدىن تاپمىدى بۇ جېنىم بىردەم ئامان.

**ئامان خۇدا** ← **ئارام خۇدا**: — نېمە جاپا! — دېدى ئۇ تۇرغۇنغا، — يەنە نېمانچىلا قىلىپ كېتىسىز؟ دۆلەت بېرىۋاتقان مۇئاشىمىز بولغاندىن كېيىن، ساق بېشىمىزغا ئاغرىق تاپماي، ئامان خۇدا كۈنىمىزنى ئالساق بولمامدۇ؟ * ئۇلار ئامان خۇدا ئۆتكەن ئون ئۈچ يىل ئۈستىدە ماختىنىپ سۆزلىشەتتى.

**ئامان قالماق** ① ساق قالماق، خەتەردىن قۇتۇلماق: ئادىل شاھ قاراقچىلاردىن ئامان قالغانلىقىغا شۈكۈر قىلىپ، تاغ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. ② ھايات قالماق: — سىلەر قانداق ئامان قالدىڭلار، ئۆيدە نېمە ۋەقە بولدى، — دېدى باي خوتۇنىغا قاراپ. * مۇشۇ ئۈچ شەرتنى تولۇق ئورۇنلىسىڭىز ئاندىن دادام مېنى سىزگە بېرىدۇ ۋە سىزمۇ ئامان قالىسىز، — دەپتۇ قىز يىگىتكە.

**ئامانەت** سۈپ [ئە] ساقلاپ بېرىش، ۋاقتىنچە پايدىلىنىش ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان ياكى بىرەر كىشىگە ئەۋەتىپ بېرىش ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان: ئامانەت خەت. ئامانەت پۇل. * ئامانەتنى تۇتماڭ، يوقالسا تۆلەرسىز، تام تۈۋىدە ئولتۇرماڭ، يىقىلسا ئۆلەرسىز (ماقال). * كەپتەر زوۋانغا كېلىپ كارۋانلارغا قاراپ: — ئەي كارۋانلار! مېنىڭ سىلەرگە بىر ئامانەت سۆزۈم بار...، — دەپتۇ.

**ئامانەت قويماق** ساقلاپ بېرىشكە ياكى ۋاقتىلىق پايدىلىنىش ئۈچۈن تاپشۇرماق: بانكىغا پۇل ئامانەت قويماق. * ئۇ سۇ ئۈزۈش مەيدانىغا بېرىپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى ئامانەت قويۇپ، بىر ئىستاكان پىۋا ئىچتى-دە، سايدىن ئۆتۈپ، دولقۇنلاپ تۇرغان دەرياغا سەكرىدى.

**ئامانەت قىلماق** ① ساقلاپ بېرىشكە تاپشۇرماق: ئۇنىڭ ئاتىسى مېنىڭدىن مانا شۇ مال-مۈلۈك، نەق پۇل ۋە باشقىلارنى ئامانەت قىلىپ ئەۋەتتى. * ئۇ قىزىنى ئوقۇتۇۋاتقان داموللىسىغا ئامانەت قىلىپتۇ. ② يوللىماق:

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئاتىسى تۇردى خەلپىگە سۆز ئامانەت قىلغان. تۇردى خەلپە بولسا ھازىر ئاۋاتتا ئىكەن.

**ئامانەت كاسسىسى** <س ئىق> پۇل ئامانەت قويۇلىدىغان، ئامانەت قويۇلغان پۇلنى باشقۇرىدىغان ئىش ئورنى: ئامانەت كاسسىسىنىڭ خادىمى ئېيتار، چەكلەرگە يېزىلغان رەقەمگە قاراپ: ھاجىتى چۈشسە گەر پۇلغا دېھقاننىڭ، دۈيجاڭنىڭ ئالدىدا تۇرمايدۇ جوراپ...

**ئامانەت كىنىشكىسى** <س ئىق> بانكا ۋە ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىن پۇل ئامانەت قويغۇچىلارغا ئىسپات تەرىقىسىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلىدىغان كىچىك دەپتەر.

**ئامانەتتەك** رەۋ. جىمجىت، مىدىر ـ سىدىر قىلماي، گەپ ـ سۆزسىز: قادىر ياغاچچى بەكمۇ قورۇنۇپ، ئاستا بېسىپ يۇقىرى چىقتى ـ دە، قادىر تېخنىكنىڭ يېنىدا ئامانەتتەك ئولتۇردى.

**ئامانەتچى** ئى. ئامانەت كاسسىسىغا پۇل قويغان كىشى.

**ئامانەت ـ قەرز** ئامانەت ۋە قەرز. بانكىغا پۇل قويۇش ۋە بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىش ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى، ئومۇمىي ئاتالىشى، ئادەتتە بانكىنىڭ قەرز ئىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى** يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ شەخسىي ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش يۈزىسىدىن يولغا قويۇلغان، پۇل ئامانىتى ۋە قەرز ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان كوپېراتىپ: ھاشىم: ــ ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىغا ئەزا بولسىڭىز كالا سېتىپ ئېلىشقا پۇل قەرز بېرەتتى، شۇنىمۇ قىلماپسىز، ــ دېدى.

**ئامانلاشماق** پ. بىر ـ بىرى بىلەن سالاملاشماق، بىر ـ بىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراشماق: ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى ۋە بىرمۇبىر ئامانلىشىپ چىقتى. * گۈلەرخان كوچىدا ئۇچرىغانلار بىلەن قىسقىچە ئامانلىشىپ ئۆتۈپ گۈلسۈمەلەرنىڭ ئۆيى تەرەپكە بۇرۇلدى.

**ئامانلىق** ئى ① ساق ـ سالامەتلىك، ئېسەنلىك: كىشىگە قىلساڭ يامانلىق، ئۆزەڭگە تاپمايسەن ئامانلىق (ماقال). * بۇ يەرگە توپلانغان كىشىلەر ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭىدىغان بالىلىرىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كېلىشكەنىدى. ئۇلار سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان بالىلىرىغا ئامانلىق تىلەيتتى. ② تىنچلىق، ئاسايىشلىق، بىخەتەرلىك: ئامانلىق بولسا يەنە كۆرۈشەرمىز.

**ئامانلىق تىلىمەك** ساق ـ سالامەتلىك، تىنچ ـ ئاسايىشلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ئۈمىد قىلماق: دوستۇڭ ئامانلىق تىلەر، دۈشمىنىڭ يامانلىق تىلەر (ماقال). * كەچ كىرگەن چاغدا لۇتپۇللانىڭ سۆھبەتداشلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، شائىرنىڭ يېڭى سەپىرىگە ئامانلىق تىلەپ قايتىشتى.

**ئامان ـ ئېسەن** ئامان ۋە ئېسەن: شاھى ماران ئوغلىنىڭ ئامان ـ ئېسەن كەلگەنلىكىگە تازىمۇ خۇشال بولۇپتۇ ۋە بايۋەچچىنىڭ ئوردىغا كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. * سۆيۈملۈك ئايشەم مۇئەللىم، ياخشىمۇسىز؟ مەن ئۈرۈمچىگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كېلىپ داشۆگە ئورۇنلاشتىم.

**ئامان ـ ئېسەنلىك** ئامان ـ ئېسەن بولغان ھالەت: * ئاتلىقلار قويۇندەك چاپسان كۆزلىگەن يېرىگە يېتىپ بېرىپ، مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن ئانچە ھايال بولمايلا، ھەممىسى بىرلىكتە بۇ تەرەپكە مېڭىشتى.

**ئامەت** ئى [پ] ئىشنىڭ ئوڭدىن كېلىشى ئىلگىرى بېسىشى: بەخت، تەلەي: ئامەت كەلسە قوش كېلەر، كەلمىسە مۇشت كېلەر (ماقال). * ئامەت كەلسە ئىشىك، تۈڭلۈكتىن كىرەر (ماقال). * ئەمەت ئۇستا كۈتۈلمىگەن بىر ئامەت ئاسماندىن كېلىپ قولىغا چۈشكەندەك چەكسىز خۇشال بولۇپ كەتتى.

**ئامەتسىز** سۈپ. ئامەتى، تەلىيى يوق، بەختسىز: ئامەتسىز ئادەم. ئامەتسىز يىگىت.

**ئامەتلىك** سۈپ ① ئامەتى، تەلىيى بار،

بەختىلىك: ئامەتلىك ئادەم. ئامەتلىك ئائىلە. * بىلىملىك كىشىلىرى كۆپ مىللەت ھەقىقەتەن ئامەتلىك كېلىدۇ. ② ئامەت ئاتا قىلىدىغان، ئامەت ئېلىپ كېلىدىغان: ئۇنىڭ بۇ ئامەتلىك كۈنلىرى ئۇزاققا بارمىدى. * ھەممەيلەن ئۇنىڭغا تەڭ ئېگىلىپ: ـــ مۇبارەك بولسۇن ئامەتلىك قەدەملىرىگە، ئىززەتلىك دۆيجاڭ! ـــ دېيىشتى.

**ئامبار** ئى [ئە] جىق نەرسىنى ساقلىغىلى بولىدىغان قۇرۇلۇش: ئاشلىق ئامبىرى. سۇ ئامبىرى. * ئۇ ئىشخانا سىرتىدىكى كېرەكسىز تۆمۈر ـ تەسەكلەرنى كونا ماتېرىياللار ئامبىرىغا توشۇۋەتتى.

**ئامبارچى** ئى. ئامبار باشقۇرغۇچى خادىم: ماشىنا ئوغۇت چۈشۈرۈلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە يېتىپ كەلگەندە ھويلىسىدا ئامبارچى بىلەن ئاشلىق ئالغىلى كەلگەن ئىككى ـ ئۈچ كىشى پاراڭلىشىپ تۇراتتى.

**ئامبارچىلىق** ئى. ئامبار باشقۇرۇش ئىشى، ئامبار ئىشلىرى كەسپى: ئەكبەر سولايمانغا: ـــ ئامبارچىلىقىمنى ئالساڭمۇ ئال، چەينەكنى ئەكەل! ـــ دېدى.

**ئامبارلاشتۇرماق** پ. ئامبارغا سېلىنىدىغان نەرسىلەرنى ئامبارغا ئەكىرىپ، تۈرلەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرماق، قاچىلىماق: ئۇلار سېخ ـ سېخلارغا خام ماتېرىيال توشۇۋاتاتتى ياكى يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئامبارلاشتۇرماقتا ئىدى. * 2 مىڭ 4 يۈز مو يەردىكى بۇغداينى ئون كۈندە ئورۇپ ـ تېپىپ ئامبارلاشتۇرۇپ بولۇش ئۇلار ئۈچۈن قارىغۇنى ياردا قىستىغاندەك ئىش ئىدى.

**ئامبال** ئى. تارس ① چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئىچكى موڭغۇللاردا تۇرغۇزغان ئىش بېجىرگۈچى ۋەزىرلىرى. ② ناھىيىنىڭ باشلىقى، ھاكىم: ئۇلار گۇناھسىز كىشىلەرنى باغلاپ، بۇگۈر ئامبىلى ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ زىندانغا تاشلايتتى. * ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئامباللارغا ئوخشاش كەينىگە مۇھاپىزەتچى سېلىپ ھەشەم كۆرسىتىپ يۈرمەيتتى. ③ كۆچمە. ئەمەلدار، مەنسەپدار: ئامبالنىڭ ئېتىنى سۇغار، پۇلىنى ئال (ماقال). * جەم بولۇشتى ئامباللار، يەڭگۈشلىشىپ تامباللار، داچەي ھارۋىسىنى قوش دەپ، يارلىق قىلدى دەرھاللا.

**ئامبال ـ دارىن** ئامبال ۋە دارىن: ئەمەلدار، مەنسەپدارلار: ھېسابسىز ياشلار شۇ ئورۇشتا ئۆلۈپ كەتتى. «قان پۇلى» دەپ بەرگەن ئازغىنا پۇلنىمۇ، ئامبال ـ دارىنلار، باي ـ بېگىملەر قان ئورنىدا ئۆزلىرى شورىۋېلىشتى.

**ئامبال ـ غوجام** ئامبال ۋە غوجام: ئامبال باشچىلىقىدىكى بارلىق مەنسەپدار: لەڭگەردىن ئۆتكەندە غۇلام گەپنى ئۆزگەرتىپ، ـــ مانا بۇ ئامبال ـ غوجاملار سەگىدەپ ئۆتىدىغان جاي، ـــ دېدى.

**ئامباللىق** ① سۈپ. ئامبالغا خاس، ئامبالغا تەئەللۇق بولغان: كې ئەن شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە بىر ئوركۈپ كېتىپ، شىچۈڭ ناھىيىسىدىكى ئامباللىق تامغىسىنى تاشلاپ، ئۆزىگە كىرىم قىلىپ، مەركەزگە قېچىپ كېلىۋالغانىدى. ② ئى. ئامبالغا خاس مىجەز، ئامباللارغا خاس ئىش، ھەرىكەت؛ ھۆكۈمرانلىق: ئۇ ئېرىنىڭ قىلغىنىنى ئاز دەپ ھە دېگەندە ئامباللىق قىلغىلى تۇردى.

**ئامبۇر** ئى [پ] مېتاللارنى قىسىش، سۇغۇرۇش، سۇندۇرۇش، ئېگىش ۋە ئاجرىتىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قىسقۇچ ئەسۋاب: ئاغرىغان چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر (ماقال). * ئۇ يەنە ئۇرماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ قامچا تۇتقان قولىنى بايىز خالۋاپ ئامبۇردەك قىسىپ تۇتۇۋالدى.

**ئامبۇر كۈلۈچ** سىلىندىر شەكىلدىكى دېتاللارنى ئېگىش ياكى قىسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**ئامبۇلاتورىيە** ئى [ر<لات] <تب> قاتناپ داۋالىنىدىغان ياكى ئۆيدە يېتىپ داۋالىنىدىغان بىمارلارنى مېدىتسىنا ياردىمى بىلەن داۋالايدىغان شىپاخانا: شەھەر ئامبۇلا-

تۇرىيىسى، زاۋۇت ئامبۇلاتۇرىيىسى، ئامبۇلاتۇرىيە ۋىراچى.

**ئومپۇل** ئى [ر<لات] <تىب> ئىچىگە ئوكۇل دورىسى سېلىنىپ ئاغزى ھىم ئېتىلگەن نەيچە- سىمان كىچىك شىشە، ئىشلىتىلىدىغان چاغدا ئۇچى تەرەپ چېقىۋېتىلىدۇ.

**ئامپېر** ئى [ر<فران] <فىز> توك كۈچىنىڭ بىرلىكى، ئۆتكۈزگۈچتىن ھەر سېكۇنتتا ئۆتكەن زەرەت مىقدارى بىر كولون بولغاندا، توك كۈچى بىر ئامپېر بولىدۇ. بۇ نام فرانسىيە فىزىكا ئالىمى ئامپېر (ANDRE AMPERE) نى خاتىرىلەش ئۈچۈن بېرىلگەن.

**ئامپېر سائەت** <فىز> ئاككۇمۇلياتورنىڭ توك سىغىم مىقدارىنىڭ بىرلىكى، ئۇ توك كۈچى بىلەن توك ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتنىڭ كۆپەيتمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**ئامپېرلىق** سۈپ. ئامپېر كۈچىگە ئىگە بولغان، ئامپېرى بار: ئۇن ئامپېرلىق توك سائىتى.

**ئامپېرمېتىر** ئى [ر] <فىز> ئېلېكتىر زەنجىرى- دىكى توك كۈچىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**ئامپېرمېتىرلىق** سۈپ. ئامپېرمېتىرغا ئىگە، ئامپېرمېترى بولغان.

**ئامپىلىتۇدا** ئى [ر<لات] <فىز> **تەۋرىنىش** دولقۇنىدىكى دولقۇن چوققىسىدىن ياكى دولقۇن ئازگىلىدىن ئابسىسسا ئوقىغىچە بولغان ئارىلىق.

**ئامراق** سۈپ ① مېھىر-مۇھەببەتتى بار، مېھرىدىن كېچەلمەيدىغان، مېھرىنى ئۈزەل- مەيدىغان، ئىشتىياق باغلىغان، ياخشى كۆرگەن، يېقىن، ئېجىل: مۇشۇكنىڭ پۈلى يوق بەزگە ئامراق (ماقال). • كىچىك بالا بېشىنى سىلىغان ۋە ئۆزى بىلەن سەمىمىي خۇش خۇي مۇئامىلە قىلىشقان كىشىلەرگە ئامراق بولىدۇ. • ئۇنىڭ 12 ياشلىق ئامراق نەۋرىسى سالامەت بوۋايغا ئۆزىنى ئېتىپ بوقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

② ھەۋەس قىلغان، قىزىقىدىغان: **خۇشتار**: ياشلار ئويۇنغا ئامراق، قېرىلار ئۇيقۇغا ئامراق (ماقال). ③ **سۆيۈملۈك، ئوماق**: ئاققۇ ئەمەس بۇندا يەنە قولۋاق كېلىدۇ، قولۋاق بىلەن مانا بىر جۈپ ئامراق كېلىدۇ. • ئامرىقىم سېنى بار دەپ، مەن مەلەگدە ئويناپمەن، مەلەگدە كۆرەلمىسەم، تاڭ ئاتقۇچە ئويلايمەن. ④ **ھەۋەسكار، ئىشقىۋاز**: ئۈزىتىپ قالار مېنى ئىش ئۈستىدە، قەلەمقاش سەنەملەرنىڭ ئوماقلىرى. يول بويى مەن كېلىمەن مۇقام ئاڭلاپ، چوڭ-كىچىك بۇندا ناخشا ئامراقلىرى.

**ئامراقلاشماق** پ. مېھىر-مۇھەببەتتى كۆچەيمەك، ئىشتىياق باغلىماق، ياخشى كۆرمەك، يېقىنلاشماق: يېقىندىن بېرى ئۇ ئۇستىسى بىلەن تېخىمۇ ئامراقلىشىپ كەتتى. • ئۇرۇشمايلى كېتەيلى، ماكانغا تېز يېتەيلى. يا ئۆلارغا ئەل بولۇپ، ئامراقلىشىپ ئۆتەيلى.

**ئامراقلىق** «ئامراق» سۆزى ① «②»نىڭ ئىسىم شەكلى: مەن ئۇلارنى تىزىمغا ئولتۇر- غۇزۇپ، مەيلىمچە ئەركىلىتىپ ئوينايتتىم. ئۇلارمۇ ماڭا ئەركىلەپ ئامراقلىق قىلاتتى. • ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئەقىللىق ۋە زېرەك بولۇپ، مومىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراقلىق قىلاتتى.

**ئامراقلىقى كەلمەك** ئامراقلىق ھېسسىياتى قوزغالماق، مەسلىكى كەلمەك، زوقى كەلمەك، • ئۇ ئۆز ئورنىدا تاش چېقىۋاتاتتى «پولات ئادەم» دېيىشتىم ئىچىمدە ئۇنىڭغا ئامراقلىقىم كېلىپ.

**ئامفىبول** ئى [ر] <گېئول> مىنېرال نامى، تەركىبىدە ماگنىي، تۆمۈر، كالتسىينىڭ سىلىكاتى بار؛ تۈتۈق يېشىل، قارا قاتارلىق رەڭلەردىكى كرىستاللاشقان جىسىم؛ ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، ئادەتتە تۆۋرۈكسىمان بولىدۇ؛ تۈرى ناھايىتى كۆپ، يۇمشاق قاشتېشى ۋە تاشپاختا قاتارلىقلار ئامفىبولغا كىرىدۇ.

**ئامفىبول جىنسى** <گېئول> ئۆلتىرا نېگىزلىك

جىنسىنىڭ بىر خىلى، ئاساسەن ئامفىبولدىن تەركىب تاپىدۇ؛ تەركىبىدە يەنە ئاز مىقداردا زەيتۇن تاش، جولا تاش ۋە قارا چىرىمتال بولىدۇ.

**ئامفىبولىت** ئى [ر] <گېئول> رايونلۇق ئايىنىش جەريانىدىكى ئوتتۇرا ئايىنىش بەلبېغىنىڭ مەھسۇلاتى، نېگىزلىك، ئوتتۇرا نېگىزلىك ماگمىلىق جىنسلار ياكى تۆمۈر، ماگنىيلارغا باي بولغان ھاكلىق دولومىت جىنسلاردىن ئايىنىپ ھاسىل بولىدۇ؛ ئاساسلىق مىنېراللىرى ئامفىبول ۋە پلاگىئوكلازدىن ئىبارەت، قېنىق يېشىل ياكى سۇس يېشىل رەڭلىك بولىدۇ؛ تارىشلىنىشى كۈچلۈك بولمايدۇ.

**ئاما** ئى [ئە] ① بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ زور كۆپچىلىكى؛ ئومۇم، كۆپچىلىك، خەلق: دېھقانلار ئاممىسى. ئىشچىلار ئاممىسى. زىيالىيلار ئاممىسى. * ئاما ھەقىقىي قەھرىمان. * ئۇ ئۆزىنى ئورىۋالغان ئاممىغا قاراپ: ــ رەھمەت! رەھمەت سىلەرگە! ئاقۇزغان قان - تەرلىرىمىز بىكارغا كەتمەپتۇ، ــ دېدى. ② كومپارتىيىگە، ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولمىغان ياكى رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىمىگەن كىشىلەر: يۇقىرىغا ئىككى ۋەكىل سايلاپ بەردۇق، بىرى پارتىيە ئەزالىرىدىن، بىرى ئاممىدىن بولدى.

**ئاممونىي** ئى [ر<لات] <خىم> ئامىياك تۇغۇندىلىرىدىن ئېلىنىدىغان مۇسبەت زەرەتلىك رادىكال. ئۇ يەنە ئاممونىي ئىئونى ياكى ئاممونىي رادىكالى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئاممونىي خلور** <خىم> ئىئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $NH_4Cl$، ئاق رەڭلىك كرىستال؛ تەمى ئاچچىق ھەم تۇزلۇق. ئۇنىڭدىن دورا، ئوغۇت ۋە قۇرۇق باتارىيە قاتارلىقلار ياسىلىدۇ؛ تەبىئىي چىقىدىغان ئاممونىي خلور «نۆشۈدۈر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئاممونىي سولفات** <خىم> ئىئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $(NH_4)_2SO_4$، رەڭسىز، سۈزۈك كرىستال؛ تەركىبىدە ئارىلاشمىلار بولغاندا كۈل رەڭ ياكى ساغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ؛ تەمى قىرتاق، ئۇ ئاساسەن ئوغۇت قىلىنىدۇ.

**ئاممونىي فوسفات** <خىم> ئىئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $(NH_4)_2HPO_4$ $NH_4H_2PO_4$، رەڭسىز كرىستال ياكى كۈل رەڭ پاراشوك؛ بەزىدە دانىچە ھالىتىدە بولىدۇ، سۇدا تەستە ئېرىيدۇ، تەركىبىدە ئازوت بىلەن فوسفور بار، بىر خىل بىرىكمە ئوغۇت.

**ئاممونىي گىدروكسىد** ← **ئاممىياكلىق سۇ.**

**ئاممونىي نىترات** <خىم> ئىئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $NH_4No_3$. رەڭسىز ياكى ئاق رەڭلىك كرىستال، سۇدا ئېرىيدۇ، بىر خىل ئازوتلۇق ئوغۇت، يەنە پارتلىغۇچى دورا ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئاممباب** سۈپ [ئاما+باب] ئومۇمغا، ئاممىغا تېگىشلىك بولغان؛ ئاما ئۈچۈن يارىتىلغان، ئاممىغا قارىتىلغان؛ ئاما چۈشىنەلەيدىغان: ئاممباب ئەدەبىيات. ئاممباب تىل. * دوكلاتنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئېنىق بولۇشى، مەزمۇنى قىسقا، ئىخچام بولۇشى، تىلى جانلىق، ئاممباب بولۇشى لازىم. * بەزى ئوقۇغۇچىلار ئەسلىدىلا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ياكى پەنگە دائىر ئاممباب كىتابلارنى ئوقۇشنى خالىمايدۇ.

**ئاممبابلاشتۇرماق** «ئاممبابلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەلۋەتتە، ئۆزۈن نەقىللەرنى كەلتۈرگەندە ماقالە ئۇزىراپ كېتىدۇ، ئاممبابلاشتۇرۇشقا قىلچە ياردەم بەرمەيدۇ. * ئۇ چوڭ يىغىندا قىلغان دوكلاتىنى ئاممبابلاشتۇرۇپ سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن يىغىن قاتناشچىلىرى ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئاكلىدى.

**ئاممىبابلاشتۇرۇلماق** «ئاممىبابلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاممىبابلاشماق** پ. ئاممىغا لايىقلاشماق، ئاممىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئاممىا چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىگە كەلمەك: ماقالە ھەتتا دېھقانلار ئوقۇسا چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىدە ئاممىبابلاشقان تىل بويىچە يېزىلىشى كېرەك.

**ئاممىبابلىق** «ئاممىباب» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگەندە، ئەسەر تىلىنىڭ ئاممىبابلىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش كېرەك.

**ئاممىۋى** سۈپ [ئە] ئاممىغا، كۆپچىلىككە ئائىت؛ ئاممىا، كۆپچىلىك تەرىپىدىن ياكى ئاممىا ئارىسىدا بېجىرىلىدىغان: ئاممىۋى ئىش. ئاممىۋى خىزمەت. ئاممىۋى ھەرىكەت. * ياشلاردىن تەشكىللەنگەن نازارەتچى قاراۋۇللار ئاپتوبۇس بېكەتلىرى قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلارغا بېرىپ تەرتىپ ساقلىدى.

**ئاممىۋى تەشكىلات** دۆلەت ھاكىمىيىتى خاراكتېرىدە بولمىغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئاممىۋى خىزمەت** ئاممىا، كۆپچىلىككە ئائىت خىزمەت؛ ئاممىا، كۆپچىلىك تەرىپىدىن ياكى ئاممىا ئارىسىدا بېجىرىلىدىغان خىزمەت: تىل - يېزىق خىزمىتى — بىر ئاممىۋى خىزمەت. * خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ ھەرقايسى چوڭ ئورۇنلىرى ئاممىۋى خىزمەت مەسئۇلىيەت رايونى قۇردى.

**ئاممىۋى قۇرۇلۇش** <بىن> ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سېلىنىدىغان ئىشخانا، كىتابخانا، مەكتەپ، دوختۇرخانا، تىياتىرخانا، تەنتەربىيە سارىيى، كۆرگەزمىخانا، مېھمانخانا، ماگىزىن، ۋوگزال قاتارلىق بىنالار.

**ئاممىۋى لۇشيەن** <پەلس> پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن توغرا مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ۋە ئۇلارغا توغرا رەھبەرلىك قىلىشى ئۈچۈن تۈزگەن لۇشيەنى.

**ئاممىۋى مەدەنىيەت** كۆپچىلىككە، خەلق ئاممىسىغا ئائىت ۋە مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت: ئاممىۋى مەدەنىيەت — خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى مەدەنىيەت، يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت — جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتى.

**ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەر** <پەلس> تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ مەزمۇنى: خەلق ئاممىسى، ئالدى بىلەن ئەمگەكچى خەلق — تەبىئەت دۇنياسىنى ۋە جەمئىيەتنى بىلىش ئۆزگەرتىشتىكى ئاساسىي گەۋدە، ئىجتىمائىي، ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەقىقىي قەھرىمانى دېگەندىن ئىبارەت.

**ئاممىۋى ھەرىكەت** زور كۆپچىلىك، كەڭ خەلق ئاممىسى قاتناشقان سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي ھەرىكەت.

**ئاممىۋىلاشتۇرماق** «ئاممىۋىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاممىۋىلاشتۇرۇلماق** «ئاممىۋىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاممىۋىلاشماق** پ. ئاممىۋى تۈس ئالماق: يېزا ياشلىرى ئىچىدە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ھەرىكىتى كەڭ قانات يېيىپ ئاممىۋىلاشتى.

**ئاممىۋىلىق** «ئاممىۋى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ ھەرىكەت كۈچلۈك سىياسىيلىققا ۋە ئاممىۋىلىققا ئىگە.

**ئاممىياك** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئازوت بىلەن ھىدروگېننىڭ بىرىكمىسى، مولېكۇلا فورمۇلىسى $NH_3$، رەڭسىز، سېسىق پۇراقلىق گاز، سۇدا

ئاسان ئېرىيدۇ، ئۇنىڭدىن توڭلىتىش دورىسى، شۇنداقلا نىترات كىسلاتا ۋە ئازوتلۇق ئوغۇت ياساشقا بولىدۇ؛ تىبابەتچىلىكتە قوزغاتقۇچى دورا قىلىنىدۇ.

**ئامىياكلىق** سۈپ. تەركىبىدە ئاممىياك بولغان، ئامىياكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ئامىياكلىق سۇ. ئامىياكلىق بىرىكمە.

**ئامىياكلىق سۇ** <خىم> ئامىياكنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى. بىر خىل تېز ئۈنۈملۈك ئازوتلۇق ئوغۇت، ئادەتتە ئامىياك تەركىبى 15 ـ 20 پىرسەنت بولىدۇ. ئاساسىي ئوغۇت ۋە قوشۇمچە ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ. تۆۋەن قويۇقلۇقتىكى ئاممىياكلىق سۇنى بەدەن سىرتىغا ئىشلىتىدىغان دورا قىلىشقا بولىدۇ. «ئاموني گىدروكسىد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئامورتىزاتسىيە** ئى [ر<لات] <س ئىق> خورىغان مۇقىم مۈلۈكلەرنىڭ تولىدۇرۇلغان قىممىتى.

**ئامورف** سۈپ [ر<گرېك] ① تۈزۈلۈشى كرىستال شەكلىدە بولمىغان، كرىستاللانمىغان: ئامورف ماددىلار. ② شەكىلسىز، فورمىسىز، ئۆيۈشمىغان: ئامورف ھالەت. ئامورف تىللار.

**ئامورف تىللار** <تىل> مورفولوگىيىلىك سىستېمىسى راۋاجلانمىغان ياكى تامامەن مورفولوگىيىسى يوق تىللار.

**ئامورف كاربون** <خىم> كاربوننىڭ ئاللوتروپىدىن بىرى، كاللەك ياكى پاراشوك ھالەتتە، قارا رەڭلىك بولىدۇ، پارقىرىمايدۇ. مەسىلەن: ياغاچ كۆمۈرى، كوكس قاتارلىقلار.

**ئامۇت** ئى <بوت> ① نەشپۈتنىڭ بىر سورتى، پىشقاندا مېۋە شۆپۈكى سېرىق يېشىل رەڭگە كىرىدۇ. مېۋىسىنىڭ تەمى سەل قىرتاق بولىدۇ. ② شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئامۇت قۇرتى** <زوئول> ھاشارات، يېتىلگەن قۇرتىنىڭ رەڭگى قارا، قانىتى قارا ياكى توق كۆل رەڭ، يېرىم سۈزۈك بولىدۇ؛ لىچىنكىسى ئورچۇق شەكلىدە، بېشى كىچىك، قارا رەڭلىك، گەۋدە قىسمى سۈت رەڭلىك بولىدۇ؛ ھەربىر بوغۇمىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە قىسقا تۈكلۈك ئۆسمىسى بار؛ لىچىنكىسى مېۋە دەرەخلىرىنىڭ يۇمران بىخى، پورەك ھەم يوپۇرماقلىرىنى يەپ، نەشپۈت، ئالما دەرەخلىرى قاتارلىقلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

**ئامۇتلۇق** ① سۈپ. ئامۇت دەرىخى ئۆسكەن، ئامۇت دەرىخى كۆپ: ئامۇتلۇق باغ. ئامۇتلۇق ھويلا. ② ئى. ئامۇت دەرەخلىرى ئۆستۈرۈلگەن جاي (يەر): ئۇلار ئامۇتلۇققا بېرىپ بىرمەھەل سەيلە قىلىشتى.

**ئامۇخاس** كۆپچىلىك ۋە شەخس، ھەممە كىشى، خالايىق: نېچۈن قەشقەر ۋە يەكەندە ئامۇخاس، ئۇنىڭغا بۇ قەدەر باغلاپتۇ ئىخلاس؟

**ئامېرىتسىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىئوئاكتىپ مېتال ئېلېمېنت، خىمىيىلىك بەلگىسى Am، كۈمۈش رەڭلىك، پارقىراق ــ يۇمشاق ھەم سوزۇلۇشچان كېلىدۇ؛ ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن 8 مىڭ يىل.

**ئامېرىكا** ئى <جۇغ> ① ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ قىسقارتىلما نامى، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان؛ شىمال تەرىپى كانادا بىلەن، جەنۇب تەرىپى مېكسىكا بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛ شەرق تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيانىغا ھەمدە مېكسىكا قولتۇقىغا، غەرب تەرىپى تىنچ ئوكيانىغا تۇتىشىدۇ؛ ئۆز زېمىنىدىكى 48 شتات، بىر بىۋاستە قاراشلىق رايون (پايتەخت جايلاشقان كولۇمبىيە رايونى) ۋە ئالياسكا، ھاۋاي شتاتلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ؛ ئومۇمىي يەر مەيدانى 9 مىليون 353 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 216

مىليون 817 مىڭ (1977 — يىل)؛ پايتەختى ۋاشىڭتون. ② ئامېرىكا قىتئەسى.

**ئامېرىكا ئاگاۋىسى** <بوت> تاشسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى گۆشلۈك ھەم قېلىن؛ يوپۇرماق شەكلى تەتۈر تۈمۈنگە ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى يېشىل ئارىلاش كۆل رەڭ، يوپۇرمىقىنىڭ گىرۋەكلىرىدە ئىلمەك تىكىنى بار، گۈلى يېشىل ئارىلاش سېرىق؛ كۆپ يىل ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن گۈللەيدۇ، مېۋىلىگەندىن كېيىنلا قۇرۇپ ئۆلىدۇ؛ ئەسلى مېكسىكىدىن تارالغان، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**ئامېرىكان** سۈپ [ر] ئامېرىكىچە: ئامېرىكان ئۆتۈك. ئامېرىكان مەسە.

**ئامېرىكىلىق** سۈپ. ئامېرىكىدا چوڭ بولغان، يۇرتى ياكى دۆلىتى ئامېرىكا بولغان: مەكتىپىمىزدە ئامېرىكىلىق، ئەنگلىيىلىك ئوقۇغۇچىلار خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. * مەن ئەتىگەندە مەكتەپكە كېتىۋاتقىنىمدا ئۇ يول ياقىسىدا ئىككى نەپەر ئامېرىكىلىق بىلەن سۆزلىشىپ تۇراتتى.

**ئامىل** ئى [ئە] ئىش — ھەرىكەت، ۋەقە — ھادىسە ۋە باشقىلارنىڭ بىر باشقا چىقىشى، سادىر بولۇشى ئۈچۈن سەۋەب بولىدىغان نەرسە؛ سەۋەب: ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەڭ جانلىق ئەڭ ئىنقىلابىي ئامىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل. * ئادەمنىڭ پىشخىكىلىق ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئۈچ ئاساسىي ئامىل ئۆز ئارا رول ئوينايدۇ. بۇ ئۈچ ئامىل ئىرسىيەت، مۇھىت ۋە تەلىم — تەربىيىدىن ئىبارەت.

**ئامىن** تەق [ئە] پاتىھەدە «ئىلاھى شۇنداق بولسۇن، ئىجابەت قىلغىن» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆز: ئابدۇللا داموللا ئىختىيارسىز دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: — شۇنداق بولغاي! ئامىن، ئاللا مەدەت قىلسۇن، جەبرائىل ئەلەيىسسالام قانات بولسۇن. ئامىن...، — دېدى.

**ئامىيوبا** ئى [ر<گرېك] <بىئول> تاق ھۈجەيرىلىك ئەڭ كىچىك بىر خىل ھايۋان، ھەرىكەت قىلغاندا تەن ھالىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئادەتتە سۇدا ياشايدۇ. پۇتى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ئوزۇقلۇق تېپىپ يەيدۇ.

**ئامىيوبا كېسەللىكى** <تىب> ← **ئامىيوبالىق تولغاق.**

**ئامىيوبالىق** سۈپ. ئامىيوباسى بار، تەركىبىدە ئامىيوبا بولغان.

**ئامىيوبالىق تولغاق** <تىب> ئامىيوبا ئۈچەي يوللىرىدا پارازىت ياشاشتىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل تولغاق. ئۇنىڭ ئىپادىسى: قورساق ئاغرىش، ئىچى سۈرۈش ۋە چوڭ تەرەت قان ھەم شىلىق سۇيۇقلۇقلار بىلەن ئارىلاش كېلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**ئان I** ئى [ئە] قىسقا بىر زامان، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتكەن ۋاقىت، پەيت: شۇ ئان. * بۇلبۇل گويا كۆرمىش ئاتام چۈشىدە، تاپماق شەرتىنۇر ئۇنى ئۈچ ئاي ئىچىدە. كۆڭلۈم كېزەر كۈندۈزىيۇ كېچىدە، شۇڭا ھەر ئان ئاھۇ — ئەيغان ئېتەرمەن.

**ئان II** رەۋ. جان ت ← **ئاندىن.**

**ئانا** ئى ① پەرزەنتلىك ياكى بالا — چاقىلىق ئايال كىشى (ئۆز بالىلىرىغا نىسبەتەن): ئۆز ئانا. ئۆگەي ئانا. * ئانا ئايىغىدا جەننەت بار (ماقال). * شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئانىسى كىرىپ كېلىپتۇ. ② يېشى چوڭ، قېرى ئاياللارنى ھۆرمەت بىلەن چاقىرىش، مۇراجىئەت قىلىش فورمىسى: ئانا، قەيەردىن كەلدىڭىز؟ ③ يېشى چوڭ، قېرى ئاياللارنى ھۆرمەت بىلەن چاقىرىشتا ياكى مۇراجىئەت قىلىشتا، ئۇلارنىڭ نامىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ: رەۋشەنخان ئانا ئۆزۈندىن بېرى نەۋرىلىرى ئۈچۈن ساقلاپ قويغان گۈلە — قاقلىرى سېلىنغان سېۋەتنى بىلىككە ئۆتكۈ-

www.uyghurkitap.com

زۇپ، ئاستا قەدەملەر بىلەن شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ④ بالا تۇغقان جانىۋار: ئانا كەپتەر. ئانا توشقان. ⑤ كۆچمە. بىرەر ئىش، ھادىسە ياكى نەرسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان، ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ياكى ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىل؛ سەۋەب: — بىلىم ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، بىلىمنىڭ ئانىسى ئىش، ئاكا! سىزدىن ئىش ئۆگەنگىلى كەلدۇق! — دېدى مۇئەللىم. * زۇكام كېسەلىنىڭ ئانىسى. ⑥ شۇ نەرسىنىڭ غوللۇق، ئاساسىي قىسمى: ئانا ئېرىق. ئانا ئۆستەڭ. ئانا تىل. ⑦ ئانا ئورنىدا باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان، ياردەملىشىدىغان، ياخشىلىق قىلىدىغان ئايال كىشى: ئانا بولماق. تۇغۇت ئانىسى.

**ئانا بولماق** ① باللىق بولماق، باللىق ئاياللار قاتارىغا ئۆتمەك: تۆت-بەش يىل ئالدىدىكى گۆدەك قىز ماھىنۇر ئىككى بالىغا ئانا بولغاندىن كېيىن تۇرمۇشنىڭ ئەلمى-تەلمىنى خېلى بىلىپ قالدى. ② ئانا ئورنىدا باشقىلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، دەردىگە دەرمان بولماق، ياخشىلىق قىلماق: پەرزەنتلەرگە مېھرى پۈتمەس ئانا بولدۇڭ، كۆلىسەڭ ئۇلار كۆلىدۇ، غېمىدە غەمگە تولدۇڭ.

**ئانا تىل** ① كىشىلەر گۆدەكلىكتە ئانىسىدىن ياكى شۇ كىشى مەنسۇپ بولغان مىللەت تەربىيىچىسىدىن ئۆگىنىۋالغان تىل يەنى سۆزلىگۈچى شەخس مەنسۇپ بولغان خەلق تىلى، ئۆز مىللىتىگە خاس خەلق تىلى: باشقا مىللەت تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلىش كېرەك. ② باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل دەرسلىكى: ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە: — مانا مۇئەللىم، — دەپ، ھېسابقا ئىككى دەپتەر، ئانا تىلغا ئىككى، رەسىمگە بىر، دەپ كۆرسىتىشكە باشلىدى.

**ئانا جەمەت** ئانا تەرەپ بىلەن قانداشلىق ياكى تويلىشىش مۇناسىۋىتى بولغان تۇغقانلار: ھاشىم مېھرىنىساغا ئانا جەمەت يېقىن تۇغقانلاردىن ئىدى.

**ئانا سۈتى ئاغزىدىن كەتمىگەن** ئەقىل-پاراستى تېخى يېتىلمىگەن، بېشىدىن ئىش ئۆتمىگەن، گۆدەك: — ئانا سۈتى ئاغزىدىن كەتمىگەن بۇ بالىدا نېمە گۇناھ، — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ غەزەپ بىلەن.

**ئانا سۈتىدىن ھالال** ھېچقانداق ناپاكلىق، ساختىلىق ئارىلاشمىغان، ھالال تەر بەدىلىگە كەلگەن؛ پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك: ماڭا بۇ پاقلان ئانا سۈتۈمدىن ھالال، چۈنكى بۇنى يېرىم ئاي كېسەك قۇيۇپ بەرگەن ھەققىمگە ئالغان، ئەمما سىلەر بۇنى ئوغرىلىۋاپسەن دەۋاتىسىلەر.

**ئاناڭ ئۆرگۈلسۇن** بىرەر كىشىنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلغانلىقىغا ئىنتايىن رازى بولۇش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ: — ئاناڭ ئۆرگۈلسۇن، ئەجەب ياخشى ئىش قىلىپسەن، — دېدى ئۇ ئوغلىنىڭ قىلغان ئىشىدىن رازى بولۇپ.

**ئانا مەكتەپ** ئىلگىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ياكى ئوقۇغان مەكتەپ: بۈگۈن ئۇنىڭ ئانا مەكتىپى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۇزىتىش ۋە ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى بولۇۋاتاتتى.

**ئانا ۋەتەن** كىشى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس سانالغان مەملىكەت: ئانا ۋەتەن رادىئوسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا تۆگىگىچە بۇ نەچچە قۇر خەتنىڭ سىياھى يېيىلىپ كەتتى.

**ئانا يۇرت** تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، چوڭ بولغان، مۇقەددەس سانىلىدىغان يۇرت، ئورۇن، جاي: ئانا يۇرت مېھرىنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتى — جەڭچى روھىنىڭ

سۇنماس ۋە تالماس قانتى. * يەنە كۆپ يول ماڭغاندىن كېيىن، شانىياز ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىغا يېتىپ كېلىپتۇ.

**ئاندىن تۇغما** بارلىق كىيىم-كېچەكلىرى سالدۇرۇۋېتىلگەن، كىيىم-كېچەكسىز، قىپيالىڭاچ: ئۇنىڭ جەستى ئاندىن تۇغما ھالەتتە تۇراتتى.

**ئانىسى گەپكە تۇغقان** تولا گەپ قىلىدىغان، كۆپ سۆزلەيدىغان، ۋالاقتەككۇر: — بۇ تازىمۇ ئانىسى گەپكە تۇغقان بىرنېمە ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ سۆزلىگۈچىدىن زېرىككەندەك ئۆزىگە غوتۇلداپ.

**ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتمەك** قاتتىق ئەدىبىنى بەرمەك: — بۇ خۇنپەرنىڭ ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىش كېرەك، — دېدى ئەمەت ئالىقىنىنى ئالقىنىغا ئۇرۇپ.

**ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن** تەلەيسىز، ئىشى ئوڭغا تارتمىغان، شور پېشانە: — ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەنلەر بۇ ئىشنى قىلىدۇ، سىلەر ئەتە-ئۆگۈن بىلىپ قالىسىلەر، — دېدى ئۇ.

**ئانا-بالا** ئانا ۋە بالا: بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئانا-بالا ئىككىيلەن بىر-بىرىگە ئېسىلىپ يىغلىشىپ كېتىپتۇ.

**ئانا-بالا بولماق** ئانا ۋە بالا بولۇشۇپ بىللە ئۆتمەك: — پەقەت ئۇ دۇنياغا بارغاندا مېنى تاشلاپ كەتمىسەڭ، مۇشۇ دۇنيادىكىدەك، ئانا-بالا بولۇپ ئۆتسەكلا بولدى...، — دېدى ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ.

**ئانا-بالىلىق** ئانا ۋە بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت، ئانا ۋە بالىغا تېگىشلىك: ئۇلارنىڭ ئانا-بالىلىق مېھىر-مۇھەببىتىگە ھەممە كىشىنىڭ زوقى كېلىدۇ.

**ئاناتوكسىن** ئى [ر<گرېك] <تىب> كېسەللىك باكتېرىيىسىنىڭ تاشقى زەھىرى ئۇزاق مۇددەت ساقلانغان ياكى خىمىيىلىك دورىلار ئارقىلىق زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئانتىگېنلىق رولى يەنىلا ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئۆزگەرتەلەيدىغان تاشقى زەھەر ئادەتتە «ئاناتوكسىن» دەپ ئاتىلىدۇ. تاشقى زەھەر ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ تېنىگە ئوكۇل قىلىنغاندىن كېيىن سۈنئىي ھالەتتىكى ئاكتىپ ئىممۇنىتېت كۈچىنى پەيدا قىلىدۇ.

**ئاناتومىيە** ئى [ر<گرېك] تىرىك ئورگانىزملارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى پەن: ئادەم ئاناتومىيىسى.

**ئاناتومىيىلىك** سۈپ. ئاناتومىيىگە ئائىت، ئاناتومىيىگە خاس، ئاناتومىيىگە مۇناسىۋەتلىك.

**ئانار** ئى [پ] ① <بوت> ئانار ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم يۇمىلاق؛ گۈلى قىزىل، ئاق ياكى سېرىق رەڭدە؛ مېۋىسى شارسىمان بولىدۇ؛ ئىچىدە نۇرغۇن ئۇرۇقلىرى بار، ئۇرۇقىنىڭ سىرتقى پوستى شىرنىلىك بولۇپ، يېيىشكە بولىدۇ؛ يىلتىز پوستى ۋە شېخىنىڭ قاسراقلىرىدىن تاسما مەددە ۋە سازاڭسىمان مەددىلەرنى چۈشۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلەشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئانار شەربىتى** <يېم> ئانار دانىسىدىن چىقىرىلغان شەربەت.

**ئانار يۈزلۈك** يۈزى ئانارغا ئوخشايدىغان، مەڭزى قىزىل: بىردەمدىن كېيىن ئانار يۈزلۈك، شەھلا كۆزلۈك بىر قىز بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

**ئانارخىزىم** ئى [ر<گرېك] ⟵ **ھۆكۈمەتسىزلىك**.

**ئانارخىست** ئى [ر] ئانارخىزىم (ھۆكۈمەتسىزلىك) تەرەپدارى.

**ئانارخىيە** ئى [ر<گرېك] ① ھەرقانداق دۆلەت ھاكىمىيىتىنى، ھەممە ئۇچۇن مەجبۇر

www.uyghurkitap.com

بولغان قانۇن ـ قائىدىلەرنى، ئەدەب ـ ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى ئىنكار قىلىش، ھۆكۈمەتسىزلىك. ② كۆچمە. باشباشتاقلىق، قانۇنسىزلىق، تەرتىپسىزلىك.

**ئانارخىيلىك** سۈپ. ھۆكۈمەتسىزلىككە ئائىت، ھۆكۈمەتسىزلىك توغرىسىدىكى.

**ئاناردەك** سۈپ. ئانارغا ئوخشاش، ئانار كەبى، قىپقىزىل: قىز ئەكبەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقىنىنى شۇ چاغدىلا بىلدى ـ دە، قىپقىزىل يىپەك ياغلىقىنىڭ تەپتىدىنمۇ ياكى «بارىكاللا» لارنىڭ تەسىرىدىنمۇ ۋە ياكى... ئۇ ئاناردەك قىزارغانىدى.

**ئانارزار** ئى [پ] ← **ئانارلىق.**

**ئانارزارلىق** (توغرىسى: ئانارلىق) ← **ئانارلىق.**

**ئانارگۈل** ئى [ئانار+گۈل] <بوت> ① ئانار دەرىخىگە ئوخشايدىغان، مېۋە بەرمەيدىغان بىر خىل مەنزىرە ئۆسۈملۈكى. ئۇ ئادەتتە تەشتەكلەردە ئۆستۈرۈلىدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئانارلىق** سۈپ ① ئانار دەرىخى بار، ئانار دەرىخى ئۆسكەن: ئەنە، ئۇ كەلدى مۇز تاغدىن ـــ گۈزەل قار لەيلىزارىدىن، ئەنە، ئۇ ئالملىق غۇلجا، قېتىق ـ قايماق بازارىدىن، ئەنە ئۇ قاشتېشى يۇرتى، ئانارلىق باغ ئۈزارىدىن، ئەنە، ئۇ ئۈزۈمزار تۇرپان، كۈمۈش رەڭ پاختىزارىدىن. ② ئى. مەخسۇس ئانار تىكىلگەن يەر، ئانار دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن باغ: بىز مەھەللە ئارىلاپ مېڭىپ، مەھەللىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقان ئانارلىققا كېلىپ توختىدۇق.

**ئانالىتىك** سۈپ [ر] ئانالىز ئۇسۇلىغا ئاساسلانغان؛ تەھلىلىي: ئانالىتىك مېتود. ئانالىتىك تىل. ئانالىتىك مورفولوگىيە.

**ئانالىتىك تىل** <تىل> جۈملىدە سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى گراماتىكىلىق مۇناسىۋەت سۆزنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى بىلەن ئەمەس، بەلكى سۆز تەرتىپى ۋە ياردەمچى سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تىل.

**ئانالىز** ئى [ر<گرېك] ① تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنى تۈرلەرگە ئاجرىتىپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى، تەھلىل؛ ھەر تەرەپلىمە تەھلىل قىلىش، چوڭقۇر تەكشۈرۈش: ئوبيېكتنى ئۆزگەرتىشتە سۆز ئارقىلىق كۆرسىتىش بىلەن ئانالىز قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. * مانا بۇ يەردە بىرنەچچە تال بەتنىڭكە مىخمۇ تۇرۇپتۇ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ كۆرۈش ۋە ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولىدىكى، بۇ مىخلار يولدا ياندىشىپ كېتىۋاتقان بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنىڭ ئايىغىدىن دېرەك بېرىدۇ. ② ماددىنىڭ تەركىبىنى ئېنىقلاش: خىمىيىۋى ئانالىز. ماتېماتىكىلىق ئانالىز. * ئۇنىڭ ئاۋازى، خۇددى تاۋۇش دولقۇنى مىكرو ئانالىز ئۈستىدىكى تەجرىبە نەتىجىسىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلغاندەك، ناھايىتى تۆۋەن ئىدى.

**ئانالىز قىلماق** ① تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنى تۈرلەرگە ئاجرىتىپ تەتقىق قىلماق؛ ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر تەكشۈرمەك؛ مۇلاھىزە قىلماق: ئۇ بۇنداق مەسىلىلەرنى ناھايىتى چوڭقۇر ئانالىز قىلىدۇ. ② ماددىنىڭ تەركىبىنى ئېنىقلىماق: ئۇ مېدىتسىنا داشۆسىدە قاننى ئانالىز قىلىش تېخنىكىسى توغرىسىدا قوشۇمچە لېكسىيە سۆزلەيدىغان بولدى.

**ئانا ـ مانا** ئانا ۋە ئانا قاتارلىقلار.

**ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتمەك** ← **ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتمەك.**

**ئانت** ئى ← **قەسەم.**

**ئانت ئىچمەك** ← **قەسەم ئىچمەك:** ـــ ئۇ بۇ يولدا ماڭماسلىققا بۇرۇنلا ئانت ئىچكەنىدى، بۇ قېتىم يەنە كونا مۇقامىغا دەسسەپتۇ ـ دە، ـــ دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن جوزىنى مۇشتلاپ.

**ئانتانتا** ئى [ر<فران] ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر، بىرلەشمە دۆلەتلەر.

**ئانتاركتىكا** ئى [ر<گرېك] <جۇغ> يەر

شارىنىڭ جەنۇبىي قۇتۇپى، يەنى يەر شارىدىكى يەتتە قىتئەنىڭ بىرى.

**ئانتاركتىكا قىتئەسى** <جۇغ> ← **ئانتاركتىكا.**

**ئانتاگونىزم** ئى [ر<گرېك] <پەلس> كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان قارىمۇقارشىلىق، زىددىيەت.

**ئانتاگونىيە** ئى [ر<گرېك] <پەلس> كەسكىن توقۇنۇش بولۇپ ئىپادىلەنگەن كۈرەش شەكلى، ئۇ زىددىيەتلەر كۈرىشىنىڭ ھەممە شەكلى ئەمەس، ئۇنىڭ بىر خىلى.

**ئانتاگونىيىسىز** سۈپ <پەلس> ئانتاگونىيە ئاملىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، پارتلاش شەكلىدە بولمىغان يول بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدىغان.

**ئانتاگونىيىسىز زىددىيەت** <پەلس> «ئانتاگونىيلىك زىددىيەت»كە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۈپ مەنپەئەت بىرلىكى ئاساسىدىكى زىددىيەت ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئانتاگونىيىسىز بولىدۇ، تەبىئەت دۇنياسىدا، ئانتاگونىيە ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، شۇنداقلا پارتلاش شەكلىدە بولمىغان يول بىلەن ھەل قىلىنىدىغان زىددىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئانتاگونىيىسىز زىددىيەت بولىدۇ.

**ئانتاگونىيلىك** سۈپ <پەلس> ئانتاگونىيە شەكلى بىلەن ھەل قىلىنىدىغان. كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان، بىر ـ بىرىگە تامامەن زىت بولغان.

**ئانتاگونىيلىك زىددىيەت** <پەلس> «ئانتاگونىيىسىز زىددىيەت»كە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا دۈشمەنلەشكەن سىنىپلار ياكى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى تۈپ مەنپەئەت توقۇنۇشى ئاساسىدا پەيدا بولغان زىددىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ تەبىئەت دۇنياسىدا ئومۇمەن ئانتاگونىيلىك ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە ئاخىر بېرىپ تاشقى توقۇنۇش شەكلى ۋە ئانتاگونىيە شەكلى بىلەن ھەل قىلىنىدىغان زىددىيەتلەر ئانتاگونىيلىك زىددىيەت بولىدۇ.

**ئانتخور** سۈپ ← **قەسەمخور:** ئۇ تولىمۇ ئانتخور ئادەم.

**ئانتولوگىيە** ئى [ر<گرېك] ← **ئەسەرلەر توپلىمى.**

**ئانتدېموكراتىك** سۈپ [ر] دېموكراتىيىگە قارشى، خەلق مەنپەئەتىگە زىت، دۈشمەن بولغان.

**ئانتىسىكلون** ئى [ر] ← **تەتۈر ھاۋا قايىنمى.**

**ئانتىگېن** ئى [ر<گرېك] ① <بىئول> ئورگانىك ماددا. ئۇ ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ قان سۇيۇقلۇقى ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن قان زەردىبىدە ئانتىتېلنى ھاسىل قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئانتىتېل بىلەن خىمىيىۋى رېئاكسىيىگە كىرىشىدۇ. ② <تىب> ئورگانىزمدا ئىممۇنىتېتلىق رېئاكسىيە قوزغىيالايدىغان ماددىلارنىڭ ھەممىسى «ئانتىگېن» دېيىلىدۇ. بەلگىلىك ئانتىگېن ئورگانىزمدا، پەقەت ئۆزىگە مۇناسىپ ئانتىتېللا پەيدا قىلالايدۇ.

**ئانجىرغا** سۈپ. دىئال. ئورۇق، ئاۋاق، يېگىنى چىرايىغا چىقمايدىغان.

**ئانچە** ئال ← **ئۇنچە.**

**ئانچە ـ مۇنچە** ئاز مىقداردا، ئاز ـ تولا، بەزى ـ بەزى، ئاندا ـ ساندا: ھەجەر ئاپپاي يېشى قىرىقتىن ئاشقان، يۈزىدە ئانچە ـ مۇنچە چېچەك ئىزى بار، خۇش پىچىم، ساددا، ياۋاش ئايال ئىدى. * مەن دادامنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ئانچە ـ مۇنچە قارا خەت تونۇپ قالغانىدىم.

**ئانچىكى** سۈپ. ئاددىيلا، شۇنداقلا؛ مۇھىم، مۇرەككەپ ئەمەس: ئانچىكى بىر ئىش. * ئانچىكى دەپ قويغان بىرگەپ.

**ئانچىكىم** (توغرىسى: ئانچىكى) ← **ئانچىكى.**

www.uyghurkitap.com

**ئانچىلا** ئال ← **ئۇنچىلا.**

**ئانچىلىك** رەۋ ← **ئۇنچىلىك:** ئانچىلىك ئاچچىق پىيازدىمۇ بار (ماقال). * ئانچىلىك ئىش قانچىلىك ئىش (ماقال).

**ئانچىنان** رەۋ [پ] **شۇنچە، خېلى بەك، شۇ قەدەر:** قەلەندەر پادىشاھنى ئەتىسى ئانچىنان ئىزدەپ تاپالمىدى.

**ئانچىۋالا** ئال ← **ئۇنچىۋالا.**

**ئاندا** رەۋ. ① **ئۇ يەردە، بۇ يەردە، شۇ يەردە:** خانىمانىم ئاندا قالدى، گۈل چېھرىم بەندە بولدى، قاراقچىلار قولىدا قالدى، كىشى ئۆز يارىغا ئوخشارمۇ. ② **ئۇ يەرگە، بۇ يەرگە، شۇ يەرگە:** يۈرۈك ئاندا بارايلى، دەريا بويى بويلايلى. بىلىقلارغا ئەرز ئېيتىپ، بىز خۇداغا يىغلايلى.

**ئاندا - ساندا** رەۋ ① **بەزى - بەزىدە، بىرە - بىرە، گاھ - گاھ:** تالا قاراڭغۇ ۋە قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئاسماندا بىرەر تال يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئاندا - ساندا چاقماق چېقىپ ئۆتەتتى. * شەھەر سېپىلىنىڭ تۆت دەرۋازىسى ئۈستىدىكى قاراۋۇل پوتەيلىرىگە كىرىۋالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئاندا - ساندا ئوق چىقىرىپ قوياتتى. ② **ئۇ يەر، بۇ يەردە، ئۇندا - مۇندا:** ئۇنىڭ چېكى چاچلىرىغا ئاندا - ساندا ئاق سانجىلغان، كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرىگە ئىنچىكە سىزىقلار تارتىلغانىدى.

**ئانداق** ئال ← **ئۇنداق.**

**ئانداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ** ← **ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ.**

**ئانداقچى** ئال ← **ئۇنداقچى.**

**ئانداقچى - مۇنداقچى** ← **ئۇنداقچى - مۇنداقچى:** خاسىيەت زاۋۇتقا تېلېگراممىا ئەۋەتكەندە ماڭا بەرمىگەنلىكى، تېلېفون بەرسە چاقىرىپ قويمىغانلىقى، ئىزدەپ كەلسە كۆرۈشتۈرمەيلا قالماستىن، مېنى ئانداقچى - مۇنداقچى دەپ تەتۈر تونۇشتۇرغانلىقلىرىنى سەن بىرىپىلا چۈشەندۈرۈپ بولالامسەن؟

**ئاندا - مۇندا** ← **ئاندا - ساندا** ياتاقتىكىلەر شېرىن ئۇيقۇدا، ئاندا - مۇندا خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. * ئۇلار ئاندا - مۇندا ساقلىنىپ قالغان تەبىئىي ئورمان، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراشنى كۈچەيتتى.

**ئاندىن** ئال ① **شەرت - بېقىندى جۈملىلەردە باغلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىدە كېلىپ، شۇ چاغدا، شۇ ۋاقىتتىلا دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:** ئەگەر ئۇ، شۇ چېكىنگىنىچە كوزۇپقا بېرىپ تاقالسا، ئاندىن مەن ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ كوزۇپنىڭ يان ياغىچىغا كېلىشتۈرۈپ ئۈستۈرۈشنى ئويلىغانىدىم. * خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى پەقەت ھەقىقىي ئىجرا قىلىنغاندىلا، ئاندىن ئۇ خەلقنى قوغداش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، جىنايەتچىلەرنى جازالاپ ئۆزگەرتىش رولىنى ئوينىيالايدۇ. ② **ئۇنىڭدىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىن كېيىن؛ ئۇلاپلا:** ئاۋۋال ئىشلە، ئاندىن ئوينا (ماقال). * ئارسلانوۋ بالىنىست باشلىقى غۇلامجاننىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ئاندىن ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولدى. ③ **ئۇندىن، ئۇندىنمۇ، ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭدىنمۇ:** ئەل ئامان، دەردىڭ يامان، كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان.

**ئاندىن باشقا** ← **ئۇندىن باشقا.**

**ئاندىن كېيىن** ← **ئۇندىن كېيىن.**

**ئانسامبىل** ئى [ر<فران] **بىر پۈتۈن بەدىئىي كوللېكتىپ بولۇپ ئويۇن كۆرسىتىدىغان ئارتىسلار كوللېكتىپى:** ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى.

**ئانكىت** ئى [ر<فران] **تېگىشلىك مەلۇمات ئېلىش ۋە توپلاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن سوراق خاراكتېرلىك جەدۋەل، ۋاراق:** ئانكىت تولدۇرماق. پارتىيە ئەزالىرىنى قايتا تىزىملاش ئانكىتى. * ئۇ ئارىمىزدا ھاشىردىن قالسا، ياشتىمۇ چوڭ، ئۇنىڭ يىگىرمە تۆت ياشقا كىردىم دەپ ئانكىت تولدۇرغىنى، ئايالى ۋە بىر بالىسى بار ئىكەنلىكى يادىمدا، ئۇ ئايالىنى قويۇۋېتىپ بىز بىلەن ماڭدى.

**ئانېمومېتر** ئى [ر<گرېك] ھاۋا، شامال ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**ئانجان** ئى. ئانىسىغا ياكى ياشانغان ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىپ ياكى ئۇنىڭغا ئەركىلەپ دېيىلىدىغان مۇراجىئەت سۆزى: ئانجان، ئارزۇيۇڭدىكى زامان بولدى. * قەدىمدىن ۋەتەننى دەيمىز بىز، سۆيۈنۈپ، ئەزىزلەپ ئانجان. شۇ ئۇلۇغ نام بىلەن سېنى ئاتىدىم، قەلبىمدە ھاياجان. يۈرىكىم تېپىدۇ سەن ئۈچۈن، تومۇردا ئۇرغۇيدۇ قىزىل قان.

**ئانىسى** ئى ① «ئانا» سۆزىنىڭ III شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىشى. ② ئەرلەرنىڭ ئۆز ئاياللىرىغا ئىسمىنى ئاتىماستىن مۇراجىئەت قىلىش فورمىسى: — ھەي ئانىسى، قاراڭلا كىم كەلدى، — دېدى ئۇ مېھماننى ئۆيگە تەكلىپ قىلىۋېتىپ.

**ئانىكا** ئى. ئانىسى ياكى ئانىسى قاتارلىق ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىپ ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ ئىيتىدىغان مۇراجىئەت شەكلى: — ئاھ، — دەپتۇ پەرىزات، — يامان قىلدىڭلا ئانىكا، مېنىڭ مايمۇن سۈرەتلىك نىقابىمنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ئاتا-ئانامنىڭ دىمىغىغا يېتىپ بارغان ھامان، ئۇلار مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ.

**ئانىكام قاق دېگۈزۈۋەتمەك** دىئال. ۋايجىنىنى چىقىرىۋەتمەك، جۇگۇ-جۇگۇ دېگۈزۈۋەتمەك.

**ئانىلارچە** رەۋ. ئانىلارغا ئوخشاش؛ ئانىلارغا خاس، ئانىلاردا بولىدىغان: ئانىلارچە غەمخورلۇق. ئانىلارچە كۆيۈنمەك. * ۋاڭ جاۋشىن ياۋۇزلارنىڭ مۇشتىنى بولغۇچە يېگەنلىكتىن. بۇ ئانىلارچە مېھرىبانلىقنى كۆرۈپ، كۆز ياشلىرىنى زادىلا توختىتالمىدى.

**ئانىلىق** سۈپ ① ئانىسى بار، ئانىسى ھايات: ئاتىلىقلار ئاتام دېسە قۇيۇلدى ياشىم. ئانىلىقلار ئانام دېسە، ئىڭىلدى باشىم. ② ئانىغا خاس، ئانىغا ئالاقىدار: ئانىلىق مۇھەببەت. ئانىلىق مېھىر. * ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كىچىككىنە يۇمران بوۋاقنى چەكسىز ئانىلىق مېھرى بىلەن باغرىغا بېسىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئاياللىنىڭ قىياپىتى نېرى كەتمەيتتى. ③ <بوت> ئانا تەرەپ بىلەن قانداشلىق ۋە تۇغقانداشلىق مۇناسىۋىتى بار بولغان: ئانىلىق تۇپ. ئانىلىق تەن. ئانىلىق گۈل.

**ئاناي** ئىم. دىئال. ۋىيەي.

**ئانى** سۈپ [ئە] بوزەك؛ ياۋاش: ئانىينى تاپسام، شىلىلىسىگە مىنىپ چاپسام (ماقال).

**ئانى ئەتمەك** ← **ئانى تاپماق** — ئۇكام ئادەمنى مۇنداقمۇ ئانى ئەتكەن بارمۇ؟ — دەپ كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى توختى سەيپۇڭ.

**ئانى تاپماق** بوزەك قىلماق، خارلىماق: ئەگەر كىم ئاق نىيەت كىشىلەرنى ئانى تېپىپ، ئۇلارنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى سوقۇۋېلىپ يېيىۋالغان مۇشتۇمزورلارنى ئاڭلاپ قالسا، ئۇلار مەيلى قەيەردە بولسۇن، شۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، يىغىشتۇرۇپ كېلەتتى. * ئاتا-ئانىلىرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار مىراس بۆلۈشۈپتۇ، بۆلۈشۈپمۇ بىر قورۇدا ياشاپتۇ، چوڭلىرى كىچىكىنى ئانى تېپىپ، ئالداپ-سالداپ ئۇنىڭ مىراسلىرىنى يەپ تۈگىتىپتۇ.

**ئاھ** ئىم ① مېھىر-مۇھەببەت، كۆچلۈك ھېسسىيات، سېغىنىش، ئىنتىزارلىق، خۇشاللىق قاتارلىق ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەيدۇ: — ئاھ، خۇدا، قىزلىرىمنىڭ بەختىنى ئوڭ قىلغىن! — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ. * ئاھ، جېنىم بالام، سېنى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدىكەن-ھە. * ئىڭىلدىم مەن ساڭا ئاھ ئانا قۇياش، دىلىمدا باركى بىر تەلەپ-ئىلتىجا، گۈلخۇمار بۇلبۇلدەك تۆكمەن ناۋا، ئەرزىمنى ئىشىتكىل ۋە كەلتۈر بەجا. ② ئېچىنىش، دەرد-ئەلەم، ھەسرەت-نادامەت، نالە-تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ: «ئاھ» دېسە ئۆپكىسى كۆرۈنۈپتۇ (ماقال). * ئاھ، شۇ كۈنى ئۆزەمنىڭ نېمە بولغانلىقىمنى ھېچ بىلمىدىم. * — ئاھ!... — دەپ زارلاپتۇ يىگىت، — شۇ باغ بىلەن ئىمارەت مېنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىدى... ③ ناله، زار، دەرد، پىغان: يىگىت ئايرىلىش ئازابىدىن بىر ئاھ ئۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئاھى يەتتە قات ئاسمانىنى، يەتتە قات زېمىننى تىترىتىپتۇ. * ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۈتقاي سېنى؛ كۆز يېشىم دەريا بولۇپ، بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

**ئاھ تارتماق** ← **ئاھ ئۇرماق:** زېرەك بۇ ئىشنى كۆرۈپ خوجا ۋاپانىڭ قېشىغا كىرىپ بىر ئاھ تارتىپتۇ.

**ئاھ چەكمەك** ← **ئاھ ئۇرماق:** توڭ قاغا تۈلكىنىڭ ئاھ چېكىپ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ: — ئەي تۈلكە، نېمىشقا بۇنچە خاپا بولىسەن؟ نېمىگە رەنجىپ چىشلىرىڭنى غۇچۇرلىتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

**ئاھ ئۇرماق** ناله قىلماق، زارلانماق، پىغان چەكمەك: — غۇلام كۈندۈزى خىزمەت قىلدى، كېچىسى ئۇخلىماي بىر بۇلۇڭدا يىغلاپ ئاھ ئۇرار ئىدى. * نەچچە ۋاقىتتىن ئاھ ئۇرۇپ مەن يارنى دەپ، باغدا يارىم بار ئىكەننى بىلمىدىم. ھەسرەت بىلەن سەنەم جانىم قايدا دەپ، سەنەم جانىم باغدا ئىكەننى بىلمىدىم.

**ئاھا** ئى [پ] گىلەمچىلىك كەسپىدە ئۆرۈشكە سۈركەش ئۈچۈن تەييارلانغان سۆيۈق ئۇ ماچ، شىلىم.

**ئاھا پېشىپى** ئاھانىڭ ئاھا ياغلىقىدىن ئۆتمەي قالغان كېرەكسىز قىسمى.

**ئاھا تېشى** ئەتلەس دۇكىنىدىكى ئۆرۈش يىپلارغا ئاھا بېرىلگەندە ئىش تېشىغا قوشۇپ ئېسىلغان كىچىك تاش، ئېغىرلىقى بەش-ئالتە جىڭ كېلىدۇ.

**ئاھاك** ئى [پ] ← **ھاك.**

**ئاھاڭ** ئى [پ] ① بىر-بىرىگە ئۇلانغان، ئۇيغۇنلاشقان ئاۋۇشلار ئېقىمى: قىزلار بولسا ئالمىقاچانلا ئۇيقۇغا كەتكەن. پاتىمىنىڭ قۇلىقىغا بىر خىل ئاھاڭدا گۈركىرەش ئاڭلىناتتى. ② <مۇز> تۈرلۈك تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە ئۇيغۇنلىشىپ، مۇزىكا پۇتۇنلۈكىنى تەشكىل قىلغان بىرىكمىسىدىن ئىبارەت مۇزىكا ئەسىرى، كۈي: بىرىنچى مۇقام يىگىرمە ئىككى ئاھاڭ ئېيتىلغاندىن كېيىن تۈگىدى. * يوغان-يوغان ئۆيلەرنىڭ ئوچۇق دېرىزىلىرىدىن خۇش چاقچاق ئاۋازلار، تالىششلار، مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئاڭلىناتتى. ③ نۇتۇقتا مەنىگە قاراپ ئاۋازنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسىيىشى، كۈچلۈك ياكى ئاجىز ئېيتىلىشى؛ ئىنتوناتسىيە: مەن بوۋايغا: — سىز دەرھال بېرىپ ئادىل شۇجىنى چاقىرىپ كېلىڭ! — دېدىم بۇيرۇق ئاھاڭدا. ④ سۆزلىگۈچىنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان تەلەپپۇز ئۇسلۇبى: يىغلامسىرىغان ئاھاڭدا سۆزلىمەك. * سەلەي تەمتىرەپ كەتمىدى، چۈنكى لىۇشيانىڭ ئاۋازىدا قورققۇدەك ئاھاڭ يوق ئىدى.

**ئاھاڭ تەرجىمىسى** <تىل> بىر تىلنىڭ سۆز-ئىبارىلىرىنى يەنە بىر تىل تاۋۇش سىستېمىسىنىڭ ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دائىرىدە، ئوخشاش قىلىپ ئېيتىش، تەلەپپۇز قىلىش، ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

**ئاھاڭ شەكلى** <مۇز> مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ تۈزۈلمە شەكلى. بۇ، ئوقۇش ئاھاڭ شەكلى، ئاساسىي كۈي شەكلى ۋە يۈرۈش ئاھاڭلىرى شەكلى دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ.

**ئاھاڭغا سالماق** تېكىست (شېئىر)نى ئاھاڭغا ماسلاشتۇرۇپ ناخشا ھالىتىگە كەلتۈرمەك: ئۇ ئۆزىنىڭ قوشاقلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتاتتى. * «ئۈچچۈنلار ئىتتىپاقى»نىڭ ئەزالىرى دىلبەرنىڭ شېئىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ «مەھبۇسلار ناخشىسى» قىلىپ ئوقۇيدىغان بولدى.

**ئاھاڭدار** سۈپ [پ] ① قۇلاققا خۇش ياقىدىغان، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، يېقىملىق. ناخشىچى سايرامنىڭ سۆيگۈنى ھۆرنىڭ ئاۋازى بۇلبۇلدەك ئاھاڭدار ئىكەن. ۋە بەلكى بۇلبۇلمۇ يەتمەسكەن ئاڭا، شۇڭلاشقا ئەل ئۇنى بۇلبۇل ئاتار ئىكەن. ② مەلۇم ئاھاڭغا ئىگە بولغان؛

ئاھاڭلىق، جاراڭلىق: بۇ شېئىر نېمىدېگەن ئاھاڭدار - ھە!

**ئاھاڭدارلىق** «ئاھاڭدار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: * «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرى... شېئىردىي ۋەزىن جەھەتتىن كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا ئىگە.

**ئاھاڭداش** سۈپ [پ] ① ئېيتىلىشى ئوخشاش، تەلەپپۇزدىكى ئاھاڭى بىر خىل: ئاھاڭداش سۆز. ② مەلۇم ئاھاڭغا، مەلۇم كۈيگە ماس كېلىدىغان: ئاھاڭداش ناخشا. ئاھاڭداش شېئىر. * شاۋقۇنلىرىڭغا ئاھاڭداش ئۈيغۇر، ئېيتىدۇ ساڭا دىلىدىن تەشەككۇر.

**ئاھاڭداش سۆز** <تىل> فونېتىك شەكلى ئوخشاش، لېكىن مەنىلىرى ئوخشىمايدىغان سۆز.

**ئاھاڭداشلىق** «ئاھاڭداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**ئاھاڭرەبا** ئى [پ] ماگنىت.

**ئاھاڭلىق** سۈپ ① مەلۇم بىر ئاھاڭ ياكى مۇزىكىغا ئىگە، مەلۇم بىر ئاھاڭ، مۇزىكا بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، چېلىنىدىغان ياكى ئېيتىلىدىغان: شەھەر ئاھالىلىرى ئادەتتە سىپايە كىيىنىپ، پاكىز يۈرەتتى. مۇئامىلىدە سىلىق، قائىدىلىك، ئۆزئارا سۆزلىشىشلىرى ئاھاڭلىق ۋە جاراڭلىق ئىدى. ② **ئاھاڭدار:** كېلىشكەن بۇرۇتىنى بۇراپ يىگىت، چالدى - دە، خۇش ئاھاڭلىق دۇتارنى. يېقىملىق لەرزان ناخشا كەتتى ياڭراپ، تىترىتىپ يۈرەكلەرنىڭ زىل تارىنى.

**ئاھالە** ئى [ئە] مەلۇم بىر ئورۇندا، مەملىكەتلەردە ئولتۇراقلىشىپ ياشىغۇچى ئادەملەر توپى؛ خەلق: مەملىكىتىمىز دۇنيا بويىچە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ مەملىكەت. بىر مىليارد ئاھالىسى بار مۇشۇنداق چوڭ مەملىكەتتە ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشنىڭ كۆلىمى مەملىكىتىمىز تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مىسلىي كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەڭ بولىدۇ.

**ئاھانەت** ئى [ئە] ① كىشىنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان ياكى نامىغا زىيانلىق بولغان ئاساسسىز گەپ - سۆز؛ ھاقارەت، تۆھمەت، بوھتان: ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان بۇ ئاھانەتكە چىداپ تۇرالماي ئىتتىك تالاغا چىقتىم. * تۇرغۇن ئاۋارىچىلىك، تاپا - تەنىلەر، ئاھانەتلەردىن كېيىن ئۇ ئىشتىن قۇتۇلۇپ چىققان ئاپام ئەلىمىگە چىدىماي مېنى قارغايتتى. ② **خورلۇق، ئاھەۋ-چىلىك، ئۇۋالىلىق:** نومۇس ۋە ئاھانەتكە چىدىمىغان بەختىگۈلنىڭ دادىسى بىر كۈنى كەچقۇرۇن غەزەپ بىلەن قۇددۇسنىڭكىگە بېرىپ، بەختىگۈلنىڭ ئۆيىگە كىردى. * ئەمگەكلىرىم، دىل - يۈرەكلىرىم، ئاھ، خۇش پۇراق گۈل - چېچەكلىرىم، ئاياغ ئاستى بولدۇڭ قانچە يىل، ئاھانەتكە تولدۇڭ قانچە يىل. ③ **نومۇس، ئىزا، ئۇيات:** چىقىرار ئادەمنى كاردىن يارىماس ئەخلەت قىلىپ، قەلبى ساپ ئىنسان ئۈچۈن قاتتىق ئاھانەتتۇر تاما.

**ئاھانەت قىلماق** ھاقارەتلىمەك، تىللىماق، خارلىماق: قوشنام دوناي كالپۇك بىلەن بالا ئارىسىغا كىرىپ چاچلىشىپ قالدۇق... ئۇ «قەلەندەر» دېدى، مەن «كاۋىچى» دېدىم. ئۇ «سەن كاۋىغا دۇم چۈشۈپ، يۇرتۇڭدىن تېنەپ يۈرسەن،» دەپ ئاھانەت قىلدى. * باي مەڭدەپ ھويلىغا چىقسا ئىتى بىرنەرسىنى غاجاپ ياتقان، باي قاراپمۇ قويماپتۇ، ئۆيگە كىرسە خوتۇنلىرى ئاھانەت قىلىپ ئارام بەرمەپتۇ.

**ئاھانەتلىك** سۈپ ① **ھاقارەتلەنگەن، تىل - ئاھانەت ئىشىتكەن، قارىلانغان، خورلانغان:** زۇلال ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى: — مېنىمۇ، ئۆزىڭىزنىمۇ ئاھانەتلىك قىلىشىڭىزغا ئەمدى ھەرگىزمۇ چىداپ تۇرالمايمەن! چۈشەندىڭىزمۇ؟ * قامچىلارنى تەڭلەيدۇ، كەتمەنچىنى ئىلغايدۇ، بەزىسىنى تىللايدۇ، ئاھانەتلىك ئاق ئۆستەڭ. ② كىشىنى سەپسەكەندۈرىدىغان، نومۇس قىلدۇرىدىغان، ئۇيالدۇرىدىغان: نامەت ئاكا بىرئاز پەسكويغا چۈشۈپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى: — يېشىڭ

ئوتتۇزغا يەتمەي تۇرۇپ ئۈچ قېتىم ئۆيلەندىك، شۇڭا «خوتۇن بېدىكى» دېگەن ئاھانەتلىك نامغا ئېرىشتىك. * خوتۇنپەرەسلىك ۋە نەشە بىلەن بۇلغىنىپ يۈرگەن دادا بۇ كۆڭۈلسىز، ئاھانەتلىك ھادىسىگە، گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك پەرۋاسىز قاراپ جىمجىت ئۆتكۈزۈۋەتتى.

**ئاھ-ئەپغان** ← **ئاھ-زار:** باشتىن سۆزلەي يەتكىل دادۇھالىمغا، شۇڭا ھەر ئان ئاھ-ئەپغان ئېتەرمەن. قېرىنداشلىرىم چۈشتى مېنىڭ يادىمغا، شۇڭا ھەر ئان ئاھ-ئەپغان ئېتەرمەن.

**ئاھ-پەرياد** ← **ئاھ-زار:** قىز ھوشىغا كېلىپ قارىسا، تۇغقىنى بىر تۈكلۈك مايمۇن بالىسى! ئۇ ئاھ-پەرياد ئۇرۇپتۇ، يېشى قار-يامغۇردەك تۆكۈلۈپتۇ.

**ئاھ-پىغان** ← **ئاھ-زار:** 17 يىللىق خۇشال-خۇرام كۈلكەم بىلەن ئاھ-پىغانلىق ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشلىرىمغا گۇۋاھ بولغان بۇ كىچىككىنە ناھىيە تەۋەسىدە مېنىڭ قەدىمىم تەگمىگەن يېزا-مەھەللىلەر يوق دېيەرلىك.

**ئاھ-زار** ئېچىنىشلىق، ھەسرەتلىك يىغا، ئاھ بىلەن ئېيتىلغان نالە: بۇ قېتىم شەرىخاننىڭ كۆزىدىن ئاققان يېشىنى كۆرگەن، ئۇنىڭ تاشنى ئەزگۈدەك ئاھ-زارىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئىچىدە كۆز يېشى قىلمىغان ئادەم قالمىدى.

**ئاھ-نادامەت** ئېچىنىش ۋە پۇشايمان؛ ئاھ بىلەن ئېيتىلغان ئەپسۇس: نە سەۋەبتىن چەكتىڭ ئاھ-نادامەت، كىمدىن چۈشتى ساڭا ۋەھىمە قىيامەت، سەن يىغلىساڭ دۈشمەن قىلار مالامەت، كۆپ يىغلىما، ئاكاڭ ئامان كېلىدۇ.

**ئاھھاي** ئىم. كۈتۈلمىگەن ۋەقە ياكى ھادىسىدىن ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش، ياكى خۇشاللىنىش ۋە ياقتۇرۇش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ: ئالماس: — ئاھھاي... ھەممىسى ھەق، مۇھىم گەپلەر، توغرا سۆز، — دېدى.

**ئاھۇ** ئى [پ] كېيىك: بال، شېكەردىن بەلكى شېرىندۇر كۈمۈش رەڭ سۇلىرىڭ، تاغلىرىڭدا يايرىشىپ ئەركىن ئۆسەر ئاھۇلىرىڭ.

**ئاھۇپەرياد** يېزت ← **ئاھ-پەرياد:** گۈلخاندىن چوغ چېچىلدى ياۋلار ھەر يان قېچىلدى. ئاھۇپەرياد ئىچىدە تۆمۈر دەرۋازا ئېچىلدى. * يىغا، ھەسرەت يولى بىلەن، مەقسىتىمىز ھەل بولماس، كېچە-كۈندۈز ئىشىمە ئاھۇپەرياد بولغاندا.

**ئاھۇپىغان** يېزت ← **ئاھ-پىغان:** 17 يىللىق خۇشال-خۇرام كۈلكەم بىلەن ئاھۇپىغانلىق-ئۇلۇغ كىچىك تىنىشلىرىمغا گۇۋاھ بولغان بۇ كىچىككىنە ناھىيە تەۋەسىدە مېنىڭ قەدىمىم تەگمىگەن يېزا-مەھەللىلەر يوق دېيەرلىك. * قايسى چاغ بىلمىدىم، بولغانمىش شۇنداق ئاجايىپ بىر ۋەقە، ئەنە شۇ يۇرتتا. بۇ ئىشتىن ئادەملەر چېكىپ ئاھۇپىغان، كۆيگەنمىش دىللىرى ئورتىنىپ ئوتتا...

**ئاھۇزار** يېزت ← **ئاھ-زار:** مەن بۇگۈن بازاردا ئەنجۈر ساتىمەن، تاپىمەن ھېرىسىمەن خېرىدارىمنى. ئۆيلايمەن بىر چاغدا ئەنجۈر ساتالماي، كوچىدا چەككەن مۇڭ، ئاھۇزارىمنى. * خازان بولدى لالە-زارىم، جانىدىن ئۆتتى ئاھۇزارىم، قولدىن كەتتى ئىختىيارىم، قالمىدى تەندە مادارىم.

**ئاھۇنادامەت** يېزت ← **ئاھ-نادامەت:** نە سەۋەبتىن چەكتىڭ ئاھۇنادامەت، كىمدىن چۈشتى ساڭا ۋەھىمە قىيامەت، سەن يىغلىساڭ دۈشمەن قىلار مالامەت، كۆپ يىغلىما، ئاكاڭ ئامان كېلىدۇ.

**ئاھ-ۋاھ** ئېچىنىشلىق نالە-زار، قايغۇ-ھەسرەتنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ خېلى ئۇزاقىچە «ئاھ-ۋاھ» دەپ ھەسرەت چېكىپ يۈرەتتى.

**ئاۋاپ** سۆپ. دىئال. ئالدامچى.

**ئاۋات** سۆپ [پ] ① گۈللەپ ياشنىغان، راۋاج تاپقان: ئاتام بىلەن تاغىلىرىم شەھەرلەردە بولۇپ ئۆتكەن ئاجايىپ ھادىسىلەر، نەرسە-كېرەكلەر ۋە ئاۋات شەھەرلەر ھەققىدە سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتى. * — ئۇنىڭ ئىسمى قەمەرۇززامان ئىكەن. ئۇ، ئادالەتلىك، قولى ئوچۇق، مەرد، خەير-ئېھسانلىق، سېخىي پادىشاھ بولۇپ، مەملىكىتى تىنىچ ۋە ئاۋات، شەھىرىمۇ گۈزەل! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىرى. ② ئادەم كۆپ يىغىلىدى-

غان؛ ئادەم زىچ ياشايدىغان؛ قايىنام-تاشقىنلىقتا چۆمگەن، قايناق، قىزىق: داستىخان مېھمان بىلەن ئاۋات (ماقال). * گۈگۈشي ئالدىدىكى تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشى ئەزەلدىن ئاۋات جاي. ③ بەزى ئىسىم ياكى ئايرىم سۆپەتلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، شەھەر، قىشلاق ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ خاس ئىسىملىرىنى ياسايدۇ: قوشئاۋات. يېڭىئاۋات... ④ يەر، جاي نامى.

**ئاۋاتچىلىق** ئى ← **ئاۋاتلىق:** مەن ھۆرمەت يۈزىسىدىن مۇنداق دېدىم: ئايال كىشى ئۆينىڭ زىننىتى، چىرىغى. بىر ئائىلىنىڭ ئاۋاتچىلىقى ئايال كىشى بىلەن بولىدۇ.

**ئاۋاتلاشتۇرماق** «ئاۋاتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خوتەن دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى «ئېگەرچى» دېگەن كەنت كەنجى ئوغۇلنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى ئاۋاتلاشتۇرغان جاي بولۇپ، ئېگەرچىلىك ھۈنىرى بويۇرتىنىڭ نامى بولۇپ ئۆزلىشىپ قالغانمىش. * ... بىرمۇنچە باللار ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئاۋاتلاشتۇرغانىدى.

**ئاۋاتلاشتۇرۇلماق** «ئاۋاتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەھەرلەر ئاۋاتلاشتۇرۇلدى.

**ئاۋاتلاشماق** پ. بارا-بارا ئاۋات بولماق: خەلقى بېيىپ يۈكسىلىپ كۈندە تۆش-پەش چاينىغان، ئاۋاتلىشىپ يېزىلار بەخت ئىچىدە يايرىغان... چېچەكلىگەن باھارى، ياشناپ ئارمان كېرىيە. * ھېلىلا جىمجىتلىقتا چۆكۈپ قالغان بۇ ئۆي بىردەمدىلا پاراڭچىلارنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرى بىلەن ئاۋاتلىشىپ قالدى.

**ئاۋاتلىق** «ئاۋات» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: * بىزگە كېرەك يېرىمىزنىڭ ئاۋاتلىقى، بىزگە كېرەك خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى.

**ئاۋارە** سۈپ [پ] ① بىرەر جايدا تىنىم تاپالمىغان؛ سەرسان-سەرگەردان: باقساڭ مېنىڭدەك دىۋانىلارغا، ئىسيان چۆلدە ئاۋارىلارغا. ② بىرەر ئىش-ھەرىكەت بىلەن بەند، مەشغۇل، شۇ ئىشقا ئارتۇقچە ئۇرۇنغان: ھازىر ھەر ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە. * جىلە بولسام بېلەت ئالالمايمەن، ھەر قېتىم ئۇ «ئەتە كەل» دەيدۇ. تولا قاتناپ، نۆۋەتتە تۇرۇپ، ئاۋارىمەن بېلەت تەگمەيدۇ. ③ ئامالسىز، بىچارە؛ قىينالغان: ۋە يا داچەن دەردىسىن ئاۋارىمۇسەن؟ ياكى ئوغرى، بۇلاڭچى، قاراقچىمۇسەن. ④ ئاجىز، ئورۇق، جۇدەڭگۈ: ئاۋارە قوي. ئاۋارە ئات.

**ئاۋارە بولماق** ① ئۆزىنى كايىتماق، قىينالماق: مەسىلەمنى ھەل قىلالماي، بىر يىل ئاۋارە بولدۇم. ② بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەت بىلەن بەند، مەشغۇل بولماق؛ ئۆزىنى كايىتماق، قىينالماق: رەھىمجان كۈن بويى ئېتىز ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە بولاتتى.

**ئاۋارە قىلماق** بىراۋنى بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەت بىلەن قىيناپ قويماق؛ كايىتماق: شياۋمېي «دورا قايناتتۇرىمەن دەپ سىزنى بىرمۇنچە ئاۋارە قىلدىم» دېدى. * ئەركىنىنىڭ ئويلىماي قىلىپ قويغان بۇ قاملاشمىغان ئىشى، ئۇنىڭ ئۆزىنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئائىلىسىنى، ساۋاقداشلىرىنى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ ئاۋارە قىلغانىدى.

**ئاۋارىچىلىك** «ئاۋارە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — قوي-ئۆچكىلەرنى ھەيدەپ يۈرمەك بىر ئاۋارىچىلىك-تە! — دەپ سۆزۈمنى بۆلدى ئاۋۇت ئاخۇن. * لاۋجاڭ بۇ سۆزىدىن بىرئاز خىجىل بولغاندەك: — بىز كېلىپ سىلەرگە كۆپ ئاۋارىچىلىك سېلىپ قويدۇق، — دېدى ئاستاغىنا.

**ئاۋارىز** ئى. دىئال. ئارزۇ، ئارمان، تەلەپ، پۇخا.

**ئاۋارىكەش** ئى. ئاۋارە بولغان، ئاۋارىچىلىك تارتقان ئادەم: ھارۋىكەش — ئاۋارىكەش (ماقال). * — مەن ئاۋارىكەش، — دەپتۇ، دېھقان چېچىلىپ، — ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق.... پادىشاھقا سوۋغات ئېلىپ كەلگەن...

**ئاۋارىگەر** ئى ← **ئاۋارىكەش:** ياغسا يامغۇر ئۆگزىگە كۆل قويۇپ، تۆشۈك ئېتىپ، قىشتا تار ياغسا بولار ئىدۇق ھەم تولا ئاۋارىگەر.

www.uyghurkitap.com

**ئاۋارىگەرچىلىك** «ئاۋارىگەر» سۆزىنىڭ ئابستىراكت ئىسىم شەكلى: خوتۇنى: — تووۋا، بۇ ئادەمنى! بۇ نېمە قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك! — دەپ كايىپتۇ. * ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىش ماڭا كۆڭۈلسىز ۋە ئارتۇق ئاۋارىگەرچىلىك ئىدى.

**ئاۋاز** ئى [پ] ① ماددىلارنىڭ تەۋرىنىشى، نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن پەيدا بولغان تاۋۇش: سائەتنىڭ ئاۋازى. يامغۇر ئاۋازى. دۇمباق ئاۋازى. * قەيەردىندۇ نەي بىلەن راۋابنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ② ئۆپكىدىن چىققان ھاۋانىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن تاۋۇش پەردىلىرىنىڭ تەۋرىنىشىدىن چىققان تاۋۇش؛ سادا: — ئەي ئوغلۇم، — دېدى ئۇ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — نېمە سىرىڭ بار، ماڭا ئېيت. ③ پىكىر - تەلەپ، نالە: ئاممىنىڭ ئاۋازى. * يۇرتىمغا ئورناشتى يېتىملارنىڭ ئاۋازى! * جاھان ئەھلىنى تاڭ قالدۇرىدىغان مۇزىكىلىرىڭلار، ئۇستىلىقىڭلار بىلەن دەۋر ئاۋازىنى ياڭرىتىڭلار، يېڭى ھاياتنىڭ ئىشقىۋازلىرى! ④ دۆلەت ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۆتكۈزىدىغان سايلامدىكى سايلىغۇچىنىڭ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىش ھوقۇقى ياكى ئۇسۇلى: يوشۇرۇن ئاۋاز. بىر ئاۋازدىن ماقۇللىماق. * كومتېتنىڭ رەھبىرىي ئورگىنىنى سايلاش ۋاقتىدا لېنىنچىلار كۆپ ئاۋازغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن «بولشېۋىكلار» (كۆپ سانلىقلار) دەپ، ئاغمىچىلار ئاز ئاۋازغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن «مېنشېۋىكلار» (ئاز سانلىقلار) دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

**ئاۋاز ئايرىلىقى ← ئىنتېرۋال.**

**ئاۋاز ئالماق** مېخانىكىلىق ئۇسۇل، ئېلېكتر تېخنىكىسى ياكى ئېلېكتروماگنىت ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاۋازنى كۆچۈرمەك، خاتىرىلىمەك.

**ئاۋاز باسقۇچى ← گامما.**

**ئاۋاز بەرمەك** ① <كىنو> كىنو ياكى تەرجىمە فىلىم ئىشلەشتە، ئاۋاز ئارتىسلىرى ئۆز ئاۋازىنى شۇ فىلىمدىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگى ياكى ناخشىلىرىغا ماسلاشتۇرۇپ بېرىشقا ئالدۇرماق. ② بىرەر مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا، ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپكە ياكى سايلامدا بىرەر شەخسنى سايلاش - سايلىماسلىققا ئۆز ئىختىيارىنى بىلدۈرمەك: بۇ تالاش - تارتىش ئاخىر ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن يەنى ئۈچ ئاۋازغا قارشى بەش ئاۋاز بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. * ھەمرا كۆپچىلىكنىڭ ئاۋاز بېرىشى بىلەن دادۇيگە باشلىق بولۇپ سايلانغان.

**ئاۋاز بەلگىلىرى** <مۇز> مۇزىكا نوتىسىدىكى ئاۋازلارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بەلگە.

**ئاۋاز توسقۇنلۇقى** <فىز> يۇقىرى تېزلىكتە ئۇچۇۋاتقان جىسىم (مەسىلەن: ئايروپىلان، راكېتا قاتارلىقلار)نىڭ تېزلىكى ئېشىپ ئاۋاز تېزلىكىگە يېقىنلاشقان چاغدا، شۇ جىسىم ئالدى تەرەپتىكى ھاۋانىڭ تارقىلىپ كېتىشىگە ئۈلگۈرەلمەسلىكىدىن سىقىلىدۇ. زىچلىق، تېمپېراتۇرا توساتتىن ئۆرلەپ، بۇ جىسىمنىڭ ئۇچۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ خىل ھادىسە «ئاۋاز توسقۇنلۇقى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئاۋاز تۈسى** <مۇز> دولقۇن تىپىنىڭ ياكى مۇزىكىلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىق تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئاۋازلاردىكى خاسلىق.

**ئاۋاز تېزلىكى** <فىز> تاۋۇش دولقۇنىنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى، ئوخشىمىغان ۋاستىلەردە ئاۋاز دولقۇنىنىڭ سۈرئىتى ئوخشىمايدۇ. 15°C ھاۋادا ئاۋاز تېزلىكى ھەر سېكۇنتىغا 34° مېتر بولىدۇ.

**ئاۋاز تىپى** <مۇز> ← **رىتىم تىپى.**

**ئاۋاز چاستوتىسى** <فىز> ئادەم قۇلىقى ئاڭلىيالايدىغان دەرىجىدىكى تەۋرىنىش چاستوتىسى. بۇ ئادەتتە 20000 — 20 گېرتس بولىدۇ.

**ئاۋاز دائىرىسى** <مۇز> بىرەر ساز ياكى ئادەمنىڭ ئاۋازىدىكى ئەڭ تۆۋەن ئاۋاز

بىلەن ئەڭ يۇقىرى ئاۋاز ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق.

**ئاۋاز دەرىجىسى** <مۇز> مۇزىكىدا ئوقۇش ئىسمى (DO، RE، MI، FA، SO، LA، SI) ياكى ئاۋاز ئىسمى (C،D،E،F،G،A،B)غا ئىگە ھەرقانداق بىر ئىسىملىك ئاۋاز كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەربىر ئاۋاز دەرىجىسىدە بىرقانچە خىل ئاۋاز ئېگىزلىكى بولۇپ، بۇلار ئۆزگەرمە ئاۋاز بەلگىلىرى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

**ئاۋاز رېتى** <مۇز> مۇزىكىلىق ئاۋازلار سىستېمىسىدا، ئاۋازلارنىڭ ئېگىز-پەسلىك تەرتىپى بويىچە قاتار تىزىلىپ چىقىشى.

**ئاۋاز قوشماق** مەلۇم چاقىرىق ياكى تەشەببۇسقا قوشۇلىدىغانلىقىنى، قوللايدىغانلىقىنى، رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەك: ھېكمەت ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، خىزمەتتىن چېكىنىپ يېزىغا چىقىۋالغىنى بولمىسا، يارامىلىق كادىر. * ئۇستام ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان كۈنىلا ئەزەلدىن قىزىل بايراقدار بولۇپ كېلىۋاتقان «50007 — 27» نومۇرلۇق ماشىنىغا مۇسابىقە ئېلان قىلدى. «50007 — 27» نومۇرلۇق ماشىنىنىڭ شوپۇرىمۇ خۇشاللىق بىلەن دەرھال ئاۋاز قوشتى.

**ئاۋازغا قويماق** بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ياكى سايلامدا كۆپچىلىكنىڭ قول كۆتۈرۈش، ياكى بېلەت ئارقىلىق ئۆز رايىنى بىلدۈرۈشكە سۇنماق: چۈشتىن كېيىن يىغىن بولدى. ئاياز شۇجى يۇقىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىمىزمۇ ياكى ئەسمەتۇللانىڭ پىكرىچە بېيىگە ئاتلىرىنى قالدۇرۇپ قويىمىزمۇ، دېگەن مەسىلىنى ئاۋازغا قويدى. * يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتقان مەسىلە ئاۋازغا قويۇلدى.

**ئاۋاز كىرىشتۈرۈش** <كىنو> ئاۋازلىق كىنو ئىشلەشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، كىنو فىلىمىدىكى ھەر خىل ئاۋازلارنى ئۆز رېتى بويىچە بىرلەشتۈرۈش.

**ئاۋاز كىرىشتۈرگۈچى** <كىنو> كىنو فىلىمىدىكى ھەر خىل ئاۋازلارنى ئۆز رېتى بويىچە بىرلەشتۈرۈش ئىشىنى بېجىرگۈچى شەخس.

**ئاۋاز نامى** <مۇز> ئېگىزلىكى ئوخشاش بولمىغان ئاۋازلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان نام، ھەربىر ئاۋاز ئۆزىگە مۇناسىپ ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: C، D،E،F،G،A،B لار.

**ئاۋاز ئېگىزلىكى** <مۇز> ئاۋازلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى، بۇنىڭدا ئاۋاز بەرگۈچ جىسىملارنىڭ ھەربىر سېكۇنت ئىچىدە تەۋرەنگەن قېتىم سانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاۋاز چىقارغۇچى ماددىنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدىكى تەۋرىنىش سانى قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋازمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

**ئاۋازى بېسىلماق** ① ئۈنى ئۆچمەك، ئاۋاز چىقىرىشتىن توختىماق؛ سۆزلەشتىن توختىماق: ئىككىنچى ماتورلۇق كېمە جەنۇبتىكى قومۇشلۇققا بېرىپ ئۇسۇپ قېلىپ، ئاۋازى بېسىلدى. ② كۆچمە. پىكىر-تەلەپلىرى، ئەرز-شىكايەتلىرى تۈگىمەك؛ ئارزۇ-تەلىپىگە قانماق: ئالتە قەۋەتلىك بىنادىن بىر يۈرۈش ئۆي ئېلىشۇدى، ئۇنىڭمۇ ئاۋازى بېسىلىپ قالدى.

**ئاۋاز يەتمەك** ① ئاۋاز چىقارغاندا، ئاۋازى بەلگىلىك بىر ئېگىزلىك ۋە ئارىلىققا يەتمەك: ساز بەك ئېگىز تەڭشىلىپ كەتكەنىكەن، ئاۋازىم يەتمىدى. ② كۆچمە. پىكىر-تەلەپ، ئەرز-شىكايەتلىرى ياكى ئىنكاسلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئۇقتۇرۇلماق، ئاڭلانماق: — رايون، ناھىيىگە دېدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى يولۇچى، — بىز كەمبەغەللەرنىڭ ئاۋازى نەگە يەتسۇن، — دېدى يەنە بىر دېھقان.

**ئاۋازسىز** سۈپ. ئاۋازى يوق؛ گەپ قىلمايدىغان، ئاۋۇشسىز: ئاۋازسىز كىنو. ئاۋازسىز تىياتىر. * ئۇنىڭ چىرايى ئاۋازسىز تۆكۈلۈۋاتقان

سۆگەت يوپۇرماقلىرىدەك سارغايغان، بەدىنى بولسا قۇرۇپ قالغان تېرەكتەك، بىر تېرە، بىر ئۇستىخانلا بولۇپ ئورۇقلاپ كەتكەنىدى.

**ئاۋازشۇناس** ئى. مەخسۇس ئاۋاز ھەققىدىكى پەننى تەتقىق قىلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم.

**ئاۋازشۇناسلىق** ئى. ئاۋازنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، ئىلىم.

**ئاۋازلىق** سۈپ ① ئاۋازى بار، ئاۋاز چىقىرىدىغان: ــ ھەي، ئۇكا، ماڭا قارىغىنا، بۇ يول بىلەن قەيەرگە بارغىلى بولىدۇ، ــ دەپ سورىدى يوغان ئاۋازلىق بىر كىشى. ② ئاۋازى كۈچلۈك، ئاۋازى چىڭ: دىلەيساخان ئاۋازلىق قىلىپ: ــ ھەي ئەخمەق، ھەي، بولغىنىغان ئەخمەق! تىللانى تېزەككە ئايرىباش قىلىۋاتقىنىڭنى قارا! ــ دېدى.

**ئاۋاق** سۈپ. يادىڭغۇ، ئورۇق، سەمرىمىگەن: ــ ھەي ئاۋاق، نېمشقا قورسىقىم ئېچىپ، ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ قالغۇچە كەلمەيسەن؟! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ يولۋاس توشقانغا. * تاشماق ئاۋاق بەستىنى سەل قىمىرلىتىپ قويۇپ گېلىنى قىردى.

**ئاۋاقتا** ئى. سولاق، تۈرمە، زىندان: قول ــ يېتىمنىڭ ياتقان يېرى، بىتلىق ئاۋاقتا، قول ــ يېتىمغا ئاش بېرەر ئىكەن سۇنۇق تاۋاقتا.

**ئاۋاقلاشتۇرماق** «ئاۋاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئاۋاقلاشتۇرۇلماق** «ئاۋاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاۋاقلاشماق** پ. ئورۇقلىماق، يادىماق: جۇدىمەك: ئۇ بەكلا ئاۋاقلىشىپ كېتىپتۇ.

**ئاۋام** [ئە] ① سۈپ. ئاممىۋى، ئومۇمىي: ئاۋام خەلق. ② ئى. ئاددىي خەلق، ئاما، پۇقرا: ئاۋام جۇملىسىدىن بولغان كىشى، قىلىدىغان ئىشلىرىغا ۋاقىت بەلگىلىمەي، قاچان بولسا شۇ ۋاقىتتا ئىشلەيدۇ. * بەگدە بارى ئاۋامدىمۇ بار.

**ئاۋام پالاتا** ① بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئىككى خىل پالاتا تۈزۈمىگە ئىگە پارلامېنتنىڭ تۆۋەن پالاتاسىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. ② بىر پالاتالىق تۈزۈم يولغا قويۇلغان دۆلەتلەردىكى پارلامېنتنىڭ نامى.

**ئاۋام خەلق** كەڭ خەلق، ئومۇمىي خەلق، ئاددىي خەلق: ئەتىسى ئاۋام خەلق ئوبدان «ساۋاق» ئېلىپ، مەدرىسىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەكلىكىنى چوڭقۇر «چۈشىنەتتى». * مۇقامنىڭ كۈيلىرى ئاۋام خەلققە بەك تونۇشلۇق.

**ئاۋانتيۇرىزم** ئى [ر] ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنى، پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن قىلىنغان ئىش، ھەرىكەت.

**ئاۋانس** ئى [ر<فران] قەرز: تويغا ئۈچ كۈن قالغاندا، ئەكرەم ھەدىسىگە تۆت يۈز سوم پۇل ئەكىلىپ بەردى. ئۇ پۇلنى ئاۋانس ئالدىم، دەپ ئېيتتى.

**ئاۋانگارت** ئى (ر<فران) ① ھەربىي كۈچلەرنىڭ ياكى ھەربىي پاراخوتنىڭ دۈشمەنگە قارشى يۈرۈشتە ئالدىنقى سەپكە بارىدىغان ئىلغار قىسمى. ② كۆچمە. بىرەر ئىجتىمائىي تەشكىلات ياكى سىنىپنىڭ ئالدىنقى سەپتە تۇرغۇچى ئىلغار يېتەكچى قىسمى: ئىشچىلار سىنىپى دۆلەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى ئۆزىنىڭ ئاۋانگارتى ئەترىتى ــ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. * ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان ئاۋانگارت جەڭچى.

**ئاۋانگارتلىق** ئى. ئىلغارلىق، يېتەكچىلىك: بۇ قېتىمقى كۈرەشتە ئۇلار ئاۋانگارتلىق رول ئوينىدى.

**ئاۋايلاشماق** «ئاۋايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاۋايلىماق** پ. ئېھتىيات قىلماق، دىققەت قىلماق، ئايىماق، ئاسرىماق: ئاۋايلىماي ئۇرۇۋېدىم، ئاغرىماي ئۆلۈپ قالدى (ماقال). * كېرىم كۆك كونۋېرتنى ئاۋايلاپ يىرتقۇچە يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى.

**ئاۋغۇست** ئى [ر<لات] ① قەدىمكى رىم پادىشاھلىرىدىن (پاپالىرىدىن) بىرىنىڭ نامى. ئۇ، مىلادى كالېندارىنى تۈزۈشكە باشلامچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن 8 ـ ئاينى شۇنىڭ نامىدا ئاتىغان. ② مىلادىنىڭ 8 ـ ئېيى.

**ئاۋلاق I** ئى. دىئال. ئوۋ قىلىنىدىغان، ئوۋ ھايۋانلىرى ياشايدىغان جاي.

**ئاۋلاق II** <تب> پېسە كېسەللىكى.

**ئاۋۇ** ئال. سۆزلىگۈچى ئىشارەت قىلغان ئۆزىدىن يىراقراقتىكى شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئايرىپ كۆرسىتىدۇ: ــ ھوي، ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى دۇيجاڭ، ــ ئاۋۇ كېلىۋاتقان چاقماقجان ئەمەسمۇ؟ * ــ ئاكام نەگە بارىدىغانلىقىنىمۇ دېمەي، پوپكىسىنى ماڭا بېرىپلا ئاۋۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى، ــ دېدى خالىدەم بېشى بىلەن ئاكىسى كەتكەن تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ.

**ئاۋۇتماق** «ئاۋۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: * ئېتىم بىر پەسكە، بىر ئېگىزگە ماڭغاچقا يولنى ئاۋۇتالمىدىم.

**ئاۋۇتۇشماق** «ئاۋۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاۋۇتۇلماق** «ئاۋۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاۋۇرماق** پ. ئېتىلماق، ئېتىلىپ كەلمەك: يولۋاس ئۇنىڭغا ئاۋۇرۇپ كەلدى.

**ئاۋۇشقا** ئى. دىئال. قېرى بوۋاي، چال.

**ئاۋۇغاي** سۈپ. دىئال. ئاۋاق، ئورۇق.

**ئاۋۇل** ئى. كۆچمەنچى چارۋىچىلار ئورۇنلاشقان جاي؛ قىشلاق: بىزنىڭ ئاۋۇلغا كېلىۋاتقىنىڭلارنى يىراقتىن كۆرۈپ چېپىپ كەلدىم، قېنى ئۆيگە بارايلى...، ــ دېدى ئۇ. * ئاشۇ كېچىدىكى جەڭ ھەقىقەتەنمۇ غەلىبىلىك بولدى. ئاۋۇلغا چۈشكەن دۈشمەن پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

**ئاۋۇلماق** پ. دىئال. غەيۋەت قىلماق، يامانلاپ بەرمەك.

**ئاۋۇماق** پ. كۆپەيمەك، نۇرغۇنلىماق، ئاشماق، ئۇلغايماق: ئۇ ئورۇقنى قولدا سېلىۋىدى، ھەم سۈپەتكە دەخلى يەتتى، ھەم خېلى تېز مىدىرلىغان بولسىمۇ ئىش ئاۋۇمىدى. * لېكىن بۇ تىرىشچانلىقلار كارغا كەلمىدى. قىلىنغان نەسىھەتلەر ئاۋۇغانسېرى ئۇ تېخىمۇ كاجلىشىپ كەتتى.

**ئاۋۇن** سۈپ. كۆپ، جىق، نۇرغۇن: ئورۇق يېڭى، ساپ ۋە خاسىيەتلىك بولغاندىلا ئاۋۇن ھوسۇل ئېلىش مۇمكىن.

**ئاۋۇنچاق** ئى. كۆڭلىنى تىنجىتىدىغان، بەزلەيدىغان، خاتىرجەم قىلىدىغان، دەرد ـ ئەلەم، قايغۇ ـ ھەسرەتتىن خالاس قىلىدىغان نەرسە: چىقاردىم بىر يەكۈن ئاخىر ئۆمۈر مەنزىلىدىن شۇنداق، ئۆمۈردۇر بىر كۈرەش، ھەرگىز ئەمەس ئۇ بىزگە ئاۋۇنچاق.

**ئاۋۇندۇرماق** پ «ئاۋۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قۇلاق سالىدىم. بۇ ئاۋاز گايىدا ئاڭلانماي قالاتتى. ماڭا شۇنداق تۇيۇلۇۋاتىسا كېرەك، يا بەلكىم، راستىنلا بىرەر ماشىنا كېلىۋاتقاندۇ؟ مەن ئۆز ـ ئۆزەمنى ئاۋۇندۇرۇشقا تىرىشاتتىم. * گۈلچىمەن بېشىنى كۆتۈرمەي يىغلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇۋاتقان قىزلار، پۈتۈن تەسەللى سۆزلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى ئاۋۇندۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

**ئاۋۇندۇرۇشماق** «ئاۋۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاۋۇندۇرۇلماق** «ئاۋۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئاۋۇنماق** پ. ئۆزىنى تىنجىتماق، بەزلەنمەك، خاتىرجەم بولماق، دەرد ـ ئەلەم، قايغۇ ـ ھەسرەتتىن خالاس بولماق: ئانا قىزىنىڭ تەسەللىسىنىڭ كۈچى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئاۋۇنۇپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

**ئاۋۋال** رەۋ [ئە] ① باشلىنىش پەيتى، ۋاقتى؛ دەسلەپكى پەيت: ئاۋۋال ـ ئاخىر. ئاۋۋال ئاخشام. ② ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا؛ ئىلگىرى، بۇرۇن: ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاۋۋال

www.uyghurkitap.com

قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق ئىكەن، ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماپتۇ. ③ ھەممىدىن ئالدىن، ئالدىن، دەسلەپ: ئاۋۋال تائام، بەداز كالام (ماقال). * كىرىشتىن ئاۋۋال چىقىشنى ئويلا (ماقال). * مۇزدىن ئۆتسەڭ ئاۋۋال ئۆت، دەز چىققۇچە ئۆتەرسەن. سۇدىن ئۆتسەڭ كېيىن ئۆت، چوڭقۇرنى كۆرەرسەن (ماقال).

**ئاۋۋال ئاخشام** ئاخشامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پەيتى، ئەمدىلا قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىت: بەزىلەر ئاۋۋال ئاخشامدا ئۇخلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيقۇسى ئۇزاققا داۋاملاشمايدۇ. تۈننىڭ كېيىنكى سائەتلىرىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدۇ.

**ئاۋۋالقى** سۈپ. ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن باشقىسىدىن ئالدىن، ئىلگىرى بولغان، ئىلگىرىكى، ئالدىنقى، بۇرۇنقى: ... زۆھرە شۇ ئان قەبرە ئىچىگە ئۆزىنى ئاتتى. قەبرە يەنە «گۈپ» قىلىپ ئاۋۋالقى ئەسلىگە كەلدى. * جۇڭگو بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ 100 يىللى ئاۋۋالقى 80 يىل ۋە كېيىنكى 20 يىل دەپ ئىككى چوڭ بۆلەككە ئايرىلىدۇ.

**ئاۋىئاتسىيە** ئى [ر<لات] ① ھاۋادا ئۇچۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيە ياكى ئۇچۇش ئىشلىرى: ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسى. ② ئۇچۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى.

**ئاۋىئاتسىيە مېتېئورولوگىيىسى** <مېتېئور> ئەمەلىي مېتېئورولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى ئاۋىئاتسىيىگە مۇناسىۋەتلىك ھاۋا رايى مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئاۋىئاتسىيە ھاۋا رايى مەلۇماتى** <مېتېئور> ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش، كۆتۈرۈلۈشى ۋە چۈشۈشىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھاۋا رايى مەلۇماتى.

**ئاۋىئاماتكا** ئى [ر] دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانلىرى دېڭىزدا ھەرىكەت بازىسى قىلىدىغان چوڭ تىپتىكى ھەربىي پاراخوت. ئۇ دېڭىز قىرغىقىدىن يىراق بولغان جايلاردا جانلىق ئۇرۇش قىلالايدۇ، ۋەزىپىسى ۋە ئېلىپ يۈرگەن ئايروپىلانىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھۇجۇم قىلغۇچى ۋە سۇ ئاستىغا چۆككۈچى ئاۋىئاماتكا دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**ئاۋىي** ئى. دىئال. ئابروي، ئىززەت-ھۆرمەت.

**ئائىت** تىر [ئە] تېگىشلىك، تەئەللۇق، دائىر، مۇناسىۋەتلىك: مارشاللار ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىگە ئائىت نەرسىلەر ئۈستىدە سۆزلىشىپ كەتتى. * راستىنى ئېيتقاندا، شۇ تاپتا مېنى ئىككىمىزنىڭ چوڭقۇرراق تونۇشۇشىمىزغا ئائىت پاراڭلار بەكرەك قىزىقتۇرىدۇ.

**ئائىلە** ئى [ئە] ① ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى نىكاھ ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان بىر تەشكىلىي شەكىل، يەنى ئەر-خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرى ھەم ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن ئىبارەت بىرگە ياشىغۇچى كىشىلەر توپى: شۇ يول بىلەن بۇ ئائىلىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كىرىشىپتۇ. ② بىر مەقسەت، بىر مەسىلەك بىلەن بىرلەشكەن كۆپ كىشىلەر: جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە ئەللىك نەچچە مىللەت ياشايدۇ. ③ <بىئول> جانلىقلار سىستېمىسىدىكى تۈزۈلۈش جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشاش، كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ئۆزئارا يېقىن بولغان ھەمدە بىرنەچچە ئۇرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۇرۇپپا.

**ئائىلە باشلىقى** ① بىر ئائىلىگە باشچىلىق قىلغۇچى كىشى.

**ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمى** <پەلس> قۇللۇق ياكى فېئوداللىق جەمئىيەتلىرىدىكى ئائىلىدە ئائىلە باشلىقى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئائىلە تۈزۈمى، ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىدىكى ئائىلىدە ئائىلە باشلىقى ئىقتىسادىي چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئورۇندا

تۇرىدۇ. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ.

**ئائىلە تاپشۇرۇقى** ‹مائار› ئوقۇغۇچىلارغا دەرس سىرتىدا مۇستەقىل ئىشلەشكە بېرىلگەن تاپشۇرۇق.

**ئائىلە تاۋابىئاتى** ← **ئائىلە تەۋە**: ئۇ ھاكىمنىڭ خاندانىغا كىرىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلە تاۋابىئاتىنى قىرىپ تاشلىدى، قىزنى ئولجىغا ئالدى.

**ئائىلە تەربىيىسى** ‹مائار› ئاتا-ئانا ياكى چوڭلارنىڭ ياش-ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئائىلىۋى تەلىم-تەربىيىسى: ئوخشاشمىغان جەمئىيەتتە ئوخشاشمىغان ئائىلە تەربىيىسى بولىدۇ. * ئائىلە تەربىيىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**ئائىلە تەۋە** ئەر-خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرى تۇغقانلىرىدىن شۇ ئائىلىدە ياشىغۇچى كىشىلەر: داۋۇتكام ئائىلە تەۋەلىرىنى كۆچۈرۈپ يولغا چىقتى. * ئۇ ئاساسەن، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇراتتى.

**ئائىلە قۇرماق** ← **تۇرمۇش قۇرماق**: ئۇلار ئائىلە قۇرغاندىن كېيىنمۇ بۇ كىنوخانىنى، بۇ پەلەمپەينى ئۇنتۇپ قالمىدى. ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى ئەسلىرىگە كېلەتتى، بىر-بىرىگە بولغان مېھرى تېخىمۇ ئاشاتتى.

**ئائىلىلىك** سۈپ. ئائىلىسى، بالا-چاقىسى ۋە رۇزغارى بار، ئۆيلەنگەن ياكى ئەرگە تەگكەن: زومىگەر يۇنۇس 35 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ 12 تەڭگىلىك سۇيىگە توپ بېشى بولۇۋالغان. * ئۇنىڭدا گۆكشى رەھبەرلىرى ئۈچۈن سېلىنماقچى بولغان بەش ئائىلىلىك قورۇلۇشىنىڭ لايىھىسى سىزىلغانىدى.

**ئائىلىلىك بولماق** ئۆيلىنەمەك خوتۇن ئالماق، ياتلىق بولماق، ئەرگە تەگمەك، توي قىلماق: ئائىلىلىك بولۇپ قالغان ئادەم ئەتە-ئاخشىمىدا

ھەر يەردە سوكۇلداپ يۈرسە بولمايدۇ.

**ئائىلىلىكلەر بىناسى** ‹بىن› ئائىلىلىكلەرنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن لايىھەلىنىپ ياسالغان بىنا.

**ئائىلىۋى** سۈپ [ئە] ئائىلىگە مەنسۇپ، ئائىلىگە تېگىشلىك؛ ئائىلىدە بولىدىغان: ئۇ كۈنى ئىشخانىدا خىزمەت ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇش توغرۇلۇق سۆزلەر بولدى. * ئۆتكەن يىلى ئائىلىۋى قوشۇمچە كەسىپتىن مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلغانلار 300 نەچچە ئائىلىدىن ئاشىدۇ.

**ئاي** ئى ‹ئاستر› ① يەر شارىنى ئايلىنىدىغان سەييارە، يۈزى ئوڭغۇل-دوڭغۇل بولۇپ تەكشى ئەمەس، ئۆزى نۇر چىقارماي، قۇياش نۇرىنى قايتۇرىدۇ. دىئامېتىرى يەر شارى دىئامېتىرىنىڭ تۆتتىن بىرىگە، تارتىش كۈچى يەر شارى تارتىش كۈچىنىڭ ئالتىدىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ: بىر كۈنى كىشىلەر ئەپەندىمدىن: — ئەپەندىم، يېڭى ئاي چىققاندا، كونا ئاي نەگە كېتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ② شەمسىيە يىلىنىڭ ئون ئىككىدىن بىرى يەنى ئاي شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش داۋامىدىكى 28، 29، 30 ياكى 31 كۈن ۋاقىت دەۋرى: ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ (ماقال). * ئايدا يېگەن توق بولار، كۈندە يېگەن ئاچ بولار (ماقال). * ياغاچچى ئۈيىدە ئىككى ئاي ۋاقتىنى ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئۆتكۈزۈپتۇ. ③ ئايغا ئوخشاش نۇرلۇق؛ چىرايلىق: تۇرمۇشۇمنى باي قىلارسەن كەتمىنىم، ئېغىزىمنى ماي قىلارسەن كەتمىنىم. ياخشى تۇتۇپ ئاسىرىۋالسام كەتمىنىم، يۈزلىرىمنى ئاي قىلارسەن كەتمىنىم ④ ئاياللار ئىسمىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولىدۇ: ئايخان، ئاينۇر، ئايگۈل، گۈزەلئاي، تۇرسۇنئاي.

**ئاي جىجە** دىئال. ئاي موما.

**ئاي ئاخىرى** ‹ئاستر› ① ھىجرىيە قەمەرىيىدە ئاينىڭ تاڭ سەھەردە كۆرۈنگەن

ئورغاقتەك ئاياغلاشقان كۆرۈنۈشى، ياكى يوشۇرۇنۇش ئالدىدىكى پەيتى. ② ملادىيدە ھەر ئاينىڭ ئاياغلاشقان 28 دىن كېيىنكى كۈنلىرى.

**ئاي تۇتۇلۇش** <ئاستر> يەر شارى ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ ئاي بىلەن قۇياش ئارىسىغا كەلگەندە، قۇياش نۇرى توسۇلۇپ قېلىپ، ئاي يۈزىگە چۈشمەي قالىدۇ. نەتىجىدە ئاي يۈزىدە قارا كۆلەڭگە پەيدا بولىدۇ. بۇ ھادىسە ئاي تۇتۇلۇش دېيىلىدۇ.

**ئاي تۇغماق** يېڭىدىن ئاي چىقماق، ئاي كۆرۈنمەك: ئاۋۋال ئاخشام ئاي تۇغدى، سەھەرلىكتە چولپان قىز. سېنى دەپ يۈرۈيمىز بىز، ئاچ قوينۇڭنى چوكان قىز.

**ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس** ئىنتايىن چىرايلىق، ئىنتايىن گۈزەل، ناھايىتى قامالاشقان: پادىشاھ ئات چاپتۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، قىزنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس بىر قىز ھوشسىز ياتقۇدەك. * ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئالدىدا ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس شۇنداق بىر ساھىبجامال پەيدا بولدىكى، ھامماچام ھەيران قېلىپ، كۆزلىرىنى چوڭ ئاچتى.

**ئايدىن ئاي، كۈندىن كۈن ئۆتۈپ** خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ: ئايدىن ئاي، كۈندىن كۈن ئۆتۈپ، ئۇ ئاخىر بۇ خىل تۇرمۇشقىمۇ كۆنۈپ قالدى.

**ئاي قاراڭغۇسى** ئاي چىقمىغان كېچىلەردىكى ھېچقانداق نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بولىدىغان قاراڭغۇ: راسا ئاي قاراڭغۇسى بولغان بىر كېچىدە تۈن تەڭدىن ئۆتكەندە، دەرۋازا قاتتىق قېقىلدى. چوڭ قورۇغا قويۇپ بېرىلگەن «بويناق» يوسۇغىنى تىرەجەپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن ئاچچىق قاۋاپ كەتتى.

**ئاي كالېندارى** <ئاستر> ← **دېھقانلار كالېندارى.**

**ئاي كۆرمەك** ← **ئادەت كۆرمەك.**

**ئاي كۆرۈنمەك** ① ئاي چىقماق، ئاي كۆتۈرۈلمەك. ② ئايغا ئوخشاش چىرايلىق، گۈزەل كۆرۈنمەك: ئوغۇل بالا بالاغەتكە يەتكەندە ئانچىكى قىزلارمۇ كۆزىگە ئاي كۆرۈنىدۇ.

**ئاي گەردىشى** <ئاستر> ئاي نۇرى بۇلۇت قاتلىمىغا چۈشكەندە كۆرۈنىدىغان ئاي چۆرىسىدىكى رەڭلىك نۇر ھالقىسى.

**ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار** ھېچقانداق نەرسىنىڭ مۇكەممەل بولمايدىغانلىقىنى، جۈملىدىن خاتالىق كەمچىلىكسىز ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئىبارە.

**ئاي يۈزلۈك** چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان؛ ئايغا ئوخشاش چىرايلىق، گۈزەل: شاھزادە مالاي خوتۇننىڭ ئۆيىگە كىرىپ شۇنداق قارىسا، باشتىكى ئۆزىنىڭ ئاي يۈزلۈك، ئالتۇن كوكۇللىق پەرى خوتۇنى ئولتۇرغانىكەن.

**ئايا** ئىم [پ] يېزت ← **ھەي**: ئايا دوستلار، بىر سۆزۈم بار قۇلاق سېلىڭ، ۋەتەن مېھرى جاندىن ئەزىز بىلدىڭىزمۇ؟

**ئاياز** ئى [پ] **قەھرىتان قىش پەسلى، قىش**: ئاقتى ئەگىز، كەلدى كۆكلەم، كەتتى ئاياز، تۇرنىلارمۇ توپ تارتىشىپ قىلدى پەرۋاز. * دەل-دەرەخنىڭ پىرىمۇدۇر قارىغاي؟ ئاياز كەلسە ياز ئەڭلىنى سالماسكەن، لازىملىق ئۇ ئىمارەتكە ئىشلەتسە، چىداملىقى ئۇنىڭ گويا ئالماسكەن.

**ئاياشماق** «ئايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مېنى خېلى ئاياشتى، بولمىسا شۇ كۈنلا كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرەتتىم.

**ئاياغ** ئى ① ئادەم، ھايۋان ياكى باشقا جانلىقلارنىڭ گەۋدىسىنىڭ تايىنىپ تۇرۇشى، يۈرۈشى ياكى ئۆملىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى؛ پۇت: ئاياغ يۈگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا (ماقال). * دوست باشقا قارايدۇ، دۈشمەن ئاياغقا (ماقال).

* ياخشىنىڭ ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەس (ماقال). ② كۆن، خۇرۇم قاتارلىق رەختلەردىن پۇتقا كىيىش ئۈچۈن تىكىلگەن ئۆتۈك، توپلەي، كەشكە ئوخشاش ئاياغ كىيىمى: — پۇتۇڭ مۇزلىمىدىمۇ؟ قېنى، بۇ يەرگە قول قويۇۋات، — دەيتتى بوغالتىر دېھقان بالىسىنىڭ پۇتىغا ئاياغ كىيگۈزۈۋېتىپ. * ئىشىم ھەل بولغۇچە ئايىغىمنىڭ چەمى تېشىلىپ كەتكۈدەك بولدى. ③يەنە بىر تەرىپى، يەنە بىر بېشى: كارىۋاتنىڭ ئايىغى. مەھەللىنىڭ ئايىغى. * شۇ كۈنى كەچقۇرۇن نامان ئاياغ مەھەللىدىكى يالغۇز مەسچىتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مەسچىت سۇپىسىدا تەلپىكىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، تەسۋى تارتىپ ئولتۇرغان سۇلايمان تۆلكىنى كۆرۈپ قالدى. ④ئاخىر، داۋام: ئۇ شۇنداق زېرەك ئىدىكى، گەپنىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە، ئايىغىنى بىلىپ بولاتتى. * قۇربان ئەنە شۇنداق ئايىغى ئۈزۈلمەس خىياللار بىلەن شىپاخانىغا كەلدى.

**ئاياغ ئاستى بولماق** باشقىلار تەرىپىدىن خارلانماق؛ دەپسەندە قىلىنماق؛ ھۆرمەت ۋە ئىززىتى يوقالماق: شاھانە كەش ئاستىدا ئاياغ ئاستى بولغان بىرمۇنچە ئۇقۇمۇشلۇق جانابلارمۇ تەجرىبىلىك بولۇپ قالدۇق، دەپ ئاللىقاچان بار كۈچى بىلەن چۇقان كۆتۈردى.

**ئاياغ ئاستى قىلماق** باشقىلارنى زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ خارلىماق، زىيانكەشلىك قىلماق، دەپسەندە قىلماق: بەگ ئۆز ھاياتىدا ناھايىتى كۆپ قىز-چوكانلارنى ئاياغ ئاستى قىلدى. * دۆلەت قانۇنىدا كىشىلەرنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان بۇنداق ئىشلارغا يول قويۇلمايدۇ.

**ئاياغ باسماق** ① دەسسىمەك، دەسسەپ ئۆرە تۇرماق: ئاياغ بېسىپ تۇرغۇدەك يەر يوق. ② قەدەم تەشرىپ قىلماق: ماڭماق، بارماق؛ باردى-كەلدى قىلماق: ئىنسان ئاياغ باسمىغان يەر. * شىر مۇھەممەت بۇ ئۆيگە قۇربان ئاقساقالنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا ئانچە-مۇنچە كىرىپ قالمىسا، ئادەتتە ئاياغ باسمايتتى. * ئۆمەر باي: — سىلىدەك ھۆكۈمەت ئادەملىرىنىڭ بوسۇغىمىزغا ئاياغ بېسىشىنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت! ئەڭ زور شەرەپ! — دېدى.

**ئاياغ جازىسى** كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئىككى يان تەرەپتىكى جازىسى.

**ئاياغ چاقى** كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئايىغىغا بېكىتىلگەن تاسمىلىق چاق.

**ئاياغ سالماق** خامان تېپىۋاتقان ئۇلاغ ياكى تراكتورنىڭ ئايىغىغا زىرائەت ئۆندىلىرىنى يېيىپ قويماق: — بۇ نېمە؟ — ئېلى چېچىلىپ ياتقان كىچىككىنە بىر سىقىم ئۆنچىنى قولىغا ئېلىپ سىلكىدى. — سېنى بىز ئېتىزغا ئاياغ سېلىشقا ئەكەلدۇقمۇ-ھە؟

**ئاياغ سۇ** <سۇ> ① سۇ ئامبىرى، كۆل، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، تۈگمەن قاتارلىق سۇ ئىنشائاتلىرىدىن ئېقىپ تۆۋەن تەرەپكە (ئاياغقا) ئۆتكەن سۇ. ② شال قاتارلىق زىرائەتلەرنى سۇغىرىپ، ئېتىزنىڭ ئايىغىدىن چىقىرىۋېتىلگەن سۇ. ③ تۇپراقنىڭ شورىنى ئۆزى بىلەن ئېقىتىپ زەيكەش ئارقىلىق چىقىپ كېتىدىغان سۇ. ④ زىرائەتنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق سۈيى.

**ئاياغ كىيىم** ئۆتۈك، توپلەي، كەش قاتارلىق ئاياغقا كىيىدىغان كىيىملەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئايىغى-ئايىغىغا تەگمەي ← پۇتى-پۇتىغا تەگمەي.**

**ئايىغى چىقماق** ① يول مېڭىشنى ئۆگىنىۋالماق، ماڭالايدىغان بولماق: كۆن، ئايلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مۇھەممەتجانمۇ چوڭ بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئايىغى چىقىپ، مەھەللىسىدىكى ئۇيغۇر باللىرى بىلەن بىللە قوم بارخانلىرىغا يامىشىپ چىقىپ، سىيرىلىپ ئويناشقا كىرىشتى. ② نەتىجىسى چىقماق، خۇلاسىلانماق؛

ئاخىرلاشماق، تۈگىمەك: تاشۋاي: — بۇ ئىشنىڭ ئايىغى چىقىشقا زادى كۆزۈم يەتمەيدۇ، شۇڭا يېپىقلىق تاۋاقنىڭ يېپىقلىق تۇرغىنى تۈزۈك...، — دېدى. * ئاخىر موللازەيدىن ئايىغى چىقمايدىغان بۇ خىياللارنى ھەمراھلىرى بىلەن سۆزلىشىشكە كىرىشتى.

**ئايىغى چىقىپ قالماق** ① ھەرىكىتى، يول مېڭىشى كۆپەيمەك: مەمەتنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئايىغى چىقىپ، ئۆيدە ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ② **يامان يولغا ماڭماق، ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇشقا باشلىماق (ئاياللار ھەققىدە)**: ئايخاننىڭ يېقىندىن بېرى سەل ئايىغى چىقىپ قالغاندەك قىلامدۇ نېمە؟

**ئايىغىدا ئۆلمەك** ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمىتىدە بولماق، بىر ئۆمۈر سادىق خىزمەت قىلماق: ئانام بولسا كۆرسەممەن، دادام بولسا كۆرسەممەن. ئانام بىلەن دادامنىڭ ئاياغىدا ئۆلسەممەن.

**ئايىغىدىن شامال ئۆتۈپ تۇرماق** ئۆلمەي ھايات تۇرماق؛ ئىشقىلىپ تىرىك يۈرمەك: — ياخشى بالام، ياخشى، ئىشقىلىپ ئايىغىمدىن شامال ئۆتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئانا ئارانلا. * ئۇ كۈچلۈك، يوغان ئالقىنى بىلەن دولامغا شاپىلاقلاپ قويۇپ: — مانا، ئايىغىمىزدىن شامال ئۆتۈپلا تۇرسا، ھامان بىر كۈنى كۆرۈشىدىكەنمىزھە، — دېدى.

**ئايىغىغا باش قويماق** پاناھ، نىجاتلىق تىلىمەك، يالۋۇرماق، يېلىنماق: گورىيېۋ بوۋاي: — قىزىمىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ سۆيۈمەن، دېگەن ئەمەسمىدى ئۇ؟ ھىم، ئەگەر قىزىمنى «تاك» قىلىپ چېكىدىغان بولسا، جېنىنى ئالىمەن ئۇنىڭ. — دېدى غەزەپ بىلەن.

**ئايىغىغا باش ئۇرماق ← ئايىغىغا باش قويماق**: — بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئۇلۇغ شاھىم، — دېدى ئۇ شاھنىڭ ئايىغىغا باش ئۇرۇپ.

**ئايىغىغا سەجدە قىلماق ← ئايىغىغا باش قويماق**: — سەن قاچانغىچە ئۇنىڭ ئايىغىغا سەجدە قىلىسەن؟ — دېدى ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

**ئايىغىغا يېقىلماق ← ئايىغىغا باش قويماق**: ئۇلار ھەرقانچە بىز باللىرىڭىز بولىمىز، دېيىشىپ بوۋاينىڭ ئايىغىغا يېقىلغان بولسىمۇ، بوۋاي ئىشەنمەپتۇ. * شۇ ئەسنادا گراف ئاغىچا خېنىم ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، ئاتىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى: — مېنى كەچۈرۈڭ!

**ئايىغى قويۇلۇپ قالماق** ئايىغى ئىتتىكلەپ، يولى كۆپىيىپ قالماق: ئايخان: — يېقىندىن بېرى تاشماقنىڭ ئايىغى قويۇلۇپ قالدى، ھە دېسىلا دادام بىلەن كۇسۇرلىشىدۇ، — دېدى.

**ئايىغى قۇرغاق** بارغان يېرىدە پېشكەللىك كەلتۈرىدىغان؛ پالاكەت، بەختسىزلىك پەيدا قىلىدىغان؛ ئايىغى ياراشمايدىغان، ئالدى جۇت: پادىشاھنىڭ ئايىغى قۇرغاق بىر قىزى بار، ئۇنى ھەر قېتىمدا قىرىق كېچە-كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ ياتلىق قىلىدۇ. قىرىقىنچى كۈنى ئاخشامدا قىزنىڭ قېشىدا ساپمۇساق قالغان يىگىت قىرىق بىرىنچى كۈنى سەھەردە يەرلىكىدە ياتىدۇ.

**ئايىغىنى يىغىشتۇرماق** مەلۇم بىر ئىشنى خۇلاسىلىماق، توختاتماق، تاماملىماق: بولدى كەچ كىرىپ كەتتى، ئىشنىڭ ئايىغىنى يىغىشتۇرايلى.

**ئايىغى ئۈزۈلمەك** توختىماق، تۈگىمەك: — شۇنىسى، — دېدى ئۇ، — مەھكىمىلەردىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋېتىپتۇ. * مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى. * سەئىدنىڭ ئۆيىگە ھەر ساھە كىشىلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ-كېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شەخسىي نامىغا كېلىدىغان مەكتۇپلارنىڭ سانىمۇ جىق ئىدى.

**ئايىغى ئېغىر** ئىش خۇش ياقمايدىغان، ئىش قىلىسىمۇ بەك ئالدىرىماي قىلىدىغان؛ ھورۇن: ئايىغى ئېغىر ئادەم.

**ئايىغى ئىتتىك ← ئايىغى يېنىك**: ئۇ ئايىغى ئىتتىك، يېزىق-ھېسابات ئىشلىرىغا ئۇستا بولغانلىقتىن، تۆرە ئۇنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ غوجىدارى قىلىپ قويغانىدى.

**ئايىغى ياراشماق** ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەك: بەزى مۇنەججىم كىشىلەرمۇ: يېڭىدىن كېلىدىغان ئامبال ئىنساپلىق ئادەم بولۇشى ئېھتىمال، خۇدا خالىسا، ئۇنىڭ ئايىغى يارىشىپ، يۇرتىمىز ئاۋات، پۇقرالار ئامان-ئېسەن بولۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس دېيىشىپ مۇڭدىشاتتى.

**ئايىغى يېنىك** ئىشنى تېز قىلىدىغان، ئىشتىن قاچمايدىغان، تېتىك: سۇلايمان ئايىغى يېنىك بىرقانچە يىگىتنى هارۋا ۋە دوختۇر تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

**ئاياغلاپ** رەۋ. ئاياغ بىلەن: — قاراڭ، غازلار ئىككى ئاياغلاپ قېچىۋاتىدۇغۇ، سىز نېمىشقا يالغان گەپ قىلىسىز؟ — دەپتۇ پادىشاھ ئەپەندىمگە.

**ئاياغلاشتۇرماق** «ئاياغلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دوكتور چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، خېلى ئاۋارە بولۇپ تەييارلىغان قورسىقىدىكى گېپىنى ئاياغلاشتۇردى. * جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىكىم ئۆزىنىڭ خادىملىرى بىلەن زۆرۈر بولغان تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇردى.

**ئاياغلاشتۇرۇلماق** «ئاياغلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۆلىتىمىزدە خەلق سوت مەھكىمىلىرى گەرچە تۆت دەرىجىلىك بولسىمۇ، لېكىن بىر ئەنزە پەقەت ئىككىنچى دەرىجىلىك سوت بىلەنلا ئاياغلاشتۇرۇلىدۇ.

**ئاياغلاشماق** پ. ئاخىرلاشماق، تاماملانماق، توختىماق، تۈگىمەك: — ئاخىرى ناخشىچى، سازەندىلەر قىزىرىپ، تەرلەپ-پىشىپ هارغاندا، بەزمە ئاياغلاشتى. * ناخشا ئاياغلاشقاندا قۇربان قىلىچ يەنە هېكايىسىنىڭ داۋامىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

**ئاياغلىق** سۈپ. ئايىغى بار، ئايىغى بولغان: ئۇزۇن ئاياغلىق نېمىس ئەسكىرى ۋاگوندىن ۋاگونغا يۈگۈرەيتتى.

**ئاياق** ئى [پ] ① ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان، ياپپاڭ تەخسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان چوڭ قاچا: كۆپ ئۆتمەي بىز يىغىلغان زالغا 40 ياشلاردىكى بىر دېھقان پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولىدا دوز كەتكەن بىر قاپاق، يېرىقلىرى چەمبەرلەنگەن قوپال ئاياق ۋە باشقا ئەسكى-تۈسكىلەر بار ئىدى. ② تارىختا جام، پىيالە، قەدەھ قاتارلىقلارمۇ بۇ نام بىلەن ئاتالغان: مەختۇمسۇلا ئۆز قولى بىلەن ئاياقلارغا سۈت هارىقىنى تولدۇرۇپ كېنىزەك، نەۋكەرلەرگە بىر-بىرلەپ سۇنۇپ، بىردەمدە ھەممىسىنى مەست قىلىۋېتىپتۇ. * يول دېسەم يول بېرەمدىلا يارىم باغقا، سۇ دېسەم سۇ بېرەمدىلا چىنە، ئاياقتا.

**ئايال** (ئايالى) ئى [ئە] ① خوتۇن-قىزلارنىڭ ئومۇمىي نامى، خوتۇن كىشى: ئاياللار بايرىمى، ئاياللار بۆلۈمى، ئاياللار كېسىلى. * — قىزىم، سەن بىلەن ياتقان ئايال كىشى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ مەلىكىدىن. ② ئېرى بار خوتۇن، رەپىقە: (ئۆز ئېرىگە نىسبەتەن) — ھەي مەخلۇق، قانداق يۈزۈڭ بىلەن مېنىڭ ئېرىم ئۈستىدە گەپ قىلىۋاتىسەن، — دەپتۇ كەمەك ھەييارنىڭ ئايالى.

**ئايالچە** سۈپ ① ئايال كىشىگە خاس، ئايال كىشىگە ئاتالغان، ئاياللارغا مۇناسىپ: ئايالچە كۆڭلەك. ئايالچە سائەت. ② ئايال كىشىگە ئوخشاش، ئايال كىشى شەكلىدە: ئايالچە سۆزلىمەك، ئايالچە ياسانماق.

**ئاياللار بۆلۈمى** <تىب> ئاياللار داۋالىنىدىغان، ئاياللار كېسەل كۆرسىتىدىغان بۆلۈم.

**ئاياللار تاۋۇش قىسمى** <مۇز> ناخشىدا ئاياللارنىڭ ئورۇنلايدىغان قىسمى. ئادەتتە ئۇ ئايالچە يۇقىرى ئاۋاز، ئايالچە ئوتتۇرا ئاۋاز ۋە ئايالچە تۆۋەن ئاۋاز دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**ئاياللار تۆۋەن ئاۋازى** <مۇز> تاۋۇش بۆلۈنمىلىرىنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭ ئاۋاز رادىئوسى F دىن F2 گىچە جەمئىي 15 گرادۇس بولىدۇ.

**ئاياللار ئوتتۇرا ئاۋازى** <مۇز> ناخشىدىكى ئايالچە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئايالچە تۆۋەن ئاۋاز ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋاز. ئۇنىڭ ئاۋاز

www.uyghurkitap.com

دائىرىسى A دىن A 2 گىچە (كىچىك ھەرپ-
لىك IA دىن كىچىك ھەرپلىك 2-گۇرۇپ-
پىدىكى A/گىچە) ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كەڭرەك
بولىدۇ. بۇنىڭغا نوتىدا يۇقىرى ئاۋاز
ئاچقۇچى ئىشلىتىلىدۇ، ئومۇمىي خورلاردا
«ئايالچە تۆۋەن ئاۋاز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئايااللار يۇقىرى ئاۋازى** <مۇز> ئايالچە
يۇقىرى ئاۋاز قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋاز
پەردىسى C 1 دىن C 3 گىچە (كىچىك ھەرپلىك
1-گۇرۇپپىدىن كىچىك ھەرپلىك 3-گۇرۇپ-
پىغىچە) بولىدۇ.

**ئايالىلىق** سۈپ ① ئايالى بار، خوتۇن
ئالغان. ② سۈپ. ئايال كىشىگە خاس،
ئايال كىشىدە بولىدىغان: ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالىلىق
تەبىئىتى بويىچە، مېھمانىنىڭ چىرايى تۇتۇق بول-
سىمۇ، لېكىن يۈرىكىدىكى مەلۇم بىر خىل كۈچلۈك
ھەم مۇرەككەپ دەردىنى قەيسەرلىك بىلەن بېسە-
ۋاتقانلىقىنى چېچەنلىك بىلەن بايقىدى. * ئۇنى
شۇ تاپتا ئايالىلىق ۋىجدانى ئەيىبلىمەكتە ئىدى.

**ئايالماق** «ئايىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل
دەرىجىسى: ئايالغان جان كۆيگۈچى پىراق ئوتىغا
ئوخشايدۇ.

**ئايان** سۈپ [ئە] ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان،
روشەن، مەلۇم، ئېنىق: يېڭى يەرنىڭ تارىخى
تۆمۈر بوۋامغا بەش قولدەك ئايان ئىدى.
* ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىشتا كادىرلار ئىشىغا مەسئۇل
بولغان ئابلىكىمنىڭ قولىدا ھوقۇقىنىڭ چوڭ بېشى
بارلىقى ھەممە كىشىگە ئايان، ئەلۋەتتە.

**ئايان بولماق** ① كۆرۈنمەك، پەيدا
بولماق، نامايان بولماق: ئاپتوموبىل ئاخىرقى
داۋاندىن ئۆتۈپ ئوڭغا بۇرۇلۇش بىلەن كۆز
ئالدىمىزدا «كۆمۈش بۇلاق»نىڭ مەنزىرىسى ئايان
بولدى. * قىز ئەنە شۇ كۈنلەردە ئۇشتۇمتۇت
چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىق بىر
كىشى ئايان بولۇپ، قىزغا: — ئالدىراپ كەتمە،
سېنىڭ نىگارىڭ يىراق شەھەردە، ئۇ پات يېقىندا
يېنىڭدا بولىدۇ، — دەپتۇ. ② ئاشكارا بولماق،
ئېنىقلانماق، بىلىنمەك: خەلىپە ھارۇن رەشىد-
نىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلىغان كىشىنىڭ سىرى
ئېچىلىپ، ئىش ئايان بولدى. * ئايال دوختۇر: —
ئەتە كېچىچە مېنى كۈتۈڭلار، مەن بارغاندىن
كېيىن ھەممە ئەھۋال ئايان بولىدۇ، — دەپ
ئاددىيلا جاۋاب بەردى.

**ئايان قىلماق** ① پەيدا قىلماق، نامايان
قىلماق، كۆرسەتمەك: ئاشۇ ئاي چېھرى ئايان
قىلدى ناراتنىڭ ھۆسنىنى، بىپايان يايلاقتا خۇش
سەيلىدە بولدۇم مەن گويا. * قوللاردىكى يىڭنىمىز،
ياسار چىمەن باغلارنى، ئايان قىلىپ چېچەكتىن،
بۇ بەختىيار چاغلارنى. ② ئاشكارا قىلماق،
ئېنىقلىماق، بىلدۈرمەك: سىرلىرىمىزنى تۆكۈپ
ئىچ-باغرىمىزنى بىر-بىرىمىزگە ئايان قىلغان
چېغىمىزدا سىزنىڭ قەلبىڭىزنىڭ ئاجايىپ گۈزەل-
لىكى ئىپادىلەنگەنىدى. * زېرەك مېھرىنىڭ ئەھ-
ۋالىنى، باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى ئايان قىلىپتۇ.

**ئايانچ** سۈپ. كىشىنىڭ رەھمىسىنى كەل-
تۈرىدىغان، ئېچىندۇرىدىغان، ئېچىنىشلىق:
قېرى ماختانغاندەك ئۇنىڭغا قارىدى. خىيالى
باشقا نەرسىلەرگە بېرىلىپ كەتكەن ياش ئەسكەر-
نىڭ قىياپىتى ئۇنىڭغا ئايانچ كۆرۈندى. * تۇتى
بىلەتتى قوي بىچارىنىڭ ئايانچ ھالىنى يىرتقۇچ
دەستىدىن. ھەربىر مىنۇتى ئۆتكەن ئۇنىڭ،
خەتەر ئىچىدە بۆرە قەستىدىن.

**ئايانچلىق** سۈپ. ئېچىنىشلىق بىلەن، ئېچى-
نىشلىق ھالدا: رۇقىيەمنىڭ ئاۋازى تىترەپ،
كۆزلىرى ئايانچلىق چاقنايتتى. * بالا دېھقان
ئايانچلىق ئىڭرىدى. باغرى يۇمشاق ئانا ئېسنى
يىغىپ ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلىدى.

**ئايانماق** ① «ئايىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك
دەرىجىسى: دادام — ھەركىم بىرەر ئىشقا چىن
كۆڭلىدىن ئىشتىياق باغلىسا، شۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا
چىقىرىش ئۈچۈن ھېچ ئايانماي تەر ئاققۇزۇپ
ئەجىر قىلسا، ھەم ئۇزۇن يىل بوشاشماي قەتئىي
داۋاملاشتۇرسا، ئۆز تىلىكىگە چوقۇم يېتەلەيدۇ، —
دەيدۇ. * تۇغلۇقنىڭ ھۇسەن شاھنىڭ سوئاللىرىغا
جاۋابەن ئەينەكتە كۆرگەنلىرىنى ئايانماي سۆز-

لىشى ئەنە شۇ قارارغا كەلگەنلىكىدىن بولغانىكەن.

**ئايەت** ئى [ئە] <دىن> قۇرئانىدا توختاپ ئوقۇلىدىغان بىر ۋە بىرقانچە جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۆلەك: باقى قويچى گۈلسۇمخاننىڭ باش تەرىپىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغا ئارىلاش ئايەت ئوقۇماقتا. * ئىشان ئۆرە تۇرۇپ نۇرغۇن ئايەتلەرنى ئوقۇپ، ئۇزۇن دۇئا قىلدى.

**ئايەتچىلاپ** رەۋ. ئايەت ئوقۇغانغا ئوخشىتىپ، ئايەت ئوقۇغانغا ئوخشاش: خەتنى نۇرۋان ئوقۇدى بەك تەستىمۇ، ھۆل بولۇپ كەتتى ۋاراقىنىڭ ئۈستىمۇ. قالغىنىدا داغ قىتىپ ئۇ گاڭگىراپ، قىلدى شۇ سۆزنى بوۋاي ئايەتچىلاپ.

**ئايەم** ئى [ئە] ① بارات ئېيىنىڭ ئون بەشىدىكى تۈنەيدىغان كۈن، تۈنەك كېچىسى. ② ھېيت كۈنى، ھېيت: ئايەملىرى مۇبارەك بولسۇن! * ئۇ مۇشۇ ئايەم كۈنلەردە ئۆز يېزىسىنى، يېزىدا ئۆتكۈزگەن ھېيتلىرىنى سېغىنىپ خىيالغا چۆكتى.

**ئايەملىك** سۈپ. ئايەم ئۈچۈن تەييارلانغان؛ ئايەم ئۈچۈن ئاتالغان: ئۇكامىمۇ ئايەملىك كىيىملىرىنى كىيىپ تەييار بولدى.

**ئايەملىمەك** پ. ئايەم كۈنى ئايەمنى مۇبارەكلەپ كەلمەك ياكى بارماق: بۈگۈن ھارپا، ئەتە ھېيت، مەن جىقلا ساڭزا سالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىم ئايەملەپ بىر دەستە ساڭزا ئېلىپ كېلىپتۇ.

**ئاياپاك** سۈپ. تاقىر، ھېچ نەرسە ئۈنمىگەن، پارقىراپ تۇرىدىغان.

**ئاياپاك باش** → **ئايدىڭ باش**: ــ ياشلا تۇرۇپ ئاياپاك باش بولۇپ كېتىپسەنغۇ، ــ دېدى ئۇ ماڭا چاقچاق قىلىپ.

**ئايپالتا** ئى [ئاي+پالتا] تىغى ئاي شەكلىدە قايرىلىپ ياسالغان پالتا: ئۇ قوش ئايپالتىسىنى كۆتۈرۈپ سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى. * ئەزىز ئايپالتىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ چاقىقانلىق بىلەن دەرەخكە ياماشتى.

**ئايدالا** (ئايدالاسى) ئى [ئا+دالا] چەكسىز كەتكەن يەر، كەڭ دالا: دەل شۇ چاغدا، كېۋەزلىكنىڭ ئايغىدىكى چەكسىز ئايدالادىن ــ ئاسمىنىدا قۇش قانتى، تۈپىسىدە ئەر تاپمىنى كۆيمەيدىغان چاڭقاق بوزلۇق ئىچىدىن ناتونۇش بىر يىگىت چىقىپ كەلدى.

**ئايدا-يىلدا** ئۇزاق ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ بىرەر قېتىم؛ ئاندا-ساندا، بىرە-بىرە، ناگان-ناگاندا: ئەمدىلىكتە، ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ پۈتۈن تىرىكچىلىكى قىزى چەت ئەلدىن ئايدا-يىلدا ئەۋەتىدىغان خالتىغىلا قاراشلىق بولۇپ قالدى. * ئالمىخاننىڭ ئېرىقى ئايدا-يىلدا بۇزۇلۇر. ئالمىخانىدىن سوراڭلار، ئۆزى قاچان تۈزۈلۈر.

**ئايدەك** سۈپ. ئايغا ئوخشاش نۇرلۇق، چىرايلىق، گۈزەل: قەلەمدەك قاشلىرىڭ، ئايدەك جامالىڭ، مېنى ئوتقا سېلىپ نەدۇر خىيالىڭ. * شاخ-شاخى بولغان بىلەن، مېۋىسىز بولسا بىكار. ئايدەك يۈزى بولغان بىلەن ئەقلى بولمىسا بىكار.

**ئايدىڭ** سۈپ ① ئاي چىقىپ ھەممە ياق ئاي نۇرى بىلەن يورۇغان، يورۇق: ئايدىڭ كېچە. * ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ (ماقال). ② كۆچمە. ئېنىق كۆرۈنۈپ، بىلىنىپ تۇرغان؛ روشەن، چۈشىنىشلىك: ھەممە نەرسە ئايدىڭ بولدى، بۇنداق بىشەم خوتۇنغا نېمە دېگىلى بولىدۇ؟

**ئايدىڭ باش** بېشىدا چېچى قالمىغان، ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كەتكەن، تاقىر باش، ئاياپاك باش.

**ئايدىڭدا قېتىق ئىچىشمىگەن** بىر مەقسەتتە بىرەر ئىشنى بىللە قىلمىغان، مۇناسىۋىتى يوق؛ بىر داستىخاندا ئولتۇرۇشۇپ باقمىغان، تونۇشمايدىغان، بىلىشمەيدىغان: بىز ئۇنىڭ بىلەن ئايدىڭدا قېتىق ئىچىشمىگەن.

**ئايدىڭلاشتۇرماق** «ئايدىڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كۆڭلىدىن بۇ ئىشنى جەزمەن ئېنىقلاپ ئايدىڭلاشتۇرۇش

www.uyghurkitap.com

كېرەك، دېگەننى ئۆتكۈزدى. * رەتلىك، قەيسەر ئىرادىلىك كىشى بىر كۈن تۆگىگەندىن كېيىن، يەنە شۇ كۈندىكى ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى قانداق قىلىپ ئەقىلغە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.

**ئايدىڭلاشتۇرۇلماق** «ئايدىڭلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ شېئىرلارنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن سۆزلىرىدە گەرچە مەلۇم ئوخشىماسلىقلار كۆرۈلگەن بولسىمۇ، شېئىرلارنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلدا يېزىلغانلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان.

**ئايدىڭلاشماق** پ. ئېنىق، روشەن، چۈشىنەرلىك بولماق، ئاشكارىلانماق، ئېنىقلانماق، يېشىلمەك: ئۇلارنىڭ ناھىيىدىكى بىر ئەنزە بىلەن بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋىتىمۇ ئايدىڭلاشتى. * جۇي خۇيىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن مەسىلە پۈتۈنلەي ئايدىڭلىشىپ، ئىزاھلاپ ئولتۇرۇشقىمۇ ھاجەت قالمىدى.

**ئايدىڭلىق** ئى ① ئايدىڭ بولغان ھالەت. ② ئاي چىقىپ ئاي نۇرى بىلەن يورۇتۇلغان ئورۇن، جاي: ئايدىڭلىقتا ئىككى ئادەم ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇشاتتى.

**ئايروپىلان** ئى [ر<گرېك+فىران] ماتور، قانات ۋە تەندىن تەركىب تاپقان، ھاۋادا قاتنايدىغان قاتناش ۋاسىتىسى. ئۇنىڭ خىللىرى ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. ئۇ ھەربىي ئىشلار، يېزا ئىگىلىكى، كان مەھسۇلاتلىرى، ئالاقە ۋە تەكشۈرۈش-قىدىرىش ئىشلىرىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ: ئايروپىلان ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە كۈندە بىر قېتىم قاتنايدۇ. * مەن ئايروپىلان ئىچىدە يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا كەتتىم.

**ئايروپىلان خېتى** مەخسۇس ئايروپىلان ئارقىلىق توشۇلىدىغان خەت-چەكلەر.

**ئايروپىلانسازلىق** ئى. ئايروپىلان ياساش سانائىتى.

**ئايرودروم** ئى [ر] ئايروپىلاننىڭ تۇرۇشى، ئۇچۇشى ۋە قونۇشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان شارائىتقا ئىگە كەڭ مەيدان: بىز ئايرودروم چېتىدىكى ئۆستەڭ قىرىنىڭ بىر يېرىگە كېلىپ ئولتۇردۇق.

**ئايرودىنامىكا** ئى [ر] ھاۋا ۋە گازلارنىڭ ھەرىكىتىنى ھەم ئۇلارنىڭ قاتتىق جىسىملار ھەرىكىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئايرودىنامىكىلىق** سۈپ. ئايرودىنامىكا پېنىگە ئائىت، ئايرودىنامىكا پېنىگە مۇناسىۋەتلىك، ئايرودىنامىكا خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**ئايروستات** (ئايرۇستاتى) ئى [ر<گرېك] ھاۋادا يەڭگىل ئۇچۇش ۋاسىتىسى.

**ئايرىباش** ئى [ئايرى+باش] تېگىشىش، ئالماشتۇرۇش: خوش، ئەگەر ئايرىباش قىلىنسا، سەنمۇ شۇلار بىلەن بىللە كېتەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

**ئايرىباش قىلماق** ← **ئايرىباشلىماق:** موگىلىنتسكى خېتىدە تىسبولاغا: «ئائىلەم ئەزالىرىنى بولشېۋىكلارغا ئايرىباش قىلىشقا رازىمەن، مانا مۇشۇ تەرتىپتە ئايرىباش قىلىمىز: ئايرىباش قىلىنىدىغان كىشىلەر خۇلمەنكا بىلەن سورسنوۋكا ئوتتۇرىسىدىكى دالاغا كەلتۈرۈلىدۇ، ئارىلىق بىر كىلومېتىر بولىدۇ» دەپ قىسقىلا جاۋاب قايتۇرغانىدى.

**ئايرىباشلىماق** پ. ئالماشتۇرماق، تېگىشمەك: مالنى مالغا ئايرىباشلىماق. * ئايرىباشلاپ ئالىدى باتۇر ئۇلاردىن، ئىككى يالىڭىز تېرىسىگە ئىككى ئات. قۇشتەك ئۇچۇپ كەتتى قاراپ كورلىغا، چىقارغاندەك بولۇپ گويا جۈپ قانات.

**ئايرىتماق** «ئايرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باي چاكىرىغا بۇغداي بىلەن تېرىقنى ئايرىتىپتۇ.

**ئايرىشماق** «ئايرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئايرىغۇچى** سۈپ. نەرسىلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ، پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ياكى

ئاجرىتىدىغان: ئايرىغۇچى قەۋەت. ئايرىغۇچى ئامىل.

**ئايرىلغۇسىز** سۈپ. ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان، ئايرىلالمايدىغان: دوستقا دوست قىلدىڭ مېنى، دۈشمەنگە دوست قىلدىڭ مېنى، سۆرە ياسىنى ئوقۇپ، ئايرىلغۇسىز قىلدىڭ مېنى.

**ئايرىلماس** سۈپ. ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان، ئايرىلمايدىغان: پارتىيە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئايرىلماس قىسمى. * — ئىككى تەڭگە پۇلۇم بولسا، ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلماس ئىدىم.

**ئايرىلماق** پ ① «ئايرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر (ماقال). * — بىردەم ئوينىماپ كەتمەمسەن؟ — دېدى باتۇردىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەن كامال. ② «ئايرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئىشاننى دەپ ئېشەكتىن ئايرىلدىم (ماقال).

**ئايرىلىش** ① «ئايرىلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: — ئۇ ئايرىلىش ئالدىدا ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. * ھەر ئىككىسى بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقا ئالدىراشتى. ② ئى. يولنىڭ تارماقلارغا بۆلۈنگەن جايى: ئۇلار ئايرىلىشقا كەلگەندە بىر - بىرى بىلەن خوشلاشتى.

**ئايرىلىشماق** «ئايرىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ...ئۇلار خوشلاشتى. رەيھان سىنىپقا، سادىق دادۇي ئىشخانىسى تەرەپكە قاراپ ئايرىلىشتى.

**ئايرىم** سۈپ ① ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، ئالاھىدە، يەككە: كۆك يۆتەل بولغان بالىنى ساق بالىغا قوشماي ئايرىم بېقىش كېرەك. ② بەزى، بەزىبىر: ...ئۇلار بەزىدە دۆلەت ياكى كوللېكتىپنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالماقتا، بەزىلىرى ھەتتا پارتىيىنىڭ ئايرىم رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكتە.

**ئايرىم قىممەت** <س ئىق> ئايرىم تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى مەلۇم بىر خىل تاۋارنى ئىشلەپچىقىرىشتا سەرپ قىلغان بۇيۇملاشقان ئەمگەك ۋە جانلىق ئەمگەكنىڭ يىغىندىسى ھاسىل قىلغان قىممەت.

**ئايرىم - ئايرىم** باشقا - باشقا، بۆلەك - بۆلەك، يەككە - يەككە: — ياق، ئايرىم - ئايرىم كەتسەك خەۋپ ئازراق بولار دەپ ئويلايمەن، — دېدى ئۇ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى سەمەتكە تىكىپ. * ھازىرقى ئاساسىي قانۇننىڭ ئومۇمىي پروگراممىسىدا ئىلىم - پەن ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش بىلەن مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئايرىم - ئايرىم ماددا قىلىپ بەلگىلىنىپ، ئىلىم - پەن ۋە مائارىپ خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

**ئايرىما** ئى. پەرق: ياش ئايرىمىسى، جىنسىي ئايرىما. * بىر چاغ ئىدىم ئەسىرى شۇ ئاجايىپ تۇيغۇنىڭ، ئايرىمىسى قانچىلىك ئىنسان بىلەن توخۇنىڭ.

**ئايرىمچە** رەۋ. باشقىلاردىن پەرقلىق ھالدا، باشقىچە، ئۆزگىچە، ئالاھىدە.

**ئايرىملىق** ئى. باشقىلاردىن پەرق قىلىدىغان، بۆلۈنۈپ چىققان ئەھۋال، ھالەت: ئومۇمىي قائىدىگە سىغمايدىغان ئايرىم ھالەت بولىدۇ. پۈتۈنلۈككە نىسبەتەن ئايرىملىق.

**ئايرىمچى** ئى. بىرلىك، ئۆملۈك، ئىتتىپاقلىقنى بۇزغۇچى شەخس.

**ئايرىمچىلىق** ئى. بىرلىك، ئۆملۈك، ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان قىلمىش: ئۇلار ئايرىمچىلىق قىلىشقا باشلىدى.

**ئايغاق** سۈپ. ئىككى ئوتتۇرىدا گەپ - سۆز توشۇيدىغان، پايلاقچىلىق قىلىدىغان، خەۋەرچىلىك قىلىدىغان: ئېغىز — ئايغاق، تىل — تايغاق (ماقال). * نوزۇك يارىم ئامانمۇ؟ ئايغاق دوستۇم ئېيتساڭچۇ؟

**ئايغاقچى** ئى. ئىككى ئوتتۇرىدا گەپ توشۇغۇچى، خەۋەرچى؛ پايلاقچى، جاسۇس: — ئايغاقچىلار دەررۇ پادىشاھقا خەۋەر قىلىپتۇ، پادىشاھ ھەم ئوردا ئەھلى يەنە بىر

www.uyghurkitap.com

قېتىم «سۇبھاناللا» دەپ ياقىلىرىنى چىشلەپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىشىپ قاراپ قېلىپتۇ. * بەكمۇ تەسلىكتە كەلدىم. كەينىمگە ئايغاقچى چۈشۈۋېلىپ مىگىبىر جاپادا قۇتۇلدۇم.

**ئايغاقچىلىق** ئى. گەپ توشۇش، خەۋەر يەتكۈزۈش، پايلاش، جاسۇسلۇق پائالىيىتى، ئىشى.

**ئايغاقلىماق** پ. مەخپىي تەكشۈرمەك، دېرىكىنى ئالماق، سۈرۈشتۈرمەك: ئۇلار بۇ ئۆينى ئاللىقاچان ئايغاقلاپ بىلىۋالغانىدى.

**ئايقىن** سۈپ. ← **ئايقىن-سايقىن.**

**ئايقىن-سايقىن** قالايمىقان، چۇۋالچاق، ئۇكتەي-توكتەي، رەتسىز: ئۇ يەردە ئاخشامقى قاچا-قومۇچلار ئايقىن-سايقىن تۇراتتى. * ئادەمزاتسىز كەگرى ئېتىزلار گەرچە ئايقىن-سايقىن بولسىمۇ ئەسئەتنىڭ كۆزىگە خۇددى بىر چېۋەر قول ھەممىلا نېمىنى جاي-جايىغا تىزىپ چىققاندەك كۆرۈندۇ.

**ئاي-كۈن** ① ئاي ۋە كۈن. ② ۋاقىت: خېنىمغا ئايرىم كەشپىياتلارنىڭ ئاي-كۈنلىرى كېرەك ئەمەسمىكەن؟ ③ (2-تەركىبىگە III شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا) تۇغۇتنىڭ ۋاقتى-سائىتىنى بىلدۈرىدۇ: زۆھرەنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلاشقانسېرى، پاتىمىنىڭ ئايىغى قويۇقلىشىپ، كۈندە دېگۈدەك سىگىلىسىنى يوقلايدىغان بولۇپتۇ.

**ئايگۈل** ئى [ئاي+گۈل] ① گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان گۈل. ② قىز، ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئايلا** ئى ① ئۆزىدىن چوڭ ئايال بىر تۇغقىنى، ئاچا؛ ھەدە. ② ئۆزىدىن چوڭ ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ ئاتاشتا ئىشلىتىلىدۇ: دىلىڭ جىبچۈن: — ئايلا! بولدى قىلىڭ، — دېگىنىچە سۇڭ سۇبونىڭ قۇچىقىغا ئېتىلدى. ③ تارىس. ۋاڭ جەمەتىدىن بولمىغان ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى.

**ئايلاپ** رەۋ. بىرنەچچە ئاي مابەينىدە، ئايلار داۋامىدا: بەزى دېھقانلار بولسا، خاڭلارغا چىقىپ، زوخاڭدىن يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىدۇ-دە، ئايلاپمۇ يۇقىرىغا چىقالمايدۇ. * مەن بۇ نەرسىلەرگە تۆلەنگەن پۇلنى ئىچىمدە ھېسابلاپ كۆرۈپ، ئۇنى ھاشىخان ئاچىنىڭ ماگىزىن پەلەمپەيلىرىدە ئايلاپ ئولتۇرۇپ تاپىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم-دە، قەلبىمنى تولىمۇ ئېغىر تۇيغۇ چىرمىۋالدى.

**ئايلاپ-ئايلاپ** «ئايلاپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىش يولى بىلەن كۈچەيگەن شەكلى: ئۇ ھازىر ئايلاپ-ئايلاپ ئۆيگە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. * ئېگىز بويلۇق، ياڭاق سۆڭەكلىرى چوقچىيىپ تۇرىدىغان، ساقال-بۇرۇتى جۇسەيدەك شالاڭ ھەم قىرقىلمىغان بىر كىشى قولتۇقىغا بىر يۆگەم قەغەزنى قىستۇرۇپ مۇرادلارنىڭكىگە پات-پات كېلىپ تۇراتتى، بەزىدە ئايلاپ-ئايلاپ يوقاپ كېتەتتى.

**ئايلاپ-يىللاپ** ئاي ۋە يىللار بويى، ئۇزاق بىرمەزگىل: ئۇ، ھەممىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى سىرتلاردا تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئايلاپ-يىللاپ كەلمەي يۈردى.

**ئايلاندۇرغۇزماق** «ئايلانماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئايلاندۇرماق** پ ① «ئايلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار بىركۈنى دادامغىمۇ قالپاق كىيگۈزۈپ، يۈزىنى قارا بوياپ كوچا ئايلاندۇرۇپ، سازايى قىلدى. * تىرىشچانلىق مۇشكۈلنى ئاسانغا، خەۋپنى بەختكە، يىراقنى يېقىنغا ئايلاندۇرالايدۇ. ② **ئالدىماق، قايمۇقتۇرماق:** ھىسامىدىن: — سېنى تازىمۇ ئايلاندۇرۇپتۇ-دە، بولدى، ۋاقتىدا بېرىپ چاپاننى ئېلىۋالايلى، يۈرۈڭلار، — دېدى. ③ <بىئول> **بىر خىل سورتتىكى باكتېرىيە باشقا بىر خىل سورتتىكى باكتېرىيەدىن ئاجرىتىۋېلىنغان DNA (ئالمىشىش فاكتورى)نى سۈمۈرۈۋېلىپ، ئىرسىيەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلماق.**

**ئايلاندۇرۇلماق** «ئايلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەگەر ھېلىقى سازلىق سۇ ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇلسا، ئاپەت كېلىپ چىقىدۇ.

**ئايلانسۇن** پ ① «ئايلانماق» پېئىلىنىڭ III شەخس بۇيرۇق-تەلەپ مەيلى. ② سەدىقىسى كەتسۇن؛ ئۆرگۈلسۇن: جامال ئاكا: ئۇنى بىر دېسەم، زىياپەت سېنىڭدىن ئايلانسۇن! بۈگۈن دېگەن يېرىمدىن چىقالىساڭ، ساڭا ئاتاپ پاقلان سويۇۋېتىمەن تېخى، ھا...ھا... ھا... ③ يېقىنچىلىق ياكى ھۆرمەتنى ئىپادىلىگۈچى مۇراجىئەت سۆزى: — ئايلانسۇن، بالام، تاغاڭ ئايلانسۇن، — دېدى كىبىر.

**ئايلانما** سۈپ ① ئۆز ئوقىدا، بىرەر دائىرە ئىچىدە ياكى بىرەر نەرسىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىدىغان، ئايلىنىدىغان، پىرقىرايدىغان: ئايلانما ئورۇندۇق. ئايلانما ھەرىكەت. * بىر دەمدىن كېيىن ئايلانما غالتەك چوڭايتىلدى، يىپ غالتىكى كىچىكلىتىلدى. ② ئايلاندۇرۇپ ياسالغان ياكى ياي شەكلىدە ئورۇنلاشقان، يايسىمان: ئايلانما يول. ئايلانما پەلەمپەي. * مەشىنىڭ ئىچىدىكى ئوتقا چىدامىلىق خىشتا ئىككى قەۋەت قوپۇرۇپ چىققان ئايلانما تامنىڭ تۆر تەرەپتىكى بىر پارچە بۆلۈكى كۆيۈپ، خوراپ كۆمۈرۈلۈپ چۈشتى. * لۈتۈن كوچىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ياقىلاپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئايلانما دوقمۇشقا يېقىن 1-نومۇرلۇق ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ③ يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان، ئوبوروت بولىدىغان: ئايلانما كاپىتال.

**ئايلانما پانۇس** ئايلىنىپ تۇرىدىغان بىر خىل پانۇس.

**ئايلانما ئورۇندۇق** ئايلىنىش ۋە بۇرۇلۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ھەرىكەتچان ئورۇندۇق: شەمەر خەتنى ئوقۇغانسېرى ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئايلانما ئورۇندۇق بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا ئايلىناتتى.

**ئايلانما ئىسپات** <لوگ> لوگىكىدىكى A ئاساستىن B يەكۈنى خۇلاسىلاپ چىقىرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە B يەكۈنىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ A نى ئىسپاتلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئىسپات پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

**ئايلانماق** پ ① ئۆز ئوقىدا، بىرەر دائىرە ئىچىدە ياكى بىرەر نەرسىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلماق: تۈگمەن بىر ئايلانغۇچە، ئىگىسى يۈز ئايلىنار (ماقال). * قىيىق دوقمۇشتىن ئايلىنىپ چوڭ سازلىققا كەلدى. * ئەزىز ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ھويلىدا ئايلىنىپ يۈردى. ② سەيلە، تاماشا قىلماق؛ كەزمەك، ئارىلىماق، بېسىپ ئۆتمەك: ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپىدۇ (ماقال). * ئالماس تېخىچە شەھەر ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ③ كۆزدىن كەچۈرمەك، تەكشۈرمەك: — خوتۇن، سەن باللار بىلەن چاي-پاي ئىچكەچ تۇرغىن، مەن قورۇقلارنى بىر ئايلىنىپ كېلەي، — دېدى مۇسا تاغا. * مەغرىبتىن كەلگەن ئادەم ئايلىنىپ يۈرۈپ، سىرنى ئوبدان ئۇقۇۋاپتۇ. ④ باشقا ھالەتكە، كۆرۈنۈشكە كىرمەك، باشقا تۈس ئالماق، ئۆزگەرمەك: سۇ پارغا ئايلاندى. يامغۇر ئاستا-ئاستا قارغا ئايلاندى. * تۇراپ شۇجى ئەمدى ئۇنىڭ نەزىرىدە پۈتۈنلەي كاردىن چىققان، يارىماس ئادەمگە ئايلاندى. ⑤ يۈرۈشمەك، ئوبوروت بولماق: تىجارەتتە پۇل قانچە تېز ئايلانسا، پايدا شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ⑥ توغرا كەلمەك، تەقسىملەنمەك: ئىلگىرى دارامەت بىر ئەمگەك كۈنىگە تۆت-بەش مودىن ئايلانغان بولسا، 1981-يىلى بىر يۈەن 80 پۇڭدىن ئايلاندى. * يېرى ناچار بولغاچقا، چىققان ھوسۇلى ئاران بىر موغا بەش خودىن ئايلانغان. ⑦ مەشغۇل بولماق، تۇتۇنماق: ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن ئايلىنىپ قېلىپ، يىغىنغا ۋاقتىدا كېلەلمىدىم.

**ئايلۇ** ئى. دىئال. قارانچۇق.

**ئايلىناي** پ ① «ئايلانماق» پېئىلىنىڭ

بۇيرۇق-تەلەپ مەيلى I شەخس، بىرلىك شەكلى. ② سادىغاڭ كېتەي، سەدىقە، قۇربان بولاي، ئۆرگۈلەي: قوي قوتانىدا، ئايلىناي، بايا ئاكىڭىزنىڭ مىجەزى بۇزۇلۇشقا باشلىغاندىلا سولىشۇەتكەنمەن.

**ئايلىنىپ** «ئايلانماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشداش شەكلى: ئايلىنىپ ئۆتمەك. ئايلىنىپ كەلمەك.

**ئايلىنىپ كېتىش** <تب> مېڭىدىكى قان ئازلىق ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندا پەيدا بولىدىغان بىر خىل قىسقا مۇددەتلىك ھوشسىزلىنىش؛ ھەددىن ئارتۇق قايغۇرۇش، جىددىيلىشىش، قان كۆپ ئېقىپ كېتىش، يۈرەك كېسەللىكى قاتارلىق-لارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل كېسەل ئالامىتىنى پەيدا قىلىدۇ.

**ئايلىنىپ كېتەي** ① ئىجابىي جەھەتتە ئىنتايىن رازى بولغانلىقنى، چەكسىز خۇرسەن ئىكەنلىكنى، تولۇق قوشۇلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئايلىنىپ كېتەي دوستۇم، ئەجەبمۇ ياخشى قىلدىڭ. ② سەلبىي جەھەتتە قاتتىق نارازىلىق، قارشىلىقنى مەسخىرە بىلەن ئىپادىلەيدۇ: ئەگەر گەپتە سۆزلىرى باغلاشمىغان ئادەملەرنىمۇ مىللىي تەۋەررۇكنىڭ قەدىردانى دەپ ھېسابلاشقا توغرا كېلىدىغان بولسا، ئۇنداق مىللىي تەۋەررۇك-لەردىن ئايلىنىپ كېتەي.

**ئايلانمىلىق** سۈپ. ئايلانمىسى بار، ئايلانمىغا ئىگە: ئۇ ئايلانمىلىق قورۇدىن چىقىپ كەلدى.

**ئايلىق** ① سۈپ. ئاي بويى داۋام قىلىن-دىغان، ئايغا يەتكۈدەك، ئايغا مۆلچەرلەنگەن: بىر ئايلىق ۋەزىپە. ئىككى ئايلىق يول. ئايلىق ژۇرنال. * دۈيجاڭنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاۋېتىپ جەرەن بۇلاقتىكى بۇرغىلاش ئىشچىلىرىنىڭ ئايلىق ۋەزىپىسىنى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئورۇنلىغان بىرلەشمە جەڭلىرى كۆز ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتتى. ② سۈپ. ئايغا تولغان: بۇ چاغدا جۈي مىن ئانامنىڭ قورسىقىدا يەتتە-سەككىز ئايلىق بولۇپ قالغانىدى. ③ ئى. بىر ئاي داۋامىدا سەرپ قىلغان مېھنەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھەق، مائاش: ئاي توشۇپ ساۋۇتجان بوغالتىرنىڭ قېشىغا ئايلىقنى ئالغىلى كىرگەندە، تاغىسى باۋۇدۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

**ئايلىقچى** ئى ① ئىش مۇددىتى بىر ئاي بىلەن چەكلەنگەن، ياكى بىر ئايىنى ھېسابات بىرلىكى قىلىدىغان ئىشچى: مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئايلىقچى بولۇپ ئىشلىدىم. ② ھەر ئايدا مائاش (ھەق) ئالىدىغان ئىشچى ياكى خىزمەتچى: ئۇ ئايلىقچى بولغىنى بىلەن ھەر ئايلىق مائاشىنى ئۆزىگە يەتكۈزەلمەيدۇ.

**ئايلىنىش** ① «ئايلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمداشى: — ماشىنىنىڭ ئايلىنىش تېزلىكىنى ئۆلچەش كېرەك، — دېدى ئۇ بىزگە قاراپ. ② ئى. يولنىڭ ياي شەكلىدە ياسالغان يەنى كىشىلەر ئايلىنىپ ماڭىدىغان قىسمى، ئايلانما، ئەگىم: شوپۇر ئايلىنىشقا كەلگەندە ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى.

**ئايماق** ئى ① تارىختىكى ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ نامى. ② قەبىلە. ③ ھازىر بەزى جايلاردا يېزىلارمۇ ئايماق دەپ ئاتىلىدۇ: ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى ئىككى ئېرىقتا ئىككى ئايماقنىڭ سۈيى ئېقىپ ئۆتەتتى.

**ئايماقلىق** سۈپ. شۇ ئايماقتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ياكى شۇ ئايماقتا ياشىغۇچى.

**ئايمۇئاي** ھەربىر ئايدا: ئوغلى ھايات ۋاقتىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن ئىدارىسى شەرىخانىنى ئايمۇئاي قۇتۇلدۇرۇش پۇلىدىن بەھرىمەن قىلىپ تۇردى. * ئايمۇئاي مۇشۇنداق ياشاۋېرىش ۋە ئايمۇئاي 30 تەڭگىدىن مائاشنى ئېلىۋېرىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭدىكى مۇنداق باشقىچە ھېسسىياتلار تۈگەپ كەتتى. خۇشاللىقمۇ يوقالدى، قايغۇمۇ يوقالدى.

**ئاينىتماق I** ① «ئاينىماق I» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالىم مېھرىبانىنى تامامەن ئاينىتىپ بولۇپتۇ. * زەيكەشلەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قارا لاي پۇرىقى بىلەن ئاتىنىڭ بەدىنىدىن كۆتۈرۈلگەن قاڭسىق تەر ھىدى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىپ، ئىچىنى سىقاتتى. ② ئۆزگە قاراتماق، رام قىلىۋالماق: قادىراخۇن: — ماموتاخۇن قىزى ئارقىلىق ئوغلۇمنى ئۆزگە ئاينىتىۋالماقچى، مەن ئۇنىڭ بۇ نىيىتىگە يول قويمايمەن، — دېدى.

**ئاينتماق II** پ «ئاينماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىلتىزنىڭ ئاستىدىن تەخمىنەن ئوتتۇز سانتىمېتىر ئارىلىقتا ئورا كولاپ كەپتەر مايىقىنى يانتاق بىلەن بۇيىغا ئارىلاشتۇرۇپ كۆمۈش، گاستىنىڭ قوغۇن ئاينىتىش، قوغۇنغا ئاجايىپ لەززەتلىك تەم كىرگۈزۈشتىكى سىنالغان تەجرىبىسى ئىدى. * ئىلغارلىقنى ئاينىتىپ، تراكتورنى ياڭرىتىپ، خۇش سادالار ئاڭلىتىپ، گۈللىتەيلى ۋەتەننى.

**ئاينتىلماق I** «ئاينتماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار ئالدىقاچان ئاينىتىلغانىدى.

**ئاينتىلماق II** «ئاينتماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېنىڭ جاپادا ئاينىتىلغان كۆچەتلەر ئۇلارنىڭ رەھىمسىز قوللىرى ئارقىلىق كېسىپ تاشلاندى.

**ئاينشماق** «ئاينماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئاينماق I** پ ① تۈسى، رەڭگى ئۆزگىرىپ، بۇرۇنقى ھالىتىنى، بۇرۇنقى رەڭگىنى يوقاتماق، ئۆڭمەك. ② مىجەز-خۇلقى، ئەدەب-ئەخلاقى يامانلاشماق، يامان تەرەپكە ئۆزگەرمەك، بۇزۇلماق: يىراقتىكى دۈشمەندىن، ئاينىپ كەتكەن دوست يامان(قامال). ③ پىكرىدىن، نىيىتىدىن، سۆزىدىن قايتماق، پىكرىنى، نىيىتىنى ئۆزگەرتمەك: مادۇتەيىنىڭ خېتىنى مەندىن ئالدىڭىز، ئەمدى نېچۈن بىلمەسكە ئاينىپ قالدىڭىز؟ ④ ئەقلىدىن ئازماق، ئېلىشىپ قالماق، ساراڭ بولماق: — ھەي، كىچىك ئەپەندى، قارىغىنا، چوڭ ئەپەندىڭنى! ئاينىپ قالدىمۇ، نېمە؟ ⑤ ئېلىشماق: كۆڭلى ئاينىماق.

**ئاينماق II** پ ① تۈتىماق، ئاۋۇماق، كۆپەيمەك: ئۇ چېشلىرىغا ئالتۇن قاپلاتتى، چېچىمۇ ئۆسۈپ، ئاينىپ تاپىنىغا يېتىدىغان بولدى. * خوپ ئاينىدى كۆچەتلەرمۇ چېچەكلەپ، مېۋە ئالدۇق كۆزدە راسا ئىتەكلەپ. ② كۆچەيمەك، ئېغىرلاشماق: ئەنۋەرنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئاينىپ قالدى. * بارغانسېرى ئاينىۋاتقان بوران ئاپتوبۇسقا كۈچ بىلەن كېلىپ ئۇرۇلاتتى.

**ئايھاي** ئىم خۇشاللىنىش، ھاياجانلىنىش ياكى ھەيران قېلىش سەۋەبىدىن قىلىنىدىغان نىدا، خىتاب، شاۋقۇن-سۈرەن: ئايھاي سالماق، ئايھاي كۆتۈرمەك. * بوۋاي بۆرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن غەزىپى ئۆرلەپ ئۇنى كەتمەن بىلەن سالغىلى تۇرۇپتىكەن، ئايھاي، بۆرە دۇنياغا كەلگىنىگە مىڭ پۇشايمان يەپتۇ.

**ئايھاي سالماق** ← **ئايھايلىماق:** بىر خۇش خەۋەر بار، مەن ساڭا ئېيتاي، مېنىڭدىن قورقۇپ سالمىغىن ئايھاي.

**ئايھايلاتماق** «ئايھايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئايھايلاشماق** «ئايھايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئايھايلىماق** ① يىراقتىكى ئادەمنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن چاقىرماق. ② خىتاب قىلماق، شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرمەك، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماق، ۋارقىرىماق: ئۇ ئايھايلاپ جاھاننى بېشىغا كىيدى. * غۇرۇرلۇق ئىلكىدە كۆلكەڭ، كۈلۈپ ئايھايلىدىڭ كاككۇك.

**ئايۋان** ئى [ئە] ھويلىنىڭ ئۈستى يېپىلغان قىسمى، پېشايۋان: پادىشاھ «بۇ ئادەمنى ئايۋاننىڭ تېمىغا شوتا بىلەن چىقىرىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ.

**ئايۋان ساراي** پېشايۋانلىق ساراي:

مانا شۇ گەپتىن غوجى بۇ كەڭ ئايۋان سارايدا ناۋاتخانىنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئۇ شۇنداق پۇرسەتنى خىلىدىن بىرى كۈتۈپ يۈرەتتى.

**ئايۋانلىق** سۈپ. ئايۋىنى بار، ئايۋانغا ئىگە: ئۇلار ئايۋانلىق ھويلىغا كىرىشتى.

**ئايىماق** پ ① رەھىم-شەپقەت قىلماق، يۈز-خاتىرىسىنى قىلماق، ئەزىز دەپ بىلمەك: يامانىنى ئايىساڭ ياخشىلىق يوق (ماقال). ② ئېھتىيات قىلماق، ئاسىرىماق، ئاۋايلىماق، تېجىمەك: دۈشمىنىڭنى قاتتىق ئۇر، كالتىكىڭنى ئايىما (ماقال). ٭ ئات ئايىغان ئات مىنەر، كىيىم ئايىغان تون كىيەر (ماقال). ③ يوشۇرماق، قىزغانماق: خۇدا ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى ئايىماي، سېمىزلىك ۋە ساغلاملىقنى ئەڭ ئالىي مۇكاپات سۈپىتىدە بەخشەندە قىپتۇ.

**ئايىمقىز** ئى [ئايىم+قىز] قىزلارغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن مۇراجىئەت قىلىش سۆزى: بىرمەھەل خىزمەتكارلار قاتارىغا چۈشۈپ قالغان نارەسىدە قىز يەنە باشقىدىن ئايىمقىز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئە

**ئە I** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئىككىنچى ھەرپى. ② شۇ ھەرپنىڭ نامى. ③ رەت جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئە II** يۇك. پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ تەكىتلەشنى بىلدۈرىدۇ: كۆر+ە=كۆرە، ياز+ە=يازە، ماڭ+ە=ماڭە.

**ئە III** تۈرغۈن سۆزلەردىن پېئىل ياساي-دىغان قوشۇمچە: تون+ە=تونە، توز+ە=توزە، كۆچ+ە=كۆچە.

**ئەبەد** [ئە] يېزت ① ئى. ئاخىرى، پايانى يوق كېلەچەك زامان؛ مەڭگۈلۈك، ھەمىشە، دائىما: ئانا ۋەتەن ساڭا سادىق قىزىل قەلبىم، مېنى كۈيلەپ تا ئەبەدكە ناخشام ياڭرار. ② رەۋ. مەڭگۈ، ئەبەدىي؛ ئۆمۈرۋايەت؛ بۈگۈن يازدىم ساڭا دوستۇم مۇسىبەت نەقلىزارىمنى، ئۇنتۇماي مەڭگۈ «بىخ» دوستۇڭ ئەبەد ساقلار ئىجادىڭنى.

**ئەبەدىلئەبەد** رەۋ [ئە] يېزت. ئەبەدىي، مەڭگۈ، ئۆمۈرۋايەت، ھەمىشە: مەن ئەمدى ئائىلىمىزنىڭ بەخت كۈلىنىڭ ئەبەدىلئەبەد توزۇپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايمەن* گەرچە ھازىر بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسامۇ، مۇنۇ بىر پاجىئە ئەبەدىلئەبەد ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئاتا-ئانام ئۆلۈپ كېتىپ 11 يېشىمدا ئىسمائىل بەگنىڭ قۇللۇق زەنجىرىگە باغلاندىم.

**ئەبەدىي** سۈپ [ئە] ۋاقتىنىڭ چېكى بولمىغان، دائىمىي؛ مەڭگۈ: ئۇ، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ئۇيغۇر ئەدە-بىيات-سەنئەت تارىخىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئەبەدىي نۇر چاچىدۇ.

**ئەبەدىيەت** ئى [ئە] يېزت. ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك.

**ئەبەدىيلەشتۈرمەك** «ئەبەدىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇتلەق تەكشۈرۈش سادىدا چىنلىق نەزەرىيىسىنى ئەبەدىي-لەشتۈرىدۇ؛ نىسپىي تەكشۈرۈش يېگانە ئىدېئالىزمنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس دەپ جاكارلايدۇ.

**ئەبەدىيلەشتۈرۈلمەك** «ئەبەدىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەبەدىيلەشمەك** پ. يېزت. ئەبەدىي يوقالماي-دىغان، بۇزۇلمايدىغان، ئۇنتۇلمايدىغان، ئەۋلادلارغا مەڭگۈ قالىدىغان بولماق.

**ئەبەدىيلىك** ئى. دائىملىق، مەڭگۈلۈك: بۇ ھەممىسى بىرەر ھاياتقا ئەبەدىيلىك كۈچ ۋە چەن مەنە ئاتا شۇڭا ئۇنىڭ قىممىتى، زوق ئويغاتقۇچ تەسىرى يەنە.

**ئەبجەت** ئى [ئە] يېزت. ئەرەب ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن ۋە ھەرقايسى ھەرپىنىڭ سان قىممىتىنى ھەمدە قەدىمكى ئەرەب ئالفاۋىتىنىڭ تەرتىپىنى ئەستە ساقلاش ئۈچۈن ئويلاپ چىقىرىلغان سەككىز سۆزنىڭ بىرىنچىسى. بۇ سەككىز سۆز «ئەبجەت، ھەۋۋەز، ھۇتتىي، كەلەمەن، سەئۇفەس، قەرەشەت، سەخخەز، زەزەغ» بولۇپ، بۇ سۆزلەر تەركىبىدىكى ھەرپلەر سان قىممىتى بويىچە تىزىلغان: ا [ئەلىف] = 1؛ ب = 2؛ ج = 3؛ د = 4؛ ھ = 5؛ و = 6؛ ز = 7؛ ح = 8؛ ط = 9؛ ي = 10؛ ك = 20؛ ل = 30؛ م = 40؛ ن = 50؛ س = 60؛ ع = 70؛ ف = 80؛ ص = 90؛ ق = 100؛ ر = 200؛ ش = 300؛ ت = 400؛ ث = 500؛ خ = 600؛ ذ = 700؛ ض = 800؛ ظ = 900؛ غ = 1000.

**ئەبجەت ھېسابى** ئەبجەتتىكى ھەرپلەرنىڭ سان قىممىتى بويىچە بىرەر سۆز ياكى ئىبارىدىن مەلۇم بىر سان، ساناق ياكى يىلنامىنى چىقىرىش.

**ئەبجەش** سۈپ. ئارىلاشما بولغان، ئارىلاشتۇرۇلغان، ئارىلاشما: ئەبجەش ماي. ئەبجەش نان. * ئۇ بېشىدا ھەر خىل خىيال ئەبجەش بولۇپ، ئويلىغانچە كۆڭلى شۇنچە غەش بولۇپ. بويىنى باغلانغان كېپىكتەك مۆلدۈرەپ، بەزىدە يىغلاپ سالاتتى ھۆركىرەپ.

**ئەبجەش بولماق** ئارىلىشىپ كەتمەك، ئارىلىشىپ قالماق: يېقىندىن بېرى ئىشلارنىڭ رەت تەرتىپى بۇزۇلۇپ ئەبجەش بولۇپ كەتتى.

**ئەبجەش قىلماق** ئارىلاشتۇرماق: ئۇ ماڭا ھەسەل بىلەن ئەبجەش قىلىپ چاي بەردى، نەشپۈت ئاقلاپ تۇتتى.

**ئەبجەق** سۈپ. ئىشتىن، كاردىن چىققان، كېرەكسىز، بۇزۇلغان: ئىدارىنىڭ ئەلىك قەدەمدە بىر قېتىم زەنجىر تاشلاپ تۇرىدىغان ئەبجەق ۋېلىسىپىتى بىلەن يول يۈرۈش ماڭا پىيادە ماڭغاندىنمۇ ئېغىر ئىدى.

**ئەبجىقى چىقماق** كېرەكسىز بولماق، ئىشتىن چىقماق، كارغا كەلمەس بولۇپ قالماق؛ بۇزۇلماق: كۆۋرۈك ئاستىدا پاسكىنا ۋە ئەبجىقى چىققان كونا بىر قېيىق تۇراتتى. * بۇ يەردە ھەتتا ئەڭ يېڭى پەلسەپە، دەلىللەنگەن پەلسەپە ياكى شۈبھىسىز پاكىت دېگەنلەرنىڭ ئازراق سايىسىمۇ يوق. بۇ يەردە پەقەت كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئىدىيالىستىك كاززاپلىقلا بار.

**ئەبزەل** (توغرىسى: ئەۋزەل) ⟵ **ئەۋزەل.**

**ئەبگا** (توغرىسى: ئەبگار) ⟵ **ئەبگار.**

**ئەبگار** سۈپ [پ] ① ھال-ئەھۋالى ناچار، يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان؛ خاراب: تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، تېرىسىدىن كېپەك ئۆرلەپ، دۈمبىسىدىكى تاياق زەربىسىدىن پەيدا بولغان جاراھەتلەر قاقاچ تۇتۇپ، ئۇنى تولىمۇ كۆرۈمسىز، ئەبگار كۆرسىتىپ تۇراتتى. ② ئورۇق، زەئىپ، جۈدەڭگۈ؛ ئاجىز: ئەتىياز كۈنى تاغدىن ھەيدەپ كېلىنگەن قويلارنىڭ ھەممىسى ئەبگار ئىكەن.

**ئەبگارلاشتۇرماق** «ئەبگارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يىلقى تەبىئىي ئاپەت دېھقانچىلىققا زور زىيان كەلتۈرۈپ، دېھقانلارنى ئەبگارلاشتۇرۇۋەتتى.

**ئەبگارلاشتۇرۇلماق** «ئەبگارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەبگارلاشماق** پ. ① ھال-ئەھۋالى ناچارلاشماق، تۇرمۇشى يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق؛ كەمبەغەللەشمەك، نامراتلاشماق: ئۇ، يىلدىن يىلغا ئەبگارلىشىپ كەتتى. ② جۈدەپ ئورۇقلاپ زەئىپلىشىپ كەتمەك، ئاجىزلىماق: بۇ يىل ئەتىياز ماللارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكى تۈگەپ، چوڭ-كىچىك ماللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەبگارلىشىپ كەتتى.

**ئەبگارلىق** «ئەبگار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**ئەبلەخ** سۈپ [ئە] قىلمىشى، ھەرىكىتى چېكىدىن ئاشقان، ئۆتۈپ كەتكەن قەبىھ؛ يارىماس، رەزىل: مۇشۇ ھالەتتە مېڭىۋېرىشمۇ خەتەرلىك ئىدى. ئۆزەم ئۈچۈن قېچىشقا ئەپلىك بىر يەرنى تاللاپ، بۇ ئەبلەخنى يىغىشتۇرۇپ قاچىسام بولمايتتى.

**ئەبلەخلىق** «ئەبلەخ» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كۆپكۈندۈزدە، قىزلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۆتۈپ كەتكەن ئەبلەخلىق.

**ئەبۇنە** (توغرىسى: ئابۇنە) ← **ئابۇنە.**

**ئەبىدىل-ئەبەت** (توغرىسى: ئەبەدىلئەبەد) ← **ئەبەدىلئەبەد.**

**ئەپ** سۈپ ① لايىق، مۇۋاپىق، ماس، قولاي، باپ: بۇ جاي ياز كۈنلىرى دەم ئېلىشقا ناھايىتىمۇ ئەپ. * ئۇنىڭ بالدەك سۆزىدىن، بولۇپ قالدى كۆڭلۈم توق. ئەركىن تىنىق ئېلىشقا، ئۇ ئېيتقاندىن ئەپ جاي يوق. * بۇ خوتۇننىڭ نىيىتى بايۋەچچىگە تازا ئەپ كېلىپتۇ. ② ئىناق، ئېجىل، يېقىن: ئۇ ئائىلى بىلەن ئەپ. * شېرىپ بىلەن تالىپ ئىككىسى كۆيۈمچان دوست، تەڭ دېمەت. بىر ھويلىدا ياشايدۇ، قېرىنداشتەك ئىناق، ئەپ.

**ئەپ بولماق** ئېنىقلاشماق، ئىتتىپاق بولماق، يارىشىپ قالماق: ئاكا-ئۇكا ئىككىسى ئەپ بولۇپ قالدى.

**ئەپ تاپماق** پەيتىنى كەلتۈرمەك، پۇرسەت ياراتماق، مۇۋاپىق شەرت-شارائىتقا ئېرىشمەك: ئۇنىڭ شوپۇردىن دوستلىرى بار ئىدى. ئەپ تاپسىلا رول تالىشىپ يۈرۈپ ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالدى. * خىيالى ئىدى ئەپلىك پەيت تېپىش، خاقان ئېشىغا ئوغىلار سىپىش. بىراق، بۇنىڭغا تاپالمايتتى ئەپ، ساقچىلار ھوشيار يۈرگەچ تۈزۈپ سەپ.

**ئەپ كەلمەك** ماس، مۇۋاپىق، دەل، باپ كەلمەك؛ جايىغا چۈشمەك: بۇ ئىشكاپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تازا ئەپ كەلدى.

**ئېپىنى قىلماق** بىرەر ئىشنىڭ چارىسىنى، ئامالىنى، يولىنى تېپىشقا كىرىشمەك، شۇ يولدا ئىزدەنمەك: پات يېقىندا بولىدىغان تويىمىزنىڭ تەييارگەرلىكى ئۈچۈن بىرەر يېرىم ئېغىز ئۆي تېپىشنىڭ ئېپىنى قىلىۋاتىمەن.

**ئەپەندى** ئى [گرېك] ① جاناب. ② ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ ھۆرمەت مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ: بۇ نەشرىنىڭ تەرجىمىسىنى ماركسنىڭ «كاپىتال» دېگەن كىتابىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەرجىمە قىلغان سامۇئېل مور ئەپەندى ئىشلىدى. ③ ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم: مەن داشۆنى پۈتتۈرۈپ ئۇرۇمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە بەش يىل ئەپەندى بولدۇم. * ئاسىم ئەپەندى پادىچى يىگىتكە چۈشەندۈردى، بەگ تاج-تەختىنىڭ سورۇلغانلىقىنى، ئازادلىق كۈنلىرىنىڭ يېقىنلىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ④ خوجا نەسىردىننىڭ سۈپىتى ياكى لەقىمى: ئەپەندى لەتىپىلىرى (خوجا نەسىردىن لەتىپىلىرى).

**ئەپەندى لەتىپىلىرى** نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدىكى لەتىپىلەر.

**ئەپەندىچىلىك** ئى. «ئەپەندى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: ئەپەندىچىلىك دېگەن ئاسان گەپ ئەمەس. بالىلارنى ھەر تەرەپلىمە يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئەپەندىلىك** ئى. ئەپەندىچىلىك: دادام ئوتتۇز يىل ئەپەندىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن ياش-ئۆسمۈرلەرگە بىلىم ئۆگىتىپ، مائارىپقا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

**ئەپەندىم** ئى. كىشى ئىسمىغا قوشۇلۇپ (ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ I شەخس بىرلىكى بىلەن كېلىپ) ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ ياكى كىشى ئىسمىنىڭ تەركىبىي قىسمىنى

تەشكىل قىلىدۇ: ئەخمەتجان ئەپەندىم: «دۈشمەنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز» دېگەنىدى.

**ئەپپەي** دىئال. «ۋىيەي، ۋايجان» مەنىسىدىكى قورقۇش، ئەجەبلىنىش ۋە ھاياجانىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق.

**ئەپت** ئى ① يۈز، چىراي، بەشىرە، بەت: «مەن» دېگەن ئاۋازدىن كېيىن قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن پەيزۇللانىڭ ھېجىيىپ تۇرغان ئەپتى كۆرۈندى. * توختى شۈجى ئۇنىڭ ئەلەمدىن پۈرۈشۈپ كەتكەن ئەپتىگە سىنچىلاپ قارىدى. ② تاشقى كۆرۈنۈش قىياپەت، تەقى-تۇرق، ھالەت: ئۇنىڭ بىجىرىم ۋە قاۋۇل كەلگەن ئەپتىدىن كۈچ يېغىپ تۇراتتى.

**ئەپت-بەشىرە** ① كىشىنىڭ ئەپتى، بەشىرىسى، يۈزى، چىرايى، تەلەتى: ئۇنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىدىن قايغۇ-ھەسرەت ۋە ئاچچىق ئەلەم تارتىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بىلىنىپ تۇراتتى.② كۆچمە. كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسى، مەنىۋى قىياپىتى: بۇ سۆزلەر ھامۇتنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاما ئالدىدا چىتقا يايدى.

**ئەپت-بەشىرىسىنى ئاچماق** كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى ئاشكارىلىماق، پاش قىلماق: پارتىيىمىز «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ زادى قانداق نېمىلەر ئىكەنلىكىنى خەلقىمىزگە تونۇتتى.

**ئەپچىل** سۈپ ① ھەرقانداق ئىشنى تېز ۋە چاققان قىلالايدىغان، چاققان، چېۋەر، چەبدەس: سادىقنىڭ ئەپچىل بىر ئىنىسى قازناقنىڭ تۈڭلۈكىدىن چۈشۈپ تۇلۇمنى يېشىۋېتىپتۇ. ② ئەپلىك، قولاي، مۇۋاپىق، باپ: ئەخمەتجان ئۇنىڭ قولىدىكى ۋېلىسىپىتىنى ئېلىپ ئۆستەڭ بويىغا ئەكىلىپ، ئەپچىل بىر جايغا قويۇپ قويدى. * ئۇستاز، شاگىرت بىر گەۋدە بولۇپ ئىشلار بېرىلىپ، پۈتۈپ چىققار زاپچاسلار، شۇنچە ئەپچىل قىرىلىپ. ③ كېلىشكەن، تۈزۈك، جايىدا: ئۇ بۇگۈن ئۆزىگە ئانچە-مۇنچە پەرداز قىلىپ، چاچلىرىنى يۇيۇپ-تاراپ، خېلىلا ئەپچىل ئايال بولۇپ قالغانىدى.

**ئەپچىللەشمەك** پ. ئەپچىل بولۇپ قالماق، ئەپچىل ھالەتكە كەلمەك: سەنمۇ خېلىلا ئەپچىللىشىپ قېلىپسەن، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك، نازۇك ئۆتكەلدىن چاندۇرماي ئۆتۈپ كەتتىڭ.

**ئەپچىللىك** «ئەپچىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ رادىئونىڭ ئەپچىللىكىنى قاراڭ. * قىز ئەپچىللىك بىلەن ۋېلىسىپىتكە مىنىپ، پېدالنى بار كۈچى بىلەن تەپكىنىچە ئۆز ئۆيى تەرەپكە قاراپ چاپتى.

**ئەپخان** (توغرىسى: ئەپغان) ⟵ **ئەپغان.**

**ئەپسانە** ئى [پ] ① ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈپ كېلىۋاتقان سىرلىقلاشتۇرۇلغان ھېكايە؛ رىۋايەت، داستان: يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى يەر ئوغلى ئۆز ئانىسىنىڭ مېھرى — بەھرىدىن بىرپەس ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن گىراكلىسنىڭ قولىدا ھالاك بولغان. ② كۆچمە. ئاساسسىز گەپ، يالغان-ياۋىداق سۆز: ئۆيدۈرما: مۇراتبېك تاغىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى گەرچە بىر ئەپسانە بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭدىن قەدىمكى ئاتىلىرىمىزنىڭ «تەبىئەت تىلسىملىرى» ئالدىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېسىمگە ئالدىم. ③ كۆچمە. ئەقلىغە سىغمايدىغان، مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن، مىسلى كۆرۈلمىگەن نەرسە، ئىش: ھازىرقى زامان پېنىنىڭ تەرەققىياتى ئەپسانىلارنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. * تەجرىبە دېگەن سۆز ئارقىلىق ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزم ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنى يوقاتقىلى بولىدۇ، دەيدىغان بىمەنە مۇقامىنىڭ پۈتۈنلەي ئەپسانە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

**ئەپسانىچى** ئى. ئەپسانىۋى ھېكايە ۋە ئىبارىلەر ئېيتىدىغان، ئۇنى توقۇپ، ئۆيدۈرۈپ چىقىرىدىغان ئادەم، مەدداھ: ھەرقانداق بىر ئەپسانىچى ئادەممۇ، قاراپ تۇرۇپلا ئەقلىغە سىغمايدىغان، مەۋجۇت بولمىغان مۇنداق بىر

ھېكايىنى توقۇپ چىقالمايدۇ.

**ئەپسانىشۇناس** ئى [پ] ئەپسانە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**ئەپسانىشۇناسلىق** ئى. ئەپسانە ھەققىدىكى ئىلىم.

**ئەپسانىلاشتۇرماق** «ئەپسانىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بۇ يەردىن ھېچ نەرسىگە نەزەر كۆزىنى سالماي ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن رەۋەندە مىللىي ئارمىيىنىڭ ياخشىلىقىنى بىرنى ئون قىلىپ سۆزلىگەن، ھەتتا ئەپسانىلاشتۇرۇۋەتكەن.

**ئەپسانىلاشتۇرۇلماق** «ئەپسانىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياش بالىلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئەپسانىلاشتۇرۇلغان نەرسىلەرنى تولا ئوقۇشىمۇ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس.

**ئەپسانىلاشماق** پ. ئەپسانىغا ئايلانماق.

**ئەپسانىۋى** سۈپ [پ] ① ئەپسانە ژانىرىغا مەنسۇپ بولغان، فانتازىيىلىك: ئەپسانىۋى ھېكايە. ② پەقەت ئەپسانىلاردىلا مەۋجۇت بولغان، ئەلەمدە يوق، خىيالىي: «ئىراق مۇقامىنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسى»نىڭ تېكىستىدا مۇھەممەت سىدىق زەلىلىنىڭ ئەپسانىۋى جەننەتنى رەت قىلىدىغان، ئالەمگە تەبەسسۇم كۆز قارىشى بىلەن نەزەر تاشلايدىغان شېئىرىي جۈملىلەرنى ئۇچرىتىمىز. ③ كۆچمە. ئەقلىغا سىغمايدىغان، مىسلى كۆرۈلمىگەن، ئويدۇرما، توقۇلما: ئەپسانىۋى گەپ.

**ئەپسانىۋىلىق** «ئەپسانىۋى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**ئەپسۇس** ئىم [پ] ئۆكۈنۈش، ئېچىنىش، پۇشايماننى بىلدۈرىدىغان سۆز؛ ئىسىت: ئۆتتى، ئەپسۇس، كۆپ كېچە يۇلتۇز ساناپ، ئايغا قاراپ. ھېلىمۇ بەك كەچ ئەمەس، ماڭسام ھامان ئالغا قاراپ.

**ئەپسۇس قىلماق** پۇشايمان قىلماق، ئېچىنماق، ئۆكۈنمەك: ئۇ تولىمۇ ئەپسۇس قىلاتتى. بۇ بەختلىك كۈنلەر ئەگەر ئۇنىڭ يىگىتلىك ۋاقتىدا، بەھرىخان ھەدەمنىڭ چاچ ئۆرۈملىرى مەجنۇنتالدەك ئېگىلىپ تۇرغان ۋاقتىدا بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى.

**ئەپسۇسكى** ئىم «ئەپسۇس» سۆزىنىڭ كۈچەيتىش فورمىسى: ئەجەب ياخشى نەغمە قىلدى بۇلار. ئەپسۇسكى، ناخشىلىرىنى ئاڭلىيالمىدۇق. بۇلار كىملەركىن، بۇ قانداق ئادەمنىڭ ئۆيىكىن؟

**ئەپسۇسلاندۇرماق** «ئەپسۇسلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئىشلار مېنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇردى.

**ئەپسۇسلانماق** پ. پۇشايمان قىلماق، پۇشايمان يېمەك، ئۆكۈنمەك، ئېچىنماق: مەن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. * ئۇ نىجاتتىن ئارتۇقچە ئاغرىنىپ يۈرگەنلىكىگىمۇ قاتتىق خىجىل بولدى، پۇشايمان قىلدى. شۇ ئاخشىمى نىجات بىلەن كۆرۈشۈشكە بارالمىغانلىقىغا قاتتىق ئەپسۇسلاندى.

**ئەپسۇسلۇق** ئى. ئەپسۇسلىنىدىغان، ئەپسۇسلۇق ھېس قىلىدىغان ھالەت: ئۇ، دۇنيادا شۇنچە گۈزەل مەدەنىيەت ياراتقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق بىر دوپپا تىكىپ كىيىشنى بىلمىگەنلىكىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلۇق ھېس قىلىدىكەن. * ئەزىز چوڭ بىر ئىشتىن زىيان تارتقاندەك چوڭقۇر ئەپسۇسلۇق ئىچىدە بوغۇلۇپ ۋارقىرايتتى.

**ئەپسۇسلىنارلىق** سۈپ. كىشىگە ئەپسۇسلۇق ھېس قىلدۇرىدىغان، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان: شۇنىسى ئەپسۇسلىنارلىقكى، بىزنىڭ بەزى ئاپتورلىرىمىزمۇ ئۆزىگە ۋە تەھرىرلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلمايدۇ. * مەكتەپقۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەندۇق. ئەپسۇسلىنارلىقى، مەن پەقەت بىر يىللا ئوقۇغان.

**ئەپسۇن** ئى [پ] جادۇ، سېھىر قىلىش

www.uyghurkitap.com

مەقسىتىدە ئوقۇلىدىغان ھەر خىل دۇئا: ئۇ بۇ يەردىن بىرئاز توپا ئېلىپ كىشى چۈشەنمەيدىغان ئەپسۇنلارنى ئوقۇدى. * لېكىن ئەپسۇندىن پۈتكەچ ئەجدىھا، ئوق، نەيزە زەربى قىلمىدى پەرۋا. بۇ سىرنى بىلدى دانىشمەن بىر زات، قىلماقچى بولدى ئەپسۇننى بەربات.

**ئەپسۇن ئوقۇماق** سېھىرلەش، جادۇ قىلىش مەقسىتىدە ئەپسۇن دۇئالىرى ۋە كالاملىرىنى ئوقۇماق: كەمەك ھەيىيار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ھېرىپتۇ، بىر قوغۇنلۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ، قارىياغاچ سايىسىدا ئۇخلاپتۇ. ئۇخلاش ئالدىدا ئۆزىگە ئەپسۇن ئوقۇپ، بېشىنى قوغۇنغا، بەدىنىنى پېلەككە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ.

**ئەپسۇنچى** ئى. ئەپسۇن ئوقۇيدىغان كىشى؛ جادۇگەر، سېھىرگەر، سېھىرچى: ئىشتىكەچ شۇ تونۇش ئەپسۇنچى نەينى، ئاجايىپ بىر جاسارەت بىرلە لەيلى. چۈشۈپ دېرىزىدىن شۇنچە دادىل، يۆنەلدى باغ تەرەپكە ھەمدە ئەپچىل.

**ئەپسىز** سۈپ. ئەپ بولمىغان، بىئەپ، قولايسىز: ساقى گېپىنىڭ داۋامىنى قىلىشنى ئەپسىز كۆرگەندەك بىردىنلا توختاپ قالدى. * ئاتىكە خېنىم ئىنتايىن ئەپسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. قىزنىڭ ئەقلىغە نىسبەتەن كۆڭلىدە بارىكاللا ئېيتقۇسى كەلسىمۇ، لېكىن ئېغىزدىن چىقىرالمىدى.

**ئەپسىزلەنمەك** پ. ئەپسىز دەپ بىلمەك، ئەپسىز كۆرمەك؛ ئەپسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالماق: مۇئەللىمە سادىقنى يىراقتىن كۆرۈپ، بىر مىنۇتچە ئۆز ئورنىدا قېتىپلا تۇرۇپ قالدى ـ دە، بۇ ھالەتتىن ئۆزىمۇ ئەپسىزلىنىپ ئۇدۇل سادىق تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

**ئەپسىزلىك** «ئەپسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: روشەن بۇ يەردە ئارتۇقچە تۇرۇشنىڭ ئەپسىزلىكىنى بىلىپ دەرھال كەتتى.

**ئەپشان** ئى [پ] يېزت. سۆز بىرىكمىسىدە «چاچقۇچى»، «تۆككۈچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ: نۇر ئەپشان. شېكەر ئەپشان. * بۇلبۇل بوتۇپ شېكەر ئەپشان ئەيلەيمەن، گۈل ئىشقىدا بۇلبۇل قۇشتەك سايرايمەن. كەل غېرىبجان بۇ باغ ئىچىدە يايرايمەن، چىمەن گۈلۈم بار ئىكەنىن بىلمىدىم.

**ئەپغان** ئى [پ] يېزت. پىغان، نالە ـ پەرياد، نالە ـ زار: شەمسى جانان ئەي نىگارا قايدىسەن، ۋىسالىڭغا. ئەمدى قاچان يېتەرمەن، قاي تامانغا باشىم ئېلىپ يۈرەر مەن، مەن نەيلىيىن ياردىن ئەپغان بولمىسا.

**ئەپقاچماق** پ [ئېلىپ+قاچماق] ئېلىپ كەتمەك، ئېلىپ يۈرمەك، ئېلىپ ماڭماق، ئېلىپ قاچماق: جەدە ئات مىنگەن ئېگىز بوي ئوغلاقچى توپ ئىچىدىن ئۈزۈلۈپ چىقىپ، ئوغلاقنى ئەپقاچتى.

**ئەپقاچتى خەۋەر** چىنلىقتىن يىراقلاشقان، ئېنىق بولمىغان، ئىشەنچىسىز ئۇچۇر؛ قۇلاقتىن قۇلاققا تارقىلىپ يۈرگەن ھەر خىل خەۋەر.

**ئەپقاچتى گەپ** چىنلىقتىن يىراقلاشقان، قۇلاقتىن قۇلاققا تارقىلىپ يۈرگەن ھەر خىل گەپ ـ سۆز: «پالانى پوكۇنى باشلىققا بىر پارچە گىلەم كۆتۈرۈپ بېرىپتىكەن، ئۆي ھەل بولۇپتۇ» دېگەندەك ئەپقاچتى گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

**ئەپكار** ئى [ئە] يېزت. پىكىر؛ پىكىرلەر.
**ئەپكار ئاما** جامائەت پىكرى.

**ئەپكەچ** (توغرىسى: ئەپكەش) ⟵ **ئەپكەش.**

**ئەپكەش** ئى [پ] چېلەك، سېۋەت ۋە باشقا يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، بالداق ياغاچىنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئىلمەك تۆمۈر ياكى ياغاچ ئىلمەك بېكىتىلگەن سايمان: ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتتى بولغاي، جاپپار ئىككى چېلەككە ئاتىنىڭ قېنىدەك دەملەنگەن چاينى ئۇسۇپ، ئەپكەشنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئاستى ـ دە، يۈرۈپ كەتتى. * ماڭدى ئازاد يولىغا، مۈرىسىدە ئەپكىشى. شۇنچە چاققان ـ شۇنچە تېز، پۇتلىرىنى يۆتكىشى.

**ئەپكەشچى** ئى. ئەپكەش بىلەن سۇ ۋە باشقا نەرسىلەرنى توشۇيدىغان ئادەم: ئېتىزغا ئوغۇت يۆتكەۋاتقان ئەپكەشچىلەر بەس ـ بەس بىلەن ئىشلىمەكتە.

**ئەپكەشچىلىك** «ئەپكەشچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى.

**ئەپكەشلىك** سۈپ ① ئەپكەش كۆتۈرگەن، ئەپكىشى بار، ئەپكەشكە ئىگە: شۇنداق قىلىپ، مەنمۇ بىردەمدىلا بىر ئەپكەشلىك بولۇپ قالدىم. ② ئەپكەش قىلىدىغان، ئەپكەش بولىدىغان؛ ئەپكەشكە لازىملىق، ئەپكەشكە ئاتالغان: بىزنىڭ ئۆيدە بىر ئەپكەشلىك قومۇش ياغىچى بار.

**ئەپلاتون** ئى [ئە<گرېك] قەدىمكى گرېك ئالىمى پلاتوننىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

**ئەپلاتوننىڭ زەنجىرىنى ئۈزىدىغان** ھېچ-نېمىدىن يانمايدىغان، جاھىل ۋە كاجلىقتا ئۇچىغا چىققان: ئۇمۇ ئەپلاتوننىڭ زەنجىرىنى ئۈزىدىغانلارنىڭ بىرى.

**ئەپلەپ ـ سەپلەپ** بىرەر ئامال تېپىپ، بىرەر چارە ـ تەدبىرلەر، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق: ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىنى كولايدىغا-نىدىن تويدۇم. تالىشىدىغان نېمە بار. قىش چىقـ-قۇچە ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۇقەت قىلىپ، بەش ـ تۆت تەڭگىلىك بولۇۋالساق بۇنىڭ نېمىسى ياما-نىكەن؟ * ئۇلار ئۆزىنى پەردازلاپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، جىددىي ۋە قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ توختىلىشقا قارشى تۇرمايتتى، لېكىن ئۇلار بىر خىل «رېزىنكە خۇسۇسىيەتلىك» قارارلار ئارقىلىق ئىشنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ تۈگىتىشنى مەقسەت قىلاتتى.

**ئەپلەتمەك** «ئەپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەپلەشتۈرمەك** «ئەپلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قاسقاندا پىشۇرۇلغان قوي گۆشى، كاۋاپ، سامسا، شاكىلات، تاتلىق ـ تۈرۈم، مېۋە ـ چېۋە، نان ـ توقاچ، پېچىنە ـ پىرە-نىكلەرنى ھەر خىل تەخسە ـ قەنتدانلارغا ئەپلەش-تۈرۈپ تىزدى. * سابىر سەن چۆچۈرىنى خام سانىما، توختا، مەن بۇ ئىشنى شۇنداق ئەپلەش-تۈرەيكى، سېنىڭ كۆڭلىشى پارتكومى ۋە ئەزالار ئالدىدىكى يۈز ـ ئابرويۇڭ ئاپىنىڭغا تەڭلەشسۇن، ئۆزەڭنىڭ نەگە دومىلاپ چۈشكىنىڭنى بىلمەي قالغىن.

**ئەپلەشتۈرۈپ قويماق** ياراشتۇرۇپ، كېلىشتۈرۈپ، ياخشىلاشتۇرۇپ قويماق: تۇردى ئۇنىڭدىن غەم قىلما. چوڭ ئوغلۇڭ روزىنى باشلاپ كېلىپ سېنىڭ بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قويىمەن.

**ئەپلەشتۈرۈلمەك** «ئەپلەشتۈرمەك» پېئى-لىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەپلەشمەك** پ ① مۇۋاپىقلاشماق، ماس-لاشماق، باپ كەلمەك، جايىغا چۈشمەك: ئىش ئەپلىشىپ نەپ تەگكەنچە نەپسى يوغىناپ، ئىزباسارى ھېلىمنى پەننىي مەكتەپتىن توختىتى-ۋېلىپ زەينىدىن قارىيدا ئوقۇتۇش توغرىسىدا ھەسەلخان بىلەن كۇسۇرلاشتى. ② ياراشماق، ئىتتىپاقلاشماق، ياخشىلاشماق، چىقىشىپ قالماق: بىز ئىككىمىز بەزىدە ئۇرۇشۇپ. بەزىدە ئەپلىشىپ يۈردۇق. * ئۇلار تويدىن كېيىن بىر ـ بىرى بىلەن بىرئوبدان ئەپلىشىپ قالدى.

**ئەپلىشىپ قالماق** ① ئىش دېگەن جايدىن چىقماق، كۆڭۈلدە ئويلىغاندەك بولۇپ چىقماق، ئويلىغاندەك بېجىرىلمەك: بۇ يۇرتقا ئاز ـ تولا ئوقەت قىلىپ، جاھاندارچىلىق قىلساق دەپ كەلگەنىدۇق، قېنى بىر ئىرادە بىلەن ئىشىمىز ئەپلىشىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ② ئىناق ئۆتمەك، ئەپ بولۇپ كەتمەك، ئۆزئارا چىقىشىپ قالماق، مىجەزى كېلىشىپ قالماق: تىل بىلەن تۆگكەن تۈگۈچنى قول بىلەن بولماس يېشىپ، ئەپلىشىپ قالغان كۆڭۈلنى گاڭ بىلەن بولماس كېسىپ. ③ ئۆگىنىپ قالماق؛ كۆنۈپ قالماق، ئۆزلىشىپ كەتمەك: ئىشكتىن كىرىشىمگە دادام ماڭا قاراپ، ــ قانداق

www.uyghurkitap.com

ئوغلۇم، ئىشلار بىلەن خېلى ئەپلىشىپ قالغاندەك تۇرامسەن؟ — دەپ سورىدى.

**ئەپلەنمەك** ① «ئەپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② تەمشەلمەك، تەرەددۇت قىلماق: لۇجۇنىيى يېزىپ بولۇشقا ۋۇ يېڭى قۇمەلىقنى يىغىشتۇرۇپ، تازىم قىلدى-دە، مېڭىشقا ئەپلەندى. * شۇي شۇ تازىم-تەكرىم قىلىپ مېڭىشقا ئەپلەندى.

**ئەپلىسۇن** ئى (توغرىسى: ئاپېلسىن) ⟵ **ئاپېلسىن.**

**ئەپلىك** سۈپ ① مۇۋاپىق، قولاي، ئوڭۇشلۇق: نادەم ئۆمىلەپ بىر قەبرە يېنىغا ماڭدى. بۇ پوتەيگە يېقىن ۋە ھۇجۇم قىلىشقا ئەپلىك جاي ئىدى. ۋارىسجانمۇ نادەمنىڭ كەينىدىن شۇ يەرگە يېرىپ ئەپلىك بىر جايغا ئورۇنلاشتى. * دۇتار ئىككى تارلىق ساز بولۇپ ئۆگىنىشكە ئەپلىك، خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقان. ② چاققان؛ ئەپچىل: قىزچاقنىڭ ئەۋرىشىم بارماقلىرى ئاجايىپ ئەپلىك ئىكەن. * گالستۇك چەگىدىم بويىنۇمغا ئەپلىك. سەپنىڭ ئالدىدا تىزىلىپ رەتلىك. ③ كۆپ ئىشلارنى قىلالايدىغان، چېۋەر، ماھىر: قادىرنىڭ قولى ئەپلىك بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى ياساپ قوياتتى. ④ كۆچمە. ئىناق، ئىتتىپاق؛ يېقىن، ئېجىل: كەندىر تۇۋىدە كەكلىك، مەن يارىم بىلەن ئەپلىك. ئوڭ يېنىدا چېچى بار، تولغاپ سۆيگىلى ئەپلىك.

**ئەپلىمەك** پ ① مۇۋاپىق، جايىدا بېجىرمەك، پەم بىلەن قىلماق: ئىشنى پالتان ياخشى ئەر، ھەممە ئىشنى ئەپلىگەن. ئوركۆپ قاچقان دۈشمەننىڭ توغراقتا بېشىنى كەپلىگەن. ② قامالاشتۇرماق، جايلىماق، بابلىماق: سايىم ئاكا ئۆز رەقىبىنى دالىدا يەردە ئەپلەپ تۇرۇپ بىر سالدى-دە، ئۇنى جايىدىن قوپالماس قىلىپ قويدى. * كەنجى ئوغۇل بىلەن مالچى ھېلىقى بايىنى ئەپلەپ، ئۇنى تاغارغا كەپلەپ، ئاغزىنى چىگىپ، ئېشەككە بۇرۇنقىدەك ئارتىپ قويۇپ، مالنى ھەيدەپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. * بۇگۈن ئاخشام روزى دېگەن قاقباشنى تازا ئەپلىدۇق، بىراق ئۇنىڭغا ئۇۋالمۇ قىلدۇق.

**ئەپۇ** ئى [ئە] كەچۈرۈم، ئۆزرە: ئەپۇ سورىماق. ئەپۇ قىلماق. * ئابدۇقادىر ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتتىمكىن؟ قانداقلا بولمىسۇن، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەپۇ سورايمەن.

**ئەپۇ ئەتمەك** ⟵ **ئەپۇ قىلماق.**

**ئەپۇ سورىماق** ئۆتكۈزگەن كەمچىلىك، سەۋەنلىكنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈنمەك، ئۆزرە ئېيتماق: ئەخمەت مېنىڭ گېپىم تۈگىمەيلا، مېھمانىنىڭ ئالدىدىلا كىيىملىرىنى قېقىشقا باشلىدى. مەن ئۇنى ئاران توختىتىۋالدىم ۋە ئاغىنەمدىن خىجالەت بولۇپ ئەپۇ سورىدىم.

**ئەپۇ قىلماق** باشقىلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلماق، گۇناھىدىن ئۆتمەك، كەچۈرمەك: سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، ئەپۇ قىلىڭ. * ئۇلارمۇ ئادەم بولدۇ، ئۇلارمۇ ئاتا-ئانا بولغاندا ئاتا-ئانىنىڭ قەدرىگە يېتەر دەپ، ئانا بىنانىڭ ئىشكىدىن چىقىپ بولغۇچە ئوغلى بىلەن كېلىنىنى ئەپۇ قىلىۋەتتى.

**ئەپيەڭگە** ئى. ئاكا-ئۇكىنىڭ خوتۇنلىرى (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): ئۇلار بىر ئۆمۈر ياخشى ئەپيەڭگە بولۇپ ئۆتكەن.

**ئەپيۇن** ئى [ئە] ئەپيۇنگۈلنىڭ تولۇق پىشمىغان ياكى پىشىش ئالدىدا تۇرغان غوزىسىنىڭ شىرنىسىدىن تەييارلىنىدىغان، قاتتىق مەست قىلىدىغان بىر خىل زەھەرلىك چېكىملىك.

**ئەپيۇن ئۇرۇشى** <تارىخ> 1840-يىلدىن 1842-يىلغىچە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى دۆلەتمىزنىڭ ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئەپيۇن ئېلىپ كىرىپ سېتىشىنى مەنئى قىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ، مەملىكىتىمىزگە قارىتا قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى.

**ئەپيۇنكەش** ئى [ئە+پ] داۋاملىق ئەپيۇن

چېكىدىغان، ئەپيۈن چەكمىسە تۇرالمايدىغان، ئەپيۈن خۇمار ئادەم: خەلقىنىڭ كۆز يېشى، نالىسى ئەپيۈنكەشلەرنىڭ ئىسلاشقان دىلىنى ئېرىتەلمەيدۇ. * ئەپيۈنكەش جاللاتلار، ماجاڭ ئويناپ ياتىدۇ. قاراڭغۇ زەي زىنداندا، نوزۇڭ يالغۇز ياتىدۇ.

**ئەپيۈنكەشلىك** ئى. دائىم ئەپيۈن چېكىش ئادىتى.

**ئەپيۈنگۈل** ئى [ئەپيۈن+گۈل] <بوت> ئەپيۈنگۈل ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تېنى ئاق پارا-شوكلۇق، يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق يۇمىلاق شەكىلدە، گۈلى قىزىل، ھال ياكى ئاق رەڭلىك بولىدۇ؛ مېۋىسى شار شەكىلدە بولۇپ، تېخى پىشمىغان ۋاقتىدا پوستى تىلىپ قويۇلسا ئەپيۈن ئىشلەشكە بولىدىغان بىر خىل شىرنە ئېقىپ چىقىدۇ؛ مېۋە شاكىلىنى دورا قىلىشقا بولىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش روللىرىغا ئىگە.

**ئەت** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ گۆشى: ئەت قونىماق، ئەت تۇتىماق. * گۆكشىيدىن بىر مىڭ 6 يۈز 89 تۇياق مالنى 563 ئائىلىگە ئەسلى ئېغىرلىقىغا 19 مىڭ 579 كىلوگرام ئەت قوشۇش، ئەسلى ئېغىرلىقىدىن ئاشقان قىسمىنىڭ پۇلىنى كوللېكتىپ بىلەن شەخسىي تەڭ ئېلىش شەرتى بويىچە بورداشقا كۆتۈرە بەردى. * ھاشىم ئاكا ئەركىنگە نەسىھەت قىلىپ: ـــ بىلەمسەن، ساڭا مۇشۇ لايىقنى تاپقۇچە، چېچىمغا ئاق كىرىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئاناڭ بىلەن داداڭنىڭ كۆزىگمۇ ئۇيقۇ كىرمەي، بىر ئىلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كەتتى، ـــ دېدى. ② بەزى مېۋىلەرنىڭ گۆش قىسمى: ئەتلىك قوغۇن. ③ كۆچمە. يەرنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى مۇنبەت، ھوسۇللۇق قىسمى: زەيتۇنەم ئۇرۇق سېلىنىۋاتقان ئېتىزنىڭ نەملىكىنى تەكشۈرۈپ، بىر سىقىم توپىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئۇۋۇلاپ كۆردى، ھۆل ئەت توپا ئالىقىنىغا خېمىردەك چاپلىشىپ قالدى.

**ئەت ئالماق** ئەت قونىماق، سەمرىمەك: بالا ئۈچ ئايلىق بولغاندا ئوبدانلا ئەت ئېلىپ قالدى.

**ئەت توپا** ئۆسۈملۈك، گۈل-گىياھ، زىرائەت ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق، مۇنبەت، ئەتلىك توپا، تۇپراق: زەيتۇنەم تەشتەكتىكى گۈلنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئەت توپىغا تىكتى.

**ئەت توپىلىق** توپىسى ئەتلىك، مۇنبەت: تراكتور تاغ باغرىدىكى شېغىللىق يولنى ئارقىدا قالدۇرۇپ مارجان بۇلاقنىڭ مۇنبەت ئېتىزلىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن يۇمشاق ئەت توپىلىق چوڭ يولغا چۈشتى.

**ئەت تۇتماق** ← **ئەت قونماق.**

**ئەت رەڭ** ئاز مىقداردىكى قىزىل ۋە سېرىققا تېخىمۇ ئاز مىقداردىكى كۆك قوشۇلۇپ سۇس تەڭشىلىپ ھاسىل بولىدىغان، رەڭگى ئەتكە ئوخشايدىغان مۆرەككەپ رەڭ: ئايشەم: ـــ ئاپا مەن كەتتىم، كىچىكسەم ئەندىشە قىلما، جۇمۇ؟ ـــ دېدى ـ دە، چىرايلىق ئەت رەڭ سومكىسىنى ئېلىپلا چىقىپ كەتتى.

**ئەت قونماق** ئەت پەيدا بولماق، ئەت قوشۇلماق، ئەتلەنمەك، سەمرىمەك: سىز ھەربىيلىككە كېتىپ يامان قىلمىغان ئىكەنسىز، جۇدەڭ چىرايىڭىزغا بىر ئىلىك ئەت قونۇپتۇ. * بوۋاينىڭ يۈزىگە بىر ئىلىك ئەت قونغان بولۇپ، ئون-يىگىرمە ياش ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

**ئېتىدىن چۈشمەك** جۇدىمەك، ئورۇقلىماق: ھاشىم بالىسىنىڭ خاپىچىلىقىدا بىر ئىلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كەتتى.

**ئەتە** ① رەۋ. سۆزلەۋاتقان پەيتتە ئۆتۈۋاتقان كۈندىن كېيىنكى كۈن يەنى بۈگۈندىن كېيىنكى بىر كۈن: بۈگۈن ماڭا كەلدى، ئەتە ساڭا كېلەر (ماقال). * بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە

www.uyghurkitap.com

قويما (ماقال). * ھەمراھ سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەن كۈننىڭ ئەتىسى ساۋۇتجاننى مەتنىيازنىڭ ھويلىسىغا باشلاپ باردى. ② ئى. يېقىن ۋاقىت؛ يېقىن كەلگۈسى، كېلەچەك: ئادا بولدى گۈل ئالدىدا شەرتىمىز، كېلەر ئەمدى قەنتتىن تاتلىق ئەتىمىز. * شۇ گۈزەل ئەتىگە يېتىمىز چوقۇم، پارتىيەم مەدەتكار، ئىشەنچ كامىل.

**ئەتە كىم بار، كىم يوق** كېيىن كىم ئۆلۈپ، كىم قالىدىغانلىقىنى، نېمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەش تەس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئابدۇقادىر ئاكا ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: — ئوغلۇم سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بىزنىڭ يېشىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، كۆزىمىز يىلدىرلاپ تۇرغاندا سېنىڭ تويۇڭنى قىلىۋاتمىساق، ئەتە كىم بار، كىم يوق، جان خۇدانىڭ ئىلكىدە، — دېدى.

**ئەتىدىن كەچكىچە** ① تاڭ ئاتقاندىن تارتىپ تا كۈن پاتقۇچە، كۈن بويى، پۈتۈن بىر كۈن: بازغاندا ئەتىدىن كەچكىچە تىنىم تاپماي ئىشلەۋاتقان نۇرگۈلنىڭ ئىشتىن چۈشكەندە قولنى قىمىرلىتىشقىمۇ ھالى قالمايتتى. بىراق ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ كەتمىدى. ② ھەمىشە، دائىم: ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە ئويۇننىڭلا كويىدا يۈرىدىغان بولدى. ئويۇننى ئويىنىغانسېرى شۇنچە بېرىلىپ كەتتى.

**ئەتە-ئاخشام** ئۆتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ ئەتىگىنى ۋە ئاخشىمى: تاغامنىڭ قىزى ھەر كۈنى ئەتە-ئاخشامدا ئۇنىڭ يېنىغا كىرەتتى. * ئانارخاننىڭ ئۆزى ئوبدان، ئانىسى يامان. ئەتە-ئاخشام باراي دېسەم، ۋەدىسى يالغان.

**ئەتە-ئۆگۈن** ئەتە ياكى ئۆگۈن؛ ئەتە-ئۆگۈنگە يېقىن كۈنلەردە، پات ئارىدا، يېقىن ئارىدا: ھازىر كۈنمۇ خېلى ئىسسىپ قالدى، ئەتە-ئۆگۈن تېرىقچىلىق باشلىنىدۇ. * رىيازەتتە باشلار ئاقاردى، ئەتە-ئۆگۈن بولار نەۋرىمىز، بىلىشسۇنكى، ساقلاپ ئەقدە، ئۆتۈپ كەتتى ئالتۇن دەۋرىمىز.

**ئەتەي** رەۋ ① مەلۇم بىر مەقسەت يوشۇرۇنغان ھالدا، بىلمەسكە سېلىپ؛ بىلىپ تۇرۇپ، يالغاندىن، قەستەن: مەن قىزنىڭ روھىي ئىنتىلىشلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئەتەي ئۇنى كۆپرەك سۆزلەتتىم. * زىۋەرەم يولدىشىنىڭ كېلىشىنى بىلسىمۇ، قىزى پاتەمنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئەتەي يالغان سۆزلىدى. ② ئالايىتەن، مەخسۇس، ئاتاپ: مەن ئەتەي سىزنى يوقلىغىلى كەلدىم. * ئۇنىڭ ھارام نىيىتى يوق. مۇشۇ لىنتىنى بۈگۈن ئەتىگەن ئەتەي بىر كىشىدىن ئەۋەتىپتۇ.

**ئەتەيلەپ** ← **ئەتەي**: — ھەمشىرە، ئۇ سىزنى دەپ ئۆزىنى ئەتەيلەپ ئاغرىققا سالىدۇ، ئۆزى بولسا ئاتتەك ساق.

**ئەتەيىن** ← **ئەتەي**.

**ئەتتار** ئى [ئە] يېزت. سودا دۇكانلىرىدا ئەتىر، ئۇپا-ئەڭلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر خىل پەردەز، زىننەت بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان كىشى؛ ئەتىرچى: مەن بۈگۈن قاسساپتىن، سودىگەردىن، ئەتتاردىن، باققالدىن، مېۋە دۇكانلىرىدىن سېتىۋالغان نەرسىلىرىمنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلدىم.

**ئەتتەك** ئىم. ئەپسۇسلىنىش ياكى پۇشايمان تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ: ئەتتەك مەن بارغان بولسام بولۇپتىكەن. * ئەتتەك، بۇ سىر ئېچىلىپ كەتتى، بۇنى سىزنىڭ بىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

**ئەتتەڭەي** ← **ئەتتەڭ**.

**ئەتتىكەن** ئى [ئەت+تىكەن] ئادەمنىڭ تىرنىقى ئەتراپىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغان تىكەندەك ئىنچىكە تېرە.

**ئەتراپ** (ئەتراپى) ئى [ئە] ① كۆزەتكۈچىگە نىسبەتەن تۆت تەرەپ، پەرق ئەتكەن ھەممە ياق: كۈندۈزى گەپ قىلساڭ، ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ، قۇلاقنى قۇلاقتا ياق (ماقال). * پەرھات ھەيران بولغان

ھالدا ئەتراپىقا تىكىلىدى. * ھاۋا ئىچىلغاندىن كېيىنكى سوغۇقتا جۇۋىدىن چىقالماي، ئەتراپقا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان باست ئاتلىقلارنى يىراقتىنلا تونۇدى. ② كۆزەتكۈچىگە نىسبەتەن يېقىن جاي: يىرىم سائەتتىن كېيىن يېقىن ئەتراپتا زەمبىرەكلەر گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. ③ مەلۇم نەرسىنىڭ چۆرىسى: ھازىر كەلگەن مېھمانلار ئۈستەل ئەتراپىغا توپلىشىپ ئولتۇردى.

**ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسى** <تىب> مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى سىرتىدىكى نېرۋا توقۇلمىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ ھەر خىل نېرۋىلار، نېرۋا چىگىشى ۋە نېرۋا تۈگۈنلىرىنى ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئادەم بەدىنىدىكى ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق تەركىبلىرى: 12 جۈپ مېڭە نېرۋىسى، 31 جۈپ ئومۇرتقا نېرۋىسى ۋە ۋېگېتاتىۋ نېرۋا سىستېمىسىدىن ئىبارەت.

**ئەتراپلىق** رەۋ. ھەممە تەرەپىنى تەڭ كۆزدە تۇتۇپ، ھەممە تەرەپلىرىنى تەڭ ھېسابقا ئېلىپ، ئومۇمىي جەھەتلەرنى كۆزدە تۇتقان ھالدا: ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئوقۇغۇچىلارغا ئەتراپلىق، سىستېمىلىق پەننىي بىلىملەرنى بېرىش، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئۈستۈرۈشتىن ئىبارەت. * ئۇ ئۆزىنىڭ زېھنىگە ئاساسەن نەچچە ئون تەكلىمىنى ۋە يۈزدىن ئارتۇق ئالاھىدە سانلىق ئاساسلارنى يادقا سۆزلەپ، فورمۇلىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق يېشىپ بەردى.

**ئەتراپلىقلىق** «ئەتراپلىق» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇش ئەتراپلىقلىقنى ياتىدىغان قاراش.

**ئەتراپىدا** ① رەۋ. بىرەر نەرسىنىڭ تۆت تەرىپىدە، چۆرىسىدە: بالىلار جوزىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، تاماق يەۋاتىدۇ. * بىر قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە دالاغا ئوتۇن ئالغىلى باردۇق، ئۇ يەرنىڭ سوغۇقلۇقىغا چىدىماي، ئاخىر بىر

دالىدا يەردە ئوت قالاپ، ئوتنىڭ ئەتراپىدا بىردەم ئىسسىندۇق. ② تىر. كۆز مۆلچەرىدە، تەخمىنەن، چامىسىدا، ئۆپچۆرىسىدە: گەرچە ئۇنىڭ يېشى 40 تىن ئاشقان بولسىمۇ، بىر قارىماققا 30 ياش ئەتراپىدا كۆرۈنەتتى. * ئۇ يازغان ماتېرىيالىدا قاۋانلىق دېگەن جايدىن ئەتىيازلىقتا 3 مىڭ مو ئەتراپىدا يەر ئېچىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

**ئەترە** (توغرىسى: ئەتىر) ⟵ **ئەتىر.**

**ئەترەت** ئى [ر] ① ھەربىي گۇرۇپپا: ئىدۋارد باغ ئەتراپىدا باشلانغان ئېتىشىشنى ئاڭلاپ، ئۆزى تەشكىل قىلغان خەلق ساقچىسىدىن بىر ئەترەتنى ئەۋەتتى. * ئەترەت كوماندىرى ئەترەتنى ئارقىسىغا چېكىندۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى. * بىز بەشىمىز رەتلىك تىزىلىپ، ھەربىي قائىدە بويىچە يېڭى ئەترەت باشلىقىمىزنى قارشى ئالدۇق. ② بىرەر ئىش، پائالىيەت، خىزمەت ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان كىشىلەر توپى، گۇرۇپپا: ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، سىنىپ بويىچە بىرىنچى تۈركۈمدە قىزىل گالستۇك تاقاپ ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى بولغان. * ئەگەر ناخشىچىغا مۇزىكا ئەترىتى تەكەش قىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئىككى تەرەپنىڭ ماسلىشىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىرقەدەر قىيىنغا توختايدۇ. ③ <بىئول> بىئولوگىيىدىكى بىر سىنىپقا ياتىدىغان ۋە بەلگىلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن ئايرىلغان جانلىقلار توپى. مەسىلەن: قۇشلار سىنىپى، توخۇ شەكىللىكلەر ئەترىتى، قارىغاي سىنىپى، كۇمۇش ئۆرۈك ئەترىتى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**ئەتسىز** سۈپ ① ئېتى، گۆشى يوق، ئەت قونمىغان، گۆشسىز، ياداڭغۇ، جۇدەڭگۈ، ئورۇق: ئۇنىڭ ئۆزىنى قوتقۇزۇۋالغان نىجاتچىسىغا بولغان مىننەتدارلىق ياشلىرى ئەتسىز مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ② كۆچمە. ئوت ـ چۆپ ۋە باشقا ئۆسۈملۈك-

لەر ياخشى ئۆسمەيدىغان، كەم ھوسۇل، ئۈنۈمسىز: ئەتسىز يەر، ئەتسىز تۇپراق.

**ئەتكاپ** (توغرىسى: ئېتىكاپ) ——> **ئېتىكاپ.**

**ئەتكەس** سۈپ [ر] دۆلەت ئېلىپ سېتىشنى مەنئى قىلغان، دۆلەت سودا سىياسىتىگە، باج تۈزۈمىگە خىلاپ، قانۇنسىز، چەكلەنگەن: ئەتكەس مال.

**ئەتكەس قىلماق** مەنئى قىلماق، بىكار قىلماق، ئىناۋەتسىز قىلماق.

**ئەتكەسچى** ئى <سودا> دۆلەت تەرىپىدىن ئېلىپ - سېتىش چەكلەنگەن ماللارنى ئېلىپ ساتقۇچى كىشى: ئەگەر ئالتۇننى دۆلەتكە سېتىپ بەرمەي، ئازغىنا پايدىنى دەپ ئەتكەسچىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغان بولساق، ئاش بەرگەن قازاننىڭ تۈۋىنى چاققان بولىمىز.

**ئەتكەسچىلەر گۇرۇھى** <سودا> دۆلەت تەرىپىدىن ئېلىپ - سېتىش چەكلەنگەن ماللارنى قانۇنسىز توشۇغان، يېنىدا ئېلىپ ماڭغان (كىرگەن) ۋە ئۇنى تەكشۈرۈشكە قارشى تۇرغان گۇرۇھ.

**ئەتكەسچىلىك** ئى. دۆلەت تەرىپىدىن ئېلىپ - سېتىش، چەكلەنگەن ماللارنى ئېلىپ - سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى: ئاساسىي قانۇن ئەتكەسچىلىك بىلەن مۇرەسسە قىلمايدۇ. * ھازىر بەزى كىشىلەر خىزمىتىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ چەت ئەللىكلەردىن پارا ئېلىۋاتىدۇ، چەت ئەللىكلەردىن ئۆزىنى زىيارەتكە تەكلىپ قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇلار بىلەن ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەتكەسچىلىك قىلىۋاتىدۇ.

**ئەتكەنچاي** ئى [ئەتكەن+چاي] قېنىق دەمگەنلەن قارا چايغا سۈت ۋە تۇز ئارىلاش- تۇرۇپ ئېتىلگەن چاي: ئۇ ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئەتكەنچايغا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. * ئۇ بۈگۈنمۇ ئەتكەنلىك چاينى ئىچىپ بولۇپ، قاچا - قومۇچلارنى يىغىشتۇرماي، ئەتكەن چاينىڭ شامىسىنى چايناپ، جوزىغا تايىنىپ خىيال بىلەن ئۇزاق ئولتۇردى.

**ئەتكۈزمەك I** «ئەتمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۈنۈگۈن بالامغا ئېيتىپ باغنىڭ شورىسىنى ئەتكۈزۈۋەتتىم.

**ئەتكۈزمەك II** «ئەتمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆزەمچە ئۆي تامقىنى سېغىنىپ قېلىپتىمەن ئاكا، بىرەر ئۆيگە كىرىپ تاماق ئەتكۈزۈپ يەي دەپ، ماڭا - ماڭا ئاخىر مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. * ئەخمەتجان: — تومۇقاپ قالغانىدىم، شۇڭا ئاچچىق - چۈچۈك سۇيۇقئاش ئەتكۈزدۈم. قېنى مېھمانلار ئاشقا باقايلى، — دېدى.

**ئەتكۈزۈشمەك I** «ئەتكۈزمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەتكۈزۈشمەك II** «ئەتكۈزمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بەس - بەس بىلەن يېڭى ئۆي جاھازلىرى ئەتكۈزۈشتى.

**ئەتكۈزۈلمەك I** «ئەتكۈزمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەتكۈزۈلمەك II** «ئەتكۈزمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېڭى كەلگەن مېھمانلار ئۈچۈن ئايرىم تاماق ئەتكۈزۈلدى.

**ئەتلەس** ئى [ئە] بىر يۈزى يالتىراق ھەم گۈللۈك ئۇچۇق كۆرۈنىدىغان، يەنە بىر يۈزىنىڭ گۈلى سۇس يەرلىك يىپەك رەخت: ئەتلەس سۇغا چۆكمەس (ماقال). * ئۇلاردا بار نەرسىلەر ھازىر ھۆكۈمەتتىمۇ بار. ئۇلاردا ئەتلەسنىڭ بىر كىيىملىكى 80 كوي بولسا، ھۆكۈمەتتە 70 كوي.

**ئەتلەسچى** ئى. ئەتلەس توقۇش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: زەيتۇنەمخان بۇ ئىككى تاقا ئەتلەسنى خوتەننىڭ قىزىق دەرۋازىسىدىكى بىر ئەتلەسچىدىن ئېلىپتۇ.

**ئەتلەسچىلىك** ئى «ئەتلەسچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: خوتەن خەلقى ئەتلەسچىلىك، گىلەمچىلىك، قاشتاش ئويمىچىلىقى قاتارلىق

ھۈنەر ـ سەنئەتنى بىلەن تونۇلغان.

**ئەتلەنمەك** پ ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدىنىگە گۆش قوشۇلماق، ئەت قونماق؛ سەمرىمەك: مەن ئۈچ ئايدىن بۇيان كېسەل تارتقان بوۋامنىڭ كېسەلدىن ساقىيىپ، چىرايىنىڭ ئەتلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز كۆزۈمدىن ياش كەتتى. ② كۆچمە. ھال ـ ئەھۋالى، تۇرمۇشى، كۈنى ياخشىلانماق، ھاللانماق، بېيىماق: خۇدا بۇيرۇسا، كېلەر يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ، تۈك تاشلاپ، ئەتلىنىۋالىمىز، دېسىلە...ھۆددە يەر دېگەن بىلەن گەپ ئىكەن، تاپشۇرۇلىدىغان نورمىسى تاپشۇرساق، قالغىنى بىزنىڭ بولۇۋېرىدىكەن ئەمەسمۇ! * بۇ يىل غەيرەت قىلىپ ئىشلىسەك ئەتلىنىۋالىمىز، كېلەر يىلى ئىشىنىۋالساق، يەنە بىر يىلى بېيىپ قالمايمىزمۇ؟

**ئەتلىك** سۈپ ① ئەت قونغان، ئېتى بار، سېمىز: توي چېيىدا يىگىتلەر ئامانگۈلگە قارىتا چاقچاق ئارىلاش پاراقىدە كۈلۈشۈپ چۇقان كۆتۈردى، ئامانگۈلنىڭ ئەتلىك يۈزى سەل قىزارغان بولسىمۇ، لېكىن دەرھاللا ئۆزىنى تۇتۇپ ئۇمۇ بوش كەلمىدى. ② كۆچمە. مۇنبەت، ھوسۇللۇق (تۇپراققا نىسبەتەن): ئەتلىك يەر. ئەتلىك توپا. ③ كۆچمە. گۆشى بار، گۆش قىسمى قېلىن (قوغۇن ـ تاۋۇز، كاۋا ۋە ئۆرۈك، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلەرگە نىسبەتەن): ئەتلىك قوغۇن. ئەتلىك شاپتۇل.

**ئەتلىك يىلتىز ←— گۆشلۈك يىلتىز.**

**ئەتلىمە** سۈپ. بەدىنىگە تۈك چىقمىغان، ئەت كۆرۈنۈشىدىكى، قىزىل ئەت: ئەتلىمە باچكا. ئەتلىمە گۆش.

**ئەتلىمە گۆش** ئۇچار قانات ۋە چوشقىغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ يېڭى تۇغۇلغان تۈكسىز ھالىتى ياكى تۈك تاشلاپ قىزىل ئەت بولۇپ قالغان ھالىتىگە ئېيتىلىدۇ: ئەتلىمە گۆش باچكا. ئەتلىمە گۆش توخۇ.

**ئەتمەك I** پ ① ئۇچۇق تۇرغان نەرسىلەر ـ نىڭ ئىشىكىنى ياكى ئاغزىنى ياپماق، تاقىماق: ئۇ ئاستاغىنا ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئەتتى. * ئاخشام كىنودىن قايتىپ كېلىپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرگەندە تۇرسۇن ئارقىدىن كىرىپ دەرۋازىنىڭ تاقىقىنى ئېتىپ قويدى. ② كېيىم ـ كېچەك ھەم ھەر خىل ئېغىزلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئېغىز قىسمىنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرماق؛ تۈگمىلىمەك، ئىزمىلىمەك: مەن قىلىدىغان كېپىمنى تاپالمىغانسېرى نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇجۇركامنىڭ تۈگمىلىرىنى قايتا ئېتىشكە باشلىدىم. * بوۋام مېنى يولغا سالماقچى بولۇپ، خۇرجۇنۇمنىڭ ئىزمىسىنى ئال ـ دىرىماي ئەتتى. ③ بىرەر نەرسىنىڭ يۈز قىسمىنى، تاشقى كۆرۈنۈشىنى، قىياپىتىنى توسماق، ياپماق؛ ئورىماق؛ تاڭماق؛ داldا قىلماق: يۈزىنى ئەتمەك. كۆزىنى ئەتمەك. * ئۇلارنىڭ سەل نېرىسىدا قىزىل ھېلىلە ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقان بىر قىز تۇراتتى. ④ ئېقىۋاتقان سۇ ۋە سۇغا ئوخشاش سۇيۇقلۇقلارنى ھەر خىل توسما، توسۇق، تۇغانلار بىلەن توسماق، تورىماق، باشقۇرماق: سۇنى ئەتمەك. توغان ئەتمەك. باشلانمى ئەتمەك. * گەر تەۋرەنسە تاغنى يۆتكەپ باشقا جايغا تاغ قىلغۇدەك، سۈيى ئۇلۇغ دەريالارنى ئېتىپ ـ توسۇپ توختاتقۇدەك.

**ئەتمەك II** پ ① ھەر خىل خام يېمەكلىك ـ لەرنى پىششىقلاپ ئىشلىمەك، ياسىماق، قىلماق: بۇ قىز دادىسىنىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئېتىپ بېرىپ، ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىكەن. * ئۇ ئاش ئەتتى، ئۇگرىسىمۇ ئۆزى كەستى، ئەمما ئۆيدە بولۇۋاتقان ئىشلار خىيالىغا زادى كىرمىدى. ② بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى بېجىرمەك، قىلماق: ئاۋۋال تام ئەت، ئاندىن باغ ئەت (ماقال). * شاپتۇلدا باغ ئەتمە، ئۆچكىدە مال ئەتمە (ماقال). ③ كۆچمە. دەپ بىلمەك، دەپ ھېسابلىماق، قاتارىدا كۆرمەك؛ تۇتماق: مومای: ــ قىزىم، ئادەم ئوخشاش بولمايدۇ، ھەر

هالدا ئادەم ئەتكەنگە تازىم ئەت. بۇ يىگىت سىنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلدى، — دەپتۇ. * دەريا بويىدا تاللار، تاللىۋالغىن تالىڭنى. بىۋاپانى يار ئەتمە، سورىمايدۇ ھالىڭنى. ④ «قىلماق» مەنىلىرىدىكى ياردەمچى پېئىل رولىدا كېلىدۇ ۋە تۇ ن سۆزلەر بىلەن يانداشىپ كېلىپ، ئۇنى پېئىللاشتۇرىدۇ: مەن ئاتا كەسىپىمنى داۋام ئەتتىم. * بىئولوگىيە سىستېمىسى ياكى بىئولوگىيىدىكى سىستېما ئۇنىڭغا ساپ سىتىلىستىكا جەھەتتە شادلىق بەخش ئەتتى.

**ئەتۋىركە** ئى [ر] ھەر خىل ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇپ ياساشتا، قالپاقلىق بۇرما مىخلارنى بۇراپ چىڭىتىش، بوشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قول سايمىنى.

**ئەتىر** ئى [ئە] خۇش بۇي ماددىلارنىڭ ئىسپىرتتىكى ئېرىتمىسىدىن ئىبارەت سۇيۇقلۇق، پەرداز بۇيۇمى: * قىزلار تەييارلىقى ئۈچۈن تويلۇق كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىشتى ۋە ئۈستىبېشىغا ئەتىر سېپىشتى.

**ئەتىرسوپۇن** ئى [ئەتىر+سوپۇن] خام ئەشيالىرىغا ئەتىر ماتېرىياللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىگەن خۇش پۇراقلىق سوپۇن: تۇرسۇنگۈل بىر توقاچ ئەتىرسوپۇن ئالدى.

**ئەتىرگۈل** ئى [ئەتىر+گۈل] <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال، غولى تىك، تىكەنلىرى ناھايىتى زىچ؛ كىچىك پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق، يوپۇرمىقى ئېللىپىس شەكىلدە بولۇپ، گۈلى كۆپىنچە قىزىل، ئاق، سېرىق ئېچىلىدۇ ھەم پۇراقلىق؛ نىسبەتەن كەڭرەك ئۆستۈرۈلىدۇ؛ گۈلىنى چاي دەملەپ ئىچىشكە بولىدۇ، خۇش پۇراقلىق ماتېرىيال قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ② مۇشۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ئەتىرلىك** سۈپ. ئەتىر پۇرىقى بار، ئەتىر خۇشبۇيىغا ئىگە، ئەتىر قوشۇلغان: چىن ئاشىقسەن تۇتقىل ئۇتلۇق قولۇمدىن، باغۋەن بولۇپ ئۈزگىل تازا گۈللۈمدىن. نەپەس ئالغىن خۇش ئەتىرلىك بويۇمدىن، ئىشەنگىن سەن قەمەرشاھ دەردىڭ تۈگەيدۇ.

**ئەتكى** سۈپ. ئەتە بولىدىغان، ئەتىسى يۈز بېرىدىغان: ئەتكى ئىش. * ئەتكى قۇيرۇقتىن، بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا (ماقال).

**ئەتىگەن** رەۋ ① تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ كۈن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت؛ سەھەر: ئۇ يانغا باق، بۇ يانغا باق، ئەتىگەن تۇرۇپ قوشناڭغا باق (ماقال). * ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن كۈن چىقماستا پوپكىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە يۈگۈرەيدۇ. ② بەلگىلەنگەن ۋاقىتقا نىسبەتەن بالدۇر؛ ۋاقتى يېتىپ كەلمىگەن: بۇ گەپنى قىلىشقا تېخى ئەتىگەن. * مەن ئەمدى ئۇن سەككىز ياشقا كىردىم ،توي قىلىشقا تېخى ئەتىگەن * بۇ ھويلىدا كۆپچىلىك كىشىلەر تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىغانلىقى ئۈچۈن، چىداشلىق بىرەلمەي ئەتىگەنلا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

**ئەتىگەنكى** سۈپ. شۇ كۈنى ئەتىگەندىكى: ئەتىگەندىكى ئىش. ئەتىگەنكى تاماق. ئەتىگەنكى ۋەقە.

**ئەتىگەنلەپ** رەۋ. ئەتىگەندىلا، سەھەردىلا: ئۇلار ئەتىگەنلەپ يۈرۈپ كەتتى.

**ئەتىگەنلىك** سۈپ. ئەتىگەن ئۈچۈن تەييارلانغان، ئەتىگەن ئۈچۈن ئاتالغان: ئەتىگەنگە تەۋە، ئەتىگەنگە تەئەللۇق، ئەتىگەنگە مەنسۇپ: ئەتىگەنلىك چاي. ئەتىگەنلىك مەشىق. * يەكشەنبە كۈنى لېتىپ ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇشىغا تۇرسۇن يېتىپ كەلدى.

**ئەتىگەنلىككە** رەۋ. ئەتىگەندە، سەھەردە: ئۇ: — ئەنسىرىمە ئاسىم، بىزمۇ ئىسسىق ئۇيقۇنى بۇزمايمىز، ئىسسىق چېيىڭنى تەييارلا، بىر ئوتلامدىن سۈمۈرىمىز - دە، ئۇخلايمىز، قالغان گەپلەر بولسا ئەتىگەنلىككە سۆزلىشەرمىز، — دېدى.

**ئەتىلەتىن** رەۋ. بۈگۈندىن كېيىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئەتىگىچە: بىز ئىككىمىز ئەتىلەتىن سېنى يوقلىغىلى كېلىپ قالارمىز. * ئۇلار ئەتىلەتىن بېرىپ قېلىشى مۇمكىن.

**ئەتىلىك** سۈپ. ئەتە بولىدىغان، ئەتە قىلىنىدىغان، ئەتە يۈز بېرىدىغان، ئەتىگە ئاتاپ قويۇلغان: ئەتىلىك ئىش. ئەتىلىك تاماق. * بۈگۈنكى ئىشنى بۈگۈن، ئەتىلىك ئىشنى ئەتە قىلىش كېرەك.

**ئەتىلىككە** رەۋ. ئەتىكى كۈندە، ئەتە: ئەتىلىككە بايرام قىلىمىز. * بۇلار تېخى ئەتىلىككە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ مېنى ئۇزاتماقچى. * مەن ئەتىلىككە كۆچۈپ كېلىپ سىزگە ھەمراھ بولىمەن.

**ئەتىمال** (توغرىسى: ئېھتىمال) ← **ئېھتىمال.**

**ئەتىمالىم** (توغرىسى: ئېھتىمال) ← **ئېھتىمال.**

**ئەتىۋار** [ئە] ① ئى. ئامما ئارىسىدا قازانغان نام، ئابروي، ئىشەنچ، نوپۇز، ئىناۋەت، ھۆرمەت: ئۆلۈم ئەۋزەل يىلىنماقتىن، تايان ئەجرىڭگە جەۋلانى، ياشايدۇ ئەتىۋار ھەركىم، ئىجاد ـ مېھنەت گۈلى بولسا. * ئاق ساراي بولغان بىلەن، زەدىۋالى يوق ئىكەن. ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ ئەتىۋارى يوق ئىكەن. ② سۈپ. يۇقىرى باھالىق، قىممەت، ئاز ئۇچرايدىغان، ئېسىل ئەزىز، قىممەتلىك: بۇ تاش دۇنيادىكى 72 خىل ئەتىۋار دورىلارنىڭ زەررىلىرىدىن ياسالغان. * بۇ نەرسە ناھايىتى ئەتىۋار. ③ سۈپ. ئەزىز، ئەركە: كىچىكىدە ئەتىۋار بولۇپ ئۆسكەن ساۋۇتجاننىڭ مەسۇم قەلبىگە بۇ دەشنەملەر نەشتەر بولۇپ سانجىلىپ، يىگنى گېلىدا قالاتتى.

**ئەتىۋارسىز** سۈپ ① ئەتىۋارى، ئابرويى، نوپۇزى يوق: ئەتىۋارسىز ئادەم. ② قىممىتى يوق، نەزەرگە ئېلىنمايدىغان: ئەتىۋارسىز نەرسە.

**ئەتىۋارسىزلىق** ئى «ئەتىۋارسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ئەتىۋارلاتماق** «ئەتىۋارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەتىۋارلاشتۇرماق** «ئەتىۋارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەتىۋارلاشتۇرۇپ، چاقىرغان يەرلەرگىمۇ بارمايدىغان بولۇپ قالدى.

**ئەتىۋارلاشتۇرۇلماق** «ئەتىۋارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەتىۋارلاشماق** ① «ئەتىۋارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۇرمۇشتا ساختىلىقنى پەزىلەت دەيدىغانلار بولىدۇ. ئۇلارنى تېخى بەزى يەرلەردە ئەتىۋارلىشىدۇ. ② ئەتىۋار ھالەتكە كەلمەك: مول نەرسە ئازايسا، ئەتىۋارلىشىدۇ.

**ئەتىۋارلانماق** «ئەتىۋارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەتىۋارلىق** سۈپ ① ئابرويى، نوپۇزى بار، نوپۇزلۇق؛ ھۆرمەتكە ئىگە؛ مۆتىۋەر: ئەكبەر بۇ ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق بالىسى ئىدى. * بىر چاغلاردا بىلىملىك ئادەملەر ئەتىۋارلىق ئىدى. ② قىممىتى بار، قىممەتلىك، كەم ئۇچرايدىغان، ئەزىز: ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى قالايمىقان تۇتۇشنى، قالايمىقان ئوۋلاشنى قاتتىق مەنئى قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش لازىم. ③ ئاسراشقا تېگىشلىك، ئاسرىلىدىغان، قەدىرلىك: ھەيدەرنىڭ دادىسىدىن قالغان، تۈكىدىن تولا يامىقى بار بۇ شالۋۇر ئۇنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق كىيىمى ئىدى. * چامادانىدىكى سوكنا پەلتو بىلەن يەنە بىر قامىلىق قۇلاقچى تاغامنىڭ بىردىنبىر ئەتىۋارلىق كىيىمى ئىدى.

**ئەتىۋارلىماق** پ ① چوڭ كۆرمەك، ئابروينى قىلماق، ھۆرمەتلىمەك، ئەتىۋار كۆرمەك: ياش پادىشاھ ھېلىقى ئىككى ئۇستىنى خۇددى ئاتىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان خىزمەتچىلەردەك ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىكەن. * تۆردى ئاخۇن ئاكا خەلق ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان بولغاچ، كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئەتىۋارلايتتى. ② ئاسرىماق، قەدىرلىمەك، قىممەتلىك دەپ بىلمەك: ئۇلار ئاتىسى بەرگەن بۇ بايلىقنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ، ئوغرىغا بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئىزدەشكىمۇ بارماي، قودۇق بېشىدا بېقىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. * ئۇ قەيەردە

تىببى ئىلىمگە دائىر قەدىمكى كىتاب بار دەپ ئاڭلىسا، دەرھال شۇ يەرگە بېرىپ، بۇ كىتابلارنى ئەتىۋارلاپ سېتىۋالىدى. ③ ئەزىز كۆرمەك، ئەزىزلىمەك، ئارزۇلىماق: ئۇلارنىڭ سەمەت ئاتلىق ئارزۇلۇق بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن بۇ ئارزۇلۇق بالىسىنى جېنىدىنمۇ بەك ئەتىۋارلايدىكەن.

**ئەتىياز** ئى [ئەتە+ياز] تۆت پەسىلنىڭ بىرىنچىسى، قىشتىن كېيىنكى يازنىڭ ئالدىدىكى پەسىل، يەنى كۆكلەم مەزگىلى. مىلادى بويىچە تەخمىنەن 3-فېۋرالدىن 5-مايغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەمسىيە يىل ھېسابىدا يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى، يەنى مارت ئېيىنىڭ 21-كۈنىدىن باشلىنىدۇ: ئەتىياز پەسلى.

**ئەتىيازلىق** سۈپ. ئەتىيازدا بولىدىغان، ئەتىيازدا قىلىنىدىغان: ئەتىيازلىق تېرىلغۇ. * مەكتەپ كوچىغا بىر تەشۋىقات ماشىنىسى چىقىرىپ، ئاممىغا ئەتىيازلىق تازىلىق بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى. * ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئالدىراش تەييارلىنىۋاتقان كۈنلەردە كۈزگى بۇغداي مايسىلىرىنىڭ ئۈششۈپ كەتكەنلىكى بىزنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

**ئەتىيازلىق تېرىلغۇ** ئەتىياز ۋاقتىدا تېرىلىدىغان ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇ ئىشى.

**ئەتىيازلىق كۈن تەڭلىكى** <ئاستر> يىگىرمە تۆت مەۋسۇمنىڭ تۆتىنچى مەۋسۇمى، مىلادى بويىچە يىگىرمىنچى ۋە يىگىرمە بىرىنچى مارتتىن باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي ۋە شىمالىي يېرىم شاردا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەڭ بولىدۇ.

**ئەتىيان** ئى [ئەت+يان] بەدەننىڭ ھەممىسى، پۈتۈن بەدەن؛ تەن: ئۇنىڭ كەندىر يىپى بىلەن بىرنەچچە يېرىدىن ماتىۋالغان كۆڭلىكىدىن ئاپتاپتا كۆيگەن قاپقارا ئەتىيانلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**ئەجەب** رەۋ [ئە] ① ھەيران قالارلىق، قىزىق، غەلىتە: كىشى ئەجەب خەۋەرلەرنى ئاڭلايدىكەن-دە!... * ئەپەندىم ئۆيلىنىپتىكەن، خوتۇنى ئۈچ ئايدىلا تۇغۇپ قويۇپتۇ. ئەپەندىم ھەيران بولۇپ: ــ خوتۇن، باشقىلارنىڭ خوتۇنى توققۇز ئايدا تۇغسا، ئەجەب سەن ئۈچ ئايدىلا تۇغدۇڭغۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ② جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى رولىدا كېلىپ، «ئىنتايىن، ناھايىتى، تازا، بەك، نېمىدېگەن»گە ئوخشاش كۈچەيتىش، ئاشۇرۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: يارنىڭ ئېتى رەيھانمۇ، چېچى سۇمبۇل بوستانمۇ؟ سۆزلىرى ئەجەب تاتلىق، ھەسەل-ناۋات قوشقانمۇ؟

**ئەجەب ئەمەس** ئېھتىمال، ئېھتىمالغا يېقىن، مۇمكىن، مۇمكىنچىلىكى بار: ــ ئۇنداق بولسا، پادىشاھى ئالەم، بىزنىڭ سىلىگە بېرىدىغان مەسلىھەتىمىز شۇكى، سىلى يەنە بىر خوتۇن ئېلىشلىرى كېرەك. يەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئارزۇ-ئارمانلىرى ھەل بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ــ دەپتۇ ئۈچىنچىسى. * ئەجەب ئەمەس زالىم شاھ، كېلىپ قالسا ئىنساپقا. يەڭگىن جەزمەن تىلسىمنى، بەرداش بېرىپ ئازابقا...

**ئەجەب بولماق** ① بىرەر كىشىنىڭ قىلغان قىلمىشىغا يارىشا تارتقان جازاسى ھەققىدە ئېيتىلغان «ياخشى بولدى، كۆڭۈلدىكىدەك بولدى، خوي بولدى» دېگەندەك مەنىلەردىكى ئىبارە: ــ ھە... ئەجەب بولدى، قىنىڭىزغا پېتىپ ئولتۇرمىغاندىن كېيىن، ــ دېدى ئانىسى بالىسىنى جىملەپ. ② ئۇيىلىغاننىڭ، تەتۈرىچە بولماق: ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولغانغا يىغلايمەن. كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.

**ئەجەب بىر** بىرقىسما، غەلىتە، يوچۇن، باشقىچە: ئەجەب بىر زامان بولدى، ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ. يۈرەكتىكى زەرداب سۇ، قانغا ئۆرۈلەي دەيدۇ. * ھە... ھە... ھە... دەپ ئەجەب بىر كۈلۈپ كەتتىڭغۇ؟ بىرەر يېرىم ئېچىلىپ قېلىپتۇمۇيا؟.

**ئەجەب قىلماق** ① ياخشى قىلماق، كۆڭۈل-

دىكىدەك قىلماق: ئۇ كېتىپ، ئەجەب قىلدى. ② ئويلىغانىنىڭ، ئارزۇ قىلغانىنىڭ تەتۈرىنى قىلماق: ــ سەن تۆنۈگۈن ئەجەب قىلدىڭا! بىز سېنى ئۇنداق قىلار، دەپ ئويلىمىغان، ــ دېدى ئۇ دوستىغا سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن.

**ئەجەب ئىش** غەلىتە ھادىسە، غەلىتە ۋەقە، بىرقىسما ئىش، بۆلەكچە ئىش: ــ بىر يىل بولغان ئۇ بۇ ئۆيگە دەسسىمىگىلى، بۈگۈن ئۈشتۈمتۇت كېلىپ قېلىشى ئەجەب ئىشقۇ؟ ــ دەپ ئويلايتتى زاھىر.

**ئەجەبا** ئىم [ئە] تەئەججۈپ، قىزىق، ھەيران قالارلىق، غەلىتە: ــ ۋاھ ئەجەبا، ــ دەيتتى يىگىت، ــ بۇ قانداق ھادىسىدۇ؟ ئۇكۇمۇ بۇ چۈشۈمۇ، ئادەممۇ ئۇ شەيتانمۇ؟... * ــ مېنى تېخىچىلا چۈشەنمەيدىكەنسىز ــ دە! ــ دېدى تۇرغۇن رەنجىپ، ــ ئەجەبا، مەن پۇل ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىمەنمۇ؟! ياق! خەلقىمىزنىڭ پايدا ــ مەنپەئەتى ئۈچۈن!...

**ئەجەبسىنمەك** پ. ئەجەبلەنمەك، ئەجەبلىنىش ھېس قىلماق: چاۋار مەتقۇل تېخى بايىلا يېگىيەر يېزىسىدىن قايتىپ كەلگەنىدى. سابىرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، بىرئاز ئەجەبسىنىپ قاسىمغا قارىدى.

**ئەجەبكى** تىر. ھەيران قالارلىقى شۇكى، غەلىتىلىكى شۇكى.

**ئەجەبكىم** ⟵ ئەجەبكى: تىپتىنچ كۆك ئاسمانىمىش، يۇلتۇزلار پارقىراپ تۇرغانىمىش. ئەجەبكىم، يەتىمىشچە ئاي چىقىپ ھەربىرى زەر شولا چاچقانىمىش.

**ئەجەبلەندۈرمەك** «ئەجەبلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھۇنەرگە زور ئىشتىياق بىلەن كىرىشكەن زەيتۇننىڭ ئۈشتۈمتۇت سوۋۇپ قېلىشى ئادىلنى ئەجەبلەندۈردى.

**ئەجەبلەندۈرۈلمەك** «ئەجەبلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەجەبلەنمەك** پ. ھەيران بولماق، ھەيران قالماق، تاڭ قالماق، تەئەججۈپلەنمەك: بىر كۆلپەتتىن قۇتۇلۇپ، ئىككىنچىسىگە يولۇققىنىمغا ئەجەبلەندىم. * ــ تۇۋا خۇدايىم! ــ ئۇ ئوغلىنىڭ جۆيلۈپ تۇرۇپ «مۇئەللىم» دەپ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئەجەبلىنىپ ياقىسىنى تۇتتى، ــ ئۇنىڭ ئەس ــ يادى مۇئەللىمدە ئىكەن.

**ئەجەبلىنەرلىك** سۈپ. ھەيران قالارلىق، تاڭ قالارلىق، تەئەججۈپلەنگۈدەك: مۇنداق خىرىدارنى ھەرقانداق ھۇنەرۋەن ئۆمرىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۇچرىتالىشى تەس ئىدى. بولۇپمۇ ئىمام مۇھەممەتتەك ياش كاسىپقا بۇ ھال تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلاتتى.

**ئەجەبلىنىشمەك** «ئەجەبلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مالىيە ئىشخانىسى، تېخنىكا ــ تەكشۈرۈش بۆلۈمى ۋە كەسپىي ئىشخانىلارنىڭ بەزى خادىملىرى پەيزۇللانىڭ گۈزەل، كېلىشكەن بىر قىزنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشخانىسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىشتى.

**ئەجەل** ئى [ئە] كىشىنىڭ ياشاش ۋاقتى تۈگىگەن، ھاياتى ئاخىرلاشقان، ئۆمرى تاماملانغان پەيت، ئۆلۈم، قازا: ئەجەل يەتمەي جان چىقماس، بېخىل بايدىن نان چىقماس (ماقال). * ــ ئەمدى مۇنداق قىلايلى، مۇختار بۇ يىل تۇپتوغرا 30 ياشقا كىرىدۇ. مېنىڭ تېنىم ساق بولسىمۇ، لېكىن ئەجەل دېگەنگە بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ كۆيۈۋاتقان چىراغدەك ئۆچىتمۇ تۈگىدى. مەن ئەمدى ئاتىلىق قەرزىمنى ئادا قىلاي دەيمەن، سىلەرچە قانداق؟ ــ دېدى ئالماس ئاكا ئايالى رابىخانغا.

**ئەجەل پۇرىماق** ئۆلۈمدىن بېشارەت بولماق، قازا شەپىسى كەلمەك: شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ياماننلاشتى بارغانچە كېسەل. تىنىشمۇ ئاستا ھەم تۈۋەن، پۇراپ تۇرار شۇ تاپتا ئەجەل.

**ئەجەل سۈرەپ كەلمەك** بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا بېرىپ ئۈشتۈمتۇت ۋاپات بولماق: تاشماق قولىدىكى تاياقىنى شىلتىپ ئالتاغىل ۋارقىراشقا باشلىدى: ــ سەن!... سەن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان جاھىل ئۇنسۇر... ياخشى، سېنى بۇ يەرگە ئەجىلىڭ سۈرەپ ئەكىلىپتۇ!

**ئەجەل كەلمەك** قازا يەتمەك، ئۆمۈر تۈگە-مەك، كۈنى توشماق: ئەجەل كەلسە ئەقىل قاچار (ماقال). * قازى داد-پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاۋاتقان بالىنى بەزلەپ: ــ سەۋر قىل، ئاتاڭ كېسەل ئازابى تارتىپ تولىمۇ قىينىلىپ كەتكە-نىدى، بۈگۈن خۇدادىن ئەجەل كېلىپتۇ، ئۇنىڭغا ھېچ ئامال قىلغىلى بولمايدۇ، ــ دەپتۇ.

**ئەجەلنىڭ ئاغزىدىن قايتماق** ئۆلۈم گىردا-بىدىن يانماق، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالماق: قۇتقۇزدى بىزگە جان بېرىپ، كومپارتىيە ۋە داھىمىز، قايتتۇق ئەجەلنىڭ ئاغزىدىن، پۈتتى يۈرەكتە ئاھىمىز.

**ئەجەل يەتمەك** ← **ئەجەل كەلمەك.**

**ئەجىلى پۈتمەك** ← **ئەجىلى توشماق.**

**ئەجىلى توشماق** ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلماق، ئاخىرەتكە يۈزلەنمەك، كۈنى تۈگىمەك، ئۆمرى ئاخىرلاشماق: ــ مەن دەيمەن، توختى چولاقنى شاققىدە ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەك قانداق؟ــ دېدى ئۇ يېنىدا ئۆرە تۇرغان باستقا غادىيىپ، ــ بۇنداق ئادەملەرنىڭ خۇنى نېمىگە ئەرزىيتتى، ھازىر ئۇنىڭ ئەجىلىمۇ توشۇپ قالدى.

**ئەجىلى تولماق** ← **ئەجىلى توشماق.**

**ئەجىلى مۇئەللەق** ئۇشتۇمتۇت كەلگەن قازا، ۋاقىتسىز يەتكەن ئەجەل، تاسادىپىي ئۆلۈم: مەن بۈگۈن كىملىكىمنى كۆرسىتىمەن، ئىغۋاگەرنى تاپتىم، ئاسمىنى سۇغا بېسىپ ئەجىلى مۇئەللەق قىلىمىسام، ئەر ئوغلى، مەخسۇت بەگ بولماي كېتەي!...

**ئەجىلى مۇتلەق** مۇقەررەر ئۆلۈم، قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئۆلۈم.

**ئەجەللىك** سۈپ. ① ئەجەل يەتكۈزىدىغان، ئەجەلگە ئېلىپ بارىدىغان: بىر ئادەمنى ئەجەللىك بالا-قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇش كىچىك ئىش ئەمەس. ② كۆچمە. ھەل قىلغۇچ، قاقشاتقۇچ: ئۆز كارخانىلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئۇنۇمنىڭ ناچار بولۇشىدەك بىرقانچە ئەجەللىك مەسىلىنى تۇتۇپ، ئاممىنى ئىنچىكە ھېسابلاشقا قوزغاپ، بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىپ، مۇناسىپ تەدبىرلەرنى تۈزۈش لازىم.

**ئەجەللىك زەربە** قاقشاتقۇچ دەككە، ھەل قىلغۇچ زەربە: سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 1917-يىل ئاپرېلدىن ئۆكتەبىرگىچە بولغان دەۋرىدىكى ستراتېگە-يىسىنى زاپاس ئارمىيىدىن ئەنە شۇنداق پايدىلانغان-لىقىنىڭ ئەمەلىي مىسالى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۈبھە-سىزكى بۇ دەۋردە ئۇرۇشتا دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بەرگىلى بولاتتى. * چۈنكى سەن ئىلىمنىڭ غەربىدە مەغرۇر، گىگانت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قاراۋۇل. بېرىسەن ھەر مەھەل ئەجەللىك زەربە. ياۋ ئەگەر ۋەتەنگە سوزسا قارا قول.

**ئەجەللىك يېرى** ئەڭ ئاجىز جايى، ھەل قىلغۇچ ئورنى، ھالقىلىق نۇقتىسى: بۇ ئىشنى ئۇزۇل-كېسىل ئېنىقلىماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەجەل-لىك يېرىدىن تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس. * بۇ ئەترەت جەڭ داۋامىدىكى ھالقىلىق پەيتلەردە دۈشمەننىڭ ئەجەللىك يېرىگە سانجىلىدىغان خەنجەر ئىدى.

**ئەجەللىمەك** پ. ئەجەل يەتمەك، قازا تاپماق؛ ئۆلمەك: ــ بۇرۇنقى ئېتىم ئەجەللەپ قالغانىدى.

**ئەجەم** ئى [ئە] ① يېزت. ئەرەبلەردىن باشقا خەلقلەر، خۇسۇسەن پارسلار، ئىرانلار: كۆرمىگەن ئەرمەن-ئەجەمدە سىز كەبى باتۇرنى بىز، رۇمى، يۇنان، كوھىقاپ شەھسۇۋالار ئىچىدە. ② <مۇز> «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسىنىڭ 7-مۇقامى: ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام گۇرۇپپىسى ئەجەمنى نوتىغا ئېلىپ بولدى.

**ئەجەم مۇقامى** <مۇز> «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسىنىڭ 7-مۇقامى، بۇ مۇقام 17 نەغمە، 143 مىسراغا بۆلۈنگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتە چوڭ نەغمە، 65 مىسرا، تۆت داستانغا؛ سەككىز نەغمە، 56 مىسرا، ئۈچ مەشرەپكە؛ ئۈچ نەغمە، 22 مىسراغا ئورۇنلاشقان.

**ئەجەمپىتى** ئى [ئەجەم+پىتى] <بوت> **ياپونىيە پىجىقى.**

**ئەجداد** (ئەجدادى) ئى [ئە] بۇرۇن ئۆتكەن نەسىل-نەسەب، ئاتا-بوۋىلار: ئۇلار يىگىدىن

يېڭى ئۇتۇقلارغا، شان - شەرەپلەرگە ئېرىشكەنسىرى ۋە ئەجدادلار ياراتقان كۆرەش مېۋىلىرىنى تېتىغانسىرى، ئاشۇ ئەجدادلارنى تېخىمۇ سېغىنىش ھېس قىلىدۇ.

**ئەجدەر** (توغرىسى: ئەجدىھا) ← **ئەجدىھا.**

**ئەجدەرھا** (توغرىسى: ئەجدىھا) ← **ئەجدىھا.**

**ئەجدىھا** (ئەجدىھاسى) ئى [پ] ① ئەپسانىۋى چوڭ يىلان: پەرھات غارنىڭ ئاغزىغا يېقىن كېلىشىگە، ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن كۆچلۈك گۈلدۈر - ماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، غار ئىچىدىن بىر ئەجدىھا ھەيۋە بىلەن پەرھاتقا ھۇجۇم قىلىدۇ. ② كۆچمە. قانخور، ياۋۇز، زالىم: سەن بولساڭ بىر ئادەم، بەگ بولسا ئەجدىھا، ئۇنىڭ ئىزىق گۆشى بولاي دەمسەن؟

**ئەجدىھا دەرىخى** ئى [ئەجدىھا+دەرىخى]. <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى يىل بويى كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، ئېگىزلىكى 20 مېتىرغا يېتىدۇ، يوپۇرمىقى خەنجەرسىمان ۋە ئاقۇچ رەڭدە بولۇپ، كۆپرەك شېخىنىڭ ئۇچىغا مەركەزلەشىدۇ؛ گۈلى ئاق، مېۋىسى شىرنىلىك ھەم قىزغۇچ سېرىق بولىدۇ؛ تروپىك بەلباغدا ئۆسىدۇ؛ يېلىمى قىزىل بولۇپ، جۇڭيى دورىسى—پالما يېلىمىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**ئەجدىھاگۈل** ئى [ئەجدىھا+گۈل] <بوت> چوقا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ياكى ئىككى يىللىق، تىك ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك؛ يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇنىراقلىرى ئىللىپىس ياكى تۆمۈنە شەكلىدە بولىدۇ؛ گۈلى ياز ۋە كۈزدە ئېچىلىدۇ، گۈل تاجى بىنەپشە، قىزىل، سېرىق، ئاق رەڭلەردە كېلىدۇ. ئۇنى تېرىش، قەلەمچە قىلىپ تىكىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كۆپەيتكىلى بولىدۇ؛ ئەسلى ماكانى ياۋروپانىڭ جەنۇبى بولۇپ، ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىمۇ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قاتارىدا ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ.

**ئەجدىھا ئوتى** <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك؛ يوپۇرمىقى يىپسىمان، گۈلى كىچىك، ئومۇم گۈل رېتى، ئۇنىڭ غولى ۋە يوپۇرماقلىرىدىن يامغۇرلۇق، ئارغامچا، ساۋخەي ۋە قەغەز قاتارلىقلارنى ياسىغىلى بولىدۇ.

**ئەجدىھا يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئەگمە قۇتۇپ يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 17 سائەت. ئېكۋاتور كەڭلىكى °65. چوڭ ئېيىق ۋە كىچىك ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ ئارىسىدا، گېركۇلېس يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شىمالىغا، سېفېي يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ؛ ئېگىلگەن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ۋە ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، خۇددى ئۇزۇن ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ.

**ئەجدىھا يىلى** <ئاستر> 12 مۆچەلنىڭ بەشىنچىسى.

**ئەجدىھار** (توغرىسى: ئەجدىھا) ← **ئەجدىھا.**

**ئەجرە** (توغرىسى: ئەجىر) ← **ئەجىر.**

**ئەجنەبىي** [ئە] ① سۈپ. چەت ئەللىك، چەت ئەللىككە ئوخشاش: يۇرتداشلار سۆز ئاچتى سېنىڭ توغراڭدا، كەپتۇ بىر ئەجنەبىي بالا. ئوخشىماي قاپتۇ ئۇ يېزا ئوغلىغا، سەسكەندى يېزىمىز، بۇ سەھرا - دالا. ② ئى. چەت ئەل گراژدانى، چەت مەملىكەت ئادىمى، چەت ئەل پۇقراسى: چېكىنىۋاتقان بۇ تاماكىنى يېقىندا ئاقسۇنى زىيارەت قىلغان غەربلىك ئەجنەبىيلەر تەقدىم قىلغانىدى.

www.uyghurkitap.com

**ئەجۇج-مەجۇج** جان ت. ← **يەجۇج-مەجۇج**: — سىلەر تاغ خەلقى ھېچنېمە بىلمەيسىلەر، — دېدى ئۇ داستىخانىدىكى ناننىڭ ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ يەپ، دۇئا قىلغاندىن كېيىن، — پەرىشتە بىلەن ئەجۇج-مەجۇجنى ئايرىشنى بىلىش كېرەك.

**ئەجىبا** (توغرىسى: ئەجەبا) ← **ئەجەبا**.

**ئەجىر** (ئەجرى) ئى [پ] ① ئىشلەنگەن ئىش، ئەمگەك، خىزمەت: ئەگەر ھارام مال يەيدىغان بولسام، قىلغان ئەجرىم بىكار بولىدۇ. * خەق نېمە دېسە دېمەمدۇ. مەن ئۇچۇن باغاق سېتىش بولامدۇ، تاغاق سېتىش بولامدۇ، ئىشقىلىپ ئىشلەيدىغان بىر ئىش بولسىلا، ئۆز ئەجرىم بىلەن پۇل تاپسام بولاتتى. * دېھقان شۇ گەپنى ئېيتىپ تۇرۇپ، چار چۇرۇكنى ئىككى كاسا قىلىپ تىلدى. بىر كاسىنى ئابدۇللاغا تۇتتى: — ئۆز ئەجرىمىزنىڭ مېۋىسى، ئېلىڭلار... دېھقانلار جەمئىيىتى كېسىپ بەرگەن يەرنىڭ قوغۇنى، تۇنجى قېتىم ئۆز يېرىمىزنىڭ ھوسۇلىدىن بەھرىمەن بولدۇق...، — دېدى خۇشال بولۇپ. ② غەمخورلۇق، كۆيۈنۈش، كۆڭۈل بۆلۈش، تەلىم-تەربىيە: ئاڭلىسام ،ئۇ تېخى سىزنى پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچىنىڭ بىرى ئىكەن، بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆسۈشىڭىزدىمۇ ئۇنىڭ ئەجرى ھەممىدىن كۆپ ئىمىش، سىزگە ئەپسىز بولارمىكىن دەۋاتىمەن...* تىكەندىن گۈل ئۈنگەندەك، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ئويۇن قېپىدىن خېلىلا ئۈمىدلىك ئوقۇغۇچى يېتىلىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ ئەجىرلىرى.

**ئەجىر تاپماق** بېقىش تاپماق، كۈتۈشكە ئېرىشمەك، پەرۋىش قىلماق: مەن «بۇ ئۆكۈزنى ئالمايمەن، مال بولمايدۇ» دېسەم، «ئاتلارنىڭ ئاشقان بوغۇزىنى بەر، ئەجىر تاپسا ئالامەت مال بولىدۇ»، دېمىگەنمىدىڭ.

**ئەجرى سىڭمەك** خىزمىتى يەتمەك، تۆھپىسى قوشۇلماق، مېھنىتى سىڭمەك: ئالىم ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇكى، ئۇنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان باسقان ھەربىر قەدىمىگە، قولغا كەلتۈرگەن ھەربىر مۇۋەپپەقىيىتىگە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئەجرى سىڭگەن! * ئۇستازىم دەپ نامىڭىزنى ئالسام تىلىمغا، دولقۇنلىنىپ ئاقار مېھرىم دەريالىرى. سىڭىپ ئەجرى، ئەقلىڭىزنىڭ نۇرى ماڭا، چېچەك ئاتقان ئۇلۇغ ئارمان رەنالىرى.

**ئەجىر قىلماق** ئەمگەك قىلماق، خىزمەت ئىشلىمەك، تەر تۆكمەك: — ھە، مۇنداق دېگىن، — دېدى سادىق، — بۇنىڭ تىلغا ئالغۇدەك نېمىسى بار؟ يول تېخى ئۇزۇن، بىزگە ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىشلار ئاز ئەمەس، ھەر ئىككىمىز كۆپرەك ئەجىر قىلىپ تۆھپە يارىتىشىمىز لازىم...

**ئەجىرسىز** سۈپ. ئەمگەك سىڭدۈرۈلمىگەن، ئەجرىسى يوق؛ مېھنەتسىز، ئەمگەكسىز: ھالال تەردىن تىزىپ ئۈنچە ۋەتەننى قىلمىساڭ گۈلشەن، كېلەرمۇ ئۆز-ئۆزىدىن ئۇ، ئەجىرسىز بىر ئىشارەتكە.

**ئەجىرلىك** سۈپ. مېھنىتى سىڭگەن، ئەمگەك قىلىنغان، تەر تۆكۈلگەن: ياشلىقتا ياڭاقنى چاقىدۇ چىشىڭ، تاشقا مۆھۈر باسقاندەك ئەجىرلىك ئىشىڭ، مېھنەت ۋە كۈرەشتە ئۆتكۈزسەڭ ئۆمرى، مەڭگۈلۈك باھاردەك بولىدۇ قىشىڭ.

**ئەجىن** ئى. يېزت. ئادەمنىڭ يۈز-كۆز ۋە بەدەنلىرىدە ھاسىل بولىدىغان قورۇق ۋە سىزىقلار: شۇندىمۇ پەسەيمەي ئىشەنچ يالقۇنىڭ، ئىشلەپسەن، كۈن ۋە تۈن ئۇنتۇپ ئۆزۈڭنى، ئورۇقلاپ كېتىپسەن جاپالىق ئىشتا، قاپلاپتۇ كۆپ يېڭى ئەجىن يۈزۈڭنى.

**ئەچۈشتۈرمەك** «ئەچۈشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەچۈشۈلمەك** «ئەچۈشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەچۈشمەك** پ [ئېلىپ+چۈشمەك] ئېگىزدىن پەسكە چۈشۈرمەك، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يۆتكىمەك: شاكىر ئۆگزىسىدىكى قۇرۇتۇلغان كىشمىش ئۈزۈمدىن بىر سېۋەت ئەچۈشۈپ، جۇرئەتكە يوللۇق تۇتتى.

**ئەخبار** ئى [ئە] يېزت. خەۋەر، خەۋەرلەر، ئۇچۇر، مەلۇمات: نىسايىمدىن يېتىلگەچ چۈنكى

ئەخبار، ئۇلار بولغان ئىدى گەپتىن خەۋەردار. * بۇ كەڭ دۇنيانىڭ قانداق پۇچقىقىغا باش تىقىپ ياتساڭ، بىلىم تارتىپ چىقار مەيدانىغا ھېچ بىركىمگە ئەخبار يوق.

**ئەختەر** ئى [پ] يېزت · ① زۇھەل يۇلتۇزىنىڭ نامى؛ يۇلتۇز: قانائەت كۆكسىنى تىلىغان شىجائەت قەلىمى بىرلە، بىلىمنىڭ كانىنى ئىزدە ۋەتەن بەختىگە ئەختەر تاپ. * سەن ئۆزەڭنى يەرگە تەڭ تۇت، ئەيلە كەمتەرلىكنى خۇي، مەۋقەيىڭ بولغاندىمۇ ئۈستۈن ــ پەلەكنىڭ ئەختەرى. ② ئاياللار ئىسمى.

**ئەخلاق** (ئەخلاقى) ئى [ئە] كىشىلەرنىڭ ھەربىر جەمئىيەتكە خاس بولغان پائالىيەت مىزانى؛ ئەدەب، خۇلق، پەزىلەت: مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقنى قوغداشتا ھەممە كىشىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتى بار. * ئەخلاق بىلەن قانۇننىڭ پەرقىمۇ بار. ئۇنىڭ ئىپادىسى شۇ يەردىكى، بىرىنچىدىن، قانۇن جەمئىيەت سىنىپلارغا بۆلۈنگەندىن كېيىن ئاندىن پەيدا بولغان، ئەخلاق دېگەن پائالىيەت مىزانى بولسا ئىپتىدائىي جامائە جەمئىيىتى دەۋرىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى.

**ئەخلاق پەلسەپىسى** <پەلس> مۇئەييەن جەمئىيەتتە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە شەخسلەر بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سالىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە، ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ نەزەرىيىلەر يىغىندىسى.

**ئەخلاق - پەزىلەت** ئەخلاق ۋە پەزىلەت: پۇل، مال - مۈلۈك بولغاندىن سىرت بىلىم، ئاڭ، ئەخلاق - پەزىلەت بولۇشى، يەنە كەلگۈسى ھايات توغرىسىدا گۈزەل ئارزۇ بولۇشى، شۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدىغان غەيرەت بولۇشى لازىم.

**ئەخلاقسىز** سۈپ. ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن، ئەدەب - قائىدىلەرگە بويسۇنمايدىغان، ئەخلاقى بۇزۇق، ئەخلاق - پەزىلەتتىن ئايرىلغان، ئىنتىزامسىز، ئەدەبسىز: بۇ ئاتىسىنى دورىماپتۇ، بۇخارادا ئوقۇپ كەلدىم دېگىنى بىلەن ئۇ ئەخلاقسىز بىر ئېشەك. * كۆردۈكمۇ ئالىمجان، مانا مۇشۇنداق «يامانغا يولۇقساڭ يارىسى» دەيدۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، مەكتەپتىن قېچىپ، يامان يوللارغا كىرىپ كەتكەن ئەخلاقسىز بالىلارنىڭ كېيىنكە كىرسەڭ، سېنىمۇ ئازدۇرۇپ كاردىن چىقىرىدۇ.

**ئەخلاقسىزلىق** «ئەخلاقسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ ئىش تۇزۇمكە، زاۋۇتنىڭ مەشغۇلات پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلمىغانلىقنىڭ ئۈستىگە، ئەخلاقسىزلىق كوچىسىدا، ئەيش - ئىشرەت سورۇنلىرىدا خېپىنىڭ چۇشۇپ قېلىشىغا باقماي چېپىپ يۈرىدىغىنى.

**ئەخلاقشۇناس** ئى [ئە+پ] كىشىلەردىكى ئەخلاق - پەزىلەت، تەرتىپ - ئىنتىزام ۋە ئەدەب - قائىدىلەرنى تەتقىق قىلغۇچى كىشى: ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە بۇنداق يار بولۇشىمىز گۇناھمۇ ئەمەس، بۇنىڭ ئەڭ تەلەپچان ئەخلاقشۇناسلار قاپىقىنى تۈرۈپ قارايدىغان يېرىمۇ يوق.

**ئەخلاقشۇناسلىق** ئى. ئەخلاق - پەزىلەت، تەرتىپ - ئىنتىزام، ئەدەب - قائىدىلەر ھەققىدىكى پەن: ئەخلاق ــ ئەخلاقشۇناسلىق بىلەن ئىجتىمائىيەتنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى؛ ئەخلاقىي پەزىلەت بولسا، پسىخولوگىيە بىلەن پېداگوگىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى. * ئەخلاقشۇناسلىق كىشىگە ئۆزىنى تونۇشنى ئۆگىتىدۇ، لوگىكا ۋە ستىلىستىكا كىشىنى ناتىق قىلىدۇ.

**ئەخلاقلىق** سۈپ. ياخشى تەربىيە كۆرگەن، ئەخلاقى ياخشى، ئەدەبلىك: مۇئامىلىسى ياخشى، ئەخلاقلىق كىشىدىن ھەرقانداق كىشىگە پايدا كەلسە كېلىدۇكى، زىيان كەلمەيدۇ.

**ئەخلاقىي** سۈپ [ئە] ئەدەب - ئەخلاققا ئائىت، ئەدەب - ئەخلاققا دائىر، ئەخلاق - پەزىلەتكە خاس: ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىي تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشى زور مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلىنىدۇ.

**ئەخلاقىي بىلىم** ئەخلاققا ئائىت ساۋات،

ئەدەب ـ ئەخلاقتا دائىر بىر يۈرۈش سىستېمىلاشقان بىلىم: ئەخلاقىي بىلىم دېگىنىمىز كونكرېت ھەرىكەت ئۆلچىمى بىلەن ئۇلارنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىدىن ئىبارەت.

**ئەخلاقىي پەزىلەت** ئەدەب ـ ئەخلاقتا خاس ئېسىل خىسلەت، تەرتىپ ـ قائىدىگە ئائىت يۈكسەك ئادەت: ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىمۇ تەربىيىنى ئاساس قىلغان تەربىيە بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەش قارىمۇقارشىلىقى بىرلىكىنىڭ راۋاجلىنىش جەريانى.

**ئەخلاقىي تەربىيە** ئەخلاق ـ پەزىلەتنى مەزمۇن قىلغان تەربىيە.

**ئەخلەت** ئى [ئە] ئۆي ئىچى، ھويلا ـ ئارام، كوچا قاتارلىقلارنى سۈپۈرۈپ تازىلاش جەريانىدا توپلانغان تاشلاندۇق، مەينەت نەرسىلەر؛ سۈپۈرۈندى: بۇ قېتىمقى «مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتى پاسكىنا، قالايمىقان، ناچارلىقنى تۈگىتىش، مەنىۋى ئەخلەتنى سۈپۈرۈپ تاشلاشتا چوڭ تۈرتكە بولىدۇ.

**ئەخلەت سۈزگۈچ** <سۇ> سۇدا ئېقىپ كەلگەن ئەخلەتلەرنى ئۆتكۈزمەي سۈزۈپ قېلىش ئۈچۈن ياسالغان سايمان؛ شالا ياكى تور.

**ئەخلەت ئوغۇت** <دېھ> ئاساسلىق ئوغۇتلاردىن باشقا ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ئەخلەتتىن ئىشلەنگەن ئوغۇت.

**ئەخلەت ـ چاۋار** ئەخلەت ۋە چاۋار قاتارلىق نەرسىلەر: شەھەرنى ئوراپ سوقىقان سېپىل ئۈچۈن توپا ئېلىنغان خەندەكلەر ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، بۇ يەر توختام سۇ ۋە شەھەر ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ تۆككەن ئەخلەت ـ چاۋارلار بىلەن چىرىپ سېسىپ پاسكىنلىشىپ تۇرىدۇ.

**ئەخلەتخانا** ئى. [ئە+پ] ئەخلەت تۆكۈش ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان، تەييارلانغان جاي، ئورۇن: بىز تۇرغان ئۆي ئەخلەتخانىغا ئايلىنىپ قېلىپتۇ. * ئەخلەتخانا ئولتۇراق ئۆيدىن يىراق بولۇشى لازىم.

**ئەخلەتلىك** ئى ئەخلەت بار، ئەخلەتكە تولغان جاي.

**ئەخمەق** سۈپ [ئە] ئەقلىي جەھەتتىن چەكلەنگەن، ئەقىل ئىشلەتمەيدىغان، نادان، ھاماقەت، ئەقىلسىز: ئەخمەقنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق (ماقال). * ــ ۋاي ئەخمەق، شۇ گەپكە ئالدىنىپ شۇنچە يەردىن ئەگىشىپ كەلگىنىنى قارا، ــ دېدى ئۇ ئاستا پىچىرلاپ، ــ ئەخمەق دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى.

**ئەخمەق ئەتمەك** ← **ئەخمەق قىلماق.**

**ئەخمەق بولماق** ئالدانماق، گوللانماق، ھاماقەت بولماق؛ ئەقىلسىزلىق قىلماق: ئادەم بولمىساڭ ئەقلىڭ بىلەن، ئەخمەق بولسەن ساقلىقىڭ بىلەن (ماقال). * ــ خورجۇن توشمايدۇ دېسەم نېمە بولسا بولسۇن دېدىلە، شۇ خورجۇنىنىڭ توشمىغان يېرىگە چالما سالدىم، ــ دەپتۇ، دېھقان. پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئەخمەق بولغانلىقىنى بايقاپ دېھقاننى جازالىماپتۇ.

**ئەخمەق قىلماق** ئالدىماق، گوللىماق، بۇرنىدىن يېتىلىمەك: كۆپ سۆز ئادەمنى ئەخمەق قىلار (ماقال). * ئەخمەق دېگەن مۇشۇ ئۇكام، ۋاي قىزىڭلارنى قېتىپ بېرىڭلار، دېدىڭلار، خوپ دېدۇق، بوگۈنكى كۈنگە كېلىپ، يەنە بۇ ئىشنى كەينىگە سۆرەۋاتىسىلەر، بۇ ئەخمەق قىلغان بولماي نېمە!

**ئەخمەقلەرچە** رەۋ. ئەخمەقلەرگە ئوخشاش، ئەخمەقلەردەك: ــ داداڭ بىزنى ھەرگىزمۇ ساڭا ئوخشاش مۇنداق ئەخمەقلەرچە يېمەيدۇ، ــ دېدى بورسۇق بۆرىگە.

**ئەخمەقلەشتۈرمەك** «ئەخمەقلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەخمەقلەشمەك** پ. ئەخمەققە ئايلانماق، ئەخمەق بولماق: مۇشۇ ھەققەتنى ئۇنىڭ ئويۇن بىلەن ئەخمەقلىشىپ كەتكەن كاللىسىغا، ھاراق بىلەن قارىيىشقا باشلىغان كۆڭلىگە ئورناشتۇرۇشقا تىرىشتىم.

**ئەخمەقلىك** «ئەخمەق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ياخشى ئوقۇۋاتقان بالىنى

www.uyghurkitap.com

مەكتەپتىن چىقىرىۋالىمەن، دېيىش، ئۇنىڭغا چىققان ئەخمەقلىك.

**ئەخمەقلىك قىلماق** ئەخمەقچە ئايلانماق، ئەخمەققە ئوخشاش ھەرىكەتتە بولماق: — مۇدىرنىڭ ئىستىقبالى تېخى ئالدىدا، — دېدى شانىياز چولپانخان ئانىنى قىزىقتۇرۇپ، — ئىش بىز دېگەندەك بولسا ھەممىڭلارنىڭمۇ تويى بولىدۇ، ئەخمەقلىك قىلىپ، باشقا خىياللاردا بولۇپ يۈرمىسلە.

**ئەخمەقانە** رەۋ [ئە+پ] ئەخمەقلەرگە خاس، ئەخمەقلەرچە: ھازىرقى جەمئىيەتتە غايە بىلەن ئەخمەقانە خىيالنىڭ پەرقىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ. يەنە بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، «قولۇمدىن كەلمەيدۇ» بىلەن «قولۇم بارمايدۇ»نىڭ پەرقىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ.

**ئەخمەقانىلىك** ئى. ئەخمەقلىك: — بۇ چېكىدىن ئاشقان ئەخمەقانىلىك، — دېدى ئېلى كۆزلىرىنى قىسىپ، — قانداقمۇ قورساقتىكى ھامىلىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز بولۇشىنى بەلگىلەپ بەرگىلى بولسۇن؟

**ئەدەب** ئى [ئە] كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇئامىلىدە ئۆزىنى تۇتۇشىنى بىلىشى؛ ئەخلاق، تەربىيە ۋە ئۇنىڭ ئۇۋاچەملىرى: ئۇ شۇ كۈنى كەچتە زاۋۇت ئامبىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ياش ئامبارچىغا ئەدەب بىلەن سالام قىلدى. * شۇ ھالەتتە تۇرغىنىمىنى كۆرۈپ قىز، ئەدەب بىلەن قىلدى تازىم ھەممە تېز.

**ئەدەب ساقلىماق** كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى قائىدە-يوسۇن، ئىجتىمائىي تەرتىپكە رىئايە قىلماق، ئەمەل قىلماق، بويسۇنماق: ھاكىم ئىككىلا قولىنى تىزىغا قويۇپ ئالدىغا بىرئاز ئېگىلىپ، پۈتۈن دىققەت-ئېتىبارى بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى. «ئۆز دادىسىنىڭ ئالدىدىمۇ مۇنچىلىك ئەدەب ساقلاپ ئولتۇرمىغان بولاتتى-ھە؟» دەپ ئويلىدى سېتى.

**ئەدىبىنى بەرمەك** زەربە بەرمەك، دەككىسىنى، جازاسىنى بەرمەك: تۈلكە ئەمدىلا تامغا سەكرىگەنىكەن، ئىت، توخۇ، غاز، ئۆردەكلەر يۇگۇرۇشۇپ كېلىپ قويرۇقىدىن تارتىپ چۇشۇرۇۋاپتۇ ۋە ھەممىسى بىر بولۇپ ھەييار تۈلكىنىڭ ئەدىبىنى بېرىپتۇ.

**ئەدىبىنى يېمەك** باشقىلاردىن دەشنام ئاڭلىماق، زەربە يېمەك: ئىززىتىنى بىلمىگەن ئەدىبىنى يەر (ماقال). * ھاموت ئىدارىسىنىڭ ئامبارچىسى بولۇپ، خىيانەتتىن قول ئۈزمىگەنلىكى ئۈچۈن داۋام ئۇنى پاش قىلغان، تەنقىد قىلغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇ تەشكىل ئالدىدا ئەدىبىنى يېگەن.

**ئەدەب-ئەخلاق** ئەدەب ۋە ئەخلاق: ئەركىنجان ئەمدى ھەربىي قىسىمنىڭ بىر چوڭ مەكتەپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا سىياسىينى، ھەربىي ئىشلارنى، ئەدەب-ئەخلاقنى ئۆگىنىپ، چېنىقىپ، تېز ئالغا باسقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

**ئەدەب-ئەخلاقلىق** ئەدەب ۋە ئەخلاقلىق بار، ئەدەب ساقلايدىغان ۋە ئەخلاققا رىئايە قىلىدىغان: «مەدەنىيەتلىك» دېگەن ئەسلى ئەدەب-ئەخلاقلىق، سىلىق-سىپايە، قائىدە-يوسۇنلۇق، شېرىن سۆزلۈك بولۇش دېگەندەك مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

**ئەدەبسىز** سۈپ. ئەدەب-ئەخلاققا، تەرتىپ-ئىنتىزامغا رىئايە قىلمايدىغان؛ تەرتىپسىز، ئەخلاقسىز، بىئەدەپ: ئەدەبنى ئەدەبسىزدىن ئۆگەن (ماقال). * بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ: — ھەي ئەدەبسىز، سەن قايسى يۈزۈڭ بىلەن مېنىڭ دەرگاھىمغا مۇشۇنداق بىمەنە تەلەپنى كۆتۈرۈپ كەلدىڭ؟! جاللات! — دەپ چاقىرىپتۇ.

**ئەدەبسىزلەشمەك** پ. ئەدەب-ئەخلاق، تەرتىپ-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلماق، ئۆزىنىڭدىن چەتنىمەك؛ ئەخلاقسىزلىق قىلماق: — بۇ باللار ئەجەبمۇ ئەدەبسىزلىشىپ كەتتى، — دېدى رازىق ئىشكىنى يېپىۋېتىپ.

**ئەدەبسىزلىك** «ئەدەبسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم ئابستراكت شەكلى: — قوي مۇنداق گېپىڭنى، 6-ئايدا جۇۋا كىيىپ ۋاڭ غوجامنىڭ مەرىكىسىگە كېلىش ئەدەبسىزلىك بولىدۇ، — دېدى غوجاكا. * — بۇ خىزمەت قىلىدىغان ئورۇن. ئىشخانىدا مەست

بولۇپ ئولتۇرۇشىنىڭ ئۆزى ئەدەبسىزلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارنىڭ خىزمەت قىلىشىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ، ـــ دېدى باشلىق.

**ئەدەب ـ قائىدە** ئەدەب ۋە قائىدە: «خوتۇنى بار تۇرۇپ خوتۇنۇم يوق دېسە، ئەمرىدىن جۇدا بولىدۇ...»غان ئىسلامىيەتنىڭ ئەدەب ـ قائىدىسىنى ئىمام مۇھەممەت ئوبدان بىلەتتى.

**ئەدەبلەتمەك** «ئەدەبلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەدەبلەنمەك** «ئەدەبلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.

**ئەدەبلىك** سۈپ. ئەدەب ـ ئەخلاق قائىدىدىلىرىگە رىئايە قىلىدىغان، ئەدەبنى بىلىدىغان، تەربىيە كۆرگەن؛ ئەخلاقلىق: ئەدەبلىك بولۇش پائالىيىتى ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ياخشى يۆنىلىشكە قاراپ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈردى. * ئانا مەكتەپ بىزلەرنى ئۆستۈرمەكتە ئەدەبلىك. ئەخلاق، ئوقۇش، ئەمگەكنى بىلىمىز، ئەڭ شەرەپلىك.

**ئەدەبلىمەك** پ. باشقىلارغا جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن زەربە، دەككە بەرمەك، جازالىماق: بەزىلەر يۇرت ئاقساقاللىرى، يۈزبېشىلەر، مىراب ـ دوغىلارنى باغلاپ كېلىپ، راسا ئەدەبلەپ جازاسىنى بېرىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بەزىلەر كونىلىرىنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىپ، يېڭى ئاقساقال، يۈزبېشى، مىرابلارنى قويۇشنى تەلەپ قىلىپ ۋارقىرايتتى.

**ئەدەب ـ هۆرمەت** ئەدەب ۋە هۆرمەت: يۈسۈپ بەگ ۋە ئەھمەد بەگ قىرىق يىگىتنى باشلاپ ئۆرگەنچ يۇرتىغا يېتىپ كەلدى. ئېر ئەلخان تامامىي بەگلىرى بىلەن ئالدىغا چىقىپ ئىززەت ـ هۆرمەت بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ تەختكە تەكلىپ قىلدى. يۈسۈپ بەگ، ئەھمەد بەگلەر ئەدەب ـ هۆرمەت ساقلاپ پەستە ئولتۇردى.

**ئەدەب ـ ئىكرام** ئەدەب ۋە هۆرمەت: شاھزادە پەرىزاتنى كۆرۈپ، ئەدەب ـ ئىكرام بىلەن سالام بېرىپ، قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

**ئەدەبىي** سۈپ [ئە] بەدىئىي ئەدەبىياتقا، يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا، يازغۇچى، ئەدىبلەرگە دائىر، ئائىت؛ ئەدەبىيات تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىدىغان: ئەدەبىي ئەسەر. ئەدەبىي تەخەللۇس. ئەدەبىي تىل. ئەدەبىي هايات. * بۇ ئادەمنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى مەن رومانىدا يازمىغان. ئۇ ئۆزى ناھايىتى كېلىشكەن، ئەدەبىي ماھارىتى ئۈستۈن بىر ئادەم ئىدى. * هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرى كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

**ئەدەبىي ئاخبارات** <ئەد> نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ بىر خىلى، خەۋەر، ئاخبارات، زىيارەت خاتىرىسى، ئوچېركىلارنىڭ ئومۇمىي نامى. رېئال تۇرمۇشتىكى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار تېما قىلىنىدىغان مۇۋاپىق بەدىئىيلەشتۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە خەۋەر.

**ئەدەبىي ئەسەر** بەدىئىي ئەدەبىياتتا يازغۇچىنىڭ تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق كىتابخانلارغا تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ۋەقەلىكنى رېئال ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ تونۇشتۇرغان ئەسەر، ھېكايە، رومان، شېئىر، دراما، قاتارلىق ئەسەرلەر: تارىخىي خاتىرىلەردىكى، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى، رېئال تۇرمۇشتىكى شۇنداق ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان تراگېدىيە ـــ پاجىئەلەر بۈگۈنكى كۈندە سۇ گۈەنلەنىڭ تەقدىرىدە نەچچە قېتىم تەكرارلانغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

**ئەدەبىي ئەنئەنە** <ئەد> ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەدەممۇ قەدەم شەكىللەنگەن، ئۆزىگە خاس مىللىي تۈسكە ئىگە بەدىئىي نۇقتىئىنەزىرى، بەدىئىي ئۇسلۇبى، سەنئەت شەكلى قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى.

**ئەدەبىي تەرمىلەر** <ئەد> بىرەر پارچە ماقالە

ياكى كىتابتىن تاللىۋېلىنغان ئۈزۈندىلەر.

**ئەدەبىي تەلەپپۇز** <تىل> ئەدەبىي تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى يەنى ئىستېمال ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولغان دىئالېكتىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزى، ئۈرۈمچى تەلەپپۇزى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

**ئەدەبىي تەنقىد** <ئەد> بەلگىلىك سىنىپنىڭ سىياسىي نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قارىشىغا ئاساسەن ھەر خىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەھلىل ـ تەتقىق قىلىش، باھالاش ۋە خۇلاسىلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بىر خىل ئىلمىي پائالىيەت: «ئېچىلىش ـ سايراش» فاڭجېنى ئەدەبىي تەنقىدنى ھەرگىزمۇ چەتكە قاقمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇ ئەدەبىي تەنقىدنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئەدەبىي تىل** <ئەد> بەلگىلىك بىر مىللەت خەلقىنىڭ ئېغىز تىلىنى ئاساس قىلىپ ئۇزاق تارىخىي دەۋر جەريانىدا شەكىللەنگەن، پىششىقلانغان، قېلىپلاشتۇرۇلغان، ئەدەبىي ئەسەرلەر، گېزىت ـ ژۇرناللار، كىتاب ماتېرىياللار، خەت ـ ئالاقە ۋە رادىئولاردا ئىشلىتىدىغان ئورتاق تىلى.

**ئەدەبىي سەنئەت** <ئەد> ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى ياكى بىرىكىشى: ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىگە قىزىقىدۇ، بەزىلىرى تەنتەربىيىگە قىزىقىدۇ. تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى بۇ خىل ھەرىكەتلەرگە قاتناشتۇرۇپ ئۇنى ئۆگىنىش بىلەن باغلاشتۇرىدۇ.

**ئەدەبىي لەقەم** <ئەد> ← **تەخەللۇس.**

**ئەدەبىي مىراس** <ئەد> تارىختىكى يازغۇچىلار ۋە خەلق ئاممىسى ئىجاد قىلغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى: «بۇلاق» مەجمۇئەسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرىدىغان بىردىنبىر ژۇرنال.

**ئەدەبىي ئوبزور** <ئەد> يازغۇچىلىق كەسپىدە ئۆزئارا باغلانغان مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە دائىر مەلۇماتلار تىل ۋاستىسى بىلەن ئەدەبىي تەھلىل ئارقىلىق ناھايىتى قىسقا، ئىخچام، ئۆتكۈر قىلىپ خۇلاسىلانغان يازما ئاخبارات: يېقىندا مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ياخشىراق يازايلى، قىسقىراق يازايلى» دېگەن ئەدەبىي ئوبزورلار توپلىمى ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

**ئەدەبىي ئۇسلۇب** <ئەد> ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ بىر قاتار ئىجادىيەتلىرىدە ئىپادىلىگەن يېزىش ئۇسۇلى، ماھارىتى.

**ئەدەبىي ئېقىم** <ئەد> بەلگىلىك تارىخىي دەۋردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بولغان قارىشى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبى ئوخشاش ياكى بىر ـ بىرىگە يېقىنراق بولغاق يازغۇچىلارنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدىكى قوشۇلمىسى.

**ئەدەبىي ئىجادىيەت** <ئەد> يازغۇچى، شائىرلارنىڭ قەلەمكەشلىك ئىشىدا ياراتقان تۆھپىسى، قولىغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى: كۆچۈرمىكەشلىك ياكى ئوغرىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئەڭ پەسكەش خاھىش.

**ئەدەبىي ئىستىل** <ئەد> ← **ئەدەبىي ئۇسلۇب.**

**ئەدەبىيات** ئى [ئە] ① تىل ۋاستىسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى كۆرەشلەرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان سەنئەت. ئۇ، سەھنە ئەسىرى، شېئىر، ھېكايە، نەسرىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: شاھ ھەسەن بەدرىددىنگە ئەدەبىيات ساھەسىدىن يەنە بىرنەچچە سوئال بېرىپتۇ. ② بىرەر خەلق ۋە بىر دەۋرنىڭ بەدىئىي، ئىلمىي، پەيلاسوپىيىلىك ۋە باشقا ئەسەرلەرنىڭ يىغىندىسى. ③ مۇئەييەن بىر پەن ياكى ساھەگە، مەسىلىگە ئائىت ئەسەرلەر، كىتابلار.

www.uyghurkitap.com

**ئەدەبىيات تارىخى** ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات جەريانى تەتقىق قىلىنىدىغان پەن. ئەدەبىيات تارىخىدا ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش تارىخى ۋە قانۇنىيىتى شەرھلىنىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىنىپىي كۆرەش جەريانىدا ئوينىغان رولى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىملىرى ۋە ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى تەتقىق قىلىنىدۇ.

**ئەدەبىيات مۇنبىرى** ئەدەبىيات ساھەسى، ئەدەبىيات سەھنىسى.

**ئەدەبىيات نەزەرىيىسى** ئەدەبىيات ھەققىدىكى ماركسىزم-لېنىنىزم پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان نۇقتىئىنەزەر، قائىدە-قانۇنلارنىڭ ئومۇمىي يەغىندىسى: بىر يازغۇچى ئالدى بىلەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن ياخشى خەۋەردار بولۇشى ھەتتا ئۇنىڭ ئەك ئۇستىلىرىدىن بولۇشى لازىم.

**ئەدەبىيات ئىنقىلابى** «4-ماي» ھەرىكىتىدىن ئىلگىرى-ئاخىر قانات يايدۇرۇلغان كونا ئەدەبىياتقا قارشى تۇرۇپ، يېڭى ئەدەبىياتنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھەرىكەت. ئەدەبىيات ئىنقىلابى ۋىنىيەن ئەدەبىياتىغا قارشى تۇرۇپ، ئاممىباب ئەدەبىي تىلنى يېتەكچى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدىغان ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ فېئوداللىق مەزمۇندىكى كونا ئەدەبىياتقا قارشى تۇرۇپ، جاھانگىرلىككە، فېئوداللىققا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتىدۇر.

**ئەدەبىياتچى** ئى. ئەدەبىيات كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس: تويىنى قىزىتىدىغان سازچى بولغىنىدەك زامانىنى قىزىتىدىغان ئەدەبىياتچى، سەنئەتچىدۇر.

**ئەدەبىياتچىلىق** ئى. ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى: بۇ دىياردا بىز سانى ئاز مىللەتلەرگە مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ۋە ئەدەبىياتچىلىق ساھەسىدە ھازىرقىدەك بېرىلىۋاتقان ئەھمىيەتنى تارىخىمىزنىڭ كۆزى كۆرگەن ئەمەس.

**ئەدەبىيات-سەنئەت** ئەدەبىيات ۋە سەنئەت: ھازىر كۆپلىگەن ناھىيىلەردىكى يېزا-قىشلاقلاردا ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات-سەنئەت گۇرۇپپىلىرى بار.

**ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىمى** بەلگىلىك تارىخىي دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە سىياسىي كۆرەشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە شەكىللەنگەن مەلۇم ئىدىيىۋى خاھىش.

**ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى** ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تۈپ ماھىيىتى، ئالاھىدىلىكى، تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي رولىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نەزەرىيە، نەزەرىيىۋى بىلىم.

**ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى** <تارىخ> ياۋروپادا (ئىتالىيىدە) XIV ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە داۋاملاشقان مەدەنىيەت ۋە ئىدىيىۋى گۈللىنىش ئېقىمى. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكى ئىنسانپەرۋەرلىك بولۇپ، ئادەمنى ئاساس قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، ئىلاھنى ئاساس قىلىدىغان دىنىي ئەقىدىلەرگە قارشى چىققان.

**ئەدەبىيات-سەنئەت ئىلمى** ئەدەبىيات ھەمدە سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدىغان ئىلىم. ئۇ ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئەدەبىياتشۇناس** ئى [ئە+پ] ئەدەبىيات كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس،

ئەدەبىياتچى.

**ئەدەبىياتشۇناسلىق** ئى <ئەد> ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىد قاتارلىق ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئەدەبىيلىك** ئى ① ئەدەبىي سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش شۇنىڭدەك ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى توغرا، ئېنىق جانلىق ئىپادىلەش دەرىجىسى. ② يازغۇچى، ئەدىبلەرنىڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرىدىكى كەسپىي ماھارىتى.

**ئەدەتمەك** «ئەدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاپپاراتلارنىڭ كېلەڭسىز بولۇپ كېتىشى، ئۆز نۆۋىتىدە مۇقەررەر ھالدا بيۇرو-كراتلىقنى ئەدىتىپ قويىدۇ.

**ئەدەس** ئى [ئە] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، پاكار ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى جۈپ سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تۆت جۈپتىن يەتتە جۈپكىچە بولىدۇ؛ گۈلى ياز مەۋسۇمىدا ئېچىلىدۇ. ئۇ تاق ياكى جۈپ سانلىق ئومۇمىي گۈل رېتىدە ئۆسىدۇ، گۈل تاجى كېپىنەك شەكلىدە كېلىدۇ؛ مېۋىسى قاسراقلىق ۋە ياپىلاق كېلىدۇ، ئۇرۇقى بىر-ئىككى تال بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى كۆپۈنكە ئەينەككە ئوخشايدۇ؛ ئەسلى ماكانى ياۋروپانىڭ جەنۇبى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ؛ ئۇرۇقىدا لەڭپۇڭ ئۇنى ياكى يەم-خەشەك ئىشلەشكە بولىدۇ.

**ئەدەشمەك** «ئەدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەدرەك** ئى [ئە] يەرلىك ئۇسۇل بىلەن شېكەر قىيامىغا دورا-دەرمان ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك: مەيدانىنىڭ تۆت تەرىپىدىن يازلىق مېۋە-چېۋە، قوغۇن-تاۋۇز، ئەدرەك، مەنپىسى، گۆش گىردە، كاۋاپ، مارۇژنا، دوغاپ... سېتىۋاتقان ئوقەتچىلەرنىڭ يولدىن ئۆتكۈچىلەرنى ئۆز ئېلىگە ئېغىز تېگىپ بېقىشقا چىللاپ، ھەۋەس بىلەن توۋلاشقان ياڭزىمۇياڭزا ئاۋازلىرى ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**ئەدگو** سۇپ. تارس. ساۋابلىق، خەيرلىك، ياخشى: كەتكەن قالغانلارغا ئەدگۇ نام قالدۇرۇپ كەتسە، ئاۋۇندا بۇنىڭدىن ئەدگۇ ئىش يوق، شۇنداق ئەمەسمۇ ھۆرمەتلىك بىلگە تېگىن؟

**ئەدلى-ئادالەت** توغرا، ئادىل، ھەققانىي: — ئەزىز ئىنىم، قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمەن. ئەگەر خالىسىڭىز، ئاتىڭىز بىلەن بىللە مەيخانىنى يىغىشتۇرۇپ، كوچاغا كېلىڭ، بىرلىكتە ئەدلى-ئادالەت يولىنى تۇتايلى. قانداق دەيسىز؟ — دېدى ھۆسەيىن بەگ.

**ئەدلىيە** ئى [ئە] <قا> خەلق سوت ئىشلىرىدا قانۇننى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى تۈرغۈزۈلغان ئەنزە دېلولىرى، ھۆكۈم ماتېرىياللىرىنى بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ كۆزدىن كەچۈرىدىغان تەپتىش ئورگان: ئوچۇق سوت ئاخىرلاشقاندا خەلق ساقچىلىرى ۋە ئەدلىيە خادىملىرى جاۋابكارنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ تۈرمىگە ئېلىپ ماڭدى.

**ئەدلىيە ھەمكارلىقى** <قا> خەلقئارالىق خۇسۇسىي قانۇندا ئىككى دۆلەت سوت مەھكىمىلىرى ھەق تەلەپ ئەنزىلىرى ياكى جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆزئارا ۋەكالىتەن بېجىرىپ بېرىش مەقسەت قىلىنغان ھەمكارلىق.

**ئەدنا** (ئەدناسى) سۇپ [ئە] جان ت. ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك، ئەقەللىيسى، ئاددىيسى: بىرەر يېڭى ئىش قىلماقچى ئىكەنمىز، چوقۇم ئۇنىڭغا مەلۇم ئىقتىساد كېتىدۇ. ئەدناسى، قوشقاچ تۇتۇش ئۈچۈنمۇ بىر سىقىم تېرىق بولمىسا

www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ. * بىر چەتتىرەك ئولتۇرغان ئايالـلار جۈرىنى باياتىن بېرى نىياز قۇربانىنىڭ «ئەد-ناسى، قىشچە دادۇي ئىچىدە قىلىدىغان ئىشمۇ ئاز ئەمەس» دېگەن سۆزىنى ھېساب-چوت قىلىپ ئولتۇراتتى.

**ئەدىب** ئى [ئە] ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى؛ يازغۇچى، شائىر، قەلەمكەش: بۇ مىساللاردىن ۋە قاراشلاردىن مەقسەت شۇكى، ئەدىبلەر مەيلى شېئىر، مەيلى ھېكايە يازسۇن تۇرمۇشتىكى مۇشۇنداق ئالاھىدە «يېڭى» نەرسىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. * ساۋۇتوۋ ئىككىمىز ئۇزاققىچە كوچا ئايلاندۇق. ئۇ داڭلىق ئالىملار، ئەدىبلەر توغرىسىدا قىزىقارلىق ھېكايىلارنى سۆزلەپ بەردى.

**ئەدىبلىك** ئى «ئەدىب» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى.

**ئەدىرەك** (توغرىسى: ئەدرەك) ← **ئەدرەك.**

**ئەدىمەك** پ ① ئاۋۇماق، ئۇلغايماق: دىلەيساخان دەرۋازىغا مېڭىپ، ــ مەرەزگە خىزمەت قىلغىنىڭغا شۇنچە كالچارامسىنا، بىلىپ قوي، پاقا سېسىق سۇدا كۇركىرايدۇ. چۈشىن ئەۋرەزدە ئەدەيدۇ! ــ دەپ غودۇڭشىدى. ② ئەۋج ئالماق، كۈچەيمەك: ئاتلارنىڭ كىشنەش، پۇرقۇشلىرى جىمىقتى. بىراق قاراڭغۇلۇق قانچە يېپىلغانسېرى دۈشمەن ئوقلىرىنىڭ ئۇچۇپ كېلىشى شۇنچە ئەدىمەكتە ئىدى. ③ ھەددىدىن ئاشماق، ئۆزىنى بىلەلماي قالماق: ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ قولۇمغا ئېسىلغاندا، گۈلنى قاچۇرۇپ شۈك تۇردۇم. قول ياندۇرمىدىم. ئۇ تېخىمۇ ئەدەب ياقامغا ئېسىلدى.

**ئەدەب قالماق** ① ئاۋۇپ قالماق، ئۇلغىيىپ، كۆپىيىپ قالماق: بىرنەچچە كۈندىن بۇيان بېسىلىپ قالغان باھار شامىلى يەنە ئەدەب قالدى. ② ھەددىدىن ئاشماق، ئۆزىنى بىلەلمەي قالماق.

**ئەدەب كەتمەك** ① تازا ئۇلغايماق، ئەۋج ئالماق، كۆپىيىپ كەتمەك: بەزى ئەھۋاللار كىشىنى چۆچۈتىدۇ، بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ئەدەب كېتىشىگە يول قويۇلسا، پارتىيىدە جەڭگىۋارلىقتىن نېمە قالسۇن! ② ھەددىدىن ئاشماق، ئۆزىنى بىلەلمەي قالماق: ئاشۇنداق ئوتتۇرىيۇقلارنىڭ جازاسىنى بېرىپ، يۈرىكىنى مۇجۇپ قويمىسا، باشقا مۇتتەھەملەرمۇ ئەدەب كېتىدۇ.

**ئەدىيال** ئى [ر] يوتقان-كۆرپە ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ھەم ئورۇن-كۆرپە ئۈستىگە يېپىلىدىغان، يۇڭ ۋە پاختا يىپتىن توقۇلغان يالاڭ قەۋەت يېپىنچا، ياپقۇچ: ئۇنىڭ ئاددىي ياسالغان مېھمانلىق ئۆيىنىڭ قىبلە تېمىغا قويۇلغان كۆك ساندۇقنىڭ ئۈستىگە بىرقانچە ئاددىي شاتىۋار يوتقان-كۆرپىلەر تىزىلىپ، ئۈستىگە بىر پارچە يېشىل يوللۇق ئەدىيال يېپىپ قويۇلغانىدى.

**ئەر** ئى ① ئەركەك جىنسقا مەنسۇپ كىشى؛ ئەركەك: ئەر كىشى. ئەر خەق. * بىر سۆز بىلەن ئەر ئۆلمەس (ماقال). * ئاخشامقىدەك ياخشى ئەرنى مەن چۈشۈمدىمۇ كۆرگىنىم يوق. ② خوتۇن كىشى بىلەن نىكاھ ئەھدىدە بولغان ئەر كىشى (ئۆز خوتۇنىغا نىسبەتەن): بالاڭ ئۆلسە ئەرگە باق، ئېرىڭ ئۆلسە يەرگە باق (ماقال). * ئەر قەيەردە بولسا، خوتۇن شۇ يەردە (ماقال). * ئۆيۈم ھېيتتىكىدەك بولسا، ئېرىم توي كۈنىدىكىدەك بولسا (ماقال). * ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرى بىلەن كېتىشتى. ③ مەرد يىگىت، ئالىيجاناب، جەسۇر كىشى: بېلىق سۇدىن ئايرىلالماس، باتۇر ئەر ئەلدىن (ماقال). * ئەل بار يەردە ئەر بار (ماقال). * تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى، سۈزۈپ ئىچەر ئەر قېنى؟ مېنى قەشقەر شەھىرىگە. ئېلىپ كېتەر ئەر قېنى. * شۇ بوستانلار ئىچىدە بار ئىدى كۆپ قەبرىلەر. كۆمۈلگەنتى بۇ يەرگە قانچە باتۇر-مەرد ئەرلەر.

**ئەر خەق** ئەركەك جىنسقا مەنسۇپ بولغان كىشىلەر؛ ئەر كىشىلەر: ئەر خەق دېگەننىڭ كىپى گەپ بولمىسا بىكار. * بۈگۈنكى تويدا ئەر خەقلەرگە مەخسۇس سورۇن تەييارلاندى. * مەن

قۇربان ھېيتتا ئەر خەقلەر بىلەن بىللە ھېيتلىدىم.

**ئەرگە بەرمەك** قىز ۋە ئاياللارنى تۇرمۇشقا چىقارماق؛ ياتلىق قىلماق، تالالىق قىلماق:
— مېنىڭ ھەر دائىم تەلىيىم كاج كېلىۋاتىدۇ. ھېچ بولمىسا تېخنىكۇملارغا كىرىپ بولسىمۇ ئوقۇپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ بىرەر بۆلۈكلىرىدە ئىش-پىشلىق بولۇپ قالغان بولسام بۇنچە خارلىنىپ يۈرمەس ئىدىم. يەتتىنچى سىنىپنى پۈتتۈرۈپلا دادام ئۆيگە قايتۇرۇپ ئەكىلىۋالدى. ئەمدىلىكتە مۇشۇ يەردە ئەرگە بېرىمەن دەۋاتىدۇ، — دېدى بۇۋىھەجەر ياغاچچى يىگىت پىداغا.

**ئەرگە تەگمەك** ئەرلىك بولماق، ياتلىق بولماق، تالالىق بولماق، تۇرمۇشقا چىقماق:
گۈلەمخاننىڭ قوش پوپۇكى يەرگە تېگەمدۇ، ئۇن بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئەرگە تېگەمدۇ؟. * ئۇ قىز: — بولۇپتۇ خاپا بولما، ئاپا. مەن ئەرگە تېگىمەن دەپ ئالدىرىغىنىم يوق، ساڭا يارىغۇدەك كادىر چىققۇچە ئولتۇراي...، — دېدى.

**ئەرگە چىقماق** ← **ئەرگە تەگمەك**: يېتىملىك ئۈستىگە تۇللۇقنىڭ دەردى قوشۇلغانىدى، يىغلاپ-قاقشاپ بىر يىل قارىسىنى تۇتۇپ يەنە بىر ئەرگە چىقتىم. چۈنكى ئىگىلىكىمنى باشقۇرۇشتا يالغۇزلۇق قىلاتتىم.

**ئەر يەتمەك** ← **بالاغەتكە يەتمەك.**

**ئەر-ئايال** ① ئەر ۋە ئايال: يىراقتا ياپپېشىل مايسىلار ئارىسىدا ئالىيپېشىل كىيىملەرنى كىيىشىپ، قىزغىن ئەمگەك قىلىۋاتقان ئەر-ئايال ئەزالار ماڭا خۇددى رەڭمۇرەڭ ئېتىز گۈلىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. * بۇ ئىشتا ئەر-ئايال دېمەي ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىلدى. * ئەر-ئايال ھوقۇقتا باراۋەر. ② ئەر ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى: بۇرۇن بىر ئەر-ئايال بولۇپتىكەن، ئۇلارنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، خۇدادىن بىر قىز سوراپ يىغلايدىكەن.

**ئەر-ئاياللىق** ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان: ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت. ئەر-ئاياللىق مېھىر-شەپقەت.

**ئەرەب** ئى [ئە] ← **ئەرەبلەر**: ئەرەب خەلقى. ئەرەب تىلى. ئەرەب رەقەملىرى. ئەرەب ئېلىپبەسى. * ئۇقار ئىدىم قىسسىنى ئەرەبنىڭ، كىتابى بار «مىڭ بىر كېچە» دېيىدىغان. ياشلىقىمدا كۆپ قېتىملاپ مەن ئۇنىڭ، ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئوقۇغان.

**ئەرەب تىلى** <تىل> ئەرەبلەر قوللىنىپ كېلىۋاتقان تىل. ئۇ سام-ھام تىللىرى سىستېمىسىنىڭ سام تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ، غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا ھەم شىمالىي ئافرىقا رايونلىرىدىكى ئەرەب ئەللىرى دائىرىسىدە يۈز مىليوندىن ئارتۇق كىشى قوللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە مول يادىكارلىقلىرى ئەنە شۇ تىل-يېزىقتا يېزىلغان. بۇ تىل خەلقئارادا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىللارنىڭ بىرى، ھەممە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا قوللىنىلىدىغان بەشىنچى خىزمەت تىلى.

**ئەرەب رەقەملىرى** <مات> ئوتتۇرا ئەسىردە ئەرەبلەر ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان ۋە ھازىر خەلقئارادا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان، ناھايىتى كەڭ تارقالغان سان بەلگىلىرى، رەقەملەر يەنى 0، 1، 2، 3، 4، 5، 6، 7، 8، 9.

**ئەرەب كېۋىزى** <بوت> كېۋەزنىڭ بىر تۈرى، تۈگمە گۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، گۈلى سۇس سېرىق، غوزىسىنىڭ شەكلى ياڭاققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاق تالا ۋە چىگىت بولىدۇ، تالالىرى پاختا دېيىلىدۇ، پاختىسى توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى؛ چىگىتىدىن ماي تارتىشقا بولىدۇ.

**ئەرەب ئېتى** <زوئول> ئاتلارنىڭ دۇنياغا مەشھۇر قەدىمكى نەسىللىرىدىن بىرى، ئەسلى ماكانى ئەرەب يېرىم ئارىلى بولۇپ، ئۇزاق

www.uyghurkitap.com

تارىخقا ئىگە؛ جۈغى ئوتتۇرا تىپقا كىرىدۇ، تەن قۇرۇلۇشى تەكشى ۋە چىرايلىق؛ بېشى كىچىك، بويىنى ئۇزۇن ۋە كۆركەم، يايلى ئېگىز ھەم قويۇق، بېلى قىسقا ۋە كۈچلۈك، ساغرىسى ئۇزۇن كېلىدۇ؛ تۆتلا پۇتىنىڭ مۇسكۇل پەيلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان؛ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 148 — 152 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 450 — 500 كىلوگرام؛ شاش ۋە قەيسەر كېلىدۇ، يەڭگىل ھەم تېز چاپىدۇ، چىداملىق. ئۇ، دۇنيادىكى نۇرغۇن-لىغان ئەلا سورتلۇق نەسىللەرنى يېتىشتۈ-رۈشتە زور روللارنى ئوينىغان.

**ئەرەب يېزىقى** <تىل> ئەرەب تىلىنى خاتى-رىلىگۈچى يېزىق، ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ، ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەرەب ئېلىپبەسى تەركىبىدىكى ا ب ت ث ج ح خ د ذ ر ز س ش ص ض ط ظ ع غ ف ق ك ل م ه ن و ي دىن ئىبارەت 28 ھەرپ ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ۋە سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار ھەرپلەرنىڭ ئاستى-ئۈستىگە قويۇلغان بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ئەرەب يېلىمى دەرىخى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يىل بويى كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، تىكىنى بار، يوپۇرمىقى ئىككى قاتلى-نىدىغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق؛ گۈلى ئاق، پۇراقلىق ۋە باشاقسىمان گۈل رېتىدە؛ ئافرىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا كەڭ تارقالغان، يېلىمى «ئەرەب يېلىمى» دەپ ئاتىلىدۇ ھەمدە دورىگەرلىك ۋە سانائەتنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە «ئەموغەيلان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئەرەبچە** ① سۈپ. ئەرەبلەرگە، ئەرەب ئېلىپبەسى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيە-تىگە ئائىت، تەئەللۇق: ئەرەبچە كىتاب. ئەرەبچە ناخشا. * ئۇ ئەرەبچە سىفىرلارنى يوغان ئىككى بەتكە يېزىپ، نۇرغۇن قېتىم ھېسابلىغان بولسىمۇ، ھېسابىنى يەنىلا چىقىرالمىدى. ② ئى. ئەرەب تىلى ۋە يېزىقى: سىز ئەرەبچىنى بىلەمسىز؟ * ئەپەندىم مەدرىستە ئەرەبچە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەلپەت ئىمتىھان ئېلىپتۇ. — ئەپەندىم، موزاينى ئەرەبچە نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

**ئەرەبشۇناس** ئى [ئە+پ] ئەرەب تىلى، يېزىقى، مەدەنىيىتى، ۋە تارىخى بويىچە مۇتەخەسسىس كىشى؛ ئالىم.

**ئەرەبشۇناسلىق** ئى. ئەرەب تىلى، يېزىقى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى ئۆگىنىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئەرەبىي** سۈپ [ئە] ئەرەب تىلىدا ئېيتىلغان ياكى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان؛ ئەرەبچە: مەخسۇم پارسىي ۋە ئەرەبىي كىتابلارغا تولۇق مەنە ئېيتالايتتى.

**ئەرەپات** ئى [ئە] ① مەككىگە يېقىن، ھاجىلار زۇلھەججىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى ھەج ئەركانلىرىنى تاماملاش ئۈچۈن تۇرى-دىغان بىر تاغ. ② ھاجىلار ئەرەپات تېغىدا تۇرغان ۋاقىت: ئەرەپات كۈنى. ئەرەپات ئېيى. ③ ئەرەپات تېغىدا ھەج ئەركانلىرىنى ئادا قىلىش پائالىيىتى: ئەرەپات قىلماق. ئەرەپاتتا بولماق.

**ئەرەپات ئاي** ← **زۇلھەججە.**

**ئەرەختەن-پەرەختەن** ئوڭتەي-توڭتەي، تىرىپىرەن، بىنچىت: خەلق ئارمىيىسى بۇ يىل تۆتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن بۇ شەھەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، چوڭ يىلاننىڭ ئۇۋىسىنى ئەرەختەن-پەرەختەن قىلىۋەتتى.

**ئەرەڭ-سەرەڭ** دىئال. ھەر خىل-ھەر ياڭزا؛ ئوڭ-تەتۈر، ئېگىز-پەس.

**ئەرەن** ئى. ئەر، ئەر كىشى: يۈسۈپ خاس

ھاجىپ «ھەر ئىنسانىغا قۇتادغۇبىلىك» دېسە، ئەخمەت يۈكنەكى «ئەرەن كۆركى ئەقىل، سۆڭەككە بىلىك» دېگەنىدى.

**ئەرەنچە** سۈپ. ئەرلەرگە خاس، ئەرلەرگە مەنسۇپ، ئەرلەرگە ئوخشاش، ئەرلەردەك: ئەرلەر پاسونىدا: ئەرەنچە ئاياغ. ئەرەنچە كۆڭلەك. * ھەلىمىخان جىمجىت ئولتۇرغىنىدا، خەق ئۇنى ئەرەنچە ياسانغان ئىنتايىن گۈزەل قىز بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. * قىز غەزەپتە ھەممە ئىشنى غەملىدى، ھەم ئەرەنچە ياسىنىپ تىك ـ تىكلىدى.

**ئەرەنلىك** ئى. ئەرلەرگە خاس، ئەرلەردە بولىدىغان جىنسىي قۇۋۋەت: ئۇنىڭ ئەرەنلىكى ئاجىز. ئەرەنلىكى ئىشتىن چىققان.

**ئەرباب** (ئەربابى) ئى [ئە] ① پەن، مەدەنىيەت، سەنئەت ساھەلىرىدە ياكى دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىدا ئۆز پائالىيىتى بىلەن تونۇلغان، شۇ ساھەلەردە ئۆزىنى كۆرسەتكەن شەخس: خىزمىتىمىزگە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيادىكى ئەربابلارمۇ دىققەت قىلماقتا. ② باشلىق، ئەمەلدار: ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەپلەپ سالار ھەر باب بىلەن (ماقال).

**ئەربابلىق** ئى. ئەربابلارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت، ئەربابلاردا بولىدىغان ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيەت.

**ئەرپە** (توغرىسى: ھارپا) ← **ھارپا.**

**ئەرتىس** (توغرىسى: ئارتىس) ← **ئارتىس.**

**ئەرتىسلىك** (توغرىسى: ئارتىسلىق) ← **ئارتىسلىق.**

**ئەرتەك** ئى. دىئال. رىۋايەت، ھېكايە، ياخشى گەپ، تەرىپ.

**ئەرجىم** ئى. دىئال. بىر تەرەپ، ھەل: ئەرجىم قىلماق.

**ئەرجىم قىلماق** دىئال. بىر تەرەپ قىلماق، ھەل قىلماق، بېجىرمەك.

**ئەرچە** سۈپ ← **ئەرەنچە:** مەلىكە دادىسىغا تەسەللى ئېيتىپ، قىرىق كېنىزەك تەييارلاپ ئەرچە كىيىندۈرۈپ بىرىشنى ئېيتىپتۇ. * مەن سېنىڭ كۈچۈڭنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، كەينىڭدىن ئەرچە ياسىنىپ چىقىمەن.

**ئەرچىلىك** سۈپ. ئەر بىلەن تەڭ، ئەرگە ئوخشاش، ئەردەك: موماي: «مەن كېتەي بالام، ياخشى چۈش كۆر، ھەي، يالغۇزدىن يالغۇز بىر ئۆيدە بىر ئاجىز بالا، ھېچ بولمىسا بىر ئاق خوراز بېقىپ قوي، يېرىم ئەرچىلىك قانات بولىدۇ، قارا باسمايدۇ...» دېدى ـ دە، ئۆيىگە يول ئالدى.

**ئەر ـ خوتۇن** ئەر بىلەن خوتۇن، ئەر ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى: چىرايلىق ياسالغان ئۆي ئىچى يېڭى تويى بولغان ياش ئەر ـ خوتۇنلاردىن ھال سوراپ كەلگەن ياشلار بىلەن تولغانىدى. * ئايشەم: — بىزنىڭ ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشىمىزگە ھېچقانداق توسالغۇ يوق، — دېدى.

**ئەر ـ خوتۇنچىلىق** ← **ئەر ـ خوتۇنلۇق:** ئۇ گەپكە ئارىلىشىپ: — شۇنداق، ئەمما دادىڭىز بىلەن ئانىڭىز ئەر ـ خوتۇنچىلىق قىلىپ، پەرزەنت كۆرۈپ، ئىناق ئۆتكەنغۇ! — دېدى.

**ئەر ـ خوتۇنلۇق** ئەر بىلەن خوتۇن ئارىسىدا بولىدىغان، ئەر بىلەن خوتۇنغا خاس: ئۇنىڭ بىلەن بىر تۇغقان ئاچا ـ ئۇكا بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىنىدى. ئەمما دادام بىزنى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى تەرەپكە تارتماقچى بولدى.

**ئەرخۇ** ئى [خەن] <مۇز> خەنزۇلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئىككى تارلىق چالغۇ ئەسۋابى. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى يىلان تېرىسى بىلەن قاپلانغان باش، ساپ، قۇلاق، تار، ئوتتۇرا خەرەك، باش خەرەك ۋە كامالچىلاردىن تەركىب تاپقان.

**ئەردەم** ئى. يېزت. ئەدەب ـ ئەخلاق، تەرتىپ ـ قائىدە، ئېسىل پەزىلەت: ئەي بېگىم، ئۇ ئۆلگۈسى كەلگەنلىكىدىن ئۆزلىرىنى خاپا قىلدى، بىراق ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلە، ئۇ ئەردەم ساقلاپ شېھىت بولدى دېگەن نامغا ئىگە بولىدۇ ـ دە، ئۆزلىرى نامەرد دېگەن يامان نامغا قالىدىلا

www.uyghurkitap.com

تەقسىر.

**ئەرز** ئى [ئە] ئاغزاكى ۋە يازما بايان قىلىنـغان شىكايەت، دەرد تۆكۈش، ئىلتىماس: ئابدۇرەھىم قارىي ئاق رەختكە يېزىلغان ئەرز خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. * سەمەتجان يىغىنغا چىقمىدى. ئۇنىڭ كېيىن مېنىڭ ئۇستۇمدىن پارتكومغا ئەرز يازغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

**ئەرز بەرمەك** ⟵ **ئەرز قىلماق.**

**ئەرز قىلغۇچى** <قا> جىنايى ئىشلار ھەققىدە سوت مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە ئەرز قىلغۇچى ئادەم: شەخس.

**ئەرز قىلماق** <قا> سوت مەھكىمىلىرىگە ئەرز سۇنماق، ئەرز بەرمەك: ھەسەن ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلىقى ئۇچۇن قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز قىلدى. * — ئىدارىمىزگە ئەرز قىلىپ كەلگەن كىشىلەر، ئىشى ھەل بولماي، بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئاشۇ يەردە يېتىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى دىجورنى.

**ئەرزان** سۈپ [پ] ① باھاسى، نەرخى تۆۋەن، قىممەت ئەمەس: ئەرزان مال. ئەرزان ساتماق. ئەرزان بەرمەك. * ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق (ماقال). * ئەرزان بىلەن قىممەتنىڭ بازاردا چىققان نەرخى بار (ماقال). * بىز دەسلەپكى كۈنلەرنى ياتاق باھاسى ئەرزان مېھمانخانىدا يېتىپ ئۆتكۈزدۇق. ② كۆچمە. ئەتىۋارى يوق، ئەتىۋارسىز قارىلىدىغان، تايىنى يوق، تۇتۇرۇقسىز: يۇرتقا كەلگەن بۆز ئەرزان، ئېغىزغا كەلگەن سۆز ئەرزان (ماقال). * بۇگۈن كەلسەم «ئەتە كەل» دەيدۇ، بەكمۇ ئەرزان ئۇنىڭ ۋەدىسى، «ئەتە»لەردىن زېرىكتىم ئەجەب، قاچان تۈگەر ئۇنىڭ ئەتىسى.

**ئەرزان توختىماق** تۆۋەن باھادا سېتىۋالـماق، ئەرزان چۈشمەك: سەئۇدى ئەرەبىستاندا چىقىرىلغان نېفىت كۇۋەيتتە چىقىرىلىدىغان نېفىتكە نىسبەتەن ئەرزان توختايدۇ.

**ئەرزان چۈشمەك** تۆۋەن باھادا سېتىۋالـماق، ئەرزان توختىماق: بۇ يەردە ھەسەل كۆپ، شېكەرنىڭ ئورنىغا شۇنى بەرسەڭلار ئەرزان چۈشىدۇ. * بۇ گەپ ياقتى چولاقـقا، بولدى خۇشال، كىرىشتى تۇل ئايال تاپماقـقا دەرھال. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ مۇشكۈل بولدى ئاسان، ۋە بەلكى توي ئىشىمۇ چۈشتى ئەرزان.

**ئەرزانچى** ئى. مالنى ئەرزان باھادا ساتقۇچى: ئەرزانچىنىڭ مېلى تالاشتا قالىدۇ، قىممەتچىنىڭ مېلى تالادا قالىدۇ (ماقال).

**ئەرزانچىلىق** ئى. نەرخ ـ ھاۋا تۆۋەن، ھەممە نەرسە ئەرزان ھالەت. قىممەتچىلىكنىڭ ئەكسى: سىلىنىڭ بۇ يۇرتلىرى خېلى ئەرزانچىـلىق ئىكەن، نېمە دېسە، شۇ تېپىلىدىكەن.

**ئەرزانلاتماق** «ئەرزانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھۆكۈمەت چارە ـ تەدبىر قوللىنىپ نۇرغۇن ماللارنىڭ باھاسىنى ئەرزانلاتتى.

**ئەرزانلاشتۇرماق** «ئەرزانلاشتۇرماق» پېئىـلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مال باھاسىنى ئەرزانلاشتۇرماق.

**ئەرزانلاشتۇرۇلماق** باھاسى، تەننەرخى تۆۋەنلىمەك، باھاسى چۈشمەك، ئەرزان بولماق: كەڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان ماللار ئەرزانلاشتۇرۇلدى.

**ئەرزانلاشماق** پ. باھاسى، تەننەرخى تۆۋەنلىمەك، باھاسى چۈشمەك، ئەرزان بولماق: بازاردىكى ماللار خېلى ئەرزانلاشتى. * بىر يىللىق ئاشلىق باھاسى ناھايىتى ئەرزانلىشىپ كېتىپ، ھېچكىم ئاشلىقنى پۇلغا ئالمىدى. * قوغۇن سەككىزىنچى ئايدا ئەرزانلىشىدۇ.

**ئەرزانلىتىلماق** «ئەرزانلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەرزانلىماق** پ ⟵ **ئەرزانلاشماق:** مېۋە ـ چېۋىلەر كۈندىن ـ كۈنگە ئەرزانلىدى. * بۇ يىل كۆكتات ئوخشىغاچقا باھاسى بىردىنلا ئەرزانلاپ كەتتى.

**ئەرز ـ داد** (ئەرز — دادى) ئەرز ۋە داد: ئەبۇ سابىر پادىشاھ بولۇپ خەلقىنىڭ ئەرز ـ دادلىرىنى ئادىل سوراپتۇ.

**ئەرز ـ شكايەت** ئەرز ۋە شكايەت: بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا شاھزادە ئاتىسىنىڭ ئورنىدا تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ دۆلەت ئىشىنى ۋە خەلقنىڭ ئەرز ـ شكايەتلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپتۇ.

**ئەرز ـ ھال** ئەرز ۋە ھال: ئۇ دائىم خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىكەن، ئاجىز كەمبەغەللەرنىڭ ئەرز ـ ھالىغا يېتىدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئابرويى كۈندىن ـ كۈنگە كۆتۈرۈلۈپتۇ.

**ئەرزىمەس** سۈپ. ئەرزىگۈچىلىكى يوق، ئېتىبارغا ئالغۇچىلىكى يوق، بىرەر قىممەتكە ئىگە بولمىغان، ئەرزىمەيدىغان: ۋاقىت ئەڭ ئەرزىمەس نەرسە، شۇنداقلا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە، چۈنكى ۋاقىت بولسىلا ھەممىگە ئېرىشەلەيمىز. * مەردان ئادەمتىكى ئەرزىمەس ۋەقەلەرنىمۇ كىشى قىزىقتۇدەك قىلىپ سۆزلەشكە ئۇستا ئىدى.

**ئەرزىمەك** پ ① لايىق، مۇۋاپىق كەلمەك، ماس كەلمەك: بۇ توپلامنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى ئىككى پارچە ماقالە ھەقىقەتەن قىممەتلىك، قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. * تۇپراقنى ياخشىلاش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەجرىبىلەرنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ② زايە كەتمەسلىك: بۇنداق ياخشى ئادەمنى دەپ ئەس ـ ھوشۇڭدىن ئايرىلساڭمۇ ئەرزىيدۇ. * ۋەتەن ئانا! ئانا ئۈچۈن ئوغلانلار، قانلار ئاققۇزۇپ قۇربان بەرسە ئەرزىيدۇ.

**ئەرزىيەت** ئى [ئە] زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپتىن ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورنىغا يەتكۈزۈلىدىغان ئىنكاس، ئەرز، ئىلتىماس: بارلىق ناتوغرا كەيپىياتلارغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بەرگەن تەكلىپلىرىگە ئىخلاس بىلەن قۇلاق سېلىشىمىز لازىم.

**ئەرسات** ئى [ئە] ① ئىنتايىن، جىددىيلىك، بەك ئالدىراشلىق: ئىشخانىغا كىردىمۇ بولدى، خۇددى بىر ئەرسات: بىر ياقتىن تېلېفون جاراڭلاۋاتقان، بىر ياقتىن ئەرز ئېيتقۇچىلار ئىشىك ماراۋاتقان... ماۋۇ ھۆججەت، ئالاقە، خەت ـ چەكلەرنى كۆرمىسە تېخى، بۇلارنى بىر تەرەپ قىلمىسا يەنە بولمايدۇ. ② قىيامەت: ئامبال دەرغەزەپ بولۇپ قىزىتىلغان يىڭنىنى ئۇنىڭ تىرناقلىرىغا تىقتى. مىس لېگەننى قىزىتىپ كۆكرىكىگە ياقتى. يامۇل ئىچى بىر ئەرسات. شەھەرنىڭ قازى ـ كالانلىرى ئامبالدىن ھەيۋىلىلا مۇپتاجىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى.

**ئەرسەك** سۈپ. ئەرگە ئامراق، ئەرسىرىگەن: ئەرسەك ئايال.

**ئەرسىرەشمەك** «ئەرسىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەرسىرىمەك** پ. ئەر سېغىنماق، ئەر تەلەپ قىلماق.

**ئەرش** ئى [ئە] ① دىنىي چۈشەنچىلەرگە كۆرە پەلەكنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمى، ئەڭ يۇقىرى ئاسمان: ئەرشكە چىقماق. * مەن ئەگەر ئەرشتىن چۈشكەن پەرىزات بولۇپ قالدىم دېگەندىمۇ سەندىن مېھرىمنى ئۈزەلمەيمەن، بىز ئۆمۈرۋايەت بىللە ئۆتىمىز. ② ئەڭ يۇقىرى جاي، ئەڭ يۇقىرى ئورۇن.

**ئەرشئەلا** ئى [ئە] ① (دىنىي چۈشەنچىلەردە) ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ساراي، تەخت: بارات مەزىن: ـ بالا دېگەن ئەرشئەلاغا چىقىپ كەتسىمۇ بالا ـ دە، ھەممە ئىشتا ئاتا ـ ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماق بار، ـ دېدى. ② كۆچمە. ھەرقانداق ئادەمگە مۇيەسسەر بولۇۋەرمەيدىغان ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە، سەلتەنەت: سېزەرمەن ئەرشئەلادا ئورۇن ۋە ئېتىبارىمنى، بولۇرمەن خۇددى تاپقاندەك چىمەنزار ئىچىدە يارىمنى.

**ئەرشئەلاغا كۆتۈرمەك** كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىماق، كۆككە كۆتۈرمەك: سىز بىزنى تازىمۇ ئەرشئەلاغا كۆتۈرۈۋەتتىڭىز.

**ئەرك** ئى ① كىشىنىڭ ياكى كىشىلەرنىڭ ئۆز خاھىشى بىلەن ئىش ـ ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقى؛ ئىختىيارىي، مەيل، ئەركىنلىك: يامانىنى قويۇپ بەرسە ئەركىگە، كۈندە چىچىدۇ

www.uyghurkitap.com

بۆكىگە (ماقال). * ئەر – ئاياللار نىكاھىدا ئۆز ئەركىگە ئىگە. * قەپەستىكى قۇشتەك باشقىلارغا يالۋۇرۇپ راھەت كۆرگەندىن كۆرە، ئۆز ئەركىم بىلەن مۇشۇنداق سېرىقتال ئۆتكىنىمۇ ياخشى. ② مۇستەقىللىك؛ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، ئازادلىق، ھۆررىيەت: ئەرك ئۈچۈن كۈرەشمەك. * يارىڭنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە، ئەركىڭنى ئەل ئارىسىدىن ئىزدە (ماقال). * دۈشمەن بىلەن ئەرك ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقانلار ۋەتەنىنىڭ ئوغۇللىرى بولسا، بىز ۋەتەنىنىڭ قىزلىرى.

**ئەركان** ئى [ئە] يېزت ① **ئۇلۇغ مەرتىۋە ئىگىسى، كاتتا ئەمەلدار، مەنسەپدار، ئەرباب:** شەھەر تەرەپتىن مەۋلان شاھ بىلەن بەھرام، مەردان ۋە بىر توپ ئوردا ئەركانلىرى ئاتلارغا مىنىپ ھەيۋەت بىلەن چىقىپ كەلدى. ② **دىنىي، قائىدە – مىزان، تەرتىپنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى، ئەڭ ئاساسلىق تەرىپى:** ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنى پەرىشتە، خىزىر قىلىپ كۆرسىتىپ، ئالدامچىلىق قىلسا، بۇ ھۆكۈمەت سىياسىتىگىمۇ دىنىمىزنىڭ ئەركانلىرىغىمۇ توغرا ئەمەس.

**ئەركە** سۈپ. **ئەتىۋارلاپ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىلگەن، ئارزۇلاپ ئۆگىتىپ قويغان، ئارزۇلۇق:** باينىڭ بالىسىمۇ ئەركە، كالىسىمۇ ئەركە (ماقال). * كۆلكىنىڭ ئۈستىگە ۋاڭنىڭ ئەركە ئوغلى ئاقپاشا كىرىپ كەلدى. * توختى مېنىڭ دوستۇم ئىدى. دادىسى ئۇنى نېمە قىلىمەن دېسە قويۇپ بېرىپ ئەركە بالا قىلىپ قويغان.

**ئەركە – تايتاڭ ← ئەركە – نايناق:** ھېلىقى ئەركە – تايتاڭ ئىككى باي ۋەچچە ھېلىتىنلا پىشمىغان كۆك ئالمىلارنى ئوغرىلاشقا باشلاپتۇ. * كەمبەغەللەرنىڭ باللىرى چاچلىرى پاخپايغان، يۈز – كۆزلىرىنى قاسماق باسقان ھالدا كوچىلاردا پىرقىراپ يۈرىدۇ؛ دۆلەتمەن بايلارنىڭ باللىرى بولسا نوچى، سەتەڭ ۋە ئەركە – تايتاڭ بولۇپ ئۆيلىرىدە پىرقىراپ يۈرىدۇ.

**ئەركە – تايتاڭلىق ← ئەركە – نايناقلىق:** ئاق پاشانىڭ ئەركە – تايتاڭلىقى موللازەيدىنىنى زېرىكتۈرگەن بولسىمۇ، چىشىنى چىشلەپ ئولتۇردى.

**ئەركەچ** ئى. **پىچىلغان ئەركەك ئۆچكە؛ سەركە:** ئەركەچ ئېتى ئەم بولۇر، ئۆچكە ئېتى يەل بولۇر (ماقال).

**ئەركەك** ① ئى. **ئەر جىنسىغا مەنسۇپ بولغان كىشى، ئەر كىشى؛ ئەر:** ئۇ قىز يەنە باشقا بىر ئەركەك بىلەن كۈلۈشۈپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاچقا، ئۇ باشتىن ئاخىر شۇ قىزدىن كۆز ئۈزەلمىدى. * سارىخان ئانا مەھەللە ئىچىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، يۇرت ئىچىدە ھېچبىر ئەركەكنىڭ قالمىغانلىقىنى سەزدى. ② سۈپ. **ئەركەك جىنسىتىكى: (ھايۋانلار، قۇشلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە نىسبەتەن):** ئەركەك قوي. ئەركەك مۈشۈك. ئەركەك چېچەك. * — مەن ئەركەك ئەجدىھا بىلەن چىشى ئەجدىھانىڭ تاماق ۋاقتىدا قىلىشقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدىم، — دەپتۇ موماي ئويلىنىۋېلىپ. ③ سۈپ. كۆچمە. **تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل سايمانلارنىڭ مۇرۇۋىتى (تۆشۈككە كىرىپ تۇرىدىغان قىسمى):** ئەركەك تۇرۇم. ئەركەك جەندىر. ④ سۈپ. **ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغان، قورقماس، مەرد، راستچىل:** ئەركەك بولسىڭىز ۋاپادارىڭىزنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياقىڭىزنى يىرتىپ يىغلاڭ. يۈرىكىڭىزدىكى قايغۇ – ھەسرەتلىرىڭىز چىن بولسا ياش تامچىلىرىغا ئايلىنىپ مەرھۇمنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە تامسۇن!...

**ئەركەك – چىشى** ① **ئەركەك ۋە چىشى:** قوزىنىڭ ئەركەك – چىشىسىنى پەرق ئەتمەك. ② كۆچمە. **ياخشى – يامان، ئېپى – جېپى:** يولنىڭ ئەركەك – چىشىسىنى بىلمەك. ئىشنىڭ ئەركەك – چىشىسىنى بىلمەك.

**ئەركەك – چىشىنى بىلمەك** ياخشى – يامانىنى ئايرىماق، ئېپى – جېپىنى ئىنچىكە بىلمەك، ئۇقماق.

**ئەركەك چىۋىن قونمىغان ← ئەركەك چىۋىن كۆرمىگەن.**

**ئەركەك چىۋىن كۆرمىگەن** ① ئەخلاقىي

جەھەتتىن ساپ ـ پاك؛ يامان يولدا ماڭمىغان. ② تېخى ياتلىق قىلىنمىغان.

**ئەركەك كەندىر** <بوت> كەندىرنىڭ ئاتلىق تۈپى. ئۇ پەقەت ئاتلىق گۈللەرنىلا ئېچىلدۇرۇپ، دان تۇتمايدۇ.

**ئەركەك مال** ئەرلىك جىنستىكى مال: توپاق چاغلىق بىرەر ئەركەك مال بېقىپ قويساق، ئۇزۇنغا قالماي، بىر ئۆكۈزلۈك بولۇپ قالارمىز دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭمۇ جايىنى قىلىپ قويدۇق.

**ئەركەكچە** رەۋ. ئەرلەرگە ئوخشاش، ئەرلەرچە، ئەرلەردەك؛ ئەرلەر پاسونىدا: ئەركەكچە ياسانماق. * كۈنلەردىن بىر كۈنى ھۆرلىقا ئايالچە كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى ئالدۇرۇپتۇ ـ دە، يەنە ئەركەكچە كىيىنىۋاپتۇ.

**ئەركەكچىلىك** ئى ← ئەركەكلىك.

**ئەركەكزەدەك** سۈپ [ئەركەك+زەدەك] ① باش ئالمىغان سەۋزە. ② ئەركەكلەرگە ئوخشاش خۇسۇسىيەتلىرى بار، ئەر مىجەز (ئايال ھەققىدە): ئەپەندىم پادىشاھنىڭ نىيىتىنى بايقاپ: ـــ ئېلىپ كەتكەن بېلىقىم ئەركەكزەدەك ئىدى، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**ئەركەكلەرچە** رەۋ. ئەركەكلەرگە ئوخشاش، ئەركەكلەردەك: ئەركەكلەرچە ئىش قىلماق.

**ئەركەكلىك** ① «ئەركەك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ بۇ ئىشتا قىلغان ئوغۇلبالىچىلىقى ئەركەكلىكنىڭ ئالامىتى. ② ئەركەكلەرگە خاس ئىش ـ ھەرىكەت ۋە خۇسۇسىيەتلەر.

**ئەركە ـ نايناق** ئۆز ئىختىيارى، خاھىشى بويىچە ئىش قىلىشقا ئادەتلەنگەن، ئەركە ئۆگىتىپ قويۇلغان؛ ئەتىۋارلىق: ئۇ ئەركە ـ نايناق خوتۇنلاردەك كارىۋاتتا ئۆزىنى تاشلىدى. * ئەركە ـ نايناقلارغا مەن ئەسلا بېرەلمەيمەن كۆڭۈل، ھۆر زامان بەرناسىغا ئەھدى قارارىم بار مېنىڭ.

**ئەركە ـ نايناقلىق** ئەركە ـ نايناقلارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت، قىلىق: بىز ئۇ بايۋەچچىلەردەك ئەركە ـ نايناقلىق قىلىپ ئۆگەنمىگەن.

**ئەركسىز** سۈپ. ئۆز ئەركى ئۆزىدە بولمىغان، ئازادلىقتىن مەھرۇم؛ ئەركى يوق، ھوقۇقسىز: ئۇ چاغلاردا يېتىم، كەمبەغەل ئېگىتلەر كۆپىنچە ھاللىق ئائىلىلەرگە ئىچ كۈيئوغۇل نامى بىلەن قۇلغا ئوخشاش ئەركسىز بولۇپ كىرەتتى. * مەلىكەخان ئاچام ئۆتمۈشتە ناھىيە بازىرىنى كۆرۈشمۇ نېسىپ بولمىغان بىر ئەركسىز ئايال ئىدى.

**ئەركسىزلىك** «ئەركسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مۇقام تېكىستلىرىدىكى مۇھەببەت ناخشىلىرى ۋە ئىشقى شېئىرىيەت كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودالىلىق ئەدەب ـ قائىدىلەرگە، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە، فېئوداللىق ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمى ۋە فېئوداللىق ئەركسىزلىككە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ بەدىئىي لىرىك ئىپادىسى.

**ئەركىلەتمەك** «ئەركىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۈگۈن نۇسرەت ئورنىدىن سەھەرەك تۇردى ۋە بوۋاقنى يېڭى يۆگەككە چىرايلىق قىلىپ ئورىدى ھەمدە ئەركىلىتىپ چېكىسىگە سۆيدى. * دادىسى ئۇنى كايىش ئورنىغا ھۆرمەتلەپ، دىلىغا مۇھەببەت پەيدا قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، كۆڭلىنى ئېلىپ ئەركىلەتتى.

**ئەركىلەشمەك** «ئەركىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەركىلەنمەك** ① «ئەركىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② ئەركىلىك قىلماق، ئۆزىنى ئەركە ھالەتتە تۇتماق.

**ئەركىلىك** «ئەركە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئانا بالىنى ئەركىلەتكەنسېرى ئۇنىڭ ئەركىلىكى تېخىمۇ ئاشتى. * ئايىمگۈل ئۆز چېچىغا قىستۇرۇۋالغان ياختا گۈلنى ئەركىلىك بىلەن زەيتۇنەمنىڭ چېچىغا قىستۇردى.

**ئەركىلىمەك** پ. ياخشى كۆرۈش، يېقىنچىلىق، سۆيۈنۈشنى ئىپادىلەيدىغان قىلىقلارنى قىلماق، ئەركىلىك قىلماق: داداڭ ئۇرۇشتا قۇربان بولغان بولسىمۇ، يۇرتىمىز

ئامان قالغانىدى. سەن ئەركىلەپ ئويناپ چوڭ بولدۇڭ. * مەن ئانامنىڭ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ مېھرىبانلىق قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۆزەمنى ئانا قۇچىقىغا تاشلىغىم كەلدى، بىراق كىچىك ۋاقتىمدا ئەركىلەپ ئۇنداق قىلغىنىم بىلەن، ھازىر چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قالغىنىم ئېسىمگە چۈشتى.

**ئەركىن** ① سۈپ. ھەرقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان، چەكلىمىدىن خالىي، ئازادە، بىمالال، خاتىرجەم، ئارامخۇدا: ئەركىن ھايات. ئەركىن تۇرمۇش. ئەركىن رىقابەت. * ئۇنىڭ ئورنىنى ئەركىن رىقابەت ۋە ئەركىن رىقابەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە سىياسىي تۈزۈم، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىقتىسادىي ھۆكۈمرانلىقى ۋە سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى ئىگىلىدى. ② رەۋ. ئەركى، ھوقۇقى ئۆز قولىدا بولغان، ئازاد: ئۆزىنى ئەركىن تۇتماق. * ئەمدى پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا ساﯓا ئوخشاش بەختلىك قىزلار ئۆزى خالىغان يىگىت بىلەن ئەركىن تۇرمۇش قۇرالايدۇ. ③ سۈپ. سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھوقۇقىي مۇستەقىللىككە ئىگە بولغان، ئازاد، ھۆر؛ خاتىرجەم، ئارامخۇدا، بەھۇزۇر: ئېنگېلس: «باشقا مىللەتنى ئېزىۋاتقان ھەرقانداق مىللەت ئەركىن مىللەت بولالمايدۇ» دېگەنىدى. مانا بۇ ـــ يىمىرىلمەس ھەقىقەت. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئەركىن ئاتموسفېرا** <ئاستر> سۈركىلىش قاتلىمىنىڭ سىرتىدىكى ئاتموسفېرا. يەر يۈزىدىكى سۈركىلىشنىڭ ئەركىن ئاتموسفېرا دائىرىسى ئىچىدىكى ھاۋا ھەرىكىتىگە بولغان تەسىرى ئادەتتە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇﯓا ئۇ، ئىدېئال ئاقار جىسىم سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىنقى چېگرىسى ئادەتتە يەر يۈزىدىن 500 ـــ 1500 مېتر ئېگىزلىكتە بولىدۇ.

**ئەركىن بازار** ① شەخسىي تىجارەتچىلەر تىجارەت قىلىدىغان بازار، سودا ـ سېتىق مەيدانى: ساۋۇر يەكشەنبە كۈنى ئەركىن بازاردىن بىر جۈپ كالاچ سېتىۋالدى. ② باھاسى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بەلگىلەنمىگەن، نەرخىنى ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى ئۆزئارا كېلىشىپ توختىتىدىغان تىجارەت: ئابدۇرەھىم ئاكا: ـــ ئىنساپ قىلىڭلار كادىرلىرىمىز، ھارۋىنى ئەركىن بازاردىن 350 يۈەنگە سېتىۋالغانىدۇق. ھېچ بولمىغاندا، تاختاي باھاسى بويىچە پۇل بېرىڭلار، ـــ دېدى.

**ئەركىن باھا** خېرىدار بىلەن تىجارەت قىلغۇچى، ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى ئۆزئارا كېلىشىپ توختاتقان كېلىشىم باھا: ئەركىن باھادا سېتىۋالماق. ئەركىن باھا پەرقى.

**ئەركىن بۇرژۇئازىيە** <س ئىق> ئادەتتە بيۇروكرات كاپىتالىزم شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ئەركىن رىقابەت بىلەن ئەركىن تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بۇرژۇئازىيە: غەرب دېھقانلىرى بولسا بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدە ئەركىن بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدە كۈرەش ئېلىپ بارغان، مۇشۇ بۇرژۇئازىيە قولىدىن يەرگە ئېرىشكەن ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ زاپاس ئارمىيىسى بولۇپ قالغانىدى.

**ئەركىن چېلىشىش** <تەن> چېلىشىش تەنھەرىكىتىنىڭ بىر تۈرى، مۇسابىقە تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىغا ئاساسەن سەككىز دەرىجىگە ئايرىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. چېلىشقاندا قولى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ بەلدىن يۇقىرى قىسمىنى قۇچاقلاپ تۇتۇشقا بولىدۇ، ئەمما پۇتى بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدۇ، قارشى تەرەپنىڭ ئىككى تاغىقىنى (دۈمبىسىنى) بىرۋاقىت ئىچىدە يەرگە تەگكۈزگىنى مۇتلەق غەلىبە قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولمىسا پۈتۈن مەيدان بويىچە ئېرىشكەن نومۇرى كۆپرەك بولغانلىرى غەلىبە قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئەركىن رىقابەت** <س ئىق> كاپىتالىستىك

تۈزۈم شارائىتىدىكى كاپىتالىنىڭ ھەرقايسى كارخانىلار ياكى ھەرقايسى تارماقلار ئارىسىدا ئەركىن يۆتكىلىپ تۇرۇش خۇسۇسىيىتىدىكى رىقابەت.

**ئەركىن سودا** <س ئىق> سودىغا قارىتىلغان ھەر خىل بەلگىلىمىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئەركىن رىقابەت ئاساسىدىكى سودا.

**ئەركىن سۇ** <سۇ> تۇپا دانىچىلىرىنىڭ سۈمۈرۈش تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان سۇ. تۇپراقتىكى بىرىكىكەن سۇ (تۇپا دانىچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن سۇ)دىن باشقا كاپىللىيارلىق سۇ، گراۋىتاتسىيون سۇ، پار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەركىن سۇ دېيىلىدۇ. ئەركىن سۇ تۇپراقتا ئۆز ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرى ۋە كاپىللىيارلىق كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.

**ئەركىن شېئىر** <ئەد> شەكىل چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان، مىسرالىرىنىڭ قاپىيىداش بولۇشى شەرت قىلىنمايدىغان شېئىر، چاچما شېئىر: ئەركىن شېئىر يازماق.

**ئەركىن قاپىيە** <ئەد> قاپىيىداشلىقى ھەر خىل بولۇپ كېلىدىغان قاپىيە، يەنى تۆت مىسرالىق كۇپلېتلاردىكى ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالارنىڭ قاپىيىداش بولۇپ كېلىشى. مەسىلەن: ۋەتەن دەپ تۇغۇلدۇم، ۋەتەن دەپ ياشاپ، رازىمەن ۋەتەن دەپ تۆكسەم قىزىل قان. ۋەتىنىم بىر غېرىچ يېرىڭنى قوغداش يولىدا جان بەرسەم قالمايدۇ ئارمان.

**ئەركىن گىمناستىكا** <تەن> گىمناستىكا مۇسابىقىسىنىڭ بىر تۈرى. موللاق ئېتىش، تەتۈر تىكلىنىش، بەدەن ئايلاندۇرۇش، تەڭپۇڭلۇق ساقلاش، ئۇسسۇل ئويناش، سەكرەش قاتارلىق ھەرىكەتلەردىن تەركىب تاپقان. ئادەتتە گىلەم ئۈستىدە مۇزىكىنىڭ تەڭكىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. (ئەرلەرنىڭ ئەركىن گىمناستىكا مۇسابىقىسىدا مۇزىكا چېلىنمايدۇ).

**ئەركىن ئۆزگەرگۈچى سان** <مات> فۇنكسىيە $y = f(X)$ تىكى ئۆزگەرگۈچى سان $y$ نىڭ سانلىق قىممىتى، ئۆزگەرگۈچى سان $X$ نىڭ سانلىق قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. $X$ نىڭ قىممىتى $y$ نىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. ئۆزگەرگۈچى سان $X$ ئەركىن ئۆزگەرگۈچى سان دېيىلىدۇ.

**ئەركىن ئۈزۈش** <تەن> سۇ ئۈزۈشنىڭ بىر تۈرى، تەنھەرىكەتچىلەر ئۆزى خالىغان قىياپەت بىلەن بەلگىلەنگەن مۇساپىنى ئۈزۈپ ئۆتىدۇ.

**ئەركىن ئېلېكترون** <فىز> ئاتوم يادروسىنىڭ ئۆزىگە تارتىش دائىرىسىدىن ئايرىلىپ، ئاتوملار ئارىسىدا ھەرىكەتلىنىدىغان ئېلېكترونلار. مېتاللاردىكى ئېلېكترونلار ناھايىتى ئاسانلا ئەركىن ئېلېكترونغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، نەتىجىدە مېتاللىنى ئۆتكۈزگۈچ قىلىپ قويىدۇ. ئىزولياتوردا ئەركىن ئېلېكترون ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

**ئەركىن-ئازادە** ئەركىن ۋە ئازادە: پارتىزانلار مانا ئەمدى ئەركىن-ئازادە ئولتۇرۇشۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. * بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىككى يول تۇرۇپتۇ. بىرى، دۈشمەنلەرگە ئەل بولۇپ، قۇللۇقتا سارغىيىپ ياشاش؛ يەنە بىرى، دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ، ۋەتەننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاپ، ئەركىن-ئازادە ياشاش.

**ئەركىنلەشتۈرمەك** «ئەركىنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنى بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايدۇ.

**ئەركىنلەشتۈرۈلمەك** «ئەركىنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەركىنلەشمەك** پ. ئەركىن ھالەتكە كەلمەك، ئەركىن بولماق: بىز بۇرژۇئازىيىچە

ئەركىنلىشىش، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىكنى تەنقىد قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

**ئەركىنلىك** «ئەركىن» سۆزى «① ② ③»نىڭ ئىسىم شەكلى: پۇقرالارنىڭ پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى، جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە تۇرالغۇ جاي ئەركىنلىكى بولىدۇ.

**ئەرگۈل** ئى ① بولت، گايكا ۋە چىشلىق مۇرىۋەت قاتارلىقلارنىڭ يۈزىگە قىرىپ چىقىرىلىدىغان بۇرمىلىق سىزىقچىلار، رىزبە: ئۇ بۇ قۇرۇلۇشنى تۈزلىرىمۇ قۇراشتۇرالايدىغانلىقى، لېكىن تۆمۈر تاياقچىلارنى ئېگىش، ئەرگۈل چىقىرىش، سۇۋاركا قىلىش ئىشلىرىدا ئەسۋاب يوقلۇقىنى ئېيتتى. ② باغلاپ قويۇلىدىغان هايۋانلارنىڭ بوغۇلۇپ ياكى چىرمىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن نوختىنىڭ ئېگەكلىكىگە ياكى بويۇن باغقا بېكىتىلىدىغان هالقىسمان تۆمۈر بۇرما: بۈگۈن مەن ئاۋۇت تۆمۈرچىگە بىر دانە ئەرگۈل سوقتۇردۇم. ئارغامچىغا ئەرگۈل بېكىتمىسەك قوي چىرمىشىپ قالىدۇ.

**ئەرلىك** ① سۈپ. پەقەت ئەر كىشىلەردىلا بولىدىغان، ئەرلەرگە خاس: ئەرلىك جىنس. ئەرلىك جىنسى قوزغالماق. ② ئى. ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى، ئەرلىك جىنسى، ئەرەنلىك: بۇ ئىككىسى هۆسن - جامالدا، قەددى - قامەتتە ۋە باشقا گۈزەللىك دەپ سانالغان هەممە جەهەتتە بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىكەن. پەقەت ئەرلىك ۋە قىزلىقتىلا بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدىكەن. ③ سۈپ. ئېرى بار، ئەرگە تەگكەن، تۇرمۇشقا چىققان: ئەرلىك خوتۇن. ④ ئى. ئەرلەرگە خاس بولغان مەردلىك، باتۇرلۇق، مەردانىلىك، قەهرىمانلىق، جاسارەت، غەيرەت: يامۇلىنىڭ تېگى زەيلىك، بۇ دەردلەرگە نېم دەيلىك، ئەرلىككە بەلنى باغلاپ، ياخشىلىقنى ئىزدەيلىك.

**ئەرلىك گورمون** <بىئول> هايۋانلارنىڭ ئاتىلىق ئەزالىرىنىڭ يېتىلىش ۋە قوشۇمچە جىنسىي بەلگىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان هەمدە ئۇلارنىڭ نورمال پائالىيىتىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدىغان بىر خىل گورمون.

**ئەرمەك I** تارس «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش» ياردەمچى پېئىللىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكلى بولغان «ئەردى، ئەركەن، ئەرمىش»لەرنىڭ يىلتىزى: كۆمۈش لاچىندا ئۈچقان بارچە سەنئەتكار، ئۇلۇغ كومپارتىيىدىن ئەردى مىننەتدار.

**ئەرمەك II** ئى. ۋاقىتنى كۆڭۈللۈك ياكى زېرىكمەي ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نەرسە، مەشغۇلات: بالىلار ئەرمىكى. * ئۇرۇش - سوقۇش، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش دېگەنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئەرمەك ئىكەن. * قىزلار سەلىمىخاننى ئەرمەك قىلىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرغاندا خەلىچىخان كىرىپ كەلدى. * ئۇزاق يىللار داۋامىدا يازغان خەتلىرىمدە نەچچە مىڭ قېتىم پەيدا بولغان بۇ ئىسىم ماڭا مەنىۋى ئەرمەك بولدى.

**ئەرمەك بولماق** مەلىكە بولماق، مەشغۇل بولماق: ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كالىسىنى نەسلەلەندۈرۈش ئۈچۈن ناهىيىگە نەچچە قېتىم پىيادە بېرىپ - كېلىپ تارتقان جاپاسى بىلەن، موزاي تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئۇنىڭغا ئەرمەك بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈللۈك كۈنلىرى ئۆتۈشكە باشلىدى.

**ئەرمەك قىلماق** مەلىكە قىلماق، مەشغۇل قىلماق: بالىلار ئۇنىڭدىن چۆچەك ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ ئاشۇ چۆچەكنى باشلاپ، بالىلارنى ئەرمەك قىلاتتى.

**ئەرمەن** ئى ← **ئەرمەنلەر:** ئەرمەن تىلى. ئەرمەن خەلقى. ئەرمەن مىللىتى.

**ئەرمەنلەر** ئى <ئېرىق> ئەرمەنىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئاساسىي ئاهالىسىنى تەشكىل قىلىدىغان خەلق؛ مىللەت. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى گرۇزىيە ئىتتىپاقداش جۇمهۇرىيىتى بىلەن ئەزەربەيجان ئىتتىپاق-

داش جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدۇ. جەمئىي نوپۇسى 3 مىليون 850 مىڭ (1975 ـ يىلىدىكى سانلىق مەلۇمات). تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ ئەرمەن تىللىرى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ، ئۇلار سلاۋيان يېزىقىنى قوللىنىدۇ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بىر قىسمى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

**ئەرمۇ** ئى. يۈكى ئۈچ سانتىمېتىردىن بەش سانتىمېتىرغىچە بولغان قوزا تېرىسى.

**ئەرۋاھ** (ئەرۋاھى) ئى [ئە] <دىن> ① روھ: ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەرۋاھىغا دۇئا قىلماق. * ئۆز زامانىمىزدىكى ئادەملەرنى ئۆتكەن بىرنەچچە زاماندىكى ئادەملەرنىڭ ئەرۋاھىغا سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بىزنىڭ سانىمىز ئۇلارغا ھەرگىزمۇ يېتىشەلمەيدۇ. ② ئۆلگەن كىشىنىڭ ھايات ئادەم خىيالىدا ياكى چۈشىدە كۆرۈنگەن كۆلەڭگىسى: يارىم بەرگەن ئۈزۈكنى، ئۈنىڭ قولۇمدا ساقلايمەن، يارىم سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئەرۋاھىڭنى يوقلايمەن. * سېنىڭ مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشىڭ، خۇددى ئەرۋاھىڭغا ئوخشايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا قالتىس ئىبرەت ئەمەسمۇ؟! ③ كۆچمە. ئادەمنىڭ جانىسىز، گۆشسىز ئىسكىلىتى: بۇ ئادەم ئورۇقلاپ شۇنچىلىك ھالسىزلانغانىكەن، غۇۋا پارقىراپ تۇرغان ئىككى كۆزىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بەئەينى ئەرۋاھقا ئوخشايتتى.

**ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىمەك** ← **ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچماق:** پىخسىق باي بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ ۋە ئاغزىنى بۇزۇپ تىل سالغىنىچە قولىدىكى تۆمۈر ئارا بىلەن قېچىر ئۈستىدىكى مەرھۇمنى بىرنەچچىنى ئۇرۇپتۇ.

**ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچماق** ① جان ـ پېنى چىقىپ كېتەي دەپ قالماق، قاتتىق قورقماق: بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانامنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى. ② قاتتىق غەزەپلەنمەك، ئىنتايىن ئاچچىقى كەلمەك: مۇھەممەت ئۇستام ئوغلى ئەسقەرجاننىڭ سودىدا زىيان تارتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى.

**ئەرۋاھى ئۇچماق** ① قورقماق، ئەندىشە قىلماق: بىركۈنى ئەخمەت كېيىم ـ كېچەكلىرى لاي ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى، مەن ئەخمەتنىڭ كونا كېسىلى يەنە قوزغالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئەنسىرەپ ئەرۋاھىم ئۇچتى. ② ئاچچىقى كەلمەك، غەزەپلەنمەك: بالىسىنىڭ مەكتەپكە بارماي قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن قاسىم ئاخۇننىڭ بىردىنلا ئەرۋاھى ئۇچتى.

**ئەرۋاھى ئۇركىمەك** ← **ئەرۋاھى ئۇچماق:** گۈلبىرا ۋاھاپنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇركۇدى بولغاي، غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا بىر تىكتى ـ دە، دەرھال ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈدى.

**ئەرۋاھى يۈز گەز ئۆرلىمەك** ← **ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىمەك:** بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەسەننىڭ ئەرۋاھى يۈز گەز ئۆرلىدى.

**ئەرىن** ئى.دىئال. كالپۇك، لەۋ.

**ئەزا** (ئەزاسى) ئى [ئە] <ئانات> ① ئادەم ياكى ھايۋان ئورگانىزمىنىڭ مۇئەييەن ياكى مەلۇم بىر ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان قىسمى: باش ئەزا. سەزگۈ ئەزالىرى. ئادەمنىڭ ئىچكى ئەزالىرى. * دوختۇر ئىچكى ئەزايىمنى تەكشۈرۈپ ئۆپكە كېسىلىدىن گۇمان قىلدى، چۈنكى مەن شۇ كۈنى قان ياندۇرغانىدىم. ② كىشىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى؛ جىسمى، تېنى: كۆزلىرىم ئۇ قىزنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقىنىدا نېمە ئۈچۈندۇ پۈتۈن ئەزايىم تىكەنلىشىپ، تىترەك ئولىشىپ كەتتى. ③ بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھ، كوللېكتىپ ياكى جەمئىيەتتە مەنسۇپ بولغان ھەربىر كىشى، شەخس: پارتىيە ئەزاسى. سىياسىي كېڭەش ئەزاسى. * ئاشۇ يىللاردا قىياپەتنى ئۆزگەرتمىز، دەپ قىلمىغان ئىشلىرىمىز قالمىغان، ئەزاغىمۇ، كادىرغىمۇ ئارام يوق ئىدى. * ئەمدى خۇماخان بىلەن توي قىلىۋالسىلا بولدى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ دۆي بويىمچە، ياق دادۇي بويىمچە، بەلكى پۈتۈن دۇنيا بويىمچە ئەڭ

بەختلىك ئەزا بولۇپ قېلىشىدا گۇمان يوق! ④ <مات> تەڭلىمىدە تەڭلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى ياكى تەڭلىمىگە قاتناشقۇچى ھەربىر بۆلەك: ئەزا يۆتكىمەك. ئەزالارنى ئىخچاملىماق.

**ئەزا بولماق** بىرەر تەشكىلات، ئۇيۇشما، گۇرۇھ، ئىتتىپاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشىشلارغا رەسمىي قوبۇل قىلىنماق، كىرمەك ياكى سايلانماق: ئۇ كۆپ ئۆتمەي كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى. * مەن سىلەرنىڭ تەشكىلاتىڭلارغا ئەزا بولاي دېۋىدىم.

**ئەزا يۆتكەش** <مات> تەڭلىمىنى يەشكەندە، تەڭلىمىدىكى مەلۇم بىر ئەزانى تەڭلىك بەلگىسى (ياكى تەڭسىزلىك بەلگىسى) نىڭ بىر تەرىپىدىن ئىككىنچى بىر تەرىپىگە يۆتكەش، ئەزالار يۆتكەلگەندىن كېيىن پىلۇس بەلگىسى مىنۇس بەلگىسىگە، مىنۇس بەلگىسى پىلۇس بەلگىسىگە ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: $ax + b = 0$ دىكى b نى يۆتكىگەندىن كېيىن $ax = -b$ غا ئۆزگىرىدۇ.

**ئەزالىق** ① «ئەزا» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىقى. پارتىيە ئەزالىقى. * مەن پارتىيە ئەزالىق بەدىلىنى تاپشۇردۇم. * بەدەندىكى نېرۋا تالالىرى سەزگۈ ئەزالىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، تاشقى مۇھىتنىڭ بەدەنگە بولغان تەسىرىنى چوڭ مېڭىگە ئىنكاس قىلىپ تۇرىدۇ. ② سۈپ <مات> ئەزاسى بار، ئەزادىن تەشكىل تاپقان، ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ئۈچ ئەزالىق ئەمەل. بىر نامەلۇملۇق ئىككى ئەزالىق تەڭلىمە. * كۆپ ئەزالىق تەڭلىمىلەرنى يەشمەك.

**ئەزالىق بەدىلى** مەلۇم بىر تەشكىلات، ئۇيۇشما، جەمئىيەت ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھقا ئەزا بولغانلارنىڭ ئەزالىق نىزامنامىسىغا ئاساسەن قەرەللىك تاپشۇرىدىغان پۇلى: سىنىپىمىزدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ئەزالىق بەدىلىنى تاپشۇرۇپ بولدى.

**ئەزالىق كىنىشكىسى** بىرەر ئىجتىمائىي تەشكىلات ياكى جەمئىيەتكە ئەزا بولغۇچىنىڭ قولىغا ئىسپات ئۈچۈن بېرىلىدىغان كىچىك دەپتەرچە، گۇۋاھنامە.

**ئەزان** ئى [ئە] <دىن> مەزىننىڭ مەسچىتتە جامائەت بولۇشۇپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قىلغان چاقىرىقى: ئەزان ئېيتماق. * تاڭ سەھەردە خورازغا جور بولغاندەك بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىۋاتقان مەزىننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

**ئەزان ۋاقتى** ① نامازغا ئەزان ئېيتىلىدىغان ۋاقىت. ② تاڭ يورۇغان پەيت، سۈبھى ۋاقتى: مەن بۈگۈن ئەتىگەندە ئەزان ۋاقتى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم. * ئەسقەر ئەزان ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلدى.

**ئەزان ئېيتماق** ① مەزىن مەسچىتتە جامائەت بولۇشۇپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن چاقىرىق قىلماق، چاقىرماق: مەزىن نامازغا ئەزان ئېيتتى. ② يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق باللارغا ئىسىم قويغاندا بالىنىڭ قۇلىقىغا تەكبىر ئوقۇماق، تىلاۋەت ئوقۇماق: بۇ ئىسمىنى ئۇنىڭغا دادىسى ئەزان ئېيتىپ قويغان. * جاپپار دېسەم نېمە بولۇپتۇ؟ ئىسمىنى ئۇنىڭغا دادىسى ئەزان ئېيتىپ قويغانغۇ؟

**ئەزەل** ئى [ئە] باشلىنىشى نامەلۇم بولغان ۋاقىت، قەدىمكى زامان؛ قەدىم: شۇ كەمگىچە كۆرمىدىم كۈندۈز ـ تۈننىڭ پەرقىنى. ئەزەل قارا قىلغانمۇ خوتەنلىكنىڭ بەختىنى؟

**ئەزەلدە** رەۋ. ئاۋۋالىدا، ئەسلىدە، پەيدا بولۇشىدا، قەدىم زامانلاردا: ئەزەلدە بۇ يەر بىر جاڭگال ئىدى. * ئۈچىنچى دۆي ئەزەلدە، ئاجىز، نامرات دۆي ئىدى. مەسئۇل قىلىپ رەھبەرلىك، «پەرۋاندەك كۆي» دېدى.

**ئەزەلدىن** رەۋ ① قەدىمكى زامانلاردىن بېرى، بۇرۇندىن، قەدىمدىن، ئەسلىدىن، پەيدا بولۇشىدىن: ئۇ ئەزەلدىن تەنتەربىيىنى

ياخشى كۆرىدۇ. * سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل، ئەمدى سايرىماس بولدى. ئەزەلدىن قارىغان يارلار ئەمدى قارىماس بولدى. * شىنجاڭ ئەزەلدىن بىر ياخشى ماكان، يەر بايلىقى مول، تۇرمۇش پاراۋان. ② ھېچقاچان، ئەسلا: مەن ئەزەلدىن باشقىلارغا زىيان سالغان ئادەم ئەمەس. * بۇنداق ئەھۋال تارىختا ئەزەلدىن كۆرۈلگەن ئەمەس.

**ئەزەلىي** سۈپ [ئە] ئەزەلدىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ئەزەلدىنلا بار؛ تۇغما، قەدىمىي.

**ئەزەلىيەت** ئى [ئە] <پەلس> ئىدېئالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى. ئۇ ماتېرىيالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن تۈپتىن قارىمۇ قارشى. ئۇ بىلىش ئوبيېكتىپ شەيئىدىن، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن، ھېس - تۇيغۇدىن بۇرۇن بولىدىغان نەرسە، ئۇ تۇغما (ئەزەلىي) بولىدۇ. ئۇزىنىڭ كاللىسىدا ئەزەلدىن بار بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

**ئەزەلىيچىلىك** ئى <پەلس> ئەزەلدىن تارتىپ بار، مەۋجۇت دەپ ھېسابلىنىدىغان كۆز قاراش، ئىدىيە، چۈشەنچە.

**ئەزەلىيلىك** «ئەزەلىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەزەلىيلىك ئىدېئالىزمى. ئەزەلىيلىك پەلسەپىسى.

**ئەزەم** ئى [ئە] يىزت. ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ زور؛ كاتتا: شاھى ئەزەم بىر كېچىسى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتۇ. * ۋەزىرى ئەزەم ئالىيلىرى نۆرغۇن لەشكەر بىلەن شىكارغا مېڭىپتۇ.

**ئەزەن** (تۇغرىسى: ئەزان) ⟵ **ئەزان.**

**ئەزبىرايى** ئىم [پ] راستىنىلا، جەزمەن، قەسەم شۇكى، خۇدا ھەققى: ئەزبىرايى مەن بۇ سۆزنى قىلمىدىم. * ئەزبىرايى نان ئۇرسۇن، بىر كۆزۈمدە ئەيىب بولغىنى بىلەن قولاقلىرىم ساققۇ! قايسى كۈنى ماخونىڭ ئالدىدا بىر توپ ئادەم شۇنداق دېيىشتى.

**ئەزبىرايى خۇدا** خۇدا ھەققى، خۇدا يولىدا، ئۆلۈپ كېتەي: ئەگەر كېيىمىمگە ئۇندىسا، ئەزبىرايى خۇدا، بۇلارنىڭ ئەدىبىنى راسا كېلىشتۈرۈپ بىرسەپ قويماي بولمايدۇ. * ئەزبىرايى خۇدا، مەن ھېچنېمىنى ئۇقمايمەن.

**ئەزدۇرەك** «ئەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەزرائىل** ئى [ئە] <دىن> ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئەجەل پەرىشتىسى: بىز بەگنى ئەزرائىلدەك ئۆچ كۆرىدىغان بولۇپ قالدۇق. * ئەپەندىم: — يا ئەزرائىل، كىمنىڭ ئاغرىق، كىمنىڭ ساقلىقىنى ئۆزەڭ بىلىسەن، جان ئېلىشتىمۇ شۇنىڭغا قاراپ ئىش كۆرىسەن، — دەپتۇ.

**ئەززەم** (تۇغرىسى: ئەزەم) ⟵ **ئەزەم.**

**ئەزگۈ** سۈپ. خەيرلىك، ساۋابلىق، ياخشى: چىقماي نە ئۈچۈن قوچقىلى باغرىمنى ئېچىپ، ئۆمرۈمگە مېنىڭ ئەزگۈ شەرەپ - شان كېلىدۇ.

**ئەزگۈچى** ① «ئەزمەك» سۆزىنىڭ سۈپەتدىشى: يۇرەكلەرنى ئەزگۈچى جىمجىتلىق بىرنەچچە مىنۇت داۋام قىلدى. ② ئى. ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتى، ھوقۇقى ياكى كۈچىگە تايىنىپ زوراۋانلىق يۈرگۈزىدىغان، باشقىلارنى ئېزىدىغان ئادەم، سىنىپ ياكى تەبىقە: ئۇ ئەزگۈچىلەرگە قارشى كۈرەشكەن ئادەملەرنى چىن كۆڭلىدىن سۆيىدۇ.

**ئەزگۈچى سىنىپ** <پەلس> ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتى، ھوقۇقى ياكى كۈچىگە تايىنىپ تۇرۇپ، باشقا سىنىپلار ئۈستىدىن زوراۋانلىق يۈرگۈزىدىغان ۋە ئۇلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، ئېزىدىغان سىنىپ، تەبىقە.

**ئەزمە** ① سۈپ. گەپنى تەكرارلاۋېرىدىغان، گەپنى سوزۇپ ئىنجىقلاپ قىلىدىغان: تولا ئادەملەر ئەزمە گەپلىرىنى قىلىۋېرىپ دىققىتىنى ئاشۇرۇپ قويىدۇ. * سىز تولا ئەزمە گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەڭ، ۋاقتىنى قولدىن كەتكۈزۈپ

قويىسىز. ② سۆپ. بوشاڭ، ئېزىلىپ يۇرۇي-
دىغان، ئېزىلەڭگۈ: مۇشۇ زامانىنىڭ بالىلىرى
تازىمۇ ئەزمە كېلىدىكەن جۇمۇ، بىز ئۆز ۋاقتى-
لىرىدا ئاتا-ئانىمىز ئىشقا بۇيرۇسا، ھەرقانداق
ئىشنى تۈكۈرگەن تۈكۈرۈك قۇرۇغىچە پۈتتۈرۈپ
بولاتتۇق. ③ ئى. ئەزمە ئادەم: مىلجىڭنى
ئەزمە يېگىدۇ، ئەزمىنى خۇدادىن بەزمە يېگىدۇ
(ماقال).

**ئەزمىسنى ئەزمەك** ① گەپنى سوزۇپ ئىن-
جىقلاپ قىلماق؛ مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنىمۇ
قىلىپ ۋاقىتنى ئالماق: ئۇ بىرھازا ئەز-
مىسنى ئەزدى، ئاڭلىماي كېتىۋېرەي دېسەم،
«ھال پەيدا بولۇپ قېلىپتۇ»، دەپ ئويلاپ قېلىشى-
دىن ئەنسىرىدىم، ئۇنىڭ كېيىنىڭ ئايىغى ئۈزۈل-
مەيتتى. ② ھۇرۇنلۇق، ئېزىلەڭگۈلۈك قىلماق:
— ئۇكام، سىز تولا ئەزمىڭىزنى ئەزمەي،
بۇيرۇغان ئىشنى غاچ-غاچ قىلىڭ، — دېدى
ھامۇت ئاكا ئابلىزغا، رەنجىگەن ھالدا. * غۇلام
دەسسەپ سالغان شاپتۇلدەك ئەزمىسنى ئېزىپ
ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدىن چۈشتى.

**ئەزمەك** پ ① بېسىپ مىجىقلىماق، يەن-
جىمەك؛ سىقىپ سۈيىنى چىقارماق:
غۇلام ئالدىراش يۈگۈرۈپ كىردى-دە، پىشىپ
تۆۋىگە چۈشكەن بىر شاپتۇلنى دەسسەپ ئېزىۋەتتى.
* — تەگمە ھوي، سېنىڭ بادىرىدەك قوللىرىڭ
قومۇشنى ئېزىۋېتىدۇ ئۆزى، قومۇش ئىككىنچى
سورتقا چۈشۈپ قالسا، بېغى بەش پۇڭ تۆۋەنلەيدۇ
ئۆزى، ئىككى باغدا ئون پۇڭ زىيان ئۆزى....
② ئۇرۇپ، سوقۇپ ئۇۋاقلىماق، يۇمشاتماق،
ماكچايتماق: دادام ئۇستا تېۋىپ بولۇپ ئۆزى
دورا تەييارلايتتى، بۈگۈن ئۇ يۇمشىتىلىدىغان
خام دورىلارنى چۆڭ چۆيۈن ھاۋانچىسىدا ئېزىۋا-
تاتتى. * چىشى قالمىغانلىقىدىن قوناقنى ئەزمەي
يۇتۇشقا مەجبۇر بولغان ئېشەكنى ياش ئېشەك دەپ
دەۋا قىلىدىغان مۇتتەھەمنى ئالەم بىنا بولغاندىن
بۇيان كىم ئۇچرىتىپتۇ، تەقسىر. * قاراقچىلار
قاتتىق ئۇرۇپ ئۇنىڭ يۈز-كۆزىنى ئېزىۋېتىپتۇ.
③ نەمدەپ ياكى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ
تەمىنى چىقارماق، سۈيۈقلۇققا ئايلاندۇرماق:
گۈلسۈم مېھمانلارغا تۇتقان چاي ئىستاكانلىرىغا
ئۇلارنىڭ توسۇشىغا قارىماستىن تۆت چاقماق قەنت
سالدى-دە، چاي قوشۇقى بىلەن ئاستا مالتىلاپ
ئېزىشكە باشلىدى. ④ كۆچمە. جەبىر، زۇلۇم
سالماق؛ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلماق:
ھۆسەيىننىڭ دادىسى چوڭ پومېشچىك، قوشۇمچە
كاپىتالىست بولۇپ، خەلقنى ئېغىر ھالدا
ئەزگەنىدى. * سىز ئاكتىپلىق بىلەن ئەرزىيەت
ئېيتىپ، ئۇنىڭ سىزنى قانداق ئەزگەنلىكىنى،
كۈچىڭىزدىن قانداق پايدىلانغانلىقىنى كۆپچىلىك
ئالدىدا پاش قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن دادىل كۈرەش
قىلىسىڭىز، بىر تىيىن ھەققىڭىزنى قالدۇرماي
ئېلىپ بېرىمىز. ⑤ كېسەل ياكى قىيىنچىلىق
جىسمانىي جەھەتتىن بوشاشتۇرماق:
رەھمەت، چوڭام، ئۆزەمغۇ تۈزۈك، ئاما، زۇكام
سەل ئەزدى، شۇ سەۋەبتىن نامازنى ئۆيدىلا
ئوقۇۋالدىم. * خۇشاللىقنى ئۇنتۇدى پەرھات،
يۈزلىرىدىن كۆچتى قىزىللىق. كۆزلىرىدە ئويىندى
ھەسرەت، ئەزدى ئۇنى مىسكىن يېتىملىك.
⑥ روھىي جەھەتتىن ئازابلىماق، چۈشكۈن-
لۈككە ئۇچراتماق، قىيناماق؛ بىئارام قىلماق:
مەن بالىسىنىڭ قايغۇسىغا تەڭ شېرىك بولالمىسامۇ
ئۇنىڭ ھازىرقى ھالى يۈرەك باغرىمنى ئەزدى.
* بالام ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېزىپ نېمانداق
ئولتۇرىسەن؟ ⑦ يۈرەكنى دولقۇنلاتتۇرماق،
ھاياجانلاندۇرماق: قىزنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى
يۈرىكىمنى ئەزدى. * بۇ مۇزىكىدىن ھېچ قەيەرگە
قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قانداقتۇر
غەمكىن، يۈرەكنى ئېزىدىغان لەززەتلىك مۇزىكا.
⑧ بىرەر گەپنى ئەزمىلىك بىلەن سوزماق،
گەپنى چايناپ ئۇزارتماق: ئۇ بىرھازا
ئەزمىسنى ئەزدى، ئاڭلىماي كېتىۋېرەي دېسەم،
«ھال پەيدا بولۇپ قېلىپتۇ»، دەپ ئويلاپ قېلىشىدىن
ئەنسىرىدىم.

**ئېزىپ ئىچىۋالماق** ياخشى بىلىۋالماق،
بەش قولدەك بىلمەك، سۇدەك بىلمەك:
تۇيغۇن مۇئەللىم ئۆتكەن ھەر سائەتلىك دەرسنى

ئېزىپ ئېچىۋالاتتى.

**ئەزمىدە** ئى. ھەزىم، سىڭىرىش: مەن بۇ تاماقنى ئەزمىدە قىلالمايمەن.

**ئەزمىدە بولماق** ① ھەزىم بولماق، سىڭمەك. ② تازا مەي باغلاپ ئېزىلمەك: باغدىكى مېۋىلەر پىشىپ ئەزمىدە بولۇپ كېتىپتۇ.

**ئەزمىلەشمەك** پ ① گەپنى تەكرارلاۋەرمەك، گەپنى سوزۇپ ئىنجىقلاپ قىلماق: بىزنىڭ بۇ دۈيجاڭىمىز ئەزمىلىشىپ يىغىن ئاچسا بىر كۈننى ئۆلتۈرگەن بولىدى. ② بوشاپ كەتمەك، ئاستا، ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن قىلماق: ــ سايىم، ئەزمىلىشىپ كېتىپسەن، ئاخشام تويى باغىقىسنى نېمە ئۈچۈن ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بەرمەيسەن؟ ــ دېدى ئۇ سايىمغا تونۇشلۇق بولغان شەرتلىك سۆزىنى ئىشلىتىپ.

**ئەزمىلىك** «ئەزمە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئاۋۋال ئالدىرىماي تۇرۇپ ئۈستەلنى سۈرتتى. ئاندىن باشقىلارغا، سۆزلىگەچ ئەزمىلىك بىلەن چاپىنىنى يېشىپ، ئىلغۇچقا ئاستى. * ــ ھە بولدى، شۇنىڭغا مىنىپ ھايالسىز بېرىڭ! ــ دېدىم مەن بوۋاينىڭ ئەزمىلىكىگە تېرىكىپ.

**ئەزمىلىك قىلماق** ← **ئەزمىلەشمەك**: ــ ئەجەب بىر گەپ قىلىدىغان ئادەمكەن بۇ، ــ ھەۋزىدىنسا تەتۈر قارىۋالدى. سۇلايمان بولسا، ھە دەپ ئەزمىلىك قىلماقتا ئىدى. * سەن مۇشۇنداق ئەزمىلىك قىلىدىغان بولساڭ، پويىزدىن قالىسەن.

**ئەزۋەيلەتمەك** «ئەزۋەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ دورا شىپا بولۇش يىراق تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئۇنىڭ كېسىلىنى ئەزۋەيلىتىپ قويدى.

**ئەزۋەيلەشمەك** «ئەزۋەيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەزۋەيلىمەك** پ ① سۆزدە، ھەرىكەتتە جىددىيلىشىپ بارغانسېرى ئۆرلەپ كەتمەك، كۆچەيمەك، ئەۋجىگە چىقماق، ئەدەپ كەتمەك: تۇرسۇن ئايىمنىڭ جۇدۇنى تۇتقاندا، ئۆزى سۆزلەپ، ئۆزى ئۆرلەپ، ئۆزى پەسكويىغا چۈشمىسە، بىرىلگەن تەسەللى كۆيۈۋاتقان ئوت ئۈستىگە قۇيۇلغان ياغ بولاتتى ـ دە، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتەتتى. * ئۇلار سۇلايمان بوۋاينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كېلىپ گىستارنى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ قاتتىق چالدى ۋە ئۇچەيلەن سەت ۋارقىرىشىپ غەلىتە ناخشىلارنى ئېيتتى. ② تېز پۇرسەتتە ئېگىز بولۇپ ئۆسمەك: بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى ھۆل ـ يېغىن بىلەن يول بويىدىكى دەرەخلەر بەس تاشلاپ ئەزۋەيلەپ ئۆسكەندى.

**ئەزىز** [ئە] ① سۈپ. ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە، قەدىرلىك، سۆيۈملۈك: ئەزىز مېھمان. ئەزىز دوست. ئەزىز ئوغلۇم. * مەن بۇ ئەزىز مېھمانلارنى گەپ ـ سۆزسىز ساقلىتىپ قويغىنىمغا خىجالەتمەن. * ئەي ئەزىز ئوغلۇم ــ جىگەرىم، سەن قايان كەتتىڭ بۈگۈن، دەردتە قويۇپ داداڭنى باغرىنى قان ئەتتىڭ بۈگۈن. ② سۈپ. ئۇلۇغ، سۆيۈملۈك، بىباھا: ئەي ئەزىز ئانا دىيارىم ياشنىدىڭ بوستان بولۇپ، كۈيلىنەر ئىشقىڭ تۈمەن دىلدا غەزەل ـ داستان بولۇپ. ③ سۈپ. ئەتىۋارلىق، قىممەتلىك، مۇقەددەس، تەڭداشسىز: ئۇنىڭ ئۈچۈن بىلمەدەك ئەزىز نەرسە يوق ئىكەن. ئىلىم ـ پەننى سۆيسە كىم ئاڭا ئۇ بەك زوق ئىكەن. * قەشقەر دەپ نامى چىقسا بىلمەيمەن قالماس كىشى، «ئەڭ ئەزىز، مەشھۇر» دەپ نامداردۇر قەشقەر. ④ تى. ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسمى: ئەزىز ئاخۇن. ئەزىزخان. ئەزىزەم.

**ئەزىز بولماق** ھۆرمەتكە، ئېتىبارغا ئىگە بولماق: سېنىڭ تىزگىنسىز دەۋرىڭ تۈگەيدۇ پات ئارىدا، قىممەتلىك، ئەزىز بولۇپ قالىسەن جەزمەن خەلق قولىدا....

**ئەزىز قىلماق** ھۆرمەتلىنىدىغان، ئىززەتلىنىدىغان، ئېتىبار قىلىدىغان ھالەتكە ئېرىشتۈرمەك، ئىگە قىلماق: سېنى گۆش، پولو بېرىپ بېقىپ، ئوقۇتۇپ يۇرت ئىچىدە، ئائىلىمىزدە ئەزىز قىلدىم. ئەمدى بۇرچىڭنى ئاقلىشىڭ كېرەك.

**ئەزىزانە** رەۋ [ئە+پ] يېزت. ھۆرمەت،

www.uyghurkitap.com

ئېتىبار ۋە ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشكەن: قىيامەت ئىچىدە قالغاندەك گويا، بىلىندى يىگىتكە ئەزىزانە يۇرت. * ئەزىزانە قەشقەرنىڭ شېرىن-شەربەت سۈيى بار، ھايات بىلەن قوشكىزەك ياڭراق ناخشا كۈيى بار.

**ئەزىزلەشمەك** ① «ئەزىزلىمەك» پېئىلىنىڭ **ئۆملۈك دەرىجىسى**: بىر ئائىلىدىكى ئەر ۋە ئايال تەرەپ بىر-بىرىنى ئەزىزلەشسىلا، بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىشسىلا، ئائىلىدە ياخشى كەيپىيات بارلىققا كېلىدۇ. ② **ھۆرمەتكە، ئېتىبارغا، ئالاھىدە ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشمەك:** ئاشۇ كۈنلەردە بازارنىڭ ھېچ قەيېرىدە سارجا بولمىغاچقا ئۇنى ئىزدەۋاتقانلار ئارىسىدا ئەزىز-لىشىپ كەتتى.

**ئەزىزلەنمەك** «ئەزىزلىمەك» پېئىلىنىڭ **مەجھۇل دەرىجىسى**: دىلشات بۇ ئىككى قېرىنىڭ كۆز نۇرى، ئىككى دۇنيالىقى بولغاچقا، ئۆيدە پاقلاندەك ئەزىزلىنىشكە مۇيەسسەر ئىدى.

**ئەزىزلىمەك** پ ① ئالاھىدە ياخشى كۆرمەك، ئەتىۋارلىماق، ھۆرمەتلىمەك، ئىززەت-ئىكرام قىلماق: خەلق ئۈچۈن ئىشلىگەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان كىشىنى ھەممە ئەزىزلەيدۇ. ② **ئۇلۇغ، ئەتىۋارلىق، سۆيۈملۈك دەپ بىلمەك، قارىماق:** ئەۋلادلار يەنە بىر سەرسان بولماسقا، يېڭىچە روھ بىلەن يادلايدۇ ئۇنى، نادانلىق دەردىنى تارتقان ھەر كىشى ئەزىزلەپ دىلىدا ساقلايدۇ ئۇنى

**ئەزىم** سۈپ [ئە] **ئۇلۇغ، بۈيۈك، چوڭ، زور؛ كاتتا:** ئادەمنىڭ كۆڭلى ئەزىم دەريا بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە سىغىدۇ. * كوئېنلۇن تىزمىلىرىدىكى يېشىل قارىغايلار ۋە زەرەپشان قىرغاقلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى، ئەزىم دەريا تىنىمسىز چايقىلىپ، خۇشال ئۆركەشلىگەندەك تۇيۇلاتتى.

**ئەزىمەت** [ئە] ① سۈپ. **كاتتا، بۈيۈك، زور:** ئىلىخو... ئىلىخو.... ئەزىمەت شەھەر، تاغلاردىن قوش قانات ئاچقان ئىشىكسەن. باغرىڭدىن باتۇر-لۇق ئۇغۇزىنى ئېمىپ، پالۋانلار ئۈيغانغان ئالتۇن بۆشۈكسەن. * —بەللى ئۇكا، ئەزىمەت ئىش قىلىپسىلەر، — دېدى بىر شىياۋدۈيجاڭ خۇشاللىق بىلەن سابىرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ. ② سۈپ. **ھەر ئىشنى قىلىشقا جۈرئەتلىك، قۇدرەتلىك، مەرد:** مەن سېنى ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان ئەزىمەت سۈپىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم، ئۈيلىغىنىم بولدى. بۇ ئۈمىد بىزنى ئۆز مەقسىتىمىزگە يەتكۈزىدۇ. * كۆردۈڭلارمۇ بۇ ئەزىمەتنى، ئۇ يالغۇز ئەمەلدارلىق قىلىشنىلا ئەمەس يەنە تراكتور ھەيدەشنىمۇ بىلىدىكەن، يېزا كادىرى دېگەن شۇنداق بولسۇن-دە! ③ سۈپ. **باتۇر، پالۋان، قەيسەر:** —دوستۇم كامال، گەپ قىلساڭچۇ، سەن باتۇر-ئەزىمەت ئىدىڭغۇ! * بىز قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەن چېلىشچى ئەزىمەتلەرنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. * قۇرۇلۇش دۈيىنىڭ ئەزىمەتلىرى ئولتۇرغان ئازاد ماركىلىق ئاپتوموبىل بىرلەشمە جەڭ رايونى دائىرىسىگە كىرگەندە، باشقىلار ئالىقاچان ئىشقا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئەزىمەتلىك** «ئەزىمەت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: —يىگىتلەر سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشتىكى ئەزىمەتلىكىڭلار خەلقىمىزنىڭ تارىخىدا تېگىشلىك ئورۇن ئالىدۇ، — دېدى ئەترەت باشلىقى.

**ئەزىيەت** ئى [ئە] ① **رەنج، ئازار، زىيان-زەخمەت:** —بىز سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى تولۇق ئىگىلىدۇق، — دېدى كادىر، — سىز ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، ئەزىيەت تارتقان ئادەمسىز. ② **قىيىنچىلىق، جاپا-مۇشەققەت، ئازاب:** چۈشۈمدە بىر يۇرتتا بىر توپ خەلق قوللىرى باغلىنىپ، يۈرەك باغرى داغلىنىپ ئەزىيەت ئىچىدە قېلىپتۇ.

**ئەزىيەت تارتماق** ← **ئەزىيەت چەكمەك:** كۆپ ئەزىيەت تارتىپلا، ئۆزلىرى ئەسلى كىمنىڭ پەرزەنتى بولىلىكىن؟ —سورىدى داۋۇت موللام.

**ئەزىيەت چەكمەك** **ئازار يېمەك، جاپا-**

مۇشەققەت، قىيىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرمەك: ئۆمۈر بويى كىشلەردىن يۇمشاق مۇئامىلە كۆرمىگەن، ئېرى داۋۇت توكۇر ھايات ۋاقتىدىمۇ دائىم تاياق يەپ، تىل ئىشتىپ ئەزىيەت چەككەن، ئوغرىلىق قىلىپ ئەل ـ يۇرتنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ كەلگەن بۇ ئايال بۈگۈن موللازەيدىننىڭ يېقىملىق مۇئامىلىسى ۋە يۇمشاق سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەنىدى.

**ئەزىيەتلىك** سۈپ. جەبىر ـ زۇلمى، ئازاب ـ ئوقۇبىتى، جاپا ـ مۇشەققىتى، جەبىر ـ جاپاسى بولغان؛ جاپا ـ مۇشەققەتلىك: ئۇ، ئابدۇللانىڭ ئەزىيەتلىك ئېغىر قىسمەتلىرى توغرىسىدا ئاڭلىغان ۋە ئۇنى ئۆزى بىلەن تەقدىرداش ھېسابلاپ كەلگەنىدى.

**ئەس** ئى ① ئادەمنىڭ بىلىش، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى؛ ئاڭ، زېھىن، ھوش، ئەقىل: ئېسىنى يوقاتماق. ئېسىنى يىغماق. ئېسىنى تاپماق. ئېسىنى بىلمەك. * ئېسىڭ بارىدا ئېتەك ياپ (ماقال). * ئەر قېرىسا كۈچىدىن قالار، خوتۇن قېرىسا ئېسىدىن قالار (قامال). * ئەلاخان دېسە بۇ يۇرتنىڭ ئىچىدە، بارمىدۇ كەمبەغەل تىللىمايدىغان؟! ھەتتاكى ئەس كىرگەن بىر سەبىي گۆدەك، بولىدۇ شۇ زامان يىغلىمايدىغان. ② يادىدا ساقلاش، يادقا ئېلىش قابىلىيىتى؛ ياد، خاتىرە: ئەستە تۇتماق. ئەستە قالدۇرماق. ئەسكە ئالماق. ئەسكە سالماق. ئېسىگە كەلمەك. * نىياز ئۇنۇگۇن قىزىنىڭ «دادا نىمىشقا ماشىنا بىلەن چىقمىدىڭ» دېگەن گېپىنى ئېسىگە ئالدى. * ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئەتىگەن ئىدارىدە ئېيتقان سۆزلىرى بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى.

**ئەس ئالدۇرماق** دەم ئالدۇرماق، ھاردۇقنى چىقارماق: ئېتىم بەك ھېرىپ كەتتى، سەل ئەس ئالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ماڭايلى. * توشقان دەرياسىدىن ئۆتۈپ خېلى ئۇزاق ئەس ئالدۇرۇلغان ئاتلار ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ، ئاقيار بازىرىغا يېقىنلىشىپ قالدى.

**ئەس تاپماق** ئەقىل تاپماق، ئاق ـ قارىنى بىلىپ قالماق: ئۇلار ئىشنى تۈگىتىپ قايتىدىغان چاغدا، بەزى كىچىك بالىلارنى ئاكا ـ ھەدىلىرى چۈشۈرۈپ ئېلىپ قالدى، ئەمما سەل ئەس تېپىپ قالغان بالىلار باشقا مەھەللىلەرگە تراكتور بىلەن بىللىلا كەتتى.

**ئەستە تۇتماق** يادىدا، خاتىرىسىدە ساقلىماق، يادىدا قالدۇرماق: بىز لېنىننىڭ سۆزىنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك.

**ئەستە ساقلىماق** ← **ئەستە تۇتماق**: مەن دادامنىڭ سۆزىنى ھەر ۋاقىت ئەستە ساقلايمەن.

**ئەستە قالدۇرماق** ← **ئەستە تۇتماق**: ئۇ شۇنداق تۇرۇپمۇ، دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتارىدا ماڭاتتى، مەن ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىگە ھەيران ئىدىم. ئۇ ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى قانداق ۋاقىتتا سورىسىڭىز، بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرەلەيتتى.

**ئەستە قالماق** يادىدا، خاتىرىسىدە ساقلانماق: بۇ ھېكايىنى بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ئېسىمدە قالغىنىغا ئاساسەن يېزىپ چىقتىم.

**ئەستىن چىقارماق** ئۇنتۇپ كەتمەك، ئۇنتۇماق: مەن ئۆزەمنىڭ نېمىگە ئالدىراۋاتقانلىقىمنى بىر سېكۇنتمۇ ئەستىن چىقارماسلىقىم لازىم. * ئامبارنى ياساشنى ياساپتىمىزۇ، مۇستەھكەملەشنى ئەستىن چىقىرىپتۇق، ئوبدان مۇھاپىزەت قىلماپتۇق.

**ئەستىن كۆتۈرۈلمەك** ئەستىن چىقماق، ئۇنتۇلۇپ كەتمەك، ئۇنتۇلماق: چەت ئەل تىلى دېگەننى دائىم ئۆگىنىپ تۇرمىسا، ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. * شۇغۇللانغان كەسپىنى تاشلىۋەتسە ئەستىن كۆتۈرۈلىدۇ.

**ئەسكە ئالماق** ئېسىگە، يادىغا، خىيالىغا كەلتۈرمەك، ئېسىگە چۈشۈرمەك، ئويلىماق: ئۇلار پەقەت ھاجىتى چۈشكەن چاغدىلا ئۇنى ئەسكە ئالاتتى. * زەيتۇنەم سۈرەتكە قاراپ ئولتۇرۇپ، يېقىملىق بىر تۇيغۇ بىلەن ئۆتكەنلەرنى ئەسكە ئالدى.

**ئەسكە سالماق** يادىغا، خىيالىغا كەلتۈر-

www.uyghurkitap.com

مەك، ئەسلەتمەك، ئويلاتماق: مومايىنىڭ قەددى ئوبدانلا پۈكۈلگەن بولۇپ، تارتىلغان يانىڭ كىرىچىنى ئەسكە سالاتتى.

**ئېسى ئاغماق** ئەقلىدىن ئاداشماق، ئەقىل-ھوشىنى يوقاتماق، خاتا قاراشتا بولماق: مەن بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئېسىم ئاغدى، ئۆزەمنى يوقاتتىم.

**ئېسىگە چۈشمەك** ← **ئېسىگە كەلمەك**: مەن ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ، كىچىك چاغدىكى چىرايى ئېسىمغا چۈشتى.

**ئېسىگە كەلمەك** ① ئەس-ھوشى بار ھالەتكە كەلمەك، ئەس-ھوشى ئەسلىدىكى ھالىغا كەلمەك: ئۇ سۇدىن قۇتقۇزۇلۇپ، ئون مىنۇتتىن كېيىن ئاران ئېسىگە كەلدى. * سىڭلىم قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، ئىككىنچى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا ئەنۋەر دوختۇرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن تەستە ئېسىگە كەلدى. ② يادىغا چۈشمەك، يادىغا ئالماق، خىيالىغا كەلمەك: ئۇنىڭ قانچىلىك ۋاقىت ئىشلىگەنلىكى پەقەت، دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئېسىگە كەلدى.

**ئېسىم قۇرۇسۇن** ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن، ئېسىمدىن چىقىپتۇ: — ئاپئاق قىزىم، خاپا بولما، — دەپ ئەركىلەتتى ئۇ كارىۋاتنىڭ چېتىدە بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ ئولتۇرغان قىزىنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ، — ئېسىم قۇرۇسۇن، سېنىڭ ئامراق نەرسىلىرىڭنى ئېلىپ كېلىشىدىم، ئۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ خۇرجۇندا.

**ئېسىنى بىلمەك** ① ئەسلىيەلەيدىغان ۋە ئەستە ساقلىيالايدىغان ھالەتكە كەلمەك؛ ئاز-تولا ئاق-قارىنى پەرق قىلالايدىغان ياشقا يەتمەك: مەن ئېسىمنى بىلسەم، ئائىلىمىزدە بىر ئات-ھارۋا، يىگىرمە تۇياق قوي، بەش كالىمىز بار ئىكەن. ② ئەقلى-ھوشىنى يىغماق، ئەقلى-ھوشىنى تاپماق، ئۆزىنى ئۆزى بىلمەك: — ئېسىڭنى بىل، بولمىسا، خامىرىڭنى يانجىيمەن، — دېدى مەخسۇت ئاكا ئەستىكە ئاچچىقلىنىپ. * — ئېسىڭنى بىلىپ يۈرگىن ئۇكام، بولمىسا، ئاغزىڭغا كەلگىنىنى دەۋېرىپ بىرىدىن تاياق يەۋالمىغىن يەنە، — دەپ نەسھەت قىلدى مەريەم ئۇكىسى ئەركىنجانغا.

**ئېسىنى يوقاتماق** ئەقلى-ھوشىدىن ئايرىلماق، ئېسى ئاغماق، ئېسەنگىرىمەك: يىگىت مەلىكە ساھىبجامالنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ دەيدىغان گېپى تۈگۈل، ئېسىنىمۇ يوقىتىپ قويدى.

**ئېسىنى يىغماق** ئەقىل-پاراستىنى، زېھنىنى بىر يەرگە جەم قىلماق، ئەس-ھوشىنى يىغىشتۇرۇۋالماق: مەن ئۇيقۇدىن تۇرۇپ ئېسىمنى يىغىپ ئويلاپ بولغۇچە ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كەلدى. * كېيىن بىرئاز ئېسىنى يىغىپ: — يولداش تۇراپ، سىز ئەقلىدىن ئازمىغانسىز؟! بۇ قانداق گېزىت بىلەمسىز؟! — دېدى.

**ئەسەب** ئى [ئە] نېرۋا ۋە نېرۋا تومۇرلىرى سىستېمىسى: مۇنداق ئەسلەش ئادەمنىڭ ئەسەبلىرىنى شۇنداق كاردىن چىقىرىدۇكەنكى، ئەقلىغە سىغمايدىغان نەرسىلەرنى ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇكەن كىشى. * ئايۇپ ئاكىنىڭ ھېلىقى زەھەرلىك سۆزلىرى ئۇنىڭ ئەسەبلىرىنى قاقشىتاتتى.

**ئەسەبىي** سۈپ [ئە] ① مىجەزى ئۆزگىرىشچان، بولار-بولماس قىزىرىشىپ قالىدىغان، ئاچچىقى، غەزىپى، زەردىسى تېز كېلىدىغان: ئەسەبىي كىشى. ئەسەبىي بالا. * ئۇ خاسىيەتخانىدىن ساقىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇنچىلىك قاتتىق غەزەپكە كەلدىكى، ئەزەلدىن تەمكىن ۋە خۇش چىراي بۇ ھاكىم تاقەت قىلالماي ئەسەبىي ئادەمدەك ۋارقىراپ تاشلىدى. ② يامان خاراكتېرلىك، غەلىتە مىجەزلىك: سوتلار قانلىق ۋە ھەيران قالارلىق ۋەقەلەرنى مەززە قىلىپ ئاڭلىغۇچى ئەسەبىي خوتۇنلارغا تولۇپ كېتەتتى. ③ قاتتىق، ئاچچىق: باتۇرجان جان-جەھلى بىلەن سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر بىر خىل ئەسەبىي قەھرۇغەزەپ چىرمىۋالغانىدى.

**ئەسەبىيلەرچە** رەۋ. ئەسەبىيلەردەك، ئەسەبىي كىشىلەرگە خاس يوسۇندا:

ئۇ تېزلا كەينىگە يېنىپ، سىرتتىن بىر پالتىنى كۆتۈرۈپ كىردى ـ دە، چىلىشىۋاتقان ھېلىقى ئىككى گەۋدىنى ئەسەبىيلەرچە چاناپ تاشلىدى. • ئۇلار خۇشال بولغانىدا ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ كېتىدۇ.

**ئەسەبىيلەشتۈرمەك** «ئەسەبىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانغان بۇ شۇم خەۋەر ئۇنى تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتۈردى.

**ئەسەبىيلەشتۈرۈلمەك** «ئەسەبىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەسەبىيلەشمەك** پ. ئەسەبىي ھالەتكە كەلمەك؛ خۇيىنى بۇزماق، چىچىلماق: دەل شۇ مىنۇتتا ئىلشات بىردىن ئەسەبىيلەشتى. ئۇ ئاچچىقىدا ھېلىقى ئەسكەرنىڭ كاچىتىسىغا بىرنەچچىنى سالدى. تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ يەنە بېلىدىن تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋالدى.

**ئەسەبىيلەنمەك** پ. ئەسەبىيلىكى، نېرۋىسى قوزغالماق؛ ئەسەبىي بولماق، ئاچچىقىدىن، غەزىپىدىن ئۆزىنى تۇتالماي قالماق، دەرغەزەپ بولماق: گۈلنىسانىڭ ئاۋازى ئۆزگەردى ۋە ئۇنىڭ رەڭگىرويىدا جىددىيلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى، ئۇ خېلىلا ئەسەبىيلەنگەنىدى.

**ئەسەبىيلىك** «ئەسەبىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كېرەم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھېلىقى ئادەمگە لاپپىدە قارىۋالدى ـ دە، ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىۋەتتى. • ئۇلارنىڭ قايناق ھېسسىياتى ئەسەبىيلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئۇنۇتقان قىزغىنلىق، ئىجاتچانلىق روھىدا كەم بولسا بولمايدىغان قىزغىنلىق.

**ئەسەد** ئى [ئە] <ئاستر> ① ئەسەد بۇرجى. ② شەمسىيە يىل ھېسابىدىكى 5-ئاينىڭ ئەرەبچە نامى (مىلادى 22-ئىيۇلدىن 12-ئاۋغۇستقىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ). ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئەسەد بۇرجى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجنىڭ بەشىنچىسى، بەلگىسى «♌»، ئاسترونومىيىلىك ئۇزۇنلۇقى °120 — °150. ئەسلى ئورنى ئەسەد يۇلتۇزلار تۈركۈمى بولۇپ، يىلالارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سەرەتان يۇلتۇز تۈركۈمىگە كۆچكەن. قۇياش ھەر يىلى 23-ئىيۇلنىڭ ئالدى-كەينىدە بۇ بۇرجتا بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم «تومۇز» دېيىلىدۇ.

**ئەسەد يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 10 سائەت 30 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى °16. سەرەتان يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شەرقىغە، سۇنبۇلە ۋە ۋىرونىكا چېچى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ.

**ئەسەر I** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسىدىن قالغان ياكى ئۇنىڭدىن دېرەك بېرىدىغان بەلگە، ئىز؛ ئالامەت: تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى ھەرقانچە تۇتۇپ باققان بولسىمۇ، ھېچقانداق كېسەللىكنىڭ ئەسىرىنى سېزەلمەپتۇ. • ئۇنىڭ چىرايىدىكى بايىقى ھارغىنلىقتىن ئەمدى ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ② تەسىر: سېنىڭ سۆزۈڭ ماڭا ئەسەر قىلدى. ③ كىشىلەردە بولىدىغان نېرۋا ئاجىزلىق ھالەت: ئەسىرى بار ئادەم. ئەسىرى تۇتماق.

**ئەسەر قىلماق** ئۆزگە تارتماق، جەلپ قىلماق؛ تەسىر قىلماق: سېنىڭ سۆزۈڭ ماڭا ئەسەر قىلدى.

**ئەسىرى كېسىلمەك** تەسىرى ياناماق، ھوشىغا كەلمەك، ياخشىلانماق.

**ئەسەر II** ئى [ئە] <ئەد> ① ئىجادىي مېھنەت مەھسۇلى: ئىلمىي ئەسەر يازماق. ئەسەر ياراتماق. • ئۇنىڭ دورىگەرلىك ئىلمىغا ئائىت ئۈچ پارچە ئەسىرى نەشر قىلىندى. • سىزنىڭ سەھنە ئەسىرىڭىز مېنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇردى. • قۇدرەتنىڭ سىزىپ چىققان بىر پارچە ماي بوياق سىزما ئەسىرى موسكۋا گۈزەل ـ

www.uyghurkitap.com

سەنئەت كۆرگەزمىخانىسىدا كۆرگەزمە قىلىندى.

**ئەسەر قەھرىمانى** <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئالاھىدە ئېنىق خاراكتېرلىك بەلگىلەرگە، مىجەز-خۇلققا ئىگە ھەمدە ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن باشقا شەخس ۋە تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە مۇقىم مۇناسىۋەتتە بولىدىغان شەخس. كۆپىنچە، ئەسەردىكى كۆپ تەرەپلىمە، تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەخسلەرمۇ ئەسەر قەھرىمانى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئەستا ← ئەستاغپۇرۇللا:** ئەستا ئۇ نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ. * ئەستا، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەممىمىزنىڭ بېشى قاتتى.

**ئەستاغپۇرۇللا** ئىم [ئە] ① ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش، تەئەججۇبلىنىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ؛ ياپىر، يارەببىمغا ئوخشاش سۆزلەرگە توغرا كېلىدۇ: نۇرمۇھەممەت ياقىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: — ئەستاغپۇرۇللا، دەل ئۆزى شۇ، — دېدى. * ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا، نېمە بولۇپ كەتتى بۇ ئىش، بۇ جاھان. ② غەزەبلىنىش، ئاچچىقلىنىشنى بىلدۈرىدۇ: ئالغاندا بىسمىللا، بەرگەندە ئەستاغپۇرۇللا (ماقال). * — ئۇ ئەستاغپۇرۇللا، بۇ بەڭباش نەگە كەتكەندۇ؟ — دەپ بالىسىنى تىللىدى. ③ ئەپسۇسلىنىش، پۇشايماننى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئۆيىگە بېرىپ چېيىنى ئېچە-ئىچمەيلا، — ئەستاغپۇرۇللا! ھېلىقى ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن ئەمەسمۇ، — دەپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

**ئەستايىدىل** رەۋ [پ] ① چىن كۆڭۈلدىن، كۆڭۈل قويۇپ، قېتىرقىنىپ: ئۇ ئەستايىدىل كىتاب ئوقۇدى. * ئوسمان دوختۇر بالىنىڭ كېسىلىنى ئەستايىدىل تەكشۈردى. * ئەختەم بۇ سۆزلەرنى خۇددى چوڭ ئادەم بىلەن سۆزلەشكەندەك ئەستايىدىل سۆزلىدى. * رۇقىيە ئۆي ئىچىنى ئەستايىدىل تازىلىدى. ② ھەممە تەرەپنى ھېسابقا ئېلىپ، ئەتراپلىق: پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. * ئوقۇغۇچىلارنىڭ لوگىكىلىق، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ۋە ئەستايىدىل ئويلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ھەممە ئوقۇتقۇچى ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

**ئەستايىدىللىق** «ئەستايىدىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: دوختۇر ئۇنىڭ كېسىلىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ چىقتى. * خەلق خىزمىتىگە نىسبەتەن ئادەمدە بىر خىل ئەستايىدىل-لىق بولۇش كېرەك.

**ئەستەر** ئى [پ] كىيىم-كېچەك ياكى كۆرپىگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئىچكى قەۋىتى، ئىچكى تەرىپىگە تىكىلگەن ماتېرىيال، رەخت: چاپاننىڭ ئەستىرى. كۆرپىنىڭ ئەستىرى. يوتقاننىڭ ئەستىرى. * ئوسمان بىر پارچە خەتنى قادىرغا بەردى، قادىر خەتنى چىرايلىق قاتلاپ، دوپپىسىنىڭ ئەستىرى ئىچىگە تىقىۋالدى.

**ئەستەرلەتمەك** «ئەستەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇري دەرىجىسى: مەن پەلتويۇمنى ئەستەرلەتتىم. * ئايالىم يوتقان-كۆرپىنى ئەستەر-لىتىپ كەلدى.

**ئەستەرلەشمەك** «ئەستەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەستەرلەنمەك** «ئەستەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياۋروپانىڭ جەنۇبىدا ئوتتۇرا دېڭىزغا يانداشىپ تۇرىدىغان بىر يېرىم ئارال دۆلىتى بار. بۇ دۆلەتنىڭ يەر شەكلى خۇددى تەتۈر ئۆرۈلگەن قوي تېرىسىدا ئەستەر-لەنگەن ئۆتۈككە ئوخشايدۇ. بۇ — ئىتالىيىدۇر.

**ئەستەرلىك** سۈپ ① ئەستەر قىلىشقا يارايدىغان، ئەستەر قىلىشقا بولىدىغان: ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى يېڭى تىكتۈرمەكچى بولغان چاپىنىمغا ئەستەرلىك رەخت سېتىۋالغىلى بازارغا باردىم. ② ئەستىرى بار، ئەستەرلەنگەن: ئابدۇكېرەم تۆت يانچۇقلۇق، ئەستەرلىك چاپىنىنىڭ ئىزمىلىرىنى يېشىۋەتتى. // ماموت تىكتۈرمەكچى بولغان پەلتوسىنىڭ ئەستەرلىكىنىمۇ ئۇ دۇكاندىن سېتىۋالدى.

**ئەستەرلىك گەپ** تېگى بار گەپ، ئىككى بىسلىق گەپ: سىز بۇ قوش ئەستەرلىك گەپنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

**ئەستەرلىمەك** پ ① ئەستەرگە ئالماق، ئەستەر ئورناتماق: چاپاننى ئەستەرلىمەك. يوتقاننى ئەستەرلىمەك. * ماشىنىچى ئۇستام پەلتونىڭ تېشىنى تىكىپ بولۇپلا، ئۇنى ئەستەرلىدى. ② كۆچمە. ئاز-تولا بىرنەرسە يېمەك، تويمىغۇزماق: جامال ئاكا ناتونۇش كىشىگە: — ئاۋۋال قورساقنى ئازراق ئەستەرلەيلى، ئاندىن يىراقتىكى ئاشۇ ئەزىز كىشىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىمەن، — دېدى.

**ئەستىلىك** ئى ① بىرەر كىشىگە ياكى ئۆز يېقىنلىرىغا خاتىرە ئۈچۈن ھەدىيە قىلىنغان نەرسە، بۇيۇم، يادىكارلىق: بۇ ساڭا ئەستىلىك بولسۇن. * ئۇ ماڭا بىر تال قەلەمنى ئەستىلىك قىلدى. ② كۆچمە. ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن، كەچۈرگەن ياكى ئۆز ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئىش، ھادىسە، ۋەقە ھەققىدىكى ئەسلىمە: دەريانىڭ كۈچلۈك شاۋقۇن ئاۋازى ئادىلغا ئاپرېل ئەستىلىكلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. * ئۇنىڭ مەيۈس چىرايى، غەمكىن كۆزلىرى قانداقتۇر بىر ئاچچىق خاتىرە، كۆڭۈلسىز ئەستىلىكلەرنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

**ئەسرا** ئى [ئە] سىر، سىرداش، ھەمراھ: ئۇ ئۆگەتتى كىم بولۇشنى، كىم ئۈچۈن ئىشلەشنى ھەم، شۇ بىلەن بولدۇم خەلقنىڭ ئەڭ يېقىن ئەسراسىمەن.

**ئەسرا بولماق** سىرداشماق، ھەمسۆھبەت بولماق؛ تونۇشماق؛ ھەمراھ بولماق: مەن ئۇ كىشى بىلەن كۆپ ئەسرا بولغانىدىم. * ئۇ، ئەنۋەر بىلەن تاماقخانىدا ئەسرا بولدى.

**ئەسرار** ئى [ئە] يىزت. سىر، سىرلار: نەرە تارتسام، غارقىراپ چىقسا تىيانشاندىن سادا، گۈلدۈرلىگەن كۆكتەك بولۇپ، يەتسۇن دىل ئەسرارىمغا خەت. * بىرنىڭ ئىزىغا مىڭدۇر تەييار، ھەممىگە مەلۇم دىلدىكى ئەسرار.

**ئەسسالام** ئى [ئە] ← سالام: — ئەسسالام، — دەپ ئېيتىشىپ سالام بېرىپتۇ قىز بوۋىسىغا. * — ئەسسالام، تىنچ تۇردىڭىزمۇ ئاپپاق قىزىم! — مەسۇمنىڭ ئاۋازى خۇشاللىقىدىن تىترەپ كەتتى.

**ئەسسالامۇئەلەيكۇم** ئى [ئە] ① كىشىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا تىنچ-لىق-ئامانلىق، ھال-ئەھۋال سوراش يۈزىسىدىن ئىشلىتىلىدىغان ھۆرمەت سۆزى بولۇپ، لۇغەت مەنىسى — تىنچ-ئامان بولۇڭ: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دېسە، «بەش تەڭگەمنى بەر»، — دەپتۇ. (ماقال). * سەمەندەر ئىززەت-ئىكرام بىلەن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ: — ئەسسالامۇئەلەيكۇم بوۋا، — دەپ ھۆرمەت بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ② كۆچمە. قانداق، مەن دېگەندەك بولدىمۇ؟...غا ئوخشاش قارشى تەرەپنى ئۇيالدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز: ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇنىماي كېتىۋېدىڭىز، قايتىپ كېلىپسىزغۇ؟

**ئەسقاتماق** پ. كېرەككە كەلمەك، ئىشقا يارىماق، پايدا بەرمەك: مەن ئۇ يەردە خېلى ئەسقاتتىم. * سەن قولا تايچاقتا ياخشى قارا، ئۇ ساڭا كېيىن ئەسقاتىدۇ.

**ئەسقېتىشماق** «ئەسقاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — بەللى، ياشاپ كەت ئاداش، ھەممە ئىشلارنى تۈگىتىپسىلەرغۇ، — دەپ خۇشال سۆزلىدى ئۇ، — دوست دېگەن مۇشۇنداق ۋاقىتتا بىر-بىرىگە ئەسقېتىشمىسا، ئۇنى دوست دېگىلى بولمايدۇ-دە.

**ئەسكەر** ئى [ئە] ① ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان كىشى، ھەربىي قوشۇن ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك جەڭچى: پىيادە ئەسكەر. ئاتلىق ئەسكەر. ئەسكەر ئالماق. * ھەربىي ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر ئەسكەر پوستتا تۇراتتى. ② دۆلەتنىڭ قورال-لىق كۈچلىرى ياكى ئۇلارنىڭ بىر قىسمى؛ قوشۇن، ئارمىيە: مۇنتىزىم ئەسكەر. خەلق ئەسكىرى. * ئەسكەر باشلىقى ئەسكەرلىرىنىڭ

ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغانلىقىغا چىدىماي، شەمشىرىنى سۇغۇرۇپتۇ ـ دە، ئوتتۇرا قولدەك تاللانغان ئەسكەرلىرىگە پەرمان بېرىپتۇ.

**ئەسكەر ئالماق** ئەسكىرىي خىزمەتكە قوبۇل قىلماق: ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش ئۈچۈن، يەنە يېڭى ئەسكەر ئالدى.

**ئەسكەر بولماق** ئەسكىرىي خىزمەتكە قوبۇل قىلىنماق، ئەسكەرلىككە كىرمەك؛ ئەسكىرىي خىزمەت ئۆتىمەك: مەن ياش ۋاقتىمدا ئۈچ يىل ئەسكەر بولدۇم.

**ئەسكەرتكۈزمەك** «ئەسكەرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەسكەرتمە** ئى. ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك، سۆز ـ ئىبارىلەرگە بېرىلگەن چۈشەندۈرۈش، قوشۇمچە، تەكىت: كىتابنىڭ ئاخىرىغا نۇرغۇن ئەسكەرتمىلەر بېرىلدى.

**ئەسكەرتمەك** پ ① ئېسىگە سالماق، يادىغا چۈشۈرمەك: قۇددۇس تالادا يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىنى يەنە ئەسكەرتتى. * ئەخمەت راستىنى ئېيتىش ھەمدە دىلشاتنىڭ ئۆز خىزمىتىگە تۇسالغۇ بولۇۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇش قارارىغا كەلدى. ② ئەسكەرتىش بەرمەك، چۈشەنچە بەرمەك: قاسىم ئۆزىنىڭ سۆچىلىقىنى ئوقۇغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى. * مۇئەللىم تىل دەرسىدە قائىدىنى ياخشى بىلىش، كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇش، يازغاندا قائىدىلەرگە سېلىپ ئالدىرىماي يېزىشنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى. ③ ئاگاھلاندۇرماق، تەكىتلىمەك: باشقا پارتىزانلار ئۇنىڭ چىشىغا تولا تەگمەسلىكىمنى پات ـ پات ئەسكەرتىپ قوياتتى. * كومىسسىيە باشلىقى ئۇلارنىڭ يەنە بەش مىنۇت ئىچىدە ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ بولۇش لازىملىقىنى ئەسكەرتتى.

**ئەسكەرتىش** ① «ئەسكەرتمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسمىدىشى. ② ئى. بىرەر نەرسە توغرىسىدا بېرىلگەن چۈشەندۈرۈش، قوشۇمچە ئىزاھ؛ ئەسكەرتمە: مەنسۇر تۇرسۇن توغرىسىدا ئەكبەرگە بەزى ئەسكەرتىشلەرنى بەردى.

**ئەسكەرتىشمەك** «ئەسكەرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىلىيار خوجا دائىم بىر كۆزىنى قىسىپ يۈرگىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى قارىغۇ خوجا دېيىشەتتى. بىرنەچچە كىشى ئەتراپتىكى كىشىلەرگە قاراپ ئۇنى قارىغۇ خوجا دېمەي، ئۇنى ئىليار خوجا دەپ ئاتاشنى ئەسكەرتىشتى.

**ئەسكەرتىلمەك** «ئەسكەرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوقۇتۇرۇشتا دىلدارنىڭ ئىسمى يېزىلغان ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەنىدى.

**ئەسكەرچە** رەۋ. ئەسكەرلەرگە خاس، ئەسكەرلەرگە ئوخشاش: ئەسكەرچە كىيىم. * جاپپاروۋ گېزىت قەغىزىنى ئۈچ بۇرجەك يىرتىپ، ئەسكەرچە قىلىپ تاماكا ئورىغاچ ئۇنى كۈتتى.

**ئەسكەرچىلىك** ئى. ئەسكەرلىك ھاياتى، تۇرمۇشى: ــ ئەسكەرچىلىك دېگەن ھەقىقەتەن تەس، تەقسىر، ئەسكەرنىڭ بوينى قىل ئارغامچىدا باغلاقلىق بولىدىكەن، ــ دېدى يېنىدىكى ئەسكەرلەرگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ.

**ئەسكەرخانا** ئى [ئە+پ] <ھەر> ئەسكەرلەر تۇرىدىغان جاي، كېزەرمە: دادام ئەسكەرخانىدا ھەربىي خىزمەت ئىشلەيتتى، ئۆيىمىز بولسا، ئەسكەرخانىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ئىدى.

**ئەسكەرلىك** «ئەسكەر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئەسكەرلىككە ئالماق. ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلماق. ئەسكەرلىككە چاقىرماق. * ياسىن قازى يېڭىدىن ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل شەھىرىدە يەنە ئۆي ـ ئۆيدىن ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇش باشلىنىپ كەتتى.

**ئەسكەرمەك** پ. كۆز ئالدىغا، يادىغا كەلتۈرمەك، ئاڭقارماق، ئەسكە ئالماق، ئەسلىمەك.

**ئەسكى** سۈپ ① ئىشلىتىلىپ، كۆپ

تۇتۇلۇپ كونىرىغان، كونا، سۇپىتىدىن چۈشكەن: ئەسكى چاپان. ئەسكى كىگىز. * ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى، يامان تۇغقان ئۆلگەندە ياخشى (ماقال). * مەشىنىڭ كەينىدىكى بۇلۇڭدا، بىر پارچە ئەسكى كىگىزنى ئاستىغا سېلىپ، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بىر خوتۇن ئولتۇراتتى. ② ئىستېمالدىن قالغان، تاشلىۋېتىلگەن، تاشلاندۇق: ــ بۇنداق ئەسكى، سۇنۇق نەرسىلەرنى ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟ ــ دەپ سورىدى ھۆسەن چوقۇر. * بۇ پاكارغىنا، تاملىرىغا ئەسكى قىزىل قەغەزلەر چاپلانغان ئۆي ئىدى. ③ كۆچمە. يامان، بۇزۇق، ئوسال، ناچار: ئەسكى ئادەم. ئەسكى قىلىق. * ئۇ شۇمتەكنىڭ قىلىقى ئەسكى بولغان بىلەن كۆڭلى ياخشى ئىكەن. * مەن ئەمدى ئۇنداق ئەسكى ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن.

**ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىگە كىرىۋالماق** ئۆزىنى كەمبەغەل، ھال ـ ئوقىتى ناچار قىلىپ كۆرسەتمەك؛ ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى يوشۇرماق.

**ئەسكىپۇرۇش** ئى. ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىپ، ئېلىپ ساتقۇچى كىشى: سېنىڭ بۇ ئەسكى لاتا، ئەسكى ئاياغ ۋە تۆمۈر ـ تەرسەكلىرىڭنى پەقەت بازاردىكى ئەسكىپۇرۇشلارلا سېتىۋېلىشى مۇمكىن.

**ئەسكىپۇرۇشلۇق** ئى. ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىش ۋە ئېلىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: ئۇ بوۋاي قېرىغىنىغا قارىماي، دائىم ئەسكىپۇرۇشلۇق قىلاتتى.

**ئەسكى ـ تۈسكى** ئەسكى، كونا، ئىشلىتىشتىن قالغان، تاشلاندۇق: شۆھرەت ئۇ قەلەمنى تالادىكى ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەر ئارىسىدىن تېپىۋالدى. * ئۆيىنىڭ ئويۇقىدا ئورۇن ـ كۆرپە بىلەن بىر قۇچاق ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەر تىزىپ قويۇلغانىدى.

**ئەسكىرەتمەك** «ئەسكىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالا شۇ كۈنى ئالغان ئويۇنچۇقنى شۇ كۈنىلا ئەسكىرىتىۋاتتى. * كىچىك بالا دېگەن تۇتۇلغۇن ئېلىپ بەرگەن كىيىمنى بۈگۈنلا ئەسكىرىتىدۇ.

**ئەسكىرىمەك** پ ① ئىشلىتىلىپ، كۆپ تۇتۇلۇپ ئەسكى بولماق، يارامسىز ھالغا كەلمەك، كونىرىماق: ئەسكىرىگەن چاپان. ئەسكىرىگەن ماشىنا. * ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى بەك ئەسكىرەپ كەتتى. ② يامان، ئەسكى، ئوسال قىلىقنى يۇقتۇرۇۋالماق، ئوساللاشماق، يامانلاشماق: ئۇ بالا يېقىندىن بېرى ئەسكىرىۋالدى.

**ئەسكىرىي** سۈپ. ئەسكەرگە، قوشۇنغا ئائىت بولغان؛ ھەربىي: ئەسكىرىي كۈچ. ئەسكىرىي خىزمەت. * دۈشمەن ئەسكىرىي كۈچىنى توپلىدى. * بىزمۇ ئەسكىرىي كۈچىمىزنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

**ئەسكىرىي خىزمەت** ئەسكەرلەرگە، ھەربىي ئىشلارغا ئائىت بولغان خىزمەت، ھەربىي خىزمەت: ئەنە شۇ يىللىرى مەن ئۈچ يىل ئەسكىرىي خىزمەتتە بولدۇم.

**ئەسكىرىي كۈچ** ئارمىيىنىڭ ئەمەلىي جەڭگە قاتنىشىدىغان جانلىق كۈچى ۋە ئۇلار قوراللانغان ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى: ئەسكىرىي كۈچنى توپلىماق. * قىزىل ئارمىيە ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى.

**ئەسكىلەشتۈرمەك** «ئەسكىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ياش ئوقۇغۇچىلارنى بەكمۇ ئەسكىلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

**ئەسكىلەشمەك** پ ① كونا، ۋەيرانە ھالەتكە كەلمەك، كونىرىماق: شۇنچە ياشتا تۇرۇپ بۇ ئەسكىلەشكەن چاپاننى قاچانغىچە كىيىسەن. * ھازىرقى بۇ مەكتەپ بىناسى ناھايىتى ئەسكىلىشىپ ئۆرۈلەي دەپ قالدى. ② كەيپسىز، ئەدەپسىز، بىھايا بولماق، ئوساللاشماق: كىچىك بالىنى ئوقۇتماي كوچىغا قويۇۋەتسە ئۇزىمايلا ئەسكىلىشىپ كېتىدۇ.

**ئەسكىلىك** ئى. ئەدەبسىزلىك، قىلىقسىزلىق، يامانلىق، ئۇساللىق: دۇنيادا ۋەدىسىدە تۇرمىغاندىن ئارتۇق ئەسكىلىك بارمۇ؟ * ئارسلان بۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئەسكىلىك كېلىدۇ، دېگەن ئويغا كەلدى.

**ئەسكىلىك قىلماق** يامانلىق، ئەدەبسىزلىك، ئۇساللىق قىلماق، يامان ئىش قىلماق، يامان قىلىق قىلماق: ئۇلار بۈگۈن چوڭ كوچىدا خالىغانچە ئەسكىلىك قىلدى. * مەن شۇنچە ئەسكىلىك قىلساممۇ ئۇ چاچلىرىمنى سىلايتتى.

**ئەسل** ئى [ئە] ① دەسلەپكى ھالەت، ھەقىقىي ھالەت، نېگىز: سىزنىڭ كېسىلىڭىزگە زۇپا شەربىتى مەنپەئەت قىلىدۇ، بۇنى تەييارلاشقا زۇپانىڭ ئەسلىسى بولسا ناھايىتى ياخشى. * ئەي جۇڭغار چۆللىرى! نەدىدۇ چېكىڭ، قۇچىقىڭ بىر دۇنيا — كەڭسەن شۇ قەدەر. ھەقىقىي سۆيۈپتىنىڭ — ئەسلىڭنى ئىزدەپ، خىيالىم ئۇچىدۇ كېزىپ دەر-بەدەر. ② كېلىپ چىقىش، نەسەب: چىرايىڭغا قارىسام، خېلى ئىمانى بار مۇسۇلماننىڭ بالىسىدەك قىلىسەن، سېنىڭ ئەسل-زاتىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەس. * ئېيىق ئويلاپ-ئويلاپ ئۆزىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشتىن ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ ۋە كاللىسىغا بىر ھىيلە كېلىپتۇ: «ئەمدى مېنىڭ ئەسلىمنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ، جاڭگالغا قايتىپ بارسام ھەممە ھايۋانلار چوقۇم مەندىن قورقىدۇ». ③ ئاۋۋالقى نۇسخا: تەرجىمان بولغان كىشى ھەم ئەسلىگە سادىق بولۇشى ۋە ئىجادىي تەرجىمە قىلىشى لازىم، لېكىن ئۆزىڭىز مەنىسىنى ئانچە چۈشەنمىگەندە، ئۇنى خاتا ئىكەن دەپ ئويلاپلا «توغرىلاپ» يۈرمەڭ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئەسلىنى ساقلاپ قالغىنىڭىز تۈزۈك.

**ئەسلىگە كەلمەك** ① ئاۋۋالقى، بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتماق، ئەمەلىيلەشمەك: خىزمىتى ئەسلىگە كەلمەك. ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەك. * ياسىنىنىڭ بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن بەزىبىر بۇزۇق كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن قەست قىلىنغان دادىسى ھوشۇر ئاكىنىڭ نامى ئەمدىلىكتە تولۇق ئەسلىگە كەلدى. ② ئەس-ھوشىغا كەلمەك، كۈچ-قۇۋۋەت، سالامەتلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلمەك، بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتماق؛ ياخشىلانماق، تۈزەلمەك، ساقايماق: سەمەتنىڭ چىرايى ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كەلدى. * تاشۋاينىڭ سالامەتلىكى ناھايىتى تەستە ئەسلىگە كەلدى. * ھازىر مېنىڭ سالامەتلىكىم پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلدى.

**ئەسلىنى ئۇنتۇماسلىق** كېلىپ چىقىش، كەچۈرمىشىنى يادىغا كەلتۈرۈپ تۇرماق: بوۋاي بالىسىغا: — بىر ئاز مال-دۇنيانى كۆرۈپلا ئۇچكە-چوكچە خەجلىگەن بىلەن بولمايدۇ، ئادەم بالىسى دېگەن باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەندىمۇ ئەسلىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك، — دەپ نەسىھەت قىلدى.

**ئەسلا** رەۋ [ئە] ① پەقەت، ھېچقاچان؛ زادى: بۇ گەپنى مەن ئەسلا دېمىدىم. * مۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى ئەسلا خىيالىمغا كەلگەن ئەمەس. ② ئەسلىدە، بۇرۇنىسىدا: بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار، تېشى بار، تۈۋىسى يوق، ئەسلا كۆيمىگەن يارنىڭ، دەردى بار ۋاپاسى يوق.

**ئەسلەتمە** ئى. مەلۇم مەسىلىنىڭ پاكىت ۋە جەريانىنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان دىپلوماتىيە ھۆججىتى. ئۇنى ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان مەزگىلدە نەق مەيداندا تاپشۇرۇپ بەرسىمۇ ياكى كېيىن مۇستەقىل ھۆججەت قىلىپ مۇناسىۋەتلىك دۆلەتكە تاپشۇرۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ.

**ئەسلەتمەك** «ئەسلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ تۇرغان قامىتى، قىزغۇچ تاڭ نۇرىدەك جىلۋە قىلىپ تۇرغان ھۆسنى خۇددى چۆچەكلەردىكى پەرىلەرنى ئەسلىتەتتى. * ئۇنىڭ قىياپىتى شۇنچىلىك يىرگىنچلىك ئىدىكى، گويا يىرتقۇچ ھايۋاننى ئەسلىتەتتى.

**ئەسلەشمەك** «ئەسلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆمۈلۈك دەرىجىسى: سادەتىخان مېھمانىنى ئۆيگە باشلاپ باردى. ئۇلار ئۆتكەنكى ئىشلارنى ھاياجان بىلەن ئەسلەشتى. * ئۇلار قارا تاغ كەنتى كوللېكتىپلاشقان يىگىرمە بەش يىللىق جەريانىنى ئەسلىشىپ مەھەللە ئىچىگە كىردى.

**ئەسلەنمەك** «ئەسلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆزىگە ياش ئېلىپ ئەسلەندى رەناگۈل، ئىدى بەش جان كىشىنىڭ ھەممىسى بىر قول.

**ئەسل-نەسل** ئۇرۇق-ئەۋلاد، ئۇرۇق-جەمەت؛ ئاتا-بوۋا، كېلىپ چىقىش: شامەخسۇت ۋاڭ قول ئاستىدىكىلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئەسل-نەسلىنى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇۋەتمەكچى بولدى، مەن نەسلىمنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

**ئەسل-ۋەسل** ئۇرۇق-تۇغقان ۋە مال-مۈلۈك، بالا-چاقا ۋە ئۆي-سەرەمجان: ئۇ پۈتۈن مال-مۈلكى بىلەن ئېلىپ بارغان كوممۇنىزم سىنىقى مەغلۇپ بولغانلىقى ئارقىسىدا ئەسل-ۋەسلىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى.

**ئەسلى** ← **ئەسلىدە**: مەن ئەسلى بىر شەھەر قىزى ئىدىم. * ئەسلى بۇ ھارامزادە دەريا ئۈستىدە بۇلاڭچىلىق قىلىپ تاپقان نەرسىلىرىنى مانا مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ خەجلەيدىكەن.

**ئەسلىدە** رەۋ. تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ھەقىقەتتە، ئەمەلىيەتتە؛ ئەسلى: بوۋاي ئەسلىدە ناھايىتى دانىشمەن، ھەممە ئىلىملاردىن خەۋەردار ئىكەن. * ئەسلىدە بۇ موماي بىر جادۇگەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى بۇ پەرىزاتقا ئاشىق ئىكەن.

**ئەسلىك** سۈپ ① يادىدا ساقلىيالايدىغان، ئېسىدە، خاتىرىسىدە قالدۇرالايدىغان: ئابدۇللا مېنىڭ ئالدىمغا خېلى ئەسلىك چاغدا ئانىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن. ② ئەقىللىق، ئەقىل-ھوشلۇق، ئەس-ھوشى بار؛ زېرەك: بۇ بالىنى ئەسلىك دەپ ئۆيىدە قالدۇرۇپ كەتكەن.

**ئەسلىمە** ئى. ئەسكە ئېلىنغان، ئېسىگە كەلگەن كەچۈرمىش، خاتىرە: تاجىخان چوڭ ئانىنىڭ ئۆتمۈش ھەققىدىكى بۇ ئەسلىمىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. * شۇ چاغلاردىكى ياشلىق ئەسلىمىلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز كۆتۈرۈلدى.

**ئەسلىمە كەيپىيات** <تىيا> سەھنە ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكەن ئەسلىمىلىرىنى تۇيغۇ ۋە ھېسسىيات جەھەتتىن ئىپادىلەشكە قارىتىلىدۇ.

**ئەسلىمەك** پ ① ئەسكە ئالماق، ئېسىگە كەلتۈرمەك؛ خاتىرىسىگە كەلتۈرمەك: ئۇ ھەر كۈنى ئورنىدىن تۇرغاندا كىچىككىنە قانداق چۈش كۆرگەنلىكىنى ئەسلەيتتى. * ئۇ ھەممە دوختۇرخاندا ياتقان تۇراخۇننى ئەسلەيتتى. ② <فىزىئول> بولۇپ ئۆتكەن شەيئىلەرگە بولغان ئىنكاسنى قايتا ئەكس ئەتتۈرمەك.

**ئەسلىھە** (ئەسلىھەسى) ئى [ئە] ① ئۇرۇش، جەڭ ئۈچۈن كېرەكلىك قورال-ياراغ ۋە ئوق-دورا ماتېرىياللار: دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى بېسىلغان ھەربىي ئاپتوموبىل كالونىنىسى ئاپئاق قار قاپلىغان ھەيۋەتلىك كۈنلۈن تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىن ئۆتمەكتە. ② ئۈسكۈنە، جاھاز: ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى. * تەجرىبە ئەسلىھەلىرى ھازىرلاندى. * ئىلگىرى بۇ ناھىيەدە سودا ئەسلىھەلىرى ناچار ئىدى. * بۇ مېھمانخانىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى مىللىي ئۇسلۇبتا، ئىچكى ئەسلىھەلىرى زامانىۋى ئۇسۇلدا لايىھەلىنىپ قۇرۇلماقچى بولدى.

**ئەسلىي** سۈپ [ئە] «ئەسل» سۆزىنىڭ سۈپەت شەكلى: ئەسلىي پىلان بويىچە سىزنى بەش يىل زەربىدارلىق بىلەن تەربىيىلەپ باقماقچىكەن. يەنە بىر يىل بار. * — مەن سىزنىڭ ئەسلىي ئىسمىڭىزنى ئاتىسام مۇمكىنمۇ؟...

**ئەسلىي ئەرز** <قا> دەۋا جەريانىدا جاۋابكار دەۋاگەرگە قارىتا قارشى ئەرز ئوتتۇرىغا

www.uyghurkitap.com

پويغاندا، دەۋاگەرنىڭ ئەرزى ئەسلىي ئەرز بولىدۇ.

**ئەسلىي سوت** <قا> نارازىلىق ئەرز بېرىش تەرتىپى ياكى ئالاھىدە تەرتىپ بويىچە تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىپ ئاخىرلاشتۇرغان ئەنزە يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىگە يۆتكەپ بېرىلسە، مەزكۇر تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ قاراپ چىققىنى ئەسلىي سوت بولىدۇ.

**ئەسلىي سۈپەت** <تىل> شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، رەڭگىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەيدىغان سۈپەتلەر. ئەسلىي سۈپەتلەر ئىپادىلەيدىغان خۇسۇسىيەتلەر، كۆپىنچە كونكرېت، يەنى كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بىلىشكە بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن: ئاق، قارا، كۆك، قىزىل، ئالا، يېشىل، چوڭ، كىچىك، ئېگىز، پەس.

**ئەسمەك I** پ. يېگەن تاماق ھەزىم بولماي قورساقنى كۆپتۈرمەك: ھازىر يېگەن ساپىنول قورسىقىمنى ئېسىپ، بىئارام قىلىۋەتتى.

**ئەسمەك II** پ.بىز. ئۇرماق، ئۈتمەك، يەلپۈمەك (شامال ھەققىدە): ئەي گۈزەل قىز، سىنىمدىن ئۆتىنۈك، ئىبار چېچىپ ئەسكەندەك شامال. رىباغىنا قامىتىڭ سېنىڭ گويا بېكى گۈللىگەن نەھال.

**ئەسنا** ئى [ئە] بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە سادىر بولۇپ تۇرغان پەيت، نۇرسەت، چاغ: شۇ ئەسنادا، ئىچكىرىدىن سوغا ئارنىغان ئېشكىسى ھەبدەپ بالىنىڭ دوستى چىقتى. * مەن مەكتەپنىڭ ئەمدىلا كېلىپ تۇراتتىم، سائادەت بولسا دېرىزە ئالدىدا ماشىنىدا بىرنەرسە تىكىۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا، جەننەتخان كىرىپ كەلدى ۋە سائادەتكە قاراپ ھەيران بولغاندەك كۈلۈمسىرىدى.

**ئەسنەتمەك** «ئەسنىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاراۋۇلنى ناك ئۇيقۇسى ئەسنىتىپ، كۆزۈڭ ئارا تۇرەر ئىدى ئۇ يەككە. ھامىد ئىرغىپ چىقىپ ئاتقا پۇپ قويدى، جەنجەر بېتىپ ياردى قارا بۇرەككە.

**ئەسنەشمەك** «ئەسنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قوپال بوگەلگەن موخۇركىلارنى قولىدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ چېكىشىپ، قۇرۇق ئەسنىشىپ، ئەتىدىن كەچكىچە يام يۆلەپ ئولتۇراتتى.

**ئەسنەك** ئى <فىزىئول> ئۇيقۇسىرىغاندا ئېغىزنى چوڭ ئېچىپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىش ۋە چىقىرىش نەتىجىسىدە، قان سۇيۇقلۇقى تەركىبىدىكى كاربون (IV) ئوكسىدى كۆپىيىپ ۋە مېڭىدىكى نەپەسلەندۈرۈش مەركىزىنى غىدىقلاش ئارقىلىق پەيدا قىلىدىغان بىر خىل فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە: ئۇلار ئۆتكەن-كەچكەنلەر ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. قىلىشىدىغان گەپلىرىمۇ تۈگەپ، ھەر ئىككىيلەننى ئەسنەك بېسىشقا باشلىغاندا، نىلۇپەر توپتوسىز بىر ئىشنى سورىدى. * ئۇنى سىردىنلا ئەسنەك تۇتتى ۋە بېشىنى ئۇسىنەلگە قويۇپ سىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن، كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

**ئەسنەك باسماق** ← **ئەسنەك تۇتماق**: ئۇلار تۇرۇپ-تۇرۇپ توقۇش سىگنىلىرى بىلەن چىشلىرىنى كولاپ، ئەسنەك باسقان ئېغىزلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن بېسىپ ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ ئولتۇراتتى.

**ئەسنەك تۇتماق** ① ئەسنەشكە باشلىماق: پەقەت كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، قايتا-قايتا ئەسنەك تۇتقاندىن كېيىنلا ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ② **ئۇيقۇ كەلمەك، ئۇيقۇ باسماق**: ئۇنى سىردىنلا ئەسنەك تۇتتى ۋە بېشىنى ئۇسىنەلگە قويۇپ بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

**ئەسنىمەك** پ. چوڭقۇر نەپەس ئېلىش بىلەن ئىختىيارسىز كېرىلىپ ئاغزىنى يوغان ئاچماق: ئۇ سۈپىدا يۈنىسى مىنگەشتۈرۈپ، ئالقىنى بىلەن ئېغىزىنى تىرەپ ئەسنىدى. * ئەرىمەت ئاغزىنى

يوغان ئېچىپ ئەسنىدى.

**ئەس-ھوش** ① ئەس ۋە ھوش، ئەقىل ۋە زېھىن، ئەقىل ۋە سەزگۈ: ئۇنىڭ ئەس-ھوشى جايىدا. * بۇ ئىككىسى قورقۇپ كېتىپ ئەس-ھوشلىرىنى يوقاتتى. ② پىكىر-خىيال: سىز قايتىپ كەتتىڭىز، شۇنىڭدىن بېرى مېنىڭ پۈتۈن ئەس-ھوشۇم سىزدىلا.

**ئەس-ھوشى جايىدا** ئەسلەش ۋە سېزىش قابىلىيىتىنى يوقاتمىغان، ئەقلى ۋە سەزگۈر-لۈكى بار، ئەس-ھوشلۇق: * ئەس-ھوشلىرى جايىدىمۇ قانداق؟ ئۆزلىرىدە ئەسلا بىر تۇراقلىق پىكىر يوق ئىكەن. * ساراڭلىق دەشتىگە سالمىغاي ئاياغ، ئەس-ھوشى جايىدا بولغان ھەر كىشى. قەلبىدە بولىدۇ مۇھەببەت دېگەن، تۇيغۇنىڭ ئاھ، شېرىن مېۋە-يېمىشى.

**ئەس-ھوشى جايىغا كەلمەك** ئەسلەش-سېزىش قابىلىيىتى ئەسلىگە كەلمەك: مېنىڭ بەدىنىم يەنە «جۇغ» قىلىپ قايتىدىن قورقۇنچتا قالدىم. نېمىلا بولمىسۇن بۇ چاغدا ئەس-ھوشۇم خېلىلا جايىغا كېلىپ قالغانىدى.

**ئەس-ھوشىدىن كەتمەك** بىھوش بولماق: ئىلىشىشتا ماھىرەم، ئەس-ھوشىدىن كەتكەندە؛ ئېلىپ قېچىپ ياۋ ئۇنى، تاغ باغرىغا يەتكەندە.

**ئەس-ھوشىنى بىلىپ يۈرمەك** ئەس-ھوشى بىلەن، ئەقىل ۋە زېھنى بىلەن ئىش قىلماق: ئەس-ھوشۇڭنى بىلىپ يۈر، بولمىسا زىيان تارتىپ قالىسەن.

**ئەس-ھوشىنى تاپماق** ① ئەقىل ۋە زېھىن بىلەن ئىش قىلالىغۇدەك بولماق: ئوسمان بىرئاز ئەس-ھوشىنى تېپىپ قالغان كۆنلەردە «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، بۇ يۇرتقا قارا كېزىك تارقىلىپ ئارقا-ئارقىدىنلا ئىككى سىڭلىسى، ئانىسى دۇنيادىن ئۆتتى. ② ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، يامان ئىشلاردىن قول ئۈزمەك: ئۇ بۇرۇنقى ئوسمان ئەمەس، ھازىر خېلىلا ئەس-ھوشىنى تېپىپ قالدى.

**ئەس-ھوشىنى يوقاتماق** ① ئەسلەش ۋە سېزىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلماق، بىھوش بولماق: كۆتۈلمىگەن بۇ ئىككىنچى زەربىدىن ئۇ ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ كەينىدىكى ئورۇنىدۇققا ئىختىيارسىز ئولتۇرۇپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. * ئۇكام ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپ تىلىمۇ قولاشماي قالغانىكەن. كەپ قىلالماپتۇ. ② ئىختىيارسىز ئۆزىنى ئۇنتۇماق، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق، خىيالغا كەلگەننى قىلماق: ئۇ شۇ تاپتا شۇنچىلىك خۇشال ئىدىكى پۈتۈن ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆيي ئىچىدە پىرقىرايتتى. * كۈتۈلمىگەن بۇ ھادىسىدىن ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى ئانىنىڭ باغرىغا ئېتىپ كۆكسىگە باش قويىدى.

**ئەس-ھوشىنى يىغماق** ← **ئەس-ھوشىنى تاپماق**: ئۇ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي شۇ تەقلىدتە بىردەم شۈك تۇردى، ئاندىن ئەس-ھوشىنى يىغدى-دە، بارغىنچە ئىشىكنى بار كۈچى بىلەن تەپتى.

**ئەس-ھوشى يوق** ← **ئەس-ھوشسىز**: گۈزەل ئاتۇش دىيارىدا، پەرىشان تەڭدىشىڭ يوقتۇر. قاچانكى سېنى بىر كۆردۈم، بىلەمسەن ئەس-ھوشۇم يوقتۇر.

**ئەس-ھوشسىز** ئەس-ھوشى يوق، ئەس-ھوشىنى يوقاتقان، پەرىشان: ئۇ بالا ئۈچ كۈندىن بېرى ئەس-ھوشسىز ھالەتتە ياتاتتى.

**ئەس-ھوشلۇق** ئەس-ھوشى بار، ئەس-ھوشى جايىدا، سەزگۈر: ئەس-ھوشلۇق بالا. ئەس-ھوشلۇق ئادەم.

**ئەسۋاب** (ئەسۋابى) ئى [ئە] ①بىرەر ھۈنەر، كەسىپ ۋە مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشتا ئىشلىتە-لىدىغان قورال، سايمان، جابدۇق: تۆمۈرچىلىك ئەسۋابلىرى. توقۇش ئەسۋابلىرى. * ئۇ روھى چۈشكۈن ھالدا، ئەسۋابلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ستانوكىنى تازىلاۋاتقاندا نېرىدىن سىدىق ئۇستىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ② بىرەر نەرسىدىن بىرەر مەقسەت ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان بۇيۇم: ئۆلچەش ئەسۋابى. ئالتۇن ئەسۋابلار. * ئۇستەل ئۈستىدە تىكلىمە ئەينەك، ساقال قىرىش ئەسۋابى ۋە ئاپتاق قول ياغلىق تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

③ مۇزىكا ئورۇنلاش ۋە سەنئەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم، قورال، چالغۇ؛ ساز: چالغۇ ئەسۋابلىرى. مۇزىكا ئەسۋابلىرى. * دادام ئۈرۈمچى شەھەرلىك چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ.

**ئەسۋاب-جابدۇق** ئەسۋاب ۋە جايدۇق؛ ئەسۋاب ۋە جايدۇق دائىرىسىدىكى نەرسىلەر: ئۇلار ئۈچ ئاكا-ئۇكا ئەسۋاب-جابدۇقلىرىنى ئېلىپ، ئۈچ ئاي يول يۈرۈپتۇ، بىركۈنى شام ۋاقتىدا قىزنىڭ شەھرىگە يېتىپ كېلىپتۇ.

**ئەسۋابسىز** سۈپ. ئەسۋاب ئىشلىتىلمەيدىغان، ئەسۋاب بىلەن ئېلىپ بېرىلمايدىغان؛ ئەسـ-ۋابى يوق: ئەسۋابسىز گىمناستىكا. ئەسۋابسىز كەلمەك.

**ئەسۋابسىز گىمناستىكا** <تەن> بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە كۆتۈ-رۈش، سىلكىش، پۇلاڭلىتىش، كەينىگە ياندۇرۇش، بۇرۇلۇش، ئېگىش ۋە تۈزلەش، ئايلاندۇرۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەسۋاب-سىز ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان گىمناستىكا.

**ئەسۋابلىق** سۈپ. ئەسۋاب بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان؛ ئەسۋابى بار: ئەسۋابلىق گىمناستىكا.

**ئەسۋابلىق گىمناستىكا** <تەن> تەنتەربىيە ئەسۋابلىرى بىلەن ئورۇنلىنىدىغان گىمناستىكا.

**ئەسۋە** ئى [ئە] ← **ئىملغا**: كىرپىكىمنى شۇ يار ئۈچۈن يىڭنە قىلسەمەن، شۇ ئەسۋىنى توختاتقىلار ئۆزەم ئىلمەن.

**ئەسىر I** ئى [ئە] ①<تارىخ> يۈز يىللىق بىر ئەسىر قىلىپ ھېسابلايدىغان، يىللارنى ھېسابلاش بىرلىكى: ئەبۇ ناسىر فارابى X ئەسىردە «ئۇد» مۇزىكىسىنى تىلغا ئالغان. * مىلادى I ئەسىر ئەتراپىدا، ھون دۆلىتى ئىككىگە بۆلۈنگەن دەۋرگە كەلگەندە، تۈركىي تىللار بىلەن تونگۇس-مانجۇ تىللىرى ۋە موڭغۇل تىللىرى بىر-بىرىدىن ئاجرالغان. ② **دەۋر، زامان:** ئوتتۇرا ئەسىر. * بىلىمدىن ھەممە ئىش مەيدانغا چىققان ئەسىردۇر بۇ، بىلىش لازىم بىلىمسىزلەرگە بۇ ئەسىردە خەۋەردار يوق.

**ئەسىر II** ئى [ئە] ① ئۇرۇش ۋاقتىدا دۈشـ-مەن قولىغا چۈشۈپ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان كىشى: ئەسىرگە ئالماق. ئەسىرگە چۈشمەك. * ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئىككى قولىنى ئەسىرگە ئوخشاش كۆتۈرۈپ تىترەپ تۇراتتى. * ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قايسى قوشۇن، قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قورال تاشلاپ، قول كۆتۈرگەنىكەن، خارلاشقا، ئىنسانىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشقا، ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ② كۆچمە. بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ تەسىر كۈچىدىن ئۆزىنى بېرىلىپ كەتكەن، شەيدا بولغان كىشى؛ مەپتۇن، بەندە، قۇل: سازەندە ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، ئالدىرىماستىن خەلق ناخشىلىرىدىن باشلىۋەتتى. مېھمانلار بىردىنلا جىم بولۇشۇپ دۇتارغا ئەسىر بولۇشتى.

**ئەسىرگە ئالماق** ئۇرۇش ۋاقتىدا دۈشمەن تەرەپنىڭ كىشىلىرىنى تۇتۇۋالماق، قورالسىز-لاندۇرۇپ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلماق، نەزەربەند قىلماق: ماموت زورنىڭ قوشۇنى چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن شىددەت بىلەن قوغلىدى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەسىرگە ئالدى.

**ئەسىر بولماق** ① دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولماق، نەزەربەند قىلىنماق: نېمىس ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى جېڭدىن ئايرىلدى، بىر قىسمى زەخمىلەندى، يەنە بىر قىسمى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە ئەسىر بولدى. ② بىرەر كىشى ياكى نەرسىگە بېرىلىپ كەتمەك، مەپتۇن بولماق: ئۇنىڭدا پۇل كۆپ بولغاچقا قىزغا ھەر خىل نەرسىلەرنى سوۋغات قىلاتتى، بىللە تاماق يەپ، ئۇزاقتىن ئۇزاق پاراڭلىشاتتى. شەھەر تۇرمۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بۇ قىز ئاخىرى نىياز ئەپەندىگە ئەسىر بولۇپ قالدى. * ئۇ، ناخشىنىڭ يۈرەك

تارىنى تنترەتكەن سېھرلىك كۈچكە ئەسىر بولۇپ، ئەختەمنىڭ كەينىدىن ئاستا يېقىنلاپ كەلدى.

**ئەسرگە چۈشمەك** ئۇرۇشتا تەسلىم بولۇپ، دۈشمەن تەرەپنىڭ قولىغا چۈشمەك: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا نېمىسلارنىڭ نۇرغۇن ئەسكىرى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشتى.

**ئەسىر قىلماق** ① ئەسىر ھالىتىدە تۇتقۇن قىلماق: بىزنىڭ دېڭىز ئارمىيىمىز دۈشمەننىڭ ئون ھەربىي كېمىسىنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلدى. ② ئۆزىگە قارىتىۋالماق، مەپتۇن قىلماق: شۇنىڭ بىلەن بالىلىق چېغىدىلا روھىي دۇنياسىغا چوڭقۇر سىڭىپ، چوڭ بولغانسېرى ئۇلغىيىپ كېلىۋاتقان بۇ مۇقەددەس ئېتىقاد ئۇنى شەيدايى ئەسىر قىلدى. * ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تامامەن ئەسىر قىلىۋالغان تۇيغۇ باشقا ئىدى.

**ئەسىر III** ئى [ئە] ① كۈن پېتىشتىن بىر سائەت ئىلگىرىكى ۋاقىت: ئەسىر ۋاقتى. ② ئەسىر ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان ناماز: ئەسىر ئوقۇماق.

**ئەسىرلىك I** سۈپ. بىر ئەسىر ۋاقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يۈز يىللىق: كېلىمەن، ئويلايمەن: ماڭماقتىمىز بىز، ئەجدادلار ماڭمىغان يېپيېڭى يولىدا. ۋە ئۇلار قىلمىغان ئىشلارنى قىلدۇق، ئەسىرلىك يوللارنى بېسىپ ئاي ـ يىلىدا. * ئۆزاق ئەسىرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر تارىخىي يېزىقلارنى چوقۇم تەتقىق قىلىش كېرەك. ئۇ يېزىقلاردا ئەجدادلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ زاماندىشلىرى (دوستلىرى ياكى رەقىبلىرى) يېزىپ قالدۇرغان مۇھىم بايانلار بار.

**ئەسىرلىك II** «ئەسىر II» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: تۆكۈلسە ئەل قېنى، ئىسيانغا ئەرلەر جان پىدا بولغاي، ئەسىرلىك بۇ قىساس بۇرچى قىلىچ بىرلە ئادا بولغاي.

**ئەسىرلەپ** رەۋ. ئەسىر بويىي، ئەسىرمۇ ئەسىر: بۈيۈك تارىم، بۇ يۇرتۇمدا ئېقىنلار ئىچرە سەرۋەرسەن، تولۇق دولقۇن ئۇرۇپ ئاقتىڭ ئەسىرلەپ شۇنچە قەيسەرسەن.

**ئەس ـ ياد** ①ئەس ۋە ياد، ئەس ـ ھوش: مەن يەرنى ئاران ـ ئاران دەسسەپ، ئەس ـ يادىمنى يوقاتقان ھالدا، ئويمان ـ دۆڭ، لاي ـ لاتقىلارنى كېچىپ، چەكسىز خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتىمەن. * گۇرۇھ ـ گۇرۇھ ئادەملەرنىڭ ھاياتى، يىراقلاشتى مەندىن تامام بولىدىيات. كۈن چىققاندا سىڭىپ كەتكەن تۇماندەك، ئەس ـ يادىمدىن كۆتۈرۈلدى ئۇ ھايات. ② پۈتۈن ئوي، بارلىق خىيال: ئالماس ناھايىتى ئالدىراش ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئەس ـ يادى مەخسۇت بەگ ۋە ھېلىقى قاچقۇن ئىككى ئەكسىلئىنقىلابچىدا ئىدى. * چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى سىلىسى مەختۇمسۇلادا ئىكەن.

**ئەش** ئى. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن چۈشىدىغان ھەمراھى.

**ئەشئار** ئى [ئە] <ئە> يېزت. شېئىر؛ شېئىرلار: خەت ـ چەكلەر ئىچىدە ئابدۇرەھىم قارىي يېزىپ ئەۋەتكەن بىرپارچە ئەشئار بار ئىدى. * ھەر كېچە ـ كۈندۈز يارنى كۈتىمەن، يارغا مۇناسىپ ئەشئار پۈتىمەن. * قاپىيە ئەشئار ئەمەس، ئەشئار ئۈچۈن بىر خىل بېزەك، ئەلنى تارتماققا ئېتەر پىكرىڭنى رەڭدار قاپىيە.

**ئەشەددىي** سۈپ [ئە] ئۇچىغا چىققان، ئۆتۈپ كەتكەن، ئەڭ يامان، ئەڭ قەبىھ، ئەڭ ياۋۇز (پەقەت سەلبىي مەنىدە قوللىنىلىدۇ): ئۇ مېنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىم. * جاھانگىرلار پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. * بىلىمسىزلىك يېڭىلىقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى.

**ئەشەددىيلەشتۈرمەك** «ئەشەددىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەشەددىيلەشتۈرۈلمەك** «ئەشەددىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەشەددىيلەشمەك** پ. ئەشەددىي ھالەتكە كەلمەك، ئەشەددىي بولماق: ئۇلارنىڭ سېنى ئېلىپ بېرىپ سوراق قىلغانلىقىنى ھېچكىمگە تىنما، ئۇلارنىڭ ئەشەددىيلىشىپ نىقابىنى يىرتۋېتىپ سەكرەپ چىقىشىغا ئاز قالدى.

www.uyghurkitap.com

**ئەشەددىيلىك** ① «ئەشەددىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى بىلەن جاھانگىرلار ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئەشەددىيلىكنى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ھېچكىم بېسىلدۇرالىغان ئەمەس. ② قەبىھلىك، ياۋۇزلۇق: ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تازىمۇ ئەشەددىيلىك ھېسابلىنىدۇ.

**ئەشتۈرمەك** «ئەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساگزا ئەشتۈرمەك. يىپ ئەشتۈرمەك. * مەن بىر كاللەك پاختىنى يىپ ئەشتۈرۈپ كەلدىم. * قۇربان ھېيتتا ئائىلىمىزنىڭ قولىغا چاقا چىقىپ قالغانلىقتىن، ساگزىنى قوشنىلارنىڭ قىزلىرىغا ئەشتۈردۇق.

**ئەشتۈرۈلمەك** «ئەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يىپ ئەشتۈرۈلدى. ئارغامچا ئەشتۈرۈلدى.

**ئەشرەپ** ئى [ئە] يىزت. كۆپ شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان كىشى، ئەڭ شەرەپلىك ئادەم؛ ئۇلۇغ، مۆتىۋەر: پادىشاھ دەرھال ھۆكۈم چۈشۈردى. ياساۋۇللار شەھەرنىڭ ئىچى-تېشىدىكى ھۆكۈما، ئۆلىما، ئەمىر، ئاكابىر، ئەشرەپلەرنى جەملەپ ئۇلارنىڭ مەسلىھىتى بىلەن پۈتۈن كەنت، ئايماق، سەھرا، قىشلاقلاردىن ھاشار تۇپلاپ مەلىكە سەنەمگە بىر چارباغ بىنا قىلدى.

**ئەششاپتۇل** ئى [ئەش+شاپتۇل] ئۈرۈقچىسى بىلەن گۆش قىسمى چىڭ يېپىشقان، پوستى سويۇلمايدىغان، دانىسى چوڭراق بولىدىغان بىر خىل شاپتۇل.

**ئەشمە** سۈپ. ئېشىپ ياسالغان، ئېشىپ تورلانغان، پىششىق: ئەشمە چاچ. ئەشمە يىپ. ئەشمە قۇيماق. * ئۇ بىر تال ئەشمە قامچا سېتىۋالدى.

**ئەشمە چاچ** ئېشىپ ياسالغان سۈنئىي چاچ: ئەشمە چاچ ئاسقان ئايال. ئەشمە چاچ قادىغان جۇۋان.

**ئەشمەك** پ. ئايلاندۇرۇپ، بۇراپ، پىششىق قىلماق، پىشىلدۇرماق، ئېگىرمەك: يىپ ئەشمەك. تانا ئەشمەك. ئارغامچا ئەشمەك. * ساتارىم تارىغا جان رىشتەسىدىن تار ئېشىپ سالدىم، ئۇنىڭكى نالىسىدىن بىۋاپانىڭ كۆڭلىنى ئەزدىم.

**ئەشمىقۇم** ئى [ئەشمە+قۇم] <گېئول> قۇمنىڭ بىر خىلى، دانچىلار دىئامېتىرى 0.01 mm ـ 0.1، يەنى ئادەتتىكى قۇم بىلەن سېغىز ئارىلىقىدا بولىدۇ، مىنېرال تەركىبى ئادەتتىكى قۇم بىلەن ئوخشاش. ئۇ ھازىرقى زاماندىكى چۆكۈندىلەر تەركىبىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

**ئەشمىقۇم تاش** <گېئول> دانچىلار دىئامېتىرى 0.01 mm ـ 0.1 بولغان ئەشمە قۇملارنىڭ ئۆزئارا يېپىشىپ چىڭىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان ئۇۋاق چۆكۈندى جىنس. مىنېرال تەركىبى قۇم تاش بىلەن ئوخشاش، بىراق تەركىبىدە تۇراقلىق مىنېراللار سەل كۆپرەك بولىدۇ.

**ئەشۇ** (توغرىسى: ئاشۇ) ← **ئاشۇ.**

**ئەشۇنداق** (توغرىسى: ئاشۇنداق) ← **ئاشۇنداق.**

**ئەشيا** (ئەشياسى) ئى [ئە] ھەرقانداق بۇيۇم، نەرسە؛ خام ماتېرىيال: خام ئەشيا. * مەكتەپنىڭ خوجىلىق باشقارمىسى پۈتۈن مەكتەپنىڭ خىراجەت كىرىم-چىقىمىنى باشقۇرۇشقا ۋە ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولىدۇ.

**ئەشيان** (توغرىسى: ئاشيان) ← **ئاشيان.**

**ئەغيار** [ئە] يىزت ① سۈپ. غەيرىيلەر، ئۆزگىلەر: نۆۋىتى سەن ھەم تىلىگىدىن يارىغا بىر خەت ئىبەر، كىم سىرىڭنى يار بىلسۇن بىلمىسۇن ئەغيار خەت. ② ئى. رەقىب، دۈشمەن: ئۆزەمنى چاغلىماي كۆڭلۈمنى بەردىم مەن ساڭا ئەي يار، شىكايەت ئەيلىمەكتە ھەر تەرەپتىن دوست بىلەن ئەغيار.

**ئەقەللىي** [ئە] ① سۈپ. ئەڭ ئاددىي، ھەممىگە چۈشىنەرلىك: ئەقەللىي چۈشەنچە،

ئەقەللىي بىلىم. ئەقەللىي ساۋات. * بوسۇغاڭدىن ئاتلاپ كىرگەن كىشى ئەگەر ساڭا دۈشمەن بولغان ھالەتتىمۇ، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈ-شۇڭ ئەقەللىي قائىدە-يوسۇن ئەمەسمۇ؟! ② باغل. ھەتتا، ھېچ بولمىغاندا: راستىنى ئېيت. شۇ بويۇڭ بىلەن مۇشۇ كىچىككىنە كۆپكە قانداق سىغىدىڭ؟ بۇنىڭغا سىنىڭ بىر پۇتۇڭ ئەمەس، ئەقەللىي بىر قولۇڭمۇ سىغمايدۇ.

**ئەقەللىيسى** رەۋ. ئەڭ ئاددىيسى، ھېچ بولمىغاندا: شۇنداق بولسىمۇ كىچىك ئاخۇنىنىڭ سۆزىدە ياكى ھەرىكىتىدە، ئەقەللىيسى چىراي ھالىتىدە بولسىمۇ، زەررىچە نارازىلىق، قارشىلىق ئىپادىسىنى تاپقىلى بولمايتتى.

**ئەقدە** ئى [ئە] توي ياكى نىكاھ قىلىشقا پۈتۈشۈش: ئەقدە قىلماق.

**ئەقدە قىلماق** توي ۋە نىكاھ قىلىش ئۈچۈن پۈتۈشۈشمەك: يەنىلا سىزدىن سوراي، تويلى-شىشقا ئەقدە قىلىپ تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا ئاستىر-تىن بىر قىز بىلەن مۇھەببەت باغلاپ يۈرىسىز؟

**ئەقرەب** ئى [ئە] <ئاستر> 12 بۇرچىنىڭ بىرىنىڭ نامى بولۇپ، «چايان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقرەب بۇرچى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرچىنىڭ سەككىزىنچىسى، بەلگىسى «m»، ئاسترونومىيىلىك ئۇزۇنلۇقى 210° — 240° قىچە، ئەسلىي ئورنى ئەقرەب يۇلتۇز تۈركۈ-مىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مىزان يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەلگەن؛ ھەر يىلى 23-ئۆكتەبىرنىڭ ئالدى-كەينىدە قۇياش بۇ بۇرچتا بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا قىراۋ چۈشىدۇ.

**ئەقرەب يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئېكلىپتىدىكى 12 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ ئەڭ روشەن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 16 سائەت 40 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 36°، ياز پەسلىدە جەنۇبىي ئاسمان بوشلۇقىدا پەيدا بولىدۇ. بۇ چاغدىكى شەكلى خۇددى چايانغا ئوخشايدۇ، قۇيرۇقى شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ پىلانىچى يۇلتۇز تۈركۈمى، قەۋس يۇلتۇز تۈركۈمى ۋە مىزان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ ئارىسىغا ئورۇنلاشقان بولىدۇ.

**ئەقربا** ئى [ئە] يېزىت. يېقىن يار-بۇرادەر، قېرىنداش: باغ-ئېتىزلاردا ئېچىلغان گۈل-گىياھلارنى كۆرۈڭ، مېھنىتىدىن باغ ياراتقان ئەقربالارنى كۆرۈڭ.

**ئەقلىي** سۈپ [ئە] ئەقىل ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئائىت: ئەقلىي قابىلىيەت. ئەقلىي ئەمگەك. * بىزنىڭ تەلىم-تەربىيە فاڭجېنىمىز تەربىيىلىنىگۈچىلەرنى ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن تەڭ يېتىشكەن سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

**ئەقلىي ئەمگەك** <پەلس> ئەقىل ئىشلىتىش، پىكىر-ئىدراك قىلىش بىلەن ئورۇنلىنىدىغان ئەمگەك: جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇ-چىلارمۇ، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئەمگەكچىلەر.

**ئەقلىي بىلىش** <لوگ> ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئومۇمىيىتى، ماھىيىتى ھەم ئىچكى باغلىنىشى توغرىسىدىكى بىلىش بولۇپ، ئۇ ئۇقۇم، ھۆكۈم ھەم خۇلاسە قاتارلىق تەپەككۇر شەكىللىرى ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئەقلىي بىلىش باسقۇچى** <لوگ> كىشىلەرنىڭ بىرەر شەيئىنى بىلىش جەريانىدىكى ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە ئەقلىي يەكۈن باسقۇچى.

**ئەقلىي تەربىيە** مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن جەھەتتىكى تەلىم-تەربىيە.

**ئەقلىي خۇلاسە** <لوگ> لوگىكا ئىلمىدىكى تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، مەلۇم بولغان بىر ياكى بىرقانچە ھۆكۈم ئاساسىدىن يېڭى بىر ھۆكۈم (يەكۈن)

چىقىرىشتىن ئىبارەت پىكىر قىلىش جەريانىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىۋاستە، ئەقلىي خۇلاسە، ۋاستىلىك ئەقلىي خۇلاسە دېگەن تۈرلىرى بار.

**ئەقلىي قابىلىيەت** ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىلىش، تونۇش ۋە بىلىم تەجرىبىسىگە تايىنىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قابىلىيىتى. ئەستە ساقلاش، كۆزىتىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ھۆكۈم قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئەقلىي ھېسسىيات** <پسخول> ھېسسىيات بىلەن ئىدىيىنىڭ بىرىكمىسى يەنى ئوقايلىقچە ئۆزگەرمەيدىغان بىر خىل روھىي ھالەت.

**ئەقلىيە** سۈپ [ئە] ئەمەلىيەت داۋامىدا ئەقىل ئىشلىتىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق خۇلاسىلانغان: ئەقلىيە سۆز.

**ئەقلىيە سۆز** ئەمەلىيەت جەريانىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسەن خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن يەكۈنلەنگەن ھېكمەتلىك سۆز-ئىبارە: بۇ ۋەزىندىكى غەزەللەر ۋە خەلق بېيىتلىرى، ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ئىخچاملىنىشى ۋە قوشۇلۇشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى شۈبھىسىز.

**ئەقلىيلىك** «ئەقلىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھېسسىيلىق بىلەن ئەقلىيلىك سۈپەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئەمەس.

**ئەقىدە** ئى [ئە]. ① چىن كۆڭۈلدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن پىكىر، ئىشەنچ: رەيھان سادىقنىڭ ئۆز ئەقىدىسى يولىدا جان پىدا قىلىشتىن يانمايدىغان قەتئىي، تەلەپچان، يۈكسەك غايىلىك ئەر ئىكەنلىكىدىن كۆڭلى ئەمىن ئىدى. * بىر پارتىيە ئەزاسىدا ئۆز پارتىيىسىگە نىسبەتەن كۈچلۈك ئەقىدە بولمىسا، ئۆز ئىشىغا نىسبەتەن ئىنقىلابىي جاسارەت بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ كوممۇنىزم ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدىغان كوممۇنىست دېگىلى بولىدۇ. ② بىرەر نەرسە توغرىسىدا شەكىللەنگەن ھۆرمەتلەش ۋە ياخشى كۆرۈش ئادىتى، ئېتىقاد: ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن. ئەقىدەمگە يېغلايمەن. * ئۇنىڭ سەھەر تۇرۇپ چېنىقىش ئادىتى بىر كۈنمۇ ئۆزگىرىپ باقمىدى. سەۋەب، بۇ بىر خىل ئەقىدە، ئادەت-تە! ③ ئىشەنچ ۋە ئېتىقادقا ئاساسەن شەك يوق دەپ قارالغان قائىدە ۋە ھۆكۈملەر: ئارتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇددى دىنىي ئەقىدىنى يادلاۋاتقاندەك، سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردى.

**ئەقىدە باغلىماق** بىرەر كىشى ياكى مەلۇم شەيئىگە ئېنىق ئىشەنچ، ھۆرمەت، ئېتىقاد تۇرغۇزماق: — ئىست، سىز ئەقىدە باغلىغان كىشى ئۆلۈپ كەتتى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ چىن ھېسسىياتىنى كۆزەتمەكچى بولۇپ، — قانچە ئازابلانغانسىز-ھە! * بۇ گەپنى نېمىشقا بۇرۇنراق دېمەيسىز؟ مەن شۇنچىلىك ئەقىدە باغلاپتىمەن تېخى!

**ئەقىدە قىلماق** ← **ئەقىدە باغلىماق**: — سەن تۇمارنى ئىزدەپ كەلدىڭمۇ؟ ئادەمزاتنىڭ بۇ يەرگە قەدىمى يەتكەن ئەمەس، سەن ئۇستازغا ئەقىدە قىلىپ، ئۇستازنىڭ خىزمىتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، بۇ خەتەرلىك جايغا كېلىپسەن. * مەندە ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ئەقىدىسىگە لايىق بۇ يەردىن تېزرەك قۇتۇلۇپ ئۇنى بەختلىك قىلىش خىيالىلا بار ئىدى.

**ئەقىدىسىنى ئۈزمەك** ئىشەنچ، ئۈمىدىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەك، ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمەك: ئىشىكىڭگە گۈل تېرىپ، بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم. بىۋاپا ئەمەسقۇ دەپ، ئەقىدەمنى ئۈزمىدىم.

**ئەقىدىسىنى يەردە قويماسلىق** باشقىلارنىڭ ئىشەنچى، ئۈمىدى، ئېتىقادىغا مۇناسىپ ئىش قىلماق: ئەزىمەت يېتىپ ئاشقۇدەك دەردەلەم چەككەن، جىگىرى بار، بىر سۆرلۈك يىگىت، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى يەردە قويمايدۇ.

**ئەقىدىنى ئاقلىماق** بىلدۈرۈلگەن ئىشەنچ ئەقىدىسىگە مۇناسىپ ئىش قىلماق.

**ئەقىدىچىلىك** ئى. ئەقىدىلەرگە ئېسى-

لىشۋالىدىغان ھەرىكەت ۋە خاراكتېر، ئەقىدىپەرەسلىك.

**ئەقىدىلىك** سۈپ. ئىشەنچ، ئەقىدىسى بار: كازىم ئۆز كەسپىنىڭ چىن ئەقىدىلىك پىداكارى، ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ سەممىي ھۆرمەتلىگۈچىسى، قەدرىگە يەتكۈچىسى ئىدى.

**ئەقىل** (ئەقلى) ئى [ئە] ① ئىنسانىنىڭ بىلىش، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى: ئەقىل ئىگىسى. * تۆگىدەك بويۇڭ بولغۇچە، تۈگمىدەك ئەقلىڭ بولسۇن (ماقال). ② پىكىر يۈرگۈزۈش، چۈشىنىش؛ پەم، ئىدراك: ئاپىمىزنىڭ خۇشاللىقى بىزگىمۇ چەكسىز خۇشاللىق بېغىشلىدى، دېمەك بىز ئەقىل ئىشلەتسەكلا، ئۆز ئانىلىرىمىزنى خۇشال قىلالايدىكەنمىز. * ئەگەر سەن يوقسۇل ئىكەنسەن، ئەقىل ــ ئىلىمىڭ، ھۈنەر ــ كەسپىڭ بولسا، بايسەن. چۈنكى، ئەقىل ــ بىلىم، ئۇ مال ــ مۈلۈك، بايلىقتىن ياخشى. ③ ئەس ــ ھوش، مېڭە: ئەقلىڭ جايىدىمۇ؟ * قاش لەۋھەگە ئەنبەر بىلەن بەش مىسرا شېئىر يازدى، بىلۇر كۆكسىدە بەش بارماق كۆرۈپ قايتا ئەقىل ئازدى. ④ مەسلىھەت، پايدىلىق چارە ــ تەدبىر: مۇھەممەت دۆيجاڭغا ئاستاغىنا بىر ئەقىل كۆرسەتتى. دۆيجاڭ ئالدىراپلا، يىغىن تۈگىدى، دەپ ئىشنى بولدى قىلدى. * سىڭىلچە قايىسنى ساتساق بولار، ئەقىل كۆرسەتكىنە.

**ئەقلى بار** پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، ئەقلىنى ئىشقا سالالايدىغان: مەن سېنى ئەقلى بار، ياخشى ئوقۇيدۇ دېسەم، نوموس قىلماي شۇ نومۇرنى كۆتۈرۈپ كەلدىڭمۇ؟ * قىلىچىڭنى سالدىڭمۇ؟ ئەقلىڭ ئاز ــ پاز بار ئىكەن، باتۇر ئىكەنسەن، سەندە مىڭ پالۋاننىڭ كۈچى بار ئىكەن.

**ئەقلى بۇلغانماق** ① ياخشى ياماننى پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قالماق، كۆڭلى ناپاكلاشماق: مەن بۇ خوتۇننىڭ كۆز ياشلىرىغا بېرىلىپ، خۇشامەتتىن قىلغان بۇ سوۋغىنى ئېلىپ قويغانلىقىمدىن ئەقلىم بۇلغىنىپتۇ. ② ئۆز نومۇسىغا تېگىدىغان بەتقىلىق ئىشلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەس، بىلمەسمۇ بىلمەس بولۇپ يۈرمەك، كۆڭلىگە ئالمايدىغان بولۇپ قالماق.

**ئەقلى جايىدا** ئەقلىدىن ئازمىغان، ئەس ــ ھوشىنى يوقاتمىغان: ــ مەن ئۇنى كەچۈردۈم، ــ دەپ كۆزىنى ئاچتى بوۋاي، ئۇنىڭ ھالى خاراب، بۇنىڭغا ئەقلى جايىدا بولغان ئادەممۇ چىدىيالمايدۇ. * قانداق، ئۆزىڭىز سالامەتمۇسىز؟ مېنىڭ قارىشىمچە ئەقلىڭىز جايىدا كۆرۈنىدۇ.

**ئەقلى چولتا** ← **ئەقلى قىسقا**: ئۇنىڭ ھۆسن ــ جامالىدا گەپ يوق، بىراق ئەقلى چولتىراق.

**ئەقلى دۈمبىسىگە ئۆتۈپ قالماق** ← **ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالماق.**

**ئەقلىدىن ئاداشماق** ← **ئەقلىدىن ئازماق:** مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەر داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، چوقۇم ئەقلىمدىن ئادىشىدىغان ئوخشايمەن.

**ئەقلىدىن ئازماق:** ئېسىنى يوقاتماق: ساراڭ بولماق، ئالجىماق: ــ ھەي، ئەقلىدىن ئازغان ساراڭ تاز، نېمىشقا بوغۇزۇڭغا كەلگەننى يۇتمايسەن؟ كىمىڭنى بۇلغىماقچىسەن؟ * مەن قىزىمدىن ئۈمىدىمنى ئۈزگەنىدىم، ئەقلىمدىن ئازغىلى تاسلا قالغانىدىم. بەختكە يارىشا سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بىلەن قىزىم قۇتۇلدۇرۇپ قېلىندى.

**ئەقلى قىسقا** پەم ــ پاراسىتى يېتەرلىك ئەمەس، ئەتراپلىق ئويلىمايدىغان.

**ئەقلى كالتە** ← **ئەقلى قىسقا:** ئېلىپتۇ ياغ، گۈڭگۈرت ۋە ئۆتكۈر پالتىنى، يوق قىلىشقا دىۋە ــ ئەقلى كالتىنى.

**ئەقلى كەم** ← **كەم ئەقىل:** بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەسەن سوغۇق كۈلۈپ، مەسخىرە ئاھاڭىدا مۇنداق دېدى: تۇتۇرۇقسىز گەپلىرىڭنى ماڭا ئەمەس، ئەقلى كەم باللارغا ئېيتساڭ ئىدى.

**ئەقلى كوتا** ← **ئەقلى قىسقا.**

**ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالماق** زىيانلىق ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىنىمۇ پەرق ئېتەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالماق، دۆتلەشمەك، كالۋالاشماق: ــ چەتكە بۇرال، ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالغان ئەخمەق!

www.uyghurkitap.com

**ئەقلىغە كەلمەك** بىرەر مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، ئەقىل ئىشلىتەلەيدىغان ھالەتكە كەلمەك؛ تەجرىبە ـ ساۋاقتا ئىگە بولماق، چوڭ بولماق، ئادەم بولماق: ئۇنى دېمىسىمۇ ئەقلىغە كەلگەندىن باشلاپ ئېتىز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغان بۇ ئادەم بىكار ئولتۇرۇشقا بەك ئۆچ ئىدى. * ئۇ ئەقلىغە كېلىش ئۈچۈن بىرئاز ساۋاقتا موھتاجدەك كۆرۈنىدۇ. * — شۇنداق، ئەمدى ئەقلىڭغە كېلىپسەن، ياخشى ئويلاپسەن، ئۆيلىنىش توغرۇلۇق باللدۇرراق ئويلاش كېرەك ئىدى، — دېدى ئەمەت دۈيجاڭ.

**ئەقلىنى تاپماق** ئەس ـ ھوشىنى يىغماق، ساۋاق ئالماق، ئىشنى توغرا قىلىدىغان بولماق: — ئەقلىمنى تاپتىم ئانا! ئەمدى ھەممىنى چۈشەندىم! بۈگۈندىن ئېتىبارەن پايدىلىق قوش قاناتلارغا زادى تەگمەيمەن! * بۇندىن كېيىن ئەقلىڭنى تاپساڭلا بولدى. قوي ئەمدى يىغلىما!

**ئەقلىنى يوقاتماق** بىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم بولماق، ساراڭ بولماق: سالىھ بوۋا شۇندىن بېرى قىزىنىڭ ئىچ ـ ئاغرىقىدا بەش يىل يىغلاپ ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدى. * موھام نەۋرىلەرنىڭ قىزىق پاراڭلىرىدىن كۈلۈپ ئەقلىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى.

**ئەقلى يەتمەسلىك** ئىشەنگۈسى كەلمەسلىك، تەسەۋۋۇر قىلالماسلىق: بۇلارمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ، بۇنىڭ نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىگە ھېچ ئەقلى يەتمەپتۇ. * — شۇنىڭغا ئەقلىڭ يەتمەمدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — ئەگەر ئىككى كۆزىنى قىسىۋالسا قانداق كۆرەلەيدۇ.

**ئەقلى يەلكىسىگە مىنمەك ← ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالماق:** خۇددى بەزگەك كېسىلىگە قالدى ئەمىر سۇر بېسىپ، ئەقلى مىندى يەلكىسىگە ھوشىدىن كەتتى ئېزىپ.

**ئەقلى يوق** پىكىر يۈرگۈزۈش قابىلىيىتى يوق، ئەقلىنى ئىشقا سالالمايدىغان، مېڭىسى ئىشلىمەيدىغان: بۇرادەر، ئۇنى چوڭ بالام دەپ شۇنچە ئارزۇلىغىنىمغا تۇشلۇق ئەقلى يوق بولۇپ چىقتى.

**ئەقىل تاپماق** يېڭى تەسىرات، يېڭى ساۋاق ۋە چارە ـ تەدبىرگە ئىگە بولماق، يېڭى بىر بىلىمگە ئېرىشمەك: كېرەم خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەقىل تاپقاندەك بولدى. * ئەگەر ئەقىل تېپىپ ئوغلۇمنى ساقايتالىساڭ، قىزىمنى بېرىپ، سېنى ئۆزەمگە كۈيئوغۇل قىلىۋالىمەن. * كىتاب ـ دەپتەر، قەلەمنى، چۈشۈرمەيمەن قولۇمدىن. كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ ئەقىل تاپتىم ئۇنىڭدىن.

**ئەقىل تارازىسىدا تارتماق** ئەقىل بىلەن باھالىماق، چوڭقۇر ئويلاپ بىر قارارغا كەلمەك: دادامغا كەلگەن بۇ بەختسىزلىك ماڭا ناھايىتى زور ئەلەم قىلغان بولسىمۇ، كېچىلەپ ئويلىنىپ ئەقىل تارازىسىدا تارتىپ كۆرۈپ، تەقدىرگە تەن بەرمەكچى بولدۇم.

**ئەقىل تارازىسىدا ئۆلچىمەك ← ئەقىل تارازىسىدا تارتماق.**

**ئەقىل تارازىسىغا سالماق ← ئەقىل تارازىسىدا تارتماق.**

**ئەقىل چىش** بالا 18 ياشتىن ئاشقاندا چىقىدىغان ئېزىق چىش.

**ئەقىل سورىماق** يوليورۇق، مەسلىھەت ۋە تەدبىر كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلماق: ئۇ بۇ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سىردىشىپ، ئۇلاردىن ئەقىل سوراپ، تەجرىبە ئۆگەندى. * ئەقىل سوراپ مۇئەللىمدىن ماڭغاندى ئالدىراپ كامال. قىلدى ئۇنى تولىمۇ تىت ـ تىت يولدىكى بۇ كۆتمىگەن ئەھۋال.

**ئەقلىغە سىغماسلىق** ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەسلىك، ئويلاپ يەتكىلى بولماسلىق: لېكىن قىز بالىنىڭ بىر توپ غوۋغاچى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا چېپىپ يۈرۈشى ئاتا ئۈچۈن ھاقارەت، جامائەت ئىچىدە ئەقلىغە سىغمايدىغان بىر ئىش ئىدى.

**ئەقلىغە مۇۋاپىق** ئەمەلىيەتكە ۋە كۆڭۈلدە ئويلىغانغا ماس ۋە ئۇيغۇن: باشقىلارغا قارىغاندا سېنىڭ بۇنىڭدىن كۆپرەك پايدىلىنىشىڭ

ئەقلغە مۇۋاپىقمۇ؟! * بۇ ئەقىلغە مۇۋاپىق تەلەپ، تۇل ئولتۇرۇش ئايال كىشىگە راۋا ئەمەس.

**ئەقىل كەلمەك** كاللىسىدا ياخشى چارە، تەدبىر پەيدا بولماق: كۆپچىلىك! مېنىڭ كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى، قېنى ئېيتىپ باقايمۇ؟

**ئەقىل كۆرسەتمەك** پايدىلىق چارە ـ تەدبىر ۋە مەسلىھەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويماق، مەسلىھەت بەرمەك، يول كۆرسەتمەك: تاغىلار، قېنى ئەقىل كۆرسىتىڭلار، ئىشنى نەدىن باشلىساق بولار؟ * جىددىي ۋەزىيە ئالدىدا ئۇيقۇسى قېچىپ ھەرىكەتكە كەلگەن ئادەملەر بىر ئېغىزدىن ھەر خىل ئەقىللەرنى كۆرسىتىشتى. * قېنى ئۆزلىرى مېنىڭ ئورۇمچىگە بېرىشىمغا بىر ئەقىل كۆرسەتسىلە.

**ئەقىل كىرمەك** پىكىر يۈرگۈزۈش، ئويلاش، ياخشى ـ يامانىنى بىلىش ئىقتىدارى پەيدا بولماق: ئەمىر خالىد ياسىمىنگە: — خوپ، مەيلى، بۇ بالىغا ئەقىل كىرىپ، «مېنىڭ ئاتام كىم؟» دەپ سورىسا، سەن ئۇنىڭغا: «سېنىڭ ئاتاڭ باغداد شەھەرىنىڭ ھاكىمى ئەمىر خالىد» دەپ ئېيتقىن! — دەپتۇ.

**ئەقىل ئۆگەتمەك** بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى بېجىرىش ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرمەك، يول ـ يورۇق كۆرسەتمەك: — دادام، بۇ ئىش ھەل بولۇپ بولغۇچە ئاناڭلارغا ئۇقتۇرماڭلار، ھەل بولۇپ رەسمىي يولغا چىقىش ئالدىدا ئاناڭلارغا ئۇقتۇرۇپ ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ ئەقىل ئۆگەتكەن بولدى.

**ئەقىل ئىشلەتمەك** ئەقلىنى ئىشقا سالماق، پىكىر يۈرگۈزمەك، باش قاتۇرماق ئويلانماق: ھەي، ئالاۋىدىن، ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ باق! ئويلا! مىسىردىن باغدادقىچە نەچچە كۈنلۈك يول؟

**ئەقىل ئىگىسى** ئەقلى بار، ئەقىل ئىشلىتەلەيدىغان كىشى: قارا، سەنمۇ بىر ئەقىل ئىگىسى، ئالدى بىلەن ئۆزەڭ ئوبدانراق ئويلىشىپ كۆر!

**ئەقىل يۈرگۈزمەك** ← **ئەقىل ئىشلەتمەك**: ئۇ بىرئاز ئەقىل يۈرگۈزگەندىن كېيىن جامالـ

دىنغا ئېيتتى.

**ئەقىل ـ پاراسەت** ئەقىل ۋە پاراسەت: — گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ دېگەن شۇكەن ـ دە، مازارلارغا ياغ يۈرىتىپ ئالالمىغان مەھسۇلاتنى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئالغىلى بولىدىكەنغۇ، — دېدى بوۋاي ئۆز ـ ئۆزىگە. * ھاكىمنىڭ باياتىنقى گېپى كۆڭلۈمگە ياغدەك يېقىپ ئىچىمدە ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە قايىل بولدۇم.

**ئەقىل ـ پاراسەتلىك** ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولغان، ئەقىل ـ پاراسىتى بار: بۇ پادىشاھ ئۆزىنى دۇنيادا مېنىڭدەك ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە سۆزمەن ئادەم يوق، دەپ ئويلايكەن. * ئۇ تۇغۇلۇشىدىن ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئىدى. ئۇ 15 يېشىدا لاۋازىماتچىلىق ئىدارىسىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي بىلىمىنى ئاشۇرۇپ، پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىشكە تولۇق مۇمكىنچىلىك تاپتى.

**ئەقىلدار** ئى [ئە+پ] ئەقىللىق، دانىشمەن ئادەم: نادانلار ئۆزىچە بولۇپ «ئەقىلدار»، «كونىلىق» ئۈستىدىن كۆتۈردى «ئىسيان». پېشقەدەم كادىرلار «جاھىل ھوقۇقدار»، مۇئەللىم ـ ئۇستازلار بولدى «جىن ـ شەيتان». * بار، كاتتا شەھەرلەرگە قاناتلىنىپ، ئەقىلدار ئادەملەرگە قۇۋۋەت بەرگىن. گاڭ بىلەك ئىشچىلارغا دەرمان بولۇپ، پەن ـ بىلىم تەشناسىغا مەدەت بەرگىن.

**ئەقىلسىز** سۈپ، ئەقلى يوق، بىئەقىل، ئەخمەق: ئەقىلسىز دوستتىن، ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى (ماقال). * ھەي بەتبەخت، مانا مۇشۇنداق ئەقىلسىز چوڭ بولدۇڭ، ئاغزىڭغا كەلگەننى بوغۇزۇڭغا يۇتماي جۆيلۈيسەن، توغرا جاۋاب بېرەلمەي ھەر مۇقامدا يورغىلايسەن. * ئۇ ۋاقىتتا مەن ئەقىلسىز بولدۇم. ئەمدى مەن ئەقىل تاپقاندا ئانام بولمىدى. ئانامنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىكىمگە ئاھ ـ ئىسىت دېيمەن. //بۇ ئەقىلسىز دائىم ئۆزىگە ئىش تېپىپ يۈرىدۇ.

**ئەقىلسىزلىق** ئى ① «ئەقىلسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ھەممىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، سېنى ئەقىلسىزلىق قىلىپ كېلىپ يۈرمىسۇن دەپ بۇ ياقتا كېلىشىم، ماڭ،

تۈزۈك كىسىن! * ئۇلار ئەقىلسىزلىقىدىن بېشى چۈشكەن ھالدا ئوردىغا كېتىشىپتۇ. ② ئويلانماستىن قىلىنغان ئەخمىقانە ئىش: ۋاي، ياق، بۇ تازىمۇ ئەقىلسىزلىق!

**ئەقىللەشمەك** پ. پىكىر ئېلىشماق، مەسلىھەتلەشمەك، باش قوشماق، كېڭەشمەك: مېنىڭ پىلانىم پەقەت ئەقىللىشىش بىلەنلا ئەمەس، ھەرىكەت بىلەنمۇ ياردەم قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

**ئەقىللىق** سۈپ ① ئەقلى بار، كاللىسى ئىشلەيدىغان، ئۆتكۈر، ھوشيار، زېرەك: ئەقىللىق ـــ يۇرتنىڭ ئاغىسى، ھۇنەرۋەن ـــ يۇرتنىڭ چاكىرى (ماقال). * ئەقىللىق ئۆزىنى ئەيىبلەر، نادان دوستىنى (ماقال). * ـــ توختى ئاخۇن ئاكا، نەۋرەڭىنىڭ خېلى جىگىرى بار ئىكەن. ئەقىللىق بالا بولۇپتۇ بۇ! ـــ دەپ كۈلۈپ قويدى. * ـــ مەن ئۇنى ئەقىللىق ئادەم دېسەم، ئۇ بىر ساراڭ ئىكەن، ـــ دېدى خوتۇنۇم. ② ئەقىل بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن، بىلىملىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان: مانا بۇ ئەقىللىق گەپ، تازا توغرا ئېيتتىڭ. * ۋاھ، بۇ ناھايىتى ئەقىللىق ئىش بولدىغۇ!

**ئەقىللىقلىق** «ئەقىللىق» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: سىز بەلكىم ئەقىللىقلىقتا تىڭ ـ تىڭچىلار ئۆلچىمى بويىچە ھۆكۈم قىلىۋاتىسىڭىز كېرەك. * ئۇ بۇ قېتىمقى جېدەلدە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ بىر ئەقىللىقلىق قىلدى.

**ئەقىل ـ ھوش** ئەقىل ۋە ھوش، پەم ـ پاراسەت: نېمە دېسەم بولار، قېرىغاندا ئادەمنىڭ ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولمايدىكەن، تونۇدۇم دەي دېسەم، دەرھال ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، تونۇمىدۇم دەي دېسەم بۇرۇن بىر جايدا كۆرگەندەكلا قىلىمەن. * مەن ئەخمەق قىلىدىغان سىزنىڭ كىچىك بالىڭىزمىدىم؟ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئەقىل ـ ھوشۇم بىلەن ئولتۇرۇپتىمەن. قىلىدىغانىنى ھەممىنى قىلىپ بولۇپ ئۆزىچە تېخى: ـــ پارتىيىنىڭ ئاشلىق سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلمىدىم، ـــ دەپ مېنى ئالداشلىرىنى ئېيتىڭچۇ؟

**ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ـــــ> ئەقلى جايىدا:** مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ياخشى بالا بولدى. * ـــ بۇ نېرۋىسى ئاجىز كىشىلەرگە ئاز ـ پاز تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن، لېكىن ئەقىل ـ ھوشى جايىدا كىشىلەرنى بۇنداق قارا نىيەت ھەرگىزمۇ ئالدىيالمايدۇ، ـــ دېدى ھېكىمگە دەككە بېرىپ.

**ئەقىل ـ ھوشىنى تاپماق ـــ> ئەقلىنى تاپماق:** ئۇ چاغدا مەن ئۆيدە ئەقلى ـ ھوشىنى تاپقان ئادەم ھېسابلىناتتىم.

**ئەقىل ـ ھوشىنى يوقاتماق ـــ> ئەقلىنى يوقاتماق:** بۇ خەتنى ئوقۇپ غەزەپكە چىدىماي ئەقىل ـ ھوشىڭىزنى يوقىتىپ قويسىڭىز، بۇ مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ خۇشاللىنارلىق ئىش بولار ئىدى. * ئۇنى بىر كۆرۈشۈم بىلەنلا ئەقىل ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ مۇھەببەت مەجنۇنى بولۇپ قالغانىدىم.

**ئەكابىر** ئى [ئە] يېزت. ئەڭ ئۇلۇغلار، ئەڭ كاتتىلار.

**ئەكابىر ـ ئەشرەپ** يېزت. ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ مۆتىۋەر زاتلار: كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھقا سەپەر ھەۋىسى چۈشۈپ، ۋەزىر ـ ئۇمرا، ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، مىڭلىغان خىزمەتكار، ئون مىڭلىغان ياساۋۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا داغدۇغا بىلەن يولغا چىقىپتۇ.

**ئەكابىر ـ تەكابىر** چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار، يۇقىرى ـ تۆۋەن مۆتىۋەرلەر: باياندا سېپىلنىڭ جەنۇبىي تۇمشۇقىدىكى ئۆستەڭ كىرۋىكىگە جاڭجۇن باشلىق ئەمەلدارلار ۋە يۇرتنىڭ باشقا ئەكابىر ـ تەكابىرلىرى ئۈچۈن ھەشەمەتلىك مۇنبەر ياسىلىپ، مۇنبەر رەڭمۇرەڭ لاتىلاردىن پورەك چىقىرىپ ياسالغان گۈللەر، چوڭ پانۇسلار بىلەن بېزەلگەنىدى.

**ئەكە** (توغرىسى: ئەركە) ـــ> **ئەركە.**

**ئەكەتكۈزمەك** «ئەكەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىز دەرھال بۇلارنىڭ ئەسكى ـ تۈسكىلىرىنى ئەكەتكۈزۈۋېتىڭ، ئاندىن پاكىز تازىلاپ مېھمان كىرگۈدەك قىلىپ قويۇڭ.

**ئەكەتمەك** پ [ئېلىپ+كەتمەك] ئېلىپ كەتمەك، ئالغاچ كەتمەك: نەچچە يىلدىن بېرى

بالامنىڭ بالىسى دەپ كۆيۈپ-پىشىپ باقسام،
چوڭ بولغاندا ئەكەتكىنىنى قارا!

**ئەكەك** (توغرىسى: ئەركەك) ⟵ **ئەركەك.**

**ئەكەلدۈرمەك** «ئەكەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىگىت ئانىسىنى ۋە ئۇنىڭ تېگىۋالغان ئېرىنىمۇ قوشۇپ ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ. * ئەخمەت بەگ دەرھال گىزەكچىنى چاقىرتىپ كىيىم ساندۇقىنى ئەكەلدۈردى ۋە ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپ ئىچىدىن بىر بوغچىنى ئالدى.

**ئەكەلدۈرۈشمەك** «ئەكەلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ماللىرىڭنى قانداق ئەكەلدۈرۈشتۈڭ، ئۇنىڭ بىلەن كارىم نېمە؟ — دېدى خوجايىن ئاچچىق بىلەن.

**ئەكەلدۈرۈلمەك** «ئەكەلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ چەتتىكى تۇغقانلىرى ئارقىلىق ئەكەلدۈرۈلگەن ئالتۇن بىلەزۈكنى كېلىنىگە سېلىپ قويدى.

**ئەكەلمەك** پ [ئېلىپ+كەلمەك] باشلاپ، كۆتۈرۈپ، ئېلىپ كەلمەك: شۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئايالىم ئۇنى بالىلىرى بىلەن قوشۇپ ئىككى قېتىم ئۆيگە چاقىرىپمۇ ئەكەلدى. * 1972 – يىلى، ساۋۇت كېسەل بولۇپ قالغىنىدا، ئابدۇرەھىم ئۇنى باداۋان كۆمۈر كېنىدىن ئۆز ئۆيىگە ئەكىلىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق باقدۇ.

**ئەكتۈرمەك** «ئەكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەكتۈرۈلمەك** «ئەكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەكچە** رەۋ. ئايرىم، ئۆزگىچە: شۇ ئاخشىمى چاۋارغا زايىت بەگنىڭ ئۆيى ئەكچە قالدۇ.

**ئەكچىتمەك** «ئەكچىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەكچىتىلمەك** «ئەكچىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەكچىمەك** پ. ئارتۇق نەملىكى كۆتۈرۈلۈپ نەمخۇش ھالەتكە كەلمەك، سۈيى قاچماق، چالا قۇرۇماق: باھار ئاپتىپىنىڭ تەپتىدىن توڭلار ئېرىپ، يەرلەر خېلى ئەكچىپ قالدى.

**ئەكس** [ئە] ① ئى. بىرەر نەرسىنىڭ سىلىق، يالتىراق يۈزىدە كۆرۈنگەن باشقا بىرنەرسىنىڭ تەسۋىرى، شەكلى: قىز ئاستا-ئاستا مېڭىپ دەريانىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ-دە، ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ چىرايىنىڭ سۇدىكى ئەكسىنى كۆرۈپتۇ. * ھەجەر گالستۇكنى تاقاپ بولۇپ تامدىكى چوڭ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ، ئەينەكتە ئۆز ئەكسىنى كۆردى. ② سۈپ. زىت، تەتۈر، قارىمۇقارشى: زىددىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن شارائىتتا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئەكس ئەتمەك** ① ئىچكى ھېس-تۇيغۇ، كەيپىيات قاتارلىقلار كىشىنىڭ يۈزىدە، تاشقى قىياپىتىدە كۆرۈنمەك: بۇ كىشىنىڭ كۆزلىرىدىن تەشۋىش، ئۈمىد ۋە يېلىنىش ئەكس ئېتەتتى. * قىزنىڭ ياشقا تولغان قويۇق كىرىپىكلىك، چوڭ كۆزلىرىدە ئۈيات، خورلۇق، ئۆكۈنۈش ئەكس ئېتەتتى. ② بىرەر چۈشەنچە ۋە تەسىرات مەلۇم كۆرۈنۈش ۋە تەسۋىردە ئىپادىلەنمەك، نامايان بولماق: گۆھەر كۆل، بۆگۈن سۈيۈك خۇددى كۆمۈش، شۇ سۇدا ئەكس ئېتەر بەختنىڭ سىنىڭ . * ئىبكراندا ئالتە جۈپ يىگىت-قىزلار نىڭمۇ مۇڭدىشىۋاتقانلىقى ئەكس ئېتىدۇ. ③ ئۆز ئىپادىسىنى تاپماق: ئەكس ئېتەر شۇ ئالتۇن جۇملىدىن، ئارمىيىگە خەلقنىڭ سۆيگۈسى. ④ پىكىر، خىيالدا بىرەر تەسىرات گەۋدىلەنمەك: «ئۆزگىرىش كېرەك، ئۆزگەرسەم ئاندىن ئاپامغا يۈز كېلەلەيمەن» بۇ يۇسۇپنىڭ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن كاللىسىدا ئەكس ئەتكەن ئويى ئىدى.

**ئەكس تەسىر** <فىز> تەسىر كۈچىگە ئۇچراۋاتقان جىسىمنىڭ كۈچ ئىشلەتكۈچى جىسىمغا بولغان قارشى تەسىرى. ئەكس تەسىر كۈچ بىلەن تەسىر كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى

تەڭ، يۆنىلىشى قارىمۇقارشى ھەمدە بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە بولىدۇ.

**ئەكس سادا** <فىز> ① ئاۋاز دولقۇنى توسالغۇغا يولۇقۇپ قايتقاندىن كېيىن قايتا ئاڭلانغان ئاۋاز: ئىككى تەرەپتىن توختاۋسىز ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرى پۈتۈن جىلغىلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى، ئۇقنىڭ ئەكس سادالىرى يىراقلاردا جاراڭلايتتى. * ئايال چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ مەزمۇت ماڭغان قەدەم ئاۋازى نۇردۇن ھاكىمنىڭ قۇلىقىدا خېلى ۋاقىتقىچە ئەكس سادا بولۇپ تۇردى... ② كۆچمە. جاۋاب ساداسى، جاۋاب ھەرىكىتى، جاۋاب ئىشارىتى: بىر پارچە مەكتۇپ بىر قەلبكە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئەكس ساداسى بولىدۇ، شۇڭا تۈيغۇن كىشىلەر مەكتۇپنى مۇھەببەتنىڭ قىممەتلىك سوۋغىتى دەپ بىلىدۇ. ③ <مۇز> بىر ئاۋاز بەرگۈچى جىسىمنىڭ تىترىشى يەنە بىر ئۇنىڭدىن چوڭراق جىسىمغا تەسىر كۆرسىتىپ پەيدا بولغان كۈچەيمە ئاۋاز.

**ئەكس سادا بوشلۇقى** <مۇز> تارلىق چالغۇلارنىڭ گەۋدىسىدىكى تارنىڭ تىترىكىنى كۈچەيتىپ چىقىرىپ بېرىدىغان بوشلۇق.

**ئەكس سان** <مات> ئەگەر a نۆلگە تەڭ بولمىسا، $\frac{1}{a}$ نى a سانىنىڭ ئەكس سانى دەيمىز.

**ئەكسچە** رەۋ ① كۈتۈلگەن ۋە ئارزۇ قىلىنغانغا پۈتۈنلەي قارشى ھالدا، تەتۈرىچە: مەن چوڭ يىغىننى كىچىكتۈرۈپ ئاچىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇ پەرىزىمنىڭ ئەكسىچە، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئېچىلدى. * ئۇنىڭ ئورنىغا كەلگەن يېڭى باشلىق بۇرۇنقى باشلىقنىڭ ئەكسىچە ئادەم بولۇپ چىقتى. ② خاتا ھالدا:
— جېدەلنى ئايرىغانىكەنسەن توغرا ئايرىغىن، توپ مېنىڭ تۇرسا ئەكسىچە مېنى ئۇردۇڭ، مۇشۇ جېدەل ئايرىغانلىق بولامدۇ؟ — دېدىم مەن. * بىز ئۇلارنىڭ تېپىشلىرىگە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق تېپىش بىلەن جاۋاب قايتۇرماي، ئەكسىچە بۇ بىچارىلەرگە رەھىم قىلىشىمىز لازىم ئىكەن. ③ قارىمۇقارشى باغلىغۇچى رولىدا كېلىدۇ: بۇ ئۈچ دۆي پايدا ئېلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇن مىڭ يۈەندىن كۆپرەك زىيان تارتقانىدى. * ئارسلان نانغا قاراپمۇ قويمىدى، ئەكسىچە ئارقىغا سۇرۇلۇپ پارتىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلدى.

**ئەكسلھەرىكەت** ئى [ئە] ئىنقىلابقا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەت: جىياڭ چىڭ گۇرۇھىنىڭ قىلمىشلىرى پۈتۈنلەي ئەكسلھەرىكەتتۇر.

**ئەكسلھەرىكەتچى** ئى. ئەكسلھەرىكەت تەرەپدارى، ئەكسلھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**ئەكسلھەرىكەتچىلىك** ئى. ئەكسلھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى.

**ئەكسلئىنقىلاب** ئى [ئە] ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتكە قارشى، ئىنقىلابىي دىكتاتۇرىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنىدىغان ئەكسىيەتچىل ھەرىكەت.

**ئەكسلئىنقىلابچى** ئى. ئەكسلئىنقىلاب تەرەپدارى ياكى قاتناشچىسى: مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنى ئەكسلئىنقىلابچى دەپ قولغا ئالغان. * جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاپ تىنچ بولۇش-ئىتتىپاق بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەكسلئىنقىلابچىلار ۋە ھەر خىل جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

**ئەكسلئىنقىلابچىلىق** ئى. ئەكسلئىنقىلاب بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى.

**ئەكسلئىنقىلابىي** سۈپ. ئىنقىلابقا قارشى تۇرىدىغان، ئىنقىلابقا دۈشمەنلىك قىلىدىغان: ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىدىغان ئوبيېكتلار ئەھۋالىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى.

قاماقتىكى جىنايەتچىلەر ئارىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتچىلەر ئازايدى.

**ئەكسىنچە** ⟵ **ئەكسىچە**: سوتسىيالىستىك مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى مىللەتلەرنى بىر ــ بىرىدىن ئايرىپ تاشلىمايدۇ، ئەكسىنچە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق، ھەمكارلىق ئىدىيىلىرىنى ئۆستۈرىدۇ.

**ئەكسىيەتچى** ئى. ① ئىلگىرىلەشكە، ئىنقىلاب ئىشلىرىغا قارشى، ئاغدۇرۇلغان تۈزۈم تەرتىپلىرىنى ساقلاپ قېلىش، تىكلەش تەرەپدارى ياكى ئۇنىڭ قاتناشقۇچىسى: 1947 ــ يىلى 4 ــ ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى خوتەنگە كېلىپ، بۇ يەردىكى ئەمگەكچى خەلق ۋە زىيالىيلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرىشىگە ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەنىدى. ② سۈپ. ئىنقىلاب تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، ئاغدۇرۇلغان سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسىگە مەنسۇپ بولغان: خەلقىمىز بىلەن بۇ ئەكسىيەتچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتۇر.

**ئەكسىيەتچىل** سۈپ. ئەكسىيەتچىگە خاس، ئەكسىيەتچىگە مايىل: جاھانگىرلىك دەۋرىدە، بۇرژۇئا قانۇنشۇناسلىقى تېخىمۇ ئەكسىيەتچىل بولۇپ كەتتى. * كونا جەمئىيەتنىڭ ۋە ئەكسىيەتچىل ئەدەب ــ قائىدىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراش جەھەتتە ئۇ بىزگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بىراق باشقا جەھەتلەردە زادىلا ئوخشىمايدۇ.

**ئەكسىيەتچىلەشمەك** پ. ئەكسىيەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق، ئەكسىيەتچى بولماق: ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەزى ئادەملەر ئىنقىلابىي سەپكە كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭنىڭ «تازىلاش» ھەرىكەتلىرىدىن قورقۇپ ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلدى ھەم ئەكسىيەتچىلىشىپ كەتتى.

**ئەكسىيەتچىللەشمەك** ⟵ **ئەكسىيەتچە-لەشمەك**: جاھانگىرلىك دەۋرىدە، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە مونوپولىيە قىلىشىغا ۋە سىياسىي جەھەتتە كۈنسېرى ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ مېڭىشىغا ئەگىشىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ قانۇنلىرىمۇ تازا ئەكسىيەتچىللىشىپ كەتتى.

**ئەكسىيەتچىلىك** ئى. ئەكسىيەتچىلەرگە خاس ھەرىكەت ۋە پائالىيەت: 1927 ــ يىلدىن كېيىنكى ئەكسىيەتچىلىك ئەنە شۇنداق نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى چۈشەنمەسلىكنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

**ئەكسىيەتچىللىك** ⟵ **ئەكسىيەتچىلىك**: لېكىن بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى بۇ خىل تەسەۋۋۇرنىڭ چىن ئەمەسلىكىنى، خىيالىيلىقىنى ۋە ئەكسىيەتچىللىكىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

**ئەكمەك** پ. ئۇرۇقنى يەرگە چاچماق؛ تېرىماق.

**ئەكتىشمەك** «ئەكەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دۆيجاڭ يۈگۈرۈپ ئېتىزغا كېلىپ بولغۇچە بۇ باللار ئېتىزدا باقفان ماللىرىنى ئالدىراقچان ئەكەتىشكەنىدى.

**ئەكتىلمەك** «ئەكەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دادام قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ ھاسا ئۆيىمىزدىكى قوزۇقتا ئېلىپ قويۇلغانىدى. بىر ئايدىن بېرى ئۇ كۆرۈنمىدى، ئۇنىڭ كىم تەرىپىدىن قاچان ئەكتىلگەنلىكى بىزگە نامەلۇم.

**ئەكىرمەك** پ [ئېلىپ+كىرمەك] باشلاپ، كۆتۈرۈپ، ئېلىپ كىرمەك: بىر چاغدا خوتۇن چىقىپ قازاندا قالغان گۆشلەرنى تاۋاققا ئېلىپ، بايۋەچچىنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. * ئۇ ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىملارنى چەتكە قاقتى، يەنە بىر قىسىملارنى ئۆز قوشۇنىغا ئەكىردى.

**ئەكىرىشمەك** «ئەكىرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ ئۆيى كۆچۈشكە ھەمكارلىشىپ نەرسە ــ كېرەكلىرىنى ئۆيىگىچە ئەكىرىشتى، ھەم ئورۇنلاشتۇرۇپمۇ بەردى.

**ئەكىرگۈزمەك** «ئەكىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بۇ يىل چەتتىن نۇرغۇن ماللار ئەكىرگۈزدى.

**ئەكىرگۈزۈلمەك** «ئەكىرگۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

www.uyghurkitap.com

**ئەكىرىلمەك** «ئەكىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پارۇق ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ كورسقا ئەكىرىلدى.

**ئەكىلەتمە** (توغرىسى: ئەركىلەتمە) ← **ئەركىلەتمە.**

**ئەكىلەتمەك** (توغرىسى: ئەركىلەتمەك) ← **ئەركىلەتمەك.**

**ئەكىلىك** (توغرىسى: ئەركىلىك) ← **ئەركىلىك.**

**ئەكىلىمەك** (توغرىسى: ئەركىلىمەك) ← **ئەركىلىمەك.**

**ئەكىلىنمەك** «ئەكەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۈگۈن كىتابخانىدىن نۇرغۇن لۇغەتلەر ئەكىلىندى.

**ئەگەر** باغل [پ] شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ «سا، سە» ۋە باشقا شەرت قوشۇمچىلىرى بىلدۈرگەن مەنىنى كۈچەيتىپ كېلىدۇ: ئەگەرسەن كەلمىگەن بولساڭ، بۇ چاتاق ئۆزۈلمەيتتى. * ئەگەر سىلەر ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەن بولساڭلار، زىيان تېخىمۇ كۆپ بولاتتى.

**ئەگەرچە** ← **ئەگەر:** ئەگەرچە ئولتۇرۇپ بىر باغ ئىچىدە، تاماشا ئەيلىسەڭ ھەم كۆز ئۆچىدا. ئانار، شاپتۇل شېخى ئۆزرە توۋەنگە — نەزەر سالساڭ سۈيى ئۆركەش تۆمەنگە، ئەجەب ھېسلار بىلەن كۆڭلۈڭ بىتاقەت، دېڭىزدەك چايقىلار تىنماي ئالامەت.

**ئەگەرچەندە** ← **ئەگەر:** ئەگەرچەندە ئابدۇللا مۇدىر بۇ ئوقەتنى ھەل قىلىپ بەرمىگەن بولسا، ئۆگەننىڭ سۈيىنى ئالغىنىمىزدا ئۈچۈملاپ تارتامدۇق؟ * ئەگەرچەندە بۇنىڭغا يەنە نارازى بولىدىكەنسەن، بارىدىغان يېرىڭنى ئۆزەڭ ئويلاپ كۆر!

**ئەگەردە** ← **ئەگەر:** — ئەگەردە بەدىنىڭدە مەن كەم بولسام بەدىنىڭنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلاپ كېتىدۇ، كۆزۈڭ ئاجىزلاپ نامازشام قارىغۇسى بولۇپ قالىسەن، — دەپتۇ ۋىتامىن «A».

**ئەگەشتۈرمەك** «ئەگەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سادىق ئەمدى ئۆز ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، سۇ چىقىرىش ئېغىزى تەرەپتىكى دامبا ئۇستىگە يۈگۈردى. * ئەمدى مەن بىرىپ سۇلتاننى مۇشۇ يەرگە ئەگەشتۈرۈپ كېلىمەن، — دەپتۇ ئالاھىدىن.

**ئەگەشتۈرۈلمەك** «ئەگەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ چاغدا ھويلىغا ئەگەشتۈرۈلۈپ كىرىلگەن ئەسئەت قىزاردى ۋە ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ھودۇقتى.

**ئەگەشكۈچى** سۈپ. ئەگىشىپ ماڭغۇچى: بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە باش جىنايەتچىلەر قاتتىق جازالاندى، ئەگەشكۈچى جىنايەتچىلەر سۈرۈشتۈرۈلمىدى.

**ئەگەشكۈچى جىنايەتچى** <قا> بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەتتە، ئاساسىي جىنايەتچىگە ياردەملىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ھەمدە قوشۇمچە رول ئوينىغان جىنايەتچى، ئەگەشكۈچى جىنايەتچى ئاساسىي جىنايەتچىلەردىن پەرقلىنىدۇ.

**ئەگەشمە** سۈپ. ئەگەشكۈچى، ئەگىشىپ كېلىدىغان: ئەگەشمە بۆلەك.

**ئەگەشمە بۆلەكلەر** <تىل> جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىنى ياكى ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئېنىقلاپ، تولۇقلاپ، ئىزاھلاپ كېلىدىغان جۈملە بۆلەكلىرى؛ ئۇلار تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەتتىن ئىبارەت.

**ئەگەشمە چاق** <ماشىن> ئاساسىي چاققا ئەگىشىپ ئايلىنىدىغان چاق.

**ئەگەشمە كېسەللىك** <تىب> بىرەر كېسەل سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان ئىككىنچى بىر خىل كېسەللىك. مەسىلەن: قىزىل ئۆپكە ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، ئۆپكە ياللۇغى ئەگەشمە كېسەللىك بولىدۇ.

**ئەگەشمەك** پ ① ئارقىسىدىن ماڭماق، كەينىدىن بارماق: باشقىلارغا رەھمەت ئېيتىپ،

www.uyghurkitap.com

ئەك ئاخىردا تەكلىپ قىلغان شۇ چوكانغا ئەگەشتىم-دە، يۈرۈپ كەتتىم. ② بىرەر كىشىنى دوراپ، تەقلىد قىلىپ، ئىش-ھەرىكەت قىلماق؛ بىرەر كىشىنىڭ كەينىگە كىرىمەك: ئەنە بىر چاغلاردا ئابدۇللاغا ئەگەشكەن مۆمىن مۇرىسەسمۇ ئەمدى كەينىگە يۈرۈلۈپ، نەيزە ئۈزۈپ پاش قىلىش ماتېرىيالى يېزىۋېتىپتۇ. * مەن ئون يىل ساڭا ئەگەشتىم. ③ ئاخىرىغا «ئىپ، ئۈپ، ئۇپ» رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، «بىلەن، بىللە، ئارقىلىق» مەنىسىدىكى تىركەلمە رولىدا كېلىدۇ: ئەلۋەتتە، سىياسەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قانۇنىنىڭمۇ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى كېرەكلىكى ئومۇمىي ئەھۋالدىن ئېيتىلغان. * دۇنيانىڭ ئاۋاتچىلىقىغا ئەگىشىپ، قەشقەرمۇ ئاۋاتلىشىپ كېتىۋېتىپتۇ.

**ئەگدۈرمەك** «ئەگمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاكتىپلارنىڭ قاۋانلىقىنى باش ئەگدۈرمەكچى بولغانلىقى، ئاتا-بوۋىسى قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلماقچى بولغانلىقى، نەچچە يۈز يىللىق قەدىمىي قومۇشلۇقتا ھۇجۇم قىلىش ئۈستىدە ئېلىپ بارغان مۇلاھىزىلىرى ئۇنى ھاياجانلاندۇرغانىدى.

**ئەگدۈرۈلمەك** «ئەگدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مانا قولۇمدىكى بۇ ھاسا بۇلتۇر ئالما نوتىسىدىن ئەگدۈرۈلگەنىدى.

**ئەگرى** سۈپ ① تۈز سىزىق بويىلاپ يۆنەلمىگەن، قىڭغىر، ئېگىلگەن: بوۋاي ئەنە شۇ ئەگرى دەرۋازىدىن چىقىپ، رەستىلەرنى ئايلىنىپ، دوپپا بازىرىغا باردى. * قېشىنى خۇددى ئەگرى يا دېسەن، كىرپىكلىرىنى ياۋغا ئاتقان ئوق. * دارغا ئاس! — جەمشىت غەزەپتە توۋلىدى بىر غالچىغا، قۇردى دار ئارغامچا باغلاپ ئەگرى شاخلىق ئارچىغا. ② كۆچمە. دۇرۇس بولمىغان، ناتوغرى؛ ساپ بولمىغان، ناپاك: ئەگرى يول. ئەگرى سۆز. ئەگرى قول. ئەگرى غەرەز.

**ئەگرى ئاتىدىغان توپ** <ھەرب> مىنامىيوت ۋە ياغ زەمبىرەكلىرى قاتارلىق دەسلەپكى سۈرئىتى ئاستا، ئوق يولى ئەگرى بولىدىغان زەمبىرەكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئەگرى دەستە** <ماشىن> دوك ئوقىنىڭ ئەگرى قىسمى، ئوقنىڭ رولى: ئۆزى ۋە شاتۇن ئارقىلىق پورشېنىنىڭ قايتىلانما ھەرىكىتىنى دوك ئوقىنىڭ ئايلانما ھەرىكىتىگە، ياكى دوك ئوقىنىڭ ئايلانما ھەرىكىتىنى پورشېنىنىڭ قايتىلانما ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت.

**ئەگرى دەسسىمەك** يامان يولغا ماڭماق، خاتا دەسسىمەك: تۇرنسا، ئەگرى دەسسىمەي، تۈز يولغا ماڭ، بولمىسا سەنمۇ داداڭ بارغان جايغا بارىسەن.

**ئەگرى سىزىق** <مات> ھەرىكەتچان نۇقتا ھەرىكەت قىلغاندا، يۆنىلىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان سىزىق.

**ئەگرى قول** ← **قولى ئەگرى**: — ئۇنىڭمۇ ئەمدى بۇرۇنقى ئەگرى قولى تۈزلىنىپ قالدى، — دېدى ئوسمان دۇيجاڭ.

**ئەگرى قىسقۇچ**: تۆمۈرچىلەر ئىشلىتىدىغان، ئاغزى ئىچىگە ئېگىلگەن قىسقۇچ.

**ئەگرى يول** خاتا، ناتوغرا يول: نۇرنىسا سابىرنىڭ يېقىندىن بېرى ئەگرى يولغا دەسسەۋاتقانلىقىنى ئاز-تولا بايقىغان بولسىمۇ بىلدۈرمىگەنىدى.

**ئەگرى-بۈگرى** ← **ئەگرى-توقاي**: ئەگرى-بۈگرى ئېرىق ۋە بىرنەچچە قاتار چىت گۈللۈك باغنى مەكتەپتىن ئايرىپ تۇراتتى. * ئاپتوموبىل ئەگرى-بۈگرى تاغ يولىدا توختىماي ئىلگىرىلەيتتى. * بالا خەتنى قولىغا ئالدى، ئۇ بۇنداق ئەگرى-بۈگرى خەتلەرنى تونۇمىسىمۇ خەتكە سىنچىلاپ قارىدى.

**ئەگرى-توقاي** قىڭغىر-قىيسىق، ئوڭغۇل-دوڭغۇل، تۈز ئەمەس، يىلان باغرى: بىر كىچىك ئېقىن ئېگىز-پەس، ئەگرى-توقايلاردىن ئۆتۈپ، ئۆركەشلەپ ئالغا ئېقىۋاتقان چوڭ دەرياغا قوشۇلۇپ، يېڭى ھاياتقا ئىگە بولدى.

**ئەگرى ـ توقايلىق** ① «ئەگرى ـ توقاي» ھالەت: يولنىڭ ئەگرى ـ توقايلىقى. خەتنىڭ ئەگرى ـ توقايلىقى. ② كۆچمە. جاپا ـ مۇشەققەت، توسالغۇ: كېيىن جۇڭگودا ۋە باشقا سوتسىيالىستىك ئەللەردە يەنە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن بەزى ئەگرى ـ توقايلىقلار پەيدا بولدى. ٭ كىشىلەر ھاياتىدا ھەر خىل ئەگرى ـ توقايلىقلارغا يولۇقىدۇ. بەزىلەر ئەگرى ـ توقايلىقلار ئىچىدە ئالغا باسىدۇ. بەزىلەر بولسا، قوشۇنىدىن چۈشۈپ قالىدۇ.

**ئەگرى ـ دوناي** ⟵ **ئەگرى ـ توقاي:** بىز كېتىۋاتقان ئاسفالت يول ئەسلىدە ئىككى ياقىسىدا جىگدە كۆتەكلىرى چوقچىيىپ تۇرغان ئەگرى ـ دوناي هارۋا يولى ئىدى.

**ئەگرىسۇناي** ئى [ئەگرى+سۇناي] <بوت> چوقا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە يۇمىلاق كېلىدۇ، يۇزىدە پۈرمىلىرى بولىدۇ؛ گۈلى سۇس سۆسۈن، يىلتىزى سېرىق، تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. ئۇ قاننى تولۇقلاش، يۈرەكنى كۈچەيتىش رولىغا ئىگە.

**ئەگرىلىك** «ئەگرى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سىلى ئايال تۇرۇقلۇق توغرا بىلەن ئەگرىلىكنى بىلگەن يەردە، مەن ئەلۋەتتە بىلىمەن ـ دە. ٭ ياگىرىدى شۇ سادا جاراڭلىق خىتاب، ساداقەت، ۋاپادىن دىلىم سۆيۈندى. ئەگرىلىك قەلبىمدىن كۆچتى قەددىمگە، بىر پارچە قارا تاش تاغدەك كۆرۈندى.

**ئەگزىك** ئى. بېلىق تۇتىدىغان تورنىڭ ئىككى يان تەرىپى.

**ئەگلەك** (توغرىسى: ئەلگەك) ⟵ **ئەلگەك.**

**ئەگمە** ① سۈپ. ئېگىلگەن، قايرىلغان؛ ئېگىپ ياسالغان؛ ياي شەكىللىك: كامىرلارنىڭ تېمى پىششىق خىش بولۇپ، سېمونت بىلەن سۇۋالغان، ئۈستى پىششىق خىش بىلەن ئەگمە قىلىپ ياسالغان. ② ئى. ئېگىلگەن جاي، يولنىڭ ئايلانمىسى: ئۇلار ھەربىر خەتەرلىك ئەگمىلەردىن خۇددى جەرەندەك چەبدەسلىك بىلەن ئەگىشىپ ئۆتەتتى.

**ئەگمە دېرىزە** <بىن> ئۈستى قىسمى تۈرلۈك ئەگمە شەكىللەردە ئىشلەنگەن دېرىزە.

**ئەگمە كۆۋرۈك** <بىن> ئوتتۇرىسى ئېگىز، تۆشۈكى ياي شەكلىدە بولىدىغان، ياي شەكلىدە ئېگىپ ياسالغان بىر خىل كۆۋرۈك: بىركۈنى ئۇ شۇ تەرىپىدە كېتىۋېتىپ ئەگمە كۆۋرۈكتە تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ۋېلسىپىتىنىڭ ئۈستىدە چار پاقىدەك دۇم يېتىپ جىنىنىڭ بارىچە تېپىچەكلەيتتى.

**ئەگمە ئىشىك** <بىن> ئۈستى ياي شەكلىدە، ياكى ياي ۋە باشقا تۈرلۈك سىممېترىك ئەگرى سىزىقلارنى كېسىشتۈرۈش يولى بىلەن ئەگمە چىقىرىپ ياسالغان ئىشىك.

**ئەگمەچ** سۈپ ⟵ **ئەگمە:** ئۇنىڭ ھۆسنىگە ماس كەلمەيدىغىنى ئوڭ قېشىنىڭ ئەگمەچ، سول قېشىنىڭ تۈزلۈكى، ئەكسىچە، ئوڭ كۆزىنىڭ جايىدا، سول كۆزىنىڭ سەل ئالغايلىقى ئىدى. ٭ ئۇ كۆك خىشتىن ئەگمەچ قىلىپ قوپۇرۇلغان، قاراڭغۇ، ئۇزۇن يولىدىن ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ ئىچكىرىكى دەرۋازىسىدىن كىرىشى ھامان، شەھەردە بىر خىل ئەنسىزلىكنىڭ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**ئەگمەك** پ ① ئېگىلگەن ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئازدىن كېيىن شتاب باشلىقى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى ئەگمەكچى بولدى، بىراق ئەخمەت قاقشان قوزۇقتەك قىمىر قىلماي تۇراتتى. ٭ ئىشىك ئالدى چىناردۇر، ئەگسەم شاخى سۇنادۇر. يار ئۈستىگە يار تۇتسا، ئوغۇل ـ قىزغا گۇناھدۇر. ② قەددىنى پۈكمەك، مۈكچەيتتۈرمەك: ئالدىرىماي تۇر، ئاشۇ مەغرۇر قامىتىڭنى يادەك ئەگمىسەم، ئومۇمەن، ئوغۇل بالا بولماي كېتەي! ٭ نۇر بوۋاي ئۆتمۈشتە دەرد ـ ئەلەم چەككەن، زۇلۇمنىڭ تاغلىرى قەددىنى ئەگكەن.

**ئەگۈن** ئى. ئۈستى ئەگمىلىك رېشاتكا شەكلىدە ياسالغان ياغاچ دەرۋازا.

**ئەگىتمە** سۈپ. ئەگرى قىلىنغان، ئەگرى

ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن: ئەگىتمە يوللار بىلەن سۆلكەن قىلىشنى بىلمەيدىغان مۇراد توپتوغرا ئېيتتى.

**ئەگىتمە سۆز** ⟵ **ئەگىتمە گەپ**: سۇۋادان تېرىكىدەك تۈز كەتكەن بۇ ئادەم ئەگىتمە سۆز، ياپتا گەپلەر قىلىشنى بىلمەيتتى.

**ئەگىتمە گەپ** <تىل> مەقسەتنى باشقىچىراق ئۇسۇل بىلەن ياكى باشقىچىراق يول بىلەن ئىپادىلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ: — ئەجەب ئەگىتمە گەپلەرگە ئۇستا بولۇپ كېتىپسىز! — دېدى نۇرۇم.

**ئەگىتمەك** «ئەگمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاشۇ تاشلاردىن سالىنى ئەگىتىپ بىخەتەر ئۆتۈپ كېتىش ئاسان ئىش ئەمەس. * تەھلىلچى ئىكەنسىز لەيلى، نەلەرگە ئەگىتىپ كەتتىڭىز گەپنى؟

**ئەگىتىلمەك** «ئەگىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يۇقىرىدا گەپ بىرمۇنچە ئەگىتىلىپ ئۇنىڭ نامى ـ ئەمالى تونۇشتۇرۇلدى.

**ئەگىر** (توغرىسى: ئەگرى) ⟵ **ئەگرى.**

**ئەگىز** ئى. ئەتىياز ۋاقتىدىكى ئېرىگەن قار ـ مۇز: باھارنىڭ يىللىق ئاپتىپى يەر ـ يۈزىنى يىلىتىپ، يان بېغىرلاردىن ئەگىز ئېقىپ، جان ـ جانىۋارلار ئۇچەكتىن چىقىشقا باشلىدى. * بۇ يىل ئەتىياز كېلىش بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە بەرىكەت كېلىشكە باشلىدى. كالىمىز ئەگىز كۆرمەي تۇرۇپلا تۇغدى. قويلارنىڭ ئۇچى ئىككىدىن قوزىلىدى.

**ئەگىز سۈيى** ① ئەتىيازدىكى قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان سۇ: ئەگىز سۇلىرى بىلەن ئۇلغىيىپ كەتكەن دەريا ئىچىدە تېخى تاختا ـ تاختا مۇزلار غاراسلاپ ئاقاتتى. ② <ئاستىر> 24 مەۋسۇمنىڭ 2 ـ مەۋسۇمى بولۇپ، مىلادى بويىچە 18 ـ، 19 ـ ياكى 20 ـ فېۋرالدىن باشلىنىدۇ.

**ئەگىزئوت** ئى [ئەگىز+ئوت] <بوت> چىننىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، كىچىك، سامان غولۇلۇق ئۆسۈملۈك، غولى ئاچىز بولۇپ يەردە يېتىۋالىدۇ؛ يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە ئۇدۇل ئۆسىدۇ؛ گۈلى كىچىك، ئاق ۋە كۆنلۈكسىمان گۈل رېتىگە كىرىدۇ. ئۇ دالىدا ئۆسىدىغان ئوت ـ چۆپ بولۇپ، دورا ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئەگىشمەك** «ئەگمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەگىلدۈرمەك** «ئەگىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شوپۇر ماشىنىسىنى شورلۇق دۆڭلەر ئارىسىدا ئەگىلدۈرۈپ يۆرۈپ خېلى ماڭدى.

**ئەگىلمە** ئى. ئەگىلگەن، قايرىلغان جاي: ئەنۋەر كەنتىنىڭ ئايىغىدىكى، ئىككى يېقى بوك تالالار، دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان چوڭ ئۆستەڭ ئەگىلمىسىدىكى سالى سوپىياڭنىڭ خۇش ھاۋالىق قورۇسىغا يېتىپ كەلگەندە، قۇلىقى كېسىلگەن، تۇم قارا «تۆت كۆزلۈك» تايغان ھەيۋە بىلەن قاۋىغىنىچە ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى.

**ئەگىلمەك** «ئەگمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەگىم** ① سۈپ. ئەگىلگەن، قايرىلغان: ئەگىم ـ ئەگىم يوللاردىن ئىز كېلىدۇ يار سەنەم، قىزىل توننى پۈركىنىپ قىز كېلىدۇ يار سەنەم! ② ئى. ئەگىلگەن، قايرىلغان جاي: ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئەگىم يېنىدا بولدۇقلاپ ئېتىلىپ تۇرغان يەنە بىر چوڭ بۇلاق بار ئىدى.

**ئەگىمەچ** (توغرىسى: ئەگمەچ) ⟵ **ئەگمەچ.**

**ئەگىمەش** (توغرىسى: ئەگمەچ) ⟵ **ئەگمەچ.**

**ئەگمەك** پ ① ئۇدۇل ماڭماستىن يان تەرەپ بىلەن ئايلىنىپ ماڭماق: ھەي مۇشۇ تاپتا ئاتقا بىر قانات پۈتسە، چوڭ يولدىن ئەگىپ يۈرمەي ئۇدۇل ئېتىزنىڭ ئۈستى بىلەن ئۇچۇپ بېرىپ باشلىقلارنىڭ ئالدىغىلا چۈشسە. * ماشىنا شورلۇق دۆڭلەر ئارىسىدا ئەگىپ يۆرۈپ خېلى ماڭدى ـ دە، ئاخىرى يول تاپالمىدى. شوجى شوپۇرغا قاراپ: — قالغىنىنى پىيادە ماڭىمىز، يۈر ئەر ـ كىن! — دېدى. ② بىرەر ئورۇن، بىرەر نەرسە، بىرەر كىشىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرمەك،

www.uyghurkitap.com

يىراق كېتەلمەسلىك: ئۆزلىرىنىڭ بىرنەچچە ئايدىن بېرىقى كۈلشاتىنى ئەگىپ قىلغان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسى بۈگۈن مەلۇم بولىدىغانلىقى ئېنىق. * بۇ هاراقكەش بويتاقلار مېنىڭ ئۆيۈمنى ئاز ئەگىدى دەمدىلا؟ * ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدا قۇرغۇي ئەگىيدۇ. قۇرغۇي ئەمەس تاغ باشىدا يارىم ئەگىيدۇ. ③ پەيدا بولماق، كۆرۈنمەك: ــ قويۇڭلا ئاشۇ گەپنى، ئادىل - ئادىل دەپلا يۈرۈيدىكەنسىز، سىزنى جەننەتكە ئەكىرەمتى، ــ زەيتۇنەمنىڭ كۆڭلى چېچىلىپ كۆزىدە ياش تامچىلىرى ئەگىدى.

**ئەگىن** (توغرىسى: ئەگىم) ــــ> **ئەگىم.**

**ئەڭ** رەۋ. سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنى ياسايدىغان دەرىجە رەۋىشى: ئەڭ ياخشى، ئەڭ تاتلىق. * بىر سائەت ئوتتۇز مىنۇت. بۇ ــ چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن بېرىلگەن ئەڭ ئۇزاق ۋاقىت. * دەرسىمۇ ئۆتۈپ بېرەرسىز، هازىر ئەڭ مۇھىمى مۇئەللىمىمىز يوق.

**ئەڭ تۆۋەن هاۋا تېمپېراتۇرىسى** <مېتېئور> هاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ مۇئەييەن ۋاقىت ياكى مۇئەييەن بوشلۇقتىكى ئەڭ تۆۋەن قىممىتى.

**ئەڭ چوڭ ئومۇمىي بۆلگۈچى** <مات> بىرقانچە سانغا ئورتاق بولغان بۆلگۈچىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىرى. يەنى بۇ بىرنەچچە سان پۈتۈن بۆلۈنىدىغان ئەڭ چوڭ سان. مەسىلەن: 18 بىلەن 24 نىڭ ئومۇمىي بۆلگۈچىلىرى 2، 3، 6 بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 6 ئەڭ چوڭ. شۇڭا ئۇ 18 بىلەن 24 نىڭ ئەڭ چوڭ ئومۇمىي بۆلگۈچىسى بولىدۇ.

**ئەڭ كۆپ شامال يۆنىلىشى** <مېتېئور> مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە پەيدا بولغان، قېتىم سانى ئەڭ كۆپ بولغان شامال يۆنىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ، ئادەتتە، كۈنلۈك ئەڭ كۆپ شامال يۆنىلىشى، ئايلىق، يىللىق ئەڭ كۆپ شامال يۆنىلىشى دېگەندەك بىرنەچچە خىل بولىدۇ.

**ئەڭ كىچىك ئومۇمىي بۆلۈنگۈچى** <مات> بىرقانچە سانغا ئورتاق بولغان بۆلۈنگۈچىلەر ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك بىرى. يەنى مۇشۇ بىرقانچە سانغا پۈتۈن بۆلۈنىدىغان ئەڭ كىچىك سان. مەسىلەن: 6، 12، 18 لەرنىڭ ھەممىسى 2 بىلەن 3 كە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 6 ئەڭ كىچىك، شۇڭا 6 بولسا 2 بىلەن 3 نىڭ ئەڭ كىچىك ئومۇمىي بۆلۈنگۈچىسى بولىدۇ.

**ئەڭ يۇقىرى شامال سۈرئىتى** <مېتېئور> مۇئەييەن ۋاقىت ياكى مۇئەييەن بوشلۇقتىكى شامال سۈرئىتىنىڭ ئەڭ چوڭ قىممىتى. مەملىكىتىمىزدە يەر يۈزى هاۋا رايىنى كۆزىتىشتە شامالنىڭ بەلگىلىك ۋاقىتتىكى (كۈنلۈك، ئايلىق، يىللىق) ئوتتۇرىچە (ئادەتتە ئون مىنۇت ئۆلچەم قىلىنىدۇ). سۈرئىتىنىڭ ئەڭ چوڭ قىممىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئەڭ يۇقىرى هاۋا تېمپېراتۇرىسى** <مېتېئور> هاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ مۇئەييەن ۋاقىت ياكى مۇئەييەن بوشلۇقتىكى ئەڭ چوڭ قىممىتى. مەسىلەن: كۈنلۈك ئەڭ يۇقىرى هاۋا تېمپېراتۇرىسى ۋە يىللىق ئەڭ يۇقىرى هاۋا تېمپېراتۇرىسى قاتارلىقلار.

**ئەگلىكئوت** ئى [ئەگلىك+ئوت] <بوت> ئەگلىكئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تۆۋەندىكى يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ ۋە ساپاقسىز كېلىدۇ، شەكلى يىپسىمان تۆمۈنە شەكلىدە بولىدۇ، غولىدىكى يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ؛ گۈلى چەكلىك كونۇسسىمان گۈل رېتىگە كىرىدۇ؛ كانايسىمان، رەڭگى سۆسۈن ياكى سۇس سۆسۈن مېۋىسى قاتتىق، شەكلى تۇخۇمسىمان ۋە سۇس قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ؛ يىلتىزى تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ،

يىلىتىزىنىڭ ئىسسىقنى قايتۇرۇپ قانىنى سوۋۇتۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئۈچەينى تازىلاش ۋە چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىش رولى بار.

**ئەگگۈشتەر** ئى [پ] ① ئالتۇن قاتارلىق قىممەت باھالىق مېتال، ياقۇت قاتارلىق قىممەت باھالىق تاشلاردىن ياسالغان ئۈزۈك. ② كۆچمە. خاسىيەتلىك، جىق ئىشقا يارايدىغان، نۇرغۇن نەرسىنى قىلىشتا قۇدرەتلىك نەرسە: بوۋاي كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ: ــ يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى بىزنىڭ ئەگگۈشتەرىمىز، ــ دېدى.

**ئەگگىز** ① ئى. سوغۇق مىجەز، سوغۇققلۇق: بۇ بالىنىڭ ئەگگىزى ئېشىپ قالغان ئوخشايدۇ، كۆزىنىڭ ئېقى كۆكىرىپ، بۇرۇنلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ. * ھالۋا قىلىپ بېرەي، ئەگگىزلىرى ئېشىپ كېتىپتۇ! ② سۈپ. كۆچمە. تېرىككەك؛ يىغلاڭغۇ: بۇ بالا بەك ئەگگىز بالا بولۇپتۇ.

**ئەگگىزلىك** سۈپ ① سوغۇق مىجەزلىك: بۇ بالا سەل ئەگگىزلىك بالا بولۇپ قالدى. ② كۆچمە. ئى. تېرىككەكلىك؛ يىغلاڭغۇلۇق.

**ئەگگىزلىك قىلماق** تېرىككەكلىك، يىغلاڭغۇلۇق؛ خۇلق، مىجەزى نورمال بولماسلىق: نېمانچە ئەگگىزلىك قىلىسەن، بىرئاز سەۋر تاقەت قىلىپ تۇرساڭ بولمامدۇ!

**ئەگلىك** ئى. ئاياللارنىڭ مەڭزىگە، كالپۇكىغا سۈرتىدىغان قىزىل سۈرمە؛ قىزنىڭ ھەشەم بىلەن ئۆششاق بۇدۇر قىلىۋالغان چاچلىرىغا، ئەگلىك سۈركىۋالغان مەڭزلىرىگە ئوت تۇتىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى.

**ئەگىل** (توغرىسى: ئېگىن) ←— **ئېگىن.**

**ئەگىن** (توغرىسى: ئېگىن)←— **ئېگىن.**

**ئەگىنىياق** (توغرىسى: ئېگىن ـ ئاياغ) ←— **ئېگىن ـ ئاياغ.**

**ئەل I** ئى ① بىرەر جاينىڭ ئادەملىرى، ئاھالىسى، خەلقى: ئەلنىڭ قولىقى ئەللىك (ماقال). * ئەل بىلەن ئۆلۈم، بەجايىكى توي (ماقال). * ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سوغا كىرسەڭ بېلىڭچە (ماقال). * ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە، ئەلنىڭ بالىسى بول (ماقال). ② يۇرت، دىيار، مەملىكەت: چەت ئەل. * ئەينى زامانلاردا ئېلى ۋادىسى باشقا ئەللەرگە «گۈزەل بوستانلىق»، «ئېسىل گۈلىستان» دېگەن ناملار بىلەن مەشھۇر ئىدى. ③ بىرەر قەبىلىگە مەنسۇپ ئادەملەر؛ قەبىلە.

**ئەل ئايىغى بېسىقماق** كەچ كىرىپ ۋاقىت بىر يەرگە بارغاندا كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆز، مېڭىش ـ تۇرۇش ھەرىكەتلىرى توختاپ، ئەتراپنى جىمجىتلىق باسماق: بىركۈنى كېچىسى ئەل ئايىغى بېسىققاندا، يېنىمغا يوغان بىر پىچاقنى ئالدىم ۋە بىر ئاتنى ئاپتىم ـ دە، مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتىم.

**ئەل ئايىغى بېسىلماق**←— **ئەل ئايىغى بېسىقماق:** ئۇلار قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەل ئايىغى بېسىلغاندا يولغا چىقىپ، تاڭ سۈزۈلگەندە، سۇپىتايغا كەلدى.

**ئەل ئايىغى جىملىماق** ←— **ئەل ئايىغى بېسىقماق:** ئۇ ھەربىر بايرام ۋە قۇتلۇق كۈنلەردە تۈن يېرىم بولۇپ، ئەل ئايىغى جىمىققان پەيتلەردە ئۆزىنىڭ كابىنېتىدىكى سافادا يالغۇز ئولتۇرۇپ، بىر قولى بىلەن پېشانىسىنى ياكى ئېڭىكىنى تۇتۇپ، قانچىلىغان كېچىلەرنى خىيال بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈۋەتتى.

**ئەل قاتارى** ئەلگە ئوخشاش، ئەل بىلەن بىللە، ئەل قانداق بولسا شۇنداق: ئەل قاتارى ئۆتمەك. ئەل قاتارى تۇرمۇش كەچۈرمەك. * ئۆتكەن يىلقى سايلامدا ئاللىقاچان ئاممىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن ھېلىقى دۈيجاڭ «موللاق ئاتقان»دىن كېيىنلا قاۋۇلكام ئەل قاتارى مۇئامىلىگە ئىگە بولغانىدى.

**ئەل ئۆمردە** پۈتۈن ھاياتىدا، پۈتۈن ئۆمرىدە: كوپېراتسىيىنىڭ ھوسۇل تويىدا، ئەل ئۆمردە تاغار تولدۇرۇپ ئاش ئالمىغان ئازنىخانىدەك تۇل خوتۇنلارغىمۇ تاغار ـ تاغار ھوسۇل ھەم پۇل تەگدى.

www.uyghurkitap.com

**ئەل II** ئى ← **ئەل بولماق.**

**ئەل بولماق** ① ئۆز كىشىلىرى قاتارىغا ئۆتمەك، ئۆزلەشمەك؛ ۋاپا قىلماق: ئەركە ئەل بولمايدىغان خوتۇن. * ساۋۇت بوۋاي ئوغلىغا: — ئوغلۇم ئەركىن، ئاڭلىسام، بىر ئەمەلدارنىڭ قىزى بىلەن پەش تارتىشىپ يۈرگۈدەكسەن، ئۇلار دېگەن ئۆزىنى يۇرتتا بىر دەپ چاغلايدىغان كاتتا خەق، ئۇ خەقنىڭ قىزى بىر ئاددىي پۇقرانىڭ ئوغلىغا يەنى بىزگە ئەل بولمايدۇ، بىزمۇ ئۆز خىلىمىزدىكىلەر بىلەن قۇدىلىشايلى، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ② تەسلىم بولماق، باش ئەگمەك، بويسۇنماق (دۈشمەن ھەققىدە): ئۇلار ھەقىقەتنى چۈشىنىپ بىزگە ئەل بولدى. * خەلق ئەسكەرلىرى دۈشمەننىڭ ئىككى ئاتلىق ئەسكىرىگە مىلتىقنى تەڭلەپ تۇرۇپ: — تېز ئاتتىن چۈشۈپ ئەل بولۇش! بولمىسا ئاتىمەن! — دەپ توۋلىدى.

**ئەل قىلماق** ① ئۆزىگە قارىتىۋالماق، ئۆز كىشىلىرى قاتارىغا كىرگۈزمەك: سادىق ئۆزىنىڭ بارلىق ئەقىل-پاراستى بىلەن خوتۇنى زۇلپىينى ئەل قىلىۋالدى. ② تەسلىم قىلدۇرماق، باش ئەگدۈرمەك، بويسۇندۇرماق، تىز پۈكتۈرمەك: ئۇلارنى ئەل قىلماقچى بولۇپ ئىككىيلەن خۇپىيانە مەسلىھەتلەشكەنىدى.

**ئەلا** (ئەلاسى) [ئە] ① سۈپ. سۈپىتى، پەزىلىتى جەھەتتىن ئەڭ ياخشى، ئەڭ يۇقىرى؛ ئېسىل: ئەلا سۈپەت. ئەلا سورت. * يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا (ماقال). * بالام، شۇدۇر ساڭا جاۋابىم، تىكەندىن گۈل، ھەسەل چىقار ھەرىدىن. بۇ ھەقىقەت تەبىئەتنىڭ ئۆز يولى، خەلققە تەر تۆكمەك ئەلا ھەممىدىن. ② مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ يۇقىرى باھا: ئەلا نەتىجە. ئەلا ئوقۇغۇچى. ئەلا نەتىجىگە ئېرىشمەك. * كېلىسمەن داشۆنى ئەلا پۈتتۈرۈپ تېخنىك بولۇپ، بۇ يېڭى شانلىق سەپەردە چامدايمىز ئالغا قول تۇتۇپ! ③ ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئەلاچى** سۈپ. ئاساسىي پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن، ئەلا ئوقۇغان: يولۋاس بىلەن جاپپار بىر مەكتەپتە، بىر سىنىپتا، بىر پارتىدا بىللە ئوقۇدى. يولۋاس ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇپ، جاپپار ئۆگىنىشتە ھەمىشە ئۇنىڭ سەممىي ياردىمىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇراتتى.

**ئەلاچىلىق** «ئەلاچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: دىلدار قىز دادىسىغا چاقىلداپ تۇرۇپ: — مەن چوقۇم تىرىشىپ ئۆگىنىپ، باشلانغۇچ مەكتەپتىكىگە ئوخشاش، ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمەيمەن! — دېدى.

**ئەل-ئاغىنە** دوست-بۇرادەر، يار-بۇرادەر، دوست-يارەن: بوۋام بىلەن سۆھبەتتىمىز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىشقا كەتكەن دادام بىلەن ئاپامنىڭ كېلىشىنىمۇ كۈتمەي، مەھەللىدىكى ئەل-ئاغىنىلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا ئالدىرىدىم.

**ئەل-ئاغىنىچىلىق** ← **ئەل-ئاغىنىدارچىلىق.**

**ئەل-ئاغىنىدارچىلىق** ئەل-ئاغىنىلىك، دوست-بۇرادەرلىك، يار-بۇرادەرلىك مۇناسىۋەت: مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئەل-ئاغىنىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن. * ئىككىمىزنىڭ ئەل-ئاغىنىدارچىلىقىدا گەپ يوق.

**ئەل-ئاغىنىلىك** ← **ئەل-ئاغىنىدارچىلىق.**

**ئەلەس** سۈپ. كۆزى بىر يانغا قىيپاش قارايدىغان، ئالغاي: قادىر ئاخۇن ئۇستام ئەلەسرەك كەلگەن بىر ناكار ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئاشپۇزۇلى ئىككى ئاكسىنىڭكىگە قارىغاندىمۇ ئاۋاتراق ئىدى. * بۇ ئادەمنىڭ ئەلەس كۆزلىرىدىن يا ئىچكەنلىكى، يا چەككەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**ئەلەسلەشمەك** پ. كۆزى سەل يۇمۇلۇپ، خىرە كۆرىدىغان ھالەتكە كەلمەك: ئالدى ئوچۇق، كۆزلىرى مەستلىكتە ئەلەسلەشكەن ياشقىنا ئىككى يېزا يىگىتى ئەتراپتىكى كىشىلەرگە گۆشىيىپ قارىشىپ تۇراتتى.

**ئەلەك** ئىم. ئادەم ياكى باشقا بىرەر نەرسىنىڭ ئىككى تەرەپكە كۈچسىز چايقىلىش، ئېغىناش ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلەك-سەلەك** ئۇ يان-بۇ يانغا كۈچسىز

چايقالغان، ماغدۇرسىز ـ ھالسىز، ئەرۋەك ـ
سەرۋەك: ئۇ بىرنەچچە يىل بالا دەردىدىن
ئەلەك ـ سەلەك يۈرۈپ، ئاخىرى 1960 ـ يىلى مايسەم
تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئىچ ئاغرىقىنى ئۇنتۇشقا
باشلىغانىدى. * ساقى، كەيپىنىڭ كۆچىدە ئەلەك ـ
سەلەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا بوتۇلكا
بىلەن رومكىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ساقىلىقنى
داۋاملاشتۇرۇشقا كىرىشمەكچى بولدى.

**ئەلەڭسىز** سۈپ. تەرتىپسىز، رەتسىز، قالاي ـ
مىقان: ئۇلارنىڭ ئوقلىرى نېرىقى قورۇغا ئۇچۇشقا
باشلىدى ھەم ئۈستەك ياقلىرىدا ئەلەڭسىز
يۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستىگە مۆلدۈردەك
ياغدى.

**ئەلەڭشىمەك** پ ← **ئەلەڭلىمەك**: زالغا توپ ـ
لانغانلار جاي ـ جايلىرىدا ئولتۇرۇشۇپ، مەكتەپ
مۇدىرىنىڭ يېڭى ئوقۇش يىلىنىڭ باشلىنىشى
ھەققىدىكى دوكلاتىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن
ئاڭلاۋاتاتتى. ئوشتۇمتۇت ئاڭلانغان چىرقىراق
كۈلكە بىلەن تەڭ زالنىڭ ئىشىكى «غاچ» قىلىپ
ئېچىلىپ، ئىككى گەۋدە ئەلەڭشىپ كىرىپ كەلدى.

**ئەلەڭگە ـ بەلەڭگە** ئۇ ـ بۇ، ئۇنداق ـ مۇن ـ
داق... قاتارلىقلار: ـــ ماۋۇ بالا كىچىككىنە قارا،
بىزنى باشقۇرمىسىمۇ بىلەن ئاتىلارنىڭ قارنى،
ھارۋىنىڭ جابدۇقى، ئەلەڭگە ـ بەلەڭگىلىرىنى شۇ
باشقۇرىدۇ ئەمەسمۇ، ـــ ھېزىم تېرىق قىزىشىپ
سۆزلەپلا كەتتى.

**ئەلەڭگۈ** ئى ① ئېزىنتقۇ، ئالۋۇن. ② يالقۇن،
بېشارەت، بەلگە: مەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا
تىكىلدىم، ئۇنىڭ ئاۋۇ كۈنكى شادلىق ئۇچقۇنلىرى
نۇرلىنىپ تۇرغان قارا كۆزلىرىدە ئەلەم ۋە ئۈمىد ـ
سىزلىك ئەلەڭگۈسى كۆرۈنەتتى.

**ئەلەڭگۈلۈك** «ئەلەڭگۈ» سۆزىنىڭ ئابستراكت
ئىسىم شەكلى: قاسىم غەزەپلىنىپ شۇنداق
دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئالىلقا ـ
چان ئەلەڭگۈلۈك پەيدا بولغانىدى.

**ئەلەڭلەشمەك** پ. كۆزى قاراڭغۇلىشاي
دەپ قالماق، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلماق:
ئىشىك ئالدىدا زەڭگەر رەڭلىك يېپىيېڭى بىر
«بولكىۋاي» پىكاپ كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى. بۇنى
كۆرگەن ئىلياسنىڭ مەستلىكتە ئەلەڭلەشكەن
كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

**ئەلەڭلىمەك** پ. كۆزى قاراڭغۇلاشماق،
ئېلىشماق: ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى تورلى ـ
شىپ، ئاي يورۇتۇپ تۇرغانلىقىغا قارىماي كۆز
ئالدى قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى، ئۇ كەيپىدىن چىقىپ
ئەلەڭلەپ ئىككى تەرىپىگە نەزەر سالدى. * خەمىت
ھە دەپ دېرىزە سىرتىغا ئەلەڭلەپ قاراپ، تاقەت ـ
سىزلىنىشنى باسماقچى بولاتتى.

**ئەلەم I** (ئە: لەم) ئى [ئە] <دىن> شەرد ـ
ئەت يولى بىلەن چىقىرىلغان پەتىۋانى
ئەستقلايدىغان ياكى رەت قىلىدىغان دىنىي
زات؛ باش مۇپتى، دىنىي ئۆلىما: ئەلەم
ئاخۇنۇم. * ئۆمەر شاكىيۇ غۇنچەمگە: ـــ مانا بۇ
ئۆزەڭنىڭ قولى، خاتىپ ئاخۇنۇم، ھاشىمبايلارنىڭ
گۇۋاھلىق تامغىلىرى، مانا بۇ ئەلەم ئاخۇنىنىڭ
ئەستقلىغان مۆھۈرى، سەن ئالىلىقاچان بىزنىڭ
ئىختىيارىمىزغا ئۆتۈپ كەتكەن، ـــ دېدى.

**ئەلەم ئاخۇنۇم** <دىن>ئەلەم ئەمىلىنى بېجىر ـ
رىۋاتقان دىنىي ئۆلىما: باتۇر ئوشتۇمتۇت بىر
ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ: ـــ بوۋا، سىنىمۇ، موللا نىياز
دادامنىمۇ ئاشۇ خوتۇن كەلگەن كۈنى ئەلەم
ئاخۇنۇمغا چېقىشتۇردى، ـــ دەپ سۆزلەپ كەتتى.

**ئەلەم II** ئى [ئە] ① جىسمانىي ئازاب،
ئاغرىق: نىياز ئۇزاق يىلغىچە كېسەل ئازابىنى
تارتىپ ئۆمرى ئەلەم بىلەن ئۆتتى. ② روھىي
ئازاب، دەرد ـ ھەسرەت: ـــ ئۇلار دادامنى
چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر دەپ قېيناپ
ئۆلتۈرۈۋېتىشتى! ـــ دېدى قايغۇلۇق ئاۋازدا، ـــ
ئەلەمگە چىدىماي بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەپ
قويسام، مېنىمۇ ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر دەپ
سولاپ ئەمگەككە سالدى. ③ قەست، ئۆچ،
قىساس: ... سىز بىكاردىن ـ بىكار شۇنچە
ئاچچىقلاپ كېتىپسىز، ئۇنىڭدىن ئالالمىغان
ئەلەملىرىڭىزنى مەندىن ئالماقچىمۇ؟

**ئەلەم بولماق** دەرد، ئازاب بولماق:
بەختىيارنىڭ بۇنداق ئوشتۇمتۇت قولغا ئېلىنىپ

كېتىشى سائادەت ئۈچۈن بەكمۇ ئەلەم بولدى.

**ئەلەم تارتماق** ئازار يېمەك، ئازابتا قالماق، دەردكە دۇچار بولماق: سېنىڭ دوپپاڭنى مەن كىيسەم، ساڭا ئوخشامدىمەن يارىم. ھەرقانچە ئەلەم تارتسام، سېنى تاشلامدىمەن يارىم.

**ئەلەم چەكمەك** ← **ئەلەم تارتماق**: روزىخان ئانا نەۋرىسى ئەركىن ئۈچۈن كۆپ ئەلەم چەكتى.

**ئەلەم قىلماق** ① ئازار بەرمەك، روھىي ئازاب سالماق، ئازابتا قويماق: بۇ ئىش ماڭا شۇنچە ئەلەم قىلدىكى، كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتتى. * ئۇنىڭغا ھەممىدىن كۆپرەك ئەلەم قىلغان نەرسە ئۇنىڭ بۇنداق زورلۇقلارغا، قوپاللىقلارغا جاۋاب بېرىشكە قۇدرىتىنىڭ يەتمەسلىكى، ئاجىزلىقى بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بەقەت كۆز يېشى قىلاتتى. ② تىللىماق، ھاقارەتلىمەك. * ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىراۋغا بۇنچىلىك ئەلەم قىلىشى توغرا ئەمەس.

**ئەلەم يۇتماق** ← **ئەلەم تارتماق**: مېنىڭ ناھىيە بازىرىغا بولسىمۇ ئورۇنلىشالماي، قاتمۇقات تاغلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىم ماڭا ئەلەم يۇتقۇزدى.

**ئەلەم III** ئى [ئە] ① بايراق، تۇغ: جەڭ مەيدانىدا ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىر-بىرىگە يېقىنلىشىپ كەلدى، ئەلەملەر كۆرۈنۈپ، دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ② **مازارلارنى تاۋاپ قىلغۇچىلار تەرىپىدىن شۇ مازارلارغا ئېسىلغان لاتا.**

**ئەلەم كۆرۈشى** **قوراللىق كۆرەش، جىسمانىي ۋە زورلۇق كۈچكە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب، قەلەم كۆرۈشىنىڭ ئەكسى:** بۇنىڭدىن بىر ھەپتە بۇرۇن رېمونت زاۋۇتىدا ئەلەم كۆرۈشى بولۇپ، ئۈچ ئادەم ئۆلۈپ، سەككىز ئادەم يارىلانغان. * قايىنىدى شىددەتلىك ئەلەم كۆرۈشى، شۇم ئەجەل ئوقلىرى ئۈچتى ۋىژىلداپ. بىباھا قامۇسلار كۆل بولدى كۆيۈپ، پارتلاتقۇچ دورىدا بىنالار غۇلاپ.

**ئەلەمداش** ئى. دەرد-ئەلەمنى بىللە **تارتقۇچى**: مۇنار ئۆلىنى تىترەتكەن پىغانلىق ئاھ-ناداسىدىن ناۋاسىدىن بېرىپ ئىلھام ئەلەمداش يارىغا تاشۋاي.

**ئەلەمدار** ئى [ئە+پ] <ھەرب> **بايراق، تۇغ كۆتۈرگۈچى؛ بايراقدار: جەڭ مەيدانىدا** ئەلەمدارلار ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

**ئەلەمزادە** سۈپ [ئە+پ] يېزت. **يۈرىكى دەرد-ئەلەمگە توشقان، ئەلەم چەككەن، دەرد-ئەلەم تارتقان:** ئىرپان سۈيى ئەلەمزادىلەر قەلبىگە يەتسۇن، ئوقۇش ئۈچۈن كەتكەن ئىنىم مۇرادىغا يەتسۇن.

**ئەلەمسىز** سۈپ. **دەرد-ئەلەم تارتمىغان، دەرد-ئەلەمى يوق، ئەلەمدىن خالىي:** سەھەر-سۈبھى چىمەن باغلار ئارا سايرايدۇ خۇش كاككۇك، ئەلەمسىز كۆلكە يار ئەمدى مېنىڭدەك كۆڭلى سۇلغۇنغا.

**ئەلەمكارانە** رەۋ [ئە+پ] يېزت. **ئەلەملىك ئىپادە بىلەن، ئەلەملىك قىياپەتتە:** خۇسۇسەن شۇ كۈنى ھەربىي شتابىتا، بايان قىلغان پىكىرنى قايتا-قايتا، يەنە ئېيتتى روبىرتقا مەيۇسانە، ئۇزۇن-قىسقا تىنىپ ئەلەمكارانە.

**ئەلەملىك** سۈپ. **دەرد-ئەلەم تارتقان، دەرد-ئەلەمگە گىرىپتار بولغان، دەرد-ئەلەمى بار:** — مەن پارتىيە قىزىل بايرىقى ئاستىدا ئۆسۈۋاتىمەن! بۇ تۆھمەت! پارتىيە ئادىل، تەكشۈرۈڭلار!، — دېدى قىز ئەلەملىك كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ.

**ئەلەنجە** ئى. دىئال. **ئامال، ئىلاج، چارە، تەدبىر.** ② **ئىزا، ئاھانەت.**

**ئەلبەتتە** (توغرىسى: ئەلۋەتتە) ← **ئەلۋەتتە.**

**ئەلپاز** (ئەلپازى) ئى. **ھالەت، قىياپەت، تۇرق، ئەپت:** ئەلپازى ياخشى. ئەلپازى يامان. ئەلپازى قورقۇنچلۇق. * بوغالتىر خۇش ياقمىغان ئەلپاز بىلەن قول ئىشارىتى قىلىپلا، يانىدىكى بۆلۈمنى كۆرسىتىپ قويدى.

**ئەلپازىنى بۇزماق** **چىرايى ئۆزگەرمەك،**

چىراي ـ شەكلى سەتلەشمەك، قىياپىتى بۇزۇلماق: شاكر ئەلپازىنى بۇزۇپ، كىشىلەرنى ئەپسانە سۆزلەر بىلەن تىللاشقا باشلىدى.

**ئەلتپرە** ئى. تۇغۇلۇپ بىر ئايغىچە ئارىلىقتا سويۇلغان قوزىنىڭ تېرىسى: پىرىكازچىك 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، بېشىغا كۆچا كۆرپەسىدە تىكىلگەن چىرايلىق قۇلاقچا، ئۈستىگە ئەلتپرە ياقا تۇتۇلغان سوكنا چاپان كىيىۋالغانىدى.

**ئەلتپرىچى** ئى. ئەلتپرىنى ئېلىپ ـ سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ئۇ يەر ئەلتپرىچىلەر بازىرى بولۇپ ئادەملەرنىڭ بىرى ساتسا، بىرى ئېلىپ تۇراتتى.

**ئەل ـ جامائەت** ئەل ۋە جامائەت، يۇرت خەلقى: ئۇزاق يىل كېسەل ئازابىنى تارتقان ئۆمەر ئاكىنى مەھەللىدىكى ئەل ـ جامائەت يىغىلىپ يوقلىدى. * ئۇ يوقتىلسا، يولنىڭ ئورنىنى ھۆسەيىنەمنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى دەرەخلىككە ئۆلۈۋەتكىلى بولاتتى ۋە يولمۇ خېلى كەڭرىيەتتى. بۇنداق بولغىنىدا ئەل ـ جامائەتنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە ئاپىرىن ئوقۇيتتى.

**ئەلچى** ئى ① بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە مەلۇم ھاجەت، تاپشۇرۇق بىلەن ئەۋەتكەن كىشى، ئىككى ئوتتۇرىدا ۋاستىلىك رول ئوينايدىغان ئادەم: ئەلچى قويماق. ئەلچى ئەۋەتمەك. * ئۆزەڭنىڭ كىملىكىنى بىلەي دېسەڭ، كىشىنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتىپ كۆر (ماقال). * ئەلچى ئىككى تەرەپنى بۇزار (ماقال). * ئەلچىگە ئۆلۈم يوق (ماقال). ② دىپلوماتىك ۋەكىللەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى، ئۇنىۋان ۋە شۇ ئۇنىۋانغا ئىگە بولغان ئادەم: دىپلومات: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى. * ئەلچى دەخلىسىزلىك ھوقۇقىغا ئىگە. ③ كۆچمە. دېرەك (خەۋەر) بەرگۈچى نەرسە، بەلگە: ناخشا كۈيلەپ نەۋباھارنىڭ شوخ ئەلچىسى ـ قارلىغاچلار ئۇچۇپ كەلدى يىراقلاردىن. باھار سۈيى شاۋقۇن سېلىپ ئاقار تىنماي، ئېتىزلارغا ئېرىق ـ ئۆستەڭ، بۇلاقلاردىن. ④ ئۇرۇش قىلىشىۋاتقان مەملىكەتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئەۋەتكەن ۋەكىلى.

**ئەلچى بولماق** ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالماق، ئۆتىمەك، ئەلچىلىككە تەيىنلەنمەك: ئۇ فېدېراتىپ گېرمانىيىدە باش ئەلچى بولۇپ تۇرغان. * ئۆزۈمنىڭ ئالدى چېكىلىشكە باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ئۆيىگە تونۇمايدىغان ئىككى ئايال كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان داۋۇت ئىسىملىك بىر يىگىت نامىدىن باھار قىزىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى.

**ئەلچى قويماق** ئەلچى ئەۋەتمەك: بەشكېرەمدىن ئەنجۈر ئالدىم يەكەندىن راۋاب، ئاتىڭىزغا ئەلچى قويسام بەرمەيدۇ جاۋاب.

**ئەلچىخانا** ئى. بىر مۇستەقىل دۆلەتنىڭ يەنە بىر مۇستەقىل دۆلەتتە تۇرۇشلۇق دىپلوماتىك ۋەكالەت ئورنى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى.

**ئەلچىلىك** «ئەلچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: رەنا: ــ ئۇبدان ئاپا، ئەتىلىككە ئابلىز تاغام ئەلچىلىككە كەلمەكچى، سىز ماقۇل بولۇڭ جۇمۇ! ــ دەپ ئاپىسىنى قۇچاقلىدى.

**ئەلقىساس** ئى [ئە] ←── قىساس.

**ئەلقىساسۇمىنەلھەق** قىساس ئېلىش ھەق ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، قىساس ئېلىش ھەق بولىدى، قىساس بەرىبىر ئېلىنماي قالمايدۇ، دېگەن مەنىلەردە يۇكلەمە سۆز رولىدا كېلىدۇ: خوجاپىز بەگ كىشىلەرگە دەھشەت سېلىپ، ــ ئەگەر ئەتە يەنە كاچىلىق قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇ چاغدا ھەممىڭنى باغلاپ ئېقىندىكى سۆگەتلەرگە ئېسىپ تاشلايمەن. قامچىمدىن قان تامىسىغانىنى مەن بىر كۆرەي! ئەلقىساسۇمىنەلھەق، شەرىئەتتە قاتىلنى تېپىش ئۈچۈن ھەرقانداق چارىلارنى قوللىنىشقا يول بار، ــ دېدى.

**ئەلقىسسە** [ئە] ① ئى. ھېلىقى قىسسە. ② باغل. شۇنداق قىلىپ، خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا،

قىسقىسى: ئەلقىسسە، شۇنىڭدىن كېيىن، شاھ خىسراۋ شەھەرگە قايتىپ، ئىككى ئاغىچىسىنى قويۇپ بەردى، ئۆزى خانىكەبىگە بارماقنى ئىختىيار قىلدى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي جابدۇنۇپ يولغا چىقتى.

**ئەلكۈن** ئى [ئەل+كۈن] جامائەت، خالايىق، يۇرت ئەھلى: ئەگەر بۇ ئىشنى ياخشى ئورۇندىمىساق ئەلكۈننىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قالىمىز. * قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەلنى قوغداش يارلىقى: ئىلىكخانلارغا، خانلىقلار، ئۇلۇس ۋە ئۇيۇملىرىغا، بارلىق چېرىك ۋە چېرىكباشلىرىغا، جىمى خىزمەتچى ۋە ئەمەلدارلارغا، جىمى بودۇن ۋە ئەلكۈنگە!

**ئەلكېزەر** سۈپ [ئەل+كېزەر] يۇرتمۇيۇرت، شەھەرمۇشەھەر ئارىلاپ يۈرىدىغان: ئەلكېزەر ئادەم.

**ئەلكېزەرلىك** «ئەلكېزەر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئەلكېزەرلىك بىلەن ئۆتتى.

**ئەلگەك** ئى. يۇملاق قاسقانلىق، ئاستىغا تور بېكىتىلگەن ئۇن تاسقايدىغان سايمان: ئەلگەككە چىققىچە ئەرگە تېگىپتۇ (ماقال). * مەريەمخان ئانا قوشنىسىدىن ئەلگەك سوراپ ئەكىرىپ يېڭىلا تۈگمەندىن تارتىپ كەلگەن بىر خالتا بۇغداي ئۇنىنى تاسقاشقا باشلىدى.

**ئەلگەكتىن ئۆتكۈزمەك** ياخشى - يامانىنى ئايرىماق، ئىنچىكىلىمەك، قىلنى قىرىق يارماق: ئانداق ئاسان ئىش يوق، ھەربىر ئوقۇغۇچىنى نەچچە ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ئەستىقلايدىكەن.

**ئەلگەكچى** ئى. ئەلگەك ياسايدىغان ۋە ساتىدىغان كىشى: ئەلگەكچى بوۋاي. ئەلگەكچىگە شاگىرت كىرمەك.

**ئەلگەكچىلىك** ئى. ئەلگەك ياساش ئىشى؛ ئەلگەك ياساش كەسپى: ئەلگەكچىلىك قىلماق. * مەن ئىسمىنى بىلگۈدەك بولسام، رىشىت بوۋام قېرىغىنىغا قارىماي، ئەلگەكچىلىك قىلىدىكەن.

**ئەللامە** ئى [ئە] يېزىت ① ئىلىم - پەننىڭ بىر ياكى بىرنەچچە ساھەسىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن بىلىملىك ئادەم؛ ② مەلۇم ئىش، مەلۇم ساھەنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغىنى: ئۇ، قورقۇتۇش بىلەن ئۆزىنى «گساگگۇك» ھېسابلايدىغان، دولىسىنى سىگايان چىقىرىپ يۈرىدىغان قاپاق نوچىلارنىڭ تازا بىر ئەللامىسى ئىكەن. * بۇ پالۋانغا بۇ شەھەردىكى چېلىشچىلارنىڭ ئەللامىسمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ.

**ئەللەي** ئى ① بوۋاق بالىنى ئۇخلىتىشتا ئېيتىلىدىغان سۆز: ئەللەي ئەتمەك. ئەللەي ئېيتىپ ئۇخلاتماق. ② بوۋاق بالىنى ئۇخلىتىشتا ئېيتىلىدىغان ئاھاڭلىق قوشاق: ئەللەي بالام، ئەللەي، سەن ئۇخلىغىن مەن پەپىلەي. ئېيتاي ئاڭلىساڭ چۆچەك، ھەرگىز يېنىڭدىن كەتمەي.

**ئەللەي ئەتمەك** ← **ئەللەيلىمەك**: دەرمان كېتىپ ھاردۇق يەتتى، بارغان بويى ئۇخلاپ كەتتى. شىلدىرلىغان كۆك قومۇشلار، دەردمەنلەرنى ئەللەي ئەتتى.

**ئەللەيلەتمەك** «ئەللەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بوۋاقلار ئانىلىرىنىڭ كۆكسىگە چىڭ چاپلىشىپ چىرقىراشماقتا، ئانىلار ئەللەيلىتىپ بەزلىمەكتە.... مۇختەرمۇ ئويغىنىپ كەتكەنىدى، تالاغا چىقىپ ئاسمانغا كۆز تىكتى ۋە يانغا بۇرۇلۇپ شوتىغا پۇت قويدى.

**ئەللەيلەنمەك** «ئەللەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۆلۈنۈپ ناخشا - كۈيۈڭ بۆشۈككە، تەۋرەندىم خىياللاردا ئەللەيلىنىپ.

**ئەللەيلىمەك** پ. بوۋاق بالىنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن بالىنى بۆشۈككە بۆلەپ ياكى يۆگەككە ئوراپ، «ئەللەي، ئەللەي» دەپ ياكى ئەللەي قوشىقى ئېيتىپ مىدىرلاتماق. تەۋرەتمەك: تۈزسۇنگۈل بوۋاق بالىسىنى بۆشۈككە بۆلەپ ئەللەيلەپ ئۇخلاتتى. * قارايمەن ئۇ گويا كەپىسىز بالىدەك، ئانىسى باغرىدا ماڭغىنى - ماڭغان. ئانىمۇ زېرىكمەي ئۇنى ئەللەيلەپ، تازا چىڭ قۇچاقلاپ باغرىغا تاڭغان.

**ئەللىك I** سۈپ. بىرەر ئەلگە مەنسۇپ،

بىرەر مەملىكەتكە تەۋە: چەت ئەللىك مۇخبىر. * كەيلات ئەپەندى بائىسمە خانىغا سەمىمىي ھالدا: ــ يەرمەنكىمىز 30 - مارتتا رەسمىي باشلىنىدۇ، ھەرقايسى ئەللىك سودىگەرلەر كېلىپ بولدى، سىلەر بۇ يەرگە كېلىپ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئوبدان قىلىۋالساڭلار، ــ دېدى.

**ئەللىك II** سان. ئونىنىڭ بەش ھەسسىسى قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان: ئەللىك ياش. ئەللىك ئادەم. * ئەلنىڭ قولىقى ئەللىك (ماقال).

**ئەللىكبېشى** ئى. تارس [ئەللىك+بېشى] فېئوداللىق كونا جەمئىيەتتە يېزىلاردىكى ئەللىك ئائىلىنى باشقۇرغۇچى مەھەللە ئەمەلدارى: بىز 40 - 50 ماڭدام ماڭغاندىلا، دەرۋازا ئېچىلىپ، ئالدىدا ئىتنى يېتىلەپ ۋارىسجان چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەختەمباي، مەنسۇر يۈزبېگى، قەمىردىن ئەللىكبېشى، ھۆرنىساخان ۋە باشقىلار چىقىشتى.

**ئەللىكىنچى** سان. تەرتىپ ئورنى 50 رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، 1 دىن باشلاپ سانىغاندا تەرتىپ ئورنى جەھەتتىن 49 نىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان: ئەللىكىنچى بەت. ئەللىكىنچى قاتار. ئەللىكىنچى ئورۇندۇق.

**ئەلمەش - چەلمەش** مۇناسىۋەتتى ئىنتايىن يېقىن، ئاپاق - چاپاق، ئىچقويۇن - تاشقويۇن، ھەمنەپەس: ئۇ ئۇستىگە جۇۋىسىنى تاشلاپ، بارماقتەك يۆگىۋالغان تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ تارتىپ تۇرۇپ، راھەتلىنىپ ناخشا - مۇزىكىلارنى ئاڭلايدىغان بولدى، مانا بۇ جانجان مەنپەئەت نەمەت بىلەن سايىمىنى بىر ياقىدىن باش چىقىرىدىغان ئەلمەش - چەلمەشلەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

**ئەل - مەھەللە** ← **ئەھلىمەھەللە.**

**ئەلمى - تەلمى** ئىشنىڭ يولى، ئېپى - جىپى؛ شەرت - شارائىتى: بىز تېخىچە بۇ ئىشنىڭ ئەلمى - تەلمىنى بىلىپ بولالمىدۇق. * بىر ئىككى يىل بولدى، بۇ ئىش شەھەر ئەتراپىدىكى گۇڭشېلاردا نۆۋەت بىلەن ئىشلىنىۋاتىدۇ، قالتىس گەپ! مەن بۇ ئىشنىڭ ئەلمى - تەلمىنى بۇرۇنلا ئۇققان، كېيىن، ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپمۇ كەلدىم.

**ئەلمىساق** ئى [ئە] تارس. ئىنتايىن قەدىم زامان، ئەڭ بۇرۇنقى ۋاقىت: بۇ... بىزنىڭ مىللىتىمىز ئىچىدە ئەلمىساقتىن تارتىپ بار ئادەت. * تاغ ئىدى ئەلمىساقتىن كۆرەڭلىگەن، ئۆزىنى بىر مۇقەددەس ئۇقلىم ساناپ. ئىشىنىپ قاتتىقلىقىغا بەستىگە ئۇ، گويا كى تېگىپ بولماس «تىلسىم» ساناپ.

**ئەلمىساقتىن بېرى** ← **ئەلمىساقتىن تارتىپ.**

**ئەلمىساقتىن تارتىپ** ئاتام زاماندىن بۇيان، ئىنتايىن قەدىم زاماندىن بۇيان: بۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ بار گەپ. * سابىرغا ئۆز قەلبىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن شۇ نەرسە ئېنىق ئىدىكى، بۇ جەسۇر قىز ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ۋۇجۇدىنى ئاللىقاچان بۇ تاغلىق يېزىدا ئىسمى - جىسمىغا لايىق گۈزەل، مەدەنىيەتلىك يېزا قۇرۇش كۈرىشىگە ئاتاپ قويغان؛ ئەلمىساقتىن تارتىپ بىر قېلىپتا چوڭراق ئۆزگىرىشسىز توختاپ قالغان بۇ سۆيۈملۈك ئەل - ماكانىنى گۈللەندۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

**ئەلمىساقتىن قالغان** ← **ئادەمئاتامدىن قالغان.**

**ئەلنەغمە** ئى [ئەل+نەغمە] يەرلىك ئالاھىدىلىككە ھەم ئومۇملۇققا ئىگە بولغان، بىر يۇرتلۇق نەغمە ياكى نەغمىلەر يىغىندىسى: ناخشىغا ئۇنىلاپ ئادەم قوشۇلدى، ئۇسسۇلغا ئۇنىلاپ ئوغۇل - قىزلار چۈشتى، ئەلنەغمىگە ئىشقىۋاز خەلق ئېغىر ئەمگەك ھاردۇقىنى ئەنە شۇنداق تېزلا ئۇنتۇدى.

**ئەلنەغمىچى** ئى. ئەلنەغمە بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، نەغمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم؛ نەغمىكەش: ناماز بامداتتىن كېيىن ئىشىكتىن بىرىنچى بولۇپ ئەلنەغمىچىلەر كىرىپ كەلدى. توي - تۆكۈننىڭ جانلاندۇرغۇچىسى بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ كىرىشى بىلەنلا، بۇ ئۆيدىن خۇشال توي نەغمىسى ياڭراشقا باشلىدى.

**ئەلنەغمىچىلىك** «ئەلنەغمىچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: قەشقەر، كۇچا، غۇلجا كوچىلىرىدا، ساماۋار ـ چايخانىلاردا ئەلنەغمىچىلىك قىلىدىغان كەمبەغەل سازەندىلەر دائىم مۇقام چېلىش بىلەن كۈن كەچۈرگەن.

**ئەلنەغمىلىك** «ئەلنەغمە» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ خوتەن تۆتىنچى رايونىدىكى سايىم ئاخۇن ئورۇنلىغان خوتەن سەنىمى بىلەن «چەببىيات مۇقامى» سەنىمىنىڭ نوتىسىنى سېلىشتۇرۇپ، سەنەم نەغمە شەكىللىرىنىڭ ئەلنەغمىلىك ئاساسى بىردەك ئىكەنلىكىنى، بىر مەنبەدىن تۈرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

**ئەلھاسىل** [ئە] يېزت. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يىغىپ ئېيتقاندا، قىسقىسى، ئومۇمەن دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: ئەلھاسىل، داھىلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي رەھبەرلىكى، ئاتىدارچىلىقى سايىسىدا ئۆلكىمىزنىڭ ئىقتىسادىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن خەلق تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ كېتىپ بارىدۇ. * مۇشۇنداق خىلمۇخىل ئىشلار ئەلھاسىل، بولاتتى سەيرىنىڭ دەۋرىدە ھاسىل.

**ئەلھال** رەۋ [ئە] يېزت. ھازىر، مۇشۇ پەيتتە، ئەينى ۋاقىتتا: ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا ئەلھال بار بولغان بىلىمنى نەزەردە تۇتقان ھالدا جانلىق، قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارغا ھەربىر سائەتلىك دەرستە نەتىجە قازانغانلىقىنى ھېس قىلدۇرسا، شۇنىڭ بىلەن ئاكتىپ ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلىدۇ.

**ئەلھايا** ئى [ئە] ھايا قىلىش.

**ئەلھەزەر** ئىم [ئە] يېزت. تۇۋا، خۇدا ساقلىسۇن، ھەزەر قىلىڭلار، ساقلىنىڭلار: ھېچقاچان خەلق ھالىغا بىر زەررىمۇ قىلماي نەزەر، قالدى مائارىپ يامغۇرىنىڭ تامچىسىدىن بىخەۋەر، كۆرمىگەن ئوك ـ سولدا دۇنيا بولسىمۇ زىرۇزەۋەر، دەر ئىدى خەلقىم زۇلۇمدىن «ئەلھەزەر، مىڭ ئەلھەزەر»، پىرىخۇندەك ئەللە ئوينىپ كەلسە جىندار ئالدىدا.

**ئەلھەق** يۇك [ئە] راست، شۇنداق، ھەقىقەتەن: قۇربان قىلىچ بەزى چوك مۇقاۋىلىق كىتابلارنى قولىغا ئېلىپ يۈزىگە سۈرتۈپ قوياتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئوقۇيالماي ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە ھەسرەت بىلدۈرۈپ: — «ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى» دېگەن سۆز ئەلھەق راست ئىكەن ـ دە! — دەيتتى.

**ئەلھەمدۇلىللا** ئىم [ئە] <دىن> ئاللاغا شۈكۈر، خۇداغا شۈكۈر دېگەن مەنىلەردە خاتىرجەملىنىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ: ئەلھەمدۇلىللا، مىڭ مەرتە شۈكۈر، لېكىن ئۆزلىرى مەھسۇلاتنى ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويۇپ كەتكەندىن كېيىن بىز تەرەپلەرگە ھۆددەس ئالدىلىرىنى قىلمىدىلا، ئولتۇرسام ـ قوپسام ئەس ـ يادىم سىلىدە، تاق قوپۇپ كېلەي دېسەم ئىشلار ئۆندەرەش.

**ئەلھۆكمىلىللا** ئىم [ئە] <دىن> تەقدىرنىڭ ھۆكمى شۇ، باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئىلاجى يوق، دېگەن مەنىلەردە تەن بېرىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ: باي خەق دېگەن ھەممە ئىشنى پۇل بىلەن ئوڭلايدۇ. بىزدە نېمە ئامال بار؟ كەلگەن بالا ـ قازاغا ئەلھۆكمىلىللا دېمەستىن باشقا چارىمىز يوق.

**ئەلۋان** سۈپ [ئە] يېزت. تۈرلۈك، ھەر خىل: سەنەم ئېيتۇر، ئى مېھرىبان، ئۆمرۈمگە سالدىڭ دەردۇ ئەلۋان، نەچچە يىللار تارتتىم ھىجران، يۈرىكىمنىڭ مادارى يوق.

**ئەلۋەتتە** [ئە] ① پېكىرنىڭ ياكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قەتئىيلىكىنى، مۇقەررەرلىكىنى، شۈبھىسىز، سۆزسىز بېجىرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ: مېنى بارماي قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلماڭ، مەن ئەلۋەتتە بارىمەن. * بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە تۈرلۈك سەۋەبلەر بار، ئەلۋەتتە. ② شۈبھىسىز، تۇرغان گەپ، تەبىئىي دېگەن مەنىدە: ئەلۋەتتە، كىشىلەرگە سۈيىقەست قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن شۇ ئۆمرۈكنى بىلىم ئۆگىنىش، ئىنسانىيەت يولىدا پايدىلىق مۆجىزىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلساڭ، نېمىدېگەن

ياخشى بولاتتى ـ هە!.

**ئەلۋەك** سۈپ. مول، كۆپ، ئاۋات: يىراقتىن قارىسىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان باغراش كۆلى ساھىلىدىكى ياپيېشىل قومۇشلۇق ۋە بوستانلىقلار، قارا شەھەر دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىنى چۈمكەپ تۇرغان تاللىزارلىقلار، ئۈيى ئەلۋەك، ئوت ـ چۆپى مول، پايانسىز شىكشىن، قارامۇدۇق دالاسىغا ئاجايىپ ھۆسن بېغىشلاپ تۇراتتى.

**ئەلۋەكچىلىك** ئى. مولچىلىق، ئاۋاتچىلىق: قاراڭ، بازاردىكى ئەلۋەكچىلىكنى، ھەممە نەرسە بار، مەھەللىدىكىلەر، ــ بىزنىڭ توي كۆرگۈمىز كەلدى، مۇشۇنداق كۈنلەردە توي قىلماي قاچان قىلاتتىڭ، ــ دەپ تۇرۇۋېلىشتى.

**ئەلۋىدا** ئىم [ئە] يېزت. مەڭگۈلۈك خوشلىشىش، ئاخىرقى خوشلىشىشقا ئىپىتىلىدۇ: دېدى خەلقىم شۇڭا چوڭقۇر يۈرەكتىن: «ئەلۋىدا ئوغلۇم، ياشايدۇ بىز بىلەن روھىڭ، ئەمەس بىزدىن جۇدا ئوغلۇم!»

**ئەلۋىدالاشماق** پ. مەڭگۈلۈك خوشلاشماق: «ئۆچ ئېلىڭلار!...» شۇ ۋەسىيەتنى قىلىپ ئەلگە جاكا، شۇ كۈنى كەچتە جاھاندىن ئەلۋىدا ـ لاشتى ئاتا.

**ئەلىپماي** ئى [ئەلىپ+ماي] ئۆسۈملۈك مېيىنىڭ بىر خىلى. ئۇ ھەر خىل سايمانلارغا سۈركەلگەندىن كېيىن قۇرۇپ بىر قەۋەت نېپىز پەردە ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: زىغىر يېغى قاتارلىقلار، ساناىئەتتە سىرنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ.

**ئەلياتقۇ** ئى [ئەل+ياتقۇ] ئەل ئايىغى بېسىققان، ئەل ياتىدىغان ۋاقىت: مېنىڭ تەرتىپلىك تۇرمۇشۇم ئۆزگەردى، كېچىسى ئەلياتقۇدىن كېيىن مەكتەپ قورۇسىنى ئايلىنىش، قىزلار ياتىقىغا قاراش، كۈندۈزلىرى بىكاردىنلا ئۇرغۇن ۋاقىتنى قۇرۇق خىيال بىلەن ئۆتكۈزۈش مېنىڭ مەشغۇلاتىمغا كىلىپ قوشۇلدى.

**ئەل - يۇرت** ئەل ۋە يۇرت، يۇرت خەلقى: باقىدۇ پەخرىي بىلەن ئەل ـ يۇرت ساڭا، ئاقىلساڭ ئوغلۇم ئاناڭنىڭ سۈتىنى. مەڭگۈگە بولماس سېنىڭ رەڭگىڭ سامان، ساقلىساڭ دىلدا ۋەتەننىڭ ئىشقىنى.

**ئەم** ئى <تىب> چېچەك ۋە بەزى باشقا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تېرە ئارقىلىق بېرىلىدىغان سۇيۇقلۇق.

**ئەما** (ئەماسى) سۈپ [ئە] كۆزى كۆرمەس، قارغۇ: ئۇلار داستىخان ئۈستىدە خۇشال پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. خۇرشىدە مومايىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەما بولۇپ قالغانلىقىنى ئىنچىكىلەپ سورىدى ۋە مومايىنىڭ كۆزىنى بىرقۇر تەكشۈرۈپ كۆردى.

**ئەمالىق** «ئەما» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەمەت ئاكا كۆزىنىڭ ئەمالىقىدىن يورۇق دۇنيانىڭ ھۇزۇرىدىن بەھرىمەن بولالماي ئالەمدىن ئۆتتى.

**ئەمەت** ئى [ئە] ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئەمەتنىڭ دوپپىسىنى سەمەتكە كىيدۈرمەك** باشقىلارنى ئالدىماق، گوللىمەك: قاسىم دېگەن ساختىپەز ئەمەتنىڭ دوپپىسىنى سەمەتكە كىيدۈرۈپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئەخمەق قىلىۋەتتى.

**ئەمەس** «ئەرمەك» ياردەمچى پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى بولۇپ، ئىنكار، رەت قىلىشنى بىلدۈرىدىغان سۆز: رەخت پۇل ئەمەس، ھۈنەر پۇل (ماقال). * قارا قاشىم بار مېنىڭ، كۆيدۈرمە قاش لازىم ئەمەس. بىر ئاداشىم بار مېنىڭ ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

**ئەمەك** ئى. مەلىكە، مەشغۇلات: مەن ئۇ رەقىبىنىڭ چىرايلىق گەپلىرىگە ئىشىنىپ سىدت بولسىمۇ، بىلمىسىز بولسىمۇ مەنسىپى، پۇلى بار ـ كەنىغۇ، بوپتىلا تۇرمۇش قۇرسام قۇراي دەپ ئويلاپ نېمىلا دېسە ماقۇل دەۋېرىپتىمەن... ئۇنىڭ مېنى ئەمەك ئۈچۈنلا ئويناتقىنىنى، ئەس ـ يادى دوستۇمدا ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي. * بۇ ئايالنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ ھەممەيلەن ھېلىقى ئالىگەدەن يىگىتكە قاراشتى. ئىسسىق ۋە زېرىكىشتىن تۇنجۇققان ئادەملەرگە ئەمەك تېپىلغانىدى.

**ئەمەك بولماق** مەلىكە بولماق، مەشغۇل بولماق: ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كالىسىنى نەسىلا ـ

www.uyghurkitap.com

لەندۇرۇش ئۈچۈن ناھىيىگە نەچچە قېتىم پىيادە بېرىپ-كېلىپ تارتقان جاپاسى بىلەن، موزاي تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئۇنىڭغا ئەمەك بولۇپ ئۆتكەن كۆكۈللۈك كۈنلىرى ئۆتۈشكە باشلىدى.

**ئەمەك قىلماق** مەلىكە قىلماق، مەشغۇل قىلماق: باللار ئۇنىڭدىن چۆچەك ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ ئاشۇ چۆچەكنى باشلاپ، باللارنى ئەمەك قىلاتتى.

**ئەمەل I** ئى [ئە] <مات> ماتېماتىكىلىق ھېسابىنىڭ ھەربىر تۈرى: تۆت ئەمەل. قوشۇش ئەملى. بۆلۈش ئەملى.

**ئەمەل II** ئى [ئە] مەنسەپ، ھوقۇق، ۋەزىپە: ئەمەل تۇتماق. ئەملى ئۆسمەك. * ئۇ چاغدا ھۇشۇر ئاكا بۇ كادىرنىڭ ئىسمى، شۇنداقلا، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى ئەملىنىمۇ بىلمەيتتى. * 1978-يىلى ئەتىيازدا سادىق كادىرلار ئىدارىسىگە يۆتكەلدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، داۋۇتنىڭ ئەملىمۇ ئېلىپ تاشلىنىپ زاپخوزلۇققا چۈشۈرۈپ قويۇلدى.

**ئەمەل تۇتماق** ئەمەلدار بولماق: ئېلى شۇجى ئۇزاق يىل ئەمەل تۇتقان ئادەم.

**ئەمەلگە قويماق** بىرەر مەنسەپ ياكى ۋەزىپىگە تەيىنلىمەك، بەلگىلىمەك: ئىدارە پارتكومى قايتا-قايتا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق سادىقنىڭ ئۇزاق يىللىق ھەم تەجرىبىلىك كادىرلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇنى بۇ قېتىم ئەمەلگە قويدى. سادىقنىڭ خىزمەتداشلىرىمۇ ئۇنىڭ ئەمەلگە قويۇلۇشىغا بىردەك قوشۇلدى.

**ئەمەل III** ئى [ئە] كۈندىلىك ئىش، پائالىيەت، ئەمەلىيەت: ئەمەلدە كۆرسەتمەك. ئەمەلگە ئاشۇرماق. * ئېغىزدا بار، ئەمەلدە يوق (ماقال). * ئەملى يوق سوپىدىن، تۇخۇمى يوق توخۇ ياخشى (ماقال). * سىز ئېيتقىنىڭىزدەك ئۇنىڭغا زورلۇق كۈچ بىلەن قارشى تۇرمىغاندا مەقسەتكە يېتىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئەمەلدە ئىسپاتلاندى. * ساۋۇت بوۋاينىڭ ئەتىدىن كەچكىچە قىلىدىغان ئەملى پادا بېقىش ئىدى.

**ئەمەلدە كۆرسەتمەك** ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئىسپاتلىماق، ئەمەلىيەتتە بېجىرمەك: ئۇ ئېيتقانلىرىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. * 1980-يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا قادىر ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى.

**ئەمەلدىن قالماق** بىكار قىلىنماق، كۈچتىن ئادەتتىن قالماق: بۇرۇن چىقىرىلغان پىنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ بىرەر بالىسىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھۆججىتى ئەمەلدىن قالدى. * ھازىرقى ئادەت بويىچە بۇنداق كېچىلىك زىياپەت ئەمەلدىن قالدى.

**ئەمەل قىلماق** رىئايە قىلماق، ئىجرا قىلماق، ئاساسلانماق: بىز ئىشلەپچىقىرىشتا پايدا يەتكۈزۈش ۋە ئىختىيارىيلىق، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىغا ھەققىي ئەمەل قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىرلەشمىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. * مەنمۇ دادامنىڭ نەسىھىتىگە ئەمەل قىلىپ، تىرىشىپ ئۆگەندىم. نەتىجىسىنى كۆرۈۋاتىمەن. ھازىرغىچە ئىمتىھان نەتىجەم تۇقساندىن يۇقىرى بولماقتا. * سەلىم راست سۆزلۈك ئادەم. ئۇ لەۋزىگە چوقۇم ئەمەل قىلىدۇ.

**ئەمەلگە ئاشماق** ۋۇجۇتقا كەلمەك، ۋۇجۇتقا چىقماق، بەرپا بولماق، بېجىرىلمەك: بىزنىڭ يىغىندا قويغان تەلەپلىرىمىز ئەمەلگە ئاشتى. * سەلىمنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى.

**ئەمەلگە قويماق** يولغا قويماق، ئىشقا كىرىشتۈرمەك، يولغا سالماق: نۆۋەتتىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا بىرمۇنچە يېڭى قائىدە-تۈزۈم ئەمەلگە قويۇلدى.

**ئەمەلپەرەس** سۈپ [ئە+پ] ئەمەلنى ياخشى كۆرىدىغان، ئەمەلگە ئامراق، ئەمەلنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان، مەنسەپپەرەس: ئەمەلپەرەس ئادەم.

**ئەمەلپەرەسلىك** «ئەمەلپەرەس» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ياقۇبنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن ئەمەلپەرەسلىك چىقىپ تۇرىدۇ.

**ئەمەلچە** (توغرىسى: ھەمەلچە) ⟵ **ھەمەلچە.**

**ئەمەلدار** (ئەمەلدارى) ئى [ئە+پ] مەنسەپ ئىگىسى، مەنسەپدار: ئۆز ئىشىدا كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ تەقدىرلەنگەن بۇ رازۋېتچىكلار ئەسلىدە ئۆلكىلىك ساقچى ئەمەلدارلار كۈرسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈمىگە ئەۋەتىلگەنلەر ئىدى.

**ئەمەلدارلارچە** رەۋ. ئەمەلدارغا ئوخشاش، ئەمەلدارلاردەك: قېيىۋمىنى بىر كۈن ۋاقىتلىق گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ قويۇۋىدى، ئەمەلدارلارچە قولىنى سىلكىپ بۇيرۇق قىلىدىغان بولۇۋالدى.

**ئەمەلدارلىق** «ئەمەلدار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: — «پايدىسى يوق مازاردىن شەيخ كۆچۈپتۇ» دېگەندەك، مۇنداق بولسا كىم تۇرىدۇ، — دەپ زەردىسى بىلەن غودۇڭشىدى قاسىم، لېكىن ئۇ — چىقىڭ، بۇ ياق بىلەن مېڭىڭ، — دېدى سوغاققىنا، ئەمەلدارلىق تەلەپپۇزىدا.

**ئەمەلىي** سۈپ [ئە] ① كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىگە، تۇرمۇشىغا ئائىت بولغان، ھايات بىلەن باغلىنىشى بار: سوتسىيالىزم قۇرۇش جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەمەلىي ۋەزىپىسى. * دېھقانچىلىق ئىشلىرى دېھقانلارنىڭ كۈندىلىك ئەمەلىي ئىشىدۇر. ② ئەمەلىيەتكە تەتبىق قىلىنغان، تەجرىبە ـ سىناقلاردىن ئۆتكەن، تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلانغان، ھەقىقىي: ئەمەلىي تېخنىكا. ئەمەلىي بىلىم. ئەمەلىي تەجرىبە. * بىزگە قۇرۇق قالىپاق كېرەك ئەمەس، سىزدەك ئەمەلىي تەجرىبىسى بارلار كېرەك.

**ئەمەلىي جەڭ** <ھەرب> ئەمەلىيەتتە قىلىنغان جەڭ.

**ئەمەلىي دارامەت** ئەمەلىيەتتە قولغا تېگىدىغان پۇل؛ كىرىم: دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي ئالىدىغان دارامىتى يىلدىن ـ يىلغا ئاشماقتا. * بۇ يىل گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئەمەلىي دارامىتى 88.73 پىرسەنت ئاشتى.

**ئەمەلىي سان** ئەمەلدە نەق بار، ئېنىق سان؛ سانلىق مەلۇمات: ئاياغ خۇرۇم زاۋۇتى ئىشچىلىرىنىڭ يىللىق مۇكاپاتى زاۋۇت يىللىق ئومۇمىي كىرىمىنىڭ قالدۇق ئەمەلىي سانىغا ئاساسەن بەلگىلەندى.

**ئەمەلىي ئۈنۈم** <س ئىق> ئەمەلىيەتتە ھاسىل بولغان ئۈنۈم.

**ئەمەلىي ئىش ھەققى** <س ئىق> ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش ھەققىغە ئالغان پۇل بىلەن ئەمەلىيەتتە سېتىۋالالايدىغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ سانى ۋە مۇلازىمەتلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدە ئىپادىلىنىدىغان ئىش ھەققى.

**ئەمەلىيەت** ئى [ئە] ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ۋە جەمئىيەتنى پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆزگەرتىشتىكى پۈتۈن ھەرىكىتى؛ ئىجتىمائىي پائالىيەت، ئەمەلىي پائالىيەت، تەجرىبە: ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىمەك. * بىلىش ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. * كىشىلەرنىڭ فىزىئولو-گىيىلىك ئېھتىياجلىرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئېھتىياجلىرى بولىدۇ. بۇ خىل ئېھتىياج ئەمەلىيەت جەريانىدا ۋە تەربىيە تەسىرى ئاستىدا پەيدا بولىدۇ.

**ئەمەلىيەتچان** سۈپ. ئەمەلىيەتكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەمەلىيەتچىلىكى كۈچ-لۈك: ئەمەلىيەتچان ئادەم.

**ئەمەلىيەتچانلىق** «ئەمەلىيەتچان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئەدىلە يولدىشىغا: — سىز بارغاندىن كېيىن ئامېرىكا خەلقى، ئامېرىكىلىق ساۋاقداشلار ۋە خىزمەتداشلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدۇ. ئۇلار بىلەن دوست ئۆتۈڭ. ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقىنى كەمتەرلىك بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىڭ، — دېدى.

**ئەمەلىيەتچى** ئى. ئەمەلىيەتنى ئۈستۈن كۆرىدىغان، ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈشكە بېرىلگەن ئادەم: غالىب مۇئەللىم ئوقۇغۇچىسى مۇھەممەتكە: — بىر ئالىم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پەزىلەت، بىرىنچى، ۋەتەننى ۋە

www.uyghurkitap.com

خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، ئەنە شۇ مۇھەببەتنى ئۆزىنىڭ كۈچ مەنبەسى قىلىش. ئىككىنچى، قىلچىمۇ ساختىلىق ۋە قۇۋلۇق قىلماسلىق، ئەمەلىيەتچى بولۇش، سىز مانا بۇ جەھەتلەردە ئۆزىڭىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇڭ! — دەپ تەربىيە بەردى.

**ئەمەلىيەتسىز** سۈپ. ئەمەلىيىتى يوق: ئەمەلىيەتسىز نەزەرىيە بولمايدۇ. نەزەرىيە دېيىلسىمۇ، ئۇ — قۇرۇق سەپسەتە.

**ئەمەلىيلەشتۈرمەك** «ئەمەلىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نىياز تۇردى دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پارتىيەنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

**ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەك** "ئەمەلىيلەشتۈرمەك" پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەمبەل** ئى [خەن] خېمىرنى زۇۋۇلا قىلىش، ئىچىش ھەم گۆش، سەي توغراش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان شال تاختا.

**ئەمچەك** ئى ① ئاياللارنىڭ سۈت بەزلىرى جايلاشقان ئەزاسى: بالا يىغلىمىغۇچە ئانا ئەمچەك سالماس (ماقال). * ئەمچەك بېزى. ② سۈت ئەمگۈزگۈچى ھايۋانلارنىڭ سۈت بېرىدىغان ئەزاسى، يېلىن.

**ئەمچەكتىن ئايرىماق** ئانا سۈتىدىن ئايرىماق، ئەمگۈزۈشتىن توختاتماق؛ بوۋاقنى ئانا سۈتىدىن ئايرىپ باشقا ئوزۇقلۇقلار بىلەن باقماق.

**ئەمچەكتىن چىقارماق** ← **ئەمچەكتىن ئايرىماق.**

**ئەمچەك سالماق** ئەمگۈزمەك، ئېمىتمەك (بوۋاق باللارنى): بالا يىغلىمىغۇچە ئانا ئەمچەك سالماس (ماقال).

**ئەمچىكى ئىششىماق** تەمە بىلەن قىينالماق، ئومۇنماق: مۇتللا بەگ ئۆزىنىڭ ھەج سەپىرىدىن ئىلگىرى پۈتۈن يۇرتقا بىر چاي بېرىش ھەققىدە ئويلىنىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئايالى ئاتىكە خېنىم مۇتللا بەگكە: — ياموللىدىن ئادەم كەلمىسە بولماس، قازى - كالان، موللا - ئىشان دېگەنلىرىڭدىن كەلمىسە، ئەمچىكى ئىششىيدۇ. يەنە ئۆزەڭ بىلمىدىغان قەدىناسلار، ئەھلىمەھەللىدىكىلەر بولۇپ، ئەللىك - ئاتمىشتەك ئادەم بولار، — دەپ ئۆزىنىڭ ھېس قىلغانلىرىنى بىلدۈردى.

**ئەمچەكداش** ئى. **ئېمىلداش.**

**ئەمچەكسىمان** سۈپ. ئەمچەككە ئوخشايدىغان، ئەمچەك شەكىللىك: ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدە دوختۇر سۇلايمان سەلىمنىڭ قۇلاق ئارقىسىغا چىققان ئەمچەكسىمان ئۆسمىگە پىچاق سېلىشقا باشلىدى.

**ئەمچەكلىك** سۈپ ① ئەمچىكى بولغان، ئەمچىكى بار: سۈت ئېمىتكۈچى ئەمچەكلىك ھايۋانلار. ② ئەمچىكى چوڭ، ئەمچىكى يوغان: ئەمچەكلىك ئايال.

**ئەمچى** ئى. ئەملىگۈچى تېۋىپ؛ تومۇرچى: كۆپ ئاغرىغان ئەمچى بولۇر، كۆپ يۈرگەن يولچى بولۇر (ماقال).

**ئەمچىلىك** «ئەمچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئايۇپ ئاتا مىراس كەسىپى ئەمچىلىكنى قايتا قولىغا ئالغاندىن كېيىن ھال - كۈنى تېزلا ياخشىلىنىپ كەتتى.

**ئەمدۈرمەك** «ئەممەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چۈنكى سەن پەپىلەپ، ئاق سۈت ئەمدۈرۈپ، تۈنلىرى يېنىمدىن ئايرىلماي باققان. يىغلىسام قايسى چاغ مەن قىلىپ خەقىش، قولۇڭغا سەن ئېلىپ باغرىڭغا ياققان.

**ئەمدۈرۈلمەك** «ئەمدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەمدى** رەۋ ① سۆز بولۇۋاتقان پەيتتە، ھازىر: مانا ئەمدى ھەممە ئىش جايىدا بولدى. ② سۆز سۆزلىنىۋاتقان پەيتتىن كېيىن، ھازىر: بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە، ئەمدى باغ ئايلىنىپ كېلەر (ماقال). ③ مەنىنى تەكىتلەش، كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سۆز: خوش ئانا، كېتەي ئەمدى، داشۆگە يېتەي ئەمدى. بىلىم - ھېكمەت يولىغا جانىنى بەخش

www.uyghurkitap.com

ئېتەي ئەمدى.

**ئەمدىلەتتىن** رەۋ. ئەمدىرەك، ئەمدىلا: ئابدۇبەسەرلەر ئەمدىلەتتىن يولغا چىققان بولۇشى مۇمكىن. * بىزنىڭ ئېلىمىزدىمۇ «قۇتادغۇبىلىك»نى تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى ئەمدىلەتتىن باشلاندى.

**ئەمدىلىكتە** رەۋ. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۈگۈنكى كۈندە: ئەمدىلىكتە ھېلىقى ئورۇق كالىلارمۇ بولۇتتەك سەمرىپ، تۈكلىرى پارقىراپ كەتتى. * قەدىمكى شۇۋاق ئۆسىدىغان بوز يەرلەر ئەمدىلىكتە قومۇشلۇققا ئايلاندى.

**ئەمر** ئى [ئە] ① بۇيرۇق، پەرمان، يارلىق: تۆۋەنگە شاھنىڭ ئەمرى يوللىنىپ، ئاتلىنىپتۇ يۇرت بىردەك قوزغىلىپ. ② ئىختىيار، ئىختىيارلىق؛ ئىلىك؛ ئىكاھ: سول قول ۋەزىر مۇشۇ شەھەرلىك بولۇپ، قولىنى قاياقتا سوزسا شۇ ياقتا يېتىدىغان ھالەتتە بولسىمۇ، بۆلەك شەھەردىن بىر نامرات ئادەمنىڭ يالغۇز قىزىنى ئەمرىگە ئالدى.

**ئەمر قىلماق** بۇيرۇق، پەرمان بەرمەك؛ يارلىق چۈشۈرمەك: جەڭگە سال، يولۋاسقا سال، قايتسام ئۆلۈم، خىزمەت ئەمەس، ئەڭ قىيىنغا ئەمرى قىل، بىرئاز قىيىن مېھنەت ئەمەس. * پادىشاھ جاۋاھىرپۇرۇشلارغا، سودىگەرلەرنىڭ مەرۋايىتلىرىنى تېپىپ بېرىشنى ئەمر قىلىپتۇ.

**ئەمرىدە ساقلىماق** ئۆز نىكاھىدا تۇتماق، ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرماق: قازى ئۇزۇنغىچە ئىككى خوتۇننى ئەمرىدە ساقلىدى.

**ئەمرىگە ئالماق** نىكاھىغا، خوتۇنلۇققا ئالماق: ئالغىن مەيلى ئەمرىڭگە، شۇنداق ئىكەن پېشانەم. تۇمارىدىكى قىزىلگۈل بولسۇن ساڭا نىشانەم.

**ئەمر-پەرمان** بۇيرۇق، بۇيرۇقلار؛ پەرمانلار؛ مىزان: دۆلەت ئاساسىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، دۆلەت تۈزۈمگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك مۇھىم قانۇن، ئەمر-پەرمانلارنى تۈزۈپ چىقتى.

**ئەمرىمەرۇپ** ئى <دىن> دىنىي تەشۋىقات، پەند-نەسىھەت: موللازەيدىن ئۇلاپلا يەنە پاراڭ باشلىدى: ــ بىرەر ئاي ئالدىدا يەنە بىر سوپى كېلىپ پەيغەمبەرىمىزنىڭ سۈننەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ، ھەربىر مۇسۇلمان سۈننەتلەرنى ئادا قىلىشى لازىم، ــ دەپ ئەمرىمەرۇپ قىلدى.

**ئەمرىمەرۇپچى** ئى. دىنىي پەند-نەسىھەت، قائىدە-يوسۇنلارنى تەشۋىق-تەرغىپ قىلغۇچى كىشى.

**ئەمرىمەھەل** ئى [ئە] ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى دەرگۇمان، ناتايىن ياكى ناھايىتى قىيىن بولغان مۇشكۈل ئىش.

**ئەمگەك** ئى. ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە قىلىنىغان ئىش، پائالىيەت؛ سىڭدۈرۈلگەن ئەجىر؛ مېھنەت: ساقلىنى ساتقان قېرىدىن، ئەمگىكىنى ساتقان بالا ياخشى (ماقال). * ئادەم تۇرمۇشتىن كېلىدىغان زوقنى، ئۆز ئەمگىكىدىن كېلىدىغان زوقنى سېزىشى، بىلىشى، ئۇنى چۈشەنەلىشى كېرەك.

**ئەمگەك پسىخولوگىيىسى** <پسىخول> پسىخولوگىيىنىڭ تارمىقى. ئادەمنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەك جەريانىدىكى پسىخولوگىيىلىك ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئەمگەك سۇغۇرتىسى** <س ئىق> ئەمگەك جەريانىدا ئەمگەكچىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە سالامەتلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ھەر خىل تەدبىرلەر.

**ئەمگەك سۆيەر** ئەمگەك قىلىشقا ئامراق، ئەمگەك سۆيىدىغان، ئەمگەكچان: شۇجى كىچىك ئاخۇننىڭ بۇ دۇيگە كەلگەن دەسلەپكى ئۈن يىلىدىكى ئىشچانلىقى، ئەمگەك سۆيەر، ھالال ۋە ئاق كۆڭۈللۈكىنى ئەسلەپ ئۆتتى.

**ئەمگەك سىجىللىقى** <س ئىق> ئەمگەكنىڭ

جىددىيلىك دەرىجىسى، يەنى بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ سەرپ قىلىنىش دەرىجىسى: ئۈچ بەن، تۆت سىمېنلىق ئىش تۈزۈمى يولغا قويۇلسا، ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىقتىداردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرغىلى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ.

**ئەمگەك سىڭدۈرمەك** ئەجىر قىلماق، كۈچ-قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلماق، تەر تۆكمەك: مەرىيەمنىڭ دادىسى بارات مۇئەللىمگە: — قىزىمىزغا سىز ئېرىنمەي، زېرىكمەي تەربىيە بەرمىگەن، ئەمگەك سىڭدۈرمىگەن بولسىڭىز، ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك ئالىي پەزىلەتكە ئىگە مۇنداق بىر ئەۋلاد بولۇپ چىقالىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، — دېدى.

**ئەمگەك قاراش** ئەمگەككە بولغان تونۇش، چۈشەنچە؛ **كۆز قاراش**: ئۇنىڭ ئەمگەك قارىشى ياخشى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر خىل ئەمگەكلەرگە ئاكتىپ ھالدا ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن قاتنىشىدۇ.

**ئەمگەك قانۇنى** <قانۇن> ئەمگەك توختامى، ئەمگەك ھەققى، ئەمگەك سۇغۇرتىسى ۋە ئەمگەك ئىنتىزامى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن-مىزان.

**ئەمگەك قىلماق** جىسمانىي ئىش، پائالىيەت، مېھنەت بىلەن شۇغۇللانماق، ئىشلىمەك؛ ئەجىر قىلماق، تەر تۆكمەك، مېھنەت سىڭدۈرمەك: ھارۋىدىن ئوغۇت چۈشۈرۈۋاتقان بىرى يېنىدىكى ھەمراھىدىن سورىدى: — مانا ئەمدى ئېرىنمەي ئەمگەك قىلسا، يېلىنماي قورساق تويىدىغان چاغلار بولدى. بۇ يەرگە نېمە تېراي دەيسەن، قاسىم ئاكا؟

**ئەمگەك كۈچى** <س ئىق> ئادەملەرنىڭ ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارى يەنى ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچىنىڭ يىغىندىسى.

**ئەمگەك كۈچى تاۋىرى** <س ئىق> سېتىۋېلىش-سېتىش ئوبيېكتى قىلىنغان ئەمگەك كۈچى.

**ئەمگەك كۈچى تەقسىماتى** <س ئىق> ئەمگەك كۈچىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا، ھەرقايسى جايلار، كارخانىلار ۋە خىزمەت ئورۇنلىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىشى.

**ئەمگەك كۈچى قىممىتى** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەمگەك كۈچىگە زۆرۈر بولغان تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ قىممىتى. ئۇ: ① ئەمگەكچى ئۆزىنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە زۆرۈر بولغان تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ قىممىتىنى، ② يېڭى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىشچىلار ئائىلە ۋە پەرزەنتلىرىنى بېقىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ قىممىتىنى، ③ مەلىكىلىك ئەمگەكنى تەمىنلەش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەربىيىلەش خىراجەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئەمگەك كۈنى** <س ئىق> ئەمگەك ۋاقتىنى ھېسابلاشنىڭ بىرلىكى. مەملىكىتىمىزدە سەككىز سائەت بىر ئەمگەك كۈنى بولىدۇ.

**ئەمگەك ئوبيېكتى** <س ئىق> ئەمگەك بىلەن ئېلىنىدىغان ۋە پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان نەرسىلەر. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەسلىي نەرسە (يەر ئاستىدىكى رودىغا ئوخشاش) بولۇشى مۇمكىن، پاختا، پولات ماتېرىياللىرىغا ئوخشاش پىششىقلانغان خام ماتېرىيال بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى** <س ئىق> ئەمگەكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى يەنى ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئۈنۈمى.

**ئەمگەك ۋاستىلىرى** <س ئىق> كىشىلەر ئەمگەك ئوبيېكتىغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشتە پايدىلىنىدىغان بارلىق ماددىي ۋاستىلەرنىڭ مەجمۇئەسى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش قورالى، يەر، ئۆي-ئىمارەت، يول، قانال، ئامبار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش قورالى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

**ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى** <س ئىق> سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ شەخس تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى تەقسىم قىلىش پرىنسىپى، ئۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئەمگەك قىلىشىنى، جەمئىيەت تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك سانى ۋە سۈپىتى بويىچە تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش قانۇنىيىتى** <س ئىق> سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا ئىستېمال بۇيۇملىرىنى، ئەمگەكنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ تەقسىم قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكى قانۇنىيەت.

**ئەمگەكنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقى** <س ئىق> تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتىكى كونكرېت ئەمگەك بىلەن ئابستراكت ئەمگەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئەمگەكچان** سۈپ. ئىشچان، ئەمگەك سۆيەر: ئۇلار پارتىيە سىياسىتىگە، ئەمگەكچان ئىككى قولىغا ۋە يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ، باي، پاراۋان، گۈزەل يېڭى تۇرمۇش يارىتالايدۇ!.... * مېنىڭ ئانام ئەمگەكچان، ئانىلارنىڭ ياخشىسى. ئىشى چۈشمەس قولىدىن، ئېغىزىدىن ناخشىسى.

**ئەمگەكچانلىق** «ئەمگەكچان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۈگۈن دەل ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا زىيان سېلىش بەدىلىگە پايدا ئېلىپ، نادانلىق، گومۇشلۇق بىلەن ياشلىق باھارىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈشتىن، بۈگۈنكى كۈندىكى ئەمگەكچانلىقى بارلىققا كەلگەنگە قەدەر جەريانىنى ئەسلەپ، ئەمگەكنىڭ شەرەپلىكلىكىنى، ئەمگەك قىلماسلىقنىڭ نومۇس ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى.

**ئەمگەكچى** ئى. ئەمگەك قىلغۇچى، مېھنەتكەش، ئىشچى: سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە، سوتسىيالىستىك قانۇن ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاق ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**ئەمگەكسىز** سۈپ. ئەمگەك قىلماي، ئەمگەك سىڭدۈرمەي، ئىشلىمەي: سۈسىز ھايات بولماس، ئەمگەكسىز راھەت بولماس (ماقال). * ئۈمىد — شېرىن، خىيال — شېرىن، ئەمگەكسىز چېچەك ئاچماس. مەردلىككە ۋىسال ئاشنا، نامەردلەر مۇراد تاپماس.

**ئەملەتمەك** «ئەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چېچەك ئەملەتمەك.

**ئەملەش** «ئەملىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى.

**ئەملەش يىڭنىسى** ① <تىب> بەزى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ۋاكسىنىنى ئادەم ياكى ھايۋانات تېنىگە ئوكۇل قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان يىڭنە. ② <بوت> مىكرو ئورگانىزملارنى يۇقتۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىلىدىغان بىر خىل سايمان، ئاستىنقى ئۇچى يىڭنە شەكلىدە بولىدۇ. ئۇ ئادەتتە تېز ئىسسىپ، تېز سوۋۇيدىغان ۋە ئاسان ئوكسىدلانمايدىغان پلاتىنا ياكى نىكېل خىروم سىمدىن ياسىلىدۇ.

**ئەملەنمەك** «ئەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەملىتىلمەك** «ئەملەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەملىمەك** پ. داۋالىماق: ئەمچى ئۇنىڭ يۈزىدىكى داغلارغا كۆيدۈرگە دورىنى تەككۈزۈپ، ئاندىن شىپالىق ئېسىل دورىلار بىلەن ئەملىدى.

www.uyghurkitap.com

**ئەمما** باغل. ئىككى جۈملە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئىپادىلەپ، قارىمۇقارشى باغلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەنە جەھەتتىن «لېكىن»، «بىراق» سۆزلىرى بىلەن ئوخشاش: مەن كۆزلىرىدىن كىشىنى ئوڭايسىزلاندۇرغۇچى بىر خىل نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە قارىدىمىيۇ، ئەمما ئىشقا بەلگىلەشكە تىلىم بارماي، ياغاچ چېلەكنى ئالدىم ــ دە، سىرتقا قاراپ ماڭدىم.

**ئەممەك** پ ① ئەمچەكتىن ياكى ئېمىزگىدىن سۈت سۈمۈرۈپ ئىچمەك: ــ جېنىم ئانا! سەندىن بۈگۈن ئايرىلىدىغان بولدۇم، سېنى ئاخىرقى قېتىم بىر ئېمىۋالسام، ــ دەپتۇ بالا. * ئەپەندىم سۈت سوراپ كىرگەن قوشنىسىنى كالا قوتىنىغا باشلاپ چىقىپ: ــ بۈگۈن موزاي ئېمىپ قويۇپتۇ. ئۆيدە بىر قوشۇقمۇ سۈت يوق، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ② كۆچمە. ئۆزىگە سىڭدۈرمەك، بەھرە ئالماق، بەھرىمەن بولماق: گۈل چېچەكتىن ئىشقىمدىن، تالا ــ تالا يول قىلىپ، تاغدەك كۆچكە تولدۇممەن، زامانەمدىن نۇر ئېمىپ.

**ئەمۇغەيلان** ئى [ئە] ← **ئەرەب يىلمى دەرىخى.**

**ئەمىر** ئى [ئە] <تارىخ> بۇخارا ۋە بەزى مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە مەنسەپ نامى: خانلىق، پادىشاھلىق ئۇنۋانى ھەمدە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان شەخس: ئۇ چوڭ بىر ئەمىرنىڭ قىزى ئىكەن. * جىنايەتكار سۇنى ئىچىپتۇ ۋە ئەدەب ــ قائىدە بويىچە: ــ ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئاللا سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى كۆپ قىلسۇن. ئەمدى مەن سىزگە مېھمان بولدۇم، مېنى تەشنالىق ھالىتىدە بىر قاچا سۇ بىلەن مېھمان قىلدىڭىز، مېھماننى ئۆلتۈرۈش سىزدەك ئىسلام خەلىپىسىگە لايىق بولسا، مېنى ئۆلتۈرۈڭ، ئەگەر مېھماننى ئۆلتۈرۈش توغرا بولمىسا، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، ــ دەپتۇ.

**ئەمىرزادە** ئى [ئە+پ] خان ياكى پادىشاھنىڭ ئوغلى: مەنكە ــ ھەي يىگىت! راستىڭنى ئېيتقىن، پادىشاھزادىمۇسەن، يا ئەمىرزادىمۇسەن، يا بەگزادىمۇسەن ياكى بايزادىمۇسەن؟ ــ دەپتۇ.

**ئەمىرلىك** سۈپ. ئەمىردە بولىدىغان، ئەمىرگە لايىق، ئەمىرگە تەئەللۇق: ئەمىرلىك ھوقۇق. * ئۇچىسىدىكى ئەمىرلىك كىيىمنى يېشىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇللارنىڭ كىيىمىنى كىيگەنىكەن.

**ئەمىر ــ ئۆمىرا** خاننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى؛ ۋەزىرلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خاننىڭ يېقىنلىرى: شاھ مەھمۇتخان ئەمىر ــ ئۆمىرالىرىغا قاراپ: ــ ئەل ــ يۇرت بىزدىن رازىمۇ، يوق؟ ــ دەپ سورىدى.

**ئەمىسە** باغل. جاۋاب جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، «ئۇنداقتا، ئۇنداق بولسا، ئۇنداق بولغاندا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئەمىسە، ئادەمنىڭ بىلىشى زادى قانداق قىلىپ ئەمەلىيەتتىن كېلىپ چىقىدۇ ۋە يەنە قانداق قىلىپ ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؟ * ــ ماقۇل موما، ئەمىسە كەتتۇق، سەن ماڭا راستىنلا بىر دانە پۇتبول توپى ئېلىپ بېرەمسەن؟! ــ دېدى مومايىنىڭ نەۋرىسى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

**ئەملىي** (توغرىسى: ئەمەلىي) ← **ئەمەلىي.**

**ئەملىيەت** (توغرىسى: ئەمەلىيەت) ← **ئەمەلىيەت.**

**ئەملىيەتسىز** (توغرىسى: ئەمەلىيەتسىز) ← **ئەمەلىيەتسىز.**

**ئەملىيەتچى** (توغرىسى: ئەمەلىيەتچى) ← **ئەمەلىيەتچى.**

**ئەملىيەتچىلىك** (توغرىسى: ئەمەلىيەتچىلىك) ← **ئەمەلىيەتچىلىك.**

**ئەملىيلەشمەك** (توغرىسى: ئەمەلىيلەشمەك) ← **ئەمەلىيلەشمەك.**

**ئەملىيلەشتۈرمەك** (توغرىسى: ئەمەلىيلەشتۈرمەك) ← **ئەمەلىيلەشتۈرمەك.**

**ئەملىيلەشتۈرمەك** (توغرىسى: ئەمەلىيلەشتۈرمەك) ← **ئەمەلىيلەشتۈرمەك.**

**ئەملىيلىك** (توغرىسى: ئەمەلىيلىك) ←

ئەمەلىيلىك.

**ئەمىن** سۈپ [ئە] ①ئامان-ئېسەن؛ خاتىرجەم: مۇھاپىزەتچى: ــ مەن ئاتلىق، پىيادە بولۇپ ئۈچ يۈز لەشكەر بىلەن جانابلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ باراي، جانابلىرىنىڭ ئەمىن بېرىپ كېلىشلىرىگە كاپالەت بېرىمەن، ــ دېدى. ② ئىشەنگەن: بىز پادىشاھىمىزنىڭ پۇقرالارغا بۇنداق غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىغا ئەزەلدىنلا ئەمىن ئىدۇق.

**ئەمىن تاپماق** خاتىرجەم بولماق، خاتىرجەملىككە ئېرىشمەك؛ ئامان-ئېسەن بولماق، ئارام تاپماق: ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى-دە، ئۆيىگە كىرىپ ئىشكىنى زەنجىرلىدى. * قاسىم تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان كىشى تۇرۇپكىنى قويۇپ، گوياكى ئېغىر يۈكتىن خالاس بولۇپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقان كىشىدەك يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ پېشانىسىنى سۈرتتى.

**ئەمىنلىك** «ئەمىن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ساۋاقداشلار قىيسەرنىڭ ئانىسىنىڭ ئەمىنلىكىنى ئاڭلاپ ئەركىن نەپەس ئېلىشتى.

**ئەن I** ئى. قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى تونۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلاق ياكى يوتىسىغا سېلىنغان بەلگە، نىشان: ــ قويىڭىزنىڭ ئېنى بارمىدى؟ ــ دەپ سورىدى قاسىم ئاخۇن ھېلىقى قوي ئىزدەپ يۈرگەن ئادەمدىن.

**ئەن سالماق** قوي ۋە كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قۇلاق ياكى يوتىسىغا بەلگە قىلىپ قويماق: باينىڭ غالچىسى ھېچكىمگە كۆرۈنمەي بېرىپ، قاسىمنىڭ كالىسىنىڭ قۇلىقىغا ئەن سېلىپ قويۇپ قايتىپ كېلىپتۇ.

**ئەن II** ئى. ① رەخت ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ كەڭلىكى؛ توغرىسى: ئېنى كەڭ رەخت. رەختنىڭ ئېنى. * بۇ، مەن سىزگە تونۇشتۇرماقچى بولغان قاپاق تېرەكلىك ھويلىنىڭ دەل ئۆزى، بۇنىڭ كالا ھارۋىسى بىمالال پاتقۇدەك ئەگىم دەرۋازىسى شەرققە قارىغان، ئېنى قىرىق ماڭدام كېلىدىغان بۇ ھويلىنىڭ زادى قاچان سېلىنغانلىقىنى ھېچكىممۇ بىلمەيدۇ. ② سۈپ. كىيىم ۋە باشقا نەرسە ئۈچۈن تېخى ئۆلچەپ كېسىلمىگەن؛ پارچىلانمىغان: ئەن رەخت. ئەن مەخمەل. * سۇ بولسا، سۈزۈك بولسا، ئەتلەس بولسا، ئەن بولسا. كېلىن بولسا، قەنت بولسا، مېنىڭكىدەك بەلەن بولسا.

**ئەن تارتقۇ** توقۇلۇۋاتقان گىلەمنىڭ كەڭلىكىنى مۇقىملىقتا ساقلاش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپتىن تارتىپ تۇرىدىغان تانا.

**ئەن تارتماق I** توغرىسىغا يوغىنىماق، توغرىسىغا يوغىناپ كەتمەك، سەمرىمەك: تۇرسۇن ئاشخانىدا ئىشلىگىلى بىر يىل بولمايلا ئەن تارتىپ كېتىپتۇ.

**ئەن رەخت** كىيىم ۋە باشقا نەرسە ئۈچۈن ئۆلچەپ كېسىلمىگەن، پارچىلانمىغان رەخت: مەسۇدىخان مۇكاپات بېرىلگەن بىر قوزىلىق قوي، بىر پارچە گۈللۈك كىگىز، ئىككى كىيىملىك ئەن رەخت، بىر كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ھاياجانلانغان ھالدا تاپشۇرۇۋالدى.

**ئېنى تاختا** ئېنى كەڭ ئەمەس، ئېنى تار: ئېنى تاختا رەخت. ئېنى تاختا بۆز.

**ئەن ياغاچ** تىلىنمىغان، پارچىلانمىغان ياغاچ.

**ئەن III** سۈپ. سۇ ئېتىك، راۋان ئاقىدىغان، چوڭقۇر: سۈيى ئەن. ئەن ئېرىق. * ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شارقىراتمىنى سۇ بەك ئەن ئاقىدىغان جاينىڭ ئەڭ تۆۋەن تەرىپىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ سالغانىدا، بۇ ئارىلىقنىڭ تولىمۇ ئۇزۇن بولۇشى تۈپەيلىدىن، دەسلەپتە يۇقىرى تەرەپكە ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەندەك قىلغان بىلەن سۇ چىڭقىلىغانسېرى لاي تىنىپ، كېيىنچە يۇقىرى-تۆۋىنى تەكشىلىنىدىكەن.

**ئەن تارتماق II** كەڭرىپ، يوغىناپ، چوڭقۇرلاپ كەتمەك: باشلامنىڭ ئېغىزى تۇتۇلمىغانلىقتىن، ئېغىز ئەن تارتىپ كېتىپ، نۇرغۇن ئېتىزلارنىڭ قىرلىرىنى سۇ ئېلىپ كەتتى.

**ئەن يەر** ئېرىقتىن چوڭقۇرراق، سۇ تېز،

www.uyghurkitap.com

راۋان ئاقىدىغان يەر: ئۇنىڭ ئېيتىشىچە — شارقىراتمىنى سۇ بەك ئەن ئاقىدىغان يەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەرىپىدىن سەل كۆتۈرۈپ سېلىش لازىم ئىكەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ....

**ئەن IV** ئى [خەن] ⟵ **ئەنگە ئالماق.**

**ئەنگە ئالماق** تىزىملىماق، خاتىرىگە ئورناتماق: ئۇرۇمچى قىسىملىرى پارتكومى بۇ ئىككى چېگىرا مۇداپىئە پونكىتىنى كوللېكتىپ ھالدا 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئالدى. * ئېچىقلارغا، دامبا ئېغىزلىرىغا بېسىلغان كىگىز، چىتلارنىڭ ھەققى ھەممە ئەزالارغا ئۇتاش چېچىلىپ، قەرز ھېسابىدا ئەنگە ئېلىنىدۇ.

**ئەنە** ① ئال. نېرىراقتا ياكى كۆز ئالدىدا تۇرغان نەرسىنى ياكى بولمىسا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقە، ھادىسىلەرنى كۆرسىتىشتە قوللىنىلىدۇ: — سەمەت قېنى؟ — ئەنە، كېلىۋاتىدۇ. * يولۋاس چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، شالىنى چېچىپ ئەتراپقا بىرقۇر قاراپ چىقىقاندىن كېيىن: — ھەي ئاۋاق، قېنى ئۇ ئىپلاس؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ. توشقان قۇدۇقنى ئىشارەت قىلىپ: — ئەنە پادىشاھى ئالەم، ئەنە، سىلىنىڭ كېلىۋاتقانلىقلىرىنى كۆرۈپ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى، — دەپتۇ. ② يۈكلىمە. كۆرسىتىش، تەكىتلەش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: بىپايان كەتكەن كەڭ دالا، شۇ دالا بىلەن گۈزەل بىر مەنزىلگە يەتمەكچىمەن. ئەمما، يول ئۇزۇن ھەم خەتەرلىك، ئەنە شۇنداق چاغدىمۇ مېنىڭ دادام يەنىلا ھېلىقى ھاسىسى بىلەن ئالدىمدا ماڭا يول ئېچىپ، مېنى جىددىي ھەم سالماق قەدەملەر بىلەن ئالغا يېتەكلەپ كېتىۋاتىدۇ.

**ئەنەتكەك** ئى. ھىندىستاننىڭ تىلىمىزدا قوللىنىلغان قەدىمكى نامى.

**ئەنە-مانا** ھەر خىل باھانە-سەۋەب، ۋەج، قۇرۇق ۋەدە، گەپ - سۆز: — سەن ئەمدى «ئەنە - ماناڭ»نى قوي. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى. بۇنىڭ بىلەن تولا ئويناشماي تېزرەك تۆلىۋەت، — دېدى باشلىق قاتتىق خاپا بولۇپ.

**ئەنە - مانا دېمەك** ھەر خىل باھانە - سەۋەب، ۋەج كۆرسەتمەك، قۇرۇق ۋەدە بەرمەك: ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە ماقالەمنى يەنە بىر قېتىم سۈرۈشتە قىلدىم. ئۇ ئەنە - مانا دەپ يۈرۈپ ماقالىنى بىر بېرىم ئاي ئۆتكەندە قولۇمغا قايتۇرۇپ بەردى.

**ئەنئەنە** ئى [ئە] كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆرپ، ئادەت، ئەخلاق، ئىدىيە، ئىستىل، سەنئەت، تۈزۈم قاتارلىق تەرەپلەردە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا، ئاتىدىن بالىغا قېلىپ كېلىۋاتقان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل ئىجتىمائىي ئامىل: جۇڭگو خەلقى جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە. * مېھماندوست ئۇيغۇر بوۋاي ئۆز ئەنئەنىسى بويىچە ئاتنى ئېغىلغا باغلاپ، يېمەك سەللىلىك يولۇچىنى ئۆيگە باشلىدى. * شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مېۋىلىك دەرەخلەرنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە.

**ئەنئەنىچى** ئى. ئەنئەنە ۋە قائىدە-يوسۇنلارنى قوغدىغۇچى ۋە ياقلىغۇچى؛ داۋاملاشتۇرغۇچى كىشى.

**ئەنئەنىچىلىك** ئى. ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئەنئەنە بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى.

**ئەنئەنىلىك** سۈپ. ئەنئەنىگە ئىگە: ناۋايى ئانا تىلىمىزنىڭ ئەنئەنىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئەدەبىيات مەيدانىغا چىقتى ۋە سەلبىي جەريانغا خاتىمە بەردى. * سەلىم بارات بىلەن پۇچۇناي توي قىلغاندا، ئەنئەنىلىك ئادەتلەر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى، بىر - بىرىنىڭ تەييارلىقىدىن «ئاخبارات» ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، كېڭىشىپ زۆرۈر نەرسىلەرگىلا پۇل خەجلەپ سېتىۋالدى.

**ئەنئەنىۋى** سۈپ [ئە] ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئەنئەنە بويىچە داۋاملىشىپ كەلگەن، ئەنئەنە بولۇپ قالغان، ئەنئەنىگە

ئايلانغان، ئەنئەنىلىك: ئەنئەنىۋى بايرام. ئەنئەنىۋى ئادەت. * بىچارە دادام ئۆيگە ئىشلەۋاتقىنىدا بىرقانچە قېتىم كىيىملى قوزغىلىپ، ھوشىدىن كەتكەن چاغلىرىنى كۆرگەنىدىم. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن، ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، ھەربىر ئويۇق، مېھرابىغىچە ئەنئەنىۋى گۈللۈك نەقىشلەر ياساپ چىققانىدى.

**ئەنئەنىۋى ئادەت** ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ ـ ئادەت: ساۋۇت ئۆلگەندىن كېيىن، ئابدۇرەھىم ئۇنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئۇزاتتى.

**ئەنئەنىۋى مائارىپ** بۇ ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىدىكى خېربارت (HERBART) قاتارلىقلارنىڭ مائارىپ نەزەرىيىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دەرسخانا ئوقۇتۇش تۈزۈمى، ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: دەرسلىكلەرنى لوگىكىلىق تەرتىپ بويىچە تۈزۈش، پەنلەر بويىچە ئوقۇتۇش، سىستېمىلىق ھالدا ھەر خىل ئاساسىي مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئوقۇتۇش، مەجبۇرىي ئىنتىزام ۋە ئوقۇتقۇچىلار نوپۇزىغا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت.

**ئەنئەنىۋى تىياتىر** مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئالدىنقى كىشىلىرى تۈزۈپ ئوينىغان ئۇسۇل ۋە شەكىل بويىچە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىۋاتقان تىياتىر.

**ئەنبەر** ئى [ئە] كىت ئۆچىيىدىن ئاجرىتىۋېلىنىدىغان مومسىمان ئۆتكۈر خۇش پۇراقلىق ماددا، رەڭگى كۈل رەڭ ياكى قارا بولىدۇ. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل خۇش پۇراقلىق ماتېرىياللار تەييارلىنىدۇ: دىلرەبانىڭ قولى ھىجران ياقىسىنى قىلدى چاك، لالە ـ ئەنبەر ھىدىغا تولدى ھاۋا، تۇپراق خاك.

**ئەنبەر دەرىخى** <بوت> ئەنبەر دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىلىدە ۋە تولۇق گىرۋەكلىك بولىدۇ؛ گۈلى ئاق، خۇش بۇي پۇرايدۇ؛ مېۋىسىدە بىر تال ئۇرۇق بولىدۇ، ئەسلىي ماكانى سۇ ماتىرا قاتارلىق ئورۇنلار، دەرەخ غولىدىن بور نېفىتول ئالغىلى بولىدۇ.

**ئەنبەرلىك** سۈپ. ئەنبەر پۇرايدىغان، ئەنبەر پۇراپ تۇرىدىغان: يول بويى كەلدىم ساماغا يۆلىنىپ، مۇشكى ـ ئەنبەرلىك ھاۋاغا چۆمۈلۈپ.

**ئەنبىيا** ئى [ئە] <دىن> پەيغەمبەرلەر: ئۇ، پۈتۈن ئەۋلىيا، ئەنبىيالارنى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچىپ قوزغالماسقا ۋەدە بەردى.

**ئەنت** ئى. ئىنتىقام، قىساس، ئۆچ: مەن بۇ دوستلىرىمغا يەنە بۇنىڭلىق بىلەن لۇتپۇللا ئاكام بىلەن ئوسمان ئۈچۈن ئالىدىغان ئەنتىمىز چىقمايدۇ دېدىم. * ئۆلسەم ئورنۇمدا قالار ئىزىم بار، ئەنتىمنى ئالار ئوغۇل ـ قىزىم بار.

**ئەنتىنى ئالماق** ئىنتىقامىنى، قىساسىنى، ئۆچىنى ئالماق: نۇرۇم: ــ ئۇلارغا يالۋۇرۇش ئۆلۈمدىن يامان، غۇنچەم، بىزمۇ ئەنتىمىزنى ئالىدىغان بىر پەيت كېلىدۇ، ــ دېدى.

**ئەنجام** ئى [پ] يېزت. ئائىلە سەرەمجانلىرى: ھەرقايسى ساھەنىڭ ئۆزىگە خاس سايمانلىرى، ئەسۋابلىرى؛ نەرسە ـ كېرەكلەر: سەيدىخان ئاچىمۇ ئۇنىڭ سەپەر ئەنجاملىرىنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ، پېشايۋاندا ھازىر بولدى. بۇ چاغدا، باشقىلار ئاللىقاچان ئاتلىرىنى يېتىلەشىپ، تاشقىرىغا چىقىپ بولغانىدى.

**ئەنجان** ئى. ئۆزبېكىستاندىكى بىر ۋىلايەتنىڭ ئىسمى.

**ئەنجان پاختىكى** قىشتا كېتىپ يازدا پەيدا بولىدىغان، جۈغى ئادەتتىكى پاختەكتىن كىچىك، يېقىملىق سايرايدىغان بىر خىل پاختەك.

**ئەنجان تېمى** كۇملاچ قىلىنغان لاي بىلەن قوپۇرۇلىدىغان تام: باغ ئىكەنۇ باغ ئىكەن، ئەنجان تېمى باغ ئىكەن. ئەنجان تېمى تۈۋىدە، روزىلەمخان بار ئىكەن.

**ئەنجان دوپپىسى** دوپپىنىڭ بىر خىلى: ئەنجان دوپپام بار دەيسەن، كىيمەيدىغان نېمەڭگە. ئاخشام بولسا چىللايسەن، چىقمايدىغان نېمەڭگە. ۋاي جېنىم زەيتۇنىخان.

**ئەنجۈر** ئى [پ] ① <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، چوڭ، قېلىنراق ۋە يۇملاقراق كېلىدۇ، تۈۋى يۈرەكسىمان بولۇپ، ئادەتتە بەشكە يېرىلىدۇ؛ گۈللىرى تەتۈر تۇخۇمسىمان ياكى شار شەكىللىك گۈل تېگىگە يوشۇرۇنۇپ، يوشۇرۇن باشلىق گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ مېۋىسى گۆشلۈك بولۇپ، خام چېغىدا يېشىل، پىشقاندا سارغۇچ قوڭۇر ياكى سۆسۈن قوڭۇر رەڭگە كىرىدۇ. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا بولۇپمۇ قىزىلسۇ رايونىدا كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى، شېخى، يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزىمۇ دورا قىلىنىدۇ؛ تەمى تاتلىق بولۇپ، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز؛ بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، تالنى ياخشىلايدۇ، ئۈچەيىنى سىيلىقلاشتۇرىدۇ. رېماتىزمىنى يوقىتىدۇ، قان توختىتىدۇ، سۈت ماڭدۇرىدۇ. ② شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**ئەنجۈر قېقى** ئەنجۈر مېۋىسىنىڭ قۇرۇتۇلغىنى.

**ئەنجۈر مۇراببىاسى** ئەنجۈر مېۋىسىدىن تەييارلانغان مۇراببا.

**ئەنجۈرلۈك** ① سۈپ. ئەنجۈر ئۆسكەن، ئەنجۈر بار: ئەنجۈرلۈك باغ. ئەنجۈرلۈك هويلا. * بېدىشنىڭ ئوڭ تەرىپى ئانارلىق، سول تەرىپى ئەنجۈرلۈك باغ ئىدى، باغ ئالدىدا ئۇزۇن كەتكەن گۈلزارلىقنىڭ ئايىغىدا قەد كۆتۈرۈپ، پۈتكۈل سەمەرقەنتكە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوردا جايلاشقانىدى. ② ئى. ئەنجۈر تىكىپ ئۆستۈرۈلگەن يەر، ئەنجۈر تىكىلگەن جاي: قەيسەر ئەتىگەندە ئىككى ئوغۇل ساۋاقدىشى بىلەن بىرگە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلغىلى ئەنجۈرلۈككە كەتتى.

**ئەنجى** (توغرىسى: ئۆنچە) ⟵ **ئۆنچە.**

**ئەنجىبار** ئى [پ] <بوت> قامچا ئوت ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى يىلتىزسىمان توم، تىك، يەككە ئۆسىدۇ؛ تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى چوڭ، سېپى ئۇزۇن، شەكلى ئۇزۇن تۇخۇمغا ئوخشايدۇ؛ غولىدا ئۆسكەن يوپۇرمىقى كىچىك، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ ۋە ساپاقسىز؛ گۈلى كىچىك ئاق ياكى هال رەڭدە بولۇپ، باشاقسىمان گۈل رېتىگە كىرىدۇ؛ كىچىك، قاتتىق مېۋىسى ئۈچ قىرلىق، قارا، پارقىراق كېلىدۇ؛ يىلتىزسىمان غولى دورا بولىدۇ؛ تىيانشان، ئالتاي، كوئېنلۇن قاتارلىق تاغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ؛ ئىسسىق قايتۇرۇش، زەھەرنى تارقىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**ئەنداز** (توغرىسى: ئەندىزە) ⟵ **ئەندىزە.**

**ئەندەتمەك** «ئەندىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەزالار ئاستا ئېقىۋاتقان ئۆستەڭگە كەتمەن كۆتۈرۈپ چۈشۈپ لاي تارتىپ ئەندىتىشكە باشلىدى.

**ئەندەرىمەك** (توغرىسى: ئۆندەرىمەك) ⟵ **ئۆندەرىمەك.**

**ئەندۇ** سۈپ. غەلىتە، باشقىچە.

**ئەندۇۋا** ئى [پ] <بىن> سۇۋاقچىلىقتا تامنى سۇۋاش، سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دەستىلىك، تېگى سىلىق مېتال ئەسۋاب.

**ئەندىز** (توغرىسى: ئەندىزە) ⟵ **ئەندىزە.**

**ئەندىزە** ئى [پ] ① كىيىم-كېچەك ياكى بىرەر باشقا نەرسە پىچىش، تەييارلاش

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن قېلىن قەغەز، كاردون ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن ياسالغان شەكىل؛ ئەۋرىشكە، ئۆرنەك، ئۈلگە: كىيىم ئەندىزىسى. گۈل ئەندىزىسى. * دادام، تۈرلۈك تېرىلەرنى دەسلەپ ئەندىزە بويىچە پارچە-پارچە قىلىپ كېسىپ تاشلايدۇ. ئاندىن ئۇلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ ئاجايىپ ئىسكەتلىك تۇماقلارنى تىكىدۇ. ② كۆچمە. ئۆرنەك؛ نەمۇنە: سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا پىلانلىق ئىگىلىككە قانداق قاراش ۋە ئۇنى قانداق يولغا قويۇش سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئەندىزىسى ۋە قۇرۇلۇش يولىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە.

**ئەندىزە ئالماق** ① بىرەر نەرسىنىڭ شەكلىنى كۆچۈرمەك. ② ئۆرنەك ئالماق.

**ئەندىزە قىلماق** ئۈلگە، ئۆرنەك، نەمۇنە قىلماق: شۇ بوستاننى قىلىپ ئەندىزە، يېزىمىزنى گۈللەيمىز بىزمۇ. شۇ چاغ بىزنىڭ يېزىمىزغىمۇ، ھەۋەس بىلەن قارايسىز سىزمۇ.

**ئەندىزىچى** ئى. ئەندىزە تەييارلاش، ئەندىزە ئېلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**ئەندىزىچىلىك** ئى. ئەندىزە ئېلىش ۋە ئەندىزە تەييارلاش ئىشى ۋە شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى.

**ئەندىزىلەشمەك** پ ① ئەندىزىگە ئېلىنغان، ئەندىزە قىلىنغان ھالەتكە كەلمەك. ② ئۆرنىكى، نەمۇنىسى بار بولماق.

**ئەندىزىلەشتۈرمەك** «ئەندىزىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇر دەرىجىسى.

**ئەندىزىلەشتۈرۈلمەك** «ئەندىزىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەندىزىلىك** سۈپ. ئەندىزىسى، ئۈلگىسى بار.

**ئەندى** (توغرىسى: ئەمدى) ← **ئەمدى.**

**ئەندىش** (توغرىسى: ئەندىشە) ← **ئەندىشە.**

**ئەندىشە** ئى [پ] بىرەر مەسىلە ياكى ئىشنىڭ ئاقىۋىتى، نەتىجىسى ھەققىدە قىلىنغان غەم، تەشۋىش: ئەندىشە قىلماق. ئەندىشىگە چۈشمەك. * ئەندىشىنىڭ ئىتى قورقاق (ماقال). * روزى ئاخۇننىڭ كۆڭلىگە بىر ئەندىشە كىرىۋالدى. قوللىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەشكە باشلىدى.

**ئەندىشە قىلماق** غەم قىلماق، تەشۋىشلەنمەك: يەمەن پادىشاھىغا «ئەبرەھە قېچىپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپتۇ. شاھ دەرغەزەپ بولۇپ ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ خەۋەر تاپالماپتۇ. پادىشاھ ئەبرەھەنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خېلى ئەندىشە قىلىپتۇ.

**ئەندىشىگە چۈشمەك** ← **ئەندىشىگە قالماق:** پادىشاھ ئۆز ئۆلۈمىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. * شەمسۇننارنىڭ كېنىزەك قىزى ئۈن تارتىپ يىغلاپ كىرىپتۇ. قىزنى بۇ ئەھۋالدا كۆرگەن زەرگەرنىڭمۇ رەڭگى تاتىرىپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ.

**ئەندىشىگە سالماق** غەمدە قويماق، تەشۋىشلەندۈرمەك: بەزىلەر: — تۇغما مايماقنى ئوپېراتسىيە قىلىپمۇ ساقايتقىلى بولمايدۇ، بەرىبىر توكۇر بولغىنى بولغان، — دەپ سارىخان ئاچىنىڭ كۆڭلىنى ئەندىشىگە سېلىپ بىئارام قىلدى.

**ئەندىشىگە قالماق** غەمگە قالماق، تەشۋىشلەنمەك: يېزىلاردا يەرلەرنى شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئەندىشىگە قالغان پۈتكۈل دېھقانلارنىڭمۇ كۆڭلى تىندى.

**ئەندىشىسىز** سۈپ. غەم-ئەندىشىسى يوق، خاتىرجەم، غەمسىز: بوغۇلۇپ قالغان تىلىكىنى قىل راۋان ئەندىشىسىز، چەكمە غەم، تۈزلە بىلىكنى كۆتۈرۈپ باشنى ئېگىز.

**ئەندىشىلىك** سۈپ. غېمى، تەشۋىشى بار: مەن ئۇنىڭغا مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈك لەززىتى بىلەن مەست بولۇپ يۈرسەممۇ، لېكىن يەنە بەزىدە، خۇددى ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك، كەلگۈسى ھەققىدە بەزى ئەندىشىلىك خىياللارنىمۇ قىلاتتىم.

**ئەندىكتۈرمەك** «ئەندىكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرى دەرىجىسى: ئاسماندىن چۈشكەن-

دەكلا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ چىرايلىق قىزنىڭ خۇش تەبەسسۇمى قادىرنىڭ يۈرىكىنى ئىختىيارسىز ئەندىكتۈرۈۋەتتى.

**ئەندىكتۈرۈلمەك** «ئەندىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەندىكمەك** پ. تاسادىپىيلىقتىن سىلكىنىپ كەتمەك، شۈركەنمەك، چۆچۈمەك: رەقىبىنىڭ سۆزىدىن بىراۋ بېشىمغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكتىم. * ئاينۇر كۈتۈلمىگەن بۇ تونۇش ئاۋازدىن قاتتىق ئەندىكىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى.

**ئەندىكىشمەك** «ئەندىكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەندىلىكتە** (توغرىسى: ئەمدىلىكتە) ← ئەمدىلىكتە.

**ئەندىلەتىن** (توغرىسى: ئەمدىلەتىن) ← ئەمدىلەتىن.

**ئەندىمەك** پ. كەۋرىپ، يوغىناپ، چوڭقۇرلىشىپ تېز، راۋان ئاقىدىغان ھالەتكە كەلمەك: ئەن تارتماق (سۇ ھەققىدە): توغاندىن ئاشقان سۇ بارغانسېرى ئەندەپ تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

**ئەنزار** ئى [ئە] <مەت> دەسلەپكى پىكىر، دەسلەپكى مۇلاھىزە، دەسلەپكى قاراش.

**ئەنزە** ئى [خەن] <قا> جەمئىيەتتىكى تەپتىش ئورۇنلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى ۋە دەۋا ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇنغا خىلاپ ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە: جايلار ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، سوراق قىلىنىپ بولغان ھەممە توغرا ھۆكۈم چىقىرىلغان، مۇھىم ئەنزىلەردىن بىرقانچىسىنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىش ئارقىلىق كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا تەربىيە بېرىشتى.

**ئەنزە ئاغدۇرماق** تۇرغۇزۇلغان ئەنزىسى، جىنايىتىنى يوققا چىقارماق، ئىنكار قىلماق، بىكار قىلماق: ھېلىقى ياش 1974-يىلى كۈزدە باسقۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. جازا مۇددىتى تولغاندىن كېيىن، ئەنزە ئاغدۇرۇش غەرىزىدە ئەرز قىلىپ يۈردى.

**ئەنزە تۇغدۇرماق** قانۇنغا خىلاپ ئىش-ھەرىكەت، مەسىلە، ۋەقە، ھادىسىلەرنى سادىر قىلماق، پەيدا قىلماق: قەيسەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتسىز تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆيدە تولۇقتىن شوخلۇق قىلىپ يۈرۈپ، كېچىسى يول توسۇپ ئەنزە تۇغدۇرغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانىدى.

**ئەنسىرەتمەك** «ئەنسىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىشكىنىڭ تۇيۇقسىز قېقىلىشى زايىت بوۋاينى بىرئاز ئەنسىرىتىپ قويدى. * بۈگۈن كەچتە ئانا ئېتىزدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ھاشىم ئاخۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھاشىم ئاخۇندىن ئاڭلىغان بەزى گەپلەر ئانىنى ئەنسىرىتىپ قويدى.

**ئەنسىرەشمەك** «ئەنسىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قىزنىڭ «زۇنۇن لەقۋاغا ياتلىق بولماقچى ئوخشايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سۆز-چۆچەكلەرگە قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىشەتتى.

**ئەنسىرىمەك** پ. غەم قىلماق، قايغۇرماق، ئەندىشە قىلماق: ئۇلار گۈلچېھرىنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتتۇزۇمىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيتتى. * ئانا ئۆمەرجاننىڭ ئىشچانلىقىغا بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەيتتى.

**ئەنسىز I** سۈپ. ئەن سېلىنمىغان، ئېنى يوق: ئەنسىز قوي. ئەنسىز كالا.

**ئەنسىز II** سۈپ. ئېنى تار، ئېنى تاختا: ئەنسىز رەخت.

**ئەنسىز III** سۈپ. تىنچ، خاتىرجەم ئەمەس، ئەندىشىلىك، تەشۋىشلىك، قورقۇنچلۇق: ئەنسىز كېچە. * مەنسۇر خالتا كوچىغا بۇرۇلۇپ بىرنەچچە قەدەم ماڭماستىن، يېقىنلا بىر يەردە ئەنسىز ۋارقىرىغان ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، سەل تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن

ئىختىبارسىز ھالدا ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلدى. • مۇھەممەت قايسى ھويلىدىن يۈگۈرۈپ چىققان ئىت پاچىقىمىدىن ئالاركىن، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ كېتىپ باراتتى.

**ئەنسىزچىلىك** ئى ← **ئەنسىزلىك**: بىر گۆرگە سۇ كىرسە، مىڭ گۆردە ئەنسىزچىلىك (ماقال).

**ئەنسىزلەشمەك** پ. خاتىرجەمسىزلەشمەك؛ ئەندىشىلىك، تەشۋىشلىك بولۇپ قالماق: قاپلان ئەنسىزلىشىپ، بىر يۇقىرىغا، بىر ئەتراپ- دىلەرگە ئالاق ـ جالاق قارايتتى.

**ئەنسىزلەندۈرمەك** «ئەنسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۈلسۈمخان ئانا ئەنسىز قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، كەچلىك غىزانىڭ تەرەددۇتىنى قىلىپ، ئوچاق بېشىدا يۈرەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن توختىماي ئۇرۇلۇۋاتقان قوڭغۇراق ئانىنى ئەنسىز- لەندۈرۈۋەتتى.

**ئەنسىزلەنمەك** پ. تەشۋىشلىك، خاتىرجەمسىز، ئەنسىز ھالەتكە كەلمەك، ئەنسىز- لىك ھېس قىلماق: «ئاپلا، يامغۇر ياغىدىغان بولدى!» رىشت ئۇستا ئاسمانغا قاراپ ئەنسىز- لەندى. • ئەنسىزلىنىپ يۈرىكى، بېشى بەكمۇ قاتاتتى. ماڭلىيىنى تۇتۇپ ئۇ، خىيالالارغا پاتاتتى.

**ئەنسىزلىك** «ئەنسىز III» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: گۆر ئەنسىزلىكىدىن ئۆي ئەنسىزلىكى يامان (ماقال). • بىركۈنى كېچە تەڭ بولغاندا غەلىتە بىر ئاۋاز مېنى ئويغىتىۋەتتى. مەن ئەنسىزلىك ئىچىدە چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

**ئەنقا** ئى [ئە] يىزت. رىۋايەتلەردە ئېيتىلى- شىچە ناھايىتى چوڭ، ھەيۋەتلىك ئەپسانىۋى قۇش: ئەنقا دېيىلگەن بىر قۇش بولۇپ، ئۇنىڭ گەۋدىسى تەگرى تىغىدەك زور، قاناتلىرى بۇلۇت- تەك كەڭ ئىكەن. قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، كۆكنى قارا بۇلۇتلار قاپلىغاندا، ئۇ توسقۇنلارنى بۆسۈپ 90 مىڭ يول كۆتۈرۈلۈپتۇ ۋە دۈمبىسى بىلەن كۆكنى تىرەپتۇ.

**ئەنقانىڭ تۇخۇمى** ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان، كەمدىن كەم تېپىلىدىغان بەك قىممەت باھالىق نەرسە: «ئەنقانىڭ تۇخۇمىدەك ئەجەب يوقاپ كەتتى، ۋاي ئىست»، دېدى قادىر بوۋاي زارلانغان ھالدا.

**ئەنكاپ** ئى <بىن> تام قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن خىش ئارىلىقلىرىدا قالغان كاۋاكچىلارغا لاي تولدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**ئەنكاپلىماق** پ <بىن> تام قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن خىش ئارىلىقلىرىدا قالغان كاۋاكچىلارغا لاي تولدۇرماق.

**ئەنگىز** (توغرىسى: ئەڭگىز) ← **ئەڭگىز**.

**ئەنگۈشتەر** (توغرىسى: ئەڭگۈشتەر) ← **ئەڭگۈشتەر**.

**ئەنگىلىشىم** ئى [ئىنگ] يىپەكتىن توقۇلىدى- غان تېگى قېلىن، يۈزىگە ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن، گۈلى پارقىراق بىر خىل رەخت، رەڭگى ھەر خىل بولىدۇ.

**ئەنلەتمەك** «ئەنلىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەنلەشمەك** «ئەنلىمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئەنلەنمەك** «ئەنلىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەنلەتىلمەك** «ئەنلەتمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەنلىك** سۈپ. ئېنى نىسبەتەن كەڭ، ئېنى تاختا ئەمەس: ئەنلىك رەخت. ئەنلىك بۆز.

**ئەنلىمەك I** پ. مېترلىماق، ئېنى ئوخشاش ھالغا كەلتۈرمەك؛ ئۆلچىمەك: رەختنى ئەنلىمەك. ماتانى ئەنلىمەك.

**ئەنلىمەك II** پ. **ئەندىمەك**.

**ئەنھار** ئى [ئە] <سۇ> يىزت. ئېرىق-ئۆستەڭ، دەريا: مەن سىزنى جەننەتۇلمەۋانىڭ تەھتە ئەنھار بويىدا ئاشىقلار شاھلىرى بىلەن كۈتۈپ

www.uyghurkitap.com

تۇرىمەن.

**ئەھدە** ئى [ئە] پۈتۈشكەن، بىرلىككە كەلگەن قەتئىي سۆز، ۋەدە، لەۋز؛ قارار: مۇتەللىپ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا مۇئەللىم بولۇشقا ئەھدە قىلغانىكەن. * شاھ باشلىق بارلىق پەرىلەر كېلىپ ھاتەمنى زىيارەت قىلدى ۋە: — مۇندىن كېيىن ئىنسانلارغا ئەدەبىسىزلىك قىلمايمىز، — دەپ تۆۋا قىلىپ ئەھدە بەردى.

**ئەھدە باغلىماق** ← **ئەھدە قىلماق:** ئەنجان بىلەن مەرغۇلاندىن، قىرىق مىڭ تۆيلۈك قوقان كېلۇر. بىر ـ بىرىگە ئەھدە باغلاپ، جاننى جانغا قاتقان كېلۇر.

**ئەھدە قىلماق** ۋەدە، لەۋز، قارار قىلماق: شاھ ئوغلىنىڭ بىر ئالىي پەزىلەتلىك قىزنى ئۇچراتقانلىقىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى ۋە ئوغلىنى قىزنىڭ ئارزۇسى بويىچە ھۈنەرۋەن كاسىپ قىلىپ چىقىشقا ئەھدە قىلدى.

**ئەھدىسىدىن چىقماق** ھۆددىسىدىن چىقماق، گېپىدە، ۋەدىسىدە تۇرماق: جاپپار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالماي، مەكتەپنىڭ زاپخوزى بولدى.

**ئەھدۇپەيمان** ئى [ئە+پ] يېزىت. قەتئىي ۋەدە: يوق ساڭا بۇندا ئورۇن، سەن ئەھدۇپەيمان بۇلغىدىڭ، چىن مۇھەببەت يولىدا بىر سۆز ۋە بىر جان بولمىدىڭ. مال ـ جېنىمدىن كەچتىم مەن، ئەھدۇپەيمان بۇزمىدىم، سەنمۇ جېنىڭدىن كېچىپ، ئەھدىڭگە قۇربان بولمىدىڭ.

**ئەھدىلەشمەك** پ. شەرتلەشمەك، ۋەدىلەشمەك، سۆز بېرىشمەك: بۇرۇن بىز ئۇچرىشىپ ئەھدىلەشكەن ۋاقىتىدا، بىللە ياشاپ، بىللە ئۆلىمىز دەپ ئانت ئىچىشكەنىدۇق.

**ئەھدىنامە** ئى [ئە+پ] يېزىلغان ھۆججەت، شەرتنامە، كېلىشىم: چاغانتوقاي ناھىيىسى كادىرلار ۋە ئاممىغا تايىنىپ، يېزا قائىدىلىرى ئەھدىنامىسى تۈزۈپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

**ئەھكام** ئى [ئە] يېزىت. ھۆكۈم، ئەمر ـ پەرمان، يولىيورۇق: ئۇ: — پادىشاھ پادىشاھقا لايىق بولسۇن، ۋەزىر ۋەزىرگە، ئاتا ئاتىغا، بالا بالىغا لايىق بولسۇن، دېگەن ئەھكام ۋە ئەركان جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مېغىزىنىڭ مېغىزى، — دەپ قارايدۇ.

**ئەھل** ئى [ئە] ① بىرەر ساھە، كەسىپ ياكى دائىرە كىشىلىرى: كەسىپ ئەھلى. بىلىم ئەھلى. * مەن بۇ ساھەنىڭ ئەھلى بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچالمايمەن. ② مەلۇم بىر جايدا ياشايدىغان، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر، ئاھالە: يۇرت ئەھلى. شەھەر ئەھلى. * بۇ توي پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پۈتۈن يۇرت ئەھلى يىغىلىپ، كاتتا ئۆتكۈزۈلدى. ③ بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتكە قاتناشقۇچى، داخىل بولغۇچى كىشىلەر، جامائەت: ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ، بۇرجەك ـ بۇرجەكتە مۇنازىرە قىلىشىۋاتقان مەجلىس ئەھلى ئەمدى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، ئۈستەل ئەتراپىغا يىغىلدى.

**ئەھلى جامائەت** بىر جامائەتنى تەشكىل قىلغان كىشىلەر.

**ئەھلى سالا** توغرا يول تۇتقۇچى، توغرا ئىش قىلغۇچى كىشىلەر: — بىز ھەممىمىز خېلى ئەھلى سالا ئادەملەر، — دېدى كوسا ئەتراپتىكىلەرگە تەكشى قاراپ يېلىنغان قىياپەتتە.

**ئەھلى مۇسۇلمان** مۇسۇلمان ئەھلى، مۇسۇلمانلار: قازىم: — گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئەھلى مۇسۇلمان بولۇش لازىم، قۇرئان ئايەتلىرىنى ياد بىلمەك شەرتتۇر، — دەپتۇ.

**ئەھلى ئىلىم** ئىلىم ئەھلى، ئىلىم ئىگىسى، ئىلىملىك: يۈسۈپ ئەھلى ئىلىم كىشىنىڭ پەرزەنتى بولىدۇ.

**ئەھلىسەلىپ** ئى [ئە] <تارىخ> ئوتتۇرا ئەسىردە مۇقەددەس زېمىننى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن غەربىتىكى خرىستىئانلارنىڭ قىلغان ھەربىي يۈرۈشكە قاتناشقۇچىلار، ئۇلار

كىيىملىرى ۋە قوراللىرىغا سەلىپ (كرېست) بەلگىسىنى قادىۋالغان، ئەھلىسەلىپ دېيىلگەن.

**ئەھلىمەھەللە** ئى [ئە] بىر مەھەللىدە ياشاۋاتقان كىشىلەر، بىر مەھەللىنىڭ ئادەملىرى، ئەل-جامائەت: توختى شۇجى، كۆپچىلىككە: ــ قېنى، جامائەت، ئەھلىمەھەللە مۇشۇ يەردە ئىكەنمىز، مەسلىھەتلىشىپ باقايلى، قەبرىلەرنى كۆچۈرىمىزمۇ ياكى مەڭگۇ مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ دەرياغا يەم قىلىپ بېرىمىزمۇ؟ ــ دەپ سۆزلەپتۇ.

**ئەھمىيەت** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسە ياكى ئىشنىڭ كىشىلىك ھاياتىدا، جەمئىيەتتە، ۋەقەلىكتە تۇتقان ئورنى؛ قىممىتى؛ مۇھىملىقى؛ رولى: ئەھمىيىتى بار. ئەھمىيىتى زور. * خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭلىق تۈردە قانۇنغا رىئايە قىلىشىدىن باشقا، قانۇنغا رىئايە قىلىشىنىڭ يەنە تېخىمۇ ئاكتىپ، مۇھىم ئەھمىيىتى بار، ئۇ بولسىمۇ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش. ② ئېتىبار؛ دىققەت-ئېتىبار: ئەھمىيەت بەرمەك. * سادىق دەرس مېتودىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى بولۇپ چىقتى.

**ئەھمىيەت بەرمەك** دىققەت قىلماق، ئېتىبار بەرمەك، كۆڭۈل قويماق: ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يىل ئەتىياز ئۈجمە كۆچىتى تىكىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەكتە.

**ئەھمىيەتسىز** سۈپ. ئەھمىيىتى، ئېتىبارى، زۆرۈرىيىتى يوق، مۇھىم ئەمەس: بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالماس ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز بىرنىمە ئىدى.

**ئەھمىيەتلىك** سۈپ. ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەھمىيىتى بار: ــ بۈگۈنكى سۆھبەت بىر ئەھمىيەتلىك دەرس بولدى، ــ دېدى مۇئاۋىن مۇدىر قۇربان خوشلىشىپ.

**ئەھھەي** ئىم. ئەپسۇسلىنىش، ئەجەبلىنىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: ــ ئەھھەي.... تۆكە مىنىپ تۇرۇپ، تۆگىسىنى ئىزدەپتۇ، دېگەننىڭ ئۆزى شۇ-دە! تونۇشۇڭلار، بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئادىل. ئىنگلىز تىلىنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا ئۆگىنىۋالغان، ــ دېدى ئەھمەت ئۇستا مېھمانلارغا خۇشاللىق بىلەن قاراپ.

**ئەھۋال** ئى [ئە] ① مەۋجۇت بولغان، ياكى يۈز بەرگەن ھالەت، پەيدا بولغان كەيپىيات، ۋەزىيەت: لوپنۇر ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، توققۇز نەپەر رەھبىرىي كادىرنى گۇڭشې-دۈيلەرگە ئەۋەتتى. * ئىنقىلاب دەۋرىدە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى تېز بولىدۇ. ئەگەر ئىنقىلابچىلار بىلىشنى شۇنىڭغا يارىشا تېز ئۆزگەرتمەيدىغان بولسا، ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېلىپ بارالمايدۇ. ② تۇرمۇش شارائىتى، ھال-ئەھۋالى، كۈنى: ئۆيى ئەھۋالى. قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق. * ئۆيۈڭدىكى ئەھۋالنى قوشناڭدىن سورا (ماقال). * مەن ئۇنىڭدىن ئائىلە ئەھۋالىنى سورىۋىدىم، ئۇ دەمدەردەك بۇقۇلداپ سۆزلىيەلمەي قالدى. ئەمما ھېلىقى ھاجى دېگەن بالا ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىكەن. ئۇ، ھەممىنى ئېيتىپ بەردى.

**ئەھۋال سورىماق** ھال-كۈنىنىڭ قانداقلىقىنى ئۇقۇشماق، ئامان-ئېسەنلىكىدىن خەۋەر ئالماق: چوڭلارغا سالام بېرىش، ياشانغانلاردىن ئەھۋال سوراش ياشلار ئادەتلىنىشكە تېگىشلىك ئېسىل خىسلەت.

**ئەھۋال ئېيتماق** ئۆزىنىڭ ھال-ئەھۋالىنى ياكى شۇ نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ھەققىدىكى ئەھۋالنى بىركىمگە سۆزلىمەك، ئۇقتۇرماق: پادىشاھنىڭ ئىككى خىزمەتكارى دانىشمەن بالىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ.

**ئەھۋالات** ئى [ئە] ھال-ئەھۋال، ۋەزىيەت، شارائىت: تەرجىمان ھىندىستانغا خېلى كۆپ قېتىم كەلگەن بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالاتى بىلەن پىششىق تونۇش ئىدى.

**ئەھۋاللاشماق** پ ① بىر-بىرىدىن ھال-ئەھۋال، تىنچلىق-ئامانلىق سوراشماق:

ئەختەم گۈلچەمخان چوڭ ئانامغا قاراپ كېلىۋېتىپ، گۈللۈك يېنىدا ئىككى قولىنى كۆكسىنىڭ ئۈستىگە جۈپلەپ تەزىم قىلدى. قەددىنى رۇسلاپ ئەھۋاللاشتى. ② ھاللاشماق، پاراڭلاشماق، سۆزلەشمەك؛ پىكىرلەشمەك: تاشۋاي بارات بىلەن بىللە سەھنىگە كىرىپ كېلىدۇ. كىشىلەر تۆشمۇتۆشتىن تاشۋايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى ئورىۋالىدۇ. تاشۋاي كىشىلەرگە سالام بېرىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن قىزغىن ئەھۋاللىشىدۇ.

**ئەھيا** ئى [ئە] يېزت ← **ئەھيا قىلماق.**

**ئەھيا قىلماق** بەرپا قىلماق، بارلىققا كەلتۈرمەك، ۋۇجۇدقا چىقارماق، شەكىللەندۈرمەك: ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە، ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى يېزا-قىشلاق، شەھەرلەرنى قۇم بېسىپ كېتىپ، كىشىلەر ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قالغاندا بىر دانىشمەن كىشى چىقىپ: — ھاياتىمىزنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى قۇملۇقلارغا ئورمان ئەھيا قىلىش كېرەك، ئورمانلارلا بۇ دەھشەتلىك قۇم-بورانلارنى توسۇپ بىزنى قوغداپ قالالايدۇ، — دەپتۇ.

**ئەھيان** رەۋ [ئە] يېزت. ھەر زامان، بىرزامان، بەزىدە: سەبىرى گۆھەر، سىر ئالتۇن، سىرى ئەھيان ئۆزگىدۇر. سىرى ئايان ئەھلىگە، ئۆمرى گەريان ئۆزگىدۇر.

**ئەۋارە** (توغرىسى: ئاۋارە) ← **ئاۋارە.**

**ئەۋارى** (توغرىسى: ئاۋارە) ← **ئاۋارە.**

**ئەۋاز** (توغرىسى: ئاۋاز) ← **ئاۋاز.**

**ئەۋەتكۈزمەك** «ئەۋەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ رېماتىزىم پۇتلىرى قانچىلىك ئاغرىۋاتىدىكىن؟ مەيدان رەھبەرلىكىگە ئەھۋال ئېيتىشنى، ئالدىغا ئادەم ئەۋەتكۈزۈشنى ئويلىدىم.

**ئەۋەتمەك** پ ① بىرەر ئىش ۋەزىپىسىنى بېجىرىش ئۈچۈن بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا كىشى بۇيرۇماق، ماڭدۇرماق، ئادەم ئەۋەتمەك: ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئاببابسىنىڭ گۆڭشېدىكى ھوقۇقى تارتىۋېلىندى. بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇلغانلىقى، بەلكى ئۇنىڭ يىراق بىر دادۈيدە ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئەمگەك قىلىشقا ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. ② بىرەر نەرسىنى بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا بىرەر ۋاستە ئارقىلىق يوللىماق، يەتكۈزمەك، ئەۋەتمەك: دادام سىلەرنى ئۆز قولى بىلەن تېرىغان بۇغدايدىن يەپ باقسۇن دەپ، بىر تاغار ئەۋەتتى.

**ئەۋەتىشمەك** «ئەۋەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۇقىرىدىن ياردەم ئۈچۈن كىملەرنى ئەۋەتىشكەنلىكى تېخى مەلۇم ئەمەس. كەلگەندە ئاندىن ئۇقارمىز.

**ئەۋەتىلمەك** «ئەۋەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاكام گېزىتخانىنىڭ تېخنىكا ئىشلىرىنى قىلغاندىن سىرت، ماقالىلارنىمۇ تەھرىرلەيتتى. كادىرلار كۇرسىغا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بېرەتتى. ئاكتىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، كېيىن باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە بېيجىڭ داشۆگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنىدى.

**ئەۋەل** (توغرىسى: ئاۋۋال) ← **ئاۋۋال.**

**ئەۋەن** (توغرىسى: ئېۋەن) ← **ئېۋەن.**

**ئەۋپارىقۇن** ئى [ئە] <بوت> سېرىق چاي ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى يۇقىرى قىسمىدىن شاخلىنىدۇ، يوپۇرمىقى سوقچاچاق تۈمۈنە ياكى تۇخۇمسىمان تۈمۈنە شەكىللىك بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، سېپى بولمايدۇ؛ گۈلى سېرىق، چەكلىك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىگە كىرىدۇ؛ مېۋىسى غوزا شەكلىدە، ئۇرۇقى كۆپ، قارامتۇل پور رەڭدە بولىدۇ؛ پۈتۈن تېنى دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىقنى تارقىتىش، زەھەرنى قايتۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، قاننى ماڭغۇزۇش رولى بار. ئۇ يەنە «سېرىق چاي ۋە دالا چايى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئەۋج** ئى [ئە] ① بىرەر ۋەقە، ھادىسە ئەڭ

قىزىغان پەيتى، كۈچەيگەن، زورايغان ۋاقتى، يۇقىرى نۇقتىسى، يۈكسەك دەرىجىسى، ئۇلغايغان پەللىسى: دېڭىزغا قۇيۇلغان سانسىز دەريادەك، ئاقماقتا يېزىغا ئۇلۇغ بىر ئېقىن. مىسلىسىز دولقۇنى ئەۋجىدىن ئۇنىڭ ھەتتاكى لەرزىگە كەلمەكتە زېمىن. ② ناخشا، مۇزىكا، غەزەللەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن نۇقتىسى: ئېيتمەن ياڭرىتىپ ئوتلۇق ناخشامنى، ھۆر ئۇيغۇر ئوغلى دەپ ئاڭلىسۇن جاھان. ناخشامنىڭ ئەۋجىسى دوستنى كۈلدۈرۈپ، دۈشمەننىڭ قەلبىنى داغلىسۇن ھامان.

**ئەۋج ئالماق** كۈچەيمەك، ئۇلغايماق، زورايماق، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلمەك، قىزىماق: تۈيۈقسىز قاتتىق بىر بوران چىقىپ دېڭىز دولقۇنلىرى ئەۋج ئېلىپتۇ. * پارتلىتىپ كۆكۈم-تالقىنى چىقىرىلغان قورام تاشتىن كېيىن، تەشمەنىڭ تۆرىدە ئۇششاق. شىغىل قاتلاملىرى كۆرۈندى. جوتۇ، گۈرجەك، لوم تۆمۈرلەرنىڭ شىددەتلىك ھەرىكىتى ئەۋج ئالدى.

**ئەۋجىگە چىقماق** يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلمەك، چېكىگە يەتمەك، كۈچەيمەك، ئۇلغايماق، زورايماق: سوغۇق-زىمىستان ئەۋجىگە چىققانسېرى، غەزىپىم يالقۇنى شۇنچە ئۆرلىدى. * ئۇلار «ئۇلۇغ ئىنقىلاب» تازا ئەۋجىگە چىققان چاغلاردا، ھېچ ئىشقا ئارىلاشماي، ئۆزىنىڭ بىر-ئىككى مېلىنى كۆپچىلىكنىڭ مېلى بىلەن قوشۇپ بېقىپ ئۇنىغا يېقىن مال قىلغانىدى. * موللامنىڭ قانچىكى كۈچەپ ۋارقىرىشىدىن قەتئىينەزەر ھەرە-پالتا ئاۋازلىرى ئەۋجىگە چىقتى.

**ئەۋجىگە كۆتۈرمەك** يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزمەك، ئۇلغايتماق، كۈچەيتمەك، زورايتماق: مەخسۇتنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان روشەن كۈلكىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. * كۆتۈردى ئەۋجىگە شادلىق مۇقامىنى ئىلى-تارىم، يۈرەككە زوق-ھۇزۇر، ئىلھام شۇ دولقۇن قوينىدا ئاقسام.

**ئەۋجىگە يەتمەك** ← **ئەۋجىگە چىقماق.**

**ئەۋجىلىك** سۈپ. ئەۋجىگە چىققان، يەتكەن، كۈتۈرۈلگەن روھلۇق؛ دولقۇنلۇق، جۇشقۇنلۇق: تېپىپچان ئېلىيېۋ قاتارلىق شائىرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى شېئىرلىرىدىن رومال ئۇسسۇلىنىڭ بارىستا تۇرۇنۇدىغان، داپ ۋە شاپالداق بىلەن رىتىملىنىدىغان، يانىدا خور ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان ناخشىلىق ۋە ئەۋجىلىك لىرىك ئۇسسۇل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

**ئەۋرە** ئى. نەۋرىنىڭ بالىسى: ئېلېكترونلۇق رويال چالغان ھېلىقى ئالتە ياشلىق كىچىك قىزچاق تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەۋرىسى بولىدۇ.

**ئەۋرەت** ئى [ئە] <دىن> ① شەرىئەت بەلگىلىمىسى بويىچە تەننىڭ كىشىگە كۆرسىتىشكە بولمايدىغان يېرى يەنى ئەرلەرنىڭ كىندىكتىن تىزغىچە، ئاياللارنىڭ بىلەكنىڭ بېغىشىدىن بويۇنغىچە، بويۇندىن ئۇشۇقىچە بولغان قىسمى. ② جىنسى ئەزا: بۇ دەرەخزارلىقنىڭ يېنىدا بىر يېزا بولۇپ، ھاۋاسى ئىسسىق بولغانلىقتىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇستىبېشىغا ھېچنېمە كىيمەيدىكەن، پەقەت بىر پارچە رەخت بىلەنلا ئەۋرىتىنى يېپىۋالىدىكەن.

**ئەۋرەت لاتىسى** ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا تۇتىدىغان لاتا.

**ئەۋرە-چەۋرە** ئەۋرە ۋە چەۋرە، ئادەمنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى پۇشتى؛ ئەۋلادى: جالالىدىن بوۋاينىڭ ھېلىمۇ تېنى ساق، باللىرىنىڭ چوڭى 80 دىن، كىچىكلىرى 60 ياشتىن ھالقىغان، 90 دىن ئارتۇق ئەۋرە-چەۋرىسى بار.

**ئەۋرە-چەۋرىلىك** ئەۋرە ھەم چەۋرىلىرى بار، كۆپ ئۇرۇق-ئەۋلادلىق: —ۋاي-ۋۇي! ئۇنداقتا، كۆچىتىڭىز ئەۋرە-چەۋرىلىك بولۇپ كېتىدىكەن-دە، لۇتپۇللا ئاكا! — دەرۋەقە شۇنداق، ئۇستىنى كېسىپ كەتسە، يىلتىزىدىن يەنە كۆكلەپ تۇرىۋېرىدۇ-دە، ساۋاقداش!

**ئەۋرەز** ئى [پ] ئۆينىڭ ئىچىگە يۇيۇنۇش ئۈچۈن ياسالغان ئۇستى يېپىق ئورا: ھسامىدىن داموللىنىڭ ئەۋرىزى ئۇستىگە كۆك رەڭلىك سىدام پىششىق خىش ياتقۇزۇلغانىدى.

www.uyghurkitap.com

* تامغا چاپلاپ يەرگە كۆمدۇم، قالمىدى ئەۋرەزمۇ ھەم، قىينىدىم شۇنداق سىنى، ئالىي جانابىم ئەلۋىدا.

**ئەۋرەز پاقسى** ئاچكۆز، تويماس: ئاق يوغان سەللىنىڭ ئاستىدا ئاشۇ زەھەرلىك ئارماننىڭ چاقى پىرقىرار، ئەڭ ئىپلاس ئەۋرەزنىڭ پاقسى كەبى پۇل، مەنسەپ تەمەسى تىنماي چىرقىرار.

**ئەۋرىشكە** ئى. ئۈلگە قىلىنىدىغان بۇيۇم؛ ئۆرنەك، نۇسخا: بىز كەچكىچە ئىككى ئورۇننى مۇۋەپپەقىيەتلىك پارتلىتىپ، تەجرىبە ئۈچۈن رودا ئەۋرىشكىلىرىنى ئېلىپ چېدىرغا قايتتۇق. * بۇ يەرگە كەلگەن نۇرغۇن چەت ئەللىك دوستلار، ئەۋرىشكىگە قويۇلغان گىلەمنى كۆرۈپ: — بۇ نېمىدېگەن گۈزەل ھۈنەر- سەنئەت، ھە؟! — دەپ ماختاشتى.

**ئەۋرىشكە تەكچىسى** سودا ماگىزىنلىرىدا ھەر خىل تاۋار نۇسخىلىرىنى خېرىدارلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن مال تىزىلىدىغان جاھاز قەۋىتى.

**ئەۋرىشىم** [پ] ① ئى. يىپەك، مەشۇت. ② سۈپ. كۆچمە. ئېگىلىشچان، نازۇك، زىلۋا: ئەرنىڭ كۆڭلى ئەۋرىشىم (ماقال). * شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ قامىتىنىڭ قانچىلىك تولۇق، قانچىلىك كۆركەم ۋە تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. * ئۇ سائادەتنىڭ ئەۋرىشىم، زىلۋا بويىغا، غەزەپكە بوغۇلغانلىقتىن تولۇق كۆكسىنىڭ دەم- دەم كۆتۈرۈلۈشىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ تۇردى.

**ئەۋرىشىملىك** سۈپ. يۇمشاقلىق، ئېلاستىكلىق، ئېگىلىشچانلىق: ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى دەل چوڭ مېڭە، ئالىي نېرۋا پائالىيىتى فۇنكسىيىسى تېز تەرەققىي قىلىش، يېتىلىش مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىدىكى ئەۋرىشىملىك چوڭ بولىدۇ.

**ئەۋزەل I** سۈپ [ئە] ياخشى، ئەلا، ئوبدان، ئارتۇق: مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەۋزەل (ماقال). * — توغرا، توغرا، — دەپتۇ قوشنىسى ئويلىنىپ تۇرماستىنلا، — چۈپۈرنىڭ كۆيۈپ كەتكىنىدىن سىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىڭىز ئەۋزەل ئوخشىمامدۇ؟

**ئەۋزەل بولماق** ياخشى، ئەلا، ئارتۇق بولماق: ئابدۇللانىياز ئۇنىڭ دولىسىنى قاقتى ۋە: — توغرا ئېيتتىڭ، ھازىر ماڭا ساق يۈرۈشتىن مەست يۈرۈش ئەۋزەل بولۇپ قالدى، — دېدى. * بولۇپ ئەۋزەل تۇزۇم يار يۇرت ۋە ئەلگە، چىگىپ كەشىپ بەلبېغىنى يەنە بەلگە. ئۇ ماڭدى تۆت پەرىزات قورغىنىغا، زەپەر ياغدى يۈرۈشىنىڭ كارۋىنىغا.

**ئەۋزەل II** ئى [ئە] ① لاي ھەم گەجدىن كىچىك ھەم نازۇك قىلىپ ئىشلەنگەن ياكى ئىشىك- دەرىزىلەرنىڭ كېشىكىنىڭ يۈزى تەرىپىگە چىقىرىلغان پىلتە- ناۋا. ② پىلتە- ناۋا قاقىدىغان ئەسۋاب.

**ئەۋزەللەشتۈرمەك** «ئەۋزەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئەۋزەللەشتۈرۈلمەك** «ئەۋزەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئەۋزەللەشمەك** پ. ياخشى، ئەلا بولماق، ئارتۇقلۇققا ئىگە بولماق.

**ئەۋزەللىك** ئى «ئەۋزەل I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: دۆلىتىمىزنىڭ شەھەر- بازارلىرىدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى بىر ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

**ئەۋزەيلىمەك** (توغرىسى: ئەزۋەيلىمەك)⟵ **ئەزۋەيلىمەك.**

**ئەۋقاپ** ئى [ئە] <دىن> جامائەت ئىختىيارىغا ئۆتكەن، مەسچىت، مەدرىسىلەرگە ۋەخپە قىلىنغان مال- مۈلۈك، يەر- زېمىن ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: بىر ئاي دېگەن ئوتتۇز كۈن، بىر يىل دېگەن ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن، كۈنگە بولمىدى دېگەندە ئۈچ- تۆت سەر تەڭگە تاپسا، جەملەپ كۆرۈڭلار قانچە بولۇپ كەتتى؟ بۇنىڭدىن باشقا توي- تۆكۈن، نەزىر-

چىراغ، ئەۋقاپ كىرىمى قانچە بولىدۇ؟

**ئەۋلات** (توغرىسى: ئەۋلاد) ←— **ئەۋلاد.**

**ئەۋلاد** (ئەۋلادى) ئى [ئە] ① بىر ئاتا-بوۋىدىن تارقالغان ئۇرۇق-جەمەت، نەسىل: باست بوۋاينىڭ يۈزدىن ئارتۇق نەۋرە-چەۋرىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تۆت ئەۋلادى ئىككى يۈز يەتمىشتىن ئاشىدۇ. ② بىر دەۋردە ياشىغان كىشىلەرنىڭ نەسلى: بۈگۈن چۈشەنمىسە ئەتە چۈشىنىدۇ. بۈگۈنكىلەر چۈشەنمىسە، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلار چوقۇم چۈشىنىدۇ!... * ئۇ يەنە قىلىدى داۋام ئۆز يولىنى، چىڭ تۇتۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ قولىنى. ③ بىر دەۋردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كىشىلەر: ياش ئەۋلاد. بىرىنچى ئەۋلاد.

**ئەۋلادتىن ئەۋلادقا** نەسىلدىن نەسىلگە، ئاتا-بوۋىدىن بالا-چاقىغا، بالىدىن بالىغا: تۆردى ئاخۇن ئاكا هازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىنىڭ پىرئۇستازى. بىز ئۇنىڭدىن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆگىنىمىز.

**ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە** ←— **ئەۋلادتىن ئەۋلادقا.**

**ئەۋلادسىز** سۈپ. ئۇرۇق-تۇغقىنى، جەددى-جەمەتى بولمىغان؛ نەسلى يوق: مۇھەببەتسىز جەھەننەم دۇنيا، چۆلگە ئوخشاش ئەۋلادسىز هايات. سىنىڭ مېھرىڭ ئۆچمەس ئوت گويا، بولماس سەنسىز بازىرىم ئاۋات.

**ئەۋلادلىق** سۈپ. ئەۋلادى، ئۇرۇق-تۇغقىنى، جەددى-جەمەتى، قېرىنداشلىرى بار؛ نەسىللىك، بالىلىق، جەمەتلىك: توختى ئاخۇن بەك ئەۋلادلىق ئادەم. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەۋلادىنى بىر يەرگە يىغسا يۈزدىن ئاشىدۇ.

**ئەۋلىيا** (ئەۋلىياسى) ئى [ئە] <دىن> ① ئېتىقادلىق، دىندار كىشىلەر نەزىرىدە گويا ئاجايىپ كارامەتلەرگە ئىگە، كارامەت كۆرسىتەلەيدىغان، مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان مۇقەددەس، ئەزىز ئادەم: مېنىڭچە بۇ پۇلنى خۇدا يولىدا ئەۋلىيا ئاتىمىزغا دۇئا قىلدۇرۇۋېتەيلى، قانداق دەيسىلەر؟ * ئۇ، دەرەختىن چۈشۈپ، سەپەرگە قاراپ: — مەن بۈگۈنكىچە ئەۋلىيالارنىڭ بۇنداق كارامەتلىرىنى كۆرگەن ئەمەس ئىدىم، — دەپتۇ. ② كۆچمە. گەپ، ۋەقە، هادىسە قاتارلىقلارنىڭ مەنبەسىگە چۈشىنىپ يەتكەن؛ دانىشمەن، ئۇلۇغ ئادەم: مەھمۇت قەشقەرى تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەۋلىيا، ئۇلۇغ شەخس. ③ كۆچمە. مۇبالىغە، مەسخىرە قىلىشتا كىنايە ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: — بەللى، پاسار ئاخۇن تازا ئەۋلىيا ئىكەنسىلە! چۈشۈكلىگە نېمە كىرسە شۇنى دەمسىلە؟ — دېدى هېكىم.

**ئەۋلىيا-ئەنبىيا** ئەۋلىيا ۋە پەيغەمبەرلەر: ئوغرى تەمتىرەپ دۇدۇقلىغىنىچە: — ئىشانىم، مەن نېمە قىلسام بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى. — نېمە قىلاتتىڭ، ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنىڭ روهىغا ئاتاپ ماڭا ئەللىك تەڭگە سەدىقە بېرىسەن.

**ئەۋلىيالىق** «ئەۋلىيا» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇلار ياپپاش بۇ چوكان نېمجان يىگىتكە بەند بولۇپ قالماس دەپ ئەۋلىيالىق قىلىشاتتى.

**ئەۋۋەل** (توغرىسى: ئاۋۋال) ←— **ئاۋۋال.**

**ئەۋىدىمەك** (توغرىسى: ئەدىمەك) ←— **ئەدىمەك.**

**ئەي I** ئى ① تىرىلىش، قاتارغا قوشۇلۇش، ئاينىش، كۆكلەش، تۇتۇش (ئۆسۈملۈك ۋە باشقا جانلىقلارغا نىسبەتەن): مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەنلىكى، پەرۋىش قىلىش ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، هەر يىلى كۆچەت قويۇلسىمۇ، ئەي بولماي كەلگەنىدى. * تۇرسۇن شېجاڭ بۇغداينى كۆرۈپ: — ئەي بولغان تەقدىردىمۇ ئۇرۇقى ئاران چىقىدۇ، شال ئۇرۇقى يۆتكەشكە هارۋا، 15 — 20 تونىنىدەك خىمىيە ئوغۇتقا پۇل تەييارلاڭلار، — دېدى. ② كۈچ-قۇۋۋەت، ئوزۇقلۇق، ئوغۇت: ئەي بەرمەك. ئەي قىلماق.

**ئەي بەرمەك** كۈچلىمەك، ئوغۇتلىماق، پەرۋىش قىلماق: باشلايلۇق ئىشنى، ئۈچ خىل خۇرۇچ بىلەن، ياسىغان ئوغۇتۇمنى ئەكىلەيلۇق. يەتمىسە توخۇ، كەپتەر مايىقىدا، تاپ ئېچىپ

www.uyghurkitap.com

ھېچ كىچىكمەي ئەي بېرەيلۇق.

**ئەي بولماق** ① ساق قالماق، چوڭايماق، قاتارغا قوشۇلماق، تۇتماق، كۆكلىمەك: ھېچقانداق سۈتسىز، چاينىماي يېگۈزگەن نانىنىڭ كۈچى بىلەن بۇ بالىنىڭ پاقلان، بۇدرۇقىنە ئەي بولۇۋاتقىنىغا كىشىلەر ھەيران قالاتتى... * كوللېكتىپ بىنا قىلغان ئورمان بەلباغلىرى ئۆز ۋاقتىدا سۇغىرىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا ئوتالغانلىقتىن، ياخشى ئۆسۈپ كۆپى ئەي بولدى. * قوينىڭ كۆپىيىپ، ئەي بولۇش نىسبىتى ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 6.3 پىرسەنت ئۆستى. ② <تب> ئوڭلانماق، ساقايماق، تۈزىلىپ قالماق، شىپا تاپماق: —قان توختىدى. سۆڭەك ساق ئىكەن، ئەي بولۇپ قالار، —دېدىم مەن مۇمكىنقەدەر ئۆزەمنى بېسىۋېلىپ.

**ئەي قىلماق** ساقايتماق، تۈتقۇزماق، قاتارغا قوشماق، ئۆستۈرمەك، ئاينىتماق: ئۇلارنىڭ كېسىپ ئۆرۈۋاتقىنى ئەمدىلەتىن قاتارغا قوشۇلغان چىنار، ياڭاق، سۆۋادان تېرەكلەر بولۇپ، ئادىل بۇلارنى بىر تالدىن تىكىپ، بوۋاقنى پەرۋىش قىلغاندەك مىڭ مۇشەققەتتە ئەي قىلغانىدى. * ھېمىدىخان بالا — چاقىسىز، تىرىشچان، ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى. ئۇ يىغىپ — تەرگىنىنى سېتىپ، بوۋاقنى كالا سۈتى بىلەن ئەي قىلدى.

**ئەي II** ئىم. يېزت. زوقلىنىش، ھاياجانلىنىش، ھېسداشلىق، غەزەپلىنىش، پۇشايمان قىلىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ، تىلىدىكى «ھەي» بىلەن تەڭ: سالام، ئەي موي‌سىپىتلەر، پېشقەدەم ئۇستاز! باھار بوستانىدا سايرايلى خۇش ئاۋاز! * ئەي دەرىخ، ئۆز ئايىغى بىلەن بىراۋنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئاتا — ئانا، تۇغۇلغان ئەل — يۇرتتىن كېچىپ كەلگەنىنىڭ جازاسى شۇمۇ؟ * تىلىڭنى تارت، ھۆ ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن ئەي نادان! بولمىسا، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن!

**ئەيان** (ئە: يان) ئىس [ئە] يېزت. يۇقىرى مەنسەپلىك، مەرتىۋىلىك كىشىلەر؛ ئەمەلدارلار، خوجايىنلار: ماڭا ئېگىلىپ توققۇز تەزىم قىلدىغان، ئەجرى ئۈچۈن ئىنئام — مۇكاپاتقا غەرق بولغان ئوردا ئەيانلىرىم مەندىن يۈز ئۆرۈدى.

**ئەيتاۋۇر** يۈك. ئىشقىلىپ، ھەر ھالدا، قانداقتۇر: ئۇنى قىماردا ئۇتتۇرغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇتقانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى قىمارۋازلارنى بوزەك قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر كىشىلەرنىڭ ئۇرغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * ھارۋا يولىدا ئەتىگەندىن بېرى ھېچ كىشى ماڭمىغانمۇ ياكى شامال قارلارنى ئۇچۇرۇپ ئىزلارنى كۆمۈپ كەتكەنمۇ ئەيتاۋۇر يولدا بىر ئۆتۈك كىيگەن كىشىنىڭ ۋېلسىپىت يېتىلەپ ماڭغان ئىزىدىن بۆلەك ئىز يوق ئىدى.

**ئەيش** ئى [ئە] ① ھۇزۇر — ھالاۋەت — پاراغەت، لەززەت: كەلدى نورۇز، كەلدى بۈگۈن، ئەيش بىنا ئەتكىلى، بارچە ئادەم كۆڭلىنى، شادۇخۇرام ئەتكىلى. ② كەيپ — ساپا، مەيخورلۇق، ئىشرەت: ئەي پەلەك، چەرقى بۇزۇق، قىلغان ئىشىڭ ئېيتسام ئەگەر، بىۋاپا ئالەمدە ئىشرەت ئەيشىنى نادان سۈرەر.

**ئەيش — ئىشرەت** شەھۋانىيلىق، كۆڭۈل ئېچىش، كەيپ — ساپا، مەيخورلۇق: باينىڭ ئىچكىرىكى قورۇسىدىكى ھەشەمەتلىك ئۆيلەردىن ئەيش — ئىشرەت قىلىۋاتقانلارنىڭ سەت كۈلكىلىرى ئۇزاقتىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**ئەيش — ئىشرەتلىك** ئەيش — ئىشرەتتى بار، ئىشرەتكە تولغان: ۋاڭنىڭ ئەيش — ئىشرەتلىك تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق يىللاپ — يىللاپ داۋام قىلاتتى.

**ئەيلەتمەك I** «ئەيلىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تېرىچىلىك كارخانىسى ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاشتىن چىققان تېرىلەرنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىپ سۈپەتلىك ئەيلىتىپ بولدى.

**ئەيلەتمەك II** «ئەيلىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۆيگۈدىن سالدى ئەل ئاسفالت يولغا، قەلبىدەك غۇبارسىز پايانىدازنى. گۈل دەستە تۇتۇشتى بىزگە ھەۋەستە، ئەيلىتىپ

جەۋلان ئۇز باھار، يازىنى.

**ئەيلەش** «ئەيلىمەك I» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسىمدىشى: ئەيلەش تۇزى. ئەيلەش تېخنىكىسى.

**ئەيلەش تۇزى** <خىم> تەركىبىدە ئاش تۇزى، كالىي نىترات ۋە باشقا ئارىلاشمىلار بولغان ناترىي سۇلفات. ئۇ دېڭىز سۈيى ياكى تۇز كۆلىنىڭ سۈيىنى قايناتقاندىن كېيىن چۆكتۈرۈلگەن كرىستال بولۇپ، رەڭسىز، سۈزۈك، تېرە ئاشلاشتا ئىشلىتىلگەندىن سىرت يەنە دورىگەرلىكتە سۈرگە دورىسى ياكى سۈيدۈك ھەيدەش دورىسى ياساشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئەيلەشمەك I** «ئەيلىمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مەسئۇلىيەت تۇزۇمىنىڭ تۇرتكىسى بىلەن ئاشتىن چىققان تېرىلەرنى سۈپەتكە كېپىللىك قىلىش شەرتى بىلەن ھۆددىگە ئېلىپ بەس ـ بەس بىلەن ئەيلەشتى.

**ئەيلەشمەك II** «ئەيلىمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كونا جەمئىيەتتە ئەجنەبىي مۇغەمبەرلەر ئوغرىدەك قەست ئەيلىشىپ، جۇڭگو نىڭ پۇت ـ قولىغا گاڭ چېتىقنى چاتقاندى.

**ئەيلەنمەك I** «ئەيلىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەيلەنگەن ئۆچكە تېرىسى سىلىنغان كاڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان باي بېشىنى سىلاپ ـ ئەسنەپ تورۇسقا قارىدى.

**ئەيلەنمەك II** «ئەيلىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نېچۇن ھاياتىنى بىزگە دەردىسەر قىلدىڭ؟ نېچۇن بۇلبۇلنى گۈلگە بىنەزەر قىلدىڭ؟ نېچۇن گۈل ـ غۇنچىغا قۇزغۇن راۋا ئەيلىنەر؟ نېچۇن يۈرەكلەر مۇنچە يارا ئەيلىنەر؟!...

**ئەيلىبان** رەۋ. يېزت. ئەيلەپ، ئەيلەش بىلەن: تەپەككۇر ئەيلىبان ئەجدادلىرىم پۈتكەن شۇ تارىخنى، دېدىم: «زۇلمەتكە مىڭ لەنەت!» تولۇپ قۇدرەتكە ــ دەرمانغا.

**ئەيلەتمەك** «ئەيلەتمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاشلىتىلغان تېرىلەر ئەيلىتىلدى.

**ئەيلىمەك I** پ. تېرە، خېمىر قاتارلىقلارنى پىشۇرماق؛ پىششىقلىماق: توختى بوۋاي ئارغامچىنى يېشىپ، كۆنۈش پارچىسىنى ئالدى ـ دە، ئۈستەلگە بىر ئەدىيالنى يېيىپ، ئۆچكە تېرىسىنى يۆگەپ، ئۈستىدىن ئەيلىگىلى باشلىدى.

**ئەيلىمەك II** پ. يازما ئەدەبىياتتا «قىلماق»، «ئەتمەك» رولىدا كېلىدۇ: بىر بۇرادەر ئۆمرىدە كۆپرەك خۇشامەت ئەيلىدى، بۇ «ھۈنەر»نى ئۆزىگە باب ھەمدە ئامەت ئەيلىدى. ئىشلىدى، پەرۋانە بولدى شۇ «ھۈنەر»نىڭ ئىشقىدا، بۇ «ھۈنەر»دىن بىرمەھەل قالتىس تاپاۋەت ئەيلىدى.

**ئەيمەندۈرمەك** «ئەيمەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا، ماھىرەنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ئۆچكەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئادەمنى ئەيمەندۈرگۈدەك ئوت چاقنايتتى.

**ئەيمەنمەك** پ ① بىرەر ئادەم ۋە نەرسىدىن ھايا قىلماق، تارتىنماق، قورۇنماق: خىجىلمەن، گەپىنىڭ بولار يېرىنى ئېيتسام، ساڭا ئۇچۇق پىكىر بېرىشتىن ئەيمىنىمەن. ② ھېيىقماق، تەپ تارتماق، قورقماق، سۈر باسماق: يىگىت چاي ئىچىۋېتىپ ئىشىك تەرەپكە شۇنداق قارىغانىكەن، تالادىن بىر چوڭ يىلاننىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەيمىنىپ قېلىپتۇ. * سەمەتنىڭ شۇنداق تەرسالىقى تۇتتىكى، بەش ئادەم ئەيمىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بارالمىدى.

**ئەيمىنىشمەك** «ئەيمەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بوۋاي بىلەن موماي ئۇلارنىڭ گۇزەللىكىدىن ئەيمىنىشىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي، گۈللۈك ئارىسىغا يوشۇرۇنۇشۇپتۇ.

**ئەينەك** ئى [پ] ① قاتتىق ۋە چۈرۈك بولغان بىر خىل سۈزۈك جىسىم، ئۇ ئادەتتە كۋارتسلىق قۇم، ھاك تاش، ساپ ئىشقار قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ، يۇقىرى تېمپېرا-تۇرا ئاستىدا ئېرىتىلگەندىن كېيىن ياسىلىدۇ: بىرنەچچە يوچۇن ئادەم ساقچى بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ يەردىن دېرىزە ئەينەكلىرىنىڭ جاراڭ-

لاپ سۇنغىنىنى ئاڭلاندى. ② قارشىسىدىكى نەرسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئادەتتە كىشىلەر ئۆز ئەكسىنى كۆرىدىغان، ئارقىسى سىلانغان مەخسۇس شىشە: مەلىكە ئۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوپۇپتۇ، يانچۇقىدىن ئەينەكنى ئېلىپ، ئاۋۋال ئەينەكنىڭ ئالدىنى، كېيىن ئارقىسىنى كۆرسىتىپتۇ؛ بېشىدىكى تاغاقنىڭ چىشلىرىنى سۇندۇرۇپ كۆلچەككە تاشلاپتۇ-دە، شىپاڭدىن چۈشۈپ گۈللۈك ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ③ يىراقتىكى نەرسىلەرنى يېقىنلاشتۇرۇپ كۆرسىتىدىغان، كىچىك نەرسىلەرنى چوڭايتىپ كۆرسىتىدىغان، كۆزنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ بېرىدىغان مەخسۇس شىشە ئەسۋاب: بۈگۈنكى ئالىملار ئاسماننى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئاسترونومىيە ئەينىكى ئىجاد قىلدى... ④ كۆچمە. بىرەر ھالەتنى، ھادىسىنى كۆز ئالدىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ ياكى يورۇتۇپ تۇرغان نەرسە؛ ئۈلگە نەمۇنە: ئابلىمىت خەتتىن كۆزىنى ئېلىپ، سافاغا ئۆزىنى تاشلىدى-دە، كۆزەينىكىنى تۇتقان پېتى خىيال سۈردى: — تۇرغۇن ھەقىقەتەن قەيسەر جەڭچى. ئۇنىڭ پەزىلىتى مەن ئۈچۈن ئەينەك. ⑤ كۆزگە تاقايدىغان ئەينەك (كۆزەينەك): ئۇ ئەينەكسىز خەت كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

**ئەينەك بولماق** نەمۇنە بولماق، ئۈلگە بولماق: ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى ئىچىدىكى بىر مۇنچە دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە تېخنىكىسى بار، كۆپىنچىسىنىڭ مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە باشقا دۆلەتلەرگە ئەينەك بولغۇدەك تەجرىبىلىرىمۇ بار.

**ئەينەك پارقىراقلىقى** <گېئول> غەيرىي مېتال پارقىراقلىقىنىڭ بىر خىلى، بەزى مىنېراللار يۈزىنىڭ نۇر قايتۇرۇشى ياكى پارقىراقلىقى خۇددى ئەينەكنىڭكىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇ «ئەينەك پارقىراقلىقى» دەپ ئاتالغان. ئۇ سۈزۈك مىنېراللاردا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل خۇسۇسىيەت. مەسىلەن: دالاشپاتى قاتارلىقلارنىڭ پارقىراقلىقىغا ئوخشاش.

**ئەينەك پولات** <خىم> ئەينەك تالاسى ئۇنىڭ توقۇلمىلىرى ۋە بىرىكمە دېۋىرقايلارنى يېپىشتۇرۇش ئارقىلىق ياسالغان بىر خىل ماتېرىيال. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: توك ئۆتكۈزمەيدۇ، مېخانىك كۈچىنىشى يۇقىرى، چىرىتىشكە چىدامىلىق، ئېگىلمەس ھەم يېنىك، ماشىنا سايمانلىرى، ئاپتوموبىل ۋە پاراخوتلارنىڭ سىرتقى قېپى قاتارلىقلارنى ياساشتا مېتاللارنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**ئەينەك تالا** <خىم> ئادەتتىكى ئەينەك ماتېرىيالىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان ئىنتايىن ئىنچىكە تالا. ئۇ ئىزولياتسىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئىسسىقلىققا چىدامىلىق، ئاسان چىرىمەيدىغان، مېخانىكىلىق كۈچىنىشى يۇقىرى، سانائەتتە ئېلېكترىك ئەسۋابلارنىڭ ئىزولياتورى ۋە ئەينەك پولاتنىڭ خام ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**ئەينەك تەنچە** <تىب> كۆز ئالمىسىدا، كۆز گۆھىرى بىلەن كۆرۈش پەردىسى ئارىلىقىنى تولدۇرۇپ تۇرىدىغان رەڭسىز، سۈزۈك يېلىمسىمان ماددا. ئۇ كۆز ئالمىسىنىڭ ئىچكى تاملىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئەينەك خىش** <بىن> ① قېلىن ئەينەك تاختا. ② ئەينەكتىن ياسالغان خىشسىمان قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، كۆپىنچە ئىچى كاۋاك قىلىپ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋاز توسۇش ۋە نۇر ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتى ياخشى بولىدۇ.

**ئەينەك قەغەز** <خىم> نەرسە-كېرەكلەرنى ئوراشقا ياكى زىننەت بۇيۇملىرى قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل پارقىراق قەغەز. ئۇ نېپىز تىنىق بولىدۇ، قەغەز بوتقىسىنى

خىمىيىلىك بىر تەرەپ قىلىش ياكى يالتىراقتىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**ئەينەك قىلماق** نەمۇنە قىلماق، ئۈلگە قىلماق: ئايرىش ئۇسۇللىرىنىڭ بەزىلىرىنى سوتسىيالىستىك قانۇنشۇناسلىقتا ئەينەك قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

**ئەينەك ماددىسى** <كېئول> ماگمىلىق جىنسلار قۇرۇلمىسىنىڭ بىرى، يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىققان ياكى يەر يۈزىگە يېقىن ئەتراپقا بۆسۈپ كىرگەن ماگما تېز مۇزلاپ توڭلىغاندىن كېيىن كرىستاللىنىشقا ئۈلگۈرەلمەي شەكىللەنگەن تەبىئىي ئەينەك.

**ئەينەك ئوغۇت** <خىم> تەركىبىدە بور، ئارسىن، مانگان، مولىبدىن ۋە كوبالت قاتارلىق ئېلېمېنتلار بولغان بىرىكمىلەر بىلەن ئەينەك پاراشوكىنى بىرگە ئېرىتىپ ياسىلىدىغان دانىچە ھالەتتىكى ئوغۇت. تۇپراقتا سۇ ئۇنى ئاسانلىقچە ئېقىتىپ كېتەلمەيدۇ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى ئۇنى بىۋاستە سۈمۈرۈۋالالايدۇ، ھەم ئۆسۈملۈككە ئۇزاققىچە كۈچ بېرىدۇ.

**ئەينەك يىپ** <خىم> ئادەتتىكى ئەينەك، يالتىراق ياكى باشقا سۈنئىي سىنتېز قىلىنغان ماددىلاردىن پايدىلىنىپ ياسالغان ئىنچىكە تالا. ئۇنىڭدىن ئەينەك رەخت، زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەشكە بولىدۇ.

**ئەينەكچى** ئى. ئەينەك سېلىش، سېتىش ۋە ئۇنى خىلمۇخىل شەكىلگە كەلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: ئىمارەت ئالىلىقاچان پۈتكەن، ھازىر بولسا شەھەردىن تەكلىپ قىلىنغان ئەينەكچىلەر ئىمارەتنىڭ دېرىزىلىرىگە ئەينەك سېلىۋاتىدۇ.

**ئەينەكچىلىك** ئى ① ئۆي-ئىمارەت دېرىدزىلىرىگە، ئىشكاپ، جاھازلارغا ئەينەك سېلىش ۋە قۇراشتۇرۇش ئىشى، شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: دادام ئەينەكچىلىك قىلاتتى. پۈتۈن ئائىلىمىز دادامنىڭ شۇ ئەينەكچىلىكتىن تاپىقان پۇلى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتۇق. ② ئەينەكنى ئېرىتىپ ھەر خىل بۇيۇملارنى ياساش كەسپى.

**ئەينەكسىزلىنىش** ئى <كېئول> ماگمىلىق جىنسلاردىكى تۇراقسىز ھالەتتە تۇرغان ئەينەك ماددىسى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە بېسىم، تېمپېراتۇرا قاتارلىق فىزىكىلىق شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ كرىستاللىغا ئايلىنىش ھادىسىسى.

**ئەينەكسىمان** سۈپ. ئەينەك شەكىللىك، ئەينەككە ئوخشايدىغان، ئەينەكتەك: ھە، مانا چاڭئەنجى ـــ ئەينەكسىمان يول، ھاياتنىڭ شاۋقۇنى قاينايدۇ ئۇندا. رەڭ ئېلىپتۇ باشقىچە جۇڭشەن گۈللىرى، قارىغايلار باراقسان گۈللەپتۇ بۇندا...

**ئەينەكلىك** سۈپ ① ئەينىكى بار، ئەينەك سېلىنغان، ئەينەك ئورنىتىلغان: ئەينەكلىك ئىشىك. ئەينەكلىك دېرىزە. * ئۇ دەرھال بىر ماگىزىننىڭ ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇپ، ئىشىكنىڭ ئەينەكلىك قانىتىدىن سىرتقا مارىلاپ قارىدى. ② ئەينەك تاقىغان، ئەينەككە ئىگە: ـــ زادى نېمە گەپ؟ ـــ ئەينەكلىك دوختۇر كۆزىدىن ئەينىكىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

**ئەينەن** رەۋ [ئە] ① ھېچقانداق ئۆزگىرىشسىز، ئۆز پېتىچە، ئەينى بىلەن: ھايال ئۆتمەي ھېلىقى ئەقىللىق ئادەم دوستى بىلەن بىللە بېرىپ، بۇ ئىشنى قازىغا ئەينەن مەلۇم قىلدى. ② دەل، نەق: تۆگىلۈكتىن كۆرۈنگەن يۇلتۇزلارنى بىر پارچە كۆل رەڭ بۇلۇت كېلىپ توسۇۋالدى. بۇلۇت بىردىنلا شەكىل ئۆزگەرتىپ ئادەم سۈرىتىگە ئوخشاپ قالدى. بۇ ئادەم ئورۇق، يىرگىنچلىك روزەك بەزنىڭ ئەينەن ئۆزى.

**ئەينەن سۈرەت** <گ سەن> جۇڭگوچە فورترېت رەسىمنىڭ ئەنئەنىۋى ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۇ «تىرىك سىزىش»، «ئەينى سىزىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنى ئادەم ۋە

www.uyghurkitap.com

نەرسىلەرنىڭ سۈرىتىنى بەئەينى تىرىكتەك ئوخشىتىپ سىزىش دېمەكتۇر.

**ئەينەكسىز** سۈپ. ئەينەك ئەمەس، ئەينى بولمىغان.

**ئەينەكسىزلىك** «ئەينەكسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ئەينەكسىزلىك دەرىجىسى** <فىز> ئەينەكلىك دەرىجىسىنىڭ ئەكسى. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى: چىققان سىگنالدا، كىرگەن سىگنالدا بولمايدىغان بەزى گارمونىك دولقۇن ئامىللىرىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىبارەت. ئۇ يەنە، «سىزىقسىز ئەينەكسىزلىك كۆپەيتىلمىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئەينەكلىك** سۈپ. ھېچقانداق ئۆزگىرىشسىز بولغان، خۇددى ئۆز پېتىچە ساقلانغان، ئوپمۇ ئوخشاشلىقتا ئىگە: بۇ ئىككى پارچە ھېكايە ئىلگىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، قول يازما ھالەتتە قولدىن قولغا ئۆتۈپ بىر قىسىم كىتاب- خانلارغا تونۇش بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ھېكايە- لارنىڭ سۆز- ئىبارىلىرىگە قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈپ قويغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئەينەكلىكىنى تولۇق ساقلاپ قالدىم.

**ئەينەكلىك دەرىجىسى** <ئېل> ئەسۋاب- ئۈسكۈنىلەرنىڭ چىقىش سىگنالى بىلەن كىرىش سىگنالىنى قايتا ئىپادىلەشتىكى ئوخشاشلىق دەرىجىسى بولۇپ، رادىئو، تېلېۋىزورلارنىڭ ئەينەكلىك دەرىجىسى قانچە ياخشى بولسا ئۇلار چىقارغان ئاۋاز ياكى سۈرەتنىڭ شۇنچە ياخشى بولىدىغانلى- قىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەينۇلا** ئى [پ] <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، سورتلىرى كۆپ بولۇپ، سوغۇققا چىدامىلىق؛ يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك؛ باھاردا چېچەكلەيدۇ، گۈلتاجى ياپراقچىسى بەش تال ئاق، قىزىل، ھال رەڭ قاتارلىق رەڭ- لەردە بولىدۇ، خۇش بۇي پۇرايدۇ؛ مېۋىسى شار شەكىلدە، رەڭگى يېشىل، پىشقاندا سېرىققا ئۆزگىرىدۇ. يېگىلى بولىدۇ. تەمى چۈچۈمەل. ② شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئەينۇلا مۇراببासى** ئەينۇلا مېۋىسىنى قايناتىپ ياسالغان مۇراببا.

**ئەينى** سۈپ ① خۇددى ئۆزى، دەل ئۆزى، نەق ئۆزى، ئوپمۇئوخشاش، ئەسلى: مەن تۆۋەنگە چۈشۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئەينى ئەھۋالنى يېزىپ، يۇقىرىغا دوكلات ئەۋەتتىم. * رەڭگى ئۆڭگەن، ئۆزى جىددىي تولىمۇ، جىملە بولۇپ ماگار ئالدى- كەينىگە، ئويلاپ قالدىم: قاچان قايتار بۇ باشلىق، شۇ ھالەتتىن ئۆز ئەسلىگە، ئەينىگە. ② رەۋ. شۇ، ئۆتكەن: مەرھۇم رەھىم ناۋاي دەپنە قىلىنغان كۈنى قەشقەردىكى يوقسۇل نامراتلار، تاشۋاينىڭ ئەينى يىللاردا گۇلاختا بىللە ياشىغان يېتىم- يېسىر سەپداشلىرى ھەيۋەتلىك سەپ تۈزۈپ، جىنازىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. * ۋېيېتنامىيە ۋە گېنۋىيە، بۈگۈنكى كۈندە ئىتالىيىنىڭ شەرقىي شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدىكى دېڭىز بويلىرىغا جايلاشقان ئىككى چوڭ شەھەر، ئەمما ئەينى يىللاردا، ئۇلار ئىككى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت ئىدى.

**ئەينى چاغدا** ← **ئەينى زاماندا:** دۇرۇس، ئەينى چاغدىكى پارتكوم سۇ ئامبىرى قۇرۇشنى قارار قىلىشتا بۇ ئىشنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ- تەتقىق قىلمىدى، ئىلمىي روھ كەم بولدى. * چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرى مانا مۇشۇ كەڭ زېمىندا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەرقايسى خانلىقلىرىنى قۇرغان، ئەينى چاغلاردىكى قىرىم باتۇخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى قىپچاق دۆلىتىگە قاراشلىق ئىدى.

**ئەينى زاماندا** شۇ دەۋر، شۇ مەزگىل، شۇ پەيت، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە: يازغۇچى، شائىر- لار ئەينى زاماندا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرغۇچىلار ۋە ئىنسانىيەتنىڭ «روھىي ئىنژېنېر»لىرى. شۇڭا، بۇ پائالىيەتتە بىزنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك

ۋەزىيىمىز ۋە ئوينايدىغان رولىمىز چوڭ.

**ئەينى مۇددىئا** ئاساسىي مەقسەت، ھەقىقىي نىيەت، كۆڭۈلدىكى ئوي: بۇ جايغا ياخشى باغۋەنلەرنى ئەۋەتىپ بۇ يەرنى گۈزەللەشتۈرۈش، ئاۋاتلاشتۇرۇش ئەينى مۇددىئا.

**ئەينى ۋاقىتتا** ← **ئەينى زاماندا.**

**ئەينىيەت** ئى [ئە] ① يېزىت. ئەينەن، ئوخشاشلىق، بىر خىللىق، بىردەكلىك. ② <مات> تەركىبىدىكى بارلىق ھەرپ بەلگە- لىرىنىڭ ھەممە قىممەتلىرىدە مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان تەڭلىك، ئوخشاشلىق.

**ئەينىيەت قانۇنىيىتى** <لوگ> فورمال لوگى- كىدىكى تۆت قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى، ئۇ پىكىر قىلىشتا ۋە ھۆكۈملەرنى ئەينى بىر مەنىدە قوللىنىشنى، ئوخشاش بولمىغان ئۇقۇم ۋە ھۆكۈملەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئالماشتۇرۇپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى «ئا»نى«ئا» دېگۈلۈك دېگەنىدىن ئىبارەت.

**ئەيھەنناس** (توغرىسى: ئەيىۇھەنناس) ← **ئەيىۇھەنناس.**

**ئەيۋاش** (توغرىسى: ئەيۋەش) ← **ئەيۋەش.**

**ئەيۋەش** ئى ← **ئەيۋەشكە كەلمەك.**

**ئەيۋەشكە كەلمەك** ① پەيلىدىن يانماق، يولغا كىرمەك، پەسكويىغا چۈشمەك، ماقۇل بولماق، ئۇنىماق، كۆنمەك: ئايخان: ماقۇل، ماقۇل، ئەمىسە مەن دەرھال ماڭاي، (تېز ماڭىدۇ، بىرنەرسە ئېسىگە كېلىپ يەنە قايتىپ كېلىدۇ) بىلمەمسىز، سادىرمۇ ئەيۋەشكە كەلدى. قېنى، ماڭا قانچىلىك نەپ بېرىسىز؟ * ــ ھوي، ياخشىلىقنى بىلمىگەن مۇناپىق! قېنى كۆرەيلى! كىم كىمنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەركىن! ــ دېدى ۋە ئادەملىرىگە ۋارقىرىدى، ــ بۆرە تەبىئەت- لىك بەتبەخت. * توشقاننىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزمىگەن تۈلكە: ــ بۇ ئەخمەق ئاسانلا ئەيۋەشكە كەلدى. ئۇ ئۆيىنى راسلىۋالغۇچە مەن بۆرىنى چاقىرىپ كىرەي. قېنى ماڭا تۇتۇق بەرمىگەن توشقاننىڭ بۆرە چاڭگىلىدىكى ھالىنى بىر كۆرەي، ــ دەپ ئويلاپتۇ. ② ئەسلىي ھالىتىگە كەلمەك، ساقايماق: بۇ يىل ئارجان بۇلاقتا ئىقتىسادىي زىرائەتلەر كۆپ تېرىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەزالار بۇرۇن تاشلىۋېتىلگەن ئۇنۇمسىز يەرلەرنى قايتىدىن ئەيۋەشكە كەلتۈردى.

**ئەيىب** ى [ئە] ① قائىدە-يوسۇنغا، تەرتىپ-تۈزۈمگە، ئەدەب-ئەخلاققا خىلاپ ئىش؛ كەمچىلىك، سەۋەنلىك: بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب (ماقال). * ئۆزىنىڭ ئەيىبى ئۆزىگە كۆرۈنمەس، كۆزىنىڭ ئەيىبى كۆزىگە كۆرۈنمەس (ماقال). ② كىشى ئۇيىلىدىغان، نومۇس قىلىدىغان، خىجالەت تارتىدىغان خاتا ھەرىكەت؛ ناچار قىلىق، بولمىغۇر ئادەت، خىجالەتلىك ئىش، ئۇيات: سىز دەرسىز، يىگىتكە ياش تۆكمەك ئەيىب، بىلمەن نومۇسى كۆز ياش يىگىتنىڭ، ئېسىمدە ئاتامنۇ ئېيتقان ئۆلۈمگە رازى بول ۋە ئەمما تۆكمە كۆز يېشىڭ! ③ نۇقسان، قۇسۇر، ئىللەت، جىسمانىي كەمتۈك: غېمى يوق ئىنسان بولماس، ئەيىبى يوق ھايۋان بولماس (ماقال). پۈتىدا بىرئاز ئەيىبى بارلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كېرەمنىڭ تەقى-تۇرقى كېلىشكەن يىگىت ئىدى.

**ئەيىب قويماق** ئەيىبلىك دەپ قارىماق، ئەيىب ئارتماق، ئېيەن تاپماق، نۇقسان تاپماق: بەختىيار ئاچچىقلانغان ھالدا مۇدىرغا: ــ سىز ھەمىشە تىرناق تۈۋىدىن كىر ئىزدەپ ئۆگىنىپ قېلىپسىز... دائىم مېنىڭ ئىشىمغا ئەيىب قويىسىزغۇ؟ ــ دېدى.

**ئەيىبكە بۇيرۇماق** ← **ئەيىبلىمەك:** ساقىيا، ئېچەيلى بىر قەدەھ، ئەيىبكە بۇيرۇما سەن مېنى. كېلەر گۈل-گۈلگە سۆزلۈرۈم، بولغاندا شارابنىڭ گۈلگۈنى!

**ئەيىبنى بويىنغا ئالماق** كەمچىلىك، خاتالىقنى تونۇماق، ئىقرار بولماق، باش ئەگمەك: قەيسەر كەسكىن سۆرەتتە ئەيىبىنى بويىنغا ئېلىپ، ــ سىز توغرا ئېيتتىڭىز مەن سىزنىلا ئەمەس ئۆزەمنىمۇ ئازابلىدىم، ــ دېدى.

**ئەيىبدار** [ئە+پ] ① ئى. نۇقسانى، ئەيىبى

بار، ئەيىبلەنگۈچى، گۇناھكار شەخس: ساقچى ئەيىبدارنى سوت مەيدانىغا ئېلىپ باردى. ② سۈپ. جىسمانىي جەھەتتىن بىرەر كەمچىلىك، نۇقسانى، ئىللىتى بولغان، ئەيىبناق، ئەيىبلىك: ئەيىبدار بالا.

**ئەيىبسىز** سۈپ ① ئەيىبى يوق، گۇناھسىز: ئەيىبسىز دوستنى ئىزدىگەن دوستسىز قالار (ماقال). * ئۇ ئەيىبسىزلا پادىشاھ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ② جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، نۇقسانسىز: يالقۇن ھەر جەھەتتىن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلارلىق دەرىجىدە ئەيىبسىز يىگىت بولدى.

**ئەيىبكار** ئى [ئە+پ] خاتالىق ئۆتكۈزۈپ جىنايەت سادىر قىلغان، قانۇن ئالدىدا ئەيىبلەنگەن كىشى؛ گۇناھكار، جاۋابكار: سوتچى قەتئىي ھالدا: ــ قانۇننىڭ بەلگىلىمىسىنى شەخسنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، قانۇننىڭ ئەيىبكار ئۈستىدىن دەۋا قىلىش ھوقۇقى بار، ــ دېدى. * ئەسقەر شوخلۇق قىلىپ بىكاردىن ــ بىكار ئەيىبكار بولۇپ قالدى.

**ئەيىبلەش** «ئەيىبلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسمدىشى.

**ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش** <قا> تەپتىش ئورگانلىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئەمما قانۇن بويىچە جازالاشقا تېگىشلىك بولمىغان ياكى جازانى كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدىغان جاۋابكار ھەققىدە چىقارغان قارار.

**ئەيىبلەشمەك** «ئەيىبلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مېنى بەزى كىشىلەر، ــ سەندە ئۆز كەسپىڭگە بولغان مۇھەببەت كەم، ــ دەپ ئەيىبلىشىدۇ.

**ئەيىبلەنمەك** «ئەيىبلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سادىق يىغىن قاتناشچىلىرى تەرىپىدىن: ــ ئوكچىل ئىدىيىسى بار»، «دۇنيا قارىشىنى ياخشى ئۆزگەرتمىگەن زىيالىي، ــ دەپ ئەيىبلەندى.

**ئەيىبلەنگەن** «ئەيىبلەنمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.

**ئەيىبلەنگەن ئەنزە** <قا> تەپتىش ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ نامىدىن جىنايەتچىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ سوت مەھكىمە-سىگە ئەيىبلىگەن ئەنزە.

**ئەيىبلەنگۈچى** ئى. سوت مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلغان شەخس.

**ئەيىبلىك** سۈپ. ئەدەب ــ ئەخلاققا خىلاپ، كىشى ئۇيىلىدىغان ئىشنى قىلغان؛ جاۋابكار: زەيتۇنىخان بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئەيىبلىك ئىكەن-لىكىنى بىلىپ، ئۇن چىقارماستىن جىملا ئولتۇردى. * ــ ئەپۇ قىل خوتۇن، ــ دېدى ئەخەت ئايالىغا يالۋۇرۇپ، ــ مەن ئەيىبلىك، ئىككىنچى مۇنداق قىلماسلىققا ۋەدە بېرىمەن.

**ئەيىبلىگۈچى** ئى. دۆلەتكە ۋەكالىتەن سوت مەھكىمىسىدە جىنايى ئىش يۈزىسىدىن ئەيىبلەش ئىشىنى قوۋۋەتلەيدىغان شەخس.

**ئەيىبلىمەك** پ ① ئەيىبلىك دەپ تونۇماق، گۇناھكار دەپ ھېسابلىماق: ئۇلارنى كىم خاتىرىلەيدۇ؟ ھېچكىم! ھەتتا ئۇلارنى مۇشۇ قىسمەتكە مۇپتىلا قىلغانلارمۇ خاتىرىلىمەيدۇ، بەلكى تىللايدۇ، ئەيىبلەيدۇ. ② تەنقىد قىلماق: شۇمۇ بىر يىلدىن بېرى مەتيا قەيسەرنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن خېلى قۇتۇلۇپ قالغانىدى، مانا بۈگۈن يەنە ئاڭلىماقتا.

**ئەيىبناق** سۈپ. جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز، بىرەر ئەزايىدا كەمچىلىكى، نۇقسانى، ئىللىتى بار، مېيىپ، مەجرۇھ: مەن، ئۇنىڭ مېنى يەرگە قاتتىق ئۇرۇپ ئەيىبناق قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم، لېكىن ئۇ، ئۇنداق قىلمىدى.

**ئەيىبنامە** ئى [ئەيىب+نامە] بىرەر خاتا ئىش ــ ھەرىكەت ياكى جىنايى قىلمىشنى پاش قىلىش ھەققىدىكى شىكايەت خېتى، ھۆججەت قاتارلىقلار: ئەيىبدارلار ئۇستەلنىڭ ئۇدۇلىغا تىزىلغاندا، ھېلىقى كىشى كۆزەينىكىنى تاقىدى ــ دە، ئوروق قولى بىلەن ئالدىدىكى

قەغەزنى ئېچىپ، پۈكۈلگەن جايلىرىنى ئالىقنى بىلەن تەكشىلەپ، سېرىق ياسىما چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، ئەيىبنامىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

**ئەيىام** ئى [ئە] يېزت. ① كۈن، كۈنلەر، ۋاقىت، ۋاقىتلار: ئارچىلار شىلدىرلىدى، قۇشقاچلار كۆككە ئۆرلىدى، قوشۇلۇش ئەيىيامىنى تورغايلار خەندان كۈيلىدى. ② بايرام، بايرام كۈنلىرى: ئەي ۋەتەن پەرزەنتلىرى، بايرىمىڭىز مۇبارەك، خۇشال ـ شاد ئۆتىۋاتقان ئەيىيامىڭىز مۇبارەك.

**ئەيىۇھەننىاس** ئىم [ئە] يېزت ① كۆپچىلىككە، توپلانغان، جەم بولغان خالايىققا قارىتا قىلىنىدىغان خىتاب، ئىدا؛ ئەي خالايىق، ئەي ئادەملەر: مولىلازىمىدىن يەنە جاكارلاپ مۇنداق دېدى: ـ ئەيىۇھەنناس ـ ئۇ ئىشتىڭلار ئامۇخاس، گۇناھ رىيا بولسىمۇ، جازا دېگەن راست. ② كۆچمە. ھاياجان، قايغۇ، غەزەپ ۋە ئازابلىنىش تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان داد ـ پەرياد، شاۋقۇن ـ سۈرەن، كۈچلۈك ئاۋاز: بىر چاغدا يېنىمدىلا بىرنېمە «كىش... كىش...» قىلىپ كۇشۇلدىغاندەك قىلدى. كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم، ئەيىيۇھەنناس، تامنىڭ تۆشۈكلىرىدىن يوغان ـ يوغان يىلانلار باشلىرىنى چىقىرىپ، كۇشۇلدىشىپ تۇرىمامدۇ، بەدەنلىرىم شۈركۈنۈپ كەتتى.

**ئەيىل** (توغرىسى: ئېيىل) ← **ئېيىل**.

# ب

**ب** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە ئۈچىنچىنى كۆرسىتىدۇ: بۇ يىل ئالىي مەكتەپلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن تېكىتاك توپ مۇسابىقىسىدا مەكتىپىمىزنىڭ «ب» گۇرۇپپىسى چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى.

**باب** (بابى) ئى [ئە] ① كىتاب، ئەسەر، ماقالە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر ئايرىم بۆلىكى؛ قىسمى: كىتابىنىڭ بىرىنچى بابى. * بۇ بابتا بىز ئالدى بىلەن ئالماسىنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. ② كۆچمە. دەۋر، سەھىپە: «4 - ماي» ھەرىكىتى جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخىدا يېڭى باب ئاچتى. ③ ئامال، چارە: ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، جايلايدۇ ھەر باب بىلەن (ماقال).

**بابىت** ئى [ر<ئىنگ] <خىم> قەلەي، قوغۇشۇن ياكى ئاز مىقداردىكى باشقا مېتاللاردىن پايدىلىنىپ ياسالغان، سۈركىلىشكە ئىنتايىن چىدامىلىق ھەمدە كۆزەينەكنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى قىلىنىدىغان بىر خىل قېتىشما.

**بابلىق** سۈپ. بابلارغا بۆلۈنگەن، بابلىرى بار: بەش بابلىق كىتاب. * XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل-ھەقايىق» ناملىق 14 بابلىق ئومۇمىي نەسىھەت خاراكتېرىدىكى كلاسسىك ئەسىرىنى ئىجاد قىلدى.

**بابمۇباب** بىر باب-بىر بابتىن، باب تاشلىماي: بابمۇباب ئوقۇماق. * بابمۇباب سىلىشتۇرماق.

**بابۇنە** ئى [پ] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە تەۋە كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، شاخلىرى كۆپ، ئىنچىكە؛ يوپۇرمىقى پەيسىمان چوڭقۇر يېرىلغان؛ باشسىمان گۈل رېتىگە كىرىدۇ، ئوتتۇرىسىدىكى گۈللىرى سېرىق، چۆرىسىدىكى گۈللىرى ئاق، خۇش بۇي پۇرايدۇ؛ شىنجاڭدىن چىقىدۇ؛ گۈلى تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، ئىچنى يۇمشىتىش، يەلنى تارقىتىش، مېڭە ۋە پەيىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش، سۈيدۈك، ھەيزلەرنى ماڭغۇزۇش، سۈت كۆپەيتىش قاتارلىق روللىرى بار.

**بابىدا** رەۋ. ساھەسىدە، جەھەتتە: دېدىم ئاخىرى رەئىس ماختىغان، قالتىس تالانتلىق شائىرلىقىمنى، شېئىر بابىدا كەم ئۇچرايدىغان، تالانت ئىگىسى، ماھىرلىقىمنى.

**بابىل** ئى [ر<گرېك] <تارىخ> «ئىككى دەريا

ۋادىسى»نىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قەدىمكى ئەڭ چوڭ شەھەر يەنى قەدىمكى بابىل پادىشاھلىقى بىلەن يېڭى بابىل پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى (ھازىرقى ئىراقتىكى باغداتنىڭ جەنۇبىدا).

**بابىل پادىشاھلىقى** <تارىخ> قەدىمقي شەرقتە ئۆتكەن، بابىل شەھىرىنى پايتەخت قىلغان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت. ئۇ قەدىمكى بابىل پادىشاھلىقى (مىلادىدىن بۇرۇنقى XIX ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە) ۋە يېڭى بابىل پادىشاھلىقى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 626 — 538 ـ يىللىرى) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**باپ** سۈپ [پ] ① بىرەر ئادەم، مەقسەت، ئىش ياكى نەرسىگە ماس كېلىدىغان؛ مۇۋاپىق؛ لايىق: ئاشپەز ئۇستىلار قازانغا باپ ساپلانغان يوغان كەپكۈرلەر بىلەن شويلىنىڭ ئوبدان بولۇشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلماقتا. * شۇڭغۇپ كىردىم سۆز دېڭىزى قايناملىرىغا، كوممۇنىستىك خىسلىتىگە تاپماقتا باپ سۆز.

**باپ كەلمەك** مۇۋاپىق، ماس، لايىق كەلمەك: فېيىرباخ بۇنداق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە: — بۇنداق تەلەپ مۇتلەق بولىدۇ، ھەرقانداق زامانغا ھەم ھەرقانداق ئەھۋالغا باپ كېلىدۇ، — دەپ ھېسابلايدۇ. * بىز تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە باپ كېلىدىغان تۈزۈم، چارىلارنى تېپىشىمىز كېرەك.

**باپباراۋەر** سۈپ [پ] ھەجمى، كۆلىمى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، ئېگىز ـ پەسلىكى، قىممىتى قاتارلىق جەھەتلەردە تەپمۇتەڭ: دۆلىتىمىزنىڭ 1954 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇنىنىڭ 85 ـ ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بارلىق پۇقرالىرى قانۇندا باپباراۋەر» دەپ بەلگىلەنگەن.

**باپباراۋەرلىك** «باپباراۋەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئامېرىكىنىڭ «مۇستەقىللىك خىتابنامىسى»دا: «ھەممە ئادەم باپباراۋەرلىك ئاساسىدا تۇغۇلغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەخلىسىز بولغان تۇغما كىشىلىك ھوقۇقى، ھاياتلىق، ئەركىنلىك ۋە بەختكە ئىنتىلىش ھوقۇقىغا ئىگە»، — دەپ جاكارلانغان.

**باپكار** (بابكارى) ئى [پ] قول دەستىگاھىدا پاختا يىپتىن بۆز (ماتا) توقۇغۇچى كاسىپ، ھۈنەرۋەن: ياشاپ ئۆتكەن ئاشۇ شەھەردە، قولى گۈل بىر باپكار ئۇستا. توقۇغان ئۇ كۈندە ئون گەز رەخت، كېچىكتۈرمەي يېڭى ئىش تۇتسا.

**باپكارچىلىق** (توغرىسى: باپكارلىق) ←— باپكارلىق.

**باپكارلىق** «باپكار» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: خوتۇن ئېرىگە شۇنداق دەپتۇ: بۇرۇنقى زامانىدا يېزىلارنىڭ بىرىدە بىر باپكار ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە باپكارلىق دۇكىنىدا ئىشلەيدىكەن.

**باپلاتماق** «باپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**باپلاشماق** «باپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — بۇ مۇناپىق ئىپلاسنى باتۇرلار تازا باپلىشىپتۇ ـ دە! — دېدى ساقىلى قاردەك ئاقارغان بىر مويسىپىت كىشى زۇنۇنىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە قاراپ.

**باپلانماق** «باپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۈرەش تۇغىدى داھىنى — ۋەتەن ئوغلى دانانى، ئاتتى قايتىدىن تاڭمۇ، شۇملار خويمۇ باپلاندى.

**باپلىماق** پ ① سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە كۈرەش بىلەن ئەدىبىنى، جازاسىنى بەرمەك؛ جايلىماق: — يەپ تويماس باجگىرلارنى راسا باپلاپتۇ ـ دە! — دېدى خېرىدارلاردىن بىرى * ئۈچ يىل ياتتۇق شۇ يولدا، ئارچا بىلەن ئوت قالاپ، باپلايلى دەپ راسلىنىپ، دۈشمەن يولىغا قاراپ. ② بىرەر ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك مۇۋاپىق بېجىرمەك، بەجا كەلتۈرمەك؛ ياخشى، قايىل بولارلىق دەرىجىدە ئىجرا

قىلماق، ئورۇندىماق: بۇ شەكىللەرنى ئۆزىگە خاس ئورۇنلىرىغا باپلاپ ئىشلەتمىسەك، ئاسانلا خاتالىقلار كېلىپ چىقىدۇ. * ئالدى - دە خەنجەرنى سۇغۇرۇپ قىنىدىن، ئۇردى باپلاپ زالىم سولان گەجگىسىدىن. ③ بىرەر ئىش ياكى گەپتە باشقىلارنى ئالدىماق، گوللىماق: تازا باپلىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭ سوئاللىرىغا تەمتىرىمەي قالتىس جاۋاب بەردىڭ، ئۇمۇ راست دەپلا ئىشەندى. * — ئۇ بۇ قېتىم مېنى قالتىس باپلاپ كەتتى، — دېدى سودىگەر يېنىدا كېتىۋاتقان خوتۇنىغا ھەسرەتلىك بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ.

**بات** ئى. دىئال ← **بات قىلماق.**

**بات قىلماق** كۆز - كۆز قىلماق، داملىماق.

**باتارېيە** ئى [ر<فران] <ئېل> خىمىيىلىك ئېنېرگىيە ياكى يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسى قاتار - لىقلارنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان قۇرۇلما.

**باتارېيىلىك** سۈپ. باتارېيىسى بولغان، باتارېيىگە ئىگە: تۇرغۇن باتارېيىلىك ساقال ئېلىش ماشىنىسى سېتىۋالدى.

**باتالىيون** ئى [ر<فران] <كونا> ← **يىلىڭ:** بىز مۇزاكىرىلىشىپ، ئۇ يەرگە سىزنىڭ باتالىيونىڭىز - دىن بىر روتا ئەسكەر ئەۋەتىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

**باتچى** سۈپ. دىئال. ماختانچاق، پوچى؛ مىننەتخور؛ داملامچى. كۆز - كۆز قىلغۇچى.

**باتخور** سۈپ. دىئال. **باتچى**

**باتراق** ئى [ر] <كونا> ← **ياللانما دېھقان.**

**باتراقلاشماق** پ. ياللانما دېھقانغا ئايلانماق.

**باتراقلىق** ئى. ياللانما دېھقان بولۇشتىن ئىبارەت ھالەت.

**باتسىستراتسىن** ئى [ر] <بىئول> ئانتىبىئو - تىكلارنىڭ بىرى، سۈس سېرىق رەڭدىكى پاراشوك ھالىتىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ خىل شارسىمان باكتېرىيىلەرگە قارىتا قارشىلىق رولى بار، شۇڭا ئۇزۇمسىمان شارچە باكتې - رىيىسى ياكى زەنجىرسىمان باكتېرىيىلەردىن بولغان يۇقۇملىنىشلارنى داۋالاشتا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**باتسىللونوستىپلار** ئى [ر] <تىب> ئۆزىگە كېسەللىك باكتېرىيىسىنى يۇقتۇرۇۋالغان، لېكىن كېسەل بولمىغان؛ كېسەل بولسىمۇ ساقايغاندىن كېيىن، كېسەللىك باكتېرىيىسى تېخى يوقالمىغان ھەمدە ئۆزىدىكى كېسەللىك باكتېرىيىسىنى باشقا كىشىگە يۇقتۇرىدىغان كىشىلەر.

**باتناتماق** «باتىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىردەمدىلا سەن ئۇنى باتىنتىپ قويدۇڭغۇ؟

**باتناشماق** «باتىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار خېلىدىن بېرى بىر - بىرى بىلەن باتىنىشىپ يۈرىدۇ.

**باتىنخور** سۈپ. دىئال. قېيىدىغاق، يامانلىغاق.

**باتىنماق** پ. سۆز، بىرەر ئىش - ھەرىكەت تۈپەيلى باشقىلاردىن يامانلىماق، قېيىدىماق، رەنجىمەك: سادىردىن رۇقىيەمۇ: — سەن دادامنىڭ ئۈستىدىن گەپ قىلغان ئوخشايسەن، — دەپ باتىناپ يۈرىدۇ. * — يۇرتىنى خوتۇن خەق سورىسا، ئاخىر زامانىنىڭ بولغىنى شۇ، — دەپ باتىناپ يىغىندىن چىقىپ كەتكەن ئەر خەقلەرمۇ چىقىپ قالدى. * زىۋىرشا ئۆز كۆڭلىدە تۆۋەندىكى نارازىلىقلارنىڭ سەۋەبچىسى ئەبلىغازى دەپ بىلىپ، مۇشۇ بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئەبلىغازىغا باتىناپ يۈرەتتى.

**باتۇر** ① سۈپ. خەۋپ - خەتەر، قىيىنچىلىق - لاردىن قورقمايدىغان؛ يۈرەكلىك، جەسۇر: باتۇر جۇشىدە دۈشمەن كۆرەر (ماقال). * بەرگەن باتۇر ئەمەس، سورىغان باتۇر (ماقال). * — بەكرى ئاخۇن ئاكامنىڭ ھويلىسىغا ئوغلاقنى كىم تاشلىسا، شۇ باتۇر، — دەپ قوشۇمچە قىلدى قىزلاردىن بىرى. * بۇ باتۇرلار پەقەت ئويغاق ۋاقتىدىلا

باتۇر ئىكەن، ئۇخلاپ قالغاندا، بۇرنىدىن چىۋىن كىرىپ، ئاغزىدىن چىقىپ كەتكىنىنى تۇيمايدىكەن. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**باتۇرانه** رەۋ. ـــ> **باتۇرلارچه:** گومىنداڭ باندىتلىرى بىلەن باتۇرانه جەڭ قىلغان بۇ قوشۇن- نىڭ داڭقى خېلىدىن بېرى ئالماسلارغا مەلۇم.

**باتۇرلارچه** رەۋ. باتۇر، جەسۇر خۇسۇسىيەت بىلەن: ئامېرىكا داشۆلىرىدىكى ياشلار نامايىشنى باستۇرغان ھەربىي ساقچىلار بىلەن باتۇرلارچه ئېلىشتى.

**باتۇرلۇق** «باتۇر» سۆزى ①نىڭ ئىسىم شەكلى: باتۇرلۇق قىلماق، باتۇرلۇق كۆرسەتمەك. * باتۇرلۇق كۈرەشلەردە بارلىققا كېلىدۇ، جاسارەت ھەر كۈنى قىيىنچىلىق بىلەن قەتئىي ئېلىشىش جەريانىدا يېتىلىدۇ. * ئەگەر باتۇرلۇق بىلەن پەمنى بىرلەشتۈرمىگەن بولسا، ھېچنېمە چىقمايتتى.

**باتىل** سۈپ [ئە] يېزت ① ئىناۋەتسىز؛ يالغان: ـــ مۇبادا بۇنىڭغا پىقىر ۋە مېنىڭ ئەۋلادىم نارازى بولۇپ دەۋا قىلسا، يۇرت، شەرئى ئالدىدا دەۋاسى باتىل بولغاي، ـــ دېگەن گەپلەر يېزىلىپتۇ. ② قۇۋ، ھىيلىگەر: سايىت ئاشۇنداق بىر تۇرلۇك ھىجايغىنىدا ئۇنىڭ ئىگىسىنى ئالىدىغان قۇشنىڭكىدەك باتىل كۆزلىرى ئەجەب بىر ياڭزا چىمىرلايتتى.

**باتىن** ئى [ئە] يېزت. ئىچ؛ كۆڭۈل، ئىچكى دۇنيا: باتىنى زەققۇم بىلەن تولغان يىلانىدىنمۇ بەتتەر، شەپشەكى جادۇ كەبى شۇملۇقتا شەيتاندىن ئۆتەر.

**باتىن كۆز** كۆزسىز كۆڭۈل سەزگۈسى ئارقىلىق زاھىر نەرسىلەرنى بىلىش ئىقتىدارى: كۆرۈندى ئاخىر چولپان شەرق ئاسمىنىدا چاقناپ، كۈلۈپ بۇ يۇرت ئاڭا باتىن كۆزىدە تەلپۈنۈپ باقتى.

**باج** ئى [ئە] دۆلەت ھەر خىل تاۋارلار ئۈچۈن نىسبەت بويىچە يىغىۋالىدىغان پۇل: باج تۆلىمەك. باج ئالماق. * قەمەرۇززامان شاھلىق تەختىگە چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، پۇقرالار ئۈستىدىكى ھەممە ئورۇنسىز باج ۋە ئېغىر سېلىقلارنى ئېلىپ تاشلاپتۇ.

**باج تۈرى** دۆلەت باج كىرىمىنىڭ تۈرى، مەسىلەن: دېھقانچىلىق بېجى، سودا ـ سانائەت بېجى قاتارلىقلار.

**باج تۈزۈمى** دۆلەت ئالىدىغان ھەر خىل باجلارغا دائىر قانۇن، قائىدە ۋە باج ئېلىش جەريانىدىكى ھەر خىل تۈزۈملەر: شەھىرىمىزدىكى تىجارەتچىلەر پارتىيىنىڭ باج تۈزۈمى توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتى.

**باج خېتى** تېگىشلىك باجنى تاپشۇرۇۋال- غاندىن كېيىن باج تاپشۇرغۇچىغا بېرىلىدىغان ئىسپات خېتى، ھۆججەت: باج خېتى ئالماق.

**باج كەچۈرۈم قىلىش** بەلگىلىك سەۋەبلەر بىلەن باج پۇلى تاپشۇرۇۋېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

**باج كىرىمى** دۆلەت باج ئېلىش بىلەن ئېرىشكەن كىرىم.

**باج نىسبىتى** باج نىزامىدا بەلگىلەنگەن مەلۇم باج ئېلىش ئوبيېكتىدىن ئېلىنغان باج سوممىسىنىڭ نىسبىتى.

**باج ئوغرىلاش** <مال> تاپشۇرۇشقا تېگىش- لىك باج پۇلىنى تاپشۇرماي ياكى كەم تاپشۇ- رۇپ، باج قانۇنىغا غەرەزلىك ھالدا خىلاپلىق قىلىش: ھازىر بىرمۇنچە كارخانىلاردا تەننەرخنى قالايمىقان بېكىتىدىغان، باج ئوغرىلايدىغان، يۇقىرىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پايدىنى تاپشۇر- مايدىغان ئەھۋاللار خېلى ئېغىر دەرىجىگە يەتتى.

**باجا** ئى. ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئەرلىرى (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن): باجا باجىنى كۆرسە، كۆتى قىچىشىپتۇ (ماقال).

**باجا بولماق** باشقا بىرىنىڭ خوتۇنىنىڭ سىڭلىسى ياكى ھەدىسىگە ئۆيلەنمەك: ئۈچ ئاي بولدى، مەن كېرەمگە باجا بولۇپ قالدىم.

**باجخانا** ئى [ئە+پ] باج ئالىدىغان جاي،

www.uyghurkitap.com

ئىدارە: زەينەپ، سەن مېنى بىلىپ قوي! مەن دېگەن ئاۋات ناھىيىسىدىكى زوردۇن بەگنىڭ بالىسى. باجخانىدا چوڭ مەنسەپنىڭ ئىگىسى.

**باج-خىراج** باج ۋە ھەر تۈرلۈك سېلىق، تۆلەملەر: ئەگەر توغرا ئوقۇپ بېرەلىسەڭ، مېلىڭ ھالالغا تايىن تاپىدۇ، باج-خىراج تۆلەپ يولۇڭغا كېتىۋېرىسەن.

**باج-سېلىق** خىلمۇخىل باج، سېلىق ۋە تۆلەملەر: دېھقانلار ئۆز تۇرمۇشىنى قامدايدىغان، ئۆز ئەمگىكىنى ئاساس قىلىدىغان ئىقتىسادقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن فېئوداللارغا ھەر خىل باج-سېلىقلارنى تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

**باجگىر** ئى [ئە+پ] باج ئالغۇچى كىشى، باجخانىنىڭ باج يىغقۇچى خادىمى: باجگىرنىڭ يولۇچىلار ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ئۈچۈن باققان باغلاقتىكى ئىتىمۇ تەگلا قاۋاشقا باشلىدى.

**باجگىرلىك** «باجگىر» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: نۆۋەتتە تۇرغان كادىرنىڭ ئېتى كېرىماجى، دادىسى كونا بېدىك، ئۆزى باجگىرلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى.

**باجلاتقۇزماق** «باجلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەكرەم سېتىۋالغان كالىسىنى باجلاتقۇزۇپ كەلگەندە، ئايالى بىلىقىز كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتقانىدى.

**باجلاتقۇزۇلماق** «باجلاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**باجلاتماق** «باجلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساتقان ئىككى قوينى باجلىتىپ قويدۇم.

**باجلانماق** «باجلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**باجلىماق** پ. تېگىشلىك باج پۇلىنى ئېلىپ، رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بەرمەك: باجگىر بازارغا كەلگەن ھەممە چارۋىلارنى باجلاپ بولۇپ ئۆيىگە قايتتى.

**باجىڭگىر** ئى [خەن<د] كۈن، خۇرۇم قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلگەن كالتە قونچلۇق، بوغقۇچلۇق ئاياغ كىيىمى؛ قونچلۇق توپلەي: ئابلىكىمنىڭ ئالدىدا باجىڭگىر كىيىۋالغان تەمبەل بىر يىگىت مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كېتىپ باراتتى.

**باجلىق** سۈپ. باجىسى بار.

**باجىماق** پ.دىئال. باشقۇرماق، بېجىرمەك.

**باجياۋ** ئى [خەن] <بوت> ① بانان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى ناھايىتى چوڭ؛ گۈلى ئاق كېلىدۇ؛ مېۋىسى بانانغا ئوخشايدۇ ھەم يېگىلى بولىدۇ؛ ئەسلى ماكانى ئىسسىق بەلباغ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**باچكا I** ئى. كەپتەرنىڭ ئۇچۇرما بولمىغان بالىسى: ئۇ باچكىسىنى بېقىش ئۈچۈن يەم يىغىپ پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن ئانا كەپتەرگە ئوخشايتتى.

**باچكا شورپىسى** كەپتەر باچكىسىنىڭ گۆشىدىن سېلىنغان شورپا.

**باچكا II** ئى. جۇۋازنىڭ يۈك يانجىلىپ، ماي چىقىدىغان ئىچكى كاۋاك قاچىسى.

**باچكىلاتماق** «باچكىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**باچكىلىماق** پ. كەپتەر تۇخۇمىدىن چۈجە چىقارماق: ئاسمىنىڭ ئاق كەپتىرى باچكىلىغىلى ئەمدىلا بىر كۈن بولغانىدا، ئانا كەپتەر مۆلدۈرگە دۇچ كېلىپ ئۆلۈپ كەتتى. بۇ ئىش ئاسمىغا تولىمۇ ئېغىر كەلدى.

**باخ** تەق ← **باخ ئەتمەك**.

**باخ ئەتمەك** باغرىغا باسماق، قۇچاقلىماق: بالىنى باخ ئەتمەك.

**باخ-باخ** «باخ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: باخ-باخ ئەتمەك. * — بالام، مېنى باخ-باخ ئېتىپ قويۇڭ، — دېدى ئەركىن ئوغلى تۇرسۇنجاننى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ تۇرۇپ.

**باخ-باخ ئەتمەك** ← **باخ ئەتمەك**: كەلدى چۆللەرگە ھاياتتىن سەپ تۈزۈپ، سۇ بىلەن

www.uyghurkitap.com

بىلىقنى باخ-باخ ئەتكۈزۈپ.

**باخشى I** ئى <دىن> ① دۇئا ئوقۇپ، دەم سېلىپ كېسەل داۋالىغۇچى كىشى. ② تۇغ باغلاپ، پېرى ئويىنىغۇچى؛ پېرىخۇن: — شامال دارىپ قالغان بىرنەچچە ئاغرىق-سىلاقنى تېپىپ، تۇغ باغلاپ پېرى قىلدىم. يىراق-يېقىندىكىلەرمۇ قىزىقىپ قالدى ۋە نامۇ ئەمالىم يىراق-يېقىنغا پۇر بولدى، — دېدى باخشى ياغلىقىدا قالغان نانىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ كاپ ئېتىپ.

**باخشى II** ئى. بۈركۈت، قارچىغا، لاچىن قاتارلىقلار بىلەن ئوۋ ئوۋلايدىغان كىشى؛ قۇشچى: قۇش باخشىسى.

**باخشىلىق I** «باخشى I» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: ئۇ باخشىلىق قىلىپ، بىرمۇنچە ئادەمنى ئالداپ كەتتى.

**باخشىلىق قىلماق** <دىن> باخشىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانماق: سادىر باخشىلىق قىلىپ يۈرۈپ نۇرغۇن مال-دۇنياغا ئىگە بولۇۋالدى.

**باخشىلىق II** «باخشى II» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: مەمەتنىڭ ئورمانلىقتا باخشىلىق قىلىپ يۈرگىنىگە ئىككى يىل بولغانىدى.

**باد** ئى [پ] يېزىت. شامال.

**باداشقان** ئى. ئىككى پۇتنى بىر-بىرىگە ئالماشتۇرۇپ، ئىككى تېقىمغا چاپلاپ ئولتۇرۇش ھالىتى؛ چازا: بۇرادەر ئۆي تارچىلىق، باداشقاننى يىغىپ ئولتۇرايلى!

**باداشقان قۇرماق** ئىككى پۇتنى بىر-بىرىگە ئالماشتۇرۇپ، ئىككى تېقىمغا چاپلاپ ئولتۇرماق؛ چازا قۇرۇپ ئولتۇرماق: باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرماق. * يولداشلار، ئۆيىمىز كەڭ-كۇشادە، باداشقاننى قۇرۇپ ئازادە ئولتۇرساقمۇ بولىۋېرىدۇ. * خانىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇلار كۆپچىلىككە يۈزلىنىپ شىرە ئالدىدىكى كۆرپىلەر ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى.

**بادارغا** ئى. دىئال. بادرا، چەنزە.

**باداڭ** ① ئى. چىۋىق، چىغ، قومۇش قاتارلىق نەرسىلەردىن توقۇلۇپ، يۇمىلاق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن ياكى دەرەخ تېنىدىن كۆپ شەكىلدە ئويۇپ ياسالغان ئاشلىق ساقلايدىغان چوڭ قاچا: ئېشنى كارداكتىن سوراڭ، ئۇنى باداڭدىن (ماقال). * ئۈستىگە پاختا بادىڭى قويۇلغان «يار-يار» ھارۋىنى ھەيدەپ، تۇراخۇن يېتىپ كەلدى. ② سۆپ. كۆچمە. چوڭ، يوغان: گادايلارنى «نادان»، «ئەخمەق» دېگەن باداڭ قورساقلارغا، جاۋابىڭنى يازاتتىڭ سەن تىزىپ ئوتلۇق قوشاقلارغا.

**باداڭ تاغار** ئىچىگە جىق ئاشلىق سىغىدىغان يوغان تاغار: ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى باداڭ تاغارلاردا لىق بۇغداي قاچىلاقلىق تۇراتتى.

**باداڭ قورساق** يوغان قورساق: ھېلىقى باداڭ قورساق پاكار ئادەم ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ ئاپتوبۇستىن ئارانلا چۈشتى.

**باداڭدەك** سۆپ. يوغان، چوڭ: بۆرە يەپتۇ-يەپتۇ قورساقلىرى باداڭدەك بولۇپ كېتىپتۇ، لېكىن بۇرنىدىن چىقماپتۇ.

**بادام** ئى [پ] <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى تېمىنسىمان؛ گۈلى سۇس قىزىل ياكى ئاق رەڭلىك بولىدۇ؛ مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە، مېۋە گۆشى نېپىز، شىرنىسى ئاز بولىدۇ؛ ئۆزگەرگەن تۈرلىرى كۆپ؛ ئۇرۇقى ئاچچىق بولىدىغانلىرى ئاچچىق بادام، تاتلىق بولىدىغانلىرى تاتلىق بادام دېيىلىدۇ. ② شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**بادامبەز** ئى [بادام+بەز] <ئانات> يۇقىرىقى نەپەس يولىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان، لىمفا تۈگۈنىگە ئوخشايدىغان توقۇلما، ئادەتتە تاڭلايدىكى بادامبەزنى كۆرسىتىدۇ. تاڭلاينىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە بىردىن ئىككىسى بولىدۇ، شەكلى بادامغا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن «بادامبەز» دەپ ئاتالغان: بالا ئوگدىسىغا يېتىپ ئۇخلاۋاتقاندا توختىماي

خورەك تارتسا، ئاغزىنى ئېچىپ نەپەس ئالسا، چىرايى تاتىرىپ، قاڭشىرى كېكىيىپ ئولتۇرۇشۇپ قالغاندەك قىياپەت پەيدا بولسا، بۇ، بالىنىڭ بادامبېزىنىڭ يوغىناپ نەپەس ئېلىشقا تەسىر يەتكۈزگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

**بادامچاي** ئى [بادام+چاي] بادامنىڭ مېغىزىدىن قىلىنغان چاي.

**بادامدوپپا** ئى [بادام+دوپپا] گۈلى بادام نۇسخىلىق دوپپا: لۇتپۇللانىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان ھامان راۋابچى بادامدوپپىسىنىڭ قېتىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ، شائىرغا سۇندى. * ئىشقا ماڭغان چېغىمدا كۈن چىقىپتۇ ئاسماندا. بادامدوپپا تىكتىم مەن، گۈزەل يارىم ئىشچانغا.

**بادامقاپاق** ئى [بادام+قاپاق] بادامغا ئوخشايدىغان قاپاق (ئادەمنىڭ قاپىقىغا نىسبەتەن): لېۋى ئاچتى غۇنچىنى، قاتار تىزغان ئۈنچىنى، جادۇ كىرپىك ياراشقان، بادامقاپاق مېغىزغا.

**بادامكۆز** ئى [بادام+كۆز] كۆزنىڭ كىرپىك ئورۇنلاشقان جايى، بادامغا ئوخشايدىغان كۆز: ئۆيىنىڭ تۆرىدە بادامكۆز بىر كىشى باداشقان قۇرۇپ ھاكاۋۇرلارچە ئولتۇراتتى.

**بادامگۈل** ئى [بادام+گۈل] بادامغا ئوخشىتىپ تىكىلگەن گۈل: بادامگۈلى — بەختى كۈلگەن پامىر، تىيانشان: گېزەك گۈلى — دولقۇنلىغان تارىم، زەرەپشان.

**بادامچە** ئى. چىمەن دوپپىنىڭ تۆپىلىكىگە ئىككى شاخ ئايرىپ، بادام شەكلىدە تىكىلگەن گۈل.

**بادامزار** ئى [پ] ← **بادام‌لىق**: كۆچانىڭ ھاۋارەڭ گىلەملىرىدە، قوش شىرلار سەكرەيدۇ يېيىپ يايلىنى. خوتەننىڭ تاش بوياق زىلچىلىرىدا، كۆرسەم بادامزار گۈزەل ۋادىنى.

**بادامزارلىق** ئى ← **بادام‌لىق**: — مەھمۇت بادامزارلىققا كەتتى، — دېدى ئادىل ئايشەمگە.

**بادام‌لىق** ئى. بادام دەرىخى كۆپ ئۆسىدىغان جاي: بادام‌لىق باغ. * قارا كۆرۈنگەن بادام‌لىق بىزنىڭ مەھەللە.

**بادە** ئى [پ] يېزت. مەي، ئىچىملىك: تا قىيامەت چىقمىغاي كەيپى مۇھەببەت بادەسى، يارىنىڭ شەۋقى جامالى شەمئىغە پەرۋانە گۈل.

**بادرا** ئى. دىئال. دىئامېترى تەخمىنەن ئالتە سانتىمېتردىن 12 سانتىمېترغىچە بولغان، ئۆي- ئىمارەتكە ئىشلىتىلىدىغان، ئۇزۇن ۋە تۈز ياغاچ: ئۆيىنىڭ ئاق تېرەك، سېرىق سۆگەت ۋە قاغا جىگدە بادرىلىرىدىن تەركىب تاپقان جەگلىرى يادەك ئېگىلىپ تۇراتتى.

**بادراڭ** ئى. دىئال ← **بادراڭ كۆز**.

**بادراڭ كۆز** دىئال. بېلىق كۆز.

**بادرەنجى** ئى [پ] ← **بادرەنجى بۇيا**.

**بادرەنجى بۇيا** <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تېنى تۈكلۈك، چاسا غوللۇق بولىدۇ؛ يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ؛ گۈلى سۇس سۆسۈن كېلىدۇ ۋە غولىنىڭ ئۇچىغا يېقىنراق بولغان يوپۇرماقلارنىڭ قولتۇقىدا ئۆسۈپ، كونۇسىمان گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ پۈتۈن تېنى دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە پۇراقلىق ماي ئېلىشقىمۇ بولىدۇ.

**بادىسابا** ئى [پ+ئە] يېزت. تاڭ شامىلى، سەھەر شامىلى: ئەي بادىسابا پىيام يەتكۈز، مېنىڭ يارىمغا سالام يەتكۈز.

**بار I** سۈپ ① مەۋجۇت؛ يوقنىڭ ئەكسى: بار ئىمكانىيەتتىن پايدىلانماق. * جان بار يەردە قازا بار (ماقال). * ئۇ مەلىدىن بۇ مەلىگە يولى بارمىكىن، يار ئاغرىقى بولۇپ قالدىم دورا بارمىكىن. ② كۆپ ئىقتىسادقا، بايلىققا ئىگە بولغان؛ باي، دۆلەتمەن: بار بارنى قىلار، يوق نېمىنى قىلار (ماقال). * قول ئىلكىدە بار ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئادەمنىڭ مۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈشى ئاسانغا چۈشمەيتتى. ③ ھەممە، جەمئىي، بارلىق: ئېگىز تاغقا چىققاندا، قولىڭىزنى

www.uyghurkitap.com

مەن تارتقان، بار ئويۇننى سىز ئويناپ، دەردىڭىزنى مەن تارتقان. * ئىرادەم — مەڭگۈگە بار كۈچۈم بىلەن، ئىلىم - پەن ئېغىدا ئۆتتۈش نۇر چېچىپ. ④ ئورۇن كېلىشتە كەلگەن سۆزدىن كېيىن خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىپ: 1) مۆلچەرنى، چامىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ يېشى يىگىرمىلەردە بار. 2) «قولىدىن كېلىدۇ»، «قىلالايدۇ»، «بىلىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: پەرىدىگۈل دېگەن بالامنى خوتەننىڭ گۈلى دېسىلە، دۇتار، ئۇسسۇل، ناخشا.... ھەممىسىدە بار.

**بار بولماق** مەۋجۇت بولماق؛ نەق، ھازىر بولماق: «كېجىي» جۇڭگودا ئەزەلدىن بار بولغان فېئوداللىق ئىمتىھان تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ. * سىنىپتا بار بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇز بەش، لېكىن ئىككىسى يوق.

**بار ئىكەن، يوق ئىكەن ← بىر بار ئىكەن، بىر يوق ئىكەن:** بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن.

**بارمۇ سىز** (سەن، سىلەر) ئۇزۇن ۋاقىت دېرەكسىز، كۆرۈنمىگەن دوستلار ياكى يېقىنلارغا «كۆرۈنمىدىڭىز، يوقاپ كەتتىڭىز» دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدىغان ئادەت سۆزى: مۇھەممەت، بارمۇ سىز! ئون بەش كۈندىن بېرى يوقاپ كەتتىڭىز!

**بارنى تەڭ كۆرمەك** شۇ چاغدىكى بار نەرسىدىن تەڭ بەھرىمەن بولماق: — بارنى تەڭ كۆرەرمىز، ئاپا، — دېدى باقى قويچى.

**بار II** مىق س [ر<لات] <فىز> ئاتموسفېرانىڭ بېسىم بىرلىكى، بىر بار ھەربىر كۋادرات سانتىمېتىر يۈزىگە چۈشكەن بىر مىليون دىنا تەسىر كۈچىنىڭ بېسىمىغا تەڭ بولىدۇ. دېڭىز يۈزىدىكى ئاتموسفېرا بېسىمى تەخمىنەن بىر بارغا تەڭ.

**بارا I** ئى. تىك چۈشكەن يارنىڭ تاش ياكى شېغىل قاتلىمى.

**بارا ئالتۇنى** بارادىن ئېلىنىدىغان قارامتۇل ئالتۇن.

**بارا II** ئى. دىئال. بارقا پاقلان ياكى ئوغلاق تېرىسى.

**بارا-بارا** ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، بارغانسېرى، قەدەممۇقەدەم، پەيدىنپەي، تەدرىجىي، بىر-بىرلەپ: ئەكبەر خۇشال-خۇرام ئۆگەندى، بارا-بارا تېنىمەي راۋاب چېلىپ ناخشىنى ئوقۇيدىغان بولدى. * بارا-بارا ئۇلار مېنىڭ باھايىمەدىن نارازى بولۇشىدۇ.

**باراban** (بارابانى) ئى [ر<پ] ئىككى يۈزىگە تېرە تارتىلغان، يۇملاق قاسقانلىق، چوكا بىلەن چالىدىغان مۇزىكا ئەسۋابى.

**بارابانچى** ئى. باراban چالغۇچى: پەرھات باشلانغۇچ مەكتەپتە دۇي بارابانچىسى ئىدى.

**بارابانچىلىق** ئى. باراban چېلىش ئىشى: ئامىنە بارابانچىلىقنى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىدىلا خېلى پىششىق ئۆگەندى.

**بارات** ئى [ئە] ① قەمەرىيە يىل ھېسابىدا سەككىزىنچى ئاينىڭ نامى؛ شەبان: بارات ئاي. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**بارات ئاي ← شەبان:** ھىجرىيىنىڭ 960-يىلى، بارات ئاينىڭ 15-كۈنى شەھىرى يەكەندە يېزىلدى.

**بارات كېچىسى** قەمەرىيە سەككىزىنچى ئاينىڭ 15-كۈنىگە ئۆتىدىغان كېچىسى.

**باراخسان** (توغرىسى: باراقسان) ← **باراقسان.**

**بارار** «بارماق» پېئىلىنىڭ سۇپەتدىشى: بۇغدايىنىڭ بارار يېرى تۈگمەن (ماقال). * بارار جايى بولمىغان باجىسىنىڭ ئۆيىگە بارار (ماقال).

**بارار يېرى سامانلىق** قولىدىن كېلىدىغىنى، قىلالايدىغىنى چاغلىق.

**باراقسان** سۇپ. قويۇق، بۈك، باغجانلاشقان: ئالماس ئەلەم بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، سۈيى تېشىپ تۇرغان بىر ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتتى-

دە، ئۆيىنىڭ كەينىدە بىر تۈپ باراقسان ياڭاق دەرىخى بار، قوش قاناتلىق كىچىك دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

**باراقسان بولماق** ⟵ **باراقسانلاشماق:** بۇلاقنىڭ يېنىدا ئۈچ تۈپ قارىياغاچ باراقسان بولۇپ كۆكىرىپ تۇراتتى.

**باراقسانلاشتۇرماق** «باراقسانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**باراقسانلاشتۇرۇلماق** «باراقسانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**باراقسانلاشماق** پ. بۇك-باراقسان ھالەتكە كەلمەك: كۆلدىكى بۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران بولۇپ: — ... يوپۇرماقلىرى بىرئوبدان باراقسانلىشىپ كېتىپتۇيۇ، گۈلى سەتلىشىپ توزۇشقا باشلاپتۇ، — دېيىشىپتۇ.

**باراقسانلىق** «باراقسان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەلى يولى بوستانلىق، باراقسانلىق گۈلباغلىق. يۇرىكمدە ساقلاقلىق، يارىم بەرگەن قول ياغلىق.

**باراقسانلىق دەرىجىسى** <ئورم> ئورماندىكى دەرەخلەرنىڭ قويۇقلۇق ۋە يەر يۈزىنى قاپلاش دەرىجىسى.

**باراقسانلىماق** پ. قويۇقلاشماق، باغجانلانماق، ئاينىماق: ئىككى بۇلۇڭدا سوغىغا كۆچۈرۈلگەن سۆگەتكۈلمۇ باراقسانلاپ كېتىپتۇ... * ئەگەر ئۇ بولمىغاندا، ئورمانلىرىمىز بۈگۈنكىدەك مۇنداق باراقسانلاپ، ساغلام ئۆسەلمىگەن بولاتتى.

**باراڭ** ئى ① كاۋا، قاپاق پېلەكلىرىنىڭ ۋە تەك شۇگىنىنىڭ ئارتىلىشى ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان جاھاز، چەللە: ئاكام سالغان باراڭغا تۆت دانە تۈۋرۈك، يارىمغا مەن ئەكەلدىم بازاردىن ئۆرۈك. ② كاۋا، قاپاق پېلەكلىرى، تەك شۇگىلىرى ئارتىلىپ سايىلانغان جاي: غۇنچەم، ناھايىتى قىزىق گەپ دەڭا! يۈرۈڭ، باراڭدا ئولتۇرۇپ سۆزلەپ بېرىمەن.

**باراڭلىق** ① ئى. باراڭ بولغان ھالەت: ھويلىغا قاپاق تېرىپ، قاپاق باراڭلىق قىلدىلا، يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ، ئەجەب ساراڭلىق قىلدىلا. ② سۈپ. باراڭ بار، باراڭ جايلاشقان: نېمەت دېرىزە ئالدىغا كېلىپ دەرەخلىك ئارىسىدىن سايىمنىڭ باراڭلىق ھويلىسىغا تىكىلدى.

**باران** ئى. دىئال. شەپە، قارا؛ ھەيۋە.

**بارانا** ئى. دىئال. تىرنا.

**باراۋەت** ئى. بىرقانچە كىشىنىڭ بىر جايغا توپلىشىپ قىلغان سەيلە-تاماشاسى: باراۋەت قىلماق. * مەن دادامنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۈنەك باراۋەتكە قوشۇلۇش ئۈچۈن پۇل بېرىشىنى سورىدىم. * موللا قارىمنى سايباغ تەرەپلەردىكى باراۋەتلەرگە چىللاپ مېھمان قىلدى، ئىززەت-ھۆرمەت كۆرسەتتى.

**باراۋەت قىلماق** بىرقانچە كىشى بىر جايغا توپلىشىپ سەيلە-تاماشا قىلماق.

**باراۋەت ئوينىماق** ⟵ **باراۋەت قىلماق.**

**باراۋەتخانا** ئى. باراۋەت قىلىدىغان باغ، سەيلىگاھ: شاھزادىنىڭ باراۋەتخانىسى رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن بېزەلگەن، گازۋاي چىراغلار يېقىلغانىدى.

**باراۋەر** [پ] ① سۈپ. ئۆلچىمى، سانى، ھەجمى، مىقدارى، قىممىتى، چوڭ-كىچىكلىكى، ئەھمىيىتى، مەنىسى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر خىل، تەڭ؛ پەرقى يوق، بىردەك: بۇ ئۆز ئىشىمىز، ھازىر سۇ دېگەن قان بىلەن باراۋەر، توسۇۋالغىنىمىز ئوبدان بولدى. * سەييات: — بويى بىلەن باراۋەر ئالتۇن بەرسە ساتماس ئىدىم، — دېدى. * بىر تەرەپتىن ياسالماقتا بىنالار، ئىچى-تېشى ئوپمۇئوخشاش باراۋەر. مۇبارەكلەپ كېلەر تۇغقان بۇرادەر، زەپ چىرايلىق زامانىۋى ئىمارەت. ② رەۋ. بىرمەزگىلدە، بىرپەيتتە، بىرۋاقىتتا: باراۋەر يۈگۈرمەك. باراۋەر تۇرماق. باراۋەر ئىشلىمەك. * ئۆكۈز بىلەن باراۋەر بولىمەن دەپ، پاقا يېرىلىپ كېتىپتۇ (ماقال). * يېڭى ھۆكۈمەت پۈتۈن مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەتلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشلىرىنى باراۋەر كۆتۈرۈش ئۈچۈن جاي-

جايلاردا سانائەت، زاۋۇت، ئورمانچىلىق ياردەم بانكىلىرى تەشكىل قىلىندى. ③ مىق س. ساناق سانلارغا قوشۇلۇپ ھەسسە، كەررە، قېتىم مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: ئۈچ باراۋەر كەم. بەش باراۋەر ئارتۇق. * مېلىمىزنى ئون باراۋەر پايدىسىغا ساتتۇق. * ۋەزىر: ــ مېھرىنى ئۆزى بىلەن ئالتە باراۋەر كۆمۈش بېرىپ سېتىۋالغانىدىم، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمنى ئاچمىسام، نېمە پايدىسى بار؟ ــ دەپ ئويلاپ مېھرىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ.

**باراۋەر بولماق** ← **باراۋەرلەشمەك:** بىز بىر ئەر ــ بىر خوتۇنلۇق بولۇشنى ۋە ئەر ــ ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

**باراۋەر تۇرماق** ① ئورنىدىن بىرلا ۋاقىتتا تەڭ قوزغالماق، قوپماق. ② ئۆلچىمى، سانى، ھەجمى، مىقدارى، قىممىتى، چوڭ ــ كىچىكلىكى، ئەھمىيىتى، مەنىسى قاتارلىق جەھەتلەردە تەڭ ئورۇندا تۇرماق: باشقارما بىلەن ئىشخانا ھوقۇق ۋە ئىمتىياز جەھەتلەردىن باراۋەر تۇرىدۇ.

**باراۋەر قىلماق** ئۆلچىمى، سانى، مىقدارى، قىممىتى، چوڭ ــ كىچىكلىكى، ئەھمىيىتى، مەنىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەڭ ئورۇنغا چىقارماق؛ تەڭلەشتۈرمەك: ھېكىم قاچىنىڭ ئاغزى بىلەن باراۋەر قىلىپ دورا سېلىپتۇ.

**باراۋەرسىز** سۈپ. باراۋەر بولمىغان؛ تەڭ، ئوخشاش ئەمەس.

**باراۋەرسىزلىك** ئى. تەڭسىزلىك، ئوخشاش ئەمەسلىك: سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىك ئەۋج ئېلىپ، ئىجتىمائىي تۈزۈم يۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغاچقا، يېڭى تەبىئىي ھالەت پەيدا بولغان.

**باراۋەرلەشتۈرمەك** «باراۋەرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**باراۋەرلەشتۈرۈلمەك** «باراۋەرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياخشى بىلەن يامان باراۋەرلەشتۈرۈلسە، ناھەقچىلىك كېلىپ چىقىدۇ.

**باراۋەرلەشمەك** پ. ئۆلچىمى، سانى، ھەجمى، مىقدارى، قىممىتى، چوڭ ــ كىچىكلىكى، ئەھمىيىتى، مەنىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەڭ بولماق، بىردەك بولماق: دېڭىزدا دولقۇن باشلاندى، سۇ كۆتۈرۈلۈپ تاغقا باراۋەرلەشتى.

**باراۋەرلىك** ئى. تەڭلىك، تەڭ ھوقۇقلۇق: مىللەتلەر باراۋەرلىكى. * سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، باراۋەرلىك ــ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە چەت ئەللەر بىلەن ئىقتىساد ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىش ــ مەملىكىتىمىزنىڭ تەۋرەنمەس ستراتېگىيىلىك فاڭجېنى.

**باربىت** ئى [ئە] <مۇز> يۇزلۇكىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر تۆشۈكى، بويۇن پەدىسى بىلەن قوشۇلۇپ 30 پەدىسى بار، تۆت تارلىق، بارماق بىلەن چېكىپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابى: شىنجاڭنىڭ بۇرغا، يالغۇزەك (نەي)، بورىيا، بالىمان، دۇمباق، غوڭقا، باربىت، راۋاب، غىجەك قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئېچكى ئۆلكىلەردىكى زۇ، زىڭ، سەي، چەڭ قاتارلىق چالغۇلار بىلەن بىرلىشىپ مۇزىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

**بارتو** ئى. دىئال. ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى كىشى؛ غوجىدار.

**بارچە** ئال. بىر خىل تىپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى؛ بارلىق، پۈتكۈل: ــ نېمىشقا كۆلمەيمەن پادىشاھىم، بارچە ئادەم يىلدا بىر قېتىم ھوسۇل ئالسا، مەن يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالغىنىمغا كۆلىمەن، ــ دەپتۇ. * بارچە دۆلەت مەندە دەپ، دۆلەتكە مازۇر بولمىغىن.

**بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلماق** ① ھەر خىل ژانىر، ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئەسەرلىرى ئەركىن راۋاجلاندۇرماق: دۆلەت، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ــ بەستە سايراش فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە ئىلىم ــ پەننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ،...

www.uyghurkitap.com

② ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە گۈللەنگەن مەنزىرە بارلىققا كەلمەك.

**بارخان** ئى. شامال، بوران قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى تۈپەيلى پەيدا بولغان قۇم دۆۋىلىرى؛ **دۆڭلۈك:** دېۋە-پەرىلەر جەم بولۇشۇپ، ھەمراجاننىڭ ئالدىغا كۆز يەتمەس قۇم بارخانلىرىنى پەيدا قىلدى. * ئەزىم دەريا.... يەكەن ۋادىسىنى، مۇنبەت دولان ۋە سانسىز قۇم بارخانلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. * ئۇ، سول تەرىپى ئاپئاق تون كىيگەن كۆز يەتكۈسىز قۇم-شور بارخانلىرى ئارىسىدىكى ئەگرى-بۈگرى ھارۋا يولىنى بويلاپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە...

**بارخانلاشماق** پ ← **بارخانلىماق**

**بارخانلىماق** پ. شامال، بوران قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى تۈپەيلى قۇمدىن دۆۋە ۋە دۆڭلۈك پەيدا بولماق.

**بارداق** ئى. دىئال. **سۇ قاچىسى، ئاياق.**

**باردۇرماق** (توغرىسى: بارغۇزماق) ← **بارغۇزماق.**

**باردى-كەلدى** ئۆزئارا بېرىش-كېلىش، ئالاقە، **مۇناسىۋەت:** بىزنىڭ ئۇلار بىلەن باردى-كەلدىمىز يوق. * ئۇنىڭ باردى-كەلدىسى ساپلا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، قىسقىسى پۇل بايىغا، سۇ سايىغا.

**باردى-كەلدى قىلماق** ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلماق، ئالاقە باغلىماق، مۇناسىۋەت **ئورناتماق:** بىز خېلىدىن بېرى ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن باردى-كەلدى قىلالمىدۇق. * ئۇنىڭ بۇنداق ھەۋەسى ئاشقى دۇنيا بىلەن باردى-كەلدى قىلىشقا موھتاج.

**بارژا** ئى [ر<فران] بىرەر نەرسىگە سۆرىتىپ ماڭىدىغان ياكى ئۆزى يۈرىدىغان يۈك كېمىسى.

**بارس** ئى ← **يولۋاس.**

**بارغانچە** رەۋ ← **بارغانسېرى:** گۈلدۈرماما ئاۋازىمۇ بارغانچە يېقىنلىشىپ، ئارقا-ئارقىدىن توختىماي گۈلدۈرلەيتتى. * مەن ئادەتتىكى پارچە-پۇرات تەجرىبىمىنىڭ ھەقىقىي ئىلىم-پەننىڭ ئورنىنى ھېچقاچان باسالمايدىغانلىقىنى بارغانچە چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن.

**بارغانسېرى** رەۋ. ۋاقىت ئۆتكەنچە، **بارغانچە، كۈنساناپ:** ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. * ئاپتور چوڭقۇر ئىشىنىدۇكى، ۋاقىتقا ئاقلانىلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى بارغانسېرى جىددىي ئېھتىياج بولماقتا. * قالدى ئوخشاش بىر دېڭىزغا ئۆۋي دېگەن، بەكرى ھەيدەكسىز قېيىقتەك لەيلىگەن. ھوشىدىن ئايرىلدى ئۇ بارغانسېرى، قىز تەرەپكە قانچە ئىنتىلگەنسېرى.

**بارغۇزماق** «بارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي **دەرىجىسى:** ئۆيدىكىلىرىڭ بارغۇزمىدىمۇيا؟ * شۇنچە يالۋۇرۇپمۇ، قاتتىق ئېيتىپمۇ ئوغلىنى ئۆزىنىڭ كۆكتات ساتىدىغان دۇكىنىغا بارغۇزالمىدى.

**بارغىندى** ئى. دىئال. **بارغۇچى كىشى.**

**بارقا** ئى. **قىرقىش ۋاقتىغا يەتكەن قوزىنىڭ تېرىسى.**

**بارگاھ** ئى [پ] ھەربىي قوشۇن، پادىشاھ، خان، ۋاڭ، بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ تۇرار جايى؛ **دەرگاھى:** ئەلقىسسە، يۈسۈپ ئەھمەدلەر بوۋاي قەمبەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشۈپ، بارگاھلىرىغا قايتىپ كېلىپ، بىر-بىرى بىلەن ھال-ئەھۋال سوراشتى. * مەخسۇت بەگ بۇ چاغدا، چېدىر بارگاھتا قوللىرىنى شىلتىپ، ھە دەپ ئىمام خاتىپقا كايىۋاتاتتى. * سەۋەبكى، ئاندا مەنزىل يولىنى توسۇپ، چېرىكلەر تۇرار ئىدى بارگاھ قۇرۇپ.

**بارلاس** ئى. <تارىخ> **تۆمۈر ۋە تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە چوڭ رول ئوينىغان ئۆزبېك قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى ۋە شۇ قەبىلىگە مەنسۇپ كىشى.**

**بارلىق I** ① «بار» سۆزىنىڭ ئىسىم **شەكلى:** كىتاب بارلىقى بار، لېكىن بۇ يەردە يوق. * تېخى قانمىدىم، قورسىقىمدا بۇنچە جىق پىلانلارنىڭ

بارلىقنى بىلمەيتىمەن ئاداش. * مۇنداق ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقماپتىمەن. ② سۆپ. **مەۋجۇت، ھاسىل:** گەرچە شارائىتنىڭ مۇناسىۋەتى ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، لېكىن شارائىتنى كىشىلەر بارلىققا كەلتۈرگەن. * بۇنداق بىرلىشىش پەقەت ئىختىيارىي يوسۇندا مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىشى ۋە دوستلۇقى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. ③ ئى <پەلس> **ئوبيېكتىپ دۇنيا، پۈتۈن ئالەم، مەۋجۇدات:** ماتېرىيالىزم ئومۇمەن بارلىق ئاڭغا ئەمەس، ئاڭ بارلىققا باغلىق دەپ قاراشنى تەلەپ قىلىدۇ. ④ ئى. **ئادەمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى، ئۆزىگە قاراشلىق ھەممە نەرسىسى:** بارلىقىم ھەم سىنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان، تىلەك ـ مەقسەت بەختىڭ ئۈچۈن قارىتىلغان. ⑤ سۆپ. **باي، پۇلدار:** بارلىق بولساڭ بېشىڭنى سىلايدۇ، يوقلۇق بولساڭ بېشىڭ سىغمايدۇ (ماقال).

**بارلىققا كەلمەك** **ھاسىل بولماق، مەۋجۇت بولماق، پەيدا بولماق، ۋۇجۇدقا چىقماق، بىنا بولماق، تۇغۇلماق:** بۇنداق بىرلىشىش پەقەت ئىختىيارىي يوسۇندا مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىشى ۋە دوستلۇقى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. * ئەركىنلىك بارلىققا كەلگەن چاغدا، دۆلەت بولمايدۇ.

**بارلىق II** سۆپ. **ھەممە، جىمى، پۈتكۈل، ئومۇمىي:** دەرس ئۆتۈش ـــ بارلىق ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى. * باغدىكى بارلىق مېۋىلەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ قويۇڭلار. * شاساقى بارلىق ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، ئىسىل تاشتىن كۆز ئويۇپ، بەكمۇ قاملاشتۇرۇپ، بىر دانە ئۈگەر ياساپتۇ.

**بارماق I** ئى. **پۇت، قول پەنجىلىرىنىڭ ھەربىرى:** بىرىنچى بارماق بىلەن بىرىنچى سىمنىڭ «لا ــ 6» پەدىسىنى تۇتۇپ، ئىككىنچى بارماق بىلەن ئىككىنچى سىمنىڭ «6» دىن بىر ئاھاڭ تۆۋەن پەدىسىنى تۇتساق «فا ــ 4» ئاھاڭ بولىدۇ.

**بارماق بىلەن سانىغۇدەك** **ئاز، چەكلىك:** ھازىر بىزنىڭ ئەمەلىيەتتە، چەتتىن قوبۇل قىلغان ئاتالغۇلىرىمىزدا «ژ» ھەرپى بىلەن يېزىلىدىغان ئاتالغۇلار بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا.

**بارماق بىلەن سانىماق** **ئاز، چەكلىك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەك:** مەملىكىتىمىزدىكى ئاز ـ تولا ھەقىقىي تالانتلىق ساتىرىكلارنىڭ ھەممىسىنى بارماق بىلەن ساناپ بېرەلەيمەن.

**بارماق پەردىسى** <زوئول> بەزى قوش ماكانلىق ھايۋانلار، سۆرەلگۈچىلەر، قۇشلار ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ پۇت بارماقلىرى ئارىسىدىكى نېپىز پەردە. ئۇ سۇغا چۈشكەندە، سۇ ئۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: يېشىل پاقا، تاشپاقا، ئۆردەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بولىدۇ.

**بارماق تىلى** **گاس، گاچىلارنىڭ قول ئىما-ئىشارەتلىرى، بارماق بىلەن ھەرپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزئارا ئالاقىلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى.**

**بارماق چۆگىلىمىچى** بارماق ئۇچىدىكى بۇرما شەكىللىك تېرە سىزىقلىرى.

**بارماق سۆڭىكى** قول بارمىقىنىڭ پارچە سۆڭەكلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر پۈتۈن گەۋدە. باش بارماقتا ئىككى، باشقا بارماقلاردا ئۈچ پارچىدىن سۆڭەك بولىدۇ.

**بارماق ۋەزىن** <ئەد> شېئىر مىسرالىرىدىكى تەڭ مىقداردىكى بوغۇملار مەلۇم تەرتىپتە گۇرۇپپىلىنىپ، بىر خىل رىتىم ھاسىل قىلىدىغان شېئىرىي ۋەزىن. بۇ نام مىسرالاردىكى بوغۇملار سانىنىڭ بارماق بىلەن سانىلىشىدىن كېلىپ چىققان.

**بارمىقنى چىشلىمەك** **ھەسرەتتە، پۇشايماندا قالماق:** 1973 ـ يىلى بىزمۇ چارباغ دادۇيىنى دوراپ، بۇنداق بەقەسەم ئېتىزلاردىن ئاز ـ تولا قىلىپ باققان، لېكىن يىلنىڭ ئاخىرىدا چاچقان ئۇرۇقىمىزنى تاپالماي بارمىقىمىزنى چىشلەپ قالغانىدۇق.

www.uyghurkitap.com

**بارماق II** پ ① سۆزلىگۈچى ياكى كۆزەتكۈچى تۇرغان جايدىن، نەزىرىدىن نېرى كەتمەك، يىراقلاشماق، يول ئالماق: بارمايمەن دېگەن تۆگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ (ماقال). * ئۇ جەڭلەردە ئەڭ خەۋپلىك يەرلەرگە ناھايىتى قىزغىن ۋە قەھرىمانلارچە يۈگۈرۈپ باراتتى. ② داۋاملاشماق، داۋام قىلماق: خېنىم، ئەگەر ھەممىنى مېنىڭ رېتسېپىم بويىچە بەجا كەلتۈرسىڭىز، ئانىڭىز مۇشۇ ھالىتىدە يەنە ئىككى ئاي ئۆمۈر كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇزاققا بارمايدۇ. * بۇ يەردە گەپ دۆلەت ھاكىمىيىتى پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى ئۇستىدىلا بارىدۇ. ③ بىرەر جايدا بىرەر كىشىنىڭ ھۇزۇرىدا بولماق، قەدەم تەشرىپ قىلماق: ياخشى بولساڭ تويۇڭغا بارارمەن، يامان بولساڭ ئۆلۈمۈڭگە (ماقال). * ئارسلانوۋ قۇددۇس پەيزىنىڭ يېنىغا باردى. * ئىككىنچى قېتىم مەن يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمەن. ④ رەۋىشداشلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ تۈس مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: 1) ئىش-ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مەن ھۇشۇر ئاكامغا ياندىشىپ كېتىپ باراتتىم. 2) ئىش-ھەرىكەتنىڭ پەللىمۇپەللە ئۆرلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: دۆلەت بىكار قىلىنىدۇ ئەمەس، ئۇ ئۆز-ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بارىدۇ. 3) ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ، بۇ كەمگىچە كورلىغا يېتىپ باردى. ⑤ يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، شۇ نەرسىنىڭ شۇ سان بىلدۈرگەن چەككە يەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ: ئۇنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلى 12 مىڭ يۈەنگە بارىدۇ.

**بارسا كەلمەس** بارغان ئادەم قايتىپ كېلەلمەيدىغان، ناھايىتى خەتەرلىك: ئۇلا مېڭىپ-مېڭىپ بىر يەرگە كەلسە، ئۈچ ئاچا يول ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭ بىرى، بارسا كېلەر يول، يەنە بىرى، بارسا يا كېلەر، يا كەلمەس يول، ئۈچىنچىسى بارسا كەلمەس يول ئىكەن.

**بارسا كەلمەسكە كەتمەك** ئۆلمەك، قازا قىلماق: ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى ئەمدى بارسا كەلمەسكە كەتتى.

**بارماقتەك** سۈپ. ← **بارماقچىلىك**: سىنىڭ بارماقتەك نەرسەڭ نېمىگە يېتىدۇ.

**بارماقچىلىك** سۈپ. كىچىك، كىچىككىنە، ئۇششاق: پەرھات ئاچچىقلىنىپ، قوپاللىق بىلەن ئاسلاننىڭ بويىنىدىن تۇتتى-دە، بارماقچىلىك ناننى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقتى.

**بارماقلىق** سۈپ. بارمىقى بار، بارماقلارغا بۆلۈنگەن: بەش بارماقلىق قول. * قارا چىبەرقۇتتىن نېپىز پاختا سېلىپ، بەش بارماقلىق قىلىپ تىكىلگەن بۇ پەلەي باشقا پەلەيلەردىن كۆركەملىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

**باروگراف** ئى [ر<گرېك] <مېتېئور> ئاتموسفېرا بېسىمىنى شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن يېزىپ بېرىدىغان ئاپتوماتىك بارومېتر.

**بارومېتر** ئى [ر<گرېك] <مېتېئور> ئاتموسفېرا بېسىمىنى، ھاۋا رايىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، بارومېتىردىكى سىماب يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ياكى تۆۋەنلەيدۇ.

**بارومېترلىق** سۈپ. بارومېترى بار، بارومېتر ئورنىتىلغان: مەكتەپ تەجرىبە يۇزىسىدىن بارومېترلىق بىر كىچىك كۆزىتىش پونكىتى قۇردى.

**بارون** ئى [ر<فران] <تارىخ> غەربىي ياۋروپا دۋارىيانلىرىنىڭ روسىيىدە يولغا قويغان گرافتىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئۇنۋانى ۋە شۇنداق ئۇنۋان ئالغان شەخس.

**بارى** ئال. ھەممىسى، بارلىقى، جىمىسى، ئومۇمىي: ئورىغا كۆمۈلگەن بۇغدايىنىڭ بارى ئوتتۇز تاغار. * نېرىنى كۆپ سۆزلىمەيلى، 50-يىللىرى، بارى 60 مىڭ ئىدى، ئات، قوي، كالا، توپاق، قولۇن.

**بارنى تەڭ تارتماق** يولۇقۇش ئېھتىمالى

www.uyghurkitap.com

بولغان ھەممە جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بىللە كۆرمەك: بىزمۇ شۇ يەرگە كۆچۈپ كەلسەك، بارنى تەڭ تارتىپ دەرقەمتە ئۆتسەك.

**بارىت** ئى [ر<گرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال، خىمىيىۋى تەركىبى بارىي سۇلفات (Ba $SO_4$)، ساپلىرى رەڭسىز ھەم سۈزۈك، ساپ بولمىغانلىرى كۆل رەڭ، ئاق، قىزىل رەڭلەردە ئۇچرايدۇ؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى چوڭراق. ئۇنى ئاق رەڭ ماتېرىيالى، ئېمالىلىق سىر، ساپال سىرى ۋە خىمىيىۋى تەجرىبە دورىلىرىنى ياساشنىڭ خام ئەشياسى قىلىشقا؛ قەغەز ۋە كاۋچۇك ئىشلەشتە قاچىلاش ماتېرىيالى قىلىشقا؛ نېفىت ئېلىشتا، سېغىزلىق ئېرىتمىگە ئارىلاشتۇرۇپ، قۇدۇق فونتانلاش ھادىسىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**بارىچە** رەۋ. بارىنى، ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، ھەممىسىنى ئىشلىتىپ؛ يېتىشىچە: بالىلار، چۆكۈپ كەتكەن چېلەكنى ئىزدىشەتتى. ئەكرەم بولسا سۆگەتنىڭ شېخىغا ئېسىلىۋېلىپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى. * ساتتار كۈچىنىڭ بارىچە ياغاچقا چالما ئاتتى، لېكىن بىر تالمۇ ياغاچ چۈشمىدى. * موللازەيدىن بۇ چەكسىز چۆللەرگە قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇھ تارتىپ ۋە ئاۋازىنىڭ بارىچە ناخشا ئېيتقۇسى كەلدى.

**بارىدا** رەۋ. بار شارائىتتا، بار ۋاقىتتا: چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە، يېگىڭنىڭ بارىدا قول سال (ماقال).

**بارىسىدا** تىر. توغرىسىدا، ھەققىدە، خۇسۇسىدا: چىقسام تۇرىدۇ رەت ـ رەت مەكتەپ دەرۋازىسىدا، تەرتىپ بىلەن سۆز بارماقتا ئىكەن دەرس بارىسىدا.

**بارىكادا** ئى [ر<فران] كوچا جەڭلىرىدە دۈشمەن ئوقىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان توساق؛ توسما: خوش، جېنىماچۇ؟ ئۇ بارىكادىلار ئالدىدا جەڭ قىلىدۇ.

**بارىكاللا** ئىم [ئە] بىرەر سۆز، بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك قىلىنغانلىقىغا، بېجىرىلگەنلىكىگە ئېيتىلغان رەھمەت؛ تەشەككۈر: مەيدانغا يىغىلغان كۆپچىلىك: — بارىكاللا! نۇسرەت شاھنىڭ ئەقىللىقلىقىغا ئاپىرىن! نېمە دېگەن دانالىق بۇ؟ — دېيىشىپ، نۇسرەتنىڭ تەدبىرىگە ھەيران قېلىشىپتۇ.

**بارىكاللا ئوقۇماق** بىرەر سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك قىلىنغانلىقىغا، بېجىرىلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتماق؛ تەشەككۈر بىلدۈرمەك: — ھەببەللى، ئاغزىڭغا قەنت، — دېدى بىرى، كۆپچىلىك خۇشاللىقتىن كۈلۈپ كەتتى. ناسىر ئاكام تەسىرلىنىپ بۇ جاۋابتىن، بىزلەرگە بارىكاللا ئوقۇپ كەتتى.

**بارىكاللا ئېيتماق** ⟵ **بارىكاللا ئوقۇماق**: داۋۇتكام ئوغلى ئادىلنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتتى.

**بارىگا** (توغرىسى: بارگاھ) ⟵ **بارگاھ**.

**بارىئون** ئى [ر<گرېك] <خىم> ماسسىسى پروتوندىن چوڭ بولغان (پروتوننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاساسىي زەررىچىلەر. بۇ زەررىچىلەر ئىچىدە، پروتوندىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى بىر دانە نۇكلېئون ۋە بىرنەچچە دانە مېزونلارغا ياكى ناھايىتى يېنىك بولغان زەررىچىلەرگە بۆلۈنەلەيدۇ.

**بارىي** ئى [ر<گرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، خىمىيىلىك بەلگىسى Ba (Baryum). ئۇ بىر خىل ئىشقارىي يەر مېتاللى بولۇپ، كۈمۈش رەڭدە كېلىدۇ؛ ئاسان ئوكسىدلىنىدۇ؛ كۆيگەن ۋاقىتتا سېرىققا مايىل يېشىل رەڭدە نۇر چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ تۇزلىرى رەڭ ئىشلەپچىقىرىشتا، ئالىي سورتلۇق ئاق رەڭنىڭ خام ئەشياسى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**بارىي بوتقىسى** <تىب> قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرىدىكى بەزى كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇشتا بارىينىڭ كېسەلگە

ئىچۇرۇلىدىغان دوغاپ ھالەتتىكى تۇزى، يەنى دوغاپ ھالەتتىكى بارىي سۇلفات.

**باريلىق** سۈپ. تەركىبىدە بارىي بولغان.

**بار-يوق** ھەممە، جىمى، بارلىق: ئۇ كونا ئۇزۇن پەلتوسى ئۈستىدىن بىر كونا تاسما بىلەن بېلىنى باغلىۋالغان، بار-يوق دەسمايىسى بىر ئالماس، بىر كىچىك يەشىك ۋە بىرنەچچە پارچە ئەينەكتىن ئىبارەت بولغان بىر كەمبەغەل ئەينەكچى ئىدى.

**بار-يوق دېمەي** سەۋەب كۆرسەتمەي، باھانە كۆرسەتمەي، يوپۇتماي: بېگىم، يول ئۈستىدىكى مۇساپىر ئىكەنمەن، ئىشىكىم ھېرىپتۇ، بار-يوق دېمەي بىر سېۋەت سامان بېرەرلا، ئىشەكىنى مادارلاندۇرۇپ ھەمراھلىرىمغا يېتىشىۋالاي.

**بار-يوقنىڭ ئارىسىدا** بار دېگىلىمۇ، يوق دېگىلىمۇ بولمايدىغان، ئىنىقىغا ئالغۇچىلىكى يوق، كىچىككىنە: ئۇ يىللاردىكى تەقسىمات دېگەن نېمىمۇ بار-يوقنىڭ ئارىسىدىكى بىرنېمە بولىدىغان، قېنى دەپتەرنى كۆرۈپ باقايلى.

**بار-يوقنىڭ ئورنىدا** بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا، بار دېيىشمۇ، يوق دېيىشمۇ بولىدىغان: ئابلىكىم ئىشخانىدا بار-يوقنىڭ ئورنىدىكى ئادەمگە ئايلىنىپ قالغىلى تۇردى.

**بار-يوقى** ① قول-ئىلكىدە، ئىختىيارىدا بولغان ھەممە نەرسە: بىر توپ ئوغرىلارغا ئۇچراپ قالدىم، ئۇ يەردە مېنىڭ بار-يوقۇمنى تارتىۋېلىپ، ئۆزەمنى بىر ئورىغا سولاپ قويدى. * قەدىردىن بار-يوقى بىر يوتقان، بىر كۆرپىسىنى قاتلىدى. ② **ھەممىسى، جىمىسى، بارلىقى:** بۇ قېتىم بار-يوقى ئۈچ تېڭىقلا كىتاب كەلگەنىكەن. * ئۇ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ: — مېنىڭ بار-يوقى ئىككىلا قويۇم بار ئىدىغۇ، بۈگۈن نېمىشقا ئۈچ كۆرۈندۇ؟ — دەپ ئويلاپ، كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، يەنە قارىغانىدى، خاتاسى يوق ئۈچ ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆردى.

**بارىيېر** ئى [ر<فران] <تەن> يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ توسۇق ئاتلاپ يۈگۈرۈش تۈرىدە ئىشلىتىلىدىغان، مەخسۇس ياغاچتىن ياسالغان جازا شەكىللىك توسۇق.

**بارىيېر مۇسابىقىسى** <تەن> يۈگۈرۈش بىلەن بارىيېر ئاتلاش بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى.

**باز I** باغىل [پ] يېزت. يەنە، شۇنىڭدەك: ياشلىقىم، بەختىم، غۇرۇرۇم، ئەرك، ھوقۇقۇم-بارىنى. ئالدى تەقدىر قايتا-قايتا قالغىنى ۋىجدان ماڭا. شۇم پەلەك كەم بولسا باز ئال، ئاشۇ ۋىجدانىنى بىراق، ئالمىقىڭ تەستۇر گويا كۈننى ئۆچۈرمەكتىن ساڭا.

**باز II** ئى [پ] ←— **باز-باز.**

**بازا** ئى [ر<فران] ① ئاساس، نېگىز، تايانچ: ئىقتىسادىي بازا. ھەربىي بازا. ② **دەرۋازا ئورنىتىش ئۈچۈن دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە خىش ياكى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان تۈۋرۈك.**

**بازار** ئى [پ] ① **ئاھالە سودا-سېتىق قىلىدىغان مەخسۇس جاي:** مال بازىرى. ئاشلىق بازىرى. * ئىسكەندەر كەشتە ياغلىقىنى قاتلاپ قوينىغا سېلىپتۇ-دە، بازارغا كېتىپتۇ. ② **ئاھالە سودا-سېتىق قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مەخسۇس كۈن:** ھېيت، بايرام، بازار كۈنىدە ئاقار مىڭلاپ بادامدوپپا، بادامدوپپا، چىمەن دوپپا ماكانىسەن گۈزەل ھېيتىگا. ③ **دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا قارىتا تاۋار ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئورۇن:** جاھان بازىرى، ئىچكى بازار. تاشقى بازار. * گۇاڭجۇ، شياڭگاڭ خەلقئارا سودا بازىرى. ④ كۆچمە. **بىرەر جايدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ، سۈرەن-چۇقان، تەرتىپسىزلىك ھالەت:** باللىق ئۆي — بازار، بالىسىز ئۆي — مازار (ماقال). * ئىشتىن يانغان دېھقانلار بىردەمدىلا ئۇنىڭ ھويلىسىنى كەلكۈن سۈيىدەك بېسىپ، بازارغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ⑤ **ناھىيىلەرنىڭ مەركىزى.**

**بازار ئارقىلىق تەڭشەش** <سودا> **بازار مېخانىزمى ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ھەرقايسى**

تاۋاقـلاردىكى تەقسىماتىنى ئاپتوماتىك ھالدا تەڭشەپ، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقى- رىشنى نىسبەت بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇ- دىغان بىر خىل ئىقتىسادىي تەڭشەش شەكلى. ئۇ تاۋار ئىگىلىكى ئاساسىي قانۇنىنىڭ فۇنك- سىيىسىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

**بازار ئالماق** بازارغا بېرىپ سودا ـ سېتىق قىلماق: — مۇشۇ ئالدىمىزدىكى بازارنى ئېلىۋې- لىپ ئاندىن ماڭىدىغان بولدۇم، — دېدى ئادىل دوستى سەمەتكە.

**بازار ئەھلى** ① بازار ئاھالىسى، بازاردا ئولتۇراقلاشقان خەلق. ② سودا ـ سېتىقنى بىلىدىغان، بازار ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئادەم.

**بازار باشقۇرۇش** <سودا> ① ئىجتىمائىي تاۋار ئوبوروت پائالىيىتىنى دۆلەتنىڭ سىياستى ۋە قانۇنلىرى بويىچە مەمۇرىي جەھەتتىن ئىدارە قىلىش. ② جان ت. بازار ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان تەشكىلنىڭ نامى.

**بازار باھاسى** <س ئىق> تاۋارنىڭ بازاردا سېتىلىش ـ سېتىۋېلىنىش باھاسى، بازاردىكى **باھا:** رەھىم ئاكا كۆچەتلىرىنى بازار باھاسىدىنمۇ ئەرزان بەردى.

**بازار بولماق** ① ئىشلەپچىقىرىلغان تۈرلۈك مەھسۇلاتلار بازاردا ئېلىپ سېتىلماق: ئۇنىڭ بېقىندىكى سايدا ئات، كالا، قوي بازىرى بولاتتى. * بۇ ئىككى مەملىكەت ياۋروپانى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا يەنە ياۋروپانىڭ سانائەت بۇيۇملىرى سېتىلىدىغان بازار بولۇپ تۇراتتى. ② كۆچمە. قالايمىقان بولماق، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بولماق، ئەرتىپسىزلەنمەك.

**بازار بېگى** تارس. بازاردىكى تىجارەت ۋە باھانى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

**بازار تاپماق ←— بازىرى چىقماق:** ئۇنىڭ پاكىز تاشخانىسىدا تەملىك چۆچۈرە ياخشى بازار تاپتى.

* ئەگەر ئەركىنلەشتۈرۈش خاھىشىغا قارشى تۇرۇلمايدىكەن، ئۇ «سول»چىللىق خاتالىقىغا بازار تېپىپ بېرىدۇ. * ئۇنىڭ دۇكىنىنى يوشۇرۇن ھالدا ئارقا كوچىدا ئېچىلغان بولسىمۇ، خېلىلا بازار تاپقانىدى.

**بازار تاشلاش** مەلۇم تەلەپكە يېتىش ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش يۈزىسىدىن بىرلىشىپ تىجارەتنى توختىتىش: ئۇ 6 ـ ئاينىڭ باشـ لىرىدا شاڭخەي بىلەن نەنجىڭدا بولغان زور كۆلەملىك بازار تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ خەۋىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇدى.

**بازار تالاشماق** <سودا> سودا ـ سېتىق، تىجارەتتە رىقابەتلەشمەك، بەسلەشمەك. ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدا ھىنـ دىستان ۋە ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن بولغان سودا جەھەتتىكى زوراۋانلىقنى ۋە مۇستەمـ لىكە بازارلىرىنى تالىشىش يۈزىسىدىن XVII ئەسىر ۋە XVIII ئەسىردە بولغان بىر قاتار ئۇرۇشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**بازار چاقىقانىڭ** ئىش ئالدىدا تۇتۇش قىلغانىنىڭ، بۇرۇن قىلىۋالغانىنىڭ: — سىزنى تالىشىش مەسىلىسىدە ئەلۋەتتە بازار چاقىقانىڭ بولىدۇ ـ دە، — دېدى مۇڭ دۇگچاۋ زو يىگىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ مۇغەمبەرلەرچە ھىجىيىپ قويۇپ.

**بازاردا بار گەپ** ھەممە ئادەم بىلىدىغان، يېڭىلىقى يوق گەپ: — بۇنىڭ ئانچە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، بازاردا بار گەپقۇ؟ — دېدى باتۇر ئايشەمگە.

**بازار سودىسى** <س ئىق> ① سوتسىيا- لىستىك دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دېھقانلار ۋە دېھقانلار بىلەن شەھەر ئاھالىسى ئوتتۇرىسىـ دىكى بار ـ يوقنى ئۆزئارا تەڭشەش ئاساس قىلىنغان تاۋار ئالماشتۇرۇش شەكلى. ② بازاردا بولىدىغان ئېلىپ ـ سېتىش پائالىيىتى.

**بازارغا سالماق** ① مالنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ بارماق، خېرىدارغا كۆرسەتـ

www.uyghurkitap.com

مەك: هارۋىنىڭ كەينىدە بىر توپ ھەر خىل ئادەملەر — كوچىدىكى سەرگەردان باللار، قەلەندەرلەر، يول بويى مولـلاق ئېتىپ كېلىۋاتقان موللاقچى قىزىقچىلار ۋە ۋارقىراپ ماللىرىنى بازارغا سالىدىغان چاربازارچىلار — ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى كۆز-كۆز قىلىماق، ئايلاندۇرۇپ كۆرسىتىپ داملاپ يۈرمەك: ئويلاپ باققىن بىر-بىرلەپ قىلغان-ئەتكەن ئىشىڭنى، ھە دېسىلا «تۆھپەڭ»نى سېلىۋەرمەي بازارغا.

**بازار قىلماق** ① بازارلىماق ② كۆچمە. ۋاراڭ-چۇرۇڭ، قالايمىقان قىلماق: بۇ باللار ئۆينى بازار قىلىۋەتتىغۇ!

**بازار قىممىتى** ← **بازار باھاسى.**

**بازار كۆتۈرمەيدۇ** ① مالنىڭ باھاسى مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن بازاردا خېرىدار چىقمايدۇ؛ ھېچكىم ئالمايدۇ. ② كۆچمە. باشقىلارغا ياقمايدۇ، ئاقمايدۇ، ئۆتمەيدۇ: — دېيىشنىغۇ دەيمىز، بىراق بازار كۆتۈرمەيدۇ، — دېدى ئابلەت سەمەتكە دەرد تۆكۈپ.

**بازار كۈنى** سودا-سېتىق قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئورۇندا بازار قىلىنىدىغان مەخسۇس كۈن: بازار كۈنى بارسام يەسلى تاقىلىپتۇ...، — دېدى ئابدۇل رەجەپكە.

**بازار نەرخى** ① بازار باھاسى. ② سېتىۋالغۇچىنىڭ دېگىنىگە سېتىلىدىغان باھا.

**بازار نېنى** سېتىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان نان: تۇرسۇن ئوغلىغا ئون دانە بازار نېنى ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىدى.

**بازار ئۆچۈرى** <سودا> بازاردا سېتىلىشى جىددىي بولۇۋاتقان تاۋارلار ۋە ئۇنىڭ باھالىرى ھەققىدىكى خەۋەر: بازار ئۆچۈرى ئىگىلىنىپ، مال يۆتكەپ سەييارە سېتىش ۋە مال يۆتكەپ كېلىش كەسپى جانلاندۇرۇلدى.

**بازار ئىگىلىكى** <سودا> بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ۋە بازار سودىسى ئارقىلىق ئالماشتۇرۇلىدىغان تاۋار ئىگىلىكى.

**بازىرى بار** ① خېرىدارى كۆپ، تېز سېتىلىدىغان: ئۇمۇ قوللىرىدىكى بار ماللىرىنى سېتىپ، ئۇ ياقتا بازىرى بار ماللارنى ئالدى. كۆچمە. ② ئەتىۋارلىق، خېرىدارلىق.

**بازىرى چاققان** ← **بازىرى ئىتتىك.**

**بازىرى چىقماق** خېرىدارى كۆپەيمەك، تېز سېتىلماق: — قارىسام سوداڭ باس-باس بولۇۋاتىدۇ، مېلىڭنىڭ بازىرى چىقىپتۇ، — دېدى مەخمۇت داۋۇتقا.

**بازىرى كاسات** ① خېرىدارى يوق، ئۆتمەيدىغان، سېتىلمايدىغان: ئىمىن بېدىكنىڭ جاھانسازلىقتىكى مەككارلىقى ئۇلا ئەمەس ئىدى، ناھىيىدىكى ئۇلاغ بازىرى كاسات بولغاندىن كېيىن، ئۇ بوتۇكلۇق قىلىشقا باشلىدى. ② كۆچمە. ئاممىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلغان، نەزىرىدىن چۈشكەن: سولچىللىقنىڭ بازىرى كاسات.

**بازىرى ئۆلگەن** ئىستېمال ۋە ئېھتىياجدىن قالغان؛ ئۆتمەيدىغان: مەنىمۇ تازا ئەخمەق-تە، ئاللىقاچان بازىرى ئۆلگەن بۇ ھۈنەرگە شۇنچە يېپىشىۋالغىنىمنى قارىمامدىغان.

**بازىرى ئىتتىك** ① جىددىي ئېھتىياجلىق، تېز ئۆتىدىغان، ئىتتىك سېتىلىدىغان: — ئۆرۈكلەردە گەپ يوق، مېنىڭچە، ئاق ئۆرۈكتىن ئالسىڭىز بازىرى ئىتتىك، — دېدى ئۇ قولى بىلەن باغنى كۆرسىتىپ. ② كۆچمە. چاقىرىپ مېھمان قىلىدىغانلار، ئىزدەيدىغانلار كۆپ. ئەخمەت باشقارما باشلىقى بولۇۋىدى، بازىرى ئىتتىك بولۇپ كەتتى. بىزگە بىرەر سائەت چۈلىسى تەگمەيدۇ.

**بازىرى يوق** ← **بازىرى كاسات.**

**بازارچى** ئى. سودا-سېتىق، ئېلىم-بېرىم ئېھتىياجى بىلەن بازارغا كەلگەن شەخس؛ كىشى: بىزگە مانا بۇ بازارچى سىگلىمىز كېلىپ قوشۇلدى.

**بازارچىلىماق** پ. بازارمۇ بازار يۈرۈپ

سودا ـ سېتىق ياكى تاماشا قىلماق: ئەخمەت بۈگۈن قۇمباشقا بازارچىلاپ كەتتى.

**بازارلىق** ① سۈپ. سېتىش ئۈچۈن تەييار ـ لانغان: بازارلىق ئاش ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بولماپتۇ... ② ئى. سودا ـ سېتىق: ئانچە ـ مۇنچە بازارلىق قىلمساق تۇرمۇش دېگەندە يەنە بولمايدۇ. ③ ئى. بازاردىن ئۆيدىكى بالا ـ چاقىلارغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغا: ئۇ يېنىشىدا بالىلىرىغا بازارلىق ئېلىۋالدى. ④ ئى. بازاردا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر: سەھرالىق دەيدۇ بىزنى ئۆزىنى بىلمەي بازارلىق.

**بازارلىق ھۆكۈمەت** ناھىيە ۋە يېزا بازار ـ لىرىدىكى ناھىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى: 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 4 ـ كۈنىگىچە بازارلىق ھۆكۈمەت تەۋەسىدىكى 99 ئورۇندا ئۈچ قېتىم چوڭ تازىلىق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى.

**بازارلىق قىلماق** سودا ـ سېتىق قىلماق: — بۈگۈن مەھەللىدىكى ياش بالىلارنىڭ كۆپى شەھەرگە بازارلىق قىلىپ كىرىپ كەتتى، — دېدى بوۋام كۆچەت قومۇرۇۋېتىپ، — بولمىسا ئۇلار ماڭا ياردەملىشەتتى.

**بازارلىماق** پ. بازارغا بېرىپ سودا ـ سېتىق قىلماق، ئېلىپ ساتماق: ئەمەت ئايشەمگۈل بىلەن بازارلاپ كەلگەنلىكىنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئىشىك يېنىككىنە چېكىلدى.

**بازالت** ئى [ر<لات] <كېئول> ماگما جىنىس ـ لارنىڭ بىر خىلى، يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزى ـ گە كۆپ تارقالغان. مىنېرال تەركىبى پىروك ـ سېن پىلاگىئوكلار، زەيتۇن تاش قاتارلىقلار بولۇپ، كۆپىنچە قارا ياكى يېشىل رەڭلەردە ئۇچرايدۇ. ئۇ، دانىچىلىرى زىچ بولغان كۆپۈك كاۋاكچىلىق تۈزۈلمىگە ئىگە ھەم قاتتىق بولغاچقا، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ئورنىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**بازالتلىق** سۈپ. خىمىيىلىك تەركىبىدە بازالت بولغان.

**بازالتلىق قاتلام** <كېئول> خىمىيىلىك تەركىبى بازالت جىنىس بىلەن ئوخشاش بولغان يەر پوستىنىڭ ئاستىنقى قاتلىمى.

**باز ـ باز** ← **باز ـ بازغا چۈشمەك.**

**باز ـ بازغا چۈشمەك** ھۆرپەيمەك، دۈشمەك (توخۇلارنىڭ سوقۇشۇش ئالدىدىكى ھەرى ـ كەتلىرىدە ئىپتىلىدۇ): ئاق تېرە جۇۋىغا ئورى ـ لىۋالغان بۇ ئىككى ئادەم باز ـ بازغا چۈشكەن خورازلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتقاندەك، «ھە، قېنى، بەرىكە تاپ خەق» دېگەندەك، خىر ـ خىر كۈلۈپ، بىر ـ بىرىنى جەينەكلىشىپ، ھىجىيىشىپ تۇرۇشاتتى.

**باز ـ بازغا سالماق** سوقۇشۇشقا كۈشكۈرت ـ مەك: پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئالىم رىشىت بىلەن ئەلىنى باز ـ بازغا سېلىشقا باشلىدى.

**باز ـ بازلىماق** ← **بازلىماق.**

**بازغان** ئى. تۆمۈرچىلىكتە تۆمۈر قاتارلىق مېتاللارنى سوقۇپ، يېسسىلايدىغان، بولقىدىن چوڭ ئەسۋاب: بىر يىل ئۆتكەندە بازغان تۇتۇشنى ئۆگەندىم، يېشىم ئون توققۇزغا يەتكۈچە بازغان سوقتۇم.

**بازغانچى** ئى. تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا بازغان ئۇرىدىغان كىشى، بازغان ئىشچىسى: — بولدى، بولدى، — دېدى ھېلىقى ئادەم...، — مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىش بولامدۇ؟ — دېدى بازغانچى.

**بازغانچىلىق** «بازغانچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: شۆھرەت زاۋۇتقا نۇرغۇن زىيان سالدى، كېيىن «بۇرژۇئا تەتقىقات يولىنىڭ زىيانلىرى» دېگەن چوڭ خەتلىك گېزىتنى يېزىپ، ئالىمجاننى سېختىن چىقىرىپ بازغانچىلىققا سېلىپ قويدى.

**بازغانچىلىق قىلماق** بازغان ئۇرۇش بىلەن شۇغۇللانماق: بۇ يەردە تۇراخۇن، سادىقلار ئىككى گۇرۇپپا بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ بازغانچىلىق قىلىۋاتاتتى.

**بازغانلاتقۇزماق** «بازغانلىماق» پېئىلىنىڭ

قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بازغانلاتماق** «بازغانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بازغانلىماق** پ. بازغان ئۇرماق: ئەخەت قىزىتىلغان تۆمۈرنى بازغانلىدى.

**بازغىتماق** «بازغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بازغىشماق** «بازغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككىسى بىر ـ بىرىگە يات ئادەملەردەك ماي تارتىشىپ قارىشىپ، خورازلاردەك بازغىشىپ، دېڭىز تەرەپتىكى دېرىزىدىن كىرىۋاتقان شامالدا مۇزلىغاندەك غوللىرىنى چىقىرىپ، هودۇقۇپ گاڭگىراشتى.

**بازغىماق** پ. قىزىرىشماق، ئۆكۈمەك، دىۋىنىماق، هۈرپەيمەك: كۈنىمۇ بۇلارنىڭ بازغاپ تۇرۇشىنى تاماشا قىلغاندەك تاغ ئارقىسىدىن ئارتىلىپ چىقىپ قاراپتۇ.

**بازلاتماق** «بازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بازلاشماق** «بازلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تاماقتا تۇتۇش قىلدى، لېكىن تاماق ئارىلىقىدا يەنە بىر ـ بىرىگە بازلىشىپ، گەپ ـ سۆزنى توختاتمىدى.

**بازلىماق** پ. هۈرپەيمەك، سوقۇشۇشقا تەييارلانماق: مەشۇر ئاخۇن بىلەن هېيىزىخان ئىككىسى يېزىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىنى بويلاپ رايونغا قاراپ ماڭدى، مەشۇر ئاخۇن قولىنى قوينىغا تىقىپ بازلىغان خورازدەك ماي تارتىپ ئالدىدا باراتتى.

**بازېدوپ** ئى [ر<نېم] بازېدوپ كارل (1799 ـــ 1854) نېمىس، ۋراچ. 1840 ـ يىلى «قالقان بەز خىزمىتىنىڭ كۆچىيىپ كېتىشى» (بازېدوپ كېسىلى)نى يېزىپ چىققان.

**بازېدوپ كېسىلى** <تىب> ـــ← **كۆز پولتىيىدىغان قالقان بەز ئىششىقى.**

**بازىس** ئى [ر<گرېك] <س ئىق> جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بەلگىلىك باسقۇچىدىكى سىياسىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈم. يەنى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، هوقۇق تۈزۈلۈشى ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى: ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە تايىنىلىدىغان ئىقتىسادىي بازىسلار ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قانۇنلارمۇ ئۆزىگە خاس بولغان مەلۇم خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

**بازىمەن** ئى [خەن] لەغمەن خېمىرىنى سوزۇشنىڭ بىر خىلى، پۈتۈن خېمىر ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ، هەربىر بۆلەك ئايرىم ـ ئايرىم بىر قېتىم ئۇلى، بىر قېتىم تەتۈر ئېشىلىدۇ؛ توم ـ ئىنچىكىلىكى بىردەك تەكشى هالغا كەلگەندە، ئىككى بېشىدىن تۇتۇپ غۇلاچلاپ سوزۇلىدۇ؛ ئاخىرىدا ئىككى بېشىدىكى توم خېمىر كېسىۋېتىلىپ قايناۋاتقان سۇغا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ.

**باس** سۈپ [ر<ئىنگ] <مۇز> پەس، تۆۋەن، بوم (ئاۋازا هەققىدە): باس ئاۋاز.

**باس ئاۋاز** <مۇز> پەس، تۆۋەن ئاۋاز.

**باس ـ باس** ئارقا ـ ئارقىدىن؛ تۆپە ـ تۆپەلەپ؛ تالىشىپ: ـــ بۈگۈن يېڭى چىققان ئىكەن، كىشىلەر باس ـ باس بىلەن ئېلىۋېتىپتىكەن، مەنمۇ ساڭا بىر كىيىملىك ئالغاچ كەلدىم، ـــ دېدى ئىمام مۇهەممەت ئايالىغا.

**باس ـ باسچىلىق** باس ـ باس بولۇش هالىتى: بىنەپتە كۈنلۈكىمۇ باس ـ باسچىلىق بىلەن ئۆتىدىغان ئاشخانا، سامسىخانا، گۆش گىردەخانىلارنىڭ بىرەرىمۇ ئۇچۇق ئەمەس.

**باستون** ئى [ر<ئىنگ] ئەلا سۈپەتلىك بىر خىل يۇڭ رەخت، سارجىنىڭ بىر خىلى.

**باستۇرغۇزماق** «باسماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ماتېرىيالنى يەنە ئەللىك نۇسخا كۆپەيتىپ باستۇرغۇزدۇق.

**باستۇرما** ئى. نەرسە ـ كېرەكلەرنى باسۇرۇپ قويۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئېغىرتقۇ؛ باستۇرۇق:

www.uyghurkitap.com

— باياتىن ماخۇ ئۆگزىسىدىكى بېدىلەرگە باستۇرما كۆتەكلەرنى چىقاردۇق، — دېدى مەنسۇر قۇلاق-چىسىنى چۆكۈرۈپ تۇرۇپ، — ئەجەب چىقتىغۇ بۇ بوران!

**باستۇرماق** ① «باساق» پېئىلىنىڭ مەج-بۇرىي دەرىجىسى: — ئۇ توغرا، بۇ كىتابلارنىمۇ باستۇرىمىز، ھە، راست، سۇلتان تېزرەك قايتسا بولار ئىدى، — دېدى قىدىرخان. * تامام خاتىر-جەم بولۇش ئۈچۈن بەلكى گۆرۈم ئۈستىگە تاشمۇ باستۇرۇپ قويار. ② تىنچىتماق، جازالىماق: لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ماركسىزم-نىڭ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى بۇرمىلىدى. كادىرلار ۋە ئاممىنى دەھشەتلىك باستۇردى. * قورالى يوق ئىسيانچىنى باستۇرۇش سىزنىڭمۇ قولىڭىزدىن كېلىدۇ.

**باستۇرۇپ سۇغارماق** <دېھ> چۆنەكلىمەي تېرىلغان زىرائەت ئېتىزلىرىنى تەكشى سۇ توختىتىپ سۇغارماق.

**باستۇرۇپ قويماق** ← **بېسىپ قويماق.**

**باستۇرۇپ كەلمەك** **زورلۇق** كۈچ بىلەن بېسىپ كەلمەك: سول تەرەپتىن شىي جىن بىلەن كۇڭ لياڭ، ئوڭ تەرەپتىن كۇڭ مىڭ بىلەن شىي باۋ ھەربىرى بەش يۈزدىن چاپارمەننى باشلاپ باستۇرۇپ كەلدى.

**باستۇرۇپ كىرمەك** زورلۇق كۈچ بىلەن بېسىپ كىرمەك: ئۇ ئۇچۇق چىراي كۆرسەتمەي، بۇ ئىككىيلەننىڭ يېرىم كېچىدە ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، يولدىشى ئەخمەتجاننى باغلاپ ئېلىپ ماڭغان قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. * كوچىدا شوئار توۋلاپ، ئاسمانغا مۇشت ئېتىپ يۈرگەنلەرنىڭ بىر توپى ئىشخانىغا باستۇرۇپ كىرىشتى.

**باستۇرۇق** ئى ① ئېگەر-توقۇم، ئۇچۇلۇق-نىڭ ئۈستىدىن تارتىلغان تاسما ياكى توقۇلغان بەلباغ. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئۈس-تىدىن باستۇرۇپ قويىدىغان ئېغىر تىقۇ؛ باس-تۇرما: ئۇغرى باستۇرۇقتىن قوتۇلۇش ئۈچۈن ھە دەپ يۇلقۇناتتى.

**باستۇرۇلماق** «باستۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېيىنچە قوزغىلاڭ ئېچىنىش-لىق تۈردە باستۇرۇلۇپ، خېۋىرنىڭ دادىسى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن بۇيان بۇ خەنجەر ئەنە شۇ قەلەي ساندۇقتا يوشۇرۇن ساقلىناتتى.

**باسقان** «باساق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدېشى.

**باسقان ئىزىدىن قايتماسلىق** ئىرادىسىدىن ۋەدىسىدىن يانماسلىق: — بولدى ئىشىڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەر، ئوغۇل بالا دېگەن باسقان ئىزىدىن قايتمايدۇ، — دېدى مەخمۇت ئۇستا ئابلەتكە.

**باسقان ئىزىدىن يانماسلىق** ← **باسقان ئىزىدىن قايتماسلىق.**

**باسقۇچ I** ئى ① پەلەمپەينىڭ ھەربىر پەللىسى: — مېھمانخانىدىمۇ مۇشۇنداق ئاجايىپ ئىشلار بولىدىكەنا! — دەپ ئويلاپ، پەلەمپەيدىن بىرنەچچە باسقۇچ چۈشۈپ قۇلاق سېلىپ، تەڭگىنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ② كۆچمە. تەرەققىياتنىڭ ھەربىر پەللىسى، دەۋر: ئىنقىلابىمىز ئىككى باسقۇچتىن ئۆتتى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۈچىنچى باسقۇچقا كىردى. ③ <گېئول> بىرەر دۆلەت ياكى بىرەر چوڭراق رايون دائىرىسى ئىچىدىكى ئەسىردىن كىچىك بولغان گېئولوگىيىلىك ۋاقىت بىرلىكى. ④ كۆچمە. دەرىجە: شىيەن ھەدەمنىڭ پۈتىدىكى جاراھەتنىڭ خەتەرلىك باسقۇچقا يېتىپ قالغانلىقىنى، تېز ئۇتۇش قىلمىغاندا تىزىنىڭ توكۇر بولۇپ قېلىش خەۋپىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى.

**باسقۇچ II** ئى. تۆكۈلگەن سىياھنى سۈمۈ-رۈش، قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۈمۈرگۈچ قەغەز ئورنىتىلغان ئەسۋاب.

**باسقۇچ III** ئى. دىئال. شوتا.

**باسقۇچلۇق** سۈپ ① پەلەمپەيى، باسقۇچى بار: ئەنۇەر باينىڭ «قىنى، قىنى ئۆيگە» دېيىشى ۋە قولى بىلەن ئۆي تەرەپنى كۆرسىتىش بىلەن تۆت باسقۇچلۇق پەلەمپەينى بېسىپ پېشايۋانغا چىقتى. ② كۆچمە. ئۆزئارا باغلانغان باسقۇچ-

لارغا، بۆلەكلەرگە، دەۋرلەرگە بۆلۈنگەن: ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى باسقۇچلۇق بولىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرى ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلاردىكى ئوخشاش بولمىغان ۋەزىپىلەرگە ئاساسەن تۈزۈلگەن. * خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت مەملىكەتنى سانائەتلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى باسقۇچلۇق رەۋىشتە هەل قىلىشى لازىم. ③ كۆچمە. قەدەممۇقەدەم، دەرىجىمۇدەرىجە، باسقۇچمۇباسقۇچ: بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، هەر جەھەتتىن ئوبدان تەييارلىق كۆرۈپ، ئۇنى پىلانلىق ۋە باسقۇچلۇق هالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك. * تەرتىپ بويىچە پەيدىنپەي ئىلگىرىلەش پرىنسىپى دېگىنىمىز ـــ ئوقۇتۇشنى... ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش قانۇنىيىتى بويىچە تېيىزدىن چوڭقۇرغا، ئاساندىن قىيىنغا، تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۆتۈپ، پىلانلىق، باسقۇچلۇق هالدا ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى سىستېمىلىق ئاساسىي بىلىملەرگە ۋە ئاساسىي ئىقتىدارغا ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**باسقۇچلۇقلۇق** «باسقۇچلۇق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شۇنىڭدەك تۈپ زىددىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ياكى ئۇنىڭ تەسىرىدە بولغان نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك زىددىيەتلەرنىڭ بەزىلىرى كەسكىنلىشىدۇ، يەنە بەزىلىرى يېڭى تۇغۇلغان بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جەريان ئۆزىنىڭ باسقۇچلۇقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

**باسقۇچمۇباسقۇچ** قەدەممۇقەدەم، پەللىمۇپەللە، دەرىجىمۇدەرىجە، بىر ـ بىرلەپ، پەيدىنپەي.

**باسقۇنچى** ئى ① زورلۇق كۈچ بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ باشقىلارنى بۇلاپ ـ تالايدىغان باسمىچى، بۇلاڭچى، باندىت: ئەگەر جامائەت لايىق كۆرسە، باسقۇنچىلارنىڭ كەينىدىن بىز ياشلار قوغلاپ بارايلى، بۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ مانا مەن تەييار. ② زورلۇق كۈچ بىلەن باشقا يۇرتنى، ئەلنى بېسىۋالىدىغان تاجاۋۇزچى: مەغرۇرلىنىپ ئالدانمىغىن هېچ، ئۇتۇقلار سەن تەرەپ قاراپ ئاقىدۇ. «مەزلۇم ئەل قىساسى!» دەپ كۆتۈرگىن قىلىچ، باسقۇنچى ئەبلەخلەر گۆرىن تاپىدۇ. ③ زورلۇق بىلەن ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلىپ نومۇسىغا تەگكۈچى: كىچىك قىزلارنىڭ نومۇسىغا تەگكەن باسقۇنچى قانۇن ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**باسقۇنچىلىق** ئى ① زورلۇق كۈچ بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ باشقىلارنى بۇلاپ ـ تالايدىغان باسمىچىلىق؛ بۇلاڭچىلىق، باندىتلىق: بۇلار هەر خىل زومىگەرلىكلەردىن، هەتتا باسقۇنچىلىقتىنمۇ قول تارتمايتتى. ② زورلۇق كۈچ بىلەن باشقا يۇرتنى، ئەلنى بېسىۋالىدىغان تاجاۋۇزچىلىق، مۇستەملىكىچىلىك: غەربىي خۇبېيدىكى زور غەلىبىيەت «ياپون باسقۇنچىلىرى چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ باسقۇنچىلىققا قارشى ئۇرۇشى تەھقىق غەلىبە قىلىدۇ» دېگەن نەزەرىيىنىڭ توغرىلىقىنى يەنى بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. ③ زورلۇق بىلەن ئاياللارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگىش، ئاياغ ئاستى قىلىش: ئەزەلدىن خوتۇن ـ قىزلارغا چېقىلىشنى ئادەت قىلىۋالغان قاشقىرباي ئىسىملىك بۇ ئادەم بۇندىن يەتتە ئاي بۇرۇن بىر نارەسىدە قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانىدى.

**باسما** ① سۈپ. مەتبەئەدە بېسىلغان، نەشر قىلىنغان: باسما ماتېرىيال. ② سۈپ. بىرنەرسىنىڭ ئۈستىگە ئىزى، شەكلى چۈشۈرۈلگەن: باسما كىگىز. باسما گۈل. ③ ئى <مەت> مەتبەئە: چارشەنبە كۈنىنىڭ ئەتىگەنلىكى هەپتىلىك گېزىتىنىڭ ماقالىلىرىنى باسمىغا بېرىش ۋاقتى بولۇپ، ئۇلار سەيشەنبە كۈنى كەچتە شۇ يەردە ماقالىلارنى تەييارلاپ بولۇشى لازىم ئىدى. ④ ئى. زاۋۇتتا پاختا يىپتىن، نېپىز، گۈللۈك قىلىپ توقۇلغان بىر خىل رەخت: ئاق باسما، يېشىل باسما، كۆڭلەك كىيسەم ياراشماس، ئايرىۋەتتى يارىمدىن، مېنى يارىم كۆرەلمەس.

**باسما تاۋاق** <مەت> بېسىلىدىغان، نەشر قىلىنىدىغان ئەسەر ياكى تېكىستلارنىڭ قەغەز ئۆلچەم بىرلىكى. بىر باسما تاۋاق

16 فورماتلىق كىتابنىڭ 16 بېتىگە تەڭ.

**باسما رەسىم** <گ سەن> مەتبەئەدە بېسىلغان ياكى تاختاي يۈزىگە ئويۇپ بېسىش يولى بىلەن كۆپەيتىلگەن رەسىم.

**باسما زاۋۇت** مەتبەئەدە ئىشلىتىلىدىغان بىر يۈرۈش ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر يىغىلغان ۋە بۇ خىل ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدىغان ئورۇن.

**باسما شەكىل** <تىل> ھەرپلەرنىڭ باسمىدا ئىشلىتىلىدىغان شەكلى («يازما شەكىل»گە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ).

**باسما كۆرۈك** تۆمۈرچىلىك، مىسكەرچىلىك، زەرگەرلىكتە ئوت ئۇلغايتىش ئۈچۈن قول بىلەن بېسىپ ئىشلىتىلىدىغان تۇلۇمسىمان تېرە شامالچە.

**باسما ماتېرىيال** <مەت> مەتبەئە يۈزىدە ئېلان قىلىنغان ئەسەر، رەسىم، ناخشا قاتارلىق قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ماتېرىيال.

**باسما ھەرپ** باسما ئەسەرلەرنى تىزىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ھەرپ.

**باسما ھەرپ مېتالى** <مەت> ھەرپ قۇيۇش ئۈچۈن قوغۇشۇن، سۈرمە، قەلەي ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل قىلىنغان مېتال (بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇشۇن تەخمىنەن 75 پىرسەنتنى، سۈرمە 20 پىرسەنتنى، قەلەي 5 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ).

**باسما ئۇلىغۇچ** <ئېل> توك يولىنى ئېچىش-يېپىش ياكى توك لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىشتە ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما، تۈرلىرى كۆپ، ئادەتتە تېلېگراما بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان كونۇپكا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**باسماق I** ئى. ئۇششاق ئۇچار قاناتلارنى تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قاپقان: ئۇنداقلار ئاقۋەتتە دان تېرىپ يەيمەن دەپ باسماققا چۈشۈپ قېلىپ، ئوۋچىنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالغان تۇمۇچۇقنىڭ كۈنىگە قالدۇ.

**باسماق II** ئى. تاسما بىلەن ئۈستىدىن باستۇرۇپ ئېتىدىغان پەس پاشنىلىق بىر خىل يازلىق ئاياغ كىيىم: ئۇ ياز كۈنلىرى دائىم پۇتىغا باسماق كىيىپ يۈرەتتى.

**باسماق III** پ ① يول يۈرمەك، دەسسىمەك، ماڭماق: ئەل باسمىغان يەردە كۆپ يۈرمە (ماقال). * گۈلمۇ دەپ باستىم تىكەننى، تارتىدۇرمەن دەردىنى، بىلسەم ئىدىم باسماس ئىدىم، تارتماس ئىدىم دەردىنى. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە، ئىچىگە باشقا نەرسىنى قاچىلىماق، جايلاشتۇرماق: مەن ئېلىپ كەلگەن ماشىنا، تراكتورلار لىقمۇلىق ئوغۇت باسقان ھالدا تاشيولدا سەپ تارتىپ گۇڭشېغا قايتماقتا ئىدى. ③ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ كۈچ بىلەن نىقتىماق: ئالماس يۈگۈرۈپ بارماقچى بولۇۋىدى، ئاسىم ئۇنىڭ مۈرىسىدىن باستى. ④ قاپلىماق، ئورىماق: ئايرىلغاننى قارا باسار، بۆلۈنگەننى بوران (ماقال). * قار ياللاپ تورۇق ئېتىم يۈگەن بىلەن، مۇز باسقان داۋانلاردىن ئۆرلىمەكتە. ⑤ نەشىر قىلماق: مەن بولسام يازسىمەن، ماۋۇ ئاغىنەم تۇردى بولسا كىتاب-ماقالە باسىدۇ. * ئەمسە بۇنى بېسىپ چىقىرىش كېرەك، دەمسىز؟ ⑥ ئۈستۈن كەلمەك، ئارتىپ كەتمەك، ئېشىپ چۈشمەك: نەيگە تەڭكەش قىلىنغان بىر غېجەكنىڭ ئاۋازى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئۇنى نەينىڭ ئاۋازى بېسىپ كەتكەنىدى. ⑦ ياقماق، تەگكۈزمەك: — يېقىن كەل ئوغلۇم، — ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئوغلىنى باغرىغا باستى. ⑧ بىرنەرسىنى ئىككىنچى بىرنەرسىنىڭ ئۈستىگە بېسىپ ئىز چىقارماق، تىكمەك: كېيىملىرى ئاددىي، لېكىن، كەشتە باسقان، يەلكىلەرگە يوغان بامبۇك سۋەت ئاسقان. * مەلىكىنى ئېلىپ كەلگەن تۇججارنى ئۆز ئورنىدا يەمەنگە پادشاھ قىلىپ، مۆھۈرنى بېسىپ، كەلگەن ئەلچىگە قوشۇپ ئەۋەتتى. ⑨ پەسەيتمەك، تىنجىتماق، ھاي بەرمەك، يالتايماق:

ئالماسىنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى زورغا بېسىپ، تەمكىنلىك بىلەن رابىي ۋەت - ۋەتىنىڭ ئالدىغا كەلدى. * ئۇ ئەرلەرگە خاس ئېغىرلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتسىمۇ، لېكىن ئۇزاققىچە ئۆزىنى باسالمايتتى. ⑩ ئۇرماق: ئالدى بىلەن ياش «ئايال»نى دەررىگە باستى. * بۇرۇن گۇناھ قىلغانلارنى زىندانغا تاشلاش، باغلاپ ئېسىش، ئۆلۈمگە بۇيرۇش، كالتەككە بېسىش — ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل چارە ئىدى. ⑪ ئۈستى - ئۈستىگە قويماق، تەخلىمەك: ئىككىمىز قىردىكى ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇپ سۇ ئېلىپ كەتكەن يارغا باستۇق. ⑫ كۆچمە. زورلۇق بىلەن مەنئى قىلماق، توسماق، تىنجىماق: ئاممىنىڭ پىكرىنى باسماق. * گومىنداڭ خەلقنىڭ نارازىلىقىنى بېسىش ئۈچۈن ھەربىي تېررورلۇق باشلىدى.

**بېسىپ چۈشمەك** ① ئۈستىگە چۈشمەك: تۇتۇشۇۋاتقان ئىككىسى تەڭلا يىقىلىپ، ئېگىزرەكى پاكارراقىنى بېسىپ چۈشتى. ② ئېشىپ كەتمەك، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمەك: كىيىپسەن ئاقچىنا لىباس، قىزىل بەلگە سېنىڭ قەلبىڭ، بېسىپ چۈشكەي قىزىل قامەت گۈلىستان نارىنى دوختۇر.

**بېسىپ قويماق** ① نەرسە - كېرەكلەرنى بەلگىلىك بىر ئورۇنغا دۆۋىلەپ قويماق، ئۈستىگە ئېلىپ قويماق. — شۇنچە مۇھىم ماتېرىياللارنى «ئەسكى قەغەز ئىكەن» دەپ ئىسكىلاتنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېسىپ قويۇپتۇ. ② كۆچمە. قەستەن ئىجرا قىلماسلىق، ئاشكارىلىماسلىق: ئاممىدىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلماي بېسىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئەرزىيەت ئىشخانىسىنىڭ باشلىقىغا مەمۇرىي چارە كۆرۈلدى.

**بېسىپ كەلمەك ← باستۇرۇپ كەلمەك.**

**بېسىپ كىرمەك ← باستۇرۇپ كىرمەك:** ئابلىمىت ئۆيگە بېسىپ كىردى.

**بېسىپ ئۆلتۈرماق** ① ئورنىدىن يۆتكەلمەسلىك، جايىدىن قوزغالماسلىق. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى قادىلىپ تۇرۇپ قىلماق، بېرىلىپ بېجىرمەك، قاتتىق ئىشلىمەك: ئۇ قولىدىكى شۇنچە نۇرغۇن ماتېرىيالنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ بىر ھەپتىدە يېزىپ تۈگەتتى.

**بېسىپ ئۆتمەك** مەلۇم جايغىچە يول يۈرمەك، ئۈستىدىن ياكى يانىدىن ئۆتۈپ كەتمەك، ئارقىدا قالدۇرماق: قۇمۇلغا بېرىش ئۈچۈن تۇرپاننى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. * ئۇ ئالدىدىكى نۇرغۇن ماشىنىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ كەتتى.

**بېسىپ ئىشلىمەك** بىرەر ئىشنى ئۈزلۈكسىز، ئۈزۈلدۈرمەي، بېرىلىپ بېجىرمەك: قولۇمدىكى ئىشنى يەنە بىر ھەپتە بېسىپ ئىشلىسەم تۈگەيدۇ.

**بېسىپ يېمەك** زورلاپ يېمەك: قىزغانچۇقنىڭ ئېشىنى بېسىپ يە (ماقال).

**باسمادىماق** پ ← **باسماقدىماق:** ساتىدىغان گەپ نەدە، خۇرجۇن - خالتىلىرىنى يەرگە قويۇپ بولغۇچە، تۆتى تۆت تەرەپتىن كېلىپلا باسمادىۋالدى. * بۆرە ئېتىلىپ كېلىپ، بورسۇقنى باسماداپتۇ.

**باسماقدىماق** پ. پۇت - قولنى تۇتۇۋېلىپ، بۇلجۇتماي، خۇددى باسماقتا باسقاندەك بېسىۋالماق: ئېيىنى كەلتۈرۈپ، بىر باسماقداش ئۈچۈن دەيلىغۇ بەگ ئاكا!

**باسماقلىق I** سۈپ. بېسىش ئارقىلىق ئىشلەيدىغان؛ باسماقلارغا ئىگە: باسماقلىق چالغۇلار كۆرۈپپىسى.

**باسماقلىق II** سۈپ. ① باسمىقى بار. باسماق كىيگەن. ② باسماق بولىدىغان، باسماق تىكىشكە يېتىدىغان: بىر باسماقلىق خۇرۇم. ئىككى باسماقلىق كۆن.

**باسماللىماق** (توغرىسى: باسماقدىماق) ← **باسماقدىماق.**

**باسمىچى** ئى. باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ قاتناشچىسى، بۇلاڭچى، باندىت: نىم شىبھت

ئالـدىنـقى سەپ ئالـدىدا تۇرماقـنى كۆتۈر، ھەر قەدەمدە باسمىچىغا مەن دېـسەم: قولۇڭ كۆتۈر!... * بۇنىڭ بىلەن تۇرماسـتىن باسـمىچى ئوسـمانـغا ياردەم قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتـكە قورالـلىق ھۇجۇم قىلدى.

**باسمىچىلىق** ئى. خەلق ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىـپ بېرىلـغان بانـدىتـلىق، قاراقچىلىق: ئوسـمان بانـدىتـنىڭ شىنـجاڭـدا ئېـلىپ بارغان باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرىگە 1951 ـ يىـلى ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلدى.

**باسمىخانا** ئى. كىتاب، ژۇرنال، گېزىـت، ئەسەر نەشـىر قىلىدىغان كارخانا؛ مەتبەئە.

**باسمىل** ئى <ئىرق> ⟵ باسمىللار.

**باسمىللار** ئى <ئىرق> XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى.

**باسنوشكا** ئى [ر] پۈتـىنى سالـقىـن تۇتۇش ئۈچـۈن تىـكىلـگەن ئايالـلارنىڭ بىر خىـل يازلىق ئاياغ كىيىمى.

**باسۇت** (توغرىسى: بوسۇت) ⟵ **بوسۇت.**

**باسۇرماق** ① «باسـماق» پېئـىلـىنىڭ يەنە بىر خىل مەجـبـۇرىـي دەرىـجـە شەكـلى: مۇخـتەر غەيـرىتىگە كېلىـپ، ئەڭ ئاخىرقى قېـتىم «كىمـنىڭ!» دەپ ئۇنـلۇك بىر ۋارقىرىـدى ـ دە، ئانـدىن كۆڭـلى تىنىـپ، بوغـىنى يەنە چۆپـنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ قويدى. ② چۆجە چىقارتىش مەقـسـتىـدە بىرقانـچـە تۇخـۇمـنى كـۇرۇك توخـۇنىڭ ئاسـتىـغا سېلـىـپ بەرمەك: كۇنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپـتۇ، پەمـلىك ئايال توخۇلارنى بېقىپ، تۇخۇمـنى يىـغىپ، باسۇرۇپ، چۆجە چىقىرىپتۇ.

**باش** ① ئى. ئادەم بەدىـنىنىڭ بويۇنـدىن يۇقـىرى، ھايـۋان بەدىـنىنىڭ بويۇنـدىن ئالدىنـقى يەنى كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالار ئورۇنلاشقان قىسمى؛ كاللا: سوقا باش. كىلدىڭ باش. * ئوقۇغۇچىلار ئىتتىك بېشىنى بۇراپ، ھېسداشلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى. ② ئى. تىك، ئـۆرە نەرسىلەرنىڭ يۇقـىرى تەرىپى؛ چوققىسى: تاغ بېـشى. دەرەخ بېشى. تونۇر بېـشى. * تاغ بېـشـىدا قارىـغاي، باغـدا بۇلبۇل سايرىغاي، يۈرىكى بىر دوستلارنى، دۈشمەن قانداق ئايرىغاي. ③ ئى. باشلىق، رەھـبەر: يۇسۇپ بەگ ماقۇل بولۇپ، پالـۋان يىگىتلەردىن ئۈچ يۈز ئاتمىشنى ئايـرىپ، ھۇشۇر بەگ سەردا-رىنى ئۇلارغا باش قىلىـپ، ئىرولـغا ماڭـدۇردى. * ئەل توپـى كەلگەن سۇدەك تەۋرىدى بىردىن، چېـرىك بېـشى ئاڭـا يايـى پەيـلـدى بىردـىن. ④ سۈپ. بىرەر كەسىپ ياكى ساھەدە باشقىلارغا رەھبەرلىك قىلىـدىغان، ئورنى باشـقىلاردىن يۇقىرى: باش كاتىپ. باش ئىنژېنېر. * ـــ ئاڭ-لىشىمـچە سەن گۇڭـشېغا باش شۇجى بولۇپـسەن، تەبرىكلەيمەن، ـــ دېدى ئادىل قەيـسەرنىڭ قولىنى سىقىپ. ⑤ سۈپ. ئەڭ مۇھـىـم، ئاسـاسـىي: باش بـۆلەك (گـرامـماتـىكـىدا). باش ۋەزىـپە. * خـوش، مۇشۇ بارلـىق تەشكـىلاتلار خىزمەتـتە ئەمەل قىلىشى لازىم بولغان لۇشـيەننى يەنى باش يۆنـىلىشـنى كىم بەلـگىلەيـدۇ؟ ⑥ ئى. كۆچمە. مېـڭە، ئەقـىل، ھوش، زېـھـىـن، كۆڭـۈل: ئۇنىڭ بېشى جايىدا ئەمەس، بولـمىسا ئاشۇنـداق گەپ قىلامـدۇ؟ * بېشـىڭ نەگە كەتتى؟ ⑦ ئى. كۆچمە. كىشى، ئادەم، جان. ئۆز: ـــ ئەگەر بېشىڭ ئون بولسىمۇ بۇ ئىشنى قىلىپ ھۆددىسىدىن چىقالمايـسەن، ـــ دېـدى ئايـشەم مەخـمۇتـقا. * ـــ بېشىڭنى ئېلىپ بۇ يەردىن چىقىپ كەت، ـــ دەپتۇ ئايال ھـامـمال. ⑧ رەۋ. ئـاۋۋال، بـۇرۇن، دەسلەپ، ئىلگىرى: يارنىڭ ئۆيى باغـراشـتا، بەلگىسى قارا تاشتا. ئانچە مەيلىڭ بولمىسا، نېمىشقا ئويىنغان باشـتا. * «ھەرقانـداق ئىشـنىڭ بېشى قىيىن بولىدۇ.» دېگەن بۇ سۆز ھەرقانداق پەنـگە توغـرا كېلىدۇ. ⑨ سۈپ. بىرىنچى: باش كۆۋ-رۈك. باش بارماق. * شاھزادە بىلەن مەلىكە باش كۆۋرۈك بىلەن ماڭماي ئۇدۇل لىڭ ـ لىڭ كۆۋرۈك بىلەن مېڭىپـتۇ. ⑩ مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلـدۈرىدۇ: بىر باش پىياز. ئىككى باش چامغۇر. ئون باش قوناق. * ئازراق گۆش، بىر باش پىـياز، ئىـككى باش چامـغۇر

www.uyghurkitap.com

تۇغراپ، تاتلىقىنا سۈيۈقئاش ئىتىپتىكەن، بىر چىنىدىن ئىچتۇق. ⑪ ئى. ئەسىر، يىل، پەسىل، ئاي، كۈن، گەپ-سۆز قاتارلىقلار ياكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ باشلانغان جايى، قىسمى؛ **يۇقىرى تەرىپى:** يىلنىڭ بېشى. گەپنىڭ بېشى. ساينىڭ بېشى. دەريانىڭ بېشى. * XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيىدە فېئوداللار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «تارىخىي قانۇن» ئېقىمى مەيدانغا چىقتى. * يەكەن دەرياسىنىڭ باش تەرىپى زەرەپشان دەپ ئاتىلىدۇ. * سۇغا چۈشۈش ئۈچۈن ئۆستەڭگە چىققان باللاردىن بىرى: — بۇ يەردە ئادەم بار ئىكەن، سەل باشقا چىقايلى، — دېدى. * — ئۇلار مانا مۇشۇساينىڭ بېشىدا، — دېدى جۇنس گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ باتاليون كوماندىرىغا. ⑫ ئى. **بەزى زىرائەت ۋە كۆكتاتلارنىڭ كاللەك بولىدىغان مېۋىسى، ھوسۇلى، باشاق:** باش تەرمەك. باش پىياز. * توختى ئاخۇننىڭ قونىقى شۇنچىلىك چوڭ باش ئېلىپتۇكى، ھەربىر باشنى 500 گرامدىن ئۇشۇق كېلىدۇ، دېسە لاپ بولمايدۇ. * ئارىلاپ توختايدۇ، ئېگىشىدۇ ئۇ، تېرىيدۇ ئېگىزدا قېپقالغان باشنى. ⑬ ئى. كۆچمە. **چاچ:** باش ئاقارماق. باش چۈشۈرتمەك. * ئەكرەم ساتىراشخانىدا بېشىنى ئالدۇرۇۋاتىدۇ. * ئېغىر دەرد-ئەلەم ئۇنىڭ بېشىغا ۋاقىتسىز ئاق كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. ⑭ ئى. **بەزى ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ شۇ ئىسىم ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن نەرسىنى ياكى شۇ نەرسە ئورۇنلاشقان جاينى بىلدۈرىدۇ:** ئېتىز بېشى. ئېرىق بېشى. * ئۇلار ئېرىق بېشىدا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرىدۇ. * ئاكام ئېتىز بېشىدا قالدى.

**باش ئاتماق** باش بىلەن ئۇرماق: ھاۋا رەڭدە بويالغان ئايمىخاننىڭ كۆڭلىكى. زالىملارغا باش ئاتتى، قاپتەك ئىكەن يۈرىكى.

**باش ئاغرىقى** ① بەدەننىڭ باش قىسمىنىڭ **ئاغرىقى:** دادامنىڭ تۇتىقاق باش ئاغرىقى بار. ② كۆچمە. **ئاۋارىچىلىك، دەخمىزە، كۆڭۈلسىزلىك، تەشۋىش:** بوربوت پادىشاھلىقى تىرىلگەندىن كېيىن، دىرېستو بولۇپمۇ ھېلىقى بوۋاي ئۈچۈن بىر باش ئاغرىقى بولۇپ قالدى. * — خوش، ئەگەر سىلەر بۇنى ئۆزەڭلار ئۈچۈن يوك، ئاۋارىچىلىك، باش ئاغرىقى، دەپ قارىساڭلار مەن ئېلىپ كېتەي...، — دېدى ئايشەم ماھىنۇرغا.

**باش ئاغرىقى تاپماق** ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەك، كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارماق: ئۇ ھارۋىسىنى ئاۋايلاپ ھەيدىمەي بىخەستەلىك قىلىپ، بىر بالىنى دەسسىتىپ قويۇپ، دادىسىغا بىكاردىن-بىكار باش ئاغرىقى تاپتى.

**باش ئاغرىماق** ① بەدەننىڭ باش قىسمى ئاغرىماق. ② كۆچمە. **ئاۋارىچىلىككە قالماق، تەشۋىشلەنمەك، كۆڭۈلسىزلىككە، دەخمىزىگە يولۇقماق:** بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق باش ئاغرىيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايلى.

**باش ئاكۇشېر** <تىب> **ئاكۇشېرلىق كەسپىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك خادىم:** باش دوختۇر: — سىڭلىم ئايىمقىز، بىزنىڭ قايتىش ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى. بىز سىزگە قاراشقا باش ئاكۇشېر رەيھاننى قالدۇردۇق، — دېدى.

**باش ئالماق** ① باشنى كەسمەك، ئۆلتۈرمەك: ئەگەر پەرماننى ئورۇنلىمىساڭ، پادىشاھ بېشىڭنى ئالىدۇ. ② **باش چىقارماق، باشاقلىماق:** ئاقار ئىدى سۇلار قۇدۇق تەشىمىسىدىن، مايسا بىغەم شۇڭا قۇرغاق ۋەھىمىسىدىن. ھەر تۈپ قوناق ئالغانتى باش بەش-ئالتىدىن، قورقماس ئىدى بېغىشلىرى ئاي پالتىدىن.

**باش ئاۋاز** <مۇز> كۆي شەكلىدىكى مۇتلەق تۇراقلاشقان ئاۋاز دەرىجىسى، باشقا ئاۋاز دەرىجىلىرى مۇشۇ ئاۋاز دەرىجىسىگە ماسلىشىپ بارىدۇ.

**باش ئايلانماق** ① ھوشىنى، خۇدىنى، سېزىش قابىلىيىتىنى يوقاتماق: بېشىم ئايلىنىپ كېتىپ يىقىلدىم. ② كۆچمە. پىكرى چېچىلىپ كەتمەك؛ بىرەر توغرا پىكىرگە كېلەلمەي

قالماق. — بېشىم ئايلىنىپ، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ③ هۆ بولماق ئايروپىلاندا بېشىم ئايلىنىپ، قۇسۇۋەتكىلى تاس قالدىم.

**باش ئەتىياز** ← **باش باھار**: 1944-يىلى باش ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىر يەكشەنبىسى سەھەردە لۇتپۇللانىڭ ھۇجرا ئىشىكى چېكىلدى-دە، مۇنەرىدىن بىلەن مۇزىكانت زەۋقى كىرىپ كەلدى.

**باش ئەگمەك** بويسۇنماق، قايىل بولماق، ئىتائەت قىلماق، تەسلىم بولماق: تۇتقۇن قىلىنغان ئىبلىشا بىلەن قىزنىڭ باش ئېگىشىدىن ئۈمىد كۈتۈلمىدى، يۇرت قازىسى «ئىسلام شەرىپىنىڭ قائىدىلىرى»نى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، يىگىت بىلەن قىزنىڭ بويىنىغا تاش ئېسىپ دەرياغا تاشلاشنى ھۆكۈم قىلدى. * كۆرەش قىلماي باش ئېگەمدۇق زورلۇققا، تېگىشەمدۇق ئەركىنلىكنى قوللۇققا.

**باش ئەلچى** <ت ئىش> بىر دۆلەت باشقا بىر دۆلەتتە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتىك ۋەكىل.

**باش بارماق** ئادەم پۇت-قول پەنجىلىرىنىڭ بىرىنچىسى، چوڭ بارمىقى: قولنىڭ باش بارمىقى. * بىرىنچى قېتىم يالىڭاياغ يۈرگىنىم ئۈچۈن، ئوڭ پۇتۇمنىڭ باش بارمىقى تاشقا تېگىپ، پەشۋا يەپ زەخىملىنىپ قالدى.

**باش باھار** يىگىرمە تۆت مەۋسۇمنىڭ بىرىنچى مەۋسۇمى. مىلادى بويىچە 3-، 4-ياكى 5-فېۋرالدىن باشلىنىدۇ: باش باھارنىڭ سەلكىن شاماللىرى زەرەپشان يېزىلىرىنى ئارىلاپ كېزىپ يۈرمەكتە. * بەختىنىڭ باش باھارى بۇ، تېخى تاغ كەينىدە يازى.

**باش بەرمەك** ① كۆنمەك، ياۋاشلانماق (ھايۋانلارغا نىسبەتەن): ئۇ بۇرۇن ئىنتايىن ئاغزى قاتتىق. باش بەرمەيدىغان ئات ئىدى. ھازىر خېلى ياۋاشلاپ باش بېرىدىغان بولدى. ② كۆچمە. يېڭىلمەك، مەغلۇپ بولماق، تەسلىم بولماق: — مەنسۇرنىڭ دادىسى ئەكبەرنىڭ دادىسى بىلەن جان دوست ئىكەن، ئەكبەر ھازىر كېچەيۇ كۈندۈز مەنسۇرلەر بىلەن، دېمەك، مېنى ئاغدۇرۇشقا كىرىشىپتۇ، ياق، مەن ئوڭايلىقچە باش بېرىپ قويمايمەن، — دەپ ئويلايتتى ئاسىم.

**باش بوغالتىر** <مال> ئىدارە، زاۋۇت-كارخانىلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بوغالتىر خادىم: باش بوغالتىر قاسىم دەپتەرنى ئېچىپ ھېسابلاشقا باشلىدى.

**باش بولماق** باشچىلىق قىلماق، رەھبەرلىك قىلماق: — چېيىنى ياندۇرۇۋەتسۇن، قىزنى مەن ئالىمەن، بۇ ئىشقا ئۆزىڭىز باش بولسىز، — دېدى سەمەت بەگ ئۆمەر بايغا. * ئۈچ كۈرە بۇغداي ئۈن تارتتى، بىر چوشلۇككە ئاش بولدى. تۆمۈر خەلپە دېگەن باتۇر، دېھقانلارغا باش بولدى.

**باش بۇرنى** ھەممىدىن بۇرۇنقىسى، ئەڭ ئاۋۋالقىسى، تۇنجىسى: پادىشاھ بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ: — مۇشۇ چىلگىنىڭ باش بۇرنىنى پادىشاھ يېسۇن دەپ ئەكەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. * ھە، مانا قوغۇننىڭ پىشتى باش بۇرنى، سارغىيىپ تەممۇ بولدى قەنت بۈگۈن.

**باش بۆلغىماق** دىئال ← **باش تولغىماق**.

**باش بىقىشماق** ① بىر-بىرىنىڭ بېشىدىكى پىت-سىركىلەرنى ئۆلتۈرۈشمەك: ئايشەمخان بىلەن پاتەمخان باشلىرىنى بېقىشىپ بولۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ② كۆچمە. باشقىلار ئۈستىدىن غەيۋەت-شىكايەت قىلىشماق: ھەنپەلەر يەنە باش بېقىشقىلى تۇردى، كىمنىڭ ئۈستىدىن گەپ تاپتىكىن؟ ③ كۆچمە. بىرەر ئىش ئۈستىدە ئالدىنئالا كېلىشىۋالماق، پىكىرلىشىۋالماق: — ئۇلارنىڭ گېپى ئەلۋەتتە بىر يەردىن چىققىدۇ-دە، چۈنكى ئۇلار ئاخشاملا خېلى ئۇزۇن باش بېقىشىۋالغان، — دېدى دىلبەر يۇنۇسقا.

**باش پەدە** <مۇز> ① دۇتار، تەمبۇر قاتارلىق پەدە باغلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئەڭ باشتىكى پەدىسى: قولنى سىيرىپ بوۋاي ئاستا باش پەدىدە توختاتتى، ئىشچاننىڭ دىلىنى ئۇ يېڭى ناخشىدا ئويناتتى. ② بىر يۈرۈش

www.uyghurkitap.com

ئېيتىلىدىغان ناخشىلارنىڭ ئەڭ باشتا ئېيتىلىدىغان مۇقەددىمىسى.

**باش پىتى** <زوئول> ئادەم چېچىنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان بىر خىل پىت.

**باش پىياز** <بوت> ئاساسلىق مېۋىسى يەر ئاستىدا كاللەك بولىدىغان پىياز: — بالام سۇكپىياز ئەكەلمەي، باش پىياز ئەكەل جۇمۇ، — دەپ ئەۋەتتى زورىخان بازارغا بالىسىنى.

**باش تاتىلغۇدەك ۋاقت يوق** ھېچقانچە، ئازراقمۇ ۋاقت يوق: — بىز بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، باش تاتىلغۇدەك ۋاقت يوق، — دېدى ئابلىز مەرىيەمگە.

**باش تارتماق** رەت قىلماق، خالىماسلىق، مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماق، چەتكە ئالماق: — رەھمەت سىزگە، — دېدى ئابلەت بۇ نەرسىلەرنى ئېلىشتىن باش تارتىپ، — مەن يەنە ئىككى كۈن ماگسالا ئۆيۈمگە يېتىۋالىمەن. * خەلق ئەسكەرلىرىمۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتىن باش تارتتى، ئاگلىسام ئۇلار: — كادىرلار سۆزىدە تۇرمايدىكەن، خەلققە يامان بولغۇنىمىز قالغۇدەك، — دېيىشەرمىش. * نەئىمە يۈزىدىن نىقابىنى ئېلىشتىن باش تارتىپتۇ.

**باشتا كۆتۈرمەك** يۈكسەك دەرىجىدە ھۆرمەت بىلدۈرمەك، ئەزىزلىمەك: باشتا كۇچا خەلقى بۇ ئادەمنى مەۋلىۋىنىڭ ئوغلى دەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك قىلدى.

**باش تاۋاق** تۆردە ئولتۇرغان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئەڭ دەسلەپ، بىرىنچى قېتىم كەلتۈرۈلىدىغان تاۋاق: — باش تاۋاققا گۆشنى جىقراق بېسىڭلار، — دېدى ھاشىم يىگىتلەرگە قاراپ.

**باش تەپتىش** <قا> تەپتىش ئورگانلىرىدىكى رەھبىري خادىم. مەملىكىتىمىزدە باش تەپتىش خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە شۇ دەرىجىدىكى خەلق سوت مەھكىمىسى ئاچقان سوت ھەيئىتىنىڭ يىغىنلىرىغا سىرتتىن قاتنىشىش ھوقۇقى بولىدۇ، ئەيىبلىنىدىغان ئەنزىلەرگە قارىتا باش تەپتىش ياكى ئۇ تەيىنلىگەن تەپتىش قىلغۇچى خادىم دۆلەت ئەيىبلىگۈچىسىنىڭ سالاھىيىتى بىلەن سوتقا قاتنىشىپ، ئەيىبلەشكە ياردەملىشىدۇ ۋە سوت ئىشلىرىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان، بولمىغانلىقىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

**باش تەندىن جۇدا بولماق** بېشى (كاللىسى) كېسىلمەك، ئۆلمەك: — مېنىڭ قولۇمدا 550 كىشىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولغان، بىكار سەنمۇ شۇنداق بولمىغىن، — دېدى ئەجدىھا شاھزادىغا.

**باش توخۇ** ① تاڭ ئالدىدا بىرىنچى قېتىم چىللىغان توخۇ: مەن بالىخانىدىكى سارايغا ئۇخلىغىلى چىققاندا باش توخۇ چىللىغانىدى. ② تاڭ ئالدىدا بىرىنچى قېتىم توخۇ چىللىغان ۋاقت: بۈگۈن ئالىم ئۆيدە يالغۇز قالغانلىقى ئۈچۈن باش توخۇغىچە كىتاب ئوقۇدى.

**باش تولغىماق** نارازى بولماق، رەت قىلماق، بويسۇنماسلىق: خان: — باش تولغىساڭ جايىڭ زىندان، — دېدى ناۋايغا.

**باش تومۇز** يىگىرمە تۆت مەۋسۇمنىڭ ئون بىرىنچىسى مىلادى بويىچە 6-، 7- ياكى 8-ئىيۇلدىن باشلىنىدۇ.

**باش تېخنىك** زاۋۇت، كان، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك خادىم: زاۋۇت پارتىيە كومىتېتى بۇغداي سورۇش ماشىنىسى ياساش مەسىلىسىنى زاۋۇت كوللېكتىپىنىڭ چوڭ يەغىنىغا قويغاندا، زاۋۇتنىڭ باش تېخنىكى ئورنىدىن تۇرۇپ: — مېنىڭچە بۇ مۇمكىن ئەمەس...، — دېدى.

**باش تېرىسى** <تىب> باشنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرغان بىر قەۋەت تېرە.

**باش تېما** <ئەد> ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق

ئىپادىلىنىدىغان مەركىزىي ئىدىيە.

**باش تىققۇدەك** ئادەم كىرگۈدەك، سىغقۇدەك: باش تىققۇدەك ئۆيىمۇ يوق، داڭ چىققۇدەك مېلى يوق (ماقال).

**باش تىقماق** ① كىرمەك (ئادەمگە نىسبەتەن): — شۇنچە يەردىن كېلىپ، بىزنىڭ ئۆيگە باش تىقماي كېتەمسەن؟ — دېدى ئاينۇر شازادەمگە. ② **ئورۇنلاشماق، جايلاشماق:** ئەسكىگە ئەل ئىچىدە باش تىققىلى چىقماس ماكان، ياخشىلار ھەر جايغا بارسا ئىززەتكە مېھمان بولغۇسى.

**باشتىن ئاخىر** **باشتىن ئاياغ:** شۇنداق قىلىپ ھەرقانداق ئىشنى باشتىن ئاخىر پۇختا قىلمىسا، مۇللىۋاي تىككەن توقۇمىنىڭ ئالدى-كەينىنىڭ پەرقى يوق دېگەندەك ئىش بولىدۇ. • تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا باشتىن ئاخىر ئاممىغا تايىنىش لازىم.

**باشتىن ئاياغ** بېشىدىن تارتىپ تا ئايىغىچە، ھەممە يېرى: ئۇ مېنى كەلدى دەپ ئويلاپ بۇرۇلۇپ قارىسا، باشتىن ئاياغ ئاپئاق، غەلىتە كىيىنگەن بىر ئادەم تۇرغۇدەك.

**باشتىن تۈتۈن چىقماق** ھەيرانلىقتا تاڭ قېتىپ قالماق، قاتتىق تەئەججۈپلەنمەك، چۆچۈمەك: ئايالى: — ساندۇقتىكى پۇل يوق، — دېۋىدى ئېرىنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى.

**باشتىن كەچۈرمەك** ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمەك، كۆرۈپ ئۆتمەك، دۇچار بولماق، يولۇقماق: شۇ تاپتا جامال ئاكىنىڭ بۇ تەسىراتىنى مەنمۇ ئۆز بېشىمدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتىم. • دۆلىتىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنى باشتىن كەچۈردى. • — شۇنداق دەھشەتلىك ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرۈپمۇ بەربىر ئىشىكىڭىزنى تاشلىمىغان بولسىڭىز، سىز مەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ مەردانىسى سىز، — دېدى نۇرنىسا مەردانىغا زوقلىنىپ قاراپ. • — قانداق ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ۋەزىردىن.

**باشتىن ئۆتكۈزمەك** ① باشتىن كەچۈرمەك. ② ئويلىماق: يەن چىنىك: — لىباگشەن كۆلگە بېرىپ، سۈك دانىشنى بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار قىلىپ، قۇتقۇزۇشقا ئادەم ئەكەلمىسەم، قاراپ تۇرۇپ غوجامنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ قالمايمەنمۇ، — دېگەن خىيالنى باشتىن ئۆتكۈزدى.

**باشتىن ئۆرۈمەك** كونا ئادەت بويىچە بىرەر خۇشاللىق ياكى خاپىلىق تۇپەيلى ئۆز مۈلكىدىكى بىرەر نەرسىنى ياكى مەلۇم پۇلنى باشقىلارغا بېرىۋەتمەك، سەدىقە قىلماق: — ئاخشام يامان بىر چۈش كۆرۈپ قېلىپتىكەنمەن، ئەتىگەندە چاپىنىمنى بىر كەمبەغەلگە بېشىمدىن ئۆرۈپ بېرىۋەتتىم، — دېدى ھېپىزخان ئاينۇراخانغا.

**باشتىن ياغاچ ئۇشتۇماق** شۇ ئىشنىڭ بولغانلىقىغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى بىلدۈرمەك: لۈتپۇللا بىلەن يىگىت قورۇغا كىرىشى بىلەن تەڭلا يىگىتنىڭ ئانىسى شائىرنى كۆرۈپ: — كەل شائىر بالام، بېشىڭدىن ياغاچ ئۇشتۇپ قويايمۇ؟ قېرى ئاناڭنى يوقلاپ كەلگىنىڭگە رەھمەت بالام، — دېدى.

**باش جايىغا چۈشمەك** ئەقلى، زېھنى نورمال ئىشلەشكە باشلىماق، خىيالى ھەر تەرەپكە چېچىلىشتىن يىغىلماق، خاتىرجەم بولۇپ قالماق: — ھازىر سەن ئانچە خاتىرجەم ئەمەس، سەل بېشىڭ جايىغا چۈشسۇن، بۇ ئىش توغرۇلۇق ئاندىن كېيىن سۆزلىشەيلى، — دېدى بەختىيار زۇلپىقارغا.

**باش جىنايەتچى** <قا> جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان جىنايەتچى: ئادەم ئۇيۇشتۇرۇپ قاتىللىق قىلغان باش جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، شۇ ھامان ئىجرا قىلىندى.

**باش چاپارمەن** تارس. چاپارمەنلەرنىڭ باشلىقى: باش چاپارمەن شاتۇر دورغا دەرھال كېلىپ، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ توپىسىنى قاقتى.

**باش چايقىماق** ① رەت قىلماق، نارازى

بولماق: ــ مەنمۇ؟ ــ پادىچى يىگىت بېشىنى چايقىدى، ــ مېنىڭ ئىشىم بار...، ــ دېدى بەگ-زادىگە قاراپ. * ئادىل بېشىنى چايقاپ تىت-تىت بولۇپ: ــ ئەجەبمۇ كەلمەسكە قالدى، ــ دەپ پىچىرلىغانچە پار قازىنى تەرەپكە قارىدى. ② گۇمانلانماق، دەرگۇمان بولماق: ــ بۇنىڭغا قانداق ئامال قىلارمىز، ئوبۇل ھاجىمنىڭ ئۆيى بەك چىڭ، ئەركەك چىۋىنمۇ كىرەلمەيدۇ، ــ دېدى زۇمرەتخان بېشىنى چايقاپ. ③ ئەپسۇسلانماق، ھەسرەت چەكمەك، پۇشايمان قىلماق: بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھ بېشىنى چايقاپ يىغلاپ تاشلىدى.

**باش چۆكۈرمەك** بىرەر ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشمەك، قىتىرقىنىپ ئىزدەنمەك، چوڭقۇرلاپ كىرمەك: باش چۆكۈ-رۈپ ئوقۇۋاتىمەن، يېزىۋاتىمەن، ئاۋۋال مېڭەمدىن قىزنى ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمەن. * خېلى ئۇزاقتىن بۇيان، يې يۈيخەن ھەمىشە تەجرىبىخانىدا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرلەپ قويغانىدى.

**باش چۈجە** شۇ يىلى ئەڭ دەسلەپ، بىرىنچى قېتىم چىقىرىلغان چۈجىلەر: باش چۈجە شۇ يىلى كۈزدە تۇخۇم تۇغىدۇ.

**باش چۈشۈرمەك** ئۇستىرا بىلەن باشتىكى چاچنى ئېلىۋەتمەك: كېيىن ئانىسى قىزنىي ئىرىنىڭ يېشىنى چۈشۈرۈپ يۈرىدىغان ساتىراشقا بەردى.

**باش چىقارماق** زىرائەت دان تۇتۇپ، باشاقلىماق: كۆممىقوناق باش چىقىرىشقا باشلاپتۇ. * بۇغدايلار باش چىقىرىپ تاختا بولۇپتۇ.

**باش خوردىلىقلار** <زوئول> خوردىلىقلار ئىچىدىكى تېنى بېلىققا ئوخشايدىغان، لېكىن باش قىسمى ئېنىق بۆلۈنمىگەن بىر خىل كەنجى تىپ. مەسىلەن: لانسىت بېلىققا ئوخشاش.

**باش دەپتەر** <مال> بارلىق مالىيە، ئىقتىساد ئىشلىرى، ھېسابلاش تۈرلىرى بويىچە تۈتۈلىدىغان ھېساب دەپتەرلىرى ئىچىدىكى ئاساسىي دەپتەر.

**باش دوختۇر** <تىب> دوختۇرخانىلاردا دوختۇرلۇق كەسپى بويىچە باشقا دوختۇر-لارغا (كەسىپداشلىرىغا) يېتەكچىلىك قىلغۇچى دوختۇر؛ يېتەكچى ۋراچ: ئادىل بىردىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمىنى كىيدى-دە، باش دوختۇر ئابلىمىتنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

**باش رول** <كىنو> كىنو، تىياتىرلاردىكى ئاساسىي رول.

**باش رول ئالماق** <كىنو> كىنو، تىياتىر-لاردا ئاساسىي رولنى ئورۇنلىماق؛ ئويناپ چىقماق: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كومېدىيىنى يازغان ۋە ئۇنىڭدا باش رولنى ئالغان لۇتپۇللامۇ بار ئىدى.

**باش رولچى** <كىنو> كىنو، تىياتىرلاردىكى ئاساسىي رولنى ئورۇنلىغۇچى، ئويناپ چىققۇچى: ئامىنە بۇ درامىنىڭ باش رولچىسى.

**باش ساقايماق** قىيىنچىلىقى، مۇشكۈلى ھەل بولماق؛ غەم-ئەندىشىسى تۈگىمەك: ــ بۇرۇنلا مۇشۇنداق قىلغان بولساق، باش ساقا-ياتتىكەن ئەمەسمۇ؟ ئوغلۇڭغا شۇ قىزنى ئېلىپ بېرىپلا بېشىڭنى ساقايتمامسەن؟ ــ دېدى بارات توختاخۇنغا.

**باش ساقچى** شۆبە ساقچى ئىدارىلىرى ياكى پەيچۇسولار قاراشلىق ساقچى ئىدارىسى.

**باش سەردار** تارس. مەلۇم گورۇھنىڭ ياكى لەشكەرلەرنىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقى، ھەربىي باش قوماندان: بارگاھ قوشۇنغا سۇڭ جاڭ باش سەردار، ۋۇ يۇڭ مۇشاۋىر بولدى.

**باش سەركەردە** تارس. لەشكىرىي قوشۇن ۋە سەركەردىلەر باشلىقى.

**باش سوتچى** <قا> بىرەر ئەنزىنى سوراق قىلىشقا مەسئۇل قىلىپ بەلگىلەنگەن سوت خادىمى: باش سوتچى ھامۇتنىڭ كۆڭلىدى-كىنى بىلگەندەك، ئىشىككە قاراپ كېلىشكە باشلىدى.

**باش سوراقچى** <قا> ← **باش سوتچى:**

لۇتپۇللا تىك تۇرۇپ باش سوراقچىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ ئىككى قولىقىنى بېسىپ چۈشكەن.

**باش سۆڭەك بوشلۇقى** <ئانات> باش سۆڭىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بوشلۇق.

**باش سۆڭىكى** <ئانات> باشنىڭ پېشانە سۆڭىكى، چوققا سۆڭىكى، چېكە سۆڭىكى، كەجگە سۆڭىكى ۋە كېپىنەك سۆڭەك قاتارلىق سۆڭەكلەردىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن گەۋدىسى.

**باش سۈيى I** يازلىق زىرائەتنىڭ تېرىلىپ، ئۈنۈپ مايسا بولغاندىن كېيىنكى بىرىنچى سۈيى، كۈزلۈك زىرائەتنىڭ ئەتىيازدا كۆكلەپ مايسا بولغان ۋاقتىدىكى دەسلەپكى سۈيى: كۈزگى بۇغداي پەرۋىشىدە 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا باش سۈيى بېرىش كۈزگى بۇغداينىڭ بالدۇر كۆكرىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

**باش سۈيى II** <فىزئول> باش سۈيى پەردىسى ئىچىنى تولدۇرۇپ تۇرىدىغان، تۆرەلمىنى تاشقى تەسىردىن ساقلاپ تۇرىدىغان سۈيۇقلۇق: يېشىندۇرۇپ ئايىم قىزنى تېز، تازىلىدى باش سۈيىنى ئۇ، مېھرى بىلەن سىلىدى ئۇزمەي، قورسىقىنى ــ بار بويىنى ئۇ.

**باش سۈيى پەردىسى** <فىزئول> ئادەم ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ تۆرەلمىسىنى ئوراپ تۇرىدىغان، ئىچىدە سۈيۇقلۇق بار خالتىسىمان پەردە.

**باش سۈيى پەردىلىكلەر** <زوئول> باش سۈيى پەردىسىگە ئىگە ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار. سۆرەلگۈچىلەر، قۇشلار، سۈت ئەمگۈچىلەر مۇشۇنىڭغا كىرىدۇ.

**باش سىلكىمەك** ① ھوشنى تاپماق، ھوشيار بولماق، سەگەكلەشمەك: ئەسىرلەر قاراڭغۇ تۈندە ئۇخلىدىڭ ــ ياتتىڭ ھامان، كۆرمىدىڭ ئاپتاپ يۈزىنى. بولدى چىرايىڭ سامان. گەر يەنە ئويغانمىساڭ «ئاھ!» ئەقدىرىڭ ئاندىن يامان، ئاچ كۆزۈڭنى باشنى سىلكىپ. كۈتكىنىڭ قايسى زامان، يان بېغىڭدا شاد تۇرغان مەردۇ مەردانىڭغا باق. ② قوشۇلماق، ئەستىقلىماق: ھاجى چايان: ــ راست، ھەرىكەتتە بەرىكەت دەيدۇ، قېنى بىر ھەرىكەت قىلىپ كۆرەيلى، ــ دېۋىدى، ئابۇل ھۇقۇش بىلەن مەمەدۇل ئەستىقلاپ باش سىلكىدى.

**باش شتاب** ① ھەربىي قىسىملارنى باشقۇرغۇچى يۇقىرى ئورگان: ــ بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ھەربىي ئاكادېمىيىدە ئوقۇش توغرۇلۇق باش شتابقا يازغان ئىلتىماسىم ھەققىدە بىرەر خەۋەر بارمىدۇيا؟ ــ دەپ ئويلىدى مەردان. ② كۆچمە. رەھبەرلىك ئورگان: ئالدىمىزدىكى تاختىغا قىزىل قوغدىغۇچىلار باش شتابى، ــ دەپ يېزىقلىق تۇراتتى.

**باش خوجىدار** باي، مۇلۇكدارلارنىڭ ئىگىلىكىنى باشقۇرغۇچى خىزمەتچىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى، باشلىقى: ئۇنىڭ قول ئاستىدا چوتچى، دەپتەرچى، خەزىنچى بولۇپ 40 ـ 50 چە ئادەم ئىشلەيتتى، بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «باش خوجىدار» دەپ ئاتىشاتتى.

**باش غول سىم** <ئېل> ئېلېكتر ئىستانسىسى ياكى ترانسفورماتور ئىستانسىسىنىڭ توك يەتكۈزۈپ بېرىدىغان باش ئۆتكۈزگۈچ سىمى.

**باش فوكۇس نۇقتىسى** <فىز> لىنزىدا سۇنغان، قارىمۇقارشى يۆنىلىشكە قاراپ سوزۇلغان نۇرنىڭ باش ئوقتىكى بىر نۇقتىدا كېسىشكەن جايى.

**باشقا ئاق سانجىماق** باش چېچىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرى ئاقارماق؛ ئاقىرىشقا باشلىماق، باشقا ئاق كىرمەك: بېشىغا ئاق سانجىغان ئادەم.

**باشقا ئاق قونماق** ← **باشقا ئاق سانجىماق**: بوۋاي كۆلەر ئەتراپقا مەغرۇرانە كۆز سېلىپ، غەلبىسىدىن سۆيۈنۈپ تەنگە سىغماس شادلىقى. تاغدىكى قار مىسالى ئاق قونۇپتۇ بېشىغا، لېكىن يۈرەك ـ قەلبىدىن قايتماس ئەبەد ياشلىقى.

www.uyghurkitap.com

**باشقا ئاق كىرمەك** ← **باشقا ئاق سانجىماق.**

**باشقا بالا بولماق** قاتتىق باش ئاغرىقى، ئېغىر تەشۋىش، ۋەھىمە، كۆڭۈلسىزلىككە قالماق: جېنىم بالام، كالىمىز بېشىمىزغا بىر بالا بولىدىغان بولدى. ئىشتىن قايتىپ بىر چىنە قايناق سۇ ئىچەي دەپ تۇرسام، بىر ساقچى كىرىپ ئالدىغا سېلىپ ساقچىغا ئاپاردى. * — بۇ بىر چوڭ كىشى ئىكەن، ۋاقىتانىۋاق كېلىپ بېشىمغا بىر بالا بولمىسۇن، كاللىمۇ يېمەي، چىشىمۇ چاقماي، — دېدىم.

**باشقا بالا تېپىۋالماق** ئورۇنسىز، ئاۋارىچىلىك، ئارتۇقچە تەشۋىش، كۆلپەتكە ئۇچراپ قالماق: — سىز گۇمان قىلىۋاتامسىز كوللېكتىپلىشىش يولىدىن گۇمان قىلىپ كاپىتالىزمچى بولۇپ قالسا، بېشىڭىزغا بالا تېپىۋالىسەن دېمەكچىمۇ؟ — دەپ سورىدى نۇراخۇن سادىقتىن.

**باشقا بالا كەلمەك** زىممىسىگە، ئۆز ئۈستىگە ۋەھىمە، تەشۋىش، كۆڭۈلسىزلىك چۈشمەك، پەيدا بولماق: — ئۆمرۈڭنى جاڭگالدىن يانتاق توشۇپ ئۆتكۈزگىنىڭدىن مەلىكە بىلەن ئۆتكۈزگىنىڭ مىڭ مەرتىۋە ئەلا، — دەپتۇ تازنىڭ ئانىسى، — بولدى، بېشىمغا ھەر بالا كەلسە مەن كۆرەي، سەن ماڭا تارتىشىپ تۇرماي شۇ گۈزەل مەلىكە بىلەن كەت.

**باشقا بەخت قۇشى قونماق** بەختى، تەلىيى، ئامىتى كەلمەك، ئىش يۈرۈشۈپ كەتمەك: لېكىن ئۇزۇنغا بارماي، ئۇنىڭ بېشىغا قونغان بۇ بەخت قۇشى قايتىپ بىرىسىپ توختى چاۋارنىڭ بېشىغا قونغاندا، ئۇ نەچچە كېچىلەرنى ھەسرەت-نادامەت بىلەن كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى.

**باشقا پىت چۈشمەك** غەم-ئەندىشىگە گىرىپتار بولماق، ۋەسۋەسىگە قالماق: — مۇشۇ يېقىندىن بۇيان، — دېدى دېھقان شائىرغا رەھمەت بىلدۈرگەچ، — گومىنداڭچىلارنىڭ بېشىغا پىت چۈشۈپ قالدى بولغاي، ئاشلىق ئالىشىنى كۆچەيتىپ، مىڭلاپ بەگ، دورغا- يايمىلارنى ئاشلىق سەيىسىسى ئۈچۈن ئۈجمە، يېگىمبىرىق، ئايكۆل، سايبېرىق... قاتارلىق رايونلارغا ئەۋەتتى.

**باشقا پىت سېلىۋالماق** بىكار ئاۋارىچىلىك، باش ئاغرىقى تېپىۋالماق: مۇشۇ ئىشنى قىلمەن دەپ، بىكاردىن-بىكار بېشىمغا پىت سېلىۋالدىم.

**باشقا دۆلەت قۇشى قونماق** ← **باشقا بەخت قۇشى قونماق:** ئەمەت ھەسرەتلىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرسىدە بېشىغا دۆلەت قۇشى يەنە قايتىدىن قوندى-دە، ئۇ تېرىسىگە سىغمايلا كەتتى.

**باش قاتماق** گاڭگىراپ قالماق، چارىسىنى تاپالماي قىينالماق: بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار، تاپانلارغا تاش پاتتى. دوۋاڭ خاننىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلالماي باش قاتتى. * ئۆلۈمنامەڭنى كۆرگەندە كۆكسۈمگە پىچاق پاتتى، قانداق قىلىمىز گاڭگۇڭ، ئەجەبمۇ بېشىم قاتتى.

**باش قاتۇرماق** چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزمەك، ئەستايىدىل ئويلىماق، بېرىلىپ چارە-تەدبىر ئىزدىمەك: — ئەي ۋەكىل، — دەپتۇ يەنە ئېلى نۇردىن، — ئەگەر سەندە بۈگۈن چۈشلۈك تاماققا چۈشلۈق نەرسە بولسا، كەچقۇرۇنلۇق تاماقنىڭ غېمىنى يەپ بېشىڭنى قاتۇرۇپ ئاۋارە بولما!. * ئوقۇغۇچىلارنى كىتاب ئوقۇغاندا باش قاتۇرىدىغان، باش قاتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيدىغان قىلىش، ئوقۇش بىلەن باش قاتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم.

**باشقا چىقماق** ئەمەلگە ئاشماق، ۋۇجۇدقا كەلمەك: مەنمۇ ئۇزۇن يىللىق تېخنىك، راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىشلار باشقا چىقمايدۇ. * بوۋايلار باشلىغان ئىشنى چىقارغىن ئەمدى بىر باشقا.

**باشقا دەسسىمەك** زۇلۇم سالماق، بوزەك قىلماق، خارلىماق: ئامانىسا خېنىم، تېخى مېنىڭ بېشىمغا دەسسىمەكچىمۇسەن.

**باشقا سوغۇق سۇ قۇيماق** باشقىلارنىڭ روھىغا، ئاكتىپلىقىغا، قىزغىنلىقىغا زەربە بەرمەك: بۇ سۆزلەر سەلىمىنىڭ بېشىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەكلا تەسىر قىلدى. ئۇ ئۈمىدسىز-

لەنگەن ھالدا بېشىنى سىلىپ ئەلەم بىلەن قورۇدىن چەقىپ كەتتى.

**باشقا كەلگەننى كۆرمەك** ئېھتىمالى بولغان بىرەر كېلىشمەسلىك ياكى ئوڭۇشسىزلىققا تەييار تۇرماق: ــ بولدى، تازىلىمايلا قويۇڭ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرۈرمەن! ــ دېدى ئەزىز چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ.

**باشقا كەلمەك** بىرەر ئىشقا دۇچار بولماق، يولۇقماق: كېيىنكى ئىشلار ئابدۇللانىڭ بېشىغا كەلمىگەن بولسا، ئۇ بۇ قەدەر چۈشكۈنلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى.

**باشقا كۈن چۈشمەك** ئوڭۇشسىزلىققا، پېشكەللىككە ئۇچرىماق؛ قىيىن ئەھۋالدا قالماق: ئەر بېشىغا كۈن چۈشسە، ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر (ماقال). * ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ بېشىڭلارغا كۈن چۈشۈپ قالسا ئەسقېتىپ قالار. * سەن ھاياتنى سۆيمىسەڭ، ھايات سېنى سۆيمەيدۇ. بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە، ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

**باشقا كۈن كەلمەك ← باشقا كۈن چۈشمەك:** باتۇر بەش ياشلارغا كىرگەندە، باقىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ دادىسى توقسان ياشقا كىرىپ ۋاپات بولدى.

**باشقا كىيمەك** ۋارقىراپ ـ جارقىراپ غوۋغا كۆتۈرمەك، ئالەمنى بىر ئالماق: دورغا ـ مىرابلا بولسا دېھقانلارنى تىللاپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ مەھەللىلەرنى بېشىغا كىيىشتى. * ــ قانداق بولدى، ــ دېدى ئىسھاق قارا كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ. ــ ئاپاڭ غوۋغا كۆتۈرۈپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدىمۇ؟

**باشقا ئېلىپ چىقماق** بىرەر ئىشنى ئاخىرىغىچە قىلىپ تۈگەتمەك، ئەمەلگە ئاشۇرماق: دېمەك، قەتئىي نىيەت كەلمىسە، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.

**باشقا ئېلىپ يۈرمەك ← بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرمەك:** ــ جېنىم ئايشەم سېنى ساق بولۇپ، قانچە بېشىمغا ئېلىپ يۈرسەممۇ ئەرزىيتتى، بىراق سالامەتلىكىم تازا يار بەرمەيۋاتىدۇ، ــ دېدى

ئايگۈل ھېسداشلىق بىلەن.

**باش قايغان، پۇت تايغان يەردە يۈرمەك** مەقسەتسىز، نىشانسىز لاغايلاپ يۈرمەك: قىز تاڭ ئاتقاندا بېشى قايغان، پۇتى تايغان ياققا مېڭىپتۇ.

**باش قايغان تەرەپكە كەتمەك ← باش قايغان يەرگە كەتمەك:** ــ غۇلام بېشى قايغان تەرەپكە كېتىدىغان بالا ئەمەس، ــ دېدى پەخرىدىن ئىشەنچ بىلەن.

**باش قايغان يەرگە كەتمەك** مەقسەتسىز، نىشانسىز ئۆز بېشىمچە خالىغان يەرگە كەتمەك: ــ ئازراق رەنجىپ قالغانلىق ئۈچۈن بېشى قايغان يەرگە كېتىشكە بولمايدۇ ئۇكام، ــ دېدى ئەمەت ئىنىسىغا نەسىھەت قىلىپ.

**باش قايماق** ① باش ئايلانماق، كۆز قاراڭغۇلاشماق: بېشىم قېيىپ ھوشۇمدىن كەتتىم. ② كۆچمە. گاڭگىراپ قالماق تېڭىرقىماق، ئالجىپ قالماق: ئايتۇراخان: ــ شەرمەمەت ئاكا، بېشىڭ قايدىمۇ، نەدىكى گەپلەرگە ئىشىنىپ قالدىڭىمۇ؟ دادامدىن كۆڭلۈڭ قالسا، مەندىنمۇ كۆڭلۈڭ قالدىمۇ؟ ــ دېدى.

**باش قەھرىمان** <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى يازغۇچى تەرىپىدىن نۇقتىلىق ھالدا سۈرەتلەنگەن ئاساسىي قەھرىمان: غۇنچەم ــ «غۇنچەم» درامىسىنىڭ باش قەھرىمانى.

**باش قوشماق** ① بىرنەچچە ئادەم بىر يەرگە توپلاشماق، يىغىلماق: ــ يولداشلار، ئەمدى مۇنداق بولسۇن، ــ دېدى سورۇننى باشقۇرۇۋاتقان يىگىت ئۈچ ـ تۆتتىن باش قوشۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ. ② بىرنەچچە ئادەم بىر يەرگە يىغىلىپ، بىرەر ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشمەك، كېڭەشمەك: ــ ئىلىم ـ پەن بويىچە تۆھپە ياراتقانلارنىڭ باش قوشۇش يىغىنىدا ئۇچرىشىپ قالساق، ــ دېدى ھاشىر ھاياجان بىلەن، ــ ئەلا چوقۇم سەھنىدە، بىز پەگاھتا بولمىز ـ دە!...

**باش قوماندان** <ھەرب> پۈتۈن دۆلەتتىكى

قوراللىق كۈچلەرگە قوماندانلىق قىلىدىغان ئەڭ ئالىي رەھبەر: يولداش جۇدې خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ئىدى.

**باش قوماندانلىق شتابى** <ھەرب> پۈتۈن دۆلەتتىكى قوراللىق كۈچلەرگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئەڭ ئالىي ھەربىي ئىشلار ئورگىنى: بىز ئەسىرلەرگە ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىمىز، بۇ مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى، بۇيرۇق بىز ئۈچۈن قانۇن.

**باش قويماق** چوقۇنماق، قۇللارچە بويسۇنماق: ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ باش قويۇشتىن يەنە نېمە پايدا چىقار؟

**باش قۇر** <مەت> ئابزاس باشلانغان قۇر: ئالدىمغا تاشلىدى نىغمەت گېزىتىنى، باش قۇرنى ئوقۇپلا قالدىم تاڭ قېتىپ.

**باش قېتىمچىلىق** چارە-تەدبىر تاپالماسلىق، ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمەسلىك، گاڭگىراپ قېلىش: كادىرلار يىغىنى شۇ تاپتىلا ئاياغلاشتى. راستىنى ئېيتسام ھەممىمىز باش قېتىمچىلىق بىلەن تارقاشتۇق.

**باش قىش** بىر يىل ئىچىدىكى 24 مەۋسۇمنىڭ 19-سى، مىلادى بويىچە 7-، 8-نويابىردىن باشلىنىدۇ: باش قىش مەۋسۇمى ئىدى. ئالىم ئائىلىسىنى يوقلاش ئۈچۈن يولغا چىقىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى.

**باش قىلماق** رەھبەر، باشلىق قىلىپ تەيىنلىمەك، بەلگىلىمەك: سۇڭ جياڭ شيې چېڭ بىلەن شيې باۋنى 500 لەشكەرگە باش قىلىپ، ۋېنشاڭ ناھىيىسىنى ئېلىشقا ئەۋەتتى.

**باش كاتىپ** ① پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى كۈندىلىك كونكرېت خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىدىغان مەسئۇل خادىم: دۇجۇن يوق بولسا باش كاتىپ قوبۇل قىلسۇن! ② بىرەر ئىدارە، ئورگاننىڭ رەھبەرلىرىگە ياردەملىشىپ، خىزمەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا پىلان، مەلۇمات، رويىخەت تۈزۈش، خاتىرە يېزىش قاتارلىق ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھەمدە ھۆججەت، خەت-ئالاقىلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مەسئۇل خادىم: ساقچىنىڭ تىياتىر ئۆمىكىگە پىلانلىق ھالدا «11-نومۇرلۇق» ئۆيدىكى گۇمانلىق زىياپەتنىڭ ساھىبخىنىنى باش كاتىپ، شۇ زىياپەتنىڭ مەككار ساقىيسى يانتاقۇۋنىڭ ئاغىنىسى لوخۇرنى ئۆمەك باشلىقى قىلىپ بەلگىلىدى.

**باش كەتمەك** بېشىدىن ئايرىلماق، ئۆلمەك: — ئەي ئوغلۇم! نېمىشقا سەن مېنى ئايىماي پۇلۇمۇ، بېشىمۇ كېتىدىغان ئىشنى قىلسەن؟ — دەپتۇ ئاتىسى. * ئۆمۈرلۈك مۇھەببەتنى خارلاتمايمەن، باش كەتسىمۇ، سۆيگۈنۈمنى زارلاتمايمەن.

**باش كۆتۈرەلمەسلىك** ① قاتتىق خىجالەت، ئىزا، نومۇس تۈپەيلىدىن باشقىلارغا قارىيالماسلىق: ئۆز قېرىندىشىدىن بۇنداق گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاش غوجى ئۈچۈن ئاسانمۇ؟ ئۇ يىغىندا باش كۆتۈرەلمىدى. ② بىكار بولالماسلىق، قولى بوشىماسلىق: بىزنىڭ گۈلنىسا قىزمۇ ئايىغى تۈگمەيدىغان ئوقۇشتىن باش كۆتۈرەلمىدى. ئىككىسى بىردەم-يېرىمدەم بىللە بولۇپ باقمىغان.

**باش كۆتۈرگۈسىز** قاتتىق خىجالەت، ئىزا، نومۇس تۈپەيلىدىن باشقىلارغا قارىيالمىغۇدەك: ئۇ بىچارە ئاتا-ئانىسىنى ئەل-يۇرت ئىچىدە باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋەتتى.

**باش كۆتۈرمەك** ① ئۆرۈپ چىقماق، باش تارتماق: تۆكۈلگەن تەر، قانۇياشلاردىن، ئۈمىد گۈلى كۆتۈرمەكتە باش. ② ئۆرلىمەك، كۆتۈرۈلمەك (ئاي ۋە قۇياش ھەققىدە): تاڭ ئاقىرىپ، ئۇپۇقتىن باش كۆتۈرۈپ چىققان قۇياش پۈتۈن جاھاننى يورۇتتى. ③ پەيدا بولماق، قايتا جانلانماق، تىرىلمەك: ئۇ قەلبىدە زورىدۇنغا قارىتا خەيرخاھلىق تۇيغۇسى باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. * ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش ھازىرقىغا خىيانەت قىلغان بىلەن باراۋەر. ئۇ ئۇنتۇلسا، شەخسىي غەرەز باش

كۆتۈرىدۇ، ئىشتا غەيرەت بولمايدۇ. ④ قوزغالماق، قارشى چىقماق: تەشۋىق ۋاراقلىرىغا گومىنداڭغا قارشى باش كۆتۈرۈشنىڭ، ئازادلىق سېپىگە ئۇيۇشۇشنىڭ لازىملىقى يېزىلغانىدى. ⑤ قەد كۆتۈرمەك: بىزنىڭمۇ باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغان كۈنىمىز كېلىدۇ، يۈرەك يېرىلغۇدەك خۇشال بولىدىغان كۈنىمىز كېلىدۇ، ئۇزاق قالمىدى. * جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشى ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيلى. ⑥ داڭ چىقارماق، مەشھۇر بولماق: ئۇ ئۆرۈمچىدە هازىر خېلى باش كۆتۈرۈپ قالدى.

**باش كۆتۈرمەي** بېرىلىپ؛ ئۈزۈلدۈرمەي: شىرمەممەت باش كۆتۈرمەي ئەتىدىن كەچكىچە ئىشلەيتتى. * ئۇنىڭ كۆزلىرى مەخسۇتنىڭ باش كۆتۈرمەي جىددىي يېزىۋاتقان قىياپىتىگە چۈشۈش بىلەن يەنە كەيپى بۇزۇلدى.

**باش كۆتۈرۈپ يۈرمەك** باشقىلارنىڭ ئالدىدا تىل قىسقىلىقى بولمىغانلىقتىن يەرگە قارىماي ئەركىن، مەغرۇر يۈرمەك: ئانا، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈڭ، مېنى دەپ يىغلىماڭ.

**باش كۈز** بىر يىل ئىچىدىكى 24 مەۋسۇمنىڭ 13-سى بولۇپ، مىلادى بويىچە 7-، 8-ياكى 9-ئاۋغۇستتىن باشلىنىدۇ: باش كۈز كېلىشى بىلەنلا بىزنىڭ يۇرتتا توي-تۆكۈن قايناشقا باشلىدى.

**باش كېپىكى** <تىب> باشنىڭ تېرىسىدىن چۈشىدىغان بىر خىل كېپەكسىمان قۇماق.

**باش كېسەر** ← **كاللا كېسەر**: ــ ۋاڭ غوجامنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىۋاتىمىز. هېلىقى باش كېسەر ئىككى ئوغرى كېچە تۈرمىدىن قېچىپتۇ، ــ دېدى سالى ئۈچېبگى ماتۇت تۆمۈرچىگە.

**باش كېلىش** <تىل>ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ هېچقانداق كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانمىغان نۆل شەكلى.

**باش كىيىم** ئىسسىق، سوغۇق، شامال، يامغۇر ۋە قۇياش نۇرى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدىن باشنى ئاسراش ئۈچۈن يېپىپ، يېپەك، يۇڭ، تېرە ۋە هەر خىل رەختلەردىن ئىشلەنگەن كىيىم. مەسىلەن: دوپپا، شىلەپە، شەپكە، تۇماق، قۇلاقچا قاتارلىقلار: ئۆرۈمچى شەهەرلىك باش كىيىم زاۋۇتى ئىش تۈزۈمىنى ياخشىلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈردى.

**باش لۇشيەن** <پەلس> مەلۇم بىر تارىخىي باسقۇچنىڭ هەرقايسى جەهەتلەردىكى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان تۈپ فاڭجېن، سىياسەتلىرى.

**باش لىڭشىتماق** ماقۇل بولماق، قوشۇلماق، رازى بولماق: ــ ياخشى، ياخشى، ناهايىتى ياخشى، ــ دېدى ئۇ ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتىپ، ــ مەن بۇ پىكرىڭىزنى مۇزاكىرىگە قويىمەن. كۆپچىلىك جەزمەن ياقتۇرىدۇ. * ئويلاپ كۆرسەم، دىلبەرنىڭ دېگىنى توغرا، مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

**باش ماقالە** <مەت> گېزىت-ژۇرناللاردا رېداكسىيە تەرىپىدىن نۆۋەتتىكى مۇهىم ئىش، مەسىلىلەر هەققىدە ئېلان قىلىنغان يول-يورۇق، كۆرسەتمە ياكى بېغىشلىما خاراكتېردىكى ماقالە: ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى يىغىنىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 15-دېكابىردىكى سانىغا «يېزا ئىگىلىكىتىن ئىبارەت ئومۇمىلىقتا بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرايلى» دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلىدى.

**باش مېڭە** <ئانات> مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ نېرۋا تالالىرىدىن تەركىب تاپقان ئەڭ مۇهىم قىسمى. باش مېڭە ئوڭ ۋە سول ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ، ئادەمنىڭ باش مېڭىسى بەك تەرەققىي قىلغان.

**باش ناخشىچى** <مۇز> كوللېكتىپ ئورۇنلايدىغان ناخشا ياكى ئومۇمىي خورلارنىڭ باشلانما قىسمى ۋە ياكى ئوتتۇرا قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرغان يالغۇز كىشىلىك ناخشىنى

ئورۇنلىغۇچى.

**باشنى تاتىلماق** ئامال-چارە تاپالماي قىيىن ئەھۋالدا قالماق، باش قاتۇرماق، ئويلانماق: نۇرغۇن كىشىلەر خەت يازغاندا بۇنى ئايرىيالمايدۇ، قايسىنى «لىق»، «لىك» يازىمىز دەپ باشنى تاتىلاپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ.

**باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ** ھەرقانچە كۆچىگەن بىلەنمۇ، ھەرقانچە چارە-ئامال قىلغان بىلەن: بېشىنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ سۆزىنى ئۆتكۈزەلمەيدۇ.

**باشنى تامغا ئۇرغان بىلەن** ← **باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ:** — بىزگە بۇنداق پۇرسەت بۇنىڭدىن كېيىن يىغلاپ بېشىمىزنى تامغا ئۇرغان بىلەنمۇ كەلمەيدۇ، — دېدى ئابلەتنىڭ بېنىدا ئولتۇرغان دىلشات ئىسىملىك بالا.

**باشنى تۇتۇپ قالماق** بىرەر ئىشقا دۇچ كېلىپ، چىقىش يولى تاپالماي گاڭگىراپ قالماق، ئىلاجسىز قالماق.

**باشنى تىكىپ قويماق** يولۇقۇش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق خېيىم-خەتەرگە، ھەتتا ئۆلۈمگىمۇ تەييار تۇرماق: بولدى قورقۇپ نەگە بارىمەن، يەنە كەلسە شۇنچىلىك كېلەر، مېنى دېسە ئېيتىۋەتمەمدۇ، بېشىمنى تىكىپ قويدۇم.

**باشنى قاپاق قىلماق** پىكىر قىلالمايدىغان بولۇپ قالماق، زېھنىنى يوقاتماق: ئۇ چاقىرغان مېھمىنى بىلەن ئەتىدىن كەچكىچە ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېشىمنى قاپاق قىلىۋەتتى.

**باشنى قاشلىماق** ← **باشنى تاتىلماق:** باللار تېخى كارغا يارىمايدۇ. ئۇ خوتۇنىمۇ ھەرقانچە قىلغان بىلەن ئايال كىشى ئەمەسمۇ؟ بولىدىلا، باشنى قاشلاپ تۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، ئەمدى يەنە نەگە باراتتىم؟

**باشنى ئوچاق ئەتمەك** ← **باشنى ئوچاق قىلىۋەتمەك:** — نېمە داۋاتسىز جىگىلى!... خەق بىر پۈكۈننىڭ جېدىلىنى قىلىپ، ئادەمنىڭ بېشىنى ئوچاق ئېتىۋېتىپ بارسا، بىكارغا مال بېرىدىغان ئۇنداق بوزەك ئادەم نەدە دەيسىز!؟

**باشنى ئوچاق قىلىۋەتمەك** مېڭىنى ئېلىشتۇرماق، قايدۇرماق، گاڭگىرىتىۋەتمەك: باي ئۆيگە كىرىپ ئويلاپتۇ، لېكىن خوتۇنلىرى تاپا-تەنە بىلەن بېشىنى ئوچاق قىلىپ ئويلىغىلى قويماپتۇ. * بىرىدىن ئارقاق چىقسا، بىرىدىن ئۆرۈش چىقىپ، بېشىمنى ئوچاق قىلىۋەتتى.

**باشنى ئىچىگە تىقىپ يۈرمەك** ئۈنچىقماي، گەپ قىلماي يۈرمەك، ئۆزىنى ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز قىلىپ كۆرسەتمەك، سىرىنى ئاشكارىلىماي مەخپىي تۇتماق: بىز ئىنقىلابىي ئارمىيە كەلگۈچە ھەر ھالدا، بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىپ يۈرۈشىمىز، ئۇلارغا سىر بېرىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

**باشنى ئىچىگە تىقىۋالماق** ← **باشنى ئىچىگە تىقىپ يۈرمەك:** «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا مەيدىسىنى كېرىپ شۇنچە ھۆركىرەپ يۈرگەن نوچى، بۈگۈن ئەجەب ھېچنېمە كۆرمىگەندەك بېشىنى ئىچىگە تىقىۋاپتۇ.

**باشنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتماق** ھېچقانداق چارە-ئامال قىلالماي قالماق، ئويلاپ ھېچقانداق يولىنى تاپالماي قالماق: ھەي، باشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ تازا قاتتى-دە، قانداق قىلساق بولاركىن؟ * باندىتنىڭ زەھەر تىللىق قامچىسىدا باش-كۆزى يېرىلغان مۇھەممەتجاننىڭ ئەندىلا ئىگىراشتىن توختاپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆرگەن قاۋۇل ئاستا سىرتقا چىقىپ، ئۆيى پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگىگەن بىر ئائىلىنى قانداق ۋە نەگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىلمەي بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ قالغان پەيجاڭغا ئۆزىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى بوشىتىپ بېرىش تەكلىپىنى قويدى.

**باش ئۇچى يوق** ← **باش-ئايىغى يوق:** مەن ھەر كۈنى ناخشا ئېيتىمەن، ناخشا مېنى باش ئۇچى يوق خىياللاردىن، تىنچىقتا غىڭشىلداپ ئارام بەرمىگەن چىۋىنگە ئوخشاش جانغا تېگىدىغان غەملەردىن خالاس قىلىدۇ.

**باش ئۇرماق** بېشىنى ئېگىپ، بېلىنى

پۈكۈپ تەزىم قىلماق: چوقۇنماق، تاۋاپ قىلماق: ئۇلار چوقۇنۇپ بولغاندىن كېيىن رۇيجو خەيچېننى يېتىلەپ قىزىل ئەدىيال ئۇستىگە ئەكىلىپ باش ئۇرغۇزدى. * چىن ئەمىر قىرغاققا چىقىش بىلەنلا سۇڭ جياڭ باشلىق ھەممىسى ئالدىغا بېرىپ، باش ئۇرۇپ تەزىم قىلدى. * ئاڭلىسام كىرىمىڭ ئاشقانمىش ھەسسە، باش ئۇرۇپ كەتكىلى كەلدىم باي بىلىپ.

**باش ئۇستىگە** «بەجانىدىل»، «پۈتۈن كۆچ، پۈتۈن ئىمكانىيىتىم بىلەن» دېگەن مەنىلەردىكى جاۋاب سۆزى: ــ ئاغىچا، سەنئەم ئەتىدىن باشلاپ مەدرىسكە چىقىمسۇن! ــ دېدى شاھى ئاتباس ئاغىچا ئانىغا، ــ باش ئۇستىگە، ــ دېدى ئاغىچا ئانا قوللۇق سىلدۇرۇپ.

**باش ۋالىي** <تارىخ> قەدىمكى دەۋردىكى ئەمەل نامى، جەنگو دەۋرىدە ۋىلايەت باشلىقلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى ئىدى؛ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، خان تەرىپىدىن يەرلىكتىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە نازارەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلار شۇنداق ئاتىلىدىغان بولدى؛ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئۆلكىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان دائىملىق ئەمەلدارلارنى بىلدۈرىدىغان بولدى.

**باش ۋەزىپە** <ئارخا> **باش ← لۇشيەن.**

**باش ۋەزىر** پادىشاھلىق تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىۋاتقان دۆلەتلەردىكى مىنىستىرلار كابىنېتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەمەل نامى. پادىشاھلىق تۈزۈمىدە بولمىغان بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرىمۇ بەزى چاغلاردا بۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەمەل دەرىجىسى يۇقىرىقى دۆلەتلەردە مىنىستىرلەر كابىنېتىنىڭ زۇڭلىسىغا تەڭ.

**باش ئېلىپ كەتمەك** ھەممە نەرسىدىن ۋازكېچىپ، باشقا يۇرتقا، باشقا يەرگە كېتىپ قالماق: مەن كېتەرمەن باش ئېلىپ، ئېككى قولۇمغا تاش ئېلىپ، ئامرىقىم يىغلاپ قالار، قارا كۆزىگە ياش ئېلىپ. * بېشىمنى ئېلىپ كېتىپ كۆلمەيرەم، قۇتۇلاي دېسەم دەردتىن كۆلمەيرەم.

**باش ئۈچكى بېسمى** <فىزىئول> مېڭە ـ يۇلۇن سۇيۇقلۇقىنىڭ باش ئۈچى بوشلۇقىدىكى بېسمى.

**باش ئىرغىتماق ← باش چايقىماق:** ئىدارە باشلىقى بېشىنى سەل ئىرغىتىپ قويۇۋىدى، قاسىم مۇدىر دېمەكچى بولغان سۆزىنى دەرھال توختىتىۋالدى.

**باش ياچېيكا** بىرەر پارتىيە ـ گۇرۇھ قارىمىقىدىكى بىردىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى: ئۇ بۇ مەسىلە ئۈچۈن ھەتتا باش ياچېيكا شۇجىسىنىڭ قېشىغىچىلىك باردى.

**باش ياز** بىر يىل ئىچىدىكى 24 مەۋسۇمنىڭ 7 ـ سى، مىلادى بويىچە 5 ـ، 6 ـ ياكى 7 ـ مايدىن باشلىنىدۇ: باش ياز كېلىشى بىلەن ئادىل توي تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولۇپ قالدى.

**باش ياستۇققا يەتكەندە** كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا: مۇنداقلا ئۆتۈپ كەتمەسمىز، قايتىپ كېلىپ ئاتا ـ ئاناڭدىن ئەپۇ سورايمىز، باشلىرى ياستۇققا يەتكۈچە خىزمىتىنى قىلىمىز.

**باش ياغلىق** ئاياللارنىڭ باشقا ئارتىدىغان ياغلىقى: ئايگۈل ئېھتىياتسىزلىقتىن باش ياغلىقنى چۈشۈرۈپ قويدى.

**باش يامغۇر** شۇ يىلغا نىسبەتەن تۇنجى قېتىم ياغقان يامغۇر: شۇندىن تارتىپ بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر باش يامغۇر ياغقاندا، گۈلەمەرنىڭ كۆز يېشىنى ئەسلەپ، يامغۇر سۈيىگە ئېغىز تېگىدىغان بولۇپتۇ.

**باش يورغا** ئاتنىڭ تەكشى، سىلىق ۋە ئەڭ تېز يۈرىدىغان يورغىسى.

**باشى يىغىنى** <تارىخ> 1938 ـ يىلى 8 ـ ئايدا

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى تەرىپىدىن سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى «باشى» دېگەن جايدا ئېچىلىپ، جياڭ گوتاۋ-نىڭ مەركەزنى پارچىلاش جىنايىي قىلمىش-لىرىنى پىپەن قىلىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ داۋاملىق شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىشىنى قارار قىلغان يىغىن.

**بېشى ئاسمانغا تاقاشماق** چەكسىز خۇشال-لىققا چۆممەك، ئىنتايىن ھاياجانلانماق: كۈنلەرنىڭ بىرىدە سېنىڭ قولۇڭدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن بىرەرى داڭلىق ئادەم بولۇپ قالسا، قېرىغىنىڭدا ئۇ سېنى يوقلاپ كېلىپ، ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ سالام بەرسە، سېنىڭ بېشىڭ ئاسمانغا تاقاشمامدۇ؟

**بېشى ئاسمانغا يەتمەك ← بېشى ئاسمانغا تاقاشماق:** بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بېشىم ئاسمانغا يەتكۈدەك بولدى.

**بېشى ئاقارماق** ① چېچى ئاقارماق، ② كۆچمە. يېشى چوڭايماق، قېرىماق: بېھۇدە سارغىيىپ قالدىم، شېخىمدىن ئۈز مېنى ئاللا، ئاقارتتى غەم بېشىمنى، ھەم ئېقىپ پۈتتى يۈرەك گويا.

**بېشى ئامان بولماق** ياشىماق، ھايات كەچۈرمەك، سالامەت بولماق: تاشۋاينىڭ بېشى ئامان بولسا، تېخى نى-نى ناخشىلارنى ئىشلەيدۇ.

**بېشى باش، ئايىغى تاش بولسۇن** قۇتلۇق بولسۇن، ھەر يەردە بولسا ئامان بولسۇن: مەريەمخان ئانا سالامغا كىرگەن ئوغلى بىلەن كېلىنگە قاراپ «بېشىڭلار باش، ئايىغىڭلار تاش بولسۇن» دەپ دۇئا قىلدى.

**بېشى باش پاقالچىقى تاش بولسۇن ← بېشى باش، ئايىغى تاش بولسۇن:** بېشىڭ باش، پاقالچىقىڭ تاش بولسۇن، — دەپ دۇئا قىلدى ئانا ئوغلىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۆكۈلۈپ تۇرغان ياشلىرىنى داكا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ.

**بېشى باغلاقلىق** توي قىلىدىغان ئوبيېكتىغا ماقۇللۇق جاۋابى بەرگەن، لايىقى بار: بۇ گەپنى ئاڭلاپ خېلى ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدىم. — راست، ئەگەر ئۇنىڭ بېشى باغلىنىپ قالغان بولسىچۇ. ئۇنداقتا، ئۇ قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ قالارمۇ، — دېگەن خىيال يۈرىكىمنى قۇرتتەك غاجىلاشقا باشلىدى.

**بېشى باغلانماق** لايىق تۇتماق، توي قىلىدىغان نىشان بىلەن پۈتۈشمەك: ئەكسىچە دادام خۇرسەن بولدى. بېشىڭ باغلىنىپتۇ، دەپ بېشىمنى سىلاپ قويدى، بەختلىك ئۆتۈڭلار، دەپ دۇئا قىلدى.

**بېشى بوش** بىراۋغا باغلانمىغان، لايىقى يوق، توي قىلىشقا پۈتۈشمىگەن: خەلىپە ھەسەن ئىبنى سۇھەيلىنى كۆرۈپ: — سېنىڭ خەدىچە ئىسىملىك قىزىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ: — ئەي خەلىپە، بار، — دەپ جاۋاب بەردى. خەلىپە: — ياتلىق قىلىنغانمۇ؟! — دەپ سورىدى. — يوقسۇ، خەلىپە، قىزىمنىڭ بېشى بوش ۋە ئازادە، — دېدى.

**بېشى بۇلۇتقا تاقاشماق ← بېشى ئاسمانغا تاقاشماق:** بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان دىلشاتنىڭ بېشى بۇلۇتقا تاقاشتى.

**بېشى بىر يەردە بولماق** توي قىلماق، ئەر-خوتۇن بولماق، ئۆي-ئوچاقلىق بولماق: — دادام ماڭا: قانداقلا بولمىسۇن، ئەمدى بېشىڭلار بىر يەردە بولسۇن، دېدى. مەن ھازىر دادامغا تەۋە يەر-زېمىن، بىرنەچچە ساراي، دۇكانلارنىڭ ئارىلىقىدا مېڭىپ يۈرىمەن، — دېدى ئايشەم.

**بېشى بىلەن** ① پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن، بارلىق ئەقىل-پاراستىنى تولۇق ئىشلىتىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن: رازاق ئۆز كەسپىگە بېشى بىلەن كىرىپ كەتتى. ② جېنى، ھاياتى بىلەن: — مەن بۇ ئىشقا بېشىم بىلەن جاۋاب قىلالايمەن، — دېدى تۇرسۇن ئىشەنچ بىلەن.

**بېشى بىلەن كىرىپ كەتمەك** بىرەر ئىشقا،

كەسپكە پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە بارلىق ئەقىل ـ پاراسىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئەستايىدىل كىرىشىپ كەتمەك؛ پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن بېرىلمەك.

**بېشى پەلەككە يەتمەك** ← **بېشى ئاسمانغا تاقاشماق**: ئاتا ـ ئانىسىدىن كەلگەن خەتنى كۆرۈپ چىمەنگۈلنىڭ بېشى پەلەككە يەتتى.

**بېشى پىشماق** تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولماق؛ چېنىقماق، تاۋلانماق: ـــ كۆپنى كۆرۈپ بېشى پىشقان، ـــ دېدى بوجاڭ ئايىمخانغا.

**بېشى تەۋرەپ قالماق** ← **بېشى تۈرمەك**: ـــ ھە، ۋارىسجان، ـــ دېدى نادىم ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ، ـــ نېمە بېشى تەۋرەپ قالغان ئادەمدەك قىلىپ يۈرىسەن.

**بېشى تۈرمەك** بېشى ئايلانماق، ئېزىپ قالماق: بۇ كەڭرى كوچىغا كىرىپ ئابدۇلنىڭ بېشى تۈرەپ قالدى.

**بېشى تۈۋەنلىمەك** ← **بېشى چۈشمەك**: مەزكۇر رۇبائىدىكى تۆتىنچى مىسرا ـــ تەكەببۇرلۇقىنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا ئاجايىپ جايىدا چىقىرىلغان يەكۈن. تارىخنىڭ بىزگە كۆرسىتىپ كېلىۋاتقىنى شۇكى، كىمىكى غادايدى، ئۇنىڭ بېشى تۆۋەنلىدى.

**بېشى جايىدا** ئەقىل ـ ھوشى بار: مېنىڭ بېشىم خېلى جايىدا، ئەمما باشقىلارنىڭ بېشىنىڭ قانداقلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

**بېشى جايىدا ئەمەس** مەلۇم دەرىجىدە ئەقىل ـ ھوشىدىن ئايرىلغان، شۇ مەزگىلدە ئويلاش ئىقتىدارىنى بىرئاز يوقاتقان: ـــ ھازىر ئەمەتنىڭ بېشى جايىدا ئەمەس، بۇ ئىشلارنى كېيىنچە سۆزلەشسەك، ـــ دېدى ئابلەت ئاۋۇتقا قاراپ.

**بېشى جايىغا چۈشمەك** پىكىر ـ خىيالى، ئەقىل ـ ھوشى ئورنىغا كەلمەك: ـــ ئۇھ، ئەمدى بېشىم جايىغا چۈشتى، ـــ دېدى خاسىيەت ئوغلى ئابدۇللانى كۆرۈپ.

**بېشىچە كىرىپ كەتمەك** ← **بېشى بىلەن كىرىپ كەتمەك**: ئالىم كەلدى ـ دە، باشقا ھەرقانداق ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنى قويۇپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي ئىشىغا، پۈتۈن زوق، مېھرى بىلەن بېشىچە كىرىپ كەتتى.

**بېشى چوڭ** باشباشتاق، ئۆزبېشىمچى، ئۆز بىلگىنىنى ھېساب دەيدىغان: ھېلىقى بېشى چوڭ قىز بەك ئىچىمنى قايناتتى. ـــ ئاشلىقنى ساتايلى! ـــ دەپ، مېنى خېلى ئويناتتى.

**بېشى چوڭلۇق قىلماق** ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەي چوڭ يۈرەكلىك قىلماق: ھەي، قايسى مۇتتەھەمسەن، بۇ يەرگە بېشى چوڭلۇق قىلىپ كىرگەن؟

**بېشى چۈشمەك** ① ئوسال ئەھۋالدا قالماق، تەن بەرمەك: ئەمەلىي پاكىتلار ئالدىدا ئەمەتنىڭ بېشى چۈشتى. ② روھسىزلانماق، چۈشكۈنلەشمەك: ئاكتىپلارنىڭ بېشى چۈشتى، دۈينى ساقلاپ قېلىش راستىنلا ناھايىتى قىيىن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىدىن باشقا يەنە پۇل لازىم ئىدى.

**بېشىدا بولماق** يېنىدا تۇرۇپ خەۋەر ئالماق، كۈتمەك: ـــ مەن بىرىپ دادامغا قارايمەن. ئۇنىڭ بېشىدا بولىمەن، ـــ دېدى ئايشەم كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ ئەنۋەرگە.

**بېشىدا پەرۋانە بولماق** قېشىدا خەۋەر ئېلىپ تۇرماق، ئايرىلماي ئۈستىدە تۇرماق: چوڭ دادىسى جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرسۇن بېشىدا پەرۋانە بولغانىدى.

**بېشىدا تۇرماق** ① يېنىدا تۇرۇپ كۈتمەك، قارىماق: ياقۇبنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندا، ئەنۋەر بېشىدا تۇردى. ② باشچىلىق قىلىپ، باش بولۇپ تۇرماق: دېھقان بولساڭ قېشىدا تۇر، سىپاھ بولساڭ بېشىدا تۇر (ماقال).

**بېشىدا زاغۇنى بار** ← **بېشىنىڭ سۈيى بار**: ـــ قانداق بېشىدا زاغۇنى بار ئاداش بۇ! ـــ دېدى دىلشات ئەنۋەرگە ئېچىنغان ھالدا قاراپ قويۇپ.

**بېشىدا قامچا ئويناتماق** قاتتىق ھۆكۈمرانلىق قىلماق، زۇلۇم سالماق، ئەزمەك، بوزەك ئەتمەك: كونا جەمئىيەتتە فېئودال باي، زومىگەر بەگلەر دېھقانلارنىڭ بېشىدا قامچا ئويناتتى.

**بېشىدا ئوت كۆيمەك** ① بۇ، بىرنەرسىنىڭ ناھايىتى ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى يەنى ئۇ نەرسىنى باشقا بىر يەرگە ئىشلىتىش ياكى ياشقا بىرىگە بېرىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ: — بالام، — دېدى ئانىسى گۈلسۈمگە يالۋۇرۇپ، — ھازىرچە سەن شۇ پوپايكىنى ئالمەن دەپ بىزنى قىينىما، سەن دېگەن ئازراق پۇل راست ئۆيدە بار، ئەمما ئۇ پۇلنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ ② قىيىن ئەھۋالدا قالماق: — ھەربىر ئادەمنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتقان ئاشۇ چاغلاردا بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ بىرەر يېرىمىنى سېزىپ قالىدىغان بولسا، مەنمۇ چەتتە قالمايتتىم، — دېدى ئابلاكام ماڭا قاراپ.

**بېشىدا ئولتۇرماق** ئايرىلماي يېنىدا، قېشىدا تۇرماق، قېشىدا تۇرۇپ خەۋەر ئالماق: قۇتۇلقۇلۇپ خېلى ۋاقىتقىچە غەنىمنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، كېيىن قەسىرگە قايتىپتۇ.

**بېشىدا ياڭاق چاقماق** بوزەك قىلماق، خورلىماق، ئاياغ ئاستى قىلماق: — مەنمۇ سىلنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن مەسلىھەتكە چاقىرغان. قاراپ تۇرساق، لەي سى جۇڭگۇاڭ بولۇپ، بېشىمىزدا ياڭاق چاقىدۇ، نەسەب ئۈزۈلىدۇ، سىلى ئېغىر كۆرمەي، كاھنى ھەمراھ قىلىپ، ئاتۇشقا بېرىپ كەلسىلە قانداق؟ — دېدى ئاينىگار.

**بېشىدىن تارتىپ تاپىنىغىچە** پۈتۈن ئەزايى-بەدىنى، ھەممە يېرى: — ھە، لېۋ بىندى خەلقىمىز ئالدىدا بېشىدىن تارتىپ تاپىنىغىچە جىنايەتكە بوغۇلغان بىر قانخور! ئۇ بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنى، ئىلى ۋەقەسى، دەپ ئاتىۋالغان، — دېدى سەمەت ئاكام غەزەپ بىلەن پاش قىلىپ.

**بېشىدىن تۈتۈن چىقارماق** ئوق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرمەك: ئوسمان زومىگەر پومېشچىك بولغانلىقىدىن يەر ئىسلاھاتىدا ھۆكۈمەت بېشىدىن تۈتۈن چىقارغان.

**بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتمەك** قاتتىق قورقماق، ئالاقزادە بولماق، ئەندىشە قىلماق: دوختۇرنىڭ تازىلانمىغان خورمىنى جىق يەپ زەھەرلەنگەن دېگەن خۇلاسىسىنى ئاڭلىغاندا، قادىر ئاكا بىلەن مەريەمخاننىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى.

**بېشىدىن قورقماق** بېشىنىڭ كېتىشىدىن، ئۆلۈشتىن، خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولۇشتىن قورقماق: — قويىسىلا. بۇ ئىشنى خېنىم، كىشىنى تىنچ كۈن ئالغىلى قويىسىلا. ئەگەر بېگىم سېزىپ قالغۇدەك بولسا، باشلىرىدىن قورقمامىلا؟ قورقمىسىلا مەيلى، مەن قورقىمەن، — دېدى گۈلسۈمخان.

**بېشىدىن ئۆتكەن** پۈتۈن ھاياتىدا دۇچ كەلگەن؛ بولۇۋاتقان، كەچۈرگەن: بۇ كېچە نىجات بىلەن پادىشاھ ياخشى غەزەللارنى يەپ، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى بىر-بىرىگە بايان قىلىشتى.

**بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتمەك** تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىپ تەجرىبە-ساۋاقتا ئىگە بولماق؛ نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەك: — ھەي، قۇرۇق ماختاش قانچىلارنى خاراب قىلدى-ھە! مانا، بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتمىگەن ياش نوتىلارمۇ ماختاشنىڭ بىھۇدە قۇربانى بولۇپ ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ! — دېدى قېرى توغراق ئېغىر تىنىپ.

**بېشى سىلىنماق** روھى چۈشۈپ كەتمەك، روھى ئازابقا قالماق: — بۇ ئويۇن بولماي قالدى، قارىسىلا، خان غوجام يامانلاپ چىقىپ كەتتى. يەنە بىرنەچچە بەگ يىگىتلەرنىڭ بېشى سىلىنىپ كەتتى، — دېدى سىپاھلاردىن بىرى نەزەرنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ.

**بېشىغا تاغ كىيلمەك ← بېشىغا تاغ يىقىلماق:** ئۇنىڭ دادىسى: — ماڭ بالام، ئىنقىلابقا قاتناش، بۇ ئىنقىلابتىن بىزمۇ ئۆز ئۆلۈشىمىزنى ئىلىشىمىز

كېرەك. بۇنداق توپىلاڭدا كىشىنىڭ بېشىغا ئويلىمىغان يەردىن تاغ كېلىپ قالىدۇ، ئامەت كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ھېچ بولمىغاندا، توپىلاڭنىڭ ئىچىدە تۇرغىنىڭ ياخشى، — دېدى.

**بېشىغا تاغ يىقىلماق** ئېغىر دەرد-ئەلەم، قايغۇ باسماق: دېدى لەيلى: بۇ قانداق زامان بولدى، بېشىمغا تاغ يىقىلدى، يامان بولدى.

**بېشىغا تاڭماق** ← **چېكىسىگە تاڭماق**: — مەن يەر تېرىمايمەن، كالا-قوشلىرىڭنى بېشىڭغا تاڭ! — دېدى كىچىك ئاخۇن پەرۋاسىزلىق بىلەن ئالىقانلىرىغا تۈكۈرۈپ قوشچى يىگىتكە قاراپ.

**بېشىغا توپا چاچماق** ← **بېشىغا سۇ قۇيماق**: — قاراپ تۇرۇڭ! ھە، قەلەم ھەققىڭىز كەلگەندە، ئالدى بىلەن 100 يۈەننىڭ بېشىغا توپا چاچماي-دىغان بولساق، — دېدى داۋۇت ئەنۋەرگە چاقچاق قىلىپ.

**بېشىغا چاڭگا تىزماق** ئاجايىپ ئۇستىلىق قىلماق، چېۋەرلىك بىلەن ئالدىماق: مۇنداق دەڭ تېخى، تۆت كۈنلۈك يەردىن قىچىپ كېلىپ، بۇرنىمىزنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ بېشىمىزغا چاڭگا تىزسىمۇ ئۇقماپتۇق.

**بېشىغا چۈشمەك** بىرەر ئىشقا يولۇقماق، گىرىپتار بولماق: تاماشا بولۇش بېشىغا چۈشكەن كىشى ھېسابىقا ئېلىنمىسا، مۇنداق نەرسىلەر ئادەمنى بەكمۇ قىزىقتۇرىدۇ. * قارا ساچىم يەلپۈنۈپ قاشىمغا چۈشتى، تۇمەن سەۋدا، مىڭ بالا بېشىمغا چۈشتى.

**بېشىغا چىقماق** ھالاكەتكە ئېلىپ بارماق؛ نابۇت قىلماق، ئۆلتۈرمەك: ئالدىرىماي تۇر، مۇشۇ قىزغانچۇقلۇقۇڭ، ئاچكۆزلۈكۈڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سېنىڭمۇ بېشىڭغا چىقىدۇ. * ئاڭ-غۇچە نېرىقى باغنىڭ دوقمۇشىدىكى بايا بىر قانچە يىگىتنىڭ بېشىغا چىققان لەنتى پوتەيمۇ گومبۇرلەپ پارتلىدى. * ئاھ، ئىست!... شۇنچە ئىشەنگەن گۈزەل جامالىمنىڭ ئاخىردا بېشىمغا چىقىدىغان-لىقىنى نەدىن بىلەي.

**بېشىغا سۇ قۇيماق** پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئورۇنسىز يەرگە ئىشلەتمەك؛ ئىسراپ قىلماق، بۇزۇپ چاچماق: — مەسۇم ئاكا، يېڭى تاۋرا ئالاي دېۋىدىم، قارىسام خېلى كۆپ پۇلنىڭ بېشىغا سۇ قۇيىدىغان گەپ ئىكەن. مۇنۇ كونا تاۋرا ئىسكىلاتتا بار ئىدى، ئاخشامنىڭياقى ياماپ چېپ-تەي قىلىپ قويدۇم، مۇشتلاپ- تارتىپ ئىشلەت-سەڭمۇ يەنە بىر يىل كۆچ بېرىدۇ، — دېدى ئابلەت مەسۇم ئاكامغا.

**بېشىغا سىركە قۇيۇۋالماق** ← **بېشىغا پىت سىلىۋالماق**: — بۇ قېتىم ئۆيلەندىم دېگۈچە راستىنى ئېيتسام، بېشىمغا سىركە قۇيۇۋالدىم دېگىنىم تۈزۈك، — دېدى ئىسمەت دوستىغا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

**بېشىغا غەم چۈشمەك** قىيىن ئەھۋالدا قالماق؛ قىيىنچىلىقتا، ئوڭۇشسىزلىقتا دۇچ كەلمەك: مېنىڭ بېشىمغا يەنە غەم چۈشتى، پەرھات يەنە ئەلاچى بولسا، مۇئەللىم ئەلۋەتتە ئۇكاڭچىلىك بولالمىدىڭ، دەپ ئىزاغا قويۇشى تۇرغان گەپ ئىدى.

**بېشىغا غەم كەلمەك** ← **بېشىغا غەم چۈشمەك**: ئەتىمىزنى ئويلىسام، ئەللەي بالام، ئەللەي، بۇ بېشىمغا غەم كەلدى، ئەللەي بالام، ئەللەي.

**بېشىغا كىيىلمەك** ھەممە جاۋابكارلىق، بارلىق ئېغىرچىلىق يۈكلىنىپ قالماق: — ھەي، بالام، سەن كەتكەندىن كېيىن كوپىرا-تىپنىڭ ھەممە ئىشى ئۇنىڭ بېشىغا كىيىلگەن تۇرسا، ئۇ نەگىمۇ كېتەلىسۇن، — دېدى ئانا ئوغلى سەلىمگە.

**بېشىغا مىنمەك** قىينىماق، بوزەك قىلماق، ئانىي تاپماق: — سەن بىزنىڭ بېشىمىزغا مىنمەكچىمۇسەن، بۇ ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشۈڭ! — دېدى ئەلى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ ئەكبەرگە.

**بېشىغا ئوت ياقماق** قىينىماق، ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلماق: — ئورۇن بىكار قىلسامۇ مەيلىدى ۋادى، بىر ھەپتىدىن بۇيان بېشىمغا ئوت يېقىۋاتىدۇ. ئەسلىدىكى كەسپىم غەلۋىسى يوق بىر ئىش ئىدى، — دېدى سەلەي داستىكى سۇنى چاچرىتىپ قول يۇيۇۋېتىپ تاھىرغا.

**بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرمەك** چەكسىز ھۆرمەت بىلدۈرمەك، ئىززەت-ئابرويىنى قىلماق: مېنىڭ رەھمەتلىك دوستۇم رازىيېنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بۇنچىلىك ئازاب تارتقىنىنى بىلگەن بولسا، جەزمەن ئۇ رازىيىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن بولاتتى.

**بېشىغا ئىسسىتما چۈشمەك** بېشىغا غەم چۈشمەك: ئىمتىھان سوئالىنى كۆرۈپلا ئايگۈلنىڭ بېشىغا ئىسسىتما چۈشتى.

**بېشى قاتتىق** بوي بەرمەيدىغان، باشقۇرۇش تەس، قېيسەر: — بۇ ئاتىنىڭ بېشى نېمىدېگەن قاتتىق-ھە! — دېدى داۋۇت ئاكام ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ. * بۇ بىر بېشى قاتتىق بالا بولۇپتۇ.

**بېشى كۆككە يەتمەك** ← **بېشى ئاسمانغا تاقاشماق**: — پارتىيە ۋە ماۋجۇشى مېنى يەر ئاستىدىن چىقالماي تۇرغان ئاشۇ سۇلارنى چىقى-رىپ سىلەرنىڭ دېھقانچىلىق قىلىۋېلىشىڭلارغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى، — دېۋىدى، بېشىم كۆككە يېتىپ كەتتى.

**بېشى گاڭگىرىماق** بېشى قېتىپ نېمە قىلا-رىنى بىلمەي قالماق: بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بېشىم گاڭگىراپ خېلى ۋاقىتقىچە ئىشخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ قېلىپتىمەن.

**بېشىڭىز نەدە ئاقارغان** چوڭ تۇرۇپ پەمسىز، يولسىز ئىش قىلىدىغانلارنىڭ ئىشىنىڭ يولىنى بىلەلمىگەنلىكىگە قارىتىلىدۇ: شۇنچە چۈشەندۈرۈپ تۇرسا يەنىلا ئۇنىمايسىز، غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم ئىكەنسىز، بېشىڭىز نەدە ئاقارغان سىزنىڭ.

**بېشىنى ئالماق** بېشىنى كەسمەك، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلماق: چۈشۈپتۇ تەختىدىن شاھ بولۇپ دەرغەزەپ، شارت قىلىپ قولىغا قىلىچنى ئېلىپتۇ؛ — توز كورلار نېمىشقا قىلىشمايسەن گەپ؟ — توۋلاپ بىر ھاكىمنىڭ بېشىنى ئېلىپتۇ.

**بېشىنى ئايلاندۇرماق** ① مېڭىسىنى قوچۇماق، زېھنىنى قاچۇرماق: ئۇ ئىككىيلەن ئەتىدىن كەچكىچە ناخشىنى تولا ئېيتىپ بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. ② قايمۇقتۇرماق: ئالدىماق، ئازدۇرماق: ئۇلار بىزگە ئوخشاش كەمبەغەللەر-نىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، «كارامەت» كۆرسەت-كەنىكەن. * شېرىن سۆزلەر ئۇنىڭ بېشىنى ئايلان-دۇرغان بولسا كېرەك، ئېھتىمال، ئىشىكنىڭ ئالدىدىن خېلى يەرگىچە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ③ ئۆزىگە قارىتىۋالماق، مەپتۇن قىلماق: ئۇ ھېلىقى قىزنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغانغا ئوخشايدۇ.

**بېشىنى باغلىماق** قىز ياكى يىگىتكە لايىق تېپىپ ئۇناشتۇرۇپ قويماق: ئەمدىلىكتە قادىر ئاخۇن ئۈچۈن، شەھەردىكى توختى شاڭخەي بىلەن بولىدىغان قۇدىلىشىش ئىشىنى تېزدىن بىر تەرەپ قىلىپ، ئوغلىنىڭ بېشىنى باغلىۋېتىشلا بىردىنبىر يول بولۇپ قالغانىدى. * ھازىر ياتسام، قوپسام غېمىم مۇشۇ ئىككى قىزىمنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى، بولۇپمۇ گۈلەندەمدىن بېشىم قېتىۋاتىدۇ، دىلبەرنىڭكىمۇ بېشىنى باغلاپ قويدۇق.

**بېشىنى بىر قىلىپ قويماق** قىز بىلەن يىگىت-نىڭ توييىنى قىلىپ، ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ قويماق: باللارنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ قويۇپ، چوڭ بىر غەمدىن قۇتۇلدۇم.

**بېشىنى بىر ياقلىق قىلماق** ← **بېشىنى ئۇڭلىماق**: قېرىنداشلارنىڭ بىر كۆڭلۈك جەم بولۇشى بۇ قورۇنىڭ قىياپىتىنى جانلاندۇرۇۋەت-كەنىدى، — دىلشاتنىڭ بېشىنى بىر ياقلىق قىلىشنى ئويلاۋاتىمىز، — دېدى خەيرلىشىش ۋاقتىدا راخمان بىلەن تۇرسۇنگۈل چوڭلارغا.

**بېشىنى پىت باسماق** ئىگە-چاقىسىز قېلىپ، غېرىبلاشماق؛ قاراقسىز قالماق: يالغۇز ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن، بىچارىنىڭ بېشىنى پىت بېسىپ قالدى.

**بېشىنى تاشقا ئۇرسىمۇ** ← **باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ**: غالىب ھەرقانچە بېشىنى تاشقا ئۇرسىمۇ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدىغانلىقىنى بارغانسېرى چۈشىنىشكە باشلىدى.

**بېشىنى تۆۋەن سالماق** خىجىل بولماق،

ئۇياتماق: ئۇ قىزىرىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە ئۈنچىقماي بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن دۇدۇقلاپ: — خاپا بولماڭ، ئىشىم چىقىپ قالغانىدى، — دېدى - دە، ئېغىر قەدەم ئېلىپ، يىراقلاپ كەتتى. * ئۇ قىزىرىپ خېلى ئۇزاققىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن: — سىز مېنى چاقىرغاندىمىدىڭىز؟ — دېدى ئاڭلىنار ئاڭلانماس قىلىپ. * ئۇ قىز يىراقتىنلا كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بىمەززە كۈلۈشۈپ تۇرغان بىر توپ ياشلارنى كۆرۈپ بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئىككى تەرەپكە قارىماستىن ئۆتۈپ كەتتى.

**بېشىنى تىك تۇتماق** مەغرۇر يۈرمەك؛ مەردانە، باتۇر قىياپەتتە تۇرماق: بېشىنى تىك تۇتۇپ ئۆتمەك ئۈچۈن ئۆمرۈمدە ئالەمدىن، بوۋام سادىر كەبى ئەقلىي - پاراسەت، خىسلەتىم باردۇر.

**بېشىنى چېتىپ قويماق ← بېشىنى بىر قىلىپ قويماق:** دېۋىلەر ئۆزئارا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن يىگىتكە رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ - دە، ئۆزلىرىنىڭ رەسمىيىتى بويىچە نەچچە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، پەرىزات بىلەن يىگىتنىڭ بېشىنى چېتىپ قويۇپتۇ.

**بېشىنى سالماق ← بېشىنى تۆۋەن سالماق:** ئارسلان خەتنى ئوقۇپ بولا - بولمايلا ئەلى بېشىنى سالغىنىچە كېتىپ قالدى. ئارقىدىن تەلئەتمۇ كەتتى.

**بېشىنى سىلىماق** غەمخورلۇق، ياخشىلىق قىلماق؛ ئۆز پاناھىغا ئېلىپ تەربىيىلىمەك، باقماق: سېنى كېلىپتۇ دەپ ئاڭلاپ خۇشال بولدۇق، بېشىمىزنى سىلا، دېھقانغا خەير قىلغان قولۇڭنى خۇدايىم سەككىز جەننەتكە سالغاي. * ئۇ ئادەم مەھەللىمىزنىڭ شۇڭقارى ئىدى. رەھمەتى بىزنىڭ يۆلەنچۈكىمىز، بېشىمىزنى سىلايدىغان ئاتىمىز ئىدى. * ئاغىچا ئانا ئۆزەڭ سىلا بېشىمنى، يارنىڭ گۈلى كەلدى ئۆزى كەلمىدى.

**بېشىنى قايدۇرماق ← بېشىنى ئايلاندۇرماق:** — سىز گۈلنىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋاتىسىز! ھېلىتىن ئۇنىڭغا نېمە؟ كاللىسىنى ئۇماچ قىلىپ.

**بېشىنى قايمۇقتۇرماق ← بېشىنى ئايلاندۇرماق:** — بېگىمنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرغىلى كېلىشتىڭىز؟! — دەپ زەھەرخەندىلىك بىلەن گۆلەيدى.

**بېشىنى قوشۇپ قويماق ← بېشىنى بىر قىلىپ قويماق:** ئائىلىدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ، ئەنۋەر بىلەن ئايگۈلنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويدۇق.

**بېشىنى قېتىپ قويماق ← بېشىنى بىر قىلىپ قويماق:** شەھەر قازىسى مېنىڭ ئورنۇمدا ئاتا بولسۇن، زاھىر شاھ خەزىنىسىدىن پۇل چىقارسۇن، چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ ئىككىسىنىڭ بېشىنى قېتىپ قويۇڭلار.

**بېشىنىڭ سۈيى بار** گەپ - سۆز، ھەرىكىتى بەزىدە نورمال ئەمەس؛ ساراڭ قېتىش: — تازا بېشىنىڭ سۈيى بار بىرنەرسىمۇ، قانداق، — دەپ ئويلىدى لىتىپ ئىچىدە ئابلىكىمگە ئالىيىپ.

**بېشىنى ئوڭلىماق** ① ئۆيلەپ قويماق، ياتلىق قىلماق: مەھەللىگە بىر قېتىم راسا ياخشى قىلىپ چاي بېرەيلى، ئىشنىڭ يولىمۇ شۇ، ئاندىن لايىقىنى تېپىپ، ئەكبەرنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويايلى. ② مۈشكۈلىنى، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ قويماق: بىر ئەرمەننىڭ بېشىنى ئالارمەن ئوڭلاپتۇ (ماقال). * تەشكىل، ئۇنىڭ ئائىلە قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر قىزنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بېشىنى ئوڭلاپ قويدى.

**بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەك ← باش ئېلىپ كەتمەك:** دادامنىڭ ئالدىدا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەن بولسامۇ، لېكىن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇم بارمىدى. بۇ يۇرتتىن بېشىڭنى ئېلىپ چىقىپ كەت. ئالەمنىڭ ئېتىكى كەڭ.

**بېشىنى ئىككى قىلىپ قويماق** ئوغۇل بولسا ئۆيلەپ، قىز بولسا ياتلىق قىلىپ قويماق: — داۋۇت ئاكام سەپەرگە چىقىش ئالدىدا غالىبنىڭ بېشىنى ئىككى قىلىپ قويماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمەي قالدى، — دېدى مەمەت ئاكام ساۋۇت ئاكامغا.

**بېشىنى يەيدىغان** ئاياللارنىڭ «ئېغىر

ئاقىۋەتكە، ھالاكەتكە يولۇقۇشقا تېگىشلىك-
سەن»، «ئۆلۈشكە لايىقسەن» دېگەن
مەنىدىكى قارغىش سۆزى.

**بېشىنى يېمەك** ئېغىر ئاقىۋەتكە، ھالاكەتكە
يولۇقماق؛ ئۆلمەك: ياخشى بولساڭ ئېشىڭنى
يەيسەن، يامان بولساڭ بېشىڭنى يەيسەن (ماقال).
* ئاخىرىدا ئۆلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىزنى ئانچە
ئۇزۇنغا بارماي بېشىنى يەيدۇ، دېيىشكەن.
* بىرلىكنى بىلمىگەنلەر، ئۆز بېشىنى يېگەنلەر،
تەييار گۆشكە ھەيياركەن، پۇرسەت كۈتۈپ
يۈرگەنلەر.

**بېشى ئۇچۇق** → بېشى بوش.

**بېشى ئۇن ئەمەس** بىرەر يامان ئىش
قىلىشقا تەۋەككۈل قىلغۇچى چوقۇم جاۋاب-
كارلىققا تارتىلىدىغانلىقنى بىلدۈرىدىغان
تەنبىھ، ئاگاھلاندۇرۇش سۆزى: — ئەمەتنىڭ
بىكاردىن سېنى ئۇرىدىغانغا بېشى ئۇن ئەمەس، —
دېدى پاتەمخان ئوغلى ئادىلنى بەزلەپ.

**بېشى ئېغىرلاشماق** چارچىماق، ھاردۇق
يەتمەك: كېچىچە ئىشلەپتىمىز، ئەمدى بولىدى
قىلساق بولار، بېشىم ئېغىرلىشىپ كەتتى.

**بېشى ئىششىپ قالماق** ئەخمەقلىك،
نادانلىق، دۆتلۈك، ساراڭلىق قىلماق:
— نېمە دەۋاتسەن هوي؟ بېشىڭ ئىششىپ قالغان
بولسا يېقىن كەل! — دېدى مىجىت قولىغا تاياقنى
ئېلىپ ھەلىمخانغا تەگلەپ.

**بېشى يوغىناپ كەتمەك** بېشى چوڭلۇق
قىلماق، خالىغىنىنى قىلماق؛ ئۆزىنى ھەممىنى
قىلىشقا ھەقلىق دەپ چۈشىنىۋالماق:
— مۇسا دۆيجاڭ، سادىقنىڭ بېشى شۇنچىۋالا
يوغىناپ كېتەمدۇ؟ مېنىڭ قىلچە كۆزىگە ئىلمايدۇ،
ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ ئايىغىغا سالغان پېتەكچە كۆرمەي
پۈتۈن قۇرۇلۇشقا يالغۇز ئۆزى خوجايىن بولۇۋاپ-
تۇ، — دېدى جالال مۇساغا سادىق ئۈستىدىن
شىكايەت قىلىپ.

**باش-ئاخىرى** → باش-ئايىغى.

**باش-ئاخىرى يوق** → باش-ئايىغى يوق:
ئۆمەر باش-ئاخىرى يوق گەپلەرنى قىلىپ
بېشىمنى ئاغرىتىۋەتتى.

**باشاق I** ئى. بۇغداي، ئارپا قاتارلىق زىرا-
ئەتلەرنىڭ دان تۇتقان قىسمى، بېشى:
ئۇ: — سىز خاتىرجەم ئۇخلاۋېرىڭ، بىز بىر تال
باشاقنىمۇ قويماي يىغىۋالىمىز، — دېدى. * قېرى
ۋە ياشلار ۋاقتىنى ئۇشلا، باشاق چېچىلسا، خامانغا
تاشلا.

**باشاق تاللاش** ئۇرۇق تاللاشتىكى بىر خىل
ئۇسۇل، يېزىلاردا ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق-
لارنىڭ شەرتلىرىگە ماس كېلىدىغان
باشاقلار تاللىۋېلىنىپ، ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن
ساقلاپ قويۇلىدۇ، بۇ ئارقىلىق زىرائەت
سورتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ساقلاپ قالغىلى
بولىدۇ.

**باشاق مۆگگۈزى** <بوت> باشاق مۆگگۈزى
زەمبۇرۇغىنىڭ باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى
ئۆسۈملۈكلەر ئۇرۇقدانىدا پارازىت ياشىشى
بىلەن ھاسىل بولغان زەمبۇرۇغ توگۈنچىسى،
سىرتى تۇتۇق سۆسۈن رەڭلىك؛ ئىچى
كۆل رەڭ ئاق؛ شەكلى سەل-پەل مۆگگۈزگە
ئوخشايدۇ؛ تەركىبىدە توكسىن بولىدۇ.
ئۇنىڭ قان توختىتىش ۋە بالىياتقۇنى
قورۇش رولى بار.

**باشاق مۆگگۈزى زەمبۇرۇغى** <بوت> خال-
تىلىق زەمبۇرۇغلار سىنىپى، باشاق مۆگگۈزى
زەمبۇرۇغى ئائىلىسىگە كىرىدىغان زەمبۇرۇغ.
ئۇ قارا بۇغداي قاتارلىق باشاقلىقلار ئائىلىسى-
دىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقدان قىسمىدا
پارازىت ياشاپ كېسەل پەيدا قىلىدۇ، ئەتىياز
ۋە ياز پەسىللىرىدە ئۇنىڭ خالتىلىق
سپورىلىرى شامال ياكى ھاشاراتلارنىڭ
ياردىمى بىلەن چېچەكلەۋاتقان باشاقا
تۇپلەرنىڭ ئانىلىق تۇمشۇقىغا يۇقىدۇ،
بىخلانغاندىن كېيىن ئانىلىق بوينى ئارقىلىق
ئۇرۇقدانغا كىرىپ، زەمبۇرۇغ توگۈنچىسىنى

ھاسىل قىلىدۇ؛ زەمبۇرۇغ تۈگۈنچىسى قاتتىق، مۈڭگۈزگە ئوخشايدۇ؛ ئىچى ئاق، سىرتى تۇتۇق كۆكۈش رەڭدە بولۇپ، باشاق مۈڭگۈزى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى سۈنئىي ئۇسۇلدا يېتىلدۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

**باشاق ئوقى** <بوت> قوناق قاتارلىق زىرائەتلەر باشقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوق.

**باشاق II** ئى. ئوقيا ئوقىنىڭ بېشى، ئۇچ قىسمى.

**باشاقسىمان** سۈپ. باشاققا ئوخشايدىغان، باشاق شەكىللىك.

**باشاقسىمان گۈل رېتى** <بوت> گۈل رېتىنىڭ بىر خىلى، ئاساسىي ئوقى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ؛ گۈل سېپى بولمايدۇ؛ گۈللىرى ئاساسەن ئوق ئۈستىدىن بىۋاستە ئۆسۈپ چىقىدۇ؛ پاقا يوپۇرمىقىنىڭ گۈل رېتى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ.

**باشاقلانماق** «باشاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: 6-ئاي كىرىشى بىلەن بۇغدايلار باشاقلىنىشقا باشلايدۇ.

**باشاقلىق** سۈپ. باشقى بار، باشاقلانغان، باشاققا ئىگە: زوقلىنىسەن ئالتۇن باشاقلىق زەپمۇ تولۇق بۇغداي دېنىغا، قوش قانىتى تەگمەي ئۆتەلمەس، دۆۋىلەنگەن خامان بېشىغا.

**باشاقلىقلار ئائىلىسى** <بوت> تاق پەللىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى، مۇتلەق كۆپ سانلىقى سامان غوللۇق بولۇپ، غولى كۆپىنچە كاۋاك ۋە بوغۇملۇق كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن بولىدۇ؛ گۈلى كۆپ ھاللاردا قوش جىنسلىق، گۈل يېپىنچىسى بولمايدۇ؛ مېۋىسى قىلتىرىقلىق؛ بۇغداي، شال، ئارپا، قوناق، كۆممىقوناق، بامبۇك قاتارلىقلار بۇ ئائىلىگە كىرىدۇ.

**باشاقلىماق** پ (بۇغداي، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەر ھەققىدە): باش چىقارماق: بۇغداي باشاقلاشقا باشلىدى.

**باش-ئاياغ** باش ھەم ئاياغ؛ باشتىن ئاخىر: ئۇ كىشىمۇ ئالىبنى باغرىغا بېسىپ، بېشىنى سىلىغان ھالدا، ئۇنىڭ باش-ئايىغىغا قارايتتى.

**باش-ئايىغى** باش ھەم ئايىغى، ھەممە يېرى: بۇ كىتابنىڭ باش-ئايىغىنى تېپىپ ئاندىن رەتلەيلى. * بۇ ياغاچنىڭ باش-ئايىغى ئوخشاش ئىكەن.

**باش-ئايىغى چىقماق** بىرەر نەتىجىگە ئېرىشمەك، بىرەر خۇلاسىغا كەلمەك: غۇلام ئاكا گېزىت قەغىزىنى يىرتىپ موخۇركا يۆگەشكە باشلىدى، ئەمما كۆزى كادىردا، «سورۇننىڭ باش-ئايىغى چىقمايلا نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشكاپلارنى ئاختۇرىدىكىنا»، دەپ ئويلاپ قالدى.

**باش-ئايىغىغا قارىماق** بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە نەزەر تاشلىماق، ھەممە يېرىگە سىنچىلاپ سەپسالماق: — سەن ئۆزەڭ نېمىگە كەلدىڭ؟ — دېدى ئىلىقۇل پادىچى يىگىتنىڭ باش-ئايىغىغا قاراپ قويۇپ. * باش-ئايىغىغا بەك قاراپ كەتتىڭىزغۇ، تونۇمايۋاتامسىز؟

**باش-ئايىغىنىڭ تايىنى يوق** ← **باش-ئايىغى يوق**: باش-ئايىغىنىڭ تايىنى يوق ئىشلارنى قىلىش ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىش دېمەكتۇر.

**باش-ئايىغى يوق** ① بېشىدىن بىر قىسمى، ئايىغىدىن بىر قىسمى يوق: بۇ كىتابنىڭ باش-ئايىغى يوق ئىكەن. ② كۆچمە. رەتسىز، چۇۋالچاق، قالايمىقان: باش-ئايىغى يوق گەپ قىلماق. * ئىمىن ئۇنىڭ باش-ئايىغى يوق كېپىگە بىردىنلا چۈشىنەلمەي سورىدى.

**باشباشتاق** سۈپ [باش+باش+تاق] ھېچكىمگە ۋە ھېچقانداق قانۇن-قائىدىگە، تەرتىپ-ئىنتىزامغا بويسۇنمايدىغان، ئۆز بېشىمچە؛ بەگباش: ئۇ بەكمۇ باشباشتاق بالا ئىكەن.

**باشباشتاقلىق** «باشباشتاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شەھەرلىك پارتكومىنىڭ قارارى بويىچە، يېڭىئاۋات گۇڭشېسى باشباشتاقلىق بىلەن

www.uyghurkitap.com

يولغا قويغان «ئۇزۇقلۇق ئېتىزى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بۇگۈندىن ئېتىبارەن بىكار قىلىنىدۇ. * نېمىدېگەن باشباشتاقلىق، شۇ چاغقىچە دەرسكە كىرمىسە...

**باشباغ** ئى [باش+باغ] چارۋا مال-لارنىڭ بېشىغا باغلىغان ئارغامچا: — ھەزرىتى شاھزادە ئالىيلىرى، كەمىنىلىرىنى ياد ئېتىپ كەلگەنلىرىگە رەھمەت، — دەپتۇ — دە، پايپاسلاپ بېرىپ ئۇزەڭگىگە سۆيۈپتۇ، بىر قولىدا ئاتىنىڭ باشبېغىنى تۇتۇپ ئېگىشىپتۇ.

**باشپاناھ** (باشپاناھى) ئى [باش+پاناھ] ① قوغدىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى، قانات ئاستىغا ئالغۇچى: قۇتقۇزۇلدى خەۋپ ئىچىدىن تېزلا سالىخ ھەم ئاتا. بولدى ئەل غەمخور ئۇلارغا ھەم تايانچى، باشپاناھ . ② جان ساقلاش، يوشۇرۇنۇش ياكى ۋاقىتنچە جان ساقلاپ تۇرۇشقا مۇۋاپىق جاي: ئۇ ئامالسىزلىقتىن بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ باشقا يۇرتقا كۆچۈپ بېرىپ، باشپاناھ بولغۇدەك ئورۇن تاپتى.

**باشپاناھ بولماق** ① قوغدىماق، ھىمايە قىلماق، قانات ئاستىغا ئالماق: — مېنى ئۆيلىمىدى دەمسەن؟ — دېگەن زايىتنىڭ سەل خىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، — بىزگە دەرھال باشپاناھ بولىدىغان تۇغقىنىم بولمىسا؟ ② جان ساقلاش، يوشۇرۇنۇش ۋە ۋاقىتلىق جان ساقلاپ تۇرۇشقا مۇۋاپىق جاي، ياشاش شارائىتى يارىتىپ بەرمەك: ئەنۋەر شۇنىڭدىن كېيىن قان شورىغۇچ بايلارنىڭ باشپاناھى بولغان زالىم ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرمىغۇچە زۇلۇمدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

**باشپاناھسىز** سۈپ ① قوغدىغۇچىسى، ھىمايە قىلغۇچىسى، قانات ئاستىغا ئالغۇچىسى يوق: مۇنداق تۇيغۇ موماينىڭ ئۇ ئالەمگە كېتىشىدىن قورققانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى تاتلىق ئالماسىنىڭ باشپاناھسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇش تۈپەيلى پەيدا بولاتتى. ② جان ساقلاش، يوشۇرۇنۇش ياكى ۋاقىتنچە جان ساقلاپ تۇرۇشقا مۇۋاپىق جاي ھەم شارائىت يوق: — ئۆيىمىز ئۆرۈلدى، باشپاناھسىز قالىدىغان بولدۇق، — دېدى موماي ھەسرەت چېكىپ.

**باشپاناھلىق** سۈپ ① باشپاناھ بولىدىغان كىشىسى بار: بۇ يېتىم بالا كېيىن لەنگەرلىك بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ باش پاناھلىقىدا چوڭ بولغىنى ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز تىلىدىنمۇ پىششىق بىلەتتى. ② پاناھلىنىدىغان جاي، ماكانى بار: — باشپاناھلىق يېرىمىز بار، بىز ھېچنېمىدىن قىسىلماي ياشايمىز، — دېدى قادىر ئاكا كۆپچىلىككە قەتئىيلىك بىلەن.

**باشتا** رەۋ ① باش تەرىپىدە، يۇقىرىدا: يارىمنىڭ ئۆيى باشتا، بەلگىسى قارا تاشتا، ئانچە مەيلىڭ بولمىسا، نېمىشقا ئۇيىندىڭ باشتا. ② دەسلەپكى ۋاقىتتا، دەسلىپىدە، ئاۋۋال، ئىلگىرى: بەزى جايلاردا ھۆددىگەرلىك توختىمىنى باشتا ئۆيلىشىپ تۈزمەيدىغان، تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئەمەل قىلمايدىغان، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى.

**باشچى** ئى. باشلامچىلىق قىلغۇچى، باشلىق، رەھبەر: بۇ ئەزىمەت قازاق يىگىتى خۇددى تاغ بۈركۈتىگە ئوخشاش ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، قەيسەر، تەدبىرلىك باشچى ئىدى.

**باشچىلىق** ئى. يولباشچىلىق، رەھبەرلىك: جەڭچىلەر شۇ زامان كوماندىرنىڭ باشچىلىقىدا دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلدى. * چوڭ بوۋىڭىز 1789 - يىلدىن ئىلگىرى «قىساس» ناملىق پارا-خوتقا باشچىلىق قىلغانمۇ؟

**باشچىلىق قىلماق** يېتەكچىلىك، رەھبەرلىك قىلماق: سارىخان ئورىدىدا ئوردا كېنىزەكلىرىگە باشچىلىق قىلاتتى ۋە مەخسۇس سۇلتان مامۇت ئۈچۈن خوتۇن تاللايتتى.

**باشسىز** سۈپ ① بېشى، كاللىسى يوق: باغلار خازان، يوپۇرماق تاشلايدۇ، ئۇرغاچ چاپقۇندا بىر مۇدھىش جۇدۇن. ئەنە، قانلىق ئىز، باشسىز گەۋدىلەر، ئەنە سەپداشلار ئىچىدە لۇتۇن. ② كۆچمە. باشلىقسىز، باشقۇرغۇچىسىز،

يېتەكچىسىز، باشلامچىسىز: — بۇ شەھەر سىمىز باشسىز قالدى. ئىلتىپات قىلىپ، بۇ شەھەرنى قولىلىرىڭغا ئېلىپ بىز پېقىرلارنىڭ دەردىگە يەتسىلە، — ۋەزىر شۇ خەتنى يېزىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئەلچىنى يولغا سالدى.

**باشسىمان** سۈپ. باشقا ئوخشايدىغان، باش شەكىلدىكى.

**باشقا** ① سۈپ. يات، غەيرىي؛ بىراۋ: بۆلەك، ئۆزگە: ئۇيى باشقىسىنىڭ مۈكى باشقا (ماقال). * سىز جاپپار ئىكەنسىز-دە؟ سىز نېمىشقا باشقا يۇرتىنىڭ ئىسمىنى ئېيتتىڭىز ئەمسە؟ * لېكىن تۇرمۇش بۇ باشقا دۇنيا ئىكەن. * تىل ھەققىدە باياناتلار تولا، تىل بىلەن دىل ئەسلىدە بىر گەپ. ئەل ئىچىدە ئالمىغۇلۇق ئات، «تىلى باشقا، دىلى باشقا» دەپ. ② رەۋ. قايتا، يەنە: بۈگۈن ياخشى قارىيالمىدىم، باشقا كەل. ③ تاشقىرى، سىرت: شۇ ئېيتقانلىرىمدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن، — دېدىم. * دېمەك، خاسىيەت بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنىكەن، خامانىنى تاشلاپ، كالىنى توسۇشقا مېڭىشتىن باشقا چارىسى يوق.

**باشقا بىر كوچىغا كىرمەك** ئۆزى ماڭغان يولنى ئۆزگەرتمەك. باشقىچە ئىش تۇتماق: — ئادىل ھازىر باشقا بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى، — دېدى ئاۋۇت پېشقەدەم ئۇستا سادىق ئاكىغا.

**باشقا گەپ** باشقىچە، ئۆزگىچە، ئوخشىمايدىغان، بۆلەك-بۆلەك: ياق، بۇ باشقا گەپ. * — باشقا گەپنى قويۇپ ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى! — دېدى مۇدىر جاپپارغا قاراپ.

**باشقىلارنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالماق** جامائەتچىلىكنىڭ ئاغزىدا سۆز-چۆچەك بولۇپ قالماق: ئەخەت ئۇ ئىشنى شۇنچە مەخپىي تۇتسىمۇ، لېكىن قانداقتۇر تېزلا باشقىلارنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالدى.

**باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەك** باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ھېسابىغا مەنپەئەت كۆرمەك؛ **باشقىلارنىڭ ئابرويى ھېسابىغا ھۆرمەت قازانماق**: كوپىراتىپلار قوشۇلۇپ كەتسە سەمرىپ قالىمەن، دەپ خام خىيال قىلما! باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەش بۇ ئانچە ئابرويى ئەمەس، بىلىپ قوي!

**باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلىمەك** ← **باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەك**: باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەشنىڭ ئۆزى تولىمۇ نومۇسسىزلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**باشقىلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناماق** باشقىلارنىڭ كۆرسەتمىسى، بۇيرۇقى بىلەن ئىش قىلماق؛ باشقىلارنىڭ دېگىنىنى قىلماق: قاچانغىچە باشقىلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايسىز؟

**باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرمەك** ياشاش، تۇرمۇش كەچۈرۈشتە ئۆز ھالال ئەمگىكىگە تايانماي، باشقىلاردىن تىلەش، تەمە قىلىش ئارقىلىق جان بېقىش يولىغا كىرمەك: تاشۋاي باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرۈشتىن كۆرە، ئۆز كۈچىنى سېتىپ، ھېچ بولمىسا بىر-ئىككى زاغرا بولسىمۇ تېپىپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغانىدى.

**باشقىلارنىڭ كەتمىنىنى چاپماق** باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىمەك، باشقىلار تەرەپتە تۇرماق: ئۇ ئۆز تەكتۇشلىرىدىن قاچانلا بولسا باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ باشلىقلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىشتەك قىلىقلىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى.

**باشقا-باشقا** بىر-بىردىن پەرقلىق، ھەر خىل، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئايرىم-ئايرىم: قەشقەر، كورلا، قۇمۇل سەنەملىرى گەرچە ئاھاڭ ۋە ناخشىلىرى باشقا-باشقا بولسىمۇ، ئۇلار بىردەك سەنەم نەغمە شەكلىنىڭ رىتىمىدە. * پەرھات بىلەن دۇرنەم باشقا-باشقا سىنىپتا بولسىمۇ، ئىنتىپاق ياچېيكىسىنىڭ پائالىيەتلىرىدە بىللە بولاتتى.

**باشقارما** ئى. دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى، بۆلۈم: مالىيە باشقارمىسى.

www.uyghurkitap.com

ئىلمىي باشقارما. * مۇتەللىپ مەكتەپ ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

**باشقۇرتماق** «باشقۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**باشقۇرغۇچى** ئى <بىئول> باشقۇرغۇچى گېن شۇنىڭدەك يېقىن جايلاشقان قۇرغۇچى گېنلاردىن تەركىب تاپقان فۇنكسىيىلىك بىرلىك.

**باشقۇرغۇچى تور** <بىئول> بىرقانچە باشقۇرغۇچى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەگىشكۈچى گېنلاردىن قۇرۇلغان فۇنكسىيىلىك بىرلىك.

**باشقۇرغۇچى گېن** <بىئول> باشقۇرغۇچىنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەيدىغان گېن، ئورنى باشقۇرغۇچىنىڭ بىر ئۇچىدا بولىدۇ.

**باشقۇرماق** پ ① زاۋۇت، كارخانا، تەشكىلات قاتارلىقلارنى ئىدارە قىلماق؛ **يولغا سالماق**: ئېلىمىزدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ توپ سىياسىي تۈزۈم دەل پۈتۈن خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئالىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. * جەمئىيەتكە چىقىپ سىنىپىي كۆرەشكە قاتناشتىم. قارا، مانا ھازىر پۈتۈن مەكتەپنى باشقۇرۇۋاتىمەن. ② تېگىشلىك چارە-ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئىشقا سالماق، ھەرىكەتكە كەلتۈرمەك، يۈرگۈزمەك، ھەيدىمەك: ئامبارنىڭ سۈيىنى قانداق باشقۇرۇش مېنىڭ ئىشىم. * بەستىڭ يېنىك ئاق بولۇتتەك ئاق قۇمۇسەن، پەرىمۇسەن؟ تۆمۈر ئاتنى باشقۇرغۇدەك، كۈچنى ئالغان نەدىنمۇ سەن؟!. ③ چارە كۆرمەك، مۇسادىرە قىلماق: ئۇنىڭ ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ تاپقان قانۇنسىز پايدىسىنى بازار باشقۇرۇش خادىملىرى بەلگىلىمە بويىچە بىر تۇتاش باشقۇرۇپ ئالدى.

**باشقۇرۇش** «باشقۇرماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**باشقۇرۇش تەۋەلىكى** <قا> ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەنزىلەرنى قوبۇل قىلىشتىكى خىزمەت تەقسىماتىنى كۆرسىتىدۇ.

**باشقۇرۇش ھوقۇقى** <قا> ئەدلىيە ئورگانلىرىدا ئەنزىلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش دائىرىسى.

**باشقۇرۇش ئۈستىلى** <سانا> كۆرسەتكۈچ ئەسۋابلار، توك يوللىرىنىڭ ئۈلگۈچ ۋە باشقا بۆلەكلىرى ئورنىتىلغان ماشىنا ياكى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئايلىنىشىنى كونترول قىلىدىغان ئىش ئۈستىلى.

**باشقۇرۇشماق** «باشقۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: رەھبەرلىك ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈمىنى ياخشى باشقۇرۇشتى.

**باشقۇرۇلماق** «باشقۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ھەقىقەتەن «روشەنباغ» ياخشى باشقۇرۇلۇپتۇ، — دېدى ئابدۇۋېلى.

**باشقۇرۇلىدىغان بومبا** <ھەرب> ئوق بېشى، قوۋۋەت ئۈسكۈنىلىرى ئورنىتىلغان ھەمدە باشقۇرغىلى بولىدىغان، يۇقىرى سۈرئەتتە ئۇچىدىغان قورال. ئۇنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنى يەر يۈزىدىن، پاراخوتتىن ياكى ئايروپىلاندىن ئېتىپ، يەر يۈزىدىكى ۋە ھاۋادىكى نىشاننى ۋەيران قىلغىلى بولىدۇ.

**باشقىچە** رەۋ ① باشقىلاردىن بىرەر جەھەتتىن ياكى پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان؛ **ئۆزگىچە، بۆلەكچە**: چىش باشقىچە ئاغرىيدۇ، كۆز باشقىچە (ماقال). * بۇگۈن ئەھۋال تامامەن باشقىچە بولۇپ كەتتى! * دائىمىي ئارمىيە ۋە ساقچى — دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي زورلۇق قورالى، لېكىن، بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ② **ئالاھىدە، پەۋقۇلئاددە**: شۇنىڭ بىلەن نەچچە يىلدىن بېرى پەرۋىش قىلىنماي كەلگەن مېۋىلەر بۇ يىل باشقىچە ئوخشاپ كەتتى. * ئۇلار بۇ يىل كۆتۈرە كۆرسەتكۈچنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش ئۈچۈن باشقىچە غەيرەتكە كەلدى.

**باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا** باشقا سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، يەنى: ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەت ئادەمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلىتى يوق ئادەمنى ھەقىقىي ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. * چۈنكى ئۇنىڭغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىيال بار؛ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سانلىق ئاساسلار ناھايىتى كۆپ.

**باشقىچە ئىش تۇتماق** دېيىلىۋاتقانلاردىن، قىلىنىۋاتقاندىن پەرقلىنىدىغان، ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن ئىش قىلماق: ئۇ بىرمەزگىل شۇنداق ئىشلەپ بېقىپ، نەتىجە چىقىرالمىغانلىقتىن، كېيىن باشقىچە ئىش تۇتتى.

**باشقىچە يول تۇتماق** ← **باشقىچە ئىش تۇتماق**: بۈگۈنمۇ تاشۋاينىڭ ئۇزۇنراق باش قاتۇرۇشى مۇشۇ جەھەتتىن بولۇپ، پات كۈنلەر ئىچىدە ئامال قىلىپ كۆلچەمەن بىلەن ئالاقىلىشىپ، كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە باشقىچىراق بىر يول تۇتۇشنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

**باشقىرت** ئى <ئىرق> ← **باشقىرتلار**.

**باشقىرتچە** ئى ① باشقىرت تىل ـ ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: باشقىرتچە كىيىم. باشقىرتچە ناخشا. ② باشقىرت تىلى: باشقىرتچە سۆزلەشمەك. * باشقىرتچىنى ياخشى بىلىدۇ.

**باشقىرتلار** ئى <ئىرق> ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقىرتىستان ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسىدا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەردىن بىرى، باشقىرتىستاننىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى.

**باش ـ كۆز** بەدەننىڭ بوينىدىن يۇقىرى قىسمى، باش ۋە كۆز ئورۇنلاشقان جاي: باش ـ كۆزى يېرىلىپ كەتكەن ئەپەندىنى كۆرگەن خوتۇنى: ــ بۇ كېچىدە نەگە باردىڭىز، ــ دەپ سوراپتۇ.

**باش ـ كۆزدىن سەدىقە** ① تىلەمچىلەرگە، باش ـ كۆزدىن ئايلاندۇرۇپ بېرىلگەن سەدىقە، ياردەم: ئۇ، يانچۇقىدا قالغان ئاخىرقى بىر كويىنىمۇ «باش ـ كۆزلىرىنىڭ سەدىقىسى بولا غوجام» دەپ قولىنى سۇنۇپ تۇرغان بىر تىلەمچىگە بېرىۋەتتى. ② باش ـ كۆزگە كېلىش ئېھتىمالى بولغان بالا ـ قازانى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ بېرىلگەن سەدىقە، نەزىر ـ چىراغ: ئۇ ئالدىنقى ئايدا دادىسىنىڭ قازا تاپقانلىقىغا ئاتاپ، باش ـ كۆزىدىن سەدىقە قىلىپ چوڭ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزدى.

**باش ـ كۆزى قانغا بويالماق** باش ـ كۆزىدىن قان ئاقماق: ئېغىر جاراھەتلەنمەك: باش ـ كۆزى قانغا بويالغان بىر ئادەم ئالچاڭشىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

**باشلاپ** ① «باشلىماقI» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى. ② رەۋ. ئەڭ ئاۋۋال، ھەممىدىن ئاۋۋال، دەسلەپ، ئەڭ دەسلەپ: بۇ ئىشنى باشلاپ كىم قىلدى؟ ③ تىر (چىقىش كېلىشتىكى سۆزلەردىن كېيىن كەلگەندە) بېرى، بۇيان، ئېتىبارەن، تارتىپ: شۇ كۈندىن باشلاپ قادىر، كېۋىر ئاكىنى ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىۋالدى. * كامىل شۇ كېچىسى پەقەت ئۇخلىمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى قوم تىققاندەك ئاغرىپ كەتتى، ئەتىسىدىن باشلاپ كۆزىنى ئاچالماستىن يېتىپ قالدى.

**باشلاتقۇزماق I** «باشلىماق I» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بۇ ئۆيىنى بىلمىگەنلىكتىن مۇشۇ مەھەللىلىك بىر ئادەمنى باشلاتقۇزۇپ كېلىپتۇ.

**باشلاتقۇزماق II** «باشلىماق II» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاسىم سىدىق موزدۇزغا يېڭىدىن بىر ئۆتۈك باشلاتقۇزۇپتۇ.

**باشلاتماق I** «باشلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مىراب ئۆستەڭدە تۇرۇپ يېڭى چاپقان ئېرىققا سۇ باشلاتتى.

**باشلاتماق II** «باشلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئالدىنقى يىلى ئالغان خورۇم ئۆتۈكۈمنى بۇ يىل يېڭىدىن باشلاتتىم.

**باشلاشماق** «باشلىماق I» پېئىلىنىڭ

ئۆملۈك دەرىجىسى: خان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى چوڭ پايتەختتىن ناھايىتى ئۇزاقلاشقاندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي ئۇۋنى باشلاشتى. * ئاستا ـ ئاستا تەرتىپكە كېلىشتى، ۋوگزالنى ئېگىلىۋېلىپ، ئۇ يەردە تۇرۇپ ئېتىشىشقا باشلاشتى.

**باشلام** ئى ① بىر يۇرۇش ئېتىزلارغا ئەڭ باشتا سۇ كىرىدىغان ئېتىز: سۇ ئەمدى باشلامغا چىقىپ تۇراتتى، باشتىن توسۇۋالدى. ② ئېچىق: كۆمدى ئۇنى باشلامغا، ئوچۇق قويۇپ بېشىنى. كۆمۈپ بولۇپ چورۇق پۇم، غۇچۇرلاتتى چىشىنى.

**باشلامباش** ئى [باشلام+باش] ① ئۇچار قاناتلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇچۇرما بالىسى. ② كۆچمە. مەلۇم بىر ئىش ـ ھەرىكەت، ئويۇن ـ تاماشىنى باشلاپ بەرگۈچى: ئۇ شورىدىن ئاتلاپ باغقا كىرگەن بىر توپ بالىلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ: ــ سىلەرنىڭ باشلامبېشىڭلار كىم، ــ دەپ سورىدى.

**باشلامچى** ① ئى. بىرەر ئىشتا ئەڭ ئاۋۋال ھەرىكەتكە كېلىپ باشقىلارنى يېتەكلىگۈچى ئادەم: بىز كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى بۇ كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى بۇزۇشتا باشلامچى بولۇشىمىز كېرەك. * بىز ھازىر يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىۋاتىمىز، ئۇنى باشقىلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاشلىماي، باشلامچى بولۇپ ئۆزىمىز ئىجرا قىلساق ياخشى ئەمەسمۇ؟ ② سۈپ. بىرەر ئىشتا ئەڭ ئاۋۋال ھەرىكەتكە كېلىپ باشقىلارنى يېتەكلەيدىغان، باشلايدىغان: ئۆتكەنكى ئون يىل ئىچىدە بىئولوگىيە تەبىئىي پەنلەر ئىچىدىكى باشلامچى پەن بولدى. * قۇمۇل مۇقاملىرى، سىرىق ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرى غىجەكنى باشلامچى تارلىق چالغۇ (ساتار) قىلىپ كەلگەن.

**باشلامچى بولماق** بىرەر ئىشتا ئەڭ ئاۋۋال ھەرىكەتكە كېلىپ، باشقىلارنى يېتەكلىمەك؛ باشلىماق: تەشكىلىي رەھبەرلىك جەھەتتە، رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار باشلامچى بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تەرتىپكە سېلىپ چىقىشتى. * شېجاڭ باشلامچى بولۇپ، قوي، توخۇ سويۇپ زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، مەشرەپ ئويناشنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئويۇن تاماشىغا بېرىلگەندە، مەنسۇر ئۇنى پارتكوم يىغىنىدا تەنقىد قىلدى.

**باشلامچىلىق** ئى. بىرەر ئىشتا ئاۋۋال ھەرىكەتكە كېلىپ، باشقىلارنى يېتەكلەش، باشلاش پائالىيىتى: كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن قانۇنغا رىئايە قىلغاندىلا، ئاندىن ئاممىنى قانۇنغا رىئايە قىلىشقا يېتەكلىگىلى بولىدۇ، خىزمەتنىمۇ ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

**باشلامچىلىق قىلماق** بىرەر ئىشتا ئەڭ ئاۋۋال ھەرىكەتكە كېلىپ باشقىلارنى يېتەكلىمەك؛ باشلىماق: بائىمخان ئۆز تەجرىبىسىنى سۆزلىدى، ياشلارغا باشلامچىلىق قىلىپ كارخانىنىڭ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. * ئالتۇن يۇلتۇزلۇق بايراقنى لەپىلدىتىپ مەيدانغا كىرىپ كەلگەن ئالتە ماشىنىنىڭ ئالدىنقىسىدا پولات غەلىبە مارشىغا باشلامچىلىق قىلىپ كەلمەكتە.

**باشلانغۇچ** سۈپ ① دەسلەپكى، ئەڭ ئاۋۋالقى، باشلىنىشتىكى، ئاددىي: ئەمەلىي بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ باشلانغۇچ ئاساسلىرى يارىتىلدى، ئاتالغۇلارنى توغرا قوللىنىشنىڭ مەلۇم پرىنسىپلىرى بەلگىلەندى. ② بىرىنچى باسقۇچتىكى ئىپتىدائىي: باشلانغۇچ مەكتەپ. باشلانغۇچ كوممۇنا. * ئەسلىدە ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز مۇشۇ مەھەللىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەندۇق.

**باشلانغۇچ جامائە** <پەلس> ئىنسانلار جەمئىيىتى تارىخىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىل. ئۇ ئىپتىدائىي توپلارنىڭ (گۇرۇپپىلارنىڭ) بارلىققا كېلىشىدىن باشلاپ، ئانىلىق ئۇرۇق جامائەسى، ئاتىلىق ئۇرۇق جامائەسىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىپتىدائىي جامائە پارچىلانغانغا

قەدەر داۋام قىلغان. ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تۆۋەن ھالەتتە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولغان، كىشىلەر بىرلىكتە ئىشلەپ، بىرلىكتە ئىستېمال قىلغان، ئېكسپىلاتاتسىيە بولمىغان، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى قۇلدارلىق جەمئىيەت ئىگىلىگەن.

**باشلانغۇچ جەمئىيەت** <تارىخ> ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئاۋۋالقى جەمئىيەت. باشلانغۇچ جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان؛ كىشىلەر ئورتاق ئەمگەك قىلىپ ئورتاق ئىستېمال قىلغان؛ ئېكسپىلاتاتسىيمۇ، سىنىپمۇ بولمىغان. ئۇ ئۆز ئىچىدىن ئانىلىق، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى قۇللۇق جەمئىيەت ئىگىلىگەن.

**باشلانغۇچ كوممۇنا** <تارىخ>← **باشلانغۇچ جەمئىيەت.**

**باشلانغۇچ مائارىپ** ئۆسمۈرلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ئاساسىي تەلىم-تەربىيە ۋە چوڭلارغا بېرىلىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى تەلىم-تەربىيە: ھازىر بەزى ناھىيىلەردە باشلانغۇچ مائارىپ ئومۇملىشىپ بولدى.

**باشلانغۇچ مەكتەپ** ئۆسمۈرلەر ۋە باللارنى ئىپتىدائىي مائارىپ تەربىيىسى بويىچە تەربىيىلەيدىغان ئورۇن: ئەسلىدە ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز مۇشۇ مەھەللىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەنىدۇق.

**باشلانما** ئى. بىرەر ئىشنى قىلىشتا بېسىلغان بىرىنچى قەدەم؛ ئىشنىڭ باشلىنىشى، دەسلىپى: بۇ گۈزەلدىكى مېھماندارچىلىق بىر باشلانما ئىدى، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، مۇشۇ خىلدىكى مېھماندارچىلىق ئارقا-ئارقىدىن بەش يەردە بولدى. * بۇ ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ چاقچىقى ۋە باشلىماقچى بولغان سۆھبەتىمىزنىڭ باشلانمىسى ئىكەنلىكى ماڭا چۈشىنىشلىك.

**باشلانماق I** ① «باشلىماق I» پېئىلى ①②نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ زالغا كىرىشى بىلەن تەڭ كىنو باشلاندى. * قىز كۈچۈرۈپ كەلگۈچىلەر ۋە قىز تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلار ئىدارىنىڭ كىچىك زالىغا باشلاندى: ② «باشلىماق I» پېئىلى ①نىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: تارىم دەرياسى تيانشان تېغىنىڭ ئېتىكىدىن باشلىنىدۇ. * 1952-يىلى كۈز، تەكلىماكان چۆلىدە سوغۇق بالدۇرلا باشلانغانىدى.

**باشلانماق II** «باشلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئۆتۈك ياخشى باشلىنىپتۇ.

**باشلىق I** ① ئى. ئائىلە، ئىدارە، تەشكىلات، مۇئەسسەسە قاتارلىقلارغا باشچىلىق قىلغۇچى مەسئۇل كىشى؛ رەھبەر: ئائىلە باشلىقى، ئىدارە باشلىقى. * ياغاچچىلار گۇرۇپپىسى قادىر ياغاچچىنى ئۆزى بولمىسىمۇ گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ سايلىدى. * ھەربىي باشلىق ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقىدى. * ئاشخانىدا ئەمدى ھېلىقى شوجى بىلەن بىزنىڭ باشلىق ۋە مەنلا قالدۇق. ② سۈپ. باشچىلىقىدىكى، يېتەكچىلىكىدىكى، ۋەكىللىكىدىكى: ئائىلىسى ۋە ھەسەن ئاكام باشلىق ئائىلە كىشى بۇ جەڭگە قاتنىشىۋاتىدۇ. * بۇ يەرگە ساۋۇت شوجى باشلىق سىخ مەسئۇللىرىمۇ كەلگەنىدى. * يولداش ئەخمەتجان باشلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ③ سۈپ. بېشى (كاللىسى) بار، باشقا ئىگە: ئاق باشلىق بوۋاي. * كۆۋەجەپ، مارجانلار تىزىپ قىرغاقتا، ئاق باشلىق تاغلاردىن ئېقىپ كېلىسەن. تومۇردا قان كەبى تاراپ ھەر ياققا، تەبىئەت ھۆسنىگە بېقىپ كېلىسەن.

**باشلىق II** ئى ① خالات، يامغۇرلۇق قاتارلىق كىيىملەرنىڭ باشقا كىيىدىغان

قىسمى: پۇتۇمدىكى پىيما، ئۇستۇمدىكى پاختىلىق چاپان، باشلىقى بار ئاق خالات ئۇنىڭ بىلەن ئىلىششقا كاشىلا قىلاتتى. ② ئاياغ كىيىمىنىڭ يۈزىنى قاپلاپ تۇرىدىغان قىسمى: ئۆتۈككە باشلىق سالدۇرماق. * ئۆتۈكىنىڭ چەمى بىر ئاز قورۇلۇپتۇ، باشلىق ۋە قونچىلىرىدىن شور ئۆرلەپ كېتىپتۇ.

**باشلىقسىمان** سۈپ. باشلىققا ئوخشايدىغان، باشلىق قىياپىتىدىكى: — دادا، ھېلىقى بىز كېپىنى قىلغان ئەلا مانا مۇشۇ يىگىت، — دېدى تۇرسۇن مۇئەللىم مېنى ياشانغان باشلىقسىمان بىر كىشىگە تونۇشتۇرۇپ.

**باشلىقلىق I** ① «باشلىق I» سۆزى ②نىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: دەرۋەقە، ئۇنىڭغا مەنسەپ ياراشقاندەك باشلىقلىققا كۆتۈرۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا سەمرىپ كەتتى. * ئۇ رەسەتخانىنىڭ ئەزەلدىن ئەنگلىيىلىكلەر ئۆز ئۇستىگە ئېلىپ كەلگەن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى 20 - يىللاردىن كېيىن جۇڭگولۇقلار ئۇستىگە ئالغان.

**باشلىقلىق II** ئى. ئاياغ كىيىمنىڭ يۈزىنى قاپلاشقا ئىشلىتىدىغان رەخت.

**باشلىق-ماشلىق** باشلىق ۋە باشلىق بىلەن بىر قاتاردىكى كىشىلەر: — بىرىنچىسىنى ئىچكەندىن كېيىن ئاخىرىغىچە ئىچمىسەك بولمايدۇ، باشلىق-ماشلىقتىن قورقمايمىز دەۋاتساق، ھاراقتىن قورقامدىكەن ئەخمەق! — دېدى ھاشىمۇ ئۇنىڭ گېپىگە لوقما سېلىپ.

**باشلىماق I** پ ① بىرەر ئىشقا كىرىشمەك: سۆز باشلىماق. * ئەگەر رازى بولسىڭىز بۈگۈنلا ئوپېراتسىيىنى باشلايمىز. ② يول كۆرسىتىپ، باش بولۇپ، يېتەكلەپ بارماق، ئەگەشتۈرمەك: ئاشپەز ئوتۇنچىنى ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. * قىز شۇ گەپىنى ئېيتقاچ، ئالماسنى دۇكان ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. ③ تەكلىپ قىلماق: ۋاي خۇدايىم، ئۆيگە باشلىماي قاراپ تۇرغىنىمنى قاراڭلار، قېنى ئۆيگە، ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە. * — قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، بولغۇلۇق بولۇپتۇ، نېمە كەلسە، ئۆزى كۆرەر، — دېدى ھۆرنىساخان ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ. ④ بىرەر ئىشتا ئەڭ ئاۋۋال ھەرىكەتكە كېلىپ باشقىلارغا باش بولۇپ يېتەكلىمەك: بۇ ئىشنى ئەڭ دەسلەپ كىم باشلىغان، بىلەمسىز؟ ⑤ كۆچمە. باشقۇرماق، تەربىيە بەرمەك: بالىنى باشلىماق. * ئاتا باشلىمىغانىنىڭ پوردىقى چوڭ، ئانا باشلىمىغانىنىڭ ئەمچىكى چوڭ (ماقال). * ئوغۇل بالا دېگەننى ئاتا باشلاش كېرەك.

**باشلىماق II** پ. باشلىق سالماق، يېڭى باشلىق سېلىپ تىكمەك (ئۆتۈك، مەسە قاتارلىقلارنى): تۇردى ئاخۇن ئۇستام ئۆتۈكنى بەك ياخشى باشلايدۇ.

**باشلىنىش** ① «باشلانماق II» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: بۇ پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزملىق توغرا لۇشيەنىنىڭ ۋە مىللىي سىياستى، ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىتىنىڭ زور ئۇتۇقى، لېكىن بۇ تېخى بىر باشلىنىش. ② ئى <ئەد> كىرىش، مۇقەددىمە، ئېكسپوزىتسىيە.

**باشلىنىش مۇزىكىسى** <مۇز> ① ئوپېرا، بالېت، كىنو قاتارلىقلار باشلىنىشتىن ئىلگىرى چېلىنىدىغان ئاھاڭلار. ② بىرلا بابلىق دۇخوۋوي مۇزىكا ئەسەرلىرى (كۆپىنچە تېمىلىق مۇزىكا بولۇپ كېلىدۇ). ③ ئاساسىي كۈي شەكلىدە بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان باشلىنىش قىسمى.

**باشماق** ئى. ئاياللار كىيىدىغان يەڭگىل، پۇت شامالداپ تۇرىدىغان بىر خىل يازلىق ئاياغ كىيىمى: پۇتىغا يېڭىك باشماق كىيىپ، چاچلىرىنى بېشىغا تۈرمەللەپ نېپىز ياغلىق بىلەن مەھكەم چىگىۋالغان بىر قىز كېلىۋاتاتتى.

**باشمالتاق** ئى. باش بارماق: قىز قولىغا ئىنتىك پىچاق ئېلىپ، ھەر ئىككى قولۇم ۋە ئىككى پۇتۇمنىڭ باشمالتاقلىرىنى كېسىپ تاشلىدى. ھوشۇمدىن كەتتىم.

**باشمۇباش** تەڭ قىممەتتە، ئۇستەكسىز؛

www.uyghurkitap.com

باشمۇباش تېگىشمەك.

**باشمۇباش تېگىشمەك** تەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئۈستەكسىز تېگىشمەك، ئالماش-تۇرماق: داۋۇت قاسىم بىلەن ئىشىكىنى باشمۇباش تېگىشتى.

**باشىنىك** ئى ← **تور دوپپا:** بۇ ۋاقىتتا بېشىغا باشىنىك كىيىۋالغان بىر بوۋاي ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى.

**باشۋاغ** (توغرىسى: باشباغ) ← **باشباغ.**

**باشى** سۈپ [خەن] جان .ت. بىرەر ھۈنەر-كەسىپ ياكى ئىشتا ئۇستا، ماھىر، چېۋەر: ئۇنىڭغا دادىسىدىن قالغان نۇسخا مۇشۇ گىلەمچىلىك بولىدى بولغاي، مەرھۇم خانىمۇ تۆت بالىمىزغا ئۆگىتىپ، بالىلارمۇ بۇ ھۈنەرگە باشى بولۇپ كەتتى.

**باغ I** ئى [پ] مېۋىلىك دەرەخ، تەك ۋە گۈل-گىياھ ئۆستۈرۈلگەن يەر، مېۋىزارلىق: ئالمىلىق باغ. * بېغى بارنىڭ تېغى بار (ماقال). * ئاينىڭ بالىسى دەيمۇ، كۈننىڭ بالىسى دەيمۇ؟ چىرايلىقتىن چىرايلىق سەن، يېڭى باغ ئالمىسى دەيمۇ؟

**باغ سەيلىسى** كىشىلەرنىڭ باغلارغا بېرىپ تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشى: ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە جاراڭلىق ۋە ئەركىن ئىدىكى، شۇ منۇتتا ئۇ ئۆزىنى سوراقخانىدا ئەمەس، گويا كۆكۈللۈك باغ سەيلىسى ئۈستىدە سېزىۋاتقاندەك ئىدى.

**باغ قىلماق** بەلگىلىك بىر يەرگە كۆچەت تىكىپ، گۈل-گىياھ تېرىپ مېۋىلىك بەرپا قىلماق: قادىر ئاخۇن ئىككى مو يەرنى باغ قىلدى.

**باغ II** ئى ① باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە: يەنە يارىم سېنى دەپ، بولدۇم ئالەمگە يېغى. ئايرىلىپ كېتەي دېسەم، سەن يۈرىكىمنىڭ بېغى. ② **توپلاپ بېلىدىن باغلىق بىلەن باغلانغان بۇغداي، پىچان، بېدە، ئوتۇن قاتارلىقلارنىڭ باغلانغان ھەربىر دانىسى:** بىر باغ بۇغداي. * بىر باغ ئوتۇن قىلىپ، بېشىمغا ئېلىپ بازارغا باردىم. * — ھار-ۋىلار ئۆز-ئۆزىدىن قىغ توشۇپ، باغ تارتقانمۇ دېمەمسەن، — دەپ قوشۇمچە قىلدى يەنە بىرى. ③ ھېۋە-چېۋە، قوغۇن-تاۋۇزلارنىڭ ساپىقى: بېغىدا پىشىپ قالغان يەل-يېمىش. ④ سېۋەت، چۆگۈن، چېلەك قاتارلىقلارنىڭ تۇتقۇچى: سېۋەت، بېغى. چۆگۈن بېغى. چېلەك بېغى.

**باغ باغلىماق** ئورۇلغان بۇغداي، پىچان، بېدە قاتارلىقلارنى باغلىق بىلەن تېڭىپ، باغ ھالىتىگە كەلتۈرمەك: باغقا كىردىم گۈل ئۈزەي دەپ، گۈل ياتار شېخى بىلەن. گۈل ئېچىلغاندا كىرىڭ، باغلاپ بېرەي بېغى بىلەن.

**بېغىدا پىشىپ قالغان** كىچىك تۇرۇپلا چوڭ كىشىلەردەك ئىش قىلىدىغان، ھەممىنى بىلىدىغان: بۇ بالا بېغىدا پىشىپ قېلىپتىكەن-ھە! * ئۇ قارىغاندا كىچىككىنە تۇرىدۇ، قىلىقلىرى باشقىچە، بېغىدا پىشىپ قالغان بالا ئىكەن.

**باغاش** ئى. قۇچاقلاش، باغرىغا بېسىش: يۈرەكنى ئىككى قوللاپ مەن ئۈزاتسام سەن تۇتۇپ مازۇر، پۈتۈن ئەل ئالدىدا مەھكەم باغاش ئەتسەڭ مېنى رەنا.

**باغاش ئەتمەك** قۇچاقلىماق، باغرىغا باسماق: شۇ تاپتا، جىمجىت ئىسسىق كاڭ ئۈستىدە، يۇمشاق تۆشەكتە ئايتۇرا بىلەن باغاش ئېتىشىپ ياتساق قانداق ھۇزۇر ئىدى.

**باغاشلاشماق** «باغاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۈرىكىم ئېيتتى: «جەنۇب ئۆزۈك بولسا، كۆز بولۇپ يەكەن ئاڭا خوپ ياراشتى». سېنىڭدە تۇرغان قۇتلۇق كۈنلىرىمدە ئىلھاملار نەزمە بىلەن باغاشلاشتى.

**باغاشلىماق** پ. باغرىغا باسماق؛ قۇچاقلىماق: مەن بار ئۈچۈن بار-يوقۇمنى ئاتاپ قويغانىمەن. ھېچ بولمىسا يارىم بار تاغنىڭ توپا-تاشلىرىنى باغاشلاپ كۆز يۇمالىسامىمۇ، ئۆزەمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن.

**باغاق** ئى. چاقىرىلىدىغان مېھمانلارغا ئەۋەتىلىدىغان تەكلىپنامە: 31-دېكابىر چۈشتىن

كېيىن لۇتپۇللا تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقاندا، كومپوزىتور مويىدىن غوجا ئېلىپ كەلگەن بىر باغاقنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ باغاقتا شائىر 31 ـ دېكابىر ئۆتكۈزۈلىدىغان تەبرىكلەش يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغانىدى.

**باغاقچە** ئى. خەت يېزىلغان كىچىككىنە قەغەز: دەل چۈشتى ئالدىمغا كىچىك باغاقچە، چۈشتى ۋە غۇژژىدە شۇركەندى تېنىم.

**باغبانە** ئى [پ] يېزت. باغۋەن: باغ بىرلە ماڭا ئى زاھىد غېرىب بەزمە، باغ ساڭا بولسۇن، ماڭا باغبانە كېرەك.

**باغ ـ بوستان** ياشنىغان، باراقسانلاشقان باغلار، بوستانلار: ياشا ساپ تۇيغۇدا ھەر دەم قىلىپ ھىممەتىنى، ئەر بولساڭ، ياسا چۆللەردە باغ ـ بوستان سۆيۈپ مېھنەتنى.

**باغ ـ بوستانلاشماق** باغ ـ بوستان بولغان ھالەتكە كەلمەك: پۈتۈن يېزا ـ كەنتلەرنى باغ ـ بوستانلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆچەت قويۇش، جىرىم تىكىش ئىشىنى ھەممە ئادەمنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

**باغ ـ بوستانلىق** ياشنىغان، باراقسانلاشقان باغلار، بوستانلار بار جاي: مانا بۇ دەشت ـ باياۋاننىڭ ھازىرقىدەك باغ ـ بوستانلىققا ئايلىنىشىدا ھەممىمىزنىڭكىدىن ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى كۆپ.

**باغجانلىماق** پ. ئايىنماق، باراقسانلىماق: ئۆسۈپ باغجانلىدى قايتا قەددىمىي ئۈجمىزار باغلار، جاھان بازىرىغا يۇرتىنىڭ يىپەك ھەم قەغىزى... كەلدى. * ئۇمىدىنى قويدۇڭسەن يەردە، بىرمەھەل، ئاقتىكەن باغجانلاپ كەتكەنلىكىدىن.

**باغچا** (توغرىسى: باغچە) ⟵ **باغچە.**

**باغچە** ئى ① كىچىك باغ: ئۇ باغچىنىڭ، بۇ باغچىنىڭ كۆچىتىكىنىسى، مېنىڭ يارىم ئالەم خەلقىنىڭ چېچەككىنىسى. ② ھەر خىل گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخ ئۆستۈرۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ ئىستىراھەت قىلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان جاي؛ ئاممىۋى باغ: خېلى يىللاردىن كېيىن، مەن مەدەنىيەت ئىنقىلابى بولۇۋاتقان قالايمىقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ باغچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ باشقىچە بىر مەنزىرىنى كۆرگەندىم. ③ مەكتەپ يېشىغا توشمىغان بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىش ئورنى: بالىلار باغچىسى. * مەن بالامنى بالىلار باغچىسىغا بەردىم. ④ ھەر خىل ھايۋانلار (بولۇپمۇ تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى بولغان، بەزىبىر ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋانلار)نى بېقىپ، كىشىلەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان ئورۇن؛ ئاجايىپخانا: ئەگەر ساڭا بەرگەن تەربىيىنى باغچىدىكى مايمۇنلارغا بەرسە، شۇ مايمۇن جېنىدا ئادەمچە ياشاشقا ئۆگەنگەن بولاتتى.

**باغچى** ئى <دېھ> ئورما ۋاقتىلىرىدا باغ باغلايدىغان ئادەم: ئورمىچىلار سول بېشىغا چىقىپ بولغۇچە، باغچى قىزلارمۇ باغلىرىنى باغلاپ ئۇلاردىن قالماي قىر ئۈستىدە تەييار بولاتتى.

**باغدار** ئى [پ] باغ ئىگىسى، باغۋەن: ــ خاتالاشمىسام، سىزنىڭ چاقماقلىق رەختتىن كۆڭلىكىڭىز بار ئىدىغۇ دەيمەن؟ ــ مۇمكىن. ــ ھا... ھا... ھا... سىزنى ئەزالار «باغدار تېخنىك» دەپمۇ چاقىرغانىغۇ!

**باغدىن ـ تاغدىن** رەتسىز، ئىزچىل ئەمەس: ئۇ دەيدىغان سۆزلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ، باغدىن ـ تاغدىن سۆزلەپ قويۇپ، باغنى ئارىلىماقچى بولۇپ شىپاڭدىن چۈشتى.

**باغلاتقۇزماق** «باغلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: تاشماق غوجىنى ئامبارنىڭ ئالدىدىكى ھاڭگا تېرەككە باغلاتقۇزۇۋېتىپ، كالتەك كۆتۈرگەنلەرگە يەنە بۇيرۇق قىلدى. * ئۇ، قولىدىكى دۇتارنى قويۇپ قويدى ـ دە، يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى: ــ تۇرمۇش ۋە روھىي غۇربەتچىلىك ئاخىر يۈرەك پىغانىمنى ئاشۇرۇۋەتتى ۋە مېنى سازغا ئىشتىياق باغلاتقۇزدى.

**باغلاتماق** «باغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنى مەھكەم باغلىتىپ قويغانىدى كەنمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق تۇرۇۋېرىدۇ.

* بىر ئايدىن كېيىن ئۇلار قانۇنلۇق ئەر-خوتۇن بولۇپ، نىيازنىڭ ئائىلىسىگە پەيدا بولدى، ئەھۋال ئېنىق تۇرسىمۇ ساتتار نىيازنى خەلق ئەسكەرلە-رىگە باغلاتتى، ئۇرغۇزدى.

**باغلاشتۇرماق** «باغلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قول باغلاشتۇرماق. جۈملىلەرنى باغلاشتۇرماق.

**باغلاشتۇرۇلماق** «باغلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**باغلاشماق** ① «باغلىماق» پېئىلى «①②»نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: گۇناھىم شۇمىكىن، بىلمىدىم زادى، تۈيۈقسىز تۈندە كېلىپ باغلاشتى مېنى. ② ماسلاشماق، باپ كەلمەك، مۇۋاپىقلاشماق: ئۇلار گەرچە باشلانغۇچ مەكتەپ 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بولسىمۇ، يازغان ماقالىلىرىنىڭ جۈملىلىرى خېلى باغلىشىپتۇ. ③ بىرەر نەرسە ھەققىدە ۋەدىلەشمەك، شەرتلەشمەك: مەن باغلىشىمەنكى، ئۇ مېنىڭ مۈلكۈمنى ھازىرلا ئەمەس، يەنە كېيىنمۇ ئۆز قولىدا تۇتىمەن دەيدۇ. * مانا مەن كاللامنى تىكىپ باغلىشىمەنكى، سەن كۆڭلۈڭگە ياققان بىرەر ئايالغا يولۇقساڭ، ئۇنىڭ كىم بولۇشى، قانچىلىك باي، سەتەڭ ۋە ياش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ ھامان ھەرنىڭ ئۇۋىسىغا چۈشۈپ قالغاندەك بولىسەن.

**باغلاق** ① ئى. نەرسىلەرنى باغلايدىغان باغلىق: باغلاقتىكى ئىت ئۇۋغا يارىماس (ماقال). * تۈلكە شۇ ئان يېشىپ ئۇنى باغلاقتىن، مىنىۋالدى ئوبدان پەيتىنى كەلتۈرۈپ. * ئۇ ئەسئەتكە ھويلىسىدىكى تېخى ئۈزۈلمىگەن ئۈزۈم، قىزىل سېرىق «مارشال» ئالمىلىرى، بېغىدىكى قورۇق تامنى ياقىلاپ ئۆسكەن تېرەكلىرىنى، باغلاقتىكى نەسىللىك سىيىرلىرىنى كۆرسىتىپ ماختاندى. ② سۈپ. باغلانغان، باغلاغلىق؛ تېڭىلغان، تېڭىقلىق: بولۇڭدا، كونا بىر ساندۇق ئۈستىگە تىزىلغان رەتمۇرەت ئورۇن-كۆرپىسى. ساندۇقنىڭ يېنىدا تۇرار بايا ئۇ، توپلىغان كىر-قاتنىڭ باغلاق بوپىسى. * بىر بالاغا ئۇچرىدىم، ئىككى بالاغا ئۇچرىدىم، بويىنى باغلاق بوز لاچىندەك، ئىنتىزارغا ئۇچرىدىم.

**باغلاقسىز** سۈپ. باغلانمىغان، تېڭىلمىغان: ئۇششاق باللار ئوينايپ ئىشىكنى ئېچىۋېتىپتىكەن، باغلاقسىز ئات ئېغىلدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

**باغلاقلىق** سۈپ. باغلانغان، باغلاپ قويۇل-غان، تېڭىلغان، تېڭىپ قويۇلغان: ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپى قوتان، قوتاننىڭ ئالدىدا يوغان توغراقتا بىر قىزىل تورۇق ئات باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. * قاچقۇننىڭ قولى باغلاقلىق بولغاچقا، ئانچە يىراققا كېتەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. * ئەپەندىمنىڭ باغلاقلىق موزىيى ئارقاننى ئۈزۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم موزايىنى قوغلاپ تۇتالماي تازىمۇ چارچاپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپتۇ؛ ئاچچىقىدا باغلاقلىق سىيىرنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ.

**باغلام** ئى ① توپلاپ، دەستىلەپ باغلانغان نەرسىلەرنىڭ ھەربىر بېغى: مېھمانخانىغا كىرسىڭىز ئەڭ دەسلەپ تەكچىلەرگە تىزىۋەتكەن يوغان باشلىق قوناق، باغلام-باغلام بۇغداي باشاقلىرى، ئاقۋالداقتەك ئېچىلىپ كەتكەن كېۋەز شاخلىرىغا كۆزىڭىز چۈشىدۇ. *— نېمە باردۇر بۇنىڭ ئىچىدە؟— دېدى قىزچاق، ئاچتى سومكىنى. باغلام-باغلام پېچەتلەنگەن پۇل، بولدى ئۇنىڭ شۇندا كۆرگىنى. ② ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، باغلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر باغلام پىياز، بىر باغلام شاخ. * نۇرنىسانىڭ بىر قولتۇقىدا بىر باغلام شىۋاق، يەنە بىر قولتۇقىدا بىر خالتا ئوت بار ئىدى.

**باغلام-باغلام** ① «باغلام» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② ئايرىم-ئايرىم باغلانغان، بىر باغلام-بىر باغلامدىن قىلىنغان: تام بويلاپ قويۇلغان يېڭى جاھازىلاردا تۇرغان باغلام-باغلام باغاقلاردىن باشقا گۈللۈك چىنە-قاچا، چوڭ-كىچىك تاۋاقلار دەستىلەنگەنلىك تۇراتتى.

**باغلانما** سۈپ. باغلانغان، باغلىنىدىغان: باغلانما تەسەۋۋۇرلۇق سەزگۇ. باغلانما ھەرىكەت.

**باغلانما تەسەۋۋۇرلۇق سەزگۇ** <پسخول>

www.uyghurkitap.com

→ ئاسسوتسىئاتسىيىلىك سەزگۈ.

**باغلانما ھەرىكەت** <تىيا> ئارتىسىنىڭ سەھنە ھەرىكىتىنىڭ ئىزچىللىقى.

**باغلانماق** ① «باغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: قارشىلىق قىلما! ئۇنىڭ كۆڭلى ساڭا باغلانغان. ② «باغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىرنەچچە ئادەم قوللىرى باغلانغان ھالدا تۇراتتى. ③ بىر ـ بىرىگە زىچ ئىككى تەرەپ مۇئەييەن شارائىتتا ئۆزئارا چېتىلىشىپ ئوخشاشلىقتا، ئورتاقلىقتا ئىگە بولماق: مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار بىر ـ بىرىگە يېپىشىپ باغلىنىپ قېلىشتى. * ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتى دەل ئەنە شۇ نەرسە بىلەن باغلانغان.

**باغلىغۇچى** ئى<تىل> جۈملىدە جۈملە بۆلەكلىرىنى ۋە مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ياردەمچى سۆز ۋە سۆز تۈركۈمى: تورلىغۇچى قوشۇمچىلار سۆزلەرنى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلاپ كەلسە، باغلىغۇچىلار سۆزلەرنى تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلاپ كېلىدۇ.

**باغلىق I** سۈپ ① بېغى بار، باغقا ئىگە: ئۇنىڭغا خىزىرنىڭ بىر باغلىق ھويلىسى، ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيى، 15 مو ياخشى يېرى، بىر دانە ئات ـ ھارۋىسى تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ② باغ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، باغ قىلىنىدىغان: ئۇنىڭ بېغى بولمىغانلىقتىن بۇ قېتىم بىر مو باغلىق يەر بېرىلدى.

**باغلىق II** ① ئى. شاخ ـ شۇمبا، بىدە، بۇغداي، پاخال قاتارلىق نەرسىلەرنى باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئۆزىدىن ياكى باشقا نەرسىلەردىن ياسىلىدىغان باغ: ئۇلار بىر تەرەپتىن باغلىق ئېشىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى باغلاپ باراتتى. ② سۈپ. باغلاقلىق: يۇسۇپ ئاكا خەۋەر ئالغىنى ھالىمدىن، قولۇم باغلىق زۇلۇم بىرلە ئۆلۈرمەن. قۇتۇلمىدىم باغرى قاتتىق زالىمدىن، قولۇم باغلىق، زۇلۇم بىرلە ئۆلۈرمەن. ③ سۈپ. مۇناسىۋەتلىك، چېتىشلىق، ئالاقىدار: بۇ ئىش ھەرقايسىلىرىغا باغلىق. * پويىزنىڭ تېز مېڭىشى ئۇنىڭ بوقىسىغا باغلىق. * كېيىنكى ئەۋلاد يۇقىرالىرنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق.

**باغلىماق** پ ① باغ، تۈگۈن سېلىپ ئۇلىماق؛ بىرىكتۈرۈپ تۈگمەك؛ چەگمەك: بەتنىكنىڭ بوغقۇچىنى باغلىماق. * بۇ سوغۇقتا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ قارىڭا، بەتنىكىڭىزنىڭ يېپىنمۇ باغلىماپسىز. ② توپلاپ، دەستىلەپ بېلىدىن چىگمەك؛ باغلىق سېلىپ تاڭماق: بېدە باغلىماق. * شۇ پەيتتە مەتنىيازمۇ تۆت باغ قىچىنى ئارغامچىدا باغلاپ، يېقىن ئاردىكى خامانغا كۆتۈرۈپ كېتىپ باراتتى. ③ ئارغامچا، بوغقۇچ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن بىرەر نەرسىنى قىمىرلىيالمايدىغان قىلىپ تاڭماق؛ چىرمىماق، چۈشىمەك: تىلسىز ئادەمنى باغلىغىچە ئىزا تارتساڭچۇ! مانا مەندەك ئادەمنى باغلاڭلار. * ئاتامنىڭ يۇرتىغا بېرىشىم بىلەنلا شەھەر دەرۋازىسىدا بىرقانچە كىشىلەر مېنى ئورنىۋېلىپ قوللىرىمنى ئارقامغا قىلىپ باغلىدى. ④ ئارغامچا، بوغقۇچ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن بىرەر نەرسىگە چېتىپ قاچالمايدىغان قىلىپ قويماق: بويىنىدىن باغلىغان ئىت ئۇۋغا يارىماس (ماقال). * ئات ئورنىغا ئېشەك باغلىما (ماقال). * ئاتنىڭ يېنىغىلا باغلاپ قويۇلغان قارا ئىت بىزنى كۆرۈپلا قاۋاشقا باشلىدى. ⑤ ئورناتماق، تۇرغۇزماق، تىكلىمەك: مۇھەببەت باغلىماق. * ئامانۇللا بولسا مۇشۇ مەھەللىدىكى بىر داڭلىق تۆمۈرچىدىن ھۈنەر ئۆگەنگەچ، ئانارگۈل بىلەن مۇھەببەت باغلىغانىدى. * مېھنىتىمدىن گۈل ئېچىلدى كان، ئېتىز، ليەندۈي ئارا، باغلىدى شاگىرتىنىرىم چوڭقۇر ئىشەنچ ـ ھۆرمەت ماڭا. ⑥ مۇناسىۋەتلەشتۈرمەك، يېقىنلاشتۇرماق، چېتىشتۇرماق: بۇ مەسىلىگە پەقەت ئىلمىي جاۋاب بېرىش كېرەك؛ بولمىسا سەن «خەلق ۋە

دۆلەت» دېگەن بۇ ئىككى سۆزنى بىر ـ بىرىگە نەچچە ملك قېتىم باغلىساقمۇ، ئۇنىڭ بۇ مەسەلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا قىلچە ياردىمى بولمايدۇ. * قارىماققا كىچىك ئىشلار، ئەمما بىر ـ بىرىدىن سۈرۈشتۈرسە، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە ئەكىلىپ باغلىسا 3 ـ دادۇيدە ئەكبەرگە قارشى بىر يوشۇرۇن ئەرىكەتنىڭ بارلىقى ئېنىق. ⑦ **قونماق، قاپلىماق:** شىرنە باغلىماق. * ئۇنىڭ ياشلىقىنىڭ ئەمىنى نۇرغۇن تېتىغان لەۋلىرى ئەمدى تەشنالىقتىن قۇرۇپ گەز باغلىغان. ⑧ **ياسىماق:** ـــ مېھمان، ئۇسسۇلۇق ئىچۋالسىلا، ـــ دېدى رەۋشخان رابىيىخاننى گۈللۈك ئاتكىرىتكىلار چاپلانغان تامغا يۆلەپ قويۇلغان ئۈچ كىشىلىك ئۇزۇن سافاغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ـــ ھېرىپ چىققانلا، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇرسىلا ياكى سۇپا باغلىغان ئۆيگە چىقايلىمۇ؟ ⑨ **ئەسىر قىلماق، مەپتۇن قىلماق، ئۆزىگە قارىتىۋالماق:** ـــ چىرايلىق يۈزۈڭ بىلەن مېنى ئۆزەڭگە باغلىدىڭ. ئەمدى بىرئاز ئۇيناپ بەرگىن! ـــ دەپتۇ بىر قىز. * ماۋجۇشىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە چىڭ باغلىغانىدى. ⑩ **ئەتمەك، ياپماق، توسماق، تاڭماق:** جاللات كېلىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى باغلاپتۇ. * تۈن پەردىسى يەر يۈزىنى قاپلىغانىدى، قاراڭغۇلۇق جىمى كۆزنى باغلىغانىدى. ⑪ <دېھ> **توسماق، تۇتماق، باشلىماق:** سۇ باغلىماق. * ئۇ قالدۇرۇق يېرىگە تېرىغان بۇغدىيىنى سۇغىرىۋېلىش ئۈچۈن كېچىدە بېرىپ چوڭ ئېرىقتىكى سۇنى ئېتىزىغا باغلىۋالدى.

**باغلىنىش** ① «باغلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى ② ئى. كۆچمە. **ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت؛ ئالاقە:** ئەگەر بۇ خۇنپەرلەر بىلەن ھېچبىر باغلىنىشىم بولمىسا، ئۇلار مېنى نېمە قىلالايتتى. ③ ئى <پەلس> **شەيئىنىڭ ئىچكى زىددىيەت تەرەپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ياكى شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا بېقىنىش، تەقەززا قىلىش ۋە بىر ـ بىرىگە ئايلىنىش مۇناسىۋىتى:** كۆز كۆزىتىش ئەزاسى بولۇپ، دۇنيانى بىلىشنىڭ دېرىزىسى ھېسابلىنىدۇ. قول بولسا ئىشلەش ئەزاسى بولۇپ، دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ قورالىدۇر. بۇ ئىككىسى گەرچە ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئارىسىدا باغلىنىش بار.

**باغلىنىشلىق** ① سۈپ. باغلىنىشى بار، **ئالاقىسى بار، چېتىشلىقى بار؛ مۇناسىۋەتلىك؛ ئالاقىدار:** بىر ـ بىرىگە زىت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇلار مۇئەييەن شارائىتتا بىر پۈتۈنلۈكتە بىللە تۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى مۇئەييەن شارائىتتا بىر ـ بىرىگە ئايلىنىدۇ. بۇ ـ زىددىيەتنىڭ ئوخشاشلىقىنىڭ تولۇق مەنىسى. ② ئى <بىئول> **ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ تەك باراۋەر تورۇندا بولمىغان گېننىڭ ئىرسىيەتتىكى بىرىكىپ كەتكەن چاستوتىسى.**

**باغلىنىشلىق دولقۇن** <فىز> **ئۈستى ـ ئۈستىگە قاتلانغاندىن كېيىن روشەن ئىنتېرفېرېنسىيە ھادىسىسى پەيدا قىلالايدىغان دولقۇنلار.**

**باغلىنىشلىق سەزگۈ** <پسىخول> **بىر خىل سەزگۈ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر خىل تۇيغۇنىڭ پەيدا بولۇشىدەك پسىخىكىلىق ھادىسە.**

**باغمۇباغ** باغ ۋە باغ، باغدىن باغقا: باغمۇ باغ يۈرۈپ سەيلە قىلماق.

**باغۇ بوستان** باغ ۋە بوستان.

**باغ-ۋاران** **باغ ۋە باغ ئەتراپىدىكى دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ ئۆستۈرۈلگەن جاي:** ئەزالارنىڭ شەخسىي يەر، باغ-ۋاران، كۆللىرىگىمۇ ئەسلا سۇ يوق. * ھازىر ياغاچ-تاش سېتىۋېلىپ، تۇغقانلارنىڭ ياردىمى بىلەن قورۇ-جاي، باغ-ۋاران سېلىۋالدۇق.

**باغ - ۋارانلاشماق** پ. **باغ-ۋارانلىقا ئايلانماق:** ـــ تەكلىماكان قىرغىقى باغ-ۋارانلاشقاندا مېنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار، ـــ دېدى بوۋاي ملك تەسلىكتە.

**باغ-ۋارانلىق** باغ-ۋارانى بار، باغ-ۋارانغا ئىگە: شۇ ئىككىسى شۇ يۇرگىنىچە باغ-ۋارانلىق بىر يەرگە يېتىپ كېلىپتۇ. * چىرايلىق باغ-ۋارانلىق هويلىلار ئالدىدىن ئۆتكەننى تۇيماي قېلىپتىمەن.

**باغۋەن** ئى [پ] باغنى پەرۋىش قىلغۇچى كىشى: سېنىڭدەك بىر ياخشى گۈل، باغدا ياتامدۇ، سورايمۇ مەن باغۋەنلەردىن پۇلغا ساتامدۇ؟

**باغۋەنچىلىك** ئى ← **باغۋەنلىك**: — مۇدىر ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ باشلىقى مەتسىيت ئاخۇنغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سورىدى، — مېۋىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

**باغۋەنلىك** «باغۋەن» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: تۆت ئۆچكىسى بار ئادەمگە باغۋەنلىكنىڭ نېمە كېرىكى، تۆت ئوغلى بار ئادەمگە ياخشى ئاتنىڭ نېمە كېرىكى (ماقال). * — ئەي زامانىمىزنىڭ شاهى! — دەپتۇ كېمىنىڭ دورغىسى، — ئۇنى ئاتەشپەرەسلەر يۇرتىدا قالدۇرۇپ كەلدۇق. ئۇ، ئۇ يەردە بىر باغدا باغۋەنلىك قىلاتتى.

**باغىبان** ئى [پ] يېزت ← **باغۋەن**: زۇلۇمنىڭ چاھىدىن تارتىپ چىقارغان غەمگۇزارىمسەن، يۈرەك تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتا گۈل ئۇزارىمسەن، بېغىمنى گۈللىتىپ ئازادە قىلغان باغىبانىمسەن.

**باغىر** (باغرى) ئى ① **جىگەر، بېغىر**: ئۇ ئىككىسى سەككىز كۈندىن بۇيان بىر-بىرىگە قاش ئېتىشىپ يۈردۇ، مۇمكىن بولسا باغرىنى يېرىپ كۆرسەتكۈسى بار ئۇلارنىڭ. ② **كۆكرەك، كۆكس، تۆش**: باغرىغا باسماق. * سۇپۇرگە ئاكا، بولۇپمۇ ئېلىقۇل مۆمىن، ياۋاش ئىنىسىنىڭ تەۋەررۇكى بولۇپ قالغان كىچىككىنە كەنجىتايغا بەك ئامراق ئىدى. ئۇنى كېچىسى باغرىغا بېسىپ، كۈندۈزى قوينىغا سېلىپ يۈرۈپ، ئاخىر بەش ياشقا كىرگۈزدى. ③ كۆچمە. **كۆڭۈل، دىل، نىيەت، يۈرەك، قەلب**: يۇقىرى يارنىڭ ئۆيى، ئاندىن تۆۋەن دوستىنىڭ ئۆيى، ئوتى باغرىمدا كۆيىدۇ، ئۇستىخىنىمدا چوغى. * بېگىم ئۆز باغرىنى بىزگە ئاتىدى. ④ كۆچمە. **تۇغقان، قېرىنداش**: ئېلىقۇل ئۆز باغرىم ئەمەسمۇ، مۇشۇ ئۆيدە تۇردۇم، قېرىنداشلار خەۋەر ئېلىشتى، كەتمە دېيىشتى. * ئۆز باغرىڭىزغۇ؟! بىر قېتىملىققا كەچۈرۈۋېتىڭ...! ⑤ **ئېتەك، قاپتال، يان**: بۇ يىلمۇ مۇزتاغ باغرىغا باهار كەلدى.

**باغرى تاش** باغرى قاتتىق؛ شەپقەتسىز، رەھىمسىز، مېھىر-مۇھەببەتتى كەم: بۇ باغرى تاشلار سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭغا قارىمىدى. ھەي گۈلەمخان، باغرىلىرى تاشمۇ؟ نېمە مۇشەققەتلەر بىلەن چوڭ قىلىمدۇق بۇ بالىلارنى. * ئۈستەك بويى سۇزۇك تاش، ماڭغانلارنىڭ كۆزى ياش. بۇ پەرمانىنى چىقارغان، نىكولاي زالىم باغرى تاش.

**باغرى تاشلىق** شەپقەتسىزلىك، رەھىمسىزلىك؛ مېھىر-مۇھەببەتتى كەملىك: بۇ دەھشەتلىك سۆزنى نېمدېگەن ئاسان، نېمدېگەن باغرى تاشلىق بىلەن ئېيتتى ئۇ! مېنىڭ دەۋاتقىنىم ئويۇننىڭ شۇ قىسمىدا باغرى تاشلىق چىرمىشىپ يېتىپتۇ.

**باغرى تاشلىق قىلماق** رەھىمسىزلىك قىلماق، شەپقەتسىزلىك قىلماق: — سىزمۇ ئۆمرىڭىزدە بىرەر باغرى تاشلىق قىلغانمىدىڭىز؟ — ھە... بىر قېتىم، كۆپ ۋاقىتلار بۇرۇن، يامان باغرى تاشلىق قىلغانىدىم.

**باغرى چىدىماق** كۆڭلى چىدىماق: دېيىشكە ئەلۋىدا سىزنى چىدامدۇ باغرىمىز بىزنىڭ، يېقىملىق كۈيىڭىز بىرلە ياشايدۇ روھىمىز سىزنىڭ.

**باغرى خۇن** ← **باغرى قان**: ئېلىيوۋغا يىگىتنىڭ باغرى خۇن، جىگىرى كاۋاپتەك بىلىندى.

**باغرى خۇن بولماق** ← **باغرى قان بولماق**: ئوغلىنىڭ قىلغان ئىشىدىن سارىخان ئانىنىڭ باغرى خۇن بولۇشقا باشلىدى.

**باغرى سۇنۇق** مۇسىبەت ۋە ئېغىر ئوڭۇشسىزلىق سەۋەبىدىن كۆڭلى يارىلانغان، **خۇشال ئەمەس**: بۇ كىشى يۇرتىمىزغا مۇساپىر-دۇر، مۇساپىر دېگەننىڭ باغرى سۇنۇق، ئۆزى

غىرىبدۇر.

**باغرىغا باسماق** قوينىغان ئالماق، قۇچاقلىماق: ئاتا ـ ئانىسى: — ۋاي جېنىم بالام، بارمۇسەن؟ نەلەردە يۈرسەن؟ ئاكاڭلار سېنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ كەلگەندى، دەردىڭدە يىغلاپ يۈرۈپ كۆز نۇرىمىزدىن ئايرىلدۇق بالام، — دەپ يىغلاپ بالىسىنى باغرىغا بېسىپتۇ. * ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاغزىدىن «ئالىمجان سىنىپىمىزدىكى ئۆلگىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى» دېگەن ماختاشلارنى ئاڭلىغاندا، باشقا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئالدىدا پەخىرلىنىپ بېشىدىن سىلىغانىدى: «داشۆدە ئوقۇپ ئىنژېنىر بولىمەن» دەپ ئېيتقاندا، «مەقسەتىڭگە يەت ئوغلۇم»، دەپ باغرىغا باسقانىدى.

**باغرى قاتتىق** ← **باغرى تاش**: — قاراڭلار ئاۋۇ تازىمۇ باغرى قاتتىق بوۋاي ئىكەن. شۇ ساقلى بىلەن ئۆزى ئېشەككە مىنىۋېلىپ، كىچىككىنە بالىنى پىيادە ماڭدۇرۇپتۇ، — دەپ غودۇڭشىپتۇ يولنىڭ بويىدا ئولتۇرغان بىرنەچچە كىشى.

**باغرى قاتتىقلىق** ← **باغرى تاشلىق**: — نېمانداق باغرى قاتتىقلىق قىلىدىغانسىز كىچىككىنە بالىغا، — دېدى ئايشەمخان يولدىشىغا.

**باغرى قارا قان** ← **باغرى قان**: ئەرزىمنى ئىشتىگىل ئەمرزادىلار، باغرى قارا قان بولغان مەن ئەمەسمۇ، ئۆز تىغىمدىن كەتكەن شېھىتزادىلار، ئىزدىگىنىڭ شاھى جاھان مەن ئەمەسمۇ.

**باغرى قان** غەم ـ قايغۇسى چەكسىز ئېغىر، دەردى تولا، ئېغىر بەختسىزلىككە ئۇچرىغان، بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن: ئېلىيوۋغا يىگىتنىڭ باغرى قان، جىگىرى كاۋاپ ئىكەنلىكى بىلىندى.

**باغرى قان بولماق** ئېغىر بەختسىزلىككە ئۇچرىماق، بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشمەك، ئېغىر دەرد تارتماق: باغرى قان بولغان كىشى.

**باغرى قانىماق** ← **كۆڭلى قانىماق**: ئەمدى مەن باغرىم قانغۇچە زۇرنال كۆرەلەيدىغان بولۇپتىمەن.

**باغرى كاۋاپ** بىرەر نەرسىنىڭ دەردىدە، ئىشقىدا، ئارزۇسىدا كۆيگەن، ئۆرتەنگەن: قولۇڭ ئۇزات، قوينۇڭغا تارت باغرى كاۋاپنى، تەشنا يۈرەك سەندىن كۈتەر شېرىن جاۋابنى...

**باغرى كاۋاپ بولماق** بىرەر نەرسىنىڭ دەردىدە، ئىشقىدا، ئارزۇسىدا كۆيمەك، ئۆرتەنمەك: كۈنلەر كۈتۈپتۇ، يىگىت مەلىكىنى كېچە ـ كۈندۈز ئويلاپتۇ، باغرى كاۋاپ بولۇپتۇ. ئاغزىدىن چىققىنى نەپەس ئەمەس، بەلكى كۆيۈۋاتقان يۈرىكىدىن چىققان ئىس بولۇپتۇ. * ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم، مېنىڭ ھالىم خاراب بولدى، سېنىڭ ئىشقىڭدا، دەردىڭدە كۆيۈپ باغرىم كاۋاپ بولدى.

**باغرى كەڭ** ① قۇچىقى، ئېتىكى كەڭ: مېھرىڭ شۇنچە ئىسسىق ھەم باغرىڭ شۇنچە كەڭ، ئەي ماكا جان بەرگەن ئانىجان ۋەتەن. ② كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، سېخىي، مەرد: ھەممىگە مەرھەمەتلىك كەڭ ۋە قولى ئوچۇق: قىل ئەزىز ئۆمرۈڭگە مەردلىكنى بايراق، ئادەملەر ئەزەلدىن مەردلەرگە ئامراق، تارىختا ئۇنتۇلماس مەردلەر قىسسىسى، مەردلەرنىڭ باغرى كەڭ پايانسىز يايلاق.

**باغرىنى ئەزمەك** ① كۆڭلىگە، قەلبىگە قاتتىق تەسىر قىلماق؛ ئېرىتمەك: قوينى ھەيدەپ ئىككىسى، ساھىللارنى كېزىپتۇ. يىگىت نەيدە تۆككەن مۇڭ، قىز باغرىنى ئېزىپتۇ. ② كۆڭلىنى قاتتىق ئازابلىماق، يۈرىكىنى ئەزمەك: ئەگەر ماڭا چىن دوست بولىدىغان بولساڭ، مۇنداق گەپلەر بىلەن باغرىمنى ئەزمە.

**باغرىنى تىلماق** قاتتىق ئازاب ۋە دەردكە سالماق: ھەتتا توغۇلغان كىچىك بوۋاقمۇ، يىغلاپ سالاتتى ئېچىپ كۆزىنى، ئانىلارنىڭمۇ باغرىنى تىلىپ، سارغايتقانىدى گۈدەك يۈزىنى.

**باغرىنى چاك ئەتمەك** ← **باغرىنى تىلماق**: غۇنچە لەۋ ئاچتى كۈلۈپ مېھرى بىلەن باققاچ ھاۋا، قىلدى باغرىنى چاك ئېتىپ گۈل بەرگەندە بۇلبۇل ناۋا.

**باغرى ئىسسىق** مېھرىبان، غەمخور، خۇش چىراي: «بۇلاقبېشى» ئەي گۈزەل ماكان، باغرى ئىسسىق، ئۇلۇغ ئانىجان. ساغلام ئۆسۈپ يېتىلگەن سەندە، نىزاردەك ئۇستاز — غەزەلخان.

www.uyghurkitap.com

**باغرى يارا** ئۇتۇقسىزلىق ۋە زەربىدىن كۆڭلى رەنجىگەن، كۆڭلى ئاغرىغان، كۆڭ- لىدە دەردى بار: مېھرىلىك سۆيىدى-دە، تۆكتى ئۇنىچە ياش، باش قويۇپ شۇ يار باغرىمغا مېنىڭ.

**باغرى يۇمشاق ← كۆڭلى يۇمشاق:** ئۇ دادىسىنىڭ ئىرادىسىنى قانداق بويسۇندۇرالى- سۇن! پەقەت شۇ مېھرىبان باغرى يۇمشاق ئانىغا ئۆز ھالىنى ئېيتىش كېرەك-تە!

**باغرى يۇمشاقلىق ← كۆڭلى يۇمشاقلىق:** تولمۇ باغرى يۇمشاقلىق قىلىپ كەتسىمۇ جان توشمىغۇدەك بۇ جاھاندا»، دەپ ئويلىدى ھاشىمجان باياتىن بولغان ۋەقەنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.

**باغىرتاق** ئى. تارس. ئاياللارنىڭ كۆكسىنى ئاسراش، كۆتۈرۈش ۋە يوشۇرۇش ئۈچۈن كۆكسىگە تاقايدىغان بۇيۇم.

**باغىرلاتماق** «باغىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ- رىي دەرىجىسى: تاڭ ئاتقاندا تۇرسۇن ئاكام بۇغدايلىققا چىقىپ قارىسا، كېچىچە يامغۇر ئارىلاش چىققان قاتتىق بوران دان تۇتۇۋاتقان بولۇق بۇغدايلارنى يەر باغىرلىتىپ ياتقۇزۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مول ھوسۇلدىن ئۈمىدسىزلەندى.

**باغىرلاشماق** «باغىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تاغ باغىرلىشىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ ئېلىشانىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، ئېلىشا راۋابىنى قورام تاشقا يۆلەپ قويۇپ تەمكىن ئولتۇرۇپ «زېرەك دېھقان» توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەشكە باشلىغانىدى.

**باغىرلىغۇچى** سۈپەتد. گەۋدىسى ياكى باغرىنى يەرگە يېپىشتۇرۇپ ماڭىدىغان؛ غولى يەرگە يېپىشىپ ئۆسىدىغان: يەر باغىرلىغۇچى ھايۋانلار. باغىرلىغۇچى ئۆسۈملۈكلەر.

**باغىرلىغۇچى ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> يۆگىمەچ غولى ياكى ياماشقۇچى غولى بولغان ئۆسۈملۈكلەر.

**باغىرلىماق** پ ① باغرىنى، گەۋدىسىنى يەرگە يېقىپ ياتماق: يەر باغىرلاپ ئىلگىرى- لىمەك. * قولى قاتتىق يارىلانغان پىلىموتچىك ياقۇبنى بىر جەڭچى يەر باغىرلاپ ئېلىپ قايتتى. * ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قارىغا ئېتىش مەشقى، دۈشمەنگە ئىتتىك ئۇرۇش مەشقى، يەر باغىرلاپ يۈرۈش مەشقى، گرانات ئېتىش مەشقى ئۆتكۈز- مەكتە. ② گەۋدىسىنى يېقىن قىلىپ ياكى ياندىشىپ يۈرمەك؛ ياقىلاپ، قاپتاللاپ، بويلاپ ماڭماق: قارلىغاچ يەر باغىرلاپ ئۇچۇ- ۋاتىدۇ. * شانىياز تام باغىرلاپ، قوناقلىقلارنىڭ ئىچى بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى. * تۆمۈر بوۋا قوتاندىن ئايرىلىپ، تاغ باغىرلاپ يولغا چۈشتى.

**باقار** ① «باقماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل سۈپەتدىشى. ② ئىسىم بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ «باققۇچى، قارىغۇچى» دېگەن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: ئات باقار. ئىشەك باقار. * ئۇنىڭ 20 يىلغا يېقىن ئۆمرى مەخسۇت بەگنىڭ ئاتخانى- سىدا ئات باقار، ئات يېتىلىگۈچى بولۇپ رىيازەت چېكىش بىلەن ئۆتتى.

**باقالى** ئى [پ] ئۇن، قوي يېغى، سۈت، شېكەر، ھەسەل، ياڭاق، ئۈزۈم، تۇخۇم، سودا، قەھۋە قاتارلىقلارنى سېلىپ خېمىرنى سۇيۇق قىلىپ يۇغۇرۇپ، دوخوپكىدا پىشۇ- رۇلىدىغان بىر خىل يېمەكلىك.

**باقان ← باقاندەك.**

**باقاندەك** سۈپ. راۋۇرۇس، كېرەككە كېلىد- دىغان؛ قابىل: توختى ئاخۇن ئاكامنىڭ باقاندەك تۆت ئوغلى بار. ئۇلار ھەر جەھەتتىن يېتىشىپ كەتتى.

**باقاۋۇل** ئى.تارس. پادىشاھ، خان سارايى- لىرىدا پادىشاھ ۋە خانلارغا تاماق تەييارلاشقا مەسئۇل مەنسەپدار: پادىشاھ ھېلىقى مەخلۇقنى جاڭگالغا مېھماندارلىقتا تەكلىپ قىلىشقا باقاۋۇل- لارنى بۇيرۇپتۇ.

**باقتۇرغۇزماق** «باقماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مۇشۇ يەرگە چوڭ بىر باغ بىنا قىلدۇرۇپ دۇنيادىكى بارلىق قۇشلارنى

www.uyghurkitap.com

شۇ باغقا يىغدۇرۇپ باقتۇرغۇزسىلا بولمامدۇ؟ ـــ دېدى مەلىكە شاھزادىغا.

**باقتۇرماق** «باقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇجىلىقنى يەنە ئۆزەڭ ئۆتەۋاتىسەن، مەن نېمە ئۈچۈن قويۇمنى باشقىلارغا باقتۇرىدىكەنمەن؟

**باققال** ئى [ئە] قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋە بىلەن تىجارەت قىلغۇچى: ئۇ بىر ئىش بىلەن كوچىغا چىقىپ، ھېلىقى ساقچىنىڭ قاسىم باققال بىلەن كاۋاپخانىدا هاراق ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

**باققالچىلىق** (توغرىسى: باققاللىق) ⟵ **باققاللىق.**

**باققاللىق** ئى. قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋە بىلەن تىجارەت قىلىش كەسپى: بۇ چاغلاردا ئۇ 28 ـ 29 ياشلارغا بېرىپ قالغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن يەر تېرىدى، يەنە بىر تەرەپتىن باققاللىق قىلدى. دەرۋەقە هال-كۈنى بىرئاز ياخشىلاندى.

**باقما** سۈپ. مەخسۇس بېقىش، ئۆستۈرۈش يولى بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن، بېقىلغان.

**باقماق** پ. ① نەزەر تاشلىماق، نەزەر سالماق، قارىماق: كۆككە باقما، كۆپكە باق (ماقال). * ئەركىن چەكسىز ئىپتىخار ئىچىدە بۇ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىنىڭ مەنزىرىسىگە ھەۋەس بىلەن باقتى. * قىزىل گۈللەر ئىچىدە غۇنچىسىنى ساقلىدۇق، شۇنچە خەقلەر كېلىشۈدى ھېچ كىشىگە باقمىدۇق. ② قاراشلىق بولماق؛ ئاغزىغا قارىماق: بايغا باققان قۇل بولار، كەمبەغەلگە باققان گۈل بولار (ماقال). * باي بايغا باقار، سۇ سايغا ئاقار (ماقال). ③ كۆزەتمەك، قاراپ تۇرماق، ساقلىماق، مۇھاپىزەت قىلماق: ئۇنى ئىككى پايلاقچى بېقىپ تۇرۇپتۇ. * ئۇ ھەر كۈنى كېچىدە خامان باقاتتى. بۈگۈن قانداقتۇر ساقسىز بولۇپ قېلىپ خامان بېقىش ۋەزىپىسىنى قاسىمغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. * ـــ قوغۇن بېقىۋاتقان كىم؟ ـــ دەپ تولدى ئۇ يىراقتىن. ④ تەربىيىلىمەك، پەرۋىش قىلماق، ھالىدىن خەۋەر ئالماق: بالا باقماق. كېسەل باقماق. * بىز ئۇنى 13 يىل يېمەي يېدۈرۈپ، كىيمەي كىيدۈرۈپ باقتۇق. * يۇرتقا بارغاندىن كېيىن ئاچام بىلەن ئىككىمىز ئانامنىڭ كېسەللىكنى باققاچ، سىزنىڭ توغرىڭىزدا سۆزلەپ بەردىم. ⑤ ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ئۆي قۇشلىرىنى پەرۋىش قىلماق، ئاسرىماق، ئوتلاتماق: پادا باقماق، توخۇ باقماق. * ياش چاغلىرىدا يېتىم قالغان سادىق ئانا-ئانىسىنىڭ قەرزى ئۈچۈن خىزىرنىڭ قويىنى بېقىشقا باشلاپتۇ. * ئالتاي باقتىم قويىڭنى، بىر كۆرمىدىم بويۇڭنى. كۆرسەتمىسەڭ كۆرسەتمە بۆرە يېسۇن قويۇڭنى. ⑥ ئاختۇرماق، ئىزدىمەك: يانچۇقىنى باقماق. * ئاپا، ئاشخانىنى بېقىپ پىچاقنى تاپالمىدىم، نەدە قويغانتىڭ. ⑦ تېپىپ ئۆلتۈرمەك: پىت باقماق، باش باقماق. * ـــ ئۇنىڭ بېشىنى بېقىپ قويساڭ بولمامدۇ، پىت بولۇپ قالغانغا ئوخشايدۇ، ـــ دېدى قاسىم ئايالىغا. ⑧ كۆچمە. يېمەك، ئىچمەك: ئاشقا باقماق. * قېنى يولداشلار، نانغا بېقىڭلار، چايدىن ئىلىڭلار. ... * ـــ خوش قېنى، ـــ غۇلام قوشۇقنى چۆپكە پاتۇرۇۋېتىپ، بېشى بىلەن شوپۇرغا ئىشارەت قىلدى، ـــ بېقىڭە، ئۇستام. ⑨ مۇۋاپىقلاشقان، ماسلاشقان ھالدا ئىش تۇتماق: زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق (ماقال). * ئەتىگەن تۇرۇپ قوشناڭغا باق (ماقال). * ئاپتاپنىڭ چىقىشىغا باق، سۈنىڭ ئېقىشىغا (ماقال). * ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا بېقىپ تەرەققىي قىلىدۇ. * ـــ دادا، مەن ساڭا يەنە بىر ئېيتاي، ـــ دېدى سابىر جاراڭلىق ئاۋازدا، ـــ ئەمدى بۇ يېڭى دەۋر، ھەممە ئىش يېڭىچە بولىدىغان زامان! سەنمۇ ئەمدى زامانغا باق! ⑩ رەۋىشداشلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ تۈس مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. 1) ئىش-ھەرىكەتنى بېجىرىشكە ئۇرۇنۇشنى بىلدۈرىدۇ: مەن ھېچقاچان يالغان سۆزلەپ باقمىغان. * بىز ئەمدى يەنە ئېنگېلىسنىڭ بايانلىرىنى كۆرۈپ باقايلى. 2) ئىش-ھەرىكەتنى سىناپ كۆرۈش، بېجىرىش، قىلىپ بېقىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: يەپ باقماق. تېتىپ باقماق.

* شۇنداق بولسىمۇ سوراپ بېقىش كېرەكمىكىن.

**باقمىچى** ئى. چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، كۆپەيتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**باقمىچىلىق** ئى. چارۋا ۋە سۇ مەھسۇلات-لىرىنى بېقىش ھەم كۆپەيتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئېشىپ قالغان بىر قىسىم ئەمگەك كۈچلىرى مۇلازىمەت خىزمىتى، سودا، باقمىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى.

**باقلە** ئى<بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى چاسا شەكىلدە، ئىچى كاۋاك؛ گۈلى ئاق، يۇزىدە سۆسۈن رەڭلىك دېغى بار؛ قاسىراقلىق مېۋە تۇتىدۇ؛ ئۇرۇ-قىنى يېگىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈم-لۈكنىڭ مېۋىسى ياكى ئۇرۇقى.

**باقىمەندە** سۈپ [ئە+پ] مەڭگۈلۈك، ئەبە-دىيلىك، دائىمىيلىق: بۇ دۇنيا ھېچكىمگە باقىمەندە ئەمەس.

**باقىمەندىلىك** «باقىمەندە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كونا كادىرلار بىلەن يېڭى كادىرلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى تەبىئىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن، ئەلۋەتتە ئىسىملىقتا ئىگە، باقىمەندىلىك تۈزۈم ئىلمىي قانۇنىيەتكە خىلاپ.

**باقىي** [ئە] ① سۈپ. دائىمىي، ئەبەدىي، مەڭگۈ، مەڭگۈلۈك، ئۆلمەس: باقىي ئالەم. * مەن ساڭا باقىي ئەمەس، كىمنىڭ قولىدا بولسام، شۇنىڭغا ئىشلەيمەن. * ئەگەر ياسىن خوجا خەت يازمىغان بولسا، ئۇكا، ئېھتىمال ئىككىمىزنىڭ دىدار كۆرۈشۈشى ئۇ دۇنياغا باقىي بولۇپ قالاتتىمىكىن! ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**باقىي ئالەم** ←— **باقىي دۇنيا**: — ئامبارنى ئاچامسەن، يوق؟! ئاچمىساڭ ئامبىرىڭ ئۆزەڭگە يەرلىك بولىدۇ، يەردىكى مانا شۇ تۈكۈرۈكۈم سىڭگىچە جاۋاب بەرمىسەڭ، ئۆزەڭنى باقىي ئالەمدە كۆر!

**باقىي دۇنيا** ئۇ ئالەم، قىيامەت، ئاخىرەت: ئەگەر بۇ ئالما بولمىغان بولسا، قىز باقىي دۇنياغا كېتەتتى. * سۇلايمان توپپىشىنىڭ باقىي دۇنياغا راۋان بولۇشى تەقدىرىي ئاللانىڭ ئىلىم ھېكمىتى.

**باك** ئى [ر<فران] سۇ ۋە ماي قاتارلىق سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان مېتال ياكى يالترۇاق تۇڭ: باكتىكى سۇپسۇزۇك ماي تەۋرىنىپ چايقىلاتتى.

**باكالاۋر** ئى [ر] بەزى دۆلەتلەردە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلى-دىغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان.

**باكتېرىئوفاگ** ئى [ر] <بىئول> مىكرو ئورگانىزملارنىڭ بىر خىلى، شەكلى قۇمچاققا ئوخشايدۇ، باكتېرىيەلەرنى ئېرىتەلەيدۇ. ئۇ قۇيرۇق قىسمى بىلەن باكتېرىيە تېنىگە بۆسۈپ كىرىپ، كۆپ مىقداردا كۆپىيىش ئارقىلىق باكتېرىيىنى ئېرىتىۋېتىدۇ. مەلۇم بىر خىلدىكى باكتېرىئوفاگ پەقەت ئۆزىگە ماس كېلىدىغان باكتېرىيىگىلا قارىتا رول ئوينىيالايدۇ.

**باكتېرىئوفاگ دېغى** <بىئول> تەركىبىدە باكتېرىيە بولغان قاتتىق ئۆستۈرگۈچ ئوزۇقتا باكتېرىئوفاگ باكتېرىيە ھۈجەيرىلىرىنى پارچىلىغاندىن پەيدا قىلغان سۈزۈك داغ؛ شەكلى كۆپ خىل بولىدۇ، بەزىلىرى گەردىش شەكىلدە كېلىدۇ، بەزىلىرى كۆپ قەۋەتلىك مەركەز داش چەمبەرگە ئوخشايدۇ، يەنە بەزىلىرى سەل يۇمىلاق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىمۇ ئوخشاشمايدۇ.

**باكتېرىئولوگ** ئى [ر] <بىئول> ←— **باكتېرىيىشۇناس**.

**باكتېرىئولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <بىئول> ←— **باكتېرىيىشۇناسلىق**.

**باكتېرىيە** ئى [ر<گرېك] <بىئول> مىكرو

ئورگانىزملارنىڭ چوڭ بىر تۈرى، تېنى ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، پەقەت مىكروسكوپلار ئارقىلىقلا كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ شارسىمان، تاياقسىمان، بۇرمىسىمان، يايسىمان ۋە يىپسىمان قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللىرى بولىدۇ. ئادەتتە بۆلۈنۈش ئارقىلىق كۆپىيىدۇ. ئۇ تەبىئەتتە كەڭ تارقالغان بولۇپ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، بەزىلىرى ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، بەزىلىرى ئىنسانلار ۋە چارۋىلارنى كېسەل قىلىدۇ.

**باكتېرىيە ئانتىگېنى** <بىئول> باكتېرىيە تېنىنىڭ ئانتىگېنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ گرام مەنپىي تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ ئانتىگېنى بولۇپ، خىمىيىۋى تەركىبى مايلىق شېكەردىن ئىبارەت.

**باكتېرىيە بومبىسى** <ھەرب> تۈرلۈك كېسەللىك باكتېرىيىسىدىن كېلىپ چىققان زەھەرلىك ماددىلار ئارقىلىق ئادەم ۋە ھايۋانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان بىر خىل بومبا.

**باكتېرىيە توپلىمى** <بىئول> يەككە باكتېرىيە ياكى ئۇنىڭ سپورىسى قاتتىق ئۆستۈرگۈچ ئوزۇۋىتا كۆپىيىپ، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان دەرىجىدە شەكىللەنگەن باكتېرىيە كالونىيىسى.

**باكتېرىيە توشۇغۇچى** <تىب> ئۆز تېنىگە كېسەللىك باكتېرىيىسىنى يۇقتۇرۇۋالغان بولسىمۇ كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ياكى كېسەل بولۇپ ساقايغاندىن كېيىن كېسەللىك باكتېرىيىسى يوقالمىغان ۋە بۇ خىل كېسەللىك باكتېرىيىسىنى باشقىلارغا يۇقتۇرىدىغان ئادەم.

**باكتېرىيە خلوروفىلى** <بىئول> ئاز ساندىكى ئۆزلۈكىدىن ئوزۇقلىنىدىغان باكتېرىيىلەردىن تېپىلىدىغان، خلوروفىلغا ئوخشاپ كېتىدىغان خىمىيىۋى ماددا.

**باكتېرىيە قورااللىرى** <ھەرب> تۈرلۈك باكتېرىيە ۋە كېسەللىك باكتېرىيىسى پەيدا قىلىدىغان زەھەرلىك ماددىلار ئارقىلىق ئادەم ۋە ھايۋانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان قوراللار.

**باكتېرىيە ئوغۇتى** <بىئول> سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈلگەن ئازوتنى تۇراقلاشتۇرغۇچى باكتېرىيە، يىلتىز باكتېرىيىسى ۋە فوسفور باكتېرىيىلىرى ئارقىلىق ياسالغان باكتېرىيىلىك ياسالما، ئۇ تۇپراق تەركىبىگە كىرگەندىن كېيىن ھاۋادىكى ئازوتنى تۇراقلاشتۇرۇپ، زىرائەتلەر شۈمۈرەلەيدىغان ماددىلارنى ھاسىل قىلىدۇ ياكى تۇپراقتىكى فوسفور ۋە كالىيلىق ماددىلارنىمۇ زىرائەتلەر شۈمۈرەلەيدىغان ماددىغا ئايلاندۇرىدۇ.

**باكتېرىيە ئۇرۇشى** <ھەرب> باكتېرىيە قورااللىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق قىلىنىدىغان ئۇرۇش.

**باكتېرىيە ئېرىتكۈچ** <بىئول> باكتېرىيىلەرنى ئېرىتەلەيدىغان ماددىلار. بۇ خىل ماددىلار باكتېرىيە ھۈجەيرە پەردىسىنى تۈزگۈچى كۆپ قەنتلىك ماددىلارنى پارچىلاپ، باكتېرىيىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە ئۆلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كۆز يېشى، ماڭقا، شۆلگەي، ئاق قان دانىچىسى ۋە تۇخۇم ئېقى قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىدە باكتېرىيە ئېرىتكۈچ بولىدۇ.

**باكتېرىيىگە قارشى فاكتور** <بىئول> باكتېرىيىلەرنىڭ ئۆسۈشى ۋە بۆلۈنۈشىنى توسىدىغان بىرىكمە ياكى تەبىئىي ھالەتتىكى ماددىلار.

**باكتېرىيىگە قارشى قان زەردابى** <بىئول> كېسەللىك باكتېرىيىسىنى ھايۋانلار تېنىگە ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن ئېرىشكەن قان زەر-

www.uyghurkitap.com

دابى. بۇ خىل قان زەردابىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئادەملەردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە ئۇنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

**باكتېرىيىلەرنى چەكلەش رولى** <بىئول> مىكرو ئورگانىزملارنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيەلىك ۋە بىئولوگىيىلىك ئامىللىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆسۈش ۋە كۆپىيىشىنى چەكلەش رولى. بۇ ئامىللار يوقالغاندىن كېيىن مىكرو ئورگانىزملار ئۆزىنىڭ نورمال ھاياتىي پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ.

**باكتېرىيىشۇناس** ئى [ر<گرېك+پ] <بىئول> باكتېرىئولوگىيە ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، باكتېرىئولوگىيە مۇتەخەسسىسى، باكتېرىئولوگ.

**باكتېرىيىشۇناسلىق** ئى <بىئول> باكتېرىيەلەرنىڭ ھالىتى، تۈزۈلۈشى، تۈرى ۋە ھاياتىي پائالىيەت قانۇنىيىتىنى؛ باكتېرىيەلەرنىڭ سانائەتتىكى ئىچىتىش ھەم ئىنسان ۋە جانلىقلاردا بولىدىغان كېسەللىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم؛ باكتېرىئولوگىيە.

**باكتېرىيىلىك** سۈپ. باكتېرىيىسى بار، باكتېرىيىگە ئىگە: باكتېرىيىلىك تولغاق.

**باكتېرىيىلىك تولغاق** <بىئول> بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل قوزغاتقۇچى تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسى. ئالامەتلىرى: قىزىش، قورساق ئاغرىش، قۇرۇق ئىنجىقلاش، ئىچى سۈرۈش، تەرەت ئىچىدە يىرىڭلىق قان ۋە شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئارىلاش كېلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**باكتېرىيىلىك يەم-خەشەك** <بىئول> چارۋىلار ئۈچۈن پايدىلىق مىكرو ئورگانىزملارنى ئىشلىتىپ ئىچىتىش ئارقىلىق تەييارلانغان بىر خىل ئوزۇقلۇق.

**باكتېرىن** ئى [ر] <بىئول> ← **ۋاكسىنا**.

**باكېلىت** ئى [ر] <خىم> فېنول بىلەن فورمالدېگىتنى سىنتېز قىلىش ئارقىلىق ياسالغان بىر خىل يالتىراق، قاتتىق ۋە يۈزى سىلىق كېلىدۇ، ئاساسەن توك ئىزولياتور ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە «فېنول-فورمالدېگىت يالتىراق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**باگاژ** (باگاژى) ئى [ر<فران] <كونا> يولۇچىلار يۈكى.

**باگو** ئى [خەن] <تىل> ماقالە يېزىش، نۇتۇق سۆزلەش قاتارلىقلاردا قوللىنىدىغان بىر خىل مەنىسىز، قېلىپ قالغان، ئۆلۈك، ناچار ئىستىل؛ پارتىيە باگوسى.

**باگۇچىلىق** ئى <تىل> باگو ئىستىلى بىلەن شۇغۇللىنىش: باگۇچىلىققا قارشى تۇرۇش.

**باڭ I** ئى [خەن] ① ئېلان قىلىنىدىغان تىزىملىك. ② يازما چوڭ خەتلىك ئېلان.

**باڭ چىقارماق** ئېلان قىلىنىدىغان تىزىملىكنى ئوقۇتۇرماق.

باڭ **كۆتۈرمەك** قارتا ئويۇنىدا ئويۇن تۇتقۇچىنى بەلگىلەش ئۈچۈن قارىمۇقارشى تەرەپ قولىغا ئالغان قارتىنى سېلىشتۇرماق.

**باڭ II** ئى [خەن] جان ت. قاداق.

**باڭ III** ئى [پ] يېرىم مېتىر ئوزۇنلۇقتىكى قۇرۇق ياغاچتىن ئىچى كاۋاك قىلىپ ئويۇلغان، چوڭ ئىككى چوكا بىلەن ئۇرۇلىدىغان يەرلىك ياغاچ ناغرا.

**باڭ چالماق** باڭنى چوكا ياغاچ بىلەن مەلۇم رىتىمدە ئۇرۇپ ئاھاڭ چىقارماق.

**باڭلىق** سۈپ. جانت ← **قاداقلىق**: بىر باڭلىق چايدان.

**بال I** ئى. يېزت. ھەسەل: چېچەكلەرنىڭ لېۋىدىن تۆكۈلدى ئەنبەر، ئالما، ئانار باغرىدىن ئاقتى بال. شېكەر.

**بال قارىغاي** <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى

يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى يىڭنە شەكىللىك ۋە يېپىسمان بولىدۇ؛ ئاتىلىق گۈلى سېرىق، ئانىلىق گۈلى يېشىل قوڭۇر رەڭدە؛ مېۋىسى يۇمىلاق تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ، سىرتقى يۈزىدە تەڭگىچە-لىرى بولىدۇ؛ ياغىچى پۇختا، چىڭ بولۇپ شپال قىلىشقا بولىدۇ؛ دەرەخ مېيىدىن ئىسكىپىدار ئىشلەشكە بولىدۇ.

**بال قوشۇقى** ھەسەلنى ئىستېمال قىلىشتا ئىشلىتىدىغان بىر خىل كىچىك قوشۇق: بال قوشۇقىدا دورا ئىچمەك.

**بال ھەرىسى** ھەسەل ھەرىسى: ياش نېفتچى قەلبىگە ئوت ياقتى قىزنىڭ ۋەدىسى، قىپقىزىل گۈل مەڭزىگە قوندى شۇ دەم بال ھەرىسى.

**بال II** مىق‌س [ر<فران] <مېتېئور> يەر تەۋرەش ۋە شامال قاتارلىق تەبىئىي ھادىسە-لەرنىڭ كۈچىنى بىلدۈرىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى: بەش بال شامال. ئالتە بال يەر تەۋرەش. * بىركۈنى توققۇز بال بوران چىقىپ قاتناش توختاپ قالدى.

**بالا I** ① ئى. يېڭى تۇغۇلغان، تېخى ئانا باغرىدىن ئايرىلمىغان؛ بوۋاق: بالىنى ئېمىتمەك. بالىغا ئەمچەك سالماق. ② ئى. ئاتا-ئانىسىغا نىسبەتەن قىز ياكى ئوغۇل پەرزەنت: مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا (ماقال). ③ ئى. بويىغا يەتمىگەن ئادەم؛ ياش: قىز بالا. ئوغۇل بالا. * ئادەمنىڭ مېۋىسى ــ بالا (ماقال). * ــ ئەي مەلىكەم، بۇ چۈش ئەمەس، ئوڭۇم. چۈنكى ئۇ بالا تاش بىلەن ئۇرۇپ پېشانەمنى يارغانىدى، ــ دەپتۇ. ④ سۈپ. كۆچمە. يېشى چوڭ بولىسمۇ گۆدەك-لەرچە ئىش، قىلىقلارنى قىلىدىغان؛ نادان: بالا، قىلغان ئىشىڭ چالا (ماقال). ⑤ سۈپ. كىچىك، ياش: بالا ئىشچى، بالا پادىشاھ. * بادامخان: ــ قويىسىلا خېنىم، ئۆزىمىز بالا تۇرساق تېخى، ــ دېدى. ⑥ ئى. يېڭى تۇغۇلغان كىچىك ھايۋان ياكى تۇخۇمدىن چىققان قۇش: قاغا بالام ئاپپاق دەيدۇ، كىرپە بالام يۇمشاق دەيدۇ (ماقال). ⑦ سۈپ. بىر تۈردىكى چوڭ-كىچىك نەرسىلەرنىڭ كىچىكى: بالا مەش. بالا توقاچ. بالا يەڭ. بالا تام.

**بالا باققۇچى** باشقىلارغا يالىنىپ ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى باقىدىغان ۋە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئايال.

**بالا بولماق** ① چوڭ بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىل-مەك: بالا، بالا بولغۇچە، ئانىسى موما بولار (ماقال). * ئۇنىڭ بالىسى خېلى ياخشى بالا بولۇپتۇ. ② مەلۇم سەۋەب بىلەن باشقىلارنىڭ پەرزەنتلىكىدە، تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىل-مەك، شۇ كىشىلەرگە ئۆز ئاتا-ئانىسى قاتارىدا مۇئامىلە قىلماق: ــ ئاتا سىزمۇ يالغۇز ئىكەنسىز، سىزگە بالا بولۇپ، قېشىڭىزدا تۇرۇپ خىزمىتىڭىزنى قىلساق، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالىلار.

**بالا تاپماق** (ئەرگە نىسبەتەن) پەرزەنت كۆرمەك، بالىلىق بولماق: ئۇ توي قىلىپ ئۈچ يىلغىچە ئارقا-ئارقىدىن تاپقان بالىلىرىنىڭ ھەممىسىلا قىز ئىدى.

**بالا تاشلاش** <زوئول> بوغازلىق جەريانى ئوتتۇرا يولدا ئۈزۈلۈپ قېلىپ، تۆرەلمىنىڭ ۋاقىتسىز تۇغۇلۇشى ياكى چۈشۈپ كېتىشى. ئۇ سەۋەبلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئادەتتىكىچە بالا تاشلاش، يۇقۇملۇق بالا تاشلاش، پارازىتلىق بالا تاشلاش قاتارلىق-لارغا بۆلۈنىدۇ.

**بالا تام** <بن> ئۆي-ئىمارەت سىرتقى تاملىرىنىڭ ئۆگزىدىن ئېشىپ چىقىپ تۇرغان پاكار قىسمى. ئۇ بىنانىڭ كۆركەم كۆرۈ-نۈشى، ئۆگزىدىكى نەرسىلەرنىڭ سىرتقا كۆرۈنمەسلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە رول ئوينايدۇ.

**بالا سىزىپ كەتمەك** ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياغلىقى

ھەققىدىكى گۇمانى توغرا چىقماسلىق.

**بالا قوزغالماق** بالا ئانا قورسىقىدىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتمەك: بالا قوزغىلىپ كەتسە تۇغۇت قىيىن بولىدۇ.

**بالا قىلماق** ① بىقىپ چوڭ قىلماق؛ ئۆستۈرمەك، يېتىشتۈرمەك: ياشىنىپ قالغان ئاتا قېرىپ قالغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ: — بۇنى بالا قىلغۇچە كۆزۈم يۇمۇلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى. ② ئۆز تەربىيىسىگە، پەرزەنتلىكىگە قوبۇل قىلماق؛ بېقىۋالماق: ھەسەن بەدرىدىن ماقۇل كۆردى، ئاشپەز ئۇنىڭغا يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، بالا قىلىۋالدى.

**بالا قۇلۇن** ئاسرىۋالغان، بېقىۋالغان بالا: — مەنسۇر ئۇنى بالا قۇلۇنلۇقىقا ئەكىرىۋېلىشنى نىيەت قىلىپ يۈرگىلى نەكەم، بۇنى پۈتۈن خەلقى ئالەم بىلىدۇ، — دېيىلگەنىدى ئەرزنامىدا.

**بالا كەش** 12 ياشتىن 13 ياشقىچە بولغان باللار كىيىدىغان قىشلىق قونچلۇق ئاياغ.

**بالا كۆرمەك** ① بالىلىق، پەرزەنتلىك بولماق: ئايال كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ: — بىزنىڭ بالىمىز يوق ئىدى، بالا كۆرۈشنى مەنمۇ شۇنداق ئارزۇ قىلاتتىم، — دەپ سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، بىر نەۋرە سىڭلىسىغا. ② كىچىك بالا قاتارىدا ھېسابلىماق، تېخى ئەقلىغە توشمىغان دەپ قارىماق: — ئاكا! بىزنى بالا كۆرۈۋاتامسىز، بىزمۇ 25 لەرگە كىرىپ قالدۇق، ئۇنچىلىك ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمىز جۇمۇ! — دېدى زاھىر باشلىقنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

**بالا كىچىك** نادان، پەمسىز، كەم ئەقىل: ئۇ ماڭا: — بىز نېمىدېگەن بىلەنمۇ بالا كىچىك — دە! — دېدى.

**بالا مالاي** كىشىلەر ئىشىكىدە يالىنىپ ئىشلەيدىغان، تېخى بالاغەتكە (يىگىتلىك قۇرامىغا) يەتمىگەن بالا خىزمەتچى: بايۋەچچە سۆزلەۋېتىپ: — بالا مالايغا ئېيتىڭلار، ئۇنى تېزرەك باشلاپ كەلسۇن! — دېدى.

**بالا مەش** كاناي بىلەن ئەسلى مەشىنىڭ ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، سوقىچاق مەش.

**بالا ھەمراھى** <تىب> ئانا تېنىدىكى بالىياتقۇ دىۋارى بىلەن تۆرەلمە ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يۇمىلاق توقۇلما. ئۇ كىندىك بىلەن تۆرەلمىنى تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق، تۆرەلمىنى ئانا تېنى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ.

**بالا ئىشچى** يالىنىپ ئىشلەيدىغان، تېخى قۇرامىغا يەتمىگەن ئىشچى: بىركۈنى ئىۋان سېرگېيېۋىچ ئۆزىنىڭ روسىيىدە تۇغۇلغانلىقىنى، كىچىك ۋاقتىدا ئائىلىسىنىڭ بەكمۇ نامراتلىقتا كۈن كەچۈرگەنلىكى، ئۆزى زاۋۇتتا بالا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

**بالا يەڭ** يەڭنىڭ قىيپاش كېسىلگەن كىچىك پارچىسى.

**بالا يۈزى كۆرمەك** ← **بالا كۆرمەك**: ئەمدىلا بالا يۈزى كۆرگەن ئوسمان ئىسمىلىك بىر ياش مۇئەللىم نۇرنىسانى ئۆي خىزمەتچىلىكىگە ئېلىپ كەتتى.

**باللار ئەدەبىياتى** <ئەد> ئۆسمۈر باللارنىڭ يېشى، زېھنى ۋە ھەۋىسى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئىجاد قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەر.

**باللار باغچىسى** <مائار> مەكتەپ يېشىغا توشمىغان باللارنىڭ تەربىيىلىنىش ئورنى. ئۇ ئەھۋالغا قاراپ كۈنلۈك ياكى ھەپتىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئومۇمەن كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى ئاساس قىلىنغان ھالدا ئەخلاقىي، ئەقلىي، مەدەنىي ۋە تەنتەربىيە تەلىم-تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەربىيىنىڭ سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلىشىغا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن باللار چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك سىنىپلارغا ئايرىلىدۇ. چوڭ سىنىپلاردا مۇۋاپىق تىل، ھېساب، رەسىم ۋە قول ھۈنەر دەرسلىرى ئۆتۈلىدۇ.

**باللار بايرىمى** <مائار> پۈتۈن دۇنيادىكى ئۆسمۈر باللارنىڭ بايرىمى. 1949-يىلى موسكۋادا ئېچىلغان خەلقئارا دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ يىغىنىدا 6-ئاينىڭ 1-كۈنىنى خەلقئارا باللار بايرىمى كۈنى قىلىپ بېكىتكەن.

**باللار بۆلۈمى** <تىب> دوختۇرخانىلاردىكى باللارنىڭ كېسىلىنى تەكشۈرىدىغان داۋالايدىغان مەخسۇس بۆلۈم: ئاسىيە ئىككىنچى دوختۇرخانا باللار بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

**باللار پالىچى**<تىب> جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل. بۇ خىل كېسەلنى يۇلۇنغا ۋىرۇس يۆسۈپ كىرىپ پەيدا قىلىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا بىر ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان باللاردا كۆرۈلىدۇ، ئاساسلىق ئالامەتلىرى: قىزىش، پۇت-قول قاتتىق ئاغرىش ۋە تارتىشىپ قېلىش قاتارلىقلار بولۇپ، ئېغىرلاشقاندا پالەچ قىلىپ قويىدۇ.

**باللار پسىخولوگىيىسى** باللار پسىخىكا تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى ۋە ياش ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**باللار تىياتىرى** مەخسۇس ئۆسمۈر باللارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەييارلانغان؛ ئۆسمۈرلەرنى قىزىقتۇرىدىغان؛ ئۆگىنىشكە، تۇرمۇشقا ئىنتىلدۈرىدىغان سەھنە ئەسىرى.

**باللار چۆچىكى** باللار ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، مول تەسەۋۋۇر ۋە مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئارقىلىق، باللارنىڭ ھەۋەس قىلىشىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان چۆچەك.

**باللار سارىيى** ← **ئۆسمۈرلەر سارىيى**: شەھىرىمىزدە يېڭىدىن سېلىنغان باللار سارىيى ناھايىتى كۆركەم بولۇپتۇ.

**باللار فىلىمى** ئۆسمۈر باللارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مەخسۇس ئۆسمۈر باللار ئۈچۈن ئىشلەنگەن، باللار ئاسان چۈشىنەلەيدىغان ۋە مەلۇم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە، قىزىقارلىق فىلىم.

**باللار قوشىقى** <ئەد> باللار تىلى بىلەن ئوقۇلىدىغان ۋە باللار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، شەكلى بىرئاز ئاددىي ناخشا-قوشاقلار: كىچىك باللارغا خاس، چۈچۈك تىل بىلەن يېقىملىق ئېيتىلغان بۇ تاكسۇقىنا باللار قوشىقى مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى.

**باللار كۇتۇپخانىسى** ئۆسمۈر باللارغا ئائىت كىتاب، گېزىت-ژۇرنال ۋە باشقا ماتېرىياللارنى يىغىپ، رەتلەپ ۋە ساقلاپ، ئۆسمۈر باللارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كۇتۇپخانا.

**باللار كۇلۇبى** مەخسۇس ئۆسمۈر باللار ئۈچۈن سېلىنغان ۋە باللار تۈرلۈك مەدەنىي مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارىدىغان كۇلۇب.

**باللار كۆرگەزمىسى** مەخسۇس ئۆسمۈر باللار ئۈچۈن ئېچىلغان ۋە تەربىيە قىممىتىگە ئىگە مەزمۇنلارنى تۈرلۈك ئەمەلىي شەكىللەر ئارقىلىق جانلىق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ كۆرسىتىدىغان ياكى باللار ئۆزلىرى ياراتقان گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى قويۇلغان كۆرگەزمە.

**باللار كېسەللىكلىرى ئىلمى** <تىب>مېدىتسىنا ئىلمىدىكى بىر خىل كلىنىكىلىق پەن. ئۇ باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئوزۇقلىنىشى، ساغلاملىقى، باللار كېسىلىنىڭ سەۋەبلىرى، كېسەلنىڭ باشلىنىش پرىنسىپلىرى، كېسەل جەريانى، كېسەل ئەھۋالى، دىئاگنوزى، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. ئاساسلىق ۋەزىپىسى باللارنىڭ تەن ساغلاملىقىنى كۈچەيتىپ، سالامەتلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

**باللار كىنوخانىسى** مەخسۇس ئۆسمۈر

www.uyghurkitap.com

بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن سېلىنغان، بالىلار چۈشىنەلەيدىغان، بالىلار ھەۋەس قىلىدىغان كىنو ۋە تىياتىرلار قويۇلىدىغان كىنوخانا.

**بالىلار كىيىملىرى** ئۆسمۈر بالىلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ۋە ياش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تىكىلگەن كىيىملەر.

**بالىلار لاگېرى** ئۆسمۈر بالىلار يازلىق تەتىل ۋاقىتلىرىدا سىرتقا چىقىپ ساياھەت قىلىدىغان، دەم ئالىدىغان جاي.

**بالىلار مائارىپى** ئوقۇش يېشىغا توشمىغان ئۆسمۈر بالىلارغا قارىتىلغان مائارىپ.

**بالىلار ناخشىسى** ئۆسمۈر بالىلارنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان قارىشى ۋە كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشى ئەكس ئېتىلىدىغان ناخشا.

**بالىلار ئويۇنى** ① ئۆسمۈر بالىلار ئوينايدىغان ۋە تۇرمۇشقا تەقلىد قىلىنغان تۈرلۈك شەكىلدىكى قىزىقارلىق ئويۇنلار. ② بالىلار تىياتىرى: يېقىندىن بۇيان قويۇلۇۋاتقان بالىلار ئويۇنى خېلى ياخشى تەييارلىنىپتۇ.

**بالىلار ئويۇنچۇقى** ئۆسمۈر بالىلارنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا مەخسۇس بالىلارنىڭ ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن ياسالغان ھەر خىل ئويۇنچۇقلار.

**بالىلار ئۆمىكى** جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەملىكەت ئازاد بولۇشتىن بۇرۇن ھەرقايسى ئىنقىلابىي بازىلاردا قۇرۇلغان ئۆسمۈرلەر تەشكىلاتى.

**بالىلار ئۆيى** 10 ـ 14 ياشتىكى يېتىم بالىلارنى يىغىپ تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇن. بالىلار بۇ يەردە تولۇقسىز مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە ھۆكۈمەت تەمىناتىدا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ ۋە مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**بالىلار ئىسكىرىپكىسى** بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە خاس، كىچىك قىلىپ ياسالغان ئىسكىرىپكا.

**بالا II** (بالاسى) [ئە] ① ئى. باشقا كەلگەن ئاپەت؛ پالاكەت؛ خەۋپ ـ خەتەر: ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا (ماقال). * ساقلانساڭ بالا يوق، ساقلانمىساڭ داۋا يوق (ماقال). * ئادەمگە سېمىزلىكمۇ بىر بالا ئىكەن. ② ئى. ئاپەت، خەۋپىنىڭ سەۋەبى؛ ئىللىتى: بىر بالاسى بولمىسا، قۇيرۇق ياتامدۇ تاشتا (ماقال). * ـــ ھەممە بالا مۇشۇ ئەزىزىخاندا، ـــ دېدى دىلەيساخان. ③ سۈپ. قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان؛ ئۇستا، چېۋەر، ماھىر: قاسىم دوستىنىڭ دولىسىغا قېقىپ تۇرۇپ: ـــ سىزگە بالا نېمە ئىكەندەن، ـــ دەپ ماختاپ قويدى. ④ ئى. ناھايىتى زور ھېچ نەرسە كار قىلمايدىغان نەرسە.

**بالا بولماق** ① پالاكەت، كۈلپەت كەلمەك؛ ئاپەت يۈز بەرمەك: نېمە بالا بولدى، ئۆزەمگە بىر دەرد تېپىۋالدىم. * بۇ يىل يۇرتىمىزدا چېكەتكە بالاسى بولدى.

**بالا تاپماق** ئاپەت تۇغدۇرماق، پالاكەت ئېلىپ كەلمەك، خاپىلىق پەيدا قىلماق: ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا (ماقال). * ئۇ: ـــ مۇشۇ قېرى كەلسىلا بىر بالا تاپماي قويمايدىغۇ زادى، ـــ دېدى كۈلكە ئارىلاش. * ـــ مەن بالا تاپتىم دەپتىمەن! بېشىمغا بالا تاپقانىكەندەمەن، ـــ دېدى سايىت ئاخۇن خىرىلداپ.

**بالا تەگمەك** بالا كەلمەك: ھەلىمىخان: ـــ ۋاي خۇدايىم، بۇ ئادەمگە نېمە بالا تەگكەندۇ، چىرايى تاتىرىپ تامدەكلا بولۇپ قاپتىغۇ ئەمدى؟ ـــ دېدى.

**بالا تېرىماق** خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىك، جېدەل ـ ماجىرالارنى كەلتۈرۈپ چىقارماق: توختاخۇن: ـــ ھېلىقى ناسىرنىڭ ئوغلى نادىر دېگەنمۇ ئەپەندى ئەمەسمىدى، ئەنە شۇمۇ ھەممە

بالانى تېرىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپ، ئاخىرى ئۆز بېشىنى يېدىغۇ، ــ دېدى. * ــ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش كېرەك، بولمىسا، كۆپ ئۆتمەي بالا تېرىيدۇ، ــ دەپتۇ ھەيدەر.

**بالادا قالماق** ئاپەت، پالاكەت، خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىككە دۇچار بولماق: مەنمەنلىكتىن كىشى قالار بالادا، كەم بولغانلار ئاخىر بولار زىيادە، ياخشىلىق قىل، ئېتىك قالسۇن دۇنيادا، چوڭلار سۆزى شولدۇر، ئازاد ئەيلىگىل.

**بالاغا تىقماق** بالايىئاپەتكە، كۆڭۈلسىز-لىككە، پېشكەللىككە دۇچار قىلماق: سۇلۇڭ جىياڭ: ــ ئەتە پانۇس سەيلىسىنى كۆرۈپ بولۇپ، كېچىلەپ قايتقىنىمىز تۈزۈك، بولمىسا، بالاغا تىقىلىپ قالىمىز! ــ دېدى. * ــ دەسلىپىدە سۇلۇڭ دانىش ئۆزلىرىنى بالاغا تىققان، ئەمدى لياڭشەن كۆلىگە بارماقتىن باشقا يول يوق، ــ دېدى يەنچىڭ.

**بالاغا دۇچار قىلماق** ← **بالاغا تىقماق:**

**بالاغا سالماق** ← **بالاغا تىقماق:** بۇ يىل ئون ئىككى يىل بولۇپ قالدى ئۆكام، بۇ ئەپەندى بولماق، مېنى بىر بالاغا سالدى ئۆكام.

**بالاغا قالماق** ئاپەت، پالاكەت، خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىككە گىرىپتار بولماق: ئىشنى قىلغان كانايچى، بالاغا قالغان سۇنايچى (ماقال). * ھارماق دېسە ھاپاش بولۇپتۇ، تېخىمۇ دېسە بالاغا قېلىپتۇ (ماقال). * پادىشاھ: ــ نېمە بالاغا قالدىم، بۇ ئەخمەق گادايدىن، ــ دەپ ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. * يامۇلنى تېشىپ قويۇپ، ئىككى چىقتىم تالاغا. مېنى باققان بەش يايى، ئەمدى قالدى بالاغا.

**بالاغا قويماق** ← **بالاغا تىقماق:** ئۆزى چىقتى تالاغا، مېنى قويدى بالاغا (ماقال). * دادام: ــ ئۇلار بۇ يەرنى بىلدۈۋالسا، مېنىڭغۇ كارايىتىم چاغلىق، لېكىن مېنى ھىمايە قىلغۇاتقان بۇ كىشلەرنى بالاغا قويىمىز، ــ دېدى.

**بالا كەلمەك** ئاپەت، يامانلىق، پالاكەت، خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىك، پېشكەللىك كېلىپ چىقماق، پەيدا بولماق: يېغى ياندىن قوپۇر، بالا كەلسە قېرىنداشتىن (ماقال). * بېشىڭغا ھەر بالا كەلسە، ئۆزەڭنىڭ خۇي-پەيلىدىن كۆر (ماقال). * دۇۋە: ــ سەن كەڭ قورساق بول! يامانلارنىڭ قىلمىشلىرى ئاخىر ئۆزىگە بالا كەلتۈرىدۇ، دېگەن ماقال بار، ــ دەپتۇ.

**بالانى ھاپ ئېتىدىغان** ← **بالانى يەيدىغان.**

**بالانى يەيدىغان** ھېچ نەرسىدىن يانمايدىغان دەرىجىدە ئاچكۆز، قارنى يامان، تويماس: بالانى يەيدىغان بىر نانغىمۇ تويمىدىڭمۇ؟

**بالا ئۈستىگە قازا كەلمەك** بالايىئاپەت، ئۆلۈم-يېتىم ۋە پېشكەللىكلەر ئارقا-ئارقىدىن، ئۈستى-ئۈستىلەپ كەلمەك: ھاشىم باينىڭ يول ئۈستىدە ماشىنا ھادىسىگە ئۇچرىشى ۋە ئېلىپ ماڭغان چامادانىنىڭ يوقىشى بالا ئۈستىگە قازا كەلگەندەك بىر ئىش بولۇپتۇ.

**بالا ياغماق** ئاپەت، كۈلپەت قاتمۇقات كېلىپ تۇرماق: بۈگۈن ئاسماندىن يامغۇر ئەمەس، بالا ياغدى.

**بالا يەتمەك** ← **بالا كەلمەك:** ــ سىلەرگە نېمە بالا يەتتى؟ ــ دەپ ئۇلاردىن سوراپتۇ ۋەزىر.

**بالا III** (بالاسى) ئى. <بىت> ئۆينىڭ ئۈستىنى يېپىشتا سىنچى ياغاچ ئۈستىگە توغرىسىغا قويۇلىدىغان ۋە ئۈستىگە ۋاسا ئورنىتىلىدىغان ياغاچ؛ جەگە.

**بالا بېشى** <بىن> ① تامنىڭ جەگە (لىم) قويۇلغاندىن كېيىن جەگە (لىم) ئارىلىقلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئېتىلگەن قىسمى. ② بالا ياغاچىنىڭ سىنچىغا قويۇلغان بېشى.

**بالا-چاقا** ① بىر ئائىلىدىكى چوڭ-كىچىك، قىز-ئوغۇل بالىلار، بالا-ۋاقا: يۈسۈپ توختى: ــ ئاتا-ئانا بىلەن بالا-چاقا ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈلۈك ۋاپادارلىق؛ ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا تەۋرەنمەس ساداقەتلىك؛ دوست-ئاغىنىلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ئىخلاسمەنلىك بولۇشى كېرەك، ــ دەيتتى. ② ئائىلە ئەزالىرى؛

خوتۇن ۋە بالىلار: ئايىمخان ئاچا: ــ ساۋۇت، مە، بالا ـ چاقاڭدىن خەت كېلىپتۇ، ــ دەپ يانچۇ ـ قىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى.

**بالا ـ چاقىلىق** بالا ـ چاقىسى، ئائىلىسى بار: لەشكەرلەر زىندانىدىن چىققان قىزلارغا ئۆيلىنىپ، بالا ـ چاقىلىق بولۇشۇپتۇ. * ئۇ، توغرا سىياسەت يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۆيلىنىپ بالا ـ چاقىلىق بولۇپ قالدى.

**بالاخور** سۈپ [ئە+پ] ① باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالىدىغان، ھارامتاماق: ئۇ غەزىپىنى زورىغا بېسىپ، كۆزلىرىگە غىل ـ پال ياش ئالغان ھالدا: ــ ھۇ، تويماس بالاخور! سەن ئەسلىدە ئادەمنىڭ قان ـ يېشىنى ھاراققا تېگىشىپ ئىچىدىكەنسەن ـ دە! ــ دەۋەتتى. * جاھالەت دىۋىسى ئاچتى ۋەھىمىلىك ئاغزىنى ئاخىر، كىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ تويماس بالاخور قارنىغا تاشۋاي. ② بالايىئاپەت، خەۋپ ـ خەتەر پەيدا قىلىدىغان؛ پېشكەللىك كۆڭۈلسىزلىكلەر ـ نىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان: جېدەلخور: نادىر: ــ بۇ بالاخور ئايروپىلانلارنى يوقاتماي تۇرۇپ، قايسى يۈزۈم بىلەن قىسمىغا قايتىمەن؟! ــ دېدى.

**بالاخورلۇق** «بالاخور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**بالادەك** سۈپ. ناھايىتى زور، ھېچ نەرسە كار قىلمايدىغان: بالادەك نەرسە. بالادەك نەپسىدىن كەچمەك.

**بالادەك نەپسىدىن كەچمەك** ناھايىتى زور مەنپەئەت ياكى ئۆزىگە ئىنتايىن زور ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىدىن ۋازكەچمەك.

**بالاغەت** ئى [ئە] قىز ـ ئوغۇللارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلىشى.

**بالاغەتكە يەتكەن مەزگىل** قىز ـ ئوغۇللارنىڭ كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ يېتىلىپ پىشقان مەزگىلى. ئادەتتە ئوغۇللارنىڭ بۇنداق مەزگىلى 15 ـ 16 ياش ئەتراپىدا، قىزلارنىڭ 13 ـ 14 ياش ئەتراپىدا بولىدۇ.

**بالاغەتكە يەتمەك** جىسمانىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلمەك؛ بويىغا، ۋايىغا يەتمەك: بۇ قىز بالاغەتكە يەتكۈچە ئەقلى كامالەتكە يېتىپتۇ، گۈزەللىكتە ئانىسىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ. * شاھزادىلار چوڭىيىپ بالاغەتكە يېتىپ قېلىپتۇ، لېكىن پادىشاھنىڭ قول ئاستىدىكى يۇرت ئىچىدىن بۇ ئىككى ئوغۇلغا لايىق تېپىلمايدۇ.

**بالا ـ قازا** (بالا ـ قازاسى) ئۆلۈم ۋە مۇسىبەت ئېلىپ كېلىدىغان تۈرلۈك بالا ۋە قازالار: بالا ـ قازا دەرەخ بېشىدا ئەمەس، ئادەم قېشىدا (ماقال). * ــ بالام، چاينى ئۆزلىرى ئېلىپ چىقىپ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشسىلە، بۈگۈن بىزنى بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرغان ياخشى ئادەملىرىمىز شۇ، ــ دېدى ئايال.

**بالالايكا** ئى [ر] <مۇز> رۇسلارنىڭ ئۈچ تارلىق چېكىپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى، ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، دەستى ـ سىگە پەدە باغلانغان؛ ئۇرۇپ چېلىشقىمۇ، چېكىپ چېلىشقىمۇ ياكى بارماقلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ مەرغۇللىتىشقىمۇ بولىدۇ.

**بالالىق I** سۈپ. بالاسى بار، بالا سادىر بولغان: كۆرگىلى ھۆسنۈڭنى زارۇ مۇپتىلا بولدۇم ساڭا، نە بالالىق كۈن ئىدىكى ئاشنا بولدۇم ساڭا.

**بالالىق II** سۈپ ① بالاسى بار: بەش بالالىق ئۆي. ② بالا بولالايدىغان، بالاغا لايىق: بالالىق ياغاچ.

**بالانس** ئى [ر<فران] ① بىرەر كارخانا ياكى تەشكىلاتنىڭ بەلگىلىك بىر مۇددەت ئىچىدىكى قىلغان كىرىمى بىلەن چىقىمىنىڭ بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇپ ۋە نىسبەتلەش ـ تۈرۈلۈپ چىقىرىلغان يەكۈنى: ئاكتىپ بالانس. پاسسىپ بالانس. بىر ئايلىق بالانس. ② تەڭپۇڭ ھالەت.

**بالانس بولماق** ——> **بالانسلاشماق:** ئۇنىڭ ھېسابىسىز كۆپ تاماق يېيىشى، كۆپ يەل قويۇپ بېرىشى بىلەن بالانس بولۇپ تۇراتتى،

ئۇنى لەنگەر كوچىسىدىكى بالىلار «ئالىم ئوسۇر-
غاق» دەپ ئاتىشاتتى، لېكىن لۇتپۇللا ئۇنىڭغا
«زەمبىرەكچى ئالىم» دەپ چىرايلىق نام قويۇپ
قويىدى.

**بالانس قىلماق** ① بىرەر كارخانا ياكى
تەشكىلاتنىڭ بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە
قىلغان كىرىم-چىقىمىنى بىر-بىرىگە سېلىش-
تۇرۇپ ۋە نىسبەتلەشتۈرۈپ يەكۈن چىقار-
ماق، بالانسلاشتۇرماق. ② كىرىم-چىقىمىنى
تەڭپۇڭ ھالەتكە كەلتۈرمەك.

**بالانسلاشتۇرماق** «بالانسلاشماق» پېئى-
لىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بالانسلاشتۇرۇلماق** «بالانسلاشتۇرماق»
پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر يىللىق
كىرىم-چىقىم بالانسلاشتۇرۇلدى.

**بالانسلاشماق** پ. كىرىم-چىقىم تەڭلەش-
مەك، تەڭپۇڭلاشماق.

**بالانسلانماق** پ ← **بالانسلاشماق.**

**بالا-ۋاقا** ← **بالا-چاقا:** ئۆيگە كەلسەك
بالا-ۋاقىمىز ئاچلىقتىن زار-زار يىغلىشىپ
ئولتۇرغانىكەن. * رەھمەتلىكىم، داموللام، قانداق
چىداي ئۇتۇڭغا. قالدى تۇتقان دۇتارىڭ، ئەزىز
بالا-ۋاقاڭغا.

**بالا-ۋاقىلىق** ← **بالا-چاقىلىق:**
ئالىم خەتنىڭ ئاخىرىدا يەنە: — دوستۇم، بالا-
ۋاقىلىرىڭنى ئېلىپ بىز تەرەپلەرگە بارغىن، بىزمۇ
بالا-ۋاقىلىق بولۇپ قالدۇق، بالىلار بىلىشىپ
ئۆتكىنى ياخشى، — دەپ يېزىپتۇ.

**بالايىئاپەت** ئى [بالا+يى+ئاپەت] تۈرلۈك
ئېغىر بالا، ئاپەتلەر: بالايىئاپەت بولمىسا،
بەخت-سائادەت بولمايدۇ؛ بەخت-سائادەت
بولمىسا، بالايىئاپەتمۇ بولمايدۇ. * ئۇن يىللىق
بالايىئاپەت ئۇلارنىڭ يىلىكىنى ئۈزۈۋەتتى، چوڭ
قازاننىڭ ئېشى قورساق تويغۇزۇشقا يېتىشمىدى.

**بالايىئاپەتلىك** سۈپ. تۈرلۈك ئېغىر بالا ۋە
ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان ياكى بالايىئا-
پەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: بالايىئاپەتلىك
ھېلىقى يىللارغا كەلگەندە دادام 54 ياشلاردا
ئىدى. * زەرەپشان دەرياسىغا ھەر بەش-ئون
يىلدا بىر قېتىم ئوتتۇرا ھال، ھەر 20—30 يىلدا
بىر قېتىم چوڭ، ھەر 50—100 يىلدا بىر قېتىم
مىسلى كۆرۈلمىگەن بالايىئاپەتلىك كەلكۈن-
قىيانىنىڭ يامراپ كېلىشى ئادەت ئىدى.

**بالايىئەزىم** ئى [بالا+يى+ئەزىم] ناھايىتى
زور، ئىنتايىن چوڭ بالا: چۈشۈمدە بىراۋ
ماڭا: — بۇ بالايىئەزىمدىن كىشلەرنى قۇتقۇز، —
دېدى.

**بالايىبەتتەر** ئى [بالا+يى+بەتتەر] ناھايىتى
يامان ۋە زىيىنى ئىنتايىن زور بولىدىغان
بالايىئاپەت: ھالۋىنى ھېكىم يېسە، تاياقنى
يېتىم دېگەندەك، كونا جەمئىيەتتە بالايىبەتتەر
خەلقنىڭ بېشىغا چۈشەتتى.

**بالبال** ئى <ئارخئول> قەدىمكى تۈرك
ھۆكۈمرانلىرى قەبرىگاھ ياكى قورغان
ئەتراپلىرىغا خاتىرە سۈپىتىدە ئورنىتىپ
قويىدىغان، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى
چۈشۈرۈلگەن خاتىرە تاش. بۇلارنىڭ
بەزىلىرىدە ئويما ياكى قاپارتما يېزىق ۋە
بەلگىلەر بولىدۇ.

**بالبوئا** ئى. پانامانىڭ پۇل بىرلىكى.

**بالچى** ئى. بال يىغقۇچى ياكى بال ساتقۇچى
كىشى.

**بالچىلىق** «بالچى» سۆزىنىڭ كەسپ نامى:
ھازىر ناھىيىمىزدە بالچىلىق ئىشلىرى خېلى
راۋاجلىنىپ قالدى.

**بالداق** ئى ① سۇ ياكى يۈك قاتارلىقلارنى
دولىدا كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان
ياپىلاق ياغاچ؛ ئەپكەش: بىر بالداق سۇ.
② شوتا، كارىۋات، ئورۇندۇق ۋە شۇ تىپ-
تىكى نەرسىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىغا بېكىتىلگەن
ياغاچ؛ چېتىق: مەكتەپ تەسلىكتە بىر يۇدە
ئوتۇننى يۇدۇپ ئاشخانا ئۆگزىسىگە چىقىشقا
باشلىدىم، شوتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سەل ئېشىپ
شوتىنىڭ بىر بالدىقىغا پۇتۇمنى يۆتكەي دېيىشىمگە

www.uyghurkitap.com

كۆچ ـ مادارىم كېتىپ، ئۇششەنمەدىكى ئوتۇن ئارقامغا بېسىپ كەتتى ـ دە، موللاقلاپ يەرگە چۈشۈپ كەتتىم. * ئوسمان بىلەن يۇنۇس پالتا بىلەن نۆۋەتلىشىپ، يەنە ھە دەپ «7 ـ نومۇرلۇق» كامېرىنىڭ قاتمۇقات بېكىتىلگەن تۆمۈر بالداقلىرىنى، ئادەم كالىسىدىن چوڭ قۇلۇپلىرىنى چېقىشقا كىرىشىپ كەتتى. ③ كۆچمە. باسقۇچ، پەللە، دەرىجە: جەڭچىلەرنىڭ ھەربىي سۇپىتى ئىلگىرىكىدىن بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. * مېھمانخانىدا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، غالىب ھەممىدىن بەكرەك كۈلگەنىدى، تېلىقىپ ھەتتا ئېغىناپ كەتتى. ئۇ چىڭقىلىشتىن زورۇقۇپ «تارت» قىلىپ يەل چىقىرىۋەتكەنىدى، كۈلكە يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ④ نەرسىلەر يۈزىگە توغرىسىغا چۈشۈرۈلگەن يول ياكى رەڭلىك بەلگە: بالا بالداق مايكا. * پەردە ئېچىلغاندا سەھنىگە قارا چاپان كىيگەن، ئىككى يېڭىگە ئىككى بالداق، تۆت چاسا تۆت يۇلتۇز بەلگە تاقىغان جۈرئەت كىرىدۇ.

**بالداقلاتقۇزماق** «بالداقلاتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى.

**بالداقلاتماق** «بالداقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بالداقلاشماق** «بالداقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بالداقلانماق** «بالداقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بالداقلىنىلماق** «بالداقلانماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بالداقلىق** سۈپ. بالدىقى بار، بالداق سېلىنغان: بالداقلىق رەخت. * ئۇلار كوچىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر قورۇنىڭ ئالدىدا توختىدى ـ دە، ئاستا شەپە چىقارماي ئىككى بالداقلىق قورۇدىن ئېغىشىپ چۈشتى، ئۇ يەر، بۇ يەرلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن پاكار تاملىق بۇ كىچىك قورۇ جىمجىت ئىدى. * ئۇ يەردىن يۇقىرىغا چىقىش ئۈچۈن يەتتە بالداقلىق شوتا بار ئىدى.

**بالداقلىماق** پ. بالداق ئورناتماق، چېتىق بېكىتمەك، چېتىقلىماق.

**بالداقمۇبالداق** ① بىر بالداق بىر بالداقتىن. ② كۆچمە. پەللىمۇپەللە، دەرىجىمۇ دەرىجە، پەيدىنپەي: ئۇ ئۆزى ئولتۇرغان چۆكمە ئورۇندۇقتىن قوزغىلىپ، ماڭا گەۋدىسىنى تاشلاپ دېرىزىدىن تۆۋەنگە قاراشقا باشلىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئايروپىلاننىڭ بالداقمۇبالداق تۆۋەنلەپ يەرگە يېقىنلاپ قالغىنىنى سەزدىم. * داپنى چېلىشتا ئاددىي بىرلەشتۈرۈشتىن باشلاپ، تەدرىجىي ھالدا بالداقمۇبالداق مۇرەككەپلىككە قاراپ ئىلگىرىلەيمىز.

**بالدۇر** رەۋ. ئەسلى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن؛ ئىلگىرى، دەسلەپ: بالدۇر بارغان گۆش يەر، كېيىن بارغان مۇشت يەر (ماقال). * بۇ كېسەللىك قانچە بالدۇر سېزىلسە، قانچە بالدۇر داۋالانسا، ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. * كوپېراتىپ ئېچىدىن تۇردى مەمەت ئېيتىدۇ: — بالدۇر ئىشىم يەتمىگەن، ئەمدى ئىشىم يېتىدۇ.

**بالدۇر قېرىش** <تىب> جانلىق ئورگانىزملارنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن ئاجىزلىشىشى.

**بالدۇر يېتىلىش** ① <فىزىئول> ئىششىقسىمان بەزنىڭ بالدۇر چېكىنىشى جىنسىي بەزنىڭ بالدۇر يېتىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئۇزۇن سۆڭەك بىلەن سۆڭەك ئېپىفىزىنىڭ ئۆسۈشىنى ۋە ئۇلارنىڭ بالدۇر ئۇچرىشىشىنى تېزلىتىدىغان بىر خىل ھادىسە. بالدۇر يېتىلگەن بالىلار تەڭ قۇراملىق بالىلاردىن ئېگىز بولىدۇ. بالاغەتكە يېتىدىغان مەزگىلگە كەلگەندە، جۇغى ۋە بويى تەڭ قۇراملىق بالىلاردىن كىچىك ۋە پاكار بولۇپ قالىدۇ. ② <دېھ> زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش مەزگىلى قىسقا ۋە پىشىشى تېز بولىدىغان ھادىسە.

**بالدۇرقى** سۈپ. دەسلەپكى، ئاۋۋالقى، بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى: موماي ئېرىچىنىڭ تەكلىپىنى قۇۋۋەتلەپ: — بالدۇرقى زامان بولسا، بۇ بالىنىڭ ئېتى كۆچ ئۈستىدە تۇغۇلغانلىقتىن

كۆچىباي، ياكى يول ئۈستىدە تۇغۇلغانلىقتىن جولدىباي، يا بولمىسا بوراندا تۇغۇلغانلىقتىن بورانباي قويۇلاتتى، ــ دېدى.

**بالدۇرلۇق** «بالدۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بالدۇرلۇق قىلماق.

**بالدۇرلۇق قىلماق** شۇ ئىشنى قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋاقىتتىن بۇرۇن بولۇپ قالماق، ئەتىگەنلىك قىلماق: «قانۇنىيەت»نى تېپىش ئالىملارغا ۋە مۇتەخەسسىسلەرگە خاس ئىش، لېكىن، سۈي گۈەنلەن، دىڭ جېيچۈندەك ياشلارغا ئۇنداق قىلىش تېخى بىرئاز بالدۇرلۇق قىلىدۇ ۋە مۇشكۈل چۈشىدۇ.

**بالدىرغان** ئى <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى تىك، ئوتتۇرىسى كاۋاك كېلىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئىككى-ئۈچ قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، ھەرە چىشلىرى بار؛ گۈل رېتى مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان بولۇپ، ئۇچىدا ئۆسىدۇ؛ گۈلى كىچىك، رەڭگى ئاق؛ قوش ئاسماق مېۋىسى كەڭ، تۇخۇم شەكىللىك بولىدۇ؛ دورا قىلىنىدۇ؛ ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز بولۇپ سوغۇق يەلنى، ھۆللۈكنى قايتۇرىدۇ؛ ئاغرىق باسىدۇ. ئۇ ئاساسەن تىيانشاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ئىلى رايونىدا كۆپ ئۈچرايدۇ.

**بالدىرغانلىق** ئى. بالدىرغان ئۆسكەن ياكى بالدىرغان تېرىلغان يەر: ــ بۇ ئوتلارنى بالدىرغانلىقنىڭ ئەتراپىدىن ئورۇپ كەلدىم، ــ دېدى قاسىم ئەمەتكە قولىدىكى بىر تۇتام ياۋا ئوتنى كۆرسىتىپ.

**بالغۇن** ئى <بوت> يۇلغۇن ئائىلىسىگە كىرىدىغان چاتقال، يوپۇرمىقى تەڭگىگە ئوخشايدۇ؛ گۈللىرى غولىنىڭ ئۇچىغا توپلىشىپ ئۆسۈپ، ئومۇمىي گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ ئۇرۇقىدا تۈكلىرى بولىدۇ. كۆپىنچە دەريا ساھىلىدە ئۆسىدۇ.

**بالقىماق** پ ① كۆتۈرۈلمەك، ئېتىلىپ چىقماق، بەرق ئۇرۇپ كۆرۈنمەك: بەختى ئاكام مۇشۇ ئاي-كۈنلەردىن بىرى، ئەزالار ئېتىزدىن تارقىغان چاغدا ۋە ھەتتا كەچلىكى كۆكتە جىمىرلاپ، دەسلەپكى يۇلتۇزلار بالقىغان چاغدىمۇ ئىشلەۋاتىدۇ. * شەپەقتەك بالقىساڭ كۆكتە، بۇلۇتتەك شۇنچىلىك پەسمەن، قولۇمنى تۇتمىساڭ رەببىم، بۇ دەريادىن ئۆتمەسمەن. ② يارقىن نۇر چاچماق، يالتىرىماق؛ پارلىماق: بالقىپ تۇرغان ئالتۇن شارنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى دەريا ئۈستىدىن چاقناپ جىمىرلاشقا باشلىدى. * تاڭ شەپىقى ــ ...بالقىپ كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان نۇرلۇق قۇياشنىڭ سەلتەنەتلىك خەۋەرچىسى.

**بالكون** ئى [ر<ئىتال] <بىن> بىنانىڭ ھەربىر قەۋەتلىرىدىكى، دېرىزىسى كوچا، ھويلا ياكى ھاۋالىق تەرەپكە قارىغان، ئۆيلەرگە بىرىكتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان پېشايۋان ياكى بىنانىڭ ئۆگزىسىدىكى ھاۋالىنىدىغان جاي: چوڭ ئىشىكنىڭ ئۈستىدىكى بالكوندا پاكار بويلۇق، ھاياجانلانغان بىر كىشى پەيدا بولۇپ، قوللىرىنى سىلكىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشكە باشلىغانىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى.

**بالكونلۇق** سۈپ. بالكونى بار، بالكون ئورۇنلاشتۇرۇلغان: مەن بالكونلۇق ئۆيگە قاراپ غەزەپ بىلەن يۈگۈردۈم.

**باللادا** ئى [ر<فران] <ئەد> شېئىر بىلەن يېزىلغان لىرىك قىسسە، ئېپىك داستان، سۇژېتلىق شېئىر.

**باللىستىكا** ئى [ر<گرېك] <فىز> ئوق يولىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، كىشىلەر ئوق-دورىلارنى لايىھىلەش، ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇشتا بۇنىڭغا ئاساسلىنىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئىچكى باللىستىكا ۋە تاشقى باللىستىكا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛

www.uyghurkitap.com

ئىچكى باللىستىكا ئوقنىڭ مىلتىق ۋە زەمبىرەك ئىچىدىكى ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى، تاشقى باللىستىكا ئوقنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**باللىماق** پ. ھەسەل ھەرىلىرى ھەر خىل گۈل چېچەكلىرىنى يەپ ھەسەل قۇسماق: — بىزدە پۇل بار، ئابرويى بار. خۇددى بال ئىچىگە باللىغان ھەرە لېچىنكىلىرىدەك ياشايمىز.

**باللىنىست** ئى [ر] <تىب> ← **كېسەلخانا:** ئەتراپى گۈلىستان، كۆجۈم دەرەخزار، مىسالى قار رەڭلىك ئاپئاق باللىنىست. ئالدىرار دوختۇرلار، سېستىرا قىزلار، ئاڭلانماس ئاياغدىن ئەمما ئۈن-تىۋىش.

**بالون** ئى [ر<فران] <ماشىن> ماشىنا، تراكتور، ۋېلىسىپىت قاتارلىق قاتناش قوراللىرىدىكى چاقنىڭ سىرتقى قەۋىتىدىكى ھالقا شەكىللىك رېزىنكە بۇيۇم: دولقۇن ئەنۋەرنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئارقا چاقىدىن كېسىۋالغان بىر قولدەك قان يۇقى بالون پارچىسىنى كۆپچىلىككە كۆرسەتتى.

**باليېت** ئى [ر<فران] <ئۇس> ئىتالىيىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بىر خىل ئۇسسۇللۇق دراما. ئۇنىڭدا ۋەقەلىك تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا ئاساسىدىكى بەدەن ۋە يۈز ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئايال ئۇسسۇلچىلار كۆپىنچە بۇ ئۇسسۇلنى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يۈرۈپ ئوينايدۇ.

**باليېت ئۇسسۇلى** ← **باليېت.**

**باليېتچى** ئى <ئۇس> باليېت ئۇسسۇلىنى ئوينايدىغان ئارتىس ياكى ئارتىسكا.

**بالىجان** سۆپ. كىچىك بالىلارنى ئەركىلىتىپ، يېقىن كۆرۈپ، ھۆرمەتلەپ چاقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆز: مەن باشاي مۇندا تۇخۇم ئاۋۋالقىدەك. بالىجان كۆرگۈم كېلۈر سەنىدىنمۇ بەك.

**بالىچان** سۆپ. بالىسى بار، باللىق.

**بالىچانلىق** سۆپ. بالا-چاقىلىرى كۆپ؛ باللىق: بۇ قېتىم سودىگەر بىر ھەپتە مېھمان بولۇپتۇ. ئۆي ئىگىسى بالىچانلىق، قول-ئىلكىدە يوق ئادەم بولسىمۇ يەنە بىلىندۈرمەي قوشنىلىرىدىن ئۇن-پۇن قەرز ئېلىپ يۈرۈپ كۈتۈپتۇ. * ئىمىن ئاخۇن ئاكام بالىچانلىق ئادەم، ھازىر تۇرمۇشتا قىينىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئاز-تولا ئوقەت قىلىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالمىسا، بۇ يىل قىشتىن چىقىشى تەسكە چۈشىدۇ.

**بالىچۇق** ئى ① نەرسىلەرنىڭ كىچىكى: بالىچۇق كاۋا. ② بۇغداي باشقىنىڭ بۆلىكى: بۇغداي ئوبدان باش ئالدى، بالىچۇقلىرى قوشۇلدى. سۇ ۋاقتىدا قويۇلغاچ، بۇغداي تولۇق دان تۇتتى.

**بالىچىلاپ** رەۋ. بالا ئورنىدا، بالا ھېسابىدا: بالىچىلاپ كىرمەك.

**بالىچىلاپ كىرمەك** كۈيئوغۇل بولغۇچى يىگىت قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بالا ئورنىدا كىرىپ بىرگە تۇرماق: تۇرسۇنئاي ئېرىنىڭ مۇرىسىنى نوقۇپ: — ماڭا قاراڭلار، ھېچ بولمىغاندا، بىر بۆلۈم باشلىقى بولسىمۇ ئەمەلى بار، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، مائاشى يۇقىرى، نىكاھلانمىغان، سانجىقى يوق بىر ياش بولسا، بالىچىلاپلا ئۆيگە ئەكىرسەك دەپ ئويلىغىنىمنىڭ يامىنى بارمىكەن؟ — دېدى.

**بالىچىلىق** ئى. بالا بولۇش ئىشى؛ بالىلاردا بولىدىغان قىلىق: — ئوغۇل بالىچىلىقتا نېمە ئىشلار بولمايدۇ، دەيسەن؟

**بالىخانا** ئى [پ] يەرلىك ئۇسۇلدا سېلىنغان ئىمارەتلەرنىڭ ئىككىنچى قەۋىتى ۋە شۇ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆي، ئۆگزىگە سېلىنغان كىچىك ئۆي: چۆرە خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن بالىخانىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

**بالىخانىلىق** سۆپ. بالىخانىسى بار، قەۋەتلىك بار: ئۇنىڭ ئامۇت، نەشپۈت، ئانار، تەكلىك چوڭ بېغى، بالىخانىلىق ئۆيى، ئۆيىنى ساقلايدىغان بۆرە ئىتلىرىمۇ بار ئىكەن.

**بالىسىرىماق** پ. پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى

كۆچەيمەك.

**بالىسىز** سۈپ. بالىسى يوق، بالا كۆرمىگەن، پەرزەنتسىز: بالىسىزنىڭ مېلى هارام، ئىماندىسىزنىڭ جېنى هارام (ماقال). * بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار (ماقال).

**بالىسىزلىق** «بالىسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بالىسىزلىق — ئادەم ئۈچۈن چوڭ دەرد.

**بالىغ** سۈپ [ئە] يېزت. بالاغەتكە، ۋايىغا يەتكەن: بالىغ بولماق.

**بالىغ بولماق** جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلمەك، بالاغەتكە يەتمەك: ئۇ شاھزادە بالىغ بولغاندىن كېيىن، ئەلچىلەر نى-نى كاتتا باي، ۋەزىر، پادىشاھلارنىڭ قىزلىرىدىن لايىق كۆرسەتسە ئۆزەم تېپىپ ئالىمەن، كۆڭلۈم چۈشكەننى ئالىمەن دەپ ئۇنىماپتىكەن.

**بالىكا** ئى. ئەرك س. ئاتا-ئانىلار ياكى چوڭلارنىڭ ئۆز بالىلىرى ياكى كىچىك بالىلارنى ئەركىلىتىپ، يېقىنچىلىق قىلىپ چاقىرىش شەكلى: شۇ سۆز بىلەن ئانىسى، ئىشىككە ئوقتەك ئېتىلىپ، سۆزگە قان-ياش قېتىلىپ، بويىغا گىرە سېلىپ «هارماڭ بالىكام» دەپتۇ.

**بالىلاتقۇزماق** «بالىلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بالىلاتماق** «بالىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بالىلارچە** رەۋ. بالىلارغا ئوخشاش، گۆدەكلەردەك: بالىلارچە ئويۇ. بالىلارچە سوئال. * ئەخمەتجان قاسىمىدىكى مۇنداق بالىلارچە هۇزۇرلىنىپ كۈلۈش ئۇنىڭ كىرسىز ساغلام تەبىئىتىدىكى كۆڭۈل ئازادىلىكى بولسا كېرەك، دېگەننى ئويلىغانىدىم. * تۇرسۇن هەم هەيران، هەم خۇشال بولۇپ، خۇددى كىچىك بالىلارچە كۈلۈمسىرەيتتى.

**بالىلاشماق** ① «بالىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② بالىلارغا ئوخشاش قىلىق قىلماق؛ بالىلارچە ئىش قىلماق؛ بالىلارچە هەرىكەت قىلماق.

**بالىلىق** سۈپ ① بالىسى، پەرزەنتى بار، بالا-چاقىلىق: بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار (ماقال). * بالىلىقنىڭ بالىسىنى باقىقۇچە، ئىشىنى قىل (ماقال). * يولۇچىلارنىڭ هەر خىل گەپ-سۆزلىرى، ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى، ياشلارنىڭ قېرىلار ۋە بالىلىق ئاياللارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىۋاتقان، قېرىلار ۋە بالىلىق ئاياللارنىڭ بۇنىڭدىن دىلى سۆيۈنۈپ، رەهمەت ئېيتىشلىرى ئاپتوبۇس ئىچىنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ② بالىلارغا خاس: بالىلىق بۇرچ. بالىلىق خىيال. * دېمىسىمۇ ئۇنىڭ قېرىنداشلىق مېهىر-مۇهەببىتى بىلەن تولغان ساپ بالىلىق قەلبى ئاكىسىنى سېغىناتتى. * ئۇ بالىلىق هېسسىيات ئىلكىدە باغنى ئارىلاپ، باغۋەن مۇسا تاغىنىڭ قېشىغا باردى. ③ ۋايىغا، بالاغەتكە يەتمىگەن، ئۈسمۈرلۈك، گۆدەك: بالىلىق دەۋر. بالىلىق چاغ. * ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى گۈزەللىك هېسسىياتى بالىلىق مەزگىلىدىكىدىن چوڭقۇر بولىدۇ. * مەن هازىر بىزنىڭ باغچىنى، بۇرۇن بىللە ئوينىغان هەمراهلارنى، بالىلىق ۋاقتىمدىكى چاغلارنى ئەسلەۋاتىمەن. * بالىلىقىم ئۆتتى سېنىڭ قوينىڭدا، ئارمىنىم يوق ئۆتكىنىچۈن ياشلىقىم. كۆرۈپ سەندىن ئەمگەكمەنىڭ كۈچىنى، قايناپ تاشتى يۈرىكىمدە شادلىقىم.

**بالىلىق بولماق** پەرزەنت كۆرمەك، بالىغا ئىگە بولماق، بالا تاپماق: شۇ چاغ ئائىشەمنىڭ يۈزىدە شادلىق نۇرى — بىرىنچى قېتىم بالىلىق بولغان ئانىلاردا بولىدىغان شاتلىق نۇرى چاقنىغانىدى.

**بالىلىق دەۋر** كىشىلەرنىڭ ۋايىغا، بالاغەتكە يەتمىگەن دەۋرى؛ گۆدەكلىك يەنى 13-14 ياشقا كىرگۈچە بولغان مەزگىلى: مەن ئۈچۈن ئۇ بالىلىق دەۋر خۇددى بىر ئۇنتۇلماس شېرىن چۈشتەك بولۇپ قالدى.

**بالىلىق قىلماق** ① كىچىك بالىلارغا ئوخشاش ئىش-هەرىكەتلەردە بولماق، كىچىك بالىلار قىلىدىغان قىلىقلارنى قىلماق: — هەي، سەن دېگەن يەتتە ئىقلىمنىڭ ئەڭ ئابرويلۇق پادىشاھى

نىڭ ئوغلى تۇرۇپ، باياۋانــدىن تېپىۋالغان قىزنى ئالماقچىمۇ؟ ياق، ئوغلۇم، سەن بالــلىق قىلما!، ــ دەپتۇ پادىشاھ. * ھىسامىدىن ئابلەتــنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ: ــ سەن يەنىلا باللىق قىلىۋاتىسەن، ئۇيۇن كۆرسەڭ، سەھنىنىڭ سىرتىدىكى بىرنېمــىلەرنى كۆرىدىكەنسەن، ــ دېدى. ② ئويلانماي، ئاددىي ئىش كۆرمەك: بىز باللىق قىلدۇق.

**باللىماق** پ ① بالا تۇغماق؛ بالا چىقار- ماق: بوۋاي: ــ ئۇ دەريانىڭ ئوتتۇرىــسىــدا بىر چىنار دەرىخى بار؛ چىنارنىڭ ئۇچىدا ھەر يىــلى سۇمۇرغ قۇش باللايدۇ، شۇ قۇشــنىڭ بالــىلىرىنى ھەر يىلى بىر ئەجــدىھا كېــلىپ يەپ كېتــىدۇ، ــ دېدى. ② بىر يەرگە ئۇۋۇا سېلىپ ئۆي قىلىپ تۇرماق، ئورۇن تۇتۇپ ماكانلاشماق (قۇشلار ھەققىدە): قۇشــقاچ تام تۆشۈكــىدە بالــلايــدۇ. ئەمما ياۋا كەپــتەر سۇيى يوق كارىزدا باللايــدۇ. ③ كۆچمە. كۆپــەيــمەك، ئاۋۇماق: يىلــلاردىن بېرى باللاپ كەتكەن بىرنەچچە توقــماق قەرزنى تۆلەش ئېمىنى تۈگمەن تېشىدەك باستى.

**باللىمان** ئى <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خىل يەلــلىك مۇزىكا ئەسۋابى، ئۇ قۇرغاق يەردە ئۆسكەن قومۇشتىن ياسىلىدۇ، سەككىز تۆشۈك- لۈك، ئاۋازى يۇمــشاق چىــقىــدۇ، ئاساسەن كلاسسىك مۇزىكىلارنى ئورۇنلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى نەيگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

**باللىمانچى** ئى. باللىمان چالىدىــغان كىشى: بۇ قېتىمقى كۆرەكــتە باللىمانچــىلارمۇ خېــلى كۆپ ساننى ئىگىلەيتتى.

**باللىياتقۇ** ئى [بالا+ياتقۇ] <ئانات> ئايالالار ياكى سۈت ئەمــگۈچى چىــشى ھايۋانلارنىڭ تۆرەلــمە يېتىــلــدۇرۇش ئەزاسى، شەكــلى خالتىغا ئوخشاپ كېــتىدۇ. ئۇ دوۋساق بىلەن تۈز ئۈچەينىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئېغىــزى جىنســي يول بىلەن، ئاستىــنىڭ ئىككــى تەرــپى تۇخۇم توشۇش نەيــچىــسى بىلەن تۇتىشىــدۇ. ئۇنىڭ ئىچــكى قاتــلــمى شاــلىق پەردە، ئوتــتۇرا قاتــلــمى سىــلىق مۇسكۇل، سىرتقى قاتلىمى قوشقۇچى توقۇل- مىدىن ئىبارەت. تۇخۇمدان ئۇرۇقلانغانــدىن كېــيىن بالــياتقۇ ئىچىدە يېتىلىپ، تۆرەلــمە بولۇپ شەكىللىنىــدۇ.

**باللىياتــقۇ لۇق تۇغۇت** ئادەم ياكــى بەزى ھايۋانــلارنىڭ بالــىسى ئانا تېنىدە يېتىــلىپ بەلگىلىك باسقۇچقا يەتــكەنــدە ئانا تېنىــدىن ئايرىلىدىغان بىر خىل ھادىــسە.

**بامەسلىھەت** رەۋ [پ+ئە] مەسلىھەت بىلەن، مەس- لىھەتلىشىپ، كېڭىشىپ، باش قوشۇپ، بىرلىككە كېلىپ: بامەسلىھەت ئىش قىلــماق. ــ ئۈچەيــلەن بامەســلــھەت بۇ يەردە بىر كۈنــنى ئۆتــكۈزۈپ، ئەتىسى يولغا چىقىپتۇ.

**بامبۇك** ئــى [ر<فران]<بوت> باشاقلىقــلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدۇ؛ غولى سىلىندىر شەكلىدە، ئوتــتۇرىــسى كاۋاك ۋە بوغۇمــلۇق كېلىــدۇ؛ يوپۇرمىقىــدا پارالــلېل كەتــكەن تومۇرلىرى بولىدۇ؛ تۈرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: قارا بامبۇك، قېرىق بامبۇك قاتارلىقــلار. غولــىنى قۇرۇلۇشلارغا، جابدۇق ياساشــقا ئىشلىتىشكە، نوتىســنى ئىســتېــمال قىلىشــقا بولىدۇ.

**بامبۇك كەكلىكى** <زوئول> بىر خىل قۇش، تېــنى ئورمان كەكلىكــگە ئوخشاپ كېتــىدۇ، تېــنىــنىڭ ئۈســتى قوڭۇر زەيــتۇن رەڭــدە، كۆكرىكى قوڭۇر، كۆكرىكىنىڭ ئىكــكى يېنىدا نۇرغۇن قارامتۇل سەپكۈنلىرى بار. كۆپىنچە بامبۇكزارلىقتا ياشايدۇ.

**بامبۇكزار** ئى ←ــــ **بامبۇكلۇق.**

**بامبۇكسىمان** سۈپ. بامبۇك شەكىلــلــك، باەــبۇكقا ئوخــشاش،

**بامبۇكسىمان قۇرت** <زوئول> بىر خــىل ھاشارات، تېنى ئۇزۇن ۋە ئىنچــكە بولۇپ، بامبۇكــقا ياكى دەرەخ شاخلىرىغا ئوخشايدۇ؛

رەڭگى يېشىل ياكى قوڭۇر؛ بېشى كىچىك، قانىتى يوق؛ يوپۇرماقلار بىلەن ئوزۇقلىنىپ دەرەخ شاخلىرىدا ياشايدۇ.

**بامبۇكلۇق** ئى. بامبۇك كۆپ ياكى زىچ ئۆسكەن جاي: باشلىق ئۇنىڭدىن بامبۇكلۇق قانچە مو يەرنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى سورىدى.

**بامدات** ئى [پ] <دىن> ① تاڭ سەھەردە، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان بىرىنچى ناماز: بامدات ئوقۇماق. بامداتقا تەرەت ئالماق. ② تاڭ سەھەر پەيتى، بامدات نامىزى ئوقۇلىدىغان پەيت، قاق سەھەر: شايىت: — مەشەتكە كەتكۈچە تايىنلىق تاڭ ئاتار، بۈگۈن بىرەر سارايدا قونۇپ قېلىپ، ئەتە بامدات بىلەن يولغا چىقىپ كەتسەكمىكىن، — دېدى داۋۇتقا.

**بامدات نامىزى** <دىن> تاڭ سەھەردىن كېيىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان ناماز: — ئەل مېھرىدىن ئايلىناي! — دېدى بامدات نامىزىدىن قايتقان ھېزىم ئاخۇن ئۇزاتقىلى يىغىلغان ياشلارغا قاراپ.

**بامدات ۋاقتى** بامدات نامىزى ئوقۇلىدىغان ۋاقىت، پەيت؛ سەھەر: — كېچىلەپ يول يۈرۈپ، بامدات ۋاقتى بىلەن كەلمىگىلى ئىككى ئاي بولغان ئۆيۈمنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىردىم. * ئەتىگەن بامدات ۋاقتى بىلەن نەچچە مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادىلەر قوشۇنى قاتارلىشىپ، شەھەرگە كىرىپ كەلدى.

**بانان** (بانانى) ئى [ر] <بوت> بانان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە چوڭ، ئۇزۇن سېپى بار؛ گۈلى سۇس سېرىق رەڭدە؛ مېۋىسى ئۇزۇن، سەل ئەگرى كېلىدۇ، خۇش بۇي پۇرايدۇ، تەمى تاتلىق؛ تروپىك بەلباغ ۋە سۇبتروپىك بەلباغدىن چىقىدۇ. باناننىڭ ئېگىز غوللۇق بانان ۋە پاكار غوللۇق بانان دېگەن تۈرى بار.

**بانان ئالما** تەمى بانانغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئالما.

**بانتىك** ئى [ر] كۆڭلەك ياقىسى ياكى ئاياللارنىڭ چېچىغا تاقايدىغان كېپىنەك شەكىلدىكى لېنتا ۋە شۇ شەكىلدا چىگىلگەن بوغقۇچ قاتارلىقلار.

**بانتىكلاتماق** «بانتىكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بانتىكلىماق** پ. ئاياللار چېچىنى ئېگىز ئۆرۈپ، بىر-بىرىنى ئالماشتۇرۇپ بېشىنىڭ كەينى تەرىپىگە تۈگۈۋالماق.

**بانداژ** ئى [ر<فران] ئارتىسلار ياكى بەزى سەمرىپ كەتكەن ئاياللار بەدەن مۇسكۇل- لىرىنى نورمال ھالەتتە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئادەتتىكىدىن چىڭراق تارتىپ باغلىۋالىدىغان بەلباغ؛ تارتقۇ.

**باندىت** ئى [ر<ئىتال] ① قورالانغان ئوغرى، باسقۇنچى، كاللا كېسەر: خۇددى تاپىنىنىڭ ئاستىدىن چىققاندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولغان باندىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاتلانغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئاتلىق پولكى شىخو بىلەن شىخەنزە ئارىلىقىدىكى تاغلارغا يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. ② قورال- لانغان، مەلۇم سىياسىي كۆز قاراشقا ئىگە ۋە تەشكىللىك ھەرىكەت قىلىدىغان يەرلىك ئەكسىيەتچىل سىياسىي تەشكىلات: گومىنداڭ باندىتلىرى.

**باندىتلىق** «باندىت» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئاسىم قوشۇمىسىنى بىر تۈردى- دە، يىگىتلەرگە قاراپ: — باندىتلىق! مۇناپىق بەگ ئەمدى باندىتلىق قىلىشقا باشلاپتۇ- دە، يۈرۈڭلار، چاپسان ھەرىكەت قىلايلى، قېرىنداشلارنى قۇتقۇ- زايلى، — دېدى.

**بانكا I** ئى [ر<فران] پۇل ئامانەت قويۇش، پۇل قەرز بېرىش، پۇل پېرېۋوت قىلىش قاتارلىق كەسپلەر ئارقىلىق ئامانەت، قەرزنىڭ ۋاستىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگە ئالغان ئامانەت،

قەرز ئاپپاراتى: ياندا قويساڭ 30 تەڭگە توققۇز بولۇر، بانكىدا قويساڭ توققۇز تەڭگە 30 بولۇر.

**بانكا كاپىتالى** <س ئىق> **بانكا** كەسپىنى يولغا قويۇشتا سېلىنىدىغان كاپىتال. ئۇ نەق پۇل ۋە باھالىق چەكتىن تەركىب تاپىدۇ، ئەسلىي مەنبەسى بانكىرنىڭ شەخسىي پۇلى ۋە ئامانەت قويۇلغان پۇللار بولۇپ، ئامانەت قويۇلغان پۇللار كېيىنچە بانكىنىڭ دائىم ئىشلىتىدىغان ۋە قەرز بېرىدىغان كاپىتالىغا ئايلىنىدۇ.

**بانكا II** ئى [ر] شېشە ياكى مېتالدىن ياسالغان سىلىندىر شەكىللىك ئىدىش.

**بانكىر** ئى [ر] كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردىكى زور كاپىتالغا ئىگە بولغان بانكا ئىگىسى: ئۇلار باشقىلارنىڭ يېرىدىكى بايلىقلارنى، چارۋا بىلەن تولغان گۈزەل يايلاقلارنى، تۈگىمەس ئىقتىسادىي مەنبەلەرنى، تولىماس خالتا بانكىرلارغا يەم قىلماقچى.

**باھا** (باھاسى) ئى [پ] ① نەرسىنىڭ، مالنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلەنگەن قىممىتى؛ نەرخى: يۇقىرى باھا. تۆۋەن باھا. بازار باھاسى. توپ باھا. پارچە باھا. * ئالدىغا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، سېۋەتلەپ ئۆرۈك ۋە ئۈجمىلەرنى قويۇۋالغان دېھقانلار كەچ قاراڭغۇسىنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز مېلىنى باھا تالاشمايلا سېتىشاتتى. ② كۆچمە. ئادەم، نەرسە ياكى قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى، سۈپىتى، دەرىجىسى، ئەھمىيىتى ۋە قەدىر ـ قىممىتى قاتارلىقلار ھەققىدە بېرىلگەن پىكىر ياكى چىقىرىلغان يەكۈن: باھا بەرمەك. ياخشى باھاغا ئېرىشمەك. * مۇزىكىلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالغاچقا تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. * ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرقانچە قېتىم يازغان ماقالىلىرى ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

**باھا بەرمەك** ئادەم، نەرسە ياكى قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى، سۈپىتى، دەرىجىسى، ئەھمىيىتى، قەدىر ـ قىممىتى قاتارلىقلار ھەققىدە پىكىر قىلماق، يەكۈن چىقارماق: ئۈچ يىگىت ئىختىيارسىز بىر ـ بىرىگە قاراشتى ـ دە، خۇش ياقمىغان ھالدا يېڭى ئۆينىڭ جاھازلىنىشى توغرىسىدا باھا بېرىشكىلى تۇردى. * بىر ئادەمگە ئۇنىڭ بىرەر مەسىلە ھەققىدىكى كۆز قارىشىغا قاراپلا باھا بېرىشكە بولمايدۇ. كۆز قارىشى توغرا بولمىغان ياخشى ئادەملەرمۇ بولىدۇ.

**باھا پەرقى** <س ئىق> ئوخشاش بىر خىل تاۋارنىڭ سېتىۋېلىش ـ سېتىپ بېرىش ھالقىلىرى، رايونلىرى. سېتىۋېلىش ـ سېتىپ بېرىش پەسىللىرى ياكى سۈپىتى، ئىستاندارتى ئوخشاش بولماسلىق تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ باھاسىدا شەكىللەنگەن پەرق.

**باھا تۈزۈلمىسى** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى، مۇئامىلە خىراجىتى، باج ۋە پايدىدىن ئىبارەت تاۋار باھاسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللار، ئۇلارنىڭ باھادا تۇتقان ئورنى ۋە تەشكىللىنىش ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**باھا چىقارماق** <س ئىق> سودا ئورگانلىرى تەرىپىدىن سېتىلىدىغان تاۋارنىڭ نەرخىنى توختىتىپ ئۇقتۇرماق.

**باھا سۆزى** <مائار> ئوقۇتقۇچى ياكى مەكتەپ تەشكىلىنىڭ ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسىگە قارىتا بەرگەن ۋە يېزىپ قالدۇرغان پىكرى.

**باھاسىغا چىقماق** تاۋارنى ساتقۇچى كۆزلىگەن باھاغا ياكى ئۆز نەرخىگە يېتىپ سورىماق: ئۇ: ــ تۇغچىلىقلار مېلى باھاسىغا چىقمىغۇچە ئېغىز ئاچمامدۇيا، ــ دېدى.

**باھا سىياستى** <س ئىق> سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى ھەرقايسى سىنىپلار، تارماقلار، رايونلار ۋە ھەرقايسى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى باھادىن پايدىلىنىپ تەڭشەيدىغان ئىقتىسادىي سىياسەت.

**باھاسى يوق** ① نەرخى، قىممىتى بەلگىلەنـمىگەن، باھاسى بېكىتىلمىگەن. ② تەڭداشسىز قىممەتكە ئىگە، تېپىلمايدىغان؛ ئىنتايىن قىممەتلىك، بىباھا: تۆمۈر بوۋام — باھاسى يوق كىشى ئىدى.

**باھاغا سۇندۇرماق** <س ئىق> تاۋارنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ھېسابلاپ كۆرمەك.

**باھا قويماق** <س ئىق> ① سېتىلىدىغان مالنىڭ نەرخىنى بەلگىلىمەك، بېكىتمەك: مەلىكە بۇدۇر دورىغا: — سىلەر قانچە باھا قويساڭلار شۇ باھادا ئالىمەن. زادى بۇنىڭ ئېنىق باھاسى قانچە؟ — دەپ قايتا سوراپتۇ. * ئەلى نۇردىن ئەنسۇلجەلىسىنى قولىلار بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ، دەللالغا تاپشۇرۇپ: — ھەي ھاجى سەن بۇنىڭغا باھا قوي، — دەپتۇ. ② مالنىڭ باھاسىنى ئەسلى باھاسىدىن ئۆستۈرۈپ ئېيتماق: — بۇرادەر باھا قويماي، ساتىدىغان يېرىڭىزنىلا ئېيتىڭا، — دېدى سەمەت ئۆتۈكنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈۋېتىپ.

**باھا نىسبىتى** <س ئىق> بىر خىل تاۋار باھاسى بىلەن باشقا بىر خىل تاۋار باھاسىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى.

**باھادىر** (توغرىسى: باتۇر) ← **باتۇر.**

**باھادىرلىق** (توغرىسى: باتۇرلۇق) ← **باتۇرلۇق.**

**باھار** (باھارى) ئى [پ] ① تۆت پەسىلنىڭ بىرىنچىسى، قىشتىن كېيىن يازدىن بۇرۇن كېلىدىغان پەسىل؛ كۆكلەم: 1963 ـ يىلىنىڭ باھار ئايلىرىغا كەلگەندە مېنىڭ ھاياتىمدا ئاجايىپ ئۆزگىرىش بولدى. ② كۆچمە. تۈرلۈك نەرسەلەرنىڭ يېڭى ھاياتى، ئۆمۈر، ياشلىق، ئىلىم ـ پەن ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىغان، راۋاجلانغان چاغلىرى ۋە شۇنداق چاغلارنىڭ سىمۋولى: ياشلىق باھار. ئىلىم ـ پەن باھارى. * «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىلىرىنىڭمۇ يېڭى باھارى بولدى. ④ ئەر، ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**باھار بايرىمى** ← **چاغان**: بۇ يىلقى باھار بايرىمىدا دادامنى كۆرۈپ كەلدىم.

**باھالاتماق** «باھالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مەن بۇنى كۆپچىلىككە باھالىتىپ باقاي، قېنى ئۇلار نېمە دەيدۇ، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ.

**باھالاتقۇزماق** «باھالىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كالىسىنى سېتىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن دەللاللارغا باھالاتقۇزۇۋالدى.

**باھالاش** ئى. «باھالىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: كەچقۇرۇن باھالاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەكبەر سۇنۇرنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ مەھەللىگە قايتتى.

**باھالاشماق** «باھالىماق» پېئىلىنىڭ ئورتاقلىق دەرىجىسى.

**باھالانماق** «باھالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەخمەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ كۆپ قېتىم ئىنچىكە سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىشى ئارقىلىق ئۆتكەن يىلى مەيدان بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. * ئۆتكەن يىلى بۇ مەكتەپ ئاقچى ناھىيىسى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستى بويىچە ئىلغار مەكتەپ بولۇپ باھالاندى.

**باھالىق** سۈپ. باھاسى بار، باھاسى بېكىـتىلگەن: ئاينۇر بويىنىغا ناھايىتى قىممەت باھالىق يۇڭ شارپىنى ئورىۋېلىپ، ئانىسىنىڭ يېنىدا ئۇندىمەستىن ئولتۇراتتى.

**باھالىق بۇيۇم** <س ئىق> ① كەم تېپىلىدىغان، ئەتىۋارلىق بۇيۇم. ② باھاسى بېكىتىلگەن بۇيۇم.

**باھالىق چەك** <س ئىق> پۇل، كاپىتال، تاۋار ياكى باشقا مال ـ مۈلۈك قاتارلىق قىممىتى بار نەرسىلەرگە بولغان ئىسپات قەغىزى ياكى چەك. مەسىلەن: پاي چېكى، زايوم چېكى، ھەر خىل فاكتور، تاۋار يۆتكەش تالونى، ئىسكىلات تىجارەتچىسى ساقلايدىغان

www.uyghurkitap.com

تاۋار تالونى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**باھالىماق** پ ① سېتىلىدىغان مالنىڭ باھاسىنى، نەرخىنى بەلگىلىمەك؛ بېكىتمەك: كۆپچىلىك ئېنەكنى 400 يۈەن باھالىسىمۇ، كېرەم يەنىلا ساتماي تۇرۇۋالدى. ② كۆچمە. ئادەم، نەرسە ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ياخشى-يامانلىقى، سۈپىتى، دەرىجىسى، ئەھمىيىتى قاتارلىقلار ھەققىدە پىكىر بەرمەك، يەكۈن چىقارماق؛ باھا بەرمەك: خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى لەيلىگۈل جوزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دېھقانلارنىڭ باھالىشى، دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن بېكىتىلگەن تەقسىم قىلىش تىزىملىكىنى بىر-بىرلەپ ئوقۇشقا باشلىدى. * كازىم ئەدەبىياتنى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر تەربىيىچىسى، كۈرەشچىسى سۈپىتىدە ناھايىتى يۇقىرى باھالايتتى.

**باھانە** ئى [پ] ① بىرەر ئىشتىن باش تارتىش مەقسىتىدە كۆرسىتىلگەن ئورۇنسىز سەۋەب، ئۆزرە: سېيىت ئاكا ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم سىرداشماقچى بولۇپ ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانىدى، بىراق ئادىل ھەر خىل باھانىلارنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى. ② باشلانغۇچ سەۋەب: توي باھانىسىدا تون پۈتتى (ماقال). * بۇغداينىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ (ماقال). * تىلىۋالدى بالىلارنىڭ بەشىنچىسى — ئەڭ كەنجىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇغۇلغان تۆت بالا يېشىغا توشا-توشمايلا بىرلا ئاغرىغان باھانە بىلەنلا كۆز يۇمۇپ توختىمىغانىدى.

**باھانە بولماق** بىرەر ئىشتىن باش تارتىشقا سەۋەب، دەستەك بولماق: سايىم چوڭنىڭ سوئالى ئۇنىڭغا باھانە بولدى. * يارى بارى كەلمىدى، شۇڭقارى بارى كەلمىدى. يارىمنىڭ ئاياغى سۇندى، باھانە بولدى كەلمىدى.

**باھانە قىلماق** بىرەر ئىشتىن باش تارتىشقا سەۋەب كۆرسەتمەك: مەن ئات بېقىشنى باھانە قىلىپ، تولا ۋاقىتلاردا كېچىلەرنى ئېتىزدا ئۆتكۈزۈۋېتىمەن.

**باھانە-سەۋەب** تۈرلۈك باھانە ۋە سەۋەبلەر: كاتىپنىڭ ھەر خىل باھانە-سەۋەب بىلەن توي خېتى بەرمەسلىكى تۇرغۇن بىلەن قۇندۇزنى ئازابلاپ، ھەسرەت ۋە ئەلەم تۇيغۇسى يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسماقتا ئىدى.

**باھانىدىماق** پ → **باھانە قىلماق**: ئۇنىڭ نەزىرىدە جارۇپ ئىنژېنېرمۇ چوقۇم ئىشنىڭ كۆپلۈكىگە باھانىداپ، بۇ ۋەزىپىدىن باش تارتىشى كېرەك ئىدى.

**باۋئەن** ئى <ئىرق> → **باۋئەنلەر.**

**باۋئەن تىلى** <تىل> ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى موڭغۇل تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدىغان، باۋئەن مىللىتى قوللىنىدىغان تىل.

**باۋئەن مىللىتى** <ئىرق> → **باۋئەنلەر.**

**باۋئەنچە** رەۋ. باۋئەن مىللىتىگە ئوخشاش؛ باۋئەن مىللىتىگە خاس ياكى باۋئەن مىللىتى ئىشلىتىدىغان: باۋئەنچە سۆزلىمەك. باۋئەنچە كىيىنمەك. باۋئەنچە كىيىم.

**باۋئەنلەر** ئى <ئىرق> ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئاساسەن گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيا ناھىيىسىنىڭ داخېجياۋ دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلاشقان.

**بائىس** ئى [ئە] يېزت. سەۋەب، ۋەج: نۆكەرلەر ساتىراشنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ، دار تەرەپكە ئېلىپ مېڭىشتى. ئوردىدا پەم-پاراسەتلىك ئاقىل، دانالىقى بىلەن شۆھرەت چىقارغان ھاكىم بار ئىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تازىم قىلدى-دە: — شاھىنشاھ. ساتىراشنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ بائىسى نېمىدۇر؟ — دەپ سورىدى.

**باي** ① سۈپ. ئىقتىسادىي ئاساسى مۇستەھكەم، ھېچ نەرسىگە موھتاجلىقى يوق؛ نۇرغۇن مال-دۇنياسى بار: باي مەملىكەت، باي ئادەم. * — پولات تاۋلاشتا يېيىلۋاتقان ئاشلىق، خەجلىنىۋاتقان پۇلىنى كۆرۈپ ئۆزىمىزنى تەڭداشسىز باي ھېسابلاپتىمەن، — دېدى ھاشىر. ② سۈپ.

تەركىبىدە، ئىختىيارىدا، باغرىدا، ئىچىدە كېرەكلىك ۋە پايدىلىق نەرسىلەر كۆپ؛ مول، يېتەرلىك: يېرى باينىڭ ئېلى باي (ماقال). * موماي تۇرلۇك رىۋايەت، ئەپسانىلەرگە ۋە لەتىپە، چۆچەكلەرگە باي ئىدى. * «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ، شۇنىڭدەك مۇزىكا ـ نەغمە شەكىللىرىنىڭ باي خەزىنىسى. ③ ئى. مال ـ دۇنيا يىغقۇچى؛ دۆلەتمەن كىشى: باي بارنى بەرمەس، كەمبەغەل قاراپ تۇرماس (ماقال). * باي بۇغدايلىرىنى يىغىۋالماقچى بولۇپ، ئون ئورمىچى ياللىۋاپتۇ. ④ ئى. بايلارغا مۇراجىئەت قىلىشتا ياكى ئۇلار توغرىسىدا سۆز بولغاندا، ئۇلارنىڭ نامى ئورنىدا ياكى نامىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ: دېدىم تۇرۇپ: — باي ئاكا، ئوغرى دەمسىز مېنى سىز؟ قۇتاندىكى ئىزلارنى، قاراپ كۆرۈك قانداق ئىز. ⑤ ئى. ھۆرمەت يۈزىسىدىن كىشى نامىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ ھەم كىشى ئىسمىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا كىرىدۇ: ئەمەتباي. تاشباي. ⑥ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيىنىڭ ئىسمى.

**باي دېھقان** يېزىلاردىكى ياللانما ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش (قوشۇمچە جازانىخورلۇق قىلىش ياكى بىر قىسىم يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرىش)نى ئاساسلىق تۇرمۇش مەنبەسى قىلىدىغان كىشىلەر. ئادەتتە ئۇلار يەر ۋە بىرقەدەر ياخشى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ھەم ھەرىكەتچان كاپىتالغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۆزىمۇ ئەمگەككە قاتنىشىدۇ، بىراق ئاساسىي كىرىمى ئېكسپىلاتاتسىيىدىن كېلىدۇ. ئۇلار يېزىلاردىكى بۇرژۇئازىلاردۇر: مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، پومېشچىك، باي دېھقانلاردىمۇ بۆلۈنۈش بولىدى، ھازىر سوتسىيالىزمغا تازا قارشى تۇرمايدىغانلىرىمۇ بار.

**بايا** رەۋ. جان ت. سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن سەل بۇرۇن؛ ھېلىلا: مەن قاياقتا مېڭىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. كەينىمگە قايتاي دېسەم، چىغىر يول بىلەن بايا قاتراپ چۈشكەن تۆپىلىككە ئەمدى چىقىشقا كۆزۈم يەتمىدى. * ھېكمەت بايا شىپاخانىدىن روزىمەتنىڭ ناھىيىلىك ساقچىغا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى بىلدى.

**بايات** ئى [پ] <مۇز> ← **بايات مۇقامى**.

**بايات مۇقامى** <مۇز> ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىرى. ئۇ 19 نەغمە، 119 مىسرا بولۇپ، چوڭ نەغمە — ئون نەغمە، 93 مىسرادىن؛ ئۈچ داستان — ئالتە نەغمە، 16 مىسرادىن؛ ئۈچ مەشرەپ — ئۈچ نەغمە، 44 مىسرادىن تەركىب تاپقان.

**باياتىن** رەۋ. جان ت ← **بايا**: — سىز تېخىچە شۇ گەپتىمۇ؟، — دېدى گۈلنىسا، — مەن باياتىن كونا خامانىي سورىماسلىقىڭىز كېرەك دېدىمغۇ؟. * ئادىل ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلگەندە، باياتىن ئوڭدا ـ سوڭدا بولۇپ يىقىلغان لۈكچەكلەر ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

**باياتىنقى** سۈپ ← **بايىقى**: — سەن باياتىنقى ئىشتىن خەۋەر تاپتىڭمۇ، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ.

**باياشات** سۈپ [بايا+شاد] باي ۋە شاد، پاراۋان، راھەت ـ پاراغەتلىك، خاتىرجەم: ئۇ تەتقىقات يۇرتىدا ئىشلەشنى ياراتماي، ئېرى بىلەن سەھرالارغا، دېڭىز ساھىلىغا كېتىپ باياشات، راھەت تۇرمۇش كۆچۈرۈۋېتىپتۇ. * دېھقان خوتۇن بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئالتۇننى خەجلەپ باياشات ياشاپتۇ.

**باياشاتچىلىق** ← **باياشاتلىق**: مەنسۇر كۆڭلىدە: — مەن قىلالمىغان ئىشلار ئەمدى ئورۇندىلىندىغان بولىدى، قولۇمدىن كەلگىنىچە ياردەم بېرەي، مۇنۇ كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارنى تېزرەك تۈگىتىپ، ئەزالارغا يېڭى جەمئىيەتنىڭ كونا جەمئىيەتتىن نۇرغۇن ياخشى ئىكەنلىكىنى، باياشاتچىلىق، بەخت ـ سائادەت، مۇشۇ جەمئىيەتتە ئىكەنلىكىنى تېزرەك ئىسپاتلاپ كۆرسىتەيلى، — دەپ ئويلىدى.

**باياشاتلاشتۇرماق** «باياشاتلاشماق» پېئى-

www.uyghurkitap.com

لىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**باياشاتلاشماق** پ. باياشات ھالغا كەلمەك، باياشات بولماق: قاسىم كەلگۈسىدىكى باياشاتلاشقان تۇرمۇشقا لايىق كېلىدىغان ھەم ياش ھەم چىرايلىق ئۆي كىشىسى بولۇشى لازىملىقىنى زوّرۇر تاپتى.

**باياشاتلىق** «باياشات» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ شەھەرلەر ئۆزىنىڭ ئاۋاتلىقى، باياشاتلىقى بىلەن مەشھۇر ئىكەن. * كۈنلەر يېزىغا باياشاتلىق، باغلارغا رەڭ، ئېتىزلارغا سوۋغا، ئادەملەرگە خۇشاللىق تەقدىم قىلىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ تېز ئۆتۈشتى.

**بايام** رەۋ. جان ت → **بايا:** بايام ئېتىزلىقتا ئۇچرىغان ھېلىقى بوۋاي كۆلۈپ، قەمەرنى ئۆز ئۆيىگە تاماقا باشلاپ، بارمىسىڭىز بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى.

**بايان I** ئى [ئە] ① ۋەقە، ھادىسە، پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەرنىڭ ئاغزاكى ياكى يازما ئىپادىسى؛ ئىزھار، چۈشەندۈرۈش: ئاغزاكى بايان. پىكىر بايان قىلماق. * ئېژېن خىيال دېڭىزىغا شۇنچىلىك غەرق بولۇپ كەتتىكى، قانچىلىغان ئوي-پىكىرلەر ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىپ چىققان بايان قىلىش تەس. * يۇقىرىدا يېزىلغان سۆزلەر پەقەت ئۇنىڭ قىسقىچىلا بايانى. * قەمەرۇززامان ئەلچىنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاش بىلەن قاتتىق «ئاھ» ئۇرۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ② <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سادىر بولۇۋاتقان ۋەقەلەر ھەمدە ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ھېكايە قىلىنىۋاتقان قىسمى: بايان خاراكتېرلىك ماقالە.

**بايان ئەتمەك** → **بايان قىلماق:** كۈنلەر كەينىدىن ھەپتە، ئايلار ئۆتۈشتى؛ قېرىنداشلار كەچمىشىنى بايان ئېتىشتى. قىز يۈرىكى سۇ ئىچتى مېھرىبان قولدا، ئاي جامالى نۇر قۇچتى ئاستا ۋە ئاستا.

**بايان ئەيلىمەك** → **بايان قىلماق:** نېچۈك ئاسمان ئاچمايسەن چىرايىڭنى، بايان ئەيلە، ئاڭلايچۇ مۇددىئايىڭنى.

**بايان جۈملە** <تىل> ئىش-ھەرىكەت ياكى شەيئىنى خەۋەر تەرىقىسىدە بايان قىلىدىغان جۈملە. ئۇ سوئال جۈملە، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملىدىن پەرقلىنىدۇ ھەمدە شۇلارغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. يېزىق تىلىدا بايان جۈملىنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ. ئۇ يەنە «خەۋەر جۈملە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بايان قىلماق** ۋەقە، ھادىسە، پىكىر ۋە مۇلاھىزە قاتارلىقلارنى ئاغزاكى ياكى يازما ئىپادە قىلماق؛ شەرھلىمەك، ئىزھار قىلماق، چۈشەندۈرمەك: ئەقلىسىز يىگىت دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى بايان قىلىپتۇ. * يىغىن ئاخىرلىشاي دېگەندە، قاسىم پىكىر بايان قىلدى.

**بايان II** ئى [ر] <مۇز> رۇسلارنىڭ ئوڭ قول مېلودىيىلىك تاۋۇش قىسىملىرىنى ئاھاڭغا كەلتۈرۈپ، سول تەرەپتىكى كلاۋىئاتۇردىنى تەڭكەش قىلىپ تۇرۇپ چالىدىغان چوڭ تىپتىكى يېرىم ئاۋازلىق گارمونى: بايان چالماق.

**بايانات** (باياناتى) ئى [ئە] ① بايان قىلىۋاتقان بىرەر ئىش، ۋەقە ۋە ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ تەپسىلاتى، بايانى؛ بايانامە: ئۇ ساۋاتسىز بولغىنى ئۈچۈن سۆزى مۇقەددىم-ئاخىر بولسىمۇ، ئەمما كوپېراتىپ ئەھۋالىدىن، بولۇپمۇ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەر ئۈستىدىن خېلى ئوبدان بايانات بېرىپ ئۆتتى. ② دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر، مۇزاكىرىلەر، خەلقئارا ئەھۋال ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدە مەنپەئەتدار تەرەپلەر ھەم ئومۇمىي ئاخبارات ئۈچۈن ئاغزاكى ياكى يازما شەكىلدە ئېلان قىلىدىغان ئۇقتۇرۇش ۋە ياكى شۇ ھەقتىكى ھۆججەت: بايانات ئېلان قىلماق. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ باياناتى.

**بايانچى** ئى. بايان چالىدىغان ئادەم: — ئاپا، ئاكام ئاخشام تويدا بايان چالغان ھېلىقى بايانچى يىگىت بىلەن بىللە كەتتى، كەچرەك كېلىمەن دەيدۇ، — دېدى ئىسمائىل

ئاپىسىغا.

**بايانىنامه** ئى [ئە+پ] بىرەر مەسىلە ئۈستىدە يېزىلغان يازما بايانات.

**باياۋان** باياۋانى ئى [پ] مەھەللە-يۇرتتىن يىراق بولغان ۋە ئادەم ياشىمايدىغان سۇسىز چۆل؛ سەھرا، دەشت: پادىشاھ ئازادە بەخت بىلەن خوتۇنى ئىككىسى ئارانلا جېنىنى ئېلىپ باياۋان تەرەپكە قېچىپتۇ.

**بايتاسۇن** ئى. دىئال. تاغنىڭ ئېگىز يەرلىرىدە ئۆسىدىغان ئارچىسىمان ئۆسۈملۈك.

**بايتال** ئى <زوئول>ئاتنىڭ چىشىسى: بوۋاي بىر دانە قوناقنى جادۇگەرنىڭ يۈزىگە ئېتىپ ــ ئات بول، ــ دېگەنىكەن، جادۇگەر دەرھال بىر بايتال ئاتقا ئايلىنىپتۇ.

**بايچېچەك** ئى [باي + چېچەك] <بوت> دەسلەپكى باھاردا ئېچىلىدىغان پىيازگۈل، «شىرىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بايراق** ئى ① دۆلەت، تەشكىلات، ھەربىي قىسىم ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ياكى بىرەر ئىشارىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە گۈلسىز، رەڭلىك رەختتىن ياكى قەغەزدىن تۆت چاسا ۋە ياكى ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە ياسالغان بۇيۇم؛ ئەلەم: قىزىل بايراق. دۆلەت بايرىقى. ئاق بايراق. * بۇدۇر چاچلىرى چاڭغا مىلەنگەن بىر قىز كىچىك بايراقنى پۇلاڭلىتىپ يىراقتىكى قىزلارغا ئىشتىن چۈشۈشكە بەلگە بېرىۋاتاتتى. ② كۆچمە. سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي تەشكىلات، گۇرۇپپا ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرلىكى ھەم مەقسەتلىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان يېتەكچى غايە: ماركسىزم-لېنىنىزم بايرىقى. كوممۇنىزم بايرىقى. * ئۇ چاغدا كونا ئەخلاققا قارشى تۇرۇپ، يېڭى ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىش، كونا ئەدەبىياتقا قارشى تۇرۇپ، يېڭى ئەدەبىياتنى تەشەببۇس قىلىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئىككى چوڭ بايرىقى قىلىندى. ③ كۆچمە. كۆز قاراش، ئىدىيە، نۇقتىئىنەزەر: مەنىۋى جەھەتتە بۇرۇندىن ئايرىلىپ قالغان بۇرادەرلەر دورا يېپىشكە يەنىلا «ئاتا-بوۋىمىزدىن تەۋەررۈك بولۇپ قالغان كونا كېسەل» دېگەن بايراق بىلەن قارشى تۇرمىسىلا جۇڭگونىڭ ئالجىش كېسىلى ئاخىر بىركۈنى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ. * بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرىمىز.

**بايراق چىقارماق** دۆلەت بايرىقى، ھەربىي بايراق قاتارلىق بايراقلارنى ئاستا-ئاستا تارتىپ بايراق خادىسى ئۇچىغا چىقارماق.

**بايرىقى روشەن** مەيدانى، كۆز قارىشى ئېنىق: بۇ مەسىلىدە ھەربىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ بايرىقى روشەن بولۇشى كېرەك.

**بايراقچە** ئى ① كىچىك بايراق: ئۇلار باشقىلارغا قوشۇلۇپ، ئۈنلۈك شوئار توۋلايتتى، قولىدىكى بايراقچىلارنى پۇلاڭلىتاتتى. ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇ دەيتتى. ② خەرىتە ياكى دىئاگراممىلارغا، بايراققا ئوخشىتىپ سىزىلغان ياكى قادالغان كىچىك بەلگە: تامغا ئېسىلغان ئۆلكە خەرىتىسىگە قىزىل ۋە قارا بايراقچىلار قاداپ قويۇلغانىدى.

**بايراقچى** ئى ① سەپنىڭ ئالدىدا بايراق كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان كىشى: ئىشىك يېنىدا توق بېغىر رەڭ كاستۇم كىيگەن كىچىك قۇكۇن، ئاتلىق ئەسكەرلەر بايراقچىسى پەيدا بولدى. ② يەر ئۆلچەش، قاتناش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا بايراقچە بىلەن ئىشارەت قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغۇچى.

**بايراقدار** ئى ① بايراق كۆتۈرۈپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ئادەم. ② كۆچمە. بىرەر ئىجتىمائىي-سىياسىي ھەرىكەت، ئىلغار پىكىر، يېڭىلىق ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يېتەكچى ياكى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان، نەمۇنە، ئۈلگە كۆرسىتىدىغان كىشى؛ باشلامچى: ناۋايى ــ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كاتتا نامايەندىسى، XV

ئەسىردىكى ئاسىيا ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىليونلىغان خەلقىنىڭ پەخرى، تۈركىي تىلدا يېزىشنىڭ دەۋر بۆلگۈچ بايراقدارلىرىنىڭ بىرى ۋە چوڭ ئۇستاز شائىرى. * لۇشۈن يېڭى مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ باتۇر بايراقدارى.

**بايراقلىق** سۈپ ① بايرىقى بار، بايراقچا ئىگە: شۇ چاغدا توساتتىن دۇمباق گۈپۈلدەپ، يىراقتىن بايراقلىق بىر توپ كۆرۈندى. خامانغا يول ئېلىپ كەلگەن ئاشۇ توپ، ھەر كىشى كۆڭلىدە سىر بولۇپ تۇيۇلدى. ② بايراق تەيـ-يارلاشقا لايىق، باپ؛ بايراقچا يېتىدىغان: بايراقلىق رەخت ئالماق.

**بايرام** ئى ① مۇھىم تارىخىي ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنى تەنتەنىلىك خاتىرىلەش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ياكى ئادەت بولۇپ قالغان خاتىرە كۈن: دۆلەت بايرىمى، «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى. نورۇز بايرىمى. * ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە سىياسىي ئورگانلار بايرام مەزگىلىدىكى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش پائالىيىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ② مۇھىم، خۇشاللىنارلىق ھادىسە يۈز بەرگەن، زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلگەن ۋە شۇ سەۋەبتىن شادلىق بىلەن ئۆتكۈزۈلـ-دىغان كۈن: ئائىلىۋى بايرام. * ئاتىنىڭ ئۆلۈمى ئىتقا بايرام (ماقال). * يۇرتۇمدا بۈگۈن قىزغىن يىغىلىش، بولماقتا بايرام، قىزىماقتا توي، ھەممە-نىڭ كۆڭلى گۈل ئېچىلغاندەك، ئازاد گۈلباغدا دىللىرى خۇش خۇي.

**بايراملىق** سۈپ. بايرامدا ئىشلىتىدىغان ياكى كېرەك قىلىدىغان: بۇ قېتىم مال سېتىۋال-غۇچىلارنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە يۆتكىگەن بايراملىقماللىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە سانى كۆپ. * شۇ كۈنى ئەركىن بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى. دادام ئادىتى بويىچە چىرايلىق تىزىلغان گۈل دەستىنى ئەكىلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

**بايزادە** ئى. باينىڭ ئوغلى، باينىڭ بالىسى: مەلىكە ئۇنىڭدىن: — ھەي يىگىت! راستىڭنى ئېيتقىن، پادىشاھزادىمۇسەن، يا ئەمىرزادىمۇ سەن، يا بەگزادىمۇسەن ياكى بايزادىمۇسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

**بايقاشماق** «بايقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قورشىۋالدى جىياڭ ۋە قېرى چالنى، بايقىشىپ بۇندا بولغان ئەھۋالنى.

**بايقالماق** «بايقىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشتى. گۈزەللىكىمۇ پىسىڭىدە كۈلدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ بىر تال ئالتۇن چىشى بار ئىكەنلىكى بايقالدى.

**بايقۇت** ئى [ر<ئىنگ] رەت قىلىش، قوبۇل قىلماسلىق يولى بىلەن بىرەر كىشىگە، نەرسە، تەشكىلات ۋە شۇ قاتارلىقلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاممىۋى، سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي كۈرەش: ئۇ بولسىمۇ ئاشۇنداق ئوغرىلارنىڭ ئەتراپىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئەخلاقىي بايقۇتنى، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان كەيپىياتنى پەيدا قىلىش.

**بايقۇت قىلماق** رەت قىلماق، قوبۇل قىلماسلىق يولى بىلەن بىرەر كىمگە، نەر-سىگە، تەشكىلات ۋە شۇ قاتارلىقلارغا قارشى ئاممىۋى، سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي كۈرەش ئېلىپ بارماق؛ چەكلىمەك؛ توسماق؛ مەنئى قىلماق: جايلاردىكى سىياسىي ئىش تاشلاشلار، سىياسىي نامايىشلار، سىياسىي ئومۇمىي ئىش تاشلاشلار، دۇمانى بايقۇت قىلىش، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە ئىنقىلابىي جەڭگىۋار شوئارلار مۇشۇ دەۋردىكى ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرغان كۈرەش شەكىللىرى ئىدى.

**بايقۇت ئېلان قىلماق** رەت قىلىش، قوبۇل قىلماسلىق يولى بىلەن بىرەر كىشى نەرسە، تەشكىلات ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئاممىۋى، سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي كۈرەش قىلىدىغانـ-لىقىنى جاكارلىماق.

**بايقۇش** ئى ① ھۇقۇش: قالدى كۆپ ئاتـ-

ئۇلاغنىڭ ئۈلۈكلىرى بايقۇشقا، يىلپىزلارغا ئوزۇق بولۇپ. قار ـ مۇزلار كۆمۈپ ئىغىزىنى ئېتىلدى ئۇ چاغ يەنە ئالتۇن قۇلۇپ. ② كۆچمە. بەخـتـسىز؛ شۇم پېشانە: ۋاي، بايقۇش! نۇرغۇن جاپالارنى تارتتىڭ.

**بايقىماق** پ ① كـۆرمەك، كـۆزەتـمەك: تاۋقىش كىچىككىنە كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ: ـ سىز ماۋۇ تاشـنىڭ ئـۈسـتـىـدە ئولـتۇرۇپ تۇرۇڭ، مـەن بايـقاپ كېـلەي، ـ دېـدى. ② هـېـس قىـلـماق؛ ئاڭـقارماق؛ سەزمەك؛ بىلـمەك: دۈشمەن تۇيۇقـسىز جـىمىپ قالـدى. جەڭـچـىـلەر دۈشمەنلەرنىڭ قاراۋۇلخانىغا قاراپ چېكىنگەنلىكىنى بايقاپ قېلىشـتى. * ئەتـىـسى كىشـلەر پـېـدانىڭ ئۈشتۈمتۇت مەھەللىدىن يوقالغانلىقـىنى بايقاشتى. ③ ئېهتىيات قىلماق، پەخەس بولماق، دىققەت قىلماق؛ ئويلىماق: بايقاپ سۆزلـىمەك. بايـقاپ ماڭـماق. * بۇ سۆزنى كېۋىر بايـقـماي ئۈنلۈك دەۋەتتى.

**بايلىق** ① «باي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكـلى. ② ئى. تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەيلى كىشىلەر ئىختىيارىغا ئۆتكەن ياكى ئۆتمىگەن بولسۇن نەق قىممىتى بار ماددىي نەرسـىلەر؛ پۇل ـ پۇچەك، مال ـ مۈلۈك قاتارلىقلار: يەر ئاستى بايلىقى، كان بايلىقـلىرى. * ـ بۇ يەرگە راستىنلا ئوغرى كىرگەن بولسا بايلىقـىمىزدىنمۇ ئايرىـلىپ قالـمايـلى، دەپ قورقـىمەن، ـ دەپـتۇ ئالـماس. * باغۋەن بوۋايدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قەمەرۇز ـ زامان: ـ بۇ بايـلىقـنى مەن تاپقان بولسامۇ ئۇ سىـنىڭ يېرىڭـدىن چىقـتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىككىـمىز تەقـسىم قىلىپ ئېلىـشـىمىز كېرەك، ـ دەپتۇ. * دۆلىتىـمىزنىڭ ئىقتىـسادىي قانۇنـلىرى مۇھىتى ۋە تەبىئىي بايلىق مەنبەسىنى قوغـداشقا پايدىلىق. ③ ئى. تەركىبىدىكى ياكى ئىختىيارى ـ دىكى بار نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىسى: تىل بايلىقى. سۆز بايلىـقى. * ئەقلـىدىن ئارتۇق بايـلىق يوق (ماقال). * ساقـلىقىم ـ بايـلىقىم (ماقال). ئۇيغۇر خەلق چۆچەكـلىـرى ئەسىـرلەر داۋامىـدا خەلق تەرىپـىدىن يارىتىـلىپ، تولۇقـلىـنىپ، خەلقـنىڭ پۈتمەس هاياتىي كۈچـىگە ئىگە مەنىۋى بايـلىقىغا ئايلانغان.

**بايناق** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈلـلۈكـلەر ئائىلىسىدىـكى كۆپ يىلـلىق سامان غولـلۇق ئۆسۈملۈك، غولى بىلـتىزسىمان، تىك بولۇپ، يۇقىرى قىسمىدىن شاخلىنىدۇ؛ قوۋۇزىقى كۆك رەڭ سارغۇچ؛ يوپۇرمىـقـى نـۆۋەتـلـىشـىـپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىـقى تۇخۇمـسـىمان تۈمۈنە شەكلىـدە، گىرۋەكـلىرىـدە چىشـقا ئوخشاش تىكەنلىرى بار؛ گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈلى كـىچـىـك، رەڭـگى قىزغۇچ سۆسۈن؛ مېۋىسى بىرئاز ياپىلاق كېلىدۇ؛ تىبابەتچىلىكتە يىلـتىزسـىمان غولى دورا قىلىنـىدۇ. ئۇنىڭ تالـنى كۆچەيـتىش، نەمـلىكـنى قايـتۇرۇش قاتارلـىق رولـى بار، شىنجاڭـنىڭ ئـىلى رايونىدا ئۆسىدۇ.

**بايـۋەچـچە** ئـى [باي+بەچـچە] ① بايـنىڭ بالىسى، بايزادە: ئۇنىڭ بايۋەچـچە ئوغـلى 20 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، باينىڭ ئوغـلى بولغـىنىغا يارىشا بىرّ ماتا كۆڭلەكنى يېڭىغىنا كىيگەن، بەش تەڭگە پۇلنى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ خەجلىگەن ئەمەس ئىكەن. ② بايلارنىڭ بالـىلىرىغا مۇرا ـ جىـئەت قىلىـشـتا، ئۇلارنىڭ نامى ئورنىدا ياكى نامىغا قوشۇپ ئىشـلىتىلـىدۇ: ئوت ياقار خىجالەت بولۇپ: ـ ياق، ياق، رەھمەت بۇ جۇل ـ جۇل كىيىملىرىم بىلەن سىزدەك بىر بايۋەچچە بىلەن ئولتۇرۇپ، بىر لېگەندە تاماق يېيىشىم كېلىشمىگەن بىر ئىش، ـ دەپ ئارقىغا بۇرۇلۇپتۇ. ③ ئۆزىـنى باي بالـىسـىدەك چاغلايدىـغان ئابرويپەرەس، سۆلەتـۋاز كـىشى: قاسـىم: ـ ئالـدى بىلەن ئۇستىباشلىرىمنى راۋۇرۇس يېڭىـلاپ، كېلىشكەن بايۋەچـچە بولۇشۇم كېرەك، ئانـدىن قورۇ ـ جاي ئېلىشقا هەرىكەت قىلسامۇ ئۈلگۈرىدۇ، ـ دېدى ـ دە، توپتوغرا ماگىزىنغا يۈگۈردى.

**بايۋەچچىلىك** ① «بايۋەچـچە» سۆزىـنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: هېيـتەم هەققىـدە

www.uyghurkitap.com

سۆز ئېچىلغاندا، دادام ھەمىشە: — بايۋەچچىلىكى قۇرۇسۇن! ھۇ ئىتنىڭ بالىسىنىڭ، — دەپ تىللاپ قوياتتى. ② ئى. بايۋەچچىلەرگە خاس خۇسۇسىيەت، ھەرىكەت ۋە قىلىق: پەيتۇن ئارتۇئا كوچىسىغا كېلىپ توختىدى. بوۋاي ئالدى بىلەن پەيتۇندىن چۈشۈپ، خۇددى مەمنۇن بولغان چاغدا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان بويتاقلارغا ئوخشاش بايۋەچچىلىك قىلىپ، پەيتۇنكەشكە ئون فرانك بېرىۋەتتى.

**بايۋەچچىلىك قىلماق** بايۋەچچىلەرگە خاس ھەرىكەت، قىلىق قىلماق: سەن تولا بايۋەچچىلىك قىلما، ئەتە - ئۆگۈن ئۇ پۇلۇڭمۇ تۈگەيدۇ.

**بايىقى** سۈپ. بايا، ھېلى سادىر بولغان؛ بايا يۈز بەرگەن، كۆرۈلگەن، ئىشتىلگەن؛ ھېلىقى: ئاتام ئېيتقان بايىقى (ماقال). * مەن بايىقى ئادەمنىڭ سۆزىنى راست ئىكەن دەپ ھېس قىلدىم.

**بەئەينى** رەۋ [پ+ئە] پەرق ئەتكىلى، ئاجراتقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئوخشاش؛ خۇددى، ئەينەن، ئۆزى: تارىخچى يىگىت رەسىمنى قولىغا ئېلىپ، سىنچىلاپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، مەمنۇنلۇق ئىزھار قىلىپ: — دەل ئۆزى بولۇپتۇ، كەم - كۈتىسىز، بەئەينى ئۆزىلا، — دېدى. * باتۇرنىڭ چىراي - شەكلى بەئەينى دادىسىغا ئوخشايتتى.

**بەپ - بەپ** تەق س. گاس، گاچىلارنىڭ سۆز تەلەپپۇزى.

**بەپبەپلەتمەك** «پەپبەپلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەپبەپلەشمەك** «بەپبەپلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ئۇنىڭ ماڭا سايە قىلغىنى 50 ياشتىن ئاشقان گاچا ئوغلى بولۇپ، بۇ بىغەرەزگە شۇ يۇرتتا ھېچ خوتۇن تەگمىگەندىكەن، ئەمدى بېشىمغا كۈن كەلگەندە مەن تەگكىدەكمەن. ۋاي قانداق قىلاي! ئۇنىڭ بىلەن نەدە بەپبەپلىشىپ يۈرىمەن، — دەپ ئويلىدى گۈلبوستان.

**بەپبەپلىمەك** پ. بەپ - بەپ قىلىپ مەقسىتىنى ئۇقتۇرالماي قالماق؛ گاس - گاچىلاردەك دۇدۇقلىماق.

**بەت** ئى ① ئادەم بېشىنىڭ ئالدى تەرىپى؛ يۈزى: مېنى سەندىن ئايرىدى نىگار، ۋادەرىخا! شورلۇق قىسمىتىم. ئۆتتى ئۆمرۈم ۋىسالىڭغا زار، جۇدالىقتىن زەپىران بېتىم. ② كىتاب، گېزىت - ژۇرنال ۋاراقلىرىنىڭ ھەربىر يۈزى، سەھىپىسى: نىم شېيىت گېزىتىنىڭ ئاخىرقى بېتىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا پەردە ئېچىلدۇ. ③ بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستى، ئۇڭ تەرىپى، سىرتى، يۈزى: بىر تەرەپتە زەرىبدارلار ئۈستەڭ يارىدۇ، زاكۇ ئۈچۈن چاسا - چاسا تاشلار قازىدۇ. گۈمبۈرلىشىپ تەگكەن پولات بازغان زەربىدىن، تاش بېتىدە ۋال - ۋۇل قىلىپ ئوتلار يانىدۇ. * تۇرۇپ قېلىپتۇ ئىككىسى، بىرپەس سۇغا قارىشىپ. جىلۋە قېلىپتۇ شولىسى، سۇ بېتىگە يارىشىپ.

**بەت ئاچماق** يېڭى بىر ساھەگە ياكى ئايرىم بىر دەۋرگە قەدەم قويماق، يۈرۈش قىلماق، باشلىماق، ئاتلانماق: ھەربىر يىلدا يېڭىچە شانلىق بەتلەر ئاچىمىز، غەلىبىمىزنىڭ شەنىگە قوشاقلارنى قاتىمىز.

**بەت بېشى** <مەت> گېزىت - ژۇرناللارنىڭ نامى ۋە سانى بېسىلغان ئۈستۈنكى قىسمى.

**بەت سېلىش** <مەت> كىتاب، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىقلارنىڭ تىزىلىپ بولغان بېتىنى تۈزۈلگەن بەت تەرتىپى بويىچە ماشىنىغا ئورۇنلاشتۇرۇش.

**بەت نۇسخىسى** <مەت> ھەرپ تىزىلىپ، كوررېكتورلۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن دەسلەپكى قەدەمدە بېسىپ چىقىرىلغان بەت شەكلى ياكى ئەۋرىشكە.

**بەتئەخلاق** سۈپ [پ+ئە] يېزت. ئەخلاقى بۇزۇق، ئەخلاقى ناچار؛ ئەخلاقسىز، قىلىقسىز: بەتئەخلاق ئادەم. * — بۇ خىل بەتئەخلاق، يامان خۇيلاردىن ئۆزەمنى پاك ساقلاپ،

گۇناھلىرىمغا توۋا قىلىمەن. ئاللادىن، يۇرت خەلقىدىن ئەپۇ سورايمەن، ــ دېدى ئىشان داموللا. * بەدرىدىن مەخسۇمنىڭ بەتئەخلاقىدىن قاتتىق رەنجىگەن قازىنىڭ قۇلىقىغا ھەرقانچە شېرىن سۆزلەرمۇ تەسىر كۆرسەتمەيتتى.

**بەتەھقىق** رەۋ [پ+ئە] يېزت. ھەقىقەتەن، ئەمەلىيەتتە، جەزمەن، چوقۇم: ئەگەركى ئىلمۇئىرپان ئىشقىنىڭ چىن ئاشىقى بولساڭ، مۇھەببەت رىشتىسىگە جان تومۇر ئەيلە شىجائەتنى. كىمكى ھۆكمىگە كۆندۈرسە گەر قۇدرەت ۋە دەرمانىنى، ئاشۇ ئۆزگەي بەتەھقىق روھىي مەھكۇملۇق ئاسارەتنى.

**بەتبەخت** سۈپ [پ] تىل ھا. بەختسىز، تەلىيى كاج؛ بۇزۇق، پەس، ئەبلەخ: بوۋاي دەرغەزەپ بولۇپ: ــ ئەي لەنتى بەتبەخت! شاھزادىغا قىلمىغان زىيانكەشلىكىڭ قالمىدى، ــ دېدى. * ئۇ بەتبەختلەرنى ئىنساپقا كېلەر دەپ ھەرگىز ئويلىما، ھازىر ھەممىدىن مۇھىمى ئۇلار بىلەن كۆرەش قىلىش.

**بەتبەختلىك** «بەتبەخت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئۆزىنىڭ بەتبەختلىكىدىن مۇشۇ كۈنلەرگە قالدى. بولمىسا، ئۇنىڭغا ھېچكىم زىيان سالغىنى يوق.

**بەتبەشىرە** [پ+ئە] ① سۈپ. ئەلپازى، ئەپتى، چىرايى بۇزۇق؛ كۆرۈمسىز؛ سەت: ئۇ پاكار ۋە بەتبەشىرە بىر دوك كىشى ئىكەن. // ئۆيىنىڭ ئىچىدىن پېشانىسىدا پەقەتلا بىر كۆزى بولغان ئالامەت قورقۇنچلۇق بىر بەتبەشىرە چىقىپ، يىگىتكە: ــ ياخشى يىگىت! ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كېلىپسەن، مەرھەمەت قىلىپ ئىچكىرى كىرگىن، ــ دەپتۇ. ② ئى. يامان قىياپەت، ماھىيەت: ــ ئۇنداقلارنىڭ بەتبەشىرىسىنى مەن بىر قاراپلا بىلىۋالىمەن، ــ دېدى بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ.

**بەتبەشىرىلىك** «بەتبەشىرە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**بەتبۇي** سۈپ [پ] پۇرىقى، ھىدى يېقىمسىز؛ سېسىق پۇرايدىغان: ئۆزۈن يىللار ياشىدى پاقا، بەتبۇي، سېسىق قۇدۇق ئىچىدە، ــ بۇ قۇدۇقۇم چەكسىز ئالەم، ــ دەپ، كۇركىرايتتى ھەر كۈن كېچىدە. * ئىرغىشىپ تاشلاپ يىراق لاي ـ لاتقا بەتبۇي لۆجىنى، كۆلسە كاككۇك دىلى ئارامىدىن مادام ياپىراپ جېنى، ئىشقىنىڭ جان رىشتىسىگە جەۋھەر قىلىپ ئەل ئەجرىنى، ئەيلىسە پەرۋازى پەيزى زوقىدىن كۆلگەن خوتەن.

**بەتبۇيلۇق** «بەتبۇي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆستەڭ بويىدىكى تاپىنىڭ بەتبۇيلۇقىدىن ئۇنىڭ يېنىغا ھېچكىم يولۇمىدى.

**بەتتە** ئى <— **بەتتە پولۇ**.

**بەتتە پولۇ** <يەم> ئۆستىگە قورۇلغان سەي سېلىپ يېيىلىدىغان پولۇ: داستىخان تارتىلىپ، بەتتە پولۇ قاتاردا مەيمۇ كەلتۈرۈلۈپتۇ. * ــ تىنچ كۆڭۈلگە تۈزسىز ئۇماچمۇ تېتىيدۇ، بۇ جېدەل ـ غوۋغالاردا كىشىگە بەتتە پولۇمۇ تېتىماس، ــ دەيتتى ئانا.

**بەتتەر** سۈپ [پ] يامان، ئەسكى، ناچار، (سەلبىي مەنىدە قوللىنىلىدۇ): مەسلىھەتنى ئاڭلاشنى خالىمىغان كىشى گاستىنىمۇ بەتتەر گاس بولۇۋالىدۇ. * پادىشاھ ئۈچىنچى بىرىنى بۇ يۇرتقا ئاقساقاللىققا تەيىنلەپتۇ. «ئۇنىڭغا يونۇغان» دېگەنىدەك، بۇ ئاقساقال ھەر ئىككىلىسىدىنمۇ بەتتەر چىقىپتۇ.

**بەتتەرلەشمەك** پ. ئەسلىدىكىدىن تېخىمۇ يامانلاشماق، ناچارلاشماق، ئەسكىلەشمەك: بۇ بالىنىڭ ئىغىزى بەتتەرلىشىپ كېتىپتۇ. * ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئەمەتنىڭ كېسىلى تېخىمۇ بەتتەرلەشتى.

**بەتتەم** سۈپ [پ] ① تەمى يوق، تەمسىز؛ لاۋزا: بەتتەم قوغۇننىڭ ئۇرۇقى تولا دەپ، بىز كەمبەغەللەرنىڭ بالىمىز تولا بولىدۇ. ② ھۇزۇرسىز: خۇش ياقمايدىغان بۇنداقلارنى قاتناشتۇرماي ئۆتكۈزگەن مەشرەپ تۈز سالمىغان كۆجىدەك بەتتەم بولىدۇ.

**بەتخاھ** سۈپ [پ] يېزت. يامانلىقنى ئويلايدىغان، يامان نىيەتلىك: شۇ ھالدا ئىككى قەلب مۇڭ ـ زار تۆكۈشتى، زامانە پەيلىنى

www.uyghurkitap.com

قارغاپ سۆكۈشتى. سۆكۈشتى كۆزى كور گۇمراھ زامانىنى، نە گۇمراھ شۇم پېئىل بەتخاھ زامانىنى.

**بەتخەج** سۈپ [پ] ئورۇنسىز پۇل خەجلەيدىغان، ئىسراپخور: كىچىك بالىغا كۈندە پۇل بېرىپ ئۆگىتىپ قويسا، چوڭ بولغاندا بەتخەج ئادەم بولۇپ قالىدۇ. * ئۇنداقتا، ھاشىماخۇن بەتخەج ئوخشىمامدۇ؟ ياق! ئۇ، تۇرمۇشتا بەك تېجەشلىك ئىدى.

**بەتخەجلىك** «بەتخەج» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سادىرنىڭ يانچۇقتا بارنىڭ ھەممىسىنى بەتخەجلىك بىلەن خەجلەپ، ئۆزىچە كۆرەڭلەپ ياققان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان.

**بەتخەجلىك قىلماق** ئورۇنسىز پۇل خەجلىمەك، پۇلنى بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلماق: مالىيە چىقىمى جەھەتتە... چەكلىك پۇلنى جانىغا ئەسقاتىدىغان ئورۇنغا ئىشلىتىشىمىز، بەتخەجلىك قىلىش، قارىسىغا مۆلچەرلەپ ھېسابات قىلىش ۋە بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىشتەك خاھىشلارنى تۈگىتىشىمىز لازىم.

**بەتخۇي** سۈپ [پ] خۇيى، قىلىقى يامان؛ مىجەزى ئەسكى: بەتخۇي بالا. * بەتخۇينىڭ بېتى قارا (ماقال).

**بەتخۇيلۇق** «بەتخۇي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: چورۇق ھېكىم مۇنداق بەتخۇيلۇقلاردىن خالىي بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر ۋاقتى ئەل بەختىنى كۆزلەشتەك ياخشى ئەمەللەر بىلەن بەند ئىدى.

**بەترەڭ** سۈپ [پ] رەڭگى سەت، كۆرۈمسىز، خۇنۈك.

**بەتقىلىق** سۈپ → **قىلىقسىز**: بەتقىلىق ئوغۇل، بەتقىلىق پاراڭ. * ئالماس مەدرىستىن قايتىپ چىقىۋېتىپ: — نەدىكى بەتقىلىق لاۋزا پاراڭلار بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشنىمۇ ئوقۇش دېگىلى بولامدۇ؟ — دېدى.

**بەتقىلىقلىق** ① «بەتقىلىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شياۋ فاڭ ئاپىسىنى ئويغىتىپ، قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئاچچىق يىغلاپ: — ئاپا! يەتتە-سەككىز يىل بەتقىلىقلىق قىلىپ يۈردۈم، مەن دائىم ئۆمۈر بويى تۈگەشتىم، ھېچكىممۇ مېنى كۆزگە ئىلمايدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم. مەن چوقۇم ئۆزگىرىمەن، — دەيدۇ. ② غەيرىي ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت: ئىككى لۈكچەك ئايشەملەرنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان ھەم قىزغا بەتقىلىقلىق قىلىشقا ئۇرۇنغاندا جازاسىنى تاپتى.

**بەتكەردە** سۈپ [پ] ① كارغا كەلمەيدىغان، ئىشتىن چىققان، كېرەكسىز: دېھقان خىجالەت ئىچىدە: — تەقدىرنى تەگىبىر بۇزدى، دېگەندەك، مېنىڭ پىلانىمنى بالام بەتكەردە قىلىۋەتتى. ۋەدىگە ۋاپا قىلالمىدىم، — دېدى. ② يامان ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدىغان، قەبىھ، ئىپلاس.

**بەتكەردىلىك** «بەتكەردە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**بەتگۇپا** سۈپ [پ] دىئال. ۋاپا قىلمايدىغان، بىۋاپا، ۋاپاسىز.

**بەتگۇمان** سۈپ [پ] ھەركىمدىن، ھەربىر ئىشتىن گۇمان قىلىدىغان، ھەركىمگە، ھەر نەرسىگە شۈبھە بىلەن قارايدىغان؛ گۇمانخور: گەر مېنى «ئوغرى» دېسە پۈتكۈل جاھان، پاكلىقىمدىن قىلچە قىلمايمەن گۇمان. بەتگۇمانلار تۇتسا مېنى «ئوغرى» دەپ، بۇندىن ئارتۇق دەردمۇ بولمايدۇ ماڭا.

**بەتگۇمانلىق** «بەتگۇمان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بەتگۇمانلىق قىلماق.

**بەتكىردار** سۈپ [پ] بېزىت. يامان ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدىغان؛ قەبىھ، ئىپلاس: خاقان غەزەپ بىلەن: — يوقال كۆزۈمدىن بەتكىردار خائىن، — دەيدۇ. خەزىنىچى باش قويۇپ: — ئۆزۈڭ ياشاڭ قۇدرەتلىك شاھىم، — دەيدۇ. غۇلاملار خەزىنىچىنىڭ تاجىسىنى ئالىدۇ. * ئىشقى ئەھلىنىڭ قاتىلى خىسراۋ بەتكىردار.

**بەتلەشمەك** «بەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەنسۇر شاگىيونىڭ يول باشلىشى بىلەن چېرىكلەر مىلتىقلىرىنى بەتلىشىپ، قەدەملىرىنى ئېھتىيات بىلەن بېسىپ، ئەنۋەرنىڭ

يانتقى ئالدىغا كەلـدى ـ دە، بىر ـ بىرـگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

**بەتلەتكۈزمەك** «بەتلـەمەك» پېئىلـىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساقچى باشلىقى ئون ساقچىنى مەھبۇسلاردىن ئون مېتىر يىراقلىقتا تۇرغۇزۇپ مىلتىقلىرىنى بەتلەتكۈزدى.

**بەتلەتمەك** «بەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەتلەگلىك** سۈپ ① بەتلەپ قويىغان، *ئوق بېسىلىپ ئېتىشقا تەييارلانغان؛ بەتلەنگەن، ئوقلانغان: پارتىزان باشلىقى ئوق بەتلەگلىك مىلتىقنى دىلبەرنىڭ قولىغا بەردى. * مېھمانخانىدىكىلەر كەينىگە داجىپ، كىرىپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئادەمگە يول ئاچتى. ئۇلارنىڭ يانچۇقىغا سېلىنغان قوللىرىدا بەتلەگلىك تاپانچا بار ئىدى. ② قارىغا ئېلىنغان، قارىتىلغان، توغرىلانغان: سەن قاچقۇن باندىت شىنجاڭغا ستۇول تەڭلەپ كىرگەن تۇرۇقلۇق، ئۇيالماي يەنە بۇ گەپلەرنى سۆزلەۋاتامسەن؟ ساڭا بەتلەگلىك تۇرغان يۈز مىڭلىغان قىساس ستۇوللىرىنى ئەڭ ئالدىن سېزىدىغانسەن؟

**بەتلەنمەك** «بەتلـىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جۇمە تۇرۇپكىنى تۇتقان هالدا كەينىگە بۇرۇلۇپ، سادىقنىڭ قولىدىكى تاپانچىنىڭ ئۆزىگە بەتلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

**بەتلىك** سۈپ. بېتى بار: 100 بەتلىك ئورىگىنال. 500 بەتلىك كىتاب. * بارى ـ يوقى سەككىز بەتلىك بۇ ماتېرىيالدا ئوسمان يۈك قىرقىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رەھبەرلىكنىڭ بۇ ئىشقا مۇۋاپىق ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغانىدى.

**بەتلىگۈچ** ئى. ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ كەينى قىسمىدىكى ئوقنى ئېتىلىدىغان ئورۇنغا ئىتتىرىپ، تەپكە بېسىلغان هامان ئېتىلىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدىغان هەرىكەتچان بۆلەك: كوللېن بەتلەگلىك تاپانچىلارنىڭ پارقىرىغان بەتلىگۈچلىرىگە كۆز يۈگۈرۈتۈپ، خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، ئىنسان بالىسىنىڭ ئەڭ يۈكسەك روھىي كۈچىنى كۆرسىتىپ، دەرهال ئۆزگەردى.

**بەتلىمەك** پ ① قورالىغا ئوق سېلىپ ئېتىلىدىغان هالەتكە كەلتۈرمەك؛ ئوقلىماق: دۈك تېخەن، جاپپارۇۋ، ئالماسلار تاپانچىلىرىنى بەتلىدى. ② قارىغا ئالماق، تەڭلىمەك، ئۇدۇللىماق، چەنلىمەك: سادىق بوۋاي هېكايىسىنى توختىتىپ ماڭا قارىدى ۋە مېنىڭ خاتىرە دەپتىرىمنى يىغىشتۇرماي، قەلىمىمنى بەتلەپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ: ــ يولداش مۇخبىر، ساڭا يەنە نېمىلەر كېرەك ئىدى؟ ــ دەپ سورىدى.

**بەتمۇقام** سۈپ [پ+ئە] قائىدە ـ يوسۇن بىلمەيدىغان، تەرتىپسىز، ئەدەبسىز، قوپال: ئايالىم ئۈچ بالا تۇغۇپلا كېيىن تۇغماي قويىدى. ئۆزى بىرئاز بىغەرەزرەك خوتۇن، بالىلارنى بەك بەتمۇقام چوڭ قىلىپ قويىدى.

**بەتنام** (بەتنامى) ئى [پ] يامان نام، يامان ئات، تۆهمەت: بەتنام چاپلىماق. * تۇرسۇننىڭ دادىسى تۈگمەس يوقىلاڭ بەتناملار بىلەن روھىي ۋە جىسمانىي ئازابتىن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ ئانىسى ۋە ئۈچ ئۇكىسى بىلەن قالدى. * ئەگەر سېنىڭ ئەسكىرىڭ مەغلۇپ بولۇپ يېڭىلسە، پۈتۈن جاهاندا «سۇلتان مەھمۇت بىر ئايال بىلەن ئۇرۇشۇپ كۈچى يەتمەي مەغلۇپ بولۇپتۇ»، دەپ نامىڭ چىقىدۇ، بەتنام ساڭا قالىدۇ، ــ دېدى بوۋاي شاھقا قاراپ.

**بەتنام چاپلىماق** تۆهمەت قىلماق، قارا چاپلىماق، نامىنى بۇلغىماق، قارىلىماق: «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان شۇم هەرىكەت باشلىنىش بىلەنلا مېنى تارتىپ چىقىرىپ، «يەرلىك مىللەتچى»، «كونا جەمئىيەتنىڭ داشقىلى»، «ئەكسىيەتچىل ئىلىم نوپۇزلۇقى» دېگەن بەتناملارنى چاپلاپ، كۈرەش قىلىشتى، سازايى قىلىندىم، «ئۆگىنىش كۇرسى» ئاتالغان تۈرمىدە ياتتىم.

**بەتنام قىلماق** ← **بەتنام چاپلىماق:** ئەسلىدە «ھاسى ئوغرى بىلەن موسى ئوغرى بىر

ئىسكەن»، ماڭا بىرنەچچىسى بىر بولۇپ بەتنام قىلىپ، مېنى ئاستى، ئۇردى، گاڭزىغا باستى، — دېدى قۇربان قىلىچ.

**بەتنىيەت** سۈپ [پ+ئە] يامانلىقنى ئويلايدىغان، نىيىتى بۇزۇق، نىيىتى يامان: بەتنىيەتنىڭ يولى تار (ماقال). * دېھقاننىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ خۇي-پەيلى ئەسكى، ئۆزى مەككار، ئالدامچى، بەتنىيەت ئىكەن. ئۇ كىشىلەرنى ئالداش، مەككارلىق، قىلىش يولىغا كىرىپ كېتىپتۇ. * توختى بوۋاي ئۆيگە كىرىپ: — ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، خۇدايىم بەتنىيەت مۇناپىقلارنىڭ جازاسىنى بەرسۇن! — دېدى.

**بەتنىيەتلىك** «بەتنىيەت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — ئەگەر بەتنىيەتلىكتىن قايتىپ توۋا قىلساڭلار، يول توسىدىغان قاراقچىلىق ھەرىكىتىڭلاردىن ۋازكېچىپ ھالال كەسىپ قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇ چاغدا خاسىيەتلىك دۇئالىرىمنى ھەرگىز ئايىمايمەن، — دېدى موللا زەيدىن. * ئۇلارنىڭ ھاياسىزلىق، بەتنىيەتلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى قىزغا ئوقتەك قادالغانىدى.

**بەتھەيۋەت** سۈپ [پ+ئە] ھەيۋىتى يامان، كۆرۈنۈشى سەت، كىشىنىڭ قورقۇقۇسى كېلىدىغان؛ ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق: مەيمۇنە جىن قىز يەنە بىرنى تەپكەنىكەن، ئۇ يەردىن شۇنداق بەتھەيۋەت بىر دىۋە چىقىپتۇكى، ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالىدىكەن.

**بەتىس** [ر<فران] پاختا يىپتا توقۇلغان نېپىز ئاق رەخت.

**بەتىنكە** ئى [ر] كالا، ئات، قوي ۋە چوشقا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ كۆن-خۇرۇملىرىدىن تىكىلگەن قىسقا قونچلۇق بىر خىل ئاياغ كىيىمى: قادىر ئۇستا ئۇستىگە نىل رەڭ سارجىدىن كاستۇم-بۇرۇلكا، بېشىغا قىزىل مانچىستىر دوپپا، پۇتىغا پارقىراپ تۇرغان بەتىنكە كىيگەن بولۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى پاكىز ئالدۇرغانىدى.

**بەجا** رەۋ [پ] يېزت → **بەجا كەلتۈرمەك.**

**بەجا كەلتۈرمەك** بىرەر ئىشنى، تاپشۇرۇقنى جايىدا ئورۇنلىماق، ئىجرا قىلماق، ئەمەلگە ئاشۇرماق، ئادا قىلماق: مەشۇر بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى كىچىكتۈرمەي ۋاقتىدا بەجا كەلتۈردى. * ئەيسا پاششاپ: «قايسىلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرەي» دېگەندەك قىلىپ مەقسۇت بەگكە قارىدى.

**بەجا ئەيلىمەك** → **بەجا كەلتۈرمەك.**

**بەجانىدىل** رەۋ [پ] جان-دىل بىلەن، خۇشاللىق بىلەن، جان دەپ: — مەن بۇ ۋەزىپىنى بەجانىدىل قوبۇل قىلىمەن، — دېدى قۇربان قىلىچ قىزغىنلىق بىلەن. * بەكرى ئامبارغا كۆزەتچى قىلىپ بەلگىلەنگەندىن كېيىنمۇ ۋەزىپىنى بەجانىدىل ئورۇنداپ كەلدى.

**بەجانىدىللىق** «بەجانىدىل» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بىز ئۆز خىزمىتىمىزنى بەجانىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، ئېلىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياراملىق ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىمىز لازىم.

**بەجايىكى** رەۋ [پ] يېزت. گويا، ئوخشاش، خۇددى: ئەل بىلەن ئۆلۈم — بەجايىكى توي (ماقال). * مەزىن قوسىنى تەستە سۈنۈپ، پۇتلىرىنى تىزىغىچە سىلاپ كۆرۈپ، بەجايىكى مۇزنى تۇتۇۋالغاندەك سەسكىنىپ كەتتى.

**بەچچە** ئى [پ] ① گۆدەك ئوغۇل بالا؛ خىزمەتكار بالا: يېقىنراق باردىم، كۆردۈمكى، پادىشاھلاردەك بىر كىشى ئولتۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ يېنىدا شاھزادە سۈپەت ئىككى بەچچە، بىر مەلىكە ئولتۇرۇپتۇ. ② ئەرلىك جىنسىي خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان، ئاياللاردەك مىجەز-خۇلقىغا ئىگە بولۇپ قالغان ئوغۇل بالا، ئەر كىشى: خەلقلەر دېيىشتىكى: ھەي سىيىت نوچى — سىيىت گاڭگۇڭ، ئالدىدىكى ئاتلىق ما بايۋەچچىدۇر، خۇنىسلىقتا ئۆتۈپ كەتكەن بىر بەچچىدۇر، ئاتارمەن-چاپارلىرى قىرىق نەچچىدۇر.

**بەچچىخەر** ئى [پ] تىل ھا. ئەسلى «ئېشەكنىڭ بالىسى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، نەپرەت،

غەزەپ بىلەن قاتتىق كايىشنى ئىپادىلەيدۇ: ئاچ بەچچىخەردىن قاچ بەچچىخەر (ماقال) ٭ ئەپەندىم قوزۇقنى دەررۇ بۇلاقنىڭ كۆزىگە تىقىپ: ــ ھەي بەچچىخەر، يامانلىقىڭدىن كۆزۈڭگە قوزۇق تىقىپ قويۇشقانىكەن، ــ دەپ يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

**بەچچىۋاز** ئى [پ] گۆدەك ئوغۇللارغا بەتقىلىقلىق قىلىدىغان ۋە شۇنىڭغا ئادەتلەنگەن كىشى: بەچچىۋاز ئادەم.

**بەچچىۋازلىق** ئى. بەچچىلەرگە بەتقىلىقلىق قىلىش ئادىتى.

**بەچچىۋازلىق قىلماق** بەچچىلەرگە بەتقىلىقلىق قىلماق.

**بەچىدان** ئى [پ] دىئال. چىشى ھايۋانلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ بالا ئۆسۈپ چوڭىيىدىغان ئىچكى قىسمى: قوينىڭ بەچىدىنى.

**بەخت** ئى [پ] ① كىشىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى بولغانلىق، ئارمانسىزلىق، خۇرسەنلىك ھالىتى: دوست ئۈچۈن، دوستىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئازاب چېكىشمۇ بىر بەخت. لېكىن بۇ گەپنى ئەمەلدە ئىشقا ئاشۇرماق، ئېپتىماقا قارىغاندا، نەچچە مىڭ ھەسسە قىيىن. ٭ قىز بەختكە تولغان كۆزلىرىنى ئەكبەردىن يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى، لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى. ② ئامەت، تەلەي، ئىقبال: ۋاقتىڭ كەتتى ــ بەختىڭ كەتتى (ماقال). ٭ ۋەزىر نۇرىدىننىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: ــ ئوغلۇم، بۇ كېچە ئۆتسۇن، ئەتە ساڭا بەخت تىلەپ، ياخشى تىلەكلەر بىلەن شاھ ئالدىغا بارىمەن! ــ دەپتۇ.

**بەخت قۇشى بېشىغا قونماق** ⟵ باشقا بەخت قۇشى قونماق.

**بەختكە قارشى** يۈز بەرگەن، سادىر بولغان ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقىنى، ئويلىمىغان يەردىن چىققانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: بىركۈنى ئايخان سۇ ئەكەلگىلى كوچىغا چىققاندا، بەختكە قارشى كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر مەككار ۋەزىر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپتۇ. ۋەزىر بۇ چىرايلىق خوتۇننى كۆرۈپ قېلىپ، ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلىۋاپتۇ. ٭ مەھمۇتنىڭ دادىسى بۇ يىل 3 ـ ئايدا بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.

**بەختكە يارىشا** يۈز بەرگەن، سادىر بولغان ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: ٭ بەختكە يارىشا ئۇنىڭ ئىشىدىن ھېچكىممۇ قۇسۇر تاپالمىدى. ٭ بەختكە يارىشا بولدى بۇرۇلۇش، ئىشلىگەن يۈز تاپتى يېڭى دەۋردە. تاشلىدى ھاراقنا بولۇشنى ئەسىر، كۆڭلىنى ئېرتەكچ دەۋر، تەربىيە.

**بەخت ئىشىكى ئېچىلماق** تۇرمۇشى بەخت، ئامەتكە قاراپ يۈزلەنمەك: ئويناكلار قاقاقلاپ مارت چېچەكلىرى، ئېچىلدى بەختنىڭ كەڭ ئىشىكلىرى.

**بەختى قارا** ھاياتتىن، تۇرمۇشتىن ياخشىلىق كۆرەلمىگەن؛ تۇرمۇشتا راۋاج تاپمىغان؛ ئامەت، تەلىيى قاچقان؛ تەلەيسىز: ئاغچى ئېيتتۇر: «قىسمەت نېچۈك يېزىلدى، نە سەۋەبتىن قىلغان ۋەدە بۇزۇلدى، قانداق قىلىپ قولۇڭ ياردىن ئۈزۈلدى، بەختى قارا سەرگەنداننى نە ئەيلەدىڭ.» ٭ رازى بول ئاق سۈتۈڭ، ئەجرىڭگە ئانا. كەچۈرگىن قىزىڭنى، بەختى قارىنى. خوشلاشتىم ھاياتتىن ساقايتىش ئۈچۈن، چارە يوق قەلبىمگە چۈشكەن يارىنى.

**بەختى كەلمەك** ئامىتى، تەلىيى كەلمەك؛ بەختى ئېچىلماق: ئىككى يېقى جەننەت ھۆسنىدەك، كەلدى قوشلاپ بەختى دېھقاننىڭ. پەستە قالدى پامىر ـ كوئىنلۇن، چەشلىرىدىن ئالتۇن خامانىنىڭ.

**بەختىگە ئۇلتۇرماق** باشقىلارنىڭ بەختىنى ئىگىلىۋالماق، باشقىلارغا كەلگەن ئامەتنىڭ قولىدىن كېتىشىگە سەۋەبچى بولماق: ــ ئاداش، مېنى كەچۈر، مەن سېنىڭ بەختىڭگە ئولتۇردۇممۇ، قانداق؟ ــ دېدى ھەبىبە كۆزلىرىگە

www.uyghurkitap.com

ياش ئېلىپ ھەنپىگە.

**بەختى ئۇچۇق** ئامەتى، تەلىيى بار: — بالىڭىزنىڭ بەختى ئۇچۇق ئىكەن، كېيىنكى ھاياتى ئۈستىدە ئانچە قايغۇرۇپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدىكەن، — دېدى پالچى ساتىراشقا.

**بەختى ئۇلۇڭ كەلمەك** ← **بەختى كەلمەك.**

**بەختى ئېچىلماق** ئامەت، تەلەي يۈزلەنمەك، بەختكە ئىگە بولماق: مەريەمخاننىڭ بەختى ئېچىلدى، كېيىنكى تەگكەن يولدىشى بەك كۆيۈمچان ئەر بولۇپ چىقتى.

**بەختى يانماق** بەخت-تەلىيى قاچماق؛ كۆڭۈلسىزلىككە، بەختسىزلىككە ئۇچرىماق: بەختىيار: — ئى پادىشاھى ئالەم! ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، بىر سۆزۈم بار ئېيتاي، خۇدا گۇۋاھتۇركى، مەن بۇ ئىشتا بىگۇناھمەن. لېكىن مېنىڭ ئىشىم بەختى يانغان سودىگەرگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭمۇ بەختى يانغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا جاپا ۋە بالا-قازا يۈزلەنگەنىكەن، — دەپتۇ.

**بەخت-پېشانە** پېشانىغا پۈتۈلگەن ئامەت، تەلەي، رىزىق: شاھزادە ئامان مەلىكە گۈلچېھرىگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئۆز بەخت-پېشانىسىدىن مەمنۇن بولۇپتۇ. * ئەزىزخان موماينى گەپكە سېلىپ: — ئەمدى بۇندىن كېيىنكىلەرنىڭ بەخت-پېشانىسى ئۆزگەرمەس؟ — دېدى.

**بەخت-تەلەي** بەخت ۋە تەلەي: دانىشمىنىم، بۇ سىرنى ئۆزلىرى ئېچىپ بېرىدىغان بولدىلا، بەخت-تەلىيىمىز بار ئىكەن.

**بەخت-سائادەت** بەخت ۋە سائادەت: ئاياغ ئاستى بولغان ئەمگىكىم، تاپتى بۈگۈن ھۆرمەت ۋە ئىززەت. ناخشا بولۇپ تاشتى شادلىقىم، قۇچتى مېنى بەخت-سائادەت.

**بەختسىز** سۈپ ① بەختى يوق، بەخت تاپمىغان، بەخت-سائادەتتىن يىراق، ئامەتى قاچقان، تۇرمۇشتا راۋاج تاپمىغان، بەختى قارا، تەلەيسىز: بەختسىز ئادەم. * جۇڭگو ئىنقىلابى ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدىكى بەختسىز ئاياللارنى نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىقنىڭ قۇللۇق ئاسارىتىدىن ئازاد قىلدى. * دىۋە بېلىقچىنى كۆرۈپ: — ئەي بەختسىز، مەن سېنى ھازىر ئازابلاپ ئۆلتۈرىمەن! — دەپتۇ. ② كۆڭۈلسىز ھادىسىگە، بەختسىزلىككە يولۇققان؛ بىچارە: ئەخمەت تۇغۇلۇپ يېشىغا يەتمەيلا ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ بەختسىز بالا بولۇپ قالدى.

**بەختسىزلىك** ① «بەختسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: نېمىشقىمۇ رازىيەنىڭ ھېسسىياتلىرىنى سىزگە بىلدۈرۈپ قويدۇم! بىلەمسىز، رازىيەنىڭ بەختسىزلىكىگە مەن سەۋەبچى بولدۇم. * ۋوترېن: — ھەي، گۇناھسىز ئاياللار، بەختسىزلىككە، خارلىنىشقا ئۇچراۋاتىسىلەر، — دېدى. ② بالا-قازا، پېشكەللىك، كۆڭۈلسىزلىك، كېلىشمەسلىك: شۇ چاغدا ئۇرغاچى غاز: — بەختسىزلىككە يولۇقۇشتىن قورقىمەن. بىراق تىكىلىپ كەلگەن بالا-قازادىن قاچقانىڭمۇ پايدىسى يوق، — دەپ تۇرۇپتۇ. * لېكىن ھەببۇللاخان بىلەن كېلىشتۇق، ئۇ، ئالدىمىزدىكى قىشنى ئۆتكۈزۈپلا دادىسىنى يوقلاپ كەلمەكچى بولدى. ئۇيلىمىغان يەردە 1-ئاينىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، چوڭ بىر بەختسىزلىك يۈز بەردى.

**بەختلىك** سۈپ. بەختى بار، بەختىيار؛ بەختكە ئېرىشكەن: كېلىن كۆپ ئۆتمەيلا: — ئىتتىپاقلىق بولسا، ھەممە ئىشىمىز راۋاج تاپىدۇ، ئۆيىمىزگە بەرىكەت ياغىدۇ، جېدەل-ماجىرادىن خالىي بولۇپ بەختلىك ياشايمىز، — دەپتۇ. * بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى خىياللىرىم مېنى، سىز بىلەن تونۇشقانلىقىم بەختلىك ئىش بولدى، سىز بىلەن بىللە ئۆتۈش بەختلىك ئىش، قەلەمنى قولغا ئېلىپ سىزگە خەت يېزىشىممۇ بەختلىك ئىش، دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈردى. ② ئامەتى بار، تەلىيى بار، ئامەتلىك، تەلەيلىك: ئانا! سەن بەختسىزمۇ؟ ياق، سەن بەختسىز ئەمەس، سەن مېنى ئۆستۈرۈپ قاتارغا قوشتۇڭ، سەن ئۆز خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن چېلىش سېپىدە قۇربان بولغان، بەختلىك ئوغلۇڭنىڭ بەختلىك ئانىسى سەن!

**بەختىيار** سۈپ [پ] بەختكە تولغان، ئامەت،

تەلىيى كەلگەن، پاراۋان، تەلەيلىك: ياتاق ئىچىدىن ئەنۋەر ئاكىنىڭ: ــ بىز نېمە ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلدۇق، ــ دېگەن تەمكىن ئاۋازى چىقتى. ــ يوقسۇللارنى ئازاد قىلىپ، بەختىيار ھايات قۇرۇش ئۈچۈن. * ئۇلارنىڭ بەختىيار خۇشال ھاياتى ۋە بەختىيار دەۋر ئۈچۈن زوق-شوق بىلەن ئېيتقان مەدھىيە قوشاقلىرى، «ئەجەم» بىلەن تەڭلا كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا بىر-بىرلەپ ئايان بولۇپ، مۇزىكىنىڭ ھەربىر تىڭشىغۇچىسىنى گويا ئۆزگىچىلا بىر لىرىكا دۇنياسىغا باشلايدۇ. * ئۇ ئۆزىنى بەختىيار دەپ سانىماي قانداق قىلسۇن؟ بىراق بۇ بىرىنچى قېتىم ئەمەس. بەختىنىڭ بوۋايىنىڭ ئائىلىسىگە قەدەم قويغىنىغا يەتتە يىل بولدى.

**بەختىيارلىق** «بەختىيار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇلار چەكسىز ھاياجان، بەختىيارلىق ئىچىدە قۇچاقلاشتى. يۈرەكلەرنىڭ دۈپۈلدىشى، تومۇرلارنىڭ سوقۇشلىرى شۇنداق ئېنىق ئاڭلىناتتى.

**بەخش** ئى [پ] يېزت ــ← **بەخش ئەتمەك.**

**بەخش ئەتمەك** يېزت. ئاتا قىلماق، ئاتىماق، بېغىشلىماق، بەرمەك: دوختۇرخانا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گويا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ھەببەبە يېتىپ بېرىشى بىلەن ھاياتلىق ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. * تەبىئەت ئادەملەرگە بەخش ئەتكەن كېلىشمەسلىكلەر ناھايىتى كۆپ. ئادەملەرنىڭ سولىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ، ئارقىغا چېكىنىپ كېتىدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس، لېكىن ھايات شۇ ۋەجىدىن ھەرگىز ئارقىغا قايتمايدۇ.

**بەخشەندە** سۈپ [پ] مىراس قالغان، ئاتا قىلىنغان، بەخش ئېتىلگەن: قاسىم يىلىنغاندەك قىلىپ: ــ دادا، ھاكىملىقمۇ، بۇ ئۆيلەرمۇ ماڭا ئۆمۈرۋايەت بەخشەندە ئەمەس، ئەلۋەتتە توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، ئۆلۈم-يېتىم بولىدۇ، ئۆزەڭنىڭ روزىغارى بولغانغا يەتمەيدۇ-دە، ــ دېدى. * غېرىبدۇرمەن، غېرىبدۇرمەن، غېرىبلىق ماڭا بەخشەندە. يېتەرمۇ ۋەسلىگە كاككۇك. خازان بولغان بۇ گۈلشەندە.

**بەخشەندە قىلماق** مىراس قىلىپ قالدۇرماق؛ ئاتا قىلماق، بەخش ئەتمەك؛ بېغىشلىماق، ئاتىماق: مەي، خۇدايىمەي! بىزنى بەختلىك قىلغان ئادەم بىلەن جاپادىمۇ بىللە، راھەتتىمۇ بىللە بولۇش ناھايىتى تەبىئىي ئىش ئەمەسمۇ؟ ئۆزەڭنىڭ ھەممە نېمەڭنى بىراۋغا بەخشەندە قىلغان تۇرۇپ، يەنە ئۇ نەرسىلىرىڭنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر قىسمىنى ئاياپ قالاتتىڭمۇ؟. * ئۇلۇغلۇقنىڭ ھەممىسى ھەيۋەتلىكلەرگە بەخشەندە قىلىنىپ، يوكسەك مەرتىۋىگە قېقىۋېتىلگەن ئەمەس.

**بەخىرامان** رەۋ [پ] غەم-ئەندىشىسىز، خاتىرجەم، بىمالال، خۇدۇكسىرىمەي، بىخۇدۇك: بۇ چاغدا قولى باغلانغان شانىياز بەخىرامان ئولتۇرغان ئەسكەرنىڭ بېشىغا كەينىچە بىر كاللا قويۇپ، ئوڭدىسىغا چۈشۈردى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. * باسىت ئەشرەپ بوۋايغا مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويۇپ سورىدى: ــ سىز قايسى باغنىڭ ناخشىسىنى ئېيتماقچىدىڭىز؟ ــ مەن لەنگەرنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىمەن-دە! ــ دېدى بوۋاي بەخىرامان ھالدا.

**بەخىرامانلىق** «بەخىرامان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ــ كۆرۈك سىزنىڭ چاقچىقىڭىزنى، ــ دېدى مۇنىرىدىن، بەخىرامانلىق شاھلىقتىن ئارتۇق-تە! ھازىر ئىش باشقىچە.

**بەداز** رەۋ [ئە+پ] يېزت. ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن كېيىن: ئاۋۋال تائام، بەداز كالام (ماقال).

**بەدەر** رەۋ [پ] ــ← **بەدەر قاچماق.**

**بەدەر تىكىۋەتمەك** ــ← **بەدەر قاچماق:** قورقۇپ كەتكەن باي ھېكمەتلىك كىتابنىمۇ ئۇنتۇپ ئالدى-كەينىگە قارىماي بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

**بەدەر قاچماق** تېز، دەرھال غايىب بولماق؛ شۇ ھامان قېچىپ، ئىز-دېرەكسىز يوقالماق: مۇشتلىشىش ئۇزاققا بارمىدى، بۇلاڭچى يىگىتلەرنىڭ بىرى ئىككى قېتىم، يەنە بىرى بىر قېتىم يەر قۇچاقلىغاندىن كېيىن بەدەر قېچىشتى. * نېرىدىكى چاتقاللىق ئىچىدىن يەتتە-سەككىز

جەرەن دۈپۈرلىشىپ چىقىپ يەنە چۆلنى بويلاپ بەدەر قاچتى.

**بەدەشقان** (توغرىسى: باداشقان) ⟵ **باداشقان.**

**بەدەل** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسىنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن ھەق، بىرەر نەرسىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان باشقا بىرنەرسە: بوۋاي ھال-مۇڭنى سۆزلەپ كېلىپ: — مېنىڭ مۇنداق ياشاۋاتقىنىمغا ئۇزۇن يىللار بولدى، ھەر كۈنى ئۇزۇن يول بېسىپ، بازارغا ئوتۇن ئېلىپ كىرىپ ساتىمەن، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىرلا نان كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۈنۈمگە شۈكۈر قىلىپ كېتىپ بارىمەن، — دېدى. * ھەقىقەتنى تېپىش يولىدا كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقنىڭ بەدىلى، خېيىم-خەتەرسىز ئىگىلىۋالغانغا قارىغاندا ھامان كۆپ يۇقىرى بولىدۇ. ② بىرەر ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىلمىي تەشكىلات ياكى پارتىيە-گۇرۇھ ئەزالىرى تۆلەپ تۇرىدىغان ئەزالىق پۇلى: پارتىيە ئەزالىق بەدىلى. ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلى.

**بەدەل تۆلىمەك** ① مەلۇم مەقسەت، نىشانغا يېتىش ئۈچۈن چىقىم تارتماق؛ ھەق تۆلىمەك، قۇربان بەرمەك: ھوقۇق نۇرۇللانىڭ جېنى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ھوقۇقتىن ئايرىلىش جاندىن ئايرىلىش بىلەن ئوخشاش، شۇڭا ئۇ بۇ يولدا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە تەييار ئىدى. ② ئەزالىق پۇلىنى تۆلىمەك: پارتىيە ئەزالىق بەدىلى تۆلىمەك. ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلى تۆلىمەك.

**بەدەلسىز** سۈپ. بەدىلى يوق، ھەقسىز، تۆلەمسىز، بىكارغا.

**بەدەللىك** سۈپ. بەدىلى بار، بەدەل تۆلەيدىغان: بەدەللىك ئەمگەك. بەدەللىك ئۇرۇش. * تاغ دەپ ئېيتماق بەدەلسىز ھامان، تاش يونىماق بەدەللىك ئىراق. قۇياش دېمەك مىڭ قېتىم ئاسان، مىڭ ئېيتقانغا يانماس بىر چىراغ.

**بەدەن** ئى [ئە] ① ئادەملەرنىڭ فىزىئولو-گىيىلىك تۈزۈلۈشىدىن ھاسىل بولغان بىر پۈتۈن گەۋدىسى: ئەگەر ئادەمنىڭ ئەقلى يوقالسا، بەدەن ئۆز ھالىتىدە تۇرالمايدۇ، يىقىلىدۇ. * تەنتەربىيە دەرسىنى ئوقۇتۇشتا ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارغا بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق تەنتەربىيە بىلىملىرى ۋە ئىقتىدار ئىگىلىتىپ، بەدەننىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يېتىلىدۇ. ② ۋۇجۇد، تەننىڭ سىرتقى قىسمى، سىرتى: بەدىنى قارا ئادەم. * ئۇنىڭ بەدىنىدە قامچا ئىزلىرى بار ئىدى.

**بەدەن تەربىيە** ⟵ **تەنتەربىيە.**

**بەدەن پىتى** <زوئول> پىتنىڭ بىر خىلى، شەكلى باش پىتىغا ئوخشايدۇ، تېنى سەل چوڭ، تېز كۆپىيىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ كىيىمى ۋە يوتقان-كۆرپىلەردە پارازىت ياشاپ، قايتۇرما كېزىك، قارا كېزىك قاتارلىق كېسەللەرنى تارقىتىدۇ.

**بەدەن تەڭپۇڭلۇقى** <بىئول> بىرقەدەر يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىنىڭ تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماستىن ئىچكى تۇراقلىقىنى ساقلاپ تۇرۇش ھادىسىسى.

**بەدەن تەمرەتكىسى** <تىب> بىر خىل تېرە كېسەللىكى. ئۇنى ئاساسەن زەمبۇرۇغ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ كۆپرەك يۈز، بويۇن، گەۋدە ۋە پۇت-قول قاتارلىق ئەزالاردا پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئاچ قىزىل ھالقىسمان داغ ھالىتىدە بولۇپ، ئۈستىدە ئاق قاسىرىقى بولىدۇ؛ تەمرەتكە چىققان ئورۇن بوش قىچىشىدۇ.

**بەدەن تېمپېراتۇرىسى** <تىب> بەدەننىڭ ئىسسىقلىق دەرىجىسى. ئادەم بەدىنىنىڭ نورمال تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە 37°C ئەتراپىدا بولىدۇ، كېسەل سەۋەبىدىن تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، قاتتىق ھەرىكەتمۇ بەزىدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

**بەدەن تىپى** <ئانات> ئادەم بەدىنىنىڭ

ئوخشاش بولمىغان تىپى.

**بەدەن سۈيۈقلۇقى** <بىئول> بەدەننىڭ ئىچكى توقۇلمىلىرى ئارىسىدىكى سۈيۈقلۇق.

**بەدەن سۈيۈقلۇقى ئىممۇنىتېتى** <بىئول> بەدەن سۈيۈقلۇقى تەركىبىدىكى (قان پلازمىسى، لىمپا ۋە توقۇلما سۈيۈقلۇقىدىكى) ئانتىتېلالار قاتناشقان خاس ئىممۇنىتېت.

**بەدەن سېزىمى** بىرەر جىسىم تېرە ۋە تۆكچىلەرگە تەگكەندە ھاسىل بولىدىغان سېزىم.

**بەدەنلىك** سۈپ. بەدىنى بار، بەدەنگە ئىگە: ئۇنىڭ يېنىدا يۈزى يۇملاق، تولۇق بەدەنلىك، قاشلىرى ئىنچىكە بىر قىز قىسقا يەڭلىك گۈللۈك شىپۈن كۆڭلەك ئىچىدىكى چىرايلىق گەۋدىسىنى ماشىنىنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ، جىمجىت خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. * بەزەن قاتار - قاتار بولۇپ ماشىنا سېپى، توختار بوندا، چۇۋقان بىلەن تاشىدۇ كۆلىكە. كاڭ بەدەنلىك ئوغۇللار ھەم ئالمىدەك قىزلار، دەيدۇ: بوۋا ماكانىڭنى ئورايمىز گۈلگە.

**بەدەۋى** سۈپ [ئە] ① كۆچمەنچى ۋە يېرىم كۆچمەنچى ئەرەب قەبىلىلىرىگە تەۋە كىشى. ② كۆچمە. مەدەنىيەتسىز، ياۋايى: بىز ئۇيغۇرلار تولا شەپقەتلىك، ئادەملەرنىڭ قەدرىنى بىلىمىز. ياش جىنىگغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، سۆزلە ئىتتىك، ئەي بەدەۋى قىز.

**بەدەۋىلەر ھەرىكىتى** <تارىخ> ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە، كېلىنگەر، گىدىسلىرى ۋە ياش ھېرد قاتارلىقلار باشچىلىقىدا، شەخسىيەتنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئازادلىقىنى قولىغا كەلتۈرۈش، چىرىك فېئودالىلىق تۈزۈمىنى ۋە پادىشاھنىڭ مۇستەبىت دىكتاتورىسىنى گۇمران قىلىش، تۇرمۇش ۋە سەنئەتتىكى خىلمۇخىل توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن، XVIII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى گېرمانىيىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتى.

**بەدەۋىلىك** «بەدەۋى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**بەدرەك** سۈپ [پ] تىلھا. نەسلى پەس، پەسكەش، رەزىل، ئىپلاس: زەۋقى دەر-ھال ئۇستامغا كۆز قىسىپ قويۇپ: — بوقال بەزگەك، ئىت يالىقىنى يالاپ كۈن ئالىدىغان بەدرەك!...، — دېدى. * لۇ جۇنيى: — ھۇ بەدرەك، پوق چاينىما، — دەپ چالۋاقىدى.

**بەدۆلەت** سۈپ [پ+ئە] ① كاتتا دۆلەتكە، بايلىققا ئىگە بولغان: دۆلەتمەن، باي: بەدۆلەت ئادەم. * بەدۆلەت ھەم ئەمەلدار ھەمدە تاقۋا، ئۇنىڭ قىلغان سۆزى ھەر جايدا پەتىۋا. ② تارىس. 1865 — 1877 - يىللىرىدىكى قەشقەرىيە خانلىقىنىڭ خانى ياقۇپ بەگنىڭ يەنە بىر نامى. ياقۇپ بەگ قەشقەرىيىگە ھۆكۈمران بولۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزىگە «كاتتا دۆلەتمەن خان» دېگەن مەنىدىكى «بەدۆلەت خان» نامىنى بەرگەن. بۇ نام ئاستا - ئاستا قىسقىراپ خەلق تىلىدا «بەدۆلەت» بولۇپ مۇقىملىشىپ قالغان.

**بەدىئىي** سۈپ [ئە] <ئەد>ۋەقەلىكنى نەپىس سەنئەت ۋاستىلىرى، ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان، گۈزەل، نازۇك: ئەسەردە تۈپ ئىدىيە ۋە مۇددىئانى، غايە ۋە ئىرادىنى كونكرېت بەدىئىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈش ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاساسلىق قانۇنىيىتىدۇر. * «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىلىق بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە ئۆزاق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى، ئالدى بىلەن خەلق ناخشىلىرى ۋە ئەلنەغمىلىرى تەرەققىياتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بەدىئىي نەتىجە.

**بەدىئىي ئامىل** <ئەد> ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ئوبراز ئارقىلىق تۈزۈمۈشنى ئەكس ئەتتۈرۈش؛ ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ھەم ئۇلارنىڭ توغرىلىق، روشەنلىك، جانلىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش؛

شەكىل، قۇرۇلما ۋە ئىپادىلەش ماھارەتلىرىنىڭ گۈزەللىك دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان نەپىس سەنئەت ۋاستىلىرى. تاڭ دەۋرى شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىدە مۇزىكانت ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ كىيىنىشى، زىبۇزىننىتى مۇھىم بىر بەدىئىي ئامىل.

**بەدىئىي تەپەككۇر** <ئەد> يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇشنى كۈزىتىپ ماتېرىيال يىغىشتىن تارتىپ تاكى بەدىئىي ئوبراز ياراتقانغا قەدەر بولغان بىر پۈتۈن ئىجادىيەت جەريانىدىكى ئاساسلىق تەپەككۇر پائالىيىتى ياكى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى.

**بەدىئىي تەسەۋۋۇر** <ئەد> يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مۇئەييەن تۇرمۇش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ قىلغان تەسەۋۋۇرى: كۇچادىكى مىڭ ئۆي تېزمىلىرى، قىزىل ۋە قۇمتۇر مىڭ ئۆيلىرى قەدىمكى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە بەدىئىي ماھارەتنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە III ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ كۈچىنى يوقاتقىنى يوق.

**بەدىئىي تىل** <تىل> بىر مىللەتنىڭ مەخسۇس ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىلا قوللىنىلىدىغان ۋە ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەدەبىي تىل.

**بەدىئىي قۇرۇلما** ← **كومپوزىتسىيە.**

**بەدىئىي گىمناستىكا** <تەن> گىمناستىكىنىڭ بىر تۈرى. ئۇ ئۇسسۇل، سەكرەش، تەگپۇگلۇق، دولقۇنسىمان ھەرىكەت ۋە مەلۇم تۈردىكى چەبدەسلىك ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئادەتتە مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ ئوينىلىدۇ؛ بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ بەدەننىڭ ئەۋرىشىملىك، چاققانلىق، ماسلىشىشچانلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ۋە كىشىلەرنىڭ مۇزىكا سېزىمى ۋە ماھارەت كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ياخشى رول ئوينايدۇ.

**بەدىئىي ماھارەت** <ئەد> يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى قابىلىيىتى، ئىقتىدارى.

**بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش** <ئەد> ئوخشاش خىلدىكى شەخسلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرەر كونكرېتنى پېرسوناژنىڭ ئۈستىگە يىغىش، توپلاش.

**بەدىئىي ئۆلچەم** <ئەد> ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى بىلىش ئۆلچىمى.

**بەدىئىي ئىجادىيەت** <ئەد> يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ توغرا ئىجادىيەت پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلى بويىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق، رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش پائالىيىتى.

**بەدىئىي ھۆججەتلىك فىلىم** <كىنو> ئارتىسلار رول ئالمايدىغان؛ ھەقىقىي ئادەم، چىن ۋەقەلىكنى ئەينەن كۆرسىتىدىغان ۋە ھېكايە فىلىمنىڭ دەسلەپكى تەييارلىق باسقۇچى بولغان سەنئەت خاراكتېرىدىكى ھۆججەتلىك فىلىم.

**بەدىئىيلەشتۈرمەك** «بەدىئىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەدىئىيلەشتۈرۈلمەك** «بەدىئىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بەدىئىيلەشمەك** پ. ۋەقەلىك نەپىس سەنئەت ۋاستىلىرى، ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەنمەك، گۈزەللەشمەك، نازۇكلاشماق.

**بەدىئىيلىك** «بەدىئىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭدا بىر كۈپلېت خەلق قوشىقىنى ئىدىيىۋىلىك

www.uyghurkitap.com

ھەم بەدىئىيلىك جەھەتتىن تەھلىل قىلىش تەلەپ قىلىنغانىدى.

**بەرەس** ئى [ئە] <تىب> ← **ئاق كېسەل.**

**بەرەھنە** سۈپ. يېزت ① كىيىمى تېنىنى ياپالمايدىغان. ② **قىپيالىڭاچ، ئاندىن تۇغما:** شۇ جايدا 14 يىل تۇردى. ئېگىن ـ ئاياغلىرى چىرىپ بەرەھنە قالدى. * بۇ جەزىرىگە كەلگىلى 14 يىل بولۇپتۇ، ئادەم پەرزەنتىنى كۆرمىدىم، ئەمدى ئادەم بار يەرگە بارسام، نە قىلايكى ئۆزەم بەرەھنە، بەدىنىمنى تۈك بېسىپتۇ...

**بەربات** سۈپ [پ] يېزت. **خاراب، ۋەيران، سورۇلغان، بۇزۇلغان، تۇگەشكەن:** پىراق مېنى ھازىر ئەيلىدى بەربات، بىر خۇداغا يىغلاپ ئېيتارمەن پەرياد. * نىمە قىلسۇن، كىمگە ئەيلىسۇن داد، جىمى كۈتكەن ئۈمىدى بولدى بەربات.

**بەربات بولماق** ① **خاراب بولماق، ۋەيران بولماق، بىھۇدە سەرپ بولماق، سورۇلماق:** بۇ مېنىڭ غەملىك كۆڭلۈم، بولارمىكىن بىر كۈن شاد، غەم تاغلىرىدىن ئۈچۈپ، بولارمەنمۇ مەن ئازاد. يا ھەمىشە قىينىلىپ، زۇلۇم ئوتىدا كۆيۈپ، كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرمەي، بولارمەنمۇ مەن بەربات. ② **يوققا چىقماق:** «مېنى ھېچكىم كۆرمىدى، دەرھال قېچىپ، بۇ پالاكەتتىن تىنچ ـ ئامان قۇتۇلدۇم» دېگەن خىيالىمنىڭ بەربات بولغانلىقىنى سەزدىم. ③ **مەغلۇپ بولماق، تارمار بولماق:** ــ مانا مۇشۇنداق جىددىي بىر پەيىتتە قولغا چۈشۈپ قالسىڭىز ناھايىتى ياخشى ياردەم قىلغان بولىسىز ـ دە! ئاخىر سىزنىڭ قامىلىشىڭىز پۈتۈن ئىشنىڭ بەربات بولۇشى دېگەن سۆزغۇ!. * ئاما قوزغىلىپ كېتىپ، ئەتراپتا قوغداش تەدبىرلىرى كۈچەيتىلگەنلىكتىن، توختى قارىينىڭ يېزىدىن چىقىپ كېتىش پىلانى بىرنەچچە قېتىم بەربات بولغان.

**بەربات قىلماق** ① **خاراب قىلماق، ۋەيران قىلماق، بىھۇدە سەرپ قىلماق؛ سورۇماق:** چېكى بار قارا تۈننىڭ، ھامان غالىب قۇياش ـ ئاپتاپ، جاھالەت ساقچىسى ياۋنى قىلار تاڭ خەنجىرى بەربات. ② **يوققا چىقارماق، بىكار قىلماق:** يارىم مېنى كەتتى دەپ مالال بولمىغىل، چىن سۆزۈڭنى ماڭا ھەر دەم يوللىغىل. ۋەدىمىزنى سەنمۇ بەربات قىلمىغىل، پات كېلۇرمەن پەرۋازىم ياخشى قال. ③ **يوقاتماق، مەغلۇپ قىلماق:** ئالدى ياۋدىن ئۆچۈمنى ئادەمزات، تۆشۈك ئېچىپ دۈشمەننى قىلدى بەربات.

**بەرباتلىق** «بەربات» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئوقۇپ بىلىپ يېتىشسەك، بىرلىك بىلەن بىلىشسەك. زالىم جاھانگىرلارنى بەرباتلىققا يەتكۈزەر.

**بەرپا** سۈپ [پ] **بارلىققا كەلگەن، ۋۇجۇدقا كەلگەن.**

**بەرپا بولماق** **پەيدا بولماق، بارلىققا كەلمەك، ۋۇجۇدقا كەلمەك:** يۈرىكىمدە تۈمەن بۇلاق بولدى بەرپا، بۇلاقلاردىن ئۇقچۇغان كۆي ساڭا ئىنئام. * ئۇنىڭ مىسالى دۇنيادا بىرلا، ھۆر باغ ئادەملەر بەرنا، سەنمۇ بىر ئادەم، دەيدۇ، كۈرەش قىل، بولۇر كۈرەشتە ئۈمىدلەر بەرپا.

**بەرپا قىلماق** **بارلىققا كەلتۈرمەك، ۋۇجۇدقا چىقارماق، پەيدا قىلماق:** بىز ئەخمەتجان قاسىمى بەرپا قىلماقچى بولغان گۈللەنگەن، بەخت ـ سائادەتلىك يېڭى ئۆلكە قۇرۇش ئۈچۈن ئالغا چامدىماقتىمىز. * يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان ئوبلاست بويىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 52 مىڭ 800 نەچچە مو ئوتلاق بەرپا قىلىندى.

**بەرجەس** سۈپ [پ] ① **زور، كۆچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان:** غازى ئوتتۇز بەش يىللىق ئۆمرىدە تاۋلىنىپ پىشىپ يېتىلگەن بەرجەس قولى بىلەن شىرەنى تىرەپ تۇرۇپ قاشلىرى ئاستىدىكى ئوتلۇق كۆزىنى كۆپچىلىككە تىكتى. * جوتۇ ـ كەتمەنلەر بەرجەس مۇرىلەردە پارقىرايتتى. ② **ساغلام؛ روھلۇق؛ تېتىك:** قۇددۇسىنىڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىغا قورۇق چۈشكەن بولسىمۇ، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆز قارىچۇقلىرى روھىنىڭ ناھايىتى تېتىك ئىكەنلىكىنى ۋە ئاپەتلىك يىللاردىمۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي، روھسىزلانماي، بەرجەس تۇرغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى.

* تۇغۇلغىنىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بەرجەس تۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. ③ سالماق، تەمكىن، مەزمۇت: يېشى 50 تىن ئېشىپ قالغىنىغا قارىماي، ياشلار ئارىسىدا بەرجەس قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن بىرھازاغىچە ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ قالدىم.

**بەرچەتكە** ئى. پەش ۋە يەڭنىڭ چۆرىسىگە قارا دۇخاۋا تۇتۇلىدىغان قىشلىق قىسقا چاپان ياكى قىسقا جۇۋا.

**بەرداش** ئى [پ] چىدام، سەۋر-تاقەت: ئانىجان كۆتۈر باشقىنى، تۆكمە ئەمدى كۆز ياشقىنى، قالدۇرغاچ كۆرەي بەرداشقىنى، يۈسۈپ ئەھمەد ئوغلانىڭ كەلدى. * تۇيۇلغان بولسىمۇ ئۈچ ئاي گوياكى قىز ئۈچۈن ئۈچ يىل، ئامان قالدى كېسەللىككە بېرىپ بەرداش قىساسكار دىل.

**بەرداشسىز** سۈپ. سەۋر-تاقەتسىز، چىدامسىز: — يولداشلار ئالدىمىزدىكى ئۈچ كۈنلۈك جاپا-مۇشەققەتلىك جەڭ كىمنىڭ بەرداشلىق، كىمنىڭ بەرداشسىز ئىكەنلىكىنى سىنايدۇ، — دېگەن سۆزلەر كانايدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**بەرداشلىق** سۈپ. سەۋر-تاقەتلىك، چىداملىق: ھەر ھالدا بۇ ئۆتكەن ئىش، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، بۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزىڭىزنى بەرداشلىق بىلەن تەمكىن تۇتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم. * ياشاردىم مىسلى قارىغايدەك بوران-چاپقۇنغا بەرداشلىق، يىگىت بولدۇم جەسۇر پالۋان، بۇنىڭدىن زور شەرەپ-شان يوق.

**بەرداشلىق بەرمەك** ① چىداشلىق بەرمەك، سەۋر-تاقەت قىلماق، چىدىماق: ئادىلنىڭ مالىچىلارغا خاس پىششىق گەۋدىسى ھەرقانداق قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيتتى. * مەن ھەر كۈنى پەقەت چارچاپ ھالسىرىغاندىلا ئۇخلايمەن. مېنىڭ ياشلىق ھەۋىسىم، ياشلىق كۈچ-قۇۋۋىتىم بولغاچقىلا بۇ ئىشقا بەرداشلىق بېرەلىدىم. ② بوي ئەگمەسلىك، بېرىلمەسلىك: بىر ئۇقۇغۇچى روھىي تۈرمۈشقا باي، مۇستەھكەم توغرا سىياسىي يۆنىلىشكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەخلاقىي پەزىلەتلىرى جىسمانىي جەھەتلىرىدىن بالدۇر يېتىلسە، ئاندىن ئۇ غەلىتە كىيىم «مودىلار»نىڭ، سېرىق مۇزىكىلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

**بەردەم** سۈپ [پ] كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان، چىداملىق، مەزمۇت: ئەخمەتجان قاسىمى بېشىغا ھەر بالا كەلسىمۇ روھىي جەھەتتىن بېلىنى قويۇۋەتمەيدىغان بەردەم بىر ئۇيغۇر ئوغلى ئىدى. * ئانا كۆز ئالدىدا يېڭى چوڭ ئۆزگىرىش، جۇشقۇن يېڭى ھايات مەنزىرىسى قۇچاق ئېچىۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئۆزىنى ئىشەنچلىك، بەردەم سانايتتى.

**بەردەم بولماق** مەزمۇت، چىداملىق، ساغلام، بەرداشلىق بولماق، كۈچلەنمەك، غەيرەتلەنمەك: دېدى پالۋان پولات قىزغا: — ئەقىللىق سىز، بولۇڭ بەردەم، ئەمەسمىز يۇرتتا بىز يالغۇز، جىمى ئەل يار-يۆلەك ھەمدەم!. * شۇ قارارغا كەلدى دەرھال بارچىسى ھەمدەم بولۇپ، يۈرىكى ئاغزىدا ئەمما سۆزىدە بەردەم بولۇپ.

**بەردەملىك** «بەردەم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەخسۇت بەگ نوكچا ئالتۇننى ئايىمايدىغانلىقى ھەققىدە، جاڭ تۇەنجاڭ ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ بەردەملىكى توغرىسىدا ماختاندى.

**بەردەنكە** ئى [ر] يالغۇز ئاتار مىلتىق: سادىرنى ئاتار بولسا، بەردەنكە بىلەن ئاتسۇن. مەن جاڭجۇنگە خەت يازدىم، كاللامنى كېسىۋەتسۇن.

**بەررە** ئى [پ] يېزت. قوزا، پاقلان: بەررە كاۋاپ.

**بەررە كاۋاپ** پاقلان گۆشىدە قىلىنغان كاۋاپ: ئۇلار قىزغىن پاراڭ بىلەن چىمەن ئۈستىگە سېلىنغان داستىخان ئەتراپىغا يىغىنلاشتى. زىرە، لازا بىلەن پىشۇاتقان بەررە كاۋاپنىڭ پۇرىقى بۇرۇنلارغا كۆپۈلدەپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. * ھەر كۈنى شام ئولىشار چېدىر قۇرۇپ، قۇشنى تاۋلار ھەممىسى سەھەر تۇرۇپ. قونالغۇدا تەييار دۇر بەررە كاۋاپ، شورپىمۇ بار ۋە يەنە

تەمبۇر ـ راۋاب.

**بەررە گۆش** پاقلان گۆشى؛ يۇمران گۆش.

**بەر غەمۇت** ئى [لات] <بوت> ① سۇزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ، يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق، گۈلى ئاق، مېۋىسى توق سېرىق رەڭدە، ئاستىنقى ئۇچىدا يېرىقى بار، شەكلى يېرىم سىقىشىپ تۇرغان قولغا ئوخشايدۇ، خۇش بۇي پۇرايدۇ، تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**بەرق** ئى [ئە] چاقماق، چېقىن، يېشىن: بەرق ئۇرماق، بەرق ئۇرغان. * ئېبە تەيۇەن، سەن گويا بىر كىچىك كېمە، ۋەتەنىنىڭ بىر پارچە ئالتۇن زېمىنى. جۇڭخۇا ــ ئۇ شاخلىرى بەرق ئۇرغان چىنار، ئاھ، شاخسىز قانداقمۇ بولسۇن جان ــ تېنى؟

**بەرق ئۇرماق** ① چاقنىماق، پارقىرىماق، يالتىرىماق: تاۋلىنىپ رەڭدار گىلەمدەك بەرق ئۇرار ئوتلاق ـ ئېتىز، قايىنىغان يايلاق ھاياتى مىسلى ئۈركەشلىك دېڭىز. * ئەلنى سەن كۆيلەپ، سېنى ئەل كۈيلىسە ئۆلمەس ئىشق، بەرق ئۇرار ھەسەن ـ ھۈسەن گويا بولۇپ ئاسماندا يا. ② نامايان بولماق، سېزىلىپ تۇرماق، كۆرۈنمەك: چىرايىدىن ھېسابسىز شادلىق تەبەسسۇمى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان ياش ئاتا قابىلبېك چىقىپ كەلدى. * ئاق يۈزۈڭنى ئاي دېسەم، ئاي نە قىلۇر يول ئۈستىدە، ئاي ۋەسالىڭ بەرق ئۇرۇپتۇ لالە رەڭ گۈل ئۈستىدە. ③ ئۇلغايماق: قىزىدى ئۇسسۇل، ساما، دىللاردا شادلىق بەرق ئۇرۇپ، بولدى مەنبەسى ئۈزۈلمەس دەريا، فونتان قەشقىرىم. * قەدىرلەپ تۇرمۇشنى، كەلدۇق بىرلىكتە، ئەجىرىمىز بەرق ئۇرۇپ چېچەكلەپ تۇردى.

**بەرقارار** سۈپ [پ+ئە] ① قارار تاپقان، قەتئىي، ئۇزۇل ـ كېسىل: قەدىرىگە يەتمەك ئۇچۇن قىينال ئۇنىڭ دەردىدە، بەرقارار تۇر بىر ئۆمۈر بەخش ئەيلىگەن ئەھدىدە سەن! ② مۇستەھكەم، تۇرغۇن، مۇقىم: تارازا بولمىغۇنچە ھەق ۋە ناھەق ئاشكارا بولماس، تارازا يۇلتۇزسىز كۆكتە تەگچۇك بەرقارار بولماس.

**بەرقارار بولماق** قارار تاپماق، مۇقىملاشماق، ئارام تاپماق.

**بەرقارارلىق** «بەرقارار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**بەرقۇت** (توغرىسى: چىبەرقۇت) ← چىبەرقۇت.

**بەرگ** ئى [پ] يېزت ① يوپۇرماق: ئاينۇر دەيدىغان گېپىنى توختىتىپ، ئولتۇرغان پېتى سىكىلدەك گۈلىنىڭ بەرگلىرىنى پارچىلاپ يۇلۇشقا باشلىدى. ② ساپاق: دەل ـ دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلار ئۆسۈش جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ، مەلۇم دەۋرگە كەلگەندە، ئۆسۈشتىن توختاپ ئۇيقۇ دەۋرگە يۈزلىنىدۇ، مۇشۇ چاغدا يوپۇرماقلار سارغىيىپ تەبىئىي ھالدا بەرگىدىن ئاجراپ يەرگە چۈشىدۇ. * يارنىڭ بېغىدا ئالما پىشىپتۇ، بەرگى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

**بەرگلىمەك** پ. ساپاق ۋە يوپۇرماق چىقارماق: ئاچتى پەن بېغىدا تۇنجى غۇنچىلار، بەرگلەپ پورەك بولۇپ ئۈز شۇنچىلا.

**بەرگۈزمەك** «بەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەرمەك** پ ① ئۆزىدە ياكى يېنىدا بولغان بىرنەرسىنى باشقىلار قولىغا تۇتقۇزماق؛ ئىختىيارىغا تاپشۇرماق: بېرىپ يامان بولغۇچە، بەرمەي يامان بول (ماقال). * ئالماققا بار، بەرمەككە يوق (ماقال). * ــ كارامەت ئېسىل پەلەيغۇ، بۇ، ــ دېدى دۈيجاڭ پەلەيگە زوقلىنىپ قاراپ، ــ قايسى قولى گۈل تىككەندۇ، ئەمدى بۇنى قايسىڭلارغا بېرىش كېرەك؟. ② تەمىنلىمەك، تارقاتماق: دارامەت بەرمەك. مائاش بەرمەك. قۇتقۇزۇش بەرمەك. ئۇغۇت بەرمەك. * ــ مانا مەن كەلدىم، ئەمدى مېنى ھېچكىم كەتكۈزەلمەيدۇ. قېنى يۈر، ئاتلارغا يەم بېرەيلى، ــ دېدى بوۋاي جۇۋىسىنى سىلىۋېتىپ. * ــ ئۇنىنى چوڭ ئەترەتتىن بېرىۋاتسا، تۇگمەننى نېمە قىلىمىز؟ ــ

www.uyghurkitap.com

سورىدى دادۋي باشلىقى ھەيران بولۇپ. ③
**ھاسىل قىلماق، نەتىجىگە ئېرىشتۈرمەك:**
ئۈنۈم بەرمەك. پايدا بەرمەك. مېۋە بەرمەك.
* ئابدۇرەھىم ئاكىنىڭ مېھنەت تەرى ئاخىرى مول
مېۋە بەردى. * شۇنداق قىلىپ، ئۇن يىلدىن
بېرى سۈت، قېتىق، سېرىق ماي، ھەتتا پۇلمۇ
بەرگەن ئاشۇ بىر كالىمىز قولدىن كەتتى.
④ **بىرەر مۇئەسسەسەگە ياكى ئورۇنغا،
كىرگۈزمەك، ئورۇنلاشتۇرماق:** يەسلىگە
بەرمەك. مەكتەپكە بەرمەك. * ئۈچ كۈندىن كېيىن
پۈتۈم يەرگە دەسسىگۈدەك بولغاندى، دادام
مېنى يەنە مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. ⑤ **قەرز
ياكى ئۆتنىنى تۆلىمەك؛ قايتۇرماق:**
تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى كۆرەي، قەرزدار
بولۇپ بەرمىگىنىڭنى كۆرەي (ماقال). ⑥ **بىرەر
تۇس، كۆرۈنۈش، كەيپىيات ھاسىل
قىلماق؛ بەخش ئەتمەك، بېغىشلىماق:** ئارام
بەرمەك. تەسىر بەرمەك. * مۇزىكا مېڭىنى ئارام
ئالدۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. * ئەل ئۈچۈن
بەرگەچكە جان، قۇچتى ھاياتىڭ مەڭگۇ شان،
يۇرسەن بىللە ھامان، ئىلھام بېرىپ يېنىمدا
سەن. ⑦ **نەشىر قىلدىغان نەرسىگە
كىرگۈزمەك؛ باسماق، ئېلان قىلماق:**
بۇ ماقالىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ 3 ـ سانىدا بېرىمىز.
⑧ **ئوقۇتماق، ئۆگەتمەك؛ تەربىيىلىمەك:**
سىز بىزگە خۇش خەت بىلەن ھېسابتىن دەرس
بېرەتتىڭىز. ⑨ **ياتلىق قىلماق، تالالىق
قىلماق، ئەرگە چىقارماق:** ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە
ئاناڭنى بەر (ماقال). * — ئەمدى مەن ئۆلگۈچە
يىغلايمەن سېنىڭ سۆزۈڭ توغرا، ئوغلۇم، ئەگەر
سەن قارشى بولمىساڭ مەن ساڭا ئۇلارنىڭ ئەڭ
كىچىك سىڭلىسىنى ـ كىچىك قىزىمنى بېرەي، —
دېدى ۋەزىر باتۇرغا. ⑩ **سۇنماق، ئۇزاتماق،
ئىلتىپات قىلماق:** ئەكبەرنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىغا
مۇشت ئۇرغاندەك ئىشتىلگەن ئابدۇۋاھىت تەرىنى
تۈرگەن ھالدا، خۇش ياقماسلىق بىلەن قولىنى
ئۇنىڭغا بەردى. * ئاقساقاللاردىن بىرى: — ھوي
مەشرەپ! ماۋۇ يولۇچى ئوبدان كېلىپ قالدى،
قولىغا سۇ بېرىپ ئۆيگە باشلا، — دېدى.
⑪ **يوللىماق، ئەۋەتمەك:** تېلېفون بەرمەك.
سىگنال بەرمەك. خەت بەرمەك. ئەرز بەرمەك.
⑫ **بايان قىلماق، ئېيتماق، دېمەك، ئۇقتۇرماق:**
رازىلىق بەرمەك. رۇخسەت بەرمەك. ئىجازەت
بەرمەك. * — پىكرىمىز بولسا بىر دەرىجە يۇقىرى
ئورگانغا بەرسەك بولىدۇ! بۇ پارتىيە ئىنتىزامى! —
دېدى ئىدارە پارتكوم شۇجىسى. * شۇنداق قىلىپ،
زۆبەيدە قىزىنى ماڭا نىكاھ قىلىشقا رازىلىق بەردى.
⑬ **ئىگە قىلماق، ئېرىشتۈرمەك:**
ۋەزىپە بەرمەك. ئۇنۋان بەرمەك. * ئەلۋەتتە،
ئۇ ئىسمىنى ئاتىغان بىرقانچە ئىشچى ـ خىزمەت ـ
چىلەرنىڭ باللىرىغا خىزمەت بېرىش كېرەك ئىدى.
* ئىرادىنىڭ مۆھرى دىلغا بېسىلغاچ، غالىب چىقتى
شېئىر ئىشقى جاپادىن. چىكىش ئويلار چىگەلمەستىن
ئۈمىدىنى، تەپەككۇرغا ئورۇن بەردى مىسرادىن.
⑭ **ساتماق:** — قانچە پۇلغا بېرىسىز؟ — ئال ـ
سىڭىز بەش كويىغا ئېلىڭ، بىر پۇڭ كەم بولسا
بەرمەيمەن. ⑮ **كۆرسەتمەك، ئاڭلاتماق:**
بۈگۈن رادىئودا كونسېرت ۋە ناخشا بەردى.
⑯ **ئايرىم ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ، پېئىل
ياسايدۇ:** ئەھمىيەت بەرمەك. تۇنۇشلۇق بەرمەك.
سالام بەرمەك. بەرھەم بەرمەك. ⑰ **رەۋىشداش ـ
لار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ تۆۋەندىكى
مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. 1) ھەرىكەتنىڭ
باشقا شەيئى ئۈچۈن ياكى باشقا بىركىمگە
قارىتىپ ئورۇندىلىشىنى بىلدۈرىدۇ:** يىگىت
قايتىپ بارغاندىن كېيىن بولغان ۋەقەنى، پادىشاھ ـ
نىڭ ھاجىتىنى خوتۇنىغا دەپ بېرىپتۇ. * — ياق.
ئەمدى ئۆسسۇل ئويناپ بەرسۇن! — قارشى چىقتى
ئۇنىڭدىن سەل چوڭراق بىرى. **2) ھەرىكەت ۋە
مەلۇم بىر ئىشنىڭ بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىق
بولۇشنى بىلدۈرىدۇ:** — قايسى كەپنى دەيسىز؟
«مۇشۇ يەردە تۇرۇپ بەرگىنىڭىز بىزنى ئەرشـ
ئەلاغا كۆتۈرگىنىڭىز»، — دېگەن سۆزىڭىزچۇ؟
* تېگىنى سۈرۈشتۈرسىڭىز دېھقانچىلىقنى بىز ئاياللار
باشلاپ بەرگەن. بۇنى تارىختا ئوقۇغان بىز.

**بەرنا** سۈپ [پ] يېزىت. ياش، نەۋقىران؛

گـۈزەل، قەددى-قامـىتى كېلـىشـكەن: بۇگۈن ئالدىمغا ھەممە بەرنا يىگىتلەر يىغىلىدىغانغا ئوخشايـدۇغۇ؟ * تومۇرىـدا ئىلى دەريا، سۆزىدە بىباھا مەنە، تىيانـشان ئەھـلىنىڭ بەرنا، باھادىر رەھـبىرى كەلـدى. * جادۇگەر كەمـپىر پەلەك كۆرسەتـتى ئاخىر شوم ئويۇن، ئۇ گـۈزەل بەرنا ئايالنى كۆمدى تۇپراققا قويۇن.

**بەرھەق** سۈپ [پ+ئە] ھەقـىقـەت؛ ھەق، چىـن، راست، توغرا، ھەقىقىي: ــ بەرھەق، بەرھەق، ــ كېـۋىـر ئاخۇن ئـىمامنىڭ سۆزىـنى تەستىقـلىـدى ۋە كۆڭـلـىگە بىر ئىش يەتتى. ــ ئەگەر قىزىم سەلـىمە بويىغا يېتىپ قالـمىغان بولـسا، قوشـناچىمـىدا ئوقۇتاركەنـىمىز. * ۋەزىـر شاھ ئالدىغا كىرىپ: ــ ئى پادىشاھى ئالەم! قىزى بارنىڭ ئالدىغا ئەلچى كىرىش ياخشىلىقـنىڭ بېشا-رىتى، شەرىئەتتە ھېچقاچان ئەلـچىگە ئۆلۈم جايىز ئەمەستۇر، ناھەق تۆكۈلگەن قان ئۇچۇن ئاخىرەتتە جاۋاب بەرمەك بەرھەقتۇر، ــ دېدى.

**بەرھەم** ئى [پ] ← **بەرھەم بەرمەك.**

**بەرھەم بەرمەك** زىيان سالـماق، توسالـغۇ بولـماق، دەخـلى يەتكۈزمەك: ئۆي ئـىچىگە توپلانغان توختاخۇنـنىڭ دىلـىكەشـلىرى بـىھوش ياتقان توختاخۇنـغا بەرھەم بەرمەسـلىك ئۇچۇن پىچىرلىشىپ، بۇ غەلىتە ئىش توغرىسىدا ھەر خىل پەرەز-مۆلچەرنى قىلـىشۋاتاتتى. * سابىر ئۆز دادۇيى يېـتـەكـىـچـىـلىرى بىلەن قىش ئىلكىدىكى بەرھەم بەرمەي دادۇينىڭ ئىشلىرىنى... قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە ھەمىشە بەرھەم بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن، قوشنا دادۇيـلەرنىڭ بۇ جەھەتـتىكى ئەھ-ۋالىنىڭ بۇ قەدەر جىددىي ئىكەنـلىكىنى ئويـلاپ كۆرمىگەنىدى.

**بەرھەم يەتمەك** زىيان يەتمەك، دەخـلى يەتـمەك، زىـيانغا، توسالغۇغا ئۇچرىـماق.

**بەرھەم يېمەك** زىيان تارتماق؛ زىيانغا، توسال-غۇغا، توسقۇنلۇققا ئۇچرىماق؛ زەربە يېمەك: ئۇ ئۆزىـنىڭ بۇ روھىي ئازابىنى «بالـىلىرىـمنىڭ دىـلى بەرھەم يېمىسۇن» دەپ، يەنىلا يوشۇرۇن ساقلايتتى. شۇڭا چولپان كۆپ چاغلاردا دادىسى-دىن خاتىرجەم بولۇپ، خىلى ئۈمىدۋار ياشايتتى.

**بەرۋەن** ئى. دىئال. پىچاق، قىـڭراق قاتارلـىق ئەسـۋابـلارنىڭ تىغ بىلەن دەس-تىسىنى تۇتاشـتۇرۇپ تۇرغان قىسمى.

**بەرى** مىق س. جان ت. داكا قاتارلىق رەختلەرنىڭ كەڭلـىكـىنى بىرلىك قىلىغان، كۋادرات قىلىنغان بىر پارچىسى ياكى قاتلىمى: خان غوجام: ــ ھەي ئىسمائىل، بىلىمدە تۈن يەتتە بەرى دۇردۇنۇم بار، بىر بەرىسىنى يىرتىپ يوتامنى تېڭىپ قوي، ــ دېدى.

**بەرىبىر** رەۋ [بارى+بىر] ① ھەمـمـىسى بىر، ئوخـشاش، بىر خـىل، بىردەك، پەرقـسىز: ھېكمەت قانداق جايدا بولسا ھېكمەتتۇر. گۆھەر نەدە بولـسا ئۇ بەرىـبىر گـۆھەردۇر. * كۆكۈيۈن ئۇنىڭ سۆزىنى چورت بۆلۈپ: ــ توغـرا ئەمەس! ئۇ مەن ئۇچۇن بەرىبىر، گەرچە مەڭگۈ يۈز كۆرۈ-شەلمىسەكـمۇ! ــ دېدى. ② ھەرقانـچە قىلـغان بىلەن، نېـمە بولۇشـىدىن قەتـئـىـيـنەزەر، ئاخـىـرقـى ھېـسـابـتا، چـوقۇم، ھـامان: ئادەمنى ئاغرىق ئۇتىدىغان بولسا بەرىـبىر ئۇتۇۋې-رىدۇ. * سەن ھېچكىمگە قارشى تۇرمايـمەن دېگە-نىڭ بىلەن باشقىلار بەرىبىر ساڭا چېقىلىۋېرىدىكەن، شامالنىڭ چىقىشى سېنىڭ چىلـلىشىڭ بىلەن بولمى-غاندەكلا بىر ئىش ئىكەن! * قىز بالا دېـگەن ئۆز ئۆيىگە مېـھمان ئىـكەن، تەقـدىـر شامـىلى ئۇنى بەرىبىر ئۇچۇرۇپ كېتىدىكەن.

**بەرىكات** ئى [ئە] ① غەمخورلۇق، ئىلتىپات: ــ پارتىيىنىڭ توغرا سىياسىتىنىڭ بەرىـكاتى بىلەن يەنە كۈنۈم ئۆتۈۋاتىدۇ، ــ دېدى ياسىن شاڭـجەي مەمنۇنىيەت بىلەن. * مانا بۇلار پارتىيـىنىڭ يېڭى يېزا سىياسـىتىنىڭ بەرىـكاتـىدىن كـۈچ-قۇدرەت تېپـىپ، ھالال مېھنـىتى بىلەن باي بولۇۋاتـقان كـۆڭـلى شاد كـىشـلەر. ② كـۈچ-قۇدرەت، مەدەت: ــ ئاتا-ئانىمىز: «ئەخلەتـكـىلار ئالتۇن، كۈلۈكـلار كۈمۈش بولـسۇن»، دەپ دۇئا قىلىپتى-كەن. مانا شۇ دۇئانىڭ بەرىـكاتى بىلەن خـۇداغا شۈكۈر، ئايـىغىمىزدىـن ئەمـدى شامال ئۆتۈۋشكە باشلىدى، ــ دېـدى دىلـشات خۇشالـلىق ئىلـكىدە تۇرغۇنغا جاۋاب بېرىپ.

www.uyghurkitap.com

**بەرىكە** ئى [ئە] ← **بەرىكەت:** ئەپەندىم دەرھال كۆزىنى يۇمۇپتۇ ـ دە، قولنى سوزۇپ: — بولۇپتۇ، بارىغا بەرىكە، توقۇز تەڭگە بولسىمۇ بەرگىن ـ دە، خورازنى ئېلىپ كېتىۋەر، — دەپتۇ. • ئۇزۇن يىللار ئاش تېرىدىم ھارماي، ئىشلەپ دوك بولۇپ كەتتىم تىنماي، ئالغان ھوسۇلۇمدا بەرىكە يوق، سەن ئىپلاسلار ئوغرىلاپ قويماي!...

**بەرىكە تاپ** سودا ـ سېتىقتا «پۇلۇڭ ئاۋۇسۇن»، «بېيىي»، «قۇرۇق قول بولما»، «شۇ نەرسە قۇتىسۇن»، «پۇلۇڭ ئەسقاتسۇن» دېگەندەك مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

**بەرىكەت** ئى [ئە] ① جىق نەرسىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان، ئۈزلۈكسىز كۆپىيىدىغان ئۈنۈم: تۇردى: — بۇ سىزغىنىڭ خانىمۇ يارايدۇ، قولۇڭغا بەرىكەت بەرسۇن، — دېدى. • پەقەت بىر يىل كالا ئۇچۇن ئىشلە دېدىم، سەپەر ئۆزى ماقۇل بولىدى قارشى كەلمەي، خۇدا ساڭا بەرىكەت بەرسۇن ياخشى ئىشلە، دەپ كەڭچىلىك قىلدىم ئاڭا ئازار بەرمەي. ② موللۇق، كەڭ ـ كۇشادىلىق، باياشاتلىق: يۇرتۇمنىڭ يېرى بەرىكەت، مۇنبەت، سېخىي، تۈگمەس خەزىنە ئۇ ئالتۇن قوزۇق. قانچىلاپ جۇت، دوقاللار كەزسۇن ئۇنى، يەنىلا ئىنسانلارغا بېرەر ئوزۇق. • ئۆتتى چاغ ھەر كۈنلۈكى بەرىكەت بىلەن، ئەر ـ ئاياللىڭ ھەممىسى ئەمگەك بىلەن، نەچچە مىڭلاپ تاش توشۇپ ھەيۋەت بىلەن، ھەممە كادىر ئىشلىشەر غەيرەت بىلەن. ③ پايدا، مەھسۇلات، ھوسۇل، مېۋە، نەپ، نەتىجە: ئەمگەك بىلەن ھەرىكەت — ئالتۇن بىلەن بەرىكەت (ماقال). • ھەرىكىتى كېتەر، بەرىكىتى قالار (ماقال). • ھەرىكەتتە بەرىكەت، بىكارچىلىقتىن نېرى كەت (ماقال).

**بەرىكەت بەرسۇن ← بەرىكەت قىلسۇن.**

**بەرىكەت قاچماق ← بەرىكەت كۆتۈرۈلمەك.**

**بەرىكەت قىلسۇن** ① سېتىلغان مال ياكى تاپشۇرغان پۇل «پايدا بەرسۇن، مەنپەئەت قىلسۇن» دېگەن مەنىدە سودىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئادەت سۆزى: ئۇلار ئۇ يان تارتىشىپ، بۇ يان تارتىشىپ، بۇ خېرىداردىنمۇ بەش كوينى ئالدى ـ دە: — نېسىپ بولسۇن، بەرىكەت قىلسۇن — دېيىشىپ ئايرىلىشتى. ② داستىخاندىن كېيىن دېيىلىدىغان «يېيىلگەن نېمەتلەرنىڭ ئورنىغا ھەسسىلەپ بېرىلسۇن» دېگەن مەنىدىكى مىننەتدارلىق سۆزى.

**بەرىكەت قىلماق** ئۈنۈمى زور بولماق، جىق نەرسىگە ئىشلىتىشكە يەتمەك: بولۇڭ ئامان، ئۇزۇن بولسۇن ئۆمرىڭىز، تاپىقىنىڭىز بەرىكەت قىلسۇن بۇرادەر.

**بەرىكەت كەتمەك ← بەرىكەت كۆتۈرۈلمەك:** شۇنىڭ بىلەن خىسلەتلەر ئۇچۇپ، كېرەمىلەردىن يىراقلاپ كۆچۈپ، ئەل ئىچىدىن بەرىكەت كېتىپتۇ، ئەل ۋە يۇرتقا كۇلپەت يېتىپتۇ. • كىچىككىنە قازناقتا موك يېتىپ، موك قوپۇپ يۈرگەن روزىمەت: — ئەمدى دېھقانچىلىقتىن بەرىكەت كەتتى، — دېدى ـ دە، كېيىنچە چويلا توقۇپ ساتىدىغان، بەزىدە جاڭگالغا بېرىپ چىغ ئورۇپ كېلىپ سۈپۈرگە، كىگىزچىلەرگە چىغ ياساپ كۈن ئالىدىغان بولۇپ قالدى.

**بەرىكەت كۆتۈرۈلمەك** بېرىدىغان ئۈنۈمى، **ھوسۇلى كېمەيمەك، ئازايماق، يوقالماق:** قاسىم ئاخۇننىڭ پۇل تېپىش ئۇچۇن ئۆز كەسپىگە ھىيلە ئىشلەتكىنىدىن كېيىن، بارا ـ بارا ئىشىدا بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ، ماللىرى سېتىلمايدىغان بولۇپ قالدى.

**بەرىكەت كۆچمەك ← بەرىكەت كۆتۈرۈلمەك:** — ئۇششاق ـ چۈششەك بولامدۇ، يولداش ئاسىم، بىزنىڭ بايلىقىمىز يېزا، كۆچمىزمۇ يېزا، يېزىدىن بەرىكەت كۆچسە، قۇرۇغىنىمىز شۇ!

**بەرىكەت ئۇچماق ← بەرىكەت كۆتۈرۈلمەك:** • شائىيۇ قولنى پاتەمخانىغا شىلتىپ: ـ ساڭا ئوخشاش ناپاك خوتۇنلارنىڭ قەدىمى تەگكەن يەردىن بەرىكەت ئۇچىدۇ. يوقال مېنىڭ ئۆيۈمدىن، — دېدى. • بەرىكىتى ئۇچقان خامان كېڭىيىپ، ئىلكىدە دانىدىن ئېگىز تاغ كۆردى.

www.uyghurkitap.com

داستىخانلار ئېچىلدى كەڭرى، قازان ـ قومۇچ يەنە ياغ كۆردى.

**بەرىكەت ياغماق** بىردىنلا پايدىسى، ئۈنۈمى، ھوسۇلى ئاشماق، كۆپەيمەك: ئانام ماڭا: — ئوغلۇم... ئۆيۈڭدە قارلىغاچ ئۇۋا سالسا، ئۆيۈڭگە بەرىكەت ياغىدۇ، — دېگەنىدى. * شۇ يىلى ئوخشىدى ئاشلىق شۇنچىلىك، بەرىكەت ياغدۇرۇپ كەلدى سېخىي كۈز. تەنتەنە قاپلىغان كۆڭۈللەر چىمەننى، ئايجامال دۇنياغا كەلدى، ئاچتى كۈز.

**بەرىكەتسىز** سۈپ. بەرىكىتى يوق، بەرىكىتى تۈگىگەن، بەرىكەت قىلمايدىغان: بەرىكەتسىز نەرسە.

**بەرىكەتسىزلىك** «بەرىكەتسىز» سۆزىنىڭ ئابستىراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ چاغلاردا بىر كۈنلۈك نورمىمىز بىر جىڭ قوناق ئىدى، گۆش ـ ياغ كۆرمىگەنىنىڭ سىرتىدا ئاشۇ بىر جىڭ قوناقمۇ يېرىك تارتىلغاچقا، ئۇ يېرىك ئۇننىڭ بەرىكەتسىزلىكىدە يەنىلا ئاچ قالاتتۇق.

**بەرىكەتلىك** سۈپ ① بەرىكىتى بار، بەرىكەت قىلىدىغان؛ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدىغان: كاناپ چىققان جاڭگاللار ئاشۇ، دۇردۇن چىققان بوستانلار ئاشۇ، زەر نېمىتى تۈگىمەيدىغان. بەرىكەتلىك داستىخانلار ئاشۇ. ② ئاز بولسىمۇ، كۆپكە توغرا كېلىدىغان؛ كۆپكە تېتىيدىغان؛ ئايىنىشلىق: ئۇنىڭ ئۇچ ـ ئون كۈن ئايىدەك، ئاي يىلىدەك بەرىكەتلىك بولۇپ تۇيۇلۇپتۇ. ③ پايدىلىق، مەھسۇلاتلىق، نەتىجىلىك، ئۈنۈملۈك، ھوسۇللۇق: بۇنى كۆرگەن قاراۋۇللار باشلىقى ئەھمەد قاقىم: — خۇدا نامى بىلەن ئىش باشلايمەن! قەدىمىمىز بەرىكەتلىك بولىدى. مانا بۇ يەردىن يوشۇرۇن خەزىنە چىقتى، — دەپتۇ. * زەرەپشان بويىلىرى بەرىكەتلىك كۈز ئايلىرى كېلىشى بىلەن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ.

**بەريان** سۈپ [پ] بىرىت. كاۋاپ، كاۋاپ بولغان، ئۆرتەنگەن، كۆيگەن: كۆكرىكىدىن ئوت چىقتى، ماڭا تەگدى دۇت چىقتى، ئىشق ئوتىدا ئۆرتىنىپ، يۈرەك بولدى بەريان قىز. * نەرگىسى كۆزلىرىڭ ياشقا تولۇپتۇ، شىكەستە دىلىڭ بەريان بولۇپتۇ.

**بەز** ① ئى <ئانات> جانلىق ئورگانىزملارنىڭ تېنى ئىچىدىكى بەز ھۈجەيرىلىرىدىن تۈزۈلگەن ۋە بەلگىلىك دەرىجىدە خىمىيىۋى ماددىلارنى ئاجرىتىپ چىقىرالايدىغان تۇقۇلما: تەر بېزى. شۆلگەي بېزى. * مۇشۇكنىڭ پۇلى يوق، بەزگە ئامراق (ماقال). ② ئى. ئورگانىزمنىڭ ياللۇغلىنىشىدىن تومپىيىپ چىققان جاي: — ئوغلۇم، تولا ئاقسىماي ماڭ، تېقىمىڭغا بەز چۈشۈپ قالمىسۇن يەنە. ③ سۈپ. كۆچمە. گەپ، سۆز تەسىر قىلمايدىغان، يۈزى قېلىن: تۇرسۇنكامنىڭ بالىسى بىر بەز ئادەم بولۇپتۇ، گەپ قىلسا ئادەمنىڭ كۆزىگە قاراپلا تۇرىدىكەن. ④ سۈپ. سۇ سىڭمەيدىغان، قاتمايدىغان ھەم يۇمشىمايدىغان: بەز تۇپراق. بەز لاي.

**بەز تۇپراق** <دېھ> سىغىز تەركىبى كۆپ، سۇ سىڭمەيدىغان ھەم يۇمشىمايدىغان تۇپراق.

**بەز قۇلاق** گەپ تەسىر قىلمايدىغان، گەپ ئاڭلىمايدىغان؛ بىزەڭ، قاشاڭ (باللار ھەققىدە): ئالىم كوچىغىلا چىقىدىكەن، ئاز ئۆتمەي ئانىسىغا ئەرز كىرەتتى، بىرى: بەختىخان، بالىڭىزغا گەپ قىلىڭ، ئۇ بەز قۇلىقىڭىز بالامنى ئۇرۇپتۇ، — دېسە، يەنە بىرى ئالمىنىڭ ئەدەبسىزلىكىدىن قاقشاپ نەشتەردەك سانجىلاتتى.

**بەز مارىغان مۇشۇكتەك** ئاچكۆزلۈك، تەمەخورلۇق ھەققىدە ئىشلىتىلىدۇ: غۇلام: — باياتىن شۇنچە قىلساق ماشىنا بىلەن كەلگىلى ئۇنىماي، ئاخىر كەينىمىزدىن پىيادە سوكۇلداپ كېلىپسىز. مانا ئەمدى ئالدىڭىزغا ئاش كەلگەندە، بەز مارىغان مۇشۇكتەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرغىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى ئادىلغا.

**بەز ھۆجەيرىسى** <بىئول> ئورگانىزملارنىڭ ھەربىر توقۇلمىسىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى بەلگىلىك تۈردە سۈيۈقلۇق ئىشلەپچىقىرد-

دىغان ۋە ئاجرىتىدىغان ھۆجەيرە. مەسىلەن: تەر بېزى، شۆلگەي بېزى قاتارلىقلارنى تۈزگۈچى ھۆجەيرىلەر.

**بەز ۋىروۇسى** <بىئول> قىزىتما خاراكتېرلىك شىللىق پەردە يالۇغىنى ۋە باشقا نەپەس يولى كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدىغان بىر تۈرلۈك ھايۋان ۋىروۇسى.

**بەز يېگەن مۈشۈكتەك** پوزىتسىيە بىلدۈرمەي تۇرۇۋالىدىغان كىشىلەرگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ: — نېمە بەز يېگەن مۈشۈكتەك قاراپ تۇرىسىز، ياكى تاڭگازا چىشلىۋالدىڭىزمۇ يە، گەپ قىلىسىڭىزچۇ، — دېدى ئامىنە يولدىشى ئابلىمىتكە يىغلامسىراپ تۇرۇپ.

**بەزدۈرمەك** «بەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۆيدۈرگەنمۇ تىل، بەزدۈرگەنمۇ تىل (ماقال). * ھازىر مەتىنىيازنى يالغۇزلۇق، روھىي چۈشكۈنلۈك، كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان تىنجىق ئەھۋال بەزدۈرۈپ، كوللېكتىپ مېھنەت قويىنىدىكى زوق-شوق قىزىقتۇرغانىدى.

**بەزدۈرۈشمەك** «بەزدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بەزدۈرۈلمەك** «بەزدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بەزگەك** ئى <تىب> ① جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل، بەزگەك پلازمودىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ پاشا ئارقىلىق يۇقىدۇ؛ مەزگىل بويىچە تۇتىدۇ. بەزگەك پلازمودىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، بەزىلىرى بىر ياكى ئىككى كۈن ئارىلاپ تۇتىدۇ؛ بەزىلىرىنىڭ تۇتۇشى مەزگىلسىز بولىدۇ. ئالامەتلىرى: بەدەننى تىترەك باسىدۇ؛ قىزىتىپ قاتتىق تەرلىتىدۇ؛ باشنى ئاغرىتىدۇ؛ ئېغىزنى قۇرۇتىدۇ؛ ماغدۇرسىزلاندۇرىدۇ: ھەر كۈنى كۈن پېتىش بىلەنلا ئۇنىڭ بەزگىكى تۇتاتتى. تىترەپ چىشلىرى كاراسلاپ كېتەتتى، پۈتۈن ئەزايى بەدىنى قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى. * خىزمەتكار خۇددى بەزگەك بولغان كىشىدەك جالاقلاپ تىترەپتۇ، كىيىملىرى سۇغا چىلىشىپ چۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن چىشلىرى كاسىلداپتۇ. ② شۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشى: ۋاڭنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئاچچىقىدىن بەزگەكتەك تىترەپ كەتتى. * نىغمەت بەزگەكتەك تىترەپ، ئوغلىنى چوڭ كوچىغىچە قوغلاپ چىقتى.

**بەزگەك پاشىسى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات، تېنى ئىككى-ئۈچ مىللىمېتر كېلىدۇ؛ رەڭگى قارا، بېشى كىچىك، سەزگۈچى مۈڭگۈزچىسى توم ۋە قىسقا، مۈرەككەپ كۆزى ئېنىق، قانىتى كەڭ ھەم سۈزۈك؛ ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ قېنىنى شورايدۇ. لېچىنكىسىنىڭ بېشى چاسا شەكىللىك، قۇيرۇقى كەڭرەك، سۇ بويىدا ياشايدۇ.

**بەزگەك پلازمودىيىسى** <زوئول> بىر ھۆجەيرىلىك ھايۋان، پروتوپلازما بىلەن ھۆجەيرە يادروسىلا بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ قىزىل قان دانىچىسىدا پارازىت ياشاپ، بەزگەك كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ كۈن ئارىلاپ تۇتىدىغان بەزگەك پلازمودىيىسى، ئۈچ كۈندە بىر تۇتىدىغان بەزگەك پلازمودىيىسى ۋە يامان سۈپەتلىك بەزگەك پلازمودىيىسى دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ.

**بەزلەتمەك** «بەزلىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەزلەشمەك** «بەزلىمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بەزلەنمەك** «بەزلىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بەزلىك** سۈپ. تەركىبىدە بېزى بار، بەز بولغان.

**بەزلىمەك I** پ. كۆڭلىنى ياسىماق، را ئېيتماق، كۆڭۈل ئېيتماق، تەسەللى بەرمەك: مۇزەپپەر قىزنى يېقىملىق سۆزلىرى بىلەن بەزلەپ:

— ياخشى قىز، ئازراق سەۋر قىلىڭ، ئازلا قالدى. نېمە، ئاغرىۋاتامدۇ؟ ھېچقىسى يوق، بىرئازدىن كېيىن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دەيتتى. * قويچى: — بالام، سەن ئوغۇل بالىغۇ، بۇۋاڭ «يىگىت ئىشتا چىنىقىدۇ، يۈپۈرماق بەرگىدە» دەيدىغان ئەمەسمۇ؟ بىرنەچچە يىل چىدىغىن. سەن چىدىمساڭ، ئاناڭ بىلەن مېنى ئېغىرچە-لىققا سېلىپ قويىسەن، — دەيتتى ئوغلىنى بەزلەپ.

**بەزلىمەك II** پ. ماي ئارىسىدىكى بەزنى ئايرىپ چىقىرىۋەتمەك، ماي قاتلىمىدىكى بەزنى ئالماق.

**بەزمە** ئى [پ] دوستلار، يار-بۇرادەرلەر ياكى قۇرداشلارنىڭ نۆۋەت بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، يەپ-ئىچىپ، ناخشا، ساز بىلەن قىلغان ئويۇن تاماشىسى: ئەمدى ئۇ غوپۇر ئاخۇننىڭ ئۆيىدە بولۇپ ئۆتكەن ھېلىقى بەزمە توغرىسىدا ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى يوشۇرماي تولۇق ئېيتىپ بەردى. * ئىلى نۇردىن شۇ يوسۇندا ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا ھەر كۈندە بىرنەچچە قېتىم داستىخان سېلىپ، ئىنئام بېرىپ بەزمە، ئولتۇرۇش بىلەن راسا بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

**بەزمە تۈزمەك** ← **بەزمە قۇرماق**: يەن-ئىرپان خەزىنىسى گۈزەل يەكەن، مېھرىڭدىن يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتى. يۇلتۇزدەك پارلاق ئالىم، ئەدىبلىرىڭ، دەرس بەردى بەزمە تۈزۈپ ھال سوراشتى.

**بەزمە قۇرماق** ئويۇن-كۈلكە، كۆڭۈللۈك سۆھبەت، زىياپەت ئۇيۇشتۇرماق، ئۆتكۈزمەك: مەشۇر: — بوگۈن ئۈچ ۋاخ تاماقنىمۇ پېتىر مانتا يېدىم، كەچتە ئاشخانىدا مېھمان بولدۇم، بەزمە قۇرۇپ كۆڭۈل ئاچتىم، — دەپ ئۆيلايتتى ئىچىدە. * قوللارنى كۆتۈردۇق ئۇسسۇلغا يەنە، باشقىدىن بىرلىدۇق ناخشا-قوشاققا. قۇرۇلدى بەزمىلەر، ئۇرۇلدى چاۋاك، تەمبۇرلەر سايرىدى «ئەجەم»، «ئوشاقنا».

**بەزمە قىلماق** ئويۇن-كۈلكە، كۆڭۈللۈك سۆھبەت، زىياپەت قىلماق: چوڭ-كىچىك ئاتارمەنلەر بىر-بىرىگە تۇزۇت قىلىشىپ، مەي-شاراب ئىچىپ بەزمە قىلىشتى.

**بەزمە-باراۋەت** بەزمە ھەم باراۋەت؛ ئويۇن-تاماشا: بەزمە-باراۋەت نۇردۇن ھاكىمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىدى. * نەزەر شاھزادىمۇ سىڭلىسىنىڭ توي مەرىكىسىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، كۈندە ئۆتكۈزۈۋاتقان بەزمە-باراۋەتلىرىنى بۇرۇن-قىدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى.

**بەزمە-مەشرەپ** بەزمە ۋە مەشرەپ؛ بەزمە ئولتۇرۇشى: نە كېرەك باغ سەيلىسى دۇتار، راۋابى بولمىسا، بەزمە-مەشرەپ نە كېرەك قويىنىڭ كاۋاپى بولمىسا.

**بەزمەك** پ. بىزار بولماق، ۋازكەچمەك، يالتايماق، زېرىكمەك: ئاتىسى تۇرۇپ ئوغلى سۆزلىگەندىن بەز (ماقال). * مەتنىياز بۇ قىلىقنى ئۈچ ھەمرادىن تەنبىھ ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقىدىن غەيرەتلىنىپ، ئەتىسى تاڭ بىلەن ئېتىزغا چىقىپ، قالغان قىچىسىنى پاك-پاكىز ئورۇپ تۈگىتىش ئىرادىسىگە كەلدۇ، لېكىن ئۇ ئىشقا كىرىشىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ھۇرۇنلۇقى قوزغىلىپ بىردەمدىلا ئىشتىن بېزىدۇ.

**بەزەن** [ئە] ← **بەزى**: مەن سەمەندىن كونىشەھەرگە پىيادە كېلىۋاتاتتىم، بەزىدە يول بويىدىكى دەرەخلەر سايىسىدا ماڭاتتىم ۋە بەزەن جايلاردا ئۇشۇققىچە ئىختىيارسىز توپا كېچىشكە توغرا كېلەتتى. * بەزەن كۆكتىن ئۇچار ئىكەن-سەن، يەرگە ئاققان يۇلتۇزدەك گويا. بەزەن چەكسىز ئۇپۇق قوينىدا، ئېچىلسەن ئاق گۈلدەك گويا.

**بەزەن-بەزەن** بەزى-بەزى، ئارىلاپ-ئارىلاپ، گاھ-گاھ: ئۇ كەينىگە قارىمايتتى. كۆك قەرىدە بەزەن-بەزەن يالتىرىغان چاقماق نۇرلىرى ئۇنى ئارقا تەرەپتىن غىل-پال يورۇتۇپ قالاتتى. * نېمىشقىدۇ، كۆزلىرىدە ئۇنىڭ ياش چاقنار، بەزەن-بەزەن تىترەپ تېنى، ئېغىر ئۇھ تارتار.

**بەزى** [ئە] ① ئال. بىر تۈردىكى ياكى ھەر خىل نەرسىلەر، ئادەملەر، ۋەقە-ھادىسىلەر-

www.uyghurkitap.com

دىن ئايرىملىرىنى ئايرىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىپ، «بىر قىسىم»، «ئايرىم» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: مۇھەببەت ئۇلۇغ نەرسە دېسە مانا شۇنىڭغا ئىشەنسە بولىدۇ. بەزى ئادەملەر يىرگىنىپ گەپلەشكۈسى كەلمىگەن بىلەن دۇنيادا باقىغا ئۇنىڭدىن چىرايلىق كۆرۈنەدىغان ئىككىنچى بىر ئادەم بولمايدۇ. * مەن ئۇ خەتنىڭ بەزى جايلىرىنى ئىككى قېتىمدىن ئوقۇپ بەردىم. ② باغل. جۈملىنىڭ بىر خىل بۆلەكلىرىنى باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: بەزى ئۇنداق، بەزى مۇنداق. ③ ئىسىم رولىدا كېلىپ ئايرىم ئادەم، نەرسە ۋە باشقىلارنى بىلدۈرىدۇ: مەجلىسكە يىغىلغانلاردىن بەزىلىرى ئۆزئارا پاراڭلاشسا، بەزىلىرى مۈگدەپ ئولتۇراتتى. * ئۇ ئىشكاپتىكى كىتابلارنىڭ بەزىسى قاتتىق مۇقاۋىلىق، بەزىسى قەغەز مۇقاۋىلىق، ھەتتا بەزىسى يىرتىۋېتىلگەن كىتابلار ئىدى.

**بەزىبىر** ئال [بەزى+بىر] **مەلۇم بىر، ئايرىم بىر:** ئابدۇكېرىم ئاۋۋال نىلقا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ يېقىنقى ھەرىكەتلىرىنى — گومىنداڭنىڭ بەزىبىر ئورگانلىرىغا تېگىپ، ئۇلارنى ئالاقزادىلىككە سېلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى. * ئابلىكىم سۆزلەۋاتقاندا، ئالماسنىڭ كۆز ئالدىدىن بەزىبىر خاتىرىلەر تىزىلىپ ئۆتتى.

**بەزىدە** ① رەۋ. **ئايرىم ۋاقىتتا، گاھىدا:** ئۇ بەزىدە مېنىڭ «چاغىتاي تىلى»دا يېزىلغان شېئىرلاردىكى ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەر ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان قىسقىچە ئىزاھلىق لۇغىتىمنى سوراپ ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى... * قادىر مۇشۇ كۆلنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ دەم ئالاتتى، ئۆگىنەتتى، بەزىدە كۆللەرگە قاراپ ئۇزاق-ئۇزاق تۇرۇپ كېتەتتى. ② باغل. **جۈملىنىڭ بىر خىل بۆلەكلىرىنى باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ:** بەزىدە كېلىدۇ، بەزىدە كەلمەيدۇ. * بەزىدە بار، بەزىدە يوق.

**بەس I** ئى [ئە] ① **بىرەر مەسىلە ھەققىدىكى تالاش-تارتىش؛ رىقابەت، مۇنازىرە:** بەس تالاشماق. بەس قىلماق. * راۋاقنىڭ ئېگىزلىكى گويا كۆن بىلەن بەستە، قەسىرلىرى قاتمۇقات تۇرار ئايغا تەڭ رەتتە. ② **بىر-بىرىگە نىسبەتەن ھەركىم پىكرىدە تۇرۇش، ئۆز پىكرىنى باراۋەر، ئوخشاش ئورۇنغا قويۇش:** بەس كەلمەك.

**بەس تالاشماق** **رىقابەتلەشمەك، مۇسابىقىلەشمەك، مۇنازىرىلەشمەك:** خاتىپ ئېيتقان ئارزۇنى شەھەر مۇئەككىلى چۈشەنمەي تۇرۇپلا مەلۇم سورۇندىكىلەر بىلەن بەس تالاشقان.

**بەس سالماق** **بىرەر ئىش، ئەمگەك، ۋەزىپە قاتارلىقلارنى بېجىرىشنى بىر-بىرىگە ئىتتىرىشمەك، بىر-بىرىگە قاراپ ئىشلىمەك:** ئەبلىغازى ھېيتەكلەرگە بۇرۇلدى-دە: — تۇرۇشھامسەن! مۇنۇ كۆتەكلەرنى چېقىرىپ بولۇپ گوداڭلارنى تۈزلىۋېتەيلى، بەربىر بۇ كۆپچىلىك قىلىدىغان ئىش. بەس سالىدىغان يېرىڭگە بېرىپ بەس سېلىشۋال! — دېدى.

**بەس قىلماق I ← بەس سالماق.**

**بەس كەلمەك** ① **تەڭ، باراۋەر كەلمەك؛ تەڭلەشمەك، باراۋەرلەشمەك:** بوۋاي... ھاياجانلىنىپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ: بۇ چۆل، باياۋاندىكى لەنتى قۇم ئەجدىھاسىغا، رەھىمسىز قارا بورانلارغا پەقەت سىلەرلا بەس كېلەلەيسىلەر. * خاۋ سۆۋېن دەرغەزەپ بولۇپ لىن چوڭغا ئېتىلدى، ئىككى ئاتلىق بىر-بىرى بىلەن كۆپ ئېلىشتى، شۇ ئارىلىقتا خۇا رۇڭ يېتىپ كېلىپ ھەمدەم بولدى، خاۋ سۆۋېن بۇلارغا بەس كېلەلمەي ئېتىنى بۇراپ قاچتى. ② **بەرداشلىق بەرمەك، چىدىماق:** ئاغرىنىقا بەس كەلمەك. * شوپۇر ئاغزىنى سۇرتۇپ، ئىسسىققا بەس كېلەلمەي، ئۆزىنى تاشلاپ پۇشۇلداپ ئولتۇرغان ئوغلىغا خاۋاتىرلەنگەن ھالدا قاراپ قويۇپ گازنى كۆچەپ باستى.

**بەس II** [پ] **«بولىدى، يېتەر، يېتەرلىك؛ قوي، توختات مەنىسىدىكى ئۇندەش رولىدا كېلىدۇ»:** — بەس! بولدى، بۇ يەر قالايمىقان تاكاللىشىدىغان ئورۇن ئەمەس! — دېدى سودىيە قۇلان ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ. * ئەي رەشىدى ئىچمىگىن

بىخۇد شارابىن ئەمدى بەس، جامدا شاراب بارمىكىن ياكى زەھەر بىلمەيتمەن. * ئاتساڭ ــ چاپساڭ كېيىم شۇ، ئىللا ــ بىللا بولدى، بەس.

**بەس قىلماق II** بولدى قىلماق، توختاتماق: ــ بەس قىلىڭ، ــ دەپتۇ قىز ئۇز ئاتىسىغا، ــ كىچە دوكىنىڭ ئۇستىدىن ئادەملەرنى كۆلدۇرگەنىڭىزمۇ يېتەر.

**بەسەي** ئى [خەن] <بوت> كىرپىت گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە تەۋە ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى چوڭ؛ گۈلى ئاچ سېرىق؛ سورتى كۆپ بولىدۇ. ئادەتتە كۆكتات ھېسابلىنىدۇ.

**بەسەيلىك** ① سۈپ. بەسىيى بار، بەسەي تېرىلىدىغان: بەسەيلىك يەر. ② ئى. بەسەي تېرىلىدىغان جاي، بەسەي ئۆسكەن جاي: بەسەيلىكتىن بىر تۈپ بەسەي يۇلۇپ چىق.

**بەس ــ بەس** بىر ــ بىرىدىن قېلىشماي ھەردكەت قىلىش تۈسىنى ئالىغان بىر خىل كەيپىيات: سەيلە مەيدانى ئەمەلدە جانلىق ناخشا ــ ئۇسسۇل كۆرىكى تۈسىنى ئالاتتى. خەلق تەردپىدىن ياقتۇرۇلغانلىرى كەڭ تارقىلاتتى ۋە بۇ ھال كىلەر يىلقى سەيلە كۆرىكى ئۈچۈن بەس ــ بەس پەيدا قىلاتتى. * ناخشا بىلەن باشلىدى تېرىم، چېۋەر قىزلار چۆشتى بەس ــ بەسكە، خۇددى بىر توي، قانمايدۇ دىلىڭ، مىڭ كۆز بىلەن باقساڭ ھەۋەستە.

**بەس ــ بەس بىلەن** ← **بەس ــ بەستە:** چوڭ لامپىلار بىلەن ئاپئاق يورۇتۇلغان كىنوخانا ئالدىدىكى مەيداندا گازىرچىلار، كاۋاپچىلار، باققاللار، ناۋايلار بەس ــ بەس بىلەن توۋلىشىپ خېرىدار چاقىرىشماقتا ئىدى.

**بەس ــ بەستە** بىر ــ بىرىدىن قېلىشماي، بەسلەشكەن ھالدا: بۇ خىزمەت يەنىلا زوروۋر، كەلگۈسىدە كىشىلەر بۇ خىزمەتنى بەس ــ بەستە تالىشىپ ئىشلەيدۇ * يىغىن داۋام قىلماقتا، ئۇلاغ باققۇچىلار بەس ــ بەستە سۆزلىمەكتە.

**بەس ــ بەسچى** داۋاملىق بەس ــ بەس بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان، باشقىلاردىن ئۇستۈن كېلىشكە قىزىقىدىغان، رىقابەتچى.

**بەست** ئى. [پ] قەددى ــ قامەت، تەقى ــ تۇرق، گەۋدە: بۇ ئاددىي كىيىملەر ئۇنىڭ ئايدەك جامالى ۋە تەبىئىي گۈزەل بەستىگە يارىشىپ كەتكەنىدى... * ماموت زورنى تۇتقىلى كەلگەن ئون چېرىك پالۋاننىڭ بەستىنى كۆرۈپ، ئىشىك تۈۋىدە ھودۇقۇپ تۇرۇپ قالدى. * ئۇنىڭ بەستىدىن ياشلىقىنىڭ ئاجايىپ كۈچى تېپىپ تۇراتتى.

**بەستلىك** سۈپ. قەددى ــ قامەتى بار، قەددى ــ قامەتلىك، گەۋدىلىك، قابىل، ئۇستىخانلىق: يېشىغا نىسبەتەن بەستلىك، يوغان كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان غەيرەت بۇ ئادەمنىڭ تاققا ــ تۇققا گەپلىرىدىن گۇمانلىنىپ، دادىسىنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ قويدى. * بەزىلەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، باقى ئاكام ياش ۋاقتىدا ئوغلى ياقۇپتىنمۇ نەچچە ھەسسە بەستلىك ئىكەن.

**بەسلەشتۇرمەك** «بەسلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەسلەشتۇرۇلمەك** «بەسلەشتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بەسلەشمەك** پ. بىر ــ بىرىدىن ئۇستۇنلۇك تالاشماق، مۇسابىقىلەشمەك، بەس ــ بەسكە چۈشمەك: شۇنداق قىلىپ مەمەتجان بىلەن ئامادگۈل ئورمىدا بەسلىشىپ قالدى. مەمەتجاننىڭ ئەتراپىدىكى يىگىتلەر ئۇنى دەيدەيگە سېلىپ قۇشىلسا، ئامانگۈلنىڭمۇ چۆرىسىدىكى قىز ــ چوكانلار ئۇنى خۇددى چىقىر تاشقا بىلىگەندەك بىلەيتتى. * بەزىلەر، بىرقۇر ياخشى كىيىم كىيىشنى ھەقىقي لەززەت دەپ ھېسابلايدۇ، بۇنداق ئادەملەر بىلەن بەسلىششىنىڭ نە ھاجىتى؟

**بەس ــ مۇنازىرە** [پ+ئە] ھەركىم ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان قىزغىن مۇنازىرە، تالاش ــ تارتىش، دەتالاش: لوپنۇر توغرىسىدىكى بەس ــ مۇنازىرە باشلانغىنىغا يۈز يىلدىن ئاشتى. * سۇخەنچىنىڭ پىكرى يىغىندا چوڭ بەس ــ مۇنازىرىگە سەۋەب بولدى.

**بەسىر** سۈپ [ئە] لۇغەت مەنىسى: «كۆرد

دىغان، كۆرگۈچى» دېگەن بولاتتى، ئەمما هازىر ئۇيغۇر تىلىدا: «كۆزى كۆرمەيدىغان، كور، قارىغۇ، كۆرمەس» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ: ئىچىمىدىكى دەردىمنى، قاچىلايمۇ تۇلۇمغا. بەسىر بولدى كۆزلىرىم، قاراۋېرىپ يولۇڭغا. * ئىجازەت بەر بىرىشقا، شاهقا شىپا تېپىشقا، بەسىر بولغان كۆزىگە نۇرى گۆھەر سېلىشقا.

**بەش** سان. تۆتتىن كېيىن ئالتىدىن بۇرۇن كەلگەن سان ۋە بۇ ساننى ئىپادىلىگەن «5» رەقەمى؛ 4 بىلەن 1 قوشۇلغاندا هاسىل بولغان مىقدار: 5 كىشى، 5 كىلوگرام نەشپۈت. * ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە 5 كۈن بولدى.

**بەش ئاچا مەرۋايىت** <زىبوي> بويۇنغا ئاسىدىغان بەش تىزىق، بەش قۇر مەرۋايىت مارجان.

**بەش تاش** قىزلارنىڭ كىچىك ھەم يۇملاق بەش دانە تاش بىلەن ناخشا ئېيتىپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇنى: بەش تاش ئويىنماق.

**بەش تۈر بويىچە تەنھەرىكەت** <تەن> يېنىك ئاتلىتىكا مۇسابىقىسىدىكى ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. ئەرلەرنىڭ بەش تۈرى: يىراققا سەكرەش، نەيزە ئېتىش، 200 مېترغا يۈگۈرۈش، دېسكا ئېتىش، 1 مىڭ 5 يۈز مېترغا يۈگۈرۈش تەرتىپى بويىچە بولىدۇ؛ ئاياللارنىڭ بەش تۈرى: پەس بارىيېردىن ئاتلاپ 100 مېترغا يۈگۈرۈش، چويۇن توپ ئېتىش، ئېگىزگە سەكرەش، يىراققا سەكرەش، 800 مېترغا يۈگۈرۈش تەرتىپى بويىچە بولىدۇ.

**بەش خانلىق** <تارىخ> تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، مىلادى 907 ــ 960 ـ يىللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ هاكىمىيەت قۇرغان لياڭ، تاڭ، جىن، خەن، جۇ خانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**بەش قول تەڭ ئەمەس** ھەممە نەرسە بىر خىل، بىردەك ئەمەس: ــ ھە دېسىلا ھەممىنى سېلىشتۇرۇپ يۈرمە، شىياۋدۈي دېگەندە چارۋىسى بارلىرى بولىدۇ، نوپۇسى كۆپلىرى بولىدۇ، ئازلىرى بولىدۇ، بەش قول تەڭ ئەمەس، شۇڭلاشقا قاراپ ئوغۇت پىلانىنى مۇۋاپىق تۈزگىنىمىز ياخشى، ــ دېدى قارىكام.

**بەش قولدەك** ① داۋاملىق كۆرۈپ تۇرغاندەك، ناھايىتى ئېنىق: ئىشقىلىپ، ئۇ ھەممىسىنى بەش قولدەك ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. * چاقمىنىڭ يالىڭاياغ دوختۇرى مۇزەپپەر بۇ يەردىكى چارۋىچىلار ئۈچۈن ئۆز كىشىسى بولۇپ، ھەممىگە بەش قولدەك تونۇش ئىدى. ② قاتار، رەتمۇرەت، زىچ، كەينى ـ كەينىدىن: ئۇلارنىڭ كۆكۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى ئارقىسىدا، جىگدە ۋە ئۈجمە بەش قولدەك ئۈنۈپ چىقتى، قەلەمچىلەر تەكشى كۆكەردى. * بۇ يەر ئەسلى تېرىلغۇ بولۇپ ئەتراپىدا بەش قولدەك قويۇق ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەر بار ئىدى.

**بەش قولنى ئاغزىغا سالماق** ← بەش قولنى بىراقلا ئاغزىغا تىقماق.

**بەش قولنى بىراقلا ئاغزىغا تىقماق** بىرقانچە خىل ئىشنى بىر قېتىمدىلا قىلىشقا ئۇرۇنماق ياكى بىر ئىشنى بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە، بىردەمدە قىلىشقا ھەرىكەت قىلماق: بەش قولنى بىراقلا ئاغزىغا تىققىلى بولمايدۇ.

**بەش كۈن** <مېتېئور> ئۇدا بەش كۈن. كىلىماتولوگىيىدە ھەپتە قوللىنىلماي، بەش كۈن قوللىنىلىدۇ. چۈنكى بەش كۈن، دەل بىر يىلدىكى 365 كۈننىڭ بىر فاكتورىدۇر.

**بەش كۈنلۈك ئالەم** ← **ئالتە كۈنلۈك ئالەم.**

**بەش كۈنلۈك دۇنيا** ← **ئالتە كۈنلۈك ئالەم.**

**بەش مالتاق** (توغرىسى: باش بارماق) ← **باش بارماق.**

**بەش يىللىق پىلان** بەش يىلغا مۆلچەرلەن-

گەن، بەش يىلدا ئورۇنلىنىدىغان پىلان: ھازىر پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن مىللەت ۋە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى بىرقانچە بەش يىللىق پىلان مەزگىلى ئىچىدە قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

**بەشئاتار** ئى [بەش+ئاتار] بەش تال ئوق قاچىلىنىدىغان ۋە بىر-بىرلەپ ئېتىلىدىغان مىلتىق: ئۇ ماگا قارىغا قانداق ئېلىشىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، بەشئاتارنى ماگا سۇنۇپ، تاغدىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇ بويىدىكى تېرەككە قونۇپ تۇرغان بىر سېغىزخاننى كۆرسەتتى.

**بەشئاتار مىلتىق** ← **بەشئاتار.**

**بەشەرتى** باغل [پ+ئە] ييزت. شەرت بېقىندى جۈملىلىك قوشما جۈملىدە باش جۈملە بىلەن ئەگەشمە جۈملىنى باغلاش رولىدا كېلىپ، «ئەگەر، ئەگەردە، مۇبادا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ: بەشەرتى بۇرۇن قوشنىمىز بىلەن بىللە بولغانىكەنمىز، ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەسرىتىگىمۇ ئورتاقلىشىشىمىز زۆرۈر ئىدى. چۈنكى ھەرقانداق سۇنۇق كۆڭۈل تەسەللىگە موھتاج-دە! ئەپسۇسكى، بىزنىڭ سەممىي ئەقىدىلىرىمىز بىكار بولۇپ چىقتى.

**بەشەيلەن** سان. بەش كىشى: بەشەيلەن ئالدىراپ كەلدۇق، قالغانلار ئەمدى كېلىۋاتىدۇ.

**بەشلەك** ئى [بەش+لەك] قارتا ئويۇنلىرىنىڭ بىر خىلى.

**بەشلەك قەغەز** بەشلەك ئويۇنىنى ئويناش ئۈچۈن تەييارلانغان بىر خىل قارتا، ئۆزى ئۇزۇنچاق، ئۇڭ يۈزىدە سانىنى بىلدۈرىدىغان ھەر خىل بەلگىلىرى بولىدۇ.

**بەشلىك** سۈپ ① بەش كىشى ياكى بەش نەرسىدىن تەركىب تاپقان. ② ئۈستىگە «5» بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن: «5» ئۆلچەم قىلىنغان: بەشلىك قاغا. ③ <ئەد> بەش مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىر تۈرى: مۇخەممەس.

**بەشلىك تۈزۈم** ئوقۇغۇچىنىڭ نەتىجىسىنى باھالاشتىكى بىر خىل نومۇر خاتىرىلەش ئۇسۇلى، ئەڭ يۇقىرى نەتىجە «5» ھېسابلىنىدۇ. «3» نومۇر لاياقەتلىك، «2» نومۇر لاياقەتسىز ھېسابلىنىدۇ.

**بەشلىمەك** پ. سانىلىدىغان نەرسىلەرنى بەشتىن، بەشتىن قىلىپ قويماق: ئاپىسى خان ناۋايخانىدىن بەشلەپ قويغان ناندىن ئىككى دەستە نان ئېلىپ داستىخانغا يۆگىدى-دە، ئارقىسىغىمۇ قارىماي مېڭىپ كەتتى.

**بەشمەرەك** ئى دىئال ← **بەش بارماق.**

**بەشىرە** ئى [ئە] ① يۈز، چىراي، قىياپەت: كۈلگەندە ئۇلارنىڭ بەشىرىسى ئاشۇنداق بولۇپ كېتىدۇ. * بۇ مەھبۇسنىڭ بەشىرىسىدە غەيرىي بىر تۇس بار ئىدى. ② كىشىنىڭ روھىي ھالىتى، تەبىئىتى ۋە ئىچكى قىياپىتىنى ئىپادىلەيدىغان سىرتقى كۆرۈنۈش: كۆزلىرى نېمىدېگەن كۆك، چېقىر كۆز، — دەپ يىقىمسىز ئۆيلىدى مەتقۇربانباي، — چېقىر كۆزلۈك شەيتاننىڭ بەشىرىسى دەيدىغان. ③ يامان خاراكتېر، يامان نىيەت: ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ھەقىقىي بەشىرىسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

**بەشىنچى** سان. تەرتىپى «5» رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، تۆتىنچىدىن كېيىن ئالتىنچىدىن ئىلگىرى بولغان، بەشىنچى نومۇرلۇق: بەشىنچى ئورۇن. بەشىنچى كۆرۈنۈش. بەشىنچى بىنا. * كەچكى تاماق ۋاقتىدا ئۆگەي ئانام بىلەن چوڭ ئاكام ئىككىسى تۆتىنچى كىچىك ئاپام، بەشىنچى كىچىك ئاپام ۋە چېن كىچىك ئاغىچىلارنىڭ تاكتىكىلىرى ھەققىدە سۆزلىشىپ كەتتى.

**بەشىنچى ئاپرېل ھەرىكىتى** <تارىخ> بېيجىڭ خەلقى 1976-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنى تيەنئەنمېن مەيدانىدا جۇ ئېنلەينى خاتىرىلەپ گۈل چەمبىرەك، شېئىر، قەسەمنامىلەرنى تەقدىم قىلىپ، تەزىيە بىلدۈرگەن: «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ قىلمىشىنى ئەيىبلىگەن ئاممىۋى ھەرىكەت. لېكىن بۇ ھەرىكەت «تۆت

www.uyghurkitap.com

كىشىلىك گۇرۇھىنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ ھەمدە ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت دەپ بۇرمىلىنىدۇ. 1978 - يىلى 1 - ئايدا پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا تولۇق ئىنقىلابىي ھەرىكەت دەپ ئېتىراپ قىلىندۇ.

**بەشىنچى ئاي** —> ماي.

**بەشىنچىلىك** «بەشىنچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**بەشيۇلتۇز** ئى [بەش+يۇلتۇز] <ھەرب> بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇز شەكلىدە ياسالغان كاكار، بەلگە: ئەركىننىڭ كۆزى دوختۇرنىڭ شەپكىسىدىكى چىراغ نۇرىدا يالتىراۋاتقان چوغدەك بەشيۇلتۇزغا چۈشتى.

**بەشيۇلتۇزلۇق** سۈپ. بەشيۇلتۇز بەلگىسى بار، بەشيۇلتۇز بەلگىسى ئورنىتىلغان: قاۋۇل مىننەتدارلىق كۆزى بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكى بەشيۇلتۇزلۇق شەپكە كىيگەن قېرىنداشلىرىغا تەكشى قاراپ چىقتى.

**بەقابىل** سۈپ [پ+ئە] ھەرقانداق ئىشقا قابىلىيىتى بار؛ قۇدرەتلىك، قابىلىيەتلىك، لاياقەتلىك: توختاخۇن خىيالغا چۆككەن ھالدا ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلىپ سۆزلىدى: — يوق گەپ. سەن پېشانەڭگە دەرد - ئەلەم، ھەسرەت - نادامەت تامغىسى بېسىلغان بەقابىل بىر ئەر ئەمەسسەندىك؟

**بەقاۋۇل** (توغرىسى: بەقابىل) —> **بەقابىل.**

**بەقەسەم** ئى. يىپەك ۋە ئارىلاشما يىپتا يول - يول توقۇلغان بىر خىل يەرلىك رەخت.

**بەقەسەم پولۇ** خورۇچى ۋە ئېتىش ئۇسۇلى ئادەتتىكى پولۇلارغا ئاساسەن ئوخشاش، ئەمما توغرالغان گۆش، قورۇق ئۈزۈم قاق قاتارلىقلارنى سېلىپ گۈرۈچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلىدىغان رەڭگى ئالا - بۇلا بىر خىل پولۇ.

**بەقەسەم تاش** <گېئول> ئالتۇن كانلىرىدا ئالتۇننىڭ يېنىغا جايلاشقان ئالا يوللۇق تاش.

**بەقەسەم تون** بەقەسەمدىن تىكىلگەن تون.

**بەقەسەم يوللۇق قاشتېشى** قاشتېشىنىڭ بەقەسەمگە ئوخشاش يولى بار بىر تۈرى.

**بەقەم** ئى [پ<ئە] <بوت> ① قىزىل رەڭ ماتېرىياللىرىنى ئايرىۋېلىشقا بولىدىغان بىر خىل ياغاچ. ② يۇلغۇننىڭ قوم ئاستىدىن كولىۋېلىنىدىغان قىزىل يىلتىزى، قىزىل كۆتىكى: سۆزلەندى كەچمىش، «يات»لار ئۆز بولدى، پاراڭلار قىزىپ، تالاي سۆز بولدى. گۈلخان يېقىلدى توغراق، بەقەمدە، ئولتۇردى ئۇلار بىللە — دەرقەمتە.

**بەقۇۋۋەت** سۈپ [پ+ئە] زور جىسمانىي كۈچكە ئىگە بولغان، جىسمانىي جەھەتتە ساغلام ھەم كۈچلۈك: بەقۇۋۋەت ئادەم. * سەن نېمىشقا دەمسەن ئۇكا؟ دۇنيادا يۈز بەرمەيدۇ سەۋەبى يوق ئاقىۋەت. سەن كۆردۈڭمۇ مېنى؟ شۇنداق چەبدەسمەن، زېھنىم تازا ۋە ياش جىسمىم بەقۇۋۋەت.

**بەك I** رەۋ. ناھايىتى، ئالاھىدە، ئىنتايىن، قالتىس، تازا، راسا: بەك قاتتىق. بەك ياخشى. بەك چاپماق. بەك خارلانماق. * — ھە، شۇنداقمۇ، بەك سېخىي دېسىلە، — دەپ ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى باخشى. * ئايشەمخان ئاچا مايسىخاننى بەك ياخشى چۈشىنەتتى. بۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن سىر ساقلانمىغان قەدىردان كېلىنلەر ئىدى.

**بەك II** سۈپ. چىڭ، پىششىق، مەزمۇت، مۇستەھكەم: جېنى بەك. * يەپ تۇر، بەك تۇر (ماقال).

**بەكە** ئى —> **قەلەمتىراش:** — سالام خەت يازىمىز؟ ھە مۇنداق دەڭا، — دېدىم مەن بىر تال ئالمىنى قولۇمغا ئېلىپ بەكە بىلەن سويغاچ، — بۇنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قەلىمىمنىڭ يۈزى ئۈچۈن ئىكەن - دە؟!

**بەگ** ئى. تارىخ ① فېئوداليزم دەۋرىدە شەھەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردىكى رايون دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەل ۋە شۇنداق ئەمەل ئالغان كىشى: بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئون ئۈچ بەگ بار ئىكەن. * يىگىرمىگە يېقىن كىشى بەگنىڭ تىل ـ ھاقارىتى ئاستىدا قورقۇپ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ تۇراتتى. ② ئۆز خوجايىنىغا مۇراجىئەت قىلغاندا ياكى ئۇلار ھەققىدە گەپ قىلغاندا ئىشلىتىلىدىغان ھۆرمەت سۆزى. ③ كىشى ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە كېلىپ، ھۆرمەت نامىنى بىلدۈرىدۇ: توختى بەگ. قاسىم بەگ.

**بەگ ـ بىگات** بەگ ۋە بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلار: پۈتۈن قەشقەرگە تەۋە بەگ ـ بىگاتلار، ئۇلار تارقاتتى بۇ پەرماننى پاتلا.

**بەگچەك** ① ئى ← «بەگزادە I» ② سۈپ. تەكەببۇر؛ هارامزادە.

**بەگزادە I** ئى. بەگ، باي، ئەمەلدارلارنىڭ باللىرى؛ بەگ نەسلى: يىگىت... بوۋاي بېقىپ ئۆگەتكەن يولۋاس، بۆرىلەرنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ، ئىككى بەگزادە كەتكەن تەرەپكە مېڭىپتۇ.

**بەگزادە II** ئى. قوغۇننىڭ بىر تۈرى، ئۆزى كىچىك، ئۇزۇنچاقراق، شاپىقى نېپىز، سىرتى تۈكلۈك، بىرئاز تىلىم ـ تىلىم، ئىچى قىزىل ۋە كۆكۈش بولىدۇ؛ تەمى بەك تاتلىق.

**بەگلىك** ① ئى. بەگلەرنىڭ ئورنى، ۋەزىپىسى؛ بەگلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى، ئەمىلى: خوجايىنىز بەگ ھايات ۋاقتىدا ئەگەر ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇنداق قىلماڭ، خەلققە زۇلۇم سالماڭ. ئالدى ـ كەينىڭىزگە قاراپ ئىش قىلىڭ، بەگلىك كېتىدۇ، يۇرت قالىدۇ، دەيدىغان بولساق قۇلىقىغا تاش بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىماتتى. ② سۈپ. بەگ قارىمىقىدىكى، بەگلەرگە ئاتالغان: بىزنىڭ يۇرتنى ئوتتۇز ئىككى بەگلىك دېيىشىدۇ.
* ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە بەگلىك قازىسى بىلەن سوپى ئىشان تەسۋى سىيرىغان ھالدا بېشى بىلەن نېمىسىندۇ ماقۇللاپ ئولتۇرۇپتۇ. * دوغا ھەيدەپ ماڭدى بوۋاڭنى، بەگلىك ھويلا، قانلىق دەرەخكە. ئۇ كىيگەن ئاق ماتا يول بويى، ئوخشاپ قالدى قىزغۇچ شەپەققە.

**بەگلىك تۈزۈم** <تارىخ> ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە يولغا قويغان ئەمەل تۈزۈمى.

**بەڭ** ئى [پ] ← **نەشە:** بەڭنىڭ كۈچى بىلەن كاللىسى چۆگىلەپ، ئۆزى لەيلەپ قالغان مەست باخشىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇ بىلجىرلاشلار رەپىق ئاكىنىڭ ئاق كۆڭلىگە ئاستا ـ ئاستا قارا رەڭلىك داغ بولۇپ يېپىلماقتا ئىدى.

**بەڭباش** سۈپ [بەڭ+باش] ئۆزى بىلگەننى، كۆڭلى خالىغاننى قىلىدىغان؛ باشباشتاق: شۇ گۈزەلگە ئوخشىتىپ كەزدىم مۇھەببەت دەشتىنى... نە قىلاي ياشلىق دېگەن بەڭباش ئىكەن، بەڭباش ئىكەن. * ئايال: — توختاپ تۇرغىن ھەي بەڭباش، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ داداڭ كەتمەن چاپقاندا، سەن «تاش تەمەك» ئويناپتىسەڭ، — دېدى.

**بەڭباشلىق** «بەڭباش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى مەيلى راست ياكى يالغان بولسۇن، بارا ـ بارا مېنىڭ بالىلارغا خاس تەلپۈنۈشۈمنى قوزغاپ، بەڭباشلىق تۇيغۇمنى ئاشۇرۇپ بارماقتا ئىدى.

**بەڭباشلىق قىلماق** ئۆزى بىلگەننى، كۆڭلى خالىغاننى قىلماق؛ باشباشتاقلىق قىلماق: زورىخان: — ھە، ئانداق بولغاندىن كېيىن، كېلىشمىگەن ئىشلارغا ئارىلاشماي، بەڭباشلىق قىلماي «سىلىنىڭ راست، خوپ» دەپ قويساڭ سەندىن ھېچ نەرسە كەتمەيدۇ.

**بەڭگى** ئى [پ] ① نەشە چېكىدىغان ئادەم: ئۇ خۇددى مەجنۇن شوراپ، توختىماي كۈلىدىغان قوتۇر چىراي بەڭگى قىياپىتىگە كىرگەنىدى. * ئۇلپىتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بەڭگىلەر باشلىرىنى تەستە كۆتۈرۈپ، پۇرۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى

www.uyghurkitap.com

دوستىغا تىكىپتۇ-دە: — ئۇنچىلىك پەيزى قىلمىساڭ، بەڭ چېكىپ نېمە قىلىسەن؟ — دېيىشىپتۇ. ② كۆچمە. تاماكا، ناس قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆپ چېكىشكە ئادەتلەنگەن كىشى.

**بەڭگى خىيال** بەڭگىلەرگە ئوخشاش قىلىنىدىغان خام، ئورۇنسىز خىيال: مۇزەپپەر بەگ: — مانا، سۇنى تاپتۇق مەيلى بېرى، مەيلى گادىيى بولسۇن، مەندىن سۇنى ئۆلچەم بىلەن سېتىۋالىدۇ. شۇنداق، بىر يىلدا مۇنچە، بەش يىلدا مۇنچە، بولىدۇ، — دەپ بەڭگىنىڭ خىيالىنى قىلغىلى تۇردى.

**بەڭگىدىۋانە** ئى [پ] <بوت> چەيزە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى تىك، ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ شاخلىرى ئاچىماق بولىدۇ؛ ئاددىي يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ؛ سېپى ئۇزۇن، شەكلى تۇخۇمسىمان، گىرۋىكى رەتسىز، دولقۇنسىمان چىشلىق بولىدۇ؛ گۈلى يوپۇرمىقىنىڭ قولتۇقىدىن ياكى شاخچىنىڭ بۆلۈنگەن جايىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ؛ رەڭگى ئاق كېلىدۇ؛ غوزا مېۋىسى يۇمىلاق كېلىدۇ، پىشقاندا يېرىلىدۇ؛ ئۇرۇقى قارا بولىدۇ؛ مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ؛ تەمى ئاچچىق بولۇپ، زەھەرلىك، مەست قىلىپ ئاغرىق توختىتىدۇ؛ رېماتىزمىنى داۋالايدۇ؛ يۆتەل ۋە دەم سىقىلىشنى پەسەيتىدۇ.

**بەڭگىلىك** «بەڭگى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**بەڭۋاش** (توغرىسى: بەڭباش) ⟵ **بەڭباش.**

**بەل I** ئى ① <ئانات> ئارقا ئومۇرتقىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى؛ گەۋدىنىڭ كۆكرەك قاپىقى بىلەن داس سۆڭەك ئۈستىدىكى ئارىلىقى: ئادەمنىڭ بېلى. * — بىزمۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقاندىن كېيىن «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سوغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دېگەندەك، جەمئىيەتكە قاراپ بىر ئىش قىلىمىدۇق، — دېدى جىگلى

شۇجىغا. * تۇرسۇنئاي قىزنىڭ ئىنچىكە ئۆرۈلگەن چاچلىرى، ئۇنىڭ ئىنچىكە بېلىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، تەڭ ئوتتۇرىدىن بۆلۈنگەن جايى: ياغاچنىڭ بېلىدىن كەسمەك، تاياقنىڭ بېلىدىن ئۇشتۇماق. ③ كۆچمە. جىسمانىي ياكى ماددىي كۈچ: بېلى بوش. * تازىمۇ بېلى بوش نېمە ئىكەنسەن، باشقىلار ئۆلە-تىرىلىشكە باقماي ئىشلەۋاتسا، سەن ياش تۇرۇپ بېلىڭنى سىلاپ تۇرۇشقا ئىزا تارتامسەن؟ — دېدى ئەترەت باشلىقى ھېلىقى يىگىتكە. ④ ئېگەرسىمان تۆپىلىكنىڭ پەسەيگەن جايى: ماشىنا كىچىك بىر بەلدىن ئېشىپ چۈشۈۋاتقاندا قۇربان شۇجى نازىمقۇلدىن: — سىز بىزنى بۈگۈن نەگە باشلايسىز؟ — دەپ سورىدى.

**بەل باغلىماق** بىرەر ئىشقا ئەستايىدىل كىرىشمەك، نىيەت قىلماق، ئىرادە تۇرغۇزماق: تۇردى ئاخۇن ئاكا بۇ تەكلىپنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئېلىمىزنىڭ مۇزىكا تارىخىدا مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان بۇ ئۇلۇغۋار ئىشقا بەل باغلاپ رەسمىي كىرىشتى.

**بەل پۈرمە كۆڭلەك** بەل قىسمى پۈرمە قىلىنغان كۆڭلەك: سەمەتجان «تۆت كونا» ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈش باشلانغان كۈنلا ئايالى ۋە باللىرىنىڭ دوپپىلىرىنى ھەم ئايالىنىڭ تېخى يېقىندىلا تىكتۈرۈپ بىرەر قېتىممۇ بويىغا سالمىغان ئىككى دانە بەل پۈرمە تاۋار كۆڭلىكىنى خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا يىرتىپ ئوتقا ئاتتى.

**بەل تۇتۇشماق** كۈچ سىناشماق، چېلىشماق: نىياز پالۋان ھازىرغىچە ئالتە كىشى بىلەن بەل تۇتۇشۇپ، يەتتىنچىسىدە زەڭگى بىلەن بەل تۇتۇشماقتا.

**بەل قويۇۋەتمەك** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا نىسبەتەن ئىشەنچ-ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماق، يوقاتماق: مەندە نېمە ئامال، شۇنچە تىرىشسامۇ ئەلاچى بولالمايدىكەنمەن. شۇنىڭدىن كېيىن بەل قويۇۋېتىپ بوششقا باشلىدىم. مانا 5-سىنىپمۇ

مىلىك تەستە پۈتتى.

**بەلنى چىڭىتماق** ئىرادىنى چىڭىتماق، ئىرادىنى مۇستەھكەملىمەك، ئىرادىگە تولماق، غەيرەتلەنمەك، غەيرەتكە كەلمەك: بەلنى چىڭىتىش دېگەنلىك قارامىلىق بىلەن ئىش قىلىش، تېرە تاراقشىتىش، قالايمىقان تەنقىد قىلىش، قالايمىقان كۈرەش قىلىش دېگەن سۆز ئەمەس.

**بەلنى سىلاپ تۇرماق** كۆز ئالدىدا قىلىنىۋاتقان ئىشقا قول سالماي بىكار قاراپ تۇرماق: بەلنى سىلاپ تۇرغانغا ئىش پۈتمەيدۇ ئۇكام، — دېدى تۇرغۇن ئىنىسىغا قاراپ، — ئالدى بىلەن ئۆزىمىز قول سېلىپ ئىشلىشىمىز كېرەك.

**بەلنىڭ تۆۋىنى** جىنسىي ئەزانىڭ سىلىقلاشتۇرۇلۇپ، ئەگىتىپ ئېيتىلىشى: ئۇ دائىم بەلنىڭ تۆۋىنىدىن گەپ قىلىدىغان ئاغزى بۇزۇپ ئادەم.

**بەل ئېلىشماق** ← **بەل تۇتۇشماق.**

**بېلى بوش** بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئىرادىسى ئاجىز؛ ئىرادىسىز، غەيرەتسىز: بېلى بوش ئادەم. بېلى بوشنىڭ ئىشى بوش (ماقال). بىزنىڭ ئائىلە جەمەتىمىزدە ئەزەلدىن بېلى بوش ئادەملەر كېلىپ چىققان ئەمەس.

**بېلى بوشاپ كەتمەك** بىرەر ئىشنى قىلىشتىكى غەيرىتى، ئىرادىسى ئاجىزلاپ كەتمەك: — ھوي، ئاغىنە، — دېدى تاھىر ئاغىنىسى ئوسمانغا، — تېخى يېقىندىلا خېلى چىڭ گەپ قىلىپ تۇراتتىڭ، ئىشنى باشلا ـ باشلىمايلا بېلىڭ بوشاپ كېتىپتىغۇ؟ — دېدى ھەيران بولۇپ.

**بېلى پۈكۈلمەك** ← **بېلى ئېگىلمەك.**

**بېلى چىڭ** بىرەر ئىشقا كىرىشىشكە ياكى باشلاشقا تەييارلىقى، غەيرىتى بار: ئىرادىسى مۇستەھكەم، بېلى چىڭ ئادەم. بېلى چىڭ ئەر. * مۇسا تاغام: — ماڭا ياردەملەشكىن، ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ بۇ باغدا مېۋىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى پەيدا بولۇپ قالدى، بىز ئاشۇ دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلىمىز. قانداق ئوغلۇم، بېلىڭ چىڭمۇ؟ — دېدى سىناق نەزىرى بىلەن ئابدۇرەھىمگە قاراپ.

**بېلىگە تەپمەك** بىراۋ بىرەر ئىشقا ئىنتىلىۋاتقان، جىددىي كىرىشىۋاتقان پەيتتە توسقۇنلۇق قىلماق، قارشىلىق قىلماق؛ زەربە بەرمەك: ھاشىم ئاكام زەردە بىلەن ئۆتنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى. * ئالتىنچى ئاي مەزگىلى. گۈلسۈمخان ئاچا توساتتىن قاتتىق ئاغرىپ قالدى. بۇ كېلىشمەسلىك گۈلنسانىڭ تەتىلدىن پايدىلىنىپ شەھەرگە بېرىپ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاش ئارزۇسىنىڭ بېلىگە تەپتى.

**بېلىنى تۈزىۋالماق** ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆزىنى ئوڭشىۋالماق، تۇرمۇشىنى، ھال ـ ئوقىتىنى ياخشىلىماق: سەئىدىخان لەشكەر ۋە ئەمەلدارلارنى خەزىنىدىن بېقىپ، پۇقرالار ئۈستىدىن بەش يەملىك باج ـ سېلىقنى كۆتۈرۈۋەتكەن، ئەل بۇنىڭ بىلەن بېلىنى خېلى تۈزىۋالغانىدى.

**بېلىنى رۇسلىۋالماق** ← **بېلىنى تۈزىۋالماق.**

**بېلىنى سۇندۇرماق** ← **بېلىنى ئۇشتۇماق.**

**بېلىنىڭ تۆۋىنىگە سۈيۈقئاش بارمىغان** بېلى بوش، ئىرادىسى ئاجىز، كۈچسىز: قادىر شاكىيو دوغىسىغا قاتتىق كايىپ شۇنداق دېدى: — نەدىن تېپىپ كەلدىڭ بۇ بېلىنىڭ تۆۋىنىگە سۈيۈقئاش بارمىغان نىمىلەرنى، بۇ نىمىلەر بىلەن بۇ ئىشنى بىر ئايدا ئەمەس، بىر يىلدىمۇ قىلىپ بولالمايسەن.

**بېلىنى ئۇشتۇماق** ماددىي ياكى جىسمانىي جەھەتتىن زور زىيان يەتكۈزمەك.

**بېلى ئېگىلمەك** ئىغىرچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەت، دەرد ـ ئەلەمنى كۆتۈرەلمەي قىيىن ئەھۋالدا قالماق.

**بەل II** ئى. ئەنجان تېمى سېلىشتا تامغا لاي ئېتىپ بېرىشكە ئىشلىتىدىغان ئۇزۇن ياغاچ ساپلىق تۆمۈر سايمان، يۈزى ئادەمنىڭ ئىككى ئالقىنىدەك چوڭلۇقتا بولىدۇ.

**بەل كەتمەن** زىرائەت ۋە كۆكتاتلارنىڭ تېگىنى يۇمشىتىش، ئوتىنى ئوتاش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىدىغان يۈزى كىچىك، سېپى

ئۇزۇن كەتمەن.

**بەل گۆرجەك** ئائىلىلەردە مەش، ئوچاقلارغا كۆمۈر سېلىش، كۈل ئېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ئەسۋاب. شەكلى گۆرجەككە ئوخشاش، ساپاقلىق، تۇتقۇچلۇق بولىدۇ.

**بەل ئومۇرتقىسى** <ئانات> بەلدىكى ئومۇرتقا سۆڭىكى. جەمئىي بەش تال بولۇپ، كۆكرەك ئومۇرتقىسىدىن چوڭراق كېلىدۇ.

**بەل ياغاچ** <بىن> ئىككىدىن ئارتۇق تايىنىش نۇقتىلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان، شۇ نۇقتىلار ئارىلىقىدىكى ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان چوڭ ياغاچ. «لىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بەل يۆگەك** بۆشۈككە سېلىنىغان بالىنىڭ بېلىنى يۆگەش ئۈچۈن ئۇۋدا ئۈستىگە سېلىنىدىغان يۆگەك.

**بەلەن** سۈپ [پ] ① ئوبدان، ياخشى، ئېسىل: سەن سۆزسىز بەلەن ئادەم، مەن بۇنى سېنىڭ ئوچۇق پېشانەڭدىن، كۆز نۇرۇڭدىن، ساغلاملىقىڭدىن كۆردۈم. ② كۈچلۈك، يۇقىرى؛ قاتتىق: ئىلىم-پەنگە ۋەتىنىم يۈردۈك بۈگۈن، روھىم بەلەن! ئارزۇيۇم شۇ ئىدى، بىر كۈلسە دەپ بىزنىڭ ۋەتەن... * گۈلباھار ئىلھامىدىن زوقىقا تولۇپ ئېيتتىم غەزەل، تەنتەنە-شاۋقۇنغا تەڭكەش بەلەن ئاۋاز بىلەن.

**بەلەن بولماق** بەلەن ھالەتكە كەلمەك: تۆمۈر بوۋا ھاياجانلانىدى، كۆزلىرى نۇرلاندى ۋە خۇشاللىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ: ــ بەك بەلەن بولدى ئوغلۇم مەن سىزگە يەنە بىر قېتىم يول باشلاي، ــ دېدى.

**بەلەن قىلماق** بەلەن ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ ئەجەب بەلەن قىلدۇق. * بۇ ئىشنى كۆڭۈلمىزدىكىدەك بەلەن قىلدۇق.

**بەلەنلىك** «بەلەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بولۇت ئۈستىدە كۈيلەيتتى بىغەم، ئاشۇ شۇم قۇيۇن چېگرىغا قاراپ، ــ كۆكتە شۇنداق بەلەنلىكتىمەن، جىنمۇ كۆرمەيدۇ، ــ دەپ ھەر يان ماراپ.

**بەلباغ** ئى [بەل+باغ] ① بەلگە باغلايدىغان پوتا: ئالماس بەلبېغى بىلەن دادىسىنىڭ ئېغىزىنى سۈرتتى. ② ئات ئۇلاغلارنىڭ ئېگەر ۋە مۆلىلىرىنىڭ ئۈستىدىن باستۇرۇپ باغلايدىغان ياكى هارۋىنىڭ شوتىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تاسما: ئەمەت هارۋىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەن بەلبېغىنى تىكىۋاتقاندا، ھەمراھلىرى ھارۋىلىرىنى قوشۇپ تەييار بولغانىدى. ③ ھەر نەرسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن ئۆتكەن دەپ پەرەز قىلىنغان سىزىق، ھالقا: ئىسسىق بەلباغ، ئورمان بەلبېغى.

**بەلتوسما** ئى [بەل+توسما] <سۇ> سۇنىڭ قاشنى چېقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قاشنىڭ خەتەرلىك يېرىدىن ئېقىننىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ ياسالغان «T» شەكىللىك توسما. سۇ ئۇنىڭغا ئۇرۇلۇپ قايتىدۇ. بۇ «چېقىلغۇ توسما» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بەلچە I** ئى. ئاياغ كىيىمنىڭ پاشنا ۋە چەم چۆرىسىنى تۈزلەپ سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۇتقۇچلۇق تۆمۈر ئەسۋاب: ئۇ موزدۇزلۇق قىلسا، ئۆتۈكنىڭ قېلىپىنى چاپىدۇ، بەلچە، بۇرەندە، بىگىز، يىڭنىلەرنىمۇ ئۆزى ياسىۋالىدۇ.

**بەلچە II** ئى. كۆكتات ۋە زىرا ئەت مايسىلىرى ئارىسىدىكى ئوت-چۆپلەرنى ئوتاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ئەسۋاب.

**بەلچە III** ئى. دىئال. ① مەش ۋە ئوچاقتىن كۈل ئالىدىغان بەل گۆرجەك. ② ھارۋىنىڭ ئىككى شوتىسىغا ئورنىتىلغان، شۇتىغا قېتىلغان ھايۋاننىڭ بېلىگە تارتىلىدىغان تاسما، بەلباغ.

**بەلچىر** ئى. ئىككى ئېقىننىڭ قوشۇلغان

يېرى، جايى.

**بەلدەتمەك** «بەلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەلدەشمەك** «بەلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بەلدەڭ** ئى. دىئال ←— **ئەپكەش.**

**بەلدەم** ئى ① بىرەر نەرسىنىڭ بۆلۈنىدى-
غان جايى؛ بوغۇم. ② بىرەر نەرسىنىڭ
بۆلۈنىدىغان جايىدىن كېسىلگەن بۆلەك.

**بەلدەنمەك** «بەلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بەلدىرەڭگە** (توغرىسى: بەردەنكە) ←—
**بەردەنكە.**

**بەلدىمەك** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ مەلۇم
جايلىرىغا بەلگە سېلىپ، بەلدەم-بەلدەم
قىلىپ قويماق. ② بىرەر نەرسىنى بەلدەم-
بەلدەم قىلىپ كەسمەك.

**بەلغەم** ئى [ئە] <تىب> شىللىق ئۆپكە پۇۋەك-
چىسى. ئۇ كانايچە ۋە كاناي ئاجرىتىپ چىقار-
غان سۇيۇقلۇق بولۇپ، نورمال ئەھۋال
ئاستىدا ئاجرىلىپ چىقىشى ئازراق بولىدۇ؛
ئۆپكە ياكى نەپەس يولى ياللۇغلانغاندا
كۆپىيىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ تەركىبىدە
كېسەل باكتېرىيىلىرى بولىدۇ: قان تولغان
كۆزىگە كۆلەڭگە سالغان، قاپىقى ئىچىلماس ئىكەن
تۇرۇلۇپ، ئۆلۈمنىڭ قايغۇسى بىلەن پەرىشان،
ئولتۇرار ئىكەنۇ بەلغەم تۈكۈرۈپ.

**بەلكى** باغل [پ] ① بۇرۇلۇش مەنىسىدە
كەلگەن جۈملە بىلەن جۈملىنى ۋە جۈملە
بۆلەكلىرىنى باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ:
روسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسى بۇرژۇئا-
زىيىدىن ئىبارەت بۇ سىياسىي كۈچنى كۈچەيت-
مىدى، بەلكى ئۇنى ئاجىزلاشتۇردى؛ ئۇنىڭ
سىياسىي زاپاس ئارمىيىسىنى كۈچەيتمىدى، بەلكى
ئۇنى ئاساسىي ئارمىيىدىن مەھرۇم قىلدى يەنى
دېھقانلاردىن مەھرۇم قىلدى. ② «ئېھتىمال»
دېگەن مەنىدە بۇ كەلىمە رولىدا كېلىدۇ:
بەلكى ئۇ مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلىمىغان بولسا
كېرەك.

**بەلكىم** باغل [پ] ←— **بەلكى:** ئۇنىڭ كەل-
تۈرگەن مىسالى ئۆز پىكرىنى ئىسپاتلىمىدى. بەلكىم
رەت قىلدى. * بەلكىم پايدىلىق مەسلىھەت چىقىپ
قالار، ئەمما، تونۇش بولمىغان بۇ كىشىلەرنى
نەدىن تاپىمەن؟... دەپ ئويلايتتى ئالماس.
* بەلكىم ئۇ يېپەك كىيىملىرىنى كىيىپ كەلگەن بولسا
ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بولاتتى.

**بەلگە** ئى ① تونۇشلۇق بولۇش ۋە پەرقلە-
نىپ تۇرۇش ئۈچۈن شەكىللەندۈرۈلگەن
نىشان، ئالامەت؛ تامغا: جەينەكتىن ئۈزۈۋېتىل-
گەن ئوڭ قولى ئۇنىڭ ئەنە شۇ جەڭ يىللىرىدىكى
باتۇرلۇقىنىڭ شەرەپلىك بەلگىسى ئىدى. ② بىرەر
مەنە، مەزمۇن ياكى مىقدارنى ئىپادىلىگۈچى
گرافىك، ئالامەت، ئىشارە: سوراق بەلگىسى،
تەڭلىك بەلگىسى. ③ نەرسە، ۋەقە ھادىسى-
لەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى، سۈپىتى:
ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش شارائىتلىرى دېگەن
زادى نېمە؟ ئۇلارنىڭ بەلگىلىرى زادى قانداق
بولىدۇ؟ ④ <لوگ> ئوبيېكتنىڭ بىر-بىرىگە
ئوخشايدىغان ياكى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدى-
غان خۇسۇسىيەتلىرى لوگىكىدا «بەلگە»
دەپ ئاتىلىدۇ. ⑤ ئىچكى ھېسسىيات،
كەچۈرمىشلەرنىڭ، پسىخولوگىيىلىك ھالەت-
لەرنىڭ تاشقى ئالامىتى، ئەسىرى، كەچۈر-
مىشى: ئايشەمنىڭ چىرايىدىن دەرد-ئەلەم
بەلگىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ⑥ دېرەك بېرىدىغان
ئالامەت، نىشان: مەمەتنىڭ چىرايىدىكى سېرىق-
لىق ــ كېسەللىكنىڭ بەلگىسى. ⑦ <ئارخېئول>
يەر ئۆلچەشتە ئىشلىتىدىلىغان ئاق ۋە قىزىل
قىلىپ سىرلانغان ئالا كالتەك ياكى مەخسۇس
ئۆلچەملىك سىزىقلار سېلىنغان ئۇزۇن
تاختاي. "رايكا" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بەلگە بەرمەك** بىرەر مەقسەت ۋە ھەرىكەت

www.uyghurkitap.com

يۆنىلىشىنى بەلگە، ئالامەت ئارقىلىق ئۇقتۇر-ماق، بىلدۈرمەك، سەزدۈرمەك، خەۋەر قىلماق: سەلەي جانانىنىڭ بىلىكىگە ئارغامچا باغلاپ ئۆگزىدىكىلەرگە بەلگە بەردى. ٭ ئانا بالىغا: ــ مەلىكە ھەر ھەپتىنىڭ جۈپ كۈنلىرى ئويناپ ـ كۈلگىلى چار بېغىغا كىرىدۇ. كېچىسى باغنى ئارىلايدۇ، شۇ چاغدا سەنمۇ بىرىپ ماراپ تۇرغىن، مەلىكىنىڭ ساڭا راستىنلا مەيلى بولسا، سېنى كۆرگەندىن كېيىن بەلگە بېرىدۇ، ئېسىڭدە ساقلاپ ماڭا كېلىپ دېگىن، ــ دېدى.

**بەلگە تاپانچىسى** <ھەرب> بەلگە ئوقىنى ئاتىدىغان تاپانچا. ئۇ ئادەتتە «سىگنال تاپانـ-چىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بەلگە زەمبىرىكى** <ھەرب> بەلگە ئوقىنى ئېتىپ، سىگنال يەتكۈزۈشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل زەمبىرەك.

**بەلگە سالماق** تونۇش ۋە پەرقلەندۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تامغا، نىشان شەكىل-لەندۈرمەك؛ بەلگە قىلماق: شى چۈەن بىرىپ، بىر كۈن ئىچىدىلا ئەھۋالنى تەپسىلىي ئۇقۇپ، ئورەك ـ خەندەكلەرگە بەلگە سېلىپ قايتىپ كەلدى ۋە ئەھۋالنى مۇشاۋىرغا مەلۇم قىلدى.

**بەلگە قىلماق** ① تونۇش ۋە پەرقلەندۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تامغا، نىشان شەكىل-لەندۈرمەك؛ بەلگە سالماق. ② بىرەر ئىش ھەرىكەت، پىكىر بىرلىكى ئۈچۈن نىشان تۇرغۇزماق: بىرىنچى دەۋر 1919 ـ يىلىدىكى «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن تارتىپ 1921 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان دەۋر. بۇ دەۋر «4 ـ ماي» ھەرىكىتىنى ئاساسىي بەلگە قىلىدۇ.

**بەلگە گەز** <بىن> يەر يۈزىنى، ئېگىز-لىك ياكى سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بەلگىسى سېلىنغان گەز.

**بەلگە ئوق** ئېتىلغاندىن كېيىن رەڭلىك نۇر ياكى تۈتەك ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل ئوق، خەۋەرلىشىش، ئالاقە قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ «سىگنال ئوقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بەلگە ئۇقۇمى** <لوگ> شەيئىلەرنىڭ بەلگىسى توغرىسىدىكى ئۇقۇم، «شەيئى ئۇقۇمى» دېگەنگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**بەلگۇ** (توغرىسى: بەلگە) ⟵ **بەلگە.**

**بەلگىچىلىك** ئى <پەلس> بىر خىل سۇبيېك-تىپ ئىدىيالىزملىق نەزەرىيە. ئۇ ئادەمنىڭ تۇيغۇسى ۋە ئىدىيىسى تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ئىنكاسى ئەمەس، بەلكى پەقەت تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەر بىلەن ھېچقانداق ئوخشاشلىقى بولمىغان دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ «تەسۋىرىي يېزىق نەزەرى-يىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بەلگىسىز** سۈپ ① بەلگىسى يوق، بەلگە قويۇلمىغان، بەلگە سېلىنمىغان. ② نامەلۇم، ناتايىن، ئېنىق ئەمەس: ۋۇما ئۇزۇن بولدى كۆرۈنمەيدۇ؛ ئۇنىڭ نەگە يوقىلىپ كەتكەنلىكى بەلگىسىز.

**بەلگىسىز ئالماش** <تىل> ئېنىقسىزلىقنى بىلدۈرىدىغان ئالماش. مەسىلەن: ئاللىقاچان، ئاللىكىم، ئاللىقانداق، قايسىبىر، پالانى، بىرمۇنچە....

**بەلگىلەتمەك** «بەلگىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بەلگىلەش** «بەلگىلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: ــ قاچقۇننى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن دەرھال ئادەم بەلگىلەش كېرەك، ــ دېدى ساقچى باشلىقى ئوفىتسېرلەرگە قاراپ.

**بەلگىلەش ئالماش** <تىل> تەكىتلەش، ئېنىقلاش مەنىسىدە كەلگەن ئالماش. مەسىلەن: ھەركىم، ھەرقاچان، ھەربىرىمىز...

**بەلگىلەشمەك** «بەلگىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆم-لۈك دەرىجىسى: ــ مىنىڭچە، ناھىيىگە نېمە

www.uyghurkitap.com

دېيىش كېرەكلىكىنى كۆپچىلىك ئۆزلىرى بەلگىلەشـ
كىنى ياخشىراق، ــ دېدىم مەن. جاپپار شۇجى
ئويلىنىپ قالدى، دېرىزە سىرتىغا قاراپ ئولتۇرغىنىچە
خىيالغا چۆكتى.

**بەلگىلەنگەن** «بەلگىلەنمەك» پېئىلىنىڭ
سۈپەتدىشى: بىر توشۇغۇچى راكېتا بىلەن
ئۈچ سۈنئىي ھەمراھنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك
قويۇپ بېرىلگەنلىكى ئېلىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا
ساھەسىدە، بولۇپمۇ تىنچ ئوكياندىكى بەلگىلەنگەن
دېڭىز رايونىغا توشۇغۇچى راكېتا قويۇپ بېرىلگەنـ
گەندىن كېيىن قازىنىلغان يەنە بىر يېڭى مۇۋەپـ
پەقىيەت بولدى.

**بەلگىلەنگەن مۇھىت** <تىيا> سەھنىدە
پېرسوناژلارغا يارىتىپ بېرىلگەن مۇھىت ۋە
شارائىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**بەلگىلەنگەن ھەرىكەت** <تەن> گىمناستىكا،
چامباشچىلىق، سۇغا سەكرەش، فىگۇرا
چىقىرىپ مۇز تېيىلىش قاتارلىق مۇسابىقىلارغا
قاتناشقان تەنھەرىكەتچىلەر ئورۇندايدىغان
بىر يۈرۈش ياكى ئايرىم ھەرىكەتلەر.
بەلگىلەنگەن ھەرىكەتلەرنى مۇسابىقە
ئۆتكۈزگۈچى ئورۇن تۈزۈپ بېكىتىدۇ ياكى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**بەلگىلەنمەك** «بەلگىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجـ
ھۇل دەرىجىسى: ئورمان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش
ئۈچۈن، ئورمان ئاسرىغۇچىلارنى سىرتقا ئەمگەككە
ئەۋەتمەسلىك، ئۇلارغا ئوزۇق-تۈلۈك يېرىلا بېرىپ،
مەسئۇلىيەت ئېتىزى بەرمەسلىك بەلگىلەندى.

**بەلگىلىك** سۈپ ① بەلگىسى، نىشانى بار؛
بەلگە قويۇلغان، بەلگە-نىشان سېلىنغان:
بەنجاڭ ئالدىراپ كېتىپ قالدى، بىر چاغدا
ئۇ كىرىپ بەلگىلىك سومكا كۆتۈرگەن بىر
ئەسكەرنى باشلاپ كەلدى. ئۇ ئەسكەر قولۇمنى
يېشىپ قايتىدىن تاڭدى ۋە دورا بەردى. ② مەلۇم،
مۇئەييەن، ئېنىق، بەلگىلىك مۇددەتتە،
بەلگىلىك ۋاقىتتا: مەن كۆپرەك ئالتۇن-كۈمۈش
ئالغاچ بېرىپ، شەھەرگە يوشۇرۇنۇپ، شىنىڭ
ئۆيىگە جايلىشاي، ھەزرەتلىرى دېيىشىپ قويغان
بەلگىلىك سائەت ئىچىدە شەھەرگە ئېگىش قىلسىلا.

**بەلگىلىمە** ئى. بىرەر ئىش ياكى مەلۇم
مەسىلە ھەققىدە بىرەر ئورگان، تەشكىلات ۋە
مەلۇم بىر يىغىن بامەسلىھەت قوبۇل قىلغان
توختام، تۈزۈم، قارارلار ۋە ئۇنىڭ تېكىستى؛
ئاسىم مۇدىرنى چاقىرىپ قويدى ۋە: ــ قەغەزدىكى
بەلگىلىمە بۇ يەردە ئاقامدۇ؟ ــ دېدى نارازى
قىياپەتتە.

**بەلگىلىمەك** پ ① بىرەر شەرتلىك بەلگە،
ئىشارەت بىلەن ئىپادىلىمەك: خىمىيىدە
ھىدروگېن «H» بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ② بىرەر
خۇسۇسىيەت، ماھىيەتكە ئاساسەن مەلۇم
يەكۈننى ئىپادىلىمەك: يازنىڭ كېلىشىنى باھار
بەلگىلەيدۇ. * ئادەمنىڭ روھىي پەزىلىتىنى
بەلگىلەيدىغان نەرسە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئۆزى
ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇددىئاسى دېگەن بىر سۆز
بار. ③ بىر قارارغا كەلمەك، قارار قىلماق: ــ
بولدى، بولدى، ئادىلە، سەن گۈزەللىكىنى باشلاپ
كېلىۋەر. كەچكى تاماق مەشەدە يېيىلىدۇ، شۇ
كۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ مەزمۇنىنى بىز بەلگىلەيمىز،
نېمىشقا دېسەڭ، بۇ ساھىبخانىنىڭ ئىشى! ــ دېدى
رەقىب. ④ بىرەر مەقسەت ئۈچۈن تاللىماق،
كۆرسىتىپ بەرمەك: ئابلىمىت ئەختەمگە داۋاملىق
تەكرار قىلىش ئۈچۈن دەرسلىك كىتابىتىن
بىرنەچچە جايلارنى بەلگىلەپ بېرىپ ئۆزى
شەھەرگە كىرىپ كەتتى. ⑤ ئېنىقلا قويماق،
تەيىنلىمەك: ئەركىن قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنى
پۈتتۈرگەندىن كېيىن تەقسىمات بويىچە يېڭىشەھەر
ناھىيىسىدىكى ياندۇرما بازار باشلانغۇچ مەكتىپىگە
ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەنگەن، شۇ جەرياندا مەمتىلى
بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى...

**بەلگىلەپ سېتىۋېلىش** دۆلەت پىلانى،
خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك يېزا
ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىلان
بەلگىلەپ بىر تۇتاش سېتىۋېلىشتا
قوللىنىدىغان سىياسەت.

**بەللۇت** ئى [ئە] <بوت> دۇب دەرىخىنىڭ مېۋىسى، ئۇزۇن ۋە يۇمىلاق كېلىدۇ، تەركىبىدە كراخمال ۋە ئاز مىقداردا تاننىس بار؛ پوستىدىن يارىپىلىم ئېلىشقا بولىدۇ؛ ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ، ئۇرۇقىنىڭ ئۇچەيىنى قورۇپ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولى بار.

**بەللى** ئى [پ] ① ماختاش، ماقۇللاش، مەدھىيە، ئالقىشنى بىلدۈرىدۇ: دىلشاتنىڭ دادىسى كۈلۈپ تۇرۇپ: ــ بەللى، شۇنداق قىل ئوغلۇم! بۇگۈندىن باشلاپ بۇلار سېنىڭ ئەسكەرلىرىڭ بولسۇن، سەن ئۇلارنىڭ كوماندىرى بول، قانداق؟ ــ دېدى. ② قوشۇلماسلىق، ياقتۇرماسلىقنى بىلدۈرىدۇ: ــ ھوي شۇجى، سىزمۇ؟ كىم سىزنى بۇ يامغۇرلۇق كېچىدە بۇ يەرگە كېلىشكە ئۈندىدى. بەللى، بولماپتۇ ئىنىم، قايتىڭ، قايتىڭ، ئاۋۋال ساقىيىڭ، تەنىنىڭ سالامەتلىكى ھەممىدىن ئەۋزەل، ــ دېدى ۋېلەم ئاكا شۇجىغا.

**بەللىك** ئى ① شىمنىڭ ئۈستى، بەلباغ بېكىتىلىدىغان قىسمى: شىمنىڭ بەللىكى. ② ئات ـ ئۇلاغلارغا توقۇلىدىغان ئېگەر، چوم، مۆلە قاتارلىقلارنىڭ ئىككى قېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياپىلاق تۆمۈر.

**بەللىەك** (توغرىسى: بەتلىمەك) ← بەتلىمەك.

**بەلۋاغ** (توغرىسى: بەلباغ) ← بەلباغ.

**بەلىزگۈل** ئى <بوت> مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئۆزى پاكار، يوپۇرمىقىنىڭ كۆپ قىسمى تۈۋىدىن ئۆسىدۇ، شەكلى قوشۇق ياكى تۇخۇمغا ئوخشايدۇ؛ گۈلى باشسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، غولىنىڭ ئۇچىدا تاق ئۆسىدۇ؛ تىلسىمان گۈللىرى ئاق، ئاچ قىزىل، ياكى قىزىل رەڭلەردە؛ كانايسىمان گۈللىرى سېرىق رەڭدە بولىدۇ؛ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆپەيتىشكە بولىدۇ؛ ئەسلى ماكانى ياۋروپا بولۇپ، ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قاتارىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈلمەكتە.

**بەلىش** ئى. خېمىرىغا تۇخۇم، ئەبجەش ياغ، سودا، ئاق شېكەر، سۈت قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل يېمەكلىك.

**بەلىش پوشكال** <يېم> خېمىرنى بەلىش خېمىرىغا ئوخشاش يۇغۇرۇپ سالىدىغان پوشكال.

**بەمەل** ئى. ← بەمەلچەك.

**بەمەلچەك** ئى ① قول بارماقلىرىنىڭ ھەربىر ئۈگىسى، بېغىشى. ② قۇشلار، ئۇچار قاناتلارنىڭ چوڭ بارمىقى.

**بەمەلدىرەك** پ. قامچا سېپىنىڭ تۇتىدىغان يېرى، جايى: ئات ئۈستىدىكى ئادەم ئۆزىنى بىردە ئاتنىڭ ئۇ يېنىغا، بىردە بۇ يېنىغا تاشلايتتى. قامچىسىنىڭ بەمەلدىرىكىنى چىشلىۋېلىپ، ئاتنىڭ يالىسىدىن چىڭ تۇتۇپ، يوغان ئۆتۈكلىرى بىلەن قارا غونانىنى كۆچەپ دېۋىتەتتى.

**بەن** (بەنى) ئى [خەن] <ھەرب> پەيدىن كىچىك بولغان ھەربىي بۆلۈنمە؛ تەشكىل: بىر بەن ئەسكەر. بىر بەن ئادەم. * قادىر بىر بەن ئەسكەرنى باشلاپ يولغا چىقتى.

**بەنجاڭ** ئى <ھەرب> پەيدىن كىچىك بولغان ھەربىي بۆلۈنمىنىڭ باشلىقى، يېتەكچىسى: تۇرسۇن ھەربىي سەپكە كىرىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا مەلۇم قىسىم ئىككىنچى پەي ئۈچىنچى بەننىڭ بەنجىڭى بولدى.

**بەنجاڭلىق** «بەنجاڭ» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: تۇرسۇن بەنجاڭلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ مۇكاپاتلاندى.

**بەند I** [پ] ① ئى. بېكىتىلگەن، مىخلانغان جاي: چىن ئاشىقلار چاقار قەپەس بەندىنى، ئىشەنگىن ئەي قەمەرشاھ دەردىڭ تۈگەيدۇ. ② ئى. باغلاق، سولاق، تۈگۈن، تۇزاق،

قاپقان: پادىشاھ ئوردا مىرزىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرھال بالىنىڭ يۈز ـ كۆزىگە سۆيۈپتۇ، شۇ زامان: ــ بەند ۋە كىشەنلەرنى ئېلىۋېتىڭلار، ــ دەپ بۇيرۇيتۇ. * چۈنكى ئۇنىڭ ئەزايى، تەقى ـ تۇرقى بەجايى، ئوخشىغانىكەن تۈلكىگە، چۈشكەچكە بەند ئىلكىگە. * يا بىر يامان دەردكە قالدى، ياكى ئۇنى بەندكە سالدى، يا زىندانىغا سولاپ ئالدى، نە بولدى يارىم كەلمىدى. ③ ئى. **ئەسىرلىك، تۇتقۇنلۇق ھالىتى:** سەن ۋاپادار قېرىنداش بىلىسەڭ ئىدىڭ، مەن نىمە... مەن پۇت ـ قولۇم ئازادە بولغىنى بىلەن قەلبىم بەند قىلىنغان، كىشەنلەنگەن ئادەممەن... مېنىڭ سۆز قىلىشىم چەكلەنگەن، سۆز قىلماسلىققا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلغانمەن. * «مەھبۇس» قىلىپ «قۇل» دەپ بىلىپ قولغا ئالاتتى، كۈن كۆرۈنمەس زىندان ئارا بەند قىلاتتى. ④ سۈپ. **بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل، بوش ئەمەس:** ئابلىمىت يوروۋقتا بولغىنى ئۈچۈن تالادىكى ئادەمنى دېرىزىدىن كۆرەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ جىددىي ئىش بىلەن بەند ئىدى. * ئېگىز بوي، قارا ساقال، ئۇزۇن قاشلىرى كۆزلىرىنى يېپىپ تۇرغان بۇ ئادەم سودىغا قىزىقمىغانلىقىنى باشقىلارغا سەزدۇرگۈسى كەلمىگەندەك، ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى. ⑤ ئى . **بىرەر نەرسىگە بېرىلگەنلىك، مەپتۇنلۇق ياكى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئېلىنغانلىق:** ئامما ئىسكىرىپكىنى شۇنداق ياخشى چالىدىكەن، كىشىنى ئاجايىپ مەپتۇن قىلىدىكەن، ئەمما تەسىرلىك ئىسكىرىپكا كۈيلىرى يەنىلا مېنى بەند قىلالمىدى. * مەن قايتاي دەپ تۇرۇۋېدىم، ئانامنىڭ قەبرىسىگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر قەبرە تەرەپتىن كېلىۋاتقان مۇڭلۇق يىغا ئاۋازى قۇلىقىمنى بەند قىلدى. ⑥ سۈپ. **باغلىنىلغان، مۇپتىلا بولغان:** ئەي جاپا دەستىدە سەرگەردان يىگىت، نەدىسەن، تۆھمەتكە بەند، قۇربان يىگىت؟

**بەند بولماق** ① **سولانماق، بېكىتىلمەك:** قاراڭغۇ خاڭلاردىن قوزغالدى ئىشچى، شىددەتلىك بوراندەك كۆتۈرۈپ دولقۇن، شەھەردە ھۈنەرۋەن يېزىدا دېھقان، قوزغالدى زىندانىغا بەند بولغان تۇتقۇن. ② **بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماق؛ تۇتۇش قىلماق، كىرىشمەك:** سايىم ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن بىرمازا گۈللۈكنى پەرۋىش قىلىش بىلەن بەند بولاتتى. ③ **بىرەر ئىش ۋە نەرسىگە بېرىلىپ كەتمەك، مەپتۇن بولماق:** پەرىشانلىق ئىچىدە ھەر خىل خىياللار بىلەن بەند بولۇپ، سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرغان ئالماس ئاكا بىلەن مەلىكە ھەدە تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان تېلېفون ئاۋازىنى ئاڭلاپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ④ **توسۇلماق:** بىر مەھەل قاغا قاقىلاپ، بولدى بۇلبۇل ئاغزى بەند، كىم «ھەقىقەت» دېسە، قىلدى ئىت تالاپ جۇلجۇل يەنە.

**بەند قىلماق** ① **باغلىماق، بېكىتمەك:** چۈنكى ئاتام بۇ ئوسۇل بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۇنىڭغا بەند قىلىپ قويدى. * ــ تۇرمىغىنىڭ راست بولسا كەر، ــ دەپتۇ بوۋاي، ــ ئاڭغۇچە سېنى تېرەككە بەند قىلاي. ② **سولىماق، تۇتۇپ تۇرماق:** ئايلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قىزنى قورۇغا كىرگەن خوتۇنلاردىنمۇ قاچۇرىدىغان بولۇپتۇ، ئاخىرى بېرىپ، ئۇنى قورۇنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئۆيگە بەند قىلىپتۇ. * دەيدۇ لايچى: «يولۇقما، بەكباش ئاتلىق مەرەزگە...» قۇشىمىدىم مەن بىر ئۆمۈر بەند قىلىنغان قەپەسكە؟ ③ **توسۇۋالماق، توختىتىۋالماق:** بىراق ئۇنداق ھەسرەتنى بەند قىلىپ قويۇش، يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. * قەلبىم ئوت، كۆزۈم ئوت، مۇزلىماس تېنىم، بەند قىلىپ تۇرسىمۇ دەھشەت زىمىستان. ④ **ئۆزىگە تارتماق، قاراتماق، مەپتۇن قىلماق:** ۋەھىمىلىك شاۋ ـ شۇۋ ئەتراپنى قاپلىدى، سېھىرلىك دەريا ئانا قەلبىنى يەنە ئۆزىگە بەند قىلىۋالدى. * يازلار ئۆتتى باغدا بۇلبۇل خەندان ئۇرۇپ، ئېتىز ـ قىرلار گۈل ـ چېچەككە شۇنچە تولۇپ، ئىش قايىنىمى بەند قىلدى قىز ـ يىگىتنى، شاد ناخشىدىن ھەممە جايدا بەزمە قۇرۇپ.

**بەند II** ئى [پ] ① <ئەد> ① قاپىيە، رىتىم

ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزئارا باغلانغان شېئىرىي پارچە: بىر بەند شېئىر. ② <مۇز> مۇزىكا ئەسىرى ياكى ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر قىسمى.

**بەندە** ئى [پ] ① <دىن>دىنىي ئېتىقاد بويىچە خۇداغا ئىشەنگەن ۋە ئۆز ئىختىيارى ھەم تەقدىرى خۇدانىڭ ئىلكىدە بولغان ئادەم، خۇدانىڭ قۇلى: — ئاغىنىلەر، خۇدايىم بەندەمنى كەچ قويسام قويارمەن، ئاچ قويماسمەن دەپتىكەن، قانداقلا بولمىسۇن قونالغۇغا كېلىۋالدۇق. ئەمدى تاماق يەپ ئارام ئالايلى، — دېدى ئەترەت باشلىقى سايىم. ② (جانلىقلارغا نىسبەتەن) ئادەم، كىشى: — ئۇنىمۇ بىلمەمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بەختلىك بەندە ئىكەنسەن، قازىنىڭ ئالدىدا يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئۆلۈپ قۇتۇلدۇڭ دەيمەن، خالاس. * ئۆستەڭ بويىدا نەمدە، راۋاب چالىمەن غەمدە، ئىزدىمەڭلار، سورىماڭلار، مەن دەردى تولا بەندە. ③ كۆچمە. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن نەرسىگە، كىشىگە بېرىلگەن، ئۇنىڭ قۇلى، شەيداسى بولغان كىشى ھەققىدە: كىتاب بەندىسى. * ئەرزىم ئىشىت يۇسۇپ ئاغا، غەم-قايغۇدا دىلىم مېنىڭ. بەندە بولۇپ قىزىل باشقا، قالدى داغدا مېنىڭ دىلىم.

**بەندەر** ئى [پ] ① سودا بازارلىرىدىكى كوچىلارنىڭ كېسىشكەن دوقمۇشى: توپ مال سودىگىرى مەتقۇۋانباي تۆت كوچىنىڭ بەندىرىدىكى پىششىق خىشلىق، كۆتۈرۈپ سېلىنغان، ئالدىغا ئاق رەختتىن سايىۋەن تۇتقان ئەينەكلىك چوڭ دۇكاندا — پوكەي ئۈستىگە چەينەك، پىيالە قويغان ھالدا يۆلەنچۈكى بار ئورۇندۇقتا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ قىزىق سودا قىلىۋاتاتتى. ② يول ئۈستىدىكى ئاچال ۋە قونالغۇ ئورۇنلاشقان جاي: ئۇلار پاراڭلىشىپ، ئاچا يولنىڭ بەندىرىگە كەلگەندە توختاخۇن: — ئوغلۇم، سەن كېتىۋەرگىن، مەن كۆككۆم كەنتىگە باراي. يېزا باشلىقى ئۈچ كۈن بولدى، شۇ يەردە، بۈگۈن كەچتە كەنت يىغىنى ئېچىپ كەنت باشلىقى سايلىماقچى، بىز شۇ يەردە ئۇچرىشىدىغان بولغان، — دېدى.

**بەندەرگاھ** ئى [پ] ① كوچا-رەستىلەردىكى سودا-تىجارەت ئورۇنلىرى. ② يول ئۈستىدىكى ئۆتەڭ-قونالغۇلار جايلاشقان ئاچال: پادىشاھقا: — ئى پادىشاھى ئالەم، بىزلەر بەش يۈز سودىگەردۇرمىز، بەندەرگاھقا چۈشتۇق، بەش يۈز سودىگەرنىڭ چوڭىدۇرمەن، ئەتىلىككە ماللىرىمىزنى كۆرۈپ بېجىنى ئالدۇرسىڭىز، — دەپ ياناماققا ئىختىيار قىلدى سودىگەر.

**بەندىچىلىك** ئى ① بەندىلەر قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت، ئىش-ھەرىكەت: رۇستەم باغقا چۈشەيمۇ، چۈشمەيمۇ دەپ ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندا، بىردىنلا ئايۋاننىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ سەيدىن قارىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى: — كىشىنىڭ ھەققىدىن، يامان ئىشتىن پەرز قىلىپ، خۇداغا ھالاللىق بىلەن ئاتمىش يىل بەندىچىلىك قىلدىم. ② ئىقتىدارسىزلىق، موھتاجلىق: — پېقىر بەندىچىلىكتە ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئۇقۇشماي كىرىپ قېلىپتىمەن، رەھىم قىلسىلا، — دېدى ئوتۇنچى بوۋاي پادىشاھقا ئېگىلىپ تازىم بىلەن.

**بەندىچىلىك قىلماق** ① قۇللۇق قىلماق. ② قازا تاپماق: ۋاپات بولماق: موماي كۆزىگە غىلىلدە ياش ئېلىپ: — خۇداغا شۈكۈر، مۇشۇندىچىلىك تۇردۇم، رەھمەتلىك، خۇداغا بەندىچىلىك قىلدى، — دېدى سۆزىنى داۋام قىلىپ. ③ ئىقتىدارسىزلىق، ئاجىزلىق ۋە موھتاجلىقنى ئىپادىلەپ قويماق.

**بەندىك** ئى [خەن] ئورۇندۇق: ئايۋاننىڭ تام تەرىپىگە ياغاچتىن ياسالغان كەڭ بەندىك قويۇلغانىدى.

**بەنزە** ئى [خەن] مەلۇم بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن قۇرۇلغان تەشكىل: رەھبەرلىك بەنزە. * كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى سەپلەش ۋە رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش لازىم.

**بەنشرە** ئى. گۆشنى ئۇششاق چاناپ، كۆك

ئاربلاشتۇرۇپ قىيما قىلىپ، جىلتە قىلىنغان خېمىردىن تۈگۈپ ياسىلىدىغان بىر خىل تاماق.

**بەھر I** ئى [ئە] ① دېڭىز، ئوكيان: سىرلىق سوئال ئىلكىدە مالچى باقىدۇ، يۈرىكىدە بىر دەريا مېھرى ئاقىدۇ. تەئەججۇپتە ياساپ ئۆركەش كۆڭۈل بەھرى، تەپەككۇرنىڭ ئاسمىنىدا كېزەر ئەقلى. * كۆزۈم بىر نۇقتىغا قاراپ قېتىپ قالدۇ، ۋۇجۇدۇم خىيال بەھرىگە پېتىپ قالدۇ. ② كەڭلىك؛ ئوچۇقلۇق، يورۇقلۇق: نۇرى جاھان بەھرىدە، مەلۇم مەنزىل قەھرىدە، قەبرىستاننىڭ كەينىدە، غېرىبانە مەلىدە.

**بەھر مۇھەت** ئۇلۇغ ئوكيان: «بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن» زامانىنىڭ بېشىدا، بەھر مۇھەت قېشىدا.

**بەھر II** ئى [ئە] <ئەد> ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەربىر تۈرى.

**بەھەيۋەت** سۈپ [پ+ئە] ① ناھايىتى كاتتا، زور، چوڭ: مەن ئاتا ئېگىشتىم تۇتتۇم قولىدىن، يېنىمغا ياندىتىم، چوققىغا يەتتىم. بەھەيۋەت مۇنار بار ئىدى بۇندا، ئۇھ دېدىم، يۆلىنىپ بىر نەپەس ئالدىم. * شۇنچە زور تاغنىڭ بەھەيۋەت قامىتى، قىپقىزىل يالقۇن سۈپەتلىك تاشلىرى. كۆچمەن بۇلۇتلار كۆكسىگە، كۆك تىرەپ تۇرماقتا مەغرۇر باشلىرى. * مەن ئاتا ئېگىشتىم تۇتتۇم قولىدىن، يېنىمغا ياندىتىم، چوققىغا يەتتىم، بەھەيۋەت دۇمباقلار، تاغلاردەك ئېغىر قاپ، نە قىلسا كۆزىدىن كەتمەس ئىدى ھېچ. ② ھەيۋەتلىك، ھەيۋىتى قالتىس، ۋەھىمىلىك: ئۇ ئالتىنچى كۈننىڭ ئاخىرىغىچە ئادەتتىكى بەھەيۋەت قەيسەرلىكى بىلەن چىداپ كەلدى. كېيىن غۇرۇرى ئاستا-ئاستا سۇنۇشقا يۈزلەندى.

**بەھرە** ئى [پ] ① پايدا، مەنپەئەت، نەپ: تۇراپ شۇجى ئۆز قەلبىنى ئەنە شۇ ئايدەك يورۇق ھېسابلىسىمۇ، لېكىن خەلققە تېخى ئاشۇ ئايدەك بەھرە بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا مەيۈسلىنەتتى. ② لەززەت، مەززە، ھوزۇر: بىرمەھەل زېھنىمۇ سۆيۈندۈردى مېنى، ۋەسلىڭ خوپمۇ شېرىن بەھرە بىلەن. * ئايلىنىپمەن رەستىلەرنى ھارغىنلىقنى بىلمىدىم، ئەل يۇرۇپتۇ، يۇرت ئۆزۈپتۇ مەمۇرچىلىق بەھرىدە.

**بەھرە ئالماق** ← بەھرىلەنمەك: سوتسىيالىزمدىن بەھرە ئالغان خەلق ئەلۋەتتە كاپىتالىزم يولىغا مېڭىشنى خالىمايدۇ. * ئۇلار خەلقنىڭ ناخشا-قوشاق ئېيتىشلىرىنى، ھېكايە-چۆچەكلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلايدىغان، ئۇنىڭدىن بەھرە ئالىدىغان بولۇپ قالدى.

**بەھرە بەرمەك** پايدا، مەنپەئەت، نەپ يەتكۈزمەك: بىرەر چوقۇم ۋىجدانلىق كىشى، ئەل-ۋەتەنگە تەردىن بەھرىنى. كۆڭۈللەرنى قىلار شاد-خۇرام، ئادا قىلىپ بۇرچى، ئەھدىنى.

**بەھرە ئېچىلماق** كۆڭلى ئېچىلماق، خۇشاللانماق: ناخشا پەيزىدىن بەھرى ئېچىلغان سابىر بىلەن يېزا باشلىقى مېنىڭ ئالدىمدا بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، ناخشا-ناۋا قايىنغان ئاياغدىكى چوڭ چېدىرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

**بەھرىسىز** سۈپ ① پايدا، مەنپەئەت ئېلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغان: ھايات بېغىدا سەير ئەتكەندە مەن بىر گۈلنى ئەسلەيمەن، قىزىلگۈل خۇش پۇراق چاچقاندا بىر بۇلبۇلنى ئەسلەيمەن. چېپىش مەيدانىدا ئىلگىرىلىگەن دۈلدۈلنى ئەسلەيمەن، باھاردىن بەھرىسىز كەتكەن چېۋەر تۇغۇلنى ئەسلەيمەن. ② پايدىسىز، مەنپەئەتى يوق: ئوغۇل-قىزلار باغۋەن بولسۇن ئەل ئۈچۈن، بۇ دەرەخنى قالدۇرمىسۇن بەھرىسىز. * بىلەتتىم بۇرۇن نامىڭنى مايتاغ، ئەزەلدىن قاقاس، مۇڭلۇق جاي ئىدىڭ. نەپ بېرەلمەي ۋەتەن خەلقىمگە، بەھرىسىز ياتقان چۆللۈك ساي ئىدىڭ.

**بەھرىلەندۈرمەك** «بەھرىلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆكتە ئىمىر-چىمىر يۇلتۇزلار، پەستە ئېلېكتر چىراغلىرى ئۆزگىچە خاس نۇرىدىن يولوچىلارنى بەھرىلەندۈرۈپ تۇراتتى.

**بەھرىلەنمەك** پ ① پايدا، مەنپەئەت،

www.uyghurkitap.com

نەپكە ئىگە بولماق؛ پايدا، نەپ، مەنپەئەت كۆرمەك؛ پايدىلانماق؛ بەھرىمەن بولماق: تەر — ئۇنچىدىن بەھرىلىنىپ مېۋىسىگە شېرىن تەم، گۈللىرىگە پۇراق ئالغان بەشكېرەمنىڭ بېغى ئۇ. دېھقان قەلبى تولۇپ پەۋەس خۇشاللىقتا، راسا ئىشلەپ خۇشال — خۇرام قەنت چىشلەشنىڭ چېغى بۇ. ② لەززەت ئالماق؛ مەززە، ھۇزۇر قىلماق: ئۇ كۆنلەردىن بىر كۈنى بېغىنى ئارىلاپ، ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن بەھرىلىنىپ سەيلە قىلىپتۇ ۋە ھارغاندىن كېيىن، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەتراپى رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان باراڭدا دەم ئېلىپ يېتىپتۇ.

**بەھرىلىك** سۈپ. بەھرە ئالغان، بەھرىلەنگەن: نېسىپ ئەتكەچ ۋىسالىڭنى، بويۇڭدىن بەھرىلىك بولدۇم، گۈلىستانىدىكى بۇلبۇلدەك قاندىلەر ئەمدى ئارمانىم.

**بەھرىمەن** سۈپ. [پ] بەھرە ئالغان، بەھرە ئالغۇچى: قەدىمدىن پەقەت قۇشلارلا بۇ يەردىن نەپ ئېلىپ كەلگەن ئەمەسمىدى! مانا بۈگۈن بولسا بۇ يەردىن خەلق گۆشىنىڭ ئەزالىرى بەھرىمەن. * — يەرلىك مەھسۇلاتلارغا تولۇق ئىگىز تەككۈزۈگىلار، — دېدى دادۇي شۇجىسى ئاشخانا تەرەپنى شەرەت قىلىپ: — ۋەكىللەر سىلەرنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكتىن بەھرىمەن ئىكەنلىكىڭلارنى كۆرۈپ قايىل بولسۇن.

**بەھرىمەن بولماق** → **بەھرىلەنمەك:** تارىختا جايلار، ئوبلاستلار ۋە باشقىلار قوشما شىتات تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەتتىن ئەمەس، بەلكى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەتتە ئەركىنلىكتىن ئەڭ كۆپ بەھرىمەن بولالىدى.

**بەھرىمەن قىلماق** پايدا يەتكۈزمەك، نەپ بەرمەك، مەنپەئەتدار قىلماق: ھۆكۈمەت بىزنىمۇ شۇلار قاتارىدا ساناپ، ئاشۇ پۇلدىن بەھرىمەن قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قانچە رەھمەت ئېيتساق ئەرزىيدۇ.

**بەھرىمەنلىك** «بەھرىمەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: دەپ ئۆزۈمنى ئەل سۆيەر ئەل سۆيگىنىنى بىلمىسەم، چىن سۆيۈشتىن بەھرىمەنلىك

نەدە ئىمكاندۇر ماڭا؟

**بەھرىۋەر** سۈپ [پ] يېز ت. → **بەھرىمەن:** جامالىدىن ئاي بەھرىۋەر ئىدى، قېشىغا قەلەم ھەم سەپەر ئىدى.

**بەھمەن** ئى [پ] <بوت> بەھمەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى يۇقىرى قىسمىدىن شاخلايدۇ، بىر تەرەپكە قىيپاش ھالەتتە ئۆسىدۇ؛ تۆۋەن قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى تۇخۇم شەكلىدە ياكى سوقىچاق بولۇپ، توپلىشىپ ئۆسىدۇ، غولىدىكى يوپۇرماقلىرى تەڭگىگە ئوخشايدۇ؛ گۈلى چەكلىك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، كۆكۈش سۆسۈن رەڭلىك بولىدۇ؛ پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبابەتچىلىك دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قان توختىتىش، تۈرۈپ قالغان قاننى تارقىتىش رولى بار.

**بەھۇزۇر** رەۋ [پ + ئە] ① ھۇزۇرلىنىپ، راھەتلىنىپ، بىمالال: باتۇر دادىسى بىلەن بىللە، ئۇ كېچىچە دادىسى بىلەن بەھۇزۇر مۇڭدىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئۇ بەكمۇ خۇشال ئىدى. ② توسقۇنسىز، پەرۋا قىلماي، خاتىرجەم: بەھۇزۇر ئويىنماق. * ئابدۇللانىڭ كۆلكىسى شۇنچىلىك بەھۇزۇر ئىدىكى، مېنىڭ نەزىرىمدە پەقەت ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەملەرلا ئاشۇنداق كۈلەلەيتتى.

**بەۋا** رەۋ [ پ ] مۇۋاپىق، لايىق، تەڭ: — دەھشەت، — دېدى ئوسمان تاران ئېغىر تەشۋىش ئىچىدە، — بىز بۇ تەرەپكە چاپقاندا، ئەھۋال چاتاقلاشقان، بۇ چاغقا ئۇ يەردە قىيامەت قايىم بولغاندۇ، لەپمۇلەپ تولغان سۇغا نېمە بەۋا كېلىدۇ.

**بەۋا كەلمەك** مۇۋاپىق كەلمەك، لايىق كەلمەك، تەڭ كەلمەك: — شۇنداق، تاغلار داۋالغۇسا، دەريالار غەزەپكە كەلسە، مەن — مەن دېگەنلەرمۇ بەۋا كېلەلمەيدۇ، — دېدى ئارسلان ئۆزىگە — ئۆزى. ئۇ ئۈستەڭ سۈيى بىلەن مۇنداق

ئوبدان مۇكداشقانلىقىدىن خېلى رازى بولغانغا ئوخشايتتى. ئۇ يەنىلا سۇنىڭ «ناخشىلىرى»نى ئاڭلاپ، كۆپۈكلۈك سەكرەشلىرىگە قاراپ ئولتۇردى...

**بەيئەت** ئى [ ئە ] ← **بەيئەت قىلماق**.

**بەيئەت قىلماق** بىراۋغا ئۆز ئەركىنى تاپشۇرماق، قول بېرىپ مۇرىت بولماق؛ توختامغا ماقۇل بولۇپ قول ئېلىشماق؛ بىرەر پادىشاھ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتمەك، ۋەدە بەرمەك: — مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە باج-خىراجنى تەييارلاپ، ئالدىڭلارغا چىقىپ بەيئەت قىلايلى، — دەپ ئەلچىنى ياندۇردى سودىگەر. * ئۇززۇلدى ئىختىيار تىزگىنى دەھشەت، يۈرەك قىلماس ئەقلغە ئەمدى بەيئەت.

**بەيتۇلمال** ئى [ ئە ] يېزت ① دۆلەت خەزىنىسى، خەزىنە: — ئەگەر توغرا ئوقۇپ بېرەلىسەڭ، مېلىڭ ھالالىغا تايىن تاپىدۇ، باج-خىراج تۆلەپ يولۇڭغا كېتىۋېرىسەن، ئەگەر توغرا ئوقۇپ بېرەلمىسەڭ، ئەللىك دەررە ئۇرۇپ، مېلىڭنى ھارامغا تايىن قىلىپ بەيتۇلمالغا ئالىمىز، — دېدى قاراقچىلار سودىگەرگە. ② دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكەن مال-مۈلۈك ۋە شۇ خىل مال-مۈلۈكنى ساقلايدىغان مەخسۇس بىنا.

**بەيزۇ** ئى <ئىرق> ← **بەيزۇلار**.

**بەيزۇ تىلى** <تىل> بەيزۇ مىللىتى ئىشلىتىدىغان تىل. ئۇ خەن-زاڭ تىللىرى سىستېمىسى، زاڭ-مىيەن تىللىرى تۈركۈمى، يى تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ.

**بەيزۇلار** ئى <ئىرىق> دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى، ئۇلار ئاساسەن يۈننەن ئەتراپىغا جايلاشقان.

**بەيزى** ئى <تارىخ> گۇگىنىڭ خان تەرىپىدىن گۇڭغا ئىزباسار قىلىپ بېكىتىلگەن ئەمەل ۋە شۇ بەيزىلىك ئەمەلگە تەيىنلەنگەن كىشى. ئۇ ۋاڭ بولغان مەزگىللەردىمۇ ئورىدا

ئىشىغا قاتنىشىدۇ.

**بەيگە** ئى ① ئات چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى: سادىق روزى شۇ تاپتا كۆكتېپىدىكى نۇرغۇن كادىر ۋە ئەزالارنىڭ بەيگە چۈشۈشكە تەييارلانغان ئاتلاردەك تېپىچەكلەپ تۇرغانلىقىنى ئۇيلاپ خۇشاللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ② كۆچمە. مۇسابىقە، بەسلىشىش: كېلىڭلار بەيگىگە دوستلار، سىنايلى جەڭدە غەيرەتنى، جاسارەتنى كۆرەك ئەيلەپ تەشەككۇر مۇنبىرى كەلدى.

**بەيگە ئالماق** دىئال. بىرىنچى بولماق، ئۈزۈپ چىقماق.

**بەيگىگە چۈشمەك** پ ① چېپىشىش مۇسابىقىسىغا چۈشمەك: ئون نەچچە ئاتلىق بەيگىگە چۈشتى كىمنىڭ ئۈزۈپ چىقىشى ھازىرلا مەلۇم بولىدۇ. ② كۆچمە. بىرەر ئىش-ھەرىكەتتە مۇسابىقىلەشمەك، بەسلەشمەك: ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە بەزى كىشىلەر تەلۋىلىكتە، نادانلىقتا بەيگىگە چۈشكەندى. * داغ كەلتۈرمەي ئوقۇيمەن، گالستۇكىنىڭ شەنىگە. قېنى دوستلار يۈز ئۆچۈن، بىز چۈشەيلى بەيگىگە.

**بەيگىلىك** سۈپ. ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان، لايىق (مەيدان، جاي ھەققىدە): بىر بەيگىلىك يەرگە ئۆستەڭمۇ ئېلىنىغانۇ، لېكىن ئۇنى ياۋا چوشقىلار بىرلا كېچىدە تىلغاپ تىندۇرۇۋەتكەن. كەتكەن كۈۋك، چىققان چىقىم دېھقانلارنىڭ ئۆستىگە سېلىق بولۇپ چۈشۈۋەرگەن...

**بەيىنەلمىلەل** ئى [ئە] تار س. خەلقئارا، ئىنتېر-ناتسىئونال: شائىر ئاق مەسچىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، شۇئىرغان سەل پەسەيگەندەك بولدى. ئۇ قەدىمىنى تېزلىتىپ، «بەيىنەلمىلەل كىتابخانىسى» ئالدىغا يېتىۋالدى-دە، كىتابخانىغا كىرىپ، چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن چۆيۈن مەشكە بىر ئاز قاقلىنىپ ئىسسىندى.

**بەيىنسپىرىق** ئى <بوت> يوپۇرماق ۋە غوللىرى سېرىق ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك، توپلىشىپ ئۆسىدۇ؛ سېرىق چېچەكلەيدۇ؛ مال

www.uyghurkitap.com

بەك يەيدۇ.

**بەيئى** ئى [ئە] سېتىش.

**بەيئى قىلماق** ساتماق، سودا قىلماق؛ كېلىشمەك: بازار ئەھلى ھەممىسى بولدى جەمئىي، ئۇنىڭ باھاسىنى قىلماقچى بەيئى.

**براخما** ئى [سانس] <دىن> ھىندىلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىدە بارلىقنى ياراتقۇچى، تەڭرى، خۇدا.

**براخمان** ئى [سانس] <دىن> ① براخما دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى. ② ھىندىستاندىكى براخما دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئەڭ يۇقىرى بىر تەبىقە.

**براخمانىزم** ئى [سانس+ر] براخمان دىنى.

**براشۇرا** ئى [ر] <مەت> كىچىك كىتاب، كىتابچە؛ رىسالە.

**براك** سۈپ [ر] ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆلچەمگە توشمىغان، يارامسىز؛ سۈپەتسىز: براك مال. * ئۇلار ئايلىنىپ قىلىنىۋاتقان ئىشلارنى، ئىشلىنىۋاتقان ماتېرىياللارنى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ يەردە ئىشلىتىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ تولىسى براك ماتېرىياللار ئىدى.

**براكچى** ئى. ئۆلچەمگە توشمايدىغان، يارامسىز مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى ئىشچى.

**براكلاشماق** پ. يارامسىزلاشماق، كېرەكسىزلەشمەك، سۈپەتسىزلەشمەك.

**براكلىق** «براك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**برۇتسېللىيوز** ئى [ئىنگ] <زوئول> بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل، كېسەل قوزغاتقۇچىسى بروتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى. ئۇ ئۆچكە، كالا، قوي، چوشقا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ بالا تاشلاش كېسىلى بولۇپ، نەسللىنىش ئەزالىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى، بالا تاشلاش، تۇغماسلىق ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ياللۇغلىنىشى قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ ئېغىز، جىنسىي يول ۋە تېرىدىكى زەخىملەر ئارقىلىق يۇقىدۇ. ئۇ يەنە كېسەل ھايۋانلارغا دائىم يېقىن تۇرىدىغان مالچىلارغىمۇ يۇقىدۇ. بۇ نام ئەنگلىيىلىك دوختۇر داۋىد برۇتسې (David Bruce)نىڭ نامىغا بېرىلگەن.

**بروم** ئى [ر<گرېك] <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت، بەلگىسى Br (Bromium)، توق قوڭۇر رەڭدىكى تۈتۈنلۈك سۇيۇقلۇق؛ ئەسىر قىلغۇچى ئۆتكۈر پۇراقى ئىگە؛ خىمىيىۋى خۇسۇسىيىتى بىرقەدەر ئاكتىپ بولۇپ، كۆپ ئېلېمېنتلار بىلەن بىۋاستە بىرىكەلەيدۇ؛ تېرىنى قاتتىق چىرىتىش رولىنى ئوينايدۇ؛ سانائەتتە بوياق ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىدۇ؛ خىمىيىۋى بىرىكمىسى تىنچلاندۇرۇش دورىسى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**برونې** ئى [ر] <ھەرب> ھەربىي پاراخوت ياكى برونېۋىكلارغا ئوق ئۆتمەسلىك ئۈچۈن سىرتىدىن قاپلىنىدىغان پولات ياكى باشقا قاتتىق مېتال.

**برونې تېشەر ئوق** <ھەرب> تانكا، برونېۋىكلارنىمۇ تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان زەمبىرەك ئوقى.

**برونېۋىك** ئى [ر] ئۇرۇشلاردا ئىشلىتىلىدىغان ۋە سىرتى ئوق ئۆتمەيدىغان پولات تاختا بىلەن قاپلانغان ھەربىي ئاپتوموبىل ياكى پويىز: ئەنە گومىنداڭدىن ئولجا چۈشكەن بىر برونېۋىك ۋە ئىككى تانكىمۇ زەنجىر تاپانلىرىنى شاراقلىتىپ قورۇلۇش ماتېرىياللىرى توشۇماقتا.

**برونېۋىك ئاپتوموبىل** <ھەرب> پولات قاپقاق ۋە قورال ئورۇنلاشتۇرۇلغان بالونلۇق ئۇرۇش ئاپتوموبىلى.

**برونېۋىك قىسىم** <ھەرب> تانكا، برونېۋىك، ئۆزى يۈرەر زەمبىرەك ۋە توشۇش ئاپتوموبىلى قاتارلىقلارنى ئاساسىي قورال-جابدۇق قىلغان قىسىم.

**بروئون** ئى. ئەنگلىيە بوتانىكا ئالىمى روبېرت بروئون (Robert Brovn).

**بروئون ھەرىكىتى** <فىز> مىكرو زەررىچىلەر ئاقما جىسىمدا لەيلەپ تۇرغاندا، ئەتراپتىكى مولېكۇلىلارنىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن ئۈزلۈكسىز ھالدا تەرتىپسىز ھەرىكەت قىلىدۇ. زەررىچە قانچە كىچىك بولسا ھەرىكىتى شۇنچە تېز بولىدۇ. ئەنگلىيە بوتانىكا ئالىمى بروئون مىكروسكوپ ئارقىلىق بۇ خىل ھادىسىنى سەزگەچكە «بروئون ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان.

**برىگادا** ئى [ر] كونا ① لوي. ② ئەمگەك- نىڭ مۇئەييەن بىر تۈرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان كوللېكتىپ: پاختىكارلىق برىگادىسى.

**برىگادىر** ئى [ر] كونا. ئىشلەپچىقىرىش برىگادىسىنىڭ باشلىقى.

**برىليانت** ئى [ر<فران] <گېئول> كېسىلىپ، تاراچلىنىپ، ھەر خىل شەكىلگە كەلتۈرۈل- گەن؛ ئۈستىگە ھەل بېرىلگەن ئالماس.

**بلوك** ئى [ر<ئىنگ] كونا ⟵ **گۇرۇھ.**

**بلىنداژ** ئى [ر<پ] <ھەرب> ئۇرۇش مەيدان- لىرىدا يەرنى قېزىپ تەييارلىغان ھەربىي ئىستىھكام ياكى گازارما. بۇ خىل ئىستىھ- كامنى تەييارلاشتا بېتون، لاي، ياغاچ قاتارلىق ماتېرىياللار ئىشلىتىلىدۇ: زەپەر ئاكا ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئاشۇ بوران-چاپقۇنلۇق يىللارنى — ئارغىماق مىنىپ، دۈشمەن بلىنداژلىرى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن قىران ياشلىق چاغلىرىنى سېغىنىش بىلەن ئەسكە ئالدى.

**بوپا** ئى ① رەخت، قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرگە ئوراپ، تېگىملىغان، چىگىلگەن تۈگۈنچە، يۈك: ئايىمخاننىڭ ئېسىگە خېلى يىللاردىن بېرى ئوراپ، ساقلاپ يۈرگەن بوپىسى كەلدى-دە، بوپىسىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.
* رەخت ساتقۇچى سول تەرەپتىكى شېرىكىنىڭ خېرىدارلار بىلەن سودا قىلىۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، سېرىق قەغەزگە ئورالغان يوغان بىر بوپىنى ئالدىدىكى كىشىگە ئۇزاتتى. ② كۆچمە. كۆڭۈلدىكى ئەندىشە، ھاجەتسىز غەم- غۇسسە؛ مەسىلەن: ئىدىيىۋى يۈك.

**بوپا تاشلىماق** پ. كۆڭۈلدىكى ئەندىشى- لەرنى، ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يەڭگىللەشمەك: بەزى يولداشلارنىڭ ھازىرغا قەدەر بوپا تاشلىغىنى يوق.

**بوپبوش** سۈپ. پۈتۈنلەي بوش، ئىچىدە ھېچ نەرسە يوق، پۈتۈنلەي قۇرۇق: بوۋاي ئۆزىنى زەئىپ، قېرى ۋە بىرىنچى سوغۇق ئۇرۇپ كەتكەن خازانغا ئوخشاش ھېس قىلدى. ئەمدى ئويغاندى، ئەتراپى بوپبوش ۋە قاپقاراڭغۇ ئىدى.

**بوپىلاتقۇزماق** «بوپىلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئوغلۇم، ئەمدى بىز بۇ يەردە يەنە تۇرالمايمىز، سەن بېرىپ تىجارەت دۇكىنىدىكى گەزلىمە رەختلەرنى دەرھال بوپىلاتقۇزغىن، ئات-قېچىرلارغا ئارتىشقا ئەپلىك بولسۇن! — دەپتۇ سودىگەر ئوغلىغا.

**بوپىلاتماق** «بوپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خوجايىن خىزمەتچىسىگە كىيىم-كېچەك ۋە باشقا يۈكلىرىنى چوك-چوك قىلىپ بوپىلاتتى-دە، يولغا چىقىشقا تەييارلىنىشنى ئېيتتى.

**بوپىلاشماق** «بوپىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەمدى ئىش ئورنىدىن چوك چېدىرغا كېلىۋاتقان ئەزالار يىراقتىن كېلىۋاتقان تراكتورنى كۆردى، كىمدۇ بىرى ئۆيگە قايتىدى- كەنمىز دەپ بولغۇچە ھەممىسى دۈركىرەپ يوتقان-كۆرپىلىرىنى بوپىلىشىپ، كۆتۈرۈشۈپ چىقىشتى.

**بوپىلانماق** «بوپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — يولداش! ئاشۇ قىزىل قەغەزگە بوپىلانغان يۈك يىپلارنى ئېلىڭ! مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى خېرىدار پىركازچىكقا.

**بوپىلىق** سۈپ ① بوپا قىلىنغان، بوپىلانغان: كارۋانلارنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازلىرىنىڭ يېقىنلىشىشىغا

www.uyghurkitap.com

ئەگىشىپ تۆگىلەردىكى چوڭ - چوڭ بوپىلىق ۋە يەشىكلىك يۇكلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ② بوپىلاشقا مۇۋاپىق، لايىق: مەن ئەتە كىتابلارنى پوچتىدىن سېلىۋەتمەكچى، ئۇنى ئوراش ئۈچۈن سەن بىرقانچە بوپىلىق قەغەز ئەكەلگىن.

**بوپىلماق** پ. ئېلىپ ماڭىدىغان ياكى ئەۋەتىدىغان نەرسىلەرنى رەخت، قەغەز قاتارلىقلار بىلەن بوپا-بوپا قىلىپ ئوراپ تاڭماق: بىر كېچىسى نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ بار-يوقنى بوپىلاپ كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ.

**بوتا I** ئى ① تۆگىنىڭ بالىسى، بوتىلاق: بوۋاي خۇددى بوتىسىدىن ئايرىلىۋاتقان قايمالدەك، قۇلۇنىدىن ئايرىلىۋاتقان بايتالدەك، باچكىسىدىن ئايرىلىۋاتقان كەپتەردەك زارلاندى. I ② شەخس ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى "م" قوشۇلۇپ بالىلارنى ئەركىلىتىشتە قوللىنىلىدۇ: قىزىنىڭ سۆزلىرى كۆڭلىگە يېقىپ كەتكەن ئانا: — جېنىم بوتام، ئەقلىڭدىن ئۆرگىلەي ئاناڭ! — دەپ ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ.

**بوتا كۆز** تۆگە بالىسىنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان چىرايلىق كۆز، شەھلا كۆز ۋە شۇنداق كۆزلۈك كىشى: ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بوتا كۆز بىر قىز تېخىمۇ پەرۋانە بولۇپ، يىغلاپ تۇراتتى. * ئۇ، دەممۇدەم قومۇش قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ، بوتا كۆزلىرىنى يىراققا تىككەن ھالدا خۇددى ئۇچۇشقا تەمشەلگەن بۈركۈتتەك، تۇياقلىرىنى يەرگە تەگكۈزمەي تەلپۈنۈپ تېپىرلايتتى.

**بوتا II** ئى. دىئال ① ھاۋانچا تېشى. ② زەرگەرلىك دۇكانلىرىدا مېتال ئېرىتىش ئۈچۈن چوقىدىن ياسالغان رومكا شەكىللىك كىچىك قاچا؛ چاناق.

**بوتانىكا** ئى [ر<گرېك] ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ئۆسۈشى ۋە ھاياتىي رولىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى؛ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، تەدرىجىي تەرەققىياتى، تارقىلىشى ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلىنىش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**بوتقا** ئى. تويدا قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن ھاردۇق سوراش يۈزىسىدىن گۈرۈچ، ماي، گۆش قاتارلىقلار بىلەن ئېتىلىدىغان بىر خىل تاماق.

**بوتقاش** ئ-ى [بوتقا+ئاش] ⟵ **بوتقا.** پاتەمخان: — ھازىر ھەممىسى بوتقاش ئىچىشىۋاتىدۇ، — دېدى.

**بوتكا** ئى [ر] ① ياغاچ **تاختاي** ياكى قاڭالتىردىن ۋاقىتلىق ئىشلىتىشكە ياسالغان يۆتكەشكە بولىدىغان كىچىك ئۆي: بالىلار دەريا بويىدا بوتكا قۇرۇپ ھەسەلچىلىك ۋە بېلىقچىلىق قىلىدىغان بىر قىزىل ساقال رۇسنىڭ باققان غازلىرىنى، ھەسەل ساندۇقىنى، بېلىق تورلىرىنى كۆرۈشتى. * ئۇدۇلدا ئېگىز ۋە ھەيۋەت تۇرمە تېمى، سىرتىدا قۇرۇپ قالغان دەرەخ، تامنىڭ بىر چېتىدە قاراۋۇل بوتكىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ② **كىچىك دۇكان:** جۇرنەت گېزىت ساتىدىغان بوتكىدىن بىر نۇسخا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» سېتىۋالدى.

**بوتۇك** ئى [خەن] ① كونا جەمئىيەتتە ئېكسپىلاتاتسىيىچىلەر تەرىپىدىن ئىشچىلار ۋە ئەمگەكچىلەرنى باشقۇرۇپ ئىشقا سېلىشقا بەلگىلەنگەن كىشى: ئۇ يېنىدا چاي قويۇپ ئولتۇرغان خوتۇنىغا قەتئىي قىلىپ بۇيرۇدى: — ماڭ بېرىپ بوتۇكقا ئېيت، ئىتلارنى دەرھال بوشىتىۋەتسۇن! ② مەلۇم بىر ئىشنى كۆتۈرە ئېلىپ ئەمگەك كۈچى ياللىغۇچى شەخس: قادىر بوتۇك ئالتە ئاي مۆلچەرلەپ كۆتۈرە ئالغان قۇرۇلۇشنى تۆت ئايدا پۈتتۈرۈپ نۇرغۇن پايدا ئالدى.

**بوتۇكلۇق** «بوتۇك» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: — بوتۇكلۇقمۇ، ئىشمۇ، — دېدى ئۇلاردىن بىرى، — بوتۇك بولغان ئادەملەر ساپلا خەقنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ بېيىشقا ئۇرۇنىدىكەن خەقنى نارازى قىلىپ، ئۇنىڭدىن

كۆرە ئۆز كۈچۈك بىلەن ھالال ئىشلەپ جان ساقلىغان مىسكىن ئەۋزەل، — دېدى خاپا بولغان ھالدا.

**بوتۇكلۇق قىلماق** بوتۇكلارغا خاس ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماق: ئادىلغا ئوخشاشلارنىڭ قولىدىن تامغا كېسەك قويۇشمۇ كەلمەيدۇ، ئەمما ئارقا ئىشىك بىلەن چوڭ-چوڭ قۇرۇلۇشلارنى كۆتۈرە ئالىدۇ-دە، بوتۇكلۇق قىلىپ بىر يىل ئىچىدىلا باي بولۇپ كېتىدۇ. مۇنداق ئادەملەر جەمئىيەتتە ئاز ئەمەس.

**بوتۇلكا** ئى [ر] ئەينەكتىن ياسالغان بوغۇزى تار شىشە: ئەسكەر ئۈستەل يېنىغا ئىلدام كەلدى-دە، مىلتىقىنى بىر قولى بىلەن تۇتۇپ، ئۇزۇن بوتۇلكىدىن سۇ قۇيۇشقا باشلىدى.

**بوتۇلكىلىق** سۈپ. بوتۇلكىسى بار، بوتۇلكىغا قاچىلانغان: ئەسەت چوڭ بوتۇلكىلىق ھاراقتىن ئىككىنى ئالدى.

**بوتى** ئى [ر] ئاياللار كىيىدىغان قىسقا قونچلۇق، قونچىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ۋە بوغقۇچلايدىغان جايىغا تېرە تۇتۇلغان قىشلىق بەتىنكە.

**بوتىچاق** ئى ← بوتىلاق.

**بوتىلاتماق** «بوتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بوتىلاق** ئى. تۆگىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسى: بالا نىمە كەپ ئىكەنلىكىنى سورىغانىكەن، ھېلىقى كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان ۋەقەنى بايان قىلىپ: — بۇ بوتىلاق مېنىڭ تۆگەمنىڭ بالىسى ئىدى. مۇنۇ ئادەم مېنىڭ بوتىلىقىم، دەپ تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

**بوتىلىماق** پ. تۇغماق، تايلاقلىماق (تۆگە ھەققىدە): يىل ياخشى كەلگەنلىكتىن بۇ يىل قايماللار بالدۇر بوتىلاپ بولدى.

**بوجا** ① ئى. ھارۋىغا قوشقان ئىچى ئاتنىڭ يۈگىنىگە بېكىتىلگەن ئۇزۇن ئىككى تال تاسما: قوللىرىدا سىم قامچىسى بار ئىككى ئاتلىق چېرىك ئۇنىڭغا نېرىدىن ۋارقىرىدى: — ھەي ھارۋا، توختا! — نادەم بوجىسىنى تارتىپ، ھارۋىنى توختاتتى. ② سۈپ. قاقلاپ قورۇتۇش ئۈچۈن تاسما قىلىپ تىلىنغان: بوجا گۆش.

**بوجاڭ** ئى [خەن] <تارىخ> كونا جەمئىيەتتىكى يەرلىك مەمۇرىي ئەمەل؛ شۇ ئەمەلگە ئىگە بولغان ئادەم. ئادەتتە يۈز ئۆيلۈك ئادەملەرنى باشقۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ «يۈزبېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ: بەگ-بوجاڭلار قىينىغان ئالۋان قويۇپ ھەر كۈنى، كومپارتىيەم تىڭشىدى مېنىڭ ئاھۇزارىمنى.

**بوجاڭلىق** «بوجاڭ» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**بوچى** ئى. تار س. ۋاقىتغا تاماق تەييارلىغۇچى.

**بوچىخانا** ئى. ۋاقىتغا تاماق ئېتىدىغان ئورۇن.

**بوختاق** ئى. ھايۋانلارنىڭ قول ۋە پۇت ئىلىكلىرىنىڭ يۇقىرى قىسمى؛ يۇقىرىقى بىلەك، «ئارتقىمال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بوخچا** (توغرىسى: بوغچا) ← بوغچا.

**بوخلور** ئى. دىئال. شاپ.

**بودا** ئى. دىئال. تۆگە، كالا، ئات قاتارلىق چوڭ چارۋا؛ قارامال.

**بوداتماق** «بودىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۆيجاڭ تۇرسۇن ئاكىنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى بىر دۆۋە ئوغۇتنىڭ ئۈستىگە كەلدى-دە، بوغالتىر قاتارلىق بىرقانچە ئەزاغا بۇ ئوغۇتنىڭ قانچە تاغار كېلىدىغانلىقىنى بوداتتى.

**بودارغان** ئى <بوت> لوپلا ئائىلىسىگە كىرىدىغان يىرىم چاتقال، شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، كىچىك شېخىدا بوغۇملىرى بولمايدۇ؛ ئۆسۈملۈك تېنى سىلىق؛ گۈل يېپىنچىسى شار شەكلىدە كېلىدۇ، مېۋىلىگەندە قانات چىقىرىپ مېۋىسىنى قورشىۋالىدۇ، قانىتى گۈل يېپىنچىسىنىڭ ئۈچىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ؛ قۇرغاق شورلۇق جايلاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭغا كەڭ تارقالغان.

**بوداشماق** «بودىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك

www.uyghurkitap.com

دەرىجىسى: قويىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈشكەن ئىككى قاسساپ ئوتتۇز بەش كىلوگرام كەلگۈدەك دەپ بوداشتى.

**بوداق** ئى. بىرەر نەرسىنىڭ مىقدارى، ھالىتى توغرىسىدا قىلىنغان مۆلچەر، پەرەز؛ بوداق بوداققا كەلمەك.

**بوداق بوداققا كەلمەك** مۆلچەرلەنگەن ئىش ۋە نەرسە شۇ مۆلچەر بويىچە چىقماق: بۇ ئىشنى بەك ئاددىي چاغلىماڭ، چۈشچىگىدا بىرەر ئىشنى ئوڭۇشلۇق ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئانچىلا ئوڭاي ئەمەس. جاھاندا بۇنداق بوداق بوداققا كەلمەيدىغان ئىش كۆپ.

**بودالماق** «بودىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك مېۋىلىك باغ بوغالتىرنىڭ قەدەملەپ كۆرۈشىچە بەش پۇڭ بودالغاندى، ئەمما بۇ قېتىم گۇڭ سالغاندا تۆت پۇڭ ئالتە لى چىقتى.

**بودەك I** ئى. ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ، مىسلارنى شار شەكلىگە كەلتۈرىدىغان قېلىپ.

**بودەك II** سۈپ. تولغان، تولۇق ئەت ئالغان: بودەك ئۈجمە. * — نېمە ئۈچۈن تىللىدى، نېمىدەپ؟ — ئاق ئۈجمىنىڭ بودىكى دەپ!

**بودەكشىمەك** پ. تولۇق ئەت ئالماق، تولماق: سۇ ۋاقتىدا كىرگەچكە بۇغداي دانلىرى بودەكشىشكە باشلىدى.

**بودىماق I** پ. بىرەر نەرسىنىڭ مىقدارى، ھالىتىنى ئۆزىچە پەرەز قىلماق، مۆلچەرلىمەك، قىياس قىلماق: ئالدىنقى كۈنى غەيرەت سايلىققا چۈشۈپ، كۆچەتزارنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۆزىچە ھەربىر تۈپ كۆچەتنىڭ نەرخىنى قورسىقىدا بوداپ چىقتى. * بوۋاي يىگىلىرىنىڭ نەرخىنى قايتا بوداپ كۆرۈپ پىسىڭگىدە كۈلدى.

**بودىماق II** (توغرىسى: بوردىماق) ← **بوردىماق**.

**بور I** ئى [ر ىلات] <خىم> مېتاللوئىد ئېلې- مېنت، بەلگىسى B (Borum)، كرىستال ئەمەسلىرى يۇمشاق ۋە پاراشوكسىمان بولۇپ، يېشىل قوڭۇر رەڭدە، كرىستال ھالەتتىكىلىرى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، پارقىراق كېلىدۇ. بور نېيترون سۈمۈرىدۇ، شۇڭا يادرو رېئاكسىيىسىدە كونترول قىلغۇچى كالتەك قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قېتىشما، راكېتا يېقىلغۇسى ۋە فارفور ئېمالى تەييارلاشتا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

**بور II** ئى① <گېئول>① كالتسىي كاربوناتنىڭ يەنى ھاكتاشنىڭ ئاق ۋە يۇمشاق بىر تۈرى. ② ھاكتاشنىڭ ئاق ۋە يۇمشاق تۈرىدىن ياسىلىدىغان ھەمدە دوسكىغا خەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل بۇيۇم.

**بور دەۋرى** <گېئول> ئوتتۇرا ھايات ئېرا- سىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى، تەخمىنەن 60 مىليون يىلغا سوزۇلغان. بۇ دەۋردە تاغ ھاسىل بولۇش ھەرىكىتى ناھايىتى تېز بولغان؛ بور جىنسلىرى ئىنتايىن قېلىن بولغان يەر قاتلاملىرىنى شەكىللەندۇرگەن؛ ھايۋاناتتىن دىنازاۋرلار بەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئاخىرقى مەزگىلگە كەلگەندە تەدرىجىي يوقالغان، بېلىق ۋە قۇش تىپىدىكى ھايۋانلارمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار كۆرۈلۈشكە باشلىغان؛ ئۆسۈملۈكلەردىن گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، ئىسسىق بەلباغ ئۆسۈملۈكلىرى ۋە كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەرمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

**بور سىستېمىسى** <گېئول> ئوتتۇرا ھايات گۇرۇپپىسىنىڭ ئۈچىنچى سىستېمىسى. ئۇ بور دەۋرىدە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**بورا** ئى. ئاقلاپ يېرىلغان قومۇش ياكى چىغدىن توقۇلغان بىسات: قىرلىرى تىتىلىپ كەتكەن بورا ئۈستىدە چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن

بىر ئادەم ئۆلتۈراتتى.

**بورا توقۇماق** ئاقلاپ تەييارلانغان قومۇش، چىغ تاللىرىنى بىر-بىرىنىڭ ئارىلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، كىرىشتۈرۈپ، توقۇلما ھالەتكە كەلتۈرمەك: — ئۇلارنىڭ تەنەرخىي بەك ئەرزان دېيىدىغۇ؟ — سولايمان ئالدىغا ئېتىنى دېۋىتتى، — ئۇلار بىر بېغىنى ئون بەش پۇڭدىن ئالىدىكەنغۇ، ئۇنچىلا ئەرزان ساتقۇچە بورا توقۇيلى بولمسا!

**بورا قىياق** <بوت> قىياق ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، سۇدا ئۆسىدۇ؛ غولى ئۈچ قىرلىق، يوپۇرمىقى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، گۈلى يېشىل قوڭۇر رەڭدە؛ بورا توقۇشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**بورا ياندۇرماق** توقۇلغان بورا مەلۇم ئۆلچەمگە يەتكەندىن كېيىن قومۇش تاللىرىنىڭ ئۇچلىرىنى ئېگىپ چاسىلىماق.

**بورات** ئى [ر<لات] ⟵ **بورات كىسلاتا.**

**بورات كىسلاتا** <خىم> نېئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $H_3BO_3$، ئاق رەڭلىك كرىستال؛ بىلىق قاسىرىقى شەكلىدە بولىدۇ؛ سۇدىكى ئېرىتمىسى ئاجىز كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؛ ئەينەك ۋە فارفور قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ؛ دورىگەرلىكتە دېزىنفېكسىيىلىگۈچى ۋە چىرىشتىن ساقلىغۇچى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**بوران** ئى ① توپا-چاڭ ئارىلاش چىققان شىددەتلىك شامال: گۈلەمبەر نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا، تۇيۇقسىز بوران چىقىپ، قويۇنلار ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. * «شامالباغ» گۈگۈشىسىغا كەلگىنىمىزدە بىر يىل بولاي دەپ قالدى. ماي ئېيىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تۇيۇقسىز بوران ئاپتى يۈز بەرگەچكە، گۈگۈشىي پارتكومى قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئىشلەش ئۈچۈن كادىرلارنى بىرقانچە نۇقتىلارغا ئەۋەتتى. ② كۆچمە. داغدۇغا ۋە شىددەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت: — ھە، ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ قانداق شامال بولاتتى، شامال ئەمەس، ئىنقىلاب بورىنى-دە! — دېدى رەيھان كاملغا.

**بوران چېچىكى** دىئال ⟵ **مامكاپ.**

**بوران چىقماق** ① توپا-چاڭ ئارىلاش شىددەتلىك شامال پەيدا بولماق، كۆتۈرۈلمەك: دورغا دېگەن بوراندا يول ماڭمايدۇ، — دېدى بوۋاي، — ئۇلار بوران چىقسا بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ياتىدۇ. ② بىرەر ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغاندا تەھدىت سالىدىغان، ۋەھىمىلىك شىددەتلىك ھالەت پەيدا بولماق: ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش بورىنى چىقىپ تىنچ-ئىتتىپاق ۋەزىيەتكە ۋە خەلق ئىگىلىكىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق سالدى.

**بوران-چاپقۇن** ① يامغۇر ئارىلاش چىققان قاتتىق بوران: ئات-ئۇلاغلىرى چارچىغان، بوران-چاپقۇن، ھۆل-يېغىندا قالغان يولۇچىلارنى يۇمشاق ئورۇن، ئاش-ئوزۇق، ئۇسسۇلۇق بىلەن تەمىنلەشتىنمۇ ئۇلۇغراق ئىشمۇ بارمىكىن؟ ② كۆچمە. ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى ئېغىر توسقۇنلۇق، قاتتىق قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىق: پەرھات دوستىغا سەممىي تەسەللى بېرىپ: — تۇرمۇش بىز مەكتەپتە ئويلىغاندەك ئەمەس ئىكەن، بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق بوران-چاپقۇنغا دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن، ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويىساق بولمايدۇ، — دېدى.

**بوران-چاپقۇنلۇق** بوران-چاپقۇنى بار، بوران-چاپقۇنغا تولغان: — جۇڭغار داللىرى بوران-چاپقۇنلۇق، بىرئاز قارىداپ قالغاندەك كۆرۈنىسىز، — دېدى ئەخمەتجان قاسىم. * ئەمدى ئىنقىلابنىڭ بوران-چاپقۇنلۇق دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى. يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بەرپا قىلىندى.

**بوراندەك** رەۋ. تېز، چاپسان، ئىتتىك: قاسىم قارىي ئايالىنىڭ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ يالۋۇرۇشلىرى، نەسىھەت قىلىشلىرىغا قارىماي،

www.uyghurkitap.com

دەرغەزەپ بىلەن ئۆيدىن بوراندەك چىقتى ـ دە، ئۇدۇل ئابدۇقېيۇم كېسەرنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

**بورانقۇش** ئى [بوران+قۇش] <زوئول> تېنى قارلىغاچقا ئوخشايدىغان، ئېغىزى ئىلمەك، قاناتلىرى قارا، پۇتىدا ئۇزۇن پەردىسى بار، تىرنىقى قارا، دائىم دېڭىز ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرۈپ بېلىق ۋە راك قاتارلىقلارنى يەيدىغان بىر خىل قۇش: ئالغا! ئالغا! بۈيۈك ئىقبالىغا... يالقۇنلۇق سادادىن تەۋرىنەر تاغ، تاش، يۈكسەككە ئىنتىلەر بورانقۇشدەك، مۇرىگە مۇرە تىرەپ بارلىق ۋەتەنداش.

**بورانلىق** سۈپ ① بورىنى بار، بورانغا تولغان: مۇزەپپەر سۆزىنى تۈگىتىپلا چىقىپ كەتتى. ئۇ بىرپەستىلا يامغۇر ۋە بورانلىق تۈن قوينىدا غايىب بولدى. ② كۆچمە. كەسكىن، شىددەتلىك، كۈرەشكە تولغان: بورانلىق يىللارنىڭ شائىر لاچىنى، كۆكسىدىن چېچىپ قان، كېلەچەككە پارلاق ئۈمىدلەرنى يېزىپ كەتتى.

**بورداتماق** «بوردىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باي ئۆزى بورداتقان ئىككى قوينىڭ بىرىنى قازىغا، يەنە بىرىنى يۈسۈپ بەگكە خۇشپىيانە ھالدا ئاپىرىپ بېرىپ، تەلپىنى ئېيتقان بولسىمۇ ھېچبىر ئۈنۈمى بولمىدى.

**بورداشماق** «بوردىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ يىل چارۋىچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى دۆلەتكە سېتىپ بېرىدىغان ئاۋار چارۋىلارنى ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بورداشتى.

**بورداق** سۈپ. گۆش ئۈچۈن بېقىپ سەمرىتىلگەن؛ سېمىز: سۈپىنىڭ بىر چېتىگە كانار ئورنىتىلغان بولۇپ، بورداق قوينىڭ گۆشى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. * ھە ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن، ساتىدىغان ئىككى بورداق قويى بار كادىر سىلىمۇ يا؟ نەچچىدىن كېلىشكەن، قوينى ئەكىلىپ، ئاندىن پۇلغا قول سۇنسىلا يىگىت، جۇگۇسىلا!

**بورداق گۆش** بوردالغان چارۋىنىڭ گۆشى؛ سېمىز گۆش: — بۇگۈن تەمىنلەشنىڭ بورداق گۆشىگە ئۇچراپ قالدىڭمۇ، نېمە؟ ئەركىن بازارنىڭمۇ يا؟ — دەپ سوراپ قالدى غەنىدىن دوستى ئەنۋەر.

**بوردالماق** «بوردىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل پىرمىدا ئىككى قوتان قوي ۋە بىر قوتان ئۆكۈز سېمىز بوردالدى.

**بوردانماق** «بوردىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.

**بوردىماق** پ. مەخسۇس بېقىپ سەمرىتمەك: ئەپەندىمىنىڭ قوي بورداۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مەھەللە بايلىرىنىڭ بالىلىرى ئەپەندىمنى ئالداپ قويىنى يەۋېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ.

**بوردۇ** ئى [فران] ——> **بوردۇ سۈيۈقلۇقى.**

**بوردۇ سۈيۈقلۇقى** <دېھ> مىس سۇلفات، ھاك ۋە سۇ بىلەن ياسالغان دېھقانچىلىق دورىسى، زىرائەتلەرگە پۈركەلگەندە بىر قەۋەت نېپىز پەردە شەكلىدە قېتىۋېلىپ كېسەل مىكروبلىرىنىڭ ئۈسۈملۈك تېنىگە كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇ دورا فرانسىيىنىڭ بوردۇ (Bordeaux) دېگەن يېرىدە بۇرۇن ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**بورسۇق** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، تۈكلىرى ئۇمۇمەن كۈل رەڭ، قورساق بىلەن تۆت پۇتى قارا بولىدۇ، بېشىدا ئۈچ تال ئاق ئالىسى بار؛ بارماق ئۇچىدا ئۇزۇن ۋە ئۆتكۈر تىرناقلىرى بولىدۇ، توپا كولاشقا ماھىر، تاغ باغرىلىرىدا كامار كولاپ ياشايدۇ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ؛ مېيىنىڭ كۆيۈكنى داۋالاشتىكى ئۈنۈمى ياخشى؛ «قاشقىنوغلاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بورغۇل** ① سۈپ. پاختەك تۈكى رەڭلىك (ئات ھەققىدە): بورغۇل ئاتقا مىنىپ ناتونۇش بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى ② ئى. پاختەك تۈكى رەڭلىك ئات: ناسىر ئات ئېغىلىدىن ئېگەر-

لەگلەك بورغۇلنى يېتىلەپ چىقتى ـ دە، ھويلىدىن مىنىپ چىقىپ كەتتى.

**بورۇن** ئى [خەن] جان ت. باشقا بىرىگە ۋەكالىتەن مەسئۇلىيەتنى ۋاقىتلىق ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى؛ كېپىل: ئۇلار «قىز ئوغرىلاش» ئويۇنى قىلماقچى، ئەپلەشمىسە، قىزنى ئالماس ئۈچۈن بورۇنغا ئالماقچى بولۇشتى.

**بورۇن بولماق** باشقىلار ئۈچۈن مەسئۇ‑لىيەتنى، جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالماق؛ كېپىل بولماق: ئەخمەت 5000 يۈەنگە بىر ئايلىق بورۇن بولۇپ ئوسماننى قۇتۇلدۇرۇپ قويدى.

**بورۇن قىلماق** باشقا بىراۋنى ئۆزى ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى، جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى قىلىپ بېكىتمەك، كېپىل قىلماق: مەن بۇ ئىشتا تاغام ئەخمەتنى ئۆزەمگە بورۇن قىلىمەن، چۈنكى تاغام مېنى تولۇق چۈشىنىدۇ.

**بورۇنلۇق** «بورۇن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: نادان ئادەملەر ئۆزىگە ئىشەنچ‑لىك بولمىغان ئادەملەرگە بورۇنلۇق قىلىدۇ.

**بورىچى** ئى. بورا توقۇش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: شۇنداق قىلىپ، باينىڭ كۆزى ئاشۇ بورىچىنىڭ قىزىغا چۈشۈپ قالدى ـ دە، ئۇنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈش ھىيلىلىرىنى ئويلاپ تاپتى.

**بورىچىلىق** ئى. بورا توقۇش ۋە سېتىش كەسپى: بەرقانچە يىل ئۇ يەر، بۇ يەردە قاڭقىپ يۈرگەن رىشىت ھاجىم ئاخىر ئۆز يۇرتىغا كېلىپ ئەر ـ خوتۇن بورىچىلىق قىلىشقا كىرىشتى.

**بورىچىلىق قىلماق** بورىچىلىق بىلەن شۇغۇللانماق: ـــ ھە، ئەمدى بورىچىلىق قىلماقچى بولۇپسەن ـ دە، تېخى، ـــ دېدى تۇردى مۇھەممەتكە.

**بورىيا** ئى [ئە<پ] يېزت. ←‑ بورا: ماڭغان دەريا، ياتقان بورىيا (ماقال). ✱ تەكەببۇر ئەيلىدى شەيتان، ئۇنىڭدىن روھى سىياھ بولدى. قومۇشنى كۆرمىدىڭلارمۇ، باش چىقاردى بورىيا بولدى.

**بوز I** سۈپ. كۆكىگە مايىل ئاق رەڭ: بوز ئات. بوز قوي. بوز ئېشەك. بوز كېپىك. ✱ كۆر‑گەزمىگە قويۇشقا يارىغۇدەك بوز ئېشەكنى بىرى ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى دىك تۇتۇپ بىزگە قاراپ تۇراتتى. ✱ ئېتىم بوز ئات، ئېتىم بوز ئات يالىڭنى ئۇزات. بۈگۈن ئاخشام يار قېشىغا يەتكۈزگىن بوز ئات.

**بوز ئالا** ئاساسەن بوز تۈسى بىلەن ئاجرى‑لىپ تۇرىدىغان ئالا: بوز ئالا تاينى مىنىپ، ساي تۆۋەن قاچقان. دۈشمەن ئاتلىق قوغلاپ كەلسە بېشىنى چاپقان.

**بوز تورغاي** <زوئول> بىر خىل قۇش، پەيلىرى قىزغۇچ، قوڭۇر سەپكۈنلىرى بار، تۇمشۇقى كىچىك ھەم ئۇچلۇق كېلىدۇ؛ قانىتى چوڭ بولۇپ ئېگىز ئۇچىدۇ؛ يېقىملىق سايرايدۇ: ھاۋادىكى بوز تورغاي، سايرىمىساڭ نە بولغاي، بۇ چۆللەردە جېنىمنى قىينىمىساڭ نە بولغاي.

**بوز توشقان** <زوئول> تۈكلىرى كۆل رەڭگە مايىل توشقان: ئەتىگەندە شەبنەمدە، يورغىلايدۇ بوز توشقان، يېڭى تۇتقان يارىمنىڭ، ئاغزىغا شېكەر قوشقان.

**بوز تۇلەك** <زوئول> تۇغۇلغىلى ئىككى يىل بولغان، ئەمدى بىرىنچى قېتىم تۇلەش ئالدىدا تۇرغان قارچىغا. بۇنداق قارچىغىنىڭ قۇيرۇقى ئۇن بىر تالدىن ئاشمايدۇ، رەڭگى بوز كېلىدۇ.

**بوز تۇلكە** <زوئول> تۇلكىنىڭ بىر خىلى، تۈكى ئاچ سېرىق بولۇپ، كۆل رەڭگە مايىلراق كېلىدۇ، تۈكلىرى سەل نېپىز بولىدۇ.

**بوز غورۇلاي** <زوئول> چوڭلۇقى قارا قۇشقاچچىلىك، قۇيرۇقىدا قارامتۇل بەلدەم بار، تۇمشۇقى ئىلمەك، بېشى يوغان بىر خىل غورۇلاي.

**بوز لاچىن** <زوئول> تۈلەككە كىرمىگەن لاچىن: تام بېشىدا ئولتۇرغان، بويىنى ئالا بوز لاچىن. مەھەللىڭىزگە مەن كەلدىم، ئۆيىڭىزگە يول ئاچىلىك.

**بوز يۇلغۇن** قوۋزىقى ئورۇق، چېچەكى بوز، تېگىدىنلا شاخلايدىغان يۇلغۇن.

**بوز II** سۈپ ① ئېچىلمىغان، تېرىلمىغان، ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن: بوز يەر، بوز توپا. * بۇغداي تەرسەك كۆزگە تەر، ئارپا تەرسەك بوزغا (ماقال)./ /ئۇلار ناشتىدىن كېيىن گەمە ئارقىسىدا ئاچقان بىر پارچە بوزغا كەلدى. ② ئۆيلەنمىگەن، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەم، چېنىقمىغان: بوز يىگىت.

**بوز توپا** قۇۋۋىتى ئاجىز، زىرائەت تېرىلىپ مۇنبەتكە ئايلانمىغان، بوز قۇم ئارىلاش تۇپراق.

**بوز يەر** <دېھ> تېرىقچىلىق قىلىنىپ باقمىغان، ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن يەر: — راستىنى ئېيتسام، كەتمەندىن تېخى زېرىككۈدەك بولمىدىم، لېكىنزە، قارىسام، دېھقان ئۈچۈن بارغانسېرى ياخشى كۈنلەر بولۇۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت بوز يەرلەرنى قانچىلىك ئېچىۋالساڭلار ئۆزەڭلارغا ھېساب، — دېدى.

**بوز يەر ئاچماق → بوز يەر ئۆزلەشتۈرمەك:** خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قول تەۋرىتىپ بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشى خەلق دۆلىتىنى ئوبدان قۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ مەدەت.

**بوز يەر ئۆزلەشتۈرمەك** بوز يەرگە سۇ باشلاپ، ئېتىز ياساپ تېرىمغا ئايلاندۇرماق: بۇ بىر يىل ئىچىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سېپىدىكى يولداشلار جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى چوقۇم جارى قىلدۇرۇش لازىم.

**بوز يىگىت** ئۆيلەنمىگەن، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىمىغان، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەم، چېنىقمىغان يىگىت: — قېنى ئالدى بىلەن ئۆزەڭنىڭ كېيىڭنى قىل، تېخىچىلا تىزىڭنى قۇچاقلاپ يۈرەمسەن، ئۆيلەنمىگەن بوز يىگىت، چىڭگىلىك باشتىن بىرەرنى تاپمىدىڭمۇ تېخى...، — دېدى ئاۋۇت ئاكا تۇرسۇنغا چاقچاق قىلىپ.

**بوزا** ئى. تېرىق، ئارپا قاتارلىق ئاشلىقلاردىن ياسىلىدىغان؛ كەيپ قىلىش رولىغا ئىگە بىر خىل ئىچىملىك: سۆيۈمقان يېڭى پىشقان گۆش، شورپا ۋە بىر چىنىدىن بوزا ئېلىپ كىرىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

**بوزا سالماق** يېرىك تارتىلغان تېرىق، ئارپا قاتارلىقلارنى دەسلەپ قاينىتىپ، كېيىن ئېچىتىش ئارقىلىق ئىچىملىك تەييارلىماق: — بىزگە چاي قاينىتىپ بېرىدىغان خوتۇنمۇ يوق، بىزگە خوتۇنمۇ شۇ، بالا-ۋاقىمۇ شۇ، ئۆي-جاھانمۇ شۇ دېگىنە، مانا مۇشۇ سالغان بوزامدىن باشقا نېمەم بار ئەمدى؟ — دېدى رازىق دوستى نامانغا.

**بوزارتماق** «بوزارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارقىمۇئارقا ياغقان يامغۇر، ئارىلاپ قىزىتىپ تۇرىدىغان ئاپتاپ خادا ياغاچقا ئېسىلغان بايراقنى بوزارتىۋەتكەنىدى.

**بوزارماق** پ. رەڭگى ئۆزگىرىپ بوز ھالەتكە كەلمەك: مەستۈرە بوزىرىپ كەتكەن كۆك بوغچىسىنى ئۆيدىن ئىزدەپ ئاران تاپتى. * ھاۋا سەل يىلىپ قالغان بولسىمۇ، دەرەخلەر تېخى قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغانمىغانىدى، تام تۈۋىلىرىدە توپا-چاڭ قونغان قالدۇق قارلار بوزىرىپ كۆرۈنەتتى.

**بوزاڭ** سۈپ. بوزارغان، بوز ھالەتتىكى: ئۆگەي ئانا ئەمدى بوز قويىنى ئۆلتۈرۈپ بالىغا يېگۈزگىلى تۇرۇپتۇ. بوز قوينىڭ گۆشىمۇ تۆگەي دېگەندە بالا: — ھە ئانا، ئالەم بوزاڭ تۇردىغۇ؟ — دەپتۇ.

**بوزاڭ توپا** بوزارغان، بوز تۈسكە كىرگەن توپا.

**بوزاڭلاشماق** پ. بوزارغان ھالەتتىكى رەڭ ياكى تۈسكە كەلمەك: ھاۋا بوزاڭلاشتى.

**بوزەك** سۈپ. باشقىلارغا تاقابىل تۇرالمايدىغان، قارشىلىق قىلىش ئىقتىدارى كەم؛

ئانىي: ئارزۇگۈلنىڭ نەزىرىدە زورىخان «كىچىك بالا» ئىشقا بۇيرۇسىمۇ ماڭمىدىغان «ئەخمەق»، بوزەك خوتۇنلاردىن ئىدى.// بوزەكنى بوزەك ئەتمىسەڭ، قىيامەتتە سورىقى بار (ماقال).

**بوزەك ئەتمەك** ← **بوزەك قىلماق**: — سېنى كىم بوزەك ئەتتى؟ — دېدى دادىسى خاپا بولۇپ. — «ئادەمنىڭ كىچىكى بولغۇچە، ئىتنىڭ كۈچۈكى بول» دېگەن راست گەپكەن-دە.

**بوزەك بولماق** باشقىلارنىڭ ھاقارەت ۋە پەس كۆرۈشلىرىگە ئۇچرىماق: — مۇئەللىمنىڭ ئېيتقىنىمۇ توغرا، ئابدۇۋېلىكا، — دېدى ئۇ پارتىگىنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە، — سىزغۇ مۇسا دۇكانچىغا بوزەك بولماپسىز، لېكىن ئۇنىڭ خاتا ھەرىكىتى ئاشكارىلانمىغاچقا، شۇ كەمگىچە قانچىلىغان ئادەملەر ئۇنىڭغا بوزەك بولغاندۇ.

**بوزەك تاپماق** ← **بوزەك قىلماق**: — ئەگەر مېنى ھېلمباي دېگەن خۇنسا بوزەك تاپمىغان بولسا، مەن بۇنچىلىك ئەسكى يولغا كىرىپ قالمايتتىم، — دېدى ئەكبەر كۆزىگە ياش ئېلىپ.

**بوزەك قىلماق** باشقىلارنى خورلىماق، كەمسىتمەك، ئانىي قىلماق: — قانداق؟ — دېدى ئالتۇن چىش سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، — گېپىڭنى قىل! شاگىرتىمنى نېمىشقا بوزەك قىلىسەن؟. * سىلەر قانچە بوزەك بولساڭلار، ئۇلار سىلەرنى شۇنچە بوزەك قىلىدۇ. ئەمدى بۇنىڭغا قول قوشتۇرۇپ يۈرۈۋېرىش مۇمكىنمۇ؟

**بوزەكلىك** «بوزەك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بەك ياۋاشلىق ئادەتتە بوزەكلىكمۇ بولۇپ قالىدىكەن.

**بوزەكلىمەك** پ. بوزەك قىلماق، بوزەك تاپماق: ئۆتمۈشتىكى پاراقىنى، كەمبەغەللەر بېرەتتى. كەمبەغەللىنى بوزەكلەپ، دوزىغا، يايى ئۇراتتى.

**بوزتىكەن** ئى [بوز+تىكەن] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنىدە ئاق سۈت بار؛ غولى تىك، تۈكسىز، سىلىق كېلىدۇ، تۆۋەندىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرىنىڭ قىسقا سېپى بولىدۇ، غولدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى پەيسىمان تېپىز ياكى چوڭقۇر يېرىلىدۇ، تۈۋى قۇلاقسىمان بولۇپ، غولنى ئورايدۇ، گىرۋىكىدە تىكەنلىك چىشلىرى بولىدۇ؛ پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبابەتتە دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىقنى تارقىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش، تۇرۇپ قالغان قاننى ماڭغۇزۇش ۋە يىرىڭنى چىقىرىپ غەلۋىرەكنى ساقايتىش رولى بار.

**بوزلاتماق** «بوزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىركۈنى ئەپەندىم پادىشاھنىڭ تۆگىلەرنى ئالدۇرۇپ كېلىپ بوزلاتقانغا قاراپ، بويى تىكەنلەشكەندەك بولىدى-دە، تۆگە بوزلاپ ھازا قىلغان يەردە، ئېشەكىم ھاڭراپ ھازا قىلسا بولمامدىكەن، دېگەن يەرگە كېلىپ، ئاتايىن ئېشەك مىنىپ جىنازا نامىزىغا قاتناشتى.

**بوزلاشماق** «بوزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يىراقتىن تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**بوزلۇق** ئى. بوز يەر، بوز توپا كۆپ يەر: تىبىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى يېنىككىنە قوزغىلىپ، بوزلۇقتىكى يېڭى يولدىن غۇيۇلداپ يۈرۈپ كەتتى. * يولنىڭ ئىككى تەرىپى ئېچىلمىغان مۇنبەت بوز يەر بولۇپ، بوزلۇقنىڭ ئايغى يىراق تەكلىماكانغا تۇتىشىپ كېتەتتى.

**بوزلىماق** پ ① ھىڭگان (چىشى تۆگە) نىڭ تايلىقىنى، تايلاقنىڭ ئانىسىنى سېغىنغان ۋاقتىدا چىقارغان ئاۋازى ھەققىدە ئېيتىلىدۇ: — نېمە ئاۋاز بۇ، — دېدى ئوسمان ئۇيقۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئۇخلاۋەر، تۆگىنىڭ تايلىقى سىرتتا قالغانغا ئوخشايدۇ، شۇڭا ئانىسى تايلىقىنى ئىزدەپ بوزلاۋاتىدۇ، — دېدى يېنىدا ياتقان دوستى سەمەت. ② كۆچمە. ئاۋاز چىقىرىپ يىغلىماق، نالە قىلماق: كېيىن ئۇ بالا جىنازىغا ئۆزىنى ئېتىپ شۇنداق بوزلىدىكى، ئۇنىڭ مىسكىن زارىدىن يەر يېرىلىپ، تاغۇتاشلار ئېرىپ كەتكۈدەك بولدى.

www.uyghurkitap.com

**بوزون** ئى [ھىند] <فىز> ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشتىكى ھەرىكەت مىقدارى مومېنتى $\frac{1}{2}\frac{h}{2\pi}$ نىڭ جۈپ ھەسسىسىگە باراۋەر بولغان مىكرو زەررىچە. مەسىلەن: فوتون، $\pi$ مېزونى، a زەررىچىسى ۋە جۈپ سانلىق نۇكلېئونىدىن تۈزۈلگەن ئاتوم يادروسى قاتارلىقلار.

**بوزىچى** ئى. بوزا ئىچىملىكىنى تەييارلاش ۋە ئۇنى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: بوزىچى ھالۋىچى بولسا كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ، دېگەنىدەك، بىزگە قالغان ئىش شۇنداق بولماي نېمە بولىدۇ دەيسىز.

**بوزىچىلىق** ئى. بوزا ئىچىملىكىنى تەييارلاش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بوزىچىلىق قىلىدىغان سۆيۈمقان دېگەن بىر قىز بار ئىدى.

**بوزىخانا** ئى. بوزا سېتىلىدىغان ۋە بوزا ئىچىلىدىغان جاي: ئۇزاق ئۆتمەي بوزىخانىغا بىر كىشى دەلدەڭلەپ كىرىپ كەلدى.

**بوزىرىشماق** «بوزارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بوسە** ئى [پ] يېزت. مېھىر-مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن لەۋنى بىرەر كىشىگە ياكى نەرسىگە تەگكۈزۈش؛ سۆيۈش: خۇددى يارى پەرىزاتنى كۆرگەنىدەك ئۇنى بوسە قىلىپ كۆچ-مادار تاپقاندەك بولۇپتۇ.

**بوسە قىلماق** مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت ئىزھار قىلىپ لەۋ تەگكۈزمەك؛ سۆيمەك: مەكزىمدىن بوسە قىلدى ئامانىسا، قەلبىمدە «ئىشرەت ئەنگىز» ئۇرغۇپ تاشتى، تالانتلىق مۇقامشۇناس بۇ گۈزەلگە، ئەقدە مۇھەببىتىم يەنە ئاشتى.

**بوستان** ئى [پ] دەل-دەرەخ ۋە يېشىللىققا تولغان باغ، جاي: ئىشىك ئالدى دەرەخ بوستان، قىزىل گۈل غۇنچىسى يارىم. قىزىل گۈللەر ئېچىلغاندا، قايان باردىڭ تولۇن ئايىم. * ئېچىكلى مېھرىڭ سۈيىنى سەن تامان ئۇچقاندا مەن، ئۆز ئانام قوينىنى تاپتىم بۇ گۈزەل بوستاندا مەن.

**بوستان چاچ** ئۇزۇن ھەم قويۇق ئۆسكەن چاچ: زەيتۇنەمنىڭ بېشىدا گۈللۈك چىمەن دوپپا، ئۇستىدە كۆكرەك پۇرمە ئەتلەس كۆڭلەك بولۇپ، تال-تال ئۆرۈلگەن ئۇششاق بوستان چاچلىرى مۇرىسىنى يېپىپ تۇراتتى.

**بوستانلاشتۇرماق** پ. باغ-بوستانغا ئايلاندۇرماق: ھەر يىلى كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئارقىلىق بۇ چۆللەرنى بوستانلاشتۇرۇش ھازىرقى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى.

**بوستانلىق** ئى. باغۇبوستانلار بىلەن قاپلانغان ئاۋات يەر: ھازىر مەكتەپنىڭ مېۋىلىك دەرىخى ئون مىڭ تۈپكە، بېغى ئون تۆت موغا يېتىپ مەكتەپ ئىچى بوستانلىققا ئايلاندى.

**بوسو** ئى [خەن] پىشۇرۇلغان چۆپ بىلەن قورۇلغان سەيىنى بىر قىلىپ قايتا قورۇپ تەييارلانغان لەغمەن.

**بوسۇت** ئى. تويدا ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن قويىدىغان سوۋغا-سالام: بىرپەسلىك ئويۇن تاماشىدىن كېيىن توي بوسۇتىنى يوغان پەتنۇستا كۆتۈرگەن ئەختەر سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

**بوسۇغا** ئى. ① ئىشىك، دەرۋازا كېشەكلىرىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان توغرا ياغاچ ياكى خىش، تاش، سېمونت قاتارلىقلاردىن قىلىنغان توسما: ئەكبەر دادۇي ئىشخانىسىغا كىرىۋېتىپ بوسۇغىدا توختاپ قالدى. * ئەزىز بوسۇغىغا قەدەم قويۇشى بىلەنلا قۇددۇس، قەلبىنۇرلار تەڭ سالام بەردى. ② كۆچمە. ئۆي، قورۇ، دەرگاھ: بۇ ئىككى ئەۋلاد ئەلمساقتىن تارتىپ ياتقا قىز بەرمەيدىغان، ياتنى بوسۇغىسىغا يولاتمايدىغان كىشلەر ئىدى. ③ كۆچمە. شەھەر، يېزا-قىشلاققا كىرىشتىكى جاي: — ئاپلا... دۈشمەن بىزنىڭ بوسۇغىمىزدىلا يۈرۈپتۇ-دە، مەن بۇ خەۋەرنى ھازىرلا باتۇرغا يەتكۈزەي، سەن يەنە تەكشۈرۈپ كۆر، — دېدى كامال ۋە ئالدىراپ باتۇر تەرەپكە كەتتى. ④ كۆچمە. بىرەر نەرسە، ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە ياكى ھادىسىنىڭ باشلىنى-

شىغا يېقىن قالغان پەيت؛ باشلىنىشى، كىرىش قىسمى: — ھەي بالا، — دېدى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى، — سىز ئەمدى ھايات بوسۇغىسىغا كەلدىڭىز. * راست ئېكەن-دە، بۇ ئايالنىڭ بالىسى ئۆلۈم بوسۇغىسىغا كېلىپ قېلىپتۇ. * بىز ئالىي ماتېماتىكىنىڭ بوسۇغىسىنى كۆرمىدۇق، قىسقىسى، بىز كەشپىيات ئەمەس، دورامچىلىقنىمۇ قاملاشتۇرالمايمىز. * يەر ئايلىنار، ۋاقىت ئۇچار، بۈگۈننىڭ بوسۇغىسىدا ئەتە ساقلاپ تۇرار. ⑤ ئۆستەڭ، ئېرىقلاردىكى زاكو، ئازما، سەكرەتمىلەرنىڭ تاختاي بىلەن سۇنى توسقاندا تاختايغا ھىمىلىشىپ تۇرىدىغان ياغاچتىن ياكى سېمونتتىن تەييارلانغان تاپان: ئازمىنىڭ بوسۇغىسى.

**بوسۇغىسىدىن ئاتلىماق** ئۆيىگە كىرمەك: ئۇلارنى رەنجىتىپ قويارمەنمىكىن دەپ ئۇلارنىڭكىگە بېرىشقا جۈرئەت قىلمىدىم، شۇنداق قىلىپ مەن قىزلىرىمنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

**بوسۇغىسىغا پۇتنى ئالماق** ئۆيىگە كەلمەك: ئۇ ئەتىدىن بېرى بوسۇغىمىزغا پۇتىنى ئېلىپ باقمىدى.

**بوسۇغىسىغا دەسسىمەك** بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە كەلمەك، ئۆيىگە كىرمەك: — مەن ئۆزلىرىنى بۈگۈن چاقىرغان يەرگە بارغۇزمايمەن، ئەگەر مېنىڭ كېيىمگە كىرمەي كېتىدىغان بولسىلا ئىككىنچى بوسۇغامغا دەسسىگۈچى بولمىسىلا، — دېدى ئۆي ئىگىسى.

**بوسۇغىسىغا كېلىپ قالماق** يېقىنلىشىپ قالماق: ئازادلىق ئارمىيە بوسۇغىمىزغا كېلىپ قالغان تۇرسا، بىز يەنە نېمىدىن قورقاتتۇق.

**بوسۇغىسىنى توپا باسماق** ئۆيىگە باشقا كىشىلەر كىرمەسلىك: «جىن - شەيتان» قىلىپ ئايرىپ قويۇلغان ئاشۇ ئون يىللىق ئاپەت يىللىرىدا ھەممە كىشىلەر ئۇنىڭدىن قېچىپ بوسۇغىسىنى توپا باسقانىدى.

**بوسۇغىسى ئېگىز** باشقىلار ئۆيىگە ئەيمىنىپ كىرەلمەيدىغان، ھالى چوڭ، ئۆزىنى باشقىلاردىن يۇقىرى تۇتىدىغان: — ئۇلارنىڭ بوسۇغىسى ئېگىز، بىز كىرەلمەيمىز، دېگىنە، — دېدى ئىسمائىل غەمكىن ئولتۇرغان دوستى ئىبراھىمغا.

**بوسۇغىسى ئېگىزلىمەك** ھاكاۋۇرلاشماق، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان بولۇپ قالماق: شەمەر چاقچاقتا يۆلىدى: — بوسۇغاڭ ئېگىزلەپ قېلىپتۇ، ئاتلىيالماسلىقتىن قورقتۇم. — تۇرلاپ شۇجىمۇ بوش كەلمىدى: — ئاتلاشتىن قورققان ئادەم يول يۈرمىسىمۇ بولىدۇ.

**بوسۇغا - داۋان** ① داۋاندەك بوسۇغا: بوسۇغا - داۋنى ئېگىز. ② بۆسۈپ ئۆتىدىغان ئۆتكەل: بوسۇغا - داۋىنىدىن ئۆتمەك.

**بوسۇغا - داۋنى ئېگىز** ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان؛ يېقىنلاشقىلى ھەم ئالاقە قىلغىلى بولمايدىغان: ئوغلۇم، رەنا ئۆزى ياخشى قىز بولسىمۇ ئۆيىدىكىلەرنىڭ بوسۇغا - داۋنى ئېگىز، بىز بوي تۇرالمايمىز، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭدىن مېھرىڭنى ئۈز.

**بوسۇق I** ئى. دىئال. بوسۇغا.

**بوسۇق II** ئى. دىئال. بوغۇرساق.

**بوسۇنچۇق** سۈپ. دىئال. بوزەك، ئانىي.

**بوش** سۈپ ① ئىچىدە ھېچ نەرسە يوق؛ قۇرۇق: — بۇ ئىشكلار ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ، — دېدى رەمزىيە مۇئەللىم كۈلۈپ، — مەندىمۇ سىلەر راسا قىزىقىدىغان كىتابلاردىن خېلى بار، ھەممىنى سىلەرگە بېرەي. ھازىر مانا ماۋۇ بوش ئىشكاپنى ئېلىپ، تۇرۇڭلار. * ئاشپەز قولىغا بىر بوش قاچىنى ئېلىش، جوزا ئۈستىگە ۋە يەرگە چۈشۈپ كەتكەن چۆپلەرنى بىر - بىرلەپ تېرىشكە باشلىدى. ② ئادەم ياكى نەرسىدىن خالىي، ئىگىلەنمىگەن؛ بىكار: — مۇئەللىم، بىزنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيىمىز پۈتۈنلەي بوش تۇرۇۋاتىدۇ. شۇ ئۆيگە كۆچۈپ كېلەمدىلا؟ — دېدى مېھراي مۇئەللىمگە سەممىي ئىلتىماس قىلىپ. * ساۋۇت بولۇڭدىكى بىر بوش ئورۇندۇققا چىقىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋىدى، كۈتكۈچى كېلىپ ئۇنىڭ پۇتىنى چۈشۈرۈپ ئولتۇرۇشنى ئېيتتى. * ھېيتەم ئاكىسى بىلەن باغنىڭ بوش يېرىنى ئاغدۇرۇپ بولدى، ئۇ

يەرگە كۆكتات تېرىماقچى. ③ **ھېچ نەرسە كۆتۈرمىگەن، بىكار:** ھەرقاچان ئاياللار ئۇ بۇلاققا سۇغا كەلسە بىر ئايال چېلەك كۆتۈرمەستىن بىللە كېلىدۇ. چېلەك كۆتۈرمەي بوش كەلگەن ئايال يولدىكى قۇرتلارنى كىشلەر دەسسەۋەتمىسۇن دەپ يولدىن يىراق قىلىدۇ. ④ **ئىش، خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولمىغان؛ ئىشتىن خالىي، بىكار:** —بالىمىز دەرسلىرىنى ئۆيدىن ئوقۇۋاتىدۇ، تاپشۇرۇقلىرىنى ۋاقتىدا ئىشلەۋاتىدۇ، بوش ۋاقىتلىرىدا مۇشۇنداق نەرسىلەرنى ياساپ ئوينىسا، زېھنى ئېچىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى سېلىم ئاكا ئايالىغا. ⑤ **ئاسان ئۈزۈلۈپ، يىرتىلىپ، سۇنۇپ كېتىدىغان، پۇختا ئەمەس:** بوش يىپ. بوش رەخت. بوش كېسەك. بوش ياغاچ. * ماشىنىچى تۈگمىنى بوش يىپ بىلەن قاداپ قويغاچقا، ئۇزاققا قالماي چاپاننىڭ تۈگمىسى چۈشۈپ قالدى. * — بەللى، بەللى! تۆمۈرچى ئۇستام بازغانلىرىدىن ئايلىناي، قارىمامدىلا، سىلىنىڭ بازغانلىرى تەگكەن كەتمەن مۇشۇنداق بوش بولامدۇ؟ — دېدى سادىق ئاكا. ⑥ **كۈچسىز، زەئىپ، ئاستا، سۇس:** بوش ئاۋاز. بوش شامال. * — نادىر... نادىر! ماڭا قارا، كۆزۈڭنى ئاچە، — دەپ بوش ۋارقىرىدى كوماندىر. * تاك... تاك... تاك! ياتاقنىڭ ئىشىكى بوش چېكىلدى. * شامال دېرىزىدىكى ئىككى تەشتەك قۇشرۇيگۈلنىڭ بەرگ - يوپۇرماقلىرىنى بوش ئىرغاڭلاتماقتا ئىدى. ⑦ كۆچمە. **قاتتىق قول، تەلەپچان ئەمەس، بوشاڭ:** بوش رەھبەر. * — بۇ جايغا كېلىپ تەختىنى چېقىۋەتكۈچە بولغاندىن كېيىن، ئۇ بوش ئادەم ئەمەس، باشقىلار زىيان - زەخمەت سېلىپ قويمىسۇن دەپ يالغاندىن ئاغرىق بولۇپ يېتىۋالغان ئوخشايدۇ، — دېدى سول قول ۋەزىر شاھقا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ. * — جىم تۇرسا بوش دەۋاتامسەن؟! — ھىم! — دېدى مۇسا دىمىغىنى قېقىپ، — سەندەك چېكىلارنى تاپالماي يۈرەتتىم، قېنى بىركۈنى كۆرۈپ باقايچۇ؟. * تۇرسۇنمۇ بوش يىگىت ئەمەس، قىزلارغا قانداق كۆرۈنۈشنى بىلىدۇ. ⑧ **يېتەرلىك ئەمەس، كەم:** زاھىر خەنزۇچىدە بوشراق ئىدى. شۇڭا ئاساسىي پەن ھېسابلانغان خەنزۇ تىلىدىن نەتىجىسى تۆۋەنرەك بولغانلىقتىن، بۇ مەۋسۇمدە ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمىدى. ⑨ **قىزغىن ئەمەس، سۇس:** ئەمما قادىرنىڭ سوپىتايىغا بولغان مۇھەببىتىنى بوش دېيىشكە بولمايتتى. * دادىسى ھەتتا قىز رەنجىپ قالسا كەلىمەي قالارمىكىن، دېگەن ئەندىشە تۈپەيلى، كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنىڭ بىرىنىمۇ تېشىغا چىقىرالمىدى. بىر - ئىككى قېتىم بوشقىنا كايىپ قويدى.

**بوش ئەمەس** تەدبىرسىز، چارىسىز ئەمەس، يامان: سىلىمۇ بوش ئەمەسكەنلا، ئېسىمدە قېلىشىچە شاكىرنى ئۆزلىرى تۈرمىگە ئاپىرىپ قاماتقان.

**بوش پەللە** <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچ جىسمىنىڭ توك ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان بىر خىل ئۇقۇم. يېرىم ئۆتكۈزگۈچ جىسمىنىڭ لېنتىسى ئېلېكترونلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ بولىدىغان ئەھۋال ئاستىدا بارلىققا كەلگەن ئاز مىقداردىكى بوش ئېنېرگىيە دەرىجىسى «بوش پەللە» دېيىلىدۇ.

**بوش توپا** ① قاتمىغان، يۇمشاق بوزاڭ توپا: دادامنىڭ پۇتى بەختكە قارشى بوش توپىغا پېتىپ سىيرىلىپ كېتىپتۇ - دە، جىگدە دەرىخىنىڭ غولى ئاستىدا بېسىلىپ سۆڭەكلىرى پەقىش - پەقىش بولۇپ كېتىپتۇ. ② قۇرۇلۇش، تاغ جىنسلىرى ئىلمىدە يەر پوستىنىڭ يۈزىدىكى بوش توپا قاتلىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**بوش توپلام** <مات> بىرمۇ ئېلېمېنتى بولمىغان توپلام.

**بوش تۇتماق** ئۆز ئەركىگە، ئۆز ئىختىيارىغا قويماق: ئۇلارنى سى لويىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئۇ سەل بوش تۇتقان ئوخشايدۇ.

**بوش تۇرماسلىق** ئوكۇشسىز، پايدىسىز ئەھۋالدا قالماسلىق، بەرداشلىق بېرىپ، چىڭ تۇرماق: — ياق بىزمۇ ئۇ يەردە بوش تۇرمىدۇق، دەرھال قايتمەن، ئەتىلا، — دېدى ئالماس.

**بوش قارىماق ← سەل قارىماق:** ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى ئۆز ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى بەزىلەرنىڭ تاپشۇرۇقىنى تولۇق ئورۇندىماسلىق ئەھۋالىغا بوش قارىسىلا، بۇنداق ئوقۇغۇچىلارنى كۆپەيتىپ قويىدۇ.

**بوشقا كەتمەك** بىكار، زايە، مەنپەئەتسىز بولماق: ھەسەن ئۆزىنىڭ بۇ يېزىلار توغرىسىدىكى شېرىن خىياللىرىنىڭ بوشقا كېتىۋاتقىنىغا چىدىيالمىدى. * چىمەنگۈلنىڭ، چىقىپ كەتكەن پۈتىنى ئورنىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇنغان بارلىق ھەرىكەتلىرى بوشقا كەتتى.

**بوش قويماسلىق** ① دىققەت ئېتىبارىنىڭ سىرتىدا قويماسلىق، ئۆز مەيلىگە قويماسلىق، ئۆز ھالىغا قويۇۋەتمەسلىك: — دادام بىزنى مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن بىرەر سائەتمۇ بوش قويمايدۇ، ھېلى ئۇنى قىل دەۋاتقان، ھېلى بۇنى قىل دەۋاتقان، — دېدى ھەسەن نارازى قىياپەتتە. ② جازالىماق، ئەدىبىنى بەرمەك: — ئەگەر بىز بىرەر گەپ-سۆز تارقىتىپ قويساق، كۆڭلەردە بىر كۈن شەھەرگە كىرىپ قالسا، ئۇ چاغدا بىزنى بوش قويمايدۇ، — دېدى بوۋاي. * — كاپىشما! — چالۋاقاشقا باشلىدى گۈلسۇمخان جۇدۇنى تۇتۇپ، — ئۇلارنى يەنە ئاغزىڭغا ئالغۇچە بولما! ئەگەر سىرىمىز پاش بولۇپ قالسا، ھۆكۈمەت ھەر ئىككىمىزنى بوش قويمايدۇ.

**بوش قويماق** قۇرۇق، بىكار قويماق: شۇ كۈنى كەچتە بىردىنلا ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتلىنىپ، بىرىمۇ قالماي يېتىپ كېلىشتى ۋە بىر ئورۇننىمۇ بوش قويمىدى. * شۇنى ئويلاپ چولاق ئۆز كۆڭلىدە خۇش، ناماز خۇپتەنگە ماڭدى، ئۆيىنى قويۇپ بوش.

**بوش كەلمەك** ① كەم كەلمەك: بۇغداي پاتمىغان ئاغزىمغا، قوي كاللىسى بوش كەلدى. * ئاي دېدى ۋە كۈن دېدى... بۇ نامغا ماقۇل دەي دېسەم، بوش كېلور «ئانام» دېگەندىن باشقا ئۇنۋان قەشقىرىم. ② چوڭ كەلمەك: — يېڭى ئالغان تۇپلىيىم پۇتىمغا بوش كېلىپ قالدى، ئالىدىغان ئادەم بولسا، سېتىۋەتسەم بولاتتى، — دېدى ئايشەمگۈل دوستىغا قاراپ. ③ ئۇتتۇرۇپ قويماق؛ يېڭىلمەك، كۈچسىز، ئاجىز كەلمەك: — ماڭا قارا ھاشىم، كالىلاڭ ماشىنىدەك ئىشلەيدۇ جۇمۇ. دەرھال شامالچىنى ئويلاپ تاپقىنىڭنى قارا، بوش كەلمە، بىز سېنى قوللايمىز، — دېدى سايىم ھاشىمنىڭ غولىغا ئۇرۇپ.

**بوش گەپ ئەمەس** ئاز، كىچىك، ئادەتتىكى، ئاسان ئىش ئەمەس: ھېلىتىنلا بۇزۇلدى پەيلى ئەلنىڭ، ماڭا ھەم سىر ئەمەستۇر مەيلى ئەلنىڭ. تۈنۈگۈن بولغان ئىش بوش گەپ ئەمەستۇر، شۇنى ئويلاش ئۆزى ئاقىلغا بەستۇر.

**بوش گەپمۇ؟** ئاسان ئىشمۇ: ھەممە ئادەم جۇرىن دېگەن سۆزنى شۇ كىشىنىڭ ھەم ئىسمى ھەم فامىلىسى دەپمۇ ھېسابلايتتى. شۇنداق كىشىنىڭ ئائىلىسىدە خىزمەت قىلىش دېگەن گەپ بوش گەپمۇ؟

**بوشاتماق** «بوشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆي بوشاتماق، قولىنى بوشاتماق. * ئۇلار ھەر كۈنى كەچنى بىزنىڭكىدە ئۆتكۈزىدۇ. رەقىب گۆش-ياغ، ئۇن-مايلىرىنى ئايىماستىن تۇشۇپ تۇرىدۇ، ھەر كۈنى بىر بوتۇلكىنى بوشىتىمىز. * ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان بىلەن رۇقىيىنىڭ داۋالاش ئەھۋالى ھەققىدە شىكايەت قىلغىنى بىلەن مەتروزى ئۇلارنى خىزمەتتىن بوشتۇۋېتەلەرمىدى؟ يەنىلا شۇلارنىڭ قولىغا قالىدىغان گەپ. * سونۇر بولسا ئوڭدا يېتىپ ئېغىر زاپچاسنى كۈچ بىلەن مىدىرلىتىپ بوشاتماقچى ئىدى. پاتمە سونۇردىن زوقلاندى.

**بوشاشتۇرماق** «بوشاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا قانداقمۇ جىددىيلىكنى بوشاشتۇرغىلى بولسۇن. * مەركەزنىڭ يولىيورۇقلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ھەرگىز بوشاشتۇرماي كۆپ خىل ئىگىلىكنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

**بوشاشماق** ① «بوشىماق» پېئىلى «②③»نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② قاتتىقلىقىنى ۋە چىڭلىقىنى يوقاتماق: بۇ تېلېفون سىملىرى ئىسسىقتىن سوزۇلۇپ بوششىپ قالغاچقا، بىرى يەنە بىردىگە

تېگىپ قېلىشتىن چىققان چاتاق ئىدى. * تۈيۈكسىز باسقان سۇ ئاپىتىدىن تاملار بوشىشىپ ئۆرۈلۈشكە باشلىدى. * يامغۇرنىڭ نەملىكىدىن دۇتارنىڭ تارلىرى بوشىشىپتۇ. ③ مادارىدىن كەتمەك، كۈچسىزلەنمەك، زەئىپلەشمەك: ساقسىز بولۇپ قالدىڭمۇ چىمەن؟ نەچچە كۈندىن بېرى بوشىشىپلا كەتتىڭغۇ؟ * نېمىشقىدۇ ئەركىننىڭ يۈزى قىزىرىپ، لەۋلىرى تىترەشكە، بەدىنى بوشىشىپ، پېشانىسىدىن تەر چىقىشقا باشلىدى، بۇ ھالەت قار تازىلىغاندىن نەچچە ھەسسە ئېغىر تۇيۇلۇشقا باشلىدى. * ئەمدى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىز ـ قورۇقلار كۆپىيىپ، ئاق سېرىق يۈزى پۈتىدىكى مەسىنىڭ قونچىغىلا ئوخشاپ قالدى، تەندىن گۆش قاچتى، تېرىلەر توگلاپ ئېرىگەن گۆشتەك بوشىشىپ كەتتى.

**بوشاڭ** سۈپ. ئىشنى ئوڭشاپ قىلالمايدىغان؛ لايغەزەل، ئىرادىسىز: — شۇنچىلىك گەپنى ئوڭلاپ قىلالماي خەققە كۈلكە بولغىنىڭ نېمىسى، ئەجەبىمۇ بوشاڭ بالا بولدۇڭغۇ؟ — دەپ كايىپ كەتتى ئاسىم قارى. * ھېكايىنى ئوقۇپ چىققان كىتابخان باشتىكى بوشاڭ، ئىرادىسىز مەتنىيازنى ئۆزىنىڭ كىشىلىك بۇرچىنى تونۇپ يەتكەن ئاڭلىق ئەمگەكچى سۈپىتىدە كۆرۈپ، چەكسىز سۆيۈنۈش ھېس قىلدى. * يەنىلا بۇ كىچىك ئىش، لېكىن ئۇ مېنى ئۆزەمگە قويغان تەلەپلىرىم ئالدىدا بوشاڭ كۆرسىتىدىغان ئىش.

**بوشاڭلىق** «بوشاڭ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بوشاڭلىق قىلسا ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشىدىغانلىقىنى سەزگەن دورغا ئۆزەڭگىنى چىڭ تېپىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. * — بۇ ئىشنى ھۆكۈمەتكە ۋاقتىدا مەلۇم قىلىش كېرەك، كېچىكتۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ، زادى بوشاڭلىق قىلما، — دېدى ئەخمەتباي مەنسۇر شاگىيۇغا.

**بوشاندۇرماق** «بوشانماق» پېئىلى ②نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇنداق بولسىمۇ ئايىسىخان «دوستقا تاپا، دۈشمەنگە كۈلكە» قىلماسلىق ئۈچۈن، زىلەيىنىڭ ئاي ـ كۈنى توشقاندا بىر چىرايلىق «تىلەپ» كەلدى، سالامەت بوشاندۇردى.

**بوشانماق** ① «بوشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: گۈلى ئىشكتىن كىرە ـ كىرمەيلا ئاپىسىنىڭ قولىدىن بوشاندى ـ دە، ئۇدۇل چامادانلارنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باردى ۋە قوللىرى بىلەن خۇددى ئاسلاننى ئەركىلەتكەندەك چامادانلارنى سىلاشقا باشلىدى. ② كۆچمە. **كۆز يورۇماق، تۇغماق**: ئىخلاس بۆۋى شۇندىن كېيىن دەرۋازىدىن چىقماستىن كىتاب ئوقۇدى. ھېلىقى ئادەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئىككىنچى يىلى باھاردا تاڭ سەھەردە ئۇ بوشاندى. * نىزام بولسا جاپپارنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، ئۇنىڭ ئايالى بوشانغىلى ئالتە ئايدىن ئاشتى. نىزامنىڭ ئايالى بىر يوقلاپ كىرىمەن ـ كىرىمەن دەپ زادىلا ۋاقىت چىقىرالماي يۈرەتتى.

**بوشلۇق** ①«بوش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى — پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى (ماقال). * قېنى باللار، ھازىر مېھمانمۇ يوق، ئۆيىمىزنىڭ بوشلۇقىدا تاملارنى ئاقارتىۋالايلى. * يازىدىغان خەتنى قولۇمنىڭ بوشلۇقىدا ئەكەلسەڭ ناھايىتى ياخشى بولاتتى. ② ئى. **ئەتراپى مەلۇم نەرسە بىلەن ئورالغان دائىرىلىك، خالىي جاي**: دىماغ بوشلۇقى. ئېغىز بوشلۇقى. * تاش ئاستىدىكى پەلەمپەي سىنى يەر ئاستى بوشلۇقىغا ئېلىپ بارىدۇ. ③ ئى. **زېمىندىن خالىي باشقا يۇلتۇزلار ئارىلىقىدىكى مۇساپىلار**: ئالەم بوشلۇقى. ئاسمان بوشلۇقى. * ھېسسىيات مەيلى نېمىدىلا بولسۇن ئۆزىنىڭ ئىزىنى قالدۇرىدۇ، بەلكى ئۇ بوشلۇقتىن ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. * نۇرنىسا كۆز ياشلىرىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ بوشلۇققا قاراپ يەنە سۆز باشلىدى. ④ ئى. **بوش ياتقان يەر، جاي**: باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كەڭ بوشلۇققا بىردەمدىلا نۇرغۇن باللار توپلاندى. * نەسىردىن ئاكا چۆچۈپ قارىۋىدى بايتال يول چېتىدىكى بوشلۇقتا ئېغىناپ تېپىرلاۋېتىپتۇ. ⑤ ئى. **ماددىلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر خىل ئوبيېكتىپ شەكلى. كەڭلىك، ئۇزۇنلۇق، ئېگىزلىك ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.** ⑥ تولۇقسىزلىق، كەملىك: بۇ لۇغەت ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ.

**بوشلۇق پەنجىرىسى** <فىز>كرىستالنى تەش-

كىل قىلغۇچى زەررىچىلەر (مولېكۇلا، ئىئون ياكى ئاتوم) نىڭ مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە بوشلۇقتا تىزىلىپ تۈزگەن سېپى. خىمىيىلىك تەركىبى ئوخشاش، بوشلۇق پەنجىرىسى ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ماددىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ يەنە «كرىستال پەنجىرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بوشلۇق توپى** <گېئول> كرىستاللار ئىچكى قۇرۇلمىسىدىكى سىممېترىيە ئامىللىرىنىڭ توپلىمى. ھەرقانداق كرىستاللار قۇرۇلمىسىدا ئومۇمەن 230 خىل بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان بوشلۇق توپى بولىدۇ.

**بوشلۇقتىكى شەكىل** <مات> بارلىق نۇقتىلىرى بىر تەكشىلىكتە ياتمىغان گېئومېترىيىلىك شەكىل.

**بوشلۇق دولقۇنى** <فىز> يەر شارى يۈزىدىن ئايرىلغان ھالدا تارقىلىدىغان رادىئو دولقۇنى.

**بوشتىلماق** «بوشاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەرىپە يېرىم سائەت ئىچىدە بەش خىل سەي قورۇپ ئەكىردى. مېھمانلار ماختاپ-ماختاپ يېيىشتى. بوتۇلكىلار ئارقا-ئارقىدىن بوشىتىلدى. * — قېنى، ماڭايلى، بۇلارنىڭ قولى بوشىتىلىپ، پەقەت قول بېغىشىدىنلا بوشراق باغلانسۇن! — دەپ بۇيرۇدى-دە، قوگۇمەن ئۆزى ئالدىدا يولغا چۈشتى.

**بوشقى** ئى. تارس. ۋاقىتلىق ئادەم چاقىرىدىغان، ۋاڭ بۇيرۇغان ئىشلارغا ماڭىدىغان كىشى.

**بوشىماق** پ ① ئىگىلىگەن ۋە ئىشغال قىلىنغان نەرسىدىن خالىي بولماق: ئۆي بوشىدى. يول بوشىدى. * ئۇ بوشىغان چىنىنى ئۈستەلگە جاقىدە قويدى-دە، تام تەرەپكە بۇرۇلۇپ، بېشىنى ياستۇققا تاشلىدى. * خەتمۇ پۈتتى چاپلىدى، تام گېزىتنىڭ بېشىغا. كۆكسى-قارنى سەل بوشاپ، ياندى ئۇلار ئىشىغا. ② ئىشتىن، مەلۇم ھەرىكەتتىن چۈشمەك؛ بىكار بولماق: گېپى گەپكە ئوخشىماس، ئاغزى گەپتىن بوشىماس (ماقال). * يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ قولى خېلى بوشايدۇ. * — ئالدىرىما ئۇكام، قول سەل بوشىسۇن، ئاندىن سېنىڭ توي ئىشىڭنى بىر تەرەپ قىلايلى، — دېدى سايىت ئاخۇن ئىنىسى ھەسەنگە. ③ قۇتۇلماق، بىكار بولماق: ئىشتىن بوشىماق. خىزمەتتىن بوشىماق. تۈرمىدىن بوشىماق. ئەمەلدىن بوشىماق. * — تۈرسۇن بەنجاڭ، سىزنىڭ ئاشپەزلەر بەندىگە چىقىپ ئىشلىشىڭىزنى قارار قىلدۇق. كونا ئاشپەز بەنجىڭى ھەربىي سەپتىن بوشاپ قايتماقچى، — دېدى كوماندىر.

**بوغا** ئى. ھارۋىغا قېتىلىدىغان ئات، ئېشەكنىڭ بويىنىغا سېلىنىدىغان رەختتىن تەييارلانغان ھارۋا جابدۇقى؛ جەمبو: توم تۇياقلىق، قابىل سۇر ئېشەك بوگۇنكى ھارۋىكەشتىن ئەجەبلەنگەندەك قۇلاقلىرىنى شىڭگايتىپ بوغا كىيگۈزۈلگەن بېشىنى ھە دەپ سىلكىيتتى.

**بوغاز** سۇپ <زوئول> قورسىقىدا بالىسى بار: سەييات تورنى تارتىپ بېلىقنى ئالدى. بوغاز بېلىقنىڭ قارنىنى ياردى. * قىزنىڭ ئاتىسى مېھمانغا سويۇشقا ئەركەك قوي ئىزدەپ، ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئاخىر كېلىپ ئۆزىنىڭ بوغاز قويىدىن بىرىنى سويۇپتۇ.

**بوغاز بولماق** ئۇرۇقلىنىش ئارقىلىق چىشى ھايۋانلارنىڭ قورسىقىدا تۆرەلمە ھاسىل بولماق.

**بوغاز قىلماق** ئۇرۇقلاندۇرۇش ئارقىلىق چىشى ھايۋانلارنىڭ قورسىقىدا تۆرەلمە ھاسىل قىلماق.

**بوغالتىر** ئى [ر <نېم] ئىدارە-جەمئىيەت، كارخانا قاتارلىقلارنىڭ ھېساب-كىتاب ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغۇچى خادىم، ھېساباتچى: — مۇدىر، — دېدى ئۇ، ياغاچلارنى كەمگەندۇ سېتىش توغرىسىدا بوغالتىر بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتقان پەخىرىدىنگە، — نېمە قىلغان ئىشىڭىز بۇ؟

**بوغالتىرلىق** ئى. بوغالتىرلار ئىشىنىڭ كەسپ نامى: شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي مۇدىر

www.uyghurkitap.com

ماڭا بەكمۇ مېھرىبان بولۇپ كەتتى، مېنى يەنە بىر ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، مەن تۇيۇقسىزلا بوغالتىرلىق بۆلۈمىگە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئۆستۈم.

**بوغالتىرىيە** ئى [ر] ھېساب-كىتاب نەزەرىيىسى ۋە پراكتىكىسى: بىز بۈگۈن بوغالتىرىيەدىن دەرس ئاڭلىدۇق.

**بوغجۇما** ئى. كىيىم-كېچەك، ۋە كىيىملىك رەختلەرنى ئوراپ تۈگۈپ قويۇلغان بوپا: — دوست بار، دۈشمەن بار. يالغۇز قىزنىڭ بوغجۇمىسى ياخشىراق بولسۇن. چۈنكى، بوغجىمنى ھەممىنىڭ ئالدىدا ئېچىپ كۆپچىلىككە كۆرسىتىدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟ — دېيىشتى ئاياللار.

**بوغجۇملاتماق** «بوغجۇملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇۋىم تويلۇقلارنى بوغجۇملىتىپ قىز ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى.

**بوغجۇملانماق** «بوغجۇملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يىگىتلەر ماللارنىڭ بوغجۇملانغانلىرىنى ئاستىغا، تېڭىلغانلارنى ئۈستىگە بېسىپ تەپتەخ قىلىپ قويۇشتى.

**بوغجۇملىق** سۈپ. بوغجۇما قىلىشقا لايىق، مۇۋاپىق؛ بوغجۇما بولغۇدەك: سىڭلىم، بىر-ئىككى بوغجۇملىق رەخت بارمىدۇ؟

**بوغجۇملىماق** پ. نەرسىلەرنى ياغلىقلارغا تۈگۈپ بوغجۇما قىلماق.

**بوغچا** ئى. رەخت ياكى تېرىدىن تىكىلگەن، ئوقۇغۇچىلار دەپتەر-قەلەملىرىنى سالىدىغان، دولىغا ئاسىدىغان ياكى قولىدا كۆتۈرىدىغان خالتا: — بوغچىنى تۈنۈگۈن تىكىپ بەرسەم بۈگۈن يەنە يىرتىپسەنغۇ؟! — دېدى مەريەمخان ئاچا ئوغلىغا كايىپ.

**بوغدۇرماق** «بوغماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شىياۋخۇانىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئوقۇشتىن چەكلەپ، مەجبۇرىي ھالدا ئۇنىڭ پۇتىنى بوغدۇرغانىدى.

**بوغدۇرۇلماق** «بوغدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دوختۇرلار ماشىنىدىن بوۋاينى كېسەلخانىغا ئېلىپ كىردى-دە، جاراھىتىنى تاڭدى ۋە بوغدۇرۇلغان يىلىكىنى يېشىۋەتتى.

**بوغرۇل** سۈپ. قارىغا مايىل قىزىل.

**بوغرۇل ئات** بوغرۇل رەڭلىك ئات.

**بوغقۇچ** ئى. قاپ-خالتىلارنىڭ ئېغىزىنى، بەتنىكە، توپلەيلەرنى، قۇش-ھايۋانلارنىڭ پۇت-قانىتىنى بوغۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يىپ: — ساڭا بۇ ئىش ياراشمايدۇ، — دەپتۇ قىز ئاللىقانداق بىر قىياپەتتە، — چۈنكى مېنىڭ كىيىملىرىمنىڭ بوغقۇچلىرىغا ناھايىتى چوڭ بىر كىشىنىڭ تامغىسى بېسىلغان.

**بوغقۇچلاتماق** «بوغقۇچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:

**بوغقۇچلانماق** «بوغقۇچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىراق ئىككىلا قانىتى مەھكەم بوغقۇچلانغان بۇ تىيانشان بۈركۈتى ھازىر تۆمۈر قەپەس ئىچىدە تۇراتتى.

**بوغقۇچلىماق** پ. بوغقۇچ بىلەن بوغۇپ، چىگىپ بەند قىلماق: بىر ئوۋچى قاپقان قۇرۇپ تۇتۇۋالغان بىر سېرىق جەرەننىڭ پۇت-قولىنى مەھكەم بوغقۇچلاپ، ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېتىۋاتقانىكەن.

**بوغما I** سۈپ. بوغۇپ قويۇلغان ياكى پۈرۈپ قويۇلىدىغان، پۈرمىلىك: بوغما ياقىلىق كۆڭلەك.

**بوغما II** ئى <تىب> بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل، كېسەل قوزغاتقۇچىسى بوغما تاياقچە باكتېرىيىسى؛ ئادەتتە ياز ۋە كۈزدە كۆپرەك تارقىلىدۇ. كىچىك بالىلار بۇ خىل كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىدۇ. بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ پۈتۈن بەدىنى زەھەرلەنگەن بولىدۇ؛ يۇتقۇنچاقتا سۇس كۈل رەڭ بىر قەۋەت پەردە پەيدا بولۇپ، ئاسانلىقچە ئاجرالمايدۇ؛ بەزى ئاغرىقلارنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ قالىدۇ. بۇ خىل كېسەل بەزىدە يۈرەك مۇسكۇللىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى ۋە پالەچ كېسەل-

لىكىنمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**بوغما پولات چۆيۈقى** <بىن> پولات بىتۇۇ-نىڭ ئىچىگە توغرىسىغا سەپلەنگەن پولات چىۋىق.

**بوغما قاپاق** ئىغىز تەرىپى سەل تار، قور-ساق تەرىپى خېلى كەڭ، ئوتتۇرىسى خۇددى بوغۇلغاندەك تار بولغان قاپاق: ئىرىق بويى-دىكى چىغىر يول بىلەن بىرنەچچە خوتۇن كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا چېلەك، بەزىلىرىنىڭ مۈرىسىدە خۇرجۇن ياكى يوغان-يوغان بوغما قاپاقلار بار ئىدى.

**بوغما ياقا** يۇقىرى تەرىپى خالتىغا ئوخشاش ئېتىلىدىغان ئۆرە ياقا.

**بوغما يەڭ** ئۇچى پۈرۈلۈپ رېزىنكە ياكى بىنت بىلەن بوغۇلغان يەڭ: ئۇ، بوغما يەڭلىك چاپان كىيىۋالغان بىر يىگىت بىلەن كېتىۋاتاتتى.

**بوغماق I** پ ① قاتتىق يىغىپ سىقماق؛ سىقىپ باغلىماق: بىردىنلا قار ئىچىدىكى كىچىك كۆتەككە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۇم. ئۇ يەنە كۆكرىكىمگە مىنىۋېلىپ، گېلىمنى ئىككى قولى بىلەن بوغۇشقا باشلىدى. * ئەپەندىم پادىشاھنىڭ تازا ئۇبدان قارچىغىسىدىن ئۇچىنى ئېلىپتۇ ۋە قاپىقا سېلىپ ئاغزىنى مەھكەم بوغۇپتۇ. ② مەلۇم ئارى-لىقنى بىرەر توساق بىلەن تۇتاشتۇرۇپ توسماق: دەريانى بوغماق. يول ئېغىزىنى بوغماق. ③ كۆچمە. توسقۇنلۇق قىلماق، ئۆسۈش، راۋاج-لىنىش يولىنى توسماق: ئاينۇر ھېلىقى ماجىرادا قادىرنىڭ خاپا بولۇپ چىقىپ كەتكىنىدىن كېيىن، بۇ ئەھۋالغا زادىلا چىداپ تۇرالمىدى، ئۇ ئۆزى-نىڭ شەخسىيىتىگە تەگكەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئارزۇيىنىڭ ئاكىتىپ، ئىلغار تەشەببۇسلارنى بوغۇپ، ياش كۆچلەرگە ھەدەپ زەربە بېرىۋاتقاند-لىقىغا چىدىيالمىدى. ④ گېلىدىن چىشلەپ ئۆلتۈرمەك: — تويپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر، بۇ ھەمراھلىرىدىن قاچقان قوي بولسا كېرەك. بىچارىنى بىرنېمە بوغۇپ قويۇپتۇ-دە، — دېدى

ئايۇپ ئاكام. ⑤ خۇلاسىلىماق: ئۇنىڭ ئاڭلىق ئىنتىزامى يەنىلا كۈچىكە ئىگە، بىراق ھېسابىنى بوغقاندا كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ ئۆز خىراجىتىنىڭ ھۆددىسىدىن مۇتلەق چىقالمايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

**بوغماق II** سۈپ ① باغلاپ، تېڭىپ قويۇل-غان: ھى-ھى... بۇ يەردە پۇل بار ئەمەسمۇ؟ ئاز پۇل ئەمەس-تە، تاراقلاپ تۇرىدىغان، ساپمۇ-ساق تۆت بوغماق دەڭلا! ② بوغۇم-بوغۇم قىلىنغان: قوللىرىدا ئۈچ ئاياغلىق دۇربۇن ۋە ياكى بەزىسىدە ئالا بوغماق ئۆلچەم خادىسى. قول يايرىقى ئېگىز-پەسكە يەلپۈنەر بەزەن، خادىلار تەڭ يىقىن-يىراق يۆتكىلەر بەزەن.

**بوغماق ئۈچەي** <تب> چوڭ ئۈچەينىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاساسىي قىسمى. قارىنغۇ ئۈچەي بىلەن تۇتاشقان ۋە يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلىگەن قىسمى «ئۆرلىمە بوغماق ئۈچەي»، ئۇنىڭدىن كېيىنكى قورساق بوشلۇقى ئىچىدە توغرىسىغا سو-زۇلغان قىسمى «توغرا بوغماق ئۈچەي»، تۆۋەنگە قاراپ سوزۇلغان قىسمى «تۆۋەنلىمە بوغماق ئۈچەي»، يانپاش سۆڭەكنىڭ سول تەرىپىدىكى ئەڭ ئاخىرقى «s» شەكلىدە سوزۇلغان قىسمى «s» سىمان بوغماق ئۈچەي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچەي گەۋدىسى بوغۇم-بوغۇم بولغاچقا «بوغماق ئۈچەي» دەپ ئاتالغان.

**بوغماق ئۈچەي ياللۇغى** <تب> بوغماق ئۈچەي شىللىق پەردە ياللۇغى. ئىپادىسى: ئىچ سۈرىدۇ، قورساق ئاغرىيدۇ، ھەمىشە قۇرۇق ئىنجىق تۇتىدۇ؛ چوڭ تەرەت كۆپىنچە شىللىق سۇيۇقلۇق، قان ۋە يىرىڭ ئارىلاش كېلىدۇ.

**بوغماق يىلان** <زوئول> زەھەرى يوق بىر خىل چوڭ يىلان، ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېترغا يېتىدۇ؛ بېشى ۋە ئېغىزى چوڭ، تىلىنىڭ ئۇچى ئاچىماق، دۈمبە تەرىپى قوڭۇر قارا، قارامتۇل سەپكۈنلىرى بار، قورساق قىسمى

www.uyghurkitap.com

ئاق. كۆپىنچە تروپىك بەلباغلاردىكى سۇغا يېقىن ئورمانلاردا ياشايدۇ؛ كىچىك سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ: — ئۇنىڭ نەزىرىدە دادىسىنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. دادىسى ئۇنى مېهرى بىلەن تىزىغا ئېلىپ، دۇنيادىكى غەلىتە نەرسىلەر توغرىسىدا — ئامازۇنكا دەرياسى ۋادىسىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىقتىكى يوغان بوغماق يىلانلار، نىل دەرياسى بويىدىكى سېرىق تەنلىك ئادەملەر، تىمساهلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى.

**بوغنۇقماق** پ ① ئەركىن نەپەس ئالالماي، تۇنجۇقۇپ قالماق: يادىمدا قاپلاردا بوغنۇققان جانلار، يادىمدا ياغ چېچىپ ئۆرتىگەنلىرىڭ! ② كۆچمە. بېسىم ۋە قىسىلىش سەۋەبىدىن ئەركىن ئىش قىلالماسلىق: بىز بۇنداق ئەهۋاللارنى هەممە يەردە ئۇچرىتىمىز. قىزلىرىنىڭ مېهمانخانىلىرىدا ئۇ كىشى كىيمىگە چۈشكەن ماي دېغى بولۇپ كۆرۈنمەيدۇ دەمسىلەر؟ ئۇ ئۇلارنىڭكىدە قىسىنىپ - قورۇنۇپ، بوغنۇقۇپ كەتكەن.

**بوغۇرساق** ئى. بوشراق بولدۇرغان، ماي شكەر ئارىلاشتۇرۇلغان خېمىردىن بارماقتەك توملۇقتا، ئىككى سانتىمېتر ئۇزۇنلۇقتا ئۈزۈپ ياغدا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك: ئۆيگە كەلگەندە باي ئاتام بىلەن ئاغىچا ئاپام قەنت بىلەن چاي، بوغۇرساق بىلەن چاي بېرىدۇ.

**بوغۇز I** ئى. ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئاشلىقتىن تەييارلانغان ئوزۇقلۇقى: قالماق ئېتى بوغۇز يېمەس، بوغۇز يېسە تۇۋرا تېشەر (ماقال) * مەسۇم ئاكا يەنە ئاللىبۇرۇنلا ئاتخانىدىن جېكىلەپ، ئاتخانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇۋېلى گويا ئاتنىڭ بوغۇز يېيىشىگە مەستلىكى كەلگەندەك، ئۇنىڭ يالىنى تاراشقا باشلىدى.

**بوغۇز II** ئى ① ئېغىز بوشلۇقىنىڭ قىزىلئۆڭگەچ ۋە كېكىردەك باشلانغان يېرى؛ يۇتقۇنچاق، گال: سېنىڭ ئىشق - دەردىڭدە، بوغۇزىمدىن غىزا ئۆتمەس. بىر يىل بولدى كۆيگىلى، ئوت تەپتى ساڭا ئۆتمەس. * ئوق ئەجەل يوللاپ مەخلۇق ياۋۇزغا، سانجىلدى ئۇدۇل بېرىپ بوغۇزغا. * مۈشۈك بېلىقنىڭ باش تەرىپىنى ئۈزۈپ يەپ، تېنىنى ئىتقا بېرىپتۇ. مۈشۈك ئەڭگۈشتەرنى بېلىقنىڭ بوغۇزىدىن تېپىۋېلىپ ئىتقا تۇيدۇرماي ئاغزىغا سېلىپتۇ. ② كۆچمە. ئەجەللىك جاي، ئۆلۈم گىرداۋىدىكى جاي: جان بوغۇزىغا كەلمەك. ③ تۇرلۇك چوڭ‌گۈن، ئىدىش، قاپاق، ئاپتۇۋا قاتارلىقلارنىڭ ئاغزىدىن قورسىقىغىچە بولغان تار جاي: باتۇر ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي، قولىدىكى ئاپتۇۋىنىڭ بوغۇزىدىن تۇتۇپ يەرگە بىرنى قويۇۋىدى، بېيىڭى ئاپتۇۋا خۇددى ئېتىنى يەپ تاشلىۋەتكەن قوغۇن كاسىسىدەك ماكچىيىپلا قالدى. ④ ئىككى سۇ كۆلىياكى دېڭىزنى تۇتاشتۇرغۇچى تار سۇ يولى: تەيۋەن بوغۇزى.

**بوغۇز ئاغرىقى** <تب> يۇتقۇنچاق — كېكىردەكنىڭ ياللۇغلىنىشى، قىزىرىپ ئىششى، قاتتىق ئاغرىشى قاتارلىق كېسەل ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**بوغۇز پارتلىغۇچ تاۋۇشى** <تل> ئۆپكىدىن چىقىۋاتقان هاۋا ئېقىمى بوغۇزدا توسقۇنلۇققا ئۇچرىغاندىن كېيىن پارتلاپ چىقىشتىن هاسىل بولىدىغان تاۋۇش. مەسىلەن: ئەرەب تىلىدىكى هەمزە، «ع» تاۋۇشلىرى.

**بوغۇز سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشى** <تل> ئۆپكىدىن چىقىۋاتقان هاۋا ئېقىمى بوغۇزدا توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، سىيرىلىپ چىقىش ئارقىلىق هاسىل بولىدىغان تاۋۇش. مەسىلەن: «ھ».

**بوغۇزخانا** ئى. ئۇلاغلارنىڭ يېمەكلىكىنى ساقلايدىغان ئورۇن؛ ئامبار: خۇپتەن ۋاقتى، مەتقۇلى بوغۇزخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، موللا زەيدىننى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ كىردى. بۇ چاغدا ئاتخانىنىڭ دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سېلىپ قويۇلغان، سىرتتا ئەل ئايىغى بېسىلىپ تىمتاسلىق هۆكۈم سۈرگەندى.

**بوغۇزلاتماق** «بوغۇزلىماق» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى: مىكياندىن بىرىنى تۇتۇپ كىرىپ بوغۇزلاپ بېرىڭ دېسەم نەجمىدىن ئۇنىمىدى. قوشنىلاردىن بىرىگە بوغۇزلىتاي دەپ ماڭسام توخۇنى تارتقۇزۇپ قويۇۋەتتى.

**بوغۇزلاشماق** «بوغۇزلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قارىغۇدەك بولسا يولدا ئۇچ ئۆلۈك ياتقۇدەك، ئىرقتا ئىگىراۋاتقان ئايالىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا بۇلار نەپسانىيەتچىلىكتىن بىر ـ بىرىنى بوغۇزلاشقان مەستلەر ئىكەن.

**بوغۇزلاندۇرماق** پ. ئات ـ ئۇلاغلارغا بوغۇز يېگۈزمەك: بىز خاڭگوڭدا بىر ئاخشام خاتىرجەم دەم ئېلىپ، ئاتلىرىمىزنى بوغۇزلاندۇرۇپ، ئۈچىنچى كۈنى تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ ئاقسۇ شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدۇق.

**بوغۇزلانماق** «بوغۇزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شاھزادە رومالىنى ئېچىپ قارىغانىكەن، بوغۇزلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن ناھايىتى چىرايلىق بىر ئايال چىقىپتۇ. * ئاسىم «قاۋانلىق» قا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بوغۇزلانغان كىيىكنىڭ يېنىدا كۆلۈشۈۋاتقان ئادەملەرنى كۆردى.

**بوغۇزلۇق I** ① ئى. ھايۋانلار يەم ـ خەشەك قىلىشقا مۇۋاپىق ئاشلىق، ئوزۇقلۇق. ② سۈپ. يەم ـ خەشەك تاللىماي، ئىشتىھا بىلەن يەيدىغان (ھايۋان ھەققىدە): بوغۇزلۇق ئات.

**بوغۇزلۇق II** ئى. چارۋا ماللارنىڭ پىچاق سۈرىدىغان، بوغۇزلىنىدىغان جايى.

**بوغۇزلىماق** پ. بوغىزىغا پىچاق سۈرمەك؛ ئۆلتۈرمەك: بىر بەگ بۆرىنىڭ ئاغزىدىن بىر قوينى قۇتۇلدۇرۇپ ئۆيىگە ئەكىلىپتۇ ـ دە، ئۇنى بوغۇزلىماقچى بولۇپ يەرگە يىقىتىپتۇ. * سۇلايماننىڭ ئۆيىدە ھېلىقى «قايناق» دېگەن سېمىز كىشى مېھمان بولۇۋاتىدۇ. سۇلايمان قوي سويىمەن دەپ كېچىدە مۇزىينى بوغۇزلىۋېتىپتۇ.

**بوغۇشماق** ① «بوغماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى يىغقان ئوغۇتنى تاغارلىرىغا ئېلىشىپ، ئېغىزلىرىنى بوغۇشۇپ يەنە يۇدۇپ كېتىشتى. ② ياقا سىقىشىپ ئۇرۇشماق: غەنى ئىشكاپنى ئېچىۋاتقاندا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغان ئالىمجان ئۇنىڭغا ئېسىلدى. ئىككىسى ياقا سىقىشىپ بوغۇشۇپ كەتتى. * سايىم كېلىشتۇرۇپ، بىرنى تېپىۋىدى، نېمەت داجىپ بېرىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ، سايىمغا تاشلاندى، ئىككىسى بوغۇشۇپ كەتتى.

**بوغۇق** سۈپ. بوغۇلغان، بوغۇلۇپ، خىرىلداپ قالغان: ــ بۇلبۇل بولساڭ سايراپ باققىنا، ــ دەپتۇ باغۋەن. ئەپەندىم ھەم بوغۇق ھەم قوپال ئاۋاز بىلەن سايراشقا باشلاپتۇ. * ۋاقىت سائەت ئون ئىككىگە يېقىن بېرىپ قالدى. ھېچقاياقتىن كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ. پەقەت يىراقلاردىن قاۋىغان ئىتلارنىڭ بوغۇق، سۇس ئاۋازلىرى ۋە يېقىن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئاچچىق ھەم بوم ئاۋازلىرىلا كىچىنىڭ كۆڭۈلگە بولغان ئېغىر بېسىمىنى تەۋرەتكەندەك بولاتتى.

**بوغۇقلۇق** سۈپ. بوغۇلغان، بوغۇپ قويۇلغان: كەپتەرنىڭ قانىتى بوغۇقلۇق ئىكەن. * ئاغزىم بوغۇقلۇق ۋارقىرالمىسام! دەريادەك تېشىپ شارقىرالمىسام.

**بوغۇلماق** ① «بوغماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ــ ئاغزى بوغۇلغان كالىدەك پۇشۇلداپ يۈرىسەنغۇ؟ ــ دېدى ئابلەت تۇرغۇنغا. * ۋارقىرىدى ئۇنىڭ ئۈنى چىقمىدى، تېپىرلىدى سىرتىماقتا بوغۇلۇپ. كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، ھەممە نەرسە كەتتى بىردىن يوقىلىپ. ② خىرىلداپ نەپەس ئالماق، ئاۋاز چىقىرىش تەسلەشمەك؛ بوغۇق ئاۋاز بىلەن سۆزلىمەك: ئۇنىڭسىزمۇ ھاۋانىڭ شالاڭلىقىدىن نەپىسى بوغۇلۇپ ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالاي دېگەنىدى. * چوڭ ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ياغاچ ئورۇندۇقتا ئاتىمىش ياشلاردىكى بىر كىشى ئاپتاپ سۈنۈپ ئولتۇراتتى، ئۇ پات ـ پات بوغۇلۇپ يۆتىلەتتى ۋە خىرقىراپ نەپەس ئالاتتى. ③ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتماق: ئۇ تازا بوغۇلۇپ تۇرغاندا، بىردىنلا قومۇشلۇق ئىچىدىن بىر بېلىقچى كىچىككىنە قېيىقنى ھەيدەپ چىقىپ كەلدى. ④ چىرمالماق، مۇپتىلا بولماق؛ پاتماق: ئارىدىن ئانچە ئۆتمەي

ئىككىنچى ئوغلۇم ئاغرىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. ئاڭلىسام، قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىپتۇ، قالغان بىساتىمنى ساتتىم. * قەرزگە ئۆمىدىم بار ئىدى سەندىن ئەدەبلىك بولسا دەپ ئوغلۇم. بوغۇلدۇڭ كۆپ جىنايەتكە، يارا بولدى يۈرەك ـ كۆڭلۈم.

**بوغۇم** ئى. ① نەرسىلەرنىڭ ھەربىر بۆلەكلىرىنىڭ ئۆزئارا تۇتاشقان جايى: بوغۇم پۇتلۇقلار. قومۇشىنىڭ بوغۇمى. ② <فىزىئول> بەدەن سۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزئارا بىرىككەن جايى: ئۇستىخانلىرىم بوغۇملىرىغىچە ئاغرىپ كەتتى. ③ <تىل>بىر ياكى بىرقانچە تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن ھاسىل بولغان ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك: ئوچۇق بوغۇم. يېپىق بوغۇم.

**بوغۇم ئاياغلىقلار** <زوئول> ئومۇرتقىسىز ھايۋانلارنىڭ بىر تىپى، تېنى نۇرغۇنلىغان بوغۇملاردىن تەركىب تاپىدۇ، ئادەتتە باش، كۆكرەك ۋە قورساق دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؛ سىرتىدا قاسىرىقى بولۇپ، ئىچكى ئەزالىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدۇ؛ ئاياغلىرى جۈپ ۋە بوغۇملۇق كېلىدۇ؛ تۈرى ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن: قىرىقئاياغ، ئۆمۈچۈك، ھەرە، كېپىنەك، راك، قىسقۇچپاقا قاتارلىقلار.

**بوغۇم ئايرىش بەلگىسى** <تىل> يېزىقىمىزدىكى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بوغۇمنى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇمدىن ئايرىپ ئوقۇشتا قوللىنىلىدىغان شەرتلىك بەلگە.

**بوغۇم تەنلىكلەر** <زوئول> ھايۋانلارنىڭ بىر تىپى، تېنى ئۇزۇن ۋە يۇمشاق بولۇپ، نۇرغۇنلىغان بوغۇملاردىن تەركىب تاپىدۇ؛ سىرتىدا ئەينەككە ئوخشايدىغان نېپىز پەردىسى بولىدۇ؛ باش، كۆكرەك ۋە قورساق قىسىملىرى ئايرىلمايدۇ؛ ئۈچىيى ئۇزۇن ۋە تۈز كېلىدۇ. مەسىلەن: سازاڭ، سۈلۈك قاتارلىقلار.

**بوغۇم كۆچۈرۈش** <تىل> قۇر ئاخىرىغا سىغماي قالغان سۆزلەرنىڭ بىر قىسمىنى يېڭى قۇردىن يېزىشتا توغرا كەلگەندە بوغۇمنى بىرلىك قىلىپ بۆلۈپ يېزىش.

**بوغۇم ياللۇغى** <تىب> بوغۇم ياللۇغلانغان بىر خىل كېسەللىك، ئالامەتلىرى: بوغۇم قىزىرىپ ۋە ئىششىپ قاتتىق ئاغرىيدۇ؛ بەزى ۋاقىتلاردا قىزىتىدۇ، ئېغىرراقلىرىدا بوغۇمنىڭ شەكلى ئۆزگىرىدۇ ياكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىدۇ.

**بوغۇم ـ بوغۇم** ① «بوغۇم» سۆزى «②»نىڭ تەكرارلىنىشى. ② بىر بوغۇم ـ بىر بوغۇم، بۆلەك ـ بۆلەك: باي ئۇنىڭ بوغۇم ـ بوغۇم بولۇپ تۇرغان كىگىز پايپاقلىق ئايىغىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

**بوغۇملۇق** سۈپ. بوغۇملىرى بار، بوغۇملارغا ئىگە: ئۇلارنىڭ ھەممىسى «نازاكەتلىك»، «سىلىق»: ئۇلاردا بومبا ۋە تاپانچا تۈگۈل توقۇز بوغۇملۇق سىم قامچىمۇ، ئۈچ قىرلىق ئىككى بىسلىق خەنجەرمۇ يوق.

**بوغۇملۇق يېزىق** <تىل> بىر خىل ئېلىپبەلىك يېزىق. ئۇنىڭ ھەرپى بىر پۈتۈن بوغۇمنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: سانسكرىت يېزىقىغا ئوخشاش.

**بوغۇن I** ئى. ئەۋلاد، نەسىل: ھازىر پېشقەدەم بوغۇنلار ئۆلۈپ بولدى. كېيىنكى بوغۇنلارنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەكمۇ ھالى قالمىدى؛ ياش بوغۇنلاردىن بەزىلىرى جۇڭگو ئىنقىلابى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزدى.

**بوغۇن II** ئى ← **ھەرە.**

**بوغۇناق** ئى. بوراندىن ۋە ئادەم، ھايۋانلارنىڭ جىددىي ھەرىكىتىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭ: ئۇلار شۇ سۆز ئۈستىدە تۇرغان چاغدا، يىراقتىن يەنە چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپتۇ. كۆكنىڭ يۈزىنى بىر قەۋەت بۇلۇتتەك بوغۇناق قاپلاپتۇ.

**بوغۇنداش** ئى. ئۇرۇق ـ ئەۋلاد؛ نەسىل ـ

داش: بىزنىڭ بوغۇنداشلىرىمىزدىن مەيلى ئوغۇل، مەيلى قىز بولسۇن ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغىنى يوق.

**بوغۇنماق** پ. نەپەس ئالالماسلىق.

**بوقتاق** ئى.دىئال. كىچىك داۋان ياكى توغرا قىر.

**بوقتوغ** ئى.دىئال. قولىنىڭ جەينەكتىن يۇقىرى مۈرىگىچە بولغان ئارىلىقى، بىلەك.

**بوقۇسا** ئى. ياغاچتىن ياسالغان، تۆمۈر چىش بېكىتىلگەن ۋە يەر ھەيدەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئاددىي سايمان: ئىختىيار ئەيلىسەك بىلمەكنى تۇكۇل، سورىغىن، چېكەمگە چۈشكەن ئەجىندىن، ۋە ياكى سامانىدەك سارغايغان يۈزۈم، چۈشەنگىن بوقۇسا قالدۇرغان ئىزدىن.

**بوكس** ئى [ر<ئىنگ] <تەن> مەخسۇس قولقاپ كىيىپ، مەلۇم قائىدىلەرگە ئاساسەن مۇشتلىشىش ھەرىكىتى.

**بوكسچى** ئى <تەن> بوكس ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىسپورتچى.

**بوكست** ئى [ر<فران] <خىم> **ئاليۇمىن ئوكسىدى.**

**بوك** تەق. بوغۇق قاتتىق ئاۋاز ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان سادا.

**بوك-بوك** «بوك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بوك-بوك قىلغان ئاۋاز چىقتى.

**بوڭبوڭقوڭغۇز** ئى [بوڭبۇك+قوڭغۇر] بوك-بوك، ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچىدىغان بىر خىل قوڭغۇز: ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن، بوڭبوڭ-قوڭغۇز ئەمەسمۇ؟ يىگىتلەرنى تۇتۇپ بەرگەن، ئازاد توڭگۇز ئەمەسمۇ؟

**بوڭشىماق** پ «بوك-بوك» قىلغان ئاۋاز چىقماق؛ بوڭۇلدىماق: ئۇ يەردە بوڭشىغان ئاۋاز ئارقا-ئارقىدىن چىقىشقا باشلىدى.

**بوڭۇلداتماق** «بوڭۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بوڭۇلداشماق** «بوڭۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بوڭۇلدىماق** پ «بوك-بوك» قىلغان ئاۋاز چىقماق: يىراقتىن بوڭۇلدىغان ناغرا ئاۋازى ئاڭلاندى.

**بولا I** ئى [خەن] كېپىل.

**بولا بولماق** كېپىل بولماق، ۋەكالىتەن ئۆز ئۈستىگە ئالماق: تۇرسۇننى ئاتىسى بولا بولۇپ ساقچىدىن ئېلىپ كېلىپتۇ.

**بولا II** ئى [خەن] بەشلەك ۋە قارتا ئويۇنلىرىدا ئويۇن قائىدىسىگە خىلاپ ھەرىكەت: بولا بولماق. بولا قىلماق.

**بولا بولماق** بەشلەك ۋە قارتا ئويۇنلىرىدا ئويۇن قائىدىسىگە خىلاپ ئىش قىلماق ۋە شۇ سەۋەبتىن جازاغا ئۇچرىماق.

**بولا قىلماق** بەشلەك ۋە قارتا ئويۇنلىرىدا ئويۇن قائىدىسىگە خىلاپ ئىش قىلغانلىقتىن جازالىماق.

**بولىغا كەتمەك** بەشلەك ۋە قارتا ئويۇنلىرىدا قائىدىنى بۇزغانلىقتىن جازاغا ئۇچرىماق: تۇرسۇن بۇ قول قارتىدا يەنە ئوتتۇرۇپ ئىككى رومكا ھاراق بولىغا كەتتى.

**بولاتماق** «بولماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالىم پوچتىدىن ئەۋەتىدىغان كىتابلارنى بولتىپ تەييار قىلىپ قويدى.

**بولار** ① «بولماق» سۆزىنىڭ يەنە بىر سۆپەتدىشى: بولغۇنچە بولار * بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى (ماقال). ② كۆچمە. «بېتەر، بەس، كۇپايە» دېگەن مەنىدە ئىسىملىك خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ: — ئەمدى، بولار، سۆزلىمەيلا قويۇڭ، كۆڭلۈمىزنى ئېزىۋەتتىڭىز، — دېدى ئامىنە يولدىشى ئابلىمىتكە.

**بولار ئىش بولدى** ئالدىنى ئالدىغان، تەدبىر كۆرىدىغان پەيت ئۆتتى؛ كەتتى. — بولار ئىش بولدى، ئەمدى پۇشايمان قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، — دېدى ئاپام ماڭا قاراپ.

**بولار پېرى شۇ** ① ياخشىلىنىش، ئادەم

بولۇش ، تۈزۈلۈش جەھەتلىرىدىكى ئەھۋالى شۇ، شۇنچىلىك: — بىز شۇنچە تەربىيە بەردۇق، ئادىل ھاراقىقا شۇنداق ئۆگىنىپ قالغان، ئۇنىڭ بولار يېرى شۇ، — دېدى غەيرەت نارازى بولۇپ. ② كۆچمە. راست؛ توغرا؛ ئەمەلگە ئاشىدىغان، مۇۋاپىق كېلىدىغان جايى شۇ: — بەربىر بىر كېچىككە كىرىسەن، يا ئوڭغا، يا تەتۈرىگە ئاقىسەن، گەپنىڭ بولار يېرى شۇ، ۋاقتىدا يول تاللا، كېيىنكى پۇشايمان ئۆزەڭگە دۈشمەن، — دېدى ئىمىر سونۇرغا.

**بولار-بولماس** بولمىغۇر، ئەرزىمەس، تايىنى يوق: ئەگەر سېنى بىر ئادەم چاقىرسا، بولار-بولماس ئادەمنىڭ ئۆيىگە بارما. سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا ۋە ھۆرمىتىڭگە زىيان يېتىدۇ.

**بولار-بولماي** بەلگىلىك بىرمەزگىل تولۇق ئۆتمەي: مەن خىزمەتكە چىقىپ بىر يىل بولار-بولماي دادام ئۆگەپ كەتتى-دە، پۈتۈن ئۆي بېشىمغا كىيىلدى.

**بولارلىق** سۈپ. بولىدىغان، بولۇشقا ئەرزىيدىغان: سىنىپىمىزدا گۈلنىسا، رەيھانگۈل قاتارلىق يەتتە نەپەر ئوقۇغۇچى ئۆزلىرىنىڭ ئۆلگە بولارلىق ياخشى ئىشلىرى ئۈچۈن قىزىلگۈل تاقىدى ۋە خاتىرە بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى.

**بولاشماق** «بولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بولاق I** سۈپ. ئۈستى رەخت ياكى قەغەز قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئوراپ تېڭىلغان، بولانغان: — سىزگە سوۋغا قىلىپ بىر بولاق ئالتۇن-كۈمۈش ئالغاچ كەلدىم، — دېدى سودىگەر شاھزادىغا. * بارات دېرىزىگە يامىشىپ چىقىپ، تورۇستىكى لىمنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويغان بىر بولاق نەرسىنى ئالدى.

**بولاق II** سۈپ. خېمىر تۇرۇچ سېلىپ بولدۇرۇلغان: بولاق مانتا. * ئەمەتنىڭ يۇتۇشلىرىنى، كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىغان مېھرىبان ئەمدى بىر بولاق مانتىنىمۇ ئۇنىڭغا بەردى.

**بولاق مانتا** خېمىرى بولدۇرۇلغان مانتا.

**بولاق ياپما** خېمىرى بولدۇرۇلغان ياپما.

**بولاقلىق** سۈپ ① بولاق قىلىپ قويۇلغان، بولانغان: كىتابلارنىڭ ھەممىسى بولاقلىق. ② بولاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، بولاق قىلىشقا لايىق: ئىككى بولاقلىق قەغەز.

**بولاڭخۇي** رەۋ [خەن] ① سۈپىتىگە ھۆددە قىلىنغان ھالدا: بولاڭخۇي ساتماق. بولاڭخۇي ئالماق. ② ھۆددە قىلمەن، چاتاق يوق: بۇ تاۋۇزنىڭ قىزىل چىقىشىدا گەپ يوق، بولاڭخۇي.

**بولاڭخۇي قىلماق** سېتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى ھۆددە قىلماق.

**بولالماي** رەۋ «بولماق I» ئىمكان پېئىلىنىڭ بولۇشسىز رەۋىشدىشى: — تۇرسۇن بۈگۈن كەچ ئىشخانىدا بولالمايدۇ.

**بولالماي قالماق** چىداشلىق، بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان دەرىجىگە يەتمەك: ماھىرە چۈشتىن ئاۋۋال خېلى تېتىك يۈرگەنىدەك قىلغان بولسىمۇ، بىراق چۈشتىن كېيىن بولالماي قالدى. بىردەم-بىردەم تۇرۇۋالغۇسى ۋە يېتىۋالغۇسى كېلەتتى. * بۆرە غەيرىتىگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن خېلى يەرلەرگىچە مېڭىپ بېقىپتۇ. ئاخىرى بولالماي قېلىپتۇ-دە، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىۋاپتۇ.

**بولانماق** «بولىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بولانغان قەنت. بولانغان تاماكا.

**بولتا** ئى [ر] بىر ئۇچىدا كاللىكى، يەنە بىر ئۇچىدا رەزبىسى بولغان چېگىتىش دېتالى: —مانا، — دېدى سىدىق ئۇستام ئىشكتىن كىرىپلا ئىككى بولتىنى كۆرسىتىپ، — بۇ ئاشۇ ماشىنىغا سالغان بولتىدىن ئېشىپ قالغىنى، قارىسام سەل چاتاقتەك تۇرىدۇ.

**بولتىلىماق** پ. بولتا بىلەن چېگىتماق: مەردان ئوت باكقا تۇتاشقىچە كوزۇپنىڭ تەكتىگە بولتىلانغان باكنىڭ قامۇتلىرىنى يېشىپ، سىم ئارقان بىلەن چېتىپ، باكنى كۆيۈۋاتقان ماشىنا گەۋدىسىدىن ئاجرىتىۋالدى.

**بولجا I** ① سۈپ. يىلتىزدىن كۆكلەپ چىققان: ئۇ ئاشۇ بولجا تېرەككە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ② ئى. يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىققان تېرەك: نىياز ئاخۇن بېغىدىكى ئىككى بولجانى كېسىپ، ئۆز يېزىسىغا يېڭى سېلىنىۋاتقان مەكتەپكە ياردەم قىلدى.

**بولجا II** ئى. دىئال. مۆلچەر، قىياس.

**بولجالىق** ئى. بولجا تېرەك ئۆسكەن جاي: — مەن سۇلايماننىڭ ئىشكى ئالدىدىكى بولجالىقتا سۇلايماننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنغان يوچۇن ئادەمنى پايلاپ تۇرغاندىم، — دېدى توختى ئاتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سابىرغا.

**بولدۇرماق I** «بولماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بولۇمسىزنى بولدۇرالمىدىم، خۇرجۇن - قاچىسىنى تولدۇرالمىدىم. (ماقال).

**بولدۇرماق II** «بولماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باھارنىڭ ئاپتىپىدا يايراپ بارلىق، بولدۇرغان خېمىر كەبى ئەكچىيدۇ يەر. گۈرۈلدەر باھار يەردە ياكى كۆكتە، ھەر دىلغا پۈتمەس ئىشق سېلىپ ئۆتەر.

**بولدۇرۇلماق** «بولدۇرماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بولدۇرۇلغان خېمىر.

**بولدى** ① «بولماق I» پېئىلىنىڭ ئېنىق ئۆتكەن زامان III شەخس بىرلىك فورمىسى: — سائەت ئون ئىككى بولدى. تېخى كەلمەيدۇغۇ، — دېدى قېيۇم تىت - تىت بولۇپ. ② كۆچمە. كۇپايە، يېتەرلىك: — ماڭا بىرەر نان بەرسەڭ بولدى. مېڭىۋېرىمەن، — دېدى يولۇچى شاھزادىغا. * بىرەر ئۆيۈنگە كىرىشىپ قالدىڭمۇ بولدى، ھەممىنى ئۇنتۇپ ئويناۋېرىسەن. ③ كۆچمە. بەس، توختا: — بولدى، داڭلاۋەرمە، مەي باغلاپ پىشقان ئۆرۈكلەر ئىكەن، — دېدى ئەخمەتجان بىر تال ئۆرۈكنى تامىقىدا ئېزىپ. * — بولدى، — ئاسىمكام ئەخمەتنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — نېمە بولسا بولسۇن، ئەسقەرگە ماشىنىنى بېرىڭلار.

**بولدى قىلماق** تۈگەتمەك، ئاياغلاشتۇرماق، توختاتماق: رۇقىيە: بولدى قىلسىلا بوۋا، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، — دېدى. * — بولدى قىلىڭ، ئۆيۈمدىن چىقىپ كەتمىسىڭىز، كىشىلەرنى چاقىرىمەن! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ھەمرا.

**بولسا** ① «بولماق I» پېئىلىنىڭ شەرت رايى: ئوغرى بولساڭ ئىنساپ بىلەن بول، قازىنىنى ئالساڭ تۇۋۇقىنى قوي (ماقال). * ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا قېشىدا بولسا، پەرەڭ ياغلىق ئاشۇ يارنىڭ بېشىدا بولسا. ② باغل. جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئايرىغۇچى باغلىغۇچى رولىدا كېلىدۇ: مەن بولسام ئوقۇتقۇچى، ئەخمەت بولسا دېھقان. ③ ئىلگىرىلەش باغلىغۇچى رولىدا كېلىدۇ: جوزا توغرالغان نان، پىشىشىق گۆش، سېرىق ماي، قېزا، سامسىلار بىلەن تولغان، تاشقىرىقى ئۆيدىن بولسا قايناۋاتقان سۇر گۆشنىڭ پۇرىقى كېلەتتى... ④ «غان، قان، گەن، كەن» قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلار بىلەن بىللە كېلىپ، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى شەرت جۈملە بىلەن پەرەز جۈملىنى باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: تۆت كىشىلىك گۇرۇھ بۇرۇنراق يوقالغان بولسا، خەلق بېشىغا مۇنچىلىك دەرد - ئەلەم كەلمىگەن بولاتتى. * سەن كەلمىگەن بولساڭ، مەن باراتتىم.

**بولسا كېرەك** بولۇشى مۇمكىن، ئېھتىمال: يېنىمدا ئولتۇرغان كىشى بەكمۇ ھاياجانلانغان بولسا كېرەك: — شۇنداق ئەلۋەتتە، شۇنداق! تۆت كىشىلىك گۇرۇھ زىمىستان ئېلىپ كەلدى، — دەپ ئاۋازىنى چىقىرىپ ئىختىيارسىز سۆزلىۋەتتى.

**بولسۇن** ① «بولماق I» پېئىلىنىڭ III شەخس بۇيرۇق - تەلەپ رايى: — ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، — دېدى بۆلۈم باشلىقى، — بىز كەلگۈچە قولىدىكى ئىشنى جەزمەن ئورۇنداپ بولسۇن. ② قارىمۇقارشى شەرت باغلىغۇچى رولىدا كېلىدۇ: — ئالدىنقى سەپ بولسۇن، ئارقا سەپ بولسۇن، — دېدى ھەربىي كىشى، — ھەممىسى ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

**بولشېۋىزم** ئى [ر] <پەلس> ئىشچىلار ھەرد-

www.uyghurkitap.com

كىتىنىڭ ئىنقىلابى ئارقىلىق كاپىتالىستىك جەمئىيەتنى ئاغدۇرۇپ، كوممۇنىستىك جەمئىيەت قۇرۇشتا روسىيە ۋە خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتى تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا لېنىن تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيە ۋە تاكتىكا.

**بولشېۋىزملىق** سۈپ [ر] <پەلس> بولشېۋىزم نەزەرىيىسى ۋە تاكتىكىسىغا ئىگە.

**بولشېۋىك** ئى [ر] <پەلس> لېنىن قۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىشلەتكەن ئاتالغۇ بولۇپ، «كۆپ سانلىقلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى 1905 - يىلى روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى چاقىرغان 2 - قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا پارتىيە پروگراممىسى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى پرىنسىپال مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش جەريانىدا ۋەكىللەر ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈندى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى سايلىغاندا لېنىننىڭ تەشەببۇسىنى ھىمايە قىلغۇچىلار كۆپ سانى ئىگىلەپ «بولشېۋىك» (كۆپ سانلىق) نامى بىلەن ئاتالغان. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىسىم بولشېۋىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى — كوممۇنىست دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولدى.

**بولشېۋىكلارچە** رەۋ بولشېۋىكلارغا خاس يوسۇندا، بولشېۋىكلارغا ئوخشاش، بولشېۋىكلار كەبى.

**بولشېۋىكلىق** ئى «بولشېۋىك» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**بولغاي** ① «بولماق I» پېئىلىنىڭ III شەخس بۇيرۇق - تەلەپ رايىنىڭ يەنە بىر شەكلى: — ئۆزلىرى دېگەندەك بولغاي قازى ئاخۇنۇم، — دېدى قادىر ئىمام قول باغلاپ تۇرۇپ. ② كۆچمە. بولۇشى مۇمكىن، ئېھتىمال: بوۋاي مېنىڭ سۆزلىرىمدىكى جىددىيلىكنى سەزدى بولغاي، ئۇندىمەي ئارقىغا قايرىلغىنىچە تېز يۈرۈپ كەتتى. * ئولتۇرۇش ئاياغلاشتى بولغاي، بىرىنىڭ تاشقىرىغا ماڭغان ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى.

**بولغۇسى** ① «بولماق I» پېئىلىنىڭ سۈپەتداشى. ② سۈپ. كۆچمە. كەلگۈسىدە بولۇشى مۇمكىن ياكى ئېھتىمالغا يېقىن بولغان: تۇن ئايدىڭ ئىدى، مەن شۇ چوكاننىڭ ئۆيىدە ئىدىم. بىر كېنىزەك كىرىپ ماڭا: — سەن ئۆگزىگە چىقىپ، بولغۇسى ئىشنى تاماشا قىل! — دېدى. * خەتتە دۇئايى سالامدىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەنىدى: «بىرنەنچى، مەن چەت ئەلگە چىقماقچىمەن، بولغۇسى ھاكىم ئۆزلىرىگە مۇبارەك بولسۇن».

**بولغۇلۇق** ① سۈپ. بولۇشى لازىم، بولۇشى كېرەك: — سۆزلە، — دەپتۇ باي، — كىم سېنى ھاكىم بول دەپ قەستىدى؟ تاغارغا كىم سولىدى؟ قانداق قىلىپ ھاكىم بولغۇلۇق؟ * «ھوشيار بولغۇلۇق!» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ. ② ئى. بولىدىغان ئىش، بولۇشقا تېگىشلىك ئىش: — قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، بولغۇلۇق بولۇپتۇ. نېمە كەلسە، ئۆزى كۆرەر، — دېدى ھۇزىنساخان ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ.

**بولغۇلۇق بولدى** ← **بولار ئىش بولدى**: — بولغۇلۇق بولدى، قاقشىغاننىڭ پايدىسى يوق، — دەپ ئۆزىگە ھاي بەردى ھۇشۇر ئىچىدە.

**بولقا** ئى. مىخ قاتارلىق نەرسىلەرنى قېقىش، تۆمۈر ماتېرىياللىرىنىڭ ئۈستىنى تەكشىلەش ۋە ئېگىشكە ئوخشاش ئىشلاردا قوللىنىلىدىغان ياغاچ دەستىلىك پولات ياكى ياغاچ سايمان: تۆمۈر بولقا. ياغاچ بولقا. * ياقۇبنىڭ خىيالى بىر يەردە بولمىغانلىقتىن، قولىدىكى بولقا بىلەن مىخنى قاقمەن دەپ بىر ئۇرغىدى، بولقا مىخقا تەگمەي قولىغا تەگدى - دە «ۋاي!...» دېگىنىچە بولقىنى تاشلاپ قولىنى چاڭگاللاپ قالدى.

**بولقا سۆگەك** <فىزىئول> ئاڭلاش سۆگەكلىرىنىڭ بىرى، شەكلى بولقىغا ئوخشاش بولۇپ، قۇلاقنىڭ ناغرا پەردىسىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاۋازنىڭ تىترەش دولقۇنىنى

سەندەل سۆڭكى ۋە ئۇزەڭگۈ سۆڭەكلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

**بولقىلاتماق** «بولقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بولقىلاشماق** «بولقىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بولقىلانماق** «بولقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بولقىلىماق** پ. بولقا بىلەن ئۇرماق، قاقماق.

**بولكا** ئى. [ر] ئاق ئۇننىڭ بولدۇرۇلغان خېمىرىدىن دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان. ئۆزى ئۇزۇنچاق، ئىچى ھەرە كۆنىكىدەك كاۋاكچە بولىدۇ؛ تەمى تاتلىق.

**بولكىچى** ئى. بولكا پىشۇرۇش ياكى سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**بولكىچىلىق** ئى. بولكا سېتىش ياكى پىشۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كەسپ نامى: رەھىم 1983-يىلدىن باشلاپ بولكىچىلىققا كىرىشىپتىكەن.

**بولماق I** پ ① يۈز بەرمەك، سادىر بولماق: ھايۋانىلارمۇ بوش كەلمەپتۇ. قىرىق كېچە-كۈندۈز جەڭ بولۇپتۇ. * ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپكەندەك ئىش بولدى، — دېدى قادىر نارازى بولۇپ. * شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قوماندانلىق شتابىنىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىدىكى سەينادا چوڭ يىغىن بولدى. ② كەلمەك؛ باشلانماق: چۈش بولدى. زاۋال بولدى. * كۈن ئېگىلدى كەچ بولدى، شاخ ئېگىلدى پەس بولدى. بۇ زۇلۇمنىڭ دەستىدىن ياشاش بىزگە تەس بولدى. ③ بىرەر يەردە مەلۇم ۋاقىت تۇرماق، ھازىر بولماق: شەنبە كۈنى گۈلباھار كەچكىچە ھەجەر ئاچىنىڭ ئۆيىدە بولدى. ئائىلىسى يىراقتا قالغان بۇ قىزنىڭ ئىشتىن سىرتقى كۆپ چاغلىرى مۇشۇ ئۆيدە ئۆتەتتى. * — بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن مەكتەپ مەمۇرىيەت بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى مەجلىسخانىدا يىغىندا بولىمەن، — دېدى مۇدىر زەپەرجان. ④ ئورۇنلاشماق: سونۇر ھەيران بولۇپ ئەكبەرگە قارىدى: — ئىشخانا ئۇ چاغدا نەدە بولىدۇ؟ * توي كۈنى قىزلار بىر يەردە، ياشلار بىر يەردە بولىدۇ. ⑤ ئۆسمەك، ئاينىماق، ئوخشىماق: بۇ يىل بۇغدايىنىڭ بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى. * غورا بولماي مېغىزى بولماس. * بۇ يىل ھۆل-يېغىن نورمال يېغىپ، يىل ياخشى كەلگەنلىكىدىن مېۋە-چېۋىمۇ قالتىس بولدى. ⑥ ئۆتمەك: — بوۋاي بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، — دېدى خوجايىن نارازى بولۇپ، — بۇ قۇدۇقنى كولىغىلى يىگىرمە بەش يىل بولدىغۇ؟ * ماڭا مۇشۇ يەردە ياشىغىلى ئۇزاق يىللار بولدى، — دېدى كېيىك. ⑦ مەۋجۇت، بار، ھالەتتە كەلمەك: ئۇلارنىڭمۇ دائىم ماڭىدىغان يولى بولىدۇ. * ئەلۋەتتە ئەمگەك بىلەن ئۆزىگە ھايات يولى تېپىشنى مەقسەت قىلغۇچىنىڭ بۇنچىلىك گەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇغۇ! * — پارتىيە ماۋجۇشى بىزگە ئىگە سىڭلىرىم، — دېدى روزاخۇن بوۋاي ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، — دۆيىمىز قىيىنچىلىققا يولۇققىنى راست، تەخىر قىلايلى. بىز ھالىڭلارغا يېتىمىز. ئاشلىقمۇ بولىدۇ. پۇلمۇ بولىدۇ. ئۆيۈڭلەرگە كېتىڭلار. ⑧ ۋەزىپىگە تەيىنلەنمەك، بىرەر دەرىجە ۋە ئورۇنغا ئىگە بولماق: مەن ھازىر مەكتەپ مۇدىرى بولدۇم، لېكىن مەكتەپ خىزمىتىنى بىر كۈنمۇ ئىشلىگىنىم يوق. * بايۋەچچە بىر كىتابتىن: — كىمكى گۆھەر تۇغىدىغان توخۇنىڭ بېشىنى يېسە پادىشاھ، قانىتىنى يېسە ۋەزىر بولىدۇ، — دېگەن گەپنى كۆرگەنىكەن. ⑨ مەلۇم قىممەتكە يارىماق: زىۋىرشانىڭ ھېسابىدا ئۇلارنىڭ 30 مىڭ باغ قومۇشى 7 مىڭ 5 يۈز يۈەن بولاتتى. ⑩ توغرا، مۇۋاپىق كەلمەك: — ھەي ھارامزادە تۈلكە، — دەپتۇ ئۈشتىگەر تۈلكىگە خىتاب قىلىپ، — مەندىن بىر دېۋىگە پۇل ئالغىلى ھەپتە بولدى. ئۈچ كۈندە كېلىمەن دەپ كېلىشىڭ بۈگۈنمۇ؟ بۇمۇ مەيلى، يەنە كېلىپ مېنىڭ ئاغىنەمنى ئالداپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن مەن سېنى قانداق قىيناپ ئۆلتۈرسەم بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

قېنى، ئۆز تىلىڭ بىلەن ئېيتىپ باقە؟! * سابىر كۆپچىلىك بىلەن دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ: — ياخشى، قېنى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى، بۇ سۇ مەسىلىسىنى قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى. * ئاخىر ساۋۇت بۇ ئىش ئۈستىدە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىغىنىم تۈزۈك، يېنىكلىك بىلەن قوشنامنى يامان ئادەمگە چىقىرىۋەتسەم بولماس، دېگەن ئويغا كەلدى. ⑪ **مەلۇم ھالەتتە ئۆتمەك، مەلۇم ھالەتكە كەلمەك:** — سىز بىلەن تەگتۇش، ھەر ئىككىمىز تۇرمۇشلۇق بولمىدۇق. ئۇ ئىش بەربىر بىزنىڭ بېشىمىزدا بار. ئېيتىڭا، كۆڭلىڭىز تارتقان بىرىگە خەت يازغانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئايگۈل گۈلناردىن. * قولىدىن كەتكەن بولسا ئەگەر ھاكىمىيەت تەختىمىز، قۇل بولماتتۇق يېڭىباشتىن، كۆل بولماتتى بەختىمىز!؟ * ئۆتتى ھەر باشتىن كەچۈرمىش بەردى تارىخ بىر ساۋاق، ئىتتىپاق بول! ئىتتىپاق بول! ئىتتىپاق بول! — ئىتتىپاق! ⑫ **بەزى ئىسىملارغا باغلىنىپ كېلىپ پېئىللاشتۇرۇش رولىدا كېلىدۇ:** ئىلاج قانچە؟ كىچىكىدىن شۇنداق تەربىيە ئېلىپ ئادەتلەنگەن سۇپتاي ئاتا- ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرمىسە گۇناھكار بولىدۇ. ⑬ **سۈپەتلەر ۋە رەۋىشلەر بىلەن بىرىكىپ ئۆتۈمسىز پېئىللاشتۇرۇش رولىدا كېلىدۇ:** چوڭ بولماق، ھەيران بولماق، خۇشال بولماق. — ئاكاڭ نېمە كېسەل بولۇپ قالغاندۇ بالام، چاتاق بولدى، ئىمتىھان ۋاقتىدا تازا چاتاق بولدى! — دەپ قوياتتى قادىر ئاكا. * ئىشلەيسەن باھار تاڭدا، گۈڭشېي قويىندا باغدا. ئەجرىڭدىن ئەجەب تاتلىق، مول بولدى ئانار، ئالما. ⑭ **«-سا، بولۇپتىكەن» فورمىسىدا كېلىپ ياخشى ئىدى، مەنىسىدە كېلىدۇ:** ئەكبەر خۇددى بۇ گەپنى بۇرۇن ئاڭلىغاندەك خاتىرجەملىك بىلەن پاتىمىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى: — بايىقى ئىككى سوئالنى باشقىچە قويسىڭىز بولۇپتىكەن. ⑮ **بولۇشسىز فورمىدا كېلىپ ئىقتىداردىن، پائالىيەتتىن قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ:** ئۇن ياشقا كىرگەندە دادىسىمۇ قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قېلىپتۇ. — بالام، — دەپتۇ بىر كۈنى ئوغلىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، — مەن بولالمايدىغان ئوخشايمەن. ⑯ **تەييارلانماق، ھازىرلانماق:** ئالماس بىلەن ئېلىقۇل: — لەيلىگۈل، ئانار قەيەردە؟ بول ئىتتىكرەك ئېيت، — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن. ⑰ **-ار، -دىغان، -ماق، -ماقچى قوشۇمچىلىرى بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللار بىلەن قوشۇلۇپ ئۈمىد، تىلەك مەيلىنى بىلدۈرىدۇ:** شۇنىڭدىن باشلاپ سۇپتاي مىجىت بىلەن بىللە كۈنىگە ئىككى- ئۈچ قېتىم كۆرۈشىدىغان بولدى. * لياڭ مىرزا بەگكە كەلسەك، ئۇ قۇتۇلۇش يولىنى تاپماق بولۇپ، قول ئاستىدىكىلەرنى مىرزىبەگ مەھكىمىسىگە يىغىپ، ئۇلارغا مەسلىھەت سالدى. شېرىنىنى كۆرەر بولساڭ، پەرھاتنىڭ كۆزى بولغىن، شېرىنىنى سۆيەر بولساڭ، پەرھاتنىڭ ئۆزى بولغىن. ⑱ **«-ىپ، -ۇپ» بىلەن ئاياغلاشقان رەۋىشداشلار بىلەن قوشۇلۇپ ئىش- ھەرىكەتنىڭ تاماملىنىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:** — نۇرۇم، چېيىڭنى ئىچىپ بولۇپ، ئالىملارغا سۇ بارىدىغان ئېرىقنى قېزىۋەتكىنە، — دېدى زورىخان نۇرغا. * — بۈگۈن تۆتىنچى كۈنى، — دېدى زىۋىرشا ئۇششاق قوللىرىنى كۆرسىتىپ، — مىدىرلاۋەرسەك بىر گەپ بولىدىكەن، قاراڭ، قاۋانلىقنىڭ خېلى يېرىنى يەپ بولدۇق. ⑲ **ئىسىملىك خەۋەرگە ياندىشىپ كېلىپ «...دۇر» مەنىسىدە خەۋەر جۈملە باغلىغۇچىسى رولىدا كېلىدۇ:** — بۇ مېنىڭ ئېرىم، سۇپتاي بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ھېلىقى ئايال. ⑳ **چىقىش كېلىشتە تۈرلىنىپ كەلگەن ئىسىم بىلەن كېلىپ «دۇنياغا كەلمەك»، «تۇغۇلماق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ:** ھارامدىن بولغان. * — بۇ كىشى خوتەندىن بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى مېنى ئۇ باشلىقا. ㉑ **يۆنىلىش كېلىشتە تۈرلىنىپ كەلگەن ئىسىملار بىلەن سۈپەتداش فورمىسىدا باغلىنىپ كېلىپ «نىسبەتەن»، «قارىتا» مەنىسىدىكى تىركەلمە رولىدا**

كېلىدۇ: بەزىدە يۈز بەرگەن كىچىككىنە ۋەقەلەرمۇ سىنىڭ يىللار داۋامىدا يېتىشتۇرگەن پىسخولوگىيەڭنى، تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە بولغان كۆز قارىشىڭنى ۋە ھايات ئۈچۈن باسقان قەدەملىرىڭنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قادىر. ㉒ شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن بىرىكمىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىپ «...دەپ ھېسابلانماق» مەنىسىدە كېلىدۇ: يامانىنىڭ ياخشىسى بولغۇچە، ياخشىنىڭ يامىنى بول (ماقال). * ئۇنىڭ قايسى قولى سول قولى بولىدۇ. ㉓ «...بىلەن بولماق» فورمىسىدا كېلىپ «...بىللە بىر تەرەپتە تۇرماق»؛ «شۇغۇللانماق»؛ «بىرلىمەك» مەنىلىرىدە كېلىدۇ: چۆشىن چوڭلار بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ھەممەيلەننىڭ ماجاڭ بىلەن بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. مەنمۇ سىنىڭ بىلەن، سەن بولمىدىڭ مېنىڭ بىلەن. بولمىساڭ بولما يارىم، يېنىڭدىكى سېنىڭ بىلەن. ㉔ «...دەك، تەك» بىلەن كەلگەن سۈپەتداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئاشۇنداق ھالەتكە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: باي «ھىم» دەپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپتۇ. * خەتتىكى ھەربىر سۆز ئۇنىڭ قۇلىقىدا جاراڭلىغاندەك بولدى. ㉕ «غىلى، قىلى...» بىلەن كەلگەن پېئىللارغا «...قا، غا، كە، گە» بىلەن كەلگەن ئىسمداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىش ـ ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: بىر قولدا چاۋاك چالغىلى بولماس (ماقال). * سابىر «تاش مىنا»چە پارتلىتىش چارىسىنى تېپىپ چىقتى، بۇ ئۇسۇل بىلەن قورام تاشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. * مانا بۇنىسى بولماپتۇ ـ دە! بۇنى ئەمدى كىمدىن كۆرگىلى بولىدۇ. * بۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا قاراپ نەمۇنچى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ * كەينى تەرەپتىن ئۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلگىلى بولمايتتى * بۇنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. ㉖ شەخسلەنگەن سۈپەتداش بىلەن بىللە كېلىپ سۈپەتداش بىلدۈرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشغا تىلەكداش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ــ بولۇپتۇ، دېگىنىڭىز بولسۇن، ــ دەپتۇ كەمبەغەل.

**بولماق II** پ. خېمىرتۇرۇچ ياكى سودا سېلىپ چەيلەنگەن خېمىر بەلگىلىك مىقداردا ئېچىپ پىشىر ھالەتتىن كۆپتۈرۈلگەن ھالەتكە كەلمەك: ئەتىگەن يۇغۇرۇپ قويغان خېمىرىم بۇ كەمگە بولدى. ھازىر كىرىپ غاچچىدە تونۇرغا ئوت سالسام، بىردەمدە يېقىپ بولىمەن. ئاندىن بىللە بارايلى. بىر سائەت ساقلاپ تۇرساڭلار، ــ دېدى سارىخان ۋە شاپاشلاپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

**بولمىسا** ① «بولماق I» پېئىلىنىڭ III شەخس بولۇشسىز شەرت رايى: بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۈلى بولار (ماقال). * بۇ ئىش بۈگۈن بولمىسا ئەتە بولار. ② قارىمۇقارشى باغلىغۇچى «ياكى»، «ئەگەر ئاشۇنداق قىلىنمىسا» مەنىلىرىدە كېلىدۇ: ــ نېمە بولىدۇق يېتىمچى؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، ۋاھىت: ــ ئاكامنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ، تۆلەپ بەر، بولمىسا، يۇر پادىشاھ ئالدىغا بارىمىز، ــ دەپ ئېسىلىۋاپتۇ. * ــ مەززىسىنى قورساقتا چۆشكەندە بىلىسەن، بولمىسا، ئەكەلگىنە قوۋۇرغاڭنىڭ قالغىنىنى مەن يەۋېتەي، ــ دەپتۇ تۈلكە. ③ ئۇنداق بولمىغان تەقدىردە، ئۇ ھالدا: ــ ئۆز ۋاقتىدا بۇ توي ئىشىنى ياخشى ئويلىمىدىڭلار، بولمىسا بۇنداق ئىش چىقمىغان بولاتتى، ــ دېدى ۋاھاپ كېۋىرگە. * شۇنداق، بولمىسا نېمە چارە بار؟ ــ دېدى ئەختەم سۇلايمانغا.

**بولمىغان** «بولماق» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى.

**بولمىغان گەپ** ئاساسسىز، قۇرۇق، قاملاشمىغان گەپ: شېئىرنى چىرايلىقلاشتۇرىمەن دەپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇش بولمىغان گەپ.

**بولمىغۇر** سۈپ ① ئاساسسىي بولمىغان، بولۇشقا تېگىشلىك ئەمەس، قۇرۇق: ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بەزى بولمىغۇر خىياللار كۆڭلۈمگە

www.uyghurkitap.com

ئەندىشە سېلىشقا باشلىدى. * قورقۇپ، ھەر تۈرلۈك بولمىغۇر پىكىرلەرگە بېرىلگەن ھالدا ئۆيگە يېتىپ باردىم. ② ئەدەبسىز، بىھايا، يارىماس، رەزىل، پەس: باللار ئاتا-ئانا، ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ ئالدىدا بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلماسلىق كېرەك. * ئۇلار بۇ بەيگىدە مۇمكىنقەدەر تېز ئىلگىرىلەپ ھەممىدىن ئۆزۈپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ، خىلمۇخىل بولمىغۇر قىلىقلارنى چىقارماقتا. * بەلكىم سەن بىركۈنى بۇنىڭدىنمۇ بولمىغۇر ئىشلارنى قىلارسەن، چىرايلىق ئايالغا خۇشامەت قىلىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى قوبۇل قىلارسەن. بۇنداق قىلىشنى سەن ئويلاپمۇ قويىدۇڭ. // — بىردە ئەمەس بىردە، شۇنداق سۆزلىرىڭ بىلەن بىرەر بولمىغۇرنىڭ قولىغا چۈشسەن-دە، ئۆزەڭنى-ئۆزەڭ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىسەن، — دېدى سەمەت ئاستاغىنا.

**بولمىغۇر گەپ** ① ئاساسسىز، خىيالىي گەپ: سىڭلىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئاكىسى: — قوي، بۇنداق بولمىغۇر گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دەپتۇ. سىڭلىسى بولسا: — چۈشۈمدە كۆردۈم، جېنىم ئاكا، مېنى سىڭلىم دېسىڭىز، ياق دېمەيسىز، — دەپ يىغلاپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. * — بىز دېگەن جۇڭگولۇق، كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ۋەتەننى تاشلاپ قاياققا كېتەتتۇق. ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قويۇڭ، مۇشۇ يەردە ياشاپ، تەر تۆكۈپ ئىشلىسەكلا بەخت ئەمەسمۇ؟! — دېدى كامىل. ② قاملاشمىغان، ئەدەبسىز، بىھايا گەپ: شۇ ئارقىلىق نىيازنىڭ ئۆگەي ئانىسى نىيازغا گۆلى توغرىسىدا بەزى بولمىغۇر گەپلەرنى قىلغانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىن نىيازنىڭ گۆلگە بولغان كۆز قارىشى ئۆزگىرىپ، پىچاق ئېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرىمەن دەپ، تەھدىت سېلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلدى.

**بولمىغۇرلۇق** «بولمىغۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — ئوغلۇم بۇنچە ياشتا تۇرۇپ بۇنداق بولمىغۇرلۇق قىلما! — دېدى دادىسى ئوغلىغا.

**بولۇپ** ① «بولماق I» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: سۇنۇر ھەيران بولۇپ ئەكبەرگە قارىدى. * — بوۋاي بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، — دېدى خوجايىن نارازى بولۇپ، — قۇدۇق سۇيى توختاپ كەتكىلى ئۈچ كۈن بولدى. ② **بەزى ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ «ۋەزىپىسىدە، سۈپىتىدە» مەنىسىدە كېلىدۇ:** مەن شۇ چاغدا خەلق كوممۇنىسىدا تراكتورچى بولۇپ ئىشلىدىم، ئۇكام بولسا شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەنىدى.

**بولۇپمۇ** باغل. ئومۇمىي ئۇقۇم تەركىبىدىكى ئايرىم بىر تارماقنى ئالاھىدە تەكىتلەپ **«ھەممىدىن بەك»، «خۇسۇسەن» دېگەن مەنىسىدە كېلىدۇ:** تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بولۇپمۇ دېموكراتىك ئاساسىدا نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

**بولۇشتۇرماق** «بولۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بولۇشسىز** سۈپ ① مەۋجۇت بولمىغان، بولمايدىغان؛ يۈز بەرمىگەن، يۈز بەرمەيدىغان. ② <تىل> **يوقلۇق، ئىنكار:** بولۇشسىز ئالماش. بولۇشسىز پېئىل.

**بولۇشسىز ئالماش** <تىل> **يوقلۇق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار، مەسىلەن: ھېچكىم، ھېچقانداق، ھېچقاچان.**

**بولۇشسىز پېئىل** <تىل> **يوقلۇقنى، ئىنكارنى بىلدۈرگۈچى پېئىل.**

**بولۇشسىز شەكىل** <تىل> **يوقلۇق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان شەكىل.**

**بولۇشسىز قوشۇمچە** <تىل> **سۆزلەرگە ئۇلىنىپ ئەسلى سۆزنىڭ ئىنكار مەنىسىنى ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچە، مەسىلەن: ما، مە... قاتارلىقلار.**

**بولۇشقاق** سۈپ. بىرگە بولۇشقۇچى، يان باسقۇچى: ئاتىسى بولۇشقاقنىڭ ئوغلى ئۇرۇشقاق، ئانىسى بولۇشقاقنىڭ قىزى يىغلاڭغۇ (ماقال).

**بولۇشلۇق** سۈپ. مەۋجۇت بولغان ۋە بولىدىغان، بولارلىق: بولۇشلۇق پېئىل.

**بولۇشلۇق پېئىل** <تىل> ئىش-ھەرىكەتنىڭ

ئېنىقلىقنى بىلدۈرىدىغان پېئىل.

**بولۇشلۇق شەكىل** <تىل> ئېنىقلىقنى بىلدۈ-رىدىغان شەكىل.

**بولۇشماق** ① «بولماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يەنە بىرى: — قايسى باينىڭ ئەركە قىزىدۇ؟ — دەپ ھەيران بولۇشۇپ قېلىپتۇ. * يىگىت ھودۇقماستىن يولدىن تېپىۋالغان ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى پىرقىرىتىپ ئاتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن دىۋىلەر ھەيران بولۇشۇپتۇ. * لېكىن يەركەن، قەشقەرگە ماڭىدىغان ھارۋىلار بولسا، يەنە بىر كۈن تۇرۇپ ماڭماقچى بولۇشتى. ② يان باسماق، ياردەملەشمەك، قانات ئاستىغا ئالماق: ماۋۇ دەللە بۇنىڭغا بولۇشۇپ (غۇنچەمنى كۆرسىتىپ) بىزنى تېخى زالىملار دەۋاتىدۇ. * خوراز سۆزگە كېلىپ، ئۆگزىگە ئۇچۇپ چىقىپتۇ. ئۇ تۆت ئەتراپىغا قاراپ: — قى...قى...قى...ق! ئارىلىشىپ كەتتى تېرىق. ھەممىمىز ئۇلشايلى،يېتىم قىزغا بولۇشاي-لى! — دەپتۇ. ③ مىجەز-خاراكتېرى كېلىش-مەك، ئەپ ئۆتمەك (ئەر-ئايالنىڭ مۇناسى-ۋىتى ھەققىدە)؛ نادىركام ئوغلىغا يىراق بىر يېزىدىن تۇغقىنىنىڭ قىزىنى ئەكېلىپ بىر كېچىدىلا تويىنى قىلىپ قويۇۋىدى، بىراق ئۆزلىرى تېپىش-مىغانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر بولۇشالمىدى.

**بولۇشۇپ قالماق** مىجەز-خاراكتېرى كېلىد-شىپ قالماق، ئەپ ئۆتمەك (ئەر-خوتۇن-چىلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە): ئەسقەر بىلەن مېھراي يېڭى توي قىلغانىدى. ئۇلار ئوبدانلا بولۇشۇپ قالدى.

**بولۇشچە** رەۋ ① ئىمكانقەدەر، قولىدىن كېلىشىچە، قىلالىغىنىچە، ئانچە كۆچەپ كەتمەي: بولۇشچە قىلماق. ② پۈتۈن ئىم-كانىيىتى بىلەن؛ جېنىنىڭ بارىچە: — ئېتىڭنى بولۇشچە چاپتۇرۇپ قوغلا، بولمىسا يېتىشەل-مەيسەن، — دېدى يولۇچى ئاتلىق بالىغا.

**بولۇشغا** رەۋ ← **بولۇشچە**: ئىككى چېرىككە يەنە ئىككى ئاپتومات ئاسقان ئاتلىق ئەسكەر قوشۇلدى. ئۇلار ناھايىتى ئالدىراشچىلىقتا كېمىدىن چۈشتى-دە، ئاتلىرىنى بولۇشغا چاپتۇرۇپ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى.

**بولۇشغا قويۇۋەتمەك** ① ئىقتىدارى يەت-كۈچە، يۇقىرى پەللىگە، چېكىگە يەتكۈچە قويۇۋەتمەك: مەن شەھەر بولىغا قاراپ ئېشەكنى بولۇشغا قويۇۋەتتىم. ② كارى بولماسلىق: — كىچىككىنە ياۋاش بىر بالىنى بولۇشغا قويۇۋېتىپ ئاخىرى ئوغرى بولۇپ چىقتى، — دېدى سادىق ئايالىغا.

**بولۇغا** ئى [ئە] يېزت. سۆز ئۇستىلىرى، ناتىقلىرى: ئۇيغۇر بولۇغالىرىدىن بولغان نەفىسى، سەككاكى، لۇتپىغا ئوخشاش زور ئالىملىرىمىز بۇ سەلبىي جەريانغا قارشى چىقىپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى ئانا تىلى بىلەن باشلاپ، بۇ ئېقىمنى تۈز يولغا سېلىش ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ باردى.

**بولۇق** سۈپ ① قويۇق، زىچ: دەريانىڭ شەرق تەرىپىدىكى بولۇق قىرچىنتاللار، خۇددى دەريا قېشىغا قويغان ئۇسمىدەك كۆپكۆك بولۇپ كۆرۈنەتتى. ② ھوسۇللۇق، ئوخشىغان: بولۇق بۇغداي.

**بولۇمسىز** سۈپ. ھېچ ئىشنى قىلالمايدىغان، يارىماس: بولۇمسىزنى بولدۇرالمىدىم، خۇرجۇن-قاچىسىنى تولدۇرالمىدىم (ماقال). * «بۇ — بولۇم-سىز ھۇرۇن ئادەم» دەيمەن ئىچىمدە، يەنە بىر ياقتىن ئۇنىڭغا ئىچىنىمەن.

**بولۇنماق** «بولماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سارۇچىدا بولۇنغان ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ يولغا چىققان توققۇز تارا ناھىيىلىك ساق-چىنىڭ سارۇچىمەن پونكىتىدىن ئىككى چېرىك، ئاتلىرىنى قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ، ياماتۇ كېمە بويىغا يېتىپ كەلدى.

**بولىماق** ئى. ئۇستىنى رەخت ياكى قەغەز بىلەن ئوراپ، يىپ بىلەن تاڭماق.

**بولىۋار** ئى. ۋېنسۇئېلا پۇل بىرلىكى.

**بوم I** تەق. بورۇقتۇم ئاۋاز: تۇيۇقسىز كوچا تەرەپتىن پوجاڭزا تاۋۇشىغا ئوخشايدىغان «بوم!» قىلغان ئاجايىپ بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

**بوم II** سۈپ. زىل ئەمەس: ھاشىر بوم ۋە

www.uyghurkitap.com

يېقىملىق ئاۋازى بىلەن شوخ ۋالىس پەدىسىگە كەلتۈرۈپ ناخشا باشلىۋەتتى.

**بوم ئاۋاز** ئىنچىكە ياكى زىل بولمىغان توم، ئاۋاز: — تېزرەك ئاھاڭغا سال، مېنىڭ يېڭى ناخشا ئېيتقۇم بار، — دېدى ئارزىگۈل ئوغۇل بالىدەك بوم ئاۋاز بىلەن.

**بوم تار** <مۇز> بوم ئاۋاز چىقىرىدىغان تار: — شۇنداق ئانا، دادۇيدىن كېلىۋاتىمەن، — ئابابەكرى زەخمەكنى بوم تارغا بىرنەچچىنى چېكىپ توختىدى-دە، — ھازىر ياشلارنىڭ يىغىنىغا كېتىۋاتىمەن، — دېدى.

**بومبا** ئى [ر<فران] <ھەرب> بىر خىل پارتلايدىغان قورال. ئادەتتە ئۇنىڭ تاشقى قېپى پولاتتىن ياسىلىدۇ، ئىچىگە پارتلاتقۇچى دورا قاچىلىنىدۇ، پىلتىگە تېگىپ كەسكىن پارتلايدۇ: ئاتوم بومبىسى. قول بومبا. * قوللاردا ئاپتومات، بەللەردە بومبا، باشلاردا مۇقەددەس بايراق سايىسى. مەيدانغا ماڭىنتەك تارتاتتى جانىنى، ئانا يۇرت مېھرىنىڭ ئوتلۇق غايىسى.

**بومبا ساقال** قويۇق، بومبايغان ساقال، ۋە شۇنداق ساقاللىق كىشى: — دادۇي بىلەن گۇڭشېنىڭ پىكرى قانداقكەن؟ — بومبا ساقاللىق بىر ئادەم سورىدى. — نېمىدەپ چۈشەنسەڭ چۈشىنىۋەرگىن، ئېلىپ بار، يولىنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈپ، جېنىنى خۇداسىغا سوۋغا قىل، — دەپ بومبا ساقال قولىنى سىلكىدى.

**بومبىغا تۇتماق** بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق زەربە بەرمەك.

**بومباردىمان** ئى [فران] <ھەرب> بومبا تاشلاش، بومبا ياغدۇرۇش، بومبا تاشلاپ قىرىش: كىشىلەر گويا ساداقتىن ئېتىلىپ چىققان ئوقتەك ھەيۋەت بىلەن ئالغا ئېتىلماقتا ئىدى. ئاسماندا غوڭۇلداپ يۈرگەن قوش قاناتلىق ئىككى ئايروپىلان تۈرۈپ-تۈرۈپ پەسكە شۇڭغۇپ كىشىلەرنى ئوققا تۇتاتتى. بومباردىمان قىلاتتى.

**بومباردىمان قىلماق** <ھەرب> ئايروپىلاندىن ياكى زەمبىرەكتىن يەر ئۈستىدىكى، سۇ ئۈستىدىكى تۈرلۈك نىشانغا بومبا تاشلىماق، ياغدۇرماق: چۈشتىن كېيىن ئايروپىلانلىرىمىز فۇجيەن دېگەن يەردىكى تۆمۈريولنى بومباردىمان قىلغان.

**بومباردىمانچى** سۈپ. بومباردىمان قىلىدىغان، بومبا تاشلايدىغان.

**بومباردىمانچى ئايروپىلان** <ھەرب> ھاۋادىن يەر ئۈستى ياكى سۇ ئۈستىدىكى نىشانلارنى بومباردىمان قىلىدىغان ئايروپىلان. بۇنداق ئايروپىلانغا بومبا قاچىلايدىغان مەخسۇس ئۈسكۈنە ۋە مۇداپىئە خاراكتېرلىك ئېتىش قورالى ئورنىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئىقتىدارى يوق، ئۇچۇش مۇساپىسى ئۇزۇن، سۈرئىتى تېز بولىدۇ.

**بومباردىمانچىلىق** ئى. بومباردىمان قىلىنغان ھالەت

**بومبايتماق** (توغرىسى: دومبايتماق) ← **دومبايتماق.**

**بومبايماق** (توغرىسى: دومبايماق) ← **دومبايماق.**

**بوم-بوم** «بوم» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**بوھتان** (بوھتانى) ئى [ئە] بىرەر كىشىنى ئەيىبلەش ياكى قارىلاش مەقسىتىدە ئويلاپ چىقىرىلغان، ئاساسسىي بولمىغان پىكىر؛ تۆھمەت، يالا: ئەي بالام، ساق بول ئۆزەڭگە، ساقلىسۇن تەڭرىم ئامان. قالمىغىن تۆھمەتكە ھەرگىز، ھەممىدىن بوھتان يامان.

**بوھتان چاپلىماق** باشقىلارغا ئاساسسىز پىكىر بېرىپ قارىلىماق، ئەيىبلىمەك، تۆھمەت قىلماق: «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا بەزى ئالىقاپلار بىرمۇنچە ياخشى ئادەملەرگە بوھتان چاپلاپ، ئۇلارنى ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە دۇچار قىلدى.

**بوھتانچى** ئى. بوھتان قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم: ئالماس «بۇلاڭچى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن تومۇرىدا ئۇرغۇپ تۇرغان قان «ۋاشىشدە» بىر قىزىدى-دە، رابى

ۋىت - ۋىتىنىڭ بىلىكىدىن سىلىكىپ تارتتى: — ئەمدى جۆيلۈمە! يەنە ئېغىز - پەس گەپ قىلىدىغان بولساڭ، چىشىڭنى ئېزىۋېتىمەن، بوھتانچى! — دېدى غەزەب بىلەن.

**بوھران** (بوھرانى) ئى [پ] ← **كرىزىس:** ئىقتىسادىي بوھران. سىياسىي بوھران.

**بوۋا** ئى. ئانىسىنىڭ ۋە دادىسىنىڭ دادىسى: بوۋاملار ۋەسلىنى ئىزدەپ خىيالىم ئەيلىگەن پەرۋاز، مەھەل سازەندە تەييار دەپ سىنەمنى بىغۇبار قىلدىڭ.

**بوۋاسىر** ئى [ئە] <تب> بىر خىل كېسەل-لىك. بۇ خىل كېسەل مەقئەت بىلەن تۈز ئۈچەيىنىڭ ئاخىرقى ئۈچلىرىدىكى كۆك تومۇر قان ئۇيۇپ قېلىش نەتىجىسىدە كېڭىيىپ، كىچىك تۈگۈنچىلەرنى پەيدا قىلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئىچكى بوۋاسىر ۋە تاشقى بوۋاسىر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئالامىتى: قىچىشىدۇ، قاتتىق قىزىرىدۇ، ئاغرىيدۇ، چوڭ تەرەت قان ئارىلاش كېلىدۇ.

**بوۋاق** ① ئى. يېڭى تۇغۇلغان، ئىمىدىغان بالا: — ئەپەندىم، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا، «ھاجى» دېگەن ئىسىم قويغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ ھەيران بولۇپتۇ قوشنىسى. ② سۈپ. يېڭى تۇغۇلغان، ئېمىش دەۋرىدىكى: بوۋاق بالا. بوۋاق چاغ.

**بوۋاق غوجا** <تارس> ۋاڭنىڭ ئىنىسىنىڭ ئەركىلىتىپ چاقىرىلىشى.

**بوۋاقلار قاتما كېسەللىكى** <تب> يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردا بولىدىغان بىر خىل قاتما كېسەللىك، كۆپ ھاللاردا دېزىنفېكسىيە قىلىنمىغان ئەسۋابلار بىلەن كىندىك كېسىش تۈپەيلىدىن، بوۋاق قاتما تاياقچە باكتېرىيىسى بىلەن يۇقۇملىنىپ بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك ئادەتتە بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن تۆت كۈندىن ئالتە كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ.

**بوۋاقلىق** ① «بوۋاق» سۆزى ① نىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بوۋاقلىق قىلماق. ② سۈپ: بوۋاق بالىسى بار، بوۋاق ھالەتتىكى: توي قىلىپ بىر يىلدىلا بوۋاقلىق بولۇپ قېلىپسىلەر. ③ ئى. يېڭى تۇغۇلغان، ئېمىدىغان دەۋر: بوۋاقلىقىمدا تاغاملارنىڭ يېنىدا تۇرغانىكەنمەن. ④ ئى. بوۋاقلارغا خاس ھەرىكەت، قىلىق: بوۋاقلىقىڭنى تاشلا!

**بوۋاي** ئى. ① ياشانغان، قېرى كىشى: شۇنداق قىلىپ، بوۋاي بىلەن موماينىڭ مىڭ جاپادا يىغقان ئوتتۇز تىللاسىمۇ تۈگەپتۇ. ② ياشانغان ئاتىسىنى ياكى يولدىشىنى ھۆرمەتلەپ ئاتاش فورمىسى: — ياسىن ئاتاڭ نېمىشقا بۈگۈنكى تويغا كەلمىدى؟ — دەپ سورىدى ئايشەم. — بوۋاينىڭ بىرئاز مىجەزى يوق، — دېدى ئەركىن جاۋاب بېرىپ.

**بوۋىقۇش** ئى. [بوۋا+قۇش] <زوئول> قەدىمكى ئومۇرتقىلىق ھايۋان، بېشى قۇشنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئادەتتە قۇشلارنىڭ بوۋىسى دەپ قارىلىدۇ.

**بوي** ① ئى. كىشى قامىتى: بىرىنچى بولۇپ ساما توغرىسىدا گەپ ئاچقان يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، دوغىلاق يىگىت ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ يېقىملىق بىر كۈلۈپ قويۇپ پەلەمپەيدىن چۈشتى. * بۇ ئىككى ئۆرۈم چاچنىڭ ئۇزۇنلۇقى دوختۇرنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئىدى. ② ئى. تىك نەرسىلەرنىڭ ئېگىزلىكى: تېرەك بويى. تام بويى. * مەدرىسىنىڭ سول تەرىپىدە مەخسۇت بەگنىڭ، ئوڭ تەرىپىدە ئاكىسى ھېسامىدىن غوجىنىڭ پۈتۈنلەي ئاق گەج، كۆك سىر بىلەن نەقىش - ناۋا چىقىرىپ ياسالغان بىنالىرى گويا بوي تالاشقاندەك سىرلىق قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ③ ئى. ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىككە ئىگە نەرسىلەرنىڭ ئۇزۇن تەرىپى: ئۇ گىلەمنىڭ بويى قانچىلىككەن؟ ④ ئى. قىرغاق، ساھىل، چەت: — تۈنۈگۈن سىنى كېلىشىڭ

www.uyghurkitap.com

بىلەنلا تۇتۇش ئۇچۇن دەريا بويىغا ئادەم قويىدى، ــ دېدى قىسمەت چورۇق ئالماسقا. * ئۇ پۇلنى ئېلىپ ئۈستەڭ بويىدىن ھېيتگاھقا قاراپ ماڭدى. ⑤ رەۋ. III شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ بىرلىكىدە كېلىپ «داۋامىدا، مابەينىدە»: قوغۇن پىششىقى ــ دېھقانلار يىل بويى تۆككەن تەرنىڭ ئەجرىدىن ئەڭ كۆپ بەھرىمەن بولىدىغان، ئەڭ مەمۇرچىلىق، ئەڭ خۇشاللىق كۈنلەر. * قوزغىلىپتۇ ئۇلاردا، پەنگە شۇنداق مۇھەببەت. ئۆزمەي داۋام قىلىپتۇ، ئەتىل بويى بۇ ئادەت. ⑥ رەۋ. قىلغان پېتى، ئەتكەن ھالدا: بېھىنى قولۇمغا تۇتقان بويى ئۆيگە كەلدىم ⑦ ئى. مەلۇم ئۇزۇنلۇقتا يېيىلدىغان نەرسە: بىر بوي تال. بىر بوي تاسما.

**بوي ئەگمەك** ← **باش ئەگمەك:** دۈشمەنگە بوي ئېگىپ، خائىنلىق بىلەن ياشىغاندىن، مەردانىلىك بىلەن ئۆلگەن ياخشى.

**بوي بەرمەك** ① سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى سۇغا چۈشكەن ئادەمنىڭ بويىدىن (ئېگىزلىكىدىن) تۆۋەنرەك كەلمەك. ② سۆزگە، گەپكە كىرمەك؛ بويسۇنماق: لېكىن، جاسارەتلىك گۈلەمخان شاڭيونىڭ پوپوزا قىلىشى ۋە ئالداپ ببقىشىغا بوي بەرمەي، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتىدىكەن. * مەن بەگنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ چىڭ تۇتۇۋالدىم، بۇنىڭغا بوي بەرمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ نەدىندۇ ئىككى چېرىك يۈگۈرۈپ كەلدى.

**بوي بېشىدا قالماق** ← **بويىدا قالماق.**

**بوي تارتماق** بويى ئېگىزلىمەك، ئۆسمەك: دەريا ۋادىسى يەنە باشقىدىن گۈزەل تۈسكە كىردى، قوناق مايسىلىرى تېخىمۇ بوي تارتىپ، يېشىل دېڭىزدەك مەيىن تەۋرىنەتتى. * ئۆيدە ئابدۇقادىر بىلەن رىزۋان بار ئىكەن، بوي تارتىپ چوڭ بولۇپ قالغان زۇمۇرەت قىز ھويلىدا گۈللەرنىڭ ئارىسىدا كېپىنەك قوغلاپ يۈرەتتى.

**بوي تالاشماق** بىر ــ بىرىدىن ئېگىزلىك تالاشماق، بىر ــ بىرىدىن قېلىشماي ئۆسمەك: ئېتىزلىرى تۇتاشقان، نۇرلۇق كۆزلەر قاراشقان، دەل ــ دەرەخى ياراشقان، كۆك بىلەن بوي تالاشقان. * مىسلىسىز كۆركەم ــ گۈزەللىك يار ئۇنىڭغا تا ئەبەد، كۆك بىلەن بوي تالىشار تاغدىن ئېلىپ زور كۈچ ــ قۇۋۋەت.

**بوي دولقۇن** <فىز> دولقۇننىڭ بىر خىلى، ئالاھىدىلىكى: تەۋرىنىشىنىڭ يۆنىلىشى دولقۇننىڭ تارقىلىش يۆنىلىشى بىلەن بىردەك بولىدۇ. مەسىلەن: ئاۋاز دولقۇنى.

**بوي ئوق** تىككۈچىلىك ماشىنىسىنىڭ قورسىقىغا بېكىتىلگەن ۋە ماشىنىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئاساسىي ئوق.

**بويى تىكەنلەشمەك** تېنى غۇژۇلدىماق، شۈركۈنمەك: ھاۋاخانىنىڭ بىردىنلا بويى تىكەنلىشىپ، ئۆزى تىترەشكە باشلىدى.

**بويىدا قالماق** ھامىلدار بولماق، قورسىقىدا قالماق: ئەمما ئايالىنىڭ بويىدا قالغان بولۇپ، ئۇ بىر قىز تۇغىدىكەن. قىزغا نۇرانەم دەپ ئىسىم قويىدىكەن. كېيىن شۇ ئىسىملىك قىزى ھەققىدە سودىگەرلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ دادىسىغا خەۋەر بېرىدىكەن.

**بويىدىن ئاجرىماق** بويىدا قالغان بالا ۋاقتى كەلمەي چۈشۈپ كەتمەك، يەنى ھامىلدار بولغان ئايالنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمە 28 ھەپتە ئىچىدە چۈشۈپ كەتمەك.

**بويى شۈركۈنمەك** بىرەر نەرسىنىڭ كۆڭۈلگە ياقماسلىقى، بەدەنگە تەگكەن بىرەر نەرسىنىڭ يامان تەسىرىدىن بەدىنى جۇغۇلدىماق، تىترەك ئولاشماق: ئۆز ۋاقتىدىكى ئېغىرچىلىقلار، شۇ ئارقىلىق قانلار ئىچىدە بويىلىشلار، «زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» بولۇشى توغرىسىدىكى قېرىلارنىڭ ئوتلۇق سۆزلىرى چىرايلىق جۈملىلەر ئارقىلىق تىزىلىپ چىقىشى بىلەن تىڭشىغۇچىلارنىڭ يۈرەكلىرى ئۆز ــ ئۆزىدىن جىغىلداپ، بويى شۈركۈنەتتى. ــ بۇنىڭدىنمۇ قۇتۇلارمىزمۇ؟ ــ دەپ ياشلار قېرىلارغا سوئال بېرىشەتتى.

**بويى كىر** ① ئاياللارنىڭ ئادەت كۆرۈۋات-

قان ۋاقتىغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. ② جىنسىي ئالاقىدىن كېيىن ياكى ئېھتىلام بولغاندىن كېيىن بويىنى سۇغا سالمىغان ۋاقىتقا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**بويى كىر بولماق** ① ئادەت كۆرمەك، ئاي كۆرمەك، ھەيز كەلمەك: ئاياللارنىڭ بويى كىر بولۇش نورمال بولماسلىقمۇ بىر خىل كېسەل. شۇنداق ۋاقىتتا ئۇلار مۇۋاپىق دەم ئېلىشى كېرەك. ② جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن بويىنى سۇغا سالماسلىق.

**بويىغا يەتمەك** بويى ئۆسۈپ بالىغ بولماق: شاھ بەھرام مەجۇسىنىڭ بويىغا يەتكەن بىر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى بوستانىكەن.

**بوياتماق** «بويىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياغلىقىمنى كۆك بوياتتىم، بەلبېغىمنى ھاۋارەڭ، يېڭى باغدا ئالما پىشتى كۆڭلىدە كېلىپ ئالما يەڭ.

**بوياشماق** «بويىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يەسلىدىكى بالىلار رەسىم بوياقلىرىنى ئىشلەتمىز دەپ ساپ قوللىرىنى بويىشىۋاپتۇ.

**بوياق** ئى. بوياش، رەڭ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ماددا: بوياق بىلەن بويىمىغىچە تېشىكىنى، بىلىم بىلەن زىنەتلىگىن ئىچىڭنى. * ئۇنىڭ لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىككى مەڭزى خۇددى قىزىل بوياق سۈركەپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى.

**بوياق ساپال** <ئارخېئول> يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ تىپىك ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. بۇنداق ساپاللار ئاۋۋال بوياق بېرىلىپ ئاندىن خۇمداندا پىشۇرۇلىدۇ، بېرىلگەن بوياق ئۆچمەيدۇ.

**بوياقچى** ئى. رەخت، يىپ قاتارلىقلارنى بويىغۇچى ئۇستا: بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ بىر ياغاچچىسى بىلەن بىر بوياقچىسى بار ئىكەن. * ئەسلىدە ھېلىقى ئۆي بىر بوياقچىنىڭ ئاشخانىسى بولۇپ، ئۆزى

يىقىلغان تۇغلارنىڭ بوياق چېلىنغان تۇغلار ئىكەنلىكى خىيالىغىمۇ كەلمەپتۇ.

**بوياقچىلىق** ① ئى. بوياق بوياش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپىنىڭ نامى: مانا شۇنداق كونىلەرنىڭ بىرىدە، شىخەنزە توقۇمىچىلىق — بوياقچىلىق زاۋۇتىنىڭ خەلق قورالىق بۆلۈمى خەلق ئەسكىرى بەنىنى تەشكىللەپ، قارىغا ئېتىش مەشقى ئېلىپ بارماقچى بولىدى. ② ئى. كۆچمە. ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك: — قىلمىشلىرىڭنى پەردازلىماقچى بولۇپسەن — دە، — دېدى باشلىق بوغۇلۇپ، — ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ كۆزى روشەن، بوياقچىلىق قىلىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيسەن.

**بوياقخانا** ئى. بوياقچىلىق قىلىدىغان جاي، ئورۇن: — ئاتاڭ بوياقخانىدا ئىشلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم بالىدىن.

**بوياقلىق** سۈپ. بوياق بېرىلگەن، بويالغان، رەڭلىك: بىراق، كۆتمەك ئۇنى رەڭدار بوياقلىق، بوياقتا ئىستىبدات، رايىمۇ چاغلىق.

**بويالماق** «بويىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قانچە — قانچە قېرىندىشىلىرىمىز بەگ — دورغىلارنىڭ قامچىسى ئاستىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى، ئىش ئورنىدىن قاچقانلار تۇرمە ۋە زەي قاراڭغۇ گەمە — زىندانلارغا سولاندى. تاغ — تاشلار قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىسسىق ياش، قىزىل قېنى بىلەن بويالدى.

**بوي - بەست** قەددى — قامەت، گەۋدە: گۈلسۇم بوي — بەستى كېلىشكەن، قولىدىن ھەممە يىڭنە ئىشى كېلىدىغان، كۆڭلى ياخشى بىر قىز ئىدى.

**بويتاق** سۈپ [بوي+تاق] توي قىلمىغان ياكى توي قىلىپ ئاجراشقان (ئەرلەر ھەققىدە): — لۇتپۇللا ئۆزىنىڭ بۇ بويتاق، قەدىناس، كونا ئاراتام قوشنىسىنى خۇش پېئىللىق بىلەن كۈتۈۋالدى — دە، يىگىتنىڭ قولىدىكى شاھماتنى كۆرۈپ بۇگۈن ئاخشام يېڭى بىناغا بېرىشتىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلدى.

**بويتاق ئۆتمەك** توي قىلماي يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرمەك: خىزمەتتىدىشىم سۆيگۈنى ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

ئۆلۈپ تىرىلەتتى. لېكىن توي قىلىشقا ئالدىرىمايتتى. مەن بىر كۈنى ئۇنىڭغا: — بويتاق ئۆتۈۋېرەمسەن؟ ئالدىغان قىزنىڭ قېرىپ كېتىدۇ، — دەپ چاقچاق قىلدىم.

**بويتاقچىلىق** ئى. بويتاقلارغا خاس ھەرىكەت-ھالەت: بايىقى گۆش نان سېلىشتىن باشلاپ، بويتاقچىلىقنىڭ دەردىدىن زارلانسۇنمۇ؟ ياكى توغرىدىن توغرا «توينى قاچان قىلىمىز» دېسۇنمىكىن.

**بويتاقلىق** «بويتاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەتىگەن، بىلمەيمەن كۆڭلۈم نېچۈن غەش، نە ئۈچۈن تومۇرۇم سالار ئېگىز-پەس؟ كېيىندىم بويتاقلىق ئادىتىم بىرلە، ناشتىسىز سىنىپقا ماڭدىم شۇ نەپەس.

**بوي-تۇرق** ئادەمنىڭ ئېگىزلىك ۋە تاشقى قىياپىتى: قىزنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ماڭا بىر ئاز ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ بوي-تۇرقىغا قاراپ: — ھېلىقى ئاغىنىلەرنىڭ ھەسەت قىلغىنى بىكار ئەمەسكەندە، — دەپ ئويلىدىم.

**بويچىلىق** دىئال. بويتاقلىق.

**بويسۇندۇرغۇزماق** «بويسۇنماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى:

**بويسۇندۇرماق** «بويسۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇرژۇئازىيە يېزىنى شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇردى. * شەخسىي ھېسسىيات بىلەن ئومۇمىي ئىش توقۇنۇشۇپ قالغاندا، مېنىڭچە، ھېسسىياتنى ئومۇمىي ئىشقا بويسۇندۇرۇش لازىمغۇ دەيمەن، ئايرىم ھاكىم، شۇجىلار نېمىشقا ئۇنداق قىلالمىدى!؟

**بويسۇندۇرۇلماق** «بويسۇندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بويسۇنماق** پ [بوي+سۇنماق] ① ئىتائەت قىلماق: موللازەيدىن ۋاڭنىڭ دىتىغا يېقىپ داستىخاننى ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، ئۇلار ھېچ ئامال قىلالماي بۇيرۇققا بويسۇندى. * بىز سىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىزغا بويسۇنىمىز، — دېدى مۇختار مەرگەن. ② تەن بەرمەك، ماسلاشماق، كۆنمەك: ئەمما غەيرەت مۇشۇ يەرنىڭ ئادىتىگە بويسۇنمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئىلاجىسىز ئۇنى دوراپ سۇ ئېلىپ ئىچتى ۋە چىقىپ كەتتى. ③ كىرمەك، رىئايە قىلماق: ئالاۋىدىن ئۇنىڭ كەينىگە بويسۇنۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. * مەن ھېچقانداق ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمۇ ئىشەنمەيمەن، ئۇنىڭ قائىدىسىگىمۇ بويسۇنمايمەن.

**بويسۇنۇشماق** «بويسۇنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بويسىرە** رەۋ بويلارنىڭ ئېگىز-پەسلىكىگە قاراپ، بويلارنىڭ ئېگىز-پەسلىكى بويىچە: يادىمدا قىزىل پاگون، ئالتۇن بالداق، يۇلتۇزلار، كۆزلىرىمدە نۇر چاقناتقان كۆكرەكتىكى قوش مېدال. بويسىرە بولۇپ سەپكە تۇرغان جاسارەتلىك جەڭچىدەك باھادىرلىق، «ساداقەت» ھەم «پىدائىي» ۋە «ئىستىقلال».

**بويسىرە بولماق** بويىغا قاراپ سەپتە تۇرماق.

**بويسىرە قىلماق** بويىغا قاراپ سەپتە تۇرغۇزماق: جىرتاق كۆز تەرتىپ مۇدىرى ھەر كۈنى ئەتىگەندە تەكرارلىنىدىغان قائىدە بويىچە بوغۇنمۇ كىچىككەن ئوقۇغۇچىلارنى سەپنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ بويسىرە قىلدى.

**بويلاتماق** «بويلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تام بويلىتىپ ئىككى قاتار قىلىپ تىزىلغان ئۈستەللەرگە كەمپۈت، گازىر-پۇرچاق، ئالما-نەشپۈت تىزىلغانىدى. * جەننەت ئارا يول تۇتۇپ، قوينى شۇ يان بويلىتىپ، جىرەن ئاتىنى ئوينىتىپ، قوي ھەيدىگەن چوپان ئۇ!...

**بويلاتقۇزماق** «بويلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بويلاشماق** ① «بويلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سەھەر ئىدى قۇياش يېڭى يۈز ئاچقان، بارار ئىدۇق ئېتىز-ئېرىق بويلىشىپ. ئوتلۇق يۈرەك ئوينار ئىدى شادلىقتىن، كۆڭۈشچىلار ئىش قىزىتقان توپلىشىپ. ② يېتىشمەك، چىقىشماق: قەرزدارلىقىنىڭ يامانلىقىدىن ئىمىن ئاخۇن ئاكا ئاياغلىرىنى ئىلاجىسىز باھا تالاشماي ئېلىشقا ساتتى، لېكىن بۇ پۇل سەرىپ

ئەتكەن دەسمايىغا ئاران بويلاشتى.

**بويلام** سۈپ. بويىغا، ئۇزۇنىغا كەتكەن.

**بويلۇق** سۈپ. بويى بار، بويىغا ئۆسكە، قامەتلىك: مېنىڭ يېنىمدا بىر پېشقەدەم ھەربىي ئولتۇراتتى. ئۇ، ئېگىز بويلۇق، كەڭ يەلكىلىك، ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى ئادەم بولۇپ، ئۇچىسىغا ھەربىيچە پاختىلىق پەلتۇ يېپىنچاقلىۋالغانىدى. * كۆڭلى خۇشتار، لەيلى بويلۇق مەگزى گۈلدەك ئوت يۈرەك، ياكى شېرىن ياكى زۆھرە ۋەسلىنى ئاقسۇدا كۆر.

**بويلىما** سۈپ. بويىغا، ئۇزۇنىغا كەتكەن، بويلام: بويلىما يېرىق.

**بويلىما يېرىق** <بىن> ياغاچ ماتېرىيالنىڭ تەكشى قۇرۇماسلىق سەۋەبىدىن يۈز بېرىدىغان يېرىق. ئۇ توغرا كەسمە يۈزدىكى يېرىق بىلەن ياغاچ سىرتىدىكى يېرىقنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

**بويلىماق** پ ① ئۆز بويى بىلەن ياكى مەلۇم ئۇزۇنلۇقتىكى نەرسىنىڭ بويى بىلەن ئۆلچىمەك: ئۇ: ــ مەن دېمىدىمىمۇ، كەتمەن بويلىمىدى، سۇنىڭ تىرەنلىكى زادى ئىككى گەزدىن كەم ئەمەس، ــ دېدى. ② دەريا، يول قاتارلىقلارنىڭ ياقىسى، بويى بىلەن ماڭماق: سابىر تەرەپ ــ تەرەپتىن خۇشال ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلارغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ، چوڭ يولدىن بۇرۇلۇپ، يان تەرەپتىكى ئانا ئېرىقنى بويلاپ كېتىۋاتقاندا، ئالدى تەرەپتىن شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، دادىۋي ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نىياز قۇربان چىقىپ كەلدى. ③ بويىنى سوزماق: قەپەزنىڭ ئىگىسى ئوتتۇرچىغا: ــ ھە، نېمىشقا قەپەسنى بويلاپ قالدىڭ؟ ئوغرىمۇسەن؟ كەت نېرى! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

**بويناق** ئى [بويىنى+ئاق] بويىندا ئاق بولغان ياكى بويىندا باشقا بەلگىلىرى بولغان ئىت؛ كۈچۈك: بوسۇغامنى بېسىپ ياتقان، كېچە ــ كۈندۈز قاۋاپ ياتقان، جاپايىمنى تولا تارتقان، بويناقلىرىم ئامان بارمۇ؟

**بويۇن** (بويىنى) ئى ① ئادەم ۋە ھايۋان گەۋدىسىنىڭ باش بىلەن تەننى بىرىكتۈرگۈچى قىسمى: ھەربىي ۋە مەمۇرلار كېلىپ، بۇلارنىڭ ھەم مېنىڭ بويۇنۇمغا تاقاق، قوللىرىمغا كويزا سېلىشتى. ② قاپاق، چۆگۈن قاتارلىقلارنىڭ بېشى بىلەن قورسىقى ئارىلىقىدىكى ئىنچىكە قىسمى: ئاپتۇۋىنىڭ بويىنى. قاپاقنىڭ بويىنى. ③ ئۈستى، زىممىسى: شۇ چاغدا قۇربان نىياز غوجا توختىنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك «بالا» بولۇشقا رازى قىلىپ، ساۋابلىق ئۇچۇن توختىنىڭ بويىندىكى قەرزنى «ئېلىپ تاشلىۋەتتى».

**بويۇن ئەگمەك** ① تازىم قىلماق: ئاستا كېلىپ سالام قىلدىم بويۇنۇمنى ئېگىپ، ئەجەبمىغۇ سەزمىدىلە كۆڭلۈمنى چىگىپ. ② كۆچمە. ئەيىبىنى بويىنىغا ئالماق، ئەيىبىگە ئىقرار بولۇپ بېشىنى سالماق: ــ ئۆزۈم قىلغان ئىشكەن. بويۇن ئەگمەي نېمە ئىلاجىم، ــ دېدى ئۇ. ③ كۆچمە. بويسۇنماق: ئاستىن ــ ئۈستۈن قىلدى جاھاننى، ئەمما ئاڭا ئەگمىدۇق بويۇن.

**بويۇن بەرمەسلىك** ← **بوي بەرمەسلىك**: بۇ چاغ لەشكەرلەر ئۇن گەز ئېگىزلەپ، ئاسمان قەسرى ــ مەنزىلىنى كۆزلەپ، ئۆرلىگەنىدى زېمىندىن ــ پەستىن، تېپىرلايتتى قىز بويۇن بەرمەستىن.

**بويۇن تولغىماق** باش تارتماق، نارازىلىق قىلماق: بويۇن تولغىما، مەن بىلەن سودىلاشماقچىمۇسەن، ئاچچىق قوتاندىن ئۆكۈزنى. * رەھمەتمۇ ئانىسىنىڭ گەپلىرىدىكە بۇرۇنقىدەك بويۇن تولغىماستىن قۇلاق سالىدىغان بولدى.

**بويۇندىن ساقىت** ← **گەدەندىن ساقىت**.

**بويۇن سۇنماق** ← **بويسۇنماق**: گەر ھەۋەس قىلساڭ، كۆرۈشنى ئورنىدۇر ساپباغ رايىون. مۇمكىن ئەمەس، كۆز بىلەن كۆرگەندە سۇنماسقا بويۇن.

**بويۇنغا يەل تۇرۇپ قېلىش** <تىب> ئۇخلىغاندا بويۇنغا سوغۇق تېگىش ياكى ياستۇقنىڭ توغرا قويۇلماسلىقى تۈپەيلىدىن بولىدىغان

بويۇن ئاغرىقى.

**بويۇن ئومۇرتقىسى** <فىزىئول> بويۇندىكى ئومۇرتقا سۆڭىكى. ئۇ ئادەتتە يەتتە تال بولىدۇ، كىچىكرەكلىرى بىرىنچى بويۇن ئومۇرتقىسى ۋە ئىككىنچى بويۇن ئومۇرتقىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشى باشقا بويۇن ئومۇرتقىلىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

**بوينۇم قىلدا باغلاقلىق** ھەرقانداق جازالىنىشقا تەييار: يوق گەپ، ماڭا ئىشىنىڭلار، يالغان ئېيتسام، بوينۇم قىلدا باغلاقلىق.

**بويندا شاپتۇل قاقماق** نارازى بولۇپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ بويۇن تولغىماق: يەنە بوينۇڭدا شاپتۇل قېقىۋەرسەڭ ھەممىدىن قۇرۇق قالىسەن.

**بويندىن باغلىغاندەك** مەجبۇرىي، سۆردىگەندەك: ئۇ خۇددى بويندىن باغلىغاندەكلا كېتىپ قالدى.

**بويندىن ساقىت بولماق** ← گەدەندىن ساقىت بولماق: بۇ ئىشلار ئۇنىڭ بويندىن پۈتۈنلەي ساقىت بولدى.

**بويندىن ساقىت قىلماق** ← گەدەندىن ساقىت قىلماق.

**بويىنى سۇنغۇر** «بوينۇڭ سۇنۇپ كەتسۇن» دېگەن مەنىدىكى تىل-ھاقارەت، قارغىش سۆزى.

**بوينىغا ئارتماق** مەلۇم بىر ئىشنىڭ جاۋابكارلىقىنى زىممىسىگە يۈكلىمەك: يوقاپ كەتكەن هارۋىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئارتىشتى.

**بوينىغا ئالماق** مەلۇم بىر ئىشنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالماق، خاتالىق، كەمچىلىكنى ئىقرار قىلماق: — ھېچقىسى يوق ئانىسى، — دېدى داۋۇت ئاكام، — ئۇ يىگىت بولىدىغان بولسا، ئەيىبىنى بوينىغا ئېلىپ، بۈگۈن بولمىسا ئەتە ئىشقا چىقىدۇ. * سېتىنىياز ئالىيجاناب مەردانە كىشى بولغاچقا، ئايالى قىلغان گۇناھىنى بوينىغا ئېلىپ تۇۋا قىلغان چاغدىمۇ ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتمىدى.

**بوينىغا چۈشمەك** زىممىسىگە، ئۈستىگە ئارتىلماق، يۈكلەنمەك: ئەلىشىر بوينىغا چۈشكەن بۇ ئېغىر ئىشتىن قۇتۇلۇش يولىنى تاپالماي پىكىرلىرىنى توغرىدىن توغرا ئېيتتى. * ئۇ بوينىغا چۈشكەن ھەرقانداق ئېغىر ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تەييار ئىدى.

**بوينىغا سىرتماق چۈشمەك** قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بېسىم ۋە ئاسارەتكە مۇپتىلا بولماق: مەنىسىز ياشاشتىن مەنىلىك ياشاشقا ئۆتكەن، ئۇلۇغ كۈرەشكە ئۆزىنى ئاتىغان، خەلقنىڭ بوينىغا چۈشكەن سىرتماقنى ئۈزۈش ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ، ھازىرغىچە ياخشى جەڭلەرنى قىلغان، بۈگۈن مەردلەرچە قۇربان بولغان سەپدىشىمىز كېۋىرنىڭ قەھرىمانلىقى بىزنىڭ ئازادلىق ئۇرۇش تارىخىمىزغا يېزىلدى.

**بوينىغا قويماق** گەدىنىگە، زىممىسىگە، ئۈستىگە يۈكلىمەك: ھېكىم نۇر! بۇرۇنقىسىنى دېمەي تۇرۇپ گۇندىخانىدىكى كېپىنى بوينىغا قويۇڭ، — دېدى زومىگە.

**بوينىغا قىلىچ كەلگەندىمۇ** ئۆلۈم ئالدىدىمۇ: ئۇ، بوينىغا قىلىچ كەلگەندىمۇ مەغرۇر ۋە مەردانە قىياپىتىنى بۇزماي دۈشمەننى قىلچە مەنسىتمىدى.

**بوينىغا گىرە سالماق** بويندىن قۇچاقلىماق: ئۇ، ئانىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. * بۇ چاغدا سەرسان دادىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالغان بولۇپ، ئابلىزنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن ساقال-بۇرۇتلىرىغا يۈزىنى يېقىپ ئولتۇراتتى.

**بوينىغا مىنمەك** بوزەك قىلماق: — ئۇلار ھازىر بوينىمىزغا مىنىۋالدى، قاچانغىچە كۆتۈرىمىز؟! — دېيىشىپ ۋارقىرىشاتتى توپلانغان ئىشچىلار.

**بويىنى قاتتىق** بويۇن ئەگمەيدىغان، تىز پۈكمەيدىغان؛ جاھىل: سېنى ئالدىمغا كېلىدۇ، ياردەم، مەسلىھەت سورايدۇ دەپ كۈتتۈم، لېكىن بوينۇڭ قاتتىق ئاۋاق جۇمۇسەن، ئاخىر يەنە مەن سېنىڭ ئايىغىڭغا يىقىلدىم.

**بوينى قىسىق** بوينى قىسىلغان، بىچارە، يار ـ يۆلەكسىز، غېرىب: ئۇ بالىنىڭ بوينى قىسىق، بېشىنى سىلىمىساق ئەلۋەتتە بولمايدۇ ـ دە.

**بوينى قىسىلماق** غېرىبسىنماق، يار ـ يۆلەكسىز قالماق: ــ دوست ـ دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا ئاشۇ بالىلارنىڭ بوينى قىسىلمىسا دەيمەن، ئانىسى رەھمەتلىكنىڭ شۇ بالىلارنى چوڭ قىلىمەن دەپ كۆرمىگەن كۈنى قالمىغان، ــ دېدى داۋۇت ئاكام كۆزىگە ياش ئېلىپ.

**بوينى ئۆرە** ⟵ **بوينى قاتتىق.**

**بوينى ئۇزۇلگۇر** «بوينى سۇنۇپ، ئۈزۈلۈپ ئازابلىنىشقا لايىق» دېگەن قارغاش مەنىدىكى سۆز: ــ ئۇ بوينى ئۇزۇلگۇر سىلىنىڭ يۈرەكلىرىنى يۇلۇۋاتسىمۇ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇراملا ئەمسە؟ ــ دېدى گۈلەمخان.

**بوينى يۇمشاق** ① باشباغ باغلاپ يېتىلەشكە، باشقۇرۇشقا بولىدىغان؛ كۆنگەن؛ ياۋاش: بوينى يۇمشاق كالا. ② كۆچمە. بىراۋنىڭ باشقۇرۇشىغا قارشىلىق قىلمايدىغان: ئۇنىڭ بوينى بەكلا يۇمشاق ئىكەن، ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولىدىغان بولسام، ھەي...

**بويۇنتاۋلۇق** ئى. ئىتائەت قىلماسلىق، بويسۇنماسلىق؛ قارشىلىق قىلىش: لى كۇي بىرنەچچە قېتىم پەشۋا يېگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئالدىدا بويۇنتاۋلۇق قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. * ئۇنىڭ تۇرقى ـ سىياقى باشقىچىلا، ئۆزىمۇ خىيالچان بولۇپ قېلىپتۇ. تۇكىنى تارتقان ئۆچكىنىڭ مەرگىنىدەك ساراڭ كۆلكىسىمۇ يوق، گەپ قىلسا نەزەر قىلمايدىغان، نىزىقايدىغان بويۇنتاۋلۇقى ھەم يوق.

**بويۇنتاۋلۇق قىلماق** ئىتائەت قىلماسلىق، بويسۇنماسلىق، قارشىلىق قىلىش ئىپادىسى ياكى ھەرىكىتىدە بولماق: چوڭ ـ كىچىك بۇرادەرلەر تەيىنلەنگەن ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلىشسىلا، بويۇنتاۋلۇق قىلىشمىسىلا، ئۇلارنىڭ مەردلىكىگە زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ.

**بويۇنتۇرۇق** ئى ① قوش، جۇۋاز، تۇلۇق، ھارۋا قاتارلىقلارغا قېتىلىدىغان ئۆكۈزلەرنىڭ بويىنىغا سېلىنىدىغان ئەگرى ياغاچ: ھېيىزە بولسا يېڭىدىن بويۇنتۇرۇق سېلىنغان تاغىل توپاقنىڭ ئىككى يېرىدىن ئۇلانغان تانىسىنى قىسقا تۇتۇپ يېتىلەپ بەرمەكتە ئىدى. ② جەبىر ـ جاپا، ئاسارەت، چەكلىمە: ئېزىلگۈچى مىللەتلەر جاھانگىرلىكنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد بولىدۇ. * «سول» ئىدىيىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيە توغرىلاندى.

**بويۇنچاق** ئى. قىز ـ ئاياللار بويىنىغا ئاسىدىغان، يىپ ئۆتكۈزۈلگەن مارجان: ئاق بەدەن قىزلار بويۇنچاق ئاسسا مەرۋايىت تىزىپ، چىشلىرىدىن بەلگە دەپ يازسام پىداكارىمغا خەت.

**بويۇنچە** ئى. تۆگە كارۋىنىنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى تۆگىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىدىغان پۆپۈك.

**بويۇنچۇق** ئى. قوش ياكى ھارۋىغا قېتىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ بويىنىغا سېلىنىدىغان سايمان، جىمبۇ: ئالدى بىلەن بۇ جانىۋارغا بويۇنچۇق سالايلى.

**بويۇنداشماق** «بويۇندىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ــ ھەي، قوڭغۇز ماشىنا كېلىۋاتىدىغۇ...، ــ دېدى بىرى قولىنى سايىۋەن قىلىپ. ھەممەيلەن بويۇندىشىپ يولغا تىكىلدى. * توپنىڭ ئارقىسىدا تۇرغانلار نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەك بولۇپ، پۇتلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ بويۇنداشماقتا ئىدى.

**بويۇندىماق** پ. بويىنىنى سوزماق: گۈلسۈمخان ئۇلارنى كۆرمەكچى بولغاندەك، شوخ كۈلكە ئاۋازى چىقىۋاتقان ياندىكى ھوجىرىغا بويۇنداپ قاراپ قويدى. * راھىلە تراكتورغا چىقىپ شەھەرگە ماڭدى، ئۇ كېتىۋېتىپ ھە دەپ ئالدىغا بويۇنداپ قارىدى.

**بويۇنكەش** سۈپ ⟵ **گەدەنكەش.**

**بويۇنكەشلىك** ئى ⟵ **گەدەنكەشلىك:** ھازىر ئۇ خېنىم بىلەن بىرگە ئۆتۈۋاتىدۇ. مېنى بويۇنكەشلىك قىلدى دەپ ئۆيىدىن ھەيدەپ

چىقاردى.

**بويۇنلۇق** سۇپ ① بوينى بار، مەلۇم شەكىلدىكى بويۇنغا ئىگە: پاتەم ئۇزۇن بويۇنلۇق سۇ قاچىسىدىن تەشتەككە سۇ قۇيدى. * ئۇ ئىشكاپتىن غاز بويۇنلۇق قورساقلىق بىر بوتۇلكا ۋە ئىككى رومكا ئالدى. ② بويۇنغا سېلىشقا تەييارلانغان: ئۇ: — بۇ قېتىم قىز تۇغسىڭىز بىر بويۇنلۇق مەرۋايىت، ئوغۇل تۇغسىڭىز ئالتۇن بىلەزۈك ئالىمەن، — دەپ قالدى. * بۇ قېتىم دانىلىرى يوغان ئون تۆت تىزىقلىق مەرۋايىتتىن بويۇنلۇق كېرەك.

**بويىتىلماق** «بوياتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قاسىم شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدە بويىتىلغان بەلبېغىنى باغلاپ، ئېتىنى مىنىپ شەھەرگە يول ئالدى.

**بويىتىشماق** «بوياتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بويىچە** رەۋ ① ...گە ئاساسەن، مۇۋاپىق، بىنائەن: مامۇت ۋەدە بويىچە كۆك ئېتىنى چۆگۈنگە تېگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. * مۇدىر ئادىتى بويىچە ئالدى بىلەن كۆپچىلىككە سالام بەردى، ئەھۋال سورىدى. ② مەلۇم ئورۇن، دائىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار بىلەن بىردەك كېلىپ، «ھەرىكەت، ۋەقە ياكى ھادىسىنىڭ شۇ جايغا تەئەللۇق» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئەمدى بىزمۇ ئائىلىمىز بويىچە بىرنى يازساق قانداق؟ * جەڭ مەيدانىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئورۇنلاشقان ئەنۋەرنىڭ قىسمى سەپ بويىچە قاتتىق ئۇرۇشماقتا ئىدى.

**بويىماق** پ. رەڭ بەرمەك، رەڭگە سالماق: ئۇ گەۋدىسىنى كۆتۈرگەندە، بۇرنىدىن چىققان قان ساقاللىرىنى قىپقىزىل بويىۋەتكەنىدى.

**بۇ** ئال ① سۆزلىگۈچىگە يېقىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى، ئۇنىڭ يېنىدىكى ياكى قولىدىكى نەرسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىدۇ: — بالام، بۇنى دەرھال ئاپىرىپ، ئاكاڭغا بېرىپ كەل، — دېدى ئانىسى قولىدىكى قەغەزگە يۆگەكلىك نەرسىنى بالىسىغا بېرىپ. ② سۆز بولۇۋاتقان پەيتنى ياكى ئۇنىڭغا يېقىن ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ: ئۇ، بۇ كۈنلەردە ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتى. * بۇ يىل قىش بالدۇرلا چۈشۈپ كەتتى. ③ ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، كۆزدە تۇتۇلغان ياكى ئاڭلىغۇچى يېقىن دەپ ھېس قىلغان ئادەم، نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش ياكى ئۇلارغا ئىشارە قىلىشتا قوللىنىلىدۇ: تۇرسۇن بىر ماقالە يازدى. بۇ ماقالە يېقىندا ئېلان قىلىنىدۇ. * ھېلىقى لۇغەتتىن يەنە بىرنى ئالدىم، بۇنى ئۇكامغا بېرىمەن.

**بۇ ئالەم** كىشىلەر ئۆلۈشتىن ئىلگىرىكى ياشىغان مەۋجۇتلۇق؛ بۇ دۇنيا: شاھزادىنىڭ ئانىسى: — ئوغلۇم غايىب بولۇپ كەتكەندىن بېرى ھەممە ياقنى ئىزدەپ، ھېچ يەردىن ئىز-دېرىكىنى ئالالماي، ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ يىغلاپ ھازا ئېچىپ ئولتۇرغانىدىم. مانا بۈگۈن ئوغلۇمنىڭ بۇ ئالەمدە ھايات ئىكەنلىكىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىپسىلەر، — دەپ خۇرسەن بولۇپ، بۇلارنى ياخشى مېھمان قىلىپ كۈتۈۋاپتۇ.

**بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە** سۆز بولۇۋاتقان ئاي، ۋاقىت ئىچىدە: قاسىم جىڭسانىڭ بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە كەينىگە ئادەم سالماي بۇ يەرگە چىقىشى بىكار ئەمەس. * بۇ ئىشنىڭ ھەل بولۇشىدىن بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۈمىد يوق.

**بۇ تاپتا** سۆز بولۇۋاتقان پەيتتە.

**بۇ چاغ** بىرەر ئىش، ۋەقە، ھادىسە يۈز بەرگەن ياكى سۆز بولۇۋاتقان پەيت؛ ۋاقىت: بىز تاغدىن قايتقان بۇ چاغ قىش مەزگىلى ئىدى. * ئاينىساخان ئانا: — ئوغلۇم تۇرسۇن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، بۇ چاغقىچە سۇ ئەكىلىپ ئۆينى ئىسسىتىپ ئولتۇرغاندۇ، — دەپ ئويلىدى.

**بۇ دور** ← **بۇ دورەم**: غۇپۇر بۇ دور ئۆتۈپ چىقتى-دە، خۇشال-خۇرام ئۆيىگە كەتتى.

**بۇ دورەم** بۇ نۆۋەت، بۇ قېتىم: شۇنداقتىمۇ ئۇ، بۇ دورەم «ئۆگەنگەن كۆڭۈل

ئۇجمە پىشقىچە» دېگەندەك كۆنۈپ قالغان گېپىنى بىرقۇر تەكرارلىغاندىن كېيىن، ئەينەكتىن يىراقلىشىپ كەشتىنى قولىغا ئالدى. * باقى قويچى: — سىنىڭ كېسىلىڭنى ئويلاپ، ئاغزىمدىن چىقىرالمىغانىدىم، هازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭ، بۇ دورەم مەن بېرىپ كېلەي، يەنە بىر نۆۋەت سەن بېرىپ كېلەرسەن، — دېدى.

**بۇ دورقى** بۇ نۆۋەتتىكى، بۇ قېتىمقى: بۇ دورقى يىغىندا يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ هەممىسى دېگۈدەك پىكىر بايان قىلدى.

**بۇ دۇنيا** هازىرقى مەۋجۇت دۇنيا، كىشىلەر ياشاۋاتقان دۇنيا؛ بۇ ئالەم: بۇ دۇنيادا بىزدەك خۇشال، هاياجانلانغان هېچكىم يوق. * بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ئەركىنىڭ «نىجاتىنىڭ بۇ دۇنيادا دادىسى بولغان ئەمەس، ئىشەنمىسىڭىز كىنوخانا يېنىدىكى چايخانىغا بېرىپ بېقىڭ» دېگەن سۆزلىرى يەنە ئاڭلانغاندەك بولدى.

**بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا ← ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا.**

**بۇ دۇنيالىق** هازىرقى مەۋجۇت بولغان **كىشىلىك دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە ئۇنىڭدا قىلىشقا، ئورۇنداشقا تېگىشلىك بولغان:** سەيدىن قارىي: — هە، بۇ دۇنيالىق ئىشنى ئاخىرەتكە قالدۇرماي دېدىم، ئالاهازەل غوجاخۇنمۇ ئالدىرىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى. * مەزىن: — بۇلارنىڭ هەممىسىچۇ، بۇ دۇنيالىق ئىشلار، بىزگە ئۇ دۇنيالىقنى بەرگەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئۇ دۇنيالىقنى — ئاخىرەتلىكنى ئويلىمىغان نائەھلىلەرنى مۇسۇلمان دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنداقلارغا قىز بېرىش تۇرماق، بىر داستىخاندا ئولتۇرۇشمۇ هارام، — دېدى.

**بۇ قەدەر** بۇنچىلىك دەرىجىدە، بۇنچىۋالا: مەن بۇ مەسىلىنىڭ بۇ قەدەر چىگىشلىشىپ كېتىشىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمەن.

**بۇ كەم** سۆز بولۇۋاتقان پەيت، مەزگىل: جاپپار ئامالسىز يەنە قورال - ياراغ زاۋۇتىغا باردى. ئەمما، بۇ كەمدە بۇ زاۋۇت گومىنداڭ هاكىمىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن بولۇپ، توختاپ قېلىش هالىتىگە چۈشكەنىدى.

**بۇ گەپچە** دېيىلگەن ياكى ئاڭلىغان گەپكە ئاساسلانغاندا، قارىغاندا: ئەپچىلەم: — بۇ گەپچە مەن پۇلنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپتىمەنده؟ — دېدى.

**بۇ نۆۋەت** ئىش - هەرىكەتنىڭ سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىت ئىچىدە ئورۇندىلىۋاتقان ياكى باشلانغان قېتىمى؛ بۇ قېتىم: — بۇ نۆۋەت مەن باراي، كېيىنكى نۆۋەت سەن بار، — دېيىشىپ كېلىشتى ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن.

**بۇنىڭدىن باشقا** ئادەم، نەرسە، ۋەقە، هادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، كۆزدە تۇتۇلغان ياكى ئۇز ئىچىگە ئالغانلىرىدىن باشقىلىرىنى تەكىتلەشتە ئىشلىتىلىدۇ: بۇ قېتىمقى يىغىندا بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**بۇنىڭدىن تاشقىرى ← بۇنىڭدىن باشقا.**

**بۇنىڭدىن سىرت ← بۇنىڭدىن باشقا.**

**بۇنىڭدىن كېيىن** سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن: كۇرسانتلار بۇ قېتىملىق كۇرس ئاخىرلاشقاندا، ئىرادىنامە يېزىپ، بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

**بۇنىڭ سىرتىدا** يۇقىرىقىسىنى هېسابلىمىغاندا: يىغىنغا كەلگەنلەر جەمئىي ئوتتۇز كىشى بولۇپ، بۇنىڭ سىرتىدا يەنە ئۈچ نەپەر كاتىپمۇ بىللە كەلگەنىدى.

**بۇنىڭلىق بىلەن** ئېيتىپ ئۆتۈلگەنچىلىك ئىش ياكى هەرىكەت بىلەن: ساۋۇت ئاكام ماڭا: — ئارقا ئىشىكتىن ماڭ، پارە بەر دېسەڭ، يالغۇز بۇنىڭلىق بىلەنلا ئىش تاڭ ئاتمايدۇ، — دېدى ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

**بۇ هال** يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن هالەت؛ بۇ ئىش: شەهەر ئىچىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر هە دەپ يېزىلارغا قېچىشماقتا ئىدى. بۇ هال خەلق ئىچىدە هەر خىل گەپ - سۆزلەرنىڭ ئاۋۇپ

www.uyghurkitap.com

كېتىشىگە سەۋەب بولغانىدى. * پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلىنى بىلىدىغانلار يىگىتنىڭ بۇ ھالدا سەپەردىن يېنىشىغا ھەيران قېلىشتۇ.

**بۇ ھەقتە** ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىش ياكى مەسىلە توغرىسىدا: مەن بۇ ھەقتە ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم سۆزلەشتىم.

**بۇت** ئى [پ] <دىن> بۇددا دىنى ۋە بەزى دىن مۇرىتلىرىنىڭ خۇدا دەپ بىلىپ سەجدە قىلىش ئۈچۈن تاش، ياغاچ، لاي، گەج ياكى مېتال قاتارلىقلاردىن ئادەم شەكلىدە ياسىۋالىدىغان ھەيكىلى: يېرىم كېچە، ياتاقخانىدىكى كارىۋاتتا ياتاتتىم. بىردىنلا ئىككى بىرنېمە كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ بىرى «مۇنكىر»، يەنە بىرى «نەكىر». لېكىن بۇلاردىن ھەيرانمۇ بولمىدىم. چۈنكى بۇلار چىڭخۇاگمياۋنىڭ بۇتىغا ئوخشايتتى.

**بۇتادىئېن** ئى [ر‹گرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_4H_6$، رەڭسىز گاز، ئاسان ئۇيۇشىدۇ ۋە سۇيۇقلىنىدۇ؛ نېفىت ياكى ئىسپىرتلارنى دىستىللەش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ؛ بۇتىل بېنزوللۇق كاۋچۇك، پېر-بۇنان قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**بۇتان** ئى [ر‹گرېك] <خىم> ئالكانلارنىڭ بىر خىلى، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_4H_{10}$، رەڭسىز يېنىشچان گاز، نېفىت ۋە تەبىئىي گازلاردا بولىدۇ.

**بۇتپەرەس** سۈپ. بۇتقا چوقۇنىدىغان، بۇتقا ئېتىقاد قىلىدىغان: بۇتپەرەس ئادەم.

**بۇتپەرەسلىك** «بۇتپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**بۇتتەك** سۈپ. مىدىر-سىدىر قىلماي، زۇۋان سۈرمەي ياكى جىمجىت، ھەرىكەتسىز: بۇتتەك تۇرماق. * ئادىلە بىر سائەت ياتتى، مېنى ئاستا قۇچاقلىدى، يۈزىنى ياقتى. مەن بۇتتەك ياتقاندىن كېيىن، ئۇ تامغا بۇرۇلدى-دە، بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى.

**بۇتتەك تۇرماق** مىدىر-سىدىر قىلماي، زۇۋان سۈرمەي، جىمجىت، ھەرىكەتسىز تۇرماق: سوراقچى ئۇنىڭغا دېۋەيلەپ كېلىپ: — ئېيتە، نېمە بۇتتەك تۇرىسەن؟ — دەپ يەنە قىستاپ سورىغىلى تۇردى.

**بۇتتەك قېتىپ قالماق** بىرەر كۆڭۈلسىزلىك ياكى كۈتۈلمىگەن بىرەر ھادىسە تۇپەيلى گاڭگىراپ تۇرغان يېرىدە قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالماق: رازۋېتچىك دوكلاتنى تاغدىن-باغدىن سۆزلەپ تۈگەتتى، لېكىن ئۇ، خوجايىن يەنە نېمە دەركىن، دەپ ھودۇققىنىدىن خۇددى بۇتتەك قېتىپ قالغانىدى.

**بۇتخانا** ئى [پ] <دىن> بۇت ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاي يەنى بۇددا دىنىنىڭ ئىبادەتخانىسى.

**بۇتناشماق** (توغرىسى: باتناشماق) ← **باتناشماق.**

**بۇتنىماق** (توغرىسى: باتنىماق) ← **باتنىماق.**

**بۇتىل** ئى [ر‹گرېك] <خىم> ← **بۇتىل كىسلاتا.**

**بۇتىل بېنزوللۇق كاۋچۇك** <خىم> بىرىكمە كاۋچۇكنىڭ بىر خىلى، بۇتادىئېن ۋە فېنىل ئېتىلېندىن پايدىلىنىپ ياسىلىدۇ؛ سۈركىلىشكە چىداملىق، سۈپىتىنى ئاسان ئۆزگەرتمەيدۇ؛ تەبىئىي كاۋچۇكنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**بۇتىل كىسلاتا** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $CH_3(CH_2)_2COOH$، رەڭسىز مايسىمان سۇيۇقلۇق، ئۆتكۈر سېسىق پۇراققا ئىگە، تۆۋەن دەرىجىلىك ماي كىسلاتالىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خۇرۇم، كاۋچۇك، پۇراقلىق ماتېرىيال قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**بۇجۇغۇر** سۈپ. تۈرۈلگەن، قورۇلغان؛ بۇدۇر-بۇدۇر: بۇجۇغۇر چاچ.

**بۇجۇغۇر بۇلۇت** <مېتېئور> يۇقىرى بۇلۇت تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولغان بىر خىل ئاساسىي بۇلۇت تىپى، رەڭگى ئاق ۋە كۆلەڭگىسىز بولىدۇ، يۇمشاق مەشۇت تالالىرىغا ئوخشاش پارقىرايدۇ. ئۇ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىغا بۆلەك ـ بۆلەك ھالدا تارقىلىدىغان بولۇپ، شەكلى خۇددى قۇشنىڭ پېيىگە، ياكى ئىلغۇچقا ۋە ياكى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاپ قالىدۇ؛ تەركىبىدە مۇز كرىستاللىرى بولۇپ، 5 مىڭ مېتىردىن ئارتۇق بولغان يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدىكى سۇ پارىنىڭ قېتىشىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ.

**بۇخسۇماق** پ. جىنسىي تەلپىنى ئاشماق: قاناتلىنىپ بۇخسۇپ قالغان سېمىز ئات، ئۇچۇپ تۇرغان شاماللارغا قىتىلدى.

**بۇدجېت** ئى [ر<فران] ئارخا ← **خامچوت.**

**بۇددا** ئى [سانس] ① <دىن> بۇددا (BUDDNA) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بۇرھان» (BURHAN) دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئەس ـ ھوش» بولۇپ، «بۇددا» (ئەس ـ ھوش) سەددىغارتىنىڭ (ساكىيامۇنىنىڭ) سېزىمگە كىرىپ، ئەس ـ ھوشىنى تېپىپ ئەۋلىيا بولغاندىن كېيىنكى ھۆرمەت نامى. ② بۇددا دىنى.

**بۇددا ئەدەبىياتى** بۇددا دىنى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەدەبىيات. ئۇ بۇددا ئەقىدىلىرىگە باغلانغان، بۇددا رىۋايەتلىرىگە ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن نەسرىي ئەسەرلەر — ھېكايە، قىسسە، دراملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**بۇددا تەلىماتى** <دىن> بۇددا سۆزلىگەن دىنىي تەلىماتلار بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ تۆرلۈك ئەقىدىلىرى ۋە شۇ ئەقىدىلەر تارقىلىش ئىسپادىلەنگەن بۇددا دىنى «ھەقىقەت»لىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**بۇددا دىنى** دۇنيادىكى ئاساسىي دىنلارنىڭ بىرى. مىلادىدىن ئىلگىرى V، VI ئەسىرلەردە قەدىمكى ھىندىستاننىڭ كاپىلاۋاستۇ دۆلىتى (ھازىرقى نېپالنىڭ چېگرىسى ئىچىگە توغرا كېلىدۇ)نىڭ شاھزادىسى ساكىيامۇنى تەرىپىدىن يارىتىلغان. بۇ دىن ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە تارقالغان، جۈملىدىن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى دۆلىتىمىزگە تارقالغان.

**بۇددا نوملىرى** <دىن> بۇددا دىنىنىڭ بارلىق كلاسسىك كىتابلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**بۇددىچىلىق** ئى. بۇددا نوملىرىدىكى ئىدىئاللىستىك پەلسەپە.

**بۇددىزم** ئى [سانس+ر] بۇددا دىنى.

**بۇددىست** ئى [سانس+ر] بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى شەخس؛ بۇتقا چوقۇنىدىغان ئادەم.

**بۇددىستلىق** ئى. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش، بۇتقا چوقۇنۇش پائالىيىتى.

**بۇدرۇق** سۈپ. بەدەن گۆشلىرى يۇمران، بوغماق ـ بوغماق، سېمىز، ساغلام: بۇدرۇق بالا. • لۇتپۇللا مەكتەپ يېشىغىمۇ كىلىپ قالدى. ئۇ شوخ، ئوماق، بۇدرۇق، كىشىنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك يېقىملىق چوڭ بولدى. • قىزنىڭ تۆرۈلگەن يەڭلىرىدىن چىقىپ تۇرغان ئاپئاق، بۇدرۇق بىلىكىدە كىچىككىنە سائەت يالتىراپ، يەنە بىر قولىدا پۇل سومكىسى ساڭگىلاپ تۇراتتى.

**بۇدۇشقاق** ① ئى. <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى ئۈچ بۆلۈكلۈك؛ مېۋىسىنىڭ سىرتىدا تىكەنلىرى بار، ئۇرۇقى جۇڭخۇا تېبابەتچىلىكىدە دورا قىلىنىدۇ؛ ئىششىق قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ھۆللۈكنى ھەيدەش، يەل تارقىتىش رولى بار. ئۇنىڭدىن ماي ئېلىنىشقىمۇ بولىدۇ. ② سۈپ. كۆچمە.

(ئادەملەرگە نىسبەتەن) ئاجرالمايدىغان، چاپلاشقاق: لۇتپۇللا، نەزىرەنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى مۇنىردىنىدىن تېخى ئاڭلىدىنىقى كۇنىلا ئاڭلاپ، كۆڭلىدە «بىر بۇدۇشقاق رودىپايدىن ئازاد بولۇپتىمەن»، دەپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. * شاۋۋاڭ دەيتتى ئىسمىنى، ئىدى شۇنچە ئۇرۇشقاق. ئۈچ كۆرەتتى باللار، دەيتتى ئۇنى بۇدۇشقاق.

**بۇدۇشقاقلىق** ①. سۈپ. بۇدۇشقاق بار، بۇدۇشقاق ئۆسكەن: بۇدۇشقاقلىق يەر. بۇدۇشقاقلىق ئېتىز. ② ئى. بۇدۇشقاق كۆپ ئۆسكەن جاي: بەڭباش قويلار سوپتاينىڭ شۇنچە توسۇشلىرىغا قارىماي، ئۇدۇل بۇدۇشقاقلىققا قاراپ چېپىپ كېتىشتى. ③ ئى. ھە دېگەندە كىشىنىڭ كۆزىگە كىرىۋالىدىغان، يېپىشىۋالىدىغان بىر خىل قىلىق، يېپىشقاقلىق: تويغا جىددىي جابدۇنۇۋاتقان ياش ئايال، ئۆزىگە ئەگىشىپ يىغلاۋاتقان ئوغلىغا قاراپ: — بۇدۇشقاقلىقىڭ قاچانمۇ تۈگەر — ھە؟ — دەپ سوراپ قويدى.

**بۇدۇڭتەي** رەۋ [خەن] ① تەۋرەنمەي، مەزمۇت: ئۇ بۇدۇڭتەي تۇراتتى. ② كۆچمە. ھېچنېمىنى غەم قىلماي، خاتىرجەم، غەمسىز: ئۇ: — ئاكاڭ قارىغاي ئابلەق بۇدۇڭتەي ھارۋىنى ئېچىپ ئويناۋاتىدۇ، ھېلى سەلەي دېگەن قەلەندەر 70 يۈەننى ئەكىلىپ بېرىدۇ. ئۇ ئېھتىمال، تاپان ھەققى تاما قىلىپ قالار. كېيىنكى مۇناسىۋەت يۈزىسىدىن، بىرەر رومكا قۇيۇپ بېرىمەن. ھەددىدىن ئاشسا، كۆرگۈلۈكىنى كۆرىدۇ. مەن كىم؟ — دەپ خىيال سۈردى.

**بۇدۇڭتەي تۇرماق** تەۋرەنمەي، مەزمۇت تۇرماق: كېرەم ئۆتكۈزگەن خاتالىقى بولمىغاچقا، سوراقچىنىڭ ئالدىدا بۇدۇڭتەي تۇردى.

**بۇدۇڭشىماق** پ. دىئال. باغلاق، سولاق قاتارلىقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېپىرلاپ ھەرىكەت قىلماق.

**بۇراتماق** «بۇرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇرادەر** ئى [پ] ① ئاكا-ئۇكا، ئاغا-ئىنىلەردەك يېقىن دوست؛ ئاغىنە، يولداش: بىركۈنى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىغا بىر بۇرادەر مەسەل يېزىپ كېلىپتۇ. * خۇسۇسىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ باغ سەيلىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەنمۇ بىرنەچچە بۇرادىرىم بىلەن بىللە مەركىزىي باغچىغا باردىم. ② «دوستۇم، ئاغىنە» دېگەن مۇراجىئەت مەنىسىدە كېلىدۇ: بۇرادەر! نەچچە كۈندىن بېرى قەيەرلەردە بولدۇڭ.

**بۇرادەرچىلىك** «بۇرادەر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەخسۇت ئاكا بىلەن شائىر لۇتپۇللانىڭ بۇرادەرچىلىكى كېيىنكى چاغلاردا بەك يېقىن بولۇپ كەتتى.

**بۇرادەرلىك** ئى ⟵ **بۇرادەرچىلىك:** دۇنيادا دوستلۇق، بۇرادەرلىك، قېرىنداشلىق دېگەندەك گۈزەل چۈشەنچىلەرمۇ بار.

**بۇراش** «بۇرىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى.

**بۇراش كۈچى** <فىز> جىسىمدا بۇرۇلۇش دېفورماتسىيىسى سادىر قىلىدىغان كۈچ.

**بۇراق** سۈپ. رەتكە ئۆتمىگەن، يارامسىز: بۇراق تېرە. بۇراق مال. بۇراق پاقلان.

**بۇرالدۇرماق** «بۇرالماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇرالماق** «بۇرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ، ئايخان يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىنلا كەينىگە بۇرالدى، لېكىن مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققۇچە قانچە قېتىم ئارقىغا قارىغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

**بۇرام** ① ئى. بىر قېتىم بۇراشتىن كېلىپ چىققان نەتىجە؛ ھالەت؛ ئورام. ② مىق. ئورام، يۆگەم: سۇنۇر ئىككى-ئۈچلا شوراپ بىر بۇرام تاماكىنى تۈگەتتى.

**بۇرج** ئى [ئە] <ئاستر> قۇياشنىڭ يىللىق ھەرىكەت يولىنى بويلاپ جايلاشقان ئون ئىككى يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ جەمئىي ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرى.

**بۇرجەك** ئى ① نەرسىلەرنىڭ تەرەپلىرىنىڭ كېسىشكەن جايى؛ ئۇچ: كارىۋاتقا لىق ئورۇن‑كۆرپىلەر تىزىلغان بولسا كېرەك، ئۈستىگە قىممەت باھالىق يۇڭ ئەدىيال يېپىلىپ، ئىككى تەرىپىگە بۇرجەكلىرى چوقچايتىپ چىقىرىلغان ئىككى ياستۇق تىزىلغانىدى. ② ئۆي، بىنا ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تەرەپلىرى تۇتاشقان جايى؛ بۇلۇڭ: ئۇلار ئۆزلىرىگە ئارتۇقنى قالدۇرۇپ ئۇنىڭ تەڭگىنى ئۆيىنىڭ بۇرجەكلىرىگە كۆمۈپتۇ. ③ كوچىلارنىڭ، يوللارنىڭ بۇرۇلغان، قايرىلغان جايى؛ دوقمۇش: كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر دېھقان كوچىنىڭ بۇرجىكىدىن ئىلدام ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، ھۇرۇن ئۇنىڭغا: ــ ھوي دېھقان ئاكا، نېمانچە پايپاسلاپ يۈرىسىز...، ــ دەپتۇ. ④ چەت، يىراق جاي؛ بۇلۇڭ‑پۇچقاق: يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەربىر بۇرجەكلىرىدىن تەبرىك خەتلىرى ئەۋەتىلگەنىدى.

**بۇرجۇن** ئى <بوت> ئەرمۇدۇن ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى ئاق بولىدۇ؛ مېۋىسى ئۇزۇن ۋە ئىللىپىس شەكلىدە كېلىدۇ. موم قۇرتى بۇرجۇن دەرىخىنىڭ شاخ، يوپۇرماقلىرىدا يوپۇرماق شىرنىسىنى شۈمۈرۈپ پارازىت ياشايدۇ؛ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىي رايونلىرىدا مۇشۇ خىل دەرەخنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق موم قۇرتلىرى بېقىلىدۇ.

**بۇرچ** ئى. مەجبۇرىي ئۆتەشكە، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە: ۋەتەننى قوغداش ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۇقەددەس بۇرچى.

**بۇردا I** سۈپ [پ] كىچىك پارچە، بۆلەك (ئاساسەن نان قاتارلىق يېمەكلىكلەر ھەققىدە): بۇردا بولماق. بۇردا قىلماق. * ھۆل بولۇپ كەتكەن داستىخاندا رەھمەتنىڭ ئۆرۈۋەتكەن چىنىسى ۋە سۇتلۇك چايغا چىلانغان، كۆپۈپ قالغان نان بۇردىلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. * شىرەگە ئۇن ئالتە بالا ئۇچۇن ئاران تۆت دانە تۇخۇم بولىكىسى قويۇلغانىدى، ماڭا پەقەت بىر بۇردىسىلا تەگدى.

**بۇردا بولماق** ① پارچىلانماق، ئۇششاقلانماق. ② كۆچمە. قاتتىق تىت‑تىت بولماق.

**بۇردا قىلماق** ① پارچىلىماق، ئۇششاقلىماق: قىلىچ ھازىرلىغان قۇل: ــ خوجام مەن بۇنى قىلىچ بىلەن ئىككىگە بۆلىمەن، بىر بۇردىدىن قىلىپ دەجلە دەرياسىغا تاشلايمەن. بېلىقلار يېسۇن، ــ دېدى. ② كۆچمە. قاتتىق تىت‑تىت قىلماق.

**بۇردا II** ئى. ئالدام، ساختا.

**بۇردا بولماق** ئالدانماق، گوللىنىپ قالماق.

**بۇردا قىلماق** ئالدىماق، گوللىماق.

**بۇردا‑بۇردا** پارچە‑پارچە، بۆلەك‑بۆلەك، ئۇششاق‑ئۇششاق: ئات ئۇنى ھەم چىشلەپ، ھەم تېپىپ، ھەش‑پەش دېگۈچە بۇردا‑بۇردا گۆشكە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

**بۇردىلىماق** پ. بۇردا‑بۇردا ھالەتكە كەلتۈرمەك، بۇردا‑بۇردا قىلماق، پارچىلىماق، ئۇششاقلىماق: ئۇ ئالدى بىلەن ناننىڭ بىر پارچىسىنى بۇردىلاپ «بىسمىللا»نى مەن ئاڭلىغۇدەك ئېيتىپ ئاغزىغا سالدى.

**بۇرژۇئا** ئى [ر<فران] ← **بۇرژۇئازىيە**: بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى. بۇرژۇئا ئىدىيۋى خاھىش.

**بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى** <پەلس> بۇرژۇئازىيە بەھرىمەن بولىدىغان دېموكراتىيە، شۇنداقلا بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنىڭ بىر خىل ۋاستىسى.

**بۇرژۇئا ئىنقىلابى** <پەلس> بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلىدىغان دېموكراتىك ئىنقىلاب. بۇ بۇرژۇئازىيە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىش يولىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنى قۇرۇش ئۇچۇن ئېلىپ بارىدىغان ئىنقىلابدۇر.

www.uyghurkitap.com

**بۇرژۇئاز** ئى [ر<فران] بۇرژۇئازىيە سىنىـ
پىغا مەنسۇپ كىشى، بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ
ۋەكىلى.

**بۇرژۇئازلاشماق** پ. بۇرژۇئازغا ئايلانماق، بۇرژۇئا روھى بىلەن سۇغۇرۇلماق: يېڭى بۇرژۇئازلاشقان دۆلەت دىنىي جەمئىيىتى بولسا كېيىنكى يەكشەنبىنى قوللاندى، بۇ يەكشەنبە ھازىرغىچە ئەنگلىيىنى بىزەپ تۇرماقتا.

**بۇرژۇئازىيە** ئى [ر<فران] <پەلس> ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە ئىگە بولغان ھەمدە ياللانما ئەمگەكنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، قوشۇمچە قىممەت شورىۋالىدىغان سىنىپ. ئۇ كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران سىنىپ، شۇنداقلا ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپ.

**بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسى** <پەلس> بۇرژۇئازىيىنىڭ پرولېتارىيات ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدە زورلۇق كۈچ بىلەن يۈرگۈزىدىغان دىكتاتۇرىسى. ئۇ كاپىتالىستىك دۆلەتنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىدۇر. ھەرقانداق كاپىتالىستىك دۆلەتتە دىكتاتۇرا مەيلى شۇ دۆلەتنىڭ قانداق شەكىلدە بولۇشىدىن (پادىشاھلىق تۈزۈمدە ياكى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمدە بولۇشىدىن) قەتئىيـ نەزەر، ماھىيەتتە، ھامان بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قوغداش، پرولېتارىياتنى ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنى ئېزىشتىن ئىبارەت.

**بۇرژۇئازىيە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى** <پەلس> بۇرژۇئازىيە دۇنيا قارىشىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇ شەخسىيەتچىلىكنى ئاساس قىلىدۇ؛ پايدىغىلا ئىنتىلىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىش، باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزى نەپ ئېلىش، پايدا ۋە پاراغەت قوغلىشىشنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئالىي مەقسىتى قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**بۇرژۇئازىيىچە** سۈپ. بۇرژۇئازىيىگە ئائىت، بۇرژۇئازىيىگە خاس: بىز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئېنىق تونۇپ، بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش خاھىشىنى ئەدەبىي تەنقىد ئارقىلىق قەتئىي تۈگىتىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى!

**بۇرغا I** ئى <ماشىن> كانچىلىق نېفىت، خىمىيە سانائىتى گېئولوگىيىلىك قېدىرىش ۋە شۇ قاتارلىق ئىشلاردا قېزىش، كولاش، تېشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنە؛ پەرمە: يولداش قادىر نامان بۇ ئىشنى بىلىپ دەرھال بۇ گۇرۇپپىغا يېتىپ كېلىپ، ئىشنىڭ ئەڭ ئېغىرى بولغان بۇرغا بىلەن تۆشۈك تېشىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىشچىلار بىلەن بىللە ئۇدا بىرقانچە كۈن جاپالىق ئىشلەيدۇ.

**بۇرغا ماشىنىسى** <ماشىن> كانچىلىق، نېفىت، خىمىيە سانائىتى، گېئولوگىيىلىك قېدىرىش ۋە شۇ خىل ئىشلاردا قېزىش، كولاش، تېشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ۋە بۇرغىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ماشىنا.

**بۇرغا II** ئى. كالا، تاغ تېكىسى قاتارلىقـ لارنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسىلىدىغان، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان، بىر خىل قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابى: شىنجاڭنىڭ بۇرغا، يالغۇزەك (نەي)، بورىيا، بالىمان، دۇمباق، غوڭقا، باربىت، راۋاب غېجەك قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى زۇ، زىڭ، سەي، چىڭ قاتارلىق چالغۇلار بىلەن بىرلىشىپ مۇزىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

**بۇرغىلاتماق** «بۇرغىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇرغىلاشماق** «بۇرغىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇرغىلانماق** «بۇرغىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۇرغىلىماق** پ. بۇرغا بىلەن كولىماق، قازماق؛ پەرمىلىمەك: جازا ئىشچىسى ئەخمەت — بۇرغىلاش سەھنىسىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىمۇ پۈتتى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

**بۇرما** ① ئى. ياغاچ ياكى قاتتىق نەرسىلەرگە تۆشۈك ئېچىشقا ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ئەسۋاب؛ ئۆشكە: بۇرما بىلەن تۆشۈك تەشمەك. ② ئى. دېتاللارنىڭ تاشقى ياكى ئىچكى يۈزىگە ئايلاندۇرۇپ چىقىرىلغان ئورام شەكىللىك چىش، رېزبا: بۇرما چىقارماق. ③ سۈپ. ئايلانما ھالەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغان ياكى ئىلگىرىلەيدىغان: بۇرما شەكىلدىكى ھەرىكەت. * ئۇ ھەرىكەتنىڭ بۇرما شەكىلدە بارىدىغانلىقىنى ھەم مۇقەررەر ھالدا سەييارىلەر ھەرىكىتىگە ئوخشاش مەركەزگە سوقۇلۇپ تۈگىشىدىغانلىقىنى بايقىيالمايتتى.

**بۇرما لامپۇچكا** بۇرمىلىق، بۇراپ بېكىتىلىدىغان لامپۇچكا.

**بۇرما مىخ** بۇرما چىقىرىلغان، بۇراپ كىرگۈزۈلىدىغان مىخ.

**بۇرمىسىمان** سۈپ. بۇرما شەكىللىك، بۇرما شەكلىنى ئالغان.

**بۇرمىسىمان تەنچە** <بىئول>باكتېرىيە بىلەن ئىپتىدائىي ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل مىكرو ئورگانىزم، شەكلى ئەگرى-بۈگرى بولۇپ، خېلىلا كۆپ بۇرمىسى بار؛ ھۈجەيرە پەردىسى يوق، بىخ سپورا ھاسىل قىلمايدۇ، سوزۇلۇپ قىسقىراش ئىقتىدارىغا ئىگە؛ سىفىلىس، قايتۇرما كېزىك قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**بۇرمىلاتماق** «بۇرمىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇرمىلاشماق** «بۇرمىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇرمىلانماق** «بۇرمىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: روشەنكى، بۇ ھېكايىدا تارىخىي پاكىتنىڭ تۈپ ماھىيىتى، رېئاللىقنىڭ قانۇنىيىتى پۈتۈنلەي بۇرمىلانغان.

**بۇرمىلىماق** پ ① بۇرما مىخ بىلەن چىڭىتماق: تاختاينىڭ ئاجراپ كەتكەن جايىنى بۇرما مىخ بىلەن بۇرمىلاپ قويۇڭلار. ② ئەسلى ھالىتىنى، قىياپىتىنى، مەنىسىنى ئۆزگەرتىمەك، پاكىتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلماق: ئۇلار سوتسىيالىستىك مائارىپ فاكچىنىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ بۇرمىلىدى، «مەكتەپنى يوقىتىش نەزەرىيىسى» ۋە «ئوقۇش پايدىسىزلىق نەزەرىيىسى»نى تەرغىپ قىلدى.

**بۇرناكۈن** رەۋ [بۇرۇن+ئاۋۇ+كۈن] ئۆتۈپ بولغان كۈننىڭ ئالدىدىكى كۈن؛ ئۈلۈشكۈن: بىز بۇرناكۈن ئېكسكۇرسىيىدىن قايتىپ كەلدۇق.

**بۇرناكۈنكى** سۈپ. ئۈلۈشكۈنكى.

**بۇرۇت** ئى ① ئادەملەرنىڭ بۇرنىنىڭ ئاستى ۋە يۇقىرىقى لېۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىدىغان موي، تۈك: بۇرۇت چىقمىغان بالا. بۇرۇتى خەت تارتقان بالا. * يىگىت بۇرۇتىنى سىلاپ، كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى. ② بەزى ھايۋانلارنىڭ ئۈستۈنكى تۇمشۇقىغا چىققان سېزىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تۈك: مۈشۈكنىڭ بۇرۇتى. بېلىقنىڭ بۇرۇتى.

**بۇرۇتى خەت تارتماق** بۇرۇت ئورنىدىكى سېرىق تۈكلەر قارىداپ ئاشكارا مەلۇم بولماق: ئۇ چاغدا ئۇ بۇرۇتلىرىمۇ خەت تارتمىغان، چىرايىدىن سەبىيلىكى چىقىپ تۇرىدىغان، ئۈستىبېشى ئاۋارە قىياپەتتىكى بالا ئىدى.

**بۇرۇتىغا چاڭگا تىزماق** ھىيلە ئىشلەتمەك، ھىيلە بىلەن ئالدىماق: ئۇ چاغدا دادام مېنى: — سەن شۇم تېخى دادائىڭنىڭ بۇرۇتىغا چاڭگا تىزغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ — دەپ قوغلاپ، ھويلىنىڭ سىرتىغىچە سۆرەپ چىققانىدى.

**بۇرۇتىغا چالما تىزماق** ← **بۇرۇتىغا چاڭگا تىزماق.**

**بۇرۇتىنى تولغاپ يۈرمەك** كۆڭلى توق،

www.uyghurkitap.com

بىغەم، خاتىرجەم يۈرمەك: ئۇ ھەممە ئىشتىن خاتىرجەم، توققۇزى تەل، كۆڭلى توق، شۇڭا بۇرۇتىنى تولغاپ ئوينىاپ يۈرىدۇ.

**بۇرۇتلۇق** سۈپ. بۇرۇتى بار، بۇرۇت قويغان: —ئۆزلىرى ئەيسا پاششاپقۇ دەيمەن؟— دېدى پادىچى يىگىت بۇرۇتلۇق، بۇقا بويۇن ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

**بۇرۇقتۇرما** سۈپ ① كىشىنىڭ نەپسىنى بوغىدىغان، دېمىنى سىقىدىغان؛ تىنجىق: ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بۇرۇقتۇرما سېسىقلىقتىن قىلچە كۆڭلى ئاينىمايتتى. * بۇرۇقتۇرما ئۆي ئىچىدە ھەر ئىككىيلەن قاسقانىغا دۇملىنىگەن ھور ناندەك چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەنىدى. ② كۆچمە. كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، ئىچىنى پۇشۇرىدىغان، زېرىكتۈرىدىغان: مەن پەقەت بۇ ئۆيگىلا ئەمەس، بەلكى دۇنياغىمۇ ئۇقۇشماي كېلىپ قالغان ئادەمدەك غەمكىن ۋە بۇرۇقتۇرما كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم.

**بۇرۇقتۇرما بولماق** ① نەپسى بوغۇلماق، دېمى سىقىلماق، تۇنجۇقماق: سېۋەت باش خوتۇن بولسا كەينى-كەينىدىن كېرىلىپ تۇرۇپ:— بۇنداق كۈن كۆرگۈچە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆلۈۋالغان مىڭ ئەلا،— دەپ نالە قىلدى. * بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغۇسى كېلەتتى. ② كۆڭلى غەش بولماق، ئىچى پۇشماق، تىت-تىت بولماق، زېرىكمەك: بىرنەچچە كېچىنى بۇرۇقتۇرما بولۇپ، ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈش، كۈندۈزى مىدىرلاپ تۇرغان ئادەم ئۈچۈن قىيىن ئىدى. * بىراق ئۇ قانداق كەچۈرۈم سوراشنى بىلمەي، بىرقانچە كۈنگىچە بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈردى.

**بۇرۇقتۇرما قىلماق** ① نەپسىنى بوغماق، دېمىنى سىقماق، بۇرۇقتۇرماق؛ تۇنجۇقتۇرماق: تومۇزنىڭ ئاشۇ دىمىق كۈنلىرىدىكى بۇ ئۆينىڭ ھاۋاسى مېنى بۇرۇقتۇرما قىلىپ ھالىمدىن كەتكۈزۈۋەتكەنىدى. ② كۆڭۈلنى غەش قىلماق، ئىچىنى پۇشۇرماق، تىت-تىت قىلماق، زېرىكتۈرمەك: ئۆي ئىچىدە كىشىنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان ئېغىر جىمجىتلىق يەنە ھۆكۈم سۈرمەكتە.

**بۇرۇقتۇرمىچىلىق** ئى ← **بۇرۇقتۇرمىلىق:** ھاۋا دىمىققاندا يايرار كۈمۈتا، بەرمەس ئادەمگە كەڭ-كۇشادىچىلىك. ھەر ئىشقا تۈزگىلى بولىدۇ. بىراق، ھەممىدىن يامىنى بۇرۇقتۇرمىچىلىق.

**بۇرۇقتۇرمىلىق** «بۇرۇقتۇرما» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆي ئىچىنى كىشىنىڭ نەپسى سىقىلغۇدەك بۇرۇقتۇرمىلىق قاپلىدى. * بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆردەكلىكنى جىمجىتلىق قاپلاپ، دېھقانلار بۇرۇقتۇرمىلىققا چۆمدى.

**بۇرۇقتۇرۇشماق** «بۇرۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇرۇقتۇرۇلماق** «بۇرۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۇرۇقتۇم** سۈپ ← **بۇرۇقتۇرما.**

**بۇرۇقتۇم بولماق ← بۇرۇقتۇرما بولماق.**

**بۇرۇقتۇم قىلماق ← بۇرۇقتۇرما قىلماق.**

**بۇرۇقتۇملۇق** ئى ← **بۇرۇقتۇرمىلىق.**

**بۇرۇقماق** پ. نەپسى بوغۇلۇپ، دېمى سىقىلماق، تۇنجۇقماق: ئۇ ئۆي ئىچىنى قاپلاپ كەتكەن ئىس ئىچىدە بۇرۇقۇپ كەتكەنلىكتىن، يورۇق كۆرۈنگەنلىكى جايغا ئۆزىنى ئاتاتتى.

**بۇرۇلكا** ئى[ر] ئىشتان، شىم: —مۇنۇ خوتۇن قاراپ تۇرۇپ بۇرۇلكامنى لاي قىلىۋەتتى، كۆزىڭىزگە قارىسىڭىز بولمامدۇ ئاچا!— دېدى تاھىر ئايالنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ.

**بۇرۇلماق** پ. گەۋدىنى، يۈنىلىشىنى يەنە بىر تەرەپكە ئايلاندۇرۇپ يۆزلەنمەك: ھارۋا مەھەللىدىن چىقىپ، ئېتىز تەرەپكە بۇرۇلدى.

**بۇرۇلۇش** ① «بۇرۇلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: بۇ ئارقىلىق ئاپتور مەتنىيازدىكى ماھىيەتلىك بۇرۇلۇش يەنى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بەرگەن چوڭقۇر ئۆزگىرىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېچىپ بېرىپ، خاراكتېر ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئوبراز يۈكسەكلىككە ئېرىشىدۇ. ② يولنىڭ بۇرۇلۇپ ئايلىنىپ

ماڭىدىغان قىسمى؛ ئەگىم: پويىز بۇرۇلۇشلاردىن ئۆتۈشكە باشلىدى. * بارگاھلار بارغانسېرى كىچىكلەپ، پەسىيىپ باراتتى، ئاخىرقى بۇرۇلۇشتىن كېيىن بارگاھ كۆزدىن غايىپ بولدى.

**بۇرۇلۇش ياسىماق** ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماق، ئۆزگىرىش پەيدا قىلماق.

**بۇرۇن I** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ يۈزى، نەپەسلىنىش ئەزاسى، باشنىڭ ئالدى قىسمىغا (كۆز بىلەن ئېغىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا) جايلاشقان. ئۇنىڭ ئىككى تۆشۈكى بولىدۇ: بۇرنى چوڭ. بۇرنى قانىماق. * باللاردىن بىرى: ــ جىگدىڭىز چېچىلدى، جىگدە! ــ دەپ ۋارقىرىغاندىن كېيىنلا «قىزىل بۇرۇن» ئۇسسۇلدىن توختىدى. ② قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ساپىقى ئورۇنلاشقان يېرىنىڭ قارشى تەرىپى؛ قوغۇننىڭ بۇرنى.

**بۇرنۇڭنى تارتىپ كەل** سەن بۇ ئىشنى تېخى قىلالمايسەن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بۇرنىدىن بۇلاق ئاچماق** ــ›**بۇرنىدىن بۇلاق قىلماق**: بۇ ئىشىك تۆۋىگە بارغاندا ئارقىغا بۇرۇلۇپ ھېزىمغا قارىدى ـ دە: ــ خەپ، توختاپتۇر، ئۆلۈپ كەتمىسەم، كۈنلەردىن بىر كۈنى مۇشۇ تۆھمەتلىرىڭ ئۈچۈن بۇرنۇڭدىن بۇلاق ئاچىمەن! ــ دېدى.

**بۇرنىدىن بۇلاق بولماق** قاتتىق ئەدىبىنى يېمەك، جازاسىنى تاپماق: كۈنىگە يېگەن بىر ـ ئىككى تاۋاق غىزاسى بالىنىڭ بۇرنىدىن بۇلاق بولۇشقا باشلىدى.

**بۇرنىدىن بۇلاق قىلماق** قاتتىق ئەدىبىنى، تېگىشلىك جازاسىنى بەرمەك: مىركېرەم: ــ تىلىڭنى چاينىساڭ ئاناڭدىن ئەمگەن سۈتۈڭنى بۇرنۇڭدىن بۇلاق قىلىمەن، ــ دېدى. * ئۇرۇشنى كىم قوزغىغان بولسا، جاۋابكار شۇ بولىدۇ. ئۇرۇش قوزغىغانلارنىڭ شۇ قىلمىشلىرىنى ئاخىر بىر كۈن خەلق بۇرنىدىن بۇلاق قىلىدۇ.

**بۇرنىدىن تامغۇزۇۋالماق** تويۋا قىلغۇزۇۋەتمەك، **بۇرنىدىن بۇلاق قىلماق**: ئابدۇل: ــ ياق تاغا، خوجايىنىنىڭ تايىقىنى ئۇزدەۋاتىمەن، ئۇنى تاپمىسام خوجايىن بەرگەن نېنىمنى بۇرنۇمدىن تامغۇزۇۋالدىغان ئوخشايدۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**بۇرنىدىن چۈلۈك ئۆتكۈزمەك** بۇيرۇقىدىن، گېپىدىن چىقمايدىغان، نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان قىلىۋەتمەك: ئاتىسى قېيىدىغاندەك قىلىپ: ــ كىشىلەر سېنىڭ بۇرنۇڭدىن چۈلۈك ئۆتكۈزۈۋاپتۇ، مەيلى قانداق قىلساڭ شۇنداق قىل! مەن بەرىبىر سېنى گەپكە كىرگۈزەلمەيمەنغۇ! ــ دېدى.

**بۇرنىدىن چىقارماق** قاتتىق ئەدەبلىمەك، ئاللا ـ تۇۋۇسىنى كۆرسەتمەك.

**بۇرنىدىن چىققۇچە** راسا تويغۇچە (يېمەكلىك ھەققىدە): تۆلكە بۆرىگە: ــ بۇ ياغدىكى ئۈجمە ناھايىتى شېرىن، قانچە كۆپ يېسەڭ، شۇنچە سىڭىۋېرىدۇ. بۇرنىمىزدىن چىققۇچە يېيىش كېرەك، بولمىسا قورساق تويغان ھېسابلانمايدۇ، ــ دەپ جېكىلەپتۇ.

**بۇرنىدىن ئۇزۇقلاندۇرۇش** <تىب> ئاغرىق كىشى ئېغىز ئارقىلىق ئوزۇقلىنالماي قالغاندا، ئالاھىدە ياسالغان نەيچىلەر ئاغرىقنىڭ بۇرۇن بوشلۇقى ئارقىلىق ئاشقازانىغا كىرگۈزۈلۈپ سۈيۇقلاندۇرۇلغان ئوزۇقلۇق شۇ ئارقىلىق ئاشقازانىغا قۇيۇلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل «بۇرنىدىن ئۇزۇقلاندۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**بۇرنىدىن ئىلىنماق** ① ئۆز قىلمىشلىرى ئارقىلىق تۇتۇلماق، ئاشكارىلانماق: مۇسا تاغا: ــ «قۇۋ تۆلكە بۇرنىدىن ئىلىنىپتۇ» دېگەن مانا شۇ! ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ. ھىيلە ـ مىكىرنىڭ پاش بولمايدىغىنى يوق، ــ دېدى. ② بىراۋنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ قالماق، چېتىلىپ قالماق.

**بۇرنىدىن يېتىلمەك** خالىغانچە باشقۇرماق، قارشىلىق قىلالمايدىغان ھالغا كەلتۈرمەك، دېگىنىنى قىلدىغان قىلماق: ئەتىگەندىن بېرى

www.uyghurkitap.com

دۇشمەنىنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ يۈرۈپ پۈتۈن سايىنى ئايلىنىپ چىققان ئەنجانباي ئۇ يەر، بۇ يەردە دۇشمەن بىلەن جىددىي ئېلىشۋاتقان ئۆز ئاتلىق-لىرىنى كۆرۈپ قالدى.

**بۇرنىغا سۇ كىرمەك** قاتتىق ئاچچىق ساۋاققا ئىگە بولماق: قاسىم بۇرنىغا بىر قېتىم سۇ كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەنقىد-تەربىيە تەسىر قىلغان، ساۋاققا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن. * ئەپەندىم بىر ھەپتە ئېغىلغا باغلانغاندىن كېيىن پادىشاھ: — ئەمدى بۇرنىغا سۇ كىرگەندۇ، بۇ قېتىم شېئىرىمنى ماختىسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ ئويلاپ، ئەپەندىمنى چاقىرتىپتۇ ۋە يېڭىدىن يازغان بىر شېئىرنى ئۇنىڭ ئوقۇپ بېرىپتۇ.

**بۇرنىغا قان پۇرىماق** قان تۆككىسى كېلىپ قالماق: ئۆمۈر سائىتى يىگىرمە ئۈچكە سوققاندا مانا مەن ھازىر قاراڭغۇ زىنداندا يېتىپتىمەن، بۇرنۇمغا قان پۇرايدۇ.

**بۇرنىغا مۇشت يېمەك** زەربىگە ئۇچرىماق، پەشۋا يېمەك: ھاپىز بوۋاي: — ئىدرىس بۇرنىغا مۇشت يەپ ئادەم بولدى...، — دېدى.

**بۇرنىغا يېمەك** ← **بۇرنىغا مۇشت يېمەك**: بەڭباش باللار بىر-ئىككى قېتىم بۇرنىغا يېگەندە ئاندىن ئادەم بولىدۇ.

**بۇرنى قۇلىقىغىچە تويماق** ① ئاشقازىنى سىغىرەلمىگۈدەك دەرىجىدە يەپ تويماق، ھەددىدىن زىيادە تويۇپ كەتمەك (تاماق ھەققىدە): چۆلدە يۈرۈپ ئۈچ كۈن ئاچ قالغانلىقىم ئۈچۈن، تاماقنى بولۇشىغا يەپ بۇرنى-قۇلىقىمغىچە تويۇپ كەتتىم ② كۆچمە. قاتتىق پۇشايمان قىلماق، ئۆكۈنمەك: ئىدرىس: — ئەگەشكىنىمگە بۇرنى-قۇلىقىمغىچە تويدۇم، بوۋا، — دېدى. ③ كۆچمە. بىزار بولماق، سەسكەنمەك: — قىزىق ئىش، قاسىم ناۋاي ئۆز ۋاقتىدا يېزىدىن بۇرنى-قۇلىقىغىچە تويغان ئەمەسمىدى؟ ئەمدى يەنە يېزىغا نېمىشقا كەتكەندۇ؟ — دەپ ئويلىدىم.

**بۇرنى كۆپمەك** ھالى يوغىناماق، ھاكاۋۇر-لاشماق، تەكەببۇرلاشماق: باھار كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ قاپىقىم ئانچە ئېچىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۆيدىكىلەر بىلەن ئەرزىمەس ئىشلارغىمۇ ئۇرۇشۇپ قالىمەن، دادام: — ھە، بۇ ساراڭنىڭ بۇرنى كۆپتى، — دەپ قوياتتى.

**بۇرنىنى تارتالماي قالماق** ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ يېتىشەلمەي قالماق.

**بۇرنىنى تارتقۇچىلىك ھالى يوق** سالامەت-لىك ئەھۋالى بوش، مىجەزى بەك تۆۋەن.

**بۇرنىنى تاشلىماق** مىشقىرماق: بۇرنۇڭنى تاشلاپ كەل.

**بۇرنىنى تىقماق** ① ئۆزىگە ئالاقىسى بولمىغان ئىشلارغا ئارىلاشماق: قارىماتاق ئېگىز ئادەم كەلگەنچە مۇراتنىڭ مەيدىسىگە بىرنى سالدى-دە، قوپاللىق بىلەن: — ھەي مورا تازىلىغۇچى، سەن ئوچىقىڭدىن كۇلۇڭنى تارتماي نېمە بۇ يەرگە بۇرنۇڭنى تىقىپ يۈرىسەن؟، — دەپ ۋارقىرىدى. ② كىرمەك: قاسىم دېگەن بالا بەش كۈندىن بېرى ئۆيىمىزگە بۇرنىنى تىقىپ قويمىدى.

**بۇرنىنىڭ ئاستىنى كۆرمەك** ← **بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرمەك.**

**بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالماق** كېلىشتۈرۈپ ئەدىبىنى بەرمەك؛ جايلىماق: سىيىت ئاكا يىغلامسىراپ: — توختاپتۇر، سەن خۇنىسلارنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالمىسام، — دېدى.

**بۇرنىنىڭ تۆپىسىگە ئېلىپ قويماق** مەلۇم ئىش-ھەرىكەتنى دېگىنىنىڭ ئەكسىچە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: قورسىقىم توق دەۋاتىسەن، ھېلى تاماق قىلسام بۇرنۇڭنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويارسەن.

**بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرمەك** يىراق كەلا-گۈسىنى ئەمەس، پەقەت ھازىرنىلا كۆرمەك: ئەقىللىق يىراقنى ئويلاپ يول يۈرەر، كەم ئەقىل بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرەر. نەزەرنى يىراققا تاشى-لىغان كىشى، ھاياتتا يېڭىلمەس، شاد دەۋران سۈرەر.

**بۇرنى يوق** ① پۇراش، سېزىش قابىلىيىتى تۆۋەن؛ سېزەلمەس. ھەي بۇرنى يوق، يوتقان

كۆيۈۋاتسا شۇنىمۇ سەزمىدىڭمۇ؟ ② كۆچمە.
ياخشى ـ يامانىنى، ھەق ـ ناھەقىنى پەرقلەن-
دۈرەلمەيدىغان؛ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ
يېتەلمەيدىغان: ئەخمەتكامنىڭ ھېلىقى شۇمتىكى
تازا بۇرنى يوق لالما بولۇپتۇ، كىم مە دېسە
شۇنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتامدۇ.

**بۇرۇن II** رەۋ ① ئىلگىرى، ئىلگىرىكى
چاغلاردا: بۇرۇن بىر يېزىدا ئوبۇل دېگەن بىر
كىشى بار ئىكەن. * ئاسىم ياسىن خوجىنى بۇرۇن
كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاڭلىغانىدى. ② ۋەقە،
ھادىسە ياكى شۇ ھەقتە سۆز بولۇۋاتقان
پەيتتىن ئالدىن، بالدۇر: تويغا بارساڭ بۇرۇن
بار، بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار (ماقال). * بۇنىڭ-
دىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇنلا «كاللىسى ئېلىنىدى-
كەن» دېيىلگەن ئادەملەر بۈگۈن كىشلەر ئالدىدا
تۇراتتى. * مەن ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن كېرەكلىك
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھازىرلىغانىدىم.

**بۇرۇندىن** رەۋ. ئەزەلدىن، قەدىمدىن:
بۇ ئادەمنىڭ مىجەزى بۇرۇندىن تارتىپ شۇنداق.
* مەن بۇ ئىشقا بۇرۇندىن تارتىپلا قوشۇلماي
كەلدىم.

**بۇرۇنقى** سۈپ ① ئاۋۋالقى، ئىلگىرىكى؛
كونا، قەدىمكى. ئۆتمۈشتىكى: بۇرۇنقى ئادەم-
لەر. بۇرۇنقى مەكتەپلەر. بۇرۇنقى زامان. بۇرۇن-
قى ئاسارئەتىقىلەر. * بېلىقچى كۆلگە بىرىپ تور
سېلىپتۇ. تورنى كۆتۈرۈپ قارىسا، بۇرۇنقىدەكلا
تۆت بېلىق تۇرغۇدەك. ② بىرەر پەيتتىن؛
ۋەقە، ھادىسىدىن ئالدىن بولغان؛ ئىلگىرىكى:
ئۇ بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇنقى ئىش ئىدى.
* توپىلانغان ئوغۇت بۇرۇنقىدىن بىر ھەسسىدىن
كۆپرەك ئېشىپ، 2 مىليون جىڭغا يەتتى.

**بۇرۇنقىلار** ئى. قەدىمكى ئادەملەر، ئاتا-
بوۋىلار، ئۆتكەن ئەجدادلار.

**بۇرۇنلۇق** ⟵ چولۇك.

**بۇرۇنىسىدا** رەۋ. قەدىمكى زاماندا، ئىل-
گىرىكى دەۋردە: ئۇنىڭ مىڭغان ئېتى بۇرۇن-
سىدا دۇن جىڭجۇدىن تارتىۋالغان، كۈنىگە مىڭ
يول باسىدىغان، گۈمەردەك پالتىرايدىغان شىر
ئات ئىدى.

**بۇرۇۋاي** ئى [ر] ⟵ **بۇرغا**: ــ لېتىپ ئاكا:
مەن بۇرغىلاش دۈيىدە ئىشلەۋاتقىنىمغا ئالاھازەل
يىگىرمە تۆت يىل بولۇپ قالدى، بىر كۈن
بۇرۇۋايدىن ئايرىلىپ باقمىدىم دېسەممۇ
بولىدۇ، ــ دېدى ئەختەم.

**بۇرىماق** پ ① باشقا تەرەپكە قاراتماق؛
قايرىماق، ئەگمەك: ئادىل بېشىنى يېرىم بۇراپ
قادىرغا بىر قاراپ قويدى ـ دە، قولىدىكى
كۆلۈچنى سىيرىلدۇرۇپ تاشلىۋېتىپ يەنىلا جىم
ئولتۇرۇۋەردى. ② ئايلاندۇرماق، تولغىماق:
سائەتنى بۇرىماق. گايكىنى بۇرىماق. * ساقچى
ياندىكى يەنە بىر تېلېفوننىڭ نومۇرىنى بۇرايدۇ.
* جامال ئاكا ئورنىدىن تۇرۇپ رادىئونىڭ يېنىغا
كەلدى ـ دە، قۇلىقىنى بۇراپ ئاچتى. ③ ھەرى-
كەت يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتمەك: ھارۋا تۆپەدەك
مەھەللىسىدىن ئۆزاپ چىققاندا، نادىم ئاتلارنىڭ
بېشىنى ئۆزى بىلىدىغان ئېتىز يوللىرىغا بۇرىدى.
* ئۇ ماشىنىنى ئوڭغا بۇراپ، ئۇچچاقاندەك ھەيدىدى.
④ كۆچمە. يۆنەلدۈرمەك، قاراتماق:
مەركىزىي كومىتېتنىڭ چاقىرىقى بويىچە خىزمەت-
نىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانى-
ۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا بۇرىدۇق. * شىجاڭ كەتكەنى-
دىن كېيىن دادۇي پارتىيە ياچېيكىسى مۇشۇ
كۆرەش يىغىنىنى ئېچىپ، كۆرەشنىڭ يۆنىلىشىنى
بۇراشنى قارار قىلدى. ⑤ كۆچمە. كۆچۈرمەك،
يۆتكىمەك (گەپ ـ سۆز مەزمۇنى ھەققىدە):
ئايالىم مېنىڭ راستىتىن ئاچچىقلانغانلىقىمنى
كۆرۈپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى. * سۆز شۇ
يەرگە كەلگەندە، مەترۇزى نېمىشقىدۇ سۆزنىڭ
ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.

**بۇزا** ئى. ئىشكىنىڭ ئۇستۇنكى ياغاچىنىڭ
ئېگىز ـ پەسلىكىنى تۇراقلاشتۇرىدىغان تىرەك
ياغاچ.

**بۇزدۇرماق** «بۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي
دەرىجىسى: بۇ قۇرۇلۇشنى بۇزدۇرغان ئېغىر
گۇناھقا ئىگە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**بۇزدۇرۇشماق** «بۇزدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇزدۇرۇلماق** «بۇزدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۇزغۇنچى** ئى. بۇزۇش، ۋەيران قىلىش خاراكتېرىنى ئالغان زىيانلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: بۇزغۇنچى ئۇنسۇر. * ئەسئەتنىڭ ئاپىسى تېرىكىپ: — سەن زادى بىزگە زىيان سېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۇزغۇنچى بولدۇڭ! — دېدى.

**بۇزغۇنچىلىق** ئى. بۇزۇش، ۋەيران قىلىش خاراكتېرىنى ئالغان زىيانلىق ھەرىكەتلەر: 1958 ـ يىلىدىكى پولات ـ تۆمۈر تاۋلاشتا بەزى جايلاردا ئورمانلار مەلۇم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، شۇ مەزگىلدە ئامىمىنىڭ غەيرىتى ناھايىتى زور بولغانلىقتىن، جىرىم تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشمۇ راۋاجلاندۇرۇلغانىدى. * دۆلىتىمىزدە قانۇنلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، دۈشمەننىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن ساقلىنىشتىن، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاشتىن ئىبارەت.

**بۇزغۇنچىلىق سالماق** ← بۇزغۇنچىلىق قىلماق.

**بۇزغۇنچىلىق قىلماق** بۇزۇش، ۋەيران قىلىش خاراكتېرىنى ئالغان زىيانلىق ھەردىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماق؛ بۇزماق، ۋەيران قىلماق: ۋېيتنامنىڭ كامبودژىغا قىلغان تاجاۋۇزى كامبودژىنىڭ مۇستەقىللىكى، ئىگىلىك ھوقۇقى، زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە تىنچلىقى، بىتەرەپلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئاسىيا ۋە دۇنيا تىنچلىقىغا ئېغىر ھالدا تەھدىت سالدى. * بۇزغۇنچىلىق قىلدى دۈشمەن ئىچكىرىلەپ، پارتلاتتى تۆمۈريولنى، كۆۋرۈكنى. مەخپىي قورال ئامبىرىمىز يوق بولدى، تاشيوللاردا ياتقۇزدى كۆپ ئۆلۈكنى.

**بۇزماق** پ. بىر پۈرۈش ياكى بىر پۈتۈن نەرسىنى پارچىلىماق، چۇۋۇماق، سۆكمەك، ئاغدۇرماق، ۋەيران قىلماق، كېرەكتىن چىقارماق: ئۆينى بۇزماق. ماشىنىنى بۇزماق. باغنى بۇزماق. * جەپەر بىلەن مەسرۇر ساندۇقنى بۇزۇپ ئېچىپتۇ. * قادىر ئېتىشىۋېرىپ، رادىئونى بۇزۇپ قويدى. ② يوق قىلىۋەتمەك، يوقاتماق: ئۇ شىمىنىڭ قىرىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن تىزىنى ئۆستىگە سەل تارتىپ، ئاۋايلاپ ئولتۇردى. ③ يارامسىز، لايىقسىز، سۈپەتسىز قىلىپ قويماق؛ ئەپلەشتۈرەلمەي قالماق: ئۇ تۇزنى تەڭشىيەلمەي، ئاشنى بۇزۇپ قويۇپتۇ. ④ ھەقىقەتتىكىدىن، ئەسلىدىكىدىن باشقىچە قىلىپ ئىپادىلىمەك (گەپ ـ سۆز ھەققىدە): ئۇ يېتىپ كېلىپ نادەمنىڭ مەيدىسىگە نوقۇپ: — ما ياققا ماڭ، بىزنىڭ سەينى ئالدۇ مەن پۇل بېرىدۇ، — دېدى ئۇيغۇر تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەپ. ⑤ مەۋجۇت ۋەزىيەتنى، كەيپىياتنى، ھالەتنى ئۆزگەرتمەك؛ دەخلى قىلماق: تىنچلىقنى بۇزماق. جىملىقنى بۇزماق. تەلەتنى بۇزماق. ئاۋازىنى بۇزماق. * ساۋۇتكام ئوغلىنىڭ ھازىرقى بۇ خۇشاللىق كەيپىياتىنى بۇزۇشنى خالىمىدى ـ دە، ئانىسى توغرىسىدىكى كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ھازىرچە ئېيتماسلىقنى قارار قىلدى. ⑥ ماس كەلمەي قالماق، نۇقسان يەتكۈزمەك: يېڭى سېلىنغان بىنالار ئارىسىدىكى بۇ قەدىمىي ئۆيلەر قورۇنىڭ يېڭىچە ھۆسنىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ⑦ بەربات قىلماق، بىكار قىلماق، يوققا چىقارماق: پىلاننى بۇزماق. * بۈگۈن بازار راسا قىزىۋاتقاندا، چېرىك تۇتقىلى چىققانلار كېلىپ، ھەممە ئىشنى بۇزۇپ تاشلىدى. * ئىشنى يەنىلا نۇر مۇھەممەت بۇزدى. ⑧ رىئايە، ئەمەل قىلماي، خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماق: قانۇننى بۇزماق، ۋەدىنى بۇزماق. * جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغانلار ئەلۋەتتە قانۇن بويىچە جازالىنىشى كېرەك. ⑨ سوغۇقچىلىق چۈشۈرۈپ يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلماق؛ يامانلاشتۇرماق، چاتاقلاشتۇرماق، ئايرىۋەتمەك: ئارىنى بۇزماق. ئائىلىنى بۇزماق. * يامان ھارۋا يول بۇزار، يامان ئادەم يۇرت بۇزار

(ماقال). * ئۇ هازىرغىچە ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، ئانىسى كېلىنلىرىنىڭ بىرىنى «قولى ئەگرى»، بىرىنى «مەينەت»، دەپ ئۆيىنى بۇزۇۋەتكەنىدى. ⑩ ئەسلىدىكى چەكىنى بۆسۈپ ئۆتمەك؛ هالقىماق: رېكورتنى بۇزماق. ⑪ روهىي جەهەتتىن چىرىتمەك؛ توغرا يولدىن ئازدۇرماق؛ ئايىنتماق: چاقنى بۇزغان خانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى (ماقال). * — سىز بالىنى بۇزۇۋاتىسىز، — دەيتتى مېهراي جاپپارغا قايناپ. ⑫ ئىپپەت-نومۇسنى دەپسەندە قىلماق، ئىپپەت-نومۇسغا تەگمەك، ئاياغ ئاستى قىلماق (قىزلار هەققىدە): نامەتنىڭ پۇل بىلەن ياش قىزلارنى بۇزغانلىقى هەققىدىكى ماتېرىيالغا ئاساسەن يېقىندا ساقچى ئىدارىسى ئۇنى قولغا ئالدى. ⑬ بىهۇدە سەرپ قىلماق، ئىسراپ قىلماق، زايە قىلماق: پۇلنى بۇزماق.

**بۇزۇشماق** «بۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ قارارىنى ئاخىرقى هېسابتا ئۇلار ئۆزلىرى بۇزۇشتى.

**بۇزۇق** سۈپ. ① بىرەر قىسمى زەخىملەنگەن، بۇزۇلۇپ ئىشلىمەيدىغان هالغا كەلگەن، ئىشتىن چىققان: مەن گۇڭشې تراكتور پونكىتىدىكى «بوستان» دادۇيىنىڭ بۇزۇق بىر تراكتورىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ② ئەخلاقىي پەزىلىتى ناچار، تۇرمۇش ئىستىلى بۇزۇلغان؛ ئەخلاقسىز: جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى يېقىندا جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن بەزى بۇزۇق ئاياللارنى يىغىۋېلىپ، ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ③ نىيىتى يامان؛ نىيىتىنى، پەيلىنى بۇزغان؛ يامان نىيەتكە كەلگەن. بىز بۇزۇق ئادەملەرنى قەتئىي جازالايمىز.

**بۇزۇق ئۇنسۇر** جەمئىيەت تەرتىپىگە، قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلغان كىشى: جەمئىيەتتىكى بۇزۇق ئۇنسۇرلار بىلەن بولغان كۈرەشنى قەتئىي، غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**بۇزۇقچىلىق** ئى. بۇزۇق كىشىلەرگە خاس ئىش-هەرىكەت؛ ئەخلاقسىزلىق: نۇرۇم: — ئۇياتسىزلىق، ناهەقلىق، تۆهمەت، خىيانەت، بۇزۇقچىلىقنىڭ ئۇستىلىرى، يەنە بۇ سۆزلەرنى باشقىلارغا سۇۋاپ قويغان هىيلىگەرلىككىلارغا لەنەت! — دېدى.

**بۇزۇقچىلىق قىلماق** بۇزۇق كىشىلەرگە خاس ئىش-هەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماق؛ پاهىشىۋازلىق قىلماق.

**بۇزۇقلۇق** «بۇزۇق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: باشلىق ماشىنىنىڭ بۇزۇقلۇقىدىن خەۋەر تاپمايلا شوپۇرغا كايىپ كەتتى. * ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇقلۇقى خېلىدىن بېرى مەلۇم ئىدى. * بۇرۇن مەلۇم بىر يۇرتتا بۇزۇقلۇقتا ئۇچىغا چىققان بىر باي ئۆتكەنىكەن. * ئۇنىڭ چىرايىدىن بۇزۇقلۇقىنىڭ نېرى يېقىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**بۇزۇلماق** ① «بۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئاناڭ ئۆگەي بولسا، تويۇڭ بۇزۇلار (ماقال). * ئەر كۆنلىسە ئۆي تۈزۈلىدۇ. خوتۇن كۆنلىسە ئۆي بۇزۇلىدۇ (ماقال). ② «بۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: چۈشتىن كېيىن تۇشتۇمتۇت هاۋا بۇزۇلدى. ③ نىكاهلىق يولدىشىدىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا بىرىگە قارىماق، بېرىلمەك: پاتەمخان بالىسىغا ئېچىنىش بىلەن قارىغاندىن كېيىن: — بۇنىڭ دادىسى... كېيىن هازىرقى خوتۇنىغا بۇزۇلۇپ، مېنى ئاجرىشىشقا قىستىدى، يەتتە ياشلىق بالام سىدىقنى يېتىلەپ ئۇنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم، — دېدى.

**بۇزۇن** ئى <بوت> ئۇچقات ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال، يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدىغان تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى بەش تال بولۇپ، سوقىچاق كېلىدۇ؛ گۈلى كونۇس شەكلىدىكى چەكلىك كۆنلۈكسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، رەڭگى سارغۇچ ياكى

ئاقۇچ يېشىل رەڭدە؛ مېۋىسى شىرىنلىك، رەڭگى توق قىزىل ۋە شارسىمان كېلىدۇ؛ يىلتىز پوستى ۋە يۇمران شېخى دورا قىلىنىدۇ، پەيىنى بوشىتىش، قاننى جانلاندۇرۇش، رېماتىزىمنى داۋالاش رولى بار.

**بۇزىلماق** پ. ئىشىككە بۇزا بېكىتمەك، ئورناتماق.

**بۇژ** تەق. كۆپىنچە سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپۈكلىشىشى ياكى قاينىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**بۇژ-بۇژ** «بۇژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: چىنىلارغا قۇيۇلغان قىرغىز بوزىسى خىلىغىچە بۇژ-بۇژ قىلىپ تۇراتتى.

**بۇژۇدە** رەۋ «بۇژ» قىلغان ھالدا: ئەمەت ئۆگۈپ رەڭگىنى يوقاتقان دۇخاۋا دوپپىسىنىڭ ئاستىدىن قولىنى تىقىپ بېشىنى تاتىلىدى، دولىسىدا سالۋارىغان قۇرۇق خۇرجۇن، چېكىسىدە، توپا قونغان يۈزىدە، قۇلاق تۈۋىدە بۇژۇدە ئۆرلەپ چىققان تەر تامچىلىرى يالتىرايتتى.

**بۇژغۇن** ئى. سۇنىڭ دولقۇنلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاق كۆپۈك: دەريادىكى ئۇلۇغ سۇ تاشتىن تاشقا سەكرەپ، ئاق بۇژغۇن چىقىرىپ، قىرغاقلارغا قاراپ يېپىلماقتا، سالقىن كۆز شامىلى سارغايغان دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى بەرگىدىن ئايرىماقتا.

**بۇژغۇنلانماق** «بۇژغۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە، پۈتۈن دەريا قاتمۇقات ئۆركەش دۆڭلىرى ھاسىل قىلىپ شىددەت بىلەن ۋاشىلداپ قايىنايتتى، دولقۇن تارىغاندا بولسا چايقىلىپ تۇرغان قىزغۇچ لاي سۇ خۇددى ئىككى بىسلىق خەنجەردەك ئىككى قىرغاققا تاراسلاپ ئۇرۇلۇپ، دەستىلەنگەن ئاق چېچەكتەك بۇژغۇنلىنىپ ۋەھىمىلىك شارقىرايتتى.

**بۇژغۇنلىماق** پ. بۇژغۇن ھاسىل قىلماق: ماي ئايلىرىدا قىزىل دەريا ۋادىسى تولىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ؛ يېشىل چىملىق قىرغاقلاردا ماكاپ، ئاق لەيلىلەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، باراقسان سۆگەت تاللىرى بۇژغۇنلاپ ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىنى سۆيۈپ ئەركىلەيدۇ.

**بۇژۇلداتماق** «بۇژۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇژۇلداشماق** «بۇژۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇژۇلدىماق** پ. «بۇژ-بۇژ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «بۇژ-بۇژ» قىلماق: ھاپىز موللا قاتتىق قېقىلىپ كۆزىدىن ياش چىققۇچە يۆتەلدى، ئاغزىدا كۆپۈك بۇژۇلداپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

**بۇس** ئى ① نەرسە-كېرەكلەردىن، ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ تىنىقىدىن چىققان سىبىق ئاچچىق پۇراق؛ ھىد: ئاغرىقنى بۇس ئۆلتۈرەر، يىگىتنى نومۇس (ماقال). * سەيدىن قارىي ئۇلۇغ-كىچىك تىندى، ئۇنىڭ بۇرۇن كۆمۈرچەكلىرى كېرىلىپ، ئىچىدىن ئاچچىق بۇس چىقاندەك بىلىندى. ② پۇشۇرۇلغان نەرسىلەردىن چىققان ھور: تونۇرنىڭ بىر تەرىپىدىن بۇس چىقىپ تۇراتتى.

**بۇس نان** تەكشى، نېپىز يېيىلغان خېمىرنىڭ يۈزىگە قايماق ياكى ئەبجەش ياغ بىلەن ھەر خىل خۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇلغان قىيمىنى سۈركەپ، ئاندىن بىر چەتتىن ئۈزۈنچاق تۈرۈپ قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان.

**بۇسنى چىقارماسلىق** ① ھىدىنى، ئاچچىق پۇرىقىنى تاراتماسلىق؛ ② كۆچمە. ئاشكارا قىلماسلىق، باشقىلارغا تۇيدۇرماسلىق، شەپىسىنى بىلدۈرمەسلىك: ئۇلار بىرنەچچە قوينىڭ بۇسنى چىقارماي يەۋەتتى.

**بۇسلۇق** سۈپ. بۇسى بار، بۇس چىقىۋاتقان، بۇسقا تولغان: بۇسلۇق ئۆي.

**بۇغ** ئى. سۇيۇق جىسىملارنىڭ قىزىتىلغاندىن كېيىنكى گاز ھالىتى.

**بۇغا** ئى <زوئول> ① سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىدىكى كۆشىگۈچىلەر ئائىلىسىگە

كىرىدىغان ھايۋان، تۈرلىرى كۆپ، تۆت ئايىغى ئىنچىكە ئۇزۇن، قۇيرۇقى قىسقا كېلىدۇ؛ ئەركەكلىرىنىڭ بېشىدا مۈگگۈزى بولىدۇ، بەزى تۈردىكى چىشلىرىنىڭمۇ مۈگگۈزى بولىدۇ؛ تۈكلىرىنىڭ ھەممىسى بىغىر رەڭ، بەزىلىرىنىڭ ئالىسى ياكى يوللىرى بولىدۇ؛ ئاگىلاش ۋە پۇراش سەزگۈلىرى ئۆتكۈر كېلىدۇ. ② شۇ ھايۋاننىڭ ئەركەكىنىڭ نامى.

**بۇغا تىنجىقى** <مېتېئور> يازنىڭ پەقەت شامىلى يوق، ئادەمنى كۆيدۈرگۈدەك تومۇز كۈنلىرىدىكى تىنجىق: كۈن ئۆرلىگەندىن كېيىن بوۋايلار سۆزلەپ يۈرىدىغان بۇغا تىنجىقى يەنە باشلاندى.

**بۇغا-مارال** بۇغا ۋە مارال: ئورماندىن چىقار ئۈركۈپ بۇغا-مارال، نەدىدۇر ھۆركىرەيدۇ ئېيىق پالۋان.

**بۇغداي** ئى <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى تىك ئۆسىدۇ، غولىنىڭ ئوتتۇرىسى كاۋاك، يوپۇرمىقى كەڭ تاسمىسىمان كېلىدۇ؛ دېنى ئىللىپىس شەكىلدە بولۇپ قورساق تەرىپىدە ئېرىقچىسى بولىدۇ. ئۇ دېنىدىن ئۇن تارتىشقا بولىدىغان ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرى. تېرىش ۋاقتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ يازغى بۇغداي، كۈزگى بۇغداي دەپ ئايرىلىدۇ. ② مۇشۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**بۇغداي پەرۋانىسى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات، يېتىلگىنى ئاچ سېرىق رەڭدە، قانىتى تار ھەم ئۇچلۇق كېلىدۇ؛ كەينى قىرىدا بىر قاتار ئۇزۇن تۈكلىرى بولىدۇ؛ لىچىنكىسى سۈت رەڭگىدە كېلىدۇ. ئۇ شال، بۇغداي، قوناق قاتارلىقلارنىڭ دېنى ئىچىدە پارازىت ياشاپ، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

**بۇغداي پولۇ** گۈرۈچ ئورنىغا **بۇغداينى** كۆپتۈرۈپ ئەتكەن پولۇ.

**بۇغداي پىتى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات، تېنى ناھايىتى كىچىك، يېشىل ياكى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ. ئۇ بۇغداي تېرىدىكى دانلىق زىرائەتلەرنىڭ زىيانداشى بولۇپ، پىشمىغان بۇغداينىڭ غول، يوپۇرماق ۋە باشاقلىرى تەركىبىدىكى سۇيۇقلۇقنى سۈمۈرۈپ ھايات كەچۈرىدۇ.

**بۇغداي تېرىمى** بۇغداي تېرىلىدىغان ۋاقىت، مەزگىل.

**بۇغداي سۆز** يېقىملىق، چىرايلىق گەپ-سۆز: بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى؟ (ماقال). * مەن ئۇنىڭ بۇغداي سۆزىگە تەشەككۈر ئېيتىپ يولنى بوشاتتىم.

**بۇغداي قىزىل ئۆمۈچۈكى** <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان، تېنى كىچىك كېلىدۇ. ئۇنىڭ يۇملاق تەنلىك بۇغداي قىزىل ئۆمۈچۈكى ۋە ئۇزۇن پۇتلۇق بۇغداي قىزىل ئۆمۈچۈكى دېگەن ئىككى تۈرى بولىدۇ. يۇملاق تەنلىك بۇغداي قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ تېنى يۇملاق، قارا قوڭۇر ياكى قىزىل قوڭۇر بولىدۇ، دۈمبىسىدە قىزىل ئالىسى بولىدۇ، پۇتلىرى قىزىل كېلىدۇ؛ ئۇزۇن پۇتلۇق بۇغداي قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ تېنى ئۇرچۇق شەكىلدە، رەڭگى ئاچ، ئالدىدىكى ئىككى جۈپ پۇتى بەك ئۇزۇن بولۇپ ئۆمىلەشكە ماھىر كېلىدۇ. بۇغداي ئۆمۈچۈكلىرى بۇغداي، ئارپىلارنىڭ ئاساسىي زىيانداشى ھېسابلىنىدۇ، بەزى جايلاردا «قىزىل ئۆمۈچۈك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**بۇغداي ئۆگلۈك** چىرايى، بەدىنى بۇغداي ئۆڭ كەلگەن: يان تەرەپتىكى دىۋاندا بولسا، بەستلىك كەلگەن، بۇغداي ئۆگلۈك، قويۇق قاشلىرى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرىدىغان، سالاپەتلىك سۇلتان مىرغەزەپ ئولتۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

**بۇغداي يىپچە قۇرتى** <زوئول> يىپسىمان هايۋان، تېنى ناھايىتى كىچىك بولۇپ بۇغداي توقۇلمىلىرىدا پارازىت ياشايدۇ. ئۇ قۇرت ئۈسمىسىنى هاسىل قىلىپ بۇغداي يىپچە قۇرت كېسىلى پەيدا قىلىدۇ، زىيانغا ئۇچرىغان مايسىنىڭ غولى تومىلىشىپ ئېگىلىپ كېتىدۇ، يوپۇرماقلىرى سولىشىدۇ، بۇ هال ئېغىر بولسا باشاق چىقارمايدۇ.

**بۇغدايزار** ئى ——> **بۇغدايلىق:** كېچىنىڭ سالقىنى يىپەكتەك يۇمشاق، يۇزۇڭنى سىپايدۇ. ئاھ قانداق ھۇزۇر! چوققىلار كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئاي، بۇغدايزار ئۈستىنى ياپتى كۈمۈش نۇر.

**بۇغدايزارلىق** ئى. ——> **بۇغدايلىق:** ئۇ، ئۇن كۈندىن بۇيان ھەر سەھەر سۇبھى كۆتۈرۈلۈش بىلەنلا «مۇدەن» ماركىلىق سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىنى كۆتۈرۈپ، پېشاي دەپ قالغان بۇغدايزارلىققا كېلىدۇ.

**بۇغدايلىق** ① ئى. بۇغداي تېرىلغان ياكى ئۆسكەن ئېتىز: ھېلىقى بىر توپ ئادەملەر بۇغدايلىقنى ئارىلاپ چىقىپ چوڭ يولدىكى ماشىنا يېنىدا توختىدى. * ئۇ ئېشەكنى بىر يەرگە باغلاپ قويۇپ، ئۇ ياق، بۇ ياققا قاراپ يۈرۈپ، بىر بۇغدايلىقنىڭ چېتىدىكى چۆپلەرنى كۈرۈپتۇ ۋە ئاستا ئورۇشقا باشلاپتۇ. ② سۈپ. بۇغدىيى بار، بۇغدايغا ئىگە: تراكتورلار يول سالدى، سالا ئېتىز باغرىغا. بۇغدايلىق بولۇپ قالدۇق، تويمىغانلار زاغرىغا.

**بۇغدىيەك** ئى <ئانات> ئەرلەر بويىنىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا بولىدىغان قالقانسىمان كۆمۈرچەك.

**بۇغدىيەكلىك** سۈپ. بۇغدىيىكى بار، بۇغدىيىكى بولغان: ئۇزۇن بويۇن بۇغدىيەكلىك قارامتۇل بىرى كېلىپ لام-مىم دېمەي ئۇنىڭ يېنىدا كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇردى.

**بۇغرا** ئى. ئەركەك تۆگە.

**بۇغرىغا كىرمەك** ئەركەك تۆگە قايمال سېغىنماق، كۆيلىمەك.

**بۇغمتاپان** ئى [بۇغا+تاپان] <بوت> بۇغمتاپاندىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى يۇمىلاق كېلىدۇ؛ گۈلى ئاق بولۇپ، غولىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا توپلىشىپ ئۆسۈپ، ئۇمۇمىي گۈل رېتىنى ھاسىل قىلىدۇ؛ غوزىسى شارسىمان بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن تېنى تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. ئۇ پەي، سۆڭەكلەرنى كۈچلەندۈرۈش، رېماتىزمنى داۋالاش، قان توختىتىش رولىغا ئىگە.

**بۇفېت** ئى [ر<فران] پېچىنە-پېرەنىك، قەنت-گېزەك تاماكا ۋە ھەر خىل ئىچىملىك قاتارلىقلارنى ساتىدىغان كىچىك ماگىزىن، دۇكان: سەلىمە يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىك ئالدىدىكى بۇفېتتىن ئىككى بوتۇلكا گاز سۈيى ئەكىرىپ دوستلىرىنىڭ ئالدىغا قويدى.

**بۇفېتچى** ئى. بۇفېتتا ئىشلەيدىغان، ياكى بۇفېت ئاچقان سودا خادىمى، سودىگەر.

**بۇق** تەق. كەپتەر دەم تۇتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز: چىرايلىق دەمدەر پېشايۋانغا قونۇۋېلىپ «بۇق-بۇق» قىلىپ سايراپ تۇراتتى.

**بۇقا I** ئى. كالىنىڭ پىچىلمىغان ئەركىكى.

**بۇقا II** ئى. دەريا، ئېقىن سۇلىرىنى قايتۇرۇش ياكى مەلۇم ئېگىزلىككە سۇ چىقىرىش ئۈچۈن تۇرمەل سالغاندا كېرەك بولىدىغان ئۈچ ئاچا قىلىپ باغلانغان ياغاچ.

**بۇقا سالماق** دەريا، ئېقىن سۇلىرىنى قايدۇرۇش ياكى مەلۇم ئېگىزلىككە سۇ چىقىرىش ئۈچۈن بۇقا ئورناتماق.

**بۇقۇلداتماق** «بۇقۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇقۇلداشماق** «بۇقۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇقۇلدىماق** پ «بۇق-بۇق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «بۇق-بۇق» قىلماق: ئۇ ئانىسىنىڭ

ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

**بۇقسىرىماق** پ. ئىنەك كۈيلىمەك.

**بۇل I** ئى ① تۈگمەن ئوقىغا بېكىتىلگەن چۆرىسىگە قانات قېقىلغان يۇمىلاق كۆتەك. ② ھارۇنىڭ ئوقىنى ئايلاندۇرۇپ تۇرىدىغان، ئىچىگە ياپىلاق تۆمۈر ئورنىتىلغان ئىچى كاۋاك يۇمىلاق كۆتەك. ③ چىغىرىقنىڭ ئايلىنىش پرىنسىپىغا ئاساسەن ياسالغان بىر خىل ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئۈسكۈنىسى. ئادەتتە قۇدۇقتىن سۇ تارتىش، كېمە، پارا-خوتلاردا لەڭگەرنى تارتىش، مال بېسىش ۋە چۈشۈرۈش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**بۇل II** سۈپ. ئۆزىگە ئۆتكەن نەمنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ئىچىدىن بىخسىغان، ئېچىغان، ئەسلىي ھالىتى بۇزۇلغان: بۇل بۇغداي. بۇل بولغان ئاشلىق.

**بۇل بولماق** نەم ئېلىپ بىخسىماق، ئېچىماق، سېسىماق: بۇ يىل خامان ۋاقتىدا ھۆل-يېغىن كۆپ بولغانلىقتىن بەزى جايلاردا بۇغدايلار بۇل بولۇپ كەتتى.

**بۇل قىلماق** نەم ئالدۇرۇپ بىخسىپ، ئېچىپ-تېپ، سېسىتىپ قويماق: ھەسەن چوروق ئايالىغا: — ئاغزىمنى غىرىچلىما! ئېيتە، تېخى بىر ئاي بۇرۇنلا بىكارغا كەلگەن بورىنى ئاياپ، كەھرىۋادەك قۇرۇيدىغان تۈت چارەك گۈلىنى بۇل قىلغىنىڭ يادىڭدا بارمۇ، يوق؟ — دېدى.

**بۇلاپكا** ئى. مېتالدىن ئىشلىنىپ ئالتۇن ياكى كۈمۈش رەڭگىدە ھەل بېرىلىدىغان، بەزى-لىرىگە كۆز قويۇلىدىغان ۋە زىننەت ئۈچۈن مەيدىگە تاقىلىدىغان بۇيۇم: ئۇكرە سودىگىرىنىڭ شايى گالستۇكىغا تاقىۋالغان، ئوتتۇرىسىغا كىچىك زەنجىر ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى دانە بىرلىيانت بۇلاپكىسى كۆڭلەكنىڭ رەختىنى تېخىمۇ ئېسىل ۋە پاكىز كۆرسەتەتتى.

**بۇلاتماق I** «بۇلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇلاتماق II** «بۇلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇلاشماق I** «بۇلىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇلاشماق II** «بۇلىماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۇلاق** ئى ① يەر ئاستىدىن چىققان سۇ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئېغىزى: سۇ ئانىسى — بۇلاق، سۆز ئانىسى — قۇلاق (ماقال). * ئۇلار تاغ باغرىدىكى بىر كىچىك بۇلاق بويىدا ئاتلىرىنى ئوتقا قويۇپ، بىردەم ئارام ئالدى. ② كۆچمە. باي، پۈتمەس-تۈگىمەس مەنبە: ئىجات بۇلىقى. ئىلھام بۇلىقى. * كىتابىنى سۆي، ئۇ ئىلىم بۇلىقى. * مەن باشتىن ئاخىر ئېسىمدە ساقلاپ كەلمەكتىمەنكى، ياشلىق گۈزەل نەرسە. ئۇ ئەزەلدىن مېنىڭ ئىلھام بۇلىقىم بولۇپ كەلمەكتە.

**بۇلاق سۈيى** بۇلاقتىن چىققان سۇ: مازار ئىچىدىن بىلەكتەك بۇلاق سۈيى ئېقىپ چىقماقتا ئىدى.

**بۇلاق كۆزى** بۇلاقنىڭ سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىدىغان ئېغىزى، كۆزى.

**بۇلاڭ** ئى ← **بۇلاڭزۇ.**

**بۇلاڭ تىلى** <تىل> جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ يۇننەن ئۆلكىسى. شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا ياشىغۇچى بۇلاڭزۇلار ئىشلىتىدىغان تىل.

**بۇلاڭ-تالاڭ** زورلۇق كۈچ ئارقىلىق باشقى-لارنىڭ نەرسىلىرىنى بۇلاپ ئېلىۋېلىش ھەرىكەتلىرى؛ تالان-تاراج، بۇلاڭچىلىق: پۈتكۈل دېڭىز سەپىرى داۋامىدىكى ئەڭ چوڭ خەتەر دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ بۇلاڭ-تالىڭىغا ئۇچراشتىن ئاشمايدۇ.

**بۇلاڭ-تالاڭ بولماق** بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىماق؛ يۇلۇنماق.

**بۇلاڭ-تالاڭ قىلماق** زورلۇق كۈچ بىلەن

www.uyghurkitap.com

باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى بۇلاپ-ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق: تالان-تاراج قىلماق، بۇلاپ-تالىماق: رىزۋان «تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلىش ۋە پات-پات قوراللىق بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش بولۇۋاتقانلىقى» توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەندى. * بىز يولغا چىقىپ يولۇۋاسلار توقايلىقىغا كەلگەندە قاراقچى ئەرەبلەر تۈندە بىزگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشتى.

**بۇلاڭچى** ئى. زورلۇق كۈچ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى بۇلاپ ئېلىۋالىدىغان، تالان-تاراج قىلىدىغان كىشى: ئۇ كېچە-كۈندۈز ئاكىسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، بۇلاڭچىلارنىڭ قارا ئۇۋىسىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاپتۇ.

**بۇلاڭچىلىق** ئى. زورلۇق كۈچ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى بۇلاپ ئېلىۋالىدىغان، تالان-تاراج قىلىدىغان بىر خىل قىلمىش: باي، سىزنىڭ جاكارلىغىنىڭىز ئادىل تەقسىمات ئەمەس، بەلكى ئوپ-ئوچۇق ئالدامچىلىق، بۇلاڭچىلىق!

**بۇلاڭچىلىق قىلماق** زورلۇق كۈچكە تايىنىپ، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى بۇلاپ ئېلىۋالماق، تالان-تاراج قىلماق: ئوسمان ئاكا ئوغرىنىڭ غولىدىن ئىتتىرىپ: — ئېيتقىنا؟ بۇ يەردىن قېچىپ يەنە كىملەرنى قاقشاتتىڭ؟ نەلەردە بۇلاڭچىلىق قىلدىڭ؟ بۇرنى يوق ئېشەك، ئېيتە! — دېدى.

**بۇلاڭزۇ** ئى <ئىرق> ——> **بۇلاڭزۇلار.**

**بۇلاڭزۇچە** ① سۈپ. بۇلاڭزۇلارغا خاس، بۇلاڭزۇلارغا ئائىت: بۇلاڭزۇچە كىيىنمەك. ② ئى. بۇلاڭ تىلى: ئۇ بۇلاڭزۇچىنى ياخشى سۆزلەيدۇ.

**بۇلاڭزۇلار** ئى <ئىرق> مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. يۈننەندە ياشايدۇ.

**بۇلانماق I** پ «بۇلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بۇلانماق II** ① «بۇلىماق II» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئىككى تەرەپنىڭ ئىككى نەپەر ماھىر چېلىشچىسى بارلىق ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ بىر-بىرىنى يېڭەلمىدى، ئەكسىچە مەيداندىن ھالقىپ چىقىپ زەيكەش تەرەپتىكى ئازگالغا چۈشۈپ كەتتى-دە، لاي ۋە پاتقاققا بۇلىنىپ كەتتى. ② «بۇلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تالاغا چىقاي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئىنىم توپىغا بۇلانغان بىر پارچە گۆشنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى.

**بۇلبۇل** ئى [پ] <زوئول> بىر خىل قۇش، تېنىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى قۇشقاچچىلىك كېلىدۇ، چىرايلىق سايرايدۇ؛ دائىم ئۇچرايدىغانلىرى قىزىلگال بۇلبۇل ۋە كۆكتولغاق قاتارلىقلار: بۇلبۇلغا باغ ياخشى كەككىلىككە تاغ (ماقال). * باغچىدىكى گۈللەرگە، بۇلبۇل قونسا سايرايدۇ، ساڭا كۆيگەن يۈرەكتە، چەينەك قويسا قاينايدۇ.

**بۇلبۇلەك** ئى. خەرەك.

**بۇلبۇلگويا** ئى. خەلق چۆچەكلىرىدىكى ناھايىتى چىرايلىق بولغان، ئادەمدەك گەپ قىلىدىغان ۋە چىرايلىق سايرايدىغان بىر خىل قۇش.

**بۇلتۇر** رەۋ. ئۆتكەن يىل، ئالدىنقى يىل: بۇلتۇر 9-ئاينىڭ 3-كۈنى ئالىمجان ئوقۇيدىغان پەرزەنتلەر مەكتىپىدە دەرس باشلانغانىدى.

**بۇلتۇرقى** سۈپ. ئۆتكەن يىلدىكى، ئۆتكەن يىل بولغان، ئالدىنقى يىلدىكى: بۇلتۇرقى پاقلان بۇ يىل ئىككى ياش قوي بولدى.

**بۇلجۇتماي** رەۋ. مىدىرلاتماي، قىمىرلاتماي؛ تۇتقان پېتى: ئۇنىڭ قارچىغىسى ئالغان توشقاننى ئىگىسى يېتىپ كەلگۈچە بۇلجۇتماي تۇتۇپ تۇراتتى.

**بۇلجۇڭ** ئى ——> **بۇلجۇڭ گۆش.**

**بۇلجۇڭ گۆش** ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ پۇت-قوللىرىدىكى تۇرۇلۇپ، كۆپۈپ چىققان لوق گۆش: شۇ تاپتا بۇ ئادەمنىڭ سېمىز

بۇلجۇك گۈشلىرىنى بىر چىمدىۋالسمۇ تويمايتتى.

**بۇلدۇق** تەق. تۈرۈۋا ياكى بۇلاق قاتارلىق- لاردىن ئېتىلىپ چىققان، قازانىدا قايناۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازى: باكتىكى سۇ بۇلدۇق قىلىپ ئېقىپ چۈشتى.

**بۇلدۇق-بۇلدۇق** «بۇلدۇق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بۇلاقتىن بۇلدۇق-بۇلدۇق قىلىپ سۇ چىقىپ تۇراتتى.

**بۇلدۇقلاتماق** «بۇلدۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېلىيوۋ قاپاقنى ئاۋايلاپ سۇنى كېرىم چاپقان ئورەككە بۇلدۇقلىتىپ قۇيدى.

**بۇلدۇقلاشماق** «بۇلدۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز كىرگەندە چوڭ زالغا ئېسىلغان داش قازانلار بىر خىل بۇلدۇقلىشىپ قايناۋاتاتتى.

**بۇلدۇقلىماق** پ ① «بۇلدۇق-بۇلدۇق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «بۇلدۇق-بۇلدۇق» قىلماق: تۈرۈۋىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان يىلىلىق سۇنىڭ بۇلدۇقلىشى ئاڭلىناتتى. ② كۆچمە. جۇش ئۇرماق، ئۇرغۇماق، دولقۇنلانماق: مەن كېلى- مەن ساڭا بېقىپ تويماستىن، كۆلۈپ تۇرغان بەختىم بىلەن تويلىشىپ، ئىلھاملىرىم بۇلدۇقلايدۇ، قاينايدۇ، باغرىڭدىكى دولقۇن بىلەن قوغلىشىپ.

**بۇلغاتماق** «بۇلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۇلغار I** ئى. ماي تەركىبى بولغان بىر خىل يۇمشاق خۇرۇم: بۇلغار ئۆتۈك. * بىلە- دىكى بەلبېغى، ئېسىل قىزىل يېپەكتۇر، پۇتلىرىغا كىيگىنى، مەزمۇت بۇلغار ئۆتۈكتۇر.

**بۇلغار II** ئى <ئىرق> ⟵ **بۇلغارلار.**

**بۇلغارلار** ئى <ئىرق> بۇلغارىيىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدىغان، جەنۇبىي سلاۋيانلارغا مەنسۇپ خەلق.

**بۇلغاشماق** «بۇلغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇششاق باللار سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىقتا ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەرنى تاشلاپ، سۇزۇك سۇنى بۇلغاشتى.

**بۇلغانماق** «بۇلغىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باتۇر: ــ ئەلۋەتتە سىزنىڭ يۈرد- كىڭىز ئۇنىمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېقىمدا بۇلغىنىپ بولدىڭىز، ــ دېدى.

**بۇلغۇن** ئى <زوئول> سۆسەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، تېنى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، تۆت پۇتى ئوتتا شاشلا قىسقا، قۇلىقى ئۇچ بۇرجەك، ئاڭلاش سەزگۈسى ئۆتكۈر. ئۇنىڭ تۈرى خىلمۇخىل بولۇپ، تېرىسى بەك ئەتىۋار.

**بۇلغىماق** پ ① كىر، پاسكىنا قىلماق: ئىشچىلاردىن بىرى ئوت ئۆچۈرۈش سۇيۇقلۇق گازىنىڭ ئاغزىنى ئەتىۋار تۇتۇپ ئاچقانلىقتىن سۇيۇقلۇق ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ باش- كۆزىنى بۇلغىۋەتتى. ② كۆچمە. داغ چۈشۈر- مەك، قارا سۈركىمەك: بىركۈنى كەچتە ياسىن ئاكامنىڭ: «يا ھۆكۈمەتنىڭ سۆزىگە كىر- مىدىڭ، يا مېنىڭ نەسىھىتىمنى ئاڭلىمىدىڭ، ئاخىرى ئائىلىمىزنىڭ شەنىنى بۇلغىدىڭ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم. ③ كۆچمە. تەركىبىگە پاسكىنا، ناپاك نەرسىنى ئارىلاشتۇرماق: ھاۋانى بۇلغىماق. سۇنى بۇلغىماق. ④ باش ۋە قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئايلاندۇرۇپ بېشارەت بەرمەك؛ جاۋاب بەرمەك: ــ ياق، ياق، ــ پروفېسسور قول بۇلغىدى، جوزىدىكى ئىستاكاننى قولغا ئېلىپ بىر يۇتۇم چاي ئىچىۋې- لىپ، ئۇزىنى توختىتالىدىن كېيىن بىرئاز ئويلاندى، ــ ئۇ ئەللىكتىن ئاشتى...

**بۇلغىنىش** ① «بۇلغانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② ئى <بىئول> ھاۋا، تۇپراق، سۇ مەنبىئى قاتارلىقلارغا مۇھىت تازىلىقىنى بۇزىدىغان ياكى جانلىقلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ماددىلار ئارىلىشىپ قالىدىغان بىر خىل ھادىسە.

**بۇلماق** ئى. بوۋاق باللار ئۇچۇن سۈت، قوي يېغى، ئۇن، شېكەر قاتارلىقلارنى ئارد-

لاشتۇرۇپ تەييارلايدىغان بىر خىل ئوزۇق-
لۇق: موماي، بوۋاقنىڭ ئىچى قاتتىق سۇرۇپ
كەتسە، قوي يېغى بىلەن بۇلماق ئېتىپ بېرىش
ئارقىلىق ساقايتاتتى.

**بۇلماقتەك** سۈپ. سېمىز ھەم بۇدرۇق:
بۇلماقتەك بالا. * بۇلار بارمىغان شەھەر، چىقـ-
مىغان سەھرا، كىرمىگەن قورۇ، ئاختۇرمىغان
ئۆي قالماپتۇ. بۇلماقتەك ئاتلار تايغاندەك
تارتىلىپتۇ.

**بۇلۇت** ئى <مېتېئور> سۇ تامچىلىرى ۋە مۇز
كرىستاللىرىنىڭ توپلىنىشىدىن شەكىللەنگەن
ۋە ھاۋا بوشلۇقىدا لەيلەپ يۈرىدىغان بىر
خىل جىسىم: بۇ تاغنىڭ ئېگىزلىكى بۇلۇتقا
تاقىشىدىكەن، ئۇ تاغقا بىرەر كىشىنىڭ چىقالى-
لىغىنى ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن ئادەممۇ يوق
ئىكەن.

**بۇلۇت قاتلىمى** <مېتېئور> بۇلۇتنىڭ قەۋەت-
لەرگە بۆلۈنگەن ھەربىر قاتلىمى.

**بۇلۇتسىز** سۈپ. بۇلۇت بىلەن قاپلانمىغان؛
ئوچۇق: ئاسمان پۈتۈنلەي بۇلۇتسىز ئىدى.
كۆپكۆك ئوكيانىدا يېگانە ۋە چەكسىز كەتكەن
تولۇن ئاي سەپەر قىلاتتى.

**بۇلۇتسىمان** سۈپ. بۇلۇتقا ئوخشايدىغان،
بۇلۇت سىياقىدىكى، بۇلۇت شەكىللىك.

**بۇلۇتلانماق** پ. بۇلۇت بىلەن قاپلانماق:
ئەخمەتباي ئاسماننىڭ بۇلۇتلانغانلىقىنى كۆرۈپلا
خامانغا يۈگۈردى ۋە ئۇنچىلەرنى بىر جايغا
يىغىشقا باشلىدى.

**بۇلۇتلۇق** سۈپ. بۇلۇت بىلەن قاپلانغان،
بۇلۇتلانغان: قەدىردىنىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان
چىرايى بىردىنلا قايغۇلۇق تۇس بىلەن ئالماشتى،
ئۈنسىز ھالدا يوپۇرماقلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ
تۇرغان بۇلۇتلۇق ئاسمانغا تىكىلگىنىچە ئېغىر ئۇھ
تارتتى.

**بۇلۇق** تەق. ئېتىلىپ چىققان سۇنىڭ ئاۋازى:
سۈزۈك بۇلاقتىن بۇلۇقلاپ چىقىۋاتقان سۇنىڭ
ئاۋازى خۇددى يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشىدەك
يېقىملىق ئاڭلىناتتى.

**بۇلۇق-بۇلۇق** «بۇلۇق» سۆزىنىڭ تەكرار-
لىنىشى.

**بۇلۇقلىماق** پ. «بۇلۇق» قىلغان ئاۋاز
چىقارماق: بالا شۇ يەرنى قېزىپتىكەن، دېگەندەك
بۇلۇقلاپ سۇ چىقىپتۇ.

**بۇلۇڭ** ئى <مات> بىر نۇقتىدىن چىققان ئىككى
نۇردىن ھاسىل بولغان شەكىل.

**بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچ** <ماشىن> تەكشۈرۈش ۋە
سىزىق سىزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان
سايمان.

**بۇلۇڭ-پۇچقاق** ① بۇلۇڭ ۋە پۇچقاق:
ئۆيىمىز ماڭا گويا مۇزخانىدەك كۆرۈنەتتى. ئانچە
ئۆتمەي تام-تورۇسلاردا چاشقانلار چىرىلداپ،
بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغا ئۆمۈچۈكلەر تور سېلىشقا
باشلىدى. ② كۆچمە. كىشىلەرنىڭ نەزىرى
چۈشمەيدىغان، يىراق، چەت جاي، ئورۇن:
پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچار بولۇشتەك
ھادىسىلەر بۈگۈن تۈگىتىلسە، ئەتە يەنە پەيدا
بولىدۇ. بۇ جايدا تۈگىسە، يەنە باشقا بۇلۇڭ-
پۇچقاقلاردا باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. * يېقىن
كەلگۈسىدە ئاپتونوم رايوننىڭ پۈتۈن شەھەر، يېزا
ۋە باشقا بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە بېرىپ، فولكلور
يىغىپ، شۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بىر
ھەيئەت قۇرۇشىمىز مۇمكىن.

**بۇلۇڭچى** ئى. تامنىڭ بۇلۇڭ سۇۋاقلىرىنى
تۈزلەيدىغان ئەسۋاب.

**بۇلۇڭلۇق** سۈپ. بۇلۇڭى بار، بۇلۇڭ
چىقىرىلغان: بۇلۇڭلۇق ئېتىز.

**بۇلۇڭلۇق پولات** <سانا> توغرا كەسمە
يۈزى «L» شەكىلدە بولغان پولات ماتېرى-
يالى. كۆۋرۈك، ئىمارەت قۇرۇلۇشى ۋە
سانائەتتە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ.

**بۇلىماق I** پ. زورلۇق كۈچ ئارقىلىق
باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالماق، تالان-
تاراج قىلماق: «ماموت چايان» خەلقتىن
بۇلىۋالغان مال-چارۋىلارنى ئالدىغا سېلىپ ماڭار
چېغىدا ئۇدۇل كەلگەن بىرقانچە ئۆيگە ئوت

www.uyghurkitap.com

قويۇۋېتىپ، تاغ ئىچىگە قاراپ تىكىۋەتتى.

**بۇلىماق II** پ. يۇقۇشىدىغان نەرسىگە پاتۇرماق، تۆگۈرمەك، مىلىمەك: ئۇ قولىدىكى ناننى لازىغا بۇلاپ يەپ تۈگەتتى.

**بۇمازى** ئى [ر] بىر تەرىپى تىۋىتلىق رەخت.

**بۇنچە** ① رەۋ. بۇ قەدەر: ــ بۇنچە ئالدىراپ نەگە باراتتىڭىنە، ــ دېدى ئايالى ئېرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن. ② سۈپ. مۇنچىۋالا: بۇنچە نەرسىنى كۆتۈرەلمەيسەن، ئەكە، بىرىنى مەن كۆتۈرۈۋالاي.

**بۇنچىلا** «بۇنچە» سۆزىنىڭ كۈچەيتمە شەكلى: ياش ماخوچى ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ: ــ بارغىن، بىر مۇھىم ئىشىڭ بولمىسا سەن بۇنچىلا ئالدىرمايتتىڭ! ــ دېدى. * بۈگۈنكى يىغىنغا بۇنچىلا ئادەمنىڭ يىغىلىشى تەسەۋۋۇر قىلىنمىغانىدى.

**بۇنچىلىك** ① رەۋ. بۇ قەدەر، بۇ دەرىجىدە: رۇستەم غوجىنىڭ غۇژغۇن مىجەزلىكىنى بىلەتتى، لېكىن بۇنچىلىك قوپاللىقىنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. * كامىل زەينەپنىڭ مېھماندوستلۇقى ۋە ھەرىكىتىنىڭ بۇنچىلىك چاققانلىقىغا كۆڭلىدە ئاپىرىن ئوقۇسىمۇ، لېكىن ھە دېگەندىلا تەمتىرەپ قالدى. ② سۈپ. ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى مىقدار، ھەجىم، دەرىجە، خۇسۇسىيەت ۋە ھالەت قاتارلىق جەھەتلەردىن تۆۋەنلىتىپ ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ: پوچتالىيون: ــ كېرەك يوق، بۇنچىلىك يول دېگەن نېمىتى؟ ــ دېدى. * پايلاقچى: ــ مېنى بۇنچىلىك ئىشنى قامللاشتۇرالمايدۇ، دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ ــ دەپ مەغرۇرانە ھىجايدى.

**بۇنچىۋالا** «بۇنچىلا» سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل كۈچەيتمە شەكلى: ــ سەۋرى قىلىڭ قىزىم، ئۆلۈم دېگەن ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار، مۇسىبەت كۈنى بۇنچىۋالا يىغلاپ كېتىش ياخشى ئەمەس، ــ دەپ تەسەللى بېرەتتى موماي. * ــ ئون يىل ئىچىدە بېشىڭغا كەلگەن بۇنچىۋالا دەردكە چىداپ، ئەمدى كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرىدىغان ۋاقتىمىزدا بىزنى تاشلاپ كېتەمسەن جېنىم دادا، ــ دەپ يىغلايتتى بالىلىرى.

**بۇنداق** ① ئال. بۇ خىل، بۇنىڭغا ئوخشاش: چوڭ كىلەم سودىگىرى بولغان كەبىلات شىنجاڭغا كەلگەندە ھەيران بولۇپ: ــ شىنجاڭدا بۇنداق ئېسىل گىلەم توقۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن، ــ دېگەنىدى. * يەنچىلىك: ــ ئاكا، ئاغزىڭىزغا كەلگەنچە جۆيلۈمەڭ، نەدە بۇنداق ئىش بولسۇن! ــ دېدى. ② رەۋ. بۇ تەرىقىدە، بۇنىڭدەك: ئەخمەتنىڭ بۇنداق دېگىنى توغرا بولماپتۇ. سىز رەنجىمەڭ.

**بۇنىيات** سۈپ [پ] يېزىت ←─ **بۇنىيات قىلماق.**

**بۇنىيات قىلماق** پەيدا قىلماق، ۋۇجۇدقا چىقارماق: يەنە ھىجران، جۇدالىق داغى پەرياد، پەلەك قىلدى يەنە زۇلمىنى بۇنىيات.

**بۇۋانە** ئى <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى تىك؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئالقانسىمان يېرىلغان بولىدۇ؛ كونۇسسىمان گۈل رېتىدە، گۈلى چوڭ، سۆسۈن رەڭلىك؛ يىلتىزسىمان غولى قاغىنىڭ بېشىغا ئوخشاش كاللەك كېلىدۇ. ئۇ زەھەرلىك بولۇپ ئاغرىق پەسەيتىش دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**بۇي** ئى [پ] پۇراق، ھىد: زېمىنغا تۆكۈلگەن ئېسىل ياپراقىنىڭ قېتىدىن كېلىدۇ ئاجايىپ بىر بۇي.

**بۇيا** ئى <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، 30 ــ 80 سانتىمېتر ئۆسىدۇ؛ پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنىدە قىسقا ۋە يۇمشاق ئاق تۈكچىلىرى بولىدۇ؛ غولى شاخلىنىپ تىك ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدىغان تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، سوقىچاق كېلىدۇ؛ قاسراقلىق مېۋىسى تەسۋىسىمان بولىدۇ؛ ئۇرۇقى سارغۇچ،

تۇخۇمغا ئوخشايدۇ، تەمى ئىنتايىن قېرىق؛ يىلتىزى تىك ئۆسىدۇ؛ تىبابەتچىلىكتە پۇتۇن چۆپى ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ؛ تەبىئىتى سوغۇق، زەھەرلىك بولۇپ ھۆل ئىسسىقنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقنى باسىدۇ، ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

**بۇياق** ئى [بۇ+ياق] ① سۆزلىگۈچى ئىشارە قىلىنغان ياكى كۆرسەتكەن تەرەپ: — ئەنۋەر، ئۆرە تۇرۇپ قالدىڭىز، بۇ ياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭ،— دېدى ئۇ ئۇنلۇك ئاۋازدا. * مەرەمنىسا: — گۈلەمخان ئاچا، بۇ ياققا چىقسىلا، — دەپ توۋلىدى. ② «بۇ كىشى، بۇ ئادەم» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: — يولداش خەمىت، — دېدى ئادىل بىللە كەلگەن ئادەمنى كۆرسىتىپ، — بۇ ياق سىزنى ئىزدەپ كېلىپتۇ. ③ تەۋەلىك III شەخس قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ، «مابەيىنىدە، بۇ تەرىپىدە» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: ئۇلار ئىككى-ئۈچ كۈننىڭ بۇيىقى سوقىدا يېتىپ، سوقىنىڭ قاتتىق-قۇرۇقلىرىغا خېلى كۆنۈپ قالغانىدى.

**بۇ ياقتا تۇرسۇن** جۈملىدە نۇقتا قىلىنغان بۆلەكنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، «تۇگۇل» دېگەنگە ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: ئۇ ئىشلىرىمىزغا ياردەملىشىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، كۆرۈشكەن يەرلەردە سالام-سائەتمۇ قىلمايدۇ. * موماي ئالدىراپ: — بالام! قىزىمدىن خاپا بولماڭ، ئۇنىڭ كۆزى قارىغۇ، ئۆمۈر بويى كۈننىڭ نۇرىنى كۆرەلمىگەن، سۆزلەش بۇ ياقتا تۇرسۇن، كۈلۈشنىمۇ بىلمەيدۇ، — دەپتۇ.

**بۇيان** تىر [بۇ+يان] چىقىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ، «بېرى، باشلاپ، مابەينىدە» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئابلا شەھەرگە كەلگەن ئۈچ يىلدىن بۇيان «زەنجىر تاپان»، «كران» دېگەن لەقەملەر بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى.

**بۇيانقى** سۈپ. بېرىسىدىكى، مابەينىدىكى، بۇ تەرىپىدىكى: بىرنەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى سانائەت ۋە سودا تارىخى ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە قارشى تۇرغان تارىختىنلا ئىبارەت.

**بۇيرۇت** ئى <ئىرق> ⟵ **بۇيرۇتلار.**

**بۇيرۇتلار** ئى <ئىرق> چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قىرغىزلار.

**بۇيرۇتما** ① ئى. بىرەر نەرسە ئىشلەپ بېرىش ياكى ياساپ بېرىش ھەققىدە بېرىلگەن تاپشۇرۇق، زاكاز: كارخانىمىزدا ھۆددىگە ئېلىنغان بۇيرۇتمىلار، نۇرغۇن قۇرۇلۇشلار ياغاچ يېتىشمەسلىك تۈپەيلى كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ. ② سۈپ. ياساش، ئىشلەپ بېرىش ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان، زاكاز قىلىنغان: بۇيرۇتما كىيىم. بۇيرۇتما ئىشكاپ.

**بۇيرۇتماق** «بۇيرۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كارىۋاتتىكى ئاتايىتەن بۇيرۇتۇپ توقۇلغاندەك كۆرۈنىدىغان گىلەمدە چاچما گۈللەر جۇلالىنىپ تۇراتتى. * ئۇلار ئاشخانىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپلا تۇخۇم، قارا بولكا، ھاراق بۇيرۇتتى.

**بۇيرۇتمىچى** ئى. بۇيرۇتما قىلغان ياكى بۇيرۇتما بەرگەن كىشى.

**بۇيرۇتۇلماق** «بۇيرۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ھەپتىلىك تامىقى ئالدىن بۇيرۇتۇلدى.

**بۇيرۇشماق** «بۇيرۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر-بىرىنى ئىشقا بۇيرۇشۇپ، قىلماقچى بولغان ئىشلارنى پىلاندا كۆرسىتىلگەن ۋاقىتتىن كېچىكتۈرۈپ قويىدى.

**بۇيرۇق** ئى. ئىدارە، مۇئەسسەسە، ھەربىي قىسىم ۋە شۇ قاتارلىق تارماقلاردىكى باشلىقلارنىڭ مەلۇم ۋەزىپىلەرنى بېجىرىش، مەلۇم قائىدە-تەرتىپلەرنى ئىجرا قىلىش ھەققىدە ئۆز رەھبەرلىكى ئاستىدىكىلەرگە چۈشۈرگەن

يازما ياكى ئاغزاكى پەرمان: شۇ ئاخشىمى ئۇلارغا ئىدارىنىڭ تەرەتخانىسى يېنىدىكى بۇزۇلغان سۇخانىغا كۆچۈش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى. * — دۈشمەننى قىزىلئۆڭگەچ كارىدورىدا توساپ يوقىتىڭلار! — دېگەن جىددىي بۇيرۇق كەلدى. ② كەسكىن تاپشۇرۇق: سارايۋەنىنىڭ پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەي بېرىپ، ھېلىقى باللارغا مەلىكىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپتۇ.

**بۇيرۇق بەرمەك** ۋەزىپىنى دەرھال ئورۇنداشنى تاپشۇرماق ياكى بىرەر ئىشنى دەرھال قىلىشقا بۇيرۇماق: شۇ كۈنى قىسىم شتابىدىن رازۋېت لېيەنىدىكى سوپىتايغا باندىتلار ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىش بۇيرۇقى بېرىلدى. * پادىشاھ بۇيرۇق بېرىپ مەھرەمنى كەلتۈرۈپتۇ.

**بۇيرۇق پېئىل** <تىل> سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىشى ياكى ئورۇندالماسلىقى ھەققىدىكى بۇيرۇقىنى، خاھىشىنى، تەلىپىنى، ئىلتىماسىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللار.

**بۇيرۇق تاپانچىسى** <تەن> يۈگۈرۈش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق مۇسابىقىلاردا، تەنھەرىكەتچىلەرگە ئاۋاز سىگنالى ئارقىلىق مۇسابىقىنى باشلاش بۇيرۇقىنى بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان تاپانچا.

**بۇيرۇق جۈملە** <تىل> باشقىلاردىن بىرەر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىش ياكى ئىلتىماس، خىتاب قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل جۈملە شەكلى، يېزىق تىلىدا بۇيرۇق جۈملىنىڭ ئاخىرىغا چېكىت ياكى ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ.

**بۇيرۇق قىلماق** ۋەزىپە تاپشۇرماق ياكى بىرەر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇماق: — ھازىر ئېلى نۇردىننىڭ ئۆيىگە بېرىڭلار! — دەپتۇ سۇلتان ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىپ. * شېرىپ: — باغلاڭلار، بۇ خوتۇن تالاقىنى! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ھەمراھلىرىغا.

**بۇيرۇقنى تۇتماق** بۇيرۇقنى ئېسىدە، قۇلىقىدا چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلماق، ئىجرا قىلماق: ئۇ باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاقلىدى. ئىپىنىڭ بىلدۈردى.

**بۇيرۇقچى** ئى ← **بۇيرۇقۋاز.**

**بۇيرۇقچىلىق** ئى ← **بۇيرۇقۋازلىق:** دېھقانلارنىڭ تەلىپى ئاشلىقنى مول ئېلىش، ئەگەر ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش توغرىسىدىكى تەشەببۇس بولسا، بۇنى دېھقانلار خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەجبۇرىي بۇيرۇقچىلىق قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

**بۇيرۇقۋاز** ئى. بولار ـ بولماس بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم.

**بۇيرۇقۋازلىق** ئى. بولار ـ بولماس بۇيرۇق بېرىش، ھەممىلا ئىشنى پەقەت بۇيرۇق بېرىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىش ئادىتى: لېنىن ئويدۇرمىچىلىقنى ۋە بۇيرۇقۋازلىقنى خوراپىيلارچە ئىشىنىدىغان بۇنداق كىسەللىنى «كوممۇنىستلارنىڭ تەكەببۇرلۇقى» دەپ كەمستكەنىدى.

**بۇيرۇقۋازلىق قىلماق** بۇيرۇقۋازلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بارماق.

**بۇيرۇماق** پ ① بىرەر ئىشنى قىلىشقا، بېجىرىشكە بۇيرۇق بەرمەك؛ تاپشۇرماق؛ تاپىلىماق: ئىت مۈشۈكىنى بۇيرۇسا، مۈشۈك قۇيرۇقىنى بۇيرۇپتۇ (ماقال). * شاھزادە ئاخىرى ئۇستا بىر ياغاچچىنى قىچقارتىپ، چىنارنى كېسىپ، بۆشۈك ياساپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ② ھۆكۈم قىلماق، ھۆكۈم چىقارماق: خەلىپە ھارۇن رەشىد ئۇنى شۇ يەردە ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. ③ بىرەر ئىشنى ئالدىن ھاۋالە قىلماق، زاكاز قىلماق، بۇيرۇتماق: قاسىمجان كەلگۈسىدىكى ئۆيىگە يوغان تام ئەينەكلىك كىيىم ئىشكاپى ياسىتىش ئۈچۈن بىر مۇناسىۋەتلىك كىشىگە ياكاق ياغىچى بۇيرۇپ قويۇپتۇ. * گۈل خېنىم شەرىخانىغا بىر دوپپا بۇيرۇغانىدى. ④ قانۇنىي يول بىلەن ئىگىلىكىدە، تەۋەلىكىدە

www.uyghurkitap.com

قىلىپ بەرمەك: شۇنداق قىلىپ ئىككىچە ـ سىڭىل ئىككىسى تالىشا ـ تالىشا ئۆزئارا كېلىشەلمىگەندىن كېيىن: ـــ بولمىسا، قازىغا بارىمىز، قازى قايسى-بىرىمىزگە بۇيرۇپ بەرسە ئىگىسى شۇنىڭ بولىدۇ، ـــ دەپ دېۋىلەرنىڭ قازىسىغا بېرىپتۇ. ⑤ مەلۇم ئىشنى قىلىش ياكى مەلۇم بىرىنى قىلماس-لىقنى ۋەسىيەت قىلماق، يېزىپ بەرمەك (دوختۇر، تېۋىپلارنىڭ كۆرسەتمىلىرى ھەققىدە): دورا بۇيرۇماق. * ئۇ دوختۇر بۇيرۇ-غان ھەممە ئامال ـ چارىلارنى قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، كېسەلى ھېچبىر شىپا تاپاي دېمەيتتى. ⑥ بىرەر ئىش، تاپشۇرۇق بىلەن ئەۋەتمەك: مۇزەپپەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىزنى شۇ كۈننىلا تاغقا بۇيرۇدى. ⑦ نېسىپ بولماق، نېسىپ قىلماق: يۈگۈرگەن قالار، بۇيرۇغان ئالار (ماقال). * بۇيرۇسا بالا، بۇيرۇمىسا بالا (ماقال). * ئۇ: ـــ خۇدايىمنىڭ ساڭىمۇ بۇيرۇغىنى باردۇ، ـــ دېدى ـ دە، كېتىپ قالدى.

**بۇيلۇق** سۈپ. بويى، پۇرىقى، ھىدى بار، ھىدلىق: يەتكۈز سابا يارىمغا، مېنىڭ نالە ـ زارىمنى. ئۆلمىسەم بىر كۆرەرمەن ئەتىر بۇيلۇق يارىمنى.

**بۇيۇم** ئى. تىرىكچىلىك ۋە ئائىلىگە كېرەك بولىدىغان ھەربىر نەرسە: تۇرمۇش بۇيۇم-لىرى. ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرى.

**بۇيۇملاشقان ئەمگەك** <س ئىق> مەھسۇلاتقا مۇجەسسەملەنگەن ياكى ئۇنىڭدا گەۋدىلەنگەن ئەمگەك. جانلىق ئەمگەكنىڭ ئەكسى.

**بۇيى** ئى <ئىرى> ←— **بۇيىلار**.

**بۇيى تىلى** <تىل> بۇيىلار ئىشلىتىدىغان تىل. ئۇ خەن ـ زاڭ تىللىرى سىستېمىسى جۇاڭ ـ دۇڭ تىللىرى تۈركۈمى، جۇاڭ ـ دەي تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە غەربىي ـ جەنۇبىي قىسمىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**بۇيىچە** سۈپ ① بۇيىلارغا ئوخشاش، بۇيىلارغا ئائىت: بۇيىچە كىيىنمەك. ② ئى. بۇيىلار ئىشلىتىلىدىغان تىل، بۇيى تىلى: بۇيىچە سۆزلىمەك.

**بۇيىلار** ئى <ئىرق> ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى، گۇيجۇدا ياشايدۇ.

**بۇيىلىق** ئى ① بۇيىسى بار، بويا كۆپ ئۆسكەن جاي: ئۈركۈپ كەتكەن ئات ئۇدۇل يۇقىرى مەھەللىدىكى بۇيىلىقتا قاراپ چېپىپ كەتتى. ② تۇرپان ناھىيىسىدىكى ئۈزۈمچى-لىكتە داڭقى بار بىر يېزىنىڭ ئىسمى.

**بۆ** ئى. دىئال. دۆ.

**بۆجەن** ئى. توشقاننىڭ بالىسى.

**بۆجەنلىمەك** پ. توشقان تۇغماق.

**بۆجەيگەك** سۈپ. ئالايغاق، ھومايغاق: ئالايغان، ھومايغان: ئۇ دوپپىسىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىپ، ھەرىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ خۇدۇكچان، بۆجەيگەك كۆزلىرى بىلەن يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، دۇمچىيىپ ئورنىدا تۇراتتى.

**بۆجەيمەك** پ. كۆزىنى ئالايتىپ قارىماق، ھومىيىپ قارىماق: ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى ئۆز يولىدا، ئەمما ئىلىم ـ پەندە يېتىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىز ياۋا ئاسلاندەك بۆجىيىپ قالىدىكەنمىز.

**بۆجىمەك** پ. ھەممە يېرىگە يىڭنە بىلەن گۈلگە ئوخشاش نەرسىلەرنى تىكمەك، بېزىمەك: گۈل بۆجىدىم يۈرەككە، تىل تورغىيىم سۆزۈكىدىن. ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى، كۆرگەنمە-دىك كۆزۈمدىن.

**بۆدۇنە** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش، بېشى كىچىك، قۇيرۇقى قىسقا، پەيلىرى بېغىر رەڭ كېلىدۇ. ئۇزۇنغا ئۇچالمايدۇ.

**بۆدۇنۋاز** ئى. بۆدۇنە خۇمار، بۆدۇنىنى ياخشى كۆرىدىغان، سوقۇشتۇرىدىغان، بۆدۇنە باققۇچى كىشى.

www.uyghurkitap.com

**بۆدۈنىۋازلىق** ئى. بۆدۈنە بېقىش، سوقۇشتۇرۇش ئىشى: بۆدۈنىۋازلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەك.

**بۆرە** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، شەكلى ئىتقا ئوخشايدۇ، يۈزى ئۇزۇن، قۇلىقى تىك، تۈكلىرى سېرىق ياكى سۇس قوڭۇر رەڭدە؛ قۇيرۇقى پەسكە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ؛ كۆپىنچە كۈندۈزى يوشۇرۇنۇۋېلىپ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ؛ ئاچكۆز ھەم ۋەھشىي كېلىدۇ؛ توشقان، بۇغا قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ ئادەم ۋە چارۋىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ؛ تېرىسىدىن جۇۋا، يوتقان-كۆرپە قاتارلىقلارنى تىككىلى بولىدۇ.

**بۆرە بۇرسۇق** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، تېنى ۋە تۆت پۇتى قىسقا توم بولۇپ، ئېيىققا ئوخشايدۇ؛ قۇيرۇقى ئۇزۇن، قۇيرۇقىنىڭ تۈكلىرى شالاڭ، پۈتۈن تېنى قارا قوڭۇر كېلىدۇ؛ سوغۇق بەلباغلاردا ياشايدۇ، دەرەخكە چىقالايدۇ، سۇدىمۇ ئۈزەلەيدۇ؛ ۋەھشى بولۇپ، كۈچلۈك كېلىدۇ؛ توشقان، بۇغا، تىيىنلارنى يەيدۇ.

**بۆرە پۇرچىقى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياكى كۆپ يىللىق چاتقال، تېنىدە ئۇششاق تۈكلىرى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئالقانسىمان مۈرەككەپ يوپۇرماق، گۈلى ئومۇم گۈل رېتىدە. ئۇ گۈلىنىڭ رەڭگىگە قاراپ «سېرىق بۆرە پۇرچىقى»، «ئاق بۆرە پۇرچىقى» دەپ ئايرىلىدۇ، يەم-خەشەك ۋە يېشىل ئوغۇت تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**بۆرە چاقىسى** <تىب> بىر خىل تېرە كېسەللىكى، كېسەل قوزغاتقۇچىسى سىل تاياقچە باكتېرىيىسىدۇر. ئۇ كۆپرەك يۈزدە پەيدا بولىدۇ، ئالامەتلىرى: تېرىدە توق قىزىل رەڭلىك تۈگۈنچە پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي چوڭىيىدۇ ۋە جاراھەتكە ئايلىنىپ، سارغۇچ جىگەر رەڭلىك قاقاچ بولۇپ قالىدۇ، ساقايغاندا ئورنى كۆپىنچە تاتۇق بولۇپ قالىدۇ.

**بۆرەك** ئى <فىزئول> ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزاسى، ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە بىردىن ئىككىسى بولىدۇ، سىرتقى گىرۋىكى كۆپۈپ چىققان، ئىچكى گىرۋىكى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ھالەتتە بولىدۇ؛ رەڭگى توق قىزىل كېلىدۇ؛ يۈزىدە تالالىق توقۇلمىدىن تۈزۈلگەن بىر قەۋەت نېپىز پەردىسى بولىدۇ؛ قان تومۇرى ئىچكى گىرۋىكى ئارقىلىق بۆرەك ئىچىگە كىرىدۇ؛ قان سۈيۈقلۇقى ئېقىپ كىرگەندە، قان تەركىبىدىكى سۇ ۋە سۇدا ئېرىگەن ماددىلار بۆرەك تەرىپىدىن سۈمۈرۈۋېلىنىپ، ئاجرىتىلغاندىن كېيىن سۈيدۈك بولۇپ شەكىللىنىدۇ ۋە سۈيدۈك تۇشۇش نەيچىسى ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ.

**بۆرەك جامى** <فىزئول> بۆرەكنىڭ بىر قىسمى، شەكلى كونۇس شەكلىدىكى خالتىغا ئوخشايدۇ، تۆۋەن تەرىپى سۈيدۈك تۇشۇش نەيچىسىگە تۇتىشىدۇ.

**بۆرەك خالتىسى** <تىب> تىبابەتچىلىكتە ئۇرۇقدان خالتىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**بۆرەك خۇرجۇن** بۆرەك شەكلىدە تىكىلگەن خۇرجۇن.

**بۆرەك ياقا** بۆرەك شەكلىدە تىكىلگەن ئالدى ئېگىز، ئارقىسى پەسرەك تىك ياقا.

**بۆرەك ياللۇغى** <تىب> بۆرەك ياللۇغلىنىدىغان بىر خىل كېسەللىك، ئاساسلىق قوزغاتقۇچىسى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە؛ ئالامەتلىرى: سۈيدۈكتىن قان شارچىلىرى ۋە ئاقسىل چىقىش؛ قان بېسىمى ئۆرلەش،

ئىششىش، باش ئاغرىش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشتىن ئىبارەت. ئېغىرراقلىرىدا، سىپازمەلىنىپ، ئەس-ھوشىنى يوقىتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

**بۆرەك يېغى** قوي قاتارلىق چارۋىلارنىڭ بۆرەك قىسمىغا جايلاشقان، بۆرەكنى قاپلاپ تۇرغان ئىچ مېيى.

**بۆرتمە** سۈپ. بۆرتۈپ چىققان، قاپارتما چىقىرىپ ئىشلەنگەن: بۆرتمە گۈللۈك ياغلىق. بۆرتمە نەقىش. بۆرتمە شال.

**بۆرتمە شال** قاپارتما گۈل چىقىرىپ توقۇلغان چۆچىلىق رومال: ئۈستىگە قارا مارى دۇخاۋسىدىن ئۇزۇن پەلتو كىيگەن، ھال رەڭ بۆرتمە شال بىلەن يۈزىنى ياپقان بىر ئايال كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ قازىخانىغا كىرىپ كەتتى.

**بۆرتمە گۈل** بۆرتۈپ چىقىرىلغان قاپارتما گۈل، قاپارتما شەكىللىك گۈل: بۆرتمە گۈللۈك ياغلىق.

**بۆرتمە نەقىش** <بىن> قاپارتما شەكىللىك نەقىش.

**بۆرتمەك** پ. تۇرتۇپ چىقماق، كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇرماق، بۆرتۈپ چىقماق: ئۈستىخانلىرى بۆرتۈپ چىققان تۇرسۇن ئۆشنىسىدىكى نان خالتىسىنى يەرگە قويۇپ، تىز پۈككەن ھالدا تۇرمە باشلىقىغا يېلىنۋاتاتتى.

**بۆرتۈپ چىقماق** كۆتۈرۈلۈپ، تۇرتۇپ، ئۆرلەپ چىقماق: ھاياتى قايتىدىن ئۇمىدكە ئىگە بولغان بۇ نەۋقىران يىگىتنىڭ بۆرتۈپ چىققان يۈز سۆڭەكلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن تەرلىرىدە بىر خىل مەمنۇنلۇق، كۈلۈمسىرەشنىڭ بەلگىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

**بۆرسامىسقى** ئى [بۆرە+سامساق+ى] بىر خىل سېمىز ئەتلىك پارازىت ئوت.

**بۆرىكۆز** ئى [بۆرە+كۆز] مېۋىسىنى يېگىلى بولىدىغان، تىكەنلىك بىر خىل ئۈسۈملۈك.

**بۆرىيىپەس** ئى [بۆرە+يىپەس] <ئانات>

ئاچچىق ئۈچەيىنىڭ ياغلىق ئۈچەي بىلەن تۇتاشقان جايىدىكى يوغان بوغماق قىسمى.

**بۆز** ئى [ئە] ① پاختىدىن ئېگىرىلگەن يىپ: بۆز يىپ. بۆز تاغار. ② قول دۇكىنىدا پاختا يىپىدىن توقۇلغان رەخت، ماتا: ئۆزى كەلسە كەلسۇن، بۆز خالتىسى كەلمىسۇن (ماقال). * تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بۆز خالتاڭنى قويۇپ بار (ماقال).

**بۆز تاغار** پاختا يىپى بىلەن توقۇلغان تاغار؛ چوڭ تاغار.

**بۆز يىپ** پاختىدىن ئېگىرىلگەن يىپ.

**بۆزچى** ئى. بۆز توقۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، بۆز توقۇغۇچى كاسىپ: بۆزچى ھالۋىچى بولسا، كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ (ماقال). * بۆزچى يىگىت قولىدىكى بۆز توقۇيدىغان موكىسىنى چاشقانغا بىر ئاتقانىكەن، چاشقان ئۆلۈپ قاپتۇ.

**بۆزچىلىك** ئى. بۆز توقۇش كەسپى: ساۋۇت ئازادلىقتىن بۇرۇن بۆزچىلىك قىلاتتى.

**بۆستۈرمەك** «بۆسمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ، ئاتنى چاپتۇرغىنىچە توپىتىن بۆستۈرۈپ ئۆتتۈپ كەتتى.

**بۆسمە** سۈپ. بۆسۈپ چىققان: بۆسمە گەۋدە.

**بۆسمە جىنس** <گېئول> يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى ئېرىتمە ھالەتتىكى ماگمىنىڭ بەزى گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمەلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا يەر پوستىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا ئۆرلەپ چىقىپ (يەر يۈزىگە تېخى چىقمىغان ھالەتتە) ئاستا-ئاستا قېتىشىدىن شەكىللىنىدىغان بىر خىل تاغ جىنسى.

**بۆسمە گەۋدىسى** <گېئول> توپا قاتلىمىدىكى سىرتتىن كىرگەن ئارىلاشمىلار، يەنى قۇلۇلە قېپى، سۆڭەك، ساپال، خىش پارچىلىرى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۆسمە گەۋدىسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئىشلەپچە-

قىرىش ئەھۋاللىرىنى ئىنقلاشقا بولىدۇ. تۇپراق تەركىبىدە بۆسمە كەۋدىسى قانچە كۆپ بولسا، تېرىقچىلىققا شۇنچە پايدىسىز.

**بۆسمەك** پ ① قورشاۋ، توسالغۇنى يېرىپ، ئۆتمەك: باشلىدى قالغان يىگىتنى ئىتتىلىپ دۈشمەنگە قىز، بۇيرۇدى قورشاۋنى بۆسمەكنى ئۇلارغا شۇنچە تېز. ② قول ياكى پىچاق قاتارلىقلار بىلەن يېرىپ پارچىلىماق: قاساپ كانارىغا پۇتۇن پېتى ئېسىقلىق تۇرغان قوينىڭ گۆشىدىن بىر ئارقا پۇتنى شارتتىدە بۆستى ــ دە، گىرغا سالدى. ③ يارماق، سۆكمەك: تاغارنى تىكىشىدىن بۆسۈۋەت.

**بۆسۈپ كىرمەك** يېرىپ، ئۆسۈپ كىرمەك: لوقمانىنىڭ دوستلىرى ئارغىماقلىرىنى چاپتۇرۇپ قىلىچ ــ نەيزىلىرىنى ئوينىتىپ، قاراقچىلار سېپىگە بۆسۈپ كىرىپتۇ. * ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئورۇنداش سەنئىتىگە يەنە بىر يېڭى شەيئى بۆسۈپ كىردى.

**بۆسۈپ ئۆتمەك** ئىلگىرىلەش يولىدىكى توسالغۇنى كۈچ بىلەن يېرىپ ئۆتمەك: بوگۈنكى ئوغلاق تارتىش ئويۇنىدا قاسىم ئاكا ئېتىنى چاپتۇرغىنچە توپنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى. * سۇ بىزدە يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بۆسۈپ ئۆتمىسە بولمايدىغان جىددىي توسالغۇسى بولۇپ قالدى.

**بۆسۈشمەك** «بۆسمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بۆسۈلمەك** «بۆسمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاغار ئوتتۇرىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى.

**بۆشۈك** ئى ① بوۋاق بالىنى بۆلەپ بېقىش ئۈچۈن ياسالغان كارىۋات شەكىللىك جابدۇق: قوشاق بىلەن بىلەن ئەللەي ئېيتار رائىلە، ئۇزاقلاردا كېزەر ئۇنىڭ خىيالى. ئېمىپ يېتىپ كېتەر ئاستا ئۇيقۇغا، ئۇنىڭ رەڭدار بۆشۈكتىكى ئوغلانى. ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ، ۋەقە ــ ھادىسىنىڭ تۇغۇلغان يېرى، ماكانى: ئىنقىلاب بۆشۈكى ــ يەنئەن. * بۇ يەر ئىلىم ــ پەن ئوچىقىغا، ئىلىم ئەھلى يېتىلىدىغان بۆشۈككە ئايلانماقتا.

**بۆشۈك ئەگمىسى** بۆشۈكنىڭ ئىككى بېشىدىكى ئەگمە ياغاچ.

**بۆشۈك تويى** بالىنى بۆشۈككە سېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم. بۇ مۇراسىم ئادەتتە بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ: بالىدىن تەلپىي بولمىغان ساۋۇت ئاكا كەنجى ئوغلى ياسىن تۇغۇلغاندا خۇرسەن بولۇپ، كەمبەغەللىككە باقماي، ئەل ــ يۇرتنى چاقىرىپ بۆشۈك تويى قىلىپ بەردى.

**بۆشۈك خالۇسى** بۆشۈك ئەگمىسىنىڭ چوققىسىغا قوندۇرۇلغان توغرا ئۇزۇن ياغاچ.

**بۆشۈك يورغىسى** بۆشۈك پۇتىنىڭ تەۋرىنىشكە باپ بولغان يايسىمان قىسمى.

**بۆشۈكىدە ئۇنجۇقتۇرماق** ← **بۆشۈكىدە ئۇجۇقتۇرماق**: ئۇلار شۇ تۈزۈمنىمۇ بۆشۈكىدىلا ئۇنجۇقتۇرغانىدى.

**بۆشۈكىدە ئۇجۇقتۇرماق** يېڭىدىن پەيدا بولۇشىغىلا يوق قىلىۋەتمەك: گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پارتىيىمىزنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولغانىدى.

**بۆشۈكىنى تەۋرەتكەنمۇ؟** بېقىپ چوڭ قىلغانمۇ، تۇغۇلغاندا بارمىتىڭ: ئۇ: ــ ۋاھ! خۇددى بۆشۈكۈمنى تەۋرەتكەندەك گەپ قىلىسىزا، ئۇقۇپ قويۇڭ، مەن بۇ يىل توپتوغرا 41 ياشقا كىردىم، ــ دېدى.

**بۆشۈك ياپقۇچ** بۆشۈكتىكى بالىنى چۈمەن، پاشا قاتارلىقلاردىن ئاسراپ قېلىش ئۈچۈن بۆشۈك ئۈستىدىن يېپىلغان ياپقۇچ.

**بۆشۈكتەۋرەتكۇ** ئى [بۆشۈك+تەۋرەتكۇ] <زوئول> ← **ياچۇەگ**.

**بۆك** ئى ← **دوپپا**: بېشى بارنىڭ بۆكى بار (ماقال).

www.uyghurkitap.com

**بۆكى سۇغا چىلاشماق** ← **دوپپىسى سۇغا چىلاشماق:** قوغۇنچىدىكى ئەھۋالىدىن بۆكى سۇغا چىلىشىپ قالغان يۇنۇس پۇشايمان ۋە ئېچىنىش بىلەن ئۆزىگە ئۆزى كايىماقتا ئىدى.

**بۆكىگە جىگدە چۈشمەك** ← **دوپپىسىغا جىگدە چۈشمەك.**

**بۆكىگە جىگدە سالماق** ← **دوپپىسىغا جىگدە سالماق.**

**بۆكىنى ئاسمانغا ئاتماق** ← **دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتماق:** بۇندىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بىرەر پارچە ئەسىرىم مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىپ قالغۇدەك بولسا، بۆكۈمنى ئاسمانغا ئاتقۇدەك خۇشال بولۇپ كېتەتتىم.

**بۆكەن I** ئى ‹زوئول› سۈت ئەمگۈچىلەرنىڭ بىر تۈرى، تەن شەكلى ئۆچكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئادەتتە شىنجاڭدىكى قاقشارلىق بۆكەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ئەركەك-چىشىلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۈڭگۈز بولىدۇ، تۈكلىرى سېرىق كۈل رەڭ، يۈزىدە قوڭۇر كۈل رەڭ ئالىسى بار؛ تۆت ئايىغى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ، يۈگۈرەك ۋە ئۈسسۇزلۇققا چىداملىق؛ مۈڭگۈزلىرى ئاقۇش ياكى ساغۇچ بولۇپ، سەل ياپىسمان، ئاستى تەرىپى كاۋاك كېلىدۇ؛ تىبابەتچىلىكتە ئىسسىقنى قايتۇرۇش، زەھەرسىزلەندۈرۈش، جىگەرنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئۈششاق ئاغرىقلارنى داۋالاشتا ئالاھىدە رولى بار.

**بۆكەن كالا** ‹زوئول› سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، سۇ كالىسىغا ئوخشايدۇ؛ ئەركەك-چىشىسىنىڭ ھەممىسىدە قارا، قىسقا مۈڭگۈز بولىدۇ؛ تاغىقى ساغرىسىدىن ئېگىز، قۇيرۇقى قىسقا، تۈكلىرى سېرىق قوڭۇر ياكى بېغىر رەڭ كېلىدۇ؛ ئېگىز تاغلاردا يېشىل ئوت-چۆپ، دەرەخ شېخى ۋە بامبۇك نوتىلىرىنى يەپ ھايات كەچۈرىدۇ؛ «قىسقا مۈڭگۈزلۈك بۆكەن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بۆكەن II** ئى. دىئال. لوككا.

**بۆكتەر** ئى ① تاغنىڭ ئاستى ۋە يان تەرىپى ئويۇلۇپ، خۇددى پېشايۋانغا ئوخشاپ قالغان جاي: سۇلايمان سۇخەنچى تاغ بۆكتەرلىرىدە يالغۇز مېڭىشتىن، كەچ قىلىشتىن قورقاتتى. ② ئاتلىق سەپەرگە چىققاندا ئېگەرنىڭ كەينىگە تېڭىپ قويىدىغان نەرسە.

**بۆكتەرلىمەك** پ. ئاتلىق سەپەرگە چىققاندا ئېگەرنىڭ كەينىگە خۇرجۇن-قاچا قاتارلىقلارنى بۆكتىرىپ تاڭماق: موللازەيدىن كالا تېرىسىنى بۆكتەرلەپ، پادىچى ۋە بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ يۈرۈپ كەتتى.

**بۆكتۈرمە** ئى ← **مۆكتۈرمە:** قوشۇننىڭ ئالدى بىزنىڭ ئاخىرقى بۆكتۈرمىمىزگە كەلگەندە بۇيرۇق بېرىلدى. * شەھەردىن قوشۇمچە ياردەم كېلىپ قالسا، يولنى توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن ئالاھىدە بۆكتۈرمە قويۇلىدۇ.

**بۆكتۈرمە جەڭ** ← **مۆكتۈرمە جەڭ.**

**بۆكچان** رەۋ. بۆك كىيگەن ھالەتتە، بۆك كىيىپ: موماي ئوغلىنىڭ قىلىقلىرىنى زوقمەنلىك ۋە پەخىرلىنىش بىلەن سۆزلەپ كېلىپ: — بىر قېتىم تېخى چىڭقى قىشتا بۆكچان قېلىۋىدى، قولاقچا ئال دەپ پۇل بەرسەم، شۇنىڭغىمۇ كىتاب ئاپتۇ! — دېدى.

**بۆكسە** سۈپ. دىئال. پەس، تۆۋەن.

**بۆكسە بولماق** دىئال. ئېگىلمەك، ئېڭىشمەك، پەسلىمەك.

**بۆكەمەك** پ. دىئال. بوي ئەگمەك، بوي سۇنماق؛ تەسلىم بولماق، ئەل بولماق.

**بۆكۈل** ئى. تارىس. ① توي-تۆكۈن ۋە نەزىر-چىراغلاردا تاماق تەقسىم قىلىدىغان كىشى. ② ۋاڭنىڭ ئالدىغا داستىخان سالىدىغان، تاماق تەييارلاپ ئېلىپ كېلىدىغان كىشى.

**بۆگەك** سۈپ. ← **بۆگەك كۆرپە.**

**بۆگەك كۆرپە** پەقەت مېھمانلارنىڭ ئاستىغا سېلىشقىلا ئىشلىتىلىدىغان، يېكەندازغا ئوخشايدىغان بىر خىل كۆرپە: ئۆيىنىڭ تۆر تەرىپىگە سېلىنغان كىگىزنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈن يىل تۇتۇلغانلىقىدىن ئۆڭۈپ سەل ئەسكىرىگەن بىر گىلەم تاشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارائەتلەستىن تىكىلگەن بىر يۆگەك كۆرپە سېلىنغانىدى.

**بۆگەن** ئى. بىر-بىرىگە يېپىشىپ كاللەكلەشكەن، مونەكلەشكەن ماياق.

**بۆگەنلىمەك** پ. كاللەك ـ كاللەك مايافلىماق: قوي سەمرىشكە باشلىغاندا بۆگەنلەيدۇ.

**بۆلە** ئى <دىھ> خامان تەپكەندە بۇغدىيى ئايرىلمىغان سامانىنى سورۇش ئۈچۈن دۆۋىلەنگەن دۆۋە: ئابلا قولىدىكى ئارىسىنى بۆلىگە سانجىپ قويۇپ، شاپاق دوپپىسىدا ئاپتاپتا كۆيگەن بويىنىنىڭ تەرلىرىنى ئېرتىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇراتتى.

**بۆلە قىلماق** <دىھ> ←— **بۆلە يارماق.**

**بۆلە يارماق** <دىھ> بۇغدايىنى سورۇش ئۈچۈن يىغىپ، دۆۋىلەپ، بۆلە ھالەتكە كەلتۈرمەك: تراكتور خامانىنىڭ سىرتىغا چىقتى، توختىكام توزدەك يۇمشىتىلغان ئۇنچە سامانلىرىنى سىقىمداپ كۆرۈپ: ــ قېنى يىگىتلەر بۆلە يېرىپ قويۇپ ئاندىن قايتايلى، تازا يۇمشاپتۇ، ئالىمادىس يامغۇر قۇيۇۋەتسە، ئەستاغپۇرۇللا دەپ قالمايلى، ــ دېدى.

**بۆلەتمەك** «بۆلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاغرىپ ياتقان پاتەمخان ئانا بوۋاق بالىسىنى سىڭلىسى ئايشەمگە بۆلىتىپ، بۆشۈكىنى يېنىدا قويۇپ يېتىپ ئارام ئالدى.

**بۆلەك** ① ئى. بۆلۈنگەن نەرسىنىڭ بىر قىسمى؛ پارچىسى: ناننىڭ بىر بۆلىكى. سوپۇننىڭ بىر بۆلىكى.• كېمە تاختايلىرى نەچچە بۆلەك بولۇپ كەتتى. ② ئى. تەشكىل قىلغان ياكى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمى؛ تەركىبىي قىسمى: جۈملە بۆلەكلىرى. ماقالىنىڭ بۆلىكى.• بىز تەبىئەت دۇنياسىنى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى نىسپىي ھالىدىلا بىلەلەيمىز. ③ سۈپ. باشقا، ئۆزگە: ئۇنىڭ قەلبىگە ھازىر يەنىلا زۇلالىدىن بۆلەك ھېچكىم سىغمايتتى. • ئۆيدە تىرناقنىڭ دۇتار تارىسىغا تەگكەندە چىققان ئاۋازىدىن بۆلەك ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى. ④ سۈپ. باشقىلاردىن پەرق قىلىدىغان، ئالاھىدە، باشقىچە: جايتېرەك، پەيزىلىك بۆلەك، ياشنار سېنى كۆرگەن يۈرەك. ⑤ سۈپ. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، ئالاھىدە، ئايرىم: ئۆيىنى بۆلەك قىلماق. • ئۇلارنىڭ رۇزىغارى بۆلەك. ⑥ رەۋ. باشقىدىن، قايتىدىن: ــ ھەرقانداق ئىش بىر نۆۋەتتىلا ئەپلىشىپ بېرىۋەرمەيدۇ. قايتا ياساپ، بۆلەك سىناپ كۆرمەيمىزمۇ؟ ــ دېدى.

**بۆلەك چىقارماق** ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بەرمەك، ئۆيىنى ئايرىم قىلىپ بەرمەك: زايىت ئاخۇن ئۆتكەن يىل ئىككى ئوغلىنى ئۆيلەگەنىدى، بۇ يىل چوڭ ئوغلىنى بۆلەك چىقاردى.

**بۆلەك-بۆلەك** پارچە-پارچە، ئايرىم-ئايرىم: ئېتىزدىكى دۆۋىلەنگەن ياڭيۇنى ئۈچ خىلغا ئايرىپ، خىلى بويىچە بۆلەك-بۆلەك قىلىپ دۆۋىلەپ قويىدى.

**بۆلەكتىن** رەۋ. باشقىدىن، قايتىدىن، يېڭىباشتىن: ئاشۇ كۈنلەر يالقۇنلۇق ھايات، چىقماس بىزنىڭ ئوتلۇق يۈرەكتىن، ئەسلىگەندە قەھرىمانلارنى، كۆچكە تولار يىللار بۆلەكتىن.

**بۆلەكچە** ① سۈپ. باشقىچە؛ غەيرىي: بۆلەكچە ئادەم، بۆلەكچە مىجەز. ② رەۋ. ئادەتتىن تاشقىرى، پەۋقۇلئاددە: پېشايۋاننىڭ بارلىق ئۈسكۈنىلىرى: سوپا، تۈۋرۈك، لەمپە، سالاسۇن ۋە دەرىزە قاپقاقلىرى پۈتۈنلەي چىنار ۋە ياغاچ ياغاچلىرىدىن ئىشلەنگەنلىكتىن بۆلەكچە كۆركەم، سىپتا ۋە ئالاھىدە بولۇپ كۆزگە چۈشەتتى.

**بۆلەكلەتمەك** «بۆلەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بۆلەكلەنمەك** ① «بۆلەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى. ② «بۆلەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.-

**بۆلەكلىك** سۈپ. بۆلىكى بار، بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن: باش بۆلەكلىك جۈملە.

**بۆلەكلىمەك** پ. بۆلەكلەرگە بۆلمەك، قىسىملارغا ئاجراتماق.

**بۆلەنمەك** «بۆلمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بالىنىڭ يىغىسى بۆشۈككە بۆلەنگەنـ دىن كېيىن توختىدى.

**بۆلجۈرگەن** ئى <بوت> ئەتىر گۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقىنىڭ سىپى ئۇزۇن؛ گۈلى ئاق؛ مېۋىسى پىشقاندا گۈل تېگى قىزىرىپ گۆشلىنىدۇ؛ سۇلۇق ۋە تاتلىق، يېگىلى بولىدۇ.

**بۆلجۈرگەنلىك** ئى. بۆلجۈرگەن كۆپ ئۆسىدىغان يەر.

**بۆلدۈرگەن** توغرىسى: بۆلجۈرگەن ← بۆلجۈرگەن.

**بۆلدۈرمەك** «بۆلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەھەت: ــ ئۇكام، مەن ئالتۇنىنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ تەڭمۇتەڭ ئىككىگە بۆلدۈرۈپ كېلەي، ــ دەپتۇ ـ دە، ئالتۇنىنى ئېلىپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

**بۆلگۈچ** سۈپ. بىر ـ بىرىدىن ئايرىيدىغان، بۆلىدىغان، پارچىلايدىغان: ئېنگېلس مۇنداق دېگەنىدى: «تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى ھەربىر دەۋر بۆلگۈچ كەشپىياتقا ئەگىشىپ، ماتېرىيالىزم ئۆزىنىڭ شەكلىنى مۇقەررەر ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ».

**بۆلگۈچى** ① سۈپ. بۆلىدىغان، پارچىلايـ دىغان. ② ئى <مات> بۆلۈنگۈچى بۆلۈـ نىدىغان سان: بۆلۈنگۈچى ئون، بۆلۈنمە ئىككى بولسا، بۆلگۈچى بەش بولىدۇ.

**بۆلگۈنچى** ① سۈپ. بىرلىكنى پارچىلايدىـ غان، ئارىغا سوغۇقچىلىق سالىدىغان، ئارىنى بۇزىدىغان: بۆلگۈنچى ئۇنسۇر. * ئۇيۇشتۇق چىڭ جىمى مىللەت ئەلگە بولۇپ قورغان، غەزەپلىك قەھرىمىز ۋولقان ھامان بۆلگۈنچى شەيتانغا. ② ئى. شۇ خىل قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**بۆلگۈنچىلىك** ئى. بىرلىكنى پارچىلايدىغان، ئارىغا سوغۇقچىلىق سالىدىغان، ئارىنى بۇزىدىغان قىلمىش: دۆەن جاۋشۇ: ــ ئەمدى ئۇيغۇر تىلىدا بىر پارچە ماقالە يېزىڭ، سادىر پەلۋان توغرىسىدا يېزىڭ، سىزنىڭ پىكرىڭىز توغرا، شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىت بويىچە «ئىلى سۇلتانلىقى»نى تەھلىل قىلىش كېرەك، ئۇ ھەرگىزمۇ بۆلگۈنچىلىك بولمايدۇ. بۇ بىر ئىلمىي مەسىلە...، ــ دېدى.

**بۆلگۈنچىلىك سالماق** بۆلۈنۈش پەيدا قىلماق، مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرماق: «جەڭـ نامە» سۆزلەشنى باھانە قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ۋە مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا، دىندىن پايدىلىنىپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇلمايدۇ.

**بۆلگۈنچىلىك قىلماق** بىرلىكنى پارچىلاشقا، بۆلۈنۈش پەيدا قىلىپ، مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرۇشقا ياكى ئارىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنماق.

**بۆلمە** ئى. خانا، ئۆي: شەھەردە بىر كۆك راۋاق بار؛ بۇ راۋاقنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدە چوڭ ـ كىچىك بىرەر يۈزچە بۆلمە بار.

**بۆلمەك** پ ① سۇندۇرۇپ، يىرىپ ياكى باشقا يول بىلەن پۈتۈن نەرسىنى بۆلەكلەرگە ئاجراتماق، پارچىلىماق، بۆلەك ـ بۆلەك قىلماق: ناننى ئىككىگە بۆلمەك. قەغەزنى بۆلمەك. ② مەلۇم بەلگىلەرگە قاراپ قىسىملارغا ئاجراتماق: ئەسەرنى بابلارغا بۆلمەك. ئوقۇغۇچىـ لارنى سىنىپلارغا بۆلمەك. ③ <مات> بۆلۈش ئەمىلىنى بېجىرمەك: چوڭ ساننى كىچىك سانغا

بۆلمەك. * تۆتنى ئىككىگە بۆلسەك ئىككىدىن تېگىدۇ. ④ تەقسىم قىلماق، ئۈلەشمەك: مىراسنى بۆلمەك. پايدىنى بۆلمەك. * يەرنى ھۆكۈمەت شەخسلەرگە بۆلۈپ بەردى. ⑤ داۋام قىلىۋاتقان گەپ-سۆز سۆھبەت، خىيال، ئوي-پىكىر قاتارلىقلارنى ئۈزمەك، توختىتىپ قويماق ياكى ئۇنىڭغا تەسىر يەتكۈزمەك: ئەكبەر تەرىنى تۇرۇپ، دوستىنىڭ سۆزىنى كەسكىن بولدى. * موماينىڭ سوئالى بوۋاينىڭ خىيالىنى بۆلدى.

**بۆلۈش** ① «بۆلمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② ئى <مات> بۆلۈش ئەمىلى. ③ ئى <لوگ> تەپەككۇردە ئەينى بىر جىنس ئۇقۇمنى شۇ جىنس ئۇقۇم تەركىبىدىكى بىرقانچە تۈر ئۇقۇمغا ئايرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**بۆلۈش ئەمىلى** <مات> ماتېماتىكىدىكى بىر خىل ھېسابلاش ئۇسۇلى. پۈتۈن بۆلۈنىدىغان مۇسبەت پۈتۈن سانلارنى بۆلۈش ئەمىلى يەنى بىر ساندىن ئوخشاش سانلارنى ئېلىشنى ئاددىي يول بىلەن ھېسابلاش ئۇسۇلى. مەسىلەن: «10»دىن «2»نى ئوخشاش يول بىلەن 5 قېتىم ئېلىشقا بولىدۇ، بۇ «10»نى «2»گە بۆلۈش دېگەنلىكتۇر.

**بۆلۈش بەلگىسى** <مات> A سانىنى B سانغا بۆلۈشنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە (÷). بەزىدە ئۇنىڭ ئورنىغا توغرا سىزىق، يانتۇ سىزىق ياكى قوش چېكىت (:) ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: a سانىنى b سانغا بۆلۈش a ÷ b، ياكى a/b، $\frac{a}{b}$، a:b قىلىپ يېزىلىدۇ.

**بۆلۈشنىڭ ئاساسى** <لوگ> ئۇقۇمنى بۆلۈشتە ئاساس قىلىش ئۈچۈن، ئوبيېكتنىڭ بەلگىلىرى ئىچىدىن مەقسەتكە قاراپ تاللىۋېلىنغان مەلۇم بىر بەلگە.

**بۆلۈشنىڭ تۈرى** <لوگ> لوگىكىلىق بۆلۈشنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**بۆلۈشنىڭ تۈزۈلۈشى** <لوگ> لوگىكىلىق بۆلۈش بۆلۈنگۈچى (ئۇقۇم)، بۆلۈنمە ۋە بۆلۈشنىڭ ئاساسىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ. بۇ بۆلۈشنىڭ تۈزۈلۈشى بولىدۇ.

**بۆلۈشمەك** «بۆلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاكام بىلەن ئىككىمىز مىراس بۆلۈشكەندە، ئاخۇنۇملار بۇ چاپاننى قىشتا ئاكىسى كىيسۇن، يازدا ئىنىسى كىيسۇن دەپ تەقسىم قىلدى.

**بۆلۈم** ئى ① قىسىم، خانا ۋە شۇ قاتارلىق ئاجرىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەربىر قىسمى؛ ئىشخانا: بىنانىڭ بۆلۈملىرى، كېمىنىڭ بۆلۈمى. * ئۇ، سۆزنى ئايلاندۇرۇپ كېلىپ تونۇگۈن بۆلۈمدە قىلىنغان پاراڭغا كېلىپ توختالدى. ② ئىدارە، مۇئەسسەسە، كارخانا، ماگىزىن، مۇزېي قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، بىر تۈردىكى نەرسىلەر توپلانغان ھەربىر قىسمى؛ شۆبە: مالىيە بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى. * تۆتىنچى كۈنى مېنى كادىرلار بۆلۈمىگە چاقىرتتى. ③ ئىلمىي ياكى بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ مەلۇم مەسىلىگە بېغىشلانغان ھەربىر مۇستەقىل قىسمى: بۇ كىتابچىدا «ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ شەكلى ۋە قورالى» مەسىلىسى مەخسۇس سۆزلەنگەن بىر بۆلۈم بار. ④ بۆلەك، قىسىم: ئورمىنى بۆلۈم تۆگىتەر، ئادەمنى ئۆلۈم (ماقال). * — تەرتىپ! تەرتىپ! — دەپ ۋارقىراشتى بىر بۆلۈم ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ.

**بۆلۈمچە** ئى. بۆلۈم ياكى باشقارما تەركىبىدىكى شۆبە خىزمەت تارمىقى، كىچىك بۆلۈم: ئۇ لاۋازىمەتچىلىك ئىدارىسىدە تۆتىنچى بۆلۈمچىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئوتتۇز يىل ئىشلىدى.

**بۆلۈنگۈچى** ① سۈپ. بۆلۈنىدىغان، پارچىلىنىدىغان: بۆلۈنگۈچى شەيئى. بۆلۈنگۈچى ماددا.

② ئى <مات> بۆلمەكچى بولغان سان: بۆلگۈچى ئىككى، بۆلۈنمە تۆت بولسا، بۆلۈنگۈچى سەككىز بولىدۇ. ③ ئى <لوگ> بۆلۈنمەكچى بولغان جىنس ئۇقۇم.

**بۆلۈنمە** ① سۈپ. پارچىلانغان، ئايرىلغان؛ پارچە، ئايرىم: بۇ ئىككى مىللەت شۇ ۋاقىتقىچە بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرۇش ۋە ئىچكى جاڭجاللارنىڭ بۆلۈشى ئارقىسىدا ئاجىزلاپ كەتكەن ھەم شۇ سەۋەبتىن چەت مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ② ئى <مات> بۆلۈشتىن كېلىپ چىققان نەتىجە: سەككىزنى تۆتكە بۆلسەك بۆلۈنمە ئىككى بولىدۇ. ③ ئى <لوگ> بۆلۈنگۈچى جىنس ئۇقۇم بۆلۈنگەندىن كېيىن كېلىپ چىققان بىرقانچە تۈر ئۇقۇم.

**بۆلۈنمەك** ① «بۆلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بۆلۈنگەننى بۆرە يەر (ماقال). * ئاتوم، ئاتوم يادروسى بىلەن ئېلېكترونغا بۆلۈنىدۇ. ② «بۆلمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەمەتكە ئۆتكەن يىلى ئون بەش مو يەر بۆلۈنگەنىدى. * قىزلارنى كۆرۈپ ياشلارنىڭ سۆھبىتى بۆلۈندى. ③ <بىئول> باكتېرىيە، يۇسۇن ۋە ئىپتىدائىي ھايۋانلارنىڭ بىر خىل جىنسسىز كۆپىيىش ئۇسۇلى يەنى ئورگانىزم ئىككىگە ياكى بىرقانچىغا بۆلۈنگەندىن كېيىن، ھەربىر قىسمى (بۆلىكى) مۇكەممەل يەككە تەنگە ئايرىلىدۇ.

**بۆلۈنۈپ كۆپىيىش** <بىئول> بىر جانلىقنىڭ بۆلۈنۈپ بىر جىنسلىق يەككە تەن ۋە بىر جىنسسىز يەككە تەننى ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت كۆپىيىش شەكلى.

**بۆلۈنۈپ كۆپىيىدىغان باكتېرىيە** <بىئول> بۆلۈنۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپىيىدىغان باكتېرىيە، كۆپ ساندىكى باكتېرىيەلەرنىڭ ھەممىسى بۆلۈنۈپ كۆپىيىدىغان باكتېرىيەلەردۇر.

**بۆلسەك** پ. بوۋاق بالىنى بۆشۈككە سېلىپ تاڭماق: ئايشەم بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلىدى.

**بۇجۇ** ئى. دىئال. باللارنى قورقۇتۇش ياكى ئالداش ئۈچۈن، «جىن» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدىغان سۆز.

**بۇدرە** (توغرىسى: بۇدۇر) ⟵ بۇدۇر.

**بۇدۇر** سۈپ. چاچ، موي ۋە يۇڭلارنىڭ تۇرۇلگەن، ھەر تەرەپكە ياتقان ھالدا كىرىشىپ يۇگىلىپ ئۆسكەن ھالىتى: بۇدۇر چاچ. * ئاسفالتلانغان كەڭ يولدا ماشىنا ئۇچقاندەك كېتىۋاتىدۇ. ماشىنا دېرىزىسىدىن كىرگەن شامال سەۋلەشنىڭ بۇدۇر چاچلىرىنى سىلىكىتىپ، ئەتىرلەرنىڭ خۇش بۇيى ھىدىنى دىمىقىمغا ئۇراتتى.

**بۇدۇر چاچ** بىر-بىرىگە كىرىشىپ يۇگىلىپ ئۆسكەن چاچ: بېلەت كەسكۈچى چوكان بۇدۇر چاچلىرىنى سىلكىتىپ، باشقا كىشىنىڭ ھېساباتىنى قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

**بۇدۇر قەغەز** <گ سەن> سۈرەت يۇيۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلەنگەن بۇدۇر يۈزلۈك قەغەز.

**بۇدۇر قىلماق** بۇدۇر ھالەتكە كەلتۈرمەك: قىزچاقنىڭ يېڭىلا بۇدۇر قىلىنغان چاچلىرى ئۇنىڭ ئوچۇق تۇرغان يەلكىلىرىگە يېيىلغان، ئۇ ئۈستىگە ئالا-بۇلىماچ نېپىز پوپايكا، ئوچۇق ھاۋا رەڭ رەختتىن تىكىلگەن كەڭ پۇچقاق ئىشتان كىيگەن ئىدى.

**بۇدۇر-بۇدۇر** ① «بۇدۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ چېچى تۇغۇلۇشتىلا بۇدۇر-بۇدۇر بولۇپ، ھەم چىرايلىق ھەم كۆركەم ئىدى. ② بىرەر نەرسە يۈزىنىڭ كۆرۈنۈشىدىكى تەكشى بولمىغان ھالىتى: بۇ چىنىقا بۇدۇر-بۇدۇر قىلىپ گۈل بېسىلىپتۇ.

**بۇدۇر-چوقۇر** بۇدۇر ھەم چوقۇر: ئۇنىڭ يۈزىگە بىرنەرسە ئۆرلەپ بۇدۇر-چوقۇر بولۇپ كېتىپتۇ. * بۇ ياغاچ ياخشى تىلىنمىغانلىقتىن، يۈزى پۈتۈنلەي بۇدۇر-چوقۇر بولۇپ كېتىپتۇ.

**بۇدۇرلەتمەك** «بۇدۇرلىمەك» پېئىلىنىڭ

مەجبۇريي دەرىجىسى: دولقۇن چىچىنى بۇدۇرلەتتى.

**بۇدۇرلەنمەك** «بۇدۇرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — كۆزۈڭىز ھەقىقەتەن ئۆتكۈر ئىكەن، — ئۇ سەل بۇدۇرلەنگەن ساغۇچ ئۇزۇن چىچىنى سول قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ. باشقىچە قىياپەتتە سۆزلىدى.

**بۇدۇرلىمەك** پ. بۇدۇر ھالەتكە كەلتۈرمەك، بۇدۇر قىلماق: جۇۋىچى بۇ تېرىنى ياقىلىق قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە بۇدۇرلەپ ياسىدى

**بۇرەندە** ئى. موزدۇزلارنىڭ كۆن، خۇرۇم قاتارلىقلارنى كېسىدىغان، تىغى ئاي شەكىللىك، ئەگرى ساپاقلىق ئەسۋابى: مەتنىيازنىڭ تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق ۋە ساتىراشلىق ھۈنەرلىرىگە قولى كېلىدۇ. ئۇ موزدۇرلۇق قىلسا، ئۆتۈكنىڭ قېلىپىنى ئۆزى چاپىدۇ. بەلچە، بۇرەندە، بىگىز، يىڭنىلەرنىمۇ ئۆزى ياسىۋالىدۇ.

**بۇركۇت** ئى. <زوئول> قارچىغىسىمانلار ئائىلىسىدىكى چوڭ يىرتقۇچ ئوۋ قۇشى، ئۇنىڭ تۇمشۇقى ئىلمەك، بارماق تىرناقلىرى ئۇچلۇق، قانات پەيلىرى چوڭ، كۆزى ئىنتايىن ئۆتكۈر. كىشىلەر ئۇنى قولدا بېقىپ، جەرەن، كېيىك، تۈلكە قاتارلىق ھايۋانلارنى ئوۋلايدۇ.

**بۇركۇت سالماق** ئوۋچى بىرەر نەرسىنى ئوۋلاش ئۈچۈن بۇركۇتنى قويۇپ بەرمەك: ئۇ يىراقتىن بىر كېيىكنى كۆرۈپ بۇركۇتنى سالدى.

**بۇركۇت يۇلتۇز تۇركۇمى** <ئاستر> ئېكۋاتور يۇلتۇز تۇركۇملىرىنىڭ بىرى، مەركىزى ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 19 سائەت 40 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى °3، يا ئوقى يۇلتۇز تۇركۇمىنىڭ جەنۇبىغا، قەۋس يۇلتۇز تۇركۇمىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپىچىلىك يۇلتۇزلار سامانيولى ئىچىدىكى يۇلتۇزلاردۇر.

**بۇرگە** ئى. <زوئول> ھاشارات، قېنىق بېغىر رەڭ ياكى سېرىق قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ؛ تېنى كىچىك، پۇتلىرى ئۇزۇن، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ؛ شوراش ئەزاسى بار، ئادەم ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ تېنىدە قان شوراپ پارازىت ياشايدۇ؛ چاشقان ۋابا ۋە قارا كېزىك قاتارلىق كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرىدۇ.

**بۇرگىدىن پوستۇمبا ئالماق** چوڭ - كىچىك ھەرقانداق نەرسىدىن پايدا - مەنپەئەت شىلىۋالماق: مەتنىيازنى ساددە چاغلىما. بۇرگىدىن پوستۇمبا ئالىدىغان نېمە ئۇ.

**بۇزرۇك** سۈپ [پ] يېزت. كاتتا، چوڭ، ئۇلۇغ: ئوسمان بۇزرۇك ھەزرەتلىرى چەت ئەللەردىكى زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ دۆلىتىگە سالامەت قايتىپ كەلدى.

**بۇزرۇكگاھ** ئى [پ] <دىن> ئۇلۇغلار، ئەۋلىيالار تۇرىدىغان ياكى تۇرغان جاي؛ مۇقەددەس ئورۇن - جاي.

**بۇزرۇكۋار** سۈپ [پ] يېزت. ئۇلۇغ، ئۇلۇغۋار؛ ھۆرمەتكە لايىق؛ مەرتىۋىلىك: — ئەي بۇزرۇكۋار ئاتا، ئەي مېھرىبان ئانا، ماڭا رۇخسەت بېرىڭلار! مۇندىن زىيادە ھايال بولۇپ قالسام، زالىم شاھ كەينىمدىن ئادەم ئەۋەتسە، ھەممىمىز ھالاك بولىمىز، — دەپ بالا ئاتا - ئانىسىغا يالۋۇرۇپتۇ.

**بۇزۇرگا** (توغرىسى: بۇزرۇكگاھ) ← بۇزرۇكگاھ.

**بۇزۇرگاھ** (توغرىسى: بۇزرۇكگاھ) بۇزرۇكگاھ.

**بۇك** سۈپ. قويۇق ھەم زىچ ئۆسكەن، باراقسان، باغجانلاشقان: مەن ئۆزەمنى ئۈچ دەرۋازىنىڭ بۇك تېرەكلىك كوچىسىدا كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلماقتىمەن.

**بۇك - باراقسان** بۇك ۋە باراقسان؛ قويۇق ئۆسكەن ۋە باغجانلاشقان: رەپىق ئاكا

www.uyghurkitap.com

پەسلىكتە ئالقاندەك كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇك ـ باراقسان باغلارغا، كۆجۈم مەھەللىلەرگە، چەكسىز كەتكەن سالا ئېتىزلارغا نەزەر تاشلىدى.

**بۇك ـ باراقسانلىق** بۇك ـ باراقسان بولغان ھالەتتە، بۇكلۇك ۋە باراقسانلىق: تراكتور توختىماي ئۈچ سائەت ماڭغاندىن كېيىن، يىراقتىنلا بۇك ـ باراقسانلىق ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قاتار ـ قاتار ئاپئاق ئۆيلەر خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

**بۇككىدە** رەۋ. بۇك ـ باراقسان ھالەتكە كەلگەن ھالدا: بىردىنلا بۇككىدە ئۆسكەن دەرەخلىك ھويلىدىن ئاڭلىنىۋاتقان بالىلارنىڭ زىل، يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ئىختىيارسىز مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى.

**بۇكلۇك** ئى. زىچ ئۆسكەن دەرەخلىك جاي، قويۇق ئورمان بار جاي: ئەتىسى كەچقۇرۇن يېزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرسۇن كېلىپ زايىت ئىككىمىزنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. بىز ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى بۇكلۇكتە يانپاشلاپ يېتىپ تاكى يېرىم كېچىگىچە مۇڭداشتۇق.

**بۇگلۇك** ئى. سۇپا ئورنىدا يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ كارىۋات: ئۇ باي يازلىقى باغدا گۈللەرنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان بۇگلۇكتە ياتىدىكەن، چاكىرى بولسا، ئۇنى قورقىمىسۇن دەپ نېرىراق بىر يەردە سۇپىدا ياتىدىكەن.

**بۈگۈن** [بۇ+كۈن] ① رەۋ. سۆزلەۋاتقان پەيتتە ئۆتۈۋاتقان كۈن، كېچە ـ كۈندۈز: بۈگۈن پەيشەنبە، خۇدا بۇيرۇسا، ئۆلمىسەم بۇ ئىشنى يەكشەنبە كۈنى قوللىرىغا تاپشۇرىمەن. * مېنىڭچە دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە «بۈگۈن»، ئەڭ ئاسان قولدىن كېتىدىغىنىمۇ «بۈگۈن»، شۇڭا ئۇ ئەڭ قىممەتلىك بىلىنىدۇ. ② ئى. ۋەزىيەت ئۆتەۋاتقان پەيت، بىجىرىۋاتقان ئىش ئۈستىدىكى ۋاقىت؛ ھازىر، ئەمدى: بۈگۈننى ئويلىماي، ئەتىنى ئويلا. ـــ جۇڭگو ياشلىرىنىڭ بۈگۈنى پارلاقتۇر.

**بۈگۈن ـ ئەتە** پات ـ پۇرسەتتە، يېقىن ـ ئارىدا، يېقىندا: ئەسەتكە دادىسىدىن، بۈگۈن ـ ئەتە ئۇرۇمچىگە كېلىدىغانلىق توغرىسىدا خەت كەلدى. * چارەكلىك ئىمتىھان بۈگۈن ـ ئەتە باشلىنىدۇ.

**بۈگۈن ـ ئەتىلىك** ئاز كۈنلۈك، ئاز ۋاقىتلىق: ئۇنىڭ كېسىلى خېلى ئېغىر، بۈگۈن ـ ئەتىلىك ئۆمرى قالدى. * بۇ بىنانىڭ پۈتىدىغانغا بۈگۈن ـ ئەتىلىكى قالدى.

**بۈگۈن ـ ئەتىلىكى قالماق** بىرەر ۋەقە، ھادىسە يۈز بېرىشىنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى يېقىنلاشماق؛ ۋاقتى توشۇپ قالماق: بوۋاي تاشۋايغا: ـــ بايىمۇ ئېيتتىم ئوكا، بۈگۈن ـ ئەتىلىكىملا قالغان ئادەممەن. مۇشۇ كۈندىخانىدا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقىنىمغا ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى. بۇ كۈندىخانىغا كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغانلار ئاز بولمىدى، بەزىلەرنىڭ بۇ يەردىن ئۆلۈكى چىقىپ كەتتى، ـــ دەپ سۆزلەپ بەردى.

**بۈگۈنچە** رەۋ. شۇ بىر كۈنگە: بۈگۈنچە قەلىمىڭىزنى خالىق ئىشلىتىپ تۇرسۇن. * سادىق ئاغرىق ئىكەن، بۈگۈنچە ئۇنىڭ ئورنىغا ھاۋاخان ئىشلىسۇن.

**بۈگۈنكى** سۈپ ① سۆز بولۇۋاتقان كۈنى سادىر بولغان، يۈز بەرگەن ياكى شۇ بىر كۈندىكى: بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما (ماقال). * بۈگۈنكى يىغىن ئۆز ۋاقتىدا باشلاندى. * بۈگۈنكى تويغا ئەكرەم قاتناشمىدى. ② كۆز ئالدىدىكى، ھازىرقى پەيتتىكى، ھازىرقى: ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تولۇق پۇتلىكاشاڭلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، بۈگۈنكى ھالەتكە كەلگەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن تەنتەنە قىلىمىز.

**بۈگۈنلۈك** سۈپ ① بۈگۈنگە خاس، بۈگۈن بولىدىغان، بۈگۈنگە تەئەللۇق: غالىب ئاخىرقى ئىككى سائەتلىك دەرستىن كېيىن يەنە ئىككى سائەت ئولتۇرۇپ بۈگۈنلۈك تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىدى. ② مۇشۇ بىر كۈنگە مۆلچەرلەنگەن: بۇ، مېنىڭ بۈگۈنلۈك ئوزۇقۇم.

**بۇلدۇرگە** ئى. دىئال. قامچىنى قول بېغىشىغا

سېپىشىلىش ئۈچۈن ساپ ئۇچىغا بېكىتىلگەن بوغقۇچ، قامچا بېغى.

**بۇۋى** ئى ① <دىن> ئىشانلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئايال، سوپى ئايال: پادىشاھ قىزىنىڭ قېشىغا كىرىپ-چىقىش ۋە ئۇنى كۈتۈش، ساقلاش ئۈچۈن مەخسۇس تەربىيىلەنگەن بۇۋىلەردىن بىرنەچچىنى قويۇپ قويۇپتۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ كېلىپ ھۆرمەتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: بۇۋى پاتىمە. بۇۋى ئايىشە. ئايىم بۇۋى.

**بۈيۈك** سۈپ ① ئۇلۇغ، زور، كاتتا: بۈيۈك ئىتتىپاقلىق. بۈيۈك ئادەم. * مېھمان سېنى بىللە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلسا سائادەت بىل، ئەمما مېھماندىن تۆۋەندە ئولتۇرغىن، مېھمان سەندىن بۈيۈك ئادەم بولسا ئولتۇرماق ئەدەب ئەمەس. ② يۈكسەك؛ يۇقىرى، ئېگىز: ئەقىدە بۈيۈكتۇر، رەھمىتىڭ كەڭدۇر، تەبەسسۇم ئەيلىشىڭ قۇياشقا تەڭدۇر.

**بۈيۈكلەشمەك** پ. بۈيۈك ھالەتكە كەلمەك، بۈيۈك بولماق، ئۇلۇغلاشماق، كاتتىلاشماق؛ يۈكسەكلەشمەك: ئۇ ئۆيلىغانسېرى ھېرىپ-چارچاشتىن قورقمايدىغان، خەلقنى داۋالاش ئىشىغا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاتىغان مۇزەپپەر كۆز ئالدىدا تېخىمۇ بۈيۈكلىشىپ باراتتى.

**بۈيۈكلۈك** «بۈيۈك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىنساننىڭ بۈيۈكلۈكى ئەقىل-ئىدراكى بىلەن. * گۆدەكلەر دوستلۇقنىڭ سىمۋولى، كۆز يەتمەس ئېگىزلىكتە يەلپۈنەتتى. جۇپ كۆكۈل شادلىقتىن تېپىپ قۇۋۋەت، تېخىمۇ بۈيۈكلۈككە تەلپۈنەتتى.

**بې** «ب» ھەرپىنىڭ نامى.

**بېتا** ئى [ر<گرېك] گرېك ئېلىپبەسىنىڭ ئىككىنچى ھەرپى «B» نىڭ نامى بولۇپ، پەن-تېخنىكىدا ئىككىنچى ئورۇن ياكى دەرىجىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**بېتا زەررىچە** <فىز> بەزى رادىئوئاكتىپ ماددىلار يېمىرىلگەن چاغدا چىقارغان تېز سۈرئەتلىك، مەنپىي زەرەتلىك ئېلېكترون ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكى نۇرنىڭ تېزلىكىگە يېقىن كېلىدۇ.

**بېتا نۇر** <فىز> رادىئوئاكتىپ ماددىلار يېمىرىلگەندە قويۇپ بەرگەن بېتا زەررىچىلەر ئېقىمى. ئۇ تېشىپ ئۆتۈش ئىقتىدارىغا ئىگە، يەنى نەچچە سانتىمېتر قېلىنلىقتىكى ئاليۇمىن تاختىنى تېشىپ ئۆتەلەيدۇ، گازنى ئىئونلاشتۇرىدۇ، فوتو سۈرەت لېنتىسىغىمۇ يورۇقلۇق سەزدۈرەلەيدۇ.

**بېتالدى** رەۋ. دىئال. ئۆز ئالدىغا، ئۆز مەيلىچە؛ بىكارغا، بوشقا.

**بېتەمترا** سۈپ. دىئال. ئالدىراڭغۇ.

**بېتون** ئى [ر<فران <لات] <بىن> سېمونت، قۇم، سۇ ۋە شېغىل قاتارلىقلار مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. ئۇ بېسىلىشقا، ئوتقا، سۇغا چىداملىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ئەۋرىشىملىك خۇسۇسىيىتىمۇ بولىدۇ.

**بېتون تاختا** <بىن> قېتىغا پولات چىۋىق ئېلىنغان ۋە ھەر خىل ئۆلچەملىك تاختاي شەكلىدە ئىشلەنگەن بېتون.

**بېتون تام** <بىن> لايىھە ئۆلچىمى بويىچە سۇ، سېمونت، قۇم، شېغىل، پولات چىۋىق قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان تام.

**بېتون چىڭدىغۇچ** <بىن> تەۋرىنىش رولىدىن پايدىلىنىپ بېتون چىڭدايدىغان ئۈسكۈنە. ئۇ ھاۋانى قىسىش ياكى ئېلېكتر ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئارقىلىق ماشىنا دېتاللىرىنى مەركەزدىن قاچما ھالەتتە ئايلاندۇرۇش ياكى تەكرار ئۇرۇلدۇرۇش ئارقىلىق تەۋرىنىش ھاسىل قىلىدۇ.

**بېجىرتمەك** «بېجىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۇكام قاسىم ھازىرلا شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بار، بىزگە تەقسىم قىلىنغان

www.uyghurkitap.com

ئون مىڭ يۈەن پۇلنىڭ رەسمىيىتىنى بېجىرتىپ كەل، — دېدى شەھەرلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى قاسىمغا.

**بېجىرمەك** پ. بىرەر ئىشنى ئىشلىمەك، ۋەزىپىنى بەجا كەلتۈرمەك، ئورۇندىماق: ئاسىم تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى تولۇق ھەتتا ئاشۇرۇپ بېجىردى.

**بېجىرىشمەك** «بېجىرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بېجىرىلمەك** «بېجىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بېجىرىم** ① سۈپ. بۇزۇلمىغان، تازا، ساق: بېجىرىم قوغۇن. بېجىرىم چىنە. بېجىرىم ئەينەك. ② سۈپ. باشقا نەرسە ئارىلاشمىغان؛ ئەينى، تەبىئىي، ساپ: بېجىرىم ئالتۇن. ③ سۈپ. بارلىق ئەيىب، قۇسۇر، نۇقسانلىرى بولمىغان، ساغلام، پاك: بېجىرىم ئادەم. بېجىرىم يىگىت. * باغدات قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئورۇقزاق كەلگەن، ئۈستىخانلىرى تۇرمۇشنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى بىلەن تارامۇشتەك قاتقان بېجىرىم ئادەم ئىدى. ④ رەۋ. راۋرۇس، مەزمۇت: بوۋاي، ھاكىمنىڭ گېپىنىمۇ كۈتمەستىن، ياش يىگىتلەردەك يەرنى بېجىرىم دەسسەپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

**بېخى** ئى [پ] ئاياغ كىيىملەردىكى چاكنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىكىلگەن ئىنچىكە تىكىش.

**بېخى سالماق** بېخى تىكمەك.

**بېخىچىلىق** ئى. بېخى سېلىش ئىشى، بېخى سېلىش بىلەن شۇغۇللىنىش.

**بېخىل** سۈپ [ئە] باشقىلارغا بىرەر نەرسە بېرىشنى خالىمايدىغان؛ پىخسىق: بېخىل ئادەم. بېخىل كاسىپ. * بېخىل بايدىن سېخى گاداي ياخشى (ماقال). * بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس (ماقال).

**بېخىللاشتۇرماق** «بېخىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بېخىللاشماق** پ. بېخىللىق، پىخسىقلىق ھالەتكە كەلمەك؛ پىخسىقلاشماق: بەزى ئادەملەر بېيىغانسېرى بېخىللىشىپ كېتىدىكەن.

**بېخىللىق** «بېخىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بېخىللىق قىلماق. * دادىسى ئۇنىڭغا: — كىشى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ساپ دىل، توغرا، ئىنساپلىق بول، ھەرگىز يالغان سۆزلىمە، بېخىللىق، تەكەببۇرلۇق قىلما، — دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

**بېخىللىق قىلماق** كىشىلەرگە بېخىل، پىخسىق ھالەتتە مۇئامىلە قىلماق.

**بېدە** ئى <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، مۇرەككەپ يوپۇرمىقى ئۈچ تال كىچىك يوپۇرماقتىن تۈزۈلىدۇ، كىچىك يوپۇرماقلىرى دۈگىلەك كېلىدۇ؛ گۈلى كېپىنەك شەكلىدە ئېچىلىدۇ، رەڭگى سۆسۈن كېلىدۇ؛ چوكا شەكلىدە مېۋە تۇتىدۇ. بۇ ئاساسەن چارۋا ماللار ئۈچۈن ئوت ـ چۆپ قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا دېھقانچىلىقتا يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكى ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**بېدە پۆرىسى** قىيمىسى بېدە كۆكىدىن تەييارلىنىدىغان پۆرە.

**بېدە چۆچۈرىسى** قىيمىسى بېدە كۆكىدىن تەييارلىنىدىغان چۆچۈرە.

**بېدە كۆكى** بېدىنىڭ باش ئەتىيازدا كۆكلەپ چىققان يۇمران مايسىسى. بۇنى باش ئەتىيازدا كىشىلەر سەي ئورنىدا ئىستېمال قىلىدۇ.

**بېدىچىلىك** ئى. يېزا ئىگىلىكىدە بېدە تېرىش ۋە ئۇنى يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ۋە ئۇنىڭ نامى.

**بېدىش** ئى. ① تەك شۆكىلىرىنى ئارتىش ئۈچۈن ياغاچتىن تەييارلانغان جاھاز، چەللە: ھويلا ئىچى ئازادە بولۇپ، بېدىشلەرگە ئېلىنغان قويۇق ئۈزۈم تاللىرى قارىيىپ كۆزگە

چۈشەتتى. ② مۇشۇنداق تەييارلانغان ئۇزۇم بارىڭى: تۈلكە ئۈزۈمنىڭ دۈشمىنى بولغان بۆرىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۈزۈملۈك باغدا بېدىش ئاستىدا تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشاشقا باشلاپتۇ.

**بېدىشلىك** ئى. بېدىش ئورنىتىلغان، بېدىش بار يەر: تەرەپ ـ تەرەپتىن سوئاللار، تەنىلەر، خۇددى ئاقۋالداقتەك ئېتىلىشقا باشلىدى. زۇلىلا بېدىشلىكنىڭ يېنىدىكى سېمونت سۇپىغا سەكرەپ چىقىپ ۋارقىرىدى.

**بېدىك** ئى ① چارۋا ماللارنى ئېلىپ ـ ساتقۇچى ياكى ۋەكالەتەن سېتىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: ئەپەندىمنىڭ خۇيى يامان بىر ئېشەكى بار ئىكەن. ئۇنى بازارغا ئاچىقىپ بىر بېدىككە سېتىپ بېرىش ئۈچۈن بېرىپتۇ. ② چارۋا مال سودىسىنى كېلىشتۈرۈپ قويغۇچى.

**بېدىكلىك** ئى. چارۋا ماللارنى ئېلىپ سېتىش ياكى ئۇنىڭ سودىسىنى كېلىشتۈرۈپ قويۇش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى ۋە كەسپى: كىشىلەر ئۇنى ئىسمىن بېدىك دەپ ئاتايتتى. * يىگىتلەر ئۇنى ئىزدەپ سوراش جەريانىدا، ئۇنىڭ بېدىكلىك ھۈنىرى ھەققىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىلارنىمۇ ئاڭلاشقا ئۈلگۈردى.

**بېدىلىك** ① سۈپ. بىدە بار، بىدە تېرىلغان: بېدىلىك ئېتىز. ② ئى. بىدە تېرىلىدىغان يەر: زۇمرەت، سۇلايماننى ئىزدەپ ئۆيىگە كەلسە، ئۇ ئاللىقاچان بېدىلىككە كەتكەنىدى.

**بېرەرمەن** ئى. بېرىدىغان كىشى: بېرەرمەننىڭ ئەتىسى تۈگمەس (ماقال). * بېرەرمەننىڭ بېشىنى ئالارمەن ئوڭلاپتۇ (ماقال).

**بېركېلىي** ئى [رىلات] <خىم> رادىئوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Bk (Berkelium)، a زەررىسى بىلەن سامارىينى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. ماسسا سانى 249، ئىزاتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى 314 كۈن بولىدۇ.

**بېرى** ① رەۋ. سۆزلەۋاتقان كىشى، سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىت ياكى ئورۇنغا يېقىن: بېرى كەلگىن! بېرى ئولتۇرۇڭ! * سەلىمخان ئابدۇلنى: — بېرى كەل بالام، مەن سېنى ئوبدان راق كۆرۈۋالاي، — دەپ ئالدىغا تارتىپ، ئاچايىپ بىر ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراشقا باشلىدى. ② تىر (چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «دىن، تىن» بىلەن كەلگەندە) بەلگىلىك پەيت، «...دىن باشلاپ، داۋامىدا، مابەينىدە، بويان، تارتىپ، ئېتىبارەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇزۇندىن بېرى. * ناسىر بەش يىلدىن بېرى سۇ ئىشلار ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

**بېرىپ** ① «بارماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: ئايىمخان ئۆتكەن ئايدا ئۇرۇمچىگە بېرىپ، ئوغلىنى كۆرۈپ كەلدى. ② «شۇنداق قىلىپ، نەتىجىدە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ ئىش ئاخىرى بېرىپ سوغا چىلاشتى.

**بېرىپ ـ بېرىپ** ① «بېرىپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② بارا ـ بارا؛ ئاخىرقى ھېسابتا؛ كېيىنچە: — بۇ گېپىڭ ئېيتىلىشقا ياخشى، لېكىن بەزىلەرنىڭ دېگىنىدەك ئاشۇرۇۋەتسەڭ، نان بەرمەيدۇ. بېرىپ ـ بېرىپ ئۇلار قولۇڭدىكى بىر پارچە ناندىنمۇ قۇرۇق قويىدۇ! — دېدى مەنسۇر ئەكبەرگە كەسكىن قىلىپ.

**بېرىچە** (توغرىسى: بارىچە) ⟵ **بارىچە**.

**بېرىش** «بارماق I» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: بۈگۈن ئۆيدە ئۇنچە ئالدىراش ئىشىممۇ يوق، بېرىپ باقمايمەنمۇ، مەن شۇ خىيال بىلەن ئەيسانىڭ ئۆيىگە بېرىش قارارىغا كەلدىم.

**بېرىش كېلىش** <تىل> ⟵ **يۆنىلىش كېلىش**.

**بېرىش ـ كېلىش** بىر ـ بىرىنىڭكىگە بېرىپ ـ كېلىپ تۇرۇش، ئۆزئارا باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەت، ئالاقە: يۇرۇڭقاش دەرياسىدا كەلكۈن تازا ئەۋجىگە چىققان مەزگىل ئىكەن. ئۇ كەملەردە دەريادا كۆۋرۈك بولمىغاچقا، ياز كۈنلىرى شەرقتىكى تۆت ناھىيە بىلەن خوتەن

www.uyghurkitap.com

شەھەرنىڭ بېرىش ـ كېلىشى ئۈزۈلۈپ قالدى.
**بېردش ـ كېلىش قىلماق** ئۆزئارا باردى ـ كەلدى قىلماق، يېقىن مۇناسىۋەت، ئالاقە قىلىشىپ ئۆتمەك: يەڭگەم: ـــ سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار، ـــ دېدى ۋە بىلىكىمدىن تۇتۇپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن. ـــ ھازىرمۇ ھەنىپەم بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىۋاتامسىز؟ ـــ دەپ سوراپ قالدى.
**بېرىشماق** «بارماق» پېئىلى «①②③④⑤» نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بېشىغا ئاق سەللە ئورىۋالغان قېرى ـ ياش ئادەملەر بىرلەپ ـ ئىككىلەپ مەسچىت تەرەپكە كېتىپ بېرىشاتتى.
**بېرىشمەك** «بەرمەك» پېئىلى «①②③④⑤⑥» نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چېدىرنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان، ئۆرە تۇرغان ياشلار قىقاس ـ چۇقان بىلەن ئاللا ـ باركاللا ئېيتىپ چاۋاك چېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلارغا قىزغىن مەدەت بېرىشەتتى.
**بېرىقى** سۈپ. سۆزلىگۈچىگە ياكى سۆز بولۇۋاتقان يەرگە يېقىنراق بولغان؛ بۇ ياقتىكى، بۇ تەرەپتىكى: بېرىقى ئىشىك. بېرىقى بىنا. * ئۇ ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇردى ـ دە، يەنە شۇ ئەگمە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، بېرىقى قىرغاققا قايتىپ كەلدى.
**بېرىلگەن** «بېرىلمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.
**بېرىلگەن سان** <مات> ئالگېبرالىق ئىپادە ياكى تەڭلىمىلەردىكى سانلىق قىممىتى ئېنىق بولغان سان. مەسىلەن: «X + = Y = 5» تەڭلىمىسىدىكى «5» سانى بېرىلگەن سان بولىدۇ.
**بېرىللىي** ئى [ر<گرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Be (Beryllium)، رەڭگى سۇس كۈل رەڭ كېلىدۇ، ئەڭ يېنىك مېتاللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ X نۇرىنى ئۆتكۈزۈش قابىلىيىتى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن X نۇر تۇرۇپكىسى ياساشقا بولىدۇ. بېرىللىي بىلەن ئاليۇمىنىنىڭ قېتىشمىسى ئىنتايىن قاتتىق ھەم يېنىك بولغاچقا، ئايروپىلان، راكېتا ياساشتا كەڭ قوللىنىلىدۇ. بېرىللىي بىلەن مىس قېتىشمىسىنىڭ ئېلاستىكلىقى بەك يۇقىرى، شۇڭا ئۇ پۇرژىنا ياساشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بېرىللىي ئاتوم ئېنېرگىيىسى سانائىتىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.
**بېرىلمەسلىك** ① «بېرىلمەك» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى. ② بوش كەلمەسلىك. **بويۇن ئەگمەسلىك**: كىچىك جەڭچى دۈشمەننىڭ تەھدىت سېلىپ ئۇرۇپ، تىللاپ ئازابلىشىغا پەرۋا قىلمىدى، شۇنىڭدەك دولىسىنى قېقىپ، چاي تۇتۇپ قىلغان چىرايلىق سۆزلىرىگىمۇ بېرىلمىدى.
**بېرىلمەك** ① «بەرمەك» پېئىلى ① ② ④ ⑥ نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئامانەت ئىگىسىنىڭ ئۆز قولىغا بېرىلىدۇ. * ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىلىدۇ. ② كۆچمە. بىرەر ئىش، نەرسە ياكى كەسپكە قىزىقىپ قالماق، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كىرىشمەك: ئىلىمگە بېرىلمەك. تەتقىقاتقا بېرىلمەك. * مەن لېنىن توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى بىرنەچچە كۈن بېرىلىپ ئوقۇدۇم. * ئىپارگۈل مانا ھازىر پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتتى. ئىشىك قاتتىق چېكىلگەندىن كېيىنلا بېشىنى كۆتۈردى. * ماشىنىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى مەنسۇرنىڭ گەپلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى، بەزىلەر بولسا شېرىن خىياللىرىغا دەخلى يەتكۈزۈۋاتقان بۇ 20 ياشلار چامىسىدىكى يىگىتكە نارازى بولۇپ غودۇڭشىيتتى.
**بېزەپ** سۈپ [پ+ئە] ①ئىسراپ، زايە: ـــ قوناقنى توخۇلار بېزەپ قىلىۋېتەر، كەچقۇرۇن ئاپارسامىكىن دەيمەن، ـــ دېدى بوۋاي جامالنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ. ② پاسكىنا، كىر: بۇ قورۇنىڭ ئىچى بەك بېزەپ ئىكەن.
**بېزەپ بولماق** ① چېچىلىپ، بۇزۇلۇپ ئىسراپ بولماق، زايە بولماق: ئۇ خاماندىكى بۇغداينى تاغارغا قاچىلاپ قويمىغانلىقتىن چېچىلىپ، دەسسىلىپ تولىمۇ بېزەپ بولغانىكەن. ② پاسكىنا، كىر بولماق: كىيىمىڭ بەك بېزەپ بولۇپ كېتىپتۇ.

**بىزەپ قىلماق** ① چېچىپ، بۇزۇپ ئىسراپ قىلماق. زايە قىلماق، ② پاسكىنا، كىر قىلماق.

**بىزەپچىلىك** ئى ① بىزەپ بولۇپ كەتكەن ھالەت، ئىسراپچىلىق: بۈگۈنكى زىياپەت پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغانلىقتىن يېمەك ـ ئىچمەكتە تولىمۇ بىزەپچىلىك بولدى. ② پاسكىنىچىلىق: ئەتىيازدا قار ئېرىگەندە بولىدىغان ئارقا كوچىلاردىكى بىزەپچىلىك ھازىر تۈگىدى.

**بىزەتكۈزمەك** «بىزىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايىمخان ئەتىكى توي تەييارلىقى ئۈچۈن بىرنەچچە قوشنىسىنى چاقىرىپ ئۆيىنى چىرايلىق بىزەتكۈزۈۋالدى.

**بىزەتمەك** «بىزىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىزەرتمەك** «بىزەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىزەرمەك** پ. يۈزىنى قىلىن قىلىۋالماق، گەپ تەسىر قىلمايدىغان بولۇۋالماق، گۆشەيمەك، بىزەكلەشمەك: ــ يوقال! ھۇ، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان! قۇشقاچتەك جېنىڭنى ئوكلاپ باقالمايسەنۇ، گەپنى چوڭ قىلىسەن، كۆزۈمدىن ھازىر يوقال! ئۆيۈمگە ئىككىنچى ئاياغ باسقۇچى بولما! ھە، نېمىگە بىزىرىپ تۇرىسەن؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، ئارا بىلەن ھەيۋە قىلىپ قىزىل بۇرۇنغا. * ــ داداڭ ئىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن ماڭمامسەن بىزىرىپ تۇرماي، ــ دېدى نىيازنى سەل ئىتتىرىپ ھېلىقى چار ساقال كىشى.

**بىزەشتۈرمەك** پ. بىزەلگەن، زىننەتلەنگەن، رەتلەنگەن ھالەتكە كەلتۈرمەك: ھويلىنى بىزەشتۈرمەك.

**بىزەشتۈرۈلمەك** «بىزەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بىزەشمەك** «بىزىمەك» پېئىلىنىڭ ئورتاقلىق دەرىجىسى: كەچكى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ كۇلۇبىنى قولمۇقول بىزەشتى.

**بىزەك** ئى ① مارجان، بىلەزۈك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى، زىبۇزىننەت: باللار شادلىقىدىن چاپانلىرىغا تىللا تۈگمىلەر قادىشىپتۇ، قىزجۇۋانلار قۇلاق، بويۇنلىرىغا بارماق ۋە بىلەكلىرىگە ئالتۇن بىزەكلەر تاقاپتۇ. ② بىرەر نەرسىگە ئىشلەنگەن نەقىش گۈل: تامغا قاپارتما شەكلىدە ئىشلەنگەن بىزەكلەر نەملىشىپ بۇزۇلۇشقا باشلىغانىدى.

**بىزەكلىك** ① سۈپ. ئۈستىگە نەقىش ئىشلەنگەن، بىزىكى بار، بىزەلگەن؛ زىننەتلىك: بىزەكلىك تام. ② سۈپ. بىزەك قىلىشقا بولىدىغان، بىزەك بۇيۇمى قىلىشقا لايىق: ئامىنە، قارا، قولۇڭغا سالىدىغان بىزەكلىك ئۈچۈن ساپسېرىق ئالتۇن ئالىمەن، ئۇ چاغدا نېمە دەيسەن. ③ ئى. تۇرپان ۋىلايىتىدىكى قەدىمىي يادىكارلىقلار ساقلانغان بىر جاي.

**بىزەلمەك** «بىزىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھويلا رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن شۇنچىلىك بىزەلگەن ئىدىكى، خۇددى يېزىنىڭ خۇش ھاۋالىق باغلىرىنى ئەسلىتەتتى. * سۇلتان ھاجىنىڭ تۇرار جايى رەڭمۇرەڭ گىلەملەر بىلەن بىزەلگەنىدى.

**بىزەنمەك** «بىزىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: دەيدىكى، نە ھاجەت بىزەنمەك، ئۆگەنگىن، سۆزلىرىڭ گۈل ئاچسۇن. دەيدىكى، نە نامۇس ئۆگەنمەك، نامۇسكى، نادانلىق، يەر يۇتسۇن!

**بىزىتىلمەك** «بىزەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھويلىدا چىرايلىق بىزىتىلگەن ئىككى چاقلىق پەيتۇنغا قېتىلغان، جابدۇقلىرى رەتلىك ئات چاپچىپ تۇراتتى.

**بىزىمەك** پ. ھەر خىل چىرايلىق، زىننەتلىك نەرسىلەر بىلەن زىننەتلىمەك؛ ھۆسن كىرگۈزمەك: ئۆيىنى بىزىمەك. زالنى بىزىمەك. * ئاق يىپەكتە تىكتىم كەشتە، نازۇك، چېۋەر قول بىلەن. يىللىق سەھەر، ئايدىڭ كەچتە، بىزەپ ئۈنى گۈل بىلەن. * كەل دىلبىرىم، گۈللەر ئۆزەيلى،

www.uyghurkitap.com

ئانا يۇرتنى گۈل دە بېزەيلى. سەن بول زۆھرە، مەن بولاي تاھىر، گۈل ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرەيلى.

**بېزىندە** ئى .دىئال. ← **قولتارتقۇ.**

**بېسبول** ئى [ر] ‹تەن› ← **كالتەك توپ.**

**بېسىش** «باسماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: بېسىش ماشىنىسى.

**بېسىش ماشىنىسى** ‹مەت› ← **مەتبەئە ماشىنىسى.**

**بېسىشماق** «باسماق III» پېئىلى «①②③④⑤⑥⑦»نىڭ **ئۆملۈك دەرىجىسى:** لىتىپ ئۆي كۆچكەندە ئىداردىكى ياشلار ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، ئۆي جاھازلىرىنى ماشىنىغا بېسىشىپ بەردى. * پەقەتلا شۇ يۈرەك ئىسسىق-سوغۇق كۆرگەن، بولدۇ مۇڭ تولا كۆكۈلگە سىرداش. بېسىشىپ ئۆمۈرنىڭ دەشت-چۆللىرىنى، ئاي ئەمەس، يىل ئەمەس، ئەسىرلەپ ئۇزاق.

**بېسىق** سۈپ. ① **بىكار ئەمەس، ئالدىراش، باس-باس:** دۈيجاڭ: — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم يارامىلىقلىرىنىڭ قولى بېسىق، قولى بوشلىرىغا بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرغىلى بولمايدۇ، — دەپ ئىزاھات بەردى. * — مۇشۇنداق ئىشنىڭ بېسىق ۋاقتىدا نۇرۇم نەدە يۈرىدىغاندۇ، خېلى كۈن بولدىغۇ شۇ بالا ئۆيگە كەلمىگىلى، — دېدى زورىخان. * تۈگمەندە ئۇگۇت بەك بېسىق ئىكەن، شۇڭا بىزنىڭ بۇغدايىنى بەش كۈندىن كېيىن تارتىپ بەرمەكچى بولىدى. **ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، سالماق، تەمكىن:** مىجەزى بېسىق. ئۇلار ئالمىجانغا قاراشتى، ئالمىجان ھېچ نەرسە بولمىغاندەك خاتىرجەم ۋە بېسىق ئىدى.

**بېسىقتۇرماق** ① «بېسىقماق» پېئىلىنىڭ **مەجبۇرىي دەرىجىسى:** 5-ئاينىڭ 4-كۈنى ئەڭ ئالدى بىلەن بېيجىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يىغىن ئۆتكۈزۈپ ۋە نامايىش قىلىپ بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتى بېسىقتۇرۇشقا كىرىشىپ 30 ئوقۇغۇچىنى قولغا ئالدى. * ئېھتىمال، ئۇ، كۆپچىلىككە بىر-ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ بۇ ئىشنى چىرايلىقچە بېسىقتۇرار. ② **جاي-جايىغا ئورۇنلاشتۇرماق، جايلاشتۇرماق، تۈزەشتۈرمەك:** شۇ ئەسنادا ئىچكىرى ئۆيدىن تۇراپ شۇجىمۇ ھويلىغا چىقتى. زورىخان بولسا ئۆي ئىچىنى بېسىقتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. * ئۇستامنىڭ قالايمىقان جابدۇقلىرى ياغاچ ساندۇقلارغا قاچىلىنىپ دالاندا ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇن ئېلىپتۇ. ئويۇقتىكى كوزىلار، قوزۇقتىكى چۆمۈچلەر ۋە ئۆينىڭ باشقا كۆزگە كۆرۈنەرلىك جاھازلىرىنىڭ پاكىز، چىرايلىق تەرتىپتە بولۇپ تۇرۇشى بۇ ئۆينى باشقۇرۇپ، بېسىقتۇرۇپ تۇرغۇچى ئايالنىڭ ئىشچان ۋە سەرەمجانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ③ كۆچمە. **ئۆلتۈرمەك:** يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن يېڭى ھۆكۈمەت ھەددىدىن ئاشقان قان قىساسى بار بەش زومىگەرنى بېسىقتۇردى.

**بېسىقتۇرۇشماق** «بېسىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ **ئۆملۈك دەرىجىسى:** دېھقانلار جىددىي سەپەرۋەرلىك بىلەن كەلكۈنگە قارشى كۆرەش قىلىپ، زور ئەنسىزچىلىكنى بېسىقتۇرۇشتى.

**بېسىقتۇرۇلماق** «بېسىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ **مەجھۇل دەرىجىسى:** ئۇلارنىڭ كوپىراتىپ توغرىسىدا تارقىتىپ يۈرگەن پىتنە-ئىغۋالىرى، قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى پۈتۈن جامائەت ئالدىدا پاش قىلىنىپ، شەرمەندە بولۇپ بېسىقتۇرۇلدى.

**بېسىقلىق** سۈپ ① **ئۈستى-ئۈستىگە ئېلىپ قويۇلغان، بېسىلغان، قاچىلانغان:** بىردەم ماڭغاندىن كېيىن قۇربان قىلىچنىڭ ھارۋىسى ئۇدۇل تەرەپتىن كېلىپ پاتقاقتا پېتىپ قالغان، ئۈستىدە لەڭ بېسىقلىق ھارۋىنىڭ ئالدىغا بىرىپ توختىدى. ② **مەتبەئەدىن چىققان، نەشىر قىلىنغان:** شۇجى يۇقىرىغا چوڭ قىزىل خەت بېسىقلىق بىرنەچچە بەت ماتېرىيالنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ: — ئەزالار، خۇش خەۋەر، مەركىزىي كومىتېت ھۆججەت چۈشۈرۈپتۇ، — دەپ ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدى.

**بېسىقماق** پ ① **بېسىلماق، پەسلىمەك، جىمىماق، تىنجىماق، توختىماق:** ئەمەت ئۇستا ئۆيىگە كىرە-كىرمەي ئىشىكنى جالاق-جۇلۇق ئېچىپ-يېپىپ، ئايالىغا ئورۇنسىز بىرمۇنچە قوپال گەپلەرنى قىلىۋەتتى-دە، ئۆزىچە تېرىكىپ-

چېچىلىپ يەنە بېسىقىپ قالدى. * سەھەردىن بېرى
قار ئارىلاش چىققان ئاچچىق شامال كەچكە يېقىن
ئاستا ـ ئاستا بېسىقىشقا باشلىدى. * گۈدۈك ئاۋازى
ۋە پىلىموت ئاۋازى بېسىقتى. ② ئازلىماق،
شالاڭلاشماق، پەسەيمەك: * كۆز كېلىپ ئېتىز ـ
ئېرىقلاردىكى ئالدىراشلىقلارمۇ بېسىقتى.

**بېسىلغاق** ئى <بوت> كرېست گۈللۈكلەر
ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق
ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ،
غولىدىن ئۆسكىنى ساپسىز كېلىدۇ، يوپۇرماق
شەكلى سوقىچاق ياكى تۆمۈنسىمان؛ گۈلى
كىچىك ۋە ئاق بولۇپ ئومۇم گۈل رېتىنى
ھاسىل قىلىدۇ؛ مېۋىسى مۈكچىزلۈك ۋە
ياپىلاق كېلىدۇ، چەكلىرىدە قانىتى بولىدۇ؛
ئۇرۇقى توخۇمسىمان، تىبابەتچىلىكتە يەر
ئۈستىدىكى قىسمى ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ.
ئۇ جىگەرنى ياخشىلاپ كۆزنى روشەنلەشتۈ ـ
رۈش، تال ۋە ئاشقازاننى تولۇقلاش،
قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش روللىغا ئىگە.

**بېسىلماق** ① «باسماق III» پېئىلى «①،②،⑤،
⑥،⑧،⑩،⑪»نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۈگۈنكى
«كەچلىك گېزىت»كە دۇنيادىكى ھازىرقى زامان
پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيىتى ھەققىدە بىر ماقالە
بېسىلدى. * ماشىنىغا قاچىلانغان يۈك نورمىسىدىن
ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ سورى بىلەن
چاقى خېلىلا بېسىلىپ كەتتى. *ــ ئاش دەم يېگىلى
نەۋاق!... تېۋى كەتكىلى تۇردى ئاشنىڭ، ــ دېدى
بۇۋىنىيازخان ئاچا كولۇپ ۋە ئاشقا بېسىلغان گۆشنى
توغراش ئۈچۈن ئۈستىگە پىچاق قويۇلغان ئاق
نانىنى جامال ئاكىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويۇپ چىقىپ
كەتتى. ② «باسماق III» پېئىلى «③،④،⑨»نىڭ
ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئەمدى بىرئاز ئولتۇرۇۋې ـ
لىش كېرەك، شۇنداق قىلسا، ئاغرىقى بېسىلىدۇ،
ئاندىن ئىشقا چۈشىدۇ. بىر ـ ئىككى مىنۇتتىن كېيىن
ھەممە ئاغرىق توگەيدۇ. * قىزلارنىڭ ئاغزى بېسىل ـ
ماي بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى گەپ قىلىپ ئۇچەي ـ
لىرى، ئۈزۈلگۈدەك قاقاقلاپ كۈلۈشتى. * ئالمىخان

دەپ قىچقارسام، ئۇنى باغلاردىن چىقۇر. كۆيۈكى
ئەمدى بېسىلدى، دەردى ئۆلگەندە چىقۇر.
③ جىددىيلىك پەسەيمەك؛ تەرتىپكە
چۈشمەك؛ توختىماق: ئۇ دەپ، بۇ دەپ ئۇيى ـ
لاشقاندىن كېيىن، ئانا چارە تاپتى. ھېيتەم بىلەن
گۈزەلنى پاختەكلىدىكى ھاما ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە
بېرىپ ئەھۋال بېسىلغۇچە چەتتىرەك تۇرۇشىنى
ئېيتتى.

**بېسىلىپ قالماق** ① جىمىپ، تىنجىپ قالماق،
توختاپ قالماق: ئايىم ئاغچا خېنىم ئەسلى بېسى ـ
لىپ قالغانىدى. لېكىن ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ
يەنە كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى. ② ئىجرا قىلماي،
ئەمەلىيلەشتۈرمەي، ئۆز پېتىچە قويۇپ
قويماق: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى دېھقانلارغا
ھۆددىگە بېرىش توغرىسىدىكى ھۆججىتى ناھىيە ۋە
يېزىلارغا چۈشۈرۈلگەندە بەزى ئورۇنلاردا بىر مەزگىل
بېسىلىپ قېلىپ ئاندىن ئىجرا قىلىندى. * ياقۇپنىڭ
خىزمەت ئالماشتۇرۇش ئىشى ھەل بولماي بېسىلىپ
قالدى. ② <سودا> سېتىلماي، خېرىدار چىقماي
دۆۋىلىنىپ قالماق، كاساتلاشماق: بۇ كىتاب ـ
خانا بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى كىتاب بېسىلىپ
قېلىپ زىيان بولۇشتەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش
ئۈچۈن مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ھەربىر
خادىمنىڭ ۋەزىپىسىنى بەلگىلىدى. * ئۆتكەن يىل
بۇ زاۋۇت مەھسۇلات ئىشلەشتە بازار ئېھتىياجىنى
تولۇق نەزەردە تۇتمىغانلىقتىن، بىر قىسىم مەھسۇ ـ
لاتلار خېرىدار چىقماي بېسىلىپ قالغان، ئاز ئىشلەن ـ
گەن بىر قىسىم مەھسۇلات بولسا بازار ئېھتىياجىنى
قاندۇرالماي قالغانىدى.

**بېسىم** ئى ① <فىز> مەلۇم نەرسىنىڭ بىرلىك
يۈزىگە چۈشكەن ئېغىرلىق كۈچى: قان بېسىمى.
ئاتموسفېرا بېسىمى. * قاشقا ئۇرۇلۇپ يانغان دولقۇن
غازنىڭ بېشىدىن ھالقىپ دامبىغا يامرىدى. غازنىڭ
گەۋدىسى كۆرۈنمەي قالدى، ئۇنى سۇنىڭ بېسىمى
تۈۋرۈكتىن ئاجرىتىۋەتكەنىدى. كۆپچىلىك «ئاپلا»
دېيىشىپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشتى. ② قىستاش،
ئېزىش، زۇلۇم سېلىش: ئۇ تېخى توختى

www.uyghurkitap.com

شۇجىنى بۇ ئىشتىن ۋاقىپلاندۇرۇش ئارقىلىق قاتتىق بىر روھىي بېسىم پەيدا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەندى. لېكىن ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى. * زۇنۇن قادىر بۇ ھېكايىسىدا فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە بېسىمى ئاستىدا، روھىي ۋە جىسمانىي تەرەپتىن مېجىلىپ ھالىدىن كەتكەن دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى جانلىق ۋە كونكرېت تەسۋىرلەپ بەردى. ③ ئېغىر ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت: ئۇنىڭ يۈرىكى ھازىر ئىككى خىل بېسىم ئاستىدا قىينىلاتتى: بىرى، ھازىرقى بۇ مەجبۇرىيەتنى قانداق قىلىش، يەنە بىرى، كېيىن خەلققە نېمىدەپ جاۋاب بېرىش. «ئادەم بالىسى» بولغىنى ئۈچۈن ھەر ھالدا ئۇ كېيىنكى ئاقىۋەتنىمۇ ئاز-پاز ئويلىماي قالمايتتى.

**بېسىم ئاستىغا ئالماق** بىرەر ئىشنى زورلۇق بىلەن قىلىشقا مەجبۇرلىماق: ئۇ، قىزنى شەخسىي دۈشمىنىگە ئوخشاش ناھايىتى قاتتىق بېسىم ئاستىغا ئالدى.

**بېسىمغا چىداش كۈچى** <فىز> ماتېرىيالنىڭ بېسىمغا بولغان قارشىلىق ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ماتېرىيال بېسىلغان چاغدىكى بىرلىك توغرا كەسمە يۈز ئۇچرىغان بېسىم كۈچ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**بېسىم كۈچى** <فىز> جىسىم ئۇچرىغان ۋە جىسىمنىڭ يۈزىگە تىك بولغان تەسىر كۈچ.

**بېسىم ئۆزگەرتىش پونكىتى** <ئېل> توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىدىغان ئورۇن. ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشلەپچىقارغان ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى يىراق جايلارغا ئەۋەتىش ئۈچۈن، توك بېسىمىنى كۈچەيتىپ يۇقىرى بېسىملىق توكقا ئۆزگەرتىپ، توك ئىشلىتىدىغان ئورۇنغا يېقىنلاشقاندا، ئاندىن ئېھتىياجغا قاراپ بېسىمنى تۆۋەنلىتىش كېرەك بولىدۇ. بۇنداق توك بېسىمىنى يۇقىرىلىتىش ۋە تۆۋەنلىتىش خىزمىتى بېسىم ئۆزگەرتكۈچى پونكىتتا تاپىنىپ ئورۇندىلىدۇ. بېسىم ئۆزگەرتكۈچى پونكىتنىڭ ئاساسلىق سايمانلىرى ئۇلىغۇچ بىلەن ترانسفورماتوردىن ئىبارەت بولىدۇ.

**بېسىم ئىشلەتمەك** ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن قىستىماق، مەجبۇرلىماق، زورلىماق، بويسۇندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلماق: ئۇ نامەرد بۇ قىزغا ھەرقانچە بېسىم ئىشلەتسىمۇ، لېكىن جەسۇر قىز قىلچە بويسۇنماستىن ئۆز نومۇسىنى ساقلاپ قالدى.

**بېسىمدار** ئى. تاۋار، ئاشلىق ۋە ئېھتىياجلىق ماللارنى ئەرزان، ۋاقتىدا ئېلىپ قويۇپ بازار جىددىيلەشكەندە، قىممەتلىگەندە، قەھەتچىلىك ۋاقتىدا يۇقىرى باھادا ساتقۇچى ھايانكەش: شۇڭا ئارتۇق گۈرۈچتىن، 600 جىڭ ساتىمەن. رەۋەندى بېسىمدارنىڭ سىرلىرىنى ئاچىمەن.

**بېسىمدارلىق** «بېسىمدار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: — ئېيتقىنا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن قىزىلكۆزلۈك قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كېلىمىزنى بوغۇشقا جۈرئەت قىلالايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بېسىمدارلىق بىلەن كۆز-كۆز قىلىدۇ؟ — دېدى غۇپۇر تېبىپ مۇئەللىمگە.

**بېسىملىق** سۈپ. بېسىمى بار، بېسىمغا ئىگە، بېسىمى بولغان: بېسىملىق سۇ. بېسىملىق گاز.

**بېسىملىق سۇ** يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى سۇ توسۇش قاتلىمى ئارىسىدىكى بېسىمغا ئىگە يەر ئاستى سۈيى. ئۇ يەر ئاستى سۈيىنىڭ بىر خىل ئاساسىي تىپى بولۇپ، بۇ خىل سۇنىڭ سۈپىتى ياخشى، مىقدارى تۇراقلىق بولىدۇ. ئۇنى ئۈنۈملۈك سۇ مەنبەسى قىلىشقا بولىدۇ.

**بېشارەت** ئى [ئە] يېزت. ① ئالدىن بېرىلگەن خەۋەر، خۇش خەۋەر: توي كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىش. ئۇ، قىز-يىگىتلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا مۇستەقىل قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ بېشارىتى. * — قارنىڭ مۇنداق كۆپ ياغقىنى مول ھوسۇلنىڭ بېشارىتى، — دېدى ئۇ بۇرۇن-قۇلاقلىرىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىشىنى ئۇنتۇشقا تىرىشىپ. ② ئىپادە، ئىنكاس، ئىشارەت: قاسىمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى. باشلىقنىڭ سۆزىدىن ئۇ ئاللىقان-

داق بىر ھېكمەتنىڭ بېشارىتىنى سەزگەندى. * رۇستەم قولىدىكى يايراقنى قەبرىستانلىقنىڭ بىر چېتىگە قاداپ قويدى. بۇ «ئىشنى باشلايلى» دېگەندىن بېشارەت ئىدى. * قەھرىمانلار تۇرقىدىن يېغىپ تۇرار جاسارەت، كۆكسىدىكى مېداللار مەرتىلىكىدىن بېشارەت.

**بېشارەت بەرمەك** خەۋەرلەندۈرمەك، كۆرسىتىپ قويماق، ئايان قىلماق: ئۇنىڭ سالماق سۆز ـ ھەرىكىتى ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرغان بىر ئىش توغرىسىدا ئاخىرقى قارارغا كېلىپ بولغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. ② ئىپادە بىلدۈرمەك، ئىشارەت قىلماق، ئىسكىتاس قايتۇرماق: ساھىبخانا يەنە ساقىيغا كۆز قىسىپ، لۈتپۇللا مۇتەللىپكە قوي، دەپ بېشارەت بەردى. * بىز تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتۇق. ئۇلار كۆڭلىدىكىنى دېيەلمەي خېلى ئۇزاققىچە قىسىلىپ ئولتۇرۇشتى. مەن ئۇيقۇم كېلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېرىلدىم.

**بېشارەتلىك** سۈپ. ئالدىن كۆرىدىغان، كەلگۈسىدىكى ۋەقە ھادىسىلەر ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بېرىدىغان: شېئىرىي تىل ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇش كېرەك؛ تىلدىمۇ بېشارەتلىك ۋە ئىلھام بېرەرلىك ئامىللار مول بولۇش كېرەك.

**بېشچە** رەۋ. بېشى بىلەن، بېشى تەرەپ بىلەن: ھارۋىدىن ئۈچۈپ چۈشكەن بالا سۇغا بېشچە كىرىپ كەتتى. ئادەملەردىن بىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ بالىنى سۇدىن چىقىرىۋالدى. * تاھىر شۇ چاغدا باقىنىڭ «ھەرە چاققان يەرگە لاي سۇۋىسا ساقىيار ئىمىش» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كېلىپ، پاتقاقلىققا ئۆزىنى بېشچىلا تاشلاپتۇ.

**بېشچە كىرىپ كەتمەك** ← **بېشى بىلەن كىرىپ كەتمەك.**

**بېغىر** (باغىر) ئى <ئانات> جىگەر.

**بېغىر باسماسلىق** ئۆيى بولماسلىق، بىر ئۆتمەسلىك: — قىزلار، — دەيتتى ئۇ، — ئۇ مەندىن كىچىك، ياش بىر يەرگە بېرىپ، ئەمەن يۇراپ قالغاندا ساڭا بېغىر باسمايدۇ.

**بېغىر رەڭ** ← **جىگەر رەڭ.**

**بېغىر قۇرتى** <زوئول> قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ بېغىرغا چۈشىدىغان بىر خىل زىيانداش قۇرت.

**بېغىرتاق** ئى <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى، چوڭ ـ كىچىكلىكى كەپتەرگە ئوخشايدۇ، ئاغزى كىچىك، پۇتى قىسقا، بارمىقى ئۈچ بولىدۇ؛ دۈمبىسى جىگەر رەڭ، قارا يوللۇق، باش تەرىپى سارغۇچ كۆل رەڭ، كۆكرىكى قارامتۇل كۆل رەڭ كېلىدۇ؛ ئوتلاقلاردا ياشايدۇ؛ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ.

**بېغىش I** ئى ① بىلەكنىڭ ئالقان بىلەن ئۇتىشىدىغان ئۇگىسى: ئۇ بۇرۇۋاي دەستىسىدەك قۇۋۋەتلىك قوللىرى بىلەن ھاياجان تەسرىدە يېنىك تىترەۋاتقان چىمەننىڭ بېغىشلىرىنى تۇتتى. ② ئۇستىخان ۋە غولنىڭ تۇتىشىپ تۇرىدىغان ھەربىر ئۇگىسى: ئۇلار ئۇخلىغان چاغدا تېنىنى بېغىش ـ بېغىشلىرىدىن چېپىپ پارچىلىۋەتسىمۇ ھەرگىز ئويغانمايدۇ. ③ زىرائەتنىڭ ھەربىر بوغۇملىرىنىڭ تۇتىشىپ تۇرغان، مېۋىلەرنىڭ غولىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان جايى: ھەر تاۋۇز، ھەر تاۋۇز، ھەر بېغىشتا بىر تاۋۇز.

**بېغىش II** ئى. تۇگمەننىڭ نوۋىتىنى كۈتۈپ ئاپىرىپ قويىدىغان ئازراق ئاشلىق، ئۇگۇت: تۇگمەننىڭ تېگەر بولسا، بېغىشىڭنى قويىدۇرما. ئاشىقىڭدىن سۆز ئالساڭ، دۈشمىنىڭگە تۇيدۇرما.

**بېغىشلاشماق** «بېغىشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بېغىشلانماق** «بېغىشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېڭى يىلغا بېغىشلانغان شېئىر. * يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى ھاراق، بەزىلىرى زاكۇسكا كۆتۈرۈپ كىرىشتى. تۇنجى قەدەھ مۇھەممەتنىڭ مۇشۇ كوللېكتىپقا قوشۇلغانلىقىغا بېغىشلاندى.

**بېغىشلىما** ئى. بىرەر پائالىيەت، ۋەقە، چوڭ

www.uyghurkitap.com

قۇرۇلۇش، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئاتاپ ياكى تەبرىكلەپ يېزىلغان چاقىرىق، ئۈمىد ئىپادىلەنگەن كىرىش سۆز ياكى ھەر خىل قول يازما: يېڭى يىلغا بېغىشلىما. * رەئىس «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى»نىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلىما يېزىپ بەردى. * ھاشىر شىپال تاشلارغا، ھەيۋەتلىك دۆڭلەك تۈۋرۈكلەرگە، قەھرىمانلار مۇنارىسىدىكى نەقىش سۈرەتلەرگە زور قىزىقىش بىلەن قارايتتى، سىلاپ باقاتتى. ماڭا يازما بېغىشلىمىلارنى ئوقۇتاتتى، ھېلىدىن-ھېلىغا ئۇنى-بۇنى سورايتتى.

**بېغىشلىماق** پ ① سەرپ قىلماق، ئاتىماق: تۇردى ئاخۇن ئاكا پۈتۈن ئۆمرىنى ئەلنەغمە، مۇزىكىچىلىق ۋە مۇقامچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغانىدى. ② **بەخش ئەتمەك؛ بەرمەك؛ ئېلىپ كەلمەك:** ھايات بېغىشلىماق. — دېرىزىدىن كىرگەن سالقىن شامال ھەببىسىگە راھەت بېغىشلىدى. * رادىئو كانىيىدىن شادىيانىغا ئۇرۇلۇۋاتقان قەشقەر راۋابىنىڭ يېقىملىق ساداسى كۆڭۈللەرگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ③ **ئاتاپ يازماق:** — مەن كلاسسىك شائىرلاردىن بىرنەچچىسىنىڭ گۈزەللەرگە بېغىشلىغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرەي، — دەپ سەككاكىنىڭ بىر غەزىلىنى ئوقۇپ بەردى ئىسھاق.

**بېقىش** «باقماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمداش شەكلى.

**بېقىش تاپماق** ياخشى بېقىلماق، ياخشى كۈتۈلمەك؛ ئوبدان پەرۋىش قىلىنماق: — بۇ تېبگى ساق مال ئىكەن، ئەگەر ياخشى بېقىش تاپسا تېز ئارىدا سەمرىپ، راۋۇرۇس ئات بولىدۇ، — دېيىشتى ئەتراپتا تۇرغانلار.

**بېقىشتۇرماق** «بېقىشماق» پېئىلى①نىڭ **مەجبۇرىي دەرىجىسى:** ساۋۇتكام، ئوغلى ئادىلنى، ئاياغ مەھەللىدىكى ھاشىمكامنىڭ توي ئىشىغا بېقىشتۇردى.

**بېقىشماق** ① «باقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك **دەرىجىسى:** قاسىم دوختۇر، سارىخان ۋە ماشىنا ئەترىتىنىڭ بىر قىسىم كوماندىر-جەڭچىلىرى قاۋۇلىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ھوشىغا كەلگىنىنى كۆرۈپ، خۇشاللانغان ھالدا بىر-بىرىگە بېقىشتى. * مېھمانلار ئۆزئارا پاراڭلاشقاچ بىر-بىرىگە تەكەللۇپ بىلەن داستىخاندىكى مەزىلەرگە قىزغىن بېقىشتى. ② **ياردەملەشمەك، ھەمكارلاشماق، قاراشماق:** پەخىردىن بىرقانچە ساۋاقداشلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ياسىنكامنىڭ كېۋەز چاغلىمىغا بېقىشتى.

**بېقىشىپ ئوينىماق** كۆز تاشلىشىپ، قاش ئېتىشىپ، بىر-بىرىگە قارىشىپ ئوينىماق: مۇساجان بىلەن ئەلانۇر ئىككىسى بۈگۈنكى باراۋەتتە بىر-بىرىگە بېقىشىپ ئوينىدى.

**بېقىلماق** «باقماق» پېئىلى «④⑤⑥⑦»نىڭ **مەجھۇل دەرىجىسى:** گۈلسۈمخان ئانا دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىلدە ياخشى داۋالاندى ۋە ئوبدان بېقىلدى. * قۇمۇل تەۋەسىدە ۋاكىغا قاراشلىق 18 تۈگمەن بار بولۇپ، ھەربىر تۈگمەندە 160 تىن توخۇ، ئۆردەك بېقىلاتتى. * ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يايلاقلىرىدا چارۋا ماللار ھازىر ئاساسەن يەنىلا تەبىئەتكە تايىنىپ بېقىلىۋاتىدۇ.

**بېقىم** ئى. **بېقىلىش، پەرۋىش قىلىنىش:** بۇ بالىنىڭ بېقىمى ياخشى بولۇپتۇ.

**بېقىمتۆل** ئى. دىئال. يېشىل بىلەن سېرىق ئارىلىقىدىكى رەڭ.

**بېقىمسىز** سۈپ. ياخشى بېقىلمىغان، ياخشى پەرۋىش قىلىنمىغان، قاراقسىز: بوۋاي: — ئۆتمۈشتە بالىلىرىم ئاچ-يالىڭاچلىقتا بېقىمسىز قېلىپ، ئۆمۈر سۈرەلمەپتىكەن، — دېدى، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قىزچاق: — ۋاي قويايلىچۇ، بۇرۇنقى ئەھۋالنى ئەسلىسە ئادەمنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىپ كېتىدۇ، — دېگىنىچە بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلدى.

**بېقىندۇرغۇچى** «بېقىندۇرماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى.

**بېقىندۇرغۇچى ئۇقۇم** <لوگ> بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئىككى ئۇقۇمدىن ھەجىم جەھەتتىن كەڭ ئۇقۇم.

**بىقىندۇرماق** «بىقىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارپىلىق جىلغىسىغا بىقىنلاشقاندا، بۇ كېچىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈككەن قۇگۇەن قىزنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە بىقىندۇرۇش نىيىتىدە ئەسكەرلەرگە توختاشقا شەرەت قىلدى.

**بىقىندۇرۇشماق** «بىقىندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بىقىندۇرۇلماق** «بىقىندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بىقىندى** سۈپ. مۇستەقىل ۋە ئىختىيارىدىن ئەمەس؛ ئەركىن ۋە ئۆز ئالدىغا خوجىلىقى بولمىغان: بىقىندى دۆلەت. بىقىندى ئەل. * //بۇ خىل باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە، كارخانىلار پەقەت مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ بىقىندىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كارخانىلارنىڭ نىسپىي مۇستەقىل تاۋار ئىشلەپ-چىقارغۇچىلىق ئورنى ئىنكار قىلىنىدۇ.

**بىقىندى ئەل** كۆرۈنۈشتە ئىگىلىك ھوقۇقى، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى بولغان-دەك قىلىسمۇ، لېكىن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە يەنىلا جاھانگىر دۆلەتنىڭ ئىلكىدە ياشايدىغان دۆلەت.

**بىقىندىلىق** ① ئى. ھەرقانداق ئىشتا، ھەرقايسى جەھەتتە مۇستەقىل ئىختىيارلىقى، ئەركىنلىكى ۋە ئۆز خوجىلىقى بولمىغان ھالەت: ھەرقانداق بىر يېڭى كەشپىيات بىلىم-مىزنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى نامايەندە قىلىپ كەلدى، بىقىندىلىقنىڭ بۇگۈنگە قەدەر تېخى بايقالمىغان قالدۇقىنى كۆرسىتىپ كەلدى. ② سۈپ. بىقىندى ئورۇندا تۇرىدىغان، بىقىندى ھالەتتىكى: بىقىندىلىق مۇناسىۋەت. بىقىندىلىق ھالەت.

**بىقىندىلىق مۇناسىۋەت** <لوگ> ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل مۇناسىۋەت بولۇپ، بىر ئۇقۇم يەنە بىر ئۇقۇمنىڭ پۈتۈن ھەجمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسە-دىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىلىدۇ.

**بىقىنماق** پ. ھەرقانداق ئىشتا، ھەرقايسى جەھەتتە باشقىلارنىڭ ئىختىيارىدا بولماق؛ بويسۇنماق: پۈچۈناي، ئەختەمگە: ــ ئاۋۋال بىر سوئالىم بار، چوقۇم جاۋاب بېرىسەن. مۇھەب-بەت كىشىنىڭ ئىرادىسىگە بىقىنمايدۇ، دېگەن توغرىمۇ؟ بىقىنىدۇ، دېگەن توغرىمۇ؟ ــ دېدى.

**بىقىنىش** «بىقىنماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمداش شەكلى.

**بىقىنىشلىق** سۈپ. بىقىنغان: فىزىكا، خىمىيە ماددىلارنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۆلارنى تۈزگەن مولېكۇلىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قايسى تەرىقىدە بىقىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئىزدەيدۇ.

**بىكەت** ئى <قاتىن> پويىز، ئاپتوبۇس قاتار-لىق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ يول ئۈستىدە توختاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جايى، ئورنى: شوپۇر بېشىنى بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويۇپ، خوت يۆتكىدى ــ دە، توختىماي ئۇدۇل يورۇپ كەتتى. ئاپتوبۇس ھەربىر بىكەتتىن ئۆتكەندە، يولۇچىلار چۇۋقان سېلىپ قىلىشتى. * ئاپتوبۇستا ئادەم كۆپ ئىدى. ئانا ئىشىكنىڭ بىقىنىدا سىقىلىپ تۇرۇ-ۋالدى. ئاپتوبۇس ھەربىر بىكەتتە توختىغاندا چۈشۈپ ــ چىققۇچىلار ئۇنى قىستاپ پۈتلىرىنى دەسسىۋېتەتتى.

**بىكىتكۈزمەك** «بىكىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىكىتمەك** پ ① قاپقاق ياكى ئىشىكنى، ئېچىلىپ ــ يېپىلىپ تۇرىدىغان ئوچۇق جايىنى ۋە نەرسىلەرنىڭ ئېغىزىنى مەھكەملىمەك، ئېچىلمايدىغان قىلماق: ئىسلاھاتتىن كېيىن، جۇڭگو قۇدرەت تاپتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆگەنگەن يېگىلىقلىرىمىز چەتتىن كىرگەن يېگىلىقلارنى دۇمبالاپ چىقىرىۋېتىپ، دەرۋازىمىزنى بېكىتىپ، يەنە كونىلىقنى ساقلاپ ياتتۇق. ② ئورناتماق: دېرىزە بېكىتمەك. ئىشىككە تۇتقۇچ بېكىتمەك. ئۆيگە چىراغ بېكىتمەك. ③ پىلان، قارار، لايىھە، ئىش تۈرلىرىنى مۇزاكىرە

www.uyghurkitap.com

قىلىپ مۇقىمدىماق، توختاتماق: كوپېراتىپ رەھبەرلىكى يىلىنىڭ بېشىدىلا ۋەزىپىسىنى ھەربىر پۇل مۇئامىلە خادىملىرىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش تۈزۈمىنى ئېنىق بېكىتىپ، سوتسىيالىستىك مۇسابىقىنى قانات يايدۇردى. ④ بەلگىلىمەك، قارارلاشتۇرماق: ناھىيىلىك پارتكوم ئۇنى يەنە بىر مەزگىل خىزمەت جەريانىدا ياخشى ئويلىنىشقا قالدۇردى. گۇڭشې پارتكومى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ پىكرى بويىچە ئۇنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى.

**بېكىتىشمەك** «بېكىتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئابدۇكېرىم باشلىق بىرقانچە يەككە تىجارەتچىلەر شەھەرلىك يېڭىك سانائەت ئىدارىسى بىلەن خېرىدارلارنى ھەر خىل يېڭى پاسونىدىكى ئاياغ كىيىم بىلەن تەمىنلەش ھەققىدە ئۆزئارا توختام بېكىتىشتى.

**بېكىتىكلىك** سۈپ. بېكىتىلگەن، بېكىتىپ قويۇلغان؛ تاقالغان؛ يېپىلغان: سۇ ۋە ئوزۇقلۇققا موھتاج بەزى نامراتلارنىڭ ئىشىك ئېچىپ چىقىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى تېخى ئېچىدىن مەھكەم بېكىتىكلىك ئىدى. * ئاۋاز چىقىۋاتقان جاينىڭ ئىشىكى بېكىتىكلىك ئىدى.

**بېكىتىلمەك** «بېكىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بوۋاق تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈن بولغاندا، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان ئىسىم بېكىتىلدى. * ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنى غەلىبىلىك يېپىلدى. يېڭى يىل باشلاندى، چوڭ ئىشلار بېكىتىلدى.

**بېكىشمەك** پ. دىئال. پۇتۇشمەك.

**بېكىمەك** پ. چىڭىماق؛ مۇستەھكەملەنمەك.

**بېكىندۇرمەك** «بېكىنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بېكىنمە** سۈپ. تاقالغان، مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن: ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن شىنجاڭنىڭ ئىشىكىنى سىرتقا يەنىمۇ ئېلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىۋېتىش، رايونىمىز ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى.

**بېكىنمەك** ① «بېكىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى. ② يوشۇرۇنماق، سۇقۇنماق: پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئەزىمەتلەر ئاشۇلارنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىغا ئارىلىشىپ يوگۇرۇپ، قارا دۆڭ بىلەن شەھەر ئارىلىقىدىكى «شىخو كۆۋرۈكى»گە يېتىۋالدى ۋە ئۇنىڭ ئاستىغا بېكىنىۋالدى.

**بېكىنمىچىلىك** ئى. بىرەر دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسىتىدىكى چەتنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى يېڭىلىقلىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان، ئۆزىنىڭكىنىمۇ سىرتقا چىقارمايدىغان بىر خىل بىر ئىزدا تۇرۇۋېلىش نۇقتىئىنەزىرى، ئىدىيىسى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «بېكىنمىچىلىك قىلماسلىق كېرەك، بېكىنمىچىلىك قىلغاندا، دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ،» دەپ ئېنىق بېكىتىلگەنىدى.

**بېگلۇك** ئى <ئىرق> ـــ> **بېگلۇگلار.**

**بېگلۇك تىلى** <تىل> بېگلۇگلار قوللىنىدىغان تىل.

**بېگلۇگچە** ① سۈپ. بېگلۇك تىلى ۋە يېزىقىغا مۇناسىۋەتلىك، ئائىت: بېگلۇگچە كىيىم. ② ئى. بېگلۇك تىلى: سەن بېگلۇگچىنى بىلەمسەن؟

**بېگلۇگلار** ئى <ئىرق> ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى، يۈننەنگە جايلاشقان.

**بېگەن** ئى. تىغى دەستىسىگە نىسبەتەن كۆندىلەڭ ئورنىتىلغان، ياغاچچىلىقتا يوغان ياغاچلارنى قىر چىقىرىپ سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تىغلىق سايمان، يوغان چاپما چوت.

**بېگەندە بۇرۇت ئالدىغان** ـــ> **يېكەندە بۇرۇت ئالدىغان.**

**بېگېموت** ئى [ر] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. ئۇنىڭ تېنى چوڭ، بېشى يوغان

ۋە تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە كېلىدۇ؛ ئېغىزى كەڭ ھەم چوڭ، قۇيرۇقى قىسقا، تېرىسى قېلىن بولىدۇ؛ تۈكلىرى بولمايدۇ، تېرە رەڭگى قارا قوڭۇر كېلىدۇ؛ كۆپ ۋاقىتلاردا سۇدا ياشايدۇ، ئادەتتە بېشىنى سۇ يۈزىگە چىقىرىپ تۇرىدۇ؛ ئافرىقىدىن چىقىدۇ.

**بېل** ئى [ر] <ئېل> ئېلېكتر ئىلمى ۋە ئاۋاز ئىلمى (ئاكۇستىكا)دە قۇۋۋەتنى ياكى قۇۋۋەت زىچلىقىنىڭ نىسبەت قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل بىرلىك. بۇ نام تېلېفوننى ئىختىرا قىلغۇچى بېل (A·G·BELL)نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**بېلەت** ئى [ر] بىرەر نەرسىدىن قانۇنىي پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە، مەتبەئەدە بېسىلغان ياكى يېزىلغان قەغەز: ئاشلىق بېلىتى. رەخت بېلىتى. كىنو بېلىتى. گۆش بېلىتى. ماشىنا بېلىتى.

**بېلەتچى** ئى. كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا تاماشىبىنلارغا؛ ئايروپىلان، پويىز، ماشىنا قاتارلىقلاردا سەپەر قىلىدىغان يولۇچىلارغا بېلەت ساتىدىغان ۋە بېلەتنى تەكشۈرىدىغان خادىم: كوچا ئاپتوبۇسى ئاخىرقى بېكەتكە يېتىپ كېلىشكە ئاز قالدى. بېلەتچى يىگىت قائىدە بويىچە ھەربىر ئادەمنىڭ بېلىتىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. نۆۋەت مەن بىلەن قاتارلىشىپ ئولتۇرغان بىر قىزغا كەلدى.

**بېلەتسىز** سۈپ. بېلەتتىن پايدىلانماي ئېلىشقا بولىدىغان، بېلەت كېرەك قىلىنمايدىغان: بېلەتسىز گۆش. بېلەتسىز ئۇن. * ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى بۇ يىل پېچىنىنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، بېلەتسىز پېچىنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى نۇقتىلىق ھالدا تەمىنلىدى.

**بېلىجان** ئى. كىچىك بېلىق، بېلىق بالىسى: ئەخمەتجان قۇرۇق قاپاقنى كۆل بويىغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى تاشلاپ بەرگەن ئۇششاق نان پارچىلىرىنى بېلىجانلارنىڭ قانداق ئېلىپ قاچقانلىرىغا زوق بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى.

**بېلىق** ئى <زوئول> ① سۇدا ياشايدىغان ئومۇرتقىلىق ھايۋان. ئۇنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى سىرتقى مۇھىت تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ؛ تېنى ئادەتتە ياپىلاق كېلىدۇ، سىرتىدا قاسىرقى ۋە ئۈزگۈچى چۇچۇسى بولىدۇ؛ ساقاق ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ؛ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كۆپلىرىنى ئىستېمال قىلىشقا ياكى بېلىق يېلىمى ئىشلەشتە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ② شۇ ھايۋاننىڭ گۆشى: قورۇلغان بېلىق. بىز بۈگۈن بېلىق بىلەن گاڭپەن يېدۇق.

**بېلىق سىرتى** ① بېلىقنىڭ دۈمبە قىسمى. ② كۆچمە. بېلىقنىڭ دۈمبىسىگە ئوخشاش ئەدرىجى پەسەيگەن، بېلىقنىڭ دۈمبىسىگە ئوخشايدىغان شەكىل: تامنىڭ ئۈستىنى بېلىق سىرتى قىلىپ قويسا يامغۇر توختاپ قالمايدۇ.

**بېلىق قاسىرقى** <زوئول> بېلىق تېنىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى تەڭگىچە ماددا. ئۇ ئارقىلىق بېلىق يېلىمى ئىشلەشكە بولىدۇ.

**بېلىق كاۋىپى** بېلىق گۆشىدىن ئېتىلگەن كاۋاپ. بۇ خىل كاۋاپ پاكىز ئادالانغان بېلىقنى جاڭيۇ، ئاچچىقسۇ، تۇز، كاۋاۋىچىن، چانالغان سۇڭپىياز ۋە سامساقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بىر سائەت قويغاندىن كېيىن، پۈرچاق ئۇنىغا مىلەپ دوخوپكىغا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ.

**بېلىق كۆزى** ① بېلىقنىڭ كۆزى. ② كۆچمە. لىق، لىقمۇلىق، قاچىنىڭ گىرۋىكى بىلەن تەڭ (بولۇپمۇ ھاراق ھەققىدە): بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيماق. دىلمۇرات، ئەسقەرگە: — قۇرۇق گېپىڭنى قوي؛ ماۋۇنى گۇپپىدە كۆتۈرۈۋەتكىنە، بېلىق كۆزى قۇيدۇم، بېلىق كۆزى! تارىخ - پارىخ، جۇغراپىيە - پۇغراپىيە دەمسىنا؟ ئۇنى سويىمىز دېگىنە؛ ياش چېغىدا ئوينىماي، قاچان ئويناپدۇ كىشى، قانداق دېدىم، — دېدى ئۆزىچە مەمنۇن

www.uyghurkitap.com

بولغان ھالدا.

**بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيماق** لىق تولدۇرۇپ، لىپمۇلىپ قۇيماق: ئابدۇرىشىت، ئۆزىنىڭ تاسادىپىي توي مەرىكىسىدە بىللە ئولتۇرۇپ قالغان قوشنىسىغا: — ھە، قېنى، كۆڭلىمىزدىكى چىگىشلەرنىڭ يۇيۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن بىر رومكا كۆتۈرەيلى، — دېگىنىچە بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلغان چوڭ رومكىدىكى ھاراقنى سۇندى.

**بېلىق يېلىمى** <خىم> بېلىق سۆڭىكى، بېلىق پۇۋىكى ياكى بېلىق قاسىرىقى سۇدا قاينىتىلىپ تەييارلىنىدىغان يېرىم سۈزۈك ھالەتتىكى قاتتىق جىسىم. ئېرىتىلسە يېپىشقاقلىقى ناھايىتى كۈچىيىدۇ، ئادەتتە يېپىشتۇرغۇچى ماددا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، يەنە فوتو سۈرەت قەغىزىنى ئىشلەشتىمۇ پايدىلىنىلىدۇ.

**بېلىق يىلى** <ئاستر> 12 **مۆچەلنىڭ** بىرى يەنى مۆچەل يىل ھېسابىدىكى 5 ـ يىلنىڭ نامى.

**بېلىقئالغۇچ** ئى [بېلىق+ئالغۇچ] <زوئول> ← **قارنا.**

**بېلىقچى I** ئى <زوئول> **چايكا.**

**بېلىقچى ئۆردەك** <زوئول> ئۆردەكنىڭ بىر خىلى. قانىتىنىڭ ئۈستى كۆك، كۆكسى ئاق، بوينى قارا بولىدۇ، سۇدىن بېلىق تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدۇ.

**بېلىقچى II** ئى. بېلىق بېقىش، بېلىق تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم: بېلىقچىنىڭ كۆنى سۇدا (ماقال). — مەلۇم بىر ئەزىم دەريا بويىدا بىر بېلىقچى ياشايدىكەن. بېلىقچى ھەر كۈنى دەرياغا ئىككى قېتىم تور سالىدىكەن.

**بېلىقچىلىق** ئى. بېلىق بېقىش، بېلىق تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى؛ ئىشى: — بۇ گېپىڭ جايىدا مەنسۇر، بۇ يەرلەردە دېھقانچىلىق قىلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. ماڭا قويۇپ بەرسە، بېلىقچىلىق، توخۇ ـ ئۆردەك، قوي ـ كالا فېرمىسى قاتارلىق نەرسىلەرگە ئاجرىتىمەن، — دېدى ئاسىم روھلىنىپ. * بۇرۇن ـ بۇرۇندا بىر شەھەردە بىر بېلىقچى ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ بالىلىرى كۆپ، ھال ـ ئوقەتى ناچار ئىكەن. يىغلاپ ـ قاقشاپ بېلىقچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، تورغا ناھايىتى يوغان، تېرىسى بەكمۇ چىرايلىق بىر بېلىق چۈشۈپتۇ.

**بېلىقدان** ئى. ئىچىدە بېلىق بېقىلىدىغان ئەينەك قاچا: چاۋار، جوزىنىڭ قېشىغا كېلىپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق ـ قاتتىق شورىدى ۋە كېرىمدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، تەكچىگە قويۇلغان بېلىقداندىكى رەڭمۇرەڭ بېلىقلارغا بىرپەس قاراپ تۇردى.

**بېلىقسىمان** سۈپ. بېلىققا ئوخشايدىغان، بېلىق شەكىللىك: بېلىقسىمان قۇش.

**بېلىقگۈل** ئى [بېلىق+گۈل] <بوت> چوقائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرماقلىرى تۆمۈنە شەكىللىك بولۇپ تارىلىپ ئۆسىدۇ؛ گۈلى ئومۇم گۈل رېتىگە كىرىدۇ، رەڭگى سېرىق؛ غوزىسى تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ؛ تېنىنىڭ يەر ئۈستى قىسمى دورا قىلىنىدۇ. ئۇ ئىسسىقنى قايتۇرۇپ ياللۇغنى يوقىتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولىغا ئىگە.

**بېلىقلېشى** ئى [بېلىق+لەش+ى] <بوت> يارلىقئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى تۆمۈنسىمان بولۇپ، ئايلانما ھالەتتە ئۆسىدۇ؛ گىرۋەكلىرىدە ھەرە چىشىغا ئوخشاش ئىنچىكە چىشلىرى بولىدۇ؛ گۈلى كىچىك بولۇپ، سۇس سۆسۈن رەڭدە ئېچىلىدۇ؛ بىر جىنسلىق تۈپكە كىرىدۇ.

**بېلىقئوتى** ئى [بېلىق+ئوت+ى] <بوت> بېلىق ئوتى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تاتلىق سۇدا ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى لېنتا شەكلىدە بولۇپ، سېپى

بولمايدۇ؛ غولى ئىنچىكە ئۇزۇن كېلىدۇ؛ كۆپىنچە بېلىق باقىدىغان قاچىلاردا زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئۆستۈرۈلىدۇ.

**بېمول** ئى [ر] <مۇز> ← **چۈشۈرۈش بەلگىسى.**

**بېنەپتە** ئى [ئە+پ] جان ت ← **بېنەپتە كۈنى.**

**بېنەپتە كۈنى** نۆۋەت بىلەن بازار بولىدىغان قوشنا يېزا بازارلىرىدا ھەپتىنىڭ بازار بولمايدىغان كۈنلىرىگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**بېنزىل** ئى[ر] <خىم> ھىدروكاربون بىرىكمىلىرىنىڭ بىر خىلى، ئورگانىك خىمىيىدە بىرىكىش بىرلىكى دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئۇ «بېنزىل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**بېنزىن** ئى [ر] <خىم> ھىدروكاربون بىرىكمىلىرىنىڭ ئارىلاشما سۇيۇقلۇقى، نېفىت دىستىللىگەندە، تەخمىنەن 40°C — 200°C بولغان قايناش نۇقتىسى دائىرىسى ئىچىدە ئايرىۋېلىنىدۇ، ئاسان پارغا ئايلىنىدۇ. يېنىش نۇقتىسى بەك تۆۋەن بولغاچقا، ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېللارنىڭ يېقىلغۇسى ۋە ئېرىتكۈچى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**بېنزىن ماتور** <ماشىن> بېنزىننى يېقىلغۇ قىلىدىغان ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل.

**بېنزول** ئى [ر<لات] <خىم> ھىدروكاربون بىرىكمىسى، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_6$، رەڭسىز خۇش پۇراقلىق سۇيۇقلۇق؛ يېنىش نۇقتىسى تۆۋەن بولۇپ ئاسان پارلىنىدۇ؛ تاشكۆمۈر مېيى ھەم نېفىتتىن ئاجرىتىۋېلىنىدۇ؛ سانائەتتە يېقىلغۇ، ئېرىتكۈچى ۋە پۇراقلىق ماتېرىيال قىلىنىدۇ، ئورگانىك سىنتېزلىنىشنىڭمۇ مۇھىم خام ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**بېنزوي** ئى [ر<لات] <خىم> ← **بېنزوي كىسلاتا.**

**بېنزوي كىسلاتا** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_7H_6O_2$، ئاق رەڭلىك كرىستال. ماسسىسى يېنىك، دېزىنفېكسىيىلەش، چىرىتىش ۋە مۇداپىئە كۆرۈش رولىغا ئىگە، مېدىتسىنىدا تەمرەتكە، يۇتقۇنچاق ياللۇغى ۋە بۇرۇن ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**بېھى** ئى [پ] <بوت> ① ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە يومىلاق، ئارقا تەرىپىدە زىچ ئۆسكەن تۈكى بولىدۇ؛ گۈلى سۇس قىزىل ياكى ئاق رەڭدە؛ مېۋىسى خۇش پۇراقلىق، تەمى چۈچۈمەل بولۇپ، مۇرابا قايناتقىلى ياكى دورا ياساشقا بولىدۇ. ② مۇشۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**بېھى دۇملىمىسى** پاكىز سۈرتۈپ، قاسقان ياكى جىمبىلدە دۇملەپ، ھورداپ پىشۇرۇلغان بېھى.

**بېھى مۇراباسى** بېھى مېۋىسىدىن ياسىلىدىغان مۇرابا.

**بېھىش** ئى [پ] <دىن> ← **جەننەت.**

**بېھىلىك** ① سۈپ. بېھى ئۆسكەن، بېھىسى بار، بېھى سالغان: بېھىلىك پولۇ. بېھىلىك باغ. بېھىلىك مەھەللە. ② ئى. بېھى دەرىخى كۆپ ئۆسكەن جاي.

**بېيجىڭ** ئى [خەن] دۆلىتىمىزنىڭ پايتەختى.

**بېيجىڭ شەرتنامىسى** <تارىخ> 1860 - يىلى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىنى ئاياغلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن چىڭ ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ بېيجىڭدا ئىمزالىغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە. چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ بېيجىڭنى ئىشغال

فىلىشتىكى ھەربىي بېسىمدىن پايدىلىنىپ، چىلىك ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ شۇ يىلى 11-ئاينىڭ 14-كۈنى ئىمزالىغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىمۇ بۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

**بېيجىڭ ۋاقتى** <ئاستر> دۆلىتىمىزنىڭ ئۆلچەملىك ۋاقتى. ئۇ شەرقىي ئۇزۇنلۇق «120°»لۇق مېرىدىئاننى ئۆلچەم قىلغان خەلقئارا 8-ۋاقىت رايونى ھېسابلىنىدۇ.

**بېيت** ئى [ئە] <ئەد> ① ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان ياكى ئېيتىلغان ئىككى مىسرالىق نەزمە. ② شۇ ژانىردا يېزىلغان شېئىرىي پارچە.

**بېيىتماق** «بېيىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كوپىراتىپلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەرلەرنى ھۆددە بېرىش سىياسىتى دېھقانلارنى بېيىتتى. * ھەجەر ئاچا بۇ سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىنىڭ ئانىلارچە كۆڭلى ۋە ئارزۇلىرى بىلەن تېخىمۇ بېيىتىپ، گۈلباھارغا يەتكۈزگەنىدى.

**بېيىتىلماق** «بېيىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بېيىشماق** «بېيىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بېيىماق** پ ① بايلىققا، دۇنياغا، دۆلەتكە ئىگە بولماق: 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولدى، دېھقان-چارۋىچىلار بارغانسېرى بېيىدى. ② مۇكەممەللەشمەك، يېتىلمەك، تەرەققىي قىلماق: بىزنىڭ خەلقىمىز ئەزەلدىن سەنئەت بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن، سەنئەتنى ئۆزىگە ئاش-نانىدەك مەنىۋى ئوزۇق قىلىپ كەلگەن خەلق، بىزنىڭ سەنئىتىمىز ئۆسىدۇ، بېيىيدۇ. ③ كۆپلەپ يىغىلماق، توپلانماق: ئىشلىگەنسېرى تەجرىبىمىز بېيىدى.

**بىئارام** رەۋ [پ] ئارامى، خاتىرجەملىكى يوق، ئەنسىز؛ تىنىچ، خاتىرجەم ئەمەس: قۇددۇس كېتەر ۋاقتىدا قەلبىنۇرنى قايتا ئويغىتىپ، بىئارام قىلىپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن، دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ كەتكەنىدى. * ھەسەن ئولتۇرۇش يېرىملاشماستىن غىپپىدە قايتىپ چىقىپ، ئۇدۇل بۇ تەرەپكە چاپتى. يېرىم يولغا كەلگەندە، قىزنى بىئارام قىلغۇسى كەلمەي كەينىگە ياندى. * كەلتۈر ئەي ساقى دەرھال مامۇتقا جام، بولدى ياۋ قەستى بىرلە دىل بىئارام.

**بىئارام بولماق** تىنچلىقى، خاتىرجەملىكى بۇزۇلماق، خاتىرجەمسىزلەنمەك: ياسىن خوجا بىئارام بولغان ھالدا گىلەم ئۈستىدە توختىماي ماڭاتتى، قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى ۋە ئىنىسىنىڭ جاھىلانە ئەخمەقلىقىدىن رەنجىيتتى.

**بىئارام قىلماق** ئارامىنى، تىنچلىقىنى، خاتىرجەملىكىنى بۇزماق؛ خاتىرجەمسىزلەندۈرمەك: — بىمەنە بىر ۋاقىتتا كېلىپ، سىلىنى بىئارام قىلىپ قويدۇممۇ نېمە شاڭيۇ ئاكا، — دېدى باست. * مەتنىيازنىڭ يۇمشاق تېنىگە چاۋار-چاتقاللار پېتىپ، بىزەك چىۋىنلەر بولسا، ئۇ يېنىدىن قوغلىسا، بۇ يېرىگە قونۇپ بىئارام قىلىۋەتتى.

**بىئارامچىلىق** ئى. بىئارام قىلىدىغان كەيپىيات ۋە ئەھۋال: ئۇ بىردەم يېتىپلا يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ ياق، بۇ ياققا ماڭاتتى. ئەنە شۇنداق بىئارامچىلىقتا كېچە سائەت ئىككىدىن ئېشىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا بىر كىشى ئىشىكنى چەكتى.

**بىئاراملانماق** پ. تىنچلىقى، خاتىرجەملىكى بۇزۇلماق؛ خاتىرجەمسىزلەنمەك؛ بىئارام بولماق: ئۇ لېتىپنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئاجرىشىپ كېتىشكە كۆڭلى زادى ئۇنىمايتتى. ئۇ بىئاراملىنىپ ئۇخلىيالمىدى.

**بىئاراملىق** ئى. ئەنسىزلىك، ئارامسىزلىق، خاتىرجەمسىزلىك: ئىشخانا ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. نېمەت بىئاراملىق ئىچىدە قالدى. * لەيلىگۈلگە «سوراققا ئېلىپ كېتىلگەن مەھبۇس قايتمايدۇ، ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن دەھشەتلىك سۆز قاتتىق بىئاراملىق ئېلىپ كەلگەنىدى.

**بىئارمان** سۈپ [پ] ← **ئارمانسىز:** گۈل-چېچەكلىك يېپيېڭى دۇنيا، بەخش ئەتكەن

ئېلىمگە باھار. ئېچىلغان گۈل باغدا بىئارمان، تاغ ـ داللار تۈس ئالغان رەڭدار.

**بىئەپ** سۈپ ← **ئەپسىز:** رابىخاننىڭ يەنە خۇيى تۇتتى، گەپ قىلاي دېۋىدىيۇ، سورۇننى بىئەپ ھېس قىلدى.

**بىئەجەل** سۈپ [پ+ئە] **ئەجەل** يەتمەستىن، ۋاقتى توشماي، ۋاقىتسىز: — ئاپا، ئويلىغىنا، قانخورلاردىن قىساس ئالماي قانداقمۇ تۇرالايمىز؟ ئۇلار ماڭا نېمە كۈنلەرنى سالمىدى، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۈرمىلەردىكى ئازاپلىرىنى، بىئەجەل ئۆلۈملىرىنى ئاڭلىدىڭغۇ؟ — دېدى قىز ئانىسىغا يىلىنىپ.

**بىئەدەب** سۈپ [پ+ئە] ← **ئەدەبسىز:** نېمە ھەققىڭ بار، مەندىن سوراشقا؟ مەندەك كىشىنىڭ يولىنى توراشقا؟ مەندۇرمەن سېنىڭ چوڭ پادىشاھىڭ، سەن بىئەدەبنىڭ كۆپتۇر گۇناھىڭ.

**بىئەدەبلىك** ئى ← **ئەدەبسىزلىك:** ھاشىم يېڭى تونۇشىنىڭ بىئەدەبلىكىنى كەچۈردى، ئىككىسى دوست بولدى. شۇنداق قىلىپ ھاشىم ئۇنىڭ مېھمىنى بولۇپ بىللە ئۆيىگە كەتتى. * — ئۇلار بىزنى شۇنچىۋالا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋاتقان يەردە، بىز بىئەدەبلىك قىلساق بولماس، — دېدى ئاكىسى.

**بىئەقىل** سۈپ [پ+ئە] ← **ئەقىلسىز:** — ئەي بىئەقىل! خەير. ئۆزەڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ. ئەمدى مەڭگۈلۈك ئايرىلدۇق، — دەپتۇ يىگىت ۋە دەرھال بىر ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ غايىب بوپتۇ.

**بىئەيىب** سۈپ [پ+ئە] يېزت ← **ئەيىبسىز:** مەن بۇ ئىشتا بىئەيىبمەن، بىخەۋەر. ئەپۇ قىلغىن ئادىل قىلساڭ سەن ئەگەر. مەن زەئىپ بىچارىدە يوقتۇر گۇناھ، سۆزلىرىمنىڭ راستلىقىن بىلگەي خۇدا.

**بىباش** سۈپ. يېزت ① بېشى، كاللىسى يوق؛ باشسىز. ② كۆچمە. باش بەرمەيدىغان، گەپكە كىرمەيدىغان، بويسۇنمايدىغان، ئۆز بېشىمچە: جىن ـ شەيتان پۈتىدا مەڭگۈلۈك كىشەن، ئەتىكى دۇنيادا كۆرۈنمەس ئىزى. ھەر تامان ئۆزىمەن بىباش قېيىقتەك، بوراندا دولقۇنلار ھايات دېڭىزى.

**بىباھا** سۈپ[پ] ① باھالىغىلى بولمايدىغان، ئىنتايىن يۇقىرى باھالىق، بەك قىممەتلىك: دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام، ياردىن خۇش خەۋەر كەلدى. ئالتۇن قەلەم ئىزىدىن بىباھا گۆھەر كەلدى. * ئاھا، مۇقام، كۈيلەرنىڭ شاھى سەن، خەلقىنىڭ بىباھا تاجىسەن، قان ـ تەرسەن، ئارزۇسەن، تىلەكسەن! گۈپۈلدەپ توختىماس يۈرەكسەن!

**بىبەھرە** سۈپ [پ] يېزت ← **بەھرىسىز:** قۇتقۇزۇش بۇرچۇم مېنىڭ بىبەھرە زىنداندىن ئۇنى، بۇ تىلەككە يەتمىگۈنچە ئۇخلىمايمەن بىر تۈنى.

**بىپايان** سۈپ [پ] ① پايانى، ئاخىرى، چېگراسى، چېكى يوق؛ چەكسىز، پايانسىز: يۇلتۇزلار ھېسابسىز، ئالەم بىپايان، ۋەلېكىن يۇلتۇزدىن كۆپ شېئىر ـ قوشاق. شائىرلار بارمىدۇ قوشاق قاتمىغان، ۋەتەنگە قەلبىدىن باغلاپ ئىشتىياق. * كۆرۈنەر گوياكى شىشىدەك سۈزۈك، كەڭ ئالەم بوشلۇقى بىپايان ئاسمان. كۆرۈنەر ھەيۋەتلىك ئىلى دەرياسى، تىنىمسىز شاۋقۇنلاپ ئاققان.

**بىپەرداز** سۈپ [پ] ← **پەردازسىز:** ئاناڭنى داداڭغا بىپەرداز كۆرسەتمە (ماقال).

**بىپەرۋا** سۈپ [پ] ① ھېچ نەرسىگە دىققەت قىلمايدىغان، پەرۋاسىز، بىغەم: ئەلا شۇنچە سوغۇق ۋە بىپەرۋا كۆرۈنۈشكە تىرىشىمۇ گۈزەللىكى ئەلانىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. ② نەرسىگە، ئىشقا ئېتىبارسىزلىق، سوغۇققانلىق بىلەن قارايدىغان؛ قايغۇرۇشنى ۋە جان كۆيدۈرۈشنى بىلمەيدىغان: پارتىيە ئەزالىرى بىرەر مەسىلىگە يولۇققاندا بىپەرۋا بولماسلىقى، سەگەك تۇرۇشى لازىم.

**بىپەرۋالىق** «بىپەرۋا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يىگىت ھامان قىزنىڭ نازۇك سىرلىرىغا بىپەرۋالىق بىلەن جاۋاب بېرەتتى. * ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەرقانداق بىپەرۋالىق دۈشمەنگە پايدىلىق.

www.uyghurkitap.com

**بىپەرۋالىق قىلماق** بىرەر ئىش ياكى نەرسىگە ئېتىبار بەرمەي، ئېھتىياتسىزلىق قىلماق، سەل قارىماق: يېزا ئىگىلىكىدە مەيلى تېرىم، مەيلى يىغىم، مەيلى پەرۋىش ئىشلىرى بولسۇن، ھېچقايسىسىدا بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. * تۆپىتۈز چوڭ يولدىمۇ ئۇرا بولامدىكەن، دەپ بىپەرۋالىق قىلمىغان بولسا، ھەرگىز ناكار بولمىغان بولاتتى!

**بىپەم** سۈپ [پ+ئە] ← **پەمسىز:** ناسىر بۇغداينى سۇغاردىم دەپ ئىككى مو يەرنىڭ بۇغدىيىغا لاي ياتقۇزۇۋاتقاندى، ئۇنىڭ بۇنداق بىپەم گۆدەكلەرچە قىلىقىغا ھەممە ئادەم غەزەپلەندى.

**بىپەملىك** «بىپەم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**بىپەيز** سۈپ [پ+ئە] پەيزى، كۆركى يوق، روھ ۋە دىلنى سۆيۈندۈرمەيدىغان؛ **پەيزىسىز:** ئۇ يەر جىمجىت، بىپەيزى بولۇپ، ھاۋاسۇ ياخشى ئەمەس، يامغۇر ياغىدىغاندەك تۇراتتى.

**بىتاب** [پ] سۈپ. بىرەر كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان؛ ئاغرىق، كېسەل: ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى، سۈرۈشتۈرگۈچىلەر ئۇنىڭ تۇيۇقسىز بىتاب بولۇپ، يېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. * خاسىيەتنىڭ بىتاب ياتقان ئاپىسى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىغان ھارۋىدىن قىزىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى.

**بىتاب بولماق** بىرەر كېسەللىك بىلەن ئاغرىماق؛ كېسەل بولماق: مەسۇدىخان بىتاب بولۇپ قالغاچقا، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىكەن.

**بىتابلىق** «بىتاب» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بېشىڭ ياستۇققا يەتكەندە ئەگەر دوست قىلسا چىن ياردەم، جاسارەت - كۈچكە تولغاي تەن، بىتابلىق سەزمىگەي ئادەم.

**بىتاقەت** سۈپ [پ+ئە] تاقىتى يوق، سەۋر - تاقەت قىلالمايدىغان، تاقەتسىز، چىدامسىز: بىتاقەت ئادەم. * باسىت قولىنى ئارقىغا تۇتقىنىچە يىغىن مۇنبىرىگە چىقتى، تۆۋەندىكى بىتاقەت كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى.

**بىتاقەت بولماق** ① تاقىتىنى يوقاتماق، تاقەتسىزلەنمەك: قاچقۇن شۇنىڭدىن كېيىن بىرئاز بىتاقەت بولۇپ بوۋاينىڭ ئورۇق قوللىرىنى ئالىقىنىغا ئالدى. ② تاقىتى تاق بولماق، ئىنتىزار بولماق: روزىخان كۈندە يولغا قاراپ بەكمۇ بىتاقەت بولۇپ كەتكەنىدى.

**بىتاقەتلەنمەك** بىتاقەت بولماق، تاقەت قىلالماي قالماق، تاقەتسىزلەنمەك: — ھوي، سىڭلىم، كىچىككىنە توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى ساقچى بىتاقەتلىنىپ، چۈنكى ئۇ كېتىپ قالسا، «سىر»نىڭ يېپىقى ئۈزۈلۈپ قالاتتى - دە، بىرنەچچە ۋاقىتلىق رازۋېتكا بىكار بولاتتى.

**بىتاقەتلىك** «بىتاقەت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەركىن قاپىقىنى سېلىپ، بىتاقەتلىك بىلەن ھە دەپ قىمىرلايتتى.

**بىتەخىر** سۈپ [پ+ئە] يېزت. كېچىكتۈرمەي، تەخىرسىز: مانا شۇ قەشقەرلىقلار يەڭدى ئاخىر، ئېچىلدى دەرۋازىلار بىتەخىر. بوشاندى نەچچە ئون مەھبۇس ھامانە، كېرىمدىن يوق ئىدى لېكىن نىشانە.

**بىتەرەپ** سۈپ [پ+ئە] ھېچقايسى تەرەپكە يان باسمايدىغان، ھېچقايسى تەرەپكە قوشۇلمايدىغان؛ ئىككى ئوتتۇرىدا: بىتەرەپ پوزىتسىيە. بىتەرەپ دۆلەت.

**بىتەرەپ بولماق** ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماي، ھېچقايسى تەرەپكە قوشۇلماي، ئىككى ئوتتۇرىدا تۇرماق.

**بىتەرەپ تۇرماق** ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماي، ھېچقايسى تەرەپكە قوشۇلماي تۇرماق: غوجا مانا مۇشۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ كىرىشتۈرۈپ تېرىش مەسىلىسىدىكى مۇنازىرىدە بىتەرەپ تۇرغانلىقتىن ئىچىدە خۇشال بولدى.

**بىتەرەپ دۆلەت** ① خەلقئارا ئۇرۇشلاردا بىتەرەپ سىياسەت يۈرگۈزىدىغان ۋە قوللانغان، ئۇرۇشقۇچى دۆلەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن دۈشمەنلەشمەيدىغان، ھېچقايسىغا ياردەم بەرمەيدىغان دۆلەت. ② خەلقئارا

شەرتنامىلارنىڭ كاپالىتى تۇپەيلىدىن مەڭگۈ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمايدىغان، ۋاستىلىك ھالدا ئۇنى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىدىغان ۋە ئۇندەيدىغان ھەرقانداق خەلقئارا مەجبۇرىيەتنى ئۇستىگە ئالمايدىغان، ھەرقانداق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا قاتناشمايدىغان دۆلەت.

**بتەرەپچىلىك** ئى. بەزى دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر جەھەتتە قوللانغان پرىنسىپى ۋە سىياستى بولۇپ، ئۇلار ئۆز دۆلىتىنىڭ سىياسىي مۇستەقىللىكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ پۇتۇنلۇكىنى ساقلاشنى ھەرقانداق ھەربىي گۇرۇھقا قاتناشماسلىق، ئۆز زېمىنىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي بازىسىغا ئايلاندۇرماسلىق، ھەرقانداق دۆلەت بىلەن دۈشمەنلەشمەسلىكنى كۆزدە تۇتىدىغان ۋە شۇنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر خىل دىپلوماتىك بەلگىلىمە؛ قارارنامە.

**بتەرەپلەشتۇرمەك** «بتەرەپلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بتەرەپلەشمەك** پ. بتەرەپ ھالەتكە كەلمەك، بتەرەپ بولماق.

**بتەرەپلىك** «بتەرەپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: جاھانگىرلار باشقا دۆلەتكە ئەسكەر كىرگۈزۈشنى، ئۇنىڭ «بتەرەپلىكى»نى «قوغداش» ئۈچۈن دەيدۇ.

**بتەرەت** سۈپ [پ+ئە] ①تەرىتى يوق، تەرىتى سۇنغان: قېيۇمىنىڭ دادىسى بتەرەت يەرگە دەسسىمەيدىغان ئادەم ئىدى. ② بويى پاكلانمىغان، پاسكىنا.

**بتەكشى** سۈپ [پ] يېزت ⟵ **تەكشىسىز:** نېچۈن بىرىنىڭ كۆنى ھامان ئىشرەتتە؟ نېچۈن مىڭىنىڭ كۆنى دەردۇھەسرەتتە؟ نېچۈن مۇنچە بتەكشى ئىنسان تەقدىرى؟ نېچۈن مۇنچە بىرەھىم زۇلمەت زەنجىرى؟

**بتەلەي** سۈپ [پ+ئە] ⟵ **تەلەيسىز:** بتەلەي ئادەم. بتەلەيگە سۇ كەلسە، ئاللا كۆلىدىن يار كېتىپتۇ (ماقال). * بىچارە ئايالنىڭ ئېتى تەلەيخان بولغان بىلەن ئۆزى بتەلەي ئىدى.

**بتەلەي بولماق** تەلەيسىز بولماق؛ تەلىيى، بەختى قاچماق: ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بتەلەي بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

**بتەلەي قىلماق** تەلەيسىز قىلىپ قويماق، تەلىيىنى، بەختىنى قاچۇرماق: تەلەيخان ئاچا قىزىنى زورلاپ بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلىغا بېرىپ، ئاخىرى قىزىنى بتەلەي قىلدى.

**بتەلەيلىك** «بتەلەي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**بتچىت** رەۋ. تارمار، گۇمران؛ ۋەيران.

**بتچىت بولماق** ① تارمار بولماق، گۇمران بولماق، يىمىرىلمەك؛ يوق بولماق: دۈشمەننىڭ ھەربىي كۈچى بتچىت بولدى. * دۈشمەننىڭ سۈيىقەستى بتچىت بولدى. ② پارچىلانماق، چەيلەنمەك، ۋەيران بولماق: ــ ئىست، ئىككى مويەردىكى قوغۇنۇمنى ئۇششاق باللار دەسسەپ بتچىت قىلىۋېتىپتۇ، ــ دېدى توختى ئاخۇن يىغلامسىراپ.

**بتچىت قىلماق** ① گۇمران قىلماق، تارمار قىلماق، يوق قىلماق: جەڭ قىلمەن غەيرىتىمدىن ھوسۇل ئېلىشقا، دۈشمەنلەرنىڭ قەستلىرىنى بتچىت قىلىشقا. ② پارچىلىماق، چەيلىمەك، ۋەيران قىلىۋەتمەك: قوتاندىن چىقىپ كەتكەن بىر توپ كالا ئىككى مو يەرنىڭ پۇرچىقىنى بتچىت قىلىۋەتتى.

**بتۇيۇق** رەۋ. تۇيۇقسىز، توساتتىن: بىلمىدىم، دوستۇم، بۇگۈن نەئىشنى نىشان قىلدىلا؟ بتۇيۇق نامە ئەۋەتىپ مېنى ھەيران قىلدىلا.

**بتۇيۇقلۇق** «بتۇيۇق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كىرىشتە بتۇيۇقلۇق بولسا قانداق، چىقىشتا ھەم تاسادىپ بولدى شۇنداق.

**بتىم** ئى <تارخ> كېلىشىم، توختام، قارار، پۈتۈم: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىر

www.uyghurkitap.com

تەرەپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى يەنە بىر تەرەپ بولغان ھالدا، 1945 ـ يىل 17 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئۈرۈمچىدە تىنچلىق سۆھبىتى باشلاندى. سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىدە 1946 ـ يىل 6 ـ ئىيۇل كۈنى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئىمزالاندى.

**بىجاق** ئى ←— **بىجاق نان.**

**بىجاق نان** بازار نېنىدىن سەل نېپىز ۋە سەل چوڭراق، يۈزىگە چەككۈچ چېكىپ، تونۇرغا ئۇدۇللۇق يېقىپ، ئۇدۇللۇق قومۇرۇۋالىدىغان بىر خىل نان. بۇ خىل نان كۇچا ناھىيىسىنىڭ بىجاق دېگەن يېرىدىن تارالغانلىقى ئۈچۈن شۇ يەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان: قايماق بازىرىدىكى ئەتكەنلىك سۈت ـ قايماق سودىسى، بىجاق نان سودىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆرۈك ـ شاپتۇل سودىسى كەچكىچە بولاتتى.

**بىجاقىي** سۈپ ←— **بىجاقىي ئۈزۈم.**

**بىجاقىي سايۋا** سايۋا ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى، دېنىنىڭ بېشى توم، ئوتتۇرىسى ئىنچىكە، مېۋىسى غۇژمەك بولىدۇ.

**بىجاقىي ئۈزۈم** ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى، ئادەتتىكى ئۈزۈملەردىن كېيىنرەك پىشىدۇ، چۈرۈكرەك كېلىدۇ، تەمىمۇ ئادەتتىكى ئۈزۈملەرگە قارىغاندا سەل قىرتاق بولىدۇ.

**بىجە** سۈپ. دىئال. بۇدۇر.

**بىجى** ئى ←— **بېجى كىرمەك.**

**بېجى كىرمەك** بوۋاق باللارنىڭ بېشىنىڭ ئايپاڭ شەكلىدە چېچى چۈشۈپ كەتمەك.

**بىجىق** ئى. دىئال. ئەمچەك (ئاياللارنىڭ).

**بىجىقىم** سۈپ. ھۇرۇن، ئىنجىق، يالقاۋ؛ گىجىك: بىجىقىم خوتۇن چاي قايناتقۇچە، چاققان خوتۇن ئاش پىشۇرار (ماقال).

**بىجىك** ، ئى <بوت> ① قىياق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئادەتتە سۇلۇق ئېتىزلاردا ئۆستۈرۈلىدۇ، يەر ئاستى غولى ياپىلاق ۋە دۈگىلەك؛ پوستى قىزغۇچ قوڭۇر ياكى قارا قوڭۇر رەڭلىك؛ ئېتى ئاق بولۇپ يېپىشقاق بولىدۇ، كراخمال ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ② مۇشۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يەر ئاستى غولى.

**بىجىگەن** (توغرىسى: مىجىگەن)←— **مىجىگەن.**

**بىجىنار** ئى. دىئال. ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى؛ ياغلىق ئۆرۈك، ئاق ئۆرۈك.

**بىجىنبوش** سۈپ. ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئىقتىدارسىز، بىر ئىشقا قۇربى يەتمەيدىغان، قولىدىن بىر ئىش كەلمەيدىغان، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن؛ بوشاڭ، غەيرەتسىز: گۈلەمخان ئۈچىسىغا مازلىرى بۆلۈنگەن شىرما چاپان كىيىپ، بېلىنى كەندىر تانا بىلەن باغلىۋالغانىدى. چېكە چاچلىرى ئاقارغان بېشىمۇ پاخماق ئىدى، شۇڭا ئۇنى كۆرگەنلەر تازا بىر بىجىنبوش خوتۇن ئوخشايدۇ، دەپ ھېس قىلىشاتتى.

**بىچارە** سۈپ [پ] ① چارە، ئامالى يوق؛ چارىسىز، ئامالسىز، ئىلاجىسىز: ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەن بۆرە قوزىنى كۆرمەي قېلىپتۇ، بىراق كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان ئاچ بۆرىنى كۆرگەن بىچارە قوزا قورققىنىدىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ. * دادىسىنىڭ مۇبارەك يۈزىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغان بىچارە ئوغۇل راست غېرىب بولۇپ قالدى. ② ماددىي ئەھۋالى ئېغىر، موھتاجلىقتا، قىيىنچىلىقتا كۈن كەچۈرىدىغان كەمبەغەل: بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بار ئىكەن، بىراق، ئۇ ناھايىتى كەمبەغەل ئىكەن، كەمبەغەل بولغاندىمۇ ھېچ نەرسىسى يوق بىچارە ئىكەن. ③ «بەختسىز»، «بىتەلەي» دېگەن مەنىدە، ئايانچ ۋە ئېچىنىشنى بىلدۈرىدۇ: ۋاي بىچارە. * يامان بوپتۇغۇ، بۇ بىچارە ئايالنىڭ پۈتۈن بەدىنى قانغا بويىلىپتۇ. * بىچارە كالام ئاغرىپ قېلىپتۇ.

**بىچارىلەشمەك** پ. بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق، بىچارە بولۇپ كەتمەك: تۆمۈر ئەسلىدە خېلى قول ئىلكىدە بار كىشى ئىدى، نېمە

ئۈچۈندۇ كېيىن بىردىنلا بىچارىلىشىپ، ئاران-ئاران كۈن كەچۈرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

**بىچارىلىك** «بىچارە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**بىچاغ** سۈپ. دىئال. ۋاقىتسىز، خالىغان چاغدا.

**بىچەل** سۈپ. ئوڭۇشسىز، قولايسىز: بۇمۇ ئۇيقۇسىزلىقتىن كاڭگىراپ بولۇۋاتقان ئالامەت ئەمەستۇ، قايسى كۈنكى ئىشمۇ مۇشۇنداق بىچەل ۋاقىتتا كۆزۈمگە كۆرۈنگەن.

**بىچىقىم** سۈپ. چىقىم، خىراجەت تەلەپ قىلمايدىغان؛ چىقىمسىز.

**بىچىم** ئى. دىئال. ئادەم يۈزىدىكى ياكى ئالقىنىدىكى سىزىقچىلار.

**بىخ** [پ] ئى ① ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىز، غول ۋە شاخلىرىدىن يېڭى ئۆسۈپ چىققان قىسمى، تېرىلغان ئۇرۇقلاردىن چىققان ئۈندۈرمە: بىخ سۈرمەك. بىخ چىقارماق. * — ھېلىغۇ بىرلا مىس باش پادىشاھ ئىكەن. پۈتۈن يەر يۈزىنى ئەنە شۇنداق مىس باشلار قاپلاپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇلارنى بىخىدىن يوقىتىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، — دەپ ئۇ مەككار پو ئېتىپ شاھنى ئىشەندۈرۈپتۇ. ② سۈپ <بىئول> بىخ ھالەتتىكى، يېڭى: بىخ سپورا. ③ كۆچمە. ئى مەيدانغا كەلگەن يېڭى يۈزلىنىش، خاھىش: يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا كاپىتالىستىك خاراكتېر ئالدۇرغان بۇ زىددىيەت ھازىرقى زاماندىكى بارلىق توقۇنۇشلارنىڭ بىخلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**بىخ تەڭگىچىسى** <بوت> بىخنىڭ سىرتىنى ئوراپ، ئۇنى قوغداش رولىنى ئوينايدىغان، شەكلى تەڭگىگە ئوخشايدىغان، شەكلى ئۆزگەرگەن يوپۇرماق.

**بىخ چىقارماق** <بىئول> بەزى تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىخلىغان تەنچىسى ئۆسمەك.

**بىخ چىقىرىپ كۆپىيىش** <بىئول> بەزى تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانلارنىڭ بىر خىل جىنسىسىز كۆپىيىش شەكلى. مۇنداق كۆپىيىشتە ئانىلىق تەندىن ئۆسۈپ چىققان يەككە تەن شەكىل جەھەتتىن ئانىلىق تەن بىلەن ئوخشاش، ئەمما چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاشمايدۇ. ئۇ ئاجراپ چۈشكەندىن كېيىن مۇستەقىل يەككە تەنلەرگە ئايلىنىدۇ.

**بىخ سپورا** <بىئول> بەزى تاياقسىمان باكتېرىيەلەر ھۈجەيرىسىنىڭ ئىچىدە شەكىللىنىدىغان تۇخۇمسىمان ياكى دۈگىلەك سپورا. بۇ خىل سپورا تەبىئىي شارائىتتا ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىنىدۇ، مۇۋاپىق شارائىتتا بىخ سپورا يېرىلىپ يېڭى باكتېرىيە ئۆسۈپ چىقىدۇ.

**بىخ سۈرمەك → بىخ يېرىپ چىقماق**: بۇغداي ئۇرۇقلىرى بىخ سۈرۈپ ئاي ئۆتۈپ يېشىل مايسا ئېتىزغا پاتماي قالدى. * كېيىن ئۇ قەبرىمۇ قاتۇرۇلمىغان، ئارقار ياكى قوچقار مۈڭگۈزىگە ئوخشاش نەرسىلەرمۇ قويۇلمىغان، پەقەت بىرقانچە تال ياش يۇلغۇن نوتىسى بىخ سۈرۈپ چىققان ئاددىي تۇپراق بېشىغا كېلىپ توختىدى.

**بىخ ئۇرماق → بىخ يېرىپ چىقماق**: دەل-دەرەخلەر بىخ ئۇردى. * 1902-يىلى روسىيە ئىنقىلابى ئەمدىلا بىخ ئۇرۇۋاتقان چاغ ئىدى. * قىزنىڭ قەلبىدە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا-بارا ھاياتنى كۆچكە ئىگە بىر تۇيغۇ بىخ ئۇرۇشقا باشلىدى.

**بىخ ئۇلاق** <بوت> ئۇلاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. بۇنىڭدا، ئۆسۈملۈكنىڭ ياش بىخى ئۇلاق تۈپىگە سانجىپ قويۇلىدۇ.

**بىخ يېرىپ چىقماق** ① بىخ ئۇرۇقنى ياكى نوتا كۆزلىرىنى يېرىپ چىقماق: توختاخۇننىڭ ئون مو يەرگە قەلەمچە قىلىپ قويغان كۆچىتىنىڭ ئالدى 4-ئايدىلا بىخ يېرىپ چىقىپتۇ. ② كۆچمە. پەيدا بولماق، يۈز بەرمەك: بۇ كىچىككىنە ئىشتىن بوۋاي كىچىك ئوغلى قادىرنىڭ ئىدىيەسىدە بەزىبىر بولمىغۇر خاھىشلارنىڭ بىخ يېرىپ

چىقۋاتقانلىقىنى سىزىپ قالغانىدى.

**بىخانىمان** سۈپ [پ] يېزىت. ئۆي ـ ماكانىدىن، ئائىلىسىدىن ئايرىلغان؛ ئۆي ـ ماكانسىز: هالقا ـ هالقا زۇلپىنى بوينۇمغا ئەيلەپ كەمەن، ئاقۋەت بىخانىمان ئەيلەپ گادا ئۆلتۈرگۈدەك.

**بىخەتەر** سۈپ [پ+ئە] خەۋپ ـ خەتەردىن خالىي، زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان، قورقۇنچىسىز، خەتەرسىز: بىخەتەر ساندۇق.
* شوپۇرلار بىر ئېغىزدىن قوشۇلۇپ: ـــ روزى 20 مىڭ كىلومېتىر بىخەتەر يول يۈرگەن شوپۇر، ئۇنىڭغا يېڭى ماشىنا بېرىش كېرەك، ـــ دېيىشتى.
* ماشىنا بىخەتەر يول يۈرۈۋاتىدۇ.

**بىخەتەر ساندۇق** مالىيە، بانكا قاتارلىق تارماقلار نەق پۇل ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر خىل پولات ساندۇق.

**بىخەتەر ئېلېكتر بېسىمى** <ئېل> ئادەمنى سوقۇپ ۋەقە سادىر قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى توك بېسىمى. بۇ ئادەتتە 36 ۋولتتىن تۆۋەن بولىدۇ.

**بىخەتەرلەشتۈرمەك** «بىخەتەرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سېخ رەهبەرلىكى ئىشچىلارنىڭ تېخنىك يېڭىلاش روهىنى ئۇرغۇتۇپ يېقىندا بازغان باشقۇرۇشنى بىخەتەرلەشتۈردى.

**بىخەتەرلەشمەك** پ. خەتىرى يوقالماق، خەتەرسىز هالەتكە كەلمەك: ئائىلىلەردە ئىشلىتىدىغان گاز ئوچاق هازىر تېخىمۇ بىخەتەرلەشتى.

**بىخەتەرلىك** «بىخەتەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىخەتەرلىك تورى. بىخەرلىك قالپىقى.
* بۇ قېتىمقى ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئېگىزگە سەكرەش تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدا دوستلۇق ۋە بىخەتەرلىك بىرىنچى، مۇسابىقە ئىككىنچى دېگەن ئىدىيە ئاساسلىق گەۋدىلەندۈرۈلدى.

**بىخەتەرلىك ئەينىكى** <سانا> <بىن> قاتناش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئىمارەتلەردە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالاهىدە ئىشلەنگەن، ئاسان سۇنمايدىغان، سۇنغان تەقدىردىمۇ، ئوڭاي ئۇۋۇلۇپ چۇشۇپ كەتمەيدىغان چىداملىق ئەينەك.

**بىخەتەرلىك تورى** <بىن> ئېگىز قۇرۇلۇشلارنى سالغاندا ۋە ئېگىزلىكتە ماهارەت كۆرسەتكەن ۋاقىتتا، خېيىم ـ خەتەر چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىنانىڭ يان تەرىپىگە ياكى تۆۋەنرەك قىسمىغا تارتىلىدىغان چىداملىق يىپ تور.

**بىخەتەرلىك سىمى** <ئېل> ئېلېكتر يولىدىكى ئېهتىيات قۇرۇلمىسىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۆتكۈزگۈچ سىم. ئادەتتە قوغۇشۇن، قەلەي قاتارلىق ئېرىش نۇقتىسى تۆۋەن بولغان قېتىشمىلار ياكى ئىنچىكە مىس سىم، مىس ـ كۈمۈش قېتىشما سىملاردىن ياسىلىدۇ. ئېلېكتر يولىدىكى توك چەكلىمىدىن ئېشىپ كەتكەندە، سىم كۆيۈپ ئۈزۈلىدۇ. نەتىجىدە ئېلېكتر يولىمۇ ئۈزۈلۈپ، ئوت ئاپىتىدىن ياكى ئېلېكتر ئەسۋابلىرىنىڭ كۆيۈپ بۇزۇلۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**بىخەتەرلىك قالپىقى** <بىن> كان ياكى قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ بېشىنى خەتەردىن ساقلاش ئۈچۈن ئىش ۋاقىتلىرىدا كىيىۋالىدىغان پولات قالپاق.

**بىخەتەرلىك كىيىمى** مەشغۇلات جەريانىدا كىيىش ئۈچۈن ئالاهىدە ئىشلەنگەن، خەتەردىن ساقلىنىش، قوغدىنىش كىيىمى.

**بىخەتەر ئىشىك** <بىن> جىددىي ئەهۋاللار يۈز بەرگەندە، ئىمارەت ئىچىدىكى كىشلەرنىڭ تېزدىن سىرتقا چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن قويۇلغان ئىشىك.

**بىخەستە** سۈپ [پ] دىققەتسىز، بىخۇد، بىپەرۋا، پەرۋاسىز: ئۇ، ئېرىنىڭ بىخەستە تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، تۇيدۇرماي ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئۆز ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە توشۇپ كېتىپتۇ.
* تۇرغۇن بىرىنچى بولۇپ بىخەستە تۇرغان رەجەپنىڭ سول چېكىسىنىڭ سەل تۆۋەن تەرىپىگە

بىر مۇشت ئۇردى.

**بىخەستەلىك** «بىخەستە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: رەيھانگۇل بىخەستەلىك قىلىپ مۇھىم خەتنى ئەخلەت بىلەن بىرگە قوشۇپ سۈپۈرۈندى ئارىسىغا تاشلىۋېتىپتۇ.

**بىخەستەلىك قىلماق** دىققەتسىزلىك، بىخۇدلۇق، بىپەرۋالىق قىلماق: ھېمىتنىڭ دادىسى پات-پاتلا: — بالام، ئاۋۇ يېڭى ئۇلاقنى ئاۋايلىغىن، سەللا بىخەستەلىك قىلساڭ، يېرىلىپ كەتسە، ئەجرىمىز بىكار كېتىدۇ، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قوياتتى.

**بىخەۋەر** سۈپ [پ+ئە] ① خەۋاردار بولمىغان، خەۋىرى يوق، خەۋەرسىز: ئۇ زىۋەرشانىڭ ھازىرقى ھالىدىن بىخەۋەر ئىدى. ② مەلۇماتى يوق، بىلىمى ياكى چۈشەنچىسى بولمىغان، بىلىمسىز: يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن دۇنيادىن بىخەۋەر، نادان يانچىلارغا قارىغاندا، مەدەنىيەتلىكرەك، پەملىكرەك بولۇشنى، ماشىنىلارنى بىلىدىغان ۋە ئۇلارنى توغرا ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**بىخەۋەرلىك** «بىخەۋەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — كەچۈرۈڭ، — دېدى ئامىنە مۇئەللىم، يېنىدا ئۆكسۈپ يىغلاپتۇرغان ئايالغا، — سىزنىڭ بۇ ۋەقەدىن بىخەۋەرلىكىڭىزنى بىلمەي دەپ ساپتىمىز.

**بىخسىمان** سۈپ. شەكلى بىخقا ئوخشايدىغان: بىخسىمان تەنە.

**بىخسىمان تەنە** <بىئول> تۆۋەن دەرىجىلىك جانلىقلاردىكى كۆپىيىشى بىخقا ئوخشايدىغان تەنە يەنى بىخ شەكىللىك تەنە.

**بىخلاندۇرماق** «بىخلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىخلانماق** «بىخلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ياكىيو ئەتىيازدا ئىسسىق ئۆيدە تۇرۇپ قالسا، ئاسان بىخلىنىپ قالىدۇ.

**بىخلىماق** پ <دېھ> ئۇرۇق تۆرەلمىلىرى يېتىلىپ ئۇرۇق پوستىنى يېرىپ چىقماق؛ دەرەخلەرنىڭ يىلتىز ۋە غول شاخلىرى بىخ چىقارماق، بىخ ئۇرماق، بىخ سۈرمەك: — كىشىلەر ھەقىقىي مۇھەببەت بىر ئۆمۈر يېتىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ، دېيىشكەن، بىزنىڭچۇ يېرىم يىل بولمايلا گۈلىمىزنىڭ يوپۇرماقلىرى سولىشىپ، قۇرۇلۇشقا باشلىدى. قەلبىم بېغىدا باشقا بىر غۇنچە بىخلىدى، — دەپ داۋاملاشتۇردى خېتىنى مەھەممەت.

**بىخلىنىپ ئۆسكەن ئورمان** كېسىلگەن دەرەخ كۆتىكىدىن بىخلىنىپ ھاسىل بولغان ئورمان.

**بىخلىنىش** «بىخلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**بىخلىنىش پوتېنسىئالى** <بوت> ئۇرۇقنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىكى ئۈنۈش نىسبىتى. مەسىلەن: ئۈچ كۈن ئىچىدە 100 ئۇرۇقنىڭ 80 نى بىخلانسا، بۇ خىل ئۇرۇقنىڭ ئۈچ كۈن ئىچىدىكى بىخلىنىش پوتېنسىئالى 80 پىرسەنت بولىدۇ.

**بىخۇد** سۈپ [پ] ① خۇدى يوق، ھوشيار ئەمەس، بىپەرۋا، بىخەستە: بىخۇد يۈرمەك. * بىز ھەر دائىم دۈشمەننى بىخۇد دەپ ھېسابلىماسلىقىمىز لازىم. * كۆپ يىغايلى ئوغۇتنى، ئويغىتايلى بىخۇدنى، يارىتايلى رېكورتنى، تۇرمۇش بولسۇن پاراۋان.

**بىخۇدلاشتۇرماق** «بىخۇدلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خەلقنى زەھەرلەيدىغان، بىخۇدلاشتۇرىدىغان ئەپيۇن، نەشە قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە قارشى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم.

**بىخۇدلاشتۇرۇلماق** «بىخۇدلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئۆزىنىڭ شىرە ئۈستىدىكى بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن بىخۇدلاشتۇرۇلغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى.

**بىخۇدلاشماق** پ. بىخۇد ئەھۋالغا كەلمەك: ئادەم ئۆزىنىڭ بىخۇدلىشىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ.

**بىخۇدلۇق** «بىخۇد» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ: — ئاتا-بوۋامنىڭ بۇ ھېكمەتلىك گېپىنى قۇلاققا ئالماي، بىخۇدلۇق قىلىپ، مەككار چاشقان بىلەن ئاپاق-چاپاق دوست بولغاننىڭ جازاسىنى تارتتىم، — دەپ نالە-پەرياد قىلىپ ۋارقىراپتۇ.

**بىخۇدلۇق قىلماق** ① بىپەرۋالىق، دىققەتسىزلىك، بىخەستەلىك قىلماق: ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىنى قۇلاققا ئالماي، بۇ ئىشتا بىخۇدلۇق قىلدى.

**بىخۇدۇك** رەۋ [پ] خۇدۇكسىرىماي، خۇدۇكسىز: بۈگۈن كەچتە قويۇلىدىغان «تاھىر-زۆھرە» ئوپېراسىنىڭ سەھنە تەييارلىقىغا ۋە باشقا خىزمەتلەرگە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن يېتەرلىك ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇق. مېھمانلىرىمىزنىڭ بىخۇدۇك ئولتۇرۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز، — دېدى سەھنە باشقۇرغۇچى تاماشىبىنلارغا.

**بىخۇدۇكلۇك** «بىخۇدۇك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**بىداد** رەۋ [پ] يېزت ← **بىداد بولماق**.

**بىداد بولماق** ھېچبىر كىشىگە داد، ئەرز، شىكايەت قىلالماي نائىلاج قالماق: دادام كونا جەمئىيەتتە تولىمۇ بىداد بولۇپ ھەممە دەرد-ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆلگەنىكەن. بىز ئەقلىمىزگە كېلىپ ئاندىن بۇنى بىلدۇق.

**بىدادلىق** «بىداد» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىراۋلار داد دېدى زالاپ زاماندىن، بۇ بىدادلىق بىلەن زۇلمى ياماندىن. * ئايا چەرخ، قىل بۇ نۆۋەت بىر مۇرۇۋۋەت، زۇلۇم، بىدادلىقىڭنى قوي بۇ نۆۋەت. يېتەر شۇنچە ئۇنى كۆيدۈرگىنىڭمۇ، پىراق بىلەن تىرىك ئۆلتۈرگىنىڭمۇ؟

**بىدار** سۈپ [پ] يېزت ① ئۇيقۇغا كەتمىگەن، ئۇيقۇسىز، ئويغاق: تۈنلەر بىدار، تىقىپ قويىنىغا، ئۇزاق-ئۇزاق يۇراپ چىقاتتى. نەۋرىسىنىڭ يېتىم ھالىتى، يۈرىكىگە نەشتەر تىقاتتى. ② كۆچمە. **ھوشيار، سەگەك، زېرەك:** مەرىپەتنىڭ نۇردىمۇ ھۇقۇش ئۈچۈن جان قايغۇسى، مەرىپەتسىز دىلدا غەپلەت ھۇقۇشى بىداردۇر. * ئابدۇخالىق، كۈن ۋە تۈنلەر ئۇيقۇدىن بىدارسەن، خۇددى بىر پەرۋانە بول، كەتمە لېكىن نۇردىن يىراق. * بۇلبۇلى بىچارەسەن گۈل ئىشقىدا پەريادى قىل، ئاشىقى سەرگەشتە بولساڭ ئۇيقۇنى بىدارى قىل.

**بىدار بولماق ئۇيقۇسىز تۇرماق، ئۇخلىماي سەگەك تۇرماق:** كېچىلەردە بىدار بولغان، ئاق سۈتىنى دائىم بەرگەن، كامالىغا يېتىشتۈرگەن، مېھرىبانىم قايداسەن.

**بىدارلىق** "بىدار" سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: نەچچە كۈن بولدى جاراھەتتە روھى-جىسمىم زەئىپ، ئەيلىبان يار كويىدا سۈبھى-شام بىدارلىق.

**بىدانە** ئى [پ] ئۇرۇقسىز قارا كىشمىش ئۈزۈم: باغدا مەن، مىڭ چۆرۈلۈپ چۈشتى شېخى بىدانە دەپ، سىز مېنى يار ئەتمىدىڭىز ئەقلى كىچىك نادانى دەپ.

**بىداۋا** سۈپ [پ+ئە] داۋاسى يوق، داۋاسىز، ساقايمايدىغان: بىداۋا ئاغرىق. بىداۋا كىشى. * چۈنكى ئۇ زۇلمەت-جاھالەتنىڭ تەلەپكار جارچىسى، ئايرىلىپ قالسا ئۇنىڭدىن، بىداۋا بىماردۇر. * بەردى خەتەرگە تۇمانلىق ھاۋا، دىللارغا دەردىنى قويدى بىداۋا.

**بىداياق** ئى <بوت> **باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يىلتىزسىمان غولى ئۇزۇن، يوپۇرمىقى قېلىن، قاتتىق ۋە ياپىلاق كېلىدۇ، قۇرۇغاندا يۆگىشىپ قالىدۇ؛ گۈلى باشاقسىمان گۈل رېتىگە كىرىدۇ. ئۇ چارۋىچىلىقتا ئالىي سورتلۇق ئوت-چۆپ؛ يېزا ئىگىلىكىدە بولسا قۇمنى تۇراقلاشتۇرغۇچى ئاكتىپ ئۆسۈملۈك ھېسابلىنىدۇ.**

**بىدئەت** ئى [ئە] <دىن> **دىنغا خىلاپ يېڭىلىق، دىندا كېيىن پەيدا بولغان نەرسە:** موللامنىڭ غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلىدى، شۇڭا مۇنداق بىدئەت سوئاللارنى سورىغۇچىلارغا ئىبرەت قىلىش غەرىزىدە غەزەپلىك ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى.

**بىدئەتچى** ئى <دىن> **دىنغا خىلاپ يېڭىلىق-**

www.uyghurkitap.com

لارنى كىرگۈزۈش تەرەپدارى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن كىشى.

**بىدئەتچىلىك** ئى <دىن> بىدئەتچىلەر ۋە بىدئەتكە بېرىلگەنلەرگە خاس ھەرىكەت ۋە خاراكتېر: بەزىلەر ئازادلىقتىن بۇرۇن شاڭخەيدە ئوقۇغانلارنى: — شاڭخەيدىكى مەكتەپلەردە بىدئەتچىلىك تېخىمۇ ئېغىر، ئۇ يەردە ئوقۇغانلار بىر بولسا ئۆكتەم بايۋەچچە بولۇپ چىقىدۇ، بىر بولسا ئۇچىغا چىققان تاياقچى بولۇپ چىقىدۇ، — دېيىشەتتى.

**بىدەرمان** سۈپ [پ] يېزت. دەرمانى، كۈچى، ماغدۇرى يوق؛ قۇۋۋەتسىز، ھالسىز، زەئىپ، دەرمانسىز: مىڭبىر تەسلىكتە، مىڭبىر جاپادا «يولچى»نى ئېلىپ چىقتى قىرغاققا ئامان، بىراق قاتتىق ئۇرۇلغان دولقۇن شۇ چاغدا، ئېلىپ كەتتى يىگىتنى بۇندىن بىدەرمان.

**بىدېرەك** سۈپ [پ+ئە] يېزت. ھېچقانداق خەت-خەۋەرسىز، ئىز-دېرىكى يوق، دېرەكسىز: بىدېرەك كەتتىم.

**بىر** ① سان <مات> ئەڭ كىچىك ساناق سان ۋە بۇ ساننى ئىپادىلىگەن «1» رەقىمى: گەپ بىر، قۇلاق ئىككى (ماقال). * بىرنى بىرگە قوشسا ئىككى بولىدۇ. ② ئى. ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى «ى، سى» بىلەن كېلىپ مەلۇم بىر «كىشى، ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىرىدىن قۇتۇلۇپ ئونىغا تۇتۇلدۇم (ماقال). * — ئىشىك ئالدىدا بىرسى سىلە بىلەن كۆرۈشەتتىم دەپ تۇرىدۇ، كىرسۇنمۇ؟ — دەپ سورىدى خىزمەتچى ئايال باشلىقتىن. ③ ئال. ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ «شۇ»، «مۇشۇ»، «ئوخشاش بىر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ھېيتەم ئەر-خوتۇن بىر مەكتەپتە ئىشلەيدۇ. * ھەمدۇلنىڭ ئىككى بالىسى بىر سىنىپتا ئوقۇيدۇ. * مېھراي نازاكەت بىلەن قەشقەردىن بىر ئايروپىلاندا كەلدى. ④ ئال. ئېنىقسىز قوشۇمچە ۋەزىپىسىدە كېلىپ «قانداقتۇر، ئاللىقانداق، قايسىدۇر، قاچاندۇر»غا ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىركۈنى. بىرئاخشىمى سىزنى بىر ئادەم ئىزدەپ كەلگەندى، سىز يوق، ئۇ كېتىپ قالدى. * — سەن بىر ئامال قىلىپ، ئەمەتنىڭ كېسىلىنىڭ ئەھۋالىنى ئانىسىغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن، — دېدى زايىت ئوغلىغا. * بىرچاغلاردا ئۇلار قانداقراق ئادەم بولۇشنى ئۆزلىرىچە تاللايتتى، يە ئانداق، يە مۇنداق ئادەم بولسامىكەن دەپ ئارزۇ قىلاتتى. ⑤ پېئىللارنىڭ ئالدىدا ھالەت بولۇپ كېلىپ ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: بۇ خەۋەر مەھەللىگە بىر كەلدى. * چېرىك مەسخىرە قىلغاندا غەلىتە بىر كۈلدى. * — قاراڭلار، ئاۋۇ غازلارنىڭ ئەقىللىقلىقىنى! پاقىنى بىرئوبدانلا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى! — دېيىشىپتۇ قاراپ تۇرغان كىشىلەر. ⑥ «كىم»، «نېمە» سوئال ئالماشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئېنىقسىز ئالماش رولىدا كېلىدۇ: ئايكۆل يولدا تونۇش بىركىم ئۇچراپ قالسا بولاتتى، دەپ پات-پاتلا ئەتراپىغا قاراپ قوياتتى. * — بىرنېمە دېگەندەك قىلىۋىدى، ئىسمىدىن چىقىپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى زەينەپ ئاچىنىڭ: — ئاكاڭ نېمە دېدى، — دېگەن سوئالىغا. ⑦ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىپ ئېنىقلانغۇچىنى گەۋدىلەندۈرۈش، بەلگە ۋە خۇسۇسىيىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بىر مەسىلە. * ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل بىر ئادەم ئىكەن. * بۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر كۈن. * ئۇ، بىرئوبدان بالا. * بۇ بىرچىرايلىق رەسىم. ⑧ «يالغۇز»، «پەقەت» دېگەن مەنىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: ئوقۇتقۇچى: — ھەممە ئوقۇغۇچىلار دەرسنى چۈشەندى، بىر سەنغىنا چۈشەنمىدىڭمۇ؟ — دېدى. * بۇ ئىشنى بىر تۇرسۇنلا بىلىدۇ، باشقىلار بىلمەيدۇ. ⑨ ئىسىملىق جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ «ئورتاق»، «ئوخشاش» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: ئەرەبلەر 23 دۆلەت ۋە رايونغا بۆلۈنگەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تىلى بىر، يېزىقى بىر، ئېتىقادى بىر. ⑩ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ سۆز ياساش رولىنى ئوينايدۇ: بىرۋاقىت. بىرمەھەل. بىر تەرەپ. بىر قاتار.

بىرئاز. بىرقۇر. ⑪ «بىردە»، «بەزىدە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ، «ئايرىغۇچى»، «باغلىغۇچى» ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ: — بىر ئۇنداق دەپ، بىر بۇنداق دەپ دىققىتىمنى چېچىۋەتتىڭىز ئەپەندىم، گېپىڭىز بولسا بىر قىلىڭ، ئىشىڭىز بولسا دەپلا قويۇڭ، كاسىپ ئادەمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماڭ، — دەپتۇ ھەسەن زەگەر.

**بىر ئات، بىر قامچا** ئات، قامچا بىلەنلا سەپەرگە چىققان، ئارتۇق يۈك-تاق ئالمىغان.

**بىر ئاسماندىن، بىر يەردىن** ← **بىر تاغدىن، بىر باغدىن.**

**بىر ئاش پىشىم** بىر قېتىم ئاش پىشقۇچىلىك ۋاقىت، پۇرسەت: بىز كىنو كۆرگىلى كىنوخانىغا بېرىپ، بىر ئاش پىشىم ئولتۇرغاندىن كېيىن، كىنو باشلاندى. * لەيلىگۈل: — نېمىشقا ئىشىم بولمىسۇن، مەن سىزنى ئىزدەپ يۈرگەنگە بىر ئاش پىشىم بولدى، — دېدى.

**بىر ئالماق** بىرەر ئورۇننىڭ ھەممە يېرىنى پۈتۈنلەي قاپلىماق؛ ئىگىلىمەك، ھەممە يېرىگە تارالماق، بىركەلمەك: چۆچەكلەردىكى يەتتە باشلىق ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن پۈركىلىپ چىقىۋاتقان ئوتقا ئوخشاش تۈن قوينىنى يېرىپ ئاسمانغا يامراپ كېتىۋاتقان يالقۇننى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ قىيا-چىيا ئاۋازلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. * كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سېتىۋاتقان سامسا، كاۋاپ، پەرمۇدىلەرنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كوچىنى بىر ئالغاندى.

**بىر ئامال قىلماق** قولىنىشقا تېگىشلىك چارە-تەدبىرنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىپ باقماق، بىر ئىلاج قىلماق، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىرەر چارە-تەدبىر ئىزدەپ تاپماق: ئەركىن ئاخىرى بىر ئامال قىلىپ تۈرمىدىن قېچىپ كەتتى.

**بىر ئاۋازدىن** ھەممەيلەننىڭ بىردەك ئاۋاز بېرىشى بىلەن، قارشىلىقسىز، بىر ئېغىزدىن: بۇ قېتىمقى قارار، بىر ئاۋازدىن ماقۇللاندى.



**بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم** <ئار> بىر ئەر بىر ئايال بىلەن ئەر-خوتۇن بولۇپ ئۆتىدىغان نىكاھ ۋە ئائىلە شەكلى.

**بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم** <مات> فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى بىر ئەرنىڭ بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە ئايال بىلەن ئەر-خوتۇن بولۇپ ئۆتىدىغان نىكاھ ۋە ئائىلە شەكلى.

**بىر ئەزالىق** <مات> قوشۇش ۋە ئېلىش ئەمەلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان پۈتۈن ئىپادە. مەسىلەن: $2x$، $\frac{2}{3}a^2$ قاتارلىقلار.

**بىر ئەزالىق ئىپادە** <مات> ← **بىر ئەزالىق.**

**بىر بار ئىكەن، بىر يوق ئىكەن** ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەك ئېيتىش ئادىتىدە چۆچەكنى باشلايدىغان ئىبارە: بىر بار ئىكەن، بىر يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن.

**بىر باشتىن** ① باشلىنىدىغان جايىدىن: تەھرىر ئالدىغا تىزىلغان ماقالىلارنى بىر باشتىن كۆرۈپ تۈزىتىشكە كىرىشتى. * دولقۇن ھېكايىسىنى بىر باشتىن سۆزلىگىلى تۇرۇۋىدى، ھېكايىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار يېرىم كېچە بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. ② بىر تەرەپتىن، بىر ياقتىن، تەرتىپى بىلەن: ئاپتوبۇس ئالدىغا توپلانغانلار بىر باشتىن كىرىشكە باشلىدى.

**بىر باشقا ئېلىپ چىقماق** بىر ئىشنى تۈگەنچە، ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرماق؛ ۋۇجۇدقا چىقارماق؛ ئىشقا ئاشۇرماق: — سادىر، مەن سىز بىلەن مەڭگۈ ئۆي بولىمەن. بىراق بۇ يەردىكى ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقماي، ھېچ يەرگە بارمايمەن، — دېدى گۈلخان تىترەك ئاۋازدا.

**بىر باغدىن، بىر تاغدىن** قولاشمىغان، باغلاشمىغان، رەتسىز، چۇۋالچاق (گەپ-سۆز ھەققىدە): ئۇ ئوتتۇز سەككىزگە كىرگىنىگە قارىماي بىر باغدىن-بىر تاغدىن سۆزلەۋاتقان يىگىتنىڭ

باش - ئاخىرى يوق گېپىنى بۆلدى.

**بىر بايراق ئاستىدا** بىر مەقسەت، بىر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا: ئۇلار بىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يەنى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ 1866 - يىلدىكى جەنۋە قۇرۇلتىيى ئېلان قىلغان ۋە كېيىن يەنى 1889 - يىلدىكى پارىژ ئىشچىلار قۇرۇلتىيى قايتا ئېلان قىلغان سەككىز سائەتلىك نورمال ئىش كۈنىنى قانۇندا بېكىتىش ئۈچۈن، بىر بايراق ئاستىدا سەپەرۋەرلىككە كېلىپ بىر قوشۇن بولدى.

**بىر بوغۇملۇق سۆز** <تىل> «مەن، سەن، بار...»غا ئوخشاش پەقەت بىرلا بوغۇمدىن ئىبارەت بولغان سۆز.

**بىر بولماق** ① بىرلەشمەك، بىر جان - بىر تەن بولماق: بەزىدە خامباس ئۇيۇنلىرىنى ئويناپ، ھەممىسى بىر بولۇپمۇ سادىرنى باسالمايتتى. ② كۆچمە. بىر خىل، ماس، مۇۋاپىق بولماق: ئۇنىڭ دېگىنى بىلەن قىلغى ئەمەلىيەتتە بىر بولمىغاچقا كۆپچىلىك ئۇنى ياقتۇرمىغاندى.

**بىر بۇردا** كىچىككىنە بىر پارچە، بىر چىشلەم: بىر بۇردا نان. • بىر بۇردا ناننى ئالدى ھۆسەن شۇندا، بىر ئوتلام ئوتلىۋالدى قېنىق چاينى. ۋاراقلاپ كىتابنى بىر قولىدا، قېرىنداش بىلەن سىزدى مۇھىم جاينى.

**بىر بۇرۇندىن نەپەس ئالماق** سۆز - ھەرىكەت ۋە يۈرۈش - تۇرۇشتا تولۇق ماسلىشىۋالماق، بىر ئادەمدەك بولۇپ كەتمەك: ئۇلار بىر بۇرۇندىن نەپەس ئالىدىغان ئادەملەر.

**بىر بۆلەك** بىر قىسىم، بىر تۈركۈم: خەلقنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئارمىيەدىن، پارتىزان يىگىتلەردىن بىر بۆلەك ئادەم ئېلىندى. • مەن ئۇنىڭ چوقۇم ئاغىنىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە، پىلاندىن سىرت بىر بۆلەك ئوغۇت قوشۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم.

**بىر بۆلۈم** ① بىر بۆلەك، بىر قىسىم: ئۇ بىر بۆلۈم ئوقۇغۇچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، ناھىيە بويىچە زاۋۇتتا ئېچىلغان تېخنىكا كۇرسىدا لايىھەلەش كەسپىدىن دەرس ئۆتۈۋاتاتتى. ② ئوخشاش بۆلۈم. شۇ بۆلۈم: شاھزادەم بىر بۆلۈمدە ئىشلەيدىغان دوستى ئامىنىنىڭ توي ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت سورىدى.

**بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ** ئاستا - ئاستا، ئالدىرىماي، سالماق قەدەم بىلەن: 105 - نومۇرلۇق تۈۋرۈك بار كوچا شەھەر سىرتىغىراق تۇغرا كېلەتتى. ماھمۇر بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، ئاشۇ ھەم تار، ھەم چوڭقۇر كوچا دوقمۇشىغا يېتىپ كەلدى.

**بىر بېشىمغا** بىر يالغۇز ئۆزەم ئۈچۈن: بەزى چاغلاردا كىچىك ئاخۇننىڭ ئۆزى گۆش، كۆكتات ۋە ئۇن كۆتۈرۈپ كېلىپ: — گۈلنارخان تاماق قىلسىڭىز بولارنى قوشۇۋەتسىڭىز، مەن بىر بېشىمغا قازان قاينىتىمەن دەپ نەلەردە يۈرەي، — دەيتتى.

**بىر پاتمان** ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى جىق، نۇرغۇن: بىر پاتمان ئىش. بىر پاتمان گەپ. • ئۇ پۇتلىرىنى بىر پاتمان يۈكنى كۆتۈرگەندەك ئاران يۆتكەيتتى. ئۇنىڭ ئارام ئالغۇسى، پۇت - قوللىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتقۇسى كېلەتتى.

**بىر پار كىيىم** ← بىر قۇر كىيىم.

**بىر پالاقلىق قولۋاق** <تەن> شەكلى تۇلۇم قېيىققا ئوخشايدىغان، سېپى قىسقا بىر باشلىق پالاق بىلەن ھەيدەيدىغان قولۋاق. تەنتەربىيىدە بۇ خىل قولۋاقنى ھەيدەش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**بىر پەردىلىك سەھنە ئەسىرى** <تىيا> پەردە يۆتكەلمەيدىغان كىچىك تىپتىكى سەھنە ئەسىرى. كۆرۈنۈشى نىسبەتەن ئاددىي ۋە ئىخچام بولىدۇ.

**بىر پەللە** ① بىر دەرىجە، بىر بالداق: بىر پەللە كۆتۈرۈلمەك. • بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىش بولىسىمۇ، لېكىن بۇرۇندىن ئايرىلىپ

قالغان تۇرۇقلۇق، ئۇنى يەنە ئاتا - بوۋىمىزدىن تەۋەررۈك بولۇپ قالغان كېسەل دەپ، شۇنىڭ بىلەن خالايىق ئالدىدا ماختىنىدىغان ئادەملەرگە قارىغاندا ھەر ھالدا بىر پەللە ئۈستۈن تۇرىدۇ. ② مەلۇم بىرۋاقىت، بىرمەھەل، بىرمەزگىل: ئۇ بىر پەللە شۇنداق ئۇيىنىغاندىن كېيىن ئاقپاشا ئات مىنىشتىنمۇ زېرىكىپ، ئاتتىن چۈشتى - دە، ۋاگوننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

**بىر پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> ئۇرۇقىنىڭ تۆرەلمىسىدە بىرتال پەللە يوپۇرمىقى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر. مۇنداق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىز ۋە غوللىرىدا ھاسىل قىلغۇچى قەۋەت بولمايدۇ؛ يوپۇرمىقىدا پاراللېل تومۇرلىرى بولىدۇ؛ پەللە يوپۇرمىقى ناھايىتى كىچىك بولىدۇ. مەسىلەن: شال، بۇغداي، كۆممىقوناق قاتارلىقلار.

**بىر پوغا يارىمايدىغان** تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى يوق، ھېچ ئىشقا كېرەككە كەلمەيدىغان، ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان: ئۇنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى تەييارلىغان ماتېرىياللىرى بىر پوغا يارىمىدى.

**بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىماق** ئۆلۈمى يېقىنلىشىپ قالماق، ئۆمرى ئاز قالماق، قېرىماق: تاشۋاي رەھىم ئاخۇن ناۋاينىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسكە ئالدى: مەن بۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە بولسا، روھىمغا ئاتاپ بىر ئىككى كەلىمە قۇرئان ئوقۇتۇپ تۇرساڭ، بىر چاغلاردا ناۋاي ئاتام بار ئىدى، دەپ يادىڭغا ئالساڭ، ئەمدى بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغاندا، ماڭا يەنە ئۇنىڭدىن باشقا نېمە لازىم ئىدى؟!

**بىر پۇتى يەردە، بىر پۇتى گۆردە** ئۆلۈمى يېقىن، ئۆمرى ئاز قالغان: ئەخمەت قازى بىر پۇتى يەردە بىر پۇتى گۆردە تۇرۇقلۇق ئەتراپىدا رازىلىق بېرىپ دۇئا - تەكبىر قىلىۋاتقان جامائەتكە يەنە ئۆينىڭ ئالدىدىكى بىر پارچە يەرنى ئۆيگە قوشۇپ بېرىش ۋە باشقا مال - دۇنيا قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەۋاتاتتى.

**بىر پۇلۇڭ ← بىر تىيىن:** سەن ئەگەر ئەجدادىڭ ئىزدىسەڭ دوستۇم، ئەڭ ئاۋۋال ھاياتلىق ئەجرىگە قارا. قەبرىسى ھەيۋەتلىك، تۆھپىسى بىر پۇڭ بولسىزە دىللارغا چۈشىدۇ يارا.

**بىر پۇڭ بولماق ← بىر تىيىن بولماق.**

**بىر پۇڭنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرماق ← بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرماق.**

**بىر پۇڭ قىلماق ← بىر تىيىن قىلماق.**

**بىر پۇل ← بىر تىيىن.**

**بىر پۇل بولماق ← بىر تىيىن بولماق.**

**بىر پۇل قىلماق ← بىر تىيىن قىلماق.**

**بىر پۈتۈن** ئايرىم قىسىملارغا بۆلۈنمەيدىغان، ئومۇملاشتۇرۇلغان: شەيئىلەرنىڭ ھادىسىلىرى بىلەن ماھىيىتى ۋە بىلىش جەريانىدىكى ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بىلىش بىر پۈتۈن نەرسە، ھېسسىي بىلىش بولمىسا، ئەقلىي بىلىش ماتېرىيالسىز قالىدۇ.

**بىر تاپان يەر** ① بىر تاپان پاتقۇچىلىك يەر. ② كۆچمە. كىچىككىنە يەر: بۇ ئادەم ياۋاش، خۇدانىڭ مۆمىنى ھەم ياشانغان، بىر تاپان يېرى يوق كۆك نامرات. بۇ ئادەمنى نەگىلا ھەيدەپ بارغىنىڭ بىلەن خۇدانىڭ زارىدىن باشقا ھېچنېمە چىقمايدۇ.

**بىر تاتلىق** ① تاتلىقلا: — بۇ بىر تاتلىق قوغۇن ئىكەن، مۇشۇنداق قوغۇننى يېمەي نېمە يەيدىغاندۇ بۇ خەق، — دېدى موماي قوغۇننى يوق چىشلىرى بىلەن غاجاپ تۇرۇپ. ② كۆچمە. كۆڭۈلگە ياقىدىغان: بۇ ئۇكام بىر تاتلىق گەپ قىلدى. شۇنىڭ دېگىنىچە ئەتە بارايلى.

**بىر تاغار** ① ھەجىمى بىر تاغار كېلىدىغان. ② كۆچمە. ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن: بىر تاغار گەپ. * ئاچام ماڭا تۇرمۇشۇم توغرۇلۇق نەسىھەت بېرىمەن دەپ بىر تاغارلا گەپ قىلىۋەتتى.

**بىر تاغدىن، بىر باغدىن ← بىر باغدىن، بىر تاغدىن.**

**بىر تالاي** ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن، نۇرغۇنلىغان: ئادىل مۇئەللىم يەنە بىر تالاي تەسىرلىك سۆزلىرى بىلەن بەختىخانىغا تەسەللى

بېرىپ قايىل قىلدى.

**بىر تال موينى تەۋرىتەلمەسلىك** ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەسلىك، قىلچە زىيانغا ئۇچرىتالماسلىق: ــ سىز ئاغزىڭىزدا ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىمەن، ئۇنداق قىلىمەن، مۇنداق قىلىمەن دېگىنىڭىز بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بىر تال موينىمۇ تەۋرىتەلمەيسىز، ــ دەيتتى خوتۇنى ئېرىنى دەي ـ دەيگە سېلىپ.

**بىر تامچە** ① بىر تېمىم: ئۇ كۆزىدىن بىر تامچە ياش چىقارماي ۋارقىراپ يىغلىغىلى تۇرسا، مەھەللىنىڭ ئىتلىرىمۇ قاۋاپ كېتەتتى. ② كۆچمە. ئازغىنا، ئاز بىر قىسىم: ئۇنىڭ بىلگەنلىرى دېڭىزنىڭ پەقەت بىر تامچىسى.

**بىر تامچە قان قالغۇچە** ئاخىرقى نەپەسكىچە، جېنىنى ئايىماي؛ ئۆزىنى ۋە جىنىنى پىدا قىلىپ.

**بىر تاياقتا ھەيدىمەك** ھەممىنى قارىقويۇق تەڭ ـ باراۋەر ئورۇنغا قويماق، پەرقلىق مۇئامىلە قىلماي ھەممىسىنى ئوخشاش دەپ قارىماق: تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرغان بالىنى چوڭلار بىلەن بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايتتى. * ئەكبەر شۇجى ماڭا: ــ داداڭغا ئېيت، ئەندىشىدىن نېرى بولۇپ، پارتىيە ھۆكۈمەتكە ئىشەنسۇن، بىز ھەيدەركامنى يامان ئادەملەر بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىمەيمىز، ــ دېگەنىدى.

**بىر تەرەپ** بىر يۆنىلىش، بىر يان، بىر ياق: بىر تەرەپتە ماڭماق. بىر تەرەپتىن كەلمەك. * ئەمەلىيەتتە، ئۇلار بىر تەرەپ، بىز بىر تەرەپ بولۇپ قالدۇق.

**بىر تەرەپ بولماق** ① بىرەر ئىش ياكى مەسىلىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكى، بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ئايرىلماق، قانداق بېجىرىلىدىغانلىقى بەلگىلەنمەك: * دادامنىڭ مەسىلىسى بىر تەرەپ بولدى، ئەمما ئاپامنىڭ مەسىلىسى تېخى بىر تەرەپ بولمىدى. ② بىرەر ئىش ياكى مەسىلە ھەل بولماق: مۇختار: ــ ھەببەللى بىزگە ئاشۇنداق تومپاي لازىم. ئەگەر بۇ قېتىمقى مال مەسىلىسى بىر تەرەپ بولۇپ كەتسە بۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدا ئاز بولمايدۇ، ــ دېدى.

**بىر تەرەپ قىلماق** ① بىرەر ئىش ياكى مەسىلىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى، بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى ئايرىماق؛ قانداق بېجىرىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىمەك: خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئەنزىسىنى سوت قىلىش جەريانىدا سوت قىلىش تۈزۈمىگە رىئايە قىلىش ئاساسىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. * ئومۇمىي ۋەزىيەت نۇقتىئىنەزىرىنى تىكلەپ دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. * كارخانا ئورۇنلىرىدا يۈز بەرگەن باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرماسلىق ھەرىكەتلىرىنى باج قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ② ئورۇنداماق، ھەل قىلماق ــ دوختۇرلار داۋالاپ بىر تەرەپ قىلالمىدى دېدىڭىزمۇ؟... ئۇ شۇنداق ئېغىر كېسەلمىكەن؟ ــ دەپ ئەنسىزلىك ئىچىدە سوراشقا باشلىدى توختى مەمەت. * پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش ــ ئىسلاھ قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە.

**بىر تەرەپلىمە** ① بىرلا جەھەتتىن، قىسمەن، ئايرىم جەھەتتىن: بۇ پولاتنى تۇتقا قىلىپ، ئېغىر سانائەتنى بىر تەرەپلىمە راۋاجلاندۇرۇشتىن نۇقتىلىق ھالدا ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش يولىغا بۇرۇلۇش دېگەن سۆز ② يۈزەكى، ئاددىي: ــ ھاشىر بىپەرۋا ئەمەس! ــ دېدىم مەن قىزغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ــ ئۇ تولىمۇ تەلەپچان يىگىت، ئالدى بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە ئۇلۇغ مەقسەتنى كۆزلىگەن ئادەم ئۈچۈن ھېسسىياتقا، شەخسىي ھەۋەسكە بېرىلىش ئىرادىسىزلىك سانىلىدىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قارىشى بىر تەرەپلىمە بولۇشى مۇمكىن. * ــ بۇ پىكرىڭىز بىر تەرەپلىمە، ھازىرقى ۋاقىتتا كادىرنىڭ يۇقىرى، ئىشچىنىڭ

تۆۋەن دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، — جىگلى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىدا ئۇ ياق، بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى.

**بىر تەرەپلىمىلىك** <پەلس> مېتافىزىكىلىق ئىدىيىۋى ئۇسۇلنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئۇ مەسىلىلەرنى كۆزەتكەندە ۋە بىر تەرەپ قىلغاندا، زىددىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەيئىنىڭ ئومۇمىيىتىدىن ئىگىلىمەي، كۆپىنچە ئىشنىڭ بىرلا تەرىپىگە قاراپ، يەنە بىر تەرىپىگە قارىمايدۇ، دەرەخنىلا كۆرۈپ، ئورماننى كۆرمەيدۇ. بۇنداق ئۇسۇل ماركسىزمنىڭ مەسىلىگە ئەتراپلىق قاراشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيىسى بىلەن قارىمۇقارشىدۇر.

**بىر تەكشى** پۈتۈنلەي تەكشى، باشتىن-ئاياغ تەكشى: پەنجىرىنىڭ ئىنچىكە ياغاچلىق سايىۋەنلىرى كۆتۈرۈلگەندە، ئېگىز-پەس بولۇپ، بىر تەكشى كۆرۈنمەيتتى. * چەكسىز كەتكەن ساي تۈزلەڭلىكى بىر تەكشى كۆرۈنىدۇ.

**بىر تەكىيىگە باش قويماق** ← **بىر ياستۇققا باش قويماق:** ئۇلار يېڭى توي قىلىپ بىر تەكىيىگە باش قويغان ئۇزۇن تۈنلەردە سابىرنىڭ ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ: — جېنىم، مەن سەندىن ئۆمۈر بويى ئايرىلمايمەن، — دېگەن سۆزلەرنى نۇرغۇن قېتىم تەكرارلىغان، بۇ سۆز نۇرنىساغا خۇشاللىق، ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بېغىشلىغانىدى.

**بىر تەن-بىر جان بولۇپ** ← **بىر جان-بىر تەن بولۇپ:** مەش بىلەن بىر تەن-بىر جان بولۇپ كەتكەن سۇنماس ئىرادىلىك ماھىر ئۇستىنىڭ قەيسەر روھىدىن ئىلھاملانغان سېخ ئىشچىلىرى دەم ئېلىشتىن ۋازكېچىپ دەرھال يىغىلدى-دە، مەشكە ئوتۇن قاچىلاشقا تۇتۇش قىلدى.

**بىر تۇتاش** ① بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ھەممىگە ئورتاق ھالدا: يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن كوپېراتسىيىلىشىشنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىش ئارقىسىدا باي دېھقانلار ئىگىلىكى زور دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىدى. * بۇ يىل ئالىي مەكتەپلەرگە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىندى. ② **ئۆز ئارا تۇتاشقان، ئۆز ئارا باغلانغان:** جانجان ماۋجۇشى باشلىغاچ بىزنى، يۈز ئاچتۇق تاڭدىكى گۈللەرگە ئوخشاش. ئۈزۈلمەس بىر رىشتە باغلىغان بىزنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبى بىر تۇتاش.

**بىر تۇتاش پىلانلىماق** <س ئىق> بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ۋە ھەممىگە بىردەك ئېتىبار بېرىلگەن ھالدا پىلان تۈزمەك.

**بىر تۇتاش تەمىنلىمەك** <س ئىق> خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم دەپ قارالغان بەزى ماددىي ئەشيالارنى دۆلەت بەلگىلىگەن پىلان بويىچە ھەممىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلگەن ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ تەقسىم قىلماق.

**بىر تۇتاش ساتماق** <س ئىق> بەزى ماددىي ئەشيالارنى دۆلەت بەلگىلىگەن پىلان بويىچە ھەممىگە تەڭ ئېتىبار بەرگەن ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ سېتىپ بەرمەك.

**بىر تۇتاش سېتىۋالماق** <س ئىق> بەزى مۇھىم ماددىي ئەشيالارنى دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش پىلانلىق سېتىۋالماق.

**بىر تۇتاش كونترول قىلماق** <س ئىق> ئىقتىساد، ھەربىي، ماددىي ئەشيا ۋە باشقا بارلىق ئەسلىھەلەرنى دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە باشقۇرماق.

**بىر تۇتام** ① تۇتامغا بىر كېلىدىغان. ② كۆچمە. **بىر باغلام، بىر دەستە:** تاڭ سەھەر ۋاقتى ئىدى، ئۇچتى شامال يولى بىلەن، مەن يارىمغا گۈل ئەۋەتتىم بىر تۇتام غۇنچە بىلەن. ③ **بىرنەچچە تال، ئازراق:** يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام (ماقال). * ئابدۇرەقىب بېشى بىلەن مېنى ئورۇندۇققا شەرەت قىلدى. ئۇ، مەن ئولتۇرغاندىن كېيىن، قولىدىكى بىر تۇتام قەغەزنى ۋۇلاڭلىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ④ كۆچمە.

قىسقا، كالتە: «قىشنىڭ كۈنى بىر تۇتام» دېگەندەك ھەش-پەش دېگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ.

**بىر تۇغقان** بىر ئاتا ياكى ئانىدىن تۇغۇلغانلار: ئۇ مېنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىم بولىدۇ. * قەيسەر ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى، ئانىسى، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ بېيجىڭغا ئوقۇشقا ماڭدى.

**بىر تۆشۈككە سىيمەك** ھەممە ئىش-ھەرىكەتتە بىر بولماق: ئۇلارنىڭ قىلمىشى بىر-بىرىدىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ. ئۆزلىرىمۇ بىر تۆشۈككە سىيىدىغانلار.

**بىر تۈركۈم** مەلۇم ساندا، خېلى كۆپ: يېقىندا ۋىلايەت بىر تۈركۈم كادىر ئاجرىتىپ، يېزىلاردا مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناق قىلىشقا ئەۋەتىدىكەن. * ئېكسكۇرسىيە، نەق مەيدان يىغىنىغا كەلگەنلەر ئىچىدە بىر تۈركۈم دۆلەت-گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئالدىن بېيىشىنى قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەن كادىرلار بار ئىدى.

**بىر تۈگمىلىك كاستۇم** قايرىما ياقىلىق، كۆكرەك ئالدى ئوچۇق، بىرلا تۈگمە بىلەن ئېتىلىدىغان، كاسىسىنى بېسىپ تۇرىدىغان، سىرتقا كىيىلىدىغان چاپان.

**بىر تېرە سۆڭەك بولۇپ قالماق** ← **بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالماق:** يىگىت ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان بولۇپ، كېسەل ئازابىدىن بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى.

**بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالماق** بەك ئورۇقلاپ كەتمەك: يىگىت بالىسىنىڭ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان قوۋۇرغا، پاچاق ۋە چوقچىيىپ چىققان مورە سۆڭەكلىرىگە، پىلىكتەك تولغىنىپ تۇرغان بويۇن ھەم تۇغۇلغىنىدىن بۇيان سۇ كۆرمىگەن قاسماق بېسىپ كەتكەن بەدىنىگە ئىچى سىيرىلىپ قارىدى.

**بىر تىزىق** بىر يىپقا ياكى بىر سىزىققا تىزىلغان: بىر تىزىق بارماق. بىر تىزىق داچەن. بىر تىزىق تەڭگە.

**بىر تىللىق** ① بىر تىل بىلىدىغان، بىرلا تىل بىلەن ئالاقىلىشالايدىغان: مەن بىر تىللىق بولغانلىقىم ئۈچۈن، باشقا تىللاردا چىقىدىغان گېزىت-ژۇرناللاردىن پايدىلىنالمايمەن. ② كۆچمە. ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈۋالغان: مەقسىتى ئىش-ھەرىكەتتى بىر: ئۇنىڭ بۇ شەرمەندە قارا نىيەتلەرنىڭ بىر تىللىق بولۇپ قىلغان زىيانداشلىقىغا ئۇچراپ، ئۆلۈم زىندانىغا تاشلانغانلىقىنى تۇغقانلىرى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

**بىر تىيىن** ① بىر موننىڭ ئوندىن بىرى: مۈشۈكنىڭ بىر تىيىنى يوق، گۆشكە ئامراق (ماقال). ② كۆچمە. قىممىتى يوق، ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان، ئەرزىمەس: يېزىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى رەھمەتخان بىلەن گەپلەشمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئەمما رەھمەتخانغا بۇ بىر تىيىن ئىدى. * چىرايلىق گەپ قىلىش ئاسان، ئۇنى ئىشلەش قىيىن يولداش، ئەمەلدە يوق مىڭ تاغار گەپنىڭ باھاسى بىر تىيىن يولداش.

**بىر تىيىن بولماق** قىممىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتماق؛ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس، يارىماس بولۇپ كەتمەك: — بىر ھەپتە كېچىسى ئۇخلىماي كۆچۈرگەن 100 بەت ئورىگىنال سوغا نەمدىلىپ ھەپتىلىك ئەمگىكىم بىر تىيىن بولدى، ھەرقايسىڭنىڭ ماڭا كەلتۈرگەن پايداڭ مۇشۇمۇ؟ — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى ھېلىقى كۆچۈرمە كاتىپ.

**بىر تىيىنغا يارىماسلىق** ھېچقانداق قىممىتى قالماسلىق، ھېچنېمىگە ئەرزىمەسلىك: سېنىڭ سۆزۈڭ ئۇنىڭ ئالدىدا بىر تىيىنغا يارىمايدۇ. * ئادەم قانچە يوغان بولۇپ كەتكەن بىلەن ئەل-جامائەتكە ئېھتىياجلىق، دۇنيادا ھەممىدىن خەلق بۈيۈك، شەخس ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن بىلەن خەلقنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلسا بىر تىيىنغا يارىمايدۇ.

**بىر تىيىن قىلماق** قىممىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتماق؛ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس، يارىماس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويماق: بۈگۈن ئەمدى شۇم نىيەتلىك تاي سىلىگ، ئاتۇتۇمنى قىلماقچىمىش بىر تىيىن. ھاسىل بولسا ئەگەر ئۇنىڭ

مەقستى، كۈن ئالماقمۇ بولار ماڭا كۆپ قىيىن.

**بىر تېيىننىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتىدىغان ← بىر داچەننىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ قېتىم ئۆتىدىغان:** — گېپىڭىزغۇ جايىدا، — دېدى زىۋىرشا كېۋىرنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — گۇڭشېدىن بەرگەن ئادەم — يىلتىزى يوق قامقاق، بىزدەكلەر دۇنياغا پۇل دەپ تۇغۇلغان ئىكەنمىز، پۇل دەپ جان ئۈزىدىغان ئوخشايمىز، بىر تېيىننىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتىدىغان ھەيدەر ئاكاملارمۇ بار تېخى، مانا مۇشۇلارمۇ گۇڭشې ئەزاسىغۇ!

**بىر تېيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرماق** ئازراق بولسىمۇ پۇل تېپىش ۋە ئۇنى قولدىن چىقارماسلىق يولىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشماق. ئۇنى مەن بۈگۈن بۇنچىلىك پۇل خەجلەپ بىزنى مېھمان قىلىدۇ، دەپ زادى ئويلىمىغانىدىم، چۈنكى ئۇ بىر تېيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇراتتى.

**بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى** يامان، بۇزۇق ئىشلارنى قىلىشتا، نىيىتى، مەقستى، ھەرىكىتى بىر؛ ھەمشىرىلىك: بۇ خۇنپەر بىلەن مەخسۇت بەگ بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى. * ئۇلار كۆرۈنۈشتە باشقا - باشقىدەك كۆرۈنسىمۇ، تېگىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، يەنىلا بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى.

**بىر جان بىر، تەن بولۇپ** ھەممە جەھەتتىن چىڭ بىرلىشىپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ: شۇنداق، بۇ ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەن، ئۇلار تۇرمۇشتا، تەقدىردە بىر، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىمۇ بىر، قىنىمۇ بىر، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس.

**بىر جېنىمغا** بىرلا ئۆزەم ئۈچۈن، يالغۇز: — مەن بىر جېنىمغا بۇنچىۋالا جىق ئۆيىنى نېمە قىلاتتىم، ماڭا ئىككى ئېغىز ئۆي بولسا بولدى، قالغىنىنى ساتىمەن، — دېدى قاسىم ئاخۇن باجخانا كادىرىغا قاراپ.

**بىر جىنسلىق** <بوت> پەقەت ئاتىلىقى ياكى ئانىلىقىلا بولغان: بىر جىنسلىق گۈللەر. بىر جىنسلىق كۆپىيىش. بىر جىنسلىق مېۋىلەش.

**بىر جىنسلىق كۆپىيىش** <بىئول> جىنسلىق كۆپىيىدىغان ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلارنىڭ تۇخۇملىرى ئۇرۇقلانمايلا ئۆز ئالدىغا ئەۋلاد يېتىلدۈرىدىغان بىر خىل كۆپىيىش شەكلى. مەسىلەن: ئاتا ھەرە، يازلىق كۆك پىت، سۇ بۈرگىسى قاتارلىق ھاشارەتلار ۋە ماماكاپ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەردە مۇشۇ خىل كۆپىيىش مەۋجۇت. ھازىر پىلە قۇرتى، بېلىق، پاقا، توشقاق قاتارلىق ھايۋانلار ۋە پەمىدۇر قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرگە سۈنئىي يول بىلەن بىر جىنسلىق كۆپىيىش ئۇسۇلى قوللىنىلماقتا.

**بىر جىنسلىق گۈللەر** <بوت> بىر تال گۈلدە پەقەت ئاتىلىق ياكى ئانىلىقلا بولىدىغان گۈل. بىر جىنسلىق گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاتىلىق ھەم ئانىلىقى بىر تۈپتە؛ (مەسىلەن: كۆممىقوناق)؛ بەزىلىرىنىڭ ئاتىلىق ھەم ئانىلىقى ئايرىم - ئايرىم تۈپلەردە (مەسىلەن: كەندىر) بولىدۇ.

**بىر جىنسلىق مېۋىلەش** <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقدانى چاڭلىششتىن ئۆتمەيلا يېتىلىپ، مېۋە ھاسىل قىلىشى. بۇنداق يېتىلگەن مېۋىلەر «ئۇرۇقسىز مېۋە» دېيىلىدۇ.

**بىر چاپىنى ئىككى بولماسلىق** دائىم غۇربەتچىلىكتە، نامراتچىلىقتا تۇرمۇش كەچۈرمەك: ئون يىل بايغا ئىشلىدىم، بىر چاپىنىم ئىككى بولمىدى.

**بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماق** بىر ئىشنى قىلىش ئارقىلىق ئىككى خىل نەتىجىگە ئېرىشمەك، يەنى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل پايدا ئالماق: سۇلتان بۇ ئىشتا كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئۇسۇل بويىچە بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقىدۇ. * لۇتپۇللا چاقچاقتا بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى ئۇرۇش ماھارىتىنى كۆرسەتتى - دە، مۇزىكانت كۈلكىگە زورلاپ ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن باشقا ئىلاج قىلالمىدى. مېھمانلار ئۇزاققىچە كۈلۈشتىن توختىمىدى.

**بىر چاي قايىنىمى** بىر قېتىم چاي قايناتقۇ-

چىلىك ۋاقىت، بىرئاز ۋاقىت: ماھىنۇر ياستۇققا يۆلەنگىنىچە بېشىنى سىلىپ ئاخىرقى قارار ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. ئالاھازەل، بىر چاي قاينىمى ئۆتكەندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈردى.

**بىر چەتتىن** بىر ياقتىن، بىر تەرەپتىن، رەت بويىچە: مەن قەدىمكى چاغتاي يېزىقى بىلەن يېزىلغان قول يازمىنى بىر چەتتىن كۆچۈرۈۋالدىم.

**بىر چوقۇپ ئالماق** بىر گەپ بىلەن ياكى بىرلا ھەرىكەت بىلەن يەڭمەك، ئۇتماق: داۋۇت ئاكا، ئاغزىغا خۇدا بەرىكەت بېرىۋەتكەن ئادەم جۇمۇ، ئۇ ئولتۇرۇش ياكى ھەرقانداق سورۇنلاردا ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدۇ ھەم باشقىلارنىمۇ گەپتە بىر چوقۇپلا ئالىدۇ.

**بىر چىشلەم** ① بىر قېتىم چىشلىگۈچىلىك، بىر چىشلەم كېلىدىغان: ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر چىشلەم گۆش يەرگە چۈشتى. ② كۆچمە. ئاز، ئازراق، بىزە، كىچىك، كىچىككىنە: بىر چىشلەم نەرسە. بىر چىشلەم نان. * تەكشۈرۈپ كۆرسەك ئۇلارنىڭ بىر چىشلەممۇ ئوزۇقى قالماپتۇ.

**بىر چىمدىم** ① بىر قېتىم چىمدىپ ئالغۇچىلىك، بىر چىمدىم كېلىدىغان: بىر چىمدىم تۇز. بىر چىمدىم زىرە. * ئاشپەز ئۇستام ئاشقا بىر چىمدىم تۇز سالدى. ② كۆچمە. بىرئاز، كىچىككىنە: ئابلىز: — ئۆيدە چۈشلۈك تاماققا بىر چىمدىممۇ ئۇن قالماپتۇ ئۇن ئەكىلىۋالسام، — دەپ سوراپ چىقىپ كەتتى.

**بىر خانىلىق سان** <مات> بىر رەقەمدىن تۈزۈلگەن پۈتۈن سان.

**بىر خوتۇن كۆپ ئەرلىك تۈزۈمى** <تارىخ> بىر ئايال بىرنەچچە ئەرگە ئوخشاش ياتلىق بولۇش نىكاھ شەكلى.

**بىر خىل** ① بىر تۈرلۈك، بىردەك، ھەر جەھەتتىن تەڭ، باراۋەر، ئوخشاش: ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كىيىمى ئوخشاش، ئاتلىرىڭلارنىڭ ئېگەر-جابدۇقلىرىمۇ بىر خىل. يەنە دەپ بېرەيمۇ؟ ئاتلىرىڭلارنىڭ يۈرۈشى بىر خىل ئەمەس. ② كۆچمە. ئىنچىكە، ئەكىشى، نورمال، باشتىن-ئاخىر ئوخشاش: ئۇ گۈرۈپپىغا كىرگەندىن كېيىن بۇرۇن ئازراق ھۇرۇنلۇق قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ. ئەمما كېلەچەكنى ئويلىغىنىدا ئۆزىنىڭ يامان مىجەزىنى بېسىۋېلىپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ بىر خىلدا ئىشلەۋەردى. * بۇرۇن بەزىدە سىزگە يېزىپ كېلەلمەيدىغان چاغلىرىمۇ بولدى، مەن باشتىن-ئاخىر بىر خىل بولالمىدىم. ئەزىزىم، مېنى كەچۈرۈڭ. * بىرئازدىن كېيىن يۈرىكى ئاستا-ئاستا ۋە بىر خىلدا ئۇرۇشقا باشلىدى. ③ كۆچمە. باشقىچە، ئۆزگىچە، غەلىتە، ئاجايىپ: ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل خۇشاللىق ۋە ھاياجان بار ئىدى. مەن بەختتىن كۈلۈمسىرىدىم. * شەپەرەڭ ئاغزىدىن بىر خىل ئاۋاز چىقىرىدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مۇشۇك ياپىلاق. * ئۇ بالىنىڭ مېڭىش-تۇرۇشى، گەپ-سۆزى بىر خىل بولغاچقا كوچىدا ماڭسا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالاتتى.

**بىر داچەنىنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ قېتىم ئۆتىدىغان** بېخىل، پېخسىق: سەن ئۇنى بىلمەمسەن، بىر داچەنىنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ قېتىم ئۆتىدىغان ئادەم ئۇ.

**بىر داچەنىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرماق** ←— **بىر تىيىنىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرماق.**

**بىر دومىلاپلا** ① بىر قېتىم دومىلاپلا. ② كۆچمە. مەيدانى، مەۋقەسىنى تېزلا ئۆزگەرتىپ: موللاق دۈيجاڭ يوق يەردە ھەرنېمە دېگەن بىلەن، بۈگۈن ئۇنىڭ ئالدىدا بىر دومىلاپلا ماختاشقا باشلىدى.

**بىر دۇنيا** غەلىتە، باشقىچە بىر ئادەم: ئۇنىڭ خۇي-پەيلى، مىجەزى، سۆز-ھەرىكىتى ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، باشقىلارنىڭ قىلغان نەسىھىتىنى ئاڭلىماي، ئۆزى بىلگەنىنى قىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇ بىر دۇنيا.

**بىر دۆۋە** دۆۋىلەنگەن: خېلى كۆپ، نۇرغۇن: ئۇ خەلقتىن كەلگەن خەت-چەك، ئەرزلەرنى كۆرۈشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا بىر دۆۋە خەت-چەكلەر تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

**بىر دېمەتلىك** ياش-قۇرامى تەڭ؛ تەڭتۇش، قۇرداش: بۇ، پاتىمە بىلەن بىر دېمەتلىك، ھېپىزەم ئىسىملىك قىز بولۇپ، باشقىلار ئۇنى ھاكاۋۇر دەيتتى.

**بىر دېمەڭ** بىر ئېغىز گەپ بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدۇ: — دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ قارىساق، شۇنداق چىرايلىق بىر چوكان ھويلىنى سۈپۈرۈپ يۈرۈپتۇ، ئېھتىمال، شۇ يىگىتنىڭ خوتۇنى بولسا كېرەك، ئۇ چوكاننىڭ چىرايلىقلىقىنى بىر دېمەڭ، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، — دەپتۇ شاھزادە.

**بىر سويام** ① ئارىلىقى بىر چارەك كېلىدىغان، بىر سويام ئۇزۇنلۇقتىكى: بىر سويام ياغاچ. بىر سويام تۆمۈر. ② كۆچمە. **قىسقا، كالتە:** ياغاچچى ئۇستام؛ — ئۆي جاھازىسى ياساپ بېرىڭ دەپ كەينىمگە كىرىۋالدى، ماقۇل دەپ كەلسەم، ياغاچلىرى ساپ بىر سويام ياغاچلار، بۇ ياغاچلاردىن قانداق ئىشكاپ ياسىغىلى بولسۇن، — دەپ چالۋاقاپ كېتىۋاتاتتى.

**بىر سۆزلۈك** گەپنى بىرلا قىلىدىغان، ئېيتقىنىدا تۇرىدىغان، لەۋزىدىن يانمايدىغان: بىر سۆزلۈك ئادەم. بىر سۆزلۈك كىشى.

**بىر سۆڭەك، بىر تېرە بولۇپ قالماق** → **بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالماق:** ئۇ كۈنلىرىنى ئەندىشە ۋە قايغۇ ئىچىدە ئۆتكۈزگەچكە يېرىم ئايدىلا ئورۇقلاپ بىر سۆڭەك، بىر تېرە بولۇپ قالدى.

**بىر سېرى** بىر خىل، بىر تەرىقىدە، بىر ياڭزا: ئۇنىڭ مېڭىشى بىر سېرى، ئەمما يۈگۈرۈشى يەنە بىر سېرى.

**بىر شاھمات بولماق** ھەرقايسى ئورۇنلار، شاھمات ئورۇقلىرىغا ئوخشاش بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە بىر تۇتاش قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلماق: دۆلەت قۇرۇلۇشىدا پۈتۈن مەملىكەت بىر شاھمات بولۇشى كېرەك.

**بىر غېرىچ** ① ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچ كېلىدىغان، بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى: بىر غېرىچ ياغاچ. بىر غېرىچ تۆمۈر. ② كۆچمە. **قىسقا، قىسقىغىنا، كالتە، ئاز، كىچىككىنە:** ئۇلار پارتىيىنىڭ «بىر غېرىچ يەرنىمۇ ئاق قالدۇرماسلىق» دېگەن چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئۆتكەن يىلى خېلى كۆپ بوز يەرلەرنى ئاچقان بولسا، بۇ يىل شۇ يەرگە ئۇلاشتۇرۇپلا بىرقانچە يۈز مۇ يەر ئاچتى.

**بىر قاتار** ① بىر يۈرۈش، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە: بىر قاتار مەسىلىلەر. بىر قاتار يوليورۇقلار. * لەيلىگۈل ناھىيىدىن چىقىپلا ئۆز ئىشىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ياشلار، ئاياللار ئىچىدە بىر قاتار تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. ② **تەڭ، باراۋەر:** بەخت تېگى ئاتتى ئاخىرى، سەنمۇ بىرگە بولدۇڭ بەختىيار. مىليونلىغان مەزلۇم خەلقتەك، بەخت بىلەن تۇردۇڭ بىر قاتار. * شۇنى كۆردۇقكى، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، «پرولېتارىياتنى ھۆكۈمران سىنىپقا ئايلاندۇرۇش» بىلەن «دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش» دېگەن بۇ ئىككى ئۇقۇمنى كەسكىن تۈردە بىر قاتاردا قويىدۇ. ③ «بىلەن» باغلىغۇچىسى بىلەن بىللە كېلىپ، «بىلەن، بىللە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: شىنجاڭدا باشقا ئىلگىرىلەشلەر بىلەن بىر قاتاردا مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولغان تىل-يېزىقتىمۇ بىرمۇنچە ئىلگىرىلەشلەر بولدى ۋە بولماقتا.

**بىر قارارغا كەلمەك** ئوخشاش پىكىرگە، خۇلاسىغا، توختامغا كەلمەك: سادىق ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ، خېلىغىچە بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئۇ ئۈمىدۋار ئىدى. مۇشۇ ئۈمىد ئۇنى ئىشەنچىگە ئىگە قىلغانىدى.

**بىر قاراشتا** ① شۇنداق بىر قارىغاندا، يۈزەكى قارىغاندا، بىر قارىماققا: بۇ كىشى بىر قاراشتا قازاققا، يەنە بىر قاراشتا قىرغىزغا ئوخشايدىكەن. ② بىر **قاراپلا، بىر قېتىم قاراپلا:** بۇ ئادەمنىڭ يېزىدىن كەلگەنلىكىنى بىر قاراشتا بىلىۋالغىلى بولاتتى.

**بىر قارىماققا** يۈزەكى قارىغاندا، بىر قاراشتا: ئۇ بىر قارىماققا ياش كۆرۈنىدۇ.

**بىر قامچىلىقى بار** چىرايلىق، كىشىنىڭ زوقىنى، مەسلىكىنى كەلتۈرەلەيدىغان: ئۇز (ئاياللار ھەققىدە): گۈزەلىنىڭ بىر قامچىلىقى بار ئايال.

**بىر قەدەم كېيىن** بىر ئىشنى قىلىشتا بىر ياسقۇچ ئارقىدا؛ سەل كەينىدە: ھازىر بىزنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىمىز، زۆرۈرىيەتتىن بىر قەدەم كېيىن كېتىپ بارىدۇ.

**بىر قەدەم ئىلگىرى** بىر ئىشنى قىلىشتا بىر باسقۇچ ئالدىدا؛ سەل بۇرۇن.

**بىر قوشۇق سۇ بىلەن يۇتۇۋەتكۇدەك** كىشىنىڭ مەسلىكىنى، زوقىنى، ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان؛ گۈزەل، چىرايلىق؛ ساھىبجامال: ئۇ مەلىكىنىڭ گۈزەللىكىنى شۇنداق تەسۋىرلىسىمۇ مۇبالىغە بولمايدىكى، ئۇ بىر قوشۇق سۇ بىلەن يۇتۇۋەتكۇدەك قىز ئىدى.

**بىر قوشۇق قېنىدىن كەچمەك** تىرىك قالدۇرماق، ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىدىن يانماق: — قانداق خەۋەر، سۆزلە تېز، — دەپتۇ پادىشاھ. — ئەگەر بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسە-ڭىز ئېيتاي، پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ خىزمەتكار.

**بىر قوشۇق قېنىنى تىلىمەك** ئۆلتۈرەمەي تىرىك قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلماق: — بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي، مەن خام سۈت ئىچكەن بەندە، — دەيتتى ئۇ لاغىلداپ تىترەپ. — ئۆلتۈر-مەڭلەر، بۇلاقچىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئىزىپتىمەن، بەش بالام، چۆچۈرىدەك بەش بالام بار، ئۆلتۈرمەڭلار.

**بىر قول** ① بىر قېتىم، بىر مەيدان: بىر قول قارتا ئوينىماق. ② بىر يۈرۈش، بىر قاپ: بىر قول قارتا سېتىۋالدىم.

**بىر قولۇق** ① بىرلا ئادەم ئىشلىتىدىغان (نەرسىلەرگە قارىتا): — ئاغىنىلەر، يېڭى ۋېلىسىپىت ئالدىم، بىر قولىلۇق مىنىمەكچىمەن، يۈز تۇرا ئېيتىپ قوياي، سوراپ خىجىل قىلماڭلار! — دېدى بۆلۈمگە كىرىپ كەلگەن ھامۇت. ② بىر يۈرۈش: مەن بازاردىن بىر قولىلۇق رېمونت سايمانلىرىنى سېتىۋالدىم.

**بىر قولىنى ئىككى قىلالماسلىق** جولىسى تەگمەسلىك، يېتىشەلمەسلىك: — ئوغۇل بالىدەك كادىر ئىكەن! — دېدى ئابدۇۋېلى ئاكىمۇ چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ، — ئەجەب بەلەن ئىش قىلىپتۇ. دېھقان خەق بىر قولىنى ئىككى قىلالماي-ۋاتقان چاغدا، بۇ ئىككى ھارامزادىنىڭ قىلىقىنى قاراڭلار، ھۇ ئالدامچى دۆيۈزلەر.

**بىر قولىنى ئون قىلالماسلىق** ← **بىر قولىنى ئىككى قىلالماسلىق.**

**بىر قوۋۇز سۆز** بىر ئېغىز سۆز، بىر ئېغىز گەپ.

**بىر قېتىم بۆلۈش** <لوگ> بۆلۈنگۈچى بىلەن بۆلۈنمىدىن ئىبارەت ئىككىلا قەۋەتتىن تەركىب تاپقان بۆلۈش ئۇسۇلى.

**بىر قېرىندىن چۈشكەن** بىر ئانىدىن تۇغۇلغان: — ھوي، ئىككىڭلار بىر قېرىندىن چۈشكەن تۇرۇقلۇق مۇشۇنداق ياتلاردەك تونۇشماي يۈرۈشسەڭلار بولامدۇ؟ — دېدى قادىر ئاخۇن ئۇسمانغا نەسىھەت قىلىپ.

**بىر قېلىپتا** بىر ئىسكەتتە، بىر خىل، بىر خىلدا: ئۇ بىر قېلىپتا تىناتتى، كۆكرىكى كۆتۈرۈلۈپ-كۆتۈرۈلۈپ چۈشەتتى. * ئۇلار ئۇتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مايىلانمىغان چىشلىق چاقلارنىڭ بىر-بىرىنى چۆگىلەتكىنىدەك بىر قېلىپ-تىكى تۇرمۇش ئىدى.

**بىر قىسىم** بىر بۆلۈك، قىسمەن: ئۇنىڭ ئۆيىدە ئالاھىدە يوشۇرۇن تۇتىدىغان بىر قىسىم كىتابى بار. * ئىدارىمىزدە بىر قىسىم كادىرلار قانۇن ئۆگىنىۋاتىدۇ.

**بىر قىلماق** ① ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق، ئىككى بۆلەك نەرسىنى قوشۇپ بىرلەشتۈرمەك: قوناق ئۇنى بىلەن بۇغداي ئۇنىنى بىر قىلماق. * ئۇ ئۇن بىلەن كېپەكنىنى بىر قىلىۋەتتى. ② كۆچمە. يايماق، يېيىۋەتمەك،

ئاشكارا قىلىۋەتمەك: ئۇ بۇ ئىشنى جاھانغا بىر قىلدى. ③ كۆچمە. بۇزماق، پاسكىنا قىلماق: — ۋاي بالام، — دېدى پاتەمخان قىزىنى كۆرۈپ، — قېتىقنى ئاغزىڭغا ئىچمەي نەگە ئىچتىڭ، ئالدىڭغا تۆكۈپ كىيىمىڭنى بىر قىلىۋېتىپسەن.

**بىر كاپام** ① بىر قېتىم كاپ ئەتكۈچىلىك، ئېغىزغا پاتقۇدەك: ئەجىپىنىڭ قورسىقى بەكمۇ تويغان ئىكەن، شۇنداق بولسىمۇ، مومىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىر كاپام ئېلىپ: — بۇ ناھايىتى تەملىك ئىكەن، — دەپتۇ. * — ئۇكام نېمە قىلغىنىڭىز بۇ!...داستىخان ئۈستىگە كىرىپ بىر كاپامۇ ئالمايسىزا؟ — دەپ ئەخمەتكام يېڭى كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپا كادىرىغا تۈزۈت قىلىۋاتاتتى. ② كۆچمە. كىچىككىنە، ئازغىنا؛ تاۋاقنى تولدۇرۇپ ئۇسساڭچۇ، بىر كاپام ئېشىڭغا كىم تويىدۇ.

**بىر كالتەك بىلەن يوقاتماق** بىر قېتىملىق زەربە بىلەن يوقاتماق: جەمئىيەتتە بەزىبىر يامان كىشىلەر باركى، ئۇلار ھامىنى تۈرلۈك ئاماللاردىن پايدىلىنىپ پارتىيىنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى بەزىبىر شەخسىي دىتىغا ياقمايدىغان ياخشى كىشىلەرنى بىر كالتەك بىلەن يوقىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆز يېقىنلىرىنى دەسسىتىدۇ.

**بىر كەلمەك** توشماق: تولماق، قاپلىماق؛ تارالماق: كاۋا پىلىكى يېيىلىپ چوڭ ئېتىزغا بىر كېلىپتۇ. * ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر پۈتۈن يۇرتقا بىر كەلدى.

**بىر كەلىمە سۆز ← بىر ئېغىز سۆز.**

**بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش** ئىچى دەرد-ئەلەمگە توشۇپ كەتكەن، ئىنتايىن ئېغىر ئازاپلانغان: ئانىسى: — بېرىڭلار! سىلەرنى مەن ئوغۇل دەپ تۇغقان، بوش كەلمەڭلار! مۇشۇ كۈنلەردە يوقسۇللارنىڭ بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار؛ مەن سىلەردىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى، — دەپ سۆزلەپتۇ.

**بىر كۆزى كۈلمەك** ھەم يىغلىماق، ھەم كۈلمەك.

**بىر كۈندەك ئۆتكۈزمەك** زېرىكمەي، ئۇزۇنلۇق ھېس قىلماي ئۆتكۈزمەك: ئۇ دېھقانلار ئارىسىدا يىگىرمە نەچچە يىللىق ھاياتىنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى، دېھقانلارنىڭ جاپالىق ئىشلىرىنى ئۆز ئىشىم دەپ بىلدى.

**بىرگە بىر** بىرگە قارشى بىر، تەڭ، باراۋەر: — ھەي!...، — دېدى نىياز ئۇلارغا ۋارقىراپ، — بىر ئادەمگە چۈمۈلىدەك سەككىزىڭ يېپىشۋالماي، نوچى بولساڭ چىقە، بىرگە بىر.

**بىرگەپ** ① مەلۇم بىر مەقسەت، مۇددىئا، ئىش، مەسىلە: ئېغىلدىن چىقىپ ئىككى قېتىم قېچىشىدا زادى بىرگەپ بار. * ئۇنىڭ بىر كۈنىمۇ ئىشلىمەي تۇرۇپ، پۇلنى ئاشۇنداق بۇزۇپ-چېچىپ خەجلىشىگە قارىغاندا چوقۇم بىرگەپ بار. ② كۆچمە. قىيىن، تەس: بۇنچىۋالا ئېغىر ۋەزىپىنى تۈگەتمەك بىرگەپ.

**بىرگەپ بولار** بىرەر چارە-تەدبىرى تېپىلار، ئىلاجىسى بولار: ئەگەر، ھازىرلا بوشىشىپ كەتسەك، ھەتتا قانائەتلىنىپ قالساق ياكى كېلەر يىلى 3-ئايدا بىرگەپ بولار دەيدىغان بولساق، بۇ ئىنتايىن يۈزەكى چۈشەنچە بولۇپ قالىدۇ. * سىز پۇلۇم تۈگەپ قالدى دەپ غەم قىلماڭ، تۈگەپ قالغاندىمۇ بىرگەپ بولار. * جېنىمىز ئامان بولسا، باشقا كەلگەندە توي ئىشلىرىمۇ بىرگەپ بولار دەپ خاتىرجەم ئىشلەپ يۈرۈۋېتىمەن.

**بىرلا دومىلاپ ← بىرلا ئېغناپ.**

**بىرلا ئېغناپ** ① بىرلا ئېغناش بىلەن: ھېلىقى ئات بىرلا ئېغناپ مايمۇنغا ئايلىنىپتۇ. ② كۆچمە. بىرلا ھەرىكەت بىلەن، ناھايىتى تېز: «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇۋىدى، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان بەزى ئادەملەر بىرلا ئېغناپ دەرد تارتقان كىشىلەر قاتارىغا ئۆتۈۋالماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ.

**بىر مەنبەچىلىك** <پەلس> دۇنيانىڭ مەنبەسى پەقەت بىر، دەپ قارايدىغان پەلسەپىۋى تەلىمات. ماددىنى دۇنيانىڭ مەنبەسى دەپ

قاراش ــ ماتېرىيالىستىك بىرمەنبەچىلىك؛ روھنى دۇنيانىڭ مەنبەسى دەپ قاراش ــ ئىدېئالىستىك بىر مەنبەچىلىك بولىدۇ.

**بىر مەنىلىك سۆز** <تىل> مەنىسى بىر، بىرلا مەنىدە قوللىنىدىغان سۆز.

**بىر نامەلۇملۇق تەڭلىمە** <مات> بىر نامەلۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭلىمە ياكى تەركىبىدە بىرلا نامەلۇمى بولغان تەڭلىمە. مەسىلەن: $2\times4+=8$.

**بىر نان تاپسا تەڭ يەيدىغان** سىنىڭ-مېنىڭ دېيىشمەيدىغان؛ بارنى، تاپقاننى تەڭ كۆرىدىغان؛ ناھايىتى ئىناق، يېقىن: ئۇلار خەلچەم بىلەن بىر مەھەللىدە بىر نان تاپسا تەڭ يەيدىغان دوست بولۇپ چوڭ بولغانىدى.

**بىر نەۋرە** بىر تۇغقان ئاكا-ئۇكا ياكى ئاچا-سىڭىللارنىڭ پەرزەنتلىرى، ئىككى تۇغقان: ــ دېھقان بالىسى ئوقۇپ نېمە بولماقچى، ھازىر يېزا نوپۇسى دەپ دېھقان بالىلىرىنى ئالمايدۇ، ــ دېدى ئايال لار تەرەپتە ئولتۇرغان ئايشەمخاننىڭ بىر نەۋرە ئاچىسى ھۆسنىخان.

**بىر نۇقتىچىلىق** <پەلس> ماۋزېدۇڭنىڭ، مېتافىزىكىلىق بىر تەرەپلىمە قاراشنى چۈشەندۈرۈشىدىكى، جانلىق، ئامىبانى قىلىپ ئاتىشى.

**بىر نېگىزلىك كىسلاتا** <خىم> ھەربىر مولېكۇلىسى سۇدا بىر ھىدروگېن ئىئونى ھاسىل قىلىدىغان كىسلاتا. مەسىلەن: نىتېرات كىسلاتاسى، تۇز كىسلاتاسى قاتارلىقلار.

**بىر نىنى ئىككى بولماسلىق** تۇرمۇشى ئىلگىرى باسماسلىق، تاپقىنى ئۆزىدىن ئاشماسلىق: ھېلىقى سودىگەرنىڭ «تۆمۈر بويى بىر نىنىڭ ئىككى بولماي ئۆتتى» دېگەن گېپى بوۋاينىڭ قەلبىگە تۇز سەپكەندەك غەزىپىنى قوزغىۋەتتى.

**بىرنى قويماي** ھەممىسىنى، پۈتۈنلەي، تەلتۆكۈس: سادىر قورمال ياخشى ئەر، ھەممە ئىشنى ئويلىغان. ھۇجۇم قىلغان چېرىكنىڭ بىرنى قويماي قوغلىغان.

**بىرنى ئىككى قىلالماسلىق** ئىشنى ئالماسلىق، ئىقتىساد قىلالماسلىق: بىر ئاتا-ئانىدىن ئالتە بالا ئىدۇق، بۇ ئالتە بالىنى بېقىش ئۈچۈن ئاتا-ئانام كېچە-كۈندۈزلەپ سىرتتا ئىشلىسىمۇ، تاپقىنى ئۇدۇللۇق، بىرنى ئىككى قىلالماي كۈن كەچۈرەتتۇق.

**بىرنى ئىككى قىلماق** پايدا تاپماق، كىرىمنى ئاشۇرماق: سودىگەرلەر مالنى بازار باھاسىدىن ئەرزان ئېلىپ، يەنە باھا قوشۇپ قىممەتكە ساتىدۇ. يەنى بىرنى ئىككى قىلىدۇ-دە، نەتىجىدە تېز بېيىپ كېتىدۇ.

**بىر ھۈجەيرىلىك جانلىقلار** <بىئول> بىرلا ھۈجەيرىدىن قۇرۇلغان جانلىقلار. مەسىلەن: ئېپتىدائىي ھايۋانلار، باكتېرىيىلەر ۋە بەزى يۇسۇنلەر.

**بىر ھېسابتا** بىر جەھەتتىن قارىغاندا، مەسىلىنىڭ باشقا تەرىپىنى ھېسابقا ئالغاندا: ــ ئاكاڭغا نېمانچە قاراۋېرىسەن؟ ــ دېدى قۇدرەت ئاكا كايىغاندەك تەلەپپۇزدا، ــ بايىقى گەپلىرىڭنى ئاڭلىدىم. مەتنىيازنى شۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرىپ-تىككەنسەن-دە، بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. قېنى، مەتنىياز كىم تەرەپتە بولاركىن؟

**بىر ئوتلام** ① بىر يۇتۇم، بىر يۇتقىچىلىك: بىر بۇردا ناننى ئالدى ھۆسەن شۇندا، بىر ئوتلام ئوتلىۋالدى قېنىق چاينى. ۋاراقلاپ كىتابنى بىر قولىدا، قېرىنداش بىلەن سىزدى مۇھىم جاينى. ② ئىچىدىغان ئازغىنا نەرسە: ئۆيدە بىر ئوتلام چايمۇ قالماپتۇ.

**بىر ئوقلۇق كرىستال** <كېئول> پەقەت بىرلا ئوپتىكىلىق ئوقتا ئىگە بولغان كرىستال. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كرىستال گۇرۇپپىسىدىكى كرىستاللارنىڭ ھەممىسى بىر ئوقلۇق بولىدۇ. مەسىلەن: كۋارتس، كالتسىت قاتارلىقلار.

**بىر ئۇچۇم** ① ئۇچۇمغا كېلىدىغان، ئۇچۇم توشىدىغان: بىر ئۇچۇم مېغىز. بىر ئۇچۇم بۇغداي. ② كۆچمە. بىر قىسىم، بەزى، قىس-

مەن، ئاز ساندىكى: مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بىر ئوچۇم سۇيىقەستچىلەر ئالتۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەق ـ ناھاقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنغانىدى.

**بىر ئۇچقاش** بىر يولى، بىر تۇتاش، ئۈزۈلدۈرمەي: ئۇلار بۇ ئىشنى بىر ئۇچقاشلا قىلىۋېتىپ، ئاندىن دەم ئالماقچى بولۇشتى.

**بىر ئۇستىخان، بىر تېرە بولۇپ قالماق** ← **بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالماق:** ئۇ ئۇزاق ۋاقىت كېسەل تارتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈزۈك غىزامۇ يېمەيدۇ، ئوبدان ئۇخلىيالمايدۇ. ھازىر ئۇ ئورۇقلاپ بىر ئۇستىخان، بىر تېرىلا بولۇپ قالدى.

**بىر ئۇۋىنىڭ كۈچۈكلىرى** ← **بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى.**

**بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچكەن** بىر يەردە چوڭ بولغان، بىر يەرلىك: بىز بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، بىر ـ بىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى بىلىشىمىز.

**بىر ئۆمۈر** ئۆمۈرۋايەت، ئۆمۈر بويى، پۈتۈن ئۆمۈر: ھۈنەر دېگەن ئادەمگە بىر ئۆمۈر ئەسقاتىدۇ. مەن سىزگە بىر ئۆمۈر ياخشىلىق قىلسامۇ، سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ياندۇرۇپ بولالمايمەن.

**بىر ئۆيىنى پىرقىراتماق** بىر ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقماق، بىر ئائىلىنى ياخشى باشقۇرماق: سەن گۈزەلئاينى «بۇرژۇي» دەۋەرمىگىن. ئۇ ھازىر بىر ئۆيىنى پىرقىرىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. دېمەك ئەمگەكچى.

**بىر ئۆلۈش** بىر پۈتۈن نەرسىنىڭ بىرقانچىگە بۆلۈنگەندىكى بىر بۆلۈكى ياكى بىر قىسمى: مەن ئۆزەمگە تەگكەن بىر ئۆلۈشنى ئالسام بولىدۇ، باشقىلار بىلەن چاتىقىم يوق.

**بىر ئېغىزدىن** بىر ئېغىزدىن چىققاندەك، قارشىلىقسىز، بىردەك: بۇ مەسىلىگە كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن قوشۇلدى. * مەجلىستە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇلاغ ۋە سايمانلارنىڭ باھاسىنى كېمەيتىشكە ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن رازى بولۇشتى.

**بىر ئېغىز سۆز** ← **بىر ئېغىز گەپ.**

**بىر ئېغىز گەپ** بىر جۈملە گەپ؛ ئاز، قىسقا گەپ: مېنىڭ سىزگە دەيدىغان بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

**بىر ئېلىك** بىر بارماق قېلىنلىقتا، خېلى قېلىن: قوي دېگەننى ئوبدانلا بىر ئاي باقسا بىر ئېلىك ئەت قونىدۇ.

**بىر ئىزدا** بىر خىل ھالەت، بىر خىل سەۋىيىدە، ئۆزگەرمىلمەي: ئۆتكەن كۈن بىر ئىزدا «چوڭ سەكرەش» بىلەن، يوقىلا بىر يەردىن پۇتاق ئىزدەش بىلەن.

**بىر ئىزغا چۈشمەك** بەلگىلىك تەرتىپكە، رەتكە چۈشمەك؛ نورماللاشماق؛ ئوڭشالماق: ئىدارىنىڭ خىزمەتلىرى ئەمدى بىر ئىزغا چۈشتى.

**بىر ئىشتاننى ئارتۇق يىرتقان** سېلىشتۇرۇلغان كىشىگە نىسبەتەن ياشتا چوڭ، كۆپنى كۆرگەن: ــ ئۇكام مەن ساڭا قارىغاندا بىر ئىشتاننى ئارتۇق يىرتقان، شۇڭا بۇنى مەن سەندىن ياخشىراق بىلىمەن، ــ دېدى سايىت قاسساپ ئەمەتكە نەسىھەت قىلىپ.

**بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماق** بىرەر ئىشقا كىرىشمەك، بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانماق: ئاتىدىن ئايرىلغان ئۈچ بالا ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق، ئۈم ياشاپتۇ، بىراق بۇلار بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتقان باللار ئەمەس ئىكەن.

**بىر ئىلاھلىق دىن** <دىن> ئىسلام دىنى ياكى خىرىستىئان دىنىغا ئوخشاش پەقەت بىرلا ئىلاھقا ياكى خۇداغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە چوقۇنىدىغان دىن.

**بىر يادرولۇق ھۈجەيرە** <بىئول> ئاق قان ھۈجەيرىلىرىنىڭ چوڭراق بىر خىلى، دىئامېتىرى 12 ـــ 15 مىكرومېتىر كېلىدۇ، ئادەم تېنىدە، ئاق قان ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۈچ پىرسەنتتىن سەككىز پىرسەنتكىچىسىنى ئىگىلەيدۇ. ھۈجەيرە يادروسى تۇخۇم،

بۆرەك ياكى تاقا شەكلدە كېلىدۇ. ئۇ تىنچ تۇرغاندا يۇملاق كۆرۈنىدۇ؛ ھەرىكەت قىلغاندا بولسا، يالغان پۇت پەيدا قىلىدۇ؛ ياللۇغلىنىش يۈز بەرگەندە، توقۇلمىلار ئىچىگە كىرىپ، يۇتۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**بىر ياستۇقتا باش قويماق** ئەر-خوتۇن بولماق: ئۇ خوتۇنىغا قاراپ: — مەن ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، دېيمەن — دە، سىز بىلەن بىللە ئاۋۋالقىدەكلا بىر ياستۇقتا باش قويۇپ يېتىۋېرىمەن، بىزنىڭ باللىرىمىز بار، — دېدى.

**بىر ياق** ① مەلۇم بىر تەرەپ: بىر ياققا ئۆتمەك. بىر ياققا تۇرماق. ② مەلۇم بىر جاي، مەلۇم بىر يەر: بىر ياققا بارماق. بىر ياققا چىقماق. — سەن بۈگۈن چۈشتە بىر ياققا بارامسەن؟

**بىر ياقتا تۇرسۇن** بۇ ياقتا تۇرسۇن، تۈگۈل: روشەن مېنىڭ تويۇمدا ياردەم قىلىش بىر ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كېلىپمۇ قويمىدى.

**بىر ياقتىن** —> **بىر باشتىن.**

**بىر ياقلىملىق** —> **بىر تەرەپلىمىلىك.**

**بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارماق** قەتئىي بىرلەشمەك، مۇستەھكەم ئۇيۇشماق، چىڭ ئىتتىپاقلاشماق: كۆپچىلىك بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، بەلنى باغلايدىغانلا بولساق، چىققىلى بولمايدىغان تاغ، ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا يوق. * كۆپچىلىك قەتئىي نىيەتكە كەلسە، بىر ياقىدىن باش چىقارساق، بۇ ئىش جەزمەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

**بىر ياقىدىن باش چىقارماق** —> **بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارماق.**

**بىر ياقلىق بولماق** —> **بىر تەرەپ بولماق.**

**بىر ياقلىق قىلماق** —> **بىر تەرەپ قىلماق.**

**بىر يەر** مەلۇم جاي، مەلۇم يەر: بۇ قىزنى قەيەردىدۇر، بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلاتتى. * بۈگۈن بىر يەرگە بارماي ئۆيدە ئولتۇردۇق.

**بىر يەردىن چىقماق** ① ئۆزئارا ئوخشاش چىقماق: بىردەك بولماق (پىكىر، مەقسەت، نىيەت، ئارزۇ-ئۈمىد ھەققىدە): ئىككىمىزنىڭ پىكرى زادىلا بىر يەردىن چىقمايدۇ، شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇنىڭغا باشلىق دەپ تولۇق ھۆرمەت قىلىمەن. * ئەزىز ئاكا بىلەن مېنىڭ پىكرىم ھەمىشە بىر يەردىن چىقىدۇ. ② نەتىجىسى ياكى ئاقىۋىتى يا ئۇنداق ياكى مۇنداق بولۇپ ئايرىلماق: — دادا، سىز ياشقا چوڭ بولۇپ قالدىڭىز، بۇ ئىش توغرۇلۇق كۆپ باش قاتۇرۇپ كەتمەڭ، ۋاقتى كەلگەندە بىر يەردىن چىقىدۇ، — دەپ دادىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا كىرىشتى ئەكبەر.

**بىر يەرگە بارماق** ئاخىرلىشىپ، تۈگەي دەپ قالماق: ئىشمۇ بىر يەرگە بارغان ئىدى، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر كېرىلدى-دە، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. * سەمەت ۋېلىسىپىتنى قۇراشتۇرۇپ بولغۇچە كۈنمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى.

**بىر يەرگە كەلمەك** بىر نۇقتىغا مەركەزلەشمەك، بىر قارارغا كەلمەك: بۇ ئىشتا رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ پىكرى ئاللىقاچان بىر يەرگە كېلىپ بولدى.

**بىر يۈرۈش** ① ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ھەممە قىسىم، تۈرلىرى تولۇق بولغان (سايمان، قورال، ئەسۋاب، كىيىم قاتارلىقلار ھەققىدە): بىر يۈرۈش كىيىم. بىر يۈرۈش سايمان. ② بىر قاتار: ئۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئومۇمىي ئىلمىي نەزەرىيىسى ۋە سەھنە سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، سەھنە ئەمەلىيىتى بىلەن جاپالىق شۇغۇللانغاندا، ئاندىن ئارتىست بولالايدۇ.

**بىر يىللىق ئۆسۈملۈك** <بوت> بىر يىل ئىچىدە ئۇرۇقىنىڭ ئۈنۈشى، غول تارتىشى، يوپۇرماق چىقىرىشى، چېچەكلەپ مېۋە بېرىشى، ئاخىرى ئۆلۈش قاتارلىق پۈتۈن ھايات مۇددىتىنى تاماملايدىغان ئۆسۈملۈكلەر. مەسىلەن: دادۇر، خاسىڭ، شال.

**بىرئاخشىمى** ئى [بىر+ئاخشام+ى] مەلۇم بىرئاخشىمى، بەلگىلىك بىرئاخشىمى:

بىرئاخشىمى بىز ئۆيدە بىخارامان تېلېۋىزىيە كۆرۈپ ئولتۇراتتۇق، ئۇشتۇمتۇت يەر تەۋرەپ بىزنى بەك قورقۇتۇۋاتقانىدى.

**بىرئاز** سۈپ [بىر+ئاز] **كۆپ ئەمەس، ئازراق:** بىرئاز سەۋرى قىلىڭ.

**بىرئەتىگەنلىكى:** ئى [بىر+ئەتىگەن+لىكى] مەلۇم بىرئەتىگەنلىكى، بەلگىلىك بىرئەتىگەنلىكى: بىرئەتىگەنلىكى بىز تېخى ئورنىمىزدىن تۇرماستا ئۇ بىزنىڭكىگە كەلگەنىدى.

**بىراق** باغل. تەڭداش جۈملىلەرنى قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتە باغلاپ، ئالدىنقى جۈملىدىكى ئوقۇمغا نىسبەتەن كېيىنكى جۈملىدىكى ئوقۇمدا بولىدىغان بۇرۇلۇشنى بىلدۈرىدۇ: بومبىلار پوتەينىڭ ئەتراپىدا پارتلاپ، قار ئارىلاش تۇتەكلەر كۆتۈرۈلدى. شۇ پەيتتە ئىسھاق پىلموتىنى كۆتۈرۈپ ئۈچقاندەك يۈگۈردى، بىراق تۈتەكلەر ئارىسىدىن ئۇچۇپ كەلگەن ئوقلار ئۇنى بىردىنلا توختىتىپ قويدى.

**بىراقلا** رەۋ ① بىرلا ۋاقىتتا، بىردىنلا، بىريولى: دىلبەرنىڭ بۇ سوئالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شائىر ئەمدى يۈرىكىنى باسالماي قالدى-دە، ئىككى كۆزىدىن بىراقلا ياش تۆكۈلۈپ كەتتى. * ئەزىزنىڭ ئامىتى كەلدى. ئۇ ئاددىي كادىرلىقتىن بىراقلا نازىرلىققا كۆتۈرۈلدى. ② **بىريولى، پۈتۈنلەي، ھەممىسى:** تۆگىدىكى ماي بىراقلا تۆكۈلۈپ كەتتى.

**بىراۋ** ئال. كىمدۇ بىر كىشى، مەلۇم بىر ئادەم، ئاللىكىم، **ئۆزگە:** شۇنچە كۆپ خەلقنىڭ كۆز ئىچىدە بىراۋنىڭ بويىنىغا سىرتماق سېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزەڭلارنىڭ بويىنىغا سالىدىغان سىرتماقنى تەييارلاپ قويۇشۇڭلار كېرەك. * بىراۋغا قىلغان ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ ئوڭاي ئۇنتۇلمايدۇ.

**بىرە-بىرە** ئاندا-ساندا، ناگان-ناگاندا، **ئارىلاپ-ئارىلاپ، گايىدا:** 12-ئاينىڭ 29-كۈنى كەچ، كوچىدا ئادەملەر شالاڭلاپ كەتكەن، بېلەت سېتىش ئورنىمۇ بۇرۇنقىدەك ئاۋات ئەمەس ئىدى. بەزىدە يولۇچىلار بىرە-بىرە كېلىپ، قاراپ قويۇپلا كېتىپ قالاتتى.

**بىرەر** ئال. **قانداقتۇر بىر، ھەر ھالدا بىر:** بۇ قاراش شۇنچىلىك قەتئىي ۋە نەپرەتلىك ئىدىكى، قاسىم ئۇنىڭدىن بىرەر ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىنى كۆرەلمىدى. * مەن بىرەر نۆۋەت ئېتىبار بېرىلەرمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن ئىككى پېشقەدەمگە ھېچ نەرسىنى قالدۇرماي ئېيتتىم.

**بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماق** ← **بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماق.**

**بىرەرى** ئال ① قانداقتۇر بىركىم، بىرەر كىشى، بىركىم، **بىرى:** ئىشخانىدا بىرەرى بارمۇ؟ * ئۆيىڭىزدە بىرەرى ئاغرىپ قالدىمۇ؟ ② **قانداقتۇر بىرنەرسە، قانداقتۇر بىرەر ئىش، بىرەر ھەرىكەت:** بۇ دۇكاندىن مەن ئالىدىغان نەرسىلەرنىڭ بىرەرىمۇ تېپىلمىدى.

**بىرەر-يېرىم** بىر ۋە بىر ئەتراپىدا، بىردىن **ئاشمىغان:** ئۇكام، بازارغا بارساڭ بىرەر-يېرىم قوغۇن ئالغاچ كەلسەڭ.

**بىرە-سىرە** ← **بىرە-بىرە:** ئۇ بىرە-سىرە كېلىپ تۇرىدۇ.

**بىرەن-سىرەن** ← **بىرە-بىرە.**

**بىرەھىم** سۈپ [پ+ئە] **رەھىمسى يوق، رەھىمسىز:** ھوي بىرەھىم، قىلغۇلۇقنى قىلىپ يەنە كۈلمسەنغۇ؟ * ھەددىڭدىن ئاشار بولدۇڭ شۇنچە بىرەھىم، بارمۇ سەنلەردە قىلچە ئىنسانىي شەرىم.

**بىرەھىملىك** ← **رەھىمسىزلىك.**

**بىرەيلەن** «بىر ئادەم، بىر كىشى» ئىكەن-**لىكىنى بىلدۈرىدىغان كىشىلىك سان:** رەيھان مۇئەللىم ئاشۇ مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلاۋاتقان چېغىدا، بىرەيلەن ئۇنى مۇئاۋىن مۇدىر مەخمۇتنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. * بىزنىڭ ئۆيگە بىرەيلەن كەلدى. * ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ بىرەيلەن چىقىپ كەتتى.

**بىربولسا** باغل [بىر+بولسا] ① «ئېھتىمال، بەلكى» دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: بىربولسا، ھازىر بېيجىڭنىڭ پويىزى كېتىپ بولدى. ② تەكرارلىنىپ كېلىپ «يا، ياكى» دېگەن مەنىدە تاللاش باغلىغۇچىسى رولىدا كېلىدۇ: — شۇجى ھازىر ئۆيىدە يوق. قانداق قىلىمىز، — دېدى ھاشىم ئاكامغا. دۈينىڭ ئامانلىق ھەيئىتى ھاشىم ئاكام: — ھازىر دەل چۈش ۋاقتى، شۇجى يىراققا بارمايدۇ، ئۇ بىربولسا ئامباردا بار، بىربولسا خامانغا كەتكەندۇ، يەنە بىر ئىزدەپ باقسىن ئۇكا، — دېدى.

**بىر-بىر** ئۆز تەرتىپى بىلەن، بىرمۇبىر، بىر-بىرلەپ: قېنى مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى بىر-بىر تەكرارلاپ كۆرۈڭ؟ * ئۆتتۇق بىز ئارقانغا ئېسىلىپ بىر-بىر، قىرغاققا يەتكەندە سۆيۈندۇق خۇشال. ۋەلېكىن، ماشىنا تېخىچە لايدا، تاپقىلى بولارمۇ بۇنىڭغا ئامال.

**بىر-بىردىن** بىردىن-بىردىن، بىر-بىرلەپ.

**بىر-بىرلەپ** ① بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى، ئارقا-ئارقىدىن: مەن دوستلىرىم بىلەن بىر-بىرلەپ قۇچاقلاشتىم. * رەيھان سومكىسىدىكى ئالمىلارنى بىر-بىرلەپ ساناپ چىقتى. * يولى بارلارنىڭ باللىرى بىر-بىرلەپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كەتتى. ② كۆچمە. تەپسىلىي، ئىنچىكە: مەختۇمسۇلا ھەممىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېردۇ. * پاتىمە مۇئەللىم ئۆزىگە ياردەمچى ئىزدىگەندەك، يېڭىدىكىلەرگە بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتى.

**بىر-بىرىدىن** بىرى يەنە بىرىدىن، بىرى ئىككىنچىسىدىن: ئۇلار ئاشۇنداق ئادەتتىكى كەپلەر بىلەن بىر-بىرىدىن ھال سوراشتى. * گەرچە بۇرژۇئازىيىنىڭ قانۇنلىرى بىلەن باشقا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ قانۇنلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى ئوخشاش.

**بىر-بىرىگە** بىرى يەنە بىرىگە، بىرى ئىككىنچىسىگە؛ ئۆزئارا: سابىر بىلەن زەيتۇنەم بىر-بىرىگە بېقىپ ياشلارنىڭ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە «قوغلاپ-قېچىپ» ياپراپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانىدا، ئىشىك تۈۋىدە تۇيۇقسىز قاسىم پەيدا بولدى.

**بىر-بىرىنى** بىرى يەنە بىرىنى، بىرى ئىككىنچىسىنى: باللار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۇزاق ئوينىغاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە تارقاشتى.

**بىرپەس** رەۋ [بىر+پەس] بىردەم، بىرئاز (پەقەت ۋاقىت ھەققىدىلا قوللىنىلىدۇ): ئۇلار بىرپەس خىزمەت ئۈستىدە نېرى-بېرى پاراڭلاشتى. * ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ پېلەكلەرنىڭ ئارىسىدا سايىنىڭ تېشىدەك پارقىراپ كۆرۈنگەن تاۋۇزلارغا بىرپەس قاراپ تۇردى.

**بىرتوقاي** سۈپ [بىر+توقاي] بىر تالاي، بىرمۇنچە، نۇرغۇن، تولا: بۇ تازا يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ساۋۇتجان يالغۇز ئۆزى قولىدا ئەسكى داس بىلەن چولاق سۇپۇرگىسىنى تۇتقان ئابلىز شۇجىنى كوچىدا ھەيدەپ ماڭدى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىرتوقاي باللار ئەگەشكەن بولۇپ، ئۇلار خۇددى ئىت تالىشىشىنى كۆرۈشكە قىزىققان تاماشىچىلاردەك گۇرۇلدەپ كېلىشىۋاتاتتى.

**بىرتۇرۇپ** باغل [بىر+تۇرۇپ] «بىردەم» «ھېلىقى» دېگەن مەنىدە ئايرىغۇچى باغلىغۇچى رولىدا كېلىدۇ: بىر تۇرۇپ بارىمەن دەيسەن، بىر تۇرۇپ بارمايمەن دەيسەن، زادى قانداق قىلىسەن؟ بارىمەن دېسەڭ ماشىنىغا چىق، بولمىسا خۇداغا ئامانەت. * شۇ كۈنى ھاۋا بىر تۇرۇپ ئېچىلسا، بىر تۇرۇپ تۇتۇلاتتى.

**بىرتۇرلۇك** رەۋ [بىر+تۇرلۇك] باشقىچە غەلىتە، ئاجايىپ: — نېمە قىلىمەن دەيسەن؟ ئۇمۇ ئادەم! — دېدى كېۋر ئاخۇن ئۆزىگە خاس بولمىغان بىرتۇرلۇك ئاچچىق بىلەن. * بۈگۈن مىجەزىم بىرتۇرلۇك بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، بىرىپ بىردەم دەم ئالاي.

**بىرچاغ** رەۋ [بىر+چاغ] مەلۇم بىرۋاقىت، مەلۇم بىرمەزگىل: ئۇ نەققاش ئىشلىگەنىبىرى خۇشاللىنىپ بىرچاغ ئۆتكەندە قولىدىكى گۈزەل-

نەپىس ئويمنى تۇتقىنىچە ھوشىدىن كېتىپتۇ. * بىرچاغدا ماشىنا توختىدى، قارىسام ئىش ئورنىغا يېتىپ كەپتىمىز، ھەممىمىز ماشىنىدىن چۈشۈپ جۈۋىلىرىمىزغا ئورالغىنىمىزچە كۆچمە قازان ئورنۇتۇلغان ئۆيگە كىردۇق.

**بىردە** باغل. بىردەم، بىر تۇرۇپ، بەزىدە: مەن ئىشكنى مەھكەم ئېتىپ قويغانىدىم. زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. سىرتتا ھۇۋۇلىغان بوران بىردە تۆپە پەنجىرىنى تاراقلىتىدۇ، بەزىدە نېمىلەرنىدۇ تاملارغا ئۇرىدۇ. * ئۇ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن بىردە شاگىۋۇنى، بىردە چېرىكلەرنى تىللىدى.

**بىردە ئەمەس بىردە** بىر قېتىمدا بولمىسا يەنە بىر قېتىمدا، قانداقلا بولمىسۇن بىر نۆۋەتتە؛ چوقۇم: — ماۋۇ سىرپايىچى ئوغرى سوغۇقتا بىر كېچە ياتقۇزغانىغا خۇش بولۇش يوق، ئىككى پاي پيمىنى كىيىپ قېچىپتۇ تېخى! بىردە ئەمەس بىردە ھامان قولۇمغا چۈشۈرسەن مۇناپىق، — دەپ مەزىنىنىڭ تۈۋلاۋاتقانلىقى سىرتقا ئاڭلىنىپ قالدى.

**بىردە ئانداق، بىردە مۇنداق** بەزىدە ئۇنداق، بەزىدە مۇنداق؛ بىردەم ئۇنداق، بىردەم مۇنداق.

**بىردەك** سۈپ ① بىر خىلدا، ئوخشاش، تەكشى، باراۋەر: مەيلى ياشانغانلار ۋە ياكى كىچىكلەرگە بولسۇن بىردەك مۇئامىلە قىلىش لازىم. * ئالدىدا ۋە كەينىدە بىردەك بولمىز. * جەڭچىلەر ھۇررا ئاۋازلىرى بىلەن بىردەك ھۇجۇمغا ئاتلاندى. * بۇ يىل سالغان ئورمانلار بىردەك ئۈستى. ② بىر نەرسىدەك، مەھكەم: ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

**بىردەكلىك** «بىردەك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھەرقايىسى مۇقاملاردىكى چوڭ نەغمە ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى مۇزىكىلىق بۆلەكلەر باشقا مۇقاملارغا ئالماشتۇرۇلسا، ئاھاڭ شەكلىدىكى بىردەكلىك ۋە مۇزىكا راۋاجىدىكى راۋانلىق بۇزۇلىدۇ.

**بىردەم** رەۋ [بىر+دەم] ① بىرپەس، بىرئاز: دادام ماڭا قاراپ بىردەم ئۈنسىز تۇردى. مەن ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرىنىڭ بىردىن چوغدەك يالقۇنلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. * بىز ئېشەكلىرىمىزنى دېۋىتتۇق ۋە بىردەمدىن كېيىن بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ، سۈزۈك سۈدىن ئۇچۇملاپ ئىچىپ چىمەنلىكتە يېتىشتۇق. ② تەكرارلىنىپ كېلىپ «بەزىدە، گاھىدا» دېگەن مەنىدە ئايرىغۇچى باغلىغۇچى رولىدا كېلىدۇ: دۈشمەنلەر بالىنى بىردەم ئۇرۇپ، بىردەم قورقۇتۇپ ئېلىپ كەلدى.

**بىردەملىك** «بىردەم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تۇغۇتتىن كېيىن بىردەملىك ئۇيقۇغا كەتكەن ھەببە ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچقاندا، نۇسرەت ئىشىك ئالدىدا كىرسىن ئوچاقتا ھەببىگە شوۋىگۈرۈچ قاينىتىۋاتاتتى.

**بىردەم-يېرىمدەم** بىردەملىككە، قىسقا بىرۋاقىت، بىرپەس: ئۇ ئىشتىن بۇرۇنراق قايتقان كۈنلىرى بالىلىرى بىلەن بىردەم-يېرىمدەم بىللە بولالايتتى.

**بىردىن** رەۋ. تاسادىپىي، ئۇشتۇمتۇت، تۇساتتىن، تۇيۇقسىز، كۈتۈلمىگەندە: جامائەت بىردىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاسمىنى كۆردى. * دادام ماڭا قاراپ بىردەم ئۈنسىز تۇردى. مەن ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرىنىڭ بىردىن چوغدەك يالقۇنلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

**بىردىنبىر** سۈپ [بىر+دىن+بىر] بىرگىنە، يالغۇز، مۇھىم، پەقەت بىرلا: بىردىنبىر چارە. * بوۋاق بىلەن ئانىنى ئوخشاشلا قۇتقۇزۇش بىزنىڭ ھازىرقى مۇنۇتتىكى بىردىنبىر بۇرچىمىز. * مەھسۇلات ئېشىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئىلمىي تېرىقچىلىقنى يولغا قويغانلىق. * دىلدار، گۈلنارنىڭ بىردىنبىر ئارزۇلۇق قىزىدۇر. ئۇنىڭ باشقا تۇغقىنى يوق، بىردىنبىر تۇغقىنى مۇشۇ بالا.

**بىردىنلا** رەۋ. تۇساتتىن، ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىز، تاسادىپىي: ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. * تۆتەكلەر ئارىسىدىن ئۇچۇپ كەلگەن ئوقلار ئۇنى بىردىنلا توختىتىپ قويدى. * ئۇنىڭ قاپىقى بىردىنلا تۈرۈلدى-دە كۆڭلىگە ئەندىشە

چۈشتى.

**بىرزامان** رەۋ [بىر+زامان] مەلۇم بىرچاغ، مەلۇم بىرمەزگىل، مەلۇم بىرۋاقىت.

**بىرزامانلاردا** رەۋ [بىر+زامان+لار+دا] مەلۇم بىرچاغلاردا، مەلۇم بىرمەزگىلدە، مەلۇم بىرۋاقىتتا: بىرزامانلاردا دۇنيانى تىترەتكەن، كېيىنچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئالتۇن ئوردىدا، ئىلىكخان ھاكىمىيىتىدىكى موڭغۇللارمۇ ئەرەبچە ئىسىم ـ فامىلە قوللىنىشقا باشلىدى.

**بىرر** ئى. ئېفىئوپىيە پۇل بىرلىكى.

**بىرقانچە** سۈپ [بىر+قانچە] بىردىن ئارتۇق، بەلگىلىك مىقداردا: ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرقانچە قوللار ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئايال ئۆتتۈشى بىلەن، ھەممە تەرەپنى ئىپار، ئەتىرنىڭ خۇش بۇيى بېسىپتۇ. * بىز بىرقانچە ئادەم بىرگە بازارغا باردۇق.

**بىرقانداق** رەۋ [بىر+قانداق] **قانداقتۇر بىر يوسۇندا، قانداقتۇر بىر خىلدا، قانداقتۇر بىر ھالەتتە:** سەن ئاپتوبۇسقا چىققاندا بىرقانداق بولمىغانسەن؟ * ئانام بىرقانداق بولۇپ قالسا، دەرھال ماڭا خەۋەر قىلىڭلار!.... ـــ دەپ تېلېفوننى ئاستا قويدى سىدىق قاسىم.

**بىرقايسى** ئال [بىر+قايسى] كىملىكى نامەلۇم، **قانداقتۇر بىر، قايسىبىر:** ماھۇت ئاخۇن قىزىغا: ـــ بىرقايسىسى مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالسا «ھازىر كېلىدۇ» دەڭ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، ـــ دەپ تاپىلاپ قويۇپ، تېز ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

**بىرقەپەس** رەۋ [بىر+قەپەس] بىر نۆۋەت، بىر مەيدان: مەخسۇت بەگ چېرىكلەر بىلەن بىر قەپەس تۇتۇشۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن مەخسۇت بەگنى بولاپ، ئۇنىڭ ھەممىيانىنى تارتىۋالدى. * ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن دۈشمەنلىك نىيەتتە ئۆزلىرى بىلەن بىرقەپەس ئېلىشىشقا كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇراتتى.

**بىرقەپەس ئېلىشماق** بىر مەيدان جەڭ قىلماق، بىر قېتىم سىناشماق، بىر قېتىم تۇتۇشماق: جەڭچىلەر دۈشمەن، ئەسكىرى بىلەن بىرقەپەس ئېلىشتى. * ئەگەر جەڭچىلەرنىڭ مەشقىنى كۆرۈپ قايتىۋاتقان پەيچاڭ بىنا ئىچىدىن چىقىپ ئۇلارغا يەتكۈدەك تەنقىد بەرمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلار يەنە بىرقەپەس ئېلىشقان بولاتتى.

**بىرقەدەر** رەۋ [بىر+قەدەر] مەلۇم دەرىجىدە، خېلى: يېقىندىن بۇيان چالغۇچىلىرىمىز بىزنىڭ سەھنىلىرىمىزدە ۋە بەزى كىنو مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلاشتا ئېلېكترونلۇق چالغۇلارنى قوللىنىپ كىشىلەرنىڭ بىرقەدەر ياخشى باھاسىغا ئېرىشمەكتە.

**بىرقۇر** [بىر+قۇر] رەۋ ① بىر قېتىم، بىر باشتىن: يىگىت ئۇلارغا بىرقۇر قاراپ چىقتى، تۇن قاراڭغۇسىدا ئۇلارنىڭ كىملىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمىسىمۇ، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئەمەس ئىدى. * موللام قولىدىكى كىتابىنى بىرقۇر ۋاراقلاپ چىقتى. * خېلىدىن كېيىن ئۇ خۇددى ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئەتراپقا بىرقۇر قاراپ چىقتى ـ دە ئالدىراپ تۈۋەنگە قاراپ ماڭدى. ② سۈپ بىر يۈرۈش، بىر پار (كىيىم ـ كېچەك ھەققىدە): مەن ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى بىرقۇر كىيىم تىككۈزدۈم. * ئۇ ھېيت باھانىسى بىلەن بالىسىغا بىرقۇر كىيىم ئېلىپ بەردى.

**بىرقىسما** سۈپ [بىر+قىسما] بىرتۈرلۈك، باشقىچە، نورمالسىز، غەيرىي: ھويلا ئىچىدىن ئايال كىشىنىڭ غۇدۇراپ چالىۋاتقان بىرقىسما ئاۋازى ئاڭلاندى. * ئۇنىڭ سىپمىزلىكىدىن پۇشۇلداپ، قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ مېڭىشلىرى بىرقىسملا ئىدى. * جىددىي خىزمەت ھەم تىنىم تاپماي كېسەل بېقىش، ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىق نەتىجىسىدە مەرھابانىڭ قوللىرى ئاشلانمىغان تېرىدەك يىرىكلىشىپ، رەڭگى ـ رۇخسارىمۇ بىرقىسما ئۆزگىرىپ كەتتى.

**بىرقىسما بولماق** بىر تۈرلۈك، باشقىچە، بۆلەكچە، غەلىتە بولماق؛ نورمالسىزلاشماق:

www.uyghurkitap.com

ئۇ يىغلىغانسېرى باللىق چاغلىرىمدىكى ئوت كەتكەن كېچىدە كۆيۈپ كەتكەن ئاتا ـ ئانام، يېتىملىكتە ئۆتكەن كۈنلىرىم يادىمغا يېتىپ، كۆڭلۈم بىرقىسما بولاتتى، بىچارە بالىغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيتتى.

**بىركەم** ئى (بىر+كەم) بىرۋاقىت، بىرچاغ، بىرمەزگىل: لۇتپۇللا يەنە خاتىرە يېزىشقا كىرىشىپ، خېلى بىركەم بولغاندا ئاندىن ئۇخلىدى. * تاڭ سۈزۈلمەكتە، چوڭ ـ كىچىك مەسچىتلەردىن ئاڭلانغان ئەرزان ئاۋازى خېلى بىركەمگىچە شەھەرنى قاپلىدى.

**بىركۈنى** ئى (بىر+كۈنى) مەلۇم بىركۈنى، بەلگىلىك بىركۈنى، كۈنلەرنىڭ بىرى: بىركۈنى غۇلام چاھار باغدا سەيلە قىلىپ، رەڭگا ـ رەڭ گۈللەر، ھەر تۈرلۈك جانىۋارلارنى كۆردى . * مەن ئۆتۈرمەن بىركۈنى، يارىم يىراقتا بولسىلا. ئىچىلۇرمەن غۇنچىدەك بىرلا قاراپ قويسىلا. * ئانداق ئەتمەڭلار مېنى، مۇنداق ئەتمەڭلار مېنى؛ بىركۈنى لازىم بولارمەن، تاشلىۋەتمەڭلار مېنى.

**بىركىم** ئال (بىر+كىم) نامەلۇم بىر كىشى، كىمدۇ بىرى: بىرىنى بىركىم بېرەر، كۆپنى ئەمگەك بېرەر (ماقال). * پىخسىق باي ئەزەلدىن ھېچنېمىنى بىركىمگە ئارىيەت بەرمەيتتى. * ئەكبەر بىركىملەر ئۇستىدىكى خىمىيۋى تەكشۈرۈشنى باشلاش ئۈچۈن پىروبىركىنى ئەمدىلا قولىغا ئېلىۋىدى، ئىشىكنى بىركىمنىڭ رىتىملىق، يېنىككىنە چەككەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

**بىرگە** رەۋ ① بىر بولۇپ، بىرلىشىپ، قوشۇلۇپ، بىللە، بىرلىكتە: بىز بىرگە ئوقۇدۇق، بىرگە خىزمەت قىلدۇق، بۇ جەرياندا تېخىچە مېنى چۈشىنىپ بولمىغانمىدىڭ؟ * كېتەرىڭنى بىلەر بولسام، يولدا تۇراتتىم. يىغلاپ ـ يىغلاپ قالغىنىمدىن بىرگە باراتتىم. ② «بىلەن» سۆزى بىلەن كېلىپ «بىر قاتاردا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش بىلەن بىرگە تەنھەرىكەت بىلەنمۇ داۋاملىق شۇغۇللىنىش كېرەك.

**بىرلە** باغل. يېزت. بىلەن، ئارقىلىق: ئوخشىتىشمۇ گەر سىياقىغا دەرەخنىڭ پارچىسى، ئۇل ئېسىل خىسلەتلىرى بىرلە دەرەخنىڭ تاجىسى.

**بىرلەر** ئى <مات> سانلارنىڭ ئونلۇق سىستېما بويىچە يېزىلىشىدىكى بىرىنچى خانىدىكى رەقەم.

**بىرلەر خانىسى** <مات> سانلارنى ئونلۇق سىستېما بويىچە يېزىشتىكى بىرىنچى خانە.

**بىرلەشتۈرگۈزمەك** «بىرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى: ئازادلىقتىن ئىلگىرى سازەندىلەر نوتا بىلمىگەچكە، ئۆز شاگىرتىنى تەربىيىلەشتە داپ بىلەن، شۇنىڭدەك ساتار بىلەن يۈزلىگەن قوشاق ۋە غەزەلنى يادا ئالدۇراتتى. شېئىرىي ۋەزنلەرنى ساز رىتىمىگە بىرلەشتۈرگۈزەتتى.

**بىرلەشتۈرمەك** «بىرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەخسۇس ھۆججەت چۈشۈرۈپ، رايونىمىزدىكى خىزمىتى، ۋەزىپىسى ۋە خاراكتېرى ئوخشاش ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان بەزىبىر ئىدارىلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە بىرلەشتۈردى.

**بىرلەشتۈرۈلمەك** «بىرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ناھىيىدە كۆچەت تىكىش بىلەن پەرۋىش قىلىش، باشقۇرۇش ئىشلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلدى. * شىنجاڭ داشۆدە مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلەش بىلەن سىستېمىلىق ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىرلەشتۈرۈلدى.

**بىرلەشكەن** ① «بىرلەشمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئايرىلغاننى بۆرە يەيدۇ، بىرلەشكەنلەر كۆپ ياشايدۇ (ماقال). ② بىر تۈردىكى ياكى ئورتاق مەقسەتتىكى كىشىلەر ۋە تەشكىلاتلاردىن تەركىب تاپقان: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى.

**بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى** ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، 1945 ـ يىلى قۇرۇلغان خەلقئارا تەشكىلات، قىسقارتىلىپ «ب د ت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ باش ئورگىنى ئامېرىكىنىڭ نيۇ ـ يورك شەھىرىدە. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئاپپاراتلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر

تەشكىلاتنىڭ يىغىنى، خەۋپسىزلىك كېڭىشى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كېڭەش، كاتىبات باشقارمىسى قاتارلىقلاردۇر. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاساسىي نىزامنامىسىدا بەلگىلىنىشچە، ئۇنىڭ مەقسىتى خەلقئارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكنى قوغداپ، خەلقئارا دوستانە مۇناسىۋەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش؛ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

**بىرلەشمە** ① سۈپ. بىرقانچە تەرەپ ئۆزئارا بىرلىشىپ تۈزۈلگەن، بىرلىكتە ماسلىشىپ ئىلىپ بارغان: بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش. * باقى بىرلەشمە جەڭگە قاتناشقاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئايالى كېسەل بولۇپ قالدى. * چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلاردىن بىرلەشمە ئىمتىھان ئېلىنغىنىغا بىر ئايدەك بولۇپ قالدى. ② ئى. مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ئاساستا ياكى مەلۇم مەقسەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ بىرلىشىش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىجتىمائىي تەشكىلات ياكى ئۇيۇشما: چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى، كوئىنلۇن مېھمانخانىسىدا باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

**بىرلەشمە ئاخبارات** ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق دۆلەت، ھۆكۈمەت، پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ بىرلىشىپ ئېلان قىلغان ئاخباراتى.

**بىرلەشمە ئارمىيە** <ھەرب> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قوراللىق تەشكىلاتلار بىرلىشىپ تەشكىل قىلغان ئارمىيە.

**بىرلەشمە كارخانا** <س ئىق> ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان ھەم ئۆزئارا پەرقلىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ياكى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى بىرلەشكەن كارخانا: غۇلجا ناھىيىسىدە يېڭى قۇرۇلغان تەمنەلەش بىلەن رېمونت قىلىش بىللە ئېلىپ بېرىلىدىغان، سودا ـ سانائەت بىرلەشتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك بىرلەشمە كارخانىسى 1 ـ ئاينىڭ باشلىرى رەسمىي تىجارەت باشلىدى.

**بىرلەشمە مۇسابىقە** <تەن> ۋاليبول، ۋاسكىتبول، پۇتبول قاتارلىق مۇسابىقىلەردىكى ئۈچتىن ئارتۇق تەڭ دەرىجىلىك توپ كوماندىلىرى ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە.

**بىرلەشمە ھۆكۈمەت** ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پارتىيە ـ گۇرۇھ بىرلىشىپ تەشكىل قىلغان ھۆكۈمەت.

**بىرلەشمەك** پ ① ئۆزئارا تۇتاشماق، ئۇلانماق، بىر ـ بىرىگە تېگىشمەك: ئاستا ـ ئاستا ئىككى گەۋدە بىرلەشتى، بۇ كۆرۈنۈشتە ئۇلار گويا مەڭگۈ مۇشۇنداق قوچاقلىشىپ تۇرىدىغاندەك، بىر مىنۇتمۇ ئاجراشمايدىغاندەك ئىدى. ② مەلۇم مەقسەت ياكى مەلۇم ئاساستا بىر ـ بىرىگە قوشۇلماق، ئۇيۇشماق: بىر ئېيىق بىلەن بىر دېھقان ئاغىنە ئىكەن. ئۇلار بىر يىلى بىرلىشىپ ياڭيۇ تېرىپتۇ. * سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ كەلگۈسىدىكى كوممۇنىزملىق پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇنىڭ تاۋار ئىگىلىكى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدىغانلىقىدا.

**بىرلەمچى** سۈپ <پەلس> بىرەر جەريان ياكى ھادىسىدە بىرىنچى ئورۇننى تۇتقان، ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان: ماددا بىرلەمچى، چۈنكى ئۇ تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر ۋە ئاڭنىڭ مەنبەسى؛ ئاڭ ئىككىلەمچى، ھاسىلىي نەرسە، چۈنكى ئۇ ماددىنىڭ ئىنكاسى، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى. * ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىلەن پسىخىكىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىگە كەلگەندە ماددا بىرلەمچى، پسىخىكا ئىككىلەمچى دېگەن نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

**بىرلەمچى سۇ** <سۇ> ماگما مۇزلاش جەريانىدا پەيدا بولغان يەر ئاستى سۈيى، ماگمىنىڭ مۇزلىشى بىلەن گاز ھالەتتىكى ماددىلار بۆلۈنۈشكە باشلايدۇ، تەركىبىدىكى ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېن يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە يۇقىرى بېسىمدا بىرىكىپ سۇنى پەيدا قىلىدۇ.

**بىرلەمچى كاتۇشكا** ئىندۇكسىيىلىك كاتۇشكا ۋە ترانسفورماتورنىڭ توك مەنبەسىگە

ئىچىدىن ئۆلىنىدىغان كاتۇشكا.

**بىرلەمچى مىنېرال** ‹گېئول› كان ياتمىسى تەركىبىدىكى، شەكىللەنگەن ۋاقتىدىكى ھالىتى ۋە تەركىبىنى ساقلاپ قالغان مىنېراللار.

**بىرلەن** باغل. يېزت. بىلەن، ئارقىلىق.

**بىرلىك** ① ئى. ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق: ئارمىيىمىزنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ رايى مۇقەررەر ھالدا دۆلەتنى سوتسىيالىزم ئاساسىدا باي ۋە قۇدرەتلىك قىلىش، ۋەتەننىڭ تەيۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي تەلەپ ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. ② سۈپ. كۆپچىلىككە تەئەللۇق بولغان، ئومۇمىيلىققا ئىگە: چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلاردىن تەركىب تاپقان ئەڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش يولىدا كۈچنىڭ بېرىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. ③ ئى ‹مات› شەيئىلەرنى ئۆلچەشتە ئۆلچەم قىلىپ بېكىتىلگەن مىقدارنىڭ نامى. مەسىلەن: سانتىمېتر — ئۇزۇنلۇقنى ھېسابلاش بىرلىكى؛ گرام — ماسسىنى ھېسابلاش بىرلىكى؛ سېكۇنت — ۋاقىتنى ھېسابلاش بىرلىكى ۋە باشقىلار: بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 500 جىڭدىن ئاشۇرۇپ، ئىلى ۋادىسىنى بۇغداي ئامبىرىغا ئايلاندۇرايلى. ④ ئى ‹تىل› ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ سان كاتېگورىيىسىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، كۆپلۈك سانغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ؛ بىرلىك سان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ⑤ ئى ‹پەلس› دىئالېكتىكىدا زىددىيەتنىڭ ئوخشاشلىقى، بىرلىكى ۋە بىردەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ بارلىق شەيئىلەردىكى زىددىيەت تەرەپلىرىنىڭ بىر-بىرىگە سىڭىشىشى، بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈشى، بىر-بىرىگە بېقىنىشى، بىر-بىرىگە باغلىنىشى ۋە بىر-بىرىگە ئايلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پەلسەپىۋى كاتېگورىيە.

**بىرلىك چەمبەر** ‹مات› بىر بىرلىك ئۇزۇنلۇقتىكى كېسىكىنى رادىئۇس قىلغان چەمبەر.

**بىرلىك سەپ** بىرقانچە سىنىپ ياكى بىرقانچە پارتىيىنىڭ مەلۇم سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن تۈزگەن ئىتتىپاقى: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ. خەلق دېموكراتىيىسى بىرلىك سېپى. * يىغىنغا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللىي ئىشلار كومىتېتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بىر قىسىم مەسئۇللىرى قاتناشتى.

**بىرلىككە كەلمەك** ① بىر پۈتۈنلىككە ئىگە بولماق، بىر پۈتۈن بولماق: تەيۋەن، شاڭگاڭ، ئاۋمېنلارنىڭ تىنچ يول بىلەن ۋەتەن قوينىغا قايتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ۋەتىنىمىزنى زامانىۋىلاشقان، بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ② بىرەر ئىش-ھەرىكەت ياكى بىرەر پىكىردە بىرلىك ھاسىل بولماق؛ ئورتاقلاشماق، بىرلەشمەك: بۇ يىغىندا ئىككى ئىش توغرىسىدا بىرلىككە كەلدۇق.

**بىرلىك مەھسۇلات** ‹دېھ› بىر يىل ياكى بىر پەسىلدە بىرمو بىرلىك قىلىنغان يەر كۆلەمىدىن ئېلىنغان ھوسۇل، مەھسۇلات: ناھىيە بويىچە بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 400 جىڭغا، كۆممىقوناقنىڭ 700 جىڭغا يەتتى.

**بىرلىك ۋېكتور** ‹مات› ئۇزۇنلۇقى بىر بىرلىك ئۇزۇنلۇققا تەڭ بولغان ۋېكتور.

**بىرلىكتە** رەۋ ① بىللە، بىر بولۇپ، قوشۇلۇپ: غۇلام ئۆي ئىگىسى بىلەن بىرلىكتە قوي سويۇۋاتاتتى. ② بىرلىشىپ، قوشۇلۇپ: بۇ قېتىمقى يىغىننى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، شەھەرلىك ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئۈرۈمچى رادىئو ئىستانسىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى.

**بىرمەزگىل** رەۋ (بىر+مەزگىل) بەلگىلىك بىر جەريان، مەلۇم بىرۋاقىت: دەسلەپكى چاغلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەرەب يېزىقى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بىرمەزگىل تەڭ ئىشلىتىلگەن. * باسىت ئۇنى خۇددى باھاردىكى گۈلگە ئوخشاش بىرمەزگىل پۇراپ - پۇراپ تاشلىۋەتتى.

**بىرمەھەل** رەۋ (بىر+مەھەل) مەلۇم بىر چەكلىك پەيت، ۋاقىت، چاغ؛ مەزگىل: ئىنسان ئۈچۈن بىرمەھەل زېرىكىشلىك ياكى يىرگىنچلىك كۆرۈنگەن شارائىت ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سىنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ۋە گۈزەل بولۇپ قالىدىكەن. * مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە چوڭ بولغان، بىرمەھەل ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلغانىدىم.

**بىرمۇبىر** ① ئۆز رەت - تەرتىپى بىلەن؛ بىردىن كېيىن يەنە بىرى: مەن ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋالنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردىم. * ئۇنىڭ خىيالىدىن رەھبەرلىك ئىستىلىدىكى توغرا بولمىغان خاھىشلارنى تەنقىد قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرى بىرمۇبىر ئۆتۈشكە باشلىدى. ② ھەربىرىنى، ئالاھىدە، ئايرىم، بىر - بىرلەپ: رەقىب بىزنى ئۇنىڭغا بىرمۇبىر تونۇشتۇردى. * مەن بۈگۈن سىلەرنىڭ ئۆيگە يېتىپ كەلگۈچە بىرنەچچە يەردە سوراققا تارتىلدىم. ئۇچرىغانلا ئادەم خەت - ئالاقىلىرىمنى بىرمۇبىر تەكشۈردى.

**بىرمۇنچە** ئال [بىر+مۇنچە] ① بىرنەچچە، بىرقانچە: بىرمۇنچە ۋاقىت. * 1981 - يىلى ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولساقمۇ، لېكىن ئىلگىرىلەش داۋامىدا يەنە بىرمۇنچە مەسىلىلەر ساقلانماقتا. ② مەلۇم مىقداردا، بەلگىلىك ساندا، مەلۇم دەرىجىدە، خېلى، جىق: ئۇ يېنىغا قارىۋىدى، بىرمۇنچە دۈشمەننىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. * ئازگال ئەتراپىدا بىردەمدىلا بىرمۇنچە كىشى پەيدا بولۇپ، ئۇلاردىن بىرنەچچىسى ئالىمنىڭ يېنىغا چۈشتى.

**بىرنەچچە** ئال [بىر+نەچچە] قانچە ئىكەنلىكى نامەلۇم، بىردىن كۆپ، ئاز بولمىغان: ئالمىنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىن يەنە بىرنەچچە پاي ئوق ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. * ئەزىمەتنىڭ قوغۇنلارنىڭ تۇر، خىلىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىسى چىنارخان بىرنەچچە خىل قوغۇنلارنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلگۈچە داۋام قىلدى.

**بىرنەرسە** ئال [بىر+نەرسە] ① مۇئەييەن شەيئى، ياكى قانداقتۇر سادىر بولغان مەلۇم بىر ھادىسە، ۋەقە، ئىش: كۆزۈمگە بىرنەرسە كۆرۈندى. * بىرنەرسە سېتىۋېلىشقا بازارغا بارىمەن. * بىرنەرسە يېدىڭمۇ؟ ② مۇئەييەن بىر پىكىر، قاراش، گەپ سۆز: — ئوغلۇم داداڭ ساڭا بىرنەرسە دېدىمۇ؟ — دېدى ئانا جوزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋە كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ. ③ كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلغاندا كەمسىتىشنى بىلدۈرىدۇ: — قانداق بىرنەرسە بۇ، خەقنىڭ ئۆيىگە ئىشىكنى چەكمەي كالىدەك كىرىپ كەلگىنىنى؟ — خاپا بولدى نىساخان ئاچا ئۆيگە كىرگەن كىشىگە چىرايىنى ئاچماي غۇدۇراپ.

**بىرنۆرى** باغل [بىر+نۆرى] مەيلى، تۇرۇپ تۇرسۇن: ئېيتىڭا، ماڭا ئوخشاش ئولتۇرسا - قوپسا دۇنيانىڭ پايدىسىنى كۆزلەيدىغان ئادەمنى يولدىن ئازدىنىڭ دېسە قاملىشامدۇ، باشقىسىمۇ بىرنۆرى، مېنىڭ ھار ئالغىنىم ئەبلىغازنىڭ مۇشۇ سۆزى، ئېيتىڭا ئۇكام، مېنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىم ئورۇنسىزمۇ؟

**بىرنېمە** ئال [بىر+نېمە] ⟵ **بىرنەرسە**: — ئاپا - ئاپا، — دەپ يۈگۈرۈپ كىردى غەيرەت، — كۆزۈمگە بىرنېمە كىرىپ كەتتى. * ئانا نېمە بولدى؟ دادام بىلەن بىرنېمە دېيىشىپ قالدىڭلارمۇ؟ * مۇنۇ بۈگۈنكى ئىش توغرىسىدا شۇ ئادەم بىرنېمە دېيەلەيدۇ، مانا شۇنىڭ مەسلىھەتى ھازىر كېرەك. * بۈگۈن يەكشەنبە، كوچىغا چىقساڭ خەجلىگۈدەك بىرنېمەڭ بارمۇ؟ بولمىسا مەن بېرەي. * ئۇ قانداق بىرنېمە؟ * ھاشىمكامنىڭ ئەخمەت دېگەن بىرنېمىسى شۇنداق ئەسكى شۇمتەك بولۇپتۇ.

**بىرنېمە بولار** يا ئۇنداق، يا مۇنداق نەتىجىسى چىقار؛ خۇلاسىلىنار: ئانچە ئەنسىرەپ كەتمە، ئاخىرى بىرنېمە بولار.

**بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ** مۆلچەرلىگىلى، ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ: پاكىتلار كۆپەيمىگۈچە

بۇ ئىشقا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

**بىرنېمە دېمەك** مۇئەييەن بىر پىكىر، قاراش، تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويماق؛ بىرەر خۇلاسىغا كەلمەك: — سىز بېرىپ يۇقىرىنى بىرنېمە دەپ ئۇنىتىڭ، ئۇلار بىرنېمە دېسە، مېنىڭ بېجىرمىكىم تەس ئەمەس - تە، — دېدى دادۇي شۇجىسى. * شۇنى دېمەمسەن، لېكىن بۇ قىز مەن ئويلىغان قىزلاردىن ئەمەس، سەن ئۆزەڭ بىرنېمە دېيەلمىگەن يەردە، مەن قانداق بىرنېمە دېيەلەيمەن.

**بىرنېمە قىلماق** بىرەر چارە ۋە ئىلاجىسىنى تېپىپ ئىشلەپ باقماق: — بۇگۈن كەچ كىرىپ خۇپتەن بولدى، بۇ چاغدا ئۇ يەرگە بېرىپ سىز دېگەن ئادەملەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئىنشائاللا ئەتە بېرىپ بىرنېمە قىلارمىز ئۇكام، — دەپ يولغا سالدى مەھەممەت خەلپەت.

**بىرھازا** رەۋ [بىر+ھازا] خېلى بىرۋاقىت، خېلى ئۇزاق ۋاقىت: بىز تونۇشۇپ بىرھازا پاراڭ قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، راشىدىن ئاكام ئەسلى كېپىگە چۈشتى. * توختى پۇلنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سانىمايلا يېنىغا سېلىپ قويدى.

**بىرھازالىق** «بىرھازا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىرھازالىق نەغمە - ناۋادىن كېيىن يىگىتبېشى ناسىرغا ھەر خىل تەلەپلەر كېلىشكە باشلىدى.

**بىرھالدا** رەۋ [بىر+ھال+دا] بىر خىل رەۋىشتە، ئوخشاش ھالەتتە.

**بىرۋاراقىي** رەۋ [بىر+ۋاراق+ى] قەدەممۇ-قەدەم، بىر-بىرلەپ، پەيدىنپەي، بارا-بارا، تەدرىجىي: بىرۋاراقىي ئىشلەپ تۆگىتىمەن.

**بىرۋاقىت** رەۋ [بىر+ۋاقىت] بىرمەزگىل، بىرچاغ: بىرۋاقىتتىن كېيىن ئوقۇتقۇچى كىرىپ ھە دەپ ئابلىكىمنى تەنقىدلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

**بىرۋاقىتتا** رەۋ [بىر+ۋاقىت+تا] ئوخشاش بىر چاغدا، شۇ بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە: بۇرژۇئازىيە دېھقانلارنى ۋە بارلىق ئۇششاق بۇرژۇئازىيە قاتلىمىنى پارچىلاش ۋە تارقىتىۋېتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، پرولېتارىياتنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدۇ، بىرلەشتۈرىدۇ ۋە تەشكىللەيدۇ.

**بىرۋاقىتلاردا** رەۋ [بىر+ۋاقىت+لار+دا] ئۆتكەن بىرچاغلاردا، بىرزامانلاردا: بىرۋاقىتلاردا ھەتتا، مېنىڭ كېلەچەكتىكى جۇپتۇم جەزمەن شۇ بولىدۇ، دەپمۇ ئويلىغان ھەم جەزمەن شۇ بولۇشىنى تىلىگەنىدىم. * بىرۋاقىتلاردا باشلىقلار بۇرژۇئازىيە تۈمەنلىگەن ئىشچىلارنىڭ قېنىنى شوراپ كۆپ كەچۈرىدىغان پارازىتلار، دەۋاتاتتى.

**بىرىنىۋا** ئى [ر] ساقال ئالغۇچقا بېكىتىدىغان يۇپقا مېتال پىچاق، تىغ.

**بىرىكتۈرگۈچى** «بىرىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما** <بئول> ئادەم ياكى ھايۋان تېنىدىكى سۆڭەك، كۆمۈرچەك، سىڭىر قاتارلىق بەرداشلىق بېرىش، ئوزۇقلاندۇرۇش، ئاسراش ۋە بىرىكتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە توقۇلما.

**بىرىكتۈرگۈزمەك** «بىرىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى.

**بىرىكتۈرمەك** «بىرىكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەگەر ئوكسىگېننى ئازوت ياكى گۈڭگۈرت بىلەن ئوخشاش بولمىغان نىسبەت بويىچە بىرىكتۈرسەك، بۇنىڭدىكى ھەربىر بىرىكمىدىن سۈپەت جەھەتتە باشقا ھەرقانداق جىسىمغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل جىسىم ھاسىل بولىدۇ.

**بىرىكتۈرۈش** «بىرىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**بىرىكتۈرۈش مېتابولىزمى** <بئول> جانلىقلارنىڭ ئوزۇقلۇق ماتېرىياللاردىن ھەر خىل مۇرەككەپ ئورگانىك ماددىلارنى بىرىكتۈرۈۋېلىش جەريانى. مەسىلەن: ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كاربون (IV) ئوكسىدى ۋە سۇدىن

فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق قەنتلەرنى بىرىكتۈرۈۋېلىشى؛ بەزى جانلىقلارنىڭ ئاددىي ئازوتلۇق ماددىلاردىن ئاقسىللارنى بىرىكتۈرۈۋېلىشىگە ئوخشاش.

**بىرىكتۈرۈشمەك** «بىرىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بىرىكتۈرۈلمەك** «بىرىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بىرىككەن** سۈپ ① ئۆزئارا قوشۇلغان، بىرلىشىپ كەتكەن: بىرىككەن خۇلاسە. بىرىككەن سۆز. ② <خىم> خىمىيىلىك قانۇنىيەتلەر بويىچە ئۆزئارا رېئاكسىيىلەشكەن: بىرىككەن ماددا.

**بىرىككەن خۇلاسە** <لوگ> ئىككى كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈكتىن ھاسىل بولغان، ئالدىنقى ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ يەكۈنى كېيىنكى ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ ئاساسى قىلىنىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ خۇلاسە.

**بىرىككەن سۆز** <تىل> «بوبىتاق، ئەتىياز، بۈگۈن...»گە ئوخشاش ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزدىن بىرىكىپ بىرلا ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان ياسالما سۆز.

**بىرىكمە** ① ئى. بەلگىلىك نىسبەتتە ئۆزئارا قوشۇلۇش ۋە ئارىلىشىش بىلەن ھاسىل قىلىنغان ئارىلاشما: ئەگەر بۇ ئىككى بىرىكمە قوشۇلۇپ ماشىنا زاپچاسلىرىنى مايلاپ بېرىشتىن باشقا ئەكس تەسىر كۆرسەتمىسە، ھازىرقى ئەھۋال بىلەن ماشىنىنى قوزغاپ بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ بېرىشقا بولاتتى. ② ئى <خىم> **بىرىكىش** رېئاكسىيىسى نەتىجىسىدە ئىككى ياكى بىرنەچچە

سۇيىدۇق ۋە بىرىكمە ئوغۇت 15 تۈرىنى يەتتى.

**بىرىكمە ئاھاڭ** <مۇز> بىرقانچە مۇزىكىنىڭ ئاھاڭىدىن تەركىب تاپقان بىر يۈرۈش ئاھاڭ.

**بىرىكمە سۇ** <گېئول> مىنېرال ياكى باشقا خىمىيىۋى بىرىكمە تەركىبىدە $(OH)$، $H^+$، $H_3O$ شەكىللىرىدە ساقلىنىدىغان سۇ. كرىستال كاتەكچىسىدە ئۇنىڭ مەلۇم ئورنى بولىدۇ، ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، پەقەت يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قىزدۇرۇپ، كرىستال كاتەكچىسىنى ئۆزگەرتكەندە ياكى بۇزغاندىلا ئۇنى مىنېراللار تەركىبىدىن ئاجرىتىۋالغىلى بولىدۇ.

**بىرىكمە كۆمۈر قازغۇچ** كۆمۈر قېزىش، پارچىلاش ۋە قاچىلاش ئىش تۈرلىرى مۇجەسسەملەنگەن ئۇنىۋېرسال ماشىنا.

**بىرىكمە ئوغۇت** <دېھ> تەركىبىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئوشۇق ئاساسلىق ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلىرى بولغان ئوغۇتلار.

**بىرىكىش** ① «بىرىكمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② ئى <خىم> ئىككى ياكى كۆپ خىل ماددىلارنىڭ خىمىيىۋى رېئاكسىيە ئارقىلىق يېڭى ماددا ھاسىل قىلىشى. مەسىلەن: ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېن بىرىكىپ سۇ ھاسىل بولغانغا ئوخشاش.

**بىرىكىشمەك** «بىرىكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بىرىنچى** ① سان. تەرتىپى «1» رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، 1 ـ نومۇرلۇق: بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوتسىيال ئىنقىلابچىلا

ئەخمەق، خوتۇننى ماختىغان ئىككىنچى ئەخمەق (ماقال). * مېنى بىرىنچى بولۇپ يوقلاپ كەلگەن ئادەم مۇشۇ قىز بولغىنى ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال ئىدىم. ③ رەۋ. باشتىن كەچۈرۈلمىگەن، كۆرۈلمىگەن: ھاياتىدا ئەمدى بىرلا قېتىم يۈز بەرگەن، سادىر بولغان: ئۇلار شۇنداق مېڭىپ چۈشكە يېقىن شەھەرگە كىرىپ كەلدى، بۈگۈن جۈمە ئىدى، نالەم غۇلجا شەھىرىنى بىرىنچى قېتىم كۆردى. * بۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا بىرىنچى قېتىم دەرس ئۆتۈپ بېقىشىم ئىدى. ④ سۈپ. ھەممىدىن ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان، ئەڭ ماھىر، ئىلغار، ئەلا، پېشقەدەم: بۇ يىلقى مۇسابىقىمىزدە كوماندىرىمىز ساۋۇت بىرىنچى. ⑤ سۈپ. ھەممىدىن زۆرۈر، ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان، ئەڭ مۇھىم، ئاساسىي؛ باش: ۋاقىتنى كۈندۈزى ئالتە سائەت، ئاخشىمى ئىككى سائەت قىلىپ ئورۇنلاشتۇرساق بولار. ئون ئىككى سائەتلىك پىلانىمىز بېيجىڭغا بارغاندا ئىشلەيدۇ. بۇ يەردىكى بىرىنچى ۋەزىپە دەم ئېلىش، ئاندىن قالسا ئۆگىنىش. * ساۋاقداش باتۇرجان بەرگەن ئىمتىھان ئۆز كەسپى بويىچە ئەلا — بىرىنچى. * بۇ كىشى ئۆز كەسپىدە شەھىرىمىزدە بىرىنچى ئۇستا.

**بىرىنچى ئاۋغۇست ئەنچاڭ قوزغىلىڭى** <تارىخ> 1927 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇ ئېنلەي، جۇ دې، خې لۇڭ، يې تىڭ، ليۇ بوچېڭ قاتارلىقلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەگەشكەنلەردىن 30 مىڭ كىشىلىك شىمالغا يۈرۈش قىلغان قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئەنچاڭدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي كومىتېتلار قۇرۇلدى. ئەنچاڭ قوزغىلىڭى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى بىرىنچى توپنى ئاتقان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مۇستەقىل رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

**بىرىنچى ئاي** ← **يانۋار.**

**بىرىنچى ئەۋلاد** <بىئول> جانلىقلارنىڭ جىنسلىق كۆپىيىش جەريانىدا ھاسىل قىلىدىغان بىرىنچى ئەۋلادى.

**بىرىنچى باسقۇچلۇق ئەمەل** <مات> ئەمەللەر ئارىلاش كەلگەن ۋاقىتتا ئالدىن بېجىرىلىدىغان ئەمەل.

**بىرىنچى بولۇپ** ئەڭ بالدۇر، ھەممىدىن ئىلگىرى: ياسىن ئۆتكەن يىلى يېزىمىزدىن بىرىنچى بولۇپ داشۆگە كىردى.

**بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە** <مات> دەرىجىسى بىر بولغان ئالگېبرالىق تەڭلىمە.

**بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى** <تارىخ> جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ 1914 - يىلدىن 1918 - يىلغىچە مۇستەملىكىلەرنى قايتىدىن بۆلۈۋېلىش ۋە دۇنيا زومىگەرلىكىنى تالىشىش ئۈچۈن بىرىنچى قېتىم ئېلىپ بارغان دۇنياۋى ئۇرۇشى. ئۇرۇشقا قاتناشقان بىر تەرەپ گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى بولۇپ، «ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر» دەپ ئاتالغان؛ يەنە بىر تەرەپ ئەنگلىيە، فرانسىيە، روسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر بولۇپ، «ئانتانتا دۆلەتلىرى» دەپ ئاتالغان، جۇڭگومۇ كېيىنرەك ئانتانتا دۆلەتلىرى قاتارىغا كىرگەن. ئۇرۇش ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلاشقان.

**بىرىنچى سىگنال سىستېمىسى** <فىزىئول> شەيئى ۋە ھادىسە سەزگۈ ئەزاسىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىش ئارقىسىدا چوڭ مېڭە پوستىنىڭ مۇناسىپ دائىرىسىدە شەرتلىك باغلىنىش ھاسىل قىلىدۇ، چوڭ مېڭە پوستىنىڭ مۇشۇنداق ئىقتىدار سىستېمىسى بىرىنچى سىگنال سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىنچى سىگنال سىستېمىسى ئىنسانلار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلاردا بولىدۇ.

**بىرىنچى قول** ① رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقانلار ئىچىدىكى ئاساسىي مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كىشى، بىرىنچى باشلىق: ئۇلارنىڭ مۇنداق قاراشتا بولۇشىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. چۈنكى مېھرىگۇلنىڭ تاغىسى ۋىلايەتلىك كادىرلار باشقارمىسىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى ئىدى. ② دەسلەپ قولغا كەلتۈرگەن، دەسلەپ ئىگە بولغان: يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈشى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ 1982 ـ يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنى توغرا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلاپ بەردى. * دۆلەت تېخەن بۇ بىر ـ ئىككى ئايدىن بۇيان ھەرقايسى يېزا ـ كەنتلەرنى ئارىلاپ، پىشقەدەم دېھقانلار بىلەن سىردىشىپ، ناھايىتى كۆپ بىرىنچى قول تېپىك ماتېرىيالغا ئىگە بولدى.

**بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش** <تارىخ> *1924* ـ يىلىدىن *1927* ـ يىلىغىچە، جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ھەمكارلىقىدىكى بىرلىك سەپنى ئاساس قىلغان، جاھانگىرلىككە، فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي ئۇرۇش. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا (1926 ـ، 1927 ـ يىللىرى) قوشۇن گۇاڭدۇڭدىن چىقىپ، شىمالغا يۈرۈش قىلغاچقا، «شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى» دەپمۇ ئاتالغان.

**بىرىنچى ماي** ① 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى. ② <تارىخ> 1 ـ ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنىڭ قىسقارتىلغان نامى.

**بىرىنچى ماي ئەمگەكچىلەر بايرىمى** <تارىخ> 1889 ـ يىلى ئېنگېلس تەشكىلاتچىلىقىدا چاقىرىلغان، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونالنى قۇرۇش قۇرۇلتىيىدا تەسىس قىلىنغان، پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق بايرام كۈنى، قىسقارتىلىپ «1 ـ ماي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بىرىنچى نەشرى** <مەتبە> ← تۇنجى نەشرى.

**بىرىنچى ئوتاق** زىرائەتلەر ئۈنۈپ تەكشىلەنگەندىن كېيىن بىرىنچى سۇيىدىن ئىلگىرىكى ئوتاق.

**بىرىنچى ئورۇنغا قويماق** ئەڭ مۇھىم دەپ ھېسابلىماق، ھەممىدىن **بۇرۇن** قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارىماق؛ ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا تۇرغۇزماق: ئېنگېلس «دۆلەت ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بارىدۇ» دېگەن پرىنسىپتىن چىقارغان ئاغمىچىلارغا قارشى يەكۈننى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان.

**بىرىنچى ئۆكتەبىر** ① 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى. ② <تارىخ> 1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان كۈنى. بولۇپ، بۇ كۈن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىمى كۈنى قىلىپ بەلگىلەنگەن.

**بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونال** <تارىخ> 1864 ـ يىلى 28 ـ سېنتەبىردە لوندوندا ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، فىنلاندىيە قاتارلىق دۆلەت ئىشچىلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئېچىلغان خەلقئارا ئىشچىلار يىغىنىدا قۇرۇلغان خەلقئارا پرولېتارىياتنىڭ تۇنجى ئىنقىلابىي تەشكىلاتى. ماركس بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە داھىسى.

**بىرىنچى ئىيۇل** ① 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى. ② جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەن خاتىرە كۈن. *1921* ـ يىلى *1* ـ ئىيۇل كۈنى شاڭخەيدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 1 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ـ

www.uyghurkitap.com

سىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغان.

**بىرىنچىدىن** سان. گەپ ـ سۆزدە ساناپ ئۆتۈلىدىغان شەيئى، ۋەقە، هادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسىنى كۆرسىتىشتە قوللىنىلىدۇ: دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىنىڭ توغرا تەتبىق قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، سىياسىي ـ قانۇن ئورگانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنلايدىغان قىلىش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتىگە بولغان رەهبەرلىكىنى كۈچەيتىش لازىم.

**بىرىنچىلىك** ئى. سۈپەت، خۇسۇسىيەت، ماهارەت قاتارلىق جەهەتلەردىن ئەڭ ئۈستۈنلۈك، يۇقىرىلىق: ئۇ ئادەتتىمۇ دەرس ۋە باشقا پائالىيەتلەردە سىنىپتا هەمىشە بىرىنچىلىكنى ئالىشاتتى. * ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئەلاچى بولۇپ ئوقۇدى، ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندە، مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىهانىدا بىرىنچىلىكنى ئالدى.

**بىريولى** رەۋ [بىر+يول+ى] بىراقلا، بىر قېتىمدىلا: مۇهەممەت يەغىن زالىدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقتى، ئۇ بىريولىلا قېرىپ كەتكەندەك تۇراتتى.

**بىريىلى** ئى [بىر+يىل+ى] ئۆتكەن، بەلگىلىك، مەلۇم بىر يىل: بۇ كىشى بىريىلى بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن ساۋۇتوۋ دېگەن كىشى شۇ.

**بىز** ئال ① سۆزلىگۈچى ۋە ئۇ كۆزدە تۇتقان، بىرگە بولغان بىرقانچە كىشى: بىز بۈگۈن بازارغا باردۇق. * بىز ـ شىنجاڭ داشۆنى تۇنجى قېتىم پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار. ② بىرىنچى شەخس «مەن» ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كەمتەرلىك ياكى ماختىنىش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ: بىزنى كۆزگە ئىلمايۋاتامسىز؟ بىزچۇ!؟ ـ ئۇرۇمچىدە باش كۆتۈرگەن يىگىتلەرنىڭ بىرسى. * سىز بىلەن بىز ياخشىدۇقۇ هاشىم ئاكا.

**بىزار** سۈپ [پ] بەزگەن، تويغان، زېرىككەن: بىكاردىن خۇدا بىزار (ماقال). * بۇ يەردىكى تاغلىقلارنىڭ هەممىسى دوغىدىن بىزار. // ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئازارى بولسىمۇ، بىزارى يوق (ماقال).

**بىزار بولماق** تويۇپ كەتمەك، زېرىكمەك، يامان كۆرمەك: ئۆي ئىگىسى ئاستا ـ ئاستا بۇ مېهماندىن بىزار بولۇپتۇ. * ئازغان ياش ـ ئۆسمۈرلەر يامان ئىشلارنى قىلغان، يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان، شۇڭا كىشىلەر ئۇلاردىن بىزار بولۇپ، ئۇلارغا يېقىنلىشىشنى خالىمايدۇ.

**بىزار قىلماق** تويدۇرماق، بەزدۈرمەك، زېرىكتۈرمەك: ۋاي ئوغلۇم، سىزنى خۇدا يەتكۈزدىمۇ نېمە، ئېشەك دېگەننىڭ نامىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە، قېرىغاندا كىشىنى ئېشەكمۇ بوزەك قىلىدىكەن، ئەتىگەن يولغا چىققانىدىم، ئەسكى قوتۇر بىزار قىلىۋەتتى.

**بىزە** سۈپ. جانت. بىرئاز، ئازراق: يارىم ئاڭلا بۇ سۆزنى، ساڭا بىزە گېپىم بار، خويمۇ كۆيدۈم مەن ساڭا، يۈرىكىمدە ئوتۇڭ بار.

**بىزەرەر** سۈپ [پ+ئە] زەرەرسىز، زەرەر قىلمايدىغان: تۇرسۇنكا، سىز ئەنسىرىمەي كېلىۋېرىڭ، ئېلىڭ، بۇ سۈيۈق ـ سەلەڭ ئاش بولۇپتۇ. بۇ ـ سىزنىڭ هاردۇقىڭىزغا بىزەرەر.

**بىزەرى** رەۋ. جانت. بىرئاز، كىچىككىنە، بىزە: قەغەزدىن بىزەرى بەرگىنە.

**بىزەڭ** سۈپ. يۈزى قېلىن، ئىزا تارتمايدىغان، ئۇيياتمايدىغان: نېمە رودۇپاي نېمىسىز؟! ئادەممۇ شۇنداق بىزەڭ بولامدۇ؟ * ئۇ بىزەڭنى كۆرىدىغان كۆزۈم يوق.

**بىزەڭلەشمەك** پ. يۈزى قېلىنلىق قىلماق؛ ئۇيياتمايدىغان، ئىزا تارتمايدىغان بولۇپ كەتمەك: ئاچچىقلىق كېلىپ قالغاندا خۇددى شۇ قاملاشمىغان ئىشلىرى ئۈچۈن ياكى سۆزلەر بىلەن ئۇنى تىللايسەن، ئۇرىسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىزەڭلىشىپ، سۆزۈڭنى ئاڭلىمايدۇ.

**بىزەڭلىك** «بىزەڭ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تولا بىزەڭلىك قىلىپ گۆشىيىپ تۇرما! * بىزەڭلىك قىلىۋاتىسەنغۇ هارامزادە، كۆتەر قاسقىنىڭنى!

**بىزەڭلىك قىلماق** يۈزى قىلىنلىق قىلماق، بىزەڭلەشمەك.

**بىزەۋتە** سۈپ. بىئارام، تەشۋىشلىك، بىسەرەمجان: بىزەۋتە بولماق. بىزەۋتە قىلماق.

**بىزەۋتە بولماق** بىئارام، بىسەرەمجان بولماق، تەشۋىشلەنمەك: بىزەۋتە بولماڭ، مەن هازىر قايتىمەن.

**بىزەۋتە قىلماق** ئاۋارە قىلماق، بىئارام، بىسەرەمجان قىلماق؛ تەشۋىشلەندۈرمەك: ــ ئاغىچا خېنىم، ــ دېدى ئۇ تىترىگەن ئاۋازدا، ــ مۇهىم ئىشىم بولمىسا سىزنىمۇ بىزەۋتە قىلمايتتىم، ئەپۇ قىلغايسىز، كېيىنرەك كېلەرمەن.

**بىزچە** رەۋ ــ← **بىزنىڭچە**: ــ بۇ قانداق سالام، ــ دېدى زىۋىرشا كۈلۈپ، ــ يېرىمى بىزچە، يېرىمى رۇسچە.

**بىزنىڭچە** رەۋ. بىزنىڭ ئويلىشىمىزچە، بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزچە، بىز قىلغانغا ئوخشاش، بىز قىلغاندەك: بىزنىڭچە بۇ پىكىر توغرا.

**بىزنىڭكى** ① ئال. بىزگە قاراشلىق، بىزگە تەئەللۇق، بىزگە تېگىشلىك: بالا بىزنىڭكى، ئەقىل ئۆزىنىڭكى (ماقال). * بۇ ئۆي ـ ئىمارەت، باغ ـ ۋارانلار بىزنىڭكى. ② ئى. بىزنىڭ ئۆيى، بىزنىڭ ئىمارەت: بۇ مېھمانلارنى بىزنىڭكىگە ئېلىپ بېرىڭ. * دوستۇم سەن بۈگۈن بىزنىڭكىدە قونۇپ قال.

**بىزمان** رەۋ [بىر+ئاز+زامان] جان ت. سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن سەل كېيىن، بىرئازدىن كېيىن، كېيىنرەك: بىز بىزمان بارىمىز. * بىزمان ئۇلار كېلىدۇ.

**بىزمانلىقتا** رەۋ. جان ت. سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى بىرۋاقىت ئىچىدە: بىزمانلىقتا ئۆيگە مېهمان كېلىدۇ. * سىز بىزمانلىقتا ئۆيگە بىر كېلىپ كېتىڭ.

**بىزۇرولبەنجى** ئى <بوت> ــ← **مىڭدىۋانە.**

**بىزۇۋان** سۈپ [پ] يېزت ــ← **زۇۋانسىز.**

**بىزىندە** ئى. دىئال. باللارنى بۆشۈككە بۆلگەندە تېگىپ قويىدىغان قولتارتقۇ، باغ.

**بىس** ئى. پىچاق، ئۇستىرا، ئورغاق، قىلىچ قاتارلىق تىغلىق ئەسۋابلارنىڭ ئۆتكۈر قىرى: ئاتلىق ئەسكەر ئېتى ئالدىنقى ئاياغلىرىنى يەرگە قويغاندا، دۈشمەننى قىلىچ بىلەن شۇنداق چاپتىكى، قىلىچنىڭ بىسى سۇنۇپ كەتتى.

**بىسات** ئى [ئە] ① ئۆي سەرەمجانلىرى: ئۇلار قاتتىق قىشتا ئۆي بىساتى بېسىلغان ئۇستى ئوچۇق ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كەلگەنىدى. * ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا پەقەت ئىككى سىرلانمىغان ساندۇق تۇراتتى، بۇنىڭدىن باشقا بىسات كۆرۈنمىدى. *شەرىپە تەخسىلەرگە يېمىش تىزىۋاتقان ئابدۇشۈكۈردىن سورىدى: ــ ئابدۇشۈكۈر ئاكا، يالغۇز جېنىڭىزغا نېمانچە كوپ بىسات يىغىۋالدىڭىز؟ ــ قىزىقكەنسىز سىڭلىم، ئەتە ـ ئۆگۈن توي قىلىمەن ـ دە، بۇ زاماننىڭ قىزلىرى ئادەمگە ئەمەس، بىساتقا ئامراق، ــ دېدى ئابدۇشۈكۈر. ② كىشىدە بولغان ھەممە نەرسە، بايلىق: مېنىڭ بارلىق بىساتىم مانا مۇشۇ بىر ساندۇق كىتاب. مەن بۇ كىتابلارنى جېنىمدەك ئاسراپ، شۇنداق ئېغىر كۈنلەردىمۇ يوقاتماي ساقلاپ كەلگەنىدىم. * بىساتىمنى ئاختۇرسام چىققىنى مانا مۇشۇ بىر تال ئۈزۈك. بۇ ئۈزۈك مېھرىبان ئانامدىن قالغان تەۋەررۇك ئىدى.

**بىساتسىز** سۈپ. بىسات سېلىنمىغان، بىساتى يوق.

**بىساتلانماق** پ. ئۆي ئۆي سەرەمجانلىرى بىلەن بېزەلمەك، جابدۇلماق: مۆمىن ئاخۇنىنىڭ ئىككى دېرىزىلىك پاكىز، ئاددىي بىساتلانغان ئۆيى. دېرىزىدىن سىرتتىكى دەرەخلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىر چەتكە ئۇستەل ۋە ئورۇندۇقلار قويۇلغان.

**بىساتلىق** سۈپ. بىساتى بار، بىسات سېلىنغان.

**بىساتلىقتا** رەۋ. دىئال. ئازغىنا ۋاقىتتىن كېيىن، بىردەمدىن كېيىن.

**بىسات ـ مىسات** ئائىلىگە قاراشلىق ھەر خىل سەرەمجانلار، مال ـ دۇنيالار: بولارنىڭ

كالچىراشلىرىنى كۆرسەم، پۈتۈن بەدىنىمدىن زەرداپ تامچىلايدۇ، ئامال بولسا مۇشۇ زەيىنى تېخىمۇ كۆپەيتىدىغان! ئامال بولسا بۇلارنىڭ بىسات ـ مساتىنى يەتتە قات يەرنىڭ تېگىگە تىقىۋېتىدىغان! ھەي....

**بىسەرەمجان** رەۋ [پ] ① سەرەمجانلاش ـ تۇرۇلمىغان؛ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەرتىپسىز، رەتسىز: ھاشىم ئاكام يۇسۇپ مەڭلىكنى قۇدىسى ـ نىڭكىگە باشلاپ كەلگەندە، ئۆي ئىچى تولىمۇ بىسەرەمجانىدى. ② بىئارام، تەشۋىشلىك، **خاتىرجەم ئەمەس:** مەن سىلىنىڭ تۈز ـ تائام ـ لىرىنى كۆپ يېدىم، مېنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن كۆپ ئىزدەپ، شۇنچە ئاۋارە بولۇپلا. ئاخشامدىنمۇ ئۆيلىرىدە قونۇپ، بىسەرەمجان قىلدۇق. * تۈن قوينىدىن ئوتلۇق ئىزلار قالدۇرۇپ ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ ئۆتىدىغان ئوقلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ سۈرى يامانراق ئىدى، مۇشۇنداق تىنچسىز، بىسەرەمجان كۈنلەردە ئانا يالغۇز ئوغلى، كۆزىنىڭ نۇرى تىلىۋالدىدىن نېمىشقا ئەنسىرىمىسۇن.

**بىسەرەمجان بولماق** ① سەرەمجانلىرى تەرتىپسىز، رەتسىز ھالەتكە كېلىپ قالماق: ئۆي ئىچى تولىمۇ بىسەرەمجان بولۇپ كەتتى. ② بىئارام بولماق، خاتىرجەمسىزلەنمەك، تەشۋىشلەنمەك، ئەنسىرىمەك: غۇنچەم ئەنسىرەپ بۆلەكچىلا بىسەرەمجەن بولۇۋاتىدۇ. * سىز مۇنداق يىغلىسىڭىز، ئۇنىڭ كۆڭلى بىسەرەمـ ـجان بولۇپ كېتىدۇ. * ئايشەم نېمە قىلىشىنى بىلمەي بىسەرەمجان بولۇپ تۇرغاندا، گۈلسۈمە ـ خاننىڭ بالىسىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىدى.

**بىسەرەمجان قىلماق** ① بىسەرەمجان، تەرتىپسىز ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇ ھويلا ـ ئارامىلارنى بىسەرەمجان قىلىۋەتتى. ② بىئارام قىلماق، تەشۋىشلەندۈرمەك، ئەنسىرەتمەك: جېنىم قىزىم، بىزنى تازىمۇ بىسەرەمجان قىلىۋەت ـ تىڭ. ئاپاڭ بىلەن رازىلاشقىلى تاس قالدۇق.

**بىسەرەمجانلىق** «بىسەرەمجان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئائىلىمىزدە بىرەر توخۇ كاتەكى سالساقمۇ ئاز ـ تولا بىسەرەمجانلىق بولىدۇ، لېكىن بىز توخۇم بىلەن توخۇ گۆشى يېيىش ئۈچۈن بۇنداق بىسەرەمجانلىقتىن قورقمايمىز. * ئۇ يارىلىرى باغلانغان ئوڭ قولىنى بېشىغا ياستۇق قىلىپ، پاخال تۆشەكتە بىسەرەمجانلىق بىلەن ئۇ ياق، بۇ ياققا ئۆرۈلەتتى.

**بىسەۋەب** سۈپ [پ+ئە]يېزت ـــ> **سەۋەبسىز:** ئۆلۈم ھەربىر كىشىگە مۇقەررەر، لېكىن مەرھۇمـ ـنىڭ بىسەۋەب ئۆلۈمى ھەممىمىزنى دەردتە قالدۇردى.

**بىستەر** ئى [ئە] ـــ> **سىزغۇچ**

**بىسلىق** سۈپ. بىسى بار، بىس چىقىرىلغان: يىگىت ئىككى بىسلىق قىلىچىنى ئېلىپ ئەجدىھا كەلگەن تەرەپكە قاراپ تۇرۇپتۇ. * بۇ چاغدا سۇلايمان ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ ئېسىۋالغان ئىككى بىسلىق خەنجەرنى قولىغا ئالدى.

**بىسمىللا** ئى [ئە] ① <دىن> **قۇرئان سۈرە ـ لىرىنىڭ ۋە ئومۇمەن كونا كىتاب، كونا خەت ـ چەك قاتارلىقلارنىڭ باشلىنىش فورمۇسى، سۆزى:** «بىسمىللا»نى دەپ بولۇپ، «ئاللاھۇئەكبەر»نى ئېيتقۇچە، «ئازادلىق» دەپ قوزغالغان، چوڭ دولقۇننى ئۇنتۇما! ② **بىرەر ئىشقا كىرىشكە، خۇشۇسەن تاماق يېيىشتىن ئىلگىرى ئىشلىتىلىدىغان باشلىنىش سۆزى:** بوۋاي «بىسمىللا» دەپ يولغا چۈشتى. * دادام بىر پارچە ناننى «بىسمىللا» دەپ ئەمدى ئاغزىغا سېلىپ تۇراتتى، كوچىدىن «قادىركا» دەپ قىچقارغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ③ كۆچمە. **بىرەر ئىشنىڭ باشلىنىشى، مۇقەددىمىسى:** مەن دەرھال كېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىشقا باشلىدىم، ئەپسۇسكى، تېخى سۆزۈمنىڭ بىسمىللاسىنى ئېيتماي تۇرۇپ، تېلېفون يەنە جىرىڭلاپ كەتتى.

**بىسوراق** رەۋ. يېزت ① **رۇخسەت ئالماي؛ سورىماي، رۇخسەتسىز:** بىسوراق ئىش قىلماق. * مەن سىزنىڭ يەنە نېمىلەرنى دېمەكچى بولغىنىڭىزنىمۇ، ھەتتا مۇخبىرلىق قىلىمەن دەپ بىسوراق ماڭغانلىرىڭىزنىمۇ بىلىمەن. * ھاياجان

www.uyghurkitap.com

ئۇچقۇنلىرىدىن بىرى بىسوراق سەكرەپ، ئەلانىڭ قۇلىقىغا تېگىپ كەتتى. ② **سوراق قىلىنماي، سورالماي؛ سوراقسىز:** بىسوراق قاماقتا ياتماق.

**بىسيار** رەۋ [پ] يېزت. كۆپ، زور، تولا: ئاتام ئىدى بىزگە غەمخار، ئانام يىغلاپ دائىم بىسيار، ئاغام ئىدى ماھى رۇخسار، تەقدىردىن كەلسە نەيلەردۇق.

**بىشەكچى** ئى ← **بىشەككىشرىن:** قوغۇن يۇرتى دەپ ئاتالغان ھوگدا بىشەكچى، ئاق ناۋات قاتارلىق قوغۇنلار ئاجايىپ ئوخشايدۇ.

**بىشەككىشرىن** ئى [پ+ئە+پ] قوغۇننىڭ بىر تۈرى. بۇ خىل قوغۇننىڭ پوستى تاللىق، ئېتى قېلىن، سۇلۇق ھەم ناھايىتى تاتلىق بولىدۇ: تام تۆپىسىدە تۆت قوغۇن، ئىككىسى بىشەككىشرىن. ياندىشىپ تۇرغان يىگىتنىڭ، لەۋلىرى ئەجەب شېرىن.

**بىشەم** سۈپ [پ] ئىزا تارتمايدىغان، بەتخۇي؛ قىلىقسىز: يۇنۇس ئەسلىدىمۇ كالتە پەم، بىشەمرەك ئادەم ئىدى. ھازىرمۇ بىردىنلا ئىشنى يوغىناتقىلى تۇردى.

**بىشەملىك** «بىشەم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سارىخان ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى پۇختا ئويلايدىغان تەدبىرلىك ئايال بولسىمۇ، ئۆي ئىشلىرىدىن باشقا چوڭراق ئىشلاردا موللاخۇننىڭ بىشەملىكىدىن ئامالسىز ھالدا ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ يۈرەتتى.

**بىشەملىك قىلماق** بەتخۇيلۇق، قىلىقسىزلىق قىلماق: مەخسۇت بەگ ھېلىقى چېرىكلەر بىلەن كىچىچە مەھەللە ئىچىدە قانداق بىشەملىك قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭلارغۇ، چىداش يوق، بولدى، بىزنىڭ نەرىمىز ئەر؟

**بىشۇ** ئى. قوي، ئۆچكە تېرىسىدىن كۆن، خۇرۇملارنى ئىشلەش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلەنگەن ئۆتۈك، مەسە قاتارلىق ئاياغ كىيىملىرىگە ئەستەر قىلىنىدىغان يۇپقا تېرە.

**بىغەرەز** سۈپ [پ+ئە] غەرەز ئۇقمايدىغان، غەرەز بىلمەيدىغان، ئۇششۇق: بىغەرەزدىن دوزاخ قېچىپتۇ (ماقال). * ئۇنىڭ زەيىنەپكە سايى قىلغىنى 50 ياشتىن ئاشقان گاچا ئوغلى بولۇپ، بۇ بىغەرەزگە شۇ يۇرتتا ھېچ خوتۇن تەگمىگەنىكەن.

**بىغەرەزلىك** «بىغەرەز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئوغلۇم مۇشۇنداق بىغەرەزلىك قىلىۋەرسەڭ، بىر چىرايلىق تۇتقان ئۆيۈڭنىمۇ ۋەيران قىلىپ قويىسەن.

**بىغەم** سۈپ [پ+ئە] ① غەم ۋە تەشۋىشنى بىلمەيدىغان، پەرۋايى پەلەك، پەرۋاسىز: ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ قالسا ئۇنىڭ دۇنيادىن كەتكەنلىكىگە ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمايدۇ. ئاجايىپ كىشىلەر ــ بىغەم، باغرى تاش كىشىلەر. * ئەي سۆيگۈ كۈنسېرى كۈچەيتتىڭ غەمنى، بۇ دۇنيا كۆرگەنمۇ، زادى بىغەمنى!؟... ② غەم ۋە تەشۋىشتىن خالىي، غەمسىز، خاتىرجەم: ئۇ، بىغەم ئولتۇرۇپ تۆمۈر سىملارنى كېسىۋاتاتتى. * بىز كۈرەشچان ئەۋلاد، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا بىر مىنۇت كۈرەشنى تەرك ئەتمىدۇق، بىغەم ياتمىدۇق.

**بىغەملىك** «بىغەم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىشەنچلىك بولىدۇ، ھەممە ئاكتىپ ئامىللارنى سەپەرۋەر قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ، ھۇرۇنلۇقتىن، بىغەملىكتىن، باشقىلارغا تايىنىۋېلىشتىن ساقلايدۇ.

**بىغۇبار** سۈپ [پ+ئە] يېزت ← **غۇبارسىز:** بىلدىم ئەمدى، قەلبىڭلار ئىكەن سۈتتەك بىغۇبار. ۋەتەن ئىشقى، ئەل مېھرى، ئىكەن ئاڭا ھەمراھ ــ يار.

**بىقارار** [پ+ئە] ① سۈپ. بىر خىل تۇرمايدىغان، تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچان: ئۇ خۇددى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، زور ئىرادىگە كەلگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي بىقارار بىر ھالەتتە ئىدى. ② رەۋ. بىر قارار، بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن؛ قارارسىز، ئىككىلەنگەن: نامان ئېغىزى تەگمەي جاۋىلداۋەردى. ئاخىر قاسىم سەل بىقارار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ

گېپىنى بۆلدى. ③ رەۋ. كۆتۈپ تۇرالماي-دىغان، ئىنتىزار، بىتاقەت: بۇ يىگىت ئەسلىدە باشقا بىر شەھەر پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولۇپ، مەلىكىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرمەستىن ئاشىق بىقارار بولغانىكەن. * مەن كۆرۈپ سېنى جانان، غەمگە مۇپتىلا بولدۇم. ئوتنى ياقتىڭ يۈرەككە، ئاشىق بىقارار بولدۇم.

**بقارارلىق** «بىقارار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: غوپۇر ئاخۇنىنىڭ بۇ سۆزلىرى قادىر دۇيجاڭنىڭ بىقارارلىق بىلەن داۋالغۇپ تۇرغان كۆڭلىگە ناھايىتى چوڭ ۋەھىمە ئوتىنى يېقىۋەتتى.

**بقىستىماق** «بىقىسماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بقىسىق** سۈپ. پۈرىغان، بىقىسغان، سېسىغان: ئۆيىنىڭ ھاۋاسى نېمدېگەن بىقىسىق، دېرىزىنى ئېچىۋېتەيلى. * كوچا-كويدا قىلدى سازايى، قەغەز قالپاق كىيگۈزۈپ ئاندىن. سولاپ قويدى بىقىسىق قوتانغا، كەتكەن چاغدا تامامەن ھالدىن.

**بقىسماق** پ. سېسىپ، ئېچىشقا باشلىماق، بەتبۇي پۇراق چىقارماق: بازاردىكى ئادەملەر-نىڭ كۆپلۈكىدىن بەزى كۈنلىرى ئات-ھارۋىلار بۇ يەردىن ئۆتەلمەي قالىدۇ، ھاۋاغا چاڭ-توزان، بىقىسغان بۇس ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. * قارنىغا يۇتتى مېنى قان بىقىسغان زىندان — قەپەس، ۋەھشىلىك ئىچرە بوغۇلدى سۆز بىلەن ئەركىن نەپەس.

**بقۇۋۋەت** سۈپ [پ+ئە] يېزت. قۇۋۋەتسىز، كۈچسىز، ماغدۇرسىز: شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ئاجىز، بىقۇۋۋەت ھېس قىلدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، دەلدەڭشىگەن ھالدا نامانىڭ قولىنى تۇتتى.

**بقىن** ئى ① <ئانات> گەۋدىنىڭ قولتۇقتىن يانپاش سۆڭىكىگىچە بولغان ئوڭ ۋە سول يان تەرىپى: ئوڭ بىقىن. سول بىقىن. * مىركېرەم تۈگۈلۈنۈپ بىرلا سەكرەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، لېكىن شۇ ئەسنادا نىزام قىلچىنى ئۇنىڭ بىقىنىغا تىقىۋېتىدۇ. ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ يان قىسمى، يان تەرىپى: ئاپتوبۇستا ئادەم كۆپ ئىدى. ئانا ئاپتوبۇس ئىشكىنىڭ بىقىنىدا سىقىلىپ تۇرۇۋالدى، ئاپتوبۇس ھەربىر بېكەتتە توختىغاندا، چۈشۈپ چىققۇچىلار ئۇنى قىستاپ پۇتلىرىنى دەسسىۋېتەتتى.

**بقىنىدىن تۆشۈك ئاچماق** ← **بقىنىدىن تۆگلۈك ئاچماق.**

**بقىنىدىن تۆگلۈك ئاچماق** بىقىنىغا قاتتىق ئۇرۇپ زەخىملەندۈرمەك، خۇددى بىقىنى تېشىلىپ كەتكەندەك ئەھۋالدا قالدۇرماق: — قادىر، سەن نوچىلىقىنى ئازراق قىل!. ھېلى بىكار بىقىنىڭدىن تۆگلۈك ئاچىمەن، — دېدى ئوسمان چىرايىنى جىددىيلەشتۈرۈپ.

**بقىنىدىن ئىشىك ئاچماق** ← **بقىنىدىن تۆگلۈك ئاچماق.**

**بقىنى قىچىشماق** ← **دۈمبىسى قىچىشماق:** بۇ تازا بىقىنى قىچىشىپ قالغان نېمە ئوخشايدۇ.

**بقىنداشماق** «بىقىندىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر-بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ، بىقىندىشىپ ئويناۋاتقان باللار بىزنى كۆرۈپ نېمە ئۈچۈندۇ جىم بولۇپ قالدى.

**بقىندىماق** پ. بىقىنىغا ئۇرماق، نوقۇماق؛ دېۋىتمەك: يولۇچىلار بىر-بىرىنى بىقىنداپ، ئارىسىدا كېتىۋاتقان ھېلىقى ئادەمنى كۆرسىتىشەتتى. * موللازەيدىن ئاتنى بىقىنداپ، دۆڭلۈكلەر ئارىسىدىن تېزرەك ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز ئىككى ئادەم چىقىپ، بىرى موللازەيدىنگە ئېسىلدى.

**بقىنلاشماق** «بىقىنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بقىنلىماق** پ ← **بقىندىماق:** ھاياجاندا پاتتىم خىيالغا، قالغانىسېرى مەنزىل يېقىنلاپ. — كەلدۇق، — دېدى ھېلىقى جەڭچى، بىرچاغ مېنى ئاستا بىقىنلاپ.

**بىكار** [پ] ① سۈپ. ئىشىدىن خالىي، بوش، ئىشى يوق، ئىشسىز: بىر بىكار ئۇنىنى بىكار قىلىپتۇ (ماقال). * مۇساتاغا ئابدۇرەھىمنىڭ سوئالىنى ئاڭلىمىغاندەك: — بالام، بىكارمۇسەن،

— دەپ سورىدى. * سايىمنىڭ دەرۋازا ساقلاپ كېلىۋاتقىنىغا 20 يىلدىن ئاشتى. ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بىكار ئىشىككە توقۇم توقۇپ قويغاندەك قۇرۇق نامدىنلا ئىبارەت بولۇپ، كۆپ ۋاقتى باشلىقىنىڭ ئۆيىدە ئۆتتى. ② سۈپ. ئەھمىيەتسىز، پايدىسىز، كېرەكسىز: سونۇر غۇلچىنى كەڭ كېرىپ قاۋانلىقىنى كۆرسەتتى: مۇنۇ يەرلەرنى ئاغدۇرۇشقا تراكتور دېگەن جانىۋاردىن باشقىسى بىكار-دە! * مەن گەپ-سۆز قىلمىدىم، ئەلۋەتتە. شۇ تاپتا جەننەتخانىغا مىڭ ئېغىز دېگەن بىلەنمۇ بىكار ئىدى. * بولغان بىلەن سۈرىتى ئادەم، ھەقىقەتنى سۆيمىسە بىكار. ئوت بولسىمۇ يۈرەك قېتىدا، ۋەتەن ئۈچۈن كۆيمىسە بىكار. ③ رەۋ. ئورۇنسىز، سەۋەبسىز: كومىنداڭچىلار ئاشۇنداق ھەيۋىلىرىگە قارىماي بۇ يەردىمۇ خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان چۈمۈلىدەك پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى. «كومىنداڭچىلار قېچىشقا ئۇستا، بىزنىڭ جەڭچىلەر ئېتىشقا ئۇستا» دېگەن سۆزنى خەلق بىكار ئېيتمىغان-دە. * مەن يىگىتلەرنىڭ قىزلار ئۈچۈن ئۆلگەنلىكى، ساراڭ بولغانلىقى ۋە سەۋدايى مەجەز بولۇپ قەھرىتان، تومۇزلاردا نەچچە كۈنلۈك يوللارنى باسقانلىرىنى ئاڭلىغان، بىراق، ئۇلارنى ئىرادىسىز ۋە ھاماقەت يىگىتلەر ھېسابلىغانىدىم. مانا ئەمدى ئۆز بېشىمغا كەلگەندىلا ئۇلارنى بىكار ئەيىبلىگەنلىكىمنى بىلدىم. ④ سۈپ. ئىگىلەنمىگەن، بوش، قۇرۇق: شۇنچە چوڭ، ئازادە زالدا بىكار ئورۇندۇق كۆرۈنمەيتتى. ⑤ رەۋ. ھەقسىز، پۇلسىز: ئەجىرسىز («غا، قا، گە، كە: دىن، تىن» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىپ): جەمىلخان ئاچا بالىسىغا دائىم: — بالام، كىيىم بىكارغا كەلمەيدۇ، ئۇنى ئاسراپ، ئاياپ كىيىش كېرەك، — دەپ نەسىھەت قىلاتتى. * ئاكا، ئۇكامنى بىكاردىن رەنجىتتىڭ، ئۇ بۈگۈن مەكتەپتىن كېلىپ ھېچقەيەرگە چىقماي دەرس تەييارلىغانىدى، — دېدى گۈلئايىم ئاكىسىغا.

**بىكار بولماق** ① ئىشىنى تۈگەتمەك، ئىشتىن چۈشمەك: مەن نەچچە كۈندىن بېرى دەم ئالماي ئىشلەپ، بۈگۈن بىكار بولۇپ قالدىم. ② **بوشانماق، قويۇۋېتىلمەك:** ياسىن توشقان ئەتىيازدا تۈرمىدىن بىكار بولۇپ چىقتى. * بۇ مۇزاي خامان قوشۇقىدىن بىكار بولۇپ كېتىپتۇ. ③ **يوققا چىقماق، كېرەكسىز بولۇپ چىقماق:** قىلىنغان ئەمگەكنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كەتتى. ④ **بوشىماق، قۇرۇقدالماق:** قاسىم ئاخۇننىڭ بىر ئېغىز ئۆيى بىكار بوپتىكەن، ھازىرچە شۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلدىم. * — قىزىم، — دېدى ئايشەمخان ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ، — چامادان بىكار بولدى، — دېدى، نەرسە-كېرەكلىرىڭنى ئاچىق.

**بىكارغا كەتمەك** يوققا چىقماق، ئەھمىيىتى بولماسلىق: ئوغلىغا قىلغان بىرمۇنچە نەسىھەتلىرىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىگە چىداپ تۇرالماي، دەرھال ئۇنى كۆپچىلىك ئالدىدا تەنقىد قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

**بىكار قىلماق** ① بوشاتماق، قۇرۇقداتماق: سېۋەتنى بىكار قىلماق. * ئاداش، تولا خىرقىراۋەرمەي، ئۆيۈڭنى بىكار قىل، بولمىسا، لاقالۇقاڭ توپا ئاستىدا قالىدۇ. ② **ئەمەلدىن قالدۇرماق، كۈچىدىن قالدۇرماق، ئىناۋەتسىز قىلماق:** ئازادلىقتىن كېيىن بۇ تۈزۈم بىكار قىلىنىپ، ئوغۇللار 20، قىزلار 18 ياشتا توي قىلىدىغان ئىش ئادەتكە ئايلاندى. ③ **بىكاردىن-بىكار ئىشلىمەك، پايدىسى بولمىسىمۇ بېجىرمەك:** سەن ئۇ ئىشنى بىكار قىلدىڭ، ئۇنداق قىلىشنىڭ بىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى.

**بىكار كەتمەك** زايا كەتمەك، پايدىسىز بولماق: كونا جەمئىيەتتە ئانام مېنىڭ بەختلىك بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلىپ ئېتىمنى بەختىخان قويغان بولسىمۇ، كونا جەمئىيەتتە ئۇنىڭ ئارزۇسى بىكار كەتكەنىدى.

**بىكار گەپ** ئەمەلگە ئاشمايدىغان، قۇرۇق ئەرزىمەس، ئورۇنسىز گەپ، يوق گەپ: بىكار گەپ قىلىش ئەخمەقنىڭ ئىشى (ماقال). * يۇرت ئېتىكى كەڭ دېگەن بىكار گەپ ئەمەس.

**بىكار تەلەپ** سۈپ [بىكار+تەلەپ] ئەمگەك

www.uyghurkitap.com

قىلمايدىغان، ئىش خۇش ياقمايدىغان، ھۇرۇن: بۇرۇن بىر يۇرتتا ئۈچ كىشى بار ئىكەن، ئۈچىلىسى يىگىتكەن، يىگىت بولغاندىمۇ قۇرۇق سۆلەت، بىكار تەلەپلەردىن ئىكەن.

**بىكار تەلەپلىك** ئى. ئەمگەك قىلماسلىق، ئىش خۇش ياقماسلىق، ھۇرۇنلۇق:... جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەر باركى ئۇلار ئىش قىلىشنى خالىمايدۇ، بىكار تەلەپلىك، ھۇرۇنلۇق ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

**بىكار تەلەت** [بىكار+تەلەت]ـــــ> **بىكار تەلەپ:** گۆزەرنىڭ دوقمۇشىدا ئۈچ ـ تۆت بىكار تەلەت بىر يەرگە كېلىپ قالسا بىردىنلا گەپ ئۇلغىيىپ كېتەتتى.

**بىكارچى** ئى. بىكار يۈرگۈچى؛ ئىشى يوق، بوش ئادەم: بىركۈنى ئەپەندىم بازاردىكى بىكارچىلارنىڭ سۆھبىتىگە قېتىلىپ قېلىپتۇ. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ئاجايىپ ـ غارايىپلاردىن پۇ ئېتىشقا باشلاپتۇ.

**بىكارچىلىق** ئى. ئىشتىن خالىيلىق، ئىشسىزلىق، ئىشى يوقلۇق، ئىشتىن قولى بوشلۇق: يولۋاس ئىشخانىغا كەلگەندە، جاپپار بىر كىشى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. سەلەي بولسا بىكارچىلىقتىن زېرىككەندەك بىر رەسىملىك ژۇرنالنى ۋاراقلاش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

**بىكاردىن ـ بىكار** ھېچبىر ئاساسسىز، سەۋەبسىز، ئورۇنسىز: سىز نېمىشقا مېنى بىكاردىن ـ بىكار ئازابلايسىز؟ * دادام توكچىلارغا تولا دەپ جىلە بولۇپ كېتىدىغان بولدى. قارىسام، توك بىكاردىن ـ بىكار ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. سىزگە دەپ قوياي دېدىم.

**بىكارلاتقۇزماق** «بىكارلاتماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇريي دەرىجە شەكلى.

**بىكارلاتقۇزۇلماق** «بىكارلاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بىكارلاتماق** «بىكارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇريي دەرىجىسى.

**بىكارلاشماق** «بىكارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بىكارلانماق** «بىكارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بىكارلىق** «بىكار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆزىڭىزنى دەۋرى بالىسى، بەختلىك بىلىڭ، بۇ ۋاقىتتا بىكارلىقنى ھارام قىلىڭ!

**بىكارلىماق** پ. مەلۇم ئورۇن ياكى جاينى بوشاتماق، نەرسە ـ كېرەكتىن خالىي قىلماق، قۇرۇقدىماق: ئەجدىھا سۇرەتلىك پىيالەگنى نېمىگە بىكارلاپ قويدۇڭ. * قاگرۇق ئوغۇل ئۆيدىن قاچا بىكارلاپ تالاغا چىقىپ، تالادىن كوچا بىكارلاپ ئۆيگە كىرىپ يۈرىدىكەن.

**بىكۆيۈم** سۈپ. ـــــ> **كۆيۈمسىز:** جامى لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ كۆزىگە ياش ئېلىپ: ـــ مېنىڭ بالا ـ ۋاقام بىكۆيۈم، ئۇلار مېنى پاتىراق ئۆلسىكەن، دەيدۇ، ئۆرە بولۇپ ئالساملا ھەممىنى قوغلاپ چىقىرىمەن! ـــ دەيتتى.

**بىكېرەك** سۈپ. ـــــ> **كېرەكسىز:** شۇنىچە نەرسىنى بىكېرەك قىلىۋەتكەن چوڭ دادىسىغا ئەركىنىنىڭ ئۆچلۈكى كەلدى.

**بىگانە** سۈپ [پ] بېزىت. ① قېرىنداشلىقى، يېقىنلىقى بولمىغان؛ يات، ناتونۇش: ئەقىللىق ۋە جەسۇر ئايخان دەرھال ياساۋۇللارنى قىچقىرىپ: ـــ نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىگانە كىشىنى ئۆيۈمگە يېقىن كەلتۈرۈسلەر؟! ـــ دەپ توۋلاپتۇ. * قولۇم تىترەپ، قەلەم ماگماس راۋانە، گويا جىسمىم ئىرادەمگە بىگانە. ② مۇساپىر؛ غېرىب: مەندەك بىگانە ئادەمنىڭ ئۆز گۇمانلىرى بىلەن ئانىلارنىڭ مېھرىبان قەلبىگە غۇلغۇلا سېلىشقا نېمە ھەددىم بار؟ * يارنىڭ كويىدا مەن دىۋانە بولدۇم ئاقىۋەت، خەلق ئارىسىدىن چىقىپ بىگانە بولدۇم ئاقىۋەت. * يارنىڭ ۋەسلى جامالىنى تىلەيدۇر نۆبىتى، دوستىقا سادىق ئىرۇر مەنكىم ئەمەس بىگانە. ④ ئايرىلغان، جۇدا بولغان: ئانار يۈزلۈگگە، مەستانە بولدۇم، ئەقلى ھوشۇمدىن بىگانە بولدۇم، ئايىدەك جامالىڭ. سەۋرى نەھالىڭ، كۆيدۈردى مېنى، سەرسانە بولدۇم.

**بىگانىلىك** «بىگانە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**بىگۇمان** سۈپ [پ] يېزىت. گۇمانى يوق، گۇمانسىز؛ ئىشەنچلىك: بىگۇمان ئالغاندىم تاتلىق مېغىز، ئاردىن قالدى چىقىپ ئاچچىق مېغىز. * سۇندۇرالماس ھەق ـ ئادالەتنى جاھالەتنىڭ سۆرى، ئىلمۇئىرپان مەشئىلى پارلار جاھاندا بىگۇمان.

**بىگۇناھ** سۈپ [پ] گۇناھى، جىنايىتى يوق؛ گۇناھسىز: بىگۇناھ ئادەم. * سودىگەرنىڭ ئالتۇننى ياغاچچى بالا ئېلىپ كەتسە، سودىگەر ئاچچىقىدا بىگۇناھ بوۋاينى ئۆلتۈرۈۋەتتى. * پادىشاھنىڭ بىگۇناھ ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغىنىغا غەزەپلەنگەن تۇرسۇن ياماقچى قىلىچىنى يالىڭاچلاپ: — نېمە بولسام شۇ بولاي، بۇ قانخورنىڭ بىر ئەدىپىنى بېرەي، — دەپتۇ ـ دە، تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھنىڭ كاللىسىنى ئېلىپتۇ.

**بىگىز** ئى. موزدۇزچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان، مېتالدىن يىڭنىگە ئوخشاش ئۇچلۇق قىلىپ ياسالغان ياغاچ ساپلىق ئەسۋاب: بىگىز سانجىماق. مەن موزدۇزغا يېڭى شاگىرت بولۇپ كىرگىنىمدە ھە دېسىلا بىگىزنى قولۇمغا سانجىۋالاتتىم.

**بىگىز تۇمشۇق** [بىگىز+تۇمشۇق] <زوئول> ← **چىغچىغىر.**

**بىگىز بارماق** [بىگىز+بارماق] <ئانات> ← **بىگىزقول.**

**بىگىزقول** ئى [بىگىز+قول] <ئانات> باش بارماقنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئىككىنچى بارماق.

**بىگتوۋەن** ئى [خەن] <ھەرب> ئارمىيە ئىچىدىكى بىر دەرىجىلىك تەشكىل. ئۇ بىرقانچە كورپۇس ياكى دىۋىزىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**بىڭسى** ئى [خەن] كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئىقتىدار، قابىلىيەت، كارامەت، ماھارەت، گۇمپا: بىڭسىسى بار كىشى. * ئادەمنىڭ بىڭسىسى قورساقتا، ھايۋاننىڭ بىڭسىسى تۇياقتا (ماقال). * قېچىرنىڭ بىڭسىسى سايدا كۆر، تاماشىسىنى لايدا كۆر (ماقال). * — قارىغاندا سىزنىڭ بىڭسىڭ بار ئىكەن جومۇ، قېپىنى، خەتنى ئوقۇپ باقايلىلا، — دېدى ئەلى سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ.

**بىڭگۇر** ئى [خەن] بىر خىل سوغۇق يېمەكلىك. ئۇ سۇ، ئالما شەربىتى ۋە شېكەر قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مۇزلىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، ھەربىرىگە بىر تالدىن چوكىچە ياغاچ ئىشلىتىلىدۇ.

**بىڭگۇرچى** ئى. بىڭگۇر سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم.

**بىڭگۇرچىلىق** «بىڭگۇرچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئايىمخان ئۆيىدە بىكار ئولتۇرغۇچە بىڭگۇرچىلىق قىلدى، چۈنكى ياز كۈنلىرى بىڭگۇرنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى.

**بىلەتمەك** «بىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: غالىب قويىنى بوغۇزلاشتىن بۇرۇن نىجاتقا پىچاقنى بىلەتتى.

**بىلەر ـ بىلمەس** ئېنىق بىلمىگەن ھالدا، ئېنىق بىلمەستىن تۇرۇپ، نائېنىق: بىلەر ـ بىلمەس گەپ قىلماق.

**بىلەرمەن** سۈپ ① ھەممە ئىشتىن خەۋەردار؛ كۆپنى بىلىدىغان؛ بىلىملىك؛ ئۇستا: بىلەرمەن كىشى. * بىز بۇ ئىشنى ئاللىقاچان كۆڭلىمىزگە پۈككەن، بىراق داداڭدەك بىر بىلەرمەننىڭ جىم بولۇۋېلىشى بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ، ئەگەر ئۇ «مۇشۇ يەردە ئالتۇن بار» دەپ بىرەر يەرگە قولىنى سوزسىلا شۇ يەردىن ئاز ـ تولا نەرسە چىقماي قالمايدۇ. ھازىر بىز شۇنىڭغىلا قاراپ قالدۇق. ② ئۆزىنى بىلىملىك دەپ ھېسابلايدىغان؛ ھەممىنى بىلىدىغان قىلىپ كۆرسىتىدىغان: بۇرۇنقى زاماندا بىر ـ بىرىدىن «بىلەرمەن» ئەر ـ خوتۇن بولغانىكەن. خوتۇنى ئېرىگە بىر مەسىلىھەت سالسا، ئېرى گەپنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتمەيلا «بىلىمەن» دەيدىكەن. خوتۇنىمۇ ئېرىنىڭ گېپى تۈگەـ تۈگىمەيلا «بىلىمەن» دەپ تۇرىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

**بىلەرمەنلىك** «بىلەرمەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىركۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇلار قۇلۇپ سېلىنغان ئىشكىنىڭ يوچۇقىدىن، ئۆي ئىچىدە تۇرغۇن كىتابلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ ئىشكنى چېقىپ، كىتابلارنى ئوغرىلاپ چىقتى. نەچچىسى بۇ كىتابلارنى ۋاراقلاپ باققان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى بۇ كىتابتا نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى بىلەلمىدى. بىر ساۋاقداش بىلەرمەنلىك قىلىپ: — بۇ كىتابلار جەزمەن ئەكسىيەتچى كىتابلار بولۇشى مۇمكىن، بۇنى سېتىۋېتەيلى، — دېدى.

**بىلەرمەنلىك قىلماق** ئۆزىنى باشقىلاردىن بىلەرمەن، بىلىملىك دەپ ھېسابلىماق؛ ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھەممىنى بىلىدىغان قىلىپ كۆرسەتمەك: — ھازىر ئىلى باتۇرلىرىنىڭ باشلىقى بىلەن چۈگچەكتىن كەلگەن ئەمەلدار دوتەي يامۇلدا بەھەس قىلىۋاتقۇدەك، — دەيتتى بەزى ھارۋىكەشلەر بىلەرمەنلىك قىلىپ.

**بىلەزۈك** ئى [بىلەك+ئۈزۈك] ئادەتتە ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ ياكى قاشتېشى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدىغان، بىلەككە سالىدىغان ھالقا شەكلىدىكى زىننەت بۇيۇمى: بىلەزۈك سالماق. ئالتۇن بىلەزۈك. * قۇربان قىزىنىڭ قولىدىكى بىلەزۈككە، قۇلىقىدىكى زىرىگە قاراپ، بېشىنى چايقىدى.

**بىلەشمەك** «بىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار ئورمىچىلارنىڭ دەم ئېلىۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئورغاقلىرىنى بىلىشىپ بەردى.

**بىلەك** ئى ① قولنىڭ بېغىشىدىن جەينەككىچە بولغان قىسمى: بىلىكىدە كۈچى بار ئادەم. بىلەك سۆڭىكى. * ئالتۇن بولسا كۈمۈش بولسا، سالسام بىلەككە، يىراقتىكى يارنىڭ ئۆتى تەگدى يۈرەككە. ② قول: بىلىكى يوغان بىرنى يېڭەر، بىلىمى يوغان مىڭنى (ماقال). * ئۇكا، غەم قىلما، بۇنچىلىك زىيان نېمىدى. ئەگەر بىلىكىڭنىڭ كۈچى بولسا، تېخى مۇنداق پۇلدىن نەچچىنى تاپىسەن.

**بىلەك ئارتېرىيىسى** <ئانات> بىلەكنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر تال قىزىل قان تومۇرى، ئۇ بىلەكتىن بېغىشقىچە بولغان ئارىلىقتا بولىدۇ.

**بىلەك بېغىش سۆڭەكلىرى** <ئانات> ئالقاننى تەشكىل قىلغۇچى سۆڭەكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇلار سەككىز تال بولىدۇ.

**بىلەك سۆڭىكى** <ئانات> ئۈستۈنكى ئۇچى پىرىزما شەكلىدە بولىدىغان ئۇزۇن سۆڭەك، ئورنى يان بىلەك سۆڭىكىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، ئۈستۈنكى ئۇچى توم ۋە چوڭ بولۇپ، يۇقىرىقى بىلەك سۆڭىكى بىلەن تۇتىشىدۇ، تۆۋەنكى ئۇچى بىلەك بېغىش سۆڭەكلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ.

**بىلەك قىزىل تومۇرى** <ئانات>⟵ بىلەك ئارتېرىيىسى.

**بىلىكىدە كۈچى بار** كۈچ-قۇۋۋىتى بار، ئەمگەككە يارامىلىق، قۇدرەتلىك: بىلىكىدە كۈچى بار ئادەم. * بىلىكىڭدە كۈچۈڭ بولمىسا ھېچنېمە قىلالمايسەن، ئوغۇل بالا دېگەن بىلەك كۈچىنى ئىشقا سېلىشى كېرەك.

**بىلەكلىك I** سۈپ. بىلىكى بار؛ قوللۇق: ئۇزۇن پاچاق، يوغان بىلەكلىك بىر ئادەم قېشىمغا كېلىپ، گەپ قىلماستىن قولۇمنى تۇتۇۋىدى، قورققىنىمدىن تىترەپ كەتتىم.

**بىلەكلىك II** سۈپ. بىلەپ قويۇلغان، بىلەنگەن: بىلەكلىك پىچاق، بىلەكلىك ئورغاق. * ساتىراشلار بىلەكلىك ئۇستىرىلار بىلەن خېرىدارلارنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى ئېلىۋاتىدۇ.

**بىلەن** باغل ① ئىككى جۈملە ياكى جۈملە بۆلەكلىرىنى تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلاپ كېلىدۇ: ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكى ئويناپ چىققان درامىنىڭ مەزمۇنى بىلەن خوتەن سەنئەت ئۆمىكى ئويناپ چىققان درامىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش. * مەن ئادىل بىلەن مۇختەرنى بازاردا ئۇچراتتىم. * «ئىتتىپاق» تىياترى بىلەن «ئۇزۇن سەپەر» كىنوخانىسىدا يېڭى كىنولار قويۇلۇۋاتىدۇ.

② «غان، قان، گەن، كەن» بىلەن
ئاخىرلاشقان سۈپەتداشتىن كېيىن كېلىپ،
مەنە جەھەتتىن قارشى بولغان ئەگەشمە
جۈملە بىلەن باش جۈملىنى باغلاش ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدۇ: مەن بۇ شەھەرگە كەلمىگەن
بىلەن، باشقا جايلارغا بارغانمەن. * بەزى جايلاردا
ۋەكىللەر كېڭەشى بولغان بىلەنمۇ پەقەت ئىجرائىي
كومىتېتىنى سايلىغۇچى ۋاقىتلىق ئورگان دەپ
قارالماقتا. ③. ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋاستى-
سىنى بىلدۈرىدۇ: قولى بىلەن ئېلىپ، يۈتى
بىلەن بىرىپتۇ (ماقال). * مەن بېلىمنى باغلىۋال-
دىم، قىل بىلەن ھەم سىم بىلەن. مەن كېتەرمەن،
سەن قالۇرسەن، ئۆيدە يالغۇز كىم بىلەن.
④ ئابستراكت مەنىدىكى ئىسىملار بىلەن
بىرىكىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق
روھىي ھالەتتە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ:
ئۇلار بىزنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. * ئۇ
غەزەپ بىلەن كىرىپ كەلدى. ــ كىچىك ئەزىمەت-
لەر ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ساداقەتلىك بىلەن ئورۇن-
لىدى. ⑤ ۋاقىت، مەنىسىدىكى سۆزلەر بىلەن
كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ قاچان سادىر
بولغانلىقىنى، قانچە ۋاقىت داۋاملاشقانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ: خۇپتەن بىلەن كېۋىر ئاكىنىڭ قىزى
خەلچەم دوختۇرخانىغا تاماق ئېلىپ كەلدى.
* ئۇلار قەشقەرگە تاڭ سەھەر بىلەن يېتىپ
كەلگەنىدى. * شۇ كۈنى چۈشلەر بىلەن پادىشاھ
ئادەت بويىچە قىزى مەلىكىنى يوقلاپ چۈشكىلى
ئاسمانغا چىقىپتۇ. ⑥ ئورۇن، جاينى بىلدۈرىد-
ىغان ئىسىملاردىن كېيىن كېلىپ، ئىش-
ھەرىكەتنىڭ شۇ جاينى بويلاپ يۆنەلگەنلىد-
كىنى بىلدۈرىدۇ: مەن بازار بىلەن كەلدىم.
* شانىياز قوناقلىقنىڭ ئىچى بىلەن يۈگۈرۈپ
كەتتى. ⑦ «بىللە» ، «بىرلىكتە» رەۋىشلىرى
بىلەن كېلىپ، بىللىلىك ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ:
ئاسىم ئۆزىنىڭ پارتىزان يىگىتلىرى بىلەن بىللە
يېتىپ كەلدى. * مەكتەپ رەھبەرلىرى ئوقۇغۇچى-
لار بىلەن بىرلىكتە ئەمگەككە قاتناشتى. ⑧ ئىككى
تەرەپ قاتنىشىش بىلەن بولىدىغان ئىش-
ھەرىكەتنىڭ قارشى تەرىپىنى بىلدۈرىدۇ:
مەن تۇرسۇن بىلەن ئىككى سائەت پاراڭلاشتىم.
* ئانا ئىشىك ئالدىدىكى ناتونۇش يىگىت بىلەن
سالاملاشتى. ⑨ ئىش-ھەرىكەت ياكى ھالەت-
نىڭ، ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىگە ئۆزىدىن
ئالدىنقى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن
نەرسە سەۋەب، ئاساس بولغانلىقىنى بىلدۈ-
رىدۇ: ئۆز ئەجلى بىلەن ئۆلمەك. * قان بىلەن
كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار (ماقال). * ئۇن
يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ تەسىرى بىلەن مۇنداق
ساغلام بولمىغان ئىدىيىلەر پارتىيە ئىچىدە يامراپ
كەتتى. * ئۇ كوماندىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن
كەلدى. ⑩ رەۋىشداشلار بىلەن بىللە كېلىپ،
مەلۇم بىر ئىش، ئوي-پىكىرگە بېرىلىپ
كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: مەن پاراڭ بىلەن
بولۇپ، ماموتكامنىڭ كۆكۈل غەشلىكىنى ئۇنتۇپلا
كېتىپتىمەن. * ئۇ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ، مېنىڭ
كىرگىنىمنى سەزمەي قالدى. ⑪ ۋاقىت، پەيت
مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە جۈملىلەردە
ئىسىمداشتىن كېيىن كېلىپ، ئىش-ھەرىكەت-
نىڭ باش جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشتىن
بۇرۇن بېجىرىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ:
باش ئەتىياز كېلىشى بىلەن مەن سەرسان بولۇپ
كېتىپ قالدىم. * ماشىنىنىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچە
يېنىك سىلكىنىشى بىلەن مەھمۇتجاننىڭ خىيالى
بۆلۈنۈپ كەتتى.

**بىلەنمەك** «بىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل
دەرىجىسى: پىچاق بىلەندى. * ئەزىز بەگ
بېشىدا ئەگىدى ماتەم، يىرتقۇچ يۈرىكىنى باستى
ئېغىر غەم. جاھالەت سۇلتانىدىن ياردەم تىلەندى،
قايرىلغان تىغى ئۇنىڭ قايتا بىلەندى.

**بىلەي** ئى. تىغلىق سايمانلارنى بىلەپ
ئۆتكۈرلىتىش، پارقىرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلد-
ىغان بىر خىل قۇم تاش. بۇنىڭ بىر
خىلى تەبىئىي تاشتىن، يەنە بىر خىللىرى
سۈنئىي ئۇسۇلدا قاتۇرۇلۇپ ياسالغان سۈنئىي

تاشتىن بولىدۇ: ئۇ ئەمدىلا بىلەيىنى ئىككىنچى قېتىم ھۆللىگەنىدى، ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ماۋت ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكنى ئاچقۇچە ئىككى چېرىك ھويلا تېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئىشكنى ئېچىۋەتتى.

**بىلەيزۈك** (توغرىسى: بىلەزۈك) ←—— **بىلەزۈك.**

**بىلجىرلاتماق** «بىلجىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىلجىرلاشماق** «بىلجىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: جۇمە مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگۈپ، بايىز خالۋاپىنىڭ يېنىدا ـــ ئامبارنىڭ سۇپىسىدا پەيدا بولدى: ـــ ھوي خەق، ھەرقايسىڭغا نېمە بولۇشتى، نېمە دەپ بىلجىرلاشقىنىڭنى ئۇنتۇما، ھەممىسى تەتۈر گەپ، پىتنە، تېخى بېشىڭ بىلەن جاۋاب بېرىشەسەن! ـــ دېدى ئۇ غەزەپتىن بوغۇلۇپ.

**بىلجىرلىماق** پ. ئاساسسىز، بولمىغۇر گەپ قىلماق؛ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىمەك؛ ئالجىماق؛ جۆيلۈمەك: دانىشمەن دەپ بىلىۋر كىمدۇر ئۆزىنى، ماركستىن باشلايدۇ ھەربىر سۆزىنى، بىراق، كېتەر بىلمەي ئىشنىڭ سىرىنى، كۆپ بىلجىرلاپ ئاخىر يۇمۇپ كۆزىنى.

**بىلجىرىماق** (توغرىسى: بىلجىرلىماق) ←—— **بىلجىرلىماق.**

**بىلدۈرمەك** ① «بىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ، توپ ـ زەمبىرەكلەرنى قانداق ئىشلىتىشنى خەلق ئەسكەرلىرىگە بىلدۈردى. * مۇئەللىملەر ئوقۇتتى، بىلمىگەننى بىلدۈرۈپ. ياخشى يولغا باشلىدى، كۆڭلىمىزنى كۆلدۈرۈپ. ② ئىپادىلىمەك: مەستۇرە كۈلۈپ قويدى ۋە «ياق» دېگەننى بىلدۈرۈپ بېشىنى چايقىدى. * مەسچىت دېگەن سۆز ئەرەبچە «سەجدە قىلىدىغان جاي» دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ. ③ ئىزھار قىلماق، ئېيتماق: تەشەككۇر بىلدۈرمەك. ئىپادە بىلدۈرمەك. * ئۇ ئىنقىلابنىڭ يېقىن ئارىدا تولۇق غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ۋە پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئىناق ئاكا ـ ئۇكىدەك بىرلىشىپ كېتىشىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ④ كۆرسەتمەك: قارشىلىق بىلدۈرمەك.

**بىلدۈرۈشمەك** «بىلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەزالار ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بىردەك رەئىسىنىڭ دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى ئىشەنچلىك ۋە ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىدى ھەم ئۇنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

**بىلدۈرۈلمەك** «بىلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**بىلگەن** «بىلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆتكەن زامان سۈپەتدىشى: بىلگىنىنى قىلماق. * بىلگەن بىلگىنىنى قىلار، بىلمىگەن نېمىنى قىلار (ماقال).

**بىلگەن پوقۇڭنى يە** سەلب. نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىل، قانداق قىلغۇڭ كەلسە شۇنداق قىل.

**بىلگىنىنى قىلماق** ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلماق، ئۆز مەيلىچە ئىش قىلماق: سەنمۇ شۇ چاغدا ئۆز بىلگىنىڭنى قىل!

**بىللاھ** ئىم [ئە] خۇدا ھەققى، ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى: بىللاھى ئەزىم.

**بىللاھى ئەزىم** ئۇلۇغ خۇدا ھەققى، ئۇلۇغ ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى: ـــ بىللاھى ئەزىم، ھازىر نەق پۇلۇم يوق، ـــ دېدى تۇرسۇن.

**بىللە** رەۋ «بىرگە، بىرلىكتە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىللە بارماق. بىللە ماڭماق. * ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىدىن بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار يەكەن، مارالبېشى ناھىيىلىرىگە بېرىپ ئاما بىلەن بىللە كۆچەت، جىرىم تىكتى. * كەتمەكچى بولۇپ قالدۇق، يار كېتەمدىكىن بىللە. يار كەتسە بىللە كەتسەك، ئويۇن ـ كۈلكىمىز بىرگە.

**بىللە ماكانلىششى** <زونول> بەزى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان ئىككى خىل جانلىق،

بىر-بىرىگە تاياناي بىللە ياشىسا بىرسىگە پايدىلىق بولۇپ، يەنە بىرسىگە پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ بولمايدۇ. بۇ خىل ياشاش ئۇسۇلى «بىللە ماكانلىششىش» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: لۇنخۇر قۇشى مەخسۇس سىرتىق ھەرە ئۇۋىسىنىڭ يېنىغا چاڭگا سالىدۇ. سىرتىق ھەرە زەھەرلىك بولغاچقا، نۇرغۇن ھايۋانلار يېقىنلىشالمايدۇ. نەتىجىدە لۇنخۇر قۇشى قوغدىلىپ قالىدۇ.

**بىللە ياشاش** <زوئول> بەزى بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان ئىككى خىل جانلىق بىر-بىرىگە تايىنىپ بىللە ياشىسا، ھەر ئىككىسىگە پايدىلىق بولىدۇ. بۇ خىل ياشاش ئۇسۇلى «بىللە ياشاش» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئاق چۈمۈلە ئۈچىيىدە ياشىغۇچى قىل ئاياغ ئاق چۈمۈلىنىڭ ياغاچ تالالىرىنى ھەزىم قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ؛ ئاق چۈمۈلىمۇ قىل ئاياغنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ بۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلسا، مۇستەقىل ھايات كەچۈرەلمەيدۇ.

**بىللۇر** ئى. [ئە] رەڭسىز ھەم سۈزۈك ھالەتتىكى كۋارتس. ئۇ قىممەت باھالىق بىر خىل رودا بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارى ئاز. ئۇنىڭدىن ئوپتىكا ئەسۋابلىرى، سىمسىز رادىئو سايمانلىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەشكە بولىدۇ.

**بىللىلەشمەك** پ. بىرگە بولماق، بىرلەشمەك، ئۇيۇشماق، ئۈلمەشمەك: ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر ئورمان ئىچىدە مېۋە يىغىش، سۇدا بېلىق تۇتۇش ۋە تۇرار جايلارنى بىنا قىلىش ئۈچۈن، بىللىلىشىپ ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇنداق قىلمىسا، ئاچلىقتىن ئۆلەتتى، ياۋايى ھايۋانلار ياكى قوشنا قەبىلىلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىناتتى.

**بىلمەس** سۈپەت. بىلمەيدىغان، ئۇقمايدىغان: بىلمەسكە سالماق. * يامانىڭ يامانلىقى بار، كىشى بىلمەس ھېلىسى بار (ماقال).

**بىلمەسكە سالماق** بىلىسىمۇ بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالماق، بىلمەس بولۇۋالماق: ھاكىم بالىسىنىڭ ئەدەبسىزلىك قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، باشقىلاردىن نومۇس قىلىپ لېۋىنى قاتتىق چىشلەپ بىلمەسكە سالدى.

**بىلمەك** پ ① بىرەر ساھەدە مەلۇماتقا ئىگە بولماق: خەت بىلمەك. * كۆپ ئوقۇغان كۆپ بىلەر (ماقال). * بىلگەنگە ئون ئىككى، بىلمىگەنگە ئوتتۇز ئىككى (ماقال). * شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئەللىمى غوپۇر فىزىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. * سىز ئەرەبچىنى پىششىق بىلەمسىز؟ ② **خەۋەردار بولماق، ۋاقىپ بولماق، خەۋەر تاپماق**: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھەممىنى بىلىدۇ. * سىيىت ئاكا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى، كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىش ماشىنا بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغانلىقىنى، بۇ يەرگە ئالىلىبۇرۇن كەلگەنلىكىنى بىلدى. ③ ئەسلى ماھىيىتىنى چۈشەنمەك، **ئۇقماق، پەرق قىلماق، ئاجراتماق**: كەپىنىڭ تېگىنى بىلمەك. ئىشنىڭ تېگىنى بىلمەك. قازان ئالساڭ چېكىپ ئال، خوتۇن ئالساڭ بىلىپ ئال (ماقال). * ھەممە ئىشنى موللا بىلەر، موللا قوپۇپ كۆلگە سىيەر (ماقال). * مەن بىلمەن، سىزگە بەزىلەرنىڭ چوڭ گۇمانى بار. سىز ئۈنچىلىك يامان ئادەم ئەمەس. * مەن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم. ④ **تونۇماق، تونۇش بولماق**: بىلگەن يولۇڭنى ئاتاڭغا بەرمە (ماقال). * بۇ يەردە مېنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. * زەيتۇنەم، سەن گۈلسۇمخان ئاچامنى بىلەمسەن؟ ⑤ **ھېس قىلماق، سەزمەك**: قولۇمنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئەمدى بىلدىم. * گۈلسۇمخان ئانا كەچتە سابىرنىڭ خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە كىتاب ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ⑥ **قايىل بولماق، يەتمەك، قەدرىلىمەك**: ئىززىتىنى بىلمەك. * ئۆزىنى بىلمىگەن خەقنى بىلمەس (ماقال). * ياخشىنىڭ قەدرىنى بىلمەي بىر يامانغا دوست بولۇپ، دۈشمىنى تۇتسا

قەدەھنى سىر بېرىپ ئىچكەن نومۇس. ⑦ ھېسابـ-
لىماق، سانىماق، چاغلىماق...دەپ ھېسابـ-
لىماق، ...دەپ تونۇماق: غەنىيمەت بىلمەك.
* ئۆزەڭنى ئەر بىلسەڭ، ئۆزگىنى شىر بىل (ماقال). * سابىرنىڭ ئەل ـ جامائەت ئالدىدا يۈز ـ ئابرويى چوڭ، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى خۇدادەك بىلىدۇ. * ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسى روسىيىنىڭ ئارىلىشىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمدىلا ئويغىنىپ كېلىۋاتقان پرولېتارىياتقا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان بىردىنبىر نىجات يۇلتۇز دەپ بىلەتتى.

**بىلىپ ـ بىلمەي** گاھىدا بىلىپ، گاھىدا بىلمەي؛ ئەھۋال ئېنىق بولماي تۇرۇپ: ئۇ چاغدا بىز قايمۇقتۇرۇلغان. ھازىر ھەممىمىز ئىشنىڭ تېگىنى چۈشەندۇق، بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان يامان ئىشلىرىمىزغا تۇۋا قىلدۇق.

**بىلىرۇبىن** ئى [ر<لات] <بىئول> ئۆت شىرنىسى ئىچىدىكى بىر خىل پىگمېنت. ئۇنىڭ نورمال ئادەملەرنىڭ قان سۇيۇقلۇقىدىكى مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ، مىقدارى ئېشىپ كەتكەندە سېرىق كېسەلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**بىلىش** ① «بىلمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئاكىسى بىرقانچە ئاي جاپالىق يوللارنى بېسىپ، بىر شەھەرگە كېلىپ قېلىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، شەھەردە ئادەم دىدارى يوق، ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن بالىمۇ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپتۇ. * ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلىشتىكى مەقسەت، ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى، ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكى ئىپادىسىنى بىلىشتىن ئىبارەت. ② ئى <پەلس> ئادەم مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا توغرىسىدىكى ئىنكاسى. ئۇ ھېسسىي بىلىش ۋە ئەقلىي بىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت — بىلىشنىڭ مەنبەسى ھەم ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى، بىلىشنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى تەكشۈرىدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم.

**بىلىش جەريانى** <لوگ> ئادەم مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانى.

**بىلىش نەزەرىيىسى** <لوگ> ئىنسانلارنىڭ بىلىش مەنبەسى، بىلىش جەريانى، بىلىشنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەلىمات. بىلىش نەزەرىيىسى تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ قايسىسى بىرلەمچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى جاۋابىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى ۋەجىدىن «ئىدېئالىستىك بىلىش نەزەرىيىسى» ۋە «ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسى» دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**بىلىش ھەرىكىتى** <لوگ> ئادەم مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈش ھەرىكىتى.

**بىلىشمەك** ① «بىلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: زىۋەرشا بىلەن سۇلايمان ئىككىسى ئەكبەر بىلەن گەپ تالىشىپ نەپ ئالالمايدىغانلىقىنى بىلىشەتتى، ئۇلار ئەمدى ئۆكتەملىك قىلىشقا ئۆتتى. ② تونۇشماق، تونۇش ـ بىلىش بولماق. * بىز بىر ـ بىرىمىز بىلەن ياخشى بىلىشىمىز.

**بىلىم** ئى ① كىشىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇش يولىدىكى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئېرىشكەن بىلىشى ۋە تەجرىبىسىنىڭ مەھسۇلى ياكى مۇئەييەن ساھەگە ئائىت بولغان مەلۇماتلار يىغىندىسى: بىلىم ئالماق. بىلىم ئاشۇرماق. بىلىم يۇرتى. بىلىم — ئەقىلنىڭ چىرىغى. ② مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ دەرىجىسى، مەلۇمات: ئۇنىڭ بىلىمى كۆپ. * كۈرەش قىلىش ئۈچۈن بىلىم

كېرەك. ئەگەر سىز خالىسىڭىز مەن سىزگە ياردەم قىلاي. مەندە نۇرغۇن كىتاب بار، تاللاپ ئوقۇڭ.

**بىلىم ئاشۇرماق** بىرەر مەخسۇس كۇرستا ئوقۇش ياكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرمەك؛ بىلىمىنى تولۇقلىماق: غوپۇر پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئىككى يىل ئوقۇپ بىلىم ئاشۇردى.

**بىلىم ئوچىقى** <مائار> بىلىم ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان تەربىيىلەش ئورنى، مەكتەپ.

**بىلىم يۇرتى** <مائار> ① ئومۇمەن، مەكتەپ قاتارلىق بىلىم ئېلىش ئورۇنلىرىنىڭ نامى، بىلىم ئالىدىغان جاي: كارخانا ئىچىدە ئىشچىلار باھالار مەھسۇلاتىنىڭ يېڭى سورتىنى، قەيەرگە قۇرۇشنى قىلىدۇ مۆلچەر، ئاممىۋى كۇلۇبنى، بىلىم يۇرتىنى. ② ئوچ ۋىلايەت دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا ئېچىلغان ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە پىداگوگىك ئىنستىتۇت دەرىجىلىك ئوقۇش يۇرتىنىڭ نامى: ئۇ غۇلجىنىڭ سۆيدۈك ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئىلىدا ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغانىكەن.

**بىلىمەك** پ. تىغلىق سايمانلارنىڭ تىغىنى بىلەي تاش ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە سۈركىمەك، ئۆتكۈرلەشتۈرمەك: پىچاق بىلىمەك. ئۇستىرا بىلىمەك. * ئالتۇن پىچاق، كۈمۈش پىچاق، بىلىسە ئۆتمەس. يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى، سۇ قۇيسام ئۆچمەس.

**بىلىمچان** سۈپ. بىلىمى بار، بىلىملىك: بىلىمچان ئادەم. * تۇردى: ـــ مانا بۇ ياخشى گەپ بولدى ـ دە، رەھمەت ھاشىم ئاكا، سېنىڭ ئۈچۈن مەن رەھمەت دەپ قويدۇم، گەپ قىلماي سەنغۇ؟ ھاشىم: ـــ ھەممىسى بىلىمچان بولۇپ كەتتى.

**بىلىمچانلىق** «بىلىمچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ـــ ۋاي ـ ۋۇي بىلىمچانلىقىڭنى سېنىڭ!

زاۋۇت قۇرۇلغىلى يىگىرمە ئىككى يىل بولۇپ قالدى. سەن كەلمەستە بۇ زاۋۇتتا بىزمۇ رېمونتچى بولۇپ ئىشلىگەن، بىر چاقنى كەپشەرلىيەلمەيمەن دېيىشكە قانداق تىلىڭ باردى؟ ـــ دېدى ھېلىقى ئادەم مازاق ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

**بىلىمدار** ئى. بىلىملىك، بىلىمى بار كىشى: شۇ چاغدا ئورنىدا تۇرالماي قالغان قاراۋۇل ئۇنى يەنە بىر سىناش ئۈچۈن: ـــ چىرەنشە، سەن بىلىمدار ئىكەنسەن. ئېيتىپ باققىنا، يېتىم نەچچە، غېرىب نەچچە؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

**بىلىمدان** ئى. مول بىلىمگە، يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان؛ ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك؛ مەلۇماتلىق ئادەم: شەھەرنىڭ داڭلىق بىر بېيى ئەپەندىمنى ئۆيىگە چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن: ـــ ئەپەندىم، سىزنى ناھايىتى موللا، بىلىمدان دەپ ئاڭلىدىم. ئېيتىپ بېقىڭا، قاچان قىيامەت بولىدۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

**بىلىمدانلىق** «بىلىمدان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ساختا بىلىمدانلىق بىلىمسىزلىكتىنمۇ يامان، بىلىمسىزلىك ھەيدىگىلى ۋە تېرىغىلى بولىدىغان ئاق يەرگە ئوخشايدۇ. ساختا بىلىمدانلىق بولسا، تۈگەتكۈسىز ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتكەن بىنەمگە ئوخشايدۇ.

**بىلىمسىز** سۈپ. بىلىمى، مەلۇماتى يوق؛ بىلىم سەۋىيىگە ئىگە ئەمەس؛ نادان: بىلىملىك ئاسمانغا چىقىپتۇ، بىلىمسىز سامانىدا يېتىپتۇ (ماقال). * پادىشاھ: ـــ ماڭا ئوخشاش بىلىمسىز ئادەملەر پادىشاھ بولغۇچە، مۇشۇنىڭدەك بىلىملىك ئادەم پادىشاھ بولسۇن، ـــ دەپ پادىشاھلىقنى كۆيئوغلىغا بېرىپتۇ.

**بىلىمسىزلىك** «بىلىمسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بىلىمسىزلىك ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۇرۇقسىز قالدۇرۇپ جۇدەتتۇۋېتىدۇ. ـــ بىلىمسىزلىكنى پەقەت ئوقۇش، ئىزدىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىقلا يەڭگىلى بولىدۇ.

**بىلىملىك** سۈپ. بىلىمى بار، بىلىمگە ئىگە، بىلىمى مول: بىلىملىك زىيالىي. * بىلىملىكنىڭ كۆزىدە ئالەم بار، بىلىمسىزنىڭ كۆزىدە مالەم بار

(ماقال). * يەر تەۋرەشتە ئاتا ـ ئانىسىز قالغان باللار پارتىيىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا تەربىيىلىنىپ بىلىملىك كىشلەردىن بولۇپ قالدى.

**بىلىملىك بولماق** بىلىمگە ئىگە بولماق، بىلىم ئەھلىگە ئايلانماق: مەن گىمنازىيىگە كىشلەر بىلىملىك بولسىلا، باشقىلارغا بوزەك بولمايدۇ دېگەن قاراش بىلەن ئوقۇشقا كىرگەن، لېكىن ئىككى يىللىق ھايات مېنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

**بىلىملىك قىلماق** بىلىمگە ئىگە قىلماق، بىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇرماق: ئاتا ـ ئانىلار بىزنى كىچىكىمىزدىن بېقىپ چوڭ قىلىپ، ئوقۇتۇپ بىلىملىك قىلىپ قويدى.

**بىلىنەر ـ بىلىنمەس** سەل ـ پەل ياكى ئانچىكى بىلىندىغان، دېيەرلىك سېزىلمەيدىغان، ئانچە بىلىنمەيدىغان: بايىقى كىشى قولىدىكى ئۆچۈپ قالغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭ سەرەڭگە تۇتقان قولى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى. * ھەجەر ئاچا بىرھازادىن كېيىن كۆزىنى كېسەلدىن يۆتكەپ، بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ گۈلباھارغا قاراپ قويدى.

**بىلىنەرلىك** سۈپ. بىلىنىدىغان، سېزىلىدىغان؛ پەرق ئەتكىلى بولىدىغان، پەرقلىق: ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. تەبىئەت ئۆز بەگباشلىقىنى ئاخىر قىلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا بىلىنەرلىك سوۋۇدى. * ئۇنىڭ نېمىدۇ بىرنەرسىنى ئېلىش ئۈچۈن قوينىغا ئۇزاتقان قولى بىلىنەرلىك تىترەيتتى.

**بىلىندۇرمەك** «بىلىنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۆيگە كىرگىنىمنى ئۇنىڭغا بىلىندۇرۇش ئۈچۈن يۆتەلدىم. ئۇ شۇ زامانىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئورنىدىن تۇردى.

**بىلىندۇرۇشمەك** «بىلىندۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**بىلىنمەك** ① «بىلمەك» پېئىلى ③ ④ ⑤ ⑥ نىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئەمدى بىلىندى. * مەن مۇشۇنىداق ئون نەچچە سائەتلىك ئۆگىنىش مەشغۇلاتى بىلەن ئۆتكەن ۋاقىتنى زايا كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلمەن، ئويلىسامىلا ئالغا باسمايۋاتقاندەك، بىلىملىرىم زادىلا كۆپەيمەيۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ② «بىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كىشىنىڭ زېھنى ـ قۇۋۋىتى بىلىپ بولۇنغان ھەقىقەت ئۈستىدە توختاپ قالمايدۇ، ئۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە تېخى بىلىنمىگەن ھەقىقەت تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. * بوۋايغا سابىرنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن يېنىۋاتقاندەك، قاپاقلىرى لىپ ـ لىپ قىلىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك بىلىندى. ③ سېزىلمەك، ھېس قىلىنماق: تالىپقا ئەتراپتىكى ھاۋا بىردىنلا ئىسسىپ كېتىپ تامىقى قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. * غۇلامجاننىڭ مۇنداق قوپال پوزىتسىيىسى ئارسلانوۋغا ئىنتايىن ھاقارەت بىلىندى. ④ نامايان بولماق، ئاشكارا بولماق، سېزىلمەك؛ ئەكس ئەتمەك: ئالتۇن ئوتتا، ئادەم مېھنەتتە بىلىنەر (ماقال). * مامۇتكام خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى گەپ ـ سۆزىدىنلا ئەمەس، چىرايىدىن ھەتتا گەپ قىلغان چاغدىكى ھەرىكەتلىرىدىنمۇ بىلىنىپ تۇراتتى.

**بىلىۋېردىن** ئى [ر<لات] <بىئول> ئۆت سۇيۇقلۇقى تەركىبىدىكى بىر خىل پىگمېنت يەنى بىلىرۇبىننىڭ ئوكسىدلىنىشىدىن كېيىنكى ھاسىلات. قۇشلارنىڭ ئۆت پىگمېنتى بىلىۋېردىننى ئاساس قىلىدۇ، ئادەمنىڭ ئۆت سۇيۇقلۇقى تەركىبىدە ئۇ ناھايىتى ئاز مىقداردا بولىدۇ.

**بىليارت** ئى [ر<فران] <تەن> ① مەخسۇس ياسالغان ئۈستەلدە شارلارنى مەخسۇس تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۈستەلنىڭ يېنى ۋە بۇرجەكلىرىدىكى تۆشۈكچىگە چۈشۈرۈش ئويۇنى: بىليارت ئويناماق. * — بۈگۈن زېرىكىپ يە بىليارت، يە شاھمات ئويناش خىيالىدا بولۇپ تۇراتتىم. * كېلىڭ، ئىككىمىز بۈگۈن بىليارت ئوينايمىز، — دېدى لۇتپۇللا ئۇ يىگىتكە تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ. ② شۇ ئويۇننىڭ ئۈستەل ۋە تاياق ـ شارچىلىرى.

**بىمار** سۈپ [پ] بىرەر كېسەللىك بىلەن

**ئاغرىغان، كېسەل، ئاغرىق:** بىمار ئادەم. بىمار كىشى. * بۇ يىل ئايالـلار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى ئەسلىدىكى يەتمىش ئالتە كېسەل كارىۋىتىنى يۈزگە يەتـكۈزۈپ، ئاپـتونوم رايونـىمىزنىڭ ھەرقايـسى جايـلىرىـدىن داۋالىنىشـقا كەلـگەن بـىمارلارنىڭ داۋالـىنـىشى ئۈچۈن ياخـشى شارائىـت يارىـتىپ بەرمەكچى.

**بىمارلىق** «بىمار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىمارلىقنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇڭ نەۋباھار بىرلە، ئېچىلـدى ساڭا ھۆرلۈكـنىڭ بۈگۈن دەرۋازىـسى قەشقەر.

**بىماس** سۈپ [پ+ئە] يېزت. ماس ئەمەس، ماس بولمىغان.

**بىماكان** سۈپ [پ+ئە] يېزت. ماكانى يوق، ماكانسىز: ئەسـىرلەردىـن بـېـرى ئەجـدادلار جەبىر ـ زۇلۇمـدىن قاڭـغىـر قاقشىـدى. ئۇلارنى ئەزدى مۇدھىـش شۇم زامان، قامـغاقـتەك قىلىپ بىماكان، ئىرغىتىپ چۆللەرگە تاشلىدى.

**بىمالال** رەۋ [پ+ئە] ① ئۇڭايسىزلىق ھېس قىلـماي، تارتىنـماي، ئەركىـن، بەھـۇزۇر: بىمالال سۆزلەشمەك. * ئۇ كىشى سارايـغا خالىغان چاغـدا بـىمالال كىرىـپ ـ چىـقىپ يـۈرەلەيتتى. * شاھـزادىـغا: ــ يىگىت، ئۇقىڭـىز ئۆي ئىچىدە، ئەگەر ئۇنى ئالماقچى بولسىڭىز، ئۆيـقۇدا ياتـقان دادىڭىزنىڭ يانـچۇقـىدىن ئاچـقۇچـنى ئېـلىڭ، قاراۋۇلـمۇ ئۇيـقۇدا، بـىمالال ئىشىكـنى ئېچـىپ كىرىـىڭىز بولـىۋېرىـدۇ، ــ دېگەن بىر كىشـىنىڭ يېقىمـلىق گېپى ئاڭـلىنىپتۇ. ② خـاتىـرجەم: زۆھرەخان ئاچا: ــ ئوغـلىمىز مۇھەممەت دوخـتۇر بولسا نېـمىدېـگەن ياخـشى ـ ھە؟ بـىمالال كېسەل كۆرسىتىپ داۋالىنىدىغان بولدۇق، ــ دەپ كۈلۈپ قويدى. ③ توسقۇنسىز، قارشىلىقسىز؛ قىينال ـ ماي، ئاسان: پاتەمـخان خەنـزۇچە مەكـتەپـتە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن سۆزدە چانمايـتتى. خەنزۇچە ماتېرىـيالـلاردىـن بـىمالال پايـدىلـىنالايتتى. ④ كاملىق قىلماي، تولۇق: بۇ بىر باك ماي ماشىنىمىز خوتەنگە بارغۇچە بىمالال يېتىدۇ.

**بىمەززە** سۈپ [پ+ئە] ① ئېغىزغا تېتىـمايـدىغان، تەمسىز، لەززەتسىز: بـىمەززە قوغۇن. ② يارىماس، يامان، بولمىغۇر: بىمەززە گەپ. * ئۇنىڭ قىلىقلىرى زېمىتۇنەمگە بىمەنە ۋە بىمەززە تۇيۇلاتتى. ③ قامـلاشـمىغان، مەنىـسىز: شۇنـداق بولسىمۇ، سـىزگە ئېيتىپ قويايـكى، بۇ كېچە بىمەززە، كۆڭۈلسىز ئۆتـىدۇ. چۈنكى قىرىق دوستـلارنىڭ يېرىمى بارمايدۇ.

**بىمەززىلىك** «بـىمەززە» سۆزـىنىڭ ئىـسىم شەكلى.

**بىمەزگىل** رەۋ. مەزگىلى، ۋاقتى كەلـمەسـتىن، ئۆز مەزگىلـىدىن بۇرۇن؛ ۋاقىتـسىز: تازا بىمەزگىل ۋاقىتتا كېلىپ قېلىپتۇق، سەل كېچـكىپ كېلىدىغان ئىش ئىكەن. * كېـچە قوڭـغۇزى غوڭۇلداپ ئۆتەتتى، نەدىندۇر «بوك، بوك، بوك» قىلىپ سايـرىغان كۆل بۇقـىسىنىڭ دەھـشەتـلىك ئاۋازى، يېقىنـلا بىر يەردىن بىمەزگىل ھاڭـرىغان ئېـشەك بىلەن قاۋـىغان ئىتـلارنىڭ ئاۋازلىـرى كېلەتتى.

**بىمەسەل** سۈپ [پ+ئە] ھېكمىتى يوق سۆز؛ مەنىـسىز، تېتىقـسىز: ئېـزى ھەسەل. تولـسى بىمەسەل (ماقال).

**بىمەنە** سۈپ [پ+ئە] ① مەنىـسى، مەزمۇنى يوق؛ مەنىسىز: بـىمەنە سۆز. بـىمەنە ئىـبارە. ② كۆچمە. قۇرۇق سەپـسەتىـدىن ئىـبارەت بولغان، تېـتىقـسىز، بولـمىغۇر، ئورۇنـسىز: بـىمەنە گەپ. * ــ تولا بـىمەنە گەپ قىلـماڭ. كىم بىلىدۇ ئۇمۇ بىر مۇساپىر بەنـدىدۇر، ــ دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپـىنى بۆلۈپ. * جاھىـلـلارمۇ دەل ئۆزىـنىڭ بىر پارتىيە مەسـلىكىنى يۈرگۈزمەكـچى بولغانـلىقى ۋە بىرلىك سەپـنى ئىنكار قىلـماقـچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا كوممۇنىزمنى ئىنكار قىلـىدىغان ئەنە شۇ بىمەنە سۆزلەرنى چىقاردى. ③ ئەقىلغە سىغمايدىغان، ئەمەلىيەتـكە ئۇيغۇن ئەمەس؛ ئاساسسىز: ئادەملەر ھەر خىل شۇم خەۋەرلەرنى تېپىپ يۈرەتـتى، ئۇ يەر، بۇ يەردىـن ئاڭـلىغان گەپلەرنى، بىمەنە خەۋەرلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. كېزىتـىنىڭ بىرەر قۇرلۇق خەۋـىرىدىن جانـلىنىپ كېتىشەتتى. * ئۇنىڭ بۇ سۆزى پۈتۈنلەي توغرا،

لېكىن ئۇنىڭ يەكۇنى پۈتۈنلەي بىمەنە يەكۈن. ④ ئىنسانغا مۇناسىپ بولمىغان، ئەخلاقسىز، ئەرزىمەس، بولمىغۇر، يارىماس: بىمەنە قىلىق. بىمەنە ئىش. * سىيىت: ــ قانداق بىمەنە ئىشلارنى قىلمايدۇ، دەيسەن؟ خوجىمىز بولسا ئۇقمايدۇ، ــ دېدى. * بەزى كىشلەر ۋاقتىنى بولۇشىچە، كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىپ، خىلمۇخىل بىمەنە ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ. ⑤ لەززىتى يوق، لەززەتسىز: گېنېرال ھەربىي خىزمەتتىن بوشىنىپ 1812 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن قايتىدىن قۇرۇلغان موسكۋاغا كۆچۈپ كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كىچە ـ كۈندۈز بىر خىل تۇردىغان، زېرىكەرلىك، بىمەنە تۇرمۇش مەنزىرىسى ئېچىلدى.

**بىمەنىلەشتۈرمەك** «بىمەنىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**بىمەنىلەشمەك** پ. بولمىغۇر، بەتقىلىق ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدىغان بولۇپ قالماق، لاۋزىلاشماق: ئۇلار بۇ ئىشتا تولىمۇ بىمەنىلەشتى.

**بىمەنىلىك** «بىمەنە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش يولىدا غايەت زور تۆھپە قوشۇۋاتقان ھازىرقى زامان ئارتىسلىرىغا نىسبەتەن باشقىچە كۆز قاراشتا بولۇش ھەقىقەتەنمۇ بىمەنىلىك. * ئۇلار بەزىدە بەزى شەيئىلەرگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش تۈپەيلىدىن بىمەنىلىك بىلەن ھەممىدىن گۇمانلىنىدۇ.

**بىمەھەل** رەۋ [پ+ئە] ① ۋاقتى كەلمەستىن، ۋاقىتسىز؛ بالدۇر: ئىشكىنىڭ بىمەھەل چېكىلىشى شەمەرنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتتى. ②تاسادىپى، ئويلىمىغان يەردىن: قەمەر يېقىندىن بۇيان، بىرنەچچە كىشىنى بىمەھەل ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ رەھمىتىنى ئالدى. * ئۇ ئۆز سىرىنى بىمەھەل ئېيتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلىمەكتە.

**بىمىننەت** سۈپ [پ+ئە] مىننەت قىلماي، مىننەتسىز؛ مىننەتدارلىق تەلەپ قىلماي: بۇنىڭغا مەن بىمىننەت رازى، لېكىن ھالا بۇگۈنگىچە سەن مېنىڭ ئانىلىق نەسىھەتلىرىمنى بىر پۇلغا ئالمىدىڭ.

**بىنا** (بىناسى) [ئە] ① ئى. بىرقانچە بۆلمە ياكى كۆپ قەۋەتلەردىن تەركىب تاپقان چوڭ ئۆي؛ ئىمارەت: بىنانىڭ ئالدىدا چوڭ يول، يولدىن ھەر خىل چىرايلىق كىچىك ماشىنىلار، كوچا ئاپتوبۇسلىرى ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى. * بۇلتۇر ياز ئايلىرى باشلانغان ئۈچ قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىدىن بىرى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى پۈتۈپ، ئىشچىلارنىڭ بىر قىسمى شۇ بىناغا كۆچۈپ چىقتى. ② كۆچمە. سۈپ. بەرپا، پەيدا، مەۋجۇت: بىنا بولماق. بىنا قىلماق. * دۇنيا بىنا بولغاندىن بۇيان جاھان شاھلىرىدىن: سۇلايمان، ئىسكەندەر، نەمرۇت ۋە شەددات قاتارلىقلار ئۆتتى.

**بىنا بولماق** ۋۇجۇدقا كەلمەك، بارلىققا كەلمەك، بەرپا بولماق، قۇرۇلماق: يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇرۇمچىدە ئون نەچچە قەۋەتلىك مېھمانخانىلار بىنا بولۇشقا باشلىدى. * ئۆمرۈم بىنا بولۇپ مۇنداق ئاجايىپ ئويۇننى كۆرگەن ئەمەسمەن. * ئالەم بىنا بولغاندا پۈتۈن زېمىن دەشت ـ باياۋانغا ئوخشاش يارىتىلغان بولۇپ، ئىنسانلار كېيىنچە قوللىرىنى مىتىن ۋە باشقا قوراللارنى ئېلىپ ئېرىق ـ ئۆستەڭ، قاناللارنى ئېچىپ، قاغجىراپ ياتقان چۆللەرگە سۇ كەلتۈردى.

**بىنا قىلماق** يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرمەك، بەرپا قىلماق؛ ياراتماق؛ قۇرماق: سۇ بولمىسا، جىرىم تىكىپ ئورمان بىنا قىلغىلى بولمايدۇ، بىنا قىلغاندىمۇ قۇرۇپ كېتىدۇ. * يۈسۈپ بەگ، ئەھمەد بەگلەر كۆچۈپ كېلىپ بىر چىمەنزارلىققا چۈشتى. ئۇ يەر ئاجايىپ خۇش ھاۋا جاي ئىدى. بۇلار ھەر تەرەپكە ئۆستەڭ قېزىپ دېھقانچىلىق قىلىپ، بىر گۈزەل شەھەر بىنا قىلدى.

**بىنائەن** رەۋ [ئە] يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملارنىڭ كەينىگە ياندىشىپ كېلىپ، «بويىچە»، «ئاساسەن» دېگەن

مەندە كېلىدۇ: ئەپەندىم توپتوغرا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېشىكىدىن چۈشۈپتۇ-دە: ــ خوش پادىشاھى ئالەم، بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن كەلدىم، ــ دەپتۇ. * بوۋاينىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، ياشانغان ئانا ۋە كېلىن ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، نان-چاي تەييارلىدى.

**بىناكار** ئى [ئە] بىنا، ئۆي-ئىمارەتلەرنى سېلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى، مەخسۇس قۇرۇلۇش ئۇستىسى: كۆكسۇگدە ھەر بىنا كۆتۈرگەندە قەد، بىناكار ئوغلۇڭنىڭ قەلبى شادلىنار. چۈنكى شۇ بىنانىڭ كۆركەم ھۆسنىدە ئۇنىڭ ساپ مېھنىتى، ئەجرى-تەرى بار.

**بىناكارلىق** ① «بىناكار» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: بىناكارلىق مېنىڭ ئاتا كەسپىم بولىدۇ. ② قۇرۇلۇش ئىشى، قۇرۇلۇش: بىناكارلىق فوتوگرافىيىسى. * شىنجاڭ 1-بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى 1-پەسلىدە 144 مىڭ 858 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش سېلىپ، ئەسلىي پىلاننى 11.74 پىرسەنت ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى.

**بىناكارلىق ئاۋاز ئىلمى** <بىن> زال ۋە كۇلۇبلاردىكى ئاۋازنىڭ ئاڭلىنىش سۈپىتى، ئۆي-ئىمارەتلەردىكى شاۋقۇننى پەسەيتىش ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ ئاۋاز قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**بىناكارلىق ساناڭتى** <بىن> بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى، يەنى بىناكارلىقنىڭ ئاساسىي تەشكىلىي قىسمى.

**بىناكارلىق سەنئىتى** <بىن> قۇرۇلۇش توپلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى، بىنالارنىڭ سىرتقى شەكلى، گەۋدە قۇرۇلمىسى، ئىچكى-تاشقى بوشلۇقلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، بېزىلىشى، رەڭگى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىملىك ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان ئۇنىۋېرسال سەنئەت. ئۇ ئىجتىمائىي تۇر-مۇش، روھىي كەيپىيات ۋە ئىقتىسادىي بازىسنى گەۋدىلىك ھالدا ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

**بىناكارلىق قۇرۇلۇشى** <بىن> ئۆي-ئىمارەت ۋە ھەر خىل ئەسلىھەلەرنىڭ ياسىلىشى، ئۆزگەرتىلىشى ۋە رېمونت قىلىنىشى؛ پار، تازىلىق، ھاۋا ئالماشتۇرۇش، يورۇتۇش، پار ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى؛ ماشىنا ئۇسكۇنىلىرىنىڭ دەسلەپكى قۇراشتۇرۇلۇشى ۋە تۇرۇبا يوللىرىنىڭ ھەل قىلىنىشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرۇلۇش مەشغۇلاتى.

**بىناكارلىق ئىلمى** <بىن> بىناكارلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم. ئۇ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، بىنالارنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە لايىھەلەش قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**بىناكارلىق فوتوگرافىيىسى** <كىنو> فوتو-گرافىيە سەنئىتى تۈرلىرىنىڭ بىرى. فوتو-گرافىيىچى مەلۇم دەرىجىدە فوتو سۈرەتچىلىك تېخنىكا ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، رەڭلەرنى ھەر خىل تەڭشەش يولى بىلەن بىنالارنىڭ ماتېرىيالى، شەكلى، ھالىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى فوتو سۈرەت ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

**بىناماز** سۈپ [پ] ناماز ئۆتىمەيدىغان، ناماز ئوقۇشقا ئادەتلەنمىگەن: بىركۈنى ئىمام كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئەپەندىمگە كايىپ: ــ ھەي، بىناماز! بۇندىن كېيىن نامازغا كەلمىسەڭ، يېزىدىن كۆچۈپ كەت! ــ دەپتۇ.

**بىنامازلىق** «بىناماز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەپەندىم بىنامازلىق بىلەن ئەيىبلىنىپ، سوراققا تارتىلىپتۇ.

**بىناھايەت** [پ+ئە] يېزىت. ① سۈپ. ئاخىرى،

www.uyghurkitap.com

چېكى يوق؛ پۈتمەس ـ تۈگىمەس؛ چەكسىز: سەن ئەگەر لۈتپى ئىنايەت ئەيلىسەڭ، بىناھايەتدۇر ساۋابى بىر قەدەھ. ② رەۋ. غايەت زور دەرىجىدە، ناھايىتى، ئىنتايىن، تولىمۇ، بەكمۇ: ئۇ: ــ قەدىرلىك ئاچا، غايەت شاد ۋە بىناھايەت مىننەتدارمەن، ــ دېدى ۋە يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. * سېغىندۇق بىناھايەت ئۈزلىرىنى، تولا شېرىن مۇبارەك سۆزلىرىنى. نى سائەتتە كۆرەرمىز قىزىلگۈلدەك يۈزلىرىنى.

**بىناۋا** [پ] سۈپ. يېزت. ھاياتنىڭ لەززىتىنى، ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى، راھەت ـ پاراغىتىنى كۆرمىگەن، ئاجىز، بىچارە: نېچۈك قىسمەتكى بۇ دوستلار، ئەجەب بەختى قارا بولدۇم، تۇغۇلغان ئۆز دىيارىمدا مۇساپىر، بىناۋا بولدۇم. * دەۋر ئىلكىدە بۇ جانىم، بۇلبۇل بىناۋا بولدى. سەيرى ئەتمەككە جانىم، شەيدائى ھاۋا بولدى.

**بىناۋالىق** «بىناۋا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**بىنەپ** سۈپ [پ+ئە] ئىجابىي نەتىجە، پايدا، مەنپەئەت يەتكۈزمەيدىغان، پايدىسىز: بىنەپ ۋە پاسىق ئىشاندىن سەممەي بىر دېھقان ياخشى. بۇزۇلغان، سېسىغان مايدىن سىگەرلىك زاغرا نان ياخشى. * كىلىتسىز قۇلۇپ ئەمەس شېئىر ئاچقىلى بولمايدىغان، ھەم ئەمەس سىرلىق تېپىشماق تاپقىلى بولمايدىغان. گەر ئاشۇنداق بولسا ئۇ تەڭ ئىچى بوش لاي توپ بىلەن، نېمە ھەددىڭ ئۇ بىنەپنى ئەلگە سوۋغام دەيدىغان.

**بىنەپشە** [پ] ① ئى <بوت> بىنەپشە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى بۆرەك شەكلىدە بولۇپ، گىرۋەكلىرىدە ھەرە چىشىغا ئوخشاش چىشلىرى بولىدۇ؛ گۈل تاجى ياپراقچىسى ئاق كېلىدۇ، ئۈستىدە بىنەپشە رەڭلىك يوللىرى بولىدۇ. ② سۈپ. رەڭگى بىنەپشىگە ئوخشايدىغان، بىنەپشە رەڭگىدىكى، سۈس سۆسۈن: بىنەپشە بىللۇر. بىنەپشە پىروكسىن.

**بىنەپشە ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇنىڭغا كۆپىرەك كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ياكى چاتقال تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەر كىرىدۇ. سامان غوللۇقلىرىنىڭ يىلتىزسىمان غولى بولىدۇ، يوپۇرمىقى تاق ۋە ئۇزۇن ساپاقلىق كېلىدۇ. گۈلى قوش جىنسلىق بولۇپ، يالغۇز ئۆسىدۇ ۋە كونۇسسىمان گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ مېۋىسى يېرىلغان غوزىلىق مېۋە بولۇپ، شىرنىلىك كېلىدۇ، ئۇرۇقىنىڭ سىرتى گۆشلۈك بولىدۇ.

**بىنەپشە بىللۇر** <كېئول> بىنەپشە رەڭلىك كۋارتس.

**بىنەپشە پىروكسىن** <كېئول> پىروكسىن تىپىدىكى مىنېراللارنىڭ بىر خىلى، خىمىيىۋى تەركىبى ( $(Mg, Fe)_2 (Si_2 O_6)$ ).

**بىنەپشەرەڭ** بىنەپشە گۈلى رەڭگىدىكى، سۈس سۆسۈن رەڭ.

**بىنەپشىلىك** سۈپ. بىنەپشە گۈلى تېرىلغان، بىنەپشە گۈلى ئۆستۈرۈلگەن: قابا پەلەكنىڭ دەردىدە يۈرەكىمدە داغلار قالدى، بۇلبۇلنى ئايرىدى گۈلدىن بىنەپشىلىك باغلار قالدى.

**بىنەزەر** [پ+ئە] ① سۈپ. نەزەر كۆزىنى سالغۇچىلىكى يوق، نەزەرگە ئالغۇسىز، نەزەر سالغۇسىز، ئەرزىمەس، يارىماس، كېرەكسىز: ئادەم مەيلى ئالىيجاناپ، ئۇلۇغ بولسۇن، ياكى يارىماس بىنەزەر بولسۇن، ھامان بىر كۈنى قارا تۇپىغا كۆمۈلۈپ كېتىدىكەن. ئەمما، ئادەمنىڭ ھايات چېغىدا قالدۇرغان تەسىرى خېلى زامانلارغىچە ئەل ـ جامائەت ئارىسىدا ياشايدىكەن. ② رەۋ. نەزەر سالماستىن، پەرۋاسىز: ئۇچىسىغا كەمزۇل كىيگەن، پۇتىغا ئۇچى ئاسمانغا قاراپ تۇرىدىغان قېلىن چەملىك لاتا ئاياغ كىيگەن، قولىدا گۈللۈك بامبۇك يەلپۈگۈچ تۇتقان ھېلىقى كىشى گېدىيىپ بىنەزەر تۇرۇپتۇ.

**بىنەم** [پ] ① سۈپ. پەقەت يامغۇرنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ تېرىلىدىغان: بىنەم

يەر. ② ئى. پەقەت يامغۇرنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ تېرىلىدىغان يەر: بولسا — سۇلۇق، بولمىسا — بىنەم (ماقال). * باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 3 - ئاي كىرىش بىلەنلا دەرسكە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا ئالتە پۇڭ بىنەم ئېچىپ، ئون مىڭ تۈپ تېرەك، سۆگەت قەلەمچىسى تىكتى.

**بىنەمچى** ئى. بىنەم تېرىيدىغان كىشى؛ دېھقان: ئۇ يىللى بۇلاق ئەتراپىدىكى مانتىخانىلاردا مانتىچىلار بىر - بىرلىرى بىلەن بەسلىشىپ ۋارقىرىشاتتى. بىتىمچىلار ۋە ئاشلىقدىن ئۈمىد ئۈزگەن دېھقانلار ئۇ يەردىكى سەينادا توپ - توپ بولۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇلارنى بىنەمچىلەر ئېلىپ كېتەتتى.

**بىنەملىك** ئى. بىنەم قىلىپ تېرىلغان يەر، بىنەم يەر: بۇ يېزا باشقا يېزىلارغا قارىغاندا، دەل - دەرەخلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ياز كۈنلىرى سىرتتىن قارىغاندا، قويۇق جاڭگاللىقتەك كۆرۈنىدۇ. يېزىنىڭ ئۈچ تەرىپى بىنەملىكلەر بىلەن ئورالغان.

**بىنۇقسان** سۈپ [پ+ئە] يېزت. نۇقسانسىز: بىنۇقسان كىشى. * خاتالىق ھەم ئۇنۇق بولغاي جېنى جىسمىدا مەۋجۇتتا، خاتا قىلساڭ تۈزەت، ھېچكىمنى بىنۇقسان قىياس قىلما.

**بىنومۇس** سۈپ [پ] ئار - نومۇسنى، ئۇيۇلشنى بىلمەيدىغان؛ نومۇس قىلمايدىغان؛ نومۇسسىز: بىنومۇس ئادەم. * ياشلىقنىڭ زىننىتى — ھۆسىندۇر ئەخلاق، ياشلىقنى خار ئېتەر بىنومۇس ھەر ئان. ھاڭغا دۈم يىقىلار «مەن» دېگەن ئەخمەق، بولمىسا جىسمىدا گەر ھايا، ۋىجدان.

**بىنومۇسلۇق** «بىنومۇس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: زۇلال چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ: — قېلىن! ئەگەر سىزنىڭ بۇنچە قېلىن، بۇنچە بىنومۇسلۇقىڭىزنى بۇرۇنىراق بىلگەن بولسام... خەير...بولدى، بۈگۈندىن باشلاپ ئارىمىز ئوچۇق! — دېدى قىزغا. — بىچارە قىز ئورۇندۇققا چاپلاپ قويۇلغان ھەيكەلدەك قېتىپ قالغانىدى.

**بىنېسىپ** سۈپ [پ+ئە] يېزت. تېگىشلىك نېسىۋىسىدىن، ھەققىدىن مەھرۇم قالغان؛ بەھرىمەن بولالمىغان: بولغان ئىدۇق ئەسىرلەر ئەركى جاھاندىن بىنېسىپ، دۇنياغا ياقتۇرمىغان نائەھلى گەردەندىن بېسىپ، باش كۆتۈرسە يوق قىلاردى باش كېسىپ، دارغا ئېسىپ، شۇڭلاشقا زىندانلىرىغا مۇردىلار تولغان سىپسىپ، قان يۇتارمەن ئويلىسام، بۇ چەرخى زەڭگار ئالدىدا.

**بىنت** ئى[ر] ئۈستىگە چاپلىشىدىغان كاۋچۇك سۇرۇلگەن، جاراھەت تاڭىدىغان رەخت: جانبېكنىڭ پەقەت ئىككى كۆزىلا ئوچۇق قالغان جايلىرى بىنت بىلەن تېڭىۋېتىلگەن ئىدى.

**بىنتلىماق** پ. بىنت بىلەن ئوراپ تاڭماق، باغلىماق: چاچنى بىنتلىماق.

**بىنى** ئى. [ئە]<تارىخ> ← **ئىبن:** خوتەنلىك شائىر ۋە سازەندە ئىسمىتۇللا بىنى نېمىتۇللا 1854 - يىلى خوتەن ھۆكۈمرانى ئېلىشىر ھېكىمبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يازغان «تارىخى مۇسىقىيۇن (مۇزىكانتلار تارىخى)» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە خېلى توختالغان.

**بىھاجەت** سۈپ [پ+ئە] يېزت. ئېھتىياجى، ھاجىتى يوق، ئېھتىياجسىز، ھاجەتسىز: مېنى ئەمدى يولدىن توسماق بىھاجەت، رۇخسەت ئەيلەك قىلىپ بىزگە شاپائەت. مەنىكى ياردىن ئايرىلىشقا بىتاقەت، ھەققىڭىزدە ھەققە قىلغۇم ئىبادەت.

**بىھايا** سۈپ [پ+ئە] شەرم - ھايانى، ئار - نومۇسنى، ئۇيۇلشنى بىلمەيدىغان؛ ئۇيالمايدىغان؛ ھايا قىلمايدىغان؛ ھاياسىز؛ ئۇياتسىز: بىھايا ئادەم. * بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ غەزەپلىنىپ ھەرەمگە كىرىپتۇ ۋە پەرروخ زادىگە: — ھەي بىھايا قۇل! مېنىڭ ھەرەمىمگە خىيانەت قىپسەنغۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ. * ئەخلاقسىز كىشىدە يوقتۇر پەزىلەت، ئۇنداقلار بەئەينى يەردىكى ئەخلەت، سەنمۇ شۇ ئەخلەتكە قالسەن ئوخشاپ، بىھايا ئادەمدىن ئالمىساڭ ئىبرەت.

**بىھايالىق** ئى. بىھايا كىشىلەرگە خاس

ئىش-ھەرىكەت، قىلىق: بىھايالىق قىلماق.

**بىھوش** سۈپ [پ] ①ھوشىدىن كەتكەن، ھوشىنى يوقاتقان، ھوشسىز: بىھوش بولماق. * بىھوش ھالەتتە ياتقان بالا كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېچىشتۇرۇپ «ئىھ-ئىھ» دەپ ئىنجىقلايتتى. * مەسۇمخان بىلەن سۇدۇرخان يېتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا خان غوجام قان دەرياسى ئىچىدە بىھوش يېتىپتۇ، ئۇلار ئۇكىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ زار-زار بوزلىنىپ خان غوجامنىڭ بېشىنى يۆلەپتۇ. ② ئەقلى، دىققىتى جايىدا ئەمەس؛ پەرىشان: مەن دۇنياغا، تۇرمۇشقا مەستنىڭ كۆزى بىلەن، مەستنىڭ بىھوش ئەقلى بىلەن قارىغان ئىكەنمەن.

**بىھوش بولماق** ھوشىنى يوقاتماق، ھوشىدىن كەتمەك، ھوشسىزلانماق، بىھوشلانماق: بۇ لەخمىنىڭ چىقىش ئېغىزى دەل قىز ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان ئورۇندۇقنىڭ تېگىدە بولۇپ، شۇ تاپتا قىز يالغۇز ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتقان ئىكەن. ئوغۇل بۇ خۇمار كۆزلۈك پەرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ.

**بىھوش قىلماق** ھوشىدىن كەتكۈزمەك، بېشىنى ئايلاندۇرۇپ ئۇخلىتىپ قويماق: دىۋە چېچىنى بىر سىلكىپ، بىر دەريا پەيدا قىلىپ، ئالىقىنى بىلەن شەرەت قىلسا، دەريا ئۈستىدە مەرۋايىت تاختىپۇش پەيدا بولىدىكەن. ئاندىن خالىبانۇمنى بىھوش قىلىپ، ئۆزى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن.

**بىھوشلانماق** پ. بىھوش ھالەتكە كېلىپ قالماق؛ ھوشىنى، سېزىمىنى يوقىتىپ قويماق: مېھمانخانا يەنىلا پاراكەندە ئىدى، يېرىم بىھوشلانغان كېسەل يىگىت بىئارام بولاتتى. ئانىنىڭ كۆز يېشى قۇرۇمايتتى.

**بىھوشلۇق** «بىھوش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئالماس ئاكا يېرىم بىھوشلۇق ھالىتىدە ياتاتتى. * سىز بۇنداق ھالەتنى بېشىڭىزدىن كەچۈرمىگەندىن كېيىن، بىھوشلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز.

**بىھۇدە** سۈپ [پ] ① پايدىسىز، مەنپەئەتسىز، بىكار: مەن پەقەت بىھۇدە زايا بولغان ئون يىلغا ئېچىنىمەن، قانداق كۆپ ئىشلارنى قىلىۋەتكىلى بولاتتى بۇ ئون يىلدا. * ھەرنەچچە مۇشكۇل سوئالىڭ بولسا داناىدىن سورا، بىھۇدە نادان بىلەن بەھەس قىلىشىپ ئەقلىڭنى بىھۇدە زايە قىلما. ② ئورۇنسىز، ناھەق: ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرت ئەھلىگە قىلغان ۋەدىسىنى ئادا قىلالماي بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپتۇ. ③ مەززىسىز، كېلىشمىگەن، ئاساسسىز، بولمىغۇر: پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كەپتۇ-دە: — ئەپەندىم، بىھۇدە گەپلەرنى قىلىپ، مېنىڭ ۋەزىرىمنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرۈپسىز، ئېشىكىڭىزنىڭ ۋەزىرىمدىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە ئىسپات كۆرسىتىڭ، بولمىسا سىزنى زىندانغا تاشلايمەن، — دەپتۇ.

**بىھۇدىلىك** «بىھۇدە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ۋەيرانە ئۆيلەر ۋە پاسكىنا ھويلىلار ئارىلىقىدا ناگان-ناگاندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان قارامتۇل-خۇنۇك كونا قەسىر، ھەيۋىتىدىن قارىغاندا، تىرىشىپ-تىرمىشىشنىڭ بىھۇدىلىكىگە قارىماستىن، گويا ئۆزىنىڭ قەدىمىي سەلتەنىتى ۋە غۇرۇرىنى ساقلاپ قېلىشقا جېنىنىڭ بېرىچە تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

**بىھۆرمەت** سۈپ [پ+ئە] ھۆرمىتى يوق، كىشىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان، ھۆرمەتلەشنى بىلمەيدىغان؛ ھۆرمەتسىز: ئەپەندىمنىڭ بىھۆرمەتلىكىدىن ئاچچىقى كەلگەن شەھەر ھاكىمى: — ھەي، بىھۆرمەت، ئەدەبسىز، سېنىڭ ئېشەكتىن پەرقىڭ قانچىلىك زادى؟ — دەپتىكەن، ئەپەندىم دەررۇ ھاكىم بىلەن ئېشەك ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى غېرىچلاپ كۆرۈپ: — پەرق كۆپ ئەمەس ئىكەن، ئارانلا ئىككى غېرىچ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**بىھۆرمەتلىك** «بىھۆرمەت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىھۆرمەتلىك قىلماق. * باسىت نۇرغا: — ھاي، نائىنساپ تارت تىلىڭنى، بىھۆرمەتلىك قىلما، — دېدى.

**بىھۇرمەتلىك قىلماق** ئەدەبسىزلىك قىلماق، ھۇرمەتسىزلىك قىلماق: ئۇ، بالىسىنىڭ كېيىنكە كىرمىگەنلىكىگە، شۇنداق مېھرىبان ئانىغا بىھۇرمەتلىك قىلىپ يانغانلىقىغا زەردىسى قاينىدى.

**بىھېساب** [پ+ئە] ← **ھېسابسىز:** ئاسماندىكى بىھېساب يۇلتۇزلار 14 كۈنلۈك تولۇن ئاي ۋە يوللارغا ئورنىتىلغان ئېلېكتر لامپىلىرى بىرلا كېچىسىنى ئالتۇن نۇرغا پۈركىگەنىدى. * تاغۇ دەريا چۆمدى نۇرغا، بولدى چۆللەر باغ ـ چىمەن، قەلبى چوغ، مەردلىكىكە تولغان بىھېساب پالۋان بىلەن.

**بىھىمايە** سۈپ [پ+ئە] يېزت. ھىمايىچىسى يوق، ھىمايىسىز: ھىمايە قىل ئەي يار مېنىڭدەك زارى بىھىمايىگىنى، كۈتۈرمەن ئىنتىزارلىقتا ئىنسابۇ رىئايەگىنى.

**بىئوگرافىيە** ئى [ر<گرېك] بىرەر كىشىنىڭ ھايات يولى ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى؛ تەرجىمىھال.

**بىئوگرافىيىلىك** سۈپ. بىئوگرافىيىگە ئائىت، تارىخىي: بىئوگرافىيىلىك رومان.

**بىئوئاسترونومىيە** ئى [ر] <بىئول> ئالەم قاتنىشىدىكى بىئولوگىيىلىك، مېدىتسىنالىق مەسىلىلەر ۋە ھەرىكەت مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تارماق پەن.

**بىئوپىگمېنت** ئى [ر] <بىئول> تەبىئەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانلارنىڭ ھەرقانداق بىر پىگمېنتى.

**بىئوتىن** ئى [ر] <بىئول> ۋىتامىن «Б» گۇرۇپپىسىغا تەۋە بىرىكمە ئىچىدە بولىدىغان رەڭسىز ۋە كرىستال ھالەتتىكى بىر خىل ۋىتامىن. ئۇ تەبىئەتتە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئاساسەن بىرىكمە ھالەتتە ئۇچرايدۇ.

**بىئوخىمىيە** ئى [ر<گرېك] جانلىقلارنى خىمىيىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تەتقىق قىلىدىغان ئارىلىق پەن. ۋەزىپىسى: جانلىقلارنىڭ خىمىيىۋى تۈزۈلۈشى ۋە ھەرىـ

كىتىنى ئىنقىلاپ چىقىشتىن ئىبارەت.

**بىئوستاتىستىكا** ئى [ر] <بىئول> ماتېماتىكىلىق ۋە فىزىكىلىق ستاتىستىكا قائىدىلىرى ئارقىلىق بىئولوگىيە ئىلمىدىكى سان ئۆزگىرىشلىرىنى ئانالىز قىلىدىغان ۋە يېشىپ، شەرھلەپ بېرىدىغان بىر خىل تارماق پەن. ئۇنىڭ تەجرىبە قىلىشتا، تەجرىبە نەتىجىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىدا ۋە ئۇلاردىن بىرقەدەر ئەمەلىي بولغان يەكۈنلەرنى چىقىرىشتا ياردىمى بار. ئۇ بىئولوگىيە، ئاگرونومىيە ۋە مېدىتسىنا تەجرىبە تەتقىقاتلىرىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**بىئوسفېرا** ئى [ر] <كېئول> يەر شارىنىڭ جانلىقلار تارقالغان بەلبېغى. ئۇ ئاتموسفېرا قەۋىتىنىڭ تۆۋەن قىسمى، گىدروسفېرا، تۇپراق ۋە چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتر كېلىدىغان لىتوسفېرا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**بىئوفىزىكا** ئى [ر<گرېك] <بىئول> فىزىكىلىق پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق جانلىق ئورگانىزملارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى جەريانىدىكى مېخانىكىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئارىلىق پەن.

**بىئولوگ** ئى [ر] بىئولوگىيە ئالىمى، بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسى.

**بىئولوگىيە** ئى [ر] جانلىقلارنىڭ تۈزۈلۈشى، خىزمىتى، پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ زوئولوگىيە، بوتانىكا، مىكروبىئولوگىيە، پالېئونتولوگىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**بىئولوگىيىلىك** سۈپ. بىئولوگىيىگە تەئەللۇق، مەنسۇپ بولغان.

**بىئولوگىيىلىك ئالاھىدە خاسلىق** ماددا ئالماشتۇرۇش ۋە يېتىلىشنىڭ قانۇنىيەتلىك

www.uyghurkitap.com

ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يەككە تەن ۋە تۈرلەر-
نىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلەش
پرىنسىپى.

**بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش** بەزى جانلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئىنسانلار ئۈچۈن زىيانلىق بولغان جانلىقلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۇسۇلى. مەسىلەن: ئۆردەكلەردىن پايدىلىنىپ چېكەتكە لىچىنكىسىنى ۋە شال ئېتىزلىرىدىكى زىيانداش قۇرتلارنى يوقىتىش؛ پارازىت ھەرىدىن پايدىلىنىپ يېشىل قۇرتنى يوقىتىش؛ باكتېرىيىلەردىن پايدىلىنىپ دالا چاشقىنىنى يوقىتىش قاتارلىقلار.

**بىئولوگىيىلىك بىرىكتۈرۈش** جانلىق ئورگانىزملارنىڭ بىرىكتۈرۈش ياكى سۈسلاشتۇرۇش رولى ئارقىلىق يېڭى بىر خىل خىمىيىۋى ماددا ھاسىل قىلىش جەريانى.

**بىئولوگىيىلىك پارچىلىنىش** ① ئۆلگەن ۋە قايتىدىن پەيدا بولغان توقۇلمىلارنىڭ بۇزۇلۇشى. ② ئورگانىك ماتېرىياللارنىڭ جانلىقلار تەرىپىدىن پارچىلىنىشى.

**بىئولوگىيىلىك جۇغراپىيە** ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشىنى تەتقىق قىلىدىغان تارماق پەن.

**بىئولوگىيىلىك قوراللار** <ھەرب> ← **باكتېرىيە قوراللىرى.**

**بىئولوگىيىلىك مىقدار** بىر بىرلىك ھەجىم ياكى كۆلەمدە بولىدىغان بىر ياكى بىردىن ئارتۇق جانلىقلار تىپى ياكى جانلىقلار توپى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىل جانلىقنىڭ، مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدىكى ئومۇمىي مىقدارى. مەسىلەن: دالىيەندىكى كۆللۈك قولۇلىنىڭ ھەربىر كىۋادرات مېتىر كۆلەم ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىئولوگىيىلىك مىقدارى 72 ۋە 122.4 گرام؛ چىڭداۋنىڭ ئالاچىپار قۇلۇلىسىنىڭ ھەر كىۋادرات مېتىر كۆلەم ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىئولوگىيىلىك مىقدارى 110 ۋە 315 گرام بولىدۇ.

**بىئولوگىيىلىك نۇر چىقىرىش** جانلىق ئورگانىزملار كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان دەرىجىدە نۇر چىقىرىدىغان بىر خىل بىئولوگىيىلىك ھادىسە.

**بىئولوگىيىلىك ئوكسىدلاش** ھۈجەيرە ئىچىدىكى ئوكسىدلىغۇچى-ئوكسىدسىزلىغۇچى بىر قاتار ئېنزىملارنىڭ كاتالىزاتور بولۇپ ئوكسىدلاش خىزمىتىنى بېجىرىدىغان روللىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ جانلىقلار تېنىدىن ئېنېرگىيە ئېلىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇل.

**بىئولوگىيىلىك ئېلېكتر ئېقىمى** جانلىقلار تېنىدىكى نېرۋا پائالىيىتى ۋە مۇسكۇل ھەرىكىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئاجىز بولغان ئېلېكتر ئېقىمى ۋە ئېلېكتر پوتېنسىيالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىدۇ. بۇ خىل ئېلېكتر ئېقىمى بىئولوگىيىلىك ئېلېكتر ئېقىمى دەپ ئاتىلىدۇ.

**بىئولوگىيىلىك ئېنىقلاش** بەزى جانلىقلارنىڭ مەلۇم ماددىلارغا قارىتا پەۋقۇلئاددە ئېھتىياجى ياكى ئىنكاسىدىن پايدىلىنىپ، شۇ خىل ماددىلارنىڭ سۈپىتى، مىقدارى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۇسۇلى. مەسىلەن: ئاق چاشقاننىڭ تارتىشىپ قېلىش ئىنكاسىدىن پايدىلىنىپ ئىنسۇلىننى ئېنىقلاش؛ مىكرو ئورگانىزملاردىن پايدىلىنىپ، ۋىتامىن $B_{12}$نى ئېنىقلاش قاتارلىقلار.

**بىئولوگىيىلىك ياسالمىلار** مىكرو ئورگانىزملاردىن ياسالغان كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش، دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دورىلار. مەسىلەن: ۋاكسىنا زەھەرگە قارشى قان زەردابى، ئاناتوكسىن، باكتېرىيىگە قارشى دورا قاتارلىقلار.

**بىئولوگىيىلىك يېمىرىلىش** يېمىرىلىش

تەسىرىنىڭ بىر خىلى، يەنى تاغ جىنسلىرى ۋە مىنېراللارنىڭ، ئۈستىدە ئۆسۈۋاتقان ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات تەسىرىدە بۇزۇلۇپ ۋەيران بولۇش ھادىسىسى.

**بىئومېتېئورولوگىيە** [ر‹گرېك] ‹بىئول› جانلىقلار بىلەن ھاۋا كىلىماتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**بىئوكىلىماتولوگىيە** ئى [ر] ‹بىئول› تەبىئىي مۇھىتتىكى ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئورگانىزملارغا بولغان رولىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**بىئومېتر** ئى [ر] ‹بىئول› نەپەسلىنىش رولى جەھەتتىكى مۆلچەر ئارقىلىق ئۆمۈر چېكىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**بىۋاپا** سۈپ [پ+ئە] ① ئەھدىسىنى بۇزىدىغان؛ ساداقەتسىز، ۋاپاسىز: بىۋاپا يار. * چىرمىشىپ سۆيۈشكەندە، مەڭگۈلۈك يار دەپتىمەن، بىۋاپا بولارىڭنى زەپ شۇ چاغ بىلمەپتىمەن. ② ھېچكىمگە ۋاپا قىلمايدىغان، ئەسقاتمايدىغان، مەڭگۈلۈك تۇرمايدىغان: بىۋاپا دۇنيا.

**بىۋاپالىق** «بىۋاپا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىۋاپالىق قىلماق. * بىۋاپالىقنى سەن قىلىپسەن، مېنى قىلمايدۇ دېمە. ھەممە كويدا سەن يۈرسەن، مېنى تۈيمايدۇ دېمە.

**بىۋاپالىق قىلماق** ئەھدىسىدىن يانماق، ۋاپاسىزلىق قىلماق: سەن ئۈچۈن دۈشمەنلىشىپ ئۆردۈم قىلىچ دوستلارغا مەن، بىۋاپالىق قىلما ئاققان بۇنچىلا قان ئالدىدا.

**بىۋاقىت** رەۋ [پ+ئە] بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئىلگىرى، ياكى كېيىن، ۋاقتى-سائىتى كەلمەستىن، ۋاقىتسىز: ھەر ئۆمۈر بىر بىلەن باشلىنىپ ئاخىر، ھالقىغان كۆپ بولسا بىرەر يۈزلەردىن. ۋە لېكىن قىرلىق ئۇنى بىۋاقىت، ئوغرىلاپ قېچىشقان ئوغۇل-قىزلاردىن.

**بىۋاستە** رەۋ [پ+ئە] ① توغرىدىن-توغرا؛ ۋاسىتىسىز: مەن بۇ ئىشتا ماڭا نە سىز، نە ئارا

ھېچقانداق كىشى ياردەم بېرەلمەيدۇ، دەپ ھېسابلايتتىم، ماڭا بىۋاستە خۇدادىن جاۋاب ئېلىش زۆرۈر ئىدى. * لېنىن: — كىشىلەر بىلىشىنىڭ جەريانى «جانلىق بىۋاستە كۆزىتىشتىن، ئابستراكت تەپەككۇرغا ئۆتۈش» جەريانىدىن ئىبارەت بولىدۇ، — دەپ كۆرسەتكەنىدى. ② تۈپتۈز، ئۇتتۇر، ئۇدۇل: سابىر ئەت رەڭ لېنتىدەك، تۈپتۈز كەتكەن كاداڭ كونا ھارۋا يولىغا چۈشتى، بۇ يول بىۋاستە يېڭىيەر يېزىسىغا ئېلىپ باراتتى. * ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسى كۆپىنچە ئۆگىنىش پائالىيىتى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولىدۇ. * ئۇ ماڭا: — ماقالە يېزىڭ، لېكىن ئۇيغۇرچە يېزىۋېلىپ تەرجىمە قىلىسىڭىز ھېساب ئەمەس، بىۋاستە خەنزۇ تىلىدا يېزىڭ. لېنىنمۇ تىل ئۆگىنىشتە دائىم باشقا مىللەت تىلى بىلەن ماقالە يېزىشنى ئەڭ ياخشى مەشىق دەپ قارىغانىدى، — دېدى.

**بىۋاستە تەجرىبە** ‹پەلس› «ۋاسىتىلىك تەجرىبە»نىڭ ئەكسى بولۇپ، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئەمەلىيەتكە شەخسەن ئۆزى قاتنىشىشتىن ھاسىل قىلىنغان بىلىم. بىر ئادەمنىڭ بىلىمى بىۋاستە تەجرىبە ۋە ۋاسىتىلىك تەجرىبىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ.

**بىۋاستە سايلام** ‹قا› ۋاسىتىلىك سايلامنىڭ ئەكسى، يەنى دۆلەتنىڭ ۋەكىللىك ئورگانلىرىدىكى ۋەكىللەر ياكى دۆلەت ئورگانلىرىدىكى رەھبەرلەرنى خەلق بىۋاستە ئاۋاز بېرىپ سايلاپ چىقىدىغان سايلام شەكلى.

**بىۋاستە قاراشلىق شەھەر** مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بىۋاستە باشقۇرىدىغان چوڭ شەھەرلەر.

**بىۋاستە قانداش تۇغقان** بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىكى تۇغقانلار ياكى ئۆزىنى تۇغقان ئاتا-ئانا ۋە ئۆزى تۇغقان پەرزەنتلەر.

**بۋاك** سۈپ [پ] گەپكە كىرمەيدىغان، ھېيىقمايدىغان، كەپسىز: ئۇ ئوقۇتقان بالا ئىككى-ئۈچ ئايدىلا ساۋاتلىق بولدۇ. ئاتا-ئانىسىنى چېنىدىن جاق تويغۇزغان بۋاك، كەپسىز بالىمۇ ئۇنىڭ قولىدا يىكتەك تۈزىلىپ، ئەقىللىق، ئەدەپلىك بولۇپ ئۆزگىردۇ.

**بۋاكلاشماق** پ. گەپكە كىرمەيدىغان، ھېيىقمايدىغان بولۇپ كەتمەك، كەپسىزلەشمەك: بالىنىڭ دادىسى مۇئەللىمگە: — ئەپەندىم، ئويلاپ باقسىلا، ئوبدانلا بىر بالا ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدىلا بۇنچىۋالا ئايىنىپ، بۋاكلىشىپ كەتكەن بارمۇ؟ — دەپلا سۆزلەپ كەتتى.

**بۋەتەن** سۈپ [پ+ئە] يېزىت ① ۋەتىنى، يۇرتى يوق؛ ئۆز جايىدىن ئايرىلغان؛ ۋەتەنسىز: زېمىن-زېمىن زېمىن ئەمەس گوياكى، شېرىن ھەسەل ھەم قەنت تاپتۇق بۇ يەردە. ياشار ئىدۇق چەت ئەللەردە بىۋەتەن، يېڭى، گۈزەل ۋەتەن تاپتۇق بۇ يەردە. ② ئۆي-جايسىز، باشپاناھسىز: ئورۇنسىز بوھتان قىلىشلار بىلەن سەمەت ئۈچ يىل قېچىپ يۈرۈپ بالىلىرىنى بۋەتەن قىلدى.

**بىئىختىيار** سۈپ [پ+ئە] ئىختىيارىغا باغلىق بولمىغان، ئىختىيارسىز: ئايرىلىپ ئون يىل بۇرۇن يۇرت-ماكانىدىن، ھەمىدە قوۋم-قېرىنداش، بىر تۇغقانىدىن؛ كېلىپ بۇ تامانغا بىئىختىيار. تۆكۈپ تەر ماڭلىيىدىن دانە-دانە.

**بىئېتىبار** سۈپ [پ+ئە] يېزىت. ئېتىبارى يوق، ئېتىبارسىز.

**بىيە** ئى. بالىسى بار بايتال: ئات ياخشى تۆگىدىن، تۆگە ياخشى بىيىدىن، بىيە ياخشى پىيادىدىن (ماقال).

**بىيە باغلىماق** سېغىن بىيىلەرنى سېغىش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلىماق، يىغماق.

**بيۇرو** ئى [ر<فران] سىياسىي پارتىيىلەر ۋە تەشكىلاتلاردىكى ئىجرائىي رەھبەرلىك ئورگىنى: مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى. بيۇرو ئەزالىرى.

**بيۇروكرات** سۈپ [ر<فران+گرېك] ئۆز ۋەزىپىسىگە رەسمىيەتچىلىك بىلەن قارايدىغان، رەسمىيەتنى دەستەك قىلغان ھالدا ئىش بېجىرىدىغان: بيۇروكرات كاپىتالىزم. بيۇروكرات بۇرژۇئازىيە.

**بيۇروكرات بۇرژۇئازىيە** <س ئىق> ئادەتتە مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن دەللال، فېئودال، بيۇروكرات بۇرژۇئازىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**بيۇروكرات كاپىتال** <س ئىق> يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودال‌لىق دۆلەتلەردە، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى كونترول قىلىدىغان چوڭ پومېشچىك، چوڭ بانكىر ۋە چوڭ دەللاللارنىڭ كاپىتالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**بيۇروكرات كاپىتالىزم** <س ئىق> يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودال‌لىق دۆلەتلەردىكى دەللال ۋە فېئودال خاراكتېرىكى دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمى، ئالاھىدىلىكى: چەت ئەل جاھانگىرلىرى، ئۆز دۆلىتىدىكى فېئودال پومېشچىكلار سىنىپى ۋە كونا باي دېھقانلار بىلەن زىچ بىرلەشكەن بولىدۇ. ئۇ كارخانا ئىشچىلىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپلا قالماستىن، سىياسىي ئىمتىيازلىرىدىن پايدىلىنىپ، قالايمىقان پۇل تارقىتىش، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى قەرزنى تۆلەش باھانىسى بىلەن ئىئانە توپلاش، ھايانكەشلىك قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى دەھشەتلىك تۈردە تالان-تاراج قىلىدۇ.

**بيۇروكراتلاشماق** پ. بيۇروكراتقا ئايلانماق: ئەگەر ھازىرقى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىسە پرولېتارىياتنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىدە «بيۇروكراتلىشىپ» كېتىشى تۇرغان

كەپ.

**بيۇروكراتلىق** ① «بيۇروكرات» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بيۇروكراتلىق رەھبەر بولغۇچى ئۇچۇن پايدىسىز. ② ئى. بيۇروكراتلارغا خاس ئىش-ھەرىكەت: بيۇروكراتلىق قىلماق. ئىشقا بيۇروكراتلىق بىلەن قارىماق.

**بيۇروكراتىزم** ئى [ر] <پەلس> ① كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان، ئاممىدىن ئايرىلغان ئىمتىيازلىق شەخسلەر، تۆرىلەر ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى: بيۇروكراتىزمغا قارشى كۈرەش قىلماق. ② ئىشقا، ئۆز ۋەزىپىسىگە رەسمىيەتچىلىك بىلەن قاراش؛ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن، رېئال جەمئىيەتتىن ۋە جەمئىيەت مەنپەئەتلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا قۇرۇق رەسمىيەتچىلىك بىلەن ئىش تۇتۇش: بيۇروكراتىزم خەلقچىللىق بىلەن زادى چىقىشالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# پ

**پ** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ تۆتىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە تۆتىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**پا** ئىم. ئوت ۋە باشقا قىزىق نەرسىدە قاتتىق كۆيگەنلىك ئىماسىنى ئىپادىلەيدۇ: پاتىگۇل مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دىققەتسىزلىكتىن قولىنى قىزىق مەشكە يېقىۋالدى ۋە كۆيۈككە چىدىيالماي «پا!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

**پائال** رەۋ [ئە] بىرەر ئىشقا غەيرەت بىلەن كىرىشكەن ھالدا، ئەستايىدىل، ئىزچىل، ئاكتىپ: پائال قاتناشماق. پائال ئىشلىمەك. * باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇقۇمنى ئىگىلىشى پائال ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇرەككەپ جەريان بولۇپ، چوڭلار ياكى ئوقۇتقۇچىلار تەييار ئۇقۇمنى ئۇلارغا ئاددىي ھالدا، ئەينەن «تاپشۇرۇپ» بەرمەيدۇ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ بىلىم تەجرىبىلىرى ئارقىلىق پائال سۈرەتتە ئىگىلەپ ئالىدۇ.

**پائال تۇردە** ئاكتىپ رەۋىشتە، ئەستايىدىللىق، تىرىشچانلىق بىلەن: ئوقۇتقۇچى پائال تۇردە «مەسىلە» پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى دىققىتىنى ئوبدان مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاكتىپ پىكىر قىلىپ ئۆگىنىدىغان قىلىشى كېرەك.

**پائالىيەت** ئى [ئە] ① بىرەر ساھەدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش، مەشغۇلات، ھەرىكەت: بۈگۈن كەچتە پارتىيە ياچېيكىسى پائالىيىتى بار. * ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە بازارلىرىدا 80 مىڭدىن ئارتۇق ياش - ئۆسمۈر، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە بازارلىرى، يېزا - كەنتلىرىدە 33 مىڭدىن كۆپرەك ياش - ئۆسمۈر شۇ كۈندىكى تازىلىق پائالىيىتىگە قاتناشتى. ② ئىش ۋە ھەرىكەتنىڭ جەريانى: ئومۇمىي قابىلىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى ئالاھىدە قابىلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت ھازىرلىنىدۇ، ئەكسىچە ھەر خىل پائالىيەت داۋامىدا ئالاھىدە قابىلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىرۋاقىتتا ئومۇمىي قابىلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

**پائالىيەتچان** سۈپ. پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا بېرىلىدىغان، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ماھىر؛ ئىشچان؛ ئاكتىپ: لۇتپۇللا ئۇزاق ئۆتمەيلا سىنىپتا ئەڭ پائالىيەتچان ۋە ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ دىققىتىنى

ۋە ھۆرمەتنى قوزغىدى.

**پائالىيەتچان بىخ** <بوت> ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدە بىخلىنىپ گۈل ياكى شاخ ھاسىل قىلىدىغان بىخى.

**پائالىيەتچانلىق** «پائالىيەتچان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ماركسىزمچە پەلسەپىنىڭ قارىشىچە، ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن دۇنيانى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولۇشتا ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەر توغرىسىدىكى بۇ بىلىش ئارقىلىق دۇنيانى پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆزگەرتىشتە.

**پائالىيەتچى** ئى. پائالىيەت قىلغۇچى، پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، شەخس: ئىرلاندىيىلىكلەر، پولەكلەر، پىنلار ۋە ياۋروپادىكى باشقا بەزى مىللەتلەر — ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونال پائالىيەتچىلىرى — تولۇق ھوقۇقى بولمىغان مۇشۇ مىللەتلەرنىڭلا تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلەتتى.

**پائالىيەتسىز** سۈپ. پائالىيىتى يوق، بىرەر پائالىيەتكە ئاكتىپ كىرىشمەيدىغان، پاسسىپ: پائالىيەتسىز ئادەم.

**پائالىيەتسىزلىك** «پائالىيەتسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: پائالىيەتسىزلىك ھۇرۇنلۇقنىڭ ئالامىتى.

**پائالىيەتشۇناس** ئى [ئە+پ] پائالىيەت قىلىشقا، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ماھىر شەخس؛ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم؛ پائالىيەتچى: سايىمىنىڭ پائالىيەتشۇناسلىقى ئۇنىڭ ئورنىنىڭ ئۆسۈشىدە چوڭ رول ئوينىدى.

**پائالىيەتلىك** سۈپ ① ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان، پائالىيەتچان، ئاكتىپ: پائالىيەتلىك ئادەم. ② پائالىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: بۈگۈن ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدا مەزمۇنلۇق، تەسىرلىك، ھەر خىل پائالىيەتلىك ھەرىكەتلەر كۆرسىتىلدى.

**پائانگا** ئى. تونگا پادىشاھلىقىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**پاپا** (پاپاسى) ئى [ر<گرېك] <دىن> كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى. تارىختا، ئۇلار كاردىناللار ئىچىدىن سايلىنىپ، ئۆمۈر بويى ۋەزىپە ئۆتىگەن، ۋاتىكان سارىيىدا تۇرغان.

**پا-پا** «پا» سۆزىنىڭ تەكرالىنىشى: قۇلۇم كۆيدى پا-پا، پۇتۇم كۆيدى پا-پا. توپۇم قاچتى نەلەرگە، قانداق قىلاي جان ئانا.

**پاپاخ** ئى. موينى، تۈكى سىرتىغا تىكىلگەن ئۇزۇنچاق تەلپەك: بېشىغا پاپاخ كىيگەن بىر تۇرك پالۋانى جەڭ مەيدانىدا تولۇپ تاشقان جاسارەت بىلەن سۆزلەۋاتاتتى. * ئۇ پاكارغىنا، بۇرنى يوغان، پاپاخ كىيگەن بىر كىشى ئىدى.

**پاپاق** (توغرىسى: پاپاخ) ⟵ **پاپاخ.**

**پاپالىق** سۈپ. «پاپا» مەرتىۋىسىگە تەئەللۇق ۋە ئۇنىڭغا لايىق: پاپا سايلاش رىم خرىستىئانلىرىنىڭ بىر چوڭ ئىشى ئىدى. ئىلگىرى ۋەزىپە ئۆتىگەن پاپا ئۆلگەندىن كېيىن، پوپلارنىڭ ھەممىسى بېشىنى ئۇشلىشىپ، پاپالىق تەختىگە ئولتۇرۇش كويىغا چۈشكەنلىكتىن، ئىككى يىلغا سوزۇلغان ۋاقىت ئىچىدە يېڭى پاپا سايلاپ چىقىلمىدى.

**پاپوروتنىكلار** ئى [ر] <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چوڭ بىر تىپى. بۇ تىپقا تەۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سامان غوللۇق، ناھايىتى ئاز قىسمى ياغاچ غوللۇق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي يىلتىزى، غولى ۋە يوپۇرمىقى بولىدۇ، غولىدا كاناللار باغلىمى بولىدۇ، يوپۇرمىقى كىچىك كېلىدۇ، سپورا ئارقىلىق كۆپىيىدۇ؛ ئورمانلىق ۋە تاغلىق رايونلاردىكى نەم ۋە سالقىن جايلاردا ئۆسىدۇ. مەسىلەن: سارچە، پلائون قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**پاپىروس** ئى[ر <نېم] چېكىش ئۈچۈن ئىچىگە تاماكا قاچىلانغان قەغەز نەيچە؛

زامانىۋى ئۇسۇلدا يوٚگەلگەن تاماكا: پاپىروس چەكمەك. ئۇ، ئۈستەل ئۈستىگە يان قورالىنى يالىڭاچلاپ ئاغزىغا پاپىروسنى چىشلىگەن هالدا هەيۋەت بىلەن گىدىيىپ ئولتۇراتتى.

**پاپىلىماق** پ.دىئال. ئوٚمىلىمەك.

**پات I** ① ئى. يىپ ۋە رەختلەرنى قاتۇرۇپ چىداشلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇيۇق ئۇماچ، شىلىمشىمان ياكى كراخمال سۇيۇقلۇق: پات بەرمەك. ② ئى. كوٚچمە. پات بېرىلگەن هالەت، تۇرق؛ ئەسلى، ئەينى: پېتىدىن چۈشمەك. ئوٚز پېتى. شۇ پېتى. * ئۇ، كىتابتا نېمە بولسا، شۇ پېتى كوٚچۈرۈپ قويىدى. ③ باغل. بەزى سۈپەتداشلاردىن كېيىن ئۈچىنچى شەخس فورمىسىدا كېلىپ ئىش-هەرىكەتنىڭ مەلۇم بىر هالىتىدە يەنە بىر هەرىكەت ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ياسىن كەتمەننى كوٚتۈرگەن پېتى ئۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. * ساۋاقداشلار كۈرەشنىڭ دېرىزە ئالدىدا، يىراق تاغ ئارقىسىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشقا تىكىلگەن پېتى ئوٚرە تۇرغانلىقىنى كوٚردى.

**پات بەرمەك → پاتلىماق:** رەختكە پات بەرمەك.

**پېتى چۈشمەك** ئەسلىدىكى تۇرقىنى، قىياپىتىنى، هالىتىنى ئوٚزگەرتمەك، يوقاتماق؛ كونىرىماق: پېتى چۈشكەن رەخت. * ئۇ رەختلەر قارىغاندا پېتى چۈشۈپ كونىرىغاندەك كوٚرۈنىدۇ.

**پېتىدىن چۈشمەك** ئىززەت-ئابرويىنى، ئىناۋىتىنى يوقاتماق: ئاغىنە، پېتىمدىن چۈشمەي دېسەڭ، بۇ ئىشنى قىلما!

**پات II** رەۋ. ئارىدىن كوٚپ ۋاقىت ئوٚتمەي، تېز، چاپسان: پات كەلمەك. پات كەتمەك. * قۇمساڭغۇ يەرلەردىكى زىرائەتلەر پات ئوسساپ كېتىدۇ. * «ئوٚتمسۈن پۇرسەت» دېدىم، چىقتىم سەپەرگە — يولغا پات، يانىدا مۇخبىرلىق قەلەم، سومكامدا دەپتەر، ئاپپارات.

**پات ئارىدا** ئارىدىن كوٚپ كوٚپ ۋاقىت ئوٚتمىگەن مەزگىل ئىچىدە؛ يېقىندا: ئۇ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ. * پات ئارىدا! ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىدۇ. * ئۇ ئۇزاق ئوٚتمەي بۇ يەردىن كېتىدۇ. سەن چاڭجاڭ بولسەن، مەن بولسام شوٚجى. بۇنى پات ئارىدا كوٚرىسەن.

**پات پۇرسەتتە** يېقىندا يېتىپ كېلىدىغان ئوڭۇشلۇق بىر پەيت ياكى ۋاقىتتا، كوٚپ ۋاقىت ئوٚتمەي: بىز بۇ ۋەزىپىنى پات پۇرسەتتە ئورۇنداپ بولىمىز.

**پات يېقىندا** ئارىدىن كوٚپ ۋاقىت ئوٚتمەستىن، يېقىن كەلگۈسىدە: دادام قەشقەرگە كەتكىلى خېلى ۋاقىت بولدى، پات يېقىندا قايتىپ كېلىدۇ. * مەن پات يېقىندا بۇ يەردىن كوٚچۈپ كېتىمەن. ماڭا كوٚڭۈل ئىنچىلىقىدىن باشقا گەپ خۇش ياقمايدۇ.

**پات III** ئى [ر<لات] (شاهماتتا) قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى ئاساسەن ئوخشاش كېلىپ قېلىپ، شۇ قېتىمقى ئويۇننىڭ غەلىبىسىز تاماملانغانلىقىنى هېسابلاشنىڭ بىر تۈرى: ئويۇن پات بولدى.

**پات بولماق** شاهماتتا قارىمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئويۇنى پات هالەتتە يەنى ئۇتتۇق هېچقايسىغا هېساب بولماي ئاخىرلاشماق: ئۇلارنىڭ ئويۇنى پات بولدى.

**پات IV** تەق. ئاپتوموبىلنىڭ سىگنال كانايلىرى قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋاز: يىراقتىن بولكىۋاينىڭ «پات» قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**پاتاسا** ئى. شېكەر قىيامىنىڭ سېرىق ناۋات ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىنكى قالدۇق قىسمىدىن ياسالغان قەغەزسىز كەمپۈت: ئۇ كىچىككىدىنلا بوينىغا تەنزە ئېسىپ، كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ قەنت، ناۋات، پاتاسا، پەشمەت سېتىش بىلەن شۇغۇللىناتتى.

**پاتاق** ئى. ئاق قوناقنىڭ يانچىغاندىن كېيىن قالغان دان شاكىلى.

**پاتاكا** ئى. ئاۋمېن رايونىنىڭ پۇل بىرلىكى. 1976-يىلىنىڭ ئاخىرى 13 پاتاكا بىر ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ بولغان. 1979-يىلى

١ـ ئايدا 4.943 پاتاكا بىر ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ بولغان.

**پاتاڭ** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئومۇرتقا سۆڭەكلىرىنى بويلاپ ئورۇنلاشقان چوڭ پەي: كالا پاتىڭى. تۆگە پاتىڭى. پاتاڭ سالماق. ② بويۇننىڭ ئارقا تەرىپى، گەدەن: پاتاڭ گۆش. پاتىڭى يوغان. ③ كۆچمە. زىممە، گەدەن، ئۆز ئۈستى: پاتىڭىدىكى قەرزلەر كۈنسېرى كۆپىيىۋەرگەن ئەزالارنىڭ بەزىسى ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىشتى.

**پاتاڭ سالماق** ئارىنىڭ ئىلمەكلىرىنى ئارىنىڭ سېپىغا پاتاڭ بىلەن تاڭماق؛ چەگمەك: مەتتوختى ئاكا 6ـ ئاينى كۆزۈپلا قىشتىن بېرى يونۇپ، ئېگىپ تەييارلىغان يۇلغۇن بىلەن يۈز ئارىغا پاتاڭ سېلىپ تەخ قىلىپ قويدى.

**پاتاڭ گۆش** بويۇن گۆش، ماي ئالمىغان قاتتىق گۆش: پاتاڭ گۆش قاتتىق بولىدۇ.

**پاتاڭ يېغىر بولماق** ئېشىنىڭ ئېغىرلىقىدىن چارچىماق، ھالىدىن كەتمەك: ئۇنىڭ ئېتىزدا پاتاڭ يېغىر بولغۇچە ئىشلەپمۇ ئۇنىڭ توخۇـ تۇخۇم چاغلىق بىرنەرسە ئېشىنالمايدىغانلىقىنى ئەتراپتىكىلەر ئەلۋەتتە بىلەتتى.

**پاتاڭگۇش** ئى. دىئال ← **پاتاڭگۇشلىماق**

**پاتاڭگۇشلىماق** پ. دىئال ① پاتاڭغا ئۇرماق، پاتاڭغا سالماق، گەجگىگە ئۇرماق. ② پۇلاڭلاتماق.

**پات ـ پات I** ۋاقتى ـ ۋاقتىدا، تېز ـ تېز: ئۇ پات ـ پات كېلىپ تۇرىدۇ. * گۇڭشىنىڭ تۇپتۈز تېرەكلىك يولىدا ئېتىنى پات ـ پات بىقىنداپ قوغۇنلۇققا كېتىۋاتقان كامىل بوغالتىر تۇردىنىڭ سۆزلىرىنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ ئىمىن ئاكا توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى كۆڭۈل ئەينىكىدە ئۆز ئەكسىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. * ئارىدا تام بولمىسا، يارىمنى كۆرسەم پات ـ پات، يارىمنىڭ باسقان ئىزىدا ئېچىلدى گۈللەر قات ـ قات.

**پات ـ پات II** «پات IV» سۆزىنىڭ تەكرار-لىنىشى: تراكتورنىڭ ماتورىدىن پات ـ پات قىلىپ چىققان ئاۋازنىڭ قاتتىقلىقىدىن بىر ـ بىرى-مىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالماي قالدۇق.

**پاتپاراق** (توغرىسى: پاتپاراق) ← **پاتپاراق.**

**پاتتۇرماق** (توغرىسى: پاتۇرماق) ← **پاتۇرماق.**

**پاترۇل** ئى [ر<فران] ئامانلىق ساقلاش ساقچىلىرى: ئۇرۇش ئاللىقاچان ئاياغلاشقان بولسىمۇ، جەنۇبىي سېپىلنىڭ ئۈستى ۋە شەھەرنىڭ رەستە كوچىلىرىغا قوراللىق پاترۇللار قويۇلغانىدى.

**پاترۇللۇق** پاترۇللار بېجىرىدىغان ھەرد-كەت ۋە ئىش: ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھويلىغا كىردى، ئىككىنچى قىسمى كوچىدا پاترۇللۇقتا قالغانىدى.

**پاترون** ئى [ر<فران] ① <ماشىن> ئۇشكە، ستانوك قاتارلىقلارنىڭ تىغ ياكى دېتاللارنى قىسىپ، مۇقىم تۇتۇپ تۇرىدىغان قىسمى، قىسقۇچى. ② <ئېل> ئېلېكتر سىملىرىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا ئورنىتىلىدىغان ۋە لامپوچ-كىنى تۇتۇپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان قۇرۇلما.

**پاترىئارخ** ئى [ر<گرېك] <تارىخ> ئۇرۇق-داشلىق جەمئىيىتىدىكى ئۇرۇق باشلىقى.

**پاترىئارخال** سۈپ [ر] <تارىخ> ئەرلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىقىغا ئائىت بولغان.

**پاترىئارخاللىق** «پاترىئارخال» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**پاتقاق** ئى. دەسسىسە پۇت كىرىپ كېتىد-غان، بوش لاي: ئادەمگە ئەقىل كېرەك، پاتقاقتا شېغىل كېرەك (ماقال). مەردان ئۇ يەردە بىر ئادەمنىڭ پاتقاقتا دومىلاپ ياتقىنىچە ئىڭراۋات-قانلىقىنى كۆردى ـ دە، قولىدىكى چېلەكنى تاشلاپ ئازگاللىغا سەكرەپ چۈشتى.

**پاتقاقتا پاتماق** ① لايغا كىرىپ قېلىپ، چىقالماي قالماق؛ چۆكمەك: يولدا ھارۋىمىز

www.uyghurkitap.com

پاتقاقا پېتىپ قېلىپ، دېگەن مەزگىلدىن كېچىكىپ قالدۇق. * نېمىسنى ئېيتسەن، «مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى» دېگەندەك، ماشىنا يول ئۈستىدە نەچچە يەردە زەي - پاتقاقتا پاتتى. ② كۆچمە. بىرەر سەلبىي مۇھىت ۋە ئوڭۇشسىز شارائىتقا دۇچ كەلمەك، مۇپتىلا بولماق: سىلىم تەنە قىلىپ: — يەنە سۆزلىسەڭ يەنە شۇ ئۆزەڭ پاتقاقتا پېتىۋېرىسەن، ۋەسسالام — دېدى.

**پاتقاقا تىقىلماق** ← **پاتقاقا پاتماق.**

**پاتقاقچىلىق** ئى. پاتقاق بىلەن تولغان، پاتقاق بولۇپ كەتكەن ھالەت: نازىم غەزەپ بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ: — ئۇ موتسىكلىت بىلەن قاچقان بولسا بۇ پاتقاقچىلىقتا ئۇزاپ كېتەلمەيدۇ، — دېدى.

**پاتقاقگازى** ئى [پاتقاق+گازى] <خىم> يۇندا ۋە سېسىق سۇ كۆلچەكلىرىگە كۆمۈلگەن ئۆسۈملۈك تەنلىرىنىڭ چىرىپ، سېسىپ ئېچىتىلىشىدىن ھاسىل بولغان گاز. بۇ خىل گازنى يەنە گەندە - سۈيدۈك ھەم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول، يوپۇرماقلىرىنى قوشۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ ۋە سېسىتىپ، ئۇنىڭغا مېتان باكتېرىيىسىنى قېتىپ ئېچىتىش ئارقىلىقمۇ ئىشلىگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى مېتان، كاربون (IV) ئوكسىدى ($CO_2$)، ئازوت (N) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنى يېقىلغۇ ياكى خىمىيە سانائەت خام ئەشياسى قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**پاتقاقلاشماق** پ. پاتقاق ھالەتكە كەلمەك، پاتقاق بولۇپ كەتمەك: شىغىل تۆكۈش ئۈچۈن يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن يول پاتقاقلىشىپ كەتكەچكە، ۋېلىسىپىتنى ئىتتەرسەممۇ ماڭغىلى بولمىدى. * ئايقىز شۇ يوسۇندا يۈگۈرۈپ بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن، ھالسىزلىنىپ ماغدۇرىدىن كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن شارقىراپ يامغۇر قۇيۇلۇپ، توغراقلىق ئىچى پاتقاقلىشىپ كەتتى.

**پاتقاقلىق** ① «پاتقاق» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئەتىياز پەسلىدىكى پاتقاقلىق جەنۇبىي شىنجاڭ قاتنىشىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. ② ئى. پاتقاق بولۇپ كەتكەن يەر: ئەتىگەنلىكى قاتتىق سوغۇق بولدى، سازلىق ۋە پاتقاقلىقلار مۇزلاپ قالدى. ③ سۈپ. پاتقىقى بار، پاتقاق بىلەن قاپلانغان: بالىلار گۈرجەك سۇپۇرگىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ، ئۇدۇل تەرەپتىكى پاتقاقلىق يولغا يۈرۈپ كەتتى.

**پاتقۇزماق** «پاتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىز، بۇ ئۆيگە يەنە بىر كارىۋات پاتقۇزۇڭ. * قىز ئەمدى غەزىپىنى باسالماي: — ئىنساپ قىلايلى دادىكا! بىر ئاق كۆڭۈل ساددا ئادەمنى يامان دېمەيلى، بىزنى بۇ يۇرتقا پاتقۇزغان، قولغا قول، پۇتقا پۇت بولغان، ئاش - تاماق بەرگىنى يەنىلا شۇ يىگىت ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

**پاتقۇزۇشماق** «پاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەسقەر بۇ نەرسىلىرىمنى تاغارغا پاتقۇزۇشۇپ بەردى

**پاتقۇزۇلماق** «پاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قاتتىق يامغۇردا باللار تەرىپىدىن لايغا پاتقۇزۇلغان ھارۋىنىڭ ئارانلا چاقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**پاتلاتماق** «پاتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەتتوختى ئاكام سەرگەز بېسىشقا 50 خامنى پاتلىتىپ قويدى.

**پاتلاشماق** «پاتىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇستىلار ئەتىلەسىنىڭ ئۆرۈش يىپلىرىنى پاتلاشقاندىن كېيىن ئۇنى چىڭ تارتىپ قۇرۇتۇشقا كىرىشتى.

**پاتلانماق** «پاتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ رەخت ياخشى پاتلاندى. * ناخشىنىڭ بۇ دىۋانى خوتەننىڭ پاتلانغان قەغىزىگە يېزىلغان.

**پاتىلماق** پ. رەخت، يىپ، قەغەز قاتارلىقلارنى پاتقا چىلاپ قاتۇرۇپ، سىلىقلاپ پەردازلىماق؛ پات بەرمەك: رەختنى پاتىلماق. * زور ۋە كەڭ - كۇشادە سېلىنغان ھەيۋەتلىك سېختا

رەت - رېتى بىلەن جايلاشتۇرۇلغان توقۇش ستانوكلىرى بىر خىل شاۋقۇن بىلەن تاراقلاپ ئىشلىمەكتە. قىلدىن ئىنچىكە تارتىلغان يىپەك يىپلار ئۇرچۇقلارغا ئورالماقتا، شۇ يىپلاردىن توقۇلۇپ چىققان توپ - توپ رەختلەر ئۆز نۆۋىتى بويىچە پاتلاش، بوياش ۋە رەتلەپ قاتلاش سېخلىرىغا توشۇلماقتا ئىدى. * ئامىنەمنىڭ چېچىنى، ئاق ناۋاتتا پاتلىغان. ئامىنەمنى ئەسلىسە، ئەمەت ئىمىنگە ساقلىغان.

**پاتماق** پ ① **سۇيۇق، يۇمشاق نەرسىنىڭ ئىچىگە، پاتقاقلىققا كىرمەك، چۆكمەك:** تۇرسۇننىڭ ماشىنىسى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇغا چىلىشىپ، بارغانسېرى لايغا پاتتى. * ئۇلار يولغا چىققاندا گۈلئايشەم ئۇشۇقىغىچە توپىغا پاتتى. ② **ملەنمەك، كۆمۈلمەك:** ئەرك ئۈچۈن سۆيگۈ ئۈچۈن قەلبىم خارلاندى، ئەزىز سۆيگۈم يەرگە پاتتى، يۈرەك زارلاندى. * دۈشمەنلەر چىقىپ كەلدى، قايىقا ئۈستىدىن ئۆتۈپ، شېھىت بولغان يىگىتلەر، قالدى قانلارغا پېتىپ. ③ كۆچمە. **غەرق بولماق، چۆكمەك:** كۆڭۈللىرى تېخىمۇ پاراكەندە بولۇپ كەتكەن تەيجى بىلەن ياسىن قازى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە گاھ ئىشىنىپ، گاھ ئىشەنمەي بىرپەس چوڭقۇر ئويغا پاتتى. * بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن، قۇددۇس ھوشىغا كېلىپ تام تەرەپكە ئالدىنى قىلدى - دە، كۆزىنى يۇمۇپ، خىيالغا پاتتى. * كېچە ئۈن - تىنسىز ئىدى. ھەيۋەتلىك سۇۋادان تېرەكلەر كۈن بويى چاۋاك چېلىپ ئەمدى ئۇيقۇغا كەتكەندەك، پۈتۈن شەھەر سۈكۈتكە پېتىپ، بۇ ئايالنىڭ قايغۇسىغا تەڭكەش بولۇۋاتقاندەك ئىدى. ④ **قاتتىق بېسىمدىن ئىچىگە پۈكۈپ، يېرىپ ياكى سانجىلىپ كىرمەك:** يەنە بىر قولىدا بىلىكىدىن ئۇشلاپ نازارەت قىلماقتا، بويىنىغا ئېسىلغان يوغان ۋە ئېغىر تاختايلار باسقانسېرى، تاختاينى تۇتۇپ تۇرغان سىملار بۇ بىچارىنىڭ گەدەنلىرىگە پېتىپ قىنىماقتا، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ بويىنىدىن قان ئېقىۋاتاتتى. * شىڭشىڭشاغا ماڭغاندا، يولدا ئۆلدى ئاتلىرىم. ئايغىمغا تاش پاتتى، كۆككە يەتتى ئاھلىرىم. ⑤ كۆچمە. **قاتتىق تەگمەك، ئېغىر تۇيۇلماق:** قىش كۈنلىرى قوي، كالىلارنىڭ ئارىسىدا زەي - نەم بولۇپ، سالجا، كانىغا يەم بولۇپ، ئېغىلدا يېتىپتۇ، جەبىر - زۇلۇم كۆپىيىپ جېنىغا پېتىپتۇ. * ئاي ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، رەقىب باينىڭ بېشى قېتىپتۇ. قوشنىسىنىڭ مۈلكى، بايلىقى، يۈرىكىگە زىخىتەك پېتىپتۇ. * گۇڭتۇلارغا بوغۇلۇپ، خاڭلاردا يېتىپ قالدۇق. خاڭجاسى يامان زالىم، زۇلۇمغا پېتىپ قالدۇق. ⑥ **بىرەر ئەجابىي ھېس - تۇيغۇ ياكى سەلبىي روھىي ھالەتتە بولماق:** كەنجى ئوغلىنىڭ دەردىدە ئاتا - ئانا كۆپ قايغۇ - ھەسرەت چېكىپتۇ، بۇلبۇلگويامۇ ھېچ سايرىماستىن مۇڭغا پېتىپتۇ. * بېيجىڭغا كېلىپ شادلىققا پاتتىم، ئالتۇندىن قىممەت گۆھەرنى تاپتىم. ⑦ **ئۇپۇققا يوشۇرۇنۇپ كۆزدىن غايىب بولماق:** يىگىت بىلەن قىز چۈشتىن تارتىپ كۈن پاتقۇچە، ئاخشامدىن تاڭ ئاتقۇچە زىياپەتتە ئولتۇرۇپ، نەغمە - ناۋا ئاڭلاپ، شېرىن سۆھبەتلەر قىلىشىپتۇ. * گۈلئايىم ھوشىدىن كەتتى شۇ دەمدە، نە تۇيغۇ، نە سېزىم قالدى بەدەندە. خېنىملار ئالدىرار سەمەن تەرەپكە، قۇياشمۇ پاتتى ئاستا، چۈشتى پەسكە. ⑧ **سىغماق؛ ماس، لايىق كەلمەك:** تاغقا پاتمىغان ئۆچكە قازانغا پاتار (ماقال). * داپچى ئۆزىنىڭ دېپىغا، دۇتارچى بولسا دۇتارنىڭ يۈزىنى ئېلىشىپلا قورسىقىغا ئالتۇن قاچىلاپتۇ، سۇنايچى بالا قانچە ھەپىلەشسىمۇ سۇنىيىنىڭ ئىچىگە ئاران 40 تىللا پېتىپتۇ. * ماڭا 42 - نومۇرلۇق بەتىنكە پاتىدۇ. * يېڭى تىكتۈرگەن كىيىم ئاران پاتتى.

**پاتمان** ① [پ] مىق <تارىخ> **شىنجاڭدا قوللىنىلغان يېقىنقى زامان ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، 1 پاتمان 180 كىلوگرامدىن 300 كىلوگرامغىچە بولىدۇ ياكى بىر پۇتتىن 11 پۇتقىچە بولىدۇ:** خانلىق پەرماندا مۇنداق دېيىلىدۇ: بىرىنچى، پۇقرالاردىن ئېلىنىدىغان باج - پاراقلارنىڭ 25 پائىزى يەنى 400 پاتمان ئاشلىق، 100 چارەك پاختا، 400 چارەك زاراڭزا، 47 مىڭ سەر پۇل قىسقارتىلسۇن. ② سۆپ. **بىر تالاي، ھېسابسىز، نۇرغۇن،**

www.uyghurkitap.com

تولا، كۆپ، جىق: بىر پاتمان ئىش. بىر پاتمان گەپ. * تويچى قىز-يىگىتلەرنىڭ بەزمە ساداسى ئەۋجىگە چىققانسېرى كاللىسى بىر پاتمان ھەرە قاچىلانغان قاپاقتەك غوڭۇلداشقا باشلىغان قۇربان ئاخۇن شۇنچە ئەسەبىيلىشىپ كەتتى.

**پاتمان-پاتمان** ناھايىتى كۆپ؛ ناھايىتى ئېغىر؛ ناھايىتى كاتتا: كۈن نۇرىدا يالقۇنجاپ تۇرغان كوئىنلۇننىڭ ئېگىز چوققىسى گويا پۈتۈن ئالەمگە نەزەر سېلىۋاتقان، ئاق رەختتىن تون كىيگەن ئاپئاق ساقاللىق مويسىپىت بوۋايدەك ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولتۇق، مۈرىلىرىدە بولسا، پاتمان-پاتمان بۇلۇت پادىلىرى لەيلىشىپ يۈرەتتى.

**پاتمان-پاتمانلاپ** ھەددى-ھېسابسىز كۆپ، ئىنتايىن كۆپ، ھەددىدىن ئارتۇق، ھەددىدىن زىيادە: بىزنىڭ گۆش ئىسكىلاتىمىزغا پاتمان-پاتمانلاپ گۆش بېسىلغان.

**پاتمانلاپ** رەۋ. پاتمان-پاتمان مىقداردا: كېسەل پاتمانلاپ كىرەر، مىسقاللاپ چىقار (ماقال). * تراكتور پاتمانلاپ توپىلارنى تۆت مېتر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەن دامبىنىڭ ئۈستىگە تۆرتۈپ، ئىتتىرىپ چىقارماقتا.

**پاتمىچۇق** ئى <زوئول> سۆرەلگۈچىلەر سىنىپىغا ۋە ئۇچقۇر كەسلەنچۈك ئائىلىسىگە كىرىدىغان ھايۋان، تېنى 12 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ بۇرۇن ئۈستى قاسىرىقى دانىچە شەكلىدە بولۇپ، باش، دۈمبە قاسىرىقىدىن كىچىك بولىدۇ؛ بېشى، تۆت ئايىغى، ئومۇرتقىسى ۋە قورساق تەرەپلىرى تۇتۇق قوڭۇر ياكى قارامتۇل رەڭدە بولىدۇ؛ دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا تارقالغان.

**پاتمىخوتۇن** ئى [پاتمە+خوتۇن] ئاياللارغا مۇناسىپ بولغان ئىشلارنىمۇ قىلالمايدىغان، ھەتتا چاقمۇ ئېگىرەلمەيدىغان ئايال: پاتمىخوتۇننىڭ چاقىدەك. * بۇنچىلىك ئىشلارنى پاتمىخوتۇنمۇ قىلالايدۇ. * ئۇغۇ بىر پاتمىخوتۇن، قورسىقىغا يېسە، بويىغا كىيسىلا بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ.

**پاتولوگ** ئى [ر] پاتولوگىيە ۋراچى، پاتولوگىيە ئىلمىنى تەتقىق قىلىدىغان كىشى، پاتولوگىيە مۇتەخەسسىسى، ئالىم.

**پاتولوگىيە** ئى [ر<گرېك] ئورگانىزمدىكى كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش جەريانى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**پاتۇرماق** «پاتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قول پاتۇرماق. * ئاتا-ئانا دۇئاسى ئوتقا، سۇغا پاتۇرماس (ماقال). * ئۇ ماشىنىنى لايغا پاتۇرۇپ قويدى. * ئۇ قولىنى لايغا پاتۇردى-دە، بىرئاز ئۇ يان، بۇ يان مالتىلاپ بىرنەرسىنى سىقىملاپ «مانا تاپتىم» دەپ ۋارقىرىدى.

**پاتۇرۇشماق** «پاتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سۇغا چۆمۈلۈشكە بارغان بالىلار دەريا بويىدىكى لۆم-لۆم پاتقاققا پۇتلىرىنى پاتۇرۇشۇپ ئوينىدى.

**پاتۇرۇلماق** «پاتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۇغا پاتۇرۇلغان قاپاق كەينى-كەينىدىن «بۇلدۇق-بۇلدۇق» قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى.

**پاتېفون** ئى [ر<فران] پلاستىنكىغا ئېلىنغان ھەر خىل مۇزىكا، نۇتۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئاڭلىتىپ بېرىدىغان ئۈسكۈنە. ئادەتتە ئۇ قول ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان پاتېفون ۋە توك كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان پاتېفون دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

**پاتېفون بېشى** پاتېفوننىڭ پاتېفون تەخسىگە تېگىپ تۇرىدىغان ۋە ئېلىنغان ئاۋازلارنى چىقىرىپ بېرىدىغان زاپچىسى: پاتېفون بېشى ئىشتىن چىقتى.

**پاتېفون تەخسىسى** شېللاك، يالتىراق قاتارلىقلاردىن ئىشلەنگەن يۇملاق تەخسە،

يۇزىدە ئاۋاز ئۆزگىرىشلىرى خاتىرىلەنگەن ئايلانما سىزىقچىلار بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئېلىنغان ئاۋازلارنى پاتېفون ئارقىلىق قويۇپ قايتا ئاڭلىغىلى ۋە ئۇزاققىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

**پاتېفون يىگىنىسى** پاتېفون بېشىغا ئورنىتىلغان قىسقا يىگىنىسىمان زاپچاس، ئادەتتە پولات ياكى سۈنئىي ئالماستىن ياسىلىدۇ.

**پاتىپاراق** رەۋ. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىرەر ئەھۋال تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان جىددىي ھەرىكەت ۋە تاۋۇش ھەققىدە: «پاك! پاك! پاك!» تاپانچا ئېتىلماقتا، دەل شۇ چاغدا كارىدوردا پاتىپاراق، جىددىي ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. * كارىدور تەرەپتىن ئاڭلانغان پاتىپاراق، ئوپۇر - تopۇر پۈتۈن بىنانىڭ جىملىقىنى بۇزىۋەتتى.

**پاتىپاراق بولماق** پاتىپاراق ھالەتكە كېلىپ قالماق، قالايمىقان ۋە پاراكەندىلەشمەك: دۈشمەن قوشۇنى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. * كوچىلاردا كىشىلەر ئۇ ياقتىن بۇ ياققا قېچىشىپ، كىچىك بالىلار قىيا - چىيا قىلىپ، قالايمىقان ۋارقىراشلار، تىللاش - كايىش، نالە - زار بىلەن شەھەر ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى.

**پاتىپاراق قىلماق** پاتىپاراق ھالەتكە كەلتۈرمەك، قالايمىقان ۋە پاراكەندە قىلىۋەتمەك: بىزنەچچە كۈندىن بۇيان سىلەرنى پاتىپاراق قىلىۋەتتۇق، كەچۈرسىلە. * قىزىل ئارمىيە دۈشمەنىنىڭ بىر بۆلەك ئەسكىرىنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى.

**پاتىپاراقچىلىق** ئى. پاتىپاراق بولغان ھالەت: شەھەر ئىچىدىكى دۈشمەنلەر مىنادىن ئوت كەتكەن ئىسكىلاتلارنى ئۆچۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولۇشۇپ كەتتى، شەھەر پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە قالدى. * بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە شۇنداق پاتىپاراقچىلىق يۈز بەردىكى ئادەم - ئادەمگە قارىماي ئىتتىرىپ، توغرا كەلگەننى دەسسەپ - پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پاتىپاراقلاشتۇرۇلماق** «پاتىپاراقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پاتىپاراقلاشماق** پ. پاتىپاراق ھالەتكە كەلمەك، قالايمىغان بولماق ۋە پاراكەندىلەشمەك، پاتىپاراق بولماق: ئارقا تەرەپتىن ئوق ئاۋازى بىلەن دۈشمەنلەر پاتىپاراقلىشىپ سەپلىرى قالايمىقانلاشتى، ئەنجانباي قورشاۋ ئىچىدىن بۆسۈپ چىقتى، بىراق نەسىردىن يەنىلا ئەنجانباي بىلەن قوشۇلالمىدى.

**پاتىھە** (پاتىھەسى) ئى [ئە] ① <دىن> قۇرئاننىڭ بىرىنچى سۈرىسى، باشلىنىشى. ② بىرىنى يوقلاپ ياكى زىيارەت قىلىپ ھۇزۇرىغا ۋە ئۆيىگە بارغاندا ئەھۋاللىششتىن ئىلگىرى ياخشىلىق تىلەپ ئېيتىلىدىغان دۇئا: ناۋادا يىگىتنىڭ كېسىلى ئۇنچە ئېغىر بولمىسا ئوغلىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلمەكچى بولۇپ، مېھمانخانىنىڭ تۆرىگە چىقىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى. *—كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭ دۈيجاڭ، —سەيدىن قارىي ئىككى تاقلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتى، — تېرىمدىن كەلگىنىڭنى ئاڭلاپ پاتىھە ئوقۇپ كېلەي دەپ كېلىۋىدىم. ③ بىرەر ئىشنى باشلىغان كىشىگە ياخشىلىقنى تىلىگەن ھالدا بېرىلگەن رۇخسەت، ئىجازەت: سودىگەرلەر باشلىقى شەمسىدىن ھەر كۈنى ئەتىگەندە كېلىپ دۇكىنىغا ئولتۇرغان چېغىدا، بازار ئاقساقىلى سودىگەرلەر بىلەن شەمسىدىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: —خۇش كېلىپلا! — دەپ سالام بېرىپ ئۇنىڭدىن پاتىھە ئالغاندىن كېيىن، ھەركىم ئۆز تىجارەت ئورنىغا بېرىپ دۇكىنىنى ئاچىدىكەن. ④ ئۆلۈم ئۇزىتىلغان ئۆيدە ئۆلۈمدىن كېيىن بىرقانچە كۈن ئىچىدە ياكى ھېيت كۈنلىرى مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ قىلىنىغان دۇئا ۋە تەزىيىلەر: شەھەرنىڭ بىر چوڭ ئەمەلدارى ئۆلۈپتۇ. ئەپەن-

يىگىت تۇرمۇش قۇرۇشنى ماقۇل كۆرگەندىن
كېيىن ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپ ئائىلە-
سىگە بارىكاللا ئېيتىپ بەرگەن تەشەككۇر
دۇئاسى: — قېنى قىلايلى، پاتىھە مۆھرى
خۇدادۇر، — دېدى ۋە دۇئاغا قول كۆتۈردى،
قالغانلار ئەگەشتى. * پاتىھەدىن كېيىن ئابدۇۋارىس
مۇپتى، مۇتىللا بەگدىن سورىدى: — بېگىم ئۇنداقتا
داموللامنىڭ چېيىنى ۋە توي ۋاقتىنى قاچانغا
توختاشاق بولار؟ ⑥ نىكاھ مۇراسىمىدا ئوقۇل-
غان خۇتبە دۇئاسى: ھاجى ئىشان ئالدىراپ-
تېنەپ نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇدى ۋە قائىدە بويىچە
ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان رازىلىق سۆزىنىمۇ
ئالماستىن: — تىزلىنىڭلار. باشپاناھغا رەھمەت
ئېيتىڭلار، — دېدى.

**پاتىھە ئالماق** بىرەر ئىشنى بېجىرىشكە كىرى-
شىشتىن ئىلگىرى ئۆزىدىن ياشقا چوڭراق
مۆتىۋەر كىشىلەردىن ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق
بولۇشىغا دۇئا ۋە رۇخسەت تەلەپ قىلماق:
— بىر ئەھۋالنى مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي! مىسىر
سودىگەرلىرى سىزنى باشلىقلىقتىن ئېلىپ تاشلاپ،
بۇگۈندىن باشلاپ، سىزدىن پاتىھە ئالماسلىقنى
مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ
يەرگە سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىشمىدى! — دەپ
جاۋاب بەردى بازار ئاقساقىلى.

**پاتىھە بەرمەك** قىز-يىگىت تۇرمۇش
قۇرۇشنى ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن ئوغۇل
تەرەپ قىز تەرەپ ئائىلىسىگە بېرىپ تەشەك-
كۇر دۇئاسى قىلماق: داستىخان سېلىنىپ
مېھمانلار چاي ئىچىۋاتقاندا ئۆيگە ياش ۋە ئۇزغى-
نىنا بىر چوكان كىرىپ كەلدى. كېيىن ئۇقسام،
ھېلىقى شۇجى خېنىم ئىكەن، داستىخان يىغىلىپ
پاتىھە بېرىلگەندىن كېيىن باشقىلار نەگىدۇ
يوقىلىشتى. مەن ئۆيدە يالغۇز قالدىم.

**پاتىھە قىلماق → پاتىھە ئوقۇماق:** بەھدى
رەئىس پاتىھە قىلغاندىن كېيىن ئامانلىق سوراشتى:
— قارىسام ھۈنەر قىلىۋېتىپسىتىلا، — بوۋاي پاتىھە
قىلغاندىن كېيىن كۆپ ئەھۋاللاشماستىنلا بېشىنى
تۆۋەن سېلىپ جىمجىت ئولتۇردى.

**پاتىھە ئوقۇماق** ① قۇرئاننىڭ قىسقا سۈرى-
لىرىدىن بىرنى ئوقۇپ مەرھۇمنىڭ روھىغا ۋە
باشقىلارغا ياخشىلىق تىلىمەك: — خالىسىلا
پاتىھە ئوقۇغاچ بىرىپ كۆرۈپ كەتسەكمۇ بولىدۇ، —
دېدى مەزىن. ② بىراۋنىڭ ئۆيىگە ياكى
تۇرغان يېرىگە بېرىپ ھال سورىماق:
سۇلايمان رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ئەتىسى
ئابدۇللا «قورسىقىم ئاغرىپ قالدى» دەپ يېتىۋې-
لىپ، زۇنۇننى ئۆز نامىدىن بوۋاينىڭ قېشىغا
پاتىھە ئوقۇپ كېلىشكە ئەۋەتمەكچى بولدى.

**پاجاق** ئى. دىئال. گىلەم توقۇش چەللىسى-
نىڭ تۆۋرۈكى.

**پاجىئە** (پاجىئەسى) ئى [ئە] ئېچىنىشلىق،
قايغۇلۇق، مۇڭلۇق ۋەقە؛ ھالاكەت؛ مۇسىبەت؛
بەختسىزلىك: دۇرنەم بالىنىستا ئانىسىغا دادى-
سىنىڭ پاجىئەسىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ قانلىق
پاجىئە مېنىڭ بالىلىق يۈرىكىمنى تىترىتىپ
كۆزلىرىمنى پارقىرىتىپ دەھشەتلىك قورقۇنچ ئىچىگە
ئاتقانىدى. * دادامنىڭ پاجىئەسى ئۇنىڭ قەلبىنى
ئېيتقۇسىز ھەسرەتكە تولدۇرغان بولسىمۇ، ئۇ
يەنىلا ئوقۇش ئىشتىياقىدا ياتاتتى. ئۇ، تۈن
يېرىمىغىچە كىتاب كۆرۈپ، ئاللىقانداق بىرنېمى-
لەرنى ياسايتتى، سىزاتتى.

**پاجىئەلىك** سۈپ. ئېچىنىشلىق، مۇسىبەتلىك،
قايغۇلۇق: جېلىل بىگۇناھ ئۆلگەن ئانارخاننى،
ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى ئويلىغاندا چىداپ
تۇرالمايتتى. * ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن قانلىق،
پاجىئەلىك تۇرمۇش تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.
باتۇرنىڭ سۆزلىرى ئاسماننى يىرىپ، ھەيۋەتلىك
جاراڭلايتتى.

**پاچاق** (پا : چاق) ئى. [پ] ① ئادەم ۋە
ھايۋانلار پۇتىنىڭ تىزدىن تۆۋەنكى قىسمى؛
شىراق: ئۇزۇن پاچاق ئايال. پاچىقىنى چاقماق.
پاچاققا ئېسىلماق. * كان بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش
ئەترىتى كان بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يولغا
چىققاندا ماشىنا ئېگىز-پەس تاغ يوللىرىدا
ئۆرۈلۈپ كېتىپ شوپۇرنىڭ پاچىقى قاتتىق
يارىلاندى. ② شىمنىڭ (ئىشتاننىڭ) تىزدىن

پەستكى قىسمى: ئىشتاننىڭ پاچىقى. پاچىقى تار ئىشتان. ③ ئورۇنـدۇق، شىرە، كارىۋات قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ يەرگە تايىنىپ تۇرىدىغان قىسمى: كارىۋاتنىڭ پاچىقى. شوتىنىڭ پاچىقى.

**پاچاقلا پىت چۈشمەك** خىيالى ئۆزگەرمەك، باشقا بىر خىيالغا كەلمەك، يېڭى بىر ئويغا كەلمەك: ھېلقى ئوق ئاۋازىدىن بىزنى ئېلىپ كېتىۋاتقان ئېيلاسلارنىڭ پاچىقىغا پىت چۈشتى. ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن «ئىلى ئوغرىلىرى كېلىپ قېلىپتۇ!» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم، قارىغاندا، ھېلقى بىز ئاڭلىغان ئىلى ئەسكەرلىرى راستىنلا كەلگەن ئوخشايدۇ. * ھۆددىچى كەتكەندىن كېيىن، قورغان بېگىنىڭ پاچىقىغا پىت چۈشۈپ قالدى.

**پاچاقلا ئېسىلماق** بىركىمنىڭ بىرەر كەمچىلىك، سەۋەنلىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالماق: توختى ئاكا ناھايىتى پاچاقچى ئادەم، ئەگەر بىركىم بىلمەي، دىققەتسىزلىكتىن ئۇنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىگە تېگىدىغان ئىش قىلىپ قويسىلا، ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پاچاقلا ئېسىلىدۇ، جۇمۇ؟

**پاچاق** رەۋ. ئېزىلىپ، پۇكۇلۇپ سىنغان، پارچىلانغان، ئەبجەق: بىر ئورۇپ پەرھات سۇپەت چاققۇم كېلۇر، ئەھرىمەننىڭ تەختىنى ئەيلەپ پاچاق. جان تىكىپ دەۋرگە مەن ياققۇم كېلۇر، ئىلىم ـ پەندىن مەڭگۈگە ئۆچمەس چىراغ. * ئېيتتى بەگ: يۇرەيلى تېز تاشلاپ ئۇنى، قىيادىن دومىلاپ ئۆلسۇن بولۇپ پاچاق.

**پاچاق ـ پاچاق** ھەممە يېرى يانجىلىپ، پارچە ـ پارچە بولۇپ ئەبجىقى چىققان، پاچاقلانغان؛ ئەبجەق: مەن تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ ھالال ھەققىنى نەپسى بالا، نائەھلى ئادەملەرگە قۇربانلىق قىلىپ بەرمەسلىككە قەسەم قىلدىم. قاساپلىق پىچىقىمنى تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىگە قويۇپ بولقىسىدا پاچاق ـ پاچاق قىلىۋەتتىم.

**پاچاقچى** سۈپ ① پاچاقتىن چىشلەيدىغان، پاچاقتىن ئالىدىغان (ئىت ھەققىدە): پاچاقچى ئىت. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ كىچىككىنە بولسىمۇ كەمچىلىك، نۇقسانلىرىنى كۆرگەن ياكى سەزگەن ھامان ئېسىلىۋالىدىغان: باشقىلاردىن نۇقسان ئىزدەشنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان: پاچاقچى ئادەم.

**پاچاقچىلىق** ئى. قۇسۇرىنى ئىزدەشنىڭلا كويىدا يۈرۈش ۋە ئۇنى شۇ ئان ئاشكارىلاش ھەرىكىتى، ئىشى: پاچاقچىلىق قىلماق. پاچاقچىلىق قىلغاننىڭ ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ پايدىسى يوق.

**پاچاقچىلىق قىلماق** ھەر دائىم بىركىمنىڭ كىچىككىنە نۇقسانلىرىنى ئىزدەش ۋە ئۇنىڭغا ئېسىلىۋېلىش كويىدا يۈرمەك ۋە شۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانماق: ھاشىم دائىم پاچاقچىلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىگە يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**پاچاقلاتماق** «پاچاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابى ئاقسۇغا بىر بۆلەك مۇنتىزىملاشقان ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى دۈشمەننىڭ ئىستىھكاملىرىنى پاچاقلىتىۋەتتى.

**پاچاقلاشماق** «پاچاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئورتاقلىق دەرىجىسى: بىزنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرىمىز ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەرلەرگە سېلىنغان دۈشمەن پوتەيلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ پاچاقلاشتى.

**پاچاقلانماق** «پاچاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جەڭ نەتىجىسىدە نېمىسلارنىڭ بەش تانكىسى پاچاقلاندى ۋە كۆيدۈرۈلدى. * قىساس بىزگە قارار بولسۇن! غەزەپلەر زۇلپىخار بولسۇن! پاچاقلانسۇن زۇلۇم تەختى، ئادالەت ئەلگە يار بولسۇن!

**پاچاقلىماق** پ ① ئېزىپ، پۇكۇپ، سۇندۇرۇپ مىجىقىنى چىقارماق، پارچە ـ پارچە قىلىۋەتمەك: لى كۈي تامدىكى سۈرەتلەرنى سويۇۋېلىپ، شامغا تۇتۇپ كۆيدۈرۈپ ئۇ ياق، بۇ ياققا ئوت تۇتاشتۇردى، ئۇ بىر ياقتىن ئوت قويۇپ، يەنە بىر ياقتىن شام ـ كۆجە، شىرە ـ

www.uyghurkitap.com

ئورۇندۇقلارنى پاچاقلىۋەتتى. * ئۇلار ئەكبەرنى هارغۇچە ئۇرۇپ، ئورنىدىن مىدىرلىيالماس قىلىۋەتكەندىن كېيىن، بېشىغا خالتا، قولىغا پەلەي كيدى ۋە كالتەك ئېلىپ هەسەل هەرىسى ساندۇقلىرى قويۇلغان تۆپىلىككە بېرىپ ساندۇقلارنى ئۇرۇپ پاچاقلىدى. ② كۆچمە. تارمار قىلماق، ئەبجىقىنى چىقارماق؛ گۇمران قىلماق، يوقاتماق: بىزنىڭ ئىنقىلابىي قوشۇنلىرىمىز دۈشمەن ئارمىيىسىنى پاچاقلىدى. * ماركسنىڭ پرۇدونغا ئوخشايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى هازىرقى زامان دۆلەت ماشىنىسىنى «پاچاقلاپ تاشلاش»نى تەشەببۇس قىلىدۇ.

**پاچكا** ئى [ر] كېسىپ مەلۇم شەكىلگە كەلتۈرۈپ قەغەزگە ئورالغان، قاپقا ياكى قۇتىغا قاچىلانغان بىر تۈردىكى نەرسە، قاپ، بولاق: بىر پاچكا تاماكا. بۈگۈن مەن بىر پاچكا تاماكا سېتىۋالدىم.

**پاخال** ئى ① بۇغداي، شال، ئارپا، تېرىق قاتارلىق باشاقلىق زىرائەتلەرنىڭ دېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قالغان قۇرۇق غول قىسمى: مۇهەممەت قولىدىكى بىر باغ پاخال بىلەن كونىراپ كەتكەن چوڭ بىر پالاسنى يەرگە قويۇپ، ئۇستىباشلىرىنى قېقىشقا باشلىدى. ئوسمان ئۆزىنى سۇپىدىكى پاخال ئۇستىگە تاشلىدى. ② سۈپ. كۆچمە. قىممىتىنى يوقاتقان، قىممىتى چۈشكەن، ئەرزىمەس؛ يارامسىز، كېرەكسىز: پاخال پۇل. * بىز كۆردۇق خاگچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى، هاياتى سېتىلغاندۇر پاخال پۇلغا. ئېغىر ئىش، ئاچ-زارلىق قىلىپ ۋەيران، ئۇلارنى ئايلاندۇرغان بۇندا قۇلغا.

**پاخال بولماق** ① بۇغداي، شال ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەر دېنىدىن ئايرىلىپ، پاخال هالەتكە كەلمەك. ② كۆچمە. پۇل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە نەرسىلەر ئۆز قىممىتىنى يوقاتماق، قىممىتى چۈشمەك، ئەرزىمەس بولۇپ قالماق؛ پاخاللاشماق: كاپىتالىستىك ئەللەردە مال باهاسى تۇراقسىز بولغاچقا، پۇل پاخال بولماقتا.

**پاخاللاشتۇرماق** «پاخاللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئامېرىكا هۆكۈمىتى مال باهاسىنى هەددىدىن تاشقىرى ئۆرلىتىۋېتىپ پۇلنى پاخاللاشتۇرۇۋەتتى.

**پاخاللاشتۇرۇلماق** «پاخاللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ـــ هە، بۇ ئىشلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتكىلى بولمايدۇ، ـــ دېدى باشلىرى پارقىراپ تۇرغان سودىگەر بىر تال سۆگەكنى غاجاۋېتىپ، ـــ هازىر پۇل پاخاللاشتۇرۇلغان چاغ.

**پاخاللاشماق** پ ① دانلىق زىرائەت ئۆسۈملۈكلىرى كۆكىگە زورلاپ دان ئالماي ياكى دېنى تولماي، پاخىلى كۆپىيىپ كەتمەك، پاخالغا ئايلىنىپ قالماق: بۇ يىل شەخسي يەرگە تېرىغان بۇغداي كۆكىگە زورلاپ دان ئالالماي پاخاللىشىپ كەتكەنلىكتىن مەهسۇلاتى ئاينىمىدى. ② كۆچمە. پۇل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە نەرسىلەر ئۆز قىممىتىنى يوقاتماق؛ قىممىتى چۈشمەك؛ ئەرزىمەس بولۇپ قالماق؛ پاخال بولماق: گومىنداڭ هۆكۈمىتى تەختتىن چۈشۈپ بەش يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىرنەچچە قېتىم پۇل پاخاللاشتى.

**پاخاللىق** ئى ① پاخال كۆپ دۆۋىلەنگەن جاي، پاخال كۆپ يەر: كىچىك بالىلار پاخاللىقتا بىر-بىرىنى بېسىشىپ ئوينايدۇ. ② كۆچمە. ماددىي ۋە مەنىۋى جەهەتتە قىممىتى چۈشكەن هالەت: مال باهاسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈلگەچكە پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىقتى. * پۇل توپلاش ۋە مەبلەغ يىغىشتىمۇ تىزگىنلىيەلمەي قېلىشنىڭ ۋە ئىناۋەتلىك قەرز پاخاللىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

**پاخپاق** سۈپ ① تەرتىپسىز ئۆسۈپ كەتكەن، چۇۋۇق (چاچ، ساقال، يۇڭ ھەققىدە): پاخپاق چاچ. * ئۆگزە ئۇستىدە ئايەت ئوقۇۋاتسام يېقىنىلا يەردە پاخپاق

www.uyghurkitap.com

چاچلىق، ھىڭگاك چىشلىق، خادا بويلۇق ئاجايىپ سەت بىر موماي پەيدا بولدى. ② شاخ - يوپۇر- ماقلىرى تەرتىپسىز، كىرىشىپ بۆككىدە يانغا ئۆسكەن: يۇقىرىقى چاقانىڭ پەللىمۇپەللە ئېگىز قىرلىق ئېتىزلىرى قويۇق، پاخپاق جىگدى- لىككە تۇتىشىدۇ. ③ جىڭغا ئولتۇرمايدىغان، جىڭ باسمايدىغان؛ ئىچى بوش؛ يەڭگىل؛ پۆچەك: پاخپاق دان. * بۇغداي دان سۈيىگە قانمىغانلىقتىن پاخپاق بولۇپ قالدى. ④ نېپىز، يېلىڭ: پاخپاق كەمزۇل؛ پاخپاق چاپان. ⑤ كۆچمە. ۋەزنى يوق، قۇرۇق پو (گەپ - سۆزلەر ھەققىدە): پاخپاق گەپ. * ئۇ كىشىنىڭ پاخپاق گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

**پاخپاق گەپ** قۇرۇق، يوغان گەپ؛ پو گەپ: ھەر قېتىم ئۇنىڭ پاخپاق گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتىم ئاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيتتى.

**پاخپايتقۇزماق** «پاخپايماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىچارە «ئاغىنەم» ھەپتىدە ئىككى قېتىم چېچىنى ساتىراشخانىدا پاخپايتقۇزۇپ...كوندە بىر ياڭزا ئالدىپار كىيىم- لەرنى كىيىپ، كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈشنى «بەخت» دەپ ھېسابلايتتى.

**پاخپايتماق** ① «پاخپايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۆرە يۇڭىنى پاخپايتىپ، ئورۇقلۇقىنى بىلدۈرمەس (ماقال). ② بۇدۇر قىلىپ ياساتماق (چاچ ھەققىدە): شەرىخاندى- نىڭ يەنە بىردىنلا سەپراسى ئۆرلەپ: — تېخى ئۆزەڭچە چاچلىرىڭنى پاخپايتىپ، بىر سومكىنى مۈرەڭگە ئېسىپ قالتىس بولۇپ كەتتىم دەمسەنا؟ — دەپ ئاچچىقلاندى.

**پاخپايتىشماق** «پاخپايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ ئاچا - سىڭىل ئىككىيلەن ئۆيىدە سەككىزىنچى مارت كۈنىدىكى ئاياللار بايرىمىغا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن چاچلىرىنى پاخپايتىشتى. * ئۇلار چاچلىرىنى پاخپايتىشىپ ھارغىن قىياپەتتە ئولتۇراتتى.

**پاخپايتىلماق** «پاخپايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايجامال پاخپايتىلغان چاچلىرىنى ئەينەكتە كۆردى.

**پاخپايماق** پ ① تەرتىپسىز ئۆسۈپ كەتمەك، چۇۋۇلۇپ رەتسىز ھالغا كەلمەك (چاچ، ساقال، يۇڭ ھەققىدە): ئۇ بادام دوپ- پىسىنى پاخپىيىپ تۇرغان چاچلىرىنى باسۇرۇپ كىيى- ۋالدى. * ئۇنىڭ چاچلىرى چوغۇندەكنىڭ چاڭگى- سىدەك پاخپىيىپ، يۈز - كۆزلىرىنىمۇ توسۇۋاپتۇ. ② كۆچمە. كۆزلىرىنى ئالايتىپ، گۆلىيىپ قارشىلىق بىلدۈرمەك، نارازى بولماق: تۇرسۇن بىر پاخپىيىۋىدى شۇجىنىڭ يېلى چىقتى.

**پاختا** ئى ① پاختا مەھسۇلاتى چىقىدىغان ئۆسۈملۈك؛ كېۋەز: يولداش ئارسلان قوناق، قوغۇن - تاۋۇز، پاختا زىرائەتلىرىنى كۆپلەپ تېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. * قوناقنىڭ پىلاندىكى ساندىن ئاز تېرىلىپ، پاختا بىلەن قوغۇن - تاۋۇزنىڭ كۆپ تېرىلىشىنى يولداش مىجىت ھاشىم نېمىدەپ چۈشەندۈرىدۇ؟ ② كېۋەزنىڭ غوزىسىدىن چىقىدىغان ۋە ئىنچىكە تالالاردىن تەشكىل تاپقان ئاپئاق، يۇمشاق مەھسۇلات. ئۇ ئادەتتە چىگىتلىك ياكى چىگىتسىز بولىدۇ: پاختا تالاسى. ساپ پاختا. چىگىتلىك پاختا. * چەكسىز كەتكەن پاختىزارلىقتا ئاياللار بەس- بەس بىلەن پاختا تەرمەكتە.

**پاختا ئاتماق** ① چىگىتىدىن ئايرىلغان پاختىنى ئاتقۇچىلىق دۇكىنىدا زەينى مۇش (توقماق) بىلەن ئۇرۇش ئارقىلىق تىتىپ چىقارماق، يۇمشاتماق: قاسىم ئاكام كۈنىگە بىر تاغار پاختا ئاتىدۇ. ② كۆچمە. بىرەر ئىش، ھادىسىنى كۆپتۈرۈپ مۇبالىغە قىلماق؛ چوڭ سۆزلىمەك، لاپ ئۇرماق، پو ئاتماق: ئۇ ئاغزىدا پاختا ئاتقان بىلەن قولىدىن كەلمەيدۇ. * ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئاتلانمايدۇ، چۈنكى سايە ئاستىدا كۆزلىرىنى ئالايتىپ، تىللىرىنى تولغاپ ئولتۇرىدىغان ئادەملەر سانىنىڭ تېشىدەك كۆپ، شۇڭا ئۇلار ھىيلە ئىشلىتىپ،

بىر دەم پاختا ئاتسىلا غەلىبە قىلغۇسىدۇ.

**پاختا تەرمەك** ئېچىلغان پاختىنى غوزىسىدىن ئايرىپ ئالماق: — ئاكا، ئۆيدە ئادەم يوق، ئاپام - ئاچاملار پاختا تەرگىلى چىقىپ كەتتى، ئۆيگە كىرسەڭ ئاچقۇچ مەندە، — دېدى ئىنىم.

**پاختا توقۇلما** پاختا يىپىدىن توقۇلغان بۇيۇم، رەخت.

**پاختا توقۇمىچىلىق** پاختا يىپىدىن ھەر خىل رەختلەرنى توقۇش كەسپى، ھۈنىرى: «1 - ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق باش زاۋۇتىدا پايدىنى ھۆددىگە بېرىش ۋە كىچىك كوللېكتىپ بويىچە ئاشۇرۇپ ئىشلىگەن ئىشمىغا قاراپ ئىش ھەققى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

**پاختا چىقارماق** چېگىتلىك پاختىنى چىغرىق ياكى پاختا چىقىرىش ماشىنىسىدا چېگىتىدىن ئايرىماق.

**پاختا دۆكىنى** ① پاختا ئاتىدىغان، پاختىنى يۇمشىتىدىغان سايمان، جابدۇق. ② پاختا سېتىلىدىغان ماگىزىن: ئايشەم پاختا دۆكىنىدىن تور پاختا سېتىۋالدى.

**پاختا نىسبىتى** <دېھ> ساپ پاختا ئېغىرلىقى بىلەن چېگىتلىك پاختا ئېغىرلىقىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى، ئادەتتە پىرسەنت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ پاختا سورتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى باھالاپ بېكىتىشنىڭ مۇھىم ئۆلچەملىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**پاختا يۇلغۇن** قوۋزىقى، ئۇرۇقى ۋە چېچىكى بوز رەڭدە، تۇۋىدىنلا شاخلايدىغان يۇلغۇن. بۇ ئادەتتە «بوز يۇلغۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**پاختىنىڭ ئىچىدە ئوت ساقلىغاندەك** ئەڭ قولايسىز، ئەڭ خەتەرلىك شارائىتتىمۇ، ساقلاش مۇمكىن بولمايدىغان ۋەزىيەت ئاستىدىمۇ، بارلىق ئامالللارنى قىلىپ، ئۆز پېتى ساقلىغاندەك: ئانىسى: — ھېلىماخۇن، بارغىن بالام، بارغىن! سوقۇشقا ئوغۇل بالىنىڭمۇ ئوغۇل بالىسى يارايدۇ. تەڭلىك ئۈچۈن بېرىڭلار بالىلىرىم، داداڭلارنىڭ روھى خۇش بولسۇن! خۇدايىم سىلەرنى پاختىنىڭ ئىچىدە ئوت ساقلىغاندەك ساقلار! كېلىنلىرىمىزنىڭ ئۈمىدى، چاقاللىقلارنىڭ كۈتكىنى شۇنداق ئىكەن، — دەپ سۆزلىدى. * بويىغا يەتكەن قىزنى ساقلىماق — پاختىنىڭ ئىچىدە ئوت ساقلىغاندەك بىر ئىش.

**پاختا يىپ** پاختا تالالىرىدىن ئىشلەنگەن يىپ.

**پاختەك** ئى <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر خىلى، تېنى كۆل رەڭ ياكى قوڭۇر، بوينىنىڭ ئارقىسىدا ئاق ياكى سۇس قوڭۇر رەڭلىك دېغى بولىدۇ؛ تۇمشۇقى قىسقا، پۇتى سۇس قىزىل كېلىدۇ. پاختەك ھەمىشە توپلىشىپ ئېتىز - ئېرىق ياكى داللاردا زىرائەت دانلىرىنى تېرىپ يەيدۇ.

**پاختەك تۆكى** ① پاختەكنىڭ تۆكى. ② شۇنىڭغا ئوخشايدىغان سۇس كۆل رەڭ: پاختەك تۆكى رەخت. * تۈنۈگۈن كەچتە، كوچىدا سىزگە سالام قىلىپ ئۆتكەن پاختەك تۆكى شلەپە كىيگەن كىشى كىم بولىدۇ؟

**پاختىكى ئوڭدا ئۆچماق** بەختى، تەلىيى ئوڭدىن كەلمەك: كۈنلەردىن كۈنلەر كېلىپ، بۇ سىرلار ئاشكارا بولۇپ قالسا بالام، ئۇلارنىڭ پاختىكى ئوڭدا ئۆچىدۇ. ئۇرۇس يېرىدە مۇنداق ئىشلار كۆپ بولغان، بىز خاراب بولمىز، بۇ گۈللەنگەن ئائىلىمىز ۋەيران بولىدۇ.

**پاختىچى** ئى ① پاختا تازىلاش، پىششىقلاش ۋە پاختا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: ئۇنىڭ كەسپى پاختىچى. ② پاختا تېرىش، پاختا يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقان؛ پاختىكار.

**پاختىچىلىق** ئى. پاختا تېرىش، ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش، سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى: بىز تەدرىجىي ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنى پاختىچىلىق رايونى، قەنت - شېكەر ماتېرىياللىرى بازىسى، يەل - يېمىش، مېۋە - چېۋە

بازىسى ۋە مەملىكەت بويىچە ئەڭ ياخشى چارۋىچىلىق بازىلىرىدىن بىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

**پاختىزار** ئى. كېۋەز تېرىلغان، كېۋەز مايسىلىرى بىلەن قاپلانغان يەر: پاختىزاردا خۇش خۇي ئەرەب دېھقىنى، يورەر ئىدى توپا يۆلەپ، سۇ قويۇپ. كۆكتاتلىقتا قارا كۆز ئەرەب بالىلىرى، قىزىلچىلار كولىشاتتى بىر بولۇپ.

**پاختىزارلىق** «پاختىزار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: غۇچچىدە ئېچىلغان پاختىزارلىق ۋە غايەت زور كەڭلىكتىكى يېشىل مەخمەلنى ئەسلىتىدىغان كۆزگە بۇغداي مايسىزارلىقى كىشىنىڭ كۆزىگە تاشلىنىپ تۇراتتى. * پاختىزارلىقتىن ئۇچۇپ كەلگەن قاناتلىرى رەڭمۇرەڭ كېپىنەكنىڭ مېھرى ئۇنىڭ دىققىتىنى دەرھال ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

**پاختىسمان** سۈپ. پاختىغا ئوخشاش يۇمشاق، يەڭگىل، ئاق ھالەتتىكى: پاختىسمان بۇلۇت، پاختىسمان نەرسە.

**پاختىكار** ئى. پاختا تېرىش، ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش، سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېھقان؛ پاختىچى: كىرىيە ناھىيىلىك پاختا - كەندىر شىركىتى بۇ يىلقى پاختا سېتىۋېلىشتا تىجارەت ۋاقتىنى ئۇزارتىپ پاختىكارلار ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بەردى. * ئارزۇيۇم بىر بېرىپ كۆرسەم ئىكەن ئەي پاختىكار، ئۆستۈرۈپسەن بىر كېۋەزنى ئۈچ يۈز ئوتتۇز غوزا بار.

**پاختىكارلىق** «پاختىكار» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: تۇرپان ئويمانلىقى ئۈزۈمچىلىك ۋە پاختىكارلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر.

**پاختىلاشتۇرماق** «پاختىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دىققەتسىزلىكتىن، يېڭى ياققان نانىنى شامال ئۆتتۈپ تۇرىدىغان يەردە قويۇپ قويىماي پاختىلاشتۇرۇۋەتتى.

**پاختىلاشتۇرۇلماق** «پاختىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پاختىلاشماق** پ <بئول> ئورگانىك ماددىلار كۆكىرىك زەمبۇرۇغىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بۇزۇلۇپ، سۈپىتىنى ئۆزگەرتمەك.

**پاختىلىق** سۈپ ① پاختىسى بار، پاختا سېلىنغان، پاختا سېلىپ تىكىلگەن: پاختىلىق چاپان. پاختىلىق ئىشتان. * ئابدۇللا پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئىچىگە كىيىۋالغان سۇر، خادانى چاپىنىنىڭ تۆش يانچۇقىغا قولىنى ئاپاردىيۇ، دەرھال تارتىۋالدى. * ئاپئاق يورۇتۇلغان يىرا يولدىن قاتارلىشىپ قېلىن جۇۋا، پاختىلىق چاپانلارنى كىيىپ، بەللىرىنى چىڭ باغلىشىپ ئادەملەر كېلىشمەكتە ئىدى. بۇلار يىغىنغا كېلىشىۋاتقان پارتىيە ئەزالىرى ئىدى. ② ئى. پاختىزارلىق: مەن ئەتىگەن پاختىلىقتا بېرىپ ئىشلىدىم.

**پاختىلىق كىيىم** تاش بىلەن ئەستەر ئارىلىقىغا پاختا سېلىپ تىكىلىدىغان ھەر خىل كىيىم - كېچەك ۋە شۇ خىل كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى: پاختىلىق كىيىم تىكتۈرمەك. *پاختىلىق كىيىم ئۈچۈن تەييارلانغان رەخت.

**پاختىۋەن** سۈپ. پاختىدىن ئوق ياساپ سېلىنغان؛ ئوق سالماي، دورا سېلىپلا ئاتىدىغان: پاختىۋەن مىلتىق. پاختىۋەن پو.

**پاختىۋەن قىلماق** ماتىقنى ئوق ئورنىغا پاختا سېلىپ ئېتىشقا تەييارلىماق.

**پاخشە** سۈپ [پ] ① كاردىن چىققان، چېقىلغان، بۇزۇلغان، سۇنۇق: پاخشە تۇخۇم. پاخشە كېسەك. ② كۆچمە. ئەرگە تەگكەن، ئەر يۈزىنى كۆرگەن؛ پېچەتى بۇزۇلغان: بىرگە تەگكەن ياخشى، ئىككىگە تەگكەن پاخشە، ئۈچكە تەگكەن باخشى (ماقال). ئۇ، ئەردىن ئەرگە چىقىپ «پاخشە» دېگەن نامنى ئېلىشنى خالىمايتتى. ③ كۆچمە. مەغلۇپ بولغان، ۋەتۋەرىسكى چىققان، يېڭىلگەن: كىشىلەر بېسىپ كىرگەندە نېمەتىنىڭ يۈزى قانغا بويالغان بولۇپ، خۇددى سوقۇشۇپ پاخشە بولغان خورازلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. كىشىلەر ئۇنى يۆلىدى.

**پاخشە بولماق** ① كاردىن چىقماق، بۇزۇلۇپ كەتمەك؛ چېقىلماق، سۇنماق، بۇزۇلماق:

www.uyghurkitap.com

تۇخۇم پاخشه بولدى. * يېڭى قوپۇرۇلغان تام ئۆرۈلۈپ كېتىپ كېسەكلىرى پاخشه بولدى. ② كۆچمە. مەغلۇپ بولماق، ۋەتۆەردىكى چىقماق؛ يېڭىلمەك: ھابىل چېلىشتا ئىككىنى يېڭىپ بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن يەنە ئوتتۇرىغا چىقتى. قارشى تەرەپتىكىلەر ئۇنىڭغا نىمە ئۇچۇندۇر بىرىنچى قېتىم ھابىلدىن يېڭىلىپ قالغان يىگىتنى ئەكەلدى. ھابىل ئۇنى كۆرۈپ: — ياق، ئۇ پاخشه بولدى. ماڭا ئۇچىنى ئەكىلىڭلار، — دېدى چاقچاق ئارىلاش راست گېپىنى ئېيتىپ.

**پاخشه قىلماق** ① كاردىن چىقارماق، كارغا كەلمەيدىغان قىلىپ قويماق؛ بۇزماق، سۇندۇرماق: ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بەش تۇخۇمنى پاخشه قىلىۋەتتى. ② كۆچمە. مەغلۇپ قىلماق؛ يىقىتماق؛ ۋەتۆەردىكىنى چىقارماق: سادىق ئارقىسىغا يۆلەكلىك قوش تاۋار كۆرپىنى تېگىگە باستۇرۇپ ھەمراھلىرىغا قاراپ: — بۇدا ھەممىڭنى پاخشه قىلمىسام، سادىق ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن، — دەپ توۋلىدى.

**پاخشەك** سۆپ. بېشىنى تاز يارىسى قاپلاپ كەتكەن، تاز: تازنى غوجام دەپتۇ، پاخشەكنى خېنىم دەپتۇ (ماقال). * ئۇ: — بۇ پاخشەكنىڭ كاللىسىغا تاش بىلەن سالايچۇ، — دېدى.

**پاخشەك باش** تىلھا. بېشىدا يارىسى بار كىشىلەرنى ياكى كىچىكلەرنى كەمسىتىپ ھاقارەتلەشتە قوللىنىدىغان ھاقارەت سۆزى: پاخشەك باش تاز.

**پاخشەك تاز** ← **پاخشەك باش**: بۇنى كۆرگەن بايىنىڭ ناھايىتىمۇ ئاچچىقى كېلىپ: — ھەي، پاخشەك تاز، ئەتىگەندىن بېرى نېمە قىلدىڭ؟ قېنى كولىغان گۆرۈڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

**پاخلان** (توغرىسى: پاقلان) ← **پاقلان**.

**پاخما** سۆپ. تەرتىپسىز ئۆسكەن، پاخپىيىپ كەتكەن؛ پاخپايغان (چاچ، ساقال، تۈك، يۇڭ ھەققىدە): رەقىب بۈگۈن ئالاھىدە سۆزمەن، خۇش چاقچاق بولۇپ كەتكەن، ھەتتا ئۇ بۈگۈن ئالاھىدە ياسىنىۋالغانىدى: قوڭۇر كاستۇم، قارا بۇرۇلكا كىيگەن، پاخما چاچلىرىنى مايلاپ، سىلىق تارىغان.

**پاخما باش** بېشىدىكى چېچى چۇۋۇلغان، پاخپايغان: ھەي پاخما باش، ماڭ نېرى كەت، ئەسكى تاملىقىقا بار، كونا سامانلىقىقا بار، بۇ يەردە ساڭا ئارام يوق، يېڭى مەھەللىمىزنى كۆرۈپ تېرىكىپ تېلىقىپ قالىسەن بىكار!

**پاخما چىگە** دىئال. ئىلغانمىغان، بېسىلغان چىگە.

**پاخماق** (توغرىسى: پاخما) ← **پاخما**.

**پاخمىل** سۆپ [ر] ئېچىۋېلىشنى، ئىستېمال قىلىشنى بىلدۈرىدىغان سۆز (ھاراق ھەققىدە): بۇ بىر ئەتىگەنلىك پاخمىل بولىدۇ.

**پاخمىل قىلماق** ناشتىلىق ئورنىدا يۇتۇۋەتمەك، ئىستېمال قىلماق، ئىچىۋالماق، ئىچمەك: ئاخشام شۇنداق پەيزى ئولتۇرۇش بولدىكى، ئۈلگۈدەك ئىچىۋېتىپتىمەن. بېشىمنىڭ ئاغرىپ تۇرغىنىنى قارىماسەن، شۇڭا، سەھەردە بىر رومكا پاخمىل قىلىۋالاي دەۋاتىمەن.

**پادا** ئى [پ] چارۋا ماللارنىڭ بىرگە ھەيدەپ بېقىلىدىغان ياكى بىرگە ئوتلاپ يۈرىدىغان توپى: پادا باقىقاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاقىقاندا ئايرىلدۇق (ماقال). ئۆتمۈشتە پادا بېقىپ، يالىڭاياغ ئۆسكەن ئوغلىنىڭ كۆڭلىدە ئۆتۈپ ھاكىم بولۇپ قېلىشى مومىنىڭ خىيالىغا كەلگەنمۇ؟! ئۇ بۇ ئىشلارنى ئويلىغانچە خۇشاللىقى دولقۇنلاپ، توپتوغرا ئىككى كېچە ئۇخلىيالمىدى.

**پادا باقماق** بىر توپ چارۋىنى ھەيدەپ باقماق، ئوتلاتماق: مىرزا ئالتە تارلىق راۋابىنى چېلىش بىلەن داڭ چىقارغانىدى، ئۇ ئېگىز تاغلاردا پادا باققاچ «قىزىل گۈل» دېگەن ناخشىنى ئىجاد قىلىپ، توي ـ مەرىكىلەردە راۋاب چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، خېلىلا ئىناۋەتكە ئېرىشتى.

**پادا ـ پادا** پادىلارغا بۆلۈنگەن، توپ ـ توپ: ئۇ يەردە پادا ـ پادا قويلار، قوتان ـ قوتان ئۆيلار، ئىشقىلىپ ھەممە نېمە بار ئىكەن، مەن ئۆزەمگە تۇشلۇق ھەيدەپ كەلدىم. قالغانلىرى «بىزنىمۇ يورۇق ئالەمگە ھەيدىگەچ كەت» دەپ مەرىشىپ،

ھۆركىرىشىپ قالدى...

**پادرۇچكا** ئى [ر] قولتۇقلاش.

**پادرۇچكىلاشماق** «پادرۇچكىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پادرۇچكىلىماق** پ. قولتۇقلىماق، قولتۇقلاشماق: ئۇلار پادرۇچكىلاپ ماڭغىنىچە ئۇدۇلىدىكى زالغا كىرىپ كەتتى. * ئەكبەر رۇقىيىنى ئۈيىگە ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن پادرۇچكىلاپ ئېلىپ كەتتى.

**پادىچى** ئى. پادا باققۇچى: بوگۇن بۇ يەرگە يېقىن ئارىدىكى بىر پادىچى كېلىپ بوۋاي بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۇستىگە موللازەيدىن كىرىپ كەلدى.

**پادىچى يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> شىمالىي ئاسمان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى، مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 14 سائەت 40 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 33°؛ غەربىي قىسمى تايغان يۇلتۇز تۈركۈمى ۋە ۋېرونىكا چاچلىرى يۇلتۇز تۈركۈمى بىلەن تۇتىشىدۇ؛ جەنۇبىي قىسمى سۇنبۇلە يۇلتۇز تۈركۈمى ۋە يىلان يۇلتۇز تۈركۈمىگە يېتىپ بارىدۇ؛ شەرقىي قىسمى شىمالىي تاج يۇلتۇز تۈركۈمى ۋە گېركۇلېس يۇلتۇز تۈركۈمىگە قەدەر سوزۇلغان بولىدۇ.

**پادىچىلىق** «پادىچى» سۆزىنىڭ كەسىپىي نامى: ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى تاغدا پادىچىلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.

**پادىشاھ** (پادشاھى) ئى [پ] قەدىمكى بەزى دۆلەتلەردىكى ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى شەخس، شاھ؛ ھازىرقى بەزى دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئەمەل نامى: بىغەرەز پادىشاھتىن چوڭ (ماقال). * تىلىدىن كەلگەن قولىدىن كەلسە، ھەركىم پادىشاھ بولار (ماقال). * ئەنگلىيە پادىشاھى ئېلىزاۋېت خانىم ئامېرىكىنى زىيارەت قىلدى.

**پادىشاھى ئالەم** «ئالەمنىڭ پادىشاھى» دېگەن مەنىسىدىكى ھۆرمەت ۋە تەكەللۇپ سۆزى: ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: — خوش پادىشاھى ئالەم، سىلىنىڭ بۇ خىزمەتلىرىگە بىز بېشىمىز بىلەن تەييارمىز، — دەپتۇ.

**پادىشاھلىق** ① «پادىشاھ» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۇ قەلەندەر ئۇن تۆت يىل پادىشاھلىق قىلدى. شەھەرنىڭ سېپىللىرى يىقىلدى، پۇقرالىرى ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ② سۈپ. پادىشاھلارغا خاس: پادىشاھلىق ئۇنۋان. پادىشاھلىق تۈزۈم. * پادىشاھ: — قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ ئادەم پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرسۇن. بۇ قىزىمنى شۇ ئادەمگە بېرىڭلار، — دېگەنىكەن. * ھاي خالايىق! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، شەھىرىمىزنىڭ پادىشاھى ھۆرۈنلار سارىيىنى سالدۇردى. شەھەر خەلقى ئىچىدىكى ھەممە ھۆرۈنلار شۇ سارايدىكى پادىشاھلىق تاماق بىلەن بېقىلىدۇ. كىمدە كىم ئىش قىلماي، پادىشاھلىق تاماق بىلەن جان بېقىشنى خالىسا، ھەپتە ئىچىدە شۇ سارايدا ياتسۇن! ③ ئى. <تارىخ> پادىشاھ قول ئاستىدىكى دۆلەت: سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۇرۇلگەن فېئوداللىق پادىشاھلىق. ④ ئى. پادىشاھلاردەك باياشاتلىق؛ ھۇزۇر-ھالاۋەت: تەننىڭ ساقلىقى — پادىشاھلىق (ماقال). * ياشلىقنىڭ پادىشاھلىقىنى، ھەر تەرەپتىن گۈل كېلۇر. تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن، سېنىڭ قېشىڭغا كىم كېلۇر.

**پادىشاھلىق تۈزۈم** <تارىخ> پادىشاھ دۆلەتكە باشچىلىق قىلىدىغان بىر خىل ھاكىمىيەت شەكلى. مەسىلەن: قەدىمكى مىسىر، بابىل، پارس ۋە رىم ئىمپېرىيىسى (كېيىنكى مەزگىللىرى) قاتارلىق قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھلىق ياكى مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمىنى قوللانغان. فېئودالىق تۈزۈم ئاستىدىكى ياۋروپادىمۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ دەسلەپكى فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈم شەكىللىنىپ، ئوخشاش بولمىغان

دەرىجىدە پادىشاھلىق ۋە مۇستەبىت پادىشاھ-لىق تۈزۈمگە ۋەكىللىك قىلغان. كاپىتالىزم دەۋرىدىكى پادىشاھلىق تۈزۈم ئادەتتە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمدە ئىپادىلىنىدۇ.

**پار I** سۈپ [ر] ① بىر يۈرۈش، بىرقۇر **(كىيىم-كېچەك ھەققىدە):** بىر پار كىيىم. بۇ ھويلىدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى بىر پاردىن كىيىم كىيىپتۇ. * دىلدار بۈگۈن بىر پار ھېيتلىق كىيىم سېتىۋالدى. ② **جۈپ:** بىر پار پايپاق. بىر پار ئاياغ. بىر پار ياغلىق. * پار ئات قوشۇلغان خادىك تەييار بولغانىدى، ئۇ دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئاچتى. ③ **بىر-بىرىگە ماس، تەڭ:** — قانداق خانىملار، بىزنىڭ سەنۇبەر ھەر بىرلىرىگە پار كېلەمدۇكەن؟ — پار كەلمەمدىغان، رۇستەم! خۇددى گۈل ئىكەن، ھەقىقەتەن كۆزىڭىز بار جۇمۇ سىزنىڭ!

**پار بولماق** بىر-بىرىگە ماس، جۈپ ھالەتتە **بولماق:** بۇ چىنىلەر بىر-بىرىگە پار بولدى. * قىز-يىگىتلەر پار بولۇشۇپ كىنو كۆرگىلى كېتىشتى.

**پار كەلمەك** بىر-بىرىگە ماس، تەڭ، جۈپ كەلمەك؛ ماسلاشماق، لايىقلاشماق: بۇ كۆڭلەكلەر بىر-بىرىگە پار كەلدى. * بۇ ئىككى ئات بىر-بىرىگە پار كېلىپتۇ.

**پار II** ئى [ر] ① **سۇنىڭ گاز ھالىتى؛ ھور:** پار قازىنى. پار تۇرۇبىسى. پارغا ئايلانماق. ② <بىن> **پار قازىنىدا قىزدۇرۇپ ئۆي-ئىمارەتلەرنى ئىسسىتىش ئۈچۈن تۇرۇبا ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن ھور ياكى ئىسسىق سۇ.** ③ <بىن> **ئۆي ئىچىگە ئورنىتىلغان رادىئاتور ۋە پار تۇرۇبىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى:** ئۆيگە پار ئورناتماق.

**پار بازغىنى** <سانا> **سۇ پارىنىڭ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان بىر خىل چوڭ تىپتىكى بازغان. بازغان بېشى بىلەن سىلىندىرنىڭ پورشېن دەستىسى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇ پار كۈچى ئارقىلىق يۇقىرى-تۆۋەن ھەرىكەتلىنىپ، قىزىتىلغان پولات ياكى ھەر خىل پولات ماتېرىياللىرىنى يېسسىلايدۇ.**

**پارغا ئايلىنىش** <خىم> **سۇيۇقلۇق يۈزىنىڭ ئاستا-ئاستا گازغا ئايلىنىشى.**

**پار قازىنى** <سانا> **سۇنى قاينىتىپ پار چىقىرىدىغان ئۈسكۈنە. ئۇ ئادەتتە ئوتخانا، سۇخانا قاتارلىق قۇرۇلمىلاردىن تەركىب تاپىدۇ؛ پولاتتىن ياسىلىدۇ. پار قازىنىدا ھاسىل بولغان سۇ پارىدىن پايدىلىنىپ ئۆيلەرنى ئىسسىتىشقا ياكى ماشىنىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە بولىدۇ. بەزى پار قازانلىرى خام سۇنى قاينىتىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ.**

**پار ئۆلچىگۈچ** <مېتېئور> **سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ئۇ مېتالدىن مەلۇم دىئامېتىر ۋە چوڭقۇرلۇق بويىچە ئىشلەنگەن چېلەك بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەر كۈنى مەلۇم مىقداردا سۈزۈك سۇ قۇيۇلۇپ 24 سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پارغا ئايلىنىش تۈپەيلىدىن كېمەيگەن سۇ مىقدارى ئۆلچەپ تېپىلىدۇ.**

**پار III** تەق. **قۇياش، چىراغ قاتارلىقلارنىڭ نۇر چېچىش ھالىتى؛ ۋال:** رازىيەنىڭ ھاشىرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى بىر چاكىنا ئىش. سەۋەبى، رازىيە ئۇنىڭ چىرايىغا كۆيگەن، قەلبىنى تېخى بىلمەيدۇ. بۇ خىل مۇھەببەت يوپۇرماق ئۈستىدىكى بىر تامچە شەبنەم، كۈن پارلا قىلسا يوق.

**پارا** ئى [پ] **مەلۇم بىر مۇددىئا ياكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن شۇ ئىش بىلەن ئالاقىدار ئورۇن ياكى شەخسكە قانۇندىن تاشقىرى بېرىلگەن پۇل ياكى ماددىي نەرسە؛ ئارىلىق:** پارا بەرمەك. پارا ئالماق. پارا يېمەك. * قازى دەۋادا ھە دەپ پالتۇۋايغا يان بېسىپتۇ. سورۇندا ناسۋاي قازىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن پالتۇۋاينىڭ ئۇنىڭغا بىرەر پارا

بەرگەنلىكنى بايقاپتۇ ـ دە، ئاخشىمى ئۇمۇ قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر موزاي پارا بېرىپتۇ.

**پارا ئالماق** ← **پارا يېمەك**.

**پارا بەرمەك** بىراۋنىڭ مەلۇم مۇددىئاسىنى ياكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان ئورۇن ياكى شەخسكە قانۇندىن تاشقىرى ياكى ماددىي نەرسە ـ ئارىلىق بەرمەك: ... يېزا بايلىرى، بەگ، ئۆلىمالار تەلەمەتىنىڭ ھاشىرىغا ئادەم تۇتۇش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى، خەلق بىلمەيدىغان يوللار بىلەن ئۇلۇغلارغا پارا بېرىپ، بۇ يېزىغا كەلگەن تۆرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئۆز باللىرىنى ئايرىپ قېلىشقا جىددىي كىرىشتى.

**پارا يېمەك** بىراۋنىڭ مەلۇم بىر مۇددىئاسىنى ھەل قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن قانۇندىن سىرت پۇل ياكى ماددىي نەرسىلەرنى ئالماق، ئارىلىق ئالماق: ئۆمۈر بويى پارا يەپ، پارىغا ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ گۇندىپايلار باشلىقى پۇلنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تاشۋايىنى يالغۇز ئۆيدىن كوللېكتىپ ياتىدىغان كامېرغا يۆتكىدى. * خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پارا يېيىش، خەلقنىڭ دەردى بىلەن كارى بولماسلىق كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كادىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، كەچۈرگۈسىز جىنايەت! نومۇس! خەلق ئۇلارنى كەچۈرمەيدۇ! پارتىيە ئۇلارنى كەچۈرمەيدۇ!

**پارابولا** ئى [ر<گرېك] <مات> تەكشىلىكتىكى بىر ھەرىكەتچان P نۇقتىنىڭ قوزغالماس نۇقتا O بىلەن قوزغالماس تۈز سىزىق AB غىچە بولغان تەڭ ئارىلىقلىرى (PQ=PO) نى ئۆزگەرتمەي سىلجىشىدىن ھاسىل بولغان ترايېكتورىيە. بۇنىڭدىكى قوزغالماس نۇقتا O پارابولانىڭ فوكۇسى دېيىلىدۇ. بىر جىسىمنىڭ يۇقىرىغا يانتۇ ئېتىلغاندا بېسىپ ئۆتكەن يولى پارابولادىن ئىبارەت بولىدۇ.

**پارات** (پاراتى) ئى [ر<فران] ① قوشۇنلار ۋە پائالىيەت دۆلەتلىرىنىڭ ھەرىكەت تەييارلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەنىلىك كۆرەك: 1957 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست ئارمىيە بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي پاراتتا قىسمىمىز ئاتلىق لېيەنىڭ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىسى بويىچە ماھارەت كۆرسەتتى. ② بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن تەنھەرىكەتچىلەر ۋە تاللانغان ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ بەلگىلىك ھەرىكەت ۋە كىيىنىش بىلەن مەيداندىن تەنتەنە قىلىپ ئۆتۈش ھەرىكىتى: 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۈرۈمچىدە مىڭلىغان ئوقۇغۇچى ۋە تەنھەرىكەتچىلەر پاراتتىن ئۆتتى.

**پارات قوبۇل قىلماق** سەھنىدە تۇرۇپ ياكى مەخسۇس ئۈستى ئوچۇق ماشىنا بىلەن پاراتنى كۆزدىن كەچۈرمەك: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى خەلق مەيدانىنىڭ مۇنبىرىدە تۇرۇپ پارات قوبۇل قىلدى.

**پاراتىف** ئى [ر<گرېك] <تىب> ئۈچەي يولىدىكى تېز خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل، پاراتىف تاياقچە باكتېرىيىسى تەرىپىدىن قوزغىلىدۇ، تولاراق بالىلاردا بولىدۇ؛ كېسەللىك دەرىجىسى ئۈچەي كېزىكىگە قارىغاندا يېنىكرەك؛ كېسەل جەريانى قىسقىراق بولىدۇ.

**پاراچ** ئى. ئالتۇن كېنىدىكى شىغىلنى بوشىتىدىغان ياغاچ ساپلىق، ئېگىلگەن بارماققا ئوخشاش تۆمۈر چىشى بار قول سايمىنى.

**پاراخوت** ئى [ر] پار دۋىگاتېلى ئورنىتىلغان، سۇدا يۈرىدىغان قاتناش قورالى؛ كېمە: ــ بىز پاراخوت بىلەن تىنچ ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتىمىز، بۇنىڭغا ئون نەچچە كۈن كېتىدۇ، ــ دېدى قەيسەر ئويلانغان ھالدا.

**پاراخوتچى** ئى. پاراخوت ھەيدەيدىغان، پاراخوت باشقۇرىدىغان ئادەم ۋە پاراخوت

www.uyghurkitap.com

بىلەن يۈك توشۇغۇچى كىشى: دادام ئون يىل پاراخوتچى بولغانىكەن. * مەن بۇ قېتىم پاراخوت بىلەن يول يۈرگىنىمدە، پاراخوت ئىچى تىنچىق بولغاچ، ھاۋالىنىش ئۈچۈن، پاراخوتنىڭ تۆمۈر رېشاتكىسىغا يۆلىنىپ، يىراقتا نەزەر تاشلاۋاتاتتىم، ئۇزاق ئۆتمەي، بىر پاراخوتچى ئايالنىڭ «تاماق ۋاقتى بولدى، تاماق يەڭ» دەپ چاقىرغىنى ئاڭلاندى.

**پاراخوتچىلىق** ئى. پاراخوت قاتنىشى ۋە ئۇنىڭدا يۈك توشۇش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: دۆلىتىمىزنىڭ ئوكيان پاراخوتچىلىقىدا تېز ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

**پارازىت** [ر <گرېك] ① <بىئول> باشقا بىر خىل جانلىق تېنىنىڭ ئىچى ياكى سىرتىدا ياشاپ، شۇ خىلدىكى جانلىق تېنىدىن ئوزۇقلۇقنى ئېرىشىش ئارقىلىق ئۆز ھاياتىنى كاپالەتلەندۈرگۈچى قۇرت ياكى ئۆسۈملۈك. ② سۆپ. كۆچمە. باشقىلارنىڭ مېھنىتى ھېسابىغا ياشىغۇچى، تەييارتاپ: مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن پارازىت بايلارنىڭ كەمبەغەللەرنىڭ قېنىنى شوراپ باي بولغانلىقىنى چۈشەندىم. * بىر چاغلاردا باشلىقلار بۇرژۇئازىيە تۇمەنلىگەن ئىشچىلارنىڭ قېنىنى شوراپ كۈن كەچۈرىدىغان پارازىتلار، — دەۋاتاتتى.

**پارازىت قۇرتلار** <بىئول> ھايۋانات ياكى ئۆسۈملۈك تېنىنىڭ ئىچى ياكى سىرتىدا پارازىت بولۇپ ياشايدىغان قۇرتلار. مەسىلەن: بۈرگە، پىت، مەددە قۇرت، فاسسىئولا ۋە بۇغداي قىل قۇرتى قاتارلىقلار. پارازىت قۇرتلار ئىگىسىنىڭ تېنىدىن ئوزۇق ئالىدۇ. بەزىلىرى ئىگىسىگە كېسەل يۇقتۇرىدۇ.

**پارازىت قىسقۇچ پاقا** <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان، باش، كۆكرەك قىسمى قاتتىق بولۇپ، يىرىك تۈكلىرى بولىدۇ؛ قورسىقى يۇمشاق كېلىدۇ؛ ئۇزۇنراق كەلگەن سەككىز مۈگۈزچىسى بولىدۇ؛ قىسقۇچ پۇتى ئامبۇرغا ئوخشايدۇ، ئوڭ-سول تەرىپىدىكى قىسقۇچ پۇتىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇ بۇرمىسىمان قۇلۇلە قېپىغا ئورۇنلاشقان ھالدا ياشايدۇ، قاپنىڭ سىرتىدا ئاكتىنىيارىيە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئورتاق ھالدا ھايات كەچۈرىدۇ.

**پارازىت كېسەللىكلىرى** <تىب> پارازىت قۇرتلار پەيدا قىلغان كېسەللىكلەر.

**پارازىت ھەرە** <بىئول> ھاشارات، تېنى سەل كىچىك، خىللىرى ئىنتايىن كۆپ، تۇخۇم سېلىش كانىلى ئۇزۇن بولىدۇ. ئۇ كۆپىنچە كاپوستا كېپىنكى، يېپىشقاق قۇرت، يېشىل قۇرت، كېۋەز پىتى قاتارلىق زىيانلىق قۇرتلارنىڭ لىچىنكىسىغا ياكى قۇچقىسى ئىچىگە تۇخۇم سالىدۇ. پارازىت ھەرىنىڭ لىچىنكىسى يېزا ئىگىلىكىگە زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە، ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق.

**پارازىت ئىگىسى** <بىئول> پارازىت جانلىقلار ھايات كەچۈرۈشتە تايىنىدىغان جانلىقلار. مەسىلەن: ئادەم — مەددىنىڭ پارازىت ئىگىسى. بۇ يەنە «پارازىت خوجايىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**پارازىت يىلتىز** <بوت> بىر قىسىم پارازىت ياشىغۇچى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى. ئۇ تۇپراقتىن ئوزۇقلۇق سۈمۈرمەستىن تۈزۈلۈشنى ئالاھىدىلەشتۈرۈپ، پارازىت ئىگىسىگە بۆسۈپ كىرىپ، پارازىت ئىگىسىدىن ئوزۇقلۇق ۋە سۇ سۈمۈرىدۇ. بۇ خىل يىلتىز «پارازىت يىلتىز» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: شۇمبۇينىڭ يىلتىزى.

**پارازىتلىق** «پارازىت» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بەزىلەر ھازىرمۇ ئىنسانىيەتكە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى دېھقانلار جاپا تارتىپ ئاران تېرىغان زىرائەتلەرنى، باغلاردىكى مېۋە-چېۋىلەرنى يەپ، پارازىتلىق بىلەن جان باقماقتا.

**پاراس** تەق. پوجاڭزا ئاتقاندا، قۇرۇغان چېۋىقلارنى سۇندۇرغاندا، ئوچاقتا سېلىنغان ئوتۇن تۇتىشىپ كۆيگەندە ۋە شۇ خىل ھالەتلەردە چىققان ئاۋاز: يىراقتىن «پاراس» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

**پاراسەت** ئى [ئە] ئادەملەردە بولىدىغان تېز ۋە توغرا چۈشىنىش، توغرا پەرق ئېتىش قابىلىيىتى؛ ئىدراك، ئەقىل، دىت: پاراسەت ئىگىسى. * ئەسەرلىرىمنى پۈتۈنلەي پاراستىمگە مەنسۇپ دەپ قارىمايمەن، ئەسەرلىرىم ئۆزەمدىن تاشقىرى ماڭا خام ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بەرگەن تۈمەنمىڭلىغان ۋەقەلىكلەر ۋە كىشىلەرگىمۇ مەنسۇپ... مېنىڭ قىلغىنىم پەقەت باشقىلار ماڭا تېرىپ بەرگەن زىرائەتنى يىغىۋېلىشلا، خالاس. * ئاسىم دوستلارچە يېقىنلىق ۋە سالماقلىق بىلەن: — شۇنداق، لېكىن، باشقا كەلگەننى كۆرمىز ئەمەس، بەلكى پاراسەت بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئازادلىق كۈنلىرىنى كۈتۈۋالىمىز، — دېدى.

**پاراسەتسىز** سۈپ. پاراستى بولمىغان، پاراستى يوق: پاراسەتسىز ئادەم. * پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: - قانداق، پاراسەتسىز ئادەمسىز؟ — دەپتۇ غەزەپ بىلەن، — بېلىمدىكى ئالتۇن كەمەرنىڭ ئۆزىلا ئەللىك تىللاغا توختايدۇ. * غۇپۇراخۇن دۈيجاڭنىڭ كەيپىياتىدىكى روھسىزلىقنىڭ سەۋەبىنى ئەمدىلا ئېنىق چۈشەندى، دېمەك، ئەتىدىن كەچكىچە تەرلەپ - پىششىپ ئىشلەش بىلەن كۈنى ئۆتىدىغان بۇ پاراسەتسىز دۈيجاڭ ئۆز قولىدا شۇنچىلىك چوڭ ھوقۇقىنىڭ بارلىقىغا قارىماستىن ئوسمانىنى يەنىلا بۇ ئىشتىن توختىتالماپتۇ - دە...

**پاراتسىزلىك** «پاراسەتسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كىشى پەم - پاراسەت بىلەنلا ئىش قىلسا ھالاك بولمايدۇ. پاراسەتسىزلىك تولا چاغلاردا كىشلەرنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

**پاراسەتلىك** سۈپ. پەم - پاراسىتى بار، پەم - پاراسەتكە ئىگە، دىتلىق، ئەقىللىق: پاراسەتلىك كىشى. * شاھنىڭ ئادالەت ئىسملىك 20 ياشلارغا كىرگەن بىر قىزى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى پاراسەتلىك، ئىسمى جىسمىغا لايىق ئادالەتپەرۋەر بىر قىز ئىدى. ئۇ مەنتىقە، پەلسەپە ۋە قانۇنشۇناسلىق بىلىملەرنى پۇختا ئۆگىنىپ چىققانىكەن.

**پاراس - پاراس** «پاراس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئوچاقتا تاشلانغان قارىغاي ئوتۇنى پاراس - پاراس قىلىپ كۆيۈۋاتاتتى...

**پاراس - پۇرۇس** ← «پاراس - پاراس»: تۇيۇقسىزلا پاراس - پۇرۇس ئۈچ قېتىم پوجاڭزا ئېتىلدى؛ تەختىراۋان يەرگە قويۇلدى.

**پاراسسىدە** رەۋ «پاراس» قىلغان ھالدا، «پاراس» قىلىپ: دەرەخ بىردىنلا يوغىناپ يىلاننى قەستەن ئۈزۈپ تاشلىدىمۇ، ئىش قىلىپ، يىلان خۇددى سېھىرلىك قالغان ئارغامچىدەكلا پاراسسىدە ئۈزۈلۈپ، پارچە - پارچە بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

**پاراسلىماق** پ «پاراس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: پاراسلاپ لاۋۇلداپ ھەممە يەرگە يامراۋاتقان ئوت ۋە ۋەھىمىلىك گۈرۈلدەپ ئەتراپنى سۈتتەك يورۇتۇۋەتتى. * ئوت پاراسلاپ كۆيۈپ، قازان پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان ئىدى، مومايىنىڭ ئۆيىچە ھەممىدىن يامىنى ئەتە توختى ئاكامنىڭ چاي قىلىپ نىيازنى مۇبارەكلىمەكچى بولغانلىقى ئىدى. * پارتكومنىڭ بىناسى ئالدىدا دۇمباقلار ياڭراپ، پوجاڭزىلا پاراسلاپ خۇددى بايرامدەك قايناپ كەتتى.

**پاراسىمپاتىك** سۈپ [ر<گرېك] ← **پاراسىمپاتىك نېرۋا.**

**پاراسىمپاتىك نېرۋا** <تىب> نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى. يۇقىرى قىسمى ئوتتۇرا مېڭە بىلەن ئۇزۇنچاق مېڭىدىن، تۆۋەنكى قىسمى يۇلۇننىڭ ئەڭ تۆۋەنكى قىسمىدىن باشلىنىپ، بەدەندىكى ھەرقايسى ئورگانلارغا تارقىلىدۇ. ئۇنىڭ رولى سىمپاتىك نېرۋىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، يۈرەك قىسقىرىشىنى تورمۇزلايدۇ، ياكى ئاستىلىتىدۇ، كۆز قارىچۇقىنى تارايتىدۇ، ئۈچەي ھەرىكىتىنى كۈچەيتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**پاراشوك** ئى [ر] ① تالىقان ھالىتىدىكى قاتتىق ماددا: چىش پاراشوكى. سوپۇن پاراشوكى. ② تالقان قىلىنغان دورا: دوختۇر ماڭا زۇكام- نىڭ تابلىت، پاراشوكلىرىنى يېزىپ بەردى.

**پاراشوك دورا** سوقۇلۇپ پاراشوك ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن دورا.

**پاراشوكسىمان** سۈپ. پاراشوكقا ئوخشاي- دىغان، پاراشوك ھالىتىدىكى: پاراشوكسىمان دورا.

**پاراشۇت** ئى [ر<فران] <ھەرب> ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئادەم ياكى نەرسىلەرنى ھاۋا بوشلۇقىدىن يەرگە ئاستا قوندۇرۇش ياكى سەكرەش ئۈچۈن ئىشلىتى- لىدىغان كۆنلۈكسىمان ئەسۋاب.

**پاراشۇت بىلەن سەكرىمەك** <ھەرب> پارا- شۇتنىڭ ياردىمىدىن پايدىلىنىپ، ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئايروپىلان ياكى پاراشۇت مۇنارىدىن سەكرىمەك، يەرگە قونماق: ئۈچقۇچىلار دۈيى ئۆز ماھارەتلىرىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئايروپىلاندىن پاراشۇت بىلەن سەكرەشنى مەشىق قىلىۋاتىدۇ.

**پاراشۇت مۇنارى** <تەن> پاراشۇت بىلەن سەكرەش مەشىقى ئۈچۈن سېلىنغان مۇنار- سىمان قۇرۇلۇش. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 50 مېتر كېلىدۇ.

**پاراشۇتچى** ئى. پاراشۇت بىلەن ئايروپىلان قاتارلىقلاردىن يەرگە سەكرىگۈچى، يەرگە چۈشكۈچى كىشى: ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر- نىڭ پاراشۇتچىلىرى قىزىللارنى شىمالدىن، دېڭىز فلوتى بولسا بالتىق دېڭىزىدىن سىقىشقا باشلايدۇ.

**پاراشۇتچى قىسىم** <ھەرب> پاراشۇت ئارقىلىق ھاۋادىن يەرگە چۈشىدىغان ھەربىي قىسىم.

**پاراشۇتلۇق** ① رەۋ پاراشۇتنى ۋاستە قىلىپ، پاراشۇت بىلەن: پاراشۇتلۇق سەكرەش تەنھەرىكىتى. ② سۈپ. پاراشۇت كىيگەن: ئۇلار كېتىۋاتقان تاغ جىلغىسىدا پاراشۇتلۇق ئىككى ئەسكەر ھوشسىز ياتاتتى.

**پاراشۇتلۇق سەكرەش تەنھەرىكىتى** <تەن> دۆلەت مۇداپىئە تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. بۇ پاراشۇت بىلەن مۇناردىن سەكرەش، ھىدروگېن شارىدىن سەكرەش، ئايروپىلاندىن پاراشۇت بىلەن سەكرەش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پاراشۇتلۇق سەكرەش مۇسابىقىسى ئادەتتە كۈندۈز ۋە كېچىدە، شەخس ۋە كوللېكتىپ بويىچە بوشلۇقتىن سەكرەش، ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىپ سەكرەش، بەلگىلەنگەن نۇقتىغا سەكرەش، ئۇنىۋېرسال ھەرىكەتلىك سەكرەش، فىگۇرا چىقىرىپ سەكرەش، ئويۇن كۆرسىتىپ سەكرەش، ئورمانلىققا سەكرەش ۋە سۇغا سەكرەش قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

**پاراغەت** ئى [ئە] ① كىشى ئارام ئالىدىغان ئەھۋال، شارائىت، تىنچلىق؛ راھەت: پاراغەتكە بېرىلمەك. پاراغەتتە ياشىماق. پەمسىز- نىڭ پاراستى يوق، غەمسىزنىڭ پاراغىتى يوق (ماقال). * مەندە ھېچبىر پاراغەت يوق، ئۆتكەن كۈندە ھالاۋەت يوق. مۇندىن ئارتۇق پالاكەت يوق، ئۇلار بولدۇم يار دەردىدىن. ② ئاياللار- نىڭ ئىسمى.

**پاراغەتسىز** سۈپ. راھەت-پاراغىتى يوق: پاراغەتسىز كۈنلەر. پاراغەتسىز تۇرمۇش. پاراغەتسىز ھايات.

**پاراغەتلىك** سۈپ. راھەت-پاراغەتكە ئىگە، راھەت-پاراغىتى بار: پاراغەتلىك تۇرمۇش. * بىز كۆتكەن پاراغەتلىك كۈنلەر چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. * ئۇ ئىلگىرىكى ئىززەت-ھۆرمەتلىك، بەخت-سائادەتلىك چاغلىرىنى، پاراغەتلىك كۈن- لىرىنى ئەسلەپ قاتتىق «ئاھ» ئۇرۇپ يىغلاپ تاشلاپتۇ.

**پارافىن** ئى [ر <لات] <خىم> نېفىتتىن

چەككىلەش ئارقىلىق ئايرىۋېلىنىدىغان ئاق ياكى سارغۇچ رەڭلىك مومسىمان ماددا، ياغ كىسلاتاسى، ئالىي سورتلۇق ئىسپىرت، شام، ئىزولياتور ۋە دورا قاتارلىقلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**پاراق I** ئى. تېرىلغان يەرگە قاراپ، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلىدىغان دېھقانچىلىق بېجى ياكى شۇ باج ھەققى ئورنىدا بېرىلىدىغان سېلىق ئاشلىق: غەللە ـ پاراق. پاراق تاپشۇرماق.
* دېھقانلار بۇ يىل پاراقنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاپشۇرۇپ بولدى. * گۆكشي، دۆلەرنىڭ يىگىدىن ئاچقان تېرىلغۇ يېرىدىن ھوسۇل ئالغان يىلدىن باشلاپ بەش يىلغىچە پاراق ئېلىنمايدۇ. * ئۆتمۈشتىكى پاراقنى، كەمبەغەللەر بېرەتتى. كەمبەغەللىنى بوزەكلەپ، دورغا، يايى ئۇراتتى.

**پاراق II** تەق. كىشلەرنىڭ قاتتىق كۈلۈشى ۋە سۇنىڭ قايىنىشىدىن چىققان ئاۋاز: ئىشكىنىڭ يېنىغا كېلىشىم بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچىدىن پاراق قىلىپ كۈلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. * توكىنىڭ توختىشى بىلەن پاراقلاپ قايناۋاتقان قازانمۇ توختاپ قالدى.

**پاراق-پاراق** «پاراق II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: تۆمۈر ئاتىنىڭ سۆزى داستىخان ئەتراپىدىكىلەرنى پاراق ـ پاراق كۈلدۈرۈۋەتتى، ھەممەيلەن باش لىڭشىتىپ ماقۇل تېپىشتى.

**پاراق-پۇرۇق ←پاراق-پاراق:** قازاندىكى سۇ پاراق ـ پۇرۇق قىلىپ قايناۋاتىدۇ. * ئۇنىڭ گېپىگە كۆپچىلىك پاراق ـ پۇرۇق كۈلۈشۈپ كەتتى.

**پاراقچى** ئى. پاراق ئاشلىقنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن كىشى، پاراق ئاشلىقىنى تاپشۇرۇۋالغۇچى: ئۇنىڭ دادىسى بۇرۇن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدە پاراقچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى.

**پاراقىدە** رەۋ. «پاراق» قىلغان ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «پاراق» قىلىپ: باللار قوشاقنى ئاڭلاپ پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. * لوتپۇللانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى، لېكىن تەكتىدىن نېمە ئۈيۈن چىقىدىغانلىقىنى ئۇلار تېخىچىلا چۈشەنمەيتتى.

**پاراقلاتماق** «پاراقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پاراقلاشماق** «پاراقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پاراقلىشىپ، كۈلۈشۈپ يىغىن ئەھلى جانلاندى. «جىم!» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراپ، باسماق بولدى چۇقاننى.

**پاراقلىماق** پ «پاراق» قىلغان ئاۋۇش چىقارماق: قازاندىكى سۇ پاراقلاپ قايناندى.
* ئۆپكىسىنى باسالمىغان زاكىر پاڭلا قىلىپ بىر پاي ئېتىپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن تەرەپ ـ تەرەپتىن پاراقلاپ ئوق ئېتىلدى. كىشىلەر قورساقلىرىنى تۇتۇپ بىرھازا پاراقلاپ كۈلۈشتى.

**پاراكەندە** [پ] رەۋ. ① تەرەپ ـ تەرەپكە تارالغان، چۇۋۇلغان، تىرىپىرەن، پاتىپاراق: كېچىلىرى ئاي چىقىپ مۇز ئۈستىگە نۇر چاچقاندا، پارتىزانلارنىڭ زەربىدار ئەترەتلىرى نۆۋەت بىلەن ھەرىكەتكە چىقىپ، يېزىلارغا بېرىپ دۈشمەنلەرنى پاراكەندە قىلاتتى.
* ھاتەمنى يىراقتىن كۆرگەن دېۋىلەر قورقىنىدىن ئارقىسىغا قارىماي قاچاتتى. باشقا گېزەندە قۇشلارمۇ پاراكەندە بولۇپ جېنىنى يىراققا ئېلىشقا تىرىشاتتى.
② سۇپ. پەرىشان، دىلغۇل، دەككە ـ دۈككە خاتىرجەمسىز: نورۇز نۇردۇننىڭ ئۆيىدىن تېخىمۇ مىسكىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگەندىمۇ پاراكەندە كۆڭلى تېخى بېسىلمىغانىدى.

**پاراكەندە بولماق** ① تەرەپ ـ تەرەپكە تارالماق، تىرىپىرەن بولماق، پاتىپاراقلاشماق: پارتىزانلارنىڭ ھەيۋىسى بىلەن دۈشمەنلەر پاراكەندە بولۇشتى. ② پەرىشان بولماق، دەككە ـ دۈككىدە قالماق، خاتىرجەمسىزلەنمەك: بۈگۈن ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ پاراكەندە بولۇۋاتىدۇ. * ـ بۇ يولدا پىكاپ قانداقمۇ ماڭالسۇن! پىكاپ جالاقلاپ، سىلكىنىپ كەتسە ئۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان باشلىقنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتمەمدۇ؟ كۆڭلى پاراكەندە بولمامدۇ! ھەرقايسى دادۇي، شياۋدۇيلەر ئەمگەك كۈچى

www.uyghurkitap.com

ئاجرىتىپ بۇ يولىنى دەرھال تۈزەڭلار، — دەپ
سۆزلەشكە باشلىدى ھېلىقى شۇجى.

**پاراكەندە قىلماق** ① تەرەپ - تەرەپكە
تارقىتىۋەتمەك، توزۇتۇۋەتمەك، تىرىپىرەن
قىلىۋەتمەك، پاتىپاراقلاشتۇرۇۋەتمەك:
ۋاڭنىڭ چېرىكلىرى نەگە ئورۇنلاشقان بولسا،
دەرھال شۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك. بۇنىڭ
بىلەن دۈشمەننى پاراكەندە قىلىپ كۈچىنى چېچى-
ۋەتكىلى بولىدۇ. ② دەككە - دۈككىگە سالماق،
پەرىشانلاشتۇرماق، خاتىرجەمسىزلەندۈرمەك:
ئۇلارنىڭ زەھەرلىك تىل - ھاقارەتلىرى كىشىلەر-
نىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماقتا ئىدى.

**پاراكەندىچىلىك** ئى ① قالايمىقان
ھالەت؛ پاتىپاراقچىلىق، قالايمىقانچىلىق:
ياپون قاراقچىلىرى قورچاق ئەسكەرلەرنى باشلاپ
كېلىپ پوتەيگە جايلاشتى، پات - پات ئەتراپقا
چىقىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردى. ② **خاتىر-
جەمسىزلىك، پەرىشانلىق، دەككە - دۈككىلىك:**
ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا سۈپسۈزۈك يېيىلىپ ياتقان
كۆل سۈيى نامايان بولدى ۋە خۇددى ئۇلارنىڭ
كۆڭلىدىكى پاراكەندىچىلىكلەرنى بىراقلا ئۇچۇرۇپ
كەتمەكچى بولغاندەك، سالقىن شامال ئۇچۇپ
كىردى.

**پاراكەندىچىلىك سالماق** ① قالايمىقان،
**پاتىپاراق ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقارماق:**
بۇ خەۋەر توي بولىۋاتقان ئۆي ئىچىنى
پاراكەندىچىلىككە سالدى. ② ئەندىشىگە
**سالماق، پەرىشان قىلماق:** مېنىڭ كۆڭلۈمگە تولا
پاراكەندىچىلىك سالما.

**پاراكەندىلىك** ئى ← **پاراكەندىچىلىك.**

**پاراگراف** ئى [ر <گرېك] كىتاب، ماقالە ۋە
شۇ قاتارلىق تېكىستىنىڭ مەنە جەھەتتىن
مۇستەقىللىككە ئىگە بولغان، ئادەتتە «§»
ئارقىلىق ياكى تەرتىپ سان بىلەن كۆرسى-
تىلىدىغان قىسمى ھەم «§» بەلگىسىنىڭ
**ئۆزى:** ئوقۇتقۇچى دەرسلىكنىڭ بارلىق مەزمۇ-
نىنى پىششىق ئىگىلىشى، پۇختا بىلىۋېلىش دەرىجى-
سىگە يېتىشى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى باب، پارا-
گرافلارنى، تېكىستلارنىڭ مۇھىم، قىيىن نۇقتىلىرىنى
ۋە ھالقىلىق جايلىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىشى لازىم.

**پاراڭ** ئى ① ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا
**بولغان گەپ - سۆز؛ نۇتۇق:** پاراڭ سالماق.
پاراڭغا چۈشمەك. پاراڭ قىلماق. * پاراڭ بىرمەھەل
داۋاملاشقاندىن كېيىن، سۇلايمان ئۆز گۇمانىنى
ئېيتتى. * ھازىر مېنىڭ مۇنداق پاراڭلارنى ئاڭلاشقا
ۋاقتىم يوق، مەن ئۈچۈن ھازىر دادامنىڭ كېسى-
لىگە قاراش مۇھىم. ② كۆچمە. **مىش - مىش،
ئېنىق بولمىغان گەپ، سۆز، خەۋەر:** ئۇنىڭ
قولغا ئېلىنىشى توغرىسىدىكى پاراڭ ھەر خىل
ئىدى. كېلىن ھۇرلىقا توغرىسىدا نېمە پاراڭلار
بولغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم. ③ **سۆھبەت، مۇلاھىزە:**
ئۇلار دەسلەپ ئۆزلىرىنىڭ ساۋاقداش ئىكەنلىكى-
دىن خۇشال بولۇشتى، كېيىن ياخشى دوستلاردىن
بولۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ پاراڭ تېمىسى ناھايىتى
كەڭ ئىدى.

**پاراڭ سالماق** **گەپ قىلماق، سۆزلىمەك:**
ئايۋاندا ئىككى ئىنگلىز رەسسامى ئولتۇراتتى،
ئۇلارنىڭ بىرى تاغ مەنزىرىسىگە قاراپ رەسىم
سىزاتتى، يەنە بىرى ياندا تۇرۇپ پاراڭ سالاتتى.
* ئۇ كىشى بىزنى كۆرۈپلا ئوغلىنىڭ تۇرمۇش ئىشى
ھەققىدە بىر تالاي پاراڭ سېلىپ كەتتى.

**پاراڭ سوقماق** ← **پاراڭ سالماق:** بەكرى
ئاكامنىڭ ساراي ئۆيىگە مەھەللىدىكى ياشانغانلار
ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر توپلانغانىدى. بۇ
سارايدىكىلەر قېنىق دەملەنگەن چايلىرىنى ئالدىرى-
ماي سۈمۈرۈشۈپ، تولاراق ھەر خىل تېمىلاردا
پاراڭ سوقۇشاتتى.

**پاراڭغا چۈشمەك** ئۆزئارا پاراڭ باشلىماق،
**پاراڭ قىلىشماق:** سادىق تەكلىپ قىلىپ قويغان
مېھمانلارنىڭ ئالدى كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار
ئورمان بوۋاي بىلەن ئادىل توغرىسىدا سادىقتىن
بۇرۇنلا ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، ئىشىكتىن كىرىپ
تونۇشۇش بىلەنلا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.
* بىز ئۇنىڭ مۇندىن بەش - ئالتە يىل بۇرۇنقى
شوخلۇقلىرىنى ئەسلەپ پاراڭغا چۈشتۇق.

**پاراڭ قىلماق** ← **پاراڭ سالماق:** ھېلىقى

ئەسكەر غىزا يەۋېتىپ، ياپون قاراقچىلىرى بىلەن ئېتىشىپ ئۇلارنى چېكىندۈرگەنلىكى توغرىسىدا خۇشال پاراڭ قىلىپ بەردى.

**پاراڭنى دۆڭ سالماق** ① ئەركىن ھالەتتە، قورۇنماي پاراڭ قىلماق، تارتىنماي، بىمالال سۆزلىمەك: ئۇ يىپىندىكىلەرنىڭ كىم-كىم ئەمەسلىكىگە تازا پەرۋا قىلىپ كەتمەيلا پاراڭنى دۆڭ سالغىلى تۇردى. ② يوغان سۆزلىمەك، يوغان گەپ قىلماق، بىر خىلدا پاراڭ سوقماق، غېمىدا يوق سۆزلەۋەرمەك: مەن باشقىلار پاراڭنى دۆڭ سېلىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاستا ياتاقتىن چىقىپ ھېچكىم يوق، تېپتىنچ سىنىپقا كىردىم-دە، ئۆزەمنىڭ پارتىسىغا كىلىپ ئولتۇرۇپ، قەغەز-قەلەملەرنى تەييارلاپ، ئانامغا خەت يېزىشقا تەمشەلدىم.

**پاراڭچى** سۈپ. پاراڭ سېلىشقا ئۇستا؛ پاراڭ قىلىشقا ئامراق، قىزىق پاراڭ سالىدىغان، سۆزمەن؛ قىزىقچى: بۇ پاراڭچى ئادەم ئىكەن، كۆكلۈمگە ئۇبدانلا يېقىپ قالدى. چاي ئىچكەچ ئۇنىڭغا ۋەزىپىمىز توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. * لەيلىگۈل، ئۇنىڭ قېشىدىكىلەر بىلەن قىلىشىۋاتقان سۆھبىتىنى كۈزىتىپ ئۇنىڭ خۇش چاقچاق، پاراڭچى كىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

**پاراڭخۇمار** سۈپ. پاراڭلىشىشنى ياقتۇرىدىغان، پاراڭغا ئامراق: ئۇ تولىمۇ پاراڭخۇمار ۋە ھەممە نىمىگە قىزىقىدىغان بولغاچقا چوڭلاردىن پات-پاتلا «نىمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى سوراپ تۇراتتى. * بۈگۈنكى بۇ توي شۇنىڭدىن باشلاپ پاراڭخۇمار چايخانا ئەھلىنىڭ تۈگىمەس سۆھبەتلىرىنىڭ باش تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

**پاراڭلاشتۇرماق** «پاراڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پاراڭلاشماق** پ. ئۆزئارا گەپلەشمەك، سۆزلەشمەك: تاشۋاي بىلەن لەيلىگۈل بىر-بىرىنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا قىزغىن پاراڭلاشماقتا. * ئايۇپ ئاكا بىلەن ئىككىمىز بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىشقاندىن كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرىمىز ھەققىدە يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي ھالدا قىزغىن پاراڭلاشتۇق.

**پاراللېل** [ر] ① سۈپ <مات> بىر تەكشىلىكتە ياتقان ۋە ئۆزئارا كېسىشمەيدىغان؛ ياندىش: پاراللېل تۈز سىزىق. پاراللېل تۆت تەرەپلىك. ② سۈپ. ئەينى ۋاقىتتا تەڭ بىللە تۇرغان؛ تەڭ دەرىجىدىكى: پاراللېل سىنىپ. ③ ئى. <جۇغ> دۇنيا خەرىتىسىدىكى ئېكۋاتور سىزىقىغا ياندىش قىلىپ سىزىلغان سىزىقلار.

**پاراللېل ئالتە ياقلىق** <مات> ئىككى ئاساسى پاراللېل تۆت تەرەپلىك بولغان پىرىزما.

**پاراللېل تۆت تەرەپلىك** <مات> قارىمۇ-قارشى تەرەپلىرى پاراللېل بولغان تۆت تەرەپلىك. ئۇنىڭ يۈزى ئاساسنى ئېگىزلىككە كۆپەيتكەنگە تەڭ. تىك تۆت بۇلۇڭ، رومبا، كۋادراتلار پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ خۇسۇسىي ھاللىرىدۇر.

**پاراللېل سىزىقلار** <مات> بىر تەكشىلىكتە خالىغانچە داۋاملاشتۇرۇلىدىغان ئەمما ئۆزئارا كېسىشمەيدىغان تۈز سىزىقلار.

**پاراللېل سىنىپ** <مائار> ئوقۇش يىلى ئوخشاش بولغان سىنىپ.

**پاراللېل يۆتكىلىش** <فىز> مېخانىك ھەرىكەتنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلى. پاراللېل يۆتكىلىش جەريانىدا جىسىمدىكى خالىغان ئىككى نۇقتىنى تۇتاشتۇرۇلۇپ ھاسىل قىلىنغان تۈز سىزىق باشتىن ئاخىر دەسلەپكى ئورنى بىلەن پاراللېل بولىدۇ، نەتىجىدە جىسىمدىكى ھەربىر نۇقتىدا ئوخشاش ھەرىكەت ھالىتىگە ئىگە بولىدۇ.

**پاراللېل يۆنىلىشلىك ئايلانما ئۇيقىم** <مېتېئور> ئاتموسفېراغا كەڭ تارقالغان ۋە جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سۈرۈلۈپ، دولقۇن كۈچى ئاجىزراق بولغان قوتۇپنى بويلاپ ئايلىنىدىغان ھاۋا ئېقىمى. تارقالغان ۋاقىتتا، ھاۋا

شەرقتىن غەربكە قاراپ سۈرۈلىدۇ، قىسمەن ۋاقىتلاردا جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سۈرۈلىدۇ.

**پاراللېلوگرام** ئى [ر <گرېك] <مات> ⟵ **پاراللېل تۆت تەرەپلىك.**

**پارالىچ** سۈپ [ر <گرېك] <تىب> ئادەم بەدىنىنىڭ مەلۇم ئەزاسى ھەرىكەتتىن قالغان، ھەرىكەتتىن توختىغان؛ **تۇتماس، باسماس، پالەچ:** ئۇ ئەمدى بەلنىڭ تۆۋىنى پارالىچ ئادەم بولۇپ، مەھبۇبەگە ئېغىر يۈك بولۇپ، ئۇزۇن يىل ئۆلمەي ياشايدۇ. * ئىشلەنسىمۇ دوختۇرنىڭ ھەممە تەدبىر-چارىسى؛ لېكىن شىپا بولمىدى، ئاڭا دورا، ئوكۇل ھېچ. بولۇپ قالدى مەردانجان شۇندىن بېرى پارالىچ.

**پارامان** ئى [پ] <بىن> **ئۆي قۇرۇلۇشىدا جەگىلەرنىڭ تامغا چىشلەپ تۇرغان ئىككى بېشىغا (ئىككى جەگىنىڭ ئارىلىقىغا) قويۇلىدىغان ياغاچ تاختا.**

**پارامۇش** رەۋ [پ] ① **ئۇنتۇغان، ئېسىدىن چىقارغان ھالدا:** پارامۇش بولۇپ قالماق. ② **سەزگۈر بولمىغان، دىلىغۇل ھالەتتە:** قارا كىيىم كىيگەن ساقچىلارمۇ يېتىپ كەلدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تولۇق قوراللانغان بىر مۇنچە ئەسكەر ۋە ساقچى يېغىپ كەتتى. سۇ گۈەنلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېچقانداق بولمىغاندەك، چىلان دەرىخىگە يۆلىنىپ، ئۇلارغا پارامۇش قاراپ تۇردى.

**پارامۇش بولماق** ① **ئۇنتۇلماق، ئەستىن چىقماق.** ② **سەزگۈرلۈكنى، ھوشيارلىقنى يوقاتماق.**

**پارامېتىر** ئى [ر <گرېك] <مات> **تەڭلىمىدىكى مەلۇم بىر دائىرە ئىچىدە ئۆزگىرىدىغان تۇراقلىق سان. بۇ تۇراقلىق سان بەلگىلىك قىممەتنى ئالغاندا، شۇ تەڭلىمە ۋەكىللىك قىلىدىغان شەكىلگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:** تەڭلىمە $X^2+Y^2=R^2$ تىكى R بەلگىلىك قىممەتنى ئالغاندا، تەڭلىمە ۋەكىللىك قىلىدىغان چەمبەرنى سىزغىلى بولىدۇ، R بولسا چەمبەرنىڭ پارامېترى بولىدۇ.

**پاراۋان** سۈپ [پ] ھەممە جەھەتتىن **تولۇق؛ يېتەرلىك؛ كۆپ؛ مول؛ باياشات:** پاراۋان تۇرمۇش. پاراۋان ئائىلە. * ئۇ ھەر قېتىم «بوستان»دىكى كادىرلار بىلەن يىغىن ئاچقاندا: «بىز يېزىلاردا سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇلار ئۈچۈن بىر ماھىر تەشكىللاتچى بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ چىن دوستى، چاكىرى بولۇشىمىز كېرەك،» دېگەن سۆزنى ئېيتىشنى زادى ئۇنتۇمايتتى.

**پاراۋان بولماق** ھەر جەھەتتىن تولۇق، **يېتەرلىك مول، باياشات بولماق:** بىزدە «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» دېگەن بىر تەمسىل بار، مېنىڭ ئېرىم گەرچە ئالىملىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولسىمۇ، ئىلىم-بىلىمدىن ئاز-تولا خەۋىرى بار ئادەم. پادىشاھلىق تەختىگە ئېرىم ئولتۇرسا، ئەل-يۇرت تېخىمۇ ئاۋات، پۇقرالىرى كۈندىن-كۈنگە پاراۋان بولارمىكىن دەيمەن.

**پاراۋان قىلماق** ھەر جەھەتتىن تولۇق، **يېتەرلىك، مول باياشات قىلماق:** ئۇلار پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى دۆلەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇش، ئارمىيىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش، خەلقنى پاراۋان قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا سەرپ قىلىۋاتىدۇ.

**پاراۋانلاشتۇرماق** «پاراۋانلاشماق» پېئىلىنىڭ **مەجبۇرىي دەرىجىسى:** پارتىيىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى سىياسىتى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى پاراۋانلاشتۇردى.

**پاراۋانلاشتۇرۇلماق** «پاراۋانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ **مەجھۇل دەرىجىسى:** يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇشى پارانلاشتۇرۇلدى.

**پاراۋانلاشماق** پ. ھەممە جەھەتتىن مول، **يېتەرلىك، كۆپ، باياشات ھالەتكە كەلمەك؛ باياشاتلاشماق:** پارتىيىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇ-

روش توغرىسىدىكى سىياسەتنى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى خېلى دەرىجىدە پاراۋانلاشتى.

**پاراۋانلىق** ① «پاراۋان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سوتسىيالىزم يولى — ئورتاق پاراۋانلىققا قاراپ مېڭىش يولى. ② سۈپ. تۇرمۇشنى پاراۋان قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا خاس بولغان: پاراۋانلىق پۇلى. پاراۋانلىق فوندى. * بۇ بوۋايغا بېرىلگەن ئەسلىدىكى ئۆي ئورنى دەرھال قايتۇرۇلۇپ پاراۋانلىق خىراجىتىدىن چىقىم قىلىپ، ئىككى ئېغىز ئۆي سالدۇرۇپ بېرىڭلار!

**پاراۋانلىق پۇلى** <س ئىق> پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پۇل.

**پاراۋانلىق فوندى** <س ئىق> كوللېكتىپ ئىگىلىك ئېھتىياج ۋە ئېھتىماللىققا قاراپ، ھەر يىلى تەقسىم قىلىشقا بولىدىغان ئومۇمىي كىرىمدىن مەلۇم نىسبەتتە تۇتۇۋېلىنىدىغان ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن خىراجەت قىلىنىدىغان پۇل. پاراۋانلىق فوندى ئاساسەن تۇرمۇشتا ئىگە ـ چاقىسىز، قېرى ـ ئاجىز، يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز ـ مېيىپ كىشىلەر ۋە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ھەربىي تاۋابىئاتلىرى، قۇربان بولغانلارنىڭ ئائىلىلىرى، شۇنىڭدەك كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**پاراۋوز** ئى [ر] <قاتن> پويىزنىڭ ۋاگونلارنى سۆرەپ ماڭىدىغان قىسمى، بۇقىسى. ئۇنىڭ پار، ئېلېكتر كۈچى، ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل قاتارلىقلار ئارقىلىق ماڭىدىغان بىرنەچچە خىللىرى بولىدۇ: ۋوگزالدا پاراۋوز بىر سوزۇپ ۋارقىرىغاندىن كېيىن ئازراقلا توختاپ قالدى. * ھاڭ ئۈستىگە كەلگەندە دەمدە پاراۋوز، بېتون كۆۋرۈك كەتتى شۇ ئان پارتلاپ. ئىز قوغلىشىپ پاراۋوز ۋە ۋاگونلار، چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى ئالدىراپ.

**پاراۋوزچى** ئى. پاراۋوز باشقۇرغۇچى، پويىز ھەيدىگۈچى خادىم.

**پارە** ئى [پ] ① پارچىلانغان نەرسىنىڭ بىر قىسمى؛ بۆلەك، پارچە: پارە بولماق. پارە قىلماق. * ئىشىك ئالدى تاختا كۆۋرۈك سۇدا پارە بولمىسا، ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا كۆڭلى قارا بولمىسا. * يار دەردىدە ئاۋارە، بولدى يۈرىكىم پارە. ئۆزەڭ بىلسەن يارىم، بۇ دەردكە نېمە چارە. ② قۇرئاننىڭ 30 بۆلىكىنىڭ ھەربىر بۆلۈمى: 30 پارە قۇرئاننى يادا ئالماق.

**پارە بولماق** بىر پۈتۈن نەرسە سۇنۇپ پارچىلانغان ھالەتكە كەلمەك، پارچىلانماق: — بېشىم قاتتى بۇ ئىشقا تاپالمىدىم ھېچ چارە. بۇ ئەلەمنىڭ دەستىدىن بولدى يۈرەك مىڭ پارە.

**پارە قىلماق** بىر پۈتۈن نەرسىنى پارچە ھالەتكە كەلتۈرمەك، پارچىلىماق: سىزنىڭ ئوتىڭىز ئەجەب مېنى بىچارە قىلدى. يۈرىكىمنى زەخمە ئەيلەپ مىڭ پارە قىلدى.

**پارە ـ پارە** پارچە ـ پارچە، بۆلەك ـ بۆلەك: پادىشاھ بۇ ئىشنى كۆرگەندىن كېيىن ياقىسىنى يىرتىپ پارە ـ پارە قىلىپتۇ، قوشنىنىڭ ئۆلگىنىگە كۆپ پۇشايمان قىلىپتۇ. * ھاكىم قاتتىق يۆتىلىپ كېتىپ، بېشىنى يەرگە ساڭگىلاتقاندا، كۆزەينەكى يەرگە چۈشۈپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى.

**پارەش** ئى. دىئال. ۋاگىنىڭ ئوردىسىدا ئاشپەزلىك قىلىدىغان كىشى؛ ئوردا ئاشپىزى.

**پارپا I** ئى <بوت> زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يىلتىزسىمان غولى ئورچۇق شەكلىدە بولۇپ ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق، خورما رەڭ، قاتتىق ۋە پارقىراق كېلىدۇ، كەسمە يۈزى توق كۈل رەڭ ياكى يېشىل سېرىق بولىدۇ؛ تىبابەتچىلىكتە يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ، ئۇيۇغان قاننى تارقىتىش، يەل ماڭدۇرۇش، مەيدىدىكى چىڭلىقنى يوقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

www.uyghurkitap.com

**پارپا II** سۈپ. پاكار، پاكىنەك، پەتەك: پارپا ئادەم. پارپا بوي. پارپا توخۇ. * موللازەيدىن قوناق ناننى ھەممىنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈپ، ئاندىن ئارپا نانغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى: ھە... ئارپا، سەنمۇ خېلى يامان پارپا.

**پارپا توخۇ** <زوئول> تېنى سەل كىچىك، تۇخۇمىمۇ كىچىكرەك ۋە پۇتىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا تۈكلىرى بولمىغان توخۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**پار-پار** ① «پارIII» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ تېشى پار-پار بولغىنى بىلەن، ئىچى كار-كاردۇر. * ئايدىڭ دالا، ئاپئاق قار، يۇلتۇزلار چاقنار پار-پار. مەن مۇز تاغدا كۆزەتتە، سەن نە ھالدا گۈزەل يار. ② پارقىرايدىغان، پارقىراق: پار-پار رەخت.

**پار-پۇر** نۇر ۋە پارقىراق نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل پارقىراش ھالىتى: پار-پۇر قىلماق. * پاراتتىن ئۆتكەن ئارتىسلارنىڭ كىيۋالغان پار-پۇر كىيىملىرى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتاتتى.

**پارت** تەق. بىرەر نەرسىنىڭ ئىتتىك ھەرىكەت قىلىشى ياكى يىرتىلىشى، ئۈزۈلۈشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: سىلىدىن ئايرىلىپ ئىككى پوتەي ماگا-ماگماستىن ھېلىقى شۇجىدىن غەنىيمەت ئالغان قويلىرى «پارت» قىلىپ قاچتى. * مىڭ تەستە تۇتۇپ كەلگەن جەرەن بالىسى «پارت» قىلىپ قېچىپ ھاي-ھۇي دېگۈچە كۆزدىن يوقالدى.

**پارتا** ئى [ر] مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاش ۋە خەت يېزىشى ئۈچۈن مەخسۇس ياسىتىلغان ئۈستەل: رۇستەم ئالدىنقى پارتىدا ئولتۇرغان قىز-ئوغۇلغا قاراپ خىيالغا چۆكتى. بىرچاغلاردا ئۇمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئايخان بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىغان، ئىمتىھان چاغلىرىدا مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى باغدا بىرلىكتە دەرس تەكرارلىغان.

**پارتاگچى** سۈپ. دىئال. بەتخەج؛ ئىسراپخور: پارتاگچى كىشى.

**پارت-پۇرت** ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ ئىتتىك، جىددىي ھەرىكىتىدىن چىققان ئاۋاز: پارت-پۇرت قاچماق. * تۇتۇپ ئېلىپ كېلىنگەن بىر توپ بالىلار شەھەرنىڭ تۆت كوچىسىغا كەلگەندە ئەپلىك پەيتنى بايقاپ تۇرۇپ «پارت-پۇرت» قىلىپ قېچىپ كەتتى.

**پارتكوم** ئى [ر] ① پارتىيە كومىتېتى: ئابدۇۋېلىنىڭ تەكلىپى بويىچە تۈنۈگۈن ناھىيىلىك پارتكوم ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئۇلاردىن پىكىر ئالدى. ② پارتىيە كومىتېتى ئورۇنلاشقان جاي؛ بىنا.

**پارتگۇرۇپپا** ئى [ر] ← **پارتىيە گۇرۇپپىسى**: پارتگۇرۇپپىدا پارتىيە ئىستىلىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

**پارتلاتقۇچ** سۈپ. پارتلىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، پارتلىتىدىغان: پارتلاتقۇچ تۇرۇبا. پارتلاتقۇچ ماددا. پارتلاتقۇچ دورا. * ئۇ دۈمبىسىگە پارتلاتقۇچ دورىلارنى، بەش ئاپتوماتنى ئارتىپ، سول پۇتىنى سۆرىگەن پېتى تەسلىكتە ئۆمىلەيتتى. // ئۇ ئاخىرى دۈشمەن پوتىيىگە يېقىن باردى-دە، پارتلاتقۇچنى كۈچ بىلەن ئارانلا تاشلىدى.

**پارتلاتقۇچ تۇرۇبا** <ھەرب> پولات تۇرۇبىنىڭ ئىچىگە پارتلاتقۇچ دورا ۋە كاپسۇل قاچىلانغان، دۈشمەننىڭ ئىستىھكاملىرىنى ياكى سىم توساقلىرىنى ۋەيران قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل پارتلىتىش قورالى.

**پارتلاتقۇچى** ئى. پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئادەم: سابىر شۇ خىيال بىلەن كېتىۋاتقاندا، كەينى تەرەپتىن پارتلاتقۇچىلاردىن توختى بىلەن يەنە بىر خەلق ئەسكىرى يېتىپ كەلدى.

**پارتلاتقۇزماق** «پارتلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پارتلاتقۇزۇلماق** «پارتلاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پارتلاتماق** «پارتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇسمان دۈشمەننىڭ ئوق ـ دورا ساقلىنىدىغان چوڭ ئامبىرىنى پارتـلاتتى. * ئۆتكۈزدۈم شىخودىكى جەڭنى باشتىن، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئاستىدا، شاللىقتىن يەر بېغىرلاپ پوتەيگىچە، پارتلاتتىم ئوت ئاغزىنى دەل ۋاقتىدا.

**پارتلاش** ① «پارتلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② ئى. <خىم> جىسىمنىڭ ھەجمى ناھايىتى تېز كېڭىيىپ، ئەتراپتىكى ھاۋا بېسىمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل ھادىسە، يادرو‌رېئاكسىيىسى، تېز ئوكسىدلىنىش ۋە ئاغزى ئېتىك قاچا ئىچىدىكى گاز بېسىمىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئارتىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**پارتلاش كۈچى** <تەن> تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىدە بىردىنلا كۈچىگەندە بارلىققا كەلگەن كۈچ. مەسىلەن: يۈگۈرۈشتە پەللىدىن چىققاندا، سەكرىگەندە، گىرانات ياكى چويۈن توپ ئاتقاندا ۋە توپقا ئۇرغاندىكى كۈچەشلەر. بۇ «كۈچىنىش كۈچىمۇ» دېيىلىدۇ.

**پارتلاشماق** «پارتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پارتىزانلارنىڭ دۈشمەن يولىنى قامال قىلىش ئۈچۈن تاشلىغان قول بومبىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلاشتى.

**پارتلانماق** «پارتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارغىماقلار ئاتلاندى، چېرىك بىلى قاتلاندى. دەسلەپكى ئېلىشىشتا سەكسەن چېرىك پارتلاندى.

**پارتلىتىش** «پارتلاتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: پارتلىتىش تۆشۈكى.

**پارتلىتىش تۆشۈكى** ① <ھەرب> يوشۇرۇنۇش ئاكوپىدىكى زەمبىرەك ئاتىدىغان ئېغىز. ② <ساناھ> بۇرغا ئارقىلىق تاغ جىنسلىرىنىڭ سىرتقى تەرىپىدىن پارتلىتىش ئۈچۈن ئاچقان تۆشۈك.

**پارتلىتىلماق** «پارتلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يەر بەش قېتىم پارتلىتىلىپ ئاران مۇشۇنچىلىك بولدى.

**پارتلىغۇچ** سۈپ ① پارتلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، پارتلايدىغان: پارتلىغۇچ دورا، پارتلىغۇچ ماددا. * كىچىك ئاكوپ ئاغزىدىن كۆرۈپ تۇردۇم ھەممىنى. غەزەپ بىلەن ياندۇردۇم، شۇ پارتلىغۇچ بومبىنى. ② <تىل> تەلەپپۇز قىلىنغاندا نۇتۇق ئورگانلىرىدىن ھاۋانىڭ سىقىلىپ پارتلاپ چىقىشى بىلەن ھاسىل بولغان، ئېغىزدا توسقۇنلۇقنى يىمىرىپ پارتلاپ چىقىدىغان: پارتلىغۇچ تاۋۇش. * ئۇ، ئىنگلىزچە خەلقئارالىق تاۋۇش بەلگىسىنى ئۆگەنگەندە ئەڭ ئاسان دەپ ھېس قىلىدىغىنى ئۇچ جۈپ پارتلىغۇچ تاۋۇش ئىدى.

**پارتلىغۇچ بوغۇز تاۋۇشى** <تىل> ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ بوغۇزدا تاۋۇش پەردىلىرىنىڭ ھەم يېپىلىش توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ ئاندىن بىردىنلا ئېچىلىشىدىن پارتلاپ چىقىدىغان ئۈزۈك تاۋۇش. مەسىلەن: ئەرەب تىلىدىكى ھەمزە، ئەين.

**پارتلىغۇچ تاۋۇش** <تىل> ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىنىڭ مەلۇم بىر ئورۇنىدىكى توسقۇنلۇقنى يېرىپ، پارتلاپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان ئۈزۈك تاۋۇش. مەسىلەن: ب، پ، د، ت، گ، ك تاۋۇشلىرى.

**پارتلىغۇچ دورا** <خىم> مىلتىق دورىسىنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭ بەزىلىرى پارتلىغاندا ئىس پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: قارا پورۇخ؛ بەزىلىرى ئىس پەيدا قىلمايدۇ. مەسىلەن: نىتروسېللىلوزا.

**پارتلىغۇچ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش** <تىل> ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى مەلۇم بىر ئورۇنىدا توسۇلۇپ قېلىپ كېيىن تەدرىجىي

www.uyghurkitap.com

ئېچىلىش بىلەن سىيرىلىپ چىقىدىغان ئۈزۈك تاۋۇش. مەسىلەن: ج، چ تاۋۇشلىرى.

**پارتلىماق** پ ① جىسىملارنىڭ ھەجىمى تېز كېڭىيىپ، ئەتراپىتىكى ھاۋا بېسىمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، تەرەپ-تەرەپكە يېيىلىپ پارچە-پارچە بولماق، بۆلەك-بۆلەككە ئاجراپ ئەتراپقا چېچىلماق. پىدائىيلار كېلىپ ياتقان جاي پىلىموت ئوقلىرى ئاستىدا قالغانىدى. بىردىن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئالتە زەمبىرەك ئوقى ۋىژىلداپ كەينى-كەينىدىن ئۆتتى-دە، نېرىغا بېرىپ گۈمبۈرلەپ پارتلىدى. * دۈشمەن ئىستىھكامىغا تاشلانغان قول بومبىلىرى ئارقا-ئارقىدىن پارتلىدى. ② كۆچمە. جەمئىيەتتە بەزى ۋەقەھادىسىلەر تۇيۇقسىز شىددەتلىك يۈز بەرمەك، پەيدا بولماق، كۆتۈرۈلمەك: قوزغىلاڭ پارتلىدى. * ئېلىخان دۆلىتى ۋە باتۇرخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى قىپچاق دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە زېمىن بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا تالاشقانلىقتىن ئۇرۇش پارتلىغانىدى.

**پارتىستۇرا** ئى [ر <ئىتال] <مۇز> ⟵ **جەملەشكەن نوتا.**

**پارتىداش** [ر+پ] ئى بىر پارتىدا بىللە ئولتۇرىدىغان ساۋاقداش: مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا قاھار بىلەن پارتىداش ئىدىم.

**پارتىزان** ئى [ر<فران] دۈشمەن بېسىۋالغان جايلاردا دۈشمەنگە قارشى ياكى بىرەر دۆلەتتە ھاكىمىيەتكە قارشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قورال‍لىق كۈرەش ئېلىپ بارغۇچىلار ئەترىتىنىڭ ئەزاسى: دادام مەن ئىككى ياشقا توشقاندا، پارتىزانلار سېپىدە ياپون قاراقچىلىرى بىلەن سوقۇشۇپ قۇربان بولغانىكەن.

**پارتىزانچە** سۈپ ① پارتىزان ھالىتىدە، پارتىزان قىياپىتىدە، پارتىزانغا ئوخشاش، پارتىزاندەك: ئاچتى خۇرۇم سومكىسىنى يېتەكچى، پەلەستىنىنىڭ بايرىقىنى ئالدى ئۇ. دېدى قەتئىي: قەسەم بېرىڭ قېرىنداش، بىزدە ھازىر پارتىزانچە يوسۇن شۇ. ② كۆچمە. مۇنتىزىم بولمىغان، چېچىلاڭغۇ (تۇرمۇش ھەققىدە): سىراجىدىن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە بۆلۈنگەندىن بېرى بويتاقچىلىقتا زېرىكىپ، كۆڭلى نەدە خۇش بولسا، شۇ يەردە يۈردى، پارتىزانچە تۇرمۇش كەچۈردى.

**پارتىزانلارچە** رەۋ. پارتىزانلار ھالىتىدە، پارتىزانلارغا ئوخشاش، پارتىزانلاردەك: پارتىزانلارچە ئۇرۇش قىلماق. پارتىزانلارچە جەڭ قىلماق. * ئافغانىستان غازاتچىلار پارتىيىسى ئۇدا بىرنەچچە يىل پارتىزانلارچە ئۇرۇش قىلىپ ئۆز زېمىن تەۋەلىكىدىكى رايونلارنىڭ بىر قىسمىنى ئازاد قىلدى.

**پارتىزانلىق** ① «پارتىزان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ ئۆز يۇرتىدا پارتىزانلىق قىلدى. ئۇلار شۇ ئايرىلغىنىچە مانا بۈگۈن كۆرۈشتى. ② سۈپ. پارتىزانلارچە خاراكتېر ئالغان، پارتىزانلار قاتناشقان: بىزنىڭ رايونىمىزدا نۆۋەتتىكى پارتىزانلىق ئۇرۇش تەلىم-تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىۋاتقىنىمىزغا بىرنەچچە كۈنلەر بولۇپ قالدى.

**پارتىزانلىق ئۇرۇش** <ھەرب> جانلىق، ھەرىكەتچان كىچىك قىسىملارنىڭ دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە تۇيۇقسىز ۋە يوشۇرۇن زەربە بېرىش، بۇزغۇنچىلىق سېلىش، پاراكەندىچىلىك سېلىش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش.

**پارتىيە** ئى [ر <نېم] <پەلس> مەلۇم سىنىپ، تەبىقە ياكى مەلۇم گۇرۇھقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان سىياسىي تەشكىلات: كوممۇنىستىك پارتىيە. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى.

**پارتىيە بايرىقى** <پەلس> بىر پارتىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بايراق: جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ پارتىيە بايرىقى سول بۇرجىكىنىڭ يۇقىرىسىغا سېرىق رەڭلىك ئورغاق-بولقىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايراقتۇر.

**پارتىيە پروگراممىسى** <پەلس> پارتىيە

نىزامنامىسىدىكى ئومۇمىي پروگرامما. ئۇ بىر پارتىيىنىڭ ئەڭ ئاساسىي سىياسىي پروگراممىسى ۋە تەشكىلىي پروگراممىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**پارتىيە كومىتېتى** بەزى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ نامى، دۆلىتىمىزدە خۇسۇسەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**پارتىيە گۇرۇپپىسى** پارتىيىنىڭ بىرەر تەشكىلات، ئىدارە ئورۇنلىرىدا سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەتنى تۇتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ئۈچتىن ئارتۇق ئادەمدىن تەركىب تاپقان تەشكىلىي قۇرۇلمىسى.

**پارتىيە گېزىتى** پارتىيىنىڭ ئورگان گېزىتى. ئۇ پارتىيىنىڭ پروگراممىسى، لۇشيەن ۋە سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان قورال. ئېلىمىزدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورگان گېزىتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**پارتىيە مەكتىپى** كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ پارتىيە كادىرلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەيدىغان مەكتىپى.

**پارتىيە نىزامنامىسى** بىر پارتىيىنىڭ تۈزگەن نىزامنامىسى. ئادەتتە ئۇنىڭدا پارتىيىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى، تەشكىلىي ئاپپاراتى، تەشكىلىي تۈزۈمى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتلىرى، ھوقۇقلىرى، مەجبۇرىيەتلىرى ۋە ئىنتىزامى قاتارلىقلار بەلگىلىنىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەت نىزامىدۇر. ئۇ پارتىيە قۇرۇلتىيىدا ماقۇللىنىدۇ.

**پارتىيە ياچېيكىسى** پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى.

**پارتىيە-گۇرۇھ** ھەرخىل سىياسىي پارتىيىلەر ياكى سىياسىي پارتىيە تەركىبىدىكى گۇرۇھلار: دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار. يېغىن ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، ھەر مىللەتتىن قاتناشقان ئەزالار، ھەر ساھەدىكى ئەربابلارنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1982-يىللىق پىلانىدا بەلگىلەنگەن تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەر قوشۇشقا چاقىرىدۇ.

**پارتىيىسىز** سۈپ. پارتىيىگە ئەزا ئەمەس، پارتىيىگە كىرمىگەن: ئەگەر پارتىيە ئۆزىنى كىچىك دائىرە ئىچىگە بەنت قىلىپ قويۇپ، پارتىيىسىز ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، پارتىيە پارتىيە بولالماي قالىدۇ.

**پارتىيىسىزلىك** «پارتىيىسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ پارتىيىسىزلىكى بىرقانچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ئورنىنىڭ ئۆسۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

**پارتىيىلىك** سۈپ. پارتىيىگە كىرگەن، پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان: پارتىيىلىك كادىر. جىنايىتى ئېغىر، قانۇن بويىچە جازا ھۆكۈم قىلىنىشقا تېگىشلىك پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ پارتىيىلىك ستاژىنىڭ ئۇزۇن-قىسقا بولۇشى، ئورنىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن قەتئىي ئېلىپ تاشلاش، پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىش لازىم.

**پارتىيىۋى** سۈپ. پارتىيە پرىنسىپلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە تەئەللۇق: پارتىيىۋى تۇرمۇش. پارتىيىۋى مەيداندا تۇرماق.

**پارتىيىۋىلىك** ① «پارتىيىۋى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مىجىت ئاكا ئۆزىنىڭ پارتىيىۋىلىكى ئۇنداق ئىشلارغا يول قويمايدىغانلىقىنى ئۆزى سۆزلىمۇ بىلەتتى. ② ئى. بىرەر پارتىيىگە مەنسۇپلۇق، ئەزالىق: ھەر مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى پارتىيىۋىلىك ۋە پارتىيە سىياسىتى

www.uyghurkitap.com

مەيداندا چىلىك تۇرۇشى كېرەك.

**پارچە** [پ] ① ئى. بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە نەرسىلەرنىڭ بىر بۆلىكى؛ پۈتۈن نەرسىدىن كېسىپ، سۇندۇرۇلۇپ ئېلىنغان ياكى ئۆزى ئاجراپ چىققان قىسمى؛ **بۆلەك:** قەغەز پارچىسى. باھار ئاسمىنىدا ئاپتاپ نۇرلىرىدىن ئېرىپ كېتىۋاتقان بۇلۇت پارچىلىرى ئۈزۈپ يۈرەتتى. * روزى مەكتەپكە كەلمىگەن بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە قوي بېقىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۆيگە كەپتۇ ـ دە، ناننىڭ پارچىلىرىنى يانچۇقىغا تىقىپلا مەكتەپكە يۈگۈرۈپتۇ. ② سۈپ. ئۆلچەم قىلىنغان مەلۇم بىرلىككە توشماي قالغان؛ پۈتۈن سانىنىڭ ئەكسى (پارچىسى): پارچە پۇل. پارچە سان. ئۇ پۈتۈن پۇلنى پارچە پۇلغا ئالماشتۇرغىلى بانكىغا كەتتى. ③ مىق. نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدىغان سۆز: بىر پارچە خەت. بىر پارچە گىلەم. بىر پارچە ماقالە. * لوقمان كېلىشتۈرۈپ بىر پارچە گىلەم توقۇپتۇ. * مەن ياخشى يازسامدۇ، يامان يازسامدۇ، ئىشقىلىپ، ھەر كېزىتنىڭ بىر سانىغا بىر پارچىدىن ئەۋەتىمەن. ④ ئى <ئەد> رومان، پوۋېست قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مەلۇم بىر قىسمى، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان باب، بۆلەكلەر: ئۇ ئۆمۈر بويى پولشىلىق بارىنىڭە ئاشىق بولغان ئىدىغۇ، مانا ئالدىمدا بەختسىز يازغۇچىنىڭ ھاياتىدىن ئېلىنغان پارچىلار تۇرۇپتۇ. ⑤ ئى. <ئەد> ئاياغلاشقان، يەكۈنلەنگەن ئوي ـ پىكىرنى بىلدۈرگەن ماۋزۇسىز بىر كۇپلېت شېئىر.

**پارچە بولماق** ← **پارچىلانماق.**

**پارچە پۇل** <سودا> پۇل بىرلىكىدىكى ئۇششاق بىرلىكلەر، **ئۇششاق پۇل:** مەنسۇر كۆپچىلىككە بىرنەچچە ئېغىز كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن، يانچۇقىدىكى پارچە پۇل بىلەن ھەممەيلەننى رازى قىلىپ يولغا سالدى.

**پارچە خىراجەت** <سودا> ئۇششاق ـ چۈششەك چىقىم ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان پۇل، مەبلەغ: پارچە خىراجەت قىلماق. بۆلۈمىمىزگە بۇ يىللىق پارچە خىراجەت ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەن تەستىقلاپ بېرىلدى.

**پارچە سان** <مات> ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى سان.

**پارچە سېتىش** <سودا> تاۋارلارنى توپ بويىچە ساتماي بۆلۈپ ـ بۆلۈپ خېرىدارغا قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك سېتىش: پارچە سېتىش باھاسى.

**پارچە سېتىش باھاسى** <س ئىق> تاۋارلارنى ئىستېمالچىلارغا بىۋاسىتە ساتقان ۋاقىتتا قوللىنىلىدىغان باھا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پارچە سېتىش باھاسى دۆلىتىمىزدە پىلانلىق پارچە سېتىش باھاسى ۋە پىلانسىز پارچە سېتىش باھاسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

**پارچە قىلماق** ← **پارچىلىماق:** ئۇ خالتىسىدا قالغان ئاخىرقى بىر ناننى ئىتتىك پىچاق بىلەن تەڭ ئالتە پارچە قىلدى ۋە ئۆزى بىلەن بىللە ياتقان بەش مەھبۇسقا بېردىن بېرىپ، بىرىنى ئۆزى يېدى.

**پارچە گەپ** ← **ئۇششاق گەپ.**

**پارچە گەپ قىلماق** ← **ئۇششاق گەپ قىلماق:** — بۇنى دېگۈچى پارچە گەپ قىلىدىغان كىشى ئەمەس. مېنىڭچە، كېيىن سىزنى پۇشايمان يەپ قالمىسۇن دېگەندۇ.

**پارچە ـ پارچە** بىرقانچە پارچىغا بۆلۈنگەن، پارچىلىنىپ كەتكەن؛ **بۆلەك ـ بۆلەك:** پارچە ـ پارچە يەر. پارچە ـ پارچە بۇلۇتلار. * ئاخشامقى بوراندا دېرىزە قاتتىق ئۇرۇلۇپ، ئەينەكلىرى چېقىلىپ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى. * ئۇنىڭ يېڭىلا كيگەن قىزىل ماتا كۆڭلىكى پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەنىدى. يوتىسىنىڭ ئىت چىشلىگەن يەرلىرى تۇز سەپكەندەك ئېچىشىپ ئاغرىيتتى.

**پارچە ـ پۇرات** ① چوڭ ـ كىچىك پارچىلاردىن ئىبارەت، ھەر خىل چوڭلۇقتىكى پارچىلارغا بۆلۈنگەن، **پارچە ـ پارچە:** پارچە ـ پۇرات رەخت. پارچە ـ پۇرات نەرسىلەر. پارچە ـ

پۇرات يەر. * ئۇنىڭ ئۇكىسى ئالىم پارچە ـ پۇرات قەغەزلەرگە رەسىملەرنى سىزىپ ئوينىدى. * مەن ئادەتتىكى پارچە ـ پۇرات تەجرىبىنىڭ ھەقىقىي ئىلىم ـ پەننىڭ ئورنىنى ھېچقاچان باسالمايدىغانلىقىنى بارغانچە چوڭقۇر ھېس قىلىشۋاتىمەن. ② مۇھىم بولمىغان، ئاساسلىق ئەمەس: ئۇششاق ـ چۇشىشەك: پارچە ـ پۇرات ئىش. پارچە ـ پۇرات گەپ.

**پارچىلاتقۇزماق** «پارچىلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: لېگەنلەرگە بېسىلىدىغان گۆشلەرنى پولۇنى ئۇسۇشتىن بۇرۇن ئوخشاش قىلىپ پارچىلاتقۇزۇپ قويۇش كېرەك.

**پارچىلاتقۇزۇلماق** «پارچىلاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۆش دۇكىنىدىكى بوگۇن سېتىشقا پارچىلاتقۇزۇلغان گۆش ئىككى سائەتكە قالماي سېتىلىپ تۈگىدى.

**پارچىلاتماق** «پارچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ يىگىرمە كوي پۇلنى پارچىلىتىپ تەييار قىلىپ قويدۇم، يانچۇقلىرىغا سېلىۋالسىلا، نامازدىن چىققاندىن كېيىن ئاجىز ـ ئورۇقلارغا تەقسىم بېرەرلا، ــ دېدى ئايىمخان ئاچام ھېيىت نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن تەرەت ئېلىۋاتقان ئېرى قاسىم ئاخۇنغا.

**پارچىلاشماق** «پارچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يالغۇز جەمئىيەتتىكى بەزى بۇزۇق ئەبلەخلەر بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، تىل بىرىكتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ ئىنقىلابىي قوشۇنىمىزنى پارچىلاشتى.

**پارچىلانماق** ① «پارچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئاتوم يادروسىنىڭ پارچىلىنىشى.* بۇ يالغۇز لوكچەكلەر گورۇپپىسىنىڭ ئىشى ئەمەس، ئۇنىڭ كەينىدە خوجايىنى بار! ئۇ ئۆز ئىچىمىزدە! ھازىر لوكچەكلەر گورۇپپىسىمۇ پارچىلاندى. ② «پارچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ بىر پومزەك قارنى ماھىرەگە ئاتتى. قار ماھىرەنىڭ قىزىل يۈزىگە شاپىسىغا تېگىپ پارچىلىنىپ كەتتى. * چوڭ دادام ھويلىدا ئوتۇن ياردى، ئۆكام بىلەن ئىككىمىز پارچىلانغان ئوتۇنلارنى بۇلۇڭغا يىغدۇق.

**پارچىلىتىلماق** «پارچىلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پارچىلىماق** پ ① كېسىپ، چېپىپ، يىر-تىپ، سۇندۇرۇپ، قىرقىپ بۆلەكلەرگە بۆلمەك، ئاجراتماق؛ پارچە قىلماق، پارچە ھالەتكە كەلتۈرمەك: مۇزنى پارچىلىماق. * ساۋۇت ئاشقا بېسىلىدىغان گۆشلەرنى پارچىلاۋاتاتتى. ھويلىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى لاپاس تېگىدە قاسىم بوغاز بىلەن ئادىل يېڭى سويۇلغان قوينىڭ گۆشنى پارچىلىماقتا، ئاشخانا ئۆيدە بولسا، خېنىمخان بىلەن ئايشەمخان ئاچا تاماقنا تۇتۇش قىلىشىۋاتاتتى. ② بۆلۈۋەتمەك، ئاجىزلاشتۇرماق: يۇرتنى پارچىلىماق. ئاممىنى پارچىلىماق. * يۇرتنى ۋە ئەلنى پارچىلاشتىن ئارتۇق ئېغىر گۇناھ بولمايدۇ. * دۈشمەن ھېيلىگەر. ئۇ بىزنىڭ كۈچىمىزنى پارچىلىماقچى، بىزنىڭ دىققىتىمىزنى كەڭسايى تاغ ئاغزىغا بۇراپ قويۇپ، پەيتنى تېپىپ بىزگە ھۇجۇم قىلماقچى. ③ <خىم> تەركىبىي قىسىملارغا ئاجراتماق، بىرىكمىدىن ئاجرىتىپ ئالماق: ئاتومنى پارچىلىماق. ماددىنى پارچىلىماق.

**پارچىلىنىش** ① «پارچىلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسىمدىشى. ② ئى <فىز> ئاتوم يادروسىنىڭ باشقا بىرنەچچە ئاتوم يادروسىغا پارچىلىنىش ھەمدە نېيترون قويۇپ بېرىش جەريانى. پارچىلىنىش ئادەتتە نېيترونىنىڭ زەربىسىدىن بولىدۇ. بەزى ئېلېمېنتلار ئۆز-لۈكىدىنمۇ پارچىلىنىدۇ. ③ ئى <خىم> بىر خىل بىرىكمىنىڭ خىمىيىۋى رېئاكسىيە تۈپەيلىدىن ئىككى خىل ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىيراق بىرىكمە ياكى ئاددىي ماددىغا ئاجرىلىش جەريانى. مەسىلەن: كالىي خلورات پارچىلىنىپ كالىي خلور بىلەن ئوكسىگېن ھاسىل قىلىدۇ.

**پارردە** رەۋ. «پار» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان

www.uyghurkitap.com

ياكى نۇر چاچقان هالدا، «پار» قىلىپ: يامغۇردىن كېيىن، كۆن پارىرىدە ئېچىلىپ كەتتى. بۇلۇت تارقاپ كۆن ئېچىلدى پارىرىدە، بەس-بەس بىلەن كاككۇك، تورغاي سايرايتتى. يىگىت ۋە قىز يىغار ئىدى جىمىستە، ئاشۇ يەردە خۇشال ناخشا ياڭرايتتى.

**پارس I** تەق. قاتتىق قىزىپ كۆيۈش، پارچىلىنىش، يېرىلىش، ئېتىلىش، چىڭ تارتقاندىن كېيىن ئۈزۈلۈش ۋە قاتتىق سىلكىنىپ قېقىلىشتىن هاسىل بولغان ئاۋاز: ئارغامچا، هارۋىغا بېسىلغان ئوتۇننى تازا كۆچەپ تارتىپ تېڭىۋاتقاندا «پارس» قىلىپ ئۈزۈلۈپ كەتتى.

**پارس قىلماق** «پارس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: «پارس» قىلىپ ئۈزۈلگەن تانىنىڭ بىر ئۇچى قولۇمدا قالدى.

**پارس II** ئى <ئىرق> ← **پارسلار:** پارس تىلى. پارس ئايال. * ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىدۇ.

**پارس تىلى** <تىل> هىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى، هىندى-ئىران تىللىرى تۈركۈمىنىڭ ئىران تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. بۇ تىل ئىراننىڭ ئاساسىي ئاهالىسىنىڭ ئانا تىلى شۇنداقلا ئىراننىڭ دۆلەت تىلى هېسابلىنىدۇ. بۇ تىل ئىراندىن باشقا ئافغانىستاننىڭ مەلۇم جايلىرىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، ئەرەب يېزىقى بىلەن خاتىرىلىنىدۇ. بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان ئاهالىلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 30 مىليوندىن ئاشىدۇ.

**پارس ئىمپېرىيىسى** <تارىخ> ← **پېرسىيە ئىمپېرىيىسى.**

**پارس-پارس** «پارس I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پوجاڭزا پارس-پارس قىلىپ ئېتىلدى. * ئۇ ئوچاقتا تاشلانغان ئوتۇننىڭ پارس-پارس قىلىپ كۆيۈۋاتقىنىغا قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

**پارس-پۇرس** قاتتىق قىزىپ كۆيۈش، پارچىلىنىشى، يېرىلىش، ئېتىلىش، چىڭ تارتقاندىن كېيىنكى ئۈزۈلۈش ۋە قاتتىق قېقىلىشى قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋاز: ئەنۋەر، تۇرغۇننى نېمە ئۈچۈندۇ پارس-پۇرس بىرنەچچە شاپىلاق ئۇرۇپ سالدى، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئەجەبلەنگەنلىكىدىن داڭ قېتىپلا قالدى. * ئاخشامقى پارس-پۇرس ئېتىلىپ تۇرغان پوجاڭزا ئاۋازى كىشىنى زادى ئۇخلاتمىدى.

**پارسچە** سۆپ. پارس تىلىدا ئېيتىلغان ياكى يېزىلغان؛ پارس تىلىدىكى، پارس يېزىقىدىكى، پارسىي: پارسچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت. پارسچە يېزىق. پارسچە دەرسلىك. ② ئى. پارس تىلى ياكى پارس يېزىقى: پارسچە ئوقۇماق. پارسچە ئۆگەنمەك. ئۇ پارسچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ سۆپ. پارس خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادىتىگە خاس، پارس خەلقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىگە ماس كېلىدىغان، پارس پاسونىدىكى: پارسچە كىيىم-كېچەك. پارسچە ياسانماق. تاجىكلارمۇ پارسچە كىيىنىدۇ.

**پارسلار** ئى <ئىرق> ئىراننىڭ ئاساسىي ئاهالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلق يەنى پارس مىللىتىدىن بولغان خەلق. ئىراندىكى پارسلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى يىگىرمە نەچچە مىليوندىن ئاشىدۇ. ئۇلار دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بۇنىڭدىن باشقا نېفىت سانائىتى، پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتى قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ بىناكارلىق، ئويمىچىلىق، نەققاشلىق، قۇيمىچىلىق، گىلەم توقۇش قاتارلىق ساهەلەردە هۈنەر-سەنئەتكە ماهىر؛ تارىخى ئۇزۇن؛ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئېتىقادچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىدىكىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزهىپىگە مەنسۇپ. ئىراندىكى پارسلاردىن باشقا تەخمىنەن 5 مىليوندىن ئارتۇق ئاهالە ئافغانىستاندا ياشايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىراق ۋە شۇنىڭدەك ئەرەب

دۆلەتلىرىگە كەڭ تارقالغان.

**پارسلداتقۇزماق** «پارسلدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پارسلداتقۇزۇلماق** «پارسلداتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پارسلداتماق** «پارسلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پارسلداشماق** «پارسلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پارسلدىماق** پ «پارس-پارس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «پارس-پۇرس» قىلماق: تونۇرغا سېلىنغان هۆل ئوتۇن پارسلداپ كۆيۈۋاتىدۇ. * ئۇ هارۋا ئۈستىدىكى تۇتۇرۇقلار بىلەن قومۇش ئوتۇنلارغا ئوت تۇتاشتۇردى، ئۇنىڭدىكى گۈڭگۈرت پارتلىغۇچلار پارسلداپ كۆيۈپ، كۆكنى ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ كەتتى.

**پارسىي** سۈپ [پ] پارس تىلىدا ئېيتىلغان ياكى يېزىلغان؛ پارسچە: ئابلىز مەخسۇم ئەرەبىي ۋە پارسىي كىتابلارغا مۇكەممەل تەبىر بېرەتتى. * «بوستان ــ گۈلستان» دېگەن كىتاب ئەسلىدە پارسىي تىلدا يېزىلغانتى.

**پارقىراتقۇزماق** «پارقىرىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پارقىراتقۇزۇلماق** «پارقىراتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پارقىراتماق** «پارقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز ئۆتكەن هەپتىنىڭ ئالتىسى ئىشخانىنىڭ دېرىزە ـ ئەينەكلىرىنى پاك ـ پاكىز سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتتۇق. * موماي ياقۇت كۆزلۈك هالقا، ئۈزۈكلەرنى هەر كۈنى بىر قېتىم ئېرىتىپ پارقىرىتىپ قويىدۇ.

**پارقىراشماق** «پارقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پارقىراق** سۈپ. پارقىراپ تۇرىدىغان، پارقىراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، پارقىرايدىغان: ئۇنىڭ سىلىق تاملىرى كۆك ئاسمان رەڭگىدە سىرلانغان بولۇپ، جانان چىنىدەك پاكىز ۋە پارقىراق ئىدى. * كىشىلەرنىڭ ماڭا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن مەن ئۆزەمنى دېڭىز ياقىسىدا ئوينىغان بۈركەن كىچىك بالا دەپ هېس قىلىمەن. ئۇ يەردىن گاهىدا سىلىق هەم پارقىراق تاشلارنى تېرىۋالىمەن، گاهىدا گۈزەل قۇلۇلە ـ مارجانلارنى ئۇچرىتىپ خۇشال بولىمەن.

**پارقىراق تۆمۈر تاش** <گېئول> كرىستاللىق كېماتىت. پارقىراقلىقى ئەينەككە ئوخشايدۇ؛ ئاساسىي تەركىبى تۆمۈر(III) ئوكسىدىدىن ئىبارەت. بەزى ۋاقىتلاردا يەنە ئاز مىقداردا تىتان ۋە ماگنىيمۇ بولىدۇ، تارقىلىشى ناهايىتى كەڭ بولۇپ، ماگما جىنسلاردىن ئېلىنىدۇ.

**پارقىراق قوڭغۇز** <زوئول> بىر خىل هاشارات، تېنى سارغۇچ سۆسۈن، سەزگۈچ مۈڭگۈزى يېپسىمان بولىدۇ. قورسىقىنىڭ ئاخىر تەرىپىدە نۇر چىقىرىش ئەزاسى بولۇپ، يېشىل نۇر چىقىرىدۇ، كۈندۈزى ئوت ـ چۆپ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، كېچىسى ئۇچۇپ چىقىدۇ.

**پارقىراق ئىشگىلىنا** <زوئول> ئاددىي هايۋان، تېنى كىچىك، قىزىل رەڭلىك، سۇزۇك ۋە شارسىمان كېلىدۇ؛ يىرىك تۈكى بار، دېڭىز ـ ئوكيانلاردا لەيلەپ يۈرىدۇ، نۇر تارقىتالايدۇ؛ كۆپەيگەن چاغدا سۇنىڭ رەڭگى قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ. ئۇ پارچىلىنىش، بىخ چىقىرىش يوللىرى ئارقىلىق كۆپىيىدۇ.

**پارقىراقلىق** ① «پارقىراق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② ئى <گېئول> مىنېرال يۈزىنىڭ نۇر قايتۇرۇشىدىن پەيدا بولىدىغان چاقناش هادىسىسى.

**پارقىرىتىلماق** «پارقىراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پارقىرىماق** پ ① پارىرىدە قىلىپ يانماق، نۇر چاچماق، پارقىراپ تۇرماق، يورۇماق: چولپان يۇلتۇزى يول كۆرسەتكۈچى چىراغدەك

www.uyghurkitap.com

ئاسماندا پارقىراپ تۇراتتى. ② يالتىرىماق، جۇلالىماق: ئالتۇنىنىڭ پوقمۇ پارقىرايدۇ (ماقال). * ئۇ گەپ قىلغاندا ئاستىنقى بىر تال ئالتۇن چىشى پارقىراپ كۆرۈنەتتى. * يامغۇر بىلەن يۇيۇلۇپ پاك - پاكىز بولۇپ كەتكەن ئېگىز بىنالار، ئاسفالت يوللار سان - ساناقسىز ئېلېكتر چىراغلىرىدا ئەينەكتەك پارقىرىماقتا ئىدى.

**پارك** ئى [ر<ئېنگ] **گۈل ۋە يېشىللىق بىلەن قاپلانغان، سەيلە قىلىش، دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش ئۈسكۈنىلىرى بار چوڭ باغ:** بىز ئەتە دېڭىز بويلىرىغا بارىمىز، پاركلاردا ساياھەت قىلىمىز، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ، سۈت، ماي، گۆشلەرگە تويۇپ ئۆتىمىز...

**پارلاتقۇزماق** «پارلىماق II» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يىل 4 - ئايدىكى كېۋەز تېرىش مەزگىلىدە چىگىت پارلاشقا ئۆزىمىزنىڭ ئادەم كۈچى يېتىشمەي، سىرتتىن ئادەم چاقىرىپ چىگىت پارلاتقۇزدۇق.

**پارلاتماق** «پارلىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۈلشەن چىنە - قاچا ماگىزىنىدىكى دوستىغا گۈللىرى ئوپمۇئوخشاش بولغان چىنە، تەخسىلەرنى پارلىتىپ بەش جۈپ سېتىۋالدى.

**پارلاشماق** «پارلىماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: زۆھرەخان بىلەن مەريەم ئاپىسىغا ياردەملىشىپ ئۇگۈت پارلىشىپ بەردى. * ئۇلار ھاردۇق - تالدۇق دېمەي ئەتىدىن كەچكىچە ئۇزۇم پارلاشتى.

**پارلاق** سۈپ ① **پارلاپ، نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، روشەن؛ نۇرلۇق:** پارلاق قۇياش. پارلاق نۇر. * چىمەن دوپپا كىيگەن ئۇ قىزنىڭ يۈزىدە نۇرلۇق كۈننىڭ پارلاق شولىسى جىلۋە قىلماقتا. * مەن ئىشىنىمەنكى، ھامان بىركۈنى سىزنىڭ تالانتىڭىز ۋە شۆھرىتىڭىز، ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا قوشقان يۈكسەك تۆھپىڭىز كەم ئۇچرايدىغان مۇشۇ ئالماستەك پارلاق نۇر چاچىدۇ. ② كۆچمە. **روناق تاپقان، باياشات، شانلىق:** ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق. * پەندە تۇپتۇز يول يوق، جاپادىن قورقماي ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ يۇقىرى ئۆرلىيەلىگەن كىشىلا پەننىڭ پارلاق چوققىسىغا چىقالايدۇ.

**پارلامېنت** ئى [ر<فران] **كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە قانۇن تۈزىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئورگان.** پارلامېنت ئادەتتە يۇقىرى - تۆۋەن ئىككى پالاتادىن تۈزۈلىدۇ؛ بەزى دۆلەتلەردە بىرلا پالاتا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرى ئادەتتە سايلام ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ؛ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مەمۇرىي ھوقۇق، ئەدلىيە ھوقۇقىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىم - ايرىم ھالدا پارلامېنت، ھۆكۈمەت ۋە سوت مەھكىمىسى يۈرگۈزىدۇ.

**پارلامېنت ئەزاسى پارلامېنتتا رەسمىي ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ۋە ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان كىشى، شەخس.**

**پارلامېنتلىق** سۈپ. **پارلامېنت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان:** بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن پارلامېنتلىق تۈزۈم بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى پارلامېنتقا قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

**پارلاندۇرماق I** «پارلانماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پارلاندۇرماق II** «پارلانماق III» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەل - دەرەخلەر كۈچلۈك يىلتىز سىستېمىسى ئارقىلىق سۇنى غولى ۋە شاخ - يوپۇرماقلىرى بىلەن پارلاندۇرۇپ، ھاۋانىڭ نىسبىي نەملىكىنى ئورمان يوق يەرگە قارىغاندا بەش - ئون پىرسەنتكىچە ئاشۇرىدۇ. نەتىجىدە ھۆل - يېغىن يىگىرمە پىرسەنت ئەتراپىدا كۆپىيىدۇ.

**پارلاندۇرۇلماق** «پارلانماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پارلانماق I** «پارلىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: قىزلار چۇرۇقلىشىپ: — پاكىتلار ئاسماندىكى يۇلتۇزدىنمۇ كۆپ، قۇياشتەك پارلىنىپ تۇرىدۇغۇ، — دېيىشتى.

**پارلانماق II** «پارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھېيتلىق ئۈن تارتىلدىغان ئۈگۈت پارلىنىپ بولۇپلا تاغارغا قاچىلاندى. * بۈگۈن جەمئىي بىر تاغار ئۈزۈم پارلاندى.

**پارلانماق III** پ. پارغا ئايلانماق، پار ھالىتىگە كەلمەك: پارلانغان سۇ. * دەل-دەرەخلەر كۆچلۈك يىلتىز سىستېمىسى ئارقىلىق سۈمۈرۈلگەن سۇلار دەرەخنىڭ غولى ۋە شاخ-يوپۇرماقلىرى بىلەن پارلىنىدۇ. * ھاراق ھاراق ئېچىتقۇسىنى قاسقانغا سېلىپ دۈملەپ، پارلانغان سۈيىنى سوۋۇتۇش نەيچىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق راسلىنىدۇ.

**پارلىق** سۈپ. ① پار بىلەن تولغان، پار ھاسىل بولغان، پارى بار: توك بولمىسا كېچىسى قاراڭغۇ بولۇپ كەتمەمدۇ، پارلىق قازان ئىشچىلىرى قاراڭغۇدا قانداق ئىشلىيەلەيدۇ، شۇڭا دادامغا گەپ قىلمايلا سىزگە ئېيتىپ قويياي دېگەنىدىم. ② پار بىلەن يۇيۇلىدىغان، پار ئىشلىتىلىدىغان: پارلىق مۇنچا.

**پارلىماق I** پ. يارقىن نۇر چېچىپ تۇرماق، يورۇق يانماق؛ چاقنىماق: بۇلۇتسىز ئاسماندا قۇياش پارلىدى. * قۇياش يېقىملىق پارلاپ تۇرغان بىر يەكشەنبە ئەتىگەنلىكى گۈلشاد ئارسلاننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. * كۆرۈپ ھۆسنىڭنى، قەلبىم يايرىدى. ئىلھام جۇش ئۇرۇپ، بەختىم پارلىدى.

**پارلىماق II** پ ① مەلۇم ئۆلچەم ۋە نۇسخا بويىچە تۈرگە ئايرىماق؛ سورتىقا ئايرىماق، خىللىماق، تاللىماق، ئىلغىماق: ئۈزۈم پارلىماق. ئۇرۇق پارلىماق. چەككەت پارلىماق. ئۈگۈت پارلىماق. * تال چوكان ئاراسىدىن تاللىۋالدىم مەن سېنى، شۇنچە خەلق ئاراسىدىن پارلىۋالدىم مەن سېنى. ② جۈپلىمەك، جۈپ-جۈپ ھالەتكە كەلتۈرمەك: پارلاپ تىزىلغان ئۆتۈكلەر مال تەكچىسىگە رەتلىك تىزىلغانىدى.

**پارنىك** ئى [ر] ھەر خىل گۈل-گىياھ، كۆكتات، مايسا قاتارلىقلارنى تېز ئۆستۈرۈش، يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئۈستى يېپىق ئەينەكلىك جاھاز؛ خانا: بۇ يەردە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى ۋە سۈنئىي ئۇسۇلدا ئىسسىقلىق بېرىش ئارقىلىق ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىدىكى مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا ساقلاپ قېلىنىدۇ. * قوناقلىقنىڭ پاسىلىغا تېرىلغان قوغۇنلار بالدۇرلا چېچەكلەپ، پىلەك تارتتى، پارنىكتا ئۆستۈرۈپ، قوغۇنلۇققا يانداپ كۆچۈرۈلگەن شوخلا، لازىلارمۇ تېزلا ئاينىپ، غۇچچىدە چېچەكلەپ كەتكەنىدى.

**پارول** ئى [ر<فران] <ھەرب> ھەربىي خىزمەتتە ياكى يوشۇرۇن تەشكىلاتلاردا ئۆز كىشىلىرىنى تونۇش ئۈچۈن، ئۇچراشقاندا ئېيتىلىدىغان ۋە ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلىدىغان شەرتلىك مەخپىي سۆز: — قالغان ئىشلارنى شۇ يەردىكى مەسئۇل كىشى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، — ئېلىيوۋ ماڭا پارولنى ئېيتىپ بەردى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

**پارومومتىسىن** ئى [ئىنگ] <تىب> ئانتىبىئوتىكلارنىڭ بىر خىلى؛ ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغىنى پارومومتىسىننىڭ سۇلفاتلىق تۇزى بولۇپ، ئاق رەڭلىك پاراشوك ھالەتتە كېلىدۇ، ئامېبا ۋە باكتېرىيەلەردىن بولىدىغان تولغاقنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**پارۋاي** ئى [ر] ئۆي-ئىمارەتلەرنى پار ئارقىلىق ئىسسىتىش ئۈچۈن ئورنىتىلىدىغان، تۆمۈر ۋە پولات نەيچىلەردىن تۈزۈلگەن ئەسلىھە: ئەسقەر بالىنى پارۋاينىڭ قېشىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قوللىرىنى سىلاپ ئىسسىتتى.

**پارۋايلىق** سۈپ. پارۋاي ئورنىتىلغان، پارۋېيى بار: پارۋايلىق ئۆي. پارۋايلىق زال. * ئىدارىمىزنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئاللىقاچان پارۋايلىق ئۆيلەرگە كۆچۈپ بولغان.

**پارىخور** سۈپ [پ] پارا ئالىدىغان، پارا يەيدىغان، پارا يېيىشكە ئادەتلەنگەن: پارىخور ئادەم. * ئۆمەر: — مېنىڭ قولۇمدا پاكىت بار، سىز پارىخور ئادەمسىز ماشىنا زاپچاسلىرىنى

يېزىلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمەي، ئامباردا ساقلاۋېرىپ ئۇلارنى كېرەكسىز نەرسىلەرگە ئايلاندۇردىڭىز، ئالدىڭىزغا كەلگەنلەردىن پارا ئېلىپ، ئاندىن ساتتىڭىز. بىلەمسىز، بۇ دۆلەتنىڭ مۈلكى. خەلقنىڭ قان ـ تەرىگە پۈتكەن نەرسىلەر، ـــ دېدى. * ئۇ مېنىمۇ ئىككى قېتىم «يانچۇقچى» دەپ قامتىسپ قويدى، لېكىن ئۇ مېنىڭ نۇرغۇن پۇلۇمنى پارا ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەم پارىخور ھەم چوڭ ئىشپيون.

**پارىخورلۇق** «پارىخور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: پارىخورلۇق قىلماق. * ئۇ، پارىخورلۇق، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىشتەك يامان ئىللەتلەر ئۈستىدە سۆز بولۇۋاتقاندا، گەرچە ئۆز ئىسمى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، ئولتۇرالماي قالدى.

**پارىژ** ئى [فران] **فرانسىيىنىڭ پايتەختى، سېن دەرياسى بويىغا جايلاشقان.**

**پارىژ كوممۇنىسى** <تارىخ> فرانسىيە ئىشچىلار سىنىپى پارىژدا قۇرغان دۇنيا بويىچە تۇنجى قېتىملىق پرولېتارىيات ھاكىمىيىتى. 1871 ـ يىلى 18 ـ مارت كۈنى پارىژ ئىشچىلىرى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، 28 ـ مارت كۈنى پارىژ كوممۇنىسىنى قۇرغان. ئۇ چاغدا ماركسىزملىق پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغانلىقى، دېھقانلار بىلەن زىچ ئالاقە ئورنىتالمىغانلىقى، ئەكسىلئىنقىلابچىلار قەتئىي تۇردە باستۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر ئىچكى ـ تاشقى ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلگەن.

**پارىغ** سۈپ [ئە] يېزت ـــ› **پارىغ بولماق.**

**پارىغ بولماق** بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتتىن خالىي بولماق، بىكار بولماق، قۇتۇلماق: ئەبۇ سابىر خوتۇنى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ، ئەر ـ خوتۇن ۋە ئوغۇللىرى بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ غەمدىن پارىغ بولۇپ، راھەت ـ پاراغەت بىلەن دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. * ئۇ كەچ كىرگەندىلا نامازدىن پارىغ بولۇپتۇ.

**پارىلداتقۇزماق** «پارىلدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پارىلداتقۇزۇلماق** «پارىلداتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پارىلداتماق** «پارىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پارىلداشماق** «پارىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پارىلدىتىلماق** «پارىلداتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پارىلدىماق** «پار ـ پار» قىلىپ يېنىپ تۇرماق، يورۇق نۇر تارقاتماق، نۇر چېچىپ تۇرماق، پاللىدىماق: قاراڭغۇ كېچىدىكى كۆك ئاسمىنىدا پەقەت سان ـ ساناقسىزلىغان يۇلتۇزلار پارىلداپ كۆرۈنەتتى. * يول ئۈستىگە ئېقىپ چىققىپ كەتكەن سۇ ئاي يورۇقىدا ئەينەكتەك پارىلداپ كۆرۈنەتتى. * مېھنەت بىلىم، ئۇنىڭ نۇرىدا، قەلبىم بېغى بېزىلىپ بارار. شېئىرىمدا مېھنەت سۆيگەننىڭ ئىش ئىزلىرى پارىلداپ يانار.

**پازىل** [ئە] ① سۈپ. يېزت. پەزىلەتلىك، ياخشى خۇلق ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە: مەن ھاكىم جانابلىرىنى رەھىمدىل، پازىل كىشى دەپ ئاڭلىغان بولسامۇ، تازا ئىشىنىپ كەتمىگەنىدىم، شۇڭلاشقا بۇ سۆز بىلەن سىناپ باقتىم. * ئۇ بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ، نازۇنېمەتلىرى مول، ھاۋاسى يېقىملىق، پادىشاھى ئادىل ۋە خەلقى پازىل بىر شەھەر ئىكەن. ② ئەرلەر ئىسمى.

**پازىللىق** «پازىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ھەقىقەتەن رەھىمدىل ۋە پازىللىقتا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

**پاژ** تەق. سۇ ياكى تەركىبىدە سۇيۇقلۇق بولغان نەرسىلەر ئوتتا قىزىتىلغان ياكى قىزىق ياغقا سېلىنغاندىن كېيىن چىقىدىغان ئاۋاز: قىزىپ كەتكەن مەش ئۈستىگە قويۇلغان چەينەكتىكى سۇ قايناپ تېشىپ مەش ئۈستىگە

«پاژ» قىلىپ تۆكۈلگەندە چىققان ئاۋاز ئىچكىرىكى ئۆيگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**پاژ-پاژ** «پاژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئوت كۆيۈۋاتقاندا مەشىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان سۇلۇق چۆگۈننىڭ تېگىدىكى يىڭنىنىڭ كۆزىدەك ئۇششاق تۆشۈكچىلەردىن سىرغىپ چىققان سۇ تامچىلىرى مەشتىكى كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئېقىپ چۈشۈپ پاژ-پاژ قىلىپ تۇراتتى.

**پاژ-پۇژ** سۇ ياكى تەركىبىدە سۇيۇقلۇق بار نەرسىلەر ئوتتا قىزىتىلغان ياكى قىزىق ياغقا سېلىنغاندىن كېيىن چىققان ئاۋاز: ئاشخانىدىكى پاژ-پۇژ قىلىپ قورۇلۇۋاتقان سەيىنىڭ ئاۋازى مېھمانخانىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**پاژژىدە** رەۋ «پاژ» قىلغان ھالدا، «پاژ» قىلىپ: سەرەڭگە قېپىدا ئاران بىر تال سەرەڭگە قاپتىكەن، شۇنچە ئاۋايلاپ چاقسامۇ «پاژژىدە» قىلدى-دە، ئوت ئالماي ئۆچتى. شۇنداق قىلىپ بىر كېچە قاراڭغۇدا قالدۇق.

**پاژىلداتماق** «پاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەلىمىخان بىز ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن مېھمانلار ئۈچۈن پاژىلدىتىپ سەي قورۇۋاتقانىكەن.

**پاژىلدىماق** پ «پاژ-پاژ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «پاژ-پاژ» قىلماق: چۆگۈننىڭ پورۇقلاپ قايناپ، سۇنىڭ مەش ئۈستىگە پاژىلداپ تۆكۈلۈشى سادىق روزىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

**پاس I** تەق. بىر نەرسىنىڭ ئىككىنچى نەرسىگە ئۇرۇلۇشىدىن، قاتتىق سىلكىنىش ھەم ئۈزۈلۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: ئۇ قولىدىكى چىۋىن پالىقى بىلەن شىرە ئۈستىگە قونۇۋالغان چىۋىنلەرنى «پاس» قىلىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. * ئاپىسى ئۇنىڭ پېشانىسىنى ئاستا سىلىدى، لېكىن ئەزىمەت قولىنى قاتتىق بىر شىلتىۋىدى ئاپىسىنىڭ يۈزىگە «پاس» قىلىپ تەگدى.

**پاس II** ئى [ئىنگ] <تەن> ← **پاس بەرمەك**.

**پاس بەرمەك** <تەن> توپ ئويۇنلىرىدا توپنى ئۆز كوماندىسىنىڭ بىرەر ئەزاسىغا قارىتىپ تاشلىماق، ئاتماق، تەپمەك، يەتكۈزۈپ بەرمەك: خەمىت چاققانلىق بىلەن توپنى پەرھاتقا پاس بەردى. * تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: — توپ قارشى تەرەپنىڭ ۋارتاسىغا يېقىنلاشقانسېرى، كۆپ پاس بېرىش كېرەك، — دېدى.

**پاس III** ئى [ر] <مۆز> ئەرلەرنىڭ ئەڭ پەس، يوغان ئاۋازى ۋە شۇنداق ئاۋازلىق ناخشىلارنىڭ رىتىمى، ئۇدار: روياللىنى پاس بېرىپ چالماق. * مۆزىكىنىڭ پاسى بولمىسا يېقىمسىز ئاڭلىنىدۇ.

**پاسات** ئى [ئە] قەستەن، مەقسەتلىك ھالدا قىلىنغان پىتنە-ئىغۋا، ئۆيدۇرما: بۇ ئىشلار كىشىنى تولىمۇ بىئارام قىلدۇ ۋە تۈرلۈك پاسات خىياللار كوچىسىغا باشلايدۇ.

**پاساتچىلىق** ئى. ئورۇنسىز گەپ-سۆز، ئۆيدۇرمىلار، پىتنە-ئىغۋا ۋە شۇ ھەقتىكى سۆز-ھەرىكەت.

**پاسار** ئى. قوناق شېخىنىڭ پوست ۋە يوپۇرماقلىرى: مەن شاپاق دوپپام بىلەن باسۇرۇپ، ئۈچ پاقىنى تەستە تۇتۇپ قاپاققا سولاپ ئېلىپ كەلگىنىمدە ئاغىنەم پاسارغا ئوت قويۇپ كەتمەننى قىزدۇرۇۋاتاتتى. * ھارۋىدىن پاسار چۈشتى، قولۇمدىن ھاسا چۈشتى، سىلىدەك چاققان خېنىمغا مېنىڭ كۆڭلۈم راسا چۈشتى.

**پاسار-پۇسقات** پاسار ۋە پاسارغا ئوخشاش نەرسىلەر: ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا سوغۇقتا تىترەۋاتقان ھاپىزنى كۆرۈپ، ئۆچەيدۇ دەپ قالغان قوقاسنى كولۇكىغا تارتتى-دە، پاسار-پۇسقاتلارنى مورا ئوچاققا سېلىپ ئوتنى ئۇلغايتتى.

**پاساك I** ئى. باش قوناق، قوغۇن-تاۋۇز قاتارلىق ئۈزۈپ ئېلىنىدىغان زىرائەتلەرنىڭ چالا قالغان قىسمى: پاساك بولماق. پاساك قىلماق. * بۇگۈن پۈتۈن مەھەللىلەردىكى ئۇششاق باللار قوغۇن پاساك قىلدى.

**پاساك بولماق** باش قوناق، قوغۇن-تاۋۇز قاتارلىق ئۈزۈپ ئېلىنىدىغان زىرائەتلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

چالا قالغان قىسمى يىغىشتۇرۇلماق؛ پاساڭ-دالماق: لۈكچۈندە قوغۇن-تاۋۇز ئاللىقاچان پاساك بولۇپ كەتتى.

**پاساك قىلماق ← پاساڭدىماق:** ئۇلار بىر قېتىم ئۈزۈۋېلىنغان باش قوناقنى بىر باشتىن پاساك قىلىپ چىقتى.

**پاساك II** ئى. دىئال. هارۋا شوتىسىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىككى شوتىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان چېتىق ياغاچ؛ تەكىيە ياغاچ: هارۋا پاسكى.

**پاساڭداتماق** «پاساڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قوناقنى پاساڭداتماق. قوغۇننى پاساڭداتماق.

**پاساڭداشماق** «پاساڭدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پاساڭدالماق** «پاساڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: قوغۇن-تاۋۇز، باش قوناقلارنىڭ ئاخىرى پاساڭدىلىپ تۈگەپ، ئېتىز-لارغا قوي-كاللار قويۇپ بېرىلگەنىدى.

**پاساڭدىماق** پ. باش قوناق، قوغۇن-تاۋۇز قاتارلىق ئۈزۈۋېلىنىدىغان زىرائەت-لەرنىڭ چالا قالغان قىسمىنى يىغىۋالماق؛ پاساك قىلماق: باللار بۈگۈن قوغۇن پاساڭدىدى. * بىز بۈگۈن قوناق پاساڭدىدۇق.

**پاساهەت** ئى [ئە] يېزت. چىرايلىق ۋە يېقىملىق سۆزلەش قابىلىيىتى؛ نۇتۇقنىڭ ئېنىق، چۈشىنىشلىك هەم گۈزەللىكى: خىزمەتكار بىرنەچچە كۈن پادىشاهنىڭ قېشىدا تۇرۇپتۇ. بىركۈنى پۇرسەت تاپقاندا قۇل بالىغا: — ئوغلۇم، ئىلىم-ئەدەبتە كامىل، پاساهەت ۋە گۈزەللىك ئىگىسى ئىكەنسەن، — دەپتۇ. * كۆلكە بىلەن يىغا، شادلىق بىلەن خاپىلىق، سائادەت بىلەن جاهالەت، پاراغەت بىلەن ئاسارەت، پاساهەت بىلەن قاباهەت...گوياكى سايىدەك بىر-بىرىگە ئەگىشىپ يۈرىدۇ.

**پاساهەتلىك** سۈپ. چىرايلىق، يېقىملىق، راۋان سۆزلەنگەن، پاساهەت بىلەن ئېيتىلغان: پاك ۋۇجۇدلىرى بىلەن ئۇ مەزلۇمەنىڭ خانىسىغا بۇ ساۋابلىق ئىش يۈزىسىدىن بىرقانچە رەت قەدەم تەشرىپ قىلسىلا، پاساهەتلىك نۇتۇقلىرى، خالىس تاشلىغان قەدەملىرى بىرەر خەيرىلىك هاسىلاتنى ۋۇجۇدقا چىقىرار دەپ ئويلايمەن. * بوۋاي ئوغلىغا: — هەي، ئوغلۇم، ئەگەر ۋەز سۆزلىگۈچى بولساڭ، سۆز مۇنبىرىگە چىقساڭ، ئۆزەڭنى مۇستەهكەم تۇت، خاتا سۆز-لىمە، سۆزۈڭنى پاساهەتلىك سۆزلەر بىلەن باشلا، ئالدىراپ سۆزلىمە، مەجلىستە ئالدىڭدا تۇرغانلارنى ئۆزەڭدىن ئىلىمدە، سۆزدە تۆۋەن تەسەۋۋۇر قىل. قورقماي، ئۇيالماي سۆزلە، — دەپ نەسىهەت قىلدى.

**پاسپاس** ئى .دىئال. كىيىم-كېچەكلەرگە تۈگمە ئورنىدا ئورنىتىلىدىغان پىستان، پىسلداق.

**پاس-پاس** «پاس» سۆزىنىڭ تەكرار-لىنىشى: پاس-پاس ئاۋاز.

**پاسپورت** ئى [ر<فران] چەت ئەلگە چىقىدىغان پۇقرالارنىڭ سالاهىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان دۆلەت تەۋەلىك گۇۋاه-نامىسى؛ هۆججەت؛ ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق دىپلوماتىيە ئورگىنى تەرىپىدىن بېرىلىدۇ: گۈلنىسا چەت ئەلگە تۇغقان يوقلىغىلى چىقىش ئۈچۈن پاسپورت ئالدى.

**پاس-پۇس** بىرنەرسىنىڭ ئىككىنچى نەرسىگە ئۇرۇلۇشىدىن، قاتتىق سىلكىنىش هەم ئۈزۈلۈشىدىن چىققان ئاۋاز: قاسىم شۇنداق دەپ تۇرۇپلا چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنىمۇ يەشمەي پاس-پۇس ئۈزۈپ، چاپىنىنى سىلىۋەتتى. * نىجات بۇ ئىشتا كەتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئابدۇللا ئاچچىقىغا پايلىماي، ئۇنى پاس-پۇسلا ئۇرۇپ سالدى.

**پاستا** ئى [ر<ئىتال] مېدىتسىنا، گىرىمچى-لىك، رەسساملىق ۋە شۇ قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان خېمىرسىمان ماددا: چىش پاستىسى. سوپۇن پاستىسى.

**پاستېر** ئى [ر<فران] <بىئول> ← **پاستېر دېزىنفېكسىيىسى.**

**پاستېر دېزىنفېكسىيىسى** <بىئول> تۆۋەن ئىسسىقلىق (62°C) تا 30 مىنۇت قىزىتىپ، سپورىلىقلاردىن باشقا باكتېرىيەلەرنى ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا دېزىنفېكسىيە قىلىنغۇچى ماددىنىڭ ئىچكى تەركىبلىرى بۇزۇلمايدۇ. ئادەتتە سۈت ئىسپىرتلىق بىرىكمىلەرگە قوللىنىلىدۇ.

**پاسخا** ئى [ر] <دىن> ← **پاسخا بايرىمى.**

**پاسخا بايرىمى** ① خرىستىئانلارنىڭ، ئەيسانىڭ قايتا تىرىلىشىگە ئاتاپ ئۆتكۈزىدىغان دىنىي بايرىمى. بۇ بايرام ئەتىيازدا كۈن-تۈن تەڭلىشىپ، بىرىنچى قېتىم ئاي تولغاندىن كېيىن كېلىدىغان دەسلەپكى يەكشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ② يەھۇدىيلارنىڭ باھار پەسلى ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي بايرىمى.

**پاسسات** ئى [ر<نېم] <مېتېئور> ← **پاسسات شامىلى.**

**پاسسات شامىلى** <مېتېئور> ئېكۋاتورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۆۋەن ئاتموسفېرا قەۋىتىدە، شىمالىي يېرىم شاردىن چىقىدىغان شەرقىي شىمال شامىلى ۋە جەنۇبىي يېرىم شاردىن چىقىدىغان شەرقىي جەنۇب شامىلى. بۇ خىل شامالنىڭ يۆنىلىشى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ۋاقىتلاردا ئۆزگىرىدۇ.

**پاسساژىر** ئى [ر<نېم] ئايروپىلان، پويىز، پاراخوت، ماشىنا قاتارلىق قاتناش-ترانسپورت ۋاسىتىلىرى بىلەن قاتنايدىغان كىشى؛ **يولۇچى**: پاسساژىرلارغا خىزمەت قىلماق. پاسساژىر ئايروپىلانى. * چەكسىز كەتكەن تاقىر سايىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاقتا سوزۇلغان تاشيول بويىدا چاڭ-توزان باسقان بىر ئۇزۇن يوللۇق پاسساژىر ئاپتوبۇسى تۇراتتى.

**پاسسىپ** -ۋپ [ر<لات] ① بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە ئىتىبارسىز قارايدىغان، قىزىقمايدىغان، سۇس، «ئاكتىپ»نىڭ ئەكسى: پاسسىپ ئادەم. پاسسىپ ئوقۇغۇچى. * ئۇ: — يولداش ئاباسنىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس. يۇقىرىغا پاسسىپ قاراش توغرا ئەمەس، — دېدى. * بۇ ھەرىكەتكە ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتقانلارمۇ، پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتقانلارمۇ بار. لېكىن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پاسسىپ مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەققى يوق. ② توغرا بولمىغان، ناتوغرا؛ ناچار، سەلبىي: پاسسىپ ئامىل. پاسسىپ ئىدىيە. * ئوقۇغۇچىلارنى تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە ئالغا يېتەكلەپ، پاسسىپ ئامىلنى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇش لازىم. * ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش كۆرۈپ، چارۋا ماللارنى ئاسراش ئوبوروت پۇلى ئاجرىتىپ بېرىلسە، زاپاس ئوت-چۆپ، يەم-خەشەكلەرنى ئاپەتتىن بۇرۇن تويلىنىۋېلىپ، ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، چارۋا ماللارنى ئاسراشتىكى پاسسىپ ھالەتنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

**پاسسىپ ئىممۇنىتېت** <تىب> ئىممۇنىتېتلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قان زەرداۋىنى ئىممۇنىتېتلانمىغان ئورگانىزمغا ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن ھاسىل بولىدىغان قىسقا مۇددەتلىك ئىممۇنىتېت. ئۇ ئورگانىزمدىكى ئانتىتېلا ئۆزىدە ھاسىل بولماي، سىرتتىن قوبۇل قىلىنىدۇ.

**پاسسىپلاشتۇرماق** «پاسسىپلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان تاپشۇرۇقنىڭ قېتىم سانى كۆپ بولغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ، جىسمانىي كۈچى ۋە بەرداشلىق بېرىش كۈچىدىن ئېشىپ كەتسە ئوقۇغۇچىلارنى پاسسىپلاشتۇرۇپ، ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

**پاسسىپلاشتۇرۇلماق** «پاسسىپلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پاسسىپلاشماق** پ. پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالماق، ئۆز پائالىيىتىنى بوشاش-

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ قويماق: ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئايرىم ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەردە تۇتماي، ئوقۇغۇچىلارغا زورمۇزور ھەممە نەرسىنى بىلدۈرىمەن دېيىشمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتە پاسسىپلىشىپ، زېرىكىش كەيپىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**پاسسىپلىق** «پاسسىپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ھاردىم - تالدىم دېمەي زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلا بولسا، تەربىيىلەنگۈچىلەرنى پەيدىن - پەي پاسسىپلىقتىن ئاكتىپلىققا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. * گەرچە ئۇنىڭ نەق مەيداندىكى ئىشتىن قىلچە خەۋىرى بولمىسىمۇ، ئوت ئاپىتىنىڭ زىيىنى، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلىدىغان ئىنئام، پاسسىپلىق قىلغانلارغا كۆرۈلىدىغان چارە ھەققىدە ئەزمىلىك بىلەن سۆزلەۋاتاتتى.

**پاسكىنا** سۈپ. بۇلغانغان، كىرلەشكەن، پاكىز بولمىغان، مەينەت، كىر: پاسكىنا نەرسە. پاسكىنا كىيىم. * قورۇ ئىچى قالايمىقان ۋە پاسكىنا ئىدى. ئۇ يەر، بۇ يەردە پارچە - پۇرات خىشلار چېچىلىپ ياتاتتى. * ئۇ ئەمگەك تەرى ئارقىلىق بەدىنىدىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى يۇيۇپ تازىلاشقا بەل باغلاپ، ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن يېڭى تۇرمۇش قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى.

**پاسكىنا بولماق** پاسكىنا، مەينەت ھالەتكە كەلمەك؛ پاسكىنىلاشماق: سادىق روزىنىڭ ياتىقىغا كىرگەندە: — بەللى ئاداش، سەن مەندىنمۇ ۋەيران ئىكەنسەن. ئوقۇتقۇچىنىڭ تۇتقان ئۆيى شۇنداق پاسكىنا بولامدۇ؟ — دېدى.

**پاسكىنا قىلماق** پاسكىنا، مەينەت ھالەتكە كەلتۈرمەك، پاسكىنىلاشتۇرماق: قوي ئۆز ئايغىنى پاسكىنا قىلار (ماقال). * ئابدۇبەسىر كېيىمنى كىيگىلى ئۈچ كۈن بولا - بولمايلا پاسكىنا قىلىۋەتتى. * ئۇ بالا كەلسە - كەلمەس نەرسىلەرنى تۇتۇپ قولىنى پاسكىنا قىلىۋالدى.

**پاسكىنىچىلىق** ئى. پاسكىنا نەرسىلەر بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن ھالەت، مەينەتچىلىك: دىلشات تولا چاغلاردا كوچىدىكى پىر - ئۇستاز شېرىكلىرى بىلەن ئىچىشىپ پاسكىنىچىلىق ئىچىدە يېتىپ قالىدىغان بولدى. * تالىپ ياش بولسىمۇ، ئۇنىڭدا تۈجۈپىلەپ ئىشلەش، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، جاپادىن، پاسكىنىچىلىقتىن قاچمايدىغان ئىشچىغا خاس خۇسۇسىيەتلەر كۆپ.

**پاسكىنىلاشتۇرماق** «پاسكىنىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆمۈرلۈكتىن يېڭىلا ئېلىپ كېلىپ ماشىنىدىن چۈشۈرۈلگەن كۆمۈرنىڭ توپىسى توزۇپ ھويلا - ئارام ۋە ئۆيىنىڭ دېرىزە، ئەينەكلىرىنى پاسكىنىلاشتۇرۇۋەتتى. * ئۇ: — قارىغا ئەلى، شۇنداق چىرايلىق جايىنى شۇنچىۋالا پاسكىنىلاشتۇرغىنىمىز قاملاشماپتۇ. دەرھال يىغىپ، ھەممىسنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلايلى، — دېدى.

**پاسكىنىلاشتۇرۇلماق** «پاسكىنتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زۆھرەم پاسكىنىلاشتۇرۇلغان مېھمانخانىغا قاراپ، ئوغلىنىڭ بەش - ئالتە بەتىمۇقام بالىلارنى يىغىپ ھاراق ئىچىپ، ئۆزىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلانغانلىقىنى بىلدى.

**پاسكىنىلاشماق** پ. پاسكىنا ھالەتكە كەلمەك، پاسكىنا بولۇپ كەتمەك: رابىيە قولىدىكى سومكىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، يولدىشىغا: — قارىغا، بىر كۈن بولمىسام ئۆيىنىڭ ئىچىمۇ پاسكىنىلىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى.

**پاسكىنىلىق** «پاسكىنا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ پۈتۈن باش - كۆزىنى پاسكىنىلىق بېسىپ كەتكەن بالىنى يۇيۇپ - تاراپ، پاكىز كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قويغانىدى، ئۇنىڭغا باشقىچىلا ھۆسن كىرىپ قالدى. * شەھەر رەزىل پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشۈش بىلەن ھەممە ئەتراپىنى جازانىخورلۇق، قىمارۋازلىق، ئىپلاسلىق، پاسكىنىلىق بېسىپ كەتتى.

**پاسلاشماق** پ <تەن> **ئۆزئارا بىر - بىرىگە پاس بېرىشمەك:** توپ مۇسابىقىسى يېڭىباشتىن باشلاندى. قارشى تەرەپ روھسىزلاندىمكىن، ھە دېگەندىلا توپنى تارتتۇرۇپ قويدى. 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ كاماندىسىدىكىلەر توپنى ۋارقىرىشىپ

پاسلىشىپ، ئېلىپ ماڭدى. * پۇتىغا توپ ئىلىنىش-قان دىلشات ئاخىرقى سۆزىنى ۋارقىراپ ئېيتتى-دە، ھ توپنى خەمتىكە قارىتىپ تەپتى. ئۇلار تەبىئىي ھالدا شۇنداق ياخشى پاسلىشىپ ماڭدى.

**پاسون** [ر<فران] ① ئى. ھەر خىل كىيىم-كېچەكلەرنىڭ پىچىمى، تىكىلىشى ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، شەكلى، مودېلى: ئۇلاردىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىدا ھەر خىل پاسوندا كىيىنگەن ئون نەچچە كىشى ئالدىرىماي قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. * بۇ دۇكاننىڭ لايىھىلىنىشى يېڭى پاسوندا بولۇپ، كۆرۈنۈشى چىرايلىق، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. * پىكاپ ئالاھازەل يەتتە-سەككىز مىنۇتچە يۈرگەندىن كېيىن، قەدىمكى پاسوندا ياسالغان، قىزىل سىرلىنىپ ئالتۇن رەڭ ھەل بېرىلگەن چوڭ بىر دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. ② سۈپ. يېڭى مودا بىلەن پاسىنىپ يۈرىدىغان؛ چىرايلىق: پاسون قىز. پاسون بولۇپ كەتمەك.

**پاسونلۇق** سۈپ. پاسونى بار، يېڭى پاسوندا تىكىلگەن: ۋارىسجان گىمنازىيىگە كەلگەندىن باشلاپلا بېشىغا شەپكە كىيدى، ئۇچىسىغا قايرىما ياقىلىق ئاق كۆڭلەك، ئىسكەتلىك تىكىلگەن كاستۇم چاپان، كەم ئۇچرايدىغان سارجىدىن شىم، پۇتىغا چىرايلىق پاسونلۇق كارىشىنۇاي شىبلىت كىيىپ، ئۆزىنى ياساپ، تۈزەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**پاسىبان** ئى [پ] يېزت ① بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى، ئامانلىقىنى، دەخلىسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۆزەتكە، پوستتا قويۇلغان كىشى؛ قاراۋۇل، ساقچى: ئۆگزىنىڭ قاتتىق غاراسلاپ كەتكىنىدىن پادىشاھ چۆچۈپ ئويغىنىپ، دەررۇ پاسىبانلىرىغا نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. * گۈل باغ ئارا گۈل تېرۇر تەر ئاققۇزۇپ باغۋەن، پوستتا سەگەك ساقلايدۇ بۇ ۋەتەننى پاسىبان. ② كۆچمە. ھىمايە قىلغۇچى، مۇھاپىزەت قىلغۇچى، ساقلىغۇچى؛ غەمخور؛ باشپاناھ: مانا بۇ شانلىق نامايەندە، ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش. سەپ بېشىدا پاسىبانىمىز، چىۋەر رولچىمىز بولغاچقا بۇ ئۇلۇغۋار غايە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. * سەن بولمىساڭ بىزگە پاسىبان، دىللارغا نۇر چېچىلارمىدى؟ نەۋباھارنى كەلمىسەڭ ئېلىپ، باغدا لالە ئېچىلارمىدى!؟

**پاسىبانلىق** «پاسىبان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كېچىلىرى يېرىم كېچىگىچە مەلىكە ئۇخلاپ، ئىنىكئانا پاسىبانلىق قىلسا، يېرىم كېچىدىن كېيىن ئىنىكئانا ئۇخلاپ، مەلىكە پاسىبانلىق قىلدى. * ئۇنىڭ قەلبىدە، ئۆزىگە پاسىبانلىق قىلغان، بېشىنى سىلىغان پارتىيىگە، يېڭى دەۋرگە نىسبەتەن بىر خىل چوڭقۇر مۇھەببەت ئۇرغۇدى.

**پاسىق** سۈپ [ئە] ① بۇزۇلغان، چىرىگەن، سېسىغان: مانا ئەمدى، ھەممە ياقنى چاڭ-توزان قاپلاپ، تۇتەك بېسىپ كەتتى؛ پاسىق سۆڭەكلەر ئاستىدىن جىنلار سەكرەپ چىقتى. شۇم قاغىلار قاناتلىرىنى كېرىپ قاقىلدىغىلى تۇردى. ② كۆچمە. يامان، ئەخلاقسىز: مەن كەچۈرگۈسىز گۇناھقا گىرىپتار بولغان پاسىق ئادەم. * بىنەپ ۋە پاسىق ئىشاندىن سەممىي بىر دېھقان ياخشى. بۇزۇلغان، سېسىغان مايدىن سىڭەرلىك زاغرا نان ياخشى. ③ پاسكىنا، ئىپلاس: شاھزادە زار ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ پاسىق جادۇگەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇدۇللا بوۋاينىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

**پاسىقلىق** «پاسىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — سېنىڭ پاسىقلىقىڭدىن ئۆيدە بەرىكەت قاچتى، بەندە دېگەنگە تەرەت بىلەن يۈرۈپ ئىبادەت ئۆتكۈزگەن ۋاقىت نېمىدېگەن ياخشى! — دەپ ۋەز-نەسىھەت قىلدى مەزىن.

**پاسىل** ئى [ئە] ئىككى دۆلەت، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا، چەك، ئايرىما: پاسىل قوزۇقى. دېڭىز پاسىلى. پاسىل تام. * قوناقلىقنىڭ پاسىلىغا تېرىلغان قوغۇنلار بالدۇرلا چېچەكلەپ پېلەك تارتتى. * ئىلى ۋادىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قورغاس ناھىيىسىنىڭ چوڭ سېيى ۋە بۇ سايدا ئاقىدىغان قورغاس

www.uyghurkitap.com

دەرياسى مەملىكىتىمىز بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر پاسىل ھېسابلىنىدۇ.

**پاسىلداق** ئى. دىئال. بۇغداي، قوناق، پۇرچاق قاتارلىقلاردىن قورۇپ پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر؛ قوماچ.

**پاش** سۈپ [پ<ئە] ھەممىگە مەلۇم، ئاشكارا، ئايان: پاش بولماق. پاش قىلماق. * قاشقىباينىڭ يەتتە ئاي بۇرۇنقى باسقۇنچىلىق ئەنزىسى ئاسلىبېك ئاكا تەرىپىدىن پاش قىلىنغانىدى. * چىقسا كۈلۈپ كۆككە قۇياش، كېتەر قىزىپ يەر كۆك تۇتاش. زارلاپ تومۇزغا چىرقىراپ، ئۆز دەردىنى ئەيلەيدۇ پاش.

**پاش بولماق** خەلقى ئالەم ئالدىدا ھەممە كىشىگە مەلۇم، ئايان بولماق؛ ئاشكارىلانماق: ئۇ ئەبلەخنىڭ شەھەردىمۇ بىرمۇنچە جىنايەتلىرى پاش بولۇپتۇ. * ئەگەر ئايسخان قىلمىشلىرى پاش بولۇپ قالسا زەھەر يەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى ئىدى.

**پاش قىلماق** ھەممىگە ئايان قىلماق، ئاشكارىلىماق، ئېچىپ تاشلىماق: بىز ئۇلار ئۈستىدە ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىمىزنى تولۇق پاش قىلدۇق. * ئۇزاق ئۆتمەي باشلاندى، يەر ئىسلاھات كۈرىشى. پومېشچىك غوجاملارنىڭ، پاش قىلىندى قىلمىشى.

**پاشا I** ئى [پ] <زوئول> ھاشارات، يېتىلگىنىنىڭ تېنى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن گەۋدىسىدە بىر جۈپ قانات ۋە ئۈچ جۈپ ئۇزۇن، ئىنچىكە پۇتلىرى بولىدۇ؛ لىچىنكا ۋە قورچاقلىرى سۇدا يېتىلىدۇ؛ ئەركىكى ئۆسۈملۈك شىرنىسى بىلەن، چىشىسى ئادەم ۋە ھايۋان قېنىنى شوراش بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ؛ بەزگەك، يۇقۇملۇق مېڭە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللەرنى تارقىتىدۇ.

**پاشا قونمىغان ← ئەركەك چىۋىن قونمىغان:** سەن، ھەنسىپخاننى نېمە كۆرۈۋاتسەن، گەرچە ئۇنىڭ يېشى يىگىرمىدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تېخى پاشىمۇ قونمىغان.

**پاشا كۈجىسى** <خىم> بىر خىل كۈجە، تەركىبىدە دورا بولىدۇ، كۆيگەندىن كېيىنكى چىقىدىغان پۇرىقى پاشىنى ئۆلتۈرۈش ۋە قوغلاش رولىنى ئوينايدۇ؛ شەكلى يىپسىمان ياكى تەخسىسىمان كېلىدۇ.

**پاشا لىچىنكىسى** <زوئول> سۇدا پاشا تۇخۇمىدىن چىقىدىغان لىچىنكا، تېنى ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە، سۇ ئۈزگەن ۋاقتىدا بىر قىسقىراپ، بىر ئۇزىرايدۇ.

**پاشىنى پىل قىلماق** كىچىككىنە، ئەرزىمەس نەرسە، ئىشلارنى يوغان، مۇرەككەپ، سىرلىق قىلىپ كۆرسەتمەك، ناھايىتى بەك كۆپتۈرۈپ مۇبالىغە قىلماق: ئەخمەت تازا ھولۇلۇپ بىر بالا بولۇپتۇ، ھە دېسىلا سېكرېتارنىڭ يېنىغا بېرىپ پاشىنى پىل قىلىپ كۆرسىتىپ، يامان دېمىگەن ئادىمىمۇ قالمىدى.

**پاشا II** (پا:شا) ئى ① بۇرۇنقى چاغلاردا تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان نامى. ② خوتۇن - قىزلارنى چاقىرىشتا ھۆرمەتلەش ياكى ئەركىلىتىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ: پاشا قىز. گۈلمىرە پاشا. * گۈلنار، سەمىنە ئىسىملىك ئوماققىنا قىزىنى «پاشايىم، پاشايىم» دەپ ئەركىلىتىدۇ. ③ خوتۇن - قىزلارنىڭ ئىسمى.

**پاششاپ** (پاششاپى) ئى [پ] تارىس ① ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كېچىلىرى كۆزەت قىلىدىغان جىڭ قاقىدىغان ساقچى ئەمەلدارى. ② ئۆتمۈشتە مەھەللە ياكى كوچىلارنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل يەرلىك ئەمەلدار: قاسىم توختى ئاي ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆيدىن ئاستا چىقتى - دە، ئوغرىدەك ماراپ كېلىپ، ھەسەن پاششاپنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئەتراپقا بىر قارىۋېلىپ دەرۋازىدىن غىپپىدە كىرىپ كەتتى.

**پاششاپ بېگى** تارىس. ۋاڭ ئوردىسىدىكى

پاشاپلارنى باشقۇرغۇچى بەگ: ئۇ چاغلاردا مەشرەپنىڭ رەسىم-قائىدىسى بويىچە يىگىتبېشى ئەڭ تۆردە، قازى كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق، پاشاپ بېگى ۋە كۆل بەگلىرى تۆۋەنرەك جايلاردا ئولتۇرۇشاتتى. پاشاپ بېگى ئولتۇرۇشنىڭ تەرتىپىنى، كۆل بېگى بولسا يېمەك-ئىچمەك ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

**پاشاپلىق** ① ئى «پاشاپ» سۆزىنىڭ ۋەزىپە نامى: پاشاپلىق قىلماق. پاشاپلىق ئەمىلى. ② سۈپ. پاشاپلار ئىگىدارچىلىقىدىكى، پاشاپلارغا قاراشلىق، پاشاپلارغا خاس: موللانىياز يەنە مۇنۇلارنىمۇ ئويلىدى: تۇردى بوۋايغا تەس بولدى. ۋاقلىق، تەيجىلىك، قورماللىق، پاشاپلىق يەرلەرنى ھەيدىگەندە، سۆرەم سالغاندا، خامان تەپكەندە، چىققان ھوسۇلنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىدىغان چاغلاردا بۇ دېھقانىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدىغان ئەنە شۇ بىر كالا ئەمەسمىدى.

**پاشنا** ئى [پ] ئاياغ كىيىمىنىڭ تاپىنىغا قويۇلىدىغان، چەم ياكى باشقا نەرسىلەردىن ياسالغان قاتۇرما؛ ئۆكچە: ئۆتۈكنىڭ پاشنىسى. بەتىنكىنىڭ پاشنىسى. * دىلبەر بۆگۈن رەڭدار شىپىڭ دۇخاۋا كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، پۇتىدىكى ئېگىز پاشنا توپلەي بىلەن تېخىمۇ گۈزەل تۇسكە كىرگەنىدى. * دىلنۇر دادىسىغا: — ئۇرۇمچىدە چىرايلىق مارجان، ھالقا، ئېگىز پاشنا ئاياغ بولسا ئەۋەتىپ بېرىڭ! — دېدى.

**پاشنىلىق** سۈپ ① پاشنا قويۇلغان، پاشنىسى بار: پاشنىلىق ئاياغ. پاشنىلىق بەتىنكە. * مەخسۇت بەگ ئېگىز پاشنىلىق، تۇمشۇقى ۋە پاشنىسىغا ناھال قېقىلغان ئۆتۈكىنى «گۈرس-گۈرس» دەسسەپ، يەر ئاستى تۈرمىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ② پاشنا بولىدىغان، پاشنا قىلىنىدىغان، پاشنا ئۈچۈن تەييارلانغان: پاشنىلىق چەم. * سۇلايمان ئۇستام تېرە-خۇرۇم زاۋۇتىدىن پاشنىلىق ئۈچۈن پارچە-پۇرات چەم سېتىۋالدى

**پاشىلىق** ئى ① پاشا كۆپ يەر: ئابدۇللا ھەر كۈنى ئون نەچچە كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ، بۇ پاشىلىققا كېلەتتى. ② پاشا چېقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن داكا، ماتا قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلگەن چىمىلدىق: پاشىلىق تارتماق. پاشىلىق تىكمەك. * قاغىتۇر دېگەن يەرنىڭ پاشىسى يامان بولغاچ ئۇ يەرنىڭ خەلقلىرى ئۇخلىغاندا ئۆينىڭ ئىچى ياكى ياتىدىغان كارىۋىتىغا دائىم پاشىلىق تارتىۋالىدىكەن.

**پاشىئوت** ئى [پاشا+ئوت] <بوت> ئەتىرگۈل ئائىلىسىگە كىرىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولى بىرەر مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ تىك، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، يوپۇرمىقىنىڭ كەينى تەرىپى ئاقۇش، ئۈستى يۈزى يېشىل كېلىدۇ؛ گۈلى چەكلىك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە، رەڭگى ئاق كېلىدۇ؛ مېۋىسى ئۇرۇق مېۋە بولۇپ ئۈچتىن بەش تالغىچە توپلىشىپ ئۆسىدۇ؛ يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ئالتاي تاغلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**پاق** تەق. نەرسىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشى، ئېتىلىشى ۋە قاتتىق چۈشۈشىدىن چىققان ئاۋاز: سادىق يەرگە ئېڭىشكەن بولۇپ، ئوڭ پۇتى بىلەن جۇمەنىڭ تاپانچا تۇتقان قولىغا شۇنداق بىر تەپتىكى، تاپانچا ئۇنىڭ قولىدىن ئۈچۈپ چىقىپ تورۇسقا تەگدى ۋە قاڭقىپ سىم كارىۋات ئۈستىگە «پاق» قىلىپ چۈشتى.

**پاقا I** ئى <زوئول> قوش ماكانلىق ھايۋان، بېشى ياپىلاق ھەم كەڭ؛ ئاغزى، كۆزى چوڭ؛ تېرىسى سىلىق، رەڭگى مۇھىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئادەتتە يېشىل، كۈل رەڭ سەپكۈنلىرى بولىدۇ؛ بارماق ئارىلىقىدا نېپىز پەنجىسى بار؛ سۇدا ياكى سۇغا يېقىن جايلاردا ياشايدۇ، كۆپىنچە قاراڭغۇدا ھەرىكەت قىلىدۇ؛ ئەركەكلىرىدە كۈركىراش ئورگىنى

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ، ئۇنىلۇك كۈركىرايدۇ؛ ئاساسەن ئېتىزلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ يېزا ئىگىلىكىگە پايدىلىق، بالىسى «قۇمچاق» دېيىلىدۇ. يېشىل پاقا ئادەتتە «ئېتىز توخۇسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**پاقا ئالالمايدىغان سار** قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئىقتىدارسىز؛ پالاكەت: ئۇمۇ تازا پاقا ئالالمايدىغان سارمۇ نېمە؟ نەچچە كۈن بولدى كىچىككىنە بىر ئىشنىمۇ قىلىپ بولالمايۋاتىدۇ.

**پاقا باش ئامبۇر** مەخسۇس موزدۇزلۇقتا ئىشلىتىلىدىغان، بېشى پاقىنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان چوڭ ئامبۇر.

**پاقا باش بېلىق** ئاغزى كىرتمەك ۋە تۆرۈك شەكىللىك، باش قىسمى پاقىنىڭ بېشىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىل بېلىق.

**پاقا پۇت** بارماقلىرى دىقماق، قىسقا ۋە پەنجىلىك يېسىماق، كەڭ ھەم يوغان كېلىدىغان پۇت: پاقا پۇت ئادەم.

**پاقىسى قانماق** تىلەكى ئىجاۋەت بولماق، ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقماق، كۆڭلىدىكىدەك بولماق، ئارزۇسىغا يەتمەك: — ئەمدى پاقاڭ قانغاندۇ؟ 5000 يۈەنگە موتو ئېلىپ، ئۇنى مىنگەنگە ئاسمانغا چىقىپ كەتمەسسەن؟ — دېدى ئاۋۇتكام ئوغلىنىڭ موتوسىغا قاراپ قويۇپ. * ئىلياس باشقىلارغا شۇنداق دەيتتى: ئالماس ئاكىنىڭ جىددىي قىلىپ، — زاۋۇتىنىڭ تەقسىم قىلغان كەسپىنى ياخشى ئۆگەن! — دېگەن بىر جۈملە سۆزى بىلەنلا ئۇنىڭ شوپۇر بولۇش ئارزۇسىنىڭ قانتى سۇنغانىدى. شۇنداقتىمۇ بۇنىڭلىق بىلەن ئىلياسنىڭ پاقىسى قانمىدى. شوپۇر دوستلىرى بار ئىدى، ئەپ تاپسا رول تالىشىپ يۈرۈپ ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالدى.

**پاقا II** ئى. تۆگمەننىڭ تېشىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شومەكىنىڭ ئۈچىغا ئورنىتىلغان، تۆپە تاشنىڭ تۆشۈكى ئىچىدە تۇرىدىغان تۆت بۇرجەك ياپىلاق تۆمۈر: تۆگمەننىڭ پاقىسى.

**پاقالچاق** ئى. پۇتنىڭ تىزدىن تارتىپ ئوشۇققىچە بولغان قىسمى: كاللا دېسە پاقالچاق دېمەك. * بېشى باش بولسۇن، پاقالچىقى تاش بولسۇن (ماقال). * چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كاپ - كاپ كۆچۈكى يېتىپ كېلىپ يالماۋۇزنىڭ پاقالچىقىدىن چىشلەپ تارتىپتۇ.

**پاقالچاق سۆڭىكى** <ئانات> پاقالچاقنىڭ ئىچىدىكى ئۇزۇن سۆڭەك، ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى ئۇچلىرى توم، توغرا كەسمە يۈزى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە كېلىدۇ.

**پاقالچاق مۇسكۇللىرى** <ئانات> پاقالچاقنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى مۇسكۇل. ئۇ پاقالچاقنىڭ تومپىيىپ چىققان كەينى قىسمىدا بولىدۇ.

**پاقام** ئى ← **پاقام ئەتمەك**.

**پاقام ئەتمەك** باغرىنى باغرىغا ياقماق، قۇچاقلىماق: بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇۋاتقان مەززىلىك پۇراقلار ئىلى ۋادىسىدىكى يۇرتۇمنى — مەن ناخشا ئېيتىپ، شوخ سۇلىرىغا پاقام ئېتىپ، شاخلىق دەرەخلىرىگە يامىشىپ چوڭ بولغان يېزامنى ئەسلىتىدۇ.

**پاق-پاق** «پاق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پاق - پاق ئاۋاز. * خاماندا بۇغداي تەپكەن تراكتورنىڭ «پاق - پاق» قىلىپ چىققان ئاۋازى يىراقتا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**پاق-پۇق** نەرسىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشى، ئېتىلىشى ۋە قاتتىق چۇشۇشىدىن چىققان ئاۋاز: غالىب، نىيازنىڭ تۇيۇقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ پاق - پۇق بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. * گومىنداڭنىڭ سوراق ئۆيىدە پاق - پۇق، تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**پاقشىماق** پ «پاق-پاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، پاقىلداپ تۇرماق، پاقىلدىماق.

**پاقىدە** رەۋ «پاق» قىلغان ھالدا، «پاق» قىلىپ: ئابدۇراخمان بەئەينى «ئىقتىدار» دېگەن ئاتالغۇنى تۇتۇپ مىجۇەتكۈسى كەلگەندەك

ئەلپازى بىلەن قولنى ئۈستەل ئۈستىگە پاقىدە بىرنى ئۇرۇپ مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگدى. * غۇلام پەرىشان قىياپەتتە ئەتراپقا بىرقۇر كۆز يۈگۈرۈتۈۋېلىپ، قولىدىكى ئۈزۈمنى داستىخانغا پاقىدە تاشلىدى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇردى.

**پاقلان** ① ئى. ياشقا توشمىغان قوزا: پاقلان گۆشى. * ئابدۇراخمان قويچىنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇش قارارىغا كەلدى. مېهماندوست مالچى كەچتە قازاق ئادىتى بويىچە ئەل ئايىغى بېسىلغاندىن*كېيىن ئابدۇراخماننى سېمىز پاقلان گۆشى بىلەن مېهمان قىلدى. ② سۈپ. ئەت ئالغان، سەمرىگەن (بوۋاق ھەققىدە): بۇ بالا پاقلان بولۇپتۇ. * ھېچقاندىاق سۈتسىز، چاينىپ يېگۈزگەن نانىنىڭ كۈچى بىلەن بالىنىڭ پاقلان، بۇدرۇق ئەي بولۇۋاتقىنىغا كىشىلەر ھەيران قالاتتى...

**پاقۇل** ئى. دىئال. قوماچ، پاسىلداق.

**پاقىچار** ئى [پاقا+چار] <زوئول> لوخۇ بېلىقنىڭ بىلەكتەك بولغان ۋاقتى؛ كۆزەل.

**پاقىچاناق** ئى [پاقا+چاناق] تاشپاقا قېپى، جۇڭگو تىبابەتچىلىكىدە دورا ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**پاقىچىغىرتمىقى** ئى [پاقا+چىغىرتماق+ى] <بوت> چىغىرتماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غولـلۇق ئۆسـۈملۈك، يوپۇرمىقى خەنجەرسىمان بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ؛ گۈلى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، يۈزىدە قىزىل دېغى بولىدۇ؛ مېۋىسى غوزىلىق مېۋە، ئۇرۇقى قارا كېلىدۇ؛ تىبابەتچىلىكتە يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قىزىتمىنى ياندۇرۇش، زەھەرنى كېسىش رولى بار.

**پاقىچىلاپ** رەۋ. سۇ ئۈزگەندە پۇت قولنىڭ ھەرىكىتىنى پاقا سۇ ئۈزگەندىكىگە ئوخشاش قىلىپ: پاقىچىلاپ ئۈزمەك.

**پاقىچىلاپ ئۈزۈش** <تەن> سۇ ئۈزۈش تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى، تەنھەرىكەتچى سۇدا دۈم بولۇپ، ئىككى بىلىكى بىلەن سۇنى سىيرىيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىككى پۇتى بىلەن سۇنى تېپىپ ئالدىن قىسىدۇ. بۇ پاقىنىڭ سۇ ئۈزۈشىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

**پاقىلەش** ئى [پاقا+لەش] <بوت> ← ھىندى نىلۇپىرى.

**پاقىلداتماق** «پاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇري دەرىجىسى: يولداش داۋۇت مەغرۇرلانغان ھالدا، يانچۇقىدىن بىر كورۇپكا نېمىس ئوقىنى ئېلىپ تۇرۇپ: ــ بۇ بەش تال، قوشنىمىزنىڭ بالىسىدىن سورىۋالدىم، بەش كىشىگە بۆلۈپ بېرىمىز، بىر تالدىن پاقىلداتىمىز، ــ دېدى.

**پاقىلداق** سۈپ. پاقىلداپ ئاۋاز چىقىرىدىغان، پاقىلدايدىغان، پاقىلدىغاق: پاقىلداق گاز. پاقىلداق ئاۋاز.

**پاقىلداق گاز** <خىم> ئىككى ھەجىم ھىدروگېن بىلەن بىر ھەجىم ئوكسىگېنىنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ، يانغاندا پارتلاش پەيدا قىلىپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدىكى ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىدۇ.

**پاقىلدىماق** پ «پاق-پاق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «پاق-پاق» قىلماق: روزمەت: ــ ئەمدى دېهقانچىلىقتىن بەرىكەت كەتتى، ــ دېدى ـ دە، كېيىنچە چويلا توقۇپ ساتىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ چويلىلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ ئۆششىنىسىگە ئارتىپ، يېزىنىڭ توپىلاڭ يوللىرىدا يالىڭاياغ پاقىلداپ شەھەرگە ماڭاتتى.

**پاقىلىق I** ① سۈپ. پاقا قاپلىغان، پاقا كۆپ، پاقا بار: پاقىلىق يەر. پاقىلىق كۆل. ② ئى. پاقا ماكانلاشقان، پاقا بىلەن تولۇپ تۇرغان يەر، جاي: يالقۇن بىلەن قاھار ئىككىيلەن پاقىلىقتا ئوينىغلى كەتتى.

**پاقىلىق II** ئى ① تۈگمەننىڭ پاقىسى ئايلىنىپ تۇرىدىغان، پاقا ئورنىتىلىدىغان ئورۇن، جاي. ② سۈپ. پاقا قىلىش ئۈچۈن

تەييارلانغان: پاقىلىق تۆمۈر.

**پاقئوت** ئى [پاقا+ئوت] <بوت> ← **جامكا.**

**پاقىيوپۇرماق** ئى [پاقا+يوپۇرماق] <بوت> پاقىيوپۇرماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ۋە تۇخۇمسىمان؛ گۈلى باشاقسىمان گۈل رېتىدە؛ مېۋىسى غوزىلىق مېۋە؛ ئۇرۇق ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ؛ ئۇرۇقىنىڭ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىش؛ يوپۇرمىقىنىڭ ئىسسىقنى قايتۇرۇش رولى بار.

**پاك** سۈپ [پ] ① چاڭ-توزان كىر قاتارلىقلاردىن خالىي، پاسكىنا بولمىغان، پاكىز: قولى پاك. كىيىم-كېچەكلى پاك. * ئاق بولسۇن، پاك بولسۇن (ماقال). ② تەركىبى ساپ، بۇلغانمىغان، تازا: پاك سۇ. * باتۇر دەيدۇ خەلقىمىز، ئەل ئىشقىدا كۆيگەننى؛ ئادالەت ھەم ھۆرلۈك دەپ، پاك قېنىنى تۆككەننى... ③ باشقا بىرسىنىڭ ئەجرى ئارىلاشمىغان، ئۆزىگە خاس بولغان؛ ھالال: تاپقىنىم پاك، قولۇم ساق (ماقال). * قايىنامىلاردىن قورقمىغانلار سۆزەر گۆھەر، باغ ئېتىدۇ چۆلنى باغۋەن تۆككەچ پاك تەر. پەرھات كەبى ئىشقى بولسا كىمنىڭ ئەگەر، مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ ئۇنى دىلبەر. ④ كۆچمە. نامىغا داغ تەگمىگەن، يامان ئىللەت، يامان ئىشلاردىن خالىي، ساپ ۋىجدانلىق، ساپ: پاك دىل. پاك قىز. تارىخى پاك. پاك ئادەم. * ئۇ ھېلىقى پاك قىزنىڭ مۇھەببىتىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى. * مەن زاھىدىگە بولغان مۇھەببىتىمنى مەڭگۈ پاك ساقلاش قارارىغا كەلدىم. * خالىدىن چوڭلۇقى بادامدەك، توق ھال رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان قاشتېشى تېپىۋالدى. گۈلنۇر تاشنى قولىغا ئېلىپ خۇشاللىقىدا كىچىك لەۋلىرىگە باستى، ئۇ يەنە: — نېمىدېگەن چىرايلىق تاش، قېنى ئىككىمىز بۇ تاشقا قارايلى. بىزنىڭ ۋاپادارلىقىمىز بۇ خىسلەتلىك تاش ئىچىدە پاك ساقلانسۇن! — دېدى.

**پاكار** سۈپ. ئېگىز ئەمەس، پەس: قادىرنىڭ بوۋىسى ھاسىنى تۇتۇپ پاكار سۇپىدا ئولتۇرىدۇ. * مەن جاسۇسقا قارىتىپ ئارقا-ئارقىدىن ئىككى پاي ئوق ئاتتىم-دە، بىر پاكار تامدىن ئارتىلىپ قاچتىم. * مەھەللىنىڭ كۈنچىقىشىغا جايلاشقان ئەڭ چەتتىكى پاكار، كونا ئۆيلەر باقى ئاكامنىڭ بۇرۇنقى جايى ئىدى.

**پاكار پىچانگۈل** <بوت> پىچانگۈلنىڭ بىر تۈرى، يەنى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك؛ يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، تار، ئۇزۇن ۋە ئۇچى ئۇچلۇق كېلىدۇ؛ يازدا چېچەكلەيدۇ، گۈلى سېرىق، خۇش بۇي پۇرايدۇ؛ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**پاكار-پاكار** «پاكار» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: شاكىر مېھمانلارنى باشلاپ كىچىك ئېرىقنى بويلاپ ماڭدى. ئېرىق بويلاپ قاتارىغا پاكار-پاكار ئۆيلەر سېلىنغان بولۇپ، ئايرىم ئۆيلەرنىڭ قورۇسىدا تال باراڭلىرىغا ئىشلەۋاتقان ئادەملەر پاكار تاملاردىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**پاكارلاتماق** «پاكارلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خېلى يىللاردىن بۇيان، يامغۇر تولا يالاپ پاكارلىتىۋەتكەن مەكتەپ قورۇسىنىڭ تاملىرى ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك قىڭغىيىپ تۇراتتى.

**پاكارلاشماق** پ. پاكار، پەس ھالەتكە كېلىپ قالماق، پاكارلىماق: بۈگۈن ئۇ ئاخشامقى زىياپەتنىڭ كارامىتىدىن قوش ئېگەكلىرى تېخىمۇ پۈتۈپ، پاكارلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

**پاكارلىتىلماق** «پاكارلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: لېنتىپىنىڭ بويى ئېگىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ماشىنىنىڭ شوپۇر ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقى پاكارلىتىلدى. * بۇ ماشىنىغا خېلى ئىلغار ئۈسكۈنىلەر ئورنىتىلغان بولۇپ، ھەتتا ئورۇندۇقلىرىمۇ ھەرىكەتچان ئاپتوماتىك ھالدا ئېگىز ياكى پاكارلىتىلىدۇ.

**پاكارلىماق** پ. پاكار ھالەتكە كەلمەك، پاكارلاشماق، پەسلىمەك: بۇ ئادەم قېرىغاندا

www.uyghurkitap.com

پاكارلاپ كەتتى.

**پاك ـ پاكىز** ① تاپتازا، ساپمۇساق، ناھا ـ يىتى پاكىز: سالقىن تاغ شامىلى ئىشىك ئالدىدىكى ئاكاتسىيە يوپۇرماقلىرىنى لەرزان تىترىتىپ ئۆتەتتى. يامغۇر بىلەن يۇيۇلۇپ پاك ـ پاكىز بولۇپ كەتكەن ئېگىز بىنالار، ئاسفالت يوللار سان ـ ساناقسىز ئېلېكتر چىراغلىرىدا ئەينەكتەك پارقىرىماقتا. ② كۆچمە. بىرنەرسە قويماي، پۇتۇنلەي: مېھمان، بىر تەخسە مانتىنى پاك ـ پاكىز يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئالدىدىكى تاۋلىنىپ قالغان چاينى راھەتلىنىپ ئىچىشكە باشلىدى.

**پاكلاشتۇرماق** «پاكلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پاكلاشتۇرۇلماق** «پاكلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پاكلاشماق** پ. پاك ھالەتكە كەلمەك، پاك ـ لانماق: دوختۇرخانىلار پاكلاشتى. * مىللەتنىڭ تارىخى پاكلاشتى.

**پاكلانماق** ① «پاكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆز ـ لۈك دەرىجىسى: ئۆي ـ ئۆيلەردىن تەرەت ئېلىپ پاكلانغان جامائەت بىر ـ بىرلەپ مەسچىتكە كېلىشكە باشلىدى. ② «پاكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاشۇ تويدا سېنىڭ روھىڭ شادلاندى، گۈل بېغىمىز شۇمبۇيىدىن پاكلاندى.

**پاكلىق** «پاك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: دىلدار يولدىشى نىيازغا كايىپ تۇرۇپ: ــ سەن ئۆزەڭنى پاك دەپ چاغلايسەن، پاكلىقتا سەندىن كەم ئەمەس كىشىلەرمۇ جەمئىيەتتە كۆپىقۇ، ــ دېدى. * مۇھەببەت سۆيگۈسى ۋىجدانغا باغلىق، مۇھەببەت قولدىشى سەممىي ــ پاكلىق.

**پاكلىماق** پ. پاك ھالەتكە كەلتۈرمەك، پاك قىلماق، پاكىزلىماق: سەھەر سالقىن ھاۋاسىدا، يورەكلەرنى يۇيۇپ پاكلاپ، ھامان غەيرەت بىلەن سەكرەپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئۆرلەيمىز.

**پاكىت** ئى [ر<لات] ① ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان، رېئال، بار نەرسە؛ ھەقىقىي ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇلار ھەققىدىكى مەلۇمات: پاكىت ئالدىدا پىل ئۇسۇرۇپتۇ (ماقال). * رەھمە ـ تۇللا پالۋاننىڭ سۆزىگە سابىر بىلەن شېرىپنىڭ قايىل بولماسلىق پوزىتسىيىسىدە بولغانلىقىنى رەھمەتۇللا سېزىپ قالدى ـ دە: مانا قاراڭلار، قولىمىزدا پاكىت بار، ناشتۇك ھازىر قەشقەر تەرەپتىن نۇرغۇن لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى. ② بىرەر ئىش، نەرسە ھەققىدە خۇلاسە چىقىرىش، قەتئىي بىر پىكىرگە كېلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئاساس، دەلىل، ھۆججەت: تارىخىي پاكىت. * پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. * ئادەم پىسخىكىسىنى ئادەم مېڭىسى بەلگىلىمەيدۇ. يالغۇز ئادەم مېڭىسىنىڭ ئۆزىلا ئادەم پىسخىكىسىنى ھاسىل قىلالمايدۇ. بۇنى «بۆرە بالا» ھەققىدىكى پاكىت ئىسپاتلايدۇ.

**پاكىتسىز** سۈپ. پاكىتى بولمىغان، پاكىتى يوق: پاكىتسىز گەپ. پاكىتسىز ئىش.

**پاكىتسىزلىق** «پاكىتسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**پاكىتلىق** سۈپ. پاكىتى بولغان، پاكىتقا ئىگە، پاكىتى بار: پاكىتلىق ماتېرىيال. * بىز بۇ ئەھۋاللارنى ئازادلىقتىن كېيىن ھەرقايسى جايلاردىكى پېشقەدەم مۇقامچىلارنىڭ ئۇنتۇلغۇ لېنتىسىغا ئېلىنغان قولىمىزدىكى نەق پاكىتلىق ماتېرىياللاردىن ئېنىقلاپ چىقتۇق. * بىزنىڭ سۆزىمىز قۇرۇق بولماي، پاكىتلىق بولۇشى كېرەك.

**پاكىز** [پ] ① سۈپ. تازا، پاك، ئېرىغ، مەينەت ئەمەس: پاكىز سۇ. پاكىز چىنە. پاكىز كىيىم. * لۇتپۇللانىڭ سۆزى تۈگىشىگە ئۇلگۇرۇپ، تۇردى، ئوسمان ۋە دىلبەر پاكىز يۇيۇلغان بىر سېۋەت ئۈرۈكنى كۆتۈرۈپ كىرىپ قېلىشتى. * جەگچىلەر ئاخشام پاكىز سۈرتۈپ، تازىلاپ قويغان ماشىنا ئەتىگەنلىك قۇياشتا قىپقىزىل چوغدەك يالتىراپ تۇراتتى. ② سۈپ. تازىلىققا رىئايە قىلىدىغان، ئۆزىنى پاكىز تۇتىدىغان:

پاكىز بالا. پاكىز ئايال. * توپ ئارىسىدىكى چاچ ـ ساقىلىنى پاكىز ياساتقان كىشى ئالدىراشلىق بىلەن توپ ئىچىدىن قىسىلىپ چىقىپ كىشىلەر ئارىسىدا راۋاب چېلىۋاتقان روزىنىڭ يېنىغا كەلدى. * باينىڭ دۇنيالىقتا پاكىز ھەم زېرەك چوڭ بولغان بىرلا قىزى بولۇپ، ئۆز قىزىنى ياخشىراق لايىق تېپىپ ياتلىق قىلىشنى كېچە ـ كۈندۈز ئويلىنىدىكەن. ③ سۈپ. كۆچمە. ۋىجدانلىق؛ پاك؛ توغرا؛ ئادىل: قىز دېمەك بولۇر پاكىز، پاكىزلىك دېمەكىكىم قىز. ھەرقاچان مۇھەببەتتە پاكىز قىزنى تۇتقان بىز. ④ رەۋ. قالدۇرماي، پۈتۈنلەي، تامامەن، تولۇق، تەلتۆكۈس: يولدىكى قارلار پاكىز سۈپۈرۈۋېتىلدى. * بىز ھوسۇلنى پاكىز، ۋاقتىدا يىغىۋېلىشنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە يەنە بىرئاز گەپ ئېچىپ، ئاندىن ئارام ئېلىش ئۈچۈن كەينىگە قايتىپ كىردۇق. * ئۇلارنىڭ بىرى قىزىل ساقاللىق بوۋاي، ئىككىسى ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىردۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر ئىدى.

**پاكىزلەتمەك** «پاكىزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پاكىزلەشمەك** پ. پاكىز ھالەتكە كەلمەك، پاكىز بولماق، پاكىزلەنمەك: سۇ پاكىزلەشتى. * كىيىم ـ كېچەكلەر پاكىزلەشتى.

**پاكىزلەنمەك** ① «پاكىزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: شەمەر بوگۈن ئەتىگەن مۇنچىغا بېرىپ «سەھرا توپىسى»دىن پاكىزلىنىپ كەلگەندىن كېيىن، مېھمانخانىغا كىردى. ② «پاكىزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆگۈت پاكىزلەندى. كۆكتات پاكىزلەندى. * مەن ئەتىگەن قوپۇپ قارىسام ھويلا ۋە يوللار پاكىزلىنىپ قاپتۇ. ③ كۆچمە، پۈتۈنلەي، تامامەن تۈگىمەك؛ تۈگەشمەك: ئۇنىڭ قىمار-دىن بوغۇلغان قەرزىنى ئۆي مۈلكىمدىن تۆلىدىم. قارشىلىشىشقا كۈچۈم يوق ئىدى. ئاخىرى ئاتا ـ ئانامدىن قالغان ئوقەت پاكىزلىنىپ، تەمەچ قالاش ھالىتىگە كەلدۇق.

**پاكىزلىق** «پاكىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: پاكىزلىقنى ساقلىماق. كىيىمنىڭ پاكىزلىقى. * گۈزەللىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدىن بىرى پاكىزلىقتۇر. * پاكىزلىق كىشىنىڭ روھىي كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

**پاكىزلىمەك** پ. پاكىز ھالەتكە كەلتۈرمەك، پاكىز قىلماق، تازىلىماق: يوتقاننى پاكىزلىمەك. چىنىنى پاكىزلىمەك. * ھەيدەر كۆز ياشلىرىنى سۈرتمىدى. گويا ئېقىۋاتقان بۇ ياش ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىكى يارىسىنى، ئار ـ نومۇس داغلىرىنى يۇيۇپ پاكىزلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

**پاكىنەك** سۈپ. بويى پاكار، پاكارغىنا، پەس (كەمسىتىش ھەم ئەركىلىتىش مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ): پاكىنەك ئادەم. پاكىنەك بوۋاي. * ھېلىقى ئىمامنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان كەكە ساقال، پاكىنەك كىشى ئاغزىدىكى لوقمىنى چايناپ ئولتۇرۇپ سۆزگە كىرىشتى.

**پاگون** ئى [ر] <ئەرەب> ئوفىتسېر ۋە پارا-خوت كاپىتانلىرىنىڭ مۈرىسىگە تاقىلىدىغان ھەم ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە: پاگون تاقىماق. * ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىگە پاگون قادالغان، ئۇ خۇددى كېپىلىرى خانتەڭرى ئۈستىدە چاقناپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلارغا ئوخشاي-دىغان بەش بۇرجەكلىك سېرىق يۇلتۇزلاردەك نۇر چېچىپ تۇراتتى.

**پاگونسىز** سۈپ. پاگونى يوق؛ پاگون تاقىمىغان: پاگونسىز ھەربىي كىيىم.

**پاگونلۇق** سۈپ. پاگونى بار، پاگون تاقىغان: پاگونلۇق كىيىم كىيگەن ئەسكەر. * شۇ كۈنى كەچقۇرۇن تۆت مەسچىتنىڭ ئىماملىرى، ئابرويلۇق بايلىرى، ھېيتىۋاقى قازىنىڭكىگە مېھمانغا ئېيتىلىپ، ئاشسۇ تارتىلدى. ئۆز كېزىكى بىلەن مەجلىس ئېچىلدى. روزاخۇن بولۇس يىغىلغانلارغا پاگونلۇق كىشىنى تونۇشتۇردى.

**پاگى** ئى ← **خېمىرتۇرۇچ**.

**پاگى تۇتماق** ← **خېمىرتۇرۇچ تۇتماق**.

**پاگىسىز** سۈپ. پاگى سالمىغان، پاگىسى يوق؛ پېتىر: پاگىسىز خېمىر.

**پاكىلىق** ① سۈپ. پاكى سالىغان، پاكىسى بار: پاكىلىق خېمىر. ② ئى. پاكى قىلىنىدىغان، پاكى ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە، ماتېرىيال.

**پاك I** سۈپ. قۇلىقى ئاڭلىماس، گاس، ساغرۇ: پاك قۇلاق. پاك بولىماق. پاك قىلىماق. * پاك بىلەن ئورتاق بولىدۇم، گەپ ئاڭلىتالىماي پورداق بولدۇم (ماقال). * ئۇ ئادەمنىڭ قۇلىقىنى ئاغزىمىغا تىققۇدەك قىلىپ تۇرۇپ قاتتىق ۋارقىرىشىدىن ئالدىمىدا تۇرغان بۇ كىشىنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

**پاك بولماق** قۇلىقى ئاڭلىماس، گاس، ساغرۇ بولۇپ قالماق: ئىشىك ئالدىدا «پاك–پۇك» قىلىپ ئېتىلغان پوجاڭزا ئاۋازىدىن خەيرۇللانىڭ قۇلاقلىرى پاك بولۇپ قالاي دېدى.

**پاك قىلماق** قۇلىقىنى ئاڭلىماس، گاس ساغرۇ قىلىپ قويماق: ساي تەرەپكە قاراپ چۇشۇپ كېتىۋاتقان سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى قۇلاقنى پاك قىلىۋەتكۈدەك سادا بىلەن كۆچەيدى.

**پاك II** ئى [خەن] قاتار ئويۇنلىرىنىڭ بىر خىلى. پاك ئادەتتە تاختاي ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە چاقماق شەكلىدە سىزىلىدۇ. ئۇنىڭ سىزىلغان يوللىرىدا پاك ئۇرۇقلىرىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئوينىلىدۇ: پاك ئوينىماق. پاك سىزماق.

**پاك III** سۈپ. غول–شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى ھەددىدىن زىيادە ئۆسۈپ، بۇكىلىشىپ، ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي يېتىشىپ كەتكەن؛ ھوسۇل بېرىشى كەم بولغان (بۇغداي، شال، ئارپا قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەر ھەققىدە): بۇغداي پاك بولۇپ كېتىپتۇ. * رازاقنىڭ بۇغدىيى پاك بولۇپ يېتىۋېلىپ، دان ئالالمىدى.

**پاك بولماق** غول–شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى ھەددىدىن زىيادە ئۆسۈپ، بۇكىلىشىپ، ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي يېتىشىپ كەتمەك: بۇ يىل بۇغدايغا ئوغۇت كۆپ بېرىلىپ كەتكەچكە بۇغداي پاك بولۇپ كېتىپ ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى.

**پاك IV** تەق. بىردىنلا ئېتىلىش، يېرىلىش، پارچىلىنىشتىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: مىلتىق «پاك» قىلىپ ئېتىلدى. * «پاك» قىلغان تاپانچا ئاۋازى بىلەن تەڭ تۆت نەپەر ئوقۇغۇچى باراۋەر ئالغا يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇلار مىڭ مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا تېز سۈرئەت تالىشىۋاتقان كىچىك ئەزىمەتلەر ئىدى.

**پاكپارىماق** پ. دىئال. تولا سەمرىپ كېلەڭسىزلىشىپ كەتمەك.

**پاك–پۇك** بىردىنلا ئېتىلىش، يېرىلىش، پارچىلىنىشتىن چىققان ئاۋاز: شۇ چاغدا ئارال تەرەپتىن «پاك–پۇك» قىلغان مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. * پوتكۇل شەھەر ئويقۇغا چۆمگەن بولۇپ، پەقەت ھەرەمباغ بىلەن دەريا بويى تەرەپتىنلا ئارىلاپ–ئارىلاپ «پاك–پۇك» قىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**پاكچۇ** ئى [خەن] <كىي> ئارىلاشما يېپەك يىپتىن توقۇلىدىغان تۈز يوللۇق رەخت. ئۇ نېپىز ۋە يۇمشاق بولۇپ، يازلىق كىيىم تىكىشكە باب كېلىدۇ: بوۋاي ئاق پاكچۇ كۆڭلەك–تامبىلىنى كىيىپ، بىر ساپادا ئولتۇراتتى.

**پاكشىك** رەۋ [خەن] جانت. خاتىرجەم، بەخىرامان، بەخۇدۇك: ئىشەكچىلەر ئىشەكلىرىنى سايغا قوزۇق قېقىپ باغلاپ، چاپانلىرىنى يېشىپ تاشلاپ، پاكشىك ئولتۇرۇشۇپتۇ. * شاھزادە يەنە ئۇچۇپ چىقىپ، مەلىكە بىلەن بەخىرامان بىر كېچە قونۇپ، ھاللىشىپ–مۇڭدىشىپ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا يەرگە پاكشىك قايتىپ چۈشۈپتۇ.

**پاكقاي I** سۈپ. قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان، قۇلىقى ئېغىر، ئاڭلىماس، ساغرۇ: بوۋاي ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ بوتكىسىنىڭ ئالدىنى تازىلاش بىلەنلا قالماي، بىزنىڭ دۇكاننىڭ ئالدىنىمۇ پاك–پاكىز تازىلاپ، ئەخلەتلەرنىمۇ توشۇۋېتىدىغان بولۇۋالدى. بۇ ئادەم كور ياكى پاكقايمىكىن!

**پاگقاي II** ئى. ئات، كالا، قوي قاتارلىق سۆگەكلىك هايۋانلارنىڭ كەينى پۇتىنىڭ تىزىدىن ئوشۇقىغىچە بولغان ئىلىك ئۇستىخىنى؛ سۆگىكى: قوي پاگقىيى. ئات پاگقىيى.

**پاگقۇش** سۈپ [پاك+قۇش] كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، ساراڭ قىلىقتىش؛ دۆت، كالۋا، هاگۋاقتى: پاگقۇش ئادەم. * مەن بۇ يەردە ئەتىدىن كەچكىچە قېرى پاگقۇش دادامنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ هالىم قالماي، پۇت ـ قوللىرىم ياغاچتەك قېتىپلا قالدى. * ئادەم قېرىغاندا تازىمۇ پاگقۇش بولۇپ قالىدىكەن.

**پاگگىدە** رەۋ ① «پاك» قىلغان هالدا، «پاك» قىلىپ: مىلتىقتىن «پاگگىدە» ئوق چىقىپ كەتتى. ② كۆچمە. بىردىنلا ئۈن سېلىپ، توساتتىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن: هېلىقى بالا جىلە بولغىنىدىن «پاگگىدە» يىغلىۋەتتى. * دادىسى: ـ بالام، ئەزىمەتجان، سەن بۇ قىلىقىڭنى تۈگەت، ــ دېيىشى بىلەن تەڭ ئەزىمەتجان «پاگگىدە» يىغلاپ كەتتى.

**پاگىلداتماق** «پاگىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەنمۇ باشقىلاردەك بىر دۆڭنىڭ كەينىدە دۈم ياتتىم ـ دە، بەتلەكلىك مىلتىقىمنى پاگىلدىتىپ ئېتىۋەردىم.

**پاگىلدىماق** پ «پاك ـ پاك» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «پاك ـ پاك» قىلماق: دەريانىڭ گاھ ئۇ يېرىدە، گاھ بۇ يېرىدە مىلتىق ئوقى پاگىلداپ تۇراتتى. يېرىم كېچىدە هەممە ياقنى جىمجىتلىق باسقاندا، توساتتىن دەريانىڭ ئۈچ جايىدىن قوشۇنلار نېرىقى تەرەپكە ئۆتۈشكە باشلىدى.

**پال I** (پالى) ئى [ئە] ① كىشىنىڭ ئالقىنىغا قاراش، كىتاب ۋاراقلاش، قارتا ئېچىش تاش ۋە ماياقلارنى يۆتكەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىنى، شۇنىڭدەك كىشىلەر بىلىشكە قىزىققان نەرسە ياكى هادىسىلەرنى ئالدىن ئېيتىپ بېرىدىغان ساختا بېشارەت: پال باقماق. پال سالماق. * پالچى موماي هېلىقى تىزىلغان تاشلارنى يەنە چۇۋۇپ تاشلاپ، ئىككى كۆزىنى يۇمۇۋالغان پېتى ئىككى قولىنىڭ هەممە بارماقلىرىنى هەرىكەتكە كەلتۈرۈپ تاشلارنى يەنە تىزىپ چىقتى. ئاندىن كۆزىنى ئېچىپ، تاشلارغا بىرمەهەل قاراپ تۇرۇپ، پالنىڭ تەبىرىنى يەشتى. ② كۆچمە. بىرەر نەرسە هەققىدىكى تەخمىن، مۆلچەر، پەرەز: ــ هوي، بۇلار راستىنىلا مۇشۇ يەردىكەنغۇ، باقىنىڭ پالى توغرا چىقىپ قالدى، ــ دېدى ئىدرىس ئىشكىتىن كىرىپ كېلىۋېتىپ.

**پال ئاچماق** ⟵ **پال سالماق:** بىر كۈنى مەهەللىمىزگە بىر پالچى پەيدا بولۇپ مېنىڭ ئۆيۈمگە يېقىن جايدا: ــ پال ئاچىمەن، پالغا ئىشەنمە، پالسىز قالما...، ــ دەپ ئۆز تەقدىرىنى بىلگۈسى كەلگەنلەرنى چاقىرىشقا باشلىدى.

**پال باقماق** ⟵ **پال سالماق:** بۇ قانداق كارامەتتۇ؟ دەپ پالچىنى راستتىن ئەۋلىيا ئىكەن، دۇئاسىنى ئالاي دەپ شۇنچە ئىزدىسەم تاپالمىدىم. سۈرۈشتە قىلسام، شۇ كۈنى مەندىن كېيىن يەنە بىر ئادەم پال باقتۇرۇپ، پالچى بوۋاي بىلەن سوقۇشۇپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ سۆرەپتۇ.

**پال سالماق** كىشىنىڭ ئالقىنىغا قاراش، كىتاب ۋاراقلاش، قارتا ئېچىش، تاش ۋە ماياقلارنى يۆتكەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىنى، شۇنىڭدەك كىشىلەر بىلىشكە قىزىققان نەرسە ياكى هادىسىلەرنى ئۆزىچە گويا ئالدىن ئېيتىپ بەرمەك؛ قىياس قىلماق: پالچى، ئەكرەمنىڭ يۈتۈپ كەتكەن كالىسىنىڭ نەدە يۈرۈۋاتقانلىقىغا پال سالدى. * نەزىرە ياغلىقىنى يېشىپ، مومايغا يۈز ـ كۆزىنى كۆرسەتكەندە، موماي: ــ هېچقىسى يوق قىزىم، مەن پال سېلىپ كۆرۈپ، دورىسىنى سىزگە هازىرلا ئېيتىپ بېرىمەن، ــ دېدى ـ دە، ئاندىن ئويۇق بېشىغا ئېلىپ قويغان خالتىدىكى پال تاشلىرىنى كاڭ ئۈستىگە تۆكتى.

**پال II** تەق. قۇياش، يۇلتۇز، چىراغ،

ئوت قاتارلىقلارنىڭ يورۇقلۇق چىقىرىپ يېنىش ھالىتى: ئۆي ئىچىدە بىردىنلا «پال» قىلىپ چىراغ ياندى -دە، يەنە ئۆزىماي «لاپ» قىلىپ ئۆچتى.

**پالاتا I** ئى [ر<لات] بەزى كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردىكى پارلامېنت.

**پالاتا II** ئى [ر<لات] داۋالاش ۋە دەم ئېلىش مۇئەسسەسىلىرىدە بىمارلار ياكى دەم ئالغۇچىلار ياتىدىغان ئالاھىدە بۆلمە؛ خانا، ئۆي، ياتاق: زالدا ئۇ يان، بۇ يان يۈرگەن ئاغرىقلار ئارىلاپ - ئارىلاپ تۇرسۇنقىز ياتقان پالاتىغا بېشىنى تىقىپ، سۇرۇلۇك قارىشىپ قوياتتى.

**پالاتماق** (پا: لاتماق) «پالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پادىشاھ ۋەزىرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ رۇستەمنىڭ سادىر قىلغان گۇناھى ئۈچۈن، ئۇنى ئۈچ يىللىق پالاتتى.

**پالاس I** ئى [پ] ئۇمۇمەن يەرگە، كارىۋاتقا سېلىنىدىغان، يۇڭ ياكى پاختا يىپلىرىدىن توقۇلغان، گىلەم ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم: پالاس سالماق. * داۋۇت ئاكىنىڭ كاڭ سۇپىسىغا بىر چوڭ كونا پالاس ۋە پالاس ئۈستىگە كونىراپ كەتكەن بىر پارچە قارا كىگىز سېلىپ قويۇلغانىدى.

**پالاس II** تەق. ئادەملەرنىڭ مېڭىش ھەرىكىتىنىڭ كېلەڭسىز ھالىتى: ئەختەم پالاسلاپ ئېتىزغا ماڭدى.

**پالاس - پالاس** «پالاس II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قويچى ئالتىنچى ئاي كۈنلىرىدىمۇ يوغان پور جۇۋىسىنى كىيىۋېلىپ، قوي پادىسى ئارقىسىدىن پالاس - پالاس قىلىپ، تىنىماي يۈرەتتى.

**پالاسلاتماق** «پالاسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پالاسلاشماق** «پالاسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەنۋەر بىلەن ئەركىن، پويىز مېڭىشقا ئون بەش مىنۇت قالغاندا پويىزغا ئۈلگۈرەلمەي قالامدىكى دەپ پويىز ئىستانسىسىغا پالاسلىشىپ پىيادە يۈرۈپ كەتتى.

**پالاسلىماق** پ «پالاس - پالاس» قىلغان ھالەتتە ماڭماق: مەنسۇر ئاغا قىرىغىنىدا ئەتىدىن كەچكىچە ئۆي ئىشلىرى بىلەن پالاسلاپ يۈرەتتى.

**پالاشماق** پ. گۆش قاتارلىق نەرسىلەر ئىسسىقتىن بۇزۇلۇپ ئۈستىگە تور باغلاپ كەتمەك.

**پالاق I** ئى [ئە] ① دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرىدىغان ياكى سوراقخانىلاردا گۇناھكارنى ئۇرىدىغان جازا قورالى؛ يېسسى تاياق: پالاق بىلەن ئۇرماق. * يېڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى پالاققا بېسىپ جازالايدىغان كونا مەكتەپكە ئوخشىمايدۇ. ② كېمە، قېيىق، قولۋاقلارنى سۇدا ھەيدەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، سۇغا كىرىپ تۇرىدىغان، ئۇچى يېسسى قىلىپ ياسالغان ياغاچ: قېيىق پالىقى. * كەچ كىرىپ، ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈننىڭ قىزىل شولىسى كۆلگە چۈشۈپ كۆزنى قاماشتۇرۇشقا باشلىغاندا، ئۇلار ئورۇغان قومۇشلىرىنى قېيىققا باستى، يۇك بېسىلغان ئېغىر قېيىق بەك ئاستا مىدىرلايتتى. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن پۈتۈن كۈچى بىلەن پالاق ئۇرۇپ قېيىقنى قىرغاققا ئېلىپ كەلدى. ③ چىۋىن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سىم ياكى يالتىراق توردىن ياسالغان ساپلىق ئەسۋاب: چىۋىن پالىقى. ④ <تەن> تىكتاك توپ قاتارلىقلارنى ئۇرۇش ئۈچۈن ياغاچ ياكى باشقا نەرسىلەردىن مەخسۇس ياسالغان تەنتەربىيە سايمىنى: تىكتاك توپ پالىقى. * پالاق بىلەن تىكتاك توپ ئوينىماق.

**پالاق II** سۈپ. بىخسىغان، بۇزۇلغان، سېسىپ قالغان، كۆكىرىپ قالغان (تۇخۇم ھەققىدە): پالاق تۇخۇم. * ئابدۇۋېلىكامنىڭ «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەن سۆزىگە دىققەت قىلدىڭلارمۇ؟ ئۇ مۇسا دۇكانچى بىلەن پۇتۇشۇپ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھەم قوشنىلىرىنىڭ چۈجە چىقارماي سېسىتىپ قويغان

پالاق تۇخۇملىرىنى يىغىپتۇ ـ دە، مۇساغا ئاپىرىپ ۋەدىسىنى ئورۇنلاپتۇ...

**پالاق III** تەق. يىقىلىش، ئۆرۈلۈش ۋە تېز ھەم تاسادىپىي ھەرىكەتتىن چىقىدىغان ئاۋاز: سۇلايمان ئاتتىن «پالاق» قىلىپ يىقىلىش بىلەنلا داد ـ پەريات كۆتۈردى.

**پالاق ـ پالاق** «پالاق III» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: «پالاق ـ پالاق قىلىپ» چىققان ئاۋاز يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**پالاق ـ پۇلۇق** يىقىلىش، ئۆرۈلۈش ۋە تېز ھەم تاسادىپىي ھەرىكەتتىن چىققان ئاۋاز: پالاق ـ پۇلۇق سۇغا چۈشۈپ كەتمەك. پالاق ـ پۇلۇق يىقىلىپ چۈشمەك. * بالا چىنار ئۈستىدە قورقۇپ كېتىپ، «پالاق ـ پۇلۇق» قىلىپ، چىناردىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

**پالاقچە** ئى ① <زوئول> بېلىقلارنىڭ ھەرىكەت ئورگىنى. ئۇ تىكەنسىمان سۆڭەك ۋە پەردە شەكلىدىكى تىرەپ تۇرغۇچى كۆۋرچەكلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئۇنى ئورۇنلاشقان ئورنىغا قاراپ كۆكرەك پالاقچىسى، قورساق پالاقچىسى، دۈمبە پالاقچىسى، ساغرا پالاقچىسى ۋە قۇيرۇق پالاقچىسى دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ② <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك گۈللىرىنىڭ ئورۇقدانى تۈۋىدە بولىدىغان سۇلۇق ۋە تەڭگىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل قۇرۇلما. سانى ئىككى تال بولۇپ، كىچىك ۋە رەڭسىز كېلىدۇ. ئۇ سۇ سۈمۈرگەندىن كېيىن كۆپۈپ، گۈلنىڭ ئېچىلىشىنى تېزلىتىدۇ.

**پالاقچە پۇتلۇقلار** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر تۈركۈمى، تېنى ئۇزۇن ئۇرچۇق شەكىلدە، تېنىنىڭ ھەممىسىدە قىسقا تۈكچىلىرى بار؛ تۆت ئايىغى قىسقا ھەم كەڭ، شەكلى پالاققا ئوخشايدۇ؛ توپلىشىپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن، دېڭىز ـ ئوكيانلاردا ياشايدۇ؛ بېلىق ۋە قاسىراقلىق ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ دېڭىز پىلى، دېڭىز يىلپىزى قاتارلىقلارمۇ شۇ تۈركۈمگە كىرىدۇ.

**پالاقشتماق** «پالاقشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: روزى باللارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ سەپتىكى مەشىق ۋاقتىدا تۇرغان ئورنىغا كەلدى ـ دە، ئۇزۇن يەڭلىرىنى پالاقشىتىپ تەنھەرىكەت ئويناشقا باشلىدى. * مۇشۇكياپىلاق ئىختىيارسىز قاناتلىرىنى پالاقشىتىپ ئۇچتى.

**پالاقشىماق** پ ① پالاقلىغان ئاۋاز چىقارماق، پالاقلىماق: ھەر كۈنى دەرس باشلانغاندا ئىشىك ئالدىدا پالاقشىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى ـ دە، ئارقىدىنلا روزى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىپ كېلەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدا پىخىلدىغان كۈلكە پەيدا بولاتتى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنىڭ كويىدا يۈرمەك، ئۇنىڭ يولىدا ھەرىكەت قىلماق: ئۇزۇن تۆمۈر خادىغا كەپشەرلەتكەن ئاي يۇلتۇزنى ئەتراپىدىكى كورپۇسلاردىن ئېگىز قىلىپ ئورنىتىش ئۈچۈن غەيرەت بىر ياز پالاقشىدى. * داۋۇت بىلەن سادىق كونا ساۋاقداشلار ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن سادىق ئالىي مەكتەپكە كەتتى. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن داۋۇت بىرەر يىل پالاقشىپ يۈرۈپ قىسقا مۇددەتلىك كۇرستا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

**پالاقىدە** رەۋ «پالاق» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «پالاق» قىلىپ: كىتاب پالاقىدە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. * مەھەللىگە ئاز قالغاندا، ئالدىدا كېتىۋاتقان ھىمىت توساتتىن «پالاقىدە» يىقىلىپ چۈشتى، چېلەكدىكى سۇ پۈتۈنلەي تۆكۈلدى.

**پالاقلاتقۇزماق** «پالاقلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز شەھەرگە كېلىۋاتقىنىمىزدا يول بويىدىكى ئۆزۈملۈك ھويلىدا بىر توپ ئۇششاق باللار قانىتى بوغۇچلانغان كەپتەرلەرنى پالاقلاتقۇزۇپ ئويناۋاتاتتى.

**پالاقلاتقۇزۇلماق** «پالاقلاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پالاقلاتماق** «پالاقلىماق» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى: خوراز قانىتىنى پالاقلاتتى. * دىلنۇر ھېيت تەييارلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن كىگىز ـ گىلەملىرىنى پالاقلىتىپ قېقىۋاتاتتى.

**پالاقلاشماق** «پالاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆمـ ـلۈك دەرىجىسى: قىز چاچلىداپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بوم لېكىن جاراڭلىق كۈلكىسىدىن پېشايۋان لىمىدا تۇمشۇقىنى قانىتىغا تىقىپ ئۈيـقۇدا ياتقان كەپتەرلەر ئۈركۈشۈپ پالاقلاشتى.

**پالاقلىماق** پ ① «پالاق ـ پالاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋىدى، كاتەك تەرەپتىن توخۇلارنىڭ پالاقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. * قۇرغۇيۇم پالاقلايدۇ، كىمنىڭ بېغىدا پاختەك. يار ئۆزىنى ماختايدۇ، ئالەمدە كىشى يوقتەك. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنىڭ كوّيىدا يۈرمەك، ھەرىكەت قىلماق، غېمىنى يېمەك، ئىزدەنـ ـمەك: نىزامىدىن كولـلېكتىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇدا بىر يىل پالاقلاپ يۈردى. * مېھرىبانەم مىڭ پالاقلىغان بىلەن قۇچاقتا بالىسى تۇرسا، قانچىلىك ئىش قىلالايدۇ.

**پالاقمان** ئى. دىال. كامالەك، ياي.

**پالاكەت** [ئە] ① ئى. كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىدىن، ئىرادىسىدىن تاشقىرى؛ ئۇشتۇمتۇت، كۈتۈلمىگەندە يۈز بېرىدىغان كۆڭۈلسىز ھادىسە؛ بەختسىزلىك؛ بالا ـ قازا؛ ئاپەت: پالاكەت باسماق. * خۇشال بولغاندا كۆزگە پالاكەت كۆرۈنمەس (ماقال). * ئېلىغا كەلگەن پالاكەت ئېلىنىڭ بەدىنىنى نابۇت قىلىش بىلەنلا توختىمىدى، ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى، غايىسىنى، غايە ئۈچۈن تۈزگەن پىلانلىرىنى كاردىن چىقاردى. ② سۈپ. كۆچمە. چاققان ئەمەس، لەقۋا، لايغەزەل، ئېپى يوق؛ كېلەڭسىز: ئايۇپ ئاكىنىڭ ئوغۇللىرى پۈتۈن ـ تىرىك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمما پالاكەترەك يىگىتلەردىن ئىدى. * — ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن بۇرادەر، — دېدى نەسىردىن زىياغا، — راستىنلا پالاكەت نېمە ئىكەنسەن. بولمىسا، ئۈچ كۈندىن بېرى مۇشۇنچىلىك ئىشنى قىلالمىدىم دەپ كەلگىنىڭ نېمىسى؟

**پالاكەت باسماق** ئىختىيارسىز ھالدا خېيىم ـ خەتەرگە، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماق؛ نەس باسماق: پالاكەت باسسا ئەسكى تامدا ئۆلۈك ئۇچرىشىدۇ (ماقال). * ئاتام ماڭا: — بالام، ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ دۇنيا ھەرىكەتسىز باقمىدىغان ئەمەس، ئادەم بالىسىغا ئۈچ قېتىم ئامەت كېلىپ، ئۈچ قېتىم پالاكەت باسىدۇ، — دېگەنىدى.

**پالاكەتچىلىك** ئى. پالاكەت باسقان، پالاكەتكە يولۇققان ھالەت؛ پېشكەللىك، نەسلىك، بەختسىزلىك: ئۇنىڭ ئالدىدا خالىق تۇراتتى، ئۇ قايسىبىر باشلىقنىڭ قېشىدىن قايتىۋېتىپ بۇ پالاكەتچىلىك ئۈستىگە كېلىپ قالغانىدى.

**پالاكەتلەشتۈرمەك** «پالاكەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ پۇتىغا كىيگەن پىيمىسى ھۆلچىلىكتە نەملىـ ـشىپ ئېغىرلاشقانسېرى ئۇنى پالاكەتلەشتۈرۈپ، مېڭىش ـ تۇرۇشى قىيىنلاشتى.

**پالاكەتلەشتۈرۈلمەك** «پالاكەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پالاكەتلەشمەك** پ. لەقۋا، لايغەزەل، كېلەڭسىز ھالەتكە كېلىپ قالماق: پاتقاق يولدا ماڭغانسېرى پالاكەتلىشىپ، پۇتۇمنى تەستە سۆرەپ كېلىۋاتاتتىم.

**پالاكەتلىك** سۈپ. پالاكەتى بار، پالاكەت باسقان، پالاكەتكە يولۇققان: قاسىم خۇدا ئۇرغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، يۈرىكى «ۋاژژىدە» كۆيدى. ئۇ بۇ پالاكەتلىك دەۋانى قەيەرگە بېرىپ ئېيتالىسۇن؟ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېچىلەپ مەھەللىسىگە قايتىپ كەلدى.

**پالاكەتلىك قىلماق** كېلەڭسىزلىك قىلماق، قولاشمىغان ھالدا ھەرىكەت قىلماق: كەپتەر باچكىسى سۇپىنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالدى ـ دە، ئۆزىنى باشقۇرالماي پالاكەتلىك قىلىپ پەگاھقا يىقىلىپ چۈشتى.

**پالاڭ** ئى. بۇغداي، ئارپا، شال قاتارلىق سامان غوللۇق زىرائەتلەرنىڭ يانچىلغان، لېكىن سامانغا ئايلانمىغان غولى؛ پاخال.

www.uyghurkitap.com

شال پالىڭى. * تاشماق پەگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆنكە مەشكە بىر ئېتەك پالاڭ بىلەن مەدەكىنى تىقتى ـ دە، گۈركىرىتىپ ياندۇرۇۋەتتى.

**پالان** [ئە] سۆزلىگۈچىگە نامەلۇم بولغان ئادەم، نەرسىلەرنىڭ كىملىكى، نېمىلىكى، قانچىلىكى، قانداقلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئېنىقسىزلىق ئالمىشى رولىدا كېلىدۇ: پالان ئادەم. پالان كۈن. پالان ۋاقىتتا. پالان نەرسە. پالان جاي. * بىر ئۆتكۈنچى سودىگەر: — ھاي ـ ھاي بۇرادەر، سەن ھېلىقى پالان شەھەرنىڭ ھاكىمى ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا ئەمدى كاللىپەزنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپسەنغۇ، — دەپ سوراپتۇ.

**پالان ـ پۇستان** ئۇ ـ بۇ، ئۇنداق ـ مۇنداق: زۇنۇن: — ئاغىنە «پالان ـ پۇستان»نى قوي ئەمدى. ئوشۇق گەپنىڭ پايدىسى يوق. مۇشۇنىڭ بىلەن ياخشىلىشىپ قېلىڭلار، — دەپ نەسىردىنگە نەسىھەت قىلدى.

**پالان ـ پوكۇن** ← **پالان ـ پۇستان:** ھازىر بەزىلەر پالان ـ پوكۇننى يوقىتىمىز دەۋاتىدۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەك، بۇ، نۆۋەتتىكى كۆرەشتە ئەھۋالنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىزنىڭ ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرىدۇ.

**پالان ـ پۇستان دېيىشمەك** بىر ـ بىرى بىلەن ئېيتىشىپ، ياخشى ـ يامان، سەن ـ پەن دېيىشىپ قالماق: بىز ئاغا ـ ئىنى ئىككىمىز ھېچقاچان پالان ـ پۇستان دېيىشىپ باقمىدۇق.

**پالانچى** ئال. بىراۋنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئاتىمىغان شارائىتتا شۇ ئىسمىنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ: مەن تالىپتىن: — سىز بۇ ئىشنى كىمنىڭ مەسلىھىتى بىلەن قىلدىڭىز، — دەپ سورىسام، ئۇ ھەرگىز «پالانچىنىڭ» دېمىدى.

**پالانچى ـ پەمدىمانچى** ← **پالانچى ـ پۇستانچى.**

**پالانچى ـ پوكۇنچى** ← **پالانچى ـ پۇستانچى.**

**پالانچى ـ پۇستانچى** ① سۆزلىگۈچى ئېيتماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاشنى خالىمىغان ياكى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىلمىگەن شارائىتتا شۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: سەن، پالانچى ـ پۇستانچىلار كېلىدۇ، دېيىدىڭ، كەلمىدىغۇ؟ ② سۆزلىگۈچى ئېيتىشنى ئەپ كۆرمىگەن ھاقارەت سۆزلىرى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: ئۇ گەرچە سېنى ھۇ «پالانچى ـ پۇستانچى» دەپ تىللاپ كەتسىمۇ قۇلىقىڭنى يوپۇرۇپ كېتىۋەرسەڭ، جېدەل چىقمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولما، چۈنكى، پوققا چالما ئاتسا، يۈزىگە چاچرايدۇ.

**پالاندى** سۈپ ① چەت، ياقا يۇرتلارغا مەجبۇرىي ئەۋەتىلگەن، پالانغان، سۈرگۈن قىلىنغان؛ سۈرگۈن: خەلچىخان ئايلا لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ لۈكچۈن ۋاڭلىقى تەرىپىدىن نەگىدۇ بىر يەرگە پالاندى قىلىندى. * كۆرەلمىدىم سېنى تالاي يىل، دىلنى ئۆرتىدى سېغىنىش، قاقشاش. پالاندى بولۇپ يۈردۈم چۆلدىمۇ، لاچىن سوققان توشقانغا ئوخشاش. ② تىل ھا. باشقا يۇرتتىن كەلگەن كىشىلەرنى كەمسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ماۋۇ ماموت پالاندى بەش كۈن بولماستىن ھومىيىدىغان بولۇۋالدىغۇ؟

**پالانماق** «پالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سادىر پالۋان خەلق ئارزۇسىنى يۈرەككە تېگىپ، مانجۇ زالىملىرىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن ئۈچ قېتىم زىندانغا تاشلاندى، قۇمۇلغا پالاندى. * سادىر دەپ ئېتىم يامان، ئون بەش ياشتا ئاتالغان. دەسلەپتە تۇتۇلغاندا قۇمۇل خانغا پالانغان.

**پالانى** ئال. ئادەم نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئاتىمىغان شارائىتتا ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: پالانى ئادەم. پالانى جاي. پالانى نەرسە. * تۇغقانلار بىز پالانى كەلمىدى، ئۇ پالانى كۈنى پالانى نەرسىنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى، دېگەن گەپلەرنى قويۇپ، مۇشۇ مەسىلە

ھەققىدە ئۆزىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولسا، ئېيتساق، ئۇنىڭدىن كېيىن پالانى-پۇستانىلار ھەققىدىكى گەپمۇ قىچىپ كەتمەيدۇ.

**پالانى-پەمدىمانى** ← **پالانى-پۇستانى:** ئۇكام، سەن-مەن، پالانى-پەمدىمانى دېيىشىپ ئولتۇرمايلا، سودا دېگەننى كېسىپ بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى، قانداق، مېترى توققۇز كويدىن يۈز مېترنى يىرتامسەن؟

**پالانى-پوكۇنى** ← **پالانى-پۇستانى.**

**پالانى-پۇستانى** سۆزلىگۈچى ئېيتماقچى بولغان ئادەم ياكى نەرسىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشمىغان شارائىتتا شۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**پاله** ئى [خەن] ← **جەرىمانە.**

**پاله قويماق** ← **جەرىمانە قويماق.**

**پالەچ** ئى [ئە] ① <تب> بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا، نېرۋا خىزمىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، بەدەننىڭ بىر قىسمى ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ھالدا مەھرۇم بولىدۇ. ② كۆچمە. بىرەر ئىش، خىزمەت يۈرۈشمىگەن، توختاپ قالغان؛ پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، ئاقساپ قالغان ھالەت: خىزمەت پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالماق. * ھازىر بەزى جايلاردا رەھبەرلىك بوششىپ قالغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش دۇيى ئاپپاراتى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسى پالەچ ۋە يېرىم پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدىغان كىشى بولماي قالدى.

**پالەچ بولماق** ① <تب> نېرۋا خىزمىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، بەدەننىڭ بىر قىسمى ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي قالماق: خەلىچىخاننىڭ ئىككىلا پۇتى پالەچ بولغانلىقتىن تۆت يىلدىن بېرى يېرىم جان ھالەتتە ئوچاقنىڭ ئالدىدا يېتىپ، بايرام كۈنلىرى رومان ئوقۇپ، باشقا كۈنلىرى پايپاق توقۇيتتى. ② كۆچمە. بىرەر ئىش، خىزمەت يۈرۈشمەي پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالماق، توختاپ قالماق: رەھبەرلىك ئىدارە خىزمەتلىرىگە بولغان رەھبەرلىكنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئىدارە خىزمەتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

**پالەچ قىلماق** ① نېرۋا خىزمىتىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىپ، بەدەننىڭ بىر قىسمىنى ياكى پۈتۈنلەي كاردىن چىقارماق، ئىشلىمەس قىلىپ قويماق: جادۇگەر سېھىر بىلەن يىگىتنىڭ ئەزالىرىنى تامامەن پالەچ قىلىپ قويۇپتۇ، پۇتى باسمايدىكەن، قولى تۇتمايدىكەن، كۆزى كۆرمەيدىكەن، تېنى سەزمەيدىكەن. ② كۆچمە. بىرەر ئىش ۋە خىزمەتلەرنى پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويماق، ئاقسىتىپ قويماق، توختىتىپ قويماق: ئۇ چاغلاردا كوللېكتىپ ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ كەلگەن نۇرغۇن پېشقەدەم دۇي كادىرلىرى پالەچ قىلىپ قويۇلغان چاغلار ئىدى. * مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ قالايمىقانچىلىقى مائارىپنى پالەچ قىلىپ قويدى.

**پالەچلەنمەك** پ. پالەچ ھالەتكە كېلىپ قالماق؛ ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن قالماق: يولدىشى مەمەت ئېلىنىڭ بوش ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەرھابا ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، بېلىنىڭ تۆۋىنى پالەچلەنگەن مەمەت ئېلىنى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، ئاۋايلاپ بىر تەرەپكە ئۆرۈپ قويدى. بۇ چەكسىز مېھرىبانلىقتىن يۈرىكى سۆيۈنگەن مەمەت ئېلى كۆزىگە غىلىلدە ياش ئالدى.

**پالەچلىك** «پالەچ» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كېسەلنى پالەچلىكتىن قۇتقۇزۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ، قېتىرقىنىپ داۋالاشتىن ئىبارەت. * ئىدارىمىز خىزمەتلىرىنىڭ چۇۋالچاقلىق، پالەچلىك ھالىتىنى چوقۇم ئۆزگەرتەيلى.

**پالەك** ئى <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى سەل-پەل ئۈچ بۇرجەك؛ يىلتىزى سەل قىزىل كېلىدۇ؛ ئوتياش ئورنىدا ئوموميۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ.

**پالەكلىك** ئى. پالەك ئۆستۈرۈلىدىغان جاي.

**پال-پال** «پال I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مۇشۇك چاشقان ئۇۋىسىنىڭ تۆشۈكىگە كۆزىنى «پال - پال» قىلىپ قاراپ تۇراتتى.

**پالپال** سۈپ. پارقىراق، پالتىراق: تېشى پالپال، ئىچى غالغال (ماقال). * ئۆزەڭگە باقماي تېخى مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن، پالپال كۆز! — دېدى تىيىنمۇ بوش كەلمەي، — ئاۋۇ دىڭگىيىپ تۇرغان سەت بۇرۇتۇڭغا قاراپ باقمىنا نېمىدېگەن كۈلكىلىك!

**پال-پۇل** پالتىراپ، يورۇق چىقىرىپ تۇرغان ھالەت: ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇ يەر، بۇ يەر «پال - پۇل» قىلىپ تۇرغان يېشىل چىراغدەك بىرنېمىلەر كۆرۈندى. بۇ ئۇنىڭ ئېسىگە كىچىك ۋاقتىنى كەلتۈردى. * ساۋۇتجان سادەتنىڭ كارىۋىتىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە يانچۇقىدىن «پال - پۇل» قەغەزلىك پاپىرۇستىن بىرنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى. * ئەلۋەك سوپىنىڭ گۆشلۈك بۇرۇن ۋە سالپىيىپ چۈشكەن ئېڭەكلىرى تارتىشىپ كەتتى. چەكچەيگەن كۆزلىرى «پال - پۇل» قىلاتتى.

**پالتا** ئى. ياغاچ ماتېرىياللىرىنى كېسىش، ئوتۇن يېرىش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ ياكى تۆمۈر ساپلىق چۈلدىسى بار، تىغلىق سايمان: ئاي پالتا. * ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپماق (ماقال). * پالتا چۈشكۈچە كۆتەك دەم ئاپتۇ (ماقال).

**پالتا سېپى تەگمەك** ← **سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى تەگمەك.**

**پالتا-كەكىسىنى قاقتۇرماق** قىلمەن دېگەن ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىگەندىن كېيىن شۇ ئىشنى قىلىشتىن توختاپ قالماق، قىلغان ئىشلىرى بىكار كەتمەك: ئويلاپ ئىش قىل دېسەم ئۇنىماي كەينىدىن پالاقلىدىڭ، قانداق؟ ئەمدىغۇ پالتا، كەكەڭنى قاقتۇرۇپ تۇرغانسەن؟

**پاتۇس** ئى [لات] <زوئول> بىلىق، تېنى ياپىلاق، شەكلى يوپۇرماققا ئوخشايدۇ، ئۇزۇن ئېلىلىپىس شەكلىدە بولۇپ، ئۇششاق تەڭگىچىلىرى بار؛ سول يان تەرىپىدە بېغىر رەڭ قارا سەپكۈنلىرى بولىدۇ، ئوڭ تەرىپى ئاق رەڭلىك؛ ئىككى كۆزى سول تەرەپتە بولىدۇ؛ ئېغىزى چوڭ، چىشى ئۇچلۇق ۋە ئۆتكۈر كېلىدۇ؛ دېڭىزنىڭ تېيىز يېرىدە ياشايدۇ؛ دېڭىز ئاستىدا ئوڭ تەرىپىنى تۆۋەن قىلىپ ياتىدۇ؛ كىچىك ھايۋانلارنى تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدۇ.

**پالتۇك** ئى. دىئال ① پەگاھنىڭ بىر چېتى. ② ئۆي ئىشىكىدىن سۇپىغىچە بولغان پەس جاي.

**پالچى** ئى <دىن> پال ئېچىش، پال سېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخس؛ پال باقىدىغان ئادەم: بىركۈنى مەھەللىمىزگە بىر پالچى پەيدا بولۇپ مېنىڭ ئۆيۈمگە يېقىن جايدا «پال ئاچىمەن، پالغا ئىشەنمە، پالسىز قالما...» دەپ ئۆز تەقدىرىنى بىلگۈسى كەلگەنلەرنى چاقىرىشقا باشلىدى.

**پالچىق** ئى ① سۇ يىغىلىپ قالغان جايلاردىكى پاتقاق، سۇيۇق لاي. ② ئات-ئۇلاغ ياكى پىيادىلەر كېچىپ ئۆتىدىغان سۇ بار كېچىك: ئېرىق، ئۆستەڭ.

**پالچىلىق** ئى. پال ئېچىش، پال سېلىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى، پال ئېچىش ئىشى: پالچىلىق قىلماق.

**پالچىلىق قىلماق** پال ئېچىش، پال سېلىش بىلەن شۇغۇللانماق؛ پال ئېچىشنى كەسىپ قىلماق: موللازەيدىن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتلارغا بارغاندىن كېيىن جان بېقىش يۈزىسىدىن، دىندار قېرى ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئاخىرى پالچىلىق قىلدى.

**پالسىز** سۈپ. پال سالدۇرماي، پالغا ئىشەنمەي، پالنى كېرەك قىلماي: پالسىز يۈرمە، پالغا ئىشەنمە (ماقال).

**پالشوپكا** ئى [ر] قايرىما ياقىلىق، ئۇزۇنلۇقى كاسىنى بېسىپ تۇرىدىغان تاشقى كىيىم؛ قىسقا پەلتو.

**پالقان** ئى. دىئال. ئاياغنىڭ سوڭىغا ئورنىتىلغان قەلەي.

**پالكۆز** سۈپ [پال + كۆز] چانىقى كەڭ، پولتىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان كۆز: سادىقنىڭ پالكۆزلىرى ھەمىشەم بىرلا نۇقتىغا قاراپ تۇراتتى. * ھاشىم سىپايىلىك بىلەن بىر پالكۆز يىگىتكە قاراپ تۇرۇپ: — سەن ھېلىقى مىخ قېقىلغان چومىقىڭنى ئېلىپ كەل، چوڭلار تام ياقىلىرىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇڭلار، ماۋۇ ئۇششاق باللار ئاۋۋال بېرىپ تاش ئاتسۇن، — دېدى.

**پالكۆز بېلىق** <زوئول> ئالتۇن بېلىقنىڭ بىر سورتى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى ناھايىتى چوڭ، كۆزى سىرتىغا پولتىيىپ چىققان بولۇپ، قورساق قىسمى چوڭ، قۇيرۇق پالاقچىسى ئالاھىدە چوڭ كېلىدۇ.

**پاللادىي** ئى [ر<گرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Pd (Palladium)؛ كۈمۈشتەك ئاق، گازلارنى سۈمۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، بولۇپمۇ ھىدروگېننى سۈمۈرىدۇ، ساپ ھىدروگېن ئېلىشتا سۈمۈرگۈچى قىلىنىدۇ؛ يەنە «كاتالىزاتور»مۇ قىلىنىدۇ. پاللادىي قېتىشمىسى چىشنى داۋالاش ماتېرىيالى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى قىلىنىدۇ.

**پاللاس** ئى [ر] ← **پاللاس بېلىق.**

**پاللاس بېلىق** <زوئول> بېلىق، تېنى ياپىلاق ھەم ئۇزۇن، دۈمبە تەرىپى قارامتۇل، ئىككى يان تەرىپى ئاقۇچ مايىل يېشىل رەڭلىك، يان سىزىقلىرى يوق، دېڭىزدا ياشايدۇ، مۇھىم ئىقتىسادىي بېلىقلار ھېسابلىنىدۇ.

**پاللدە** رەۋ «پال» قىلغان ھالدا، «پال» قىلىپ: ھاشىمجان بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تەمشىلىشىگە زەينەپخان چوڭ ئانىنىڭ ئۆيىدە «پاللدە» قىلىپ چىراغ ياندى. * موماي بىر - بىرىگە جۈپلەنگەن كىرپىكلىرىنى ئېچىۋىدى، گويا قاراڭغۇ ئۆيدە بىردىنلا ئېلېكتىر چىرىغى يېقىلغاندەك، ئىككى كۆزى «پاللدە» يورۇپ كەتتى.

**پالما** ئى [ر<ئىنگ] ← **پالما دەرىخى.**

**پالما ئائىلىسى** <بوت> تاق يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇنىڭغا دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ ياكى چاتقال ۋە ئاز بىر قىسىم پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر كىرىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى تۈز ۋە بەزىدە ناھايىتى قىسقا ئۆسىدۇ: يوپۇرمىقى چوڭ ۋە نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ، پەيسىمان ياكى بارماقسىمان يېرىلغان بولىدۇ؛ گۈلى كىچىك ھەم ئاچ يېشىل رەڭدە كېلىدۇ ۋە كونۇسسىمان ياكى باشاقسىمان گۈل رېتىدە تىزىلغان بولىدۇ؛ مېۋىسى شىرنىلىك ياكى ئۇچكىلىك كېلىدۇ. مەسىلەن: پالما دەرىخى، پالما بامبۇكى، ماي پالمىسى، كوكوس پالمىسى، ھاراق پالمىسى، يەلپۈگۈچ پالمىسى، سېپارى، ئالتىنيارسىيە قاتارلىقلار. بۇ ئۆسۈملۈكلەر ئىسسىق ۋە مۆتىدىل ئىسسىق بەلباغقا كەڭ تارقالغان، دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىي ۋە تەيۋەن ئۆلكىسىدىمۇ تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**پالما بامبۇكى** <بوت> پالما ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال، غولىنىڭ سىرتىدا تورسىمان تالا غىلىپى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئالقانسىمان چوڭقۇر يېرىلغان؛ گۈلى سۇس سېرىق، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ؛ غولى ئىنچىكە ھەم قاتتىق بولۇپ ھاسا، كۈنلۈك سېپى قاتارلىقلارنى ياساشقا بولىدۇ.

**پالما تالاسى** <بوت> پالما دەرىخى يوپۇرماق غىلىپىنىڭ تالاسى. ئۇ دەرەخ غولىنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرىدۇ، رەڭگى قىزغۇچ

www.uyghurkitap.com

قۇڭۇر؛ يامغۇرلۇق، ئارغامچا، چوتىكا قاتارلىقلارنى ياساشقا بولىدۇ.

**پالما دەرىخى** <بوت> پالما ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ، غولى سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ شاخلانمايدۇ؛ يوپۇرمىقى چوڭ، ئۇزۇن ساپاقلىق، ئالقانسىمان چوڭقۇر يېرىلغان، ياپراقلىرى تۈمۈنە شەكلىدە كېلىدۇ؛ گۈلى سېرىق، ئاتلىق، ئانىلىقلىرى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ؛ ئۇچكىلىك مېۋىسى ئۇزۇن ۋە يۇملاق كېلىدۇ؛ ياغىچىدىن سايمان ياساشقا بولىدۇ.

**پالما مەرىزى** <بوت> زەمبۇرۇغلارنىڭ بىر تۈرى، قارىغاي يىلتىزىدا پارازىت ياشايدۇ، شەكلى تاتلىق ياڭيوغا ئوخشايدۇ، سىرتقى پوستى قارا قوڭۇر رەڭلىك، ئىچى ئاق ياكى هال رەڭ بولىدۇ؛ تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، سۈيدۈك هەيدەش، تىنچلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**پالمىتىن** ئى [لات] ⟵ **پالمىتىن كىسلاتا.**

**پالمىتىن كىسلاتا** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_{15}H_{31}COOH$، رەڭسىز كرىستال جىسىم؛ هايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك مايلىرى تەركىبىدە ئۇچرايدۇ؛ شام، سوپۇن، سىلىقلاش مېيى قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**پالمىزارلىق** ئى ⟵ **پالملىق.**

**پالملىق** ئى. پالما دەرىخى كۆپ ئۆسكەن جاي، پالما دەرىخى بىلەن قاپلانغان يەر.

**پالنامە** ئى [ئە+پ] <دىن> پال سېلىش، پال ئېچىش قائىدىلىرى يېزىلغان مەخسۇس قوللانما، كىتاب: نەزىرە بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن بۇ ئۆيگە بىر قېتىم كەلگىنى ئۈچۈن، بۇ نۆۋەت هېچكىمنى باشلاتقۇزماي، ئۆزى يالغۇز كېلىۋەردى. بېشىغا ئاق لېچەك ئارتىۋالغان رەمچى موماي ئۆيىدە يالغۇز «پالنامە» ئوقۇپ ئولتۇرغانىدى.

**پالوپا** سۆپ. دىئال. ئاقساپ ماڭىدىغان، تولا پۇتلىشىدىغان؛ پۇتلاشقاق.

**پالۋان** [پ] ① ئى. جىسمانىي جەهەتتىن كۈچلۈك، بەقۇۋۋەت، جەسۇر؛ باتۇر كىشى: يۈگەنسىز ئاتنى پالۋان مىنسۇن (ماقال). *مۇختار: — مەن بىر جەڭچى، پالۋانمەن، مەن هازىر بوز دۆڭگە قاراپ ئاتلىنىمەن. هېلى سىلەر ئوقۇغان خەت شائىرنىڭ جەڭ پەرمانى، مۇشۇ پەرمان بويىچە تاغدا جەڭ باشلايمەن، — دېدى. ② سۆپ. جەڭدە، چېلىشتا زور كۈچ كۆرسىتىپ باتۇر دەپ ئاتالغان: پالۋان يىگىت. ③ سۆپ. قارىغا ئېتىشقا، چەنلەشكە ماهىر؛ مەرگەن: خوجىنىياز پالۋان ياقۇپ ياساۋۇلنى قوغلىدى. ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ، هە دەپ ئوق چىقىراتتى.

**پالۋانلارچە** رەۋ پالۋانلارغا خاس، پالۋانلارغا ئوخشاش، پالۋانلاردەك: پالۋانلارچە جەڭ قىلماق.

**پالۋانلىق** «پالۋان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بەستىدىن پالۋانلىق چىقىپ تۇرىدىغان گەۋدىلىك بىر ئوتتۇرا ئەترەت كوماندىرى: — بىزنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن كەلگەن خۇلاسىمىز مۇنداق: هەربىر دۈينىڭ رازۋېتكا ئىشى ئۆز ئالدىغا بولمىسا قاملاشمايدىكەن، — دېدى.

**پالېئونتولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <بىئول> گېئولوگىيىلىك تارىخىي دەۋرلەردىكى جانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، تۈرلەرگە بۆلۈنۈش، ئۆزگىرىش ۋە تارقىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم. ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى جانلىقلارنىڭ يەر قاتلاملىرىدا، ساقلىنىپ قالغان ئىز، جەسەتلىرى ۋە تاشقا ئايلانغان قالدۇقلىرىدىن ئىبارەت.

**پالىلداتقۇزماق** «پالىلدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پالىلداتقۇزۇلماق** «پالىلداتقۇزماق» پېئىل-

لىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پالىلداتماق** «پالىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چاشقان تۆشۈكىگە كۆزىنى پالىلدىتىپ قاراپ تۇرغان مۈشۈك ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن ئاڭلانغان قاتتىق جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەينىگە قاردى.

**پالىلداشماق** «پالىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئايدىڭ كېچە، ئاسمان چېھرىسىدىكى تۇركۇم - تۇركۇم يۇلتۇزلار پالىلدىشاتتى. بۇ ئاكاتسىيەلەردىن چۈشكەن ئالا - بۇلا كۆلەڭگىلەر يەردە تىترىشەتتى.

**پالىلدىماق** پ «پال - پال» قىلىپ ياناماق، «پال - پال» قىلماق، يالتىرىماق: شىمالىي مېھمانخانا يېنىدا تۇرغان ئاتلىق ساقچىلار بىردىنلا ئات يۈگۈرۈتۈپ كېلىشتى ھەم ئۇلارنىڭ بىسى كەڭ قىلىچلىرى پالىلدىدى. * ئەخمەتجان قاسىمى بولسا خەلقىمىز ئىچىدىن خۇددى قاراڭغۇدا پالىلداپ كۆرۈنگەن چاقماقتەك نۇرلىنىپ چىققان خەلقنىڭ قىممەتلىك دوستى ۋە ھەقىقىي رەھبىرى ئىدى. ئۇنىڭ تېخى خەلق ئۈچۈن قىلىدىغان خىزمىتى، سۆزلەيدىغان سۆزلىرى ناھايىتى جىق ئىدى.

**پالىماق** پ ← **سۇرگۈن قىلماق:** خانلەشكەرلىرى خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېھقانلاردىن ساق قالغان ئون مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى زىمىستان قىشتا ئىلىغا پالىدى. * كەلدى يېتىپ تۆت مانجۇ، قىلىچىنى ئوينىتاتتى. ھېكىم بەگ سوراپ قويسا، ئۆلتۈرمەيتتى پالايتتى!

**پالىنولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <بوت> بوتانىكىنىڭ بىر تارمىقى، قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سپورىسى ۋە گۈل چېڭىنىڭ ھالىتى، يېيىلىشى، تۈرگە بۆلۈنۈشى، ئۆزگىرىشى، گېئولوگىيىلىك ۋە جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى جەھەتلەردىكى قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**پامپا** ئى. دىئال. ئاختارمىلىقتىكى يوغان چالما؛ داڭگال.

**پامدۇر** (توغرىسى: پەمدۇر) ← **پەمدۇر.**

**پانا** ئى. ياغاچتىن ياسالغان نەرسىلەرنىڭ ئاراچىلىرىغا قېقىلىپ، چىڭىتىش رولىنى ئوينايدىغان ياكى بىرەر نەرسىنى يېرىش ۋە ئاجرىتىشتا ئارىلىقىغا قىستۇرۇلىدىغان، ياغاچ ياكى تۆمۈردىن ئىشلىنىدىغان ياپىلاق سايمان؛ چوڭ شىنا: پانا قاقماق.

**پانار** ئى [ر] يورۇتۇش نۇقتىسى يەنى ئوتى، شىشە بىلەن ئورالغان چىراغ: ھۆسەن ئاكا سۆز - ھەرىكەتلىرىدە قوپال بولغىنى بىلەن قولى ئەپلىك ئىدى. «شتاب»قا قاراۋۇللۇق قىلغاندىن بېرى نەدىندۇر بىر پانار تاپتى. * ئوقۇغۇچىلارنى ئۈزىتىپ قويۇپ، لۈتپۇللا يەنە پانار يورۇقىدا يېزىشنى داۋاملاشتۇردى.

**پانار يېغى** دىئال. كىرسىن.

**پاناق** سۇپ. بۇرۇن كۆمۈرچىكى تەرەققىي قىلمىغان، بۇرنى پەس، قاڭشارسىز: ئۇنىڭ قىسقا ۋە پاناق بۇرنىمۇ، چوڭقۇرراق قورۇققا ئوخشاپ قالغان قىيغاچ كۆزلىرىمۇ كۈلۈمسىرەش بىلەن تەڭ يوقىلىپ، ئۇنىڭ يۈزى كۆندە قورۇلۇپ قالغان خام قاپاققا ئوخشاپ قالدى.

**پاناھ** (پاناھى) [پ] ① ئى. ئۆز ھىمايىسىدە ساقلىغۇچى، قوغدىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى: روزى ئاخۇن بوۋاي: — دۇرۇس، دۇرۇس، ئەزالارنىڭ قۇلىقى بىزدە، كۆزى بىزدە، كىچىك بالا ئانىسىدىن پاناھ تىلىگەندەك ئەزالار بىزنى ئۆزلىرىگە پاناھ بولىدۇ دەپ ئۈمىد كۈتمەكتە، — دېدى. * ئۇ ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ، يەنىلا چىڭ تۇرۇش، يولداشلارنى تېپىش، تەشكىلنى تېپىش قارارىغا كەلدى... دۇرۇس، پارتىيىنى تاپقاندىلا پاناھ تېپىلىدۇ، ئىشەنچ تۇغۇلىدۇ... ② ئى. كۆچمە. ھىمايە، ھامىيلىق: ئانا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: — ئى ئاللا، ئوغلۇمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! — دەپ ياش تۆكۈپ دۇئا قىلدى. ③ سۇپ. ساقلىنىشقا بولىدىغان، خالىي: پاناھ جاي. * بىرەر پاناھ جاي تېپىپ بىر ئاخشام ئۇخلىۋالسام، يەنە بىرمەزگىللىك

www.uyghurkitap.com

مادار تاپاتتىم. ④ ئى. ھىمايە، پاناھ تېپىش مۇمكىن بولغان جاي: پاناھ تاپماق.

**پاناھ بولماق** ① ئۆز ھىمايىسىدا ساقلىماق، قوغدىماق؛ ھىمايە قىلماق: ئۇ ئۆيلىنا-ئۆيلىنا ئاخىرى شاھقا شاھزادە تۇغلۇقنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئۆز كەچۈرمىشى قىلىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە: — سىلە ماڭا ئاخىرغىچە پاناھ بولۇپ قالسىلا، مەن سىلىنىڭ ئوغۇللىرى بولاي، — دەپتۇ. ② ھىمايىچى، يار-يۆلەك، ھامى بولماق: سىيىت ئاخۇن دېگەن گاڭگۇڭ جىنىدىن جۇدا بولدى. جاللاتلارغا خەن دارىن، يار-يۆلەك پاناھ بولدى،

**پاناھ تاپماق** ئۆز ھىمايىسىدا ساقلىغۇچى ھىمايىچىگە ياكى پاناھلىنىدىغان جايغا ئېرىشمەك: ئۇلار دۈشمەن قوشۇنلىرى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇرغان شارائىتتا يۈگۈرگىنىچە بىر خانىقاغا كىرىۋېلىپ پاناھ تاپتى. * — مېھ ھەدە، بۇلاڭچى ئەسكەرلەر راستىنلا كىرىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى چىن مېيغا قاراپ. بۇ چاغدا ھەممەيلەن جۇشىنىڭ ئۆيىگە توپلىنىۋېلىپ، پاناھ تېپىشنىڭ چارىسىنى مۇھاكىمە قىلماقتا ئىدى.

**پاناھ تارتماق** ھىمايىسىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلماق، ياردەم كۈتمەك، شەپقەت تىلىمەك: قەشقەر گەرچە ئىسلام دانالىرى جۇغلاشقان ئەزىزانە جاي بولسىمۇ، لېكىن ماڭا مەشە باب، مەشەنى پىنھان بىلىپ، ئۆزلىرىنى پاناھ تارتىپ كەلدىم. * ھېكمەت نېمە ئۈچۈن بۇ مەھەللىگە چىقتى؟ زادى ئۇ كىمنى پاناھ تارتىپ چىقتى؟ ئاسىم ئۆزىنىڭ ھېكمەت ھەققىدىكى گۇمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**پاناھ تىلىمەك** ئۆز ھىمايىسىدا ساقلاشنى، غەمخورلۇق قىلىشنى ئۈمىد قىلماق؛ شەپقەت ۋە ياردەم كۈتمەك: مىرزا ئەھمەت ئېيتتىكى: — مىسىر شەھىرىدىن كېلۇرمەن، گۈزەل شاھنىڭ خەزىنىچىسى ئىدىم، بىر كېچە گۈزەل شاھ بىر يامان چۈش كۆرگەنىكەن، ھېچكىم تەبىر بېرەلمىدى، پادىشاھ قېشىدا تۇرغان كىشىلەرگە غەزەپلىنىپ، بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى، بەزىلىرىنى قوغلاپ چىقاردى. مەن ھەرقايسىلىرىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ كەلدىم. * ھېكىم نۇر بىزدىن پاناھ تىلىدى. بىزگە ئاسىيلىق قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئامانلىق بەردۇق.

**پاناھ جاي** پاناھ تېپىش مۇمكىن بولغان خالىي جاي: ئېلى نۇرىدىن جىنىنى قويىدىغان جاي تاپالماي پايلاقچى قىزلارغا بىر ۋارقىرىغانىكەن، ئۇلار قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ ۋە پاناھ جاي تېپىپ يوشۇرۇنۇپتۇ.

**پاناھ قىلماق** پاناھلىنىدىغان جاي، ماكان قىلماق: بىز بۇ يەرگە ناھايىتى تەسلىكتە يېتىپ كەلدۇق، بۇ يەرنى پاناھ قىلىپ ياتتۇق. چۈنكى بۇ شەھەردە ھېچقانداق تونۇشىمىز يوق! — دېيىشىپتۇ. * يالاڭتۆشلەر يەنە بىر-بىرىنى تالىشىدۇ، بىز بولساق، خۇدا مەدەت ئىلتىپات قىلسا، دەرھال مەغرىب تەرەپنى پاناھ قىلايلى...

**پاناھ ئىزدىمەك** ① پاناھ بولىدىغان جاي، ھىمايىسىغا ئالىدىغان ئادەم ئاختۇرماق: ئۇ: — مەن نەگە بېرىشىمنى ۋە نەدە تۇرۇشۇمنى بىلمەي، تەمتىرەپ يۈرگىنىمدە بۇ مەسچىتكە كۆزۈم چۈشتى، پاناھ ئىزدەپ بۇ يەرگە كىردىم! — دەپتۇ. * ئەمدى ئۇلاردىن پاناھ ئىزدىسەڭ، ھەتتا ھاياتىڭ خەۋپ ئىچىدە قېلىشى مۇمكىن! قانداق، شۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشنى خالامسەن؟

**پاناھدار** ئى [پ] يېزت. ئۆز پاناھىدا ساقلىغۇچى، ئۆز پاناھىغا ئالغۇچى؛ ھىمايىچى: مەنمەنلىكتىن كۆردۇم بالا، بولمىدى بىزگە باغرىڭ پاناھ، تىلىمدىدۇر ھەمدۇسانا، قايدا پاناھدارىڭ سېنىڭ.

**پاناھدىماق** [پ] ① خاتىرجەم، خالىي جاينى ماكان قىلماق؛ ئۆزىنى دالدىغا ئالماق: لۇ جۇنيى سۆز ئاچتى: — مەن كېچە پال ئاچۇردۇم، پالدا ماڭا مۇشۇ يۈز كۈن ئىچىدە بىر قانلىق بالا-قازا دۇچ كېلىدىغانلىقى ئايان بولدى، بۇنىڭغا كۈنچىقىش تۆۋىنىدىكى يۈز چاقىرىمدىن يىراق كېلىدىغان بىر جايغا بېرىپ پاناھدىماقتىن باشقا چارە يوق ئىكەن. ② **پاناھ ئىزدىمەك، پاناھ تارتماق:** ۋېي يەن ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى شەھەر سىرتىغا قېچىپ چىقتى، قاردىسا

لىۇ بىبى كۆرۈنمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چاكىشا ھاكىمى خەن شۇەنىنى پاناھداپ شۇ ياقىقا يول تارتتى.

**پاناھسىز** سۈپ. پاناھلىنىدىغان ئورنى، ھىمايىچىسى، ئىگە-چاقىسى يوق: كونا جەمئىيەتتە پاناھسىز قالغان قىزچاق ئەلنىڭ ھىما-يىسى ۋە پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئۇن ئۇچ يېشىدا بىرىنچى سىنىپقا ئوقۇشقا كىردى. * ئاي كۆردى: زېمىندا سانسىز تۇل-غېرىپ، ماكانسىز تەمتىرەپ كېزەر سەرگەردان. تاپىنى تېشىلگەن پاناھسىز يېتىم. ئاشپۇزۇل ئالدىدا ياتىدۇ نىمجان.

**پاناھسىزلىق** «پاناھسىز» سۆزىنىڭ ئابس-تراكت ئىسىم شەكلى: ئىلىپ كەتتى شۇ مېھرىبان ئۆز ئاناڭنى ۋاقىتسىز ئۆلۈم. ئاتاڭ كۆكلى بۆلۈن-گەن بۇرۇن...پاناھسىزلىق سەن ئۇچۇن زۇلۇم.

**پاناھگاھ** ئى[پ] يېزت. پاناھ بولىدىغان جاي: بىر قىسىم زىيالىيلار موگىغۇل قوشۇنلىرى ۋە ھاكىمىيەتلىرى بىلەن بىللە چېچىلىپ كەتكەن بولسا، بىر قىسمى چىڭگىزخانغا قارشى ھالدا دېھلى سۇلتانلىقىنى پاناھگاھ قىلغانىدى.

**پاناھلانماق** [پ] پاناھ تېپىش مۇمكىن بولغان خاتىرجەم، خالىي جايغا يوشۇرۇنماق: ئاخىرى تاشۋاينىڭ بىرمەزگىل ئەنجان تەرەپكە بېرىپ پاناھلىنىش پىكرىگە قوشۇلۇشتى ۋە سەپەر ۋاقتىنى ئەتە سەھەر ــ بامدات ۋاقتى قىلىپ بېكىتىشتى. * مەن خەۋپتىن پاناھلىنىش ئۇچۇن قاچتىم. مەقسىتىم: جانىجان پارتىيەمىزگە مۇنۇ ئادالەتسىزلىك ئۇستىدىن شىكايەت قىلىش، پارتىيىدىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەش.

**پاناھلىق** «پاناھ» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بېيجىڭ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ گۈزەل قويىندىكى مەركىزى كوچىلارنىڭ بىرىدە پاناھلىق ئۇچۇن ئازادە تۇرار جاي ئاتا قىلدى.

**پاناھلىق بەرمەك** ساقلىنىدىغان، قوغدىنىد-غان ئورۇن، جاي، ماكان بەرمەك: كۆپ ئۆتمەي ئاتىسى يول تاپتى ئاكا-ئەمەلىنىڭ سايىسى بەردى پاناھلىق. كەپسىمۇ يارىشىپ قالدى ئۇنىڭغا، بىر ئۇستەل، ئورۇندۇق قىپقالدى تارلىق. * ئالىمخان ئىبرىدىن ئۇزمەي كۆزىنى، تۇرغانچە تاقىتى بولدى بۇ دەم تاق. دەر ئىدى: سىلىگە بەرگەن پاناھلىق، كىم ئىدى؟ ھە قېنى ئېيتسىلا پاتراق!

**پاناھلىق تىلىمەك** قوغدىنىدىغان ئورۇن، جاي ۋە مېھىر-شەپقەت، ياردەم تەلەپ قىلماق: ئايىم بوۋى قار شۇۋىرغان ئىچىدە قىزىنى يېتىلەپ چىقىپ، رەھىمنىڭ ئۆيىگە پاناھ-لىق تىلەپ كەلدى. * ھاتەم يەنە سەجدىگە باش قويۇپ، ئاللاتاالاغا ئىلتىجالار قىلىپ ياش تۆكۈپ پاناھلىق تىلىدى.

**پاناھلىماق** پ ← **پاناھدىماق**: مەيپۇرۇش: ــ كەيىپ بولۇپ قالدىلىمۇ، مېھمان؟ تۆۋەندە ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشلىرى بولۇۋاتىدۇ، مەيىنىڭ پۇلىنى چاققانراق تۆلەپ، باشقا يەرگە بېرىپ ئۆزلىرىنى پاناھلىسىلا! ــ دېدى. * توختى بەگ قولىدىكى ئۇزۇن يىلان قامچا بىلەن سادىرغا تاياق سالدى. سادىر ئۆزىنى پاناھلاپ، توپاقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇناتتى.

**پانئامېرىكانىزم** ئى [ر<گرېك + ئىنگ] ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىشىنى تەرغىپ قىلىدىغان سىياسىي تەشەببۇس. بۇنى ئەسلى XIX ئەسىردە لاتىن ئامېرىكىسى مىللىي ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئىسپانىيە، پورتۇگالىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۇچۇن ئوتتۇرىغا قويغان.

**پانتوتېن** ئى [گرېك] ← **پانتوتېن كىسلاتا**.

**پانتوتېن كىسلاتا** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلاسى $C_9H_{17}O_5N$، ۋىتامىن B نىڭ بىر خىلى يەنى رەڭسىز يېپىشقاق سۇيۇقلۇق؛ جىگەر، فېرمېنت ۋە تۇخۇم سېرىقىدا بولىدۇ؛ ئادەم تېنىدە پانتوتېن كىسلاتاسى كەم بولسا تېرە كېسەللىكى، بۆرەك ئۇستى بېزىدىن قان چىقىش قاتارلىق كېسەللەر كېلىپ چىقىدۇ.

**پانتوگراف** ئى[ر<گرېك] <مات> ھەرقانداق

بىر شەكىلگە ئوخشاش شەكىلنى بەلگىلىك چوڭايتىش ياكى كىچىكلىتىش نىسبىتى بويىچە سىزىشتا قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**پانتۈركىزم** . ئى [ر] تۈرك بۇرژۇئازىيىسى ۋە پومېشچىكلىرى ئارىسىدا XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق خەلقلەرنى تۈركىيە هۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇرۇش، تۈرك دۆلىتىگە بىرلەشتۈرۈش ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىدىغان بىر خىل كونا شوۋىنىزىملىق نەزەرىيە.

**پانتۈركىست** ئى [ر] پانتۈركىزمنى هىمايە قىلغۇچى، پانتۈركىزم تەرەپدارى.

**پانتېئىزم** ئى [ر<گرېك] <پەلس> خۇدانى تەبىئەت بىلەن بىر دەپ هېسابلايدىغان ۋە تەبىئەت — خۇدانىڭ مۇجەسسەملەنگەن هالىتى، دەپ قارايدىغان دىنىي پەلسەپۋى تەلىمات.

**پانروھچىلىق** ئى <پەلس> پەن بىلەن زىتلىشىدىغان ئىدېئالىستىك نۇقتىئىنەزەر. ئۇ بارلىق تەبىئەت هادىسىلىرىدە جان بار دەپ قارايدۇ.

**پانساد** ئى [پ] تارس. خانلىق دەۋرلىرىدە ئەسكەر باشلىقلىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋانلاردىن بىرى؛ شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان شەخس: پانسادبېشى.

**پانۇس** ئى [ئە<گرېك] ئادەتتە قولدا كۆتۈرىدىغان ياكى بىرەر جايغا ئېسىپ قويۇلىدىغان، شامال ۋە هۆل-يېغىندىن ساقلىنىش ئۈچۈن سىرتى قەغەز ياكى ئەينەك بىلەن قاپلانغان، ئىچىگە شام ياكى كىرسىن يېقىلىدىغان بىر خىل چىراغ: باغچىغا ئوڭ تەرەپتىن كىرگەندە سەيلە ئايۋىنىدىكى ئېلېكتىر چىراغلىرىنىڭ هەممىسى ياندۇرۇلغانىدى. بامبۇكزار ۋە قارىغايزارغا ئوخشاش ئېلېكتىر چىرىغى يوق جايلارغا دەرەخلەر ئارىسىغا قىزىل، يېشىل، سېرىق دېگەندەك خىلمۇخىل رەڭلىك پانۇسلار ئېسىلغانىدى. * ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىگە پانۇس، باش تەرىپىگە يوغان قەندىلدە شام يېقىلغانىكەن. شۇ ياتقىنىچە تۈننىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتكۈچە ئۇخلاپتۇ.

**پانۇس دەرەخ** <بوت> ساپىندۇس دەرەخلىرى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تۇخۇم شەكلىدە؛ گۈلى سۇس سېرىق بولۇپ كونۇسسىمان گۈل رېتىدە تىزىلغان؛ غوزىكى مېۋىسى ئۇزۇن ئېللىپىس شەكىللىك، ئۇرۇقى يۇمىلاق قارا رەڭلىك؛ يوپۇرمىقىدا ئىچىتقۇ ماددىسى بولۇپ، تېرە ئەيلەش ماتېرىيالى ياساشقا، گۈلىنى سېرىق بوياق ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ.

**پانۇسچى** ئى ① پانۇس ياساش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ پانۇس ياسايدىغان ئۇستا: ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنى ساراي ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى، بۇلارنىڭ ئىككىسى يايى، سەككىز-توققۇزى پانۇسچى ئۇستا ئىدى. ② پانۇس كۆتۈرىدىغان ئادەم.

**پانۇسگۈل** ئى [پانۇس+گۈل] <بوت> چىنىدەگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى تۈمۈنە شەكىللىك؛ گۈلى ئاق ياكى قىزىل؛ دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدىن چىقىدۇ، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ، دورا ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ، قىزىتمىنى قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش رولىغا ئىگە.

**پانئىدراكچىلىق** ئى <پەلس> مەۋجۇدىيەت بىلەن تەپەككۇرنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى ئىدېئالىستىك نەزەرىيە. پانئىدراكچىلىق تەبىئەت دۇنياسى بىلەن جەمئىيەتنىڭ

پۇتكۈل تەرەققىياتى «ئالەم روھى»نىڭ ئەقلى، لوگىكىلىق پائالىيىتىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ماركسىزملىق ماتېرىيالىستىك پەلسەپە تۈپتىن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان مەيدانىنى چىقىش قىلىپ، دۇنيا ماددا ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بويىچە راۋاجلىنىدۇ، ئۇ ھېچ-قانداق «ئالەم روھى»غا موھتاج ئەمەس، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

**پانئىسلامىزم** ئى [ر<گرېك+ئە] XIX ئەسىر-نىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يېقىن شەرقتە پەيدا بولغان ۋە مۇسۇلمان ئەمگەكچىلىرىنىڭ سىنىپىي كۈرىشىنى باستۇرۇش مەقسىتىدە ئىسلام دىنىدىكى بارلىق خەلقلەرنى بىر دۆلەت قىلىپ بىرلەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىپ كەلگەن ئەكسىيەتچىل دىنىي سىياسەت، ئېقىم.

**پانئىسلامىست** ئى [ر<گرېك+ئە] پانئىسلا-مىزمنى تەرغىپ قىلىدىغان شەخس، پانئىسلامىزم تەرەپدارى.

**پانئىلاھچىلىق** ئى <پەلس> بىر خىل پەلسەپىۋى تەلىمات. بۇ خىل تەلىمات بويىچە بولغاندا، ئىلاھ ئىنسانىي بولمىغان مەنبە، بۇ مەنبە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرتىدا بولماس-تىن، بەلكى تەبىئەت دۇنياسى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. دېمەك، پانئىلاھچىلىق روھنى تەبىئەت دۇنياسىغا سىڭدۈرۈپ، تەبىئەتتىن تاشقىرى مەنبەنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىلگىرى ماھىيەت جەھەتتە ماتېرىيالىستىك تەبىئەت قارىشى ھەمىشە پانئىلاھچىلىق شەكلىدە مەيدانغا كەلگەندى، ھازىر پانئىلاھ-چىلىق دۇنيانىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىلاھقا باغلىق دەيدىغان ئىدىئالىستىك نەزەرىيىگە ئايلىنىپ، بۇرژۇئا پەلسەپىسىنىڭ پەن بىلەن دىننى ياراشتۇرۇش يولىدىكى ئەكسىيەتچىل ئۇرۇنۇشى بولۇپ قالدى.

**پانىلاتماق** «پانىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پانىلانماق** «پانىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پانىلىق** سۈپ ① پانىسى بار. ② پانا ئۈچۈن تەييارلانغان، پانا قىلىشقا بولىدىغان: پانىلىق ياغاچ.

**پانىلىماق** پ. بىرەر نەرسىگە پانىنى كىرگۈزمەك، پانا قاقماق.

**پانىي** سۈپ [ئە] تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان؛ ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى، ئامانەت: پانىي ئالەم؛ پانىي دۇنيا. * ئەرۋاھ دېگەن پانىي ئالەمدىكى-لەرگە بەخت قۇشى قونسىمۇ خۇشال بولۇپ ئۇسسۇل ئوينىشار ئىمىش، ئىست، ئارماندا كەتكەن قېرىندىشىم!...

**پانىي ئالەم** ←— **پانىي دۇنيا**: ئۇزاق ئۆتمەي خوجا بەرزەخ پانىي ئالەم بىلەن ۋىدالىشىپ، باقىي ئالەمنىڭ يولىنى تۇتتى.

**پانىي جاھان** ←— **پانىي ئالەم**: بۇ ھاياتتا ھەر كىشىنىڭ نامۇرىزقى باشقىدۇر، سەن بىلەن مەندىن ئېشىپ قالغاي يەنە پانىي جاھان.

**پانىي دۇنيا** ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى دۇنيا، بۇدۇنيا، بۇ ئالەم: بوۋاي ۋەسىيىتىنى باشلاپ: — بالىلىرىم، ئۆمرۈممۇ بىر يەرگە باردى. ناۋادا ياخشى كۈنىڭ يامىنى بولۇپ، قازا يېتىپ قالغۇ-دەك بولسا، بۇ پانىي دۇنيا بىلەن خوشلىشى-مەن، — دېدى. * ئۇ يەنە ئۆزى بىلەن ئۆزەمگە سوقۇشتۇرىدىغان بايلارنىڭ كەينى-كەينىدىن پانىي دۇنيادىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقى، ئۆزىگىمۇ نۆۋەت كېلىپ قالغانلىقى، ئەتە ياكى ئۆگۈن سالام بېرىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

**پاھ** ئىم ① بىرەر ئىش ياكى سۆز-ھەرىكەتكە ھەيران قېلىش، ئەجەبلىنىشنى بىلدۈرىدۇ: پاھ، قوللىرىڭىز نېمانچە قاتتال! * پاتىمە ئۇ يان ئۆيلاپ، بۇ يان ئۆيلاپ، بىر قارارغا كېلەلمىدى. سابىرنى تېپىپ

ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالغانىدى. سابىر تىت-تىت بولۇپ: — پاھ!، تازىمۇ ئەقىلسىز ئىكەنسىز! بۇ بىر مەخپىي ئىش تۇرسا، نېمىشقا ماڭا دەپ يۈرۈيسىز؟ — دېدى. ② مەمنۇنلۇق، خۇشاللىق ۋە ھاياجاننى بىلدۈرىدۇ: پاھ، تازا ۋاقتىدا مېھمان بولۇپ كەپتىمەن-دە! * ئىسمىن تۈلكە شەرىخاننىڭ ئاغزىدىن چىققىنىنىڭ ھەممىسىگە رازىمەنلىك بىلەن ماقۇل بولدى. «پاھ! مۇنداقمۇ ئوڭۇشلۇق ئىش بولامدىغان» دەۋەتتى شەرىخان ئىسمىن تۈلكە كەتكەندىن كېيىن. * پاھ! بۇ يەر نېمانچە گۈزەللىشىپ كەتكەن-ھە! بۇرۇن مەن كۆرگەن تارىم يېزىسى مۇشۇنداقمىدى؟... كۆز ئالدىمدا بىردىنلا يىگىرمە سەككىز يىل ئىلگىرىكى يېزىنىڭ قىياپىتى پەيدا بولدى...

**پاھ-پاھ** «پاھ» سۆزىنىڭ تەكرار ئېيتىلىشى: — پاھ-پاھ، تازىمۇ ياخشى گەپ ئىكە، — دەپتۇ ئەپەندىم ۋە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، — قېنى ئەمدى ئىككىنچىسىنى ئاڭلايلى، — دەپتۇ. * ۋەزىر ساھىبجامالنى كۆرۈپ، ساقىلىنى تۇتۇپ "پاھ-پاھ" دەپتۇ.

**پاھىشە** [ئە] ① ئى. نىكاھلانمىغان ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بۇزۇقچىلىق، زىناھ: پاھىشە قىلماق. پاھىشە ئۆتكۈزمەك. * جاڭ جىنلۇڭغا گەپ ئۆتمەيدىغانلىقىنى كۆرگەن شىياۋمېي ئۇنىڭدىن زېرىكتى، غەزەپ بىلەن ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ ئورنىدا ئولتۇردى ۋە: — بوپتۇ، غودۇڭشىما! خائىن بولساڭ بولىۋەر. ھاراق ئىچىپ، پاھىشە ئويناپ، قىمارۋازلىق قىلىپ يۈرىۋەر. سەن ۋىجدانىڭنى يوقىتىپ ئادەمگەرچىلىكتىن چىقماقچىسەن! — دېدى. ② سۆپ (ئاياللار ھەققىدە) پاھىشە، زىنا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان؛ ئەخلاقى بۇزۇق: پاھىشە خوتۇنلار كوپ ۋاقىتتا سىزلام كېسەلنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

**پاھىشە قىلماق** ناتوغرا جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولماق، زىنا قىلماق: پادىشاھ ئوغلىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپتۇ. ئەمما شاھزادە شاھ كابول كېچە-كۈندۈز ھاراق-شاراب ئىچىدىكەن، پاھىشە قىلىدىكەن.

**پاھىشىخانا** ئى [ئە+پ] كونا جەمئىيەتتىكى ۋە كاپىتالىستىك جەمئىيەتلەردىكى پاھىشىلەر تۇرىدىغان، پاھىشىۋازلارنى قوبۇل قىلىدىغان جاي: «دىيانەت» تولانغان مەھكىمىلەردە پارىخورلۇق ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ؛ «نومۇس» پەردىسى ئارتىلغان ماكاندا پاھىشىخانىلار قۇرۇلۇۋاتىدۇ؛ مانا بۇ بۇزۇلۇش يىللىرى...

**پاھىشىۋاز** ئى [ئە+پ] پاھىشىلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشقا بېرىلگەن، ئەخلاقسىي بۇزۇق ئەر؛ زىناخور: — بۇ پاھىشىۋازلار ئەيمەنمەي يەنە بىللە ئىشلەپ يۈرۈشىدۇ، — سەلەي غەزەپلەنگەن بىر ئىپادىنى كۆرسەتتى، ئاندىن چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ كۈلدى.

**پاھىشىۋازلىق** ئى. پاھىشىلەر بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىشقا بېرىلىش ئادىتى؛ زىناخورلۇق: جاڭ ۋېنفىڭ ئوغرىلىق-يانچۇقچىلىق، پاھىشىۋازلىق، ئۇرۇشۇش قاتارلىق يامان ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرى ئىككى يىللىق ئەمگەك بىلەن مەجبۇرىي ئۆزگەرتىلىشكە ھۆكۈم قىلىندى.

**پائۇزا** ئى [ر<لات] <مۇز>① كۈي، شېئىر-قوشاقلاردىكى ئۈزۈلۈش، توختاش ۋە ئۇنىڭ بەلگىسى. ② ئوپېرا، بالېتلاردا پەردە ئارىلىقىدا چېلىنىدىغان ۋە ناخشا باشلىنىش ئالدىدا چېلىنىدىغان ئۇششاق مۇزىكا؛ مەرغۇل: باسىت قوشۇپ قويدى: — «تاھىر-زۆھرە»دىن باشلاپ «غېرىب-سەنەم» گىچە ئۇرىۋەر! دۇتار سايرىدى، مۇڭلۇق پائۇزىدىن كېيىن غۇلامنىڭ سۆزلۈك، جاراڭلىق ئاۋازى مۇشاۋرەك مۇقامىنىڭ داستانىغا ياڭرىدى.

**پاۋان** ئى. ئۇۋچى؛ مەرگەن: پاۋان دەرد يەيدۇ، باللىرى گۆش يەيدۇ (ماقال). بەيگىدە ماھىر چەۋەنداز، ھەم چېۋەر پاۋان ئىدى. تەپسە تاغ ئۆرۈلگۈدەك قۇدرەتكە يار پالۋان ئىدى. * تاغقا چىقتىم كېيىك ئاتتىم، تاغچى پاۋانلار بىلەن، ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتۈرمۇ قەدىر بىلمەس

يارلار بىلەن.

**پاۋلونىيه** ئى [لات] ــــ› **پاۋلونىيه دەرىخى.**

**پاۋلونىيه دەرىخى** <بوت> چوقا ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى چوڭ، تۇخۇم شەكلىدە ياكى يۈرەك شەكلىدە بولىدۇ، سىرتقى يۈزى سىلىق، ئارقا تەرىپىدە يۇمشاق تۈكلىرى بولىدۇ؛ گۈلى كونۇسسىمان گۈل رەتىدە تىزىلغان بولۇپ، گۈل تاجى سۆسۈن رەڭدە كېلىدۇ؛ غوزا مېۋىسى ئۇزۇن ۋە يۇملاق؛ ياغىچى يۇمشاق بولۇپ مۇزىكا ئەسۋابلىرى، مودېل قاتارلىقلارنى ياساشقا بولىدۇ.

**پاۋىئان** ئى [ر<نېم] تۇمشۇقى ئۇزۇن، بىر خىل چوڭ مايمۇن. ئۇ ئافرىقا ۋە ئەرەبىستاندا ياشايدۇ.

**پائىز** ئى [ئە] يىزت. پىرسەنت: مەملىكىتىمىزنىڭ 80 پائىزىدىن ئوشۇقراق ئاھالىسى ساۋاتسىزدۇر.

**پائىلاتۇن** ئى [ئە] <ئەد> ئەرەب تىلى مورفولوگىيىسىدىكى ئىككىنچى بوغۇمى قىسقا سوزۇق تاۋۇش، قالغانلىرى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولغان تۆت بوغۇملۇق سۆز فورمۇلىسى بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئارۇز ۋەزنىدىكى بەھرى تەۋىل تۈركۈمىنىڭ ھەجەز بەھرى (ــ V ــ ــ) فورمۇلىسىنى كۆرسىتىدۇ: يازغىنىم يېڭى ئۇتۇقلارنىڭ پەقەت ئوندىن بىرى، پائىلاتۇن، پائىلاتۇن، پائىلاتۇن، پائىلۇن.

**پاي I** ئى [پ] بىرەر تىجارەت ياكى كەسىپنى يولغا قويۇش ئۈچۈن شېرىكچىلىك ئاساسىدا قوشۇلغان ھەسسە؛ ئۈلۈش، دەسمايە: پاي پۇلى. پاي قوشماق. * ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار... ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرى ۋە دېھقانلارنى پاي قوشۇشقا جەلپ قىلىپ، تىجارەت پايدىسىنى پاي فوندى ۋە سېتىپ بەرگەن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سانى بويىچە تەقسىم قىلىپ، تەمىنات ــ سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ تىجارەت پائالىيەتلىرىنى دېھقانلار ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈردى.

**پاي توپلىماق** بىرەر تىجارەت، بىرەر كەسىپنى يولغا قويۇش ئۈچۈن قەرەللىك قايتۇرۇلىدىغان ياكى پايدىنى قايتۇرىدىغان سەرمايە توپلىماق؛ دەسمايە يىغماق: ئامبىمىزدە تەشكىل قىلىنغان تەشۋىق ئۆمىكى خوتۇن-قىزلار سانائەت كارخانىسىغا پاي توپلاش توغرۇلۇق بىرىنچى ئاۋغۇستتىن ئون بەشىنچى ئاۋغۇستقا قەدەر شەھەر ئىچىدە تەشۋىق ئېلىپ بارغانىدى.

**پاي چېكى** <س ئىق> ھەسسىدارلىق شىركىتى پايچىكلارغا تارقىتىپ بېرىدىغان بىر خىل دوكۇمېنت. ئۇ پايچىكلارنىڭ قانچىلىك پاي قوشقانلىقىغا ئىسپات بولىدۇ.

**پاي ئۆسۈمى** <س ئىق> ھەسسىدارلىق شىركىتى پاي چېكىنىڭ سانلىق مىقدارىغا ئاساسەن ھەرقايسى پايچىكلارغا بۆلۈپ بەرگەن پايدا.

**پاي II** [پ] ① ئى. پۇت، ئاياغ؛ تاپان: كۆرسەتكىن نىزارىنىڭ خانىسىنى، مەن ئۇنىڭ ئىز ــ پايىنى قىلاي تاۋاپ، تاپشۇراي مەھزۇنىنىڭ مەكتۇبىنى، نۆبىتى سالام ئېيتقان ئاڭا ئاتاپ. ② ئى. بىر جۈپ ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەربىرى: سىڭار پاي ئاياغ. مەن موماي بىلەن بىر پاي چورۇقنى ئىزدەپ يېتىۋەردىم، كېتىۋەردىم، ھېچ يەرنى تاپالمىدىم؛ ئېگىز تاغلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، پۈتۈن ئالەمگە قارىدىم، كۆرۈنمىدى. ③ مىق. نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ؛ دانە، تال: جەڭچىلەر باتالىيون كوماندىرى ئەنۋەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوراللىرىدىن ئون ئىككى پاي ئوق ئۈزدى. ــ مۇشۇ ھۇجۇمىمىزنى، ــ دېدى ئەنۋەر تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ، ــ يولداش كېۋىرنىڭ نامى بىلەن باشلايلى! * خام كېسەكتىن قوپۇرۇلۇپ، سىلىق سۇۋالغان ئاشپەزلىك ئوچىقىدىكى قازانغا تۆت پاي قاسقان قوندۇرۇلغان. ④ ئى. ئاياغ ئىزى كوپ تەگكەن؛ كۆپ دەسسەلگەن يەر ياكى

نەرسە: جۇۋازنىڭ پىيى.

**پاي III** ئى. بۇغداي، شال، ئارپا قاتارلىق
زىرائەتلەرنىڭ ئورۇلۇپ، باغلانغان ھالىتى:
پاي تىكمەك.

**پاي تىكمەك** بۇغداي، شال، ئارپا قاتارلىق
زىرائەتلەرنىڭ باغلىرىنى ئۆرە تىكلەپ
تىزماق: خامانغا توشۇلۇپ بولمىغان بۇغداي
باغلىرى ئېتىزدا پاي تىكىپ قويغان پېتى
تۇرۇۋاتىدۇ.

**پاي IV** ئى. غەيرەت؛ چىدام، بەرداش:
پاي بەرمەك.

**پاي بەرمەك** ←── **پايلىماق.**

**پايات** ئى [ر] تۆمۈرچىلىك، قەلەيچىلىك،
قۇيمىچىلىق، مىسكەرچىلىك، زەرگەرلىككە
ئوخشاش ھۈنەر ـ كەسىپ ساھەسىدە ئۈزۈلـ
گەن، ئاجرالغان، سۇنغان مېتاللارنى بىر ـ
بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان كەپشەر: گاز پايات.
ئېلېكتر پايات. * مانا بۈگۈن ئاخىرقى پايات قىلىش
تاماملىنىپ، جاپالىق مېھنەت ھوسۇل بەردى، ھەممە
ساۋاقداشلار زور قىزىقىش بىلەن رادىئو ئەتراپىدا
«بىلىقچى بىلەن ئالتۇن بېلىق» ھەققىدىكى چۆچەكـ
نىڭ قىزىق باياننى ئاڭلىماقتا ئىدى. ئاڭلىتىش
تۈگىدى.

**پايات قىلماق** ←── **پاياتلىماق.**

**پاياتچى** ئى. پايات قىلىش ئىشى بىلەن
شۇغۇللانغۇچى، كەپشەرلىگۈچى كىشى: ئۇ
كۆپچىلىككە تەكشى نەزەر سېلىپ كۈلۈمسىرىگەن
ھالدا كۆپچىلىكتىن: ــ سىزلەرنىڭ سىختا مانتيورـ
لار، پاياتچىلار ۋە تۆمۈرچىلەر تولۇقمۇ؟ ئۇلارنىڭ
ئىش ئۈنۈمى قانداق؟ ــ دەپ سورىدى.

**پاياتچىلىق** ئى. پاياتلاش ئىشى؛ پاياتلاش
كەسپى: پەرىزاتنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنى نەدە كۆرسە
شۇ يەردە بەزى يىغلاپ، بەزى غىلجىڭلاپ خىزمەـ
تىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى: ــ
قانداق قىلىمىز؟ ھەممە يەر ئوخشاش ماي، پاسـ
كىنا، ھەممە سىختا ئوخشاش جاپالىق ئىش، ــ
دېدى ئۇ ھىمىتكىمۇ، پەرىزاتنىڭ ئۆزىگىمۇ، ــ
زاۋۇتتا پاكىزرەك، يەڭگىلرەك، ئاياللارغا باپ
كېلىدىغانراق ئىش شۇ پاياتچىلىق.

**پاياتلىماق** پ. ئۈزۈلگەن، ئاجرالغان،
سۇنغان مېتاللارنى ئوت، گاز ياكى ئېلېكتر
كۈچى بىلەن مېتاللارنى قىزدۇرۇپ بىر ـ
بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ ئۇلىماق؛ كەپشەرلىمەك:
مەن ھازىر تەكشۈرۈپ كەلدىم. پار قازاننى
پاياتلىساق، يەنە ئالتە ـ يەتتە يىل ئىشلىتىشكە
بولىدۇ.

**پايان** (پايانى) ئى[پ] ① جاي، مۇساپە، يول
قاتارلىقلارنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى؛ چېگرىسى:
زەپ ئوخشىغان بۇغداينىڭ پايانى ھېچ كۆرۈنمەس؛
كېچە ـ كۈندۈز قۇندۇزنىڭ ھارغىنلىقى بىلىنمەس.
② ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز، ۋەقەـ
ھادىسىلەرنىڭ ئاخىرى؛ داۋامى: بىلمىدىم
كۈلپەتنىڭ بارمۇ پايانى، ئالەمگە ھەمراھكەن ئادەم
پىغانى. ③ كۆچمە. ھېس ـ تۇيغۇ، كەچۈرمىش
قاتارلىقلارنىڭ چېكى؛ ئاخىرى: تارقىلىپتۇ
ئاخشامقى تۈن تۇمانى، ئېقىن بىلەن بىللە ئۈزدۈم
باھاردا، بۇ ئېقىنغا ئىشقىمنىڭ يوق پايانى، ئۇ
ئاققان جاي بولغاچ قەلبىم ماكانى.

**پايانى يوق** ←── **پايانسىز:** ئېگىز تاغنىڭ
يان باغرى پايانى يوق جىلغا ــ ساي، قوي، يىلـ
قىلار بۇلۇتتەك، يايلاقلىرى گۈزەل، باي.

**پاياندار** ئى [پ] ئىنتايىن ھۆرمەتلىك
بولغان مېھمانلارنىڭ يولىغا سېلىنىدىغان
گىلەم؛ پالاس: ھوي، نېمىسىنى ئېيتىسىز، شۇ
كۈنلەردە خوتەن يېزىلىرىنىڭ قەيېرىگە بارماڭ،
كۆزىڭىزگە مەخمەل پاياندار ۋە رەڭدار كەشتە
كۆرۈنىدۇ، ئاڭلايدىغىنىڭىز بولسا باھار ناخشىسى.
* توي ئىگىلىرى، ساھىبخانىلار: ــ ۋاي ئېسىل مېھمان
كەلدى، تويىمىزنىڭ ھۆرمىتى! ــ دەپ، قىزنى
پايانداز لارغا دەسسىتىپ، خوتۇن خەقلەر قايىنىغان
كەڭ سورۇنلۇق ياسداق سارايغا باشلاپتۇ.

**پاياندار سالماق** ئىنتايىن ھۆرمەتلىك
بولغان مېھمانلارنىڭ يولىغا زىلچا ـ گىلەم
سالماق: چوڭ خېنىم مۇندىن ئۈچ كۈن بۇرۇن
كېنىزەكلەرگە: ــ پادىشاھنىڭ كېلەر ۋاقتى بولدى،

ئۆردىنى ياساپ ـ جابدۇپ، يولغا پايانداز سېلىپ قويۇشلار، ــ دېدى.

**پاياندازلىق** سۈپ. پاياندىزى بار، پايانداز سېلىنغان: قىزىل پاياندازلىق زال بىلەن مېڭىپ 218 ـ نومۇرلۇق ياتاققا ئورۇنلاشتۇق.

**پايانسىز** سۈپ. چېكى، چېگىرىسى يوق؛ ناھايىتى كەڭ؛ كۆز يەتكۈسىز؛ بىپايان: ھاتەم ماڭا ـ ماڭا ئاخىرى بىر قومۇشلۇق باياۋانغا چۈشتى. ئۇنىڭ نە بېشىنى، نە ئايىغىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇ يەر پايانسىز جاڭگاللىق بولۇپ، سۇدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. * ئۈرۈمچى قىسىملىرى پارتكومىنىڭ چېگرا مۇداپىئە لىنىيىلىرىدىكى ئىلغار تىپلارنى تەقدىرلىگەنلىكىدىن ئىبارەت خۇش خەۋەر پايانسىز چېگرا مۇداپىئە لىنىيىلىرىگە يېتىپ كەلگەندە، تەقدىرلەنگەن ئورۇنلار، شەخسلەر ۋە چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالدى.

**پايە** ئى [پ] بىزت ① ئېگىزلىككە چىقىپ چۈشۈشتە ئىشلىتىلىدىغان شوتا، پەلەمپەي؛ باسقۇچ: ھاتەم ئورنىدىن تۇرۇپ، تەختنىڭ بىرىنچى پايىسىگە قەدەم قويۇشى بىلەن بىر بەتەھەيۋەت ئاۋاز كۆتۈرۈلدىكى، گويا قەسىر ئۆرۈلگەندەك بولۇپ كەتتى. ② پۇت، ئاياغ: ئەتىرگۈلدەك چىرايىڭغا بېقىپ، رەڭگىم چىلان بولدى، تىكەن پايەڭ تۇپەيلىدىن مېنىڭ كۆكسۈممۇ قان بولدى. ③ ياغاچ ياكى ساپالدىن ياسالغان چىراغ قويىدىغان جاھاز: ئالدىڭ ئۈچ ئاملىدىن «چىراغ» دېگەن نام، بىرى ياغ، پىلىكۇ، بىرىدۇر پايە. مەگەر بۇ ئۈچ ئامىل بولالمىسا جەم، قالدۇ قۇرۇق نام، خىيالىي سايە. ④ ئۆسۈملۈك ـ لەرنىڭ شېخى، يوپۇرمىقى، گۈلى ۋە مېۋىلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان يەر ئۈستى قىسمى؛ غولى، تۈپى: بەرپا قىلدۇق چۆللەردە گۈلشەن، شۇنچە كۆركەم گۈللەر پايىسى. شۇڭا دېيىمىز: ماڭلاي ئۇنچىسى، گۈزەللىكنىڭ گۈلى ــ تاجىسى. * ئەنزىلەر چەيلەنگەن، ئۆي ـ كەملەر ۋەيران، ئاشپۇزۇل ـ دۇكانلار تامام تاقالغان. ئەتراپتا كۆرۈنمەيدۇ ئىنسان سايىسى، باغلاردا زەپىران گۈللەر پايىسى.

**پايپاس** تەق [پ] تەمتىرەپ ھولۇقۇپ، بىر پۇتىنى ئېگىز، بىر پۇتىنى پەس كۆتۈرگەن ھالدا مېڭىش ھالىتى.

**پايپاس-پايپاس** «پايپاس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: «پايپاس ـ پايپاس» مېڭىپلا يۈرەمسەن؟

**پايپاسلاتقۇزماق** «پايپاسلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاپتوبۇستا تۇتۇلغان يانچۇقچىنى ئىككى ساقچى ئالدىغا سېلىپ پايپاسلاتقۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى.

**پايپاسلاتماق** «پايپاسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پايپاسلاشماق** «پايپاسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يول كەتكىرىتىپ پوش ـ پوشلاپ، پايپاسلىشىپ يۈرۈپتۇ. شاھقا «شاھى ـ نجات» دەپ، نامۇنشان بېرىپتۇ.

**پايپاسلىتىلماق** «پايپاسلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پايپاسلىماق** پ. بىر خىل ئاۋاز چىقارغان ھالدا ھولۇقۇپ، تەمتىرەپ، ئالدىراپ ئېگىز ـ پەس دەسسەپ ماڭماق: بىركۈنى خاڭدا بىراۋنىڭ نوچى خورىزى بار ئىكەن، دەپ ئاڭلاپ، چار خورازنى چاپاننىڭ پېشىگە ئوراپ، شۇ يەرگە پايپاسلاپ چىقتىم. * ساملاق جىسانىڭ خوتۇنى پايپاسلاپ چوڭ قىزىنى ئەگەشتۈرگەن پېتى يىغلاپ ساي بويىغا قاراپ ماڭدى.

**پايپاق** ئى ① پۇتنىڭ پەنجىسىدىن ئارتىپ تىزىغىچە بولغان قىسمىنى ئوراپ، بىسىپ تۇرىدىغان، ھەر خىل يىپتىن توقۇلغان ئاياغ (پۇت) كىيىمى: يىپ پايپاق. يىپەك پايپاق. نىلون پايپاق. ② پۇتنى ئىسسىق ساقلاش ئۈچۈن رەخت، ئەيلىگەن قوي تېرىسى، قوي يۇڭىدىن تەييارلىنىدىغان ئاياغ كىيىمى: پاختىلىق پايپاق. تېرە پايپاق. كىگىز پايپاق. مەسىنىڭ پايپىقى. ③ ئۇچار قۇشلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

پەنجسى ئۇستىدىن ئۆسۇپ چىققان يۇمران پەيلەر.

**پايپاقا دەسسمەك** ئوڭۇشسىزلىقا ئۇچرىماق، پىشكەللىككە يولۇقماق.

**پايپاقا نال قاققاندىك** پەقەت جايىغا چۈشمگەن، لايىقىدا بولمىغان؛ داڭقان پۈتى: خۇ ئەپەندى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىشكە باشى، شۇڭا پىقىرنىڭ سۆزىنى پايپاقا نال قاققاندەك سۆز دىمەس.

**پايپاقلىق** سۈپ ① پايپىقى بار، پايپاق كيىگەن: ھەممىنىڭ ئالدىدا كاستۇم-بۇرۇلكا كيىگەن بىر ئەر بىلەن پەلتو كيىۋالغان كارىشنىۋاي پايپاقلىق بىر ئايال كېلىۋاتاتتى. ② پەنجىنىڭ ئۇستىنى يۇمشاق پەي قاپلىغان، تۈكلۈك، يۇڭلۇق (قۇشلار ھەققىدە): پايپاقلىق خوراز. پايپاقلىق كەپتەر. ③ پايپاق تىكىش، توقۇش ئۇچۇن لايىق، باپ: پايپاقلىق يۇڭ. پايپاقلىق يىپ. پايپاقلىق رەخت. * زەينەپ ئۇكىسى رىشاتقا پايپاق توقۇپ بېرىش ئۇچۇن بىر پايپاقلىق يۇڭ يىپ سىتىۋالدى.

**پايپاقلىق موگۇ** <بوت> موگۇنىڭ بىر خىلى، رەڭگى كۆل رەڭ بولۇپ قارا قوڭۇر رەڭلىك يولچىلىرى بولىدۇ، كۆپىنچە ئوت-چۆپ دۆۋىلىرىدە ئۆسىدۇ، يىگىلى بولىدۇ.

**پايپېتەك** رەۋ [پاي+پېتەك] ئالدىراش-تېنەش، ئاۋارە، پاتىپاراق: ساھىبخانا قاسىم ئاخۇن ئاكا چاي قويۇش، نان ئوشتۇش، مېھمانلارنى مەزەگە ئېغىز تېگىشكە زورلاش بىلەن پايپېتەك ئىدى.

**پايپېتەك بولماق** ئالدىراپ-تېنەپ، ئاۋارە بولماق، پاتىپاراق بولماق: سۇرۇك ئۆتتى ۋاقتىدىن ئېشىپ، پايپېتەك بولدى، تېنىدى باشلىق. ــ ھەي كاتىپ! ــ دەپ يەنە ئالدى تېلېفون، ــ چاقىرىڭ! ــ دەپ ۋارقىرىدى قاتتىق.

**پايپېتەك قىلماق** ئالدىراش-تېنەش ھالەتتە قالدۇرماق، ھولۇقتۇرماق، پاتىپاراق قىلماق؛ تىرىپىرەن قىلماق: يېنىمدىكى جەڭچىمۇ گراناتە تاشلىدى. ئىككى دانە گرانات دۈشمەن ماشىنىسى ئۇستىگە چۈشۈپ پارتلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا، ماشىنىدىكى ئوق-دورا پارتلاپ دۈشمەننى پايپېتەك قىلىۋەتتى.

**پايپېتەكچىلىك** ئى «پايپېتەك» بولغان ھالەت: تاغام پايپاسلاپ كېلىپ ئايالىغا ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇن مىنۇتقا قالماي، ئۆيگە يېتىپ كەلدۇق. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ پايپېتەكچىلىك باشلاندى.

**پايپىلقۇش** سۈپ. قولى قىسقا، ھال-ئەھۋالى ناچار، نامرات، ئۇتتۇرلۇق.

**پايتەخت** ئى [پ] بىرەر دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئورۇنلاشقان شەھەر ۋە شۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي مەركىزى: ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭ. * شۇنداق قىلىپ، پايتەخت ئالىي مەكتىپىدە ئوقۇشتىن ئىبارەت كىشىلەرگە ئاسانلىقچە نېسىپ بولمايدىغان بەخت-سائادەتنىڭ مېھرىدىن كېچىشىمگە توغرا كەلدى.

**پايتىما** ئى [پ] قونچلۇق ئاياغ كيىگەندە پۇتقا ئورىلىدىغان رەخت؛ ماتا، كىگىز پارچىسى: ئۇ ئەمدىلا ئۆتۈكىنىڭ ئىچىگە سۇ توشۇۋالغانلىقىنى سەزدى-دە، دەرھال ئۆتۈكنى سېلىپ، ئىچىدىكى سۇنى تۆكۈپ تاشلاپ، پايتىمىسىنى سىقىۋېتىپ قايتىدىن ئوراپ كيىدى.

**پايتىمىسى چۇۋۇلماق** ئەيتى-بەشرىسى ئېچىلماق، ئەيىبى ئاشكارىلانماق.

**پايتىمىسىنى تەتۈر ئورىماق** پالاكەت باسماق، نەس باسماق، پېشكەللىككە يولۇقماق، تەلىيى قاچماق: ــ ھە، ئەمدى خېلى چۆچۈپ قاپسەن، ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ، ــ دىدى-دە، ماڭا ئوخشاش پايتىمىسىنى تەتۈر ئورىغان سەيسىكەش بىر ئادەم بىلەن ئىككىمىزنى چۈشكىچە بىدە توغراتتى. ئۇنىدىن كېيىن نامازدىگەرگىچە قىغ توشۇتۇپ قويۇپ بەردى.

**پايتىمىسىنى سۆرەپ يۇرمەك** ئىشىنى

ئەپلەشتۈرۈلمەي سۆرلىپ يۈرمەك: ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، پايتىمىسىنى سۆرەپ يۈرۈپ كۈننى ئۆتكۈزىدۇ.

**پايچىك** ئى [پ+ر] ھەسسىدارلىق شىركىتىدىكى پاي چېكىنى باشقۇرىدىغان ۋە پاي قوشقان كىشى، ھەسسىدار.

**پايچىكلىك** «پايچىك» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ھەسسىدارلىق شىركىتى ھەربىر پايچىكنىڭ پايچىكلىك ھوقۇقىنى ئەلۋەتتە ئېتىراپ قىلىدۇ.

**پايخان** ئى ① بىرىنچى قېتىم سورۇلغان خامانىدىن چىققان، قايتا يەنچىشكە تەييارلانغان يېرىك سامان ۋە باشاقلار: تەخەيلىك ئېشەك پايخانغا يارىماس (ماقال). ※ ئۇلار زوڭزىيىۋېلىپ يېرىم كېچىگىچە ئارپا يۇلدى. سېرىلما يەر بىلەن تۆۋەنگە قاراپ يۇلغاچقا تۇرسۇنىنىڭ گەجگىسى، تېقىمى قاتتىق ئاغرىدى. ئۇلار پايخاندىن چىققان كالىلاردەك چاڭقاپ كەپىگە ماڭدى. نە سۇ، نە تاماق يوق ئىدى. ② پاچاق سۆزلىكى: بەلكى، چىن ئىنسانغا ياتتۇر ئۈچ-ئاداۋەت ساقلىماق، ئىنتىلا خاس بىر ھۈنەردۇر ئەسلىي پايخان چايناماق.

**پايخان بولماق** دەسسەلمەك، يانجىلماق، چەيلەنمەك: قارىغىنا ئەتراپىڭدا قالماپتۇ چۆپ، بۇ ئوتلاقمۇ تۈگىشىپتۇ پايخان بولۇپ.

**پايخان قىلماق** ← **پايخانلىماق**: چاك توزۇتۇپ بېغىمغا بىرچاغ، بىر توپ مەلئۇن كەلدى ئولىشىپ. قىلدى رەڭدار گۈللەرنى پايخان، گۈل بەرگىمۇ كەتتى سولىشىپ.

**پايخاندىماق** پ ← **پايخانلىماق**.

**پايخانلىماق** پ دەسسىمەك، يانجىماق، چەيلىمەك.

**پايدا** ئى [پ] ① بىرەر كىشى ياكى نەرسىگە يېتىدىغان مەنپەئەت، نەپ: خەققە ئىشلىشىپ بەرگىلى بىكاردا قالغان كىشى بارمىكىن، قىلىدىغان ئىش بولمىسا، ئۆيگە بېرىپ ئۆز ئىشىمىزنى قىلساق شۇ پايدا ئەمەسمۇ؟ ② <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش، سودا-سېتىق ۋە تۈرلۈك تىجارەت يوللىرى ئارقىلىق كىرگۈزگەن كىرىمىدىن، تەننەرقى ياكى دەسمايىسىنى ۋە باجنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى ئاشقان سومما، ھايان: ئۇزۇن يىل سودىگەرچىلىكتە يۈرگەن تۆرىخاننىڭ پايدىغا ئۆگەنگەن كۆڭلى، پايدا دېسە ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان كۆزلىرى، بۇلتۇرقى گۈرۈچتىن كىرگەن بىرمۇنچە ھايان بۇ يىلمۇ يەرنى كوپىراتسىيىگە بەرمەستىن، تېرىشقا مەجبۇر قىلدى.

**پايدا ئالماق** بىرەر ئىش ياكى بىرەر نەرسىدىن نەپكە ئىگە بولماق، مەنپەئەتكە ئېرىشمەك: ساڭا ئەللىك سوم دەسمايە بېرەي. سەن دەڭلەرگە بېرىپ، يېزا ۋە قىرلاردىن كەلگۈچىلەردىن سۇرۇشتۇرۇپ، تېرە-تەسەك سېتىپ ئال، ئۇنى جاللاپ (مويچى سودىگەر)لارغا ساتساڭ پايدا ئالىسەن.

**پايدا بەرمەك** بىرەر ئىش ياكى نەرسىدىن نەپ، مەنپەئەت يەتكۈزمەك، ھايانغا ئېرىشتۈرمەك.

**پايدا بولماق** بىرەر ئىش ۋە نەرسىدىن نەپ، مەنپەئەت، ھايان كۆرۈلمەك: سۇلايماننىڭ تونۇگۇن ساتقان ئالتە سوكەن شاپتۇلىدىن ئوتتۇز يۈەن پايدا بولدى.

**پايدا تاپماق** بىرەر ئىش ۋە نەرسىدىن نەپ، مەنپەئەت، ھايانغا ئېرىشمەك: بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە ئۇلار باغ ھېسابىدا سېتىۋېلىپ ماشىنىلىرى بىلەن قەغەز زاۋۇتىغا ئاپىرىپ كىلولاپ ساتىدىكەن. شۇ چاغدا بىر باغ قومۇش ئەللىك يەتتە پۇڭغا يارايدىكەن. شۇنداق قىلىپ پايدا تېپىۋاتقان ھايانكەشلەر ئوخشايدۇ، ئاكا.

**پايدا تەگمەك** بىرەر ئىش، بىرەر نەرسىدىن مەنپەئەت، نەپ يەتمەك؛ ھايانغا ئېرىشمەك: بەزىدە كېچىكىپ قايتسا ئۆيىگە، زورىخان توختىماي سۆزلەپ كېتەتتى: «ئەزالار قايتقىلى نەۋاق ئېتىزدىن، بىھۇدە ئىشتىن نە پايدا تېگەتتى.»

**پايدا چىقماق** نەپ، مەنپەئەت، ھايان

www.uyghurkitap.com

كۆرۈلمەك: بۇ يەردە تۇرىۋېرىشتىن ھېچ پايدا چىقمايدۇ. قايتىپ بېرىپ مەسلىھەت بىلەن بىرەر چارىسىنى قىلايلى...

**پايدا قوناق** بىرەر ئىش، بىرەر نەرسىدىن نەپ، مەنپەئەت، ھايان قوشۇلماق: بۇ سودىدا بىر تەڭگىگە بەش تەڭگە پايدا قوندى.

**پايدا قىلماق** ① بىرەر ئىش، بىرەر نەرسىدىن ئىقتىسادىي نەپ، مەنپەئەت يەتمەك: تۈنۈگۈن مەن بىر ھارۋا قوغۇن ئېلىپ سېتىۋىدىم، ئىز پۇلىدىن بىر ھەسسە ئوشۇق پايدا قىلدى. ② ئىجابىي نەتىجە بەرمەك، ياخشى تەسىر كۆرسەتمەك: پەقەت قىزغا دورىلارنى ئوراپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن بىرئاز مەنىلىك قىلىپ: ــ پايدا قىلىپ قالسا يەنە كېلەرسىز، ــ دېگەن سۆزنى ئارانلا دېيەلىدىم.

**پايدا كۆرمەك** بىرەر ئىش، بىرەر نەرسىدىن نەپ كۆرمەك؛ مەنپەئەت، ھايان تاپماق: كىچىككىنە قىزنى يىغلىتىپ، قانچىلىك لەززەت ئالدىم؟ ئوقۇتقۇچىغا يالغان ئېيتىپ نېمە پايدا كۆردۈم؟...

**پايدا كۆزلىمەك** بىرەر ئىش، بىرەر نەرسىدىن نەپ، مەنپەئەت، ھايان ئېلىشنى ئويلىماق: بۇنىڭ ھەممىسى پايدىسىنى كۆزلەپ قىلغان ئىش، چىن دوست ساڭا پايدا كۆزلەيدۇ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ سېنى سۆزلەيدۇ.

**پايدا نىسبىتى** <س ئىق> قوشۇمچە قىممەت نىسبىتىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى، پايدا نىسبىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى تۆۋەندىكى ئۈچ ئامىلغا باغلىق. بىرىنچى، قوشۇمچە قىممەت نىسبىتى قانچىكى يۇقىرى بولسا، پايدا نىسبىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئىككىنچى، كاپىتالنىڭ ئورگانىك تۈزۈلۈشى قوشۇمچە قىممەت نىسبىتى ئۆزگەرمىگەن شارائىتتا قانچىكى تۆۋەن بولسا، پايدا نىسبىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئۈچىنچى، كاپىتالنىڭ ئوبوروت سۈرئىتى قانچىكى تېز بولسا، يىللىق پايدا نىسبىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

**پايدا ئۈندۈرمەك** بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۈنۈمىدىن نەپ، مەنپەئەت، ھايان قىسمىنى چىقىرىۋالماق: ئۇلار خەلپە ھارۇن رەشىتنىڭ سېلىق-دارامەتلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ خەلقتىن پايدا ئۈندۈرۈپ ئالغۇچى ئىككى جازانىخور يەھۇدىينى كۆرۈپ قاپتۇ.

**پايدا يەتكۈزمەك** بىرەر ئىش، بىرەر نەرسىدىن نەپ بەرمەك؛ مەنپەئەتكە، ھايانغا ئىگە قىلماق: مەيدان يېڭى قۇرۇلغان 1959 ـ يىلدىن بۇيان دۆلەتكە جەمئىي 99 مىڭ كۇب مېتىردىن ئارتۇق ياغاچ ماتېرىيالى يەتكۈزۈپ بەردى ۋە ھەر يىلى دۆلەتكە نەچچە ئون مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پايدا يەتكۈزدى.

**پايدا يېمەك** ئەرزان ئېلىپ، قىممەت سېتىش، قولىدىن قولغا ئۆتكۈزۈش، سودىنى كېلىشتۈرۈپ قويۇش قاتارلىق يوللار بىلەن نەپ ئالماق: ــ ئىنساپ قىلسىلا. شۇنىڭ ئۆزىدىمۇ بىر-ئىككى مىڭ كوي پايدا يەيلا ئەمەسمۇ؟ ئىش ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ قارىم.

**پايدا-زىيان** پايدا ۋە زىيان: ئەسلىنى ئېيتقاندا، پايدىسى يوق ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن بىر ياشنىڭ قەلبىنى پايدا-زىيان ھېساباتى بىلەن مەڭگۈ چىرماپ قويغىلى بولامدۇ؟ * ئەكبەر ئىشكىنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: ــ مەن بۇ يەردە پايدا-زىيان قوغلىشىۋاتمايمەن، خاتىرجەم بولۇڭ! ــ دەپ جاۋاب بەردى.

**پايدىسىز** سۈپ ① پايدىسى، مەنپەئەتى يوق، پايدا چىقمايدىغان: ــ قارىسىلا سىلىنىڭ ئەخمەقلىقلىرىنى، مۇشۇنداق بىر پايدىسىز ئىشقا شۇنچە كۆپ ئاۋارە بولدىلا. بولدى قىلسىلا ئەمدى، ــ دېدى ئايالى قاسىم قارىيغا نارازىلىق بىلەن. ② ئەھمىيەتسىز، زىيانلىق: پايدىسىز گەپ. * ئۇرۇشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مىگرۇي دەرھال دۇمباقلىرىنى چالدۇرۇپ چېرىكلىرىنى چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى.

**پايدىسىزلىق** «پايدىسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئەسكەرلەردىن گايىلىرى سوستاۋغا يېتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پايدىسىزلىقىنى بىلىپ، توختاپ قالدى.

**پايدىكەش** سۈپ [ئە+پ] دائىم پايدا ئېلىش كويىدا بولىدىغان، ھايانكەش: ئاھ، ئەجەب كۆنلەر ئىدى، ھەر ياندا ھىجران قايغۇسى، پايدىكەش قاساپقا ياغ، قوي، ئۆچكىگە جان قايغۇسى، ئۆچتى، ئەي ئۇستاز، سېنىڭ ئۆمرۈڭ — ھاياتىڭ پانۇسى، «ئىنتىقام!...» ئۆچمەس يۈرەكتىن بۇ قىساسنىڭ تامغىسى.

**پايدىلاندۇرماق** «پايدىلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پايدىلانماق** پ. بىرەر ئادەم، نەرسە ياكى ئىمكانىيەتتىن بەھرىمەن بولماق؛ ئۇنى ئۆز ئىشى، ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماق؛ ئىشلەتمەك: ۋاقىتتىن پايدىلانماق، كۆچىدىن پايدىلانماق. * ئۇ نىجاتقا كىتاب، يېمەك-ئىچمەك ياكى باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئەكىرىپ بەرمەكچى بولسا، كۆپىنچە ھاللاردا ئەخمەتنىڭ كىچىك ئىنىلىرىنى ئىشقا سالاتتى. ئارىلاپ-ئارىلاپ ئۆزىگە يېقىن بولغان بەزى قىز ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ پايدىلاندى.

**پايدىلىق** سۈپ. پايدىسى بار؛ پايدا، مەنپەئەت كەلتۈرىدىغان: پايدىلىق ئىش. پايدىلىق ئادەم. * قاسىمنىڭ كاللىسىنىمۇ نۇرغۇن چىگىش خىياللار چىرمىۋالدى، ئۇمۇ ئۆزىگە پايدىلىق گەپ-سۆزلەرنىڭ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. * مېۋىسىز باغ-بوستاندىن چۆل-باياۋان پايدىلىق، مەنپەئەتسىز ئادەمدىن تىلسىز ھايۋان پايدىلىق.

**پايدىلىق قۇشلار** <زوئول> زىيانداش ھاشارات ۋە زىيانداش ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ، بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان قۇشلار. مەسىلەن: قارلىغاچ، كاككۇك، مۇشۇكياپىلاق قاتارلىقلار.

**پايدىلىق ھاشاراتلار** <زوئول> ئىنسانلارغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا پايدا يەتكۈزىدىغان ھاشاراتلار. مەسىلەن: مەشۇت چىقىرىدىغان پىلە قۇرتى، ھەسەل ئىشلەيدىغان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى چاڭلاشتۇرىدىغان ھەسەل ھەرىسى، دېھقانچىلىقتا زىيانلىق ھاشاراتلارنى يوقىتىدىغان ياچۋەك، خانقىزى، يېڭىناغۇچ قاتارلىقلار.

**پايدىلىق ئېگىزلىك** <ھەرب> تۆۋەننى كۆرگىلى، ئەتراپتىكى يەرنىڭ ئېگىز-پەسلىكىنى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى كونترول قىلغىلى بولىدىغان ئېگىزلىك.

**پايدىلىنىش** «پايدىلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇنىڭدىن ئومۇملاشتۇرۇپ پايدىلىنىش ھەممىدە ئىشلەپچىقىرىش، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش لازىم.

**پايدىلىنىش نىسبىتى** <س ئىق> مەلۇم بىر نەرسىنىڭ پايدىلىنىلغان قىسمىنىڭ ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى.

**پايدىلىنىشماق** «پايدىلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئابدۇۋېلى داۋىي ئىشخانىسىدا داۋىي كادىرلىرىغا شۇنداق دەپ ۋارقىراۋاتاتتى: — ھەرقايسىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى كوللېكتىپنىڭ مال-مۈلكىدىن خالىغانچە پايدىلىنىشتىڭ، بولار ئەمدى، ئىنساپ قىلىش...

**پايدىلىنىلماق** «پايدىلانماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ خەتتىكى بەزى مىسرالاردا ئەكس ئەتكەن پىكىرلەر شېرىنىڭ پەرھاتقا يازغان خېتىدىن پايدىلىنىلدى.

**پايسۇق** رەۋ. دىئال. پوسۇققىدە، تۇيۇقسىز، تاسادىپىي.

**پايسىندۇرماق** «پايسىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئاڭلىسام سەن ھېساب دەرسىدە ھەممىدىن بۇرۇن قول كۆتۈردەكەنسەن، بىلەمسەن، رەقىب مېنىڭ ئىنىم بولدۇ. سەن كەلمەستە ئۇ تۆتىنچى سىنىپتا ھەممىنىڭ ئالدى ئىدى. سەن كېلىپ ھە دېسىلا ئۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

بۇرۇن قول كۆتۈرۈۋېرىپ ئۇنى پايسىندۇرۇۋەتتىڭ.

**پايسىنماق** پ ① بىرەر ئىش-ھەرىكەت ياكى گەپ-سۆز قىلىشتىن رايى قايتماق: مەن بۇ ئىشنى قىلىشتىن سەل پايسىنىپ قالدىم. ماڭا بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىدا قانداقتۇر بىر خەۋپ-خەتەر يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەكلا تۇيۇلدى. ② بەرداشلىق بېرەلمەسلىك، بوشاشماق.

**پايسىنىشماق** «پايسىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پايقەدەم** ئى [پ+ئە] تاشلانغان قەدەم، ئېلىنغان قەدەم: ئۇزۇندىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ پايقەدەملىرى بۇ تەرەپكە يەتمىدى، نېمە بولغاندۇ؟

**پايكا** ئى. دىئال. مەخسۇس چىلىمدا تاماكا ساتقۇچى.

**پايلاتماق** «پايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پايلاشماق I** پ. چىدىماق، پايلىماق: — ھېلىمۇ مۇشۇ تاغلار پايلاشتى-دە، — بوۋاي ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش دەمدۇ، بىر ھەرىكەت كەلدى. بەش ئادەم بار يەرگە بىردىن ئوچاق سېلىۋېلىپ، تۆمۈر تاۋلايمىز دەپ، ساي-سايلاردىكى دەل-دەرەخلەرنى كېسىپ كۆيدۈرۈشتى. بىزمۇ توسۇپ قالالمىدۇق.

**پايلاشماق II** «پايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەسكەر سۆزىنى داۋام قىلىپ، — مەرھۇم سىزدىن بۆلەك ھېچكىمگە بەرمىگىن دەپ تاپشۇرۇۋىدى. بالدۇرراق كېلەي دېسەم، ئىلاج قىلالمىدىم؛ ئارقامدىن پايلاشتى. ماۋۇ كىيىملەرنى تېپىپ، ئاندىن كەلدىم.

**پايلاق** ئى. پايلاقچى تۇرىدىغان جاي؛ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى؛ قاماقخانا، تۈرمە: ھويلاڭلار ئەجەب ياخشى، كىرىپ كۆرگىلى بولماس، سەن قەپەستە پايلاقتا، بىرگەپ قىلغىلى بولماس.

**پايلاقچى** ئى ① بىرەر ئادەم ۋە نەرسىنىڭ ئامانلىقىنى، بىخەتەرلىكىنى ساقلاشقا، كۆزىتىپ تۇرۇشقا قويۇلغان كىشى؛ كۆزەتچى، ساقچى: ۋەزىرنىڭ خوتۇنى قىز تۇرغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە ئىككى ياش قىزنى پايلاقچى قىلىپ قويۇپ ئۇلارغا ھېچكىمنى بۇ ئۆيگە كىرگۈزمەسلىكنى بۇيرۇدى. ② بىرەر كىشىنىڭ ھەرىكىتىنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ مەلۇم قىلىپ تۇرۇشقا قويۇلغان كىشى؛ خائىن، جاسۇس: راخمان ئەسىرنى ۋاقتىنچە پادىچى ساتمىسىدا نازارەت قىلىشنى بۇيرۇپ، كۆز ئالدىدىكى ئۇرۇش پىلانىنى ئويلاشقا باشلىدى. ئۇ پايلاقچىدىن مۇھىم ئاخباراتنى قولغا چۈشۈرۈۋالغانلىقىغا تولىمۇ خۇشال ئىدى.

**پايلاقچىلىق** «پايلاقچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان ناسىر بەگنىڭ بوسۇغىسىدا پايلاقچىلىق قىلدىم، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قېرىپ، ماغدۇرۇمدىن كەتتىم. * گومىنداڭچىلار پارتىزانلارنىڭ ئارقا سېپىنى پاراكەندە قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ تەجرىبىلىك جاسۇسلارنى تاللاپ يولغا سالدى. بۇ جاسۇسلار كىچىك تىجارەتچى، قەلەندەر نىقابى بىلەن ئاقسۇ، باي ناھىيىلىرىدە پايلاقچىلىق قىلاتتى.

**پايلاقلىق** سۈپ. ئارقىسىغا پايلاقچى قويۇلغان، نەزەربەند قىلىنغان: مەن نەگە بارالايمەن، بويىنۇم قىلدا باغلاقلىق. ھەربىر باسقان قەدىمىم، مىڭ كۆز بىلەن پايلاقلىق.

**پايلىماق I** پ. بىرەر ئىش ياكى سۆز-ھەرىكەتتە بەرداشلىق بەرمەك، سەۋر قىلماق، تاقەت قىلماق: بۇ بالىغا بىر ئاياغ جىق بولسا بىر ئاي پايلايدۇ. * جۈپ ئۈزۈك قولۇمدا تۇرسا، دۇنيانى ئويلاپتىمەن. بىردەم ئايرىلماس يارىمنىڭ ئوتىغا پايلاپتىمەن.

**پايلىماق II** پ. يوشۇرۇن كۆزەتمەك، كۆز-قۇلاق بولماق، مارىماق؛ پېيىغا چۈشمەك: دۈشمەننى كۈندۈزى ئويلا، كېچىسى پايلا (ماقال). * قۇتلۇق دەل زەيتۇنەم ئۆيىدىن چىقىدىغان پەيتنى پايلاپ، ئالدىنقى كۈنى ئىككىيلەن خوشلاشقان ھېلىقى چىغىر يول ئاغزىدىكى ئېگىزلىكقا ماللىرىنى قويۇۋېتىپ، سۇۋادانىدەك ئېگىز ئۆسكەن بىر تۈپ نان جىگدىسىنىڭ ئۇچىغا

چىقىپ ئولتۇرۇپ، زەيتۇنەمنىڭ ئۆيدىن چىقىشىنى كۈتتى. ♦ لۇتپۇللانىمۇ بىر ياماڭ قىسمەت قوغلاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە بىر مۇدھىش دۈشمەنىڭ سايىسى ئەگىشىپ پايلاپ يۈرەتتى.

**پايمال** ئى [پ] ⟵ **پايمال بولماق**.

**پايمال بولماق** ① ئاياغ ئاستىدا دەسسەلمەك، بېسىلماق، چەيلەنمەك، يانجىلماق. ② كۆچمە. ئاياغ ئاستى بولماق، دەپسەندە بولماق، خورلانماق: نەچچە ئون يىل مۇستەبىتلەرگە بولۇپ بىز پايمال، بىرلىشىپ قىلدۇق كۈرەش، ھۆرلۈك ئۈچۈن تاپتۇق ئامال.

**پايمال قىلماق** ① ئاياغ ئاستىدا دەسسىمەك، باسماق، يانجىماق، چەيلىمەك: ساۋۇت ئاكا جامداتتىن يېنىپ ئېتىزلىققا كەلسە ياۋا توڭگۇزلار زىرائەتلىرىنى ئاللىقاچان پايمال قىلىۋەتكەنىكەن. ② كۆچمە. ئاياغ ئاستى قىلماق، دەپسەندە قىلماق، خورلىماق: قىلدى ئەل بەختىنى پايمال جۇت ـ شۇئىرغان بىرزامان، كۆلمىگەي ئەردى كۆڭۈل داۋايى گۈلاپ بولمىسا.

**پايمۇپاي** ① بىر پاي، بىر پايدىن: پايمۇپاي ئاياغ. ② باشمۇباش: ئىسكەندەر ھارۋىسىنى ياسىنىڭ ھارۋىسىغا پايمۇپاي تېگىشتى.

**پايقىماق** (توغرىسى: بايقىماق) ⟵ **بايقىماق**.

**پايناپ** ئى ① يۇقىرى ئېقىن، سۇنىڭ بېشى: ــ سۇلايمان قېچىپتۇ، بۇ نېجىس تاشلىق پايناپ ئايغىدىكى ئازغان يولىدىن ئۆتۈپ، ساي ئىچى بىلەن تاغ تەرەپكە قېچىپتۇ، ــ دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. ② سۇپ. سۇ تەستە چىقىدىغان، سۇغا قىرىق: ــ بۇ پايناپراق يەر، مېنىڭ ئەمگەك كۈچۈم ئاز، شۇڭا مۇمكىن بولسا ماڭا سۇ ئىتتىكرەك چىقىدىغان يەردىن بەرسەڭلار، ــ دەپ ئىلتىماس قىلدى رەقىب ئاخۇن.

**پايىنەك** ئى [پ] ① تۇخۇمنىڭ توم، يوغان تەرىپى (ئۇچىغا قارىمۇقارشى تەرىپى): سېيىت، مەشرەپكە كۆرەڭلەپ: ــ مۇشۇنداق تۇخۇمدىن ئىككى يۈزنىڭ ئۇچ ـ پايىنىكىنى ئۇرۇۋالىمەن، دېسىمۇ قورقماي چېكىشىۋېرىمەن، ــ دېدى. ② كۆچمە. مىلتىق، ئاپتومات، قىلىچ قاتارلىق قوراللارنىڭ تۇتىدىغان سېپى، دەستىسى: جانىبەك، كەلگەن پېتى قوش ئېغىزلىق مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن ھېلىقى كىشىگە يامىشىۋاتقان بۆرىنىڭ بېشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن بىرنى سالدى. ③ باشنىڭ چاچ ئۈنمىگەن ۋە چاچ چۈشۈپ كەتكەن غىلتاڭ قىسمى، پارقىراق چوققىسى: قىلغان خىيالىنىڭ توللۇقىدىن باشلىرىمنىڭ تۈكى چۈشۈپ، ساتىراشنىڭ ئۇۋرىقىدەك غىلتاڭ بولۇپ كەتتى دېسىلە... يىگىت بېشىدىن دوپپىسىنى يۇلۇۋېلىپ، قىپقىزىل پايىنەك چوققىسىغا شاپىلاقلىدى.

**پايىنەكباش** ئى [پايىنەك + باش] بېشىغا چاچ ئۈنمىگەن، بېشىنىڭ چېچى چۈشۈپ كەتكەن، چېچى يوق، ئايپاڭباش، تاقىرباش: پايىنەكباش بۇ ئادەمنىڭ ئىنتايىن ئاچچىقى يامان ئىدى. شۇڭا كىشىلەر بۇ ئادەمگە كۆپ ھاللاردا چاقچاق قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى.

**پەپىلەتمەك** «پەپىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پەپىلەشمەك** «پەپىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پەپىلەنمەك** «پەپىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پەپىلىمەك** پ. كۆيۈنۈپ ئاسرىماق، تەربىيەلىمەك، قەدىرلىمەك: سىز مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاتا ـ ئانا تېپىپ بەردىڭىز، شۇ ئاتا ـ ئانام مېنى پەپىلەپ ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتۇپ ئادەم قىلدى.

**پەپىلقۇش** ئى. دىئال. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئىقتىدارسىز ئادەم.

**پەتە** ئى [ئە] ① ئۆلۈم ئۈزۈلمىگەن ئۆيدىكى ھازىدارلارنى يوقلاپ قايغۇ بىلدۈرۈش؛ تەسەللى: ــ ئايال كىشىنىڭ بوسۇغا داۋىنىنى ئاتلاپ چىقمىقى ئاسانمۇ، ــ دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى

سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئەيىندىنىڭ تۇغقانلىرىنى يوقلىيالماي يۈرەتتىم، ئۆلۈم پەتىلىرىنى بىر يولىلا تۈگىتىپ چىقاي دەپ ماڭدىم. ② ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلەرنى يوقلاپ قىلىنىغان زىيارەت: پەتە قىلماق. * ئۇنىڭ نەزىرىدە، شەمەر چىققان كۈنى كېلەلمىسىمۇ، ئەتىسى ئەتىگەندە چوقۇم بۇ ئۆيگە پەتىگە كېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقتى.

**پەتە قىلماق** ① ئۆلۈم ئۈزىتىلغان ئۆيدىكى هازىدارنى يوقلاپ، قايغۇ بىلدۈرمەك؛ تەسەللى بەرمەك: مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۈتۈلمىگەندە ئابدۇللا داموللا مەتقۇرباننىڭ ئۆيىگە پەتە قىلىپ كىرىپ كەلدى. بۇ ئادەتتىكى پەتە ئىدى ② ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلەرنى يوقلاپ، زىيارەت قىلماق: مەسۇمكام ماڭا قاراپ: — بىزنىڭ ئۆيلەرگىمۇ پەتە قىلىپ بېرىڭ، ئۇكام. يەڭگىڭىزنىڭ قولى گۈل، قايماقلىق ئەتكەن چاي، توخۇم پوشكىلى بىلەن مېھمان قىلىدۇ، — دېدى.

**پەتەك** سۈپ. بويى ئۆسمىگەن؛ پاكار: ئوسمان بەگنىڭ ئۆيىگە ھەر-ھەر كاتتا مېھمانلار چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئوسمان بەگ سەلەي موللامنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ-تېنەپ ئالدىغا چىقىپتۇ. مېھمانلار: — ئوسمان بېگىم بۇ پەتەككە نېمانچە قىلىپ كېتىدىغاندۇ؟ — دەپ ھەيران قاپتۇ.

**پەتەكبۇرۇن** ` ئى [پەتەك+بۇرۇن] <بىن> نەقىش گۈللىرىنىڭ ئارىلىقلىرىغا گەج، لاي بېرىپ سىلىقلايدىغان ئەسۋاب.

**پەتتە** ئى ① قۇرۇلتاي، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ مەيدىسىگە تاقايدىغان ۋەكىللىك بەلگىسى؛ لېنتا: سالى ئەپەندى كۆرۈنۈشىدىن كەسپىنى پەملىگىلى بولمايدىغان بۇ ھەمراھىغا كۆزىنىڭ قىرىدا ئاستا قارىدى. مەيدىسىدىكى قىزىل پەتتە ئۇنىڭ تۇرقى ھالىتىگە قىلچە ماسلاشمىغانىدى. ② ئەر-ئاياللارنىڭ تۇرمۇش قۇرغانلىقىنى، تويلاشقىنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھنامە؛ نىكاھ خېتى: پەتتە ئالماق. پەتتە يازماق. * نىياز، قاسىمغا: — ھازىرقى كۈندە قىزنىڭ كۆڭلى بولمىسا پەتتە بەرمەيدىكەن، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن قىزنى قولغا كەلتۈرۈش تەس بولۇۋاتىدۇ، — دېدى. ③ سەللىنىڭ مۈرىگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان قىسمى؛ ئۇچى: ھاجى ئىشاننىڭ سۆزىنىڭ ئېغىر تەسىرى ئاستىدا، بېشىدىكى چوڭ سەللىسىنىڭ پەتتىسىنى مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ مەيدىسىگە چۈشۈرگەن، ئىككى بىلىكىگە بىر جۈپ كەھرىۋا تاشلىق تەسۋى ئاسقان، چوڭ «قۇرئان»نى ئىككى قوللاپ ئېچىپ تۇتقان ھالدا ھېسامىدىن داموللا ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى.

**پەتلە** ئى. كېيىم-كېچەكنىڭ تۈگمىلەيدىغان تۆشۈكى: پەتلە ئاچماق. پەتلە تورلىماق.

**پەتنۇس** ئى [ر] ئۈستىگە چىنە-قاچا، قەنت-گېزەك قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى سېلىپ توشۇشقا ياكى داستىخانغا قويۇشقا ئىشلىتىلىدىغان تەخسە شەكىللىك مېتال بۇيۇم: ئىشىك ئېچىلىپ نان، چەينەك ۋە چىنە قويۇلغان پەتنۇسنى كۆتۈرگەن گۈلچېھرە مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى.

**پەتىچى** ئى ① ئۆلۈم ئۈزىتىلغان ئۆيدىكى ھازىدارلارغا تەسەللى بېرىپ، يوقلاپ كەلگەن كىشى: ئانا قىزى ئانار يادىغا چۈشسىلا ئۆزىنى تۇختىتالماي ئىختىيارسىز يىغلايتتى. يىراق-يېقىندىن پەتىچىلەر كەلسە، ئىختىيارسىز ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ، پىغان بىلەن قوشاق قېتىپ ھازا ئاچاتتى. ② ئادەتتە ھېيت-ئايەم، توي-مەرىكە مۇناسىۋىتى بىلەن ئەل-ئاغىنە ۋە تونۇش-بىلىشلەرنى يوقلاپ كەلگەن كىشى: مەن بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگىنىمدىن باشلاپ مېنى تەبرىكلەپ كەلگەن پەتىچىلەر ئۈزۈلمىدى. ھەممىلا كىشى مېنى خۇددى يېڭى تۇيۇم بولغاندەكلا مۇبارەكلەيتتى.

**پەتلەتمەك** «پەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايىزىمخان ئاچا بۈگۈن ئەتىگەندە ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ كەلگەن قىزىنى

ئۆرۈق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە پەتلەتكىلى ئېلىپ ماڭدى.

**پەتلەشمەك** «پەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھېيت نامىزىدىن يانغان جامائەت ياقۇپ بوۋاينىڭ ئۆيىنى پەتلەشتى.

**پەتلىمەك** پ ① ئۆلۈم ئۈزىتىلگەن ئۆيدىكى ھازىدارلارنى يوقلاپ، مەرھۇمغا قايغۇ بىلدۈرمەك؛ تەسەللى بەرمەك: جامائەت مەرھۇم ھاشىم ئاكىنى ياد ئېتىپ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بىرىپ ئارقىمۇئارقا پەتلىدى. ② ئادەتتە ھېيت - ئايەم، توي - مەرىكە مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆرۈق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنە، قولۇم - قوشنىلارنى يوقلىماق، زىيارەت قىلماق: كېلەر ئازنا كۈنى ئۆيدىكى ھەممەيلەن قىزنىڭ ھامىسىنىڭ ئۆيىگە پەتلەپ بارىدىغان بولدى. * ئۇلار بىر - بىرىگە ئېگىلىپ سالام بېرىشەتتى. سىيىتمۇ ھەممە ئۆيىنى دېگۈدەك پەتلەپ چىقاتتى. دىتىغا ياقمىغان ئىشلارنى كۆرگەن ھامان: — ھوي، ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەردە يامان بولىدۇ، — دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

**پەتىنگان** ئى [پ] <بوت> ← **چەيزە**: توختاخۇن، بايىمىز خالۋاپلارنىڭ مەسلىھىتى بويىچە تېرىلغان قوغۇن - تاۋۇز ھەم مەيدانىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئۇتياشلىقتا تەرخەمەك، شوخلا، پەتىنگان، قىزىل مۇچ، جاڭدۇ، بەسەي، سەۋزە، پىيازلار ئاللىقاچاندىن بېرى يېيىتىلىپ توشۇلماقتا ئىدى...

**پەتىۋا** ئى [ئە] <دىن> بىرەر چىگىش، مۇشكۈل مەسىلىلەرگە قارىتا شەرىئەت ۋە قانۇنغا ئاساسەن دىنىي ئۆلىمالار تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان خۇلاسە؛ قارار، ھۆكۈم: پەتىۋا چىقارماق. * ھېسامىدىن داموللا مۇنداق چاغلاردا شەرىئەتنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن جارى قىلىنىدىغان پەتىۋالىرىنى ھە دېگەندىلا ئويدۇرۇپ چىقىرىۋېرىشكە ماھىر ئىدى.

**پەتىۋاچى** ئى. پەتىۋا چىقارغۇچى كىشى، مۇپتى: — ئۆزلىرىنىڭ ئورنىدا پېقىر بىرىپ كېلەي، — دېدى مەنسۇر بېگىم ۋە شۇ ئان ئادىل پەتىۋاچى يۇنۇس بەگ بىلەن بىللە سەككىز لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ كەتتى.

**پەتىۋاچىلىق** ئى. پەتىۋا چىقىرىش، پەتىۋا يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: پەتىۋاچىلىق قىلماق. * مەن ئۇنىڭغا — پەتىۋاچىلىقتا، كىتاب كۆچۈرۈشكە، چىرايلىق ھۆسنخەتكە، ھېساب ۋە ماتېماتىكىغا ماھىرمەن، — دېدىم.

**پەجمۇردە** سۈپ [پ] ① غەمكىن، سولغۇن: پەجمۇردە بولغان بالا. * سۆھبەتچىلەر تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، قىزىق سۆھبەتنى بۆلۈۋەتكەن بۇ پەجمۇردە يىگىتكە بىرئاز نارازى بولغان ھالدا قاراشتى. ② تىتىلغان، زەخىملەنگەن، بۇزۇلغان: — بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر، تېرەڭدە كېلىشتۈرۈپ بىر جۇۋا كىيەي، پەجمۇردە قىلماي سويۇڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ.

**پەجمۇردە بولماق** ① غەمكىنلەشمەك، سولاشماق، سولماق. ② بۇزۇلماق، تىتىلماق، زەخىملەنمەك: گۈللىرىم پەجمۇردە بولدى، شاخمۇ شاخ قونىدۇق كېلىپ، بەرگلىرى يەرگە چېچىلدى شاخلىرى كەتتى سۇنۇپ.

**پەجمۇردە قىلماق** ① غەمكىنلەشتۈرمەك، سولاشتۇرماق، سولدۇرماق. ② بۇزماق، زەخىملەندۈرمەك، تىتماق: ئىت چىشلەپ پەجمۇردە قىلىۋەتكەن جۇۋامنى كۆتۈرۈپ، ھويلىدىن ئاران قېچىپ چىقتىم.

**پەجىمدە** (توغرىسى: پەجمۇردە) ← **پەجمۇردە**.

**پەچەك** ئى. <دىئال> پۇتىنىڭ تىزىدىن تۆۋەنكى قىسمىنى ئىككى يان تەرەپكە كېرىپ ماڭىدىغان كىشى.

**پەچىم** [پ] ① سۈپ. يېرىق، چاك قاتارلىقلارنى قادايدىغان، ھىملاشتۇرىدىغان؛ چىڭىتىدىغان: پەچىم مىخ. پەچىم ياغاچ. ② ئى. چىڭىغان، ھىملاشتۇرۇلغان ھالەت: ئاغزىنىڭ پەچىمى يوق.

www.uyghurkitap.com

**پەچىم قاقماق** ھىملاشتۇرۇپ چىڭىتىدىغان نەرسىلەرگە پەچىم مىخ ياكى پەچىم ياغاچ قاقماق.

**پەچىم مىخ** بىر تەرىپى قالپاقلىق يەنە بىر تەرىپى بىر ياكى ئىككى تىلىلىق، قېقىلىپ بولغاندىن كېيىن تىلىلىق ئۇچى يان تەرەپكە ياتقۇزۇۋېتىلىدىغان بىر خىل مىخ.

**پەچىم ياغاچ** بىر-بىرىگە ھەم قىلىپ قۇراشتۇرۇلغان تاختايلارنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن تاختاينىڭ ئارقىسىدىكى ئويۇقچىغا كىرگۈزۈپ چىڭىتىدىغان، بىر ئۇچى ئىنچىكە بىر تەرىپى توم قىرلىق ياغاچ.

**پەچىم ياندۇرماق** پەچىم مىخنىڭ تىلىلىق ئۇچىنى قايرىپ ياندۇرۇپ، مىخلانغان جاينى بوشىمايدىغان قىلىپ چىڭىتماق: نۇراخۇن ئۇستام دەرۋازىنى مىخلاپ پەچىم ياندۇرۇپ تۇرۇشىغىلا يەنە ئەخمەت دۈيجاڭ ئالدىرىتىپ كىردى.

**پەچىملەتمەك** «پەچىملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پەچىملەشمەك** «پەچىملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: رىشىت ھاجىم ۋە خوتۇنىنىڭ كۆزلىرى بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئۆي سەرەمجانلىرىغا تىكىلدى ۋە ئۇلارنى ئېلىشىغا سېتىپ، قورساقنى پەچىملەشتى.

**پەچىملەنمەك** «پەچىملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پەچىملىمەك** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ چاك، يېرىقىنى ئەتمەك، ھىملەشتۈرمەك، چىڭىتماق: ئاغزىنى پەچىملىمەك. * ئۇكام، بۇ گەردۇن چىنىنى كىم قادىدى؟ سالغان قاداق مىخلىرى خېلى كۆپكەن، ياخشى پەچىملەپتۇ جۇمۇ؟ ئاتا-ئانىدىن قالغان تەۋەررۇكنى تاشلىۋەتمەي، سۇنسىمۇ قاداپ ئىشلەتكىنىڭىز ياخشى بولۇپتۇ. ② بوش ئورۇن قويماي رەتلىك تىزماق: ئۇلار شۇنداق يامغۇرغا قارىماي ماللارنى ماشىنىغا پەچىملەپ باستى ۋە ئۈستىنى ياپتى.

**پەخەس** رەۋ [پ] ھوشيار، دىققەت، ئاگاھ: پەخەس بولماق، پەخەس تۇرماق. * ئىشىكتىن چىقتى ئۇ سالدى قۇلۇپنى، تېز قايتتى ئاردىن ئۆتمەي ئۇزاق. دېدى ۋە «پويىزغا قالدى ئون مىنۇت، مەڭ بىلەت، پەخەستە قوزغىلىڭ تېز رەك».

**پەخەس بولماق** دىققەت قىلماق؛ ئاگاھ بولماق، ئېھتىيات قىلماق، ھوشيار بولماق: مەخمۇت پەيزۇللاغا: —مەن ساڭا باشتىلا ئېيتقان ئىدىمغۇ، سەن ئەمدى پەخەس بول، بولمىسا ئۇنىڭ قانداق ئۆچ ئالغانلىقىنى تۇيمايلا قالىسەن، — دېدى.

**پەخەسلىك** «پەخەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ چىشىنى چىشلەپ، غەيرەتكە كەلدى، پەخەسلىك بىلەن قول بومبىسىنى قولىغا ئالدى.

**پەخىر** (پەخرى) ئى [ئە] ① مەمنۇنىيەتلىك ھېس-تۇيغۇ، مەمنۇنىيەت؛ غۇرۇر: ئېھ! شۇ كۈن جانلاندى چەكسىز دىيارىم، كېچىلەپ كەلمىدى ئەلنىڭ ئۇيقۇسى. ئېھ! سېنى ئۆستۈرگەن ئۇلۇغ ۋەتەنىنىڭ، ئۇرغىدى قەلبىدىن پەخىر تۇيغۇسى. ② ماختىنىشقا، غۇرۇرلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم ۋە نەرسە، ئەڭ ياخشى نەمۇنە، ناما-يەندە؛ ئىپتىخار: ئېلىپ پارتىيىدىن قۇۋۋەت، ۋەتەندە تاپتى تەربىيەت، جاھاندا تاپتى شان-شۆھرەت، ۋەتەنىنىڭ پەخرى ئارمىيە.

**پەخىرلەنمەك** پ. بىرەر ئادەم، نەرسە ياكى ئېرىشلگەن مۇۋەپپەقىيەت تۈپەيلىدىن مەمنۇن بولماق، غۇرۇرلانماق، ماختانماق: شاھ پەرى ھاتەمنىڭ بۇ يەرگە ئۆزلۈكىدىن كېلىشىدىن چوڭقۇر پەخىرلەندى. ھەددىدىن ئارتۇق ھۆرمەت-ئېھتىراملار بىلدۈردى. نەچچە كۈنلەرگىچە قانماي سۆھبەتلەشتى.

**پەخىرلىك** سۈپ. ھۆرمەت، شان-شەرەپ بېغىشلانغان، بەخش ئېتىلگەن، پەخىر-لەنسە ئەرزىيدىغان؛ شەرەپلىك: خەلقىمىزنىڭ غۇرۇرى، مۇقام پىرى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ پەخىرلىك نامى گويا بىر ئۆچمەس يۇلتۇزدەك،

ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ!

**پەخرىي** سۈپ [ئە] كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ھۆرمەت يۈزىسىدىن سايلانغان ياكى مەرتىۋىسى ساقلاپ قېلىنغان: پەخرىي رەئىس. پەخرىي ئەزا. پەخرىي ئۇنۋان. * ئۇ ئەسلىدە بۇ كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچى باش ساھىبخانا ۋە لېنتا كەسكۈچى پەخرىي ئادەم ئىدى.

**پەخرىي قاراۋۇل** ① بىرەر دۆلەت ئەربابى ياكى ئالاھىدە كىشىلەر ھۆرمىتى ئۈچۈن قويۇلىدىغان ھەربىي ئەترەت: قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەلۇم دىۋىزىيە شتابى پەخرىي قاراۋۇللۇققا بىر باتالىئوننى تەيىنلىدى. ② مەرھۇم ھۆرمىتى ئۈچۈن تاۋۇت قېشىدا تۇرىدىغان مەخسۇس كىشىلەر.

**پەخرىي يارلىق** كۆرسەتكەن ئالاھىدە خىزمەتلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن بىرەر ئەمەل-ئۇنۋان ھەققىدىكى رەسمىي ھۆججەت، ئۇقتۇرۇش، پەرمان.

**پەخرىي ئۇنۋان** ياراتقان ئالاھىدە تۆھپە، كۆرسەتكەن پەۋقۇلئاددە خىزمەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالىي ھۆرمەت نامى؛ دەرىجە.

**پەدە** ئى [پ] تۇرلۇك ① چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ دەستىسىدىكى تاۋۇش نوتىلىرىنى بەلگىلەيدىغان بوغۇملار: پەدە باسماق. پەدە باغلىماق. * ئۇ مېنىڭ دۇتارغا يېقىمىدىن ئىشتىياق باغلاپ پەدە بېسىشنى ئەمدى ئۆگىنىۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. ② ئاھاڭ: ھەش-پەش دېگۈچە ئىككى ئۇستەل سىرتقا چىقىرىۋېتىلدى، تالىپ دۇتارنى باشقىدىن ساز قىلىپ شوخ پەدىلەرگە باشلىۋەتتى.

**پەدە باسماق** چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ دەستىسىدىكى تاۋۇش نوتىلىرىنى بەلگىلەيدىغان بوغۇملىرىنى ئاھاڭغا كەلتۈرۈپ قول بارماقلىرى بىلەن باسماق: پەدە بېسىشتا پەدە باسقان بارماقتىن باشقىلىرى يۇمۇلۇپ قالماي تۆۋەنكى پەدىلەرنى بېسىش ئۈچۈن تەييار تۇرۇشى لازىم.

**پەدە باغلىماق** دۇتار، تەمبۇر، راۋابقا ئوخشاش چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ دەستىسىگە تار ياكى سىم بىلەن تاۋۇش نوتىلىرىنى بەلگىلەيدىغان بوغۇمچىلارنى بېكىتمەك؛ باغلىماق: ئۆز زامانىسىدا راۋابمۇ ئىككى تارلىق، پەدىسىز بولىدىغان، سېنىڭ قولۇڭدا ئۇنىڭغا يەنە بىر تار قوشۇلدى، پەدىمۇ باغلاندى. ئاھ ئۇغلۇم، سېنىڭدىن ئۈمىدىم چوڭ!

**پەدە بېسىش ئۇسۇلى** <مۇز> چالغۇ ئەسۋابلارنى ئىشلىتىشتىكى بارماق قوللارنىڭ تەقسىم قىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. نوتىدا ئاۋاز بەلگىسىنىڭ ئۈستى ياكى ئاستى تەرىپىگە قايسى بارماق بىلەن چېلىنىدىغانلىقى ئەرەب رەقىمى بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

**پەدە چاقماق** چالغۇ ئەسۋابلىرىدىكى پەدىلەر ئىنچىكە-توم ئورنىتىلىپ قالغانلىقتىن بېسىلغان تار باشقا پەدىگە تېگىپ قالماق: راۋابنىڭ پەدىلىرى ئۇيپىراش سەۋەبىدىن پەدە چاقىدىغان بولۇپ قالدى.

**پەدە يۆتكىمەك** ① چالغۇ ئەسۋابلارنى بىرەر ناخشىغا چېلىنىۋېتىپ تۇرۇپ باشقا بىرەر ناخشىغا ئۆزگەرتمەك؛ ناخشىنى يېڭىلىماق: ئېلىشا تەدرىجى پەدە يۆتكەپ، ئۆز قىسمەتلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى. * كېنىزەك ئۇنىڭدىن كېيىن دىلىنى ئۆزگە تارتىدىغان «ياقام پارە» دېگەن پەدىگە يۆتكەپ چاپتۇ. ② كۆچمە. پىلانىنى، ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەك، باشقىچە يول تۇتماق: شۇ بولىدى بىر قارار، يۆتكەلىدى پەدە، ئورۇنلاشقا تەلەپنى بەردى ۋەدە.

**پەدەر** ئى [پ] يېزت① ئاتا، دادا: پەدەرنىڭ ۋاقتىدا جانابىي ئۆمەر سازەندىنىڭ ئوردىدىن كېتىپ قېلىشى توغرا ئىش بولمىغان ھەزرىتىم. بۇ ئىشتا پەدەرنىڭ ئەيىبى يوق، — دېدى ئابدۇرىشىتخان. ② مۆتىۋەر، ئۇلۇغ، يېتەكچى كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن قوللىنىلىدىغان

هۆرمەت سۆزى: بۇ يۇرتتا كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى بولغان ھۇنەر پەيدا، فارابى ھەم يۇسۇپ ئوخشاش ئۇلۇغ ئۇستاز پەدەر پەيدا. بولۇپ لۇتپى، ناۋايى ھەم قىدىرخانىدەك گۆھەر پەيدا، مۇقام ــ كۈي ئىقلىمى قىلدى بۈيۈك كەشپتىن خەۋەر پەيدا.

**پەدەك** ئى. دىئال. تاماق يەيدىغان سىرلىق قاچا.

**پەدىلىك** سۈپ. پەدە باغلانغان، پەدىسى بار: پەدىلىك چالغۇ ئەسۋاب. * بۇ خىل سازلارنىڭ پەدىلىكى ئۈچۈن ئۈچەي تىركىشى، قوي تېرىسى تىركىشى، بوم تار، نىلۇن تار قاتارلىقلار ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

**پەر** ئى [پ] (توغرىسى: پەي) ←── **پەي.**

**پەرەز** ئى [ئە] ① بىرەر نەرسە ھەققىدە ئالدىنئالا قىلىنغان تەخمىنىي مۇلاھىزە؛ **قىياس:** ھازىر مۇشۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋاقتى. مېنىڭ پەرىزىمچە، سىلە تونۇشتۇرغۇچى بولۇشنى رەت قىلغانلىرى بىلەن ئۇنى تونۇشتۇرغۇچىلار يەنە چىقىدۇ. ② <پەلس> تېخى بىلىنمىگەن شەيئى ياكى قانۇنىيەت توغرىسىدا بار دەلىل ــ ماتېرىياللارغا ھەم ئىلىم ــ پەن قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىپ قىياسەن قىلىنغان چۈشەندۈرۈش، تەسەۋۋۇر.

**پەرەز قىلماق** بىرەر نەرسە ھەققىدە گۇمان، قىياس، مۆلچەر، تەخمىن قىلماق: سادىق ئۇلارنى «ھۆكۈمەت ئادىمى (سوراقچىلار)مىكىن» دەپ پەرەز قىلدى، سەل ــ پەل ئۈمىدلەنگەندەك بولدى. * مەن ئايالنىڭ ئۆزگىچە تەقى ــ تۇرقىدىنلا چوقۇم ۋاھىت ھاكىمنىڭ بايا بىز كېيىنى قىلغان جۇرىن ئايالى شۇ دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇ شۇنچىلىك كېلەڭسىز سەمرىگەن ئىدىكى، چوڭ ــ چوڭ كۆزلىرىنىڭ ئاستىدىكى گۆشلىرى ئىششىغاندەك پەسكە ساڭگىلاپ قوش ئېڭىكى قاتلىشىپ تۇراتتى.

**پەرەزىي** سۈپ [ئە] پەرەزگە ئاساسلانغان؛ تەخمىنىي، خىيالىي.

**پەرەك** ئى. بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ ئارىسىدىكى كۆمۈرچەك سۆڭەك: نەجمىدىنىنىڭ گۆشلۈك، پارقىراق يۈزى ئېسىلىپ، كۆزلىرى پولتىيىپ چىقتى. بۇرۇن پەرەكلىرى كېرىلىپ، ئىنچىكە قارا بۇرۇتى قىمىرلاپ كەتتى.

**پەرەڭ** [پ+ئە] ① ئى. فرانسىيىلىك؛ فرانسۇز؛ غەربلىك: بوۋاي: ــ بۇ مېھمانلار ئامېرىكىدىن كېلەمدۇ، پەرەڭدىن كېلەمدۇ بىزنىڭ كارىمىز يوق، لېكىن ئۇلار ئۇيغۇرنىڭ ناخشىسى قانداق پەيزى ئېيتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالسۇن! ــ دېدى دىلبەرگە بېشىنى ئىرغىتىپ. ② سۈپ. فرانسىيىدە، ياۋروپادا، غەربتە تەييارلانغان ياكى كەلتۈرۈلگەن: پەرەڭ مىلتىق. ③ كۆچمە. سۈپ. ھەرقانداق ئىش قولىدىن كېلىدىغان؛ چېۋەر، ماھىر، ئۇستا: ئۇ قولى گۈل، پەرەڭ ئادەم. * مەھەممەت شەمشەر دولان بويىچە داڭلىق ھۈنەرۋەن ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن ئايروپىلان ياساشتىن باشقىسى كېلەتتى. ئۇنى شۇڭا كىشىلەر «مەھەممەت پەرەڭ» دەپمۇ ئاتىشاتتى. ④ كۆچمە. سۈپ. قىپقىزىل، قېنىق قىزىل: پەرەڭ ياغلىق. * رەيھان گويا سادىق بۇ سۆزنى باشقا بىرسىگە ئېيتىۋاتقاندەك، دەسلەپ ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى ۋە كېيىن سادىقنىڭ ھاياجانغا تولغان ئوتلۇق كۆزلىرىگە قاراپ، بىردىنلا ئاق سۈزۈك مەڭىزلىرى، قۇلاق، بويۇنلىرى پەرەڭدەك قىزىرىپ كەتتى.

**پەرەڭ ياغلىق** قىپقىزىل ياغلىق: يار بېشىدا پەرەڭ ياغلىق، قاش ــ كۆزى كۆرۈنمەيدۇ، يار يېنىمدا ئولتۇرسا، تاڭ ئاتقان بىلىنمەيدۇ.

**پەرەڭگۈل** ئى [پەرەڭ + گۈل] <بوت> ① تۈگمە گۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ، يوپۇرمىقى كەڭ، تۇخۇم شەكىللىك؛ گۈلى ئاق، ھال قىزىل ياكى قىزىل بولىدۇ، گۈل تاجىسى بىر قەۋەت ياكى قاتمۇ قات؛ مېۋىسى غوزىسىلىق مېۋە بولۇپ، ياپىلاق تۈكلۈك كېلىدۇ. ② مۇشۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**پەرەنجە** ئى [پ] ئازادلىقتىن ئىلگىرى

www.uyghurkitap.com

ئايالـلار باشقا ئەرـكىشـلەرگە يۈزـىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن بېشىنى پۈركۈۋالـ ـدىغان، تونـسىمان ئۇزۇن يېـپـىنـچـا: مەن ئايالىمغا ئۆزبېك ئايىملىرىنىڭ پەرەنجىسىدىن كىيـدۈرسەم قىلىچە چانمايدۇ، ـــ دېدى زاھىرجان.

**پەرەنجىلىك** سۈپ. پەرەنجىسى بار، پەرەنجە يېپىنغان: پەرەنجىلىك ئايال.

**پەربۇن** ئى <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى لېنتا شەكىللىك، گۈللىرى كىچىك، رەڭگى سېرىق، مېۋىسى سوقچاق؛ يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ؛ ئىسسىقنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىپ ھەيزنى تەڭشەش، ئاشقازان، تاللارنىڭ پائالىيىتىنى كۈچەيتىش رولى بار.

**پەرت I** [ئە] ① سۈپ. يەككە، يالغۇز؛ تەنھا: شەرتى كىتىپ، پەرتى قالدى (ماقال). ② سۈپ. <ئەد> كلاسسىك لىرىكىدا بىر بېيىتتىن ئىبارەت كىچىك مۇستەقىل شېئىر.

**پەرت II** تەق. قورقۇپ قېچىش ياكى بەزى رەختلەرنى يىرتىشتىن چىققان ئاۋاز: «پەرت» قىلىپ قاچماق. «پەرت» قىلىپ يىرتماق.

**پەرت قىلماق** ① «پەرت» قىلىپ ئۆتۈپ كەتمەك، «پەرت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: پىرىكازچىك بەش مېتىر سىيامبۇنى مېترلاپ بولۇپ، «پەرت» قىلىپ يىرتتى، قاتلىمايلا خېرىدارنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

**پەرتۇق** ئى [ر<نېم] ← **پەشتاما**: پەرتۇق تارتماق. * ئوچاق ئالدىدا تۇرغان سەلىمە ئالدىغا تارتقان پەرتۇقنى يېشىپ قوزۇققا ئىلدى ـ دە، ئىشىكنى ئېچىپ يۈگۈرگەن پېتى تاشقى كېسەللەر 2 ـ بۆلۈمى تەرەپكە قاراپ كەتتى.

**پەرتۇقلۇق** ① سۈپ. پەرتۇقى بار، پەرتۇق تارتقان: پەرتۇقلۇق دوختۇر. پەرتۇقلۇق چوكان. * كەڭ دالىدا ياڭزا ـ ياڭزا گۈللەر ئېچىلدى. پاختىزارغا ئاق پەرتۇقلۇق قىزلار يېيىلدى. ② ئى. پەرتۇق ئۈچۈن تەييارلانغان، پەرتۇق ئۈچۈن ئىشلىنىدىغان رەخت: پەرتۇقلۇق ئالماق.

**پەرتتىدە** رەۋ. «پەرت» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «پەرت» قىلىپ: پەرتتىدە يىرتماق. * ئايالى ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىدى ـ دە، كۆڭلىكىنى پەرتتىدە يىرتىپ ئىككى قىلىۋەتتى.

**پەرداز** ئى [پ] ① نەرسىلەرنىڭ سىرتىنى بوياش، سىلىقلاش يوللىرى بىلەن چىرايلىق، كۆركەم قىلىنىشى: پەرداز قىلماق. پەرداز بەرمەك؛ پەردىزى ياخشى بۇيۇم. * سەلەي ئاخۇن ئۇستام ئەتە بازارغا ئېلىپ چىقىدىغان چوڭ ئۆتۈكلەرنىڭ پەردىزىگە جىددىي ئىشلىمەكتە. ئېلىجانىمۇ ئىككى دانە بالا ئۆتۈكىنى پەردازدىن چىقىرىشى كېرەك. ② ھۆسن تۈزەش ياكى سۈنئىي گۈزەللىك ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئوسما، خېنە، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈش ئىشى: ئۇ ئۆزى كىچىك بولسىمۇ داۋاملىق پەرداز قىلىپ يۈرىدىغان بالا بولۇپتۇ. ③ گىرىم ۋە شۇنداق زىبۇ ـ زىننەتنىڭ ئۆزى: شەرىپە بۈگۈن ئۇنىڭدىن ھاراقتىن باشقا ئاياللارنىڭ پەرداز مېيىنىڭ پۇرىقىمۇ كېلىۋاتقىنىنى سېزىپ گۇمانلاندى. ئۇ، ئابدۇشۈكۈرنى بۇ دەرىجىگە يەتكەن ئادەم دەپ ئويلىمايتتى.

**پەرداز قىلماق** ① بىرەر نەرسىنىڭ سىرتىنى بويىماق، پارقىراتماق، سىرلىماق، گۈللىمەك: مەتنىياز قېچا ئورۇشنى توختىتىپ ئىززەتخاننىڭ توپلىيىنى پەرداز قىلىپ چىقاردى. ② سۈنئىي گۈزەللىك ھاسىل قىلماق، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرمەك؛ گىرىم قىلماق، ھۆسن تۈزىمەك: مەلىكە ئۆزىنى ياساپ ـ جابدۇپ، پەرداز قىلىپ ئالدىدىكى خىزمەتكارلىرىنى «سىلەر چىقىپ تۇرۇڭلار» دەپ چىقىرىۋېتىپتۇ، ئەمما مېھرىنى تەختنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ ئالدىدا ئېلىپ قاپتۇ.

**پەرداز كالتىكى** موزدۇزچىلىقتا ئاياغ كىيىمنى پەردازلاشقا ئىشلىتىدىغان بىر خىل

سىلىق قىسقا كالتەك، «بالا بوشتەك»مۇ دەيدۇ.

**پەردازچى** سۈپ. پەردازغا بېرىلگەن، پەرداز قىلىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ پەردازخور، ياسانچۇق: پەردازچى خوتۇن.

**پەردازخور** سۈپ [پ] داۋاملىق پەرداز قىلىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن: پەردازخور ئايال. * نىساخان، ئاق پىشماق، قېشى قارا، بويى پاكارراق، سېمىز كەلگەن، پەردازخور چوڭ ئايال كىشى بولۇپ، ئۇزۇن يىللىق ئائىلە تۇرمۇشىدا ئېرىنىڭ مىجەز-خۇلقىنى ناھايىتى تولۇق بىلەتتى.

**پەردازخورلۇق** «پەردازخور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: لۇتپۇللا ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا شەكىلۋازلىق، پەردازخورلۇقتىن خالىي ئىدى، يەنە كېلىپ، ئۇ بۇنداق ئىللەتلەرنى كىمدە كۆرسە، قەيەردە كۆرسە يۈزتۇرانە تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆز پىكرىنى ئېيتاتتى.

**پەردازسىز** سۈپ. پەرداز قىلىنمىغان، پەردىسىزى يوق، پەرداز بېرىلمىگەن: ئاتاڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە (ماقال). * ئىدارە باشلىقى مۇسانىڭ خوتۇنى رەيھان قىرىق بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ تۇرقىدىن پەردازسىز يۈرمەيدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**پەردازلاتماق** «پەردازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ تويدا كىيىدىغان ئاياغ كىيىمنى پەردازلىتىپ تەييارلىدى.

**پەردازلاشماق** «پەردازلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پەردازلانماق** ① «پەردازلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: شۇڭا چاپا تارتىپ ئەينەك ئالدىدا، پەردازلىنىپ، تارانماقتا بۇ خانىم. ئۆچەي دېگەن ئۈمىدلىرى تۇتىشىپ، كۆڭۈل قويۇپ ياسانماقتا بۇ خانىم. ② «پەردازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۇماق پەردازلاندى.

**پەردازلىماق** پ ① پەرداز بەرمەك، گىرىم قىلماق، چىرايلىق قىلماق: مەلىكە بۇ قېتىمقى زىيابەت ئۈچۈن ئەتەي يەتتە خىل غىزا تەييارلاپ، ھەربىر خىل تائامنى بىر ئىشىكتىن ئېلىپ كىرىپتۇ. ھەر قېتىم كىرگەندە كىيىم يەڭگۈشلەپ ئۆزىنى باشقا بىر خىل پەردازلاپتۇ. ② كۆچمە. ناچار تەرىپىنىمۇ ياخشى دېمەك: مەن تۈرلۈك ئۇسۇلدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ياخشى چىقىشىۋالدىم. ئىمكانىلا تېپىلسا ئۇلارنى يوق ئۇتۇقلار بىلەن پەردازلاپ بولۇشچە ماختىدىم.

**پەردە** ئى [پ] ① دېرىزە، ئىشىك، سەھنە قاتارلىقلارغا زىننەت بېرىش ياكى توسۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان رەخت: دۇخاۋا پەردە. چىت پەردە. پەردە ئاچماق. * خىزمەتچى مەلىكە بۇدۇرنىڭ تۇرغان قەسرىگە قەمەرۇززاماننى باشلاپ كىرىپ، پەردە تۇتۇلغان ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا توختىتىپتۇ. ② <ئانات> ئورگانىزمدا ئايرىم ئورگانلارنى قاپلاپ، ئوراپ ياكى بىر-بىرىدىن ئاجرىتىپ تۇرىدىغان نېپىز شىللىق نەرسە؛ يۇپقا توقۇلما: قىزلىق پەردىسى. قۇلاق پەردىسى. * ھەمدۇلنىڭ قۇلىقى يۇقۇملىنىپ يىرىڭلاپ، ئاخىرى قۇلاق ئىچكى پەردىسى تېشىلىپ، ئوڭ قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قالدى. ③ <تىيا>سەھنە ئەسىرىنىڭ، فىلىمنىڭ مۇستەقىل ۋەقەلىكتىن ئىبارەت بولغان تولۇق بىر قىسمى: — بۇ دراما قانچە پەردە ئىكەن؟ * كومېدىيە دېگەن بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيدۇ، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن تەمى بولىدۇ. بىرىنچى پەردىسنى كۆرمىگەن بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئىككىنچى پەردىسنى ئۇلاپلا سەھنىگە ئېلىپ چىقايلى، — دېدى رېژىسسور. ④ كۆچمە. ئاتا-بالا ۋە چوڭ-كىچىكلەر ئارا قىلىنىدىغان ھايا: پەردە ساقلىماق.

**پەردە ساقلىماق** ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھايا ۋە ھۆرمەتنى بۇزماي داۋاملاشتۇرماق.

**پەردە قاناتلىقلار ئەترىتى** <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ بىر ئەترىتى، بۇ ئەترەتكە كىرىدىغان ھاشاراتلارنىڭ تۆت قانىتى سۈزۈك

ۋە نېپىز؛ قانات تومۇرى ئاز، ئېغىز ئورگە-نىنىڭ تۈزۈلۈشى ئالاھىدە بولۇپ، چېقىش، چاييناش، يالاش، شوراش رولىنى ئۆتەيدۇ؛ چىشىسىنىڭ قۇيرۇق ئۇچىدا تۇخۇم سېلىش ئورگىنى ياكى چېقىش تىكەنچىسى بولىدۇ؛ شەكىل ئۆزگەرتىشى تولۇق ئۆزگىرىشكە كىرىدۇ؛ ھەسەل ھەرىسى مۇشۇ ئەترەتكە كىرىدۇ.

**پەردە قوللۇق ئەجدىھا** <زوئول> قەدىمكى سۆرەلگۈچى ھايۋان، ئالدىنقى ئايىغى بىلەن تېنىنىڭ ئىككى يان ئارىلىقىدا نېپىز پەردىسى بار؛ ئۇچالايدۇ، بېشى ئۇزۇن، تۇمشۇقى ئۇچلۇق، قۇيرۇقى قىسقا بولىدۇ. سىلور ۋە بور دەۋرلىرىدە ياشىغان.

**پەردە قوللۇقلار ئەترىتى** <زوئول> ئۇچىدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر ئەترىتى، ئالدىنقى ئايىغى ياغاق پەردىگە ئۆزگەرگەن، ئالدى ئايىغى بىلەن ئارقا ئايىغى ئارىلىقىدا ۋە ئارقا ئايىغى ئارىسىدا قانات پەردىسى بولىدۇ؛ كېچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇنىڭغا ھەر خىل شەپەرەڭلەر كىرىدۇ.

**پەردە ياللۇغى** <تىب> ئادەتتە كىشىلەردىكى تېز خاراكتېرلىك كۆز قىزىرىش كېسەللىكى.

**پەردىسىمان** سۈپ. پەردىگە ئوخشايدىغان، پەردە شەكىللىك.

**پەردىشەپ** ئى [پ] ① تۈن قاراڭغۇسى. ② تۇرمۇشتا بىر-بىردىن ھايا قىلىدىغان، ئۆزئارا شەخسىيىتىگە تەئەللۇق ئىش ۋە قىلىقلار: قاسىمجان بىلەن ئۇزۇندىن بېرى بىر پەردە ئىشلەپ كېلىۋاتىمىز، ئارىمىزدا ئاز-تولا پەردە-شەپمۇ بار ئىدى، مانا ئەمدى تۇغقان بولغاندىن كېيىن بۇنداق پەردىشەپ تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

**پەردىلەشمەك** ① «پەردىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② توسۇۋالىدىغان پەردە ھاسىل بولماق، شەكىللەنمەك: ھېلىقى كىشىنىڭ كۆزى پەردىلىشىپ، كەچتە كۆرەلمەس بولۇپ قالغانىكەن.

**پەردىلەنمەك** «پەردىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پەردىلىك** سۈپ ① پەردىسى بار، پەردە تۇتۇلغان: پەردىلىك ئۆي. ② ئورگانىك پەردىگە ئىگە بولغان، پەردە بىلەن قاپلانغان: ئۆردەك ۋە غاز قاتارلىق قۇشلار سۇ ئۈزگەندە پەردىلىك پەنجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ③ <تىيا> قىسىمغا ئاجرىتىلغان، بۆلەكلەرگە ئايرىلغان، پەردىلەرگە بۆلۈنگەن: يالقۇنلۇق يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان سۆزلەر بىلەن بەش پەردىلىك «قانلىق ياشلار» دۇنياغا كەلدى! ④ پەردە ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان: پەردىلىك رەخت. پەردىلىك دۇخاۋا.

**پەردىلىمەك** پ ① پەردە بىلەن توسماق، پەردە تارتماق، پەردە تۇتماق: دېرىزىنى پەردىلىمەك. ② كۆچمە. ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلىمەي، يوشۇرۇن خۇپىيانلىق بىلەن بىلدۈرمەك؛ نىقابلىماق: ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئىرادىسىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى پەردىلەشتىن ئىبارەت.

**پەرز** ئى [ئە] ①<دىن> ئاللانىڭ بەندىلەرنىڭ ئادا قىلىشىغا ۋە ساقلىنىشىغا بۇيرۇغان ۋەزىپىلىرى: پەرزنى ئادا قىلماق. * تەجەللى: — ئۆز ئىبرىمىزدىكى ھەجەرى ئەسۋەدتىنمۇ ئەلا بولغان بۇ جايغا بېرىپ دۇئا-تەكبىر قىلىش تېخىمۇ پەرز بولسا كېرەك، ھاجىم! — دېدى. ② چوقۇم ئورۇنداش زۆرۈر بولغان ۋەزىپە؛ مەجبۇرىيەت: بۇ خەتنى ئوقۇپ، پادىشاھ خوجىباغا ئانچە ئويلانمايلا: — ئەلنى باشقۇرۇپ پۇقراغا ئادىل ئادارچىلىق قىلىۋاتقان بىزلەر ئۈچۈن بۇ پەرز ھەم قەرز، — دەپتۇ.

**پەرزنى ئادا قىلماق** ① پەرز قىلىنغان مەجبۇرىيەتلەرنى بەجا كەلتۈرمەك: ھاجىخان تەقۋادار ئايال، ئۇ ياشانغىنىغا قارىماي روزىسىنى تۇتۇپ، نامىزىنى ئوقۇپ پەرزىنى ئادا قىلىۋاتىدۇ. ② ئاتا-ئانىلار ئوغۇل-

www.uyghurkitap.com

قىزلىرىنىڭ توي-نىكاھ ئىشلىرىنى بەجا كەلتۈرمەك: رۇسۇل ئاكىنىڭ «كۆزۈمنىڭ ئوچۇقچۇلۇقىدا پەرزنى ئادا قىلسام بولاتتى...» دېگەندەك ئاتىلىق قەرزىنىڭ ئالدىرىتىشى رەھمىنى توي قىلىشقا مەجبۇر قىلماي تۇرالمىدى.

**پەرزەنت** ئى [پ] ① ئاتا-ئانىغا نىسبەتەن ئوغۇل ياكى قىز بالا؛ ئەۋلاد: پەرزەنت كۆرمەك. پەرزەنتلىك بولماق. * ئەكرەم بىلەن زۇمرەت چوڭقۇر ھاياجان بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ قويدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ خۇشاللىق ۋە خىجىللىق ئارىلاش ئىسسىق كۆز ياشلىرى بوۋاقلارنىڭ يۇمران چاچلىرىغا تامماقتا ئىدى. ② كۆچمە. ئۆز ۋەتىنى ياكى خەلقىغە مەنپەئەت كەلتۈرىدىغان، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان كىشى: پەرزەنت قوشۇن. خەلق پەرەزەنتى. * ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي ئازادلىقى ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كۈرەشكەن، ئۆز مەنپەئەتىنى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان قىلغان قەھرىمان پەرزەنتلىرىنى، ئۇلارنىڭ شانلىق نامىنى قەلبىدە ئەبەدىي ساقلايدۇ.

**پەرزەنت كۆرمەك** ← **بالا كۆرمەك**: ھەۋزىخان ئوسمان بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، بىر پەرزەنت كۆرگەنىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ پەرزەنتى ئۇزاق ئۆتمەي ۋاپات بولدى.

**پەرزەنتسىز** سۈپ. پەرزەنتى يوق؛ **بالىسىز**: پەرزەنتسىز ئائىلە. پەرزەنتسىز ئەر-خوتۇن. * پادىشاھنىڭ دوستلىرىدىن بىرى: ــ پادىشاھى ئالەم، پەرزەنت دېگەن ئاتا-ئانىنىڭ تۈگىمەس-پۈتمەس بەخت-دۆلىتى. پەرزەنتسىز ھاياتنىڭ لەززىتىمۇ، ھۇزۇرىمۇ يوق. سىلىدەك بىر پادىشاھنىڭ پەرزەنت كۆرۈشى شەرت، ــ دەپتۇ.

**پەرزەنتسىزلىك** ر «پەرزەنتسىز» سۆزىنىڭ **ئابستراكت ئىسىم شەكلى**: شەھرىمان شاھ ساقىلى ئاقىرىپ، چىشلىرى سارغىيىپ، قەددى پۈكۈلگەنگە قەدەر بىرەر بالا يۈزىنى كۆرمەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پەرزەنتسىزلىكىنى ئويلاپ ئىچى پۇشۇپ خاپا بولۇپتۇ.

**پەرزەنتلىك** سۈپ ① پەرزەنتى بار، **پەرزەنت كۆرگەن**: پەرزەنتلىك ئايال. پەرزەنتلىك ئائىلە. *خالبۇۋى ئەنسىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ گەپنى خەتتە يوشۇرغانىدى. يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇپ ئۆتۈش تەقدىرى ئەر-خوتۇننىڭ تۇنجى ئوغۇل ئېلىشادىقا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى چېكىدىن ئاشۇردى. ② پەرەزەنتتە بولىدىغان، **پەرزەنتتە بولۇشقا تېگىشلىك**: پەرزەنتلىك بۇرچ. پەرزەنتلىك مەجبۇرىيەت. * قايناق جەڭدە غەيرىتىگە غەيرەت قوشار، ئەسلىسەم شۇ ئىلھام بەخش سۆزىڭىزنى: «گاڭ قورالنى مەھكەم تۇتۇڭ، تۇرۇپ ھوشيار، ئادا قىلىڭ چىن پەرزەنتلىك بۇرچىڭىزنى!»

**پەرزىن** ئى [پ] شاھمات ئويۇنىدا ئەڭ كۈچلۈك ئۇرۇق يەنى ۋەزىرنى كۆرسىتىدىغان **ئۇرۇق**.

**پەرسەڭ** ئى [پ<ئە] يېزت. تەخمىنەن 6.24 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى مۇساپە.

**پەرق** ئى [ئە] **ئىش-ھەرىكەت**، نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى **ئوخشاشماسلىق ئۆزگىچىلىكنى ئايرىپ تۇرىدىغان بەلگە، ئايرىما**: پەرق پەقەت بىلىنىۋېلىنغان نەرسىلەر بىلەن بىلىنىۋېلىنمىغان نەرسە ئوتتۇرىسىدىلا مەۋجۇت.

**پەرق ئەتمەك** ئىش-ھەرىكەت ياكى **نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىچىلىك، ئوخشىماسلىقنى سېلىشتۇرۇپ كۆرمەك؛ بىلمەك؛ ئايرىماق**: ــ ئەلنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەممە ئادەم ئوقۇپ، ئاق-قارىنى پەرق ئېتىش، دوست-دۈشمەننى ئايرىش كېرەككەن، دادا، ــ دېدى ئوغلى ياسىن. * ھايات دېگەن شۇنداق ئۆتۈۋەردى. كىچىك ئاخۇننىڭ بولسا ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنى، ئايلارنى ۋە يىللارنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمۇ يوقتەك كۆرۈنەتتى.

**پەرق قىلماق** ← **پەرق ئەتمەك**: بىر چاغدا، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن سول تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىرنەچچە تۈپ قارىغاينى ئارانلا پەرق قىلالىدىم ۋە خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا

قالدىم. * قاراڭغۇدا ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن بىرى قىز، بىرى ئوغۇل ئىكەنلىكىنى پەرق قىلغىلى بولاتتى.

**پەرق-تاپاۋەت** پايدا-زىيان: بۇ ئىشتا بىز ئۈچۈن پەرق-تاپاۋەت ئانچە كۆپ ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ «قىلىپ كۆرەيلى» دەپ قالدۇق-دە.

**پەرقسىز** سۈپ. پەرقى يوق، پەرقلەنمەيدىغان: دەھشەت باسقان تۈرمىدە مەن بىگۇناھ ئەركسىز، دېسەم شۇ ئان راستىنى: «ئىككى دۇنيا پەرقسىز».

**پەرقسىز تەڭپۇڭلۇق** <فىز> ھەرىكەتسىز جىسىمنى يۆتكىگەندە، ئۇنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ ئېگىزلىكى ئۆزگەرمىسە، بۇ خىل جىسىم ھەرقانداق ئورنىنىڭ ھەممىسىدە تەڭپۇڭ تۇرالايدۇ، بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق پەرقسىز تەڭپۇڭلۇق دېيىلىدۇ. يۇملاق شار بىلەن تۈز قويۇلغان سىلىندىرلار مۇشۇ خىلدىكى تەڭپۇڭلۇققا كىرىدۇ.

**پەرقلەندۈرمەك** «پەرقلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەختىيار بارغانسېرى چىراي تۈزەپ ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، بۇدۇرۇققىنا بىر ئوغۇل بولدى. لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىكى بىر خىل ئۆزگىچە ئايرىمچىلىق ئۇنى ئۆيدىكىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇراتتى. * قانۇننى بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىيالايدىغان قىلىش ئۈچۈن دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىلەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

**پەرقلەندۈرۈشمەك** «پەرقلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پەرقلەندۈرۈلمەك** «پەرقلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىش ئۈنۈمىنىڭ بىرقەدەر ياخشى بولۇشى ئۈچۈن خىزمەت بىلەن دەم ئېلىش ۋاقتى ئەھۋالغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلسە بولىدۇ.

**پەرقلەنمەك** پ. بىرەر نەرسە ئىككىنچى بىرنەرسىدىن ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيىتى ۋە ئوخشىماسلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرماق: ھېكايىدە مەتنىيازدىن باشقا يەنە ھەمرا، سىيىت، ساۋۇتجان، ئىززەتخان قاتارلىق بىرنەچچە پېرسوناژ بار بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىر-بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. * شەھەردىن يىراق بولغان بۇ يېزا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئەتراپتىكى باشقا يېزىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

**پەرقلىق** سۈپ. پەرقى بار، پەرقلىنىپ تۇرىدىغان: پەرقلىق مۇئامىلە قىلماق. پەرقلىق داۋالىماق. * ئايال ئۇيىلىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ: — خۇدا ئادەملەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن پەرقلىق ياراتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەرلەر خوتۇنلاردىن ئۈستۈندۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**پەرقلىق گامېتلىق كۆپىيىش** <بىئول> چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل شەكىلدىكى كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرى ئۆزئارا بىرىكىدىغان بىر خىل جىنسلىق كۆپىيىش شەكلى، بۇ كۆپ ھۈجەيرىلىك جانلىقلارنىڭ كۆپىيىش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، تاق جىنسلىق ھۈجەيرىلىك جانلىقلاردا بولسا نىسبەتەن ئاز كۆرۈلىدۇ.

**پەركا I** ئى [پ] <سانا> **سىركول.**

**پەركا II** ئى. بۆز توقۇش دۇكىنىدىكى ئىككى بېشى ئىككى تىك ئاچا ياغاچقا مىندۈرۈلگەن ئىككى جەينەك ئارقىلىق دەپتىنگە چېتىلغان، پۇت ئۈستىدىكى تاشنىڭ بېسىمىدىن جەينەك دەپتىننى كەينىگە ئىتتىرىپ تۇرىدىغان ھەرىكەتلىك چاتما ياغاچ.

**پەركا قوزۇق** پەركانى ئىككى تەرەپتىن كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ئىككى تال ئاچا ياغاچ.

**پەركا III** ئى. دىئال. **ۋارۇنكا.**

**پەرلەتمەك** «پەرلىمەك» پېئىلى «①، ③»نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پەرىدەم چاپىنىنىڭ پەۋزىنى ئاپىسىغا قايتىدىن پەرلەتتى.

**پەرلەشمەك** «پەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مىللىي كىيىم - كېچەك كارخانىسىدىكى ئۇستىلار ھېيتلىق تەييارلىغان كىيىم - كېچەكلەرنى قولمۇقول پەرلەشمەكتە ئىدى.

**پەرلىگۈچ** ئى. قارا چىراغنىڭ پىلىكىنى چىقىرىش ئۈچۈن ياسالغان نەرسە؛ بۇ كۆپىنچە سۆگەكتىن ياسىلىدۇ.

**پەرلەنمەك** «پەرلىمەك» پېئىلى «①، ③»نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پەرلىمەك** پ ① چىراغنىڭ پىلىكىنى چىقارماق؛ پىلىكىنىڭ كۆيگەن قالدۇقىنى چۇشۇرۇپ ئۈچلىماق: چىراغلار ئۆچەي دەپتۇ، پەرلەپ قويسا كۆيەرمۇ، بىزنىڭ يارلار كەلمەپتۇ، چىللاپ قويسا كېلەرمۇ. ② قۇشلار تۇمشۇقى بىلەن قانات ۋە باشقا ئەزالىرىنى تارىماق: يوپۇرماقلار سارغايسا، سوغۇق يامغۇر تامچىلاپ، قانىتىڭنى پەرلىدىڭ، قارلىغىچىم ئالدىراپ. ③ كىيىم - كېچەك، داستىخان، ياغلىقتا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ چۆرىسىنى پۈكمەك؛ تىكمەك، تورلىماق: كۆڭلىكىڭ ياقىسىنى، سىم يىپ بىلەن پەرلىگەن. تاڭ ئاتقۇچە ئىشقىلىپ، چاق ئىگىرىپ يەملىگەن.

**پەرمان** ئى [پ] ① ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئېلان قىلغان بۇيرۇق، يولىيورۇق، قارار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەت: مەرگەنلىكتە داڭ چىقارغان مىرزا جاپپار دېگەن بىر ئادەم بار ئىدى، بۇ پەرماننى ئاڭلاپ، ئىشنى ھۆددىگە ئېلىپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ بىر چوڭ تاغنىڭ ئۈستىدە ماراپ تۇردى. ② بىرەر ئىشنى ئورۇنلاش ھەققىدىكى بۇيرۇق، ئۇقتۇرۇش: — ئاتىسىنىڭ پەرمانىغا قۇلاق سالمىغان بالىنى بالا دېگىلى بولامدۇ؟ ھەي خوتۇن ئۇنى دەرھال ئۆيدىن ھەيدە! — دېدى سالى قاساپ.

**پەرمان بەرمەك** بىرەر ئىش ياكى يازما ھالدىكى پەرماننى بىجىرگۈچىگە ئۇقتۇرماق: غەيۇرشاھ قىزى مەلىكە بۇدۇرنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ، خىزمەتچى، چۆرە، كېنىزەكلىرىگە: — بۇنى دەرھال تۇتۇڭلار! — دەپ پەرمان بېرىپتۇ. ئۇلار شاھنىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىق مەلىكىنى تۇتۇپ باغلاپتۇ.

**پەرمان چۈشۈرمەك** پەرماننى تۆۋەننىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن ئېغىزچە جاكارلىماق ياكى يازما تارقاتماق: پادىشاھ ئۆز - ئۆزىگە: — مەن «ئەلنى ئادىللىق بىلەن سورايمەن» دەپ زالىملىق قىپتىمەن - دە! — دەپتۇ. شۇ كۈنىلا ئايالىنى ئوردىسىدىكى ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە چىقىپ، جاللاتلارغا ئوڭ قول ۋەزىرنى تۇتۇپ كېلىش پەرمانى چۈشۈرۈپتۇ.

**پەرمان قىلماق** بىرەر ئىش ياكى مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى بۇيرۇماق: شەھرىمان شاھ خىزمەتكار ساۋابىتتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بۇ ئىشقا سەۋەبچى بولغان ۋەزىرگە نەپرەت بىلەن قاراپ ئۇنىڭغا: — ماڭ، ھازىرلا بېرىپ ئوغلۇم قەمەرۇززاماننىڭ نېمە بولغانلىقىنى دەرھال ئېنىق بىلىپ كەل! — دەپ پەرمان قىپتۇ.

**پەرمانبەردار** ئى [پ] يېزت. پەرمانغا، بۇيرۇققا ھەمىشە تەييار تۇرىدىغان؛ ئىتائەتمەن: پەرمانبەردار بولماق. * ھەممىمىز ئاتلىق ئىدۇق. ئۇ خۇددى خان - پادىشاھ، بىز گويا قول - چاكار ئىدۇق. ھە دېسىلا بىزنى پەرمانبەردار بولۇشقا چاقىراتتى.

**پەرمانبەردارلىق** «پەرمانبەردار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئىغىرشخان ۋەز - نەسىھەت قىلىپ: — ئەي بەگلەر! ئەي باتۇر چەۋەندازلار! گۆر ئوغلى سىلەرگە ھەرقانداق پەرمان. قىلسا، بەجانىدىل پەرمانبەردارلىق قىلىڭلار! — دېدى.

**پەرمانچى** ئى. پەرماننى باشقىلارغا يەتكۈزگۈچى؛ جاكارلىغۇچى.

**پەرمانسىز** سۈپ. پەرمان قىلىنمىغان، پەرمان بېرىلمىگەن: پەرمانسىز قالماق.

**پەرمايىش** ئى [پ] يېزت. پەرمان، بۇيرۇق، تاپشۇرۇق، كۆرسەتمە: ساۋ ساۋ جاڭنەننى تىنجىتىش توغرىسىدا سا ۋېن بىلەن سا خۇڭغا بەش تۈمەن لەشكەر بىلەن يۈرۈش قىلىشنى پەرمايىش قىلدى.

**پەرمۇدە** ئى [پ] خېمىرى تۇخۇم بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بولدۇرۇلىدىغان، قىيمىسىغا دورا ـ دەرمەكلەر ئارىلاشتۇرۇلىدىغان بىر خىل سامسا، جۇۋاۋىسىغا ئوخشاش تۈگۈلىدۇ: شىرە ئۈستى ھول ـ قۇرۇق مېۋە ـ چېۋە، خىلمۇخىل سەي، چىلاندەك قىزىرىپ پىشقان پەرمۇدە، ھاراق ـ شاراب ۋە تاتلىق ـ تۈرۈملار بىلەن تولغانىدى.

**پەرمۇدىچى** ئى. پەرمۇدە پىشۇرۇش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: تاش ئاخۇن پەرمۇدىچىنىڭ دۇكىنىدىن يېڭى ياقتۇرۇپ كەلگەن پەرمۇدە مېھمانلارنىڭ ئىشتىيىنى ئېچىۋەتكەنىدى.

**پەرمۇدىچىلىك** «پەرمۇدىچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: دادام ئون بەش يىلدىن بېرى پەرمۇدىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

**پەرمۇق** ئى [پ] چىنىگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غولluq ئۆسۈملۈك، 10 ـــ 35 سانتىمېتر ئېگىز ئۆسىدۇ؛ شەكلى تۆمۈنسىمان، گۈلى ئاق بولۇپ، چەكلىك كۆنلۈكسىمان گۈل رېتىگە كىرىدۇ؛ غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ؛ تاغلىق جايلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

**پەرھىز** ئى [پ] سالامەتلىككە تەسىر كۆرسىتىدىغان، زىيان قىلىدىغان يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى يېيىش ـ ئىچىشتىن ساقلىنىش ۋە ۋاقتىنچە ئۆزىنى تارتىش: پەرھىز تۇتماق. پەرھىز قىلماق. * بۇرۇن پەرھىز قائىدىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن.

**پەرھىز تۇتماق** ① سالامەتلىككە زىيانلىق بولغان يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى يېيىش ـ ئىچىشتىن ئۆزىنى چەكلىمەك، ساقلانماق، تومىاق: ـــ زاپاس ئېلىشۋالغان دورا ئاياغلاشقان ھامان خەت يېزىڭ، بولۇپمۇ زىيان قىلىدىغان نەرسىلەردىن بىرمەزگىل پەرھىز تۇتۇشنى ئۇنتۇماڭ، ـــ دېدى مەسۇمخان مېھرىبانلىق بىلەن ياسنىغا قاراپ. ② غەيرىي ھەرىكەتلەردىن خالىي تۇرماق، ئۆزىنى تارتماق: لىۇ بېي شىنىپىگە قايتىپ كەلدى. بىر كۈنى پالچىغا پال سالدۇرۇپ، ياخشى كۈندىن بىرنى تاللاپ، ئۈچ كۈن پەرھىز تۇتتى.

**پەرھىز قىلماق** ① سالامەتلىككە زىيانلىق بولغان نەرسىلەردىن ئۆزىنى خالىي تۇتماق، ئۆزىنى چەكلىمەك، ئۆزىنى تارتماق: تاماقتىن پەرھىز قىلماق. * قۇبلەي ۋە ۋەزىر ـ سەركەردىلەر، ئەسكىرىي ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەر، پۇقرالارنىڭ ھەممىسى ئاق كىيىم كىيىشتى. بۇ خەنزۇلارنىڭ ئادىتى بىلەن ئوخشىمايتتى. خەنزۇلار ئاق كىيىمنى ماتەم كىيىمى دەپ ھېسابلاپ، بايرام كۈنلىرى ئاق كىيىم كىيىشتىن بەكمۇ پەرھىز قىلاتتى. ② ساقلانماق، ھەزەر قىلماق.

**پەرھىزدار** ئى [پ] پەرھىز تۇتقۇچى شەخس: ئاغىنەم: ـــ قېنى مېھمانلار، داستىخان ئاددىي بولسىمۇ ئېلىپات قىلىشسىلا، ـــ دېدى. مەن پەرھىزدار بولغانلىقىمدىن گۆش يېمەستىن بىر پارچە كاكچا ناننى چاينىغاچ ئولتۇرۇپ ئۆي ئىچىگە سەپسالدىم.

**پەرھىزكار** سۈپ [پ] نەپسىنى يىغقۇچى، تەقۋادار: دادام پەرھىزكار، پاك كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ ساددا، گول بولغىنى بىلەن قەلبى پاك بولغانلىقتىن، ھەممە ئادەم ھۆرمەت قىلاتتى.

**پەرھىزكارلىق** «پەرھىزكار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئەي ئوغۇل، يىگىت ئىكەنسەن، يىگىت بول، قېرىغاندا قېرىلارچە ھەرىكەت قىل. قېرىلىقتا يىگىتلىك زوق، ئەيش ـ ئىشرەتلەرىگە ھەۋەس قىلما. قېرىغاندا پەرھىزكارلىقنى ئاشۇرغىن، ئەي ئوغۇل، قېرىلىقتىن، يىگىتلىكتىن شىكايەت قىلدىم، بۇ سۆزلەرنى قوبۇل قىلغايسەن.

**پەرۋا** (پەرۋايى) ئى [پ] ئادەم ۋە نەرسىلەرگە بولغان دىققەت ـ ئېتىبار؛ قىزىقىش، كۆز سېلىش: پەرۋا قىلماسلىق.

**پەرۋا قىلماسلىق** دىققەت ئېتىبارىنى قاراتماسلىق، نەزەر سالماسلىق؛ پىسەنت

قىلماسلىق: دىلبەر بەزى كۈنلىرى ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقان چەت ئەللىكلەرگە قاراپ، ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ يىراق يېزىسىدىكى قولۇم-قوشنىلىرىنى، دوست-يارەنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. «ئۇلار ئېتىزلىقتا تونۇردەك يېلىنجاپ تۇرغان قىزىق ئاپتاپتىن دۈمبىسى كاۋاپ بولۇپ كۆيسىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ» دەپ ئويلاپ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى يەنىمۇ ئاشاتتى.

**پەرۋايى پەلەك** بولۇۋاتقان ئىش، ۋەقە، ھادىسىلەر بىلەن قىلچە چاتىقى يوق، ئۇنىڭغا **كۆڭۈل بۆلمەيدىغان:** — مەن ئۇنى مېنىڭ خاتىرجەملىكىمنى بۇزغان دۈشمەن ئورنىدا كۆرىمەن، ئۇ ئۆلەمدۇ، تىرىلەمدۇ مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك، ئۇنىڭغا بولغان مېھرىم شۇنچىلىك، — دېدى. * مېھرىبانىنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى. چۈنكى رۇقىيە سۆيۈملۈكىنى تېززەك ماگدۇرۇش ئۈچۈن شېرىسقا چوڭ يىڭنە بېكىتكەنىدى، سۆيۈملۈكىنىڭ ئۇنىدىن بىرى ماگا-ماگمايلا دۈم ياتقان بالا يىغىدىن بوغۇلۇپ كەتتى. رۇقىيە بولسا پەرۋايى پەلەك ھالدا ئىنتەرگۈچىنى كۈچ بىلەن بېسىپ تۇراتتى.

**پەرۋايىغا كەلمەسلىك** ← **پەرۋايى پەلەك.**

**پەرۋاز** ئى [پ] قانات كېرىپ ھەرىكەت **قىلىش، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈش؛ ئۇچۇش:** پەرۋاز قىلماق. * بۈركۈتنىڭ پەرۋازى ھەممىگە ئايان، ئۇچىدۇ ئاسماندا بولغاچ قوش قانات. يادىكار قىلغاچ سىز ئۆلمەس «دىۋان»نى، بىر يېڭى مەنىگە تولدى بۇ ھايات. * ئاڭلىنىدۇ ئاشۇ خاگدىن ناخشا ئاۋازى، ناخشىكى ئىشچىلارنىڭ ھايات پەرۋازى.

**پەرۋاز ئەيلىمەك** ← **پەرۋاز قىلماق:** كۆكتە پەرۋاز ئەيلىدى جۈپ قارلىغاچ، ئەلنى مەپتۇن ئەيلىدى زەپ سايرىغاچ.

**پەرۋاز قىلماق** **ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەك، ئېگىز ئۇچماق:** پەرمانقۇل ئايالى بىلەن نەزمىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەنگۈشتەرنى باغرىغا باسقىنىچە، دۇلدۇلغا مىنىپ ئۆز يۇرتىنى بالايىئا-پەتتىن تېززەك قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۆككە پەرۋاز قىپتۇ. * ئەلىم-پەندىن كۈچ-قۇۋۋەت تېپىپ، گۈزەل ئارزۇ چىقتى تەختىگە. پەرۋاز قىلدى سۈننىي ھەمراھمۇ، چولپان قىزنىڭ تەلەي-بەختىگە.

**پەرۋاسىز** سۈپ. پەرۋا قىلمايدىغان، ئېتىبار **بەرمەيدىغان:** قىزىل بىنا ئالدىدىكى كىچىك باغچىنىڭ سوغۇق بەندىگىدە تەنھا ئولتۇرغان نىجات پەرىشانلىق، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ھاڭغىر-قاي ئوچۇق تۇرغان دەرۋازا ئارقىلىق چوڭ ئاسفالت كوچىدىن ياقىلىرىنى كۆتۈرۈشۈۋېلىپ دۈگدەرەپ ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە پەرۋاسىز نەزەر تاشلايتتى.

**پەرۋاسىزلىق** «پەرۋاسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم **شەكلى:** زەينۇرە رىقابەت نەزىرى بىلەن جەمەلەمگە كۆز يۈگۈرۈتۈپ، ئاندىن پەرۋاسىزلىق بىلەن قۇرۇقنا تازىم قىلدى.

**پەرۋانە** ئى [پ] ① <زوئول> بىر خىل **ھاشارات، قورسىقى قىسقا ۋە توم كېلىدۇ؛ تەنگىچىسى بولغان تۆت دانە قانىتى بولىدۇ؛ كېچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ؛ يورۇقلۇققا قاراپ ئۇچىدۇ، بۇنىڭ كۆپ تۈردىكىلىرى دېھقانچىلىققا زىيان سالىدۇ:** قاش قارايغان ۋاقىت ئىدى، كاۋا بارىگى ئاستىدا چاقناپ تۇرغان لامپۇچكىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىلار، پاشا-كۇمۇتىلار ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. ② كۆچمە. **مەھلىيا، ئاشىق؛ مەپتۇن:** قەمەر مومايىنى ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. موماي ھۆسەننىڭ تەلىپىنى بايان قىلىپ:- قىزىم، سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيگەن يەنە بىر پەرۋانە سېنى ئىزدەپ كەپتۇ، — دەپتۇ.

**پەرۋانە بولماق** ① مېھرىبانلىق ياكى خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ئەتراپىدا ئايلىنىپ **يۈرمەك:** ئەگەر تەمنى بالىگىنىڭ تېتىپ قالغان كىشى خۇددى، بولۇپ پەرۋانە قېشىگىدىن كېتەلمەي ئايلىنار نىلقا. * كېمىدۇ ئۇ، بۇ يەرگە تويۇقسىز كېلىپ، ئەۋلادلار غېمىدە ئاۋارە بولغان؟! ئۆسمۈرلەر كۆڭلىنى تاغدەك شاد قىلىپ، ئانىدەك كۆيۈنۈپ پەرۋانە بولغان. ② **مەھلىيا بولماق، مەپتۇن بولماق، ئاشىق بولماق:** مانا بۈگۈن

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، ئۇنىڭ «جانانىسى» ئۆزىگە كۆيۈپ پەرۋانە بولغان «يىگىتنىڭ» ئۆز ئىشقىنى ئىزھار قىلىشىنى كۈتۈپ جىلۋە قىلىپ تۇرۇپتۇ...

**پەرۋەردىگار** ئى [پ] <دىن> بارلىقنى ياراتقۇچى؛ خۇدا: قازى بىرپەس ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن: — كايىمىسىللا خوجام، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم ئەزىز بەندىلىرىنى ھېچقاچان خار قىلغان ئەمەس، — دەپ قويدى.

**پەرۋىش** ئى [پ] ئاسراش، ئۆستۈرۈش، ۋايىغا يەتكۈزۈش مەقسىتىدە قىلىنىدىغان ھەرىكەت؛ قاراش، بېقىش، تەربىيە: پەرۋىش قىلماق. * بىچارە ئانا پۈتۈن دەرد-ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، باللىرىنى پەرۋىش قىلدى، ئوقۇتتى. ۋەتەن ئاسمىنىدىكى قارا تۇمانلار سۈپۈرۈلۈپ تاشلانغاندىن كېيىن تۇرسۇننىڭ ئائىلىسى يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتى.

**پەرۋىش قىلماق** ئاسرىماق، ئۆستۈرمەك، تەربىيىلىمەك، ۋايىغا يەتكۈزمەك: بوۋاي: — پادىشاھى ئالەم، ھېلقى مېۋىنى مەن ئۈچ يىلدىن بېرى ياخشى پەرۋىش قىلىپ، مانا بۇ يىل بىردانە مېۋە ئالدىم، ئۇنى سىلىنى يەپ كۆرسۇن دەپ ئەكىردىم، — دەپتۇ. * بىر گىياھكى تېپىلماس تېنى تۆمۈر، پەرۋىش قىلسا كۆرىدۇ يۈز يىل ئۆمۈر.

**پەرۋىشچى** ئى. پەرۋىش قىلغۇچى، ئۆستۈرگۈچى، تەربىيىلىگۈچى كىشى: ھەر جاي-ماكاندا قىلسا باغ، پەرۋىشچىدە بولمايدۇ داغ، كۆرگەن كىشىنىڭ ۋاقتى چاغ، شاخ مانتا دېيىمىز ئەنجۈرۈم.

**پەرۋىشسىز** سۈپ. پەرۋىش قىلىنمىغان، تەربىيىسىز؛ بېقىش تاپمىغان، ئاسرالمىغان: قورۇدىكى پېشايۋانغا تولۇپ تۇرغان تال باراڭلار پەرۋىشسىز تاشلىنىپ قالغان. ھويلا-ئارام پاسكىنا، قورۇنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرى ھاراق بوتۇلكىلىرى قالايمىقان تاشلانغان. بۇ قورۇ تاشلاندۇق، ۋەيرانە جايغا ئوخشاپ قالغانىدى.

**پەرۋىشكار** سۈپ [پ] پەرۋىش قىلىدىغان، تەربىيىلەيدىغان، ئاسرايدىغان: ئاپتورلار ئۇلارنى «دورىسى شىپالىق دوختۇر، قولىدا قايچىسى بولسىمۇ قەلبىدە گۈل ئىشقى يانىدىغان پەرۋىشكار باغۋەن» دەپ ئاتاپ، ئۇلارنىڭ ماقالە-نۇتۇقلىرىدىن ئۆزلىرى ھېچقاچان سېزەلمىگەن نۇقسانلىرىنى كۆرۈۋېلىپ، ئىختىيارسىز قايىللىق ھېس قىلاتتى.

**پەرۋىشلىمەك** پ. پەرۋىش قىلماق: بۇ تولىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان قىممەتلىك روھ، شۇڭلا تەھرىرلەر ئاپتورلارنى باغۋەن خۇددى كۆچەتلەرنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشى، پەرۋىشلەپ، قىزغىن ياردەم قىلىپ، ئۇنى شېرىن مېۋە بېرەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈشكە يۈلەك بولۇشى كېرەك.

**پەرى** ئى [پ] ① ئەپسانىلاردىكى ئىنتايىن گۈزەل قىز قىياپەتلىك، پەرىشتىلەرگە ئوخشىتىلغان ئايال: بوۋاي، ئۆزلىرىدىنمۇ ماھىر باغۋەنلەرنىڭ بارلىقىغا ھەيران بولۇپ، بىر-بىرىگە قاراشقىنىچە تۇرۇشۇپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا يېللىق شامال كۆتۈرۈلۈپ، دەل-دەرەخ، گۈل-چېچەكلەر گويا تەزىم قىلغاندەك يېقىملىق تەۋرىنىپتۇ-دە، ھاۋادىن بىرقانچە پەرى پەرۋاز قىلىشقانچە باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەرمەر قىرغاقلىق كۆل يېنىغا كېلىپ قونۇشۇپتۇ. ② كۆچمە. ئىنتايىن گۈزەل، ساھىبجامال قىز؛ نازىنىن: قەمەر بىلەن ئانىسى ئۇنى يېيىش-ئىچىشكە زورلايتتى. خەيرۇللا چاي سۈمۈرۈۋېتىپ پىيالىنىڭ قىرى بىلەن قەمەرگە كۆز تاشلىدى. قىز ھېيتلىق كېيىملەر بىلەن تېخىمۇ ئېچىلىپ پەرىلەردەك بولۇپ كەتكەنىدى، قەمەرمۇ ئۇنىڭغا قارايتتى.

**پەرىجە** ئى. ياقىسى ئويۇپ چىقىرىلغان، تۈگمە بېكىتمەيدىغان، ئىچ يانچۇقلۇق ئۇزۇن چاپان؛ تون: ئەپەندىم ئېشەك مىنىپ كېتىپ بېرىپ، بىر ئۆستەڭگە دۈچ كېلىپتۇ. تەرەت ئالماق بولۇپ، سەللە ۋە پەرىجىسىنى ئېشەككە ئارتىپ قويۇپ، ئۆزى سۇ بويىدا تەرەت ئېلىشقا ئولتۇرغىنىدا، ئوغرىلار ئۇنىڭ سەللىسى بىلەن پەرىجىسىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ.

**پەرىجىلىك** سۈپ ① پەرىجە كىيگەن، پەرىجىسى بار؛ تونلۇق: «مۆھتەرەم قارىي»

قۇربان ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە ئەتىۋارلىق «زىيارەتكار مۇخلىس» بولۇپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، خېلى بىرۋاقىتلارغىچە شىرمەممەت سەللە-پەرىجىلىك بۇ ئەربابقا ھېچبىر قىزىقمىدى. ② پەرىجە تىكتۇرۇش ئۈچۈن سېتىۋېلىنغان؛ پەرىجىگە ئاتاپ تەييارلانغان: پەرىجىلىك رەخت سېتىۋالماق.

**پەرىزات** ئى [پ] ① پەرى نەسلىدىن تۆرەلگەن ئايال؛ پەرىلەر ئەۋلادى: — خۇداۋەندە كېرىم ئۆز كارامەتلىرى بىلەن ئاسماندىن پەرىزات ئەۋەتكەن بولسا، ئەگەر بۇ پەرىزات ماڭا نېسىپ بولسا، بۇنى قوبۇل قىلماسلىق چوڭ گۇناھ دېسىلە تەقسىر!... * — پادىشاھ ھەزرەتلىرى، — دەپتۇ ئايالى، — ئوغلىڭىزنىڭ ئېلىپ كەلگىنى مايمۇن سۈرىتىدىكى پەرىزات ئىكەن. ماڭا كۆرۈنۈش قىلدى. ② كۆچمە. خوتۇن-قىزلار ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق، گۈزەل قىز: ئۆتكەن زاماندا بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ يالغۇز قىزى بولغانىكەن. قىز ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، خۇددى بىر پەرىزات ئىكەن. * ئەتىسى تاڭ سەھەردە شاھزادە يەنە شىكارغا ماڭماقچى بولۇپ، كېنىزەكلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەنىكەن، زۆھرە پەرىزاتتەك كۆزگە تاشلىنىپتۇ.

**پەرىشان** [پ] ① سۈپ. ھەر تەرەپكە چېچىلغان، بىسەرەمجان، تەرتىپسىز: لەيلىگۈل دۈشمەنلەرنىڭ ياردەمسىز، پەرىشان ۋەزىيىتىدىن پايدىلانماقچى بولدى-دە، مۆكۈنۈپ تۇرغان ئورنىدىن ئۆملەپ رازىقنىڭ قېشىغا كەلدى. ② رەۋ. پىكىر-خىيالى، دىققەت-ئېتىبارى (زېھنى) بىر نۇقتىغا مەركەزلەشمىگەن، ھەر تەرەپكە بۆلۈنگەن، چېچىلغان، يىغىنچاق ئەمەس، تارقاق: ئەتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن ياكى مۇشۇ كوچىلار بالىلىق چاغلىرىمنى ئېسىمگە سالغانلىقىدىنمىكىن، نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم پەرىشان ئىدى.

**پەرىشان بولماق** كۆڭۈل غەش بولماق، كەيپى ئۇچماق، بىسەرەمجان بولماق، پاراكەندە بولماق، چېچىلماق: — سىزنىڭ يېنىڭىزغا ھېچكىم كىرمىدى ۋە ھېچكىم ياتمىدى. ئەي شاھزادەم، ئارتۇقچە پەرىشان بولۇپ چېچىلماڭ! ئەقلىڭىزنى يىغىۋېلىڭ! — دەپتۇ ۋەزىر شاھزادە قەمەرۇززامانغا.

**پەرىشان قىلماق** كۆڭۈلنى غەش قىلماق، كەيپىنى ئۇچۇرماق، بىسەرەمجان قىلماق، پاراكەندە قىلماق، چېچىلدۇرماق: نەئىمە: — ئەي ھۆرمەتلىك مەلىكەم، مېنىڭ يۈرىكىمنى جاراھەت قىلىپ، خىيالىمنى پەرىشان قىلغانمۇ شۇ يىگىتنىڭ ئىشتىياقى ۋە ئىشقى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**پەرىشانلىق** «پەرىشان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تىنجىق ياز كېچىسىدە چىرىلدىغان چېكەتكىلەرنىڭ ئاۋازى، ۋىژىلدىغان تومۇزغىنىڭ ۋە كۈركىرىگەن پاقىلارنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ داۋۇتنىڭ پەرىشانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

**پەرىشتە** ئى [پ] <دىن> ① دىنىي چۈشەنچە بويىچە ئاللانىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان، جەننەت ۋە دوزاخنى باشقۇرىدىغان، قاناتلىق، غەيرىي تەبىئىي مەخلۇق؛ مالائىكە: ئۇلۇغ تەڭرى بۇ چۆپاننىڭ دىنغا قانچىلىك ئىخلاس بىلەن بېرىلگەنلىكىنى، چىداملىقلىقىنى ئەمەلىيەتتە سىناپ كۆرمەكچى بولۇپتۇ. پەرىشتىلەردىن بىرىنى ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتۇ. پەرىشتە دەرھال چىرايلىق بىر خوتۇن كىشىنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ② كۆچمە. ياخشى خۇلق-مىجەز، ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە بولغان ۋە گۈزەللىكتە كامالەتكە يەتكەن كىشى: ئەكبەر سونۇرنىڭ مۇرىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ، — ئەمما ئۇنداقلارنىڭ بەزىرى تېخى بارىكەن، ۋىجدانىنى سېتىپ بىردەمدە پەرىشتە، بىردەمدە ئالۋاستى بولۇۋالىدىغانلارمۇ بەزىدە ئەتىۋارلىق بولۇپ قالىدىكەن! — دېدى. * ئەي يىگىت سەن ھۆرمۇسەن، ياكى پەرىشتە، يا پەرى، يوق ئېرۇر يەنە جاھاندا سەندەك چىرايلىق دىلبەرى.

**پەرياد** (پەريادى) ئى [پ] دۇچ كەلگەن قاتتىق خاپىلىق، دەرد-ئەلەم، روھىي ئازاب تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان نالە-زار؛ يىغا: پەرياد چەكمەك. پەرياد قىلماق. * ئۇ راۋابىنى «مۇناجات» پەدىسىگە چالدى. يۈرەكنى ئېزىدىغان غەمكىن ئاھاڭلاردىن سەبىي كۆڭۈلنىڭ ھەسرىتى ۋە قايغۇلۇق پەريادى ياڭرىدى.

**پەرياد چەكمەك** قاتتىق خاپىلىق، دەرد-ئەلەمدىن ئاھ ئۇرماق، زارلىنىپ يىغلىماق، روھىي ئازابلانماق، قايغۇ-ھەسرەت چەكمەك: مايسىخان ئاچا سۆزلەشنىڭ ئورنىغا بىردىنلا يىغا باشلىۋەتتى. ئۇ بىر ياقتىن يىغلىغاچ، يەنە بىر ياقتىن مەرھۇم ياسىن ئاكىنى ياد ئېتىپ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پەرياد چېكەتتى.

**پەرياد قىلماق** قاتتىق خاپىلىق، دەرد-ئەلەم تۈپەيلىدىن ئاھ ئۇرماق، زارلىنىپ يىغلىماق، نالە قىلماق، تولغانماق: يولنىڭ كۆلپىتىدىن ھېرىپ ھالى قالمىغان شاھزادە «ئەمدى بۇ دەرەخ تۈۋىدە بىرەر سائەت يېتىپ راھەتلىنەي» دەپ بېشىنى يەرگە قويۇپ، تېخى كۆزى ئۇيقۇغا بارمىغانىكەن، سۇمۇرغنىڭ بالىلىرى پەرياد قىلىشقا باشلاپتۇ.

**پەرياد كۆتۈرمەك** ⟵ **پەرياد قىلماق:** مەريەم پەرياد كۆتۈرگىنىچە دادىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈندى-دە، مۇزدەك جەسەتنى قۇچاقلاپ يىغلاشقا باشلىدى.

**پەرياد ئۇرماق** ⟵ **پەرياد چەكمەك:** قىزنىڭ نالىسىغا چىدىمىغان نامراتلار ياش تۆكمەكتە، قىز تىزىغىچە قار كېچىپ، ئانىسىنىڭ يەرلىكىگە ئۆزىنى ئېتىپ پەرياد ئۇرماقتا.

**پەزا** ئى [ئە] يېزىت ① كەڭ ماكان؛ بىپايان زېمىن: بۇ سۆز گوياكى سىگنالدەك جاراڭلايدۇ پەزا بويلاپ. كوماندىر قەلبى دولقۇنلاپ، تولار كۆچكە ئۈنى ئۇيلاپ. ② ھەممە تەرىپى چەكسىز كەتكەن بوشلۇق، ئاسمان، كائىنات: قۇياش بار ئىكەن كۆكتە ئەزەلدىن، ئۆتۈپتۇ ئالدىن ساناقسىز ئەسىر، كېيىتۇ ئۇ ئالەمنىڭ سۇلتانى بولۇپ، قىلىپ كەڭ پەزانى مۇقەددەس قەسىر. * ياسا ياڭرا مۇقام، سازىم ئۇنۇڭ ئاي، مارسقا ئاڭلانسۇن! بۇ چەكسىز پەزا گويا يېشىل سەھنەڭگە ئايلانسۇن!

**پەزل** ئى [ئە] يېزىت. ئېسىل ئەخلاق، پەزىلەت: كەپ باشلايلى ئاۋۋال دۇنيانىڭ مالىچىسىدىن، ئىسمى ماموت، قەلبى باھار باغچىسىدىن، ماموت ئاخۇن ئەلنىڭ ياشلىق كىشى ئىدى، كوللېكتىپنى سۆيۈش پەزلى — ئىشى ئىدى.

**پەزلەنمەك** پ.دئال. بىرەر ئىشقا، سەپەرگە جابدۇنماق؛ تەمشەلمەك، تەييارلانماق.

**پەزىلەت** ئى [ئە] ① كىشىلەردە بولىدىغان ئېسىل ئەخلاق، ياخشى سۈپەت، ياخشى خۇسۇسىيەت: توغرا ھەققىنى ئاقلىماق ئىنسانىنىڭ ئالىي پەزىلىتىدۇر. * ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىر قېتىملا ھەمسۆھبەت بولغان كىشى ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ يېقىن مۇھەببەتلىك دوست بولۇپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇ كىشى ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلغۇچى، ھەممىنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرگۈچى پەزىلەت ئىگىسى ئىدى. ② ئاياللار ئىسمى.

**پەزىلەتسىز** سۈپ. پەزىلەتتىن مەھرۇم بولغان، پەزىلىتى يوق: قاراپ باقساڭ خېرىدار يوق ئالۇرغا ئەمدى سۆلەتنى، پەزىلەتسىز تاپالمايسەن ئانا يۇرتۇڭغا شۆھرەتنى، تەسەددۇق ئەيلىدىم مەن ھەم ئاڭا سۆيگۈ-مۇھەببەتنى.

**پەزىلەتلىك** سۈپ. ياخشى، ئېسىل خىسلەتكە ئىگە، پەزىلىتى بار: پەزىلەتلىك ئادەم. پەزىلەتلىك ئايال. * خىزمەت ئەترەتلىرىنىڭ كادىرلىرى ئاددىي-ساددا، قىزغىن، دىلكەش بولۇپ، پەزىلەتلىك كىشىلەر ئىدى.

**پەژمۇدە** (توغرىسى: پەجمۇردە) ⟵ **پەجمۇردە.**

**پەس** سۈپ [پ] ① بىرەر ئېگىزلىك ياكى مەلۇم تەكشىلىككە نىسبەتەن تۆۋەن: پەس تام. پەس دەرەخ. * ماۋۇ پەس تامدىن ھالقىپ ئۆتسەكلا ئاندىن توز يولغا چىقىمىز، — دەپ ئويلىدى باسىت. ② بويى ئۆسمىگەن،

www.uyghurkitap.com

پاكىنەك، پاكار (ئادەملەرگە نىسبەتەن): ئېگىلدىنىڭ تولىمۇ بۇرادەر-دوستۇم، ئېخىمۇ پەسلىدى سېنىڭ پەس بويۇڭ. ئېگىلىش ئارقىلىق بىرەر مەنسەپكە ئېرىشىش ئىككەنغۇ نىيىتىڭ، ئويۇڭ. ③ كۈچسىز، بوش، تۆۋەن (تاۋۇش، ئاۋاز ھەققىدە): — بۇ مۇھەببەتمىكىن؟ — دەپ پەس ئاۋازدا ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويىدى تەلئەت ۋە بىردىنىلا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئىسسىق ھارارەتنىڭ ئوراپ ئالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ④ كۆچمە. ئادەمگەرچىلىكنى يوقاتقان، ھەرقانداق ئەسكىلىكتىن يانمايدىغان؛ يۈزسىز، رەسۋا: پەس ئادەم. پەس قىلىق. * مەستۇرە ئەنۋەرگە: — ماڭا قارا، مەن ئۆزەمنى پۇلغا ساتىدىغان قىزمۇ؟ سەن مېنى مۇنچىلىك پەس چاغلىما، — دېدى. * پاتەمخان مەۋلۇدەنىڭ قۇلىقىنى سوزۇپ: — بۇ ئاياغنى كىمنىڭ ئېلىپ بەرگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ھەي پەس، يوقال كۆزۈمدىن! — دېدى-دە، ئۇنى بىر كاچات سالدى. ⑤ كۆچمە. قەدىرسىز، خار: قەست قىلغانىنى پەس قىل (ماقال). * — ئاغرىدىقىمنى سوراپ قالدىلا جېنىم ئاچا، بۇ ئاغرىقنىڭ سەۋەبى بولمامدىغان. بىز ئەزەلدىن تارتىپ باي غوجاملارنىڭ ئالدىدا ئادەم ئەمەس، ئىتتىنىمۇ پەس سانىلىپ كېلىۋاتىمىز، — دېدى تۇخان ھەسرەت بىلەن. ⑥ كۆچمە. سىنىپىي جەمئىيەتتە، يۇقىرى تەبىقىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئەسلى زاتى يۇقىرى بولمىغان (كەمسىتىش مەنىسىدە): ئېگى پەس. نەسلى پەس.

**پەس بارىيېر** <تەن> ئاتلاپ يۈگۈرۈشنىڭ بىر تۈرى، ئۇنىڭدا ئەرلەر پەس بارىيېرىنىڭ بەلگىلەنگەن يۈگۈرۈش مۇساپىسى 200 مېتىر، ئاياللارنىڭ پەس بارىيېرىنىڭ بەلگىلەنگەن يۈگۈرۈش مۇساپىسى 80 مېتىر بولىدۇ.

**پەس كۆرمەك** باشقىلارنى ئۆزىدىن تۆۋەن دەپ ھېسابلىماق، تۆۋەن سانىماق، خارلىماق: زۇلپىيار تىترەپ كەتتى: — ھۆرمەتلىك بىر ئادەمنى كىمدىن پەس كۆرۈۋاتىسەن؟ ئۇ قانداق ئادەم بىلەمسەن؟

**پەسەندە** سۈپ [پ] پەس، ئېپلاس، رەزىل مەنىسىدىكى تىل-ھاقارەت سۆزى: — چىق، چىقە ھويلىنى مەينەت قىلماي، — دېدى ھېلىقى خوتۇن چالۋاقاپ، — ئەر كىشىنىڭ ئىچىدىنىمۇ سەندەك پەسەندە ئادەم چىقىدىكەن. * گېزەندىلەر قۇرتلاپ، چېكەتكىلەر كۆپەيدى، ھارام تاماق تىرىك تاپ پەسەندىلەر كۆپەيدى.

**پەسەندىلىك** «پەسەندە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرى پەسەندىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**پەسەيتكۈزمەك** «پەسەيمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاۋۇل ئۆيگە كىرىپ سۈپىنىڭ ئېگىز بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىرئاز پەسەيتكۈزمەكچى بولدى.

**پەسەيتمەك** «پەسەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن پىسەنت قىلمىدىم، ئۇ چاغلاردا ئارىمىزدا ئۇنىڭەن ھەرقانداق تىككەنىمۇ ساڭا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىمنى پەسەيتىش قۇدرىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. * ساۋۇر بىردەم زوقلىنىپ ئاڭلىدى، كېيىن ئاۋازىنى بىرئاز پەسەيتىپ قويدى-دە، قولىنى ئېڭىكىگە تىرەپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

**پەسەيمەك** پ ① بىرەر تەكشىلىك ياكى تۆپىلىككە نىسبەتەن تۆۋەنلىمەك: بۈگۈن يەر بىرئاز ئۆسۈپ قالغانمۇ ياكى توروس سەل پەسەيگەنمۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ ئىبنىسىنا ساۋاقداشلىرىدىن. ② بىرەر ۋەقە، ھادىسە ياكى ئادەم روھىي ھالىتىنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىمەك، كۈچسىزلەنمەك، كېمەيمەك، سۇسلىماق: بوران توختاپ، دولقۇن پەسەيگەندە چوڭ ئارال دېڭىز ئۈستىگە پۈختا ئورۇنلىشىپ، تەۋرىمەيدىغان ھەم مىدىرلىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئارالدىكى خەلق خۇشال تەنتەنە قىلىشىپتۇ. * بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھاۋاز «پوم»نىڭ چىرايى غەلىتە بىر ئۆزگىرىپ، دەرھال ئەسلىگە كەلدى.

لېكىن باياتىنقى خۇشاللىقى خېلىلا پەسەيگەنىدى. * ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش ـ تالاش ـ لارنىڭ پەسىيىپ، ئائىلىدە خاتىرجەملىك بولۇشى بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ۋە كۆڭۈللۈك ئەھۋال. ③ <مۇز> تاۋۇش، نوتىنىڭ رىتىم قائىدىسى بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئاستىلاپ بارماق؛ تۆۋەنلىمەك (ئاۋاز، ئاھاڭ ھەققىدە): بىر پەس جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆكۈيۈن يەنە گەپ باشلىدى ۋە سۆزلىگەنسېرى ئاۋازى پەسىيىپ باردى.

**پەستەۋەت** سۈپ. دىئال. نومۇسسىزلىقتا ئۆچىغا چىققان؛ پەسكەش، ئېپلاس.

**پەسكار** [پ] (توغرىسى: پەسكوي) ← **پەسكوي.**

**پەسكارغا چۈشمەك** (توغرىسى: پەسكويغا چۈشمەك) ← **پەسكويغا چۈشمەك.**

**پەسكەش** سۈپ [پ] ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، نومۇسىنى تۆككەن، نەزىرى پەس، رەزىل، ئېپلاس: ئادەملەرنىڭ تىل قورالى ھەر خىل ئادەملەردە ھەر خىل ۋەزىپە ئۆتەيدۇ: ئۇ بەزى پەسكەش ئادەملەر ئۈچۈن ئىغۋا تارقاتقۇچى بولۇپ، بەزى ئادەملەر ئۈچۈن خۇشامەت قىلغۇچى بولۇپ، بەزى ئادەملەر ئۈچۈن قان يۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

**پەسكەشلەشمەك** پ. نومۇسسىز، پەسكەش قىلىقلار بىلەن شۇغۇللانماق؛ رەزىللەشمەك: جەمئىيىتىمىزدە بەزى كىشىلەر شەخسىي مەنپەئەت يولىدا تولىمۇ پەسكەشلىشىپ كەتتى.

**پەسكەشلىك** «پەسكەش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تۇرسۇن ئاتا ئۇنىڭ سۆزىنى ئەستىقلاپ: ــ كامال راست ئېيتىدۇ، بۇ ھەممە پەسكەشلىك، ھەممە جىنايەت بىلەن تولغان ئوردا ۋە سارايلار خەلقى ئالەم ئالدىدا شەرمەندىدۇر. بۇنى ۋەيران قىلىش، زۇلۇم قىلغۇچىلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش بىزنىڭ ئۇمىدىمىز، ــ دېدى. * مەن ھەممىنى چۈشەندىم، لېكىن جەننەتخاننى بۇنداق پەسكەشلىك قىلار دەپ ئويلىمىغانىدىم.

**پەسكوي** سۈپ. ← **پەسكويغا چۈشمەك.**

**پەسكويغا چۈشمەك** بىرەر ۋەقە، ھادىسە، ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ئادەم روھىي ھالىتىدىكى جىددىيلىك نورماللاشماق، ئەسلىگە كەلمەك: ئەتىگەندىن بۇيان ئاتا ـ ئانىلار بىلەن ئۇششاق باللار قايناپ كەتكەن ئازاد كوچا ئاھالە كومىتېت قورۇسى ئەمدىلىكتە سەل ـ پەل پەسكويغا چۈشتى. * بىر مەيدان قىسقىلا ئېلىشىشتىن كېيىن، يىغىن تەرتىپى ئەسلىگە كەلدى، ھېلىقى «باشلىق» مۇ پەسكويغا چۈشتى.

**پەسلەتكۈزمەك** «پەسلەمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادالەت ۋېلىسپىتىنىڭ ئېگىرىنى پەسلەتكۈزۈپ كېلىش ئۈچۈن رېمونتخانىغا ئەكەتتى.

**پەسلەتمەك** «پەسلەمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شامال ھۇجۇمىغا ئۇتكەن قىسىملارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ئونلاپ ئايروپىلاننى يەرگە پەسلەتتى. * مەرىيەمخان ئانا قازاننىڭ ئوتىنى سەل پەسلىتىپ قويۇپ، ئەمدىلا كاڭغا چىقىپ يېنىنى يەرگە قويۇۋىدى، ھويلىدا ئاياغ تۇۋشى ئاڭلىنىپ ئامىنەم كىرىپ كەلدى.

**پەسلەشتۈرمەك** «پەسلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەزى ھاللاردا چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن چاقچاقمۇ كىشىنىڭ ئۆز قىممىتىنى پەسلەشتۈرىدۇ، خالاس.

**پەسلەشتۈرۈلمەك** «پەسلەشتۈرمەك» پېئىلى ـ نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پەسلەشمەك** ① «پەسلەمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چارلىغۇچى ئايروپىلان ـ لىرىمىز دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى بومباردىمان قىلىشقا تېز سۈرئەت بىلەن پەسلەشتى. ② كۆچمە. رەزىللەشمەك، رەسۋاللاشماق: ــ ۋاي بالام! ــ دېدى ئانىسى ھەيران بولغان ھالدا، ــ ھەرقانچە پەسلىشىپ كەتسەڭمۇ، ئاشۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆز يېشىدىلا بىزگە، ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەن بۇۋۇي ھەجەرنى ئالامسىنا؟ بولدى قوي، ساڭىمۇ ئۇيىدان لايىق تېپىپ قالار! بولمىغاندا يالغۇز ئۆتۈپ كەتكىنە!

**پەسلىك** «پەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ يېزىدا ئەپچىلەم دېگەن بىر يىگىت بولۇپ، بۇ يىگىت باينىڭ ئاشۇنداق پەسلىك — پىخسىقلىقىغا غەزەپلىنىپتۇ.

**پەسلىمەك** پ ① يۇقىرىدىن پەسكە قاراپ تۆۋەنلىمەك، ئېگىزدىن پەسكە چۈشمەك: پەسەيمەك: ئۈچ ئايروپىلان ئايلىنىپ كېلىپ، بازار ئۈستىدە پەسلىدى - دە، خەلق ئۈستىگە مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. * قارىغاندا بۇ قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان/كىشىلەر ناھايىتى كۆپ بولسا كېرەك، ئەتراپتىكى بوش ئورۇن خېلىلا پەسلەپ كېتىپتۇ. ② ئىش ھەرىكەت ۋە ئادەم روھىي ھالىتىدىكى جىددىيلىك سۇسلاشماق، پەسكويغا چۈشمەك: ئاسماندا كۆكۈش قارامتۇل ئىس بۇلۇتلىرى لەيلەيتتى. ئېتىشىشلار بىردەمدىلا پەسلەپ، بىردەمدىلا ئەۋج ئېلىپ كېتەتتى ۋە ئاجايىپ توقۇنۇشلار باشلىنىپ كېتەتتى. ③ كۆچمە. ئاجىزلاشماق، بوشىماق، تىنچلانماق (ئاۋاز، تاۋۇش ھەققىدە): ئۈچىنىڭ بېشى جەم بولۇپ، شاكىرىنىڭ ئاۋازى پەسلەيدۇ، چىراغ ئۆچىدۇ. * نۇراخۇننىڭ ئاۋازى پەسلىشى بىلەن ئايالىنىڭمۇ يىغلىغان ئاۋازى پەسلەپ كەتتى.

**پەسىل** ئى [ئە] <ئاستر> بىر يىلنى تەشكىل قىلىدىغان تۆت مەۋسۇمنىڭ ھەربىرى (ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش)؛ مەزگىل: ئەتىسى كۈن قىزىلىدا ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىدا دوختۇر ماشىنىسى پەيدا بولدى. مۇدىر بوۋاينى يۆدەپ ماشىنىغا ئاچىقتى. بۇ 1979 - يىلى قىش پەسلى ئىدى. * بىر يىل دېگەن تۆت پەسىل، ھەر بىر پەسىل ئۈچ ئايدىن، ئۆتەر ئۆمرۈم يىل بىلەن، ئۆتالماسمەن ھېچ قايدىن.

**پەسىل خاراكتېرلىك تاۋار** <سودا> سېتىش ۋە سېتىۋېلىش ۋاقتى خاراكتېرىنى ئالغان، پەسىل خاراكتېرلىكى كۈچلۈك، پەسىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان تاۋار.

**پەسىللىك** سۈپ. پەسىل، ۋاقىت خاراكتېرىنى ئالغان، شۇ پەسىل ئۈچۈن مۇۋاپىقلاشقان: پەسىللىك تاۋار. پەسىللىك سودا. پەسىللىك ۋەزىپە. * — ئۇ پەسىللىك قۇشلار، بىزگە مېھمان بولۇپ كېلىپتۇ، — دېدى قاسىم ئاكا.

**پەسىللىك باھا** <سودا> سېتىۋېلىش ۋە سېتىش كەسپىدە تاۋارلارنىڭ پەسىلگە قاراپ بەلگىلىنىدىغان ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان باھاسى.

**پەسىللىك شامال** <مېتېرو> پەسىلگە قاراپ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىدىغان شامال. بۇنى ئاساسەن دېڭىز - ئوكيانلار بىلەن قۇرۇقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ يۆنىلىشى قىشتا قۇرۇقلۇقتىن ئوكيانغا، يازدا ئوكياندىن قۇرۇقلۇققا يۆنەلگەن بولىدۇ.

**پەسىللىك كۆچۈش** <زوئول> دېڭىز - ئوكيانلاردىكى بەزى بېلىقلار ھەر يىلى ياز، ئەتىياز پەسىللىرىدە ئىسسىق ئېقىمغا ئەگىشىپ شىمالغا ئۈزىدۇ. كۈز، قىش پەسىللىرىدە سوغۇق ئېقىم تەسىرى بىلەن جەنۇبقا ئۈزۈپ كېلىدۇ. بۇ خىل ھادىسە پەسىللىك كۆچۈش دېيىلىدۇ.

**پەسلچان** سۈپ. پەسىل خاراكتېرىنى ئالغان، پەسىلگە باپ، پەسىلگە لايىق.

**پەسلچانلىق** پەسىلگە لايىقلىق، پەسىلگە باپلىق: ھەر خىل كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ پەسلچانلىقى، يەرلىكلىكى كۈچلۈك بولىدۇ. تۈرى ۋە ئۆلچىمىمۇ كۆپ بولىدۇ.

**پەسلداش** ئى. بىر پەسىلدە تۇغۇلغان، تەڭ دېمەتلىك؛ زاماندىش: ئايلىناي، پەخرىم مېنىڭ ساڭا پەسىلداش بولغىنىم، بولسىدى بۇ پەسلىمىزمۇ مەڭگۈ پارلاق، بۇلبۇلۇم.

**پەسەھ** سۈپ [ئە] يېزت ① سۆزلەش سەنئىتى يۇقىرى، سۆزگە ئۇستا، سۆزمەن، ناتىق: ئۇچۇق، گۈلگۈن يۈزۈڭ خۇددى باھار نۇرىنى پارلاتتى، ئېگىلگەن ئەۋرىشىم قەددىڭ

مۇلايىملىقنى ئويغاتتى. پەسە لەۋزىلىك ۋۇجۇدۇمغا بەئەينى بالىنى يامراتتى، يېقىملىق ھالىتىلىك ئىلھام بەخش بىر قىسسە ئاڭلاتتى. ② ئۇچۇق، روشەن، راۋان، يېقىملىق: پەسە لەۋز. پەسە تىل. * ئۇ شۇ زاماندىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسكا ۋە گراماتىكا جەھەتتىن باي ھەم پەسە تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**پەش I** ئىم. مۈشۈكنى قوغلاش ـ ھەيدەشتە ئىشلىتىلىدىغان سۆز: مېھمان بار چاغدا مۈشۈكنى پەش دېمە (ماقال). * ــ بالام ئاۋۇ مۈشۈكنى «پەش!» دەپ قوغلىۋەتكىنە، خېمىر ـ تۇرۇچنى يەپ كەتمىسۇن، ــ دېدى رەۋىخان ئاچا قىزىغا. * ئاغزى بۇيرۇقتا ئۆگەنگەن ئادەم، ئۇنىڭسىز تىلنى ئالدۇ چىشلەپ، كۆڭلىنى خۇش قىلار بولمىغاندا ئۇ، توخۇنى «تاخ»، مۈشۈكنى «پەش» دەپ.

**پەش II** ئى [پ] <تىل> جۈملىدىكى تەڭ ـ داش تەركىبلەر ۋە قوشما جۈملىدىكى تارماق جۈملىلەرنى ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان تىنىش بەلگىسى ( ، ).

**پەش III** رەۋ. ← **پەش قىلماق.**

**پەش قىلماق** ① بىرەر ئىشنى ياكى بىرەر ئالاھىدىلىكنى بىلەن كۆرەڭلىمەك، ماختانماق، ئۇنى دەسمايە ۋە مىننەت قىلماق: قاسىم يۈتكىلىپ كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ خېلى تېز نام چىقاردى، ئۇ بىرمەزگىل ئەھۋال كۆزەتتى. قەيەرگە بارسا ئۆزىنىڭ «بىلىمى» توغرۇلۇق ماختىنىپ، بۇرۇنقى ئورنىدا جۇيىجاڭ بولغانلىقىنى پەش قىلدى. ② بىرەر نەرسە بىلەن باشقىلارغا دوق قىلماق، پوپوزا قىلماق: بۇ قېرىلار يەر ئىسلاھاتىدىن تارتىپ، كوپېراتسىيىلىشىش، گۇڭشېلىشىش ۋاقىتلىرىدىكى تۆككەن تەرلىرىنى ئەسلىتىپ، ساقاللىرىنى پەش قىلىپ، كىچىك ئاخۇن تەرەپ بولدى. * تۇردى ئورنىدىن تۇرۇپ ئەگەر كىمكى يىغىن تەرتىپىگە رىئايە قىلمىسا ئىنقىلابىي تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى پەش قىلدى. ③ بىرەر ئىش، بىرەر نەرسىگە مەيلى يوقلۇقىنى بىلدۈرمەك، تۈزۈت قىلماق، ناز قىلماق: ھېزىم لام ـ جىم دېيەلمەي، تۇرغان جايىدا تۇرۇپ قالدى، ئۇ بەختىگۈلنىڭ نازلىنىپ پەش قىلىۋاتقانلىقىنى ئەدىنمۇ بىلسۇن. * پەش قىلىپ: «مەنسەپتىن تەمەيىم يوق» دېيىسەن، «جاپالىق ئىشلىدىم، ئارامىم يوق» دېيىسەن. ۋەلېكىن، ھەسەتتىن ئارادىدۇ قورسىقىڭ، «گەر مەنسەپ بەرمىسە سالامىم يوق» دېيىسەن.

**پەش IV** ئى [پ] ① چاپان، كۆڭلەك قاتارلىق كىيىملەرنىڭ ئالدى تەرىپى: ئېتەك قىسمى: بۈگۈن بۇ يەردە ئېلىنىڭ كەڭ، مۇنبەت يەر ـ سۈيىنى بۆلۈشۈۋالغان زېمىندارلار، ئۇزۇن چاچلىق تۆرىلەر، باشلىرىغا ئېگىز موزا كىيىپ، قوللىرىغا يەلپۈگۈچ تۇتۇپ، ئۇزۇن تاۋار چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى كۆتۈرۈشۈۋالغان ئەمەلدارلار ئىرغاڭلىشىپ يۈرەتتى. ② دومبە ئەتراپىدىكى ماي ئارىلاش جاي: پەش گۆش.

**پەش تارتماق** ئىختىيار قىلماق، كۆڭلى تارتماق؛ ياقتۇرۇپ قالماق: ئۇ شان ـ شەرەپكە پەش تارتىش تۇراخۇن ئاكامنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ ـ دە، دەپ ئويلىدى. * ــ ئاڭلىسام ئۇ بالا بىر قىزغا پەش تارتىپ يۈرىدىغان ئوخشايدۇ، بۇنىڭغا بىزنىڭ باشقا پىكرىمىز يوق، لېكىن ئەتراپلىق ئويلاپ ئىش قىلسۇن، بۇ ئۆمۈر سودىسى، ــ دېدى سايىت ئاخۇن ئاكام ماڭا ئوغلى توغرۇلۇق.

**پەش سۆرىمەك ← پەش تارتماق:** رىسالەت كېتىپ ھەپتە ئۆتمەي غالىب تاجىنىسا ئىسىملىك بىر قىزغا پەش سۆرەپ ھە دېگەندە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى پارچە «سۆيگۈ» خېتى يازدى.

**پەش گۆش** دومبە ئەتراپىدىكى ماي ئارىلاش گۆش.

**پىشىگە ئىسلماق** بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى ۋە مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بىرەرسىنىڭ داۋاملىق ياردىمىگە، غەمخورلۇقىغا ئېرىشىشنى قولغا كەلتۈرمەك، ئۇنى چىڭ تۇتماق: بۇندىن كېيىن ۋاقىتتىن ئىبارەت خالىس، سېخىي، شۇنداقلا رەھىمسىز بوۋاينىڭ پىشىگە مەھكەم

www.uyghurkitap.com

ئېسلىپ، داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەيمەن... * ئادىل ئاكا، ئەمدى مەن سىزنىڭ پېشىڭىزگە چىڭ ئېسىلدىم، سىز مېنىڭ ھەقىقىي ئۇستازىم، ماڭا كۆپ ئۆگىتىڭ، كۆپ ياردەم قىلىڭ.

**پېشنى تۇتماق** ① بىرەر ئىش-ھەرىكەت ۋە مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بىركىمنىڭ ياردىمىگە تايانماق، يۆلەنمەك، ئەگەشمەك، ئىزىدىن ماڭماق: مەن شۇ كادىرلارنىڭ پېشنى تۇتقىنىمچە قويۇپ بەرمىدىم. ئۇلار ماڭا تۇغۇلۇپ مېھرىگە قانمىغان ئانام ۋە مېنىڭدىن ئۇمىدلىرىنىڭ شولىسىنىمۇ كۆرەلمىگەن دادامنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمىدى. مەن ھۆكۈمەت تەمىناتى بىلەن 1950-يىلى غۇلجا شەھىرىدە بەشىنچى سىنىپقا ئوقۇشقا كىردىم. * تۇتۇپ سېنىڭ پېشىڭنى مەھكەم، كۆرەشلەردە ئۆستۈم يېتىلدىم، سەن باشلىغان جەڭگىۋار سەپكە، مەنمۇ جەڭچى بولۇپ قېتىلدىم. ② ئۆگەنمەك، يولىغا كىرمەك، بېرىلمەك: بۇ دۇنيادا ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە بىرەر ھۈنەرنىڭ پېشنى تۇتۇش. دېمەك، كىشىگە ئەسقاتىدىغىنى ھۈنەردۇر. ③ ئەگە بولماق، ئېرىشمەك: — ئەسسالام جالالىدىنجان، ھېلىتىن ئالدىڭىزغا باش ئۇرۇپ چىقسام ئەتە-ئۆگۈن بىرەر ئەمەلنىڭ پېشنى تۇتسىڭىز قىيا كۆزىڭىز بىلەن باقمايدىكەنسىز-دە!؟ — مېھمان كۈلگىنىچە سايىم كۆرسەتكەن كىرىسلوغا ئەمدىلا سەمرىشكە باشلىغان ئوتتۇرا ئەت تېنىنى تاشلىدى.

**پېشنى قاقماق** قېيىدىماق، رەت قىلماق، قول ئۈزمەك، باش تارتماق: داۋۇت موللامنىڭ توختىغۇدەك سەۋر-تاقىتى قالمىغانىدى، ئۇ پېشنى قېقىپ، كۆرسەڭ ئۆزەڭ كۆر دېگەندەك قىلىپ، ھەممىنى قارىقويۇق قارغاپ ئۆز يېزىسىغا كەتتى. * سابىر ئىختىيارسىز ھالدا: — نىياز ئاكا، سېنىڭ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا پېشىڭنى قېقىپ يىغىندىن چىقىپ كەتكىنىڭ ساڭا يارىشىدىغان ئىشمۇ؟ — دېدى بېشنى لىڭشىتىپ.

**پەشتاق** ئى [پ] ① بىنالارنىڭ ئالدى تەرىپىگە، ئالدى كۆرۈنۈشىگە چىقىرىلغان ھەشەمەتلىك قۇرۇلما: شاھزادە سىنچىلاپ قارىسا پەشتاق ۋە راۋاقلىرى پۈتۈنلەي ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان ئىمارەتلەر تۇرغۇدەك. ② خانىقا ۋە مەسچىتلەردىكى مەزىن ئەزان ئېيتىدىغان، ھېيت-ئايەم، مۇراسىم كۈنلىرى ناغرا-سۇناي چالىدىغان جاي: مەزىن بامداتقا ئەزان ئېيتىپ بولۇپ پەشتاقتىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا باش-كۆزىنى چۈمكەپ، كوچىنىڭ چېتى بىلەن خۇپىيانە كېتىۋاتقان ئايالنى كۆرۈپ قالدى. ③ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن پەلەمپەيلىك سۇپا؛ پەلەمپەينىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى: پەشتاق ياسىماق. پەشتاق سالماق. * — سىلىگە بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، — دېدى ھۆرنىسا شارقىراتما بېشىدىكى سېمونت پەشتاققا كېلىپ ئولتۇرۇپ. ④ ئايرودرومدىكى ئايروپىلان بىلەن ئالاقىلىشىدىغان خەۋەرلىشىش ئورنى. شەكلى مۇنارغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا رادىئو خەۋەرلىشىش ئاپپاراتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ.

**پەشتاقلىق** سۈپ. پەشتاق چىقىرىلغان، پەشتىقى بار: پەشتاقلىق سېپىل. پەشتاقلىق ئىمارەت. * ئالماس شىرمەممەتتىن قانائەت ھاسىل قىلىپ ئۆيدىن چىققاندا، ئەل-جاھان جىمىقىقان بولۇپ «خۇدالىق مەدرىس» يېنىدىكى پەشتاقلىق مەسچىتتىن بەزى مويسىپىتلار خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ قايتىپ چىقىۋاتقانىكەن.

**پەشتاما** ئى [پ+ئە] ← **پەشمال:** ھەلىمىخان پەشتاما تارتقان ھالدا داستىخان كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە جۈمەشكە سەللا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ داستىخاننى سېلىپ كىرىپ كەتتى.

**پەشخۇن** ئى [پ] خېمىرنى چەيلەپ يۇغۇرۇش، زۇۋۇلا قىلىپ نان راسلاش ۋە سېتىلىدىغان نانلارنى تىزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچتىن ياسالغان تاختا: شەھەر دەرۋازىسىنىڭ قېشىدا بىر ناۋايخانا بولۇپ، ئېلىم-سېتىمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. ئابدۇل كىشىلەر قاتارىغا ئۆتۈپ قارىغانىكەن كۆزى

پەشخۇنىدىكى گىردە ـ شىرمەننانلارغا چۈشۈپتۇ. * مەمتىمىن مەخسۇم سۆزىنى مۇشۇ يەردە توختاتتى، گىردىلەر راسلىنىپ پەشخۇنغا تىزىلىپ بولغانىدى. بىز تونۇرغا ئوت سېلىپ ئاقارتتۇق ـ دە، بىرپەستىلا نانلارنى تونۇرغا يېقىپ تۈگەتتۇق.

**پەششاپ** (توغرىسى: پاششاپ) ← **پاششاپ.**

**پەششەپ** (توغرىسى: پاششاپ) ← **پاششاپ.**

**پەشقۇن** (توغرىسى: پەشخۇن) ← **پەشخۇن.**

**پەشلەتمەك** «پەشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: توختى باياتىن قاسساپقا پەشلەتكەن گۆشنى توغلاتقۇغا سېلىشقا باشلىدى.

**پەشلەنمەك** «پەشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: داۋۇت ئۇستام پەشلەنگەن گۆشنى توغراشقا باشلىدى.

**پەشلىك** سۈپ. تىكىلىدىغان كىيىمنىڭ پېشى ئۈچۈن تەييارلانغان رەخت، پەشكە ئاتاپ كېسىلگەن رەخت.

**پەشلىمەك** پ. ئۆلتۈرۈلگەن قوينىڭ پەش گۆشى بىلەن پېشكە تۇتاش يەرلىرىدىكى مايىنى شىلىپ ئالماق: سۇلايمان گۆشنى پەشلىدى.

**پەشمال** ئى [پەش + مال] تاماق ئەتكەندە ئالدىغا تارتىۋالىدىغان بوغقۇچلۇق لاتا. **پەرتۇق، پەشتاما:** پەشمال تارتماق. * — چاتاق يوق، — دېدى بوينىغا لۆكگە ئېسىپ ئالدىغا پەشمال تارتىۋالغان شاپ بۇرۇت تاكجاك، ئۇ قازان بېشىغا قاراپ، ئاش بۇيرۇتۇپ بولغۇچە مېنى باشلاپ كىرگەن كىشىگە ئويمۇئوخشاش ياسانغان ئىككى ياش بالا كىرىپ كەلدى.

**پەشمەت I** ئى [پ] توغرا ياقىلىق، تىزنى بېسىپ تۇرىدىغان ئىچ پەتلىلىك چاپان: بېشىغا شاپاق دوپپا، ئۈچىسىغا ئۇزۇن پەشمەت كىيگەن، پەرىشتىلەردەك ئاپئاق ساقاللىق، ئۇزۇن يىلىلىق مېھنەتتە بەللىرى مۈكچەيگەن، قولىغا ھاسا تايانغان بىر بوۋاي ماڭا قاراپ تۇرىدۇ.

**پەشمەت II** ئى [پ] ياغدا قورۇلغان ئۇن ۋە قىيامدىن تەييارلانغان، تالا ـ تالا يېپىسمان يەرلىك تاتلىق يېمەكلىك: ھالۋايى پەشمەت. * ئۇ كىچىككىنىلا بوينىغا تەنزە ئېسىپ كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ قەنت ـ ناۋات، پاتاسا، پەشمەت سېتىش بىلەن شۇغۇللىناتتى.

**پەشۋا** ئى [پ] ① پۈت پەنجىسىنىڭ دۈمبىسى، ئالدى تەرىپى: پەشۋا ئاتماق، پەشۋا ئۇرماق. * ياشلار ئۇرۇشقاندا مۇشت، باش ۋە پەشۋالار بىلەن زەربە بېرىشتىن تاشقىرى كالتەك، چوماق، تۆمۈر مۇشت... پىچاق قاتارلىق ۋاستىلەرنى ئىشقا سالاتتى. ② **تېپىك:** ئۇ بىر پەشۋاغا يارىماي موللاق ئېتىپ چۈشكەنچە، بىر سائەت قوپالماي ياتتى. ③ كۆچمە. زەربە، دەشنەم؛ دەككە: پەشۋا بەرمەك. پەشۋا يېمەك. * بۇ نۇقتىنەزەر مۇقەررەر ھالدا ماتېرىيالىزمغا ئېلىپ بارىدۇ، پروفېسسورلۇق مەدرىس پەلسەپىسىنىڭ سان ـ ساناقسىز ئويدۇرمىلىرىنى بولسا بىر پەشۋا بىلەن ئۆرۈۋېتىدۇ.

**پەشۋا ئاتماق** پۈت پەنجىسى بىلەن ئۇرماق؛ **تەپمەك:** شەمشىدىن بىر پەشۋا ئېتىپ بىر دورغىنى يەر چىشلىتىۋەتتى، بىر مۇشت ئۇرۇپ يەنە بىر دورغىنى ئېرىقتا پۈكلۈۋەتتى.

**پەشۋا بەرمەك** دەككە بەرمەك، زەربە بەرمەك، دەشنەم بەرمەك: ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىپتۇ، نان بەرگەنگە پەشۋا بېرىپتۇ (ماقال). * — ئۇ چاغدا سىز مېنىڭ ئۆيۈمگە ياخشى نىيەت بىلەن كەلگەن بولسىڭىزمۇ، ئەمما مەن پەشۋا بەردىم، قاتتىق تىللىدىم، — دېدى گۈلچەمەن ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى داۋام قىلىپ.

**پەشۋا ئۇرماق** ← **پەشۋا ئاتماق:** تۇزدۇردى گۈلۈمنى باھار شامىلى، بىر يۇتۇم سوغ سۇغا قىلدى ياز تەشنا. زەپىران ئەيلىدى كۆز چىرايىمنى، كۆكسۈمگە رەھىمسىز قىش ئۇردى پەشۋا.

**پەشۋا يېمەك** ① **تېپىك يېمەك:** بىردەمدىن كېيىن، دوك قىزىقچىلارنىڭ بىردىن پەشۋا يەپ، موللاق ئېتىپ، سەت قىياپەتتە پومزەكتەك يۇمىلاپ سەھنىدىن چىقىپ كەتتى. ② دەككە، زەربە، دەشنەم يېمەك: ئۆمۈرۋايەت ئۆيلەنمەيمەن،

www.uyghurkitap.com

دېگەنىدىم، كۆكۆل دېگەن بۇ شەيتان مېنى يەنە ئازدۇردى. بىرقانچىسىگە گەپ قىلدىم، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن كېلىشتۈرۈپ پەشۋا يېدىم.

**پەشۋاچى** ئى. پەشۋا ئېتىشقا ئۇستا ئادەم: ئابلىكىم كىچىكىدىنلا پەشۋاچى ئىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ھۈنىرى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

**پەشۋالاتماق** «پەشۋالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەنسۇر ئۆز غالچىلىرى ئارقىلىق ئابدۇقادىرنى پەشۋالاتتى.

**پەشۋالاشماق** «پەشۋالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ۋەھشىلەشكەن چوماقچىلار سۇلتاننى ئارىغا ئېلىۋېلىپ پەشۋالاشتى.

**پەشۋالانماق** «پەشۋالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھاشىم ئۇلارنىڭ يالاقچى-لىرى ئارقىلىق پەشۋالاندى.

**پەشۋالىماق** پ ① پەشۋا بىلەن ئۇرماق، پەشۋا بەرمەك: ئۇ بىردەم ئاكىسىنى پەشۋا-لىسا، بىردەم ئىنىسىنى چوقۇلايتتى، سىڭىللىرىنى بوزەك ئېتىپ ئارام بەرمەيتتى. ② كۆچمە. توساتتىن دەككىسىنى بەرمەك: ئۇغرىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان ئەر-خوتۇن ئىككىسى يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئەپچىللىك بىلەن پەشۋالاپ دەككىسىنى بەردى.

**پەغەز** ئى. ئۇچۇپ كەلگەن كەپتەرلەر قونىدىغان قونداق: ئۇ ئۆيگە كەلگەندە، پەغەزگە ئاران قوندۇرۇلغان كەپتەر يەنە پاراسلاپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بىر ئىش بولدى.

**پەقەت** يۈك [ئە] ① «يالغۇز» دېگەن مەنىدە چەكلىنىشنى بىلدۈرىدۇ: مەن پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلدىم. * سائادەت ماشىنا بىلەن بىر كۈن يول يۈرۈپ، كەچ نامازدىگەر بىلەن ئۆزى ئىشلەۋاتقان گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا يېتىپ كەلگەندە، تىببىي خادىملار ئىشتىن چۈشۈپ بولۇپ، پەقەت دېجورنى دوختۇر گۈزەل-نۇرلا قالغانىدى. * يەنە قايتا دەيدىغىنىم شۇكى، ۋاقىتىڭنى ئويۇنغا بەرمەي ئوبدان ئۆگەن، سەن: — چوڭ بولسام ئىنژېنېر بولىمەن، — دەيتتىڭ، بۇ مەقسەتكە پەقەت ئوقۇش بىلەنلا يەتكىلى بولىدۇ. ② بولۇشسىز جۈملىدە «ھەرگىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: مەن بۇ يەرگە پەقەت كەلمىگەن. * ئۇ بالا يىغلاپ پەقەت ئۇنىمايۋاتىدۇ.

**پەقەش** ئى. دىئال. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ پوقى.

**پەقىر** سۈپ [ئە] (توغرىسى: پېقىر) ——> **پېقىر**.

**پەكەش** ئى. تېرىنى ئەيلەشتىن بۇرۇن نەملەپ كېرىگەن ھالەت.

**پەكەشلىمەك** پ. تېرىنى ئەيلەشتىن بۇرۇن نەملەپ كەرمەك.

**پەگاھ** ئى [پ] ئۆينىڭ ئىشىككە يېقىن يېرى، تۆرنىڭ قارىمۇقارشىسى: پەگاھتا ئولتۇرماق. پەگاھتا قالماق. * بۇ ئۆيدە يەنە ئون يەتتە-ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر يىگىت پەگاھتا ھەرىكەتسىز ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن، بېشى ساڭگىلىغان بولۇپ، خۇددى گۇناھكار كىشىگە ئوخشايتتى.

**پەگاھ چىراغ** <تىيا> سەھنە ئالدىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر قاتار يورۇتۇش چىرىغى.

**پەلەز** (توغرىسى: پېلەك) ——> **پېلەك**.

**پەلەك** ئى [ئە] ① يەردىن گۈمبەز، قازان شەكلىدە بولۇپ كۆرۈنىدىغان ھاۋا بوشلۇقى؛ ئاسمان، كۆك: پەلەككە تۇتاشماق. پەلەككە يەتمەك. * خىيالىم قۇشلىرى ئۇچتى پەلەككە، ئالدىمدا تۇردۇ پايانسىز ئوكيان. مەن ئۇنىڭ قوينىدىن ئۈزۈپ ئۆتتۇشكە، تاپماقچى بولىمەن ئەپلىك بىر ئىمكان. ② ئالەم، كائىنات، دۇنيا، جاھان، زامان: تيەنشەنمىن ئۈستىگە چىقتى قىزىل توغ، باھارنىڭ پەيزىگە چۈمدى يۇرتىمىز، سۆيۈملۈك ئارمىيە بىزگە سۇ بەردى، پەلەكنى قاپلىدى شۇ چاغ كۆلكىمىز. ③ كۆچمە. تەقدىر، قىسمەت: شۇم پەلەك. * ھەي ۋاپاسىز پەلەك! — دەپ خىتاب قىلغانىدى مەھمۇت

كۆڭلىدە ئۆز ـ ئۆزىگە پىغان بىلەن پىچىرلاپ، ــ جاھاننىڭ ئىشى ئەمدى مۇشۇلا بولسا، ھايات كەچۈرۈش بىرگەپ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

**پەلەك تەتۈر كەلمەك** بەخت ـ تەلىيى قاچماق، تەقدىرى يامان بولماق: ــ يا رەببىم، سىدىق، بۈگۈن ساڭا پەلەك تەتۈر كەلدى، ــ دېدى غۇلام. سىدىقنىڭ رەڭگى ئۆلۈك-نىڭ رەڭگىگە كىرىپ، ئاللانىڭ بۇ رەھىمسىز-لىكىگە غەزەپلىنىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقاي دېگەندى.

**پەلەك چاقى تەتۈر چۆرۈلمەك** ئازاب-ئوقۇبەتلىك، دەرد ـ ئەلەملىك دەۋر ھۆكۈم سۈرمەك: ئۇزاق يىللار تەتۈر چۆرۈلگەن پەلەكنىڭ چاقى ئاخىر ئۆز ئىزىغا چۈشتى، سان-ساناقسىز ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە، ۋەتىنىمىزدە ئازادلىق تېڭى ئاتتى. * ئەسىرلەر چۆرۈلۈپ تەتۈر پەلەكنىڭ چاقى بۇ يۇرتتا، جاھالەت دوزىخى ئىچرە كۆيەتتى كەمبەغەل ئوتتا.

**پەلەك چاقى ئوڭ چۆرۈلمەك** خۇشال-خۇرام، بەخت ـ سائادەتلىك زامان كەلمەك: قىسقىسى، كۆچى ھالال، گۆشى ھارام ھايۋانغا ئوخشاش، مىكىر مۇشەققەتتە تىرىكچىلىكىمىز ئۆتەتتى. سەۋر قاچىمىز يېرىلىشقا ئاز قالغاندا، پەلەكنىڭ چاقى (گەردىشى) ئوڭ چۆرۈلدى، كۈنمۇ بەختىمىزگە كۈلۈپ قارايدىغان بولدى.

**پەلەك چۆگىلىمەك** ئالەم ئۆزگەرمەك، جاھان ئۆزگەرمەك، زامان ئۆزگەرمەك: ئايان بولدى پەلەك كۆپ چۆگىلەپتۇ، گۇناھ قانۇنىمۇ كۆپ ئۆزگىرىپتۇ، كىتاب ـ ژۇرنال ئوقۇشمۇ بىر گۇناھ ئىكەن، قوشاق ـ ناخشا توقۇشمۇ بىر گۇناھ ئىكەن.

**پەلەككە كۆتۈرمەك** بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ئادەم ۋە نەرسىنى ھەددىدىن زىيادە ماختىماق؛ ئاسمانغا ئۇچۇرماق، كۆككە كۆتۈرمەك: ئابدۇرشىتخان: ــ باركاللا، باللار، بىزنىڭ روھىمىزنى پەلەككە كۆتۈردۈڭلار، ئەجەب ياخشى، ــ دېدى.

**پەلەككە يەتمەك** ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك، ئەۋجىگە چىقماق: بىر ھەپتىدىن كېيىن كۆلسۈمنىڭ تويى بولدى، تويدا ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتقان خۇشاللىق تەنتەنىسى پەلەككە يەتتى. * ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئايلىق ئىشلەپچىقىرىشتا روھلۇق بولۇپ، پەلەككە يەتكۈ-دەك غەيرەت بىلەن ئىشلىدى.

**پەلەك گەردىشى تەتۈر چۆگىلىمەك** ← **پەلەك چاقى تەتۈر چۆگىلىمەك.**

**پەلەك گەردىشى ئوڭ چۆگىلىمەك** ← **پەلەك چاقى ئوڭ چۆگىلىمەك:** جاھان ئەمدى بىز-نىڭ، پەلەك گەردىشى ئەمدى ئوڭ ئايلىنىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. مەن قىسمەت چورۇق نەدە يېتىپ-قوپىمەن، يا ئۆلگۈچە ماكانسىز تەمتىرەپ يۈرۈۋېرىسۇن دەمسىلەر؟

**پەلەكنى قاپلىماق** جاھاننى، ئالەمنى بىر ئالماق، ئالەمگە بىركەلمەك: بىر مەيدان دەھشەتلىك ئۇر ـ يىقىت باشلىنىپ كەتتى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا كۆلخانىلا چېچىلىپ، قېپقىزىل ئۇچقۇن كۆتۈرۈلەتتى، تۇياقلارنىڭ دۈپۈر ـ دۈپۈرلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قىلىچلارنىڭ بىر ـ بىرىگە سوقۇشۇپ «جاڭ ـ جۇڭ» قىلغان سادالىرى ۋە يارىدارلارنىڭ «داد ـ پەرياد»لىرى پەلەكنى قاپلاپ كەتتى.

**پەلەكنىڭ گەردىشى** تەقدىر، كۆرگۈلۈك، پېشانە، قىسمەت: «مەن ئوغرى ئەمەس، بەلكى يەمەن دىيارىنىڭ پادىشاھىمەن، پەلەكنىڭ گەر-دىشىدىن بۇ زىندانغا چۈشۈپتىمەن» دەپتۇ يەمەن پادىشاھى. * تۆمۈر ئاتا: «گەپ زاماندا، پەلەك-نىڭ گەردىشىنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ ئايلىنى-شىدا، ساقاللار ئاقىرىپ كەتكىنى بىلەن كۆڭۈل ياشىرىپ كەتتى. ئۆزەمنى ئوتتۇز ـ قىرىق ياشلىق بەردەم كىشىلەردەك سېزىمەن»، دېدى.

**پەلەك ئوقىغا تارتماق** قىلغان ئىشى ئىلگىرى باسماق، ئىش ـ ئوقىتى راۋاج تاپماق؛ بەخت ـ تەلىيى كەلمەك: ــ ئالسام ئالاي، پېشانەمدىن كۆردۈم، ــ دېدى جامالىدىن بايغا قاراپ، ــ ئوندىق بولسا، گەپنى چىڭ ـ پىششىق قىلايلى. ناۋادا پەلەك ئوقىغا تارتىپ بۇ جىنازىغا

جان كىرىپ قالسا، كۆز قىزىرىدىغان ئىش بولماس.

**پەلەمپەي** ئى <بىن> ياغاچ-تاش، خىش ياكى بېتونلاردىن ياسالغان، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى تۇتاشتۇرىدىغان بەلدەملىك يول؛ باسقۇچ، پەللە: قادىر پەلەمپەيدىن ئاستا تۇرۇپ، دەسلىپىدە شۇنچە ئىسسىق، ئەمدىلىكتە بولسا شۇنچە سوغۇق كۆرۈنگەن يەرلەر بىلەن خوشلاشتى.

**پەلەمپەي ئېتىز** <دېھ> ئېگىز تۆپىلىكلەر ياكى تاغ باغرىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن باسقۇچ يەنى پەلەمپەي شەكلىدە مەخسۇس ياسالغان ئېتىز: توختىكام كۆپچىلىككە: — بىزنىڭ يەرلىرىمىز تاغلىق ياكى قىيپاش يانتۇ يەرلەر ئەمەس، ئاساسەن تۈز يەرلەر، شۇڭا پەلەمپەي ئېتىز ياساپ كۈچنى ئىسراپ قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى.

**پەلەمپەيلىك** سۈپ. ① پەلەمپەي قۇرۇلغان، پەلەمپەي ئورنىتىلغان، پەلەمپىيى بار: پەلەمپەيلىك ئىمارەت. پەلەمپەيلىك شارقىراتما. * ئاسىم يەر ئاستى ئۆيىنىڭ پەلەمپەيلىك ئىككىنچى تۆشۈكىدىن يەتتە نەپەر ئەسىرنى ھەيدەپ يۇقىرىغا چىقتى. ② پەلەمپەي قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان، پەلەمپەي ياساشقا بولىدىغان: بەش پەلەمپەيلىك ماتېرىيال تەييارلاندى.

**پەلەي** ئى. قولنى سوغۇقتىن، زەخىملىنىشتىن، زەھەرلىنىشتىن ساقلاش ئۈچۈن قولغا كىيىلىدىغان بۇيۇم؛ قولقاپ: يۇڭ پەلەي. تېرە پەلەي. * ئۆزى زىلۋا، كېلىشكەن، قولىغا يۇپقا ئاق پەلەي كىيگەن بىر ئايال بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەغرۇر دەسسەپ مەجلىسخانىغا كىرىپ كەلدى.

**پەلەيلىك** سۈپ. ① پەلەي كىيگەن، پەلىيى بار: پەلەيلىك قىز. ② پەلەي تىكىش ئۈچۈن تەييارلانغان، پەلەي تىكىشكە ئاتالغان: بىر پەلەيلىك يىپ. بىر پەلەيلىك تېرە.

**پەلتەك** ئى. دىئال. تۆت پۇتلۇق ئۇزۇن ئورۇندۇق؛ بەندىڭ.

**پەلتو** ئى [ر<فران] بىر خىل سىرتقى كىيىم، ئادەتتە قايرىما ياقىلىق بولۇپ تىزدىن ئېشىپ تۇرىدۇ، يۇڭ رەخت ۋە ھەر خىل ئالىي سورتلۇق رەختلەردىن تىكىلىدۇ: سارجا پەلتو. * گۈلشەن سائەت ماگىزىنىغا كىرمەي كىيىم-كېچەك ماگىزىنلىرىنى ئايلىنىپ، قارا سوكنا پەلتودىن بىرنى ئالدى.

**پەلتولۇق** سۈپ ① پەلتو كىيگەن، پەلتوسى بار: پەلتولۇق ئايال. * بۇ ئايال بىزگە روبىرو كەلگەندە ئاغزىنى قوشۇپ ئورىۋالغان تىۋىت شالىنى سەل تۆۋەن سىيرىپ، باش ئىشارىسى بىلەن سالام بېرىپ كۈلۈمسىرىۋىدى، پەلتولۇق ئايالنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرۈۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. ② پەلتو تىكتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان، پەلتو تىكتۈرۈشكە مۇۋاپىق: پەلتولۇق ئالماق. بىر پەلتولۇق رەخت.

**پەلسەپە** ئى ① [ئە<گرېك] دۇنيا قاراش ھەققىدىكى تەلىمات، كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل دۇنيا (تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر) توغرىسىدىكى تۈپ كۆز قاراشلىرىنىڭ سىستېمىسى، تەبىئەت بىلىملىرى بىلەن جەمئىيەت توغرىسىدىكى بىلىملەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە يەكۈنى: ئابدۇغېنى شىنجاڭ داشۆنىڭ پەلسەپە كافېدراسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ئۇ ئون بەش يىلدىن بېرى پەلسەپىدىن دەرس ئۆتۈپ كەلمەكتە. ② كۆچمە. ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇلاھىزە قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان، پاكىتسىز، ئاساسسىز پىكىر، سەپسەتە، قۇرۇق گەپ: روزى سادىقنىڭ گېپىنى كېسىپ: — پەلسەپە ساتمىساڭچۇ، ھويلىغا نەدىن كىردىڭ؟ — دېدى.

**پەلسەپە ساتماق** ئورۇنسىز، پايدىسىز، ئەرزىمەيدىغان، ئۇزۇن مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزمەك؛ ئەمەلىيەتسىز، قۇرۇق گەپنى تولا قىلماق: — روزى، كەچكىچە بىكار

ۋالاقلاپ، پەلسەپە سېتىپ ۋاقتنى ئىسراپ قىلغاندىن كۆرە، كىچىككىنە بولسىمۇ ئەمەلىي ئىش قىلغان ياخشى ئەمەسمۇ؟ ـــ دېدى سۇلايمان.

**پەلسەپىچى** ئى. پەلسەپە ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ پەلسەپە ئەھلى: ئۇ ئاتاقلىق پەلسەپىچى.

**پەلسەپىۋاز** سۈپ [ئە+پ] پەلسەپىگە بېرىلگەن، پەلسەپىگە ئىشتىياق باغلىغان؛ ھە دېسە پەلسەپە سۆزلەيدىغان.

**پەلسەپىۋازلىق** «پەلسەپىۋاز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: پەلسەپىۋازلىق قىلماق.

**پەلسەپىۋى** سۈپ [ئە] پەلسەپە ئاساسىدىكى، پەلسەپىگە دائىر، پەلسەپىگە ئالاقىدار بولغان: پەلسەپىۋى ئەسەر. پەلسەپىۋى مەسىلە.

**پەلكەت** سۈپ. دىئال. يامان، ئەسكى، ناچار: پەلكەت بالا. پەلكەن رەخت.

**پەلكۈچ** ئى ① بىرەر نەرسىنى پەردازلاش، ياغلاش. سۈرتۈپ تازىلاش ئۈچۈن چوكا ياغاچ ياكى تۆمۈرنىڭ ئۇچ قىسمىغا پاختا ياكى يۇمشاق نەرسە ئوراپ ياسالغان سايمان؛ سۈرتكۈچ: ھېلىقى ئاغرىققا ئالتە جىڭ ئاق ئۇن تېپىلمايدىغان، قازاننى پەلكۈچ بىلەن ياغلايدىغان كۈنلەرمۇ كەلمەسكە كەتتى، دۆلەردە خەلق ئەسكەرلىرى ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ ئەزالارنى ئىشقا ھەيدەيدىغان، چىقالماي قالسا نومۇر بىلەن جازالايدىغان ئىشلارمۇ يوق. ② قارا چىراغنىڭ پىلىكىنى پەرلەيدىغان ياغاچ؛ پەرلىگۈچ: پەلكۈچ ياسىماق.

**پەلكۈچلىمەك** پ ① چوكىسمان ياغاچ ياكى شۇ خىلدىكى نەرسىنىڭ ئۇچىغا پاختا، يۇڭ قاتارلىق يۇمشاق نەرسىنى ئوراپ پەلكۈچ ياسىماق: ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە مەرھۇمنىڭ ئۈستىبېشىنى يەڭگۈشلەپ ئازراق پاختىنى ياغاچقا پەلكۈچلەپ، پەلكۈچنى ئوسمىغا مىلەپ، ئانىسىغا كېلىشتۈرۈپ پەرداز قىلىپتۇ. ② چىراغ پىلىكىنى چىقارماق، پەرلىمەك: چىراغنى پەلكۈچلىمەك. ③ پەلكۈچ بىلەن ماي، بوياق قاتارلىقلارنى سۈرمەك: ئۇكام مۇنۇ ماينى پۇتۇڭغا پەلكۈچلەپ قوياي، شىپاتاپسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

**پەللە** ئى [پ] ① پەلەمپەي، شوتا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر باسقۇچى، بالدىقى: ئۇ شوتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققاندا زادىلا بولالماي قالدى. ② بىرەر ئىش، ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ راۋاجلىنىش جەريانىدىكى ئايرىم پەيتى، دەۋرى؛ باسقۇچى، دەرىجىسى: پەن مەلۇم پەللىگە يەتكەندە، ئۇنىڭ ئالدىدىكى يېڭى پەللىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدىغان يېڭى يول نامايان بولىدۇ. ③ <تەن> يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا، تەييارلىق ھالىتىدە تۇرىدىغان ياكى يېتىپ بارىدىغان ئورۇن؛ سىزىق، چەك: پەللىدىن چىقماق. پەللىگە يېتىپ بارماق. * ئۇ ئاخىرى ئوغلاقنى تارتقۇزماي پەللىگە كېلىپ توختىدى. ④ بەلگىلەنگەن نۇقتا، نىشان، مەنزىل: موللا زەيدىن تەمتىرىمەستىن دېمىنى رۇسلاپ، زەڭگىنى گويا كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ چىقتى. ⑤ <تىب> ئادەم بەدىنىڭنىڭ يىگىنە سانجىشقا بولىدىغان يېرى، بەدەندىكى نېرۋىلارنىڭ ئاخىرقى ئۇچلىرى زىچ توپلاشقان جايلىرى ياكى تومۇراق نېرۋا تالالىرى ئۆتىدىغان جايلار پەللە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تېرە كېسەللىرىدىكى داۋالىنىدىغان جايمۇ پەللە ھېسابلىنىدۇ. ⑥ تارازىنىڭ نەرسە قويۇلىدىغان تەخسىسى. ⑦ <بوت> ئورۇقنىڭ مۇستەقىل ئاجرالغان ھەربىر بۆلىكى.

**پەللە بىزنىڭكى** ئامەت، غەلىبە، نۆۋەت، دەۋر، زامان بىزنىڭكى.

**پەللە يوپۇرماق** <بوت> ئورۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر تۆرەلمىسىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرى يەنى ئورۇقنىڭ ئۈنۈش ۋاقتىدىكى ۋېگېتاتىۋ ئەزاسى. تاق پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۆرەلمىسىدە بىرلا پەللە

يوپۇرماق بولىدۇ؛ قوش پەلەللىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۆرەلمىسىدە بىر جۈپ پەللە يوپۇرماق بولىدۇ؛ يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۆرەلمىسىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پەللە يوپۇرماق بولىدۇ.

**پەللىدىن چىقماق** <تەن> يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا مۇسابىقە قائىدىسى بويىچە پەللىدە تەييارلىق قىياپىتىدە تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يۈگۈرۈشنى باشلىماق.

**پەللەك** دىئال. ساغرا، كاسا.

**پەللىمە** سۈپ <مۇز> تۆۋەندىن يۇقىرىغا تەدرىجىي ئۆرلەيدىغان ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تەدرىجىي چۈشىدىغان؛ باسقۇچمۇ باسقۇچ: پەللىمە ئاۋاز.

**پەللىمە ئاۋاز** <مۇز> نوتىدىكى تۆۋەندىن يۇقىرىغا باسقۇچلۇق ۋە رىتىملىق ھالدا ئۆرلەپ ماڭىدىغان ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە باسقۇچلۇق ۋە رىتىملىق ھالدا پەسىيىدىغان ئاۋاز سىستېمىسى.

**پەللىمەك** پ. گوللىماق، ئالدىماق، خەيلى قىلماق: — ئۇنداق ئادەم پەللىمىسىلە بوغالتىر، — دېدى روزىمەت ئىشتىنىنىڭ لىپىزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ، — ئەمىسە ماۋۇ تام قوشنىلارغا بەش يىللىق ھۆددە بېرىپتۇغۇ، يا ئۇلار ھۆكۈمەتنى ئۆزلىرى ياسىۋاپتۇمۇ؟

**پەللىمۇپەللە** باسقۇچمۇ باسقۇچ، بالداقمۇ بالداق، دەرىجىمۇ دەرىجە: پەللىمۇپەللە ئۆرلىگەن ئېتىز قىرلىرى نۆۋەنكى چاقانىڭ ئايىغىدىكى تۆمۈرچى مەھەللىسىدىن قارىغاندا خۇددى چوڭ يولدىن تاغقا سېلىنغان پەلەمپەيلەردەك كۆرۈنىدۇ.

**پەلۋان** (توغرىسى: پالۋان) ⟵ **پالۋان.**

**پەلىپەتىش** سۈپ. قالايمىقان، تەرتىپسىز، چۇۋالچاق، مالىماتاڭ: پەلىپەتىش ئىش. پەلىپەتىش ھەرىكەت. پەلىپەتىش ئادەم. * ھەر خىل پەلىپەتىش خىياللار بىلەن ئەركىننىڭ يۈرىكى سېلىپ، پۇتلىرى ئىختىيارسىز ئالمىشىپ ماڭالمايلا قالدى. * گومىنداڭچىلار نەيزىلىك مىلتىقلار ئارىسىدا خۇددى سۇغا چۈشكەن ئىتتەك دۈگدەرەپ، پادىدىن يانغان مالدەك پەلىپەتىش توپۇرلىشىپ كەلمەكتە.

**پەلىپەتىشلىك** «پەلىپەتىش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قېرى پەيجاڭ ناھايىتى غەزەپلىنىپ، شۇۋاڭ شىغا قاراپ: — مەن ئىشلىمەيمەن! بۇ ئۇرۇشمۇ ياكى تاماشامۇ؟ ئۆتۈپ كەتكەن پەلىپەتىشلىك بولدى، — دېدى.

**پەلگۈچ** (توغرىسى: پەرلىگۈچ) ⟵ **پەرلىگۈچ.**

**پەلىمەك** (توغرىسى: پەرلىمەك) ⟵ **پەرلىمەك.**

**پەم** (پەمى) ئى [ئە] ① ئەقىل، ئىدراك، پاراسەت: پەم بىلەن ئىش قىلماق. * ھەر ئىشقا پەم كېرەك، ئۆتۈككە چەم كېرەك (ماقال). * ناۋادا مەنمۇ يۇنۇسقا ئەگىشىپ «راست بۇ سۇ ئىكەن» دېيىشىپ بەرسەم، ئەمەت جۇيجاڭنىڭ يۈزىگە سەت ئەمەسمۇ؟ ھەرقانداق ئىشتا بىر پەم كېرەك. ② كىشىلەر بىرەر ئىشنى بېجىرىشتە قوللىنىلغان ئەپ؛ چارە، ئامال، تەدبىر: پەم ئىشلەتمەك. * ياسىننىڭ پەمى بار ئىكەن، تىجارەت قىلىشقا باشلىغانغا ئانچە ئۇزاق بولمىدى، ئوبدانلا پىتىلىنىپ قالدى. ھازىر ناھىيىدە سەن ئەمەس مەن دەپ يۈرىدۇ. ③ كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىشقا نىسبەتەن قىلغان ئويى، قىياسى، مۆلچەرى: — ئاكا، سېنىڭ پەمىڭچە، مۇشۇ كارخانىنى كۆتۈرە ئالساق، كېيىن «ئىست» دەپ قالماسمىزمۇ؟ — دېدى ئابدۇغېنى ئاكىسى ئازادنىڭ چىن كۆڭلىدىكىنى بىلمەكچى بولۇپ. ④ دىققەت، ئېھتىيات: ئالماس مەشرەپنىڭ قولىدىن تۇتۇپ پەم بىلەن ھويلىغا كىردى ۋە باراقسان ياڭاق دەرىخىنىڭ يېنىغا يوشۇرۇندى. * غەيرەت قومۇشلۇق ئارىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى چىغىر يولدا ناھايىتى يېنىك دەسسەپ، پەم بىلەن كېتىپ باراتتى.

**پەم ئەتمەك** پەرق ئەتمەك، ئاڭقارماق، چۈشەنمەك، پەم قىلماق: غالىبقا تونۇش —

بىلىشلەر ئۇچرىمىدىمۇ ياكى ئۇچـرىـسىمۇ «ھاراق ئىچكەنگە تويـسۇن» دېـدىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇ ئۈچ سائەتكە يېقىن ئىگە ـ چاقـسىز يېتىپ قالـدى. بىركەمـدە بېشىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ قالغان يېرىنى ئاران پەم ئەتتى.

**پەم قىلماق** قىياس قىلماق، مۆلچەرلىمەك، پەم ئەتمەك: پەرەڭ ھەييار بىرنەچچە قېتىم ئۇ ياق، بۇ ياققا ئۆتۈپ سەپسالغان بولسىمۇ يىگىتنى بەھرامغا ئوخشـتـالمىدى، ئاخىر يېـقىن كېـلىپ قارىۋىـدى، سەل ـ پەل ئوخـشاشـلىق بارلـىقىنى پەم قىلدى.

**پەم ـ پاراسەت** پـەم ۋە پاراسەت: ئۇزاق ئۆتمەي، ئايرودرومنى ئازاد قىلـدۇق. يولداشلار چاقلىرى مۇز تېـگىدە قالـغان ئايـروپىلانـلارنى كۆرگەندە، نادىرنىڭ باتۇر، قەيسەرلىكى ۋە پەم ـ پاراستىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى.

**پەم ـ پاراسەتسىز** پەم ـ پاراستى بولمىغان، پەم ـ پاراستى يوق: باسـتـ: — ھەسەن، خەلق سېنى «دەردى بارنىڭ ئۈستىدىن كۈلسۇن،» دەپ دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلىغان ئىكەن ـ دە؟! مەن يىغلايمەنۇ، سەن كۈلـسـەن، ئېيتـقىنا، يەل تاپان، مېـنى پـەم ـ پاراسەتـسـىز قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، سەككىز ئاياغلىق بولۇپ چېپىپ يۈرسەن، — دېدى.

**پەم ـ پاراسەتلىك** پـەم ـ پاراسەتـكە ئىـگە، پەم ـ پاراسـتى بار: ھارۋىـكەش ئېگىـز بويى، قاتاڭغۇر، قارىغا مايىل، ئەمگەكـتە پىشـقان ئادەم ئىدى. ئۇ ياغاچچىنىڭ بالىسى بولۇپ، كىچىـكىدىلا ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئاتىسىغا ئەگىشىپ ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە ئىش قىلىـپ ئۆتـكىنى ئۈچۈن قولى ئەپلىك، پەم ـ پاراسەتلىك ئادەم بولۇپ ئۆستى.

**پەمسىز** سۈپ. بىرەر ئىشقا پەم ئىشلىتەلمەيـدىغان، پەمى يوق: پەمـسىز ئايال. * پەمـسىز پەلەمپەيدىن يىقىلار (ماقال). * تاماق ئېتىپ تۇز قويىمسا بولۇر تەمسىز، تۇز قويـدۇم دەپ تۇزلۇق قىلۇر ئاشنى پەمسىز.

**پەمسىزلىك** «پەمسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ھاڭ بېقىپ شەپەرەڭ ھەيرانلىق ئىچرە، بۇ سىرنى بىلەلمەي مىيىقىدا كۈلـدى. ۋە دېـدى: پـەرۋانە پەمسىزلـىكـىدىن، خەتەردىـن قاچالـماي بىكارغا ئۆلدى.

**پەملەشمەك** «پەملىمەك» پېئـلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ خىلدىكى ئىشـلارنىڭ يېقىن ئارىدا ھەل بولمايدىغانلىقىنى پەملەشتى.

**پەملەنمەك** «پەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجـھۇل دەرىجىسى: ياسىن دەككە ـ دۈكـكىگە چۈشۈشكە باشلىدى، چۈنـكى رەنانىڭ كېلەلـمەيـدىغانـلىقى پەملەنگەنىدى.

**پەملىك** سۈپ. بىرەر ئىشتا پەم ئىشلىتەلەيـدىغان، پـەم ـ پاراسەتـلـىك: پەمـى بار: ئەي ئوغۇل، ئەگەر ھاكىم، سوراقچى (ئەمەلدار) بولساڭ ياۋاش، پەملىك، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىغۇچى بولغايـسەن. ھەر ئىشـنىڭ ئاقىۋىـتىنى ئويـدان ئويلاپ، خەلقنىڭ خاراكتېرىنى تونۇغايسەن.

**پەملىمەك** پ ① گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىـكەت، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ تېـگى ـ تەكـتىگە يەتمەك: قۇربان ھاشىم ئىشنىڭ ئەپلەشمىگەنلىـكىنى پەمـلەپ، ئۆزىـنى قۇتۇلـدۇرۇش ئۈچۈن ھەممىنى ساۋۇتجانغا دۆڭگىدى، ساۋۇتـجان بولسا، غوۋغىنىڭ بۇنـداق چوڭـىيىپ، بۇنـچە كۆپ سۆز بولۇپ كېتىشىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدى. ② ئويىـلىماق، مەقسەت قىلـماق: — سەن بىرنەرسىنى پەملەۋاتىسەنغۇ دەيمەن، — دېدى ئەختەم دوستى مۇسانىڭ جىددىي خىيال قىلىپ ئولتۇرغانـلىقىنى كۆرۈپ. ③ ئەپلىمەك، باپلىماق، جايلىماق: كامال، ئالماسنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ قۇلىقىغا: — ئاۋۇ ماش رەڭ چاپانلىقنى كۆردۈڭمۇ؟ بارە، بۇل كاسا يانچۇقىدا جۇمۇ، قورقىما، مەن ئاۋۇ كەپكە شەپكىلىكىنى پەملەي، — دېدى.

**پەمدۇر** ئى [ر<ئىتال] <بوت> ← **شوخلا.**

**پەمدۇر قىيامى** <يېم> يېڭى، ھۆل پەمدۇردىن ياسىلىدىغان مۇراببا.

**پەمدۇرلۇق** سۈپ. پەمـدۇر تېـرىلـغان، پەمدۇر ئۆسكەن: پەمدۇرلۇق يەر. پەمدۇرلۇق ئېتىز.

**پەملە** (توغرىسى: فاملە) ← **فاملە.**

www.uyghurkitap.com

**پەملچاي** ئى ـــ> **قىزىل پەملچاي.**

**پەن I** ئى [ئە] <پەلس> تەبىئەت ۋە جەمئى-يەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھەمدە ئەتراپتىكى مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىلىملەر سىستېمىسى: پەن تەتقىقاتى. * بۇرۇن مېنىڭ ئۆگىنىشىم ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، ھەرقايسى پەنلەردىن ئاران يەتمىش - سەكسەن نومۇر ئالاتتىم، ھازىر بولسا توقساندىن يۇقىرى نومۇر ئالىدىغان بولدۇم.

**پەن تەتقىقات** پەن ھەققىدە ئېلىپ بېرىلى-دىغان ئىلمىي تەكشۈرۈش، ئىلمىي مۇلا-ھىزە، ئىلمىي تەھلىل: ئاشۇ سەپتىن ئورۇن ئالدى ياش تېخنىك، گۈگشېمزىنىڭ پەن تەتقىقات ئورنىدا، ئەقىدىسى مىۋىلىدى چېچەكلەپ، بەھرە - قۇۋۋەت ئالغاچ بىلىم يۇرتىدا.

**پەن II** ئى [خەن] ـــ> **تاختاي: ھازىر** بىر مېتىر پەن ئىككى سوم دېگىنە، پەن تىلىغان ئادەم-نىڭ ھەققىنى بېرىۋەتسەممۇ ماڭا 500 سوم پۇل قالىدۇ. يەنە ئۇنىڭ شاخ - شۇمبا، يان تاختاي-لىرىچۇ تېخى.

**پەنەر** (توغرىسى: پانار) ـــ> **پانار.**

**پەنەركە** ئى [ر<نېم] <بىن> **ياغاچ قىرىن-دىلىرىنى تېخنىكىلىق يول بىلەن ماشىنىنىڭ بېسىم كۈچىدە يۇغۇرۇپ، ئۇزۇن، ئەنلىك، سىلىق ھەم پارقىراق قىلىپ ئىشلەنگەن كۆپ قەۋەت ياكى يالاڭ قەۋەتلىك بىر خىل نېپىز تاختاي، بۇنداق ماتېرىيال چىڭ، پۇختا بولىدۇ. ئادەتتە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا، ئۆي جاھازلىرى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ:** ياغاچ ماتې-رىيالدىن ئومۇملاشتۇرۇپ پايدىلىنىشنى كەڭ يولغا قويۇش، پەنەركە زاۋۇتى، قىرىندى تاختا زاۋۇتى ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇتلارنى كۆپلەپ قۇرۇش كېرەك.

**پەنت** ئى [پ] **ئادەم ۋە نەرسە ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىر؛ ھىيلە، ئالدام:** پەنت قىلماق. پەنت ئۇرماق. * بىر پەنتىم باركى، ئۇ قوللىنىلسا قوي - پوي سويدۇرۇپ شاراب ئاپىرىشنىڭ، زېمىن ۋە تامغىنى تەقدىم قىلىشنىڭ، شۇنىڭدەك شەخسەن دەريادىن كېچىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

**پەنت قىلماق تەدبىر كۆرسەتمەك، ھىيلە ئىشلەتمەك؛ ئالدىماق:** شۇ جەرياندا نىياز پالۋان ئۆكىغا تولغاپ پەنت قىلدى.

**پەنت ئۇرماق پەم، ھىيلە ئىشلەتمەك، ئالدامغا چۈشۈرمەك، تۇزاققا دەسسەتمەك:** مەن بىر ئانىي ئادەم، پەنت ئۇرساڭ خۇدايىم بار. سەن ساقلىمىساڭ مېنى، ساقلىغۇچى ئىگەم بار.

**پەنتىگە چۈشمەك ئالدىنىپ كەتمەك، دامغا چۈشمەك؛ تۇزاققا دەسسىمەك.**

**پەن - تېخنىكا پەن ۋە تېخنىكا؛ ئىلىم، ھۈنەر:** ئۇلارنىڭ بىخەتەر، كۆمۈرنى جىق قېزىشى ئۈچۈن، زامانىۋى پەن - تېخنىكا لازىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. لېكىن زامانىۋى پەن - تېخنىكىنى ياخشى ئۇقۇش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىكەن.

**پەنجە I** ئى [پ] ① **قولنىڭ بارماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمى، بارماق:** پەرھات بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن كۆڭلىدە تۇغۇلغان سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىگەندەك بېشىنى ئىككى قولىنىڭ پەنجىسىگە ئېلىپ خىرە يورۇپ تۇرغان تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتتى. * بولدى، ساتمايـ-مەن، مېنىڭمۇ قولۇمنىڭ پەنجىسى بەش، ئۆزەم تېرىيمەن، ــ دېدى سېتىنىياز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ. ② **بەزى ھايۋان ۋە قۇشلار ئايىـ-غىنىڭ ئۇچ قىسمى؛ چاڭگال، تىرناق:** پەنجىلىك ھايۋان. پەنجىلىك قۇشلار. * گويا بۆركۈت ئالدى قاچقان تۈلكىنى، تۆمۈر پەنجە بىلەن تۇتۇپ ۋە قارماپ، مىنىپ ئالدى باتۇر باقال ئۈستىگە، ئايان بولدى خەنجەر سوغۇق يالتىراپ. ③ **دەستە:** بىرپەنجە يانتاق، بىرپەنجە ئۈنچە. * ھېسامىدىن ھەركۈنى باش توخۇدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېشىكىنى توقۇپ سايغا چىقىپ كېتەتتى - دە، باشقىلار ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە

ئېشىكىگە ئون بەش ـ ئون ئالتە پەنجە يانتاقنى ئارتىپ كېلىپ بولاتتى. ④ گىلەم توقۇشتا ئارقاقتا ئۆتكۈزۈلگەن يۇڭ يىپنى چىڭدايدىغان تۇتقۇچلۇق، تارغاقسىمان تۆمۈر ئەسۋاب؛ دەستىگاھ: تېپىلدى نىيىدىن تارىخ گۇۋاھى، قەدىمىي پەنجە، زىلچە، دەستىگاھى.

**پەنجە سالماق** ← **پەنجە ئۇرماق.**

**پەنجە ئۇرماق** ئارقاقتا ئۆتكۈزۈلگەن يىپنى چىڭدىماق؛ پەنجە سالماق، پەنجىلىمەك: ئەتىدىن كەچكىچە پەنجە ئۇرۇپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇشتىن زېرىكتىم ئادىل، ھازىر ئىلكىمىزدىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ئېشىنچىمىز بار بولدى. تەۋەككۈل دەپ ئىمتىھان بېرىپ پېشانەمگە پۈتۈلگىنىنى سىناپ كۆرەيمىكىن.

**پەنجە II** ئى [پ] <بوت> تۈگمە گۈل ئائىلىسىگە مەنسۇپ يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ، يوپۇرمىقى ئالقانسىمان، نۇۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ؛ گۈلى قوڭغۇراق شەكىللىك، ئادەتتە ئاق، قىزىل سۆسۈن رەڭلەردە بولىدۇ؛ غولىنىڭ ئەۋرىشىم قىسمىدىن تالا چىقىرىشقا بولىدۇ. ئۇ قەغەز ئىشلەشكە خام ئەشيا ۋە تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ: تەرجىمان ماركوغا ئۇنىڭ ياغاچ پاختىدا دەرىخى ئىكەنلىكىنى، جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىمۇ بۇنداق دەرەخ بار بولۇپ، بەزىلەر ئۇنى «پەنجە دەرىخى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ چوڭ گۈلى قەھرىمانلار تاقايدىغان چوڭ قىزىلگۈلگە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن يەنە بەزى كىشىلەر ئۇنى «قەھرىمان دەرىخى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

**پەنجىرە** ئى [پ] <بىن>① ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ يورۇق بولۇشى ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن ياغاچ ياكى تۆمۈردىن تارغاقسىمان ياكى ئۇششاق كاتەكچە چىقىرىپ ياسالغان جاھاز؛ روجەك، دېرىزە: بۆرە، موماي تاغقا كەلگەن ۋاقتىدا كېلىپ، يەنە ماراپ يېتىپتۇ، لېكىن بىرھازا كۈتۈپ يېتىپ، قوزا چىقمىغاندىن كېيىن ئاچچىقىدا ئۆينىڭ پەنجىرىسىگە كەپتۇ ـ دە، ئالداپ كۆرۈپتۇ... ② ياغاچ ۋە تۆمۈردىن يانمۇيان قىلىپ تارغاقتا ئوخشاش ياسالغان توسۇق؛ شادا: مايسىلىقنىڭ ئاخىرىدا، قورغان ئەتراپىنى ئورىۋالغان ۋە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالتۇندەك سىرلىرىنى دات بېسىپ كەتكەن تۆمۈر پەنجىرە كۆرۈنەتتى.

**پەنجىرىلىك** سۈپ ① پەنجىرە ئورنىتىلغان، پەنجىرىسى بار: پەنجىرىلىك ئۆي. پەنجىرىلىك ساراي. ٭ كەڭ كامىر يېرىم قاراڭغۇ ئىدى. ئۇششاق پەنجىرىلىك ئىككى كىچىككىنە دېرىزە يورۇقمۇ ئۆتكۈزمەيتتى. ئادەمنىڭ نۇرغۇنلۇقىدىن قىمىرلاشقىمۇ بولماي قالىدى، ئون بەش كىشى ئورنىغا ئوتتۇز بىر كىشى تىقىلىپ ياتاتتى. ② پەنجىرە ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان: پەنجىرىلىك ياغاچ. پەنجىرىلىك ماتېرىيال.

**پەنجىگاھ** ئى [پ] <مۇز>ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ 5 ـ سى. ئۇ 25 نەغمە، 240 مىسرا بولۇپ، چوڭ نەغمە 174 مىسرادىن؛ 3 داستان 6 نەغمە 24 مىسرادىن؛ 5 مەشرەپ 5 نەغمە 42 مىسرادىن تەركىب تاپقان: پەنجىگاھ مۇقامى. پەنجىگاھ داستانى. ٭ بۈگۈن مۇقام توغرىسىدا قىلىنغان ئىشىمىزنىڭ نەتىجىسىنى سۇلتان ئالىيلىرىغا بايان قىلىش ئۈچۈن «پەنجىگاھ» مۇقامىنىڭ بىر قىسمى جانابىي ئۆمەر سازەندە باشچىلىقىدا ئورۇندىلىدۇ.

**پەنجىلىك** سۈپ. پەنجىسى بولغان، پەنجىسى بار: كەڭ پەنجىلىك قول. ٭ ئۇنىڭ كۆزلىرى قان توشقۇزۇلغان پىيالىدەك يوغىناپ، كەڭ پەنجىلىك قوللىرى بازغاندەك تۈگۈلگەنىدى.

**پەنجىلىمەك** ① ئارقاق يىپىنى چىڭىتماق، قۇرنى زىچلىماق؛ چىڭدىماق: گۈلنار توقۇۋاتقان گىلەمنى سۈپەتلىك چىقىرىش ئۈچۈن قۇرمۇ قۇر پەنجىلەيتتى. ② سەيلىمەك، دەستىلىمەك، يىغىنچاقلىماق، تايلىماق: زەيتۈنەم ئالدىراپ قالدى. ئۇ يەر، بۇ يەردە چېچىلىپ ياتقان يانتاقلارنى بىر ـ بىرلەپ يىغىپ، كەتمەن بىلەن ئۇرۇپ،

دەسسەپ، چىڭداپ پەنجىلەشكە؛ ئىشى ئاۋۇمىغاندەك، كەتمەنگە قوشۇپ ئارىنىمۇ ئېلىۋالمىغىنىغا پۇشايماق قىلىشقا باشلىدى.

**پەند** ئى [پ] يېزىت. ئۈگۈت، نەسىھەت: سەن كىرگەن كوچىنىڭ كىرىش ئاغزىدا، بار ئىدى ئاقىللار سۆزلىرى، پەند: — ئازمىغىن! بىزمۇ غۇ ئېيتقاندۇق ئۇنى، كۆڭنىدىڭ نېمىشقا يىغلايسەن ئەمدى؟

**پەندنامە** ئى [پ] كىشىلەرنى يامان يولدىن قايتىشقا، ياخشىلىقنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان، ئەدەب-ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىدىغان نەسىھەت خېتى: پەندنامە يازماق.
* بەش بالامنىڭ ئىچىدە، چوڭى «پەندنامە» ئوقۇيدۇ، مېنى مويتۇڭزىدا چاپسا، تېنىمنى قاغا چوقۇيدۇ.

**پەند-نەسىھەت** پەند ھەم نەسىھەت: ئۇلار يەنە ئالىملارنىڭ ئىلىم-پەن ئۆگىنىش توغرىسىدا قىلغان پەند-نەسىھەتلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە تەسىرات سۆزلەش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، سىنىپتا بەسلىشىپ ئۆگىنىشتەك ياخشى كەيپىياتنى ياراتتى.

**پەندىيات** ئى [پ] قاتتىق بىزار بولغان، تويغانلىقنى بىلدۈرىدىغان، «ئەستە ساقلاشقا تېگىشلىك نەسىھەت، ساۋاق» دېگەن مەنىدىكى پۇشايمان، ئەپسۇس سۆزى: يېڭىدىن خىزمەتكە چىقىپ مۇنداق ھاقارەتنى كۆتۈرەلمىگەن ئانا «پەندىيات!» دېگىنىچە مەكتەپكە كەلدى-دە، بولغان ۋەقەنى مۇدىرغا ئېيتىپ، سورۇشتە قىلىشنىمۇ خالىمىدى ۋە ھەپتە يول مېڭىپ باشقا كەسىپكە ئالمىشىپ كەتتى. * — بولدى، پەندىيات! ئەگەر خوتۇن مۇشۇنداق بولسا، ئىككىنچى ئۆيلەنمەيتمەن، — دېدى ئۇ نىكاھتىن ئاجرىشىش خېتىنى قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ.

**پەندىيات دېمەك** قاتتىق بىزار بولغانلىقنى، توۋا قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ھەبەش پادىشاھى ئوغرىغا: — يالغان ئېيتىسەن ئوغرى، بۈگۈن ساڭا شۇنداق سىياسەت قىلايكى، پۈتۈن ئالەم ئالدىدا پەندىيات دېگىن، — دەپتۇ.

**پەندىيات قىلماق** ——> **پەندىيات دېمەك**: —

ئۇنى نەچچە ئايغىچە بالىلىرى بىلەن قوشۇپ باقتۇق، ئاخىردا نېمە قىلدى دېسىلە؟ يېنىپ ئۈستى، شۈكرىمۇ زادى قوشنا ئولتۇرغۇزۇشقا پەندىيات قىلغانتۇق، — دېدى جەننەتخان.

**پەنساد** ئى [پ] <تارىخ> خانلىق دەۋرلىرىدە ئەسكەر باشلىقلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋانلارنىڭ بىر تۈرى ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان شەخس.

**پەنشۇناس** ئى [ئە+پ] بىر پۈتۈن تەبىئەت پەنلىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىم، مۇتەخەسسىس.

**پەنشۇناسلىق** ئى. بىر پۈتۈن تەبىئەت پەنلىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى پەن. ئۇ بارلىق تەبىئەت پەنلىرىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ، ئۇنىڭ تۈپ خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى يەكۈنلەيدۇ ھەمدە مۇشۇ ئومۇمىي قانۇنىيەتكە ئاساسلىنىپ، ئىلمىي تەتقىقاتنى تەشكىللىي باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي قائىدە-پرىنسىپ ۋە ئومۇمىي ئۇسۇلى ھەققىدە ئىزدىنىدۇ. پەنشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەقسىتى تەبىئەت پەنلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل بولغان تەرەققىيات يولىنى تېپىشتىن ئىبارەت.

**پەنلەر ئاكادېمىيىسى** چوڭ كۆلەملىك ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورگان، ئۇ ئۇنىۋېرسال ۋە كەسپىي خاراكتېرلىك ئىككى خىل بولىدۇ: چولپان بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ئوينىتىپ: — دېڭ ھامما ئاچا، بىزگە سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ، پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى يولداشلار سىزنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولدى، — دېدى.

**پەنلىمەك** پ. بىرەر ئىش-ھەرىكەت ياكى

گەپ ـ سۆزدە باشقىلارنى ئالدىماق، بۇردا قىلماق، ساختا قىلماق: بەزىلەر ئۆزىدە بىر كۆز بولسا، خېرىداردا مىڭ كۆز بارلىقىنى بىلمەي «قولىدىن ئۆتتى، ئىش پۈتتى» دەپ ھۈنەر قىلىدۇ. خېرىدارنى پەنلەيمەن دەپ، ئۆزىنى پەنلەيدۇ. خېرىدار دېگەن خىزىر ـ دە، خىزىر!...

**پەن ـ مەرىپەت** پەن ۋە مەرىپەت: بىز شۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ دۇردانىلىرىدىن (بۇ كەڭ دۇنيانىڭ مۆجىزە، ھېكمەتلىرىدىن)، پەن ـ مەرىپەتتىن خەۋەردار بولدۇق، ساڭا ئاپىرىن!

**پەننىي** سۈپ [ئە] پەنگە، ئىلىمگە ئاساسلانغان؛ ئىلمىي: پەننىي بىلىم. پەننىي مەكتەپ، پەننىي ساۋات. * بىزگە مەلۇم، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ مەزمۇنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭكىگە قارىغاندا پەن سىستېمىسىغا يېقىنلاشقان بولۇپ، نۇرغۇن ئابستراكت ئۇقۇملار سىستېمىسى ۋە پەننىي قانۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

**پەننىي ساۋات** ئىلىم ساھەسىدە ئېرىشىلگەن ئاساسىي بىلىم؛ ئۇقۇم، چۈشەنچە.

**پەننىي مەكتەپ** ياش ئەۋلادلارنى ھازىرقى زامان پەننىي بىلىملەر بىلەن تەربىيىلەيدىغان ئوقۇتۇش ئورنى: پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى. پەننىي مەكتەپتە ئوقۇماق.

**پەننىيلەشتۈرمەك** «پەننىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جۇڭگونى زامانىۋىلاشقان بىر دۆلەت قىلىش ئۈچۈن، پەننىيلەشتۈرۈشنى بىرىنچى، نىشان قىلىپ بەلگىلەپ، قەتئىي نىيەت بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان قىلىشىمىز لازىم.

**پەننىيلەشتۈرۈلمەك** «پەننىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جۇڭگونى زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىمىز دېسەك، ئەلۋەتتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تۆرلۈك ئىشلەپچىقىرىش پەننىيلەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

**پەننىيلەشمەك** پ. پەنگە، ئىلىمگە ئىگە بولماق، ئىلمىي، ئاساسقا ئىگە بولماق؛ ئىلمىيلەشمەك.

**پەننىيلىك** «پەننىي» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: پەننىيلىككە ئەھمىيەت بېرىش دېگىنىمىز. ئوقۇتۇشنىڭ مەزمۇنى، ئوقۇتۇشنىڭ ئۇسۇلى، ئوقۇتۇشنىڭ تەشكىللىي شەكلىدە قاتتىق ئىلمىيلىك بولۇش دېگەننى كۆرسىتىدۇ.

**پەھلىۋان** (توغرىسى: پالۋان) ←—— پالۋان.

**پەۋاز** ئى [پ] ① چاپان، كۆڭلەك قاتارلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ پەش، ئېتەك قىسمىدىكى پۆكلىگەن جايى؛ قىرغاق: پەۋىزىنى تىكمەك. پەۋازلىماق. * ئەستىرىدىن پەۋىزى چوڭ (ماقال). ② جۇۋا پەۋىزىنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇلغان تۈكى پەس، ياغاق تېرە؛ جىيەك: پەۋاز تۇتماق. پەۋاز چاتماق. پەۋاز قوندۇرماق.

**پەۋاز قاپاق** قاپىقى ساڭگىلىغان، ياپما قاپاق: قۇددۇسمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئالدىدا ئولتۇرغان ئەزىزنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا بىرقۇر سەپسېلىپ چىقتى: شالاڭ ساقاللىرى تىكەندەك ئۆسۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ قارا، پەۋاز قاپاقلىرى تېخىمۇ ئىششىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

**پەۋازلاتماق** «پەۋازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ماشىنىچى ئۇستام تىككەن كىيىملەرنىڭ پەۋىزىنى شاگىرتىغا پەۋازلاتتى.

**پەۋازلاشماق** «پەۋازلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پەۋازلانماق** «پەۋازلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كىيىم پەۋازلاندى.

**پەۋازلىماق** پ. ھەر خىل كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ چۆرىسىنى پۆكۈپ جىيەك تۇتماق، قىرغاق چىقارماق، پەۋىزىنى ئەتمەك: نائىمە سەيپۇڭ ئۇستامنىڭ ئاسقۇسىدىكى پاختىلىق چاپىنىنى كۆرۈپ پەشلىرىنى بىرئاز كەڭرەك پەۋازلاپ قويغىنىنى ياراتمىدى.

**پەۋان** (توغرىسى: پالۋان) ←—— پالۋان.

**پەۋەس** سۈپ. توشۇپ كەتكەن، لىق: پەۋەس ئادەم. پەۋەس ئاشلىق. * قارىغىنا، بۇ بەرنىڭ ئۈستى، ئالتۇنتاغ، ئاستى كۆمۈش،

www.uyghurkitap.com

باغ، يۇرتداش دېسەك ئەتراپىڭدا پەۋەس، ئەل ـ ئاغىنە دېسەڭمۇ دوزىنىسى بىلەن تېپىلىدۇ. * سۇپىدا يەنە ئۈچ ـ تۆت تاغارغا پەۋەس قاچىلان‍ـ غان يىرىك ئاشلىقمۇ ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. * ھايات قايىنمى شاۋقۇنلۇق، كېزەر مەمۇرچىلىق يۇرتنى، كاۋاپ، گۆشگىردە، ئاشمانتۇ پەۋەس بازارىنى كۆردۇم.

**پەۋقۇلئاددە** [ئە] ① سۇپ. باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان، ئادەتتە ئۇچرىمايدىغان؛ كۈتۈلمىگەن، تاسادىپىي: پەۋقۇلئاددە ئەھۋال. پەۋقۇلئاددە ھادىسە. * ئانىسىدىن تۇغۇلغانىدا ئوغۇزخان بولغانىكەن پەۋقۇلئاددە خىسلەتلىك. يىگىت بوپتۇ قىرىق كۈندە چوڭىيىپ، ۋە قەھرىمان بوپتۇ ئەلدە ئىززەتلىك. ② رەۋ. ئادەتتىن تاشقىرى، ھەددىدىن زىيادە، غايەت، ئىنتايىن: پاتەمخان مۇئەللىم ئۆز سىنىپىغا خۇشاللىق بىلەن دەرسكە كىردى. بىراق بۇ سىنىپىنىڭ بىر مەۋسۇم ئىچىدە پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولدى. ③ سۇپ. ئالاھىدە ۋەقەلەر، ھادىسىلەر ياكى مەخسۇس شارائىت تەلىپى بىلەن بەلگىلىنى‍ـ دىغان، سادىر بولىدىغان؛ نۆۋەتتىن تاشقىرى: پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە. پەۋقۇلئاددە ئەلچى. * ئۇلارنىڭ بىرى قانىنىڭ بېسىمى مەلۇم بىر ئەزاسىغا ئالاھىدە كۆچلۈك تەسىر قىلسا، پەۋقۇلئاددە ھادىسە يۈز بېرىشى مۇمكىن دەپ ئېيتتى. شۇڭا بوۋاي گەپ قىلسا، گېپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سال. * ھازىر ئۇ، ساقچى ئەمەلدارى بىلەن يىپەك سەللىلىك ئاخۇننىڭ سۆزىدىن پەۋقۇلئاددە بىر يېڭىلىقنى سەزدى، كۈتۈلگەن ئازادلىقنىڭ ئالدىنى ئەمدى ھېچكىمنىڭ توسالمايدىغانلىقىنى بىلدى، قەلبى دولقۇنلىنىپ كەتتى.

**پەۋقۇلئاددە ئەلچى** <ت ئش> دۆلەت ۋاقىتلىق ئەۋەتكەن، پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان دىپلوماتىك ۋەكىل.

**پەۋقۇلئاددىلىق** «پەۋقۇلئاددە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھاشىم بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلغان ئەمەس، بۇ بىر پەۋقۇلئاددىلىق.

**پەي I** ئى [پ] قۇش تېنىنى قاپلاپ تۇرىدىغان مۇگگۈزسىمان نەيچىلەر ۋە شۇ نەيچىلەرنىڭ ئىككى يېنىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان يۇمشاق تۈك؛ موي: پەي ياستۇق. پەي يوتقان. پەي كۆرپە. * سۇلايمان پادىشاھ قۇشلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، باغقا كىرسە، قۇشلار ناھايىتى روھسىز، پەيلىرى تۇزۇغان ھالەتتە، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ يۈرگۈدەك، پادىشاھ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا، ھۆپۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: — ھۆرمەتلىك پادىشاھى ئالەم، مەن يۇرتۇمنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتتىم، بىر كۈنلۈك رۇخسەت بەرسىلە، يۇرتۇمنى كۆرۈپ كەلسەم، — دەپتۇ.

**پەي توپ** <تەن> ① توپ ئويۇنلىرىنىڭ بىر تۈرى، ئۇنىڭ قائىدىسى ۋە ئىشلىتىدىغان سايمانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن چويلا توپقا ئوخشايدۇ. ② شۇ خىل توپ مۇسابىقىسىدا ئىشلىتىلىدىغان توپ، ئۇ ئۈچكە تېرىسى ئورالغان پۇرۇپكىغا پەي ئورنىتىلىپ ياسىلىدۇ.

**پەي قەلەم** قۇش قانىتىدىن ياسالغان، سىياھقا چىلاپ يازىدىغان قەلەم: پەي قەلەم بىلەن خەت يازماق.

**پەي ياستۇق** قۇشلارنىڭ پەيلىرىدىن تەييارلانغان ياستۇق: تۇلكە قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ: — ئېيىقباي، مەن سىزنىڭ بىقىنىڭىزغا تاش پاتمىسۇن دەپ، پەي ياستۇق تەييارلاشنىڭ غېمىدە بولدۇم، — دەپ قولتۇقىدىكى بىر ياستۇقنى ئېيىققا ئۇزىتىپتۇ.

**پەي II** [پ] ① ئى. بەدەندىكى مۇسكۇللارنى سۆڭەككە بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان ئاق رەڭلىك مۇستەھكەم، ئەرۋىشىم توقۇلما؛ سىڭىر: پەي تار. پەي تارتىشماق. * قورساقلار تارتىشىپ پەي بولغانىدا، سۆڭەكلەردە يىلىك تۈگەپ نەي بولغانىدا ئەتىياز كېلىپتۇ. ②سۇپ. كۆچمە. چىڭ، مەزمۇت، پۇختا: پەي ئادەم.

**پەي تار** <مۇز> قوي، ئۆچكە ئۈچەيدىن ئىشلەنگەن تار: دۇتارىمنى دۇتارىم، دۇتارىمدا پەي تارىم. تومۇچۇققا ئوخشايدۇ، لەۋلىرى ناۋات يارىم، ئاھ گۈللالله...

**پەي تارتىشىش** <تىب> بەدەن مۇسكۇللىرى توساتتىن يىغىلىۋالىدىغان بىر خىل كېسەللىك ئالامىتى، كۆپىنچە پۇت ـ قول، يۈزدە كۆرۈلىدۇ.

**پىيىدە بولماق** بىرەر ئىش ۋە مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇ ئىشنىڭ كويىغا كىرمەك: ئۆردەك گۆشى يېسەڭ، غازنىڭ پىيىدە بول (ماقال). * ۋىي رىن بىر تەرەپتىن ئاق تۈرنا بىلەن پاراڭلاشسا، بىر تەرەپتىن ئاق تۈرنىنى تۇتۇۋېلىشنىڭ پىيىدە بولۇپتۇ.

**پىيىدە يۈرمەك** ← **پىيىدە بولماق**: مەريەمخان ئىلگىرى ئېرىدىن خېلى كۆپ پۇل ـ مال بىلەن تۇل قالغانىدى، مەن ئۇنىڭ چىرايلىق ھۆسنى ـ جامالىدىن كۆرە ئەنە شۇ پۇلىغا كۆزۈم چۈشكەن ـ لىكتىن ئۇنىڭ پىيىدە يۈردۇم.

**پىيىگە چۈشمەك** بىرەر ئىش ۋە مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇ ئىشنىڭ غېمىدە بولۇپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرمەك، شۇ يولدا ھەرىكەت قىلماق: نۇردۇن ئۆزىنىڭ توختى شۇجىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، ۋۇجۇدىدا گويا ئاسماندىكى ئاينىمۇ يۇلۇپ ئالالايدىغاندەك كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ھېس قىلاتتى، شۇڭا ئۇ زور ئىشەنچ بىلەن كەپتەرنى مارىغان مۈشۈكتەك قوندۇزنىڭ پىيىگە چۈشتى.

**پىيىگە كىرمەك** ← **پىيىگە چۈشمەك**.

**پىيىنى قىرقىماق** باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلماق، قەست قىلماق: ـــ ئۇنىڭ بۇ سىرلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىغاندا، ئۇ جەزمەن بىراۋنىڭ پىيىنى قىرقىماقچى، ـــ دېدى ئاكام ئىشەنچ بىلەن.

**پەي III** ئى [خەن] <ھەرب> ئارمىيە قۇرۇلـ ـمىسىنىڭ شتات بىرلىكى، ئۇ لىيەندىن تۆۋەن، بەندىن يۇقىرى بولىدۇ.

**پەيت** ئى ① مۇئەييەن ۋاقىت؛ پۇرسەت: تېخى كۈن چىقمىغان تاڭ سەھەر پەيتى، كۆڭلۈم شاد چىقتىم مەن گۈللۈككە ـــ باغقا، ياپيېشىل ياپراقلار ئالتۇن چىنسى تولۇپتۇ كۆمۈش رەڭ شەبنەم ـــ سىمابقا. ② دەۋر، زامان، مەزگىل، مەۋسۇم: جىددىي پەيت. ھالقىلىق پەيت. * باتۇر بىرقانچىلىغان ئاتلىق كىشلەرنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەندىن كېيىن گالى پالۋان شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىكى، ـــ مەرھۇم دادامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدىغان پەيت كەپتۇ! ـــ دېگىنىچە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئالدىراپ باتۇر تەرەپكە ماڭدى. * ھازىر تازا گۈل تېرىدىغان پەيت، ئەتىدىن باشلاپ ئىشىك ـ دېرىزىلەر ئالدىدىكى مايماق تام ـ توساقلارنى چېقىپ تاشلاپ، پۈتۈن قورۇيىمىزنى تۇتاش گۈلزارلىققا ئايلان ـ دۇرۇشنى قارار قىلدۇق. ③ بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قولايلىق پۇرسەت، ئىمكانىيەت: پەيت تاپماق. پەيتنى قولغا كەلتۈرمەك.

**پەيت كەلمەك** ۋاقىت، شارائىت پىشىپ يېتىلمەك؛ ئىمكانىيەت تۇغۇلماق، پۇرسەت كەلمەك، مۆرىتى كەلمەك: ـــ دوختۇر قاتتىق زۇكامداپ كەتتىم، بىر داۋالاپ قويسىلا، ـــ دەپ يالۋۇردى. ـــ مانا پەيتى كەلدى، ـــ دېدىم ـ دە، دەرھال ئوكۇل ئۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كاسسىدىن پالەچ قىلىش ئوكۇلى سېلىۋەتتىم ـ دە، تۆت ـ بەش تال دورا بەردىم.

**پەيتۈن** ئى [ر] كۆتۈرمە سايىۋەنلىك قىلىپ ياسالغان تۆت چاقلىق ھارۋا؛ ئىززۋوش: ئايشەمخان يولدىشى سابىر بىلەن مەسۇم باينىڭ مالايلىرى قاتارىدا ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ يولدىشى باينىڭ پەيتۈنىغا قاتىدىغان ئاتلىرىنى بېقىپ، ھارۋىسىنى ھەيدەيتتى.

**پەيتىدە** رەۋ. مۇئەييەن ۋاقىت، مەزگىل، شارائىت، پۇرسەتتە: مانا شۇنداق جىددىي ئىش پەيتىدە ئىشچىلارنىڭ بۇ يەرگە يىغىلىپ ئۆلارنى ئەيىبلىشى ھۆرلۈكتە يېڭىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىغاندەك بولدى.

www.uyghurkitap.com

**پەيجاڭ** ئى [خەن] <هەرب> ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قاتلىمىدا بىر ئەترەت جەڭچىگە رەھبەرلىك قىلغۇچى شەخس ۋە شۇ شەخسكە بېرىلگەن ھەربىي ئەمەل نامى: قىزغا ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلدى. دەل شۇ چاغدا، پەيجاڭ ئەسكەرلەرنى باشلاپ كېلىپ قىزنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

**پەيجەمبى** ئى. دىئال. تامبال.

**پەيجۇ** ئى [خەن] <سودا> ① ماشىنا (ئاپتوموبىل)، ھارۋىلارنىڭ قاتنىشى ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن تارقىتىپ بېرىلگەن ھۆججەت؛ نومۇرلۇق تاختا، قاتناش گۇۋاھنامىسى. ② كونا جەمئىيەتتە تىجارەتچى سودىگەرلەر ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرەپتىن تارقىتىپ بېرىلىدىغان رۇخسەت خېتى؛ تىجارەت كىنىشكىسى: پەيجۇ ئالماق.

**پەيچۇسو** ئى [خەن] <هەرب> ئېلىمىز جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورگىنى. ئۇ ئاھالىلارنىڭ نوپۇس ئىشلىرىنى بېجىرىش ھەم ئاساسىي قاتلامنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش قاتارلىق خىزمەتلىرىنى ئۆتەيدۇ.

**پەيدا** رەۋ [پ] ھاسىل، مەۋجۇت: پەيدا بولماق، پەيدا قىلماق. * چىن دوستلۇق ئىناقلىقتا، يۈرىكىم ھامان شەيدا، بىرلىك ئىتتىپاقلىقتىن، چۆللەردە چىمەن پەيدا.

**پەيدا بولماق** ① بارلىققا كەلمەك، ياردىتىلماق: خىزىر يەنە بىرقانچە زامانلاردىن كېيىن بۇ جايدىن ئۆتۈپتۇ، قارىسا سازلىقنىڭ ئورنىدا كاتتا بىر شەھەر پەيدا بولۇپ قاپتۇ. * شۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن دار ئويۇنى يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ دارنى باغلىغان ئادەم جۇۋازچى بولۇپ، ياش ۋاقىتلىرىدا دارۋاز بولغانىكەن. ② كېلىپ قالماق، ھازىر بولماق يادىكار كوچىغا چىقىپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، نەدىندۇر يەنە قادىر پەيدا بولۇپ قالدى. ③ ھاسىل بولماق، سادىر بولماق: ھەربىرىمىز بىرەر قەدەم يەرنى بولسىمۇ كۆپرەك ئىگىلىۋېلىشقا تىرىشىدىغان بولدۇق. نەتىجىدە ئۆزئارا غەيۋەت - شىكايەت، جېدەل - ماجىرا پەيدا بولدى. ④ كۆرۈنمەك، نامايان بولماق، ئەكس ئەتمەك: بۈگۈن تۇرسۇن مۇئەللىم سۆزلەۋاتقاندا، سەلەي ئاخۇن ئۇستامنىڭ چىرايىدا ئۆتكەن كۈندىكىدەك گەپ قۇلاققا ياقمايۋاتقانلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارەتلىرى پەيدا بولدى.

**پەيدا قىلماق** ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەك، بارلىققا كەلتۈرمەك، كەلتۈرۈپ چىقارماق، سادىر قىلماق: مۇزەپپەر بىر پارچە ماتېرىيالنى قولىغا ئېلىپ: — بۇ زاكىر باسقۇنچىلىق قىلغان قىزنىڭ ئەرزى. بۇنى يەنە بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ يۇقىرىغا يوللايمىز. مەن سىزگە ئۆتكەندە ئېيتقاندەك، زاكىر يېقىندا مانا مۇشۇ باسقۇنچىلىق ئەنزىسىنى پەيدا قىلدى، — دېدى.

**پەيدىن - پەي** (توغرىسى: پەيدىنپەي) ⟵ **پەيدىنپەي**.

**پەيدىنپەي** رەۋ. كەينى - كەينىدىن، ئارقا - ئارقىدىن؛ بىر - بىرلەپ، ئۈزلۈكسىز: چەت ئەل كاپىتالىزمى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو جەمئىيىتىدە كاپىتالىستىك ئامىللار پەيدىنپەي ئۆسۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ، جۇڭگو جەمئىيىتى پەيدىنپەي مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودال جەمئىيەتكە ئايلاندى. * ياخشى ئادەم. ياخشى ئىشلارنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەپ، ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى پەيدىنپەي تىكلىۋېلىشىمىز لازىم.

**پەيز** [ئە] ① ئى. باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، زوق - شوق بېغىشلايدىغان، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك: قۇياش يىللىق نۇر سېپەتتى ۋە ھەممە يەر باھار پەيزى بىلەن جانلىنىشقا باشلىدى. * — پەيزىڭ بار يىگىت، — دېدى توختىكام نىجات دۇتارنى توختاتقاندىن كېيىن، — قولۇڭ دەرد كۆرمىسۇن، خۇدا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن! ② سۈپ. گۈزەل، چىرايلىق، ياخشى:

مۇراد گۇللۈكىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ: ــ چاپسانىراق بولساڭچۇ، ئاداش، بۇ قالتىس پەيز يەر ئىكەن، بىنا بىلەن قوشۇپ بىرنى تارتقىنا، ــ دەپ يەھىيانى ئالدىراتتى. ③ ئى. ھوزۇر، راھەت: پاقۋاي خوراز بەگنىڭ يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ناخشىنىڭ ئاخىرىدىكى «ئامان بول، مىلىك ـ مىلىك ياشا» دېگەن جۈملىنى شۇنداق ساز ئاۋاز بىلەن كېلىشتۈرۈپ ئېيتتىكى، ئۇنىڭ پەيزىدىن ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

**پەيزى بار** كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان، ئۆزگىچە گۈزەللىكى بولغان؛ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك: مەن دۇكانىنى مۇشۇ يەرگە ئاچسىمەن، قارا بۇ، ھەقىقەتەن پەيزى بار جاي. * گۈزەل قىش پەسلىنىڭ ئەجەب پەيزى بار، ئۈرۈك چېچىكىدەك تۆكۈلسە ئاق قار، ھەم يېنىكدا بولسا ئۆزەك سۆيگەن يار، دالا سەيلىلىرى بەكمۇ يارىشار.

**پەيزى سۈرمەك** ھوزۇر ـ ھالاۋەت كۆرمەك، لەززەتلەنمەك: غېرىب بىلەن سەنەم گۈلدەك ئېچىلىپ كۆرۈشتى، قول تۇتۇشۇپ چار باغقا يۈرۈشتى. شۇ يۈرگىنىچە قىرىق كۈنگىچە مۇھەببەت پەيزىنى سۈرۈشتى.

**پەيزى قاچماق** كەيپى بۇزۇلماق، ھوزۇر ـ ھالاۋىتى يوقالماق، مەززىسى كەتمەك: ــ بىر ئۇبدان پەيزى قىلىۋاتاتتۇق، نەدىن كەلدى، بۇ مەست، ئادەمنىڭ پەيزىنى قاچۇرۇپ، ــ دېدى نازاكەت يېنىدىكى دوستىغا ئاستا پىچىرلاپ.

**پەيزى قىلماق** مەززە قىلماق، كەيپ سۈرمەك، ھوزۇر قىلماق، راھەتلەنمەك: ھېكىم نۇر: ــ ئۆزئارا ئولتۇرۇش نۆۋىتى ماڭا كېلىپ قاپتىكەن، قاتنىشىپ بەرسىڭىز، دوستلىرىمىز بەك خۇش بولاتتى. خوجىسكامۇ تەمبۇر بىلەن راسا پەيزى قىلىپ بەرسە، تۇردىسكامۇ بارسا، ــ دەپ كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلدى. * ــ بۈگۈن راسا پەيزى قىلدۇق، ئەمدى يەنە بىر ھەپتە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيمىز. كېلەر يەكشەنبە خەير، ئەمىسە، ــ دېدى زىياۋىدىن ئاغىنىلىرىگە قول بېرىپ.

**پەيزى ئۇچماق** ← **پەيزى قاچماق.**

**پەيزى يوق** كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدىغان، كىشىگە ھوزۇر بېغىشلىيالمايدىغان، ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى يوق، خۇنۈك، بىپەيز: پەيزى يوق ئويۇن.

**پەيزىسىز** سۈپ. كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدىغان، ھوزۇرى، پەيزى يوق: ئاخشامقى ئولتۇرۇش تازا بىر پەيزىسىز ئولتۇرۇش بولدى ـ دە.

**پەيزىلىك** سۈپ. كىشىنى جەلپ قىلالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە، پەيزى بار: يازنىڭ گۈزەل بىر ئاخشىمى پەيزىلىك ئەجەب، چاقنىماقتا كۆكتە يۇلتۇز، سوقىدۇ شامال. ئاي ئۆزىدۇ كۆك ئاسماندا ئالتۇن لېگەندەك، ئۇماق قىزنىڭ يۈزلىرىدەك كۆرستىپ جامال.

**پەيىسىز** سۈپ. پېيى يوق.

**پەيسمان** سۈپ. پەيگە ئوخشايدىغان، پەي شەكىللىك: پەيسىمان يوپۇرماق. * ماركو بىللە كەلگەن خادىمىدىن: ــ بۇ چوڭ دەرەخلەر چىنارغا بىرئاز ئوخشاپ كېتىدىكەن، بىراق يوپۇرماقلىرى پەيسىمان بولۇپ، شاخ ۋە دەرەخ غوللىرىدا كونۇسسىمان تىكەنلەر ئۆسىدىكەن، بۇ قانداق دەرەخ، ــ دەپ سورىدى.

**پەيسمان مۇرەككەپ يوپۇرماق** <بوت> يوپۇرماق سېپىدا خۇددى قۇشنىڭ پېيىدەك رەتلىك تىزىلغان يوپۇرماقلىرى بولىدۇ. كىچىك يوپۇرماقلارنىڭ سانى تاق بولسا، تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، جۈپ سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق دېيىلىدۇ، مەسىلەن: چۈچۈكبۇيا، بۇيا، ئەرمىدۇن، كۆك پۇرچاق قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش.

**پەيشەنبە** ئى [پ] ھەپتىنىڭ چارشەنبىدىن كېيىنكى جۈمەدىن بۇرۇنقى تۆتىنچى كۈنى: بۇ گۈلاخقا يېقىن بىر يەردە بىر ئاياغ كىيىم بازىرى بار ئىدى. بۇ بازار ھەر پەيشەنبە كۈنى

www.uyghurkitap.com

شۇنچىلىك قايناپ كېتەتتىكى، مال ساتقۇچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىراشلىرى، بازارغا كەلگەنلەرنىڭ ھەر خىل پاراڭ، كۈلكە ـ چاقچاقلىرىدىن كىشى چىداپ بولمايدىغان دەرىجىدە سۈرەن ـ شاۋقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

**پەيشەنبە بازار** ① ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى ئاھالىلارنىڭ توپلىشىپ سودا ـ سېتىق قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن كۈن. ② پەيشەنبە كۈنى بازار بولىدىغان شۇ جاينىڭ نامى: بىز پەيشەنبە بازاردىن. ئۆتكەن چاغدا كۈن ئولتۇردى.

**پەيشەنبىلىك** ئى. تارىس. دىنىي مەكتەپلەردە پەيشەنبە كۈنى باللار موللامغا ئاتاپ ئېلىپ بارىدىغان پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەر؛ ئوقۇش پۇلى، ئوقۇتۇش ھەققى: بالا دادىسىغا يالۋۇرۇپ: — موللام باللار پەيشەنبىلىككە ئېلىپ بارغان پوشكال، قاتلىما نانلارنى بورداۋاتقان تۆت قويىغا بېرىدۇ. بىزگە بەرسە ساۋاب بولماسمىدى! — دېدى.

**پەيغەمبەر** ئى [پ] <دىن> دىنىي ئېتىقاد بويىچە ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بەندىلەرگە يەتكۈزگۈچى ئىلاھى ۋەكىل؛ نەبى: روسۇلىللا خورمىچىلارغا: — مەن دۇنيانىڭ پەيغەمبىرى ئەمەس، دىنىنىڭ پەيغەمبىرى، دۇنيانىڭ ئىشىنى ئۆزەڭلار ئوبدان بىلىسىلەر، — دېگەن.

**پەيغەمبەرلىك** «پەيغەمبەر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**پەيقۇ** ئى. دىئال. ياستۇق.

**پەيكان** ئى [پ] يېزت ① ئوقيا ئوقى ئۇچىدىكى مېتال، ئوق: يا قىلىپ كۆزۈڭ قېشىڭنى ئاتتى بىر پەيكان ماڭا، سانجىلىپ قالدى يۈرەككە دەل تېگىپ شۇ ئان ماڭا. ② كۆچمە. كىرپىك: ئۆرۈنسا گەر ھەسەتخورلار كۆلۈڭنى خەستە ئەيلەشكە، ئۇلارغا ئوق بولۇپ تەگسۇن كۆزۈڭ پەيكانىسى دىلبەر.

**پەيكەر** ئى [پ] يېزت. بەدەن، گەۋدە؛ چىراي: جاھانغا كەلمىگەي ئۇنىڭدەك پەيكەر، كېچە ـ كۈندۈز پىراقىدا كۆزۈمنى غەرق ياش ئەتتى. * پەرى پەيكەر ئۆزىڭىز، راستىمۇ مۇشۇ سۆزىڭىز؟ دەپ دەرەخنىڭ كەينىدىن، سادا چىققان غايىبتىن...

**پەيل** (پەيلى) ئى [ئە] ① كىشى خاراكتېرىنى، خۇلقىنى ئىپادىلەيدىغان روھى خۇسۇسىيەتلەر، ئەلپاز، تۇرق: «تەلەپمۇ قىل، سەۋەبمۇ قىل» دەپتىكەن، ھاكىمنىڭ پەيلىدىن ئەزرائىلمۇ قورقىدۇ، بەلكىم ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا ئەزرائىلمۇ قورقۇپ، ئۆيگە كىرمەي كېتىپ قالار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم. * لېكىن ئۇ پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا چىقىش بىلەنلا يۈزلىگەن غەزەپلىك كۆز، تۈگۈلگەن مۇشت، كىرىشكەن چىشلارنى كۆرۈپ، بىردىن چىرايىدىن قان قاچتى، پۈتى سىرقىراپ قالدى. خەلقنىڭ پەيلىنى كۆرۈپ قورقتى. ② كىشىنىڭ مەلۇم پەيتتىكى روھىي ھالىتى، كەيپىياتى، مىجەز، خۇلق، قىلىق، خۇي: گۇمان قىلغىنىمدەك، توي بولۇپ ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ سەللىسى يوقالدى. ساراڭ كالىدىن بەتتەر يامان پەيلى ئاستا ـ ئاستا نامايان بولۇشقا باشلىدى. ③ مۇراد، مەقسەت، نىيەت: پەيلى يامانىنىڭ خۇيى يامان (ماقال). * رەھىم ناۋاي ئۆمەر بايغا: — غوجام، پەيلىلىرىدىن يانسىلا، نېمە قىلسىلىمۇ قىلسىلا، راۋابقا چېقىلمىسىلا! تاشۋاي ئۈچۈن مەن ناماقۇل، — دەپ يالۋۇردى.

**پەيلى بۇزۇق** ① نىيىتى بۇزۇلغان، يامان نىيەت: سادىر بىر تۇغقانلىرىدىنى ئاستا ئويغىتىپ: — موماينىڭ پەيلى بۇزۇق، سەگەك ياتايلى! — دەپ شىۋىرلاپتۇ. ② ئەلپازى، تۇرقى يامان: ھاۋا تۇتۇق، ئاسماننىڭ پەيلى بۇزۇق ئىدى.

**پەيلى يامان** ① نىيىتى بۇزۇلغان، يامان غەرەزلىك؛ بەتنىيەت: ئۇ ھازىر نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نىلقىغا قېچىپ بېرىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ، ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا كېچىلىرى توپلىشىپ پاراڭ قىلى-

شىدىغان پەيلى يامان ئادەملەرگە دىققەت قىلىش-
نىڭ لازىملىقىنى، ئەنۋەرلەرنىڭ يوقاپ كېتىشى-
نىلقىغا كەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە
سۆزلىدى. ② خۇيى ئەسكى، خۇيى يامان؛
بەتخۇي: ياسىن كۆكبېشى بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ،
بالىنى قانداق قىلىشنى ئويلىدى، ئۆيگە ئەكەتكەي
دېسە، ئاتىنىڭ پەيلى يامان، ئالغۇزمايدۇ، ھەم
بالا ئويغىنىپ كېتىپ، ئۆزىنى تونۇمايدىغانلا
بىر ئادەمنىڭ كۆتۈرۈپ ئەكەتمەكچى بولۇۋاتقان-
لىقىنى كۆرۈپ، كېچىدە قورقۇپ كېتىشى مۇمكىن.

**پەيلىدىن يانماق** يامان غەرەز، يامان
نىيەتتىن قايتماق: قارىسام ئۇستىخىنى قاتمىغان
كىچىك بالا ئىكەن، مۇشت كۆتۈرەلمىگۈدەك.
شۇنىڭ بىلەن پەيلىمدىن ياندىم. * قادىر ئاستا-
ئاستا بوشىشىپ پەيلىدىن يېنىشقا مەجبۇر بولدى ۋە
«بۇ يەردە تۈرتۈۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلار
چىقىپمۇ قىلىشى مۇمكىن»، دەپ ئويلاپ كەينىگە
بۇرۇلدى.

**پەيلاسوپ** ئى [ئە<گرېك] ① پەلسەپە
ئالىمى، مۇتەخەسسىسى؛ پەلسەپە بىلەن
شۇغۇللانغۇچى كىشى: ئەبۇ ناسىر فارابى
يالغۇز ئۇلۇغ شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم ۋە پەيلاسوپ ئىدى.
② كۆچمە. دانالارچە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان
كىشى: ئۇ بۇگۈن كىشىنى ھاڭتاڭ قالدۇرغۇدەك
دەرىجىدە پەيلاسوپ بولۇپ كەتكەنىدى.

**پەيلاسوپلۇق** ئى «پەيلاسوپ» سۆزىنىڭ
كەسپىي نامى.

**پەيلىك** سۈپ. پەيلىرى كۆپ، پېيى بار:
سايراپ ھارماس كۆكتالىغا، كۆكۈش پەيلىك
مۇلايىم. ماموق پەيدىن ئازغانغا، ئۇۋا سالار ھەر
دائىم.

**پەيمان** (پەيمانى) ئى [پ] يېزت ① بىرەر
مەقسەت، نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
قىلىنغان سۆز؛ قەسەم، ئەھدە، ۋەدە: پەيمان
ئەيلىمەك. پەيمان قىلماق. * ئاجرىماي كەلدۇق
ئىككىمىلەن نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، دوست
بولۇپ پەيمانغا سادىق، چىن ۋاپادار ئى قەلەم!

**پەيمانە** ئى [پ] قەدەھ، شاراب قاچىسى،
پىيالە: چېچەكلەر بەرگىدە شەبنەم قۇياشتا
يالتىرار ھەر دەم، ئېچىلغان گۈل، قىزىل مەيگە
تولۇر پەيمانە ـ پەيمانە.

**پەيمانىسى توشماق** ← **پەيمانىسى تولماق**:
سوپى دېھقانغا قاراپ: — خەتتىمۇ ئەھۋال ئاھاي-
تى ئېنىق يېزىلىپتۇ، سىز ھازىر ئۆيىڭىزگە قايتىپ
تۇرۇڭ، بۇ ئوغرىنىڭ پەيمانىسى توشتى، ئەمدى
ئۇ جەزمەن ئۆز جازاسىنى تارتىدۇ، — دېدى.

**پەيمانىسى تولماق** زاۋالغا يۈز تۇتماق،
ئەجىلى توشماق، كۈنى ئاخىرلاشماق:
قازى سېنى بۇگۈن خۇدا ئۇرغاندۇر، شۇم پەي-
لىڭنى ھەممە كۆرۈپ تۇرغاندۇر. پەيمانەڭمۇ
ئەمدى تولۇق تولغاندۇر، راست جاۋاب بەر
قازى ئەمدى ئۆلەرسەن،

**پەينەك** (توغرىسى: پاينەك) ← **پاينەك**.

**پەينەۋرە** ئى. ئوغلى ياكى قىزىنىڭ بالىسى-
نىڭ بالىسى؛ تۆتىنچى ئەۋلاد، ئەۋرە:
پەينەۋرە كۆرمەك. پەينەۋرىلىك بولماق. * پەي-
نەۋرە كۆرىمىز، چوڭ بولغىنىمىزنىڭ بېرى شۇ،
ئويلاپراق كەپ قىلغىلار، مىنىڭچە، سىكرېتارنىڭ
دېگەنلىرى توغرا...

**پەينەۋرىلىك** سۈپ. پەينەۋرىسى بار،
پەينەۋرە كۆرگەن: ئۆزلىرى ئۇزۇن ئۆمۈر
كۆرگەن، پەينەۋرىلىك ئادەم، ياش بالىلارنىڭ
ۋاراڭ-چۇرۇڭىدا بىئارام بولۇپ قالارلىمىكىن؟!

**پەيۋەست** سۈپ [پ] يېزت. ئۇلىنىپ كەت-
كەن، بىرىككەن، تۇتاش: قەلەم ئېيتار:
ۋۇجۇدۇمدا خۇنۇك، نۇر ئىككىسى پەيۋەست،
مەگەر يۈكسەك دېسەڭ يۈكسەك، ئەگەر پەسكەش
دېسەڭ پەسكەش. مېنىڭ دەۋرانى لەۋزىمگە
تەپەككۇر رەھنامە، ھاكىم... مەگەر قاتىل دېسەڭ
قاتىل، ئەگەر دىلكەش دېسەڭ دىلكەش.

**پەيۋەستە** رەۋ [پ] يېزت. ئۆزئارا باغلان-
غان، تۇتاش: شەھەرگە قايتتىدىن قۇردۇق
بىنالار كۆككە پەيۋەستە، ياسالدى ئاسفالت
يوللار، دېگەيسەن كۆز سېلىپ كەشتە.

**پەيۋەند** سۈپ [پ] يېزت. ئۆزئارا باغلان-

www.uyghurkitap.com

غان، تۇتاش، پەيۋەست: قۇچاقلار لەيلىنى ساقلاي دېگەندەك، ئۇنى باغرى بىلەن ئاسراي دېگەندەك. لېكىن لەيلى بۆلەك ئويلار بىلەن بەند، ئۇنىڭ بۇ ئويلىرى ئىقبالىغا پەيۋەند.

**پەيۋەندە** رەۋ. يېزت. پەيۋەستە قىلىنغان، ئۇلانغان.

**پېترو كارىيە** ئى [لات] <بوت> ⟵ **پېترو كارىيە دەرىخى.**

**پېتروكارىيە دەرىخى** <بوت> ياڭاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، كىچىك يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئىللىپىس شەكىللىك كېلىدۇ، ئۇششاق ھەرە چىشلىرى بولىدۇ؛ پوتلىسىمان گۈل رېتى پەسكە ساڭگىلىغان بولىدۇ، گۈل يېپىنچىسى بولمايدۇ؛ مېۋىسى قاتتىق ۋە قاناتلىق؛ ياغىچىدىن سەرەڭگە تېلى ۋە ئۆي جاھازلىرىنى ياساشقا، قوۋزاق تالاسىدىن ئارغامچا ئېشىشكە، ئۇرۇقىدىن ياغ چىقىرىشقا، يوپۇرمىقىدىن دېھقانچىلىق دورىسى ئېلىشقا، كۆچىتىنى ياڭاقنىڭ ئۇلاق تۇپى قىلىشقا بولىدۇ.

**پرازېئودىمىي** ئى [ر < گرېك ر] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Pr (Praseodymium)، سېرىق رەڭلىك كرىستال، ئالاھىدە قېتىشما ۋە ئالاھىدە ئەينەك ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**پراكتىكا** ئى [ر < گرېك] خىزمەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىمنى ئەمەلىي خىزمەتتە ئىشلىتىش ۋە سىناش جەريانى: كۇرستا زىرائەت ئۆستۇرۇش، ئىرسىيەت ۋە ئۇرۇقچىلىق، ئۆسۈملۈك ئاسراش، ئۆسۈملۈك فىزىئولوگىيىسى، تۇپراقچىلىق، ئوغۇتچىلىق، مېۋىچىلىك ئىلمى قاتارلىقلار دەرسلەر ئۆتۈلدى، بەزى دەرسلەرگە بىرلەشتۇرۇپ پراكتىكا ئېلىپ بېرىلدى.

**پراكتىكا قىلماق** ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىمنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىماق، تەجرىبە قىلماق، سىناقتىن ئۆتكۈزمەك: تاشمەت بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىنى باشلاپ كېلىپ مۇشۇ دوختۇرخانىدا ئۈچ ئاي پراكتىكا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى تونۇشلۇقىمىز كېيىنكى ئاغىنىدارچىلىققا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

**پراكتىكانت** سۈپ [ر] پراكتىكا قىلىۋاتقان: پراكتىكانت ئوقۇغۇچى. پراكتىكانت دوختۇر. سۇ گۇەنلەن: — ياردەمچى دېگىنى قۇرۇق گەپ، ئەمەلىيەتتە خىمىيە ئاسپىرانتى ياكى پراكتىكانتىمەن، — دېدى.

**پراكتىكانتلىق** «پراكتىكانت» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى.

**پراگماتىزم** ئى [ر < گرېك] ھازىرقى زامان بۇرژۇئا پەلسەپىسىدىكى سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق ئىدىيىۋى ئېقىم، ئامېرىكىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: دۇنيانىڭ ماددىيلىقىنى، ھەقىقەتنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ئىنكار قىلىش؛ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت بىلەن سۇبيېكتىپ تەجرىبىنى بىرلەشتۇرۇۋېتىش؛ تەپەككۇر بولسا مۇھىتتىكى مۇشكۇلاتلارنى ھەل قىلىشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ قاراشتىن ئىبارەت («سۇيئىستېمالچىلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

**پروبىركا** ئى [ر] <خىم> لابوراتورىيە ئىشلىرىدا قوللىنىلىدىغان بىر تەرىپى پۈتۈك نەيچىسىمان شىشە.

**پروپورتسىيە** ئى [ر <لات>] ① <مات> ئىككى نىسبەتنىڭ تەڭلىكى؛ تاناسىپ: تەتۈر پروپورتسىيە. ئوڭ پروپورتسىيە. ② قىسىملارنىڭ، ئۆلچەملەرنىڭ ئۆز ئارا نىسبىتى، ئومۇمەن نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مىقدارىي مۇناسىۋەت.

**پروپورتسىيىلىك** سۈپ. تەڭ نىسبەتلىك، نىسبەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، نىسبەتلەشكەن؛ تاناسىپلىق: پروپورتسىيىلىك تەڭلىمە.

پروپورتسىيلىك فورمۇلا.

**پروتاكتىنىي** ئى [لات] <خىم> رادىئوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى (Protactinium)، Pa ئاق كۆل رەڭ بولۇپ پارقىرايدۇ. ئۇ ئەڭ تۇراقلىق ئىزاتوپ ھېسابلىنىدۇ؛ يېرىم يېمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن ئوتتۇز ئىككى مىڭ يىل.

**پروتوپلازما** ئى [ر <گرېك] <بىئول> ھۈجەيرىنىڭ ھاياتىي كۆچكە ئىگە تەركىبىي قىسمى. ئۇ ھاياتنىڭ ماددىي ئاساسى بولۇپ ئاقسىل، يادرو كىسلاتاسى، ماي، كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، ئانئورگانىك تۇز، سۇ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**پروتوتىپ** [ر<گرېك] كونا ← **خام ماتېرىيال.**

**پروتوزوئا** ئى [لات+گرېك] <زوئول> ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ ئاددىي ھايۋانلار، سۇدا ياكى باشقا جانلىقلارنىڭ تېنى ئىچىدە ياشايدۇ، ھەممىسى دېگۈدەك بىر ھۈجەيىرىلىك ھايۋانلاردۇر، بەزىلىرى كۆپ ساندىكى يەككە تەنلەرنىڭ بىرلىششى ئارقىلىق توپلىشىپ ياشايدۇ.

**پروتون** ئى [ر<گرېك] <فىز> ئاتوم يادروسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ بىرى، مۇسبەت زەرەتلىك، ئۇنىڭ زەرەت مىقدارى ئېلېكتروننىڭ 1836.5 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ھەر خىل ئاتوملارنىڭ تەركىبىدىكى پروتونلار سانى ئوخشاش بولمايدۇ.

**پروتېئازا** ئى [ر<گرېك] <بىئول> ئورگانىك بىرىكمە، ئاساسەن ھايۋانلار تېنىدە بولىدۇ. تۈرى كۆپ بولۇپ، ئاشقازان، ئۈچەي، ئاشقازان ئاستى بېزى قاتارلىق ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىدە بار. ئۇنىڭ رولى: مۇرەككەپ ئاقسىلنى پارچىلاپ، ئاددىي، ئاسان قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان ئامىنو كىسلاتاسىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

**پروتېستانت** ئى [نېم] <دىن> خرىستىئان دىنىدىكى ئۈچ چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى. ئۇ ئاساسەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، شىمالىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە كەڭ تارقالغان. ئەپيون ئۇرۇشىدىن بۇرۇن جۇڭگوغا كىرگەن.

**پروتىي** ئى [گرېك] <خىم> ھىدروگېن ئىزاتوپلىرىنىڭ بىرى، بەلگىسى $^1H$ (Protium)، ماسسا سانى 1. ئۇنىڭ ئاتومى بىر دانە پروتون بىلەن بىردانە ئېلېكتروندىن تەركىب تاپقان. ئۇ ھىدروگېننىڭ مۇھىم تەركىبى بولۇپ، ئادەتتىكى ھىدروگېندا 99.98 پىرسەنت پروتىي بولىدۇ.

**پروزا** ئى [ر <لات] <ئەد> نەسىر بىلەن يېزىلغان بەدىئىي ئەسەر (ھېكايە، ئوچېرك، پوۋېست، رومان قاتارلىقلار): بەدىئىي پروزا بىلەن يېزىلغان ئەسەر. * زۇنۇن قادىر بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تۈرىدە دېگۈدەك ئىشلىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە سالماق ئورۇننى ئۇتىدىغىنى پروزا بولۇپ، ھېكايە ئۇنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**پروزىچىلىق** ئى. پروزا يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى: ئاپتور «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزىنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن ماقالىسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئازادلىقتىن بۇيان بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي مۇساپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىپسىمزگە سېلىپ، ئىجادىيىتىمىزدە قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن.

**پروژېكتور** ئى [ر <ئىنگ] ← **قول چىراغ:** ئەكبەر بۇلارنىڭ قەغەزلىرىگە پروژېكتور يورۇقىدا سىنچىلاپ قارىدى. قەغەز، تامغىلار ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن مەھكەم ئورۇن ئالدى.

www.uyghurkitap.com

**پروفېسسور** ئى [ر <لات] <مائار> ئالىي مەكتەپلەردىكى ئالىي دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان ئوقۇتقۇچى: ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورى. * خۇرشىدە جامالىدىنغا پىچىرلاپ: — ئوقۇتقۇچى بولدۇم، ئويلاپ بېقىڭا، ئوقۇتقۇچى بولۇش نېمدېگەن شەرەپلىك - ھە، قايسى ئالىم، قايسى پروفېسسور ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەرسىنى ئاڭلىمىغان، — دېدى.

**پروفېسسورلۇق** ئى. «پروفېسسور» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: پروفېسسورلۇق قىلماق. پروفېسسورلۇققا تەيىنلەنمەك.

**پروكات** ئى [ر] ئىسسىق ئايلانما غالتەك-سىمان ئوق ئارىسىدىن سىقىپ ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھەر خىل شەكىللەرگە كەلتۈرۈلگەن دېتال، مەھسۇلات.

**پروكاتلىماق** پ. مېخانىكا ئۇسۇل بىلەن پروكات ھالەتكە كەلتۈرمەك: پروكاتلاپ چىقماق.

**پروكائىن** ئى [ر] <تىب> دورا ئىسمى، ئورگانىك خىمىيىۋى بىرىكمە، خىمىيىلىك فورمۇلىسى $C_{13}H_{20}O_2H_2$. ، ئاق رەڭلىك يىڭنىسىمان كرىستال ياكى كرىستاللىق پاراشوك؛ تەمى قىرتاق، زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى ئاجىزراق؛ بەزىدە ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**پروكسىلىن** ئى [لات] <خىم> ئادەتتىكى پاختا تالاسى بىلەن نىترات كىسلاتاسىنىڭ ئارىلاشمىسى، پارتلاش ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى يېنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**پروكۇراتۇرا** ئى [لات] <قا>—← **تەپتىش مەھكىمىسى.**

**پروكۇرور** ئى [ر ] <قا>—← **باش تەپتىش:** بەش يۈز كىشىلىك يىغىن زالى ئادەم بىلەن تولغانىدى. مىڭلىغان كۆزلەر سەھنىگە تىكىلەتتى. سودىيە خالىق ئۇستىدىكى ئوچۇق سوتنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىۋىدى، ياش پروكۇرور ئەيىبلەش قەغىزىنى قولىغا ئالدى.

**پروكۇرورلۇق** ئى. —← **باش تەپتىشلىك.**

**پروگرامما** ئى [ر <گرېك] ① قىلىنىدىغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ پىلانى. ② سىياسىي پارتىيە، ھۆكۈمەت، جامائەت تەشكىلاتى ياكى ئايرىم دۆلەت، جامائەت ئەربابلىرىنىڭ دۇنيا قاراشلىرى، ۋەزىپە ۋە مەقسەتلىرى بايان قىلىنغان ھۆججەت: پروگرامما تۈزمەك. * ھازىرقى ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسىدا: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى»، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ③ رادىئو، تېلېۋىزىيە، كونسېرت، تىياتىر، سېرىك قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنى، ئۇنى ئورۇندىغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېلان، چۈشەندۈرمە: ئاڭلىتىش پروگراممىسى. ④ مەكتەپ ۋە بىلىم يۇرتلىرىدىكى ئۆتۈلىدىغان دەرس ياكى ئوقۇتۇشنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى: ئوقۇتۇش پروگراممىسى. تىل دەرسلىكى پروگراممىسى.

**پروگراممىلىق** سۈپ. پروگراممىغا ئىگە، پروگراممىسى بار: پروگراممىلىق ھەرىكەت. * مېنى يالغۇز «پارتىيىگە قارشى بلوكنىڭ ئەزاسى» دەپلا ئەمەس، بەلكى «پارتىيىگە قارشى قۇرۇلغان پروگراممىلىق تەشكىلاتنىڭ غوللۇق ئەزاسى» دەپ قاتتىق تۇتۇپ كەتتى.

**پروگرېسسىيە** ئى [ر <لات] <مات> **ھەربىرى** ئالدىنقى سانغا بەلگىلىك سانىنى قوشۇش ياكى كۆپەيتىش نەتىجىسىدە **ھاسىل بولغان** سانلار تەرتىپى: گېئومېترىيىلىك پروگرېسسىيە. ئالگېبرالىق پروگرېسسىيە.

**پرولوگ** ئى [ر <گرېك] <ئەد> —← **مۇقەددىمە.**

**پرولېتار** ئى [ر] <س ئىق> كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدىن مەھرۇم بولغان ياللانما ئىشچى، يوقسۇل:

پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار.

**پرولېتارىيات** ئى [ر <نېم] <پەلس> كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە، بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم بولغان ياللانما ئىشچىلار سىنىپى؛ پرولېتارلار سىنىپى: پرولېتارىيات ئىنقىلابى. * بىز ئىزباسار تەربىيىلىگۈچىلەرمىز. پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئىشلىرى ئۈچۈن ئەڭ يارامىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىشىمىز كېرەك.

**پرولېتارىيات دېموكراتىزمى** <پەلس> ← **سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە.**

**پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى** <پەلس> پرولېتارىيات قوراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق بۇرژۇئازىيىنىڭ دۆلەت ماشىنىسىنى بۇزۇپ تاشلىغاندىن كېيىن تىكلىگەن يېڭى تىپتىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: مەملىكەت سىرتىدا، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئاغدۇرمىچىلىقىدىن مۇداپىئە كۆرۈش، مەملىكەت ئىچىدە، ئەكسىيەتچىلەر، ئەكسىيەتچى سىنىپ ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى ئۇنسۇرلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ۋە ئاخىرى كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

**پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمى** <پەلس> ← **ئىنتېرناتسىئونالىزم.**

**پرولېتارىيات ئىنقىلابى** <پەلس> ← **سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب.**

**پرولېتارىيارىياتلاشتۇرماق** «پرولېتارىياتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ تار دائىرىسى تەرىپىدىن بوغۇلغان يىرىك سانائەت، بىر تەرەپتىن، بارلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنى بارغانسېرى پرولېتارىياتلاشتۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن بازىرى كاسات مەھسۇلاتلارنى بارغانسېرى كۆپ ئىشلەپ چىقاردى.

**پرولېتارىياتلاشتۇرۇلماق** «پرولېتارىياتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پرولېتارىياتلاشماق** پ. پرولېتارغا ئايلانماق. كەمبەغەللەشمەك.

**پرولېتارىياتلىق** سۈپ. پرولېتارىياتقا خاس، پرولېتارىياتقا مەنسۇپ، پرولېتارىياتقا تەئەللۇق: لېنىن ئەخلاقنىڭ سىنىپىيلىكىنى يوققا چىقىرىدىغان خىلمۇخىل كۆز قاراشلارنى پاش قىلغان ۋە تەنقىد قىلغاندا، پرولېتارىياتلىق ئەخلاقتا بولۇشقا تېگىشلىك سىنىپىيلىكنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەندى.

**پروميتىي** ئى [گرېك] <خىم> رادىئوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Pm (Promethium)، ئۇرانىنىڭ يېمىرىلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، يېرىم يېمىرىلىش دەۋرى 2.64 يىل، پروميتىينىڭ نۇرى فوسفورنى نۇرلاندۇرىدۇ. ئۇ يالتىراق پاراشوك ۋە پاراجوت مايىكى ياساشتا قوللىنىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىچىك ۋە يەڭگىل ئاتوم باتارېيىسى ياساشتىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**پرويېكتور** ئى [ر <لات] يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىپ دېتاللارنىڭ پرويېكسىيىسىنى ئېكرانغا چوڭايتىپ چۈشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى، بۇلۇڭ گرادۇسى ۋە شەكلى قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئۆلچەش ئەسۋابى.

**پرويېكسىيە** ئى [ر <لات] ① <فىز> يورۇقلۇق تەسىرىدە بىر جىسىمنىڭ باشقا بىر جىسىم يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن كۆلەڭگىسى؛ ئەكسى. ② <مات> بىر نۇقتىدىن بىر تۈز سىزىققا ياكى بىر تەكشىلىككە تىك ئۆتكۈزۈلگەندە ئىگە بولغان تىك ئاساسىي نۇقتىنىڭ ئاشۇ تۈز سىزىق ياكى تەكشىلىكتىكى پرويېكسىيىسى

دېيىلىدۇ؛ بىر كېسىك ئۈستىدىكى ھەرقايسى نۇقتىلارنىڭ بىر تۈز سىزىق ياكى بىر تەكشى-لىكتىكى پروييېكسىيىلىرىنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق، بۇ كېسىكنىڭ ئاشۇ تۈز سىزىق ياكى تەكشىلىكتىكى پروييېكسىيىسى بولىدۇ.

**پروييېكسىيە ئاپپاراتى** <فىز> نەرسىنىڭ پروييېكسىيىسىنى كۆرسىتىدىغان قۇرۇلما. ئۇ ئاساسەن يورۇقلۇق مەنبەسى، لىنزا ۋە ئاپپارات ساندۇقىدىن قۇرۇلىدۇ.

**پرونۇس** ئى [لات] <بوت> ← **پرونۇس گۈل**.

**پرونۇس گۈل** <بوت> ئەتىرگۈل ئائىلى-سىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ، يوپۇرمىقى ئېللىپس ياكى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، قارىياغاچ يوپۇرماق-لىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ؛ گۈل چېچىكى قىزىل بولىدۇ؛ ئۇچكىلىك مېۋىسى شار شەكلىدە بولۇپ، قىزىل كېلىدۇ؛ ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**پرېزىدېنت** ئى [ر <لات] رېسپۇبلىكا تۈزۈمىدە ئىدارە قىلىنىدىغان بەزى مەملىكەت-لەرنىڭ دۆلەت باشلىقى؛ رەئىسى: ئالىي سوۋېت پرېزىدېنتى. ئا ق ش پرېزىدېنتى.

**پرېس** ئى [ر <لات] ماتېرىياللارنى ماشىنا ياكى باشقا بەلگىلىك ئېغىرلىقتىكى نەرسىلەر بىلەن بېسىش، قىسىش.

**پرېس ماشىنىسى** <ماشىن> **پرېسلاش ستانوكى**.

**پرېستان** ئى [ر] <قاتن> كېمە، پاراخوت توخ-تايدىغان جاي؛ پورت: گوگۇم مەزگىلىدىكى يول چىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا جاڭ ۋېيفېڭ ۋېلىسىپىتكە مىندى. ئىككى كۈن ئۆتمەستىنلا، ئۇ ۋېلىسىپىت مىنىپ پرېستان ياقىسىدا چاپالايدىغان بولدى.

**پرېسلاتماق** «پرېسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پرېسلاش** «پرېسلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى.

**پرېسلاش ستانوكى** <ماشىن> پرېسلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق پولات تاختىلارنى شەكىلگە كەلتۈرىدىغان ياكى پولات تاختا ئۈستىگە تۆشۈك ئاچىدىغان بىر خىل ماشىنا. ئاپتو-موبىللارنىڭ سىرتقى قاپقىلىرى ۋە هاراق بوتۇلكىلىرىنىڭ ئېغىزى قاتارلىقلار بۇ خىل ماشىنىدا ئىشلىنىدۇ.

**پرېسلاش قېلىپى** <ماشىن> پرېسلاش ستانوكىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان ماتېرىيالنى شەكىلگە كەلتۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان قېلىپ. ئۇ ئادەتتە ئەركەك-چىشى دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ.

**پرېسلاشماق** «پرېسلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پرېسلانماق** «پرېسلىماق» پېئىلىنىڭ مەج-ھۇل دەرىجىسى: هاشىم بەگكە ئەتىدىن كەچكىچە پرېسلانغان پاختا قاپلىرىنى كۆتۈرۈش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈش ھەقىقەتەن هاقارەتلىك ئىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ. لېكىن تەقدىرنىڭ ھەرقاندا-داق خورلۇقلىرىغا چىداپ بولسىمۇ كېيىنكى ئامەت-لىك كۈنلەرگىچە ياشاپ قېلىش ئىستىكى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغان هاشىم بەگ ئاخىرى بۇ ئىشقىمۇ كۆندى.

**پرېسلىتىلماق** «پرېسلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پرېسلىتىلغان پاختا.

**پرېسلىماق** پ. پرېس بىلەن باسماق، پرېس بىلەن بېسىپ، سىغداپ تەخلىمەك: يۈزلىگەن ئىشچى پرېسلانغان پاختىلارنى تايلاپ ياسىماقتا ئىدى.

**پرىنسىپ** ئى [ر] پاراۋۇز ياكى ئاپتوموبىلغا چېتىلىدىغان، ئۆزىدە ھەرىكەتلەندۈرۈش قۇرۇلمىلىرى بولمايدىغان قاتناش قوراللىرى؛ كوزۇپ، ۋاگون: تەييارلىغان يۈكلەرنى

پرىتسىپكە قاچىلىماق.

**پرىتسىپل** ئى [ر] <ھەرب> مىلتىق، زەمبىرەكلەرنىڭ قارىغا ئېلىش قىسمى. نىشاننىڭ ئارىلىقىغا قاراپ پرىتسىپلنى تەڭشىگەندە دەل تەگكۈزۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

**پرىدىن** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_5H_5N$، رەڭسىز، سېسىق پۇراقلىق سۇيۇقلۇق، ئېرىتكۈچى ۋە خىمىيىلىك تەجرىبە دورىسى قىلىنىدۇ.

**پرىزما** ئى [ر <گرېك] <مات> ① كۆپ تەرەپلىكلەرنىڭ بىر خىلى. ئىككى ئاساسى پاراللېل بولغان تەڭ كۆپ تەرەپلىكتىن، يان ياقلىرى پاراللېل تۆت تەرەپلىكتىن ئىبارەت بولىدۇ؛ ھەجمى ئاساسىنىڭ يۈزىنى ئېگىزلىكىگە كۆپەيتكەنگە تەڭ. ② <فىز> خۇددى شۇنداق شەكىلگە ئىگە بولغان ۋە سۈزۈك جىسىمدىن ياسالغان ئوپتىك ئەسۋاب. ئۇ نۇرنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىش، مۇرەككەپ نۇرنى سپېكترغا ئاجرىتىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**پرىكازچىك** ئى [ر] <سودا> سودا ئورۇنلىرىدا تاۋارلارنى سېتىش ۋە سېتىۋېلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىم؛ دۇكان خىزمەتچىسى: خېرىدار مەيدىسىنى پوكەيگە تىرەپ، بېشىنى ئالدىغا ئېگىشتۈردى، پرىكازچىك بولسا سول تەرەپتىكى شېرىكىنىڭ خېرىدارلار بىلەن سودا قىلىۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، سېرىق قەغەزگە ئورالغان يوغان بىر بوپېنى بايىقى كىشىگە ئۇزاتتى.

**پرىكازچىكلىق** ئى «پرىكازچىك» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ بەختلىك تۇرمۇشقا قاراپ يۈزلەنگەنىدى. مۇندىن بىر يىل ئىلگىرى ئەر-ئايال ئىككىلىسى بىر يېزا ماگىزىنىدا پرىكازچىكلىق قىلاتتى.

**پرىمات** ئى [لات] <زوئول> ← **پرىماتلار ئەترىتى.**

**پرىماتلار** ← **پرىماتلار ئەترىتى.**

**پرىماتلار ئەترىتى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر ئەترىتى. مايمۇن، ئادەمسىمان مايمۇن قاتارلىقلار مۇشۇ ئەترەتكە كىرىدۇ. بۇ ئەترەتكە كىرىدىغان ھايۋانلار يۇقىرى دەرىجىدىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار بولۇپ، چوڭ مېڭىسى سەل تەرەققىي قىلغان بولىدۇ؛ يۈز قىسمى قىسقا كېلىدۇ؛ ئوقۇرەك سۆڭىكى ياخشى يېتىلگەن بولىدۇ؛ تۆت پۇتىنىڭ ھەممىسىدە بەشتىن بارماق بولۇپ، نەرسە-كېرەكلەرنى تۇتالايدۇ.

**پرىمۇس** ئى [ر <لات] ئائىلىلەردە تاماق پىشۇرۇش، سۇ ئىسسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس ياسالغان تۇرمۇش ئەسۋابى؛ كىرسىن ئوچاق: پرىمۇسقا ئوت ياقماق.

**پرىمىدىن** ئى [لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_4H_4N_2$، رەڭسىز كرىستال، غىدىقلىغۇچى پۇراققا ئىگە، خىمىيىۋى دورا ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**پلاتفورما** ئى [ر <فران] ① <گېئول> ئاساسلىق گېئوتېكتونىك بۆلەكلەرنىڭ بىرى، ئۇ گېئوسىنكلىنال بىلەن قارىمۇقارشى ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يەر پوستىدىكى تۇراقلىقراق رايون ھېسابلىنىدۇ. ② <بىن> ۋوگزالدىكى، يولۇچىلارنىڭ پويىزغا چىقىپ-چۈشۈشى ياكى مال قاچىلاش مەقسەتلىرى ئۈچۈن يەر يۈزىدىن ئېگىز قىلىپ ياسالغان سۇپا.

**پرىنسىپ** ئى [ر <لات] سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان قانۇن، نىزام: پرىنسىپتا چىڭ تۇرماق. پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلماق. * سېتىۋالدى: — ھېلىغۇ شەھەر باشلىقىنىڭ تەستىقىنى ئەكەپسىز، ۋالىينىڭ تەستى-

www.uyghurkitap.com

قىنى ئەكەلسىڭىزمۇ ئىككى پۇل! بىلىپ قويۇڭ، ھەممە ئىش پرىنسىپ بويىچە بولىدۇ. پرىنسىپتىن چىقمايمەن، ئەۋلىيادىن قورقمايمەن! گەپ شۇ، بېرىپ ئەرز قىلىڭ! — دېدى.

**پرىنسىپال** سۈپ [ر] ① پرىنسىپتىن كېلىپ چىقىدىغان، پرىنسىپقا ياتىدىغان، ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان؛ مۇھىم، جىددىي: پرىنسىپال مەسىلە. پرىنسىپال كۆرەش. * بەزىدە شەخسىي مەنپەئەتكە ئالاقىدار مۇددىئا بىلەن ئىجتىمائىي ئېھتىياجقا ئالاقىدار مۇددىئا ئارىسىدا زىددىيەت كۆرىشى بولىدۇ. مانا بۇ پرىنسىپال كۆرەش. ② پرىنسىپقا قاتتىق رىئايە قىلىدىغان، پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان: پرىنسىپال ئادەم. پرىنسىپال بولماق. * بۇ تازا جايىدا ئىش بولدى، ئۇ ھاكىمغۇ بىزگە تاغنى ئۆرۈپ بەرگىنى يوق، ئۆزى بەك پرىنسىپال ئادەم.

**پرىنسىپاللىق** «پرىنسىپال» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىغا بەرگەن باھاسىدا ناھايىتى چوڭ كونكرېتلىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ، پرىنسىپاللىق ۋە ئومۇملۇق جەھەتتىن ئالغاندا يېتەرسىز بولىدۇ، ئوقۇتقۇچى بۇنىڭغا دىققەت قىلىشى لازىم.

**پرىنسىپسىز** سۈپ. بىر پىكىردە چىڭ تۇرالمايدىغان؛ پرىنسىپنى كېرەك قىلمايدىغان، مەيدانسىز: پرىنسىپسىز ئادەم. * بۇ گۇرۇھ ئىنقىلابىي تاكتىكىدا چىڭ تۇرۇپ، كائۇتسكىنىڭ «ئوتتۇرا گۇرۇھ» مەيدانىغا ئۆتۈپ كېتىپ، ماركسىزم بىلەن ئاغمىچىلىق ئوتتۇرىسىدا پرىنسىپسىز تەۋرىنىپ يۈرگەنلىكىگە بىردەك ھەقىقىي ئىشەنگەندى.

**پرىنسىپسىزلىق** «پرىنسىپسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: پرىنسىپسىزلىق قىلماق. * سىز دېگەندەك بىر قىسىم كادىرلىرىمىزدا پرىنسىپسىزلىق، سوۋغات ئېلىش، ئارقا ئىشىك قىلىشلار مەۋجۇت، ئۇلار قائىدە-تۈزۈم ئورنىغا مۇناسىۋەتنى، پرىنسىپ ئورنىغا يېقىنچىلىقنى قويۇپ، بىر قىسىم ئىشلارنى ناھەق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاخىرى بۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ.

**پرىنسىپلىق** سۈپ. پرىنسىپى بولغان، پرىنسىپقا ياتىدىغان: پرىنسىپلىق مەسىلە. پرىنسىپلىق پەرق. * بەزى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردا ئۆزئارا يول قويۇشۇپ، مۇرەسسە-مادارا بىلەن ئۆتۈشكە بولسىمۇ، لېكىن پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە مۇرەسسە قىلىشقا بولمايدۇ.

**پرىيوم** ئى [ر] ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئۆزىگە ئېھتىياج بولغان بوشلۇقنى تولۇقلاش يۈزىسىدىن كۆزدىن كەچۈرۈپ، قولدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان، قوبۇل قىلىنغان ماددىي بۇيۇم: پرىيوم قىلماق. پرىيوم پىلانى. * ئۇرۇقلۇق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇ شىركەت ئۇرۇقلۇق پرىيوم قىلىش بويىچە بىر يۈرۈش قاتتىق تۈزۈم ئورناتتى.

**پرىيوم قىلماق** مەلۇم بىر ساھەگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى تەكشۈرۈپ بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە تاللىماق.

**پرىيومچىك** ئى [ر] مەلۇم بىر ساھەدىكى ماددىي نەرسىلەرنى تەكشۈرۈپ، بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە سېتىۋالغۇچى؛ قوبۇل قىلغۇچى، مال ئالغۇچى.

**پسىخولوگ** ئى [ر] <پسىخول> ① پسىخولوگىيە ئالىمى، پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسى. ② كۆچمە. كىشىنىڭ پسىخولوگىيىسى، مىجەزخۇلقى، روھىي ھالىتىنى ياخشى بىلىدىغان، شۇنىڭغا قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان سەزگۈر ئادەم.

**پسىخولوگىيە** ئى [ر <گرېك] ① پسىخىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. پسىخىكىلىق ھادىسە دېگىنىمىز — بىلىش، ھېسسىيات، ئىرادە قاتارلىق پسىخىكىلىق جەريانىنى ۋە قابىلىيەت، خۇسۇسىيەت قاتارلىق پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تەتقىقات دائىرىسى ۋە تەتقىقات ۋەزىپىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ئومۇمىي پسىخولوگىيە، بالىلار پسىخولوگىيىسى، مائارىپ پسىخولوگىيىسى

قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ② كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسى، روھىي ھالىتى.

**پسخولوگىيىلىك** سۈپ. پسخولوگىيىگە ئائىت، پسخولوگىيىگە دائىر: پسخولوگىيىلىك ھادىسە. پسخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەت. * ئۆزلەشتۈرۈش دېگەن، ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى تىل ئارقىلىق ئىگىلىگەندە پەيدا بولغان بىر خىل پسخولوگىيىلىك ھادىسە بولۇپ، ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئىگىلەش جەريانىدىكى بىلىش باسقۇچى.

**پسخىكا** ئى [ر <گرېك] <پەلس> ئوبيېكتىپ ۋەقەلىكنىڭ ئاڭغا تەسىر قىلىشىدىن ھاسىل بولغان روھىي ھالەت.

**پسخىكا تەسۋىرى** <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتى، ھەرىكىتى بىۋاستە يېزىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئېچىپ بېرىلىدىغان تەسۋىر.

**پسخىكىلىق** سۈپ. پسىخىكىغا دائىر، پسىخىكىغا ئائىت: پسىخىكىلىق تەجرىبە. پسىخىكىلىق ھادىسە. * پسخولوگىيە پسىخىكىلىق ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان، ئادەمنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان پەن.

**پسخىكىلىق تەجرىبە** <پسخول> مەلۇم پسىخىكىلىق ھادىسىنىڭ شارائىتىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ياكى ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان بىر خىل پسخولوگىيىلىك تەتقىقات ئۇسۇلى. ئۇ لابوراتورىيە تەجرىبىسى ۋە تەبىئىي تەجرىبە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**پسخىكىلىق جەريان** <پسخول> بىلىش، ھېسسىيات ۋە ئىرادىنىڭ تەرەققىي قىلىش ھەم مۇكەممەللىشىش جەريانى.

**پسخىكىلىق سىناش** <پسخول> ئادەمنىڭ ئەقلىي سەۋىيىسى، پسخىك ئالاھىدىلىكى جەھەتلەردىكى ئايرىم پەرقلىرىنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل. پسخىكىلىق سىناشنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئاساسلىقلىرىدىن ئەقلىي سىناش، ئەخلاقىي سىناش، قابىلىيەت سىنىقى، نەتىجە سىنىقى قاتارلىقلار بار.

**پلاتىنا** ئى [ر <ئىسپان] <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Pt (Platinum). كۈمۈشتەك ئاق، پارقىرايدۇ، سوزۇلىدۇ؛ توك ۋە ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتى ياخشى، خىمىيۋى خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن تېگىل ۋە ئېلېكتر قۇتۇپى ياساشقا بولىدۇ؛ ئۇنى يەنە كاتالىزاتور قىلىشقا بولىدۇ؛ پلاتىنا بىلەن ئىرىدىيىنىڭ بىرىكمىسى سىياھ قەلەمنىڭ ئۇچىنى ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**پلازما** ئى [ر <گرېك] ① <بىئول> ئورگانىزم ئىچىدىكى شىلىق پەردە تەرىپىدىن ئاجرىلىپ چىققان بىر خىل سۇيۇقلۇق. ئۇ رەڭسىز ۋە سۈزۈك بولۇپ، سىلىقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ② <فىز> مۇسبەت ئىئون ۋە ئىئونلاشقان ئېلېكترونلاردىن تەركىب تاپقان جىسىم، شۇنىڭدەك ماددىنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ئىئونلاشقان ھالىتى. ئۇ زەرەتسىز بولۇپ، توك ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك؛ كۈچلۈك توك ئۆتكەندە، ئېلېكترو ماگنىت تەسىرىدە زور دەرىجىدە قىسقىراپ، نەچچە مىليون گرادۇستىن يۇقىرى بولغان ئىسسىقلىقنى پەيدا قىلىدۇ. قۇياش قاتارلىق كۆپلىگەن پلانېتىلاردا پلازما بولىدۇ.

**پلازما ئانا ھۆجەيرە** <بىئول> تېخى يېتىلمىگەن پلازما ھۆجەيرىسىنىڭ دەسلەپكى ھالىتى.

**پلازما ھالەت** <بئول> ماددىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىر خىل ھالىتى. يۇقىرى تېمپېراتۇرا، كۈچلۈك ئۇلترا بىنەپشە نۇر، X نۇرى ۋە گامما نۇرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى گاز ھالەتتىكى ماددىلارنى پلازما ھالەتكە ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ.

**پلازمېت** ئى [ر<گرېك] <بئول> ستوپلازما ئىچىدىكى ئۆزلۈكىدىن كۆپىيەلەيدىغان بىر خىل تۈزۈلۈش. مەسىلەن: خوندرىئوسوم.

**پلاستىر** ئى [ر] <تىب> مەخسۇس يارا ۋە جاراھەتكە چاپلىنىدىغان، يېپىشقاقلىق مەلھەمى سۇرتۈلگەن لېنتا.

**پلاستىنكا** ئى [ر] ← **پاتېفون تەخسىسى.**

**پلاش** ئى [ر] سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان ماتېرىيالدىن تىكىلگەن، يامغۇردا كىيىلىدىغان ئۈستى كىيىم؛ يامغۇرلۇق، يامغۇر چاپىنى: جۇش ئۇرۇپ يۈرىكىم شۇ مەھەل، تىكىلدىم پلاشقا بېنىشلاپ، يايرىتار ئىدى بۇ تېنىمنى، ئاجايىپ يىللىقلىق بېغىشلاپ.

**پلاكات** ئى [ر<نېم] تەشۋىقات، ئاخبارات ئىشلىرىنى كەڭ ئاممىغا بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن قىسقا تېكىستلىك قىلىپ يېزىپ چاپلانغان، ئېسىلغان چاقىرىق، شوئار ياكى شوئارلار يېزىلغان رەخت، تاختا: پلاكات ئاسماق. پلاكات چاپلىماق. پلاكات كۆتۈرمەك. * سەھنە تېمىدىكى قىزىل پلاكاتقا يېزىلغان «ھوشيارلىقىمىزنى ئاشۇرۇپ، چېگرا ئامانلىقىنى قوغدايلى!» دېگەن شوئار ھەيۋەتلىك چاقناپ تۇراتتى.

**پلاكاتچى** ئى. پلاكات كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان كىشى.

**پلاكىئوكلاز** ئى [ر<گرېك] <گېئول> دالا شپاتلىرىنىڭ بىر تۈرى، تەركىبى ناترىي بىلەن كالتسىينىڭ سىلىكاتلىرىدىن ئىبارەت، سەل چۈرۈك بولىدۇ؛ سۈزۈك كېلىدۇ؛ ئاق، يېشىل، قىزىل قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. ئۇ كۆپىلگەن تاغ جىنسلىرى تەركىبىدە ئۇچرايدۇ.

**پلانېتا** [ئى ر<گرېك] <ئاستر> قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن چۈشكەن يورۇقلۇقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاسمان جىسىملىرى؛ سەييارە.

**پلانېتارىي** ئى [ر] <فىز> ئالاھىدە ئىشلەنگەن ئوپتىكىلىق پرويېكسىيە ئاپپاراتى. يۇلتۇزلۇق ئاسمان پرويېكسىيىسى بۇ خىل ئاپپارات ئارقىلىق يېرىم شار شەكلىدىكى ئېكرانغا چۈشۈرۈلۈپ، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى؛ كۈن ۋە ئاينىڭ تۇتۇلۇشى؛ ئاقار يۇلتۇز يامغۇرى قاتارلىق ئاسترونومىيىلىك ھادىسىلەر كۆرسىتىلىدۇ.

**پلانتاتسىيە** ئى [ر <لات] <دېھ> ① ئومۇمەن مەخسۇس پەرۋىشكە ئېھتىياجلىق بولغان زىرائەت ئېتىزلىرى؛ زىرائەت مەيدانى: بۇغداي پلانتاتسىيىلىرى. پاختا پلانتاتسىيىلىرى. ② شېكەر قومۇشى، كېۋەز، چاي، كوفى قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى يېتىشتۈرىدىغان يىرىك كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق ئىگىلىكى.

**پلانېر** ئى [ر <فران] <تەن> ھەرىكەتلەندۈرگۈچى قۇرۇلمىلىرى يوق، تۈزۈلۈشى ئاددىي ۋە يېنىك بولغان بىر خىل ئۇچۇش ئەسۋابى. ئۇنىڭ قانىتى بولىدۇ، ئۇچۇش مەشقى ۋە ئاۋىئاتسىيە تەنھەرىكەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ؛ ئادەتتە ئايروپىلان، ئاپتوموبىل ياكى ئېلاستىك ئارقانلار ئارقىلىق يەردىن كۆتۈرۈلىدۇ ۋە يۇقىرى ئۆرلىگەن ھاۋا ئېقىمىدىن پايدىلىنىپ بوشلۇقتا لەيلەپ ئۇچىدۇ.

**پلانېر تەنھەرىكتى** <تەن> دۆلەت مۇداپىئە تەنھەرىكەت تۈرى. تەنھەرىكەتچىلەر پلانېر ئارقىلىق بوشلۇقتا ئۇچۇپ ئاۋىئاتسىيە بىلىملىرى ھەققىدە تەربىيە ۋە ئاساسلىق ھەيدەش ماھارىتى توغرىسىدا مەشىق ئېلىپ

بېرىشقا بولىدۇ. مۇسابىقە ئەرلەر، ئاياللار، يالغۇز كىشىلىك ۋە ئىككى كىشىلىك، ئوچۇق دەرىجە، ئۆلچەملىك دەرىجە ۋە ئون بەش مېترلىق دەرىجە قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

**پلانېرچى** ئى. پلانېر ئۇچۇرىدىغان، پلانېر ھەيدەيدىغان كىشى.

**پلانىمېترىيە** ئى [ر <لات + گرېك] <مات> ماتېماتىكىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ تەكشىلىكتىكى گېئومېترىك شەكىللەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى (كۆرۈنۈشى، چوڭ-كىچىكلىكى، ئورنى قاتارلىقلار)نى تەتقىق قىلىدۇ.

**پلائۇن** ئى [ر] <بوت> پلائۇن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ياتما غولى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بولۇپ، كۆپ يېرىدىن شاخلايدۇ؛ يوپۇرماق شەكلى تەڭگىچىگە ئوخشايدۇ؛ تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدۇ.

**پلۇتون** ئى [گرېك] <ئاستر> قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز چوڭ پلانېتىنىڭ بىرى. ئۇ توققۇز پلانېتىنىڭ قۇياشقا بولغان يىراق-يېقىنلىق رەت تەرتىپىدىن سانىغاندا توققۇزىنچى، شۇنىڭدەك قۇياشقا ئەڭ يىراق ۋە ئەڭ كىچىك پلانېتا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قۇياشنى ئايلىنىش ئومۇمىي دەۋرى 248 يىل؛ سىرتقى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 220°C-؛ بىر دانە سەييارە يەنە ئۇنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ.

**پلۇتونىي** ئى [ر <لات] <خىم> رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنت، بەلگىسى Pu (Plutonium)، سۈس كۆك رەڭدە پارقىرايدۇ، ھاۋادا ئوڭاي ئوكسىدلىنىدۇ. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 12 خىل ئىزاتوپى بايقالدى، يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغانلىرىنىڭ 500 مىڭ يىل، خىمىيىۋى خۇسۇسىيىتى ئۇران بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئاتوم بومبىسى ياساشنىڭ مۇھىم ماتېرىياللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**پلېيونكا** ئى [ر] <گ. سەن> يورۇقلۇق سەزگۈچى دورا سۈرتۈلگەن يالتىراق لېنتا. ئادەتتە فوتو سۈرەت ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**پو I** ئى [خەن] ① ئۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان بىر خىل قورال: ئۇلار ئۈچ تاغ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ سايغا ئىچكىرىلەپ كىردى. چېرىكلەر بىرنەچچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ئاۋۋال پو ئاتقۇچى چېرىكلەرگە يول بەردى. ② كۆچمە. سۈپ. ئارتۇقچە مۇبالىغە قىلىدىغان؛ ئاشۇرۇلغان؛ قۇرۇق، يالغان (گەپ-سۆز ھەققىدە): سەممىمىي سۆزنى، راست سۆزنى ئۆزەڭگە بىر نىزام ئەيلە، قۇرۇق، پو سۆزنى، جا سۆزنى نومۇس دەپ بىل، ھارام ئەيلە. جېنىڭ راست سۆز بىلەن چىقسا، سېنى ئارسلان خىلى دەرلەر، كى مەككار تۈلكە بولدۇڭمۇ، بۇ دۇنيانى تامام ئەيلە.

**پو ئاتماق** چوڭ گەپ قىلماق، يوغان سۆزلىمەك، پاختا ئاتماق، مۇبالىغە قىلماق: — سىز، ئاغزىڭىزدا قورقمايمەن دەپ ھەرقانچە پو ئاتقىنىڭىز بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئالدىڭىزغا قاراپ يولۇۋاستىن، كەينىڭىزگە قاراپ بۆرىدىن قورقسىز-دە، ئۇكام! — دېدى كاتىپ. * باياتىندىن بېرى ئاتقان پولىرى بەكرى تەرەپتىن بىر تىيىن بولغانلىقىنى بىلگەن ئابدۇكېرىم ئەمدى گېپىنى نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي قالدى.

**پو سۆزلىمەك** ← **پو ئاتماق**: — ئاغىنە ئالدىرىما، پو سۆزلىگەنلەرنىڭ كارامىتىنى كۆرىدىغان پەيتلەرمۇ كېلىۋاتىدۇ، شۇ چاغدا ئاندىن كۆرۈشۈپ قالارمىز، — دېدى ئابلەت دوستىغا.

**پو II** ئى. دىئال. ھور، پار، بۇس.

**پوپ** ئى [ر <گرېك] <دىن> كاتولىك دىنى ۋە پراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ روھانىسى، ئادەتتە بىرەر چېركاۋغا باشچىلىق قىلىدۇ: كەچ سائەت توققۇزدا جەسەت بوش ئۆيدىكى كارىۋاتقا ياتقۇزۇلدى، ئۇنىڭ ئىككى يېقىدا ئىككى تال

www.uyghurkitap.com

شام يېنىپ تۇراتتى، قېشىدا يالغۇز بىرلا پوپ ئولتۇراتتى.

**پوپاك** سۈپ (توغرىسى: پورپاك) ⟵ **پورپاك.**

**پوپاي** سۈپ. دىئال. سىمىز، پاكار.

**پوپايكا** ئى [ر] <كي> **ھەر خىل يۇڭ يىپ ۋە سۈنئىي تالالىق يىپلاردىن توقۇلىدىغان ئۈست كىيىم:** ئۇ بىزنى ھەر خىل پوپايكىلار سېتىلىدىغان يەرگە باشلاپ باردى - دە، ئايالىمغا: — قىزىم خۇش بولغۇدەك پوپايكا ئالايلى، — دېدى.

**پوپكا** ئى. **دەرسلىك ماتېرىيال ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى سالىدىغان سومكا:** خالمۇرات شۇنچە ئالدىراش تۇرسا، ئۇ ئۇكىسىنىڭ سۆزى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرەمتى؟ خالىدەم بىر قولىدا سامان بار سېۋەتنى، بىر قولىدا پوپكىنى ساڭگىلىتىپ ھويلىغا كىردى.

**پوپوزا** ئى. **تەھدىت، ھەيۋە:** باياتىن باشقا كېمىچىلەر گەپ قىلسا بوتتەك تۇرغان ماشىنىلار مانا ئەمدى ھەسەن ئاكامنىڭ بىر پوپوزىسى بىلەن قوڭغۇزدەك ئۇ ياق، بۇ ياققا قىمىرلىشىپ يولنى بىكارلىغىلى تۇردى.

**پوپوزا قىلماق: تەھدىت سالماق، ھەيۋە قىلماق:** بۇنى كۆرگەن ھېلىقى ئەبلەخ كۆرەڭ-لەپ: — يېقىن كەلسەڭ جېنىڭنى ئالىمەن! — دېگىنىچە ئۇنىڭغا پوپوزا قىلدى. يىگىت ئىككى قەدەم داجىۋىدى، ئۇ پوپوزا قىلىپ قىستاپ كېلىشكە باشلىدى.

**پوپوزىچى** ئى. **تەھدىت سالغۇچى، ھەيۋە قىلغۇچى:** ئۇ پوپوزىچىلارنىڭ تاناۋىنى تارتىپ قويغاچقا، ھەممە ئۇنىڭدىن تەپ تارتىشاتتى.

**پوپۇچ** ئى. **بىر ياشتىن ئىككى ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ ئاياغ كىيىمى:** بۇ خالىسا قىلىپ، خالىمىسا تاشلاپ قويىدىغان سىلىنىڭ پوپۇچ تىكىشلىرىگە ئوخشىمايدۇ.

**پوپىلىماق** پ. دىئال. **دەسسەپ چىڭدىماق، باسماقدىماق، نىختىماق.**

**پوتا** ئى [پ] **بەلگە باغلىنىدىغان رەخت بەلباغ:** يېتىمنىڭ ئاتىسى يوق، بېلىدە پوتىسى يوق (ماقال). موللا نىياز ئۆزىگە مۇلايىم تىكىلىپ ئولتۇرغان باتۇرغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، بېلىگە باغلىغان سېرىق شايى پوتىسىنى يەشتى - دە، قايتىدىن چىڭراق باغلىدى.

**پوتا سالماق** مەشرەپ ئويۇنلىرىدا بىر-بىرىگە **پوتا سونۇپ ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلماق:** سارىخان ئانارخاننى ئاتايىن سۇلتان ماموتقا كۆرسەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، پوتا سېلىپ، ئوتتۇرىغا ئاچىقتى.

**پوتا ئويۇنى** ① مەشرەپلەردە ئەر-ئاياللار بىر-بىرىنى ئۇسسۇلغا تارتىشتا پوتا تاشلاش **ئارقىلىق ئوينىلىدىغان بىر خىل ئويۇن:** مەن ئۇنىڭ ئوينىغان ئۇسسۇلى بىلەن پوتا ئويۇنىدا ئېيتقان بېيىتلىرىگە قاراپ كۆيۈپتىمەن، ئەمدى قارىسام بىر يۇك بولدى. ② **بالىلارنىڭ چەمبەر شەكلىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ بىرسىنىڭ ئارقىسىغا سەزدۈرمەي پوتا تاشلاپ قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوينىلىدىغان بىر خىل ئويۇنى.**

**پوتال** ئى. **ھەر خىل ئەسۋابلارنى زىننەتلەش، پەردازلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى؛ ھەل.**

**پوتاللىق** سۈپ. **پوتال بىلەن زىننەتلەنگەن، پوتال بېرىلگەن، پوتىلىق بار.**

**پوتەي** ئى ① **ئۇرۇشتا قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە قارشى تەرەپكە ئوق چىقىرىش مەقسىتىدە ياسالغان مۇنار شەكلىدىكى قۇرۇلۇش:** ھېلىقى پارتىلىتىۋېتىلگەن پوتەينى چۆرىدەپ پاراك سېلىشىۋاتقان-لارنىڭ سۆزى بىردىنلا مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىدى ② مىق س. **ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى؛ بىر پوتەي ئون چاقىرىمغا تەڭ، يەنى بەش كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ:** نىزامىدىن ھارۋىنى سۆرەپ تۆزلەڭگە چىقىرىشىپ بەرگەن چاغدا، كۈن خېلىلا قىيسايغان بولۇپ، كەنتكە تېخى ئون پوتەي بار ئىدى.

**پوتلا** ئى ① بۇرۇندىن ئاققان شىلىمسىمان سۇيۇقلۇق؛ ماڭقا: زېرىكمەيتتى دوختۇر ھېچ ئۇنى تولا داۋالاپ. تېرىكمەيتتى دادىسى پوتلىسىنى ئادالاپ. ② تېرەك، سۆگەت قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماق چىقىرىشتىن بۇرۇن چىقىدىغان چېچىكى: دەرەخلەر پوتلا چىقىرىشقا باشلىغان ئەتىياز پەسلى ئىدى. ھاۋا بەزىدە ئېچىلىپ، بەزىدە تۇتۇلۇپ تۇراتتى. ③ قارا چىراغ، شام پىلىكلىرىنىڭ كۆيۈپ ياكى چالا كۆيۈپ، پولتىيىپ ساڭگىلىغان قىسمى: چامغۇرغا ئورنىتىپ قويۇلغان شامنىڭ پوتلىسى ئۇسۇپ، ئىسلاشقان بۇ زەي ئۆينىڭ ئىچى بارغانسېرى قاراڭغۇلاشماقتا.

**پوتلىلىق** سۈپ. پوتلىسى بار، پوتلا چىقارغان.

**پوتلىسىمان** سۈپ. پوتلىغا ئوخشايدىغان، پوتلا شەكىللىك.

**پوتلىسىمان گۈل رېتى** <بوت> چەكسىز گۈل رېتىنىڭ بىر خىلى، گۈللىرى يۇمران، گۈل ئوقىنىڭ يېنىدىن ئۆسىدۇ، تاق جىنسلىق بولىدۇ، گۈل سايىقى بولمايدۇ؛ گۈللىرى ئېچىلغاندىن كېيىن ياكى مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن پۈتۈن گۈل رېتى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. مەسلەن: تېرەك، سۆگەت، لاپىن دەرىخى قاتارلىقلارنىڭ گۈل رېتى ۋە ياڭاق، ئورمان ياڭىقى قاتارلىقلارنىڭ ئاتلىق گۈل رېتى.

**پوتېنسىئال** ئى [ر< لات] <فىز> ئېلېكتر ياكى ماگنىت مەيدانىنىڭ مەلۇم نۇقتىدىكى ھالىتىنى خاراكتېرلەيدىغان مىقدار: تارتىش كۈچى پوتېنسىئالى.

**پوتېنسىئال ئېنېرگىيە** <فىز> جىسىمنىڭ تۇرغان ئورنى ياكى ئېلاستىك دېفورماتسىيىسىدىن ئېرىشكەن ئېنېرگىيە. سۇنىڭ چۈشۈش پەرقى ۋە پۇرژىنىنىڭ ئىش قىلىش ئېنېرگىيىسى پوتېنسىئال ئېنېرگىيە بولىدۇ.

**پوتېنسىئومېتر** ئى [لات+گرېك] <فىز> ئۆزلۈكىدىن تەڭشىگىلى بولىدىغان بېسىم بۆلگۈچتە ئىشلىتىلىدىغان ئۆزگەرىشچان قارشىلىق. تەركىب تاپقان ماتېرىياللىرى بويىچە ئوراملىق ۋە ئورامسىز دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**پوتىلىق** سۈپ ① پوتا باغلىغان، پوتىسى بار. ② پوتا ئۈچۈن تەييارلانغان، پوتىغا لايىق: پوتىلىق رەخت.

**پوجاڭزا** ئى [خەن] پارتىلىغۇچ دورىنى قەغەزگە ئوراپ، ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرىدىغان پىلىك بېكىتىپ ياسالغان پارتلاتقۇچ: ئىدارە دەرۋازىلىرىغا قادالغان «مەرھابا باھار بايرىمى» دېگەن چوڭ خەتلەر، پاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان پوجاڭزىلار قوشۇلۇپ ئومۇمىي خۇشاللىقنى پەيدا قىلغانىدى.

**پوچتا I** ئى. يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان تۆت چاقلىق ھارۋا. بۇنداق ھارۋىنىڭ يۆلىنىدىغان يېرىنىڭ ئۈستىدە كۈنلۈكى بولۇپ، ئۇنى لازىم بولغاندا ئېچىپ، لازىم بولمىغاندا يىغىپ قويۇشقا بولىدۇ: ئانچە ھايال ئۆتمەي قاتىرىسىغا ئۈچ كىشى ئولتۇرغان، ئالدىدا بىر ياش يىگىت ھەيدىگەن ئۈچ ئات قوشۇلغان پوچتا مەھەللىگە كىرىپ كەلدى.

**پوچتا II** ئى [ر<پ-ولەك] ① پوسۇلكا، ھۆججەت، پۇل ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ، كۆرسىتىلگەن كىشى ياكى جايغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئالاقە ئورنى ۋە شۇ ئورۇن جايلاشقان بىنا: شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى. ② پوچتىخانىلار تەرىپىدىن تېگىشلىك ئورۇن ياكى شەخسلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان خەت، پۇل، پوسۇلكا قاتارلىق نەرسىلەر: بۈگۈن پوچتا كەلدى؟ ③ پوچتىخانا: مەن بۈگۈن پوچتىغا باردىم.

**پوچتا - تېلېگراف** پوچتا ۋە تېلېگراف.

**پوچتاليون** ئى [ر] ← **پوچتىكەش:** ئانام

خېتىمنى پوچتاليوننىڭ قولىدىن تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن چوقۇم يوللىرىغا ياقىدۇ، لەۋلىرىگە يېقىپ سۆيىدۇ.

**پوچتاليونلۇق** «پوچتاليون» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: پوچتاليونلۇق قىلماق.

**پوچتىچى** ئى ← **پوچتىكەش.**

**پوچتىكەش I** ئى «پوچتا I»نى ھەيدىگۈچى كىشى: تەختىراۋان يەنە بىر ئىشىكتىن ئۆتۈپ، سالاسۇنلىرى چىرايلىق سىرلانغان سەينادا توختىدى. شۇ چاغدا پوچتىكەش ئويناقلاپ تۇرغان ئاتلارنى كەينىگە شوخشىتىپ، پوچتىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، خىزمەتچى ۋە مۇھاپىزەتچىلەر ۋاگىنى يۆلەپ پوچتىغا چىقاردى.

**پوچتىكەش II** ئى [ر+پ] پوچتىخانىنىڭ خەت-ئالاقە، گېزىت-ژۇرنال قاتارلىق نەرسىلەرنى توشۇغۇچى خادىمى؛ پوچتاليون: دەرۋازا غىچىلداپ ئېچىلىپ، پوچتىكەش كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا بىر پارچە خەت تۇراتتى. رۇسۇل ئاكا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، خەتنى ئالدى.

**پوچتىخانا** ئى [ر+پ] پوچتا ۋە تېلېگراف ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىدارە: مەن بىرھازا ئويلىنىپ، ئاخىرىدا ئوتتۇز يۈەن پۇل ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ، مىڭ تەسلىكتە خېتىمنى يېزىپ تۈگەتتىم-دە، ئىتتىك سىنىپتىن چىقىپ پوچتىخانىغا بېرىپ خەتنى سېلىۋەتتىم.

**پوچى I** سۈپ. پو ئاتىدىغان، يوغان گەپ قىلىدىغان، چوڭ سۆزلەيدىغان: ئادىلە خۇشال بولۇپ: — بىزنى باشقىلار «غۇلجىلىق پوچىلار» دېيىشىدىكەن. بىزدە پوچىلارمۇ بار، لېكىن مۇنۇ ئەلانۇردەك، سىزدەك، گۈزەللىئايدەك نوچىلارمۇ بار، — دېدى.

**پوچى II** ئى. كان كولاشتا ئىشلىتىدىغان ئۇچى ئۈچلۈق تىغ بېكىتىلگەن، بازغان شەكىللىك ئەسۋاب.

**پوچېركا** ئى [ر] بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس خەت يېزىش ئۇسلۇبى، خەت شەكلى: مەن ھېلىقى كونۋېرتنى ئېچىپ، ئىچىدىكى خەتكە قاراپلا ئۇنىڭ دوستۇم ئەيسانىڭ پوچېركىسى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم.

**پوچىلىق** ئى. چوڭ سۆزلەيدىغان، پو ئاتىدىغان سۆز-ھەرىكەت: يولۋاس پوچىلىق بىلەن ماختىنىپ: — ئانا خاتىرجەم بول، ئوغلۇڭ بالانىڭ ئاغزىدىن ساق كىرىپ، كەينىدىن كۆلۈپ چىقىدۇ، — دېدى.

**پوخور** سۈپ. ئاياللارغا يامان نىيەتتە، ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولىدىغان؛ زىناخور: بۇ يىل كىرگەندىن باشلاپ، جامائەت ئارىسىدا شەيخىم توغرۇلۇق كۇس-كۇس گەپلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. يەنى «شەيخ قېرىغىنىغا قارىماي پوخور ئىكەن»، «شەيخ نەپسانىيەتچى ئالا كۆڭۈلكەن»، — دېيىشەتتى.

**پوخورلۇق** ئى. ئاياللارغا يامان نىيەتتە، ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولىدىغان ھەرىكەت، قىلىق: ئۇ گالستۇكنى تۈزەشتۈرۈپ، كومېدىيەلىك ئوپېرا زالىدا ئولتۇرغان نەدىكى بىر ئايالغا پوخورلۇق قىلىپ قويانتى.

**پودپولكوۋنىك** ئى [ر] كونا ← **جۇڭشياۋ.**

**پودوكارپۇس** ئى [لات] ← **پودوكار پۇس قارىغىيى.**

**پودوكارپۇس قارىغىيى** <بوت> پودوكارپۇس قارىغىيى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يېپسىمان تۆمۈنە شەكىللىك بولۇپ، ئارقا تەرىپىدە ئاق پاراشوكى بولىدۇ. ئاتىلىق ۋە ئانىلىقى ئايرىم تۈپلەردە بولىدۇ؛ مېۋىسى يۇملاق تۇخۇم شەكلىدە. ياغىچى قۇرۇلۇشقا ۋە ئۆي جاھازلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**پودۋال** ئى ① ئۆي تاملىرىنىڭ پەستىكى تەرىپىگە قىلىنغان نەقىش بېرىلگەن سىر: پودۋال چىقارماق. ② گېزىت سەھىپىسىنىڭ ئالاھىدە ماقالە بېسىلغان تۆۋەنكى قىسمى ۋە شۇ سەھىپىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدىغان تۈز سىزىق: بۈگۈنكى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئۈچىنچى بەت پودۋال ئاستىغا بېسىلغان ماقالە

كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

**پور** ① ئى. دەرەخ غولىنىڭ چىرىپ چىدامىلىقىنى يوقاتقان قىسمى: سۆگەت پورى. * تۆزلەڭلىكتە ئۆجمە ئۆستۈرۈپ، پىلە باققان يوپۇرمىقىدا. تارتقان يىپەك-مەشۇتىغا ئەل، بوياق بەرگەن ئۇنىڭ پورىدا. ② سۈپ. پورلاشقان، پورى بار: پور تېرەك. پور سۆگەت. ③ سۈپ. سۆگەتنىڭ پورىغا ئوخشايدىغان، قوڭۇر: پور رەڭ. * پور رەڭ كاستۇم كىيگەن بىر يىگىت ئالدىراش ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى-دە، بۆلۈمدە ئولتۇرغانلارغا سالامۇ بەرمەستىن سۆزلەپ كەتتى. ④ سۈپ. ئىچى كاۋاك، تېشىغا بۆرتۈپ چىققان، قاپارتىلغان، قالپاقلىق: پور مىخ. پور سۇمبە.

**پور سۇمبە** ئۇچى كاۋاك سۇمبە.

**پور سېمىز** نورمالسىز هالدا سەمرىگەن، خام سېمىز: ئاشۇ پور سېمىز ئۆزىنىڭ ئۇسسۇلچى ئاشىنىسىنىڭكىدە تاماق يەيدىكەن. هەي، هەي مېنىڭ ۋەكالەتچىم ئۇنىڭغا پاكىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندە ئۇ غىڭ قىلالماي قالدى.

**پور قاقماق** مىسكەرچىلىكتە چۆگۈن، ئاپتۇۋا، چىلاپچا قاتارلىق نەرسىلەرگە قالپاق گۈل چىقارماق.

**پور مىخ** قالپاقلىق مىخ، قالپىقى بار مىخ.

**پوراچ** ئى. ياغاچ پومزەك.

**پورەك I** ئى ① تېخى ئېچىلمىغان گۈل، غۇنچە: سالام ساڭا مۇئەللىم ساڭا چوڭقۇر يۈرەكتىن، تەربىيەڭدە ئېچىلغان مىڭلاپ غۇنچە-پورەكتىن. ② كۆپمە هالەتتىكى، كۆپۈشكەن، كۆبجۈگەن: پورەك چاچ.

**پورەك چاچ** كۆبجۈپ، پورەكلەپ ئۆسكەن چاچ: پورەك چاچ بالا. * ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى مەندىن خېلىلا چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ قېتىۋالغان يىگىتلەر، شەپكىسىنىڭ ئالدىدىن پورەك چاچلىرىنى چىقىرىۋالغان مەن دېمەتلىك بالىلار، چاچلىرىنى بۇدۇر قىلغان، يۈزلىرىگە گىرىم قىلغان چوڭ-چوڭ قىزلارمۇ ئولتۇرۇشاتتى.

**پورەك II** ئى. دىئال. زاغرا.

**پورەكلىمەك** پ. غۇنچىلىماق، غۇنچىلاپ ئېچىلماق: بىنانىڭ ئەڭ چېتىدىكى 3-قەۋىتىنىڭ لەمپىسى باشقا لەمپىلەردىن ئالاهىدە بولۇپ، هەشقىپىچەكلەر پىلەك تارتىپ، تەشنەكلەردىكى گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

**پورپاك** ① سۈپ. توزۇپ تۇرىدىغان، توزۇيدىغان؛ بوش، يۇمشاق: ئاسفالت يولدا سىلىق كېلىۋاتقان ماشىنا بۇرۇلۇپ قارا يولغا چۈشكەندە جالاقلاپ سىلكىنىشكە باشلىدى-دە، پورپاك توپا ئاسمانغا تاغدەك كۆتۈرۈلۈپ، هەممىنى چاڭ-توزانغا كۆمۈۋەتتى. ② كۆچمە. ئى. غوۋغا، ئالتوپىلاڭ: پورپاك كۆتۈرمەك. پورپاك چىقارماق * — مەن قۇمۇلدا پورپاك كۆتۈرۈپ تۇرپانغا بېرىپ، تۆمۈر خەلپە بىلەن ئالەمنى بىرئالغان تۇرسام مېنىڭدىن قورقمايدىغان كىم بار ئىكەن، — دېدى هېلىقى كىشى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ.

**پورپاك چىقارماق** غوۋغا چىقارماق، ئالتوپىلاڭ قىلماق، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماق: ئۇلار هەر يەردە ئېقىپ يۈرگەن ماكانسىز سەرگەردانلارنى ئارقىغا سېلىۋېلىپ، شەهەرمۇشەهەر پورپاك چىقىرىپ يۈرگەنىكەن.

**پورپاك سالماق** ← **پورپاك چىقارماق:** ئۇ «ئىنجات ۋە نۇر ئەلچىلىرىنىڭ هەرقانداق ئىشلەپچىقىرىش تېمىلىرىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشى خاتا، ئەمەلىي قارار چىقىرىشى تېخىمۇ قاراملىق، نىشاندىن چەتنىگەنلىك» دېگەن سۆزلەر بىلەن پورپاك سالدى.

**پورپاك قىلماق** غوۋغا قىلماق، ئالتوپىلاڭ قىلماق، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماق.

**پورپاك كۆتۈرمەك** غوۋغا كۆتۈرمەك، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماق، ئالتوپىلاڭ قىلماق: ئەگەر ئۇ ئىجتىمائىي ئەهمىيەتكە ئىگە ياكى ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك ئىش بولىدىكەن، بۇ هەقتە گۇمانخورلارنىڭ پورپاك كۆتۈرۈشىنىڭ كارايىتى چاغلىق. بۇ خىل تېپىك ئىللەت كىمدە

بولىدىكەن، ئىللەتنى ئەيىبلەش نەشتىرى ئۇنىڭغا سانجىلىپ كەتسە، بۇنىڭ نېمە زىيىنى؟

**پورپاگلىق** سۈپ. توپىسى پورپاگلاشقان، **پورپاڭ توپىسى بار:** پورپاگلىق يەر. پورپاگلىق ئېتىز.

**پورت I** ئى [ر <فران] <قاتن> سۇ يوللىرىدا كېمە، پاراخوتلار توختايدىغان؛ يۈك بېسىش، يۈك چۈشۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس جاھازدىلانغان جاي: بۇ 1978 - يىلى شەھەرلىك سۇ ترانسپورت شىركىتى بويىچە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى باھالىنىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، يەنە B شەھەرلىك پورتنىڭ سۇ ئۈستى بىخەتەرلىك ئاكتىپلىرى يىغىنىغا قاتناشتى.

**پورت ھەققى** <تئىش> پورتقا كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغان پاراخوت-كېمىلەر ۋە تۈرلۈك ماللار ئۈچۈن ئېلىنىدىغان قائىدە-يوسۇن خىراجىتى ۋە مۇلازىمەت خىراجىتى قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**پورت II** تەق. يۇمشاق نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى گاز ياكى سۇيۇقلۇقنىڭ قاتتىق بېسىم تەسىرى بىلەن ئېتىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز.

**پورت-پورت** «پورت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پورتتىدە** رەۋ. «پورت» قىلغان ھالدا، «پورت» قىلىپ: پورتتىدە ئېتىلىپ كەتمەك.

**پورتمان** ئى [ر] خۇرۇم، يالتىراق قاتارلىقلاردىن تىكىلىدىغان، يانچۇققا ياكى سومكىغا سېلىشقا قولاي؛ پۇل، بىلەت، فاكتور قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بىر خىل قاپچۇق، ھەميان: زەيتۇنەم ئېرىنىڭ قولىدىكى چاپاننى ئېلىپ، ئۆزى ئاختۇرسا تېپىلىپ قالىدىغاندەك ئالدىرىماي ئاختۇرۇپ چىقتى. پورتمان ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق!

**پورتۇچكا** ئى [ر] ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن قويۇلغان دېرىزىنىڭ ئۈستۈنكى كۆزنىكى: ئۇ تېرمومېترنى يىگىتنىڭ قولتۇقىغا تىقتى ۋە دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ پورتۇچكىنى ئېچىۋەتتى.

**پورترېت** ئى [ر] <گسەن> كونكرېت ئادەملەرنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن رەسىم: ئۇ پورترېت تەسۋىرىدە پېرسوناژ قىياپىتىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە بولىدىغان ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تاللاپ تەسۋىرلىسە، تەبىئەت تەسۋىرىدە پېرسوناژنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشىنى يورۇتۇپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىدۇ.

**پورترېت فوتوگرافىيىسى** <گسەن> فوتوگرافىيە سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى. ئۇ باش سۈرەت، يېرىم بەدەن سۈرىتى، پۈتۈن بەدەن سۈرىتى ۋە كۆپ كىشىلىك سۈرەت قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلەيدىغان فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نادىر فوتو سۈرەت پورترېت ئەسەرلىرى پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپىتىنى تەسۋىرلەپلا قالماستىن، بەلكى پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە روھىي ھالىتىنىمۇ تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ.

**پورتۇگال** ئى<ئىرق> پورتۇگالىيىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاساسلىق مىللەت ۋە خەلقلەر.

**پورداق** ① ئى. ئەركەك جىنسلىقلارنىڭ جىنسىي ئەزا قىسمىدىكى ئۇرۇقدانىنى ئوراپ تۇرىدىغان خالتىسىمان ماددا. ② پورداق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم. ③ كۆچمە. سۈپ. جىنسىي مۇئامىلىدە كېرەككە كەلمەيدىغان، پالاكەت (ئەرلەرگە نىسبەتەن).

**پورداق كېسىلى** <تىب> ئادەتتە يېرىق ساھەسىگە چۈشكەن گىرىژا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ تولاراق قورساق پەردىسىنىڭ ئاجىز نۇقتىسىدىن ئىنچىكە ئۈچەي ئۇرۇقدان خالتىسىغا چىقىپ قېلىشتىن بولىدۇ. يېرىق ساھەسى پولتىيىپ چىقىپ ياكى ئۇرۇقدان خالتىسى

يوغناپ، پات ـ پات قاتتىق ئاغرىيدۇ. بۇ هال شوك ياكى ئۆچەي چىرىپ كېتىدىغان هادىسىلەرگە سەۋەبچى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**پورداق يۈز** نومۇس قىلمايدىغان، ئىزا تارتمايدىغان؛ يۈزى قېلىن، يۈزسىز.

**پورداقچى** ئى. خۇشامەتنى، يالاقچىلىقنى ئادەت قىلغان كىشى؛ خۇشامەتچى، يالاقچى.

**پورداقچىلىق** «پورداقچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: پورداقچىلىق قىلماق.

**پورفىر** ئى [ر <گرېك] <كېئول> بىر خىل ئوتتا كىسلاتالىق ئېتىلما جىنس ياكى كىسلاتالىق داغلىق تېپىز جىنس. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: داغلىق قۇرۇلمىغا ئىگە؛ فىنوكرىسلىرى ئاساسەن ئىشقارلىق دالاشپاتىدىن تەشكىللەنگەن.

**پورفىرىت** ئى [ر] <كېئول> بىر خىل ئوتتا نېگىزلىك ئېتىلما جىنس. تەركىبىدە رەڭگى قارامتۇل بولغان مىنېرال مىقدارى بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ. لېكىن رەڭگى ئاچراق بولغان مىنېراللاردىن پلاگىئوكلاز، داغلىق قۇرۇلمىغا ئىگە تاغ جىنسلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

**پورفىنلار** ئى [ر <گرېك] <خىم> بىر خىل ئورگانىك ماددا بولۇپ، خلوروفىل، قانغا قىزىللىق بەرگۈچى ئاقسىل قاتارلىقلارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى هېسابلىنىدۇ. بۇلار ئوكسىگېن مولېكۇلىسىغا ئوخشاش كىچىك مولېكۇلىلارنى ئۆزلىرىگە بىرىكتۈرۈۋالىدۇ ۋە هۈجەيرىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسىي خىمىيىۋى جەريانلىرىنى ــ فوتوسىنتېز، نەپەس ئېلىش جەريانلىرىنى ئىدارە قىلىدۇ.

**پوركاپ** ① ئى. ئۆتۈكنىڭ قونچىغا سېلىپ، پاشنىسىنى مىخلايدىغان دۈگىلەك ياغاچ كالتەك: پوركاپ كالتىكى. پوركاپ ياسىماق. ②سۈپ. ئۇۋالغان، يۇمشاق، ئۇۋاق: تۆمۈر ئاتا چوڭ بوزلۇقنى كېسىپ ئۆتكەن پوركاپ توپىلىق هارۋا يولىدا جىدەللەپ كېتىۋېتىپ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى...

**پورشىن** ئى [ر] <ماشىن> سىلىندىر ياكى ناسوس ئىچىدە تەكرار ھەرىكەتلىنىدىغان بىر خىل دېتال. يۇملاق كېلىدۇ. ئۇ ماتور سىلىندىرى ئىچىدە پار ياكى يېقىلغۇنىڭ پارتلىشى نەتىجىسىدە هاسىل بولغان بېسىمنى مېخانىك ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ.

**پورلاشتۇرماق** «پورلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پورلاشماق** پور هالەتكە كەلمەك، پور بولماق: دەرەخنىڭ غول شاخلىرىنى تولا كەسسە دەرەخ ئاسان پورلىشىپ قالىدۇ.

**پورلۇق** سۈپ. پور قويغان، پورى بار: پورلۇق جۆجەي.

**پورلۇق جۆجەي** هالقىلىرىغا پور قويۇلغان، پور قويۇپ ئىشلەنگەن جۆجەي.

**پورلۇق يۈگەن** پور قويۇپ زىننەتلەنگەن، پور قويۇلغان يۈگەن.

**پورما** ئى. سوغا ئىچىگە ئورنىتىلغان ماروژنى چىقىرىدىغان قاچا، كىچىك تۈڭ.

**پوروخ** ئى [ر] ⟵ **مىلتىق دورىسى:** جۇڭگودا تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنلا پوروخ كەشپ قىلىنغانىدى. * يىگىرمە سەككىز يىل بۇرۇن بۇ سايدا، جەڭ بولدى باسمىچى مەلئۇنلار بىلەن. پوروخنىڭ ئىسىغا تولدى يەر ـ ئاسمان، قاپلاندى ئەتراپىم يالقۇنلار بىلەن.

**پورۇق** تەق. قازاندىكى سۇ قايىنىغاندا چىققان ئاۋاز.

**پورۇق-پورۇق** «پورۇق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پورۇق ـ پورۇق قايىنىماق.

**پورۇقشىماق** پ ⟵ **پورۇقلىماق:** ئوت پاراسلاپ كۆيۈپ، قازان پورۇقشىپ قايىنىماقتا ئىدى.

**پورۇقلاتماق** «پورۇقلىماق» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى: پورۇقلىتىپ قايناتماق. بالام قازاننى پورۇقلىتىپ قايناتتۇرمە، ئاستىراق قاينىسىمۇ بولىدۇ.

**پورۇقلاشماق** «پورۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ چوڭ ئاشخانىدىكى بەس ـ بەس بىلەن پورۇقلىشىپ قايناۋاتقان داش ـ قازانلار توك توختاش بىلەنلا لاسسىدە توختىدى.

**پورۇقلىماق** پ. پورۇق قىلىپ ئاۋاز چىقار ـ ماق: ئوچاقتا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى، قايناق سۇ پورۇقلاپ قايناۋاتاتتى. ئۇ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ تالاغا چىقتى.

**پوزا** ئى ① قىمارنىڭ بىر خىلى بولغان ئوشۇق ئويۇنىدا ئۇتقانلىقنى، يەڭگەنلىكنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان بىر خىل شەكىل: پوزا چۈشمەك. پوككا پوزا. ② قاتتىق مەستلىك ھالىتى.

**پوزا بولماق** ھاراق ئىچىپ ھوشىنى بىلەل ـ مىگۈدەك مەست بولماق.

**پوزا چۈشمەك** ئوشۇق ئۇتقانلىقنى بىلدۈ ـ رىدىغان شەكىلدە چۈشمەك.

**پوزا قىلماق** ھاراق ئىچۈرۈپ ھوشىنى بىلەلمىگۈدەك مەست قىلماق.

**پوزىترون** ئى [ر<لات] <فىز> ئاساسىي زەر ـ رىچىلەرنىڭ بىر خىلى، مۇسبەت زەرەتلىك، ماسسىسى ئېلېكترونىنىڭ ماسسىسى بىلەن تەڭ. ئۇ ئېلېكتروننىڭ ئانتى زەررىچىسى.

**پوزىتسىيە** ئى [ر<لات] ① ئادەم ۋە نەرسى ـ لەرنىڭ تۇتقان ئورنى، ئىشغال قىلىپ تۇرغان جايى، مەۋقەسى، ۋەزىيىتى: 1945 ـ يىل 13 ـ يانۋار، تاڭ بىلەن بىزنىڭ قىسىملىرىمىز دۈشمەن پوزىتسىيىلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. ② كۆچمە. بىرەر مەسىلىگە قارىتا تۇتۇلغان يول، نۇقتىئىنەزەر: ئۆگىنىشتىكى ئاكتىپلىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان مەلۇم تونۇشى ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئۆگىنىشتىكى ئاكتىپ پوزىتسىيىسى بىلەن ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**پوزنەك** ئى. دىئال دۆۋە.

**پوزىتىۋىزم** ئى [ر<لات] <پەلس> يېقىنقى زامان بۇرژۇئا ئىدېئالىستىك پەلسەپىسىدىكى بىر مەزھەپ. ئۇنى فرانسىيىلىك ئىدېئالىست پەيلاسوپ كونت ياراتقان. ئۇ بىلىش ئوبيېكتى ھەقىقىي پاكىتلاردۇر، پەن پەقەت سۇبيېكتىپ تەجرىبىنىڭ تەسۋىرىدۇر دەپ قاراپ، ماددىي دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپلىقى ۋە ئۇنى بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ.

**پوس** تەق. ئىچىگە گاز ياكى سۇيۇقلۇق قاچىلانغان يۇمشاق نەرسىلەرگە يىڭنە قاتارلىقلارنى سانجىشتىن چىققان ئاۋاز.

**پوس ـ پوس** «پوس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پوست I** ئى [پ] ① دەرەخ، مېۋە، كۆكتات، دان قاتارلىقلارنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرغان قەۋىتى: ئەخمەقنىڭ دوستى تولا، پىيازنىڭ پوستى تولا (ماقال). * بۇ باغدىكى شاپتۇل، چىلان كۆچەتلىرى يېڭىدىن مېۋىگە كىرگەنىدى. بۇ شاپتۇل تازا پىشقان چاغ بولۇپ، پوستىنى سويغان ھامان سۈيى تېمىپ تۇراتتى. ② ئادەم ۋە جانىۋارلارنىڭ بەدىنىنى ئوراپ تۇرغان نېپىز توقۇلما، تېرە ئۈستىدىكى يۇپقا پەردە: ئىشەنمىگەن دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا (ماقال). * بىركۈنى يىلان پوستىنى سىلىپ يوشۇرۇپ قويغان جايىنى ئۇنىڭ خوتۇنى كۆرۈپ قاپتۇ. * شۇندا قەست ئەيلەپ چايان ئۆز «دوستى»غا، نەيزىسىنى ئۇردى قايرىپ پوستىغا. ③ يەرنىڭ ئۈستىكى قەۋىتى: يەر پوستى.

**پوستىغا كىرمەك** بىركىم بىلەن غەرەزلىك ھالدا ئاپاق ـ چاپاق بولۇۋالماق، ئىشەنچىسىگە ئېرىشمەك، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالماق: شاھزادىنىڭ دىلى يۇمشاپتۇ. مەلىكىنى باغرىغا ئاپتۇ، تەسەللى بېرىپ كۆڭلىنى ياساپتۇ. پاتمە بولسا، قولىنى چىشلەپ، يېڭى تاپان ـ تۇزاققا ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. شاھزادە بىلەن

سىڭلىسىنىڭ پوستىغا كىرىپ ئامراق بىر تۇغقان قېرىنداشلاردىن بولۇپتۇ.

**پوست تاشلىماق** <زوئول> نۇرغۇنلىغان بوغۇم ئاياغلىق ۋە ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار يېتىلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ كونا پوستى چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن پوست ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئادەتتە ھەر قېتىم پوست تاشلىغاندا ئازراق چوڭىيىدۇ.

**پوستىغا سامان تىقماق** ئېغىز زىيانكەشلىك قىلماق: ئىشەنمىگەن دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا (ماقال).

**پوست II** ئى[ر<فران] <ھەرب> ھەربىي قىسىم ئورۇنلاشقان جاي، ئىدارە-جەمئىيەت ۋە باشقا مۇھىم جايلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەسكەر، قاراۋۇل: پوستتا تۇرماق. * ئۆي ئىگىسىنى گۆش سېلىشقا بۇيرۇدى، نۇر پالۋاننى قوتان تۈۋىدىكى قارىغايغا باغلاپ، يېنىغا پوست قويدى. قىزنى باشقا يەرگە جايلاشتۇردى.

**پوستەك** ئى [پ] تۈگمەن خامپىسىدىكى ئۇننى سۈپۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان يۇڭلۇق تېرە پارچىسى؛ تېرە سۈپۈرگە: كۆپ تىرىشتى، قېرىلىقنىڭ ئىزلىرى، بوياق بىلەن رەڭ ئاستىدا يوقالدى. ئاپئاق بولۇپ ئۇپا-ئەڭلىك ئىچىدە، پوستەك تۇتقان تۈگمەنچىدەك تۇس ئالدى.

**پوستەكچى** ئى ① تۈگمەندە ئىشلەيدىغان كىشى، تۈگمەنچى: ھاشىم ئاكا، باينىڭ تۈگمىنىدە پوستەكچى بولۇپ ئىشلىگەن. ② كۆچمە. باشقىلارغا خۇشامەت قىلىپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان كىشى، يالاقچى: توپ-توپ بەگ باللىرى، توپ-توپ باي باللىرى، توپ-توپ مەخسۇملار، ھۆنەرۋەن كاسىپلار، ھەتتا پوستەكچىلەرمۇ توپ-توپ بولۇپ يۈرەتتى.

**پوستەكچىلىك** ئى ① تۈگمەندە ئۇن تارتىش بىلەن مەشغۇل بولۇش ئىشى: ئۇ، قىران ۋاقتىدا باينىڭ تۈگمىنىدە پوستەكچىلىك قىلغان چاغدىكى ھۈنىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ② كۆچمە. خۇشامەتچىلىك، يالاقچىلىق: ئۇ پوستەكچىلىك قىلىپ باشلىققا ياخشى كۆرۈنمەكچى.

**پوستەكچىلىك قىلماق** ① ئۇن تارتىش، تۈگمەنگە قاراش بىلەن شۇغۇللانماق. ② كۆچمە. خۇشامەتچىلىك، يالاقچىلىق قىلماق.

**پوستپىياز** ئى [پوستى+پىياز] پوستە-پىيازنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان، شاپىقى نېپىز، بالدۇر پىشىدىغان يازلىق قوغۇننىڭ بىر خىلى.

**پوستلاق** ئى <بىئول> ئىچكى ئەزالارنىڭ سىرتقى توقۇلمىسى.

**پوستۇمبا** ئى [پوست+دۇمبە] قوي قۇيرۇقىنىڭ ئاستىن قىسمىدىكى نېپىز تېرە ياكى يېغى بىلەن قوشۇپ ئېلىنغان قۇيرۇق تېرىسى.

**پوستۇمبا كاۋاپ** پوستۇمبىدىن قىلىنغان كاۋاپ.

**پوسكاللا** ئى [پوس+كاللا] دېمەكچى بولغان گەپ ياكى مەقسەتنىڭ ئاساسىي نېگىزى، تۈگىنى، نەق جايى: ئۇلار تاغدىن-باغدىن بىردەم ھال-مۇڭ بولۇشقاندىن كېيىن گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئاچتى. * گەپنىڭ پوسكاللىسى شۇكى، كۆزلىگەن نەرسەڭگە ئېرىشەي دېسەڭ، ئاغرىغىچە بوشاشما. ئۇنداق بولمىسا، ماۋۇ ئەخمەتاخۇنىدەك بۇغداي ئورنىغا سامان ئېلىپ قالىدىغان ئىش.

**پوسكاللىسىنى دېمەك** دېمەكچى بولغان گەپ ياكى مەقسەتنىڭ ئاساسىي نېگىزى، تۈگىنىنى ئېيتماق، جايىنى دېمەك: گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەم،... ئىسمائىلدەك قان قەرزى بار باندىتنىڭ سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشىغا زادى يول قويغىلى بولمايدۇ.

**پوسما** ئى ① يېپىشقا تولمىغان بوۋاق باللارنىڭ ئەستەرلىك ياكى نېپىز پاختا سېلىنغان باش كىيىمى: موماينىڭ كۆزى ئوسمىدا، گادايىنىڭ كۆزى پوسمىدا (ماقال). * ئۇ قىزنىڭ كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇپ، قۇچىقىغا ئالدى، بېشىدىكى پوسمىسىنى تۈزەپ، مەڭزىگە

www.uyghurkitap.com

سۈيۈپ قويدى. ② دوختۇر، سېسترا قاتارلىقلارنىڭ ئىش ئۈستىدە كىيىدىغان يالاڭ باش كىيىمى: ئۇ ئۆز بۆلۈمىگە چىقىپ، ئاسقۇچتىكى قاردەك يۇيۇلغان پوسما بىلەن خالاتقا قاراپ پىسسىڭگىدە بىرنى كۈلدى-دە، ئاۋايلاپ كىيدى، ئىش ئۈستىلىگە كېلىپ ئېلېكتىر لامپىسى يورۇقىدا «كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى» تېمىسىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىشقا كىرىشتى.

**پوسۇر** تەق. ئادەم ماڭغاندا چىققان ئاۋاز.

**پوسۇرلىماق** پ. «پوسۇر» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ ماڭماق؛ پايپاسلىماق.

**پوسۇق** بۇ بىرەر ئىشنىڭ تۇيۇقسىز يۈز بېرىش ھالىتىگە تەقلىد قىلىنغان سۆز.

**پوسۇققىدە** رەۋ. تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت، توساتتىن، بىردىنلا، كۈتۈلمىگەندە: توغرا، مەتتىمىن بوغالتىرنىڭ گۇناھى نېمە؟ ئەسلىدىمۇ شۇ چاغدا بوغالتىر مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرمىسە بوپتىكەن، قايسى شەيتان ئازدۇردى، ئۇ ئىشخانىغا پوسۇققىدە كىرىپ قالدى.

**پوسۇلكا** ئى [ر] ساندۇق، تاغار، خالتىغا ئوخشاش نەرسىگە ئوراپ بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن نەرسە: ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ياخشىلانغاندىن بېرى بىز بىر-بىرىمىزگە داۋاملىق خەت ۋە پوسۇلكىلار ئەۋەتىشىپ تۇرۇۋاتىمىز.

**پوش** ئىم. يول بېرىشنى تەلەپ قىلىش ياكى بۇيرۇق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: —پوش! — دەپ ۋارقىرىدى ساتتار ئاتنىڭ بېشىنى تارتىپ، — يول بېرىڭلار، پوش، ھارۋىدا ئېغىر كېسەل بار، دوختۇرغا يەتكۈزۈۋالايلى.

**پوش دېمەسلىك** تەپ تارتماسلىق، كۆزگە ئىلماسلىق، نەزىرىگە ئىلماسلىق: مۇختەر راستىنلا ئويۇنقىپى ئىدى. ئۇ مەندىن تەپ تارتىسمۇ، ئانىسىنى «پوش» دېمەيتتى. جىلتىسىغا كۆپ ھاللاردا ۋاراقلىرى يىرتىلىپ، ئىچى بىلەن تېشىنىڭ تايىنى يوق كىتاب-دەپتەرلىرىدىن كۆپرەك باشقا نەرسىلەرنى سالاتتى.

**پوش-پوش** «پوش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: —پوش-پوش! —جۇمەش تېپىرلاپ تۇرغان ئېتىغا قامچا ئۇرىدۇ، ئات يۇلقۇنۇپ، قولى ئارغامچا بىلەن باغلانغان دېھقاننى يىقىتىپ سۆرەپ ئېلىپ ماڭىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدا ساراسىمە كۆتۈرۈلىدۇ، مۆمىن ئاكا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاتنىڭ تىزگىنىگە ئېسىلىدۇ، ئات تېپىرلاپ توختايدۇ.

**پوشتا** (توغرىسى: پوچتا) ⟵ **پوچتا**.

**پوشكا** ئى. دىئال. كۆنچىلەر تېرىنى ئەيلىگەندە تېرىنى ئارتىدىغان ياغاچ جازا.

**پوشكال** ئى. خېمىرنى نېپىز يېيىپ قىزىتىلغان ياغقا سېلىپ پىشۇرىدىغان بىر خىل يېمەكلىك: داستىخانغا نان، چاي، جىنەستە، ئۆرۈك، ئۈجمە، قېتىق، پىشۇرۇلغان تۇخۇم ۋە پوشكال كەلتۈرۈلدى.

**پوشكالچى** ① ئى. پوشكال سېلىش ۋە ئۇنى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى. ② كۆچمە. سۈپ. داۋاملىق نەزىر-چىراغ قوغلاپ يۈرىدىغان، نەزىر-چىراغنىڭ تائاملىرىنى يېيىشكە ئادەتلەنگەن؛ بىكار تاماقنى يېيىشكە ئامراق: پوشكالچى موللام.

**پوشكالچىلىق** ئى. داۋاملىق نەزىر-چىراغ، توي-تۆكۈن تاماقلىرى بىلەن قورساق تويغۇزۇشنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىق، ئادەت: تۆت ئۈستىخىنى ساق ئادەم ئۈچۈن پوشكالچىلىق بىلەن قورساق تويغۇزۇش ئەلۋەتتە نومۇس.

**پوق** ئى ①ئادەم، ھايۋان قاتارلىق جانلىقلارنىڭ چوڭ تەرىتى، گەندە: ئادەم پوقى. مۈشۈك پوقى. * ئورۇق كالىنىڭ پوقى يوغان (ماقال). ② مېتالنى تاۋلىغاندا قالغان قالدۇق: كۆمۈش پوقى. ③ كۆچمە. ئىقتىدارسىز، كېرەكسىز، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم: —ۋاي پوق، —دېدى دادىسى ئۇنىڭغا قاتتىق خاپا بولۇپ، —شۇنچىلىك ئىشنى قاملاشتۇرالماي دومسىيىپ تۇرغىنىنى.

**پوق بولماق** خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا

بولماق، ئەپتى-بەشىرى ئېچىلماق، چاۋىسى چىقتا يېيىلماق.

**پوق پاچاق** دىئال. لەقۋا، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، بوشاڭ ئادەم.

**پوقتىن قۇتۇلماق** يالغاندىن ئويدۇرۇلغان تۆھمەت-بەتنامىلاردىن قۇتۇلماق، پالاكەت-چىلىكتىن خالاس بولماق.

**پوق چاينىما** ← **پوق يېمە**: تولا پوق چاي-نىما! 8-ئارمىيە ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدا كۆرەشتى، پۇقرانىڭ ھەممىسى ئۇنى ھىمايە قىلىۋاتسا، نېمىشقا كۆنى ئۇزاققا بارمايدۇ.

**پوق دەسسەپ يۈرمەك** ھېچبىر ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماي، تەييارغا ھەييار بولۇپ يۈرمەك.

**پوق قىلىۋەتمەك** ① بىرەر ئىشنى بۇزۇپ بىكار قىلماق، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان قىلىۋەتمەك. ② بىركىمنى ئەل جامائەت ئالدىدا رەسۋا قىلىپ، باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋەتمەك، ئىززەت-ئابرۇيىنى چۈشۈرمەك.

**پوق كۆتەم** دىئال. ھۇرۇن، لەقۋا، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم.

**پوقنىڭ پۈپۈكىنى بۇزماق** بىر ئوبدان ئىشنى قالايمىقانلاشتۇرماق، ياخشى كېتىۋاتقان ئىشنى بۇزماق.

**پوقنى ئىككىگە بۆلەلمەسلىك** قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەسلىك، بىرەرمۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىق.

**پوقى بار** مەسىلىسى، گۇناھى بار؛ ساپ ئەمەس: ئۇنىڭ شۇنچىۋالا پوقى بار تۇرۇقلۇق نېمىگە يوغانچىلىق قىلىدۇ؟

**پوقى چوڭ** بۇ سۆز قىلالمايدىغان، كۈچى يەتمەيدىغان، ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئادەملەرنى، ئاساسەن بالىلارنى سۆكۈپ-تىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**پوقى چىقماق** ① مەسىلىسى چىقماق، چاتىقى چىقماق. ② ھېرىپ، چارچاپ، ماغدۇرىدىن كەتمەك. ھالسىزلىنىپ ئۆلەر ھالەتكە كەلمەك: بىر دېيىمە، ئۆيى كۆچۈپ بولغۇچە پوقۇم چىقاي دېدى

**پوقىدا شام قادايدىغان** ئىنتايىن پېخسىق، خەسىس، كىشىگە نەپ بەرمەيدىغان.

**پوقىدىن ئۈركۈمەك** قىلمىشىنىڭ ياكى مەسىلىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەككە-دۈككىدە تۇرماق: پوقىدىن ئۈركۈپ يۈرمەك.

**پوقىغا كەتمەك** باشقا بىرىنىڭ خاتاسى تۈپەيلىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلماق، باشقا بىرىنىڭ سورى بىلەن زىيان تارتماق: توختى سەمەتنىڭ پوقىغا كەتتى.

**پوقى قاتماق** جاھىللىقى تۇتماق، رازىلىقىدىن يېنىۋالماق، ئۇنىماي تۇرۇۋالماق.

**پوقى قىڭغىر** دىئال. ئىچى يامان، نىيىتى بۇزۇق.

**پوقىنى بوغۇزلىماق** ئۆز ئۆزىگە قاتتىق خاپا بولماق، ئۆز-ئۆزىگە رەنجىمەك.

**پوقىنى چىلىپ ئىچىدىغان** ئەقىل ئىشلەتمەي، قارىسىغا ئىشلەپ، تەۋەككۇل قىلىپ ئىش بۇزىدىغان؛ كالۋا، دۆت.

**پوقىنى ئېرىغدىماق** چىققان مەسىلىنى، چاتاقنى تۆكەتمەك.

**پوقىنى ئىلەشتۇرمەك** ئۆزى قىلغان ئىشنى قالايمىقانلاشتۇرماق، ئارىلاشتۇرۇۋەتمەك، قىلغان ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئۈزەلمەي بۇزۇپ قويماق.

**پوقى يۇقماق** ← **پوقىغا كەتمەك**.

**پوق يەۋالغاندەك بولۇپ قالماق** كۆڭلى گەش-گۇمان چۈشۈپ، ئەنسىزلىنىپ بىئارام بولماق؛ ئەندىشىدە قالماق: مەن ئۇنىڭ بۇ كۆڭۈلسىز گېپىنى ئاڭلاپ، پوق يەۋالغاندەك

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالدىم.

**پوق يېگەن خورازدەك** مەڭزى قىزىل.

**پوق يېمە** قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپنى، يوق گەپنى قىلما، يالغان سۆزلىمە.

**پوق يېمەك** بىلىپ-بىلمەي كەمچىلىك، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويماق، توغرا يولدىن ئاداشماق.

**پوقاق** ① ئى. قالىقان بەز ئىششىقى، يەنى بويۇندا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك: موللام ئۆچكە ساقال، گېلىدە مۇشتتەك پوقىقى بار، يوغان بۇرۇن، ئەللىك ياشتىن ئاشقان، ئېگىز بوي سېرىقراق ئادەم ئىكەن. ② سۈپ. كۆپۈشۈپ چىققان، كۆپۈشكەن، كۆپكەن: پوقاق بولغان باشاقلار.

**پوقاق بولماق** <دېھ> شال، بۇغداي، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئىچىدە ھاسىل بولغان باشاق يوپۇرماقنى يېرىپ چىقماق: بۇغدايلار پوقاق بوپتۇ.

**پوقچى** ئى ① مەخسۇس ھاجەتخانا تازىلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، پوق توشۇغۇچى. ② كىچىك بالىلارنى ئەركىلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەركىلەتمە سۆز.

**پوققورساق** سۈپ [پوق+قورساق] ① قورسىقى يوغان، يوغان قورساق؛ پور سېمىز. ② قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان؛ دۆت، كالۋا.

**پوقلاق** ئى. دىئال. ھاجەتخانا.

**پوقلىماق** پ. پوق قىلماق.

**پوقلانماق** «پوقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پوقلاشماق** ① «پوقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، يامان گەپلەر بىلەن تىللاشماق، شۇ سەۋەبتىن مۇناسىۋەتتە قاتتىق يىرىكلەشمەك.

**پوك** تەق. بىرەر نەرسە ئېگىزدىن پەسكە چۈشكەندە چىققان ئاۋاز: شۇ چاغدا دەرەختىن سىلكىنگەن بىر توپ قار «پوك» قىلىپ قىزنىڭ بېشىغا چۈشۈپ ئۇنى چىرايلىق ئېچىلغان ئاپئاق كېۋەز غوزىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

**پوكان I** ئى. ئادەم ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ تۆش قىسمى، كۆكرەك: ھەيدەر پوكىنىنى ئۇستەلگە قويغىنىچە كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

**پوكىنىغا باسماق** دۆلەت ھەم شەخسلەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ مەھكەم بېسىۋالماق: ئۇلار كوللېكتىپنىڭ مال-مۈلكىنى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن بۇزۇپ چاچتى ۋە پوكىنىغا باستى.

**پوكان II** سۈپ. چالا پىشقان (مېۋە-چېۋە ھەققىدە)، تولۇق قاتمىغان، (زىرائەت دانلىرى ھەققىدە)، نەملىكىنى يوقاتمىغان، قۇرۇمىغان (كېيىم-كېچەك قاتارلىقلار ھەققىدە).

**پوكانچى** ئى. مەخسۇس مال سويۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم؛ قاسساپ: قوچقارنى چۈلۈۋۈردىن تۇتۇپ تۇرغان گەۋدىسى يوغان، ئېگىز پوكانچى قوچقارنى پۇتلىرىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ باستى، پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بېلىدىكى چىگە بىلەن باغلىدى. ئاندىن ئۇ بېلىدىكى غىلاپتىن سېپىغا گۈل ئويۇلغان چوڭ پىچاقنى سۇتۇق بۇغراخانىغا سۇندى.

**پوكانچىلىق** ئى. قاسساپلىق: پوكانچىلىق قىلماق، پوكانچىلىق قىلىدىغان ئادەم.

**پوكەي** ئى [خەن] سودا دۇكانلىرىدا ھەر خىل گەزماللارنى تىزىپ سېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ، كېسەك ياكى سېمونتتىن ياسالغان ئۇستەل شەكلىدىكى جاھازا؛ توسما: قولاقچىسىنى تەتۈر كىيگەن، كىچىك كۆزلىرى قىزىرىپ، لەۋلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغان، ئورۇق ئېگىز ئادەم ئاغزىنى بۇزۇپ، قىسىلىپ ئۆتۈپ، پوكەيگە پوكىنىنى قويۇپ مۆكچەيدى ۋە تۆش يانچۇقىدىن بىر سىقىم پۇل چىقىرىپ سانىمايلا ماگىزىنچىغا تەڭلىدى.

**پوك - پوك** «پوك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك (ماقال). * يىغىندىن يۈرىكى پوك - پوك قايتقان ئابدۇقېيۇم دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئۆيىدىن قولتۇقىغا قاتلانغان گىلەمنى قىستۇرۇپ كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان قاسىم قارىي بىلەن دوقۇرۇشتى.

**پوكەيدى** ئى. سودا تىجارىتىدە ساتىدىغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ سودا قىلىدىغان ئۇششاق تىجارەتچى؛ كۆتۈرمىچى.

**پوككا** ئى. ئۇشۇقنىڭ كىندىك تەرىپىگە قارشى تەرىپى، دۈمبىسى. پوككا پوزا. پوككا چۇ. * قىمارۋازمۇ تۆت ئۇشۇقنى دەتتىكام، دەپ ئاتىدۇ، يا چىككە ياكى پوككا چۈشىدۇ، بىزنىڭ بۇ تاۋكا-يىمىز ئۇشۇقىنى ئېتىش بىلەنلا يىغىشتۇرۇلۇپ كەتتى.

**پوككا پوزا** تۆت ئۇشۇقنىڭ ئوخشاش كىن-دىك تەرىپىنى يەرگە، دۈمبىسىنى ئاسمانغا قارىتىپ يېتىشى، قىمار ئويۇنىدا ئۇشۇق ئاتقان ئادەمدە مۇشۇنداق چۈشسە ئۇ ئۇتقان بولىدۇ.

**پوككا چۇ** تۆت ئۇشۇقنىڭ بىرى ئۆرە تۇرۇپ قالغان ئۈچىنىڭ كىندىك تەرىپىنى يەرگە، دۈمبىسىنى ئاسمانغا قارىتىپ يېتىشى، قىمار ئويۇنىدا ئۇشۇق ئاتقان ئادەمدە مۇشۇنداق چۈشسە ئۇ ئۇتتۇرغان بولىدۇ.

**پوككىدە** رەۋ ① «پوك» قىلغان ھالدا: مەن ھارۋىغا لىق يۈك بېسىپ كېلىۋاتقىنىمدا، ھارۋا چاقى ئۇ ئويۇپ قويغان يوشۇرۇن ئورەككە پوك-كىدە چۈشۈپ، ئىچ كامىرى ئېتىلىپ كەتتى. ② كۆتۈلمىگەندە، ئۇشتۇمتۇت: ئۇ ئىشىككە كېلىپ ئەمدىلا بوسۇغىدىن ئاتلىشىغا، پوككىدە ئىككى ئادەم ئۆيگە كىرىپ كەلدى: ئالدىدا كىرگىنى سىپاھ بەگلەرچە، كېيىن كىرگىنى مۇلازىملارچە ياسىنىۋالغانىدى.

**پوكۇلداتماق** «پوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەي ئاقساقال، تايىنى يوق گەپنى قىلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى پوكۇلداتمىغىنا؟

**پوكۇلداشماق** «پوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۆكتىنىڭ يېنىدىكى بىر كوچىدىن ئۆتۈپ، بىراقىتىا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر توپ ئادەمنى كۆرگىنىدە يۈرەكلىرىنىڭ پوكۇل-دىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

**پوكۇلدىماق** پ «پوك» قىلغان ئاۋاز چىق-ماق: ئابدۇللا ئىختىيارسىز دۈرنەمنى قويۇۋېتىپ كەينىگە داجىدى. باشقىلارنىڭ يىغىنى ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقۇپ يۈرىكى پوكۇلدىدى.

**پوكۇنى** ئال. مەلۇم بىر كىشى ياكى نەرسە: ئۇلارنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە قورسىقى توق، قىلىدىغان ئىشى يوق، ئاشۇنداق «ۋاي پالانى ئانداق، پوكۇنى مۇنداق»، دەپ غەيۋەت قىلماي نېمە قىلسۇن!

**پوكۇنچى** ئال. مەلۇم بىر كىشى: پوكۇنچى كەلدى. پوكوكچى كەلمىدى.

**پوكۇۋاي** ئى <كي> ئاياللار ئارتىدىغان قىشلىق يۇڭ ياغلىق: — ئۇكام ئەكبەر، ماگىزىنغا پوكۇۋاي ياغلىق، دۇخاۋا كەلدى، ھەدەمگە ئېلىپ قويارسىز، — دېدى ھېكمەت خوشلىشىۋېتىپ.

**پوڭ** تەق. بىرنەرسە ئېتىلغان، يېرىلغان ياكى بىر يەرگە تەگكەندە چىققان ئاۋاز: لامپوچكا «پوڭ» قىلىپ ئېتىلىپ كەتتى * قاياقتىندۇر پوڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

**پوڭ - پوڭ** «پوڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: «پوڭ - پوڭ» قىلىپ ئېتىلغان پوجاڭزا ئاۋازى قورۇنىڭ ئىچىنى بىر ئالدى.

**پوڭ - پوڭ سۆزلىمەك** گەپ - سۆزدە تۈزۈت قىلماي ئۇدۇللىسىغا سۆزلىمەك، خىيالىغا نېمە كەلسە، شۇنى دېمەك: توختىماي ئىچىلىپ-يېيىلىپ تۇرغان ئىشكتىن ئۇرۇلغان سوغۇق شامال ئۇنىڭ ئۇشۇقىغا كېلىپ تېگەتتى، دالاندا توپلىنىپ تۇرغان ئېگىز بويلۇق، كۆك چاپانلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن ھارۋىكەشلەر زالدىن چىققانلارنى خۇشال كەيپىياتتا پوڭ - پوڭ سۆزلەپ ھارۋىسىغا تەكلىپ قىلىشاتتى.

**پوگزەك** (توغرىسى: پومزەك) ⟵ **پومزەك.**

**پوككىدە** رەۋ ① «پوك» قىلغان ھالدا: جوزا ئۈستىدە تۇرغان چايدان پوككىدە يېرىلىپ ئىشخانىدا ئولتۇرغان ھەممەيلەننى چۆچۈتۈۋەتتى. ② ئۇشتۇمتۇت، بىردىنلا: پوككىدە يىغلىۋەتمەك. پوككىدە سۆزلەپ تاشلىماق.

**پوكۇلداتماق** «پوكۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاتقان ئوقۇمنىڭ تەگكەن ـ تەگمىگەنلىكى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي پوكۇلدىتىپ ئېتىۋەردىم. بىر ۋاقىتتا ئىززەت كوماندىرنىڭ: — ھەي، ناسىر، بىكارغا ئېتىۋېرەمسەن، بولدى، بۇ ياققا كەل، — دېگەن سۆزى بىلەن ئېتىشنى توختىتىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

**پوكۇلدىماق** پ. «پوك» قىلغان ئاۋاز چىقماق: پوكۇلداپ ئېتىلىۋاتقان پوجاڭزا ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**پول** ئى [ر] كارىدور ۋە ئۆينىڭ تاختاي ئورنىتىلغان ئاستى يۈزى: مۇختەر ئۆچكى كېسەللەر بۆلۈمىدە پول سۈرتەتتى، تۈكۈرۈك قاچىلىرىنى تازىلايتتى، كېسەللەرنىڭ تەرىتىنى تۆكەتتى، دوختۇرلارنىڭ قارا خىزمىتىنى قىلاتتى.

**پولا** سۈپ. پىشىپ ۋاقتى ئۆتۈپ يۇمشاپ كەتكەن؛ لۆم ـ لۆم، مۇس ـ مۇس: پولا قوغۇن. پولا بولماق. پولا بولۇپ كەتمەك.

**پولا بولماق** پىشىپ، ۋايىدىن ئېشىپ، يۇمشاپ، لۆمشىپ كەتمەك: پولا بولۇپ كەتكەن قوغۇن.

**پولات** ئى [ئە] ① تۆمۈر بىلەن كۆمۈرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل قېتىشما مېتال. ئۇنىڭ تەركىبىدە 1.7 پىرسەنتتىن تۆۋەن كۆمۈردىن باشقا، يەنە ئاز مىقداردا مانگان، كرېمنىي، گۈڭگۈرت، فوسفور قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار. پولات ئادەتتە چويۇن بىلەن كېرەكسىز تۆمۈر ـ تەرسەكلەرنى تاۋلاش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. ئۇ تۆمۈرگە نىسبەتەن يۇقىرى بولغان فىزىكىلىق ۋە مېخانىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇنى سوغۇرىشقا، بېسىلاشقا ۋە تەركىبىنى تەڭشەش ئارقىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئوتقا، چىرىتىشكە، سۈركىلىشكە چىدامىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. سانائەتتە ئۇ ناھايىتى زۆرۈر ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**پولات ئارغامچا** <بىن> ئىنچىكە پولات سىملاردىن ئىشلىگەن ئارغامچا. ئېغىرلىق كۆتۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**پولات ئەينەك** <خىم> ناھايىتى يۇقىرى مېخانىكىلىق كۈچىنىشچانلىققا ئىگە ئەينەك. ئادەتتىكى ئەينەكنى ئىسسىقلىقتا بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ؛ زەربىگە چىدامىلىق ۋە ئېلاستىكىلىق كېلىدۇ؛ ئىسسىقلىق تۇراقلىقى ئادەتتىكى ئەينەككە قارىغاندا بىر ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ.

**پولات تاختا** <سانا> سوغۇق ياكى ئىسسىق پىروكاتلاش ئاساسىدا پولاتتىن ياسالغان تاختايلار. ئادەتتە تۆت مىللىمېتىردىن يۇقىرىلارغا قارىتىلىدۇ. تۆت مىللىمېتىردىن تۆۋەنلىرى «تۈنىكە» ياكى «قاڭالتىر» دېيىلىدۇ.

**پولات تامغا** ئىدارە، تەشكىلات، مەكتەپ، كارخانا قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئىشلىتىدىغان ۋە پولاتتىن ياسالغان تامغا. ئۇ، كىنىشكا، ھۆججەتلەرگە بېسىلىدۇ، بېسىلغاندا قەغەز ئۈستىگە چوڭقۇر ئىزى قالىدۇ.

**پولات تاۋلاش** <سانا> چويۇن ۋە كېرەكسىز پولاتلارنى پولات ئېرىتىش ئوچىقىغا قاچىلاپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ئېرىتىش ئارقىلىق، تەركىبىدىكى كاربوننىڭ ۋە ئارىلاشما ماددىلارنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەنگەن تەلەپكە يەتكۈزۈش ياكى تۈرلۈك كېرەكلىك ئېلېمېنتلارنى قوشۇش ئارقىلىق ھەر خىل پولاتلارنى ياساپ چىقىش.

**پولات تۈۋرۈك** <بىن> ھەر خىل شەكىللىك پولاتلاردىن قۇراشتۇرۇپ ياسالغان تۈۋرۈك.

www.uyghurkitap.com

**پولات چىۋىق** <بىن> پولاتتىن ياسالغان، بىتون ئارىسىغا ئېلىنىدىغان چىۋىق. توغرا كەسمە يۈزى ۋە سىرتقى شەكلىگە قاراپ بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**پولات رولېتكا** <بىن> پولاتتىن ياسالغان ۋە ياندا ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك قىلىپ تۆمۈر قاپچۇق ئىچىگە ئوراپ قويۇلغان مېتىر. ئىشلىتىش ۋاقتىدا چىقىپ تۇرغان ئۇچىدىن تارتىپ چىقىرىپ ئىشلىتىلىدۇ، قويۇۋەتسە ئۆزلۈكىدىن كىرىپ كېتىدۇ.

**پولات سىم** <سانا> ئىنچىكە يۇملاق پولاتلارنى سوزۇش ئارقىلىق ياسالغان يىپ شەكلىدىكى مەھسۇلات. توم ئىنچىكىلىكى ئوخشىمايدۇ. پۇرژىنا، پولات ئارغامچا، پولات تور قاتارلىقلارنى ياساشنىڭ ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**پولات قالپاق** <ھەرب> ئەسكەرلەر ۋە ئوت ئۆچۈرگۈچى خادىملار كىيىدىغان قالپاق. پولاتتىن ياسىلىدۇ، باشنى ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ.

**پولات لىم** <بىن> پولاتتىن قۇراشتۇرۇلغان ياكى پولات تاختىلاردىن كەپشەرلەپ ياسالغان لىم.

**پولات-تۆمۈر** پولات ۋە تۆمۈر. پولات-تۆمۈر ئىشلەپ چىقارماق.

**پولەك** ئى → **پولەكلەر.**

**پولەكلەر** ئى. <ئىرىق> پولشىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغان، غەربىي سلاۋيانلارغا مەنسۇپ خەلق.

**پولەكچە** ① سۈپ. پولەكلەر فورمىسىدا، پولەكلەر يوسۇنى بويىچە، پولەكلەرگە خاس: بۇ پولەكچە كىيىم. ② ئى. پولەك تىلى: «خىتابنامە»نىڭ 1892-يىلدىكى پولەكچە نەشرىنى پولشا سوتسىيالىزمىنىڭ «تاڭ نۇرى» ژۇرنىلى نەشرىياتى لوندوندا نەشر قىلدى.

**پولتۇق** تەق. مەلۇم ئېغىرلىقتىكى نەرسىنىڭ سۇغا چۈشۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز.

**پولتۇق-پولتۇق** «پولتۇق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كۆلدە بېلىق ئوينىسا «پولتۇق-پولتۇق» قىلىشىپ. خۇشال بولار بالىلار ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈشۈپ.

**پولتۇققىدە** رەۋ. «پولتۇق» قىلغان ھالدا، «پولتۇق» قىلىپ: ئەركىن كىيىملىرىنى سېلىپ پولتۇققىدە سۇغا سەكرىدى.

**پولتۇقلاتماق** «پولتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پولتۇقلاشماق** «پولتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پولتۇقلىماق** پ «پولتۇق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: يوغان داش قازاندا پولتۇقلاپ ئۇماچ قاينىماقتا ئىدى.

**پولتۇڭ** تەق. مەلۇم ئېغىرلىقتىكى نەرسىنىڭ سۇغا چۈشۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: — تېز بولۇڭلار، ئىسسىق شامال كەلدى، چاپسان سۇغا سەكرەڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى مويسىپىت. ئارقىدىنلا ئۆزىمۇ «پولتۇڭ» قىلىپ كۆلچەككە سەكرەپ، يۈزىنى جەنۇب تەرەپكە قىلىۋالدى.

**پولتۇڭ-پولتۇڭ** «پولتۇڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**پولتۇڭشىماق** → **پولتۇڭلىماق:** — بۇ مېنىڭ دادام بولىدۇ. سىز كۆلدە پولتۇڭشۇۋاتقاندا، داداممۇ شۇ يەردە بار ئىدى، — دېدى ئەكبەر رۇقىيەگە.

**پولتۇڭگىدە** رەۋ. «پولتۇڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا، «پولتۇڭ» قىلىپ: ئابىت پوچى پور تېرەكتەك پولتۇڭگىدە ئۆستەڭگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كەتتى.

**پولتۇڭلاتماق** «پولتۇڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باغچىدىكى سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىقنى بويلاپ ئولتۇرغان بالىلار بەس-بەستە پۈتلىرى بىلەن سۇنى پولتۇڭلىتىپ ئوينىدى.

**پولتۇڭلاشماق** «پولتۇڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پولتۇڭلىماق** ① «پولتۇڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «پولتۇڭ» قىلماق: پولتۇڭلاپ كەتمەك، پولتۇڭلاپ تۇرماق. ② كۆچمە. ئىككى تەرەپكە ئېغىناپ ماڭماق: كونا كەشنى پۇتىغا سىپىپ ئىچ كۆكلەك بىلەن پولتۇڭلاپ چىققان تەلەيخان بوغچىغا سىنچىلاپ سەپسالدى.

**پولداڭ-سولداڭ** دىئال. ساڭگىل-سۇڭگۇل.

**پولدۇرۇڭ** تەق. ئېسقىلىق تۇرغان نەرسىنىڭ تەۋرىنىش ھالىتى.

**پولدۇرۇڭ-پولدۇرۇڭ** ① «پولدۇرۇڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② كۆچمە. بۇزۇپ چېچىپ، ئايماي: باردا پولدۇرۇڭ-پولدۇرۇڭ، يوقتا قاراپ ئولتۇرۇڭ (ماقال).

**پولكا** ئى [ر<چېخ] <ئۇس> بىر خىل ئۇسسۇل، ئەسلىدە چېخلاردىن تارقالغان. ئۇنى ئىككى سەپكە تىزىلىپ، جۈپ-جۈپ بولۇپ ئوينايدۇ: ناخشا ئورنىنى شوخ، جۇشقۇن پولكا ئالدى، ئاندىرى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇدى. ئۇ شۇنچىلىك ئىخلاس بىلەن چالدىكى، ئويۇن ستىفانىيىگىمۇ تەسىر قىلدى.

**پولكوۋنىك** ئى [ر] كونا <ھەرب> ← شاڭشياۋ.

**پولك** ئى [ر] كونا <ھەرب> ← تۇەن.

**پوللۇق** سۆپ. ئاستىغا تاختاي ئورنىتىلغان: ئۇلار بۇرۇن ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئاستى پوللۇق ئۆيلەردە ئولتۇراتتى.

**پولونىي** ئى [لات] <خىم> رادىئوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Po (Polonium)، يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن 138 كۈن.

**پولۇ** ئى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى تامىقى، ئاساسىي ماتېرىيالى گۈرۈچ، ماي، گۆش، سەۋزە، پىياز قاتارلىقلار بولۇپ، قورۇپ، دەملەپ پىشۇرىدۇ: خۇدا دېگەن يەردە بالا يوق، شال تېرىلغان يەردە پولۇ يوق (ماقال). * ئەقلىسىز بىلەن پولۇ يېگۈچە، ئەقىللىق بىلەن تاش توشۇ (قامال). * بوۋاي ئۆيگە كېلىپ خوتۇنىغا، بولسا سەۋزىدە، بولمىسا چامغۇر توغراپ پولۇ تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ. تۇزىنى كەم قىلىشنى جېكىلەپتۇ.

**پولىتسىرىن** ئى [گرېك] <خىم> فېنىل ئېتىلېنىنىڭ پولىمېرلىنىشىدىن ھاسىل بولغان يالتىراق، ئىزولياتورلۇقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئېلېكتر سانائىتىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ، ئۇلترا قىسقا دولقۇن، رادار ۋە تېلېۋىزور قاتارلىقلار ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىزولياتور ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**پولىباش** [پولا+باش] سۆپ. ئەر-خوتۇن-چىلىقتا خوتۇنىنىڭ ئەخلاقسىزلىقىغا يول قويىدىغان، كۆرمەسكە، بىلمەسكە سېلىپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرىدىغان: يۇمشاقباش: پولىباش ئادەم.

**پولتېخنىكا** سۆپ [ر] تېخنىكا تارماقلىرى، بۆلەكلىرى؛ تېخنىكا ساھەسى.

**پولىمېرلار** ئى [ر <گرېك] <خىم> خىمىيىۋى تەركىبى بىر خىل، ئەمما مولېكۇلىلىرىدىكى ئاتوملار مىقدارى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ماددىلار.

**پولىمېرلىنىش** <خىم> ماددىنىڭ بىرقانچە مولېكۇلىلىرى ئۆزئارا بىرىكىپ، بىر چوڭ مولېكۇلا ھاسىل قىلىش جەريانى. بۇنىڭدا ماددا تەركىبى ئۆزگەرمەيدۇ، لېكىن فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئۆزگىرىدۇ، مەسىلەن: ئېتىلېن پولىمېرلىنىپ پولىئېتىلېننى ھاسىل قىلىدۇ.

**پولىيارىسكوپ** ئى [ر] <فىز> پولىيارىزاتسىيەلەنگەن ۋە يورۇقلۇق ھاسىل قىلالايدىغان لىنزا (ئەينەك). سۈزۈك كالتسىت قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

**پولىيمورفىزم** ئى [گرېك] <گېئول>

تەركىبى ئوخشاش بولغان بەزى ماددىلارنىڭ ئوخشاشمىغان تېرمودىنامىك شارائىتلاردا، قۇرۇلمىسى ئوخشىمىغان كرىستاللارنى پەيدا قىلىش ھادىسىسى. تەركىبى ئوخشاش لېكىن قۇرۇلمىسى ئوخشىمىغان كرىستاللار پولىيمورفىزم ئۆزگەرمىلىرى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئالماس بىلەن تاشسىياھ كۆمۈرنىڭ پولىيمورفىزم ئۆزگەرمىسىدۇر.

**پوم I** ئى ① قوناق ئۇنىدىن خېمىر يۇغۇرۇپ تۆگىگە بېرىش ئۈچۈن راسلانغان كۆملاچ: ئۇ زالىمنىڭ ئۆيىدە يەيدىغىنىم كېپەكتە ياقىقان پوم، كىيىدىغىنىم جۇلدۇر كېپەن، ئىش ھەققىمگە ئالىدىغىنىم تاياق، ئىززا - ئاھانەت بولۇپ، پۈتۈن ئەۋلادىم خار - زارلىقتا ئۆتكەنىدى. * كەلكۈندەك يامرايتتى قايناپ غەم - غۇسسە، ئاھ، قانداق ئۆتتۇر كۈن، كەلمىسە كۆرۈپ. ئىككى پوم، جىرىسىنى چىگىپ ياغلىقىا، ماڭدى ئۇ، تالاغا ئۇرىنىدىن تۇرۇپ. ② مەلۇم دائىرە، چېگرا، پاسىلنى بەلگىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن توپىدىن سېلىنغان كىچىك دۆۋە: پاسىلغا پوم سالماق.

**پوم قىلماق** كۆملاچلىماق، پوملىماق.

**پوم نان** يۈزىنى بەك ئاچماي قىلىن قىلىپ ياققان نان: بۈگۈن بىر تونۇر چوڭ نان، بىر تونۇر پوم نان ياقتۇق.

**پوم II** ئى. جانت. پومپىشچىك (پومپىشچىك سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى): خەلىچە پوم. داۋۇت پوم.

**پومبۇلاق** دىئال. يۇپيۇملاق، دوملاق.

**پومپا** ئى [ر <فران> <سانا>] سۇيۇقلۇقنى سۈمۈرۈپ، تارتىپ چىقىرىدىغان بىر خىل ئۈسكۈنە. ئۇ ئارقىلىق سۇيۇقلۇقنى بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا ياكى تۆۋەندىن يۇقىرى ئورۇنغا تارتىپ چىقارغىلى بولىدۇ. ئىشلىتىلىشىگە قاراپ، سۇ پومپىسى، گاز پومپىسى ۋە ماي پومپىسى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**پومپاق** سۈپ. پومپىيىپ چىققان، پومپىيىپ كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان؛ قىلىن: كەپىنىڭ ئايىغى چۇشمەستىنلا، تەسىرلەنگەن يىگىت مەستۇرىنىڭ پومپاق لەۋلىرىگە ئىشتىياق بىلەن لىۋىنى باستى.

**پومپايتماق** «پومپايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يولدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرى ئۇچراپ تۇراتتى. ئۆلۈك يەپ قورساقلىرىنى پومپايتىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ - يېنىپ كەتكەن بۆرىلەر شىددەت بىلەن كېلىۋاتقان قىسىمنى كۆرۈشى بىلەنلا قاچاتتى.

**پومپايتىشماق** «پومپايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يانلىرىدا ئورۇق، ئاچىز، ئىككى مۈرىسى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، بويىنى ئىنچىكە، غەلىتە كۆرۈنىدىغان ئوشىشاق باللار قورساقلىرىنى پومپايتىشىپ تويغا ملىنىپ ياتاتتى.

**پومپايماق** پ. كۆپمەك، دومبايماق: چولپان سۇتكە تويۇپ، قورسىقى پومپىيىپ كەتكەن پاقلاننى تۇتۇپ تۇرۇپ دادىسىدىن سورىدى. * مەخسۇت بەگ پۈتىغا تۇمشۇقى سەل ئىلمەك، ئېگىز پاشنىلىق، ئۇزۇن قونچلۇق زەڭگەر ئۆتۈك كىيگەن، ئالدىغا پومپىيىپ چىققان قورسىقىنىڭ ئۇستىدىن ئاچ يېشىل شايى پوتا باغلىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مىسۋاك ۋە ساقال تارغىقى ئاسقان.

**پومداق** سۈپ. تۇرۇلۇپ يىغىلغان، كاللەك: ئۇ پومداق قەغەزنى يەردىن ئالدى، يورۇقىقا ئەكلىپ، ئالدىرىماي ئېچىپ ياپىدى.

**پومداقلاشماق** «پومداقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چۆجە - خورازلار پومداقلىشىشقا ئاز قالغاندا، ئابابەكرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يېزا باشلىقى مۇرتىزا، كەنت باشلىقى زەپەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى.

**پومداقلىماق** پ. تۇرۇپ يىغماق، كاللەك قىلماق: ئۇ يىرتىلغان كىرلىكنى پومداقلاپ سېيىرتمىغا سالدى - دە، ھاپىلا - شاپىلا كارىۋىتىنى

تۈزەتتى. * تەرتىپ مۇدىرى بىردىنلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، ئاۋۋال ئالماسنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلىقۇل ۋە يەنە ئىككى ئوقۇغۇچىنى توخۇنى قامالىلغاندەك قامالالاپ، تۈيۈقسىز سۆرىگەن پېتى ئېلىپ بېرىپ، مەش مەيدانىنىڭ يېنىدىكى هەمەك قېلىنلىقىدا مۇز تۇتقان مەكتەپ كۆلىگە پومداقلاپ تاشلىۋەتتى.

**پومزەك** ئى. توپ، كىچىك توپ: پومزەك ئوينىماق. * مەن سىلەرنى پۇتبول ئويناشقا تەكلىپ قىلىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىككى تەرەپكە بۆلۈنىمىز، كىمكى پومزەكنى قارشى تەرەپ-نىڭ دەرۋازىسىغا تېپىپ كىرگۈزۈۋېتەلىسە، مانا شۇ «گاڭگۇڭ»، قايسى تەرەپ كۆپ كىرگۈزسە، شۇ تەرەپ ئۇتقان بولىدۇ.

**پومساق** سۈپ. دىئال. پومغا ئوخشايدىغان، دومىلاق، يۇمىلاق.

**پومسايتماق** «پومسايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قورسىقىنى پومسايتماق.

**پومسايماق** پ. كۆپمەك، كۆپۈپ، ئۆرلەپ چىقماق، تۇرۇلمەك: قىزنىڭ ئالۇچىدەك چىرايلىق لەۋلىرى كۈلۈش ئۈچۈن پومسايدى، كۆندە قىزارغان كىرسىز، پاكىز يۈزلىرى ئاناردەك قىزاردى.

**پومىلاپ ـ سوملاپ** بىرەر ئىشنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا، ئەپلەپ ـ سەپلەپ، بىر ئامال قىلىپ: پومىلاپ ـ سوملاپلا ئۆتكۈزۈۋەتمەك.

**پومىلاتماق** «پومىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پومىلاشماق** «پومىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تونۇر بېشىدىكى ئاياللار قوناق خېمىرىنى پومىلاشقاچ ئۆزئارا قىزىق پاراڭلىشىۋاتاتتى.

**پومىلاق** سۈپ. يۇمىلاق، دۈگىلەك: پومىلاق لاي. پومىلاق كۆمۈر.

**پومىلاقلاشماق** «پومىلاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ مىلتىقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئانىنىڭ يەرگە تېگەي ـ تېگەيلا دەپ قالغان ئاياغلىرىغا چىرمىشىپ يىغلاۋاتقان يالىڭاچ بالىنى يەردىن يۇلۇۋالدى. بۇ چاغدا خەلق چېرىكلەر بىلەن پومىلاقلاشماقتا ئىدى.

**پومىلاقلانماق** «پومىلاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى.

**پومىلاقلىق** سۈپ. پومىلاقلانغان: ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا پومىلاقلىق، قىپقىزىل بىر نېمە تۇراتتى، ئانا سىنچىلاپ قارىدى ۋە ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى.

**پومىلاقلىماق** پ. تۈرمىلەكلەپ يىغماق، كاللەك قىلماق: جىلتىلىرىنى ئېسىپ مەكتەپكە كېتىپ بارغان بەزى بەڭباش بالىلارغا ئۇچراپ قالسام، ئۇلار ماڭا قارنى پومىلاقلاپ ئېتىشاتتى.

**پومىلىماق** پ ① پوم قىلماق، پومزەكلىمەك: خېمىرنى پومىلىماق. لاينى پومىلىماق. * مەن ئۈچ ـ تۆت ئاغىنەم بىلەن يازنىڭ ئىسسىق كۈن-لىرىنىڭ بىرىدە مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا توپىدىن قىر سېلىپ چۆنەك ئېتىپ، توپا پومىلاپ، قوغۇنلۇق ياساپ ئويناۋاتاتتۇق. ② كۆچمە. كۆز بويىماق، ئالدىماق، ئەپلىمەك: پومىلاپ ئوتكۈزمەك.

**پومېشچىك** ئى [ر] كۆپ يەر ئىگىلىگەن، ئۆزى ئەمگەك قىلمايدىغان، يەرنى دېھقان-لارغا ئىجارىگە بېرىپ، ئۇلارنى ئېكسپىلا-تاتسىيە قىلىش بەدىلىگە تۇرمۇش كەچۈرى-دىغان شەخس: ئوكۇشلۇقلۇق بولمىسا، قېينچى-لىق بولمايدۇ؛ قېينچىلىق بولمىسا، ئوكۇشلۇقمۇ بولمايدۇ. پومېشچىك بولمىسا، ئىجارىگە ئالغۇچى دېھقان بولمايدۇ؛ ئىجارىگە ئالغۇچى دېھقان بولمىسا، پومېشچىكمۇ بولمايدۇ.

**پومېشچىكلار سىنىپى** <پەلس> كۆپ يەر ئىگىلىگەن، ئۆزى ئەمگەك قىلماي دېھقان-لارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بىلەن ياشايدى-غان سىنىپ. پومېشچىكلار سىنىپى دېھقانلارنى ئاساسەن يەر ئىجارە شەكلى ئارقىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ.

**پونكىت** ئى [ر<لات] ① يەر يۈزى ياكى بوشلۇقتىكى ئالاھىدە بەلگە ۋە خۇسۇسىيىتى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان نۇقتا، مەلۇم بىر جاي: ئاھالە ياشايدىغان پونكىت. * پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ئەۋەتكەن يۈنەندىكى بىر ئېگىز تاغدىكى ئالەم نۇرلىرىنى كۆزىتىش پونكىتى توغرىسىدىكى ماتېرىياللىنى كۆردى، زامانىۋى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ماتېرىيال خېلى بۇرۇنلا ئايال ئالىمنى قاتتىق جەلپ قىلغانىدى. ② بىرەر ئىش، پائالىيەت، تەدبىر ئۈچۈن بېرىلگەن، مەخسۇس ئۇسكۇنىلەنگەن بىنا ياكى جاي: تېلېفون ئىستانسىسىنىڭ سۆزلىشىش پونكىتى. * ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئات ھارۋىسىنى قوشۇپ ئارىلىقى يەتتە كىلومېتىر كېلىدىغان بازار ئاشلىق پونكىتىدىن لېنگە ئۇن، ياغ ئېلىپ چىقتى - دە، ئۇنى ئاشپەزلەر بىلەن ھە - ھۇ دەپ ئىسكىلاتقا ئەكىرىۋەتكەندىن كېيىن، يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتكىنىچە ئىشخانىسىغا كىردى.

**پوئېما** ئى [ر<گرېك] <ئەد> ← **داستان.**

**پوۋېست** ئى [ر] <ئەد> رومانغا نىسبەتەن كىچىكرەك، سۇژىتى ئاددىيراق بەدىئىي نەسرىي ئەسەر، قىسسە: كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئۇنىڭغا ئاتاپ «ئارام باغ» ناملىق بىر پوۋېستمۇ يازغان.

**پوۋۇسكا** ئى [ر] <قاتنى> بىر ياكى ئىككى ئات قوشۇلىدىغان، چاقى ئېگىزرەك مەپە شەكىللىك ھارۋا: ئۇزۇن ئۆتمەي كېلىشتى مېھمان جانابلار، يېغىپ كەتتى پوۋۇسكا ھەم پىمكاپلار.

**پوئېتىك** سۈپ [ر] <ئەد> پوئېزىيىگە، شېئىرىيەتكە ئائىت، شېئىرىي: پوئېتىك ئەسەر.

**پوئېتىكا** ئى [ر<گرېك] <ئەد> ئەدەبىيات ھەققىدىكى پەننىڭ شېئىرىيەتكە دائىر قىسمى.

**پوئېزىيە** ئى [ر<گرېك] <ئەد> ① بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ شېئىرىي فورمىسى؛ شېئىرىيەت، نەزمە: پوئېزىيە نەزەرىيىسى. ② بىرەر شائىرنىڭ، خەلقنىڭ ياكى دەۋرنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى يىغىندىسى؛ شېئىرلار: ئۇيغۇر پوئېزىيىسى.

**پويرارىيە** ئى [لات] <بوت> ← **پويرارىيە چاتقىلى.**

**پويرارىيە چاتقىلى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، پېلەك تارتىپ ئۆسىدۇ. غولىنىڭ ئۈستىدە سېرىق تۈكچىلىرى بولىدۇ؛ يوپۇرمىقى چوڭ بولۇپ، ئۈچكە يېرىلغان بولىدۇ؛ يىلتىزى توم كېلىدۇ. ئۇ تەرلىتىش، قىزىتمىنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە. ئۇنى كراخمال ۋە دورا ياساشتا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**پويزا** ئى ← **كەمەر.**

**پويىز** ئى [ر] <قاتنى> بىر خىل قاتناش قورالى، ۋاگونلىرى بىر - بىرىگە ئارقىمۇ ئارقا چېتىلغان بولۇپ، تۆمۈريول ئۈستىدە ئوت كۈچى ياكى توك كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدۇ: يولداش ئىسمائىل پويىز قوزغىلىشقا سىگنال بەردى.

**پويىز خىزمەتچىسى** <قاتنى> پويىز ئۈستىدە خىزمەت قىلىدىغان خادىم.

**پويىزكەش** ئى [ر+پ] پويىز ھەيدىگۈچى، پويىز باشقۇرغۇچى.

**پويىز يولى** ← **تۆمۈريول.**

**پۇبلىستىكا** ئى [ر<لات] <ئەد> ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان ۋاقىت خاراكتېرلىك سىياسىي ماقالە، ئوبزور قاتارلىق ئەسەرلەر.

**پۇت I** ئى [پ] ① ئادەم، ھايۋان ياكى باشقا جانلىقلارنىڭ گەۋدىسىنىڭ يەرنى تايىنىپ تۇرۇشى، يۈرۈشى ياكى ئۆمىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى؛ ئاياغ: ئوك پۇت. پۇتىنىڭ ئۇچى. پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرماق. ② كارىۋات، ئۈستەل، ئورۇندۇق قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان

قىسمى؛ ئايىغى: ئورۇنىدۇق پۇتى. سافانىڭ پۇتى. ئۇستەلنىڭ پۇتى.

**پۇت ئاتماق** ① پۇتنى سوزۇپ تەپمەك: ئالىم يول ئۈستىدىكى قاراقچىلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قالمىدى، بىر پۇت ئېتىپلا بىرىنى يىقىتتى. ② **ئۆزىدىن چوڭلارغا گەپ ياندۇرماق، ياندىماق:** بىزنىڭ زەرەپشانىدا بەگلەرگە، بايلارغا، بولۇپمۇ يەر ئىگىلىرىگە پۇت ئېتىپ، قول ياندۇرىدىغان ئىش ئەلۋەتتە ئەزەلدىن بولمىغان. * بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەردە ئاش بەرگەندە پۇت ئاتىدىغان ئادەت بار، سىلەر بولساڭلار ئۇلارغا ئوخشىمايسىلەر.

**پۇت بارماق سۆڭىكى** <ئانات> پۇت بارمىقىنى تەشكىل قىلىدىغان كالتە نەيسىمان سۆڭەك. بۇنداق سۆڭەكتىن چوڭ بارماقتا ئىككى تال، قالغان ھەربىرىدە ئۈچ تالدىن بولۇپ، بىر پۇتتا جەمئىي ئون تۆت تال بولىدۇ.

**پۇت تەمرەتكىسى** <تىب> تېرە كېسەللىكى. بۇ كېسەللىكنى بىر خىل كۆكىرىك زەمبۇرۇغى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كۆپىنچە پۇت بارماقلىرى ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ. ئالامەتلىرى: سۇلۇق قاپارتما پەيدا بولۇپ، دائىم قىچىشىدۇ، ئۇچى بۇزۇلغاندا سېرىق سۇ چىقىدۇ، ئېغىرراقلىرى جاراھەتكە ئايلىنىدۇ.

**پۇت تىپىشمەك** بىرەر ئىشتا قارشى تەرەپ بىلەن ئېلىشماق، زىتلاشماق، تالاشماق، رىقابەتلەشمەك: تۇرسۇن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ پارتكوم شۇجىسى بولۇپ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن يوشۇرۇن ھالدا مەنسۇر بىلەن پۇت تىپىشمەكتە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش يەنىلا كەسكىن داۋاملاشماقتا ئىدى. * ئۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا بىلەن پۇت تىپىشىپ قالسا، ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئاشۇ يېرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۇرۇۋاتامدىكىن.

**پۇت تىرەپ تۇرماق** ① ئۆزى قاتناشقان بىرەر ئىش-ھەرىكەت ياكى مەسىلىدە ئاخىرغىچە چىڭ تۇرماق: مەن پەقەتلا ئابدۇراخمان ئاكىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشى بىلەن ئوقۇشنى پۈتتۈرۈۋالدىم. ② **مەۋجۇت بولۇپ تۇرماق، ئۆزىنى ساقلىماق:** ــ پىتنە-ئىغۋا ھېچقاچان ھەقىقەت ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالىغان ئەمەس! ــ دېدى مۇنەۋۋەر غەزەپ بىلەن. * سودا ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى، توپ مال تارقىتىش ئورۇنلىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە يار-يۆلەكتە بولىدۇ، ئۇلارسىز بىزنىڭ پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىشىمىزمۇ، شىركەتنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشىمۇ قىيىن.

**پۇت تىقماق** مەلۇم دائىرە ۋە چېگرىدىن ھالقىپ، ئاتلاپ كىرمەك، دەسسىمەك: ــ ئۇ بالا بالىلىق قىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ئېيتاي، باغقا كىرىپ بېھى ئۈزمىسۇن، ــ دېدى بوۋاي بالىغا ئىچى ئاغرىغان ھالدا، لېكىن بوۋاي گېپىنى تۈگىتىشىگىلا باغ ئىگىسى: ــ ئۇ يەنە باغقا پۇت تىقىدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭ بوينىنى ئۈزۈۋېتىمەن! ــ دەپ جار سالدى.

**پۇت دەسسەپ تۇرماق** ← **پۇت تىرەپ تۇرماق.**

**پۇت دەسسىگۈدەك يەر يوق** كىچىككىنىمۇ بوش ئورۇن يوق.

**پۇتقاپۇت، قولغا قول بولماق** ← **قولغا قول، پۇتقا پۇت بولماق:** مۇشۇ ئىككى يىلدىن بېرى مەھەممەت روزى نىيازنىڭ خىزمىتىنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا قوللىغان ھەمدە ئۇنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇپ ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلىگەن.

**پۇتقا ھۆل خىش قويماق** بىراۋنى ئورۇنسىز ماختاپ ئۇچۇرماق، كۆككە كۆتۈرمەك: قويۇپ «دوست»لار پۇتۇمغا خىش، دېسە «سەن ھەممىدىن قالتىس». كۆرەڭلەپ مەنمۇ كۆڭلۈمدە دېدىم «مەن ھەممىدىن قالتىس».

**پۇت گۆش** ← **سان گۆش.**

**پۇتى پۇتىغا تەگمەي** بەك ئالدىراشلىق بىلەن، ناھايىتى جىددىي: 11-ئاي كىرىشى بىلەنلا سىدىق ئاكا كارخانىنىڭ خوجىلىق خىزمەت-

لىرىنى پۇتى پۇتىغا تەگمەي ئىشلەشكە باشلىدى.

**پۇتىغا چىتىق بولماق** بىراۋنىڭ ئىشىغا پۇتلىكاشاڭ، توسالغۇ بولماق.

**پۇتىغا چىتىۋالماق** بىرەر ئىش ياكى ئەيىبـ. لىنىشكە باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالماق: — ھەي، سادىغاڭ كېتەي، پوقۇڭ ئۆزەڭ بىلەنلا كەتسە بولماسمىدى، ئۇنى نېمىشقا پۇتۇڭغا چېتىۋالدىڭ؟

**پۇتى كۆيگەن توخۇدەك** بىر يەردە بىردەم جىم تۇرالماي، ھەر تەرەپكە چاپقان ھالدا، ناھايىتى ئالدىراش: پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ تېخىمۇ غەمگە چۈشۈپتۇ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىر يەردە تۇرالماي قاپتۇ.

**پۇتىنى تارتىۋالماق** ئۆپچە ئىشلىگەن ئىش ياكى توختام، كېلىشىمدىن ئايرىلىپ چىقىـ. ۋالماق، ئۆز ئالدىغا بولۇۋالماق.

**پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي** ئىختىيارىغا قويـ. ماي، زورلۇق بىلەن، مەجبۇرىي؛ دەرھال، تېز: ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى مەھمۇتنىڭ قاتىللىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي تۇتۇپ ئەكەتتى. * پادىشاھ ئۇنى پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئەكىلىشكە تۆت نەپەر نەۋكەر ئەۋەتىپتۇ.

**پۇت II** مىق [ر] ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر پۇت 16.38 كىلوگرامغا تەڭ بولىدۇ: مەنسۇر ئالدىنقى يىلى يازلىق يىغىم مەزگىلىدە مەكتەپتىن تەتىل قىلغان باللىرىنى بىنەمگە باش تېرىشكە قوغلاپ، تۆت-بەش پۇت بۇغداي قىلىۋالغانىدى.

**پۇتاتماق** «پۇتىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇنۇگۇن باللارغا تالنىڭ شاخلىرىنى پۇتاتتىم.

**پۇتاشماق** «پۇتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىپاركۈل چوڭ ئاپىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۈزۈم يوپۇرماقلىرىنى پۇتىشىپ بەردى.

**پۇتاق** ئى ① دەل-دەرەخلەرنىڭ غولى ياكى چوڭ شاخلىرىدىن ئۆسۈپ چىققان تارمىقى، يان شېخى: خېمىر باتۇر چىنار دەرىخىنىڭ تۆۋەنكە كېلىپ، دېمىنى ئالغاندىن كېيىن، پۇتاقلارغا ئېسىلىپ چىنارغا چىقىپتۇ. قاق يېرىمىغا چىقىپلا دەريانى بېرىپ كېلىۋاتقان ئەجدىھانى كۆرۈپتۇ. ② كېسىلگەن شاخنىڭ غولدىكى قالدۇقى: قاسىم چاپان ۋە پۇتىسىنى دەرەخنىڭ بىر پۇتىقىغا ئىلىپ قويۇپ كەتمەننى قولىغا ئالدى. ③ كۆچمە. بىر پۈتۈن ياكى بىر يۈرۈش ئەقىدىلەرنىڭ مەلۇم تارمىقى، بۆلىكى: شەرىئەتنىڭ پۇتىقى تولا. ④ كۆچمە. يېتەرسىزلىك، نۇقسان، كەمچىلىك؛ قۇسۇر: پۇتاق چىقارماق. * دادام ياغاچچىلىقنى ئۆگىتەي دېسە، ئۇ: — كۆڭلۈم قىرىنتىدىلار ئارىسىدا ئۆتەمدۇ، مەن ياغاچنىڭ پۇتىقىنى ئالغۇچە ئۆزەمنىڭ مىڭبىر پۇتاقلىرىمنى تۈزىتەي، — دەپ زادىلا گەپكە كىرمىدى. * — سىزغۇ مېنىڭ گېپىمدىنمۇ، ئىشلىرىمدىنمۇ پۇتاق چىقىرىپلا تۇرىسىز، — دېدى ئايالى ئېرىدىن نارازى بولۇپ.

**پۇتاق چىقارماق** ① شاخلىماق. ② نۇقسان، چاتاق، قۇسۇر تاپماق: يوق يەردىن پۇتاق چىقارماق. *— بۇ ئىشتىن يەنە بىر پۇتاق چىقارمۇ مەنسۇر؟ — دەپ سورىدى ئاسىم مەنسۇرنىڭ جەينىكىدىن ئاستا تۇرتۇپ.

**پۇتاقسىز** سۈپ. پۇتاق چىقارمىغان، پۇتىقى يوق، پۇتىۋېتىلگەن.

**پۇتاقلىق** سۈپ ① پۇتىقى بار: ئاقمۇللا پۇتاقلىق كونا ئەگرى ھاسىغا تايانغىنىچە نازىمنىڭ ھېكايىلىرىنى كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بېرىلىپ تىڭشىدى. ② پۇتىقى كۆپ؛ پۇتىقى، شېخى تولا: قېرى ئۈجمە دەرىخى كېچىدىكى سىرلىق پىچىرلاشلارنى ئۆزىنىڭ پۇتاقلىق، كەڭ، قوپال غولىغا سىڭدۈرۈپ ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك سايە تاشلاپ تۇراتتى.

**پۇتالماق** «پۇتىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يول بويىدىكى دەرەخلەر ئاساسەن پۇتىلىپ بولدى.

**پۇتبول** ئى [ر<ئىنگ] <تەن> ئىككى كامانـ.

دىنىڭ ئۆزئارا قارىمۇقارشى تەرەپلىرىدىكى ۋاراتاغا ئاياغ بىلەن تېپىش ياكى باش بىلەن ئۇسۇش ئارقىلىق كۆپرەك توپ كىرگۈزۈش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىسپورت ئويۇنى ۋە شۇ ئويۇندا ئوينىلىدىغان توپ: ئۆتكەن كۈن ئۇ ئىشتىن سىرتقى پۇتبول ئۆگىنىش مەيدانىغا مەشىق قىلغىلى بېرىپ بىر پۇتىنى قايرىۋالدى. ئۇ ماڭالمايتتى. ساۋاقداشلىرى قول ھارۋىسىغا ئولتۇغۇزۇپ ئۆيىگە ئەكىلىپ قويدى.

**پۇت-قول** پۇت ۋە قول: پۇت-قولدا جان قالماسلىق. پۇت-قولى باغلىنىپ قالماق. پۇت-قولنى چۈشمەك. * ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى — پۇت-قولۇمنىڭ بوشلۇقى (ماقال).

**پۇت-قولى بوشاشماق** پۈتۈن بەدىنى كۈچسىزلەنمەك، ماغدۇرسىزلانماق: بىردىنلا پۇت-قوللىرىم بوشىشىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

**پۇت-قولى بوشىماق** ئىشنىڭ جىددىي ئالدىراش ۋاقتى تۈگەپ بىكار بولۇپ قالماق: روزاخۇن ئۇنىڭ سوئالىغا بىنائەن: — ھە، ئىش-پىش دەمسىنا، پۇت-قولىمىز بوشاپ، زېرىكىپ تۇرۇۋاتقاندا ساڭا ئىش نەدە تۇرۇپتۇ، — دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

**پۇت-قولدا جان قالماسلىق** ① پۇت ۋە قولدا، پۈتۈن بەدىنىدە كۈچ ۋە مادار قالماسلىق، بوشىشىپ كەتمەك: بۈگۈن ناشتىسىز يۈرۈپ، پۇت-قولۇمدا جان قالماپتۇ. ② بىرەر قورقۇنچتىن ۋەھىمىگە چۈشمەك، قورقماق: نۇرمەت شاھىدەنىڭ بىر ياقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئىچىدە «خۇدايىم بار، ئۇنى كۆرۈپ پۇت-قولۇمدا جان قالمىدى، يەنە مېنى كۆرۈپ قالمىسۇن» دەپ ئۆز-ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى.

**پۇت-قولنى تۈزىمەك** پۇت-قولنىڭ تېلىشىنى، بەدەننىڭ ھاردۇقىنى چىقارماق؛ دەم ئالماق: —كوممۇنا، كوممۇنا بولۇپ بىر كۈنمۇ ئىشتىن ئايرىلىپ قالغىنىمنى ئۇقمايمەن. بۈگۈن بەك ھېرىپ كېتىپتىكەنمەن، بىر ئاخشام پۇت-قولۇمنى تۈزىۋالاي دەپ ئولتۇرۇپ قاپتىكەنمەن، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاۋاتقىنىنى كۆرمەمسەن، — دېدى روزىخان، قوشنىسى ھەلىمخانىغا شياۋدۈيجاڭ سىيىتنىڭ ئۈستىدىن دەرد تۆكۈپ.

**پۇت-قولنى چۈشمەك** بىرەرسىنىڭ ھەرىكىتىنى، پائالىيىتىنى چەكلەپ قويماق، قامال قىلماق، قىمىرلىيالمايدىغان قىلىپ قويماق: گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ، خەلقنىڭ پۇت-قولنى چۈشەپ، ئۇلارنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرالمايدىغان قىلىپ قويدى. * —ئاممىنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەيدىغان بۇنداق ئەمىرسىمەرۇپىنى بەلگىلەپ بېرىش ئىنتايىن خاتا، — دەپ رەھبەرنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ھېمىت ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىراپ.

**پۇت-قولنى يەرگە تەگكۈزمەي** ← **پۇتنى يەرگە تەگكۈزمەي.**

**پۇت-قولى يەرگە تەگمەي** ← **ئايىغى-ئايىغىغا تەگمەي:** بۇ كەپنى خوتۇنىدىن ئاڭلىغان ئىمىللا ئاكا پۇت-قولى يەرگە تەگمەي، ئۇدۇل بۇغدايلىققا يۈگۈردى.

**پۇتلاتماق** «پۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۇتلاش** ① «پۇتلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② ئى. تۇسالغۇ، پۇتلىكاشاڭ: ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا، نامراتتا پۇتلاش تولا (ماقال). * تۇراخۇن ئاكا روزى شۈجىدىن: — سالا ئېتىزلارنى بەرپا قىلىش چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە، تراكتور، كومباينلارنى ئىشلىتىشكە قولايلىق دەپ ئېيتتىڭىز، ئۇنداقتا ئاۋۇ دەرەخلەر تراكتورغا پۇتلاش بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئېگىكى بىلەن ياڭاق دەرىخىنى ئىشارە قىلىپ.

**پۇتلاشتۇرماق** «پۇتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئەمما شۇنىسى ئېنىق: ھەممىنىڭ كۆزى ئاۋۋال ساڭا چۈشىدۇ، قىڭغىر دەسسىسەڭلا پۇتلاشتۇرىدۇ، — دېدى زىۋىرشا، ئۇنىڭغا. * رەقىبنىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمەن. ئۇ باھانە

تىپىپ مېنى پۇتلاشتۇرۇشى، تۈز يولدا تېيىلدۇرۇشمۇ مۇمكىن.

**پۇتلاشتۇرۇلماق** «پۇتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۇتلاشماق** پ ① يول يۈرگەندە، ماڭغاندا پۇت بىرەر نەرسىگە ئۇرۇلۇپ ياكى تاقىشىپ مۇدۇرۇلمەك: ئەپەندىم بازارغا كېتىپ بېرىپ، بىر تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ۋە تاشنى «مېنىڭ لەنەت، ساڭا!» دەپ تىللاپتۇ. * پەرھات بىر قېتىم دالان ئۆيىدىن چاي ئېلىپ كىرگۈچە پۇتلىشىپ كېتىپ قولىدىكى چايمۇ تۆكۈلۈپ كەتتى. ② كۆچمە. بىرەر پېشكەللىك، ئوڭۇشسىزلىق، كېلىشمەسلىكلەرگە دۇچ كەلمەك، يولۇقماق: ئۇ ئادىلىنىڭ بىرەر ئىشتا پۇتلىشىپ كېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ يۈردى، بەزىدە: «بىرەر ئاۋارىگەرچىلىككە يولۇقۇپ، مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ قالسا، ئەڭ ياخشىسى ئۆلۈپ كەتسە» دېگەنلەرنىمۇ ئارزۇ قىلدى. ③ پۇتلىكاشاڭ، توسقۇن بولماق، تاقاشماق: سەن، مېنىڭ ئىشىمغا تولا پۇتلاشما.

**پۇتلانماق** «پۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يەرگە چاپلىشىپ ياتقان بۇغدايلاردىن بىرەر كىشىنىڭ مېڭىشىدىن پۇتلانغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

**پۇتلۇق I** سۈپ. پۇتى بار، پۇت بېكىتىلگەن: تۆت پۇتلۇق شىرە. * 25-فېۋرال كۈنى ئەتىگەنلىكى شىمالىي مېھمانخانا ئالدىدا ئىنچىكە پۇتلۇق، ئويناقلىغان سىبرىق ئاتلارغا مىنگەن ساقچىلار تۇراتتى. * پەگاھىنىڭ جەنۇب تېمىغا يۆلەپ تۆت پۇتلۇق ئاددىي ئۈستەل قويۇلغان، ئۈستەلنىڭ ئۈستىنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ، بىر تەرىپىگە تاۋاق-قاچا، چوكا سالغۇچ، لازىجاڭ قاچىسى، چىنە-چەينەك قاتارلىق نەرسىلەر تىزىلغان، يەنە بىر تەرىپىگە ئىسرىقدان، شامدان قويۇلغانىدى.

**پۇتلۇق II** سۈپ. مىقدارى مەلۇم پۇت ئېغىرلىقىدا بولغان: بىر پۇتلۇق گىر تېشى. * كېۋەر بېدە باغلىسا مىڭ باغنى يېرىم كۈندە باغلاپ بولىدۇ. تاغار كۆتۈرسىچۇ، ئون پۇتلۇق تاغارنى دەم ئالماستىن ھۆكۈمەت سېكتىنىڭ يۇقىرىسىغا كۆتۈرۈپ ئاچىقىدۇ.

**پۇتلىكاشاڭ** ئى [پۇتلا + كاشىلا] توسالغۇ، كاشىلا بولىدىغان نەرسە ۋە ھادىسە: ئاز ساندىكى كادىرلار ئۆز ئالدىغا يەرلىك سىياسەت چىقىرىپ، پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىك سىياسىتىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ.

**پۇتلىكاشاڭ بولماق** توسالغۇ بولماق، دەخلى-تەرۇز كەلتۈرمەك: بۇ خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەشكە ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولماقتا.

**پۇتلىكاشاڭلىق** «پۇتلىكاشاڭ» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: — پۇتلىكاشاڭلىق قىلماي، بىر چەتتىرەك تۇرساڭچۇ ئۇكام، — دېدى ئالدىراپ كېلىۋاتقان قاۋۇل ئاخۇن بوسۇغىدا تۇرۇۋالغان بالىنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىپ.

**پۇتلىماق** پ ① پۇت بىلەن باشقا بىرسىنىڭ پۇتىنى ئىلىپ، يىقىتىشقا ئۇرۇنماق: تۇرسۇن يولدا جىم كېتىۋاتقان ئەخمەتنى قەستەن پۇتلىۋەتتى. ② كۆچمە. باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەك، مەلۇم ئورۇن ۋە ۋەزىپىدىن ئېلىۋېتىشكە ئۇرۇنماق: ئادىل ئىنىسىغا: — سادىقنىڭ نىيىتى يامان ئادەم، ئۇنىڭ بىلەن باردى-كەلدى قىلساڭ، ئاخىرى بىر كۈن سېنى بىر ئىشتا پۇتلايدۇ، — دەپ قاتتىق جېكىلىدى. * ئۇنىڭ چاقچاقتا پۇتلاپ قىلغان ھەربىر جۈملە سۆزى يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلماقتا ئىدى. ئەگەر باشقا چاغ بولىدىغان بولسا، ئۇنى ئاغزى-بۇرنىغىچە تويغۇزۇپ قويغان بولاتتىم.

**پۇتىماق** پ. دەل-دەرەخلەر ۋە بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كېرەكسىز شاخ-شۇمبىلىرىنى كېسىۋەتمەك: ئۇ ئەتىگەنلىكى چايغا كەلگۈچە ھاسا بىلەن پوسۇرلاپ يۈرۈپ سالىنىڭ قارىياغاچ ۋە سۆگەتلىرىدىن ئىككى-ئۈچ سېۋەتلىك شۇڭ پۇتىۋالدى.

**پۇجۇڭ** ئى [خەن] تارس. ۋاڭنىڭ ئاياللىرىنىڭ پەخرىي نامى؛ ۋاڭنىڭ خوتۇنى: پۇجۇڭ

www.uyghurkitap.com

خېنىم. چوڭ پۇجۇڭ ئاغچا. كىچىك پۇجۇڭ ئاغچا. * شامەخسۇت كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندىن بۇيان، پۇجۇڭ ئاغچا ھەر كۈنى بىر-ئىككى قېتىم يوقلاپ كېرەتتى. ئۇ كىرگەن چاغلاردا بۇ ھۇجرىدا ئەركەك جىنسى قالماي، ھەتتا تۇرشا تۇغېيگىمۇ بىلەن ئوردا تېۋىپلىرىمۇ كۆزدىن غايىب بولۇشى كېرەك ئىدى.

**پۇچ** سۈپ. ئىچى بوش، مېغىزى يوق، پۇچەك: پۇچ ياڭاق. * قاسىم ئاكام: — شاڭجاڭ، قورساقنى ئېسىپ قويغىلى بولمايدۇ، باللارنىڭ يىلىكى پۇچ بولۇپ قالمىسۇن دەيمەن، — دېدى.

**پۇچ بولماق** پۇچەك بولۇپ قالماق، پۇچەكلەشمەك: بۇ يىلقى ياڭاقلارنىڭ تولىسى پۇچ بولۇپ كېتىپتۇ. * باللار كىچىكىدە ئوبدان ئوزۇقلانمىسا، يىلىكى پۇچ بولۇپ قالىدۇ.

**پۇچەك** سۈپ ① ئىچى بوش، مېغىز ئالالمىغان، مېغىزى يېگىلەپ كەتكەن؛ مېغىزى تولمىغان: پۇچەك دان. پۇچەك بۇغداي. پۇچەك ئۇرۇق. * ئۇ بەلبېغىغا ئورىۋالغان قوناقتىن ئىككى باشنى ئېلىپ ماڭا كۆرسەتتى، بۇ قوناقلارنىڭ ئىككىلىسى ئاق مەدەك ئۇرۇقىدىن بولسىمۇ، لېكىن بىرى ناھايىتى دانلىق ھەم يوغان ئىدى، يەنە بىرى بولسا پۇچەك ئىدى. ② كۆچمە. ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان، تايىنى يوق، قۇرۇق: سادىقجان جوزىغا موشتلاپ ۋارقىراپ بىر سائەتچە سۆزلىدى، ئاندىن كېيىن تېخىمۇ بىمەنىلىشىپ يەنە دېگىنىنى يەنە دەپ تۈتۈرۈقسىز پۇچەك گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى.

**پۇچەكلەشتۈرمەك** «پۇچەكلەشمەك» پېئىل-لىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» سوتسىيالىزمنى پۇچەكلەشتۈرۈۋەتتى.

**پۇچەكلەشتۈرۈلمەك** «پۇچەكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۇچەكلەشمەك** پ ① مېغىز ئالالماسلىق، پۇچەك ھالەتكە كەلمەك، پۇچەك بولۇپ قالماق: تۆرىخان كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا: — بۇ يىل شالىغا ئۇششۇك تېگىپ، پۇچەكلىشىپ كەتكەنلىكتىن جىق باسالمىدى، — دېدى. ② كۆچمە. مەنىسىز، قۇرۇق، چاكىنا بولۇپ قالماق: ئوقۇتقۇچى تۇرسۇننىڭ ماقالىسىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: — ماقالىڭىزنىڭ ئاخىرى بىرئاز پۇچەكلىشىپ كېتىپتۇ. پاكىتلىرى دەل، مەزمۇنى ئېنىق بولسۇن، سۆزنى تەكرارلاۋەرمەك...

**پۇچەكلىك** «پۇچەك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ياڭاق پۇچەكلىكتىن جىق باسمىدى. * مەن ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە پۇچەكلىك، پەسلىك، بىمەنىلىكلەرنىڭ بار-يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلىشنى ئۈمىد قىلالمايمەن.

**پۇچقاق I** ئى ① ئىشتاننىڭ تىزدىن تۆۋەن تۇرىدىغان قىسمى: ئىشتاننىڭ پۇچقىقى. * ۋالىي پۇچقاقلىرى تۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ يامغۇرنىڭ يېغىشىغا قارىماي بىر خىلدا ئېتىزدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاياجانغا چۆمدى. ② ھايۋانلارنىڭ تىزدىن تۆۋەن قىسمى ۋە ئۇنىڭ تېرىسى: تۈلكە پۇچقىقىدىن تىكىلگەن جۇۋا. ③ چەت، ياقا: بۇلۇڭ-پۇچقاق. ياقا-پۇچقاق.

**پۇچقاقتىن پۈۋلىمەك** بىراۋنى ماختاپ ئۇچۇرماق، يەل بەرمەك: پۇچقىقىدىن پۈۋلىسە ماختاپ بىراۋ، تانىسىز لەگلەك كەبى كەتسە ئۇچۇپ. يۈرگىمىدە تور تۇتۇپ سەن يۈرت ئارا، قانچىلىك كۆپ ماختىسا مەدھىيە ئوقۇپ.

**پۇچقاقىقا پىت چۈشمەك** ← پاچاقىقا پىت چۈشمەك.

**پۇچقاقنى تۈرمەك** بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە كىرىشىش ئۈچۈن تەييار تۇرماق، ھازىر بولماق، ھازىرلانماق.

**پۇچقاق II** ① ئى. ھەر خىل پارچە-پۇرات تېرە پۇرۇچلىرى: پۇچقاق جۇۋا. ② سۈپ. مەللە رەڭ، ئالتاغىل: پۇچقاق مۈشۈك.

**پۇچقاق جۇۋا** ھەر خىل پارچە-پۇرات تېرە پۇرۇچلىرىدىن قۇراشتۇرۇلۇپ تىكىلگەن جۇۋا.

**پۇچقاق مۈشۈك** مەللە رەڭ، ئالتاغىل

مۇشۇك: يۇمشاق بىرنەرسە يۇزۇمنى سىيپىغاندەك مەلۇم بولدى. چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچسام، بىزنىڭ پۇچقاق مۇشۇك! بىر ئۇ ياققا، بىر بۇ ياققا ئۆتۈپ قۇيرۇقى بىلەن يۈزۈمنى يۇمشاققىنا سىپاپ مېنى ئويغاتقانىكەن.

**پۇچقاقلىق** سۈپ. پۇچقىقى بار: ئۇنىڭ كاۋا چېچەكى رەڭگە مايىل رەختتىن تىكىلگەن كەڭ پۇچقاقلىق ئىشتىنى، قىزىل خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئېگىز پاشنىلىق بەتىنكىسى، يېشىغا نامۇناسىپ هالدا قويۇۋالغان بۇرۇتى بولمىسا بەئەينى ئايال كىشىنىڭ ئۆزى ئىدى.

**پۇچقاقلىق ئىشتان** پايپىقى بولمىغان، ئىشتان-چاپىنى بىرگە تىكىلگەن قىشلىق باللار كىيىمى؛ ئىشتان.

**پۇچماق** (توغرىسى: پۇچقاق) → **پۇچقاق.**

**پۇچۇق** ① سۈپ. پارچىلانغان، ئۇچۇپ كەتكەن؛ سۇنغان: پۇچۇق چىنە. * ئۇ، ئاتىسىدىن قالغان ھېلىقى بىر دانە پۇچۇق قازاننىڭ تارىخى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي توختالدى. ② پۈتۈن ئەمەس، يېرىم: پۇچۇق نان. * ئەخمەت ۋە نۇردۇن ئەنە شۇ بىر زاغرىنى پۇچۇقتىن يېدى. ③ پاناق، ماكچايغان، كەمتۈك: بۇرنى پۇچۇق. * دورامچۇقنىڭ ئاغزى پۇچۇق (ماقال).

**پۇچۇقلاشماق** «پۇچۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز ئىككىمىز بىر نان تاپساق پۇچۇقلىشىپ يەپ چوڭ بولغان ئوغۇللاردىن ئىدۇق.

**پۇچۇقلانماق** «پۇچۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: تەخسە پۇچۇقلىنىپ كەتتى.

**پۇچۇقلىماق** پ. پۈتۈن نەرسىنىڭ بىرەر يېرىنى سۇندۇرماق، پۇچۇق هالەتكە كەلتۈرمەك، ئۇشتۇماق: ئۆي ئىگىسى مېهمانلارغا — قېنى، مېهمانلار، چايغا باقايلى، — دېگەچ، لېگەندىكى ناننى پۇچۇقلىدى.

**پۇچۇلدرماق** «پۇچۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۇچۇلدرۇلماق** «پۇچۇلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**پۇچۇلىماق** پ ① بىر پۈتۈن ساق نەرسىنىڭ مەلۇم بىر يېرى سۇنۇپ كەتمەك، پۇچۇقلانماق، پۇچۇق بولماق: چەينەكنىڭ جوغىسى پۇچۇلۇپ كەتتى. * چىنە يۇيۇلغۇچە دىققەتسىزلىكتىن تاشقا تېگىپ پۇچۇلدى. ② قاتتىلىنىپ پۇرلىشىپ، ئەسلىي قىياپىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتمەك: قول يازمىنىڭ چۆرىلىرى پۇچۇلۇپ بەزى يەرلىرىنىڭ خەتلىرى ئۆچۈپ كەتكەندى. ③ كۆچمە. دەرد-ئەلەم، ئازاب دەستىدىن ئەسلى كۆرۈنۈشىنى يوقاتماق، قورۇق چۈشۈپ، سەتلەشمەك (يۈز، چىراي هەققىدە): ئۇنىڭ كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەن، چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ، گۈزەل هۆسنى پۇچۇلغانىدى. * مۇشكۇل ئەمگەكتىن پۇچۇلغان هەر چىراي، نۇر چېچىپتۇ شۇ كۈنى بوپ مىسلى ئاي.

**پۇچىلاتماق** «پۇچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۇچىلاشماق** «پۇچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى:

**پۇچىلانماق** «پۇچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: — ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ، بۇ جىن ئۇرغۇر مەستلەر «سىزگە ئۇنداق كۆيدۈم، بۇنداق پۇچىلاندىمەي، سىز ئۇنداق چىرايلىقمەي» دەپ مېنى جىلە قىلدى، — دېدى ئايشەمخان خىجىل بولۇپ تۇرۇپ. * نومۇستىن يۈرىكى پۇچىلانغان قىز يۈرتىغا — ئانىسىنىڭ قېشىغا كەتتى.

**پۇچىلىماق** پ ① چوغ ياكى قوقاسقا تاشلاپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇ يان-بۇ يان ئۆرۈپ، سۈركەپ، ياكى كۆمۈپ پىشۇرماق: باللار كۆكباش پۇچىلاپ يېدى. * بىشىر، يەردىن ئاقلانغان ئىرغاي دەستىدىن ئىككىنى ئېلىپ چىقتى. هويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا گۈلخان يېقىپ دەستىلەرنى پۇچىلاپ ماتىغۇچ بىلەن ماتىدى. ② كۆچمە.

ئازابلىماق، قىينىماق: رەشك ۋە كۇندەشلىك ئوتلىرى مەنسۇر بەگنىڭ ۋۇجۇدىنى پۇچىلىدى.

**پۇخا** (توغرىسى: پىغان) ←— **پىغان.**

**پۇخادىن چىقماق** (توغرىسى: پىغاندىن چىقماق) ←— **پىغاندىن چىقماق.**

**پۇخان** (توغرىسى: پىغان) ←— **پىغان.**

**پۇختا** سۈپ [پ] ① چىدامىلىق، چىڭ، مۇستەھكەم، پىششىق: پۇختا رەخت. پۇختا توقۇلغان پايپاق. پۇختا قەغەز. * ۋېلىسىپىتلەرنىڭ ئىچىدە «كەپتەر» ماركىلىق ۋېلىسىپىت ئەڭ پۇختا بولۇپ، ئۇنىڭغا 150 كىلوگرام يۈكنى ئارتىپ ماڭسىمۇ ھېچبىر چاتىقى چىقمايدۇ. * ئاساسىي قاتلاملارنىڭ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ سىياسىي خىزمىتىگە پۇختا ئاساس سېلىش لازىم. * ئۆتكەن يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئىگىلىكنى تەڭشەش قائىجىنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش داۋامىدا پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى. ② بىرەر ئىش كەسىپ ۋە ئىلىمدا ياخشى، پىششىق، مۇكەممەل: رەئۇپ ئىسىملىك بۇ خۇش چاقچاق تاتار يىگىتى قازاق خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادەت ۋە تىلىنى پۇختا بىلىدىكەن، گارمون چېلىشقىمۇ ماھىر ئىكەن. * تاھىر رۇس تىلىغا پۇختا ئاساس سالدى. * بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بىلەن موماي ئۆتكەن بولۇپ، بىرلا ئوغۇل پەرزەنتى بار ئىكەن. ئۇلار ئوغلىنىڭ بەختىيار ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇ بالىغا «بەختىيار» دەپ ئات قويغانىكەن. بەختىيارمۇ تىرىشچان، ئۆي ئىشلىرىغا پۇختا بالا بولۇپ چوڭ بولۇپتۇ.

**پۇختىلاتماق** «پۇختىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۇختىلاشماق** «پۇختىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇختىلانماق** «پۇختىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پارتىزانلار تۈزۈشتى پىلانىنىمۇ باشقىچە. پۇختىلاندى بۇ جەڭنىڭ تەييارلىقى تاڭغىچە.

**پۇختىلىق** «پۇختا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىشنى پۇختىلىق بىلەن قىلماق. * يىگىت ئەسكەرلىرىنى پۇختىلىق بىلەن جەڭگە تەييارلاپتۇ. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن يىگىت ئەسكەرلىرى بىلەن دۈشمەن ئۈستىگە ئاتلىنىپتۇ.

**پۇختىلىماق** پ. پۇختا، چىڭ، مۇكەممەل قىلماق؛ مۇستەھكەملىمەك؛ پىششىقلىماق: قاشنى پۇختىلىماق * بوۋاي، بۇ كۈنلەردە ئوبدانراق پۇل يىغىپ تاشۋاينىڭ تويى تەييارلىقىنىمۇ پۇختىلىيالىسام دەپ ئويلايتتى. * ئاندىن كىچىك كۆچەتنى تىكتى ئاستا ئاۋايلاپ. توپا تاشلاپ تۈۋىگە چىڭىتتى ھەم پۇختىلاپ.

**پۇخۇن** ئى. دىئال. قۇرغۇن.

**پۇدەستە** سۈپ. دىئال ① كۆكلى قارا. ② تۇم قارا.

**پۇر I** تەق. قۇشلار ئۇچقان چاغدا قانىتىنىڭ ھاۋادا ھەرىكەتلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇزۇمىگە قونىغان بىر توپ قۇشقاچلار مىلتىقنىڭ «پاڭ» قىلىپ ئېتىلىشى بىلەنلا «پۇر» قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى.

**پۇر II** رەۋ [پ] تولغان، تارقالغان، يېيىلغان، بىركەلگەن ھالەت: ئالەمگە پۇر كەتمەك. ھۇشۇر ئەلەس دۇيگە كېلىشتىن ئىلگىرى ھۆكۈمەتتىن ئورۇنلىشىش سومىسى ئالغانلىقى بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ئاغزىدا پۇر ئىدى.

**پۇر بولماق** ←— **پۇر كەتمەك:** بۇ ماجىرا ئەل ئاغزىدا پۇر بولۇپ، گۇڭشې باشلىقلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغىچە يەتتى، ئاخىرى ھادى باشقا تراكتورغا يۆتكىلىپ، پولات بۇ تراكتورنىڭ مۇستەقىل خوجايىنى بولدى.

**پۇر قىلماق** ئەتراپقا تارقاتماق، يايماق: ئىش ھەمىشە ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمىدى، مەكتەپتە يۈز بەرگەن بىر ئىش ساۋۇتجاننىڭ نامىنى مەكتەپكە پۇر قىلدى.

**پۇر كەتمەك** ئەتراپقا تارقالماق، بىر ئالماق، يېيىلماق، قاپلىماق: بۇ ۋەقە شۇ كۈنىلا پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتتى. * «گۈزەلنى كىنو ئىستودىيەسىگە ئېلىپ كېتىدىكەن» دېگەن خەۋەر پۈتۈن مەكتەپكە پۇر كەتتى.

**پۇراتماق** ① «پۇرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆشنى پۇرىتىپ قويماق. * گۈلسۈمخان ئانا ئۆتكەن پەيشەنبە كۈنى ئۆلۈكلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇراتتى. ② كۆچمە. ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپكە دىمەكچى بولغىنىنى ئەسكەرتمەك، شەپە بەرمەك، دارىتماق: ئەخەت بۇ ھەقتە يېقىن قولۇم — قوشنىلارغا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا گاھ پۇرۇتۇپ، گاھ ئوچۇق - ئاشكارىلا ھال ئېيتاتتى. * ئۇ ئاخىرىدا بۇ ئىشلارغا تۇسالغۇلۇق قىلغۇچى كۈچلەرنىڭ يىمىرىلىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى كەسكىن ئەسكەرتتى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئىشلارنى ئالاھىدە پۇراتتى.

**پۇرىتىشماق** «پۇراتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئابدەمنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى قاراقۇمغا يېتىپ كەلگەندە، ئايۇپ شۇجى قاتارلىقلار قاتتىق ئېچىندى. رەناخان قاتارلىق ئاق كۆڭۈل ئاياللار بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا كۆز يېشى قىلدى. ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ خالىس ياغ پۇرىتىشتى، دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتى.

**پۇراش** «پۇرىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: پۇراش سەزگۈسى. پۇراش نېرۋىسى.

**پۇراش سەزگۈسى** <پىسخول> پۇرايدىغان ماددىلارنىڭ گاز ھالىتىدىكى مولېكۇلىلىرى بۇرۇن پەردىسىگە تەسىر قىلغاندا[1] ھاسىل بولغان سېزىم.

**پۇراش سېزىمى** <فىزىئول> بۇرۇن بوشلۇقى شىللىق پەردىسى سىرتقى ماددىلارنىڭ گاز مولېكۇللىرى بىلەن ئۇچراشقاندا پەيدا بولىدىغان سېزىم.

**پۇراشتۇرماق** «پۇراشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇچ ئىت ئېرىق، چىغلارنى پۇراشتۇرۇپ، تىللىرىنى چىقىرىشىپ ئاتنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭماقتا ئىدى.

**پۇراشماق** «پۇرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ماشىنا ئەتراپىدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ماشىنا ئوت ئالغاندا بېنزىننىڭ كۆيگەن چاغدىكى سېسىق ھىدىنى پۇراشتى، چوڭ چاتاق چىققانلىقىغا ھېچكىمنىڭ گۇمانى قالمىدى. مۇناسىۋەتتى بار ۋەياكى يوق بولۇشىغا قارىماي بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

**پۇراق** ئى ① پۇراش سېزىمى ئارقىلىق سېزىلگەن ھەر خىل ھىد: مەززىلىك پۇراق. سېسىق پۇراق. * قازاندا پورۇقلاپ قايناۋاتقان گۆشنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئىشتىھانى غىدىقلاپ دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ② كۆچمە. خىسلەت؛ ئالامەت، بەلگە، شەپە، قىياپەت: ئۇ كىشىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىن ئەمەلدارلىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. * جامالىدىنىنىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ كەتتى. ئۇ مانا بۇ سۆزلەردىن ھەقىقەتنىڭ پۇرىقىنى سېزىۋالغانىدى. ③ كۆچمە. سۆزدە، ناخشا، مۇزىكا قاتارلىقلاردا ئۆزگىچە بىلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيەت؛ ئۇسلۇب: مەتتۇرسۇنىنىڭ تەلەپپۇزىدىن خوتەن تىلى دىئالېكتىنىڭ پۇرىقى چىقىپلا تۇرىدۇ.

**پۇراقسىز** سۈپ. پۇرىقى بولمىغان، پۇرىقى يوق: چۆللەردە ياشىغان يانتاقنىڭ ئەمما، شېكىرى كېسەلگە بولىدۇ داۋا، پۇراقسىز گۈل بولۇپ باغدا ئۆسكەندىن، چۆلدىكى يانتاقتەك ياشىغان ئەلا.

**پۇراقلىق** سۈپ. پۇراپ تۇرىدىغان، پۇرىقى بار: خۇش پۇراقلىق گۈل. * — ھەئە، ۋاقىت زىچ، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا ئورما ئالالىقاچان باشلىنىپ كەتتى، — دېدى ۋالىي پۇراقلىق چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ تۇرۇپ.

**پۇراقلىق ئاپىلسىن** <بوت> ① سۇزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن تۇخۇمسىمان، گۈلى ئاق كېلىدۇ؛ مېۋىسىنىڭ شۆپىكى قېلىن بولۇپ خۇش بۇي پۇرايدۇ، ئېتى چۇچۇمەل كېلىدۇ، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**پۇراقلىق موم** ← **ئوزوكېرىت**.

**پۇر - پۇر** «پۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى:

www.uyghurkitap.com

بىركۈنى، ئىگەم ھويلىدا ئۆرە تۇرۇپ تاماكىسىنى پۇر - پۇر ئىس چىقىرىپ چېكىۋاتقانىكەن. مەن تېخى بۇ ئادەمزاتنىڭ ئىستېمال قىلىدىغان ئەڭ ئېسىل بىر خىل نېمىسى ئوخشايدۇ دەپ دىققەت-ئېتىبارىم بىلەن قاراپ تۇرۇپتىمەن.

**پۇرجا** ئى. دىيال. پۇرسەت، ۋاقىت.

**پۇرچاق** <ئى بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك، دېنى ماشتىن يوغان، سېرىق پۇرچاقتىن سەل كىچىكرەك، رەڭگى ئاق، سېرىق ۋە قارا بولىدۇ. دېنى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى: دادامغا يوق پۇرچاق ئاتامغا نەدە (ماقال).

**پۇرچاق ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى؛ سامان غوللۇق، ياغاچ غوللۇق بولۇپ، تەخمىنەن ملڭ خىلدىن ئارتۇق ئۆسۈملۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ مېۋىسى چوكا مېۋە؛ دادۇر، خاسىڭ، تۇخۇمەك قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بۇ ئائىلىگە كىرىدۇ.

**پۇرچاق چېرىپاشكىسى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. بەدىنى كەڭ ھەم ياپىلاق بولۇپ، تۇخۇمغا ئوخشايدۇ؛ يېتىلگەنلىرىنىڭ رەڭگى قارا، تىۋىتى قويۇق ئۆسىدۇ؛ قانىتى قاتتىق، ئۈستىدە ئېللىپىس شەكىلدىكى داغلاردىن ھاسىل بولغان تاغىل يوللىرى بولىدۇ؛ پۇتى قىزىلغا مايىل سېرىق كېلىدۇ. ئۇ پۇرچاقنىڭ زىيانداشى ھېسابلىنىدۇ.

**پۇرچىقى پىششىماسلىق ← پىيىزى پىششىماسلىق**: ــ مەنسۇر بىلەن نېمشقا پۇرچىقى پىششىمايدىكىن، تاڭ؟ ــ دەپ سورىدى زۇلال. ــ نېمشقا بولاتتى، مەنسۇر پۇلنى جىقراق تاپايلى دەيدىكەن، ئەكبەر بولسا ئادەملەرنىڭ ئەگرى يەرلىرىنى تۈزەيلى دەيدىكەن، ئېھتىماقا ئاسان بولغان بىلەن بۇ ئىككى ئىش نۇرغۇن ئىشلاردا دوقۇرۇشۇپ قالىدىكەن.

**پۇرچاقلىق** ئى. پۇرچاق تېرىلغان، پۇرچاق ئۆسكەن يەر: بىز يەكشەنبە كۈنى پۈتۈن بىر كۈن پۇرچاقلىقتا بېرىپ ئوت ئوتىدۇق.

**پۇرچاقلار** <بوت>پۇرچاق تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسىلەن:جاڭدۇ، كۆك پۇرچاق، نوقۇت، ماقىلە، دادۇر، سېرىق پۇرچاق، سەي پۇرچىقى قاتارلىقلار.

**پۇرىدە** رەۋ ①«پۇر» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «پۇر» قىلغان ھالدا: ھويلا ئېمىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن بىر قارلىغاچ بېشىمىز ئۈستىدىن پۇرىدە ئۇچۇپ بېرىپ، پېشايۋاندىكى ئۇۋىغا قوندى ۋە بىز تەرەپكە قاراپ قۇيرۇقىنى لىكىلداتقىنىچە ۋىچىرلاشقا باشلىدى. ② كۆچمە. ھەش-پەش دېگۈچە، تېزلا: قوناققا بىرلا سۇ كىرىش بىلەن پۇرىدە كۆتۈرۈلۈپ، غوللىرى جانلىنىپ كەتتى.

**پۇرژىنا** ئى [ر] ھەر خىل ماشىنا ۋە مېخانىزملارغا ئورنىتىلغان، سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى بىلەن يىغىلىپ قىسقىرايدىغان ياكى ئۇزىرايدىغان ھەمدە ئۇزىرىغاندىن كېيىنمۇ ئەسلىي ھالىتىگە قايتالايدىغان بۇرىما شەكىللىك قاتتىق جىسىم. ئۇ ئادەتتە قېتىشما پولاتتىن ياسىلىدۇ: سائەتنىڭ پۇرژىنىسى ئۈزۈلۈپ كەتتى.

**پۇرژىنا پولات** <سانا> پۇرژىنا ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پولاتلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئادەتتە، تەركىبىدىكى كاربوننىڭ مىقدارى 0.50 پىرسەنتتىن 0.85 پىرسەنتكىچە بولىدۇ. ئۇ يۇقىرى ئېلاستىكىلىق چەك، چارچاش چېكى ۋە يېتەرلىك ئېلاستىكىلىققا ئىگە بولىدۇ. دائىم ئىشلىتىدىغان قېتىشما پۇرژىنىلىق پولات تەركىبىدە سىلتىسىي، مانگان، خروم، ۋانادىي، مولىبدېن قاتارلىق ئېلېمېنتلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى خروم، سىلتىسىي، ۋانادىيلارنىڭ ئېلاستىكلىقى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ.

**پۇرژىنلىق** سۇپ. پۇرژىنىسى بار، پۇرژىنا بېكىتىلگەن: پۇرژىنلىق ئورۇندۇق. * ئىچكىرىكى ئۆيدىكى ئىككى كىشىلىك قوش پۇرژىنلىق سىم كارىۋاتنىڭ بېشىدىن ئاشۇرۇپ يېغىلغان ئورۇن-كۆرپىگە بىر يۇڭ ئەدىيال يېپىلغان بولۇپ، ئۈستىدىكى ئىككى جۇپ پەي ياستۇق پۇۋلەپ قويغاندەك تىك تۇراتتى.

**پۇرژىنلىق ئىشىك** <بىن> كېشىكى بىلەن قانىتى ئارىسىغا پۇرژىنا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە ئۆزلۈكىدىن يېپىلىپ قالىدىغان ئىشىك.

**پۇرسەت** ئى [ئە] بىرەر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن ئەڭ قولاي بولغان ۋاقىت، پەيت: پۇرسەت كەلمەك. پۇرسەت كۈتمەك. پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماق * ھازىر ئۇلار دۈشمەننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، ساي تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدىغان ئاساسىي قىسىم ئۈچۈن پۇرسەت ياراتماقتا ئىدى.

**پۇرسەت تاپماق** ← **پۇرسەت چىقماق:** ئەركىن پۇرسەت تاپسىلا كىتاب ئوقۇيتتى. * ئاشىقلار شۇ يوسۇندا دىدار تېپىشتى، نە دىدار-كى، دىدار ئاتلىق گۈلزار تېپىشتى. شۇندىن بۇيان تاپسا پۇرسەت گاھى-گاھى، ئەيلەر بولدى يار بويىنى قارارگاھى.

**پۇرسەت چىقارماق** ئەپلىك پەيت، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرمەك، ياراتماق: مەن پۇرسەت چىقىرىپ ئۇنىڭ يېنىغا بىر بېرىپ كېلەي دەۋاتىمەن.

**پۇرسەت كەلمەك** مۇۋاپىق پەيت، شەرت-شارائىت يېتىپ كەلمەك: ئازادلىقتىن كېيىن ئۆتمۈشتە ساۋاتسىز قالغان نۇرغۇن دېھقانلار ئۈچۈن بىلىم ئېلىش پۇرسىتى كەلدى.

**پۇرسەتنى غەنىمەت بىلمەك** ئەپلىك پۇرسەت ياكى ۋاقىتتىن مۇۋاپىق پايدىلانماق: پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن شەيخ جامائەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ مازارنىڭ بۇزۇلغان، ئۆرۈلگەن يەرلىرىنى رېمونت قىلدى. مەسچىت، چوشكۇنخانىلارنى يېڭى ھالەتكە كەلتۈردى. شۇ قاتاردا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى.

**پۇرسەتنى قولدىن بەرمەك** قولاي، ئەپلىك پۇرسەت ياكى ۋاقىتتىن پايدىلانماي، ئۇنى بىكار كەتكۈزۈۋەتمەك: شۇنداق ئەپلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ ئەتىلىككە «ۋاي ئىست» دېگەن بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ.

**پۇرسەتپەرەس** سۇپ [ئە+پ] بىرەر مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدىغان، پۇرسەت كۈتۈپ يۈرىدىغان، پۇرسەتنىڭ كويىغا چۈشكەن: پۇرسەتپەرەس ئادەم. پۇرسەتپەرەس كىشى. * ھۇشۇر گەپدان، ئىنتايىن پۇرسەتپەرەس بىرنېمە ئىدى. ھىيلە-مىكىردە يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر چىقىرالايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدە ئۇنىڭ جەمەتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى.

**پۇرسەتپەرەسلىك** «پۇرسەتپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇنداق خىزمەت ئۇسلۇبى جالالغا ئوخشاشلارنىڭ پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ ئۆز مەقسىتىنى ھىيلىگەرلىك بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشىدا يېتەرلىك زېمىننى ھازىرلاپ بېرەتتى. * بەزى گۇمانلىق كىشىلەر ئاپتوبۇستىكى ئادەملەرنى قەستەن قىستاپ پۇرسەتپەرەسلىك قىلىدۇ.

**پۇرقەت** ئى (ئە) يېزىت. ① ئۆزىگە ئەزىز ۋە سۆيۈملۈك دەپ ھېسابلانغان كىشى ياكى نەرسىدىن ئايرىلىش؛ جۇدالىق، ھىجران: نىگارىم خاكپايى دەپ كۆزۈمگە تۇتىيا قىلدىم، بويۇم يادەك ئېگىلدى پۇرقىتىڭدىن جان بولۇپ بىمار. * ئاڭلىسام ئايالىم كۈتمەپتۇ مېنى، ئۈستازىم ئابدۇللا كېتىپتۇ دەرتتە. سىلەرنى ئىزدىدىم، ئالالماي ئۈچۈر، قىيپقالدىم ئالەمچە غەمدە، پۇرقەتتە. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**پۇرقەتلىك** سۇپ. ئايرىلغان، جۇدا بولغان: ئەي ۋەتەن غېمىڭدا پۇرقەتلىك بېشىم، گەر ئۆلسەم زاتىمغا ئېتىم ئېلىنماس. سەن ئۈچۈن كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن يېشىم، دۈشمەنگە قارشى گاڭ ئوقتىن قېلىشماس.

**پۇرقۇتماق** «پۇرقۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالا دادىسىنىڭ كۆرسەت-

www.uyghurkitap.com

مىسى بويىچە بىر پادا كالىنى ھەيدەپ مېڭىپتۇ، دەرۋەقە كالىلار بىر يەرگە بارغاندا قاتتىق ھۆركىرىشىپ ئالدى ئىككى پۇتىدا يەرنى تىلغاپ، توپىنى ئاسمانغا پۇرقۇتۇپتۇ. * بۈگۈن شاد تەنتەنە ئىچىدە گۈزەل غۇلجا ناۋا قىلدى. چېچەكلەر پۇرقۇتۇپ ئىپار، چىمەنلەر شوخ جۇلا قىلدى.

**پۇرقۇشماق** «پۇرقۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بەس-بەستە گۈللەرگە سۇ پۇرقۇشۇۋاتاتتى.

**پۇرقۇماق** پ ① سۇ ياكى باشقا نەرسىلەرنى ناسۇس قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن چاچماق: ئۇ بىكار بولسىلا گۈللەرگە سۇ پۇرقۇيتتى. ② ئات، ئېشەكلەر بوغۇز يېگەندە كېلىدا تۇرۇپ قالغان دانىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن بۇرنىدىن ئاۋاز چىقىرىشقا ئىيتىلىدۇ: چىلان تورۇق ئات بوغۇز يەۋېتىپ، پات-پاتلا پۇرقۇپ قوياتتى.

**پۇرقىراتماق** «پۇرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆركەم سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك بىنا ئالدىدا ھەم يوغان ھەم ئېگىز بىر كىشى رېشاتكىدىن ئاتلارغا قارىغان ھالدا پۇرقىرىتىپ تاماكا چەكمەكتە ئىدى.

**پۇرقىراشماق** «پۇرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇرقىرىماق** پ. ئىس-تۈتەك، پار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش گاز ھالىتىدىكى ماددىلار «پۇر-پۇر» قىلىپ كۆتۈرۈلمەك، ئۆرلىمەك: يېڭى سېلىنغان ئۆينىڭ تۈرخۇنىدىن پۇرقىراپ ئىس چىقىشقا باشلىدى. * ئادىل كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ ئۇ نەرسىنىڭ دەستىسىدىن ئىس پۇرقىراپ تۇرغان بىر تال گرانات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ كەتتى.

**پۇرلاش** (توغرىسى: پۈرلەش) ⟵ **پۈرلەش.**

**پۇرلاشماق** (توغرىسى: پۈرلەشمەك) ⟵ **پۈرلەشمەك.**

**پۇرلىماق** (توغرىسى: پۈرلىمەك) ⟵ **پۈرلىمەك**

**پۇرۇپكا** ئى [ر] ① <بوت> ئۆسۈملۈكلەر-نىڭ غولى ۋە يىلتىزى چوڭايغاندىن كېيىن تېنىنىڭ سىرتىدا ھاسىل بولىدىغان قوغدىغۇچى توقۇلما. يېتىلگەن پۇرۇپكا ھۈجەيرىلىرىنىڭ ھۈجەيرە پوستىدا كۆپ مىقداردا پۇرۇپكا ماددىسى بولىدۇ، ھۈجەيرە بوشلۇقىدا دەرەخ يېلىمى، تانىنلىق بىرىكمىلەر بولىدۇ، ياكى ھاۋا توشۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ پارقىراق ۋە يېنىك بولىدۇ، سۇ ئۆتكۈزمەيدۇ، ئېلاستىكلىقى يۇقىرى بولىدۇ؛ توك، ئىسسىقلىق ۋە ئاۋاز قاتارلىقلارنى ياخشى ئۆتكۈزمەيدۇ. سانائەتتە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى ناھايىتى كەڭ. ② بوتۇلكا، شىشە ۋە ئىدىش قاتارلىق نەرسە-لەرنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن پۇرۇپكا دەرىخىدىن ياسالغان قاپقاق، ياپقۇچ.

**پۇرۇپكا دەرىخى** <بوت> بۈك دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن بولۇپ، يۇمىلاق ياكى تۆمۈنە شەكىللىك، يوپۇرمىقىنىڭ دۈمبىسىدە كۈل رەڭ ئاق تۈكى بار؛ ئۇرۇقى يۇملاق كېلىدۇ؛ دەرەخ قوۋزىقىنىڭ پۇرۇپكا قەۋىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. پۇرۇپكىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ ئۇنىڭدىن چايدان، بوتۇلكا ئاغزى قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**پۇرۇپكا قەۋىتى** <بوت> ئۆسۈملۈك قوۋزىقى-نىڭ بىر قىسمى، زىچ بىرىككەن ۋە بوشلۇقىغا ھاۋا تولغان ئۆلۈك ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئۇ ئۆسۈملۈك تېنىنى قوغداش، سۇنىڭ پارلىنىشىنى كونترول قىلىش ۋە سوغۇقتىن ساقلاش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ، كۆپىنچە دەرەخلەرنىڭ غولىدا بولىدۇ.

**پۇرۇپكىلىق ماددا** <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پۇرۇپكا قەۋىتىنى تۈزگۈچى ھۈجەيرىلەرنىڭ تەركىبىدە بولىدىغان بىر خىل ئورگانىك ماددا.

**پۇرۇپكىسىمان** سۈپ. شەكلى پۇرۇپكىغا ئوخشايدىغان، پۇرۇپكىدەك: ماشىنىغا ھەر خىل، لېكىن، ئۆلچەملىك بولتىلار بىلەن ئۈستى، يان ۋە ماي تەگنىسى قاپقاقلىرى بېكىتىلىدۇ. قاپقاقلار بىلەن ماتور گەۋدىسى ئارىسىغا ماي ئۆتكۈزمەيدىغان مەخسۇس پۇرۇپكىسىمان قەغەزلەر قويۇلىدۇ.

**پۇرۇچ** ئى. تېرە، رەخت قاتارلىقلاردىن كىيىم-كېچەك پىچقاندا قالغان ئۇششاق پارچىسى: تېرە پۇرۇچى. لاتا پۇرۇچى. * پۇرۇچ يىغساڭ تون بولۇر (ماقال). * كاسىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا: — ئاتىڭىز ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەنمۇ ئۇزۇندىن تونۇشىمىز. ئۆزەم پۇرۇچ چېچىپ ئولتۇرىدىغان كاسىپ بولسامۇ، كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدىغان بىر خىسلىتىم ئارتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپ كىشىلەر بىلەن تونۇشىمەن، — دېدى.

**پۇرۇلداتماق** «پۇرۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۇرۇلداشماق** «پۇرۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇرۇلدىماق** پ «پۇر-پۇر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: خاماندىكى چەشنىڭ ئۈستىگە قونغان بىر توپ قۇشقاچ مۇشۇكنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ پۇرۇلداپ ئۇچۇپ كەتتى.

**پۇرىتىلماق** «پۇراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياغ پۇرىتىلماق.

**پۇرىماق** پ ① پۇراش سېزىمى ئارقىلىق بىرەر پۇراقلىق نەرسىنىڭ پۇرىقىنى سەزمەك: گۈل پۇرىماق. پۇراپ باقماق. * ئات خۇددى ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى بىلىدىغاندەك، قوي پادىسىنى ئايلىنىپ ئۆتتى-دە، يولنى نەچچە پۇراپ قويغاندىن كېيىن، پوشقۇرغىنىچە يول بويلاپ ئالغا مېڭىپ كەتتى. * گۈللىرىڭنى پۇرىسام ئۇندىن مېھرىڭ بىلىندى. ئۇلۇغ غايەڭ، ئىرادەڭ كۆز ئالدىمدا كۆرۈندى. ② بىرەر نەرسىنىڭ پۇرىقى ھاۋا بىلەن قوشۇلۇپ ئۆز ئەتراپىغا تارىماق؛ دىماغقا ئۇرۇلماق؛ سېزىلمەك: دوختۇردىن دورا پۇرايدۇ. * ئۇ گەپ قىلغاندا ئاغزىدىن تاماكا پۇرايتتى. * قوشنىسى ئۇنىڭدىن: — پاتىگۈل، ئۆيىڭىزدە نېمە پۇرايدۇ-ھە؟ كارىۋاتىنىڭ تېگىدە ماڭا قوغۇننى ساقلاۋېرىپ سېسىتىۋەتكەن ئوخشىمامسىز نېمە؟ — دەپ سورىدى. ③ ئەسلىدىكى تەمى ۋە پۇرىقىدىن ئۆزگىرىپ باشقىچە پۇراق چىقىدىغان بولۇپ قالماق؛ نىقسىماق: قازاندىكى ئاش پۇراپ قاپتۇ. * يازنىڭ كۈنى گۆش ناھايىتى ئاسان پۇرايدۇ.

**پۇرىن** ئى [لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_5H_4N_4$، رەڭسىز كرىستال، ئادەم بەدىنىدە ئوكسىدلىنىپ سۈيدۈك كىسلاتاسىغا ئايلىنىدۇ.

**پۈزا** ئى. ياغاچتىن ئىككى تەرىپى ئىنچىكە (ئۈتقۇچلۇق) ئوتتۇرىسى توم قىلىپ ياسالغان، مانتا، سامسىلارنىڭ جىلتىسىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سايمان.

**پۈزا كالتەك** خۇروم، كۆن قاتارلىق رەختلەرنى پارقىرىتىش ئۈچۈن، رەختنىڭ يۈزىگە سۈركىلىدىغان پۈزا شەكىللىك كالتەك.

**پۈزەك** ئى. دىئال. ياغاچنى رەندىلىگەندە چىقىدىغان نېپىز قاسراق، قىرىندى.

**پۈزۈر** سۈپ. چىرايلىق، سۆلەتلىك، مەدەنىي: پاھ، بۇگۈن ئەلى نېمىدېگەن پۈزۈر ياسىنىۋالغان-ھە، خۇددى شاھزادىلەردەك كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدۇ. * ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى قوللىرىغا ئالتۇن ئۈزۈك، قۇلاقلىرىغا ئالتۇن ھالقىلارنى سېلىپ پۈزۈر يورۇشەتتى.

**پۈزلىماق** پ ① زوۋۇلا قىلىنغان خېمىرنى پۈزا بىلەن ئاچماق: خېمىرنى پۈزلىماق. ② پۈزىنى ئاياغ كىيىمىگە سۈرتۈپ سىلىقلات-

ماق، پارقىراتماق: تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆتتۈكنى پەرتۇق ئۈستىدىن ئىككى يوتىسىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ پاشنىسى تەرەپنى قورسىقىغا تاقاپ تۇرۇپ، پۈزنى ئىككى قوللاپ ئۆتتۈكنىڭ باشلىقىغا كۆچەپ سۈرۈشكە باشلىدى. باشلىقنى ئىچىپ، ئاپقۇتقا ئۆتتى. پۈز سىلاپ بولغاندىن كېيىن چوغ ئۈستىدىكى پومۇلنى ئېلىپ، هارارىتىنى تەكشەپ پەرتۇقتا بىرنەچچىنى سۈرتۈۋەتتى، ئاندىن كېيىن، پاشنا، چەم چۆرىسىگە، باشلىق ۋە ئاپقۇتلارغا پومۇل سۈردى.

**پۇس** تەق. يەل ۋە گاز هالىتىدىكى جىسىملارنىڭ قاچىلانغان نەرسىنىڭ تۆشۈكىدىن مەلۇم بېسىم بىلەن سىرتقا ئېتىلىپ چىققاندا هاسىل بولغان ئاۋاز: هارۋا كامېرىنىڭ يېلى پۇس قىلىپ چىقىپ كەتتى.

**پۇس-پۇس** «پۇس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: گەپنىڭ يامىنى كۇس-كۇس، ئوسۇرۇقنىڭ يامىنى پۇس-پۇس (ماقال). * ئوچاققا تىقىپ قويغان سۆكسۆك ئوتۇن ئاچچىق ئىس چىقىرىپ پۇس-پۇس قىلىپ كۆيسە، جىنچىراغ پىلدىرلاپ يېنىپ تۇراتتى.

**پۇستانى** نامەلۇم ئادەم ياكى نەرسىلەرنى كۆرسىتىدىغان ئېنىقسىز ئالماش: پۇستانى ئادەم. پۇستانى كىشى. پۇستانى نەرسە.

**پۇستانچى** نامەلۇم كىشىنى كۆرسىتىدىغان ئېنىقسىز ئالماش: ئۇ بېسىپ ئولتۇرۇپ بىر سائەت ئىشلىمەيتتى، پالاقلاپ يۈرۈپ كۆرگەنلا ئادەمگە «پالانچى ئانداق، پۇستانچى مۇنداق» دەپ غەيۋەت قىلىپ بېرەتتى.

**پۇسسىدە** رەۋ. «پۇس» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان هالدا، «پۇس» قىلىپ: يولدا كېتىۋاتقان هارۋىنىڭ كامېرىغا نىمىدۇر بىرنەرسە كىرىپ پۇسسىدە يېلى چىقىپ كەتتى. * يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك پۇسسىدە بولۇپ قالغان غۇلام باشقىدىن جانلىنىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، تاۋۇشكا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

**پۇسكايتماق** «پۇسكايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئەيىب سىلىدە ئەمەس ئۇستام! ئەيىب ماۋۇ جۇۋىدا، جۇۋا سىلىنى قوي سۈرىتىدە قىلىپ پۇسكايتىپ كۆرسىتىپ قويمىغان بولسا، بىز هەرگىز تاپالمايتتۇق، — دېدى هېلىقى كەكە ساقال تۆمۈر مەتنىيازغا كايىغان تەلەپپۇزدا.

**پۇسكايتىشماق** «پۇسكايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇسكايتىلماق** «پۇسكايتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**پۇسكايماق** پ. دوگىغايماق، دومبىيىپ كۆرۈنمەك: قارنىڭ ئاستىدا قىسىپچە كۆمۈلۈپ ياتقان جەسەت ئەتىيازدا مانا مەن دەپ پۇسكىيىپ چىققىنىدەك، ئۇنىڭ روهىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى نەرسىلەرمۇ بىرنەچچە ئايلىق جىددىي كۈرەشلەردە ئاشكارىلاندى.

**پۇسكىيىشماق** «پۇسكايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇسمىلاق** سۈپ. ئاق پېشماق (چىراي، تەن قۇرۇلۇشى هەققىدە): ئۇنىڭ ئاق پۇسمىلاق كەلگەن بىرلا قىزى بار. * مەن ئۇلارنىڭ پۇسمىلاق، ئوماق چىرايلىرىغا، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە زوق بىلەن تىكىلدىم.

**پۇسۇر** تەق. بەزى كىشىلەر يول يۈرگەندە ئايىغىدىن چىققان ئاۋاز: پۇسۇر قىلىپ ماڭماق.

**پۇسۇر-پۇسۇر** «پۇسۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: — پۇسۇر-پۇسۇر مېڭىپلا يۈرمەي، ئولتۇرۇپ دەرسىڭنى تەييارلىساڭچۇ، — دېدى ئانىسى ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ.

**پۇسۇرلىماق** پ «پۇسۇر» قىلىپ ماڭماق: هەيدەر جامائەتتىن ئايرىلىپ زىۋەرشانىڭكىگە ماڭدى. زىۋەرشا ئادەتتىكى بويىچە ئورنىدىن سەهەر تۇرۇپ قاراڭغۇ هويلىسىدا پۇسۇرلاپ يۈرگەنىكەن. * ئۇ هازىرمۇ هە دېسىلا قومۇش سېتىپ پۇل تاپىمەن، قاۋانلىقنى ئىچىپ ئاشلىق تېرىيمەن دەپ پۇسۇرلاپ يۈرۈۋاتىدۇ.

**پۇسۇلدىماق** پ «پۇس-پۇس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق.

**پۈش** تەق ① ئادەم ۋە بەزى ھايۋانلارنىڭ ھاسىراپ تىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: پۈش قىلىپ ھاسىرىماق. ② پار ياكى قايناق سۇنىڭ مەلۇم تۆشۈكتىن بېسىم بىلەن ئېتىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: پويىز بېكەتكە يېتىپ كېلىپ توختىشى بىلەن تەڭ، «پۈش» قىلىپ پار قويۇپ بەردى.

**پۈشايمان** ئى [پ] ئۆز قىلمىشى ئۈچۈن روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىش، ئەپسۇسلىنىش، ئۆكۈنۈچ؛ ھەسرەت، نادامەت: كېيىنكى پۈشايمان ئۆزىگە دۈشمەن (ماقال). * باي تۇلۇمدىن چىقىپ، ئەتراپتىكى ياتقان ئادەم سۆڭەكلىرىنى كۆرۈپ، قىلغان ئىشىغا پۈشايمان قىپتۇ.

**پۈشايمان قىلماق** ئەپسۇسلانماق، ئۆكۈنمەك، پۈشايمان يېمەك: پادىشاھ ئەبۇئامىنى ئۆلتۈرگىنىگە كۆپ پۈشايمان قىلغان بولسىمۇ، پۈشايمان ھېچ پايدا بەرمەپتۇ. * بۆرە تۈلكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قىلغان ئىشىغا پۈشايمان قىلىپ بارمىقىنى چىشلەپتۇ.

**پۈشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماسلىق** ئۆز قىلمىشلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈنمەك، ھەسرەت چەكمەك: تولا گەدەنكەشلىك قىلما، كېيىن پۈشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىسەن!

**پۈشايمان يېمەك** ← **پۈشايمان قىلماق:** پاتىگۇل ئۆز سوئالىنىڭ نىجاتنى راستىنلا خىجىل قىلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ شۇ ھامان پۈشايمان يېدى. تاجىگۇل ئۆمرىنى ئەلگە خۇش پۇراق چېچىش ئۈچۈن ئەمەس، تاجىسىنى ئېچىلدۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلغانلىقىغا قاتتىق پۈشايمان يەپتۇ.

**پۈشايمانسىز** سۈپ. پۈشايمان قىلماي، پۈشايمان يېمەي: ئۆمۈرنى پۈشايمانسىز ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ۋىجدانىڭ بولسۇنكى جېنىڭدىن ئەلا. ھەر سۆزۈڭ قىلىچ بولۇپ قىرسۇن دۈشمەننى، ئىرادەڭ ئالدىدا خەس بولسۇن بالا.

**پۈشايمانلىق** سۈپ. پۈشايمان يېگەن، پۈشايمىنى بار: ئۇنىڭ پۈشايمانلىق ياشلىرى كۆزىدىن خۇددى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. * ئابدۇرەھىم ئۆزىنى ھەرقانچە خاتىرجەم تۇتاي دېسىمۇ، لېكىن پۈشايمانلىق ئىشنى ھامان ئېسىدىن چىقىرالمايتتى.

**پۈش-پۈش** «پۈش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: يېڭىلا ئوپېراتسىيىدىن چىققان كېسەل «پۈش - پۈش» تىنىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. * ئىشخانىدا يەل قاچىقان ناسۇستەك «پۈش - پۈش» قىلغان ئاۋازدىن ئۆزگە تىۋىش ئاڭلانمايتتى.

**پۈشت** ئى[پ] ① ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇقى ياكى تۇخۇمىدا بولىدىغان، مەلۇم شارائىتتا راۋاجلىنىپ تۆرەلمىگە ئايلىنىدىغان، ئۆز راۋاجلىنىشىنىڭ باشلانغۇچ باسقۇچىدىكى ھۈجەيرىسى: مەن ئۆز پۈشتۈمدىن تاپقان بالىنىڭ خۇي - پەيلىنى بۈگۈن بىلىۋالدىم. ② ھەرقانداق بىر ئائىلىنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى ئەجدادى ۋە كېيىنكى ئەۋلادى، نەسلى: — خەپ توختاپتۇر! يەتمىش ئىككى پۈشتۈڭنى كۆزۈڭگە كۆرسەتمىسەم! — دېدى ئۇ يىغلامسىرىغاندەك مىشىلداپ. * ھاكىم ھەرقانچە ئەرشىئەلاغا چىقىپ كەتسىمۇ يەنە شۇ بوۋاينىڭ پۈشتىغۇ؟

**پۈشتىدىن بولماق** ئۆز نەسىل - ئۇرۇقىدىن تۆرەلمەك، تۇغۇلماق: مەن ئۆز پۈشتىمدىن بولغان بالىنىڭ خۇي - پەيلىنى بۈگۈن بىلىۋالدىم. يۈزسىز!... دادىسىنىڭ ساقىلىنى ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى كېسىدىغان يۈزسىز!...

**پۈشتىدىن تاماق** ← **پۈشتىدىن بولماق:** ئۆز پۈشتىڭدىن تامغان جان - جىگەر ئوغلۇڭ شۇ دەرىجىگە يەتكەن يەردە باشقىلار قانداق بولۇشى مۇمكىن؟!

**پۈشتاك** ئى. دىئال. ئات توقۇغاندا كۆرپىنىڭ ئۈستىدىن تارتىدىغان تۆشلۈك.

**پۈشتەك I** ئى. مېتال، يالتىراق قاتارلىقلاردىن ياسالغان، پۈۋلەپ چالىدىغان كىچىك سايمان. بۇ كۆپىنچە كىشىلەرنى بىر يەرگە يىغىش؛ گىمناستىكا، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى قاتارلىق پائالىيەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ: پۈشتەك

چالماق. * ساقچىلار ئەترىتى بۇ يەرگە كېلىپ بىر پۇشتەك بىلەن ھەممە ياقتىن ئادەم يىغىشقا باشلىدى.

**پۇشتەك II** رەۋ. ئالدىراش، تىنىمسىز.

**پۇشتەك موللاق ئاتماق** تىنىمسىز ھەرىكەت قىلماق: نېمىشقىمۇ بۇ ئادەمگە رىزقىم قوشۇلۇپ قالغان بولىغىيتتى. مەن خوتۇن كىشى جېنىمدا ئەتىدىن كەچكىچە مۇشۇ ئۆينىڭ غېمى بىلەن پۇشتەك موللاق ئېتىپ يۈرسەمەن، ئۇنىڭ ئەھۋالى شۇ موللام ئېيتقان بايىقى.

**پۇشتىگەردان** ئى [پ] نەققاشلارنىڭ نەقىش ئويۇشتا ئىشلىتىدىغان ئەگرى پىچىقى.

**پۇشتىپاناھ** ئى [پۇشت+ى+پاناھ] ئىشەنچلىك، ھىمايىچى، ھامىي: رەھىم ئەيلىدى ئۇل خۇدايىم، پىرلار بولدى پۇشتىپاناھىم، ھەققە يەتتى چەككەن ئاھىم، يۇسۇپ ئەھمەد شاھنى كۆردۇم.

**پۇشقاق** (توغرىسى: پۇچقاق) ⟵ **پۇچقاق.**

**پۇشقۇرتماق** «پۇشقۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئېشىكىنىڭ بۇرنىنى تاياق بىلەن غىدىقلاپ پۇشقۇرتاتتى.

**پۇشقۇرماق** پ. بۇرنىنى قاقماق، چۈشكۈرمەك (ئات، ئېشەك، قېچىر قاتارلىق ھايۋانلارغا قارىتا): قارا تەرگە چۆمگەن ئات ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئالماس، ئېلىقۇللارنى تونۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ پۇشقۇرۇپ كىشنىدى. * ئۆرۈككە باغلانغان بوغاز ئېشەك ئۇزۇن-ئۇزۇن تاۋۇش بىلەن پۇشقۇرۇپ تۇراتتى.

**پۇشقۇرۇشماق** «پۇشقۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاتلارمۇ ئىگىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك پۇشقۇرۇشۇپ، قۇلاقلىرىنى دىك تۇتۇپ، يورغىلاپ ماڭماقتا ئىدى.

**پۇشماق** پ ⟵ **ئىچى پۇشماق.**

**پۇشمان** (توغرىسى: پۇشايمان) ⟵ **پۇشايمان.**

**پۇشۇرماق** «پۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بولدى، بولدى دۆيجاڭ، ئىچىڭىزنى تولا پۇشۇرماڭ، — دېدى مەتكېرىم خۇشامەت بىلەن ھېجىيىپ تۇرۇپ توختىنىيازغا.

**پۇشۇرۇشماق** «پۇشۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بولدى شۇنچىلىك ئىشقا بۇنچىۋالا ئىچىمىزنى پۇشۇرۇشۇپ ئولتۇرغىچە ناخشا-ساز بىلەن كۆڭلىمىزنى ئاچمايمىزمۇ، — دېدى ئارسلان.

**پۇشۇق** ئى. مەلۇم سەۋەب بىلەن كىشىنىڭ روھىي كەيپىياتىدا ھاسىل بولىدىغان بىر خىل زېرىكىش، تىت-تىتلىق ھالەت: مەندە ئوقۇسا ئىچ پۇشۇقى چىقىرىدىغان كىتاب يوق. * قوشنىمىز ھەلىمىخان ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى «ئازراق ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىراي دەپ كىردىم» دەپ بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپتۇ.

**پۇشۇقماق** پ. ئىچى تىتىلدىماق، جىلە بولماق: ھاشىم ئاكام شېرىن ئۇيقۇسىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكىنىگە پۇشۇقۇپ تۇرغاندا، تۇن يېرىمىدا ئىشىك قاققۇچىنىڭ يۇسۇپ مەگلىك چىقىپ قېلىشى ئۇنىڭ قويقا چاچلىرىنى تىك تۇرغۇزۇۋەتتى.

**پۇشۇلداتماق** «پۇشۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بارە، نېرى! بۇرنۇڭنى پۇشۇلداتماي، غەزىپىم ئۆرلەپ تۇرغاندا، بىكار كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىسەن، — دېدى خالىق ئاچچىقى بىلەن.

**پۇشۇلداشماق** «پۇشۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يۆك-تاقلار ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە قالايمىقان چۇشۇرۇلگەن، يۆك يۆكلەنگەن قوتازلار بولسا ئېغىر پۇشۇلدىشىپ سۇرمانىڭ قېشىدا تىزلىنىپ ياتتى.

**پۇشۇلدىماق** پ. بۇرۇن بىلەن «پۇش-پۇش» ئاۋاز چىقىرىپ تىنماق، ھاسىرىماق: كىچىك ئاخۇن بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوقتەك، يەردىن بېشىنى كۆتۈرمىدى. ئۇ گويا ئۇخلاۋاتقاندەك پۇشۇلدايتتى. * ئۇ خۇددى يىراق يەردىن كەلگەندەك پۇشۇلداپ كەتتى.

**پۇغان** (توغرىسى: پىغان) ⟵ **پىغان.**

**پۇقرا** ئى [ئە] ① بىرەر دۆلەتنىڭ تەۋەلىكىدىكى ۋە شۇ دۆلەتنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن

ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان كىشى: دۆلىتىمىزنىڭ ھەربىر پۇقراسى، دۆلەت قانۇنىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ئاكتىپلىق قوغدىشى، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر بولۇشىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. * بىركۈنى پادىشاھ ئەپەندىمنى چاقىرتىپ: — ئەپەندىم، سىز مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ جايلىرىنى ئايلىنىپ، پۇقرالار ئارىسىدا بولغانسىز، پۇقرالىرىمىزنىڭ ئەڭ خۇشاللىق كۈنى قايسىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ② ئاددىي ئاۋام خەلق: ئوت قويسا ئامبال يوق سوراق، پۇقرا ياقالمايدۇ چىراغ (ماقال). * گالى پالۋاننى كىشىلەر ياخشى كۆرەتتى. پۇقرالارغا ياخشىلىق قىلاتتى. ناھەق ئىشلارنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايتتى.

**پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى** <قا> ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن، پۇقرالار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق.

**پۇقراپەرۋەر** سۈپ [ئە+پ] پۇقرالارنىڭ تەلەپ-ئېھتىياجىنى، ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ھەمدە ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىدىغان؛ پۇقرالارنى ياقلايدىغان، پۇقرا تەرەپدار: ئۇنىڭ شاھ بولغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنى تەبرىكلىگۈچىلەر ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى، بەخت-سائادىتىنى تىلەپ، ئۇنىڭ ئادالەتلىك، پۇقراپەرۋەر شاھ بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىپتۇ. * ئەنە شۇ يۇرتتا غەيۇر ئىسىملىك بىر دانىشمەن بار ئىكەن، ئۇ ھەركۈنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگەندە تۇپتۇزلا: — ئەي شاھىم، بىرئاز پۇقراپەرۋەر بولساق، — دەپلا كەينىگە ياندىكەن.

**پۇقراچە** رەۋ. پۇقرالار پاسونىدا، پۇقرالارغا ئوخشاش، ئاددىي ئاۋام خەلقتەك: كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئۆز ئادىتى بويىچە پۇقراچە كىيىنىپ شەھەر ئەتراپىدىكى بىر مەھەللىگە بېرىپتۇ.

**پۇقراچىلىق** ئى. پۇقرالارغا خاس تۇرمۇش؛ پۇقرالارغا خاس ھال-ئەھۋال؛ پۇقرالار ئىگە بولالىغۇدەك ھوقۇق، ئىمكانىيەت: چۈنكى دەردىنىڭ كۆپلۈكىدىن توشتى كارىز لىقمۇلىق، قانچە چاپسان كەلگىنىڭ بىزلەر ئۈچۈن چوڭ پايدىلىق، بىزدە يوق زەررە كۈنامى قانداق قىلاي پۇقراچىلىق، سىنى بىز سايلاپ ۋەكىل، تەكلىپ ئەۋەتتۇق، كەلسۇنا...

**پۇقرادارچىلىق** ئى. پۇقرالارچە تۇرمۇش كەچۈرۈش، پۇقراچە ياشاش: بۇ خورلۇق بىز پۇقرالارنىڭ جېنىمىزغا پاتتى، سەۋر-تاقىتىمىز تۈگىدى. ئەمدى بىزنىڭ سەۋر قاچىمىز تولدى. ئۇلار ناۋادا بىزنى تىنچ پۇقرادارچىلىق قىلسۇن دېيدىغان بولسا، دەردى-ئەھۋالىمىزغا يېتەر.

**پۇقرالىق** سۈپ. پۇقرالارغا خاس، پۇقرالارغا تېگىشلىك: پۇقرالىق ھوقۇق. پۇقرالىق گۇۋاھنامە. * 1975-يىلى 3-ئايدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەنە قاماقتىكى ھەممە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى پەۋقۇلئاددە كەچۈرۈم قىلىپ قويۇپ بېرىشنى ھەمدە ئۇلارغا پۇقرالىق ھوقۇقى بېرىشنى قارار قىلدى.

**پۇقرالىق ھوقۇقى** <قان> پۇقرالارنىڭ ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقى.

**پۇڭ I** مق [خەن] يەر يۈزى ئۆلچەم بىرلىكى، كۆلىمى تەخمىنەن 66 كۋادرات مېترغا تەڭ بولىدۇ: يېزىلىق ھۆكۈمەت بۇ يىلدىن باشلاپ ھەربىر يېزا ئاھالىسىگە سەككىز پۇڭدىن شەخسىي يەم-خەشەك يېرى قالدۇرۇشنى قارار قىلىپ بېكىتتى.

**پۇڭ II** مق [خەن] ئەڭ كىچىك پارچە پۇل بىرلىكى، بىر پۇڭ ئون لىغا تەڭ بولىدۇ: ئۇ: — بۇ قارىماققا بىرنەچچە پۇڭ ئۈستىدىكى تالاش-تارتىشتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئىككى خىل ئىدىيىنىڭ ئىنكاسى، — دېدى.

**پۇڭلۇق I** سۈپ. كۆلىمى پۇڭغا باراۋەر كېلىدىغان، پۇڭ چوڭلۇقىدا: ئۇنىڭ ئۆي-خىيالى ئەنە شۇ ئۆزىگە بېرىلگەن ئىككى مو ئىككى پۇڭلۇق بوغداي يېرىنى ياخشى سۇغىرىۋېلىش بولۇپ،

چوپچوك قارا كۆزلىرى ئاينىڭ شولىسى چۈشكەن
بۇلاق سۈيىدەك يالتىراپ تۇراتتى.

**پۇكلۇق II** سۈپ. پۇڭ قىممىتىدىكى، پۇكغا
تەڭ: ئىككى پۇكلۇق پۇل. * ئۇ يانچۇقىدىن بىر
دانە بەش پۇكلۇق مېتال پۇلنى ئالدى. * ئۇنىڭ بىر
پۇكلۇق نەرسىسى باشقىلارغا ئۆتۈپ قالسا،
بىرنەچچە كۈن ئۇخلىيالماي قالاتتى.

**پۇل** ئى [پ<گرېك] ① سودا مۇئامىلىلىرىدە
ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشتا ۋاسىتىلىك رول ئوينايـ
دىغان، دۆلەت مالىيىسىگە ئاساسەن دۆلەت
تەرىپىدىن مەلۇم دەرىجىدە مۇقىم ۋە بەلگىـ
لىك ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە قىلىپ تۇراقـ
لاشتۇرۇلغان، مېتال ياكى قەغەزدىن ياسالغان
بەلگە؛ ئاقچا: قەغەز پۇل. * پۇل دېگەن قولنىڭ
كىرى (ماقال). * پۇلۇڭغا ئىشەنگۈچە، ئەقلىڭگە
ئىشەن (ماقال). * پۇل دۈشمەننى دوست قىلار،
دوستنى دۈشمەن قىلار (ماقال). * مەن ئۇلارنىڭ
ئات هارۋىسىنى قەرز ئالمايمەن، پۇل قەرز
ئالىمەن، پۇل. ② كاپىتال، مەبلەغ: قۇرۇلۇشقا
پۇل ئاجراتماق.

**پۇل بولماق** پۇلغا ئالماشتۇرۇلماق،
سېتىلماق: بۇ يىلقى مېۋە-چېۋىلەر ئۆتكەن
يىلدىكىگە قارىغاندا خېلى پۇل بولدى.

**پۇل پاخاللىقى** <س ئىق> بازار مۇئامىلىسىـ
دىكى قەغەز پۇللارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى
مۇئامىلىدە ئەمەلىي كېرەكلىك ئالتۇن پۇل
مىقدارىدىن ئېشىپ كېتىپ، قەغەز پۇلنىڭ
كۇرسى چۈشۈش، مال باھاسى ئۆرلەشتەك
بىر خىل ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشى كۆزدە
تۇتۇلىدۇ.

**پۇل تىقماق** مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
پۇل پارا بەرمەك: ھاشىم ئاكا، قەستەن ئادەم
ئۇرغان دېگەن باھانە بىلەن ساقچىغا تۇتۇپ
كېتىلگەن بىر تۇغقان ئىنىسى ئەركىنىنى قۇتۇلدۇـ
رۇۋېلىش ئۈچۈن ساقچى ئەمەلدارلىرىغىچە پۇل
تىقىپ باقتى.

**پۇل چىقارماق** پۇل قوشماق، پۇل بەرمەك:
بۇ قېتىمقى ئولتۇرۇشقا ھەربىرىمىز بەش كويدىن
پۇل چىقاردۇق. * ئىدارە ئىشچى-خىزمەتچىـ
لىرىنىڭ داۋالىنىشىغا ھۆكۈمەت پۇل چىقىرىدۇ.

**پۇلغا چاقماق** ← **پۇلغا سۇندۇرماق:**
ئۆمەر شاڭيو، زورىخانىغا: — ئەگەر كالىنى سېغىپ
ئىچىشتىن قورقسىڭىز، ئۇنىڭ ئىشلىگەن پۇلىغا
چېقىپ كۆزدە بىرەر كالا بېرىۋېتەرمىز، — دېدى.

**پۇلغا سۇندۇرماق** قىممىتىنى پۇل بىلەن
ھېسابلىماق، پۇلغا ئايلاندۇرماق: ئېمىن ئاكا
ئوغلىنىڭ توييىدا، قوشنىسى خالىقتىن ئالغان
قەرز پۇلنىڭ بەدىلىگە مەلۇم مىقداردا پۇلغا
سۇندۇرۇپ ياغاچ ماتېرىيالى بەردى.

**پۇل قىلماق** ① بىرەر نەرسىنى پۇلغا ساتماق:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ساقى! نەگە كېتىپ
بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ باقى. — سىلەرنىڭ
شەھەرگە كېتىپ بارىمەن، ئۇ ياقتا ياڭاق قىممەت
دەپ ئاڭلىدىم، مۇنۇ يوغان ياڭاقلارنى پۇل قىلىپ
كېلەي، — دەپتۇ ساقى. ② پۇل تاپماق، پۇل
توپلىماق: ھەسەنجان توي قىلىش ئۈچۈن، ھەر
ئايلىق مائاشىدىن ئاز-ئازدىن بانكىغا قويۇپ،
خېلى پۇل قىلىۋالدى.

**پۇل مۇئامىلە** <س ئىق> ئالتۇن، كۈمۈش،
ھەرقايسى دۆلەت پۇللىرى، بانكا بېلەتى، چەك،
قەرەللىك چەك، پاي چېكى، زايوم قاتارلىق
پۇل ۋە قىممەتكە ئىگە بېلەتلەرنى تارقىتىشقا؛
ئېكسپورت، ئىمپورت قىلىشقا؛ پېرېۋوت
قىلىشقا، ئامانەت قويۇشقا، ئالماشتۇرۇشقا،
سېتىۋېلىش-سېتىشقا، شۇنىڭدەك قەرز
كاپىتالنى ئامانەت قويۇشقا، سىرتقا چىقىـ
رىشقا، سىرتتىن كىرگۈزۈشكە ۋە باشقىلارغا
مۇناسىۋەتلىك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر.

**پۇل ئوبوروتى** <س ئىق> تاۋار مۇئامىلىـ
سىدە پۇل ئۈزلۈكسىز تۈردە سېتىۋالغۇچىدىن
ساتقۇچىنىڭ قولىغا سېتىۋېلىش ۋاسىتىسى
سۈپىتىدە ئۆتۈپ تۇرىدىغان ھەرىكەت. پۇل
ئوبوروتى تاۋار مۇئامىلىسىدىن پەيدا
بولىدۇ. تاۋار مۇئامىلىسى پۇل ئوبوروتىنىڭ

ئاساسى بولىدۇ. پۇل ئوبوروتى — تاۋار مۇئامىلىسىنىڭ ئىپادىسى.

**پۇل ئۆرۈمەك** توي - تۆكۈن، بەزمە - مەشرەپلەردە توي ئىگىسى ۋە تاماشىبىنلار سورۇندا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ پۇل تەقدىم قىلماق: ھەسەن بەردىدىن ئۆيگە كىرگەن سازچىلار، ئۇسسۇلچىلارغا پۇلنى ئايىماي چېچىپتۇ، ھېچكىم ھەسەن بەردىدىنچىلىك پۇل ئۆرۈمەپتۇ. * دىلبەرنىڭ ئۇسسۇلى كۆپچىلىككە ياراپ كەتكەنلىكتىن، توي ئىگىسى ئۇنىڭ بېشىدىن ياغلىق ئۆرۈسە ۋە يەنە بەزىلەر پۇل ئۆرۈپ سورۇننىڭ تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن يول ئاچتى.

**پۇل ئېتىقادچىلىقى** <س ئىق> پۇلنى سىرلىقلاشتۇرىدىغان بىر خىل نۇقتىئىنەزەر. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلى ۋە تاۋار ئېتىقادچىلىقىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىدۇر. پۇل ئومۇمىي تەڭ قىممەتلىك بولۇپ، ھەرقانداق تاۋارلارنى سېتىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، كىشىلەردە گويا پۇلنىڭ ئۆزى كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بىر خىل سىرلىق كۈچكە ئىگىدەك خاتا چۈشەنچىنى پەيدا قىلدۇ.

**پۇلا** ئى. بوتسۋانا جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇل بىرلىكى، 1977 - يىلى 4 - ئايدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، بىر پۇلا 1.2075 ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ بولغان.

**پۇلاك** تەق. بىرنەرسىنىڭ مەلۇم بىر تەرەپكە سىلكىنىپ يانتۇلىشىش ھالىتى: پۇلاك - پۇلاك. پۇلاك قىلماق.

**پۇلاك - پۇلاك** «پۇلاك» قىلىپ تەكرارلانغان ھالەت: ئاچال باشقۇرغۇچى ئۇچ بورجەكلىك بايراقچىسىنى ھاۋادا پۇلاك - پۇلاك قىلىپ، پويىزنىڭ مېڭىشىغا بەلگە بەردى.

**پۇلاك - سالاك** قوللىرىنى پۇلاكلاتقان، پۇتلىرىنى قالايمىقان دەسسىگەن ھالەت: ئەسمۇتۇللا زىياپەت زالىدا ھاراقنى كۆپ ئىچىپ ئېغىر مەست بولغاچ، پۇلاك - سالاك قىلىپ ئارانلا ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

**پۇلاكشتىماق** «پۇلاكشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — قارىماققا، تراكتور ئېلىشقا بولىدىغان ئوخشايدۇ، ئادىلجان شوپۇرچى قاۋانلىقنى ئېچىشقا قالتىس قىزىقىدىكەن - دە! — دەپ سونۇر قوللىرىنى پۇلاكشىتىپ سۆزلەپ كەتتى.

**پۇلاكشىشماق** «پۇلاكشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى:

**پۇلاكشىماق** پ ←— **پۇلاكلىماق**: ئېىز يۇگۇرۇپ كېتىۋاتقان ئادالەتنىڭ قاپقارا توم، ئۇزۇن ئىككى چېچى توختىماستىن پۇلاكشىيتتى.

**پۇلاككىدە** رەۋ «پۇلاك» قىلغان ھالدا: پۇلاككىدە چۈشمەك. پۇلاككىدە يىقىلماق. * مەن دادام بىلەن بىر قېتىم ئاقتاشقا ئوتۇنغا چىققاندىم، ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇ چاغدا ھارۋىغا بېسىلغان ئوتۇن بەك ئېگىز بولۇپ كەتكەچكە، ھارۋا ئاقتاش يولىدا كېتىۋېتىپ پۇلاككىدە ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى.

**پۇلاكلاتقۇزماق** «پۇلاكلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۇلاكلاتماق** «پۇلاكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سونۇر غولچىنى كەڭ كېرىپ يوغان مۇشتۇمىنى ھاۋادا پۇلاكلاتتى - دە، كۈچ بىلەن ئۈستەلگە ئۇردى. * ئاپتوبۇس ئاستا قوزغىلىش بىلەن تەڭ، ئۇلار دېرىزىدىن قوللىرىنى چىقىرىپ پاتەمخان بىلەن بەختىيارغا پۇلاكلاتتى.

**پۇلاكلاشماق** «پۇلاكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇلاكلىتىشماق** «پۇلاكلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يىراقتىن كەپىنى ئاڭلىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قوللىرىنى شوخ پۇلاكلىتىشتى. ئابلەت بىلەن ئەزىز بولسا، بارلىق

كۆچ ـ غەيرىتىنى ئىشقا سېلىپ كېمىنى شىددەت بىلەن ئالغا ئېلىپ كەتتى.

**پۇلاڭلىتىلماق** «پۇلاڭلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۇلاڭلىماق** پ. ئىككى تەرەپكە سىلكىنمەك، چايقالماق: باراڭدىكى قاپاقلار شامالدا پۇلاڭلاپ تۇراتتى. * مەن گەپ قىلماقچى بولدۇم، لېكىن ئۇنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىشىپ كېلىۋاتقان زەنجىرسىمان جۈملىلىرىنى ئۈزۈۋېتىشكە كۆڭلۈم قىيمىدى، ئۇ، هە دەپ سۆزلەيتتى، سۆزلىگەندە بىلىكىدىكى سېۋىتىمۇ هە دەپ پۇلاڭلايتتى.

**پۇل ـ بىسات** پۇل ۋە پۇلغا يارايدىغان نەرسە ـ كېرەكلەر: ئادەملەردە مال ـ مۈلۈك ۋە پۇل ـ بىسات، ھېسابلىنار ئىدى كۆچ ۋە ئىناۋەت. هە دېگەندە باشقىلارغا قول سوزماق قىلىغان بولار ئىدى ئۇنى خىجالەت.

**پۇلپەرەس** سۈپ [پ] پۇلغا ئامراق، دائىم پۇلنىڭ غېمىدە بولىدىغان: ئۇ دۇنياغا تويمايدىغان پۇلپەرەس ئادەملەرنىڭ بىرى. * پۇلپەرەس ئادەمدە بولمايدۇ ۋىجدان، ئۇنىڭغا بارچىدىن پۇلدۇر بەك ئۇبدان، پۇلپەرەس نامەرد بىلەن پولۇ يېگەندىن، ياخشىدۇر مەرد بىلەن ئىچسە گەر يوبدان.

**پۇلپەرەسلىك** «پۇلپەرەس» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئادەتتە، پۇلپەرەسلىك كىشىلەرگە ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرگەن ئەمەس.

**پۇل ـ پۇچەك** پۇل ۋە پۇلنىڭ رولىنى ئوينايدىغان نەرسىلەر: ياغاچچى بىركۈنى بالىسىنى ئالدىغا چاقىرىپ: — ئوغلۇم، هۈنەرنى قاچانلا بولمىسۇن ئۆگىنىۋالالايسەن، بىرنەچچە كۈن ئارام ئالغىن، شەھىرىمىزنى سەيلە قىل. پۇل ـ پۇچەك لازىم بولسا، تارتىنماي سورىغىن، — دەپتۇ. * — ياخشى كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ. قورساق قايغۇسىدىن قۇتۇلۇپلا قالماي، پۇل ـ پۇچەككىمۇ، رۇزىغارغىمۇ ئېرىشتۇق، — دېدى مەسۇم ئاكام بىر يۆتىلىپ قويۇپ.

**پۇلتايتىماق** «پۇلتايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ، ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى پۇلتايتىپ، خۇددى ئادەمنى يەۋېتىدىغاندەك قىلىقلارنى قىلاتتى.

**پۇلتايتىشماق** «پۇلتايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇلتايماق** پ. ئىچكى قىسمىدىن توەپپىپ سىرتقا چىقىپ تۇرماق: ئۇنىڭ يۈزىگە بىرنەرسە پۇلتىيىپ چىقىپ قاپتۇ. * ئوسمان ئىشكتىن كىرگەن پېتى سالام ـ سائەتسىزلا، ئۇستەلگە ئېڭىشىپ دىققەت بىلەن ماتېرىيال كۆرۈۋاتقان قىزىل دۇخاۋا بۆكلۈك، چار بۇرۇت ئادەمگە گۆشلۈك قاپاقلىرى ئاستىدىكى توشقانىنىڭكىدەك پۇلتىيىپ تۇرىدىغان سۇرلۇك كۆزلىرى بىلەن چەكچىيىپ قاراپ قويدى.

**پۇلتىكۆز** ئى. دىئال. پۇلتىيىپ چىقىپ تۇرغان كۆز، بادراڭ كۆز.

**پۇلتىيىشچان** سۈپ. ئاسانلا پۇلتىيىپ چىقىدىغان، پۇلتىيىپ چىقىش بىلەن پەرقلىنىدىغان: پۇلتىيىشچان قالقان بەز ئىششىقى.

**پۇلتىيىشماق** «پۇلتايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۇلدار** سۈپ [پ] كۆپ پۇلغا ئىگە بولغان، پۇلى كۆپ: پۇلدار ئادەم. پۇلدار ئائىلە. * ئۇ ، ملك قىلغان بىلەن، پۇلدار كىشىلەردىن زادى نەپ تەگمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

**پۇلدان** ئى [پ] مەخسۇس پۇل سېلىپ يۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەنگەن قاپچۇق، پورتمان: كېنىزەك قىز زەرگەرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭغا : — بېگىمىز سىزنىڭ ئېيتقان پىكرىڭىزگە قوشۇلدى ۋە رازىلىق بەردى، — دەپتۇ. ئاندىن يانچۇقىدىن تىللا سېلىنغان پۇلدانىنى چىقىرىپ: — بېگىمىز سىزگە ئالاھىدە سالام ئېيتقاندىن كېيىن، ماۋۇ پۇلداندىكى تىللانى سىزگە ئەۋەتتى. «ئۇنى بىزگە ئاتاپ ئېلىنغان نەرسىلەرگە سەرپ قىلسۇن!» دېدى، — دەپتۇ.

**پۇلدۇڭ** تەق. بىرەر نەرسە سۇغا چۈشكەندە

ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇ، ئىرىقىقا قاراپ: — توختا، كۆچەپ تۇرۇپ بىرلا سەكرىسەم، بەلكى ئۆتۈپ كېتەرمەن، — دەپ ئويلاپتۇ ۋە خۇرجۇنىنى ئۇ قىرغاقىقا چۆرۈۋېتىپ، بارلىق كۈچىنى يىغىپ بىر سەكرىگەنىكەن «پۇلدۇك» قىلىپ سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغىلا چۈشۈپتۇ.

**پۇلسىرات** ئى [پ+ئە] ① <دىن> دىنىي ئەقىدىلەرگە كۆرە، دوزاخ ئۈستىدىكى ساۋابلىق ئىش قىلغان كىشىلەرلا ئۆتەلەيدىغان كۆۋرۈك: قارىسام، ئۆي ئىگىسىگە: — خەيىر-ساخاۋەت، ئۆشرە-زاكات بەرگەن كىشىگە ئۇ دۇنيادا شاپائەت كۆپ بولىدۇ، قىيامەت كۈنى پۇلسىراتتىن ئۆتىدىغان چاغدا ئۆشرە-زاكات ئۇنى يۆلەيدۇ، — دەپ ئېگىسكى ئېگىسكىگە تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

**پۇلسىراتتىن ئۆتمەك** جان كېتىدىغان، قىيىن، مۇشكۈل، خەتەرلىك ئىشلارنى پۈتتۈرمەك: بوۋاي: — مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى بىلىپ تۇرىمەن، بۇ، پۇلسىراتتىن ئۆتمەكتىنمۇ تەس بولغان بىر ئىش ئوغلۇم، — دېدى.

**پۇلسىز** سۈپ ① پۇلى بولمىغان، پۇلى يوق: پۇلسىز ئادەم. * مەن، بۇ يەردىن قايتقاندا پۇلسىز قالماي دەپ، پۇلۇمنىڭ يېرىمىنى بىر يەرگە يوشۇردۇم. ② پۇل تۆلەنمەيدىغان، ھەقسىز، بىكارغا: پۇلسىز داۋالىماق. پۇلسىز كىنو قويماق. * ھۆكۈمەت بالىلارنى پۇلسىز ئوقۇتتى.

**پۇلسىزلىق** «پۇلسىز» سۆزى «①»نىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**پۇللۇق** سۈپ ① پۇلى بار، پۇلى كۆپ: پۇللۇق ئادەملەردە بەختكە قارىغاندا غەم كۆپ بولىدۇ. * رەقىب غۇلجا شەھىرىدىكى دادىسىدىن مىراس قالغان جايىنى سېتىپ پۇللۇق بولۇۋاپتۇ. ② كۆچمە. باھاسى يۇقىرى، قىممەت باھادىكى، قىممەتلىك: پۇللۇق نەرسە. * ئۆي ئىگىسى گۈلچېھرىنى تاملىرىغا پۇللۇق گىلەملەر ئېسىلغان، سىم كارىۋات ۋە لۆم-لۆم ئورۇندۇقلار قويۇلغان بىر كاتتا ئۆيگە باشلاپ كىردى.

**پۇل - مال** پۇل ۋە مال، مال - دۇنيا: بۇ ئادەم ئاز ۋاقىت ئىچىدە بۇ يەردىن بىرمۇنچە پۇل-مال تېپىپ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنىكەن.

**پۇل-مۇل** پۇل ۋە پۇل تېپىشقا كېرەكلىك نەرسىلەر: مەريەمخان ئاچا زورىخاننىڭ ئۇرۇلۇپ چىققان دوختۇرغا كۆرۈنگىلى چىققىمەن دېگىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا: — دوختۇرغا كۆرۈنگىلى يېتەرلىك پۇل-مۇلۇڭ بارمۇ، بولمىسا، مەن بېرىپ تۇراي، — دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

**پۇلۇق** ئى. دىئال كىچىك سېۋەت، قوشۇقلۇق.

**پۇمىي** ئى ← **پۇمىيلار**.

**پۇمىي تىلى** <تىل> خەنزۇ-تىبەت تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تىبەت-بىرما تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدىغان، مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لەنپىڭ، نىڭلاڭ، ۋېيشى قاتارلىق ناھىيىلىرىدىكى پۇمىيلار ئارىسىدا قوللىنىلىدىغان تىل.

**پۇمىيچە** ① سۈپ. پۇمىي خەلقى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ پۇمىي خەلقىگە خاس بولغان: پۇمىيچە كىيىم. پۇمىيچە ئۇسسۇل. پۇمىيچە ياسانماق. ② ئى. پۇمىي تىلى: لىخۇڭ كىچىكىدىن پۇمىيلار ئارىسىدا چوڭ بولغاچقا، پۇمىيچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ.

**پۇمىيلار** ئى <ئىرق> ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لەنپىڭ، نىڭلاڭ، ۋېيشى قاتارلىق ناھىيىلىرىگە جايلاشقان.

**پۇنۇس** ئى <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى جۈپ سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق؛ گۈلى سېرىق چوكا مېۋىسى ئۇزۇن بولۇپ مۈڭگۈزگە ئوخشايدۇ، تۆت قىرلىق كېلىدۇ؛ يۇمران مايسىسى ۋە يۇمران مېۋىسىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ؛

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇقنى چاي ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛ پىشقان ئورۇقى دورا قىلىنىدۇ؛ ئۆتىنى تازىلاش، ئىسسىق يەلنى ھەيدەش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، ئۈچەينى سىلىقلاش رولىغا ئىگە.

**پۆيپۇلىماق** پ. دىئال ① ئاياغ ئاستى قىلماق، دەسسىمەك، بوزەك قىلماق، ② باھانە قىلماق، ئاغى قىلماق.

**پۆپەك** (توغرىسى: پۆپۈك) ← **پۆپۈك**.

**پۆپۈچەك** ئى. نەرسىلەرنىڭ پۆپۈككە ئوخشايدىغان قىسمى، پۆپۈكى: قوناقنىڭ پۆپۈ-چىكى. * رازىيە ھەر كۈنى تاڭ سەھەر تۇرۇپ ئاتلىرىغا يەم بېرىدۇ، ئۇلارنى سىلاپ-سىپاپ خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك «ئېسىل جانىۋارلىرىم» دەپ پۆپۈچەكلىرىنى تاراپ كەتسە ئادەم ئىختىيارسىز كۈلۈۋېتىدۇ.

**پۆپۈچەك تورغاي** <زوئول> تورغاينىڭ بىر خىلى، چوققىسىدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پۆپۈچىكى بار، ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە تېز-تېز قانات قېقىپ، بىر جايدا مەلۇم ۋاقىت تۇرالايدۇ. بەزى جايلاردا «سوپى تورغاي»مۇ دېيىلىدۇ.

**پۆپۈچەكلىك** سۈپ. پۆپۈچىكى بار: ئىككى كەپتەر يورغىلاپ كېلىپ بوسۇغىدا خۇددى ئانىسىغا سالام بەرگەندەك پۆپۈچەكلىك قىسقا تۇمشۇقلىرىنى كۆپۈپ تۇرغان پوكانلىرىغا سۈركە-شىپ، قاناتلىرىنى يېنىككىدە سىلكىشتى.

**پۆپۈك** ئى ① نەرسىلەرنى بېزەش ئۈچۈن قادىلىدىغان بىر باغلام يىپ ياكى تالا-تالا قىلىپ كېسىلگەن قەغەز ۋە رەخت ياكى رەڭدار قۇش پېيى: دوپپىنىڭ پۆپۈكى. * زەي-تۇن تاۋار دوپپاڭنىڭ پۆپۈكلىرى گۈل ئىكەن، ساڭا كۆيگەن يىگىتلەر ئىندىگەن قۇرغۇي ئىكەن. ② بىرەر نەرسىنىڭ بىر ئۇچىغا ياكى چۆرىسىگە تۇتۇلغان ياكى ئۆزىدىن ئىشلەنگەن تالالار: قامچىنىڭ پۆپۈكى. نەيزى-نىڭ پۆپۈكى. لەۋھەنىڭ پۆپۈكى. ③ قۇشلارنىڭ بېشىدىكى پۆپۈك شەكلىدە بىرئاز ئېگىز ئۆسكەن تۈكلىرى: دەمدەرنىڭ پۆپۈكى. توخۇنىڭ پۆپۈكى. ④ بەزى زىرائەتلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماق چىقىرىش توختىغاندىن كېيىن ئۆسۈپ چىقىدىغان پۆپۈككە ئوخشاش قىسمى: قوناقلار تەكشى پۆپۈك چىقارغان بولۇپ، يازنىڭ كەچكى سالقىن شامىلىدا يېنىك تەۋرىنىپ تۇراتتى.

**پۆپۈكى سۇغا چىلاشماق** ← **تەلپىكى سۇغا چىلاشماق**.

**پۆپۈكلىمەك** پ. قوناق، قومۇش قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر پۆپۈك چىقارماق

**پۆپۈكلۈك** سۈپ. پۆپۈكى بار، پۆپۈك ئورنىتىلغان: پۆپۈكلۈك مېكىيان. پۆپۈكلۈك قامچا. * يول ئەتراپىدىكى چوڭ-كىچىك قۇم دۆڭلىرى ئۈستىدە كۆكلىگەن پۆپۈكلۈك قومۇشلار ۋە يانتاقلار ھەر خىل رەڭدە كىشىگە سۆرلۈك كۆرۈنەتتى. * تۇراخۇن پۆپۈكلۈك قامچىسىنى ئويىنىتىپ، قامچىنىڭ دەستىسى بىلەن كالىنى نوقۇدى. * موللام مەھەللىدىن چىقىپ شەھەرگە ئاپىرىدىغان چوڭ يولغا بۇرۇلۇشى بىلەنلا يول چېتىدىكى قېرى قارىياغاچ كەينىدىن پۆپۈكلۈك نەيزە تۇتقان ئىككى كىشى چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

**پۆرە** ئى. خېمىرنىڭ ئىچىگە كۆكتات، گۆش، تۇخۇم قاتارلىقلاردىن قىلىنغان قىيمىنى سېلىپ، قازان ياكى تاۋىدا پىشۇرۇ-لىدىغان سامسا تۈردىكى بىر خىل تاماق: جۇسەي پۆردىسى.

**پۆشۈلۈ** سۈپ. دىئال. گاچا، دۆت ھاڭۋاقتى، پاڭقۇش.

**پۇ** (توغرىسى: پۇۋ) ← **پۇۋ**.

**پۇتەي** سۈپ. تېشىلمىگەن ياكى تولۇق تېشىلمىگەن: پۇتەي تۆمۈر. پۇتەي نوكەش.

**پۇتەيلىك** «پۇتەي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**پۈتكۈزمەك I** «پۈتمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاتار ئولتۇرۇشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرقىدىن بارلىق تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ، جەڭگە ئاتلىنىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ قىياپىتى چىقىپ تۇراتتى. * بۇ سۆھبەت بولۇپ ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا، سۇلايمان ئۆزىنىڭ ماقالىسىنى يېزىپ پۈتكۈزدى.

**پۈتكۈزمەك II** «پۈتمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ناھايىتى خۇشال بولغان پادىشاھ لەشكىرى مىرزىنى ئالدىغا چاقىرتىپ تىلخەت پۈتكۈزۈپتۇ. * تولۇن ئايغا تىل تەگمىسۇن پۈتكۈزدۈم تومار. سۇدىن قالغان لەھەڭ تاشتەك كۆزلىرى خۇمار.

**پۈتكۈزمەك III** «پۈتمەك III» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دوختۇر گۈلمىرىنىڭ كېسىلىگە ئەھمىيەت بېرىپ، بارلىق ئۇسۇللار بىلەن يارىسىنىڭ ئاغزىنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈزۈۋەتتى. * ئۇنىڭ بەرگەن دورىسى بۇرنۇمنى پۈتكۈزۈپ قويدى.

**پۈتكۈزۈشمەك I** «پۈتكۈزمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: * قەدىرلەشتى مىنۇت ـ سېكۇنتنى، ئازايتىشچۇن ئۇلار زىيانىنى. غەلىبە قىلىپ بۇ نازۇك ئىشتا، پۈتكۈزۈشتى يېڭى داستانىنى.

**پۈتكۈزۈشمەك II** «پۈتكۈزمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۈتكۈزۈشمەك III** «پۈتكۈزمەك III» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۈتكۈزۈلمەك I** «پۈتكۈزمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ بىنا ناھايىتى تەستە پۈتكۈزۈلدى.

**پۈتكۈزۈلمەك II** «پۈتكۈزمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۈتكۈزۈلمەك III** «پۈتكۈزمەك III» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۈتكۈل** سۈپ. بارلىق، پۈتۈن: ئەكبەر تۈپراقشۇناسلىق ۋە ئۆسۈملۈك تەتقىقاتى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىقى ۋە پۈتكۈل ئۆمرىنى ئاتاپ قويىدى. * ئۇنىڭ خېتى: — قەدىردان دوستۇم ئابدۇرىشىتقا ۋە سەن ئارقىلىق پۈتكۈل ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەر، ۋەتەنداشلىرىمغا! — دەپ باشلانغانىدى.

**پۈتمەس** سۈپ ① «پۈتمەك» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى. ② تۈگىمەيدىغان، چېكى يوق، چەكسىز: ھارۋىنىڭ جابدۇقى پۈتمەس، خوتۇن كىشىنىڭ كىيىمى پۈتمەس (ماقال). * ۋەتەن ـ ئانا، شانىمسەن، پۈتمەس بەخت كانىمسەن. ئادا بولماس تەرىپىڭ، ناخشامدا بايان ئەتسەم.

**پۈتمەس ـ تۈگىمەس** پۈتمەيدىغان ھەم تۈگىمەيدىغان، چەكسىز، ھېسابسىز: لۇتپۇللا مۇتەللىپ، لېرمونتوۋ ۋە باشقا شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنىۋى ئوزۇق ئالدى. * مەن پۈتمەس ـ تۈگىمەس خۇشاللىق ئىچىدە مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرىگە باقتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىشەنچ ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت چاقنايتتى.

**پۈتمەك I** پ ① ئاخىرىغا يەتمەك، تاماملانماق، تۈگىمەك، ئاياغلاشماق: تەييارلىق پۈتمەك. * پولۇڭنىڭ كەتكىنىگە، ئىشىڭنىڭ پۈتكىنىگە قارا (ماقال). * تارىم سۈيى پۈتمەيدۇ كېچە ـ كۈندۈز ئاققانىغا، تۈگىمەيدۇ شەنىڭىز قوشاقلارغا قاتقانىغا. ② تەييار بولماق: كىيىم پۈتمەك. قۇرۇلۇش پۈتمەك. * ئۇستام كىيىمىم قاچان پۈتىدۇ؟ ئىلاجى بار ھېيتقىچە تىكىپ بەرسىلە. * كۆپچىلىكنىڭ جان پىدالىق بىلەن ئىشلىشى ئارقىلىق قۇرۇلۇش مۆلچەرلىگەن ۋاقىت ئىچىدە پۈتتى.

**پۈتمەك II** يازماق: ئامان شاھ ئۆز شەھىرىگە قايتقاندىن كېيىن، دەرھال بىر پۈتۈك پۈتۈپ ئەلچىلەرگە تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىپتۇ. پۈتۈكتە: — ياخشىلىقچە، قىزىنى ماڭا بەرسۇن، بولمىسا لەشكەر تارتىپ بېرىپ شەھىرىنى تۈزلەپ، ئۆزلىرىنى باغلاپ كېلىمەن، — دېيىلگەنىكەن.

**پۈتمەك III** پ ① ئىچىدىكى بوشلۇق تىنىپ كەتمەك، تۆشۈكى ئېتىلىپ قالماق؛

پۈتەي هالەتكە كەلمەك: يىگىنىنىڭ تۆشۈكى پۈتۈپ قاپتۇ. ② بوغۇلماق، گاراڭ بولۇپ قالماق: ئۇنىڭ قۇلىقى پۈتۈپ قاپتۇ. * ناخشىچى قىزنىڭ ئاۋازى بىرئاز پۈتۈپ قالدى. * توي كۈنى ئانارخان تولا يىغلاپ، كۆزلىرى ئىششىپ، ئاۋازلىرى پۈتۈپ كەتتى.

**پۈتمەك IV** پ. ئىشەنمەك: باشقىلارنىڭ سۆزىگە پۈتمەك. * دۈشمەنىدۇر هىيلىگەر، كۈلگەنىگە پۈتمە، هەسەل دەپ زەهەرنى، گۈل دەپ تىكەننى، دۈمبە دەپ ئۆپكىنى بەرگەنىگە پۈتمە.

**پۈتمىش** ئى. پىشانىگە پۈتۈلگەن كۆرگۈلۈك، تەقدىر: قارىغىنا گۈل، مىنىڭمۇ بۇ دۇنىيا بىلەن خوشلىشىدىغان ۋاقتىم ئاز قالدى. مۇشۇ گۈزەل زېمىندىن، قۇشلارنىڭ شوخ سايراشلىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ كىشىنىڭ، لېكىن نېمە چارە بار، پۈتمىشىگە تەن بېرىش كېرەك ـ تە!

**پۈتۈشتۈرمەك** «پۈتۈشمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۈتۈشمەك I** كېلىشمەك، توختاملاشماق، قارارلاشماق: ئۇلارنىڭ بىرى ئەمگەك كۈچى، دېهقانچىلىق سايمانلىرى چىقىرىپ، يەنە بىرى يەر ۋە ئۇرۇق چىقىرىپ شېرىك دېهقانچىلىق قىلىشقا پۈتۈشتى. * ئەزىز ئاق كۆڭۈل، ئەخلاقلىق قىز رەهىمە بىلەن دېكابىر ئايلىرىدا توي قىلىشقا پۈتۈشكەنىدى.

**پۈتۈشمەك II** «پۈتمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: گۈلسۈمخان ساناق مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ، گىدىيىپ تۇرغان تەيجىنى كۆردى ـ دە، ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ غەزەپلەنگەن هالدا: — تەيجىبەگ خوجام مېنىڭ ئوغلۇمنى ئۆمۈر بويى قۇل قىلىشقا خەت پۈتۈشۈپلا، بۇ نېمە ۋەجىدىن؟ — دەپ سورىدى. * ئولتۇراتتى باللار، بۇندا كىتاب ئوقۇشۇپ، تەسراتنى بەس ـ بەستە، دەپتىرىگە پۈتۈشۈپ.

**پۈتۈشمەك III** «پۈتمەك III» پېئىلى «②» نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەرھۇمنىڭ بالىلىرى تولا يىغلىشىپ، ئاۋازلىرى پۈتۈشۈپ كەتتى.

**پۈتۈشمەك IV** «پۈتمەك IV» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: هەرقايسىلىرى مېنىڭ گېپىمگە پۈتۈشمەيۋاتاملا نېمە؟

**پۈتۈك I** ئى. يېزىلغان، ئويۇلغان ياكى بېسىلغان يېزىق؛ خەت، مەكتۇپ، كىتاب: مەن كۆرگەن تىبابەت پۈتۈكلىرىدە «ماش تالقىنى يۈرەكنى ئاسرايدۇ، ئاغرىقنىڭ زەهىرىنى يۈرەككە ئۆتكۈزمەيدۇ» دېيىلگەن. * هىيلىگەر موماي ئۆيىگە بېرىپ، ئوقۇغىلى بولمايدىغان بىر پارچە پۈتۈكنى كۆتۈرۈپ پادىشاهغا كەلتۈرۈپتۇ: — مانا بالام، بۇ دۇئاغا تەزىم قىلغىن. بۇ سۇلايمان ئەلەيسالامنىڭ يادىكارلىرى، — دەپتۇ.

**پۈتۈك II** سۈپ ① بوشلۇق تىنىپ قالغان؛ تۆشۈكى ئېتىلىپ قالغان، پۈتەي: بۇ يىگىنىنىڭ كۆزى پۈتۈك ئىكەن. * زەيتۇنەمنىڭ بۇرنى پۈتۈكمۇ ياكى ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند بولۇپ كېتىپ، بۇ سېسىقچىلىقنى سەزمىدىمۇ، سۇدىكى قۇياشنىڭ ئەكسىگە تىكىلگىنىچە، تاتلىق كۈلۈمسىرىدى. ② بوغۇلغان، ياڭراق چىقمايدىغان بولۇپ قالغان: ئۈنى پۈتۈك.

**پۈتۈكچى** ئى. يېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، كاتىپ: پۈتۈكچى بولسا مەكتۇپ يېزىۋاتىدۇ؛ بەهرام بىلەن مەردان شاهنىڭ ئۇدۇلىدا قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. پۈتۈكچى مەكتۇپنى پۈتۈپ بولۇپ مۆهۈر بېسىپ شاهقا سۇنىدۇ. * ماركوپولو: — جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخ پۈتۈكچىلىرى تارىخنى بامبۇك تۇرۇبىسى ئۈستىگە خاتىرىلەيتتى دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى.

**پۈتۈكچىلىك** ئى «پۈتۈكچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى.

**پۈتۈكلۈك** سۈپ. پۈتۈلگەن، پۈتۈلگەن پېتى: خانىش كۈلۈپ كېتىپ، ئېرىنىڭ ئەمرى پۈتۈلگەن قەغەزنى قولىغا ئاپتۇ: — مانا بۇنىڭغا پۈتۈكلۈك تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ خانىش، — شاهزادەم بىرنىچىدىن، يىغلاشتىن بۇرۇن سىلىدىن ئىجازەت ئالمىدى، ئىككىنچىدىن يىغلاۋېرىپ ئەمرلىرىنى كۆزگە ئىلمىدى.

**پۈتۈلمەك** «پۈتمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل

دەرىجىسى: باقى قويچى كەم چىققان قويلارنى تۆلەشكە ھېچ ئامالى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭ ھېسابىغا باتۇر قازىغا ئۆمۈر بويى ئىشلەپ تۆلەيدۇ، دەپ خەت پۈتۈلدى. خەت پۈتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن تۆمۈر ساناق ئېلىۋاتقان تەيجى كۆمۈش تامغىسىنى باستى.

**پۈتۈم** ئى. توختام، كېلىشىم، قارار: ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىلىپ، پۈتۈم يېزىپ، پادىشاھنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپتۇ.

**پۈتۈم تۈزمەك** كېلىشىم ئىمزالىماق، توختام قىلماق.

**پۈتۈن** سۈپ ① سۇنمىغان، كەم يېرى يوق، پارچە ياكى يېرىم ئەمەس: پۈتۈن نان. * بوغۇزنى پۈتۈن يېسە، ئايغىدىن تۇتۇن چىقار (ماقال). * تۈگمەنىنىڭ نورىدىن پۈتۈن چىقىپتۇ (ماقال). * مەخسۇت يېڭى چېقىۋېتىلگەن ئەسكى تامىلىق ئىچىدىن بەش يۈزدەك پۈتۈن كېسەك تاللاپ چىقتى. ② **بارلىق، بارچە، ھەممە:** پۈتۈن دۇنيا. پۈتۈن كادىرلار. * بۇ ئىشتىن دەرغەزەپكە كەلگەن ئەسكەر باشلىقى پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى سەپكە تارتتى. * ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قارتىغا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئابلىزغا قاراپمۇ قويۇشمىدى. * ئۇ، ئۆزىنىڭ بىر ناخشىسى ئارقىلىق قەلب سىرىنى پۈتۈن يۇرتقا جاكارلىدى. ③ **تولۇق، مۇكەممەل:** ئۇلار يىل بويى ئىشلىسىمۇ قورسىقى تويمايتتى، كىيىمى پۈتۈن بولمايتتى. * دادام زۇمرەتخان ئاچىغا: — بالىنىڭ ئوقۇشى ئوبدان بولسا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغىنى ياخشى، پۈتۈن ئادەم بولىدۇ، — دېدى سۆز قىستۇرۇپ. ④ كۆچمە. **خاتىرجەم؛ توق (كۆڭۈل ھەققىدە):** مانا ھەببۇل ئەل غېمىدە ئەسكەر بولدى، يۇرت كۆردى، كۆزى ئېچىلدى، چېنىقتى، ئەمدى ئۇنى ھەرقانداق ئىشقا قويمايلى كۆڭلىمىز پۈتۈن تۇرىدۇ. ⑤ <مات> **كەسىر سانى بولمىغان، كەسىرگە ئايلانمىغان:** پۈتۈن سان. ⑥ **چوڭ، پارچە ئەمەس (پۇل ھەققىدە):** بانكىدىن مىڭ يۈەن پۇل ئالسام ساپ يۈز يۈەنلىك، ئون يۈەنلىك پۈتۈن پۇل بەردى.

**پۈتۈن ئەمگەك كۈچى** <س ئىق> يېزا ئىگىلىكىدە بىر ئەمگەك كۈنىدە ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئەمگەكنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان، جىسمانىي جەھەتتىن يارامىلىق ئەمگەك كۈچى: ئۈچىنچى شياۋدۈيدىكى ئەمگەكچى 99 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈن ئەمگەك كۈچى 64 نەپەر، يېرىم ئەمگەك كۈچى 28 نەپەر، قالغىنى قوشۇمچە ئەمگەك كۈچى ئىدى.

**پۈتۈن بۆلۈنۈش** <مات> A سانى B سانىغا بۆلۈنگەندە كېلىپ چىققان نەتىجە پۈتۈن سان بولغان بۆلۈنۈش.

**پۈتۈن سان** <مات> ① ئاددىي كەسىر ياكى ئونلۇق كەسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان سانلار يەنى نۆل، پىلۇس ياكى مىنۇس بەلگىلىرى بىلەن كەلگەن تەبىئىي سانلار. ② پارچە قىسمى بولمىغان سانلار، مەسىلەن: 10، 200، 3000، 40 مىڭ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**پۈتۈن سان قانۇنى** <كېئول> كرىستاللاردىكى، كرىستال قىرلىرىغا پاراللېل بولغان ئۈچ تۈز سىزىقنى كوردىنات ئوقلىرى قىلىپ بەلگىلىسەك، ئۇ چاغدا كرىستالنىڭ خالىغان ئىككى يۈزىنىڭ شۇ ئۈچ كوردىنات ئوقىدىن كېسىلگەن ئارىلىقلىرى (يەنى $\overline{OA_1}$، $\overline{OB_1}$، $\overline{OC_1}$ ۋە $\overline{OA_2}$، $\overline{OB_2}$، $\overline{CO_2}$ نىڭ) نىسبىي قىممەتلىرىنىڭ نىسبىتى چوقۇم بىر ئاددىي پۈتۈن سانلار نىسبىتى بولىدۇ. يەنى

$$\frac{\overline{OA_1}}{\overline{OA_2}}:\frac{\overline{OB_1}}{\overline{OB_2}}:\frac{\overline{OC_1}}{\overline{OC_2}}=q:q:r$$

. بۇ قانۇن پۈتۈن سان قانۇنى دېيىلىدۇ.

**پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈم** <مائار> بىر خىل مائارىپ تۈزۈمى. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلار يېرىم كۈن ئوقۇپ، يېرىم كۈن ئىشلىمەي، پۈتۈن كۈنىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئاساسەن دەرس ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**پۈتۈن ـ سۈرۈك** پۈتۈن، راۋۇرۇس: پۈتۈن ـ سۈرۈك بىر قوينىڭ گۆشى. پۈتۈن ـ سۈرۈك بىر ئات. * ئەلى شاھزادە ئۈركۈتۈۋەتكەن ئاتلارنى تاپىمەن دەپ، يىرتقۇچلارغا يەم بولدى. پۈتۈن ـ سۈرۈك بىر ئادەم ئات ئۈچۈن ھالاك بولدى.

**پۈتۈنلەتمەك** «پۈتۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن پۈتۈن تىجارەتتە چۈشكەن بارلىق پارچە پۇللارنى بانكىدا پۈتۈنلەتتۈۋالدىم.

**پۈتۈنلەشمەك** پ. پۈتۈن ھالەتكە كەلمەك، پۈتۈن بولماق: بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ، رىزقىمىز پۈتۈنلەشتى. * پۇقرالارنىڭ نىيىتى پۈتۈنلەشتى.

**پۈتۈنلەش** ① «پۈتۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى. ② <مات> ھېسابلاش ۋاقتىدىكى تەخمىنىي قىممەتنى ئېلىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا سانىنىڭ تاشلىۋېتىلىدىغان قىسمىنىڭ ئالدىنقى بىر خانىسىدىكى رەقەم بەشكە توشسا، ئېلىنىدىغان سانىنىڭ ئاخىرقى خانىسىغا بىر قوشۇلىدۇ؛ بەشكە توشمىسا تاشلىۋېتىلىدۇ. مەسىلەن: 3.3785نى ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئالساق 1.38 بولىدۇ؛ 1.2434 نى ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئالساق 1.24 بولىدۇ.

**پۈتۈنلەنمەك** «پۈتۈنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۈتۈنلەي** رەۋ ① تامامەن، تولۇق: چىمەن ئۆزىدىن سەل نېرىدىلا پۈتۈنلەي قېرىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن، چىرايلىرى سېرىق، ئۆڭۈپ كەتكەن دىكا شەمىنى تېزىغىچە تۇرۇۋالغان ناھايىتى تونۇش بىر چىراينىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. * ئايشەم ھەدە ئۇنىڭ مەقسىتىنى پۈتۈنلەي چۈشەندى. ② **ئۇزۇل ـ كېسىل؛ قەتئىي، تولۇق:** مەن، دېھقانلىرىمىزنىڭ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن تېخى پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كەتمىگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ③ **ھېچ؛ ئەسلا؛ زادى:** تاشۋاي ئۈچۈن گۈندىپاينىڭ بۇ مەسلىھەتلىرى پۈتۈنلەي ئويلىمىغان يەردىن چىقىۋاتاتتى. * يېقىندا يۇقىرى خەلق سوتىنىڭ ھۆكۈم قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭدا مېنىڭ پۈتۈنلەي گۇناھسىز ئىكەنلىكىم، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقىم ئېيتىلغانىكەن.

**پۈتۈنلۈك** ئى ① «پۈتۈن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: پۈتۈنلۈك نەزەرىيىسى. * بىزنىڭ مەملىكىتىمىز يېرى كەڭ، ئەھۋالى تولىمۇ مۇرەككەپ مەملىكەت. بۇ ھال بىزدىن پۈتۈنلۈكنى تەتقىق قىلىش ۋە پۈتۈنلۈكنى چۈشىنىش بىلەن قىسمەنلىكنى تەتقىق قىلىش ۋە قىسمەنلىكنى چۈشىنىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ② <پەلس> زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپنىڭ مۇئەييەن شەرت بىلەن بىر پۈتۈن نەرسىنىڭ بىللە تۇرۇشى، يەنى نىسبىي جىملىق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان شەيئى ياكى جەريان. بۇ ۋاقىتتا شەيئىنىڭ پەقەت سان ئۆزگىرىشلا بولۇپ خاراكتېر جەھەتتە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. شۇڭا بىرلىك، بىرلىشىش، تەڭپۇڭلۇق، جىملىق قاتارلىق ھالەتلەر زاھىر بولىدۇ. ھەرقانداق بىر پۈتۈنلۈك زىددىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولىدۇ. قارىمۇقارشى تەرەپلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئايلىنىشىغا ئېلىپ بارىدۇ. بىر پۈتۈنلۈكنىڭ پارچىلىنىشى، بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ، بۇ چاغدا شەيئىنىڭ خاراكتېرى جەھەتتە ئۆزگىرىش بولىدۇ.ـ دە، كونا بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ئورنىنى يېڭى بىر پۈتۈنلۈك ئالىدۇ. ھەرقانداق بىر پۈتۈنلۈك شەرتلىك، ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ نىسپىيدۇر.

**پۈتۈنلىمەك** پ ① پۈتۈن ھالەتكە كەلتۈرمەك، پۈتۈن قىلماق: يېرىم كۈندىن بېرى ئاچ يۈرگەن بالا ئۆيگە كىرىپلا تەخسىدىكى ناننى ئالدى ـ دە سۇندۇردى. لېكىن بىرسىنىڭ سىرتتىن كىرگەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئاستا پۈتۈنلەپ قويدى. ② كېمىنى تولدۇرماق، تولۇقلىماق:

ساۋۇركام تاغارنى ئاچتى-دە، يەنە ئۈچ چارەك بۇغدايىنى هارۋا ئۈستىدىكى تاغارغا قۇيۇپ ئۇنى پۈتۈنلەپ ئون چارەك قىلىپ بازارغا سېتىشقا ماڭدى. ③ ئۇششاق، پارچە پۇلنى چوڭ پۇلغا ئالماشتۇرماق: بۈگۈنكى سودىدا چۈشكەن پارچە پۇللارنى بانكىغا ئېلىپ بېرىپ پۈتۈنلەپ كەلدىم. ④ سانىنىڭ تاشلىۋېتىلىدىغان قىسمىنىڭ ئالدىنقى بىر خانىسىدىكى رەقەمگە قاراپ ئېلىنىدىغان سانىنىڭ تەخمىنىي پۈتۈن سان قىممىتىنى بەلگىلىمەك.

**پۈچەك** (توغرىسى: پۇچەك) ←— **پۇچەك**.

**پۈدىمەك** (توغرىسى: پۈۋلىمەك) ←— **پۈۋلىمەك**.

**پۈركەندۈرمەك** «پۈركەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۈركەلمەك** «پۈركىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خىيالىمدا ماتەم ماشىنىسى ئورنىدا «لاپ» قىلىپلا قىزىل رەختلەر ۋە قىزىل گۈللەرگە پۈركەلگەن كىچىك ماشىنا كۆرۈنگەندەك بولدى. * ئاپئاق قار بىلەن پۈركەلگەن ھەيۋەتلىك تاغ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بولۇپ، خۇددى تىلسىماتتىكى سېپىللاردەك ئالدىمىزنى توسۇپ تۇراتتى.

**پۈركەنمەك** ① «پۈركىمەك» پېئىلى «①»نىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: دۇختۇرنىڭ ئاپئاق يوتقىنىغا پۈركىنىپ ياتقان ساۋۇت تەسلىكتە كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئايىمخاننى كۆردى. ② «پۈركىمەك» پېئىلى «②»نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزىمىز گۈل-چېچەكلەرگە پۈركەندى. * پۈتۈن شەھەر ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. قار بولسا توختىماي لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. ئىنجات پەرىدە بىلەن پاراڭلاشقاچ كىنوخانا ئالدىغا كەلدى.

**پۈركەنجە** ئى. ئاياللار باش ۋە گەۋدىسىنى پۈركىۋالىدىغان چوڭ ياغلىق، رومال ياكى يەڭسىز كىيىم: مەن كوچىلاردا پۈركەنجە ئارتىپ كېتىۋاتقان ئاياللارنى كۆرۈپ قالسام ماڭا گويا قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە بىرسى: «ئەخمەق، سەن ئالىدىغان ئەنە شۇ، بېرىپ كۆرۈۋال» دېگەندەك تۇيۇلاتتى. * ئىشرەت ئۇغرى قىزنى كۈندۈزدىلا سۇغا چىققان يېرىدىن، بېشىنى پۈركەنجە بىلەن يېپىپ، ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ قېچىپتۇ.

**پۈركۈتمەك** «پۈركۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇ پۈركۈتمەك. دورا پۈركۈتمەك. * ئۇستام شاگىرتىغا دەپ يېڭىلا پۈتكەن ئايالچە كاستيۇمغا سۇ پۈركۈتۈپ دەزمال سالدۇردى.

**پۈركۈگۈچ** ئى <ماشىن> شۈمۈرۈش روللىدىن پايدىلىنىپ سۇيۇقلاندۇرۇلغان دورا ياكى باشقا سۇيۇقلۇقلارنى تۇمان ھالىتىدىكى ئۇششاق سۇ دانىچىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە تەكشى پۈركۈپ چاچىدىغان ئۈسكۈنە.

**پۈركۈشمەك** «پۈركۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يىگىرمىدەك ياش يىگىت ئېتىز ئارىلاپ شال مايسىلىرىغا پۈركۈگۈچ بىلەن دورا پۈركۈشمەكتە ئىدى.

**پۈركۈلمەك** «پۈركۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — خاپا بولماڭ. دەزمال سالىدىغان كۆڭلەككە پۈركۈمەكچى ئىدىم، دىققەتسىزلىكتىن چاپىنىڭىزغا پۈركۈلۈپ كەتتى، دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى ئايىم دوستىغا.

**پۈركۈمەك** پ. سۇ ياكى باشقا سۇيۇقلۇقلارنى باشقا نەرسىنىڭ ئۈستىگە سەپمەك، چاچماق: سۇ پۈركۈمەك. دورا پۈركۈمەك. * توخۇۋاز توخۇ سوقۇشتۇرۇۋاتقان مەيدانغا يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ خورىزىنى ئاجرىتىۋېلىپ قاراڭغۇ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، باش كۆزىگە سۇ پۈركۈپ، تاجىسىنى مايلاپ چىقتى.

**پۈركۈپ سۇغىرىش** بىر خىل سۇغىرىش ئۇسۇلى، سۇ ماشىنا ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق پۈركۈش ئېغىزىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، ئېتىزلارغا پۈركۈلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

پۈركۈلگەن سۇ ئېتىزغا خۇددى تەكشى ياغقان يامغۇرغا ئوخشاش چۈشىدۇ.

**پۈركىمەك** پ ① بىرەر نەرسە بىلەن باشتىن ئاياغ بېكىتىپ ئورىماق، ئوراپ قويماق: ئەسقەر ئېرىنچەكلىك بىلەن ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سائەتكە خۇش ياقمىغاندەك قارىدى ــ دە، دادىسىنىڭ يېرىم سائەت بالدۇر ئويغىتىۋەتكەنلىكىگە نارازى بولۇپ، ئۆزىنى ئورنىغا تاشلاپ، بېشىنى يوتقانغا چىڭ پۈركىدى. ② كۆچمە. قاپلىماق، چۈمكىمەك؛ تولدۇرماق: يىراق ئۈپۈقتىن قۇياش نۇر چاچاتتى، ئۇ، خۇددى قىزىل ياقۇتتەك جۇلالىنىپ، كەڭ دالىنى قىزىللىققا پۈركىگەنىدى. * ياسايمىز قىزىل گۈلباغ، يۈرۈش قىلىپ قاقاس چۆلگە. پۈركەيمىز دالا ــ تۈزنى، رەڭمۇرەڭ چېچەك ــ گۈلگە.

**پۈرلەش** سۈپ. پۈرلىشىپ قالغان، پۈرلەشكەن: ئۇ مېھمانخانا ھۇجرىلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى ناھايىتى سۆرۈندى: گاھ تۈتۈق، گاھ پارقىراپ كۆرۈندىغان، يول ــ يول پۈرلەش قىل رەخت بىلەن قاپلانغان بىرنەچچە دىۋان ۋە ئورۇندۇقلار قويۇلغان.

**پۈرلەشتۈرمەك** «پۈرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەرىنى تۈرۈپ، كەينىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان سوراقچى سەھنە كىتابىنىڭ قول يازمىسىنى پۈرلەشتۈرۈپ تۈتقىنچە پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ: ــ خوش يازغۇچى ئەپەندى، بۇ ئىغۋانى توقۇپ چىقىشقا سىزنى نېمە مەجبۇر قىلدى؟ ــ دېدى نادىرغا كۆزىنى قاتتىق تىكىپ تۇرۇپ.

**پۈرلەشتۈرۈلمەك** «پۈرلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۈرلەشمەك** پ. قاتلاشقان، پۈرلەشكەن ھالەتكە كەلمەك، پۈرۈلۈپ قالماق، پۈرۈلمەك: سابىر يۈزىنى سۈرتۈۋېتىپ، پۈرلىشىپ كەتكەن ياقىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، زۆھرەخان ئاچىنىڭ ئالدىدا بىچارە قىياپەتتە سۆزلەشكە باشلىدى. * ئۇ يوشۇرۇپ ساقلاپ كەلگەن كىچىك بىر قۇتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن پۈرلەشكەن، رەڭگى ئۆچكەن بىر پارچە قەغەزنى چىقاردى.

**پۈرلىمەك** پ. قەغەز، رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى قول بىلەن ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن سىقىپ، يىغىپ، بېسىپ، تەكشى يۈزىنى بۇزۇپ پۈرلەشكەن ھالەتكە كەلتۈرمەك: قەغەزنى پۈرلىمەك. * ئىت مۈشۈكنى پۈرلەپ باستى. * رىشىت ئاتا ــ ئانىسىدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنىڭ ئاغزىنى يىرتتىيۇ، لېكىن ئۇنى ئوقۇغۇسى كەلمەي پۈرلەپلا يانچۇقىغا تىقتى.

**پۈرمە** ① سۈپ. پۈرۈپ قويۇلغان، پۈرۈلگەن، پۈرۈم: پۈرمە يوپكا. * سۈرەتتە ئۇ خۇددى سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتىشقا تەمشىلىۋاتقان ئارتىسلاردەك تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. بەللىك ئاددىي پۈرمە كۆڭلەك بولسا ئۇنىڭ كىيىلشكەن قامىتىگە قۇيۇپ قويغاندەك ياراشقانىدى. ② ئى <گېئول> تاغ جىنس قاتلىمىنىڭ ھەرىكىتى نەتىجىسىدە بېسىمغا ئۇچراش بىلەن قىسىلىپ شەكىللەنگەن ئۆلانما ۋە ئەگرى ھالەتتىكى تۈزۈلمە شەكىل.

**پۈرمە قاپاق** پۈرۈلگەن، پۈرۈلۈپ تۇرىدىغان قاپاق: سەلىمە قاچا بىلەن قوشۇقنى يۇيۇشقا ماڭغاندا خۇرشىدىخان كىرىپ كەلدى. ئۇ پۈرمە قاپاق، دوغىلاق كەلگەن، كۆك كۆز، ئەللىك ياشلاردىكى ئايال ئىدى.

**پۈرمە مۇسكۇل** <ئانات> مەقئەت، دوۋساق ئېغىزى ۋە ئاشقازان چىقىش ئېغىزى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ھالقىسىمان مۇسكۇل. ئۇ يىغىلىش ۋە بوشاش ئىقتىدارىغا ئىگە، يىغىلغاندا مەقئەت، دوۋساق ئېغىزى ۋە ئاشقازان چىقىش ئېغىزى ئېتىلىپ قالىدۇ، بوشىغاندا ئېچىلىدۇ.

**پۈرمەك I** پ. پۈرمە ــ پۈرمە ھالەتكە كەلتۈرمەك، قاتلىماق: ئايشەمخان سىڭلىسى ئىپارگۈلنىڭ كۆڭلىكىنى كۆكرىكىدىن پۈرۈپ تىكىپ بەردى. * ئۇ چىرايىنى پۈرۈپ خىيلىغىچە گەپ قىلماي ئولتۇردى.

**پۈرمەك II** ئى. پۈرۈلگەن جاي، پۈرۈك: يېمەي تويدۇم بۇ شالىنىڭ كۆرمىكىدىن، پۈتۈن

چىقتى قوتۇۇنىڭ پۈرمىكىدىن (ماقال).

**پۈرمىلەنمەك** «پۈرمىلەمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئادەم چوڭ مېڭە پوستىلىقىنىڭ يۈزى تەخمىنەن 2200 كۋادرات سانتىمېتىرغا بارىدۇ. ئۇ قاتلىنىپ پۈرمىلەنگەن شار شەكلىدە باش سۆڭىكى ئىچىگە جايلاشقان بولىدۇ.

**پۈرمىلىك** سۈپ. پۈرمىسى بار، پۈرمىلەنگەن: پۈرمىلىك بەلباغ. * گۈلمېرە ماگىزىنىدىن بەل پۈرمىلىك كۆڭلەكتىن بىرنى سېتىۋالدى.

**پۈرمىلىك بەلباغ** <گېئول> گېئوسىنكلىنال ـ دىكى چۆكمە جىنس قاتلاملىرىنىڭ شىددەتلىك يەر پوستى ھەرىكىتى نەتىجىسىدە پۈرۈلۈپ ۋە كۆتىرۈلۈپ چىقىشى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن تاغ سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغۇچى بەلباغ.

**پۈرمىلىمەك** پ. پۈرمە ھالەتكە كەلتۈرمەك، پۈرمە قىلىپ تىكمەك: كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنى پۈرمىلىمەك.

**پۈرۈشتۈرمەك** «پۈرۈشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قادىر سۆزلەۋېتىپ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن گۇيۇلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان ھاراقنىڭ پۇرىقىدىن سەسكەنگەن بولسا كېرەك، بىردىنلا ئۇلاردىن ئۆزىنى تارتىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ يەرگە ئۇكۇردى.

**پۈرۈشتۈرۈلمەك** «پۈرۈشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۈرۈشمەك** «پۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىشىك ئارقىسىدىكى ئەمەلدار سىياقىدىكى بىرنەچچە كىشى «گۈڭ ـ گۈڭ» بىرنەرسىلەرنى دېيىشىپ، مەسخىرە قىلغاندەك چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇراتتى.

**پۈرۈك I** سۈپ. ① پۈرۈلۈپ كەتكەن، پۈرۈلگەن: شۇ تاپتا ئۇنىڭ گۆشلۈك قاپاقلىرى ئاستىدىكى پۈرۈك كۆزلىرى يۇمۇلۇپلا قالغانىدى. ② ئى <زوئول> بەزى بېلىقلار، قوش ماكاندلىقلار، سۈرەلگۈچىلەر ۋە قۇشلارنىڭ ئۈچىيى، سۈيدۈك نەيچىسى ۋە كۆپىيىش بېزىنىڭ ئېغىزلىرى بىر بوشلۇقتا بولىدۇ. بۇ بوشلۇق پۈرۈك دېيىلىدۇ. ③ ئى. قوك: توخۇنىڭ پۈرۈكى.

**پۈرۈلمەك** «پۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ، يۈزلىرى ئەلەمدىن پۈرۈلدى. * مەن ئايخانىنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى ناھىيە بويىچە تونۇشتۇرۇشنى ئويلاپ قويدۇم. لېكىن باستىنىڭ چىرايى بىردىن تەۋشەرچە پۈرۈلدى.

**پۈرۈم** ئى. دىئال. ياغاچتىن ياسالغان ياغ قۇتىسى.

**پۈكتۈرمەك** «پۈكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەرد، قەھرىمان بوۋىلار روھى، نۇرلاندۇردى خەلق قەلبىنى. ئاپراسىياپ بولۇپ پۈكتۈردى، ئىسكەندەرنىڭ مەغرۇر قەددىنى.

**پۈكتۈرۈشمەك** «پۈكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۈكتۈرۈلمەك** «پۈكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۈكلەشتۈرمەك** «پۈكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ كىتابنى پۈكلەشتۈرمەيلى، بولمىسا سۇپىتىگە تەسىر يېتىدۇ، ـــ دېدى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ.

**پۈكلەشتۈرۈلمەك** «پۈكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پۈكلەشمەك** ① «پۈكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇششاق باللار قەغەزنى ئايروپىلان ياسايمىز دەپ پۈكلىشىپ ئوينىدى. ② پۈكلەنگەن ھالەتكە كېلىپ قالماق، پۈكلەنمەك، پۈكۈلمەك: رەيھان تونۇگۇنلا دەزمال سالغان كۆينەكلىرىنىڭ پۈكلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىشىك تۈۋىدىن كەينىگە ياندى.

**پۈكلەكلىك** سۈپ. پۈكلىنىپ قالغان، پۈكلەنگەن: بوۋاي، ئەزىزنىڭ قولىدا تېخىچىلا پۈكلەكلىك خەت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: ـــ سەن تېخى خەتنى ئوقۇپ بولماپسەنغۇ! ... دەپ

www.uyghurkitap.com

سوردى.

**پۈكلەنمەك** ① «پۈكلەمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەختەرنىڭ يانچۇقىدا پات - پاتلا چىرايلىق قىلىپ تۇمارچە پۈكلەنگەن خەتلەر پەيدا بولۇپ قالاتتى. ② «پۈكلەمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: داۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلىپ، ناسىر شۇجى بىلەن تىنچلىق سوراشتى.

**پۈكلىمە** سۈپ. پۈكلىنىدىغان، پۈكۈلىدىغان: پۈكلىمە ئورۇندۇق. پۈكلىمە سىزغۇچ. پۈكلىمە يەلپۈگۈچ.

**پۈكلىمەك** پ. قاتلىماق، قايرىماق، پۈكمەك: شاھزادە ئەسەد تۈگۈنچەكنى قولىغا ئېلىپ خەتنى ئېچىپ ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن خەتنى پۈكلەپ شۇ پېتىچە يانچۇقىغا ساپتۇ.

**پۈكمە** سۈپ ← **پۈكلىمە** لۇتۇن بېشىدىكى سادىر پالۋان نۇسخىسىدا چۆرىسىگە پۈكمە تىكىلگەن ئاپئاق تارانچى قالپىقىنى قولىغا ئالدى - دە، مەغرۇرلانغان ۋە ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى.

**پۈكمەك** پ ① ئېگىپ قاتلىماق، قايرىماق، پۈكلىمەك: سىمنى پۈكمەك. قەغەزنى پۈكمەك. * بوۋاي تىلىنىڭ ئاستىغا كاپ قىلىپ ناسۋال ئېتىۋېلىپ، بارماقلىرىنى پۈكۈپ ھېسابلاشقا كىرىشتى. ② كۆچمە. نىيەت قىلماق. قارار قىلماق. ئويلىماق: كۆڭلىگە پۈكمەك. * ئەزالار بوغالتىردىن ھېساب ئېلىشنى خېلىدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى.

**پۈكۈك** سۈپ. پۈكۈلگەن، پۈكلەنگەن: پۈكۈك قەغەز. * ئۈزۈلدى بىر غۇنچە ھايات باغىدىن، ۋۇجۇدۇم پۈكۈكتۇر بۇ دەرد تاغىدىن.

**پۈكۈلمەك** ① «پۈكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: تۆردى ئاخۇن ئاكىنىڭ قەددى بارغانسېرى پۈكۈلۈپ، ھازىرلا ئېشەكتىن يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى. * ئاڭلا خالىدەم، قەدرىڭ ئۆتتۈلدى. دەردىڭدە مېنىڭ قەددىم پۈكۈلدى. ② «پۈكمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھېلىقى ئادەم قولىدىكى ئاشقان پۇللارنى دىققەت بىلەن رەتلەپ، بىر - بىرلەپ سەيلەپ، پۇللارنىڭ پۈكۈلگەن بۇرجەكلىرىنى تۈزەپ چىقتى.

**پۈگە** ئى. دىئال. مەلۇم بىر يەرگە ياكى يەر پاسىلىغا ئورنىتىلغان بەلگە ياكى دۆڭ.

**پۈگەت** ئى ① بوتۇلكىنىڭ پۆرۈپكىسى. ② ئوقنىڭ مىشىكى.

**پۈلەتمەك** (توغرىسى: پۈۋلەتمەك) ← **پۈۋلەتمەك.**

**پۈلەشمەك** (توغرىسى: پۈۋلەشمەك) ← **پۈۋلەشمەك.**

**پۈلىمەك** (توغرىسى: پۈۋلىمەك) ← **پۈۋلىمەك.**

**پۈھ** ئىم. كىشى سېسىق پۇراقلاردىن بىزار بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**پۈۋ** تەق. ئاستى - ئۈستى كالپۇكنى بىر - بىرىگە جۈپلەپ تۇرۇپ، ھاۋانى قاتتىق چىقارغاندا ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئېلىيوۋ كېچىدە بىرنەچچە كىشىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ، ھەيۋە بىلەن ئۆيىگە كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. يۈرىكى سالغاندەك بولدى - دە، «پۈۋ» قىلىپ چىراغنى ئۆچۈرۈپ بىشنى چىڭ پۈركەپ يېتىۋالدى.

**پۈۋەك** ئى <زوئول> بەزى بېلىقلارنىڭ تىنىدىكى كۆپۈپ ۋە بوشىشىپ تۇرىدىغان خالتىسىمان ماددا، ئىچىگە ئازوت، ئوكسىگېن، كاربون (IV) ئوكسىدى قاتارلىق ئارىلاش گازلار تولۇپ تۇرغان بولىدۇ؛ بوشاشقان ۋاقتىدا بېلىق چۆكىدۇ، كۆپكەن ۋاقتىدا لەيلەيدۇ؛ بەزى بېلىقلارنىڭ پۈۋىكى ئاڭلاش ۋە نەپەسلىنىش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

**پۈۋلەتمەك** «پۈۋلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پۈۋلەشمەك** «پۈۋلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پۈۋلەنمەك** «پۈۋلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل

دەرىجىسى.

**پۈۋلىمەك** پ. ئىككى لەۋ ئارىسىدىن «پۈۋ» قىلىپ يەل چىقارماق: سۈت ئىچىپ ئاغزى كۆيگەن قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچەر (ماقال). * ئاسىم بۇگۈن باللارنىڭ سامان قەغەزگە يېزىلغان تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى ئادەتتىكىدىن تېزرەك كۆرۈپ تۈگەتتى ــ دە، چىراغنى پۈۋلەپ ئۆچۈردى.

**پۈۋلىمەي سالماق** باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى تەپ تارتمايلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق، هالال ــ هارامنى ئىلغىماي يېمەك: توختىنىيازنىڭ شۈجى بولۇشى بۆرىنىڭ قويچى بولغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. ئۇ هەرقانداق چاغدا پۈۋلىمەي سالىدۇ، — دېدى سەمەت، توختىنىيازنىڭ شۈجى بولغىنىغا نارازى بولۇپ.

**پېپەك** (توغرىسى: پۆپەك) ← **پۆپەك.**

**پېپتون** ئى [ر<گرېك] <بېئول> ئاقسىللارنى كىسلاتا، ئىشقار ياكى ئاقسىل ئېنزىمى ئارقىلىق پارچىلىغاندىن كېيىن كېلىپ چىقىدىغان نىسبەتەن ئاددىي بولغان ئورگا- نىك ماددا، مېدىتسىنادا باكتېرىيەلەرنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە هەزىم قىلىش يوللىرى- نىڭ كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**پېپتىد** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، ئامىنو كىسلاتاسى سۇسىزلانغاندىن كېيىن هاسىل بولىدۇ، تەركىبىدە گىدروكسىل بىلەن ئامىنو رادىكالى بولىدۇ، ئۇ بىر خىل ئىككى ياقلىمىلىق بىرىكمە هېسابلىنىدۇ.

**پېپسىن** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرى، ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ياردىمىدە ئاقسىلنى هەزىم قىلىدۇ.

**پېتەك** ئى. ئاياغ كىيىمنىڭ ئىچىگە سېلىش ئۈچۈن ماتا، كىگىز قاتارلىق نەرسىلەردىن تەييارلانغان بۇيۇم: ئۆتۈككە پېتەك سالماق. * كۆڭلىكىڭنىڭ ئېتىكى، ئېتىكىدە چېچىكى، بىزنى تاشلاپ سۆيگۈنۈڭ ئايىغىنىڭ پېتىكى.

**پېتەكگۈل** [پېتەك + گۈل] ئى <بوت> ← سەبرە.

**پېتىر** سۈپ [ئە] ① بولدۇرۇلمىغان، ئۆرۈل- مىگەن (خېمىر هەققىدە): پېتىر نان. پېتىر مانتا. * موللا خەقتىن پۇل ئالماق، پېتىر ناندىن قىل ئالماق (ماقال). * بۇ قېتىم يېقىلغان نانىڭ خېمىرى پېتىر بولۇپ قاپتۇ. ② كۆچمە. ياخشى ئەمەس، چاتاق: هالى پېتىر. * كىچىك ئاخۇنىنىڭ ئىشى پېتىر ئوخشايدۇ. ئاڭلىشىمچە نۆۋەتتىكى يىغىنغا ئۇنى مەجبۇرلاپ ئەكىلىپ قاتناشتۇرۇپتۇدەك.

**پېتىر قۇلاق** ← **بەز قۇلاق**: — سەن ئۇماچ تۇماقنىڭ ماۋۇ پېتىر قۇلىقى، ئىشچىلار سىنىپى هەممىگە رەهبەرلىك قىلىشى كېرەك، — دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدى؟

**پېتىر مانتا** پېتىر خېمىردىن تۈگۈلگەن مانتا: شاراپەت كەچتە مەشۇرنىڭ بازاردىن چىقىشىغا ئۈلگۈرتۈپ سېمىز قوي گۆشىدە پېتىر مانتا ئەتتى.

**پېتىر نان** پېتىر خېمىردىن قىلىنغان نان ياكى خېمىرى بولدۇرۇلمىغان نان.

**پېتىر ناندىن قىل سۇغۇرغاندەك** ناهايىتى تەس. ئىنتايىن مۈشكۈل: بۇنى ئاسان هەل بولىدى دەمسىلە، خۇددى پېتىر ناندىن قىل سۇغۇرغاندەك بىر ئىش بولدى.

**پېتىرىغا يانماق** هەل بولمايدىغان تەرىپىگە قاراپ يۈزلەنمەك، خېمىغا يانماق، قىيىن- لاشماق: ئەبەيدۇللانىڭ ئايالىنىڭ خىزمىتىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىش ئىشى ئاخىرى بېرىپ يەنە پېتىرىغا ياندى.

**پېتروخىمىيە** ئى [گرېك+لات] <كېئول> پېترولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى، تەتقىقات مەزمۇنى: ئۇ ئايرىم تاغ جىنىسلىرىنىڭ خىمىيۋى تەركىبى، ئۇنىڭ هاسىل بولۇشىغا

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈرلۈك تاغ جىنسلىرىنىڭ خىمىيىۋى تەركىب جەھەتتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، تاغ جىنسلىرىنىڭ خىمىيىۋى تەركىبىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى ۋە مىنېراللارنىڭ تەركىبلىرى ئارىسىدىكى قانۇنىيەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**پېتروگرافىيە** ئى [ر + گرېك] <گېئول> پېترولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ ئەمەلىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن تاغ جىنسلىرىنىڭ مىنېرال تەركىبى، خىمىيىۋى تەركىبى، قۇرۇلمىسى ۋە تۈرلەرگە ئايرىپ نام بېرىش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلەرنى تەتقىق قىلىپ، تاغ جىنسلىرىنىڭ ھاسىل بولۇش سەۋەبلىرى، ھەر خىل تاغ جىنسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىنى يېشىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ پېترولوگىيىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

**پېترولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <گېئول> تاغ جىنسلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، ئۇ تاغ جىنسلىرىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى، مىنېرال تەركىبى، تۈزۈلۈشى، تۈرى، پەيدا بولۇش ھالىتى ۋە سەۋەبلىرى توغرىسىدىكى قانۇنىيەتلەرنى، ھەمدە تاغ جىنسلىرىنىڭ مىنېراللىنىشى، خۇسۇسىيىتى ۋە پەيدا بولۇش ۋاقتىدىكى گېئولوگىيىلىك شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**پېتىشالماسلىق** ئى. چىقىشالماسلىق، كېلىشەلمەسلىك: ھىسامىدىن قارىينىڭ ئىككى كېلىنى دەسلەپ بىر-بىرى بىلەن ئانچە پېتىشالماي يۈردى، لېكىن قېيىن ئانىسى لەۋەن، شېرىن سۆز ئايال بولغاچقا ياخشى گەپ قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئاچا-سىڭىلدەك قىلىۋەتتى.

**پېتىشماق** «پاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇتقۇچى ياتاقتا كىرىپ ئىككى قەۋەتلىك ئون كارىۋات قويۇلغان بىر كىچىك ياتاقتىكى يىگىي ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ «قانداق پېتىشتىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى.

**پېتىق** ئى ← **پاتقاق:** زاغرا نان قېتىقتا ياخشى، قېرى كالا پېتىقتا ياخشى (ماقال). * ئوت بار يەدە تۈتۈن بار، سۇ بار يەدە پېتىق بار (ماقال). * نەچچە سائەتلىك سانائەت ئىمتىھانى ئارقىلىق بۇ خىل ماشىنىنىڭ قاچىلاش كۈچى كۈچلۈك، ئۈنۈمى يۇقىرى ئىكەنلىكى، لۆم-لۆم پېتىق يوللاردىمۇ ماڭالايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

**پېتىقچىلىق** ئى، ھەممە يەر لاي، پاتقاق بولۇپ كەتكەن ھالەت، پاتقاقچىلىق: كېچە ياققان يامغۇردىن كېيىن، توپا يوللارنى پېتىقچىلىق قاپلىغان بولۇپ، يول مېڭىش تېخىمۇ قىيىنلاشتى.

**پېتىقدىماق** پ ← **پېتىقلىماق:** ئېلى نۇرىدىن ۋەزىرنى ئات ئۇستىدىن كاپلا قىلىپ يۇلۇۋاپتۇ ۋە شۇ ھامان يەرگە ئۇرۇپتۇ. ۋەزىر ئوڭدىسىچە لايغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، ئېلى نۇرىدىن ئۇنى راسا پېتىقداپتۇ. چۇماقتەك يوغان مۇشتى بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇۋېرىپتۇ.

**پېتىقلاتماق** «پېتىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يۇسۇپ بوۋاي، ئۆزى ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا ھاسىغا تايىنىپ تۇردى ۋە كىچىك نەۋرىلىرىگە كۆمۈر كېسەكنىڭ لېيىنى پېتىقلاتتى.

**پېتىقلاشماق** «پېتىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي، ئىككى توپاق يەنە قوتاندىن پاتراقلاپ يۈگۈرۈشۈپ چىقتى-دە، بۇغدايلىقنى قالايمىقان دەسسەپ، چەيلەپ، پېتىقلىشىپ بىر قىلىۋەتتى.

**پېتىقلانماق** «پېتىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پېتىقلىماق** پ. ئۇستى-ئۇستىگە كەينى-كەينىدىن دەسسىمەك: لايىنى پېتىقلىماق. * ئادىل شۇجى سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولۇپ، خۇددى ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن يوقتەك، قايتا كەتمىنىنى قولىغا ئالدى ۋە ئاستىدىكى لايلارنى پېتىقلىدى.

* ۋەزىر ئوڭدىسىچە لايغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئېلى نۇردىن ئۇنى راسا پېتىقلاپتۇ.

**پېتىلە** سۈپ. دىئال. غۇژمەك؛ توپ، دۆۋە.

**پېتىنىشماق** «پېتىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تىنماي يەر تاتىلاپ ئوزۇق ئىزدىشىۋاتقان توخۇلار مەسۇم ئاكىنىڭ قولىدىكى قاپاقنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى، ھەتتا بەزى ئەركىرەكلىرى نانىنىڭ چىچىلىشىغا تاقەت قىلالماي، مەسۇم ئاكىنىڭ قوللىرىغا قونۇشقىمۇ پېتىنىشتى.

**پېتىنقى** سۈپ. ئىچىگە پاتقان، ئويمان: پېتىنقى لىنزا. پېتىنقى ئەينەك.

**پېتىنقى ئەينەك** <فىز> سفېرىلىق ئەينەكنىڭ بىر خىلى، قايتۇرۇش يۈزى ئويمان بولۇپ پاراللېل نۇرنى قايتۇرۇپ، ئەينەك ئالدىدىكى بىر نۇقتىغا يىغالايدۇ. بۇ نۇقتا «فوكۇس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر نۇر مەنبەسى فوكۇستا بولسا، چىققان نۇر قايتۇرۇلغاندىن كېيىن. پاراللېل يورۇقلۇق دەستىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**پېتىنقى لىنزا** <فىز> لىنزىنىڭ بىر خىلى، مەركىزى قىرلىرىدىن نېپىز بولىدۇ. پاراللېل نۇر پېتىنقى لىنزىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تۆت ئەتراپقا تارىلىپ كېتىدۇ. يىراقنى كۆرەلمەيدىغان كۆزگە تاقىلىدىغان كۆزەينەكنىڭ ئەينىكى مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ.

**پېتىنماق** پ. جۈرئەتكە كەلمەك، جۈرئەت قىلماق: گەپ قىلىشقا پېتىنماق. * پادىشاھ: — ئەپەندىم، تەختىمدىن يۇقىرى يەردە ئولتۇرۇشقا قانداق پېتىندىڭىز؟ — دەپتۇ ئاچچىقى بىلەن. * — خۇدا بەندىسىگە شۇنداق ئوتنى سېلىپ قويىدىكەن ھاشىم ئاكا، خەيرىنساغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى. ئۆزىگە بىرگەپ قىلىپ باقاي دېسەم ھېچ پېتىنالمىدىم، — دېدى نىياز ھاشىم ئاكامغا كۆلۈپ تۇرۇپ.

**پېچەت** ئى [ر] پايدىلىنىشنى توسۇش ياكى باشقىلارنىڭ ئاچماسلىقى ئۈچۈن قويۇلغان بەلگە ياكى ئۇرۇلغان تامغا: پېچەت سالماق. پېچەت چاپلىماق. * ئۆمەرلەرنىڭ توخۇ كاتىكىدەك كىچىككىنە ئۆيىنىڭ قوپال ئىشىكى تاختاي بىلەن مىخلانغان بولۇپ، ئۈستىگە يوغان بىر پارچە ساقچى پېچىتى چاپلانغانىدى.

**پېچەت ئامبۇرى** <سانا> ساندۇق، تاغار، ۋاگون قاتارلىقلارغا قاچىلانغان ياكى رەختلەرگە ئورالغان يۈكلەرنىڭ ئاغزىنى پېچەتلىگەندە، يىپ ياكى سىم ئۆتكۈزۈلگەن قوغۇشۇن تۈگمىنى قىسىپ پېچەتلەپ، بەلگىلىك ئىز قالدۇرىدىغان ئامبۇر.

**پېچىتى بۇزۇلمىغان** ① پېچەت ھالىتىدىكى، پېچىتىدىن چىقىرىپ ئىشلىتىلمىگەن، پېچەت پېتى، يېپيېڭى: پېچىتى بۇزۇلمىغان پۇل. پېچىتى بۇزۇلمىغان سەرەڭگە. * مۇدىرنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتلەردە پېچىتى بۇزۇلمىغان ئالىي سورتلۇق ھاراقلار سۇدەك ئىچىلەتتى، نازۇ نېمەتلەرنى ئىشتەي بىلەن يېيىشكەن مېھمانلار ئۆي ئىگىسىنىڭ سېخىيلىقى، ئادەمگەرچىلىكى ھەققىدە بەس-بەس بىلەن ماختىشاتتى. ② كۆچمە. ئەر كىشى بىلەن تېخى بىرگە بولمىغان، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن، قىز پېتى: پېچىتى بۇزۇلمىغان قىز. ③ كۆچمە. تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغان، ئاشكارا بولمىغان، يوشۇرۇن ھالەتتىكى؛ يوشۇرۇن: — مەسىلە ئېغىر، تېخى پاش بولمىغان مەسىلىلەر، پېچىتى بۇزۇلمىغان ئىشلار بار. بۇ راستىنلا قاراڭغۇ جاڭگال، — دېدى تۇرسۇن ھاكىم بېشىنى ئىرغىتىپ ۋىلايەتتىن كەلگەن ۋالىيغا.

**پېچەتلەتمەك** «پېچەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گومىنداڭچىلار غۇلامنى ئۆيىدىن تۇتۇپ ئاچىقىشى بىلەن تەڭ، گومىنداڭچىلارنىڭ باشلىقى يېنىدىكى بىر قولچۇمىقىغا بۇيرۇق بېرىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى پېچەتلىتىۋەتتى.

**پېچەتلەشمەك** «پېچەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پېچەتلەنمەك** «پېچەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان

www.uyghurkitap.com

مەيدانىغا كىرىپ ھەممىسى ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇردى. مەيدان نازارەتچىلىرى پېچەتلەنگەن ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ پېچىتىنى يېشىپ ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىشقا باشلىدى. * ھوۋشۇرمۇ ئۇنىڭغا سىنىڭ بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىشكە ئەمدى ھەققىڭ يوق! ئۆيدىكى مال-مۈلۈكلەر خەلقنىڭ، ھازىردىن باشلاپ پېچەتلىنىدۇ، — دەپ بىرھازا كايىدى.

**پېچەتلىك** سۈپ. پېچىتى بار، پېچەت چاپلانغان: پېچەتلىك ھاراق. * نىساخان باياتىنقى گەپلەرگە تېگىرقاپ تۇرغان بولسىمۇ ئەمدى ئۇنىڭ كۆزى خۇرجۇندىن چىققان خالتىلاردىن پېچەتلىك پۇلغا تىكىلدى.

**پېچەتلىمەك** پ. باشقىلارنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشىنى توسۇش ياكى ئاچماسلىق ئۈچۈن پېچەت چاپلىماق، ئاچماسقا تاقىماق: گېزىتنى پېچەتلىمەك. مال-مۈلۈكنى پېچەتلىمەك. * قاتناش نازارىتىنىڭ باشلىقى بۇ قېتىمقى يىغىندا قاتناش-ترانسپورتنى ئوبدان تۇتۇپ، تاشيول ترانسپورتىنى باشقۇرۇشتىكى قالايمىقان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، بەزىبىر ئاپتوموبىللارنى پېچەتلەپ ماي تېجەش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا دوكلات بەردى. * گۈزەلئاي ئۆي ياسىغان كۈنلا كىتابلىرىمىنى بىر ياغاچ ساندۇققا قالايمىقان تاشلاپ ئۈستىنى پاكىز قەغەزلەر بىلەن پېچەتلەپ زالغا ئاچىقىپ قويۇپتۇ.

**پېچەك I** ① ئى. يىپ ئورۇلىدىغان ئۇقسىمان غالتەك: پېچەككە يىپ ئورىماق. ② مىق س. ئورالغان يىپنىڭ مىقدار سانىنى بىلدۈرىدۇ: بىر پېچەك يىپ سېتىۋالماق. بىر پېچەك يىپ ئورىماق.

**پېچەك II** ئى. مەنپەسىنىڭ شېكەر قىيامىدىن ياسىلىدىغان ئىككىنچى بىر خىلى.

**پېچەكلىك** سۈپ. پېچىكى بار. پېچەككە ئورالغان: پېچەكلىك يىپ سېتىۋالماق.

**پېچىنە** ئى [ر] قەنت، توخۇم، ياغ ۋە سۈت قاتارلىقلار بىلەن يۇغۇرۇلغان خېمىردىن دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان تاتلىق يېمەكلىك: پېچىنە بىلەن چاي ئىچمەك. * ئۆي ئىگىسى ئۆيدە بار گۈش، ساڭزا ۋە پېچىنىلەر بىلەن سەپەردىن ھېرىپ كەلگەن جەڭچىلەرنى مېھمان قىلدى.

**پېداگوك** ئى [ر < گرېك] <مائار> ئوقۇتقۇچىلىق، مائارىپ، تەلىم-تەربىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ مائارىپچى، مۇئەللىم: رۇس پېداگوكى ئۇشىنسكى ئېيتقاندەك: «پېداگوك كىشىنى ھەممە تەرەپتىن تەربىيەلەشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئۇ چاغدا ئالدى بىلەن ئادەمنى ھەممە تەرەپتىن چۈشىنىشى كېرەك».

**پېداگوگىكا** ئى [ر < گرېك] <مائار> مائارىپنى تەتقىق قىلىش، مائارىپنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغان پەن.

**پېداگوگىكىلىق** سۈپ. پېداگوگىكىغا مۇناسىۋەتلىك، پېداگوگىكىغا ئائىت: پېداگوگىكىلىق باللار ئەدەبىياتى. پېداگوگىكىلىق مائارىپ. * بىز «ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپى»دە ئۇلارغا بەزى پېداگوگىكىلىق بىلىملەرنى سۆزلەپ تۇرىمىز.

**پېداگوگىكىلىق مائارىپ** ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەشنى ئاساس قىلغان تەلىم-تەربىيە خىزمىتى.

**پېدال** ئى [ر < فران] <ماشىن> ئاپتوموبىل، ۋېلىسىپىت ۋە كىيىم تىكىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنىڭ پۇت بىلەن بېسىپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېرىدىغان قىسمى، تەپكە: ئۇ ئەپچىللىك بىلەن ۋېلىسىپىتكە مىنىپ، پېدالنى بار كۈچى بىلەن تەپكىنىچە ئۆز ئۆيى تەرەپكە قاراپ چاپتى.

**پېرە** ئى [پ] <دىن> **تۇغ باغلاپ، داپ چېلىپ ئايەتلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق كېسەل كىشىنى داۋالايدىغان بىر خىل دىنىي پائالىيەت:** پېرە ئوينىماق. * كىملەرنىڭدۇ مەسلىھەتى بىلەن سىڭلىنى پەرەڭنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئاپاردۇق. كېيىن، قوشنىلارنىڭ: «ئۆزد-

مىزنىڭ ئىرىمسىنى قىلىپ باقايلى» دېگەن گېپى بىلەن باخشىغا پېرە ئويناتتۇق. پېرە بولغان كۆڭۈلنى ئۆيىمىز قىزىپ كەتتى.

**پېرە ئۇينىماق** <دىن> پېرە پائالىيىتىنى ئېلىپ بارماق.

**پېرسوناژ** ئى [ر<فران] <ئەد> بەدىئىي ئەسەرلەردە (يەنى ھېكايە، پوۋېست، رومان، كىنو سېنارىيىسى، دراما ۋە قىسسە قاتارلىقلاردا) يارىتىلغان شەخس: پېرسوناژ تىلى. * ئاپتور قانداق قىلىپ ئۆز ھېكايىسىنى بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك يازالىدى؟ بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، ئاپتور ھېكايىسىدا ئەڭ ئاۋۋال باقىدىن ئىبارەت تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۆز ئەسىرىنى يېتەرلىك جانلىقلىق ۋە كونكرېتلىققا ئىگە قىلدى.

**پېرسوناژ تەسۋىرى** <ئەد> ئەدەبىي ئەسەردىكى مەلۇم شەخسنىڭ سۆز-ھەرىكىتى، قىياپىتى، روھىي ھالىتى ۋە ئىچكى ھېسسىياتىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان تەسۋىر. پېرسوناژلار تەسۋىرىنى بىۋاستە ئۇدۇل ئېلىپ بارغىلى ياكى ۋاستىلىك ھالدا، يان تەرەپتىن ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

**پېرسوناژ تىلى** <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ ۋە مونولوگلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان تىل. پېرسوناژ تىلى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**پېرلىت** ئى [ر] <گېئول> ← **ئۈنچە جىنس.**

**پېرىخۇن** ئى [پ] <دىن> ← **باخشى:** ئۇ بالىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن پېرىخۇن چاقىرىپ كېلىپ، جىن-ئەرۋاھلاردىن مەدەت-ئامانلىق تىلەپتۇ.

**پېرىخۇنلۇق** ئى ← **باخشىلىق:** پېرىخۇنلۇق قىلماق. * ھېلىقى ئالدامچى پېرىخۇنلۇق قىلىپ كۆپ كىشىلەرنى ئالداپ كەتتى.

**پېرىخۇنلۇق قىلماق** ← **باخشىلىق قىلماق.**

**پېرىسكوپ** ئى [ر<گرېك] <فىز> سۇ ئاستى كېمىسى ياكى يەر ئاستىدىكى يوشۇرۇن ئاكوپ ئىچىدىن سۇ ئۈستى ياكى يەر ئۈستىدىكى دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئوپتىك ئەسۋاب. ئۇ يورۇقلۇقنى سۇندۇرغۇچى بىرقانچە لىنزىلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**پېرسىيە** ئى ← **پېرسىيە ئىمپېرىيىسى.**

**پېرسىيە ئىمپېرىيىسى** <تارىخ> مىلادىدىن بۇرۇنقى 550-يىلى ئىران ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى بىر دۆلەت، پايتەختى سوزا. بۇ ئىمپېرىيە داۋاملىق تۈردە سىرتقا كېڭىيىپ، كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە ۋە پەلەستىن قاتارلىق رايونلارنى بېسىۋالغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىرگە كەلگەندە، ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 330-يىلى ماكدوۇن ئالېكساندىر تەرىپىدىن يوقىتىلغان. مەزكۇر ئىمپېرىيە قەدىمكى شەرقتىكى ئەڭ تىپىك مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ «پارس ئىمپېرىيىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**پېرسېي** ئى [ر<گرېك] <ئاستر> ← **پېرسېي يۇلتۇز تۈركۈمى.**

**پېرسېي يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> شىمالىي ئاسمان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى، مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 3 سائەت 30 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 45° بولۇپ، ئاندرومېدا يۇلتۇز تۈركۈمى، كاسسىئوپىيە يۇلتۇز تۈركۈمى، ھارۋىكەش يۇلتۇز تۈركۈمى ۋە سەۋر يۇلتۇز تۈركۈمى قاتارلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ.

**پېرپۇوت** ئى[ر]<سودا> بانكا ياكى پوچتا-تېلېگراف ئىدارىلىرى ئارقىلىق پۇل ئەۋەتىش

www.uyghurkitap.com

ھەمدە شۇ يول بىلەن ئەۋەتىلگەن ياكى تاپشۇ-
رۇۋېلىنغان پۇل: تاشقى پېرېۋوت. پېرېۋوت
چېكى. پېرېۋوت قىلماق.

**پېرېۋوت چېكى** <سودا> بانكا ياكى پوچتا-تېلېگراف ئىدارىلىرى ئارقىلىق ئەۋەتىلىدىغان ياكى تاپشۇرۇۋېلىنىدىغان پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ھۆججەت.

**پېرېۋوت قىلماق** بانكا ياكى پوچتا-تېلېگراف ئىدارىلىرى ئارقىلىق پۇل ئەۋەتىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرمەك.

**پېرىشتە** (توغرىسى: پەرىشتە) ⟵ **پەرىشتە.**

**پېرىمېتىر** ئى [ر<گرېك] <مات> گېئومېترىيىلىك شەكىللىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى قوشقاندىكى يىغىندى.

**پېسە** ئى [پ] <تىب> ⟵ **ئاق كېسەل.**

**پېسەندە** سۈپ [پ] پەسكەش، ئېپلاس: تۆھمەت بىلەن جان باقۇچى ئۇ پەسەندە، قاراپ تۇرۇپ مېنى دېدى: «سەن گېزندە.»

**پېسو** ئى <سودا> ئارگېنتىنا، كۇبا، مېكسىكا، ئۇرۇگۋاي قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

**پېسېتا** ئى <سودا> ئىسپانىيە پۇل بىرلىكى، *1* پېسېتا *100* سېنتىموغا تەڭ بولىدۇ.

**پېسسىمىزم** ئى [ر] <پەلس> روھىي چۈشكۈنلۈك؛ ھاياتقا، كېلەچەككە ئۈمىدسىزلىك بىلەن قاراش، چۈشكۈنلەشىش: پېسسىمىزم — زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئەكسىيەتچى سىنىپلار دۇنيا قارىشىنىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيىتى.

**پېسسىمىزملىق** سۈپ. پېسسىمىزم تەسىرىگە ئۇچرىغان، پېسسىمىزم تەسىرىدىكى، پېسسىمىزم خاراكتېرىنى ئالغان: بىز كونا شەرىئەت ۋە مۇقامنىڭ كونا تېكىستلىرىدە بىرقاتار ئىدىيىلىستلىك تارىخىي كۆز قاراشلار ۋە پېسسىمىزملىق ئىدىيىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. * ئۇلار گەرچە جاھىل كۈچلەرگە قارشى كۈچلۈك ئىسيان كۆتۈرۈش روھىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار تۈرلۈك سەلبىي ئامىللاردىن، جۈملىدىن پېسسىمىزملىق ئالامەتلەردىن خالىي بولالمىغان.

**پېشاب** (پېشابى) ئى [پ] چوڭ-كىچىك تەرەت: ئالدى پېشاب. ئارقا پېشاب. * تېۋىپ، كامالىنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزۇپ تىلىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ ئالدى پېشابىنىڭ رەڭگىنىڭ قانداقلىقىنى سورىدى.

**پېشانە** ئى [پ] ① يۈزنىڭ قاشتىن چاچقىچە بولغان قىسمى؛ ماڭلاي: كەڭ پېشانە. پېشانىسى كەڭ. پېشانىسى تار. * ئەخمەق ناماز ئوقۇ دېسە، پېشانىسىنى يېرىۋالار (ماقال). * ماھيارشاھ ھاتەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھاتەمنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپتۇ. ② كۆچمە (خۇراپاتلىقتا) تەقدىر، قىسمەت: پېشانىسى ئوڭ. پېشانىسى تەتۈر. شور پېشانە. ئۆز پېشانىسىدىن كۆرمەك. * ئۇ ئۆزىنىڭ ھۇرۇنلۇقىنىمۇ ئانچە ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى. شۇڭا ئۆزىنىڭ نامراتلىقىنى پېشانىسىدىن كۆرۈشكە ئادەتلەنگەنىدى.

**پېشانە تېرى** مېھنەت، ئەجىر، ئەمگەك: — دادام ئۆزى يانتاق سېتىپ قىينىلىپ، مېنى ئوقۇتقان، دادامنىڭ پېشانە تېرى بىكار كەتمىسۇن دەپ ياخشى ئوقۇدۇم، ئاخىر مۇشۇنداق ئادەم بولدۇم، — دەپتۇ سەمەت.

**پېشانە تېرىنى ئاققۇزماق** مېھنەت سىڭدۈرمەك، ئەجىر قىلماق؛ ئەمگەك قىلماق: — مەن بۇ يەرگە ئون يىل پېشانە تېرىمنى ئاققۇزۇپ، ئۇنۇملۇك يەرگە ئايلاندۇردۇم. ئەمدىلىكتە مەندىن بۇ يەرنى تارتىۋالىدىغان قانداق ئەۋلىيا ئىكەن ئۇ؟ — دېدى زۇنۇن ئاخۇن غەزەپ بىلەن.

**پېشانە تېرىنى تۆكمەك** ⟵ **پېشانە تېرىنى ئاققۇزماق.**

**پېشانىدىن كەتمەسلىك** مەڭگۈ تاپا-تەنىگە قېلىش، باشقىلارنىڭ مىننىتىدىن قۇتۇلالماسلىق: ئەگەر بىز شۇنداق قىلىپ قويساق، بۇ داغ ئۆلگۈچە پېشانىمىزدىن كەتمەيدۇ، — دېدى ئاۋۇتنىڭ ئانىسى سۆز قىستۇرۇپ.

**پېشانىدىن كۆرمەك** تەقدىردە يېزىلغانلىقىنى كۆرمەك، بېشىغا كەلگەننى كۆرمەك: مەختۇمسۇلا «ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەپ يىغلاپ ئولتۇرسا، ئوك تەرىپىدە ئىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. سول تەرىپىدە توتۇن كۆرۈنۈپتۇ. مەختۇمسۇلاغا ئوت تېپىش قايغۇسى چۈشۈپتۇ. «نېمە بولسا بولسۇن، پېشانەمدىن كۆرەي» دەپ ئىس چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ.

**پېشانىسىنى سىلاپ باقماق** ئۆزىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشىنى ئويلاپ كۆرمەك، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى ئېسىگە ئالماق: زەيتۇنەمنىڭ: — بۇ جەھەتتە مېنى ئەيىبلاشتىن بۇرۇن، ئۆز پېشانىڭىزنى سىلاپ بېقىڭ، — دېگەن گېپىنى ئاڭلىغان سېتىنسا خۇددى ئۈستىگە سوغۇق سۇ قۇيۇلغان قازاندەك گېپىدىن شاپپىدە توختاپ قالدى.

**پېشانىسى ئوچۇق** ئامىتى بار، ئامەتلىك، تەلەيلىك: — رەھمەتلىك ئاتاڭ مۇشۇ كۈنلەردە بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، خۇشاللىقتىن يۈرىكى ئىچىگە پاتماي كېتەتتى، ئۇ سەن پاقلان ۋاقتىڭدا قولىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ «بۇ بالىنىڭ پېشانىسى ئوچۇق، خۇدا ئۆمرىنى بەرسە ساڭا قول قانات بولۇپ قالىدۇ»، — دېگەنىدى. خۇدا ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتىن قىلسۇن، — دېدى موماي.

**پېشانىسى ئوك** ← **پېشانىسى ئوچۇق**: — قارىسام پېشانەڭ ئوك، باشلىرىڭ مىس قازاندەك پارقىراپ تۇرۇپتۇ، دۆلەتمەن بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن، ئۇ چاغدا يەنە مېنى ئۇنتۇپ قالمىساڭ بولىدۇ! — دېدى موللازەيدىن ۋېلىخان بەگكە.

**پېشانىغا پۈتۈلگەن** ← **پېشانىغا يېزىلغان**: قىز، بۆشۈكتىكى چېغىدا بىراۋنىڭ پىچاق سىلىپ قاچىلانلىقىنى، كېيىن داۋالاپ ساقايغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ سوپى ئىشان يىگىرمە يىل بۇرۇن ئۆزىگە ئۇچرىغان «تەقدىر كەسكۈچى بوۋاي»نىڭ خىزىر ئىكەنلىكىنى، پېشانىغا پۈتۈلگەن تەقدىرىدىن ھېچكىمنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ.

**پېشانىغا تەگمەك** باشقىلارنىڭ تاپا-تەنە، دوق ۋە مىننەت قىلىشىغا ئۇچرىماق.

**پېشانىغا قويماق** مىننەت قىلماق، تاپا-تەنە قىلماق.

**پېشانىغا ئۇرماق** ← **پېشانىغا قويماق**.

**پېشانىغا يېزىلغان** <دىن> تۇغۇلغانىدىلا تەڭرى تەرىپىدىن بەلگىلەپ قويۇلغان (دىنىي چۈشەنچىدە): ھاكى، ماڭا: — بولدى، باشقا گېپىم يوق... ھازىر قانچە دېسەممۇ ئىشەنمەيسەن، ئاڭلاشنىمۇ خالىمايسەن، مەيلى، بوپتۇ! بەلكىم كېيىن بىر كۈنلىرى چۈشىنىپ قالارسەن، مەنمۇ پېشانەمگە يېزىلغاننى كۆرەرمەن، — دېدى كايىپ.

**پېشايۋان** ئى. [پ] ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىگە چىقىرىلغان ئايۋان: پېشايۋان چىقارماق. پېشايۋان ياسىماق. * ئۆمەر باي لامپا كۆتۈرگەن، زۇمۇرەخان ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەن ھالدا پېشايۋاندىن ئالدىراپ ئۆتۈپ لەيلىگۈلنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ. * ئۇنىڭ خىزمىتىگە ياردەمگە كىرگەن قولۇم-قوشنىلىرى قازان بېشىدا، پېشايۋاندا، باراڭ ئاستىدا خۇش چاقچاقلىق بىلەن ئالدىراشماقتا.

**پېشايۋانلىق** سۈپ. پېشايۋىنى بار، پېشايۋان قىلىنغان: قازى تار يول ئارقىلىق كىچىك ئەگمە ئىشىكتىن ئۆتتى-دە، كەڭ پېشايۋانلىق ھويلىغا كىرىپ كەلدى. پېشايۋانلىق سۇپىنىڭ ئۈستىگە قىپقىزىل گىلەم سېلىنغان، گىلەم ئۈستىدىكى نەچچە قەۋەت كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئىلىنياز خوجا كەپتەر تۇخۇمى چوڭلۇقىدىكى تۆت تال كۈمۈش شارچىنى ئويناپ ئولتۇراتتى.

**پېشقەدەم** سۈپ [پ+ئە] مەلۇم بىر ئىش ياكى ساھە، كەسىپ بويىچە باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان، ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭغۇچى، ئۈرنەك كۆرسەتكۈچى، پېشۋا: پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى. پېشقەدەم كادىر. * ئىككى تال ياش تامچىسى مەڭزىگە كېلىپ توختاپ قالغان پېشقەدەم مۇزىكانت سەھنىگە زوق بىلەن تىكىلگىنىچە ھاياجىنىنى باسالماي پىچىرلاپتۇ. * ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم پېشقەدەملەرنىڭ

سالامەتلىك ئەھۋالىغا ئاساسەن ھەرقايسىنى مەسلىھەتچى، ئۆگەتكۈچى، يېتەكلىگۈچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە ئورۇنلاشتۇردى.

**پېشكا** ئى [ر] شاھماتنىڭ ئەڭ كىچىك ئورۇقىنىڭ نامى: پېشكا يۈرمەك.

**پېشكەل** سۈپ [پ] پالاكەت باسقان، نەس باسقان، نەس؛ بىتەلەي: پېشكەل خوتۇن. * گۈلسۈمخاننىڭ قۇلىقىغا بىردىنلا بىر تونۇش ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. قۇلاق سېلىۋىدى، «پېشكەل ئايال... بەش كوي پۇل...» دېگەندەك گەپلەر ئاڭلاندى، ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ باقتى.

**پېشكەلچىلىك** ئى ← **پېشكەللىك**: ئۇ بۇ پېشكەلچىلىكتىن تېخىمۇ جىلە بولۇپ، ناسۋېلىنى دەرھال تۈكۈردى-دە، پاتىگۈل ھەدىگە كۆز-لىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ بىر ئالايغاندىن كېيىن بايتال تەرەپكە ئالدىراپ ماڭدى. * بۇ پېشكەلچىلىكنى قارىمامدىغان، ماشىنىسىنىڭ ئارقا ئوقىنىڭ ئىچكى تەرىپىدىكى چاق خۇددى شاپتۇلدەك ئېزىلىپ كېتىپتۇ.

**پېشكەللىك** «پېشكەل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ پېشكەللىكلەرگە بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئۇچرىغان، ھازىرغا قەدەر قانچە قېتىم پېشكەللىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تولۇق ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. * مەن شۇ كۈنى ئوپېراتسىيە تاماملانغۇچە ئىشخانىدا كۈتۈپ ئولتۇردۇم. مۇيەسسەر ئۈچ سائەتتىن كېيىن ناھايىتى ھارغىن ھالەتتە ئوپېراتسىيە ئۆيىدىن چىقتى. سېستىرا-لارنىڭ ئېيتىشىچە، ئوپېراتسىيە يېرىملاشقاندا كېسەلنىڭ قان بېسىمى تۇيۇقسىز تۆۋەنلەپ، خېلى پېشكەللىك يۈز بېرىپتۇ.

**پېشىن** ئى [پ] <دىن> ① كۈن چۈشتىن سەل قايرىلغان ۋاقىت: ئۇلار يېتىپ كەلگەندە، كۈن ئاللىقاچان پېشىندىن قايرىلغان بولۇپ، ئاتلار قارا تەرگە چۆمۈپ، دەسسەپ تۇرغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. ② پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان ناماز: — ئەمدى بالىلىغىڭنى قوي، مەن پېشىننى ئوقۇۋالاي، ئاندىن مەن بىلەن كەت، مەن سېنى مەنسۇرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياي، — دېدى موللام.

**پېشىۋا** (پېشىۋاسى) ئى [پ] مەلۇم بىر ساھە ياكى ئىشتا يولباشچى، يېتەكچى شەخس: مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىنىڭ پېشى-ۋاسى. * يۇنۇس ئۆمەرنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى خەلق ئىچىگە خۇددى خەلق قوشاقلىرىدەك كەڭ تارقالغان. تۈركلەر ئۇنى ئوسمانلى دەۋرىدىكى تۈرك شېئىرىيىتىنىڭ پېشىۋاسى، دەپ ئىززەتلەيدۇ.

**پېشىۋالىق** سۈپ. پېشىۋالار ئۈستىگە ئالا-لايدىغان، پېشىۋالارغا خاس، پېشىۋالارغا مۇناسىپ: بىز چوقۇم ئاۋانگارت، جەڭچىلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، باشقىچە ئېيتقاندا پېشىۋالىق رول ئوينىشىمىز لازىم.

**پېقىر** [ئە] ① سۈپ. كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇل: پېقىر ئادەم. پېقىر كىشى. * بۇلۇتنىڭ قەدرى يوق ئاي يېنىدا. پېقىرنىڭ قەدرى يوق باي يېنىدا (ماقال). ② ئال. «كەمىنە، مەن» مەنىسىدىكى ئۆزىنى كىچىك پېئىل ۋە كەمتەر تۇتۇشنى بىلدۈرىدىغان سۆز: ئەمەت ئۇستا بىلەن مۇتەللىپ قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ، بىر-بىرىنى تەبرىكلەشتى. ئاندىن ئەمەت ئۇستا بايىقى خۇشاللىق ھېسسىياتى بىلەن: — ئەپەندىم، بايا قوشنىلارغىمۇ خەۋەر قىلىپ قويدۇم. بۈگۈن پېقىرنىڭ خانىسىغا مېھمان كەلمەكچى، چەت ئەللىك دوستلار، — دېدى. * — پېقىر تىجارەت بىلەن يىراق سەپەردىن يېقىندىلا كېلىشىم، كەلسەم قەدىناس خوتۇنۇم قازا قىلىپ ئۇ دۇنياغا كېتىپتۇ...، — دېدى نەسرىدىن سۆز باشلاپ.

**پېقىرانە** رەۋ [ئە+پ] پېقىرلەرگە خاس، پېقىرلەرچە: ئەمەت پېقىرانە تۇرمۇش كەچۈرمەكتە ئىدى.

**پېقىرپەرۋەر** سۈپ [ئە+پ] پېقىرلەرنى ياخشى كۆرىدىغان، پېقىرلەرنى ياقلايدىغان، پېقىر تەرەپدار: سەندە سەككىز ئەزگۇ، ئۇلۇغ خىسلەت بار، زامان ئەھلى دائىم ئەمرىڭگە تەييار. ئىززەت-ئىكرام، ئېھسان، تەقۋا، زور

www.uyghurkitap.com

ئىشەنچ، پېقىرپەرۋەر دانا سۆزۈك مەندار.

**پېقىرلىق** «پېقىر» سۆزى «①»نىڭ ئىسىم شەكلى: پېقىرلىقتا تۇرمۇش كەچۈرمەك. * بايلىق بىلەن پېقىرلىق ئىككىسى ئىككى ئات (ماقال). * ئاتام ماڭا: — پېقىرلىقتا قىلىشتىن ئەنسىرىمە، ئوغلۇم، پۇل ـ مال سەندىن ئايلانسۇن، ھېچ نەرسىدىن غەم يېمە! ئاتاڭ ۋە ئانىلىمىزنىڭ ھەممە ئەزاسى سېنىڭ سالامەتلىكىڭدىن خۇشال، — دەيتتى.

**پېقىرىما** سۈپ. دىئال. پىژغىرىم.

**پېقىش** سۈپ. دىئال. پارچە، يانجىلغان، پاخشە.

**پېكتىن** ئى [گرېك] <خىم> ئۇرگانىك بىرىكمە، شەكلى تۇراقسىز يىلىمسىمان ماددا بولۇپ، ئۆسۈملۈك مېۋىلىرىنىڭ ھۈجەيرە پەردىسىدە ساقلىنىدۇ، سۇدا ئېرىيدۇ. ئۇنىڭدىن مېۋە مۇراببىاسى ۋە قەنت ـ گېزەكلەرنى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**پېگاس** ئى [گرېك] <ئاستر> ⟵ **پېگاس يۇلتۇز تۈركۈمى.**

**پېگاس يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> شىمالىي ئاسمان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 22 سائەت 40 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 21°، ئاندرومېدا يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، دەلۋە يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

**پېگماتىت** ئى [ر<گرېك] <گېئول> دانىچە ھالەتتىكى ماگما جىنس، كۆپرەك ئۇچراي-دىغانلىرى دالاشپاتى، كۋارتس ۋە چىرىمە-تال قاتارلىق مىنېراللارنىڭ چوڭ كرىستال-لىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئارىسىدا ھەمىشە گۆھەر ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار بولىدۇ.

**پېلەك** ئى [پ] <بوت> قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان غول، شاخ ۋە بەرگلىرى: بۇ يىل قاتتىق مۆلدۈر چۈشۈپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى رايونلىرىدا قوغۇن ـ تاۋۇزلارنىڭ پېلىكىنى قۇرۇتۇۋەتتى.

**پېلەك تارتماق** پېلەك چىقىرىپ ئۆسمەك، ئۇزۇن پېلەك چىقارماق: ھېلىقى قارىغاچ ئۈچۈپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بىر تال قاپاق ئۇرۇقىنى تاشلاپ قويۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باي موماي ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشاللىنىپ مەدىكارلارغا بۇ قاپاق ئۇرۇقىنى ئاپىرىپ تېرىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئۇ، بارغانسېرى پېلەك تارتىپ يوغان بىر قاپاق چۈشۈپتۇ.

**پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> يۆگىمەچ غولى ياكى ياماشقۇچى غولى بار ئۆسۈملۈكلەر. ئادەتتە ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئۈزۈم.

**پېلەكسىز** سۈپ. پېلىكى يوق، پېلەك تارتمايدىغان: پېلەكسىز ئۆسۈملۈكلەر.

**پېلەكلىك** سۈپ. پېلىكى بار، پېلەك تارتىپ ئۆسىدىغان: پېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەر.

**پېلەكلىمەك** پ. پېلەك چىقارماق، پېلەك تارتماق.

**پېلۆپتىسىيە** ئى [ر] <بوت> ⟵ **پېلۆپتىسىيە ئوتى.**

**پېلۆپتىسىيە ئوتى** <بوت> پېلۆپتىسىيە ئوتى ئائىلىسىدىكى دېڭىز يۇسۇنلىرىنىڭ بىر تۈرى، رەڭگى قوڭۇر، سۇسۇن ياكى يېشىل بولىدۇ، ياپىلاق ۋە كەڭ كېلىدۇ؛ پۇتاقلىرى ئارا شەكىلدە بولۇپ، خۇددى بۇغىنىڭ مۈڭگۈ-زىگە ئوخشايدۇ؛ دېڭىز ساھىلىدىكى قورام تاشلار ئارىسىدا ئۆنىدۇ، ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا ياكى يېپىشقاق ماتېرىياللارنى ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىشقا بولىدۇ.

**پېلىشماق** پ. دىئال. سۇغا چىلاشماق، يوقىتا چىقماق، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي قالماق.

**پىنتادا** ئى [گرېك] <ئاستر> ⟵ **بەش كۈن.**

**پىنتادىلىق تېمپېراتورا** ھەر بەش كۈننىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتورىسى.

**پىنتسىللىن** ئى [ر<لات] <تىب> ئانتىبىئو-تىكلارنىڭ بىر خىلى، يەنى پىنتسىللىن زەمبۇرۇغىنى ئۆستۈرگۈچى سۇيۇقلۇق ئىچىدىن ئاجرىتىۋېلىنىدىغان بىر خىل دورا، كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى پىنتسىللىننىڭ كالىيلىق، كالتسىيلىق ياكى ناترىيلىق تۇزلىرى بولۇپ، ئاق ۋە پاراشوك ھالىتىدە كېلىدۇ؛ شەكلى تۇراقسىز بولۇپ، سۇدا ئاسان ئېرىيدۇ؛ ئۇزۇمسىمان شارچە باكتېرىيە، زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە، لىمپا شارچە باكتېرىيىسى ۋە ئۆپكە ياللۇغىنىڭ قوش شارچە باكتېرىيىسى قاتارلىقلارنى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

**پىنسىيە** ئى [ر<لات] گراژدانلارنىڭ دۆلەتكە خىزمەت قىلىش ۋاقتى توشقانلىقى، قېرىپ ئىشقا يارىماس بولۇپ قالغانلىقى ۋە شۇ قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشى: پىنسىيە پۇلى. پىنسىيە پۇلى ئالماق. پىنسىيىگە چىقماق.

**پىنسىيىگە چىقماق** خىزمەت ئورنىدىن بوشىنىپ، دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتمەك: قادىر قاسىم ئۆتكەن يىلى پىنسىيىگە چىقىرىلغانىدى. ئۇ پىنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىش قىلىشنى توختاتمىدى.

**پېئىل I** ئى [ئە] <تىل> شەيئىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتى، ھالىتى، ئۆزگىرىشى، ئىپادىسى ۋە سېزىمى قاتارلىقلارنى بىلدۈر-دىغان سۆز تۈركۈمى: ئۆتۈملۈك پېئىل. ئۆتۈم-سىز پېئىل. ياردەمچى پېئىل. پېئىل زامانلىرى.

**پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى** <تىل> جۈملىدە پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ گرامماتىك ئىگە بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە. ئۇ باش دەرىجە، مەجھۇل دەرىجە، ئۆزلۈك دەرىجە، ئۆملۈك دەرىجە، مەجبۇرىي دەرىجە قاتارلىق بەش خىل دەرىجە شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**پېئىلنىڭ زامان كاتېگورىيىسى** <تىل> پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنغان ۋاقىت بىلەن بولغان مۇنا-سىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە. ئۇ ھازىرقى زامان، ئۆتكەن زامان ۋە كېلەر زاماندىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

**پېئىلنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى** <تىل> ئىش-ھەرىكەتنىڭ قايسى شەخس تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە. ئۇ سۆزلىگۈچى، تىڭشىغۇچى، ئۆزگىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەخستە ئىپادىلىنىدۇ.

**پېئىلنىڭ مەيل كاتېگورىيىسى** <تىل> پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرىدە كۆرۈلۈپ، جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى قانداق تەرزدە ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە.

**پېئىل II** [ئە] كىشى خاراكتېرىنى تەشكىل قىلغۇچى روھىي خۇسۇسىيەتلەر يىغىندىسى، روھىي ھالەت، كەيپىيات؛ خاراكتېر، خۇلق: كىچىك پېئىل. * شۇ ۋاقىتلاردا ئاتام قىرىق ئىككى ياشلارغا كىرگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك ئېگىز بوي، كىشىلەر بىلەن ئاسان چىقىشىپ كېتە-لەيدىغان خۇش پېئىل، ئەمگەكچان ئادەم ئىدى.

**پېئىللىق I** سۈپ <تىل> سالمىقىنى پېئىل ئىگىلىگەن، پېئىل مەنىسى ئاساس قىلىنغان، پېئىل بىلەن ئاياغلاشقان: پېئىللىق بىرىكمە. پېئىللىق جۈملە.

**پېئىللىق II** سۈپ. بىرەر ئېنىقلىغۇچى بىلەن

بىللە كېلىپ بەلگىلىك خۇلق-مىجەز، خاراكتېرگە ئىگە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كىچىك پېئىللىق، غەيرىي پېئىللىق؛ قەمەر ئۇنىڭغا: سىز شۇنى بىلىڭكى، ئەخلاقسىزلىق قىلىدىغان، غەيرىي پېئىللىق ئايال ئېرى يوق ۋاقىتلاردىلا ئەمەس، ھەتتا ئېرى يېنىدا بولغان ھالەتتىمۇ ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن تارتىپ قالالمايدۇ.

**پى** تەق. پىپى قاتارلىق ئېغىز بىلەن پۈۋلەپ چالىدىغان نەرسىلەرنى چالغاندا ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز.

**پىئانىنو** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> كۇنۇپكىلىق بىر خىل مۇزىكا ئەسۋابى. ئىچكى قىسمىغا ئورغۇنلىغان مېتال تارلار ۋە تىۋىتلىق رەخت ئورالغان بولغىسىمان كىچىك تاياقچىلار ئورنىتىلغان بولۇپ، تىلى بارماق بىلەن بېسىلغان ھامان تاياقچىلار تارغا ئۇرۇلۇپ، ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**پىئانىنوچى** ئى. پىئانىنو چالغۇچى كىشى: ئارتىسلار رېپېتىتسىيەدىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇلار بىلەن پىئانىنوچى ئوتتۇرىسىدا چاتاق چىقىپ قالدى. ئەپەندىم بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلىدى.

**پىپا** ئى [خەن] <مۇز> ← **باربىت**.

**پىپەن** ئى [خەن] تارىس. خاتا ئىدىيە، خاتا كۆز قاراش ۋە خاتا سۆز-ھەرىكەتلەرگە ياكى شۇلارنى سادىر قىلغان كىشىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل تەنقىد ئۇسۇلى؛ بۇ ئادەتتە ئاغزاكى ياكى ماتېرىيال يۈزىدە بولىدۇ: پىپەننى قانات يايدۇرماق. * سوۋېت ئىتتىپاقى پەيلاسوپلىرى يېقىنقى يىللاردا دېبورىن ئېقىمىنىڭ ئىدېئالىزمىنى پىپەن قىلدى. * بىر بۇرژۇئا ئىدىيىسىنى ۋە باشقا ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيىلىرىنى قاتتىق پىپەن قىلىشىمىز لازىم.

**پىپەن قىلماق** تەنقىد ۋە تەھلىل ئارقىلىق خاتالىقىنى، خاتا ئىدىيە ۋە قاراشنى رەت قىلماق: ئۇ مەكتەپتىلا ئەمەس، بەلكى دۆيدىمۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى پىپەن قىلىش يىغىنلىرىغا دادىسى بىلەن بىللە ئاكتىپ قاتنىشىپ تۇرىدۇ، ئەزالارغا گېزىت ئوقۇپ بېرىدۇ.

**پى-پى** تەق «پى» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: «پى-پى» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق.

**پىپى** ئى ① <مۇز> سۇناي قاتارلىق پۈۋلەپ چېلىنىدىغان سازلارنىڭ ئېغىزدا پۈۋلىنىدىغان كىچىك نەيچىسى. ② پۈۋلەپ چېلىش ئۈچۈن سۆگەت چىۋىقىنىڭ قوۋزىقىدىن ياسالغان نەيچە: يېشىل يۇمران تال سۆگەتتىن پىپى ياسىدىم، ھەر يېقىغا نەقىش ئويۇپ، تازا بېزىدىم.

**پىپى ئۇلاق** <دېھ> نوتىنىڭ قوۋزىقىنى بىخ بىلەن قوشۇپ پىپى چىقىرىپ، ئۇلاق تۆۋىنىڭ ياغىچىغا كىيدۈرۈپ ئۇلىنىدىغان ئۇلاق.

**پىت** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات، ئېقىش كۆل رەڭ، ئاچ سېرىق ياكى قاراكۆل رەڭ كېلىدۇ؛ تېنىدە قىسقا تۈكچىلىرى بولىدۇ؛ بېشى كىچىك، قانىتى بولمايدۇ؛ قۇيرۇقى چوڭ، تۇخۇمى ئاق بولۇپ ئەللىپىس شەكىلدە؛ دائىم ئادەم، چوشقا ۋە كالا تېنىدە قان شوراپ پارازىت ياشايدۇ؛ قارا كېزىك، قايتۇرما كېزىك قاتارلىق كېسەللىكلەرنى تارقىتىدۇ.

**پىت باقماق** كىيىم ۋە بەدەندىن پىتنى تېپىپ ئۆلتۈرمەك، يوقاتماق: «AQ»مۇ كەمزۇلنى يېشىپ، پىت باقىقلى باشلىدى.

**پىتتىن پوستۇمبا ئالماق** ← **بۆرگىدىن پوستۇمبا ئالماق**.

**پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالماق** ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن چوڭراق بىر نەرسىنى زىيانغا ئۇچراتماق: — پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغىلى بولمايدۇ، بالام، — دېدى ساۋۇتكام ئوغلى ناسىرغا تەسەللى بېرىپ، — بوپتۇ، بۇمۇ

سەن ئۈچۈن ساۋاق بولدى. بۇندىن كېيىن دىققەت قىلارسەن.

**پىتنىڭ ئاچچىقىدا كۆڭلەكنى ئوتقا سالماق** ← پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالماق.

**پىت ئۆچەي** ئىچى تار، قورسىقى كىچىك: — مەن ئۆيدە تاغىسىنىڭ بىرنەچچە كۈن تۇرۇشىنى خالىمايدىغان ئىچى تار، پىت ئۆچەي ئادەممۇ ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن مۇنداق ئىككى تۇرلۇك ئەھۋال مېنى ئەندىشىگە سېلىپ قويغانىدى، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ ھال-ئەھۋالىنى ئېيتىپ.

**پىت ئۆچەيلىك قىلماق** ئىچى تارلىق، كۆزى كىچىكلىك قىلماق: شۇنداق قىلىپ مەسۇمخاننىڭ ئۆزى تۇغقان باللىرىغىمۇ پىت ئۆچەيلىك قىلىپ يىغىپ تۆشكەن سەكسەن كوي پۇلى ۋە بىر چارەك ئاق ئۇننى ھېلىقى ئوغرى قۇرۇتۇپ قويدى.

**پىتنىڭ ئۆچىيىگە ھېسىپ قويىدىغان** كىچىككىنە مەنپەئەتنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمايدىغان، ئۆتۈپ كەتكەن پىخسىق: ئۇ پىتنىڭ ئۆچىيىگە ھېسىپ قۇيىدىغانىدىن بىرنەرسە ئالماق تەس، يۇر تۇختىكامدىن سوراپ باقايلى.

**پىت يېگەن** ئىنتايىن پاسكىنا؛ دۆت، كالۋا.

**پىتپاگىزا** سۈپ. [پىت+پاگىزا] ھەددىدىن زىيادە پىخسىق، بېخىل.

**پىتكۆز** سۈپ [پىت+كۆز] ① كۆزى كىچىك: — ئاۋۇ، ئاۋۇ، ئەنە ئاۋۇ شۇ! — دەپ چاشقانغا ئوخشاش چىرقىرىدى ئاغزى مايماق، پىتكۆز بىر ئەبلەخ قاسماق بېسىپ كەتكەن دوپپىسىنى تاقىر بېشىنىڭ كەينىگە ئىتتىرىپ قويۇپ. ② پىخسىق، بېخىل، ئاچكۆز، قىزغانچۇق: پىتكۆز ئادەم. * ئۇكام بۇ سودىنىڭ ئىشىنى ئاكاڭ قاسىم تەخەيگە ئېيتمىغىن، ئۇ تازا بىر پىتكۆز بىرنېمە، ئىشىمىزغا كورۇكى تۇتۇپ قېلىپ ھېلىقى ئېگىز دەرۋازىغا يۇگۇرمىسۇن يەنە.

**پىتكۆزلۈك** «پىتكۆز سۆزى» «②» نىڭ ئىسىم شەكلى: پىتكۆزلۈك قىلماق.

**پىتلاشماق** ① «پىتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② پىت بېسىپ كەتمەك، پىتلىماق: ئۆزۈن ۋاقىت كىيىم-كېچەكلىرىنى سالماي دۇم يېتىپ، دۇۋ ۋۇپۇپ يۇرگەنلىكىمىزدىن كىيىملىرىمىز پىتلىشىپ كەتكەنىدى.

**پىتلانماق** ① «پىتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② كۆچمە. ئاز-تولا پۇل تاپماق، بېيىماق، ھال-ئوقىتى ياخشىلانماق: — مەخپىركا، سېنىڭدىن رەنجىشىم يوق، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — يولۇمغا پۇتلاشماساڭ، بازاردا پۇلنى ئاسان دوملاتقىلى بولىدىكەن، كىچىككىنە پىتلىنىۋالاي.

**پىتلىق** سۈپ. پىتى بار، پىت بېسىپ كەتكەن، پىتى تولا: پىتلىق ئادەم. * ئۇ قەلەندەر: — بايلار مېنى «پىتلىق گاداي» دەپ يولاتمىسا، ئۆزەمگە ئوخشاش گادايغۇ دەپ سىزگە كەلسەم، سىزمۇ قوغلىسىڭىز، قانداق قىلارمەن، ئەمدى، بۇ پادىشاھنىڭ شەھرىدە كۈن ئالماق تەس بولدى، — دەپ يالغاندىن يىغلاپتۇ.

**پىتلىماق** پ. پىت بېسىپ كەتمەك، پىت كۆپەيمەك، پىتلاشماق: ھەممىمىز يۇيۇنۇپ پىتلاپ كەتكەن ئىچ كىيىملىرىمىزنى سېلىپ تاشلاپ پاكىز كۆڭلەكلەرنى كېيگەندىن كېيىن ئادەم سىنىغا كىرىپ قالدۇق.

**پىتنە** ئى [ئە] غەرەزلىك ھالدا بىراۋنى قارىلاش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان يالغان سۆز، تۆھمەت: ئابلا خۇددى بىراۋ بوغۇزلاۋاتقاندەك چىرقىرىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، زاۋۇتتا «ئادەم ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن پىتنە تارقالدى.

**پىتنە قىلماق** يالغان سۆز-چۆچەك، ئىغۋا تارقاتماق: — ئاۋۇت بۇ ئىشنى قىلىشتا باشقىلارنىڭ پىتنە قىلىشىدىن قورقۇۋاتىدۇ، — دېدى داۋۇت.

**پىتنە-پاسات** يالغان ياۋىداق سۆز: جاڭگال-دىكى باشقا كۆپلىگەن ھايۋانلارمۇ تۈلكە كەلگەندىن

باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىناقلىقى يوقالغانلىقى، پىتنە - پاسات كۆپىيىپ، جېدەل - ماجىرانىڭ ئاۋۇغانلىقىنى سېزىشكە باشلاپتۇ. * ئۇ، باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ باندىتلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتكە قارشى پىتنە - پاساتلىرىنى پاش قىلغان، خەلقنى باندىتلارغا ئەگەشمەسلىككە سەپەرۋەر قىلغان، باندىتلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىنى توسقانىكەن.

**پىتنە - پاساتچى** پىتنە - پاسات تېرىپ يۈرۈيدىغان كىشى، ئىغۋاگەر.

**پىتنە - ئىغۋا** پىتنە ۋە ئىغۋا: ئاۋۋال قازى موللانىياز دادامنى «دىنىمىزغا شەك كەلتۈرۈۋاتىدۇ، ناھايىتى يامان ئادەم» دېدى. ئاندىن بوۋا سېنى «موللانىياز بىلەن تىلى بىر، يېقىندا ئۇستۇمدىن پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپتۇ» دېدى.

**پىتنىخور** سۈپ. پىتنە قىلىشقا ئادەتلەنگەن، پىتنە پەيدا قىلغۇچى؛ پىتنە تارقاتقۇچى: پىتنىخورنىڭ سۆزى يامان، سۆزىدىنمۇ ئۆزى يامان (ماقال). * ھېلىقى مەككار، پىتنىخور ۋەزىرلەر بىر - بىرىدىن كېلىپ تەختتە تۇۋۇدە پادىشاھ قېشىدا تۇرۇۋۇشۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى باشقىلاردىن چوڭراق ئىكەن.

**پىتنىخورلۇق** «پىتنىخور» سۆزىنىڭ ئابستىرات ئىسىم شەكلى: پىتنىخورلۇق قىلماق. * پىتنىخورلۇق قىلغان ئادەم ئاخىرى ياخشىلىق كۆرمەيدۇ.

**پىتىر I** ئى[ئە] ‹دىن› ئىسلام دىنى قائىدىلىرى بويىچە روزا ئېيى ئاخىرلاشقاندا كەمبەغەللەرگە بېرىدىغان سەدىقە، زاكات: پىتىر بەرمەك.

**پىتىر II** تەق. ئۆز ئورنىدا جىم تۇرماي ئۇ ياقتىن بۇ ياققا تېز ھەرىكەت قىلىش ھالىتى: پىتىر قىلىپ قالماق. پىتىر قىلىپ ھەرىكەت قىلماق.

**پىترا** ئى. ئوۋ مىلتىقىنىڭ ئوقى، چاچما ئوق.

**پىتراتماق** «پىترىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىتراشماق** «پىترىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بايىسىز ئاق سانجىلغان ساقال - بۇرۇتلىرىنى تىترەتكەن ھالدا: — بەگ ئۈستىگە سۇ چىقمىسا بىز ئاچ - ئۇرۇق خەقلەرگە نېمە زىيان، ئەمما، بەگ چىدىمايدۇ، بايلار پىترىشىدۇ، ئۆز يېغىمىزدا ئۆز گۆشىمىزنى قورۇشىدۇ، — دەپ زەردە بىلەن قايىندى.

**پىتراڭغۇ** سۈپ. پىتىراپ كېتىدىغان، چېچىلاڭغۇ.

**پىتىر - پىتىر** «پىتىر II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى .

**پىترلاشماق** «پىترلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يېتىپ كەلدى بىرپەستە شۇئرلىشىپ، بېسىپ كىردى ھەم ئۆيگە پىترلىشىپ. ھەممىسلا ئېتىلدى قاسىم جانغا، يار ئىشقىدا پەرھاتتەك باغرى قانغا.

**پىترلىماق** پ. ئۆزىنى ھەر يانغا ئۇرۇپ، پۇت - قولىنى سىلكىپ ھەرىكەت قىلماق؛ تىپىرلىماق: چوققىلار ئۈستىدە گۈرۈلدەر بوران. كەڭ يېيىپ قانىتىنى ئۇچىدۇ بۈركۈت، گويا ئۇ، قوغلايدۇ ئالدىغا سېلىپ، قاچماقتا پىترلاپ قارامتۇل بۇلۇت.

**پىترىماق** پ. قالايمىقان چېچىلىپ، ھەر تەرەپكە تارىلىپ كەتمەك: ئانارگۈل باشلىق يەتتە قىز بۆرۈلۈپ خاندى تەرەپكە بېرىپ، ئاتلىق قىلچىلىرىنى ئويىنىتىپ جەڭگە كىرگەندە، خان لەشكەرلىرىنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ، ھەر تەرەپكە پىتراپ قېچىشتى. * كىشىلەر مەھبۇسلارنى يالاپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۈركىگەن قۇشلاردەك پىتراپ قېچىشتى.

**پىتىق** تەق، ئۇماچ ۋە بوتقا ھالىتىدىكى سۇيۇق جىسىملار قايناۋاتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز: پىتىق قىلىپ قايىنىماق. پىتىق قىلغان ئاۋاز ئاڭلانماق.

**پىتىق - پىتىق** «پىتىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قازان پىتىق - پىتىق قايناپ كەتتى.

**پىتقىلاشماق** «پىتقىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك

دەرىجىسى.

**پىتىقلىماق** پ «پىتىق-پىتىق» قىلىپ قايناماق، «پىتىق-پىتىق» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: قازان پىتىقلاپ قايناپ كەتتى.

**پىتىگە** ئى. دىئال. كىچىك باللارنىڭ قورسىقى يوغىناپ بويىغا ئۆسمەي قېلىش ھالىتى: پىتىگە بولۇپ قالغان بالا.

**پىچاق** ئى ① پولاتتىن ياسالغان بىر ياكى ئىككى بىسلىق، سېپى بار كېسىش ئەسۋابى: يىتكەن پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن (ماقال). * پىچاقنى ئالدى بىلەن ئۆزەڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە سال (ماقال). * شاھزادە زار ئۇستۇنكى ئۆيگە چىقىپ، پىچاقنى ئېلىپ شوتىدىن چۈشۈۋاتقاندا تېيىلىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاق قولىدىن ئاجراپ چۈشۈپ بالىنىڭ كۆكرىكىگە سانجىلىپ قاپتۇ. ② <سانا> تۇرلۇك ستانوكلارنىڭ كەسكۈچى قىسمى.

**پىچاق بىسى قالماق** ناھايىتى ئاز قالماق، كىچىككىنە قالماق.

**پىچاق تارتماق** دىئال. چاقچاقتا تېرىكىپ ئۆچ ئېلىشقا ئۆتمەك.

**پىچاق سۆڭەككە قادالماق** ← **پىچاق سۆڭەككە يەتمەك.**

**پىچاق سۆڭەككە يەتمەك** ئەھۋال چىداپ بولمايدىغان دەرىجىگە كەلمەك، دەرد-ئەلەم ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتمەك: — سەۋرتاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ، — دېدى ئەنۋەر ئەپەندى، — ئاخىرى پىچاق سۆڭەككە يەتتى-دە، ئەمدى ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىرىمۇ خەلقنىڭ غەزىپىنى باسالمايدۇ.... * چىداپ بولماس كالتەككە، پىچاق يەتتى سۆڭەككە. يەتمىگۈچە تۇرمايمىز، ئاخىر ئەركىن تىلەككە!

**پىچاق سۇرمەك** بوغۇزلىماق، ئۆلتۈرمەك (قوي، كالا... قاتارلىق چارۋىلارغا نىسبەتەن): — قوي! دادا، قويىمۇ پىچاق سۇرسە تېپىرلايدىغۇ؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئۆزەڭ ئېيتىپ بەرگەن چىن تۆمۈر باتۇرلاردەك بولالمايمىز؟! — دېدى ئادىل.

**پىچاققا يارىغۇدەك** ئانچە ئورۇق ئەمەس، سويسا يامان ئەمەس گۆش چىقىدىغان (قوي-كالا قاتارلىق ماللار ھەققىدە).

**پىچاق قوندىقى** <ماشىن> ستانوكلاردىكى پىچاق ئورنىتىلىدىغان قونداق. پىچاقلار بۇ قونداققا بولتلار ئارقىلىق ئورنىتىلىدۇ.

**پىچىقى كەسمەك** ھوقۇقىنى ئىشلەتمەك، گېپى ئۆتمەك: ئەسقەر بىر ئامال قىلىپ يېڭى رەھبەرلىك بەنزىدىكىلەر بىلەن بولۇپمۇ، ھازىرنىڭ ئۆزىدە خىزمەتتىكى دېدىلىكى، ئادىللىقى ۋە ماھىرلىقى بىلەن پىچىقى كېسىپ، جامائەتنىڭ ئارىسىدا نوپۇزى ئېشىپ كېتىپ بارغان سادىر چاڭجاڭ بىلەن يېقىنلىشىش پۇرسىتىنى ئىزدەيدىغان بولدى.

**پىچاقچى** ئى ① مەخسۇس پىچاق سوقۇش، ۋە سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: بالا، بوۋايغا بۇ قەلەمتىراشنى بۇلتۇر يازدا پىچاقچى قوشنىسى ئىسمەت ئاكىنىڭ سوقۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. بوۋاي قەلەمتىراشنى كۆزىگە يېقىن ئەكىلىپ، سىنچىلاپ قارىغاندى، ئۇنىڭ تىغىغا ئويۇلغان بىر قاتار رەقەملەر ئوچۇق كۆرۈندى، پىچاقچى ئۇستا ئۆز قولىدىن چىققان بۇ ئەسۋابقا سوقۇلغان ۋاقتىنى ئويۇپ يېزىشنى ئۇنتۇمىغانىكەن. ② كۆچمە. ھە دېگەندە باشقىلارغا پىچاق كۆتۈرىدىغان، ئۇرۇش-تالاش بولغاندا پىچاقنى قورال قىلىدىغان كىشى.

**پىچاقچىلىق** ① «پىچاقچى» سۆزى «①»نىڭ كەسپىي نامى: ئەنۋەرلەرنىڭ ئائىلىسى ئەزەلدىن پىچاقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ② ھە دېگەندە باشقىلارغا پىچاق كۆتۈرۈش، ئۇرۇش-تالاش بولغاندا پىچاقنى قورال قىلىش ئادىتى، قىلىقى.

**پىچاقلاشماق** «پىچاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: روزىخان ھەققەتەن يامان ئايال بولۇپ، ئۇ ۋاقتى كەلسە ئەرلەر بىلەن

تەك مۇشتلىشىپ، تەك چېلىشىپ، پىچاقلىشىپ ھۇددىسىدىن چىقاتتى.

**پىچاقلانماق** «پىچاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشكتە ئۆزى يالغۇز پوستتا تۇرغان قاراۋۇل قاراقچىلار تەرىپىدىن پىچاقلاندى.

**پىچاقلىماق** پ. پىچاق سالماق، پىچاق تىقماق، پىچاق بىلەن جاراھەتلەندۈرمەك ياكى ئۆلتۈرمەك: مەن، دۇنيادا ئەڭ ئاچچىق ئەرسە دۈشمەن ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، يېقىندا مۇشۇ مەھەللىدە ئىككى كىشى بىر-بىرىنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈشتى، سەۋەبىنى سورىسام، ئۇلار كۆپتىن بېرى بىر-بىرىگە دۈشمەنلىشىپ يۈرگەنىكەن.

**پىچاقۋاز** ئى. ھەدېگەندە كىشىلەرگە پىچاق كۆتۈرىدىغان، ئۇرۇش-تالاشتا پىچاقنى قورال قىلىدىغان، پىچاق ئىشلىتىدىغان كىشى: پىچاقۋازلار تەشكىلاتى.

**پىچاقۋازلىق** «پىچاقۋاز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**پىچان** ئى. سازلىق ۋە شورتاڭ يەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك: پىچان ئورماق.

**پىچانگۈل** [پىچان+گۈل] ئى <بوت> ← **ياقاچىغىرتمىقى.**

**پىچانلىق** ئى. پىچان بار يەر، پىچان كۆپ ئۆسكەن جاي: مەردان قېلىن ئۆسكەن پىچانلىق ئىچىدىن ئاق بوز ئاتنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، چىنارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئىككى دوستى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

**پىچەك** (توغرىسى: پۈچەك) ← **پۈچەك**

**پىچەكگۈل** ئى <بوت> پىچەكگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غولۇق ئۆسۈملۈك، غولى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ؛ كۆپىنچە سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ؛ تۈگۈنەك يىلتىزى يۇملاق تۇۋرۇك شەكلىدە كېلىدۇ؛ يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، شەكلى تۇخۇمغا ياكى ئىللىپسقا ئوخشايدۇ؛ گۈلى ئاق كېلىدۇ، ئاتىلىق-ئانىلىقلىرى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ؛ تۈگۈنەك يىلتىزىدا كراخمال ۋە ئاقسىل بولىدۇ؛ ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەپ، يۈرەككە مەنپەئەت قىلىش، خىلىت ھاسىل قىلىپ ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش، ئىھتىلامنى تىزگىنلەش رولىغا ئىگە.

**پىچماق** پ ① كىيىم-كېچەك تىكىش ئۈچۈن رەختنى مەلۇم ئەندىزە ۋە ئۆلچەملەردە كەسمەك: تون پىچماق. * خوماخان ئاكىسىنىڭ سۆزىنى، يەڭگىسىنىڭ قارشىنى تولۇق چۈشەندى. ئۇ بۇ كېچە خېلى بىركەمگىچە خىيال سۈردى. تالاي كىيىملەرنى پىچىپ، ئۆيلەرنى بېزەپ بولدى. ② كەسمەك، تىلماق، توغرىماق: تاۋۇز پىچماق. قوغۇن پىچماق. * بوۋاي بالىنىڭ ئالدىدىكى كاسىدىن بىر تىلىم پىچىپ ئۇنىمۇ يەۋەتتى. — ھەي بوۋا، ئەمدى بۇنى كىچىك قىلىپ قويدىڭىز! — دېدى بالا خېلى جىلە بولۇپ. ③ <زوئول> ئەركەك مالنىڭ جىنسىي بېزىنى ئېلىۋەتمەك. ④ كۆچمە. بەلگىلىمەك، بىر ھۆكۈمگە كەلمەك، كەسمەك (باھا، نەرخ، ئىش ھەققى ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدە): باھاسىنى پىچماق. * ئادىل ئورنىدىن تۇرۇپ، شەمسىدىنىڭ قورۇ-جايىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئارقىدىن باھا پىچىپ: — مېنىڭچە، قورۇ-جايلار ئون بەش سەر ئالتۇنغا يارايدۇ. مۇشۇنداق بولغانىدا زىخمۇ كۆيمەيدۇ، كاۋاپمۇ... — دېدى. * يەنە ئۆتتۇر بەلكى تالاي يىل، ئۆتتۇشۇرمىز يەنە شۇ ھالدا. ئىككىمىزنىڭ نەرخ-ناۋاسىن، خەلق ئۆزى پىچار شۇ چاغدا...

**پىچۇرماق** «پىچماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىچۇرۇشماق** «پىچۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پىچۇرۇلماق** «پىچۇرماق» پېئىلىنىڭ

مەجھۇل دەرىجىسى.

**پىچىر** ① تەق. سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىنىڭ ئۆزلىرىلا ئاڭلاپ باشقىلار ئاڭلىيالمايدىغان پەس ئاۋاز: قاراڭغۇدا بولۇڭدا «پىچىر» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. ② ئى. شۇنداق ئېيتىلغان گەپ: گەپنىڭ يامىنى پىچىر، ئاتنىڭ يامىنى قىچىر (ماقال).

**پىچىر-پىچىر** ① «پىچىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: «پىچىر-پىچىر» قىلىپ سۆزلىمەك. * ئۇ كېتىۋېتىپ پات-پات ئارقىسىغا، ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە قاراپ قوياتتى. ئاغزى بولسا «پىچىر-پىچىر» قىلىپ مۇنۇ سۆزدىن خەۋەر بېرەتتى: — خىزمىتىڭنى ياخشى قىلالمىدىم ئانا، مەندىن رازى بولغىن ئانا... ② ئۆزئارا قىلىشقان خۇپىيانە گەپ-سۆز، سۆز-چۆچەك: تۇرغۇن، پەردزاتنىڭ ئەتىلا بۇ «ئىنكاس»نى راستىنلا ئىشچىلار ئارىسىدىن ئاڭلىغاندەك بولۇۋالىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ بىلەن زاۋۇت ئىچىدىكى باشلىنىدىغان «پىچىر-پىچىر»لارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

**پىچىرلاتماق** «پىچىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۆزلە ئەي، ئىشقىم تاڭلىرىغا ئۆرلىگەن چولپان، پىچىرلىتىپ جىنەتىدەك لەۋلىرىڭنى سىر نېمىدە؟...

**پىچىرلاشماق** «پىچىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇردا قوۋۇق ئالدىغا تۇرغۇن ئادەملەر يىغىلغانىدى. كىشىلەر ئېگىزگە قانداقتۇر بىرنەرسىگە قارىغان پېتى نە تۇرۇشنى، نە كېتىشنى بىلمەي، ھودۇقۇش ئىچىدە ئۆزئارا پىچىرلىشاتتى. * ئوقۇغۇچىلار ئىختىيارسىز بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، «ئاسىم ئەپەندىم، ئاسىم ئەپەندىم...» دەپ بىلىنەرلىك ئاۋاز چىقىرىپ پىچىرلاشتى.

**پىچىرلىماق** پ. باشقىلار ئاڭلىيالمايدىغان دەرىجىدە پەس ئاۋاز بىلەن گەپ قىلماق: ئىككى-ئۈچ قىز ئىشخانا تەرەپكە ئالدىراپ يۈگۈردى، يەنە بىرقانچىسى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قاراپ قالدى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان نىجات ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلايتتى.

**پىچىگار** ئى. تارس. ئوپېراتسىيە: قەدىمكى زاماندىمۇ بىزدە ئوپېراتسىيە قىلىش بولغان، ئوپېراتسىيىنى «پىچىگار»، ئوپېراتسىيە دوختۇرلىرىنى «جەرراھ» دەپ ئاتىغاندى، — دېدى مەننانى.

**پىچىلماق** «پىچىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېڭەش بىلەن پىچىلغان تون قىسقا كەلمەس (ماقال). بۇ كۈنلەردە نازىرىنىڭ كۆڭلى زادىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى: ئۆزىگە «باي» دېگەن تون پىچىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيتتى، كۈندۈزى قولى ئىشقا بارمايتتى. * بىزنىڭ ئۇ سابىق شۇجىمىز ئەلەم كۈرەشلىرى كۆپىيىپ كەتكەن قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە كىملەر تەرىپىدىندۇر قاتتىق ئۇرۇلۇپ سوغۇققا توڭلاپ ئۆلگەنىدى. ئۆلگەندىن كېيىن «خائىن»، «گومىنداڭ ئىشپىيونى» دېگەن قالپاق پىچىلىپ، ئائىلىسىدىكىلەر يىراق بىر يېزىغا ئەۋەتىلگەنىدى.

**پىچىم** ئى. ① رەختنىڭ كىيىمگە ئۆلچەپ كېسىلىشى؛ پاسون: بۇ بۇرۇلكىنىڭ پىچىمى ياخشى بوپتۇ. جىسمىغا قاراپ ئىسمى بولىدۇ، بەستىگە قاراپ پىچىم بولىدۇ. ② كۆچمە. تاشقى كۆرۈنۈش، قەددى-قامەت: پىچىمى كېلىشكەن يىگىت، * مەن ئۇ قىزنىڭ خۇش پىچىم قاملاشقان قامىتى، ھۆسن-جامالىنى پۈتۈن گۈزەللەرگە ئەندىزە ۋە ئۇنىڭ خۇش خۇلقى، يېقىملىق مىجەزى، قول ھۈنەر، خىسلەت-پەزىلەتلىرىنى ھەممە چەۋەندازلارغا ئۈلگە، ئۆرنەككە لايىق قاملاشتۇرۇپ يارىتىپ قويغان تەبىئەتكە تەھسىن ئېيتىمەن. ③ كۆچمە. توختىتىلغان، بېكىتىلگەن باھا؛ نەرخ: شەمسىدىن قورۇجاينىڭ پىچىمىنى ئاڭلاپ، ئۇجۇقۇپلا كەتتى.

**پىچىمچى** ئى. مەخسۇس كىيىم-كېچەك لايىھىلەپ پىچىدىغان ئادەم؛ كېسمىچى: سەيدىن قارىي باش پىچىمچى ئۇستاملارغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

**پىچىمچىلىق** ئى. كىيىم پىچىش كەسپى:

نادىر تۆت ئاي ئىچىدە يالغۇز كىيىم تىكىشنىلا ئەمەس، بەلكى پىچىمچىلىقنىمۇ ياخشىلا ئۆگىنىۋالدى.

**پىخ** تەق ① كۈلگەندە تاماقتىن پارتلاپ چىققان قىسقا بوغۇق تاۋۇش: ئايشىگۈل «پىخ» قىلىپ كۈلدى. ② مۆشۈك ئۆز رەقىبىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ھۆرپىيىپ تامقىنى قىرىپ چىقارغان تاۋۇش: «پىخ» قىلغان تاۋۇشنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. قارىسام دەرەخنىڭ تۆۋىدە يوغان بىر قارا مولۇن مۆشۈك كۆزىنى پارقىرىتىپ ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ.

**پىخ قىلماق** بال س. كەسمەك؛ سويماق؛ ئۆلتۈرمەك: قوينى پىخ قىلماق.

**پىخ-پىخ** «پىخ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: «پىخ-پىخ» قىلىپ كۈلمەك. ئۇ ئۇقار، بىر كۆزى قىزلار تەرەپتە، بەزىدە قىزلارمۇ «پىخ-پىخ» كۈلەتتى. بويىندا بارماقتەك كۆپسە تومۇرلار، ئۈزۈلمەس مىسرالار داۋام ئېتەتتى.

**پىخخىدە** رەۋ «پىخ» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا: ئامنە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر كۆرپىنى يېپىپ قويغاندىن كېيىن كاستۇرۇلنىڭ ئىچىگە قاراپ بېقىپ، پىخخىدە كۈلۈۋەتتى.

**پىخسىق** سۈپ. كىشىگە نەپ بەرمەيدىغان، بېخىل: پىخسىق ئادەم. * بىركۈنى بوۋاي ئوغۇللىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا: — مەن كىسىلىمدىن ساقيالمايدىغان بولدۇم. نەپسىمنىڭ ئاخىرىدا سىلەرگە مۇنۇ ئۈچ ئىشنى تاپىلايمەن: بىرىنچىسى، ئاكا-ئۇكا ئىناق ئۆتۈڭلار؛ ئىككىنچىسى، ياش چېغىڭلاردا كىشىلەردىن بىلىم ۋە ئەقىل-پاراسەت ئۆگىنىڭلار، قېرىغان چاغدا پايدىسىنى كۆرىسىلەر؛ ئۈچىنچىسى، ھەرقانچە كۈلپەت-ئەلەملەرنى تارتساڭلارمۇ، يېزىمىزدىكى پىخسىق بايغا يىللىقچى بولماڭلار... — دەپتۇ-دە، جان ئۈزۈپتۇ.

**پىخسىقلىق** «پىخسىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: پىخسىقلىق قىلماق. * شۇ يىلى باش كۈزدە قوشكۆل تەۋەسىدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان، ئەمما پىخسىقلىقتا داڭقى كەتكەن مىشا ھاجى، كىېزىنىڭ بىلەن ئاغرىپ ياتقان پادىچىسى مىرزىمەتنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى.

**پىخىلداتماق** «پىخىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا ياللىرىنى پىخىلدىتىپ كۈلدۈردى.

**پىخىلداشماق** «پىخىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئوملۇك دەرىجىسى: — نېمە گەپ، — دېدى ئوقۇتقۇچى، — دىلبەرگە نېمە بولدى؟ — قىزلار ئۆز-ئارا پىچىرلاشتى، بەزىلىرى پىخىلدىشىپ كۈلۈشتى. * ئىككى بالا پىخىلدىشىپ كۈلۈشكىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىر-بىرى بىلەن قىزغىن قول ئېلىشتى ۋە يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقىپ كېتىشتى.

**پىخىلدىماق** پ «پىخ-پىخ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ئامنە بېشىنى گۈلجامالنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئۇلار ئېغىر ياتقۇ مەھەللىگىچە بىر-بىرىنى غىدىقلىشىپ پىخىلداپ كۈلۈشتى. * ئۇ سېمىزلىكىدىن پىخىلداپ يۆرەلمەي قاپتۇ.

**پىدا** ئى [ئە] ① بىرەر شەخس، ئىش-ھەرىكەت ياكى ئىدىيە ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش؛ قۇربان بېرىش: «ئانا يۇرتۇم بولسا ئامان، رەڭگىرويىم بولماس سامان»، قەلبىم سۆزى شۇكى مېنىڭ: ۋەتەن ئۈچۈن پىدا بۇ جان! ② ئەرلەر ئىسمى.

**پىدا بولماق** بىرەر شەخس، ئىش-ھەرىكەت ياكى ئىدىيە ئۈچۈن جان بەرمەك، ئۆزىنى ئاتىماق: سەن ئەگەر پىدا بولۇپ، ئەل يولىدا بولساڭ شېھىت، ئارمىنىڭ بولماس جاھاندا، روھىڭ ئۆلمەس مەرد يىگىت.

**پىدا قىلماق** بىرەر شەخس، ئىش-ھەرىكەت ياكى ئىدىيە ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىماق؛ ئۆزىنى قۇربان قىلماق، ئۆزىنى ئاتىماق: ئۇلار خەلق ئازادلىق ئىشى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان جەڭچىلەر. * ۋەتەن كۈتمەكتە، ئەي ئوغلۇم، پىدا قىل جانىنى، ئەسكەر بول، كۈرەش يالقۇنىدا تاۋلان، تېپىپ كۈچ، جەڭدە قەيسەر بول.

www.uyghurkitap.com

**پىداكار** سۈپ [ئە+پ] بىرەر شەخس، ئىش ـ هەرىكەت ياكى ئىدىيە يولىدا جېنىنى پىدا قىلىدىغان، ئۆزىنى ئاتايدىغان؛ چەكسىز ساداقەتمەن: پىداكار جەڭچى. پىداكار كىشى. * ئاناڭنىڭ ئارزۇسى شۇكى، كۆرەشلەردە پىداكار بول، ۋەتەن چاقىرسا جەڭلەردە، ئېلىپ شەمشەرنى تەييار بول.// بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، باتالىيون كوماندىرى ئاپتوماتچىلاردىن بەشىمىزنى تاللاپ، پىداكارلار ئەترىتى قىلىپ تەشكىللىدى ھەمدە قېرىنداش قىسىمدىن ئايرودرومنىڭ يەر شارائىتىنى ئوبدان بىلىدىغان بىرەيلەننى ئەترەت باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلدى.

**پىداكارانە** رەۋ. جاننى پىدا قىلىپ، ئىنتايىن ساداقەت بىلەن، بېرىلىپ: ئۇلارنىڭ پىداكارانە ئىشلىشىدىن تەسىرلەنگەن ئەتراپتىكى كىشىلەرمۇ ئوت ئۆچۈرۈشكە قاتناشتى. ئۇلار كىيىم ـ كېچەك-لىرىنىڭ كۆيۈشىگە قارىماي، دۇكاندىكى ماللار سىرتقا توشۇلۇپ بولغۇچە ئوت بىلەن جەڭ قىلدى.

**پىداكارلىق** ① «پىداكار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئەمما ئىبراھىم ئاكىنىڭ دىققىتى تۇرسۇندا ئىدى، ئوغلىنىڭ پىداكارلىق روھى، كىچىك بولۇشىغا قارىماي ئېتىز ئىشلىرىدىكى پائالىيەتچانلىقى، خۇددى دېھقاندەك ئورغاق بىلىشى ئۇنى خۇشال قىلاتتى. ② ئۆزىدىن كېچىپ، بېرىلىپ ئىشلەش، پىدائىيلىق: ھاياتقا مۇھەب-بەتتە شەخسنىڭ ئۆز ھاياتىدىن پىداكارلىق بىلەن كېچىشتەك يالقۇنلۇق يۈرىكى يوشۇرۇنغان؛ ھاياتقا مۇھەببەتتە شەخسنىڭ ئۆلۈمى بىلەن قولىغا كېلىدىغان مەڭگۈلۈك ھاياتلىق بار.

**پىدالىق** «پىدا» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: سەمەت ساڭا تۇيغۇزماي تۇرۇپ شۇنچىلىك جان پىدالىق قىلىدىكى، مەن ئۇنى ساڭا سۆزلەپمۇ تۈگىتەلمەيمەن.

**پىدائىي** سۈپ [ئە] بىرەر كىشى، ئىش ـ هەرىكەت ياكى ئىدىيىگە سادىقلىق بىلەن بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن جانىدىن كېچىشكە تەييار بولغان، پىداكار، سادىق: دىلبەر يەرلىك پارتىزان پىدائىي يىگىتلەر بىلەن بىللە ياتالماسقا قاراپ ماڭدى. قادىر قاتارلىق پارتىزان يىگىتلەرمۇ قوراللىرىنى مۇرىسىگە ئېسىۋالغانىدى. بۈگۈن پارتىزانلارنىڭ ھەمراھ بولغىنىدىن دىلبەر بەكمۇ خۇشال بولدى.

**پىدائىي بولماق** بىرەر شەخس، ئىش ـ هەرىكەت ياكى ئىدىيە ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىماق، ئۆزىنى ئاتىماق، جان بەرمەك: پارتىزان شەكلىدىن ئاستا ـ ئاستا مۇنتىزىم قىسىملارغا ئايلىنىۋاتقان بۇ جەڭچىلەر شۇ تاپتا ھەر خىل ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدى، يېڭىدىن پىدائىي بولۇپ سەپكە كىرگەنلەر قورال ئىشلىتىش، مىلتىق ـ پىلىموتلارنى چۇۋۇپ، قايتىدىن تۈزەشلەرنى مەشىق قىلىۋاتاتتى.

**پىدائىي قوشۇن** <ھەرب> دۈشمەن بىلەن بولغان ھەققانىي كۈرەشكە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇلغان ۋە بۇ كۈرەش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى بېغىشلىغانلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇن.

**پىدائىيلارچە** رەۋ. پىدائىيلارغا خاس، پىدائىيلارغا ئوخشاش، پىدائىيلاردەك: دۈشمەن بىلەن پىدائىيلارچە ئۇرۇشماق.

**پىدائىيلىق** «پىدائىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قۇلۇڭغا قورال چىقىپ قاپتۇ، سەنمۇ پىدائىيلىقتا يېڭىلدىڭمۇ نېمە — دەپ سورىدى رۇستەم قادىردىن. * — مانا مەن ئوغلۇمنى پىدائىيلىققا بەردىم، ئۇ تالاي دۈشمەننىڭ كاللىسىنى ئالدى، — دېدى خەلچىخان ئانا، شۇ ئەسنادا دەھشەتلىك گۈمبۈرلىگەن زەمبىرەك ئوقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

**پىدايى** (توغرىسى: پىدائىي) ⟵ **پىدائىي**.

**پىدىگەن** ئى [پ] <بوت> ⟵ **چەيزە**.

**پىر I** ئى [پ] ① ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن ئادەم، قېرى كىشى: مەن چۈشۈمدە پىر دەك چاچ ساقاللىرى ئاقارغان بىر كىشىنى كۆرۈپتىمەن. ② <دىن> تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ يېتەكچىسى، رەھبىرى: ئابدۇرىشتخان: — ھەزرىتى پىرىمنىڭ خەيىرخاھلىقىغا تەشەككۇر — دېدى. ③ بىرەر كەسىپنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئۇنى ۋۇجۇدقا

چىقارغۇچى دەپ قارىلىدىغان كىشى: ياغاچچىنىڭ پىرى. * ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئىستىبداتلىق مۇزىكا پىرلىرىنىڭ ئورۇنلاش سەنئىتى جەھەتتە قوشقان ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنى ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە نامايان بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەپ قارىماي مۇمكىن ئەمەس. ④ كۆچمە. بىرەر ئىش، كەسىپ ياكى ساھەنى ياخشى ئىگەللىگەن كىشى، شۇ ساھەدە ئەڭ ماھىر، ئۇستا ئادەم؛ ئۇستاز: ــ ئوينىماي ئولتۇرسام بىلمەمدىكەن دېمەڭ، تانسا دېگەنىنىڭ پىرى بىز! ــ دېدى نامەت. * ــ مەن ئۇ ئادەمنى پىر تۇتۇپ كەينىگە كىرگەن، ئەمدى باشقا ئۇستىنىڭ كەينىگە كىرسەم نامەردلىك بولىدۇ، ــ دەپ ئويلىدىم.

**پىر تۇتماق** ئۇستاز قىلماق؛ پېشىنى تۇتماق؛ چوقۇنماق (بىرەر كەسىپ ياكى ساھەدە): نەكىم سەئىدىن نازارىنى تۇتۇپ پىر، يازاتتى گاھى ــ گاھىدا غەزەل ــ شېئىر.

**پىر II** تەق. پىرقىرىغۇچ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئايلىنىشىدىن ۋە قۇشقاچ قاتارلىق كىچىك قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز: سۇ قوشتىن ئىتتىك ئېقىپ چۈشۈشى بىلەن تەڭ تۈگمەننىڭ چاقپىلىكى «پىر» قىلىپ ئايلاندى. * ئەنە بەخت مۇقامىغا ياڭرايدۇ دۇتار، ئۆكچىلەرنىڭ ئاستىدا پىر ئايلىنىدۇ يەر، بۇلبۇل بولۇپ پەلەكلەرگە ئۇچىدۇ ھامان، قانىتىنى يېيىپ توزدەك ئوينار پەرىلەر.

**پىر III** ←── **ھەپىلىسى پىر بولماق.**

**پىراق** ئى [ئە] يېزت. ئەڭ يېقىن، سۆيۈملۈك كىشى ۋە ئۆزى ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان نەرسىدىن ئايرىلىش، ھىجران: مىڭ پىراقىڭدىن بىر ئەلىمىڭ يامان (ماقال). * غۇلام كۈندۈزى پادىشاھقا خىزمەت قىلدى، كېچىسى ئاتا ــ ئانىسى ۋە قېرىندىشىنىڭ پىراقىدا يىغلاپ بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. * ئىشق پىراقىدا بىتاقەت بولغان شاھزادە دەرھال چىن تۆمۈر باتۇرغا كىشى ئەۋەتىپ: ــ سىڭلىسىنى ماڭا بەرسۇن، بەرمىسە لەشكەر تارتىپ سوقۇشۇپ ئالىمەن، ــ دەپ پوپوزا قىلىپتۇ.

**پىراقنامە** ئى [ئە+پ] يېزت. ئايرىلىش ئازابى ھەققىدە يېزىلغان خەت؛ جۇدالىق خېتى: ئەلقىسسە، شاھسەنەم بۇ پىراقنامىنى ئوقۇپ خۇن جىگەرىدىن زار ــ زار يىغلىدى. ئاغىچا ئانا: ــ ئى مەلىكە، نېمانچە يىغلايسىز، ماڭا ئەرزى ھالىڭىزنى بايان قىلىڭ، ــ دېدى.

**پىرامىدا** ئى [ر<گرېك] ① <مات> كۆپ ياقلىقنىڭ بىر خىلى. ئۇ بىر دانە كۆپ تەرەپلىك بىلەن بىر چوققىغا ئىگە بولغان بىرقانچە ئۈچبۇلۇڭلارنىڭ ئورىشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. ھەجمى، ئاساسىنىڭ يۈزى بىلەن ئېگىزلىكى كۆپەيتمىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ. ② شۇ خىل شەكىلدىكى جىسىم. ③ قەدىمكى مىسىردا، پىرئەۋنلەرنىڭ شۇ خىل شەكىلدە ياسالغان تاش مەقبەرىسى: ئېھرام.

**پىراۋا** ئى [ر] ئاپتوموبىل، موتسىكلىت ۋە شۇ قاتارلىق ھەر خىل ماتورلۇق قاتناش قوراللىرىنى ھەيدەش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلىدىغان سالاھىيەت كىنىشكىسى، گۇۋاھنامە: ياش ساقچى: ــ مەسىلە ئېغىر، مەقسەتلىك ھالدا ماشىنا ئوغرىلىنىغان، مەست ۋە پىراۋسىز ماشىنا ھەيدىگەن ــ دېدى.

**پىراۋەدى** سۆپ. دىئال. ھەممە ئىشنى ئالا قويمايدىغان، يامان.

**پىرەندىك** (توغرىسى: پىرەنىك) ←── **پىرەنىك.**

**پىرەنىك** ئى[ر] ئاق ئۇنغا ياغ، سۈت، تۇخۇم، ھەسەل ۋە شېكەر قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ يۇغۇرۇلغان خېمىردىن ھەر خىل شەكىلدە تەييارلانغان، دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك: تالىپ ئۈچىنچى كۈنى پىرەنىك، كەمپۈت، ئالمىلارنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا مېنى يوقلاپ كەلدى. * ئۇستەلنىڭ ئىككى بېشىغا ئىككى چوڭ ۋازىدا ساڭزا، ئوتتۇرىغا

www.uyghurkitap.com

ئىككى پەتنۇستا نان ئەتراپىغا پىرەنىك، باقالى، كەمپۈت، يېمىشلەر تىزىلغانىدى.

**پىرئەۋن** ئى [ئە] تارس. قەدىمكى مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى، ئۇنۋانى.

**پىر-پىر** «پىرII» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بوز تورغىيىم، بوز تورغاي، ئەجەب خۇش خۇي سايرايسەن، «پىر-پىر» قىلىپ ھاۋادا، مۇللاق ئېتىپ ئوينايسەن.

**پىرت** تەق. سۇيۇقلۇق قاچىلانغان يۇمشاق قاپلىق نەرسىلەرنى ياكى سۇلۇق مېۋىلەرنى قاتتىق سىققاندا سۇيۇقلۇقنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: سۇ ناسوسىدىن «پىرت» قىلىپ سۇ چىقتى.

**پىرت-پىرت** «پىرت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: سۇ پۈركىگۈچتىن «پىرت-پىرت» قىلىپ ئېتىلدى.

**پىرتتىدە** رەۋ «پىرت» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا: پىرتتىدە يەل چىقماق.

**پىرروتىت** ئى [گرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال، خىمىيىۋى تەركىبى $Fe_1-Xs$ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، x = 0.1 — 0.2، ئالتە يانلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولىدۇ. ئۇ تاغ جىنىسلىرى ئارىسىغا كاللەك ھالىتىدە زىچ ياكى دانىچە ھالىتىدە تەرتىپسىز تارالغان؛ رەڭگى سېرىق، يوللىرى توق كۈل رەڭ، مېتال پارقىراقلىقىدا بولىدۇ؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.5 — 4.6، قاتتىقلىقى 3.5 — 4.5 بولۇپ، چۈرۈك كېلىدۇ؛ ماگنىتلىققا ئىگە بولۇپ، توكنى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ھەر خىل تىپتىكى ئىچكى قىسىمدا ھاسىل بولىدىغان كان ياتىملىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ؛ گۈڭگۈرت تاۋلاشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ؛ سانائەتتىكى قىممىتى ئانچە زور ئەمەس، ئەگەر نىكېل، مىس لار ئارىلاشتۇرۇلسا، ئاندىن قىممىتى يۇقىرىلايدۇ.

**پىررول** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_4H_5N$، رەڭسىز سۇيۇقلۇق، دورا ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**پىررىدە** رەۋ ① «پىر» قىلغان ھالدا، «پىر» قىلىپ: رەيھان قىزنى ئاۋايلاپقىنا كۆرپە ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇپلا، بېشىنى رۇسلىدى. ئەمما بېشى پىررىدە قىلىپ ئايلىنىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. * مۇدىر خۇددى بىر كىشى چۆكمىلىتىۋەتكەندەك پىررىدە ئارقىسىغا ئۆرۈلدى-دە، يوتىسىغا پاقىدە بىرنى شاپىلاقلاپ، ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

**پىرسەنت** ئى [ر<لات] ① <مات> 100نى مەخرەج قىلغان كەسىر. ئادەتتە «%» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، مەسىلەن: $\frac{11}{100}$ ئادەتتە 11% قىلىپ يېزىلىدۇ. ② قەرز-ئامانەت ئىشلىرىدىكى ئۆسۈم: بۇ يىل دېھقانلارغا تارقىتىلغان چارۋا سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنىڭ پىرسەنتى بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى رىشتكام.

**پىرسەنت بەلگىسى** <مات> پىرسەنتنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە (%). مەسىلەن: بەش پىرسەنت — 5%.

**پىرسەنتلەشتۈرمەك** «پىرسەنتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يۇقىرىدىن كەلگەنلەر كارخانىمىزنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنى پىرسەنتلەشتۈرگەنىدى، بۇ يىلقى ئىقتىسادىي كىرىمنىڭ ئۆتكەن يىلدىكىگە قارىغاندا 25 پىرسەنت ئاشقانلىقى مەلۇم بولدى.

**پىرسەنتلەشتۈرۈلمەك** «پىرسەنتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ 1987-يىلدىكى كىرىمى بىلەن 1986-يىلدىكى كىرىمى پىرسەنتلەشتۈرۈلدى.

**پىرسەنتلەشمەك** پ. پىرسەنت بويىچە ھېسابلىماق، پىرسەنتكە سۇندۇرۇلماق.

**پىرسەنتلىك** سۈپ ① بەلگىلىك پىرسەنت قىممىتى بولغان، بەلگىلىك پىرسەنتكە ئىگە:

توقسان پىرسەنتلىك ئىسپىرتنى سۇ قوشماي ئىچىشكە بولمايدۇ. ② <مات> پىرسەنت بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، پىرسەنتكە ئائىت: سانلارنىڭ پىرسەنتلىك نىسبىتى.

**پىرغاي** سۆپ. دىئال. تولغىماچ؛ بۆدرە.

**پىرقە** ئى [ئە] تارس ① كىشىلەر توپى، گۇرۇھ، گۇرۇپپا: — ئالدىنقى ھەپتە ئاقسۇ بازىرىغا بېرىپ ئىلىخو تەرەپتە بىرئاز چاتاق چىقىپتۇ. ئۇرۇس دېگەن بىر پىرقە بار ئوخشايدۇ، شۇ خەلق ئىلىخونى بېسىۋاپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. شۇنىڭغا چېرىك تۇتۇۋاتامدۇ، كىم بىلسۇن! — دېدى بوۋاي. ② پارتىيە: مەن بارلىق پىرقە ئەزالىرىنى يىغىپ، جاھاننىڭ دۆڭ-چوڭقۇرلىرىنى تىلك-تىڭلاشتىن دوكلات ئالدىم. ئۇلار ماڭا ئاڭلىغان-بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دوكلات قىلىشتى.

**پىرقەت** (توغرىسى: پۇرقەت) ⟵ **پۇرقەت.**

**پىرقىراتماق** «پىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئابلەت مۇشۈكنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋالدى-دە، تاشقىرىغا ئاچىقىپ پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتتى. * تراكتور ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەكبەر قوماندانلىق شتابىتىن لايىغا مىلەنگەن كىيىملىرى بىلەنلا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ كەلگەن پېتى ئارزۇگۈلنىڭ قوللىرىنى قىستى، مۈرىسىگە ئۇردى، سۇنۇرنىڭ يوغان گەۋدىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى-دە، كۆتۈرۈپ پىرقىراتتى.

**پىرقىراتقۇزماق** «پىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىرقىراشماق** «پىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەرھۇمنىڭ تۇغقانلىرى بۇ دۇنيادىن بالدۇر كۆز يۇمغان مېيىت ئەتراپىدا زار-زار يىغلىشىپ پەرۋانىدەك پىرقىراشماقتا ئىدى. * ئىزغىرىن شامالدا قار ئۇچقۇنلىرى خۇددى تىتىپ تاشلانغان پاختىدەك ھاۋا بوشلۇقىدا پىرقىرىشىپ، كۆرۈنگەن يەرگە قونماقتا.

**پىرقىراتما** ⟵ **پىرقىرىما:** بۇلار زالنىڭ پىرقىراتما ئىشىكىدىن ئۆتۈپ پەلەمپەي ئاستىدا توختىتىپ قويۇلغان، پۈتۈن گەۋدىسىدىن نۇر چېچىلىپ تۇرىدىغان نەپىس يېنىك ماشىنىغا ئولتۇرۇشتى.

**پىرقىرىتىلماق** «پىرقىراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**پىرقىرىغۇچ** ئى ① قەغەزدىن ياسىلىدىغان، شامالغا قارشى يۈگۈرسە پىرقىرايدىغان باللار ئويۇنچۇقى. ② ئايروپىلان، ماتور، ئېلېكترلىق شامالچى قاتارلىقلارنىڭ پىرقىراپ ئايلىنىدىغان قاناتلىرى. ③ مۇز ئۈستىدە كىچىك باللار قامچا بىلەن ئۇرۇپ پىرقىرىتىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق، نۇر: پىرقىرىغۇچ ئوينىماق.

**پىرقىرىما** سۆپ. پىراقىراپ ھەرىكەت قىلىدىغان، پىرقىراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: كوچا قىزىل مىڭ ئۆيىنىڭ 220-ئۆيىگە تاڭ دەۋرىدىكى پىرقىرىما ئۇسسۇلنىڭ رەڭلىك سۈرىتى سىزىلغان. // سەمەت سۇيى قۇرۇپ ئۆكتۈرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان پىرقىرىمىنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭغا قاراپ ئۇلۇغ كىچىك بىر تىنىدى.

**پىرقىرىماق** پ ① جىسىم بىرەر نۇقتا ياكى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا چەمبەر شەكلىدە چۆگىلىمەك، ئايلانماق: چاق پىرقىرىماق. چاقپەلەك پىرقىرىماق. * ئۈستەڭگە قۇرۇلغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 200 كىلوۋات سائەتلىك ئىككى گۇرۇپپا دىنامى قۇيۇندەك پىرقىرىدى. * پىرقىرايدۇ ئورنىدا خۇددى تۈگمەن تېشىدەك، ناخشا ئېيتار يىقىملىق، خۇددى تىرىك كىشىدەك. ② قايماق، ئايلانماق (باش ھەققىدە) — كىنوخانا ئالدىدىكى كىشىلەر سەل شالاڭلىغان بولۇپ بېشىم تېخىچە پىرقىراۋاتاتتى، دەل شۇ چاغدا غايىبتىن پەيدا بولغاندەك ئىككى ئاغىنەم يېتىپ كەلدى، — دېدى نۇرمەت.

**پىركامىل** ئى [پىر+كامىل] <دىن> دىنىي جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن، يېتىشكەن، تولغان، پىر، ئۇستاز: كەمپىر نەئىمنىڭ ئانىسىغا يېلىنىپ: — سېنىڭ بالاڭ مېنىڭمۇ بالام،

www.uyghurkitap.com

سەن بۇ بالىغا قانداق كۆيۈنسەڭ مەنمۇ شۇنداق كۆيۈنىمەن، قىزىڭغا ئۇلۇغلارنىڭ، پىركامىللارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ بېرەي دەيمەن، — دەپ ئانىسىنى ئالداپ قىزنى ئاچقىپ كېتىپتۇ.

**پىرەمە** ئى <بوت> ⟵ **قارىغان.**

**پىروخلور** ئى [گرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال، خىمىيىۋى تەركىبى $(Na,Ca\cdots)_2\ (Nb,Ta\cdots)_2\ Ob\ (F,OH)$، پەيدا بولۇش شارائىتىغا قاراپ تەركىبى ئۆزگىرىدۇ؛ تەڭ ئوقلۇق كرىستال سىستېمىسىدا، كرىستاللىرى سەككىز يۈزلۈك، رەڭگى قوڭۇر ياكى قارا بولىدۇ؛ يوللىرى ئاچ قوڭۇر ياكى ئاچ سېرىق، يېرىم سۈزۈك ياكى سۈزۈك كېلىدۇ؛ مايلىق پارقىراقلىققا ئىگە؛ قاتتىقلىقى 5 — 5.5 بولۇپ، چۈرۈك كېلىدۇ؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.03 — 4.36؛ ئاجراشچانلىقى بولمايدۇ، كەسمە يۈزى سەدەپسىمان كېلىدۇ؛ كۈچلۈك رادىئوئاكتىپلىققا ئىگە؛ ئىشقارلىق جىنسلار، زور كرىستاللىق جىنسلار ۋە كاربونات جىنسلاردا ئۇچرايدۇ؛ ئاز ئۇچرايدىغان يەر ئېلېمېنتلىرى، نىئوبى، تانتال ۋە رادىئوئاكتىپلىق مېتاللارنى تاۋلاشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**پىروكسېن** ئى [ر<گرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال، خىمىيىۋى تەركىبى تۆمۈر، كالتسىي، ماگنىي، مانگان قاتارلىقلارنىڭ سىلىكاتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، دانىچە ياكى تۈۋرۈك ھالىتىدە بولىدۇ؛ كۆل رەڭ، ئاق، يېشىل ياكى قارا رەڭلەردە ئۇچرايدۇ؛ ئەينەك پارقىراقلىقىدا بولۇپ چۈرۈك كېلىدۇ؛ قاتتىقلىقى 5 — 6؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.2 — 3.6 غىچە؛ يانار تاغ جىنسلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبلىرىنىڭ بىرى؛ تەبىئەتتە كەڭ تارقالغان.

**پىروكسېنىت** ئى [ر<گرېك] <گېئول> ئوشۇقچە ماگنىي-تۆمۈرلۈك جىنسلارنىڭ بىرى، تەركىبىدىكى $SiO_2$ نىڭ مىقدارى 50% ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك پىروكسېندىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئاز مىقداردا زەيتۇن تاش ئارىلاشقان؛ رەڭگى تۇتۇق، تەڭ دانىلىق تۈزۈلمىگە ئىگە. ئۇ پىروكسېنىتنىڭ ئارىلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ بىنەپشە پىروكسېنىت، سۈزۈك پىروكسېنىت، برونزا پىروكسېنىت، ماگنىيلىق پىروكسېنىت، قوش پىروكسېنىت قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. پىروكسېنىت تەركىبىدە كۆپىرەك ماگنىت تاش، تىتانلىق تۆمۈر تاش قاتارلىقلار بولىدۇ. ئۇ كۆپىرەك خروم، نىكېل، كوبالت قاتارلىق مېتال كان مەھسۇلاتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

**پىروفىللىت** ئى [گرېك] <گېئول> بىر خىل مېنېرال، خىمىيىۋى تەركىبى $Al_2\ [Si_4\ O_{10}]\ (OH)_2$. يەككە يانتۇلۇق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كۆپىنچە زىچ كاللەكسىمان، تارشىسىمان ۋە چاچما نۇرسىمان قۇرامساق ھالىتىدە بولىدۇ؛ رەڭگى ئاق، ئاچ سېرىق ياكى ئاچ يېشىل ئارىلاش كېلىدۇ؛ يېرىم سۈزۈك ۋە ئەينەك پارقىراقلىقىدا؛ قاتتىقلىقى 1 — 2، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 266 — 290؛ ئاساسەن يانار تاغ جىنسلىرىدىكى ئورۇن ئالماشتۇرغان كان ياتقۇلىرىدا ئۇچرايدۇ؛ كاللەك ھالەتتىكىلىرى قەغەزچىلىك، فارفور بۇيۇملىرى سانائىتى، ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىياللار سانائىتى، ئېلېكتر سانائىتى قاتارلىقلاردا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**پىروزا** [پ] ① ئى. ھاۋا رەڭلىك، قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇمىغا ئىشلىتىلىدىغان تاش. ② سۈپ. ھاۋا رەڭ.

**پىروزا كۆز** كۆك كۆز: قارا كۆز ئارىسىدا،

پىروزا كۆز بىرە - بىرە. پىروزا كۆز ئالدىدا، قارا كۆز تەرەمچ تىرە.

**پىر - ئۇستاز** پىر ۋە ئۇستاز: سەيدۇللا موللا ھېكايىچىلىكنىڭ پىر - ئۇستازى ئىدى.

**پىرىق I** تەق. كۆلگەندە دىماغتىن چىقىدىغان ئۇزۇك - ئۇزۇك ئاۋاز: زەيتۇنەم «پىرىق» قىلىپ كۈلدى..

**پىرىق II** سۈپ. پوستى سولىشىپ، تەركىبىدىكى شىرنىسى تەمسىز سۇغا ئايلانغان (ئۈزۈم ھەققىدە): پىرىق ئۈزۈم.

**پىرىق - پىرىق** «پىرىق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پىرىق - پىرىق قىلىپ يىغلىماق. پىرىق - پىرىق قىلىپ كۈلمەك.

**پىرىلداتماق** «پىرىلدىماق» سۆزىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆز يەسلى، كوچىدا بىرقانچە بالا پىرقىرىغۇچلىرىنى پىرىلدىتىپ ئويناپ يۈرەتتى.

**پىرىلداشماق** «پىرىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پىرىلداق** ئى. قەغەزدىن ياسالغان بالىلار ئويۇنچۇقى. ئۇ شامالغا قارشى يۈگۈرگەندە پىرقىرايدۇ.

**پىرىلدىماق** پ. «پىر - پىر» قىلىغان ئاۋاز چىقارماق: ماتور پىرىلداپ چۆكىلىدى. • رەھىم قولىنى قارلىغاچنىڭ ئۇۋىسىغا ئۇزىتىشى بىلەنلا، ئانا قارلىغاچ ئۆز نەسلىنى ھىمايە قىلىپ، شىددەت بىلەن رەھىمنىڭ بېشى ئۈستىدە پىرىلداپ ئۇچۇپ، تۇمشۇقى بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

**پىژ** تەق. نەم نەرسىلەر ئوتتا كۆيگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: يېڭى كېسىلگەن ئۇجمە ياغىچى تونۇردا «پىژ» قىلىپ كۆيىدى. • غەم يېگەن قاقشال ۋۇجۇدۇمغا ئوتاشتى ياندى ئوت، «پىژ» ئېتىپ كۆيىدى يۈرىكىم، يار دېدىم جاندىن كېچىپ.

**پىژ - پىژ** ① «پىژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: پىژ - پىژ قىلىپ كۆيمەك. ② كۆيىدۇرگۇدەك ئىسسىق: كارۋانلار شەھەردىن ئايرىلىپتۇ. دەشتۇ - باياۋان، قۇملۇق چۆللەرنى ئارىلاپ مېڭىپتۇ.

ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ. پىژ - پىژ ئاپتاپتا ئابدۇلنىڭ پېشانىسى كۆيۈپتۇ. كۆزلىرى تولىشىپ، لەۋلىرى قۇرۇپ، ئۇھ دېگۈچىلىك مادارى قالماپتۇ.

**پىژغىرىم** سۈپ. «پىژ» قىلىپ كۆيىدۇرىدىغان: پىژغىرىم ئاپتاپ. تاشماق مۇشۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتا ۋېلىسىپىت بىلەن ئون نەچچە چاقىرىم يولنى بېسىپ، مانا شۇ «ئىشلار» توغرىسىدا باستىنى ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

**پىژىدە** رەۋ. «پىژ» قىلغان ھالدا: شۇ تاپتا ئەركىنىنىڭ قورسىقى يەنە پىژىدە ئاچقاندەك بولدى. بىراق ئاۋۇتكامىنىڭ بايىقى ئەلپازىنى ئويلىدى - دە، ئۆتىغا باشقىدىن مەدەت بېرىپ، چوك - چوك دەسسەپ كېتىۋەردى.

**پىژىلداتماق** «پىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جانان قىزلار كۆيلەشەتتى بۇلبۇل كەبى، ئانار گۈلنىڭ شادلىقىنى يار - يار قىلىپ. ئەتراپىدا ئايلىنىشقان يىگىتلەرنىڭ، يۈرىكىگە پىژىلدىتىپ ئوتلار سېلىپ.

**پىژىلداشماق** «پىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**پىژىلدىماق** پ. «پىژ - پىژ» قىلىغان ئاۋاز چىقارماق: بوۋاينىڭ ئۆيىدە ساماۋارلار پورۇقلاپ قايناپ تۇراتتى، كۆپلەردە لىپمۇلىپ تۇرغان قىمىزلار، كاۋاپدانلاردا پىژىلداپ پىشۋاتقان كاۋاپلارنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلايتتى.

**پىس** تەق. تار ھەم كىچىك تۆشۈكچىدىن ھاۋا يەل، گاز چىققاندا ياكى چوغقا سۇ سېپىلگەندە ۋە شۇنداق ھاللاردا چىققان ئاۋاز: ۋېلىسىپىتنىڭ «پىس» قىلىپ يېلى چىقىپ كەتتى.

**پىسەنت** ئى [پ] دىققەت، ئېتىبار، نەزەر، پەرۋا: تون نېسىبى، تاغ تەرەپتىن نەم كۆز شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى. جاسارەتلىك ئەزىمەتلەر نە سوغۇق، نە ئۇيقۇسىزلىققا پىسەنت قىلمايتتى.

**پىسەنت قىلماسلىق** نەزەرگە ئىلماسلىق، مەنىستىمەسلىك: ماموت چېرىكلەرنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلماي، چەبدەسلىك بىلەن كەينى - كەينىدىن بىرقانچە چېرىكنى تېپىۋىدى، چېرىكلەر

ئارقا-ئارقىدىن يەرگە دۈم چۈشتى.

**پەسەنتكە ئالماسلىق** ← پەسەنت قىلماسلىق.

**پەسەنتكە سىغماسلىق** كۆڭلىدىكىدەك بولماسلىق، كۆڭلىگە ياقماسلىق، دىققەت-ئېتىبارىنى تارتماسلىق: — كەيپىياتىڭدىن قارىغاندا ئۇ قىز ئانچە پەسەنتىڭگە سىغمىدىغۇ دەيمەن؟ — دېدىم مەن ئۇنى سىناش ئۈچۈن.

**پەسەنتكە كەلمەسلىك** ← **پەسەنتكە سىغماسلىق**: شېرىپنىڭ تويلۇق دەپ تىككۈزگەن كاستۇم-بۇرۇلكىسى غۇلامنىڭ پەسەنتىگە كەلمىدى.

**پىسپىس** دىئال ① ئى. پىستان، پىسلداق. ② سۆپ. ئىشنى ناھايىتى ئاستا قىلىدىغان، ئالدىرىمايدىغان.

**پىس-پىس** «پىس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بار ۋۇجۇدۇم ئەل ئۈچۈن تۇرسا قىزىپ يانماق بولۇپ، ئوت ئېلىپ يالقۇنلىماي، «پىس-پىس» قىلىپ قانداق تۇتەي.

**پىستان** ئى [ر<فران] ① <ھەرب> ئوق مىشىكىنىڭ كەينى قىسمىدىكى ئوت ئېلىش قۇرۇلمىسى: پىستان چاقماق. ئۇ پىستاننىڭ كەينىدىكى SBP ھەرپلەرنىڭ ئاستىغا 763 سىفىر يېزىلغان بولۇپ، بۇ ساقچىلار ئىشلىتىدىغان «54» ماركىلىق يان قورال ئوقىنىڭ پىستىنى ئىدى. ② بەتىنكە قاتارلىق ئاياغ كىيىمنىڭ بوغقۇچ ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈكىگە بېكىتىلىدىغان يۇملاق تۆشۈكلۈك بۇيۇم: بەتىنكىگە پىستان بېكىتمەك. ③ كۆڭلەك، چاپان قاتارلىق كىيىملەرگە قادىلىپ تۈگمە ۋە پەتلە رولىنى ئوينايدىغان ئەركەك-چىشلىق بۇيۇم.

**پىستان چاققۇچ** ھەربىي قوراللاردا ئوقنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پۇرژىنلىق تەپكۈ.

**پىستان چاقماق** ① ئوق ئېتىلماي قالماق: ئارقا ياقتىن جىڭ جاللات دەرھال تەپكىنى باستى. پىستان چېقىپ مىلتىقى، ئۆزى يىقىلىپ ياتتى. ② كۆچمە. چاتاق چىقماق، ئەپلەشمەي قالماق، مەسىلە كۆرۈلمەك: — ئۇنداقتا ئىمىنكامنى نېمىشقا سايلىمايسىلەر ياكى پىستان چاقىدىغان يېرى بارمۇ؟ — سورىدى كامىل ئوسمانكامدىن.

**پىستانلىق** سۆپ. پىستىنى بار، پىستان ئورنىتىلغان: زەيتۇنەم نىياز قۇربانغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، پىستانلىق ئىچچام بەتىنكە كىيىۋالغان ئىككى پۇتىنى كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭغا: — دادۇيىم يېقىن، سىز يېڭىمەيەرگە بارغۇچە، مەن ئۆزەمنى ئايدىڭكۆلدە كۆرىمەن، — دېدى.

**پىستە I** ئى [پ] <بوت> ① سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئېگىز ئۆسىدىغان چوڭ دەرەخ، يوپۇرمىقى يۇمران نوتىلاردا توپلىشىپ ئۆسىدۇ، تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى توخۇمسىمان؛ گۈلى قارامتۇل يېشىل، ئۈچكىلىك مېۋىسى توخۇم شەكلىدە بولۇپ قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك كېلىدۇ؛ مېغىزى دورا قىلىنىدۇ؛ بۆرەكنى ئىسسىتىپ، مۇسپىلىككە ياردەم بېرىدۇ؛ ئىشتىھانى ئېچىپ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**پىستە II** ئى [پ] <زوئول> ئىتنىڭ بىر سورتى، تېنى كىچىك، تۈكلىرى ئۇزۇن، پۇتى قىسقا بولىدۇ، كىشىلەر تاماشا قىلىش ئۈچۈن باقىدۇ. «خورخور» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**پىستە-بادام** پىستە ۋە بادام.

**پىستىرما** ئى <ھەرب> توساتتىن ھۇجۇم قىلىش ياكى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان يوشۇرۇن قۇرۇلما، جاي: پىستىرما قوشۇن. تاشخان ئالتە نەپەر جەڭچى بىلەن دۈشمەنگە ئۇدۇل زەربە بېرىش ئۈچۈن جىلغا ئىچكىرىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار جىلغا ئىچىدە تاشلاردىن ئىستىھكام ياسىدى. ھامۇت باشچىلىقىدا ئالتە نەپەر جەڭچىنى پىستىرمىغا ئەۋەتتى.

**پىستىرما قوشۇن** يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ،

پۈرسەت كۈتۈپ دۈشمەنگە زەربە بېرىدىغان قوشۇن.

**پىسىر I** تەق. ئاستا، سۇس قىلىنغان ھەرىكەتتىن چىققان پەس ئاۋاز.

**پىسىر II** سۇپ. دىئال. ئېزىلەڭگۈ، مىس — مىس.

**پىسىر - پىسىر** «پىسىر I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قوماندان بۆتىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئاغزىدا «پىسىر — پىسىر» قىلىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ، جېنىنىڭ ئامانلىقى، يۇرتىغا سالامەت قايتىشى ئۈچۈن دۇئا — تەلەپ قىلغۇاتاتتى.

**پىسىرلىماق** پ. بوش ئاۋاز چىقارماق: پىسىرلاپ سۆزلىمەك.

**پىسسىدە** رەۋ. «پىس» قىلىپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا: — ماشىناڭ پىسسىدە يەل قويۇۋەتتىمۇ نېمە، — دېدى پېشقەدەم ئۇستام ئەمەت ئاكا، ئابلەتكە چاقچاق قىلىپ.

**پىسىق** ئى [ئە] كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا قىلىنغان غەيۋەت.

**پىسىق - پاسات** بىرەر كىشى توغرىسىدا ئارقىسىدىن تارقىتىلغان ئۆيدۇرما گەپ، بوھتان: — ئارقامدىن دائىم پىسىق - پاسات تارقىتىپ يۈرگىنىڭ يەتمەي، ئەمدى ئاشكارا زىيانكەشلىككە ئۆتكەن بولساڭ، بۇنىڭغىمۇ مەيلى، قېنى، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلىپ باق، — دېدىم مەن ئۇنىڭ تۈمۈردەك كۆكرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ.

**پىسىق - پاساتچى** پىسىق - پاسات تارقاتقۇچى، تۆھمەتخور.

**پىسلىك** تەق. يۇقىرى ئاۋاز چىقارماي، تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈش ھالىتى: ئۇنىڭ ۋارقىراپ ھەيۋە قىلىشلىرى ھاشىر ئاكامغا قىلچە تەسىر قىلمىدى، ھاشىر ئاكام مەنسىتمىگەندەك «پىسلىك» قىلىپ كۈلۈپ سۆزىنى باشلىدى.

**پىسلىك - پىسلىك** «پىسلىك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: «پىسلىك - پىسلىك» قىلىپ كۈلمەك.

**پىسسىڭىدە** رەۋ. «پىسلىك» قىلغان ھالدا: مەن بەش ياشلىق ئوغلۇم شۆھرەتنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئىككى ئايلاندۇرۇپ يەرگە قويدۇم. ئۇ قوچىقىمدىن چىقىپ قولىدىكى كەمپۈتنى چىشلەپ سىقىلىدىغان ھالدا ئىككى يانچۇقىنى تۇتۇپ كۆردى — دە، ماڭا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

**پىسلداتماق** «پىسلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىسلداشماق** «پىسلدىماق» پېئىلىنىڭ تۆملۈك دەرىجىسى: پېشايىۋان تۆرىسىدىكى ئۆۋىدا بولسا، خۇددى ئاشۇنىڭدەك ئىككى قارلىغاچ بالىسى گويا قېرىندىشى ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتقاندەك، باشلىرىنى پەسكە ساڭگىلاتقان ھالدا پىسلدىشاتتى.

**پىسلدىماق** پ «پىس - پىس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: ۋېلىسىپىتنىڭ سۇغا چىلانغان ئىچ كامېرىدىن پىسلداپ يەل چىقۋاتاتتى.

**پىسىنچا** ئى. دىئال. گىرە، گىرەچە.

**پىش** ئىم. مۈشۈكنى چاقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**پىشا** ئىم. دىئال. مۈشۈكنى ھەيدىۋېتىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**پىشاك** ئى <فىز> ① بىر خىل ئاددىي مېخانىزىم يەنى قوزغالماس ئوققىنى ئوق قىلىپ ئايلىنىدىغان خادا. خادا ئايلانغاندا ئوق قىلىنغان نۇقتا تايىنىش نۇقتىسى بولىدۇ، كۈچنى ئاشۇرىدىغان نۇقتا كۈچ نۇقتىسى بولىدۇ، كۈچ ھاسىل قىلىدىغان نۇقتا ئېغىرلىق نۇقتىسى بولىدۇ؛ ئۈچ نۇقتىنىڭ ئىككى ئارىلىقىنىڭ نىسبەتەن قىممىتىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق كۈچنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؛ پىشاكنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك مېخانىزملارنى ياسىغىلى بولىدۇ. ② ئېغىر نەرسىنىڭ ئاستىغا تىقىپ ئۇنى قوزغاش ياكى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كالتەك

ياكى لوم تۆمۈر.

**پىشاڭ سالماق** ① پىشاڭنى ئاستىغا تىقماق: توختى بىرقانچە ياش يىگىتلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، دۆمبىلىرىدە چوڭ-چوڭ تاشلارنى كۆتۈرۈشۈپ، تەشمە يولىغا دۆۋىلەۋېتىپتۇ، ئابابەكرى ئۇزۇن لوم تۆمۈرلەر بىلەن سەمەت تىرەپ تۇرغان بىر قورام تاشنىڭ ئاستىغا پىشاڭ سېلىۋاتاتتى. ② كۆچمە. سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ سۆزىگە سۆز قوشۇپ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تېخىمۇ ئۆرلىشىگە تۈرتكە بولماق.

**پىشاڭلىق** سۈپ ① پىشاڭلى بار، پىشاڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ② پىشاڭ بولۇشقا يارايدىغان، پىشاڭ بولىدىغان؛ پىشاڭغا ئوخشاش: پىشاڭلىق ياغاچ. پىشاڭلىق لوم تۆمۈر. پىشاڭلىق رولى. * ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى باج يىغىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى، باجنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى پىشاڭلىق رولىنى كۈچەيتىپ، باج يىغىۋېلىش ئاپپاراتلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە كۈچەيتىپ، باج تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى قوللىشى كېرەك.

**پىش-پىش** «پىش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مۈشۈك «پىش-پىش» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپلا ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا تۇمشۇقىنى سۆرتكىلى تۇردى.

**پىششىق** ① سۈپ. پىشىپ يېتىلگەن، پىشقان (مېۋە-چېۋە ۋە دانلىق زىرائەتلەر ھەققىدە): پىششىق تاۋۇز. * پەتتار بوۋاي، نەۋرىسى ئەكىرىپ بەرگەن پىششىق قوغۇننى كاسا قىلىپ ئىشتىھا بىلەن يەۋاتاتتى. ② سۈپ. پىشۇرۇلغان، خام ئەمەس، پىشقان: پىششىق خىش. پىششىق گۆش. * پۈتۈنلەي پىششىق خىش بىلەن ياسالغان، ياغاچلىرىغا ھەر خىل نەقىشلەر چېكىلگەن مۇنداق ئېسىل دەرۋازىنى پەقەت شەھەرلەردىلا ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. ③ سۈپ. كۆچمە. بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەتنى قىلىشقا ماھىر، ئۇستا: نادىر تېخى ئالدىنقى ھەپتىدىلا بۇنى بىزگە باشقىچە تونۇشتۇرۇپ: — ئۇ كەسپتە پىششىق، سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى، ئۇ خۇددى توپا ئاستىدا بېسىلىپ قالغان ئالتۇن، — دېدى. ④ رەۋ. پۇختا؛ مۇكەممەل؛ تولۇق؛ راۋان؛ ياخشى: زەۋقى ئىسكىرىپكا چالدى، باللار ئەگىشىپ ئوقۇشقا باشلىدى، يېرىم سائەتتىن كېيىن باللار بۇ ناخشىنى خېلى پىششىق ئۆگىنىۋالدى. * مەسۇم ئاخۇن باشقا مىللەت تىللىرىدىن بىرنەچچىنى پىششىق بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى تاشكەنت، قازان شەھەرلىرىدە نەشىر قىلىنغان رۇسچە، تاتارچە، ئۆزبېكچە كىتاب-ژۇرناللارنى دائىم كۆرۈپ تۇراتتى. * رەۋەيدۇللا مۇئەللىم، بىزگە تۈركچە دەرسنىڭ تېكىستلىرىنى پىششىق ئوقۇپ كېلىش ھەققىدە تاپشۇرۇق بەردى. ⑤ سۈپ. يېپىتىن-يېڭىنىسىگىچە، تەپسىلىي، تولۇق: ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى بۇ جاينىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان دېھقانلار بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆزلىشىپ چىقتى. ⑥ سۈپ. كۆچمە. مول-ھوسۇللۇق، مۇنبەت: پىششىق يەر، ⑦ سۈپ. كۆچمە. باشقىلارغا بىرنەرسە بەرمەيدىغان؛ بېخىل: پىششىق ئادەم. ⑧ سۈپ. كۆچمە. پۇختا، مۇستەھكەم، چىدامىلىق؛ ئوڭاي-ئاسان ئۈزۈلمەيدىغان، يىرتىلمايدىغان؛ بەك: پىششىق رەخت، پىششىق ئارغامچا. * خالىق كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، راست دېگەندەك بىر غېرىچ كەلگۈدەك پىششىق ئاق يىپنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ⑨ سۈپ. كۆچمە. ئورۇنلۇق، مەزمۇنلۇق: سۆزنىڭ پىششىقى ياخشى، ئاشنىڭ ئىسسىقى ياخشى (ماقال). ئۇ ناھايىتى تىلى پىششىق بالىكەن.

**پىششىق ئاش** ① پىشۇرۇلغان، پىشۇرۇپ تەييارلانغان تاماق: خام ئاشنىڭ ئەتىۋارى بار، پىششىق ئاشنىڭ ئەتىۋارى يوق (ماقال). ② دەرھال ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان تەييار نەرسە: — پۇل دېگەن پىششىق ئاش، ئۇنى يانچۇقتا ساقلىغىلى بولمايدۇ. بانكىغا ئاپىرىپ قويساڭ بولامدىكىن، — دېدى شەرىخان ئانا ئوغلى ئادىلغا،

**پىششىقلاتماق** «پىششىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىششىقلانماق** «پىششىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رۇستەم ئادەت بويىچە ئىشلەپ قاتتىق تاپشۇرۇق، پىششىقلىنىپ دەرسى تاپتى كۆڭلى ئارام، زوق.

**پىششىقلىق** «پىششىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەن دادامنىڭ پىششىقلىق بىلەن تۈككەن تۈگۈچىنى بۇزۇپ - چاچتىم يوقاتتىم. * زەينەپقىزنىڭ چىرايلىق بەستى، ئۆي ئىشلىرىغا شۇنچە پىششىقلىقى ئايىسخاننى سۆيۈندۈرۈۋەتتى.

**پىششىقلىماق** پ ① تەكرارلاش ۋە تولۇقلاش ئارقىلىق بىرەر ئىشنى، نەرسىنى پىششىق، پۇختا ئۆگەنمەك: ئۇ، بىر يىلدىن بۇيان مەركىزىي دوختۇرخانىنىڭ بالىلار كېسەللىكى بۆلۈمىدە ئىشلىدى، كەسپىنى پىششىقلىدى. رەھبەرلىك ۋە ئاممىنىڭ ئىشەنچ - ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ② ياخشى، مۇكەممەل ھالەتكە كەلتۈرمەك: مۇھەررىر ماقالىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى تەھرىرلەش جەريانىدا ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلىدى. ③ چىڭىتماق، چىڭ پۇختا ھالەتكە كەلتۈرمەك: گىلەمنى پىششىقلىماق. كىگىزنى پىششىقلىماق.

**پىششىقلاپ ئىشلىمەك** <سانا> خام ئەشيا ماتېرىياللىرى ۋە يېرىم تەييار مەھسۇلاتلارنى قايتا ئىشلەپ، ئۇنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاپ، بەلگىلەنگەن تەلەپكە يەتكۈزمەك.

**پىششىقماق** پ. بەك تورلىنىپ كەتكەنلىكتىن غۇژمەكلىشىپ تۇرۇلۇۋالماق (يىپ، ئارغامچا قاتارلىقلار ھەققىدە).

**پىشقەدەم** (توغرىسى: پىشقەدەم) ⟵ پىشقەدەم.

**پىشقىرتماق** «پىشقىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىشقىرماق** پ. بۇرۇندىن كۈچلۈك ھەم بوغۇق ئاۋاز چىقارماق (ئات - ئېشەك، ئۆي ھايۋانلىرى ھەققىدە): تۈن كېچىدە ئۆزەم يالغۇز ئاتلىق كېتىپ باراتتىم، ئەتراپ جىمجىت، پەقەت ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ۋە ئارىلاپ - ئارىلاپ پىشقىرىغان ئاۋازىدىن باشقا بىرەر شەپە يوق ئىدى.

**پىشقىن** ئى. ھاك: گۈل - چېچەكلەرگە تۇراپ كۆكنى تۇتتۇم خوش ئالسىلا، دۇنيانىڭ كارى نېمە يىراقتىنا تاشلىسىلا، ئېگىز - ئېگىز تۆپىلىرىنى پىشقىن بىلەن ئاقلىسىلا، ئۇنداق قىلماي ئاشۇ تۆپىگە بىزنى پات - پات باشلىسىلا.

**پىشكە** سۆپ. دىئال. جان ت. ئازراق، كىچىككىنە، بىرئاز.

**پىشلاق** ئى. ① سۈتنى ئېچىتىپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك: بۆرتاتلا چارۋىچىلىرى بەكمۇ تەملىك ۋە ئوزۇقلۇقى مول بولغان قېتىق ۋە پىشلاق ياساشقا ئىنتايىن ماھىر كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ يەردىن ئۆتكەن ھەربىر يولۇچى ئۇ جاينىڭ قېتىقىنى ئىچەتتى ۋە پىشلىقىنى تېتىپ كۆرەتتى. ② سۆپ. كۆچمە. سۈيى چىقىپ تۇرىدىغان: پىشلاق كۆز.

**پىشلدۇرماق** «پىشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جىرتاق كۆز تەرتىپ مۇدىرىنى مۇزلۇق كۆلگە پىشلدۇرۇش، ئوقۇغۇچى ۋە بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ جازا تەدبىرىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش ھەرىكىتى پارتلىغان كۈنى ئاسمىنىڭ بۇ مەكتەپكە كەلگىنىگە ئۈچ ئاي بولغانىدى.

**پىشلىماق** «پىشماق II» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: تەرتىپ مۇدىرى مۇزلۇق كۆل ئىچىدە سۇغا پىشلىپ پالاقشىپ يۈرگەندە ئوقۇغۇچىلار ئۆز غەلبىسىدىن خۇشال بولۇپ، تەنتەنە قىلىپ ئىسقىرتىپ - چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

**پىشماق I** ① ئۆسۈپ، راۋاجلىنىپ ئىستېمال قىلىشقا، ئىشلىتىلىشكە بولىدىغان، يارامىلىق ھالغا كەلمەك؛ يېتىلمەك (مېۋە - چېۋە، دانلىق زىرائەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ھەققىدە): پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرماس

www.uyghurkitap.com

(ماقال). * ئۇجمە پىش ئاغزىمغا چۈش (تەمسىل). * ئەتىيازدا ھەممىدىن بۇرۇن ئۇجمە پىشىدۇ. ئاندىن ئۆرۈك پىشىدۇ، ئۆرۈك تۆكۈلگەندىن كېيىن شاپتۇل پىشىدۇ، شاپتۇل تۆكۈلگەندىن كېيىن، ئۈزۈم پىشىدۇ، ئاندىن ئالما پىشىدۇ، ھەر خىل مېۋىلەر كەينى-كەينىدىن پىشىپ تۇرىدۇ. ② قورۇش، قاينىتىش، دۈملەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىستېمال ئۈچۈن تەييارلانماق: تاماق پىشماق. * بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس، ئوچاق بېشىدىن چۈشمەس (ماقال). * شاھزادە قورسىقى تويغاندىن كېيىن، ئۇ ئاشپەزنى چاقىرىپ: — ئۇستام، مۇشۇ مانتا ئاشۇ قاسقاندا پىشتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشقا، ساھەگە تەجرىبىلىك بولۇپ يېتىلمەك: كەسىپكە پىشماق. ياسىن خوجا خۇددى پىشقان ئارتىستەك شۇ گەپنى قىلىپ تۇرۇپ، بىر باشتىن كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ، دولا قېقىپ كۆرۈشتى. ④ كۆچمە. چېنىقماق، تاۋلانماق: بەختىيار سۆزلەۋېتىپ، ئەمگەكتە پىشقان قاتمال قوللىرى بىلەن سائادەتنىڭ پاختىدەك ئاق، يۇمشاق قوللىرىنى ئاستا تۇتتى. ⑤ كۆچمە. قارار قىلماق، بىرلىككە كەلمەك (مەسىلىھەت ھەققىدە): شۇ كېچىدە مەسلىھەت پىشتى، بۇنى چېرىكلەرگە ئۇقتۇرۇش، باش توخۇدا ئاشتا قىلىش، تاڭ يورۇشتىن ئاۋۋال جابدۇنۇپ بولۇش ۋە تاڭ ئاتقاندا جەڭگە ئاتلىنىشقا پەرمان بېرىلدى. ⑥ كۆچمە. يېتىپ كەلمەك؛ ھازىرلانماق (ۋاقىت، پەيت، شەرت-شارائىت ھەققىدە): شەرت-شارائىتى پىشماق. ⑦ كۆچمە. سىڭىش بولۇپ قالماق، ئادەت بولماق (كۆزى ۋە قۇلاقتا): كۆزى پىشماق. بۇ گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ، مېنىڭ قۇلىقىم پىشىپ قالدى. ⑧ كۆچمە. چىڭدالماق، پىششىقلانماق: كىگىز پىشتى. خىش ياخشى پىشتى.

**پىشماق II** پ. سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۇيۇقلۇقتا چىلاپ ھۆل قىلماق، چۆمۈلدۈر-مەك: سۇغا پىشماق.

**پىشۇرغۇزماق** «پىشماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەختىيار پادىشاھ بىر لېگەن تۇخۇمنى رەڭدار قىلىپ پىشۇرغۇزۇپ، بۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا يەنە بىر قېتىم قويۇپتۇ.

**پىشۇرماق** «پىشماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەپەندىم بىركۈنى بازاردىن گۆش ئەكەلسە، خوتۇنى ئۇنى پىشۇرۇپ يەۋې-لىپ، ئەپەندىمگە ئىت يەپ كەتتى، — دەپتۇ. * ئېتىزغا قوغۇن تېرىپ، پىشۇرۇپ ساتىمەن ئەمدى. مېھرىباندىن ئايرىلىپ، يالغۇز ياتىمەن ئەمدى.

**پىشۇرۇشماق** «پىشۇرماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ئىناق ئولتۇرۇپ مەسلىھەتنى پىشۇرۇشتى، ئېلىشات كامىل بىلەن قالدىغان بولدى. مەريەم مەرھابانى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى.

**پىشۇرۇقلۇق** سۈپ. پىشۇرۇپ قويۇلغان، پىشۇرۇلغان: ئادىل مەيدە يانچۇقىدىن بەش يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى شىرە ئۈستىگە قويدى، ساماۋارچى پۇلنى ئېلىۋېتىپ: — يەيدىغانغىچۇ؟ يۇمشاق نان، پىشۇرۇقلۇق توخۇمۇ بار، ئالامسىز، — دەپ سورىدى.

**پىشۇرۇلماق** «پىشۇرماق» پېئىلىنىڭ مەج-ھۇل دەرىجىسى: ئەپەندىم ئۆردىدا ئولتۇرغىنىدا بىر كىشى پادىشاھقا پىشۇرۇلغان غازنى سوۋغا قىلىپتۇ، پادىشاھ غازنى ئەپەندىمگە بېرىپ: — قېنى، ئەپەندىم، غازنى ئادىللىق بىلەن بۆلۈپ بېرىڭ، — دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ.

**پىشىم** مىق. تەخمىنەن بىر قېتىم ئاش-تاماق ئېتىپ پىشۇرۇش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ: دەرۋازا قېقىلىشقا باشلىدى. خاسىيەت تېز قەدەملەر بىلەن بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەنلا بىر يىگىت: — ئاللا كارامەت، خاسىيەت، سىزمۇ بار ئىكەنسىز، ھە؟ — دېدى خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈپ، — مەن كەلگىلى بىر ئاش پىشىم بولاي دېدى.

**پىغان** ئى [پ] يېزت. قاتتىق خاپا بولۇش ۋە ئىچ پۇشۇقتىن كېلىپ چىققان نالە-پەرياد، ھەسرەت-دەرد-ئەلەم، يىغا: پىغان

چەكمەك. * مۇيەسسەر ھەمىشە قاپىقىنى تۈرۈپ، جىممىدە يۈرەتتى. قارىغاندا ئۇنىڭ دائىملىق ھەمراھى ئۈنسىز پىغان ۋە چوڭقۇر قايغۇ ئىدى. * تۆكۈلۈپتۇ يامغۇردەك ئۈكسىنىڭ ياشلىرى. پىغاندىن ئېرىپتۇ ھەتتا تاغنىڭ تاشلىرى.

**پىغان چەكمەك** نالە قىلماق، يىغلىماق، ھەسرەتلەنمەك: ياش ئەمەس ئاقارمىش ئىككى كۆزىدىن، يۈلغۇننىڭ رەڭگىدە تامچە ـ تامچە قان. سامانلار ھەيرانمىش سولغۇن يۈزىدىن، كۆيەرمىش بىر ئوتتا چېكەرمىش پىغان.

**پىغاندىن چىقماق** كۆڭۈلدىكى ئىچ پۇشۇقى، غەم ئەندىشىسى، دەرد ـ ئەلىمى، خاپىلىقى چىقىپ كەتمەك، بېسىلماق: راخمان مۇدىر، ئۇنىڭدىن پىغاندىن چىققۇچە ئۆچىنى ئېلىۋالدى. * — پاھ، پىغاندىن چىققۇدەك ئوينىدۇق ـ دە، — دېدى ئۇ ئاخىرى ئۆزىنى سافاغا تاشلاپ تۇرۇپ.

**پىغانسىز** سۈپ. پىغانى يوق، پىغاندىن خالىي: سەن كۆرۈندۈڭ يانبولاق ئەينەك بولۇپ، كۆرمەن سادىرنى كۆرگەندەك بولۇپ. مەن پىغانسىز ناخشا ئېيتسام ئالدىدا، كەتتى يايراپ چېھرىسى گۈلدەك بولۇپ.

**پىغانلىق** سۈپ. دەرد ـ ئەلەم، نالە ـ پەريادقا تولغان، پىغان چىقىپ تۇرىدىغان: پىغانلىق كۈنلەر. * بىردىن جىلغا بويىدا تونۇش نەي ئاۋازى ياڭرىدى. گۈلمېروي ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. نەي ساداسى شۇنچە پىغانلىق ۋە مۇڭلۇق، مۇھەببەت دەرياسىدەك دولقۇنلۇق ئىدىكى، گاھ بىچارە قىزنىڭ يۈرەك دەردىنى سۆزلىگەندەك، گاھ ماھىر نەيچىنىڭ كۆڭلىدىكى سۆيگۈ ۋە ئەقىدىسىنى بايان قىلىۋاتقاندەك ئىدى. * قەشقەر خەلقىنىڭ پىغانلىق كۆز يېشى بىلەن قوشۇلۇپ ئاققان تۇمەن دەرياسى بويىدا، كوزىچى يار بېشى قويىدا سىيىت ئىسىملىك بىر ئەزىمەت بارلىققا كەلدى. ئۇ شېرىنلىكتە كەڭ كۆكرىكى، يولۋاس قاپلىنىڭدەك ئالقىنى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

**پىكاپ** ئى [ر<ئىنگ] كىچىك ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ مەخسۇس ئادەم ئولتۇرۇش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن بولۇپ، يۈرۈشكە قولايلىق، يەڭگىل ۋە ياسىلىشى سىپتا كېلىدۇ: ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇگايسىزلانغانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئايۋاندىن ئۆتۈپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ «سانتانا» ناملىق قارا پىكاپى پەلەمپەينىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

**پىكرات** ئى [ر<گرېك] <خم> ← **پىكرات كىسلاتا.**

**پىكرات كىسلاتا** <خم>ئورگانىك بىرىكمە، تەركىبى ئۈچ نىتروفېنول؛ مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_2(NO_2)_3OH$، سېرىق رەڭلىك كرىستال؛ زەھەرلىك؛ قورۇتۇلغاندا ئاسانلا پارتلايدۇ، پارتلىغۇچى دورا ياكى سېرىق رەڭلىك بوياق ياساشتا قوللىنىلىدۇ، كۆپىنچە سېرىق رەڭلىك پارتلىغۇچى دورا دېيىلىدۇ.

**پىكۇس** ئى [لات] <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، يوپۇرمىقى چوڭ، ئېللىپىس شەكلىدە، قېلىن ۋە پارقىراق كېلىدۇ؛ تېنىدە سۈتى بولۇپ، كاۋچۇك ئېلىنىدۇ؛ ئەسلى ماكانى ھىندىستان؛ ئادەتتە تەشتەكتە بېقىلىدۇ.

**پىكىر** ئى [ئە] <لوگ> ① بىرەر نەرسە ياكى كىشى ھەققىدىكى ئوي ـ خىيال، مۇلاھىزە: لەيلىگۈلنىڭ مېڭىسىدە «ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن دەھشەتلىك پىكىر لاۋۇلداپ يېنىپ كەتتى ۋە ئۆزىنى ئېتىپ «دوختۇرخانىم»نى قۇچاقلىۋالدى. ② بىرەر ئىش ھەققىدە قىلىنىدىغان تەكلىپ؛ مەسلىھەت: رۇستەم دوستىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى، لېكىن شائىرنى بۇنىڭغا كۆندۈرۈش ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئات ھازىرلاش توغرىسىدا خېلى ئۇزۇن ئويلاشتى. ③ بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش، بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدىكى نىيەت، مەقسەت: ئەركىن خەلچەمنىڭ كۆزىدىن چىققان ئىككى تامچە ياشنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى

www.uyghurkitap.com

يەنە ئەيىبلەش پىكرىدىن قايتتى. ④ بىرەر نەرسە ئۈستىدە يۈرگۈزۈلگەن مۇلاھىزە نەتىجىسى؛ يەكۈن، خۇلاسە: ئۇلار ئۇزۇن مۇزاكىرىلىشىپ ئاخىرى بىر پىكىرگە كەپتۇ. ⑤ چۈشەنچە، بىلىم؛ ئاڭ، ئەقىل: پىكرى ئۆچۈق. * ھەرقانداق ئادەم ئەقىل بىلەن پىكىرنى كىتابتىن شۇنداقلا ئەمەلىي تۇرمۇشتىن قوبۇل قىلىدۇ. ⑥ دۇنيا قاراش، مەسلەك: — نېمە ئۈچۈن، ئەزىزىم، ئادەملەرگە يامان پىكىردە بولىۋېرىسىز؟ — دېدى سادىر ھەيران بولۇپ.

**پىكىر ئالماق** بىرەر مەسىلە، ئىش ھەرىكەت ھەققىدە باشقىلاردىن مەسلىھەت، پىكىر سورىماق: بۇنىڭغا ئاساسەن مەيدان رەھبەرلىكى ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدا ئاممىدىن پىكىر ئالدى ۋە كۆچەت باشقۇرۇشنى شەخسلەرگە كۆتۈرە بەردى.

**پىكىر بەرمەك** بىرەر ئىش ياكى بىرەر مەسىلە ھەققىدە ئۆزىنىڭ پىكىرىنى (ئوي، خىيال، نىيەت، مەقسەت، تەسەۋۋۇر، مۇددىئاسىنى) بايان قىلماق، ئېيتماق: ئەزالار بەس - بەس بىلەن پىكىر بىرىشكە باشلىدى، لېكىن چۈشۈۋاتقان پىكىرلەردىن يىپ ئۇچى چىقماي، كۆپچىلىك بەزىدە تېڭىرقىغاندەك شوك بولۇپ قالاتتى. * بۆلۈم باشلىقىنىڭ بەزى ناتوغرا ئىشلىرى ئۈستىدە بىرنەچچە قېتىم پىكىر بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇللا باشلىقىنىڭ كۆڭلىگە ياقماي قالدى.

**پىكىر چۈشمەك** بىرەر كىشى ياكى بىرەر ئورگاننىڭ خىزمىتىنى يېتەرسىزلىكىنى پاش قىلىدىغان ۋە ئېچىپ تاشلايدىغان پىكىر-تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلماق: تۈنۈگۈنكى يىغىندا ئابدۇللا قارىينىڭ ئىستىلى مەسىلىرى ھەققىدە خېلى كۆپ پىكىر چۈشۈپتۇ.

**پىكىر قاتناشتۇرماق** يىغىن ياكى مۇھاكىمىلەردە مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقان مەسىلىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ تونۇشىنى، كۆز قارىشىنى، چۈشەنچىسىنى بايان قىلماق، سۆزلىمەك: بۇ قېتىمقى يىغىندا نۇرغۇن يولداشلار خېلى ئەتراپلىق پىكىر قاتناشتۇردى.

**پىكىر قىلماق** ← **پىكىر بەرمەك**: زاۋۇتنىڭ بۇ يىلقى ئىشلەپچىقىرىش پىلانى توغرىسىدا كۆپچىلىك بەس - بەس بىلەن پىكىر قىلىشتى.

**پىكىر ئېقىمى** <پەلس> مەلۇم تارىخىي دەۋردە مۇئەييەن سىنىپ ياكى قاتلامنىڭ مەنپەئىتى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بىر خىل ئىدىيىۋى خاھىش. ئۇ «ئىدىيىۋى ئېقىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**پىكرى چېچىلماق** دىققەت - ئېتىبارى مەركەزلەشمەي قالماق، ئوي-پىكرى قالايمىقانلاشماق: ئۇنىڭ پىكرى چېچىلغان ۋە كۆڭلى غەش بولغان ھالدا ياتقىغا قاراپ ماڭدى ۋە چىمەنزارلىقتا يېتىپ بارمايلا، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئىنىسىنى كۆردى.

**پىكرى ئېچىلماق** مەسىلىگە بولغان چۈشەنچىسى، تونۇشلۇقى چوڭقۇرلاشماق، زېھنىي كۈچى ۋە تەسەۋۋۇرى بېيىماق: — مەن ئۇنىڭغا - ئۇ يەردە سىز ئالىملار بىلەن سۆزلىشىسىز، مەلۇماتىڭىز ئېشىپ، پىكرىڭىز ئېچىلىدۇ، — دېدىم. * زەينۇللا چەت ئەللەرگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە تېخىمۇ ماھىر بولۇپ قالغان. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ پىكرى تېخىمۇ ئېچىلغانىدى.

**پىكىر يۈرگۈزمەك** مۇئەييەن بىرەر خۇلاسىغا كېلىش ئۈچۈن نەرسە ياكى ھادىسىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە قىلماق، تەھلىل قىلماق: سابىر گويا ئەقىل دەرياسىغا چۆمگەندەك، بۇ پارلاق، ئىلھام بەخش جۈملە ئۈستىدە قايتا - قايتا پىكىر يۈرگۈزدى.

**پىكىرەن** رەۋ [ئە] پىكىرگىلا ئاساسلىنىپ؛ خىيالەن: سېلىشتۇرۇش ئوبيېكتلارنى پىكىرەن پەرقلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىق ۋە ئوخشىماسلىقلىرىنى ئېنىقلاش ئارقىلىق ئومۇملاشتۇ-

روھنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى.

**پىكىر ـ تەلەپ** پىكىر ۋە تەلەپ: بىز قىسمىغا كەلگەن ئاتا ـ ئانىلاردىن ھال سورىدۇق ۋە ئۇلارنىڭ قىسىم قۇرۇلۇشىغا بولغان پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ، بالىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇق.

**پىكىر ـ خىيال** پىكىر ۋە خىيال: ئاچ قورساقتا ئىچىلگەن ئاچچىق ھاراق ئۇنىڭ كېكىردىكىدىن تارتىپ ئۈچەيلىرىگىچە كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. بىراق، بالا دېھقاننىڭ پۈتۈن پىكىر ـ خىيالى بايىقى موتىسكلىتتا ئىدى. * ئامىنخاننىڭ پىكىر ـ خىيالى ھازىر پەرزەنت كۆرۈشتىلا قالدى.

**پىكىرداش** ئى [ئە+پ] بىرەر كىشى بىلەن بىر خىل پىكىردە، بىر مەسلەكتە بولغان كىشى؛ مەسلەكداش: نىزامى ـــ XII ئەسىردە ئۆتكەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پارس دۇنياسىدا داڭقى چىققان، ئۇ پەيلاسوپ ئۆمەر ھەييام بىلەن زاماندىش ۋە پىكىرداش شائىر ئىدى.

**پىكىرلەشمەك** پ. بىرەر ئىش ياكى نەرسە، ھادىسە ھەققىدە مۇئەييەن بىر خۇلاسىغا كېلىش ئۈچۈن مۇلاھىزە قىلىشماق، پىكىر يۈرگۈزۈشمەك؛ ئويلاشماق: مەنسۇر بىلەن ئەكبەر ئۈستەلگە جەينەكلىرىنى قويۇپ ئالدىدا ئېچىقلىق تۇرغان خەت توغرىسىدا پىكىرلەشمەكتە ئىدى.

**پىكىرلىك** سۈپ. ئويلىيالايدىغان، ئەتراپلىق پىكىر قىلالايدىغان، چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك: ئاسىم رەسىم ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇزاق سۈرۈشتۈرۈپ تىڭشىدى ۋە ئىلغار پىكىرلىك بۇ ئادەمنىڭ ئېتىلىپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىپ ئېچىندى....

**پىگمېنت** ئى [لات] <بىئول> ھەر خىل جانلىق ئورگانىزملارنى تۈرلۈك رەڭگە كىرگۈزىدىغان ماددىلار. مەسىلەن: قىزىلگۈلنىڭ قىزىل بويىقىغا ئوخشاش. بەزى پىگمېنتلار ھاياتلىق پائالىيىتىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: قاندىكى ھېموگلوبىن بەدەندە ئوكسىگېن توشۇش رولىنى ئوينايدۇ؛ ئۆسۈملۈكلەر تېنىدىكى خلوروفىل نۇر سىنتېزلاش رولىنى ئوينايدۇ.

**پىگمېنتلىق** سۈپ. تەركىبىدە پىگمېنت ماددىلىرى بولغان.

**پىگمېنتلىق ھۈجەيرە** <بىئول> تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ۋە چوڭقۇرراق بولغان بەزى قەۋەتلىرىدىكى توقۇلمىلاردا بولىدىغان بىر تۈرلۈك ھۈجەيرە، تەركىبىدە تارىلىش ۋە يىغىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان رەڭلىك دانىچىلار بولىدۇ.

**پىڭلو** ئى [خەن] بالون چاقلىق چوڭ ھارۋا: ئۇ ئەركىن نەپەس ئېلىپ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي دۆڭگە يامىشىۋاتقان ھارۋىلارغا قارىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئاسمان ـ پەلەك باغ باسقان ئۈچ ئات قوشقان بىر پىڭلو كېلىۋاتاتتى.

**پىڭ I** تەق. بىرنەرسىنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرىغا تېز، يەڭگىل ئۆرلەپ چىقىشتىكى ھالىتى: ئەخەتنىڭ ئۇرغان توپى «پىڭ» قىلىپ يۇقىرى ئۆرلىدى ـ دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى.

**پىڭ II** ئى [خەن] ياز كۈنلىرى ئاپتاپنى توسۇش ئۈچۈن ھارۋىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاھازلىق سايىۋەن. ئۇ ئەھۋالغا قاراپ، لاتا ياكى بورىدىن ياسىلىدۇ: سىگانلار ئادەتتە پىڭ ئورنىتىلغان ھارۋىلارغا چۈشۈپ، قەبىلە بويىچە يۇرتمۇيۇرت كۆچۈپ جاھانگەشتىلىك قىلىدۇ.

**پىڭ ـ پىڭ** «پىڭ I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئەمەت يىراقتىن دادىسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ «پىڭ ـ پىڭ» يۈگۈرگەن پېتى ئالدىغا باردى.

**پىڭفاڭ** مق [خەن] ← كۋادرات

**پىڭگىدە** رەۋ «پىڭ» قىلغان ھالدا، ناھايىتى تېز: ئۆمەر يىراقتىن قولىدا قورال كۆتۈرۈشۋالغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇددى سادىن ئۈركۈگەن

www.uyghurkitap.com

چۈجىدەك پىڭىدە يۈگۈرۈپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

**پىڭىلىق** سۈپ. پىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، پىڭى بار: سىگانلار قەدىمكى زامانلاردا قازان ـ قومۇچ، يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ، پىڭىلىق هارۋىلاردا قاتارلىشىپ سەپەر قىلىپ، يۇرتمۇيۇرت، دۆلەتمۇ دۆلەت جاهانگەشتىلىك قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى.

**پىڭىلداشماق** «پىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاپرېلنىڭ ئاخىرى، كۈن ئىسسىغان، يېڭىدا بالىلىرى يالىڭاياغ بولۇۋېلىپ، توپىلىق يەرلەردە پىڭىلدىشىپ يۈگۈرۈشۈپ ۋەللەي ئوينىماقتا ئىدى.

**پىڭىلدىماق** پ «پىڭ ـ پىڭ» قىلغان هالدا تېز هەرىكەت قىلماق: ئادىلجان ئويناۋاتقان ئويۇننى تاشلاپ، ئاتلىق كىشىگە ئەجەبلىنىپ قارىدى، ئاتلىق كىشى بالىغا كۈلۈمسىرەپ قارىغانىدى، ئۇ بىردىنلا تونۇپ قالدى ـ دە، كەينىگە قاراپ پىڭىلداپ يۈگۈرگىنىچە ۋارقىرىدى.

**پىل** ئى [ئە<پ] <زوئول> قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ چوڭ سۈت ئەمگۈچى هايۋان، قۇلىقى چوڭ كېلىدۇ؛ بۇرنى ئۇزۇن بولۇپ كانايغا ئوخشايدۇ ۋە يىغىلايدۇ. بىر جۈپ ئۇزۇن چىشى ئېغىزىنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرىدۇ؛ پۈتۈن تېنىدىكى تۈكلىرى ناهايىتى شالاڭ، تېرىسى قېلىن كېلىدۇ؛ ياۋا سەي ۋە يۇمران ئوت قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ؛ مەملىكەتمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبى، هىندىستان، ئافرىقا قاتارلىق ئىسسىق بەلباغ يەرلىرىدە ياشايدۇ؛ بەزىلىرىنى بېقىپ ئۆگىتىش ئارقىلىق ترانسپورت قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ. چىشىدىن تۈرلۈك هۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا بولىدۇ.

**پىل پۇتى كېسەللىكى** <تب> بىر خىل تېرە كېسەللىكى. بۇ كېسەل نەتىجىسىدە ئاياغ، ساغرا، ئۇرۇقدان خالتا تېرىلىرى قېلىنلىشىپ، خۇددى پىل تېرىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

**پىل II** تەق. چىراغنىڭ كۆيۈۋاتقان چاغدىكى هالىتى: چىراغپايدىكى مېيى تۈگىگەن قارا چىراغ «پىل» قىلىپ ئۆچۈپ قالدى.

**پىلات** (توغرىسى: پىلاتى) ⟵ **پىلاتى.**

**پىلاتا** (توغرىسى: پىلاتى) ⟵ **پىلاتى.**

**پىلاتى** ئى [ر] بەدەننىڭ يۇقىرى قىسمىغا كىيىلىدىغان ئەستەرسىز يازلىق چاپان: ئەزىزخاننىڭ ئىشخانىسىغا بىر كاستۇم پەيدا بولۇپ قالغان، ئاياللارنىڭ ئېيتىشىچە، كاستۇمنىڭ ئىگىسى ئۇنى پىلاتى قىلىپ ئۆزگەرتمەكچىكەن.

**پىلان** ئى [ر<لات] خىزمەت ياكى ئىش ـ هەرىكەتنىڭ ئالدىن بېكىتىلگەن مەزمۇنى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى: تاغام قاۋۇز شۇجىنىڭ شىهتىقۇمنىڭ ئىستىقبالى ۋە ئۇنى ئېچىشنىڭ ئون يىللىق پىلانى هەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ خۇشاللىق كۈلكىسىنى باسالماي قالدى ـ دە، بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى.

**پىلانچان** سۈپ. پىلان بىلەن ئىش قىلىدىغان: يۈسۈپ ئاكام خىيالىغا كەلگەننى قىلىۋەرمەيدىغان، يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان، پىلانچان ئادەم.

**پىلانچانلىق** «پىلانچان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بىز يېڭىدا بىلەن شەھەرگە، ئىچكى بازاردا سېتىش بىلەن ئېكسپورت قىلىشقا، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە ئېهتىياجىغا تەڭ ئېتىبار بېرىشىمىز؛ تەمىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشنى تەڭپۇڭ قىلىپ ئويۇشتۇرۇشىمىز؛ پىلانچانلىقىنى كۈچەيتىپ، بازارنى تەكشۈرۈش ۋە ئالدىن مۆلچەرلەش ئىشىنى كۈچەيتىپ، قارىسىغا ئىش قىلىشنى تۈگىتىشىمىز لازىم.

**پىلانچى** ئى. پىلان تۈزۈشكە ۋە كۆرسىتىشكە ئۇستا، ئېپى بار كىشى: توپىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ياقۇپ تاغا، ئۇ كىشىگە: ـــ توغرا، قىزىمىز ئالمىخان «ئارىيار»نى بويسۇندۇرغان ئۇستا پىلانچى، ـــ دەپ جاۋاب بەردى. * مېنىڭ ئىسمىدە قېلىشىچە كېيىن ئاخۇن ئىمام تولىمۇ پىلانچى بولىدىغان.

**پىلانچىلىق** «پىلانچى» سۆزىنىڭ ئابسترا ـ

www.uyghurkitap.com

كىت ئىسىم شەكلى: ئۆمەر ساتتارنى «ئۇنداق پىلانچى، بۇنداق پىلانچى»، — دەپ ئىسھاقتا ماختىغلى تۇردى. بۇ ماختاشلارنى ئاڭلىغان ئىسھاق: — ۋاي، ئۇنىڭ پىلانچىلىقىمۇ تايىنلىقكەن، بىز ئۇنى ياخشى بىلمىسىز، — دەپ ساتتارنىڭ كېيىنگە لوقما سالدى.

**پىلانسىز** سۈپ ① پىلانغا ئاساسلانمىغان، ئالدىن پىلان قىلىنمىغان: پىلانسىز ئىگىلىك. پىلانسىز ئىش يوق ئىش (ماقال). ② پىلان بىلەن ئىش قىلمايدىغان، پىلانى يوق: پىلانسىز ئادەم. پىلانسىز بالا.

**پىلانسىزلىق** «پىلانسىز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: پىلانسىزلىقنى تۈگىتىش كېرەك.

**پىلانلاتماق** «پىلانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇ ئامبارنىڭ قۇرۇلۇشىنى يولداش جۇمە ئۇرۇمچىدىن كەلگەن تېخنىكلارغا پىلانلىتىپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بىرنەچچە يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەندى.

**پىلانلاشتۇرماق** ① «پىلانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېزا ئىگىلىكىنى پىلانلاشتۇرماق. ② ئىش، تەدبىر، پىروگراما قاتارلىقلارنىڭ بىر يۈرۈش پىلانىنى تۈزمەك، ئومۇمىي پىلان ئىچىگە كىرگۈزمەك، پىلانلاشقان ھالەتكە كەلتۈرمەك: فاكۇلتېتتىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنى پىلانلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

**پىلانلاشتۇرۇلماق** «پىلانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سادىق شۆيۈەننى پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا دادىللىق بىلەن «ئادەتتىكى بىر يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى قانداق پىلانلاشتۇرۇلۇشى ھەمدە قانداق قىلىپ، تەبىئىي شەرت - شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ مەخسۇسلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشى كېرەك؟» دېگەن تېمىدا ئىلمىي تەسەۋۋۇر ماقالىسى يېزىپ، يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەنىدى.

**پىلانلاشماق** «پىلانلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىچىك دوستلار ئەتە دەم ئېلىش كۈنىدىن پايدىلىنىپ ياخشى ئىش قىلىشنى پىلانلاشتى.

**پىلانلانماق** «پىلانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاقنىياز ئۇنى ئاقۋەت كۆندۈردى ۋە ئىشەندۈردى. قوۋۇرغا، تۈمۈر تاش تەييارلاشتى. ھاجەتخانىنىڭ تۆشىكى بىلەن قېچىش پىلانلاندى. * بۇ يىل 350 مىڭ مو يەردە ئورمان بىنا قىلىش پىلانلاندى، بۇ ئۆتكەن يىلى بەرپا قىلىنغان 380 مىڭ مو يەردىكى ئورماندىن ئاز، شۇڭا بۇ يىلقى پىلاننى 380 مىڭ موغا كۆپەيتىش لازىم.

**پىلانلىق** سۈپ. پىلانى بار، ئالدىن پىلانلاشتۇرۇلغان، مۇئەييەن تەرتىپلىك، قائىدىلىك: سوتسىيالىستىك دۆلەت ۋە قانۇنلارنىڭ ئىگىلىكنى پىلانلىق ئۇيۇشتۇرۇشتىكى رولى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ دۆلىتى ۋە قانۇنلىرىنىڭ ھېچقايسىدا يوق.

**پىلانلىق باشقۇرۇش** <س ئىق> پىلان تۈزۈش، ئىجرا قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە تۈزىتىش قاتارلىق كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى تەشكىللەيدىغان باشقۇرۇش.

**پىلانلىق باھا** <س ئىق> سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى قىممەت قانۇنىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرى بويىچە تۈزۈلگەن باھا.

**پىلانلىق تەكشۈرۈش** <س ئىق> سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق نىسبەت بويىچە تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بىر تۇتاش پىلان بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنى تەكشۈرۈش.

**پىلانلىق تۇغۇت** پىلان بويىچە تۇغۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا كېچىكىپ توي قىلىش، تۇغۇتتا

چەك قويۇش ۋە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تۇغۇتنى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. پىلانلىق تۇغۇت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا، ئانا-بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولۇپ، ئۇنى يولغا قويۇش ئارقىلىق مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**پىلانلىق ئىگىلىك** ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئاساسىدا، سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق، نىسبەت بويىچە تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن دۆلەت بىر تۇتاش پىلانلىق باشقۇرىدىغان خەلق ئىگىلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنىڭ بىرى. ئۇنى يولغا قويغاندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى تېجىگىلى ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق تۈردە پايدىلانغىلى، پەن- تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**پىلانلىقلىق** «پىلانلىق» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۇ ئىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە، يەرلىك ئورۇنلار، تارماقلار، كارخانىلارنىڭ ئاكتىپلىقى چوقۇم سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پىلانلىقلىقى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈش لازىم.

**پىلانلىماق** پ. بىرەر خىزمەت ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىن پىلانىنى تۈزۈپ چىقماق: ئۆستەڭ ئېلىش، توسما سېلىش، كۆۋرۈك سېلىش، شارقىراتما ياساش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تېخنىكلار پىلانلاپ چىقىدۇ. راستىنى ئېيتسام، مەن بۇ تېخنىكلارنى باشقۇرغىنىم بىلەن ئۇلار قىلالىغان ئىشنى قىلالمايمەن. * چەندارىن ئۆتكەن قېتىم ئالدانغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، بۇ قېتىم باتۇرنى ئالداپ كۆرۈشنى پىلانلىدى.

**پىلە** ئى [پ] پىلە قۇرتى چىقارغان مەھسۇلات يەنى مەشۇت.

**پىلە تۇخۇمى** <زوئول> پىلە كېپىنىكى تۇغقان تۇخۇم.

**پىلە غوزىكى** <زوئول> پىلە قۇرتى چىقارغان مەشۇتتىن ھاسىل بولغان غوزەك، ئېللىپس شەكلىدە بولىدۇ، پىلە ئۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇتقا ئايلىنىدۇ. ئۇ توقۇمىچىلىق سانائىتىدە يىپەكچىلىك ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**پىلە قازىنى** پىلىنى قايناتىپ پىشۇرىدىغان قازان.

**پىلە قۇرتى** <زوئول> ھاشارات، لىچىنكىسى ئېقىش كۆل رەڭ بولىدۇ؛ ئۈجمە يوپۇرمىقىنى يەيدۇ، تۆت قېتىم تېرە تاشلايدۇ؛ مەشۇت چىقىرىپ غوزەك ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە قۇرتقا ئايلىنىدۇ؛ قۇرتى پىلە پەرۋانىسى بولۇپ چىقىدۇ، پەرۋانىسى چېتىشىپ تۇخۇم سالغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. لىچىنكىنىڭ چىقارغان مەشۇتى توقۇمىچىلىقنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ.

**پىلە كېپىنىكى** <زوئول> پىلە قۇرتىنىڭ يېتىلگەن ۋاقتى، رەڭگى ئاق بولىدۇ؛ سەزگۈچ مۈڭگۈزچىسى پەيگە ئوخشايدۇ؛ بىر جۈپ قانىتى بولسىمۇ، ئانچە ئۇچالمايدۇ؛ ئېغىزى رودىمېنتلاشقان بولۇپ، ئوزۇقلىنالمايدۇ.

**پىلە مايىقى** <زوئول> پىلە قۇرتىنىڭ

مايىقى، قارا ۋە دانىچە ھالەتتە بولىدۇ، تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ.

**پىلە ئۆچكىسى** <زوئول> پىلە قۇرتىنىڭ ھەر قېتىم تېرە تاشلاشتىن بۇرۇنقى ئۇزۇققا لانماي جىم تۇرۇۋېلىش ھالىتى، پىلە يېتىلىش جەريانىدا تۆت قېتىم تېرە تاشلايدۇ.

**پىلپىل** ئى [پ] <بوت> قارىمۇچ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان بولۇپ، يۈرەككە ئوخشايدۇ؛ ئاتىلىق ۋە ئانىلىقى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ؛ مېۋىسى شىرنىلىك بولۇپ، تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ، مېۋە باشقى تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىپ، سوغۇقتىن بولغان قورساق ئاغرىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈشنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**پىلپىل قارىمۇچى** <بوت> قارىمۇچ ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئىللىپىس شەكلىدە؛ گۈلى يېشىل؛ مېۋىسى ئاچچىق-چۈچۈك بولىدۇ.

**پىل-پىل** «پىل II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇدۇلدىكى ئۆي ئىچىدە «پىل-پىل» قىلىپ يېنىۋاتقان قارا چىراغنىڭ شولىسى ئىشىك يوچۇقىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئابلەي قاۋان بىرىنچى بولۇپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتى. * ئاسماندا شالاڭ يۇلتۇزلار ئاندا-ساندا «پىل-پىل» كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**پىلپىلگۈل** ئى [پىلپىل+گۈل] <بوت> پىياز ئائىلىسىدىكى كىچىك، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئۇ باش باھاردا ئۆسۈپ چىقىدۇ؛ يەر ئاستىدىكى تەگسىمان غولى شار شەكلىدە بولۇپ، سىرتىنى كۆپ قەۋەت قارامتۇل خورما رەڭلىك پەردىلەشكەن تەڭگىچىلەر ئوراپ تۇرىدۇ، يەر ئۈستىدىكى غولى تىك بولۇپ، شاخلىمايدۇ؛ يوپۇرمىقى تۈۋىدىن ئۆسىدۇ، شەكلى تۆمۈرنىڭگە ئوخشايدۇ؛ گۈلى سېرىق بولۇپ، ئۈچىدىن ئۆسىدۇ، قوڭغۇراقسىمان كېلىدۇ؛ ھوزا مېۋىسى سوقىچاق كېلىدۇ؛ تەڭگىسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ؛ ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇپ، تۈگۈنچەكلەرنى تارقىتىش رولىغا ئىگە.

**پىلتە** ئى [پ] ① دوپپىنىڭ تۆپىلىكى بىلەن ئەستىرى ئارىسىغا ياكى تونلارنىڭ قىرىغا پىلىك شەكلىدە قىلىپ بىرىلىدىغان پاختا ياكى قەغەز: — خوجا قەغەز پۇلدىن ۋازكەچتى. نېمىشقا دېسەڭ، قەغەز پۇل كاسات. خەق ئۇنى — ھېلىقى گەنجىلىك تىزا بارغۇ، ھە ئۇنى دوپپىغا پىلتە قىلىدىغان، جىڭلاپ سېتىۋالىدىغان بولدى، — دېدى شاتۇر دورغا ② پارتلىتىش بومبىلىرىنىڭ ئوت ئېلىش نۇقتىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىنچىكە بوغقۇچ، يىپ: شۇنداق قىلىپ، ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، يېڭى ياسالغان پارتلىتىش دورىسى بىلەن رەسمىي سىناق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. تۇرغۇن پىلتىلارغا ئوت يېقىپ بولۇپ كېيىكتەك تاقلاپ ئۆزىنى دالىدىغا ئالدى. تۇيۇقسىز قۇلاقنى يارغۇدەك گۈمبۈرلەش بىلەن تاغلار سىلكىنىپ، ئىس-تۈتەكلەر چوققىلارغا كۆتۈرۈلدى. ③ سۇيۇقئاش، لەڭمەنگە ئوخشاش غىزالاردا، ئاۋۋال يوغانلىقى تەخمىنەن بارماقتەك قىلىپ، سىرتىغا سۇ مېيى سۈركەپ راسلىنىدىغان خېمىر: لەڭمەنگە پىلتە قىلماق. * پاتىمە ئۆيگە كىرىپ تۆت پىلتە ئاشنى چاچتەك سوزۇپ ئىككى نەۋرىسىگە سېلىپ بەردى. باللار ئېشىنى يەپ بولۇپلا، يەنە ئوينىغىلى تالاغا يۈگۈرۈشتى.

**پىلتە بەرمەك** دوپپىنىڭ تۆپىلىكى بىلەن ئەستىرىنىڭ ئارىلىقىغا پىلتىنى زىخ ئارقىلىق ئۆتكۈزمەك.

**پىلتە قۇيماق** مەخسۇس يۇغۇرۇلغان خېمىردىن ئىككى پىلتىنى بىرلەشتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

ياغدا پىشۇرۇلغان ئۇزۇنچاق قۇيماق.

**پىلتىڭگۈچ** ئى ① پاختا ياكى قەغەز پىلتىلەرنى دوپپىنىڭ ئەستەرىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، دەستىلىك ئىنچىكە تۆمۈر چوكا: تۆپە پىلتىڭگۈچ. كېزەك پىلتىڭگۈچ. * پىلتىڭگۈچ بىلەن دوپپىنىڭ كېزىكىگە پىلتە بەرمەك. ② قۇلاق كولاشتا ۋە بەدەنگە دورا سۈرتۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچىغا پاختا ئورالغان ياغاچ،

**پىلتىڭ** تەق. بىلىق قاتارلىقلارنىڭ يەڭگىل ھالدا سۇ يۈزىگە سىلكىنىپ چىقىش، شۇڭغۇش ھالىتى: بىلىق پىلتىڭ قىلىپ سۇ ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى.

**پىلتىڭ-پىلتىڭ** «پىلتىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بالا پىلتىڭ-پىلتىڭ قىلىپ ماڭدى.

**پىلتىڭلاشماق** «پىلتىڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بەختىگۈل باراڭ ئاستىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ، تەلەڭگىدىكى توخۇملارنى ساناۋاتاتتى، كىچىككىنە سادىق بىلەن پاتىگۈل قوللىرىدا بىرى بىردىن توخۇمىنى تۇتقىنىچە كاتەك تەرەپتىن پىلتىڭلىشىپ مېڭىپ كەلدى. * گايتكامنىڭ سېۋىتىدىكى كۆلدىن تۇتۇپ كېلىنگەن يوغان كارىپ بېلىقلار پىلتىڭلىشىپ، قۇيرۇقلىرىنى تولغىشىپ تۇراتتى.

**پىلتىڭلىماق** پ. «پىلتىڭ-پىلتىڭ» ھەرىكەت قىلماق: سادىق ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئەمدىلەتتىن بىر ياشقا كىرگەن ئوغلى پەرھاتنى كۆتۈرۈۋالغان ئىككى قات ئايالى رەيھاننى كۆردى. پەرھات ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا پىلتىڭلاپ، ھە دەپ دادىسىغا تەلپۈنۈپ قوللىرىنى سوزۇپ: — دادا، دادا، — دېمەكتە ئىدى. * سۇپۇرگە ئاكا قىپيالىڭاچ كەنجىتايىنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىدىن پىلتىڭلاپ ئەگىشىپ چىققىنىنى كۆرمىدى.

**پىلتىڭگىدە** رەۋ «پىلتىڭ» قىلغان ھالدا، «پىلتىڭ» قىلىپ: بېلىق پىلتىڭگىدە سۇ ئۈستىگە ئۆرلىدى.

**پىلتىلىك** سۈپ. پىلتىسى بار، پىلتە ئورنىتىلغان، پىلتە بېرىلگەن: پىلتىلىك گرانات. پىلتىلىك دورا. پىلتىلىك مىلتىق.

**پىلتىلىمەك** پ. پىلتە ھالىتىگە كەلتۈرمەك، پىلتە قىلماق: مەريەمخان ئانا لەگمەنىنىڭ خېمىرىنى پىلتىلەپ قويۇپ، سەينىمۇ قورۇپ بولدى. ئىشىك ئالدىغا ئىككى قېتىم چىقىپ قاراپمۇ باقتى. يا قىزى ئامىنەم، يا كۈيئوغلى مۇھەممەتجان كۆرۈنمەيتتى.

**پىلخانا** ئى [ئە+پ] پىل بېقىشقا تەييارلانغان ئۆي: پىل بىلەن دوست بولساڭ، پىلخاناڭنى راسلا (ماقال).

**پىلدىر** تەق. يەڭگىل، تېز ھەرىكەت قىلىش، ئايلىنىش ھالىتى.

**پىلدىر پەلەك** ئى. دىئال. قوناق ئۇنىنى چىلان شەكلىدە يۇمىلاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق.

**پىلدىراق** ئى <تەن> بالىلار ئوينۇنچۇقلىرىنىڭ بىر خىلى. ئۇ ياغاچ ياكى پىلاستىماسسىتىن ياسىلىدۇ؛ شەكلى ياپىلاق ياكى يۇمىلاق كېلىدۇ؛ ئوتتۇرىسىدا بىر بېشى ھەم ئۇچلۇق ئوقى بولىدۇ؛ قول بىلەن ئوقنى يىپ ئەشكەندەك بۇراپ پىرقىرىتىپ ئويناشقا بولىدۇ.

**پىلدىر-پىلدىر** «پىلدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كېپىنەكخان، كېپىنەك، پىلدىر-پىلدىر ئۇچىسەن، پۇراپ قويۇپ بىر گۈلنى، باشقىنى قۇچىسەن.

**پىلدىرلاتماق** «پىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نادىرنىڭ ئىزنى بېسىپ قالغان ئادىلجان كىچىككىنە كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ھەيرانلىق بىلەن بىر ئاكىسىغا، بىر مومىسىغا قاراپ-قاراپ قوياتتى. * جاپپار قات-قات گۈلنىڭ ئېچىلىپ تۇرغان نازۇك بەرگلىرىدىن ئىككى تالنى ئۈزۈۋالدى. ئۇنى قولىدا پىلدىرلىتىپ ئويناشقا

باشلىدى.

**پىلدىرلاشماق** «پىلدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قانات قېقىپ شوخ تورغايلار پىلدىرلاشتى، قارلىغاچلار ئۇسسۇل ئويناپ ۋىچىرلاشتى.

**پىلدىرلىغۇچ** ئى. شامال كۈچى بىلەن پىلدىرلاپ ئايلىنىدىغان، قەغەزدىن تەييارلىنىدىغان بالىلار ئويۇنچۇقى.

**پىلدىرلىماق** پ. تېز ھەرىكەت قىلماق، ئايلانماق: گۈلزارلىقتا ئۇ ياندىن بۇ يانغا پىلدىرلاپ ئۇچۇپ يۈرۈپ ھېرىپ قالغان كېپىنەك ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن بىر تال قىزىلگۈل بەرگىگە قونۇۋالدى. * جىنازا مەھەللىدىن ئۇزىتىلدى. ناھايىتى جىنازا ئالدىدا باقىنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى يىغلامسىراپ، بۇرنىنى تارتىپ، ئۆز گەۋدىسىنى باشقۇرالماي، مۇدۈرۈپ ـ مۇدۈرۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بولسا بەش ياشلىق سىڭلىسى پىلدىرلاپ ئەگىشىپ ماڭدى.

**پىلسىرات** (توغرىسى: پولسىرات) ← **پولسىرات.**

**پىلىلدە** رەۋ «پىل» قىلغان ھالدا، «پىل» قىلىپ: چىراغ پىلىلدە يېنىپ يەنە ئۆچتى. *«ئاھ جېنىم دادام!»، دەپ زارلاندى مەھمۇت شۇ ئان ئۇنىڭ يىغلاپ يۈرۈپ قۇرۇپ كەتكەن، كۆزلىرىدىن «پىلىلدە» ياش ئۇرغۇپ چىقتى.

**پىلۇس** ئى [ر<لات] <مات> قوشۇش بەلگىسى (+) نىڭ نامى.

**پىلۇس ئالامىتى** <مات> ماتېماتىكىدىكى مۇسبەت سانىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە (+)، قوشۇش بەلگىسى.

**پىلۇس زەرەت** <فىز> ← **مۇسبەت زەرەت.**

**پىلپاختا** ئى [پىلە+پاختا] پىلە غوزىسىنى سۇدا پىشۇرۇپ يىپ چىقىرىۋالغاندىن كېيىنكى قېپقالغان قالدۇق قىسمى، سەيناخ.

**پىلتا** ئى [ر] كۆمۈر قالايدىغان ئوچاقلارنىڭ ئۈستى قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان، كۆپ ئېغىزلىق چويۈن قاپقاق: ئۆمەر ئاكا دەرھال ماقۇل بولدى. ئۇ پىلتىنىڭ كىچىك كۆزىنى ئېچىپ ئوچاقتا ئىككى كۆرەك كۆمۈر سېلىۋەتتى.

**پىلچەك** ئى. دىئال. مارۇژنى ئۇسسىدىغان كىچىك ساپال كورۇشكا.

**پىلىچى** ئى. پىلە بېقىش ۋە يېتىشتۈرۈش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ـ خۇش خەۋەر! بىزنىڭ دادۇيگە ئۈچ نەپەر پىلىچى قىز چىقىدىكەن. بۇلار قەشقەردىن كەپتۇ...، ـ دېدى ئابدۇقادىر.

**پىلىچىلىك** ئى «پىلىچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: كورلا ناھىيىسى ئۆتكەن يىل پاختىچىلىق، پىلىچىلىك ۋە باغۋەنچىلىكتە كەسپلەر بويىچە ھۆددىگە بېرىش، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلاش، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشكە ئوخشاش ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويدى. * ئۇلارنىڭ بىرى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى، يەنە بىرى پىلىچىلىك مەيدانىنىڭ باشلىقى ئىدى.

**پىلىخانا** ئى [ئە+پ] پىلە باقىدىغان جاي، ئورۇن: قەمەرنىسا ياغاچچىلارغا ياردەملەشمەكچى بولدى، خالىدەم پىلىخانىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. * ئۇلار دادۇي پىلىخانىسىدا تەجرىبە ياراتماقچى بولۇشقانىدى. * ئابدۇقادىر قىسقىغىنا بىر يىغىن چاقىرىپ، قەمەرنىسانىڭ كېسىلى توغرىسىدا ئاسىمگۈل ۋە باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئاخىرىدا ئاسىمگۈلگە دوستىنى گەپكە كۆندۈرۈش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. ئارىدىن يەنە ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. قەمەرنىسا ئاۋۋالقىدەك پىلىخانىمۇ پىلىخانا ئايلىنىپ يۈرۈۋەردى.

**پىلىك** ① ئى. بىر ئۇچى چىراغنىڭ يېغىغا چىلىنىپ تۇرىدىغان، يەنە بىر ئۇچىغا ئوت يېقىلىدىغان، پاختىدىن ئېشىلگەن ياكى ماتادىن تىكىلگەن بۇيۇم: چىراغ پىلىكى. شام پىلىكى. * سابىر ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزغۇچ نۇر چېچىپ تۇرغان پەنەرنىڭ پىلىكىنى چوڭراق

www.uyghurkitap.com

چىقاردى، نېمىندۇ ئۈيىلىنىپ قالدى، ئىختىيارسىز قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، دېرىزە ئالدىغا كەلدى. ② سۆپ. كۆچمە. يۇمشاق، بوش، ياۋاش: ئۇنىڭدىن غەم يېمە، — دېدى زاھىر ماگا، — ئۇ 15 كۈنلۈك تۇتۇپ تۇرۇشتىن چىققاندىن كېيىن پىلىك بولۇپ كەتتى. بۇرۇنقى «نوچى»لىقلىرى نەدە دەيسەن.

**پىلىكار** ئى [ئە+پ] ⟵ پىلىچى: بىركۈنى تەڭ كېچىدە كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بېرىپ، پىلىكارلارنىڭ يۈرىكىنى سوغۇرۇۋالغىلى تاس قالدى.

**پىلىكلىك** سۆپ ① پىلىكى بار، پىلىك بىلەن ياندىغان، پىلىك ئورنىتىلغان: كارىدوردىكى ئون پىلىكلىك كىرسىن ئوچاقتا ئېسىلغان قازاندىن سۈيۈقئاش سۈيىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بىنا ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان تامچىلارنىڭ دېمىغىغا ئۇرۇلاتتى. ② پىلىك قىلىشقا بولىدىغان، پىلىك قىلىشقا ئىشلىتىدىغان: پىلىكلىك پاختا. پىلىكلىك لاتا.

**پىلىكئوت** ئى [پىلىك+ئوت] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، پۈتۈن تېنىنى ئاق، ئۇششاق تۈكچىلەر قاپلاپ تۇرىدۇ؛ غولى شاخلىمايدۇ ياكى ئۈستۈنكى قىسمى شاخلايدۇ؛ يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى بولمايدۇ، شەكلى يىپسىمان بولۇپ تولۇق گىرۋەكلىك كېلىدۇ؛ گۈل رېتى باشسىمان كېلىدۇ؛ يەر ئۈستى قىسمى دورا قىلىنىدۇ؛ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ ئىسسىقنى قايتۇرۇش، قاننى سوۋۇتۇش رولى بار، بۆرەككە پايدا قىلىدۇ، سۈيدۈكنى ماڭغۇزىدۇ؛ شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**پىلىلداتماق** «پىلىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**پىلىلدىماق** پ «پىل-پىل» قىلماق: ئۇ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى قىيا ئېچىپ، ئۈستىدە غەلۋىرچىلىك كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكۈش ئاسمانغا قارىدى: سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ، ئاسمان گۈمبىزىدە ئاخىرقى يۇلتۇزلا پىلىلدىماقتا ئىدى. ✱ نىجات ئانىسىغا كۈلۈپ قارىدى. ئەمما ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، كۆزلىرىدە بولسا ھەسرەت ئۇچقۇنى پىلىلدايتتى.

**پىلىموت** ئى (ر) <ھەرب> ئاپتوماتىك ھالدا تېز ئېتىلىدىغان قوراللارنىڭ ئومۇمىي نامى: «تا-تا-تات» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىرقانچە پاي پىلىموت ئوقى بايا مەن تۇرغان يەرگە چۈشۈپ قارلارنى توزۇتۇۋەتتى. يېزىنىڭ شەرقىدىكى پوتەيدىكىلەر ملتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇلارغا پىلىموت ئاتتى. پىلىموتلارنىڭ ئوقلىرى بۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

**پىلىموتچى** ئى. پىلىموت ئاتىدىغان، پىلىموت بىلەن قوراللانغان ئادەم: ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتكە بىرىنچى بولۇپ چىققان نىزامىدىن كۆچ بىلەن ئىشىكنى تېپىپ ئېچىۋەتتى-دە، گومىنداڭ پىلىموتچىسىنى غەزەپ بىلەن غولىدىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ دېرىزىدىن يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى.

**پىلىموتلۇق** سۆپ. پىلىموتى بار، پىلىموت تۇتقان، پىلىموت ئاسقان: پىلىموتلۇق ئىككى ئەسكەر يولدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ ئۆزىنى تامنىڭ دالدىسىغا ئالدى.

**پىنان I** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{10}H_{18}$، خىمىيىۋى خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق، نىئورگانىك كىسلاتا ۋە ئوكسىدلىغۇچىلار تەرىپىدىن ئاسانلىقچە پارچىلانمايدۇ.

**پىنان II** ئى [ئېنگ] <بوت> پاپوروتنىكلارنىڭ بىر تۈرى، تېيىز سۇدا ئۆسىدۇ؛ غولى پاتقاقتا توغرىسىغا تۇرىدۇ؛ يۇمشاق كېلىدۇ؛ شاخلىنىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئۇزۇن ساپاقلىق بولىدۇ، تۆت تال كىچىك يوپۇرمىقى يوپۇرماق سېپىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ، ياز ۋە كۈز پەسىللىرىگە بارغاندا يوپۇرماق سېپىنىڭ تۆۋى قىسمىدىن كىچىك شاخلار ئۆسۈپ چىقىدۇ، بۇ شاخلارنىڭ ئۈستىدە سپورا خالتىلىرى بولۇپ، ئىچىدە سپورىلىرى بولىدۇ.

**پىنە** ① ئى. تېرىق دېنىنىڭ سىرتقى پوستى، قاسىرىقى، پىنىسى. ② سۈپ. دان ئالالمىغان، پۇچەك: پىنە شال.

**پىنەك** ئى. جان ت. نەشە: ساقى، ـ ھەي ئوغۇل باللار، پىنەك يوقمۇ، پىنەك! بولسا يۈگەشمەمسەن، تارتىشۇالايلى! — دېدى.

**پىنتاڭ** ئى [خەن] گۆشنى سوكپىياز قاتارلىق سەيلەر بىلەن قوشۇپ، سۇ قۇيۇلغاندىن كېيىن پىنتوزا سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل سۇيۇق تاماق.

**پىنتوزا** ئى [خەن] ماش، تاتلىقياڭيۇ قاتارلىق كراخماللاردىن سىمدەك ئىنچىكە قىلىپ تەييارلىنىدىغان، سەي قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان خام يېمەكلىك.

**پىنجەك** ئى. ئارىسىغا پاختا ياكى تېرە ئېلىنىدىغان، يېڭى ۋە ياقىسى يوق، قىسقا كىيىم؛ جىلىتكە: تۇرسۇن ئاكا ئىككى قات يۇڭ پوپايكا سىرتىغا سوكنىدىن تاشلانغان، بورسۇق تېرىسىدىن تىكىلگەن پىنجەك كىيىۋالغانىدى. ئۇ ئەكبەرنى كۆرۈپ كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى.

**پىنجەكلىك** ① سۈپ. پىنجىكى بار، پىنجەك كىيگەن: يولنىڭ ئۇ چېتىدە پىنجەكلىك بىر يىگىت بۇ ئىشلارغا ھەيران بولغىنىچە قاراپ تۇرماقتا. ② پىنجەك تىكىشكە يارايدىغان، پىنجەك بولىدىغان: بىر پىنجەكلىك تېرە.

**پىندەك** سۈپ. پاكار، پەتەك: تەلغەت بىر تۇرۇپ: — لۇتپۇللا مېنى تام كېزىتىگە چىقىرىپ رەسۋا قىلغان، ئۇ ماڭا ھەرگىز چىن كۆڭلىدىن ياردەم بەرمەيدۇ، — دەپ ئويلايتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىگە بوي تۇرقى تەڭ ياكى چوڭراق باللاردىن بىرەرسىنى بەلگىلىمەي، سىنىپ بويىچە ھەممىدىن كىچىك بىر «پىندەك»نى بەلگىلەپ قويۇشقانلىقىغا خاپا بولاتتى.

**پىندىق** ئى <بوت> ← **پىندىق ياڭىقى.**

**پىندىق ياڭىقى** <بوت> ① سوپۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۈرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تار ئىللىپىس شەكلىدە؛ گۈل بەرگى ئاق رەڭدە بولۇپ، سۈسۈن سىزىقچىلىرى بولىدۇ؛ مېۋىسى يېشىل، يېپىشقاق ۋە ياغ چىقىرىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**پىنگۋىن** ئى [فران <لات] <زوئول> سۇ قۇشى؛ تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر مېتىر كېلىدۇ؛ تۇمشۇقى ئىنتايىن مەزمۇت؛ بېشى، دومبە قىسىملىرى قارا رەڭلىك، قورساق قىسمى ئاق؛ پۇتلىرى قىسقا، قۇيرۇقىمۇ قىسقا، قانىتى كىچىك كېلىدۇ؛ ئۇچالمايدۇ؛ سۇ ئۈزۈشكە، چۆكۈشكە ماھىر كېلىدۇ؛ قۇرۇقلۇقتا تىك تۇرغاندا يىراقتا قارىغاندەك كۆرۈنىدۇ؛ ئانتاركتىكا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاراللاردا توپلىشىپ ياشايدۇ.

**پىننە** ئى <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى ئۇزۇن بولۇپ، يۈرەك شەكىللىك كېلىدۇ؛ گۈلى كۆك سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ؛ ئۇرۇق مېۋىسى دۈم ھالەتتىكى تۇخۇمغا ئوخشايدۇ؛ غول ۋە يوپۇرمىقى خۇش بۇي پۇرايدۇ؛ دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىق ئۆتتۈشنى، ھۆللۈكنى قايتۇرىدۇ، ئاشقازاننى ياخشىلاپ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ.

**پىننە چېيى** پىننە ياغىچى سېلىپ دەملەنگەن چاي.

**پىننىلىك** ① سۈپ. پىننە سېلىنغان، پىننىسى بار. ② ئى. پىننە ئۆستۈرۈلگەن جاي، ئېتىز.

**پىنھان** سۈپ [پ] ① كىشىنىڭ نەزىرىدىن خالىي، كىشى نەزىرى ئاسان چۈشمەيدىغان، خىلۋەت، خالىي: پىنھان يەر. ✱ بىز مېڭىپ بىر جىلغىغا يېتىپ كەلدۇق، بۇ يەر ئىنسان ئايىغى باسمىغان پىنھان جاي ئىدى. ئازراق يەر ئېچىپ تېرىدۇق. ✱ مۇتەللىپ قوشئاۋاتنىڭ شىمالىدىكى

چوڭ ئۆستەڭنى بويلاپ، مېڭىپ چوڭ يولدىن يېرىم كىلومېتىر يىراق جايدىكى غولى مۈكچىيىپ كەتكەن بىر چوڭ سۆگەتنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە پىنھاندا ئولتۇرۇپ، سۆگەت ئۈستىدىكى ئاق قۇچقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشىغا قۇلاق سالدى. ② يوشۇرۇن، مەخپىي: ئۇ يىگىت، قىزغا بولغان ئىشق-مۇھەببىتىنى يۈرىكىدە پىنھان تۇتۇپ كۆيۈپ يۈرمەكتە ئىدى. * قىز ماڭا قاراپ: — سەن بۇ يەردە كۆرگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەرگە ئېيتىپ يۈرمە! — دېدى، مەن: — ئەلۋەتتە پىنھان تۇتىمەن! — دېدىم ۋە بېشىمنى ئەگدىم.

**پىنھانە** رەۋ [پ] يېزىت. كىشىلەردىن مەخپىي ھالدا، بىركىمگە بىلدۈرمەي، يوشۇرۇنچە: ھە، مانا كەلدى ئۇ كۈتكەن يېرىگە، ئۆزىنى بىر ئوبدان دالدىغا ئالدى. قىزنىشقان بىر توپ ياش سۆھبەت ئۈستىدە، ئۇلارغا پىنھانە باقتى، كۆز سالدى.

**پىئونېر** ئى [ر <فران] <مائار> سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەردە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئۆسمۈرلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەربىر ئەزاسى: كىشىلەر «چېگرا بۈركۈتى» دەپ نام قويۇۋالغان ئون تۆت ياشلىق پىئونېر غەيرەت توغرىسىدىكى ھېكايە مېنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى.

**پىئونېرلار ئەترىتى** <مائار> پىئونېرلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى: مەكتەپ نىزامنامە-سىدا: — ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى پائالىيەتلىرىنى تەقدىرلەشنى سىنىپ مۇدىرى، ياشلار ئىتتىپاقى ۋە پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ مەسئۇللىرى ياكى باشقا ئوقۇتقۇچىلار سىنىپ يىغىنىدا ئېلىپ بارسا بولىدۇ، — دەپ بەلگىلەنگەن.

**پىئونېرلارچە** رەۋ. پىئونېرلارغا خاس، پىئونېرلاردا بولىدىغان، پىئونېرلاردەك: ھىجەر ئامىنە مۇئەللىمگە پىئونېرلارچە سالام بېرىپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ سىنىپقا كىرگەندە، ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلمىدى.

**پىئونېرلار لاگېرى** پىئونېرلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىن سىرتقا چىقىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئورنى: بۇ يىل مەكتەپ رەھبەرلىكى ئوقۇغۇچىلارنى پىئونېرلار لاگېرىغا ئېلىپ چىقىشنى قارار قىلدى.

**پىئونېرلىق** «پىئونېر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: سادىق تېخى بۇ يىل مەكتەپكە كىرگەن، يېرىم يىللىق ئوقۇشتا «ئۆچتە ياخشى» بولۇپ باھالىنىپ، پىئونېرلىققا ئۆتكەنىدى. * پىئونېرلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ ھەرقاچان، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆگىنىپ، كەلتۈرىمىز شەرەپ-شان.

**پىۋا** ئى [ر] ئارپىغا ياۋا قۇلماق ياكى قۇلماق قوشۇپ، ئېچىتىپ ئىشلىنىدىغان بىر خىل ئىچىملىك. ئۇنىڭ كۆپۈكى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىر خىل پۇرىقى بولىدۇ؛ تەمى سەل قىرتاق، ئىسپىرت مىقدارى نىسبەتەن ئاز بولىدۇ: پىۋا ئىچمەك. پىۋا ئېچىتماق.

**پىۋا ئېچىتقۇسى** <بىئول> ئېچىتىپ پىۋا ئىشلەش جەريانىدا، قوشۇمچە يېمەكلىك قاتارىدا يىغىۋېلىنىدىغان قۇرۇق ئېچىتقۇ ھۈجەيرىسى. ئۇ ۋىتامىن «B» ۋە ئاقسىللارنى تەييارلاشتىكى تەبىئىي مەنبەدۇر.

**پىۋىچى** ئى. پىۋا ئىشلەپچىقىرىدىغان ياكى پىۋا سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**پىۋىچىلىك** ئى. پىۋا ئىشلەپچىقىرىش ياكى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى.

**پىۋىخانا** ئى [ر+پ] مەخسۇس پىۋا ساتىدىغان ۋە كىشىلەر سېتىۋالغان پىۋىسىنى ئىچىدىغان دۇكان.

**پىيادە** [پ] ① رەۋ. قاتناش قورالسىز، ئۇلاغسىز، ئۆز ئايىغى بىلەن، ياياق: ئاتلىق يالغۇز ماڭغۇچە، پىيادە بىللە ماڭ (ماقال). * كونا بوز داستىخانغا ئورالغان پۈتۈن بىر پاقلانىنىڭ گۆشىنى يەلكىسىگە ئارتقىنىچە پىيادە مېڭىپ كەلگەن خېۋىر كۈن پېتىپ شەپەق باغلىغان چاغدىلا يېزىغا يېتىپ كەلدى. ② كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىللە كېلىپ قاتناش قورالسىز،

ئۇلاغسىز يول يۈرىدىغان كىشىنى بىلدۈرىدۇ:
پىيادىلەر يولى. * بۇ يولدا ماشىنا-تراكتورلار، ئات-ئېشەك ھارۋىلىرى، پىيادىلار تىنماي، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۆتۈپ تۇراتتى. * بارات ئاكا كوچىنىڭ پىيادىلار يولىدا ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاتمىش ياشلاردىكى بىر كىشىنى كۆردى-دە، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا باردى...

**پىيادە ئەسكەر** <ھەرب> پىيادە يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىدىغان قىسىمنىڭ جەڭچىسى.

**پىيادە قىسىم** پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى.

**پىيادىلەر يولى** <قاتن> چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پىيادىلەر ماڭىدىغان يول.

**پىياز** ئى [پ] <بوت> ← باش پىياز.

**پىياز كۆكى رەڭ** <گ سەن> سۇس يېشىل ۋە سەل قىزغۇچ بولىدىغان بىر خىل رەڭ.

**پىيىزى پىشماسلىق** كېلىشەلمەسلىك، چىقىشالماسلىق، پىتىشالماسلىق: — ئۆيدە بىكار يېتىپ كەلسە-كەلمەس يۈرسەڭ ئۇنىڭ خاپىلىقىنى مەن تارتىدىكەنمەن، يەنە شۇنداقلا بولىدىغان بولساڭ، پىيىزىمىز پىشماي قالىدۇ، — دېدى رابىيە يولدىشى ئۆمەرگە كايىپ.

**پىيىزى گىچ-گىچ** ئىككى خىيالدا، تازا پىشمىغان، ئارىسالدى ھالەتتە: ھەي! بۇ ئىشنىڭ پىيىزى گىچ-گىچ جۇمۇ، شۇڭا، مەن تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتىمەن.

**پىيازگۈل** ئى [پىياز+گۈل] <بوت> ← **گۈلساماساق.**

**پىيالە** ئى [پ <گرېك] تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ كېڭەيگەن، قورسىقى كىچىك بولىدىغان كىچىك چىنە؛ چاي چىنىسى (ئاساسەن چاي ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ): روزىخان ئىككى پىيالە بىلەن بىر چەينەك چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا قويغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

**پىيزەك** ئى <بوت> قىياق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يەر ئاستى غولى توغرىسىغا ئۆسىدۇ، بوغۇمى كۆپۈپ تۇگۈنەككە ئوخشايدۇ، غولى تىك، ئۈچ قىرلىق بولىدۇ؛ يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلە-شىپ ئۆسىدۇ؛ باشاقسىمان گۈل رېتى بىر تەرەپكە توپلىشىپ ئۆسۈپ، مۇرەككەپ باشاقسىمان گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ تۇگۈنەك غولدا كراخمال بولىدۇ، ھاراق ئېچىتىشقا بولىدۇ؛ غولى قەغەز ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ تۇگۈنەك غولى دورا قىلىنىدۇ؛ قاننى ماڭغۇزۇپ خۇننى راۋان قىلىش، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش، يەلنى تارقىتىش رولىغا ئىگە.

**پىيما** ئى [ر] قوي يۇڭىدىن بېسىپ تەييارلىنىدىغان قونچىلىق قىشلىق ئاياغ كىيىمى: پىيما باسماق. * مەن دادۇيدىن چىقتىم. پۇتۇمدا يوغان پىيما، ئۇچامدا ئۇزۇن جۇۋا، قولۇمدا تاياندىغان بىر ھاسا، قۇلاقچامنى چۈكۈرۈپ كىيىپ، يوتامغىچە قار كەچكەن ھالدا ئېغىر-ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمەن.

**پىيمىچى** ئى. پىيما بېسىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، پىيما بېسىشنى كەسىپ قىلغان ئادەم: — دولقۇن خېلى ئۇستا پىيمىچى، دەپ ئاڭلىدىم، بۇ يالغان ئەمەستۇ؟ — دېدى ئايشەم دولقۇنغا قاراپ كۈلۈپ. — ياق، مەن تېخى پىيمىچى، دېگەن نامغا ئېرىشكىنىم يوق، — دېدى دولقۇن جاۋابەن.

**پىيمىچىلىق** «پىيمىچى» سۆزىنىڭ كەسپىي نامى: — ئەمتاخۇننىڭ پىيمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغىنىغا توپتوغرا يىگىرمە يىل بولۇپ قالدى، — دېدى ساۋۇت ئاكام ئالىمجانغا ئۇنى تونۇشتۇرۇپ.

**پىيمىلىق** سۈپ. پىيمىسى بار، پىيما كىيگەن: ئابدۇبەسەر بىلەن ئابدۇقادىر تار كوچىدا ئېگىز قار دۆۋىلىرى ئارىسىدىن كېتىپ باراتتى. قار ياغماقتا، ئاياغ ئاستى غىچىرلاپ تۇراتتى. پاكار چاننى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان پىيمىلىق كىشى قېتىپ كەتكەن ئايغىنى ساڭگىلىتىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: — ھوي، يىگىتلەر، پوش-پوش، چانا بېسىۋالىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى

[General Information]
书名=维吾尔语详解辞典　维吾尔文
作者=阿不利孜·牙库甫等
页数=809
SS号=40318064
DX号=
出版日期=
出版社=民族出版社